# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

# 1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语详解辞典：缩编本/ 海木都拉·阿布都热合曼等编著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.11
ISBN 978-7-228-13933-0

Ⅰ.①维... Ⅱ.①海... Ⅲ. ①维吾尔语（中国少数民族语言）—辞典 Ⅳ.H215.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第214532号

# 维吾尔语详解辞典（缩编本）

（新疆维吾尔自治区民族语言文字工作委员会编）

| | |
|---|---|
| 主　　编 | 海木都拉·阿布都热合曼·伊玛目，帕尔哈提·努尔，艾斯卡尔·阿布都卡德尔 |
| 编　　著 | 阿布力孜·牙库甫，艾尼扎提·艾尤拉尼，司马义·卡德尔，海木都拉·阿布都热合曼·伊玛目<br>帕尔哈提·努尔，阿布力孜·艾买提，艾斯卡尔·阿布都卡德尔，阿布都扎伊尔·塔伊尔<br>阿布力克木·热合木江 |
| 责任编辑 | 买买提江·马合木提，阿里木江·塔依尔 |
| 特约编辑 | 地里夏提·苏理旦 |
| 编　　辑 | 艾克巴尔·艾力 |
| 责任校对 | 伊力亚斯·热依祢 |
| 装帧设计 | 王洋 |
| 封面题字 | 阿地力江·阿依提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/16 |
| 印　　张 | 91.25 |
| 版　　次 | 2011年11月第1版 |
| 印　　次 | 2011年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 5000册 |
| 定　　价 | 220.00 元 |

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

## 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (1 ـ نەشرى)

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)نى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلار

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر
ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، ئابلىز ئەمەت، پەرھات نۇر
ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رىھىمجان

## 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (2 ـ نەشرى)

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلار

باش تۈزگۈچىلەر: ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر
ھەمدۇللا ئابدۇرەھمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت
ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رىھىمجان

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# كىرىش سۆز

ھەممىگە مەلۇمكى، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىدە ناھايىتى تېز ئەكس ئەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىللەت تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكا تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك تارىخىغا جانلىق گۇۋاھ بولالايدۇ. شۇڭا، بىر مىللەت تىلىنىڭ مۇكەممەلرەك ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغىتى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك تارىخىدا زور بىر بۇرۇلۇش، يەنى زور بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ئۈچۈن ئورتاق قورال. كىشىلەر مۇشۇ قورالغا تايىنىپ بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. شۇڭا، تىلنى توغرا چۈشىنىش، توغرا قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، تىل بىر مىللەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىسى بولغانىكەن، بىر تىلنىڭ ھەممە بايلىقىنى بىلىدىغان بىرەر شەخسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر تىلدا، شۇ تىلنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان لۇغەت فوندىدىن باشقا، كونىرىغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەر، مەلۇم ئەزالار ئۈچۈنلا خاس كەسپىي سۆزلەر، دىيالېكتلىق پەرقلەر، شەخسلەرگە خاس ئىستىلىستىكىلىق ئىشلىتىشلەر، قېلىپلاشمىغان تەركىبلەر، ھەتتا خاتا قوللىنىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئوقۇش - ئوقۇتۇش، كىنو - تىياتىرچىلىق، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا — قىسقىسى شۇ تىلنى قوللانغۇچى بارلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئالاقىلىرىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىي تىلنىڭ سۆز بايلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ھەم تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئىملا، گىراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىلىق نورمىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قورال كىتاب ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. بۇ قورال كىتاب دەل ئىزاھلىق لۇغەتتۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت باشقارمىسى يۇقىرىقى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، 2008 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) نى تولۇقلاپ ئىشلەش خىزمىتىنى قولغا ئالغانىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» تولۇقلاپ تۈزۈلۈپ ئاخىر روياپقا چىقتى، بىزنىڭچە، بۇ لۇغەت ھازىرغا قەدەر تۈزۈلگەن ئىزاھلىق لۇغەتلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر پۇختا ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا قوش تىللىق بولۇشىنى تەكىتلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەن ھالدا تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى زور خۇشاللىق ئىشتۇر. بۇ لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۇرۇش ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش،

بىر مىللەتنى بىر تىل ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش، بىر مىللىي تىلدىكى خىلمۇخىل چۈشەنچە ـ ئۇقۇملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم تېگىشلىك دەپ قارالغان بەزى دىيالېكت سۆزلىرىنى ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاخبارات، نەشرىيات خادىملىرى، تىل ـ يېزىق خادىملىرى، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن خادىملىرى، تۈركولوگلار، ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى ۋە ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مۇكەممەل ھەم ئىخچاملىق بىر ئىزاھلىق لۇغەتكە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تولۇقلاش، ئىخچاملاش ۋە تۈزىتىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغانىدى. ئۇ لۇغەت ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور ئىلمىي ئەمگەك بولۇشىغا قارىماي، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ لۇغەتكە بولغان يۇقىرى باھاسى ۋە سەممىي ئۈمىدلىرىنى بىزگە يەتكۈزدى. كەسپداشلىرىمىز مەزكۇر لۇغەتتە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى بەردى. بىز بۇ پىكىر ـ تەكلىپلەر ئاساسىدا بۇ لۇغەتنى قايتىدىن تولۇقلاپ تۈزۈپ چىقتۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ كەسپداشلىرىمىزغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ھەم چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. يېڭى تۈزۈلگەن بۇ نۇسخىغا 60 مىڭ ئەتراپىدا تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، قاتقان سۆز ۋە بىرقىسىم تۇراقلىق بىرىكمىلەر، دىيالېكت سۆزلىرى ھەم بىر قىسىم ئۇيغۇر مىللىي ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى كىرگۈزۈلدى. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى ۋە ئىش ئەمەلىيىتىدە چېنىقىشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇ لۇغەتتىمۇ مەلۇم خاتالىقلار، يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر لۇغەتتە ساقلانغان خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي

Abdulcelil TURAN
Yenidogan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن بارلىق سۆزلەر باش ماددا، ياردەمچى ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش ماددىغا تۈپ سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، جۈپ سۆزلەر، قاتقان سۆزلەر (ئادەتتە، كۈندە...)، كۆپ ئۇچرايدىغان دىيالېكت سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. ياردەمچى ماددىغا تۇراقلىق بىرىكمىلەر (كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر، بىردىن ئوشۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇلار، ئادەت سۆز بىرىكمىلىرى)، مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئانالىتىك يول بىلەن پېئىللاشقان شەكىللىرى (دۇچ كەلمەك...) كىرگۈزۈلدى. باش ماددىلار قۇر بېشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭ قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى، ياردەمچى ماددىلارمۇ ئىزاھ بىلەن تەڭ قۇرغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭ قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

2. ياردەمچى ماددا باش ماددىنىڭ ئاستىغا قويۇلدى. باش ۋە ياردەمچى ماددىلار ھەرقايسىسى ئۆزئارا ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلدى.

3. ئاھاڭداش سۆزلەر ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

**پاك** I شى. گاس.

**پاك** II سۈپ. قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى.

**پاك** III سۇ ـ، پاك بۇغداي.

**پاڭ** نەق ـ

4. يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئوقۇلۇشىدا مەلۇم سوزۇق تاۋۇشنى سوزۇپ ئوقۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىندى. تىرناق ئىچىگە شۇ ماددا ئېلىنىپ سوزۇپ ئوقۇلىدىغان تاۋۇشتىن كېيىن سوزۇلما سوزۇق بەلگىسى (:) قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئاچا** I **(ئاچىماق)**

**ئاچا** II **(ئا: چا ھەدە)**

**ئارا** I **(ئۆزئارا)**

**ئارا** II **(ئا: را ـــ سايمان)**

5. بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېغىز سوزۇق تاۋۇش شۇ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق سۆزلەرنىڭ چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى ئۈچىنچى شەخس بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**شەكىل (شەكلى)**

**كۆڭۈل (كۆڭلى)**

**جىسىم (جىسمى)**

**قىسىم (قىسمى)**

**بۇرۇن (بۇرنى)**

6. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاجىزلاشمىسا، تىرناق ئىچىگە ئاخىرلاشمايدىغان شەكلى 3 ـ شەخستە كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ماتا** (ماتاسى)
**بالا** II (بالاسى)
7. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بۇرۇنقى مۇستەقىل مورفېمىلىرى چوڭ تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى.
**ئاشتاختا** ئى [ ئاش + تاختا]
**كۆزئەينەك** ئى [ كۆز + ئەينەك]
**قارىمۇچ** ئى [ قارا + مۇرچ]
**تەرجىمىهال** ئى (تەرجىمە + هال)
8. تۈپ سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر بېرىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئال | ئالماش |
| باغل | باغلىغۇچى |
| پ | پېئىل |
| تەق | تەقلىد |
| تىر | تىركەلمە |
| رەۋ | رەۋىش |
| سان | سان |
| سۈپ | سۈپەت |
| مىق | مىقدار سۆز |
| ئى | ئىسىم |
| ئىم | ئىملىق |
| يۈك | يۈكلىمە |

9. سۆز تۈركۈملىرىنى بىلدۈرىدىغان قىسقارتىلمىلار ھەممە مەنە تۈرلىرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى بىلدۈرىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. خاس بولمىسا، تېگىشلىك مەنە تۈرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.
10. پەقەت چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بېرىلدى. ئېتىمولوگىيەلىك قىسقارتىلمىلار ئوتتۇرا تىرناق [ ] ئىچىگە ئېلىندى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
[ئە ] ئەرەبچە
[پ ] پارسچە
[خەن ] خەنزۇچە
[ر ] رۇسچە
[گىرېك ] گىرېكچە
[گول ] گوللاندچە
[لات ] لاتىنچە
[نېم ] نېمىسچە
[فىران ] فىرانسۇزچە
[ھىند ] ھىندىچە
[ئىتال ] ئىتالىيانچە
[ئىنگ ] ئىنگلىزچە

[ئىسپان ] ئىسپانچە

[سانس ] سانسكرىتچە

[ياپون ] ياپونچە

11. مەلۇم بىر تىلدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى يەنە باشقا بىر تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، كېلىپ چىقىش بەلگىسى (<) ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئامبۇلاتورىيە** ئى (ر < لات)

**باندىت** ئى (ر < ئىتال)

12. مەلۇم ئىلىم ـ پەن ياكى مەلۇم بىر ساھەگە خاس بولغان سۆزلەرگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن قايسى پەن ياكى ساھەگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇلدى. لۇغەتتە ئىشلىتىلگەن قىسقارتىلما سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

1. <ئارخېئول> ئارخېئولوگىيە
2. <ئانات> ئاناتومىيە
3. <ئاستر> ئاسترونومىيە
4. <ئەد> ئەدەبىيات
5. <بوت> بوتانىكا
6. <بىيول> بىيولوگىيە
7. <بىن> بىناكارلىق
8. <پەلس> پەلسەپە
9. <پسخول> پسخولوگىيە
10. <تارىخ> تارىخ
11. <تەن> تەنتەربىيە
12. <تېب> تېبىي ئىلىم
13. <تىل> تىل ـ يېزىق
14. <تىيا> تىياتىر
15. <جۇغ> جۇغراپىيە
16. <چار> چارلاش ـ قىدىرىش
17. <خىم> خىمىيە
18. <دىن> دىن
19. <سودا> ئىچكى ـ تاشقى سودا
20. <سۇ> سۇ ئىشلىرى
21. <س ئىق> سىياسىي ئىقتىساد
22. <فىز> فىزىكا
23. <قاتن> قاتناش ـ ترانسپورت
24. <قا> قانۇن ئىشلىرى
25. (كىنو> كىنو ۋە فوتوگرافىيە ئىشلىرى
26. <گ سەن> گۈزەل سەنئەت
27. <گېئول> گېئولوگىيە
28. <لوگ> لوگىكا

29. <مائار> مائارىپ
30. <مات> ماتېماتىكا
31. <ماشىن> ماشىنىسازلىق
32. <مەت> مەتبۇئاتچىلىق
33. <مۇز> مۇزىكا
34. <مېتېئور> مېتېئورولوگىيە
35. <ھەرب> ھەربىي ئىشلار
36. <ئورم> ئورمانچىلىق
37. <ئۇس> ئۇسسۇل
38. <ئۆلچ> ئۆلچەش ئىشلىرى
39. <ئىر> ئىرسىيەتشۇناسلىق
40. <ئىرق> ئىرقشۇناسلىق

13. ئىلىم ـ پەن ياكى مەلۇم ساھەگە خاس قىسقارتىلما سۆزلەر ھەممە مەنە تۈرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىدىن كۆرسىتىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، پەقەت ئايرىم مەنە تۈرىگە خاس بولسا، شۇ مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمدىن كېيىن قويۇلدى.

14. سۆزلەرنىڭ ئىستېمال دائىرىسى، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن ئېنىقلاپ قويۇلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئايال | ئاياللارغا خاس سۆزلەر |
| جان ت | جانلىق تىل |
| دىيال | دىيالېكت سۆز |
| سەلب | سەلبىي مەنىدىكى سۆز |
| يېزت | يېزىق تىلى، يەنى كىتابىي سۆز |
| تىل ھا | تىل ـ ھاقارەت، قارغىش سۆزى |
| كونا | كونىرىغان سۆز |
| تارس | تارىخىي سۆز |
| بال س | بالىلار سۆزى |

15. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ ئىزاھلاندى. سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان مەنىلىرى ئاساس قىلىندى.

16. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن پېئىللار ئىسمداشنىڭ «ماق \\ مەك» شەكلىدە ئېلىندى. پېئىل دەرىجىلىرى ئاساسەن بىر دەرىجە بويىچە ئېلىنىپ، گىرامماتىكىلىق ئىزاھ بېرىلدى.

17. بىردىن ئوشۇق مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى رەت تەرتىپى بويىچە «① ...... ② ...... » دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى.

18. سۆزنىڭ كۆچمە مەنە بۆلەكلىرىگە قويۇلغان رەقەمدىن كېيىن «كۆچمە» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**بۇلغىماق** پ ① كىر، پاسكىنا قىلماق ... ② كۆچمە. داغ چۈشۈرمەك. قارا سۈركىمەك ...

19. ئوخشاش مەنىلىك سۆزنىڭ ئاز قوللىنىلىدىغىنى كۆپ قوللىنىلىدىغىنىغا؛ كونىرىغان سۆز ھازىرقى قوللىنىلىۋاتقىنىغا؛ ئۆزى مۇستەقىل قوللىنىلماي، پەقەت باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىلا مەنە

بېرىدىغان سۆزلەر سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى بىرىكمىگە « → » بەلگىسى ئارقىلىق ھاۋالە قىلىنىدى. مەسىلەن:

**ئىما ـ ئىشارە → ئىما ـ ئىشارەت**
**ئىمپېرىيالىزم → جاھانگىرلىك**
**دۇچ → دۇچ كەلمەك**

20. سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا مەنە دائىرىسىنى ياكى ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئىزاھتىن بۇرۇن ياكى كېيىن تىرناق ئىچىدە ئېنىقلىما بېرىلدى. مەسىلەن:

**ئاچ** II سۈپ. قېنىق، توق ئەمەس؛ سۇس (رەڭ ھەققىدە): ......

21. كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن باشقا، لۇغەتكە ئېلىنغان سۆز ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ ھەربىر كونكرېت مەنىلىرىنى ئىسپاتلايدىغان قىسقا مىساللار بېرىلدى. بىر سۆزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولماي، سۆز تۇركۇمىدىلا ئۆزگىرىش بولسا، ئىككى خىل سۆز تۇركۇمى ۋەزىپىسىدە كەلگەن جۈملە مىساللىرى ئېلىنىدى. جۈملە مىساللىرى ئارىسىغا ئىككى قىيپاش ياكى يانتۇ سىزىق (//) قويۇلدى.

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | ب | پ | ت | ج | چ | خ |
| د | ر | ز | ژ | س | ش | غ | ف |
| ق | ك | گ | ڭ | ل | م | ن | ھ |
| ئو | ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | ئې | ئى | ي |

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# مۇندەرىجە

ئا ........ 1
ئە ........ 68
ب ........ 104
پ ........ 179
ت ........ 243
ج ........ 365
چ ........ 394
خ ........ 449
د ........ 482
ر ........ 535
ز ........ 557
ژ ........ 576
س ........ 577
ش ........ 658
غ ........ 693
ف ........ 713
ق ........ 722
ك ........ 817
گ ........ 900
ڭ ........ 928
ل ........ 929
م ........ 948
ن ........ 1039
ھ ........ 1073
ئو ........ 1118
ئۇ ........ 1148
ئۆ ........ 1173

ئۇ ........................................ 1195
ۋ ........................................ 1206
ئې ........................................ 1225
ئى ........................................ 1250
ي ........................................ 1311


Abdulehil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net


قوشۇمچە


ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ........................................ 1399
خەلقئارا تاۋۇش بەلگىلىرى ........................................ 1420
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر بىلەن خەلقئارا تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........................................ 1421
يۇلتۇزلار ۋە بۇرجلار ........................................ 1422
يىگىرمە تۆت مەۋسۇم ........................................ 1425
قەمەرىيە ۋە شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنىڭ ناملىرى ........................................ 1426
قىتئەلەر، مەملىكەتلەر، رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ پايتەختلىرى، مەركەزلىرى ۋە پۇللىرى ........................................ 1427
ئۆلچەم بىرلىكلىرى ........................................ 1439
ئاتوم ئېغىرلىقى جەدۋىلى ........................................ 1445

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ئا

**ئا** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپىنىڭ نامى. ③ رەت جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئا** II ئال «ئاۋۇ» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى.

**ئاباختا** ئى. دىيال. قاماق، تۈرمە، سولاق؛ ئۇنىڭ دادىسى ئاباختىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

**ئابايا** رەۋ [ئاۋۇ + بايا] بايىدىن سەل بۇرۇن، ئىلگىرى (ۋاقىت ھەققىدە): ئابايا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بوپتىمەن.

**ئابايىقى** سۈپ. بايىقىدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن، سادىر بولغان: ئابايىقى گېپىڭنى يەنە دېگىنە.

**ئابخاز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئابخازىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ: ئابخاز خەلقى.

**ئابدال** ئى [ئە] قەلەندەر، دىۋانە، تىلەمچى.

**ئابداللاشماق** پ. ئابدالغا ئوخشاپ قالماق ؛ ئابدالغا ئايلانماق.

**ئابداللىق** ئى. ئابداللارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق.

**ئابدىمىلىك** ئى [ئە] <بوت> سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق شادا غوللۇق ئۆسۈملۈك. «ئىنەكپىتى» مۇ دېيىلىدۇ.

**ئابرۇي** ئى [پ] جامائەت ئىچىدە ئىگە بولغان ھۆرمەت؛ ئىناۋەت، نوپۇز: ئابرۇينى تۆكمەك. * ئۇ دائىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئابرۇيى بىر پۇل بولدى.

**ئابرۇيپەرەس** سۈپ [پ] نام ـ شۆھرەت، ئابرۇي قوغلىشىدىغان: ئۇ ئىنتايىن ئابرۇيپەرەس پادىشاھ ئىدى.

**ئابرۇيپەرەسلىك** ئى. نام ـ شۆھرەت، ئابرۇي قوغلىشىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئاچ كۆزلۈك ۋە ئابرۇيپەرەسلىك ئاخىرى ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

**ئابرۇيسىز** سۈپ. ئابرۇيى، ئىناۋىتى يوق: بۇرۇن ئۇ ئابرۇيسىز باشلىق ئىدى.

**ئابرۇيسىزلاندۇرماق** «ئابرۇيسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازراق غۇرۇرى بار ھەرقانداق ئادەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى ئابرۇيسىزلاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

**ئابرۇيسىزلاندۇرۇلماق** «ئابرۇيسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر ئادەم ئايرىم زىيانكەشلەر تەرىپىدىن مەلۇم ۋاقىت ئابرۇيسىزلاندۇرۇلىشى مۇ، تارىخ بەرىبىر بىر كۈنى ئۇنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئابرۇيسىزلانماق** پ. ئابرۇيى يوق بولماق، ئابرۇيى كەتمەك، ئابرۇيى چۈشمەك، ھۆرمىتى، ئىناۋىتى يوقالماق: ئۇ شۇنىدىن ئېتىبارەن ئابرۇيسىزلىنىپ مەھەللە ئىچىدە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئابرۇيسىزلىق** ئى. ئابرۇيى، ئىناۋىتى يوقلۇق.

**ئابرۇيلۇق** سۈپ. ئابرۇيى بار، ئابرۇيغا ئىگە؛ نوپۇزلۇق: ئابرۇيلۇق ئادەم.

**ئابزاس** ئى [ر<نېم] مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى باش قۇر ئارىسىدىكى تېكىست: بىر ئابزاس. ئاخىرقى ئابزاس.

**ئابزاسلىق** سۈپ. ئابزاسى بار، ئابزاسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بەش ئابزاسلىق ماقالە.

**ئابستراكت** سۈپ [ر] پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان، كونكرېت تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن ؛ ئېنىق بولمىغان، مەۋھۇم: ئابستراكت ئۇقۇم. ئابستراكت تەبىر. ئابستراكت تەپەككۇر.

**ئابستراكتلاشتۇرماق** ① «ئابستراكتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم ۋە مۇئەييەن بەلگە، قانۇنىيەتلىرىنى ئاجرىتىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ بەزى ئەرزىمەيدىغان تەرەپلىرىنى ياكى باغلىنىشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزمەك.

**ئابستراكتلاشتۇرۇشماق** «ئابستراكتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئابستراكتلاشتۇرۇلماق** «ئابستراكتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەلۋەتتە بىز سىياسىي ئىزاھلاردا بۇ ئىبارىلەرنى تومتاقلا ئىشلەتمەيمىز، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، چوڭايتىلغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىمىز.

**ئابستراكتلاشماق** ① «ئابستراكتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئابستراكت (مەۋھۇم) ھالەتكە كەلمەك.

**ئابستراكتلىق** ئى. ئابستراكسىيەگە ئاساسلانغانلىق، مەۋھۇملۇق: ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتمەك.

**ئابستراكتلىمەك** پ. ئابستراكت (مەۋھۇم) ھالەتكە كەلتۈرمەك ياكى كەلمەك: بۇ ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىچىملىك ۋە چېكىملىك ئىستېمالىنى ئابستراكتلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. *بۇ خىللارنى تاللىشىش رىقابەتلىرىنى ئابستراكتلىگەن ئەرەب تىلى ئالىملىرى: دۇنيادا «ئەل ھاراقىيە» بىلەن «ئەل خارابىيە» ئارىسىدىكى ئۇرۇش دەپ تەسۋىرلىگەن.

**ئابستراكسىيە** ئى [ر<لات] <لوگ> ① نۇرغۇن شەيئىنىڭ ئايرىم، ماھىيەتسىز بەلگىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئورتاق، ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئايرىۋېلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش. ② مەۋھۇم چۈشەنچە، ئابستراكسىيەلەشتۈرۈش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان نەزەرىيەۋى ئومۇملاشتۇرما، نەزەرىيەۋى خۇلاسە.

**ئابستراكسىيەلەشتۈرمەك** «ئابستراكسىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مانا بۇ خىل ئېتىقاد — ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستراكسىيەلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ مەھسۇلى.

**ئابستراكسىيەلەشتۈرۈلمەك** «ئابستراكسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىنسان ئۇقۇمى يۇكسەك دەرىجىدە ئابستراكتسىيەلەشتۈرۈلگەن ۋە مەنىۋىلەشتۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلغان.

**ئابستراكسىيەلەشمەك** پ. ئابستراكسىيە ھالىتىگە كەلمەك.

**ئابستراكسىيەلىك** سۈپ. ئابستراكسىيەگە ئىگە، ئابستراكسىيەلەشكەن.

**ئابسىسسا (ئابسىسساسى)** ئى [ر<لات] <مات>تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن كوردىنات ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق بۇ نۇقتىنىڭ ئابسىسساسى دېيىلىدۇ.

**ئابھاۋا** ئى [پ + ئە] سۇ ۋە ھاۋا، ھاۋا رايى، كىلىمات.

**ئابونە** ئى [پ<فىران] <مەت> تېلېفون، سىملىق تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژۇرنال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالدىن ھەق تۆلەپ يېزىلىش: ھازىردىن باشلاپ بىزگە بەزىبىر ئۇيۇشمىلار ئابونە پۇلىنى ئەۋەتىۋاتىدۇ.

**ئابونچى** ئى. تېلېفون، سىملىق تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژۇرنال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالدىن ھەق تۆلەپ ئىشلەتكۈچى شەخس؛ تەشكىلات: بۇ ژۇرنال ئۈچىنچى سانغا كەلگەندە 200 ~ 300 ئابونىچىغا ئىگە بولىدۇ. * داڭلىق ماركا، ئەتراپلىق مۇلازىمەت شىنجاڭ كۆچمە ئالاقىچىلىكىنى ئۈچ مىليون ئابونچىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتۈردى.

**ئابىچەشمە** ئى [پ] يېزت ① بۇلاق سۈيى. ② ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بىرىنىڭ نامى. ئۇ 15 نەغمە ـ ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئابىدە** ئى [ئە] ← **مەڭگۈتاش.**

**ئابىراۋان** ئى [پ] يېزت. ئاقار سۇ.

**ئابىزەمزەم** ئى [پ+ئە] يېزت①زەمزەم سۈيى.②شىپالىق سۇ.

**ئابىكەۋسەر** ئى [پ + ئە] يېزت ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى. ② كۆچمە. شىپالىق سۇ: ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاغزىغا ئابىكەۋسەر تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

**ئابىناۋات** ئى [پ + ئە] يېزت. ناۋات سۈيى، شېكەر شەربىتى. ② سېرىق ئالا پوستلۇق، شېرىن تەملىك بىر خىل قوغۇن.

**ئابىھايات** ئى [پ + ئە] يېزت. رىۋايەتلەردىكى تىرىكلىك بېغىشلىغۇچى سۇ، ھاياتلىق سۈيى.

**ئاپا** I ئى ① بالىلىق ياكى بالىسى بار ئايال؛ ئانا.② ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: ئايىمخان ئاپا. ③ Ⅲ شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا بەزى ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى ئاتاپ چاقىرىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئاپىسى! باللار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ④ قورقۇش، چۆچۈشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق رولىدا كېلىدۇ: ئۆينىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ «ئاپا!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ئاپا** II ئى. دىيال. بىر تۇغقان ھەدە، ئاچا، ئېگىچە.

**ئاپارغۇزماق** «ئاپارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بالامنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى ياتقىغا ئاپارغۇزۇپ قويدۇم.

**ئاپارماق** پ [ئالىپ + بارماق] ① بىرەر نەرسىنى قاتناش قورالى بىلەن ياكى ئۆزى كۆتۈرۈپ تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بەرمەك؛ تاپشۇرماق: ئانامنى يۆلەپ دوختۇرغا ئاپاردىم. ② باشلاپ، يول كۆرسىتىپ بىرگە بارماق: — قەيەرگە بارماقچىدىلە چوڭ ئانا، مەن ئاپىرىپ قوياي. ③ تەگكۈزمەك، يېقىنلاشتۇرماق: نېرىقى قورۇدىن چىققان بوۋاي ئالقىنىنى قۇلىقىغا ئاپىرىپ: — نېمە دەيسىز، ھە، ھېساب چاتاق دەمسىز؟ — دېدى.

**ئاپئاق** سۈپ ① ناھايىتى ئاق، ئىنتايىن ئاق، بەك ئاق: بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلى، موماينىڭ ئاق داكا ياغلىقى قارغا ئوخشاش پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ② كۆچمە. كۆپىنچە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەركىلىتىش، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئاپئاق بالام. ئاپئاق دادا. * ئاپئاق بالام! چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى بۇ قىلىقلار ساڭا ياراشمايدۇ.

**ئاپاق ـ چاپاق** ئىنتايىن يېقىن، بەك ئىناق، ئىجىل: سادىدا پاقا چاشقان بىلەن ئاپاق ـ چاپاق دوست بوپتۇ.

**ئاپئايدىڭ** سۈپ. ناھايىتى ئايدىڭ، ئىنتايىن ئايدىڭ، بەك ئايدىڭ، سۈتتەك ئايدىڭ: ئاپئايدىڭ كېچە.

**ئاپەت** ئى [ئە] ① تەبىئەت ھادىسىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر زىيان ـ زەخمەت: ئوت ئاپىتى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. سۇ ئاپىتى. ② باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، ئېغىر بەختسىزلىك؛ زور بالا ـ قازا: ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول (ماقال). * بۇ بالا بىزگە بىر ئاپەت بولدى.

**ئاپەتلىك** سۈپ. ئاپەت بىلەن ئۆتكەن؛ ئاپىتى بار، ئاپەت باسقان: ھېلىقى ئاپەتلىك يىللاردا ھەمىشە كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ جاڭگالدىن يانتاق توشۇغانىدىم.

**ئاپپارات** ئى [ر<لات] ① مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسۋاب، مېخانىزم: فوتو ئاپپارات. تېلېفون ئاپپاراتى. ② ئىدارە، جەمئىيەت، تەشكىلات قاتارلىق خىزمەت ئورگانلىرى: ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا.

**ئاپپاراتچى** ئى. ئاپپارات بىلەن رەسىمگە تارتىش ياكى سىن ئېلىش ئىشىنى بېجىرگۈچى كىشى.

**ئاپپاق** I «ئاپئاق» سۆزىنىڭ جانلىق تىلدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى.

**ئاپپاق** II ئى. زاڭزۇ (تاڭغۇت)چە سۆز، ئەسلىي تەلەپپۇزى: ئاباخ؛ مەنىسى: رەئىس، قازى، ئۆلىما سۆزلىرىگە توغرا كېلىدۇ؛ بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شىۋىسىدە «خانىم، ئاغىچا، ئاغىچا ـ خېنىم، ئايىم» دېگەن مەنىلەردە «ئاپئاق» تەلەپپۇزىدا قوللىنىلىدۇ؛ بۇ سۆز ئەسلىدە ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭ ۋەزىر ـ تۆرىلىرىنىڭ ئاغىچىلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نام بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا چوڭ ياشلىق مۆتىۋەر ئاياللار

هۆرمەتلىنىپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان.

**ئاپپاي** ئى. بىلىملىك ياكى ئوقۇتقۇچى ئاياللارنى هۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ قوللىنىلىدىغان هۆرمەت سۆزى: پاتەم ئاپپاي.

**ئاپتاپ** ئى [پ] ① قۇياش، كۈن: ئاپتاپ چىقتى. * بىر كىشى ئەپەندىمدىن: «ئەپەندىم، ئاپتاپ ياخشىمۇ، ئايمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ② قۇياش تارقاتقان نۇر، ئىسسىقلىق: ئاپتاپ چاقتى. * — ۋۇي، ساۋۇت قارى، يەنە مەيدەڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ ③ قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان، قۇياش نۇرى ئىسسىتىپ تۇرغان جاي: مەن ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىدىم.

**ئاپتاپ چىقماق** قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ ياكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ نۇرىنى چاچماق: پاھ، بۈگۈن سېرىق ياغدەك ئاپتاپ چىقىپتۇ.

**ئاپتاپ ئۆتمەك** قۇياش هارارىتى بەدەنگە ئۆتۈپ كېسەل قىلماق: ئاچ قورساق ئادەمگە ئاسان ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**ئاپتاپ يېمەك** ئاپتاپقا قاقلانماق، ئاپتاپقا سىلىنماق؛ بىر نەرسىگە كۈن نۇرى ئۆتمەك: توپىلىق يوللاردا يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ ئاپتاپ يېسە سالامەتلىككە پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

**ئاپتاپپەرەس** [پ] <بوت> ① ئى. بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەكسىمان، سېرىق چېچەكلەيدۇ، دائىم قۇياشقا باقىدۇ، ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ. ② سۈپ. ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدىغان: ئاپتاپپەرەس ئۆسۈملۈكلەر.

**ئاپتاپپەرەسلىك** ئى. ئاپتاپپەرەس تېرىلغان يەر، ئاپتاپپەرەس بار جاي: ئالدىنقى يىلدىكى ئاپتاپپەرەسلىكنى بۇ يىل بۇغدايلىققا ئۆزگەرتمەكچىمىز.

**ئاپتاپخانا** ئى. دىيال. كۈنگەيلىك.

**ئاپتاپسىندۇرماق** «ئاپتاپسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇكاڭنى بىردەم ئاپتاپسىندۇرۇپ كىرگىن، — دېدى ئانا بالا تۇتۇپ تۇرغان قىزىغا قاراپ.

**ئاپتاپسىنماق** پ. ئاپتاپقا قاقلانماق، ئۆزىنى ئاپتاپقا سالماق، ئاپتاپقا چىقماق: ئەر نامازدىن كەلسە خوتۇنى پەرىشان هالدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغۇدەك.

**ئاپتاپسىنشماق** «ئاپتاپسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاپتاپلىق** ① سۈپ. ئاپتاپ تېگىدىغان، ئاپتاپ چۈشىدىغان: ئاپتاپلىق هويلا. ② ئى. ئاپتاپ تېگىدىغان يەر: پادىشاھ شاهزادىنى قەپەس بىلەن ئاپتاپلىققا ئېسىپ قويۇپ قاتتىق ئازابلاپتۇ.

**ئاپتوبۇس** ئى [ر<گرېك + لات] <ماشىن>يولۇچىلارنى توشۇيدىغان، كۆپ ئورۇندۇقلۇق، ئۈستى يېپىق ئاپتوموبىل.

**ئاپتور** ئى [ر<لات] ئەدەبىي ياكى ئىلمىي ئەسەر يازغان كىشى؛ مۇئەللىپ: رومان ئاپتورى. ماقالە ئاپتورى.

**ئاپتورلۇق** ① سۈپ. ئاپتورلارغا خاس، ئاپتورنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە: ئاپتورلۇق هوقۇقى. ② ئى. ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولۇش، مۇئەللىپلىك: ئاپتورلۇقنى ئېتىراپ قىلماق.

**ئاپتورلۇق هوقۇقى** ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش - قىلماسلىق؛ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك؛ توختام بويىچە قەلەم ھەققى ئېلىش هوقۇقى.

**ئاپتول** ئى [ر<گرېك + لات] ئاپتوموبىل، تىراكتور ۋە باشقا ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىدىغان قىسىملىرىنى مايلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، نېفىتتىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ماي.

**ئاپتومات** ئى [ر<گرېك] <هەرب> يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە هۇجۇمغا ئۆتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان، تېز ئېتىلىدىغان قورال.

**ئاپتوماتچى** ئى. ئاپتومات بىلەن قوراللانغان ۋە ئاپتومات ئېتىشقا ماھىر جەڭچى.

**ئاپتوماتلاشتۇرماق** «ئاپتوماتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاپتوماتلاشتۇرۇشماق** «ئاپتوماتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاپتوماتلاشتۇرۇلماق** «ئاپتوماتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئاپتوماتلاشماق** پ ① ئاپتومات بىلەن قوراللانماق: ئاپتوماتلاشقان بەن. ② ئاپتوماتىك هالدا ئىشلەيدىغان بولماق.

**ئاپتوماتلىق** سۈپ. ئاپتومات ئاسقان؛ ئاپتومات بىلەن قوراللانغان: ئاپتوماتلىق جەڭچىلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ئاپتوماتىك** سۈپ [ر] بەلگىلەنگەن ئىشنى ئىچكى مېخانىزم ياردىمىدە ئۆزى بېجىرىدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن ئىشلەيدىغان: ئاپتوماتىك تېلېفون. ئاپتوماتىك قەلەم. * ئېلېكتىر قوشۇغۇرنىڭ ئاپتوماتىك باشقۇرۇلۇش قۇرۇلمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى.

**ئاپتوماتىك مىلتىق** <هەرب> ئوزمەي ئاتقىلى، بىر - بىرلەپ ئاتقىلىمۇ بولىدىغان مىلتىق.

**ئاپتوموبىل** ئى [ر<گرېك + لات] <ماشىن>دىۋىگاتېل ئورنىتىلغان، ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان، تۆت ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق چاقلىق تىرانسپورت ۋاستىسى.

**ئاپتوموبىلچىلىق** ئى. ئاپتوموبىل ياساش، ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ئىشى، مەشغۇلاتى، كەسپى ياكى ئاپتوموبىل ياساش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە شۇنىڭغا ئائىت ئىشلار؛ ئاپتوموبىلسازلىق: ئاپتوموبىلچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. ئۇلار ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ ئاپتوموبىلچىلىق ئەندىزىسىدىن ئۈلگە ئالغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار فوردتىن هالقىغان يەر شارىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئاپتوموبىلچىلىق زاۋۇتىغا ئايلاندى.

**ئاپتونوم** سۈپ [ر] ئاپتونومىيە هوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، ئاپتونومىيەلىك: ئاپتونوم يېزا. ئاپتونوم رايون.

**ئاپتونوم رايون** ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جاي: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى.

**ئاپتونوم ناهىيە** ناهىيە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جاي: چاپچال شىبە ئاپتونوم ناهىيەسى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناهىيەسى.

**ئاپتونوم ئوبلاست** ۋىلايەت دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جاي: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى.

**ئاپتونومىيە** ئى [ر<گىرېك] مىللەت، تەشكىلات، رايون قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى قاراشلىق دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىشىدا مەلۇم ھوقۇقنى ئۆزى يۈرگۈزۈشى: مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە.

**ئاپتونومىيەلەشمەك** پ. ئاپتونومىيە (سىياسىتى) يۈرگۈزۈلمەك، ئاپتونومىيە (تۈزۈمى) ئورنىتىلماق، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلماق: جەنۇبىي ۋەزىرىستان يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتونومىيەلەشكەن قەبىلە رايونى بولسىمۇ، پاكىستان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ش ئا ئە ت نىڭمۇ بۇ يەردە قىسىملىرى بار.

**ئاپتونومىيەلىك** سۈپ. ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاساسىدىكى، ئاپتونومىيەنى ئاساس قىلغان ياكى يولغا قويغان؛ ئاپتونومىيەگە ئائىت.

**ئاپتوۋا** ئى [پ] يۇز، پۇت - قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە جۈمەكلىك، بوغۇزى تار، مىس ۋە تۆچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان بۇيۇم.

**ئاپتوۋا - چىلاپچا** ئاپتوۋا ۋە چىلاپچا قاتارلىق قولغا سۇ بېرىدىغان ئائىلە سەرەمجانلىرى.

**ئاپرېل** ئى [ر<لاتىغ] <ئاستىر> ① بۇ قەدىمكى رىم خرىستىيانچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاي شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە كالېندارى بويىچە 4 - ئاي.

**ئاپشاركا** ئى [ر] ئىتنىڭ بىر خىلى، ھەربىي ئىشلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەردە تۈرلۈك دېلولارنى پاش قىلىش، ئېنىقلاشتا پايدىلىنىدۇ.

**ئاپقۇت** ئى. كۆن ۋە خۇرۇم قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن ئاياغلارنىڭ پاشنا ئۈستىدىكى تاش بىلەن ئەستەر ئارىسىغا ئېلىنىدىغان قاتۇرما، كۆپىنچە، تارىشا ياكى قېيىش چەمدىن ئىشلىنىدۇ: ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت (ماقال).

**ئاپقۇتچى** ئى. ئاپقۇت ياسىغۇچى، تەييارلىغۇچى، ئاپقۇت ساتقۇچى كىشى: مەن ئاپقۇتچىغا يۈز كىشىلىك ئاياغقا ئاپقۇت زاكاز قىلدىم.

**ئاپقۇر** ئى [پ] چىنىنىڭ چوڭراق بىر تۈرى: ئۇ ئۆچكىسىدىن كۈنىگە بىر ئاپقۇر سۈت سېغىۋالىدىكەن.

**ئاپقۇناق** ئى. دىيال. داپخۇن، تونۇرنىڭ كۈل چىقىرىدىغان تۆشۈكى.

**ئاپلا** ئىم ① كۈتۈلمىگەن ۋەقە - ھادىسىدىن تەئەججۈپلىنىش ۋە پۇشايمان قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ: ئاپلا، خوشلىشالماي قاپتىمەن - دە. ② ئېچىنىش، قايغۇرۇش، ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ: — ئاپلا ! — دەۋەتتى زەينەپ چوڭقۇر ئېچىنغان ھالدا، — ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، كۈزدە بولسا سۇ ئاپتى. ③ غەزەپ، خاپىلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئاپلا ! — دەپتۇ ئوتۇنچى غەزەپ بىلەن چىشىنى چىشلەپ.

**ئاپلاھۇئەكبەر** ئىم ← **ئاپلا:** — ئاپلاھۇئەكبەر ! ... سۇلايمان قاتتىق خورسىنغان ھالدا قېيىنئاتىسىغا تاپا قىلدى، — ھېچ بولمىسا، يا پۇلىنى، يا قەلەمنى ئېلىپ قالغان بولسىلىمۇ!

**ئاپورت** سۈپ [ر] ئالمىنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى قىزىل ياكى تاغىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئالمىلاردىن چوڭراق، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ.

**ئاپېلسىن** ئى [ر<گول] <بوت> ① رۇتا ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك دەرەخ. يالغۇز ياكى توپ ھالەتتە ئاق چېچەكلەيدۇ، پىشقان مېۋىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئاپېلسىنزار** ئى [ر + پ] ئاپېلسىن دەرىخى بار، ئاپېلسىن كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، ئاپېلسىنلىق.

**ئاپېلسىنزارلىق** ئى. ئاپېلسىن دەرىخى بار، ئاپېلسىن دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، ئاپېلسىنلىق: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ 4000 مو يەرنى ئاپېلسىنزارلىققا ئايلاندۇرغان. * بۇ يېزىدا يەنە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان چايزارلىق، ئاپېلسىنزارلىق بار ئىكەن.

**ئاپېلسىنلىق** ئى. ئاپېلسىن ئۆستۈرۈلگەن يەر، ئاپېلسىنزار.

**ئاپتۇللۇغ** سۈپ. مەزمۇت، قاۋۇل: ئاپتۇللۇغ ئادەم.

**ئاپىرىدە** ئى [پ] «بولماق، قىلماق» ياردەمچى پېئىللار بىلەن كېلىپ «تۆرەلمەك، پەيدا بولماق ؛ تۆرەلدۈرمەك، پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا چىقماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سەن بىلەن مەن مۇشۇ ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، بىر - بىرىمىزنى يېتەرلىك بىلىشىمىز. * — ئەي بەختلىك يىگىت، سېنى بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان ئاتاڭ كىم ؟ ئاناڭ كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

**ئاپىرىدە بولماق** تۆرەلمەك، يارالماق، مەۋجۇت بولماق، پەيدا بولماق، ۋۇجۇدقا چىقماق: ئادەم زادى قاچان ئاپىرىدە بولدى، بۇنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ.

**ئاپىرىدە قىلماق** تۆرەلدۈرمەك، مەۋجۇت قىلماق، ياراتماق، پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا چىقارماق: ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچ، ئوخشىمىغان يېڭىچە مەدەنىيەتلەرنى ئاپىرىدە قىلدى. * — ئەي يىگىت، سېنى بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان ئاتاڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي ھېلىقى بالىدىن.

**ئاپىرىشماق** «ئاپارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەسەل ھەرە ساندۇقلىرىنى مېنىڭ هارۋام بىلەن تاغقا ئاپىرىشىپ بەرسۇن.

**ئاپىرىلماق** «ئاپارماق» سۆزىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېشەكنى ھەجگە ئېلىپ بارسا، ئېشەك پېتى قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بارغان ئەمەس، بەلكى ئاپىرىلغان.

**ئاپىرىن** ئى [پ] بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقى، بېجىرىلگەنلىكى ئۈچۈن رازى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئالقىش سۆزى: ئاپىرىن ئېيتماق. ئاپىرىن ئوقۇماق. * سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىزغا ئاپىرىن! خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىمىز؟

**ئاپىرىن ئوقۇماق** ئاپىرىن ئېيتماق، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلىمەك: بۇ شوخ مەرغۇل پەدىلەرگە بەكمۇ رازى بولۇپ كەتكەن ياشلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

**ئاپىرىن ئېيتماق** رازىلىقىنى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەك؛ ماختىماق: شۇڭا، بىز دەرھال ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتۇق.

**ئات** I ئى ① توم تۇياقلىقلارغا مەنسۇپ سۈت ئەمگۈچى يىرىك ئىش ھايۋىنى: بوغۇزلۇق ئات ھارماس (ماقال). * قېرىغاندا

ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر (ماقال). ② ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ ياسالغان شاھمات ئۇرۇقى: ئاتنى ماڭماق. ③ ئون ئىككى مۆچەلدە يەتتىنچى يىلنىڭ نامى: ئۇ ئات يىللىق.

**ئات پەرقى** رەۋ. دىيال. ناھايىتى، بەك، زور پەرق: ھازىر ئۆتمۈشتىكىدىن ئات پەرقى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

**ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك** ئىلگىرىكى مەۋقە ياكى مەرتىۋىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇقىنى تاشلىماسلىق: ئۇ ئىلگىرىكىدەك قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەردىن يۇلۇپ يېگۈدەك ھوقۇق - ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغىنى بىلەن «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەندەك، ھېلىھەم ناسىر ئاخۇن ئائىلىسىنى نەزىرىگە ئىلمايتتى.

**ئات كۆچى** <فىز> ھەر سېكۇنتتا 75 كىلوگىرام يۈكنى بىر مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىشقا تەڭ قۇۋۋەت بىرلىكى.

**ئات ياراتماق** ئاتنى ياخشى بېقىپ بەيگىگە تەييارلىماق.

**ئات** II ئى ① ئادەم ياكى نەرسىلەرگە قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم: ئۇنىڭ ئۆگەي قىزىنىڭ ئېتى ھەجەرخان، ئۆز قىزىنىڭ ئېتى پاتىمخان ئىكەن. ② نام، ئاتاق: ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا (ماقال). ③ شان - شۆھرەت، ياخشى نام؛ داڭق: ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات قالىدۇ (ماقال). ④ <تىل>شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، «كىم؟ نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى،«ئىسىم»مۇ دېيىلىدۇ: ئاتاقلىق ئات. تۇرداش ئات.

**ئات كۆتۈرمەك** سۆز - چۆچەككە قالماق، نام - ئاتاققا ئىگە بولۇپ قالماق: ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر، سۇ كۆتۈرسەڭ ئەپكەش بىلەن كۆتۈر (ماقال).

**ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق** نامىغا لايىق ئەمەلىيىتى يوق: بەزى ئورۇنلار ئۆزىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق ئورگان بولۇپ قالغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

**ئاتا** I ئى ① بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى: ئۆز ئاتا. ئۆگەي ئاتا. * ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى (ماقال). * ئاتا بولماي ئاتا قەدرىنى بىلمەس (ماقال). ② يېشى چوڭ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى (ماقال). ③ كۆچمە. بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى باشلاپ بەرگەن، ئۇنىڭغا ئاساس سالغان ياكى شۇ ئىش - ھەردىكەتنى باشقۇرىدىغان ھۆرمەتلىك كىشى: لوقمان — دىنىي رىۋايەتلەردە تېبابەتنىڭ بىرىنچى ئاتىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى ماھىر ھۆكۈما دەپ قارىلاتتى. ④ بەزى رايونلاردا III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى (- سى) قوشۇلغاندا خوتۇنلارنىڭ ئۆز ئېرىنى ئاتاپ چاقىرىشىنى بىلدۈرىدۇ: — ھەي ئاتىسى، جۈمە ۋاقتى بولۇپلا قالدى، — دېدى ئۇ خوتۇن ئېرىگە.

**ئاتام زامان** ئۇزۇن يىللاردىن ئىلگىرى، بۇرۇنقى ۋاقىت، بۇرۇنقى دەۋر: مانا بۇ ئاتام زاماندىن بېرى بىزگە ئادەت بولۇپ كەلگەن بار ئىش.

**ئاتا** II ئى [ئە] «قىلماق» پېئىلى بىلەن كېلىپ «نېسىپ قىلماق، بەخش ئەتمەك، ئىنئام قىلماق، بەرمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بەختىياشلىقىمنىڭ ئاخىرىدا ماڭا ئاتا قىلغان يۇردىكىمنى زىدە قىلغۇچى ھەدىيەلەرنى كۆرۈپ، ئۆتكەن ھاياتىمغا ئۆكۈنۈشكە باشلىدىم.

**ئاتا - ئانا** بالىنىڭ ئاتا ۋە ئانىسى: ئاتا - ئانىلار يىغىنى.

**ئاتا - بالا** ئاتا ھەم بالا: ئاتا - بالا ئىككىمىز ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتۇق.

**ئاتا - بوۋا** ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر؛ ئەجدادلار.

**ئاتارمەن** ئى. بىرەر ھوقۇق تۇتقان مەنسەپدارنىڭ ياكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغان ئادەم؛ قولچوماق: قازىنىڭ تىلى تۇتۇلغانلىقىنى كۆرگەن ئاتارمەنلەر باقىنى سۆزلەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

**ئاتارمەن - چاپارمەن** ئاتارمەن ۋە چاپارمەن: قورمالنىڭ ئاتار - مەن - چاپارمەنلىرى كوچىلارغا يېيىلغان ھالدا مەھەللىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

**ئاتاشماق** I «ئاتىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چىلىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ شۇ جايدا يۇسۇپ سەككاكىنىڭ قەبرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتنى «خۇنخاي مازار» دەپ ئاتاشقان.

**ئاتاشماق** II «ئاتىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتاشمىدىمۇ؟!

**ئاتاغا** ئى. ۋاڭنىڭ ئوغۇللىرىنى تەربىيەلىگۈچى ئەر كىشى.

**ئاتاق** ئى ① نام - ئابرۇي، شۆھرەت، داڭق: يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل (ماقال). ② قانداشلىق ياكى تويلىشىش مۇناسىۋىتى بولماي تۇرۇپ تۇغقانلىق نامى بىلەن يۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: ئاتاق ئاتا. ئاتاق بالا. ③ ئۇنۋان: — مۇبارەك بولسۇن، ئۆزلىرىگە «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاشپەز» دېگەن ئىلمىي ئاتاق بېرىلىپتۇ! — دېدى مۇتەللىپ خۇشاللىق بىلەن.

**ئاتاق - ئابرۇي** ← **نام - ئابرۇي.**

**ئاتاقلىق** سۈپ. ئاتىقى بار، نامى، داڭقى چىققان؛ مەشھۇر، نامدار: — مەن باغدادلىقمەن، — دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى، — ئاتام باغدادنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن ئىدى.

**ئاتاكا** ئى [ر<فىران] شىددەتلىك ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم.

**ئاتالغۇ** I ئى. بىرەر ساھەدە، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋە ياكى سۆز بىرىكمىسى، ئاتالما: ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى. خىمىيە ئاتالغۇلىرى.

**ئاتالغۇ** II ئى. دىيال. ئات تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئارغامچا؛ سالما.

**ئاتالغۇچىلىق** ئى. ئاتالغۇ ھەققىدىكى تەتقىقات جەريانى ۋە نەتىجىسى، يەنى ئاتالغۇنى ياساش، قېزىش، قوبۇل قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىشى: مۇشۇ ئۇسۇللار ياردىمىدە ئۇيغۇر ئاتالغۇچىلىقى يەنىمۇ راۋاجلانماقتا، لېكىن ئۇيغۇر ئاتالغۇچىلىقىدا يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا.* 80 - يىللاردىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيەت ئۇيغۇر ئاتالغۇچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

**ئاتالغۇسىز** سۈپ ① ئېنىق ئاتالغۇسى يوق، ئاتالغۇسى تېخى بېكىتىلمىگەن ياكى قېلىپلاشتۇرۇلمىغان؛ ئاتالغۇغا ئىگە بولمىغان. ② ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بىلەن كەلمىگەن:

ئاتالغۇسىز سان.

**ئاتالغۇشۇناس** ئى. ئاتالغۇشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى.

**ئاتالغۇشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ساھەسى.

**ئاتالغۇلۇق** سۈپ ① ئېنىق ئاتالغۇسى بار، نامى بېكىتىلگەن. ② ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بىلەن كەلگەن: ئاتالغۇلۇق سان.

**ئاتالما** ئى ← **ئاتالغۇ** I : بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ھازىرقى تىلغا يېقىنراق، ئەرەب - پارس ئاتالمىلىرى ئازراق.

**ئاتالماق** I «ئاتىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ھۇسەن پارتىزان» دەپ ئاتىلىپ يۈردى.

**ئاتالماق** II «ئاتىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بارلىقى مۇشۇ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتالغانىدى.

**ئاتالمىش** سۈپ. مەلۇم كىشىلەر دەۋالغان، ئاتىۋالغان؛ ساختا: شۇ يىلى يۇرتىمىزدا ئاتالمىش دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈلگەنىدى.

**ئاتامان** I ( **ئاتامانى** ) ئى. يولباشچى، سەردار: دەسلەپ سۆڭجياڭ ئاندىن قالغان ئاتامانلارمۇ قاتار بولۇپ تىزلاندى.

**ئاتامان** II ئى. تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق؛ توپ: ئاتامان ئوينىماق.

**ئاتان** ئى. پىچىلغان تۆگە.

**ئاتان تۆگە** پىچىلغان ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى يوق ئەركەك تۆگە.

**ئاتاناق** «ئاتىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئازراق پۇل تېپىپلا قىن - قىنىغا پاتماي « باي» ئاتىنىپ يۈردى.

**ئاتايىن** رەۋ [ئە] ① مەخسۇس، ئالاھىدە بىر مەقسەتنى كۆزلەپ، ئەتەيلەپ: مەن ئاتايىن كونىشەھەرگە كىرىپ، بىلال ئەزىزىگە ئاكامنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قوياتتىم. ② مەقسەتلىك؛ قەستەن: كېنىزەكنىڭ سېنىڭ ئىكەنلىكىنى ۋەزىر بىلگەن بولسا كېرەك. ئۇ ئاتايىن قىستاۋاتىدۇ.

**ئاتەش** ئى [پ] ئوت، يالقۇن؛ نۇر: « يېڭىئاۋات»نىڭ قۇم بارخانلىرى ئاتەشتەك قىزىق ئىدى.

**ئاتەشپەرەس** ئى [پ] ئوتقا تاۋاپ قىلغۇچى، ئوتقا چوقۇنغۇچى: ئاتەشپەرەس ئادەم.

**ئاتەشپەرەسلىك** ئى <پەلس> ئوت ئېتىقادچىلىقى.

**ئاتەشدان** ئى [پ] ← **ئوتدان**.

**ئاتەشسىمان** سۈپ. ھالىتى ئاتەشكە ئوخشايدىغان، ئاتەش ھالىتىدىكى، ئاتەشتەك، ئوتتەك.

**ئاتەشكۆ** ئى [پ] تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىكى ئوچاقنىڭ شامال كۆزىنى ئاچىدىغان ئىلمەك تۆمۈر.

**ئاتەشلىك** سۈپ. ئوتلۇق؛ قىزغىن: ئارزۇيۇم ئاتەشلىك بىر تونۇر بولۇپ، خەلقىمگە بىر ئۆمۈر نان تەقدىم ئەتسەم.

**ئاتەشىن** سۈپ [پ] ئاتەشكە ئوخشاش، ئوتتەك؛ يالقۇنلۇق، قىزغىن، جۇشقۇن: ئاتەشىن سالام.

**ئاتبېشى** ئى. دىيال. يىڭناغۇچ.

**ئاتتاشې** ئى [ر<فىران] ئەلچىخانىنىڭ بىرەر ساھە بويىچە مەخسۇس بەلگىلەنگەن مەسلىھەتچىسى.

**ئاتتام** ئىم، «ئوھوي، ۋاي - ۋۇي، يائاللا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ھەيران قېلىش مەنىسىدىكى ئىملىق سۆز.

**ئاتتامەي** ئىم ← **ئاتتام**.

**ئاتچوت** ئى <ئىق> ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان تۇرلۇك خىراجەتلەرنى تۈرلەر بويىچە تىزىملىككە تۇرغۇزۇپ، رەھبەرلىك سېلىشتۇرۇپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئۇنى مالىيە ھېساباتىغا كىرگۈزۈش: ئاتچوت قىلماق.

**ئاتچى** ئى. بىرقانچە ئات بىلەن يۈك ۋە ئادەم توشۇپ كىراكەشلىك قىلغۇچى كىشى؛ كارۋان: ئۇ يولدىكى چېرىكلەرگە ئۆزىنى ئاتچى قىلىپ كۆرسەتتى.

**ئاتچىلىق** ئى ① ئات بىلەن يۈك توشۇپ كىراكەشلىك قىلىش ياكى ئات بېقىش ئىشى، كەسپى: ئاتچىلىق مېنىڭ ئاتا كەسپىم. ② ئاتلارنى نەسىللەندۈرۈش ياكى بېقىپ پەرۋىش قىلىش ئىشى، كەسپى: ئاتچىلىق فېرمىسى.

**ئاتخانا** ئى. ئات ئېغىلى.

**ئاتخۇمار** سۈپ [ئات + خۇمار] ئاتنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاتقا ھەۋىسى بار: يۇرتتىكى ھەرقايسى ئاتخۇمار بايلار شىرغىنى تالىشىپ 15 دادەن بۇغداي بېرىمىز دەپمۇ سېتىۋالالماي يۈرەتتى.

**ئاتداش** سۈپ. ئېتى ئوخشاش، ئىسىمداش.

**ئاتروپىن** ئى [ر<لات] <تېب> رەڭسىز، پۇراقسىز كىرىستال پاراشوك دورا. سانجىق ۋە ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى يارىلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

**ئاترىنا** ئى [لات] <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. قېپى ئۈچ بۇرجەك، قارا كۆك رەڭلىك كېلىدۇ، دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى لاتقا ئارىسىدا ياشايدۇ.

**ئاتسىل** ئى [ر] <خىم> نىئورگانىك ياكى ئورگانىك ئوكسىگېنلىق كىسلاتا تەركىبىدىن ھىدروكسىل (HO) گۇرۇپپىسىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قېلىپ قالغان ئاتوملار توپى.

**ئاتقاق** ئى. دىيال. رەگەتكە، ئاتقۇچ.

**ئاتقۇچ** ئى. كىچىك تىپتىكى باللار قورالى. بۇرۇن ئاچىماق ياغاچنىڭ ئىككى ئاچىسىغا ئىككىلىك كەڭلىكتىكى لاتىنى باغلاپ ياسىلاتتى، ھازىر رەزىنكە باغلاپ ياسىلىدۇ. رەزىنكە ئارىسىغا كىچىك تاش قاتارلىقلارنى قىستۇرۇپ، رەزىنكىنى سوزۇپ تۇرۇپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىكرەك ئۇچار قاناتلارنى ئېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاتقۇچى** ئى ① پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى يۇمشىتىش، تىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: پاختا ئاتقۇچى. ② <ھەرب>ئوقچى، مىلتىق ياكى زەمبىرەك ئاتىدىغان كىشى.

**ئاتقۇچىلىق** ئى ① پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى پاختا دۇكىنىغا سېلىپ يۇمشىتىش، تىتىش ئىشى: توختىئاخۇن ئاكا يىل بويى ئاتقۇچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ② ئوقيا ياكى مىلتىق قاتارلىقلارنى ئېتىش ئىشى: بىزنىڭ قىسىمدا ئاتقۇچىلىق بىلەن داڭ چىقارغانلار ئارانلا بىر ئىككىمىز.

**ئاتقۇرماق** پ. بىرەر ئىش، بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرمەك، ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق: سۇلتاننىڭ ئاتقۇرۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى

مەن ئاتقۇرۇپ قويدۇم.

**ئاتقۇرۇشماق** «ئاتقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاتقۇرۇلماق** «ئاتقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتقۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر دەل ۋاقتىدا ئاتقۇرۇلدى.

**ئاتقۇزماق** «ئاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مېنى تېزرەك ئاتقۇزۇۋەت ... — دېدى تۇتقۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

**ئاتقۇلاق** ئى [ئات + قۇلاق] <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى يوق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە سۇس يېشىل، قىزغۇچ گۈللەيدۇ، تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**ئاتقۇنە** ئى. دىيال. ئات، ئاتاق، نام، ئىسىم، فامىلە، تەخەللۇس سۆزلىرىنىڭ ئەركىلەتمە ئېيتىلىشى: ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم، ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم. ئاتقۇنەڭنى بىلمەيمەن، زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

**ئاتكوس** ئى [ر] <سۇ> ① ئېگىزلىك دەرىجىسى بارا - بارا تۆۋەنلىگەن يانتۇ يۈز: ئاتكوس تاپىنى. ئاتكوس چوققىسى.* بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان 200 دەك كىشى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ تۈزلەش، خاڭداش، ئاتكوس چىقىرىش ئىشىنى ئىشلەۋاتاتتى. ② يانتۇ يۈزنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىك پەرقىنىڭ گورىزونتال ئارىلىققا بولغان نىسبىتى.

**ئاتكرىتكا** ئى [ر] بىر تەرىپىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، سالام خەت، تەكلىپ ۋە تەبرىكنامىلەر يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان كارتا.

**ئاتلاتماق** «ئاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىمنى ئېرىقتىن ئاتلىتىپ ئۆتتۈم.

**ئاتلاس** ئى [ر] بىرەر جاينىڭ ئالبوم ياكى كىتاب شەكلىدە تۈزۈلگەن مەمۇرىي ياكى جۇغراپىيەلىك خەرىتىسى.

**ئاتلاشماق** «ئاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ كىچىك باللار مەكتەپ ئالدىدىكى ئېرىقچىدىن ئاتلىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**ئاتلاق** ئى. تاغ سىرتى، تاغ قىرى.

**ئاتلام** مىق. ئاتلىغاندا ھاسىل بولغان ئىككى پۇت ئارىسىدىكى ئارىلىق: ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى ئىككى ئاتلام كېلىدۇ.

**ئاتلانتىك** سۈپ [ر<لات] <جۇغ> ← **ئاتلانتىك ئوكيان**.

**ئاتلانتىك ئوكيان** <جۇغ> ئاتلانتىك ئوكيانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى شىمالىي ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان، دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئوكياننىڭ بىرى.

**ئاتلاندۇرماق** «ئاتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېلىيوف بىر قىسىم يارامىلىق كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تېرىقچىلىققا ئاتلاندۇردى.

**ئاتلاندۇرۇشماق** «ئاتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاتلاندۇرۇلماق** «ئاتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاتلانماق** پ ① ئاتقا مىنمەك: ئۇلار ئاتلىق كەلگەن، ئۇلار بىلەن بىرىنچى دۇينىڭ ئەزالىرىمۇ ئاتلىنىپ بىللە كېلىشكەنىدى. ② كۆچمە. بىرەر جايغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانماق، ھازىرلانماق: ھازىر ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىزىماقتا، مەن پات يېقىندا بۇ مۇقەددەس جەڭگە ئاتلىنىمەن. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەييارلانماق، ھازىرلانماق: — بىز ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكېلىشكە ئاتلىنىمىز، — دېدى سابىر ھاكىمغا.

**ئاتلېتىكا** ئى [ر<گىرېك] <تەن> كۈچ ۋە چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان ھەم ئۇلارنى كامالىغا يەتكۈزىدىغان ئىسپورت مەشىقلىرىنىڭ يىغىندىسى: 1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

**ئاتلېتىكلىق** سۈپ. ئاتلېتىكىغا ئائىت، ئاتلېتىكىغا تەۋە.

**ئاتلىتىشماق** «ئاتلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاتلىتىلماق** «ئاتلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاتلىق** I ① سۈپ. ئېتى بار، ئاتقا ئىگە: مانا ھازىر ئۇ دۇلدۇلدەك ئىككى ئاتلىق بولۇپ قالدى. ② سۈپ. ئات مىنگەن: تۇيۇقسىز ياخاق دەرىخى ئالدىدا ئۈچ ئاتلىق كىشى كۆرۈندى. ③ ئى. ئات مىنگەن كىشى: ئاتلىق پىيادىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەس (ماقال). ④ ئى. ئاتقا خاس خۇسۇسىيەت، ئاتقا خاس ئالاھىدىلىك: ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر، ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر.

**ئاتلىق ئەسكەر** <ھەرب> ئاتلىق ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەر، «ئاتلىق قىسىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاتلىق** II سۈپ. ئىسىملىك، ناملىق، ئىسىم ياكى نامغا ئىگە بولغان؛... دەپ ئاتىلىدىغان: داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق تاۋۇزى تاتلىق، داۋانچىڭدا بىر يارىم بار قەمبەرخان ئاتلىق.

**ئاتلىماق** پ ① دەسسىمەي ئىككى پۇت ئارىسىدا قالدۇرۇپ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتمەك، ئارتىلىپ ئۆتمەك؛ سەكرىمەك: ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ② قەدەم ئالماق، قەدەم تاشلىماق: ئاياغ ئاتلىمىسا، باش يۈگۈرمەيدۇ (ماقال). ③ قالدۇرۇپ، تەگمەي ياكى مەلۇم قىسمىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتمەك: ناھىيە ئاتلاپ ئوقۇماق. سىنىپ ئاتلىماق. * مەن خەتنى ئاتلاپ ئوقۇدۇم، خەتنىڭ ئاخىرىدا ئاجايىپ سۆزلەر بار ئىدى. ④ ئېشىپ ئۆتمەك: ياۋۇز تەختىنى گۇم ئەيلەپ، داۋانلار ئاتلىغان باتۇر، بېشىغا ياغسىمۇ ئوقلار، ئارقىغا يانمىغان باتۇر.

**ئاتلىنىشماق** «ئاتلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ دەرھال ئاتلىنىشتى.

**ئاتما** سۈپ. ئاتىدىغان، ئېتىلىدىغان: ئاتما توپ. ئاتما نەيزە.

**ئاتماق** پ ① قولدىكى نەرسىنى شىلتىپ يىراققا ياكى مۆلچەرلەنگەن يەرگە تاشلىماق؛ ئىرغىتماق: توپقا قاراپ تاش ئاتما (ماقال). * تاش ئاتقانغا قاش ئات (ماقال). ② شىددەت بىلەن بىرەر يەرگە تاشلانماق: ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان مەريەم «ئاكا» دېگىنىچە زاكىرجاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.* ئۇنىڭ ئاتقان مۇشتى تەگمىدى. ③ كۆچمە. چىقارماق، يايماق، ئېچىلماق: چېچەك ئاتماق. ④ تىتماق، پارچىلىماق: پاختا ئاتماق. يۇڭ ئاتماق. * ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمەپتۇ (ماقال). ⑤ پارتلاتماق: تاغ ئاتماق. پوجاڭزا ئاتماق. ⑥ كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ چىقارماق، ئۆرلىمەك: قادىر دولقۇنلار ئۇستىگە دولقۇنلار ئېتىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ⑦ بىرەر قورال ۋاستىسى ئارقىلىق ئوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىقارماق، ئۇزمەك: ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر (ماقال). ⑧ بىرەر قورال ۋاستىسى ئارقىلىق يارىلاندۇرماق،ئۆلتۈرمەك: ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى

ئېتىپتۇ توڭگۇزنى (ماقال). * دادامنى ئۇلار ئېتىۋېتىپتۇ. ⑨ مىدىرلاتماق، ئوينىتماق: ئالمىلىق باغقا كىرىپ، ئالما ئاتقان قارا كۆز، تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قاشنى ئاتقان قارا كۆز. ⑩ يورۇماق، سۇزۇلمەك: قادىر يېتىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتتى.

**ئاتموسفېرا** ئى [ر<گىرېك] يەر ۋە باشقا بەزى پىلانېتالارنى ئوراپ تۇرغان گازسىمان جىسىم.

**ئاتموسفېرا فىزىكىسى** <مېتېئور> مېتېئورولوگىيەنىڭ (يەنى ھاۋارايى ئىلمىنىڭ) بىر تارمىقى، ئاتموسفېرادىكى فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى، فىزىكىلىق جەريان ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاتموسفېرا قاتلىمى** <مېتېئور> ← **ئاتموسفېرا.**

**ئاتمېتكا** ئى [ر] <سۇ> دېڭىز يۈزى تەكشىلىكىدىن ياكى باشقا نورمال تەكشىلىكتىن بىر نۇقتىغا ياكى جىسىمغىچە بولغان تىك ئارىلىق.

**ئاتمىش** سان. ئونىڭ ئالتە ھەسسە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**ئاتمىشىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى 60 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 59 دىن كېيىن، 61 دىن بۇرۇن تۇرىدىغان: 60 - يىللار. 60 - ئورۇندۇق.

**ئات - ھارۋا** ئات ۋە ھارۋا.

**ئاتوم** ئى [ر<گىرېك] ① <فىز> خىمىيەلىك ئېلېمېنتنى ھاسىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك زەررىچە، شۇنداقلا ماددىلارنىڭ خىمىيەلىك رېئاكسىيەگە كىرىشتىكى ئەڭ تۈپكى زەررىچە بولۇپ، ئۇ مۇسبەت زەرەتلىك ئاتوم يادروسى ۋە ئاتوم يادروسىنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئېلېكترونلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ ھەر خىل ئاتوملارنىڭ ماسسىسى، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ. ② <ھەرب> يادرو قوراللىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىقلارنىڭ ئاتوم يادروسى پارچىلانغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ قىرىش، خاراب قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال، پارتلىغاندا زەربە دولقۇنى نۇر رادىياتسىيەسى ۋە رادىيوئاكتىپلىق بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ: ئاتوم پارتلاتماق.

**ئاتوم بومبىسى** <ھەرب> يادرو قوراللىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىقلارنىڭ ئاتوم يادروسى پارچىلانغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ قىرىش، خاراب قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال، پارتلىغاندا زەربە دولقۇنى نۇر رادىياتسىيەسى ۋە رادىيوئاكتىپلىق بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ.

**ئاتوم نەزەرىيەسى** <خىم> ماددا ئاتوم دەپ ئاتىلىدىغان زەررىچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ئاتوم ماددىلار پارچىلىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قىياس قىلىدىغان نەزەرىيە «ئاتوم نەزەرىيەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاتوم نومۇرى** <خىم> ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ يادروسى سىرتىدىكى ئېلېكترون سانىنى ئاساس قىلىپ بەلگىلەنگەن، ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدىكى ئېلېمېنت ئاتوملىرىنىڭ رەت نومۇرى.

**ئاتوم ئېنېرگىيەسى** <فىز> ئاتوم يادروسىدا پارچىلىنىش ياكى توپلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە قويۇپ بېرىلىدىغان ئېنېرگىيە. ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائەت ۋە ھەربىي ئىشلاردا كەڭ پايدىلىنىلىدۇ.

**ئاتوم يادروسى** <فىز> ئاتوم پروتون بىلەن نېيتروندىن تەشكىل تاپقان مەركىزىي قىسمى. ئاتوم يادروسى تەركىبىدىكى پروتون ۋە نېيترونىنىڭ سانى ئوخشاشمايدۇ. ئاتوم يادروسىنىڭ بەزىلىرى تۇراقلىق، بەزىلىرى تۇراقسىز بولىدۇ. تۇراقسىز ئاتوم يادروسى نۇر تارقىتىدۇ ھەمدە يىمىرىلىپ باشقا بىر خىل ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم يادروسىغا ئۆزگىرىدۇ.

**ئاتوملۇق** سۈپ. ئاتومى بار، ئاتومغا ئىگە.

**ئات - ئۇلاغ** ئات ۋە شۇ قاتاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ھايۋانلىرى: بۇ يىل بىزمۇ ئات - ئۇلاغ سېتىۋالدۇق.

**ئاتۋاز** سۈپ. ئاتخۇمار، ئاتقا ئامراق: بۇ ئادەم ئۇزۇندىن بۇيان ئاتۋاز ئىدى.

**ئاتۋازلىق** ئى. ئاتقا ئامراقلىق، ئات مىنىشكە، ئات بېقىشقا ھېرىسمەنلىك.

**ئاتېبرىن** ئى [ئىنگ <نېم] <تېب> كۈيناكرىن ھىدروخلورىدنىڭ دورىلىق نامى. بەزگەككە داۋا بولىدىغان، تەمى ئاچچىق؛ سېرىق رەڭلىك كىرىستال پاراشوك.

**ئاتېئىزم** ئى [ر<فىران] <پەلس> دىنىي ئېتىقادلارنى رەت قىلىش كۆزقارىشى؛ خۇداسىزلىق: ئاتېئىزم تەربىيەسى.

**ئاتېئىزملىق** سۈپ. ئاتېئىزمغا ئائىت، ئاتېئىزم روھىدىكى، دىنغا قارشى: ئاتېئىزملىق تەربىيە.

**ئاتېئىست** ئى [ر] ئاتېئىزم تەرەپدارى؛ دەھرىي، دىنسىز كىشى.

**ئاتېئىستلىق** ئى. دىنسىزلىق، دەھرىيلىك، دىنغا قارشىلىق.

**ئاتىدارچىلىق** ئى. ئاجىز، يېتىم - يېسىر، تايانچىسىز كىشىلەرگە قىلىنىدىغان غەمخورلۇق؛ يار - يۆلەك، تايانچ، كۆيۈنۈش: بىز بۇ ياققا ماڭىدىغان چاغدا دادىسى ئۇنى ئاشۇ تاغىسىنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا قالدۇرغانىدى. * ئۇنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار بارمۇ؟

**ئاتىغا** ئى. ۋاڭ - غوجىلارنىڭ ئۆيىدىكى ئېمىكئانىلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئاتىلىشى.

**ئاتىغاز** ئى <زوئول> ئاتا غاز، ئەركەك غاز.

**ئاتىكارچى** سۈپ. ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق؛ مەنمەنچى: — ئۆزۈڭمۇ تازا ئاتىكارچى بىرنېمە ئىكەنسەن، — دېدى پاتىمە سەمەتكە بۇرۇلۇپ، — سانىماي سەككىز دېمە.

**ئاتىكارچىلىق** ئى. ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراقلىق، مەنمەنچىلىك، ئاقساقاللىق: ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرى تۈگە - تۈگمەيلا سۆز قىستۇرۇپ ئاتىكارچىلىق بىلەن سۆزنى تارتىۋالىدىغان بىر خىل تەتۈر مىجەزلىك ئادەم بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدى.

**ئاتىلا** ئى. ئۇننى ياغ بىلەن قورۇپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر تۈرلۈك يېمەكلىك، بۇلماقسىمان ھالۋا.

**ئاتىلارچە** رەۋ. ئۆز ئاتىسىدەك، ئۆز ئاتىسى ئورنىدا؛ ئاتىـسىغا ئوخشاش: مەن توختىنىڭ باللارغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇم.

**ئاتىلىق** ① سۈپ. ئاتىسى بار، ئاتىسى ھايات: ئاتىلىق ئوغۇل — خوجىلىق قۇل (ماقال). ② سۈپ. ئاتىغا خاس؛ ئاتا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان: ئاتىلىق بۇرچ. ئاتىلىق قەرز. ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببەت. ③ ئى <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ چاڭدان ۋە گۈل يېپىچىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تۈزۈلگەن كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ئاتىلىق قىسمى. ئاتىلىق يېتىلگەندىن كېيىن چاڭدان يېرىلىپ گۈل چاڭلىرى توزۇپ چىقىدۇ.

**ئاتىلىق بەگ** تارس. خانلار يېنىدا مەسلىھەتچى سۈپىتى بىلەن تۇرىدىغان مەمۇرلارنىڭ ئۇنۋانى، دەرىجىسى ئاتىلىق ۋەزىردىن تۆۋەن بولىدۇ: خان جەمەتىدىكى شاھزادىلەرگە ئوردا تەرىپىدىن ئاتىلىق ۋەزىر ياكى ئاتىلىق بەگ لاۋازىمى قوشۇپ بېرىلەتتى.

**ئاتىلىق تۈزۈمى** باشلانغۇچ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئانىلىق تۈزۈمىدىن كېيىنكى بىر باسقۇچى.

**ئاتىلىق ۋەزىر** تارس. خانلارنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى سۈپىتى بىلەن تۇرىدىغان مەمۇرلارنىڭ ئۇنۋانى، دەرىجىسى ئاتىلىق بەگدىن يۇقىرى بولىدۇ: سۇلتان ئويلىنىپ شاھزادە ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەلپىگە ماقۇل بولدى - دە، مۇھەممەد مىرزا بايرىنىنى ئاتىلىق ۋەزىر قىلىپ بېكىتىپ، جەڭدىن كېيىن يېڭى ھىسارغا ئەۋەتمەكچى بولدى.

**ئاتىلىقسىز** سۈپ. ئاتىلىقى يوق، ئاتىلىقى بولمىغان: ئاتىلىقسىز كۆپىيىش.

**ئاتىلىقسىز كۆپىيىش** <بىئول> جىنسلىق كۆپىيىدىغان بەزىبىر ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەردە تۇخۇمنىڭ ئۇرۇقلانمايلا ئەۋلاد يېتىلدۈرۈش ھالىتى.

**ئاتىما** ئى. ئاتالغۇ، ئاتالما، نام: ئۇ سۆزلەر ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى زامانلاردىن بېرى يوقىلىشقا يۈزلەنمەكتە، ئەرەب كەلىمىلىرى تىلىمىزدىكى ئاتىمىلارنىڭ ئورنىنى باستى.

**ئاتىماق** I پ. ئات قويماق، نام بەرمەك: كىشىلەر ئۇنى «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتايدۇ.

**ئاتىماق** II پ ① بېغىشلىماق، تەقدىم قىلماق، بەرمەك: — ئاۋۇ قويدىن بىرەرنى ئاتىۋەتسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى باخشى ھېچ قىزارماستىن. ② كۆڭلىگە پۈكمەك، نىيەت قىلماق: — قانداق، كىچىكئاخۇن، سېتىپ بېرىشكە ئاتىغىنىڭىزنى چىقارمامسىز؟ — دېدى ھوشۇر ھامۇت. ③ تەييارلىماق، تەييار قىلماق: يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە، ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى، قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە، ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

**ئاجامەت** ئى. دىيال. لوڭقا.

**ئاجايىبات** ئى [ئە] كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، غەيرىي كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر ياكى ۋەقە - ھادىسىلەر.

**ئاجايىپ** [ئە] ① سۈپ. ناھايىتى قىزىق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان، قىزىقارلىق: ئوغلىدىن بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى ئاڭلىغان قاسىمئاخۇن ئۇستامنىڭ شادلىقىدىن ئۇدا بىرقانچە كېچىگىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ② سۈپ. غەيرىي، غەلىتە، باشقىچە: — مانا ئەمدى سىزنى ئويلىسامىلا ئاجايىپ بولۇپ قالىمەن، — دېدى زەينەپ كامىلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. ③ سۈپ. ناھايىتى ياخشى، قالتىس، پەيزى: بىلەمسەن، ھەي ئاداش، شۇ تۇرقىدا بىر ئاجايىپ قىز سېنىڭ ئۈچۈن تولغىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ. ④ رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، بەك: ئۇنىڭ ساڭا ئاجايىپ ھەۋىسى كېلەتتى.

**ئاجايىپخانا** ئى [ئە + پ] ھەر خىل ھايۋانلار، بولۇپمۇ تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان، بەزىبىر ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنى بېقىپ، كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن.

**ئاجايىپ - غارايىپ** ناھايىتى قىزىق، ھەيران قالارلىق، ئالامەت: بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقە ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

**ئاجايىپلىق** ئى. ئاجايىپ كۆرۈنۈش، ئاجايىپ ھالەت، قالتىسلىق: سىز ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاجايىپلىقىنى بىلگىنىڭىزدە، دۇنيانىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ، ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپلىقىنى بىلەلەيسىز.

**ئاجراتما** ئى. ئاجرىتىپ چىقىرىلغان ياكى ئاجرىتىپ ئېلىنغان نەرسە، ئاجرىتىپ ئېلىنغان تەركىب.

**ئاجراتماق** پ ① «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېيتئاخۇن قوچقارنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىپ، ئالما شېخىغا ئاستى. ② پەرقلەندۈرمەك: قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۆلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئاجرىتىۋېلىش تەس ئىدى. ③ خالاس قىلماق، قۇتۇلدۇرماق: بېشىمىزدا دۈشمەنلەر قىلىچىنى ئوينىتار، بۇ دوزاختىن نوزۇكنى قانداق بىر جان ئاجرىتار؟! ④ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئاتىماق، چىقارماق، بەلگىلىمەك: بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ئىدارىمىز 1000 يۈەن ئاجراتتى. ⑤ ئەھدىنى، نىكاھنى بۇزماق، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: ئۇ قىزنى 15 يىل ئۆي تۇتقان ئېرىدىن زورلۇق بىلەن ئاجرىتىۋالدى. ⑥ <بىئول> جانلىق ئورگانىزملار تېنىدىكى بەزى ھۈجەيرە، توقۇلما ياكى ئەزالار مەلۇم ئاجرالمىلارنى ئايرىپ چىقارماق.

**ئاجراشتۇرماق** «ئاجراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزۇلغىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنى سوتتىن ئاجراشتۇرۇۋەتتى.

**ئاجراشتۇرۇشماق** «ئاجراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاجراشتۇرۇلماق** «ئاجراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئۇلار نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلدى.

**ئاجراشچانلىق** ئى <گېئول> مىنېراللارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، مىنېرال كىرىستاللىرى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، مەلۇم كىرىستال يۈز يۆنىلىشى بويىچە تەكشى يۈزدە يېرىلىدىغان دائىملىق خۇسۇسىيەت. ئاجراشچانلىقنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسى مىنېراللارنىڭ خىلىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**ئاجراشماق** ① «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراشتى - دە، قاسىم ئاكىغا قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. ② ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن ئايرىلماق، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: مەۋلاننىڭ خوتۇنى بىلەن ئاجراشقىنىغا تېخى بىر ئايمۇ بولمىغانىدى.

**ئاجراق** ① سۈپ. تۇتاشقان جايىدىن ئايرىلىپ كەتكەن؛ سۇنۇق: پۇتى ئاجراق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاجرىلىپ تۇرغان دەزى، يېرىقى، يوچۇقى: ياغاچ تۇڭنىڭ ئاجرىقىدىن سۇ چىققاپ چىققىلى باشلىدى.

**ئاجرالما** ئى. ئاجرىلىپ چىققان نەرسە، تەركىب.

**ئاجرالماق** «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈۋۈمىساق كىمنىڭ نائەھلى، كىمنىڭ نائەھلى ئەمەسلىكى ئاجرالمايدۇ.

**ئاجرالمىلار** ئى <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى بەزى ھۇجەيرە، توقۇلما ياكى ئورگانلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خىزمىتى بىلەن سىنتېزلاپ ياكى ئاجرىتىپ چىقارغان خىمىدىيەۋى بىرىكمىلەر.

**ئاجرىتىشماق** «ئاجراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاجرىتىلماق** «ئاجراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆگزىگە مىخلاقلىق ياغاچ ئاجرىتىلدى.* بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ئاپەت رايونى ئۈچۈن ئاجرىتىلدى.

**ئاجرىماق** پ ① بۆلەكلەرگە، تەركىبىي قىسىملارغا بۆلۈنمەك، پارچىلانماق: ئەندۇۋىنىڭ تۇتقۇچى ئاجراپ كېتىپتۇ. ② ئايرىلماق، يىراقلاشماق: رەقىب بىزدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، ئۇلار گۇدۇڭشلاشتى.

**ئاجناپ** سۈپ. دىيال. تويماس، ئېچىرقاپ كەتكەن.

**ئاجىز** سۈپ [ئە] ① جىسمانىي جەھەتتىن كۈچسىز، زەئىپ، قۇۋۋەتسىز: ئاجىز ئايال. تېنى ئاجىز. ② ئامالسىز، ئىلاجسىز، نائىلاج، يار ـ يۆلەكسىز: خوش، ھەق سۆزنى قىلدىم بېگىم، ئاجىز پۇقرانىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدۈم، ئويلاپ كۆرسىلە، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ ـ دە! ③ پەس، بوش، كۈچسىز (ئاۋاز ھەققىدە): قاياقتىندۇر، ناھايىتى ئاجىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ④ خىرە، نۇرسىز: ئاينىڭ ئاجىز نۇرى ئۆيئىچىگە تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇراتتى. ⑤ مەلۇم جەھەتلەردە ئىقتىدارىنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يوقاتقان، تۆۋەنلىگەن: ئېلىشانىڭ كۆزى ئاجىز ئىدى. ⑥ ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى يېتەرسىز، كەم: ئۇ ئاجىز دۆلەت. ⑦ ئارقىدا قالغان، ناچار، تۆۋەن، يېتەرسىز: دەرستە ئاجىز ئوقۇغۇچىلارغا ھەركۈنى بىرەر سائەت قوشۇمچە ئۆگىنىش قىلىپ بېرىۋاتىمەن.

**ئاجىزانە** رەۋ. ئاجىزلارچە، ئاجىزلىق بىلەن.

**ئاجىزە (ئاجىزەسى)** ئى [ئە] ئاجىز ئايال؛ ئايال: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ ئاخىرىغا «ئاجىزەلىرى مەيرەم بۇۋى» دەپ يېزىپ قويىدى.

**ئاجىزلاتماق** «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇياش ئاللىقاچان قىيسىيىپ، ئۆتكۈر نۇرلىرىنى ئاجىزلاتقانىدى.

**ئاجىزلاشتۇرماق** «ئاجىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق ئويلار ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇراتتى.

**ئاجىزلاشتۇرۇشماق** «ئاجىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىر بېرىپ تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئاجىزلاشتۇردى.

**ئاجىزلاشتۇرۇلماق** «ئاجىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، دۈشمەننىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشتۇرۇلدى ـ دە، بىز دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتۇق.

**ئاجىزلاشماق** ① «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئاجىزلىماق: غالىبجاننىڭ بەدىنى ئاجىزلاشتى.

**ئاجىزلانماق** «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاجىزلىتىشماق** «ئاجىزلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاجىزلىتىلماق** «ئاجىزلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاجىزلىشىش** ئى <تىل> كۈچلۈك ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ كۈچسىز ئېيتىلىپ، ئۆز تۈسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىشى. مەسىلەن: بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا» نىڭ «ئې» غا ئاجىزلاشقىنىغا ئوخشاش.

**ئاجىزلىق** ئى. جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى نۇقسان؛ ئاجىز، زەئىپ ھالەت: مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۆزىدە كۆرۈلگەن ئاجىزلىقلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلماسلىق لازىم. * تاينىش تەدبىر، تايىنىۋېلىش ئاجىزلىقتۇر.

**ئاجىزلىماق** پ ① جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلەشمەك، ھالسىزلانماق؛ كۈچى، قۇۋۋىتى ئازايماق: بەدەندە ئاقسىل ماددىسى ئازلاپ كەتسە، ئادەم ئاجىزلاپ، ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدۇ. * بۇ يەرلەر بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە تۈزۈك ھوسۇل ئالالمايۋاتىمىز. ② پەسلىمەك، بوشىماق، تۆۋەنلىمەك (ئاۋاز ھەققىدە): بوۋاينىڭ ئاۋازى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ③ خىرەلەشمەك، نۇرسىزلانماق: ئۆيئىچىدىكى جىنچىراغ ئاجىزلاپ ـ ئاجىزلاپ، ئاخىر ئۆچۈپ قالدى. ④ كۈچىدىن قالماق، ناچارلاشماق، ئىقتىدارى تۆۋەنلىمەك: راستىنى ئېيتسام كۆزۈم ئاجىزلاپ قالغانمۇ، زادى سېنى تونۇيالمايۋاتىمەن.

**ئاچ** ① سۈپ. قورسىقىدا يېگەن نەرسىسى قالمىغان، تاماق يېمىگەن، ئېچىرقىغان: ئاچ قورساق.* ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس (ماقال).* تارتىنغان ئاچ قالار (ماقال). ② سۈپ. كۆچمە. قانائەتسىز، شۈكۈر ـ قانائەت قىلمايدىغان؛ تويماس، ئاچ كۆز: ئۇ باي بولغىنى بىلەن ئىنتايىن ئاچ ئادەم ئىكەن. ③ كۆچمە. تولمىغان، مۇكەممەل ئەمەس؛ كەم، پۇچەك: ئاچ دان. ئاچ قاپىيە. ④ ئى. ئاچلىق ھالىتى ۋە شۇنداق ھالەتتىكى كىشى: بىر قارنىم ئاچتىن ئۆلمەس (ماقال).* ئاچ نېمىنى يېمەس، توق نېمىنى دېمەس (ماقال). ⑤ سۈپ. قېنىق، توق ئەمەس؛ سۇس (رەڭ ھەققىدە): ئاچ يېشىل. ئاچ سېرىق. ئاچ كۆك. ئاچ قىزىل.

**ئاچپاقا** كۆزى ئاچ، تويماس: ئەتىدىن كەچكىچە خەقنىڭ نەرسىسىنى تالىشىۋېرىدىغان ئاچپاقا بالا ئىكەنسەن.

**ئاچ كۆز** تويمايدىغان، نەپسىنى يىغمايدىغان، نەپسى يامان: ئاچ كۆز تويماس، بېخىل بېيىماس (ماقال).

**ئاچ كىرمەك** خۇراپىي چۈشەنچىدە تاماق يەۋاتقان كىشىگە باشقا بىر كىشىنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىشى نەتىجىسىدە تاماق يەۋاتقان كىشىدە قۇسۇش، قورسىقى ئاغرىش، ئەسنەشكە ئوخشاش بىر خىل ھالەت يۈز بەرمەك.

**ئاچا** I **(ئا:چا)** ئى ① بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان: پاتەمخان مېنىڭ ئاچام. ② ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتە ئېيتىلىدۇ: ئىشىك چېكىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەن پەرھاتنى گۆھەرنىساخان ئاچا قىزغىن كۈتۈۋالدى.

**ئاچا** II ① سۈپ. بىر گەۋدىدىن ئاجرىلىپ چىققان، بۆلۈنگەن: ئاچا ياغاچ. ئاچا قۇيرۇق. ئاچا يول. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ بىر گەۋدىدىن ئايرىلىپ چىققان قىسمى، بۆلىكى؛ پۇتاق: قاسىم

هويلىدىكى ئاچىغا چاپىنىنى ئېسىپ قويۇپ ئىتتىك ئۆيگە كىردى.* بۆرە قوينىڭ قۇيرۇقىنى ئاچىسىدىن چىشلەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. ③ ئى. بىر نەرسىنى يۆلەپ قويىدىغان تىرەك: بىز ئۆرۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ ئاچا يۆلەپ قويغان تامنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق.

**ئاچا قۇلاق** ئى. گىلەم دۇكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ.

**ئاچارا** ئى. دىيال ← **چاتراق.**

**ئاچارچىلىق** ئى. بىرەر تەبىئىي ئاپەت ياكى ئۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىك؛ قەھەتچىلىك: شۇ يىلى ئېغىر ئاچارچىلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

**ئاچاسەي** ئى <يېم> يېسىۋىلەك قاتارلىق كۆكتاتلارنى قايناق سۇغا بېسىپ، ئېچىتىپ تەييارلانغان بىر خىل خام سەي.

**ئاچا- سىڭىل** بىر ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان ھەر خىل ياشتىكى قىزلار.

**ئاچا- سىڭىللىق** ① ئاچا - سىڭىللىرى بار، ئاچا - سىڭىللىرى بولغان. ② ئۆزئارا ئاچا - سىڭىل بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت.

**ئاچاڭزۇ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

**ئاچال** ئى ① يولنىڭ ئاچىلانغان، ئايرىلغان جايى: يىگىت مەلىكىنى ئاتقا مىندۈرۈپ بىر كېچە يول يۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئىككى يولنىڭ ئاچىلىغا كەپتۇ.② كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**ئاچالچى** ئى <قاتن> ئاچال باشقۇرىدىغان مەخسۇس خادىم، ئاچال باشقۇرغۇچى: دادام بۇرۇن تۆمۈريولدا ئاچالچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

**ئاچالگۆش** ئى [ئاچال + گۆش] <يېم> سوغۇق سەيلەرنىڭ بىر تۈرى، بۇ يېمەكلىك قوينىڭ پىشۇرۇلغان سان گۆشىنى يالپاقلاپ توغراپ، تەخسىگە تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە توغرالغان سۇڭپىياز، ئاچچىقسۇ ۋە داغلانغان كۇنجۇت يېغى قاتارلىقلار قۇيۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**ئاچبىقىن** ئى [ئاچ + بىقىن] بىقىننىڭ يان قىسمىدىكى سەل ئىچىگە تارتىلغان جاي، ئىنچىكە بەلنىڭ ئىككى يان تەرىپى.

**ئاچ- توق** بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق؛ ئاچ بىلەن توقنىڭ ئارىلىقىدا، تاپقاندا يەپ، تاپالمىغاندا يېمەي، تويۇپ تاماق يېيەلمىگەي: ئاچ - توق يۈرمەك. ئاچ — توق قالماق.

**ئاچچىق** ① سۈپ. ئېغىزنى ئېچىشتۇرىدىغان، تەمى ئۆتكۈر؛ سەزگۈ ئەزالىرىغا كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان: ئاچچىق لازا. ئاچچىق غورا.* بىلىم — ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تاتلىق مېۋە. ② سۈپ. جاندىن ئۆتىدىغان، بەدەننى تىترىتىدىغان: ئاچچىق سوغۇق. ئاچچىق شامال. ③ سۈپ . كۆچمە. كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان، خۇش قىلمايدىغان: يىغىندا ماڭا ئاچچىق گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغانلار بولدى. ④ سۈپ. كۆچمە. دەرد - ئەلەم، غەم - غۇسسىلىك، غەم - قايغۇنى ئىپادىلەيدىغان؛ ئەلەملىك: بۇ ئاچچىق خاتىرىلەرنى ئەسلەشتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ خەتكە قارىدىم. ⑤ رەۋ. كۆچمە. مەسخىرىلىك، نەپرەتلىك: يىگىت ئاستا - ئاستا قۇلىقىغىچە قىزاردى - دە، بىردىنلا ئاچچىق كۈلۈۋەتتى. ⑥ ئى. غەزەپ، زەردە، قەھر: بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي (ماقال).* ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كەلگەن سەنۇبەر ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى - دە، قېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا رۇستەم تۇراتتى.

**ئاچچىق ئانار** <بوت> ئانارنىڭ بىر تۈرى، تەمى ئادەتتىكى ئاناردىن چۈچۈمەل بولىدۇ.

**ئاچچىق تولغاق** بالا تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ناھايىتى قاتتىق ۋە جىددىي تۇتىدىغان تولغاق: ئاچچىق تولغاق يېمەك.

**ئاچچىق قىلماق** ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك: — شۇنداق ئىكەن، بۇنداق يول تۇتۇش ئەقىلدىن ئاداشقانلىق ھېسابلانمايدۇ! مەن بۇ ئىشنى لايىق كۆرمەيمەن! — دېدى شاھ سانىيە ئاچچىق قىلىپ.

**ئاچچىق ئۆرۈك** <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، تەمى ئادەتتىكى ئۆرۈكلەردىن سەل پەرقلىق، مېغىزى ئاچچىق بولىدۇ. مېغىزىدىن ياغ تارتىلىدۇ.

**ئاچچىق ئۈچەي** <ئانات>كۆشىگۈچى ھايۋانلار ئۈچەيىنىڭ قېرىنىدىن تارتىپ ياغلىق ئۈچەيگىچە بولغان ئارىلىقى. ئادەم ۋە كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ مۇشۇ خىل ئۈچەيى «ئىنچىكە ئۈچەي» دېيىلىدۇ.

**ئاچچىقى چىقماق** ئاچچىقى بېسىلماق، ئاچچىقى تۈگىمەك.

**ئاچچىقچاي** ئى. دىيال. بوزتىكەن، سۈتلىگەن.

**ئاچچىق- چۈچۈك** ① تېخى تاتلىق تەم كىرمىگەن، چۈچۈمەل (يەل - يېمىش ھەققىدە): ئاچچىق - چۈچۈك غورا.* غۇلجا ئالمىسىنىڭ تەمى دەسلەپ ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ، ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن تەمى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ② لازا، ئاچچىقسۇ، دورا - دەرمان قاتارلىقلىرى ئۆتۈپرەك تەڭشەلگەن: تۇرسۇن ئېغىر ئىچىملىكتىن كېيىن ئاچچىق - چۈچۈك ئۇگرە بىلەن مېھمان بولدى. ③ كۆچمە. تۇرمۇشنىڭ راھەت - پاراغەت ۋە جاپا - مۇشەققىتى، ھاياتنىڭ لەززەت ۋە غەم - تەشۋىشلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقى: باقى تۇرمۇشقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ساددا ئاق كۆڭۈل بىر يىگىت، ئۇ يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىمىغان.

**ئاچچىقچېچەك** ئى [ئاچچىق + چېچەك] <بوت> ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى بەش - ئون سانتىمېتىر، غولى كۆپ، تۈپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ ئۈچ قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى چوڭ، غول ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ؛ غولى دورا بولىدۇ.

**ئاچچىقسۇ** ئى [ئاچچىق + سۇ] <يېم> ئېچىتقۇ قىلىنىدىغان چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق. گۈرۈچ، بۇغداي، قىزىل قوناق قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ.

**ئاچچىقلاتماق** «ئاچچىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاچچىقلاشماق** «ئاچچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بالا ئارىسىغا كىرىپ بىر- بىرى بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالدى.

**ئاچچىقلاندۇرماق** «ئاچچىقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇلتان روشەننى بىكاردىن - بىكار ئاچچىقلاندۇردى.

**ئاچچىقلانماق** «ئاچچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: خۇرشىدىخان مەنسۇردىن ئۆتە ئاچچىقلىنىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە خۇددى مۆكىدەك ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى.

**ئاچچىقلىق** ئى. ئاچچىق بولغان ھالەت، ئاچچىق بولۇش: ئاچچىقلىق تۇزنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيىتىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىپادىسى.

**ئاچچىقلىماق** پ. ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق: ئۇ مېنىڭ شەھەرگە ئالدىرىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرمىساڭ بولمايدۇ، دەپ ئاچچىقلاپ تۇرۇۋالدى.

**ئاچچىقئوت** ئى [ئاچچىق + ئوت] <بوت>ئاچچىقئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر بېغىرلىغۇچى غولى بار، ئۈچ قۇلاقلىق، مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزىغا ئوخشاش يۇمىلاق تۆرۈك شەكىللىك؛ تېنى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننىڭ سىرتىدىن سۈرسە، قوتۇر قاتارلىق تېرە كېسەللىرىنى داۋالايدۇ.

**ئاچ-زار** ئاچ قالغان ۋە زارلانغان، جاپا-مۇشەققەت تارتقان، كۈنى ئېغىر: شەرۋانىخان بىلەن رەنا ئۇزۇن يوللارنى ئاچ-زار، ھالسىز باسقان بولسىمۇ، قىيىنچىلىقلارغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى.

**ئاچ-زارلىق** ئاچ ۋە زار ھالەت: ئاچ-زارلىق دەستىدىن جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغا كەلدى.

**ئاچ-زېرىن** ← **ئاچ-زار:** ھېكمەت ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلى قاسىمنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئۆتكۈزگەن ئاچ-زېرىن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ھۆكۈمەتتىن سۆيۈنمەي قالمايتتى.

**ئاچقۇچ** ئى ① قۇلۇپنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب: جامى سەكرەپ چۈشۈپ ئاچقۇچ بىلەن ئىت كاللىسىدەك يوغان ئورۇس قۇلۇپىنى ئاچتى. ② <ماشىن> بىرەر مېخانىزمنى بۇراپ يۈرگۈزۈش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب: ئاپتوموبىل ئاچقۇچى. تام سائىتىنىڭ ئاچقۇچى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىجابىي ئامىل؛ چارە، تەدبىر: تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى— پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش. ④ كۆچمە <مەت> لۇغەتلەردە زۆرۈر تېپىلغان سۆزلەرنى ئىزدەشتە قوللىنىدىغان جەدۋەل، گىرافا: لۇغەتنىڭ ئاچقۇچى.

**ئاچقۇچلۇق** سۈپ ① ئاچقۇچى بار: ئۈچ ئاچقۇچلۇق قۇلۇپ. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق مۇھىم: ئاچقۇچلۇق پەيت.

**ئاچلاتماق** «ئاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاچلاشماق** «ئاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاچلامچى** ئى. بىراۋنىڭ ئېچى كىرىپ قالغان كىشىنى ئاچلاپ داۋالايدىغان كىشى، ئاچنى چىقىرىدىغان ئاچلىغۇچى كىشى.

**ئاچلىق** ئى. قورسىقى ئاچ ھالەت، ئاچ قالغان، تويمىغان ھالەت، تويماسلىق: ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما (ماقال).

**ئاچلىماق** پ. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بىراۋنىڭ ئېچى كىرىپ قالغان كىشىدىكى ئاچنى چىقىرىش ئۈچۈن سەرەڭگە، نان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن شۇ كىشىنى بەلگىلىك ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئاساسىدا تۇرتۇپ-نوقۇلاپ ئاچنى چىقارماق، بىراۋنىڭ ئېچى كىرىپ قالغان كىشىنى داۋالىماق.

**ئاچما** I ① سۈپ. قاناتلىرى بار ھەم قاناتلىرى ئېچىلىدىغان: ئاچما دېرىزە. ②ئى. بوز يەر، بوزلۇق، تىڭ: ئاچمىنى ئاچماق، ئاچمىغا بارماق.

**ئاچما** II ئى. ئېچىق، باشلام، ئاچماق.

**ئاچماق** I پ ① توسۇپ تۇرغان توساقنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويماق ياكى ئېلىپ تاشلىماق: پەردىنى ئاچماق. يول ئاچماق. * قورقما، ھەي زۆرەم! مەن سادىق، ئىشىكنى ئاچ. ② ئورالغان، يېپىلغان، چىگىلگەن، كۆمۈلگەن نەرسىلەرنى شۇ ھالەتتىن خالىي قىلماق: ساندۇقنى ئاچماق. قۇلۇپنى ئاچماق. ئورنىنى ئاچماق.* ئۇن قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايال ئارقىسىغا قاراپ، بېشىدىكى پەرەنجىسىنى ئېچىپ بىر قارىدى-دە، يەنە گەپ قىلماي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ③ قاتلانغان، يىغىلغان، پۈكۈلگەن، يۇمىلانغان نەرسىلەرنى يايماق، كەرمەك: كىگىز ئاچماق. قۇچاق ئاچماق. * ئانار ئۆزىمۇ ئانىسى ئاچىققان داستىخاننى ئېچىپ، ئانىسىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى. ④ قۇرۇپ، ياساپ، پۈتتۈرۈپ ئىشقا چۈشۈرمەك، پائالىيەت باشلىماق: مەكتەپ ئاچماق. دۇكان ئاچماق. ⑤ نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتىنى، سىرىنى ئاشكارىلىماق؛ ئېنىقلىماق، يەشمەك: تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئاچماق. ئەپت-بەشىرىسىنى ئاچماق. زىددىيەتلەرنى ئاچماق. ⑥ بىرەر نەرسىنىڭ ھەرىكىتىگە يول بەرمەك؛ باشلىماق، ئاققۇزماق: گەپ ئاچماق. سۆز ئاچماق. سۇ ئاچماق. ⑦ ئۆزلەشتۈرمەك، پايدىلانغۇدەك قىلماق، ئىشقا كىرىشتۈرمەك: يەر ئاچماق. كان ئاچماق. نېفىتلىكنى ئاچماق. ⑧ كۆپچىلىكنى بىر يەرگە يىغىپ مۇزاكىرە قىلماق ياكى بىرەر ئىشنى، مەقسەتنى ئۇقتۇرماق: مەجلىس ئاچماق. ⑨ خۇشال قىلماق، شادلاندۇرماق: ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ، سەيلە-تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ باشقا يەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ⑩ كۈچەيتمەك، راۋاجلاندۇرماق، ئۆستۈرمەك: كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ⑪ ماڭدۇرماق، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك: رادىيونى ئاچماق. تېلېۋىزورنى ئاچماق. ⑫ ھۆسنىگە ھۆسن قوشماق، گۈزەللەشتۈرمەك: ئىران نۇسخىلىق يېڭى گىلەم ئۆينى بەك ئېچىپتۇ.

**ئاچماق** II پ. قورساقتا يېگەن نەرسە ھەزىم بولۇپ، تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلماق: قورساقنىڭ ئاچقىنى— ئەقىلنىڭ قاچقىنى (ماقال).

**ئاچماق** III ئى. دىيال. ئېچىق، باشلام، ئاچما: ئېرىق ئېچىقى.

**ئاچۇرماق** I «ئاچماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۆرە مومايىنىڭ ئىشىكنى نېمەدەپ ئاچۇرۇشنى بىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

**ئاچۇرماق** II «ئاچماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ دورا قورساقنى ئاچۇرىدۇ.

**ئاچۇرۇلماق** «ئاچۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاچىسىمان** سۈپ. شەكلى ئاچىغا ئوخشايدىغان، ئاچا شەكىللىك، ئاچا شەكلىدىكى: ئاچىسىمان نەرسە.

**ئاچىقتۇرماق** «ئاچىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاچقماق** پ [ئالىپ + چىقماق] ئېچكىرىدىن ياكى پەستىن بىر نەرسىنى ئاچقىماق: كەرىمخان ئورەكتىن تېزلا بىر تۇپ بەسەينى ئاچقىپ قوشنىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

**ئاچقىشماق** «ئاچقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاچقىلماق** «ئاچقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاچىكا** ئى. دىيال. ئاچا، ھەدە (كەمسىتىش ياكى سىلكىشلەش مەنىسىدە)

**ئاچىلماق** پ. ئاچا چىقارماق، ئاچىسى بار ھالەتكە كەلتۈرمەك: ياغاچنى ئاچىلىماق.

**ئاچىماق** سۈپ. ئاچىسى بار، ئاچىلىق: بىز بىر قېتىم يوغان ئاچىماق قارىياغاچنىڭ سايىسىدە ئارام ئالغاندۇق. // سەيدىنقارىنىڭ خىيالىنى قارىياغاچنىڭ ئاچىمىقىغا بېكىتىلگەن رادىيو كانىيىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.

**ئاچ ـ يالىڭاچ** يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن يېتىشمەيدىغان، كونى ئېغىر، تۇرمۇشى قىيىن؛ ئىنتايىن نامرات: ئاچ ـ يالىڭاچ قالماق.

**ئاچ ـ يالىڭاچلىق** ئاچ ـ يالىڭاچ ھالەت: ئەمگەكچى خەلق كونا جەمئىيەتتە ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالدۇرۇلغانىدى.

**ئاچ ـ يېلىڭ** ← **ئاچ ـ يالىڭاچ** : ئاچ ـ يېلىڭ قالماق. ئاچ ـ يېلىڭ يۈرمەك.

**ئاخبارات** ئى [ئە] ① خەۋەر، مەلۇمات: ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى. ② <ھەرب> مەلۇم ئەھۋال توغرىسىدىكى مەخپىي خەۋەر ياكى دوكلات: ھەربىي ئاخبارات.

**ئاخباراتچى** ئى ① ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم. ② <ھەرب> مۇھىم ئىچكى ماتېرىيال ۋە مەخپىيەتلىكنى ئىگىلەش ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس خادىم.

**ئاخباراتچىلىق** ئى. ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئاخباراتلىق** سۈپ. ئاخباراتى بار، ئاخباراتقا ئىگە، ئاخبارات ئاساسىدىكى: ئاخبارات تەشۋىقاتى بولىسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن خاتا قاراشنى تۈزەتمىسەك، شەھەر ئاھالىلىرى ئاخباراتلىق ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ماھىيىتىنى تونۇۋالالمايدۇ.

**ئاختا** سۈپ. جىنسىي بەزلىرى، تۇخۇمى ئېلىپ تاشلانغان؛ پىچىلغان: ئاختا ئات. ئاختا قىلماق.

**ئاختا بولماق** جىنسىي بەزلىرى، تۇخۇمى ئېلىپ تاشلانماق.

**ئاختا قىلماق** جىنسىي بەزلىرىنى، تۇخۇمىنى ئېلىپ تاشلىماق؛ پىچىۋەتمەك.

**ئاختارما** ① سۈپ. ئاغدۇرۇلغان، ئاغدۇرۇپ قويۇپ تېرىلمىغان: ئاختارما يەر. ② ئى. ئاغدۇرۇلغان، ئاغدۇرۇلۇپ تېرىلمىغان يەر: سايدا تاش تېپىلماپتۇ، ئاختارمىدا داڭگال (ماقال).

**ئاختارما سۈيى** <دېھ> زىرائەت تېرىلىپ مايسا بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى سۈيى.

**ئاختارما قىلماق** <دېھ> ① يەرنى ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالماق. ② ئاختارما قىلىنغان يەرگە ئۇرۇق چېچىپ ئاندىن سۇ قويماق.

**ئاختارمىلىق** ئى <دېھ> ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىنغان تېرىلغۇ يەر: ئادەملەر يازدىن بېرى ھەيدەلمەي چىڭدىلىپ كەتكەن ئاختارمىلىقلاردا دۈگجۈپ ـ دۈگجۈپ ماڭاتتى.

**ئاختۇرتماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر ـ بىردىن ئاختۇرتۇپ كۆردى.

**ئاختۇرماق** پ. مەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدىمەك، قىدىرماق: لۇغەت ئاختۇرماق، ئۆينى ئاختۇرماق. يانچۇق ئاختۇرماق.

**ئاختۇرۇشماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدۇللا ساقچىلارغا ياردەملىشىپ ئۇ ياق ـ بۇ ياقنى بىللە ئاختۇرۇشۇپ بەردى.

**ئاختۇرۇلماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بىرەر چىچقاق پاقلىنى تاسادىپىي يوقاپ كېتىدىغان بولسا مەھەللىدە قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئۆيلەر ئاختۇرۇلاتتى.

**ئاختىچى** ئى ① تارس. ئات باقار، ئات باققۇچى. ② ئات قاتارلىق ئەركەك ھايۋانلارنى پىچىدىغان ئادەم.

**ئاختىخانا** ئى. تارس. ئات ئېغىلى، ئاتخانا: قۇربان ئاكا ئاختىخانىدىكى ئاتلارنى ھەركۈنى بىر قېتىم سۇغىرىشقا ئاچىقىدۇ.

**ئاخشام** رەۋ ① كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىت؛ پەيت: مېنىڭ ئانام ئەمگەكچان، بىلمەس ئۇندىن باشقىنى. ئىشتىن ئۈزمەس قولىنى، ئەتىسى ۋە ئاخشىمى. ② كەچ، كەچقۇرۇن: ئاشۇ ئاخشام ھېچ چىقمايدۇ ئېسىمدىن (تۇنجى سۆيگۈ ھۇزۇرىنىڭ گۇۋاھى)، شۇ ئۇچرىشىش بولغانىدى يۈرەكنىڭ، دوختۇر ئىلاج قىلالمىغان داۋاسى.

**ئاخشامقى** سۈپ ① كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىتتىكى: خۇددى چۈشتەك ئاخشامقى ۋەقە، كەلدى ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىن. يۈرەك قەلبى تولۇپ غەزەپكە، تۇرۇپ كەتتى ياتقان ئورنىدىن. ② كەچكى، كەچقۇرۇنقى.

**ئاخشاملىق** سۈپ. بىر ئاخشامغا يېتەرلىك، بىر ئاخشامغا كېرەكلىك، بىر ئاخشام داۋاملىشىدىغان: بىر ئاخشاملىق كىنو. بىر ئاخشاملىق ئويۇن.

**ئاخشاملىقتا** رەۋ. كەچتە، ئاخشامدا، ئاخشام بولغاندا: ئاخشاملىقتا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

**ئاخۇن** ئى [پ] ① <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى، دىنىي زىيالىي، موللا: ۋاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتتە ـ سەككىز دەك ئاخۇن قوللىرىدا قۇرئان تۇتۇپ تۇراتتى. ② ئەرلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى: مۆمىنئاخۇن. جاپپارئاخۇن.

**ئاخۇنەك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش، ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 33 سانتىمېتىر، يازلىق پەي تۈكلىرىنىڭ رەڭگى چىپار بولۇپ دۈمبە، قۇيرۇق تەرەپلىرى ئاق ئالا بولىدۇ؛ چىشىسىنىڭ باش ۋە بويۇن قىسىملىرى قارا، قالغان قىسىملىرى سارغۇچ رەڭلىك، قوڭۇر ئالىسى بار، ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ؛ ئېگىز تاغلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نوتىسىنى، ئۇرۇقلىرىنى ۋە ھاشاراتلارنى يەپ ياشايدۇ؛ خېيلۇڭجياڭدا، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا تېپىلىدۇ.

**ئاخۇنباش** ئى [ئاخۇن + باش] <بوت> يەر مەدىكى؛ موگۇ.

**ئاخۇنلۇق** ئى <دىن> ئاخۇنلارنىڭ دىنىي تەربىيە ۋە تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ئاخۇنلۇق قىلماق.

**ئاخۇنۇم** «ئاخۇن» سۆزىنىڭ بىرىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ھۆرمەت شەكلى: خوش ئاخۇنۇم، گەپ سىلىدىن بولسۇن.

**ئاخۇنياغلىق** ئى [ئاخۇن + ياغلىق] <بوت>ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، تاشقى پوستى ئاقۇچ، بىرئاز تۈكلۈك بولىدۇ.

**ئاخىر** [ئە] ① ئى. نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە ۋە ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ تۈگەنچىسى، ئەڭ كېيىنكىسى: ئاينىڭ ئاخىرى. ② يۈك. زادى: ئاخىر سەن نېمىدېمەكچىدىڭ؟ ③ رەۋ. بەرىدىبىر، ھامان، قاچانلا بولمىسۇن، قانداقلا بولمىسۇن؛ نەتىجىدە: بېلىقچىنىڭ كىچىك ئوغلى كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ يىغلاپتۇ. يىغلا ـ يىغلا ئاخىر قۇشقاچقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

**ئاخىر زامان** دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان، يوقىلىشقا يېقىن قالغان ۋاقتى؛ قىيامەت: ئاخىر زامان بولماق.

**ئاخىرەت** ئى [ئە] <دىن> ئۇ دۇنيا، باقىي ئالەم؛ قىيامەت: شاھ قۇرۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ.

**ئاخىرەت تون** دىيال. كېپەنلىك.

**ئاخىرەتلىك** ① ئى. كىشى ئۆلگەندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشلىتىلىدىغان پۇل ـ پۇچەك ۋە نەرسە ـ كېرەك: ئەگەر بۇ پىكرىم، بۇ چارەم سىلەرگە ماقۇل چۈشسە، مانا مەن يېنىمدا ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن مۇنۇ بىر تەڭگە پۇلۇمنى ئاتىدىم. ② سۈپ. كۆچمە. ئۆمۈرلۈك، مەڭگۈلۈك، بۇزۇلماس: ئاخىرەتلىك دوست.

**ئاخىرقى** سۈپ. نەرسە ۋە ھەرىكەت قاتارىنىڭ ئەڭ كەينىدىكى، كېيىنكى: ئاخىرقى پۇرسەت. * ئاخىرقى بەت. ئاخىرقى پەللە. ئاخىرقى سوت.

**ئاخىرلاشتۇرماق** «ئاخىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇردىئاخۇن ئاكا بەخت نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇردى.

**ئاخىرلاشتۇرۇشماق** «ئاخىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاخىرلاشتۇرۇلماق** «ئاخىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسەرنى باشلاش ئوڭىدىن بولىدۇ، بىراق راۋاجلاندۇرۇلۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇش ھەرگىز ئاپتورنىڭ مەقسىتىگە باقمايدۇ.

**ئاخىرلاشماق** پ. ئاخىرىغا يەتمەك، تامام بولماق، تۈگىمەك: سادىقنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى.

**ئاخىرى** رەۋ ① ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈگەش چېكى؛ ئايىغى، ئەڭ كەينى: مەن بۇ ئىشقا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئامال تاپتىم. ② ئاخىرقى ھېسابتا، نەتىجىدە، بەرىبىر، ھامان: كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئاخىرى مۇھەببەت يالقۇنىغا ئايلاندى.

**ئادا** I [ئە] ① ئى. ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ ئاخىرى، تاماملىنىش ئىجراسى: ۋەزىپە ئادا بولماق. * بىز بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. ② سۈپ. پاكىز، تازا: ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىكىلەر: «بۇغدىيىڭ تازا ئەمەسكەن» دەپ باشقىدىن ئادا قىلدۇردى.

**ئادا** II ئى. دىيال. توپا قەبرە.

**ئادا بولماق** ① تامام بولماق، ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگىمەك، پۈتمەك، قۇتۇلماق: ۋەزىپە ئادا بولماق. * ئۇنىڭ كۆيۈپ ئادا بولغان نۇرلىرى، كەتتى مەڭگۈ يورۇقلۇققا قوشۇلۇپ. ② كۆچمە (دەرد ـ ئەلەمدىن) تۈگىشىپ كەتمەك، ئۇپراپ تۈگىمەك: ئەمما سەپەر ـ قول بىلەن مومايغا بەك ئۇۋال بولدى. بىچارىلەر ئادا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. * دەردىڭدە ئادا بولدۇم، كويۇڭدا جۇدا بولدۇم. ③ پاكىز، تازا بولماق: مەن سورۇپ ــ تاسقاپ ئادا بولغان بۇغدايدىن ئۈچ تاغار بۇغداينى تۈگمەنگە ئاپاردىم.

**ئادا قىلماق** ① ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئورۇندىماق، ئۆتىمەك، بېجىرمەك؛ تۆلىمەك: بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. ② پاكىز، تازا قىلماق، ئېرىغدىماق: ھەلىمخان سورۇپ ـ تاسقاپ بىر كۈندە بەش تاغار بۇغداينى ئادا قىلدى.

**ئاداپ** ئى [پ] ئۇن، كېپەك قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ئۆي ھايۋانلىرىغا ئېتىپ بېرىلىدىغان مەخسۇس سۇيۇق ئوماچ.

**ئاداتماق** «ئادىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئادا ـ جۇدا** كۆپىنچە «بولماق» ياردەمچى پېئىلى بىلەن كېلىپ «ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزمەك، توختاتماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىز ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدۇق.

**ئادارگۈل** ئى ① قىپقىزىل چوغدەك ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈلنىڭ نامى، رەڭگى شەپەق گۈلگە ئوخشايدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئاداسقا** ئى. دىيال. ئاتا ـ ئانىلاردىن تەۋەررۈك بولۇپ قېپقالغان كونا نەرسىلەر.

**ئاداش** ئى ① دوست ؛ ئاغىنە، بۇرادەر: ئاداش بولماق. ② يار، ئاشنا: كۆردۈڭمۇ بۇ باشمنى، كۆزۈمدىكى ياشمنى، ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن، قارا قاش ئاداشمنى.

**ئاداش ـ ئاداش** ئۆزئارا ئاداش، ئاغىنە: ئاداش ـ ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

**ئاداشتۇرماق** «ئاداشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نىشاندىن ئاداشتۇرماق.

**ئاداشتۇرۇشماق** «ئاداشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاداشتۇرۇلماق** «ئاداشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاداشچى** ئى. كونا. يولباشچى، يول باشلىغۇچى، سەردار، رەھبەر.

**ئاداشلىق** ئى. دوستانە مۇناسىۋەت، دوستلۇق، ئاغىنىلىق.

**ئاداشماق** پ ① نىشان، يول، ھېساب، پىكىر، سۆز، خىيال، ئەقىل قاتارلىقلاردىن ئازماق: يولدىن ئاداشماق. * ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ (ماقال). ② سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك، خاتالاشماق، يولدىن چىقماق: ئۇ ئاداشقان ياشلارنى يېتەكلەش، تەربىيەلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

**ئاداغ** ئى. ئاخىر، سوڭ: ئاداغى بۇ مەسلە تۆت ـ بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. * كاشكى جان بىر باغ ئوتتۇنغا ئەرزىسە ئارمان نېمە، ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداغ.

**ئاداغقى** سۈپ. ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىرقى: ئۇ ۋۇجۇدىدا ئۆز زامانىسىنىڭ قىزلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل قەتئىي مەردانىلىك

ۋە يۈكسەك جاسارەتنى ھېس قىلدى ۋە ئاداغقى قەتئىي قارارغا كەلدى. * ئاداغقى ۋىسالىنى ئىزدىگەن، ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەتىنى شۇ يەردە ئىدى.

**ئاداغقىچە** رەۋ. ئاخىرغىچە، ئەڭ ئاخىرغا قەدەر: بىز خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئاداغقىچە كۈرەش قىلىمىز.

**ئادالاتماق** «ئادالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىنىپ مەسئۇلى زۆرەم ئوقۇغۇچىلارنى ئۈيۈشتۈرۈپ ئۇلارغا مەكتەپ قورۇسىنى ئادالاتتى.

**ئادالاشماق** «ئادالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇگۈنكى تويدا قىزلار تاماق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئوتياشلارنى ئادالىشىپ بەردى.

**ئادالانماق** «ئادالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆڭۈلدە قالمىدى غەشلىك، زىيانداشلار جازالاندى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىكى لاتقا ئېقىن سۇدا ئادالاندى.

**ئادالەت** ئى [ئە] ① ئادىل، خالىس ۋە توغرا ئىش تۇتۇش، ھەققانىيەتلىك؛ ھەققانىيەت، ئادىللىق: ئادالەت زوراۋانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئادالەتپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] ئادالەت تەرەپدارى، ئادالەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ھەققانىيەتچى: ئادالەتپەرۋەر ئادەم. ئادالەتپەرۋەر خەلق.

**ئادالەتپەرۋەرلىك** ئى. ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ھىمايە قىلىش ۋە شۇ يولدىن يانماسلىق: موللازەيدىن ئوبرازىنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەرلىكىدە.

**ئادالەتسىز** سۈپ. ئادىل بولمىغان، ئادالەتتىن تاشقىرى، ئادالەتكە خىلاپ: ئادالەتسىز ئۇرۇش. * پادىشاھ زامانىدا بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلار كۆپ بولغانىدى.

**ئادالەتسىزلىك** ئى. ئادالەتنى ياقلىماسلىق، ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلىش: ئادالەتسىزلىك قىلماق.

**ئادالەتلىك** سۈپ. ھەققانىيەتلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھەققانىيەتكە ئاساسلانغان؛ ئادىل: ئادالەتلىك ئۇرۇش.

**ئادالىتىلماق** «ئادالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلارنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈن يېتەرلىك كۆكتات ئادالىتىپ قويۇلدى.

**ئادالىق** ئى. ئادا، پاكىز ھالەت، پاكىزلىق.

**ئادالىماق** پ. پاكىزلىماق، تازىلىماق، ئېرىغدىماق: قاچا ئادالىماق. ئۆي ئادالىماق. كۆكتات ئادالىماق.

**ئاداۋەت** ئى [ئە] ئۆزئارا چىقىشالماسلىق ياكى قارىمۇ ـ قارشىلىق، دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت؛ گىنە، خۇسۇمەت، ئۆچمەنلىك: ئاداۋەت تۇتماق. ئاداۋەت ساقلىماق. * مەن شەخسىي ئاداۋەت بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايمەن.

**ئاداۋەتچى** ئى. دائىم ئاداۋەت ساقلايدىغان، كىشىلەرگە ئاداۋەت تۇتىدىغان كىشى، ئاداۋىتى كۈچلۈك ئادەم.

**ئاداۋەتخور** سۈپ [ئە + پ] ئاداۋەت ساقلايدىغان، ئاداۋەت تۇتىدىغان: ئاداۋەتخور ئادەم.

**ئاداۋەتخورلۇق** ئى. ئۇزۇنغىچە ئاداۋەت ساقلاش، ئاداۋەت تۇتۇش قىلمىشى: بەزى ئادەملەرنىڭ ئاداۋەتخورلۇقى بەك كۈچلۈك.

**ئاداۋەتلەشتۈرمەك** «ئاداۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمەت بىزنى قەستەن ئاداۋەتلەشتۈرۈپ قويدى.

**ئاداۋەتلەشمەك** پ. ئۆزئارا قارشىلاشماق، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيەدە بولماق: ھەتتا ئۇلار شۇ تۈپەيلى بىر ـ بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ، قاراشمايمۇ يۈرۈشۈپتۇ.

**ئاداۋەتلىك** سۈپ. ئاداۋىتى بار، ئاداۋەت تۇتقان، ئاداۋەت ساقلىغان: مانا شۇ چاغدا پەيزۇللانىڭ ئاداۋەتلىك يۈرىكىدە توختى شۇجىغا نىسبەتەن ئۆچمەس داغ قالغانىدى.

**ئادە** ئى. دىيال. يىراقتىن كۆرۈنگەن بەلگە ياكى سېلىپ قويۇلغان بەلگە.

**ئادەت** ئى [ئە] ① ئۆگىنىپ قالغان ھەرىكەت؛ قىلىق: ياخشى ئادەت. يامان ئادەت، ئادەت بولۇپ قالماق. * ئادەتنىڭ دورىسى يوق، مەسچىتنىڭ مورىسى (ماقال). ② ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ۋە كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن تەرتىپ؛ قائىدە ـ يوسۇن، ئەنئەنە، ئۇدۇم: ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ③ <فىزىيول> ئاياللاردا ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىدىغان بالىياتقۇدا قان ھاسىل بولۇشتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە (قاناش ۋاقتى ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ): ئادەت كۆرمەك.

**ئادەتتە** رەۋ. ئادەت بويىچە، ئادەتكە ئاساسەن ؛ نورمال ھالەتتە، كۆپ ھاللاردا: ئۇ ئادەتتە تالا ـ تۈزگە ئاز چىقاتتى.

**ئادەتتىكى** سۈپ ① ئادەتتە بولىدىغان، ئادەتلىنىپ قالغان: ئادەتتىكى سىناق. ② ئاددىي: بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئادەتتىكى مەسىلە.

**ئادەتتىكىچە** رەۋ. ئادەتتىكىدەك، ئادەتتىكىگە ئوخشاش: بۇ سىناق ئادەتتىكىچە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

**ئادەتتىكىدەك** رەۋ. ھەر ۋاقىتتىكىگە، ئادەتتىكىگە ئوخشاش، ئادەتتىكىچە؛ نورمال: ئۇنىڭ بىر ئىشى، ئاغىنىسى مەيلى ئىلغار بولسۇن، مەيلى قالاق بولسۇن، دەيدىغىنىنى يۈزىگە دەپ بولۇپلا يەنە ئادەتتىكىدەك مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

**ئادەتلەندۈرمەك** «ئادەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

**ئادەتلەندۈرۈلمەك** «ئادەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈلدى.

**ئادەتلەنمەك** پ. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئادەت قىلماق، ئادەتكە ئايلاندۇرماق؛ بىرنەرسىگە ئۆگىنىپ قالماق: ئۇ قالۇن چېلىش ماھىرى بولۇپ، مۇقامنى قالۇن چېلىپ تۇرۇپ ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن.

**ئادەتلىك** سۈپ. ئادىتى بار، ئادەتلەنگەن، ئادەتكە كۆنۈپ قالغان ياكى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان: ئۇ مۇشۇنداق يامان ئادەتلىك بالا بولۇپ قالدى.

**ئادەم** ئى [ئە] ① پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ھەم ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان، ھەم ئىشلىتەلەيدىغان، شۇ سەۋەبلىك باشقا ھەممە مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن تۇرغۇچى جانلىق؛ كىشى، ئىنسان: ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال). ② كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئايرىم ئەزاسى، شەخس: ياخشى ئادەم. ئەخلاقلىق ئادەم. ناچار ئادەم. ③ كوللېكتىپ ئىگىلىك ياكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەربىرى؛

جان: ئادەم بېشىغا 30 جىڭدىن نورما بەلگىلەندى. ④ بىراۋنىڭ خىزمەتكارى ياكى تەرەپدارى: زوردۇن باي ئادەملىرى بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ «ئېرىڭنىڭ قەرزىنى تۆلە» دەپ بىچارە ئايالنىڭ ئاخىرقى بىر ئىنىكىنىمۇ ئاچىقىپ كەتتى.

**ئادەم بولماق** ① چوڭ بولۇپ يېتىلمەك؛ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلماق: ۋۇي! بۇ بالىنى كۆرمىگىلى نەچچە يىل بوپتىكەن، ئادەم بولۇپ قاپتۇغۇ؟! * — بەللى، يارايسەن ئوغلۇم، ئادەم بوپسەن، — دېدى دادىسى. ② تەربىيەلىنىپ ياخشى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولماق: موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس (ماقال). * سەن زادى ئادەم بولمايدىكەنسەن، ئەسكىلىك قېنىڭغا سىڭىپ كەتكەن نەرسە ئىكەنسەن! ③ ئەي بولماق، قاتارغا قوشۇلماق (كۆپىنچە يوقلۇق مەنىدە كېلىدۇ): تولا كېسەل تارتىپ بىر ئەت بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. بۇ بالىنىڭ ئادەم بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

**ئادەم قىلماق** ① تەربىيەلەپ چىن ئىنسانغا، ياخشى پەزىلەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرماق، چىن ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلماق: — ئۇنى مانا شۇ ئادىل مۇئەللىم ئادەم قىلىپ كەتتى، — دېدى ھېلىقى كىشى. ② بېقىپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلماق، چوڭ قىلىپ ئادەم قاتارىغا قوشماق: ئۇ يولدىن تېپىۋېلىپ ئادەم قىلغانىدىغۇ؟ ئەجەبا ئۇمۇ قولىغا قامچا ئېلىپ ئۇرغىلى يۈگۈرسە.

**ئادەمئاتا** [ئادەم+ ئاتا] دىنىي چۈشەنچىدىكى يەر يۈزىدە بىرىنچى بولۇپ يارىتىلغان ئەر كىشى، ھاۋائانىنىڭ جۈپتى.

**ئادەمخور** سۈپ [ئە + پ] ئادەم گۆشىنى يەيدىغان، ۋەھشىي: ئادەمخور جاللاتلار ياغنى قىزدۇرۇپ، ئوسمانىنىڭ بەدىنىگە چاچقاندا، ئۇ يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

**ئادەمخورلۇق** ئى. ئادەم گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلىنىش؛ ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق: مەجۇسى بەھرەمگە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ: — قېنىمدىن كېچىپ، مېنى ئۆلتۈرمىسىلە، — مەن ئىككىنچى ئادەمخورلۇق قىلماسلىققا قەسەم ئىچەي، — دەپ يېلىنىپتۇ.

**ئادەمخۇمار** سۈپ [ئادەم + خۇمار] كىشىلەر بىلەن دائىم بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئادەمگە ئامراق، ئادەمگە ئېچىل: مەنمۇ شۇنداق ئادەمخۇمار، گەپخۇمار كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاش ماڭىمۇ ئادەت بولۇپ قالغانىدى.

**ئادەمزات** ئى [ئە + پ] ئادەم بالىسى، ئىنسان، ئىنسانىيەت؛ كىشى: ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن جاي.

**ئادەمزاتسىز** سۈپ. ئادەم ياشىمايدىغان، ئىنسان بارمىغان، ئادەمزاتتىن خالىي: ئادەمزاتسىز چۆل.

**ئادەمسىرىمەك** پ. ئادەم سېغىنىپ كەتمەك، ئادەم يوقلۇق ياكى ئازلىق ھېس قىلماق، يالغۇزسىرىماق: كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ كۆتۈرۈلۈپ، ئادەم ئادەملەر توپىدا ياشاۋېتىپمۇ ئادەمسىرەيدىغان، يالغۇزسىرايدىغان بولۇپ قالسا، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھال بولمامدۇ؟!

**ئادەمسىزلەشمەك** پ. ئادەمنى كۆزدە تۇتۇشتىن چەتلىمەك، ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن يىراقلاشماق، ئىنسان ئۈچۈن بولماسلىق: نوقۇل پۇل ئۈچۈنلا بىلىم ئىگىلەش بىلىمنىڭ ئادەمسىزلىشىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. * ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ بۆلۈنۈشى، ئايرىۋېتىلىشى ھەم سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى ئىلىم - پەننىڭ ئادەمسىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**ئادەمسىمان** سۈپ. ئادەمگە ئوخشايدىغان، ئادەم تەقلىدىدىكى، ئادەم شەكلىدىكى، ئادەم سۈپەت: ئادەمسىمان مايمۇن.

**ئادەمگەرچىلىك** ئى ① كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، ئىنسانغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش؛ ئىنسانپەرۋەرلىك: ئادەمگەرچىلىك قىلماق.② كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر - بىرىنى يوقلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئادىتى: ئادەمگەرچىلىك قېرىمايدۇ (ماقال). * ئۇلار بىرنەچچە قېتىم كەلدى، مەن ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى قايتۇرالمىدىم.

**ئادەمگىياھ** ئى [ئادەم + گىياھ] <بوت> تىكەنلىك شەيتان دەرىخى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئوق يىلتىزى توم، گۆشلۈك ۋە ئاق سېرىق كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، سۇس يېشىل رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ مېۋىسى ياپىلاق ۋە چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ؛ يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**ئادەملەرچە** رەۋ. ئادەملەردەك، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت بىلەن: بىزمۇ قەددىمىزنى كۆتۈرۈپ ئادەملەرچە ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

**ئادەملەشتۈرمەك** پ <ئەد> جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر، ھەتتا ئابستراكت چۈشەنچىلەرمۇ ئادەم قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تىلنىڭ جانلىقلىقى بىلەن لىرىكىلىقىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

**ئادەملەشتۈرۈلمەك** «ئادەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى خۇدا پەيدا بولدى. * بەزى چۆچەك، مەسەللەردە خىلمۇخىل جان - جانىۋارلار، ئۇچار قۇشلار، ھەتتا ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر تەسۋىرلەنسىمۇ، ئۇلار ئادەملەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.

**ئادەملىك** ① سۈپ. ئادەمگە خاس، ئادەمدە بولىدىغان، ئادەم بالىسىغا لايىق بولغان، ئادەمگە مۇناسىپ؛ ئادىمىيلىك، ئىنسانىي: ئادەملىك بۇرچ. ئادەملىك خاراكتېر. ② ئى. ئادەمگە خاس خاراكتېر، ئادەمدە بولىدىغان ماھىيەت، ئادىمىيلىك: ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر (ماقال). ③ سۈپ. ئىچىدە ئادىمى بار، ئىچىگە ئادەم ئالىدىغان، ئىچىگە ئادەم چۈشىدىغان: رۇسىيە تېخى ئادەملىك ئالەم كېمىسى بىلەن ئايغا چىقىپ باقمىدى. * بىز مارسقا ئادەملىك ئۇچۇش تەقلىدىي سىنىقىنى باشلىدۇق.

**ئادىي** سۈپ [ئە] ① ئادەتتىكى، باشقىلاردىن ئانچە كۆپ پەرق قىلمايدىغان؛ ھەر ۋاقىت بولۇپ، ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان: ئادىي گەپ. ئادىي ئۆي. ② ئاڭلاشقا، چۈشىنىشكە، ھەل قىلىشقا ئاسان، ئوڭاي بولغان: ئادىي سوئال. ئادىي ئىش. * مۇدىر مۇراسىم باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئادىي سۆز قىلدى. ③ لايىقىدا ئەمەس، ئاز نەرسە بىلەن: ئايالار ئۆز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ: — مۇشۇنداق ئادىي كېلىپ قالدۇق، ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا بولماي قالدى، — دېيىشتى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە جۈپلەپ ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىشتى. ④ سەل، بوش، مۇرەككەپ

ئەمەس: ئاددىي قارىماق. ئاددىي چاغلىماق. ئاددىي ئاتالغۇلۇق سان. ⑤ سۈپەت جەھەتتىن يېتەرلىك بولمىغان، ئانچە ياخشى ئەمەس: ئاددىي رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان بۇ جۈۋان 48 ياشلارغا كىرگەندى.

**ئاددىي تاناسىپ** <مات> تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى نىسبەتتىن تۈزۈلگەن تاناسىپلىق ئىپادە. مەسىلەن: a:b=c:d.

**ئاددىي جۈملە** <تىل> تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، تارماق جۈملىلەرگە ئايرىغىلى بولمايدىغان جۈملە.

**ئاددىي كەسىر** <مات> سۈرەت ۋە مەخرەجلەردىنلا ئىبارەت بولغان كەسىر. مەسىلەن: 1/5، 3/7 قاتارلىقلار.

**ئاددىي - ساددا** ئاددىي ۋە سادda، ھەم ئاددىي، ھەم سادda: تۇردى ئاكا تۇرمۇشتا ئاددىي - سادda ئۆتىدىغان ئادەم.

**ئاددىيلاشتۇرماق** «ئاددىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز بۇنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرالامسىز؟

**ئاددىيلاشتۇرۇشماق** «ئاددىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاددىيلاشتۇرۇلماق** «ئاددىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر خەلق ئارىسىدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا خېلىلا ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

**ئاددىيلاشماق** پ. ئاددىي ھالەتكە كەلمەك، ئوڭايلاشماق: نورمىلىق ئاشلىقنى سېتىۋېلىش رەسمىيىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاددىيلاشتى.

**ئاددىيلىق** ئى. ئاددىي ھالەت، ئاددىي بولۇش: مۇئەللىم تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بىلەن دەرس ئۆتتى.

**ئادراسمان** ئى <بوت> ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى توم، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، قاتلىنىپ يېرىلىدۇ، گۈلى ئاق، غوزىسى شارسىمان بولىدۇ؛ يەر ئۈستى قىسمى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۆپكىنى ياشارتىپ، يۆتەل توختىتىش ۋە نەملىكنى چىقىرىپ، زەھەرنى كېسىش رولىغا ئىگە.

**ئادرېس** ئى [ر<فىران] ① بىرەر كىشى ياكى تەشكىلات تۇرىدىغان جاينىڭ تەپسىلىي نامى: مەن شۇ چاغدا ئادرېسىمنى توغرا ئېيتىپ بەرگەن بولسام، ئىخلاس بۇۋى مېنى، ھېچ بولمىسا، ئانامنى ئىزدەپ تاپقان بولارئىكەن. ② پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى شۇ نەرسىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ تۇرىدىغان جايى يېزىلغان يېزىق: خەت يازسىڭىز تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئەۋەتىڭ.

**ئادۋوكات** ئى [ر<لات] <قا> دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھاۋالىسى ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن قانۇنىي ھالدا دەۋالاشقۇچىلارغا ھەمكارلىشىپ شىكايەت قىلىدىغان ياكى باشقا قانۇنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس خادىم.

**ئادۋوكاتلىق** ئى. ئادۋوكاتلارنىڭ دەۋالاشقۇچى، ئەيىبلەنگۈچى ياكى ئادەتتىكى شەخسلەرگە ھەمكارلىشىپ ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشىشى: ناھىيە بازىرىدىكى يۈسۈپ دېگەن كىشى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىندى.

**ئادېنوزىن** ئى [ر] خىمىيەۋى بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{13}O_4N_5$. ئادېنىن ئىشقارى بىلەن d نۇكلېئوزىدىن شەكىللىنىدۇ، نۇكلېئىن كىسلاتاسىدىن ھاسىل بولىدۇ، سۇدا ئېرىيدۇ، ئېرىش نۇقتىسى 229 ℃.

**ئادىزلار** ئى <ئىرق> تۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى. ئادىزلار ئەسلىي ۋولگا دەرياسى ياقىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، تۇركلەرگە تەۋە بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرققە كۆچۈپ بېرىپ سىر - تاردۇشقا تەۋە بولغان.

**ئادىل** سۈپ [ئە] ① بىرەر تەرەپكە يان باسماي، ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن خالىسانە ۋە ھەققانىي ئىش قىلىدىغان، ھەققانىي يول تۇتىدىغان؛ لىللا، توغرا: ئادىل ئادەم. ئادىل ھۆكۈمەت. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئادىلانە** رەۋ [ئە + پ] ئادىللىق بىلەن، ھەققانىي: ئالىي سوت مەھكىمىسى ئەركىننىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا ئادىلانە ھۆكۈم چىقاردى.

**ئادىلانىلىك** ئى ← **ئادىللىق:** ئادىلانىلىك بىلەن ئىش قىلماق.

**ئادىلسىزلىق** ئى. ئادىل بولماسلىق، ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك: — بۇنداق ئادىلسىزلىق قىلىپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ ئالىمغا رەنجىپ.

**ئادىللىق** ئى. ئادالەت، ھەققانىيەتنى ئاساس قىلىش، ئادالەتنى ياقلاش: سەپەرقۇل پادىشاھلىقنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ.

**ئادىم** تارس ① ئى. قەدەم. ② مىق. ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، تەخمىنەن 75 سانتىمېتىر ئەتراپىدا: سارايىنىڭ ئىچى بەك سۇرلۇك، تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ سارايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ئادىم، ئېنى 35 ئادىم كېلەتتى.

**ئادىماق** پ. ئېچىشماق، ئاچچىقلاشماق، زەردابلاشماق: ئۇنىڭ بۇ غەلىبىلىرىگە چىدىمىغان ئەسئەتنىڭ ئىچى ئاداپ كېتىۋاتاتتى.

**ئادىمەتچىلىك** ئى ← **ئادەمگەرچىلىك:** ئادىمەتچىلىك ئۈچۈن داستىخانغا چۈشكەن نەرسىلەرچۇ تېخى، خېنىمنىڭ ساندۇقلىرىغا سىغماي قالدى.

**ئادىمساق** ئى. [ئادەم + مىساق] ئەڭ قەدىمكى ئىنسان، ئەڭ بۇرۇنقى ئادەمزات، ئەڭ بۇرۇنقى ئادەم ئەۋلادى: ئۇنىڭدا ئادىمساق ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىنكى ئالەمنىڭ ھېكمەتلىك سىرى تەرتىپ - تەپسىر قىلىنغان دەپ چۈشەندۈرەتتى.

**ئادىمىي** سۈپ [ئە] يېزت. ① ئادەمگە، چىن ئىنسانغا خاس، تەئەللۇق: ئادىمىي خىسلەت، ئادىمىي پەزىلەت. ② ئادەم سىياقىدىكى، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان، ئادەم سۈپەت، ئادەم ئورنىدىكى: ئادىمىي شەيتان * ھازىر ئىتلارمۇ خىجىل بولۇپ خالىي جايلارغا كېتىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئادىمىي ئىتلار ئالدى.

**ئادىمىيلەشمەك** پ. ھەقىقىي ئادەمگە (ئىنسانغا) ئايلانماق، ئادەمگە (ئىنسانغا) خاس خىسلەت، ھالەت پەيدا بولماق، چىن ئىنسان ھالىتىگە كەلمەك، نورمال ئىنسانىي ئاڭغا ئىگە بولماق، ئادەم بولماق: ئۇنىڭ جىنايەتچىلىرى ئادىمىيلىشىپ، تۇرمە ئىسلاھاتىدا مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

**ئادىمىيلىك** ئى. ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەت، ئادەمگەرچىلىك، نورمال ئىنسانىي ئاڭغا ئىگە بولۇش: ئادىمىيلىكنى يوقاتماق. * ئادىمىيلىك كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتا شەكىللىنىدىغان ماھىيىتىگە قارىتىلغان. *

ھەر قانداق ئىش چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، ئاسانلا ئەكسىچە ئۈنۈم، ئېلىنىش ئۇزاق مۇددەت بۆرە بىللە ياشىغاچقا ئادىمىيلىكنى يوقاتقان.

**ئادىياباتىك** سۈپ [ر<گىرېك] <فىز> ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىسسىقلىق مىقدارى ئۆزگەرمەيدىغان؛ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدىغان، ئىسسىقلىق تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان: ئادىئاباتىك جەريان. ئادىئاباتىك دەستىلەش.

**ئار** I ئى [ئە] ئۆزىگە مۇناسىپ، ئەپ كۆرمىگەن ئىشتىن، نەرسىدىن خىجالەت بولۇش، ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇيات، نومۇس: ئار ئالماق. ئار كەلمەك. * ئۆز ئاتام مالدەك سېتىپ، قىلماقچى قەستى پۇل مېنى. پۇل ئۈچۈن ئارنى سېتىپ، قىلماقچى ئەسلىي قۇل مېنى.

**ئار ئالماق** نومۇس، ئۇيات دەپ قارىماق؛ ئار بىلمەك: ئار ئالمىدى خوجىسىنىڭ قىلىقىنى، ئويلاپ قويىدى ئاڭا گەپنىڭ سىلىقىنى.

**ئار** II ئى [ر<فىران<لات] مىق. مېتىر سىستېمىسىدىكى 100 كىۋادرات مېتىرغا ياكى 0.15 موغا تەڭ بولغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر گېكتارنىڭ يۈزدىن بىر قىسمى.

**ئارا** I ① ئى. ئىككى نەرسە ياكى ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە، ئارىلىق: بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقىنىڭ ئارىسى 40 كۈنلۈك يول (ماقال). ② ئى. قاتار، سەپ؛ ئوتتۇرا: ئارىغا ئالماق. ئارىغا قاتماق. * مەن ئۈچ ئوغۇل ئارىسىدا بىرلا قىز ئىدىم. ③ ئى. ئىككى ۋەقە، ھادىسە ياكى پەيت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت؛ پۇرسەت: ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، زۇلال ئۇنى بىرەر قېتىممۇ يوقلىمىدى. ④ ئى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەت؛ ئالاقە: ئارىنى بۇزماق، ئارىنى ئۈزمەك. ⑤ سۈپ. ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس؛ ئوتتۇرا ھال: ئارا پاشنا. ئارا بوي. * بۈگۈن بازاردىن سېتىۋالغان ماللىرىمىز ئالاھىدە مالمۇ ئەمەس، ئارا نەرسىلەر. ⑥ سۈپ. قولى بوش، قولىدا ئىش يوق؛ بىكار: — مەريەم ھەدە، خىزمەتنىڭ ئارا ۋاقىتلىرىدا يېڭى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ بېرىڭ. مۇنداق كىتابلار مەندە بار، — دەپ مەسلىھەت بەردى ئايتۇرسۇن. ⑦ تىر 1) باش كېلىشتىكى ئايرىم ئىسىملارنىڭ كەينىگە تىركىلىپ كېلىپ «ئارىسىدا، ئارىلاپ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: باغ ئارا سەيلە قىلىشتىن مەڭگۈ ئەلا كەشپىيات، ئاتىغىن ئۆمرۈڭنى پەنگە مەنىلىك ئۆتسۇن ھايات. 2) باش كېلىشتىكى ئايرىم ئىسىملارغا تىركىلىپ كېلىپ، «ئوتتۇرىسىدا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: كىممۇ بىلمىسۇن بۇ ئۆيدە شۇ كۈن، ئەر ـ خوتۇن ئارا بولغان تەنىنى.

**ئارا ئاي** ← زۇلقەئدە.

**ئارا بولماق** قول بوشىماق، بىكار قالماق؛ بېسىق بولماسلىق، ئالدىراش بولماسلىق، ياپسار بولماق: يېقىندا قولىمىزدىكى ئىشلار ئاخىرلىشىپ بىرئاز ئارا بولۇپ قالدۇق. * ئۇ بۇغدايىنى تۈگمەن ئارا بولۇپ قالسا، تارتىپ قويماقچى.

**ئارا بۆلۈك** <مات> ئىككى تۈز سىزىق ياكى ئەگرى سىزىق ئارىسىدىكى بۆلۈك.

**ئارا تۇرماق** تاقابىل تۇرماق، ساقلاپ قالماق؛ قوغدىماق، مۇھاپىزەت قىلماق: — ئۇنىڭ مېڭىشلىرىغا كىچە ـ كۈندۈز ياكى ئىسسىق ـ سوغۇق ئارا تۇرالمايدۇ، — دېدى ئابلىز. * — شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغان مۇشۇ بالا ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئۇ

كۆپچىلىككە قاراپ.

**ئارا جاغدا قوناق** چىلگە قوناقنىڭ بىر خىلى، بالدۇر پىشىدىغان چىلگە قوناق بىلەن كېيىن پىشىدىغان چىلگە قوناقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىشىدىغان قوناق: بۇغداي ئېڭىزىغا ئارا جاغدا قوناقمۇ تېرىلدى.

**ئارا سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئېغىز بوشلۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش.

**ئارا قاپىيە** <ئەد> غەزەل شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى قاپىيەداش بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ مىسرا ئاتلاپ، دەسلەپكى ئىككى مىسرا بىلەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىشى.

**ئارا ئوچۇق** ① ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساب ـ كىتاب، ئېلىم ـ بېرىم تۈگىگەن؛ مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن: — ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق، ئۇنىڭ پۇلىنى مەن ئاللىقاچان تۆلىۋەتكەن، — دېدى ئۇ گىدەيگەن ھالدا. ② ئارىدىكى چۈشىنىشمەسلىك، ئاداۋەت تۈگىگەن: — ئوبدان قىزىم، — دەپ داۋام قىلدى تىللاخان، — مەن ئانا، سەن بالا، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنىڭ ئوچۇق بولغىنى ياخشى.

**ئارا** II **(ئا:را)** ئى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ھەم ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان: ئۈچ چىشلىق ئارا. بەش چىشلىق ئارا.

**ئاراتۇر** ئى [ر<لات] تارس. ناتىق.

**ئارا ـ تۇرا** ← **ئارا ـ سىرە.**

**ئاراتۇرلۇق** ئى. يېزت ← ناتىقلىق.

**ئاراچ** ئى. ① ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق؛ چاك، كاۋاك، يېرىق: ئاۋۇت ئازراق سامان بىلەن كاكىل لاي ئېتىپتۇ ۋە تامنىڭ ئاراچلىرىنى سۇۋاپتۇ. ② ئاچال، يولنىڭ ئايرىلىدىغان يېرى، ئىككى كوچا ئۆتۈشىدىغان جاي. ③ بوسۇغا بىلەن سۇپا ئارىلىقىدىكى بوشلۇق يەر، پەگاھ.

**ئاراچلىق** سۈپ. ئارىچى بار: ئاراچلىق تام. ئاراچلىق سېۋەت. ئاراچلىق ئىشىك.

**ئارا ـ چۆلا** دىيال. پۇرسەت، ۋاقىت، ئىمكانىيەت، بوش چاغ، چۆلا: مەن سىزگە ئارا ـ چۆلا بولغاندا كېلىپ بىرەر كۈن قاردىشىپ بېرەي.

**ئاراز** ئى [ئە] بىراۋنى ئەيىبلەپ، گۇدرەت ساقلاپ، گەپلەشمەي يۈرۈش ھالىتى: بۇ قېتىم ھەتتا ئاراز بولۇپ قالغانلار بىلەنمۇ خۇش چىراي ئۇچراشتىم.

**ئارازچىلىق** ئى. ئارازلىشىش، ئاراز يېتىش، ئاراز يېيىش، ئاراز بولۇش، زىتلىشىش: قوشنىلار ئارا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئارازچىلىق، خاپىلىق دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**ئارازلاشتۇرماق** «ئارازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇپ، كىشىلەرنى ئارازلاشتۇرۇش پەسكەشلىك بولىدۇ.

**ئارازلاشتۇرۇشماق** «ئارازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارازلاشتۇرۇلماق** «ئارازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارازلاشماق** پ. ئۆچەكەشمەك، زىتلاشماق: ئۇلار قانداقلا ئىشتا بولمىسۇن، ئەرلىرى بىلەن گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا ئارازلىشىپ يۈرىدۇ.

**ئارازلىق** ئى. مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن يىرىكلىك، ئاداۋەت، ئۆزئارا ئۆچمەنلىك: بىزنىڭ ئارىمىزغا كىملەر ئارازلىق سالغانلىقىنى كۆپچىلىك ئاخىر بىلىدۇ.

**ئارا ـ سىرە** رەۋ. گاھ ـ گاھ، بەزى ـ بەزى، ئاندا ـ ساندا، بىرە ـ بىرە: ئۇ ئارا ـ سىرە تامىقىنى چاكىلدىتىپ قوياتتى.

**ئاراشتا قالماق** دىيال. ئارىدا قالماق، ئىككىلەنمەك.

**ئارال** ئى <جۇغ> دېڭىز ـ ئوكيانلار ياكى تەبىئىي كۆل ۋە دەريالاردىكى ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان قۇرۇقلۇق.

**ئارالىق** ئى. دىيال. پارا: ئارالىق يېمەك.

**ئارام** ئى [پ] ① ھاردۇق، دەم: ئارام ئالماق. ئارام بەرمەك. * پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ (ماقال). ② خاتىرجەملىك، راھەت، ھۇزۇر: لېكىن، ئانا يالغۇز قىزىنىڭ ئالقانلىرىدىن جېنىغا ئارام سېزىدۇ. ③ كۆچمە. ئايلىنىش، ساقلىنىش: مېۋە ـ چېۋە ئاشلىقتا ئارام بېرىدۇ.

**ئارامبەخش** سۈپ [پ] ئارام بېرىدىغان؛ راھەت، ھۇزۇر ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايدىغان: كەچنىڭ نەم، پاكىز، ئارامبەخش ھاۋاسى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

**ئارامچان** ئى. دىيال. ئاراملىق؛ ئارامخۇدا.

**ئارامچە** رەۋ. خاتىرجەم ۋە ئازادە ھالدا، ئارامخۇدا، ئازادىلىك بىلەن: بۇ ئىشنى كېيىن ئارامچە قىلىۋالساقمۇ بولىدۇ.

**ئارامچىلىق** ئى. خاتىرجەملىك، ئاراملىق: كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىرەر نەرسىدىن ئاراز بېگەندە، قىزىق بىرەر چاقچاق ئاڭلىسا، كۆڭلىدىكى غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ، كۈلكە ئىچىدە ئۆز كۆڭلىگە ئارامچىلىق تاپىدۇ. * سادىرغا «ئۇھ» دېگۈدەك ئارامچىلىق ئاخىر نېسىپ بولدى.

**ئارامخۇدا** رەۋ [ئارام + خۇدا] خاتىرجەم، تىنچ: ئىنسان بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشنى، ئارامخۇدا ياشاشنى خالايدۇ.

**ئارامخۇش** سۈپ [ئارام + خۇش] راھەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، خۇش ۋاقىت قىلىدىغان: جانان جامىدا ئەي ساقىي، ئارامخۇش مەينى بەرگەيسىز، يارانلار بىرلە سازەندە مەيىن ئىچمەك خۇمارىم بار.

**ئارامسىز** سۈپ. ئارامى يوق، بىئارام: يېقىندىن بېرى ئىشلىرىمىز ئالدىراش بولۇپ، ئارامسىز ئۆتتۇق.

**ئارامسىزلاندۇرماق** «ئارامسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «خوتۇنىنى قويۇپ بېرەي دېسەم، ئانام بىلەن دادام ئۇنىماي تۇرىدۇ» دېگەن سۆزدىكى قارا نىيەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

**ئارامسىزلاندۇرۇشماق** «ئارامسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارامسىزلاندۇرۇلماق** «ئارامسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارامسىزلانماق** پ. بىئارام بولماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك، بىتاقەت بولماق: ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلاردىن ۋە غەم ـ قايغۇدىن كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ يىغلاپتۇ.

**ئارامسىزلىق** ئى. ئارامى يوق، تىنچسىز ھالەت، بىئاراملىق: ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئارامسىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

**ئارامگاھ** ئى [پ] دەم ئالىدىغان، راھەتلىنىدىغان جاي: ئارمانسىز ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئارامگاھلىرى خارابىلىككە ئايلانماقتا...

**ئارامگاھلىق** ئى. ئارام ئالىدىغان ئورۇن، جاي: تاجاۋۇزچىلار دەريا ساھىلىدىكى گۈزەل چىمەنزارلىقلار بىلەن ئارامگاھلىقلارنى گۆرىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئاراملىق** ئى. ھاردۇق چىقىدىغان، راھەت، ھۇزۇر بېرىدىغان ھالەت: كىتابىڭىزنى ئوقۇۋېرىڭ، ئۇ سىزگە بەخت، ئاراملىق بېغىشلايدۇ.

**ئاران** I رەۋ ① زور قىيىنچىلىق بىلەن، كۆپ مۇشەققەتتە، تەستە: ئۇ سېمىزلىكتىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ئاران باشقۇرۇپ، يوغان خاپان كاللىسىنى يەرگە ساڭگىلاتقان پېتى يىغىن تۈگىگىچە ئاران چىدىدى. ② سەل ـ پەل، بىلىنەر ـ بىلىنمەس: ـــ باھار... باھار، ـــ دېدى ئانا ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ. ③ پەقەت، بارى، يالغۇز: توققۇز ھۇرۇن ھەپتىسىگە ئاران بىر ئېگەر ياسىسا، ئۇ ئۆزى يالغۇز توققۇز ئېگەر ياساپتۇ.

**ئاران دېگەندە** ناھايىتى تەسلىكتە، مىڭبىر جاپادا: ئاندىن ئۇ ئاران دېگەندە ئۆزىنىڭ ئون مىڭ سوم قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

**ئاران** II ئى. دىيال. سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىق.

**ئاران** III ئى. دىيال. ئېغىل، قوتان.

**ئاران ـ ئاران** «ئاران I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ئارەستە** سۈپ [پ] يېزىت. سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، تەرتىپلىك، بېزەلگەن: ھەممە ياق ئارەستە قىلىنغان، كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن داغدۇغىلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى.

**ئارەك** ئى. دىيال. قىرنىڭ ئىچىگە، يەنى زىرائەتنىڭ تۈۋىگە تارتىلغان كىچىك ئېرىق (دېھقانچىلىقتا).

**ئارەن** ئى. دىيال. يامغۇر: سىم ـ سىم ئارەن.

**ئارپا** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم يېپسىمان بولىدۇ، دېنىنىڭ شاكىلىدا ئۇزۇن قىلتىرىقى بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئاشلىق زىرائىتى بولۇپ، ئۇنىدۇرمىسىدىن پىۋا ۋە ئارپا شېكىرى ئىشلەشكە بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**ئارپا تەكسى** ئارپا پىشىشقىدا پىشىدىغان بىر خىل شاپتۇل.

**ئارپا ـ بۇغداي** ئارپا ۋە بۇغداي، ئومۇمەن ئارپا ۋە شۇ قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دانلىرى.

**ئارپىبەدىيان** ئى [ئارپا + بەدىيان] <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**ئارپىبەدىيانلىق** ئى. ئارپىبەدىيان ئۆسىدىغان جاي، ئارپىبەدىيان تېرىلغان يەر.

**ئارپىخان** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شەكلى ئارپىغا ئوخشاپ

كېتىدۇ، يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇن، گۈلى كىچىك باشاقسىماق گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ باشقى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ھالەتتە ئۆسىدۇ، رەڭگى يېشىل كېلىدۇ؛ چارۋىچىلىقتا يەم - خەشەك قىلىنىدۇ.

**ئارپىلىق** ئى. ئارپا تېرىلغان يەر، ئارپا بار جاي: ئۇ دادىسىنى ئىزدەپ ئارپىلىققا قاراپ يۈگۈردى.

**ئارتتۇرماق** I «ئارتماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارتتۇرماق** II «ئارتماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارتتۇرۇشماق** «ئارتتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارتقى** سۈپ. تارس. ئارقا، ئارقىدىكى: ئارتقى مېڭە.

**ئارتقىمال** ئى ← **بوختاق.**

**ئارتماق** I پ ① كۆپەيمەك، ئاشماق: 4 - سىنىپتىن باشلاپ بالىلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى يىلدىن - يىلغا ئارتىپ بارىدۇ. ② كۆچمە. كۈچەيمەك، ئۆرلىمەك، ئۆسمەك: چۆمۈپ چەكسىز شادلىق قوينىغا، ئۆز يۇرتىغا ماڭدى ئۇ قايتىپ. تاغ - داۋانلار قالغانچە كېيىن، خۇشاللىقى باراتتى ئارتىپ. ③ مەلۇم بىر چېگرا، مىقدار ياكى چەكتىن ئاشماق، ئۆتمەك: بۇ باھا ئەسلىي باھاسىدىن ئون پىرسەنت ئارتىپ كېتىپتۇ.

**ئارتماق** II پ ① يۈكنى ترانسپورت ۋاسىتىسىنىڭ ئۈستىگە، ئىچىگە جايلاشتۇرماق، يۈكلىمەك: سىنىمىغان ئاتقا يۈك ئارتما (ماقال). ② كۆچمە. زىممىسىگە يۈكلىمەك، بوينىغا قويماق، تاڭماق: مەسئۇلىيەتنى ئارتماق. * شۆھرىتىڭ - شانىڭ ئۈچۈن بوغدانى سەن ئارتساڭ ماڭا. دەس تۇرۇپ قەددىمنى پۈكمەي، مەنزىلىڭگە كۆتۈرەي. ③ كۆچمە. دۆڭگىمەك، ئىتتىرىپ قويماق: قاراپ تۇرۇپ ئۆزى قىلغان ئىشنى باشقا ئادەمگە ئارتىپ قويسا بولامدۇ؟

**ئارتۇچ** ئى <بوت> ئارچا: باققانىدى قوينىدا تەۋرىتىپ سېنى، ئارتۇچنىڭ غولىدا ياسالغان بۆشۈك.

**ئارتۇق** ① رەۋ. بەلگىلىك مىقداردىن، ساندىن ئوشۇق؛ زىيادە، كۆپ: ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن (ماقال). * 25 سانى بەشتىن بەش ھەسسە ئارتۇق. ② سۈپ. ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشقان، ئوشۇق: يېنىڭدا ئارتۇق پۇلۇڭ بولسا بەش كوي بېرىپ تۇرامسەن؟ ③ سۈپ (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن) ئەزىز، ياخشى، ئەۋزەل، ئەلا دېگەن سېلىشتۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ: قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار، ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار (ماقال). ④ سۈپ. كۈچلۈك، زور، ئۈستۈن: قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق (ماقال). ⑤ رەۋ. بولۇپ ئۆتكەندىن، كۆرۈلگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭدىن ئوشۇق: — بەس! ئارتۇق چىدىيالمايمەن... — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ. ⑥ سۈپ. ئارتۇقچە، بىھۇدە، ئورۇنسىز: يامانىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق (ماقال). ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئارتۇقچە** ① سۈپ. بەلگىلىك مىقداردىن كۆپ، ئوشۇق: ئارتۇقچە پۇل. ئارتۇقچە خىراجەت. ئارتۇقچە ۋاقىت. // ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاۋازى تىترەيتتى. ②سۈپ. كېرەكسىز، پايدىسىز: — بۇ گەپلىرىڭىز ئارتۇقچە، — دېدى ئەكبەر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

**ئارتۇقچىلىق** ئى ① ئېھتىياجدىن ئوشۇق ھالەت، زىيادىلىك: ياز ۋاقتى بولسىمۇ، سەپەرگە قېلىنراق كىيىم ئېلىۋېلىش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. ② ئالاھىدە تەرەپ، ئالاھىدىلىك، نەتىجە: كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە، كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە دە، كىشىگە دېمە (ماقال).

**ئارتۇق - كەم** ئارتۇق ۋە كەم: بىزنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىمىزدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئارتۇق - كەملىكنىڭ بولۇشى ھېچ گەپ ئەمەس.

**ئارتۇقلۇق** ئى. سان - مىقدار، سۈپەت - دەرىجە قاتارلىقلاردا ئارتۇق - زىيادە ياكى يۇقىرى بولۇش؛ يۇقىرىلىق، كۆپلۈك، ئوشۇقلۇق، زىيادىلىك: خوتۇنۇڭ ئەقىللىق بولمىسا، ساڭا تىل ئۇزىتىپ سەندىن ئارتۇقلۇق دەۋا قىلىدۇ.

**ئارتۇق - ئۆكسۈك** ئارتۇق ياكى كەم، ئاز - كۆپ، كەم - زىيادە.

**ئارتۇڭ - سارتۇڭ** رەتسىز ئارتىلغان ياكى رەتسىز كۆتۈرۈۋالغان ھالەت، ساڭگۈل - سۇڭگۈل (نەرسىلەر ھەققىدە).

**ئارتېرىيە** ئى [ر] <ئانات> ئۇكسىگېنغا تويۇنۇپ يۈرەكتىن چىققان ساپ قاننى پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزىدىغان قان تومۇرلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئارتېزىيان** سۈپ [ر<فىران] <گېئول> بۇرغىلاپ كولانغان ۋە سۈيى ئېتىلىپ چىقىدىغان چوڭقۇر قۇدۇق.

**ئارتىس** ئى [ر] كىنو، تىياتىر، سىرك قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدە رول ئالغۇچى شەخس.

**ئارتىسلىق** ئى. كىنو، تىياتىر، سىرك قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدە رول ئېلىش ئىشى، كەسپى.

**ئارتىشماق** I «ئارتماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممەيلەننىڭ خۇشاللىقى ئارتىشماقتا ئىدى.

**ئارتىشماق** II «ئارتماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىشتى.

**ئارتىق** I ئى ① ئۇلاغقا ئارتىلغان يۈكنىڭ ئىككى قاپتالغا چۈشۈپ تۇرغان قىسمى: ئوتۇننى ئارتىق ئەتمەك. ② ئۇلاغقا ئارتىلغان يۈك، نەرسە.

**ئارتىق ياغاچ** ئىككى تام ياكى ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىغا توغرا قويۇلىدىغان ياغاچ لىم.

**ئارتىق** II ئى. دەريا ۋە كۆللەر ئۈستىگە ئادەم ۋە ئۇلاغ ئۆتەلىگۈدەك دەرىجىدە توڭغان مۇز: ئارتىق چۈشمەك.

**ئارتىقلىق** سۈپ. ئارتىلغان، ئارتىپ قويۇلغان، يۈكلەنگەن: مەلىكە ئويغىنىپ قارىسا، ئاتلار ئەسلىگە كېلىپ، كىشنەپ تۇرغۇدەك، يۈك - تاقلارمۇ ئارتىقلىق پېتى تۇرغۇدەك.

**ئارتىلدۇرماق** «ئارتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاۋۇل ئۇنى بېشى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۈچ - تۆت قەدەم يىراققا ئېتىۋەتتى.

**ئارتىلدۇرۇشماق** «ئارتىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى

**ئارتىلدۇرۇلماق** «ئارتىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارتىلماق** ① «ئارتماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇغداي ئارتىلغان ئېشەك ئىگىسىدەكلا ئورۇق ۋە ھالسىز بولۇپ، ئۇلاردىن 50 قەدەمچە ئارقىدا قالغانىدى. ② «ئارتماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ بىر راۋىنىڭ تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

**ئارتىلىشماق** «ئارتىلماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ

جىسى: ئۇلار بىراۋنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى ـ دە، باغنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىشىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشتى.

**ئارتىم** ئى. بىر قېتىم ئارتىشقا بولىدىغان يۈك: بىر ئارتىم ئوتۇن.

**ئارچا** I ئى <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىز ئۆسىدۇ، كىچىك شاخلىرى تۈز، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە بولۇپ مېۋىسى شارسىمان، ياغىچى پۇراقلىق ھەم بەك چىڭ بولىدۇ؛ قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**ئارچا** II ئى. دىيال. قېتىقنى قاينىتىشتىن ھاسىل بولىدىغان ئۇيۇتما، سۈزمە.

**ئارچىزار** ئى. ئارچا كۆپ ئۆسكەن يەر: قويۇق، كۆپكۆك ئارچىزارنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئىزدىگەن مېۋە ئۆسمىش باراقسان.

**ئارچىزارلىق** ئى. ئارچا كۆپ ئۆسكەن يەر: بۇ جىرا ئىچى قويۇق ئارچىزارلىق ۋە تېۋىلغىلىق ئىدى.

**ئارچىلىق** ئى. ئارچا ئۆستۈرۈلگەن، ئارچا بىلەن قاپلانغان جاي.

**ئارچىمبەل** ئى. دىيال. گەزلىمە، رەخت: ئارچىمبەلدە تون كىيىپسىز ياقاسىنى بۇزماڭ (لوپنۇر).

**ئارخائىزم** ئى [ر<گىرېك] كونىرىغان، ئىستېمالدىن قالغان سۆز، ئىبارە ياكى گىراماتىكىلىق فورما.

**ئارخېئولوگ** ئى [ر<گىرېك] ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**ئارخېئولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] قېزىۋېلىنغان ياكى قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلار ۋە ئىزلارغا ئاساسەن، دەۋرلەر تارىخىنى، يەنى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئارخېئولوگىيەلىك** سۈپ. ئارخېئولوگىيەگە ئائىت، ئارخېئولوگىيەگە تەئەللۇق: گېزىتكە ئارخېئولوگىيەلىك ئاتالغۇلار ھەققىدە بىرنەچچە ماقالە بېسىلدى.

**ئارخىپ** ئى [ر<لات] بىرەر ئىدارە، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئالاقىدار بولغان، تۈرگە ئايرىلىپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ ساقلىنىدىغان ھۆججەت، خەت ـ چەك ۋە فوتو ـ سۈرەت قاتارلىق ماتېرىياللار: رازۋېدكا ئەمەلدارى ئارخىپ ئىچىدىن لۈتپۇللا بىلەن گۈلباھار يېزىشقان خەتلەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

**ئارخىپچى** ئى. ئارخىپ ساقلاشقا مەسئۇل كىشى، ئارخىپ باشقۇرغۇچى.

**ئارخىپچىلىق** ئى. ئارخىپ تۇرغۇزۇش، ساقلاش ئىشى، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى: ئىدارىمىزدە كادىرلار خىزمىتى، كاتىباتلىق، ئارخىپچىلىق، ئارقا سەپ تەمىناتى، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى قاتارلىق نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى.

**ئارخىپخانا** ئى. [ر+ پ] ئارخىپ ساقلايدىغان مەخسۇس ئورۇن، مەخسۇس ئارخىپ ساقلايدىغان جاي: ئىسمايىل ئەھمەد ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىغا ماتېرىيال ئىئانە قىلدى. * ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىغا ئۆزىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى قاتارلىق نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئىئانە قىلدى.

**ئارخىپشۇناس** ئى. ئارخىپشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئارخىپشۇناسلىق** ئى. مەخسۇس ئارخىپلارنى تۇرغۇزۇش، ساقلاش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىلمىي ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىدىغان، بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان ئىلىم ساھەسى.

**ئارخىپلاشتۇرماق** پ. ئارخىپ تۇرغۇزماق، ئارخىپ قىلىپ ساقلاپ قويماق: ... قايتىدىن ئارخىپلاشتۇرۇپ، خەنزۇچە ئوقۇغان مىللىيلار قوبۇل قىلىش پىلانىدىكى ئارزۇسى بويىچە قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ.

**ئارخىپلاشتۇرۇلماق** «ئارخىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ قولۇمدا بىر ئادەمنىڭ ئارخىپلاشتۇرۇلغان رېنتگېن رەسىمى بار.

**ئارختېكتور** ئى [ر<گىرېك] ھەرخىل ئىمارەت، قۇرۇلۇشلارنى لايىھەلەپ، ئۇنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزغۇچى ۋە شۇنداق قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى كىشى، قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى.

**ئارداق** I سۈپ. دىيال. ئېچىغان، سېسىغان، بۇزۇلغان: ئارداق قوغۇن.

**ئارداق** II سۈپ. دىيال. ئەتىۋار: مېلى تولىنىڭ مېلى ئارداق، بالىسى تولىنىڭ بالىسى ئارداق (ماقال).

**ئاردىماس** سۈپ. دىيال. خورىماس، غەم يېمەس.

**ئاردىماق** پ. دىيال ① ئېچىماق، سېسىماق، بۇزۇلماق. ② ئېچىشماق، تارلىقى كەلمەك.

**ئارزاڭ** ئى. ھاراق ئىشلىگەندە ئېچىتىلغان نەرسىدىن قېپقالغان قالدۇق.

**ئارزۇ** ئى [پ] دىلدىكى ئىستەك؛ ئۈمىد، ئىنتىلىش، ھەۋەس: ئارزۇ قىلماق. * بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغىدۇ (ماقال).

**ئارزۇ قىلماق** ئۈمىد ئىستىمەك، ئۈمىد قىلماق، خالىماق، ئىنتىلمەك، ئىستىمەك: ئۇ شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئاتىسىدىن ئۈچ ئايلىق رۇخسەت سورىدى.

**ئارزۇ ـ ئارمان** دىلدىكى ئارزۇ ۋە ئارمانلار: ئالەم ئارزۇ ـ ئارمان قۇچىقىدا ياشنايدۇ.

**ئارزۇ ـ تەلەپ** دىلدىكى ئارزۇ ۋە تەلەپلەر: ئەزەم ئاكا ياشلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئارزۇ ـ تەلەپلىرى بارلىقىنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغاندۇ.

**ئارزۇ ـ تىلەك** دىلدىكى ئارزۇ ۋە تىلەكلەر: ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى خەتكە ئېنىق قىلىپ يازدى.

**ئارزۇ ـ خىيال** ئارزۇ ۋە شۇ ئارزۇ ھەققىدە قىلغان خىياللار، ئويلىنىشلار: بىر جۈپ ياش كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ خىياللىرى ئۈستىدە ئۇزاق مۇڭداشتى.

**ئارزۇسىز** سۈپ. ئارزۇ ـ ئۈمىدى يوق، ئارزۇ قىلمىغان؛ ئارزۇلانمىغان ياكى ئارزۇلانمايدىغان: دۇنيادا ھېچقانداق ئارزۇسىز ئادەم بولمىسا كېرەك.

**ئارزۇقماق** پ. دىيال. ئەندىكمەك، ھولۇقماق.

**ئارزۇلۇق** سۈپ ① كۆپتىن بېرى ئارزۇلاپ كەلگەن، ئارزۇلاپ كۈتۈلگەن؛ كۆڭۈلدىكى: ئاتا ـ ئانا ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنى ئۆز جانلىرىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى. ② ئارزۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان، ئارزۇسى بار: ئارزۇلۇق دۇنيا.

**ئارزۇلىماق** پ ① ئارزۇ قىلماق، ئۈمىد قىلماق: بۇنى بىز ئەمەس، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئارزۇ قىلىشقان، ھەتتا بۆشۈكتىكى

كىچىك بالىلارمۇ ئۇنى ئارزۇلايدۇ. ② ياخشى كۆرمەك، ئامراق
بولماق، ھەۋىسى كەلمەك: يىگىتنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۈچىـ
سىدا ھازىرقى يىگىتلەر ئارزۇلاپ كىيىدىغان خۇرۇم چاپان بار ئىدى.
③ ئاسرىماق، پەپىلىمەك، ئەركىلەتمەك: زورىخان مايسەمنى
ئارزۇلاپ، سۇنىڭ سۆزۈكىنى، ئاشنىڭ قويۇقىنى بېرىپ، قولىدىن
چۈشۈرمەي چوڭ قىلدى.

**ئارزۇمەن** سۈپ [پ] ئارزۇ قىلغۇچى، ئىستىگۈچى،
ئىنتىزار: مەن خېلىدىن بېرى ئۇنى بىر كۆرۈشكە ئارزۇمەن بولۇپ يۈرەتـ
تىم.

**ئارزۇ- نىياز** دىيال. مەقسەت، نىيەت: كۆڭۈل كۆرۈشنى ئارزۇ-
نىياز قىلمامسەن؟

**ئارزۇ- نىيەت** دىلدىكى ئارزۇ، نىيەت ۋە مەقسەتلەر: ئۇ
مەندىن: — دەسلەپكى ئارزۇ- نىيەتلىرىڭىزنى تۈيۈقسىز ئۆزگەرتىۋېـ
تىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

**ئارزۇ- ھەۋەس** دىلدىكى شېرىن ئارزۇ- ئىستەك ۋە
ھەۋەسلەر: ھەر خىل ئادەمدە ھەر خىل ئارزۇ- ھەۋەس بولىدۇ. *
ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئارزۇ- ھەۋىسى بار.

**ئارزۇ- ئۈمىد** دىلدىكى ئارزۇ- ئىستەكلەر: سەن ئۇلارنى
ھەربىر ئويلىغىنىڭدا ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى
ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ، ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك
يورۇقلۇق سېزىسەن.

**ئارزۇ- ئىستەك** دىلدىكى ئارزۇ ۋە ئىستەكلەر: ئۇ ئۆز ئەسەر-
لىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ- ھەسرەت ۋە ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى
ئىنتايىن تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

**ئارسفېنامىن** ئى [ئىنگ] <خىم> بىر خىل ئورگانىك
بىرىكمە دورا. ئۇ سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ،
ئېرىتمىسى تەييارلانغاندىن كېيىن ئالكوھول، سىفلىس ۋە
قايتىلانما كېزىك قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئوكۇل
ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئارسلان** ئى ① مۈشۈكسىمانلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان،
سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان: ئارسلان بالىسى ئارسلان بولىدۇ
(ماقال). ② كۆچمە. باتۇر، قەيسەر، زەبەردەست، قورقماس، قاپ
يۈرەك: تۇغۇلدۇم، «ئارسلان بول» دەپ ئانام سۆيگەن پېشانەمگە، سېلىپ
زەن ھەر سۆزۈم، قەلبىم، مىجەز- خۇلقۇم، ئىپادەمگە. ③ ئەرلەر
ئىسمى.

**ئارسېن** ئى [ر<لات] <خىم> ← **مىشياك**: شۇنى ئەستىن
چىقارماسلىق زۆرۈركى، سىماب، ئارسېن، فېنول، مىس قاتارلىقلار
بىلەن زەھەرلىنىشمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئارسىز** سۈپ. ئار- نومۇسنى يوقاتقان، ئۇيالمايدىغان،
نومۇس قىلمايدىغان، ئۇياتسىز: ئەر ئارسىز بولماس، يىگىت
يارسىز بولماس (ماقال).

**ئارسىزلىق** ئى. ئار- نومۇسنى بىلمەسلىك، نومۇس-
سىزلىق: ئۇ ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارسىزلىق ۋە بەتقىـ
لىقلىرى كىشىنى تولىمۇ سەسكەندۈرەتتى.

**ئارسىنماق** پ. ئار ئالغانلىق ھېس قىلماق، ئار ئالماق،
ئارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولماق، ئۇيالماق: ئۇلارنىڭ كۆزىدىن
مۇغەمبەرلىك يېغىپ تۇرىدۇ، قىياپىتىدىن غېرىبسىنىش، ئارسىنىش
ئالامەتلىرىنى مۇتلەق ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

**ئارغا** ئى. دىيال. ئويۇنچۇق، ئاۋۇنچاق.

**ئارغامچا** ئى. پاختا، يۇڭ، چىگە ۋە ھەر خىل سۈنئىي
تالالارنى ئېشىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان توم تانا، ئارقان: يۇڭ
ئارغامچا. چۇپۇر ئارغامچا. * يىلان چاققان كىشى ئارغامچىدىنمۇ
قورقىدۇ (ماقال).

**ئارغامچا قاتماق** قائىدە، تەرتىپ بويىچە جايلاشتۇرۇلىـ
دىغان، ئارغامچا ئېشىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان يۇرۇشلۇك
قۇرۇلما.

**ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتمەك** بىرەر كىشىنىڭ ئورۇنسىز،
ئەخلاقسىز، بەتقىلىقلىق يامان ئىش- ھەرىكەتلىرىگە مەلۇم
ۋاقىت يول قويماق، پۇرسەت بەرمەك.

**ئارغامچا- توقۇناق** ئارغامچا ۋە توقۇناق، ئومۇمەن ئارغامچا
تۈرىدىكى نەرسىلەر.

**ئارغامچىلىق** سۈپ ① ئارغامچىسى بار؛ ئارغامچا تۇتقان ياكى
كۆتۈرۈۋالغان: ئاۋۇ توقۇناق ئارغامچىلىق كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ دەل
شۇ كىشى سىېنى ئىزلەپ كەپتۇ. ② ئارغامچا تەييارلاشقا ئىشلىتىـ
لىدىغان، ئارغامچا قىلىشقا بولىدىغان: بىزگە ئىككى ئارغامچىلىق
چۇپۇر لازىم ئىدى.

**ئارغۇلار** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى قەبىلىـ
لىرىنىڭ بىرى.

**ئارغۇن** سۈپ <زوئول> قوتاز بىلەن يەرلىك ياكى باشقا
نەسىللىك كالىلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان
بىرىنچى ئەۋلاد شالغۇت.

**ئارغۇنلاشتۇرماق** «ئارغۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى.

**ئارغۇنلاشتۇرۇشماق** «ئارغۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**ئارغۇنلاشتۇرۇلماق** «ئارغۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى.

**ئارغۇنلاشماق** پ. ئازماق، نەسلى ئۆزگەرمەك: ئۇنىڭ بېقىۋاتـ
قانلىرىنىڭ ھەممىسى ئارغۇنلاشقان كالىلار.

**ئارغىماق** ئى. ئالاھىدە نەسىللىك چاپقۇر ئات: ئۈچ ئارغىماق
قوشۇلغان پوچتا ھارۋىسى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا غايىب بولدى.

**ئارغىماقلىق** سۈپ. ئارغىمىقى بار؛ ئارغىماق مىنگەن ياكى
ئارغىماق يېتىلىۋالغان: ئارغىماقلىق كىشى.

**ئارفا** ئى [ر<نېم] <مۇز> ← **چىلتار**.

**ئارقا** ئى ① گەۋدىنىڭ قورساققا نىسبەتەن كەينى تەرىپى:
ئارقىسىنى قىلماق. قولىنى ئارقىسىغا تۇتماق. ② نەرسىلەرنىڭ
كەينى قىسمى؛ يۈزىگە، ئالدى تەرەپكە قارىمۇقارشى بولغان
قىسمى، تەتۈرى: سۈرەتنىڭ ئارقىسى. * ئۇ تامنىڭ ئارقىسىغا
چاپلانغان خەتنى ئاستا سويۇۋالدى. ③ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا
نىسبەتەن باش ۋە كۆكسىنىڭ كەينى تەرىپى: ئاتنىڭ ئالدى پۇتى
ئىششىق بولسا، ئارقا پۇتىغا تەسىر قىلىپ، مېڭىشى بۇزۇلىدۇ.
④ ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپنىڭ ئەكسى، كەينىدىكى مۇساپە:
ئارقىدا قالماق. * ئوتۇنچى يولۋاسنى كۆرۈپلا، پالتىنىمۇ ئالماي ئارقىـ
سىغا قاراپ بەدەر قاچتى. ⑤ كۆچمە. ئۆزى يوق يەر؛ ئۆزى يوق
پەيت: ئارقىسىدىن كۈلمەك. ئارقىسىدىن گەپ قىلماق. * ئارقامدىن

دېگەنلەر ـــ تېزىكىمنى يېگەنلەر (ماقال).

**ئارقا بەل** ئارقا مۇرىنىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمىدىن ئىنچىكە بەلگىچە بولغان ئارىلىق.

**ئارقا بوي** كىيىمنىڭ ئارقا تەرەپتىكى بويى.

**ئارقا پەش** كىيىمنىڭ ئارقا تەرەپتىكى پېشى.

**ئارقا پۇت** <زوئول> ھاشارات ۋە تۆت پۇتلۇق، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ كەينىدىكى ئىككى پۇت.

**ئارقا پېشاپ** چوڭ تەرەت، گەندە، پوق.

**ئارقا تىرەك** قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان، ياردەم بېرىدىغان، يۆلەيدىغان ھىمايىچى؛ تايانچ: ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك.

**ئارقا چاك** گەزمال، تېرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن بۇيۇملارنىڭ ئارقا تەرەپ چېتىلغان تىكىش سىزىقى.

**ئارقا سەپ** ① <ھەرب> ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئالدىنقى سەپتىن يىراق بولغان ئىچكى رايون، قىسىم. ② ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، كان ـ كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق خىزمەتكە بىۋاستە ئارىلاشمايدىغان ھەمدە شۇ ئاساسلىق خىزمەتنىڭ زۆرۈر تەييارلىق، تولۇقلىما ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ياردەمچى تارماق.

**ئارقا كۆرۈنۈش** ① پېرسوناژ ھەم ۋەقەلىككە تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ئەھۋال ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىق: تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش. ② تىياتىر، كىنو، رەسىم ۋە فوتو سۈرەتتىكى ئاساسىي شەيئىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان مەنزىرە.

**ئارقا مېڭە** <ئانات> مېڭىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ مېڭىنىڭ ئارقا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆۋرۈكچە مېڭە، ئۇزۇنچاق مېڭە ۋە كىچىك مېڭىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئارقا ـ ئارقىدىن** ① بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى: ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ② قاتىرىسىغا، ئۈزلۈكسىز: ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ياتاققا كىرىپ كەلدى.

**ئارقار** ئى <زوئول> بىر خىل ياۋا قوي، مۈڭگۈزى توم ۋە چوڭ بولۇپ، يۇڭى يىرىك ۋە ئۇزۇن، قوڭۇرغا مايىل كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ قۇيرۇقى قىسقا، پۇتلىرى بېجىرىم ھەم كۈچلۈك، ئېگىز تاغلارغا چىقالايدۇ.

**ئارقاق** ئى. رەخت، ماتا، گىلەم قاتارلىقلارنى توقۇشتا ئۆرۈش يىپلارنىڭ ئارىلىقىدىن توغرىسىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپ.

**ئارقاقلىق** سۈپ. ئارقىقى بار، ئارقاق ئۈچۈن تەييارلانغان، ئارقاق قىلىنىدىغان: ئارقاقلىق يىپ. * پاتەمخان يېڭى پاختىدىن ئارقاقلىق يىپ ئېگىردى.

**ئارقاقلىماق** پ. باپكارلىق ۋە گىلەمچىلىكتە، ئۆرۈش ئارىلىقىدىن يىپ ئۆتكۈزمەك.

**ئارقال** I ئى <بوت> پاكار ئۆسىدىغان، غولى بوغۇم ـ بوغۇم، رەڭگى سېرىق ھەم ئىللىق پۇرايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنى تاماققا سالسا، تاماقتا تەملىك پۇراق ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆپرەك «ئارقال ئوتى» دېيىلىدۇ.

**ئارقال** II ئى. دىيال. ياۋا قوينىڭ چىشىسى، ئارقار.

**ئارقان** ئى ← **ئارغامچا:** مەن قىرغاقنى بويلاپ، قىزغا قارىتىپ ئارقان تاشلىدىم.

**ئارقان ئۈزەر** مىجەزى چۇس، كاج (كاج ئادەملەرنى سۈپەتلەش ھەققىدە).

**ئارقانداتماق** «ئارقاندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارقانداشماق** «ئارقاندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارقاندالماق** «ئارقاندىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارقاندىماق** پ. ئارقان بىلەن باغلىماق، ئارقان بىلەن چىگمەك: نېرىدا ئارقانداپ قويۇلغان بىرى قىزىل، بىرى كۆك ئىككى موزاي ئوت يەمەي قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ تۇراتتى.

**ئارقانلاتماق** «ئارقانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارقانلاشماق** «ئارقانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارقانلانماق** «ئارقانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارقانلىماق** پ. ئارقان بىلەن باغلىماق، چىگمەك: ئۇ ئاتنى ئارقانلىدى.

**ئارقۇ** ئى. تارىس. ئوردا قاراۋۇلى: ئارسلان بىلەن ئىككىسى ئارقۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىككى بوز ئارغىماققا مىنىشتى.

**ئارقۇلۇت** ئى. دىيال. يايلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**ئارقىچە** رەۋ ← **ئارقىسىچە.**

**ئارقىچىلاپ** رەۋ. يۆنەلگەن تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ، ئارقا تەرىپى بىلەن، ئارقىسىچە: ئارقىچىلاپ ماڭماق.

**ئارقىدىن** رەۋ. كېيىن، ئاۋۋال ئېيتىلغان مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتتىن ياكى نەرسىدىن كېيىن: ئاۋۋال نان يەپ، ئارقىدىن چاي ئىچكۈلۈك.

**ئارقىسىچە** رەۋ. ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپكە ئارقا تەرىپىنى قىلىپ، كەينىنى قىلىپ؛ كەينىچە: ئۇ پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

**ئارقىسىدا** تىر ① ئاقىۋىتىدە، نەتىجىسىدە: ئۇ ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قېتىرقىنىپ تەربىيەلىشى ئارقىسىدا داڭلىق ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشتى. ② سەۋەبلىك، تۈپەيلى: ئۇلار رىقابەت ئارقىسىدا بۆلۈنۈپ كەتتى.

**ئارقىش** ئى. تارىس. كارۋان؛ ھەربىي قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى يۆتكەيدىغان ئارقا سەپ خىزمىتى: بۇغراخان ئارسلان بىلەن چۈشكۈن ئالدىغا چىقىپ، ئارقىش قوشۇننىڭ باشلىقىنى قىچقاردى.

**ئارقىلىق** I ئى. ھاجەت قىلىنىدىغان يەرنىڭ ياكى ھاجەتخانىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى، خالىي جاي.

**ئارقىلىق** II تىر ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن، ئارىسىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ياكى ئۈستىدىن: بۇ ھويلا ئارقىلىق باغقا چىققىلى بولىدۇ. ② بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسە ۋاستىسى، ياردىمى بىلەن، ياردىمىدە: بىز تېلېفون ئارقىلىق بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپتۇق. ③ ئىسمىنىڭ ئورنى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە، ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بۇ ھەرىكەتكە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاكتىپ قاتناشتى. ④ سەۋەبلىك، تۈپەيلىدىن: ئۇ بۇ قېتىمقى ماجىرا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاشكارىلىدى.

**ئارقىن** ئى. سۇ يالاپ ئويۇۋەتكەن جاي.

**ئاركتىكا** ئى [ر<گىرېك] <جۇغ> يەر شارىنىڭ شىمالىي

قۇتۇپ رايونى.

**ئارگون** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت؛ بەلگـ-سى A ياكى Ra (Argonium). رەڭسىز ۋە پۇراقسىز كېلىدۇ. ئارگون قاچىلانغان ۋاكۇئۇم لامپىدىن توك ئۆتكۈزگەندە، رەڭلىك نۇر تارقىتىدۇ. ئۇ ئاتموسفېرا تەركىبىدە ئەڭ كۆپ بولغان ئىنېرتسىيەلىك گاز ھېسابلىنىدۇ.

**ئارگىنال** ئى [ر< لات] ① بىرەر ئەسەرنىڭ ئاپتور تەرد-پىدىن بىۋاستە يېزىلغان نۇسخىسى، ئەسلىي نۇسخىسى، كۆپىيىسى: ماقالىنىڭ ئارگىنالى. ② بىرەر نەرسە، ماقالە قاتار-لىقلارنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قەغەز؛ ماقالە قەغىزى.

**ئارلىق** ئى. نومۇس قىلىش، ئۇيىلىش، خىجالەت بولۇش، نومۇس، ئۇيات: ئارلىق ھېس قىلماق.

**ئارمان** ئى [پ] ① ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ ـ ئىستەك ياكى ۋاقتىدا قىلىنمىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن كۆڭۈلدە قالغان ئۆكۈنچ، پۇشايمان، ھەسرەت، نادامەت: — قىزىم ھاياتلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى، — دېدى ئۇ ئېزىلىپ. ② ئارزۇ، ئۈمىد: — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا دادامنى ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنى بىر كۆرسەم دېگەن ئارمىنىم بار، — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى.

**ئارماندا قالماق** ئارزۇ، مەقسەتكە يېتەلمەي ياكى ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي ئەپسۇسلانماق، ھەسرەتتە ـ نادامەتتە قالماق: — ئارماندا قالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلىمەن، — دېدى ـ دە، ئوپېراتسىيە قەغىزىگە قول قويدى ئۇ.

**ئارمانسىز** ① سۈپ. ئارمانى يوق، ئارمانى قالمىغان: ئارماد-سىز كۈنلەر. ئارمانسىز ھايات. ② رەۋ. ئۆكۈنمەي، پۇشايمان قىلماي؛ ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەي: ئارمانسىز كەتمەك. ئارماد-سىز ياشىماق.

**ئارمىيە** ئى [ر<فران<لات] <ھەرب> ① دۆلەتنى قوغداشنى زىممىسىگە ئالغان قوراللىق قوشۇن: خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى. ② بىر ياكى بىرنەچچە قوشۇن تۈرلىرىنىڭ قوشۇل-مىسى: 1 ـ يۈنىلىش ئارمىيە. يېڭى 4 ـ ئارمىيە.

**ئار-نومۇس** ① خىجالەت تارتىش، ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇ-يات، ئار ۋە نومۇس: ئۇ ئار ـ نومۇس كۈچى ۋە قىزلىق غۇرۇرى بىلەن ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ، تۇرغۇنىنىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ توختىدى. ② كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان، كىشىلەرگە ھۆرمەت بېغىشلاي-دىغان خىسلەت، پەزىلەت: ئار ـ نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرقانداق گۈزەللىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئار- نومۇسلۇق** ئار ـ نومۇس قىلىدىغان، ئىزا تارتىدىغان، خىجىل بولىدىغان: ئايگۈل خېلى ئار ـ نومۇسلۇق قىز بولدى.

**ئاروماتىك** ئى [ر] <خىم> ← **ئاروماتىك بىرىكمىلەر.**

**ئاروماتىك بىرىكمىلەر** <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى. ئۇ بېنزول ۋە ئۇنىڭ تۇغۇندىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈردىكى بىرىكمىلەرنىڭ مولېكۇلاسىدا بىر ياكى بىرنەچچە بېنزول يادروسى بولىدۇ.

**ئارۇز** ئى [ئە] <ئەد> شېئىر تۈزۈلۈشىدە، ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىپ كېلىشىگە ئاساسلانغان ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللى-نىلىدىغان ۋەزىن سىستېمىسى: ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر.

**ئارۇن** رەۋ، دىيال. ئاز، ئازراق، بىر ئاز: ماڭا نېنىڭدىن ئارۇن بەر.

**ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ** قالايمىقان، رەتسىز: ئۇ قولىغا سۇپىدىكى يوغان ۋە ئېغىر پالتىنى ئالدى ـ دە، كۆتەكنىڭ ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ پۇتاق-لىرىنىڭ ئارىسىغا كۈچ بىلەن ئۇردى.

**ئاربۇس** ئى. بەك چوڭمۇ ئەمەس ۋە بەك كىچىكمۇ ئەمەس ئاپتوبۇس؛ چوڭ تىپتىكى ئاپتوبۇسلاردىن كىچىك ۋە كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللاردىن چوڭراق قىلىپ ئىشلەنگەن ئارا ئاپتوبۇس: كۆزىتىشتە 10 ـ يولنىڭ بىر ئاربۇسى بېكەتتە بەش مىنۇت تۇرۇۋالغان. * بېكەتتە ئۇزاق تۇرۇۋالغان بىر ئاربۇسقا جەرىمانە قويۇلدى.

**ئارىچى** I ① ئى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جېدەل ـ ماجىراغا ئارىلاشقۇچى، ئارىغا كىرگۈچى كىشى، سالاكەش، ئارىلاشقۇچى: ئارىچىغا ئالتە تاياق (ماقال). ② سۈپ. ئوتتۇرىدىكى، ئارىدىكى، ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان، ۋاستىچى: ئۇلار ئەدە-بىيات ـ سەنئەتنى بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئارىچى ۋاستە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. * ئەسلىي ئەسەردىكى مەنە، تۇيغۇ ۋە جۈملە شەكلىنىڭ ئەينەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەسلىي ئەسەرگە تايانماي ئارىچى تىلنىڭ ۋاستىسىگە تايانغاندا ئىنتايىن قىيىن.

**ئارىچى** II **(ئا: رىچى)** ئى. ئارا ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتى-دىغان ئادەم: بۇ مەھەللىدە بەش ئارىچى ئائىلە بار.

**ئارىچىلاتماق** «ئارىچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارىچىلاشماق** «ئارىچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارىچىلىق (ئا: رىچىلىق)** ئى. ئارا ياساش ياكى ئارا سېتىش ئىشى، كەسپى: ئۇ ئەمگەكتىن قولى بوشىغان ۋاقىتلىرىدا ئارىچىلىق قىلىدۇ.

**ئارىچىلىماق** پ ① جېدەللىشىپ تۇتۇشۇپ قالغانلار ياكى چېلىشقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، تۇتۇۋېلىپ ئايرىۋەتمەك، ئارىلاشماق، ئارىغا كىرمەك: سەكرەپ تۇرغان ساقچى ھۇسەينەمگە بىر كاچات سالدى، ئۇنىڭغىچە باشقىلار ئارىچىلاپ ئۈلگۈرمىدى. ② ئارىلاپ ماڭماق، ئارىسى بىلەن ماڭماق: ئۇ «بۇ يولدا مېڭىش خەتەرلىك» دەپ، يىراق بولسىمۇ ئارىچىلاپ مېڭىپ كەتتى.

**ئارىدا** رەۋ ① ئوتتۇرىسىدا، ئىچىدە: بازار كۈنى مال بازىرىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارىدا قېلىپ، ئالدىمدا كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىمنى يوقىتىپ قويدۇم. ② ۋاقىتتا، ۋاقىت ئىچىدە، كۈنلەردە، پۇرسەتتە: ماشىنا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى، شۇ ئارىدا تۇرسۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ③ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ جەرياندا: ئوق تېگىپ يىقىلىپ، ھوشۇمغا كەلسەم، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئارىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

**ئارىدىن** رەۋ ① ئوتتۇرىسىدىن، ئىچىدىن: ئۇنى ئارىدىن قوغلاپ چىقىرىشتى. ② شۇنىڭدىن باشلاپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شۇنىڭدىن بۇيان: مانا مۇشۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن، ئىلياس ئەپەندى بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى.

**ئارىسالدى** ① سۈپ. قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان؛ ئىككىلەنگەن: ئارىسالدى كىشى. * ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ (ماقال). ② سۈپ. جىددىيلىك، ئالدىراشلىق پەسەيگەن، بوشىغان: ئارىسالدى ۋاقىت. ئارىسالدى پەيت. ئارىسالدى مەزگىل. ③ رەۋ. قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي،

ئىككىلىنىپ: ئارىسالدى بولماق. * ئۇنىڭ سوئالىغا: — يوق دېگىلى بولمايدۇ، — دەپ ئارىسالدى جاۋاب بەردى يۇنۇس.

**ئارىسالدى بولماق** قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالماق، ئىككىلىنىپ قالماق، دەككە - دۈككىدە بولماق: ئاچام يول ئېغىزىدا ئارىسالدى بولۇپ ئۇزاق تۇرۇپتۇ.

**ئارىسالدىلىق** ئى. ئارىسالدى ھالەت: ئۇ ئارىسالدىلىقتا قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي، شۇ يەردىلا تۇرۇپ قالدى.

**ئارىستە** سۈپ. دىيال. بوش، خالىي: ئىشتىن ئارىستە بولسام چوقۇم بارىمەن.

**ئارىش** ئى. دىيال. ئاچال، يول ياكى سۇنىڭ ئىككىگە ئايرىلغان يېرى.

**ئارىشاڭ** ئى. ئۆچكەن يانار تاغلار ئورنىدا ھاسىل بولغان ياكى يەر ئاستىدىكى مىنېراللارنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىشىدىن ھاسىل بولغان، تېمپېراتۇرىسى شۇ يەردىكى مۇھىتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولغان بۇلاق سۈيى ياكى ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئورۇن.

**ئارىفمېتىكا** ئى [ر<گىرېك] ماتېماتىكىنىڭ سانلار ئۈستىدىكى ئاددىي ھېسابلارنى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە بېجىرىلگەن ئەمەللەرنى ئۆگىنىدىغان قىسمى؛ ھېساب.

**ئارىفمېتىكىلىق** سۈپ. ئارىفمېتىكىغا ئائىت، ئارىفمېتىكىغا ياتىدىغان؛ ئارىفمېتىكا قائىدىسىگە ئاساسلانغان: ئارىفمېتىكىلىق قاتار. ئارىفمېتىكىلىق ئەمەللەر. ئارىفمېتىكىلىق مەسىلە.

**ئارىلاپ- ئارىلاپ** ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، بەزى - بەزى، بىرە - بىرە، ئاندا - ساندا: ئاسىم گويا: «سۆزلىسىڭىز چۇ» دېگەندەك ئارىلاپ - ئارىلاپ ماڭا قاراپ قوياتتى.

**ئارىلاتماق** «ئارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مېنى مەيداننىڭ كەڭرى سالا ئېتىزلىرىنى ئارىلاتتى.

**ئارىلاش** سۈپ ① ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەر قوشۇلغان: ئارىلاش تالالىق توقۇلما. ئارىلاش يەم - خەشەك. ② تەركىبىدە بولغان، ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئاتامنىڭ تەنە ئارىلاش بۇ سۆزى مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

**ئارىلاشتۇرماق** «ئارىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىمجان ئارىلاپ چوكىنى سىلكىپ - سىلكىپ چۆپنى سەي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى.

**ئارىلاشتۇرۇشماق** «ئارىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئارىلاشتۇرۇلماق** «ئارىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گىلەمنىڭ يىپىغا ئالاھىدە يىپەك يىپ ئارىلاشتۇرۇلغاچقا، ئۇزلۇكسىز جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

**ئارىلاش- قۇرىلاش** تەرتىپسىز، بىر-بىرىنى پەرق ئېتىپ، ئاجرىتىپ بولمايدىغان ھالەتتە: ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىياللار ئارىلاش - قۇرىلاش بولۇپ كەتتى.

**ئارىلاشما** ① سۈپ. ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان: ئارىلاشما ئوغۇت. ئارىلاشما ماددا. * ئەتراپتىكى مانتا ساناش، مېھمان چاقىرىشلار بىلەن قىڭراق، ساپلىقلارنىڭ ئارىلاشما ئاۋازلىرى ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ② ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ، ماددىلارنىڭ بىرىكىشىدىن، قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات: ئۇلار پولات، چويۇن ۋە باشقا

ئارىلاشمىلارنى ھەر خىل نىسبەتتە تەڭشەپ سىناق قىلىشقا باشلىدى.

**ئارىلاشماق** پ ① بىر - بىرىگە قوشۇلماق، بىرلەشمەك، بىرىكمەك: ھەسەن بوۋاي قېچىرنى ئۆز ۋاقتىدا توختاتقان بولسىمۇ، ئۇن جىڭدىن ئارتۇق ئۇرۇق يۇمشاق توپىغا ئارىلىشىپ، يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ② باشقىلارنىڭ سۆزىگە سۆز قاتماق، ئىشىغا قاتناشماق: — ياق، بالىلىرىم، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، — دەپ ئارىلاشتى داۋۇت ئاكام. ③ ئالاقە قىلماق: ياشلىقىم تۈرمە ۋە تارىمدا ئەمگەك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، قىرىق نەچچە ياشلىق ئادەم بولغىنىمدىلا جەمئىيەتكە ئارىلاشتىم. ④ باردى - كەلدى قىلماق، مۇناسىۋەت باغلىماق: ئۇ مەكتەپ قاراۋۇلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، لۇتپۇللا بىلەن دېمەتلىك ئىدى ھەم قويۇق ئارىلىشاتتى.

**ئارىلاشمىلىق** سۈپ. تۈرلۈك ئارىلاشمىلاردىن تەركىب تاپقان، تەركىبىدە تۈرلۈك ئارىلاشمىلار بولغان، ئارىلاش.

**ئارىلىق** I ① ئى. نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جاي، مۇساپە، بوشلۇق: ئۇلار چەشلەرنىڭ ئەتراپىغا ئارىلىقنى بىر گەزدەك قالدۇرۇپ ئادەم بويى مەڭگەن دۆۋىلىدى. ② ئى. ئىككى ۋەقە، ھادىسە ياكى پەيت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت، پۇرسەت: شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن قاسىم يەنە ئالدىنقى كۈنگە ئوخشاش قاپىقىنى ئاچماستىن تاڭنى ئاتقۇزدى. ③ سۈپ. ئوتتۇرا: ئارىلىق ھادىسە. ئارىلىق مېڭە.

**ئارىلىق** II ئى. دىيال. ھويلا بىلەن ئىچكىرىكى ئۆينى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ئارىدىكى ئۆي، تاشقىرىقى ئۆي، كارىدور.

**ئارىلىق** III ئى. پارا: بېگىمگە ئارىلىق بەرمەي ئىشىڭنى پۈتتۈرەلمەيسەن.

**ئارىلىقسىز** رەۋ. پارا، ئارىلىق يوق ھالدا، ئارىلىق بەرمەستىن، ئارىلىق تىقمايلا: بۇ ئىشنى ئاخىر ھېچبىر ئارىلىقسىز ھەل قىلدىم.

**ئارىلىماق** پ ① ئارىسىدىن، ئوتتۇرىسىدىن، ئىچىدىن ئۆتمەك، ئايلانماق، كەزمەك؛ كۆزدىن كەچۈرمەك: باتۇر قاتار ئورۇندۇقلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، يولۋاس شۇجىنىڭ قېشىغا كەلدى. ② چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ «مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندا - ساندا، بەزى - بەزىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناشتى. ئارىلاپ تانسىغا چۈشكۈچىلەرمۇ بولدى. ③ ئاجراتماق، تاسماق، بېسىقتۇرماق: ئىدرىس غەزەپ بىلەن ۋۇگۇرۇپ بېرىپ سۇلايماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنى ئارىلىدى. ④ بۆلمەك، سۆز قىستۇرماق (گەپ - سۆز ھەققىدە): گەپ ئارىلىماق. * — ياق، — دېدى سۇلتان ئابدۇۋېلىنىڭ گېپىنى ئارىلاپ، — ئۇنداق قىلساق كۆپچىلىكنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرايمىز. ⑤ يوشۇرۇنۇپ كىرمەك، قوشۇلۇۋالماق: ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزۈم، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم. دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ، ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم. ⑥ ئاندا - ساندا پەيدا بولماق: چاچ - ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان پېشقەدەم دۇيجاڭ ئوتتۇرىدىن قوپۇپ، سادىقنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى.

**ئارىيە** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ئوپېرا ياكى ئومۇمىي خورلاردا، ئوركېستىرنىڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا.

**ئارىيەت** ئى [ئە] ئۆتنە، قەرز: ئۇلارغا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىپ ئولتۇرماستىن باشقا ئامال قالمىدى.

**ئارىيەلىك** سۈپ. ئارىيە قوشۇلغان، تەركىبىگە ئارىيە ئارىلاشقان.

**ئاز** ① سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ ئەمەس؛ كەم: پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز (ماقال). * دوست كۆپ، توغرىسى ئاز (ماقال). ② سۈپ. يېتەرلىك ئەمەس؛ كۇپايە قىلمايدىغان، قانائەتلىنەرلىك بولمىغان: ئۇ ھېلىلا ئىنىسىنىڭ دوستىدىن ئاڭلىغانلىرى ئۇچۇنلا ئايالى مايسىخان چويۇننىڭ يۈزىگە تۈكۈرسىمۇ، ئۆيدىن ھازىرلا قوغلاپ چىقارسىمۇ ئاز... ③ رەۋ. بەزى ـ بەزىدە، كەمدىن ـ كەم؛ گاھ ـ گاھ: ئۇ تالا ـ تۈزگە ئاز چىقاتتى.

**ئاز دېگەندە** ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە، ئەڭ تۆۋەن ھېسابلىغاندا: ئۇ، بۇ كىتابنى ئاز دېگەندە ئىككى كۈندە ئوقۇپ بولىدۇ.

**ئازاب (ئازابى)** ئى [ئە] ① جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى قىينىلىش؛ ئېغىر چىلىق: تۇغۇت ئازابىنى ئانا بىلەر (ماقال). * ئورۇنسىز غەزەپ — ئۆزۈڭگە ئازاب (ماقال). ② جاپا ـ مۇشەققەت؛ مۇشكۇللۇك، قىيىنچىلىق: يول ئازابى — گۆر ئازابى (ماقال). * مەن بۇ مۇساپىنى مىڭبىر ئازابتا بېسىپ تۈگەتتىم.

**ئازابسىز** سۈپ. ئازاب يوق، ئازاب بولمىغان: ئازابسىز تۇرمۇش. * ماماتسىز ھايات، خارابسىز پاراق، ئاغرىقسىز ساغلىق، ئازابسىز ئارام — بەختتۇر // — مەن تەقدىرگە باش ئەگكەن، ئۆمۈر بويى ئازابلىنىپ ياشىدىم. سەن باش ئەگمەيۋاتىسەن، مەيلى، باش ئەگمە، ئازابسىز ياشايسەن، — دېدى گۈلچېھرە خېنىم قىزى گۈلبوستانغا.

**ئازابلاشماق** «ئازابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مۆمىن ئاكىنى تېخىمۇ ئېغىر جىسمانىي ئازابلار بىلەن ئازابلاشتى.

**ئازابلانماق** «ئازابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ پاجىئەدە ئۆزىنىڭمۇ قولى بارلىقى ئۇچۇن، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ ئىچىدىن تۈگەپ يۈرەتتى.

**ئازابلىق** سۈپ ① جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە قىينالغان؛ دەردلىك، قايغۇلۇق: ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق! ② جاپا ـ مۇشەققەتلىك؛ مۇشكۇل، قىيىن، تەس: ئىككى چاقىرىمدىن ئوشۇقراق ئازابلىق سەپەردىن كېيىن ئۇلار ئۆڭگۈرگە يېتىپ كەلدى.

**ئازابلىماق** پ. جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن جاپا ـ مۇشەققەتكە، قىيىنچىلىققا دۇچار قىلماق؛ دەردكە سالماق: ئايال ئۇنىمۇ بايىقىدەك ئۇرۇپ ئازابلاپتۇ.

**ئازاب ـ ئوقۇبەت** تۈرلۈك ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر، جەبىر ـ جاپا، مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار: ۋەزىرنىڭ ئايالى كۆرگەن چۈشىنى ۋە كېچە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ.

**ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك** تۈرلۈك ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆتكەن؛ قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولغان؛ جەبىر ـ جاپالىق: ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كۈنلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش.

**ئازاد** سۈپ [پ] ① ئۆز ئەركىنلىكى، ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، قۇللۇقتىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلغان؛ ھۆر، ئەركىن: ئازاد ۋەتەن. ئازاد زامان. ئازاد بولماق. ئازاد قىلماق. ② ئۆز ھالىغا، مەيلىگە قويۇلغان، ھېچقانداق مەجبۇرىيەت بىلەن باغلانمىغان؛ بوش: «ئون ئىككى مۇقام» ئۆزىنى مەلۇم ھېكايىلىق تارىخىي داستان ياكى قەھرىمانغا باغلاپ، چېتىپ قويىدىغان تارىخىي چەكلىمىدىن ئازاد. ③ تۇتقۇنلۇقتىن چىقىرىلغان، قاماقتىن بوشىتىلغان: تۈرمىدىن ئازاد قىلىنغان باتۇر تۈرمە ئىشىكىدىن چىقىپ، ساپ ھاۋادىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن قانغۇچە نەپەس ئالدى. ④ ئەرلەر ئىسمى.

**ئازاد بولماق** ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشمەك؛ قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلماق: ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئازاد بولدى. * بۈگۈن سەن ئازاد بولسەن، چېرىكلەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن مەن سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن.

**ئازاد قىلماق** ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرمەك؛ قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرماق: — بورتالانى ئازاد قىلىپ، ئاناڭنى چوقۇم خۇشال قىلىمىز، — دېدى باتۇر غازى. * ھاكىم جاللاتقا جوھۇتنى ئازاد قىلىپ، ماشىنىچىنى ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ.

**ئازادە** سۈپ [ئە] ① كەڭ، كەڭتاشا: ئازادە ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قويۇلغان يوغان بىر تەشتەكتىكى ئەتىرگۈل ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ② ئەركىن، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، بەھۇزۇر؛ خاتىرجەم: — ياللا قىزىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە تۈسىنى بېرىپ، — ھەپتىدە بىر كېلىدىغان يەكشەنبىدە بىزمۇ سەن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئازادە مۇڭدىشىدىغان ۋاقىت بولىدىكەن. ③ خالىي، ئايرىم: ئۇ: — مېنىڭ سىز بىلەن ئازادىرەك سۆزلەشكۈم كېلىدۇ، — دېدى. ④ خوتۇن ـ قىزلار ئىسمى.

**ئازاد ـ ئەركىن** ئازاد ۋە ئەركىن: بىز ئازاد ئەركىن ياشاۋاتىمىز.

**ئازادلىق** ئى ① ئازاد بولغان، ئازادلىققا ئېرىشكەن ھالەت؛ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئازادلىقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئەلۋەتتە جىنايەت بولىدۇ. ② مەملىكىتىمىزدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىت: — ئازادلىقتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى قۇربان شۇجى نامان تاغىدىن. ③ كونا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش ۋاقتى ئاخىرلىششىدىن بۇرۇن قويۇپ بېرىش.

**ئازادچىلىك** ئى. ئازادە، ئارامخۇدا بولغان ھالەت.

**ئازادلەشتۈرمەك** «ئازادلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئازادلەشتۈرۈلمەك** «ئازادلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازادلەشمەك** پ ① كەڭتاشا بولماق، كېڭەيمەك: ئۆي ئىچى خېلى ئازادلەشتى. ② كۆچمە. غەم ـ ئەندىشە، دەككە ـ دۈككىدىن خالىي بولماق؛ خاتىرجەم بولماق: توغرا، جاھان يورۇپ كۆڭۈل ئازادلەشتى. ھەممىلا ئادەم پەرۋاز قىلسام دەيدۇ.

**ئازادلىك** ئى. جىددىي، ئالدىراش بولمىغان، ئازادە ھالەت.

**ئازار** ئى [پ] جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىكى ئازاب؛ جەبىر ـ جاپا: ئازار بەرمەك. ئازار يەتمەك.

**ئازار بەرمەك** كۆڭلىنى ئاغرىتماق، ئازابلىماق، رەنجىتمەك ياكى قىينىماق: — بىرلا ئوغۇل تۇرسا، بۇ بالىغا نېمىشقا ئازار بەردىڭلار؟ — دېدى ئۇ.

**ئازار چەكمەك** ئازار يېمەك: ئۇنىڭ يادىدا، كىچىك ۋاقتىدا ئازار چەككەندە رابىخان ئانىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى.

**ئازار يەتمەك** ئازاب، دەرد ـ ئەلەم ياكى خاپىلىققا ئۇچرىماق: مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تىت ـ تىت بولاتتىم، بىزنى دەپ بىرمۇنچە

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلىنىۋاتىمەن.

**ئازار يېمەك** روھىي ھەم جىسمانىي تەرەپتىن قاتتىق ئازابقا، جەبىر - جاپاغا يولۇقماق؛ قىينالماق ياكى رەنجىمەك: ئاشۇ ئىنقىلابتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئازار يېگەن زىيالىيلار ئاز ئەمەس ئىدى.

**ئازازۇل** ئى [ئە] ① جىن - ئالۋاستى: قانچە جان، قانچە كىمە يەم بولمىغان دولقۇنلارغا، ئۆتكەن كېچە تۇن ئازازۇلى چىرقىرىغان چاغدا !؟ ② كۆچمە. ھىيلىگەر ھەم ئۇچىغا چىققان بىشەم، ئۇششۇق، ئۇرۇشقاق، ئۆكتەم: ئازازۇل خوتۇن. * ۋايىيەي پاتىمە ھەدە، جاڭزىلارغا بېرىش مايافتا تۇرسۇن، باغقا چىقىپ سەل يوقاپ كەتسەم، كەينىمدىن بۆجىلەردەك مارىشىپ يۈرىدىغان بولدى، بۇ ئازازۇللار.

**ئازازۇللۇق** ئى. ھىيلىگەرلىك؛ بىشەملىك، ئۇششۇقلۇق، ئۆكتەملىك، ئۇرۇشقاقلىق: — ئەجەب ئازازۇللۇق قىلىپ كەتتى، بۇ بىشەم خوتۇن! — دېدى ئۇ ھەلىمە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

**ئازايتىلماق** «ئازايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك قۇرۇلۇش تۈرى بىر ھەسسە ئازايتىلدى.

**ئازايتماق** «ئازايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھاۋادىكى ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزانلارنى ئازايتىدۇ.

**ئازايتىشماق** «ئازايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئازايتىلماق** «ئازايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك قۇرۇلۇش تۈرى 62.7 پىرسەنت ئازايتىلدى.

**ئازايماق** پ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كېمەيمەك؛ تۆۋەنلىمەك: بۇ يىل كۆمۈرنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى.

**ئاز- ئاز** «ئاز» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ئاز- ئازدىن** مىقدار ياكى سان جەھەتتىن كۆپ قىلىۋەتمەي، ئازدىن - ئازدىن، ئازراق - ئازراقتىن: ئاز - ئازدىن ئالماق.

**ئاز- تولا** ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، مەلۇم مىقداردا، مەلۇم دەرىجىدە؛ ئاز - پاز: راستىنى ئېيتقاندا ھەممە كىشىدە ئاز - تولا كەمچىلىك، خاتالىق بولىدۇ.

**ئازچىلىق** ئى. ئادەملەر توپىنىڭ ئاز قىسمى، بەلگىلەنگەن ياكى مۆلچەرلەنگىنىدىن كەم بولغان قىسمى: قارار قىلىنغانىكەن، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش كېرەك.

**ئازدۇرغۇ** ① ئى. ئازدۇرىدىغان بىرەر نەرسە ياكى بىرەر ئىش، مەسىلە. ② سۈپ. ئازدۇرىدىغان؛ ئېزىتقۇ: مېنىڭ خاتىرەمگە يازغانلىرىم مۇھەببەت دېگەن ئازدۇرغۇ شەيتاننىڭ قىلچىمۇ كەينىگە كىرمەي ئۆزۈمنى بىلىم ئېلىشقا قانچىلىك دەرىجىدە ئاتىۋەتكەنلىكىم قاتارلىقلار توغرىسىدىكى سۆزلەر ئىدى.

**ئازدۇر- كۆپتۇر ← ئاز- تولا:** — ياق ئاكا! — رىزۋان كېسىپ ئېيتتى، — مېنىڭ كارايىتىم چاغلىق، بىراق سىلەر سىدىقۇۋ بىلەن ئازدۇر-كۆپتۇر تۇغقان كېلىسىلەر.

**ئازدۇرماق** «ئازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بايۋەچچە شۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن، ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرۇشقا باشلاپتۇ.

**ئازدۇرۇشماق** «ئازدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سېنى ئازدۇرۇشسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

**ئازدۇرۇلماق** «ئازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازسىنماق** پ. ئاز، يېتەرلىك ئەمەس دەپ ھېسابلىماق، ئاز كۆرمەك: بايۋەچچە يىگىتنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ قايتۇرۇپ بەردى، بەلكىم ئۇ ئازسىنىدى بولغاي.

**ئازغاشتۇرماق** «ئازغاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سەمەتنى ئازغاشتۇرۇپ يۈرۈپ، مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

**ئازغاشتۇرۇلماق** «ئازغاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازغاشماق** پ. ئازماق، ئېزىپ قالماق: ئايشەمگۈل بىر كۈنى نۇرنىساخان ئاچىغا ئەگىشىپ كوچىغا چىققىنىدا، ئازغىشىپ يوقاپ كەتتى.

**ئازغاق** I سۈپ. تولا ئازىدىغان، تولا ئادىشىدىغان، ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەن: بەزى ئادەملەر قېرىغاندا ئازغاق بولۇپ قالىدىكەن.

**ئازغاق** II ئى. قورساق قىسمى ئاقۇچ كەلگەن تورۇق ئات، ئازغى ئات.

**ئازغان** ئى <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولى ئىنچىكە، شاخلىرىدا زىچ ئۆسكەن كىچىك تىكەنلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك، خۇش پۇراقلىق؛ مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ.

**ئازغانلىق** ① سۈپ. ئازغان كۆپ ئۆسكەن ياكى ئۆسىدىغان: ئازغانلىق ئېرىق. ئازغانلىق باغ. ② ئى. ئازغان كۆپ ئۆسكەن ئورۇن، جاي: تاغدىكى نۇرغۇن مايمۇنلار ئۈركۈپ كەڭ بىر ئازغانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

**ئازغۇن** ئى. يولدىن ئازغان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن، ئايىنىغان كىشى ياكى جانلىق: قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت يوق (ماقال).

**ئازغۇنلۇق** ئى ① يولدىن ئازغان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن ھالەت؛ خاتالىق: بۇنداق ئەھۋال ئادەم سەزمەك قىيىن بولغان ئىجتىمائىي پىكرى ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. * ئەتراپىمىزدىكى بۇ ناتونۇش دۇنياغا كىرىش بىر مەزگىللىك ئازغۇنلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. ② يولدىن ئېزىش، يولدىن چىقىش، يولدىن چەتلەش، يېڭىلىش: بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىكەن، يول تاپالمايدىكەن دەپ، ئۇ خىل بىلىملەرنى تەرك ئېيتىش كاتتا ئازغۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ.

**ئازغى** ئى ← **ئازغى ئات.**

**ئازغى ئات** قورساق قىسمى ئاقۇچ كەلگەن تورۇق ئات، ئازغاق.

**ئازغىنا** سۈپ. بەكلا ئاز، ئازلا: ئازغىنا شاپتۇل. // ئازغىنا بەرمەك.

**ئازغىنا- ئۇزغىنا** ئاز ھەم ساز، ئاز ھەم ئېسىل.

**ئازگال** ئى. ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان جاي؛ ئويمان: سېپىل تۈۋى كەڭ بىر ئازگال ئىدى.

**ئازگالچى** ئى. دىيال. بۇزۇق، يولدىن چىققان، تاپتىن چىققان (ئاياللار ھەققىدە): داپ بولۇپ كەتكەن ئازگالچى.

**ئازگاللىق** ① سۈپ. ئازگال بار، ئازگال كۆپ: ئازگاللىق ئېتىز. ② ئى. ئازگال كۆپ جاي: هارۋا ئازگاللىققا كىرىپ قېلىپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى.

**ئازلاتماق** «ئازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ خىزمەتكە دائىم كېچىكىپ كېلىدىغان ئادىتىنى خېلى ئازلاتتى.

**ئازلىتىلماق** «ئازلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازلىق** ئى. سان ـ مىقدار جەھەتتە تۆۋەنلىك، كۆپ ئەمەسلىك، تولۇق ياكى يەتكۇدەك ئەمەسلىك: ئازلىق قىلماق. * ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن ۋەزىپە ۋاقتىدا ئورۇنلانمىدى.

**ئازلىماق** پ ← **ئازايماق**: ئادەملەر ئازلاپ، جىمجىتلىق پەيدا بولدى.

**ئازما** I سۈپ. نەسلىدىن ۋە شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ ئازغان؛ چىشىسىغا چاپالماس قىلىۋېتىلگەن: ئازما قوچقار. ئازما ئايغىر.

**ئازما** II ئى. دىيال. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى شارقىراتما ۋە شۇ شارقىراتمىنىڭ سۇ چۈشۈپ ئويۇلغان يېرى.

**ئازماق** پ ① يولنى يوقىتىپ قويماق؛ تېنىمەك: ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر (ماقال). * يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ (ماقال). ② يېڭىلىشماق؛ خاتا قىلماق: ھېساباتتا ئازماق، گەپتە ئازماق. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەدداھىنىڭ بۇ جەڭنامىنى ئازماي، ھودۇقماي ۋە شۇنچە تەمكىن بايان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ③ كۆچمە. توغرا يولدىن تايماق، ناتوغرا يولغا كىرمەك، ساختا پىكىرگە ئەگەشمەك: ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرا كىشى ئوزىدۇ (ماقال).

**ئازمان** I سۈپ. دىيال. ياۋاش: مۇختەر بايمۇ ئازمان بولۇپ قالدى.

**ئازمان** II ئى. دىيال. ئېرىك قوي.

**ئازنا** ئى [پ] ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى؛ جۈمە: — تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ بوياقچى كۆز يېشى قىپتۇ.

**ئازنا بازار** ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى يەنى جۈمە كۈنى بولىدىغان بازار: كۇچادا ھەرجۈمە كۈنى بازار بولاتتى، كۇچالىقلار جۈمە بازىرىنى ئازنا بازار دەپ ئاتايتتى.

**ئازنا قىلماق** ← **ئازنىلىماق**.

**ئازنىلاتماق** «ئازنىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالام، — دېدى ئانىسى ئاسىمغا، — بۈگۈن ئازنا، خوتۇنۇڭنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ ئازنىلاتماسەن؟

**ئازنىلاشماق** «ئازنىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈن قاسىم ئاكامنىڭ كېلىنلىرى ئۇپىمۇئۇخشاش كىيىنىشىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەتىگەندىلا چوڭ ئۆيىگە ئازنىلىشىپ كېتىشتى.

**ئازنىلىق** ① سۈپ. ئازنا كۈنىگە تەئەللۇق، ئازنا كۈنى قىلىنىدىغان: ئازنىلىق كىيىم. ئازنىلىق چاي. ② ئى. كېلىنلەرنىڭ ھەر جۈمە كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى: ئازنىلىق قىلماق.

**ئازنىلىماق** پ. ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە كېلىن ئاياللار ئازنا كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارماق؛ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلىماق: ئازنا قىلماق. * رازىيە بۈگۈن چىرايلىق كىيىنىپ، بۇدرۇقىنا ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ ئۆيىگە ئازنىلىغىلى ماڭدى.

**ئازنىماق** پ. دىيال. كىشنىمەك (ئات ھەققىدە).

**ئازوت** ئى [ر<گىرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت، ئېلېمېنت بەلگىسى N. رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ، يانمايدۇ ھەم يېنىشقا ياردەم بەرمەيدۇ؛ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ ئەمەس، ھاۋانىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۆسۈملۈك ئوزۇقلىنىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى.

**ئازوتلۇق** سۈپ. تەركىبىدە ئازوت بولغان ياكى ئازوتتىن تەييارلانغان، ئازوت ئارىلاش.

**ئازىيىشماق** «ئازايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاژۇن** ئى. تارس. دۇنيا، جاھان.

**ئاس** يۈك. دىيال. «ئېھتىمال، بەلكىم، شۇنداق بولسا كېرەك. شۇنداق چېغى بار...» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاساتىر** ئى [ئە] قەدىمكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايە ـ چۆچەكلەر، ئەپسانىلەر.

**ئاسارەت** I ئى [ئە] ① چەكلىمە، بويۇنتۇرۇق: گەرچە ئۇنىڭ «ئاساسى» بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ يەردە يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىدېئالىزمنىڭ ئاسارىتىدە ئىدى. ② ئازادلىقتىن، ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇق؛ ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق: ئىسكەندەر قاتتىق ئۇيقۇنىڭ ئاسارىتىدە ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىۋېرىپتۇ.

**ئاسارەت** II ئى [ئە] ① تەسىر؛ ئەسەر، ئىز، بەلگە. ② <تىب> بىرەر كېسەللىكتىن قالغان ئېغىر ئىز، ئاقىۋەت.

**ئاسارەتلىك** سۈپ ① چەكلەنگەن، چۈشەپ قويۇلغان، بويۇنتۇرۇقلۇق: دىلشات قاۋاقخانىغا يەنى تارىختىن بۇيان مىللىتىمىزنى نادانلىق ۋە ئاسارەتلىك يولغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ تېگى يوق ھاڭ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. ② ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قىلىنغان؛ ئەسىرلىك، قۇللۇق ۋە تۇتقۇنلۇققا دۇچار بولغان: ئەزىز دوستۇم، مۇڭغا چۆكۈپ قالىسەن نېچۈن، ئۆكۈندۈڭمۇ ئاسارەتلىك ئون يىلىڭ ئۈچۈن.

**ئاسارئەتىقە** ئى [ئە] قەدىمكى دۇنيا ئىنشائاتلىرى، قەدىمدىن قالغان مەدەنىيەت، تەرەققىيات تارىخىدا مەلۇم قىممەتكە ئىگە يادىكارلىقلار يەنى قورۇلۇش، مەڭگۈتاش، قورال ـ ياراغ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

**ئاسار ـ تۆرە** ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇم، مەھەللە ـ جامائەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشۇپ، بىرەر كىشىنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ، ئۆي ـ جاي سېلىش، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئۆزى يېتىشىپ بولالمايدىغان ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ھەرىكەت.

**ئاسارۇن** ئى [پ] <بوت> زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكىللىك، گۈلى تۇتۇق سۆسۈن، يىلتىزى ناھايىتى ئىنچىكە، تەمى ئاچچىق ئۆسۈملۈك، دورا قىلىنىدۇ؛ باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىش رولى بار.

**ئاساس** ئى [ئە] ① نەرسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۇتۇپ ياكى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قىسمى، ئۇل. ② ئىجتىمائىي ھايات ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلغان نەرسە، تايانچ، نېگىز، بازا: سوتسىيالىزمنى پەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى رېئال ئاساسقا قويۇش كېرەك. ③ باش قائىدىلەر، ئاساسىي پرىنسىپلار: لۇغەتشۇناسلىق ئاساسلىرى. ④ سادىر بولغان ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆز قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلىدىغان دەلىل، ئىسپات، سەۋەب: ھازىر قاسىم توغرۇلۇق بىرنەرسە دېيىشكە تېخى ئاساس يوق. ⑤ <مات> گېئومېترىيەلىك شەكىلنىڭ، چېرتيوژنىڭ ئاستى تەرىپىگە پاراللېل بولغان تەرىپى. ⑥ <مات> دەرىجىگە

كۆتۈرۈلىدىغان ئەسلىدىكى سان. ⑦ <خىم> كىسلاتالار بىلەن ئۆز ئارا بىرىكىپ، تۇز ھاسىل قىلىدىغان بىرىكمە يەنى ھىدروكسىل گۇرۇپپىسى بولغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئاساسەن** [ئە] ① رەۋ. ئاساسىي جەھەتتىن: غۇلجا شەھىرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى تەييارلىقنى ئاساسەن پۈتتۈرۈپ بولدى. ② تىر. بىنائەن، بويىچە: — داداڭ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. سەن تۇغۇلدۇڭ. داداڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىسمىڭنى جاسارەت قويدۇم، — دېدى ئانا ئوغلىغا.

**ئاساسچى** ئى. بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلغان، ئىختىرا قىلغان، باشلاپ بەرگەن ياكى شۇنىڭغا ئاساس سالغان كىشى: تېيىپجان ئېلىيوف ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى.

**ئاساسسىز** سۈپ ① يېتەرلىك ئاساسى بولمىغان، دەلىللەر بىلەن مۇستەھكەملەنمىگەن، ئىسپاتلانمىغان، ئىسپاتسىز: بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۆلكە بۆرىگە ئۇچراپ: — ئۆچكىلەر قىلچە ئاساسسىزلا نامىڭىزغا تىل تەگكۈزۈشۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ② سەۋەبسىز، مەقسەتسىز: مېنى ھەم ۋاقتىنچە تاشلاپ قويغىنى، ئەمەسكەن ئاساسسىز ھەمدە سەۋەبسىز. بۇ دېمەك ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنى ئەمما، ئۈمىدمۇ گۈللىمەس ئەجىرسىز — تەرسىز. ③ زۆرۈرىيىتى يوق، قۇرۇق؛ ھاجەتسىز: لېكىن سەمەت بۇ ئەندىشىنى ئاساسسىز دەپ ھېسابلايتتى.

**ئاساسسىزلىق** ئى. ئاساسى يوقلۇق، ئاساسسىز ھالەت.

**ئاساسلاتماق** «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاساسلاشماق** «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاساسلانماق** ① «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقىنى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي رېئاللىق ئارقىلىق ئاساسلانغان نۇقتىئىنەزەر. ② مەلۇم شەيئىنى خۇلاسىلەش ياكى ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلماق؛ تايانماق، يۆلەنمەك: تىلشۇناسلىقتا دائىر تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالتاي تىللىرى تۇڭغۇس تىلى، تۈركىي تىللار ۋە موڭغۇل تىل تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئاساسلىق** سۈپ ① ئالاقىدار شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى، ئەھمىيەتلىك، تۈپ، باش: ئاساسلىق زىددىيەت. ئاساسلىق ئامىل. ئاساسلىق شەخس. ② <خىم> ئاساسقا ئوخشاش، تۈپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە ؛ ئاساسىي رول ئوينايدىغان: ناترىي كاربونات كىرىستالى ($Na_2CO_3 \cdot 10H_2O$) نىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئاساسلىماق** پ. دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەك: تۇرغۇن بۈگۈنكى يىغىندا ئۆز پىكرىنى بىرمۇبىر ئاساسلاپ، پۈتۈن يىغىن ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى.

**ئاساسىي** سۈپ [ئە] ① ئەڭ مۇھىم، نېگىزلىك، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى، ئەھمىيەتلىكى؛ تۈپ، باش: ئاساسىي زىددىيەت. ئاساسىي قانۇن. ② دەسلەپكى، ئەقەللىي؛ ئومۇمىي: ئاساسىي بىلىم. ئاساسىي ماھارەت. ئاساسىي چۈشەنچە.

**ئاساسىي قانۇن** <قا> دۆلەتنىڭ ئەڭ زور قانۇنى كۈچكە ئىگە تۈپ قانۇنى. باشقا قانۇنلار شۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە خەلقنىڭ ئاساسىي ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

**ئاسان** سۈپ [پ] ئىشلىنىشى، ئورۇنلىنىشى جەھەتتىن ئانچە قىيىن، مۇرەككەپ بولمىغان ھەم ئانچە كۆپ مېھنەت، كۈچ ۋە بىلىم تەلەپ قىلمايدىغان؛ بوش، يەڭگىل: ئىشنىڭ ئاسنى يوق، قىلالىساڭ قىيىنى يوق (ماقال).

**ئاسان بولماق** ئاسانلاشماق: توپا قېزىش ماشىنىسى كەلگەندىن كېيىن ئىشىمىز ئاسان بولدى.

**ئاسانغا توختىماق** ئاسانغا چۈشمەك، ئوڭاي ھەل قىلىنماق: بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا توختىمايدۇ.

**ئاسانغا چۈشمەك** ئوڭاي ھەل قىلىنماق، ئوڭاي بىر تەرەپ قىلىنماق: بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى، ئەلۋەتتە.

**ئاسان قىلماق** ئاسانلاشتۇرماق، يەڭگىللەشتۈرمەك، ئوڭايلاشتۇرماق: «تاش مىنا» پارتلىتىش ئۇسۇلى كۆپ مۈشكۈلنى ئاسان قىلىۋەتتى.

**ئاسان گەپ** ھەل قىلىش تەس بولمىغان مەسىلە، ئوڭاي ئىش: شۇنچىلىك ئىشنى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قىلىپ تۈگىتىشى ئاسان گەپمۇ؟

**ئاسانچىلىق** ئى ← **ئاسانلىق**: مۇشۇنداق قىلساق كېيىنكى ئىشنى قىلىشقا ئاسانچىلىق تۇغۇلىدۇ.

**ئاسانلاتماق** «ئاسانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىر ئىشتا ئەل خىزمىتىگە ئاساسلانساق، قورۇپ تېخنىكا ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق، تەرەققىيات يولىغا ئەزىز جاننى ئاتىساق، بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

**ئاسانلاشتۇرماق** «ئاسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆلكە بۆرىگە: — خۇدا ئىشلىرىڭنى ئاسانلاشتۇردى، ئەمدى ھېچقانداق قىينالماستىن توپتوغرا باغقا كىرەلەيسەن، — دەپتۇ.

**ئاسانلاشتۇرۇشماق** «ئاسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاسانلاشتۇرۇلماق** «ئاسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشلار ئەمدى ئىزىغا چۈشۈپ ئاسانلاشتۇرۇلدى.

**ئاسانلاشماق** پ. ئوڭايلاشماق، يەڭگىللەشمەك: ئىش ئاسانلاشتى، سۈرئەت تېزلەشتى، سۈپەت ئۆستى.

**ئاسانلىق** ئى. قولايلىق، ئوڭايلىق: — ھەزرەتلىرىنىڭ سايىسى ھەر ئىشقا ئاسانلىق بېرىدۇ، — دېدى قازى ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپ.

**ئاسانلىقچە** رەۋ. ئوڭايلىق بىلەن: ئاسانلىقچە ياش چىقمايدىغان كۆزۈمدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

**ئاسانلىماق** پ ← **ئاسانلاشماق**.

**ئاساۋ** سۈپ. بويسۇندۇرۇلمىغان، ئادەمگە ئۆگەنمىگەن، شاش: بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاساۋ بولغاچقا، تاغقا كېلە - كەلمەي تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ.

**ئاسايىش** ئى [پ] ئۇرۇش - تالاش، جەڭگى - جېدەلدىن، غوۋغا - تەشۋىشتىن خالىيلىق؛ تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىك: ئەل - يۇرت پادىشاھنىڭ ئورنىغا ھەمرانى شاھ قىلدى. ھەمرا بىلەن ھۆرلىقا بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپ، ئەلگە ئاسايىش بەردى.

**ئاسايىشتە** سۈپ [پ] ئۇرۇش - تالاش، جەڭگى - جېدەلدىن، غوۋغا - تەشۋىشتىن خالىي؛ تىنچ، بىخەتەر، خاتىرجەم:

بىر قېتىم، ياش بىر ئالىم ئۇنىڭ بەھۇزۇر، ئوڭۇشلۇق، ئاسايىشتە تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زوقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

**ئاسايىشلىق** ① ئى. تەشۋىش ـ ئەندىشە، ئۇرۇش ـ جېدەلدىن خالىي تۇرمۇش، خاتىرجەملىك، ئامانلىق: تابان ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپتۇ، خەلق ئاسايىشلىقتا ئۆتۈپتۇ. ② سۈپ. ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەلدىن، غوۋغا ـ تەشۋىشتىن خالىي بولغان، تىنچ، خاتىرجەم: — كۆن چىقىدۇ، قىسمەتئاخۇن، ئاخىر ئاسايىشلىق كۈنلەر، ئارمان قىلغان كۈنلەر كېلىدۇ، — دېدى ئانا.

**ئاسپىرانت** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپ ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان، تەتقىقات خىزمىتى ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرغۇچى.

**ئاسپىرانتلىق** ئى. ئاسپىرانتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىياز: ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىپلوم، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى بولىدۇ.

**ئاسپىرانتۇرا** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئاسپىرانت ياكى پىراكتىكانت تەتقىقاتچىلارنى تەربىيەلەيدىغان جاي.

**ئاسپىرىن** ئى [ر<نېم] <تېب> دورا نامى، ئورگانىك بىرىكمە بولۇپ، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_9H_8O_4$. ئاق رەڭلىك كرىستال، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىزىتمىنى ياندۇرۇش ھەم ئاغرىق توختىتىش رولى بار؛ باش ئاغرىقى، نېرۋا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاست (ى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ تەگ قىسمى، تۆۋى: مەن بارغاندا ئۇ چېلەكنىڭ ئاستىغا يۇقۇپ قالغان لاينى تازىلاۋاتاتتى. ② نەرسىلەرنىڭ تۆۋەن قىسمىغا، تېگىگە يېقىن جاي؛ يېقىن ئەتراپى: — ئالتىدىن ئون ئىككى جەڭچى تام ئاستىغا بېرىپ، تام كەينىگە بومبا تاشلىشى كېرەك! — دېدى ئۇ قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ③ نەرسىلەر ئىگىلەپ، بېسىپ ياكى قاپلاپ تۇرغان جاي؛ نەرسىلەرنىڭ تېگىدىكى جاي ياكى بوشلۇق: ئۇ ھويلىغا كىرىپ، باراڭنىڭ ئاستىدا ياتتى. ④ نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمى، ئىچى، ئارىسى: يەر ئاستى سۈيى. يەر ئاستى بايلىقلىرى. يەر ئاستى ئۆيى.

**ئاستا** رەۋ ① تۆۋەن سۈرئەت بىلەن؛ ئالدىرىماي: سادىق مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ ئاستا ماڭغىنىچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. ② يەڭگىللىگىنە، بىلىنەر ـ بىلىنمەس: ئۇ قېپىن ئاستىدا يېتىپ، ئاستا كۈلۈپ قويدى. ③ ئېھتىيات قىلىپ؛ ئاۋايلاپ: بىر سائەتتىن كېيىن نۇرۇللا مۇختەر مەرگەننى ئاستا ئويغاتتى. ④ تىۋۇش چىقارماستىن، سەزدۈرمەستىن، بىلدۈرمەستىن: ئاسىم، ئادەملەر ئارىسىدىن ئاستا چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ⑤ تەدرىجىي ھالدا، تەدرىجىي: خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى تېز، ئۇنتۇلۇشى ئاستا بولىدۇ. ⑥ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن: رۇستەم ئۆيىگە كىرىپ، نۇرۇللانىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

**ئاستا ـ ئاستا** ① تۆۋەن سۈرئەت بىلەن، ئالدىرىماي: ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ② پەيدىنپەي، تەدرىجىي ھالدا، تەدرىجىي: سوغۇق، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ماغدۇرسىزلاندۇرۇپتۇ.

**ئاستاتىن** ئى [ئىنگ] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، بەلگىسى At(Astatium). مېدىتسىنادا قالقان بەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاستانە** ئى [پ] ① بىرەر يەرگە كىرىشتىكى بېسىپ ئۆتىدىغان جاي، ئورۇن؛ بوسۇغا: سېرىق يۈزۈمنى ئاستانەڭگە قويماقتىن مۇرادىم شۇ، بولاي دەيمەن گۈزەل بوينۇڭغا سالغان كەھرىۋايىڭمەن. ② پايتەخت: گەرچە ئايرىپ تۇرسىمۇ ئارىمىزنى تاغ ـ دەريا، ئاستانىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى. ③ ئۆي، دەرگاھ، قارارگاھ: جاھانغا كۆز ئېچىپ سەندە تۇغۇلدۇم، بۇ مېنىڭ بەختىم، تېپىلماس مەن ئۈچۈن سەندەك ھايات ئاستانىسى يەكەن. ④ تۇرپاندىكى ۋە يەنە قومۇلدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

**ئاستروبىيولوگىيە** ئى [گرېك] <ئاستر> ئاسترونومىيەنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىدا جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش شارائىتىنى تەتقىق قىلىپ، مەلۇم ئاسمان جىسمىدا جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بېكىتىدۇ، شۇنداقلا شۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھالىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاستروخىمىيە** ئى [ر<گرېك] <ئاستر>ئاسترونومىيەنىڭ بىر تارمىقى، ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ خىمىيەلىك تۈزۈلۈشى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، قۇرۇلمىسى، پەيدا بولۇشى، يورۇقلۇقى، ماسسىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، خىمىيەلىك تەركىبى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاستروفىزىكا** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسترونومىيەنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ فىزىكىلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار ۋە نەزەرىيەلەر ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، خىمىيەلىك تۈزۈلۈشى، قۇرۇلمىسى، پەيدا بولۇشى، يورۇقلۇقى، ماسسىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرىسى، ماگنىت مەيدانى، زىچلىقى، قۇرۇلمىسى، خىمىيەلىك تەركىبى، قۇياش ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاستروفىزىكىلىق** سۈپ. ئاستروفىزىكىغا ئائىت، ئاستروفىزىكىغا تەۋە: بىر يورۇق يۇلتۇز يېنىغا كۆرۈنمەس مەۋھۇم سوغۇق يۇلتۇزنى قاتار قىلىپ، ئارىسىغا يەردىن ئىبارەت «چېكىت» نى قويۇپ، ئاستروفىزىكىلىق تەسەۋۋۇرنى ئىسخېمىلاپ چىقتىم.

**ئاسترومېخانىكا** ئى [ر<گرېك] <ئاستر>ئاسترونومىيەنىڭ بىر تارمىقى، مېخانىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، شەكلى، ماسسىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاسترونوم** ئى [ر] <ئاستر> ئاسترونومىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**ئاسترونومىيە** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، تارىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيەلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاسترونومىيەلىك** سۈپ. ئاسترونومىيەگە ئائىت، ئاسترونومىيەگە تەۋە: ئالدىنقى قېتىملىق «توققۇز سەييارىنىڭ مارجانسىمان رەتلىنىشى» دەك ئاسترونومىيەلىك ھادىسە بۇنىڭدىن 179 يىل ئىلگىرى

كۆرۈلگەندى.

**ئاستما** ئى [ر<گىرېك] <تېب> يۈرەك ياكى نەپەس يوللـ-
ـرى كېسەللىكى سەۋەبىدىن نەپەسنىڭ بوغۇلۇشى؛ زىققـ-
ـنەپەس.

**ئاستۇرماق** «ئاسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
ئاچقا قازان ئاستۇرما، مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما (ماقال).

**ئاستۇرۇلماق** «ئاستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاستىدا** تىر ① بىرەر ھەرىكەت ياكى ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ
باشقىسى بىلەن بىللە ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا سادىر
بولۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: مۇشۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش
بىلەن باراۋەر - دە. ② بىرەر ھەرىكەت ياكى ھالەتنى پەيدا
قىلغان باشقا بىر ھەرىكەت، ھالەت ياكى كەچۈرمىشلەرنى
ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: ئۇ تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا
ئاخىر ئۇنىڭ شەرتىگە كۆندى.

**ئاستىرتىن** رەۋ. يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي، كىشىگە
بىلدۇرمەي: ئۇ ھەمىشە قاسىمنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئاستىرتىن
سەپسېلىپ، ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى.

**ئاستىلاتماق** «ئاستىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: ئۇ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر پىكاپنى كۆرۈپ، ماشىنى-
سىنى ئاستىلىتىپ، قائىدە بويىچە يولنىڭ چېتىگە چىقتى.

**ئاستىلاشماق** ① «ئاستىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-
جىسى. ② سۈرئىتى تۆۋەنلىمەك، ئاستىلىماق: مەنمۇ ئورنۇمدا
تۇرالماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم، ئېگىز كۆتۈرۈلگەنسېرى ئاستى-
لىشىپ، پىچاقتەك قىرلىق تاشلارنى تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

**ئاستىلىق** ئى. ئىش - ھەرىكەتتىكى سۈرئەتنىڭ تېز
بولماسلىقى، ئاستا ھالەت.

**ئاستىلىتىلماق** «ئاستىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-
جىسى: ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىردىنلا ئاستىلىتىلدى.

**ئاستىلىماق** پ ① سۈرئەتنى تۆۋەنلەتمەك، كېمەيتمەك:
ماشىنا تېخىمۇ ئاستىلىدى. ② پەسلىمەك، ئاجىزلاشماق (ئاۋاز
ھەققىدە): مىلتىق ئاۋازى بارا - بارا ئاستىلاپ، كېيىن جىمىپ قالدى.

**ئاستىن** ① سۈپ. ئاستىدىكى، تۆۋەندىكى، ئاستىغا
جايلاشقان: ئاستىن قەۋەت. ئاستىن قاپاق. ② رەۋ. چوڭقۇر: سەنمۇ
نادان، قەدرىمنى بىلمىدىڭ! سۆزگە ئاستىنراق چۈشىنەلمىدىڭ.

**ئاستىنقى** سۈپ. تۆۋەندىكى، پەستىكى، تېگىدىكى: ئۇ ئوڭ
قولىنى ئاق دېچۈلياڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىنقى ئىككىنچى تۈگمىسى
ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتى.

**ئاستىن - ئۈستۈن** بىرى ئۈستىدە، ئىككىنچىسى تۆۋەندە،
قەۋەتلىك، قەۋەت - قەۋەت: بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاستىن - ئۈستۈن
كارىۋاتتا يېتىپ ئوقۇدۇق.

**ئاستىن - ئۈستۈنلۈك** ئاستىن - ئۈستۈن بولغان ھالەت.

**ئاسراتماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاسراشماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاسرالماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاسراندى** سۈپ. بېقىۋېلىنغان، باشقا ئاتا - ئانا قارىمىقىغا
ياكى پەرزەنتلىككە ئېلىنىپ تەربىيەلەنگەن: ئۇنىڭ ئاپىسى بىر
ئاسراندى كېلىنلىكتىن كېلىپ چىققان ئائىلە ئايالى ئىدى.

**ئاسراندىلىق** ئى. ئاسراندى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ياكى
چوڭ بولۇش، ئاسراندى بولۇش.

**ئاسرىماق** پ ① قوغدىماق، ئايىماق، ساقلىماق: ئاسرىساڭ،
كۆندە يېڭى كىيىم، ئاسرىمىساڭ، كۆندە كونا كىيىم (ماقال). ② ئۆز
قارىمىقىغا ياكى پەرزەنتلىككە ئېلىپ تەربىيەلىمەك؛ باقماق:
تۇرغۇن كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، ئەينى
ۋاقىتتا بەختىئاخۇن ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى ئاسرىۋالغانىدى. ③ كۈتمەك،
كۆيۈنمەك: ئۆلۈككە يىغلا، تىرىكنى ئاسرا (ماقال). * ئۇ بالىلارنى
ياخشى كۆرىدۇ، ياشلارنىمۇ بەك ئاسرايدۇ.

**ئاسسوتسىياتسىيە** ئى [ر<لات] <پىسخول>نېرۋا- مېڭە
پائالىيىتى بىلەن باغلىق بولغان ئالاھىدە پسىخىكىلىق
تەسەۋۋۇرلار، پىكىرلەر، ھېس - تۇيغۇلار ئارىسىدىكى باغلى-
نىش ۋە شۇ باغلىنىشقا ئاساسلانغان ئەقلىي خۇلاسە.

**ئاسسىستېنت** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى
ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**ئاسسىستېنتلىق** ئى <مائار> ئاسسىستېنتلارغا يۈكلەنگەن
ۋەزىپە، ئىش.

**ئاسسىمىلياتسىيە** ئى [ر<لات] ① <بىيول>ئۆسۈملۈك ياكى
جانلىق ئورگانىزم پائالىيىتى جەريانىدا سىرتتىن قوبۇل
قىلىنغان ماددىلارنىڭ ئۆزلىشىشى، سىڭىشى، ھەزىم بولۇشى،
ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، سىڭدۈرۈلۈشى. ② بىر مىللەتنىڭ
ئىككىنچى بىر مىللەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە
تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىر
بولۇپ كېتىشى. ③ <تىل> تىلدا ئوخشىمايدىغان، ئەمما
ئۆز ئارا يېقىن ئىككى تاۋۇشنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى
نەتىجىسىدە، بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە ياكى ئىككىنچىسى
بىرىنچىسىگە ئوخشاپ كېتىشى. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى
«تۇزسىز» سۆزىنىڭ «تۇسسىز»، «ئاتسا» سۆزىنىڭ «ئاسسا» تەلەپپۇز
قىلىنىشىغا ئوخشاش.

**ئاسسىمىلياتسىيە بولماق** ئۆزلەشمەك،ئۆزلەشتۈرۈلمەك؛
سىڭمەك، سىڭىپ يوقاپ كەتمەك، ئوخشاپ كەتمەك.

**ئاسسىمىلياتسىيەلىك** ئى. ئاسسىمىلياتسىيەگە مۇناسى-
ۋەتلىك، ئاسسىمىلياتسىيەگە ئائىت.

**ئاسفالت** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمى-
لەرنىڭ ئارىلاشمىسى، قارا رەڭلىك ياكى قوڭۇر رەڭلىك ۋە
يېلىمسىمان بولىدۇ؛ تەبىئىي چىقىدىغانلىرى ھەم نېفىت ياكى
كۆمۈر مېيىنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغانلىرى بولى-
دۇ؛ تەركىبى ئوخشاپ كەتمەيدۇ، يول ياساشتا يولغا ياتقۇزۇ-
لىدۇ؛ بىناكارلىقتا سۇدىن ھىمايە قىلىش ماتېرىيالى قىلى-
نىدۇ.

**ئاسفالتلاشتۇرماق** «ئاسفالتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ئۇلار يەتتە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، لەنگەرگە بارد-
ىغان يوللارنى ئاسفالتلاشتۇردى.

**ئاسفالتلاشتۇرۇلماق** «ئاسفالتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: غۇلجا ناھىيەسىدە بارلىق يوللار ئاسفالتلاشتۇ-
رۇلدى.* ئاقتام تاشيولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. * ھازىر ناھىيە بازىرىدىن

ھەرقايسى يېزا، مەيدانلارغا بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى ئاسفالىتلاشتۇ-رۇلدى.

**ئاسفالتلاشماق** ① «ئاسفالىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئاسفالت ياتقۇزۇلغان ھالەتكە كەلمەك، ئاسفالت ياتقۇزۇلماق: يېزا يوللىرى ئاسفالتلاشتى. ناھىيە بازىرى ئاسفالتلاشتى.

**ئاسفالتلانماق** «ئاسفالتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاسفالتلىق** سۈپ. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، ئاسفالتلانغان: جىپ ئاسفالتلىق يولدا قۇيۇندەك تېز كېتىپ باراتتى.

**ئاسفالتلىماق** پ. ئاسفالت ياتقۇزماق، ئاسفالت تۆكمەك: يولنى ئاسفالتلىماق.

**ئاسقا** ئى. دىيال. ئات-ئۇلاغلارنىڭ پۇتى قىسىلىپ قېلىپ، ماڭغىلى بولمايدىغان تاشلىق يەر.

**ئاسقاق** ئى. تېرىلىدىغان يەرنىڭ تۈپىسىنى يۇمشىتىش، تاش-چالمىلىرىنى ئېلىۋېتىش، بۇغداي ئېگىز-لىرىدىكى چېچىلىپ كەتكەن باشاقلارنى يىغىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق سايمان، تىرنا.

**ئاسقۇ** ئى. بىرنەرسىنى ئىلىپ، ئېسىپ قويىدىغان ئىلمەك؛ كانارا: ئاسقۇدا گۆش بولسا، بىركۈنى مېھمانغا ياراپتۇ (ماقال).

**ئاسقۇ تاش** تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىدىكى تاش، تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشى: تۈگمەننى تۈگمەن قىلغان ئاسقۇ تېشى، ئەرنى ئەر قىلغان مەزلۇم كىشى (ماقال).

**ئاسقۇچ** ئى ← **ئاسقۇ:** ئۇ ئۆيگە كىرىپ، كىيىم ئاسقۇچقا سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئاستى.

**ئاسقۇچسىز** سۈپ. ئاسقۇچى يوق، ئاسقۇچ ئورنىتىلمىغان.

**ئاسقۇچلۇق** سۈپ ① ئاسقۇچى بار، ئاسقۇچ ئورنىتىلغان. ② ئاسقۇچ قىلىشقا بولىدىغان، ئاسقۇچ قىلىش ئۈچۈن تەييارلان-غان.

**ئاسقىلىق** ئى. دىيال. يامغۇر-يېشىندا تاغدىن تاش پارچى-لىرى ئېقىپ چۈشكەن جاي.

**ئاسلان** ئى. مۈشۈكنىڭ بالىسى.

**ئاسلانلاتماق** «ئاسلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاسلانلىماق** پ. تۇغماق، بالىلىماق (مۈشۈك ھەققى-دە): چوڭ مۈشۈك ئاسلانلاپتۇ.

**ئاسلىماق** پ. دىيال. قورساق ئاچماق، ئېچىرقىماق: داستىخاندا نان ئەۋەتتىم ئاسلاپ قالسا يېسۇن دەپ.

**ئاسما** ① سۈپ. ئېسىپ قويىدىغان، ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان: ئاسما بۆشۈك. ئاسما كۆۋرۈك. ② ئى. كىيىم تىكىدىغان ماشىنىنىڭ بىر ئۇچى مېڭگە، يەنە بىر ئۇچى چوكىغا تۇتىشىپ، ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل سايمىنى.

**ئاسماق** I ئى ① ئالما، نەشپۈت، جىگدە، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ مېۋىلىگەن جايى بىلەن مېۋىسىنىڭ تۇتىشىدىغان قىسمى ياكى ساپىقى. ② مېۋە ئاسىدىغان ئاسقۇ: بىر ئۇچكىدە يېتىلگەن قوش مېغىز بولدى، بىر ئاسماقتا ئېسىلغان قوش ئالما بولدى.

**ئاسماق** II پ ① بىرەر نەرسىنى ئاستى يەرگە تەگمەيدىغان ھالەتتە باغلىماق، ئىلماق، ساڭگىلاتماق؛ بېكىتمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: مارجان ئاسماق. قىلىچ ئاسماق. مىلتىق ئاسماق. * ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار (ماقال). ② كۆچمە. بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئۆلتۈرمەك: دارغا ئاسماق. * ماشىنىچى ھاكىم-غا: «جوھۇتنى ئازاد قىلىڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئېسىڭ!» دەپتۇ.

**ئاسماق-ئاسماق** توپ-توپ، غۇژمەك-غۇژمەك مېۋە-لىگەن؛ ھەربىر ساپاق ياكى بېغىدىكى مېۋىلىرىنىڭ سانى كۆپ: ھويلىدىكى بىر تۈپ ئالما دەرىخى شۇنچە يوغىنىغان بولۇپ، ئاسماق-ئاسماق ئالمىلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

**ئاسماقچى** ئى. يىپىدىن يىڭنىسىگىچە كوچىلاپ، زىغىرلاپ سورايدىغان كىشى: غەر غەرەزچى كېلەر، ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**ئاسماقچىلىماق** پ. زىغىرلاپ، كوچىلاپ، يىپىدىن يىڭنى-سىگىچە، ھېچنېمىسىنى قويماي سورىماق: ھوشۇر ئۈنچىقمىدى. سادىرنىڭ جاۋابى ئۇنى قايىل قىلدىمۇ، بۇنى ئاسماقچىلاپ سوراشقا سوئالى قالمىدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

**ئاسمان** ئى [پ] <ئاستىر> ① يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ بوشلۇق؛ پەلەك، كۆك: ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق (ماقال). ② كۆچمە. ناھايىتى يۇقىرى، ئېگىز: ئوسمانىنىڭ ئۇچۇرغان ئايروپىلانى تېزلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، موللاق ئېتىشقا باشلىدى.

**ئاسمان-پەلەك** ① ئېگىز ئاسمان: لەپىلدەپ چوقىدا تۇغلار، زەپەردىن خۇش خەۋەر بەردى. ئىلىم-ھېكمەت قىلىپ جەۋلان، سۈزۈك ئاسمان-پەلەكلەردە. ② كۆچمە. ناھايىتى ئېگىز، چەكسىز ئېگىز: ئۇ شۇ چاغدا يىراقتىن ئاسمان-پەلەك بىر چاڭ-توزاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

**ئاسمانتاپان** ئى [ئاسمان + تاپان] ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ئوڭدىسىغا يېتىش ھالىتى: ئۇ يىقىلىپ ئاسمانتاپان بولۇپ قالدى.

**ئاسمان-زېمىن** ئاسمان ۋە زېمىن؛ ئاسمان ۋە زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە: بۇ كۈنى شەھەرنىڭ ئىچى غۇلغۇلىغا تولدى، ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى.

**ئاسىغ** ئى. دىيال. پايدا، نەپ، مەنپەئەت: بۇ ئىش ساڭا ئاسىغ بەرمەيدۇ.

**ئاسىغدىماق** پ. دىيال. ئەتىۋارلىماق، كۆزى قىيماي قالماق، قىسىنماق.

**ئاسقىماق** پ. دىيال. ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، ھولۇقماق، چۆچۈمەك: سوپىگۈلۈمنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كېتىدۇ.

**ئاسىي** [ئە] ① سۈپ. گۇناھكار، گۇناھ قىلغۇچى: ئاسىي بەندە. ② ئى. خائىن، ساتقۇن: ئاسىيلارنى تارىخ ھامان بىر كۈنى جازالايدۇ.

**ئاسىيا** ئى [ئە] <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسى. دۇنيادىكى يەتتە قىتئەنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ قىتئە بولۇپ، شەرقىي يېرىم شارنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان؛ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرىپى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمالىي مۇز ئوكيان، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان، غەرب قىسمى تېمو ئارىلى بىلەن ئاۋستىرالىيە ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز ئارقىلىق ئوكيا-نىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ.

**ئاسىيالىق** ئى. ئاسىيا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئاسى-

يادا ئـولتۇراقلاشـقان ياكى ئـاسـيادا يـاشايدىـغـان، ئاسـيـادا تۇرۇشلۇق كىشى: مەن ئاسىيالىق.

**ئـاسىيالاشماق** پ ① ئاسىيا بولماق، ئـاسىيـغـا ئايلانـمـاق، ئاسىيلىق قىلماق؛ ئاسىيلارنىڭ يولىدا ماڭماق، ئاسىيلارنىڭ يولىنى تۇتماق: ئۇ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئاخىر ئاسىيلاشتى. ② ئەسلىدىن يىراقلاشماق، ياتلاشماق؛ ئۆزگىرىپ كەتمەك: ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ھازىرغىچە بولغان جەريانى ئوچۇقىنى دېگەندە، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن بارغانچە ياتلىشىش جەريانى بولدى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇلار شۇنچە ئاسىيلىششقا يۈزلەندى.

**ئاسىيلىق** ئى. ئۆز تەشكىلى، خەلقى ياكى ۋەتىنى قاتارلىقلاردىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش، دۈشمەنگە سېتىلىش؛ خائىنلىق، ساتقۇنلۇق: ئاسىيلىق قىلماق.

**ئاسىيلىق قىلماق** ئۆز تەشكىلى، خەلقى ياكى ۋەتىنى قاتارلىقلاردىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەك ياكى دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ، دۈشمەن ئۈچۈن خىزمەت قىلماق، دۈشمەنگە سېتىلماق، خائىنلىق قىلماق: ئۇ مىللىتىق ئوقلىرى ئىچىدىن ياردارلارنى قۇتقۇزۇپ چىققان تۇرۇقلۇق، دۈشمەن تۇرمىسىدە قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلسۇن؟

**ئـاش** I ئى [پ] ① قازاندا پىشۇرۇلغان تاماق؛ غىزا، يېمەكلىك: ئىش بار يەردە ئاش بار (ماقال). ② پولۇ، قويۇقئاش: بىز ئاش دەم يېگۈچە، باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىقتۇق. ③ ئۇن چىقىرىلىدىغان دانلىق زىرائەت: بەشىنچى ئايدا بېشىنى كۆردۈم، ئالتىنچى ئايدا ئېشىنى (ماقال).

**ئاش بولماق** سىڭمەك، بەرىكەت قىلماق، ئەسقاتماق، قۇتىماق.

**ئاش** II ئى. تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن ئۇن، تۇز ۋە سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېچىتىپ تەييارلانغان ئۇماچ.

**ئاش- پـاش** ئاش ھەم تاماق دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەر خىل تائام، يېمەكلىكلەر: ئاش - پاش ئېتىشنىمۇ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ.

**ئاشپەز** ئى [پ] ئاشخانىلاردا تاماق ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تاماق ئېتىشنى كەسىپ قىلغان ئادەم: قاسساپ ماي چاينايدۇ، ئاشپەز گۆش چاينايدۇ (ماقال).

**ئاشپەزلىك** ئى. ئاشخانىلاردا تاماق ئېتىش، ئاش - تائام تەييارلاش پائالىيىتى، ئىشى: ئۇ بىر ئاشخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

**ئاشپۇرچاق** ئى [ئاش + پۇرچاق] <بوت> ①پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. دېنى ماشتىن يوغان، رەڭگى ئاق، سېرىق ۋە قارا بولىدۇ. دېنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**ئاشپىت** ئى. دىيال. بېخىل، پىخسىق، ئاچ كۆز، كۆزى ئاچ.

**ئاش- تائام** ← **ئاش- تاماق:** شۇندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاش - تائامدىن قالدىم.

**ئاشتاختا** ئى [ئاش + تاختا] خېمىر يۇغۇرۇش، يېيىش ۋە تۈرلۈك ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تاختا: ئۇ ئاشتاختىدا چۆپ كېسىۋاتاتتى.

**ئاش- تاماق** تۈرلۈك تاماق - غىزالار، تائاملار: بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ھەر ئايدا بولىدىغان خىراجەت ئاساسەن ئاش - تاماق ئۈچۈن بولىدۇ.

**ئاش- تۇز** ئاش - تاماق، غىزا: شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ ئاش - تۇزۇمنى يەپ تۇرۇپ، ماڭا ئۇنچىلىك ئەسكىلىك قىلماس.

**ئاشخانا** ئى [پ] ① تاماق تەييارلاش، تاماق ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان ئۆي. ② ئىدارە، ئورگانلاردىكى خادىملار، مەكتەپلەردە بولسا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تاماق يەيدىغان ئورۇن: ئاشخانا خىزمىتى قارىماققا ئاددىي بولغان بىلەن كۆپچىلىكنى رازى قىلىپ كېتىش تەس ئوخشىمامدۇ؟

**ئاشخانىچىلىق** ئى. ئاشخانا ئېچىش، ئاشخانا باشقۇرۇش ئىشى: ئابلىكىم يېڭى زامان ئاشخانىچىلىقىنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىدە تۇتقان ئورنى، دۆلەت مالىيەسىگە قوشۇۋاتقان تۆھپىسى، پارلاق ئىستىقبالى خۇسۇسىدىكى ئىقتىسادىي مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**ئاشخانىلىق** سۈپ. ئاشخانا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، ئاشخانا قىلىشقا باب كېلىدىغان: ئاشخانىلىق ئۆي. ئاشخانىلىق جاي.

**ئاشسۇ** ئى [ئاش + سۇ] توي مۇراسىمىدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان نەرسىلەر: پەقەت توينىڭ ئاشسۇيىگىلا ئادەتتىكى ئىككى توينىڭ چىقىمى سەرپ قىلىندى.

**ئاشسۇيىنى بەرمەك** ئوغۇل تەرەپتىن توي مۇراسىمىدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى بەرمەك.

**ئاشسىز** سۈپ. ئاش يوق، ئاش بولمىغان، ئېچىرقىغان، ئېچىرقاپ كەتكەن: ئاچسىز باللار. * ھەپتىلەپ قورسىقىغا تويغۇدەك بىر نەرسە يېمىگەن ئاچسىز كىشىلەرنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

**ئاشسىزلىق** ئى. يېگىلى ئاش يوق ھالەت، ئاش بولمىغان تۇرمۇش، ئېچىرقاش، ئاشقا موھتاجلىق:كونا جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار ئاشسىزلىقنىڭ دەردىنى تازا تارتقان.

**ئاش- غىزا** ← **ئاش- تاماق:** توي كۈنى ئاش - غىزا ۋاقتىدا ئۈلگۈرمەي، مېھمانلارنى بىر ئاز ساقلىتىپ قويدۇق.

**ئاشقورا** ئى. دىيال. چوڭ چىنە، ئاپقۇر چىنە، ئاپقۇرا، ئاشخورا.

**ئاشقازان** ئى [ئاش + قازان] <بىيول> ئادەم ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى: ئاشقازان كېسىلى.

**ئاشقان- تاشقان** لازىم قىلىنىپ، ئېشىپ قالغان؛ قالدۇق: ئۇ ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يىغىپ ھېلىقى بالىغا بەردى.

**ئاشقۇدا** ئى. دىيال. چوڭ چىنە، ئاپقۇر چىنە.

**ئاشقۇنچە** سۈپ. دىيال. ئارتۇق، ئوشۇق؛ ياخشى، ئۈستۈن: يېپ ئەمەس، يېپەك ئەمەس، بويىڭىزغا كىيگىنىڭىز بىزدىن ئاشقۇنچە ئەمەس، ماختاپ يۈرۈپ سۆيگىنىڭىز.

**ئاشكارا** [پ] ① سۈپ. ھەممىگە مەلۇم، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، يوشۇرۇنمىغان، ئوچۇق: ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا (ماقال). ② رەۋ. يوشۇرماستىن، ئەيىنەن، ئوپئوچۇق: ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟

**ئاشكارىلاتماق** «ئاشكارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاشكارىلاشماق** «ئاشكارىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىر ھەممىنى ئاشكارىلاشتى.

**ئاشكارىلانماق** «ئاشكارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى-

جىسى: ئادەم ئۆلۈشى بىلەنلا، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىدۇ.

**ئاشكارىلىق** ئى ① ئېنىقلىق، ئوچۇقلۇق، ھەممىگە ئايان، ئوچۇق بولغان ھالەت: ھەرقانداق مىسلىسىز كارامەتلەر يەنىلا ئادەمدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئاشكارىلىقىغا ئۆتۈشىدىن ئىبارەت. * دۆڭقوتان بازىرىدا كەنت ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى ئاشتى. ② <بىيول> ئارىلاش زىگوتادىكى بىر خىل ئىرسىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش تىپىدا ساپ زىگوتا پەرقلەنمەيدۇ.

**ئاشكارىلىماق** پ. مەلۇم مەخپىيەتلىكنى ياكى سىرنى پاش قىلماق، ئېچىپ تاشلىماق: ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق تېۋىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، كېيىن يارىسىنى كۆرۈپلا سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى.

**ئاشكۆكى** ئى [ئاش + كۆكى] كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، يوپۇرماق ۋە غوللىرى ئالاھىدە خۇش پۇراقلىق، ئاق چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق، مېۋىسى دۈگىلەك؛ «يۇمغاقسۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاشلاتماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ بەش دانە تېرە ئاشلىتىپ قويدۇم.

**ئاشلاشماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئۇستامنىڭ ئون دانە تېرىسىنى ئاشلىشىپ بەردىم.

**ئاشلامچى** ئى. تېرە ئاشلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تېرە ئاشلاشنى كەسىپ قىلغۇچى.

**ئاشلامچىلىق** ئى. تېرە ئاشلاش ئىشى، كەسپى.

**ئاشلانماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قازى ئېسىل ئاشلانغان تۈلكە تېرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى.

**ئاشلەڭپۇڭ** ئى [ئاش + لەڭپۇڭ] ئۈستىگە لەڭپۇڭ سېلىنىدىغان چۆپ تاماق: ئاشلەڭپۇڭ قىلماق. ئاشلەڭپۇڭ يېمەك.

**ئاشلىق** ① ئى. ئۇن چىقىرىلىدىغان، ئاش - تاماق قىلىنىدىغان دان: دانلىق ئاشلىق. * ئىشلەپچىقىرىش دۆيىمىز يازلىق يىغىمدىلا 200 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزدى. ② سۈپ. ئاش بولىدىغان، ئاشقا يېتىدىغان (ئالدىغا ساناق سان ئېلىپ كەلگەندە): ئۆيدە ئاران بىر ئاشلىق ئۇن قالغانىكەن، شۇڭا ئازراق ئۇن تارتىپ كېلەي دەپ ماڭدىم.

**ئاشلىق - تۈلۈك** ئاشلىق، ۋە باشقا يېمەكلىكلەر: ئۇلارنىڭ ئاشلىق - تۈلۈكىمۇ تۈگەپ قالدى.

**ئاشلىق - تۈلۈكسىز** ئاشلىق - تۈلۈكى يوق، ئاشلىق - تۈلۈكى قالمىغان: ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى ئاشلىق - تۈلۈكسىز قالدى.

**ئاشلىما** ئى. دىيال. تېرە جۇۋا، ئۆڭ جۇۋا، ئەستەرسىز، تېشى يوق جۇۋا.

**ئاشلىماق** پ. تېرىنى مەخسۇس تېرە ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان ئاشقا سېلىپ پىشۇرماق: ھەممىلا يەردە جەرەن، تۈلكە، توشقانلارنىڭ چالا ئاشلانغان تېرىلىرى تۇراتتى.

**ئاشماق** پ ① مىقدار ياكى ھەجىم جەھەتتىن كۆپەيمەك؛ ئۆسمەك، ئارتماق: ئۇنىڭ شەخسىي چارۋىسى 100 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. ② مەلۇم بىر پەيت، ۋاقىت چېكىدىن ئۆتۈپ كەتمەك: ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى. ③ مال باھاسى ئۆسمەك، نەرخقە نەرخ قوشۇلماق: ئۇنىڭ باھاسى ئەسلىي باھاسىدىن 70 يۈەن ئېشىپ كەتتى. ④ كۈچەيمەك، زورايماق: ھەۋىسى ئاشتى. غېمىم ئاشتى. غەيرىتى ئاشتى. ⑤ تاكامۇللاشماق، مۇستەھكەملەنمەك، ياخشىلانماق؛ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك: ئۇنىڭ لاۋازىمات خىزمىتىگە بولغان ئىشتىياقى ئاشاتتى. ⑥ بىرەر جەھەتتىن ياكى بىرەر ساھەدە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتمەك، باشقىلارنى ئارقىدا قالدۇرماق: يېزىمىزنىڭ چارۋا مەھسۇلاتى قوشنا يېزىلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئېشىپ كەتتى. ⑦ مەلۇم بىر توساق، چېگرا ياكى نىشانلانغان جايدىن ھالقىماق: داۋاندىن ئاشماق. * يالغۇز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار (ماقال).

**ئاشمانتا** ئى [ئاش + مانتا] دەملەشتىن بۇرۇن ئۈستىگە مانتا تىزىپ، مانتا بىلەن بىللە دەملەپ پىشۇرۇلىدىغان پولۇ؛ ئۈستىگە پېتىر مانتا بېسىلغان پولۇ.

**ئاشنا** ئى [پ] ① دوست، يار - بۇرادەر ؛ تونۇش - بىلىش: مەن ئۇ كۈنلەرنى كىتابنى يار، تەتقىقاتنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆتكۈزمىگەن بولسام، بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمىغان بولاتتىم. ② ئادىشى، ئويىنىشى: ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما (ماقال).

**ئاشنا بولماق** ① دوست بولماق، ئىشتىياق باغلىماق: ۋەتىنىم باغىڭدا سايراپ بۇلبۇلى شەيدا بولاي، ھەردىمى سايراشقا گۈلزارلار ئارا ئاشنا بولاي. ② ئاداش تۇتماق، ئويناش تۇتماق، ئاشنا تۇتماق: مەن يارىمغا ئالما ئاتسام، ماڭا تاش ئاتتى. بىۋاپاكەن ئاشنا بولسام، تاشلىدى كەتتى.

**ئاشنا تۇتماق** ① دوست تۇتماق، ئاغىنە بولماق، ئىشتىياق باغلىماق. ② ئاداش ئويناماق، ئاداش تۇتماق.

**ئاشنالىق** ئى. ئاشنا بولۇش، ئاشنا تۇتۇش، ئاشنىغا ئىشتىياق باغلاش، ئاداش تۇتۇش، ئويناش تۇتۇش، ئاشنىلىق بولۇش: ئىچەي مەن قەترە قويماي تەشنالىقتىن، ۋاپايۇ مېھىر، دوستقا ئاشنالىقتىن.

**ئاش - نان** ئاش ھەم نان ۋە شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەر: ئىگە بولدۇق ئۆي - جايغا، قورساق تويدى ئاش - نانغا. يۇزمىڭ رەھمەت بالىلىرىم، يېڭى ئازاد زامانغا.

**ئاشنىدارچىلىق** ئى. ئاشنا ئويناش، ئاشنىلىق مۇناسىۋەت: ئۇ ھەم تېرسانى ئازابلاشنى خالىمايدۇ، ھەم ئەركىن ئاشنىدارچىلىقتىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ.

**ئاشنىسىز** سۈپ ① دوست، يار - بۇرادىرى يوق، دوست، يار - بۇرادەر تۇتمىغان. ② ئادىشى، ئويىنىشى يوق، ئاشنا تۇتمىغان.

**ئاشنىلىق** سۈپ. ئاشنىسى، ئويىنىشى بار، ئاشنا تۇتقان.

**ئاش - ئوزۇق** ئاشلىق - تۈلۈك، ئاش ھەم شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەر: يوق ئىدى ھېچكىمدە زاپاس ئاش - ئوزۇق، ئاچلىقنىڭ خەۋپىنى قانداق قىلغۇلۇق؟

**ئاشوت** ئى. دىيال. ئاش - پاش، ئاش - ئوزۇق، ئاش - تاماق.

**ئاشۇ** ئال [ئاۋۇ + شۇ] سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان يىراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ: ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىزنىڭ يېزا.

**ئاشۇرما** سۈپ. ئاشۇرۇلغان، كۈچەيتىلگەن، زورايتىلغان: سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى.

**ئاشۇرماق** «ئاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىرىنچى پەسىلدە گىلەم توقۇش ۋەزىپىسىنى 44 پىرسەنت ئاشۇ-

رۇپ ئورۇنلىدى.

**ئاشۇرۇشماق** «ئاشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاشۇرۇغى** سۈپ. دىيال. ئاچ كۆز، تويماس.

**ئاشۇرۇلماق** «ئاشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

**ئاشۇنچە** ئال [ئاۋۇ + شۇنچە] شۇ مىقداردىكى.

**ئاشۇنچىلىك** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى ؛ شۇ دەرىجىدىكى: يولداشلار، ئاشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ پەش قىلىپ ئولتۇرامسىلەر؟

**ئاشۇنداق** ئال [ئاۋۇ + شۇنداق] ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن نەرسىگە ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش: گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىمۇ خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

**ئاشۋاقتى** ئى [ئاش + ۋاقتى] كۈن بىر ئاز كۆتۈرۈلگەن، ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىغان مەزگىل، ۋاقىت: ئۇ خېلى ئوخشىغان بەسىيلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى چىۋىق بىلەن ئوراپ باغلاپ بولغۇچە ئاشۋاقتى بولغانىدى.

**ئاشىپتە** سۈپ [پ] يېزت. مەپتۇن بولۇپ قالغان، ئەس-ھوشىدىن ئاداشقان ئاشىق، شەيدا ؛ پەرىشان: ساڭا ئاشىپتە بولدۇم بىر كۆرۈپ ھەم ئەقلىدىن ئازدىم، مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر «ساراڭ!» دەپ ئېيتمىدى بىكار.

**ئاشىق** ئى [ئە] ① بىراۋنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالغان، مۇھەببەت قويغان كىشى: ئاشىققا باغداد يىراق ئەمەس (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى: گۈلگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن، گۈل تېرىدىم كۆڭلۈم بېغىغا. ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىدىم تۇپراق، تومۇرۇمنى چېتىپ شېخىغا. ③ تەركىدۇنيا ھالدا بارلىقىنى خۇداغا بېغىشلىغان، كۆپىنچە ئىبادەتخانىلاردا يېتىپ-قوپىدىغان، چاچ-ساقاللىرى ئۆستۈرۈلگەن كىشى، دەرۋىش: «يەتتە ئاشىق» بەلكى بىلمەس ئېركى بىر ئوت مەندە بار، مۇنچە سەن ھۆسنۈڭگە مەغرۇر... مۇنچە كىبرىڭ سەندە بار.

**ئاشىق بولماق** بىراۋنى، بىر نەرسە ياكى كەسىپنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالماق، مۇھەببەت قويماق، مۇھەببەت باغلىماق: قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولار (ماقال). * خەلىپە شۇ كۈندىن باشلاپ، شەمشىنۇرغا ئاشىق بولۇپتۇ. * قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە. بىرنەچچە زامان بولدى، ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

**ئاشىقانە** رەۋ [ئە + پ] ئاشىقلارغا ئوخشاش، ئاشىقلاردەك، ئاشىقلارچە: كېنىزەك بۇ ئاشىقانە ناخشىسىنى ئېيتىپ بولۇشى بىلەنلا ئەلى ئىبنى بەككار «ئاھ» ئۇرۇپ يىغلاپتۇ.

**ئاشىقلىق** ئى. ئاللاغا، بىرەر كىشىگە ياكى نەرسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئىنتايىن ئامراقلىق: ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس (ماقال). * دىلمۇرادنىڭ زېرەكلىكى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىشكە ئاشىقلىقى مېنى ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىنلاشتۇرغانىدى.

**ئاشىق-مەشۇق** بىر-بىرىنى سۆيگەن، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن (يىگىت بىلەن قىز، ئەر بىلەن ئايال): شاھزادە ۋە پەرىزات بىر-بىرى بىلەن ھەقىقىي ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپتۇ.

**ئاشىيان** ئى [پ] يېزت. قۇش ئۇۋىسى، ئىن.

**ئاشىيانە** ئى [پ] بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتى، يۇقىرى قەۋەتتىكى خانا: دىلنىڭ قايغۇغا چۆككەندە، غۇرۇرنىڭ كەپتىرى بولغىن، خۇشاللىق ئاشىيانىدۇر، جىمىنىڭ كەمتىرى بولغىن.

**ئاغ** ئى. ئىشتاننىڭ ئىككى پاچىقى چېتىلغان جاي.

**ئاغشىماق** پ. دىيال. خالىماق، ئىختىيار قىلماق.

**ئاغا** I ئى ① ئاكا: بىز ئاغا-ئىنى ئۈچىمىز ئۈچ خىل خاراكتېرگە ئىگە ئىدۇق، شۇڭا ئاقىۋەتمۇ ئۈچ خىل بولدى. ② ئۆزىدىن چوڭ، تۇغقاندەك يېقىن، قەدىردان كىشى: كېتەيلۇق ئاغا-ئىنىلار، ئامانلىققا بەل باغلاپ. ③ تارس. ئەلنىڭ، يۇرتنىڭ كاتتىلىرى، چوڭلىرى، ھاكىملىرى: ئاغا بەگلەر جاۋاب بەردىم، بۇگۈن ئاخىر زامان دەڭلار، ئارمان بىلەن بەندە بولدۇم، بەگلەر سورىسا ئامان دەڭلار. ④ <تارىخ> مۇھىم ياكى ئالاھىدە بولغان قورۇلۇش-ئەسلىھەلەرنى باشقۇرغۇچى خادىم، باشقۇرغۇچى: ئىشىك ئاغىسى. ھەرەم ئاغىسى.

**ئاغا** II ئى. دىيال. يۇرت چوڭى، ئاقساقال، ھاكىم؛ سەردار: ئاغاسىز ئەل بولماس، ياقاسىز تون (ماقال).

**ئاغاداش** ئى. دىيال. يېقىن كۆرگەن تەڭتۇش كىشىسىنى چاقىرغاندا ئاتاپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

**ئاغالماق** پ. دىيال ① ئىزھارلىماق، بېغىشلىماق. ② كۈيلىمەك: ۋەتەننى ئاغالماق. ③ بەزلىمەك، گوللىماق: كېتەدىمەن ئەسكى تارىم ياقالاپ، يۇرۇيدىمەن دەردىمنى ئاغالاپ.

**ئاغامچى** مىق. دىيال. ئۆزۈنلۇق بىرلىكى: ئاتمىش ئاغامچى.

**ئاغا-ئىنى ← ئاكا-ئۇكا.**

**ئاغداما** ئى. دىيال. موللاقچى ھارۋا، توپا ئاغدۇرىدىغان ھارۋا.

**ئاغدۇرما** سۈپ. ئاغدۇرۇلغان، ئۆرۈلگەن ؛ تەتۈر: ئاغدۇرما ھارۋا. * ئۇ ئاغدۇرما ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن ناسۋال چاقچىسىنى ئېلىپ ئالقىنىغا دوملىدى.

**ئاغدۇرماق** ① «ئاغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن دەرھال كۆزۈمنى ئابدۇللاغا ئاغدۇردۇم. ② كۆچمە. ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ياكى يۇقىرى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىماق، چۈشۈرمەك، يىقىتماق: 1830-يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە پارىژدا ئىنقىلاب پارتلاپ، بوربون سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ③ ئۈستىگە يۈكلەنگەن، تېڭىلغان گۇناھ، جىنايەتنى يوققا چىقارماق: دېلو ئاغدۇرماق.

**ئاغدۇرمىچى** ئى ① بىرەر ھاكىمىيەتنى غۇلىتىش ياكى بىر مەنسەپدارنى مەنسىپىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى. ② پۇرسەتپەرەس.

**ئاغدۇرمىچىلىق** ئى. بىرەر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىش-پائالىيەت.

**ئاغدۇرۇشماق** «ئاغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاغدۇرۇلماق** «ئاغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي دىكتاتۇرا جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

**ئاغرىتماق** «ئاغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار (ماقال).

**ئاغرىتىشماق** «ئاغرىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەي بالىلار تولا غەلۋە قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتىشمىساڭچۇ؟

**ئاغرىشماق** «ئاغرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاغرىق** ① ئى <تىب> كېسەللىنىش، چارچاش ياكى جاراھەتلىنىش نەتىجىسىدە سېزىلگەن جىسمانىي ئازاب: ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا (ماقال). ② سۈپ. ئاغرىغان، كېسەل بولغان: ئاغرىق بالا. ③ ئى. بىمار، كېسەل، ساقسىز كىشى: تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى، ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى ياخشى (ماقال). ④ ئى. كۆچمە. روھىي ئازاب، دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت: يار مەھەللىسى يىراق ئەمەس يولى بارمىغان، يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم دورا بارمىكىن.

**ئاغرىقچان** سۈپ. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل تارتقان؛ كېسەلمەن: ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يالغۇز بىرلا بالا بولۇپ، ئاپىسى ئاغرىقچان، دادىسى قېرى ئىدى.

**ئاغرىقسىز** سۈپ. ئاغرىق يوق، ئاغرىق بولمىغان، ساق: ماماتسىز ھايات، خارابسىز پاراق، ئاغرىقسىز ساقلىق، ئازابسىز ئارام — بەختتۇر.

**ئاغرىق ـ سىلاق** كېسەل، بىمار: يېزىدا كىشىلەر نامازدىن كېيىنلا ئالدى بىلەن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاغرىق ـ سىلاق ۋە ياشانغانلارنى يوقلاپ، كۆڭۈل سورايتتى.

**ئاغرىماق** پ ① كېسەل بولماق، بىرەر كېسەلگە يولۇقماق: ئادىل ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى. ② كېسەل بولۇش، جاراھەتلىنىش ياكى چارچاش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بەدەننىڭ بىرەر جايى ئازابلانماق: قېيىر ئاغرىسا، جان شۇ يەردە (ماقال).

**ئاغرىنماق** پ ① رەنجىمەك، نارازى بولماق، خاپا بولماق: مېھرىبان ئەزىزنىڭ پۇتىنى كېسىشكە ئۇنئايلىقچە كۆنمەيدۇ ۋە بۇ ئىشتا سۇلتاندىن ئاغرىنىدۇ. ② چىدىماسلىق قىلماق: سەمەت نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆزىنىڭ قورسىقىغا بىرەر جىڭ گۆش ئېلىپ بېيىشكىمۇ ئاغرىنىدۇ.

**ئاغرىنىشماق** «ئاغرىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گەرچە نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشسىمۇ، ئەمما بۇ ياخشى كۆرۈشنى قانداق تەرزدە، مۇۋاپىق ئىپادىلەشنى ئۇقمايدۇ، بىر ـ بىرىدىن ماڭا كۆڭلى يوق، دەپ ئاغرىنىشىدۇ.

**ئاغزاق** ئى. پۇتلىرى ئاق، تۇمشۇقى، كۆزىنىڭ چۆرىسى ئاقۇچ ئات.

**ئاغزاكى** سۈپ. نوتۇق جەريانىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان، يازما ئەمەس: ئاغزاكى ئىمتىھان. ئاغزاكى جاۋاب.

**ئاغلاقچى** ئى ① ھەيدىگۈچى، سۈيلىگۈچى، نازارەتچى: ئاغلاقچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى يەتتە يۈز سەر كۆمۈش بولۇپ، يىلدا يەنە ئىككى يۈز سەر كۆمۈش ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلەتتى. ② چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى.

**ئاغلىق** ئى. دىيال. تامبال، كالتە ئىشتان.

**ئاغما** ئى <مات> تۈز سىزىق ياكى بىر تەكشىلىك بىلەن ئۆز ئارا كېسىشكەن، ئەمما ئۇنىڭغا تىك بولمىغان تۈز سىزىق.

**ئاغماق** پ ① بىرەر تەرەپكە يېتىپ قىيا ھالەتكە كەلمەك، قىيسايماق: ھارۋىدىكى يۈك سول تەرەپكە ئېغىپ ھارۋا ئۆرۈلۈشكە باشلىغاندا، ھارۋىكەش ھارۋىنى دەرھال توختاتتى. ② توغرا يولدىن ياكى بەلگىلىك يۆنىلىشتىن چەتنىمەك، چەتكە چىقماق: ئايروپىلان ھاۋا يولى يۆنىلىشىدىن ئاغدى. ③ كۆچمە. غەلىتە، بىر قىسما بولماق: نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم بىردىنلا ئېغىپ، سارا سىمگە چۈشۈپ قالدىم. ④ بىرەر تەرەپكە يۆنەلمەك، قارىماق: ئاغدى كۆزى، كۆردى ئۇندىن تال ـ تال دورىنى، كۆردى ئوماق جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان يارىنى. ⑤ كۆچمە. بىر تەرەپكە ئۆتمەك، يۆتكەلمەك، مايىل بولماق، يان باسماق: ھازىرقى زاماندا كەم ئەمەلدار بولسا كىشىلەر شۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئۇنىڭغا ئاغىدۇ. ⑥ ئۆرۈلمەك، كۆتۈرۈلمەك، چىقماق: بۇلۇت ئاغماق. داۋانغا ئاغماق.

**ئاغمىچى** ئى ① گېپىدە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، مەيدانسىز، ئىرادىسىز ئادەم، ئىككى يۈزلىمچى: — ئەمدى تېخىمۇ تۇتۇرۇقسىزلاشتىڭ، بىردەمدىلا ئىنقىلابچى، بىردەمدىلا ئاغمىچى! — دەپ ئاچچىقلاندى سۇلتان راخمانغا. ② باش يولدىن، توپ نىشاندىن چەتنىگەن، يۈز ئۆرۈگەن ئادەم: ئوڭ ئاغمىچى. ئوڭ ئاغمىچىلار گۇرۇھى.

**ئاغمىچىلارچە** رەۋ. ئاغمىچىلارغا ئوخشاش، ئاغمىچىلاردەك: ئۇلار بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئاغمىچىلارچە پىروگراممىسىنى ئاساسىدا قوشۇلۇشقا قەتئىي قارشى تۇرغان.

**ئاغمىچىلىق** ئى. توغرا نىشان ۋە توپ يولدىن ئېغىش؛ مەيدانسىزلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، ئىرادىسىزلىك: ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال ئاغمىچىلىقى.

**ئاغمخان** ئى <زوئول> بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بەدىنى كىچىك، ئۇزۇنراق، پۇتلىرى قىسقا بولىدۇ؛ قۇيرۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، رەڭگى ئاق ياكى سېرىق بولىدۇ.

**ئاغۇ** ئى ① يېزىت. ئوغا: پىغان بىلەن ھەسرەت چۈشتى باشىمغا، بىر يېتىممەن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمغا. ② ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**ئاغى** ئى. ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال، باھانە؛ سەۋەب: ئاغى قىلماق. * ئۇ سوغۇق ۋە ئاچلىقتا ئاغى بولارمىكىن دەپ ئويلىدى بولغاي، تاماكا چەكمەكچى بولدى.

**ئاغى قىلماق** ① ئۇسۇل ـ چارە تاپماق، ئامال قىلماق، تەدبىر قىلماق؛ باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەك: شۇ قېتىمقى ھاشارغا بارماسلىقنىڭ خىلى ئاغىسىنى قىلىپ باقسامۇ مۇمكىن بولمىدى. ② دالدا بولماق، ئارا بولماق.

**ئاغىچا** ئى ① كونا جەمئىيەتتە باي، بەگ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئايال خىزمەتچى: ۋاڭ ۋە شاھزادە ئۈچۈن ئىككىدىن ئات قوشۇلغان پوچتا، خېنىم ۋە ئاغىچىلار ئۈچۈن چىلان رەڭ دۇخاۋىدا تاشلانغان پەنجىرىلىك مەپە تەييار قىلىندى. ② بىراۋغا نىكاھلانغان، بىراۋ بىلەن توي قىلغان ئايال؛ خوتۇن: (باست) — باشقا ئاغىچىلىرى شەرۋانىمىنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمايدۇ دەيمەن، — دېدى شاھ ئېيۋغا. ③ قازان يۇغۇچ.

**ئاغىچا خېنىم** كونا جەمئىيەتتە باي، بەگ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمەت نامى.

**ئاغىچام** ئى ← **ئاغىچا.**

**ئاغىچە** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۈچتىن يەتتىگىچە يېرىلىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، مېۋىسى ئۇزۇن، تورلىشىپ كېتىدۇ، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئائىلىلەردە قازان يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئاغىچىلىق** ① ئى. ئاغىچا بولۇپ ئاغىچىلاردەك تۇرمۇش

كەچۈرۈش، ئاغىچىغا ئايلىنىش: شەرۋانەمگە ئاغىچىلىق قالتىس يارىشىپتۇ. ② سۈپ. ئاغىچىسى بار، ئاغىچىغا ئىگە: ئاغىچىلىق ئادەم بويتاق يىگىتلەردەك باشقىلارغا كۆز سېلىپ يۈرسە ياراشمايدۇ.

**ئاغىچىيۇغۇچ** ئى [ئاغىچە + يۇغۇچ] <بوت> → **ئاغىچە.**

**ئاغدىماق** پ. قېيىدىماق، يامانلىماق؛ باتىنماق: ئۇ خېلى بولدى بىز تەرەپكە ئاغداپ كەلمەيۋاتىدۇ.

**ئاغىز (ئاغزى)** ئى ① ئىككى لەۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلىنىدىغان، سۆزلەش ياكى ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بوشلۇق: دېۋە ئاغزىنى ئېچىپ، قىزغا ھۇجۇم قىلدى. ② ئىككى لەۋ ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ تۇرغان جايى، ئەتراپى: ئاغزىغا سۆيۈپ قويماق. ③ كۆچمە. سۆزلىگۈچى كىشى؛ ئادەم: كۆپ ئېغىز بىر بولسا، بىر ئېغىز يېگىلىدۇ (ماقال). ④ ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئېتىلىپ چىقىدىغان تۆشۈكى: مىلتىق ئاغزى، زەمبىرەك ئاغزى. ⑤ ئىچى بوش، كاۋاك بولغان نەرسىلەرنىڭ كىرىش-چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جايى، تۆشۈكى: قۇدۇقنىڭ ئاغزى. تاغارنىڭ ئاغزى. * قىشلىق كۆكتات ئورىسىنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئورىدىكى كۆكتاتلار مۇزلاپ قالدى. ⑥ مەلۇم جاينىڭ باشلىنىش، كىرىش-چىقىش جايى: كوچا ئاغزى. * بىز ئىككىمىز بازار كۈنى شەھەر كوچىسىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كېلىشىمىزگىلا توخۇ-تۇخۇم سېتىۋالىدىغانلار ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

**ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي** توختىماي، ئۈزۈلدۈرمەي، ئارقا-ئارقىدىن: ئۇ كىشى تورپاقنىڭ قوۋۇرغىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

**ئاغزى باتۇر** ھېچكىمگە رىئايە قىلماي ۋە ھېچكىمدىن ئەيمەنمەي سۆزلەۋېرىدىغان، گېپى چوڭ؛ ئاغزىدا بار، ئەمەلىيىتى يوق: ئاغزى باتۇر ئادەم.

**ئاغزى بار** سۆزلىيەلەيدۇ، سۆز قىلىشنى بىلىدۇ: ئۇكا، بايقاپ سۆزلە، خەقنىڭمۇ ئاغزى بار ئەمەسمۇ؟

**ئاغزى بارماسلىق** سۆزلەشكە پېتىنالماسلىق، جۈرئەت قىلالماسلىق: مەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، جاۋابلىشىشقا ئاغزىم بارمىدى.

**ئاغزى بوش** قورسىقىدا گەپ ياتمايدۇ، سىر ساقلىيالمايدۇ: مەنسۇرنىڭ چۈشەنچىسىچە، ئۇ ئاغزى بوش يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى.

**ئاغزى-بۇرنى قان قىلماق** ئەجەللىك زەربە بەرمەك، قاتتىق ئەدىپىنى بەرمەك: خەلق تەرىپىدىن ئاغزى بۇرنى قان قىلىنغان زومىگەرلەرنىڭ كۈنى قېيىنلاشماقتا ئىدى.

**ئاغزى بىزەپ** سەت، يامان گەپ قىلىدىغان: ئاغزى بىزەپ ئادەم.

**ئاغزى بىسەرەمجان** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدىغان: ئاغزى بىسەرەمجان ئادەم.

**ئاغزى پىششىق** → **ئاغزى چىڭ:** ئۇ بەك ئاغزى پىششىق ئادەم.

**ئاغزى تەگمەك** ئاش-تاماق، يېمەك-ئىچمەكنى يەپ باقماق، تېتىپ كۆرمەك: — بۇ قوغۇنغا تېخىنىكىنىڭمۇ ئاغزى تەگسۇن، — دېدى زەينەپ.

**ئاغزى تۇۋاقلانماق** گەپ-سۆزدە داۋلى تېپىپ بېرەلمەي مات بولماق، توسۇلۇپ قالماق: ئەمدىغۇ ئۇنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانغاندۇ؟ دەپ ئويلىۋىدىم. ئەمما، ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئاغزى چاققان** → **ئاغزى ئىتتىك:** ئۇنىڭ يېنىدا شۇنداق ئاغزى چاققان، بىرنى سورىسا ئوننى جاۋاب بېرىدىغان بىر يالاقچى بار ئىدى.

**ئاغزى چىڭ** گەپنى ئىچىدە چىڭ ساقلايدىغان، ئاڭلىغان، كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئاسانلىقچە باشقىلارغا ئېيتمايدىغان: — ئاغزىڭلا چىڭ بولسا، بۇ ئىشتىن مەسىلە چىقمايدۇ، — دېدى ھاشىم بىزگە جېكىلەپ.

**ئاغزىدىن بۇلاق قىلماق** قاتتىق تۇۋا قىلدۇرماق: ئۇنى كۆپچىلىك ئارىغا ئېلىۋېلىپ، شۇ ئىشنى قىلغىنىغا ئاغزىدىن بۇلاق قىلدۇۋەتتى.

**ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىك** ① دائىم ئەسلەپ ياخشى گېپىنى قىلىپ تۇرۇش: ھەممىمىز ئۇنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيتتۇق. ② تەكرارلاپ ئېيتماق: بوۋاق ئۆگەنگەن بەش سۆزنى ئۆيگە بارغۇچە ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي يادلاپ ماڭدىم.

**ئاغزىدىن چىقىپ كەتمەك** تۇيۇقسىز، ئېسىدە يوق دەپ تاشلىماق: ئۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم.

**ئاغزىدىن سائەت چىقماق** دېگىنى كەلمەك: ئۇنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەنمۇ نېمە، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولۇپ چىقتى.

**ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماق** ① تەمەخورلۇق قىلماق، نەپسى تاقىلدىماق. ② ھەددىدىن ئارتۇق ماختىماق، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشامەت قىلماق.

**ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقماق** كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە لولىلىق، ھېيلىگەرلىك قىلماق؛ ئۇستىلىق قىلماق: ئۇ باشلىقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ، ئوڭايلا ئۇنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىۋالدى.

**ئاغزىنى بۇزماق** يامان گەپلەرنى قىلماق، تىللىماق، ھاقارەتلىمەك: نېمە ئاغزىڭنى بۇزىسەن؟

**ئاغزىنى تاتىلىماق** سىرنى بىلىش ۋە رايىنى سىناش مەقسىتىدە بىراۋنى گەپكە سالماق: مەن ئاخىر ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم.

**ئاغزىنى تۇۋاقلىماق** بىراۋنى سۆزدە، داۋلىدا يېڭىپ ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويماق: ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزنىڭ ئاغزىمىزنى تۇۋاقلىغانىدى.

**ئاغزىنى غېرىچلىماق** بىلەرمەنلىك قىلىپ گەپكە ئارىلاشماق، ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن گەپ تالاشماق: تولا ئاغزىمنى غېرىچلىماي ئىشىڭنى قىلە.

**ئاغزىنى يامان قىلماق** → **ئاغزىنى بۇزماق:** — ئاپا، — دېدى ئوغلى، — قارىغىنا ئۇ ئاغزىنى يامان قىلىۋاتىدۇ.

**ئاغزىنى يۇمماق** سۆزلىمەي جىم تۇرۇۋالماق، سۆزلەشتىن توختىماق: دادىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلدى.

**ئاغزىنى يىغماق** → **ئاغزىنى يۇمماق:** — ئەمدى ئاغزىڭنى يىغساڭ بولارمىكىن، — دېدى مامۇتئاخۇن ئوغلىغا.

**ئاغزى ئېچىلماق** سۆزلەشكە باشلىماق، گەپكە چۈشمەك: بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، يەنە ئوغلىنى ماختاشقا باشلىدى.

**ئاغزى ئېچىلىپ قالماق** بىرەر ئىش ياكى گەپ-سۆزگە ھەيران قالماق، ھاڭ-تاڭ بولماق.

**ئاغزى ئىتتىك** ئويلىماي سۆزلەيدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى يۈز-خاتىر قىلماي دەيدىغان: — ئاغزىڭ ئىتتىك-تە بالام، —

دېدى دادىسى غۇلامغا، — ھېلىقى گەپنى ئۇ يەردە دېمەسلىك كېرەك ئىدى.

**ئاغزى يامان** ← **ئاغزى بۇزەپ:** ئاغزى يامان خوتۇن.

**ئاغۇشتە بولماق** دىيال. ئارىلاشماق: تۇپراققا ئاغۇشتە بولدى.

**ئاغۋات** ئى. ئوردىدا خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاختا قىلىنغان ئەر.

**ئاغىدىماق** پ. دىيال. قىيدىماق، يامانلىماق.

**ئاغىل - تاغىل** ھەر خىل، ھەر ياڭزا ياكى ئېگىز - پەس، قالايمىقان چىققان ئاۋازنى سۈپەتلەپ ئېيتىلىدىغان سۆز: ئۇلار ئاغىل - تاغىل سۆرەن سېلىشىپ كىرىپ كەلدى. * ئۇلار ئاغىل - تاغىل ئاۋاز بىلەن جىرلىشىپ، بىزدىن يىراقلاشتى.

**ئاغىنە** ئى [ئاغا + ئىنى] بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان دوست، ئاداش، بۇرادەر: مەن يېزامغا كەلگەن كۈنىلا بۇرۇن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئاغىنەم بەختىنى سورىدىم.

**ئاغىنىدارچىلىق** ئى. ئاغىنىلەر ئارا دوستانە مۇناسىۋەت، ئىناقلىق، دوستلۇق: بىز ئاغىنىدارچىلىقنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتمىگەن بولساق، ئوغلىڭىز بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

**ئاغىنىلىق** ئى ← **ئاغىنىدارچىلىق.**

**ئافرىقا** ئى [ئە] <جۇغ> ئافرىقا قىتئەسى. يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان؛ شىمالىي تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىز، جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپاغا، شەرقىي شىمالى قىزىل دېڭىز، سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئاسىياغا تۇتىشىدۇ؛ غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيان، شەرقىي تەرىپى ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدۇ؛ پۈتۈن قىتئەنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 30 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، دۇنيادا ئاسىيادىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ.

**ئافرىقىلىق** ئى. ئافرىقا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەم شۇ يەردە ياشايدىغان كىشى: ھازىر ئافرىقىلىقلارنى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىمۇ يات - پاتلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**ئافغان** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئافغانىستاننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ: ئافغان خەلقى.

**ئافغانچە** ① رەۋ. ئافغان تىلىدا، ئافغان يېزىقىدا ياكى ئافغان تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ: بۇلارنىڭ ئىچىدە ئافغانچە سۆزلىشىدىغانلار بار ئىدى. ② ئى. ئافغان تىلى ياكى يېزىقى: ئۇ ئافغانچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ سۈپ. ئافغانلارغا خاس، ئافغان خەلقىگە ئائىت: ئافغانچە كىيىم. // ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئافغانچە كىيىنىپ يۈرەتتى.

**ئافغانلار** ئى < ئىرق > ئافغانىستاننىڭ تۈپ ئاھالىسى، ئافغان خەلقى.

**ئافغانى** ئى. ئافغانىستاننىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئافىي** ئى [ئىنگ] غەلىتە، ئۆزگىچە كىيىنگەن، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى باشقىچە ئادەم؛ لۈكچەك.

**ئاق** ① سۈپ. پاختا، قار ياكى سۈت رەڭدىكى؛ قارىنىڭ ئەكسى: ئاق خەسە. ئاق ئۇن. ئاق قەغەز. * ئۇلارنى ئاق خالاتلىق، چىرايلىق بىر قىز ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالدى. ② سۈپ. سىرتى، كۆرۈنۈشى ئاق رەڭگە مايىل: ئاق يۈزلۈك، ئاق بىلەك. ئاق ئالما. ③ سۈپ. خەت يېزىلمىغان؛ زىرائەت تېرىلمىغان؛ بىكار، بوش: ئاق بەت. * ئۇنىڭ يېرى تېرىلماي ئاق قالسا ئەپلەشمەس، بىز ئىشلەپ قويساق دەيمەن. ④ سۈپ. پاك، گۇناھسىز: ئوغرى ئۆلگۈچە ئاقمەن دەپ تۇرار (ماقال). ⑤ ئى. توغرا، ياخشى ئىش، ھەقىقەت: ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلماق. ⑥ ئى. ئاقارغان تۈك، موي؛ چاچ ۋە ساقالنىڭ ئاقارغان قىسمى: چاچنىڭ ئېقى. * ساقىلىڭىزنىڭ ئېقى بار، باللىقىڭ تېخى بار. ⑦ ئى. كۆزنىڭ قارىچۇقىنى ئوراپ تۇرغان تىنىق رەڭ قىسمى: كۆزنىڭ ئېقى. ⑧ ئى. بەزى كېسەللىك نەتىجىسىدە كۆز قارىچۇقىدا پەيدا بولغان ئېقىش داغ پەردە: كۆزگە ئاق چۈشمەك. ⑨ ئى. تۇخۇمنىڭ ئاقسىل ماددىسى: تۇخۇمنىڭ ئېقى. ⑩ سۈپ. سۇس، ئاققا مايىل: ئاق يېشىل، ئاق سېرىق. ⑪ ئى. ئۆلۈم - دەپنە ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئىگىلىرى ماتەم تۇتۇپ باغلايدىغان ئاق رەخت: مەرھۇمنىڭ يالغۇز قىزى بېشىغا ئاق رومال چىگىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

**ئاق بۇغداچ** دىيال. بىر خىل كۆكتات.

**ئاق پوستەك** قوغۇننىڭ بىر تۈرى، رەڭگى قاپاققا ئوخشايدۇ.

**ئاق پۇسمىلاق** ئاق پىشماق، رەڭگى ۋە ھالىتى ئاق ھەم دوغىلاق: ئايخاننىڭ ئاق پۇسمىلاق يۈزى گۈرەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

**ئاق پېجە** پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن تەڭ قىلىپ تىكىلگەن ئايالچە پىرىجە.

**ئاق تاپان** دىيال. ئالدامچى، قويمىچى.

**ئاق تاشلىق كىتاب** بەزى دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت ياكى پارلامېنتنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلغان سىياسىي، دىپلوماتىيە، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھۆججەتلىرى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇقاۋىسى ئاق بولغاچقا «ئاق تاشلىق كىتاب»دەپ ئاتالغان.

**ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك** ئالاقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزمەك، ئادا - جۇدا بولماق.

**ئاق تەنلىكلەر** <ئىرق> دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى، تېرىسى ئاق، چېچى يۇمشاق ھەم دولقۇنسىمان، قاڭشارلىق كېلىدۇ، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرى ۋە ئاسىيانىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا ياشايدۇ.

**ئاق توغاچ** توغاچنىڭ بىر تۈرى.

**ئاق تومۇر** نېرۋا تومۇر.

**ئاق تۇماق** ئاق تېرىگە زەي تۇتۇپ تىكىلگەن تۇماق.

**ئاقتىن ئاق، سېرىقتىن ساق** ساپ، پاك، ھېچقانداق.

**ئاق چاپان** قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى.

**ئاق چاڭگاك** دىيال. ئوغرىتىكەن.

**ئاق چاي** دىيال. ئەتكەن چاي، سۈتلۈك چاي.

**ئاق چوققا** چوقىسىدا ئېقى بار (قوي).

**ئاق چىراغ** دىيال. توي ئېشى.

**ئاق خۇن** <تېب> ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئىچىدىكى بالىياتقۇ بىلەن جىنسىي يولىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۈت

رەڭلىك ياكى سارغۇچ رەڭلىك يېپىشقاق سۇيۇقلۇق.

**ئاق دادا** دىيال. بوۋا.

**ئاق دىيان ئۆرۈك** دىيال. تۈكلۈك ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، مېۋىسى يوغان بولىدۇ.

**ئاق ساراي** ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ سارىيى. ۋاشىنگتوندىكى ئاق رەڭلىك بىر بىنا، ئادەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئاق شەبنەم** <ئاستر> يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ ئون بەشىنچى مەۋسۇمى بولۇپ، مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ياكى 9 ـ سېنتەبىر باشلىنىدۇ.

**ئاق قاپتال** گەپ كار قىلمايدىغان، گەپ ئۆتمەيدىغان، قاشاڭ، تەييارتاپ: ئۇ بىر ئاق قاپتال ئادەم.

**ئاق قار** <ئاستر> ① 24 ـ مەۋسۇمنىڭ 21 ـ مەۋسۇمى بولۇپ، مىلادىيە بويىچە 6 ـ، 7 ـ ياكى 8 ـ دېكابىردىن باشلىنىدۇ. ② قىش پەسلىدىكى مەۋسۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، يىڭچە 7 ـ، 8 ـ دېكابىردىن باشلىنىدۇ. بۇ مەۋسۇم «سېرىق قار» مەۋسۇمى بىلەن «قارا قىش» مەۋسۇمىنىڭ ئارىلىقىدا كېلىدۇ.

**ئاق كۆڭۈل** كۆڭلى تۈز، نىيىتى توغرا، باشقىلارغا يامانلىق ئىز دىمەيدىغان: ئاق كۆڭۈل ئادەم.

**ئاق ئوغۇت** جان ت. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

**ئاق ئۆپكە** ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئويلىماي سۆزلەيدىغان، ئالدىراپ ـ تېنەپ، قارىسىغىلا ئىش قىلىدىغان.

**ئاق ئۆرۈك** <بوت> رەڭگى ئاق سېرىق، پىشقاندا تېخىمۇ سۇزۇلىدىغان، تەمى بەك تاتلىق بىر خىل ئۆرۈك.

**ئاق ئۆي** كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ دالا ـ يايلاقلاردا تۇرىدىغان ئۆيى، ئادەتتە ئاق ئۆيلەر چېدىر شەكلىدە قۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئاق كىگىز يېپىلىدۇ، بەزىدە «قارا ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاقارتقۇچ** سۈپ. ئاقارتىدىغان، ئاقارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئاقارتقۇچ ماددا.

**ئاقارتقۇچى** ئى ① ئاقارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئۆي ئاقارتقۇچى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگۈچى، بىلىم ـ مەرىپەت بەرگۈچى، تەربىيەلىگۈچى.

**ئاقارتماق** «ئاقارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆينى ئاقارتماق.

**ئاقارتىش** ئى. بىلىم ـ مەرىپەت بېرىش؛ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش: ئۇ دەسلىپىدە خەلقنى ئاقارتىش كەسپىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ قىزغىن ئىشقا كىرىشكەنىدى.

**ئاقارتىشماق** «ئاقارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن ئاقارتىشتى.

**ئاقارتىلماق** «ئاقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتۇم ـ دە، ئالدىمدىكى ئاقارتىلغان رايون مەكتىپىگە قارىدىم.

**ئاقارماق** پ ① ئاق تۈسكە كىرمەك، ئاق تۈس ئالماق: چاچ ئاقارماق. ② ئۆڭمەك، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەك: تۇرسۇن كىيگەن كۆك چاپان ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ③ يورۇماق، يورۇق چۈشمەك، سۇزۇلمەك: تاڭ سۇزۇلۇپ يەر ـ جاھان ئاقىرىشقا باشلىدى ...

غاندا، ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. ④ كۆچمە. پاكىزلىماق، تازىلىماق، كىرىنى چىقارماق: كىيىم ـ كېچەك پاكىز يۇيۇلۇپ، كىرى تولۇق چىقىرىلسا ئاقىرىدۇ.

**ئاقئاش** ئى [ئاق + ئاش] ① ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرىدا ماتەم تۇتۇپ مۇسىبەتتە بولغانلارغا ۋە ئاق باغلىغانلارغا بېرىلىدىغان ئاش، تاماق. ② پولۇنىڭ بىر تۈرى. گۈرۈچنى قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ بىر قاينىتىپ سۈزۈۋېلىنىدۇ، ئاندىن سۈزۈۋېلىنغان گۆشنىڭ شورپىسىغا سەۋزە سېلىپ پىشۇرۇپ گۈرۈچ دەملىنىدۇ، كېيىن دەم يېگەن ئاشنىڭ ئۈستىگە باشقا قازاندا داغلانغان ياغنى چېچىپ، ئارىلاشتۇرۇپ لىگەنگە ئۇسۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش بېسىلىدۇ. ③ ئاق ئاشلىق (بۇغداي، گۈرۈچ): ھازىر بەزى يېزىلاردىكى دېھقانلار ئۆزلىرى ئاق ئاش يەپ، قارا ئاشنى ئۇلاغقا بېرىدىغان بولدى.

**ئاقئانام** ئى [ئاق + ئانام] <تېب> بوۋاق بالىلاردا بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسەللىكى. بالىلارنىڭ بەدىنىگە ئۇششاق ئاق قاپارتما بولۇپ چىقىدۇ، تېز ساقىيىدۇ.

**ئاقاۋا** ئى <سۇ> سۇ ھالقىپ ئۆتىدىغان توسما.

**ئاقەي ـ كۆكەي → ئاقىدى ـ كۆكىدى:** ئاقەي ـ كۆكەي دېمەك.

**ئاقبالداق** ئى. قازاندا قورۇپ پىشۇرۇلغان قوناق، قوماچ.

**ئاقپىشماق** سۈپ. تېنى ئاق، ئاق يۈزلۈك، ئاق چىراي: ئاقپىشماق بالا.

**ئاقتوزغاق** ئى [ئاق + توزغاق] ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەردە بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ئۈستىدە بىر قەۋەت ئاق توزغاققا ئوخشايدىغان نەرسە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك زىرائەتلەرگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ.

**ئاقتۇرما** ئى. دىيال. تۇرۇپ.

**ئاقتۇرماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەھرۇزنى سۇ باشقا بىر تەرەپكە ئاقتۇرۇپ كەتكەنىدى.

**ئاقتۇرۇشماق** «ئاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئۇنى تىرىك پېتى ساندۇققا سېلىپ، دەرياغا ئاقتۇرۇشۇپتۇ.

**ئاقتۇرۇلماق** «ئاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاقتىكەن** ئى [ئاق + تىكەن] <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. رەڭگى ئاق، تىكىنى ئۇزۇن، تال ـ تال ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، قارىقاتنىڭكىدەك يۇمىلاق قارا مېۋىسى بولىدۇ.

**ئاقچا** ئى → **پۇل:** لاشمانلىققا ماڭغاندا، يەركەنلەرگە قار ياغقان، قېيۇم بەگ ھاجى بولۇپ، بىزنى ئاقچىغا ساتقان.

**ئاقچەشكە** ئى <بوت> توم زەنجىۋىلنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

**ئاقچېچەك** ئى [ئاق + چېچەك] <بوت> زەرەڭ دەرىخىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇچرايدىغان گۈلى ئاق بىر خىل تۈرى.

**ئاقچى** ① ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى. ② سۈپ. ئاقۇچ، ئاققا مايىل، ئاق ئارىلاش.

**ئاقچى ـ كۆكچى** ئۇنداق ئىشنىمۇ قىلغۇچى، مۇنداق ئىشنىمۇ قىلغۇچى، ياخشى ـ يامان ھەممىنى قىلغۇچى، ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى: ئۇ چاغدا ئاقچى ـ كۆكچى دەپ ئەيىب قويمىغان ئادەملەر ئاز قالغانىدى.

**ئاقسا** سۈپ. تىل ھا. قولدىن ئىش كەلمەيدىغان، ھالىغا باقماي چوڭ سۆزلەيدىغان؛ پوچى: ئۇ تازا ئاقسا بىرنېمە ئىكەنغۇ؟

**ئاقساتماق** «ئاقسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆينى ئۇرۇپ قوغلاۋېرىپ ئاقسىتىپ قويۇپتۇ. * ياغاچچىلارنىڭ ئۇھ دېگۈچىلىك ۋاقتى يوق، ئۇلارنىڭ ئىشنى ئاقسىتىشقا بولمايدۇ.

**ئاقساشماق** «ئاقسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاقساق** سۈپ. ئاقساپ ماڭىدىغان، بىر پۇتى قىسقا ياكى توكۇر: غەزىپى قاينىغان دورغا ئاقساق پۇتى بىلەن ناسىرنى بىر تەپكەندى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى.

**ئاقساقال** [ئاق + ساقال] ① ئى. ياشانغان، مويسىپىت مۆتىۋەر كىشى: بۇ تۇرغان ئاقساقال زاۋۇتىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى. ② ئى. بىر ياكى بىرنەچچە مەھەللە، يېزا - قىشلاققا باشلىق بولغان مەھەللىلىك ئەمەلدار: بۇ يەرگە يىغىلىشقان مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرى يېڭى دەرۋازىغا قاراپ، نودەرىنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئاتكارچى، ئۆزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان: بەك ئاقساقال بالىكەن بۇ، دادىسىدەك ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ تۇرغىنىنى قارا.

**ئاقساقاللىق** ئى ① ئاقساقاللار قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت، باشلىقلىق: ئۇ باغداد سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقاللىقىغا، كېيىن رەئىسلىكىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ② كۆچمە. ئۆزگە مۇناسىۋەتسىز گەپ - سۆزلەرگە ئارىلىشىۋېلىش، ھەممىلا گەپكە لوقما سېلىش قىلمىشى؛ ئاتكارچىلىق: ھەي بەڭباش، ئاقساقاللىقىڭنى قارا، ساڭا ئۇنداق گەپنى سوراشنى كىم قويۇپتۇ.

**ئاقساق - چولاق** ئاقساق ۋە چولاق، پۇت - قولى مېيىپ: ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى ئاقساق - چولاق ۋە قارىغۇلار بار.

**ئاقساقلىق** ئى. بىر پۇتىنىڭ قىسقىلىقى، توكۇرلۇق: ئاقساقلىق تېز ھەرىكەت قىلىشىمغا توسالغۇ بولاتتى، ئېغىر يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرەلمەيتتىم.

**ئاقساقلىماق** پ. ئاقساپ ماڭماق، ئاقساپ يۈرمەك: ئۇنىڭ سۇنغان پۇتى ساقايغان بولسىمۇ، ئاقساقلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى.

**ئاقسۆڭەك** ئى [ئاق + سۆڭەك] ئېكسپىلاتاتورلۇق جەمئىيەتتىكى ئىمتىيازلىق تەبىقىگە مەنسۇپ كىشى؛ ئېسىلزادە.

**ئاقسىتىلماق** «ئاقساتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولىدىغان ئىشنىڭ ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى، ئۇنداق بولمىسا كېيىنكى ئىشلار ئاقسىتىلىدۇ.

**ئاقسىرىماق** پ ① ئاق نان، ئاق ئاش تامىقىنى يېيىشنى سېغىنماق: ئۆيگە ئەل - ئاغىنىلەر ياكى مېھمان - يوچۇن كېلىپ قالسا، ئاق نان بولمىسا سەت تۇرىدىكەن، باللارمۇ ئاقسىراپ كېتىدىكەن. ② ياخشى يېگۈسى كەلمەك، گۆشسىرىمەك، ياغسىرىماق. ③ سۈت، قېتىقنى سېغىنىپ قالماق: بۇ يىل كالىمىز قىسىر قېلىپ خېلى ئاقسىرىدۇق.

**ئاقسىل** I ئى <بىئول> كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتادىن تەركىب تاپقان، يۇقىرى مولېكۇلىلىق تەبىئىي ئورگانىك بىرىكمە.

**ئاقسىل** II ئى <زوئول> ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتىدىكى ھايۋانلاردا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل.

**ئاقسىلسىمان** سۈپ. ھالىتى ئاقسىلغا ئوخشايدىغان، ئاقسىلغا ئوخشاش، ئاقسىلدەك: ئادەم ياشانغان چاغدا بەدەندە يېپىشقاق ئاقسىلسىمان ماددىلار ھەم كوللاگېن قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازلاپ كېتىدىكەن.

**ئاقسىللىق** سۈپ. ئاقسىلى بار، ئاقسىلى بولغان، ئاقسىلغا ئىگە: تۆۋەن ئاقسىللىق ۋە تەركىبىدە پۇرچاق ماددىسى بولغان يېمەكلىكلەرنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا، ئورگانىزمنىڭ كېسەلگە قارشى كۈچى ئاشىدۇ.

**ئاقسىماق** پ ① بىر پۇتىنىڭ مېيىپلىكى ياكى ئاغرىغانلىقى سەۋەبلىك ئاقساپ، دىڭگوسلاپ ماڭماق: ئۇنىڭ سۇنغان پۇتى ساقىيىپ كەتمىگەن ۋە بىر ئاز ئاقساپ ماڭىدىغان بولسىمۇ، قەتئىي تەلەپ قىلىپ، تەشمىدە ئىشلىدى. ② كۆچمە. ئارقىدا قالماق، كەينىگە سۆرۈلمەك، دەخلى يەتمەك: ئەر ئەمگەك كۈچلىرىدىن بىر قىسمى يېزىدىن شەھەرگە كىرىۋالغانلىقتىن، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى خېلى ئاقسىدى.

**ئاقشىل** سۈپ. ئاققا مايىل، سۇس ئاق: ئاقشىل رەخت. ئاقشىل قەغەز.

**ئاقشىمار** ئى ← **نامازشامگۈل.**

**ئاقشىن** سۈپ. دىيال. ئاق سېرىق.

**ئاق - قارا** ھەق - ناھەق، توغرا - خاتا، ياخشى - يامان.

**ئاققاراق** ئى. دىيال. كۆز ئېقى.

**ئاققوتان** ئى [ئاق + قوتان] <زوئول> ← **ئۇقار.**

**ئاققولاق** ئى [ئاق + قولاق] <بوت> بىر خىل زەمبۇرۇغ، قورۇپ ئۆلگەن ياكى يېرىم قۇرۇپ ئۆلگەن پۇرۇپكا دەرىخى قاتارلىق دەرەخلەردە ياشايدۇ؛ ئاق رەڭلىك ھەمدە يېرىم سۈزۈك بولۇپ، تەركىبىدە يېلىم ماددىسى كۆپ بولىدۇ؛ ئادەم ئىستېمال قىلسا، بەدەن قۇۋۋەتلىنىدۇ.

**ئاققۇن** سۈپ ← **كەلگۈندى.**

**ئاققۇيرۇق** ئى [ئاق + قۇيرۇق] <زوئول> بۆكەننىڭ بىر خىلى، قاڭشىرى ئېگىز كېلىدۇ، بۇ خىل بۆكەن شىنجاڭدا كۆپ.

**ئاق - كۆك** ئۇ - بۇ، ئۇنداق - مۇنداق: ئاق - كۆك دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك.

**ئاقكېسەل** ئى [ئاق + كېسەل] <تېب> تېرە كېسەللىكى، كۆپرەك تېرىدە قارا پىگمېنت شەكىللەنمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك ئالامىتى — تېرىدە پارچە - پارچە ئاق داغلار پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ ھەم قىچىشمايدۇ. «پېسە»، «بەرەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاقلاتماق** «ئاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆيلەرنى پاكىز ئاقلىتىپ تازىلىدى.

**ئاقلاشماق** «ئاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ماڭ، — دېدى ئۇ قۇدىدۇسىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، — شەرئەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاقلىشايلى.

**ئاقلانغۇچى** ئى. ئاقلىنىدىغان ياكى ئاقلانغان ئادەم.

**ئاقلانماق** «ئاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بىرنەچچە مېتىر نېرىراقتا باشقا بىراۋنىڭ ئاقلانغان خىش تېمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئاقلىغۇچ** ئى ① يۇلغۇن ياكى باشقا ياغاچتىن ياسالغان قىسقۇچ، بۇ سايمان بورا توقۇش ئۈچۈن يېرىپ تەييارلانغان قومۇشنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② قوناق ئاقلاشتا

ئىشلىتىلىدىغان ئۇچلۇق كىچىك ياغاچ.

**ئاقلىغۇچى** ئى ① مەلۇم نەرسىنى ئاقلاش، ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئۆي ئاقلىغۇچى. شال ئاقلىغۇچى. ② <قا> سوتتا بىر كىشى ياكى تەرەپنى ھىمايە قىلغۇچى، شۇلار ئۇچۇن سۆزلىگۈچى، ئادۋوكات.

**ئاقلىق** ① ئى. ئومۇمەن ئاق بولغان ھالەت، ئاق بولۇش، ھەر جەھەتتىن پاك بولۇش: كۆڭلىكىنىڭ ئاقلىقى. يۈزىنىڭ ئاقلىقى. ② سۆپ. كۆچمە. سۇتلۇك، سۇتى كۆپ: ئاقلىق ئىنەك.

**ئاقلىماق** پ ① ھاك ۋە بورىغا ئوخشاش ئاق تۈرگە كىرگۈزگۈچى نەرسىلەر بىلەن بويىماق، ئاقارتماق: ئۆي ئاقلىماق. ② دان، دەرەخ (ياغاچ)، كۆكتاتلارنىڭ پوستىنى، قوۋزىقىنى سويماق، ئايرىماق، شىلىپ ئالماق: قوناق ئاقلىماق. شال (گۈرۈچ) ئاقلىماق. ③ كۆچمە. گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماق؛ ئۆزىنى ئاقلىماق. ④ ئۇمىد، بۇرچ، ۋەدىگە مۇناسىپ ئىش قىلماق، ئورۇنلىماق: ئۇمىدنى ئاقلىماق. ۋەدىسىنى ئاقلىماق. ⑤ سىڭدۈرگەن ئەمگەك، بەرگەن تۇزىنىڭ بەدىلىگە تۇزشۇلۇق ئىش قىلماق: سەنمۇ تۇزۇمنى ئاقلاپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلىدىڭ. ⑥ ئىشقا ئاشۇرماق، يورۇققا چىقارماق: ئەل تىلىكىنى ئەر ئاقلار، يەر داڭقىنى ئەل ساقلار (ماقال).

**ئاقما** ① سۆپ. ئاقىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ئاقما جىنس. ② ئى. ئادەم ياكى ھايۋانلار تېنىدە يېرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولغاندا ھاسىل بولىدىغان تۇرۇبا، تۇرۇبىنىڭ ئېغىزى تېرە يۈزىدە بولىدۇ ياكى ئۇ باشقا ئىچكى ئەزالار بىلەن تۇتىشىدۇ، كېسەل ئوچىقى ئىچىدىكى ئاجرالمىلار ئەنە شۇ تۇرۇبىدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

**ئاقماق** پ ① پەس تەرەپكە قاراپ سۇرۇلمەك، ھەرىكەتلەنمەك، يۈرۈشمەك: سۇ جىلغىغا ئاقتى. ② توپلىشىپ بىر تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلماق، ماڭماق: بۈگۈن ئادەتتە نامازغا بارمايدىغانلارمۇ جۇمە مەسچىتى تەرەپكە ئاقتى. ③ كۆچمە. ئىنتىلمەك دەپ قارالماق، ئۆتمەك، يۈرۈشمەك: ئۇنىڭ سۆزى ئاما ئىچىدە خېلى ئاقىدۇ. ④ سىزىماق، ئېرىپ كەتمەك: بىچارە دەرد ئېيتىدىغان بولسا يۈرەك - باغرى بېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىدۇ، زادى... ئۇھ!

**ئاقمۇچ** ئى [ئاق + مۇچ] <بوت> قارىمۇچ مېۋىسىنىڭ شۆپۈكى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**ئاقناۋات** ئى [ئاق + ناۋات] <بوت> قوغۇننىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى.

**ئاقئورۇس** ئى [ئاق + ئورۇس] <ئىرق> ← **بېلورۇس**.

**ئاقۇچ** سۆپ. ئاققا مايىل، سۈس ئاق: دەريا بولسا ئاقۇچ تومان.

**ئاقئۇششاق** ئى [ئاق + ئۇششاق] دېنى تولمىغان، ئاقلانغاندا ئۇۋۇلۇپ ئۇششاقلىنىپ كەتكەن ئۇۋاق گۈرۈچ.

**ئاقۋالداق** ئى [ئاق + بالداق] يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋاسىزلاندۇرۇلغان قازاندا ئېتىلدۇرۇلغان قوناق دانلىرى.

**ئاقىدى - كۆكىدى** ئاڭداق - مۇنداق: ئاقىدى - كۆكىدى دېمەك.

**ئاقىدى - كۆكىدى دېمەك** ئۇنداق - مۇنداق دېمەك؛ ھەر خىل گەپ قىلماق، خىلمۇخىل سەۋەب كۆرسەتمەك.

**ئاقىرقەرھا** ئى [پ< ھىندى] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە، گۈلى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ؛ قۇرۇتۇلغان گۈلىدىن قىلىنغان پاراشوك بىلەن پاشا، چىۋىن قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**ئاقىل** سۆپ [ئە] ئەقىللىق، دانا: ئاقىل ئۆزىنى ئاياپدۇ (ماقال).

**ئاقىلانە** رەۋ [ئە + پ] ئەقىل ئىشلەتكەن ھالدا، ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش، ئەقىل بىلەن: ئاقىلانە ئىش قىلماق. // ئاقىلانە مەسلىھەت.

**ئاقىلانىلىك** ئى. دانالىق، ئاقىللىق: مەن قول يازمىنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن يېزىلغان جايلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن.

**ئاقىلەي - كۆكىلەي** ← **ئاقىدى - كۆكىدى**.

**ئاقىلەي - كۆكىلەي دېمەك** ئاقىدى - كۆكىدى دېمەك.

**ئاقىلەيونچاق** ئى. ۋاڭلىق دەۋرىدىكى تەرجىمانلار كىيىدىغان باش كىيىمنىڭ بەلگىسى.

**ئاقىللىق** ئى. دانالىق، ئاقىلانىلىك: ئورۇنسىز كۈلۈش سارائىلقتۇر، ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەپتۇر.

**ئاقىن** ئى [پ] خەلق شائىرى، خەلق داستانچىسى، داستانلارنى ئېغىزچە ناخشا قىلىپ ئېيتقۇچى.

**ئاقىۋەت** ئى [ئە] ئاخىرقى يەكۈن، نەتىجە: ئىشنىڭ ئاقىۋىتى.

**ئاقىۋەتلەنمەك** پ. خۇلاسىلەنمەك، خۇلاسە چىقىرىلماق: توۋا، مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھلار بىلەن سۇغىرىلغان ئاشۇ مۇبارەك خەتلەرنىڭ يەنىلا مەن تەرەپتىن بۇنداق ئاقىۋەتلىنىشىنى كىم بىلسۇن ؟! ...

**ئاقياغلىق** ئى [ئاق + ياغلىق] <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، چوڭ - كىچىكلىكى جانانە ئۆرۈكتەك بولىدۇ، ئەمما ئاق ئۆرۈككە ئوخشاش ئاق سېرىق پىشىدۇ.

**ئاقيول** ئى [ئاق + يول] خېيىم - خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق يول، سەپەر: سەپىرىڭىزگە ئاقيول بولسۇن.

**ئاقيول بولسۇن** «خېيىم - خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق بولسۇن؛ يولدا ئامان بولۇشىڭىزنى تىلەيمىز» دېگەن مەنىلەردىكى تىلەك سۆزى: — خەير خوش، ئاقيول بولسۇن! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ئاقيول تىلىمەك** خېيىم - خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق يول يۈرۈشنى تەلەپ قىلماق، ئاقيوللۇق بولۇشنى ئۇمىد قىلماق.

**ئاقيوللۇق** ئى. خاتىرجەملىك، ئوڭۇشلۇقلۇق، خېيىم - خەتىرى يوقلۇق: ئاقيوللۇق بولۇشنى تىلىمەك.

**ئاكا** ئى ① چوڭ ئوغۇل (ئۇكىلىرىغا نىسبەتەن): ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ (ماقال). ② ئۆزىدىن چوڭ ئەر كىشىگە مۇراجىئەتتە ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدۇ: مۆمىن ئاكا كەچۈرمىشلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

**ئاكاڭ قارىغاي** سۆزلىگەندە، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۇچۇن «مەن قالتىس»، «مەن نوچى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان تەكەببۇرلۇق سۆزى: ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى. *— ئاكاڭ قارىغاي ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، — دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن.

**ئاكابىر** ئى [ئە] يېزىت. يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى، كاتتا ئادەم: — ئەي ئوغلۇم قەمەر شاھ! ... ئوردا ئاكابىرلىرى ئالدىدا پادى-

شاھتىن تىلخەت ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكەيسەن، — دەپ ئالماس بوۋا دۇئا بىلەن قەمەر شاھنى يولغا سالدى.

**ئاكاتسىيە** ئى [ر< گىرېك] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ. شېخى تىكەنلىك، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى ئاق، پۇراقلىق، مېۋىسى ياپىلاق تاشما شەكىللىك بولىدۇ.

**ئاكاتسىيەلىك** ① ئى. ئاكاتسىيە كۆپ ئۆسكەن، ئاكاتسىيە بىلەن قاپلانغان جاي: مەن تاپانچامنى تۇتقىنىمچە ئاكاتسىيەلىككە باردىم. ② سۈپ. ئاكاتسىيە ئۆسكەن، ئاكاتسىيە بىلەن قاپلانغان: ئاكاتسىيەلىك يول.

**ئاكادېمىزم** [ر] ① قۇرۇق نەزەرىيەگە بېرىلىپ كېتىش، ھاياتتىن، تەرەققىياتتىن ئۈزۈلۈپ قېلىش، قۇرۇق نەزەرىيەۋازلىق (ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش يۇرتلىرىدا). ② 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باشقۇرغان گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا شەكىللەنگەن مۇتەئەسسىپ ئېقىم.

**ئاكادېمىك** ئى [ر] پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى ياكى شۇ ئەزانىڭ ئۇنۋانى.

**ئاكادېمىكلىك** ئى. ئاكادېمىككە يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

**ئاكادېمىيە** ئى [ر< گىرېك] دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولغان، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى.

**ئاكادېمىيەلىك** سۈپ. ئاكادېمىيە بار، ئاكادېمىيە قۇرۇلغان.

**ئاكا ـ ئۇكا** بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان ئاكا ۋە ئۇكا ئوغۇل بالىلار: ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق (ماقال).

**ئاكا ـ ئۇكىلارچە** ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئوخشاش، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك.

**ئاكا ـ ئۇكىلىق** ئاكا ـ ئۇكىلارغا خاس: ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋەت.

**ئاكت** ئى [ر< لات] بىرەر ئىشنى تەستىقلاش ئۈچۈن يېزىلغان ھۆججەت: ئاكت يازماق. ئاكتقا قول قويماق.

**ئاكتۇئال** سۈپ [ر] ھازىرقى ۋاقىت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئەلا، زۆرۈر: ئاكتۇئال مەسىلە. ئاكتۇئال پىروگراما. ئاكتۇئال تېما.

**ئاكتۇئاللىق** ئى. مۇھىملىق، زۆرۈرلۈك.

**ئاكتىپ** [ر] ① سۈپ. ھەرىكەتچان، ئىلغار، ئىجابىي: ئاكتىپ ئامىل. ئاكتىپ تەدبىرلەر. ② رەۋ. پائال، قىزغىن، ئىجابىي يوسۇندا: ئۇلار كۆچەت تىكىشكە ئاكتىپ قاتناشتى. ③ ئى. بىرەر تەشكىلات ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىلغار، تەشەببۇسكار ئەزاسى: ئاكتىپلار يىغىنى. ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپى.

**ئاكتىپسىز** سۈپ. ئاكتىپ بولمىغان، ئاكتىپ ئەمەس.

**ئاكتىپسىزلاشتۇرماق** «ئاكتىپسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلماق** «ئاكتىپسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاكتىپسىزلاشماق** پ. ئاكتىپسىز بولغان ھالەتكە كەلمەك، ئاكتىپسىز بولماق، ئاكتىپسىزلانماق.

**ئاكتىپسىزلاندۇرماق** «ئاكتىپسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاكتىپسىزلاندۇرۇلماق** «ئاكتىپسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېلىمىز ئاكتىپسىزلاندۇرۇلغان سارس ۋىرۇسى ۋاكسىنىسىنىڭ كىلىنىكىدىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى.

**ئاكتىپسىزلانماق** پ. ئاكتىپسىز بولغان ھالەتكە كەلمەك، ئاكتىپسىز بولماق، ئاكتىپسىزلاشماق.

**ئاكتىپلاشتۇرماق** «ئاكتىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاكتىپلاشتۇرۇلماق** «ئاكتىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر.

**ئاكتىپلاشتۇرۇشماق** «ئاكتىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاكتىپلاشماق** پ. ئۆز پائالىيىتىنى ئاشۇرماق، كۈچەيتمەك، پائاللاشماق: ئۇ ھازىر باشقىلارغا نىسبەتەن ئاكتىپلىشىپ قالدى.

**ئاكتىپلىق** ئى. ھەرىكەتچانلىق، قىزغىنلىق، غەيرەت، جاسارەت: ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىمەك. ئاكتىپلىق كۆرسەتمەك.

**ئاكتىپلىق قىلماق** سەلب. ئۆزىنى يالغاندىن ئاكتىپ قىلىپ كۆرسەتمەك؛ ئۆزىنى ئاكتىپ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغاندىن ھەرىكەت قىلماق.

**ئاكتىنىي** ئى [ر< گىرېك] <خىم> ئۇراننىڭ يىمىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. خىمىيەلىك بەلگىسى Ac. ئۇ يەنە يىمىرىلىپ بىر قاتار رادىيو ـ ئاكتىپ ئېلېمېنتلارنى ھاسىل قىلىدۇ، يىمىرىلىش دەۋرى 22 يىل.

**ئاكتىيور** ئى [ر] <تىيا> سەھنىدە رول ئالغۇچى ئارتىس.

**ئاكتىيورلۇق** ئى <تىيا> سەھنىدە رول ئېلىش ئىشى، كەسپى: ئاكتىيورلۇق قىلماق.

**ئاكسىيە** ئى [ر] ئاكسىيونېرلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن كاپىتالىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان پايچىكلارغا جەمئىيەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش، ئۇنىڭ دارامەتلىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بېرىدىغان ھۆججەت ياكى شۇ خىلدىكى ئىسپات.

**ئاكسىيوما** ئى [ر< گىرېك] <مات> ① ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەكرار ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، قايتا ئىسپاتلاش ھاجەتسىز بولغان ھۆكۈم. ② <لوگ> جەمئىيەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان توغرا قائىدە.

**ئاكسىيونېر** ئى [ر] پاي چېكى سودىگىرى.

**ئاككورد** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> مۇزىكىدا ھەر خىل ئېگىزلىكتىكى بىر ـ بىرىگە ئاھاڭداش بىرقانچە ئاۋۇشنىڭ بىر يولى چېلىنىشى.

**ئاككوردشۇناس** ئى <مۇز> مۇزىكا ئىلمىنىڭ ھەرخىل باسقۇچلۇق ئىنتېرۋالدىكى ئاككوردلارنى تەتقىق قىلغۇچى.

**ئاككوردشۇناسلىق** ئى <مۇز> مۇزىكا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇ ھەر خىل باسقۇچلۇق ئىنتېرۋالدىكى ئاككوردلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاككوردلاشتۇرماق** «ئاككوردلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاككوردلاشتۇرۇشماق** «ئاككوردلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاككوردلاشتۇرۇلماق** «ئاككوردلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاككوردلاشتۇرۇلغان مۇزىكا.

**ئاككوردلاشماق** پ. يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە ئاۋاز ئىسمى ھەرخىل بولغان بىرقانچە ئاۋازلار ئۆزئارا بىرلەشمەك؛ ئاككوردلار مۇزىكىدىكى باشقا ئامىللار بىلەن ماسلاشماق.

**ئاككوردلۇق** سۈپ. ئاككوردلاشقان، ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە ئاۋاز ئۆزئارا بىرلەشكەن: ئاككوردلۇق ئاھاڭلار.

**ئاككوردىيون** ئى [ر< فران] <مۇز> يېرىم ئاۋازلىق گارمون. تىترىگۈچى مېتال پىلاستىنكا، قاتلىنىدىغان تېرە شامال ساندۇقى ۋە بىر قاتار تىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ چالغان چاغدا سول قول بىلەن شامال تارتىلىدۇ، ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن تىللار بېسىلىدۇ.

**ئاككوردىيونچى** ئى. ئاككوردىيون چالىدىغان ئادەم: ئاككور-دىيونچى يىگىت.

**ئاككوردىيونلۇق** سۈپ. ئاككوردىيون بىلەن ئورۇنلانغان: ئاككوردىيونلۇق مۇزىكا.

**ئاككۇمۇلياتسىيە** ئى [لات] چۆكۈندىنىڭ توپلىنىشى يەنى يەر يۈزىدىكى ئاقار سۇ، مۇزلۇق، شامال ۋە باشقا گېئولوگى-يەلىك كۈچلەر تەسىرىدە مىنېرال ھەم ئورگانىك چۆكۈندى-لەرنىڭ توپلىنىش ھادىسىسى.

**ئاككۇمۇلياتور** ئى [ر< لات] <فىز> ئېلېكتىر ئېنېرگى-يەسىنى خىمىيەلىك ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇپ ساقلاپ قويى-دىغان قۇرۇلما. توك ئىشلەتمەكچى بولغاندا، يەنە خىمىيەلىك ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چىقىرىلىدۇ.

**ئاككۇمۇلياتورلۇق** سۈپ. ئاككۇمۇلياتور ئورنىتىلغان.

**ئاكوپ** ئى [ر] <ھەرب> ئۇرۇشتا ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قېزىلغان خەندەك ۋە ئالدىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلەپ توسۇلغان چوڭقۇرلۇق، ئورەك.

**ئاكوپداش** ئى. بىر ئاكوپتا بىللە جەڭ قىلغان، بىر ئاكوپتا بىللە تۇرغان جەڭچى.

**ئاكۇستىكا** ئى [ر< گىرېك] <فىز> فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ھاسىل بولۇشى، تارقىلىشى، رولى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاكۇستىكىلىق** سۈپ. ئاكۇستىكىغا ئائىت، ئاكۇستىكىغا ئاساسلانغان: ئاكۇستىكىلىق ئاپپاراتلار.

**ئاكۇشېر** ئى [ر< فىران] <تېب> مۇستەقىل ھالدا تۇغۇت قوبۇل قىلالايدىغان ۋە كۈتەلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي خادىم.

**ئاكۇشېركا** ئى [ر] <تېب> ئايال ئاكۇشېر.

**ئاكۇشېركىلىق** ئى <تېب> ئاكۇشېركا قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: ئۇ دوختۇرخانىدا ئاكۇشېركىلىق قىلىدۇ.

**ئاكۇشېرلىق** ئى. ئاكۇشېر قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: بۇ دوختۇرخانىدا ئاكۇشېرلىق قىلىدىغانلار پەقەتلا شۇ ئىككىسى.

**ئاكۇلا** ئى [ر] بىر خىل بېلىق. تۈرى كۆپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ؛ تېنى ئۇرچۇق شەكلىدە بولۇپ سەل ياپىلاق كېلىدۇ، ھەرىكىتى چاققان بولۇپ يىرتقۇچ كېلىدۇ، باشقا خىلدىكى بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى.

**ئاكىچا** ئى. دىيال ① «ئاكا» سۆزىنىڭ ھۆرمەت ۋە ئەركى-لەتمە شەكلى. ② ئۆزىنىڭ ئاكىسى. ③ قېيىنئاتىسىنىڭ ئىنىسى.

**ئاكىلە** ئى [ئە] <تېب> باللار ئۆتكۈر كېسەللىكى، كۆپىنچە قىزىل ۋە سكارلاتىنا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەل-لىكلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئاكىلىق** سۈپ. ئاكىدا بولۇشقا تېگىشلىك، ئاكىغا لايىق: ئاكىلىق مەسئۇلىيەت.

**ئاگاھ** سۈپ [پ] خەۋىرى بار، دىققىتى قوزغالغان؛ ھوشيار: ئاگاھ بولماق.

**ئاگاھ بولماق** ① بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە ۋە ھادىسىدىن خەۋەر قىلىنماق، ۋاقىپلانماق: ئاگاھ بولغىنىكى، خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن بىخەۋەر دەپ ئويلىما. ② ھوشيار بولماق، سەگەكلەشمەك، سەگەك تۇرماق: — خېرىدارلار، سومكا ۋە يانچۇقۇڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى پىرىكازچىك.

**ئاگاھلاندۇرغۇچ** ئى. ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان قۇرۇلما، كىشىگە ئالدىن بېشارەت (بەلگە) بېرىدىغان ئۈسكۈنە: يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرىغا كاربون چالا ئوكسىددىن ئاگاھلاندۇرغۇچ ئورنىتىش خىزمىتى جىددىي ئىشلەنمەكتە. * ئۇلار يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرىغا كاربون چالا ئوكسىدىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچ ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى.

**ئاگاھلاندۇرماق** ① «ئاگاھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بىرنەرسىنى كۆرمىسەم ۋە ئاڭلىمىسام سىزنى ئاگاھلان-دۇرماس ئىدىم، — دېدى ئابىت ئىشەنچ بىلەن. ② سەگەكلەش-تۈرمەك، پەخەس بولۇشقا ئۈندىمەك: — ھەي ئەخمەق، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسەن ...! — دەپ ئاگاھلاندۇردى باغۋەن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ.

**ئاگاھلاندۇرۇش** ئى. خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارغا بېرىلى-دىغان بىر خىل جازا تۈرى.

**ئاگاھلاندۇرۇشماق** «ئاگاھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاگاھلاندۇرۇلماق** «ئاگاھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى.

**ئاگاھلانماق** پ. خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپلانماق: خۇشال بولدۇم ئىنىشىڭ، دىتىڭدىن، ئاگاھلاندىم يازغان خېتىڭدىن.

**ئاگاھنامە** ئى [پ] كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغان بىرەر پارچە يازما ئەسەر، ماقالە، خەت قاتارلىقلار: شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ «ياخشىلارغا ئاگاھنامە» ناملىق ماقالىسى بېسىلىپتۇ.

**ئاگاي** ئى. دىيال. گۆر، قەبرە، مازار.

**ئاگرى** ئى. دىيال ① ئاجىز، جانسىز؛ ئاغرىقچان؛ ئورۇق. ② ناچار. ③ نامرات.

**ئاگروتېخنىك** ئى [ر] ئاگروتېخنىكا مۇتەخەسسىسى.

**ئاگروتېخنىكا** ئى [ر< گرېك] يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى تېرىپ ـ يىغقۇچە بولغان جەرياندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ۋە بۇ جەرياندىكى تېخنىكىلىق پائالىيەتلەر سىستېمىسى.

**ئاگروتېخنىكىلىق** سۈپ. ئاگروتېخنىكىغا ئائىت، ئاگروتېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك.

**ئاگروخىمىيە** ئى [ر] ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئوغۇتلاش، خىمىيەۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاش توغرىسىدىكى پەن.

**ئاگروخىمىيەلىك** سۈپ. ئاگروخىمىيەگە ئائىت، ئاگروخىمىيەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان.

**ئاگرونوم** ئى [ر] ئاگرونومىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى.

**ئاگرونومىيە** ئى [ر< گرېك] دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاگرونومىيەلىك** سۈپ. ئاگرونومىيەگە ئائىت، ئاگرونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان.

**ئاگگلىيوتىناتىپ** سۈپ [ر] <تىل> يېپىشقاق، تۇرلىنىشچان: ئاگگلىيوتىناتىپ تىللار.

**ئاگگلىيوتىناتىپ تىللار** <تىل> سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى ئاساسەن سۆز تومۇرىغا قوشۇمچە قوشۇپ تۇرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىللار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى، تۈرك تىلى ۋە موڭغۇل، مانجۇ تىلى ۋە شۇ تىللار قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ يەنە «يېپىشقاق تىللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاگۇ** ئال. دىيال. ئاۋۇ.

**ئاگېنت** ئى [ر< لات] ① بىرەر تەشكىلات، مۇئەسسەسە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆتەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋەكىلى. ② باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەخس: بۇرژۇئازىيە ئاگېنتلىرى. ③ بىرەر دۆلەت رازۋېدكىسىنىڭ مەخپىي خادىمى، جاسۇس، ئايغاقچى.

**ئاگېنتلىق** ئى. مۇخبىرلار ياردىمىدە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا، تۇرمۇشقا دائىر مەلۇماتلار ۋە خەۋەرلەرنى توپلاش ھەم تارقىتىش ئورگىنى: شىنخۇا ئاگېنتلىقى. مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

**ئاڭ** I ئى ① پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، ئەقىل ـ ئىدراك: ئادەمنىڭ ئېڭى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ② ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچە؛ سەزگۈرلۈك: سىياسىي ئاڭ. سىنىپىي ئاڭ. ③ روھىي دۇنيا، مەنىۋىلىك: ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى. ④ نۇقتىئىنەزەر: سوتسىيالىستىك ئاڭ. كوممۇنىستىك ئاڭ.

**ئاڭ** II ئى. ئوۋلىنىدىغان بارلىق جاندارلار: ماڭاتتى يول بويى ناخشىلار توۋلاپ، ماڭاتتى ئۇچرىغان ئاڭلارنى ئوۋلاپ.

**ئاڭ ـ پىكىر** كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئىگە، ۋەقە، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى، تەپەككۇرى، چۈشەنچىسى: بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئاڭ ـ پىكرى تېخىمۇ ئېچىلدى.

**ئاڭچى** ئى ← **ئوۋچى:** ئاڭچى ئاڭ گۆشىنى يېمەي تۇرۇپ ئۆز گۆشىنى يەر (ماقال).

**ئاڭداش** ئى. ئاڭ ـ چۈشەنچىسى بىر خىل، ئوخشاش بىر ئاڭ ـ چۈشەنچىدىكى، ئاڭ ۋە نۇقتىئىنەزەرى ئوخشاش ياكى بىر خىل بولغان.

**ئاڭداشلىق** ئى. ئاڭ ـ چۈشەنچىسى بىر خىل بولۇش، ئىككى ۋە قارىشى، چۈشەنچىسى بىر خىل بولۇش، ئاڭ ـ چۈشەنچىسى بىر خىل بولۇش ياكى ئوخشاشلىق: بىز ھەمىشە نوقۇل ھالدا قانغىلا چوقۇنۇپ، ئاڭنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئاڭداشلىق بولمىسا، قانداشلىقتىن ئەڭ زور خەۋپ يېتىدۇ.

**ئاڭ ـ سەۋىيە** كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە شۇ ھەقتىكى بىلىمى: ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك.

**ئاڭ ـ سەۋىيەلىك** ئاڭ ـ سەۋىيەسى بار، ئاڭ ـ سەۋىيەگە ئىگە بولغان: ئۇ خېلى ئاڭ ـ سەۋىيەلىك ئادەم.

**ئاڭ ـ سېزىم** كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە سېزىش قابىلىيىتى: ئىلغار ئىدىيەۋى ئاڭ ـ سېزىم ھەممە يەردە بىخ ئۇرۇپ، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالماقتا.

**ئاڭسىز** سۈپ ① ئېڭى يوق، ئاڭغا ئىگە ئەمەس، ئەقىل ـ ئىدراكسىز: ئاڭسىز ھايۋان. ئاڭسىز جانلىقلار. ② بىلىمسىز، چۈشەنمىگەن، بىلىم ـ سەۋىيەسى تۆۋەن، قالاق؛ مەدەنىيەتسىز: ئىدىيەۋى، سىياسىي تەربىيەنى يالغۇز ئاڭسىز كىشىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق زىيالىيلارغىمۇ ئىشلەش كېرەك. ③ مەقسەتسىز؛ قارىسىغا، تەخمىنەن: ئۇلار بۇ ھەرىكەتكە ئاڭسىز ھالدا قاتناشتى.

**ئاڭسىزانە** سۈپ. ئاڭسىزلارغا خاس، ئاڭسىزلارچە، ئاڭسىزلارغا ئوخشاش، ئاڭسىزلاردەك: بىر مەھەللىك شەھەر ئالغان ئاڭسىزانە قىيقاس ـ چۇقان، سۈرەنلەر بېسىققاندىلا، ئېزىتقۇ سۈپەت ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەر تامام پارغا ئايلىنىدۇ.

**ئاڭسىزلىق** ئى ① ئاڭنىڭ يوقلۇقى، بىلىمسىزلىك: مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىق سىياسىي جەھەتتىكى ئاڭسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ② <پسخول> ئۆزى بىلمەي، مەقسەتسىز ئېلىپ بارغان ھەرىكەت.

**ئاڭشىرىماق** پ. دىيال. قاۋىماق، ھاۋشىماق: ئىت ئاڭشىرىپ ياتىدۇ.

**ئاڭقارماق** پ. چۈشەنمەك، بىلمەك، سەزمەك، ھېس قىلماق: ئانا قىزىدىن: — بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

**ئاڭقاۋ** سۈپ. ئەس ـ ھوشىنى دەرھال يىغىۋالالمايدىغان، گەپنى دەرھال چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان؛ بىخۇد، دۆت: ئاڭقاۋ ئادەم.

**ئاڭقاۋلاشتۇرماق** «ئاڭقاۋلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاڭقاۋلاشماق** پ. دۆتلەشمەك، بىخۇدلاشماق ؛ كالۋالاشماق.

**ئاڭقاۋلىق** ئى. دۆتلۈك، گالۋاڭلىق، بىخۇدلۇق: ئۇ ئاڭقاۋلىق قىلىپ، ھېساباتتا خاتالاشتى.

**ئاڭقىرىشماق** «ئاڭقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاڭقىرىلماق** «ئاڭقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاڭقىماق** پ. دىيال. چاڭقىماق، ئۇسسىماق.

**ئاڭگۇق** ئى. دىيال. بويۇنتۇرۇق، ھاڭغۇق.

**ئاڭلاتقۇچى** ئى. رادىيو ئۇزېللىرىدا ئاڭلىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئايگۈل ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى قاتناش بېكىتى رادىيو ئۇزېلىنىڭ ئاڭلاتقۇچىسى ئىدى.

**ئاڭلاتماق** ① «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گېپىنى بىزگە ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن ئاۋازىنى قانچە پەسلىتىپ سۆزلىگىنى بىلەن بىز يەنىلا ئاڭلاپ قالدۇق. ② رادىيو ياردىمى ئارقىلىق يەتكۈزمەك، تارقاتماق: شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

**ئاڭلاشماق** «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاق دەرىجىسى: ئۇلار ھېكايە ئاڭلاشماقتا ئىدى.

**ئاڭلانماق** «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىراقتىن كىمنىڭدۇر ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ئاڭلىتىش** ئى. رادىيو ئىستانسىسى ياكى رادىيو ئۇزېللىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان بىر قېتىملىق نومۇرلىرى: شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بىرىنچى قېتىملىق ئاڭلىتىشنى باشلايدۇ.

**ئاڭلىتىلماق** «ئاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى رادىيودا ئاڭلىتىلدى.

**ئاڭلىشىلماق** ① «ئاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② بىلىنمەك، ئۇقۇلماق، ئىپادىلەنمەك: مەقسەتنى قىسقا سۆزلەر بىلەن بايان قىلىشتا شۇنداق ئۇستىلىق كېرەككى، قىسقا يوللار ئارقىلىق كەڭرى پىكىرلەر ئېنىق ئىپادىلەنسۇن، ئوچۇق ئاڭلىشىلىپ تۇرسۇن.

**ئاڭلىق** ① سۈپ. ئاڭغا ئىگە، ئەقىل ـ ئىدراكلىق: ئادەم ئاڭلىق مەخلۇق. ② سۈپ. ئىجتىمائىي ھاياتنى، ئۆزىنىڭ مەۋقەسى ۋە تارىخىي بۇرچىنى توغرا چۈشىنىدىغان، چۈشەنگەن: — قىزىم سىز ئاڭلىق ۋە ياخشى ئىشچى، — دېدىم مەن مۇمكىنقەدەر سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ. ③ سۈپ. ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك: خەيرۇللانىڭ ئانىسى ئاڭلىق ئايال بولغاچقا، ئوغلىنىڭ تاپقان لايىقىغا دەرھال رازى بولدى. ④ سۈپ. ئاڭ، ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن باغلانغان، ئەقىل ـ ئىدراك تەقەززاسى بىلەن قىلىنىدىغان: ئاڭلىق ھايات. ئاڭلىق ھەرىكەت. ⑤ رەۋ. ئۆزلۈكىدىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن، مەقسەتلىك ھالدا، كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ: رەھبىرىي يولداشلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىلمۇخىل ناتوغرا ئىستىللارنى ئاڭلىق تۈسۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

**ئاڭلىقلىق** ئى. ئاڭ ـ سېزىمگە ئىگىلىك، توغرا قاراشقا ئىگە بولۇش: خەلقنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاڭلىقلىق ئاساسىدا بولىدۇ.

**ئاڭلىماق** پ ① تاۋۇشنى ئاڭلاش ئورگىنى ئارقىلىق قوبۇل قىلماق: مۇزىكا ئاڭلىماق. دەرس ئاڭلىماق. *قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا (ماقال). ② بىلمەك، خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپلانماق: باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن باقىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ③ كۆڭۈل بۆلمەك، ئېتىبار بىلەن قارىماق، دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتماق: ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماق. * ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلقنىڭ ياخشى تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئاڭلىدى. ④ قوبۇل كۆرمەك، ماقۇل بولماق: گەپ ئاڭلىماق. تەربىيە ئاڭلىماق. ⑤ ئاغزاكى تەنبىھ، دەككە، دەشنەم ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىشىتمەك: سېنى دەپ ئاپامدىن بىرمۇنچە گەپ ئاڭلىدىم.

**ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس** ئاران ـ ئاران ئاڭلىنىدىغان، بىر ئاز ـ بىر ئاز ئاڭلىنىدىغان دەرىجىدە، بوش ئاۋاز بىلەن: ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس قىلىپ كوتۇلدىدى. * ماشىنا ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس گۈرۈلدىدى.

**ئاڭۋالا** باغل. شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا: ئاڭۋالا، ئوقۇشلارنى جىق ئوقۇمىغان.

**ئالا** سۈپ ① ئاق ـ قارا، ئاساسەن ئاق بىلەن باشقا رەڭنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان (ھايۋانلار ھەققىدە): ئالا ئات. ئالا كالا. * ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال). ② ھەر خىل رەڭلىك ياكى يوللۇق؛ چىپار: ئالا بەقەسەم. ئالا كۆڭلەك. ئالا بالداق. ③ كۆچمە. باراۋەر، تەكشى ئۈنۈپ چىقمىغان، شالاڭ؛ بىر يەردە بار، بىر يەردە يوق: ئالا بۇغداي. ④ بىر خىل ئەمەس، يامان: ئالا كۆڭۈل. ئالا نىيەت.

**ئالا چەكمەن** ئالدىراشلىق، ھەيرانلىق ياكى خاپىلىقتىن چىرايى ئۆزگەرگەن، كۆزلىرى يوغان ـ كىچىك ئېچىلغان: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېڭەيگەنىدى.

**ئالا قاغا** ① قارا ۋە كۈل رەڭ بىر تۈرلۈك قاغا. ② كۆچمە. خەۋەر تارقاتقۇچى، گەپ توشۇغۇچى: — بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سورىسام، — بىر ئالا قاغىدىن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

**ئالا كۆڭۈللۈك قىلماق** كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولماسلىق، تەڭ قارىماسلىق؛ سۆزى باشقا، نىيىتى باشقا بولماق: ئەگەر مەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلسام، ماڭا غايىب ئوق تەگسۇن! * مىجەزى تۈز ئادەم ھەرقانداق ئىشتا سەممىمىي كېلىدۇ، ھارامزادىلىك قىلمايدۇ ياكى ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدۇ.

**ئالا ئۆپكە** تۇرالغۇسىز؛ ئىشنى ئالدىراپ ـ تېنەپ چالا قىلىدىغان: ئالائۆپكە ئادەم.

**ئالا ـ بۇلا** ① ئاق ۋە باشقا ھەر خىل رەڭ ئارىلاشقان: بىر يېرى ئاق، بىر يېرى باشقا رەڭدە: ئۇ بىر قولى بىلەن چېكىسىنى تىرەپ، ئىككىنچى قولىنى بالا يۆگەلگەن ئالا ـ بۇلا كۆرپىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. ② كۆچمە. تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق، تاققا ـ تۇققا: ئۇ ئالا ـ بۇلا سۆزلەپ قالدى. ③ خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر خىل بولمىغان؛ ھەر خىللىققا ئىگە: ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەجرىبە تەنقىدچىلىكى بىر «ئالا ـ بۇلا ئارىلاشما».

**ئالا ـ بۇلماچ** ← **ئالا ـ بۇلا**: ئۇلار ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا ماسكا تارتىپ، يۈزلىرىگە ئالا ـ بۇلماچ قىلىپ پىلاستىر چاپلىۋاپتۇ.

**ئالارمەن** ① سۈپ «ئالماق» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامان I شەخس بىرلىك ساندا تۈرلەنگەن شەكلى. ② ئى. مال ياكى نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغۇچى، خېرىدار بولغۇچى كىشى: بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭشاپتۇ (ماقال). ③ ئى. كۆچمە. باشقىلارغا قىلچە نەرسە ئۆتكۈزمەيدىغان، باشقىلارنىڭ پۇلى، مال ـ مۈلكىنى ئالسام دەپ تۇرىدىغان كىشى.

**ئالاقە** ئى [ئە] ① ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇئامىلە، باردى ـ

كەلدى، ئىچكى ـ تاشقى باغلىنىش: دوستلۇق ئالاقىسى. سودا ئالاقىلىرى. ئالاقە باغلىماق. ئالاقە قىلماق. ② ئىككى نۇقتا ياكى ئىككى ئارىلىقتا تۇرۇپ خەۋەرلىشىش، باغلىنىش ۋاستىسى: تېلېفون ئالاقىسى. ئالاقە يوللىرى. ③ يىگىت، قىز ياكى ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى قەلبداشلىق تۇيغۇ، كەيپىيات؛ ئىشق ـ مۇھەببەت؛ جىنسىي مۇناسىۋەت: ــ بۇ ئۇزۇكلەرنىڭ ئىگىلىرى خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مەن بىلەن ئالاقىدە بولغان، ــ دەپتۇ ھېلىقى ئايال. ④ بىرەر ئىدارە، تەشكىلاتنىڭ تونۇشتۇرۇش ياكى ئىسپات خېتى: سەن كەنتنىڭ ئالاقىسىنى ئېلىپ يېزىغا بارغىن.

**ئالاق ـ پالاق** دىيال. ئالاقزادە.

**ئالاق ـ جالاق** ئېگىز ـ پەس، غەلىتە، تېنەپ ـ تەمتىرەپ؛ باش ـ ئايىغى يوق؛ قورقۇنچلۇق: قازى ئالاق ـ جالاق بولۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

**ئالاقزادە** رەۋ. نېمە قىلىشنى ئېنىق بىلمەي تېنەپ ـ تەمتىرەپ، ئالاق ـ جالاق ھالەتتە، قورققان ھالدا: دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ئوقنى قاياققا قارىتىپ ئېتىشنى بىلمەي قالغانىدى.

**ئالاقزادىلەشمەك** پ. ئالاقزادە بولماق، ئالاقزادە ھالەتكە كېلىپ قالماق: دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئالاقزادىلىشىپ قايسى تەرەپكە قېچىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

**ئالاقزادىلىك** ئى. ئالاقزادە بولۇش، ئالاقزادىلىشىش: يامۇل ئىچى ئالاقزادىلىككە تولدى.

**ئالاقول** بىر قوللۇق ئەمەس، ئالغۇ ـ بەرگۈدە باراۋەر مۇئامىلە تۇتمايدىغان: ئالا قول ئادەم.

**ئالا ـ قۇرار** دىيال. ئالا ـ بۇلماچ، ئالا ـ بۇلا.

**ئالاقچى** ئى. ئالاقىلەشكۈچى خادىم، ئالاقە ئىشلىرى خىزمەتچىسى.

**ئالاقچىلىك** ئى. ئالاقىلىشىش ئىشى: ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئالاقچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا. * شىنجاڭ كۆچمە ئالاقچىلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر كارخانا ۋە پۇقراپەرۋەر ماھىيىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

**ئالاقدار** سۈپ [ئە + پ] مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى بار: ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئالاقدار چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە دائىر سىياسەتلەرنى يەنىلا پارتىيە بەلگىلىشى لازىم.

**ئالاقىسىز** سۈپ. ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى، تەسىرى يوق، مۇناسىۋەتسىز: بۇ ئىش ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىز.

**ئالاقىلەشتۈرمەك** «ئالاقىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالاقىلەشمەك** مۇناسىۋەت، ئالاقە ئورناتماق؛ باردى ـ كەلدى، ئالدى ـ بەردى قىلماق: ئۇ بىز بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇراتتى.

**ئالاقىلىك** سۈپ. ئالاقىسى بار، ئالاقە ئورناتقان، ئالاقىدار: بۇ ئىشلار بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىك.

**ئالاقىۋاز** سۈپ. ئالاقىگىلا تايىنىدىغان، ئالاقە ئارقىلىقلا ئىش بېجىرىشنى ئادەت قىلىۋالغان: ئالاقىۋاز ئادەم.

**ئالاقىۋازلىق** ئى. ئالاقە بىلەن ئىش قىلىشقىلا تايىنىدىغان ئادەت: تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايدىغان، ئالاقىۋازلىققا يۈلىنىدىغان يامان ئىش ئىستىلىنى تۈزىتىش لازىم.

**ئالاكا** ئى. دىيال. ئاكا، ئاغا.

**ئالاڭ** سۈپ. ئارىسىغا زىرائەت ياكى باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۇنمىگەن، بوش، ئالا، ئالا ـ بۇلا، شالاڭ، ئاق: ئالاڭ يەر. * بۇغدايلار ئالاڭ ئۇنۇپ قاپتۇ. *ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ، يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ. مەن يارغا نېمە قىلغان، ئۇ مەندىن يامانلاپتۇ.

**ئالاڭغۇ** سۈپ. تەكشى ئەمەس، تەكشى بولمىغان؛ ئېگىز ـ پەس ياكى ئۇزۇن ـ قىسقا: ئۇ ئىشلار بوۋاينىڭ يەكتىكىنىڭ ئىچىدە ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان ئاجىز يۈرىكىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان...

**ئالاڭغۇلۇق** ئى. تەكشى ئەمەس، قالايمىقان ھالەت.

**ئالاڭغىرىماق** پ. كۆزلىرى ئىچىگە تارتىپ كەتمەك، ئېچىرقىماق؛ ھالسىرىماق، دەرمانسىزلاشماق.

**ئالاڭقا** سۈپ. زىچ، قويۇق ئەمەس؛ ئۇ يەردە ـ بۇ يەردە، شالاڭ.

**ئالاڭلىق** ئى. پاراكەندىچىلىك، خاتىرجەمسىزلىك، مالىمانچىلىق، قالايمىقانچىلىق، بوشلۇق، ئالىلىق.

**ئالاڭلىماق** پ ① ھەيران بولماق؛ ئاڭقىرالماي قالماق؛ ئالاقزادە بولماق: ئايروپىلان بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىغاندىن كېيىن مەتتوختەم ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئالاڭلاپ قاراشقا باشلىدى. ② ئېچىلماق: ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ، يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ. مەن يارغا نېمە قىلغان، يار مەندىن يامانلاپتۇ.

**ئالاڭغۇلاشماق** پ. كۆزلىرى ئىچىگە تارتىپ كەتمەك، ئالاڭغىرىماق، ھالسىرىماق: بىمار تۇغنى چۆرىدەپ پىرقىراشقا باشلىدى، پىرقىرىغانسېرى كۆزلىرى ئالاڭغۇلىشىپ، بېشى ئايلىنىپ ھوشىدىن كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى.

**ئالامەت** [ئە] ① ئى. بەلگە، نىشانە، ئىپادە، ئىشارە: ئېلىش ئالامىتى. كۆپەيتىش ئالامىتى. * ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايىلىرىدە پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ بىز ئېيتقان بۇ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ② سۈپ. ناھايىتى ئاجايىپ: بۇگۈن ناھايىتى ئازادە كېيىنگەن بىر شاھزادە ئالامەت كېلىشكەن بىر زور ئارغىماق ئاتنى مىنىپ كېلىپ، چاپقانچە 20 ـ پەلەمپەيگىچە چىقتى.

**ئالامەتلىك** سۈپ. ئالامىتى بار، ئالامەتكە ئىگە، بەلگىسى، ئىشارىسى بار: كۆپ ئالامەتلىك تەڭلىمىلەر.

**ئالاھازەل** رەۋ [ئە] («ئالاھازەلقىياس» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى) تەخمىنەن، قىياس قىلىنىشىچە، مۆلچەرلىنىشىچە: ئارىدىن ئالاھازەل ئىككى ئاي ئۆتكەندە، سايلانغانلار رەسمىي ئېلان قىلىندى.

**ئالاھازەلقىياس** رەۋ [ئە] مۆلچەرلىنىشىچە، قىياس قىلىنىشىچە، تەخمىنەن: ئالاھازەلقىياس بۇ يەردە جىق ماجىرا بولىدۇ.

**ئالاھىدە** سۈپ [ئە] ① باشقىلاردىن پەرقلىق، ئايرىم: ئالاھىدە تاۋارلار. // بۇ ئاتلار ئالاھىدە بېقىلىدىغان ئاتلار بولۇپ، خالىغان جايدا ئوتلىشى شەرت ئىدى. ② ئۆزىگە خاس، مەخسۇس: ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سانى.// ئۇكام غالىبجان، مەن سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدىم.

**ئالاھىدىلەشتۈرمەك** «ئالاھىدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالاھىدىلەشمەك** پ. ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماق، ئالاھىدە پەرقلەنمەك: ئادەم تولىمۇ ئالاھىدىلىشىپ كەتكەندە، كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

**ئالاھىدىلىك** ئى. پەرقلىق خۇسۇسىيەت، بەلگىلىك ئارتۇقچىلىق، مەخسۇس ئايرىملىق: بىز ھەممە خىزمەتتە شىنجاڭنىڭ مىللىي رايونلۇق ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتمايدىغان بولساق، خىزمەت-

لەرنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز.

**ئالاۋۇدۇن** سۇپ. قىلمايدىغان ئىشى يوق، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان، بەك يامان.

**ئالايتماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — نېمە كارىڭ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

**ئالايتىشماق** «ئالايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالايلۇق** تىر. قىستۇرما سۆز رولىدا «مىسال قىلىپ باقايلى، مەسىلەن، پەرەز قىلايلى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

**ئالايلى** تىر → **ئالايلۇق**.

**ئالايماق** پ. كۆزنى يوغان ئېچىپ، چەكچىيىپ قارىماق، چەكچەيمەك: ھۆسەن ئاكا بۇ سۆزۈن تەلەتلەرگە غەزەپ بىلەن ئالايدى.

**ئالايتەن** رەۋ. ئالاھىدە، مەخسۇس، ئايرىم تەييارلىق بىلەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈنلا: مەنمۇ قىز بىلەن تەڭ سومكامدىن ئالايتەن تەييارلانغان بىر دەستە گۈلنى چىقىرىپ قەبرىگە قويدۇم.

**ئالە** «ئالماق» پېئىلىنىڭ Ⅲ شەخس بىرلىك ساندىكى بۇيرۇق — ئۈمىد رايى.

**ئالە شەرىڭنى** ① ھەممىسى ساڭا ھېساب، ھەممىسى ساڭا قالسۇن. ② قارا بۇنى، بەللى.

**ئالەت** ئى [ئە] ① جابدۇق، قورال، سايمان. ② ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**ئالەك** ئى. دىيال. ئاقكېسەل، بەرەس.

**ئالەم** ئى [ئە] ① پۈتۈن مەۋجۇدات، بارلىق كائىنات، دۇنيا، پۈتۈن جاھان: كوڭكا! توۋا! ئالەم پەيدا بولغاندىن بۇيان بۇ يەرگە كوڭكىنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىغۇ بۇ! ② بۇ دۇنيا: ئالەمدىن ئۆتمەك. ئالەمدىن كەتمەك. ③ ۋەزىيەت، ھالەت: ئەجەبمۇ زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ، يۈرەكتىكى زەرداب سۇ قانغا ئۆرگىلەي دەيدۇ (قوشاق). ④ كۆچمە. ۋاقىت، زامان: ئەخمەت بۇ يەردىن كەتكىلى نە ئالەم بولدى؟

**ئالەم ئايروپىلانى** ئالەم بوشلۇقىدا، يەر شارى بىلەن پىلانېتالار ئارىسىدا قاتنايدىغان ئايروپىلان.

**ئالەم بوشلۇقى** ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن باشقا ھەممە بوشلۇق، كائىنات.

**ئالەمدىن خوشلاشماق** ھاياتلىقتىن كۆز يۇمماق، ئۆلمەك: لېكىن ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ ئىنساننى، ئىزلار قالار ئۇندا ئۆتكەن ھەر دەمدىن، گۆدەك ئۆسەر، ياشقا يېتەر، قېرىلىق ۋە قېرىلار خوشلىشىدۇ ئالەمدىن.

**ئالەم كېمىسى** كۆپ ئۈگىلىك راكېتالىق قاتناش قورالى. يەر شارىدىن قويۇپ بېرىلگەندە ئالەم بوشلۇقىدا قاتناپ يۈرەلەيدىغان ئۇچۇش ماشىنىسى.

**ئالەمنى باشقا كىيمەك** ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي، بىلگەننى، خالىغىنىنى قىلماق.

**ئالەمنى بىر ئالماق** ھەممە يەرگە ئاڭلانماق: ئۇنىڭ ۋايجان دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالدى.

**ئالەمنى مالەم قىلماق** قالايمىقان ھەرىكەت ۋە ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ئەنسىزلىك پەيدا قىلماق: بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانا بولسا ئالەمنى مالەم قىپتۇ.

**ئالەمبەخش** سۈپ [ئالەم + بەخش] ئالەم بەخش ئەتكەن؛ ئالەمچە زور: ئۇلۇغۋار بۇ نامىنىڭ تەرىپى ئۈچۈن، ئالەمبەخش سۆيگۈدىن يازىمەن خالاس.

**ئالەمچە** سۈپ. ئالەمگە تەڭ كېلىدىغان، ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى كۆپ: ۋەتەندۇر بىز مىليون پەرزەنتكە ئانا، ۋەتەندۇر مۇقەددەس مەڭگۈ باشپاناھ، ئوغلىمەن، دېمەككى مۇھەببىتىمنى ئالەمچە بار دېسەم ئاز كېلەر يانا.

**ئالەمشۇمۇل** سۈپ [ئە + پ] خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ؛ جاھانشۇمۇل: تارىخىمىزدا ئالەمشۇمۇل داستانلارنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە پۈتۈلگەن قىز - يىگىتلەر ئاز ئەمەس.

**ئالەمشۇناس** ئى [ئە + پ] ئالەمشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئالەمشۇناسلىق** ئى. ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ماتېرىياللىرى ۋە فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا ئالەم بوشلۇقىدىكى ماددىلارنىڭ تارقىلىشى، ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ۋە ئالەم بوشلۇقىنىڭ گېئومېترىيەلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش كەسپى.

**ئالەملەشمەك** پ. ئالەمگە كەڭ تارقالماق، ئالەمدە ئومۇملاشماق، دۇنياۋىلاشماق: بۇلار يەنە ئۆزلۈكتىن ئىبارەت قانداقتۇر شۇ بىر شەخس، شۇ بىر دەقىقىدىكى ئالەملەشكەن مۇرەككەپ ھادىسىگە يىلتىز تارتالمىغان.

**ئالەملىك** سۈپ. ① ئالەمگە ئاتالغان، ئالەمگە بېغىشلانغان: ئۇ ئالەملىك. ئىككى ئالەملىك. ② ئالەمگە خاس، ئالەمدە بولۇشقا تېگىشلىك: ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشنى ئالەملىك قانۇنىيەتنى تېپىش ئاساسىدىكى مۇقەددەس يۈكسىلىش، دەپ قارايدۇ.

**ئالەمىي** سۈپ [ئە] دۇنياۋى، پۈتۈن ئالەمگە تەئەللۇق: قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ: — ۋاي ئالەمىي خان، مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشىپ ھۆرلىقانى خان ئوردىسىغا ئەكېتىپتۇ.

**ئالبان** ئى <ئىرق> شۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئالبانىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئالبانچە** ① سۈپ. ئالبانلارغا، ئالبان خەلقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، ئالبان خەلقىگە خاس: ئالبانچە ئۇسسۇل، ئالبانچە ئادەت. ② ئى. ئالبان تىلى ياكى يېزىقى: ئالبانچە سۆزلىمەك.

**ئالبوم** ئى [ر< فىران] خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن فوتو سۈرەتلەر، ئاتكىرىتكىلار ياكى ھەرخىل ماركىلار توپلام قىلىپ چاپلانغان قېلىن مۇقاۋىلىق دەپتەر.

**ئالبوملۇق** سۈپ. ئالبومى بار، ئالبومغا ئىگە بولغان.

**ئالپىنىزم** ئى [ر] <تەن> تاغ چوققىلىرىغا، مۇز تاغلارغا چىقىش ئىسپورتى.

**ئالپىنىست** ئى [ر] <تەن> تاغ چوققىلىرىغا ۋە مۇز تاغلارغا چىقىش ئىسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەنھەرىكەتچى.

**ئالتە** بەشتىن كېيىن يەتتىدىن بۇرۇن كەلگەن سان: ئالتە ئوغۇل. ئالتا قوي. ئالتە نان.

**ئالتە پاتمان** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى زور؛ ئارتۇقچە: ئالتە پاتمان گەپ.

**ئالتە تولى - تولى** بىرنەچچىلا؛ ئازغىنا: خەلق كۈچى قۇدرەت-

لىك، يېڭىلىمەستۇر جاھاندا، «ئالتە توك ـ توك» خائىنىنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشەنمە.

**ئالتە كۆنلۈك ئالەم** تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۇزۇن بولمىغان ھايات: مەن سېنى پاناھ تارتىپ ئايۋانىڭدا ياتايمۇ، ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ.

**ئالتەيلەن** سان. ئالتە كىشى، ئالتە ئادەم.

**ئالتۇن** ① ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Au(Aurum). رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، سوزۇلۇشچان، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باھالىق، ئەتىۋار مېتال؛ زەر. ② سۈپ. كۆچمە. قىممەتلىك، بىباھا، گۆللەنگەن، تەڭدىشى يوق: ئالتۇن دەۋر. ئالتۇن پەسىل. ③ سۈپ. كۆچمە. ئالتۇنغا ئوخشاش سارغۇچ قىزىل: ئەتىياز قۇياشى ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن قارلىق داللارنى نۇرلاندۇرۇشقا باشلىدى. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئالتۇن قوزۇق** ① يەر شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇبىغا ئەڭ يېقىن يورۇق يۇلتۇز، كىچىك يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرى، قۇتۇب يۇلتۇزى. ② ھېچكىم يۆتكەپ كېتەلمەيدىغان، ئەبەدىي بايلىق: يەر — ئالتۇن قوزۇق.

**ئالتۇنچى** ئى. ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن، زەرگەر.

**ئالتۇنشاخ** ئى [ئالتۇن + شاخ] <بوت> مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق رەڭدە بولۇپ، كۈزدە ئېچىلىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن تېنىدىن سېرىق رەڭ بوياق ئايرىشقا ۋە دورا ياساشقا بولىدۇ. دورىسىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئىسسىقلىق، زەھەر ۋە ئىششىق قايتۇرىدۇ. گال ئاغرىقى، زۇكامدىن قىزىش ۋە يارا ـ جاراھەت قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئالتۇنگۈل** ئى [ئالتۇن + گۈل] <بوت> ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن ساپىقى بار، يوپۇرمىقى بەش بۇرجەك شەكلىدە بولىدۇ، ياز پەسلىدە چېچەكلەيدۇ، گۈلى چوڭ بولىدۇ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئالتۇنگۈللۈك** سۈپ. ئالتۇنگۈل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياكى ئالتۇنگۈل سۈرىتى بېسىلغان: ئالتۇنگۈللۈك رەخت.

**ئالتۇنلۇق** ئى ① ئالتۇنى بار، ئالتۇنغا ئىگە، ئالتۇن چىقىدىغان يەر: ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى (ماقال). ② ئۇلۇغلار مازارلىقى.

**ئالتئاتار** سۈپ [ئالتە + ئاتار] ئالتە تال ئوق يەيدىغان، ئالتە ئوقلۇق: ئالتئاتار تاپانچا.

**ئالتىلىك** سۈپ. ئۈستىگە «6» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن؛ «6» ئۆلچەم قىلىنغان: ئالتىلىك تاپان.

**ئالتىن** رەۋ. دىيال. ئاستى، تېگى: بوسۇغىنىڭ ئالتىنىغا كۆمۈگلۈك.

**ئالتىنچى** سان. تەرتىپى بەشىنچىدىن كېيىن يەتتىنچىدىن ئىلگىرى بولغان: ئالتىنچى ئاي. ئالتىنچى رەت.

**ئالتىۋارىم** سۈپ. دىيال. ئالىجوقا، تۇراقسىز: بۇ تولىمۇ ئالتىۋارىم كىشى ئىكەن.

**ئالتىنچىلىك** ئى. ئالتىنچى ئورۇن، دەرىجە: ئالتىنچىلىككە ئېرىشمەك.

**ئالجىتماق** «ئالجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالجىشماق** «ئالجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار راستىنلا ئالجىشتى، بولمىسا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشەمدۇ.

**ئالجىماق** پ. خىيالىغا كەلگەننى دەيدىغان بولۇپ قالماق؛ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتماق: — ئالجىپ قالدىڭمۇ، ساۋۇت؟ — دېدىم مەن غەزەپلىنىپ. — نېمە دەۋاتىسەن، ھەي، ئەبلەخ؟!

**ئالچا** ئى. تارس. چوڭ خوتۇن، بۇرۇنقى دەۋردىكى بەگ ـ پادىشاھلارنىڭ چوڭى: ئوغۇزخان ئالچىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ...

**ئالچاڭ** سۈپ ① پۇتىنى كېرىپ چامدايدىغان، ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان: ئالچاڭ پۇت. ② كۆرەڭلەيدىغان، گىدىيىدىغان.

**ئالچاڭا** رەۋ. دىيال. شۇ ئارىدا، شۇ ئارىلىقتا، شۇ ئەسنادا.

**ئالچاڭشتماق** «ئالچاڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالچاڭشماق** پ. ئالچاڭلاپ ماڭماق، ئالچاڭلىماق: ساۋۇتجان تاماكىنى بىرنەچچە شورىۋالغاندىن كېيىن ئالچاڭشىغان ھالدا سادەتنىڭ ئالدىغا كەتتى.

**ئالچاڭلاتماق** «ئالچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالچاڭلاشماق** «ئالچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالچاڭلىماق** پ ① پۇتىنى كېرىپ، ئىرغاڭلاپ ماڭماق: ئۇ بۇ قېتىم كېسەلدىن قوپقاندىن بېرى ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ② كۆرەڭلىمەك، گىدەيمەك: سەمەت ئازراق قېتىۋېلىپلا ئالچاڭلىغىلى تۇردى.

**ئالچايتماق** «ئالچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالچايغاق** سۈپ. تولا ئالچىيىدىغان، ئالچىيىپلا تۇرىدىغان: ئالچايغاق بالا. ئالچايغاق ئايال.

**ئالچايماق** پ. پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياكى چاتىرىقىنى كېرىپ ئولتۇرماق: — نېمانداق ئالچىيىپ ئولتۇرىسەنوي؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاسىمئاخۇن ئوغلىغا.

**ئالچۇ** ئى. ئوشۇقنىڭ ئويمان يۈز تەرىپى بىلەن تىك تۇرۇشى.

**ئالچۇ چۈشمەك (قوپماق)** قىمار ئويۇنىدا ئوشۇقنىڭ يۈز تەرىپى يۇقىرىغا قاراپ تىك تۇرماق، ئۇتماق.

**ئالچۇق** ئى. ئېتىزلىقتىكى تۆت ئەتراپى توسۇلغان، تۆپىسىگە ياغاچ، شاخ ـ شۇمبىلار يېپىلغان، ئادەم ئولتۇرىدىغان قۇرۇلما، ساتما، كەپە.

**ئالچىغاي** سۈپ. دىيال، تاش مايماق.

**ئالچىيىشماق** «ئالچايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالد (ى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ كۆزەتكۈچىگە قاراپ تۇرغان قىسمى؛ يۈزى: تاغنىڭ ئالدى شىغىل ئارىلاش شېبەن تاش ئىدى. ② ھۇزۇرى، ئۇدۇلى، قېشى: مەخسۇت ئالىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ③ كۆچمە. ياخشىسى، ئەلاسى، ئالغا باسقىنى: باتۇر زاۋۇتىمىزدىكى ئىلگىرىلەرنىڭ ئالدى. ④ بېشى، دەسلەپكىسى، ئاۋۋالقى: باققالنىڭ ئالدى ياخشى، قاسساپنىڭ كەينى (ماقال). * مانا، مېھمانلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. ⑤ ئىلگىرى، ئاۋۋال، بۇرۇن: بىز ئالدى بىلەن ئۆز خىزمىتىمىزنى كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق ئىشلىشىمىز

كېرەك. ⑥ جىنسىي ئەزانىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئاتالغان يەنە بىر نامى.

**ئالدى پەش** ① پەلتو، چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئالدى قىسمى. ② ھەممە ئىشتا ئالدىدا شاپاشلايدىغان، ئالدىدا چاپىدىغان، شاپاشلىغاق. ③ شۇنداق ئادەم.

**ئالدى پېشاب** كىچىك تەرەت؛ سىيدۈك: ئالدى پېشاب راۋان بولماق.

**ئالدىغا بارماق** تويدا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە چاي ئاپارماق.

**ئالداپ - سالداپ ← ئالداپ - سىلاپ:** كىشىلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خەلىچىنى ئالداپ - سالداپ كەتكۈزدى.

**ئالداپ - سىلاپ** يالغان گەپ ۋە يالغان ۋەدە قىلىپ؛ ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ: ئۇنى ئالداپ - سىلاپ قايتۇرۇۋەتتى.

**ئالداتماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالداشماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي قەلبىنى ئاشكارا قىلماي، بىر - بىرىنى ئالداشماقتا ئىدى.

**ئالدام** ئى. ئالداش پائالىيىتى: سەن مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمىگىن.

**ئالدام خالتا** يالغان ئېيتىلغان سۆز - ھەرىكەت، تۇزاق: ئالدام خالتىغا چۈشمەك.

**ئالدامچى** ئى. باشقىلارنى ئالدىغۇچى: ئالدامچىلار ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

**ئالدامچىلىق** ئى. ئالداش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئالدانماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئىسىت، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ-تىمەن.

**ئالدۇرماق** «ئالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياد ئالدۇرماق. چاچ ئالدۇرماق.

**ئالدېھىد** ئى [ر] ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. كاربونىل بىلەن بىردانە ئالكىل، بىردانە ھىدروگېن ئاتومىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن فورمالدېھىد، ئاتسېتالدېھىد قاتارلىقلار بار.

**ئالدى - ئارقىسى** ① ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى، ئەتراپى: ئالدى - ئارقىسىغا قارىماق. ئالدى - ئارقىسى گۈللۈك ئۆي. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۇلى ۋە تەتۈر تەرىپى، ئاستى - ئۈستى: ئالدى - ئارقىسى قىزىرىپ پىشقان نان. ئالدى - ئارقىسى سىلىق توقۇلغان گىلەم. ③ كۆچمە. ياخشى - يامان تەرىپى، بولىدىغان - بولمايدىغان تەرىپى: ئەي ئوغۇل، سۆزنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ، مەنىسىنى بىلىپ سۆزلە. بىر كىشى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىمىسە، تۈتى قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.

**ئالدى - بەردى ← ئالغۇ - بەرگۈ:** ئەمدى كېتىش نۆۋىتى ماڭا كەپتۇ، دۇيدىكى ئالدى - بەردىمنى ھېسابلىشىۋېتەيلى.

**ئالدىچە** رەۋ. ئالدىنى قىلىپ، ئالدى تەرەپ بىلەن: ئالدىچە ئۈزمەك. ئالدىچە ماڭماق. ئالدىچە يۈدۈمەك.

**ئالدىدا** تىر ① ھۇزۇرىدا، قېشىدا: ئىشنى ياخشى قىلساق، ئاما ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. ② بۇرۇن، ئىلگىرى، پەيتىدە: زەيتۇنەم باشلىغان ئاتلىق دۆي جىددىي ئاتلىنىش ئالدىدا، تۇرغاندا، تېببىي ياردەم سومكىسىنى بويىنىغا ئېسىپ، قادىر ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. ③ نىسبەتەن، قارىغاندا: دەرس قانچە قىيىن بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئالدىدا ھېچ نەرسە بىلىنمىدى.

**ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ** ئۇنىڭغا ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ، قەتئىي تەڭلىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن جىق تۆۋەن تۇرىدۇ.

**ئالدىدىكى** سۈپ. ئالدىدا تۇرغان؛ ئالدىدا مېڭىۋاتقان: ئالدىدىكى كىتاب. ئالدىدىكى بالا.

**ئالدىدىن** رەۋ. بىرەر ئىش، ۋەقە - ھادىسە باشلىنىشتىن ئىلگىرى؛ بۇرۇن: ئالدىدىن ئېيتماق. ئالدىدىن پۇل بەرمەك.

**ئالدىدىن توغرا ئۆتمەك** بىھۆرمەتلىك قىلماق: ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ قويغان بولسام كەچۈرگەيلا.

**ئالدىدىن ئۆتكۈزمەك** سەمىگە سېلىپ، ماقۇللۇقىنى، رازىلىقىنى ئالماق: بۇ ئىشنى مەن بالىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي.

**ئالدىراپ - تېنەپ** ① ھەم ئالدىراپ، ھەم تېنەپ؛ ئۆزىنى توختىتالماي، تولۇق تەييارلىقسىز: ئۇ بويىنىنى ئالدىراپ - تېنەپ جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ پىرىكازچىكقا پۇل ئۇزاتتى، سودا پۈتتى. ② ئويلانماي، پىكىر يۈرگۈزمەي: بەزى يازغۇچىلار ئالدىراپ - تېنەپ يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن تەھرىرلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ.

**ئالدىراپ - سالدىراپ ← ئالدىراپ - تېنەپ:** ئەزالار ئالدىراپ - سالدىراپ ئۆز ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشتى.

**ئالدىراتماق** «ئالدىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارغا تاماق تەييارلاش ئىشى بىزنى تولىمۇ ئالدىراتتى.

**ئالدىراش** ① رەۋ. جىددىي ھالدا، بىردەم تۇرماستىن، توختىماي: ئالدىراش ئىشلىمەك. ② سۈپ. مۇھىم، ۋاقتى قىسقا، تېزلىكنى تەلەپ قىلىدىغان: يېزىنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋە جىددىي پەيتى — ئورما باشلاندى.

**ئالدىراش - تېنەش ← ئالدىراپ - تېنەپ:** بۇنداق سوئالنى كۈتمىگەن قاسىم ئالدىراش - تېنەش «ھەئە، تونۇيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

**ئالدىراشچىلىق** ئى ← **ئالدىراشلىق:** ئەلى ئالبومنى ئالدىراشچىلىقتا قايتا - قايتا ۋاراقلىدى.

**ئالدىراشلىق** ئى. جىددىي، توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇش ھالىتى ۋە ھەرىكىتى: ئەخمەت چېچىلىپ ياتقان مېتال پۇللارنى ئالدىراشلىق بىلەن يىغىشتۇردى - دە، يانچۇقىغا سالدى.

**ئالدىراشماق** «ئالدىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانىلىرى ئۇنى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن مېھمان قىلىشقا ئالدىرىشاتتى.

**ئالدىراقسان** سۈپ. ئالدىراپ تۇرىدىغان، ئالدىراڭغۇ: باشلىقىمىز بىر ئاز ئالدىراقسان ئىدى.

**ئالدىراقسانلىق** ئى. ئالدىراقسان ھالەت، مىجەز؛ ئالدىراڭغۇلۇق: ئالدىراقسانلىق قىلماق.

**ئالدىراڭغۇ** سۈپ. دائىم ئالدىرايدىغان؛ ئالدىراقسان: بەزى ئات كۆپ ئىلىملەرنى ئوقۇغان، ئەقىل - پاراسەتلىك يىگىت بولسىمۇ، ئالدىراڭغۇ، قانائەتسىز ئىكەن.

**ئالدىراڭغۇلۇق** ئى. ئالدىراڭغۇ ھالەت، مىجەز، ئالدىراقسانلىق: ھېزىمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى بىلگەن ھاشىم ئاكا كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.

**ئالدىرىما** ① «ئالدىرىماق» پېئىلىنىڭ II شەخس بىرلىك

سانىنىڭ بولۇشىسىز بۇيرۇق رايى. ② «قاراپ تۇر، كېيىن كۆر، شۇ ۋاقتىدا بىل» مەنىلەردىكى جېكىلەش، ئاگاھلاندۇرۇش سۆزى: ئالدىرىما، قولىقىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام، دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي!

**ئالدىرىماق** پ ① بىرەر جايغا يېتىپ بېرىش ۋە بىرەر ئىشنى بېجىرىش ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرمەك؛ تېز يۈرمەك: ئۇ چىلىغان نانىنىڭ يېرىمىنى يەپلا مەكتىپىگە ئالدىرىدى. ② تۇساتتىن يۈز بەرگەن ئىش - ھەرىكەت سەۋەبىدىن ھودۇقماق، ھايا - جانلانماق، ئەنسىرىمەك: جېلىل بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ گويا بىر ئىش يادىغا چۈشكەندەك ئالدىراپ بانكىغا كىردى.

**ئالدى - ساتتى** ئېلىش - سېتىش پائالىيىتى؛ سودا: ئۇلار يۈرۈش - تۇرۇشتا سىپايە، سۆزدە مۇلايىم، ئالدى - ساتتىدا ئادىل، ھەرىكەتتە تۈز بولۇپ كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىكەن.

**ئالدى - كەينى** ① ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى، ئەتراپى: ئۆينىڭ ئالدى - كەينى پاكىز تازىلاندى. ② بىرەر ئىش - ھەرىكەتتىن ئىلگىرى ھەم كېيىن: مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئالدى - كەينىدە 80 ئېغىز ئۆي بوشىدى.

**ئالدى - كەينىگە قاراپ قالماق** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئىككىلىنەمەك، ئارىسالدى بولماق.

**ئالدى - كەينىگە قارىماق** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئەتراپلىق ئويلىماق: بۇ ئىشتا ئالدى - كەينىڭلەرگە قاراپ ئىش كۆرمىسەڭلەر ئاخىر ياقاڭلارنى چىشلەپ قالىسىلەر جۇمۇ!

**ئالدىماق** پ ① ئەخمەق قىلماق، گوللىماق: كىچىك بالىنى ئالدىماق ئوڭاي. ② يولدىن ئازدۇرماق: ئاممىنى ئالداپ، خاتا يولغا ماڭغىنىڭنى سەزمەي يۈرەمسەن؟

**ئالدىن** رەۋ. ئاۋۋال، ئىلگىرى، بۇرۇن: ئەتە يېزىلىق پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ئالدىن مۇزاكىرىلىشىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئالدىنئالا** رەۋ. ئىشتىن بۇرۇن، دەسلەپتىلا، ئالدىنى ئېلىپ: ئەخمەت مۇئەللىم ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان سوئاللىنى دوسكىـ غا يېزىشقا كىرىشتى.

**ئالدىنقى** سۈپ ① ئالدى تەرەپتىكى، ئالدى تەرەپكە جايلاشقان: ئالدىنقى پوست. ئالدىنقى رەت. ② ئىلگىرى، بۇرۇن ئۆتكەن؛ ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى: ئالدىنقى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى. ③ كۆچمە. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، بىرىنچى: ئالدىنقى شەرت. * تۇرسۇنجان ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تۈرى بويىچە ئالدىنـ قىسى بولۇپ بىرىنچىلىكنى ئالدى.

**ئالدىنقى سەپ** ① بىرەر ئەمگەك ۋە خىزمەت ساھەسىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلات مەيدانى، جاپالىق خىزمەت ئورنى. ② ئۇرۇش مەيدانى.

**ئالغا** ① رەۋ. ئالدىغا، ئالدى تەرەپكە: ئالغا ماڭماق. ئالغا ئىلگىـ رىلىمەك. ئالغا چامدىماق. ② ئىم. كۆچمە. ئالغا قاراپ سىلجىشقا، ئالدىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىش، ئۈندەش: ئۇلۇغ غەلىـ بىلەر ئۇچۇن ئالغا!

**ئالغاق** ئى. تاغنىڭ ئالا كۆرۈنىدىغان جايى.

**ئالغۇ - بەرگۈ** ئېلىش - بېرىش؛ ئىقتىسادىي مۇئامىلە، ئىقتىسادىي ئالاقە: — ئەمدى بىزنىڭ ھېچقانداق ئالغۇ - بەرگۈمىز قالمىدى، — دېدى ئۇ ئەختەمگە قول بېرىپ.

**ئالغۇر** سۈپ ① ئوۋنى ياخشى ئالىدىغان: ئالغۇر بۈركۈت.

② ھەققىنى كەتكۈزمەيدىغان؛ ھەر باب بىلەن ئالىدىغان: ئۇ ناھايىتى ئالغۇر ئادەم بولغاچقا، ئالىلقاچان ئۆلگەن پۇللارنىمۇ تىرىلـ دۈرۈپ ئالالىدى.

**ئالغۇرلۇق** ئى. ئېلىشقا ماھىرلىق.

**ئالغۇسىز** سۈپ. ئالغىلى بولمايدىغان، ئېلىش تەس بولغان: تىلغا ئالغۇسىز يامان گەپ.

**ئالفا** ئى [(<گىرېك>] گىرېك ئالفاۋىتىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ نامى.

**ئالفاۋىت** ئى [ر< گىرېك] ← **ئېلىپبە**.

**ئالقات** ئى ① چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئالقاتزار** ئى. ئالقات كۆپ جاي، ئالقات كۆپ ئۆسكەن يەر، ئالقاتلىق.

**ئالقاتزارلىق** ئى. ئالقات كۆپ ئۆسكەن يەر، ئالقاتلىق: دەريا ساھىلىدىكى قېلىن ئۆسكەن ئالقاتزارلىقتا ئالقاتلار قىپقىزىل رەڭگە كىرىپ مەي باغلاپ پىشقانىدى.

**ئالقاتلىق** ئى. ئالقات ئۆسكەن، ئالقات بار يەر: — تاتلىق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلارمەن دەپ كەلسەم ... ئەجەب بىر ئىش بولدى، يۈرۈڭ ئالقاتلىقنى ئايلىنايلى، — دېدى زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتەكلىرىنى قېقىۋېتىپ.

**ئالقىش** ئى ① رەھمەت سۆزى، رەھمەت تۇيغۇسى، قوللاش، ھىمايە قىلىش: ئالقىشقا ئېرىشمەك. ② ئالقىشلاپ چېلىنغان چاۋاك: دۆلەتباي سۆزىنى تۈگەتكەندە، زال ئىچىنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ئالقىشلاتماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالقىشلاشماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالقىشلانماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىـ جىسى: ئۇلار ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالقىشلانـ دى.

**ئالقىشلىماق** پ. مەمنۇنىيەت بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمەك، ئالقىش سۆزلىرى بىلەن تەبرىكلىمەك؛ تەبرىكلەپ، قارشى ئېلىپ چاۋاك چالماق: شائىر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار شېئىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى.

**ئالقىۋاسى** ئال. دىيال. ھېلىقى، ھەممىسى، ھەنىۋاسى.

**ئالكوھول** ئى [ر< ئە] <خىم> ① مولېكۇلالىرى تەركىـ بىگە كىسلورود ۋە ۋودورود ئاتوملىرى گۇرۇپپىسى كىرىدىغان بىرىكمىلەر؛ ئىسپىرتلار. ② ھاراق، ۋىنو قاتارلىق ئىسپىرتـ لىق ئىچىملىكلەر.

**ئالكوھولىزم** ئى [ر] ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرگە، ھاراقخورلۇققا بېرىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان، ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان كېسەللىك.

**ئالگېبرا** ئى [ر<ئە. ئەسلىي: ئەل جەبر] ماتېماتىكىنىڭ مىقدارلار ئۈستىدە (ئۇلارنىڭ سان قىممەتلىرىدىن قەتئىيـ نەزەر) بېجىرىلىدىغان ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ھەققىدىكى بۆلۈمى.

**ئالگېبرالىق** سۈپ. ئالگېبراغا ئائىت: ئالگېبرالىق ئىپادە. ئالگېبرالىق مەسىلىلەر.

**ئالگىرات (ئالگىراتى)** ئى [ر< پ] ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى تۆت مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان چاتقال دەرەخ. چېچىكىنىڭ رەڭگى ئاق، مېۋىسى چوڭ، شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندا رەڭگى سېرىقتىن قىزىلغا ئۆزگىرىدى. مېۋىسىنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ: بىزنىڭ باغدا ئالگىرات بار. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئاللا** I ئى [ئە] <دىن> خۇدا، تەڭرى، پەرۋەردىگار: — ئاللا، ئۆزۈڭ بار، — دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى بوۋاي.

**ئاللا** II ئىم. ھەيرانلىق، پۇشايمان ۋە ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئاللا! يامان بولدى.

**ئاللاتائالا** ئى [ئە] ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللا.

**ئاللا ـ توۋا** پىغان، ناله ـ زار، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بىلدۈرىدۇ: ئاللا ـ توۋىنىڭ دەستىدىن تۇگمەندە تۇرۇپ بولغىلى بولماپتۇ.

**ئاللا ـ توۋا دېگۈزمەك** راسا ئەدىپىنى بەرمەك، توۋا قىلدۇرماق، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدۇرماق: شۇنداق قىلىپ خەلپەتنى ئاللا ـ توۋا دېگۈزۈۋەتتۇق.

**ئاللا ـ چۇقان** ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن تولغان تىنىمسىز ھالەت: ئاللا ـ چۇقان سالماق. * ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىقمىدى، سول ياڭىقى ئىششىپ چىققان چەت ئەللىك ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈپ مېھمانخانىنى بىر ئالدى.

**ئالا ـ كاللا** ۋارقىراپ ـ جارقىراش، داد ـ پەرياد، ناله ـ زار: ئاللا ـ كاللا دەپ.

**ئاللا ـ كاللا دەپ** ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ: پاتەمخان ئانا قىزىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاللا ـ كاللا دەپ يىغا ـ زار قىلىشقا باشلىدى.

**ئاللاھۇئەكبەر** ئى [ئە]. بىرەر نەرسىنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، دۇئادىن كېيىن ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزى.

**ئاللېگورىيە** ئى [گىرېك] مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى كونكرېت ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەش؛ كىنايە.

**ئاللېگورىيەلىك** سۈپ. ئاللېگورىيەگە ئائىت، ئاللېگوردىيەدىن، كىنايىدىن ئىبارەت بولغان، كىنايىلىك: ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭدىكى روھىي تۇگۇنىنىڭ ئاللېگورىيەلىك كۆرۈنۈشى ئىدى.

**ئاللىبۇرۇن** رەۋ [ئاللا + بۇرۇن] خېلى ۋاقىت ئىلگىرى، خېلى بۇرۇن: بۇ ئىش بىزگە ئاللىبۇرۇن مەلۇم ئىدى.

**ئاللىبىر** ئال [ئاللا + بىر] كىم ۋە نېمىلىكى نامەلۇم بولغان بىر، قانداقتۇر بىر: ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ئەسەبىيلىرى بىردىنلا بوشىشىپ، قۇلىقىغا ئاللىبىر سورۇنلاردىكى رومكىلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**ئاللىقاچان** ئال [ئاللا + قاچان] خېلى ۋاقىت بۇرۇن، خېلى ۋاقىت ئىلگىرى: بەدىنى ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان ئانا ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

**ئاللىقاچانقى** سۈپ. خېلى ۋاقىت بۇرۇنقى، خېلى ۋاقىت ئىلگىرىكى: ئۇ ئاللىقاچانقى ئىشلار ئىدى.

**ئاللىقانچە** ئال [ئاللا + قانچە] قانچىلىكى نامەلۇم، بىرقانچە: بۇ گەپنى مەن سەمەتكە ئاللىقانچە قېتىم تەكىتلىدىم.

**ئاللىقانداق** ئال [ئاللا + قانداق] قانداقلىقى ئېنىقسىز، قانداقتۇر، نامەلۇم، ناتونۇش: ئۇ باتۇرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ئەمەس، بەلكى ئاللىقانداق بىر خىل خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

**ئاللىقاياق** ئال [ئاللا + قاياق] قايسى تەرەپ ئىكەنلىكى ۋە قەيەر ئىكەنلىكى نامەلۇم جاي: بۇ قىزغا بولغان غەزىپىم ئاللىقاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كېتىپ، يېلى چىقىپ كەتكەن كامېردەك بوشىشىپ كەتتىم.

**ئاللىقايسى** ئال [ئاللا + قايسى] قايسىلىقى ئېنىقلانمىغان، نامەلۇم ياكى ئەستىن كۆتۈرۈلگەن: ئاللىقايسى بىر كۈنلەردە. ئاللىقايسى بىر ئىشتا.

**ئاللىقەيەر** ئال [ئاللا + قەيەر] قايسى يەر ئىكەنلىكى ئېنىقسىز، نامەلۇم جاي: ئۇلار ھۆپىگەرلەرنىڭ ھەر ياڭزا ئاۋازلىرىنى، زاۋۇتلارنىڭ گۇدۇكلىرىنى، مەزىنلەرنىڭ ئەزانلىرىنىمۇ ئاللىقەيەرلەردە قالدۇرۇپ، گۈزەل ئىلىخونىڭ ساپ ھاۋاسىدا پەلەكلەردە پەرۋاز قىلماقتا.

**ئاللىكىم** ئال [ئاللا + كىم] قانداقتۇر نامەلۇم شەخس؛ كىمدۇ، بىراۋ: ئاللىكىملەر يەنە نېمىلەردە ئۆلدى، يەنە قايسىمىز قانداق قاپقىنىدا ئۆلىمىز، بۇنى كىم بىلىدۇ.

**ئاللىنېمە** ئال [ئاللا + نېمە] قانداقتۇر ئېنىقسىز، نامەلۇم بىرنەرسە، نېمىدۇر: بەزىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر ئاللىنېمىلەر بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماموتىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كېتىدىشەتتى.

**ئالما** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى قىزغۇچ ئاق، قىزىل كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇمىلاق، تەمى تاتلىق ياكى چۈچۈمەل بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئالماس** ئى ① سۈزۈك يالتىراق، قىممەت باھالىق تەبىئىي تاش. ② شۇنداق تاش ئورنىتىلغان كېسىش ئەسۋابى: ئالماس بىلەن ئەينەكنى كەسمەك. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئالماش** ئى <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ: كىشىلىك ئالماش. سوراق ئالماش.

**ئالماشتۇرماق** «ئالماشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوختۇرخانىدىكى بەزىلەرمۇ ئاق خالات بىلەن تىڭشىغۇچنى ملتىق بىلەن نەيزىگە ئالماشتۇردى.

**ئالماشتۇرۇشماق** «ئالماشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەتتا بەزىلەر نەچچە مىڭ يۇەنگە ئىت ـ كەپتەر سېتىۋالغانلىقى، قوي ـ كالىلارنى قانداق سەمرىتكەنلىكىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلىشىپ كېتىدۇ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىدۇ.

**ئالماشتۇرۇلماق** «ئالماشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىدا ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئىمتىھانغا رىياسەتچىلىك قىلدۇرۇلدى.

**ئالماشماق** پ ① بىرى بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماق، ئىگىلىمەك؛ پېڭىلانماق: ۋەھالەنكى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ھايات داۋام قىلماقتا، ھەۋەس قايىنىماقتا، ئەۋلاد ئەۋلاد بىلەن ئالماشماقتا. ② كىرىشىپ قالماق، يۆگىشىپ قالماق: ئەركىنىنىڭ ئۈچىيى ئالمىشىپ قېلىپ، ئوپېراتسىيە قىلىندى. ③ بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلمەك: ئۇ خىزمەت شارائىتى ياخشى ئورۇنغا ئالماشتى.

**ئالماق** پ ① نەرسىنى ئوچۇملاپ، سىقىملاپ ياكى بىرەر

ئەسۋاب بىلەن تۇتۇپ قولغا كىرگۈزمەك: چېلەكتىن سۇ ئالماق. يانچۇقتىن پۇل ئالماق. ئەكبەر تېلېفوننى قولغا ئالدى. ② قوبۇل قىلماق: ئوقۇغۇچى ئالماق. ئىشقا ئالماق. ياتاققا ئالماق. * — دوختۇرلار مېنى ياتاققا ئالمىدى، — دېدى ئانا ئىڭرىغان ئاۋاز بىلەن... ③ بوشاتماق، بىكار قىلماق، چۇشۇرمەك: ۋەزىپىدىن ئالماق. ④ قىرقىماق، كەسمەك، سۇغۇرۇپ چىقارماق: چاچ ئالماق. تىرناق ئالماق. ساقال ئالماق. ⑤ قولغا كىرگۈزمەك، ئىگە بولماق، قازانماق، ھاسىل قىلماق، ئېرىشمەك: دارامەت ئالماق، خامان ئالماق. ھوسۇل ئالماق. پايدا ئالماق. ئولجا ئالماق. بەھرى ئالماق. نەپ ئالماق. ساۋاق ئالماق. ئىلھام ئالماق. ⑥ يېمەك، ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق: بىر كۈنلۈك ھەمراھقا قىرىق كۈن سالام، دەپتىكەن، ھەرقايسىلىرىدىن ئارتۇق ئەمەس، قېنى ئالسىلا! ⑦ مەلۇم رەڭ، ھالەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك؛ پەيدا قىلماق: رەڭ ئالماق. تۈس ئالماق. خاراكتېر ئالماق. كۆزىگە ياش ئالماق. ⑧ ئۆيلەنمەك: خوتۇن ئالماق. ⑨ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالماق: بۇ ئاياغنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ ⑩ ئۈستىگە قويماق: پەردە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى يىغىپ جوزىغا ئالدىم. ⑪ بوشاتماق، چۈشۈرمەك، خالىي قىلماق: مۈرىسىدىن خۇرجۇننى ئالماق. ھارۋىدىن ساندۇقنى ئالماق. ماشىنىدىن يەشىكنى ئالماق. ⑫ ئورۇنلاشتۇرماق، مەلۇم جاي ۋە ئورۇندا قويماق: دالدىغا ئالماق. بىرەر سائەت قادىلىپ ئىشلىگەن بولسامۇ، ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي چولاق تام سايىسىگە ئۆزۈمنى ئالدىم. ⑬ ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق: ئورۇن ئالماق. نام ئالماق. شەھەر ئالماق. ⑭ قاپلىماق، ئورىماق: ئوت ئالماق. * يامغۇر ئالەمنى بىر ئالدى. * يېڭى دەملەنگەن پولۇنىڭ ھىدى ئۆينى بىر ئالدى. ⑮ پەيدا قىلماق، ھاسىل قىلماق: ئەت ئالماق. ياغ ئالماق. ياش ئالماق. ⑯ كەلتۈرمەك: ئەسكە ئالماق. يادىغا ئالماق. زېھنىگە ئالماق. ⑰ يوقاتماق، كەتكۈزمەك: زەھەرنى زەھەر ئالىدۇ (ماقال). ⑱ تەلەپ قىلماق، ئىزدىمەك؛ ۋاقىپلانماق: پىكىر ئالماق. جاۋاب ئالماق. دېرەك ئالماق. رۇخسەت ئالماق. ئىجازەت ئالماق. ⑲ خاتىرىلىمەك، رەسىمنى قالدۇرماق: ئەنگە ئالماق. دەپتەرگە ئالماق. ھېسابقا ئالماق. سۈرەتكە ئالماق. نوتىغا ئالماق. ⑳ باسماق، ماڭماق: قەدەم ئالماق. يول ئالماق. ㉑ مەھكەم تۇتماق، چىشلىمەك، كەسمەك: بېلىدىن ئالماق. ياقىسىدىن ئالماق. قولىقىدىن ئالماق. ㉒ قوشماق: ئارىغا ئالماق. قاتارغا ئالماق. ㉓ ئىگە دەپ قارىماق: ئىناۋەتكە ئالماق. ئېتىبارغا ئالماق. ھېسابقا ئالماق. ㉔ تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: ئەۋج ئالماق. ئارىيەت ئالماق. ئۆچ ئالماق. قىساس ئالماق. ھېساب ئالماق. تەسىر ئالماق. ئىمتىھان ئالماق. باش ئالماق. كۈن ئالماق. ㉕ رەۋىشداش بىلەن كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ياكى ئۇنۇمىنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە يۆنىلىشى ياكى سۇبيېكت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى. 2) سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشنى بىلدۈرىدۇ: تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى. 3) ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: كۈچۈكنىڭ بارىدا ئىشلىۋال. * يامغۇر ياغقۇچە ئۆيگە يېتىۋالايلى. 4) ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. 5)

بەزى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ جىم ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار ئۇنىڭ.

**ئالماق ـ ساتماق** ئېلىش ـ سېتىش ئىشى، تىجارەت: بېسىمدارلىق قىلىپ پايدا ئېلىشقا يېقىن كەلمە، ئالماق ـ ساتماقتا ھېچقانداق ئادەمگە يالغان سۆز قىلما.

**ئالمان** سۈپ ① ئېلىشتا ئىتتىك، تېز، چاققان ؛ تېز ئالىدىغان: ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك (ماقال). ② كۆچمە. ئوۋدا سالغاننى ئالىدىغان؛ ئالغۇر: ئالمان قۇش. * بۇ قارچىغا ناھايىتى ئالمان چىقتى.

**ئالماناخ** ئى [ئىنگ] <ئەد> بىر ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى ياكى شۇ ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن توپلام. «تاللانما ئەسەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئالمان ـ تالمان** ئوپۇل ـ توپۇل، ئالدىراش ـ تېنەش، ئالدىراپ ـ سالدىراپ: ئۇلار ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن سادىقنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

**ئالمانچۇق** ئى. دىيال. پاتمىچۇق.

**ئالما ـ ئۆرۈك** ئالما ۋە ئۆرۈك قاتارلىق يەل ـ يېمىش: ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇنلاردا ئالما ـ ئۆرۈك ساتاتتى.

**ئالمزار** ئى ← **ئالملىق:** تېغىڭ شۇنچە، بېغىڭغا كىم تاپالايدۇ مۇناسىپ سۆز. تەبىئەت ساڭىلا شۇنداق سېخىيمۇ ئالمىزار نىلقا.

**ئالمزارلىق** ئى ← **ئالملىق.**

**ئالمىغان** «ئالماق» سۆزىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى.

**ئالمىغان ـ بەرمىگەن** ئېلىش ـ بېرىشى تۈگىگەن، ئارىسى ئۈچۈق بولغان: پۇل مۇئامىلىدە بىز ئالمىغان ـ بەرمىگەن بولدۇق.

**ئالملىق** I ① سۈپ. ئالما دەرىخى بار، ئالما دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: ئالملىق باغ. ② ئى. ئالما دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: بۇ ئالملىق قۇرتقا قارشى جىددىي جەڭ مەيدانىغا ئايلانغانىدى.

**ئالملىق** II ئى. توقۇش دۇكىنىدا جەينەكنىڭ دەپتىنگە ھەرىكەتچان ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايى.

**ئالمىماق** پ ① يىپ ئۇچلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تاڭماق، چاتماق: يىپنى ئالماپ چىگمەك. ② بىر نەرسىنى ئىككىنچى نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئورۇنلاشتۇرماق: پۇتنى ئالماپ ئولتۇرماق. شاخنى ئالماپ قويماق. ئارغامچىنى ئالماپ قويماق.

**ئالوي** ئى [ر<گىرېك] <بوت> ← **سەبرە.**

**ئالۇچا** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. گۈلى قىزغۇچ، قىزىل كېلىدۇ، مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ پىشقاندا قىزىرىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئالۇدە** ئى [پ] ئىنچى ئېلىشىش، كۆڭۈل ئېغىش: ئالۇدە بولماق.

**ئالۇدە بولماق** ئىچى ئېلىشماق.

**ئالۋاستى** ئى ① رىۋايەتلەردىكى ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرەلەيدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق؛ جىن. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە (ئالدامچى ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ): ھېلىمۇ ياخشى، سىز ماھىنۇردەك بىر ئالۋاستىدىن قۇتۇلدىڭىز.

**ئالۋاستىلاشتۇرماق** ① «ئالۋاستىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئالۋاستى ھالىتىگە كەلتۈرمەك، ئالۋاستى سىياقىغا كەلتۈرمەك، ئالۋاستىغا ئوخشاتماق: غەربتىكى بەزى دۆلەتلەردە جۇڭگونى ئالۋاستىلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان رەزىل ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلماقتا.

**ئالۋاستىلاشتۇرۇلماق** «ئالۋاستىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئالۋاستىلاشماق** پ. ئالۋاستى ھالىتىگە كەلمەك، ئالۋاستى ھالىتىگە كىرمەك، ئالۋاستى سىياقىغا كىرمەك، ئالۋاستىغا ئوخشىماق.

**ئالۋاستىلىق** ئى. كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە ھالەت.

**ئالۋان** ئى. زورلۇق بىلەن تاپشۇرۇشقا بەلگىلەنگەن، ماددىي نەرسە ياكى ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك: ئۇلار ھەر كۈنى يېزىلارغا ئالۋان سالاتتى.

**ئالۋان سالماق** زورلۇق ۋە مەجبۇرلۇق بىلەن ئالۋان - سېلىق يۈكلىمەك، ئارتماق: خەلققە سالغان ئالۋان كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**ئالۋانچى** ئى. ئۈستىگە ئالۋان مەجبۇرىيىتى چۈشكەن كىشى.

**ئالۋان - سېلىق** مەلۇم تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان ۋە مەجبۇرىي ھەقسىز تاپشۇرۇلىدىغان ماددىي نەرسە ۋە ئۆتنىغا بەدەل قىلىنىدىغان ئەمگەك كۈنى: بىزنىڭ ئالۋان - سېلىقلىرىمىز ئۆزگەرمىگەننىڭ ئۈستىگە بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى.

**ئالۋان - ياساق** ← **ئالۋان - سېلىق**: ھە، مانا بىزنى شۇنداق ئاچ كۆز خوجايىنلار، ئالۋان - ياساقلار، خورلۇق - ھاقارەتلەر قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويدى.

**ئالۋۇن** ئى. ئېزىتقۇ، سەراپ: ئالۋۇنمۇ بەزىدە سىزگە جەننەتتەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ھازىر بىز قوبۇل قىلىۋاتقان مۇشۇنداق مەدەنىيەتلەر بىزگە ھەققىي يىلىك بولالىشى ناتايىن.

**ئالبوتا** ئى [ئالا + بوتا] <بوت> تاشلاندۇق يەرلەردە، بەزى ئېتىزلاردا ئۆسىدىغان يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يالتىراق، ئاستى كۆل رەڭ ياۋا ئوت.

**ئالبۆرەك** سۈپ [ئالا + بۆرەك] ① تولۇق بىر خىل رەڭگە كىرمىگەن، ئالا - بۇلا: پەمىدۇر توق قىزارمىدى، ئەمدى ئالبۆرەك بولدى. ② تولمىغان، يېتىشىپ بولمىغان: بوگۈن سويغان قوي ئالبۆرەك چىقتى.

**ئالىپ** ① سۈپ. چوڭ، ئېگىز، كۆركەم: ئالىپ تاغلار. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئالپاساق** سۈپ [ئالا + پاساق] ئالا قوۋزاق، ئالچىپار، قارا - قۇرا: قوناق ئالپاساق بولدى.

**ئالىپتە** سۈپ. چىرايلىق، كۆركەم، يېتىلگەن: مەن ئىتتىك بۇرۇلدۇم، يېنىمدا ئېگىز بوي، ئاق پېشماق، ئالىپتە كىيىنگەن بىر يىگىت تۇراتتى.

**ئالىپتە** سۈپ. دىيال. كاتتا، چىرايلىق: سەن بوگۈن نېمانچۇۋالا ئالىپتە بولۇپ كەتتىڭ؟

**ئالپىسە** ئى [ئالا + پىسە] بەدەندىكى ئاق داغلار، پىسە.

**ئالتاغىل** سۈپ [ئالا + تاغىل] ① ئاق داغلىرى بولغان، ھەر خىل رەڭ ئالغان: ئالتاغىل توربىاق. ئالتاغىل ئايغىر. ② بىر خىل بولمىغان تەرتىپسىز، قالايمىقان؛ ئېگىز - پەس، يۇقىرى - تۆۋەن: ئالتاغىل ئاۋاز. // ئالتاغىل توۋلىماق.

**ئالتوپىلاڭ** ئى [ئالا + توپىلاڭ] قالايمىقانچىلىق، غەلۋە - غوۋغا، تىنچسىز ھەرىكەت ۋە ھالەت: ئالتوپىلاڭ كۆتۈرمەك. * ئۇلار بەۋاقتان ئاشلىرىنى چالا تاشلىشىپ، ئالتوپىلاڭ بولۇپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

**ئالتوپىلاڭچى** ئى. ئالتوپىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى، ئالتوپىلاڭغا قاتناشقۇچى.

**ئالتوپىلاڭچىلىق** ئى. ئالتوپىلاڭچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىق، تىنچسىز ھەرىكەت ۋە ھالەت.

**ئالجوقا** سۈپ. ئالدىراڭغۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان: ئالجوقا ئادەم.

**ئالجوقىلىق** ئى. ئالدىراڭغۇلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، رەتسىزلىك: ئالجوقىلىق قىلماق.

**ئالچا** ئى. ① رەڭلىك يىپلاردىن يوللۇق توقۇلغان رەخت. ② كاتەكچە قىلىپ بويالغان ماتا.

**ئالچاقماق** سۈپ. دىيال. ئالاق - جالاق، ئالاچەكمەن: كۆزۈم ئالچاقماق بولۇپ كەتتى.

**ئالچۇق** ئى. ئىككى يان تەرىپى يانتۇ، ئۈستى (چوققىسى) بىر نۇقتىدا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ بۇرجەك ياسالغان، سىرتى كىگىز ياكى قومۇش ئوت - چۆپلەر بىلەن يۆگەلگەن كەپە.

**ئالچىپار** سۈپ [ئالا + چىپار] ئاق داغلىرى بار، چىپار: ئالچىپار ئات. ئالچىپار كۆڭلەك.

**ئالزارىن** ئى [ر<فىران<ئە] ئوردان ئۆسۈملۈكى يىلتىزىدىن ئېلىنىدىغان ياكى سۈنئىي يول بىلەن تەييارلىنىدىغان بوياق ماددا.

**ئالسېرىق** سۈپ [ئالا + سېرىق] سارغىيىشقا باشلىغان، تەكشى سارغىيىپ كەتمىگەن، ئالا - بۇلا سارغايغان: ئالسېرىق غورا. ئالسېرىق پەمىدۇر.

**ئالغاي** سۈپ. قىڭغىر كۆز، كۆز قۇرۇلمىسى قىڭغىر؛ ئەلەس؛ ئەلەس قارايدىغان: ئالغاي كۆز. ئالغاي ئادەم.

**ئالغەلەپ** سۈپ. دىيال. ئالجوقا، شەككاك.

**ئالقاپ** سۈپ. يالغان - ياۋىداق سۆزلەيدىغان، راست - يالغان بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان: ئالقاپ ئادەم.

**ئالقاراق** ئى [ ئالا + قاراق] توم تۇياق ماللاردا بولىدىغان سانجىق كېسىلىنىڭ بىر خىل ئېپادىسى: مال ئالقاراق بولغاندا كۆزىنىڭ قارىقى تارتىشىدۇ.

**ئالقاغا** سۈپ ① دىيال. يالغانچى، ئالدامچى. ② تۇترۇقسىز.

**ئالقان** ئى. قول پەنجىسىنىڭ ئىچ يۈزى: مەھبۇبە ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

**ئالقاندا كۆتۈرمەك** ناھايىتى ئەتىۋارلىماق، ئىنتايىن ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلماق.

**ئالقىنىدا ئويناتماق** دېگەن گېپىدىن، سىزغان سىزىقىدىن چىقارماي باشقۇرماق، دېگىنىنى قىلدۇرماق.

**ئالقىنى قىچىشماق** ① بىرەر ئىش - ئەمگەك قىلغۇسى كەلمەك: — يارايسەن، ئىنىم، كەتمەننى كۆرۈپ ئالقىنىڭنىڭ قىچىشىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئاكام. ② قولغا پۇل كىرىش ئىستىكىدە ئېچىلىدۇ.

**ئالقىنى قىزىماق** ← **ئالقىنى قىچىشماق**: — شانىياز ئۇكا، ئالقىنىڭ تازىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ - دە، ئولتۇر...، — دېدى ئەمەت ئۇنى ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ.

**ئالقىنى يالايدىغان** كىشىلەرگە نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل، پىخسىق: ئۇ باي راسا پىششىق، ئالقىنىنى يالايدىغان ئادەم، شۇنداق بولسىمۇ ئالماي ئىلاجى قانچە!

**ئالقىنى ئۇچۇق** ← **قولى ئۇچۇق**: قىر ۋە ئۇستەڭ بويىدا شاخلاپ زاراڭزا ئوخشىغان، يەر دېگەن ئادىل، سېخىي، كەڭ، ئالقىنى ئۇچۇق ئىكەن.

**ئالقانات** گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى تۇراقسىز، ھەممە ئىشتا بار، تىنىم تاپمايدىغان: پۇل ئۈتۈۋالغۇچى مەندىن چوڭ ھەم كۆچلۈك، ئۇچىغا چىققان ئالقانات ئىدى.

**ئالقانچە** سۆپ. كىچىككىنە، ئازراق: دېھقانلار مو بېشى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالقانچە يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماي تېرىيدۇ.

**ئالقانچۇق** ئى. قولنىڭ يەنى ئالقاننىڭ باش تەرىپى قىسمى، كىچىك ئالقان: بارماقلارنى ئاتىغاندىن سىرت قولنىڭ ئالقىنىنىمۇ ئۇچكە بۆلۈپ ئاتايمىز. ئالقان، ئالقانچۇق، قاپارچۇق يەنى قولىمىزنىڭ ئوتتۇرىسى ئالقان، باش بارماق تەرىپى ئالقانچۇق، چەپ بارماقنىڭ ئاستى تەرىپى قاپارچۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالقانچىلىك** سۆپ← **ئالقانچە**: ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق.

**ئالقانسىمان** سۆپ ئالقانغا ئوخشايدىغان، ئالقان شەكىللىك: ئالقانسىمان ئېرىق.

**ئالقول** ئى. سوغۇق قول، يات قول.

**ئالقۇراق** سۆپ. تۇرلۇك رەڭدىكى نەرسىلەردىن قۇرالغان: ئالقۇراق چاپان، ئالقۇراق كۆرپە.

**ئالكۈلۈك** ئى. دىيال. ئالقوڭغۇز.

**ئالگەدەن** تەربىيە كۆرمىگەن، ھەددىدىن ئوشۇق قوپال ۋە قائىتىق مۇئامىلە قىلىدىغان: ھوي، قاپاقباش ئالگەدەن، سىلىگە ئوخشاش بوھتان چاپلاپ، خەقنىڭ قېنىنى شوراۋاتقىنىم يوق، تىللىمەي ئوڭشاپ گەپ قىلسىلا.

**ئاللاناماق** پ. ئالا ھالەتكە كەلمەك، ئالا بولۇپ قالماق: ئالمىلار ئاللاپ كېتىپتۇ.

**ئاللىق** ئى ① ئالا بولغان كۆرۈنۈش، ئالا ئىكەنلىك، ئالا ھالەت. ② كۆچمە. كۆڭلىدە ساقلانغان نارازىلىق، نىيىتىدىكى ئىككى خىللىق، كۆڭلىدىكى دۇشمەنلىك: ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاللىقىدىن قىلغان ئىشى راۋاج تاپمايدۇ.

**ئاللىماق** پ. ئالا ھالەتكە كەلمەك، ئالا بولۇپ قالماق: ئالمىلار ئاللاپ كېتىپتۇ.

**ئالم** ئى [ئە] ① پەننىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە مەخسۇس يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى: ماتېماتىكا ئالىمى. فىزىكا ئالىمى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئالماچ** سۆپ. ئالا - بۇلا، ھەر خىل رەڭ، تۇس ئالغان: ئالماچ بۇغا، ئالماچ ئاسلان.

**ئالمادىس** يۇك [ئالەم + ھادىس] مۇبادا، ئېھتىمال؛ ئوشتۇمتۇت، كۇتمىگەندە، كۇتۇلمىگەندە: موتور باشقۇرغاندا ئالمادىس خەتەر چىقىپ قېلىشتىن ھوشيار بولۇش لازىم.

**ئالمان** ئى. ئۇز - ئۆزىدىن ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە توپلانغان ئادەملەر؛ خالايىق: ئۇ بۇ ئالماننى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى.

**ئالمە** ئى [ئە] ① ئايال ئالىم: ئەي يىگىت، سەن ئالىم، ئالمە - لەرگە ئاتا بولۇشنى ئويلامسەن؟ ئۇنداقتا ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭنى چىرايىغا، تۇرقىغا ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ تاللا! ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئالىملىق** ئى ① ئالىملارغا خاس ئىش - ھەرىكەت. ② كۆچمە. بىلەرمەنلىك، ئۆزىنى ھەممىنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىش: سەن مېنىڭ ئالدىمدا تولا ئالىملىق قىلما!

**ئالۇۋار** ئى <زوئول> سارغا ئوخشاش ئوزۇقلىنىدىغان، چوڭلۇقى سارىدەك، قۇيرۇقىدا ئېقى بار بىر خىل قۇش.

**ئالىي** سۆپ [ئە] ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى، يۈكسەك: ئالىي سوت. ئالىي باش قوماندان. ئالىي سۆيەت. ئالىي مەقسەت. ئالىي نىشان.

**ئالىي كوپېراتىپ** يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ھەمكارلىق گۇرۇپپىدىن ھالقىغان كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتى.

**ئالىي ئېھتىرام** يۇقىرى ھۆرمەت، ئالىي ھۆرمەت، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەك، ئالىي ئېھتىرام بىلەن سالام يوللىماق.

**ئالىيجاناب** سۆپ [ئالىي + جاناب] ① بەك ئەدەپلىك، ئادەم - گەرچىلىكى ئىنتايىن ياخشى؛ ئۇلۇغ، ئېسىل: ئالىيجاناب ئادەم. ② ئىنتايىن ياخشى، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشى: ئالىي - جاناب ئىش.

**ئالىيجانابلىق** ئى. ئالىيجاناب ھەرىكەت، پائالىيەت.

**ئالىيلىرى** ئال. ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ ياكى مەنسەپكە ئىگە كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلىدىغان مۇراجىئەت فورمىسى: ئۇ «پات ئارىدا ئۆزۈم بېرىپ ۋەزىر ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈ - شىمەن» دېدى.

**ئالىيلىق** ئى. يۇقىرىلىق، ياخشىلىق، يۈكسەكلىك.

**ئالىيپىشىل** سۆپ [ئالا + يېشىل] ئاساسەن يېشىل تۇس بىلەن ئاچ ئارىلاپ تۇرىدىغان ئالا - بۇلا: ئالىيپىشىل كۆڭلەك. ئالىيپىشىل رەڭ.

**ئالىيپىشىللىق** ئى. ئالىيپىشىل ھالەت: باغچە ئىچى ئالىيپىشىللىققا تولدى.

**ئالىيشماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئادەملەر توپى مېنىڭ بۇ قىلغىنىمغا نارازى بولۇپ ئالىيىشتى.

**ئالىيۇمىن** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Al(Aluminu). كۈمۈشسىمان ئاق، يەڭگىل، ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، توك ئاسان ئۆتىدۇ.

**ئام** I ئى. دىيال. چىشى جىنسىنىڭ ئەزاسى.

**ئام** II ئى. دىيال. يۇقىرا، ئاۋام.

**ئاماچ** ئى. دىيال. قارا، نىشان، ئوق ئېتىش سىناق نىشانى.

**ئامال** ئى [ئە] چارە - تەدبىر، ئىلاج، ئۇسۇل - چارە: ئاستا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئامالى كۆپ (ماقال). * سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق (ماقال).

**ئامال قانچە** نېمە چارە بار، قانداق ئىلاج قىلغىلى بولسۇن، ئىلاج يوق: — ئامال قانچە، ھەربىي بولغاندىن كېيىن بۇيرۇققا بويسۇنۇش كېرەك - تە، — دېدى يىگىت مۇلايىمغىنا.

**ئامالسىز** سۆپ. ئىلاجى بولمىغان، چارىسى يوق، ئىلاجسىز:

ئامالسىز ئىش، ئامالسىز مەسىلە. * ئۇ ھەر ئىككى ئىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز ئىدى.

**ئامالسىزلىق** ئى. ئىلاجسىزلىق، چارىسىزلىق: بۇ ھەسرەتلىك كۈلكە ئىدى، شۇنداقلا ئامالسىزلىق ئاستىدىكى كۈلكە ئىدى.

**ئامالللىماق** پ. ئامال قىلماق، چارە ـ تەدبىر تاپماق، ئىلاج قىلماق: ئۇ رەقىبىنى بىر ئامالللاپ، ئۆز ئايىغى بىلەن بالاغا تىقاي دەپ ئويلاپتۇ.

**ئامان** سۈپ [ئە] ① ساق ـ سالامەت، خېيىم ـ خەتەرسىز: باش ئامان بولسا، دوپپا تېپىلار (ماقال). * ئەل ئامان — شەھىرىڭ ئامان (ماقال). ② تىنچ، ئاسايىشلىق، غەم ـ ئەندىشىسىز: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال). ③ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئامان ئالماي** دىيال. توختىماي، دائىم.

**ئامانەت** سۈپ [ئە] ساقلاپ بېرىش، ۋاقىتىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان ياكى بىرەر كىشىگە ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان: ئامانەت خەت. ئامانەت پۇل. // ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز، تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز (ماقال).

**ئامانەتچى** ئى. ئامانەت كاسسىسىغا پۇل قويغان كىشى.

**ئامانەتخانا** ئى [ئامانەت + خانا] كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ۋاقىتىنچە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەتكە قويىدىغان ئۆي ياكى ئورۇن: سەپەرداشلار يۈك ـ تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشتۇق، بەزىلەر بېلەت ئېلىشقا تۇتۇندى، بەزىلەر يۈكلىرىنى ۋوگزال ئەتراپىدىكى ئامانەتخانىغا قويۇپ، نەگىدۇر غايىب بولۇشتى.

**ئامانەت ـ قەرز** ئامانەت ۋە قەرز، بانكىغا پۇل قويۇش ۋە بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ئادەتتە بانكىنىڭ قەرز ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئامانلاشماق** پ. بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشماق، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشماق: ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە بىرمۇبىر ئامانلىشىپ چىقتى.

**ئامانلىق** ئى ① ساق ـ سالامەتلىك، ئېسەنلىك: كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ئۆزۈڭگە تاپمايسەن ئامانلىق (ماقال). ② تىنچلىق، ئاسايىشلىق، بىخەتەرلىك: ئامانلىق بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز.

**ئامان ـ ئېسەن** ساق ـ سالامەت: شاھى ماران ئوغلىنىڭ ئامان ـ ئېسەن كەلگەنلىكىگە تازىمۇ خۇشال بوپتۇ.

**ئامان ـ ئېسەنلىك** ساق ـ سالامەتلىك ھالەت: ئۇلار ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن ئانچە ھايال بولمايلا، ھەممىسى بىرلىكتە بۇ تەرەپكە مېڭىشتى.

**ئامەت** ئى [پ] ① ئىشنىڭ ئوڭدىن كېلىشى، ئىلگىرى بېسىشى؛ بەخت، تەلەي: ئامەت كەلسە قوش كېلەر، كەلمىسە مۇشت كېلەر (ماقال). * ئامەت كەلسە ئىشىك، تۈڭلۈكتىن كىرەر (ماقال). ② ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئامەتسىز** سۈپ. ئامەتتى، تەلىيى يوق، بەختسىز: ئامەتسىز ئادەم.

**ئامەتلىك** سۈپ ① ئامەتتى، تەلىيى بار، بەختلىك: ئامەتلىك ئادەم. ئامەتلىك ئائىلە. ② ئامەت ئاتا قىلىدىغان، ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان: ئۇنىڭ بۇ ئامەتلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى.

**ئامبار** ئى [پ] جىق نەرسىنى ساقلىغىلى بولىدىغان قورۇلۇش؛ ئۆي، خانا: ئاشلىق ئامبىرى. سۇ ئامبىرى.

**ئامبارچى** ئى. ئامبار باشقۇرغۇچى خادىم.

**ئامبارچىلىق** ئى. ئامبار باشقۇرۇش ئىشى، ئامبار ئىشلىرى كەسپى.

**ئامبارلاشتۇرماق** پ. ئامبارغا سېلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئامبارغا ئەكىرىپ، تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرماق، قاچىلىماق: ئۇلار سېخ ـ سېخلارغا خام ماتېرىيال توشۇۋاتاتتى ياكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئامبارلاشتۇرماقتا ئىدى.

**ئامبارلىق** سۈپ ① ئامبار قىلىشقا باب كېلىدىغان، ئامبارلىق يەر. ② ئامبارغا خاس، ئامباردا بولۇشقا تېگىشلىك: ياش نەزەرىيە ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىدىيەۋى ئامبارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

**ئامبال** ئى. تارس ① چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇللاردا تۇرغۇزغان ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىرلىرى. ② ناھىيەنىڭ باشلىقى، ھاكىم: ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئامباللارغا ئوخشاش كەينىگە مۇھاپىزەتچى سېلىپ ھەشەم كۆرسىتىپ يۈرمەيتتى. ③ كۆچمە. ئەمەلدار، مەنسەپدار: ئامبالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال (ماقال).

**ئامباللىق** ① سۈپ. ئامبالغا خاس، ئامبالغا تەئەللۇق بولغان: ئۇ ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئامباللىق تامغىسىنى تاشلاپ، ئۆزىگە گىرىم قىلىپ، مەركەزگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى. ② ئى. ئامبالغا خاس، مىجەز؛ ئامباللارغا خاس ئىش، ھەرىكەت؛ ھۆكۈمرانلىق: ئۇ ئېرىنىڭ قىلغىنىنى ئاز دەپ ھە دېگەندە ئامباللىق قىلغىلى تۇردى.

**ئامبۇر** ئى [پ] مېتاللارنى قىسىش، سۇغۇرۇش، سۇندۇرۇش، ئېگىش ۋە ئاجرىتىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ ئەسۋاب: ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر (ماقال).

**ئامبۇرسىمان** سۈپ [ئامبۇر+ سىمان] ئامبۇرغا ئوخشايدىغان، ئامبۇر شەكىللىك، ئامبۇر شەكلىدىكى: ئورمان ئاسراش قورالى بولغان كالتا ساپلىق ئايپالتا ھەم ئامبۇرسىمان قايچىنى بىر قاراپلا كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

**ئامبۇلاتورىيە** ئى [ر<لات] <تېب> قاتناپ داۋالىنىدىغان ياكى ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىدىغان بىمارلارنى مېدىتسىنا ياردىمى بىلەن داۋالايدىغان شىپاخانا: شەھەر ئامبۇلاتورىيەسى. زاۋۇت ئامبۇلاتورىيەسى. ئامبۇلاتورىيە ۋراچى.

**ئامبۇلاتورىيەلىك** سۈپ. ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلىنغان، ئامبۇلاتورىيەسى بار، ئامبۇلاتورىيەگە ئىگە بولغان.

**ئامپۇل** ئى [ر<لات] <تېب> ئىچىگە ئوكۇل دورىسى سېلىنىپ، ئاغزى ھىم ئېتىلگەن نەيچىسىمان كىچىك شىشە.

**ئامپېر** ئى [ر<فىران] <فىز> توك كۈچىنىڭ بىرلىكى، ئۆتكۈزگۈچتىن ھەر سېكۇنتتا ئۆتكەن زەرەت مىقدارى بىر كۇلون بولغاندا، توك كۈچى بىر ئامپېر بولىدۇ.

**ئامپېر سائەت** <فىز> ئاككۇمۇلياتورنىڭ توك سىغىم مىقدارىنىڭ بىرلىكى، ئۇ توك كۈچى بىلەن توك ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنىڭ كۆپەيتمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئامپېرلىق** سۈپ. مەلۇم ئامپېر كۈچكە ئىگە بولغان: ئون

ئامپېرلىق توك سائىتى.

**ئامپېرمېتىر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى توك كۈچىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئامپېرمېتىرلىق** سۈپ. ئامپېرمېتىرى بولغان، ئامپېرمېتىرغا ئىگە.

**ئامپلىتۇدا** ئى [ر<لات] <فىز> توغرا دولقۇندىكى دولقۇن چوققىسىدىن ياكى دولقۇن ئازگىلىدىن ئابسىسسا ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق.

**ئامراق** سۈپ ① مېھىر - مۇھەببىتى بار، مېھرىدىن كېچەلمەيدىغان، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، ئىشتىياق باغلىغان، ياخشى كۆرگەن، يېقىن، ئېجىل: مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق (ماقال). ② ھەۋەس قىلغان، قىزىقىدىغان؛ خۇشتار: ياشلار ئويۇنغا ئامراق، قېرىلار ئۇيقۇغا ئامراق (ماقال).

**ئامراقلاشماق** پ. مېھىر - مۇھەببىتى كۈچەيمەك، ئىشتىياق باغلىماق، ياخشى كۆرمەك، يېقىنلاشماق: يېقىندىن بېرى ئۇ ئۇستىسى بىلەن تېخىمۇ ئامراقلىشىپ كەتتى.

**ئامراقلىق** ئى. كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈنۈش؛ خۇشتارلىق، ھەۋەس قىلىش: ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇپ، مومىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراقلىق قىلاتتى.

**ئامغاي** ئى. قورسىقى كۆپۈپ قالغان كالىلارنىڭ داۋالىماق كۆشەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىپ ئىككى چېتىدىن باغلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

**ئامفىبول** ئى [ر] <گېئول> مىنېرال نامى، تەركىبىدە ماگنىي، تۆمۈر، كالتسىينىڭ سىلىكاتى بار؛ تۇتۇق يېشىل، قارا قاتارلىق رەڭلەردىكى كىرىستاللاشقان جىسىم.

**ئامفىبولىت** ئى [ر] <گېئول> رايونلۇق ئاينىش جەريانىدىكى ئوتتۇرا ئاينىش بەلبېغىنىڭ مەھسۇلاتى، نېگىزلىك، ئوتتۇرا نېگىزلىك ماگمىلىق جىنسلار ياكى تۆمۈر، ماگنىيلارغا باي بولغان ھاكلىق دولومىت جىنسلاردىن ئاينىپ ھاسىل بولىدۇ.

**ئامما** ئى [ئە] ① بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ زور كۆپچىلىكى؛ ئومۇم، كۆپچىلىك، خەلق: دېھقانلار ئاممىسى. ئىشچىلار ئاممىسى. زىيالىيلار ئاممىسى. * ئامما ھەقىقىي قەھرىمان. ② كومپارتىيەگە، ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولمىغان ياكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمىگەن كىشىلەر: يۇقىرىغا ئىككى ۋەكىل سايلاپ بەردۇق، بىرى پارتىيە ئەزالىرىدىن، بىرى ئاممىدىن بولدى.

**ئاممونىي** ئى [ر<لات] <خىم> ئاممىياك تۇغۇندىلىرىدىن ئېلىنىدىغان مۇسبەت زەرەتلىك رادىكال. ئۇ يەنە ئاممونىي ئىيونى ياكى ئاممونىي رادىكالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاممىباب** سۈپ [ئامما + باب] ئومۇمغا، ئاممىغا تېگىشلىك بولغان؛ ئامما ئۈچۈن يارىتىلىدىغان، ئاممىغا قارىتىلىدىغان؛ ئامما چۈشىنەلەيدىغان: ئاممىباب ئەدەبىيات. ئاممىباب تىل.

**ئاممىبابلاشتۇرماق** «ئاممىبابلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاممىبابلاشتۇرۇشماق** «ئاممىبابلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاممىبابلاشتۇرۇلماق** «ئاممىبابلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاممىبابلاشماق** پ. ئاممىغا لايىقلاشماق، ئاممىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئامما چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىگە كەلمەك: ماقالە ھەتتا دېھقانلار ئوقۇسا چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە ئاممىبابلاشقان تىل بويىچە يېزىلىشى كېرەك.

**ئاممىبابلىق** ئى . ھەممىنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇۋاپىقلىق، ئاممىباب بولۇش: ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە، ئەسەر تىلىنىڭ ئاممىبابلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

**ئاممىۋى** سۈپ [ئە] ئاممىغا، كۆپچىلىككە ئائىت ؛ ئامما، كۆپچىلىك تەرىپىدىن ياكى ئامما ئارىسىدا بېجىرىلىدىغان: ئاممىۋى ئىش. ئاممىۋى خىزمەت. ئاممىۋى ھەرىكەت.

**ئاممىۋىلاشتۇرماق** «ئاممىۋىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاممىۋىلاشتۇرۇلماق** «ئاممىۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاممىۋىلاشماق** پ. ئاممىۋى تۈس ئالماق: يېزا ياشلىرى ئىچىدە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ ئاممىۋىلاشتى.

**ئاممىۋىلىق** ئى. ئاممىنى ئاساس قىلىش، ئاممىنى نەزەردە تۇتۇش، ئامما بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇش: ئاممىۋىلىققا ئىگە خىزمەت. * بۇ ھەرىكەت كۈچلۈك سىياسىيلىققا ۋە ئاممىۋىلىققا ئىگە.

**ئاممىياك** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئازوت بىلەن ھىدروگېننىڭ بىرىكمىسى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $NH_3$. رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق گاز، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ.

**ئاممىياكلىق** سۈپ. ئاممىياك بولغان: ئاممىياكلىق سۇ. ئاممىياكلىق بىرىكمە.

**ئامورتىزاتسىيە** ئى [ر<لات] <س ئىق> خورىغان مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ تولدۇرۇلغان قىممىتى.

**ئامورف** سۈپ [ر<گىرېك] ① تۈزۈلۈشى كىرىستال شەكلىدە بولمىغان، كىرىستاللانمىغان: ئامورف ماددىلار. ② شەكىلسىز، فورمىسىز، ئۇيۇشمىغان: ئامورف ھالەت. ئامورف تىللار.

**ئامورف تىللار** <تىل> مورفولوگىيەلىك سىستېمىسى راۋاجلانمىغان ياكى تامامەن مورفولوگىيەسى يوق تىللار.

**ئامۇت** ئى <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر سورتى، پىشقاندا مېۋە شۆپۈكى سېرىق يېشىل رەڭگە كىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى سەل قىرتاق بولىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئامۇتسىمان** سۈپ. ئامۇت شەكلىدىكى، ئامۇتقا ئوخشايدىغان.

**ئامۇتلۇق** ① سۈپ. ئامۇت دەرىخى ئۆسكەن، ئامۇت دەرىخى كۆپ: ئامۇتلۇق باغ. ئامۇتلۇق ھويلا. ② ئى. ئامۇت دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەن جاي (يەر): ئۇلار ئامۇتلۇققا بېرىپ بىر مەھەل سەيلە قىلىشتى.

**ئامۇخاس** ئى «كۆپچىلىك ۋە شەخس، ھەممە كىشى، خالايىق» دېگەن مەنىلەردىكى جاكارلاش، نامايەن قىلىش سۆزى: نېچۈن قەشقەر ۋە يەكەندە ئامۇخاس، ئۇنىڭغا بۇ قەدەر باغلاپتۇ ئىخلاس؟

**ئامېرتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت، خىمىيىلىك بەلگىسى Am. كۈمۈش رەڭلىك، پارقىراق ـ يۇمشاق ھەم سوزۇلۇشچان كېلىدۇ؛ ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 8 مىڭ يىل.

**ئامېرىكا** ئى <جۇغ> ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ قىسقارتىلما نامى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

**ئامېرىكان** سۈپ [ر] ئامېرىكىچە: ئامېرىكان ئۆتۈك. ئامېرىكان مەسە.

**ئامېرىكىلىق** سۈپ. ئامېرىكىدا بولغان، يۇرتى ياكى دۆلىتى ئامېرىكا بولغان: ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچى.

**ئامىل** ئى [ئە] تۈپكى سەۋەب: ھەل قىلغۇچى ئامىل.

**ئامىلە** ئى [پ] <بوت> ① يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك غوللۇق دەرەخ. مېۋىسىنى يېيىشكە ھەم بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. ياغىچى قىزىل ۋە چىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئۆي سايمانلىرى ياساشقا بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئامىن** ئىم [ئە] پاتىھەدە «ئىلاھى شۇنداق بولسۇن، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز: ئابدۇللا ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ — شۇنداق بولغاي! ئامىن، ئاللا مەدەت قىلسۇن، ئامىن...، — دېدى.

**ئامىيوبا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> تاق ھۈجەيرىلىك ئەڭ كىچىك بىر خىل ھايۋان. ھەرىكەت قىلغاندا تەن ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئادەتتە سۇدا ياشايدۇ. پۇتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدۇ.

**ئامىيوبالىق** سۈپ. ئامىيوبا سەۋەبىدىن بولىدىغان ياكى بولغان.

**ئان** I ئى [ئە] قىسقا بىر زامان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن ۋاقىت، پەيت: شۇئان.

**ئان** II باغل. دىيال. «ھە، ئاندىن، يەنە، ئاندىن كېيىن، يەنىچۇ، شۇ چاغدا» دېگەن مەنىلەردىكى باغلىغۇچىلىق رولىنى ئوينايدىغان سۆز: شۇ مەسىلەتكە كېلىشسىلە، ئان قىلىلى توينى.

**ئانا** ئى ① پەرزەنتلىك ياكى بالىچاقىلىق ئايال كىشى (ئۆز ـ بالىلىرىغا نىسبەتەن): ئۆز ئانا. ئۆگەي ئانا. * ئانا ئايىغىدا جەننەت بار (ماقال). ② موما، چوڭ ئانا (ئاتىسىنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ ئاپىسى): ئايشەمگۈلنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ قالغاچقا، ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى. * بۇ بالىنىڭ ئاپىسى ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەتكەچكە، ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدى. ③ يېشى چوڭ، قېرى ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: ئانا، قەيەردىن كەلدىلە؟ ④ يېشى چوڭ، قېرى ئاياللار ـ نى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىشتا ياكى مۇراجىئەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: رەۋشەن ئانا ئۇزۇندىن بېرى نەۋرىلىرى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان گۈلە ـ قاقلىرى سېلىنغان سېۋەتنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ⑤ بالا تۇغقان جانىۋار: ئانا كەپتەر. ئانا توشقان. ⑥ كۆچمە. بىرەر ئىش، ھادىسە ياكى نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ياكى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل؛ سەۋەب: زۇكام، كېسەلنىڭ ئانىسى. ⑦ شۇ نەرسىنىڭ غوللۇق، ئاساسىي قىسمى: ئانا ئېرىق. ئانا ئۆستەڭ. ئانا تىل. ⑧ ئانا ئورنىدا باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ياردەملىشىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان ئايال كىشى: ئانا بولماق. تۇغۇت ئانىسى. ⑨ بەزى رايونلاردا III شەخس قوشۇمچىسى (ـ سى) قوشۇلۇپ ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى چاقىرىشىنى بىلدۈرىدۇ: ھوي ئانىسى، سىلە نەدە؟

**ئانا بولماق** ① بالىلىق بولماق، بالىلىق ئاياللار قاتارىغا ئۆتمەك. ② ئانا ئورنىدا باشقىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، دەردىگە دەرمان بولماق، ياخشىلىق قىلماق: پەرزەنتلەرگە مېھرى پۈتمەس ئانا بولدۇڭ، كۈلسەڭ ئۇلار كۈلىدۇ، غېمىدە غەمگە تولدۇڭ.

**ئانا تىل** ① سۆزلىگۈچى شەخسكە مەنسۇپ بولغان خەلق تىلى، ئۆز مىللىتىگە خاس خەلق تىلى. ② باشلانغۇچ مەكتەپ ـ لەرنىڭ تىل دەرسلىكى.

**ئانا جەمەت** ئانا تەرەپ بىلەن قانداشلىق ياكى تويلىشىش مۇناسىۋىتى بولغان تۇغقانلار: ھاشىم مېھرىنىساغا ئانا جەمەت يېقىن تۇغقانلاردىن ئىدى.

**ئانا غاز** دىيال. چىشى غاز.

**ئانا مەكتەپ** ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ياكى ئوقۇغان مەكتەپ.

**ئانا ۋەتەن** كىشى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەد ـ دەس سانالغان مەملىكەت.

**ئانا يۇرت** تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، چوڭ بولغان، مۇقەددەس سانىلىدىغان يۇرت، ئورۇن، جاي.

**ئانىدىن تۇغما** قىپيالىڭاچ: ئۇنىڭ جەستى ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۇراتتى.

**ئانىسى گەپكە تۇغقان** تولا گەپ قىلىدىغان، كۆپ سۆزلەي ـ دىغان، ۋالاقتەككۈر.

**ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك** قاتتىق ئەدىپىنى بەرمەك: — بۇ خۇنپەرنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىش كېرەك، — دېدى ئەمەت ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ.

**ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن** تەلەيسىز، ئىشى ئوڭغا تارتمىغان، ئىشى چەپ، شور پېشانە: — ئانىسىنىڭ ئەمچى ـ كىنى قاتتىق چىشلىگەنلەر بۇ ئىشنى قىلىدۇ، سىلەر ئەتە ـ ئۆگۈن بىلىپ قالىسىلەر، — دېدى ئۇ.

**ئانىلار چېيى** دىيال. ئېغىر ئاياغ خوتۇنلار بوشىنىش ئالدىدا بېرىلىدىغان چاي.

**ئانا ـ بالا** ئانا ۋە بالا: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانا ـ بالا ئىككىلەن بىر ـ بىرىگە ئېسىلىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ.

**ئاناتومىيە** ئى [ر<گىرېك] تىرىك ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى پەن: ئادەم ئاناتومىيەسى.

**ئاناتومىيەلىك** سۈپ. ئاناتومىيەگە ئائىت، ئاناتومىيەگە خاس، ئاناتومىيەگە مۇناسىۋەتلىك.

**ئانار** ئى [پ] ① <بوت> ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق؛ گۈلى قىزىل، ئاق ياكى سېرىق رەڭدە؛ مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئانار شەربىتى** <يېم> ئانار دانىسىدىن چىقىرىلغان شەربەت.

**ئانارتاش** ئى [ئانار + تاش] كان ماددىسى بولۇپ، تەركىبى تۇراقسىز، ھەر خىل رەڭدىكىلىرى ھەمدە ئېنىكتەك پارقىرايدىغانلىرى بار، قاتتىقلىقى يۇقىرى، ئۇنىڭدىن چاقلاش ماتېرىيالى ياسىغىلى بولىدۇ، يەنە لازېر نۇرى ئۇسكۇنىسى ياساشتىكى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى.

**ئانارخىزم** ئى [ر<گرېك] ← **ھۆكۈمەتسىزلىك.**

**ئانارخىست** ئى [ر] ئانارخىزم (ھۆكۈمەتسىزلىك) تەرەپدارى.

**ئانارخىيە** ئى [ر<گرېك] ① ھەرقانداق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى، ھەممە ئۈچۈن مەجبۇر بولغان قانۇن ـ قائىدىلەرنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىش، ھۆكۈمەتسىزلىك.② كۆچمە. باشباشتاقلىق، قانۇنسىزلىق، تەرتىپسىزلىك.

**ئانارخىيەلىك** سۈپ. ھۆكۈمەتسىزلىككە ئائىت، ھۆكۈمەتسىزلىك توغرىسىدىكى.

**ئانارگۈل** ئى [ئانار + گۈل] <بوت> ① شەكلى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدىغان، مېۋە بەرمەيدىغان بىر خىل مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ئۇ ئادەتتە تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ. ② گۈلەم نۇسخىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ نۇسخىغا ئانارنىڭ چېچىكى، شېخى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى ۋە مېۋىسى قاتارلىقلار چۈشۈرۈلىدۇ، بۇلار ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئانارلىق** سۈپ ① ئانار دەرىخى بار، ئانار دەرىخى ئۆسكەن: ئۇ بىزنى ئانارلىق بېغىغا باشلاپ كىردى. ② ئى. مەخسۇس ئانار تىكىلگەن يەر، ئانار دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن باغ: بىز مەھەللە ئارىلاپ مېڭىپ، مەھەللىنىڭ ئايغىغا جايلاشقان ئانارلىققا كېلىپ توختىدۇق.

**ئانالىتىك** سۈپ [ر] ئانالىز ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان؛ تەھلىلى: ئانالىتىك مېتود. ئانالىتىك تىل. ئانالىتىك مورفولوگىيە.

**ئانالىتىك تىل** <تىل> جۈملىدە سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت سۆزنىڭ مورفولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆز تەرتىپى ۋە ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىل.

**ئانالىز** ئى [ر<گرېك] ① تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى تۈرلەرگە ئاجرىتىپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى، تەھلىل؛ ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش: ئوبيېكتنى ئۆزگەرتىشتە سۆز ئارقىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئانالىز قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ② ماددىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش: خىمىيەۋى ئانالىز. ماتېماتىكىلىق ئانالىز.

**ئاناناس** ئى [ر<ئىسپان] <بوت> كۆپ يىللىق، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنى يېيىشكە ۋە ئۇنىڭدىن كونسېرۋا يېمەكلىكلەرنى ياساشقا بولىدۇ. يوپۇرماق تالالىرى ئارغامچا ئېشىشكە ياكى توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك خام ئەشيالىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاناي** سۈپ [ئە] ← **ئانىي**: ئانىي تاپماق.

**ئانت** ئى ← **قەسەم.**

**ئانتانتا** ئى [ر<فران] ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، بىرلەشمە دۆلەتلەر.

**ئانتاركتىكا** ئى [ر<گرېك] <جۇغ> يەر شارىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپى، يەنى يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى.

**ئانتاگونىزم** ئى [ر<گرېك] <پەلس> كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان قارىمۇقارشىلىق، زىددىيەت.

**ئانتاگونىيە** ئى [ر<گرېك] <پەلس> كەسكىن توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلەنگەن كۆرەش شەكلى، ئۇ زىددىيەتلەرنىڭ كۆرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس، ئۇنىڭ بىر خىلى.

**ئانتاگونىيەسىز** سۈپ <پەلس> ئانتاگونىيە ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پارتلاش شەكلىدە بولمىغان يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان.

**ئانتاگونىيەلىك** سۈپ <پەلس> ئانتاگونىيە شەكلى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان، كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان، بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت بولغان.

**ئانتخور** سۈپ ← **قەسەمخور**: ئۇ تولىمۇ ئانتخور ئادەم.

**ئانتراتسىت** ئى [ر<گرېك] تۇم قارا، زىچ، كۈچلۈك ئىسسىق بېرىدىغان يۇقىرى ھارارەتلىك بىر خىل يېقىلغۇ؛ تاشكۆمۈر.

**ئانتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ئەسەرلەر توپلىمى.

**ئانتولوگىيەلىك** سۈپ. ئانتولوگىيەگە ئىگە، ئانتولوگىيەگە ئائىت: ئانتولوگىيەلىك ئەسەرلەر.

**ئانتېننا** ئى [ر<لات] رادىيو، تېلېۋىزىيە دولقۇنلىرىنى تارقىتىش ياكى ئۆزىگە تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان سىملىق قۇرۇلما: رادىيو ئانتېنناسى. تېلېۋىزورنىڭ ئانتېنناسى. ئانتېننا ئورناتماق.

**ئانتېنناسىز** سۈپ. ئانتېنناسى يوق، ئانتېننا ئورناتمىغان.

**ئانتېننالىق** سۈپ. ئانتېنناسى بار، ئانتېننا ئورناتقان.

**ئانتىگېن** ئى [ر<گرېك] <بىيول> ① ئورگانىك ماددا. ئۇ ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ قان سۇيۇقلۇقى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن قان زەردىبىدە ئانتىتېلنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئانتىتېلا بىلەن خىمىيەۋى رېئاكسىيەگە كىرىشىدۇ. ② <تېب> ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە قوزغىيالايدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى «ئانتىگېن» دېيىلىدۇ.

**ئانجىرغا** سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاۋاق، يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان.

**ئانچە** ئال. ئۇ قەدەر، ئۇنچە.

**ئانچە ـ مۇنچە** ئاز مىقداردا، ئاز ـ تولا، بەزى ـ بەزى، ئاندا ـ ساندا: مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە قارا خەت تونۇپ قالغانىدىم.

**ئانچىكى** سۈپ. ئاددىيلا، شۇنداقلا؛ مۇھىم، مۇرەككەپ ئەمەس: ئانچىكى بىر ئىش. * ئانچىكى دەپ قويغان بىر گەپ.

**ئانچىلىك** رەۋ ← **ئۇنچىلىك**: ئانچىلىك ئاچچىق پىيازدىمۇ بار (ماقال). * ئانچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش (ماقال).

**ئانچىنان** رەۋ [پ] شۇنچە، خېلى بەك، شۇ قەدەر: قەلەندەر پادىشاھنى ئەتىسى ئانچىنان ئىزدەپ تاپالمىدى.

**ئانچىنچى** سان. ئادەم ۋە نەرسە ھەم شۇنىڭدەك ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ سانى، دەرىجىسىنىڭ مۇجمەل، ئېنىقسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدىكى پادىشاھلار دەۋرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ مانچىنچى يىلى، بۇنىڭ ئانچىنچى يىلى دېگەنلەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

**ئانچىۋالا** ئال ← **ئۇنچىۋالا.**

**ئاندا** رەۋ ① ئۇ يەردە، بۇ يەردە، شۇ يەردە: خانىمانىم ئاندا قالدى، گۇل چېھرىم بەندە بولدى، قاراقچىلار قولىدا قالدى، كىشى ئۆز يارىغا ئوخشارمۇ. ② ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە، شۇ يەرگە: يۈرۈك ئاندا بارايلى، دەريا بويى بويلايلى. بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ، بىز خۇداغا يىغلايلى.

**ئاندا ـ ساندا** رەۋ ① بەزى ـ بەزىدە، بىرە ـ بىرە، گاھ ـ گاھ: شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئۈستىدىكى قاراۋۇل پوتەيلىرىگە كىرىۋالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاندا ـ ساندا ئوق چىقىرىپ قوياتتى. ② ئۇ يەر، بۇ يەردە، ئۇندا ـ مۇندا: ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىلغان، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە ئىنچىكە سىزىقلار تارتىلغانىدى.

**ئانداق** ئال ← **ئۇنداق.**

**ئانداق ـ مۇنداق** ① ھەر خىل، ھەر قىسما، ئانداق ۋە مۇنداق: تۇرمۇشتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئانداق ـ مۇنداق گەپلەر، ئىشلار ئۆتتۈلۈپ تۇرىدۇ. ② ئاددىي، ئادەتتىكى: — خېۋىرجان ئانداق ـ مۇنداق ئادەمنىڭ ئوغلى ئەمەس، گەپ ـ سۆز، مۇئامىلىدە دىققەت قىل، — دېدى ئۇ ئىلھامغا ھوميىپ.

**ئانداقچى** ئال ← **ئۇنداقچى.**

**ئانداقچى ـ مۇنداقچى ← ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى:** خاسيەت مېنى ئانداقچى ـ مۇنداقچى دەپ تەتۈر تونۇشتۇرۇپتۇ.

**ئاندا ـ مۇندا ← ئاندا ـ ساندا:** ياتاقتىكىلەر شېرىن ئۇيقۇدا، ئاندا ـ مۇندا خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئاندىن ئال** ① شەرت ـ بېقىندى جۈملىلەردە باغلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىپ، شۇ چاغدا، شۇ ۋاقىتتىلا دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئەگەر ئۇ، شۇ چېكىنگىنىچە كوزۇپقا بېرىپ تاقالسا، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ كوزۇپنىڭ يان ياغىچىغا كېلىشتۇرۇپ ئۈستۈرۈشنى ئويلىغانىدىم. ② ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىن كېيىن؛ ئۇلاپلا: ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا (ماقال). ③ ئۇندىن، ئۇندىنمۇ، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭدىنمۇ: ئەل ئامان، دەردىڭ يامان، كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

**ئانسامبىل** ئى [ر<فىران] بىر پۈتۈن بەدىئىي كوللېكتىپ بولۇپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان ئارتىسلار كوللېكتىپى: ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلى.

**ئانكىت** ئى [ر<فىران] تېگىشلىك مەلۇمات ئېلىش ۋە توپلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن سوراق خاراكتېرلىك جەدۋەل، ۋاراق: ئانكىت تولدۇرماق.

**ئانناي** ئىم. دىيال. ۋىيەي (ھەيرانلىق ۋە ھەسرەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز): ئانناي! بۇنىڭ قىلىۋاتقىنىنى قاراڭ.

**ئانئورگانىك** سۈپ [ر] ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات دۇنياسىغا مەنسۇپ بولمىغان: ئانئورگانىك ماددىلار. ئانئورگانىك خىمىيە.

**ئانېمومېتىر** ئى [ر<گىرېك] ھاۋا، شامال ھەرىكىتىنىڭ

تېزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئانجان** ئى. ئانىسىغا ياكى ياشانغان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ياكى ئۇنىڭغا ئەركىلەپ دېيىلىدىغان مۇراجىئەت سۆزى: ئانجان، ئارزۇيۇڭدىكى زامان بولدى.

**ئانىزوتروپىيە** ئى [ر] <قىز> كىرىستاللارنىڭ ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردىكى ئىسسىقلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا مېخانىك مۇستەھكەملىكى ۋە توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى قاتارلىق باشقا فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى كىرىستاللارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى يۆنىلىشكە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك «ئانىزوتروپىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئانىكا** ئى ① ئانىسى ياكى ئانىسى قاتارلىق ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىدىغان مۇراجىئەت شەكلى: — ئاھ، — دەپتۇ پەرىزات، — يامان قىلدىلا ئانىكا، مېنىڭ مايمۇن سۈرەتلىك نىقابىمنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاتا ـ ئانامنىڭ دىمىقىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ② موما، چوڭ ئانا (ئاپىسىنىڭ ياكى ئاتىسىنىڭ ئاپىسى).

**ئانىكام قاق دېگۈزۈۋەتمەك.** دىيال. ۋاي جېنىنى چىقىرىۋەتمەك، جۇگۇ ـ جۇگۇ دېگۈزۈۋەتمەك.

**ئانىلارچە** رەۋ. ئانىلارغا ئوخشاش؛ ئانىلارغا خاس، ئانىلاردا بولىدىغان: ئانىلارچە غەمخورلۇق. ئانىلارچە كۆيۈنمەك.

**ئانىلىق** ① سۈپ. ئانىسى بار، ئانىسى ھايات: ئاتىلىقلار ئاتام دېسە، قۇيۇلدى ياشىم. ئانىلىقلار ئانام دېسە، ئېگىلدى باشىم. ② سۈپ. ئانىغا خاس، ئانىغا ئالاقىدار: ئانىلىق مۇھەببەت. ئانىلىق مېھىر. ③ ئى. ئانىغا خاس ئالاھىدىلىك، ئانىغا خاس خۇسۇسىيەت، ئانىلاردا بولىدىغان خۇسۇسىيەت، ئانىغا خاس خاسلىق: ئاياللارنىڭ قىممىتى دەل ئۇنىڭ ئانىلىق قىممىتىدە. ④ سۈپ< بوت> ئانا تەرەپ بىلەن قانداشلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتى بار بولغان: ئانىلىق توپ. ئانىلىق تەن. ئانىلىق گۈل.

**ئانىلىن** ئى [ر<ئە] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۇ ياغلىق، زەھەرلىك سۇيۇقلۇق بولۇپ، بوياق ۋە دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە «فېنىلئامىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئانىبېشى** ئى [ئانا + باش + ى] يېزت ① ئائىلە باشلىقى ياكى بىرەر جامائەتكە باش بولغان، ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرغان ھۆرمەتلىك ئايال. ② بالىلار ئويۇنىدا ئىككى تەرەپ قاتناشچىلىرىدىن ھەربىرىنىڭ باشلىقى؛ باشلامچىسى.

**ئانىي** سۈپ [ئە] بوزەك؛ ياۋاش: ئانىي تاپسام، شىلىسىگە مىنىپ چاپسام (ماقال).

**ئانىي ئەتمەك ← ئانىي تاپماق:** — ئۇكام ئادەمنى مۇنداقمۇ ئانىي ئەتكەن بارمۇ؟ — دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى توختى سەيپۇڭ.

**ئانىي تاپماق** بوزەك قىلماق، خارلىماق؛ ياۋاش كۆرمەك: ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار مىراس بۆلۈشۈپتۇ، بۆلۈشۈپمۇ بىر قورۇدا ياشاپتۇ، چوڭى كىچىكىنى ئانىي تېپىپ، ئالداپ ـ سالداپ ئۇنىڭ مىراسلىرىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

**ئاھ** ئىم ① مېھىر ـ مۇھەببەت، كۈچلۈك ھېسسىيات، سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، خۇشاللىق قاتارلىق ھېس ـ

تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ: ئاھ، جېنىم بالام سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن ـ ھە. ② ئېچىنىش، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەت، نالە ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئاھ» دېسە ئۆپكىسى كۆرۈنۈپتۇ (ماقال). * ئاھ، شۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى ھېچ بىلمىدىم. ③ نالە، زار، دەرد، پىغان: يىگىت ئايرىلىش ئازابىدىن بىر ئاھ ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسماننى، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. * ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى؛ كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

**ئاھ ئۇرماق** نالە قىلماق، زارلانماق، پىغان چەكمەك: غۇلام كېچىسى ئۇخلىماي، بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئاھ ئۇرار ئىدى. * نەچچە ۋاقىتتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يارنى دەپ، باغدا يارىم بار ئىكەننى بىلمىدىم. ھەسرەت بىلەن سەنەم جانىم قايدا دەپ، سەنەم جانىم باغدا ئىكەننى بىلمىدىم.

**ئاھا** ئى [پ] گىلەمچىلىك كەسپىدە ئۆرۈشكە سۆركەش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق ئۇماچ، شىلىم.

**ئاھادا** ئى. تەنە؛ ئاداۋەت.

**ئاھادا قىلماق** تەنە قىلماق، ئاداۋەتنى تەكرارلىماق.

**ئاھاڭ** I ئى [پ] ← ھاڭ.

**ئاھاڭ** II ئى [پ] ① بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان، ئۇيغۇنلاشقان تاۋۇشلار ئېقىمى: پاتمەنىڭ قۇلىقىغا بىر خىل ئاھاڭدا گۇركىرەش ئاڭلىناتتى. ② ‹مۇز› تۈرلۈك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئۇيغۇنلىشىپ، مۇزىكا پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلغان بىرىكمىسىدىن ئىبارەت مۇزىكا ئەسىرى، كۈي: بىرىنچى مۇقام يىگىرمە ئىككى ئاھاڭ ئېيتىلغاندىن كېيىن تۈگىدى. ③ نۇتۇقتا مەنىگە قاراپ ئاۋازنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى، كۈچلۈك ياكى ئاجىز ئېيتىلىشى؛ ئىنتوناتسىيە: مەن بوۋايغا: — سىز دەرھال بېرىپ ئادىل شۆجىنى چاقىرىپ كېلىڭ! — دېدىم بۇيرۇق ئاھاڭدا. ④ سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تەلەپپۇز ئۇسلۇبى: يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا سۆزلىمەك.

**ئاھاڭ تەرجىمىسى** ‹تىل› بىر تىلنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىنى يەنە بىر تىل تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە، ئوخشاش قىلىپ ئېيتىش، تەلەپپۇز قىلىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**ئاھاڭ شەكلى** ‹مۇز› مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تۈزۈلمە شەكلى. بۇ ئوقۇش ئاھاڭ شەكلى، ئاساسىي كۈي شەكلى ۋە يۈرۈش ئاھاڭلىرى شەكلى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئاھاڭغا سالماق** تېكىست (شېئىر) نى ئاھاڭغا ماسلاشتۇرۇپ ناخشا ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتاتتى. * «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى دىلبەرنىڭ شېئىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ «مەھبۇسلار ناخشىسى» قىلىپ ئوقۇيدىغان بولدى.

**ئاھاڭدار** سۈپ [پ] ① قۇلاققا خۇشياقىدىغان، ھوزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق: ناخشىچى سايرامنىڭ سۆيگىنى ھۆرنىڭ ئاۋازى بۇلبۇلدەك ئاھاڭدار ئىكەن. ② مەلۇم ئاھاڭغا ئىگە بولغان؛ ئاھاڭلىق، جاراڭلىق: بۇ شېئىر نېمىدېگەن ئاھاڭدار ـ ھە!

**ئاھاڭدارلىق** ئى. ئاھاڭنىڭ يېقىملىقلىقى، ئاھاڭ جەھەتتىكى رەڭدارلىق، ئاھاڭى ئېسىللىق: «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى ... شېئىرىي ۋەزىن جەھەتتىن كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە.

**ئاھاڭداش** سۈپ [پ] ① ئېيتىلىشى ئوخشاش، تەلەپپۇزدىكى ئاھاڭى بىر خىل: ئاھاڭداش سۆز. ② مەلۇم ئاھاڭغا، مەلۇم كۈيگە ماس كېلىدىغان: ئاھاڭداش ناخشا. ئاھاڭداش شېئىر. * شاۋقۇنلىرىڭغا ئاھاڭداش ئۇيغۇر، ئېيتىدۇ ساڭا دىلدىن تەشەككۇر.

**ئاھاڭداشلىق** ئى. ئاھاڭى، تەلەپپۇزى ئوخشاشلىق.

**ئاھاڭرەبا** ئى. دىيال. ماگنىت.

**ئاھاڭلىق** سۈپ ① مەلۇم بىر ئاھاڭ ياكى مۇزىكىغا ئىگە، مەلۇم بىر ئاھاڭ، مۇزىكا بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، چېلىنىدىغان ياكى ئېيتىلىدىغان: ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرى سىلىق، قائىدىلىك، ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرى ئاھاڭلىق ۋە جاراڭلىق ئىدى. ② ئاھاڭدار: كېلىشكەن بورۇتىنى بۇراپ يىگىت، چالدى ـ دە، خۇش ئاھاڭلىق دۇتارنى. يېقىملىق لەرزان ناخشا كەتتى ياڭراپ، تىترىتىپ يۈرەكلەرنىڭ زىل تارنى.

**ئاھالە** ئى [ئە] مەلۇم بىر ئورۇندا، مەملىكەتتە ئولتۇراقلىشىپ ياشىغۇچى ئادەملەر توپى؛ خەلق: مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مەملىكەت.

**ئاھالىسىز** سۈپ. ئاھالىسى يوق، ئاھالىسى بولمىغان.

**ئاھالىسىزلىك** ئى. ئاھالىسى تۇراقلاشمىغان، ئاھالە ئورۇنلاشمىغان ھالەت.

**ئاھالىلىك** سۈپ. ئاھالىسى بار، ئاھالىسى كۆپ، ئاھالىگە ئىگە: نۇرغۇن ئاھالىلىك مەھەللە.

**ئاھانەت** ئى [ئە] ① ھاقارەت، تۆھمەت، بوھتان: ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئاھانەتكە چىداپ تۇرالماي ئىتتىك تالاغا چىقتىم. ② خورلۇق، ناھەقچىلىك، ئۇۋالچىلىق: نومۇس ۋە ئاھانەتكە چىدىمىغان بەختىگۈلنىڭ دادىسى بىر كۈنى كەچقۇرۇن غەزەپ بىلەن قۇدىسىنىڭكىگە بېرىپ، بەختىگۈلنىڭ ئۆيىگە كىردى. ③ نومۇس، ئىزا، ئۇيات: چىقىرار ئادەمنى كاردىن يارىماس ئەخلەت قىلىپ، قەلبى ساپ ئىنسان ئۈچۈن قاتتىق ئاھانەتتۇر تەمە.

**ئاھانەتلەشمەك** پ. ئۆزئارا ئاھانەت قىلىشماق، ئۆزئارا ھاقارەتلەشمەك، بىر ـ بىرىنى تىللاشماق: — ھايھات! ھايھات! — دەپ ئۇلارنىڭ تىل، ئاھانەتلىشىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى سۇلتان ئابدۇللاخان.

**ئاھانەتلىك** سۈپ ① ھاقارەتلەنگەن، تىل ـ ئاھانەت ئىشىتكەن، قارىلانغان، خورلانغان: مېنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاھانەتلىك قىلىشىڭىزغا ئەمدى ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايمەن! چۈشەندىڭىزمۇ؟ ② كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان، نومۇس قىلدۇرىدىغان، ئۇيالدۇرىدىغان: يېشىڭ ئوتتۇزغا يەتمەي تۇرۇپ ئۈچ قېتىم ئۆيلەندىڭ، شۇڭا «خوتۇن بېدىكى» دېگەن ئاھانەتلىك نامغا ئېرىشتىڭ.

**ئاھ ـ ئەپغان** ← **ئاھ ـ زار**: قېرىنداشلىرىم چۈشتى مېنىڭ يادىمغا، شۇڭا ھەر ئان ئاھ ـ ئەپغان ئېتەرمەن.

**ئاھ ـ پەرياد** ← **ئاھ ـ زار**: قىز ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپتۇ، يېشى قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ.

**ئاھ ـ پىغان** ← **ئاھ ـ زار**.

**ئاھ ـ زار** ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك يىغا، ئاھ بىلەن ئېيتىلغان نالە: شەربىخاننىڭ تاشنى ئەزگۈدەك ئاھ ـ زارىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىچىدە كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم قالمىدى.

**ئاھ ـ نادامەت** ئېچىنىش ۋە پۇشايمان؛ ئاھ بىلەن ئېيتىلغان ئەپسۇس: ئاھ ـ نادامەت چەكمەك.

**ئاھھاي** ئىم. كۈتۈلمىگەن ۋەقە ياكى ھادىسىدىن ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش ياكى خۇشاللىنىش ۋە ياقتۇرۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: ئالماس: — ئاھھاي ... ھەممىسى ھەق، مۇھىم گەپلەر، توغرا سۆز، — دېدى.

**ئاھۇ** ئى [ پ ] يېزت. كېيىك.

**ئاھۇپەرياد** يېزت ← **ئاھ- پەرياد.**

**ئاھۇپىغان** يېزت ← **ئاھ- پىغان.**

**ئاھۇزار** يېزت ← **ئاھ- زار.**

**ئاھۇنادامەت** يېزت ← **ئاھ- نادامەت.**

**ئاھ- ئۇھ** ① كېسەل كىشىنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىغان نالىسى، ئاھ ۋە ئۇھ. ② ئېچىنىشلىق نالە - زار، قايغۇ - ھەسرەت تۇيغۇسى، ئاھ ۋە ئۇھ.

**ئاھ- ئۇھلىماق** بىرەر خاپىلىق، دەرد - ئەلەم ياكى ئاغرىق ئازابىدىن زارلانماق، نالە قىلماق.

**ئاھ- ۋاھ** ئېچىنىشلىق نالە - زار، قايغۇ - ھەسرەتنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ خېلى ئۇزاققىچە «ئاھ - ۋاھ» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى.

**ئائورتا** ئى [ر] <ئانات> ئادەم بەدىنىدىكى چوڭ ئارتېرىيە بولۇپ، ئۇ سول يۈرەك دالانچىسىدىن چىقىپ يۇقىرىغا سوزۇلۇپ، ئوڭغا قايرىلىپ، ئاندىن توۋەنگە ساڭگىلاپ ياي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن ئومۇرتقا بويلاپ توۋەنگە ساڭگىلايدۇ، كۆكرەك، قورساق قاتارلىقلاردا كۆپلىگەن كىچىك ئارتېرىيەلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق تومۇر. ئۇ يەنە «چوڭ ئارتېرىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ: ئائورتا يايى.

**ئاۋا** دىيال ① ئى. ئاتا، دادا. ② سۈپ. بىللە؛ سەگەك، ھوشيار؛ يېقىنلىقنى، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، كىچىك باللىرىنى ئەتىۋارلاپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ شۇنداق ئاتايدۇ: ئاللا يارىم بىز ئىككىيلەن ئاۋا بولايلى. * ئاۋا بېرى كەل، سېنى ئىلداپ قوياي.

**ئاۋاپ** سۈپ. دىيال. ئالدامچى؛ بىشەم: شۇنچىلىكنى بىلگەن تۇرۇپ ئەمدى بىز، تەييارلامدۇق ئىزباسارنى ئاۋاپتىن. * كۆڭلۈمنى بىرەرمەنمۇ ۋاپاسى يوق ئاۋاپقا.

**ئاۋات** سۈپ [پ] ① گۈللەپ ياشنىغان، راۋاج تاپقان: ئاۋات شەھەر. ② ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان؛ ئادەم زىچ ياشايدىغان؛ قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن، قايناق، قىزىق: داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات (ماقال). ③ بەزى ئىسىم ياكى ئايرىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شەھەر، قىشلاق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ خاس ئىسىملىرىنى ياسايدۇ: قوشئاۋات. يېڭىئاۋات... ④ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**ئاۋاتچىلىق** ئى ← **ئاۋاتلىق:** ئايال كىشى ئۆينىڭ زىننىتى، چىرىغى. بىر ئائىلىنىڭ ئاۋاتچىلىقى ئايال كىشى بىلەن بولۇر.

**ئاۋاتلاشتۇرماق** «ئاۋاتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرمۇنچە باللار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

**ئاۋاتلاشتۇرۇشماق** «ئاۋاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋاتلاشتۇرۇلماق** «ئاۋاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەرلەر ئاۋاتلاشتۇرۇلدى.

**ئاۋاتلاشماق** پ. بارا - بارا ئاۋات بولماق: ھېلىلا جىمجىتلىقتا چۆكۈپ قالغان بۇ ئۆي بىردەمدىلا پاراڭچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ قالدى.

**ئاۋاتلىق** ئى. ئاۋات، قاينام - تاشقىن ھالەت، باياشاتلىق، گۈللەپ ياشناش: بىزگە كېرەك يېرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى، بىزگە كېرەك خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى.

**ئاۋاخچى** ئى. دىيال. باخشى، داخان.

**ئاۋارە** سۈپ [پ] ① بىرەر جايدا تىنىم تاپالمىغان؛ سەرسان - سەرگەردان: باقساڭ مىڭىڭدەك دىۋانىلەرگە، ئىسيان چۆلىدە ئاۋارىلەرگە. ② بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل: ھازىر ھەر ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. ③ ئامالسىز، بىچارە؛ قىينالمىغان: ۋە يا داچەن دەردىدىن ئاۋارىمۇسەن؟ ياكى ئوغرى، بۇلاڭچى قاراقچىمۇ سەن. ④ ئاجىز، ئورۇق، جۇدەڭگۈ: ئاۋارە قوي. ئاۋارە ئات.

**ئاۋارە بولماق** ① ئۆزىنى كايىتماق، قىينالماق: مەسىلەمنى ھەل قىلالماي، بىر يىل ئاۋارە بولدۇم. ② بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل بولماق؛ ئۆزىنى كايىتماق، قىينالماق: رەھىمجان كۈن بويى ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولاتتى.

**ئاۋارە قىلماق** بىراۋنى بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت بىلەن قىيناپ قويماق؛ كايىتماق: كاملجان «دورا قايناتتۇرىمەن دەپ سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدىم» دېدى. * ئەركىننىڭ ئويلاشماي قىلىپ قويغان بۇ ئىشى پۈتۈن ئائىلىسىنى، ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئاۋارە قىلغانىدى.

**ئاۋارىچىلىك** ئى. ئومۇمەن كىشىنى ئاۋارە قىلىدىغان نامۇۋاپىق قىيىنچىلىق، جاپا، ئىش - ئەمگەك: ئۇ بۇ سۆزىدىن بىر ئاز خىجىل بولغاندەك: — بىز كېلىپ سىلەرگە كۆپ ئاۋارىچىلىك سېلىپ قويدۇق، — دېدى ئاستاغىنا.

**ئاۋارىز** ئى. دىيال. ئارزۇ، ئارمان، تەلەپ؛ پۇخا.

**ئاۋارىكەش** ئى. ئاۋارە بولغان، ئاۋارىچىلىك تارتقان ئادەم: ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش (ماقال).

**ئاۋارىكەشلىك** ئى. ئاۋارە بولۇش ئىشى، ئاۋارىچىلىك ھەرىكىتى.

**ئاۋارىگەرچىلىك** ئى ← **ئاۋارىچىلىك:** ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىش ماڭا كۆڭۈلسىز ۋە ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى.

**ئاۋاز** ئى [پ] ① ماددىلارنىڭ تەۋرىنىشى، نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تاۋۇش: سائەتنىڭ ئاۋازى. يامغۇر ئاۋازى. دۇمباق ئاۋازى. * قەيەردىندۇر نەي بىلەن راۋابنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن تاۋۇش پەردىلىرىنىڭ تەۋرىنىشىدىن چىققان تاۋۇش؛ سادا: — ئەي ئوغلۇم، — دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — نېمە سىرىڭ بار؟ ماڭا ئېيت. ③ پىكىر - تەلەپ، نالە: ئامىمىنىڭ ئاۋازى. ④ مۇزاكىرە ياكى سايلامدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش ھوقۇقى، ئىختىيارلىق، راي: يوشۇرۇن ئاۋاز. بىر ئاۋازدىن ماقۇللىماق.

**ئاۋاز بەرمەك** <كىنو> ① كىنو ياكى تەرجىمە فىلىم ئىشلەشتە، ئاۋاز ئارتىسلىرى ئۆز ئاۋازىنى شۇ فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگى ياكى ناخشىلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ لېنتىغا ئالدۇرماق. ② سايلام ۋە مۇزاكىرىلەردە بىرەر كىشىنى

سايلاش ـ سايلىماسلىق، پىكرىگە قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىق ھەققىدە ئۆز ئىختىيارىنى بىلدۈرمەك .

**ئاۋازغا قويماق** ئۆز رايىنى بىلدۈرۈشكە سۇنماق: ئۇلار يىغىننىڭ ئاخىرىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلىنى ئاۋازغا قويدى.

**ئاۋاز قوشماق** مەلۇم چاقىرىق ياكى تەشەببۇسقا قوشۇلىدىغانلىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك: ھېكمەت ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خىزمەتتىن چېكىندى.

**ئاۋازسىز** سۈپ. ئاۋازى يوق؛ گەپ قىلمايدىغان، تاۋۇشسىز: ئاۋازسىز كىنو. ئاۋازسىز تىياتىر. // ئۇنىڭ چىرايى ئاۋازسىز تۆكۈلۈۋاتقان سۆگەت يوپۇرماقلىرىدەك سارغايغانىدى.

**ئاۋازشۇناس** ئى. ئاۋازشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئاۋازشۇناسلىق** ئى. ئاۋازنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئىلىم.

**ئاۋازلىق** سۈپ ① ئاۋازى بار، ئاۋاز چىقىرىدىغان: — ھەي، ئۇكا، ماڭا قارىغىنا، بۇ يول بىلەن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يوغان ئاۋازلىق بىر كىشى. ② ئاۋازى كۈچلۈك، ئاۋازى چىڭ: دىلەيساخان ئاۋازلىق قىلىپ: — ھەي ئەخمەق! تىللانى تېزەككە ئايرىباش قىلىۋاتقىنىڭنى قارا! — دېدى.

**ئاۋاق** سۈپ. ياداڭغۇ، ئورۇق، سەمىرىمىگەن: تاشماق ئاۋاق بەستىنى سەل قىمىرلىتىپ قويۇپ گېلىنى قىردى.

**ئاۋاقتا** ئى. سولاق، تۇرمە، زىندان: قول ـ پۇتىمىنىڭ ياتقان يېرى پىتلىق ئاۋاقتا. قول ـ پۇتىمغا ئاش بېرەركەن سۇنۇق تاۋاقتا.

**ئاۋاقلاشتۇرماق** «ئاۋاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاۋاقلاشتۇرۇلماق** «ئاۋاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋاقلاشماق** پ. ئاۋاق ھالەتكە كەلمەك، ئورۇقلىماق، ياداڭغۇ بولماق، يادىماق؛ جۇدىمەك: ئۇ بەكلا ئاۋاقلىشىپ كېتىپتۇ.

**ئاۋاقلىق** ئى. ئاۋاق، ياداڭغۇ ھالەت؛ سەمىرىمىگەن، ئورۇق قىياپەت.

**ئاۋام** [ئە] ① سۈپ. ئاممىۋى، ئومۇمىي: ئاۋام خەلق. ② ئى. ئاددىي خەلق، ئامما، پۇقرا: بەگدە بارى ئاۋامدىمۇ بار.

**ئاۋام پالاتا** ① بەزى دۆلەتلەردىكى ئىككى خىل پالاتا تۈزۈمىگە ئىگە پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ② بىر پالاتالىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان دۆلەتلەردىكى پارلامېنتنىڭ نامى.

**ئاۋام خەلق** كەڭ خەلق، ئومۇمىي خەلق، ئاددىي خەلق.

**ئاۋانتيۇرىزم** ئى [ر] ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى، پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت.

**ئاۋانس** ئى [ر<فىران] قەرز: ئۇ «پۇلنى ئاۋانس ئالدىم» دەپ ئېيتتى.

**ئاۋانگارت** [ر<فىران] ① ئى. ھەربىي كۈچلەرنىڭ ياكى ھەربىي پاراخوتنىڭ دۈشمەنگە قارشى يۈرۈشتە ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان ئىلغار قىسمى. ② سۈپ. كۆچمە. ئىلغار: ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئاۋانگارت جەڭچى.

**ئاۋانگارتلىق** ئى. ئىلغارلىق، يېتەكچىلىك: بۇ قېتىمقى كۈرەشتە ئۇلار ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى.

**ئاۋايلاشماق** «ئاۋايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋايلىماق** پ. ئېھتىيات قىلماق، دىققەت قىلماق، ئايىماق، ئاسرىماق: ئاۋايلىماي ئۇرۇۋىدىم، ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى (ماقال).

**ئاۋغۇست** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 8 ـ ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىيەنىڭ 8 ـ ئېيى.

**ئاۋلاق** I ئى. دىيال. ئوۋ قىلىنىدىغان، ئوۋ ھايۋانلىرى ياشايدىغان جاي.

**ئاۋلاق** II ئى <تيب> پېسە كېسەللىكى.

**ئاۋۇ** ئال. سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ئۆزىدىن يىراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ: — ئۇ پوپكىسىنى ماڭا بېرىپلا ئاۋۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، — دېدى خالىدەم بېشى بىلەن ئاكىسى كەتكەن تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ.

**ئاۋۇتماق** «ئاۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىم بىر پەسكە، بىر ئېگىزگە ماڭغاچقا يولنى ئاۋۇتالمىدىم.

**ئاۋۇتۇشماق** «ئاۋۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋۇتۇلماق** «ئاۋۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋۇرماق** پ. ئېتىلماق، ئېتىلىپ كەلمەك: يولۋاس ئۇنىڭغا ئاۋۇرۇپ كەلدى.

**ئاۋۇشقا** ئى. دىيال. قېرى بوۋاي، چال.

**ئاۋۇغاي** سۈپ. دىيال. ئاۋاق، ئورۇق.

**ئاۋۇل** ئى. كۆچمەنچى چارۋىچىلار ئورۇنلاشقان جاي؛ قىشلاق: ئاۋۇلغا چۈشكەن دۈشمەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

**ئاۋۇلماق** پ. دىيال. غەيۋەت قىلماق، يامانلاپ بەرمەك: مېنى ئۇنىڭغا ئاۋۇلاپ بېرىپتۇ.

**ئاۋۇماق** پ. ئاۋۇن بولماق، كۆپەيمەك، نۇرغۇنلىماق، ئاشماق، ئۇلغايماق: ئۇ ئورۇقنى قولدا سېلىۋىدى سۈپەتكە دەخلى يەتتى ھەم ئىش ئاۋۇمىدى. بۇ تىرىشچانلىقلار كارغا كەلمىدى.

**ئاۋۇن** سۈپ. ئاۋۇغان ھالەتتىكى، كۆپ، جىق، نۇرغۇن: ئورۇق يېڭى، ساپ ۋە خاسىيەتلىك بولغاندىلا ئاۋۇن ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن.

**ئاۋۇنچاق** ئى. كۆڭۈلنى تىنچىتقۇچى، بەزلىگۈچى، خاتىرجەم قىلغۇچى: چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق، ئۆمۈردۈر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق.

**ئاۋۇنچۇق** ئى. دىيال. ئويۇنچۇق، كۆڭۈل ئالىدىغان ياكى بەزلەيدىغان نەرسە.

**ئاۋۇندۇرماق** «ئاۋۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقان قىزلار پۈتۈن تەسەللىي سۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئاۋۇندۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ئاۋۇندۇرۇشماق** «ئاۋۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋۇندۇرۇلماق** «ئاۋۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋۇنماق** پ. ئۆزىنى تىنچىتماق، بەزلىمەك، خاتىرجەم بولماق، دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خالاس بولماق: ئانا قىزىنىڭ تەسەللىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئاۋۇنۇپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

**ئاۋۇي** ئى. دىيال. ئابرۇي، ئىززەت ـ ھۆرمەت: ئۇنىڭ ئاۋۇيىنى قىلىپ بىر نېمە دېمىدىم.

**ئاۋۇي قىلماق** دىيال. تەپ تارتماق، تۇزۇت قىلماق، ئەيمىنى يوشۇرماق.

**ئاۋۋال** رەۋ [ئە] ① باشلىنىش پەيتى، ۋاقتى؛ دەسلەپكى پەيت: ئاۋۋال ـ ئاخىر. ئاۋۋال ئاخشام. ② ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا؛ ئىلگىرى، بۇرۇن: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاۋۋال قانداق بولسا، هازىرمۇ شۇنداق ئىكەن. ③ ھەممىدىن ئالدىن، ئالدىن، دەسلەپ: كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا (ماقال).

**ئاۋۋال ئاخشام** ئاخشامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيتى، ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت: بەزىلەر ئاۋۋال ئاخشامدا ئۇخلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيقۇسى ئۇزاققا داۋاملىشالمايدۇ.

**ئاۋۋال ـ ئاخىر** ئاۋۋال ھەم ئاخىر، ئىلگىرى ـ ئاخىر.

**ئاۋۋالقى** سۈپ. ئىلگىرى بولغان، ئىلگىرىكى، ئالدىنقى، بۇرۇنقى: زۆھرە شۇ ئان قەبرە ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. قەبرە يەنە «گۈپ» قىلىپ ئاۋۋالقى ئەسلىگە كەلدى.

**ئاۋىياتسىيە** ئى [ر<لات] ① ھاۋادا ئۇچۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ياكى ئۇچۇش ئىشلىرى: ئاۋىياتسىيە تېخنىكىسى. ② ئۇچۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**ئاۋىياماتكا** ئى [ر] دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى دېڭىزدا ھەرىكەت بازىسى قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ھەربىي پاراخوت.

**ئاۋىي** I ئى. دىيال. ھىڭ.

**ئاۋىي** II ئى. دىيال. ئابرۇي، ئىززەت ـ ھۆرمەت.

**ئائىت** تىر [ئە] تېگىشلىك، تەئەللۇق، دائىر، مۇناسىۋەتلىك: راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا مېنى ئىككىمىزنىڭ چوڭقۇرراق تونۇشۇشىمىزغا ئائىت پاراڭلار بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ.

**ئائىلە** ئى [ئە] ① ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ھەم ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىبارەت بىللە ياشىغۇچى كىشىلەر توپى: ئۇ شۇ يول بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. ② بىر مەقسەت، بىر مەسىلەك بىلەن بىرلەشكەن كۆپ كىشىلەر: جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ئەللىك نەچچە مىللەت ياشايدۇ. ③ <بىيول> جانلىقلار سىستېمىسىدىكى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش، كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن بولغان ھەمدە بىرنەچچە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇرۇپپا.

**ئائىلە تاۋابىئات** ← **ئائىلە تەۋە.**

**ئائىلە تەۋە** ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى تۇغقانلىرىدىن شۇ ئائىلىدە ياشىغۇچى كىشىلەر: داۋۇت ئاكام ئائىلە تەۋەلىرىنى كۆچۈرۈپ يولغا چىقتى.

**ئائىلىلىك** سۈپ. ئائىلىسى، بالا ـ چاقىسى ۋە رۇزغارى بار، ئۆيلەنگەن ياكى ئەرگە تەگكەن: ئۇنىڭدا پېشقەدەم كادىرلار ئۈچۈن سېلىنماقچى بولغان بەش ئائىلىلىك قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەسى سىزىلغانىدى.

**ئائىلىۋى** سۈپ [ئە] ئائىلىگە مەنسۇپ، ئائىلىگە تېگىشلىك؛ ئائىلىدە بولىدىغان: ئۇ كۈنى ئىشخانىدا خىزمەت ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش توغرۇلۇق سۆزلەر بولدى.

**ئاي** ئى <ئاستر> ① يەر شارىنى ئايلىنىدىغان سەييارە، يۈزى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ تەكشى ئەمەس، ئۆزى نۇر چىقارماي، قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدۇ. دىيامېترى يەر شارى دىيامېترىنىڭ تۆتتىن بىرىگە، تارتىش كۈچى يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ② شەمسىيە ياكى قەمەرىيە يىلىنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى: ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ (ماقال). * ئايدا يېگەن توق بولار، كۈندە يېگەن ئاچ بولار (ماقال). ③ ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق؛ چىرايلىق: تۇرمۇشۇمنى باي قىلارسەن كەتمىنىم، ئېغىزىمنى ماي قىلارسەن كەتمىنىم، ياخشى تۇتۇپ ئاسرىۋالسام كەتمىنىم، يۈزلىرىمنى ئاي قىلارسەن كەتمىنىم. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولىدۇ: ئايخان، ئاينۇر، ئايگۈل، گۈزەلئاي، تۇرسۇنئاي.

**ئايغا باقار** دىيال. ئاپتاپپەرەس.

**ئاي تۇغماق** يېڭىدىن ئاي چىقماق، ئاي كۆرۈنمەك: ئاۋۋال ئاخشام ئاي تۇغدى، سەھەرلىكتە چولپان قىز. سېنى دەپ يۈرىمىز بىز، ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

**ئاي كالېندارى** <ئاستر> ← **دېھقانلار كالېندارى.**

**ئاي كۆرمەك** ئاياللار ھەرئايدا بىر قېتىم بولىدىغان بالىياتقۇدا قان ھاسىل بولۇشتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە يۈز بەرمەك .

**ئاي گەردىشى** <ئاستر> ئاي نۇرى بۇلۇت قاتلىمىغا چۈشكەندە كۆرۈنىدىغان ئاي چۆرىسىدىكى رەڭلىك نۇر ھالقىسى.

**ئاي يۈزلۈك** چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئايغا ئوخشاش چىرايلىق، گۈزەل: شاھزادە مالاي خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، باشتىكى ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈك، ئالتۇن كوكۇلىلىق پەرى خوتۇنى ئولتۇرغانىكەن.

**ئايا** ئىم [پ] يېزىت ← **ھەي:** ئايا دوستلار، بىر سۆزۈم بار قۇلاق سېلىڭ، ۋەتەن مېھرى جاندىن ئەزىز بىلدىڭىزمۇ؟

**ئاياز** ئى [پ] قەھرىتان قىش پەسلى، قىش: ئاقتى ئەگىز، كەلدى كۆكلەم، كەتتى ئاياز، تۇرنىلارمۇ توي تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز.

**ئاياش** ئى ① ئۇزۇن زامان ياخشى ئۆتكەن ئىككى تەرەپ دوست ـ بۇرادەر، يېقىنلار بىر ـ بىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزئارا چاقىرىشتا قوللىنىلىدىغان نامى. ② قىرغىز ئايال.

**ئاياشماق** «ئايىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مېنى خېلى ئاياشتى، بولمىسا شۇ كۈنىلا كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرەتتىم.

**ئاياغ** ئى ① ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى ؛ پۇت: ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا (ماقال). * دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا (ماقال). ② كۆن، خۇرۇم قاتارلىق رەختلەردىن پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن ئۆتۈك، توپلەي، كەشكە ئوخشاش ئاياغ كىيىمى: ئىشىم ھەل بولغۇچە ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ③ يەنە بىر تەرىپى، يەنە بىر بېشى: كارىۋاتنىڭ ئايىغى. مەھەللىنىڭ ئايىغى. ④ ئاخىر، داۋام: ئۇ شۇنداق زېرەك ئىدىكى، گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئايىغىنى بىلىپ بولاتتى.

**ئاياغ ئاستى بولماق** باشقىلار تەرىپىدىن خارلانماق؛ دەپسەندە قىلىنماق: زۇلۇمغا تاقابىل تۇرالماي ئاياغ ئاستى بولغان قىز ـ جۇۋانلار ئازمىدى؟

**ئاياغ ئاستى قىلماق** باشقىلارنى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ خارلىماق، زىيانكەشلىك قىلماق، دەپسەندە قىلماق: بەگ ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ قىز - چوكانلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى.

**ئاياغ سالماق** بوغدايني تېپىش ئۈچۈن بوغداي ئۈنچىلىرىنى خامان ئوتتۇرىسىغا دائىرە شەكلىدە يېيىپ قويماق.

**ئايىغى چىقماق** ① يول مېڭىشنى ئۆگىنىۋالماق، ماڭالايدىغان بولماق. ② نەتىجىسى چىقماق، خۇلاسىلەنمەك؛ ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك: تاشۋاي: بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقىشقا زادى كۆزۈم يەتمەيدۇ.

**ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرماق** ئۆلمەي ھايات تۇرماق؛ ئىشقىلىپ تىرىك يۈرمەك: — ياخشى بالام، ياخشى، ئىشقىلىپ ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئانا ئارانلا.

**ئايىغى قۇرغاق** بارغان يېرىدە پېشكەللىك كەلتۈرىدىغان؛ پالاكەت، بەختسىزلىك پەيدا قىلىدىغان؛ ئايىغى ياراشمايدىغان، ئالدى جۇت: پادىشاھنىڭ ئايىغى قۇرغاق بىر قىزى بار ئىدى.

**ئايىغى ئېغىر** ئىش خۇشياقمايدىغان، ئىش قىلىسىمۇ بەك ئالدىرىماي قىلىدىغان؛ ھۇرۇن: ئايىغى ئېغىر ئادەم.

**ئايىغى ياراشماق** ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەك: — بۇ بالىنىڭ ئايىغى ياراشتى، — دېدى چوڭ دادام.

**ئايىغى يېنىك** ئىشنى تېز قىلىدىغان، ئىشتىن قاچمايدىغان، تېتىك.

**ئاياغلاپ** رەۋ. ئاياغ بىلەن: — قاراڭ، غازلار ئىككى ئاياغلاپ قېچىۋاتىدۇ، سىز نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىمگە.

**ئاياغلاشتۇرماق** «ئاياغلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوكتور چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، خېلى ئاۋارە بولۇپ تەييارلىغان قورسىقىدىكى گېپىنى ئاياغلاشتۇردى.

**ئاياغلاشتۇرۇشماق** «ئاياغلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاياغلاشتۇرۇلماق** «ئاياغلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاياغلاشماق** پ. ئاخىرلاشماق، تاماملانماق، توختىماق، تۈگىمەك: ناخشا ئاياغلاشقاندا قۇربان قىلىچ يەنە ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئاياغلىق** سۈپ. ئايىغى بار، ئايىغى بولغان: ئۇزۇن ئاياغلىق نېمىس ئەسكىرى ۋاگوندىن ۋاگونغا يۈگۈرەيتتى.

**ئاياق** ئى ① ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان، تەخسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ قاچا: ئۇنىڭ قولىدا دەز كەتكەن بىر قاپاق، يېرىقلىرى چەمبەرلەنگەن قوپال ئاياق ۋە باشقا ئەسكى - تۈسكىلەر بار ئىدى. ② تارىختا جام، پىيالە، قەدەھ قاتارلىقلارمۇ بۇ نام بىلەن ئاتالغان: مەختۇمسۇلا ئۆز قولى بىلەن ئاياقلارغا سۈت ھارىقىنى تولدۇرۇپ قويۇپ، بىر دەمدە ھەممىسىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ.

**ئاياق - قوشۇق** دىيال. قاچا - قۇچا، قاچا - قومۇچ.

**ئايال** ئى [ئە] ① خوتۇن - قىزلارنىڭ ئومۇمىي نامى، خوتۇن كىشى: ئاياللار بايرىمى. ئاياللار بۆلۈمى. ئاياللار كېسىلى. ② ئېرى بار خوتۇن، رەپىقە (ئۆز ئېرىگە نىسبەتەن): — ھەي مەخلۇق، قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئېرىم ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ كەمەك ھەييارنىڭ ئايالى.

**ئايالچە** سۈپ ① ئايال كىشىگە خاس، ئايال كىشىگە ئاتالغان، ئاياللارغا مۇناسىپ: ئايالچە كۆڭلەك. ئايالچە سائەت. ② ئايال كىشىگە ئوخشاش، ئايال كىشى شەكلىدە: ئايالچە سۆزلىمەك. ئايالچە ياسانماق.

**ئايالچىلىق** ئى. خوتۇن - قىزلارغا خاس، ئايال كىشىلەردە بولىدىغان مىجەز، خاراكتېر.

**ئاياللىق** سۈپ ① ئايالى بار، خوتۇن ئالغان: ئاياللىق ئەر دېگەن تالاغا قارىسا سەت بولىدۇ. ② ئايال كىشىگە خاس، ئايال كىشىدە بولىدىغان: ئۇنى شۇ تاپتا ئاياللىق ۋىجدانى ئەيىبلىمەكتە ئىدى.

**ئايالماق** «ئايىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايالغان كۆيگۈچى پىراق ئوتىغا ئوخشايدۇ.

**ئايان** سۈپ [ئە] ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان، روشەن، مەلۇم، ئېنىق: يېڭىيەرنىڭ تارىخى تۆمۈر بوۋامغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

**ئايانچ** سۈپ. كىشىنىڭ رەھمىسىنى كەلتۈرىدىغان، ئېچىندۇرىدىغان، ئېچىنىشلىق: خىيالى باشقا نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەن ياش ئەسكەرنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئايانچ كۆرۈندى.

**ئايانچىلىق** رەۋ. ئېچىنىشلىق: رۇقىيەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى ئايانچىلىق چاقنايتتى. * بالا دېھقان ئايانچىلىق ئىڭرىدى.

**ئايانماق** I ① «ئايىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تۇغلۇقنىڭ ھۆسەن شاھنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنى ئايانماي سۆزلىشى ئەنە شۇ قارارغا كەلگەنلىكىدىن بولغانىكەن. ② ئاۋايلىماق، ئېجىمەك: پىچانلىقلار يولغا ئايانماي مەبلەغ سالدى.

**ئايانماق** II پ. دىيال. ئايىنىماق.

**ئاياۋ** ئى. ئاياش، ئېجەش، ئاۋايلاش.

**ئاياۋسىز** رەۋ. ئېجىمىگەن ھالدا، ئېجىمەي تۇرۇپ، ئايىماي: مەن ئادەملەرنى شۇ قەدەر سۆيەتتىم، بۇ بارلىق مەۋجۇداتقا ئۆز ئىشقىنى ئاياۋسىز تۆكىدىغان بىر شائىر بالىنىڭ سۆيگۈسى ئىدى.

**ئايىياغ** ئى. دىيال. نان يايىدىغان (راسلايدىغان) ئاياق.

**ئايەت** ئى [ئە] <دىن> قۇرئاندا توختاپ ئوقۇلىدىغان بىر ۋە بىرقانچە جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلەك.

**ئايەم** ئى [ئە] ① بارات ئېيىنىڭ ئون بەشىدىكى تۈنەيدىغان كۈن، تۈنەك كېچىسى. ② ھېيت كۈنى، ھېيت: ئۇ مۇشۇ ئايەم كۈنلەردە ئۆز يېزىسىنى، يېزىدا ئۆتكۈزگەن ھېيتلىرىنى سېغىنىپ خىيالغا چۆكتى.

**ئايەملىك** سۈپ. ئايەم ئۈچۈن تەييارلانغان؛ ئايەم ئۈچۈن ئاتالغان: ئۇكاممۇ ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولدى.

**ئايەملىمەك** پ. ئايەم كۈنى ئايەمنى مۇبارەكلەپ كەلمەك ياكى بارماق: بۈگۈن ھارپا، ئەتە ھېيت، مەن جىقلا ساڭزا سالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم ئايەملەپ بىر دەستە ساڭزا ئېلىپ كەپتۇ.

**ئايپاڭ** سۈپ. تاقىر، ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن، پارقىراپ تۇرىدىغان، پايىنەك: ئايپاڭ باش.

**ئايپاڭ باش** بېشىدا چېچى قالمىغان، تاقىر باش، ئايدىڭ باش.

**ئايپالتا** ئى [ئاي + پالتا] تىغى ئاي شەكلىدە قايرىلىپ سوقۇلغان پالتا: ئەزىز ئايپالتىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ چاقچاقلىق بىلەن دەرەخكە ياماشتى.

**ئايجېجەم** ئى. دىيال. ئاي مومام: ئايجېجەم كەلدى.

**ئايدالا (ئايدالاسى)** ئى [ئاي + دالا] چەكسىز كەتكەن يەر، كەڭ دالا: دەل شۇ چاغدا، كېۋەزلىكنىڭ ئايىغىدىكى چەكسىز ئايدالادىن

ناتونۇش بىر يىگىت چىقىپ كەلدى.

**ئايدا ـ يىلدا** ئۇزاق ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بىرەر قېتىم؛ ئاندا ـ ساندا، بىرە ـ بىرە، ناگان ـ ناگاندا: ئەمدىلىكتە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى قىزى چەت ئەلدىن ئايدا ـ يىلدا ئەۋەتىدىغان خالتىغىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى.

**ئايدىڭ** سۈپ ① ئاي نۇرى بىلەن يورۇغان، يورۇق: ئايدىڭ كېچە. * ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ (ماقال). ② كۆچمە. روشەن، چۈشىنىشلىك: ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولدى، بۇنداق بېشەم خوتۇنغا نېمە دېگىلى بولىدۇ؟

**ئايدىڭ باش** بېشىدا چېچى قالمىغان، ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتكەن، تاقىر باش، ئاپپاق باش.

**ئايدىڭدا قېتىق ئىچىشمىگەن** بىر مەقسەتتە بىرەر ئىشنى بىللە قىلمىغان، مۇناسىۋىتى يوق؛ ناتونۇش: بىز ئۇنىڭ بىلەن ئايدىڭدا قېتىق ئىچىشمىگەن.

**ئايدىڭلاشتۇرماق** «ئايدىڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆڭلىدىن بۇ ئىشنى جەزمەن ئېنىقلاپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، دېگەننى ئۆتكۈزدى.

**ئايدىڭلاشتۇرۇشماق** «ئايدىڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايدىڭلاشتۇرۇلماق** «ئايدىڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ شېئىرلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدا يېزىلغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

**ئايدىڭلاشماق** پ. ئېنىق، روشەن، چۈشىنەرلىك بولماق، ئاشكارىلانماق، ئېنىقلانماق، يېشىلمەك: ئۇلارنىڭ ناھىيەدىكى بىر دېلو بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىمۇ ئايدىڭلاشتى.

**ئايدىڭلىق** ئى ① ئايدىڭ بولغان ھالەت. ② ئاي نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان ئورۇن، جاي: ئايدىڭلىقتا ئىككى ئادەم ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى.

**ئايدىلەڭ** سۈپ. دىيال. غىل ـ پال، غۇۋا: ئۇ بىر گەۋدىنى ئايدىلەڭ كۆرۈپ قالدى. * دېرىزە پەردىسى ئارىلىقىدىن ھەممە ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئايدىن ئايغا** ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا، ئاي داۋامىدا، ئايسايىن: ئۇنىڭ تاپقان كىرىمى ئايدىن ئايغا يېتىپ ئاشىدۇ.

**ئايران** ئى. كالا، قوي سۈتىدىن ئۇيۇتۇپ ئىشلەنگەن سۇيۇق ئىچىملىك؛ قېتىق: ئايران ئىچكەن قۇتۇلار، ئاياق يالىغان تۇتۇلار (ماقال).

**ئايروبۇس** ئى [ر د گىرېك + لات] ئايروپىلانلارنىڭ بىر تۈرى. تېنى ئادەتتىكى ئايروپىلانلاردىن خېلى چوڭ، ئىككى قەۋەتلىك ھەم ئىچىدىكى ئۆتۈشمە يولى ئىككى قىلىپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى ئايروپىلان.

**ئايروپورت** ئى [ر < فىران] ① ئايروپىلانلارنىڭ تۇرۇشى، ئۇچۇشى ۋە قونۇشى ئۈچۈن ئارالارغا ھەم شۇنىڭدەك دېڭىز ياقىلىرىغا ياسىلىدىغان مەخسۇس ئاۋىياتسىيە پورتى. ② ئايروپىلان ئىستانسىسى، ئايرودۇرۇم.

**ئايروپىلان** ئى [ر<گىرېك + فىران] ماتور، قانات ۋە تەندىن تەركىب تاپقان، ھاۋادا قاتنايدىغان قاتناش ۋاسىتىسى.

**ئايروپىلانسازلىق** ئى. ئايروپىلان ياساش سانائىتى.

**ئايرودۇرۇم** ئى [ر] ئايروپىلاننىڭ تۇرۇشى، ئۇچۇشى ۋە قونۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان شارائىتقا ئىگە كەڭ مەيدان.

**ئايرودىنامىكا** ئى [ر] ھاۋا ۋە گازلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەم ئۇلارنىڭ قاتتىق جىسىملار ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئايرودىنامىكىلىق** سۈپ. ئايرودىنامىكا پىرىنسىپىغا ئائىت، ئايرودىنامىكا پىرىنسىپىغا مۇناسىۋەتلىك، ئايرودىنامىكا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئايروستات (ئايروستاتى)** ئى [ر<گىرېك] ھاۋادا يەڭگىل ئۇچۇش ۋاسىتىسى.

**ئايرىتماق** «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باي چاكىرىغا بۇغداي بىلەن تېرىقنى ئايرىتىپتۇ.

**ئايرىشماق** «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايرىلماق** ① «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر (ماقال). ② «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىشاننى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلدىم (ماقال).

**ئايرىلىش** ئى. يولنىڭ تارماقلارغا بۆلۈنگەن جايى: ئۇلار ئايرىلىشقا كەلگەندە بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشتى.

**ئايرىم** سۈپ ① ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئالاھىدە، يەككە: ئايرىم قىممەت. // ئايرىم تەربىيەلەش. ② بەزى، بەزىبىر: ئۇلار بەزىدە دۆلەت ياكى كوللېكتىپنىڭ بايلىقىنى كۆتۈرۈۋالماقتا، بەزىلىرى ھەتتا پارتىيەنىڭ ئايرىم رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

**ئايرىما** ئى ① پەرق: ياش ئايرىمىسى، جىنسىي ئايرىما. * بىر چاغ ئىدىم ئەسىرى شۇ ئاجايىپ تۇيغۇنىڭ، ئايرىمىسى قانچىلىك ئىنسان بىلەن توخۇنىڭ. ② <مات> ئېلىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە.

**ئايرىماق** پ ① نەرسىلەرنى پۈتۈندىن ئاجراتماق، ئاجرىتىپ ئالماق، تەركىبىي قىسىملارغا بۆلمەك، بۆلەكلىمەك: تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ئېقىدىن ئايرىماق. ② تۈرىگە، خىلىغا قاراپ بۆلمەك: مەرىكە ئىگىسى مېھمانلارنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ كۈتۈۋالدى. ③ يىراقلاشتۇرماق، ئۈنتۇلدۇرماق؛ تاندۇرماق: بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىماق. ④ مەھرۇم قىلماق، جۇدا قىلماق: ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىماق. ⑤ پەرقلەندۈرمەك، ئەكس ئەتتۈرمەك؛ تونۇماق: ئاۋازىنى ئايرىماق. ⑥ ئاجرىتىپ قويماق، ئارىغا چۈشۈپ ياكى كۈچ بىلەن ئاجراتماق: جېدەلنى ئايرىماق. ⑦ <مات> ئايرىش ئەمەلىنى بېجىرمەك، بىر ساندىن بىر سانىنى ئالماق.

**ئايرىم ـ ئايرىم** باشقا ـ باشقا، بۆلەك ـ بۆلەك، يەككە ـ يەككە: — ياق، ئايرىم ـ ئايرىم كەتسەك خەۋپ ئازراق بولار دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى سەمەتكە تىكىپ.

**ئايرىمچە** رەۋ. باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا، باشقىچە، ئۆزگىچە، ئالاھىدە.

**ئايرىملىق** ئى. باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان، بۆلۈنۈپ چىققان ئەھۋال، ھالەت: ئومۇمىي قائىدىگە سىغمايدىغان ئايرىم ھالەت بولىدۇ، پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن ئايرىملىق بولىدۇ.

**ئايرىمچى** ئى. بىرلىك، ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى شەخس.

**ئايرىمچىلىق** ئى. بىرلىك، ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان قىلمىش: ئۇلار ئايرىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

**ئايرىۋاش** ئى [ئايرى + باش] باشمۇباش تېگىشىش، ئالماشتۇرۇش.

**ئايرىۋاشلاتماق** «ئايرىۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي

دەرىجىسى.

**ئايرىۋاشلاشماق** «ئايرىۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايرىۋاشلانماق** «ئايرىۋاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئايرىۋاشلىماق** پ. ئۆزئارا ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك: ئۇ مالنى ئايرىۋاشلىدى.

**ئايسخان** ئى. ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئايسخان كۆكچى** قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى، ئېتى سۇلۇق ھەم تەملىك بولىدۇ.

**ئايسىز** سۈپ. ئاي يوق، ئاي چىقمىغان، قاراڭغۇ: ئايسىز ئاخشامنىڭ سۈرىمۇ باشقىچە قورقۇنچلۇق ئىدى.

**ئايغاق** سۈپ. ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ ـ سۆز توشۇيدىغان، پايلاقچىلىق قىلىدىغان، خەۋەرچىلىك قىلىدىغان: ئېغىز — ئايغاق، تىل — تايغاق (ماقال).

**ئايغاقچى** ئى. ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇغۇچى، خەۋەرچى؛ پايلاقچى؛ تىڭتىڭچى، چېقىمچى؛ جاسۇس: ئايغاقچىلار دەررۇ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ.

**ئايغاقچىلىق** ئى. گەپ توشۇش، خەۋەر يەتكۈزۈش، پايلاش؛ جاسۇسلۇق، چېقىمچىلىق پائالىيىتى، ئىشى.

**ئايغاقلىماق** پ. مەخپىي تەكشۈرمەك، دېرىكىنى ئالماق، سۈرۈشتۈرمەك: ئۇلار بۇ ئۆينى ئاللىقاچان ئايغاقلاپ بىلىۋالغانىدى.

**ئايخاڭزا** ئى. ھالقا، سۆكە.

**ئايغىر** ئى. پىچىلمىغان ئەركەك ئات.

**ئايقىن** سۈپ . قالايمىقان.

**ئايقىن ـ سايقىن** قالايمىقان، چۇۋالچاق، ئوڭتەي ـ توڭتەي، رەتسىز: ئۇ يەردە ئاخشامقى قاچا ـ قومۇچلار ئايقىن ـ سايقىن تۇراتتى.

**ئايقىن ـ يايقىن** دىيال. ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئاڭقاي ـ تاڭقاي.

**ئاي ـ كۈن** ① ئاي ۋە كۈن. ② ۋاقىت، چېسلا: خېنىمغا ئايرىم كەشپىياتلارنىڭ ئاي ـ كۈنلىرى كېرەك ئەمەسمىكىن؟ ③ (ئىككىنچى تەركىبىگە III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا) تۇغۇتنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى بىلدۈرىدۇ: زۆھرەنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى، پاتمەنىڭ ئايىغى قويۇقلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك سىڭلىسىنى يوقلايدىغان بوپتۇ.

**ئايگۈل** ئى [ئاي + گۈل] ① گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈل. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئايلا** ئى ① ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىر تۇغقىنى، ئاچا؛ ھەدە. ② ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ: زەينەپ: — ئايلا ! بولدى قىلىڭ، — دېگىنىچە سانىيەنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى. ③ تارس. ۋاڭ جەمەتىدىن بولمىغان ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى.

**ئايلاپ** رەۋ. بىرنەچچە ئاي مابەينىدە، ئايلار داۋامىدا: بەزى دېھقانلار بولسا، خاڭلارغا چىقىپ، زۇخاڭدىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، ئايلاپمۇ يۇقىرىغا چىقالمايدۇ.

**ئايلاپ ـ ئايلاپ** «ئايلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىش يولى بىلەن كۈچەيگەن شەكلى: ئۇ ھازىر ئايلاپ ـ ئايلاپ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئايلاپ ـ يىللاپ** ئاي ۋە يىللار بويى، ئۇزاق بىرمەزگىل: ئۇ سىرتلاردا تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئايلاپ ـ يىللاپ كەلمەي يۈردى.

**ئايلاڭ** ئى. دىيال. توي ناخشىسى.

**ئايلاندۇرماق** ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر كۈنى دادامنىمۇ قالپاق كىيدۈرۈپ، يۈزىنى قارا بوياپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلدى. ② ئالدىماق، قايمۇقتۇرماق: ھېسامىدىن: — سېنى تازىمۇ ئايلاندۇرۇپتۇ ـ دە، بولدى، ۋاقتىدا بېرىپ چاپاننى ئېلىۋالايلى، يۇرۇڭلار، — دېدى.

**ئايلاندۇرۇشماق** «ئايلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايلاندۇرۇلماق** «ئايلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگەر ھېلىقى سازلىق سۇ ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇلسا، ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ.

**ئايلانسۇن** ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ III شەخس بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى. ② ئىم. سادىغىسى كەتسۇن؛ ئۆرگۈلسۇن: جامال ئاكا: ئۇنى بىر دەيسەن، زىياپەت سېنىڭدىن ئايلانسۇن ! بۈگۈن دېگەن يېرىمدىن چىقالىساڭ، ساڭا ئاتاپ پاقلان سويۇۋېتىمەن تېخى، ھا ... ھا ... ھا ... ③ ئىم. يېقىنچىلىق ياكى ھۆرمەتنى ئىپادىلىگۈچى مۇراجىئەت سۆزى: — ئايلانسۇن، بالام، تاغاڭ ئايلانسۇن، — دېدى كىبىر.

**ئايلانما** سۈپ ① ئۆز ئوقىدا، بىر ەر دائىرە ئىچىدە ياكى بىرەر نەرسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئايلىنىدىغان، پىرقىرايدىغان: ئايلانما ئورۇندۇق. ئايلانما ھەرىكەت. ئايلانما غالتەك. ② ئايلاندۇرۇپ ياسالغان ياكى ياي شەكلىدە ئورۇنلاشقان، يايسىمان: ئايلانما يول. ئايلانما پەلەمپەي. ③ يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان، ئوبوروت بولىدىغان: ئايلانما كاپىتال.

**ئايلانماق** پ ① ئۆز ئوقىدا، بىرەر دائىرە ئىچىدە ياكى بىرەر نەرسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلماق: قېيىق دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، چوڭ سازلىققا كەلدى. ② سەيلە، تاماشا قىلماق؛ كەزمەك، ئارىلىماق: ئالماس تېخىچە شەھەر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ③ كۆزدىن كەچۈرمەك، تەكشۈرمەك: مەغرىپتىن كەلگەن ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈپ، سىرنى ئوبدان ئۇقۇۋاپتۇ. ④ باشقا ھالەتكە، كۆرۈنۈشكە كىرمەك، باشقا تۈس ئالماق، ئۆزگەرمەك: يامغۇر ئاستا ـ ئاستا قارغا ئايلاندى. * تۇراپ ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي كاردىن چىققان، يارىماس ئادەمگە ئايلاندى. ⑤ يۈرۈشمەك، ئوبوروت بولماق: تىجارەتتە پۇل قانچە تېز ئايلانسا، پايدا شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ⑥ توغرا كەلمەك، تەقسىملەنمەك: ئۇنىڭ يېرى ناچار بولغاچقا، چىققان ھوسۇلى ئاران بىر موغا بەش خودىن ئايلانغان. ⑦ مەشغۇل بولماق، تۇتۇنماق: ئادىل ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ئايلىنىپ قېلىپ، يىغىنغا ۋاقتىدا كېلەلمىدى.

**ئايلانمىلىق** سۈپ. ئايلانمىسى بار، ئايلانمىغا ئىگە: ئۇ ئايلانمىلىق قورۇدىن چىقىپ كەلدى.

**ئايلۇ** ئى. دىيال. قارانچۇق.

**ئايلىق** ① سۈپ. ئاي بويى داۋام قىلىدىغان، ئايغا يەتكۈدەك، ئايغا مۆلچەرلەنگەن: بىر ئايلىق ۋەزىپە. ئىككى ئايلىق يول. ئايلىق ژۇرنال. ② سۈپ. ئايغا تولغان: بۇ چاغدا ئانامنىڭ قورسىقىدا يەتتە ـ

سەككىز ئايلىق بولۇپ قالغانىدى. ③ ئى. بىر ئاي داۋامىدا سەرىپ قىلغان مېھنەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق، مائاش: ئاي توشۇپ ساۋۇتجان بوغالتىرنىڭ قېشىغا ئايلىقىنى ئالغىلى كىرگەندە، تاغىسى باۋۇدۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

**ئايلىقچى** ئى ① ئىش مۇددىتى بىر ئاي بىلەن چەكلەنگەن ياكى بىر ئاينى ھېسابات بىرلىكى قىلىدىغان ئىشچى: مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئايلىقچى بولۇپ ئىشلىدىم. ② ھەر ئايدا مائاش (ھەق) ئالىدىغان ئىشچى ياكى خىزمەتچى: ئۇ ئايلىقچى بولغىنى بىلەن ھەر ئايلىق مائاشىنى ئۆزىگە يەتكۈزەلمەيدۇ.

**ئايلىناي** ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى I شەخس بىرلىك شەكلى. ② ئىم. سادىغاڭ كېتەي، سەدىقە، قۇربان بولاي، ئۆرگىلەي: قوي قوتاندا، ئايلىناي، بايا ئاكىڭىزنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇشقا باشلىغاندىلا سولىشۋەتكەنمەن.

**ئايلىنىش** ئى. يولنىڭ كىشىلەر ئايلىنىپ ماڭىدىغان قىسمى، ئايلانما، ئەگىم: شوپۇر ئايلىنىشقا كەلگەندە ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى.

**ئايماق** ئى ① تارىختىكى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ نامى. ② قەبىلە. ③ ھازىر بەزى جايلاردا يېزا ياكى كەنتلەرمۇ «ئايماق» دەپ ئاتىلىدۇ: ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئىككى ئېرىقتىن ئىككى ئايماقنىڭ سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. ④ مەھەللە، يېزا: كۆجۈم ئايماق.

**ئايماقبېگى** ئى [ئايماق + بەگ + ى] تارىس ① فېئودال كونا جەمئىيەتتە ۋىلايەت، ناھىيەلەرنى باشقۇرىدىغان ۋالىي، ھاكىم دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدار. ② قەبىلە باشلىقى. ③ يېزا باشلىقى.

**ئايماقلىق** سۈپ. شۇ ئايماقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى شۇ ئايماقتا ياشىغۇچى.

**ئايمۇئاي** ھەربىر ئايدا: ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدارىسى شەرىخاننى ئايمۇئاي قۇتقۇزۇش پۇلىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇردى.

**ئايمۇق** ئى. دىيال. قىشتا كۆممەي سوغۇققا چىدامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈم تېلى.

**ئاينىتماق** I ① «ئاينىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاڭسىق تەر ھىدى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ، ئىچىنى سىقاتتى. ② ئۆزىگە قاراتماق، رام قىلىۋالماق: ئالىم مېھرىبانىنى تامامەن ئاينىتىپ بوپتۇ.

**ئاينىتماق** II «ئاينىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىلغارلىقنى ئاينىتىپ، تىراكتورنى ياڭرىتىپ، خۇش سادالار ئاڭلىتىپ، گۈللىتەيلى ۋەتەننى.

**ئاينىتىلماق** I «ئاينىتماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئاللىقاچان ئاينىتىلغانىدى.

**ئاينىتىلماق** II «ئاينىتماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مىڭبىرجاپادا ئاينىتىلغان كۆچەتلەر ئۇلارنىڭ رەھىمسىز قوللىرى ئارقىلىق كېسىپ تاشلاندى.

**ئاينىشماق** «ئاينىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاينىماق** I پ ① تۈسى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقى ھالىتىنى، بۇرۇنقى رەڭگىنى يوقاتماق؛ ئۆڭمەك. ② مىجەز ـ خۇلقى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى يامانلاشماق، يامان تەرەپكە ئۆزگەرمەك، بۇزۇلماق: يىراقتىكى دۈشمەندىن، ئاينىپ كەتكەن دوست يامان (ماقال). ③ پىكرىدىن، نىيىتىدىن، سۆزىدىن قايتماق، پىكرىنى، نىيىتىنى ئۆزگەرتمەك: مادوتەيىنىڭ خېتىنى مەندىن ئالدىڭىز، ئەمدى نېچۈن بىلمىدىم ئاينىپ قالدىڭىز؟ ④ ئەقلىدىن ئازماق، ئېلىشىپ قالماق، ساراڭ بولماق: ھەي، كىچىك ئەپەندى، قارىغىنا، چوڭ ئەپەندىڭنى! ئاينىپ قالدىمۇ، نېمە؟ ⑤ ئىلىشماق: كۆڭلى ئاينىماق.

**ئاينىماق** II پ ① تۇتماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: خوپ ئاينىدى كۆچەتلەرمۇ چېچەكلەپ، مېۋە ئالدۇق كۈزدە راسا ئېتەكلەپ. ② كۈچەيمەك، ئېغىرلاشماق: ئەنۋەرنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئاينىپ قالدى.

**ئايھاي** ئىم. خۇشاللىنىش، ھاياجانلىنىش ياكى ھەيران قېلىش سەۋەبىدىن قىلىنىدىغان نىدا، خىتاب، شاۋقۇن ـ سۈرەن: بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن غەزىپى ئۆرلەپ ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىلى تۇرۇپتىكەن، ئايھاي، بۆرە دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان يەپتۇ.

**ئايھاي سالماق** توۋلىماق، قىچقارماق، چاقىرماق.

**ئايھايلاتماق** «ئايھايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئايھايلاشماق** «ئايھايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايھايلىماق** پ ① يىراقتىكى ئادەمنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرماق. ② خىتاب قىلماق، شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرمەك، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماق، ۋارقىرىماق: ئۇ ئايھايلاپ جاھاننى بېشىغا كىيدى.

**ئايۋان** ئى [ئە] ھويلىنىڭ ئۈستى يېپىلغان قىسمى، پېشايۋان: پادىشاھ «بۇ ئادەمنى ئايۋاننىڭ تېمىغا شوتا بىلەن چىقىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ.

**ئايۋانچا** ئى. دىيال. دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان قۇرۇلما، شىپاڭ؛ لاپاس.

**ئايۋانلىق** سۈپ. ئايۋىنى بار، ئايۋانغا ئىگە: ئۇلار ئايۋانلىق ھويلىغا كىرىشتى.

**ئايۋاي** سۈپ. دىيال. تىنچسىز، بىسەرەمجان.

**ئايىم** ئى ① ئاياللارغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇراجىئەت تەرىقىسىدە ئېيتىلىدىغان سۆز: قېنى، خان ئايىم، مەرھەمەت. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئايىماق** پ ① رەھىم ـ شەپقەت قىلماق، يۈز ـ خاتىرىنى قىلماق، ئەزىز دەپ بىلمەك: يامانى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق (ماقال). ② ئېھتىيات قىلماق، ئاسرىماق، ئاۋايلىماق، تېجىمەك: دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر، كالتىكىڭنى ئايىما (ماقال). * ئات ئايىغان ئات مىنەر، كىيىم ئايىغان تون كىيەر (ماقال). ③ يوشۇرماق، قىزغانماق: خۇدا ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئايىماي، سېمىزلىك ۋە ساغلاملىقنى ئەڭ ئالىي مۇكاپات سۈپىتىدە بەخشەندە قىپتۇ.

**ئايىمقىز** ئى [ئايىم + قىز] قىزلارنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغاندا قوللىنىلىدىغان سۆز: بىرمەھەل خىزمەتكارلار قاتارىغا چۈشۈپ قالغان نارەسىدە قىز يەنە باشقىدىن ئايىمقىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ئە

**ئە** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپنىڭ نامى ھەم ئوقۇلۇشى. ③ رەت جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئە** II يۇك. پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: كۆر + ە = كۆرە، ياز + ە = يازە، ماڭ + ە = ماڭە.

**ئە** III تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچە، مەسىلەن: تۇن + ە = تۇنە، تۇز + ە = تۇزە، كۇچ + ە = كۇچە.

**ئە ـ ئە** دىيال. ئەجەبلىنىش، ياراتماسلىق تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز.

**ئەبەد** [ئە] يېزت ① ئى. ئاخىر، پايانى يوق كېلەچەك زامان؛ مەڭگۈلۈك، ھەمىشە، دائىما : ئانا ۋەتەن ساڭا سادىق قىزىل قەلبىم، سېنى كۈيلەپ تا ئەبەدكە ناخشام ياڭرار. ② رەۋ. مەڭگۈ، ئەبەدىي؛ ئۆمۈرۋايەت :ئۇنتۇماستىن سېنى خەلقىڭ، ئەبەد ساقلايدۇ نامىڭنى.

**ئەبەدىلئەبەد** رەۋ [ئە] يېزت. ئەبەدىي، مەڭگۈ، ئۆمۈرۋايەت، ھەمىشە: مەن ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ بەخت گۈلىنىڭ ئەبەدىلئەبەد توزۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

**ئەبەدىي** سۈپ [ئە] دائىمىي؛ مەڭگۈ :ئەبەدىي خاتىرە. // ئەبەدىي ساقلانماق.

**ئەبەدىيەت** ئى [ئە] يېزت. ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك.

**ئەبەدىيلەشتۈرمەك** «ئەبەدىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ھوقۇق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

**ئەبەدىيلەشتۈرۈشمەك** «ئەبەدىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەبەدىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەبەدىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەبەدىيلەشمەك** پ. يېزت. ئەبەدىي يوقالمايدىغان، بۇزۇلمايدىغان، ئۇنتۇلمايدىغان، مەڭگۈ قالىدىغان بولماق.

**ئەبەدىيلىك** ئى. دائىملىق، مەڭگۈلۈك: ئەبەدىيلىك كۈچ.

**ئەبەي** ئىم. دىيال. «ۋىيەي، ۋايجان» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدىغان، ئەجەبلىنىش، قورقۇش ۋە ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزى: ئەبەي، بۇ نېمە قىلىق!

**ئەبجەت** ئى [ئە] يېزت. ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە ھەر قايسى ھەرپنىڭ سان قىممىتىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئويلاپ چىقىرىلغان سەككىز سۆزنىڭ بىرىنچىسى. بۇ سەككىز سۆز «ئەبجەت، ھەۋۋەز، ھۇتتىي، كەلەمەن، سەئۇفەس، قەرەشەت، سەخخەز، زەزەغ» لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەبجەش** سۈپ. ئارىلاشما بولغان، ئارىلاشتۇرۇلغان، ئارىلاشما : ئەبجەش ماي. ئەبجەش نان. ئەبجەش قىلماق.

**ئەبجەش بولماق** ئارىلىشىپ كەتمەك، ئارىلىشىپ قالماق: يېقىندىن بېرى ئىشلارنىڭ رەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ ئەبجەش بولۇپ كەتتى.

**ئەبجەش قىلماق** ئارىلاشتۇرماق: ئۇ ماڭا ھەسەل بىلەن ئەبجەش قىلىپ چاي بەردى. ئالما ئاقلاپ تۇتتى.

**ئەبجەشلەشتۈرمەك** «ئەبجەشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەبجەشلەشتۈرۈلمەك** «ئەبجەشلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەبجەشلەشمەك** پ. ئەبجەش بولماق، ئارىلاشما بولماق، ئارىلاشما ھالەتكە كەلمەك، يا بۇ ئەمەس ـ يا ئۇ ئەمەس بولۇپ كەتمەك: مۇشۇ ئۇسۇللاردىكى ئەبجەشلىشىش — مىللىي خاسلىقتىن چەتنەش مەسىلىسىدۇر. * ھازىر ئۇسسۇلنىڭ ئەبجەشلىشىشىگە ئەگىشىپ، بەدەننى ئوچۇق قويىدىغان، ھەتتا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالىدىغانلار، باشقا مىللەتنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

**ئەبجەق** سۈپ. ئىشتىن، كاردىن چىققان، كېرەكسىز، بۇزۇلغان: ئەبجەق هارۋا. * ئىدارىنىڭ ئەبجەق ۋېلسىپىتى بىلەن يول يۈرۈش ماڭا پىيادە ماڭغاندىنمۇ ئېغىر ئىدى.

**ئەبجۇش** ئى. دىيال. بىتون، بىر خىل قاتتىق جىسىم: بۇ باغنىڭ يوللىرى مەرمەردىن، دەرۋازىسى ئەبجۇشتىن ياسالغانىدى.

**ئەبگار** سۈپ [پ ] ① ھال ـ ئەھۋالى ناچار، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان؛ خاراب : بۇ جاراھەتلەر ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز، ئەبگار كۆرسىتىپ تۇراتتى. ② ئورۇق، زەئىپ، جۇدەڭگۈ؛ ئاجىز: ئەتىياز كۈنى تاغدىن ھەيدەپ كېلىنگەن قويلارنىڭ ھەممىسى ئەبگار ئىكەن.

**ئەبگارلاشتۇرماق** «ئەبگارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىلقى تەبىئىي ئاپەت نۇرغۇن چارۋىلارنى ئەبگارلاشتۇرۇۋەتتى.

**ئەبگارلاشتۇرۇشماق** «ئەبگارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەبگارلاشتۇرۇلماق** «ئەبگارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى.

**ئەبگارلاشماق** پ ① هال - ئەھۋالى ناچارلاشماق، تۇرمۇشى يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق؛ كەمبەغەللەشمەك، نامراتلاشماق: ئۇ يىلدىن يىلغا ئەبگارلىشىپ كەتتى. ② جۇدەپ، ئورۇقلاپ زەئىپلىشىپ كەتمەك، ئاجىزلىماق: بۇ يىل ئەتىياز ماللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەبگارلىشىپ كەتتى.

**ئەبگارلىق** ئى. ئەبگار ھالەت، زەئىپلىك.

**ئەبلەخ** سۈپ [ئە] قىلمىشى، ھەرىكىتى چېكىدىن ئاشقان، ئۆتۈپ كەتكەن قەبىھ؛ يارىماس، رەزىل: ئۆزۈم ئۈچۈن قېچىشقا ئەپلىك بىر يەرنى تاللاپ، بۇ ئەبلەخنى يىغىشتۇرۇپ قاچمىسام بولمايتتى.

**ئەبلەخلىق** ئى. پەسكەش، رەزىل قىلمىش، چېكىدىن ئاشقان قەبىھ ئىش - ھەرىكەت: كۆپكۆندۈزدە قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۆتۈپ كەتكەن ئەبلەخلىق.

**ئەبنۇس** ئى [ئە<گىرېك] <بوت> يەر شارىنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدىغان، ياغىچى قاتتىق، قارامتۇل بىر خىل دەرەخ.

**ئەپ** سۈپ ① لايىق، مۇۋاپىق، ماس، قولاي، باب: بۇ جاي ياز كۈنلىرى دەم ئېلىشقا ناھايىتىمۇ ئەپ. ② ئىناق، ئىجىل، يېقىن: ئۇ ئايالى بىلەن ئەپ.

**ئەپ بولماق** ئىناقلاشماق، ئىتتىپاق بولماق، يارىشىپ قالماق: ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئەپ بولۇپ قالدى.

**ئەپىنى قىلماق** بىرەر ئىشنىڭ چارىسىنى، ئامالىنى، يولىنى تېپىشقا كىرىشمەك، شۇ يولدا ئىزدەنمەك: پات يېقىندا بولىدىغان تويىمىزنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن بىرەر- يېرىم ئېغىز ئۆي تېپىشنىڭ ئەپىنى قىلىۋاتىمەن.

**ئەپەندى** ئى [گىرېك] ① جاناب. ② ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ③ ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم: مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە بەش يىل ئەپەندى بولدۇم. ④ خوجا نەسىردىننىڭ سۈپىتى ياكى لەقىمى: ئەپەندى لەتىپىلىرى.

**ئەپەندىچىلىك** ئى. ئەپەندىلىك، مۇئەللىملىك: ئەپەندىچىلىك دېگەن ئاسان گەپ ئەمەس. باللارنى ھەر تەرەپلىمە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئەپەندىلىك** ئى. ئەپەندىچىلىك: دادام ئوتتۇز يىل ئەپەندىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماڭارىپقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

**ئەپەندىم** ئى. كىشى ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: ئەخمەتجان ئەپەندىم «دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەندى.

**ئەپت** ئى ① يۈز، چىراي، بەشىرە، بەت: قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن پەيزۇللانىڭ ھېجىيىپ تۇرغان ئەپتى كۆرۈندى. ② تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپەت، تەقى - تۇرق، ھالەت: ئۇنىڭ بىچىرىم ۋە قاۋۇل كەلگەن ئەپتىدىن كۈچ يېغىپ تۇراتتى.

**ئەپت - بەشىرە** ① كىشىنىڭ ئەپتى، بەشىرىسى، يۈزى، چىرايى، تەلەتى: ئۇنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىدىن قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئاچچىق ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋى قىياپىتى: بۇ سۆزلەر ھامۇتنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاينا ئالدىدا چىنقا يايدى.

**ئەپچىل** سۈپ ① چاققان، چېبۇر، چەبدەس: سادىقنىڭ ئەپچىل بىر ئىنىسى قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۇلۇمنى يېشىۋېتىپتۇ. ② ئەپلىك، قولاي، مۇۋاپىق، باب: ئەخمەتجان ئۇنىڭ قولىدىكى ۋېلسىپىتنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىغا ئەكېلىپ ئەپچىل بىر جايغا قويۇپ قويدى. ③ كېلىشكەن، تۈزۈك، جايىدا: ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە گىرىم قىلىپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، خېلىلا ئەپچىل ئايال بولۇپ قالغانىدى.

**ئەپچىللەشمەك** پ. ئەپچىل بولماق، ئەپچىل ھالەتكە كەلمەك: سەنمۇ خېلىلا ئەپچىللىشىپ قاپسەن، كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، ئۆتكەلدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كەتتىڭ.

**ئەپچىللىك** ئى. چاققان، چېبۇر ئىش - ھەرىكەت؛ چەبدەسلىك: قىز ئەپچىللىك بىلەن ۋېلسىپىتكە مىنىپ، شەھەرگە قاراپ چاپتى.

**ئەپسانە** ئى [پ] ① ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ كېلىۋاتقان سىرلىقلاشتۇرۇلغان ھېكايە؛ رىۋايەت، داستان: يۇنان ئەپسانىلىرى. ② كۆچمە. ئاساسسىز گەپ، ئويدۇرما: مۇراتبەك تاغىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى بىر ئەپسانە ئىدى. ③ كۆچمە. ئەقىلغا سىغمايدىغان، مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، مىسلى كۆرۈلمىگەن نەرسە، ئىش: ھازىرقى زامان پەننىڭ تەرەققىياتى ئەپسانىلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

**ئەپسانىچى** ئى. ئەپسانىۋى ھېكايە ئېيتقۇچى، مەدداھ.

**ئەپسانىسىمان** سۈپ [پ] ئەپسانىگە ئوخشايدىغان؛ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان، ئەپسانىۋى: ئەپسانىسىمان گەپلەرچە، رىم دۇنيانىڭ مەركىزىمىش، ئىتالىيە بولسا غەرب مەدەنىيىتى كۆكلىگەن ھەم تارقالغان جايمىش. راستىنلا شۇنداقمۇ؟

**ئەپسانىشۇناس** ئى [پ] ئەپسانە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**ئەپسانىشۇناسلىق** ئى. ئەپسانە ھەققىدىكى ئىلىم.

**ئەپسانىلەشتۈرمەك** «ئەپسانىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ يەردىن ھېچ نەرسىگە نەزەر كۆزىنى سالماي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن رەۋەندە مىللىي ئارمىيەنىڭ ياخشىلىقىنى بىرنى ئون قىلىپ سۆزلىگەن، ھەتتا ئەپسانىلەشتۈرۈۋەتكەن.

**ئەپسانىلەشتۈرۈشمەك** «ئەپسانىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەپسانىلەشتۈرۈلمەك** «ئەپسانىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياش باللارنىڭ ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەرنى ئوقۇشىمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

**ئەپسانىلەشمەك** پ. ئەپسانىگە ئايلانماق.

**ئەپسانىۋى** سۈپ [پ] ① ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن، ئەپسانىگە ئائىت: ئەپسانىۋى ھېكايە. ئەپسانىۋى گەپ. ② پەقەت ئەپسانىلەردىلا مەۋجۇت بولغان، ئالەمدە يوق، خىيالىي: «ئىراق مۇقامىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى»نىڭ تېكىستىدە مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ئەپسانىۋى جەننەتنى رەت قىلىدىغان، ئالەمگە تەبىئەت كۆزقارىشى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان شېئىرىي جۈملىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ③ كۆچمە. ئەقىلغا سىغمايدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن، ئويدۇرما، توقۇلما: ئەپسانىۋى گەپ.

**ئەپسانىۋىلىك** ئى. ئەپسانىۋى ھەرىكەت، ئەپسانىۋى قىلىق.

**ئەپسۇس** ئىم [پ] ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، پۇشايماننى بىلدۈرىدۇ؛ ئىسىت :ئۆتتى، ئەپسۇس، كۆپ كېچە يۇلتۇز ساناپ، ئايغا

قاراپ. ھېلىمۇ بەك كەچ ئەمەس، ماڭسام ھامان ئالغا قاراپ.

**ئەپسۇسكى** ئىم «ئەپسۇس» سۆزىنىڭ كۈچەيتىش فورمىسى: ئەجەب ياخشى نەغمە قىلدى بۇلار. ئەپسۇسكى، ناخشىلىرىنى ئاڭلىيالمىدۇق.

**ئەپسۇسلاندۇرماق** «ئەپسۇسلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىشلار مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى.

**ئەپسۇسلاندۇرۇلماق** «ئەپسۇسلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەپسۇسلانماق** پ. پۇشايمان قىلماق، پۇشايمان يېمەك، ئۆكۈنمەك، ئېچىنماق: مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم.

**ئەپسۇسلۇق** ئى. ئەپسۇسلىنىدىغان، ئەجەبلىنىش ھېس قىلىدىغان ھالەت: ئەزىز چوڭ بىر ئىشتىن زىيان تارتقاندەك چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى.

**ئەپسۇسلىنارلىق** ① سۈپ. كىشىگە ئەپسۇسلۇق ھېس قىلدۇرىدىغان، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان: شۇنىسى ئەپسۇسلىنارلىقكى، بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىزمۇ ئۆزىگە ۋە تەھرىرلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلمايدۇ. ② ئى. كىشىگە ئەپسۇسلۇق ھېس قىلدۇرىدىغان يېرى، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى، ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرىپى: مەكتەپقۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەندۇق، ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن پەقەت بىر يىللا ئوقۇغان.

**ئەپسۇسلىنىشماق** «ئەپسۇسلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېيىن ئۇلار قىلغانلىرىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىشتى.

**ئەپسۇن** ئى [پ] جادۇ، سېھىر قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇلىدىغان ھەر خىل دۇئا: ئۇ بۇ يەردىن بىرئاز توپا ئېلىپ كىشى چۈشەنمەيدىغان ئەپسۇنلارنى ئوقۇدى.

**ئەپسۇنچى** ئى. ئەپسۇن ئوقۇيدىغان كىشى؛ جادۇگەر، سېھىرگەر، سېھىرچى.

**ئەپسۇنچىلىق** ئى. ئەپسۇن ئوقۇش ئىشى، ئەپسۇن بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەپسىز** سۈپ. ئەپ بولمىغان، بىئەپ ، قولايسىز :بوۋاي گېپىنىڭ داۋامىنى قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەندەك بىردىنلا توختاپ قالدى.

**ئەپسىزلەنمەك** پ. ئەپسىز دەپ بىلمەك، ئەپسىز كۆرمەك؛ ئەپسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالماق: مۇئەللىم بۇ ھالەتتىن ئۆزىمۇ ئەپسىزلىنىپ ئۇدۇل سادىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

**ئەپسىزلىك** ئى. ئەپسىز ھالەت، قولايسىزلىق: روشەن بۇ يەردە ئارتۇقچە تۇرۇشنىڭ ئەپسىزلىكىنى بىلىپ دەرھال كەتتى.

**ئەپشىمەك** پ. دىيال. ئەسنىمەك: ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە، ئۇزەڭگىسى دەپشىدۇ. يېڭى يارنى سۆيگەندە، كونا يارلار ئەپشىدۇ.

**ئەپغان** ئى [پ] يېزت. پىغان، نالە ـ پەرياد، نالە ـ زار: شەمسى جانان ئەي نىگارا قايدىسەن، ۋىسالىڭغا ئەمدى قاچان يېتەرمەن، قاي تامانغا باشىم ئېلىپ يۈرەرمەن، مەن نەيلىيىن ياردىن ئەپغان بولمىسا.

**ئەپقاچماق** پ [ئېلىپ + قاچماق] ئېلىپ كەتمەك، ئېلىپ قاچماق: جەدە ئات مىنگەن ئېگىز بوي ئوغلاقچى توپ ئىچىدىن ئوزۇپ چىقىپ، ئوغلاقنى ئەپقاچتى.

**ئەپكار** ئى [ئە] يېزت. پىكىر؛ پىكىرلەر: بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەشر ئەپكارلارىمىز مۇئەييەن دەرىجىدە تىجارەت يۈنىلىشىنى ئالماي تۇرالمىدى.

**ئەپكار ئامما** جامائەت پىكرى: ئەلۋەتتە بار كۈچى بىلەن ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەپكار ئامما ئالدىدا نۇرلاندۇرۇشى، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماسلىقى لازىم ئىدى.

**ئەپكەش** ئى [پ] چېلەك، سېۋەت ۋە باشقا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بالداق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلمەك بېكىتىلگەن سايمان.

**ئەپكەشچى** ئى. ئەپكەش بىلەن سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى توشۇيدىغان ئادەم.

**ئەپكەشلىك** سۈپ ① ئەپكەش كۆتۈرگەن: سۇ توشۇغانلارنىڭ تۆتى ئەپكەشلىك ئىدى. ② ئەپكەش قىلىدىغان، ئەپكەش بولىدىغان؛ ئەپكەشكە لازىملىق : بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئەپكەشلىك بامبۇك ياغىچى بار.

**ئەپلاتون** ئى [ئە<گرېك] قەدىمكى گرېك ئالىمى پىلاتوننىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

**ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان** ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، جاھىل ۋە كاجلىقتا ئۇچىغا چىققان: ئۇمۇ ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغانلارنىڭ بىرى.

**ئەپلەپ ـ سەپلەپ** بىرەر ئامال تېپىپ، بىرەر چارە ـ تەدبىرلەر، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق : ئۇلار ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۈگىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

**ئەپلەتمەك** «ئەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەپلەشتۈرمەك** «ئەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەشىدە مېۋە ـ چېۋە، نان ـ توقاچ، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ھەر خىل تەخسە، قەنتدانلارغا ئەپلەشتۈرۈپ تىزدى.

**ئەپلەشتۈرۈشمەك** «ئەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەپلەشتۈرۈلمەك** «ئەپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەپلەشمەك** پ ① مۇۋاپىقلاشماق، ماسلاشماق، باب كەلمەك، جايىغا چۈشمەك: ئىش ئەپلىشىپ نەپ تەگكەنچە ئۇنىڭ نەپسى يوغىناشقا باشلىدى. ② ياراشماق، ئىتتىپاقلاشماق، ياخشىلاشماق، چىقىشىپ قالماق: ئۇلار تويدىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن بىر ئوبدان ئەپلىشىپ قالدى.

**ئەپلەنمەك** ① «ئەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② تەمشەلمەك، تەرەددۇت قىلماق: پەرھاد يېزىپ بولۇشىغا ئۇ قومىلىقىنى يىغىشتۇرۇپ تەزىم قىلدى ـ دە، مېڭىشقا ئەپلەندى.

**ئەپلىك** سۈپ ① مۇۋاپىق، قولاي، ئوڭۇشلۇق: نادەم ئۆمىلەپ بىر قەبرە يېنىغا ماڭدى. ۋارىسجانمۇ نادەمنىڭ كەينىدىن شۇ يەرگە بېرىپ ئەپلىك بىر جايغا ئورۇنلاشتى. ② چاققان؛ ئەپچىل: قىزچاقنىڭ ئەۋرىشىم بارماقلىرى ئاجايىپ ئەپلىك ئىكەن. ③ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغان، چېۋەر، ماھىر: قادىرنىڭ قولى ئەپلىك بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ قوياتتى. ④ كۆچمە. ئىناق، ئىتتىپاق؛ يېقىن، ئېجىل: كەندىر تۆۋىدە كەكلىك، مەن يارىم بىلەن ئەپلىك. ئوڭ يېنىدا چېچى بار، تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك.

**ئەپلىمەك** پ ① مۇۋاپىق، جايىدا بېجىرمەك، پەم بىلەن قىلماق: ئىمىن پالگان ياخشى ئەر، ھەممە ئىشنى ئەپلىگەن. ئۇركۈپ قاچقان دۈشمەننىڭ توغراقتا بېشىنى كەپلىگەن. ② قاملاشتۇرماق، جايلىماق، بابلىماق: سايىم ئاكا ئۆز رەقىبىنى دالدا يەردە ئەپلەپ تۇرۇپ بىر سالدى ـ دە، ئۇنى جايىدىن قوپالماس قىلىپ قويدى.

**ئەپۇ** ئى [ئە] كەچۈرۈم، ئۆزرە: ئەپۇ سورىماق. ئەپۇ قىلماق.

**ئەپۇ سورىماق** ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك، سەۋەنلىكنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنمەك، ئۆزرە ئېيتماق: مەن ئۇنى ئاران توختىتىۋالدىم ۋە ئاغىنەمدىن خىجالەت بولۇپ ئەپۇ سورىدىم.

**ئەپۇ قىلماق** باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماق، گۇناھىدىن ئۆتمەك، كەچۈرمەك: سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىڭ.

**ئەپۇچان** سۈپ. باشقىلارنى ئەپۇ قىلىدىغان، باشقىلارنى كەچۈرىدىغان، باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىدىغان، باشقىلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىدىغان: ئەپۇچان ئادەم. * بىراق، مېنىڭ دادام ماقالىلەردە مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغان ئۇنچە مېھرىبان ئادەممۇ ئەمەس، بەك ئەپۇچان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

**ئەپۇچانلىق** ئى. باشقىلارنى ئەپۇ قىلىدىغان خاراكتېر، باشقىلارنى كەچۈرىدىغان، كەچۈرۈۋېتىدىغان مىجەز - خۇلق ياكى باشقىلارنى كەچۈرۈش، باشقىلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈش ئىشى: ئادەمدە ئەپۇچانلىق كەم بولسا بولمايدۇ.

**ئەپيەڭگە** ئى [ئەپ + يەڭگە] ئاكا - ئۇكىنىڭ خوتۇنلىرى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): ئۇلار بىر ئۆمۈر ياخشى ئەپيەڭگە بولۇپ ئۆتكەن.

**ئەپيۇن** ئى [ئە] ئەپيۇنگۈلنىڭ تولۇق پىشمىغان ياكى پىشىش ئالدىدا تۇرغان غوزىسىنىڭ شىرنىسىدىن تەييارلىنىدىغان، قاتتىق مەست قىلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك چېكىملىك.

**ئەپيۇنچى** ئى. ئەپيۇن تېرىيدىغان، ئەپيۇن ساتىدىغان كىشى.

**ئەپيۇنچىلىك** ئى. ئەپيۇن تېرىپ ئۆستۈرۈش، ئەپيۇن سېتىش ئىشى.

**ئەپيۇنكەش** ئى [ئە + پ] داۋاملىق ئەپيۇن چېكىدىغان، ئەپيۇنخۇمار ئادەم: خەلقنىڭ كۆز يېشى ، نالىسى ئەپيۇنكەشلەرنىڭ ئىسلاشقان دىلىنى ئېرىتەلمەيدۇ.

**ئەپيۇنكەشلىك** ئى. دائىم ئەپيۇن چېكىش ئادىتى.

**ئەپيۇنگۈل** ئى [ئەپيۇن + گۈل] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى قىزىل، ھال ياكى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، تېخى پىشمىغان ۋاقتىدا پوستى تىلىپ قويۇلسا ئەپيۇن ئىشلەشكە بولىدىغان بىر خىل شىرنە ئېقىپ چىقىدۇ؛ مېۋە شاكىلىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش روللىرىغا ئىگە.

**ئەت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشى: ئەت قونماق. ئەت تۇتماق. ② بەزى مېۋىلەرنىڭ گۆش قىسمى: ئېتى چۈرۈك قوغۇن. ③ كۆچمە. يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى مۇنبەت، ھوسۇللۇق قىسمى: ئەت توپا.

**ئەت ئالماق** ئەت قونماق، سەمرىمەك: بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا ئوبدانلا ئەت ئالدى.

**ئەت توپا** ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، زىرائەت ئۆسۈشكە مۇۋاپىق، مۇنبەت، ئەتلىك تۇپراق: ئانارگۈل تاشتەكتىكى گۈلنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەت توپىغا تىكتى.

**ئەت قونماق** ئەت پەيدا بولماق، ئەت قوشۇلماق، ئەتلەنمەك، سەمرىمەك: بوۋاينىڭ يۈزىگە بىر ئىلىك ئەت قونغان بولۇپ، ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

**ئەتە** ① رەۋ. بۈگۈندىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ماڭا كەلدى، ئەتە ساڭا كېلەر (ماقال). ② ئى. يېقىن ۋاقىت؛ يېقىن كەلگۈسى، كېلەچەك : ئادا بولدى گۈل ئالدىدا شەرتىمىز، كېلەر ئەمدى قەنتتىن تاتلىق ئەتىمىز.

**ئەتە - ئاخشام** ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى: تاغامنىڭ قىزى ھەر كۈنى ئەتە - ئاخشامدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەتتى.

**ئەتە - ئۆگۈن** ئەتە ياكى ئۆگۈن؛ پات ئارىدا، يېقىن ئارىدا: ھازىر كۈنمۇ خېلى ئىسسىپ قالدى، ئەتە - ئۆگۈن تېرىقچىلىق باشلىنىدۇ.

**ئەتەي** رەۋ ① مەلۇم بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان ھالدا، بىلمەسكە سېلىپ؛ بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن: مەن قىزنىڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى كۆپرەك سۆزلەتتىم. ② ئالايىتەن، مەخسۇس، ئاتاپ : مەن ئەتەي سىزنى يوقلىغىلى كەلدىم.

**ئەتەيلەپ** رەۋ ← **ئەتەي** : ھەمشىرە، ئۇ سىزنى دەپ ئۆزىنى ئەتەيلەپ ئاغرىققا سالىدۇ، ئۆزى بولسا ئاتتەك ساق.

**ئەتەيلىك** ئى. مەلۇم بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان ئىش، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىش؛ قەستەنلىك؛ مەقسەتلىك؛ مەخسۇسلۇق: كىشىلەر بۇ خىل ئەتەيلىكنى ناھايىتى روشەن بىلىپ تۇرسىمۇ توغرا چۈشىنىدۇ. * ئەر - ئايال ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلار ئورتاق مەقسەتنى چىقىش قىلغان كونكرېت پائالىيەت ئۈستىدىكى پاراڭ بولۇپ، سۈنئىيلىك ۋە ئەتەيلىكتىن خالىي ئىدى.

**ئەتتار** ئى [ئە] يېزت. ئەتىر، ئۇپا - ئەڭلىك قاتارلىق خۇشبۇي زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان كىشى؛ ئەتىرچى.

**ئەتتارچىلىق** ئى. ئەتىر، ئۇپا - ئەڭلىك قاتارلىق خۇشبۇي پەرداز، زىننەت بۇيۇملىرى ياكى خۇش پۇراق دورا ماتېرىياللىرىنى مەخسۇس سېتىش ئىشى: ھەرخىل خۇش پۇراق دورا ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان ئەتتارچىلىق كەسپىنى، تومۇر تۇتۇپ، دورا بۇيرۇپ، كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاغرىققا ئامال قىلىدىغان تېبابەتچىلىك كەسپىنى ...

**ئەتتەك** ئىم. ئەپسۇسلىنىش ياكى پۇشايمان تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەتتەك، مەن بارغان بولسام بوپتىكەن.

**ئەتتەڭگەي** ئىم ← **ئەتتەك**.

**ئەتتىكەن** ئى [ئەت + تىكەن] ئادەمنىڭ تىرنىقى ئەتراپىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان تىكەندەك ئىنچىكە تېرە، تىكىنەك .

**ئەتتىگىنەي** ئىم ← **ئەتتەك**.

**ئەتراپ (ئەتراپى)** ئى [ئە] ① تۆت تەرەپ، پەرق ئەتكەن ھەممە ياق: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق (ماقال). ② كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن يېقىن جاي: يېرىم سائەتتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتا زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ چۆرىسى: ھازىر كەلگەن مېھمانلار ئۈستەل ئەتراپىغا توپلىشىپ ئولتۇردى.

**ئەتراپلىق** سۈپ. ھەممە تەرەپنى تەڭ كۆزىتىپ، تەڭ ھېسابقا ئالغان، ئومۇمىي جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتقان: ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق پەننىي بىلىملەرنى بېرىش. //ئۇ فورمۇلىنى ئەتراپلىق يېشىپ بەردى.

**ئەتراپىدا** ① رەۋ. بىرەر نەرسىنىڭ تۆت تەرىپىدە، چۆرىسىدە: باللار شىرەنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، تاماق يەۋاتىدۇ. * بىز ئوتنىڭ ئەتراپىدا بىرئاز ئىسسىندۇق. ② تىر، كۆز مۆلچەرىدە، تەخمىنەن، چامىسىدا، ئۆپچۆرىسىدە: گەرچە ئۇنىڭ يېشى 40 تىن

ئاشقان بولسىمۇ، بىر قارىماققا 30 ياش ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى. * ئۇ يازغان ماتېرىيالدا قاۋانلىق دېگەن جايدىن ئەتىيازلىققا 3 مو ئەتراپىدا يەر ئېچىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

**ئەترەت** ئى [ر] ① ھەربىي گۇرۇپپا: بىز بەشىمىز رەتلىك تىزىلىپ، ھەربىي قائىدە بويىچە يېڭى ئەترەت باشلىقىمىزنى قارشى ئالدۇق. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت، خىزمەت ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان كىشىلەر توپى، گۇرۇپپا: ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، سىنىپ بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدە قىزىل گالستۇك تاقاپ، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولغان. ③ <بىيول> بىيولوگىيەدىكى بىر سىنىپقا ياتىدىغان ۋە بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن ئايرىلغان جانلىقلار توپى. مەسىلەن: قۇشلار سىنىپى، توخۇ شەكىللىكلەر ئەترىتى، قارىغاي سىنىپى، كۆمۈشئۆرۈك ئەترىتى دېگەندەلەرگە ئوخشاش.

**ئەتسىز** سۈپ ① ئېتى، گۆشى يوق، ئەت قونمىغان، گۆشسىز، ياداڭغۇ، جۇدەڭگۈ، ئورۇق: ئۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان نىجاتچىسىغا بولغان مىننەتدارلىق ياشلىرى ئەتسىز مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ② كۆچمە. ئوت - چۆپ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ياخشى ئۆسمەيدىغان، كەم ھوسۇل، ئۈنۈمسىز: ئەتسىز تۇپراق.

**ئەتكەس** سۈپ [ر] دۆلەت ئېلىپ - سېتىشنى مەنئى قىلغان، دۆلەت سودا سىياسىتىگە، باج تۈزۈمىگە خىلاپ، قانۇنسىز، چەكلەنگەن: ئەتكەس مال.

**ئەتكەسچى** ئى <سودا> ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ - ساتقۇچى كىشى.

**ئەتكەسچىلىك** ئى. ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ - سېتىش پائالىيىتى: ئەتكەسچىلىك قىلماق.

**ئەتكەنچاي** ئى [ئەتكەن + چاي] قېنىق دەملەنگەن قارا چايغا سۈت ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن چاي: ئۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئەتكەنچايغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

**ئەتكۈزمەك** I «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈنۈگۈن بالامغا ئېيتىپ باغنىڭ شورىسىنى ئەتكۈزۈۋەتتىم.

**ئەتكۈزمەك** II «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاماق ئەتكۈزمەك.

**ئەتكۈزۈشمەك** I «ئەتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەتكۈزۈشمەك** II «ئەتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەس - بەس بىلەن يېڭى ئۆي جاھازلىرى ئەتكۈزۈشتى.

**ئەتكۈزۈلمەك** I «ئەتكۈزۈلمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتكۈزۈلمەك** II «ئەتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى كەلگەن مېھمانلار ئۈچۈن ئايرىم تاماق ئەتكۈزۈلدى.

**ئەتلەس** ئى [ئە] بىر يۈزى يالتىراق ھەم گۈلى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان، يەنە بىر يۈزىنىڭ گۈلى سۇس يەرلىك يىپەك رەخت.

**ئەتلەسچى** ئى. ئەتلەس توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ئەتلەسچىلىك** ئى. ئەتلەس توقۇش، سېتىش ئىشى، كەسپى: خوتەن خەلقى ئەتلەسچىلىك، گىلەمچىلىك، قاشتاش ئويمىچىلىقى قاتارلىق ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن تونۇلغان.

**ئەتلەم** سۈپ. دىيال. ھارامدىن بولغان.

**ئەتلەندۈرمەك** «ئەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەتلەنمەك** پ ① گۆش قوشۇلماق، ئەت قونماق؛ سەمرىمەك: ئۈچ ئايدىن بۇيان كېسەل تارتقان بوۋامنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ، چىرايىنىڭ ئەتلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياش كەتتى. ② كۆچمە. ھال - ئەھۋالى، تۇرمۇشى، كۈنى ياخشىلانماق، ھاللانماق، بېيىماق: بۇ يىل غەيرەت قىلىپ ئىشلىسەك ئەتلىنىۋالىمىز، كېلەر يىلى ئېشىنىۋالساق، يەنە بىر يىلى بېيىپ قالمايمىزمۇ؟

**ئەتلىك** سۈپ ① ئېتى بار، ئەت قونغان، سېمىز: ئامانگۈلنىڭ ئەتلىك يۈزى سەل قىزارغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇپ ئۈنمۇ بوش كەلمىدى. ② كۆچمە. گۆشى بار، گۆش قىسمى قېلىن (قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا ۋە ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرگە نىسبەتەن): ئەتلىك قوغۇن. ئەتلىك شاپتۇل. ③ كۆچمە. مۇنبەت، ھوسۇللۇق (تۇپراققا نىسبەتەن): ئەتلىك يەر. ئەتلىك توپا.

**ئەتلىمە** سۈپ. بەدىنىگە تۈك چىقمىغان، ئەت كۆرۈنۈشىدىكى، قىزىل ئەت: ئەتلىمە باچكا. ئەتلىمە گۆش.

**ئەتمەك** I پ ① ياپماق، تاقىماق: ئۇ ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى. ② ئۆزئارا تۇتاشتۇرماق؛ تۈگمىلىمەك، ئىزمىلىمەك: بوۋام مېنى يولغا سالماقچى بولۇپ، خۇرجۇنۇمنىڭ ئىزمىسىنى ئالدىرىماي ئەتتى. ③ توسماق، ياپماق؛ ئورىماق؛ تاڭماق؛ دالدا قىلماق: يۈزىنى ئەتمەك. كۆزىنى ئەتمەك. ④ توسماق، تورىماق، باشقۇرماق: سۇنى ئەتمەك. باشلامنى ئەتمەك.

**ئەتمەك** II پ ① ھەر خىل خام يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىمەك، ياسىماق، قىلماق: بۇ قىز دادىسىنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. ② بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرمەك، قىلماق: ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت (ماقال). * شاپتۇلدا باغ ئەتمە، ئۆچكىدە مال ئەتمە (ماقال). ③ كۆچمە. دەپ بىلمەك، دەپ ھېسابلىماق، قاتارىدا كۆرمەك؛ تۇتماق: موماي: قىزىم، ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، ھەر ھالدا ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت. بۇ يىگىت سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، دەپتۇ. ④ «قىلماق» مەنىلىرىدىكى ياردەمچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ ۋە تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن ياندىشىپ كېلىپ، ئۇنى پېئىللاشتۇرىدۇ: بەخش ئەتمەك. داۋام ئەتمەك.

**ئەتمەك** III ئى. تارس <يېم> نان.

**ئەتۋىركە** ئى [ر] ھەر خىل ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ ياساشتا، قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى بۇراپ چىڭىتىش، بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قول سايمىنى.

**ئەتىر** ئى [ئە] خۇشبۇي ماددىلارنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسىدىن ئىبارەت سۇيۇقلۇق، پەرداز بۇيۇمى.

**ئەتىرچى** ئى. سودا دۇكانلىرىدا ئەتىر، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان كىشى، ئەتتار.

**ئەتىرسوپۇن** ئى [ئەتىر + سوپۇن] خام ئەشيالىرىغا ئەتىر ماتېرىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىگەن خۇش پۇراقلىق سوپۇن: تۇرسۇنگۈل بىر توقاچ ئەتىرسوپۇن ئالدى.

**ئەتىرگۈل** ئى [ئەتىر + گۈل] <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال.غولى تىك، تىكەنلىرى

ناھايىتى زىچ؛ كىچىك پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى كۆپىنچە قىزىل، ئاق، سېرىق ئېچىلىدۇ؛ گۈلىنى چاي دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ، خۇش پۇراقلىق ماتېرىيال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ئەتىرلىك** سۈپ. ئەتىر پۇرىقى بار، ئەتىر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئەتىر قوشۇلغان: ئەتىرلىك بوياق.

**ئەتىكى** سۈپ. ئەتە بولىدىغان، ئەتىسى يۈز بېرىدىغان: ئەتىكى ئىش. * ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا(ماقال).

**ئەتىگەن** رەۋ ① تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت؛ سەھەر: ئۇيانغا باق، بۇ يانغا باق، ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق (ماقال). ② بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا نىسبەتەن بالدۇر؛ ۋاقتى يېتىپ كەلمىگەن: مەن ئەمدى ئۇن سەككىز ياشقا كىردىم، توي قىلىشقا تېخى ئەتىگەن.

**ئەتىگەنكى** سۈپ. شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى: ئەتىگەنكى ئىش. ئەتىگەنكى تاماق. ئەتىگەنكى ۋەقە.

**ئەتىگەنلەپ** رەۋ. ئەتىگەندىلا، سەھەردىلا: ئۇلار ئەتىگەنلەپ يولغا چىقتى.

**ئەتىگەنلىك** سۈپ. ئەتىگەن ئۈچۈن تەييارلانغان، ئەتىگەن ئۈچۈن ئاتالغان؛ ئەتىگەنگە تەۋە: ئەتىگەنلىك چاي. ئەتىگەنلىك مەشىق.

**ئەتىگەنلىككە** رەۋ. ئەتىگەندىكى ۋاقىتتا، ئەتىگەندە، سەھەردە: — قالغان گەپلەر بولسا ئەتىگەنلىككە سۆزلىشەرمىز، — دېدى ئۇ باشقىلارغا.

**ئەتىلەتىن** رەۋ. بۈگۈندىن كېيىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەتىگىچە: بىز ئىككىمىز ئەتىلەتىن سېنى يوقلىغىلى كېلىپ قالارمىز.

**ئەتىلىك** سۈپ. ئەتە بولىدىغان، ئەتە قىلىنىدىغان، ئەتە يۈز بېرىدىغان، ئەتىگە ئاتاپ قويۇلغان: ئەتىلىك ئىش. ئەتىلىك تاماق.

**ئەتىلىككە** رەۋ. ئەتىكى كۈندە، ئەتە: ئەتىلىككە بايرام قىلىمىز. * بۇلار تېخى ئەتىلىككە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېنى ئۇزاتماقچى.

**ئەتىۋار** [ئە] ① ئى. ئامما ئارىسىدا قازانغان نام، ئابرۇي، ئىشەنچ، نوپۇز، ئىناۋەت، ھۆرمەت: ئاق ساراي بولغان بىلەن، زەدىۋالى يوق ئىكەن. ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى يوق ئىكەن. ② سۈپ. يۇقىرى باھالىق، قىممەت، ئاز ئۇچرايدىغان، ئېسىل، قىممەتلىك: بۇ تاش دۇنيادىكى يەتمىش ئىككى خىل ئەتىۋار دورىلارنىڭ زەررىلىرىدىن ياسالغان. ③ سۈپ. ئەزىز، ئەركە: كىچىكىدە ئەتىۋار بولۇپ ئۆسكەن ساۋۇتجاننىڭ مەسۇم قەلبىگە بۇ دەشنەملەر نەشتەر بولۇپ سانجىلىپ، يىگىنى گېلىدا قالاتتى.

**ئەتىۋارسىز** سۈپ ① ئەتىۋارى، ئابرۇيى، نوپۇزى يوق: ئەتىۋارسىز ئادەم. ② قىممىتى يوق، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان: ئەتىۋارسىز نەرسە.

**ئەتىۋارسىزلىق** ئى. ئەتىۋارى يوق، ئەتىۋارسىز ھالەت.

**ئەتىۋارلاتماق** «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلاشتۇرماق** «ئەتىۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەتىۋارلاشتۇرۇپ، چاقىرغان يەرلەرگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى.

**ئەتىۋارلاشتۇرۇلماق** «ئەتىۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلاشماق** ① «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرمۇشتا ساختىلىقنى پەزىلەت دەيدىغانلار بولىدۇ. ئۇلارنى تېخى بەزى يەرلەردە ئەتىۋارلىشىدۇ. ② ئەتىۋار ھالەتكە كەلمەك: مول نەرسە ئازايسا، ئەتىۋارلىشىدۇ.

**ئەتىۋارلانماق** «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلىق** سۈپ ① ئەتىۋارى بار، ھۆرمەتكە ئىگە: ئەكبەر بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى.② قىممىتى بار، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان، ئەزىز: ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قالايمىقان ئوۋلاشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك. ③ ئاسراشقا تېگىشلىك، ئاسرىلىدىغان، قەدىرلىك: ھەيدەرنىڭ دادىسىدىن قالغان، توكىدىن تولا يامىقى بار بۇ شالۋۇر ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى ئىدى.

**ئەتىۋارلىماق** پ ① چوڭ كۆرمەك، ھۆرمەتلىمەك، ئەتىۋار كۆرمەك: تۇردىئاخۇن ئاكا خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان بولغاچ، كىشىلەر ئۇنى ئەتىۋارلايتتى. ② ئاسرىماق، قەدىرلىمەك، قىممەتلىك دەپ بىلمەك: ئۇلار ئاتىسى بەرگەن بۇ بايلىقنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپتۇ. ③ ئەزىز كۆرمەك، ئەزىزلىمەك، ئارزۇلىماق: ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بۇ ئارزۇلۇق بالىسىنى جېنىدىنمۇ بەك ئەتىۋارلايدىكەن.

**ئەتىياز** ئى [ئەتە + ياز] تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىنكى، يازنىڭ ئالدىدىكى پەسىل: ئەتىياز پەسلى.

**ئەتىيازلىق** سۈپ. ئەتىيازدا بولىدىغان، ئەتىيازدا قىلىنىدىغان: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ.

**ئەتىيان** ئى [ئەت + يان] بەدەننىڭ ھەممىسى، پۈتۈن بەدەن؛ تەن: ئۇنىڭ كەندىر يىپى بىلەن بىرنەچچە يېرىدىن ماتىۋالغان كۆڭلىكىدىن ئاپتاپتا كۆيگەن قاپقارا ئەتىيانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئەجەب** رەۋ [ئە ] ① ھەيران قالارلىق، قىزىق، غەلىتە: ئەپەندىم ھەيران بولۇپ، خوتۇنىدىن: — خوتۇن، ئەجەب سەن ئۈچ ئايدىلا تۇغدۇڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ② جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى رولىدا كېلىپ، «ئىنتايىن، ناھايىتى، تازا، بەك، نېمىدېگەن» لەرگە ئوخشاش كۈچەيتىش، ئاشۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ، چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟ سۆزلىرى ئەجەب تاتلىق، ھەسەل ـ ناۋات قوشقانمۇ؟

**ئەجەب ئەمەس** ئېھتىمال، ئېھتىمالغا يېقىن، مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: — بىزنىڭ سىلىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىلى يەنە بىر خوتۇن ئېلىشلىرى كېرەك. يەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ھەل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

**ئەجەب بىر** بىر قىسما، غەلىتە، يوچۇن، باشقىچە: — ھىھ ... ھىھ ... ھىھ ... دەپ ئەجەب بىر كۈلۈپ كەتتىلىغۇ؟ بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قاپتۇمۇيا؟ — دېدى سارىخان ئاچچىق قىلىپ.

**ئەجەبا** ئىم [ئە] تەئەججۇپ، قىزىق، ھەيران قالارلىق، غەلىتە: — مېنى تېخىچىلا چۈشەنمەيدىكەنسىز ـ دە! — دېدى تۇرغۇن رەنجىپ، — ئەجەبا، مەن پۇل ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەنمۇ؟! ياق، خەلقىمىزنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن!

**ئەجەبتەك** سۈپ. دىيال. ئاجايىپ، بىر قىسما، غەلىتە: زەردەم قايناپ ئەجەبتەك بولۇپ قالدىم.

**ئەجەبسىنمەك** پ. ئەجەبلەنمەك، ئەجەبلىنىش ھېس قىلماق: ئۇ سابىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئەجەبسىنىپ قاسمىغا قارىدى.

**ئەجەبكى** تىر. ھەيران قالارلىقى شۇكى، غەلىتىلىكى شۇكى.

**ئەجەبكىم** تىر → **ئەجەبكى**: تىپتىنچ كۆك ئاسمانىمىش، يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرغانىمىش. ئەجەبكىم، يەتمىشچە ئاي چىقىپ ھەر بىرى زەر شولا چاچقانىمىش.

**ئەجەبلەندۈرمەك** «ئەجەبلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۈنەرگە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن زەيتۈنەنىڭ ئۆشتۈمتۈت سوۋۇپ قېلىشى ئادىلنى ئەجەبلەندۈردى.

**ئەجەبلەندۈرۈشمەك** «ئەجەبلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەجەبلەندۈرۈلمەك** «ئەجەبلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەجەبلەنمەك** پ. ھەيران بولماق، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق، تەئەججۈپلەنمەك: بىر كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىككىنچىسىگە يولۇققىنىمغا ئەجەبلەندىم.

**ئەجەبلىنەرلىك** سۈپ. ھەيران، تاڭ قالارلىق، تەئەججۈپلەنگۈدەك: ئىمام مۇھەممەتتەك ياش كاسىپقا بۇ ھال تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلاتتى.

**ئەجەبلىنىشمەك** «ئەجەبلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەيزۇللانىڭ گۈزەل، كېلىشكەن بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشخانىسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىشتى.

**ئەجەل** ئى [ئە] كىشىنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقان پەيت، ئۆلۈم، قازا: ئەجەل يەتمەي جان چىقماس، بېخىل بايدىن نان چىقماس(ماقال).

**ئەجەل پۈرىماق** ئۆلۈمدىن بېشارەت بولماق، قازا شەپىسى كەلمەك: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يامانلاشتى بارغانچە كېسەل. تىنىشىمۇ ئاستا ھەم تۆۋەن، پۈراپ تۇرار شۇ تاپتا ئەجەل.

**ئەجەل سۆرەپ كەلمەك** بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا بېرىپ ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولماق: تاشماق قولىدىكى تاياقنى شىلتىپ ئالىتاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى: سەن! ... سەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ئۇنسۇر ... ياخشى، سېنى بۇ يەرگە ئەجىلىڭ سۆرەپ ئەكېلىپتۇ!

**ئەجەل كەلمەك** قازا يەتمەك، ئۆمۈر تۈگىمەك، كۈنى توشماق: ئەجەل كەلسە ئەقىل قاچار (ماقال). * قازى داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقان بالىنى بەزلەپ: — سەۋر قىل، ئاتاڭ كېسەل ئازابى تارتىپ ئۇزاق ياتتى، بۇگۈن خۇدادىن ئەجىلى كەپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

**ئەجەل يەتمەك** ← **ئەجەل كەلمەك**.

**ئەجىلى توشماق** ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماق، ئاخىرەتكە يۈزلەنمەك، كۈنى تۈگىمەك، ئۆمرى ئاخىرلاشماق: بۇنداق ئادەملەرنىڭ خۇنى نېمىگە ئەرزىيتتى، ھازىر ئۇنىڭ ئەجىلىمۇ توشۇپ قالدى.

**ئەجىلى مۇئەللەق** ئۇشتۇمتۇت كەلگەن قازا، ۋاقىتسىز يەتكەن ئەجەل، تاسادىپىي ئۆلۈم.

**ئەجىلى مۇتلەق** مۇقەررەر ئۆلۈم، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم.

**ئەجەللىك** سۈپ ① ئەجەل يەتكۈزىدىغان، ئەجەلگە ئېلىپ بارىدىغان: بىر ئادەمنى ئەجەللىك بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش كىچىك ئىش ئەمەس. ② كۆچمە. ھەل قىلغۇچ، قاقشاتقۇچ : ئەجەللىك زەربە بېرىش.

**ئەجەللىمەك** پ. ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالماق، ئۆلمەك، ئەجەلى توشماق (ئات، قوي، كالا قاتارلىق چارۋاماللار ھەققىدە) : دەسلەپتە مال، چارۋىلىرىمىز خېلى ئاۋۇپ قالدىغان بولدى دەپ خۇش بولغانىدۇق، ئەمدىلىكتە ئۇلار ئەجەللەپ، كۆڭلىمىز غەش بولدى.

**ئەجەم** ئىم [ئە] ① يېزىت. ئەرەبلەردىن باشقا خەلقلەر، خۇسۇسەن پارسلار: كۆرمىگەن ئەرمەن - ئەجەمدە سىز كەبى باتۇرنى بىز، رۇمى، يۇنان، كوھىقاپ شەھسىۋالار ئىچىدە. ② <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ يەتتىنچىسىنىڭ نامى؛ بۇ مۇقام 17 نەغمە، 143 مىسراغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ نەغمە، 65 مىسرا، تۆت داستانغا؛ سەككىز نەغمە، 56 مىسرا، ئۈچ مەشرەپكە؛ ئۈچ نەغمە، 23 مىسراغا ئورۇنلاشقان.

**ئەجەمپىتى** ئى [ئەجەم + پىتى] <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇلۇق ۋە نەم جايلاردا ئۆسىدۇ.

**ئەجداد ( ئەجدادى )** ئى [ئە] بۇرۇن ئۆتكەن نەسىل - نەسەب، ئاتا - بوۋىلار: ئۇلار ئەجدادلار ياراتقان كۈرەش مېۋىلىرىنى تېتىغانسېرى، ئاشۇ ئەجدادلارنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھېس قىلىدۇ.

**ئەجدىھا ( ئەجدىھاسى )** ئى [پ] ① ئەپسانىۋى چوڭ يىلان. ② كۆچمە. قانخور، ياۋۇز، زالىم: سەن بولساڭ بىر ئادەم، بەگ بولسا ئەجدىھا، ئۇنىڭ ئېزىق گۆشى بولاي دەمسەن؟ ③ <ئاستر> دېھقانلار كالېندارىدىكى ئون ئىككى مۇچەلنىڭ بەشىنچىسىنىڭ نامى.

**ئەجدىھا دەرىخى** ئى [ئەجدىھا + دەرەخ + ى] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان ھەم ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان، گۈلى ئاق، مېۋىسى شىرنىلىك. تىروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ. جۇغىيى دورىسى پالما يېلىمىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئەجدىھاگۈل** ئى [ئەجدىھا + گۈل] <بوت>چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياكى ئىككى يىللىق تىك ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنراقلىرى ئېللىپس ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ؛ گۈلى ياز ۋە كۈزدە ئېچىلىدۇ.

**ئەجدىھا ئوتى** ئى [ئەجدىھا + ئوتى] <بوت>باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غولۇق ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ غولى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن يامغۇرلۇق، ئارغامچا ۋە قەغەز قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**ئەجنەبىي** [ئە] ① سۈپ. چەت ئەللىك، چەت ئەللىككە ئوخشاش: يۇرتداشلار سۆز ئاچتى سېنىڭ توغراڭدا، كەپتۇ بىر ئەجنەبىي بالا. ئوخشىماي قاپتۇ ئۇ يېزا ئوغلىغا، سەسكەندى يېزىمىز، بۇ سەھرا - دالا. ② ئى. چەت ئەل پۇقراسى، چەت مەملىكەت ئادىمى: چېكىلىۋاتقان بۇ تاماكىنى يېقىندا ئاقسۇنى زىيارەت قىلغان غەربلىك ئەجنەبىيلەر تەقدىم قىلغانىدى.

**ئەجنەبىيلەرچە** رەۋ. ئەجنەبىيلەرگە ئوخشاش، ئەجنەبىيلەردەك : ئەجنەبىيلەرچە تۇرمۇش.

**ئەجنەبىيلىك** ئى. ئەجنەبىيلەرگە خاس ئىش - ھەرىكەت، مىجەز، ئۆرپ - ئادەت ۋەھاكازالار.

**ئەجىر ( ئەجرى )** ئى [پ] ① ئىشلەنگەن ئىش، ئەمگەك، خىزمەت : ئەگەر ھارام مال يەيدىغان بولسام، قىلغان ئەجرىم بىكار بولىدۇ. ② غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش، تەلىم -

تەربىيە: تىكەندە گۈل ئېچىلغاندەك، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئويۇن قېپىدىن خېلىلا ئۇمىدلىك ئوقۇغۇچى يېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئەجىرلىرى.

**ئەجىر قىلماق** ئەمگەك قىلماق، خىزمەت ئىشلىمەك، تەر تۆكمەك: يول تېخى ئۇزۇن، بىزگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىشلار ئاز ئەمەس، ھەر ئىككىمىز كۆپرەك ئەجىر قىلىپ تۆھپە يارىتىشىمىز لازىم ...

**ئەجرى سىڭمەك** خىزمىتى يەتمەك، تۆھپىسى قوشۇلماق، مېھنىتى سىڭمەك: ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان باسقان ھەربىر قەدىمىگە، قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئەجرى سىڭگەن.

**ئەجىرسىز** سۈپ. ئەجرى يوق، ئەجىر، ئەمگەك سىڭدۈرۈلمىگەن، مېھنەتسىز، ئەمگەكسىز: ھالال تەردىن تېرىپ ئۇنچە ۋەتەننى قىلمىساڭ گۈلشەن، كېلەرمۇ ئۆز - ئۆزىدىن ئۇ، ئەجىرسىز بىر ئىشارەتكە.

**ئەجىرلىك** سۈپ. ئەجرى بار، مېھنىتى سىڭگەن، ئەمگەك قىلىنغان، تەر تۆكۈلگەن: ئەجىرلىك ئىش.

**ئەجىرلىمەك** پ. ئەجىر قىلماق، ئەجىر سىڭدۈرمەك، مېھنەت قىلماق، ئەمگەك قىلماق: بىلجىرلاپ مېنىڭ سۆزۈملا سۆز دېمە ۋېنخۇي جاناب، يازىدۇ تارىخ دېگەننى خەلق ئۆزى چىن ئەجىرلەپ. خۇددى لىن ئوغرى كەبى موللاق ئېتىپ جان بېرىسەن، ئاشما ھەددىڭدىن شاياتۇن بۇ قاتارلىق ھۆركىرەپ.

**ئەجگىي** ئى. دىيال <يېم> قۇرۇق پىشلاق.

**ئەجىم - ئەجىم** دىيال. ئەگرى - بۈگرى: ئاپئاق چاچلىرىغا، ئەجىم - ئەجىم قورۇقلىرىغا ...

**ئەجىن** ئى. يېزىت. ئادەمنىڭ يۈز - كۆز ۋە بەدەنلىرىدە ھاسىل بولىدىغان قورۇق ۋە سىزىقلار: شۇندىمۇ پەسەيمەي ئىشەنچ يالقۇنۇڭ، ئىشلەپسەن، كۈن ۋە تۈن ئۇنتۇپ ئۆزۈڭنى، ئورۇقلاپ كېتىپسەن جاپالىق ئىشتا، قاپلاپتۇ كۆپ يېڭى ئەجىن يۈزۈڭنى.

**ئەچۈشتۈرمەك** «ئەچۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەچۈشمەك** پ [ئېلىپ + چۈشمەك] ئېگىزدىن ئەچۈشمەك، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆتكىمەك: شاكىر ئۆگزىسىدىكى قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈمدىن بىر سېۋەت ئەچۈشۈپ جۇرئەتكە يوللۇق تۇتتى.

**ئەچۈشۈشمەك** «ئەچۈشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆگزىدىن ئۈچ - تۆت تاغار قاق ئەچۈشۈشتى.

**ئەچۈشۈلمەك** «ئەچۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەخبار** ئى [ئە] يېزىت. خەۋەر، خەۋەرلەر، ئۇچۇر، مەلۇمات: بۇ كەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچقىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ، بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق.

**ئەختەر** ئى [پ] يېزىت ① زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ نامى؛ يۇلتۇز: قانائەت كۆكسىنى تىلغان شجائەت قەلىمى بىرلە، بىلىمنىڭ كانىنى ئىزدە ۋەتەن بەختىگە ئەختەر تاپ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئەخلاق (ئەخلاقى)** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ھەربىر جەمئىيەتكە خاس بولغان پائالىيەت مىزانى؛ ئەدەپ، خۇلق، پەزىلەت: مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداشتا ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

**ئەخلاق - پەزىلەت** ئەخلاق ۋە پەزىلەت: ئادەمدە پۇل، مال - مۈلۈك بولغاندىن سىرت، بىلىم، ئاڭ، ئەخلاق - پەزىلەت بولۇشى لازىم.

**ئەخلاقسىز** سۈپ. ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن، ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئايرىلغان، ئىنتىزامسىز، ئەدەپسىز: ئەخلاقسىز بالا.

**ئەخلاقسىزلىق** ئى. ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان. ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ ئىش - ھەرىكەت؛ قىلىق: ئەخلاقسىزلىق قىلماق. * جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ.

**ئەخلاقشۇناس** ئى [ئە + پ] كىشىلەردىكى ئەخلاق - پەزىلەت، تەرتىپ - ئىنتىزام ۋە ئەدەپ - قائىدىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى: تەتقىقات نەتىجىلىرى مول بىر ئەخلاقشۇناس پىروفېسسور ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى تەتقىقات - تەھلىللىرىنى ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تەتبىقلاپ باقمايدۇ.

**ئەخلاقشۇناسلىق** ئى. ئەخلاق - پەزىلەت، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئەدەپ - قائىدىلەر ھەققىدىكى پەن: ئەخلاقشۇناسلىق كىشىگە ئۆزىنى تۇتۇشنى ئۆگىتىدۇ، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا كىشىنى ناتىق قىلىدۇ.

**ئەخلاققاراش** ئى [ئەخلاق + قاراش] ئەخلاققا بولغان تونۇش، چۈشەنچە؛ نۇقتىئىنەزەر: ئەسقەرنىڭ ئەخلاققارىشى ياخشى. شۇڭا ئۇ ئەخلاق، ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ.

**ئەخلاقلىق** سۈپ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاقى ياخشى، ئەدەپلىك: ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى.

**ئەخلاقىي** سۈپ [ئە] ئەدەپ - ئەخلاققا ئائىت، ئەخلاق - پەزىلەتكە خاس: ئەخلاقىي پەزىلەت. ئەخلاقىي تەربىيە.

**ئەخلەت** ئى [ئە] تاشلاندۇق، مەينەت، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر؛ سۈپۈرۈندى: ئەخلەت ساندۇقى.

**ئەخلەت - چاۋار** ئەخلەت ۋە چاۋار قاتارلىق نەرسىلەر: بۇ يەر توختام سۇ ۋە شەھەر ئىچىدىن ئاچىقىپ تۆككەن ئەخلەت - چاۋارلار بىلەن چىرىپ، سېسىپ پاسكىنىلىشىپ تۇرىدۇ.

**ئەخلەتچى** ئى. ئەخلەت يىغىش، ئەخلەت توشۇش، تازىلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ئەخلەتخانا** ئى [ئە + پ] ئەخلەت تۆكۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان، تەييارلانغان جاي، ئورۇن.

**ئەخلەتلەشمەك** پ. ئەخلەت، پاسكىنا بولۇپ كەتمەك، مەينەتلەشمەك.

**ئەخلەتلىك** ئى. ئەخلەت بار، ئەخلەتكە تولغان جاي.

**ئەخمەق** سۈپ [ئە] ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان، نادان، ھاماقەت، ئەقىلسىز: ئەخمەقنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق (ماقال).

**ئەخمەق ئەتمەك** ← **ئەخمەق قىلماق.**

**ئەخمەق بولماق** ئالدانماق، گوللانماق، ھاماقەت بولماق؛ ئەقىلسىزلىق قىلماق: ئادەم بولمىساڭ ئەقىلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن (ماقال). * پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئەخمەق بولغانلىقىنى بايقاپ دېھقاننى جازالاپتۇ.

**ئەخمەق قىلماق** ئالدىماق، گوللىماق، سازاڭ تاپماق، بۇرنىدىن يېتىلىمەك: كۆپ سۆز ئادەم ئەخمەق قىلار (ماقال).

**ئەخمەقچىلىق** ئى. ئەخمەقلىق، ئەخمىقانىلىك.

**ئەخمەقلەرچە** رەۋ. ئەخمەقلەرگە ئوخشاش، ئەخمەقلەردەك: — داداڭ بىزنى ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش مۇنداق ئەخمەقلەرچە يېمەيدۇ، — دېدى بورسۇق بۆرىگە.

**ئەخمەقلەشتۈرمەك** «ئەخمەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي

دەرىجىسى.

**ئەخمەقلەشمەك** پ. ئەخمەققە ئايلانماق، ئەخمەق بولماق: مۇشۇ ھەقىقەتنى ئۇنىڭ ئويۇن بىلەن ئەخمەقلىشىپ كەتكەن كاللىسىغا، ھاراق بىلەن قارىيىشقا باشلىغان كۆڭلىگە ئورناشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

**ئەخمەقلىق** ئى. ئەخمەقلەرچە ئىش، قىلىق: ياخشى ئوقۇۋاتقان بالىنى «مەكتەپتىن چىقىرىۋالىمەن» دېيىش، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق.

**ئەخمىقانە** رەۋ [ئە + پ] ئەخمەقلەرگە خاس، ئەخمەقلەرچە: ھازىرقى جەمئىيەتتە غايە بىلەن ئەخمىقانە خىيالنىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

**ئەخمىقانىلىك** ئى. ئەخمەقلىق: — بۇ چېكىدىن ئاشقان ئەخمىقانىلىك، — دېدى ئەلى كۆزلىرىنى قىسىپ.

**ئەدەبىي** سۈپ [ئە] بەدىئىي ئەدەبىياتقا، يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا، يازغۇچى، ئەدىبلەرگە دائىر، ئائىت؛ ئەدەبىيات تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان: ئەدەبىي ئەسەر. *ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

**ئەدەبىي ئاخبارات** <ئەد> رېئال تۇرمۇشتىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار تېما قىلىنىدىغان، مۇۋاپىق بەدىئىيلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خەۋەر، ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى، ئوچېرك قاتارلىقلار.

**ئەدەبىي ئەسەر** ھېكايە، رومان، شېئىر، دىراما قاتارلىق ئەسەرلەر.

**ئەدەبىي تىل** <ئە> بەلگىلىك بىر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلىپ ئۇزاق تارىخىي دەۋر جەريانىدا شەكىللەنگەن، پىششىقلانغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرلەر، گېزىت - ژۇرناللار، كىتاب، ماتېرىياللار، خەت - ئالاقە ۋە رادىيولاردا ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلى.

**ئەدەبىي ئۇسلۇب** <ئەد> ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ بىر قاتار ئىجادىيەتلىرىدە ئىپادىلىگەن يېزىش ئۇسۇلى، ماھارىتى.

**ئەدەبىي ئىجادىيەت** <ئەد> يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلەمكەشلىك ئىشىدا ياراتقان تۆھپىسى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى: كۆچۈرمىكەشلىك ياكى ئوغرىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئەڭ پەسكەش خاھىش.

**ئەدەبىيات** ئى [ئە] ① تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كۆرەشلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان سەنئەت. ئۇ سەھنە ئەسىرى، شېئىر، ھېكايە، نەسرىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② بىرەر خەلق ۋە بىر دەۋرنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي، پەيلاسوپلۇق ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ يىغىندىسى. ③ مۇئەييەن بىر پەن ياكى ساھەگە، مەسىلىگە ئائىت ئەسەرلەر، كىتابلار.

**ئەدەبىيات تارىخى** <ئەد> ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەتقىق قىلىنىدىغان پەن. ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ۋە قانۇنىيىتى شەرھلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىيات نەزەرىيەسى** <ئەد> ئەدەبىيات ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى: بىر يازغۇچى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇشى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىدىن بولۇشى لازىم.

**ئەدەبىياتچى** ئى. ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس.

**ئەدەبىياتچىلىق** ئى. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەدەبىيات - سەنئەت** ئەدەبىيات ۋە سەنئەت: ھازىر كۆپلىگەن ناھىيەلەردىكى يېزا - قىشلاقلاردا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىلىرى بار.

**ئەدەبىياتشۇناس** ئى [ئە + پ] ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، ئەدەبىياتچى.

**ئەدەبىياتشۇناسلىق** ئى<ئەد> ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئەدەبىيلىك** ئى ① ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى توغرا، ئېنىق، جانلىق ئىپادىلەش دەرىجىسى. ② يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىدىكى كەسپىي ماھارىتى.

**ئەدەپ** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشى؛ ئەخلاق، تەربىيە ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى: ئۇ شۇ كۈنى كەچتە زاۋۇت ئامبىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياش ئامبارچىغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

**ئەدەپ - ئەخلاق** ئەدەپ ۋە ئەخلاق: ئەركىنجان ئەمدى ھەربىي قىسىمنىڭ بىر چوڭ مەكتەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا سىياسىينى، ھەربىي ئىشلارنى، ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگىنىپ، چېنىقىپ، تېز ئالغا باسقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**ئەدەپسىز** سۈپ. ئەدەپ - ئەخلاققا، تەرتىپ - ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان؛ تەرتىپسىز، ئەخلاقسىز، بىئەدەپ: ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن (ماقال).

**ئەدەپسىزلەشمەك** پ. ئەدەپ - ئەخلاقتىن چەتلىمەك؛ ئەخلاقسىزلىق قىلماق: — بۇ بالىلار ئەجەبمۇ ئەدەپسىزلىشىپ كەتتى، — دېدى رازىق ئىشىكنى يېپىۋېتىپ.

**ئەدەپسىزلىك** ئى. ئەدەپكە خىلاپ، ئەدەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش - ھەرىكەت؛ قىلىق: — قوي مۇنداق گېپىڭنى، 6 - ئايدا جۇۋا كىيىپ ۋاڭ غوجامنىڭ مەرىكىسىگە كېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، — دېدى غوجا ئاكا.

**ئەدەپ - قائىدە** ئەدەپ ۋە قائىدە: «خوتۇنى بار تۇرۇپ خوتۇنۇم يوق دېسە، ئەمرىدىن جۇدا بولىدۇ...» غان ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەپ - قائىدىسىنى ئىمام مۇھەممەد ئوبدان بىلەتتى.

**ئەدەپلەتمەك** «ئەدەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەدەپلەشمەك** «ئەدەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەدەپلەنمەك** «ئەدەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەدەپلىك** سۈپ. ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، ئەدەپنى بىلىدىغان، تەربىيە كۆرگەن؛ ئەخلاقلىق: ئانا مەكتەپ بىزلەرنى ئۆستۈرمەكتە ئەدەپلىك، ئەخلاق، ئوقۇش، ئەمگەكنى بىلمىز ئەڭ شەرەپلىك.

**ئەدەپلەمەك** پ. باشقىلارغا جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن زەربە، دەككە بەرمەك، جازالىماق :بەزىلەر يۇرت ئاقساقاللىرى، يۈزبېشىلەر، مىراب ـ دورغىلارنى باغلاپ كېلىپ، راسا ئەدەپلەپ جازاسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ۋارقىرايتتى.

**ئەدەتمەك** «ئەدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپپاراتلارنىڭ كېلەڭسىز بولۇپ كېتىشى، ئۆز نۆۋىتىدە مۇقەررەر ھالدا بيۇروكراتلىقنى ئەدىتىپ قويىدۇ.

**ئەدەس** ئى [ئە] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پاكار ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۆت جۈپتىن يەتتە جۈپكىچە بولىدۇ؛ گۈللى ياز مەۋسۈمىدا ئېچىلىدۇ. ئۇرۇقى بىر ـ ئىككى تال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقىدا لەخپۇڭ ئۇنى ياكى يەم ـ خەشەك ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ئەدەسسىز** دىيال ① سۇپ. كۆپ، جىق، نۇرغۇن. ② رەۋ. بەكمۇ، ناھايىتىمۇ: مەن ئەدەسسىز قورقتۇم، ئەينا ...

**ئەدەشمەك** «ئەدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەدرەك** ئى [ئە] يەرلىك ئۇسۇل بىلەن شېكەر قىيامىغا دورا ـ دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

**ئەدرەمكەش** ئى [پ] دىيال. دەرەپشىنىڭ چوڭى. توقۇم تىكىشتە ئىشلىتىلىدۇ، يىگىرمە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆتقۇچى بار، بىگىز سىمان ئەسۋاب.

**ئەدگۈ** سۇپ. تارس. ياخشى، ئوبدان؛ ساۋابلىق، خەيرلىك: ئەدگۈ نام.

**ئەدلىيە** ئى [ئە] <قا> خەلق سوت ئىشلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تۇرغۇزۇلغان دېلولار، ھۆكۈم ماتېرىياللىرىنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرىدىغان تەپتىش ئورگىنى.

**ئەدلىيەلىك** سۇپ. ئەدلىيەگە ئائىت، ئەدلىيەگە دائىر: ئەدلىيەلىك كەچۈرۈم. ئەدلىيەلىك ھەمكارلىق.

**ئەدمىيانى** سۇپ. دىيال. كىچىك پېئىل.

**ئەدنا (ئەدناسى)** سۇپ [ئە] جان ت ① ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك، ئەقەللىيسى، ئاددىيسى: بىرەر يېڭى ئىش قىلماقچى ئىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭغا مەلۇم ئىقتىساد كېتىدۇ. ئەدناسى، قوشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر سىقىم تېرىق بولمىسا بولمايدۇ. ② ھەتتا، ھەتتاكى.

**ئەدىب** ئى [ئە] ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى؛ يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەش: ئۇ داڭلىق ئالىملار، ئەدىبلەر توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

**ئەدىبلىك** ئى. تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش ئىشى، پائالىيىتى: ئۇ ھەر قېتىم يازغۇچىغا خاس ئەدىبلىك شۆھرىتىنىڭ جەۋلان قىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ھالال سۈتىنى ئەمگەن ۋىجدانىنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى بىلەن قولىغا قەلەم ئالغاندەك تەسىرات بېرىدۇ.

**ئەدىمەك** پ ① ئاۋۇماق، ئۇلغايماق: دىلىيساخان دەرۋازىغا مېڭىپ: — مەرزگە خىزمەت قىلغىنىڭغا شۇنچە كالچىرامسىنا، بىلىپ قوي، پاقا سېسىق سۇدا كۈركىرايدۇ، چىۋىن ئەۋرەزدە ئەدەيدۇ! — دەپ غودۇڭشىدى. ② ئەۋج ئالماق، كۈچەيمەك: قاراڭغۇلۇق قانچە يېپىلغانسېرى دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى شۇنچە ئەدىمەكتە ئىدى. ③ ھەددىدىن ئاشماق، ئۆزىنى بىلەلمەي قالماق : ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلغاندا قول ياندۇرمىدىم. ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ ياقامغا ئېسىلدى.

**ئەدىيال** ئى [ر] يوتقان ـ كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەم ئورۇن ـ كۆرپە ئۈستىگە يېپىلىدىغان، يۇڭ ۋە پاختىدىن توقۇلغان يالاڭ قەۋەت يېپىنچا، ياپقۇچ.

**ئەر** ئى ① ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ كىشى؛ ئەركەك: ئەر كىشى. ئەر خەق. * بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس (ماقال). ② خوتۇن كىشى بىلەن نىكاھ ئەھدىدە بولغان ئەر كىشى (ئۆز خوتۇنىغا نىسبەتەن): بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق، ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە باق (ماقال). * ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە (ماقال).③ مەرد يىگىت، ئالىيجاناب، جەسۇر كىشى: ئەل بار يەردە ئەر بار (ماقال). ④ باتۇر، قەھرىمان؛ مەرد.

**ئەر ـ ئايال** ① ئەر ۋە ئايال: بۇ ئىشتا ئەر ـ ئايال دېمەي ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىلدى .② ئەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى: بۇرۇن بىر ئەر ـ ئايال بوپتىكەن، ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، خۇدادىن بىر قىز سوراپ يىغلايدىكەن.

**ئەر ـ ئاياللىق** ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان : ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت. ئەر ـ ئاياللىق مېھىر ـ شەپقەت.

**ئەرەب** ئى [ئە] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئەرەب تىلى** <تىل> ئەرەبلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان تىل. ئۇ سام ـ ھام تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سام تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**ئەرەب رەقەملىرى** <مات> ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەبلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ۋە ھازىر خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان، ناھايىتى كەڭ تارقالغان سان بەلگىلىرى، رەقەملەر يەنى 0،1،2،3،4،5،6،7،8،9.

**ئەرەب يېزىقى** <تىل>ئەرەب تىلىنى خاتىرىلىگۈچى يېزىق، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئەرەبچە** ① سۇپ. ئەرەبلەرگە، ئەرەب خەلقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، تەئەللۇق: ئەرەبچە كىتاب. ئەرەبچە ناخشا. * ئۇ ئەرەبچە شېئىرلارنى يوغان ئىككى بەتكە يېزىپ، نۇرغۇن قېتىم ھېسابلىغان بولسىمۇ، ھېسابىنى يەنىلا چىقىرالمىدى. ② ئى. ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى: سىز ئەرەبچىنى بىلەمسىز ؟ * ئەپەندىم مەدرىسىدە ئەرەبچە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلپەت ئىمتىھان ئاپتۇ: — ئەپەندىم، موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

**ئەرەبچىلەشتۈرمەك** «ئەرەبچىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەرەبچىلەشتۈرۈشمەك** «ئەرەبچىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەرەبچىلەشتۈرۈلمەك** «ئەرەبچىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەرەبچىلەشمەك** پ. ئەرەبچىگە ئوخشىماق، ئەرەبچىگە ئوخشاش بولماق، ئەرەبچە بولماق، ئەرەبلەردەك بولۇپ كەتمەك: ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز ئەرەبچىلەشتى. * بۇ دېگەنلىك 10 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە ئون ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى پۈتۈنلەي ئەرەبچىلەشتى دېگەنلىك ئەمەس.

**ئەرەبشۇناس** ئى [ئە + پ] ئەرەب تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى، تارىخى بويىچە مۇتەخەسسىس كىشى؛ ئالىم.

**ئەرەبشۇناسلىق** ئى. ئەرەب تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئەرەبىي** سۈپ [ئە] ئەرەب تىلىدا ئېيتىلغان ياكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان؛ ئەرەبچە: مەخسۇم پارسىي ۋە ئەرەبىي كىتابلارغا تولۇق مەنە ئېيتالايتتى.

**ئەرەختەن ـ پەرەختەن** ئوڭتەي ـ توڭتەي، تىرىپىرەن، بىتچىت: خەلق ئارمىيەسى بىر ھۇجۇم بىلەن بۇ شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، چوڭ يىلاننىڭ ئۈۋىسىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى.

**ئەرەفات** ئى [ئە] ① مەككىگە يېقىن، ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ھەج ئەركانلىرىنى تاماملاش ئۈچۈن تۇرىدىغان بىر تاغ. ② ھاجىلار ئەرەفات تېغىدا تۇرغان ۋاقىت: ئەرەفات كۈنى، ئەرەفات ئېيى. ③ ئەرەفات تېغىدا ھەج ئەركانلىرىنى ئادا قىلىش پائالىيىتى: ئەرەپات قىلماق. ئەرەفاتتا بولماق. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەرەق** ئى [ئە] <تېب> مەلۇم بىر دورىنى يەنى دورا ئۆسۈملۈكىنى سۇدا قاينىتىپ، سۈيىنى پارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىنكى پاردىن ھاسىل قىلىنغان سۇيۇقلۇق: مارجان كۆشتىدىكى مۇۋاپىق مىقداردا ئىپار قوشۇپ، قىزىلگۈل ئەرەقى ياكى ئالما شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلسا، يۈرەككە قان قېيىش، يۈرەك زەئىپلىشىش كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

**ئەرەڭ ـ سەرەڭ** دىيال . ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا؛ ئوڭ ـ تەتۈر، ئېگىز ـ پەس: ئەرەڭ ـ سەرەڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمە.

**ئەرەن** ئى. يىگىت؛ ئەر كىشى: ئەخمەت يۈكنەكى «ئەرەن كۆركى ئەقىل، سۆڭەككە يىلىك» دېگەنىدى.

**ئەرەنچە** سۈپ. ئەرلەرگە خاس، ئەرلەرگە مەنسۇپ، ئەرلەرگە ئوخشاش، ئەرلەردەك؛ ئەرلەر پاسونىدا: ئەرەنچە ئاياغ. ئەرەنچە كۆڭلەك. // ھەلىمىخان جىمجىت ئولتۇرغىنىدا، خەق ئۇنى ئەرەنچە ياسانغان ئىنتايىن گۈزەل قىز بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئەرەنلىك** ئى. ئەرلەرگە خاس، ئەرلەردە بولىدىغان جىنسىي قۇۋۋەت : ئۇنىڭ ئەرەنلىكى ئاجىز.

**ئەرباب (ئەربابى)** ئى [ئە] ① پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەلىرىدە ياكى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا ئۆز پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان، شۇ ساھەلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن شەخس: خىزمىتىمىزگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى ئەربابلارمۇ دىققەت قىلماقتا. ② باشلىق، ئەمەلدار: ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەپلەپ سالار ھەر باب بىلەن (ماقال).

**ئەربابلىق** ئى. ئەربابلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، ئەربابلاردا بولىدىغان ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت: بۇ باج ئىشلىرى تەكشۈرگۈچى ئادەم تەبىئىتىدىكى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئاجىزلىقنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭغا كېرىكى بىر خىل مۇھىم ئەربابلىق تۇيغۇسى ئىدى.

**ئەرتە** رەۋ. بالدۇر، ئىلگىرى، بۇرۇن، ئاۋۋال: ئېكىننى ئەرتە ئەككەن، ھوسۇلنى ئەرتە ئورار (ماقال).

**ئەرتەك** ئى. دىيال. رىۋايەت، ھېكايە: ئەل مېنى ياخشى دەپ ئەرتىكىمنى قىلسۇن.

**ئەرجىم** ئى. دىيال. بىر تەرەپ، ھەل.

**ئەرچە** سۈپ ← **ئەرەنچە**: مەلىكە دادىسىغا تەسەللى ئېيتىپ، قىرىق كېنىزەك تەييارلاپ ئەرچە كىيىندۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

**ئەر ـ خوتۇن** ئەر بىلەن خوتۇن، ئەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى: چىرايلىق ياسالغان ئۆيئىچى يېڭى تويى بولغان ياش ئەر ـ خوتۇنلاردىن ھال سوراپ كەلگەن ياشلار بىلەن تولغانىدى.

**ئەر ـ خوتۇنچىلىق** ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەت :ئۇ گەپكە ئارىلىشىپ :ــ شۇنداق، ئەمما دادىڭىز بىلەن ئانىڭىز ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ، پەرزەنت كۆرۈپ، ئىناق ئۆتكەنغۇ!ــ دېدى.

**ئەر ـ خوتۇنلۇق** ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولىدىغان، ئەر بىلەن خوتۇنغا خاس: ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت شاھمات ئويۇنى ياكى جەڭ ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھىيلە ـ مىكىر، تەدبىر ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ئەردەم** ئى. يېزىت. ئەدەپ ـ ئەخلاق، تەرتىپ ـ قائىدە، ئېسىل پەزىلەت: ــ ئەي بېگىم، ئۇ ئۆلگۈسى كەلگەنلىكىدىن ئۆزلىرىنى خاپا قىلدى، بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، ئۇ ئەردەم ساقلاپ شېھىت بولدى دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئۆزلىرى نامەرد دېگەن يامان نامغا قالىدىلا، ــ دەپتۇ قازى.

**ئەرز** ئى [ئە] ئاغزاكى ۋە يازما بايان قىلىنغان شىكايەت، دەرد تۆكۈش، ئىلتىماس: ئابدۇرەھىم قارى ئاق رەختكە يېزىلغان ئەرز خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

**ئەرز قىلماق** <قا> سوت مەھكىمىلىرىگە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز سۇنماق، ئەرز بەرمەك: سۇلتان ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئالىي سوتقا ئەرز قىلدى. * ئىدارىمىزگە ئەرز قىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئىشى ھەل بولماي، نەچچە كۈندىن بېرى ئاشۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيدە يېتىۋاتىدۇ.

**ئەرزان** سۈپ [پ] ① باھاسى، نەرخى تۆۋەن، قىممەت ئەمەس: ئەرزان مال. ئەرزان ساتماق. ئەرزان بەرمەك. * ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق (ماقال).// ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازاردا چىققان نەرخى بار (ماقال). ② كۆچمە. ئەتىۋارى يوق، ئەتىۋارسىز قارىلىدىغان، تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز: يۈرتقا كەلگەن بوز ئەرزان، ئېغىزغا كەلگەن سۆز ئەرزان (ماقال).

**ئەرزانچى** ئى. مالنى ئەرزان باھادا ساتقۇچى: ئەرزانچىنىڭ مېلى تالاشتا قالىدۇ، قىممەتچىنىڭ مېلى تالادا قالىدۇ (ماقال).

**ئەرزانچىلىق** ئى. نەرخ ـ ھاۋا تۆۋەن، ھەممە نەرسە ئەرزان ھالەت: سىلىنىڭ بۇ يۇرتلىرى خېلى ئەرزانچىلىق ئىكەن، نېمە دېسە، شۇ تېپىلىدىكەن.

**ئەرزانلاتماق** «ئەرزانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆكۈمەت چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ نۇرغۇن ماللارنىڭ باھاسىنى ئەرزانلاتتى.

**ئەرزانلاشتۇرماق** «ئەرزانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مال باھاسىنى ئەرزانلاشتۇرماق.

**ئەرزانلاشتۇرۇشماق** «ئەرزانلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەرزانلاشتۇرۇلماق** «ئەرزانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان ماللار ئەرزانلاشتۇرۇلدى.

**ئەرزانلاشماق** پ. باھاسى، تەننەرخى تۆۋەنلىمەك، باھاسى چۈشمەك، ئەرزان بولماق: قوغۇن سەككىزىنچى ئايدا ئەرزانلىشىدۇ.

**ئەرزانلىتىلماق** «ئەرزانلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايروپىلان بېلىتىنىڭ ئەرزانلىتىلىشى شىنجاڭنىڭ قار ـ مۇز مەنزىرىسى ساياھىتىگە تۈرتكە بولىدۇ. * ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بارىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتى ئەرزانلىتىلدى.

**ئەرزانلىماق** پ. ئەرزان بولماق، تۆۋەن بولماق، ئەرزانلاشماق: مېۋە ـ چېۋىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئەرزانلىدى.

**ئەرز ـ داد** ئەرز ۋە داد: ئەبۇ سابىر پادىشاھ بولۇپ خەلقنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ئادىل سوراپتۇ.

**ئەرز ـ شىكايەت** ئەرز ۋە شىكايەت: بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا شاھزادە چىقىپ خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىپتۇ.

**ئەرزنامە** ئى [ئە + پ] مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن يازما بايان قىلىنغان مەخسۇس خەت ياكى ئەرز مەزمۇنى يېزىلغان مەخسۇس يازما ماتېرىيال.

**ئەرز ـ ھال** ئەرز ۋە ھال: ئۇ دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئاجىز كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز ـ ھالىغا يېتىدىكەن.

**ئەرزىمەس** سۈپ. ئەرزىگۈچىلىكى يوق، ئەرزىمەيدىغان: مەردان ئادەتتىكى ئەرزىمەس ۋەقەلەرنىمۇ كىشى قىزىققۇدەك قىلىپ سۆزلەشكە ئۇستا ئىدى.

**ئەرزىمەك** پ ① لايىق، مۇۋاپىق كەلمەك، ماس كەلمەك: تۇپراقنى ياخشىلاش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ② تېگىشلىك بولماق، دەل كەلمەك، ئارتۇقچە، زايە بولماستىن جايىدا بولماق: ۋەتەن ئانا! ئانا ئۈچۈن ئوغلانلار، قانلار ئاققۇزۇپ قۇربان بەرسە ئەرزىيدۇ.

**ئەرزىيەت** ئى [ئە] ئەرز سۇنۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئىشلىرى: ئەرزىيەت خىزمىتى.

**ئەرزىيەتچى** ئى ① قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز سۇنغۇچى ئادەم، ئەرز قىلغۇچى كىشى: ئەرزىيەتچىلەر ئەرز قىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. * ئەرزىيەتچىلەر راستچىل بولۇشى كېرەك. ئەرزىيەتچىلەر ئەرز قىلغاندا، ئۆزى تەمىنلىگەن ماتېرىيال مەزمۇنىنىڭ راست بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ② سۇنۇلغان ئەرزنامىلەرنى (ياكى ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرىنى) بىر تەرەپ قىلغۇچى مەخسۇس خادىم.

**ئەرزىيەتچىلىك** ئى ① ئەرز سۇنۇش، ئەرز قىلىش ئىشى؛ ئەرزىيەت. ② سۇنۇلغان ئەرزنامىلەرنى (ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرىنى) بىر تەرەپ قىلىش ئىشى، خىزمىتى؛ ئەرزىيەت خىزمىتى.

**ئەرسات** ئى [ئە] يېزىت ① مەيدان، سەھنە. ② غوۋغا، ئالىتوپىلاڭ؛ قىيامەت: يامۇل ئىچى بىر ئەرسات، شەھەرنىڭ قازىكالانلىرى ئامبالدىن ھەبىبۇللا مۇپتىھاجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى.

**ئەرسەك** سۈپ. ئەرگە ئامراق، ئەرسىرىگەن: ئەرسەك ئايال.

**ئەرسىرەتمەك** «ئەرسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەرسىرەشمەك** «ئەرسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەرسىرىمەك** پ. ئەر سېغىنماق، ئەر تەلەپ قىلماق: ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئەر دىدارى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ئەرسىرەپ كەتكەنىدى.

**ئەرش** ئى [ئە] دىنىي چۈشەنچىلەردە پەلەكنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى، ئەڭ يۇقىرى ئاسمان: ئەرشكە چىقماق.

**ئەرشئەلا** ئى [ئە] دىنىي چۈشەنچىلەردە ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ساراي، تەخت: بارات مەزىن : ـــ بالا دېگەن ئەرشئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ بالا ـ دە، ھەممە ئىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماق بار، ـــ دېدى.

**ئەرشئەلاغا كۆتۈرمەك** كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىماق، كۆككە كۆتۈرمەك: سىز بىزنى تازىمۇ ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈۋەتتىڭىز.

**ئەرك** ئى. كىشىلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى؛ ئىختىيارىيلىق، ئەركىنلىك: يامانني قويۇپ بەرسە ئەركىگە، كۈندە چىچىدۇ بۆكىگە (ماقال).

**ئەركان** ئى [ئە] يېزىت ① ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىگىسى، كاتتا ئەمەلدار، مەنسەپدار، ئەرباب: شەھەر تەرەپتىن بىر توپ ئوردا ئەركانلىرى ئاتلارغا مىنىپ ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كەلدى. ② دىنىي قائىدە ـ مىزان، تەرتىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، ئەڭ ئاساسلىق تەرىپى: ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى پەرىشتە، خىزىر قىلىپ كۆرسىتىپ ئالدامچىلىق قىلسا، بۇ ھۆكۈمەت سىياسىتىگىمۇ، دىنىمىزنىڭ ئەركانلىرىغىمۇ توغرا ئەمەس.

**ئەركە** سۈپ. ئەتىۋارلاپ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن، ئارزۇلاپ ئۆگىتىپ قويغان، ئارزۇلۇق: باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە (ماقال).

**ئەركە ـ تايتاڭ** ← **ئەركە ـ نايناق** : ھېلىقى ئەركە ـ تايتاڭ ئىككى بايۋەچچە ھېلىتىنلا پىشمىغان توڭ ئالمىلارنى ئوغرىلاشقا باشلاپتۇ.

**ئەركە ـ تايتاڭلىق** ← **ئەركە ـ نايناقلىق** : ئاق پاشانىڭ ئەركە ـ تايتاڭلىقى موللا زەيدىننى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ ئولتۇردى.

**ئەركەچ** ئى ① پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە؛ سەركە :ئەركەچ ئېتى ئەم بولۇر، ئۆچكە ئېتى يەل بولۇر (ماقال). ② ئەرگە مايىل ئايال، ئەركەكزادەك.

**ئەركەك** ① ئى. ئەر جىنسقا مەنسۇپ بولغان كىشى، ئەر كىشى؛ ئەر: ئۇ قىز يەنە باشقا بىر ئەركەك بىلەن كۆلۈشۈپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچقا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر شۇ قىزدىن كۆز ئۈزەلمىدى. ② سۈپ. ئەركەك جىنستىكى (ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن): ئەركەك قوي. ئەركەك مۈشۈك. ئەركەك چېچەك. ③ سۈپ. كۆچمە. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل سايمانلارنىڭ مۇرۋىتى (تۆشۈككە كىرىپ تۇرىدىغان قىسمى) :ئەركەك تۇرۇم. ئەركەك جەندىر. ④ سۈپ. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان، قورقماس، مەرد، راستچىل: ئەركەك بولسىڭىز ۋاپادارىڭىزنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقىڭىزنى يىرتىپ يىغلاڭ. ⑤ سۈپ. ئاتىلىق گۈللىرىلا ئېچىلىپ دان ئالمايدىغان: ئەركەك تۈپ. ئەركەك كەندىر.

**ئەركەك چىۋىن قونمىغان** ← **ئەركەك چىۋىن كۆرمىگەن**.

**ئەركەك چىۋىن كۆرمىگەن** ① ئەخلاقىي جەھەتتىن ساپ ـ پاك؛ يامان يولدا ماڭمىغان. ② تېخى ياتلىق قىلىنمىغان.

**ئەركەكچە** رەۋ. ئەرلەرگە ئوخشاش، ئەرلەرچە، ئەرلەردەك؛ ئەرلەر پاسونىدا؛ ئەرەنچە: ئەركەكچە ياسانماق.

**ئەركەكچى** ئى. ئەركەكلەر تەرەپدارى؛ ئەركەكلەر، ئەرلەر ئۈستۈنلۈكىنى ھىمايە قىلغۇچى: — ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ئاياللار خوجايىنلىق قىلغان، كەلگۈسىدە دۆلەتنى باشقۇرىدىغانلار يەنىلا ئاياللاردۇر، ئۇ كىشىمۇ چوڭ ئەركەكچى، — دېدى خادىم كۆپچىلىككە قاراپ.

**ئەركەك ـ چىشى** ① ئەركەك ۋە چىشى: قوزىنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى پەرق ئەتمەك. ② كۆچمە. ياخشى ـ يامان، ئېپى ـ جېپى: يولنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى بىلمەك. ئىشنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى بىلمەك.

**ئەركەكچىلىك** ئى ← **ئەركەكلىك:** تېتىزىنىڭ پەلسەپە دۇنيا ـ سىدىن بىر خىل ئەركەكچىلىك، مەردانىلىك، بۇزۇپ قايتىدىن يارىتىش روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

**ئەركەكزەدەك** سۈپ [ئەركەك + زەدەك] ① باش ئالمىغان سەۋزە. ② ئەركەكلەرگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئەر مىجەز (ئايال ھەققىدە) : ئەپەندىم پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بايقاپ: — ئەكەتكەن بېلىقىم ئەركەكزەدەك ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**ئەركەكلەرچە** رەۋ. ئەركەكلەرگە خاس، ئەركەكلەرگە ئوخشاش، ئەركەكلەردەك: ئەركەكلەرچە ئىش قىلماق.

**ئەركەكلىك** ئى. ئەركەكلەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر: ئۇنىڭ بۇ ئىشتا قىلغان ئوغۇل بالىچىلىقى ئەركەك ـ لىكىنىڭ ئالامىتى.

**ئەركە ـ نايناق** ئۆز ئىختىيارى، خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئەركە ئۆگىتىپ قويۇلغان؛ ئەتىۋارلىق: ئۇ ئەركە ـ نايناق خوتۇنلاردەك كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

**ئەركە ـ نايناقلىق** ئەركە ـ ناينىاقلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق: بىز ئۇ بايۋەچچىلەردەك ئەركە ـ ناينىاقلىق قىلىپ ئۆگەنمىگەن.

**ئەركسۆيەر** سۈپ [ئەرك + سۆيەر] ئۆز ئەركىنى سۆيىدىغان، ئۆز ئەركىنىڭ بولۇشىنى خالايدىغان، ئەركىنلىكنى، ئازادلىق ـ نى ياقلايدىغان: ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ شىجائەتلىك، ئەركسۆيەر، خەلقپەرۋەر، خۇشخۇي، ھاتەمدەك سېخىي ـ قولى ئوچۇق باھادىر كىشى ئىدى.

**ئەركسىز** سۈپ. ئەركى يوق، ئۆز ئەركى ئۆزىدە بولمىغان، ئازادلىقتىن مەھرۇم؛ ھوقۇقسىز: ئۇ چاغلاردا يېتىم، كەمبەغەل يىگىتلەر كۆپىنچە ھاللىق ئائىلىلەرگە ئىچ كۈيۇ ئوغۇل نامى بىلەن قۇلغا ئوخشاش ئەركسىز بولۇپ كىرەتتى.

**ئەركسىزلىك** ئى. ئىختىيارىيلىقتىن ئايرىلىش، ئەركىن ـ لىكتىن مەھرۇم بولۇش ھالىتى : بۇ قوشاقلار ئەينى چاغدىكى خەلقنىڭ فېئوداللىق ئەركسىزلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلى ـ رىنىڭ بەدىئىي لىرىك ئىپادىسى.

**ئەركىلەتمەك** «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى ـ جىسى : بوگۈن نۇسرەت ئورنىدىن سەھەررەك تۇردى ۋە بوۋاقنى يېڭى يۆگەككە چىرايلىق قىلىپ ئورىدى ھەمدە ئەركىلىتىپ چېكىسىگە سۆيدى.

**ئەركىلەشمەك** «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەركىلەنمەك** ① «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرى ـ جىسى. ② ئەركىلىك قىلماق، ئۆزىنى ئەركە ھالەتتە تۇتماق.

**ئەركىلىك** ئى. بىراۋغا يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىن ـ غان خۇلق، قىلىق: ئانا بالىنى ئەركىلەتكەنسېرى ئۇنىڭ ئەركىلىكى تېخىمۇ ئاشتى.

**ئەركىلىمەك** پ. ياخشى كۆرۈش، يېقىنچىلىق، سۆيۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان قىلىقلارنى قىلماق، ئەركىلىك قىلماق: داداڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان بولسىمۇ، يۇرتىمىز ئامان قالغاندى. سەن ئەركىلەپ ئويناپ چوڭ بولدۇڭ.

**ئەركىن** ① سۈپ. ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، چەكلىمىدىن خالىي؛ ئازادە، بىمالال، خاتىرجەم، ئارامخۇدا: ئەركىن ھايات. ئەركىن تۇرمۇش. ئەركىن رىقابەت. ② رەۋ. ئەركى، ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان، ئازاد :ئۆزىنى ئەركىن تۇتماق. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەركىن بازار** ① شەخسىي تىجارەتچىلەر تىجارەت قىلىدىغان بازار، سودا ـ سېتىق مەيدانى. ② باھاسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن، نەرخىنى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئۆزئارا كېلىشىپ توختىتىدىغان تىجارەت.

**ئەركىن باھا** خېرىدار بىلەن تىجارەت قىلغۇچى، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئۆزئارا كېلىشىپ توختاتقان كېلىشىم باھا.

**ئەركىن ـ ئازادە** ئەركىن ۋە ئازادە: پارتىزانلار مانا ئەمدى ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

**ئەركىنچىلىك** ئى. ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، چەكلىمىدىن خالىي ھالەت؛ ئەركىنلىك.

**ئەركىنلەشتۈرمەك** «ئەركىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەركىنلەشتۈرۈشمەك** «ئەركىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەركىنلەشتۈرۈلمەك** «ئەركىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەركىنلەشمەك** پ. ئەركىن ھالەتكە كەلمەك، ئەركىن بولماق.

**ئەركىنلىك** ئى. باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان ھالەت، ئەركىن تۇرمۇش: پۇقرالارنىڭ پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە تۇرالغۇ جاي ئەركىنلىكى بولىدۇ.

**ئەرگۈل** ئى ① بولت، گايكا ۋە چىشى مۇرۋەت قاتارلىقلارنىڭ يۈزىگە قىرىپ چىقىرىلىدىغان بۇرمىلىق سىزىقچىلار، رېزبا. ② باغلاپ قويۇلىدىغان ھايۋانلارنىڭ بوغۇلۇپ ياكى چىرمىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن نوختىنىڭ ئېڭەكلىكىگە ياكى بويۇن باغقا بېكىتىلىدىغان ھالقىسىمان تۆمۈر بۇرما.

**ئەرگىمەك** پ. دىيال. ئەگەشمەك، مارىماق، كۆزەتمەك.

**ئەرلىك** ① سۈپ. پەقەت ئەر كىشىلەردىلا بولىدىغان، ئەرلەرگە خاس: ئەرلىك جىنس. ② ئى. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى، ئەرەنلىك: بۇ ئىككىسىنىڭ ئەرلىكى ئاجىز. ③ سۈپ. ئېرى بار، ئەرگە تەگكەن، تۇرمۇشقا چىققان: ئەرلىك خوتۇن. ④ ئى. ئەرلەرگە خاس بولغان مەردلىك، باتۇرلۇق، مەردانىلىك، قەھرىمانلىق، جاسارەت، غەيرەت :يامۇلنىڭ تېگى زەيلىك، بۇ دەردلەرگە نېم دەيلىك، ئەرلىككە بەلنى باغلاپ ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

**ئەرمەك** I تارس ① «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى بولغان

«ئەردى، ئەركەك، ئەرمىش» لەرنىڭ يىلتىزى: كۇمۇش لاچىنىدا ئۇچقان بارچە سەنئەتكار، ئۇلۇغ كومپارتىيەدىن ئەردى مىننەتدار. ② ئۆتمەك، كەچمەك. ③ بولماق: بۇ ئەرمەك ... بۇ ئەرسە...

**ئەرمەك** II ئى. ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ياكى زېرىكمەي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىرەر نەرسە، مەشغۇلات: بالىلار ئەرمىكى. * ئۇرۇش – سوقۇش، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش دېگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك ئىكەن.

**ئەرمەك بولماق** مەلىكە بولماق، مەشغۇل بولماق.

**ئەرمەك هايۋان** ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ياكى زېرىكمەي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئائىلىلەردە (ئۆيلەردە) بېقىلىدىغان ئىت، مۈشۈك قاتارلىق بەزى ئۆي هايۋانلىرىنى كۆرسىتىدۇ: ئەرمەك هايۋانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، غالجىر كېسىلى كىشىلەرگە ئېغىر تەهدىت سالماقتا.

**ئەرمەن** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى، ئۇلار ئەرمېنىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ :ئەرمەن تىلى. ئەرمەن خەلقى. ئەرمەن مىللىتى.

**ئەرمۇ** ئى. يۇڭى ئۈچ سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرغىچە بولغان قوزا تېرىسى.

**ئەرمۇدۇن** ئى<بوت> ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، بىرقانچە مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقى ۋە ئۇرۇقى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى قېرىق، زەهەرسىز، هۆل ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، يارىلارنى قورۇيدۇ، ئاغرىقنى باسىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاق، نېرۋا ئاجىزلىق، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

**ئەرۋاھ (ئەرۋاهى)** ئى [ئە] <دىن> ① روھ : ئاتا – ئانىسىنىڭ ئەرۋاھىغا دۇئا قىلماق. ② ئۆلگەن كىشىنىڭ هايات ئادەم خىيالىدا ياكى چۈشىدە كۆرگەن كۆلەڭگىسى: يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن ، يارىمسەن ئۆلۈپ كەتسەڭ ، ئەرۋاهىڭنى يوقلايمەن. ③ كۆچمە. ئادەمنىڭ جانسىز ، گۆشسىز ئىسكىلىتى: بۇ ئادەم شۇنچىلىك ئورۇق ۋە هالسىز ئىدىكى، بەئەينى ئەرۋاهقا ئوخشايتتى.

**ئەرۋاھ ئېشى** نەزىر ئېشى (كوچىغا قويۇپ قويۇلىدۇ).

**ئەرۋەش** ئى. دىيال. ئەپسۇن، سېهىر: ئەرۋەش ئوقۇماق.

**ئەرىن** ئى. دىيال. كالپۇك، لەۋ: ئەرىنلىرىنىڭ تاتلىقلىقى تىلىنى يارادۇ، كىرپىكلىرى جىلۋە قىلىپ جاننى ئالادۇ.

**ئەرىنلىك** ئى. لەۋسۇرۇخ.

**ئەزا (ئەزاسى)** ئى [ئە] ① <ئانات> ئادەم ياكى هايۋان ئورگانىزمىنىڭ مۇئەييەن ياكى مەلۇم بىر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قىسمى: باش ئەزا. سەزگۈ ئەزالىرى. ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرى. ② كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى؛ جىسمى، تېنى: كۆزلىرىم ئۇ قىزنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، نېمە ئۈچۈندۇر پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ، تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ③ بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھ، كوللېكتىپ ياكى جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولغان هەربىر كىشى، شەخس: پارتىيە ئەزاسى. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى. ④ <مات> تەڭلىمىدە تەڭلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ياكى تەڭلىمىگە قاتناشقۇچى هەربىر بۆلەك: ئەزا يۆتكىمەك. ئەزالارنى ئىخچاملىماق.

**ئەزالىق** ① ئى. بىرەر كوللېكتىپ، گۇرۇھ ياكى تەشكىلاتقا مەنسۇپلۇق، تەۋەلىك: ئەزالىق كىنىشكىسى. ئەزالىق بەدىلى. ② سۈپ <مات> ئەزاسى بار، ئەزادىن تەشكىل تاپقان، ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۈچ ئەزالىق ئەمەل. بىر نامەلۇملۇق ئىككى ئەزالىق تەڭلىمە. * كۆپ ئەزالىق تەڭلىمىلەرنى يەشمەك.

**ئەزان** ئى [ئە] <دىن> مەزىنىنىڭ مەسچىتتە جامائەت بولۇشۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىلغان چاقىرىقى: ئەزان ئېيتماق. ئەزان ۋاقتى.

**ئەزانچى** ئى. ئەزان ئېيتقۇچى ئادەم: سەن بەزى ئادەملەر ئارىسىدىكى بىرەر ئايەتنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي تۇرۇپ، ئەزانچى بولۇۋالغانلاردىن ئاسمان – زېمىن پەرق قىلىسەن.

**ئەزەربەيجان** ئى<ئىرق> تۈركىي مىللەتلەردىن بىرىنىڭ نامى. ئۇلار ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىراندىمۇ خېلى كۆپ ئەزەربەيجانلار ياشايدۇ.

**ئەزەل** ئى [ئە] باشلىنىشى نامەلۇم بولغان ۋاقىت، قەدىمكى زامان؛ قەدىم: شۇ كەمگىچە كۆرمىدىم كۈندۈز – تۈننىڭ پەرقىنى، ئەزەل قارا قىلغانمۇ خوتەنلىكنىڭ بەختىنى؟

**ئەزەلدە** رەۋ. ئاۋۋىلىسىدا، ئەسلىدە، پەيدا بولۇشىدا، قەدىم زامانلاردا: ئەزەلدە بۇ يەر بىر جاڭگال ئىدى.

**ئەزەلدىن** رەۋ ① قەدىمكى زامانلاردىن بېرى، بۇرۇندىن، قەدىمدىن، ئەسلىدىن، پەيدا بولۇشىدىن: ئۇ ئەزەلدىن تەنتەربىيەنى ياخشى كۆرىدۇ. ② هېچقاچان، ئەسلا: مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا زىيان سالغان ئادەم ئەمەس.

**ئەزەلىي** سۈپ [ئە] ئەزەلدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىنلا بار؛ تۇغما، قەدىمىي: مانا بۇ ساقلىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئەزەلىي كەمتۈكلۈك.

**ئەزەلىيەت** ئى [ئە] <پەلس> ئىدېئالىزملىق بىلىش نەزەرىيەسى. ئۇ بىلىش ئوبيېكتىپ شەيئىدىن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن، هېس – تۇيغۇدىن بۇرۇن بولىدىغان نەرسە، ئۇ تۇغما (ئەزەلىي) بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كاللىسىدا ئەزەلدىن بار بولىدۇ، دەپ هېسابلايدۇ.

**ئەزەلىيچىلىك** ئى [ئە] <پەلس> ئەزەلدىن تارتىپ بار، مەۋجۇت دەپ هېسابلىنىدىغان كۆز قاراش، ئىدىيە، چۈشەنچە.

**ئەزەلىيلىك** ئى. قەدىمكى زامانغا خاس، قەدىمكى زامانغا تەئەللۇق هادىسە: ئەزەلىيلىك ئىدېئالىزمى. ئەزەلىيلىك پەلسەپىسى.

**ئەزەم** ئى [ئە] يېزىت. ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ زور؛ كاتتا: شاهى ئەزەم بىر كېچىسى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ.

**ئەزبىرايى** تىر [پ] راستتىنلا، جەزمەن، قەسەم شۇكى، خۇدا هەققى: ئەزبىرايى مەن بۇ سۆزنى قىلمىدىم.

**ئەزبىرايى خۇدا** خۇدا هەققى، خۇدا يولىدا، ئۆلۈپ كېتەي: ئەزبىرايى خۇدا، مەن هېچنېمىنى ئۇقمايمەن.

**ئەزدۇرمەك** «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەزرائىل** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەجەل

پەرىشتىسى: بىز بەگنى ئەزرائىلدەك ئۈچ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق.

**ئەزگۈ** سۈپ. ياخشى، خەيرلىك، ساۋابلىق: چىقماي نە ئۇچۇن قۇچقىلى باغرىمنى ئېچىپ، ئۆمرۈمگە مېنىڭ ئەزگۈ شەرەپ ـ شان كېلىدۇ.

**ئەزمە** ① سۈپ. گەپنى تەكرارلاۋېرىدىغان، گەپنى سوزۇپ ئىنجىقلاپ قىلىدىغان : سىز تولا ئەزمە گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ، ۋاقتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىسىز. ② سۈپ. بوشاڭ، ئېزىلىپ يۈرىدىغان، ئېزىلەڭگۈ: مۇشۇ زاماننىڭ بالىلىرى تازىمۇ ئەزمە كېلىدىكەن. ③ ئى. ئېزىلەڭگۈ ئادەم: مىلجىڭنى ئەزمە يېگىدۇ، ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېگىدۇ (ماقال).

**ئەزمىسىنى ئەزمەك** گەپنى چاينىماق، ئارقا ـ ئالدىغا يانماق، دېلىغۇل بولماق.

**ئەزمەك** پ ① بېسىپ مىجىقلىماق، يانجىماق؛ سىقىپ سۈيىنى چىقارماق: غۇلام ئالدىراش يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، پىشىپ تۆۋىگە چۈشكەن بىر شاپتۇلنى دەسسەپ ئېزىۋەتتى. ② ئۇرۇپ، سوقۇپ ئۇۋاقلىماق، يۇمشاتماق، ماكچايتماق: ئۇ يۇمشىتىلىدىغان خام دورىلارنى ھاۋانچىدا ئېزىۋاتاتتى. ③ نەمدەپ ياكى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تەمىنى چىقارماق، سۈيۈقلۇققا ئايلاندۇرماق: گۈلسۈم چاي ئىستاكانلىرىغا چاقماق قەنت سالدى ـ دە، قوشۇق بىلەن ئاستا مالتىلاپ ئېزىشكە باشلىدى. ④ كۆچمە. جەبىر، زۇلۇم سالماق؛ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق: ھۆسەيىننىڭ دادىسى گومىنداڭنىڭ چوڭ بىر ئەمەلدارى بولۇپ، خەلقنى ئېغىر ھالدا ئەزگەنىدى. ⑤ كېسەل ياكى قىيىنچىلىق جىسمانىي جەھەتتىن بوشاشتۇرماق: خۇشاللىقنى ئۇنتۇدى پەرھات، يۈزلىرىدىن كۆچتى قىزىللىق. كۆزلىرىدە ئوينىدى ھەسرەت، ئەزدى ئۇنى مىسكىن يېتىملىك. ⑥ روھىي جەھەتتىن ئازابلىماق، چۈشكۈنلۈككە ئۇچراتماق، قىينىماق؛ بىئارام قىلماق، ھاياجانلاندۇرماق:ئۇنىڭ ھازىرقى ھالى يۈرەك ـ باغرىمنى ئەزدى. * قىزنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يۈرىكىمنى ئەزدى. ⑦ بىرەر گەپنى ئەزمىلىك بىلەن سوزماق، گەپنى چايناپ ئۇزارتماق: ئۇ بىرھازا ئەزمىسىنى ئەزدى، ئاڭلىماي كېتىۋېرەي دېسەم، «ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ»، دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

**ئەزمىدە** ئى. ھەزىم، سىڭدۈرۈش: مەن بۇ تاماقنى ئەزمىدە قىلالمايمەن.

**ئەزمىلەشتۈرمەك** ① «ئەزمىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئەزمە قىلىپ قويماق، ئەزمىلەشكەن ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: بارغانسېرى سۇسلاپ بېرىۋاتقان ئۈمىد مېنىڭ بارلىق تارتىنچاقلىرىم ۋە قەلبىمدىكى مېنى توسۇپ تۇرغان، مېنى ئەزمىلەشتۈرۈپ، كەينىگە سۆرەپ تۇرغان بىمەنە ۋە غەلىتە خىياللىرىمنى چۆرۈپ تاشلىدى.

**ئەزمىلەشتۈرۈشمەك** «ئەزمىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەزمىلەشتۈرۈلمەك** «ئەزمىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەزمىلەشمەك** پ ① گەپنى تەكرارلاۋەرمەك، گەپنى سوزۇپ ئىنجىقلاپ قىلماق: بىزنىڭ بۇ باشلىقىمىز ئەزمىلىشىپ يىغىن ئاچسا بىر كۈننى ئالىدىغان بولدى. ② بوشاپ كەتمەك، ئاستا، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىلماق : — سايىم، ئەزمىلىشىپ كېتىپسەن، ئاخشام توي باغقىنى نېمە ئۈچۈن ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بەرمەيسەن؟ — دېدى ئۇ سايىمغا.

**ئەزمىلىك** ئى. ئىش ۋە سۆز ـ ھەرىكەتتە ئېزىلىپ يۈرىدىغان ئادەت؛ بوشاڭلىق: ئۇ ئاۋۋال ئالدىرىماي تۇرۇپ ئۇستەلنى سۈرتتى، ئاندىن باشقىلارغا سۆزلىگەچ ئەزمىلىك بىلەن چاپىنىنى يېشىپ، ئىلغۇچقا ئاستى.

**ئەزۋەيلەتمەك** «ئەزۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ دورا شىپا بولۇش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، ئەكسىچە، كېسىلىنى ئەزۋەيلىتىپ قويدى.

**ئەزۋەيلەشمەك** «ئەزۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەزۋەيلەنمەك** «ئەزۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەزۋەيلىمەك** پ ① سۆزدە، ھەرىكەتتە جىددىيلىشىپ بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتمەك، كۈچەيمەك، ئەۋجىگە چىقماق، ئەدەپ كەتمەك: تۇرسۇن ئايىمىنىڭ جۇدۇنى تۇتقاندا، ئۆزى سۆزلەپ، ئۆزى ئۆرلەپ، ئۆزى پەسكويغا چۈشمىسە، بېرىلگەن تەسەللى كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە قۇيۇلغان ياغ بولاتتى ـ دە، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى.② تېز پۇرسەتتە ئېگىز بولۇپ ئۆسمەك: بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ھۆل ـ يېغىن بىلەن يول بويىدىكى دەرەخلەر بەس تاشلاپ ئەزۋەيلەپ ئۆسكەنىدى.

**ئەزىز** [ئە] ① سۈپ. ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك: ئەزىز مېھمان. ئەزىز دوست. ئەزىز ئوغلۇم. ② سۈپ. ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك، بىباھا: ئەي ئەزىز ئانا دىيارىم ياشنىدىڭ بوستان بولۇپ، كۈيلىنەر ئىشقىڭ تۈمەن دىلدا غەزەل ـ داستان بولۇپ. ③ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئەزىزانە** سۈپ [ئە + پ] يېزت. ھۆرمەت، ئېتىبار ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشكەن: ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شېرىن ـ شەربەت سۈيى بار، ھايات بىلەن قوشكېزەك ياڭراق ناخشا كۈيى بار.

**ئەزىزلەشمەك** ① «ئەزىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى ئەزىزلەشسىلا ئائىلىدە ياخشى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. ② ھۆرمەتكە، ئېتىبارغا، ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشمەك: ئاشۇ كۈنلەردە بازارنىڭ ھېچقەيېرىدە سارجا بولمىغاچقا، ئۇنى ئېزدەۋاتقانلار ئارىسىدا ئەزىزلىشىپ كەتتى.

**ئەزىزلەنمەك** «ئەزىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دىلشات بۇ ئىككى قېرىنىڭ كۆز نۇرى، ئىككى دۇنيالىقى بولغاچقا، ئۆيدە ئىنتايىن ئەزىزلىنەتتى.

**ئەزىزلىك** ئى. باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە، ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولۇش، ئۇلۇغلۇق: ئادەم ئادەمدىن ئارتۇق ياكى تۆۋەن يارىتىلمىغان. ئۇلارنىڭ خار ياكى ئەزىزلىك پەرقى پەقەت پەزىلەت ۋە بىلىمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە.

**ئەزىزلىمەك** پ ① ئالاھىدە ياخشى كۆرمەك، ئەتىۋارلىماق، ھۆرمەتلىمەك، ئىززەت ـ ئىكرام قىلماق: خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كىشىنى ھەممە ئەزىزلەيدۇ. ② ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك دەپ قارىماق: — ئۇنى بۇنچىۋالا ئەزىزلەپ كەتمىسىلە، — دېدى ساۋۇت سەل نارازى بولۇپ.

**ئەزىم** سۈپ [ئە] ئۇلۇغ، بۈيۈك، چوڭ، زور؛ كاتتا: ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەزىم دەريا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە سىغىدۇ.

**ئەزىمەت** [ئە] ① سۈپ. كاتتا، بۈيۈك، زور: ئىلىخو... ئىلىخو... ئەزىمەت شەھەر، تاغلاردىن قوش قانات ئاچقان ئىشىكسەن. باغرىڭدىن باتۇرلۇق ئوغۇزىنى ئىچىپ، پالۋانلار ئويغانغان ئالتۇن بۆشۈكسەن. ② ئى. ھەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەتلىك، قۇدرەتلىك، مەرد : كۆردۈڭلارمۇ بۇ ئەزىمەتنى، ئۇ يالغۇز ئەمەلدارلىق قىلىش-

نىلا ئەمەس، يەنە تىراكتور ھەيدەشنىمۇ بىلىدىكەن، يېزا كادىرى دېگەن شۇنداق بولسۇن ـ دە! ③ سۈپ. مەرد، باتۇر، پالۋان، قەيسەر: دوستۇم كامال، گەپ قىلساڭچۇ، سەن باتۇر، ئەزىمەت ئىدىڭغۇ! ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەزىمەتلىك** ئى. مەردلىك، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك: ـــ يىگىتلەر، سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئەزىمەتلىكىڭلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ، ـــ دېدى ئەترەت باشلىقى.

**ئەزىيەت** ئى [ئە] ① رەنج، ئازار، زىيان ـ زەخمەت: ئەزىيەت تارتماق. ئەزىيەت چەكمەك. ② قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاب: چۈشۈمدە بىر يۇرتتا بىر توپ خەلق قوللىرى باغلىنىپ، يۈرەك ـ باغرى داغلىنىپ ئەزىيەت ئىچىدە قاپتۇ.

**ئەزىيەتلىك** سۈپ. جەبىر ـ زۇلمى، ئازاب ـ ئوقۇبىتى، جاپا ـ مۇشەققىتى، جەبىر ـ جاپاسى بولغان؛ جاپا ـ مۇشەققەتلىك: ئۇ ئابدۇللانىڭ ئەزىيەتلىك ئېغىر قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن تەقدىرداش ھېسابلاپ كەلگەنىدى.

**ئەس** ئى ① ئادەمنىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئاڭ، زېھىن، ھوش، ھېسسىي خاتىرە، ئەقىل: ئېسىنى يوقاتماق. ئېسىنى يىغماق. ئېسىنى تاپماق. ئېسىنى بىلمەك. * ئېسىڭ بارىدا ئېتەك ياپ (ماقال). ② يادىدا ساقلاش، يادقا ئېلىش قابىلىيىتى؛ ياد، خاتىرە: ئەستە تۇتماق. ئەستە قالدۇرماق. ئەسكە ئالماق. ئەسكە سالماق. ئېسىگە كەلمەك. ③ دەم، ھاردۇق: ئەس ئالدۇرماق.

**ئەس ئالدۇرماق** دىيال. دەم ئالدۇرماق، ھاردۇقىنى چىقارماق: توشقان دەرياسىدىن ئۈزۈپ خېلى ئۇزاق ئەس ئالدۇرۇلغان ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

**ئەسەب** ئى [ئە] نېرۋا ۋە نېرۋا تومۇرلىرى سىستېمىسى: ئايۇپ ئاكىنىڭ ھېلىقى زەھەرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى قوزغايتتى.

**ئەسەبىي** سۈپ [ئە] ① ئاچچىقى، غەزىپى، زەردىسى تېز كېلىدىغان: ئەسەبىي كىشى. ئەسەبىي بالا. * ئەزەلدىن تەمكىن ۋە خۇش چىراي بۇ ھاكىم تاقەت قىلالماي ئەسەبىي ئادەمدەك ۋارقىراپ تاشلىدى. ② يامان خاراكتېرلىك، غەلىتە مىجەزلىك: سوتلار قانلىق ۋە ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرنى مەززە قىلىپ ئاڭلىغۇچى ئەسەبىي خوتۇنلارغا تولۇپ كېتەتتى. ③ قاتتىق ئاچچىق: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر خىل ئەسەبىي قەھرۇغەزەپ چىرمىۋالغانىدى.

**ئەسەبىيلەرچە** رەۋ. ئەسەبىيلەردەك، ئەسەبىي كىشىلەرگە خاس يوسۇندا: ئۇلار خۇشال بولغاندا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كېتىدۇ.

**ئەسەبىيلەشتۈرمەك** «ئەسەبىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈردى. * قوغدىنىش ئارمىيەسى ياپونىيە ئوغچىلىرىنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈردى.

**ئەسەبىيلەشتۈرۈشمەك** «ئەسەبىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەسەبىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەسەبىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەسەبىيلەشمەك** پ. ئەسەبىي ھالەتكە كەلمەك، ئەسەبىي بولماق؛ خۇيىنى بۇزماق، چېچىلماق: دەل شۇ مىنۇتتا ئېلشات بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى.

**ئەسەبىيلىك** ئى. ئەسەبىيلەرگە خاس مىجەز، خاراكتېر: كېرەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمگە لاپپىدە قارىۋالدى ـ دە، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

**ئەسەد** ئى [ئە] <ئاستر> ① ئەسەد بۇرچى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەسەر** I ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىدىن قالغان ياكى ئۇنىڭدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە، ئىز؛ ئالامەت: تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى ھەرقانچە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق كېسەللىكنىڭ ئەسىرىنى سېزەلمەپتۇ. ② تەسىر: سىنىڭ سۆزۈڭ ماڭا ئەسەر قىلدى. ③ كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان نېرۋا ئاجىزلىق ئالامىتى: ئەسىرى بار ئادەم. ئەسىرى تۇتماق.

**ئەسەر** II ئى [ئە] <ئەد> ئىجادىي مېھنەت مەھسۇلى: ئىلمىي ئەسەر يازماق. ئەسەر ياراتماق. * ئۇنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىگە ئائىت ئۈچ پارچە ئەسىرى نەشر قىلىنىدى.

**ئەستا** ئىم «ئەستاغپۇرۇللا» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى: ئەستا، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ.

**ئەستاغپۇرۇللا** ئىم [ئە] ① ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، تەئەججۈپلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ ئىش، بۇ جاھان. ② غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا (ماقال). * ئۇ: ـــ ئەستاغپۇرۇللا، بۇ بەڭباش نەگە كەتكەندۇ؟ ـــ دەپ بالىسىنى تىللىدى. ③ ئەپسۇسلىنىش، پۇشايماننى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۆيىگە بېرىپ چېيىنى ئىچە ـ ئىچمەيلا: ـــ ئەستاغپۇرۇللا! ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ، ـــ دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

**ئەستايىدىل** رەۋ [پ] ① چىن كۆڭلىدىن، كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ: ئوسمان دوختۇر بالىنىڭ كېسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى. ② ھەممە تەرەپنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەتراپلىق: ئۇ ئەستايىدىل ئويلانماقتا ئىدى.

**ئەستايىدىللاشماق** پ. ئەستايىدىل بولغان پىسخىكىلىق ھالەت شەكىللەنمەك، ئەستايىدىل بولماق: مۆمىن ئەستايىدىللاشتى، ئۇ كالپۇكىنى يىمىرىپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

**ئەستايىدىللىششماق** «ئەستايىدىللاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەستايىدىللىق** ئى. كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئىش كۆرۈش ئادىتى، مىجەز: دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى.

**ئەستەر** ئى [پ] كىيىم ـ كېچەك ياكى كۆرپىگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قەۋىتى، ئىچكى تەرىپىگە تىكىلگەن ماتېرىيال، رەخت: چاپاننىڭ ئەستىرى. كۆرپىنىڭ ئەستىرى. يوتقاننىڭ ئەستىرى.

**ئەستەرلەتمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايالىم يوتقان ـ كۆرپىنى ئەستەرلىتىپ كەلدى.

**ئەستەرلەشمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەستەرلەنمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەستەرلىك** ① سۈپ. ئەستىرى بار، ئەستەرلەنگەن: ئابدۇكېرەم تۆت يانچۇقلۇق، ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتى. ② ئى. ئەستەر قىلىشقا يارايدىغان، ئەستەر قىلىنىشقا بولىدىغان: ئەستەرلىك رەخت. ③ سۈپ. ئەستەر قىلىشقا يارايدىغان، ئەستەر قىلىشقا بولىدىغان رەخت، نەرسە: ئەستەرلىك

سېتىۋالماق.// ماموت تىكتۇرمەكچى بولغان پەلتوسىنىڭ ئەستەرلىكىنىمۇ ئۇ دۇكاندىن سېتىۋالدى.

**ئەستەرلىمەك** پ ① ئەستەرگە ئالماق، ئەستەر ئورناتماق: چاپاننى ئەستەرلىمەك. يوتقاننى ئەستەرلىمەك. ② كۆچمە. ئاز - تولا بىر نەرسە يېمەك، تويغۇزماق: جامال ئاكا ناتونۇش كىشىگە: — ئاۋۋال قورساقنى ئازراق ئەستەرلەيلى، ئاندىن سۆزلىشەيلى، — دېدى.

**ئەستى** سۆپ. ديال. ئېھتىمال، بەلكى، تايىنلىق: ئەستى شۇنداق.

**ئەستىلىك** ئى ① بىرەر كىشىگە ياكى ئۆز يېقىنلىرىغا خاتىرە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان نەرسە، بۇيۇم، يادىكارلىق: بۇ ساڭا ئەستىلىك بولسۇن. ② كۆچمە. ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن، كەچۈرگەن ياكى ئۆز ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىش، ھادىسە، ۋەقە ھەققىدىكى ئەسلىمە: ئۇنىڭ مەيۈس چىرايى، غەمكىن كۆزلىرى قانداقتۇر بىر ئاچچىق خاتىرە، كۆڭۈلسىز ئەستىلىكلەرنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

**ئەسرا** ئى [ئە] سىر، سىرداش، ھەمسۆھبەت، ھەمراھ: ئەسرا بولماق.

**ئەسرا بولماق** سىرداشماق، ھەمسۆھبەت بولماق؛ تونۇشماق؛ ھەمراھ بولماق: مەن ئۇ كىشى بىلەن كۆپ ئەسرا بولغاندىم. * ئۇ ئەنۋەر بىلەن تاماقخاندا ئەسرا بولدى.

**ئەسرالىق** ئى. ئەسرا بولۇش، سىرداشلىق، ھەمراھلىق.

**ئەسسالام** ئى [ئە] سالاملاشقاندا ئېيتىلىدىغان، «سالامەت، ئامان بولۇڭ» مەنىسىدىكى ئادەت سۆزى: — ئەسسالام، — دەپ ئېڭىشىپ سالام بېرىپتۇ قىز بوۋىسىغا.

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تىنچلىق - ئامانلىق سورىشى: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېسە، «بەش تەڭگەمنى بەر!» دەپتۇ (ماقال). ② كۆچمە. قانداق، مەن دېگەندەك بولدىمۇ؟... غا ئوخشاش قارشى تەرەپنى ئۇيالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇنىمايى كېتىۋىدىڭىز، قايتىپ كەپسىزغۇ؟

**ئەسسىز** سۆپ. ئاڭلاش، پىكىر قىلىش، سېزىش ئىقتىدارى، ئىدراكى تۆۋەن.

**ئەسسىزلىك** ئى. ئەسلەش ياكى تەسەۋۋۇر، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەنلىك، ئۇنتۇغاقلىق، بىلەلمەسلىك: — قارا مېنىڭ ئەسسىزلىكىمنى، — دېدى ئۇ خىجىل بولغانىدەك.

**ئەسقاتماق** پ. كېرەككە كەلمەك، ئىشقا يارىماق، پايدا بەرمەك: مەن ئۇ يەردە خېلى ئەسقاتتىم.

**ئەسقېتىشچان** سۆپ. ھەرقانداق ئىشتا ئەسقاتىدىغان، ھەر ۋاقىت ئەسقاتىدىغان، ھەمىشە ئەسقاتىدىغان: ۋاقىتلىق قىممەت قاراش دېگىنىمىز، بىزگە بىر مەزگىل يېتەكچىلىك قىلغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدىغان ۋاقىتى ئۆتىدىغان ئەسقېتىشچان تىپتىكى قاراشلار، بۇ خىل قاراشلار بىزگە بىۋاستە پايدىلىق بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز.

**ئەسقېتىشماق** «ئەسقاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوست دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر - بىرىگە ئەسقېتىشمىسا، ئۇنى دوست دېگىلى بولمايدۇ - دە.

**ئەسكەر** ئى [ئە] ① ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى، ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك جەڭچى: پىيادە ئەسكەر. ئاتلىق ئەسكەر. ② دۆلەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى؛ قوشۇن، ئارمىيە: مۇنتىزىم ئەسكەر. خەلق ئەسكىرى.

**ئەسكەرتكۈزمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەسكەرتمە** ئى. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك سۆز - ئىبارىلەرگە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە، تەكىت: كىتابنىڭ ئاخىرىغا نۇرغۇن ئەسكەرتمىلەر بېرىلدى.

**ئەسكەرتمەك** پ ① ئېسىگە سالماق، يادىغا چۈشۈرمەك: قۇددۇس تالادا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى يەنە ئەسكەرتتى. ② ئەسكەرتىش بەرمەك، چۈشەنچە بەرمەك: قاسىم ئۆزىنىڭ سۆيلىقىنى ئوقۇغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. ③ ئاگاھلاندۇرماق، تەكىتلىمەك: پارتىزانلار ئۇنىڭ چىشىغا تولا تەگمەسلىكىمنى پات - پات ئەسكەرتىپ قوياتتى.

**ئەسكەرتىش** ئى. بىرەر نەرسە توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە ئىزاھ؛ ئەسكەرتمە: مەنسۇر تۇرسۇن توغرىسىدا ئەكبەرگە بەزى ئەسكەرتىشلەرنى بەردى.

**ئەسكەرتىشمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرنەچچە كىشى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قاراپ ئۇنى قارىغۇ خوجا دېمەي، ئۇنى ئەلىيار خوجا دەپ ئاتاشنى ئەسكەرتىشتى.

**ئەسكەرتىلمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوقتۇرۇشتا دىلدارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەنىدى.

**ئەسكەرچە** رەۋ. ئەسكەرلەرگە خاس، ئەسكەرلەرگە ئوخشاش: ئەسكەرچە كىيىم.

**ئەسكەرچىلىك** ئى. ئەسكەرلىك ھاياتى، تۇرمۇشى: — ئەسكەرچىلىك دېگەن ھەقىقەتەن تەس، تەقسىر، ئەسكەرنىڭ بوينى قىل ئارغامچىدا باغلاقلىق بولىدىكەن، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئەسكەرلەرگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ.

**ئەسكەرخانا** ئى [ئە + پ] <ھەرب> ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي: دادام ئەسكەرخانىدا ھەربىي خىزمەت ئىشلەيتتى.

**ئەسكەرلىك** ئى. ئەسكەر بولۇش ئىشى، مەجبۇرىيىتى: ئەسكەرلىككە ئالماق. ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماق. ئەسكەرلىككە چاقىرماق.

**ئەسكەرمەك** پ. كۆز ئالدىغا، يادىغا كەلتۈرمەك، ئاڭقارماق، ئەسكە ئالماق، ئەسلىمەك.

**ئەسكى** سۆپ ① ئىشلىتىلىپ، كۆپ تۇتۇلۇپ كونىرىغان، كونا، سۇپىتىدىن چۈشكەن: ئەسكى چاپان. ئەسكى كىگىز. * ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ماقال). ② ئىستېمالدىن قالغان، تاشلىۋېتىلگەن، تاشلاندۇق: — بۇنداق ئەسكى، سۇنۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ھۇسەن چوقۇر. ③ كۆچمە. يامان، بۇزۇق، ئوسال، ناچار: ئەسكى ئادەم. ئەسكى قىلىق. * ئۇ شۇمتەكنىڭ قىلىقى ئەسكى بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى ئىكەن.

**ئەسكىپۇرۇش** ئى. ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى يىغىپ ئېلىپ - ساتقۇچى كىشى: سېنىڭ بۇ ئەسكى لاتا، ئەسكى ئاياغ ۋە تۆمۈر - تەرسەكلىرىڭنى پەقەت بازاردىكى ئەسكىپۇرۇشلارلا سېتىۋېلىشى مۇمكىن.

**ئەسكىپۇرۇشلۇق** ئى. ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى يىغىش

ۋە ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى : ئەسكىپۇرۇشلۇق قىلماق.

**ئەسكى ـ تۈسكى** ئەسكى، كونا، ئىشلىتىشتىن قالغان، تاشلاندۇق : ئۆينىڭ ئويۇقىدا ئورۇن ـ كۆرپە بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى.

**ئەسكىرەتمەك** «ئەسكىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : بالا شۇ كۈنى ئالغان ئويۇنچۇقنى شۇ كۈنىلا ئەسكىرىتىۋەتتى.

**ئەسكىرىمەك** پ ① ئەسكى، يارامسىز ھالغا كەلمەك، كونىرىماق :ئەسكىرىگەن چاپان. * ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكى بەك ئەسكىرەپ كەتتى. ② يامان، ئەسكى، ئوسال قىلىقنى يۇقتۇرۇۋالماق، ئوساللاشماق، يامانلاشماق : ئۇ بالا يېقىندىن بېرى ئەسكىرىۋالدى.

**ئەسكىرىي** سۈپ. ئەسكەرگە، قوشۇنغا ئائىت بولغان؛ ھەربىي : ئەسكىرىي كۈچ. ئەسكىرىي خىزمەت.

**ئەسكىلەشتۈرمەك** «ئەسكىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ياش ئوقۇغۇچىلارنى بەكمۇ ئەسكىلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ئەسكىلەشمەك** پ ① كونا، ۋەيرانە ھالەتكە كەلمەك؛ كونىرىماق : ھازىرقى بۇ مەكتەپ بىناسى ناھايىتى ئەسكىلىشىپ ئۆرۈلەي دەپ قالدى. ② كەپسىز، ئەدەپسىز، بىھايا بولماق، ئوساللاشماق : كىچىك بالىنى ئوقۇتماي كوچىغا قويۇۋەتسە ئۇزىماي ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ. * مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلە خوجايىنلار بالا باققۇچىلار بىكار قالسا ئەسكىلىشىدۇ، ئىش ئۇقۇپ قالىدۇ، دېيىشىدۇ.

**ئەسكىلىك** ئى. ئەدەپسىزلىك، قىلىقسىزلىق، يامانلىق، ئوساللىق : دۇنيادا ۋەدىسىدە تۇرمىغاندىن ئارتۇق ئەسكىلىك بارمۇ؟

**ئەسل** ئى [ئە] ① دەسلەپكى، ئاۋۋالقى، ھەقىقىي ھالەت، نېگىز: سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە زۇپا شەربىتى مەنپەئەت قىلىدۇ، بۇنى تەييارلاشقا زۇپانىڭ ئەسلىسى بولسا ناھايىتى ياخشى. ② كېلىپ چىقىش، نەسەب :چىرايىڭغا قارىسام، خېلى ئىمانى بار مۇسۇلماننىڭ بالىسىدەك قىلىسەن، سېنىڭ ئەسل ـ زاتىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس. ③ ئاۋۋالقى نۇسخا : تەرجىمان بولغان كىشى ئەسلىگە سادىق بولۇشى ۋە ئىجادىي تەرجىمە قىلىشى لازىم.

**ئەسلا** رەۋ [ئە] ① پەقەت، ھېچقاچان؛ زادى : بۇ گەپنى مەن ئەسلا دېمىدىم. ② ئەسلىدە، بۇرۇنىسىدا : بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار، تېشى بار، توپىسى يوق، ئەسلا كۆيمىگەن يارىنىڭ، دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

**ئەسلەتمە** ئى ① ئەسلىتىپ قويۇشقا تېگىشلىك سۆز ـ ئىبارىلەرگە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش. ② مەلۇم مەسىلىنىڭ پاكىت ۋە جەريانىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان دىپلوماتىيە ھۆججىتى.

**ئەسلەتمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئۇنىڭ قىياپىتى گويا يىرتقۇچ ھايۋاننى ئەسلىتەتتى.

**ئەسلەشمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى : ئۇلار ئۆتكەنكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەسلەشتى.

**ئەسلەنمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : كۆزىگە ياش ئېلىپ ئەسلەندى رەناگۈل، ئىدى بەش جان كىشىنىڭ ھەممىسى بىر قول.

**ئەسل ـ نەسل** ئۇرۇق ـ ئەۋلاد، ئۇرۇق ـ جەمەت؛ ئاتا ـ بوۋا، كېلىپ چىقىش : شامەخسۇت ۋاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەسل ـ نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولدى.

**ئەسل ـ ۋەسل** ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا ۋە ئۆي ـ سەرەمجان: ئۇ پۈتۈنلەي ئەيش ـ ئىشرەت ۋە قىمارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەسل ـ ۋەسلىدىن ئايرىلدى.

**ئەسلىدە** رەۋ. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەقىقەتتە، ئەمەلىيەتتە : بوۋاي ئەسلىدە ناھايىتى دانىشمەن، ھەممە ئىلىملەردىن خەۋەردار ئىكەن.

**ئەسلىك** سۈپ ① يادىدا ساقلىنىپ قالىدىغان، ئېسىدە، خاتىرىسىدە قالدۇرالايدىغان : ئابدۇللا مېنىڭ ئالدىمغا خېلى ئەسلىك چاغدا ئانىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن. ② ئەس ـ ھوشى بار، ئەقىللىق، زېرەك :بۇ بالىنى ئەسلىك دەپ ئۆيدە قالدۇرۇپ كەتكەن.

**ئەسلىمە** ئى. ئەسكە ئېلىنغان، ئېسىگە كەلگەن كەچۈرمىش، خاتىرە : شۇ چاغلاردىكى ياشلىق ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلدى.

**ئەسلىمەك** پ ① ئەسكە ئالماق، ئېسىگە كەلتۈرمەك؛ خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك : ئۇ ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرغاندا كېچىچە قانداق چۈش كۆرگەنلىكىنى ئەسلەيتتى. ② <فىزىيول> بولۇپ ئۆتكەن شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسنى قايتا ئەكس ئەتتۈرمەك.

**ئەسلىھە (ئەسلىھەسى)** ئى [ئە] ① ئۇرۇش، جەڭ ئۈچۈن كېرەكلىك قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورا ماتېرىياللار : دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى. ② ئۇسكۈنە، جاھاز : ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى. قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى.

**ئەسلىھەلىك** سۈپ. ئەسلىھەسى بار، ئەسلىھەسى بولغان، ئەسلىھەگە ئىگە: يېڭى مەھەللە دېھقانلىرى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىگە يېتەكلەندى. * ئۇلار دېھقانلارنى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

**ئەسلىي** سۈپ [ئە] دەسلەپكى، ئەسلىدىكى، باشتىكى : ئەسلىي نۇسخا. * ئۇلار ئەسلىي پىلان بويىچە سىزنى بەش يىل زەربىدارلىق بىلەن تەربىيەلەپ باقماقچىكەن.

**ئەسلىيەت** ئى [ئە] ئەسلىسى، ئەسلىي ھالىتى، ئەسلىي قىياپىتى، ئەسلىي ماھىيىتى، ئەسلىدىكىسى: «قۇم باسقان شەھەر» تارىخنىڭ كۈتۈپخانىسى، ئۇ تارىخ ئەسلىيەتلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكى شولىسى. * ھەقىقىي بىلىم مەيلى تەبىئەتتە، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى ئۆزلۈكىنىڭ بىيوخىمىيەلىك قۇرۇلمىسىنى، بىيوفىزىكىلىق ھەرىكەت تەرتىپىنى بىلىش جەھەتتە بولسۇن ئەسلىيەتنى، ئەسلىيەتتىكى ھاياتىي سەۋەب ـــ ھەقىقەتنى بىلىش دېمەكتۇر.

**ئەسلىيەتچى** ئى. ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچى؛ ئەسلىيلىكنى، ئىپتىدائىيلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى، ئەسلىسىنى، ئىپتىدائىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەپدارى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياقلىغۇچى: ھەرقانداق ئىسلام ئەسلىيەتچىلەر تەشكىلاتىدا 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن كېڭەش كومىتېتى بار ئىكەن. * دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىگە بارغانسېرى ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى، غەرب دۆلەتلىرىنى دۈشمەن ھېسابلىشى تەبىئىي.

**ئەسلىيەتچىلىك** ئى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدىيەسى؛ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرغىب ۋە تەشەببۇس قىلىش ئىش ـ ھەرىكىتى؛ ئەسلىدىكىسىنى تىرىلدۈرۈش، ياقلاش، تەشەببۇس قىلىش ئىدىيەسى، پائالىيىتى:

دەل بۇ خىل تەڭسىزلىك دىنىي ئەسلىيەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە
سەۋەبچى بولۇپ، دۇنيانىڭ بىرقانچە مەدەنىيەت گۈرۈھلىرىغا بۆلۈنۈپ
كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئەسلىيلىك** ئى. ئەسلىي ھالەت، ئەسلىي قىياپەت، ئەسلىي
ماھىيەت، ئەسلىيەت: دىنىنىڭ ئەسلىيلىكىنى تەرغىب قىلماق. *
بەزىبىر ئىسلام دىنىدىكى ئەسلىيەتچىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىيلى-
كىنى تەرغىب قىلىشىدۇ.

**ئەسمەك** I پ. يېگەن تاماق ھەزىم بولماي قورساقنى
كۆپتۈرمەك : ھازىر يېگەن شاپتۇل قورسىقىمنى ئېسىپ، بىئارام قىلى-
ۋەتتى.

**ئەسمەك** II پ. يېزت. ئۇرماق، ئۆتمەك، چىقماق، يەلپۈمەك
(شامال ھەققىدە) : ئەي گۈزەل قىز، يېنىمدىن ئۆتتۈڭ، ئىپار چېچىپ
ئەسكەندەك شامال. زىباغىنا قامىتىڭ سېنىڭ گويا يېڭى گۈللىگەن
نىھال. * كۈندۈزلىرى ئەتىيازنىڭ لەگلەك شاملى چىققىنى بىلەن
كېچىلىرى يەنىلا يورۇقغاش بويلىرىدىن ئەسكەن سوغۇق شامال نەشتى-
رىنى سانجىپ ئۆتەتتى.

**ئەسنا** ئى [ئە] بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە سادىر
بولۇپ تۇرغان پەيت، پۇرسەت، چاغ: شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىن سوغا
ئارتقان ئېشىكىنى ھەيدەپ بالىنىڭ دوستى چىقتى.

**ئەسنەتمەك** «ئەسنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى :
قاراۋۇلنى تاڭ ئۇيقۇسى ئەسنەتتى.

**ئەسنەشمەك** «ئەسنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى :
ئۇلار قۇرۇق ئەسنەشتى.

**ئەسنەك** ئى<فىزىيول> ئۇيقۇسىرىغاندا ئېغىزنى چوڭ
ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىش نەتىجىسىدە، قان
سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى كۆپىيىپ ۋە
مېڭىدىكى نەپەسلەندۈرۈش مەركىزىنى غىدىقلاش ئارقىلىق
پەيدا قىلىدىغان بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە : ئۇنى
بىردىنلا ئەسنەك تۇتتى.

**ئەسنىمەك** پ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىش بىلەن ئىختىيارسىز
كېرىلىپ ئاغزىنى يوغان ئاچماق : ئۇ سۇپىدا پۇتىنى مىنگەش-
تۈرۈپ، ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئەسنىدى.

**ئەس - ھوش** ① ئەس ۋە ھوش، ئەقىل ۋە زېھىن، ئەقىل ۋە
سەزگۈ :ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا. * بۇ ئىككىسى قورقۇپ كېتىپ
ئەس - ھوشلىرىنى يوقاتتى. ② پىكىر - خىيال : سىز قايتىپ
كەتتىڭىز، شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ پۈتۈن ئەس - ھوشۇم سىزدىلا.

**ئەسۋاب (ئەسۋابى)** ئى [ئە] ① بىرەر ھۈنەر، كەسىپ ۋە
مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قورال، سايمان،
جابدۇق : تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرى. توقۇش ئەسۋابلىرى. ② بىرەر
نەرسىدىن بىرەر مەقسەت ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم :
ئۆلچەش ئەسۋابى. ئالتۇن ئەسۋابلار. ③ مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە سەنئەت
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم، چالغۇ؛ ساز:چالغۇ ئەسۋابلىرى.
مۇزىكا ئەسۋابلىرى.

**ئەسۋاب - جابدۇق** ئەسۋاب ۋە جابدۇق، شۇ ئەسۋاب ۋە
جابدۇق دائىرىسىدىكى نەرسىلەر :ئۇلار ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئەسۋاب -
جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ.

**ئەسۋابسىز** سۈپ. ئەسۋاب ئىشلىتىلمەيدىغان، ئەسۋاب
بىلەن ئېلىپ بېرىلمايدىغان؛ ئەسۋابى يوق :ئەسۋابسىز گىمناس-
تىكا. // ئەسۋابسىز كەلمەك.

**ئەسۋابلىق** سۈپ. ئەسۋابى بار،ئەسۋاب بىلەن ئېلىپ بېرد-
لىدىغان :ئەسۋابلىق گىمناستىكا.

**ئەسۋاب - ئۈسكۈنە** ئەسۋاب، ئۈسكۈنە ۋە شۇ ئەسۋاب -
ئۈسكۈنە دائىرىسىدىكى نەرسىلەر؛ قورال - سايمانلار.

**ئەسۋە** ئى [ئە] ← **ئىلغا** : كىرپىكىمنى شۇ يار ئۈچۈن يىڭنە
قىلىمەن، شۇ ئەسۋىنى توختاڭلار ئۆزۈم ئىلىمەن.

**ئەسىر** I ئى [ئە] ① <تارىخ> يۈز يىل بىر دەۋر قىلىنغان
ۋاقىت بىرلىكى :ئەبۇناسىر فارابى X ئەسىردە «ئۇد» مۇزىكىسىنى
تىلغا ئالغان. ② دەۋر، زامان :ئوتتۇرا ئەسىر. * بىلىمدىن ھەممە ئىش
مەيدانغا چىققان ئەسىردۇر بۇ، بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە
خېرىدار يوق.

**ئەسىر** II ئى [ئە] ① ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن قولىغا
چۈشۈپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى، تۇتقۇن :
ئەسىرگە ئالماق. ئەسىرگە چۈشمەك. ② كۆچمە. بىرەر كىشى، ئىش
ياكى نەرسىگە بېرىلىپ كەتكەن، شەيدا بولغان كىشى؛ مەپتۇن،
مەھلىيا، بەند، قۇل : سازەندە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئالدىرىماستىن
خەلق ناخشىلىرىدىن باشلىۋەتتى. مېھمانلار بىردىنلا جىم بولۇشۇپ
دۇتارغا ئەسىر بولۇشتى.

**ئەسىر** III ئى [ئە] ① كۈن پېتىشتىن بىر سائەت ئىلگى-
رىكى ۋاقىت : ئەسىر ۋاقتى. ② ئەسىر ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان
ناماز:ئەسىر ئوقۇماق.

**ئەسىرلەپ** رەۋ. ئەسىر بويى، ئەسىرمۇ ئەسىر : بۈيۈك تارىم،
بۇ يۇرتۇمدا ئېقىنلار ئىچرە سەرۋەرسەن، ئۇلۇغ دولقۇن ئۇرۇپ ئاقتىڭ
ئەسىرلەپ شۇنچە قەيسەر سەن.

**ئەسىرلىك** I سۈپ. بىر ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
يۈز يىللىق :ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر تارد-
خىي يېزىقلارنى چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك.

**ئەسىرلىك** II ئى. ئەسىر بولۇپ ئۆتكەن تۇرمۇش، تۇتقۇن-
لۇق: تۆكۈلسە ئەل قېنى، ئىسيانغا ئەرلەر جان پىدا بولغاي، ئەسىرلىك
بۇ قىساس بۇرچى قىلىچ بىرلە ئادا بولغاي.

**ئەس - ياد** ① ئەس ۋە ياد، ئەس - ھوش : مەن يەرنى ئاران -
ئاران دەسسەپ، ئەس - يادىمنى يوقاتقان ھالدا، ئويمان - دۆڭ، لاي -
لاتقىلارنى كېچىپ، چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتىمەن.
② پۈتۈن ئوي، بارلىق خىيال:چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ پۈتۈن ئەس -
يادى سىڭلىسى مەختۇمسۇلادا ئىكەن.

**ئەش** ئى① بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چۈشىدىغان ھەمراھى؛
يولداش. ② ھەمراھ، دوست.

**ئەشئار** ئى [ئە] يېزت. شېئىر؛ شېئىرلار : ھەر كېچە -
كۈندۈز يارنى كۈتىمەن، يارغا مۇناسىپ ئەشئار پۈتىمەن.

**ئەشەددىي** سۈپ [ئە] ئۇچىغا چىققان، ئۆتۈپ كەتكەن، ئەڭ
يامان، ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ياۋۇز (پەقەت سەلبىي مەنىدە قوللىنى-
لىدۇ) : بىلىمسىزلىك يېڭىلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

**ئەشەددىيلەشتۈرمەك** «ئەشەددىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-
رىي دەرىجىسى.

**ئەشەددىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەشەددىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەشەددىيلەشمەك** پ. ئەشەددىي ھالەتكە كەلمەك، ئەشەددىي

بولماق :ئۇلارنىڭ ئەشەددىيلىشىپ نىقابىنى يىرتىۋېتىپ سەكرەپ چىقىشىغا ئاز قالدى.

**ئەشەددىيلىك** ئى. قەبىھلىك، ياۋۇزلۇق :ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تازىمۇ ئەشەددىيلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئەشتۇرمەك** «ئەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ساڭزا ئەشتۇرمەك. يىپ ئەشتۇرمەك.

**ئەشرەپ** ئى [ئە] يېزت. كۆپ شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان كىشى، ئەڭ شەرەپلىك ئادەم؛ ئۇلۇغ، مۆتىۋەر: پادىشاھ دەرھال ھۆكۈم چۈشۈردى. ياساۋۇللار شەھەرنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ھۆكۈما، ئۆلىما، ئەمىر، ئاكابىر، ئەشرەپلەرنى يىغىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پۈتۈن كەنت، ئايماق، سەھرا، قىشلاقلاردىن ھاشار توپلاپ مەلىكە سەنەمگە بىر چاھارباغ بىنا قىلدى. * بىز سورۇنلاردا تاجىدارلارنىڭ خۇشخۇي، ئۇڭلۇق، پېقىرانە قىياپىتىنى كۆرىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى تاجىدارلارغا خاس ھۇزۇرى ئەشرەپلەرنى كۆرمەيمىز.

**ئەششاپتۇل** ئى [ئەش + شاپتۇل] ئۇرۇقچىسى بىلەن گۆش قىسمى چىڭ يېپىشقان، پوستى سويۇلمايدىغان، دانىسى چوڭراق بولىدىغان بىرخىل شاپتۇل.

**ئەشلىك** ئى. پىلە قۇرتىنىڭ غوزەككە كىرىش مەزگىلىدە، پىلە قۇرتىغا تاشلاپ بېرىلىدىغان بىر تۈرلۈك چۆل ئۆسۈملۈكى.

**ئەشلىكخانا** ئى. پىلە قۇرتىغا ئەشلىك تاشلاپ بېرىپ بېقىلىدىغان مەخسۇس جاي ياكى ئۆي.

**ئەشمە** I سۈپ. ئېشىپ ياسالغان، ئېشىپ تورلانغان، ئېشىلگەن :ئەشمە چاچ. ئەشمە يىپ. ئەشمە قۇيماق.

**ئەشمە** II ئى. دىيال. بۇلاق، چەشمە.

**ئەشمەك** پ. ئايلاندۇرۇپ، بۇراپ، پىششىق قىلماق، پىشىلدۇرماق، ئېگىرمەك : يىپ ئەشمەك.

**ئەشمىقۇم** ئى [ئەشمە + قۇم] <گېئول> قۇمنىڭ بىر خىلى. ئادەتتىكى قۇم بىلەن سېغىز ئارىلىقىدا بولىدۇ، مىنېرال تەركىبى ئادەتتىكى قۇم بىلەن ئوخشاش. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**ئەشمىكار** ئى. پىلە قۇرتى بېقىپ، ئۇنىڭدىن يىپەكنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى كىشى: بۇ كوچىلار قاساپلىق كوچىسى، ئەشمىكار كوچىسى، ناغرىچىلار كوچىسى، ئەلگەكچى كوچىسى قاتارلىق كوچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**ئەشيا ( ئەشياسى )** ئى [ئە] بۇيۇم، نەرسە؛ ماتېرىيال :خام ئەشيا. ماددىي ئەشيا.

**ئەغلال** ئى [ئە] يېزت. قۇرداش.

**ئەغيار** [ئە] يېزت ① سۈپ. غەيرىيلەر، ئۆزگىلەر: نوبىتى سەن ھەم تىلىڭدىن يارىغا بىر خەت ئىبەر، كىم سىرىڭنى يار بىلسۇن بىلمىسۇن ئەغيار خەت. ② ئى. رەقىب، دۈشمەن: ئۆزۈمنى چاغلىماي، كۆڭلۈمنى بەردىم مەن ساڭا ئەي يار، شىكايەت ئەيلىمەكتە ھەر تەرەپتىن دوست بىلەن ئەغيار.

**ئەقەللىي** [ئە] ① سۈپ. ئەڭ ئاددىي، ھەممە بىلىدىغان، ئادەتتىكى؛ نورمال، نورمالنى: ئەقەللىي چۈشەنچە. ئەقەللىي بىلىم. ئەقەللىي ساۋات. * جاھاندا نامراتلارنىڭ باي بولۇشنى، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى ئەقەللىي بىر ھادىسە.② رەۋ. ھەتتا، ھېچبولمىغاندا : راستىنى ئېيت. شۇ بويۇڭ بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە كۆپكە قانداق سىغدىڭ ؟ بۇنىڭغا سىنىڭ بىر پۈتۈڭ ئەمەس، ئەقەللىي بىر قولۇڭمۇ سىغمايدۇ.

**ئەقەللىيسى** رەۋ. ئەڭ ئاددىيسى، ھېچبولمىغاندا : شۇنداق بولسىمۇ كىچىككىناخۇنىنىڭ سۆزىدە ياكى ھەرىكىتىدە، ئەقەللىيسى چىراي ھالىتىدە بولسىمۇ، زەررىچە نارازىلىق، قارشىلىق ئىپادىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

**ئەقدە** ئى [ئە] توي ياكى نىكاھ قىلىشقا پۈتۈشۈش : ئەقدە قىلماق.

**ئەقدە قىلماق** توي ۋە نىكاھ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈشۈشمەك: تويلىشىشقا ئەقدە قىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئاستىرىتتىن بىر قىز بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرىسىز؟

**ئەقرەب** ئى [ئە] <ئاستر> 12 بۇرجىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولۇپ، «چايان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقرىبا** ئى [ئە] يېزت. يېقىن يار - بۇرادەر، قېرىنداش : باغ - ئېتىزلاردا ئېچىلغان گۈل - گىياھلارنى كۆرۈڭ، مېھنىتىدىن باغ ياراتقان ئەقرىبالارنى كۆرۈڭ.

**ئەقلىي** سۈپ [ئە] ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئائىت :ئەقلىي قابىلىيەت. ئەقلىي ئەمگەك.

**ئەقلىيە** سۈپ [ئە] ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەقىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خۇلاسىلەنگەن :ئەقلىيە سۆز.

**ئەقلىيلەشتۇرمەك** «ئەقلىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەقلىيلەشتۈرۈشمەك** «ئەقلىيلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەقلىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەقلىيلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەقلىيلەشمەك** پ. ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىش ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانماق، ئەقىل ئىشلىتىشنى بىلىشنى تەلەپ قىلىش ئومۇمىي ھاۋاغا ئايلانماق؛ ئەقلىي بولماق، ئەقلىيلىككە قاراپ يۈزلەنمەك: ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەقلىيلەشتى.

**ئەقلىيلىك** ئى. ئەقىل ئىشلىتىشنى بىلىش خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى : ھېسسىيلىق بىلەن ئەقلىيلىك سۈپەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. * ئۇ: «يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەنىدى. * زىيالىيلار پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، ئەقلىيلىكنىڭ كۈچىيىشى دىنىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ، دەپ قارىغانىدى.

**ئەقىدە** ئى [ئە] ① چىن كۆڭۈلدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر، ئىشەنچ : رەيھان سادىقنىڭ ئۆز ئەقىدىسى يولىدا جان پىدا قىلىشتىن يانمايدىغان قەتئىي، تەلەپچان، يۇكسەك غايىلىك ئەر ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى ئەمىن ئىدى. ② بىرەر نەرسە توغرىسىدا شەكىللەنگەن ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ئادىتى، ئېتىقاد: ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن. ③ ئىشەنچ ۋە ئېتىقادقا ئاساسەن شەك يوق دەپ قارالغان قائىدە ۋە ھۆكۈملەر: رەيھان ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى دىنىي ئەقىدىنى يادلاۋاتقاندەك، سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى.④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئەقىدەت** ئى [ئە] يېزت. ئەقىدە، ئىشەنچ، ئەقىدىلەر: ئۇلار ھەمىشە ئۆزگىنىڭ ئەقىدەت ئەركىنلىكىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. *

ئۇلاردا تەبىئەت تەڭرىگە سەممىي ئەقىدەت بولسا ئىدى، بىر ئومۇمىي مۇتلەقلىققە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي ئېھتىياجلىرىنى تەڭشىگەن بولاتتى.

**ئەقىدىپەرەس** ئى [ئە+ پ] ئەقىدە ئۇچۇن كۇرەش قىلىدىغان، ئەقىدىنى ياقلايدىغان؛ ئەقىدىنى چوڭ بىلىدىغان، ئەقىدە قىلىشنى مۇھىم دەپ قارايدىغان: // مەيلى ئۇ ئەقىدىپەرەسلەر ۋە مەنسەپدارلارنىڭ قەھر - غەزىپى بولسۇن ... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىنىڭ قەلبىمدىكى ئالىيجاناب ئوبرازىڭغا داغ تەگكۈزەلـمەيدۇ.

**ئەقىدىپەرەسلىك** ئى. ئەقىدە ئۇچۇن كۇرەش قىلىش، ئەقىدىنى ياقلاش، ئەقىدىنى چوڭ بىلىش، ئەقىدە ياكى ئەقىدە قىلىشنى مۇھىم دەپ قاراش: تەرەققىيات ئادەمنى تار پىكىرلىك ئەقىدىپەرەسلەرنىڭ چۇشكۇن روھ بېشارەتلىرىگە قارشى ھالدا تار رامكىلارغا سىلىپ قويمايدۇ.

**ئەقىدىچىلىك** ئى. ئەقىدىلەرگە ئېسىلىۋالىدىغان ھەرىكەت ۋە خاراكتېر: ئىسلام ئەقىدىچىلىكى بارلىق ئىسلام رايونلىرىدا دېگۈدەك تېزلا باش كۆتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيە، تەشەببۇس سىستېمىسىنى شەكىللەندۇردى.

**ئەقىدىداش** ئى [ئە + پ] ئەقىدىسى بىر، بىردەك ياكى ئوخشاش كىشى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): ئۆي بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ سىمۋولى، ئەقىدىداش بولمىغانلارنى ئۆيگە باشلاش ئۆينىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

**ئەقىدىداشلىق** ئى. ئەقىدىسى بىر ياكى ئوخشاش بولۇش، ئەقىدىسى بىردەكلىك (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): بىزدە قانداقتۇر بىر ئەقىدىداشلىق مەۋجۇت.

**ئەقىدىسىز** سۈپ. ئەقىدىسى يوق، ئەقىدىسى بولمىغان، ئەقىدىدىن خالىي: // «لېكىن ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئەقىدىسىز قېلىشى ۋە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنىمۇ قىلماسلىقى» دېگەن گېپى ئېسىمدىن كەچتى.

**ئەقىدىسىزلىك** ئى. ئەقىدىسى يوقلۇق، ئەقىدىسى بولماسلىق، ئەقىدىدىن خالىي بولۇش ياكى بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىگە ئىدىيەگە ئەقىدە قىلماسلىق، ئەقىدە باغلىماسلىق: بۇ كىرىزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كىرىزىس ۋە روھىي كىرىزىس (ئۈمىدسىزلىك، چۇشكۇنلۇك، ئەقىدىسىزلىك، روھىي كېسەللىك ... ) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**ئەقىدىلىك** سۈپ. ئىشەنچ، ئەقىدىسى بار: كازىم ئۆز كەسپىنىڭ چىن ئەقىدىلىك پىداكارى ئىدى.

**ئەقىل ( ئەقلى )** ئى [ئە] ① ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى :ئەقىل ئىگىسى. * تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن (ماقال). ② پىكىر يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش؛ پەم، ئىدراك :دېمەك بىز ئەقىل ئىشلەتسەكلا، ئۆز ئانىلىرىمىزنى خۇشال قىلالايدىكەنمىز. ③ ئەس - ھوش، مېڭە :ئەقلىڭ جايىدىمۇ ؟ ④ مەسلىھەت، پايدىلىق چارە - تەدبىر: مۇھەممەت ئاكىسىغا بىر ئەقىل كۆرسەتتى.

**ئەقىل تاپماق** يېڭى تەسىرات، يېڭى ساۋاق ۋە چارە - تەدبىرگە ئىگە بولماق، يېڭى بىر بىلىمگە ئېرىشمەك :كىتاب - دەپتەر، قەلەمنى، چۈشۈرمەيمەن قولۇمدىن. كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ئەقىل تاپتىم ئۈنىڭدىن.

**ئەقىل - پاراسەت** ئەقىل ۋە پاراسەت : ھاكىمنىڭ باياتىنقى گېپى كۆڭلۈمگە ياغدەك يېقىپ ئىچىمدە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولدۇم.

**ئەقىل - پاراسەتلىك** ئەقىل - پاراسىتى بار، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغان: بۇ پادىشاھ ئۆزىنى دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق، دەپ ئويلايدىكەن.

**ئەقىلچىلىك** ئى. ئەقىل ئىشلىتىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش، ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈش ياكى ئەقىل بىلەن پەرقلەندۈرۈش، سېزىش، تەھلىل قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى: دېگەنلىرىم چېكىدىن ئاشقان ئەقىلچىلىكنى تەرغىب قىلغانلىق ئەمەس. ئادەم ئەقىل بىلەن ھەقىقەتنى تاپىدۇ، يەنە ئەقىلدە چېكىدىن ئېشىپ، ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

**ئەقىلدار** ئى [ئە + پ] ئەقىللىق، دانىشمەن ئادەم :نادانلار ئۆزىچە بولۇپ «ئەقىلدار»، «كونىلىق» ئۈستىدىن كۆتۈردى «ئىسيان». پېشقەدەم كادىرلار «جاھىل ھوقۇقدار»، مۇئەللىم - ئۇستازلار بولدى «جىن - شەيتان».

**ئەقىلسىز** سۈپ. ئەقلى يوق، ئەقلى بولمىغان، بىئەقىل، ئەخمەق :ئەقىلسىز دوستتىن، ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى (ماقال). * خەلقىمىزدە «ئەقىلسىز ئالىم كىتاب ئارتىلغان ئېشەك» دېگەن گەپ بار. // بۇ ئەقىلسىز دائىم ئۆزىگە ئىش تېپىپ يۈرىدۇ.

**ئەقىلسىزلاشتۇرماق** «ئەقىلسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناچار تۇرمۇش ئادەمنى ئەقىلسىزلاشتۇرىدۇ.

**ئەقىلسىزلاشماق** پ. ئەقىلسىز ھالەتكە كەلمەك، ئەقىلسىز بولماق، ئەقلى يوق بولماق: ئادەم كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆپ تارتقانسېرى ئەقىلسىزلىشىدۇ.

**ئەقىلسىزلىق** ئى ① ئەقىلغا خىلاپ ، ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىلىق ، مىجەز :ئەقىلسىزلىق قىلماق. * ئۇلار ئەقىلسىزلىقىدىن بېشى چۈشكەن ھالدا ئوردىغا كىتىشىپتۇ. ② ئويلانماستىن قىلىنغان ئەخمىقانە ئىش: ۋاي، ياق، بۇ تازىمۇ ئەقىلسىزلىق!

**ئەقىللاشماق** پ. پىكىر ئېلىشماق، مەسلىھەتلەشمەك، باش قوشماق، كېڭەشمەك: مېنىڭ پىلانىم پەقەت ئەقىللىشىش بىلەنلا ئەمەس، ھەرىكەت بىلەنمۇ ياردەم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەقىللىق** سۈپ ① ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك :ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى ئەيىبلەر (ماقال). ② ئەقىل بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان: مانا بۇ ئەقىللىق گەپ، تازا توغرا ئېيتتىڭ.

**ئەقىللىقلاشتۇرماق** «ئەقىللىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياخشى تۇرمۇش شارائىتى ئادەمنى ئەقىللىقلاشتۇرىدۇ.

**ئەقىللىقلاشماق** پ. ئەقلى ئىشلەيدىغان، ئۆتكۈر ھالەتكە كەلمەك، ئەقىللىق ھالەتكە ئۆزگەرمەك، ئەقىللىق بولماق: ئىنسانلار بارغانسېرى ئەقىللىقلىشىپ كېتەمدۇ؟ * ياخشى مۇھىت، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدا ئادەم ئەقىللىقلىشامدۇ؟ * گەرچە تولىمۇ ئەقىللىقلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئەقىل ئېتىقادسىزلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن روھىمىزنى نەمدەشكىمۇ يارىمايۋاتىدۇ، قەلبى كاردىن چىققاندا ئەقىل تاپتىن چىقىدۇ.

**ئەقىللىقلىق** ئى. ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈش تەدبىرى؛ ھوشيارلىق، زېرەكلىك :ئۇ بۇ قېتىمقى جېدەلدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بىر ئەقىللىقلىق قىلدى. * ئادەم ئەقىللىقلىقى بىلەن ئەخلاقلىق

بولالمايدۇ.

**ئەقىل ـ ھوش** ئەقىل ۋە ھوش، پەم ـ پاراسەت :نېمە دېسەم بولار، قېرىغاندا ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولمايدىكەن.

**ئەقىل ـ ھوشلۇق** ئەقىل ـ ھوشى بار، ئەقىل ـ ھوشقا ئىگە؛ ئەقىل ـ پاراسەتلىك.

**ئەقىل ـ ئىدراك** ئەقىل ۋە ئىدراك.

**ئەقىل ـ ئىدراكلىق** ئەقىل ـ ئىدراكى بار، ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولغان: ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكلىق ئادەم.

**ئەكابىر** ئى [ئە] يېزت. چوڭ، ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ؛ ئۇلۇغلار، كاتتىلار، چوڭ ئەمەلدارلار.

**ئەكابىر ـ ئەشرەپ** يېزت. ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مۆتىۋەر زاتلار: كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھقا سەپەر ھەۋىسى كېلىپ، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ داغدۇغا بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

**ئەكابىر ـ تەكابىر** يېزت. چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار، يۇقىرى ـ تۆۋەن مۆتىۋەرلەر: ئۈستەڭ گىرۋىكىگە جياڭجۈن باشلىق ئەمەلدارلار ۋە يۇرتنىڭ باشقا ئەكابىر ـ تەكابىرلىرى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك مۇنبەر ياسىلىپ، مۇنبەر رەڭمۇرەڭ لاتىلاردىن پۇرەك چىقىرىپ ياسالغان گۈللەر، چوڭ پانۇسلار بىلەن بېزەلگەنىدى.

**ئەكەتكۈزمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز دەرھال بۇلارنىڭ ئەسكى ـ تۈسكىلىرىنى ئەكەتكۈزۈۋېتىڭ.

**ئەكەتمەك** پ [ئېلىپ + كەتمەك] ئېلىپ كەتمەك، ئالغاچ كەتمەك :نەچچە يىلدىن بېرى بالامنىڭ بالىسى دەپ كۆيۈپ ـ پىشىپ باقسام، چوڭ بولغاندا ئەكەتكىنىنى قارا !

**ئەكەلدۈرمەك** «ئەكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ تېگىۋالغان ئېرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ.

**ئەكەلدۈرۈلمەك** «ئەكەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چەتتىكى تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئەكەلدۈرۈلگەن ئالتۇن بىلەزۈكنى كېلىنىگە سېلىپ قويىدى.

**ئەكەلمەك** پ [ئېلىپ + كەلمەك] باشلاپ، كۆتۈرۈپ، ئېلىپ كەلمەك: شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئايالىم ئۇنى باللىرى بىلەن قوشۇپ ئىككى قېتىم ئۆيگە چاقىرىپمۇ ئەكەلدى.

**ئەكتۈرمەك** «ئەكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەكتۈرۈلمەك** «ئەكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەكچە** رەۋ. ئايرىم، ئوڭچە: شۇ ئاخشىمى چاۋارغا زايىت بەگنىڭ ئۆيى ئەكچە قالدى. * ئۇلار ئىككىسى ئەكچە پاراڭلاشتى.

**ئەكچىتمەك** «ئەكچىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەكچىتىلمەك** «ئەكچىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەكچىمەك** پ. ئارتۇق نەملىكى كۆتۈرۈلۈپ نەمخۇش ھالەتكە كەلمەك، سۈيى قاچماق، چالا قۇرۇماق: باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتىدىن توڭلار ئېرىپ، يەرلەر خېلى ئەكچىپ قالدى.

**ئەكس** [ئە] ① ئى. بىرەر نەرسىنىڭ سىلىق، يالتىراق يۈزىدە كۆرۈنگەن باشقا بىر نەرسىنىڭ تەسۋىرى، شەكلى :ئەكس ئەتمەك. * قىز ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ دەريانىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ ـ دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. ② سۈپ. زىت، تەتۈر، قارىمۇقارشى :ئەكس تەسىر. * زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن شارائىتتا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ③ سۈپ. قايتىلانغان، قايتا ئايان بولغان: ئەكس سادا.

**ئەكسىچە** رەۋ ① كۈتۈلگەن ۋە ئارزۇ قىلىنغانغا پۈتۈنلەي قارشى ھالدا، تەتۈرىچە : مەن چوڭ يىغىننى كېچىكتۈرۈپ ئاچىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېچىلدى. ② خاتا ھالدا : بىز ئۇلارنىڭ تېپىشلىرىگە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق تېپىش بىلەن جاۋاب قايتۇرماي، ئەكسىچە بۇ بىچارىلەرگە رەھىم قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. ③ قارىمۇقارشى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ :ئارسلان نانغا قاراپمۇ قويمىدى، ئەكسىچە ئارقىغا سۇرۇلۇپ پارتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى.

**ئەكسىلھەرىكەت** ئى [ئە] ئىنقىلابقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت.

**ئەكسىلھەرىكەتچى** ئى. ئەكسىلھەرىكەت تەرەپدارى، ئەكسىلھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئەكسىلھەرىكەتچىلىك** ئى. ئەكسىلھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەكسىلئىنقىلاب** ئى [ئە] ئىنقىلابقا، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە قارشى، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت.

**ئەكسىلئىنقىلابچى** ئى. ئەكسىلئىنقىلاب تەرەپدارى ياكى قاتناشچىسى.

**ئەكسىلئىنقىلابچىلىق** ئى. ئەكسىلئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەكسىلئىنقىلابىي** سۈپ. ئىنقىلابقا قارشى تۇرىدىغان، ئىنقىلابقا دۈشمەنلىك قىلىدىغان: قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەر ئازايدى.

**ئەكسىنچە** رەۋ ← **ئەكسىچە** : ئۇ سىنىڭ يامان گېپىڭنى قىلمايدۇ، ئەكسىنچە دائىم دېگۈدەك سىنى ماختاپلا يۈرىدۇ.

**ئەكسىيەتچى** ① ئى. ئىلگىرىلەشكە، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قارشى، ئاغدۇرۇلغان تۈزۈم تەرتىپلىرىنى ساقلاپ قېلىش، تىكلەش تەرەپدارى ياكى ئۇنىڭ قاتناشقۇچىسى. ② سۈپ. ئىنقىلاب تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ئاغدۇرۇلغان سىنىپلارنىڭ ئىدىيەسىگە مەنسۇپ بولغان :ئەكسىيەتچى كۈچلەر.

**ئەكسىيەتچىل** سۈپ. ئەكسىيەتچىگە خاس، ئەكسىيەتچىگە مايىل :كونا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىل ئەدەپ ـ قائىدىنىڭ زىيادىكەشلىكىگە ئۇچراش جەھەتتە ئۇ بىزگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق باشقا جەھەتلەردە زادىلا ئوخشاشمايدۇ.

**ئەكسىيەتچىلەشمەك** پ. ئەكسىيەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق، ئەكسىيەتچى بولماق.

**ئەكسىيەتچىللىك** ئى ← **ئەكسىيەتچىلىك**: لېكىن بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ خىل تەسەۋۋۇرنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى، خىيالىيلىقىنى ۋە ئەكسىيەتچىللىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

**ئەكسىيەتچىلىك** ئى. ئەكسىيەتچىلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە پائالىيەت.

**ئەكمەچ** ئى. دىيال. ئەپكەچ.

**ئەكمەك** پ. ئۇرۇقنى يەرگە چاچماق؛ تېرىماق؛ تىكمەك: ئارپا ئەككەن ئارپا ئالار، بۇغداي ئەككەن بۇغداي ئالار (ماقال). * بەرسەڭ ئالىسەن، ئەكسەڭ ئورىسەن (ماقال). * بىرنى كەسسەڭ، ئوننى ئەك (ماقال).

**ئەكى** رەۋ. دىيال. ئاندىن كېيىن.

**ئەكتىشمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياسىن يۈگۈرۈپ ئېتىزغا كېلىپ بولغۇچە باللار ئېتىزدا باققان ماللىرىنى ئاللىقاچان ئەكىتىشكەنىدى.

**ئەكتىلمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دادام قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى نەرسىنىڭ كىم تەرىپىدىن قاچان ئەكتىلگەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

**ئەكىرگۈزمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ يىل چەتتىن نۇرغۇن مال ئەكىرگۈزدى.

**ئەكىرگۈزۈلمەك** «ئەكىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەكىرمەك** پ [ئېلىپ + كىرمەك] باشلاپ، كۆتۈرۈپ، ئېلىپ كىرمەك: بىر چاغدا خوتۇن چىقىپ قازاندا قالغان گۆشلەرنى تاۋاققا ئېلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ.

**ئەكىرىشمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئۆي كۆچۈشىگە ھەمكارلىشىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆيىگىچە ئەكىرىشتى.

**ئەكىرىلمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: فارۇخ ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ كۇرسقا ئەكىرىلدى.

**ئەكىلىشمەك** «ئەكەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەكىلىنمەك** «ئەكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈن كىتابخانىدىن نۇرغۇن لۇغەتلەر ئەكىلىندى.

**ئەگەر** باغل [پ] شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ـ سا، ـ سە» ۋە باشقا شەرت قوشۇمچىلىرى بىلدۈرگەن مەنىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ: ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ، بۇ چاتاق ئۇزۇلمەيتتى.

**ئەگەرچەندە** باغل ← **ئەگەر**: ئەگەرچەندە بۇنىڭغا يەنە نارازى بولىدىكەنسەن، بارىدىغان يېرىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر!

**ئەگەردە** باغل ← **ئەگەر**: ئەگەردە بەدەندە ۋىتامىن A كەم بولسا بەدەننىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ كېتىدۇ.

**ئەگەشتۈرمەك** «ئەگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئەمدى ئۆز ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سۇ چىقىرىش ئېغىزى تەرەپتىكى دامبا ئۈستىگە يۈگۈردى.

**ئەگەشتۈرۈشمەك** «ئەگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەگەشتۈرۈلمەك** «ئەگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا ھويلىغا ئەگەشتۈرۈلۈپ كىرگەن ئەسئەت قىزاردى ۋە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھودۇقتى.

**ئەگەشمە** سۈپ. ئەگەشكۈچى، ئەگىشىپ كېلىدىغان: ئەگەشمە بۆلەك.

**ئەگەشمەك** پ ① ئارقىسىدىن ماڭماق، كەينىدىن بارماق: ئەڭ ئاخىرىدا تەكلىپ قىلغان شۇ چوكانغا ئەگەشتىم ـ دە، يۈرۈپ كەتتىم. ② بىرەر كىشىنى دوراپ، تەقلىدىي ئىش ـ ھەرىكەت قىلماق؛ بىرەر كىشىنىڭ گېپىگە كىرمەك: مەن ئون يىل ساڭا ئەگەشتىم. ③ رەۋىشداش شەكلىدە «... گە ئۇلىشىپ» مەنىسىدىكى تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: دۇنيانىڭ ئاۋاتچىلىقىغا ئەگىشىپ، قەشقەرمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ.

**ئەگدۈرمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاكتىپلار قاۋانلىقنى باش ئەگدۈرمەكچىدى.

**ئەگرۈم** ئى. دىيال ① ئەگىلىدىغان جاي، ئەگىلىپ ئۆتىدىغان يەر، تۇمشۇق، دوقمۇش. ② ئازگال، سۇ ئەگىپ يىغىلىپ قالغان يەر.

**ئەگرى** سۈپ ① قىڭغىر، ئېگىلگەن: بوۋاي ئەنە شۇ ئەگرى دەرۋازىدىن چىقىپ، رەستىلەرنى ئايلىنىپ، دوپپا بازىرىغا باردى. ② كۆچمە. ناتوغرا؛ ساپ بولمىغان، ناپاك: ئەگرى سۆز. ئەگرى قول. ئەگرى غەرەز.

**ئەگرى ـ بۈگرى** ← **ئەگرى ـ توقاي**: ئاپتوموبىل ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەيتتى.

**ئەگرى ـ توقاي** قىڭغىر ـ قىيسىق، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، تۈز ئەمەس، يىلان باغرى: ئەگرى ـ توقاي يول.

**ئەگرى ـ توقايلىق** ① ئەگرى ـ توقاي ھالەت: يولنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقى. ② كۆچمە. جاپا ـ مۇشەققەت، توسالغۇ: كىشىلەر ھاياتىدا ھەرخىل ئەگرى ـ توقايلىقلارغا يولۇقىدۇ.

**ئەگرى ـ دوناي** ← **ئەگرى ـ توقاي**: ئەگرى ـ دوناي ئېرىق.

**ئەگرىسۇناي** ئى [ئەگرى + سۇناي] <بوت>چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى سېرىق، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئۇ قاننى تولۇقلاش، يۈرەكنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

**ئەگرىلىك** ئى. ئەگرى ھالەت، ئەگرى شەكىل: سىلى ئايال تۇرۇقلۇق توغرا بىلەن ئەگرىلىكنى بىلگەن يەردە، مەن ئەلۋەتتە بىلمەن ـ دە.

**ئەگزىك** ئى. بېلىق تۇتىدىغان تورنىڭ ئىككى يان تەرىپى.

**ئەگمە** ① سۈپ. ئېگىلگەن، ئېگىپ ياسالغان؛ ياي شەكىللىك: ئەگمە كۆۋرۈك. ئەگمە ئىشىك. ② ئى. ئېگىلگەن جاي: دەريانىڭ ئەگمىسى.

**ئەگمەچ** سۈپ ← **ئەگمە**: ئۇنىڭ ھۆسنىگە ماس كەلمەيدىغىنى ئوڭ قېشىنىڭ ئەگمەچ، سول قېشىنىڭ تۈزلۈكى ئىدى.

**ئەگمەك** پ ① ئېگىلگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئەگرى قىلماق: قولنى ئەگمەك. شاخنى ئەگمەك. ② پۈكمەك، مۈكچەيمەك: نۇر بوۋاي ئۆتمۈشتە دەرد ـ ئەلەم چەككەن، زۇلۇمنىڭ تاغلىرى قەددىنى ئەگكەن.

**ئەگۈز** ئى. دىيال. قار سۈيى.

**ئەگۈزمەك** پ. دىيال. سىلكىنمەك: دەرەخ ئەگۈزدى.

**ئەگۈش** ئى. دىيال. داشقال.

**ئەگۈن** ئى. ئۈستى ئەگمىلىك ۋادەك شەكىلدە ياسالغان ياغاچ دەرۋازا.

**ئەگىتمە** ① سۈپ، ئەگمىلىك دەرۋازا. ئەگرى قىلىنغان، ئەگىتىلگەن: ئەگىتمە يول. ② ئى. ئەگىتىلىپ ئۆتىدىغان، ئەگىلىدىغان جاي، ئەگىتمە يول، دوقمۇش: مەن ئەگىتمىدىن ئۆتسەملا ئۇ يەرگە يېتىپ بارىمەن. ③ سۈپ. مەقسەت ئۇدۇل ئېيتىلماي، باشقىچىراق ئېيتىلغان: ئەگىتمە گەپ.

**ئەگىتمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاشۇ تاشلاردىن سالنى ئەگىتىپ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس.

**ئەگىتمىلىك** سۈپ. مەقسەت ئۇدۇل ئېيتىلماي، باشقىچىراق ئېيتىلغان، ئەگىتىپ ئېيتىلغان، يايما: ئەگىتمىلىك، سوئاللىق، مەنىلىك گەپلەر توختىماي ماڭا ئېيتىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟

**ئەگىتىلمەك** «ئەگىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۇقىرىدا گەپ بىرمۇنچە ئەگىتىلىپ ئۇنىڭ نامى ـ ئەمەلى تونۇشتۇرۇلدى.

**ئەگىز** ئى. ئەتىياز ۋاقتىدىكى ئېرىگەن قار ـ مۇز : ئەگىز سۈيى.

**ئەگىزئوت** ئى [ئەگىز + ئوت] <بوت> چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، كىچىك، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ دالىدا ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپ بولۇپ ، دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەگىشمەك** «ئەگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەگىلدۈرمەك** «ئەگىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر ماشىنىسىنى شورلۇق دۆڭلۈك ئارىسىدا ئەگىلدۈرۈپ يۈرۈپ خېلى ماڭدى.

**ئەگىلمە** ئى. ئەگىلگەن، قايرىلغان جاي : ئۆستەڭنىڭ ئەگىلمىسى.

**ئەگىلمەك** «ئەگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەگىم** ① سۈپ. ئەگىلگەن، قايرىلغان: ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ يار سەنەم، قىزىل تونىنى يۆركىنىپ قىز كېلىدۇ يار سەنەم! ② ئى. ئەگىلگەن، قايرىلغان جاي : ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەگىم يېنىدا بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرغان يەنە بىر چوڭ بۇلاق بار ئىدى.

**ئەگىم ـ ئەگىم** نۇرغۇن ئەگىم : ئەگىم ـ ئەگىم يوللار.

**ئەگىمەك** پ ① ئۇدۇل ماڭماستىن يان تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ ماڭماق : تۇرسۇن يولدىن ئەگىپ ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدى. ② بىرەر ئورۇن، بىرەر نەرسە، بىرەر كىشىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرمەك: ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا قۇرغۇي ئەگىيدۇ، قۇرغۇي ئەمەس تاغ باشىدا يارىم ئەگىيدۇ. ③ يوقلىماق، كېسەل يوقلىماق، هال سوراپ كەلمەك، كۆرۈشۈپ كەلمەك: باللارنى ئەگىپ كەلدىم. ④ پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك : زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كۆزىدە ياش تامچىلىرى ئەگىدى.

**ئەگىن** ئى. ئۇچا، ئۈستىباش، كىيىم ـ كېچەك.

**ئەڭ** رەۋ. ناھايىتى، بەك : ئەڭ ياخشى. ئەڭ تاتلىق.

**ئەڭدىمەك** پ. دىيال. پېيىگە چۈشمەك، پايلىماق.

**ئەڭگىزە** باغل. جات. ئاندىن، ئاندىن كېيىن.

**ئەڭگۈشتەر** ئى [پ] ① ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتال ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئۈزۈك. ② كۆچمە. خاسىيەتلىك، نۇرغۇن نەرسىنى قىلىشتا قۇدرەتلىك نەرسە، يول، نىشاننى كۆرسەتكۈچى: بوۋاي كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ : — يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بىزنىڭ ئەڭگۈشتەرىمىز، — دېدى.

**ئەڭگى ـ تەڭگى بولماق** دىيال. بېشى قايماق، ئېسى چىقماق.

**ئەڭگىز** ① ئى. سوغۇق مىجەز، سوغۇقلۇق : بۇ بالىنىڭ ئەڭگىزى ئېشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. سوغۇق ئاشقان؛ تېرىككەك؛ يىغلاڭغۇ : بۇ بالا بەك ئەڭگىز بالا بوپتۇ.

**ئەڭگىزلىك** ① سۈپ. سوغۇق مىجەزلىك : بۇ بالا سەل ئەڭگىزلىك بالا بولۇپ قالدى. ② ئى. كۆچمە. تېرىككەكلىك؛ يىغلاڭغۇلۇق: ئەڭگىزلىك قىلماق.

**ئەڭگىل** ئى. دىيال. بىر خىل قىزىل ئۇنىسمان نەرسە بولۇپ، يۈزنى ھەمدە لەۋنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەڭلىك** ئى. ئاياللارنىڭ مەڭزىگە، كالپۇكىغا سۈرتىدىغان قىزىل سۇرمە.

**ئەڭلىكئوت** ئى [ئەڭلىك + ئوت] <بوت> ئەڭلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ساپاقسىز كېلىدۇ، مېۋىسى قاتتىق، شەكلى تۇخۇمسىمان ۋە سۈس قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ؛ يىلتىزى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**ئەل** ئى ① بىرەر جاينىڭ ئادەملىرى، ئاھالىسى، خەلقى : ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك (ماقال). ② يۇرت، دىيار، مەملىكەت : چەت ئەل. ③ بىرەر قەبىلىگە مەنسۇپ ئادەملەر؛ قەبىلە.

**ئەلا ( ئەلاسى )** سۈپ [ئە] ① سۈپىتى، پەزىلىتى جەھەتتىن ئەڭ ياخشى، ئەڭ يۇقىرى؛ ئېسىل: ئەلا سۈپەت. ئەلا سورت. * يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). ② مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ يۇقىرى باھا : ئەلا نەتىجە. ئەلا ئوقۇغۇچى. ③ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئەلاچى** ① سۈپ. ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئەلا ئوقۇغان : ئەلاچى ئوقۇغۇچى.

**ئەلاچىلىق** ئى. ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىش، ئەلا بولۇش ئالاھىدىلىكى : دىلدار ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىدى.

**ئەل ـ ئاغىنە** دوست ـ بۇرادەر، دوست ـ يارەن: مەھەللىدىكى ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدىم.

**ئەل ـ ئاغىنىچىلىك** ← **ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق**.

**ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق** ئەل ـ ئاغىنىلىك، دوست ـ بۇرادەرلىك، يار ـ بۇرادەرلىك مۇناسىۋەت: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

**ئەل ـ ئاغىنىلىك** ← **ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق**.

**ئەلالاشتۇرماق** ① «ئەلالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار تىجارەت ھېساباتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئەلالاشتۇرىدۇ. ② ئەلا قىلماق، ئەلا ياكى ئەلالاشقان ھالەتكە كەلتۈرمەك: باينغولىن ئوبلاستى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى.

**ئەلالاشتۇرۇشماق** «ئەلالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرقانچە رايون بىر بولۇپ، تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتى.

**ئەلالاشتۇرۇلماق** «ئەلالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرقانچە يىلدىن بۇيان، پىچان ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتى ئەلالاشتۇرۇلدى.

**ئەلالاشماق** پ. ئەلا، ياخشى بولغان ھالەتكە كەلمەك؛ ئەڭ ياخشى، قولاي بولماق؛ ياخشىلانماق: رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتى ئەلالاشتى.

**ئەلەددامام** رەۋ. دىيال. دائىم، ھەر زامان.

**ئەلەس** سۈپ. كۆزى بىر يانغا قىيپاش قارايدىغان، ئالغاي : بۇ ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن يا ئىچكەنلىكى، يا چەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئەلەس ـ بۇلەس** دىيال. ئالا ـ چەكمەن: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەس ـ بۇلەس بولغىلى تۇردى.

**ئەلەسلەشمەك** پ. كۆزى سەل يۇمۇلۇپ، خىرە كۆرىدىغان ھالەتكە كەلمەك : كۆزلىرى مەستلىكتە ئەلەسلەشكەن ياشقىنا ئىككى يىېزا يىگىتى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە گۆشىيىپ قارىشىپ تۇراتتى.

**ئەلەڭ** ئىم. ئىككى تەرەپكە كۈچسىز چايقىلىش، ئىغىناش.

**ئەلەڭ ـ ئەلەڭ** «ئەلەڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ئەلەڭ ـ سەلەڭ** ئۇيان ـ بۇيانغا كۈچسىز چايقالغان، ماغدۇرسىز، ھالسىز : ئۇ بىرنەچچە يىل بالا دەردىدىن ئەلەڭ ـ سەلەڭ يۈردى.

**ئەلەڭگۈ** ئى ① ئىزىتقۇ، ئالۋۇن، يالقۇن. ② بېشارەت، بەلگە : ئۇنىڭ ئاۋۇ كۈنكى شادلىق ئۇچقۇنلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدە، ئەمدى ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئەلەڭگۈسى كۆرۈنەتتى.

**ئەلەڭگۈ ـ بەلەڭگۈ** ئۇ ـ بۇ، ئۇنداق ـ مۇنداق... قاتارلىقلار: ــ ماۋۇ بالا بىزنى باشقۇرمىغان بىلەن ئاتىلارنىڭ قارنى، ھارۋىنىڭ جابدۇقى، ئەلەڭگۈ ـ بەلەڭگۈلىرىنى شۇ باشقۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ــ ھېزىم تېرىق قىزىشىپ سۆزلەپلا كەتتى.

**ئەلەڭگۈلۈك** ئى. ئەلەڭگۈ ھالەت، ئەلەڭگۈ كەيپىيات : قاسىم غەزەپلىنىپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىـ قاچان ئەلەڭگۈلۈك پەيدا بولغانىدى.

**ئەلەڭگۈلىمەك** پ. دىيال. يالقۇنلىماق.

**ئەلەڭلەشمەك** پ. كۆزى قاراڭغۇلىشاي دەپ قالماق، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلماق: ئىلياسنىڭ مەستلىكتە ئەلەڭلەشكەن كۆزلىـ رى ئوينىاپ كەتتى.

**ئەلەڭلىمەك** پ. ئىككى تەرەپكە كۈچسىز چايقالماق، ئىغىـ ـنىماق: ئۇ كەپىدىن چىقىپ ئەلەڭلەپ ئىككى تەرىپىگە نەزەر سالدى.

**ئەلەم** I **( ئە:لەم )** ئى [ئە] <دىن> شەرىئەت يولى بىلەن چىقىرىلغان پەتىۋانى تەستىقلايدىغان ياكى رەت قىلىدىغان دىنىي زات؛ باش مۇپتى، دىنىي ئۆلىما : ئەلەم ئاخۇنۇم.

**ئەلەم** II ئى [ئە] ① جىسمانىي ئازاب، ئاغرىق :ئەلەم كۆرۈشى. * نىياز ئۇزاق يىلغىچە كېسەل ئازابىنى تارتىپ، ئۆمرى ئەلەم بىلەن ئۆتتى. ② روھىي ئازاب، دەرد ـ ھەسرەت : ئەلەم بولماق. ئەلەم تارتماق. ئەلەم چەكمەك. ③ قەست، ئۆچ، قىساس: سىز بىكاردىن ـ بىكار شۇنچە ئاچچىقلاپ كېتىپسىز، ئۇنىڭدىن ئالالمىغان ئەلەملىرىـ ڭىزنى مەندىن ئالماقچىمۇ؟

**ئەلەم** III ئى [ئە] ① بايراق، تۇغ : ئەلەملەر كۆرۈنۈپ، دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② مازارلارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار تەرد ـ پىدىن شۇ مازارلارغا ئېسىلغان لاتا.

**ئەلەمدار** ئى [ئە + پ] <ھەرب> ئەلەم (بايراق، تۇغ) كۆتۈرگۈچى؛ بايراقدار : جەڭ مەيدانىدا ئەلەمدارلار ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

**ئەلەمداش** ئى. دەرد ـ ئەلەمنى بىللە تارتقۇچى: مۇنار ئۆلىنى تىترەتكەن پىغانلىق ئاھ ـ نىداسىدىن، ناۋاسىدىن بېرىپ ئىلھام ئەلەمداش يارىغا تاشۋاي.

**ئەلەمزادە** سۈپ [ئە + پ] يېزىت. يۈرىكى دەرد ـ ئەلەمگە توشقان، ئەلەم چەككەن، دەرد ـ ئەلەم تارتقان : ئېرىپان سۈيى ئەلەمزادىلەر قەلبىگە يەتسۇن، ئوقۇش ئۇچۇن كەتكەن ئىنىم مۇرادىغا يەتسۇن.

**ئەلەمزادە بولماق** ئەلەمگە تولماق: ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلەمزادە بولدى.

**ئەلەمسىز** سۈپ. دەرد ـ ئەلەم تارتمىغان، دەرد ـ ئەلىمى يوق، ئەلەمدىن خالىي: سەھەر ـ سۈبھى چىمەن باغلار ئارا سايرايدۇ خۇش كاككۇك، ئەلەمسىز كۈلكە يار ئەمدى مېنىڭدەك كۆڭلى سۇلغۇنغا.

**ئەلەمكارانە** رەۋ [ئە + پ] يېزىت. ئەلەملىك ئىپادە بىلەن، ئەلەملىك قىياپەتتە: خۇسۇسەن شۇ كۈنى ھەربىي ئىشتابتا، بايان قىلغان پىكىرنى قايتا ـ قايتا، يەنە ئېپىتتى روبىرتقا مەيۇسانە، ئۇزۇن ـ قىسقا تىنىپ ئەلەمكارانە.

**ئەلەملىك** سۈپ. دەرد ـ ئەلىمى بار، دەرد ـ ئەلەم تارتقان : ــ بۇ تۆھمەت ! پارتىيە ئادىل، تەكشۈرۈڭلار! ــ دېدى قىز ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

**ئەلەنجە** ئى. دىيال ① ئامال، ئىلاج، چارە، تەدبىر. ② ئىزا، ئاھانەت.

**ئەلەيھىسسالام** ئى [ئە] پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىغا ئۇلىنىپ كېلىپ «ئاللانىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغىمۇ بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلپاز ( ئەلپازى )** ئى [ئە] ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت : ئەلپازى ياخشى. ئەلپازى يامان.

**ئەلتەك** سۈپ. ئەلگە ئارىلاشقاق، ئارىلاشقاق، چىقىشقاق، كۆپرەك باشقىلار بىلەن بىللە يۈرۈشكە ئامراق، يېتىرقىمايـ ـدىغان: ئەلتەك بالا.

**ئەلتېرە** ئى. تۇغۇلۇپ بىر ئايغىچە ئارىلىقتا سويۇلغان قوزىنىڭ تېرىسى : ئۇ بېشىغا كۇچا كۆرپىسىدە تىكىلگەن چىرايلىق قۇلاقچا، ئۇستىگە ئەلتېرە ياقا تۇتۇلغان سوكنا چاپان كىيىۋالغانىدى.

**ئەلتېرىچى** ئى. ئەلتېرىنى ئېلىپ ـ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**ئەل ـ جامائەت** ئەل ۋە جامائەت، يۇرت خەلقى: ئۇزاق يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئۆمەر ئاكىنى مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت يىغىلىپ يوقلىدى.

**ئەلچى** ئى ① بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن كىشى، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىـ ـلىك رول ئوينايدىغان ئادەم : ئەلچى قويماق. ئەلچى ئەۋەتمەك. ② دىپلوماتىك ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان ئادەم؛ دىپلومات: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىـ ـتىنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى. ③ كۆچمە. دېرەك (خەۋەر) بەرگۈچى نەرسە، بەلگە : تۇرنا ــ باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئەلچى بولماق** ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماق، ئۆتىمەك، ئەلچىلىككە تەيىنلەنمەك: ئۇ گېرمانىيەدە باش ئەلچى بولۇپ تۇرغان. * ئۇ ئىككىسى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان داۋۇت ئىسىملىك بىر يىگىت نامىدىن باھار قىزغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.

**ئەلچى قويماق** ئەلچى ئەۋەتمەك: بەشكېرەمدىن ئەنجۇر ئالدىم يەكەندىن راۋاب، ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام بەرمەيدۇ جاۋاب.

**ئەلچىخانا** ئى. بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ يەنە بىر مۇستەـ قىل دۆلەتتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋاكالەت ئورنى.

**ئەلچىلىك** ئى. ئەلچى بولۇش ئىشى ، ۋەزىپىسى: رەنا :ــ ئوبدان ئاپا. ئەتىلىككە ئابلىز تاغام ئەلچىلىككە كەلمەكچى، سىز ماقۇل بولۇڭ جۇمۇ! ــ دەپ ئاپىسىنى قۇچاقلىدى.

**ئەل ـ دوست** ئەل ۋە دوست، يار ـ بۇرادەرلەر.

**ئەلقىساس** ئى[ ئە] قىساس، ئىنتىقام، ئۆچ.

**ئەلقىساسۇمنەلھەق** ئىم [ئە] قىساس ئېلىش ھەق ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دېگەن مەنىدىكى بىرىكمە.

**ئەلقىسسە** باغل [ئە] «ھېلىقى قىسسەنىڭ ئۆزىگە كەلسەك؛ شۇنداق قىلىپ» دېگەن مەنىدىكى باغلىغۇچى رولىدىكى سۆز : ئەلقىسـ

-سە، شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ خىسراۋ شەھەرگە قايتىپ، ئىككى ئاغىچىد-سىنى قويۇپ بەردى.

**ئەلكۈن** ئى، جامائەت، خالايىق، ئاما، يۇرت ئەھلى : ئەگەر بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇندىمىساڭ، ئەلكۈننىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالى-مىز. * ئۆيدە پەرزەنت، سىرتتا ئەلكۈن ئىززىتىنى بىلمىدىڭ. * ئەلكۈن ئالدىدا سەتچىلىككە قالىدىغان ئىشنى قىلمايلى.

**ئەلكېزەر** سۈپ [ئەل + كېزەر] سەرگەردان، مۇساپىر، يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇشەھەر ئارىلاپ يۈرىدىغان : ئەلكېزەر ئادەم.

**ئەلكېزەرلىك** ئى. سەرگەردانلىق، مۇساپىرلىق، بۇرۇنقى يۇرت ئارىلاپ يۈرۈش ئىشى ، سەپەر قىلىش ئادىتى : ئۇنىڭ يېرىم ئۆمرى ئەلكېزەرلىك بىلەن ئۆتتى.

**ئەلگەك** ئى. يۇمىلاق قاسقانلىق، ئاستىغا تور بېكىتىلگەن، ئۇن تاسقايدىغان سايمان: ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ (ماقال).

**ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك** ياخشى - يامانني ئايرىماق، ئىنچىد-كىلىمەك، قىلنى قىرىق يارماق : ئانداق ئاسان ئىش يوق، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى نەچچە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تەستىقلايدىكەن.

**ئەلگەكچى** ئى. ئەلگەك ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**ئەلگەكچىلىك** ئى. ئەلگەك ياساش ئىشى، ئەلگەك ياساش كەسپى : ئەلگەكچىلىك قىلماق.

**ئەلگەكلىك** سۈپ ① ئەلگىكى بار، ئەلگەك كۆتۈرگەن. ② ئەلگەك قىلىشقا بولىدىغان، ئەلگەككە يېتىدىغان : بىر ئەلگەك-لىك تور.

**ئەللامە** ئى [ئە] يېزت ① ئىلىم - پەننىڭ بىر ياكى بىرنەچچە ساھەسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىلىملىك ئادەم: خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ ھەقىقەتنى تىلى ۋە قەلىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىدە چۈشەندۈرىدىغان ھازىرقى زامان ئەللامىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ② مەلۇم ئىش، مەلۇم ساھەنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى : بۇ پالۋانغا بۇ شەھەردىكى چېلىشچىلارنىڭ ئەللامىسىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

**ئەللەشمەك** پ ① ئەلگە سىڭىپ كەتمەك، ئۆزلىشىپ كەتمەك. ② ئەل سايان بولماق. ③ كۆنمەك.

**ئەللەي** ئى ① بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىشتا ئېيتىلىدىغان سۆز : ئەللەي ئەتمەك. ② بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىشتا ئېيتىلى-دىغان ئاھاڭلىق قوشاق : ئەللەي ئېيتماق.

**ئەللەي ئەتمەك** ← **ئەللەيلىمەك:** دەرمان كېتىپ ھاردۇق يەتتى، بارغان بويى ئۇخلاپ كەتتى. شىلدىرلىغان كۆك قومۇشلار، دەردمەنلەرنى ئەللەي ئەتتى.

**ئەللەي - ئەللەي** «ئەللەي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ئەللەيلەتمەك** «ئەللەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى : بوۋاقلار ئانىلىرىنىڭ كۆكسىگە چىڭ چاپلىشىپ چىرقىراش-ماقتا، ئانىلار ئەللەيلىتىپ بەزلىمەكتە.

**ئەللەيلەشمەك** «ئەللەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەللەيلەنمەك** «ئەللەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد-جىسى: بۆلىنىپ ناخشا - كۈيۈڭ بۆشۈكىگە، تەۋرىنىدىم خىياللاردا ئەللەي-لىنىپ.

**ئەللەيلىمەك** پ. بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ ياكى يۆگەككە ئوراپ، «ئەللەي، ئەللەي» دەپ ياكى ئەللەي قوشىقى ئېيتىپ مىدىرلاتماق، تەۋرەتمەك، ئەللەي ئەتمەك : تۇرسۇنگۈل بوۋىقىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئەللەيلەپ ئۇخلاتتى.

**ئەللىدە** رەۋ. دىيال. جايىدا: ئەللىدە ئىش قىلماق.

**ئەللىك** I سۈپ. بىرەر ئەلگە مەنسۇپ، بىرەر مەملىكەتكە تەۋە : چەت ئەللىك مۇخبىر.

**ئەللىك** II سان. ئوننىڭ بەش قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان : ئەللىك ياش.

**ئەللىكبېشى** ئى. تارس [ئەللىك + بېشى] كونا جەمئىيەتتە يېزىلاردىكى ئەللىك ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى.

**ئەللىكىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى جەھەتتىن 49 نىڭ كەيند-دىلا تۇرىدىغان : ئەللىكىنچى بەت.

**ئەلمەش - چەلمەش** مۇناسىۋەتتى ئىنتايىن يېقىن، ئاپاق - چاپاق، ئىچقويۇن - تاشقويۇن، ھەمنەپەس : بۇ جانجان مەنپەئەت نەمەت بىلەن سايىمنى بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان ئەلمەش - چەلمەشلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئەلمى - تەلمى** ئىشنىڭ يولى، ئېپى - جېپى؛ شەرت - شارائىتى، ئوي - چوقۇرى : بىز تېخىچە بۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلىپ بولالمىدۇق. * بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمى بىلەن تېخى تونۇشۇپ كېتەلمىدىم.

**ئەلمىساق** ئى [ئە] تارس. ئىنتايىن قەدىم زامان، ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت : بۇ … بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدە ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئادەت.

**ئەلنەغمە** ئى [ئەل + نەغمە] يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان، بىر يۈرۈشلۈك نەغمە ياكى نەغمىلەر يىغىندىسى.

**ئەلنەغمىچى** ئى. نەغمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىند-دىغان ئادەم؛ نەغمىكەش : ناماز بامداتتىن كېيىن ئىشىكتىن بىرىند-چى بولۇپ ئەلنەغمىچىلەر كىرىپ كەلدى.

**ئەلنەغمىچىلىك** ئى. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: قەشقەر، كۇچا، غۇلجا كوچىلىرىدا، ساماۋار - چايخانىلاردا ئەلنەغمىچىلىك قىلىدىغان كەمبەغەل سازەندىلەر دائىم مۇقام چېلىش بىلەن كۈن كەچۈرگەن.

**ئەلنەغمىلىك** ئى. ئەلنەغمە قىلىش ھەرىكىتى ، پائالىيىتى : ئۇ سايىمئاخۇن ئورۇنلىغان خوتەن سەنىمى بىلەن «چەبىيات مۇقامى» سەنىمىنىڭ نوتىسىنى سېلىشتۇرۇپ، سەنەم نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئەلنەغمىلىك ئاساسى بىردەك ئىكەنلىكىنى، بىر مەنبەدىن تۈسلەشتۈ-رۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

**ئەلھاسىل** باغل [ئە] يېزت. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا، قىسقىسى، ئومۇمەن دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ : ئەلھاسىل، ئۆلكىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈ-رۈلۈشى بىلەن خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپ بارىدۇ.

**ئەلھال** رەۋ [ئە] يېزت. ھازىر، مۇشۇ پەيتتە، ئەينى ۋاقىتتا: ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئەلھال بار بولغان بىلىمنى نەزەردە تۇتقان ھالدا جانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىشى كېرەك.

**ئەلھايا** ئى [ئە] ھايا قىلىش.

**ئەلھەزەر** ئى [ئە] يېزت . ھەزەر قىلىڭلار، ساقلىنىڭلار : كۆرمىگەن ئوڭ - سولدا دۇنيا بولسىمۇ زىروزەۋەر، دەر ئىدى خەلقىم

زۇلۇمدىن «ئەلھەزەر، مىڭ ئەلھەزەر»، پىرىخۇندەك ئەللەي ئويناپ كەلسە جىندار ئالدىدا.

**ئەلھەق** يۈك [ئە] راست، شۇنداق، ھەقىقەتەن : «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دېگەن سۆز ئەلھەق راست ئىكەن.

**ئەلھەمدۇلىللا** ئىم [ئە] <دىن> ئاللاغا شۈكۈر، خۇداغا شۈكۈر دېگەن مەنىلەردە خاتىرجەملىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈ- رىدۇ : ئەلھەمدۇلىللا، مىڭ مەرتە شۈكۈر، لېكىن ئۇلتۇرسام - قوپسام ئەس - يادىم سىلىدە، تاق قوپۇپ كېلەي دېسەم ئىشلار ئۆندەرەش.

**ئەلھۆكمىلىللا** ئىم [ئە] <دىن> تەقدىرنىڭ ھۆكمى شۇ، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاج يوق، دېگەن مەنىلەردە تەن بېرىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ : بىزدە نېمە ئامال بار؟ كەلگەن بالا - قازاغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق.

**ئەل - ئولات** دىيال. ئۇرۇق - تۇغقان.

**ئەل - ئۇلۇس** تارس. ئەل - جامائەت، خەلق: ئەل - ئۇلۇس- نىڭ كۆزىنى بويىغان ياخشى ئەمەس.

**ئەلۋان** سۈپ [ئە] يېزت. تۈرلۈك، ھەر خىل: سەنەم ئېيتۇر، ئى مېھرىبان، ئۆمرۈمگە سالدىڭ دەردۇ ئەلۋان، نەچچە يىللار تارتتىم ھىجران، يۈرىكىمنىڭ مادارى يوق.

**ئەلۋەتتە** [ئە] ① رەۋ. پىكىرنىڭ ياكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قەتئىيلىكىنى، مۇقەررەرلىكىنى، شۈبھىسىز، سۆزسىز بېجىد- رىلىشىنى بىلدۈرىدۇ : مېنى بارماي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماڭ، مەن ئەلۋەتتە بارىمەن. ② يۈك. شۈبھىسىز، تۇرغان گەپ، تەبىئىي دېگەن مەنىدە : ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ دەرھال بارىدىغانلىقى بىزگە ئېنىق.

**ئەلۋەك** سۈپ. مول، كۆپ، ئاۋات، يېتەرلىك : ئۇلار مېڭىۋېرىپ بىرچاغدا سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول بىر يۇرتقا يېتىپ كەپتۇ.

**ئەلۋەكچىلىك** ئى. مولچىلىق، ئاۋاتچىلىق : قاراڭ، بازاردىكى ئەلۋەكچىلىكنى، ھەممە نەرسە بار.

**ئەلۋىدا** ئىم [ئە] يېزت. مەڭگۈلۈك خوشلىشىش، ئاخىرقى خوشلىششقا ئېيتىلىدۇ : دېدى خەلقىم شۇڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن : «ئەلۋىدا ئوغلۇم ياشايدۇ بىز بىلەن روھىڭ، ئەمەس بىزدىن جۇدا ئوغلۇم»

**ئەلۋىدالاشماق** پ. مەڭگۈلۈك خوشلاشماق : دادىسى «چوقۇم ئۆچ ئېلىڭلار!...» دېگىنىچە جاھان بىلەن ئەلۋىدالاشتى.

**ئەلپماي** ئى [ئەلپ + ماي] ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ بىر خىلى. سانائەتتە سىرنىڭ خام ئەشياسى.

**ئەللىمەلە** ئى. دىيال. جامائەت، ئەل، خالايىق: بۇ ئىشنى ئەللى- مەلە ئۇقۇپ قالمىسۇن.

**ئەلياتقۇ** ئى [ئەل + ياتقۇ] ئەل ئايىغى بېسىققان، ئەل ياتى- دىغان، بارچە ئۇخلايدىغان چاغ : بىز ئەلياتقۇدا شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق.

**ئەل - يۇرت** ئەل ۋە يۇرت، يۇرت خەلقى : ئۇ كۆڭلىدە ھامان ئەل - يۇرتنى خۇش قىلىشنى ئويلايتتى.

**ئەم** ئى<تېب> ① چېچەك ۋە بەزى باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېرە ئارقىلىق بېرىلىدىغان سۈيۇق- لۇق. ② دورا؛ شىپا؛ داۋا: كۆك ئىنەكنىڭ سۈتى يۆتەلگە ئەم بولىدۇ.

**ئەما (ئەماسى)** سۈپ [ئە] كۆزى كۆرمەس؛ قارىغۇ : خۇرشىدە موماينىڭ نېمە ئۈچۈن ئەما بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ سورى- دىم.

**ئەمالىق** ئى. كۆرەلمەسلىك ھالىتى، كۆرەلمەسلىك ئىللى- تى : ئەمەت ئاكا كۆزىنىڭ ئەمالىقىدىن يورۇق دۇنيانىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىمەن بولالماي ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئەمەس** «ئەرمەك I» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى بولۇپ، ئىنكار، رەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ : رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل (ماقال). * قارا قاشىم بار مېنىڭ، كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس. بىر ئاداشىم بار مېنىڭ، ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

**ئەمەك** ئى. دىيال. بىر خىل رەخت.

**ئەمەل I** ئى [ئە] <مات> ماتېماتىكىلىق ھېسابنىڭ ھەر بىر تۈرى : تۆت ئەمەل. قوشۇش ئەمىلى. بۆلۈش ئەمىلى.

**ئەمەل II** ئى [ئە] مەنسەپ، ھوقۇق، ۋەزىپە : ئەمەل تۇتماق. ئەمىلى ئۆسمەك.

**ئەمەل III** ئى [ئە] كۈندىلىك ئىش، پائالىيەت، ئەمەلىيەت : ئەمەلدە كۆرسەتمەك. ئەمەلگە ئاشۇرماق. * ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق (ماقال). * ئەمىلى يوق سوپىدىن، تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى (ماقال).

**ئەمەل قىلماق** رىئايە قىلماق، ئىجرا قىلماق، ئاساسلانماق : سەلىم راست سۆزلۈك ئادەم. ئۇ لەۋزىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ.

**ئەمەلپەرەس** سۈپ [ئە + پ] ئەمەلنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمەلگە ئامراق، ئەمەلنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان، مەنسەپپەرەس : ئەمەلپەرەس ئادەم.

**ئەمەلپەرەسلىك** ئى. ئەمەلگە ئامراقلىق، ئەمەلگە ئامراق مىجەز، ئەمەلنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەت : ياقۇپنىڭ سۆز - ھەرد- كەتلىرىدىن ئەمەلپەرەسلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

**ئەمەلدار (ئەمەلدارى)** ئى [ئە + پ] مەنسەپ ئىگىسى، مەنسەپدار: پارىخور ئەمەلدار.

**ئەمەلدارلارچە** رەۋ. ئەمەلدارغا ئوخشاش، ئەمەلدارلاردەك : قېيىۋمىنى بىر كۈن ۋاقىتلىق گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ قويۇۋىدى، ئەمەلدارلارچە قولىنى سىلكىپ بۇيرۇق قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**ئەمەلدارلىق** ئى. ئەمەلدار بولۇش ئىشى، ئەمەلدارغا خاس ئادەت: ئۇ قاسىمغا: — چىقىڭ، بۇ ياق بىلەن مېڭىڭ، — دېدى سوغۇق- قىنا، ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا.

**ئەمەلىي** سۈپ [ئە] ① كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيە- تىگە، تۇرمۇشىغا ئائىت بولغان، ھايات بىلەن باغلىنىشى بار : دېھقانچىلىق ئىشلىرى دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىي ئىشىدۇر. ② ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىنغان، تەجرىبە - سىناقلاردىن ئۆتكەن، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، ھەقىقىي: ئەمەلىي تېخنىكا. ئەمەلىي بىلىم.

**ئەمەلىيەت** ئى [ئە] ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئەمەلىي پائا- لىيەت، رېئاللىق : بىلىش ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

**ئەمەلىيەتچان** سۈپ. ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرى- دىغان، ئەمەلىيەتچىلىكى كۈچلۈك : ئەمەلىيەتچان ئادەم.

**ئەمەلىيەتچانلىق** ئى. ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان كەيپىيات، ئەمەلىيەتكە ئىخلاس قىلىدىغان خۇسۇسىيەت : ئادىلە يولدىشىغا : — سىز بارغاندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلار ۋە خىزمەتداشلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈڭ. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىنىمۇ كەمتەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىڭ، — دېدى.

**ئەمەلىيەتچى** ئى. ئەمەلىيەتنى ئۈستۈن كۆرىدىغان، ئەمەلىي

تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە بېرىلگەن ئادەم : بىر ئالىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەزىلەت، قىلچىمۇ ساختىلىق ۋە قۇۋلۇق قىلماسلىق، ئەمەلىيەتچى بولۇش.

**ئەمەلىيەتچىل** سۈپ. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان، ئەمەلىيەتنى ياقلايدىغان، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان، ئەمەلىيەتنى ياقلاش روھى ياكى خاراكتېرى: ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەتچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشى كېرەك.

**ئەمەلىيەتچىللىك** ئى. ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىش، ئەمەلىيەتنى ئۈستۈن كۆرۈش، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش.

**ئەمەلىيەتسىز** سۈپ. ئەمەلىيىتى يوق، ئەمەلىيەتكە ئاساسلانمىغان: ئەمەلىيەتسىز نەزەرىيە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق نەزەرىيە بار دېيىلسىمۇ، ئۇ — قۇرۇق سەپسەتە.

**ئەمەلىيەتسىزلىك** ئى. ئەمەلىيەتكە ئاساسلانمىغان ئىش، خاراكتېر.

**ئەمەلىيلەشتۈرمەك** «ئەمەلىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نىياز تۇردى يېزا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇردى.

**ئەمەلىيلەشتۈرۈشمەك** «ئەمەلىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەمەلىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەمەلىيلەشمەك** پ. ئەمەلىيەتكە ئايلانماق، رېئاللاشماق.

**ئەمەلىيلىك** ئى. ئەمەلىي بولغان ئىش، رېئال ھالەت.

**ئەمەن** ئى<بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ ئەتىيازدا شورلۇق يەرلەر ۋە ئېرىق بويلىرىدا بالدۇر ئۆسىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاق ئەمەن ۋە قىزىل ئەمەن قاتارلىق تۈرلىرى بار. تېبابەتتە قاننى سوۋۇتۇش، يەلنى قايتۇرۇش رولى بار.

**ئەمەنلىك** ئى. ئەمەن كۆپ ئۆسكەن، ئەمەن بىلەن قاپلانغان جاي.

**ئەمبەل** ئى [خەن] خېمىرنى زۇۋۇلا قىلىش، ئېچىش ھەم گۆش، سەي توغراش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان شال تاختا.

**ئەمبەللىك** سۈپ ① ئەمبىلى بار، ئەمبەل ئورناتقان. ② ئەمبەل ياساشقا لايىق، باب : ئەمبەللىك تاختاي .

**ئەمچەك** ئى ① ئاياللارنىڭ سۈت بەزلىرى جايلاشقان ئەزاسى: بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس (ماقال). ② سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈت بېرىدىغان ئەزاسى، يېلىن.

**ئەمچەكداش** ئى. ئېمىلداش.

**ئەمچەكسىمان** سۈپ. ئەمچەككە ئوخشايدىغان، ئەمچەك شەكىللىك : ئەمچەكسىمان ئۆسمە.

**ئەمچەكلىك** سۈپ ① ئەمچىكى بار : ئەمچەكلىك ھايۋانلار. ② ئەمچىكى چوڭ : ئەمچەكلىك ئايال.

**ئەمچى** ئى. ئەملىگۈچى تېۋىپ؛ تومۇرچى : كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ يۈرگەن يولچى بولۇر (ماقال).

**ئەمچىلىك** ئى. ئەملەش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئايۇپ ئاتا مىراس كەسپى ئەمچىلىكنى قايتا قولىغا ئالغاندىن كېيىن ھال - كۈنى تېزلا ياخشىلىنىپ كەتتى.

**ئەمدۈرمەك** «ئەممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : چۈنكى سەن پەپىلەپ، ئاق سۈت ئەمدۈرۈپ، تۈنلىرى يېنىمدىن ئايرىلماي باققان. يىغلىسام قايسى چاغ مەن قىلىپ خەقىش، قولۇڭغا سەن ئېلىپ باغرىڭغا ياققان.

**ئەمدۈرۈلمەك** «ئەمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەمدى** رەۋ ① سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە، ھازىر: مانا ئەمدى ھەممە ئىش جايىدا بولدى. ② سۆز سۆزلىنىۋاتقان پەيتتىن كېيىن، ھازىر: ئۇ ئەمدى كېلىدۇ. ③ مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆز: خوش ئانا، كېتەي ئەمدى، مەكتەپكە يېتەي ئەمدى. بىلىم - ھېكمەت يولىغا جاننى بەخش ئېتەي ئەمدى.

**ئەمدىكى** سۈپ. سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتقا ئائىت، شۇ پەيتتىكى، نۆۋەتتىكى، ھازىرقى : ئەمدىكى گەپ. ئەمدىكى ۋەزىپە.

**ئەمدىلەتىن** رەۋ. ئەمدىرەك، ئەمدىلا : ئابدۇزاھىرلار ئەمدىلەتىن يولغا چىققان بولۇشى مۇمكىن.

**ئەمدىلىكتە** رەۋ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۈگۈنكى كۈندە : ئەمدىلىكتە ھېلىقى ئورۇق كالىلار تولۇمدەك سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ كەتتى.

**ئەمر** ئى [ئە] ① بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق : ئەمر قىلماق. ② ئىختىيار، ئىختىيارلىق؛ ئىلىك؛ نىكاھ : ئەمرىگە ئالماق. ئەمرىدە ساقلىماق.

**ئەمر - پەرمان** بۇيرۇق، پەرمان قاتارلىقلار: دۆلەت ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دۆلەت تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مۇھىم قانۇن، ئەمر - پەرمانلارنى تۈزۈپ چىقتى.

**ئەمرىمەرۇپ** ئى [ئە] <دىن> دىنىي تەشۋىقات، پەند - نەسىھەت: موللام يەنە بىرمۇنچە ئەمرىمەرۇپ قىلدى.

**ئەمرىمەرۇپچى** ئى. دىنىي پەند - نەسىھەت قىلغۇچى كىشى.

**ئەمرىمەھەل** ئى [ئە] ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى دەرگۇمان، ناتايىن بولغان مۇشكۇل ئىش.

**ئەمزەك** ئى. دىيال. ① ئەمچەكنىڭ توپچىسى (تۈگمىسى). ② ئېمىزگە.

**ئەمسۆرۈل** سۈپ. دىيال. غەيرىي، باشقىچىلا؛ قاملاشمىغان، ئېگىز - پەس: ئەمسۆرۈل گەپ قىلمىساڭچۇ.

**ئەمسۇر** سۈپ. دىيال. ھوشسىز، بىتاب: بالا ئەمسۇر بولۇپ قالدى.

**ئەمگەك** I ئى. ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قىلىنىغان ئىش، پائالىيەت؛ سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر؛ مېھنەت : ساقىلىنى ساتقان قېرىدىن، ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى (ماقال).

**ئەمگەك كۈچى** <س ئىق> ئادەملەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى يەنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچىنىڭ يىغىندىسى.

**ئەمگەك كۈنى** <س ئىق> ئەمگەك ۋاقتىنى ھېسابلاشنىڭ بىرلىكى. مەملىكىتىمىزدە سەككىز سائەت بىر ئەمگەك كۈنى بولىدۇ.

**ئەمگەك ۋاستىلىرى** <س ئىق> كىشىلەر ئەمگەك ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە پايدىلىنىدىغان بارلىق ماددىي ۋاستىلەرنىڭ مەجمۇئەسى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قورالى، يەر، ئۆي - ئىمارەت، يول، قانال، ئامبار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش قورالى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

**ئەمگەك** II ئى. دىيال. جاپا، مۇشكۇلات، غۇربەتچىلىك،

قىيىنچىلىق: ئەمگەك تارتماق. *ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار ،قىلمىساڭ چانىقىڭ چىقار (ماقال).

**ئەمگىكى قېيىشماق** دىيال. نەس باسماق، ئىشى تەتۈرگە ئۆرۈلمەك، ئىشى ئوڭغا تارتماسلىق، ئىلگىرى كەلمەسلىك: بۇ بالىنىڭ ئەمگىكى قېيىشىپ، كېسەلى قويۇش بەرمەي كەتتى.

**ئەمگەكچان** سۈپ. ئىشچان، ئەمگەك سۆيەر : ئەمگەكچان ياش. * مېنىڭ ئانام ئەمگەكچان، ئانىلارنىڭ ياخشىسى. ئىشى چۈشمەس قولىدىن، ئېغىزىدىن ناخشىسى.

**ئەمگەكچانلىق** ئى. ئەمگەكنى سۆيىدىغان كەيپىيات ، ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان خۇسۇسىيەت: ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەمگەكچانلىقى بارلىقىغا كەلگەنگە قەدەر بولغان جەريانىنى ئەسلىدى. * بىر دۆلەت ئىقتىسادتا كۈچىيىشى ئۈچۈن، دۆلەتتە خەلققە تىرىشىپ ئىشلەشنى، ئەمگەكچانلىقنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشى لازىم.

**ئەمگەكچى** ئى. ئەمگەك قىلغۇچى، مېھنەتكەش، ئىشچى.

**ئەمگەكسىز** سۈپ. ئەمگەك قىلماي، ئەمگەك سىڭدۈرمەي، ئىشلىمەي : سۇسىز ھايات بولماس، ئەمگەكسىز راھەت بولماس (ماقال).

**ئەمگەكقاراش** ئى [ئەمگەك + قاراش] ئەمگەككە بولغان تونۇش، چۈشەنچە، ئەمگەك ھەققىدىكى كۆز قاراش : ئۇنىڭ ئەمگەكقارىشى ياخشى.

**ئەمگەكلىك** I سۈپ. ئەمگەك قىلىنغان، ئەمگەك سىڭگەن؛ مېھنەتلىك : ئەمگەكلىك ئىشنىڭ ئاتىقى چىقار، بولمىسا چاتىقى چىقار (ماقال).

**ئەمگەكلىك** II ئى. دىيال. جاپاكەشلىك، شورپېشانىلىك، تەلەيسىزلىك.

**ئەمگەلدۈرمەك** «ئەمگەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەمگەلمەك** ① «ئەمگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② جاپا تارتماق، جاپا چەكمەك، پايپېتەك بولماق، ھارماق.

**ئەمگىمەك** پ. دىيال. جاپا چەكمەك، چارچىماق، ھارماق، تالماق.

**ئەملەتمەك** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چېچەك ئەملەتمەك.* ئىت چىشلىۋالغاندا، دەرھال غالجىر كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملىتىڭ.* ھازىر غالجىر كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملىتىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

**ئەملەشمەك** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەملەنمەك** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ ئىلمەك ئۈچلۈق بۇرغىسىمان تەنچە كېسىلى تارقىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغاندا، نۇقتىلىق كىشىلەر كۆيدۈرگۈ ۋاكسىنىسى، ئىلمەك ئۈچلۈق بۇرغىسىمان تەنچە كېسىلى ۋاكسىنىسى بىلەن جىددىي ئەملىنىدۇ.

**ئەملىتىلمەك** «ئەملەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەملىك** سۈپ. دىيال. كۆندۈرۈلمىگەن، ئۆگىتىلمىگەن، ئاساۋ، توسۇن: ئەملىك مال. ئەملىك ئات.

**ئەملىك مال** دىيال. كۆندۈرۈلمىگەن مال، ئاساۋ ئات، توسۇن ئات.

**ئەملىمەك** پ. داۋالىماق، كېسەلگە دورا بەرمەك، چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى سالماق، مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرماق : چېچەك ۋاكسىنىسىنى ئەملىمەك.

**ئەمما** باغل [ئە] قارىمۇقارشى باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەنە جەھەتتىن «لېكىن»، «بىراق» سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش : مەن كۆزلىرىدىن كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرغۇچى بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىدىم ـ يۇ، ئەمما ئىشقا بەلگىلەشكە تىلىم بارماي، ياغاچ چېلەكنى ئالدىم ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

**ئەممەك** پ ① ئەمچەكتىن ياكى ئېمىزگۈدىن سۈت سۈمۈرۈپ ئىچمەك : — جېنىم ئانا ! سەندىن بۈگۈن ئايرىلىدىغان بولدۇم، سېنى ئاخىرقى قېتىم بىر ئېمىۋالسام، — دەپتۇ بالا. ② كۆچمە. ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، بەھرە ئالماق : گۈل چېكىمەن ئىشقىمدىن، تالا ـ تالا يول قىلىپ، تاغدەك كۆچكە تولدۇممەن، زامانەمدىن نۇر ئېمىپ.

**ئەمىر** ئى [ئە] <تارىخ> خان، پادىشاھ، باش سەركەردە : ئۇ چوڭ بىر ئەمىرنىڭ قىزى ئىكەن.

**ئەمىرزادە** ئى [ئە + پ] ئەمىرنىڭ ئوغلى : — ھەي يىگىت ! راستىڭنى ئېيتقىن، پادىشاھزادىمۇسەن، يا ئەمىرزادىمۇسەن، يا بەگزادىمۇسەن ياكى بايزادىمۇسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

**ئەمىرلىك** سۈپ. ئەمىردە بولىدىغان، ئەمىرگە لايىق، ئەمىرگە تەئەللۇق : ئەمىرلىك ھوقۇق.

**ئەمىر ـ ئۆمەرا** ئەمىر ۋە ئەمىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار: شاھ مەھمۇدخان ئەمىر ـ ئۆمەرالىرىغا قاراپ : — ئەل ـ يۇرت بىزدىن رازىمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى.

**ئەمىسە** باغل. جاۋاب جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ئۇنداقتا، ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ : — ماقۇل موما، ئەمىسە كەتتۇق، سەن ماڭا راستىنلا بىر دانە پۇتبول توپى ئېلىپ بېرەمسەن؟ — دېدى مومايىنىڭ نەۋرىسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**ئەمىن** سۈپ [ئە] ① ئامان ـ ئېسەن؛ خاتىرجەم : ئەمىن تاپماق. ② ئىشەنگەن : بىز پادىشاھىمىزنىڭ پۇقرالارغا بۇنداق غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىغا ئەزەلدىنلا ئەمىن ئىدۇق.

**ئەمىنلىك** ئى. ئەمىن ھالەت، ئەمىن كەيپىيات : ساۋاقداشلار قەيسەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمىنلىكىنى ئاڭلاپ ئەركىن نەپەس ئېلىشتى.

**ئەن** I ئى. قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاق ياكى يوتىسىغا سېلىنغان بەلگە، نىشان : ئەن سالماق.

**ئەنگە ئالماق** تىزىملىماق، خاتىرىگە ئورناتماق: ئۇ، بۇ ئىككى چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنى كوللېكتىپ ھالدا 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالدى.

**ئەن** II ① ئى. رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كەڭلىكى؛ توغرىسى : ئېنى كەڭ رەخت. رەختنىڭ ئېنى. ② سۈپ. كىيىم ۋە باشقا نەرسە ئۈچۈن تېخى ئۆلچەپ كېسىلمىگەن؛ پارچىلانمىغان: ئەن رەخت. ئەن ياغاچ.

**ئەن** III سۈپ. سۇ ئىتتىك، راۋان ئاقىدىغان، چوڭقۇر: سۈيى ئەن. ئەن ئېرىق.

**ئەن** IV سۈپ. ئۆزلەشكەن، كۆنگەن، ئۇنۇملۇك، ھوسۇللۇق؛ مۇنبەت :ئەن يەر. يېرى ئەن جاي.

**ئەن** V ئى. دىيال. ۋارقىراش؛ ئەنسىزلىك، ئەندىشە.

**ئەن سالماق** دىيال. ۋارقىرىماق: بالام نېمە ئەن سېلىپ كەتتىڭ؟

**ئەنە** ① ئال. نېرىراقتا ياكى كۆز ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى ياكى بولمىسا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە، ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ: — سەمەت قېنى؟ — ئەنە، كېلىۋاتىدۇ. ② يۇك.

كۆرسىتىش، تەكىتلەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئەنە شۇنداق چاغدىمۇ دادام مېنى جىددىي ھەم سالماق قەدەملەر بىلەن ئالغا يېتەكلەپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئەنەتكەك** ئى. ھىندىستاننىڭ تىلىمىزدا قوللىنىلغان قەدىمكى نامى.

**ئەنەقەي** ئىم. دىيال. سەلب. «قارا، ھوي» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، نارازىلىق تۇيغۇلىرىنى بىلدۇرىدىغان سۆز: ئەنەقەي، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى! * ئەنەقەي، مەينەت بالا بولۇپ قاپسەن!

**ئەنە- مانا** ھەر خىل باھانە- سەۋەب، ۋەج، قۇرۇق ۋەدە، گەپ- سۆز: سەن ئەمدى ئەنە- ماناڭنى قوي.

**ئەنە- مانا دېمەك** ھەرخىل باھانە- سەۋەب، ۋەج كۆرسەتمەك، قۇرۇق ۋەدە بەرمەك: ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ماقالەمنى يەنە بىر قېتىم سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ ئەنە- مانا دەپ يۈرۈپ ماقالىنى بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندە قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى.

**ئەنئەنە** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۆرپ- ئادەت، ئەخلاق، ئەدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىق تەرەپلەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئاتىدىن بالىغا قېلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل: مېھماندوست ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ، يېپەك سەللىلىك يولۇچىنى ئۆيگە باشلىدى.

**ئەنئەنىچى** ئى. ئەنئەنە ۋە قائىدە- يوسۇنلارنى قوغدىغۇچى ۋە ياقلىغۇچى، داۋاملاشتۇرغۇچى كىشى.

**ئەنئەنىچىلىك** ئى. ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئەنئەنە بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەنئەنىلىك** سۈپ. ئەنئەنىگە ئىگە: ناۋايى ئانا تىلىمىزنىڭ ئەنئەنىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات مەيدانىغا چىقتى ۋە سەلبىي جەريانغا خاتىمە بەردى.

**ئەنئەنىۋى** سۈپ [ئە] ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەنئەنە بولۇپ قالغان، ئەنئەنىگە ئايلانغان، ئەنئەنىلىك: ئەنئەنىۋى بايرام. ئەنئەنىۋى ئادەت.

**ئەنئەنىۋىلىك** ئى. ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئادەت، ئەنئەنىگە خاس قائىدە.

**ئەنبەر** ئى [ئە] كىت ئۈچەيدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان مومسىمان ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق ماددا، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قارا بولىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ: دىلرەبانىڭ قولى ھىجران ياقىسىنى قىلدى چاك، لالە- ئەنبەر ھىدىغا تولدى ھاۋا، تۇپراقۇخاك.

**ئەنبەرگۈل** ئى [ئەنبەر + گۈل] <بوت> ← قوڭغۇراقباش.

**ئەنبەرلىك** سۈپ. ئەنبىرى بار، ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان: يول بويى كەلدىم ساماغا يۆلىنىپ، مۇشكى- ئەنبەرلىك ھاۋاغا چۆمۈلۈپ.

**ئەنبەھ** ئى [پ <ھىند] <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، مېۋىسى بۆرەك شەكلىدە بولىدۇ، پىشقاندا سارغىيىدۇ، ئۇچكىسى چوڭ، تالالىرى بار، مېۋە گۆشى سېرىق، يېيىشكە بولىدۇ، شىرنىلىك، تەمى مەززىلىك بولۇپ «مانگو» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەنبىيا** ئى [ئە] <دىن> پەيغەمبەرلەر: ئۇ پۈتۈن ئەۋلىيا، ئەنبىيالارنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ قوزغالماسقا ۋەدە بەردى.

**ئەنبىيالىق** ئى. ئەنبىيالارغا خاس ئىش، پائالىيەت.

**ئەنت** ئى. ئىنتىقام، قىساس، ئۆچ: ئەنتىنى ئالماق. * ئۆلسەم ئورنۇمدا قالار ئىزىم بار، ئەنتىمنى ئالار ئوغۇل- قىزىم بار.

**ئەنتارتقۇ** ئى [ئەن + تارتقۇ] ① توقۇلۇۋاتقان گىلەمنىڭ كەڭلىكىنى مۇقىملىقتا ساقلاش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن تارتىپ تۇرىدىغان تانا. ② گىلەمنىڭ ئەن تەرىپىنى تارتىدىغان كالتەك.

**ئەنجام** ئى [پ] يېزت. ئائىلە سەرەمجانلىرى؛ زۆرۈر نەرسە- كېرەكلەر: سەيدىخان ئاچىمۇ ئۇنىڭ سەپەر ئەنجاملىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، پېشايۋاندا ھازىر بولدى.

**ئەنجان پاختىكى** قىشتا كېتىپ يازدا پەيدا بولىدىغان، جۈغى ئادەتتىكى پاختەكتىن كىچىك، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل پاختەك.

**ئەنجان تېمى** كۆمىلاچ قىلىنغان لاي بىلەن قوپۇرۇلىدىغان تام: باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن، ئەنجان تېمى باغ ئىكەن. ئەنجان تېمى تۈۋىدە، روزىلەمخان بار ئىكەن.

**ئەنجۈر** ئى [پ] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، مېۋىسى گۆشلۈك بولۇپ، خام چېغىدا يېشىل، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر ياكى سۆسۈن قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى، شېخى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىمۇ دورا قىلىنىدۇ؛ تەمى تاتلىق بولۇپ، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز؛ بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، تالنى ياخشىلايدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ. رېماتىزمنى يوقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈت ماڭدۇرىدۇ.

**ئەنجۈرشاپتۇل** ئى [ئەنجۈر + شاپتۇل] <بوت> شەكلى ئەنجۈرگە ئوخشايدىغان، شاپتۇلنىڭ يەنە بىر خىل يېڭى سورتى.

**ئەنجۈرلۈك** ① سۈپ. ئەنجۈر بار. ئەنجۈر ئۆسكەن: ئەنجۈرلۈك باغ. ئەنجۈرلۈك ھويلا. ② ئى. ئەنجۈر تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، ئەنجۈر تىكىلگەن جاي: قەيسەر ئەتىگەندە ئەنجۈرلۈككە كەتتى.

**ئەنجۇمەن** ئى [پ] يېزت ① يىغىلىش، يىغىن، مەجلىس، ئولتۇرۇش: ئۇلار خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شائىرغا بېغىشلانغان ئەنجۇمەن ئۆتكۈزدى. * ئۇ لابوراتورىيەدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ئەنجۇمەنلەرگە پات- پات بېرىپ تۇراتتى.

**ئەنجبار** ئى [پ] <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يىلتىزسىمان تومۇر، تىك، يەككە ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ساپاقسىز، مېۋىسى ئۈچ قىرلىق، قارا، پارقىراق كېلىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى دورا بولىدۇ؛ ئىسسىق قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئەندامە** ئال. دىيال. ھەرقانداق: مەزلۇم خەقنىڭ ئەندامىسىنى كۆرمىگەن.

**ئەندەك** سۈپ. بىردەم، كىچىككىنە، جىندەك: ئەندەك تەخىر

قىلىپ تۇرۇڭ.

**ئەندۇ** سۇپ. غەلىتە، باشقىچە؛ خاتا، ناتوغرا؛ يامان؛ چاتاق: ئەندۇ گەپ قىلما. * كېچە ئەندۇ يېتىپ قاپتىمەن، بويىنۇم قىڭغىر بولۇپ قاپتۇ. * تىردانىدا ئوقۇم جىق ئىدى، ئاتقاندا كۆڭلۇم توق ئىدى. يارىم يانىدا تۇرغاندا، ئەندۇ خىياللار يوق ئىدى.

**ئەندىۋا** ئى [پ] <بىن> سۇۋاقچىلىقتا تامنى سۇۋاش، سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەستىلىك، تىگى سىلىق مېتال ئەسۋاب.

**ئەندىزە** ئى [پ] ① كىيىم - كېچەك ياكى بىرەر باشقا نەرسە پىچىش، تەييارلاشتا ئۆلچەم قىلىنىدىغان ئۈرنەك، ئۆلگە : كىيىم ئەندىزىسى. گۈل ئەندىزىسى. ② كۆچمە. ئۆرنەك؛ نەمۇنە : ئەندىزە قىلماق.

**ئەندىزىچى** ئى. ئەندىزە تەييارلاش، ئەندىزە ئېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئەندىزىچىلىك** ئى. ئەندىزە ئېلىش ۋە ئەندىزە تەييارلاش ئىشى ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**ئەندىزىلەشتۈرمەك** «ئەندىزىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەندىزىلەشتۈرۈلمەك** «ئەندىزىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەندىزىلەشمەك** پ ① ئەندىزىگە ئېلىنغان، ئەندىزە قىلىنغان ھالەتكە كەلمەك. ② ئۆرنىكى، نەمۇنىسى بار بولماق.

**ئەندىزىلىك** سۇپ. ئەندىزىسى، ئۆلگىسى بار.

**ئەندىشە** ئى [پ] غەم، تەشۋىش، خاتىرجەمسىزلىك : ئەندىشە قىلماق. ئەندىشىگە چۈشمەك.

**ئەندىشىسىز** سۇپ. غەم - ئەندىشىسى يوق، خاتىرجەم، غەمسىز : بوغۇلۇپ قالغان تىلىڭنى قىل راۋان ئەندىشىسىز، چەكمە غەم، تۇزلە بېلىڭنى كۆتۈرۈپ باشنى ئېگىز.

**ئەندىشىلىك** سۇپ. غېمى، تەشۋىشى، ئەندىشىسى بار: مەن كەلگۈسى ھەققىدە ئەندىشىلىك خىياللارنىمۇ قىلاتتىم.

**ئەندىكتۈرمەك** «ئەندىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ چىرايلىق قىزنىڭ خۇش تەبەسسۇمى قادىرنىڭ يۈرىكىنى ئىختىيارسىز ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

**ئەندىكتۈرۈلمەك** «ئەندىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەندىكمەك** پ ① تاسادىپىيلىقتىن سىلكىنىپ كەتمەك، شۈركەنمەك، چۆچۈمەك: رەقىبىنىڭ سۆزىدىن بىراۋ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتىم. ② ئەنسىرىمەك، قورقماق.

**ئەندىكىشمەك** «ئەندىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەندۆرىمەك** پ. دىيال. بېشى قايماق، تېنىمەك، تەمتىرىمەك، ئاداشماق.

**ئەنزار** ئى [ئە] <مەت> دەسلەپكى پىكىر، دەسلەپكى مۇلاھىزە، دەسلەپكى قاراش.

**ئەنزە** ئى [خەن] <قا> جەمئىيەتتىكى تەپتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ۋە دەۋا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇنغا خىلاپ ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە : ئەنزە ئاغدۇرماق. ئەنزە تۇغدۇرماق.

**ئەنسىرەتمەك** «ئەنسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز قېقىلىشى زايىت بوۋاينى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. * ئەمما، لادىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەمنى ناھايىتى ئەنسىرىتىدۇ.

**ئەنسىرەشمەك** «ئەنسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىزىنىڭ «زۇنۇن لەقۋاغا ياتلىق بولماقچى ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - چۆچەكلەرگە قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىشەتتى.

**ئەنسىرىمەك** پ. غەم قىلماق، قايغۇرماق، ئەندىشە قىلماق : ئۇلار گۈلچېھرەنىڭ بۇ مەسئۇلىيەت تۇزۇمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى.

**ئەنسىز** I سۇپ. ئەن سېلىنمىغان، ئېنى يوق: ئەنسىز قوي. ئەنسىز كالا.

**ئەنسىز** II سۇپ. ئېنى تار، ئېنى تاختا : ئەنسىز رەخت.

**ئەنسىز** III سۇپ. تىنچ، خاتىرجەم ئەمەس، ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق : ئەنسىز كېچە. // ئەنسىز ۋارقىرىماق.

**ئەنسىزچىلىك** ئى ← **ئەنسىزلىك** : بىر گۆرگە سۇ كىرسە، مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك (ماقال).

**ئەنسىزلەشمەك** پ. ئەنسىز بولماق، ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك بولۇپ قالماق، خاتىرجەمسىزلەشمەك: قاپلان ئەنسىزلىشىپ، بىر يۇقىرىغا، بىر ئەتراپىدىكىلەرگە ئالاق - جالاق قارايتتى.

**ئەنسىزلەندۈرمەك** «ئەنسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئارقا - ئارقىدىن توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان قوڭغۇراق گۈلسۇمخان ئانىنى ئەنسىزلەندۈرۈۋەتتى.

**ئەنسىزلەنمەك** پ. ئەنسىز ھالەتكە كەلمەك، ئەنسىزلىك ھېس قىلماق : «ئاپلا، يامغۇر ياغىدىغان بولدى!» رېشىت ئۇستا ئاسمانغا قاراپ ئەنسىزلەندى.

**ئەنسىزلىك** ئى. تىنچ بولمىغان ھالەت، ئەنسىز كەيپىيات : گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان (ماقال).

**ئەنقا** ئى [ئە] يېزت. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك ئەپسانىۋى قۇش.

**ئەنكاپ** ئى<بىن> تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خىش ئارىلىقلىرىدا قالغان كاۋاكچىلارغا لاي تولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ئەنكاپلاتماق** «ئەنكاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەنكاپلاشماق** «ئەنكاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەنكاپلانماق** «ئەنكاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەنكاپلىماق** پ <بىن> تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خىش ئارىلىقلىرىدا قالغان كاۋاكچىلارغا لاي تولدۇرماق.

**ئەنگەلمەك** پ. دىيال. قوزغالماق: ۋاقتىمۇ كەچ بوپتۇ، ئەمدى ئەنگىلەمدۇق؟

**ئەنگىلىشىم** ئى [ئىنگ] يىپەكتىن توقۇلىدىغان تېگى قېلىن، يۈزىگە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، گۈلى پارقىراق بىر خىل رەخت، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ.

**ئەنلەتمەك** I «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەنلەتمەك** II «ئەنلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەنلەشمەك** «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەنلەنمەك** «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئەنلىك** سۈپ. ئېنى نىسبەتەن كەڭ، ئېنى تاختا ئەمەس: ئەنلىك رەخت. ئەنلىك بۆز.

**ئەنلىمەك** I پ. مېتىرلىماق، ئېنى ئۇخشاش ھالغا كەلتۈرمەك؛ ئۆلچىمەك: رەختنى ئەنلىمەك. ماتانى ئەنلىمەك.

**ئەنلىمەك** II پ. كەڭرىپ، چوڭقۇرلىشىپ تېز، راۋان ئاقىدىغان ھالەتكە كەلمەك، ئەن تارتماق (سۇ ھەققىدە): ئېچىق ئەنلەپ ئاسان ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

**ئەنهار** ئى [ئە] <سۇ> يېزت. ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا، دەريالار: مەن سىزنى جەننەتۇلمەۋانىڭ تەھنە ئەنهار بويىدا ئاشىقلار شاھلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرىمەن.

**ئەنۋەرەك** ئى. دىيال. خېنىگۈل: يالغۇزۇمۇ بارىدا، گۈللەپ ئېچىلغان ئەنۋەرەك.

**ئەھە** ئىم. يۆتەلگەندە چىقىدىغان قاتتىق ئاۋاز.

**ئەھەي** ئىم. ئەپسۇسلىنىش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — ئەھەي... تۆگە مىنىپ تۇرۇپ تۆگىسىنى ئىزدەپتۇ دېگەننىڭ ئۆزى شۇ - دە! — دېدى ئۇ ئاچچىق قىلىپ.

**ئەھدە** ئى [ئە] پۈتۈشكەن، بىرلىككە كەلگەن قەتئىي سۆز، ۋەدە، لەۋز؛ قارار: ئەھدە قىلماق. ئەھدىسىدىن چىقماق.

**ئەھدۇپەيمان** ئى [ئە + پ] يېزت. قەتئىي ۋەدە: يوق ساڭا بۇندا ئورۇن، سەن ئەھدۇپەيمان بۇلغىدىڭ، چىن مۇھەببەت يولىدا بىر سۆز ۋە بىر جان بولمىدىڭ.

**ئەھدىلەشمەك** پ. شەرتلەشمەك، ۋەدىلەشمەك، سۆز بېرىشمەك: بۇرۇن بىز ئۇچەيلەن ئەھدىلەشكەن ۋاقتىدا، بىللە ياشاپ بىللە ئۆلىمىز دەپ ئانت ئىچىشكەنىدۇق.

**ئەھدىنامە** ئى [ئە + پ] يېزىلغان ھۆججەت، شەرتنامە، كېلىشىم: ئەھدىنامە تۈزمەك. ئەھدىنامە يازماق.

**ئەھكام** ئى [ئە] يېزت. ھۆكۈم، ئەمر - پەرمان، يولىيورۇق: دىنىي ئەھكام.

**ئەھل** ئى [ئە] ① بىرەر ساھە، كەسىپ ياكى دائىرە كىشىلىرى: كەسىپ ئەھلى. بىلىم ئەھلى. ② مەلۇم بىر جايدا ياشايدىغان، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر، ئاھالە: يۇرت ئەھلى. شەھەر ئەھلى. ③ بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە قاتناشقۇچى، داخىل بولغۇچى كىشىلەر، جامائەت: مەجلىس ئەھلى.

**ئەھلىسەلىپ** ئى [ئە] <تارىخ> ئوتتۇرا ئەسىردە مۇقەددەس زېمىننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن غەربتىكى خىرىستىيانلارنىڭ قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقۇچىلار، ئۇلار كىيىملىرىگە ۋە قوراللىرىغا سەلىپ (كىرېست) بەلگىسىنى قادىۋالغان، شۇڭا ئەھلىسەلىپ دېيىلگەن.

**ئەھلىسەلىپچى** ئى. ئەھلىسەلىپنى ياقلىغۇچى، ئەھلىسەلىپ تەرەپدارى: ئېنىقكى، ئەينى دەۋردىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى قانداق ئادەمگە، قانداق ئەسەرگە بېرىش توغۇرلۇق ئېنىق مەيدانغا ۋە كۆزقاراشقا ئىگە.

**ئەھلىمەھەللە** ئى [ئە] بىر مەھەللىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر، بىر مەھەللىنىڭ ئادەملىرى، ئەل - جامائەت: توختى كۆپچىلىككە: — قېنى، جامائەت، ئەھلىمەھەللە مۇشۇ يەردە ئىكەنمىز، بۇ توغرىدا مەسلىھەتلىشىپ باقايلى، — دېدى.

**ئەھمىيەت** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا، جەمئىيەتتە، ۋەقەلىكتە تۇتقان ئورنى؛ قىممىتى؛ مۇھىملىقى؛ رولى: ئەھمىيىتى بار. ئەھمىيىتى زور. ② ئېتىبار؛ دىققەت - ئېتىبار: ئەھمىيەت بەرمەك.

**ئەھمىيەتسىز** سۈپ. ئەھمىيىتى، ئېتىبارى، زۆرۈرىيىتى يوق، مۇھىم ئەمەس: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالماس ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بىر نېمە ئىدى.

**ئەھمىيەتسىزلەشمەك** پ. ئەھمىيىتى يوق بولماق، ئەھمىيىتى يوق ھالەتكە كەلمەك، ئەھمىيىتى تۈگىمەك، بىمەنىلەشمەك: تازا ئۆگەنسەم، ئىشلىسەم، ئىجاد قىلسام بولىدىغان ياشلىقىمنىڭ مەززىسىنى ھېس قىلالمىدىم. مەن ئۈچۈن گويا ھەممە نەرسە بىمەنە ۋە ئەھمىيەتسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**ئەھمىيەتسىزلەنمەك** پ. ئەھمىيەتسىز بولماق، ئەھمىيەتسىز دەپ قارالماق، ئەھمىيىتى قالماسلىق، ئەھمىيەتسىز ھالەتكە چۈشمەك.

**ئەھمىيەتسىزلىك** ئى. ئەھمىيىتى، ئېتىبارى، زۆرۈرىيىتى يوقلۇق؛ ئەھمىيىتى بولماسلىق، ئەھمىيىتى قالماسلىق.

**ئەھمىيەتلىك** سۈپ. ئەھمىيىتى بار، ئەھمىيەتكە ئىگە: بۈگۈنكى سۆھبەت بىر ئەھمىيەتلىك دەرس بولدى.

**ئەھھەي** ئىم. ئەپسۇسلىنىش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — ئەھھەي ... تۆگە مىنىپ تۇرۇپ، تۆگىسىنى ئىزدەپتۇ، دېگەننىڭ ئۆزى شۇدە! تونۇشۇڭلار، بۇ مېنىڭ ئۇكام ئادىل.

**ئەھۋال** ئى [ئە] ① مەۋجۇت بولغان ياكى يۈز بەرگەن ھالەت، پەيدا بولغان كەيپىيات، ۋەزىيەت: ئىنقىلاب دەۋرىدە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. ② تۇرمۇش شارائىتى، ھال - ئەھۋالى، كۈنى: ئۆي ئەھۋالى. * ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى قوشناڭدىن سورا (ماقال).

**ئەھۋالات** ئى [ئە] ھال - ئەھۋاللار، ۋەزىيەت، شارائىت: تەرجىمان ھىندىستانغا خېلى كۆپ قېتىم كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالاتى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى.

**ئەھۋاللاشماق** پ ① بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشماق: ئەختەم گۈلچەمخان چوڭ ئانامغا قاراپ كېلىۋېتىپ، گۈللۈك يېنىدا ئىككى قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ تەزىم قىلدى. قەددىنى رۇسلاپ ئەھۋاللاشتى. ② ھاللاشماق، پاراڭلاشماق، سۆزلەشمەك؛ پىكىرلەشمەك: تاشۋاي كىشىلەرگە سالام بېرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىدۇ.

**ئەھيا** ئى [ئە] يېزت. بەرپا، بىنا: ئەھيا قىلماق.

**ئەھيان** رەۋ [ئە] يېزت. ھەر زامان، بىر زامان، بەزىدە: سەبرى گۆھەر، سىر ئالتۇن، سىرى ئەھيان ئۆزگىدۇر. سىرى ئايان ئەھلىگە، ئۆمرى گەريان ئۆزگىدۇر.

**ئەۋەتكۈزمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەيدان رەھبەرلىكىگە ئەھۋال ئېيتىشنى، ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكۈزۈشنى ئويلىدىم.

**ئەۋەتمەك** پ ① بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كىشى بۇيرۇماق، ماڭدۇرماق: ئادەم ئەۋەتمەك. ② بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا بىرەر ۋاستە ئارقىلىق يوللىماق، يەتكۈزمەك، ماڭدۇرماق: دادام سىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تېرىغان بۇغدايدىن يەپ باقسۇن دەپ، بىر تاغار بۇغداي ئەۋەتتى.

**ئەۋەتىشمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

يۇقىرىدىن ياردەم ئۈچۈن كىملەرنى ئەۋەتىشكەنلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس.

**ئەۋەتىلمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : ئوقۇشقا ئەۋەتىلمەك.

**ئەۋەي** دىيال. ① رەۋ. ناھايىتى، قەۋەت. ② ئىم. ئەجەب- لىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەۋپارىقۇن** ئى [ئە] <بوت> سېرىق چاي ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى غوزا شەكلىدە، ئۇرۇقى كۆپ، قارامتۇل پور رەڭدە بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، قاننى ماڭغۇزۇش رولى بار. ئۇ يەنە «سېرىق چاي ۋە دالا چاي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەۋج** ئى [ئە] ① كۈچىيىش، زورىيىش، يۇقىرى كۆتۈ- رۈلۈش :ئەۋج ئالماق. ② يۇقىرى پەللە : ناخشىنىڭ يۇقىرى ئەۋجى. // ئەۋجىگە چىقماق.

**ئەۋجسىز** سۈپ. ئەۋجى يوق، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەيدىغان، ئەۋجىگە چىقمايدىغان، جۇشقۇن ئەمەس: ناخشا ئەۋجسىز، ئاھاڭى ساددا بولۇپ، ئاشۇ بىرنەچچە قۇر سۆزلەرنى دەۋىلىش ئۈچۈنلا ئىپتى- لىۋاتقاندەك قىلاتتى.

**ئەۋجلىك** سۈپ. ئەۋجىگە چىققان، يۇقىرى پەللىگە يەتكەن : تېپىپجان ئېلىيوف قاتارلىق شائىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدىن رومال ئۇسسۇلىنىڭ ئەۋجلىك، لىرىك ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

**ئەۋرە** ئى. نەۋرىنىڭ بالىسى :بۇ بالا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ.

**ئەۋرەت** ئى [ئە] <دىن> ① شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويى- چە تەننىڭ كىشىگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان يېرى، يەنى ئەرلەرنىڭ كىندىكىدىن تىزىغىچە، ئاياللارنىڭ بىلىكىنىڭ بېغىشىدىن بويۇنىغىچە، بويۇنىدىن ئوشۇقىغىچە بولغان قىسمى. ② جىنسى ئەزا : ئەۋرىتىنى ياپماق.

**ئەۋرە- چەۋرە** ئەۋرە ۋە چەۋرە، ئادەمنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى پۇشتى؛ ئەۋلادى : جالالىدىن بوۋاينىڭ توقساندىن ئارتۇق ئەۋرە - چەۋرىسى بار.

**ئەۋرە- چەۋرىلىك** ئەۋرە ھەم چەۋرىلىرى بار، كۆپ ئۇرۇق - ئەۋلادلىق: — ۋاي - ۋۇي ! ئۇنداقتا، كۆچىتىڭىز ئەۋرە - چەۋرىلىك بولۇپ كېتىدىكەن - دە، — دېدى ئۇ بوۋايغا.

**ئەۋرەز** ئى [پ] ئۆينىڭ ئىچىگە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياسالغان ئۇستى يېپىق ئورا : ھېسامىدىن داموللىنىڭ ئەۋرىزى ئۇستىگە كۆك رەڭلىك سىدام پىششىق خىش ياتقۇزۇلغانىدى.

**ئەۋرەز يولى** يۇندا سۇيى ئېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان يەر ئاستى يولى.

**ئەۋرىشكە** ئى. ئۈلگە قىلىنىدىغان بۇيۇم؛ ئۆرنەك، نۇسخا : مال ئەۋرىشكىسى.

**ئەۋرىشكىلىك** سۈپ. ئەۋرىشكىسى بار، ئەۋرىشكە قىلىشقا تەييارلانغان : ئەۋرىشكىلىك مال.

**ئەۋرىشىم** [پ] ① ئى. يىپەك، مەشۇت. ② سۈپ. كۆچمە. يۇمشاق، ئېگىلىشچان، نازۇك، زىلۋا : ئەۋرىشىم بوي. * ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم (ماقال).

**ئەۋرىشىملەشتۈرمەك** ① «ئەۋرىشىملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئەۋرىشىم، يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈر- مەك؛ ئەۋرىشىم قىلماق: ياڭاق تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ياغ كىسلاتالىرى چوڭ مېڭە قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، قان تومۇرلارنى ئەۋرىشىملەشتۈرىدۇ، نېرۋا خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

**ئەۋرىشىملەشتۈرۈشمەك** «ئەۋرىشىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەۋرىشىملەشتۈرۈلمەك** «ئەۋرىشىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەۋرىشىملەشمەك** پ. ئەۋرىشىم ھالەتكە كەلمەك، ئەۋرىشىم بولماق: ياڭاقنى كۆپ يەپ بەرسە، ئادەمنىڭ مېڭە قان تومۇرلىرى ئەۋرىشىملىشىدۇ.

**ئەۋرىشىملىك** سۈپ. يۇمشاقلىق، ئېلاستىكلىق، ئېگىلىش- چانلىق : بۇ مەزگىلدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك چوڭ بولىدۇ.

**ئەۋزەل** I سۈپ [ئە] ياخشى، ئەلا، ئوبدان، ئارتۇق : مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل (ماقال).

**ئەۋزەل** II ئى [ئە] ① لاي ھەم گەجدىن كىچىك ھەم نازۇك قىلىپ ئىشلەنگەن ياكى ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ كېشىكىنىڭ يۇزى تەرىپىگە چىقىرىلغان پىلتا - ناۋا. ② پىلتا - ناۋا قاقىد- دىغان ئەسۋاب.

**ئەۋزەللەشتۈرمەك** «ئەۋزەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەۋزەللەشتۈرۈشمەك** «ئەۋزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەۋزەللەشتۈرۈلمەك** «ئەۋزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەۋزەللەشمەك** پ. ئەۋزەل بولماق ، ياخشى بولماق، ئارتۇق- لۇققا ئىگە بولماق.

**ئەۋزەللىك** ئى. ئەۋزەل شارائىت، ئەۋزەل خۇسۇسىيەت : دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمى- تىدە يېڭى بىر ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**ئەۋقاپ** ئى [ئە] <دىن> جامائەت ئىختىيارىغا ئۆتكەن، مەسچىت، مەدرىسەلەرگە ۋەخپە قىلىنغان مال - مۈلۈك، يەر - زېمىن ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر : بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن، بىر يىل دېگەن ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن، كۈنگە بولمىدى دېگەندە ئۈچ - تۆت سەر تەڭگە تاپسا، جەملەپ كۆرۈڭلار، قانچە بولۇپ كەتتى؟ بۇنىڭدىن باشقا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئەۋقاپ كىرىمى قانچە بولىدۇ؟

**ئەۋلاد ( ئەۋلادى )** ئى [ئە] ① بىر ئاتا - بوۋىدىن تارقالغان ئۇرۇق - جەمەت، نەسىل : باسىت بوۋاينىڭ يۈزدىن ئارتۇق نەۋرە - چەۋرىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۆت ئەۋلادى ئىككى يۈز يەتمىشتىن ئاشىدۇ. ② بىر دەۋردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ نەسلى : بۈگۈن چۈشەنمىسە ئەتە چۈشىنىدۇ. بۈگۈنكىلەر چۈشەنمىسە، كەلگۈسى- دىكى ئەۋلادلار چوقۇم چۈشىنىدۇ ! ... ③ بىر دەۋردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەر : ياش ئەۋلاد. بىرىنچى ئەۋلاد.

**ئەۋلادتىن ئەۋلادقا** نەسىلدىن نەسىلگە، ئاتا - بوۋىدىن بالىچاقىغا، بالىدىن بالىغا : تۇردىئاخۇن ئاكا ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسى-

دىمۇ ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ پىر ئۇستازى. بىز ئۇنىڭدىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆگىنىمىز.

**ئەۋلادسىز** سۈپ. ئەۋلادى، جەددى ـ جەمەتى بولمىغان؛ نەسلى يوق : مۇھەببەتسىز جەھەننەم دۇنيا، چۆلگە ئوخشاش ئەۋلادسىز هايات. سېنىڭ مېھرىڭ ئۆچمەس ئوت گويا، بولماس سەنسىز بازىرىم ئاۋات.

**ئەۋلادسىزلىق** ئى. ئەۋلاد قالدۇرماي يالغۇز ياشاش هالىتى، پەرزەنتسىزلىك.

**ئەۋلادلىق** سۈپ. ئەۋلادى، جەددى ـ جەمەتى بار؛ بالىلىق، جەمەتلىك : توختىئاخۇن بەك ئەۋلادلىق ئادەم. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەۋلادىنى بىر يەرگە يىغسا يۈزدىن ئاشىدۇ.

**ئەۋلادمۇئەۋلاد** بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقىچە؛ بالىدىن بالىغىچە : ئۇلۇغلارنىڭ نەسىھىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ.

**ئەۋلىيا (ئەۋلىياسى)** ئى [ئە] <دىن> ① ئېتىقادلىق، دىندار كىشىلەر نەزىرىدە گويا ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان، مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان مۇقەددەس، ئەزىز ئادەم : ئۇ دەرەختىن چۈشۈپ سەپەرگە قاراپ :ــ مەن بۈگۈنگىچە ئەۋلىيالارنىڭ بۇنداق كارامەتلىرىنى كۆرگەن ئەمەس ئىدىم،ــ دەپتۇ. ② كۆچمە. گەپ، ۋەقە، هادىسە قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسىگە چۈشىنىپ يەتكەن؛ دانىشمەن، ئۇلۇغ ئادەم: مەھمۇد كاشغەرى تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا، ئۇلۇغ شەخس. ③ كۆچمە. مۇبالىغە، مەسخىرە قىلىشتا كىنايە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ :ــ بەللى، پاسارئاخۇن تازا ئەۋلىيا ئىكەنسىلە ! چۈشۈڭلىگە نېمە كىرسە شۇنى دەمسىلە؟ــ دېدى هېكىم.

**ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا** <دىن> ئەۋلىيا ۋە پەيغەمبەرلەر :ــ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ روھىغا ئاتاپ ماڭا ئەللىك تەڭگە سەدىقە بېرىسەن،ــ دەپتۇ هېلىقى كىشى.

**ئەۋلىيالارچە** رەۋ. ئەۋلىيالارغا خاس، ئەۋلىيالارغا ئوخشاش، ئەۋلىيالاردەك.

**ئەۋلىيالىق** ئى. ئەۋلىيالارغا خاس ئىش، خۇسۇسىيەت : ئۇلار ياپياش بۇ چوكان نىمجان يىگىتكە بەند بولۇپ قالماس دەپ ئەۋلىيالىق قىلىشاتتى.

**ئەۋمەك** پ. دىيال. ئەندىشە قىلماق، غەم قىلماق: ئوغلۇمدىن بەك ئەۋدىم.

**ئەي** I ئى ① قاتارغا قوشۇلۇش، ئاينىش، كۆكلەش، تۇتۇش (ئۆسۈملۈك ۋە باشقا جانلىقلارغا نىسبەتەن) : پەرۋىش قىلىش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، هەر يىلى كۆچەت قويۇلسىمۇ، ئەي بولماي كەلگەنىدى. ② كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئوزۇقلۇق، ئوغۇت : ئەي بەرمەك. ئەي قىلماق.

**ئەي بولماق** ① ساق قالماق، چوڭايماق، قاتارغا قوشۇلماق، تۇتماق، كۆكلىمەك: چايناپ يىگۈزگەن ناننىڭ كۈچى بىلەن بۇ بالىنىڭ بۇدرۇقىنا ئەي بولغانلىقىغا كىشىلەر هەيران قالدى. * ئاشۇ ئورمانلار ئۆزۋاقتىدا سۇغىرىلغانلىقتىن، ياخشى ئۆسۈپ كۆپى ئەي بولدى. * بۇ يىل قوينىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ئاشتى. ② <تېب> ئوڭلانماق، ساقايماق، تۈزىلىپ قالماق، شىپا تاپماق: ــ قان توختىدى. سۆڭەك ساق ئىكەن، ئەي بولۇپ قالار،ــ دېدىم مەن مۇمكىنقەدەر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ.

**ئەي قىلماق** ساقايماق، تۈتقۇزماق، قاتارغا قوشماق، ئۆستۈرمەك، ئاينىماق: ئۇ يىغىپ ـ تەرگىنىنى سېتىپ، بوۋاقنى كالا سۈتى بىلەن ئەي قىلدى.

**ئەي** II ئىم. يېزت. زوقلىنىش، هاياجانلىنىش، هېسداشلىق، غەزەپلىنىش، پۇشايمان قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، تىلدىكى «هەي» بىلەن تەڭ : سالام، ئەي مويسىپىتلەر، پىشقەدەم ئۇستاز ! باهار بوستانىدا سايرايلى خۇش ئاۋاز !

**ئەي** III ئى. دىيال. ئوغۇت: سېرىق سۆگەتنىڭ تۈۋىگە ئەي قىلىپ قويدۇم.

**ئەيان (ئە : يان)** ئى [ئە] يېزت. يۇقىرى مەنسەپلىك، مەرتىۋىلىك كىشىلەر؛ ئەمەلدارلار، خوجايىنلار : ماڭا ئېگىلىپ توققۇز تەزىم قىلىدىغان، ئەجرى ئۈچۈن ئىنئام ـ مۇكاپاتقا غەرق بولغان ئوردا ئەيانلىرىم مەندىن يۈز ئۆرىدى.

**ئەيتاۋۇر** يۈك. ئىشقىلىپ، هەر هالدا، قانداقتۇر : ئۇنى ئەيتاۋۇر كىشىلەرنىڭ ئۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئەيدۇرمەك** «ئەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەيدىز** ئى [ئىنگ] <تېب> ① ئادەم تېنىدە كېسەللىكلەر يىغىندىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بىر تۈرلۈك جاھىل ۋىرۇس. بۇ خىل ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچى ئادەم يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاپ، كېسەلگە قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇش ئارقىلىق نەتىجىدە ئەيدىز كېسىلىگە دۇچاربولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② شۇ خىل ۋىروس بىلەن يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ چىققان بىر خىل كېسەللىك، ئەيدىز كېسىلى.

**ئەيش** ئى [ئە] ① هۇزۇر ـ هالاۋەت، پاراغەت، لەززەت: كەلدى نورۇز، كەلدى بۈگۈن، ئەيش بىنا ئەتكىلى، بارچە ئادەم كۆڭلىنى، شاد ـ خۇرام ئەتكىلى. ② كەيپ ـ ساپا، مەيخورلۇق، ئىشرەت: ئەي پەلەك، چەرخى بۇزۇق، قىلغان ئىشىڭ ئېيتسام ئەگەر، بىۋاپا ئالەمدە ئىشرەت ئەيشىنى نادان سۈرەر.

**ئەيش ـ ئىشرەت** شەھۋانىيلىق، كۆڭۈل ئېچىش، كەيپ ـ ساپا، مەيخورلۇق: باينىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىكى هەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ئەيش ـ ئىشرەت قىلغۇاتقانلارنىڭ سەت كۈلكىلىرى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئەيش ـ ئىشرەتلىك** ئەيش ـ ئىشرەتى بار، ئىشرەتكە تولغان: ۋاڭنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق يىللاپ ـ يىللاپ داۋام قىلاتتى.

**ئەيلەتمەك** I «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم تېرىلەرنى شەخسلەرگە هۆددىگە بېرىپ سۈپەتلىك ئەيلىتىپ بولدى.

**ئەيلەتمەك** II «ئەيلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆيگۈدىن سالدى ئەل ئاسفالت يولغا، قەلبىدەك غۇبارسىز پاياندازىنى، گۈلدەستە تۇتۇشتى بىزگە هەۋەستە، ئەيلىتىپ جەۋلان ئۇز باهار، يازىنى.

**ئەيلەشمەك** I «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى : ئۇلار مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاشتىن چىققان تېرىلەرنى سۈپەتكە كېپىللىك قىلىش شەرتى بىلەن هۆددىگە ئېلىپ بەس ـ بەس بىلەن ئەيلەشتى.

**ئەيلەشمەك** II «ئەيلىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

كونا جەمئىيەتتە ئەجنەبىي مۇغەمبەرلەر ئوغرىدەك قەست ئەيلىشىپ، جۇڭگونىڭ پۇت ـ قولىغا گاڭ چىتىقىنى چاتقانىدى.

**ئەيلەمەك** پ.دىيال. قىيىنىماق، ئەلەم قىلماق: سەن مېنىڭ بابامنى ئەيلەگەن.

**ئەيلەمچى** ئى. ئەيلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**ئەيلەنمەك** I «ئەيلىمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : ئەيلەنگەن ئۆچكە تېرىسى سېلىنغان كاڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان باي بېشىنى سىلىپ، ئەسنەپ تورۇسقا قارىدى.

**ئەيلەنمەك** II «ئەيلىمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەيلىبان** رەۋ. يېزت. ئەيلەپ، ئەيلەش بىلەن: تەپەككۇر ئەيلىبان ئەجدادلىرىم پۈتكەن شۇ تارىخنى، دېدىم: «زۇلمەتكە مىڭ لەنەت !» تولۇپ قۇدرەتكە ـ دەرمانغا.

**ئەيلىتىشمەك** I «ئەيلەتمەك I »پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەمەت ئۇستا شاگىرتلىرىغا تېرە ئەيلىتىشتى.

**ئەيلىتىشمەك** II «ئەيلەتمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پالۋانلارقوللىرىدىكى بايراقلىرىنى جەۋلان ئەيلىتىشىپ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشتى.

**ئەيلىتىلمەك** I «ئەيلەتمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەيلىتىلمەك** II «ئەيلەتمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەيلىگۈچ** ئى. ئاشلانغان تېرىلەرنىڭ يۈزىنى قىرىپ، ئاقارتىپ، يۇمشىتىش، سىلىقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان تىغلىق سايمان.

**ئەيلىمەك** I پ. تېرە، خېمىر قاتارلىقلارنى پىشۇرماق، پىششىقلىماق: تېرىنى ئەيلىمەك. خېمىرنى ئەيلىمەك.

**ئەيلىمەك** II پ. يازما ئەدەبىياتتا «قىلماق»، «ئەتمەك» رولىدا كېلىدۇ : بىر بۇرادەر ئۆمرىدە كۆپرەك خۇشامەت ئەيلىدى. بۇ «ھۇنەر» نى ئۆزىگە باب ھەمدە ئامەت ئەيلىدى.

**ئەيمەك** پ. يۇمشىماق، ئىۋىمەك.

**ئەيمەندۈرمەك** «ئەيمەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، ماھىرەنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك ئوت چاقنايتتى.

**ئەيمەنمەك** پ ① ھايا قىلماق، تارتىنماق، قورۇنماق : خىجىلمەن، گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام، ساڭا ئوچۇق پىكىر بېرىشتىن ئەيمىنىمەن. ② ھېيىقماق، تەپ تارتماق، قورقماق، سۇر باسماق: سەمەتنىڭ شۇنداق تەرسالىقى تۇتتىكى، بەش ئادەم ئەيمىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارالمىدى.

**ئەيمىنەرلىك** سۈپ. ئەيمىنىشكە، تارتىنىشقا ئەرزىيدىغان، ئەيمەنگۈدەك.

**ئەيمىنىشمەك** «ئەيمەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەيمىنىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، گۈللۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشۇپتۇ.

**ئەينا** ئال. دىيال. ئەنە، ئاۋۇ.

**ئەينە** ئى. دىيال. كۆزەينەك.

**ئەينەك** ئى [پ] ① قاتتىق ۋە چۈرۈك بولغان بىر خىل سۈزۈك جىسىم، ئۇ ئادەتتە كىۋارتسلىق قۇم، ھاك تاش، ساپ ئىشقار قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئېرىتىلگەندىن كېيىن ياسىلىدۇ. ② قارشىسىدىكى نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئادەتتە كىشىلەر ئۆز ئەكسىنى كۆرىدىغان، ئارقىسى سىرلانغان مەخسۇس شىشە مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ، يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئەينەكنىڭ ئالدىنى، كېيىن ئارقىسىنى كۆرسىتىپتۇ. ③ يىراقتىكى نەرسىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان، كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان مەخسۇس شىشە ئەسۋاب: بۈگۈنكى ئالىملار ئاسماننى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاسترونومىيە ئەينىكى ئىجاد قىلدى. ④ كۆچمە. بىرەر ھالەتنى، ھادىسىنى كۆز ئالدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ ياكى يورۇتۇپ تۇرغان نەرسە؛ ئۈلگە، نەمۇنە : تۇرغۇن ھەقىقەتەن قەيسەر جەڭچى. ئۇنىڭ پەزىلىتى مەن ئۈچۈن ئەينەك. ⑤ كۆزگە تاقايدىغان ئەينەك (كۆزەينەك) : ئۇ ئەينەكسىز خەت كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئەينەكچى** ئى. ئەينەك سېلىش، سېتىش ۋە ئۇنى خىلمۇخىل شەكىلگە كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: شەھەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئەينەكچىلەر ئىمارەتنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىۋاتىدۇ.

**ئەينەكچىلىك** ئى ① ئۆي ـ ئىمارەت دېرىزىلىرىگە، ئىشكاپ، جاھازلارغا ئەينەك سېلىش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىشى، شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دادام ئەينەكچىلىك قىلاتتى. ② ھەرخىل ئەينەك بۇيۇملارنى ياساش مەشغۇلاتى.

**ئەينەكسىز** سۈپ. ئەينىكى يوق، ئەينەك ئورناتمىغان.

**ئەينەكسىزلەنمەك** پ. ئەينەكسىز ھالەتكە كەلمەك، قارشىسىدىكى نەرسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتماق.

**ئەينەكسىزلىنىش** ئى<گېئول> ماگمىلىق جىنسلاردىكى تۇراقسىز ھالەتتە تۇرغان ئەينەك ماددىسى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە بېسىم، تېمپېراتۇرا قاتارلىق فىزىكىلىق شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىرىستالغا ئايلىنىش ھادىسىسى.

**ئەينەكسىمان** سۈپ. ئەينەك شەكىللىك، ئەينەككە ئوخشايدىغان، ئەينەكتەك : ئەينەكسىمان تاختا.

**ئەينەكلىك** I سۈپ ① ئەينىكى بار، ئەينەك سېلىنغان، ئەينەك ئورنىتىلغان : ئەينەكلىك ئىشىك. ئەينەكلىك دېرىزە. ② ئەينەك تاقىغان، ئەينەككە ئىگە : ئەينەكلىك دوختۇر كۆزىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**ئەينەكلىك** II ئى.دىيال <ئانات> تاغاق سۆڭىكى.

**ئەينەن** رەۋ [ئە] ① ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز، ئۆز پېتىچە، ئەينى بىلەن : ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئەقىللىق ئادەم دوستى بىلەن بىللە بېرىپ، بۇ ئىشنى قازىغا ئەينەن مەلۇم قىلدى. ② دەل، نەق : بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنچلىك روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى.

**ئەينەنسىز** سۈپ. ئەينەن ئەمەس، ئەينى بولمىغان.

**ئەينەنسىزلىك** ئى. ئەينەن بولمىغان ھالەت.

**ئەينەنلىك** ئى. ئەينەن بولغان ھالەت : ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئەينەنلىكىنى تولۇق ساقلاپ قالدىم.

**ئەينۇ** سۈپ. ساختىپەز، ئالدامچى، قىزىل كۆز؛ كاززاپ.

**ئەينۇلا** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. سورتلىرى كۆپ بولۇپ، سوغۇققا چىدامىلىق؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك؛ باھاردا چېچەكلەيدۇ، خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە، رەڭگى يېشىل، پىشقاندا سېرىققا ئۆزگىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ : ئەينۇلا مۇراببासى. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئەينۇلىلىق** ① سۈپ. ئەينۇلا دەرىخى بار، ئەينۇلا دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن : ئەينۇلىلىق باغ. ② ئى. ئەينۇلا دەرىخى ئۆستۈ-

رۇلگەن يەر، مەيدان، باغ.

**ئەينى** [ئە] ① سۇپ. دەل ئۆزى، ئەسلىسى، نەق ئۆزى، ئەسلىي : ئەينى ئەھۋال. ئەينى ھالەت. ② رەۋ. شۇ، ئۆتكەن : ئەينى چاغ. ئەينى ۋاقىت. ئەينى زامان. ئەينى يىل.

**ئەينىيەت** ئى [ئە] ① يېزىت. ئەينەن، ئوخشاشلىق، بىر خىللىق، بىردەكلىك : ئەينىيەت قانۇنىيىتى. ② <مات> تەركىبىدىكى بارلىق ھەرپ بەلگىلىرىنىڭ ھەممە قىممەتلىرىدە مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان تەڭلىك، ئوخشاشلىق.

**ئەيۋەش** ئى. كۆپرەك «كەلمەك» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىللە كېلىپ : «پەيلىدىن يانماق، يولغا كىرمەك، پەسكويغا چۈشمەك، ماقۇل بولماق، ئۇنىماق، كۆنمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ : بىلمەمسىز، سادىرمۇ ئەيۋەشكە كەلدى. قېنى، ماڭا قانچىلىك نەپ بېرىسىز؟ * بۇنىڭ ئۈچۈن ئەزالار بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن ئۇنۇمسىز يەرلەرنى قايتىدىن ئەيۋەشكە كەلتۈردى.

**ئەيىب** ئى [ئە] ① قائىدە ـ يوسۇنغا، تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا، ئەدەپ ـ ئەخلاققا خىلاپ ئىش؛ كەمچىلىك، سەۋەنلىك، نۇقسان: بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب (ماقال). * ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس، كۆزىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە كۆرۈنمەس (ماقال). ② كىشى ئۇيىلىدىغان، نومۇس قىلىدىغان، خىجالەت تارتىدىغان خاتا ھەرىكەت؛ ناچار قىلىق، بولمىغۇر ئادەت: سىز دەرسىز، يىگىتكە ياش تۆكمەك ئەيىب، بىلمەن نومۇسى كۆز ياش يىگىتنىڭ، ئېسىمدە ئاتامۇ ئېيتقان ئۆلۈمگە رازى بول ۋە ئەمما تۆكمە كۆز يېشىڭ! ③ نۇقسان، قۇسۇر، ئىللەت، جىسمانىي كەمتۈكلۈك : غېمى يوق ئىنسان بولماس، ئەيىبى يوق ھايۋان بولماس (ماقال).

**ئەيىبدار** [ئە + پ] ① ئى. ئەيىبى، نۇقسانى بار، ئەيىبلەنگۈچى، گۇناھكار شەخس: ساقچى ئەيىبدارنى سوت مەيدانىغا ئېلىپ باردى. ② سۇپ. جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر كەمچىلىك، نۇقسانى، ئىللىتى بولغان، ئەيىبناق، ئەيىبلىك : ئەيىبدار بالا.

**ئەيىبدارلىق** ئى. ئەيىبلىنىش ھالىتى، ئەيىبلىنىش ئىشى؛ جاۋابكارلىق: ئادالەتسىزلىك ئالدىدا بۇرچكار بولغان ھاكىمدىن ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ھېس قىلغان قۇل گۈزەلرەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەيىبدارلىقى ئىنسانىيلىقتا يېقىنراق.

**ئەيىبسىز** سۇپ ① ئەيىبى يوق، گۇناھسىز : ئەيىبسىز دوستنى ئىزدىگەن دوستسىز قالار (ماقال).② جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، نۇقسانسىز: يالقۇن ھەر جەھەتتىن كىشلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە ئەيىبسىز يىگىت بولدى.

**ئەيىبسىزلىك** ئى. ئەيىبسىز ھالەت، ئەيىبسىز خۇسۇسىيەت: ماۋزۇدىن ئىككى خىل مەنەچىقىدۇ. بىرى، ئەيىبدار بولۇشنىڭ ئۆزى ئەيىبسىزلىكتۇر دېگەن مەنە، لېكىن بۇ قاراشتىلا مەلۇم بولىدىغان تاشقى مەنىدۇر.

**ئەيىبكار** ئى [ئە + پ] خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جىنايەت سادىر قىلغان، قانۇن ئالدىدا ئەيىبلەنگەن كىشى؛ گۇناھكار، جاۋابكار: ئەسقەر شوخلۇق قىلىپ بىكاردىن ـ بىكار ئەيىبكار بولۇپ قالدى.

**ئەيىبكارلىق** ئى. خاتالىق ۋە جىنايەتلىرىدىن ھېساب بېرىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەت؛ جاۋابكارلىق.

**ئەيىبلەتمەك** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ ھالسىز جىسمىم پەقەت ئۇلاردىن ھەسەت ئىلكىدە بىزار بولۇشقا ۋە ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلىرىنى ئەيىبلىتىشقىلا يارالغاندەك ھېس قىلدىم.

**ئەيىبلەشمەك** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى : مېنى بەزى كىشىلەر «سەندە ئۆز كەسپىڭگە بولغان مۇھەببەت كەم» دەپ ئەيىبلىشىدۇ.

**ئەيىبلەنمەك** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : سادىق يىغىن قاتناشچىلىرى تەرىپىدىن «ئوڭچىل ئىدىيەسى بار»، «دۇنيا قارىشىنى ياخشى ئۆزگەرتمىگەن زىيالىي» دەپ ئەيىبلەندى.

**ئەيىبلەنگۈچى** ئى <قا> سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغان شەخس.

**ئەيىبلەتىلمەك** «ئەيىبلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەيىبلىك** سۇپ. ئەيىبى بار، ئەيىب دەپ قارىلىدىغان ئىشنى قىلغان؛ جاۋابكار: زەيتۇنىخان بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇن چىقارماستىن جىملا ئولتۇردى. * رىم مۇتەپەككۇرى سېسىرو مۇنداق دېگەن: «ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇنىڭ قىلمىشى ئەيىبلىك».

**ئەيىبلىگۈچى** ئى<قا> دۆلەتكە ۋاكالىتەن سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىش يۈزىسىدىن ئەيىبلەش پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان شەخس.

**ئەيىبلىمەك** پ ① ئەيىبلىك دەپ تونۇماق : ئۇلارنى كىم خاتىرىلەيدۇ ؟ ھېچكىم! ھەتتا ئۇلارنى مۇشۇ قىسمەتكە مۇپتىلا قىلغانلارمۇ خاتىرىلىمەيدۇ، بەلكى تىللايدۇ، ئەيىبلەيدۇ. ② تەنقىد قىلماق : بىر يىلدىن بېرى مەتيا قەيسەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

**ئەيىبناق** سۇپ. جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز، بىرەر ئەزاسىدا كەمچىلىكى، نۇقسانى، ئىللىتى بار؛ مېيىپ، مەجرۇھ: مەن ئۇنىڭ مېنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ئەيىبناق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم.* مەن بىرمۇ مېيىپ بالا بىلەن بىرگە ئوقۇپ باقماپتىمەن، بەزى سەل- پەل ئەيىبناق بالىلار بىلەن بىرگە ئوقۇپ باققان، ئويلاپ باقسام، ئۇلار ئارىمىزدا تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالماپتىكەن.

**ئەيىبنامە** ئى [ئەيىب + نامە] بىرەر خاتا ئىش ـ ھەرىكەت ياكى جىنايى قىلمىشنى پاش قىلىش ھەققىدىكى شىكايەت خېتى، ھۆججەت قاتارلىقلار: ھېلىقى كىشى سېرىق ياسما چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەيىبنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

**ئەييام** ئى [ئە] ① يېزىت. كۈن، كۈنلەر، ۋاقىت، ۋاقىتلار: ئارچىلار شىلدىرلىدى، قۇشقاچلار كۆككە ئۆرلىدى، قوشۇلۇش ئەييامىنى تورغايلار خەندان كۈيلىدى. ② بايرام، بايرام كۈنلىرى : ئەي ۋەتەن پەرزەنتلىرى، بايرىمىڭىز مۇبارەك، خۇشال ـ شاد ئۆتتۈۋاتقان ئەييامىڭىز مۇبارەك.

**ئەييۇھەنناس** ئىم [ئە] يېزىت ① كۆپچىلىككە، توپلانغان، جەم بولغان خالايىققا قارىتا قىلىنىدىغان خىتاب، نىدا؛ ئەي خالايىق، ئەي ئادەملەر: موللازەيدىن يەنە جاكارلاپ مۇنداق دېدى: ــ ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس، گۇناھ رىيا بولسىمۇ، جازا دېگەن راست. ② كۆچمە. ھاياجان، قايغۇ، غەزەپ ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان داد ـ پەرياد، شاۋقۇن- سۈرەن، كۆچلۈك ئاۋاز: كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئەييۇھەنناس، تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن يوغان ـ يوغان يىلانلار باشلىرىنى چىقىرىپ، كۆشۈلدىشىپ تۇرمامدۇ، بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# ب

**ب** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى .

**باب (بابى)** I ئى [ ئە ] ① كىتاب، ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر ئايرىم بۆلىكى؛ قىسمى: كىتابنىڭ بىرىنچى بابى. ② كۆچمە. دەۋر، سەھىپە: ئىسلاھات شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى باب ئاچتى. ③ ئامال، چارە: ئۇيناشماڭ ئەرباب بىلەن، جايلايدۇ ھەر باب بىلەن (ماقال).

**باب** II سۈپ [پ] ماس، مۇناسىپ، توغرا، مۇۋاپىق؛ لايىق: باب كەلمەك. * ئاشپەز ئۇستىلار قازانغا باب ساپلانغان يوغان كەپكۈرلەر بىلەن شويلىنىڭ ئوبدان بولۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلماقتا.

**باب كەلمەك** مۇۋاپىق، ماس بولماق؛ لايىق كەلمەك : بۇنداق تەلەپ ھەرقانداق زامانغا ھەم ھەرقانداق ئەھۋالغا باب كېلىدۇ. * بىزسودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان تۈزۈم، چارىلەرنى تېپىشىمىز كېرەك.

**بابباراۋەر** سۈپ [پ] ھەجمى، كۆلىمى،چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى،ئېگىز ـ پەسلىكى، قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭ: بىزنىڭ قانۇنىمىزدا «بارلىق پۇقرالار بابباراۋەر» دەپ بەلگىلەنگەن.

**بابباراۋەرلىك** ئى. بابباراۋەر بولغان ھالەت، بابباراۋەر بولغان ئەھۋال، ھەر جەھەتتىن تەڭ بولۇش، ھەممە تەرەپتىكى تەڭلىك: ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دە «ھەممە ئادەم بابباراۋەرلىك ئاساسىدا تۇغۇلغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەخلىسىز بولغان تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى، ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئىنتىلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ جاكارلانغان.

**بابىت** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> قەلەي، قوغۇشۇن ياكى ئاز مىقداردىكى باشقا مېتاللاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان، سۈركىلىشكە ئىنتايىن چىداملىق ھەمدە كۆزەينەكنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى قىلىنىدىغان بىر خىل قېتىشما.

**بابلاتماق** «بابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بابلاشماق** «بابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بۇ مۇناپىق ئىپلاسنى باتۇرلار تازا بابلىشىپتۇ ـ دە! — دېدى ساقىلى قاردەك ئاقارغان بىر مويسىپىت كىشى زۇنۇننىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ.

**بابلانماق** «بابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۈرەش تۇغدى داھىينى — ۋەتەن ئوغلى دانانى، ئاتتى قايتىدىن تاڭمۇ، شۇملار خويمۇ بابلاندى. * ئۇستىدىكىلەرنىڭ لەۋزىنى ئالمىسا، بابلىنىپ كېتىشتىن ۋايىم يەيدۇ.

**بابلىماق** پ ① ئەدىپىنى، جازاسىنى بەرمەك؛ جايلىماق: — يەپ تويماس باجگىرلارنى راسا بابلاپتۇ ـ دە! — دېدى خېرىدارلاردىن بىرى. ② بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بېجىرمەك، بەجا كەلتۈرمەك؛ ئورۇندىماق: بۇ شەكىللەرنى ئۆزىگە خاس ئورۇنلىرىغا بابلاپ ئىشلەتمىسەك، ئاسانلا خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. ③ بىرەر ئىش ياكى گەپتە باشقىلارنى ئالدىماق، گوللىماق: — بۇ قېتىم مېنى قالتىس بابلاپ كەتتى، — دېدى سودىگەر يېنىدا كېتىۋاتقان خوتۇنىغا ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

**بابلىق** سۈپ. بابلىرى بار، بابلارغا بۆلۈنگەن: بەش بابلىق كىتاب.

**بابمۇباب** بىر باب ـ بىر بابتىن، باب تاشلىماي: بابمۇباب ئوقۇماق.

**بابۇنە** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ گۈلى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىچنى يۇمشىتىش، يەلنى تارقىتىش، مېگە ۋە پەينى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، سۈيدۈك، ھەيزلەرنى ماڭدۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**بابۇئىن** ئى [ر] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى مايمۇنغا، بېشى ئىتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، تۈكلىرى كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ، تۆت پۇتى توم، قۇيرۇقى ئۇزۇن ھەم بويى ئىنچىكە بولىدۇ. توپلىشىپ ياشايدۇ. ئوزۇقلۇق تاللىمايدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**بابىدا** رەۋ. ساھەسىدە، جەھەتتە: دېدىم ئاخىرى رەئىس ماختىغان، قالتىس تالانتلىق شائىرلىقىمنى، شېئىر بابىدا كەم ئۇچرايدىغان، تالانت ئىگىسى، ماھىرلىقىمنى.

**باپكار (باپكارى)** ئى [پ] قول دەستىگاھىدا پاختا يىپتىن بۆز (ماتا) توقۇغۇچى كاسىپ، ھۈنەرۋەن: ياشاپ ئۆتكەن ئاشۇ شەھەردە، قولى گۈل بىر باپكار ئۇستا. توقۇغان ئۇ كۈندە ئون گەز رەخت، كېچىكتۈرمەي يېڭى ئىش تۇتسا.

**باپكارلىق** ئى. ماتا توقۇش ئىشى: باپكارلىق دۇكىنى. باپكارلىق قىلماق.

**بات** ئى. دىيال. كۆز ـ كۆز قىلىش، داملاش.

**بات قىلماق** دىيال ① كۆز ـ كۆز قىلماق، داملىماق. ② مىننەت قىلماق.

**باتات** ئى. دىيال. تاتلىقياڭيۇ.

**باتارېيە** ئى [ر<فىران] <ئېل> خىمىيەلىك ئېنېرگىيە

ياكى يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلارنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان قۇرۇلما.

**باتارېيەلىك** سۈپ. باتارېيەسى بولغان، باتارېيەگە ئىگە؛ باتارېيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان: كېرەم باتارېيەلىك ساقال ئېلىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. * بۇنىڭدىن كېيىن يېقىلغۇ باتارېيەلىك پىكاپ تۈركۈملەپ ياسىلىدۇ.

**باتالىيون** ئى [ر<فىران] <ھەرىب> ← **يىلڭ:** بىز مۇزاكىرىلىشىپ، ئۇ يەرگە سىزنىڭ باتالىيونىڭىزدىن بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

**باتچى** دىيال ① ئى. كۆز - كۆز قىلغۇچى، داملامچى. ② سۈپ. ماختانچاق، مىننەتخور.

**باتخور** دىيال ① ئى. داملامچى. ② سۈپ. ماختانچاق، مىننەتخور.

**باتسىتراتسىن** ئى [ر] <بىيول> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىرى، سۈس سېرىق رەڭدىكى پاراشوك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيەلەردىن بولغان يۇقۇملىنىشلارنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**باتناتماق** «باتىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىردەمدىلا سەن ئۇنى باتنىتىپ قويدۇڭغۇ؟

**باتناشماق** «باتىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خېلىدىن بېرى بىر - بىرى بىلەن باتنىشىپ يۈرىدۇ.

**باتنخور** سۈپ. دىيال. قېيىدىغاق، يامانلىغاق.

**باتنماق** پ. باشقىلاردىن يامانلىماق، قېيىدىماق، رەنجىمەك: يۇرتنى خوتۇن خەق سورىسا، ئاخىر زامانىنىڭ بولغىنى شۇ، دەپ باتناپ يىغىندىن چىقىپ كەتكەن ئەر خەقلەرمۇ چىقىپ قالدى.

**باتۇر** ① سۈپ. خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ يۈرەكلىك، جەسۇر: باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باتۇرانە** رەۋ ← **باتۇرلارچە:** باتۇرانە جەڭ قىلماق.

**باتۇرلارچە** رەۋ. باتۇر، جەسۇر خۇسۇسىيەت بىلەن: باتۇرلارچە ئېلىشىش.

**باتۇرلاشتۇرماق** «باتۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باتۇرلاشماق** پ. باتۇرغا ئايلانماق، باتۇرانە غەيرەت - جاسارەتكە كەلمەك: — داداڭنى كۆرۈپ ئەجەب باتۇرلىشىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئۇ مۇرەمگە ئۇرۇپ.

**باتۇرلۇق** ئى. باتۇرلارغا خاس ئىش، خىسلەت: باتۇرلۇق قىلماق. باتۇرلۇق كۆرسەتمەك.

**باتىل** سۈپ [ئە] يېزت ① ئىناۋەتسىز؛ يالغان: مۇبادا بۇنىڭغا پېقىر ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي، دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ② قۇۋ، ھىيلىگەر: سايىت ئاشۇنداق بىر تۈرلۈك ھىجايغىنىدا ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇشنىڭكىدەك باتىل كۆزلىرى ئەجەب بىر ياڭزا چىمىرلايتتى.

**باتىن** ئى [ئە] يېزت. ئىچ؛ كۆڭۈل، ئىچكى دۇنيا: لېكىن ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتىكى، ئاشۇ مەزگىللەردە زېھنىم دۇنيانىڭ زاھىرەن ۋە باتىن ھادىسىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. * باتىنى زەققۇم بىلەن تولغان يىلاندىنمۇ بەتتەر، شەپشەكى جادۇ كەبى شۇملۇقتا شەيتاندىن ئۆتەر.

**باج** ئى [ئە] دۆلەت ھەر خىل تاۋارلار ئۈچۈن نىسبەت بويىچە يىغىۋالىدىغان پۇل: باج تۆلىمەك. باج ئالماق.

**باجا** ئى. ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى ( بىر - بىرىگە نىسبەتەن ) : باجا باجىنى كۆرسە، تاپىنى قىچىشار (ماقال).

**باجخانا** ئى [ئە + پ] باج ئالىدىغان جاي، ئىدارە.

**باج - خىراج** باج ۋە ھەر تۈرلۈك سېلىق، تۆلەملەر: ئەگەر توغرا ئوقۇپ بېرەلىسەڭ، مېلىڭ ھالالغا تايىن تاپىدۇ، باج - خىراج تۆلەپ يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن.

**باج - سېلىق** خىلمۇخىل باج، سېلىق ۋە تۆلەملەر: دېھقانلار فېئوداللارغا ھەر خىل باج - سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

**باجسىز** سۈپ ① باجدىن خالىي، باج - سېلىق تۆلىمەيدىغان، باج ئېلىش مەنئى قىلىنغان : باجسىز رايون. ② تېخى باج تۆلىمىگەن، باج ئېلىنمىغان، باج مەجبۇرىيىتى ئادا بولمىغان: چېگرادىن باجسىز كىرگۈزمەك.

**باجگىر** ئى [ئە + پ] باج ئالغۇچى كىشى، باج يىغقۇچى خادىم.

**باجگىرلىك** ئى. باجگىرلار قىلىدىغان خىزمەت، باج يىغىش ئىشى.

**باجلاتماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساتقان ئىككى قوينى باجلىتىپ قويدۇم.

**باجلاشماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باجگىرلار قۇربانلىق ئۈچۈن بازارغا ھەيدەپ كېلىنگەن چارۋىلارنى باجلاشتى.

**باجلانماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باجلىتىشماق** «باجلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارۋىچىلار ماللىرىنى باجلىتىشتى.

**باجلىتىلماق** «باجلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ماللار باجلىتىلدى.

**باجلىق** ① سۈپ. بېجى بار، باج ئېلىنىدىغان: باجلىق ماللار. ② سۈپ. باجدىن خالىي ئەمەس، باج - سېلىق تۆلەيدىغان، باج ئېلىش مەنئى قىلىنمىغان: باجسىز رايون. ③ رەۋ. باج تۆلەپ، باج ئېلىپ، باج مەجبۇرىيىتى ئادا قىلىپ: چېگرادىن باجلىق كىرگۈزۈلگەن ماللار.

**باجلىماق** پ. تېگىشلىك باج پۇلىنى ئېلىپ، رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بەرمەك: باجگىر بازارغا كەلگەن چارۋىلارنى باجلاپ بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.

**باجىڭگىر** ئى [خەن<ر] كۆن، خۇرۇم قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلگەن كالتە قونچلۇق، بوغقۇچلۇق ئاياغ كىيىمى، قونچلۇق توپلەي: ئابلىكىمنىڭ ئالدىدا باجىڭگىر كىيىۋالغان تەمبەل بىر يىگىت مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى.

**باجىلىق** سۈپ. باجىسى بار، باجىسى بولغان: شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ باجىلىق بولدۇم.

**باجىماق** پ. دىيال. باشقۇرماق، بېجىرمەك.

**باجياۋ** ئى [خەن] <بوت> ① بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ناھايىتى چوڭ، گۈلى ئاق كېلىدۇ، مېۋىسى بانانغا ئوخشايدۇ ھەم يېگىلى بولىدۇ، ئەسلىي ماكانى ئىسسىق بەلباغ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**باچكا** I ئى. كەپتەرنىڭ ئۇچۇرما بولمىغان بالىسى: باچكا

شورپىسى.

**باچكا** II ئى. جۇۋازنىڭ يۇك سېلىپ يانجىلىدىغان، ئىچى كاۋاك قاچىسى. تارتىلغان ياغ بۇنىڭ تۆشۈكى ئارقىلىق تۆۋەنـ ـگە چۈشىدۇ.

**باچكىلاتماق** «باچكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باچكىلتىلماق** «باچكىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باچكىلماق** پ. كەپتەر تۇخۇمدىن باچكا چىقارماق.

**باخ** تەق. بالىنى باغرىغا بېسىش، قۇچاقلاش ھالەت تەقلىـ ـدى: باخ ئەتمەك.

**باخ ئەتمەك** باغرىغا باسماق، قۇچاقلىماق: بالىنى باخ ئەتمەك.

**باخت** ئى. تايلاندنىڭ پۇل بىرلىكى.

**باخشى** I ئى <دىن> ① دۇئا ئوقۇپ، دەم سېلىپ كېسەل داۋالىغۇچى كىشى. ② تۇغ باغلاپ، پېرى ئويناتقۇچى؛ پېرىـ ـخون: — نامۇ ئەمالىم يىراق ـ يېقىنىغا پۇر بولدى، — دېدى باخشى ياغلىقىدا قالغان نانىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ كاپ ئېتىپ.

**باخشى** II ئى. بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن قاتارلىقلار بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى؛ قۇشچى: قۇش باخشىسى.

**باخشىلىق** I ئى. باخشىلار قىلىدىغان ئىش، پېرىخونلۇق: باخشىلىق قىلماق.

**باخشىلىق قىلماق** <دىن> باخشىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماق: سادىر باخشىلىق قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇۋالدى.

**باخشىلىق** II ئى. قۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى: مەمەتنىڭ ئورمانلىقتا باخشىلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى.

**باد** ئى [پ] يېزىت. شامال.

**بادارغا** ئى. دىيال. بادرا، بادرا ياغاچ، چەنزە.

**باداشقان** ئى. ئىككى پۇتىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تىزىنى يەرگە ئىچىپ ئولتۇرۇش ھالىتى؛ چازا: بۇرادەر، ئۆي تارچىلىق، باداشقاننى يىغىپ ئولتۇرايلى!

**باداڭ** ① ئى. چىۋىق، چىغ، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەردىن توقۇلۇپ، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ياكى دەرەخ تېنىدىن كۆپ شەكىلدە ئويۇپ ياسالغان ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ قاچا: ئىشنى كارداڭدىن سوراڭ، ئۇنى باداڭدىن (ماقال). ② ئى. ئاشلىق، سامان قاتارلىقلارنى قاچىلايدىغان بورا ياكى تال ـ چىۋىقتىن ياسالغان ھارۋىغا ئورنىتىلغان يۇمىلاق ياكى تۆت چاسا سېۋەت؛ كۆچ: قويىنى قوتاندا سات، ئاشنى باداڭدا (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. چوڭ، يوغان: باداڭ تاغار. *كۆردۈڭلەرمۇ خالايىق باداڭ قورساق بايلارنى.

**بادام** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرـ ـماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇرۇقى ئاچچىق بولىدىغانلىرى ئاچچىق بادام، تاتلىق بولىدىغانلىرى تاتلىق بادام دېيىلىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**بادامبەز** ئى [بادام + بەز] <ئانات> يۇقىرىقى نەپەس يولىـ ـنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان، لىمفا توگۈنىگە ئوخشايدىغان توقۇلما، ئادەتتە تاڭلايدىكى بادامبەزنى كۆرسىتىدۇ.

**بادامچە** ئى. چىمەن دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە ئىككى شاخ ئايرىپ، بادام شەكلىدە تىكىلگەن گۈل.

**بادامدوپپا** ئى [بادام + دوپپا] گۈلى بادام نۇسخىلىق دوپپا: ئىشقا ماڭغان چېغىمدا كۆن چىقىپتۇ ئاسماندا. بادامدوپپا تىكتىم مەن گۈزەل يارىم ئىشچانغا.

**بادامسىمان** سۈپ. بادامغا ئوخشايدىغان، بادام شەكلىدىكى: بادامسىمان قۇرۇلما.

**بادامگۈل** ئى [بادام+گۈل] بادامغا ئوخشىتىپ تىكىلگەن گۈل.

**باداملىق** ئى. بادام دەرىخى كۆپ ئۆسىدىغان جاي: باداملىق باغ.

**بادە** ئى [پ] يېزىت. مەي، ئىچىملىك: تا قىيامەت چىقمىغاي كەيپى مۇھەببەت بادىسى، يارىنىڭ شەۋقى جامالى شەمئىگە پەرۋانە گۈل.

**بادرا** ئى. دىيامېتىرى تەخمىنەن ئالتە سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە بولغان، ئۆي ـ ئىمارەتكە ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە تۈز ياغاچ: ئۆينىڭ ئاق تېرەك، سېرىق سۆگەت ۋە قاغا جىگدە بادرىلىرىدىن تەركىب تاپقان جەگىلىرى يادەك ئېگىلىپ تۇراتتى.

**بادرەنجبۇيا** ئى [پ] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە پۇراقلىق ماي ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**بادىسابا** ئى [پ + ئە] يېزىت. تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى: ئەي بادىسابا پىيام يەتكۈز، مېنىڭ يارىمغا سالام يەتكۈز.

**بار** I سۈپ ① مەۋجۇت؛ يوقنىڭ ئەكسى: بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلانماق. * جان بار يەردە قازا بار (ماقال). ② كۆپ ئىقتىسادقا، بايلىققا ئىگە بولغان؛ باي، دۆلەتمەن: بار بارنى قىلار، يوق نېمىنى قىلار (ماقال). ③ ھەممە، جەمئىي، بارلىق: ئېگىز تاغقا چىققاندا، قولىڭىزنى مەن تارتقان، بار ئويۇننى سىز ئويناپ، دەردىڭىزنى مەن تارتقان. ④ ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزدىن كېيىن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىپ: 1) مۆلچەرنى، چامىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ يېشى يىگىرمىلەردە بار. 2) «قولىدىن كېلىدۇ»، «قىلالايدۇ»، «بىلىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: پەرىدىگۈل دېگەن بالامنى خوتەننىڭ گۈلى دېسىلە، دۇتار، ئۇسسۇل، ناخشا ... ھەممىسىدە بار.

**بار** II مىق [ر<لات] <فىز> ئاتموسفېرانىڭ بېسىم بىرلىكى، بىر بار ھەربىر كىۋادرات سانتىمېتىر يۈزگە چۈشكەن بىر مىليون دىنا تەسىر كۈچىنىڭ بېسىمىغا تەڭ بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىكى ئاتموسفېرا بېسىمىمۇ تەخمىنەن بىر بارغا تەڭ.

**بارا** I ئى. تىك چۈشكەن يارنىڭ تاش ياكى شېغىل قاتلىمى.

**بارا** II ئى. دىيال. قىرقىلمىغان پاقلان ياكى ئوغلاق تېرىسى.

**بارا ـ بارا** ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بارغانسېرى، قەدەممۇـ ـقەدەم، پەيدىنپەي، تەدرىجىي، بىر ـ بىرلەپ: بارا ـ بارا بىزمۇ بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدۇق.

**بارابان ( بارابانى )** ئى [ر<پ] ئىككى يۈزىگە تېرە تارتىلـ ـغان، يۇمىلاق قاسقانلىق، چوكا بىلەن چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى.

**بارابانچى** ئى. بارابان چالغۇچى: پەرھات باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەترەت بارابانچىسى ئىدى.

**بارابانچىلىق** ئى. بارابان چېلىش ئىشى: ئامىنە بارابانچىلىقنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا خېلى پىششىق ئۆگەندى.

**بارابانلىق** سۈپ ① بارابان تۇتقان، كۆتۈرگەن ياكى بارابان چېلىۋاتقان : بارابانلىق بالا. ② بارابان بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ياكى بارابان ئاساس قىلىنىدىغان : بارابانلىق مۇزىكا.

**بارات** ئى [ئە] ① ھىجرىيە ھېسابىدا سەككىزىنچى ئاينىڭ نامى؛ شەئبان: بارات ئاي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باراقسان** سۈپ. قويۇق، بۈك، باغجانلاشقان: باراقسان هويلا.

**باراقسانلاتماق** «باراقسانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئائىلىدىكى مۇتلەق ساداقەت، سەمىمىيلىك بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئەپۇ ۋە خالىس قۇربان بېرىش بۇ خىل يىلتىزنى شاخلىتىدۇ، باراقسانلىتىدۇ.

**باراقسانلاشتۇرماق** «باراقسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باراقسانلاشتۇرۇلماق** «باراقسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باراقسانلاشماق** پ. باراقسان ھالەتكە كەلمەك، باراقسان بولماق: باغ باراقسانلىشىپتۇ.

**باراقسانلىق** ئى. باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان ھالەت، باراقسان ئورمان بار جاي: ئىلى يولى بوستانلىق، باراقسانلىق گۈلباغلىق. يۇرتىمىدە ساقلاقلىق، يارىم بەرگەن قولياغلىق.

**باراقسانلىماق** پ. باراقسان بولماق، قويۇقلاشماق، باغجازلىماق، بۈك ھالەتتە ئاينىماق: ئىككى بۇلۇڭدا سوغىغا كۆچۈرۈلگەن سۆگەتگۈلمۇ باراقسانلاپ كېتىپتۇ.

**باراڭ** ئى ① كاۋا، قاپاق پېلەكلىرىنىڭ ۋە تەك شوۋىنىڭ ئارتىلىشى ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان جاھاز، چەللە: ئاكام سالغان باراڭغا تۆت دانە تۇۋرۇك، يارىمغا مەن ئەكەلدىم بازاردىن ئۈزۈك. ② كاۋا، قاپاق پېلەكلىرى، تەك شوۋىلىرى ئارتىلىپ سايىلانغان جاي: غۇنچەم، ناھايىتى قىزىق گەپ دەڭا! يۈرۈڭ، باراڭدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن.

**باراڭلىق** ① ئى. باراڭ بولغان ھالەت: ھويلىغا قاپاق تېرىپ، قاپاق باراڭلىق قىلدىلا، يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ، ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.② سۈپ. باراڭ بار، باراڭ جايلاشقان: نەمەت دېرىزە ئالدىغا كېلىپ دەرەخلىك ئارىسىدىن سايىمىنىڭ باراڭلىق ھويلىسىغا تىكىلدى.

**باران** ئى. دىيال. شەپە، قارا، غوۋا كۆرۈنۈش، ھەيۋە: يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ بارانى كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

**بارانا** ئى. دىيال. تىرنا.

**باراۋەت** ئى ① بىرقانچە كىشىنىڭ بىر جايغا توپلىشىپ قىلغان سەيلە - تاماشىسى: باراۋەت قىلماق. باراۋەت ئوينىماق. ② باغ سەيلىسى زىياپىتى.

**باراۋەتخانا** ئى. باراۋەت قىلىدىغان باغ، سەيلىگاھ: شاھزادىنىڭ باراۋەتخانىسى رەڭمۇرەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، گازۋاي چىراغلار يېقىلغانىدى.

**باراۋەر** [پ] ① سۈپ. ئۆلچىمى، سانى، ھەجمى، مىقدارى، قىممىتى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئەھمىيىتى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر خىل، تەڭ؛ پەرقى يوق، بىردەك: بۇ ئۆز ئىشىمىز، ھازىر سۇ دېگەن قان بىلەن باراۋەر، توسۇۋالغىنىمىز ئوبدان بولدى. ② رەۋ. بىرمەزگىلدە، بىر پەيتتە، بىر ۋاقىتتا: باراۋەر يۈگۈرمەك. باراۋەر تۇرماق. باراۋەر ئىشلىمەك.

**باراۋەرسىز** سۈپ. باراۋەر بولمىغان؛ تەڭ، ئوخشاش ئەمەس.

**باراۋەرسىزلىك** ئى. باراۋەر بولمىغان ھالەت، تەڭسىزلىك، ئوخشاش ئەمەسلىك: بۇ ماددىي يادىكارلىقلار ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە باراۋەرسىزلىكنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**باراۋەرلەشتۈرمەك** «باراۋەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باراۋەرلەشتۈرۈلمەك** «باراۋەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياخشى بىلەن يامان باراۋەرلەشتۈرۈلسە، ناھەقچىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

**باراۋەرلەشمەك** پ. باراۋەر ھالەتكە كەلمەك: دېڭىزدا دولقۇن باشلاندى، سۇ كۆتۈرۈلۈپ تاغقا باراۋەرلەشتى.

**باراۋەرلىك** ئى. تەڭلىك، تەڭ ھوقۇقلۇق: مىللەتلەر باراۋەرلىكى.

**باربىت** ئى [ ئە ] <مۇز > يۇزلۇكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر تۆشۈكى، بويۇن پەدىسى بىلەن قوشۇلۇپ 30 پەدىسى بار، تۆت تارلىق، بارماق بىلەن چېكىپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى.

**بارتو** ئى. دىيال. ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى؛ غوجىدار.

**بارچە** ئال. بىر خىل تىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى؛ بارلىق، پۈتكۈل: بارچە ئادەم.

**بارخان** ئى. شامال، بوران قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى پەيدا بولغان قۇم دۆۋىلىرى؛ دۆڭلۈك: قۇم بارخانلىرى.

**بارخانلاشماق** پ. بارخان ھالىتىگە كەلمەك.

**بارخانلىماق** پ. بارخان پەيدا بولماق.

**بارداق** ئى. دىيال. سۇ قاچىسى، ئاياق.

**باردامچى** دىيال ① سۈپ. داستىخىنى كەڭ، چوڭچى. ② ئى.ئۆيدە بار نەرسىلەرنى ئەتەي ساقلاپ قويۇپ، بالىچاقىلىرى ياكى ئۆتەر - كېچەر تۇغقانلىرى كەلگەندە قويۇپ بېرىشنى ياكى كىيىم - كېچەك بولسا كىيدۈرۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم.

**باردى - كەلدى** ئۆزئارا بېرىش - كېلىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت: بىزنىڭ ئۇلار بىلەن باردى - كەلدىمىز يوق.

**باردى - كەلدى قىلماق** ئۆزئارا بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى بولۇنماق، ئالاقە باغلىماق، مۇناسىۋەت ئورناتماق: بىز ئۆزۈندىن بېرى ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن باردى - كەلدى قىلالمىدۇق. * بىز تاشقى دۇنيا بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا موھتاج.

**بارژا** ئى [ر<فىران] بىرەر نەرسىگە سۆرىتىپ ماڭىدىغان ياكى ئۆزى يۈرىدىغان يۈك كېمىسى.

**بارس** ئى ← **يولۋاس.**

**بارغانچە** رەۋ ← **بارغانسېرى:** گۈلدۈرمىما ئاۋازىمۇ بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن توختىماي گۈلدۈرلەيتتى.

**بارغانسېرى** رەۋ. ۋاقىت ئۆتكەنچە، بارغانچە، كۈنساناپ: ئاتتۇياقلىرىنىڭ تېۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

**بارغۇزماق** «بارماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالاڭنى ئۇ يەرگە بارغۇزالامسەن. * ئۆيدىكىلىرىڭ بارغۇزمىدىمۇ - يا ؟

**بارغىرا** ئى.دىيال. بىرخىل ئوتنىڭ نامى.

**بارغىندى** ئى. دىيال. بارغۇچى كىشى.

**بارقا** ئى ① قىرقىش ۋاقتىغا يەتكەن قوزىنىڭ تېرىسى. ② ئالتە ئايلىقتىن ئىككى ياشقىچە بولغان توقلا، تۆل.

**بارگاھ** ئى [پ] ھەربىي قوشۇن، پادىشاھ، خان، ۋاڭ، بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ تۇرار جايى؛ دەرگاھى: مەخسۇت بەگ بۇ چاغدا، چېدىر بارگاھتا قوللىرىنى شىلتىپ، ھەدەپ ئىمام خاتىپقا كايىۋاتاتتى.

**بارلاس** ئى <تارىخ> تارىختىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى ۋە شۇ قەبىلىگە مەنسۇپ كىشى.

**بارلىق** I ئى ① بار بولۇش: كىتاب بارلىقى بار، لېكىن بۇ يەردە يوق. ② مەۋجۇتلۇق، ھاسىل: گەرچە شارائىتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن شارائىتنى كىشىلەر بارلىققا كەلتۈرگەن. ③ <پەلس> ئوبيېكتىپ دۇنيا، پۈتۈن ئالەم، مەۋجۇدات: ماتېرىيالىزم ئومۇمەن بارلىق ئاڭغا ئەمەس، ئاڭ بارلىققا باغلىق دەپ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. ④ ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، ئۆزىگە قاراشلىق ھەممە نەرسىسى: بارلىقىنى تەقدىم قىلماق.

**بارلىق** II سۈپ. دىيال. باي، قول ئىلكىدە مال – دۇنياسى بار بولغان، بىساتلىق، مال – مۈلۈكلۈك: بۇ خېلى بارلىق ئۆي ئىكەن.

**بارلىق** III سۈپ. ھەممە، جىمى، پۈتكۈل، ئومۇمىي: دەرس ئۆتۈش بارلىق ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى.

**بارماق** I ئى. پۇت، قول پەنجىلىرىنىڭ ھەربىرى.

**بارماق تىلى** گاس – گاچىلارنىڭ قول ئىما - ئىشارەتلىرى، بارماق بىلەن ھەرپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى.

**بارماق ۋەزنى** <ئەد> شېئىر مىسرالىرىدىكى تەڭ مىقدارلىق بوغۇملار مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىپ، بىر خىل رىتىم ھاسىل قىلىدىغان شېئىرىي ۋەزىن. بۇ نام مىسرالاردىكى بوغۇملار سانىنىڭ بارماق بىلەن سانىلىشىدىن كېلىپ چىققان.

**بارمىقىنى چىشلىمەك** ھەسرەتتە، پۇشايماندا قالماق: ئۆتكەن يىلى بىزمۇ بۇنداق بەقەسەم ئېتىزلاردىن ئاز – تولا قىلىپ باققان، لېكىن يىلنىڭ ئاخىرىدا چاچقان ئۇرۇقىمىزنى تاپالماي بارمىقىمىزنى چىشلەپ قالغانىدۇق.

**بارماق** II پ ① سۆزلىگۈچى ياكى كۆزەتكۈچى تۇرغان جايدىن، نەزىرىدىن نېرى كەتمەك، يىراقلاشماق، يول ئالماق: بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ (ماقال). ② داۋاملاشماق، داۋام قىلماق: بۇ يەردە گەپ دۆلەت ھاكىمىيىتى پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدىلا بارىدۇ. ③ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: 1) ئىش – ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھوشۇر ئاكامغا يانداشىپ كېتىپ باراتتىم. 2) ئىش – ھەرىكەتنىڭ پەللىمۇپەللە ئۆرلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دۆلەت بىكار قىلىنىدۇ ئەمەس، ئۇ ئۆز – ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ. 3) ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بۇ كەمگىچە كورلىغا يېتىپ باردى. ④ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شۇ نەرسىنىڭ شۇ سان بىلدۈرگەن چەككە يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ: ئۇنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى 12 مىڭ يۈەنگە بارىدۇ.

**بارماقتەك** سۈپ. كىچىككىنە، كىچىكلا: سېنىڭ بارماقتەك نەرسەڭ نېمىگە يېتىدۇ؟

**بارماقچە** سۈپ. چوڭ – كىچىكلىكى بارماقتەك بولغان، بارماقتەك، كىچىككىنە: بارماقچە بىر نەرسە.

**بارماقچىلىك** سۈپ. چوڭلۇقى بارماقتەك كېلىدىغان، كىچىك، كىچىككىنە، ئۇششاق: پەرھات ئاچچىقلىنىپ، بالىنىڭ بويىنىدىن تۇتتى – دە، بارماقچىلىك ناننى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى.

**بارماقلىق** سۈپ. بارمىقى بار، بارماقلارغا بۆلۈنگەن: بەش بارماقلىق قول.

**بارنا** ئى. دىيال. <دېھ> تىرنا، تارماققا ئوخشايدىغان نەرسە.

**باروتېرموگراف** ئى [ر] <مېتېئور> ئاتموسفېرا بېسىمى ۋە تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ھاۋا بېسىمى ۋە تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەپ ھەم خاتىرىلەپ تۇرىدىغان ھاۋارايى ئەسۋابى.

**باروگراف** ئى [ر<گىرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا بېسىمىنى شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن يېزىپ بېرىدىغان ئاپتوماتىك بارومېتىر.

**بارومېتىر** ئى [ر<گىرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا بېسىمىنى، ھاۋا رايىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، بارومېتىردىكى سىماب يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.

**بارومېتىرلىق** سۈپ. بارومېتىرى بار، بارومېتىر ئورنىتىلغان: مەكتەپ تەجرىبە يۈزىسىدىن بارومېتىرلىق بىر كىچىك كۆزىتىش پونكىتى قۇردى.

**بارون** ئى [ر<فىران] <تارىخ> غەربىي ياۋروپا دىۋارىيازلىرىنىڭ رۇسىيەدە يولغا قويغان گىرافتىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئۇنۋانى ۋە شۇنداق ئۇنۋان ئالغان شەخس.

**بارۇيماق** پ. دىيال. ئىششىماق.

**بارى** ئال. ھەممىسى، بارلىقى، جىمىسى، ئومۇمىي: ئورنىغا كۆمۈلگەن بۇغداينىڭ بارى ئوتتۇز تاغار.

**بارىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، ساپلىرى رەڭسىز ھەم سۈزۈك، ساپ بولمىغانلىرى كۆل رەڭ، ئاق، قىزىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭراق، سانائەتتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**بارىچە** رەۋ. بارىنى، ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممىسىنى ئىشلىتىپ؛ يېتىشىچە: ئەكرەم بولسا سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلىۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى.

**بارىدا** رەۋ. بار شارائىتتا، بار ۋاقىتتا: چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر.

**بارىسىدا** تىر. توغرىسىدا، ھەققىدە، خۇسۇسىدا: چىقسام تۇرىدۇ رەت – رەت مەكتەپ دەرۋازىسىدا، تەرتىپ بىلەن سۆز بارماقتا ئىكەن دەرس بارىسىدا.

**بارىكادا** ئى [ر<فىران] كوچا جەڭلىرىدە دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان توساق؛ توسما: ئۇ بارىكادىلار ئالدىدا جەڭ قىلىدۇ.

**بارىكاللا** ئىم [ئە] ① بىرەر سۆز، بىرەر ئىش – ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە ئېيتىلغان رەھمەت؛ تەشەككۈر: بارىكاللا ئوقۇماق. بارىكاللا ئېيتماق. ② دىيال. كىچىك توي، چوڭ جاي.

**بارىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، خىمىيەلىك بەلگىسى Ba(Baryum) . ئۇ بىر خىل ئىشقارىي يەر مېتالى بولۇپ، كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ؛ ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ.

**بارىي بوتقىسى** <تېب> قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىكى بەزى كېسەللەرگە دىياگنوز قويۇشتا ئىچۈرۈلىدىغان دوغاپ ھالەتتىكى بارىي سۇلفات.

**بارىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە بارىي بار، تەركىبىدە بارىي بولغان.

**بارىيون** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ماسسىسى پىروتوندىن چوڭ بولغان (پىروتوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسىي زەررىچىلەر. بۇ زەررىچىلەر ئىچىدە، پىروتوندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دانە نۇكلېئون ۋە بىرنەچچە دانە مېزونلارغا ياكى ناھايىتى يېنىك بولغان زەررىچىلەرگە بۆلۈنەلەيدۇ.

**بار ـ يوق** ھەممە، جىمى، بارلىق: ئالماس بار ـ يوق دەسمايىسى بىر كىچىك يەشىك ۋە بىرنەچچە پارچە ئەينەكتىن ئىبارەت بولغان بىر كەمبەغەل ئەينەكچى ئىدى.

**بار ـ يوق دېمەي** سەۋەب كۆرسەتمەي، باھانە كۆرسەتمەي، يوپۇتماي: بېگىم، بار ـ يوق دېمەي بىر سېۋەت سامان بېرەرلا، ئېشەكنى مادارلاندۇرۇپ ھەمراھلىرىمغا يېتىشىۋالاي.

**بار ـ يوقى** ① قول ئىلكىدە، ئىختىيارىدا بولغان ھەممە نەرسە: قەدرىدىن بار ـ يوقى بىر يوتقان، بىر كۆرپىنى قاتلىدى. ② ھەممىسى، جىمىسى، بارلىقى: بۇ قېتىم بار ـ يوقى ئۈچ تېگىقىلا كىتاب كەلگەنىدى.

**بارېپر** ئى [ر<فىران] <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ توسۇق ئاتلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان، مەخسۇس ياغاچتىن ياسالغان جازا شەكىللىك توسۇق.

**باز** باغىل [ پ ] يېزت. يەنە، شۇنىڭدەك: شۇم پەلەك كەم بولسا باز ئال، ئاشۇ ۋىجدانىنى بىراق، ئالمىقىنىڭ تەستۇر گويا كۈننى ئۆچۈرمەكتىن ساڭا.

**بازا** ئى [ر<فىران] ① ئاساس، نېگىز، تايانچ: ئىقتىسادىي بازا. ھەربىي بازا. ② دەرۋازا ئورنىتىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىش ياكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۈۋرۈك.

**بازار** ئى [پ] ① ئاھالە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان مەخسۇس جاي: مال بازىرى. ئاشلىق بازىرى. ② ئاھالە سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەخسۇس كۈن: شەنبە بازار، يەكشەنبە بازار. بازار كۈنى. ③ دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتا تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن: ئىچكى بازار. تاشقى بازار. ④ كۆچمە. بىرەر جايدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، سۈرەن ـ چۇقان، تەرتىپسىز ھالەت: بالىلىق ئۆي ـــ بازار، بالىسىز ئۆي ـــ مازار (ماقال). ⑤ ناھىيە مەركىزىدىكى ناھىيەدىن تۆۋەن مەمۇرىي بۆلۈنمە.

**بازار تالاشماق** <سودا> سودا ـ سېتىق، تىجارەتتە رىقابەتلەشمەك، بەسلەشمەك.

**بازار چاققانىنىڭ** ئىش ئالدىدا تۇتۇش قىلغانىنىڭ، بۇرۇن قىلىۋالغانىنىڭ: بولۇڭ، بازار چاققانىنىڭ، تېز تۇتۇش قىلمىساق، ئىش چاتاق.

**بازاردا بار گەپ** ھەممە ئادەم بىلىدىغان، يېڭىلىقى يوق گەپ: ـــ بۇنىڭ ئانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، بازاردا بار گەپقۇ؟ ـــ دېدى باتۇر ئايشەمگە.

**بازىرى بار** ① خېرىدارى كۆپ، تېز سېتىلىدىغان : ئۇمۇ قوللىرىدىكى بار ماللىرىنى سېتىپ، ئۇياقتا بازىرى بار ماللارنى ئالدى. ② كۆچمە. ئەتىۋارلىق، خېرىدارلىق.

**بازىرى چىقماق** خېرىدارى كۆپەيمەك، تېز سېتىلماق.

**بازىرى كاسات** ① خېرىدارى يوق، ئۆتمەيدىغان، سېتىلمايدىغان: موتوسىكلىتنىڭ ئۇرۇمچىدە بازىرى كاسات، شۇڭا ئۇلارنى تۆۋەنگە يەنى ياقىقا يۇرتلارغا ئاپىرىپ سېتىش قارارىغا كەلدىم. ② كۆچمە. ئاممىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان، ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن: ھازىر سولچىللىقنىڭ بازىرى كاسات. * مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ بازىرى كاسات بولغاچقا، زېھنىي ئەمگەكچىلەرنىڭ زېھنى باشقا تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى.

**بازارچى** ئى. سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىم ئېھتىياجى بىلەن بازارغا كەلگەن كىشى: بىزگە مانا بۇ بازارچى سىڭلىمىز كېلىپ قوشۇلدى.

**بازارچىلىماق** پ. بازارمۇبازار يۈرۈپ سودا ـ سېتىق ياكى تاماشا قىلماق: ئەخمەت بۈگۈن قۇمباشقا بازارچىلاپ كەتتى.

**بازارشۇناس** ئى [پ] نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ، ماللارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشىنى، تاۋارلىشىشىنى ۋە شۇنىڭدەك بازار ئىگىلىكى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم: بۇ بىر خاراب ئىشنى يۈزەكى ئويلايدىغان بازارشۇناس ياكى ئىقتىسادشۇناسنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن تارىخچىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەرقانداق زامانىۋى ئىمارەتتىن مۇھىم.

**بازارشۇناسلىق** ئى. بازارغا يۈزلىنىشنى، تاۋارلىشىشنى ۋە شۇنىڭدەك بازار ئىگىلىكى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، بازار ئىقتىسادى، بازار رىقابىتى ئىلمى: بازارشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**بازارلاتماق** «بازارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ـــ باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ۋە ئۆزىنى بازارلاتمايدىغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

**بازارلاشتۇرماق** ① «بازارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بازارغا يۈزلەندۈرمەك، بازارنىڭ ئېھتىياجى ئارقىلىق ئىش كۆرمەك: ئۇلۇغچات ناھىيەسى بازارلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش ئارقىلىق دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پۇل تېپىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

**بازارلاشتۇرۇشماق** «بازارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بازارلاشتۇرۇلماق** «بازارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بازارلاشماق** ① «بازارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بازارغا يۈزلەنمەك، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتمەك، بازار ئىگىلىكىنى قوبۇل قىلماق، بازار ئىگىلىكى بويىچە ئىش كۆرمەك: چەت ئەللىكلەر ئاددىي خەلقنىڭ ساددا قەلبىنى ئەمەس، شەھەرلەشكەن، بازارلاشقان ئاز ساندىكى توق قورساقلارنىڭ غەرەزلىك داستىخانلىرىنى كۆرىدۇ. * بولۇپمۇ قاتتىق رىقابەت ئېلىمىزنىڭ زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان پىكاپلارنىڭ زور دەرىجىدە بازارلىشىشنى

كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**بازارلىق** ① سۈپ. سېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان: بازارلىق مال. ② ئى. سودا – سېتىق: ئانچە – مۇنچە بازارلىق قىلمىساق تۇرمۇش دېگەندە يەنە بولمايدۇ. ③ ئى. بازاردىن بالىچاقىلارغا ئەكەلگەن سوۋغا – سالام: ئۇ يېنىشىدا بالىلىرىغا بازارلىق ئېلىۋال- دى. * مەن سىلەرگە بىر ئاز بازارلىق ئەكەلدىم. ④ ئى. بازاردا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر: سەھرالىق دەيدۇ بىزنى ئۆزىنى بىلمەي بازارلىق. ⑤ سۈپ. بازار دەرىجىلىك: بازارلىق ھۆكۈمەت.

**بازارلىماق** پ ① بازارغا بېرىپ سودا - سېتىق قىلماق، ئېلىپ – ساتماق: ئەمەت ئايشەمگۈل بىلەن بازارلاپ كەلگەنلىكىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك يېنىككىنە چېكىلدى. ② بازارغا يۈزلەنمەك، بازارغا سالماق، ساتماق.

**بازارمۇبازار** رەۋ. بازاردىن بازارغا: بۇگۈن بازارمۇبازار ئايلىنىپ ئۇنى تاپالمىدىم.

**بازار– ئوچا** دىيال. بازار، شەھەر: بىز بازار – ئوچاغا بېرىپ، نەرخ – ناۋانى ئۇقۇپ كېلەيلى.

**بازار– ۋېلىق** دىيال. بازار، شەھەر، بازار – ئوچا: بۇگۈن بازار – ۋېلىقا بېرىپ، ئاز – تولا رەخت – پۇچەك ئەكەلدۇق.

**بازالت** ئى [ر<لات] <گېئول> ماگما جىنسلارنىڭ بىر خىلى، يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىگە كۆپ تارقالغان.

**بازالتلىق** سۈپ. خىمىيەلىك تەركىبىدە بازالت بولغان: بازالتلىق قاتلام.

**باز– باز** ← **بازغىشىش.**

**باز– بازغا چۈشمەك** ھۈرپەيمەك، دۈۋىنىماق، بازغىشىماق (توخۇلارنىڭ سوقۇشۇش ئالدىدىكى ھەرىكەتلىرىگە ئېيتىل- لىدۇ): بۇ ئىككىيلەن باز – بازغا چۈشكەن خورازلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ھېجىيىپ تۇرۇشاتتى.

**باز– بازغا سالماق** بازغىتماق، سوقۇشۇشقا كۈشكۈرتمەك: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئالىم رېشىت بىلەن ئەلىنى باز – بازغا سېلىشقا باشلىدى.

**بازغاشماق** پ. دىيال. بازلىماق، سوقۇشماق، خورازدەك ھۈرپىيىشمەك، قانات سورىمەك.

**بازغان** ئى. تۆمۈرچىلىكتە تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى سوقۇپ، يېسىلايدىغان، بولقىدىن چوڭ ئەسۋاب: بىر يىل ئۆتكەندە بازغان تۇتۇشنى ئۆگەندىم، يېشىم ئون توققۇزغا يەتكۈچە بازغان سوقتۇم.

**بازغانچى** ئى. تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا بازغان ئۇرىدىغان كىشى، بازغان ئىشچىسى.

**بازغانچىلىق** ئى. بازغان ئۇرۇش ئىشى: بازغانچىلىق قىلماق.

**بازغانلاتماق** «بازغانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازغانلاشماق** «بازغانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بازغانلىماق** پ. بازغان ئۇرماق: ئەخەت قىزىتىلغان تۆمۈرنى بازغانلىدى.

**بازغىتماق** «بازغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازغىشماق** «بازغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى بىر – بىرىگە يات ئادەملەردەك ماي تارتىشىپ قارىشىپ، خورازلاردەك بازغىشىپ، دېڭىز تەرەپتىكى دېرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا مۇزلىغاندەك غوللىرىنى چىقىرىپ، ھودۇقۇپ گاڭگىراشتى.

**بازغىماق** پ. ئۆڭگمەك، دۈۋىنىماق، ھۈرپەيمەك: كۈنمۇ بۆلارنىڭ بازغىپ تۇرۇشىنى تاماشا قىلغاندەك تاغ ئارقىسىدىن ئارتىلىپ چىقىپ قاراپتۇ.

**بازلاتماق** «بازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازلاشماق** «بازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاماقتا تۇتۇش قىلدى، لېكىن تاماق ئارىلىقىدا يەنە بىر – بىرىگە بازلى- شىپ، گەپ – سۆزنى توختاتمىدى.

**بازلىماق** پ. ھۈرپەيمەك، سوقۇشۇشقا تەييارلانماق، قانات سۆرىمەك: مەشۇر ئاخۇن قولىنى قوينىغا تىقىپ بازلىغان خورازدەك ماي تارتىپ ئالدىدا باراتتى.

**بازىس** ئى [ر<گىرېك] <س ئىق> جەمئىيەت تەرەققىيا- تىنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىدىكى سىياسىي – ئىقتىسادىي تۈزۈم، يەنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، ھوقۇق تۈزۈلۈشى ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**بازىلىماق** پ. دىيال. بەزلىمەك.

**بازىمەن** ئى [خەن] لەگمەن خېمىرىنى سوزۇشنىڭ بىر خىلى، پۈتۈن خېمىر ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەربىر بۆلەك ئايرىم – ئايرىم بىر قېتىم ئوڭ، بىر قېتىم تەتۈر ئېشىلىدۇ؛ توم – ئىنچىكىلىكى بىردەك تەكشى ھالغا كەلگەندە، ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ غۇلاچلاپ سوزۇلىدۇ؛ ئاخىرىدا ئىككى بېشى- دىكى توم خېمىر كېسىۋېتىلىپ قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

**بازىمەنچى** ئى. ئاشخانىلاردا مەخسۇس بازىمەن تارتىدىغان ئۇستا.

**باس** سۈپ [ر<ئىنگ] <مۇز> پەس، تۆۋەن، بوم (ئاۋاز ھەققىدە): باس ئاۋاز.

**باس ئاۋاز** <مۇز> پەس، تۆۋەن ئاۋاز.

**باس– باس** ئارقا – ئارقىدىن؛ تۆپە – تۆپىلەپ؛ تالىشىپ: — بۇگۈن يېڭى چىققان رەخت ئىكەن، كىشىلەر باس – باس بىلەن ئېلى- ۋېتىپتىكەن، مەنمۇ ساڭا بىر كىيىملىك ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئىمام مۇھەممەد ئايالىغا.

**باس– باسچىلىق** باس – باس بولۇش ھالىتى: بېنەپتە كۈنلۈ- كىمۇ باس – باسچىلىق بىلەن ئۆتىدىغان ئاشخانا، سامسىخانا، گۆشگىر- دىخانىلارنىڭ بىرەرىمۇ ئوچۇق ئەمەس.

**باستون** ئى [ر<ئىنگ] ئەلا سۈپەتلىك بىر خىل يۇڭ رەخت، سارجىنىڭ بىر خىلى.

**باستۇرغا** ئى. تۆگىگە بېسىلغان (ئارتىلغان) نەرسىلەرنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە مەھكەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بېسىلغان نەرسىلەرنى ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ چىڭ بېسىپ باغلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تاسما: تۆگىلەرنىڭ باستۇرغا، چوم ۋە بەللىكلىرى ناھايىتى ئېسىل ياسىلاتتى.

**باستۇرما** ئى ① نەرسە – كېرەكلەرنى باسۇرۇپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر تقۇ؛ باستۇرۇق: — باياتىن ئاتخانا ئۆگىزد- سىدىكى بېدىلەرگە باستۇرما كۆتەكلەرنى چىقاردۇق، — دېدى مەنسۇر. ② كوچىلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان تۆت يېقى ياكى ئىككى يېنى ئوچۇق لاپاس.

**باستۇرماق** ① «باسماقⅢ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىسى: ــ توغرا، بۇ كىتابلارنىمۇ باستۇرىمىز، ھە، راست، سۇلتان تېزرەك قايتسا بولار ئىدى، ــ دېدى قىدىرخان. ② تىنچىتماق، جازالىماق: قورالى يوق ئىسيانچىنى باستۇرۇش سىزنىڭمۇ قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

**باستۇرۇشماق** «باستۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**باستۇرۇق** ئى ① ئېگەر - توقۇم، ئۇچۇلۇقنىڭ ئۈستىدىن تارتىلغان تاسما ياكى توقۇلغان بەلباغ . ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ قويىدىغان ئېغىر تۇقۇ؛ باستۇرما: ئوغرى باستۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھە دەپ يۇلقۇناتتى.

**باستۇرۇقلۇق** سۈپ ① باستۇرۇلغان، باستۇرۇپ قويۇلغان : گۆشنىڭ ئۈستىگە داس باستۇرۇقلۇق ئىدى. ② باستۇرۇق قىلىشقا بولىدىغان، باستۇرۇق قىلىشقا تەييارلانغان : باستۇرۇقلۇق كىگىز.

**باستۇرۇلماق** «باستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىنچە قوزغىلاڭ ئېچىنىشلىق تۈردە باستۇرۇلدى.

**باسقا** ئى. دىيال. شوتا، پەلەمپەي.

**باسقاق** ① سۈپ. بىرەر جاينى يېپىش، باستۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، بىرەر جاينىڭ ئۈستىگە باستۇرۇلىدىغان : باسقاق تېرە. ② چاشقان قاتارلىق جانلىقلارنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇتىدىغان ئەسۋاب، تاختىمۇشۇك، باسماق.

**باسقاقلىق** ئى. بىرەر جاينى يېپىش، باستۇرۇش، ئىش - ھەرىكىتى ياكى ۋەزىپىسى، بېسىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئىشى: نۇردالى خان چاۋۇشلارنى ئاياغقا تۇرغۇزدى - دە، ئۇلارنى بۇ بۇلاڭچى قازاقلارنىڭ ئۈستىگە باسقاقلىققا ئەۋەتتى.

**باسقان** ئى. دىيال. پىستان، پىسىلداق.

**باسقان ئاش** دىيال <يېم> كەسمە لەڭمەن.

**باسقۇ** ئى. دىيال. شوتا.

**باسقۇچ** I ئى ① پەلەمپەينىڭ ھەربىر پەللىسى: ئۇ پەلەمپەيدىن بىرقانچە باسقۇچ چۈشۈپ توختىدى. ② شوتا. ③ كۆچمە. تەرەققىياتنىڭ ھەربىر پەللىسى، دەۋر: ئىنقىلابىمىز ئىككى باسقۇچتىن ئۆتتى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۈچىنچى باسقۇچقا كىردى. ④ <گېئول> بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر چوڭراق رايون دائىرىسى ئىچىدىكى ئەسىردىن كىچىك بولغان گېئولوگىيەلىك ۋاقىت بىرلىكى. ⑤ كۆچمە. دەرىجە: ئۇنىڭ كېسىلى خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالدى.

**باسقۇچ** II ئى. تۆكۈلگەن سىياھنى سۈمۈرۈش، قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈمۈرگۈچ قەغەز ئورنىتىلغان ئەسۋاب.

**باسقۇچ** III ئى. دىيال. شوتا.

**باسقۇچلۇق** سۈپ ① پەلەمپىيى، باسقۇچى بار: ئۇ تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ پېشايۋانغا چىقتى. ② كۆچمە. ئۆزئارا باغلانغان، باسقۇچلارغا، بۆلەكلەرگە، دەۋرلەرگە بۆلۈنگەن: ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى باسقۇچلۇق بولىدۇ.③ كۆچمە. قەدەممۇ - قەدەم، دەرىجىمۇدەرىجە، باسقۇچمۇباسقۇچ: بۇ ئىشقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پىلانلىق ۋە باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**باسقۇچمۇباسقۇچ** رەۋ. قەدەممۇقەدەم، پەللىمۇپەللە، دەرىجىمۇدەرىجە، بىر - بىرلەپ، پەيدىنپەي.

**باسقۇن** ئى. تاجاۋۇز، ھۇجۇم، باستۇرۇپ كىرىش، بۇلاڭ - تالاڭ : باسقۇن قىلماق. * ياۋداق ئاتقا مىنگەن كۆڭلەكچان، يالاڭباش بىر قازاق سەردارغا: ــ قالماقلارنىڭ باسقۇنىغا ئۇچرىدۇق! قىرغىن ئىچىدە قالدۇق! ــ دەپ ۋارقىرىدى. * قورۇ ئىچىدىكى شاپۇر - شۇپۇر قىلىشىۋاتقان ئاياغ تېۋىشلىرىدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن نۆكەرلەر بۇ كۈتۈلمىگەن باسقۇندىن ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپ مەڭدەپ قېلىشتى.

**باسقۇنچى** ئى ① زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ باشقىلارنى بۇلاپ - تالايدىغان باسمىچى، بۇلاڭچى، باندىت: ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن بىز ياشلار قوغلاپ بارايلى، بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مانا مەن تەييار. ② زورلۇق كۈچ بىلەن باشقا يۇرتنى، ئەلنى بېسىۋالىدىغان تاجاۋۇزچى: مەغرۇرلىنىپ ئالدانمىغىن ھېچ، ئۇتتۇقلار مەن تەرەپ قاراپ ئاقىدۇ. «مەزلۇم ئەل قىساسى!» دەپ كۆتۈرگىن قىلىچ، باسقۇنچى ئەبلەخلەر گۆرىن تاپىدۇ. ③ زورلۇق بىلەن ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ نومۇسىغا تەگكۈچى: كىچىك قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن باسقۇنچى قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**باسقۇنچىلىق** ئى ① باسقۇنچىلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت؛ قىلىق؛ تاجاۋۇزچىلىق: باسقۇنچىلىق قىلماق. باسقۇنچىلىققا قارشى تۇرماق. ② زورلۇق بىلەن ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش، ئاياغ ئاستى قىلىش: بۇ ئادەم بۇندىن يەتتە ئاي بۇرۇن بىر نارەسىدە قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانىدى.

**باسلاتقۇ** ئى. دىيال①تويدا قىزغا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى. ② قىز ھەققى، مېھىر ھەققى، مېھىر تويلۇق.

**باسما** ① سۈپ. مەتبەئەدە بېسىلغان، نەشر قىلىنغان: باسما ماتېرىيال. ② سۈپ. بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە ئىزى، شەكلى چۈشۈرۈلگەن: باسما كىگىز. باسما گۈل. ③ ئى <مەت> مەتبەئە: ماقالىلەر باسمىغا بېرىلدى. ④ ئى. زاۋۇتتا پاختا يىپتىن نېپىز، گۈللۈك قىلىپ توقۇلغان بىر خىل پاختا رەخت، چىت: ئاق باسما، يېشىل باسما، كۆڭلەك كىيسەم ياراشماس، ئايرىۋەتتى يارىمدىن، ئىچى يامان كۆرەلمەس.

**باسما تاختا** قوناق ئۇنى لەڭمىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يۈزىدە تۆشۈكچىلىرى بولىدىغان، يۇغۇرۇلغان قوناق ئۇنى خېمىرىنى تاختىنىڭ ئۈستى يۈزىگە قويۇپ، بېسىش ئارقىلىق قوناق ئۇنى لەڭمىنىنىڭ چۆپىنى چىقارغىلى بولىدىغان تاختا (يەنى قازان بېشى جابدۇقى).

**باسما نان** <يېم> ئوتتۇرىسىدا ئويمانچىقى يوق نان.

**باسماق** I ئى. ئۇششاق ئۇچار قاناتلارنى تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاپقان: باسماق قۇرماق.

**باسماق** II ئى. تاسما بىلەن ئۈستىدىن باستۇرۇپ ئېتىلىدىغان پەس پاشنىلىق بىر خىل يازلىق ئاياغ،ساپما ئاياغ : ئۇ ياز كۈنلىرى دائىم پۇتىغا باسماق كىيىپ يۈرەتتى.

**باسماق** III پ ① يول يۈرمەك، دەسسىمەك، ماڭماق: ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرمە (ماقال). ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە، ئىچىگە باشقا نەرسىنى قاچىلىماق، جايلاشتۇرماق: ماشىنىغا ئوغۇت باسماق. ③ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ كۈچ بىلەن نىقتىماق: ئاسىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن باستى. ④ قاپلىماق، ئورىماق:

ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران (ماقال). * ھاۋانى تۇمان باستى. ⑤ نەشر قىلماق: مەن بولسام يازىمەن، ماۋۇ ئاغىنەم تۇردى بولسا كىتاب - ژۇرنال باسىدۇ. ⑥ ئۈستۈن كەلمەك، ئارتىپ كەتمەك، ئېشىپ چۈشمەك : نەيگە تەڭكەش قىلىنغان بىر غىجەكنىڭ ئاۋازى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنى نەينىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتكەنىدى. ⑦ ياقماق، تەگكۈزمەك: باغرىغا باسماق. ⑧ بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئىز چىقارماق، تىكمەك: كەشتە باسماق. تامغا باسماق. ⑨ پەسەيتمەك، تىنچىتماق، ھاي بەرمەك، يالتايماق: ئۆزىنى باسماق. ⑩ ئۇرماق: دەررىگە باسماق. ⑪ ئۈستى - ئۈستىگە قويماق، تەخلىمەك: چۆپ باسماق. ⑫ كۆچمە. زورلۇق بىلەن مەنئى قىلماق، توسماق، تىنچىتماق: ئاممىنىڭ پىكرىنى باسماق.

**بېسىپ ئولتۇرماق** ① ئورنىدىن يۆتكەلمەي، قوزغالماي تۇرماق، جىم تۇرماق. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى قادىلىپ تۇرۇپ قىلماق، بېرىلىپ بېجىرمەك، قاتتىق ئىشلىمەك: ئۇ قولىدىكى شۇنچە نۇرغۇن ماتېرىيالنى بېسىپ ئولتۇرۇپ بىر ھەپتىدە كۆرۈپ تۈگەتتى.

**باسماقچى** ئى. قىلتاقچى، نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر.

**باسمادىماق** پ ← **باسماقدىماق** : بۆرە ئېتىلىپ كېلىپ، بورسۇقنى باسماداپتۇ.

**باسماقدىماق** پ. پۇت - قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇلجۇتماي، خۇددى باسماقتا باسقاندەك بېسىۋالماق، دەسسىمەك : ئۇ خورجۇن - قاچىلىرىنى يەرگە قويۇپ بولغۇچە، تۆتى تۆت ياقتىن كېلىپ باسماقدىدى.* بۆرە توشقاننى باسماقداپ تۇرۇپ يېگىلى تۇردى.

**باسماقلىق** I سۈپ. بېسىش ئارقىلىق ئىشلەيدىغان؛ باسماقلارغا ئىگە: باسماقلىق چالغۇلار گۇرۇپپىسى.

**باسماقلىق** II سۈپ ① باسمىقى بار، باسماق كىيگەن. ② باسماق بولىدىغان، باسماق تىكىشكە يېتىدىغان: بىر باسماقلىق خۇرۇم. ئىككى باسماقلىق كۆن.

**باسمىچى** ئى. باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىسى، بۇلاڭچى، باندىت: ئۇ بۇنىڭ بىلەن تۇرماستىن باسمىچى ئوسمانغا ياردەم قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قوراللىق ھۇجۇم قىلدى.

**باسمىچىلىق** ئى. خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان باندىتلىق، قاراقچىلىق: باسمىچىلىق ھەرىكىتى.

**باسمىخانا** ئى. كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى باسىدىغان كارخانا؛ مەتبەئە.

**باسمىل** ئى <ئىرق> 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

**باسنوشكا** ئى [ر] پۇتنى سالقىن تۇتۇش ئۈچۈن تىكىلگەن ئاياللارنىڭ بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى.

**باسۇرماق** پ ① باسىدىغان قىلىپ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇ بوغىنى يەنە چۆپنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويدى. ② چۈجە چىقارتىش مەقسىتىدە بىر قانچە تۇخۇمنى كۇرۇك توخۇنىڭ ئاستىغا سېلىپ بەرمەك: كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، پەملىك ئايال توخۇلارنى بېقىپ تۇخۇمنى يىغىپ، باسۇرۇپ، چۈجە چىقىرىپتۇ.

**باسۇرۇق** I ئى. زىياپەت ياكى مېھماندارچىلىقتا تارقاشتىن بۇرۇن تارتىلىدىغان، ئىلگىرى يېگەن - ئىچكەنلەرنى بېسىش نامىدا تارتىلغان سۇيۇقئاش ياكى شۇ تۈردىكى تاماق : باسۇرۇق ئەتمەك.

**باسۇرۇق** II ئى. باستۇرۇپ كىرىش، تاجاۋۇز، ھۇجۇم: جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپى باسۇرۇقتا ئۈچرىغاندىن كېيىن جۇڭغارلار قالايمىقانلىشىپ پىتىراپ قاچقىلى تۇرغاندا، مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

**باسۇرۇقلۇق** I ئى. باسۇرۇق رولىنى ئوينايدىغان نەرسە، يېمەكلىك : باسۇرۇقلۇق ئۈچۈن سۇيۇقئاش ئەتمەك.

**باسۇرۇقلۇق** II ئى. باستۇرۇپ كىرىش ئىشى، ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى، تاجاۋۇزچىلىق.

**باسىق** ئى. دىيال. ئورۇپ قۇرۇتۇپ بېسىپ قويۇلغان ئوت - چۆپ، قومۇش - قوراي قاتارلىقلار: باسىق ئورۇمى.

**باش** ① ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىنقى يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى؛ كاللا: سوقا باش. گىلدىڭ باش. ② ئى. تىك، ئۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى؛ چوققىسى: تاغ بېشى. دەرەخ بېشى. تونۇر بېشى. ③ ئى. باشلىق، رەھبەر: ھوشۇر بەگ سەردارنى ئۇلارغا باش قىلىپ، ئىرولغا ماڭدۇردى. ④ سۈپ. بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى: باش كاتىپ. باش ئىنژېنېر. ⑤ سۈپ. ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي: باش بۆلەك (گىراماتىكىدا). باش ۋەزىپە. ⑥ ئى. كۆچمە. مېڭە، ئەقىل، ھوش، زېھىن، كۆڭۈل: ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولمىسا ئاشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟ * بېشىڭ نەگە كەتتى ؟ ⑦ ئى. كۆچمە. كىشى، ئادەم، جان، ئۆز: — بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەت، — دەپتۇ ئايال ھامال. ⑧ رەۋ. ئاۋۋال، بۇرۇن، دەسلەپ، ئىلگىرى: يارنىڭ ئۆيى باغراشتا، بەلگىسى قارا قاشتا. ئانچە مەيلىڭ بولمىسا، نېمىشقا ئوينىغان باشتا. ⑨ سۈپ. بىرىنچى: باش كۆۋرۈك. باش بارماق. ⑩ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر باش پىياز. ئىككى باش چامغۇر. ئون باش قوناق. ⑪ ئى. ئەسىر، يىل، پەسىل، ئاي، كۈن، گەپ - سۆز قاتارلىقلار ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ باشلانغان جايى، قىسمى؛ يۇقىرى تەرىپى: يىلنىڭ بېشى. گەپنىڭ بېشى. ساينىڭ بېشى. دەريانىڭ بېشى. ⑫ ئى. بەزى زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ كاللەك بولىدىغان مېۋىسى، ھوسۇلى، باشاق: باش تەرمەك. قوناق باش تۇتتى. // باش پىياز. ⑬ ئى. چاچ: باش ئاقارماق. باش چۈشۈرتمەك. ⑭ ئى. بەزى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ شۇ ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نەرسىنى ياكى شۇ نەرسە ئورۇنلاشقان جاينى بىلدۈرىدۇ: ئېتىز بېشى. ئېرىق بېشى.

**باش ئاغرىماق** ① بەدەننىڭ باش قىسمى ئاغرىماق. ② كۆچمە. ئاۋارىچىلىككە قالماق، تەشۋىشلەنمەك، كۆڭۈلسىزلىككە، دەخمىزىگە يولۇقماق: بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق باش ئاغرىيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى.

**باش ئالماق** ① باشنى كەسمەك، ئۆلتۈرمەك: ئەگەر پەرماننى ئورۇنلىمساڭ، پادىشاھ بېشىڭنى ئالىدۇ. ② باش چىقارماق، باشاقلىماق : پىچاندا ئېگىز قونىقى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باش ئالىدۇ.

**باش ئەگمەك** بويسۇنماق، قايىل بولماق، ئىتائەت قىلماق، تەسلىم بولماق: كۈرەش قىلماي باش ئېگەمدۇق زورلۇقا، تېگىشەمدۇق ئەركىنلىكنى قۇللۇققا.

**باش ئەلچى** بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتتە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك ۋەكىل.

**باش بارماق** ئادەم پۇت ـ قول پەنجىلىرىنىڭ بىرىنچىسى، چوڭ بارمىقى: قولىنىڭ باش بارمىقى. * بىرىنچى قېتىم يالىڭاچ يۈرگىنىم ئۈچۈن، ئوڭ پۇتۇمنىڭ باش بارمىقى تاشقا تېگىپ، پەشۋا يەپ زەخىملىنىپ قالدى.

**باش باھار** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە 24 مەۋسۇمنىڭ بىرىنچىسى. فېۋرالنىڭ 3 ~ 5 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**باش بۇرنى** ھەممىدىن بۇرۇنقىسى، ئەڭ ئاۋۋالقىسى، تۇنجىسى: پادىشاھ بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ: ــ مۇشۇ چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى پادىشاھ يېسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

**باش بېقىشماق** دىيال. غەيۋەت قىلىشماق.

**باش تارتماق** رەت قىلماق؛ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماق، چەتكە ئالماق: نەئىمە يۈزىدىن نىقابنى ئېلىشتىن باش تارتىپتۇ.

**باش توخۇ** ① تاڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم چىللىغان توخۇ: مەن بالىخانىدىكى سارايغا ئۇخلىغىلى چىققاندا باش توخۇ چىللىغانىدى. ② تاڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم توخۇ چىللىغان ۋاقىت: بۈگۈن ئالىم ئۆيدە يالغۇز قالغانلىقى ئۈچۈن باش توخۇغىچە كىتاب ئوقۇدى.

**باش تولغىماق** نارازى بولماق، رەت قىلماق، بويسۇنماي قويماق: خان ناۋايغا باش تولغىساڭ جايىڭ زىندان، دېدى .

**باش تومۇز** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئون بىرىنچىسى . ئىيۇلنىڭ 6 ~ 8 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**باش تىققۇدەك** ئادەم كىرگۈدەك، سىغقۇدەك: باش تىققۇدەك ئۆيى يوق، داڭ چىققۇدەك مېلى يوق (ماقال).

**باش چۆكۈرمەك** بىرەر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشمەك، قېتىرقىنىپ ئىزدەنمەك، چوڭقۇرلاپ كىرمەك: باش چۆكۈرۈپ ئوقۇۋاتىمەن، يېزىۋاتىمەن، ئاۋۋال مېڭەمدىن قىزنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن.

**باش چۈشۈرگە** تويى بولىدىغان يىگىت ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، دوست ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان كۈن.

**باش ساقايماق** قىيىنچىلىقى، مۇشكۈلى ھەل بولماق؛ غەم ـ ئەندىشىسى تۈگىمەك: ــ ئوغلۇڭغا شۇ قىزنى ئېلىپ بېرىپلا بېشىڭنى ساقايتامسەن، ــ دېدى بارات توختىئاخۇنغا.

**باش سۇ** بۇغدايغا قويۇلىدىغان ئۇچىنچى قېتىملىق سۇ (باش ئالدۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدۇ).

**باش سۇقماق** ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئالدىغا بارماق، كىرمەك: ئۇ كۆپ يەرگە باش سۇقۇپ، ئاخىر بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشتى.

**باش سىغدۇرماق** پاناھ جاي تاپماق.

**باشقا پىت چۈشمەك** غەم ـ ئەندىشىگە گىرىپتار بولماق، ۋەسۋەسىگە قالماق: مۇشۇ يېقىندىن بۇيان گومىنداڭچىلارنىڭ بېشىغا پىت چۈشۈپ قالدى بولغاي، ئاشلىق ئالۋىنى كۆپىيىپ كەتتى.

**باش قاتماق** گاڭگىراپ قالماق، چارىسىنى تاپالماي قىينالماق: ئۆلۈمنامەڭنى كۆرگەندە كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى، قانداق قىلىمىز گاڭگۈڭ، ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى.

**باش قاتۇرماق** چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەك، ئەستايىدىل ئويلىماق، بېرىلىپ چارە ـ تەدبىر ئىزدىمەك: ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇغاندا باش قاتۇرىدىغان، باش قاتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان قىلىش، ئوقۇش بىلەن باش قاتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم.

**باشقا كەلمەك** بىرەر ئىشقا دۇچار بولماق، يولۇقماق: كېيىنكى ئىشلار ئابدۇللانىڭ بېشىغا كەلمىگەن بولسا، ئۇ بۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى.

**باشقا كۈن چۈشمەك** ئوڭۇشسىزلىققا، پېشكەللىككە ئۇچرىماق؛ قىيىن ئەھۋالدا قالماق: ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر (ماقال).

**باشقا كىيمەك** ۋارقىراپ ـ جارقىراپ غوۋغا كۆتۈرمەك، ئالەمنى بىر ئالماق: ــ قانداق بولدى؟ ــ دېدى ئىسھاق قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ــ ئاپاڭ غوۋغا كۆتۈرۈپ ئۆينى بېشىغا كىيدىمۇ؟

**باش قىش** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئون توققۇزىنچىسى نويابىرنىڭ 7 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**باش كۆتۈرمەك** ① ئۈنۈپ چىقماق، باش تارتماق: تۆكۈلگەن تەر، قانۇياشلاردىن، ئۈمىد گۈلى كۆتۈرمەكتە باش. ② ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك (ئاي ۋە قۇياش ھەققىدە): تاڭ ئاقىرىپ، ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قۇياش پۈتۈن جاھاننى يورۇتتى. ③ پەيدا بولماق، قايتا جانلانماق، تىرىلمەك: ئۇ قەلبىدە زوردۇنغا قارىتا خەيرخاھلىق تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ④ قوزغالماق، قارشى چىقماق: تەشۋىق ۋەرەقىلىرىگە گومىنداڭغا قارشى باش كۆتۈرۈشنىڭ، ئازادلىق سېپىگە ئۇيۇشۇشنىڭ لازىملىقى يېزىلغانىدى. ⑤ قەد كۆتۈرمەك: بىزنىڭمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ، يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇشال بولىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ، ئۇزاق قالمىدى. ⑥ داڭ چىقارماق، مەشھۇر بولماق: ئۇ ئورۇمچىدە ھازىر خېلى باش كۆتۈرۈپ قالدى.

**باش كۈز** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئون ئۈچىنچىسى، ئاۋغۇستنىڭ 7 ~ 9 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**باش كېلىش** <تىل> ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانمىغان نۆل شەكلى.

**باش مەرەك** دىيال. باشمالتاق، باش بارماق.

**باش ئۈن** دىيال. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق ئۇن.

**باش ئۈستىگە** «بەجانىدىل»، «پۈتۈن كۈچ، پۈتۈن ئىمكانىيىتىم بىلەن» دېگەن مەنىلەردىكى جاۋاب سۆزى : ــ ئاغىچا، سەنەم ئەتىدىن باشلاپ مەدرىسىگە چىقمىسۇن ! ــ دېدى شاھى ئابباس ئاغىچا ئانىغا. ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى ئاغىچا ئانا قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

**باش ياز** <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە 24 مەۋسۇمنىڭ يەتتىنچىسى. مايىنىڭ 5 ~ 7 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**باش يېدى** دىيال. تەگكەنلىكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ياكى ئالغانلىكى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلەرگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**بېشى ئاسمانغا تاقاشماق** چەكسىز خۇشاللىققا چۆممەك، ئىنتايىن ھاياجانلانماق: كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ قولۇڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرى داڭلىق ئادەم بولۇپ قالسا، قېرىغىنىڭدا ئۇ سېنى يوقلاپ كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ سالام بەرسە، سېنىڭ بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشمامدۇ؟

**بېشى ئاسمانغا يەتمەك** ← **بېشى ئاسمانغا تاقاشماق:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى.

**بېشى باغلانماق** لايىق تۇتماق، توي قىلىدىغان نىشان بىلەن پۈتۈشمەك: ئەكسىچە دادام خۇرسەن بولدى. بېشىڭ باغلىنىپتۇ، دەپ بېشىمنى سىلاپ قويدى، بەختلىك ئۆتۈڭلار، دەپ دۇئا قىلدى.

**بېشى بوش** بىراۋغا باغلانمىغان، لايىقى يوق، توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن: خەلىپە: — ياتلىق قىلىنىغانمۇ؟! — دەپ سورىدى. — يوقسۇ، خەلىپە، قىزىمنىڭ بېشى بوش ۋە ئازادە، — دېدى بوۋاي.

**بېشى پىشماق** تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولماق؛ چېنىقماق، تاۋلانماق: — كۆپنى كۆرۈپ بېشى پىشقان، — دېدى بۇجاڭ ئايىمخانغا.

**بېشى چوڭ** باشباشتاق، ئۆز بېشىمچى، ئۆز بىلگىنىنى ھېساب دەيدىغان: ھېلىقى بېشى چوڭ قىز بەك ئىچىمنى قايناتتى، ئاشلىقنى ساتايلى، دەپ مېنى خېلى ئويناتتى.

**بېشى چۈشمەك** ① ئوسال ئەھۋالدا قالماق، تەن بەرمەك: ئەمەلىي پاكىتلار ئالدىدا ئەمەتنىڭ بېشى چۈشتى. ② روھسىزلانماق، چۈشكۈنلەشمەك: ئاكتىپلارنىڭ بېشى چۈشتى، دۈينى ساقلاپ قېلىش راستىنلا ناھايىتى قىيىن ئىدى.

**بېشىدا ياڭاق چاقماق** بوزەك قىلماق، خورلىماق، ئاياغ ئاستى قىلماق: — قاراپ تۇرساق، لەي سى بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ، نەسەب ئۈزۈلىدۇ، سىلى ئېغىر كۆرمەي، كاھنى ھەمراھ قىلىپ، ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىلە قانداق؟ — دېدى ئاينىگار.

**بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك** قاتتىق قورقماق، ئالاقزادە بولماق، ئەندىشە قىلماق: دوختۇرنىڭ تازىلانمىغان خورمىنى جىق يەپ زەھەرلەنگەن، دېگەن خۇلاسىسىنى ئاڭلىغاندا، قادىر ئاكا بىلەن مەريەمخانىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

**بېشىغا چىقماق** ھالاكەتكە ئېلىپ بارماق؛ نابۇت قىلماق، ئۆلتۈرمەك: ئالدىرىماي تۇر، مۇشۇ قىزغانچۇقلۇقۇڭ، ئاچ كۆزلۈكۈڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنىڭمۇ بېشىڭغا چىقىدۇ.

**بېشىنى باغلىماق** قىز ياكى يىگىتكە لايىق تېپىپ ئۆناشتۇرۇپ قويماق: ھازىر ياتسام، قوپسام غېمىم مۇشۇ ئىككى قىزىمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى، بولۇپمۇ گۈلەندەمدىن بېشىم قېتىۋاتىدۇ، دىلبەرنىڭمۇ بېشىنى باغلاپ قويدۇق.

**بېشىنى سىلىماق** غەمخورلۇق، ياخشىلىق قىلماق؛ ئۆز پاناھىغا ئېلىپ تەربىيەلىمەك، باقماق: ئۇ ئادەم مەھەللىمىزنىڭ شۇڭقارى ئىدى. رەھمىتى بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز، بېشىمىزنى سىلايدىغان ئاتىمىز ئىدى.

**بېشىنىڭ سۈيى بار** گەپ - سۆز، ھەرىكىتى بەزىدە نورمال ئەمەس؛ ساراڭ قېتىمش: تازا بېشىنىڭ سۈيى بار بىرنەرسىمۇ، قانداق، دەپ ئويلىدى لېتىپ ئىچىدە ئابلىكىمگە ئالىيىپ.

**بېشىنى ئوڭلىماق** ① ئۆيلەپ قويماق، ياتلىق قىلماق: مەھەللىگە بىر قېتىم راسا ياخشى قىلىپ چاي بېرەيلى، ئىشىنىڭ يولىمۇ شۇ، ئاندىن لايىقىنى تېپىپ، ئەكبەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى. ② مۈشكۈلىنى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويماق: بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلاپتۇ (ماقال).

**بېشىنى يەيدىغان** ئاياللارنىڭ «ئېغىر ئاقىۋەتكە، ھالاكەتكە يولۇقۇشقا تېگىشلىكسەن»، «ئۆلۈشكە لايىقسەن» دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى.

**بېشىنى يېمەك** ئېغىر ئاقىۋەتكە، ھالاكەتكە يولۇقماق؛ ئۆلمەك: ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن (ماقال). * ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى يەر (ماقال).

**باشاق** I ئى. بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دان تۇتقان قىسمى، بېشى: قېرى ۋە ياشلار ۋاقىتىنى ئۇشلا، باشاق چېچىلسا، خامانغا تاشلا.

**باشاق** II ئى. ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، ئۇچ قىسمى.

**باشاق** III ئى. دىيال. پالەك، باشاق كۆك.

**باشاق كۆك** دىيال. پالەك.

**باشاقسىز** سۈپ. باشىقى يوق، باشاق چىقارمىغان، باشاق تۇتمىغان : باشاقسىز بۇغداي مايسىلىرى سۇزۇك شامالدا كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلايتتى.

**باشاقسىمان** سۈپ. باشاققا ئوخشايدىغان، باشاق شەكىللىك: باشاقسىمان گۈل رېتى.

**باشاقسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى، ئاساسىي ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ، گۈل سېپى بولمايدۇ؛ گۈللىرى ئاساسەن ئوق ئۈستىدىن بىۋاستە ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ پاقىيوپۇرمىقىنىڭ گۈل رېتى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

**باشاقلانماق** «باشاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: 6 - ئاي كىرىشى بىلەن بۇغدايلار باشاقلىنىشقا باشلايدۇ.

**باشاقلىق** سۈپ. باشىقى بار، باشاقلانغان، باشاققا ئىگە: زوقلىنىسەن ئالتۇن باشاقلىق زەپمۇ تولۇق بۇغداي دېنىغا، قۇش قانىتى تەگمەي ئۆتەلمەس، دۆۋىلەنگەن خامان بېشىغا.

**باشاقلىماق** پ. باش چىقارماق (بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر ھەققىدە): بۇغداي باشاقلىدى.

**باش- ئاخىر** باش ۋە ئاخىر، بېشى - ئاخىرى: باش - ئاخىرى يوق گەپ.

**باشاماس** سۈپ. دىيال. بەڭباش، باشباشتاق: باشاماس بالا.

**باشاماق** سۈپ. دىيال. كەپسىز، بەڭباش، گەپكە كىرمەيدىغان: باشاماق بالا.

**باشاۋا** ئى. دىيال. تونۇرغا دەسلەپ يېقىلىدىغان نان.

**باش- ئاياغ** باش ھەم ئاياغ؛ پۈتۈن تۇرقى: ئۇ كىشىمۇ غالىبنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلىغان ھالدا، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قارايتتى.

**باش- ئايىغى يوق** ① بېشىدىن بىر قىسمى، ئايىغىدىن بىر قىسمى بولمىغان: بۇ كىتابنىڭ باش - ئايىغى يوق ئىكەن. ② كۆچمە. رەتسىز، چۇۋالچاق، قالايمىقان، تۇتۇرۇقسىز، تايىنى يوق: باش - ئايىغى يوق گەپ قىلماق. * ئەنۋەر ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق گېپىگە بىردىنلا چۈشىنەلمەي سورىدى.

**باشباشتاق** سۈپ [باش + باش + تاق] ھېچكىمگە ۋە ھېچقانداق قانۇن - قائىدىگە، تەرتىپ - ئىنتىزامغا بويسۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچە؛ بەڭباش: ئۇ بەكمۇ باشباشتاق بالا ئىكەن.

**باشباشتاقلىق** ئى. ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىش، ئۆز بېشىمچىلىق: باشباشتاقلىق قىلماق.

**باشباغ** ئى [باش+باغ] چارۋىلارنىڭ بېشىغا باغلىغان ئارغامچا.

**باش- بۇرۇن** بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ بېشى، ئالدى، دەسلەپكىسى: ئاشنىڭ باش - بۇرنىنى يېمەك.

**باشپاناھ ( باشپاناھى )** ئى [باش + پاناھ] ① قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، پاناھ بولغۇچى: پاشپاناھ بولماق. * قۇتقۇزۇلدى خەۋپ ئىچىدىن تېزلا سالىخ ھەم ئاتا. بولدى ئەل غەمخور ئۇلارغا ھەم تايانچى، باشپاناھ. ② پاناھلىنىدىغان جاي: ئۇ ئامالسىزلىقتىن بالى- چاقلىرىنى ئېلىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ بېرىپ، باشپاناھ بولغۇدەك ئورۇن تاپتى.

**باشپاناھسىز** سۈپ ① باشپاناھى بولمىغان، باشپاناھى يوق: موماينىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئالماس باشپاناھسىز قالدى. ② پاناھ- لىنىدىغان جايى يوق: — ئۆيىمىز ئۆرۈلدى، باشپاناھسىز قالدىغان بولدۇق، — دېدى موماي ھەسرەت چېكىپ.

**باشپاناھلىق** سۈپ ① باشپاناھ بولىدىغان كىشىسى بار: بۇ يېتىم بالا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ باش پاناھلىقىدا چوڭ بولدى. ② پاناھ- لىنىدىغان ماكانى بار: باشپاناھلىق يېرىمىز بار.

**باشتاق** سۈپ. دىيال. يالاڭباش.

**باشتۇگلۇق** ئى. دىيال ① بىشەملىك، ھازازۇللۇق. ② بەڭباشلىق، باشباشتاقلىق، ئۆز بېشىمچىلىق.

**باشتىن- ئاخىر** بېشىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرغىچە، باشلىنى- شىدىن تاكى تۈگىگىنىچە: مەن باشتىن- ئاخىر ھەممىنى بىلىمەن.

**باشتىن- ئاياغ** بېشىدىن ئايىغىغىچە، باشتىن - ئاخىر.

**باشچى** ئى. باشلامچىلىق قىلغۇچى، باشلىق، رەھبەر: قوشۇن باشچىسى.

**باشچىلىق** ئى. يولباشچىلىق، رەھبەرلىك: جەڭچىلەر شۇ زامان كوماندىرنىڭ باشچىلىقىدا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى.

**باشسىز** سۈپ ① بېشى، كاللىسى يوق: باشسىز گەۋدە. ② كۆچمە. باشلىقسىز، باشقۇرغۇچىسىز، يېتەكچىسىز، باشلامچىسىز: بۇ شەھىرىمىز باشسىز قالدى.

**باشسىمان** سۈپ. باشقا ئوخشايدىغان، باش شەكىللىك: باشسىمان گۈل رېتى.

**باشقا** ① سۈپ. يات، غەيرىي؛ بىراۋ؛ بۆلەك، ئۆزگە: ئۆيى باشقىنىڭ مۈڭى باشقا (ماقال). ② رەۋ. قايتا، يەنە: بۈگۈن ياخشى قارىيالمىدىم، باشقا كەل. ③ تىر. تاشقىرى، سىرت: شۇ ئېيتقانلى- رىمدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، دېدىم.

**باشقا- باشقا** بىر - بىرىدىن پەرقلىق، ھەرخىل، بىر - بىرد- گە ئوخشىمايدىغان، ئايرىم - ئايرىم: پەرھات بىلەن دۇرنەم باشقا - باشقا سىنىپتا بولسىمۇ، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدە بىللە بولاتتى.

**باشقارما** ئى. دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى، بۆلۈم: مالىيە باشقارمىسى.

**باشقۇرتماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باشقۇرغۇچى** ئى <بىيول> باشقۇرغۇچى گېن، شۇنىڭدەك يېقىن جايلاشقان قۇرغۇچى گېنلاردىن تەركىب تاپقان فۇنكسىيەلىك بىرلىك: باشقۇرغۇچى تۇر. باشقۇرغۇچى گېن.

**باشقۇرماق** پ ① ئىدارە قىلماق؛ يولغا سالماق: ئادەم باشقۇر- ماق. مەكتەپ باشقۇرماق. دۆلەتنى باشقۇرماق. ② تېگىشلىك چارە - ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىشقا سالماق، ھەرىكەتكە كەلتۈر- مەك، يۇرگۈزمەك، ھەيدىمەك: رولنى باشقۇرماق. سەن تېخى ئاتنى باشقۇرالمايسەن.

**باشقۇرۇشماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رەھبەرلىك ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈ- مىنى ياخشى باشقۇرۇشتى.

**باشقۇرۇلماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھەقىقەتەن «روشەنباغ» ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، — دېدى ئابدۇۋەلى.

**باشقۇرۇلىدىغان** سۈپ. ھەرىكىتى مۇئەييەن تەرتىپلەر ئاساسىدا كونترول قىلىنىدىغان، بەلگىلىك كونتروللۇق ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدىغان: باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

**باشقىچە** رەۋ ① باشقىلاردىن بىرەر جەھەتتىن ياكى پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان؛ ئۆزگىچە، بۆلەكچە: چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ، كۆز باشقىچە (ماقال). ② ئالاھىدە، پەۋقۇلئاددە: شۇنىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنماي كەلگەن مېۋىلەر بۇ يىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى.

**باشقىدىن** رەۋ. قايتىدىن، يېڭىباشتىن: مەن بۇ تەرجىمىنى باشقىدىن ئىشلىمەكچى.

**باشقىرت** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار باشقىرتىستاندا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى. باشقىرتىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسى.

**باشقىرتچە** ① سۈپ. باشقىرتلارغا، باشقىرت خەلقىگە، باشقىرت تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، باشقىرت خەلقىگە خاس بولغان: باشقىرتچە كىيىم. باشقىرتچە ناخشا. ② ئى. باشقىرت تىلى، يېزىقى: باشقىرتچە سۆزلەشمەك. ③ رەۋ. باشقىرت تىلىنى ئىشلىتىپ، باشقىرت تىلىدا: باشقىرتچە سۆزلىمەك.

**باش- كۆز** بەدەننىڭ بويۇندىن يۇقىرى قىسمى، باش ۋە كۆز ئورۇنلاشقان جاي: باش- كۆزى يېرىلىپ كەتكەن ئەپەندىنى كۆرگەن خوتۇنى: — بۇ كېچىدە نەگە باردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

**باشكىنە** ئى. دىيال. «باش» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ ئېيتى- لىشى، كىچىك باش: بۈگۈن كېچە يار قېشىغا، يەتكۈزسەڭ بوز ئات. باشكىنەڭدىن يۈگەن ئېلىپ، قىلىمەن ئازاد.

**باشلاپ** ① «باشلىماق I » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ھەممىدىن ئاۋۋال، دەسلەپ، ئەڭ دەسلەپ: بۇ ئىشنى باشلاپ كىم قىلدى؟ ③ تىر (چىقىش كېلىشىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە) بېرى، بۇيان، ئېتىبارەن، تارتىپ: شۇ كۈندىن باشلاپ قادىر كېيۇر ئاكىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋالدى.

**باشلاتماق** I «باشلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: مىراب ئۈستىدە تۇرۇپ يېڭى چاپقان ئېرىققا سۇ باشلاتتى.

**باشلاتماق** II «باشلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: مەن ئالدىنقى يىلى ئالغان خۇرۇم ئۆتۈكۈمنى بۇ يىل يېڭىدىن باشلاتتىم.

**باشلاشماق** «باشلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى چوڭ پايتەختتىن ناھايىتى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئوۋنى باشلاشتى.

**باشلاق** ئى. دىيال. باشلام، سۇ بېشى، ئېچىق.

**باشلام** ئى ① بىر يۇرۇش ئېتىزلارغا ئەڭ باشتا سۇ كىرد- دىغان ئېتىز: سۇ ئەمدى باشلامغا چىقىپ تۇراتتى، باشتىن توسۇۋال- دى. ② ئېچىق: كۆمدى ئۇنى باشلامغا، ئوچۇق قويۇپ بېشىنى، كۆمۈپ بولۇپ چورۇق پوم، غۇچۇرلاتتى چىشىنى.

**باشلامباش** ئى [باشلام + باش] ① ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەڭ

دەسلەپكى ئۇچۇرما بالىسى. ② كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەت، ئويۇن ـ تاماشىنى باشلاپ بەرگۈچى: ئۇ شورىدىن ئاتلاپ باغقا كىرگەن بىر توپ بالىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ــ سىلەرنىڭ باشلامبېشىڭلار كىم؟ ــ دەپ سورىدى.

**باشلامچى** ① ئى. بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى ئادەم: بىز بۇ ئىشتا باشلامچى بولۇشىمىز كېرەك. ② سۈپ. بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان، باشلايدىغان: ئۆتكەنكى ئون يىل ئىچىدە بىيولوگىيە تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى باشلامچى پەن بولدى.

**باشلامچىلىق** ئى. بىرەر ئىشتا ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارنى باشلاش، يېتەكلەش پائالىيىتى: باشلامچىلىق قىلماق. * كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك.

**باشلانغۇچ** سۈپ ① دەسلەپكى، ئەڭ ئاۋۋالقى، باشلىنىشتىكى، ئاددىي: ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ باشلانغۇچ ئاساسلىرى يارىتىلدى. ② بىرىنچى باسقۇچتىكى ئىپتىدائىي: باشلانغۇچ مەكتەپ. باشلانغۇچ كوممۇنا.

**باشلانما** ئى. ئىشنىڭ باشلىنىشى، دەسلىپى: بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق بىر باشلانما ئىدى. * يەر شارى زامان باشلانمىسىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس.

**باشلانماق** I پ ① باشلاش ئىشى ئورۇنلانماق: كىنو باشلاندى. مېھمانلار زالغا باشلاندى. ② يېتىپ كەلمەك: سوغۇق باشلاندى. تارىم دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ.

**باشلانماق** II «باشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۆتۈك ياخشى باشلىنىپتۇ.

**باشلىق** I ① ئى. باشچىلىق قىلغۇچى مەسئۇل كىشى؛ رەھبەر: ئائىلە باشلىقى. ئىدارە باشلىقى. ② سۈپ. باشچىلىقىدىكى، يېتەكچىلىكىدىكى، ۋەكىللىكىدىكى: بۇ يەرگە ساۋۇت باشلىق ۋە سېخ مەسئۇللىرىمۇ كەلگەنىدى. ③ سۈپ. بېشى (كاللىسى) بار، باشقا ئىگە: ئاق باشلىق بوۋاي.

**باشلىق** II ئى ① خالات، يامغۇرلۇق قاتارلىق كىيىملەرنىڭ باشقا كىيىدىغان قىسمى: پۇتۇمدىكى پىيما، ئۇستۇمدىكى پاختىلىق چاپان، باشلىقى بار ئاق خالات ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا كاشىلا قىلاتتى. ② ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى: ئۆتۈككە باشلىق سالدۇرماق.

**باشلىق** III سۈپ. دىيال. رەتلىك، تەرتىپلىك، جاي ـ جايىدا: ئۆي دېگەن باشلىقىنە بولسا نېمىدېگەن ياخشى!

**باشلىقسىز** سۈپ. باشلىق يوق، باشلىق قويۇلمىغان: باشلىقسىز ئىدارە. باشلىقسىز تەشكىلات. // باشلىقسىز ئۆتمەك.

**باشلىقلىق** I ئى. باشلىق قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: باشلىقلىقتا كۆتۈرۈلمەك. * دەرۋەقە، ئۇنىڭغا مەنسەپ ياراشقاندەك باشلىقلىقتا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سەمرىپ كەتتى.

**باشلىقلىق** II ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان رەخت.

**باشلىماق** I پ ① بىرەر ئىشقا كىرىشمەك: سۆز باشلىماق. * ئەگەر رازى بولسىڭىز بۈگۈنلا ئوپېراتسىيەنى باشلايمىز. ② يول كۆرسىتىپ، باش بولۇپ، يېتەكلەپ بارماق، ئەگەشتۈرمەك: ئاشپەز ئوتتۇنچىنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ③ تەكلىپ قىلماق: ۋاي خۇدايىم، ئۆيگە باشلىماي قاراپ تۇرغىنىمنى قاراڭلار، قېنى ئۆيگە، ئۆيگە كىرىڭلار. ④ بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارغا باش بولۇپ يېتەكلىمەك: بۇ ئىشنى ئەڭ دەسلەپ كىم باشلىغان، بىلەمسىز؟ ⑤ كۆچمە. باشقۇرماق، تەربىيە بەرمەك: بالىنى باشلىماق. * ئاتا باشلىمىغاننىڭ پوردىقى چوڭ، ئانا باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ (ماقال).

**باشلىماق** II پ. باشلىق سالماق، يېڭى باشلىق سېلىپ تىكمەك (ئۆتۈك، مەسە قاتارلىقلار ھەققىدە): تۇردىئاخۇن ئۇستام ئۆتۈكنى بەك ياخشى باشلايدۇ.

**باشماق** ئى. ئاياللار كىيىدىغان يەڭگىل، پۇت شامالداپ تۇرىدىغان بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى: پۇتىغا يېنىك باشماق كىيىپ، چاچلىرىنى بېشىغا تۈرمەللەپ نېپىز ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىۋالغان بىر قىز كېلىۋاتاتتى.

**باشمالتاق** ئى. باش بارماق: قىز قولىغا ئىنتىك پىچاق ئېلىپ، ھەر ئىككى قولۇم ۋە ئىككى پۇتۇمنىڭ باشمالتاقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ھوشۇمدىن كەتتىم.

**باشمۇباش** تەڭ قىممەتتە، ئۇستەكسىز: باشمۇباش تېگىشمەك.

**باشنىك** ئى . تور دوپپا: ــ قىز بالا تۇرۇپ مەن چىدىغان يەردە، ــ دېدى زەيتۇنە مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ــ سەن چىدىمامسەن؟ ئەمىسە مېنىڭ بېشىمدىكى باشنىكىمنى سەن كىي، سېنىڭ شەپكەڭنى مەن كىيەي.

**باش ـ ئۇچ** باش ھەم ئۇچ، باش ـ بۇرۇن، يەنى بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ بېشى، دەسلىپى.

**باش ـ ئۇچى يوق** ← **باش ـ ئايىغى يوق**: مەن ھەر كۈنى ناخشا ئېيتىمەن، ناخشا مېنى باش ئۇچى يوق خىياللاردىن، تىنچىقتا غىڭشىلداپ ئارام بەرمىگەن چىۋىنگە ئوخشاش جانغا تېگىدىغان غەملەردىن خالاس قىلىدۇ.

**باشى** ئى [خەن] بىرەر ئىش ياكى ساھەنىڭ ئەڭ ئۇستىسى، ئۇستا، ماھىر.

**باشىماق** پ. دىيال. باشقۇرماق، بېجىرمەك.

**باغ** I ئى [پ] مېۋىلىك دەرەخ، تەك ۋە گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈلگەن يەر، مېۋىزارلىق: ئالمىلىق باغ. * بېغى بارنىڭ تېغى بار (ماقال).

**باغ چېيى** ← **باغچاي**.

**باغ** II ئى ① باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: ئىشتان بېغى. ② بوغداي، پىچان، بېدە، ئوتۇن قاتارلىقلارنىڭ باغلانغان ھەربىر دانىسى: بىر باغ بوغداي. ③ مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ ساپىقى: بېغىدا پىشىپ قالغان يەل ـ يېمىش. ④ سېۋەت، چۆگۈن، چېلەك قاتارلىقلارنىڭ تۇتقۇچى: سېۋەت بېغى. چۆگۈن بېغى. چېلەك بېغى.

**باغاش** ئى. قۇچاقلاش، باغرىغا بېسىش: باغاش ئەتمەك.

**باغاش ئەتمەك** قۇچاقلىماق، باغرىغا باسماق.

**باغاشلاشماق** «باغاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۈرىكىم ئېيتتى: «جەنۇب ئۈزۈك بولسا، كۆز بولۇپ يەكەن ئاڭا خوپ ياراشتى». سېنىڭدە تۇرغان قۇتلۇق كۆڭلىرىمدە ئىلھاملار نەزمە بىلەن باغاشلاشتى.

**باغاشلىماق** پ. باغرىغا باسماق؛ قۇچاقلىماق: ھېچ بولمىسا يارىم بار تاغنىڭ توپا ـ تاشلىرىنى باغاشلاپ كۆز يۇمالىسامۇ، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

**باغاق** ئى. چاقىرىلىدىغان مېھمانلارغا ئەۋەتىلىدىغان

تەكلىپنامە: بۇ باغاقتا شائىر 31 ـ دېكابىر ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

**باغاقچە** ئى. خەت يېزىلغان كىچىككىنە قەغەز: دەل چۈشتى ئالدىمغا كىچىك باغاقچە، چۈشتى ۋە غۇزژىدە شۇركەندى تېنىم.

**باغ ـ بوستان** ياشنىغان، باراقسانلاشقان باغلار، بوستانلار: چۆللەر باغ - بوستانغا ئايلاندى.

**باغ ـ بوستانلاشماق** باغ ـ بوستان بولغان ھالەتكە كەلمەك: ئۇلار بۇ يېزىلارنى باغ ـ بوستانلاشتۇردى.

**باغ ـ بوستانلىق** ياشنىغان، باراقسانلاشقان باغلار، بوستانلار بار جاي: مانا بۇ دەشت ـ باياۋاننىڭ ھازىرقىدەك باغ ـ بوستانلىققا ئايلىنىشىدا ھەممىمىزنىڭكىدىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى كۆپ.

**باغجار** سۈپ. دىيال. بۇجىغۇر، بۇدۇر، بۇدۇر ـ بۇدۇر: ئىشىك ئالدىدا باغجار قوزىلىق قوي تۇراتتى.

**باغجال** ئى. دىيال. سولامچى، دەللال، زىناخورلارنى تېپىشتۇرغۇچى، پاھىشىخانا خوجايىنى.

**باغجاللىماق** پ. دىيال. خۇددى چاتقالغا ئوخشاش ئۆسمەك، ھەر تەرەپكە ئۆسمەك، ئاينىماق: قومۇش تازا باغجاللاپتۇ.

**باغجانلىماق** پ. ئاينىماق، باراقسانلىماق: ئۆسۈپ باغجانلىدى قايتا قەدىمىي ئۈجمىزار باغلار...

**باغچاي** ئى. ئالمىنىڭ يوپۇرمىقى، ئەتىرگۈلنىڭ بەرگى قاتارلىق ئون نەچچە خىل پايدىلىق ئۆسۈملۈك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان يەرلىك چاي.

**باغچە** ئى ① كىچىك باغ. ② ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىستىراھەت قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان جاي؛ ئاممىۋى باغ. ③ مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىش ئورنى: بالىلار باغچىسى. ④ بەزىبىر ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنى بېقىپ، كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن؛ ئاجايىپخانا: ھايۋانات باغچىسى.

**باغچى** ئى. باغ باغلايدىغان ئادەم: ئورمىچىلار سول بېشىغا چىقىپ بولغۇچە، باغچى قىزلارمۇ باغلىرىنى باغلاپ ئۇلاردىن قالماي قىر ئۈستىدە تەييار بولاتتى.

**باغچىسمان** سۈپ. باغچىغا ئوخشايدىغان، باغچە شەكىللىك، باغچىدەك: نارا ماڭا باغچىسمان شەھەر بولۇپ كۆرۈندى.

**باغچىلاشتۇرماق** ① «باغچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② باغچىلاشقان ھالەتكە كەلتۈرمەك، باغچە ھالىتىگە كەلتۈرمەك، باغچە قىلماق: بۇ ناھىيە شەھەر، بازار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باغچىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەخسۇس تۈر قىلىپ تۇتتى.

**باغچىلاشتۇرۇشماق** «باغچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەرقايسى ناھىيەلەر ئۆزىگە قاراشلىق شەھەرلىرىنى باغچىلاشتۇرۇشتى.

**باغچىلاشتۇرۇلماق** «باغچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغچىلاشتۇرۇلغان ناھىيە بازىرى. * ئۇچقات يېزىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك باغچىلاشتۇرۇلدى.

**باغچىلاشماق** پ. باغچە ھالىتىگە كەلمەك، باغچىدەك يېشىللاشتۇرۇلغان ھالەتكە كەلمەك، باغ ھالىتىگە كەلمەك، خۇددى باغچىدەك يېشىللاشماق: ئۈرۈمچى شەھىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېكولوگىيەلىك، باغچىلاشقان شەھەر ئۆلچىمىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. * ئۇچقات يېزىسىدا باغچىلاشقان مەكتەپ بەرپا قىلىش ۋە كۆكەرتىش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. * نەتىجىدە، يېزا بويىچە توققۇز مەكتەپتىن ئالتە مەكتەپ باغچىلاشقان مەكتەپ ئۆلچىمىگە يەتتى.

**باغچىلىق** ئى. باغ بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش پائالىيىتى.

**باغدار** ئى [پ] باغ ئىگىسى، باغۋەن: ــ ھا ... ھا ... ھا ... سىزنى ئەزالار «باغدار» دەپمۇ چاقىرغانمۇ!

**باغدال** سۈپ. دىيال. چار، چىپار، چېكىم ـ چېكىم: باغدال خوراز. باغدىن ـ تاغدىن، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن رەتسىز، ئىزچىل ئەمەس: باغدىن ـ تاغدىن سۆزلىمەك.

**باغرو** سۈپ. دىيال. باغرى قاتتىق، كۆڭلى قاتتىق، رەھىمسىز.

**باغلاتماق** «باغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى مەھكەم باغلىتىپ قويغانىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق تۇرۇۋېرىدۇ.

**باغلاشتۇرماق** پ. ماسلاشقان ھالەتكە كەلتۈرمەك، ماس، باب ھالەتكە كەلتۈرمەك: جۈملىنى باغلاشتۇرماق.

**باغلاشتۇرۇلماق** «باغلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوللار باغلاشتۇرۇلدى. جۈملىلەر باغلاشتۇرۇلدى.

**باغلاشماق** ① «باغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۇناھىم شۇمىكىن، بىلمىدىم زادى، تۇيۇقسىز تۇندە كېلىپ باغلاشتى مېنى. ② ماس، باب كەلمەك؛ ماسلاشماق، مۇۋاپىقلاشماق: يازغان ماقالىلىرىنىڭ جۈملىلىرى خېلى باغلىشىپتۇ. ③ بىر-بىر نەرسە ھەققىدە ۋەدىلەشمەك، شەرتلەشمەك: مەن باغلىشىمەنكى، ئۇ مېنىڭ مۈلكۈمنى ھازىرلا ئەمەس، يەنە كېيىنمۇ ئۆز قولىدا تۇتىمەن دەيدۇ.

**باغلاق** ① ئى. نەرسىلەرنى باغلايدىغان باغلىق: باغلاقتىكى ئىت ئۇۋغا يارىماس (ماقال). ② ئى. مال باغلاپ قويۇلىدىغان جاي. ③ سۈپ. باغلانغان، باغلاقلىق؛ تېڭىلغان، تېڭىقلىق: بىر بالاغا ئۇچرىدىم، ئىككى بالاغا ئۇچرىدىم، بوينى باغلاق بوز لاچىنىدەك، ئىنتىزارغا ئۇچرىدىم.

**باغلاقسىز** سۈپ. باغلانمىغان، تېڭىلمىغان: باغلاقسىز ئات.

**باغلاقلىق** سۈپ. باغلانغان، باغلاپ قويۇلغان، تېڭىلغان، تېڭىپ قويۇلغان: ئۇنىڭ قولى باغلاقلىق ئىدى.

**باغلام** ئى ① توپلاپ، دەستىلەپ باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بېغى: ئۇنىڭ كۆزى بىرنەچچە باغلام ئون كويلۇق پۇلغا چۈشتى. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، باغلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر باغلام پىياز. بىر باغلام شاخ.

**باغلام ـ باغلام** ئايرىم ـ ئايرىم باغلانغان، بىر باغلام ـ بىر باغلامدىن قىلىنغان: تام بويلاپ قويۇلغان يېڭى جاھازلاردا تۇرغان باغلام ـ باغلام باغاقلاردىن باشقا گۇللۇك چىنە قاچا، چوڭ ـ كىچىك تاۋاقلار دەستىلەكلىك تۇراتتى.

**باغلانچى** ئى. دىيال. ئارغامچا، ئارقان.

**باغلانما** سۈپ. باغلانغان، باغلىنىدىغان: باغلانما تەسەۋۋۇرلۇق سەزگۈ. باغلانما ھەرىكەت.

**باغلانماق** ① «باغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قارشىلىق قىلما! ئۇنىڭ كۆڭلى ساڭا باغلانغان. ② «باغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرنەچچە ئادەم قوللىرى باغلانغان

ھالدا تۇراتتى. ③ بىر- بىرىگە زىت ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزئارا چېتىلىشىپ ئوخشاشلىقتا، ئورتاقلىقتا ئىگە بولماق: مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىر - بىرىگە يىپسىز باغلىنىپ قېلىشتى.

**باغلىغۇچ** ئى. دېھقانلار ۋە شۇ تۈردىكى ئىشلاردا، ھارۋا ياكى ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇرلۇك تاسما - تانىلىرى ئۇزۇلۇپ كەتكەندە شۇلارنى ئۆزئارا ئۇلاپ چىگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بارماق تومىلۇقىدىكى ياغاچ ياكى تۆمۈر ئەسۋاب. كۆپىنچە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىنچىكە مۈگۈزىمۇ باغلىغۇچ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**باغلىغۇچى** ئى <تىل> جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى سۆز ۋە سۆز تۈركۈمى.

**باغلىق** I سۈپ ① بېغى بار، باغقا ئىگە: ئۇنىڭغا خىزىرنىڭ بىر باغلىق ھويلىسى تەقسىم قىلىندى. ② باغ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، باغ قىلىنىدىغان: ئۇنىڭ بېغى بولمىغانلىقتىن بۇ قېتىم بىر مو باغلىق يەر بېرىلدى.

**باغلىق** II ① ئى. باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۆزىدىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسىلىدىغان باغ: ئۇلار بىر تەرەپتىن باغلىق ئېشىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى باغلاپ باراتتى. ② سۈپ. باغلاقلىق: يۇسۇپ ئاكا خەۋەر ئالغىنى ھالىمدىن، قولۇم باغلىق زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن. ③ تىر. مۇناسىۋەتلىك، چېتىشلىق ئالاقىدار: بۇ ئىش ھەرقايسىلىرىغا باغلىق.

**باغلىماق** پ ① باغ، تۇگۈن سېلىپ ئۇلىماق؛چىگمەك: بەتنىكىنىڭ بوغقۇچىنى باغلىماق. ② ئارغامچا، باغلىق، بوغقۇچ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر نەرسىنى قىمىرلىيالمايدىغان قىلىپ تاڭماق: بوينىنى باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس (ماقال). * تىلسىز ئادەمنى باغلىغۇچە ئىزا تارتساڭچۇ! مانا مەندەك ئادەمنى باغلاڭلار. ③ ئورناتماق، تۇرغۇزماق، تىكلىمەك: مۇھەببەت باغلىماق. ④ مۇناسىۋەتلەشتۇرمەك، يېقىنلاشتۇرماق، چېتىشتۇرماق: مەسىلىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ قاراش كېرەك. ⑤ قونماق، قاپلىماق: شىرنە باغلىماق. ⑥ ياسىماق: سۇپا باغلىماق. ⑦ ئەسىر قىلماق، مەپتۇن قىلماق، ئۆزىگە قارىتىۋالماق: چىرايلىق يۇزۇڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭگە باغلىدىڭ. ⑧ ئەتمەك، ياپماق، توسماق، تاڭماق: جاللات كېلىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپتۇ. ⑨ توسماق، تۇتماق، باشلىماق: سۇ باغلىماق.

**باغلىنىش** ئى ① باغلانغان ھالەت؛ باغلىق بولۇش. ② ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛ ئالاقە: ئەگەر بۇ خۇنپەرلەر بىلەن ھېچبىر باغلىنىشىم بولمىسا، ئۇلار مېنى نېمە قىلالايتتى. ③ <پەلس> شەيئىنىڭ ئىچكى زىددىيەت تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ياكى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېقىنىش، تەقەززا قىلىش ۋە بىر - بىرىگە ئايلىنىش مۇناسىۋىتى.

**باغلىنىشسىز** سۈپ. باغلىنىشى يوق، باغلانمايدىغان؛ ئالاقە - مۇناسىۋىتى يوق، مۇناسىۋەتسىز: ھايات دوستلۇقسىز ئۆتكەن بولسا كىشىلەر ھىجران ئازابىغا قالمىغان بولاتتى. دوستلار بىر - بىرىگە تەلپۈنمىگەن بولسا، يەر شارىدىكى شەيئىلەر بىر - بىرىگە باغلىنىشسىز ياشىغان بولاتتى.

**باغلىنىشسىزلىق** ئى. باغلىنىشى يوق ھالەت، باغلانمايدىغان ھالەت، چېتىشلىقلىقى يوقلۇق؛ ئالاقە - مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەسلىك، مۇناسىۋەتسىزلىك.

**باغلىنىشلىق** سۈپ. باغلىنىشى بار، ئالاقىسى بار، چېتىشلىقى بار؛ مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار: بىر - بىرىگە زىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

**باغمۇباغ** باغ ۋە باغ، باغدىن باغقا: باغمۇباغ يۈرۈپ سەيلە قىلماق.

**باغنا** ئى. دىيال. چىتلارنى قىسىپ باغلايدىغان ياغاچ بالداق؛ ۋاخنا، ۋادەك.

**باغۇبوستان** باغ ۋە بوستان.

**باغۋاران** ئى [باغ + باراڭ] باغ ۋە باغ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈلگەن جاي: ئەزالارنىڭ شەخسىي يەر، باغۋاران، گۈللىرىگىمۇ ئەسلا سۇ يوق.

**باغۋارانلاشتۇرماق** «باغۋارانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باغۋارانلاشتۇرۇلماق** «باغۋارانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باغۋارانلاشماق** پ. باغۋارانغا ئايلانماق: — تەكلىماكان قىرغىقى باغۋارانلاشقاندا مېنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، — دېدى بوۋاي مىڭ تەسلىكتە. * بۇلتۇر چاقىلىق ناھىيەسى «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان ناھىيە بازىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**باغۋارانلىق** سۈپ. باغۋارىنى بار، باغۋارانغا ئىگە: شۇ ئىككىسى شۇ يۇرگىنىچە باغۋارانلىق بىر يەرگە يېتىپ كەپتۇ.

**باغۋەن** ئى [پ] باغنى پەرۋىش قىلغۇچى كىشى: سېنىڭدەك بىر ياخشى گۈل، باغدا ياتامدۇ، سورايمۇ مەن باغۋەنلەردىن پۇلغا ساتامدۇ؟

**باغۋەنچىلىك** ئى ← **باغۋەنلىك:** باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**باغۋەنلىك** ئى. باغ ۋە مېۋىلىك كۆچەتنى يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ئىشى ۋە كەسپى: باغۋەنلىك قىلماق.

**باغى - تاغى بولماق** دىيال. مال‌مان چىقارماق، بۇزۇلماق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق: بىر نەچچىسى باغى - تاغى بولۇپ، چوماق - توقماق كۆتۈرۈپ توپىلاڭ چىقاردى.

**باغىر ( باغرى )** ئى ① جىگەر، بېغىر. ② كۆكرەك، كۆكسى، تۆش: باغرىغا باسماق. ③ كۆچمە. كۆڭۈل، دىل، نىيەت، يۈرەك، قەلب: باغرى تاش. باغرى قاتتىق. باغرىنى ئەزمەك. ④ كۆچمە. تۇغقان، قېرىنداش: ئېلىقۇل ئۆز باغرىم ئەمەسمۇ، مۇشۇ ئۆيدە تۇردۇم، قېرىنداشلار خەۋەر ئېلىشتى، كەتمە دېيىشتى. ⑤ ئېتەك، قاپتال، يان: بۇ يىلمۇ مۇزتاغ باغرىغا باھار كەلدى.

**باغرى تاش** شەپقەتسىز، رەھىمسىز، مېھىر - مۇھەببىتى كەم: باغرى تاش ئادەم.

**باغرى قاتتىق** ← **باغرى تاش:** قاراڭلار ئاۋۇ تازىمۇ باغرى قاتتىق بوۋاي ئىكەن.

**باغرى كاۋاپ** بىرەر نەرسىنىڭ دەردىدە، ئىشقىدا، ئارزۇسىدا كۆيگەن، ئۆرتەنگەن: قولۇڭ ئۈزات، قوينۇڭغا تارت باغرى كاۋاپنى، تەشنا يۈرەك سەندىن كۈتەر شېرىن جاۋابنى...

**باغىرتاق** ئى. ئاياللارنىڭ كۆكسىنى ئاسراش، كۆتۈرۈش ۋە يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆكسىگە تاقايدىغان بۇيۇم؛ لىپتىك.

**باغىرتاقسىمان** سۈپ. باغىرتاققا ئوخشايدىغان، باغىرتاققا ئوخشاش، باغىرتاق شەكىلدىكى، باغىرتاقتەك: بەدەننىڭ ئۈستى قىسمىغا ئۈزۈن كۆڭلەك كىيىش ياكى ئۇنىڭغا قوشۇپ جىلىتكە، كەمزۇل كىيىشنىڭ ئورنىغا باغىرتاقسىمان ياپقۇچ تاقاپ مەيدە ۋە كىندىكنى ئوچۇق قويىدىغان ... ئەھۋاللارنى ھەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرد- مىز.

**باقار** ئى. بەزى ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ «باققۇچى، قارىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئات باقار. ئىشىك باقار.

**باقالى** ئى [پ] ئۇن، قوي يېغى، سۈت، شېكەر، ھەسەل، ياڭاق، ئۈزۈم، تۇخۇم، سودا، قەھۋە قاتارلىقلارنى سېلىپ خېمىرنى سۇيۇق قىلىپ يۇغۇرۇپ، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**باقالىماق** پ. دىيال. تازىلىماق، ئېرىغدىماق.

**باقاندەك** سۈپ. راۋۇرۇس، كېرەككە كېلىدىغان؛ قابىل: توختىئاخۇن ئاكامنىڭ باقاندەك تۆت ئوغلى بار.

**باقاۋۇل** ئى. تارس. پادىشاھ، خان سارايلىرىدا پادىشاھ ۋە خانلارغا تاماق تەييارلاشقا مەسئۇل مەنسەپدار: پادىشاھ ھېلىقى مەخلۇقنى جاڭگالغا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىشقا باقاۋۇللارنى بۇيرۇپتۇ.

**باقتۇرماق** «باقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېمە ئۈچۈن قويۇمنى باشقىلارغا باقتۇرىدىكەنمەن؟

**باشتۇرۇشماق** «باقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**باقتۇرۇلماق** «باقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باققال** ئى [ئە] قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بىلەن تىجارەت قىلغۇچى: ئۇ ھېلىقى ساقچىنىڭ قاسىم باققال بىلەن كاۋاپخانىدا هاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

**باققالچىلىق** ئى ← **باققاللىق.**

**باققاللىق** ئى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بىلەن تىجارەت قىلىش كەسپى: باققاللىق قىلماق.

**باققاندا** تىر. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بەزى سۆزلەرنىڭ كەينىگە تىركىلىپ كېلىپ، ئۆزى تىركىلىپ كەلگەن سۆز بىلدۈرگەن شەيئىگە يەنە بىر ئوخشاش شەيئىنى سېلىشتۇرغاندا قوللىنىلىدۇ ھەمدە «قارىغاندا، نىسبەتەن، سېلىشتۇرغاندا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: دەرۋەقە، ياپونلار ئۇيغۇرلارغا باققاندا ئاز تاماق يەيدۇ، لېكىن ئۇلار بىر ۋاخلىق تاماقنىڭ خۇرۇچىنى كۆپ قىلىپ يەيدۇ.

**باقما** سۈپ. مەخسۇس بېقىش، ئۆستۈرۈش يولى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن، بېقىلغان.

**باقماق** پ ① نەزەر تاشلىماق، نەزەر سالماق، قارىماق: كۆككە باقما، كۆپكە باق (ماقال). ② قاراشلىق بولماق؛ ئاغزىغا قارىماق: بايغا باققان قۇل بولار، كەمبەغەلگە باققان گۇل بولار (ماقال). ③ كۆزەتمەك، قاراپ تۇرماق، ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق: ئۇنى ئىككى پايلاقچى بېقىپ تۇرۇپتۇ. ④ تەربىيەلىمەك، پەرۋىش قىلماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق: بالا باقماق. كېسەل باقماق. ⑤ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى پەرۋىش قىلماق، ئاسرىماق، ئوتلاتماق: پادا باقماق. توخۇ باقماق. ⑥ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك: يانچۇقىنى باقماق. ⑦ تېپىپ ئۆلتۈرمەك: پىت باقماق. باش باقماق. ⑧ كۆچمە. يېمەك، ئىچمەك: ئاشقا باقماق. * قېنى يولداشلار، نانغا بېقىڭلار، چايدىن ئېلىڭلار... ⑨ مۇۋاپىقلاشقان، ماسلاشقان ھالدا ئىش تۇتماق: زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق (ماقال). ⑩ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: 1) ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىشكە ئۇرۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھېچقاچان يالغان سۆزلەپ باقمىغان. 2) ئىش - ھەرىكەتنى سىناپ كۆرۈش، بېجىرىش، قىلىپ بېقىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: يەپ باقماق. تېتىپ باقماق.

**باقمىچى** ئى. چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**باقمىچىلىق** ئى. چارۋا ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش ھەم كۆپەيتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئېشىپ قالغان بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرى مۇلازىمەت خىزمىتى، سودا، باقمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى.

**باقلە** ئى [ئە] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى چاسا شەكىلدە، ئىچى كاۋاك؛ گۈلى ئاق، يۈزىدە سۆسۈن رەڭلىك دېغى بار؛ قاسىراقلىق مېۋە تۇتىدۇ؛ ئۇرۇقىنى يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى؛ دادۇر.

**باقمەندە** ئى [ئە + پ] مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك، دائىمىيلىق: بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقمەندە ئەمەس.

**باقمەندىلىك** سۈپ. باقمەندىلىك، باقمەندە بولغان: باقمەندىلىك تۈزۈم ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ.

**باقىي** [ئە] ① سۈپ. دائىمىي، ئەبەدىي، مەڭگۈ، مەڭگۈلۈك، ئۆلمەس: باقىي ئالەم. *مەن ساڭا باقىي ئەمەس، كىمنىڭ قولىدا بولسام، شۇنىڭغا ئىشلەيمەن. * ئادەم باقىيدىن پانىيغا قوغلاندى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باقىي ئالەم** ← **باقىي دۇنيا.**

**باقىي دۇنيا** ئۇ ئالەم، قىيامەت، ئاخىرەت: ئەگەر بۇ ئالەمدا بولمىغان بولسا، قىز باقىي دۇنياغا كېتەتتى.

**باقىيلىق** ئى. باقىي ئالەم، باقىي دۇنيا، قىيامەت كۈنى، قىيامەت، ئاخىرەت: دېمەك، ئادەم مەڭگۈ قوغلىنىش جەريانىدا، ئۇ مۇشۇ جەرياندا باقىيلىققا قاراپ ماڭىدۇ. * مەغپىرەت بولسا ئاخىرقى ماھىيەت بولۇپ، ئادەم باقىيلىقتا ئاقلانغان بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ يارىلىشىمۇ مەغپىرەت ئەمەسمۇ؟

**باك** ئى [ر<فىران] سۇ ۋە ماي قاتارلىق سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان مېتال ياكى يالتىراق تۇڭ.

**باكانىياز** سۈپ. دىيال. بىكار تەلەپ، ئاقىنانچى، بىكارچى.

**باكتېرىن** ئى [ر] <بىيول> ← **ۋاكسىنا.**

**باكتېرىيوفاگ** ئى [ر] <بىيول> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ بىر خىلى، شەكلى قومچاققا ئوخشايدۇ، باكتېرىيەلەرنى ئېرىتەلەيدۇ.

**باكتېرىيولوگ** ئى [ر] <بىيول> باكتېرىيولوگىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، باكتېرىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى، باكتېرىئولوگ.

**باكتېرىيولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول>باكتېرىيە-

لەرنىڭ ھالىتى، تۈزۈلۈشى، تۈرى ۋە ھاياتىي پائالىيەت قانۇ -
نىيىتىنى، باكتېرىيەلەرنىڭ سانائەتتىكى ئىچىتىش ھەم
ئىنسان ۋە جانلىقلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛ باكتېرىيولوگىيە.

**باكتېرىيولوگىيەلىك** سۈپ . باكتېرىيولوگىيەگە ئائىت،
باكتېرىيولوگىيە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ياكى ئۇنى ئاساس
قىلغان.

**باكتېرىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> مىكرو ئورگا -
نىزملارنىڭ چوڭ بىر تۈرى ، تېنى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ،
پەقەت مىكروسكوپلار ئارقىلىقلا كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ
شارسىمان، تاياقسىمان ، بۇرمىسىمان ، يايسىمان ۋە يىپسىمان
قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللىرى بولىدۇ.

**باكتېرىيەشۇناس** ئى [ر < گىرېك + پ] <بىيول>
باكتېرىيولوگىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، باكتې -
رىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى، باكتېرىيولوگ.

**باكتېرىيەشۇناسلىق** ئى <بىيول> باكتېرىيەلەرنىڭ ھالىتى،
تۈزۈلۈشى، تۈرى ۋە ھاياتىي پائالىيەت قانۇنىيىتىنى، باكتې -
رىيەلەرنى سانائەتتە ئىچىتىش ھەم ئىنسان ۋە جانلىقلاردا
بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق
قىلىدىغان ئىلىم؛ باكتېرىيولوگىيە.

**باكتېرىيەلىك** سۈپ. باكتېرىيەسى بار، باكتېرىيەگە ئىگە:
باكتېرىيەلىك تولغاق.

**باكلاۋۇر** ئى [ر] بەزى دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈز -
گەن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك
ئىلمىي ئۇنۋان.

**باكېلىت** ئى [ر] <خىم> فېنول بىلەن فورمالدېھىدنى
سىنتېز قىلىش ئارقىلىق ياسالغان بىر خىل يالتىراق. قاتتىق
ۋە يۈزى سىلىق كېلىدۇ، ئاساسەن توك ئىزولياتور ماتېرىيالى
قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە «فېنول ـ فورمالدېھىد يالتىراق» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ.

**باگاژ (باگاژى)** ئى [ر د فىران] كونا. يولۇچىلار يۈكى.

**باگۇ** ئى [خەن] <تىل> ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش
قاتارلىقلاردا قوللىنىدىغان بىر خىل مەنىسىز، قېتىپ
قالغان، ئۆلۈك، ناچار ئىستىل: پارتىيە باگۇسى.

**باگۇچىلىق** ئى <تىل> باگۇ ئىستىلى بىلەن شۇغۇل -
لىنىش: باگۇچىلىققا قارشى تۇرۇش.

**باڭ** I ئى [خەن] ① ئېلان قىلىنغان تىزىملىك. ② يازما
چوڭ خەتلىك ئېلان.

**باڭ چىقارماق** ئېلان قىلىنىدىغان تىزىملىكنى ئۇقتۇرماق.

**باڭ كۆتۈرمەك** قارتا ئويۇنىدا ئويۇن تۇتقۇچىنى بەلگىلەش
ئۈچۈن قارىمۇقارشى تەرەپ قولىغا ئالغان قارتىنى سېلىشتۇرماق.

**باڭ** II ئى [خەن] جان ت. قاداق.

**باڭ** III ئى [پ] يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇرۇق ياغاچ -
تىن ئىچى كاۋاك قىلىپ ئويۇلغان، چوڭ ئىككى چوكا بىلەن
ئۇرۇلىدىغان يەرلىك ياغاچ ناغرا: باڭ چالماق.

**باڭ چالماق** باڭنى چوكا ياغاچ بىلەن مەلۇم رىتىمدا ئۇرۇپ
ئاھاڭ چىقارماق.

**باڭلىق** سۈپ. جان ت ← **قاداقلىق:** بىر باڭلىق چايدان.

**بال** I ئى. يېزىت. ھەسەل: چىمەنلەرنىڭ لېۋىدىن تۆكۈلدى
ئەنبەر، ئالما، ئانار باغرىدىن ئاقتى بال، شېكەر.

**بالچۇق** ئى. ديال. ئۈزۈك: ئۇ يېقىممۇ ئالچۇق، بۇ يېقىممۇ
ئالچۇق. ئەجەب ئوبدان ياراشتى، يارىم بەرگەن بالچۇق.

**بال** II مىق [ر<فىران] <مېتېئور> يەر تەۋرەش ۋە شامال
قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ كۈچىنى بىلدۈرىدىغان
ئۆلچەم بىرلىكى: بەش بال شامال. ئالتە بال يەر تەۋرەش.

**بالا** I ① ئى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق: بالىنى ئېمىتمەك. بالى -
سىغا ئەمچەك سالماق. ② ئى. ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن قىز ياكى
ئوغۇل پەرزەنت: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال).
③ ئى. بويىغا يەتمىگەن ئادەم؛ ياش: قىز بالا. ئوغۇل بالا. * ئادەمى -
نىڭ مېۋىسى — بالا (ماقال). ④ سۈپ. كۆچمە. يېشى چوڭ بولسى -
مۇ گۆدەكلەرچە ئىش، قىلىقلارنى قىلىدىغان؛ نادان: بالا،
قىلغان ئىشىڭ چالا (ماقال). ⑤ سۈپ. كىچىك، ياش: بالا ئىشچى. بالا
پادىشاھ. ⑥ ئى. يېڭى تۇغۇلغان كىچىك ھايۋان ياكى تۇخۇمدىن
چىققان قۇش: قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق (ماقال).
⑦ سۈپ. بىر تۈردىكى چوڭ ـ كىچىك نەرسىلەرنىڭ كىچىكى:
بالا مەش. بالا توقاچ. بالا يەڭ. بالا تام.

**بالا قوشۇق** ئادەتتىكى قوشۇقلاردىن كىچىكرەك قوشۇق،
كىچىك قوشۇق: بۇ دورا كۈندە ئەتىگەندە تاماقتىن بۇرۇن بالا قوشۇقتا
بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

**بالا قولتۇقلىماق** ديال. كۆممىقوناق باش ئالماق: بۇ يىل
قوناقلىرىڭ خېلى ئوبدان بالا قولتۇقلاپتۇ.

**بالا يېتىش** ديال. بالىياتقۇ.

**بالا** II **(بالاسى)** [ئە] ① ئى. باشقا كەلگەن ئاپەت؛
پالاكەت؛ خەۋپ ـ خەتەر: ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا
(ماقال). ② ئى. ئاپەت، خەۋپنىڭ سەۋەبى؛ ئىللىتى: بىر بالاسى
بولمىسا، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا (ماقال). ③ سۈپ. قولىدىن ھەممە
ئىش كېلىدىغان؛ ئۇستا، چېۋەر، ماھىر: قاسىم دوستىنىڭ دولى -
سىغا قېقىپ تۇرۇپ: — سۆزگە بالا نېمە ئىكەنسەن، — دەپ ماختاپ
قويدى. ④ ئى. ناھايىتى زور، ھېچ نەرسە كار قىلمايدىغان
نەرسە.

**بالا كەلمەك** ئاپەت، يامانلىق، پالاكەت، خاپىلىق، كۆڭۈل -
سىزلىك، پېشكەللىك كېلىپ چىقماق، پەيدا بولماق: يېغى
ياندىن قوپۇر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن (ماقال). * بېشىڭغا ھەر بالا
كەلسە، ئۆزۈڭنىڭ خۇي ـ پەيلىڭدىن كۆر (ماقال).

**بالا** III **(بالاسى)** ئى [پ] <بىن> ئۆينىڭ ئۈستىنى
يېپىشتا سىنجى ياغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋە
ئۈستىگە ۋاسا ئورنىتىلىدىغان ياغاچ؛ جەگە.

**بالا بېشى** <بىن> ① تامنىڭ جەگە (لىم) قويۇلغاندىن
كېيىن جەگە (لىم) ئارىلىقلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئېتىل -
گەن قىسمى. ② بالا ياغاچنىڭ سىنجىغا قويۇلغان بېشى.

**بالچاقا** ① بىر ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك، قىز ـ ئوغۇل
باللار: يۈسۈپ توختى: — ئاتا ـ ئانا بىلەن بالچاقا ئوتتۇرىسىدا
مەڭگۈلۈك ۋاپادارلىق بولۇشى كېرەك، — دېدى. ② ئائىلە ئەزالى -

رى؛ خوتۇن ۋە باللار: ئايىمخان ئاچا: — ساۋۇت، مە، بالىچاقاڭدىن خەت كەپتۇ، — دەپ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

**بالىچاقىسىز** بالىچاقىسى يوق، پەرزەنتلىرى يوق ؛ پەرزەنت كۆرمىگەن ياكى پەرزەنتلىرى يېنىدا بولمىغان: بالىچاقىسىز ئەر.

**بالىچاقىلىق** بالىچاقىسى، ئائىلىسى بار؛ بالىچاقىسى، ئائىلىسى بولغان: بالىچاقىلىق ئەر. بالىچاقىلىق ئادەم. * ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيلىنىپ بالىچاقىلىق بولدى.

**بالا ـ چۇلا** جان ت. بالىۋاقا، بالىچاقا.

**بالا ـ چۇلىلىق** سۈپ. بالا ـ چۇلىسى بار، بالا ـ چۇلىسى بولغان، بالىچاقىلىق: ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيلىنىپ بالا ـ چۇلىلىق بوپتۇ.

**بالاخور** سۈپ [ئە + پ] ① باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان، ھارام تاماق: ئۇ غەزىپىنى زورىغا بېسىپ، كۆزلىرىگە غىل ـ پال ياش ئالغان ھالدا: — ھۇ، تويماس بالاخور! — دەۋەتتى. ② بالايىئاپەت، خەۋپ ـ خەتەر پەيدا قىلىدىغان؛ جېدەلخور: نادىر: — بۇ بالاخور ئايروپىلانلارنى يوقاتماي تۇرۇپ، قايسى يۈزۈم بىلەن قىسمىغا قايتىمەن؟! — دېدى. ③ چاتاقچى، ئىش تېرىغۇچى: بالاخور ئادەم.

**بالاخورلۇق** ئى. بالاخورلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت.

**بالادەك** سۈپ. ناھايىتى زور، ھېچ نەرسە كار قىلمايدىغان: بالادەك نەرسە. بالادەك نەپسىدىن كەچمەك.

**بالاغەت** ئى [ئە] قىز ـ ئوغۇللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشى : بالاغەتكە يەتمەك.

**بالا ـ قازا** ئۆلۈم ۋە مۇسىبەت ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك بالا ۋە قازالار: بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا (ماقال).

**بالالايكا** ئى [ر] <مۇز> رۇسلارنىڭ ئۈچ تارلىق چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، دەستىسىگە پەدە باغلانغان؛ ئۇرۇپ چېلىشقىمۇ، چېكىپ چېلىشقىمۇ ياكى بارماقلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ مەرغۇللىتىشقىمۇ بولىدۇ.

**بالالىق** I سۈپ. بالاسى بار، بالا سادىر بولغان: كۆرگىلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا، نە بالالىق كۈن ئىدىكى ئاشىنا بولدۇم ساڭا.

**بالالىق** II سۈپ ① بالاسى بار، بالاسى بولغان: بەش بالالىق ئۆي. ② بالا بولالايدىغان، بالاغا لايىق: بالالىق ياغاچ.

**بالامەت** ئى [ئە] دىيال. تۆھمەت، بۆھتان، مالامەت: كېچە ـ كۈندۈز تىلەيمەن يارىم بولسۇن سالامەت، چۆلگە كەتسۇن خۇدايىم يارغا كەلگەن بالامەت.

**بالانس** ئى [ر<فىران ] ① بەلگىلىك بىر مۇددەت ئىچىدىكى كىرىم بىلەن چىقىم بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ ۋە نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ چىقىرىلغان يەكۈن: ئاكتىپ بالانس. پاسسىپ بالانس. بىر ئايلىق بالانس. ② تەڭپۇڭ ھالەت: بالانس بولماق. بالانس قىلماق.

**بالانسلاشتۇرماق** «بالانسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالانسلاشتۇرۇلماق** «بالانسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىم بالانسلاشتۇرۇلدى.

**بالانسلاشماق** پ. كىرىم ـ چىقىم تەڭلەشمەك، تەڭپۇڭلاشماق.

**بالانسلانماق** پ. بالانسلاشماق.

**بالايىئاپەت** ئى [بالا + يى + ئاپەت] تۈرلۈك ئېغىر بالا، ئاپەتلەر: ئون يىللىق بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يىلىكىنى ئۇزۇۋەتتى، چوڭ قازاننىڭ ئېشى قورساق تويغۇزۇشقا يېتىشمىدى.

**بالايىئاپەتلىك** سۈپ. تۈرلۈك ئېغىر بالا ۋە ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ياكى بالايىئاپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بالايىئاپەتلىك يىللار.

**بالايىئەزىم** ئى [بالا + يى + ئەزىم ] ناھايىتى زور، ئىنتايىن چوڭ بالا: چۈشۈمدە بىراۋ ماڭا: — بۇ بالايىئەزىمدىن كىشىلەرنى قۇتقۇز، — دېدى.

**بالايىبەتتەر** ئى [بالا + يى + بەتتەر] ناھايىتى يامان ۋە زىيىنى ئىنتايىن زور بولىدىغان بالايىئاپەت: ھالۋىنى ھېكىم يېسە، تاياقنى يېتىم دېگەندەك، كونا جەمئىيەتتە بالايىبەتتەر خەلقنىڭ بېشىغا چۈشەتتى.

**بالبال** ئى <ئارخېئول> قەدىمكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرى قەبرىگاھ ياكى قورغان ئەتراپلىرىغا خاتىرە سۈپىتىدە ئورنىتىپ قويىدىغان، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تاش. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئويما ياكى قاپارتما يېزىق ۋە بەلگىلەر بولىدۇ.

**بالبوئا** ئى. پانامانىڭ پۇل بىرلىكى.

**بالچى** ئى. بال يىغقۇچى ياكى بال ساتقۇچى كىشى.

**بالچىلىق** ئى. بال يىغىش ۋە سېتىش ئىشى، كەسپى: دىياردىمىزنىڭ بالچىلىقى. * ئۇيغۇر بالچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر ساھەدۇر.

**بالداق** ئى ① سۇ ياكى يۇك قاتارلىقلارنى دولىدا كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق ياغاچ؛ ئەپكەش: * سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە، بالداق سېلىپ مۈرەمگە. دىدارىڭنى كۆرەي دەپ، نەچچە باردىم مەلەڭگە. ② مىق. شۇ خىل ئەسۋاب بىلەن توشۇلغان سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر بالداق سۇ. ③ شوتا، كارىۋات، ئورۇندۇق ۋە شۇ تىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا بېكىتىلگەن ياغاچ؛ چېتىق. ④ كۆچمە. باسقۇچ، پەللە، دەرىجە: جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي سۈپىتى ئىلگىرىكىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ⑤ نەرسىلەر يۈزىگە توغرىسىغا چۈشۈرۈلگەن يول ياكى رەڭلىك بەلگە: ئالا بالداق مايكا.

**بالداقلاتماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالداقلاشماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بالداقلانماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بالداقلىق** سۈپ. بالدىقى بار، بالداق سېلىنغان: بالداقلىق كارىۋات.

**بالداقلىماق** پ. بالداق ئورناتماق، چېتىق بېكىتمەك، چېتىقلىماق.

**بالداقمۇبالداق** ① بىر بالداق بىر بالداقتىن. ② كۆچمە. پەللىمۇ پەللە، دەرىجىمۇ دەرىجە، پەيدىنپەي: داپنى چېلىشتا ئاددىي بىرلەشتۈرۈشتىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا بالداقمۇبالداق مۇرەككەپلىككە قاراپ ئىلگىرىلەيمىز.

**بالدۇر** رەۋ. ئەسلى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن؛ ئىلگىرى، دەسلەپ: بالدۇر بارغان گۆش يەر، كېيىن بارغان مۇشت يەر (ماقال).

**بالدۇرقى** سۈپ. دەسلەپكى، ئاۋۋالقى: بالدۇرقى ئىش.

**بالدۇرلۇق** ئى. بالدۇر بولۇش، ئىلگىرىلىك: بالدۇرلۇق قىلماق.

**بالدىرغان** ئى <بوت> كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ؛ مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك بولىدۇ؛ تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ؛ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، ئاچچىق، زەھەرسىز بولۇپ، سوغۇق يەلنى، ھۆللۈكنى قايتۇرىدۇ؛ ئاغرىق باسىدۇ.

**بالدىرغانلىق** ئى. بالدىرغان ئۆسكەن ياكى بالدىرغان تېرىلغان يەر: — بۇ ئوتلارنى بالدىرغانلىقنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇپ كەلدىم، — دېدى قاسىم ئەمەتكە قولىدىكى بىر تۇتام ياۋا ئوتنى كۆرسىتىپ.

**بالدىز** ئى. ئەرگە نىسبەتەن ئۆز ئايالىنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بولغان ئەر - ئايال، ئۇرۇق - تۇغقان يېقىنلىرى، ئايالىنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى ياكى ئۆزىدىن كىچىك بولغان ئۇرۇق - تۇغقان يېقىنلىرى.

**بالغۇن** ئى <بوت> يۇلغۇن ئائىلىسىگە كىرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تەڭگىگە ئوخشايدۇ؛ گۈللىرى غولىنىڭ ئۇچىغا توپلىشىپ ئۆسۈپ، ئومۇمىي گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئۇرۇقىدا تۈكلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە دەريا ساھىلىدا ئۆسىدۇ.

**بالقار** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە مۇشۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار شىمالىي كاپكازدىكى كاباردا ـ بالقار ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپكى ئاھالىسى بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ، ئىسلاۋىيان يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 2002 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 215 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭدىن 105 مىڭى كاباردا ـ بالقار جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ، 108 مىڭى بولسا روسىيەدە ياشايدۇ. بۇندىن باشقا، تۈركىيە، مىسىر، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق چەت مەملىكەتلەردىمۇ تارقاق ياشايدۇ.

**بالقارچە** ① سۈپ، بالقار خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: بالقارچە ئادەت. بالقارچە ئۇسسۇل. ② ئى. بالقار تىلى: ئۇ بالقارچىنى بىلىدۇ. ③ رەۋ. بالقار تىلىنى ئىشلىتىپ، بالقار تىلىدا: بالقارچە سۆزلىمەك.

**بالقىماق** پ ① كۆتۈرۈلمەك، ئېتىلىپ چىقماق، بەرق ئۇرۇپ كۆرۈنمەك: شەپەقتەك بالقىساڭ كۆكتە، بۇلۇتتەك شۇنچىلىك پەسمەن، قولۇمنى تۇتمىساڭ رەببىم، بۇ دەريادىن ئۆتەلمەسمەن. ② يارقىن نۇر چاچماق، يالتىرىماق؛ پارلىماق: تاڭ شەپىقى — ... بالقىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان نۇرلۇق قۇياشنىڭ سەلتەنەتلىك خەۋەرچىسى.

**بالكون** ئى [ر<ئىتال] <بىن> بىنانىڭ ھەربىر قەۋەتلىرىدىكى، دېرىزىسى كوچا، ھويلا ياكى ھاۋالىق تەرەپكە قارىغان، ئۆيلەرگە بىرىكتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان پېشايۋان ياكى بىنانىڭ ئۆگزىسىدىكى ھاۋالىنىدىغان جاي.

**بالكونسىز** سۈپ. بالكونى يوق، بالكون ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان.

**بالكونلۇق** سۈپ. بالكونى بار، بالكون ئورۇنلاشتۇرۇلغان: مەن بالكونلۇق ئۆيگە قاراپ غەزەپ بىلەن يۇگۇردۇم.

**باللادا** ئى [ر<فىران] <ئەد> شېئىر بىلەن يېزىلغان لىرىك قىسسە، ئېپىك داستان، سۇژېتلىق شېئىر.

**باللىستىكا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئوق يولىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئۇ ئادەتتە ئىچكى باللىستىكا ۋە تاشقى باللىستىكا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**باللىماق** پ. ھەسەل ھەرىلىرى ھەر خىل گۈل چېچەكلىرىنى يەپ ھەسەل قۇسماق: بىزدە پۇل بار، ئابرۇي بار. خۇددى بال ئىچىگە باللىغان ھەرە لىچىنكىلىرىدەك ياشايمىز.

**بالنىست** ئى [ر] <تىب>← **كېسەلخانا.**

**بالوگ** ئى [ئىنگ] ئىنتېرنېت تورىدا يېزىلغان خاتىرە، تور خاتىرىسى: فىرانسىيەدە بالوگ يازىدىغانلار يېقىندا 6 مىليوندىن ئاشقان، بۇ تەخمىنەن ھەر ئون فىرانسىيەلىكنىڭ ئىچىدە بىرەيلەننىڭ بالوگى بار دېگەنلىك.

**بالوگېر** ئى [ئىنگ] تور خاتىرىسى يازغۇچى كىشى، تور خاتىرىسى يازغۇچى: فىرانسىيە «دۇنيا» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، دۇنيادا ھازىر بالوگېرلار 70 مىليون بولۇپ، بۇ ساھەدە فىرانسىيە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىكەن.

**بالون** ئى [ر<فىران] <ماشىن> ماشىنا، تىراكتور، ۋېلىسىپىت قاتارلىق قاتناش قوراللىدىكى چاقنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ھالقا شەكىللىك رېزىنكە بۇيۇم.

**بالونلۇق** سۈپ. بالونى بار، بالون سېلىنغان.

**بالۇقا** ئى. دىيال. بولقا.

**بالېت** ئى [ر<فىران] <ئۇس> ئىتالىيەدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر خىل ئۇسسۇللۇق دىراما. ئۇنىڭدا ۋەقەلىك تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئاساسىدىكى بەدەن ۋە يۈز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئايال ئۇسسۇلچىلار كۆپىنچە بۇ ئۇسسۇلنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈرۈپ ئوينايدۇ.

**بالېتچى** ئى <ئۇس> بالېت ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان ئارتىس ياكى ئارتىسكا.

**بالېتلىق** سۈپ. تەركىبىدە بالېت بار، بالېت ئارىلاشقان؛ بالېت ئۇسلۇبىدىكى.

**بالىجان** سۈپ. كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ، يېقىن كۆرۈپ، ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**بالىچان** سۈپ. كۆپ پەرزەنت كۆرىدىغان، كۆپ تۇغىدىغان، بالىلايدىغان: بالىچان ئادەم. بالىچان ئايال. بالىچان كەپتەر.

**بالىچانلىق** سۈپ. بالىچاقىلىرى كۆپلۈك؛ بالىلىق: ئىمىنئاخۇن ئاكام بالىچانلىق ئادەم، ھازىر تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتىدۇ.

**بالىچۇق** ئى ① پىلەكتە يېڭى چۈشكەن كىچىك كاۋا ياكى يېڭى چۈشۈپ چوڭلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان كاۋا، كاۋىنىڭ كىچىكى، كىچىك كاۋا: بالىچۇق چۈشمەك. بالىچۇق كاۋا. ② قوناق ياكى بۇغداي باشىقىنىڭ يېنىدىن چىققان قوشۇمچە، كىچىك باشاق، كىچىك باش: بۇغداي ئوبدان باش ئالدى، بالىچۇقلىرى قوشۇلدى. سۇ ۋاقتىدا قويۇلغاچ، بۇغداي تولۇق دان تۇتتى. ③ ئاياللار ئۆششاق چاچلىرىنىڭ تۇزۇپ كەتمەسلىكى ياكى يىغىنچاق بولۇشى ئۈچۈن، چېچىنىڭ بىر ياكى ئىككى يېنىغا ئۆرۈپ چىقىرىلغان چاچ ئۆرۈمچىسى: — قىزىمنىڭ چېچىنى بالىچۇق چىقىرىپ ئۆرۈپ قويۇڭ، — دېدى ئانا قوشنىسىغا تاپىلاپ. ④ ئۇلاغنىڭ تەكتىدىن، يەنى تۆشىدىن تاڭىدىغان كىگىزنى يۇملاق قىلىپ

باغلايدىغان مۆلە قىسمى.

**بالىچىلاپ** رەۋ. بالا ئورنىدا، بالا ھېسابىدا: بالىچىلاپ كىرمەك.

**بالىچىلىق** ئى. بالا بولۇش ئىشى؛ بالىلاردا بولىدىغان قىلىق: — ئوغۇل بالىچىلىقتا نېمە ئىشلار بولمايدۇ — دەيسەن؟

**بالىچىلماق** پ. بالا بولماق، بالا ئورنىدا خىزمەت قىلماق: ئۇ ساۋۇتلارنىڭ ئۆيىگە بالىچىلاپ كىردى.

**بالىخان** ئى. بالا خاقان، كىچىك خاقان، كىچىك خان: بېغىڭغا كىرىپ باقسام ئاللا بالىخان،ئەنجۈرۈڭ ئەجەپ تاتلىق. ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ ئاللا بالىخان، سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.* بالىخان دادەي ئۆيۈڭ نەدە، شاياردىكى لەڭگەردە، چۈشۈمگە كىرىپ قاپلا، بۈگۈن تاڭ سەھەرلەردە.

**بالىخانا** ئى [پ] يەرلىك ئۇسۇلدا سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى ۋە شۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆي، ئۆگزىگە سېلىنغان كىچىك ئۆي: چۆرە خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بالىخانىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

**بالىخانىلىق** سۈپ. بالىخانىسى بار، قەۋىتى بار: ئۇنىڭ ئامۇت، نەشپۈت، ئانار، تەكلىك چوڭ بېغى، بالىخانىلىق ئۆيى، ئۆينى ساقلايدىغان بۆرە ئىتلىرىمۇ بار ئىكەن.

**بالىدىن ـ بالىغا** ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، نەسىلدىن ـ نەسىلگە.

**بالىسىرىماق** پ. پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى كۈچەيمەك.

**بالىسىز** سۈپ. بالىسى يوق، بالا كۆرمىگەن، پەرزەنتسىز: بالىسىزنىڭ مېلى هارام، ئىمانسىزنىڭ جېنى هارام (ماقال).

**بالىسىزلىق** ئى. بالىسى يوقلۇق: بالىسىزلىق — ئادەم ئۈچۈن چوڭ دەرد.

**بالىغ** سۈپ [ئە] يېزت. بالاغەتكە، ۋايىغا يەتكەن: بالىغ بولماق.

**بالىغ بولماق** جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلمەك، بالاغەتكە يەتمەك: ئۇ شاھزادە بالىغ بولغاندىن كېيىن گۈزەل بىر مەلىكىگە ئۆيلىنىپتۇ.

**بالىكا** ئى. ئاتا ـ ئانىلار ياكى چوڭلارنىڭ ئۆز بالىلىرى ياكى كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ، يېقىنچىلىق قىلىپ چاقىرىش شەكلى: شۇ سۆز بىلەن ئانىسى، ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلىپ، سۆزگە قان ـ ياش قېتىلىپ، بويىغا گىرە سېلىپ «هارماڭ بالىكام» دەپتۇ.

**بالىلاتماق** «بالىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالىلارچە** رەۋ. بالىلارغا ئوخشاش، گۆدەكلەردەك: بالىلارچە ئوي. بالىلارچە سوئال.

**بالىلىتىلماق** «بالىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**بالىلاشماق** ① «بالىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ② بالىلارغا ئوخشاش قىلىق قىلماق؛ بالىلارچە ئىش قىلماق، بالىلارچە ھەرىكەت قىلماق.

**بالىلىق** سۈپ ① بالىسى، پەرزەنتى بار، بالىچاقىلىق: بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال). ② بالىلارغا خاس: بالىلىق بۇرچ. بالىلىق خىيال. ③ ۋايىغا، بالاغەتكە يەتمىگەن، ئۆسمۈرلۈك، گۆدەك: بالىلىق دەۋر. بالىلىق چاغ.

**بالىلىماق** پ ① بالا تۇغماق؛ بالا چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە): قۇشقاچ تام تۆشۈكىدە بالىلايدۇ، ئەمما ياۋا كەپتەر سۈيى يوق كارىز قۇدۇقىدا بالىلايدۇ. ② كۆچمە. كۆپەيمەك، ئاۋۇماق: يىللاردىن بېرى

بالىلاپ كەتكەن بىرنەچچە توقماق قەرزنى تۆلەش ئىمىننى تۈگمەن تېشىدەك باستى.

**بالىمان** ئى <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل يەللىك مۇزىكا ئەسۋابى، ئۇ قۇرغاق يەردە ئۆسكەن قومۇشتىن ياسىلىدۇ، سەككىز تۆشۈكلۈك، ئاۋازى يۇمشاق چىقىدۇ، ئاساسەن كىلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى نەيگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**بالىمانچى** ئى. بالىمان چالىدىغان كىشى: بۇ قېتىمقى كۆرەكتە بالىمانچىلارمۇ خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى.

**بالىۋاقا** ئى ① بىر ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە بالىلار. ② ئائىلە ئەزالىرى: ئۆيگە كىرسەك بالىۋاقىمىز تۆت كۆز بىلەن بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

**بالىۋاقىلىق** سۈپ. بالىۋاقىسى، خوتۇن ۋە پەرزەنتلىرى بار، ئائىلىلىك: بالىۋاقىلىق ئادەمدە ئائىلىنىڭ غېمى كۆپرەك بولىدۇ.

**بالىياتقۇ** ئى [بالا + ياتقۇ] <ئانات> ئاياللار ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلارنىڭ تۆرەلمە يېتىلدۈرۈش ئەزاسى. شەكلى خالتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ دوۋساق بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېغىزى جىنسىي يول بىلەن، ئاستىنىڭ ئىككى تەرىپى تۇخۇم توشۇش نەيچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇخۇمدان ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن بالىياتقۇ ئىچىدە يېتىلىپ، تۆرەلمە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

**بامەسلىھەت** رەۋ [پ + ئە] مەسلىھەت بىلەن، مەسلىھەتلىشىپ، كېڭىشىپ، باش قوشۇپ، بىرلىككەكېلىپ: بامەسلىھەت ئىش قىلماق. * ئۈچەيلەن بامەسلىھەت بىلەن بۇ يەردە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ.

**بامبۇك** ئى [ ر<فىران] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدۇ؛ غولى سىلىندىر شەكلىدە، ئوتتۇرىسى كاۋاك ۋە بوغۇملۇق كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقىدا پاراللېل كەتكەن تومۇرلىرى بولىدۇ. غولىنى قۇرۇلۇشلارغا، جابدۇق ياساشقا ئىشلىتىشكە، نوتىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**بامبۇكزار** [ ر<فىران + پ] ئى ← **بامبۇكلۇق**.

**بامبۇكزارلىق** ئى. بامبۇك كۆپ ئۆسكەن، بامبۇك بىلەن قاپلانغان جاي، شۇنداق ئورۇن؛ بامبۇكلۇق.

**بامبۇكسىمان** سۈپ. بامبۇك شەكىللىك، بامبۇكقا ئوخشاش: بامبۇكسىمان قۇرت.

**بامبۇكلۇق** ئى. بامبۇك كۆپ ياكى زىچ ئۆسكەن جاي: باشلىق ئۇنىڭدىن بامبۇكلۇق قانچە مو يەرنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى سورىدى.

**بامدات** ئى [پ] <دىن> ① تاڭ سەھەردە، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان بىرىنچى ناماز: بامدات ئوقۇماق. ② تاڭ سەھەر پەيتى، بامدات نامىزى ئوقۇلىدىغان پەيت، قاق سەھەر: ئەتە بامدات بىلەن يولغا چىقىمىز.

**بانان ( بانانى )** ئى [ر] <بوت> بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى ئۇزۇن، سەل ئەگرى كېلىدۇ، خۇشبۇي پۇرايدۇ، تەمى تاتلىق؛ تىروپىك بەلباغ ۋە سۇبتىروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ.

**بانانلىق** ئى. بانان ئۆستۈرۈلگەن، بانان بىلەن قاپلانغان جاي.

**بانتىك** ئى [ر] كۆڭلەك ياقىسى ياكى ئاياللارنىڭ چېچىغا تاقايدىغان كېپىنەك شەكىلدىكى لېنتا ۋە شۇ خىلدا چىگىلگەن بوغقۇچ قاتارلىقلار.

**بانتىكلاتماق** «بانتىكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بانتىكلىماق** پ. ئاياللار چېچىنى ئېگىز ئۆرۈپ، بىر ـ بىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بېشىنىڭ كەينى تەرىپىگە تۈگۈۋالماق.

**بانداژ** ئى [ر<فىران] ئارتىسلار ياكى بەزى سەمرىپ كەتكەن ئاياللار بەدەن مۇسكۇللىرىنى نورمال ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكىدىن چىڭراق تارتىپ باغلىۋالىدىغان بەلباغ؛ تارتقۇ.

**باندۇرا** ئى [پولەك <يۇنان] <مۇز> ئۇكرائىن خەلقىنىڭ بىر خىل ئۈچ تارلىق مۇزىكا ئەسۋابى. شەكلى قوۋۇزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئاساسەن خەلق ئىچىگە تارقالغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوركېستىرلارغىمۇ كىرگەن.

**باندۇرىچى** ئى. باندۇرا چالىدىغان ھەم بۇ جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن كىشى.

**باندىت** ئى [ر<ئىتال] قورallانغان ئوغرى، باسقۇنچى، كاللىكېسەر: ئۇ ئالتايدا ئوسمان باندىتنى يوقىتىشقا قاتناشقان.

**باندىتلىق** ئى. باندىتلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت.

**بانكا** I ئى [ر<فىران] پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر ئارقىلىق ئامانەت ـ قەرزنىڭ ۋاستىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئامانەت ـ قەرز ئاپپاراتى.

**بانكا** II ئى [ر] شىشە ياكى مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك ئىدىش.

**بانكىچى** ئى ئۆزىنىڭ زور كاپىتالى بىلەن بانكا ئېچىپ پۇل مۇئامىلە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، بانكا ئاچقۇچى ئادەم، بانكىر.

**بانكىچىلىق** ئى ① بانكا ئېچىپ پۇل مۇئامىلە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى ياكى بانكا ئېچىش ئىشى: بانكىچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. ② ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىش، پاي چېكى تارقىتىش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە تىجارىتى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىش: بانكىچىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىچە بانكىسىنىڭ پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتى بىلەن دۆلەت تەرەققىياتى بانكىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**بانكىر** ئى [ر] زور كاپىتالغا ئىگە بولغان بانكا ئىگىسى، بانكىچى.

**بانكىرلىك** ئى. ئۆزىنىڭ زور كاپىتالى بىلەن بانكا ئېچىش ئىشى ياكى بانكا ئېچىش كەسپى؛ بانكىچىلىق: بانكىرلىك قىلماق.

**بانكىشۇناس** ئى. بانكىنىڭ تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شۇنى پىششىق بىلىدىغان ھەم شۇنىڭدەك بانكىنىڭ تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس؛ بانكا كاپىتالى، بانكا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئالىمى.

**بانكىشۇناسلىق** ئى. بانكا ئېچىش، بانكا كاپىتالىنى يولغا قويۇش، بانكا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى، بانكا پۇل مۇئامىلە تىجارىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛ بانكىچىلىق ئىلمى.

**باھا ( باھاسى )** ئى [پ] ① نەرسىنىڭ، مالنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن قىممىتى؛ نەرخى: يۇقىرى باھا. بازار باھاسى. ② كۆچمە. ئادەم، نەرسە ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، ئەھمىيىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى قاتارلىقلار ھەققىدە بېرىلگەن پىكىر ياكى چىقىرىلغان يەكۈن: باھا بەرمەك. ياخشى باھاغا ئېرىشمەك.

**باھا بەرمەك** ئادەم، نەرسە ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، قەدىر ـ قىممىتى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر قىلماق، يەكۈن چىقارماق: بىر ئادەمگە ئۇنىڭ بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا قاراپلا باھا بېرىشكە بولمايدۇ، كۆز قارىشى توغرا بولمىغان ياخشى ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

**باھادىر** ①سۈپ. يېزىت. باتۇر، قورقماس. ②ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باھار ( باھارى )** ئى [پ] ① تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىن يازدىن بۇرۇن كېلىدىغان پەسىل؛ كۆكلەم، ئەتىياز: قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ. ② كۆچمە. تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ يەنى ھايات، ئۆمۈر، ياشلىق، ئىلىم ـ پەن ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ گۈللەپ ياشنىغان، راۋاجلانغان چاغلىرى ۋە شۇنداق چاغلارنىڭ سىمۋولى: ياشلىق باھار. ئىلىم ـ پەن باھارى. * «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىرىنىڭمۇ يېڭى باھارى بولدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**باھاسىز** سۈپ ① باھاسى بېكىتىلمىگەن، باھا قويۇلمىغان، باھاسى يوق. ② كۆچمە. ناھايىتى قىممەتلىك، تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە؛ تېپىلمايدىغان، ئەزىز: باھاسىز ئۈلۈغ ئەمگەك.

**باھالاتماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن بۇنى كۆپچىلىككە باھالىتىپ باقاي، قېنى ئۇلار نېمە دەيدۇ، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

**باھالاش** ئى. باھا بېرىش ئىشى: باھالاش ئېلىپ بارماق.

**باھالاشماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**باھالانماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەخمەت ئۆتكەن يىلى مەيدان بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**باھالىتىشماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**باھالىتىلماق** «باھالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باھالىق** سۈپ. باھاسى بار، باھاسى بېكىتىلگەن: ئاينۇر بويىنىغا ناھايىتى قىممەت باھالىق يۈڭ شارپىسىنى ئورىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۈندىمەستىن ئولتۇراتتى.

**باھالىماق** پ ① سېتىلىدىغان مالنىڭ باھاسىنى، نەرخىنى بەلگىلىمەك؛ بېكىتمەك: كۆپچىلىك ئېنەكنى 400 يۈەن باھالىسىمۇ، كېرەم يەنىلا ساتماي تۇرۇۋالدى. ② كۆچمە. ئادەم، نەرسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ياخشى ـ - يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر بەرمەك، يەكۈن چىقارماق؛ باھا بەرمەك: كازىم ئەدەبىياتنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر تەربىيىچىسى، كۈرەشچىسى سۈپىتىدە ناھايىتى يۇقىرى باھالايتتى.

**باھانە** ئى [پ] ① بىرەر ئىشتىن باش تارتىش مەقسىتىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنسىز سەۋەب، ئۆزرە: ئادىل ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، مەندىن ئۆزىنى ئەپقاچتى. ② باشلانغۇچ سەۋەب: توي باھانىسىدە تون پۈتتى (ماقال).

**باھانە ـ سەۋەب** تۈرلۈك باھانە ۋە سەۋەبلەر: ئۇلار كاتىپنىڭ ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلىرى بىلەن توي خېتى ئالالمىغانىدى.

**باھانىدىماق** پ. باھانە كۆرسەتمەك، باھانە قىلماق: ئىشنىڭ كۆپلۈكىگە باھانىدىماق.

**باۋا** ئى. دىيال. ئەتىياز، باھار.

**باۋاي** ئى. دىيال. ئادەمنىڭ شىرىقى، پاچاق.

**باۋئەن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسى نىڭشا ناھىيەسىنىڭ داخېجياۋ دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلاشقان.

**باۋئەنچە** رەۋ. باۋئەن مىللىتىگە ئوخشاش، باۋئەن مىللىتىگە خاس ياكى باۋئەن مىللىتى ئىشلىتىدىغان: باۋئەنچە سۆزلىمەك. باۋئەنچە كىيىنمەك. باۋئەنچە كىيىم.

**باۋشۇق** ئى. دىيال. قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى.

**بائىس** ئى [ئە] يېزىت. سەۋەب، ۋەج: ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، «شاھىنشاھ، ساترىاشنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بائىسى نېمىدۇر؟ » دەپ سورىدى.

**باي** ① سۈپ. ھېچ نەرسىگە موھتاجلىقى يوق؛ نۇرغۇن مال ـ دۇنياسى بار: باي مەملىكەت. باي ئادەم. ② سۈپ. تەركىبىدە، ئىختىيارىدا، باغرىدا، ئىچىدە كېرەكلىك ۋە پايدىلىق نەرسىلەر كۆپ؛ مول، يېتەرلىك : يېرى باينىڭ ئېلى باي (ماقال). ③ ئى. مال ـ دۇنيا يىغقۇچى؛ دۆلەتمەن كىشى: باي بارنى بەرمەس،كەمبەغەل قاراپ تۇرماس (ماقال) ④ ئى. بايلارغا مۇراجىئەت قىلىشتا ياكى ئۇلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ئۇلارنىڭ نامى ئورنىدا ياكى نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: باي ئاكا، ئوغرى دەمسىز مېنى سىز؟ قوتاندىكى ئىزلارنى، قاراپ كۆرۈڭ قانداق ئىز. ⑤ ئى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن كىشى نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ھەم كىشى ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرىدۇ: ئەمەتباي. تاشباي. ⑥ ئى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيەنىڭ ئىسمى.

**باي تۇسۇن** دىيال.ئۈچ ياشلىق بايتال.

**باي دادا** دىيال. دادىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى.

**بايا** رەۋ. جان ت. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن؛ ھېلىراق: ھېكمەت بايا مۇدىردىن روزىمەتنىڭ ناھىيەلىك ساقچىغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بىلدى.

**بايات** ئى [پ] <مۇز> بايات مۇقامى. ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ توققۇزىنچىسىنىڭ نامى .

**باياتىن** رەۋ. جان ت ← **بايا:** مەن باياتىن كونا خامانىنى سورۇماسلىقىڭىز كېرەك دېدىمغۇ؟

**باياتىنقى** سۈپ ← **بايىقى:** ـــ سەن باياتىنقى ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

**باياشات** سۈپ [باي + ۋە + شاد] باي ۋە شاد، پاراۋان، راھەت ـ پاراغەتلىك، خاتىرجەم: باياشات ئائىلە.

**باياشاتچىلىق** ئى. باياشات تۇرمۇش: باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشىماق.

**باياشاتلاشتۇرماق** «باياشاتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باياشاتلاشماق** پ. باياشات ھالغا كەلمەك،باياشات بولماق: قاسىم كەلگۈسىدىكى باياشاتلاشقان تۇرمۇشىغا لايىق كېلىدىغان ھەم ياش، ھەم چىرايلىق ئۆي كىشىسى بولۇشى لازىملىقىنى زۆرۈر تاپتى.

**باياشاتلىق** ئى. راھەت ـ پاراغەتلىك ھالەت، خاتىرجەملىك: ئۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى، باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

**بايام** رەۋ. جان ت ← **بايا**.

**بايان** I [ئە] ① ئى. ۋەقە،ھادىسە،پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادىسى؛ ئىزھار،چۈشەندۈرۈش: ئاغزاكى بايان. پىكىر بايان قىلماق. ② ئى <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سادىر بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ھەمدە ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ھېكايە قىلىنىۋاتقان قىسمى: بايان خاراكتېرلىك ماقالە. ③ سۈپ. خەۋەر تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن ، ئېيتىلغان: بايان جۈملە.

**بايان ئەتمەك** ← **بايان قىلماق:** كۆڭلەر كەينىدىن ھەپتە، ئايلار ئۆتۈشتى؛ قېرىنداشلار كەچمىشىنى بايان ئېتىشتى. قىز يۈرىكى سۇ ئىچتى مېھرىبان قولدا، ئاي جامالى نۇر قۇچتى ئاستا ۋە ئاستا.

**بايان ئەيلىمەك** ← **بايان قىلماق:** نېچۈك ئاسمان ئاچمايسەن چىرايىڭنى، بايان ئەيلە، ئاڭلايچۇ مۇددىئايىڭنى.

**بايان قىلماق** ۋەقە، ھادىسە، پىكىر ۋە مۇلاھىزە قاتارلىقلارنى ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادە قىلماق؛ شەرھلىمەك، ئىزھار قىلماق، چۈشەندۈرمەك: ئەقىلسىز يىگىت دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بايان قىلىپتۇ. * يىغىن ئاخىرلىشاي دېگەندە، قاسىم پىكىر بايان قىلدى.

**بايان** II ئى [ر] <مۇز> رۇسلارنىڭ ئوڭ قول مېلودىيەلىك تاۋۇش قىسىملىرىنى ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ، سول تەرەپتىكى كىلاۋىياتورىنى تەڭكەش قىلىپ تۇرۇپ چالىدىغان چوڭ تىپتىكى يېرىم ئاۋازلىق گارمونى: بايان چالماق.

**بايانات ( باياناتى )** ئى [ئە] ① بايان قىلىۋاتقان بىرەر ئىش، ۋەقە ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تەپسىلاتى، بايانى؛ بايانامە: ئۇ خىزمەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر ئۈستىدىن خېلى ئوبدان بايانات بېرىپ ئۆتتى. ② دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر، مۇزاكىرىلەر، خەلقئارا ئەھۋال ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە مەنپەئەتدار تەرەپلەر ھەم ئومۇمىي ئاخبارات ئۈچۈن ئاغزاكى ياكى يازما شەكىلدە ئېلان قىلىدىغان ئۇقتۇرۇش ۋە ياكى شۇ ھەقتىكى ھۆججەت: بايانات ئېلان قىلماق.

**باياناتچى** ئى. بىرەر ئورگان، تەشكىلات ياكى مەخسۇس ئاپپاراتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئېلان قىلىشقا بەلگىلەنگەن مەخسۇس خادىم: ئاخبارات باياناتچىسى. تاشقى ئىشلار باياناتچىسى. گوۋۇيۈەن باياناتچىسى.

**بايانچى** ئى. بايان چالىدىغان ئادەم.

**بايانلاتماق** «بايانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بايانلاشماق** «بايانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بايانلىماق** پ. بايان قىلماق، بايان ئەتمەك، بايان ئەيلىمەك: قارىماققا مۇشۇ ۋەقە بىلەن باشقا ۋەقەلەرنى بايانلاش بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

**بايان‌نامە** ئى [ئە + پ] بىرەر مەسىلە ئۈستىدە يېزىلغان يازما بايانات.

**باياۋان (باياۋانى)** ئى [پ] مەھەللە — يۇرتتىن يىراق بولغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل؛ سەھرا، دەشت: پادىشاھ بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئارانلا جېنىنى ئېلىپ باياۋان تەرەپكە قېچىپتۇ.

**باياتسۇن** ئى. ديال. تاغنىڭ ئېگىز يەرلىرىدە ئۆسىدىغان ئارچىسىمان ئۆسۈملۈك.

**باياتال** ئى <زوئول> ئاتنىڭ چىشىسى.

**بايچېچەك** ئى [باي + چېچەك] <بوت> دەسلەپكى باھاردا ئېچىلىدىغان پىيازگۈل، «شىرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بايخان** ئى. ديال. ئۇلاغقا چېيلىتىپ يۇمشىتىش ئۈچۈن خامانغا دۆگىلەك شەكىلدە رەتلىك ۋە تەكشى دۆۋىلەنگەن بۇغداي ئۇنچىسى ياكى تېپىلگەن خامان: تەخىيلىك ئېشەك بايخانغا يارىماپتۇ (ماقال).

**بايخاندىماق** پ. ديال. ئاياغ سالماق، خامان تېپىش ئۈچۈن ئۇنچىلەرنى يېيىشتىماق ياكى خامان تەپمەك.

**بايخانلىماق** پ. ديال ← **بايخاندىماق**.

**بايراق** ئى ① دۆلەت، تەشكىلات، ھەربىي قىسىم ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ياكى بىرەر ئىشارىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە گۈلسىز، رەڭلىك رەختتىن ياكى قەغەزدىن تۆت چاسا ۋە ياكى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ياسالغان بۇيۇم؛ ئەلەم: قىزىل بايراق. دۆلەت بايرىقى. ② كۆچمە. سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلات، گۇرۇپپا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكى ھەم مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان يېتەكچى غايە: ماركسىزم ـ لېنىنىزم بايرىقى. كوممۇنىزم بايرىقى. ③ كۆچمە. كۆز قاراش، ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر: بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرىمىز.

**بايراقچە** ئى ① كىچىك بايراق. ② خەرىتە ياكى دىياگراممىلارغا، بايراققا ئوخشىتىپ سىزىلغان ياكى قادالغان كىچىك بەلگە: تامغا ئېسىلغان ئۆلكە خەرىتىسىگە قىزىل ۋە قارا بايراقچىلار قاداپ قويۇلغانىدى.

**بايراقچى** ئى ① سەپنىڭ ئالدىدا بايراق كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى. ② يەر ئۆلچەش، قاتناش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بايراقچە بىلەن ئىشارەت قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغۇچى.

**بايراقدار** ئى. بىرەر ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھەرىكەت، ئىلغار پىكىر، يېڭىلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەكچى ياكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، نەمۇنە، ئۆلگە كۆرسىتىدىغان كىشى؛ باشلامچى: لۇشۇن يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ باتۇر بايراقدارى.

**بايراقلىق** سۈپ ① بايرىقى بار، بايراققا ئىگە: شۇ چاغدا تۇساتتىن دۈمباق گۈپۈلدەپ، يىراقتىن بايراقلىق بىر توپ كىشىلەر كۆرۈندى. ② بايراق تەييارلاشقا لايىق، باب؛ بايراققا يېتىدىغان: بايراقلىق رەخت ئالماق.

**بايرام** ئى ① مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى ئادەت بولۇپ قالغان خاتىرە كۈن: دۆلەت بايرىمى. «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى. نورۇز بايرىمى. ② مۇھىم، خۇشاللىنارلىق ھادىسە يۈز بەرگەن، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن شادلىق بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن: ئائىلىۋى بايرام. * ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا بايرام (ماقال).

**بايرامچاق** ئى. كىچىك بايرام: بىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتلار ئانچە ـ مۇنچە مۇقام، مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش دېگەندەك ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەر ھەم شۇنداقلار ھەر يىلدىكى 12 ئاينىڭ تەرتىپى بويىچە دىيارىمىزدىكى يۇرتلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى نامىغا ئاتالغان بايرامچاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

**بايراملىق** سۈپ. بايرامدا ئىشلىتىدىغان ياكى كىيىلىدىغان: بايراملىق ماللار. * شۇ كۈنى ئەركىن بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى.

**بايران** سۈپ. ديال. ۋەيران: بۇلبۇل سايراپ ئۆتتىمۇ، باغىڭ بايران كەتتىمۇ. يار ئۈستىگە يار تۆتۈپ، باشىڭ كۆككە يەتتىمۇ.

**بايزادە** ئى. باينىڭ ئوغلى، باينىڭ بالىسى.

**بايقاشماق** «بايقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىسى كىشىلەر پىدائىنىڭ ئۈشتۈمتۇت مەھەللىدىن يوقالغانلىقىنى بايقاشتى.

**بايقالماق** «بايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈزەلئاي پىسىڭگىدە كولۇۋىدى، ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن چىشى بار ئىكەنلىكى بايقالدى.

**بايقۇت** ئى [ر<ئىنگ] رەت قىلىش، قوبۇل قىلماسلىق يولى بىلەن بىرەر كىشىگە، نەرسە، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاممىۋى، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش: بايقۇت قىلماق.

**بايقۇت قىلماق** رەت قىلماق، قوبۇل قىلماسلىق يولى بىلەن بىرەر كىمگە، نەرسىگە تەشكىلات، ھۆكۈمەت، دۆلەت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا قارشى ئاممىۋى، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش ئېلىپ بارماق؛ چەكلىمەك؛ توسماق؛ مەنئى قىلماق.

**بايقۇش** ئى ① <زوئول> ھۇۋقۇش. ② كۆچمە. بەختسىز؛ شۇم پېشانە: ۋاي، بايقۇش! نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭ.

**بايقىماق** پ ① كۆرمەك، كۆزەتمەك: سىز ماۋۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بايقاپ كېلەي. ② ھېس قىلماق؛ ئاڭقارماق؛ سەزمەك؛ بىلمەك: شۇ چاغ جەڭچىلەر دۈشمەنلەرنىڭ قاراۋۇلخانىغا قاراپ چېكىنگەنلىكىنى بايقىدى. ③ ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق، دىققەت قىلماق؛ ئويلىماق: بايقاپ سۆزلىمەك. بايقاپ ماڭماق.

**بايلىق** ئى ① باي بولۇش، باي ھالەت. ② قىممىتى بار ماددىي نەرسىلەر؛ پۇل ـ پۈچەك، مال ـ مۈلۈك قاتارلىقلار: يەر ئاستى بايلىقى. كان بايلىقلىرى. ③ تەركىبىدىكى ياكى ئىختىيارىدىكى بار نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىسى: تىل بايلىقى. سۆز بايلىقى. * ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق (ماقال).

**بايناق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تالنى كۆچەيتىش، نەملىكنى قايتۇرۇش قاتارلىق رولى بار، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا ئۆسىدۇ.

**بايۋەچچە** ئى [باي + بەچچە] ① باينىڭ بالىسى، بايزادە: ئۇنىڭ بايۋەچچە ئوغلى 20 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بەش تەڭگە پۇلنى

ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ خەجلىگەن ئەمەس ئىكەن. ② بايلارنىڭ بالىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ نامى ئورنىدا ياكى نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: ئات باقار خىجالەت بولۇپ: — رەھمەت بايۋەچچە، — دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپتۇ. ③ ئۆزىنى باي بالىسىدەك چاغلايدىغان ئابرۇيپەرەس، سۆلەتۋاز كىشى: قاسىم: — ئالدى بىلەن ئۇستىباشلىرىمنى راۋۇرۇس يېڭىلاپ، كېلىشكەن بايۋەچچە بولۇشۇم كېرەك، — دېدى ـ دە، توپتوغرا ماگىزىنغا يۈگۈردى.

**بايۋەچچىلىك** ئى. بايۋەچچىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت، ھەرىكەت ۋە قىلىق: بايۋەچچىلىك قىلماق.

**بايىقى** سۈپ. بايا، ھېلى سادىر بولغان؛ بايا يۈز بەرگەن، كۆرۈلگەن، ئىشتىلگەن؛ ھېلىقى: ئاتام ئېيتقان بايىقى (ماقال).

**بەئەينى** رەۋ [پ + ئە] پەرق ئەتكىلى،ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشاش؛ خۇددى،ئەينەن، ئۆزى: باتۇرنىڭ چىراي ـ شەكلى بەئەينى دادىسىغا ئوخشايتتى.

**بەپ ـ بەپ** تەق. گاس ـ گاچىلارنىڭ سۆز تەلەپپۇزى.

**بەپبەپلەتمەك** «بەپبەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەپبەپلەشمەك** «بەپبەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇنىڭ بىلەن نەدە بەپبەپلىشىپ يۈرىمەن، — دەپ ئويلىدى گۈلبوستان.

**بەپبەپلىمەك** پ. بەپ ـ بەپ قىلىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي قالماق؛ گاس ـ گاچىلاردەك دۇدۇقلىماق.

**بەت** ئى ① ئادەم بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى؛ يۈزى. ② كىتاب،گېزىت ـ ژۇرنال ۋاراقلىرىنىڭ ھەر بىر يۈزى، سەھىپىسى: نىم شېھىت گېزىتنىڭ ئاخىرقى بېتىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستى، ئوڭ تەرىپى، سىرتى، يۈزى: تۇرۇپ قاپتۇ ئىككىسى، بىر پەس سۇغا قارىشىپ. جىلۋە قىپتۇ شولىسى، سۇ بېتىگە يارىشىپ.

**بەت ئاچماق** يېڭى بىر ساھەگە ياكى ئايرىم بىر دەۋرگە قەدەم قويماق، يۈرۈش قىلماق، باشلىماق، ئاتلانماق: ھەربىر يىلدا يېڭىچە شانلىق بەتلەر ئاچمىز، غەلبىمىزنىڭ شەنىگە قوشاقلارنى قاتىمىز.

**بەت بېشى** <مەن> گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نامى ۋە سانى بېسىلغان ئۈستۈنكى قىسمى.

**بەت نۇسخىسى** <مەن> ھەرپ تىزىلىپ، كوررېكتورلۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە بېسىپ چىقىرىلغان بەت شەكلى ياكى ئەۋرىشكە.

**بەتئەخلاق** سۈپ [پ + ئە] يېزىت. ئەخلاقى ناچار؛ ئەخلاقسىز، قىلىقسىز: بەتئەخلاق ئادەم.

**بەتەگ** ئى. دىيال. بارماق بوغۇمى، ئۇگە، بوغۇم (قول ـ پۇتنىڭ).

**بەتەھقىق** رەۋ [پ + ئە] يېزىت. ھەقىقەتەن، ئەمەلىيەتتە، جەزمەن، چوقۇم: كىمكى ھۆكمىگە كۆندۈرسە گەر قۇدرەت ۋە دەرمانىنى، ئاشۇ ئۆزگەي بەتەھقىق روھىي مەھكۇملۇق ئاسارەتنى.

**بەتبەخت** سۈپ [پ] تىل ھا. بەختسىز، تەلىيى كاج؛ بۇزۇق، پەس، ئەبلەخ: بوۋاي دەرغەزەپ بولۇپ: — ئەي لەنىتى بەتبەخت! شاھزادىگە قىلمىغان زىيانكەشلىكىڭ قالمىدى، — دېدى.

**بەتبەختلىك** ئى. بەختسىزلىك؛ پەسلىك، بۇزۇقلۇق: ئۇ ئۆزىنىڭ بەتبەختلىكىدىن مۇشۇ كۈنلەرگە قالدى. بولمىسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم زىيان سالغىنى يوق.

**بەتبەشىرە** [پ + ئە] ① سۈپ. ئەلپازى، ئەپتى، چىرايى بۇزۇق؛ كۆرۈمسىز؛ سەت: ئۇ پاكار ۋە بەتبەشىرە بىر دوك كىشى ئىكەن. // ئۆينىڭ ئىچىدىن پېشانىسىدە پەقەتلا بىر كۆزى بولغان ئالامەت قورقۇنچلۇق بىر بەتبەشىرە چىقىپتۇ. ② ئى. يامان قىياپەت، ماھىيەت: — ئۇنداقلارنىڭ بەتبەشىرىسىنى مەن بىر قاراپلا بىلىۋالىمەن، — دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

**بەتبەشىرىلىك** ئى. بەتبەشىرە ھالەت: ئۇنىڭ بەتبەشىرىلىكىنى دېمەمسىز؟

**بەتبۇي** سۈپ [پ] پۇرىقى، ھىدى يېقىمسىز؛ سېسىق پۇرايدىغان: بەتبۇي نەرسە. * ئىرغىتىپ تاشلاپ يىراق لاي ـ لاتقا بەتبۇي لۆجىنى، كۈلسە كاككۇك دىلئارامدىن مادام يايراپ جېنى.

**بەتبۇيلۇق** ئى. بەتبۇي ھالەت: ئۆستەڭ بويىدىكى تاپىنىڭ بەتبۇيلۇقىدىن ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم يولىمىدى.

**بەتتە** ئى <يېم> ئۈستىگە قورۇلغان سەي سېلىپ يېيىلىدىغان پولۇ.

**بەتتەر** سۈپ [پ] يامان، ئەسكى، ناچار (سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ): مەسلىھەتنى ئاڭلاشنى خالىمىغان كىشى گاستىنمۇ بەتتەر گاس بولۇۋالىدۇ.

**بەتتەرلەشتۈرمەك** «بەتتەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەتتەرلەشمەك** پ. ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ يامانلاشماق، ناچارلاشماق، ئەسكىلەشمەك: بۇ بالىنىڭ ئېغىزى بەتتەرلىشىپ كېتىپتۇ.

**بەتتەم** سۈپ [پ + ئە] تەمى يوق، تەمسىز؛ لاۋزا: بەتتەم قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا دەپ، بىز كەمبەغەللەرنىڭ بالىمىز تولا بولىدۇ.

**بەتتەملىك** ئى. تەمسىزلىك، لاۋزىلىق، تەمى يوقلۇق.

**بەجىنگۈل** ئى. دىيال. قات ـ قات ئېچىلىدىغان ئېگىز غوللۇق گۈل.

**بەتچىلىك** ئى <مەت> بەت ياساش ئىشى، بەت ياساش تېخنىكىسى ياكى بەت لايىھەلەش : ئۇيغۇر تور بەتچىلىكى سەككىز يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. * ئۇيغۇر تور بەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر. * ئۇيغۇر تور بەتچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان قانداق مەسىلىلەر بار؟

**بەتخەج** سۈپ [پ + ئە ] ئورۇنسىز پۇل خەجلەيدىغان،ئىسراپخور: كىچىك بالىغا كۈندە پۇل بېرىپ ئۆگىتىپ قويسا، چوڭ بولغاندا بەتخەج ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

**بەتخەجلىك** ئى. ئىسراپخورلۇق؛ پۇلنى ئورۇنسىز كۆپ خەجلەش ئادىتى: سادىرنىڭ يانچۇقتا بارنىڭ ھەممىسىنى بەتخەجلىك بىلەن خەجلەپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ باققان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان.

**بەتخۇي** سۈپ [پ] خۇيى، قىلىقى يامان؛ مىجەزى ئەسكى: بەتخۇي بالا. // بەتخۇينىڭ بېتى قارا (ماقال).

**بەتخۇيلۇق** ئى. يامان قىلىقلىق، ئەسكىلىك: چوروق ھېكىم مۇنداق بەتخۇيلۇقلاردىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ۋاقتى ئەل بەختىنى كۆزلەشتەك ياخشى ئەمەللەر بىلەن بەند ئىدى.

**بەتتەرەڭ** سۈپ [پ] رەڭگى سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۇك.

**بەتسىز** سۈپ. بېتى يوق، بەت ياسالمىغان.

**بەتقىلىق** سۈپ ← **قىلىقسىز:** بەتقىلىق ئوغۇل. * ئالماس نەدىكى بەتقىلىق بالىلار بىلەن ئوينايتتى.

**بەتقىلىقلىق** ئى ① قىلىقسىزلىق : بەتقىلىقلىق قىلماق. ② غەيرىي ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت: ئىككى لۇكچەك ئايشەملەرنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ھەم قىزغا بەتقىلىقلىق قىلىشقا ئۇرۇنغاندا جازاسىنى تاپتى.

**بەتكەردە** سۈپ [پ] ① كارغا كەلمەيدىغان، ئىشتىن چىققان، كېرەكسىز: دېھقان خىجالەت ئىچىدە: تەقدىرنى تەكبىر بۇزدى، دېگەندەك، مېنىڭ پىلانىمنى بالام بەتكەردە قىلىۋەتتى. ② يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان، قەبىھ، ئىپلاس: ــــ يوقال بۇ يەردىن بەتكەردە !ــــ دەپ قوغلىدى ئاخۇنۇم. ③ مۇتتەھەم، ئۇششۇق، لۇكچەك.

**بەتگۇپا** سۈپ [پ] دىيال. ۋاپا قىلمايدىغان، بىۋاپا، ۋاپاسىز.

**بەتگۇمان** سۈپ [پ] ھەركىمدىن، ھەربىر ئىشتىن گۇمان قىلىدىغان؛ ھەركىمگە، ھەر نەرسىگە شۈبھە بىلەن قارايدىغان؛ گۇمانخور: گەر مېنى «ئوغرى» دېسە پۈتكۈل جاھان، پاكلىقىمدىن قىلچە قىلمايمەن گۇمان. بەتگۇمانلار تۇتسا مېنى «ئوغرى» دەپ، بۇندىن ئارتۇق دەردمۇ بولمايدۇ ماڭا.

**بەتگۇمانلىق** ئى. گۇمانخورلۇق: بەتگۇمانلىق قىلماق.

**بەتلەتمەك** «بەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەتلەشمەك** «بەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەنسۇر شاڭيونىڭ يول باشلىشى بىلەن چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ، قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن باسماقتا ئىدى.

**بەتلەكلىك** سۈپ ① بەتلەپ قويغان، ئوق بېسىلىپ ئېتىشقا تەييارلانغان؛ بەتلەنگەن، ئوقلانغان: پارتىزان باشلىقى ئوق بەتلەكلىك مىلتىقنى دىلبەرنىڭ قولىغا بەردى. ② قارىغا ئېلىنغان، قارىتىلغان، توغرىلانغان: ساڭا بەتلەكلىك تۇرغان يۈز مىڭلىغان قىساس ئىستوۋۇللىرىنى ئەڭ ئالدىن سېزىدىغانسەن؟

**بەتلەنمەك** «بەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇمە تۇرۇپكىنى تۇتقان ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ، سادىقنىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئۆزىگە بەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

**بەتلىك** سۈپ. بېتى بار، بېتى بولغان: 100 بەتلىك ئارگىنال. 500 بەتلىك كىتاب.

**بەتلىگۈچ** ئى. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ كەينى قىسمىدىكى ئوقنى ئېتىلىدىغان ئورۇنغا ئىتتىرىپ، تەپكە بېسىلغان ھامان ئېتىلىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ھەرىكەتچان بۆلەك: ئۇ بەتلەكلىك تاپانچىلارنىڭ پارقىرىغان بەتلىگۈچلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى چۈشەندى.

**بەتلىمەك** پ ① قورالغا ئوق سېلىپ ئېتىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ئوقلىماق: تاپانچىنى بەتلىمەك. ② قارىغا ئالماق، تەڭلىمەك، ئۇدۇللىماق، چەنلىمەك: سادىق بوۋاي مېنىڭ خاتىرە دەپتىرىمنى يىغىشتۇرماي، قەلىمىمنى بەتلەپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ: ــــ يولداش مۇخبىر، ساڭا يەنە نېمىلەر كېرەك ئىدى ؟ ــــ دەپ سورىدى.

**بەتمۇبەت** رەۋ. بىر بەت بىر بەتتىن، بىرەر بەتنىمۇ قالدۇرماي: بەتمۇبەت كۆرمەك.

**بەتمۇقام** سۈپ [پ + ئە] قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان، تەرتىپسىز، ئەدەپسىز، قوپال: بۇ خوتۇن بالىلارنى بەك بەتمۇقام چوڭ قىلىپ قويىدى.

**بەتنام ( بەتنامى )** ئى [پ] يامان نام، يامان ئات، تۆھمەت: بەتنام چاپلىماق. * تۇرسۇننىڭ دادىسى تۈگىمەس يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي ئازابتىن ئۆلۈپ كەتتى.

**بەتنىيەت** سۈپ [پ + ئە] يامانلىقنى ئويلايدىغان، نىيىتى بۇزۇق، نىيىتى يامان:بەتنىيەتنىڭ يولى تار (ماقال). * دېھقاننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئەسكى، ئۆزى مەككار، ئالدامچى، بەتنىيەت ئىكەن.

**بەتنىيەتلىك** ئى. نىيىتى بۇزۇقلۇق، نىيىتى يامانلىق: بەتنىيەتلىك قىلماق.

**بەتھەيۋەت** سۈپ [پ + ئە ] ھەيۋىتى يامان، كۆرۈنۈشى سەت، كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان؛ ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق: بەتھەيۋەت دىۋە.

**بەتىس** ئى [ر<فىران] پاختا يىپتا توقۇلغان نېپىز ئاق رەخت.

**بەتىنكە** ئى [ر] كۆن ياكى خۇرۇمدىن تىكىلگەن قىسقا قونچلۇق بىر خىل ئاياغ كىيىمى.

**بەتىنمەك** پ. دىيال. ئالايماق، ئەلپازىنى بۇزماق.

**بەجا** رەۋ [پ] يېزت. كۆپىنچە «كەلتۈرمەك، ئەيلىمەك» قاتارلىق پېئىللار بىلەن كېلىپ «جايىدا ئورۇنلىماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئادا قىلماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەشۇر بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا بەجا كەلتۈردى.

**بەجانىدىل** رەۋ [پ] جان ـ دىل بىلەن،خۇشاللىق بىلەن، جان دەپ: ــــ مەن بۇ ۋەزىپىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن، ــــ دېدى قۇربان قىلىچ قىزغىنلىق بىلەن.

**بەجانىدىللىق** ئى. جان كۆيدۈرۈش، ئەستايىدىللىق.

**بەجايىكى** رەۋ [پ] يېزت. گويا، ئوخشاش، خۇددى: ئەل بىلەن ئۆلۈم ــــ بەجايىكى توي (ماقال).

**بەچەل** سۈپ [پ] ① تارس. ئاختا قىلىنغان ئەر ياكى ئەركەك مال. ② تارس. دىلچىقى خەتنە قىلىۋېتىلگەن ئايال. ③ بىر ئىشلاردا تەرتىپلىك، زىل ئەمەس؛ شالاق، قوپال، چېپچىلاڭغۇ: كونىلار «خوتۇن بەچەل بولسا، ئەر راۋاج تاپمايدۇ» دەيدىكەن، مېنىڭ زادى خوتۇندىن تەلىيىم يوق، دەپ ئويلىدى داۋۇت. ④ قالماشمىغان، تېتىقسىز: مۇشۇ سېنىڭ ئىسمىڭما، نېمانداق بەچەل ئىسىم بۇ؟

**بەچچە** ئى [پ] ① گۆدەك ئوغۇل ؛ خىزمەتكار بالا: ئۇنىڭ يېنىدا شاھزادە سۈپەت ئىككى بەچچە، بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. ② ئەرلىك جىنسىي خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئاياللاردەك مىجەز ـ خۇلققا ئىگە بولۇپ قالغان ئوغۇل بالا: ھەي سىيىت نوچى ـ سىيىت گاڭگۇڭ، ئالدىدىكى ئاتلىق ما بايۋەچچىدۇر، خۇنسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر، ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى قىرىق نەچچىدۇر.

**بەچچىخەر** ئى [پ] تىل ھا. نەپرەت، غەزەپ بىلەن قاتتىق كايىشنى ئىپادىلەيدۇ: ئاچ بەچچىخەردىن قاچ بەچچىخەر (ماقال).

**بەچچىۋاز** ئى [پ] گۆدەك ئوغۇللارغا بەتقىلىقلىق قىلىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن كىشى: بەچچىۋاز ئادەم.

**بەچچىۋازلىق** ئى. گۆدەك ئوغۇللارغا بەتقىلىقلىق قىلىش ئادىتى : ئۆتكەندە قايسىبىر گېزىتتىن شىمالىي ياۋروپادىكى مەلۇم بىر

دۆلەتتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغىنىنى كۆردۇم.

**بەچىدان** ئى. دىيال. چىشى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىـ-نىڭ بالا ئۆسۈپ چوڭىيىدىغان ئىچكى قىسمى.

**بەخت** ئى [پ] ① كىشىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولغانلىق، ئارمانسىزلىق، خۇرسەنلىك ھالىتى: دوستىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازاب چېكىشمۇ بىر بەخت. ② ئامەت، تەلەي، ئىقبال: ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى (ماقال).

**بەختكە قارشى** كۈتكەن، ئۈمىد قىلغاننىڭ ئەكسىچە، تەلىـ-يى تەتۈر كېلىپ: مەھمۇتنىڭ دادىسى بۇ يىل 3 - ئايدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

**بەختكە يارىشا** كۈتكەن، ئۈمىد قىلغاندەك، تەلىيى ئوڭ كېلىپ: بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچكىممۇ قۇسۇر تاپالمىدى.

**بەختى قارا** تۇرمۇشتا راۋاج تاپمىغان؛ بەختسىز، ئامەت، تەلىيى قاچقان؛ تەلەيسىز: ئاغىچا ئېيتۇر: «قىسمەت نېچۈك يېزىلدى، نە سەۋەبتىن قىلغان ۋەدە بۇزۇلدى، قانداق قىلىپ قولۇڭ ياردىن ئۈزۈلدى، بەختى قارا سەرگەردانىنى نە ئەيلەدىڭ».

**بەخت - پېشانە** پېشانىگە پۈتۈلگەن ئامەت، تەلەي، رىزىق: بۇ ئىشنى بەخت - پېشانەڭدىن كۆر.

**بەخت - تەلەي** بەخت ۋە تەلەي: دانىشمەنسىم، بۇ سىرنى ئۆزلىرى ئېچىپ بېرىدىغان بولدىلا، بەخت - تەلىيىمىز بار ئىكەن.

**بەخت - تەلەيلىك** بەخت - تەلىيى بار، بەختلىك ھەم تەلەيـ-لىك: بەخت - تەلەيلىك ئادەم.

**بەخت - سائادەت** بەخت ۋە سائادەت: ئاياغ ئاستى بولغان ئەمگىكىم، تاپتى بۈگۈن ھۆرمەت ۋە ئىززەت. ناخشا بولۇپ تاشتى شادلىـ-قىم، قۇچتى مېنى بەخت - سائادەت.

**بەخت - سائادەتلىك** بەخت - سائادەت تاپقان، بەخت - سائادىتى بار، بەختلىك: بەخت - سائادەتلىك ئادەم. بەخت - سائا-دەتلىك ئائىلە.

**بەختسىز** سۈپ ① بەختى يوق، بەخت تاپمىغان، بەخت - سائا-دەتتىن يىراق، بەختى قارا، تەلەيسىز: بەختسىز ئادەم. // دىۋە بېلىقچىنى كۆرۈپ: — ئەي بەختسىز، مەن سېنى ھازىر ئازابلاپ ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ. ② كۆڭۈلسىز ھادىسىگە، بەختسىزلىككە يولۇققان؛ بىچارە: بەختسىز بالا.

**بەختسىزلىك** ئى ① بەختتىن مەھرۇملۇق، تەلەيسىزلىك: ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم. ② بالا - قازا، پېشكەللىك، كۆڭۈلسىزلىك، كېلىشمەسلىك: ئامىنە: — بەختسىزلىككە يولۇققۇشتىن قورقىمەن، — دېدى يىغلامسىراپ.

**بەختلىك** سۈپ ① بەختى بار، بەختىيار؛ بەختكە ئېرىشكەن: ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىم بەختلىك ئىش بولدى، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى. ② ئامەتلىك، تەلەيلىك: سەن مېنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشتۇڭ، بەختلىك ئوغلۇڭنىڭ بەختلىك ئانىسى سەن!

**بەختىيار** [پ] ① سۈپ. بەختكە تولغان، ئامەت، تەلىيى كەلگەن، پاراۋان، تەلەيلىك: بەختىيار باللار. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**بەختىيارلىق** ئى. بەختكە تولغان ھالەت، خۇشاللىق: ئۇلار چەكسىز ھاياجان، بەختىيارلىق ئىچىدە قۇچاقلاشتى.

**بەخش** ئى [پ] يېزىت. كۆپىنچە «ئەتمەك» پېئىلى بىلەن كېلىپ «ئاتا قىلماق، ئاتىماق، بېغىشلىماق، بەرمەك» دېگەنـ-دەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ماڭا يېڭى ھايات بەخش ئەتتى.

**بەخشەندە** سۈپ [پ] مىراس قالغان، ئاتا قىلىنغان، بەخش ئېتىلگەن: بۇ ئۆيلەر ماڭا ئۆمۈرۋايەت بەخشەندە ئەمەس.

**بەخشەندىلىك** ئى. بەخشەندە بولۇپ قالىدىغان نەرسە.

**بەخۇدۇك** رەۋ [پ] خۇدۇكسىرىمەي ، خۇدۇكسىز: مېھمانلىـ-رىمىزنىڭ بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

**بەخۇدۇكلۇك** ئى. بەخۇدۇك ھالەت.

**بەخىرامان** رەۋ [پ] غەم - ئەندىشىسىز، خاتىرجەم، بىمالال، بەخۇدۇك: بۇ چاغدا قولى باغلانغان شانىياز بەخىرامان ئولتۇرغان ئەسكەرنىڭ بېشىغا كەينىچە بىر كاللا قويۇپ، ئوڭدىسىغا چۈشۈردى.

**بەخىرامانلىق** ئى. غەم - ئەندىشىسىزلىك، خاتىرجەملىك: — كۆرۈڭ سىزنىڭ چاقچىقىڭىزنى، — دېدى مۇنىرىدىن، — بەخىرا-مانلىق شاھلىقتىن ئارتۇق - تە! ھازىر ئىش باشقىچە.

**بەداز** رەۋ [ئە + پ] يېزىت. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاۋۋال تائام، بەداز كالام (ماقال).

**بەدەر** رەۋ [پ] دەرھال، تېز: بەدەر قاچماق. بەدەر تىكىۋەتمەك.

**بەدەل** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ھەق، بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر نەرسە: بۇ ئىشقا ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق. ② بىرەر تەشكىلات ياكى پارتىيە - گۇرۇھ ئەزالىرى قەرەللىك تۆلەپ تۇرىدىغان پۇل: پارتىيە ئەزالىق بەدىلى. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى.

**بەدەل قىلماق** مەلۇم مەقسەت، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن چىقىم تارتماق، بەدەل تۆلىمەك : ئىنسانلار ھەربىر مەھرۇمىيەتتە مۇيەسسەرىيەت دېگەندەك، نۇرغۇن يوقىتىشلارنى بەدەل قىلدى.

**بەدەلسىز** سۈپ. بەدىلى يوق، ھەقسىز، تۆلەمسىز، بىكارغا : بەدەلسىز نەرسە — چاينالغان نان دۇر.

**بەدەللىك** سۈپ. بەدىلى بار، بەدەل تۆلەيدىغان: بەدەللىك ئەمگەك. بەدەللىك ئۇرۇش.

**بەدەن** ئى [ئە ] ① ئادەملەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك تۈزۈ-لۈشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى. ② ۋۇجۇد تەنىنىڭ سىرتقى قىسمى، سىرتى: بەدىنى قارا ئادەم.

**بەدەنلىك** سۈپ. بەدىنى بار، بەدەنگە ئىگە: ئۇنىڭ يېنىدا يۇزى يۇملاق، تولۇق بەدەنلىك بىر قىز ئولتۇراتتى.

**بەدەۋى** سۈپ [ئە] ① كۆچمەنچى ۋە يېرىم كۆچمەنچى ئەرەب قەبىلىلىرىگە تەۋە كىشى. ② كۆچمە. مەدەنىيەتسىز، ياۋايى: بىز بەدەۋى ئەمەس.

**بەدەۋىلىك** ئى. مەدەنىيەتسىزلىك، ياۋايىلىق.

**بەدرەك** سۈپ [پ] تىل ھا. نەسلى پەس، پەسكەش، رەزىل، ئىپلاس؛ بەتبەخت، ئەبلەخ: زەۋقى دەرھال: — ھۇ بەدرەك، پوق چاينىما، — دەپ ۋارقىرىدى.

**بەدۆلەت** سۈپ [پ + ئە] ① كاتتا دۆلەتكە، بايلىققا ئىگە بولغان؛ دۆلەتمەن، باي: بەدۆلەت ئادەم. ② تارىس. 1865 ~ 1877 - يىللىرىدىكى قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ خانى ياقۇپ بەگنىڭ يەنە بىر نامى.

**بەدىئىي** سۈپ [ئە] <ئەد> ۋەقەلىكنى نەپىس سەنئەت ۋاستىلىرى،ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان،ئەدەبىيـ-لىككە ئىگە: بەدىئىي ئەسەر. بەدىئىي ئامىل.

**بەدىئىي تىل** <تىل> بىر مىللەتنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي

ئەسەرلىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي تىل.

**بەدىئىي خاھىشچانلىق** <ئەد> يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بولۇپ، يازغۇچى تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا، بەدىئىي توقۇلما ماھارىتىگە تايىنىدۇ.

**بەدىئىيلەشتۈرمەك** «بەدىئىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەدىئىيلەشتۈرۈلمەك** «بەدىئىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەدىئىيلەشمەك** پ. ۋەقەلىك نەپىس سەنئەت ۋاستىلىرى، ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنمەك، گۈزەللەشمەك، نازۇكلاشماق: شۇنداق ئىكەن، تۇيغۇ مەنىۋى ھالەتنىڭ نېگىزى، مەنىۋى ھالەت كۆرۈنۈشىنىڭ ساپ بەدىئىيلەشكەن سۈپىتى.

**بەدىئىيلىك** ئى. بەدىئىي خۇسۇسىيەت، ئەدەبىيلىك: ئۇنىڭدا بىر كۆپلىيت خەلق قوشىقىنى ئىدىيەۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

**بەرە** ئى. ديال. ئىتتىئالغۇدىن چوڭ بىر خىل قۇش.

**بەرەس** ئى [ئە] <تېب> ← **ئاقكېسەل**.

**بەرەھنە** سۈپ [پ] يېزت ① كىيىمى تېنىنى ياپالمايدىغان. ② قىپيالىڭاچ، ئانىدىن تۇغما: شۇ جايدا 14 يىل تۇردى. ئېگىن ــ ئاياغلىرى چىرىپ بەرەھنە قالدى.

**بەربات** سۈپ [پ] يېزت. خاراب، ۋەيران، سورۇلغان، بۇزۇلغان، تۈگەشكەن: ھەممە ئىشىمىز بەربات بولدى. * نىمە قىلسۇن، كىمگە ئەيلىسۇن داد، جىمى كۆتكەن ئۈمىدى بولدى بەربات.

**بەرباتلىق** ئى. بەربات بولۇش، خارابلىق: پىسخىكىسى بىنورمال پۇقرالار ھەققىدىكى ئىستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بەرباتلىق، ئۆلۈۋېلىش، ھاراقكەشلىك، قان بېسىمى، روھىي جىددىيلىك قاتارلىق كېسەللىكلەر تېز كۆپەيدى.

**بەرپا** سۈپ [پ] بارلىققا كەلگەن، ۋۇجۇدقا كەلگەن: بەرپا قىلماق. بەرپا بولماق.

**بەرپا بولماق** يوقلۇقتىن پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك: يۈرىكىمدە تۈمەن بۇلاق بولدى بەرپا، بۇلاقلاردىن ئۇرغۇغان كۆي ساڭا ئىنئام.

**بەرپا قىلماق** بارلىققا كەلتۈرمەك، ۋۇجۇدقا چىقارماق، پەيدا قىلماق: بىز ئەخمەتجان قاسىمى بەرپا قىلماقچى بولغان گۈللەنگەن، بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن ئالغا چامدىماقتىمىز.

**بەرپاچى** ئى. بارلىققا كەلتۈرگۈچى، ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى، پەيدا قىلغۇچى: ئۇلار بىزگە زور بىر توركۆم پەن ـ تېخنىكا ۋە بايلىق بەرپاچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرمەكچى. * ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە، ئامېرىكا بىر ئەۋلاد بەرپاچىلارنى تەربىيەلەپ چىققان. * بىلىم ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، نەچچە ئونمىڭلىغان يۇقىرى ساپالىق بەرپاچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

**بەرپاچىلىق** ئى. يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشى ياكى يوقلۇقتىن بەرپا قىلىش، پەيدا قىلىش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئىش ـ ھەرىكىتى: بەرپاچىلىق ماھارىپى. * بىز دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر يېتەكچى كۈچكە ئايلىنىمىز دەيدىكەنمىز، پەن ـ تېخنىكا بەرپاچىلىقىغا تايىنىشىمىز كېرەك.

**بەرپاچىلىق ماھارىپى** <ماھار> تالانتلىقلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش بىلەن دەرس ئۆتۈش تىزىسى ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بىر تۈرلۈك تەربىيەلەش يەنى ماھارىپ ئۇسۇلى: پەن ـ تېخنىكا بەرپاچىلىقىنىڭ ئاساسى ماھارىپتا، بولۇپمۇ بەرپاچىلىق ماھارىپىدا. * بەرپاچىلىق ماھارىپى يەنە ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل ئىنسانشۇناسلىقتا يېڭىلىق يارىتىش ماھارىپىدۇر.

**بەرجەس** سۈپ [پ] يېزت ① زور كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان: جوتۇ ـ كەتمەنلەر بەرجەس مۈرىلەردە پارقىرايتتى. ② ساغلام؛ روھلۇق؛ تېتىك: بۇ ئۇنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، روھسىزلانماي، بەرجەس تۇرغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ③ سالماق، تەمكىن، مەزمۇت: ئالىم يېشى 50 تىن ئېشىپ قالغىنىغا قارىماي، ياشلار ئارىسىدا بەرجەس قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

**بەرچەتكە** ئى. پەش ۋە يەڭنىڭ چۆرىسىگە قارا دۇخاۋا تۇتۇلىدىغان قىشلىق قىسقا چاپان ياكى قىسقا جۇۋا.

**بەرداش** ئى [پ] چىدام، سەۋر ـ تاقەت: ئانىجان كۆتۈر باشىڭنى، تۆكمە ئەمدى كۆز ياشىڭنى، قالدۇرغاچ كۆرەي بەرداشىڭنى، يۇسۇپ ئەھمەد ئوغلانىڭ كەلدى.

**بەرداشسىز** سۈپ. سەۋر ـ تاقەتسىز، چىدامسىز: يولداشلار ئالدىمىزدىكى ئۈچ كۈنلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلىك جەڭ كىمنىڭ بەرداشلىق، كىمنىڭ بەرداشسىز ئىكەنلىكىنى سىنايدۇ، دىگەن سۆزلەر كانايدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**بەرداشلىق** سۈپ. سەۋر ـ تاقەتلىك، چىداملىق: بەرداشلىق ئادەم. // بەرداشلىق بەرمەك.

**بەردەم** [پ] ① سۈپ. كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان،چىداملىق، مەزمۇت، بەرداشلىق: ئۇ ئۆزىنى ئىشەنچلىك، بەردەم سانايتتى. ② ئى. چىدام.

**بەردەملىك** ئى. چىداملىقلىق، مەزمۇتلۇق: مەخسۇت بەگ نۆكچە ئالتۇننى ئايىمايدىغانلىقى ھەققىدە، جالالىدىن تۆەنجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بەردەملىكى توغرىسىدا ماختاندى.

**بەردەنكە** ئى [ر] يالغۇز ئاتار مىلتىق، قارا مىلتىق: سادىرنى ئاتار بولسا، بەردەنكە بىلەن ئاتسۇن. مەن جياڭجۇنگە خەت يازدىم، كاللامنى كېسىۋەتسۇن.

**بەررە** ئى [پ] يېزت ① قوزا، پاقلان: بەررە كاۋاپ. ② ئوغلاق.

**بەرغەموت** ئى [لات] <بوت> ① سۆزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، گۈلى ئاق، مېۋىسى توق سېرىق رەڭدە، خۇشبۇي پۇرايدۇ،تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**بەرق** ئى [ئە] چاقماق، چېقىن، يېشىن.

**بەرق ئۇرماق** ① چاقنىماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: تاۋلىنىپ رەڭدار گىلەمدەك بەرق ئۇرار ئوتلاق ـ ئېتىز، قايىنىغان يايلاق ھاياتى مىسلى ئۆركەشلىك دېڭىز. ② نامايان بولماق، سىزىلىپ تۇرماق، كۆرۈنمەك: چىرايىدىن ھېسابسىز شادلىق تەبەسسۇمى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ياش ئاتا قابىلبېك چىقىپ كەلدى. ③ ئۇلغايماق: قىزىدى ئۇسسۇل، ساما، دىللاردا شادلىق بەرق ئۇرۇپ، بولدى مەنبەسى ئۈزۈلمەس دەريا، فونتان قىشقىرىم.

**بەرقارار** سۈپ [پ + ئە] ① قارار تاپقان، قەتئىي، ئۈزۈل ـ

كېسەل: قەدرىگە يەتمەك ئۈچۈن قىينال ئۈنىڭ دەردىدە، بەرقارار تۇر بىر ئۆمۈر بەخش ئەيلىگەن ئەھدىدە سەن! ② مۇستەھكەم،تۇرغۇن، مۇقىم: تارازا بولمىغۇنچە ھەق ۋە ناھەق ئاشكارا بولماس، تارازا يۇلتۇزسىز كۆكتە تەڭپۇڭ بەرقارار بولماس.

**بەرقارار قىلماق** جىددىي بىر قارارغا كەلتۈرمەك، مۇقىملاشتۇرماق، قارار تاپقۇزماق: ياخشى ئائىلە تەربىيىسى بالىنىڭ مەنىۋى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل ياخشى - يامان تەسىرلەر ئالدىدا قەدەملىرىنى بەرقارار قىلىدۇ.

**بەرقارارلىق** ئى. بەرقارار ھالەت.

**بەرگ** ئى [پ] ① يېزت. يوپۇرماق: ئاينۇر دەيدىغان گېپىنى توختىتىپ، ئولتۇرغان پېتى سېكىلەك گۈلنىڭ بەرگلىرىنى پارچىلاپ يۇلۇشقا باشلىدى. ② ساپاق: يارنىڭ بېغىدا ئالما پىشىپتۇ، بەرگى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

**بەرگلىمەك** پ. ساپاق ۋە يوپۇرماق چىقارماق: ئاچتى پەن بېغىدا تۈنجى غۇنچىلار، بەرگلەپ پورەك بولۇپ ئۈز شۇنچىلا.

**بەرگۈزمەك** «بەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەرمەك** پ ① ئۆزىدە ياكى يېنىدا بولغان بىر نەرسىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزماق، ئىختىيارىغا تاپشۇرماق: بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول (ماقال). ② تەمىنلىمەك، تارقاتماق: دارامەت بەرمەك. مائاش بەرمەك. ③ ھاسىل قىلماق، نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەك: ئۈنۈم بەرمەك. پايدا بەرمەك. مېۋە بەرمەك. ④ بىرەر مۇئەسسەسەگە ياكى ئورۇنغا كىرگۈزمەك،ئورۇنلاشتۇرماق: يەسلىگە بەرمەك. مەكتەپكە بەرمەك. ⑤ قەرز ياكى ئۆتنىنى تۆلىمەك؛ قايتۇرماق: تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، قەرزدار بولۇپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي (ماقال). ⑥ بىرەر تۇس،كۆرۈنۈش،كەيپىيات ھاسىل قىلماق؛ بەخش ئەتمەك،بېغىشلىماق: ئارام بەرمەك. تەسىر بەرمەك. ⑦ نەشر قىلىدىغان نەرسىگە كىرگۈزمەك؛ باسماق، ئېلان قىلماق: بۇ ماقالىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 3 - سانىدا بېرىمىز. ⑧ ئوقۇتماق، ئۆگەتمەك؛ تەربىيىلىمەك: سىز بىزگە خۇش خەت بىلەن ھېسابتىن دەرس بېرەتتىڭىز. ⑨ (خوتۇن - قىزلارنى) ياتلىق قىلماق، تالالىق قىلماق، ئەرگە چىقارماق: ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر (ماقال). ⑩ سۇنماق، ئۇزاتماق، ئىلتىپات قىلماق: ئەكبەر خۇشياقماسلىق بىلەن قولىنى ئۇنىڭغا بەردى. ⑪ يوللىماق، ئەۋەتمەك: تېلېفون بەرمەك. سىگنال بەرمەك. خەت بەرمەك. ئەرز بەرمەك. ⑫ بايان قىلماق، ئېيتماق،دېمەك، ئۇقتۇرماق: رازىلىق بەرمەك. رۇخسەت بەرمەك. ئىجازەت بەرمەك. ⑬ ئىگە قىلماق،ئېرىشتۈرمەك: ۋەزىپە بەرمەك. ئۇنۋان بەرمەك. ⑭ ساتماق: — قانچە پۇلغا بېرىسىز؟ — دېدى ئۇ قوۋىنى كۆتۈرۈپ بېقىپ. ⑮ كۆرسەتمەك،ئاڭلاتماق: بۈگۈن رادىيودا كونسېرت ۋە ناخشا بەردى. ⑯ ئايرىم ئىسىملارنىڭ كەينىگە تىركىلىپ كېلىپ، شۇ ئىسىملارنى ئانالىتىك ئۇسۇلدا پېئىللاشتۇرىدۇ: ئەھمىيەت بەرمەك. تونۇشلۇق بەرمەك. ⑰ رەۋىشداشلار بىلەن بىردىكىپ كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ باشقا شەيئى ئۈچۈن ياكى باشقا بىركىمگە قارىتىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بولغان ئىشنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. 2) ھەرىكەت ۋە مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ: مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەرگىنىڭىز بىزنى ئەرشىدەئەلاغا كۆتۈرگىنىڭىز.

**بەرنا** سۈپ [پ] يېزت. ياش، نەۋقىران؛ گۈزەل، قەددى - قامىتى كېلىشكەن: بۈگۈن ئالدىمغا ھەممە بەرنا يىگىتلەر يىغىلىدىغانغا ئوخشايدۇ؟

**بەرھەق** سۈپ [پ + ئە] ھەقىقەت؛ ھەق، چىن، ھەقىقىي: — بەرھەق، بەرھەق، — كېۋىر ئاخۇن ئىمامنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

**بەرھەم** ئى [پ] دەخلى، توسالغۇ، زىيان: بەرھەم بەرمەك، بەرھەم يەتمەك. بەرھەم يېمەك.

**بەرۋەن** ئى. دىيال. پىچاق، قىڭراق قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ تىغ بىلەن دەستىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان قىسمى.

**بەرى** مىق. جان ت. داكا قاتارلىق رەختلەرنىڭ كەڭلىكىنى بىرلىك قىلغان،كمۇادرات قىلىنغان بىر پارچىسى ياكى قاتلىمى: ئىككى بەرى داكا.

**بەربىر** رەۋ [بەرى + بىر] ① ئوخشاش، پەرقسىز: گۆھەر نەدە بولسا ئۇ بەربىر گۆھەر. * — ئۇ مەن ئۈچۈن بەربىر، گەرچە مەڭگۈ يۈز كۆرۈشەلمىسەكمۇ! — دېدى ئاسىيە. ② ھەرقانچە قىلغان بىلەن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان: ئادەمنى ئاغرىق تۇتىدىغان بولسا بەربىر تۇتىۋېرىدۇ.

**بەركات** ئى [ئە] ئىلتىپات، مەدەت: — مانا شۇ دۇئانىڭ بەركاتى بىلەن خۇداغا شۈكۈر، كۆنىمىز ياخشى، — دېدى ئۇ.

**بەركە** ئى [ئە] ← **بەركەت**: بەركە تاپماق.

**بەركەت** ئى [ئە] ① جىق نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدىغان ئۈنۈم: بەركەت بەرمەك. * خۇدا ساڭا بەركەت بەرسۇن، ياخشى ئىشلە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. ② موللۇق، كەڭ - كۇشادىلىك، باياشاتلىق: ئۆتتى چاغ ھەر كۈنلۈكى بەركەت بىلەن، ئەر - ئايالنىڭ ھەممىسى ئەمگەك بىلەن. ③ پايدا، مەھسۇلات، ھوسۇل، مېۋە، نەپ، نەتىجە: ئەمگەك بىلەن ھەركەت، ئالتۇن بىلەن بەركەت (ماقال).

**بەركەتسىز** سۈپ. بەركىتى يوق، بەركىتى تۈگىگەن، بەركەت قىلمايدىغان: بەركەتسىز نەرسە.

**بەركەتسىزلىك** ئى. بەركەت قىلماسلىق، بەركىتى يوقلۇق: قوناقمۇ يىرىك تارتىلغاچقا، ئۇ يىرىك ئۇنىنىڭ بەركەتسىزلىكىدە يەنىلا ئاچ قالاتتۇق.

**بەركەتلىك** سۈپ ① بەركىتى بار، بەركەت قىلىدىغان؛ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان: بەركەتلىك داستىخان. ② ئاز بولسىمۇ،كۆپكە توغرا كېلىدىغان؛ كۆپكە تېتىيدىغان؛ ئاينىشلىق: ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈن ئايدەك، ئاي يىلدەك بەركەتلىك بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. ③ پايدىلىق، مەھسۇلاتلىق، نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق: زەرەپشان بويلىرى بەركەتلىك كۈز ئايلىرى كېلىشى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

**بەركىلىك** سۈپ ← **بەركەتلىك**.

**بەريان** سۈپ [پ] يېزت. كاۋاپ،كاۋاپ بولغان، ئۆرتەنگەن، كۆيگەن: نەرگىسى كۆزلىرىڭ ياشقا تولۇپتۇ، شىكەستە دىلىڭ بەريان بولۇپتۇ.

**بەز** ① ئى <ئانات> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تېنى ئىچىدىكى بەز ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە خىمىيەۋى ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرالايدىغان تۇقۇلما: تەر بېزى. شۆلگەي بېزى. * مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، بەزگە ئامراق (ماقال).

② ئى. ئورگانىزمنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن تومپىيىپ چىققان جاي: ئوغلۇم، تولا ئاقسىماي ماڭ، تېقىمىڭغا بەز چۈشۈپ قالمىسۇن يەنە. ③ سۈپ. كۆچمە. گەپ ـ سۆز تەسىر قىلمايدىغان، قاشاڭ، يۈزى قېلىن: بەز قۇلاق. * تۇرسۇن ئاكامنىڭ بالىسى بىر بەز ئادەم بوپتۇ. ④ سۈپ. سۇ سىڭمەيدىغان، قاتمايدىغان ھەم يۇمشىمايدىغان: بەز تۇپراق. بەز لاي.

**بەز مارىغان مۈشۈكتەك** ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق بىلەن: غۇلام: — مانا ئەمدى ئالدىڭىزغا ئاش كەلگەندە، بەز مارىغان مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى ؟ — دېدى ئادىلغا.

**بەز يېگەن مۈشۈكتەك** لام ـ جىم دېمەي، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي: — نېمە بەز يېگەن مۈشۈكتەك قاراپ تۇرىسىز، گەپ قىلىسىڭىزچۇ؟ — دېدى ئامىنە يولدىشى ئابلىمىتقا يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

**بەزەن** ئال [ئە] ← **بەزى:** بەزەن كۆكتىن ئۇچار ئىكەنسەن، يەرگە ئاققان يۇلتۇزدەك گويا. بەزەن چەكسىز ئۈپۈق قوينىدا، ئېچىلسەن ئاق گۈلدەك گويا.

**بەزەن ـ بەزەن** بەزى ـ بەزى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، گاھ ـ گاھ: ئۇ كەينىگە قارىمايتتى. كۆك قەرىدە بەزەن ـ بەزەن يالتىرىغان چاقماق نۇرلىرى ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن غىل ـ پال يورۇتۇپ قالاتتى.

**بەزدۈرمەك** «بەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل (ماقال).

**بەزدۈرۈشمەك** «بەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەزدۈرۈلمەك** «بەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەزگەك** ئى <تىب> ① جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل، بەزگەك پىلازمودىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ پاشا ئارقىلىق يۇقىدۇ؛ مەزگىل بويىچە تۇتىدۇ. ئالامەتلىرى: بەدەننى تىترەك باسىدۇ؛ قىزىتىپ قاتتىق تەرلىتىدۇ؛ باشنى ئاغرىتىدۇ؛ ئېغىزنى قۇرۇتىدۇ؛ ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ. ② شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى.

**بەزگەك پىلازمودىيەسى** <زوئول> بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋان، ئادەمنىڭ قىزىل قان دانىچىسىدا پارازىت ياشاپ، بەزگەك كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

**بەزلەتمەك** «بەزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەزلەشمەك** «بەزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەزلەنمەك** «بەزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەزلىك** سۈپ. تەركىبىدە بېزى بار، بەز بولغان.

**بەزلىمەك** پ. كۆڭلىنى ياسىماق، كۆڭۈل ئېيتماق، تەسەللى بەرمەك: بالىنى بەزلىمەك.

**بەزمە** ئى [پ] دوستلار، يار ـ بۇرادەرلەر ياكى قۇرداشلارنىڭ نۆۋەت بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، يەپ ـ ئىچىپ، ناخشا، ساز بىلەن قىلغان ئويۇن تاماشىسى: بەزمە قىلماق.

**بەزمەك** پ. بىزار بولماق، ۋاز كەچمەك، يالتايماق، زېرىكمەك: ئاتىسى تۇرۇپ ئوغلى سۆزلىگەندىن بەز (ماقال).

**بەزمىچى** ئى. بەزمىلەرگە قاتنىشىدىغان، ئويۇن ـ بەزمىگە ئامراق كىشى، ئويۇنچى : بەزمىچىلەر يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئاندىن تارقاشتى.

**بەزى** ئال [ئە] بىر قىسىم، ئايرىم: مەن ئۇ خەتنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ بەردىم.

**بەزى ـ بەزىدە** گاھى ـ گاھىدا، ئاندا ـ ساندا، بىرە ـ بىرە.

**بەزىبىر** ئال [بەزى + بىر] مەلۇم بىر، ئايرىم بىر: ئابلىكىم سۆزلەۋاتقاندا، ئالماسىنىڭ كۆز ئالدىدىن بەزىبىر خاتىرىلەر تىزىلىپ ئۆتتى.

**بەزىدە** رەۋ. ئايرىم ۋاقىتتا، گاھىدا: بەزىدە ئۇ گۈللەرگە قاراپ ئۇزاق ـ ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى. * ئۇلار مۇشۇنداق بەزىدە يىقىلىپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇراتتى.

**بەس** I ئى [ئە] ① بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش؛ رىقابەت، مۇنازىرە: بەس تالاشماق. بەس قىلماق. ② بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ھەركىم پىكرىدە تۇرۇش، ئۆز پىكرىنى باراۋەر، ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش: بەس كەلمەك .

**بەس تالاشماق** رىقابەتلەشمەك، مۇسابىقىلەشمەك، مۇنازىرىلەشمەك: خاتىپ ئېيتقان ئارزۇسىنى شەھەر مۇئەككىلى چۈشەنمەي تۇرۇپلا مەلۇم سورۇندىكىلەر بىلەن بەس تالاشقان.

**بەس سالماق** بىرەر ئىش، ئەمگەك، ۋەزىپە قاتارلىقلارنى بېجىرىشنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشمەك، بىر ـ بىرىگە قاراپ ئىشلىمەك: ئەبلغازى ھېيتەكلەرگە بۇرۇلدى ـ دە: — قويۇشە، بەس سېلىشماي، ما ئىشنى تۈگىتىۋېتەيلى، — دېدى.

**بەس كەلمەك** ① تەڭ، باراۋەر كەلمەك؛ تەڭلەشمەك، باراۋەرلەشمەك: بۇ چۆل ـ باياۋاندىكى لەنتى قۇم ئەجدىھاسىغا، رەھىمسىز قارا بورانلارغا پەقەت سىلەرلا بەس كېلەلەيسىلەر. ② بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق: ئاغرىققا بەس كەلمەك.

**بەس** II ئىم [پ] «بولدى، يېتەر، يېتەرلىك؛ قوي، توختات» مەنىسىدىكى ئۈندەش رولىدا كېلىدۇ: بەس! بولدى، بۇ يەر قالايمىقان تاكاللىشىدىغان ئورۇن ئەمەس ! — دېدى سودىيە قولان ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

**بەسەي** ئى [خەن] <بوت> ← **يېسسۇلەك.**

**بەسەيلىك** ① سۈپ. بەسىيى بار، بەسەي تېرىلىدىغان: بەسەيلىك يەر. ② ئى. بەسەي تېرىلىدىغان ئېتىز، بەسەي ئۆسكەن جاي: بەسەيلىكتىن بىر تۈپ بەسەي يۇلۇپ چىق.

**بەس ـ بەس** بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي ھەرىكەت قىلىش تۈسىنى ئالغان بىر خىل كەيپىيات: بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋالماق.

**بەس ـ بەستە** بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي، بەسلەشكەن ھالدا: بەس ـ بەستە سۆزلىمەك.

**بەس ـ بەسچى** داۋاملىق بەس ـ بەس بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، باشقىلاردىن ئۈستۈن كېلىشكە قىزىقىدىغان، رىقابەتچى.

**بەست** ئى [پ] قەددى ـ قامەت، تەقى ـ تۇرق، گەۋدە: ئۇنىڭ بەستىدىن ياشلىقنىڭ ئاجايىپ كۈچى تېمىپ تۇراتتى.

**بەستلىك** سۈپ. قەددى ـ قامەتى بار، قەددى ـ قامەتلىك، گەۋدىلىك، قاۋۇل، ئۇستىخانلىق: يېشىغا نىسبەتەن بەستلىك، يوغان كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان غەيرەت بۇ ئادەمنىڭ تاقتا ـ تۇقتا گەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ، دادىسىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

**بەسلەشتۈرمەك** «بەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : شۇنىڭ بىلەن كەپتەر ئىگىلىرى كەپتەرنى لاچىن بىلەن بەسلەشتۈرىدىغان ئەخمىقانىلىقنى سادىر قىلىۋەرمەسلىك قارارىغا كېلىدۇ.

**بەسلەشتۈرۈلمەك** «بەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەسلەشمەك** پ. بىر – بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشماق، مۇسا-بىقىلەشمەك: شۇنداق قىلىپ مەمەتجان بىلەن ئامانگۈل ئورمىدا بەسلىشىپ قالدى.

**بەس- مۇنازىرە** ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان قىزغىن مۇنازىرە، تالاش – تارتىش، دەتالاش: لوپنۇر توغرىسىدىكى بەس – مۇنازىرە باشلانغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشتى.

**بەسنىمەك** پ. دىيال. بەزمەك، زېرىكمەك : ئۆزۈم ئىشتىن بەسنىپ قالدىم.

**بەسي** رەۋ [ئە] ئىنتايىن، ناھايىتى، تولىمۇ، بەك : بۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قوللىشى، چۈشىنىشىگە ئېرىشمىكى بەسي مۇشكۇل ئىدى.

**بەش** سان. تۆتتىن كېيىن ئالتىدىن بۇرۇن كەلگەن سان، «5» رەقىمى.

**بەش ئېغىز** دىيال. گەپكە ئارىلاشقاق، يېتىم ئاقساقال، ساقالغا ياماشقۇچى.

**بەشئاتار** ئى [بەش + ئاتار] بەش تال ئوق قاچىلىنىدىغان ۋە بىر – بىرلەپ ئېتىلىدىغان مىلتىق.

**بەشاڭ** ئى. دىيال. مەھەللە دەرىجىلىك يۈگۈر – يېتىمچى : كېچە ئۇخلىماي ماڭدۇق، بۇ بەشاڭنىڭ زۇلمىدا.

**بەشەيلەن** سان. بەش كىشى: بىز بەشەيلەن ئالدىراپ كەلدۇق، قالغانلار ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**بەشبارماق** ئى [بەش + بارماق] بىر خىل تاماق، چۆپ ئاش.

**بەشتاش** ئى [بەش + تاش] قىزلارنىڭ كىچىك ھەم يۇمىلاق بەش دانە تاش بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنى: بەشتاش ئويناماق.

**بەشلەڭ** ئى [بەش + لەڭ] قارتا ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى.

**بەشلىك** ① سۈپ. بەش كىشى ياكى بەش نەرسىدىن تەركىب تاپقان. ② سۈپ. ئۈستىگە «5» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن: «5» ئۆلچەم قىلىنغان (قارتا ئويۇنىدا): بەشلىك قاغا. ③ ئى <ئەد> بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر تۈرى؛ مۇخەممەس.

**بەشلىمەك** پ. سانىلىدىغان نەرسىلەرنى بەشتىن – بەشتىن قىلىپ قويماق : ئايىمخان ناۋايخانىدىكى بەشلەپ قويغان ناننى قولىغا ئالدى – دە، داستىخانغا يۆگىدى.

**بەشمەرەك** ئى. دىيال. بەش بارماق.

**بەشرە** ئى [ئە] ① يۈز، چىراي، قىياپەت: كۈلگەندە ئۇلارنىڭ بەشرىسى ئاشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ. ② كىشىنىڭ روھىي ھالىتى، تەبىئىتى ۋە ئىچكى قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان سىرتقى كۆرۈنۈش: كۆزلىرى نېمىدېگەن كۆك، چېقىر كۆز، دەپ يېقىمسىز ئويلىدى مەتقۇربانباي، چېقىر كۆزلۈك شەيتاننىڭ بەشرىسى دەيدىغان. ③ يامان خاراكتېر، يامان نىيەت: ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەققىي بەشرىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى** سان. تۆتىنچىدىن كېيىن ئالتىنچىدىن ئىلگىرى بولغان، بەشىنچى نومۇرلۇق: بەشىنچى ئورۇن. بەشىنچى كۆرۈنۈش.

**بەشىنچى تەزىم چېيى** تويىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىش ۋە تويلۇق سېلىش چېيى.

**بەشىنچىلىك** ئى. بەشىنچى ئورۇن، دەرىجە.

**بەقەسەم** ئى. يىپەك ۋە ئارىلاشما يىپتا يول – يول توقۇلغان بىر خىل يەرلىك رەخت.

**بەقەم** ئى [پ<ئە] <بوت> ① قىزىل رەڭ ماتېرىياللىرىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدىغان بىر خىل ياغاچ. ② قىش – ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان غوللۇق دەرەخنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ غولى قارامتۇل قىزىل، ياغىچى چىڭ كېلىدۇ. ③ يۇلغۇننىڭ قۇم ئاستىدىن كولىۋېلىنىدىغان قىزىل يىلتىزى، قىزىل كۆتىكى.

**بەقۇۋۋەت** سۈپ [پ + ئە] زور جىسمانىي كۈچكە ئىگە بولغان، جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ھەم كۈچلۈك: بەقۇۋۋەت ئادەم.

**بەك** I رەۋ. ناھايىتى، ئالاھىدە، ئىنتايىن، قاتتىق، تازا، راسا: بەك قاتتىق. بەك ياخشى. بەك چاپماق. بەك خارلانماق.

**بەك** II سۈپ. چىڭ، پىششىق، مەزمۇت، مۇستەھكەم: جېنى بەك. * يەپ تۇر، بەك تۇر (ماقال).

**بەكە** ئى ← **قەلەمتىراش.**

**بەگ** ئى. تارس ① بۇرۇنقى مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى. ② مۇراجىئەت ۋە ھۆرمەت سۆزى. ③ كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ، ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ: توختى بەگ. قاسىم بەگ.

**بەگ- بىگات** بەگ ۋە بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار: پۈتۈن قەشقەرگە تەۋە بەگ – بىگاتلار، ئۇلار تارقاتتى بۇ پەرماننى پاتلا.

**بەگچەك** ① ئى. بەگ – ئەمەلدارنىڭ بالىسى، بەگ ئەۋلادى، بەگ بالىسى، بەگزادە. ② سۈپ. تەكەببۇر؛ ھارامزادە.

**بەگزادە** I ئى. بەگ، باي ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى؛ بەگ نەسلى.

**بەگزادە** II ئى <بوت> قوغۇننىڭ بىر تۈرى، ئۆزى كىچىك، ئۇزۇنچاقراق، شاپىقى نېپىز، سىرتى تۈكلۈك، بىر ئاز تىلىم – تىلىم، ئىچى قىزىل ۋە كۆكۈچ بولىدۇ؛ تەمى بەك تاتلىق.

**بەگلىك** ① ئى. بەگلەرنىڭ ئورنى، ۋەزىپىسى؛ بەگلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئەمىلى: ئۇ دائىم «خوجاھاپىز بەگ ئالدى – كەينىمىزگە قاراپ ئىش قىلىڭ، بەگلىك كېتىدۇ، يۇرت قالىدۇ» دەيدى-غان. ② سۈپ. بەگ قارىمىقىدىكى، بەگلەرگە ئائىتلىغان: بىزنىڭ يۇرتنى ئوتتۇز ئىككى بەگلىك دېيىشىدۇ.

**بەگى** ئى. دىيال. ئېينۇلغا ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە.

**بەڭ** ئى [پ] ← **نەشە.**

**بەڭباش** سۈپ [بەڭ + باش] ئۆزى بىلگەننى، كۆڭلى خالىغاننى قىلىدىغان؛ باشباشتاق: بەڭباش ئادەم.

**بەڭباشلىق** ئى. ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈش ھالىتى، كۆڭلى خالىغاننى قىلىش، باشباشتاقلىق.

**بەڭشە** ئى <يىم> جۇۋاۋا، بەڭشىر.

**بەڭگى** ئى [پ] ① نەشە چېكىدىغان ئادەم: ئۇ خۇددى مەجۇن شوراپ، توختىماي كۈلىدىغان قوتۇر چىراي بەڭگى قىياپىتىگە كىرگەندى. ② كۆچمە. تاماكا، ناس قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ چېكىشكە ئادەتلەنگەن كىشى.

**بەڭگىدىۋانە** ئى [بەڭگى + دىۋانە] <بوت>چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ؛ تەمى ئاچچىق بولۇپ، زەھەرلىك، مەست قىلىپ ئاغرىق توختىتىدۇ؛ رېماتىزمنى داۋالايدۇ؛ يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشنى پەسەيتىدۇ.

**بەڭگىلىك** ئى. نەشە ياكى تاماكا چېكىش ئىشى، ئادىتى.

**بەل** I ئى ① <ئانات>ئارقا ئومۇرتقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى؛ گەۋدىنىڭ كۆكرەك قاپقىسى بىلەن داس سۆڭەك ئۈستىدىكى ئارىلىقى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، تەڭ ئوتتۇرىدىن بۆلۈنگەن جايى: ياغاچنىڭ بېلىدىن كەسمەك. ③ كۆچمە. جىسمانىي ياكى ماددىي كۈچ: بېلى بوش. ④ ئېگەرسىمان تۆپىلىكنىڭ پەسەيگەن جايى: ماشىنا كىچىك بىر بەلدىن ئېشىپ ئۆتتى.

**بەل باغلىماق** بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق، ئىرادە تۇرغۇزماق.

**بەل تۇتۇشماق** كۈچ سىناشماق، چېلىشماق: نىياز پالۋان ھېلىقى زەڭگى بىلەن بەل تۇتۇشماقتا ئىدى.

**بەل قويۇۋەتمەك** بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا نىسبەتەن ئىشەنچ - ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماق، يوقاتماق.

**بېلى بوش** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىرادىسى ئاجىز؛ ئىرادىسىز، غەيرەتسىز: بېلى بوش ئادەم. * بېلى بوشنىڭ ئىشى بوش (ماقال).

**بېلى چىڭ** بىرەر ئىشقا كىرىشىشكە ياكى باشلاشقا تەييارلىقى، غەيرىتى بار: — قانداق ئوغلۇم، بۇ ئىشقا بېلىڭ چىڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي سىناق نەزىرى بىلەن ئابدۇرەھىمغا قاراپ.

**بېلىگە تەپمەك** بىراۋ بىرەر ئىشقا ئىنتىلىۋاتقان، جىددىي كىرىشىۋاتقان پەيتتە توسقۇنلۇق قىلماق؛ قارشىلىق قىلماق؛ زەربە بەرمەك: ھاشىم ئاكام زەردە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى.

**بېلى ئېگىلمەك** ئېغىرچىلىق، جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەمنى كۆتۈرەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالماق.

**بەل** II ئى ① ئەنجان تېمى سېلىشتا تامغا لاي ئېتىپ بېرىشكە ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن ياغاچ ساپلىق تۆمۈر سايمان، يۈزى ئادەمنىڭ ئىككى ئالقىنىدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ. ② كۈل ئالىدىغان كىچىك گۈرجەك، بەل گۈرجەك، بەلچەك.

**بەل كەتمەن** زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ تېگىنى يۇمشىتىش، ئوتىنى ئوتاش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان يۈزى كىچىك، سېپى ئۇزۇن كەتمەن.

**بەلەن** سۈپ [پ] ئوبدان، ياخشى، ئېسىل: بەلەن ئادەم.

**بەلەنلىك** ئى . يۇقىرىلىق، ياخشىلىق.

**بەلباغ** ئى [ بەل + باغ ] ① بەلگە باغلايدىغان پوتا. ② ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ۋە مۆلىلىرىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ باغلايدىغان ياكى هارۋىنىڭ شوتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تاسما. ③ ھەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنغان سىزىق، ھالقا: ئىسسىق بەلباغ. ئورمان بەلبېغى.

**بەلباغلىق** سۈپ ① بەلبېغى بار، بەلباغ باغلىغان ياكى بەلباغ بىلەن باغلانغان. ② بەلباغ قىلىشقا بولىدىغان، بەلباغ ئۈچۈن تەييارلانغان، بەلباغ قىلىشقا باب كېلىدىغان.

**بەلتوسما** ئى [بەل + توسما] <سۇ> سۇنىڭ قاشنى چېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاشنىڭ خەتەرلىك يېرىدىن ئېقىننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ ياسالغان «T» شەكىللىك توسما.

**بەلچە** I ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنا ۋە چەم چۆرىسىنى تۈزلەپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق تۆمۈر ئەسۋاب.

**بەلچە** II ئى. كۆكتات ۋە زىرائەت مايسىلىرى ئارىسىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب؛ ئوتىغۇچ.

**بەلچە** III ئى. دىيال ① مەش ۋە ئوچاقتىن كۈل ئالىدىغان بەل گۈرجەك. ② هارۋىنىڭ ئىككى شوتىسىغا ئورنىتىلغان، شوتىغا قېتىلغان ھايۋاننىڭ بېلىگە تارتىلىدىغان تاسما، بەلباغ.

**بەلچە** IV ئى. دىيال. تاغ باغرى.

**بەلچەك** ئى. دىيال. كۈل ئالىدىغان كىچىك گۈرجەك، بەل گۈرجەك، كىچىك كۈرەك.

**بەلچىر** ئى. ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان يېرى، جايى؛ ئاچال.

**بەلدەتمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەلدەشمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەلدەڭ** ئى. دىيال. ئەپكەش، بالداق.

**بەلدەڭگۈچ** ئى. دىيال. رەگەتكە.

**بەلدەم** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ بۆلۈنىدىغان جايى؛ بوغۇم، ئۆگە. ② بىرەر نەرسىنىڭ بۆلۈنىدىغان جايىدىن كېسىلگەن بۆلەك.

**بەلدەنمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەلدىر** ئى. دىيال. دوقمۇش، تۆت كوچا دوقمۇشى.

**بەلدىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا بەلگە سېلىپ، بەلدەم - بەلدەم قىلىپ قويماق. ② بىرەر نەرسىنى بەلدەم - بەلدەم قىلىپ كەسمەك. ③ تاياقنىڭ شوينا چىگىدىغان يېرىگە كېسىك چىقارماق.

**بەلغەم** ئى [ ئە ] <تېب> ئۆپكە ۋە نەپەس يوللىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان شىلىمسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، نورمال ئەھۋال ئاستىدا ئاجرىلىپ چىقىشى ئازراق بولىدۇ؛ ئۆپكە ياكى نەپەس يولى ياللۇغلانغاندا كۆپىيىدۇ.

**بەلغەملىك** سۈپ. بەلغەم بار ياكى بەلغەم ئارىلاشقان، بەلغەم ئارىلاش : بەلغەملىك تۈكۈرۈك.

**بەلكى** باغل [پ] ① بۇرۇلۇش مەنىسىدە كەلگەن جۈملە بىلەن جۈملىنى ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى ئەمەس، بەلكى ئىشچى. ② «ئېھتىمال» دېگەن مەنىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: بەلكى ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك.

**بەلكىم** باغل [پ] ← **بەلكى**: ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مىسالى ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلىمىدى. بەلكىم رەت قىلدى. * بەلكىم ئۇ يىپەك كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەن بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولاتتى.

**بەلگە** ئى ① تونۇشلۇق بولۇش ۋە پەرقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرۈلگەن نىشان، ئالامەت؛ تامغا. ② بىرەر مەنە، مەزمۇن ياكى مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى گىرافىك، ئالامەت، ئىشارە: سوراق بەلگىسى. تەڭلىك بەلگىسى. ③ نەرسە، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى: ئۇلارنىڭ بەلگىلىرى زادى قانداق بولىدۇ؟ ④ <لوگ> ئوبيېكتنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ياكى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى لوگىكىدا «بەلگە» دەپ ئاتىلىدۇ. ⑤ ئىچكى ھېسسىيات، كەچۈرمىشلەرنىڭ، پسىخولوگىيەلىك ھالەتلەرنىڭ تاشقى ئالامىتى، ئەسىرى: ئايشەمنىڭ چىرايىدىن دەرد -

ئەلەم بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ⑥ دىرەك بېرىدىغان ئالامەت، نىشان: مەمەتنىڭ چىرايىدىكى سىرنقلىق — كىسەللىكنىڭ بەلگىسى. ⑦ يەر ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاق ۋە قىزىل قىلىپ سىرلانغان ئالا كالتەك ياكى مەخسۇس ئۆلچەملىك سىزىقلار سىلىنغان ئۇزۇن تاختاي.

**بەلگۈنەك** ئى. دىيال. ئىيدىر باغرى.

**بەلگىسىز** سۈپ ① بەلگىسى يوق، بەلگە قويۇلمىغان، بەلگە سىلىنمىغان. ② نامەلۇم، ناتايىن، ئېنىق ئەمەس: ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكى بەلگىسىز.

**بەلگىسىز ئالماش** <تىل> ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش. مەسىلەن: ئاللىقاچان، ئاللىكىم، ئاللىقانداق، قايسىبىر، پالانى، بىرمۇنچە...

**بەلگىسىزلىك** ئى ① بەلگىسى يوقلۇق ؛ بەلگە قويۇلمىغان، بەلگە سىلىنمىغان ھالەت. ② ئېنىقسىزلىق، نامەلۇملۇق.

**بەلگىلەتمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەلگىلەشمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئۆزلىرى بەلگىلەشكىنى ياخشىراق، دېدىم مەن.

**بەلگىلەنمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىش شۇنداق بەلگىلەندى.

**بەلگىلىك** سۈپ ① بەلگىسى، نىشانى بار؛ بەلگە قويۇلغان، بەلگە ـ نىشان سىلىنغان: بىر چاغدا كىرىپست بەلگىلىك سومكا كۆتۈرگەن بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى. ② مەلۇم، مۇئەييەن، ئېنىق: ھەزرەتلىرى دېيىشىپ قويغان بەلگىلىك سائەت ئىچىدە شەھەرگە تېگىش قىلىسىلا.

**بەلگىلىمە** ئى. بىرەر ئىش ياكى مەلۇم مەسىلە ھەققىدە بىرەر ئورگان، تەشكىلات ۋە مەلۇم بىر يىغىن بامەسلىھەت قوبۇل قىلغان توختام، تۈزۈم، قارارلار ۋە ئۇنىڭ تېكىستى: — قەغەزدىكى بەلگىلىمە بۇ يەردە ئاقمامدۇ؟— دېدى ئۇ نارازى قىياپەتتە.

**بەلگىلىمەك** پ ① بىرەر شەرتلىك بەلگە، ئىشارەت بىلەن ئىپادىلىمەك: خىمىيەدە ھىدروگېننى «H» بىلەن بەلگىلەيدۇ. ② بىرەر خۇسۇسىيەت، ماھىيەتكە ئاساسەن مەلۇم يەكۈننى ئىپادىلىمەك: يازنىڭ كېلىشىنى باھار بەلگىلەيدۇ. ③ بىر قارارغا كەلمەك، قارار قىلماق: شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى بىز بەلگىلەيمىز. ④ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن تاللىماق، كۆرسىتىپ بەرمەك: ئابلىمىت ئەختەمگە داۋاملىق تەكرار قىلىش ئۈچۈن دەرسلىك كىتابتىن بىرنەچچە جايىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئۆزى شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ⑤ ئىشقا قويماق، تەيىنلىمەك: ئۇلار مېنى ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىدى.

**بەلگىلىمىسىز** سۈپ. بەلگىلىمىسى يوق، بەلگىلىمىلىرى بولمىغان.

**بەلگىلىمىلىك** سۈپ. بەلگىلىمىسى بار، بەلگىلىمىلىرى بېكىتىلگەن.

**بەللۇت** ئى [ئە] <بوت> دۇب دەرىخىنىڭ مېۋىسى، ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ ئۇچەينى قورۇپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**بەللى** ئىم [پ] ماختاش، ماقۇللاش، مەدھىيە، ئالقىشنى بىلدۈرىدۇ: بەللى، شۇنداق قىل ئوغلۇم!

**بەللىك** ئى ① شىمنىڭ ئۈستى، بەلباغ بېكىتىلىدىغان قىسمى: شىمنىڭ بەللىكى. ② ئات ـ ئۇلاغلارغا توقۇلىدىغان ئېگەر، چوم، مۆلە قاتارلىقلارنىڭ ئىككى قېشىغا ئورۇنلاشتۇ ـ رۇلغان ياپىلاق تۆمۈر.

**بەللىمەك** I پ ① بېلىدىن ئالماق، بېلىدىن تۇتماق (چېلىشچىلار ھەققىدە). ② نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق، مىلتىقتا ئوق سالماق.

**بەللىمەك** پ II دىيال. بېكىتمەك، ئورناتماق: ئۇشكە بېشىغا ياغاچ قۇلاق بەللەپ تەكرار ئايلاندۇردى.

**بەلىزگۈل** ئى [بەلىز + گۈل] ئى <بوت> مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆزى پاكار، يوپۇرمىقىنىڭ كۆپ قىسمى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، شەكلى قوشۇق ياكى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ تىلسىمان گۈللىرى ئاق، ئاچ قىزىل ياكى قىزىل رەڭلەردە؛ كانايسىمان گۈللىرى سېرىق رەڭدە بولىدۇ.

**بەلىش** ئى. خېمىرىغا تۇخۇم، ئەبجەش ياغ، سودا، ئاق شېكەر، سۈت قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دۇخوپكىدا پىشۇرۇ ـ لىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**بەمەل** ئى. ئۇگە، بېغىش.

**بەمەلچەك** ئى ① قول بارماقلىرىنىڭ ھەربىر ئۇگىسى، بېغىشى. ② قۇشلار، ئۇچار قاناتلارنىڭ چوڭ بارمىقى.

**بەمەلدىرەك** پ. قامچا سېپىنىڭ تۇتىدىغان يېرى، ساپىقى.

**بەن ( بەنى )** ئى [خەن] <ھەرب> پەيدىن كىچىك بولغان ھەربىي بۆلۈنمە؛ تەشكىل: بىر بەن ئەسكەر.

**بەنجاڭ** ئى <ھەرب> پەيدىن كىچىك بولغان ھەربىي بۆلۈنمىنىڭ باشلىقى، يېتەكچىسى.

**بەنجاڭلىق** ئى. بەنجاڭغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە: بەنجاڭلىق قىلماق.

**بەند** I [پ] ① ئى. بېكىتىلگەن، مىخلانغان جاي: چىن ئاشىقلار چاقار قەپەس بەندىنى، ئىشەنگىن ئەي قەمەرشاھ دەردىڭ تۈگەيـ ـدۇ. ② ئى. باغلاق، سولاق، تۈگۈن، تۇزاق، قاپقان: يا بىر يامان دەردكە قالدى، ياكى ئۇنى بەندكە سالدى، يا زىندانغا سولاپ ئالدى، نە بولدى يارىم كەلمىدى. ③ ئى. ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق ھالىتى: مەن پۈت ـ قولۇم ئازادە بولغىنى بىلەن قەلبىم بەند قىلىنغان، كىشەنلەنگەن ئادەممەن ... ④ سۈپ. بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل، بوش ئەمەس: ئۇ جىددىي ئىش بىلەن بەند ئىدى. ⑤ ئى. بىرەر نەرسىگە بېرىلـ ـگەنلىك، مەپتۇنلۇق ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئېلىنغانلىق: تەسىرلىك ئىسكىرىپكا كۈيلىرى يەنىلا مېنى بەند قىلالمىدى. ⑥ سۈپ. باغلانغان، مۇپتىلا بولغان: ئەي جاپا دەستىدە سەرگەردان يىگىت، نەدىسەن، تۆھمەتكە بەند، قۇربان يىگىت؟

**بەند** II ئى [پ] ① <ئەد> قاپىيە، رىتىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان شېئىرىي پارچە: بىر بەند شېئىر. ② <مۇز> مۇزىكا ئەسىرى ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمى.

**بەندە** ئى [پ] ① <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە خۇداغا ئىشەنگەن ۋە ئۆز ئىختىيارى ھەم تەقدىرى خۇدانىڭ ئىلكىدە بولغان ئادەم، خۇدانىڭ قۇلى: ئاغىنىلەر، خۇدايىم بەندەمنى كەچ قويسام قويارمەن، ئاچ قويماسمەن دەپتىكەن، قانداقلا بولمىسۇن قونالـ

غۇغا كېلىۋالدۇق. ② (جانلىقلارغا نىسبەتەن) ئادەم، كىشى: مۆمىن بەندە. ③ كۆچمە. مەستانە، ئاشىق: كىتاب بەندىسى.

**بەندەر** ئى [پ] ① سودا بازارلىرىدىكى كوچىلارنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشى. ② يول ئۈستىدىكى ئاچال ۋە قونالغۇ ئورۇنلاشقان جاي: ئۇلار پاراڭلىشىپ، ئاچا يولنىڭ بەندىرىگە كېلىپ قالدى.

**بەندەرگاھ** ئى [پ] ① كوچا - رەستىلەردىكى سودا - تىجارەت ئورۇنلىرى. ② يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ - قونالغۇلار جايلاشقان ئاچال.

**بەندىچىلىك** ئى ① بەندىلەر قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئىش - ھەرىكەت: خۇداغا ھالاللىق بىلەن ئاتمىش يىل بەندىچىلىك قىلدىم. ② ئىقتىدارسىزلىق، موھتاجلىق: پېقىر بەندىچىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇقۇشماي كىرىپ قاپتىمەن.

**بەندىڭ** ئى [خەن] ئورۇندۇق.

**بەندىلىك** ئى. دىيال. ساقلىقتىن خەۋەر بېرىپ يېزىلغان خەت.

**بەنزە** ئى [خەن] مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىل: رەھبەرلىك بەنزە.

**بەھر** ئى [ئە] <ئەد> ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەربىر تۈرى.

**بەھەيۋەت** سۈپ [پ + ئە] ① ناھايىتى كاتتا، زور، چوڭ: بەھەيۋەت تاغلار. ② ھەيۋەتلىك، ھەيۋىتى قالتىس: بەھەيۋەت دېۋە.

**بەھرە** ئى [پ] ① پايدا، مەنپەئەت، نەپ: بەھرە بەرمەك. ② لەززەت، مەززە، ھۇزۇر: بەھرە ئالماق.

**بەھرىسىز** سۈپ ① پايدا، مەنپەئەت ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان: باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چېۋەر ئوغۇلنى ئەسلەيمەن. ② بەھرىسى، مەنپەئىتى يوق: ئوغۇل - قىزلار باغۋەن بولسۇن ئەل ئۈچۈن، بۇ دەرەخنى قالدۇرمىسۇن بەھرىسىز.

**بەھرىلەندۈرمەك** «بەھرىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېلېكتىر چىراغلىرى ئۆزىگە خاس نۇرىدىن يولۇچىلارنى بەھرىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

**بەھرىلەندۈرۈلمەك** «بەھرىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەھرىلەنمەك** پ ① بەھرىمەن بولماق: قۇياش نۇرىدىن بەھرىلەنمەك. ② لەززەت ئالماق؛ مەززە، ھۇزۇر قىلماق: ئېتىبار باھادىن بەھرىلەنمەك. * ئۇ كۆنلەردىن بىر كۆنى بېغىنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن بەھرىلىنىپ سەيلە قىپتۇ.

**بەھرىلىك** سۈپ. بەھرە ئالغان، بەھرىلەنگەن.

**بەھرىمەن** سۈپ [پ] بەھرە ئالغان. بەھرە ئالغۇچى: مانا بۈگۈن بۇ يەردىن كەنت ئەزالىرى بەھرىمەن.

**بەھرىمەنلىك** ئى. بەھرە ئېلىش، ھۇزۇرلىنىش: چەكلىمىسىز بەھرىمەنلىك ۋە تەڭداشسىز نوپۇز مەنىسىدىكى ھوقۇق جۇڭگو مەنۋىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

**بەھمەن** ئى [ پ ] <بوت > بەھمەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قان توختىتىش، تۇرۇپ قالغان قاننى تارقىتىش رولى بار.

**بەھۇزۇر** رەۋ [پ + ئە] ① ھۇزۇرلىنىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال: ئۇ كېچىچە دادىسى بىلەن بەھۇزۇر مۇڭدىشىدۇ. ② توسقۇنسىز، پەرۋا قىلماي، خاتىرجەم: بەھۇزۇر ئوينىماق.

**بەۋا** رەۋ [پ] مۇۋاپىق، لايىق، تەڭ: بەۋا كەلمەك.

**بەۋا كەلمەك** تاقابىل تۇرماق، تەڭ كەلمەك، توغرا تۇرماق: ھۇجۇمغا بەۋا كېلەلمىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى.

**بەيئەت** ئى [ئە] ۋەدە بېرىپ ئەل بولۇش، تەۋەلىكىگە ئۆتۈش: بەيئىتىنى قوبۇل قىلماق. بەيئەت قىلماق.

**بەيئەت قىلماق** ۋەدە بېرىپ ئەل بولماق، تەۋەلىكىگە ئۆتمەك، باش ئەگمەك: شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەتكە باش ئەگدۇق، بەيئەت قىلدۇق دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ نەپسىگە بويسۇندۇرۇشىدۇ.

**بەيتۇللا** ئى [ئە] «ئاللانىڭ ئۆيى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەككە ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغاندىن كېيىن كەبىگە بېرىلگەن نام، يەنى كەبە.

**بەيتۇلمال** ئى [ئە] يېزت. دۆلەت خەزىنىسى، خەزىنە.

**بەيتۇلمۇقەددەس** ئى [ئە] ① سۆز مەنىسى «مۇقەددەس ئۆي» بولۇپ، قۇددۇس (ئېرۇسالىم) شەھىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. ② مۇسۇلمانلارنىڭ قۇددۇس شەھىرىدىكى مەشھۇر مەسچىتى، يەنى ئاقسا مەسچىتى.

**بەيزۇ** ئى <ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئاساسەن يۈننەن ئەتراپىغا جايلاشقان.

**بەيزى** ئى <تارىخ > خان تەرىپىدىن گۇڭغا ئىزباسار قىلىپ بېكىتىلگەن ئەمەل ۋە شۇ ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشى. ئۇ ۋاڭ بولغان مەزگىللەردىمۇ ئوردا ئىشىغا قاتنىشىدۇ.

**بەيگە** ئى ① ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى:ئات بەيگىسى. ② كۆچمە. مۇسابىقە، بەسلىشىش: كېلىڭلار بەيگىگە دوستلار، سىنايلى جەڭدە غەيرەتنى، جاسارەتنى كۆرەك ئەيلەپ، تەشەككۇر مۇنبىرى كەلدى.

**بەيگە ئالماق** بىرىنچىلىكنى ئالماق، بىرىنچى بولماق، ئوزۇپ چىقماق.

**بەيگىلىك** سۈپ. ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، لايىق (مەيدان، جاي ھەققىدە): بىر بەيگىلىك يەرگە ئۆستەڭمۇ ئېلىنغانۇ، لېكىن ئۇنى ياۋا چوشقىلار بىرلا كېچىدە تىلغاپ تىندۇرۇۋەتكەن.

**بەينەلمىلەل** ئى [ئە] تارس. خەلقئارا، ئىنتېرناتسىونال.

**بەينەلمىنەلچىلىك** ئى. تارس. خەلقئارا، ئىنتېرناتسىونالىزم: ئەلىشىر ناۋائىي بىز «بەينەلمىنەلچىلىك» دەپ ئاتايدىغان دۇنياۋى رىشتىنى خوتەن يىگىتى فەرھاد ۋە ئەرمىنىيە گۈلى شېرىنىنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق پەللىگە يەتكۈزگەن ئەمەسمىدى ؟!

**بەيسىنبىرىق** ئى <بوت> يوپۇرماق ۋە غوللىرى سېرىق ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ سېرىق چېچەكلەيدۇ؛ مال بەك يەيدۇ.

**بوپا** ئى ① رەخت، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوراپ، تېڭىلغان، چىگىلگەن تۈگۈنچە، يۈك: رەخت ساتقۇچى سېرىق قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر بوپىنى ئالدىدىكى كىشىگە ئۇزاتتى. ② كۆچمە. كۆڭۈلدىكى ئەندىشە، ھاجەتسىز غەم - غۇسسە: ئىددىيەۋى بوپا.

**بوپبوش** سۇپ. پۈتـۈنلەي بوش، ئىچىدە ھېچ نەرسە يـوق، پۈتۈنلەي قۇرۇق : ئۇ ئەمدى ئويغاندى، ئەتراپى بوپبوش ۋە قاراڭغۇ ئىدى.

**بوپىلاتماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوجايىن خىزمەتچىسىگە كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا يۈكلىرىنى چوڭ ـ چوڭ قىلىپ بوپىلاتتى.

**بوپىلاشماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزالار دۈركىرەپ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى بوپىلىشىپ، كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى.

**بوپىلانماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يولداش، ئاشۇ قىزىل قەغەزگە بوپىلانغان يۈك يىپلارنى ئېلىڭ.

**بوپىلىق** سۇپ ① بوپا قىلىنغان، بوپىلانغان: چوڭ بـوپىلىق يۈك. ② بوپىلاشقا مۇۋاپىق، لايىق: مەن ئەتە كىتابلارنى پوچتىدىن سېلىۋەتمەكچى، ئۇنى ئوراش ئۈچۈن سەن بىرقانچە بوپىلىق قەغەز ئەكەلگىن.

**بوپىلىماق** پ. رەخت، قەغەز قاتارلىقلار بىلەن بوپا ـ بوپا قىلىپ ئوراپ تاڭماق: بىر كېچىسى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ بار ـ يوقىنى بوپىلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

**بوتا** I ئى ① تۆگىنىڭ بالىسى، بوتىلاق.

**بوتا** II ئى. دىيال ① ھاۋانچا تېشى. ② زەرگەرلىك دۇكـاند ـ لىرىدا مېتال ئېرىتىش ئۈچۈن چوقىدىن ياسالغان رومكا شەكىللىك كىچىك قاچا؛ چاناق.

**بوتانىكا** ئى [ر<گىرېك] ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۆسۈشى ۋە ھاياتىي رولىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، تارقىلىشى ۋە ئۆسۈم ـ لۈكلەردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بوتقا** ئى. تويدا قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ھاردۇق سوراش يۈزىسىدىن گۈرۈچ، ماي، گۆش قاتارلىقلار بىلەن ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق.

**بوتقاش** ئى [بوتقا + ئاش] ← **بوتقا**: پاتەمخان: ـــ ھازىر ھەممىسى بوتقاش ئىچىشىۋاتىدۇ، ـــ دېدى.

**بوتكا** ئى [ر] ① ياغاچ، تاختاي ياكى قاڭالتىردىن ۋاقىتلىق ئىشلىتىشكە ياسالغان يۆتكەشكە بولىدىغان كىچىك ئۆي: تامنىڭ بىر چېتىدە قاراۋۇل بوتكىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② كىچىك دۇكان: جۇرنەت گېزىت ساتىدىغان بوتكىدىن بىر نۇسخا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نى سېتىۋالدى. ③ مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان، پىرىبورلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساندۇق: بوتكا تېرمومېتىرى. بوتكا پسىخرومېتىرى.

**بوتكام** سۇپ. دىيال. ئېغىر، سۆرەلمە، سۆرەم، سۆرەمپالاز.

**بوتكىلىق** سۇپ. بوتكىسى بار، بوتكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**بوتۇڭ** ئى [خەن] ① كونا جەمئىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە ـ چىلەر تەرىپىدىن ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچىلەرنى باشقۇرۇپ ئىشقا سېلىشقا بەلگىلەنگەن كىشى. ② مەلۇم بىر ئىشنى كۆتۈرە ئېلىپ ئەمگەك كۈچى ياللىغۇچى شەخس.

**بوتۇڭلۇق** ئى. مەلۇم بىر ئىشنى كۆتۈرە ئېلىپ ئەمگەك كۈچى ياللاش: ـــ بوتۇڭلۇقمۇ ئىشمۇ، ـــ دېدى ئۇلاردىن بىرى.

**بوتۇنچاق** ئى. بوتىلاق، تۆگىنىڭ بىر ياشقا توشمىغان بالىسى.

**بوتۇلكا** ئى [ر] ئەينەكتىن ياسالغان بوغۇزى تار شىشە.

**بوتۇلكىلىق** سۇپ. بوتۇلكىسى بار، بوتۇلكىغا قاچىلانغان: ئەسەت چوڭ بوتۇلكىلىق ھاراقتىن ئىككىنى ئالدى.

**بوتى** ئى [ر] ئايالـلار ۋە بالىلار كىيىدىغان قىسقا قونچلۇق، قونچىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ۋە بوغقۇچلايدىغان جايىغا تېرە تۇتۇلغان قىشلىق بەتىنكە.

**بوتىچاق** ئى ← **بوتىلاق**.

**بوتىلاتماق** «بوتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوتىلاق** ئى. تۆگىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى.

**بوتىلىماق** پ. تۇغماق، تايلاقلىماق (تۆگە ھەققىدە): يىل ياخشى كەلگەنلىكتىن بۇ يىل قايمال (ھىڭگان)لار بالدۇر بوتىلاپ بولدى.

**بوجا** I ① ئى. ھارۋىغا قوشقان ئىچ ئاتىنىڭ يۈگىنىگە بېكىتىلگەن ئۇزۇن ئىككى تال تاسما. ② سۇپ. قاقلاپ قۇرۇ ـ تۇش ئۈچۈن تاسما قىلىپ تىلىنغان: بوجا گۆش.

**بوجا** II ئى. ئىنشەنچ، كاپالەت، مۆلچەر : تۇغۇتقا بوجا يوق (ماقال).

**بوجاڭ** ئى [خەن] <تارىخ> كونا جەمئىيەتتىكى يەرلىك مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇ ئەمەلگە ئىگە بولغان ئادەم. ئادەتتە يۈز ئۆيلۈك ئادەملەرنى باشقۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ «يۈزبېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بوجاڭلىق** ئى. بوجاڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، خىزمەت.

**بوچاق** ئى. دىيال. بوۋاق.

**بوچى** ئى. تارس. ۋاڭغا تاماق تەييارلىغۇچى.

**بوچىخانا** ئى. ۋاڭغا تاماق ئېتىدىغان ئورۇن.

**بوچىگۆش** ئى <يېم> سۇر گۆش، نېپىز تىلىپ تۇزلاپ ۋە ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇلغان گۆش.

**بوختاق** ئى. ھايۋانلارنىڭ قول ۋە پۇت ئىلىكلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ يۇقىرىقى بىلەك، «ئارتقىمال» دەپمۇ ئاتىـ ـ لىدۇ.

**بوختان** ئى <ئانات> ئۈستۈنكى بىلەك.

**بوخلور** ئى. دىيال. شاپ.

**بوخۇلۇ** ئى <ئانات> بۇغدىيەك.

**بودا** ئى. دىيال. تۆگە، كالا، ئات قاتارلىق چوڭ چارۋا؛ چوڭ مال، قارا مال.

**بوداتماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:كەنت باشلىقى بوغالتىر قاتارلىق بىرقانچە كىشىگە بۇ ئوغۇتنىڭ قانچە تاغار كېلىدىغانلىقىنى بوداتتى.

**بودارغان** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىگە كىرىدىغان يېرىم چاتقال.قۇرغاق شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان.

**بوداشماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوينى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشكەن ئىككى قاسساپ ئوتتۇز بەش كىلوگىرام كەلگۇ ـ دەك دەپ بوداشتى.

**بوداق** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى، ھالىتى توغرىسىدا قىلىنغان قىياس، مۆلچەر، پەرەز: بوداق بوداققا كەلمەك. * ئۇ باشقىچە بىر بوداققا كەلدى.

**بودالماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيىد ـ مىزنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك مېۋىلىك باغ بوغالتىرىمىزنىڭ قەدەملەپ كۆرۈشىچە بەش پۇڭ بودالغاندى.

**بودەك** I ئى. ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، مىسلارنى شار

شەكىلگە كەلتۈرىدىغان قىلىپ.

**بودەك** II سۈپ. تولغان، تولۇق ئەت ئالغان، دانىلىق، سېمىز، تولۇق، بۇدرۇق: بودەك ئۈجمە.

**بودەكشىمەك** پ. تولۇق ئەت ئالماق، تولماق: سۇ ۋاقتىدا كىرگەچكە بۇغداي دانلىرى بودەكشىشكە باشلىدى.

**بودراڭغۇ** سۈپ. دىيال. غۇۋا.

**بودولغۇ** ئى. دىيال. تاقابىل : بودولغۇ كەلمەك.

**بودىماق** پ. پەرەز قىلماق، قىياس قىلماق، مۆلچەرلىمەك: بوۋاي يىكلىرىنىڭ نەرخىنى قايتا بوداپ كۆرۈپ پىسسىڭىدە كۈلدى.

**بور** I ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. كىرىستال ئەمەسلىرى يۇمشاق ۋە پاراشوكقا ئوخشاشراق بولۇپ، يېشىل قوڭۇر رەڭدە؛ كىرىستال ھالەتتىكىلىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، پارقىراق كېلىدۇ.

**بور** II ئى <گېئول> ① كالتسىي كاربوناتنىڭ يەنى ھاك تاشنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق بىر تۈرى. ② ھاك تاشنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق تۈرىدىن ياسىلىدىغان ھەمدە دوسكىغا خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بۇيۇم.

**بور دەۋرى** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى، تەخمىنەن 60 مىليون يىلغا سوزۇلغان.

**بورا** ئى. ئاقلاپ يېرىلغان قومۇش ياكى چىغدىن توقۇلغان توقۇلما بۇيۇم.

**بورات** ئى [ر<لات] <خىم> بورات كىسلاتا. نئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_3BO_3$. ئاق رەڭلىك كىرىستال؛ بېلىق قاسىرقى شەكلىدە بولىدۇ؛ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئاجىز كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ ئەينەك ۋە فارفور قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ؛ دورىگەرلىكتە دېزىنفېكسىيەلىگۈچى ۋە چىرىشتىن ساقلىغۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بوران** ئى ① توپا ـ چاڭ ئارىلاش چىققان شىددەتلىك شامال. ② كۆچمە. داغدۇغا ۋە شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت: — ھە، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ قانداق شامال بولاتتى، شامال ئەمەس، ئىنقىلاب بورىنى ـ دە! — دېدى رەيھان كاملىغا.

**بوران چېچەكى** دىيال. مامكاپ.

**بوران قوپماق** دىيال. بوران چىقماق : كەمبەغەل تالقان يېسە بوران قوپۇپتۇ (ماقال).

**بوران ـ چاپقۇن** ① يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران: بىز قايتىپ كېلىۋېتىپ بوران ـ چاپقۇندا قالدۇق. ② كۆچمە. توسقۇنلۇق؛ قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق: پەرھات دوستىغا سەمىمىي تەسەللىي بېرىپ: — تۇرمۇش بىز مەكتەپتە ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بوران ـ چاپقۇنغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ، — دېدى.

**بوران ـ چاپقۇنلۇق** بوران ـ چاپقۇنى بار، بوران ـ چاپقۇنغا تولغان: ئەمدى ئىنقىلابنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى.

**بورانقۇش** ئى [بوران + قۇش] <زوئول> تېنى قارلىغاچقا ئوخشايدىغان، ئېغىزى ئىلمەك، دائىم دېڭىز ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ بېلىق ۋە راك قاتارلىقلارنى يەيدىغان بىر خىل قۇش.

**بورانگۈل** ئى. دىيال. مامكاپ.

**بورانلىق** سۈپ ① بورىنى بار، بورانغا تولغان: بورانلىق كېچە. * ئۇ يامغۇر ۋە بورانلىق تۈن قوينىدا غايىب بولدى. ② كۆچمە. كەسكىن، شىددەتلىك، كۈرەشكە تولغان: بورانلىق يىللارنىڭ شائىر لاچىنى، كۆكسىدىن چېچىپ قان، كېلەچەككە پارلاق ئۈمىدلەرنى يېزىپ كەتتى.

**بورت** ئى. دىيال. بىلىيارت.

**بورچا** ئى. چىۋىقتىن توقۇلغان، ئاشلىق ئادالايدىغان جابدۇق.

**بورداتماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باي ئۆزى بورداتقان ئىككى قويىنىڭ بىرىنى قازىغا، يەنە بىرىنى يۇسۇپ بەگكە خۇپىيانە ھالدا ئاپىرىپ بەردى.

**بورداشماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى : بۇ يىل چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى چارۋىلارنى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بورداشتى .

**بورداق** سۈپ. بېقىپ سەمىرىتىلگەن؛ سېمىز: سۈپىنىڭ بىر چېتىگە كانار ئورنىتىلغان بولۇپ، بورداق قوينىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ.

**بورداقچى** ئى. مال بورداپ ساتىدىغان، مال بورداشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**بورداقچىلىق** ئى. مال بورداش كەسپى، مال بورداپ سېتىش ئىشى.

**بوردالماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل فېرمىدا ئىككى قوتان قوي ۋە بىر قوتان ئۆكۈز بوردالدى.

**بوردانماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**بوردۇ** ئى [فىران] <دېھ> مىس سۇلفات، ھاك ۋە سۇ بىلەن ياسالغان دېھقانچىلىق دورىسى، زىرائەتلەرگە پۈركەلگەندە بىر قەۋەت نېپىز پەردە شەكلىدە قېتىۋېلىپ كېسەل مىكروبلىرىنىڭ ئۆسۈملۈك تېنىگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**بوردىماق** پ. مەخسۇس بېقىپ سەمىرىتمەك: ئەپەندىمنىڭ قوي بورداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە بايلىرىنىڭ باللىرى ئەپەندىمنى ئالداپ قويىنى يەۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

**بورسۇق** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى ئومۇمەن كۈل رەڭ، قورساق بىلەن تۆت پۇتى قارا بولىدۇ، بارماق ئۇچىدا ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ. توپا كولاشقا ماھىر، تاغ باغىرلىرىدا كامار كولاپ ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ.

**بورغۇل** ① سۈپ. پاختەك تۈكى رەڭلىك (ئات ھەققىدە): بورغۇل ئاتقا مىنىپ ناتونۇش بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ② ئى. پاختەك تۈكى رەڭلىك ئات: ناسىر ئات ئېغىلىدىن ئېگەرلەكلىك بورغۇلنى يېتىلەپ چىقتى ـ دە، ھويلىدىن مىنىپ چىقىپ كەتتى.

**بورلۇق** سۈپ. بورى بار ياكى تەركىبىگە بور ئارىلاشقان.

**بورۇۋوي** ئى [ر] بۇرغا.

**بورۇل** سۈپ. رەڭگى كۆككە مايىل، خالدار، چىپار.

**بورۇل ئات** خالدار (چىپار) ئات، رەڭگى كۆككە مايىل ئات.

**بورۇن** ئى [خەن] جان ت. باشقا بىرىگە ۋاكالىتەن مەسئۇلىيەتنى ۋاقىتلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى؛ كېپىل: ئۇلار قىزنى ئالماس ئۈچۈن بورۇنغا ئالماقچى بولۇشتى.

**بورۇنلۇق** ئى. بورۇن بولۇش، كېپىللىك.

**بورىچى** ئى. بورا توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**بورىچىلىق** ئى. بورا توقۇش ۋە سېتىش كەسپى: بورىچىلىق قىلماق.

**بورىقىياق** ئى [بورا + قىياق] <بوت> قىياق ئائىلىسىگە

كىرىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇدا ئۆسىدۇ؛ غولى ئۇچ قىرلىق، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى يېشىل قوڭۇر رەڭدە؛ بورا توقۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**بورىيا** ئى [ئە<پ] يېزىت← **بورا**: ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا (ماقال).

**بوز** I ①سۈپ. كۆككە مايىل ئاق رەڭ: بوز ئات. بوز قوي. بوز ئېشەك.

**بوز** II ① سۈپ. ئېچىلمىغان، تېرىلمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن: بوز يەر. بوز توپا. // ئۇلار ناشتىدىن كېيىن گەمە ئارقىسىدا ئاچقان بىر پارچە بوزغا كەلدى. ② ئى. توپا، ئەت توپا : بۇ يەرگە بوز ياتقۇزدۇم. ③ سۈپ. ئۆيلەنمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، چېنىقمىغان: بوز يىگىت.

**بوز يىگىت** ئۆيلەنمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، چېنىقمىغان يىگىت: بوز يىگىتلەر خىجىلچىلىق ئىچىدە ئۆزلىرىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىشتى.

**بوزا** ئى. تېرىق، ئارپا قاتارلىق ئاشلىقلاردىن ياسىلىدىغان، كەيپ قىلىش رولىغا ئىگە بىر خىل ئىچىملىك.

**بوزارتماق** «بوزارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوزارتىلماق** «بوزارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بوزارماق** پ. رەڭگى ئۆزگىرىپ بوز ھالەتكە كەلمەك: مەستۇرە بوزىرىپ كەتكەن كۆك بوغچىسىنى ئۆيدىن ئىزدەپ ئاران تاپتى.

**بوزاڭ** سۈپ. بوزارغان، بوز ھالەتتىكى: بوزاڭ توپا. * ئالەم بوزاڭ تۇرىدىغۇ؟

**بوزاڭ توپا** ئى. بوزارغان، بوز تۈسكە كىرگەن توپا، يول توپىسى.

**بوزاڭلاشماق** پ. بوزارغان ھالەتتىكى رەڭ ياكى تۈسكە كەلمەك: ھاۋا بوزاڭلاشتى.

**بوزامتۇل** سۈپ. بوز رەڭگە مايىل، كۈل رەڭ : دەريانىڭ سۈيى دۇغلىنىپ، بوزامتۇل چايقىلاتتى.

**بوزەك** سۈپ. باشقىلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان، قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى كەم؛ باشقىلارنىڭ خورلىشى، كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان، ئانىي: بوزەك بولماق. بوزەك قىلماق. // بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار (ماقال).

**بوزەك ئەتمەك** ← **بوزەك قىلماق**: — سېنى كىم بوزەك ئەتتى ؟ — دېدى دادىسى خاپا بولۇپ، — «ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە، ئىتنىڭ كۈچۈكى بول» دېگەن راست گەپكەن - دە.

**بوزەك بولماق** باشقىلارنىڭ ھاقارەت ۋە پەس كۆرۈشلىرىگە ئۇچرىماق : — سىزغۇ مۇسا دۇكانچىغا بوزەك بولماپسىز، لېكىن ئۇنىڭ خاتا ھەرىكىتى ئاشكارىلانمىغاچقا، شۇ كەمگىچە قانچىلىگەن ئادەملەر ئۇنىڭغا بوزەك بولغاندۇ؟ — دېدى ئۇ.

**بوزەك تاپماق** ← **بوزەك قىلماق**: — كىچىك بالا تۇرسا ئۇنى بوزەك تاپمىغىن، — دېدىم مەن ھېلىقى بالىغا.

**بوزەك قىلماق** باشقىلارنى خورلىماق، كەمسىتمەك، ئانىي تاپماق : — ياۋاش بولساڭلار، ئۇلار سىلەرنى بوزەك قىلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئابدۇللا ئاكا ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنگەن ھالدا ئۇلارغا مەدەت بېرىپ.

**بوزەكلىك** ئى. بوزەك بولۇش : بەك ياۋاشلىق ئادەتتە بوزەكلىكمۇ بولۇپ قالىدىكەن.

**بوزتىكەن** ئى [بوز + تىكەن] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە ئاق سۈت بار؛ غولى تىك، تۈكسىز، سىلىق كېلىدۇ، گىرۋىكىدە تىكەنلىك چىشلىرى بولىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش ۋە يىرىڭنى چىقىرىپ غەلۋەرەكنى ساقايتىش رولى بار.

**بوزغۇن تۇلەك** ئۇچار قاناتلارنىڭ بىرىنچى قېتىم: تۈك تاشلىشى.

**بوزقىيا** ئى [بوز + قىيا] تۇمانلىق سوغۇق كۆنلەردە دەرەخ شاخلىرى ياكى سىم تاناب ۋە شۇ قاتارلىق بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان نەرسىلەرگە چۈشكەن قىرو، تۇمان قىروسى.

**بوزلاتماق** «بوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆگىنى بوزلاتماق.

**بوزلاشماق** «بوزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراقتىن تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**بوزلۇق** ئى. بوز يەر، بوز كۆپ يەر ياكى ئېچىلمىغان يەر: تېببىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بوزلۇقتىكى يېڭى يولدىن غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

**بوزلىماق** پ ① ھىڭگان (چىشى تۆگە)نىڭ تايلىقىنى،تايلاقنىڭ ئانىسىنى سېغىنغان ۋاقتىدا چىقارغان ئاۋازى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. ② كۆچمە. ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق، نالە قىلماق: كېيىن ئۇ بالا جىنازىغا ئۆزىنى ئېتىپ شۇنداق بوزلىدىكى، ئۇنىڭ مىسكىن زارىدىن يەر يېرىلىپ، تاغۇتاشلار ئېرىپ كەتكۈدەك بولدى.

**بوزۇن** ئى [ھىند] <فىز> ئۆز ئۇقى ئەتراپىدا ئايلىنىشتىكى ھەرىكەت مىقدارى مومېنتىنىڭ جۈپ ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان مىكرو زەررىچە.

**بوزىچى** ئى. بوزا تەييارلاش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: بوزىچى ھالۋىچى بولسا كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال).

**بوزىچىلىق** ئى. بوزا تەييارلاش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى،كەسپى.

**بوزىخانا** ئى. بوزا سېتىلىدىغان ۋە بوزا ئىچىلىدىغان جاي.

**بوزىرىشماق** «بوزارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوسە** ئى [پ] يېزىت. سۆيۈش: خۇددى يارى پەرىزاتنى كۆرگەندەك، ئۇنى بوسە قىلىپ كۈچ - مادار تاپقاندەك بوپتۇ.

**بوسە قىلماق** مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئىزھار قىلىپ لەۋ تەگكۈزمەك؛ سۆيمەك : مەڭزىمدىن بوسە قىلدى ئامانىسا، قەلبىمدە ئىشرەت - ئەنگىز ئۇرغۇپ تاشتى، تالانتلىق مۇقامشۇناس بۇ گۈزەلگە، ئەقىدە مۇھەببىتىم يەنە ئاشتى.

**بوستان** ئى [پ] دەل - دەرەخ ۋە يېشىللىققا تولغان جاي، باغ: ئىچكىلى مېھرىڭ سۈيىنى سەن تامان ئۇچقاندا مەن، ئۆز ئانام قوينىنى تاپتىم بۇ گۈزەل بوستاندا مەن.

**بوستانلاشتۇرماق** پ. بوستان قىلماق، باغ - بوستانغا ئايلاندۇرماق: ھەر يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق بۇ چۆللەرنى بوستانلاشتۇرۇش ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

**بوستانلاشتۇرۇلماق** «بوستانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بوستانلاشماق** پ. بوستان بولماق، بوستانغا ئايلانماق،

يېشىللىنىقتا پۈركەنمەك.

**بوستانلىق** ئى. باغۇبوستانلار بىلەن قاپلانغان ئاۋات يەر: تارىم بوستانلىقى.

**بوسو** ئى [خەن] ← **سومەن.**

**بوسۇت** ئى. تويدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قويىدىغان سوۋغا ـ سالام ياكى توي قىلغۇچىغا ئاپىرىلىدىغان سوۋغات: توي بوسۇتى.

**بوسۇتلۇق** سۈپ. تويدىكى سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن تەييارلانغان، سوۋغاتلىق.

**بوسۇرما** سۈپ ← **بوسۇرما تەلپەك.**

**بوسۇرما تەلپەك** تۇماق ياكى تەلپەكنىڭ بىر تۈرى.

**بوسۇرماق** پ. دىيال. ئۈستى ـ ئۈستىگە بېسىپ قاچىلىماق، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بېسىپ قاچىلىماق.

**بوسۇغا** ئى ① ئىشىك، دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان توغرا ياغاچ ياكى خىش، تاش، سېمونت قاتارلىقلاردىن قىلىنغان توسما: ئەكبەر كەنت ئىشخانىسىغا كىرىۋېتىپ بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ② كۆچمە. ئۆي، قورۇنىڭ ئالدى: بۇ ئىككى ئەۋلاد ئەلمىساقتىن تارتىپ ياتقا قىز بەرمەيدىغان، ياتنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدىغان كىشىلەر ئىدى. ③ كۆچمە. شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارغا كىرىشتىكى ئەڭ يېقىن جاي: — ئاپلا ... دۈشمەن بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىلا يۈرۈپتۇ ـ دە، — دېدى كامال ۋە ئالدىراپ باتۇر تەرەپكە كەتتى. ④ كۆچمە. بىرەر نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ياكى ھادىسىنىڭ باشلىنىشىغا يېقىن قالغان پەيت؛ باشلىنىشى، كىرىش قىسمى: بۇ ئايالنىڭ بالىسى ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قاپتۇ. ⑤ ئۆستەڭ، ئېرىقلاردىكى زاكۇ، ئازما، سەكرەتمىلەرنىڭ تاختاي بىلەن سۇنى توسقاندا تاختايغا ھىملىشىپ تۇرىدىغان ياغاچتىن ياكى سېمونتتىن تەييارلانغان تاپان: ئازمىنىڭ بوسۇغىسى.

**بوسۇغىسى ئېگىز** ھالى چوڭ،ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇتىدىغان: — ئۇلارنىڭ بوسۇغىسى ئېگىز، بىز كىرەلمەيمىز دېگىنە، — دېدى ئىسمائىل غەمكىن ئولتۇرغان دوستى ئىبراھىمغا.

**بوسۇغىلىق** سۈپ ① بوسۇغىسى بار، بوسۇغا ئورنىتىلغان. ② بوسۇغا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ؛ بوسۇغا قىلىشقا بولىدىغان : بوسۇغىلىق ياغاچ.

**بوسۇق** I ئى. دىيال. بوسۇغا.

**بوسۇق** II ئى. دىيال. بوغۇرساق.

**بوسۇنچۇق** سۈپ. دىيال. بوزەك، ئانىي.

**بوش** سۈپ ① ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق؛ قۇرۇق: بوش قاچا، بوش تاغار. ② ئادەم ياكى نەرسىدىن خالىي،ئىگىلەنمىگەن؛ بىكار: بوش ئورۇندۇق. * — مۇئەللىم، بىزنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز پۈتۈنلەي بوش تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلەمدىلا؟ — دېدى ئۇ مېھراي مۇئەللىمگە سەمىمىي ئىلتىماس قىلىپ. ③ ئىش، خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولمىغان؛ ئىشتىن خالىي، بىكار: — بالىمىز بوش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ ئوينىسا، زېھنى ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سېلىم ئاكا ئايالىغا. ④ئاسان ئۈزۈلۈپ، يىرتىلىپ، سونۇپ كېتىدىغان، پۇختا ئەمەس: بوش يىپ. بوش كېسەك. ⑤ كۈچسىز، زەئىپ، ئاستا، سۇس: بوش ئاۋاز. بوش شامال. * ياتاقنىڭ ئىشىكى بوش چېكىلدى. ⑥ كۆچمە. قاتتىق قول، تەلەپچان ئەمەس، بوشاڭ: بوش رەھبەر. *تۇرسۇنمۇ بوش يىگىت ئەمەس، قىزلارغا قانداق كۆرۈنۈشنى بىلىدۇ. ⑦ يېتەرلىك ئەمەس، كەم: زاھىر خەنزۇچىدا بوشراق ئىدى. ⑧ قىزغىن ئەمەس، سۇس: دادىسى بىر ـ ئىككى قېتىم بوشقىنا كايىپ قويدى.

**بوش مەيسە** دىيال. بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ.

**بوشاتماق** «بوشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي بوشاتماق. قولىنى بوشاتماق.

**بوشاشتۇرماق** «بوشاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا قانداقمۇ جىددىيلىكنى بوشاشتۇرغىلى بولسۇن.

**بوشاشتۇرۇلماق** «بوشاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بوشاشماق** ① «بوشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.② قاتتىقلىقىنى ۋە چىڭلىقىنى يوقاتماق: تۇيۇقسىز باسقان سۇ ئاپىتىدىن تاملار بوشىشىپ ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. ③ ماداردىن كەتمەك، كۈچسىزلەنمەك، زەئىپلەشمەك: ساقسىز بولۇپ قالدىڭمۇ چىمەن؟ نەچچە كۈندىن بېرى بوششىپلا كەتتىڭغۇ؟

**بوشاڭ** سۈپ. ئىشنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان؛ لايغەزەل، ئىرادىسىز: بوشاڭ بالا. * يەنىلا بۇ كىچىك ئىش، لېكىن ئۇ مېنى ئۆزۈمگە قويغان تەلەپلىرىم ئالدىدا بوشاڭ كۆرسىتىدىغان ئىش.

**بوشاڭلىق** ئى. بوشاڭ ھالەت، كەيپىيات: بوشاڭلىق قىلماق.

**بوشاندۇرماق** «بوشانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزنى سالامەت بوشاندۇردى.

**بوشانماق** ① «بوشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: باغلاقتىن بوشانماق. ② كۆچمە.كۆز يورۇماق، تۇغماق: ئۇنىڭ ئايالى بوشانغىلى ئالتە ئايدىن ئاشتى.

**بوشتىن ـ بوش** پۈتۈنلەي بوش، بەكلا بوش.

**بوشقا** ئى. تارس. ئوردىدا ئۇششاق ئىشلارغا يەنى لاۋازىمات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى كىشى.

**بوشلۇق** ئى ① ئەركىن ـ ئازادىلىك؛ بىكار: ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى — پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى (ماقال). ② ئەتراپى مەلۇم نەرسە بىلەن ئورالغان، ئىچى بوش ، خالىي جاي: دىماغ بوشلۇقى. ئېغىز بوشلۇقى. ③ زېمىندىن خالىي باشقا يۇلتۇزلار ئارىلىقىدىكى مۇساپىلەر: ئالەم بوشلۇقى. ئاسمان بوشلۇقى. ④ سۇسلۇق، بوشاڭلىق : بۇ بالىنىڭ ئىشقا بوشلۇقىنى قانداق قىلارمىز. ⑤ بوش ياتقان يەر، جاي: باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەڭ بوشلۇقتا بىردەمدىلا نۇرغۇن بالىلار توپلاندى. ⑥ ماددىلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى. كەڭلىك، ئۇزۇنلۇق، ئېگىزلىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ⑦ تولۇقسىزلىق، كەملىك: بۇ لۇغەت ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

**بوشتىلماق** «بوشاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەرىپە يېرىم سائەت ئىچىدە بەش خىل سەي قورۇپ ئەكىردى. بوتۇلكىلار ئارقا ـ ئارقىدىن بوشىتىلدى.

**بوشقى** ئى. تارس. ۋاقىتىغا ئادەم چاقىرىدىغان، ۋاڭ بۇيرۇغان ئىشلارغا ماڭىدىغان كىشى.

**بوشىماق** پ ① ئىگىلىگەن ۋە ئىشغال قىلغان نەرسىدىن خالىي بولماق: ئۆي بوشىدى. يول بوشىدى. ② ئىشتىن، مەلۇم ھەرىكەتتىن چۈشمەك؛ بىكار بولماق: ئىشىدىن بوشىماق. خىزمەتتىن بوشىماق. * گېپى گەپكە ئوخشىماس، ئاغزى گەپتىن بوشىماس (ماقال). * يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قولى خېلى بوشايدۇ. ③ قۇتۇلماق، قۇتۇلۇپ چىقماق: تۈرمىدىن بوشىماق.

**بوغا** ئى. ھارۋىغا قېتىلىدىغان ئات، ئېشەكنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان رەختتىن تەييارلانغان ھارۋا جابدۇقى؛ جىمبو.

**بوغاز** سۈپ. قورسىقىدا بالىسى بار: قىزنىڭ ئانىسى ئاخىر كېلىپ ئۆزىنىڭ بوغاز قويىدىن بىرىنى سويۇپتۇ.

**بوغاق** ئى. دىيال. ھۆل ـ يېغىن : دوغچى ئاپتاپ تىلەر، ماتاچى بوغاق (ماقال).

**بوغالتىر** ئى [ر<نېم] <مال> ئىدارە ـ جەمئىيەت، كارخانا قاتارلىقلارنىڭ ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغۇچى خادىم، ھېسابچى.

**بوغالتىرلىق** ئى. بوغالتىرلار قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە، خىزمەت.

**بوغالتىرىيە** ئى [ر] ھېساب ـ كىتاب نەزەرىيەسى ۋە ئىلمى.

**بوغبايماق** پ. دىيال. ھەددىدىن زىيادە قېلىن كىيىنىپ قولىشالماي قالماق.

**بوغجۇما** ئى. كىيىم ـ كېچەك ۋە كىيىملىك رەختلەرنى ئوراپ، تۈگۈپ قويۇلغان بوپا، بوقچا.

**بوغجۇملاتماق** «بوغجۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇۋىم تويلۇقلارنى بوغجۇملىتىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

**بوغجۇملاشماق** «بوغجۇملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوغجۇملانماق** «بوغجۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىگىتلەر ماللارنىڭ بوغجۇملانغانلىرىنى ئاستىغا بېسىپ تەپتەخ قىلىپ قويۇشتى.

**بوغجۇملىق** سۈپ. بوغجۇما قىلىشقا لايىق، مۇۋاپىق؛ بوغجۇما بولغۇدەك: سىڭلىم، بىر ـ ئىككى بوغجۇملىق رەخت بارمىدۇ؟

**بوغجۇملىماق** پ. نەرسىلەرنى ياغلىقلارغا تۈگۈپ بوغجۇما قىلماق.

**بوغچا** ئى ① رەخت ياكى تېرىدىن تىكىلگەن، ئوقۇغۇچىلار دەپتەر ـ قەلەملىرىنى سالىدىغان، دولىغا ئاسىدىغان ياكى قولىدا كۆتۈرىدىغان خالتا: ـ بوغچىنى تۈنۈگۈن تىكىپ بەرسەم بۈگۈن يەنە يىرتىپسەنغۇ؟ ! ــ دېدى مەريەمخان ئاچا ئوغلىغا كايىپ. ② تويلۇق؛ بوپا، بوغجۇما.

**بوغچال قىلماق** دىيال. ئەۋج ئالدۇرماق، ياڭراتماق.

**بوغچىلىماق** پ. بوغچا تەييارلىماق ياكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بوغچىغا سېلىپ يىغماق.

**بوغداش** ئى. دىيال. بىر خىل كۆكتات.

**بوغدۇرماق** «بوغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شياۋخۇانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئوقۇشتىن چەكلەپ، مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭ پۇتىنى بوغدۇرغانىدى.

**بوغدۇرۇلماق** «بوغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوختۇرلار بوۋاينى ماشىنىدىن كېسەلخانىغا ئېلىپ كىردى ـ دە، جاراھىتىنى تاڭدى ۋە بوغدۇرۇلغان بىلىكىنى يېشىۋەتتى.

**بوغرۇل** سۈپ. قارىغا مايىل قىزىل: بوغرۇل ئات.

**بوغقۇچ** ئى. قاپ ـ خالتىلارنىڭ ئېغىزىنى، بەتنىكە، توپلەيلەرنى، قۇش ـ ھايۋانلارنىڭ پۇت ـ قانىتىنى بوغۇشقا ئىشلىتىدىغان يىپ.

**بوغقۇچلاتماق** «بوغقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوغقۇچلانماق** «بوغقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانىتى بوغقۇچلانغان كەپتەر.

**بوغقۇچلىماق** پ. بوغقۇچ بىلەن بوغۇپ، چىگىپ بەند قىلماق: بىر ئوۋچى قاپقان قۇرۇپ تۇتۇۋالغان بىر سېرىق جەرەننىڭ پۇت ـ قولىنى مەھكەم بوغقۇچلاپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن.

**بوغما** I سۈپ. بوغۇپ قويۇلغان ياكى پۈرۈپ قويۇلىدىغان، پۈرمىلىك: بوغما ياقىلىق كۆڭلەك.

**بوغما** II ئى <تېب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. كېسەل قوزغاتقۇچىسى بوغما تاياقچە باكتېرىيەسى؛ ئادەتتە ياز ۋە كۈزدە كۆپرەك تارقىلىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەھەرلەنگەن، بەزى ئاغرىقلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ. بۇ خىل كېسەل بەزىدە يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى ۋە پالەچ كېسەللىكىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بوغماق** I پ ① قاتتىق يىغىپ سىقماق؛ سىقىپ باغلىماق: گېلىنى بوغماق. ② مەلۇم ئارىلىقنى بىرەر توساق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ توسماق: دەريانى بوغماق. يول ئېغىزىنى بوغماق. ③ كۆچمە. توسقۇنلۇق قىلماق، ئۆسۈش، راۋاجلىنىش يولىنى توسماق: ئۇ ئارۇپنىڭ ئاكتىپ، ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى بوغۇپ، ياش كۈچلەرگە ھەدەپ زەربە بېرىۋاتقانلىقىغا چىدىيالمىدى. ④ گېلىدىن چىشلەپ ئۆلتۈرمەك: ــ بىچارىنى بىرنېمە بوغۇپ قويۇپتۇ ـ دە، ــ دېدى ئايۇپ ئاكام. ⑤ خۇلاسىلىمەك: ھېسابنى بوغماق.

**بوغماق** II ① سۈپ. باغلاپ، تېڭىپ قويۇلغان: ئاز پۇل ئەمەسـتە، تاراقلاپ تۇرىدىغان، ساپمۇساق تۆت بوغماق دەڭلا! ② سۈپ. بوغۇم ـ بوغۇم قىلىنغان: بوغماق ئۆلچەم خادىسى. بوغماق ئۇچەي. بوغماق يىلان. ③ مىق. باغلام.

**بوغماق** III دىيال ① ئى. قىلتاق. ② سۈپ. تولغان، كېلىشكەن، سېمىز، دوغىلاق.

**بوغنۇقماق** پ ① ئەركىن نەپەس ئالالماي تۇنجۇقۇپ قالماق : يادىمدا قاپلاردا بوغنۇققان جانلار، يادىمدا ياغ چېچىپ ئۆرتىگەنلىرىڭ! ② كۆچمە. بېسىم ۋە قىسىلىش سەۋەبىدىن ئەركىن ئىش قىلالماسلىق : بىز بۇنداق ئەھۋاللارنى ھەممە يەردە ئۇچرىتىمىز. قىزلىرىنىڭ مېھمانلىرىدا ئۇ كىشى كىيىمگە چۈشكەن ماي دېغى بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ دەمسىلەر؟ ئۇ ئۇلارنىڭكىدە قىسىنىپ ـ قورۇنۇپ، بوغنۇقۇپ كەتكەن.

**بوغۇرساق** ئى ① بوشراق بولدۇرغان، ماي، شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان خېمىردىن بارماقتەك توملۇقتا، ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈپ ياغدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك. ② ئارغامچا ئېشىشتە، ئۈچ ئارغامچىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرگەن تۆشۈكى كىچىك يۇمىلاق ياغاچ (جابدۇق).

**بوغۇز** I ئى. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئاشلىقتىن تەييارلانغان ئوزۇقلۇقى: قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋرا تېشەر (ماقال).

**بوغۇز** II ئى ① ئېغىز بوشلۇقىنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋە كېكىردەك باشلانغان يېرى؛ يۇتقۇنچاق، گال.② كۆچمە. ئەجەللىك جاي، ئۆلۈم گىردابىدىكى جاي: جان بوغۇزىغا كەلمەك. ③ تۇرلۇك چۆگۈن، ئىدىش، قاپاق، ئاپتۇۋا قاتارلىقلارنىڭ ئاغزىدىن قورسىقىغىچە بولغان تار جايى. ④ ئىككى سۇ كۆلى ياكى دېڭىزنى تۇتاشتۇرغۇچى تار سۇ يولى: تەيۋەن بوغۇزى.

**بوغۇزخانا** ئى. ئۇلاغلارنىڭ يېمەكلىكىنى ساقلايدىغان ئورۇن؛ ئامبار.

**بوغۇزلاتماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توخۇنى بىرىگە بوغۇزلىتاي دەپ ماڭسام سەمەت قولۇمدىن تارتىۋېلىپ قويۇۋەتتى.

**بوغۇزلاشماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوي بوغۇزلاشماق.

**بوغۇزلاندۇرماق** پ. ئات ـ ئۇلاغلارغا بوغۇز يېگۈزمەك : بىز ئۇ يەردە بىر ئاخشام خاتىرجەم دەم ئېلىپ، ئاتلىرىمىزنى بوغۇزلاندۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق.

**بوغۇزلانماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇربانلىق بوغۇزلاندى.

**بوغۇزلۇق** I ① ئى. ھايۋانلارغا يەم ـ خەشەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئاشلىق، ئوزۇقلۇق. ② سۈپ. يەم ـ خەشەك تاللىماي، ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان (ھايۋان ھەققىدە): بوغۇزلۇق ئات.

**بوغۇزلۇق** II ئى. چارۋا ماللارنىڭ پىچاق سۈرىدىغان، بوغۇزلىنىدىغان جايى.

**بوغۇزلىماق** پ. بوغۇزىغا پىچاق سۈرمەك؛ ئۆلتۈرمەك: سۇلايمان قوي سويىمەن دەپ كېچىدە موزىيىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

**بوغۇش** ئى. يارغۇنچاق تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ياغاچ.

**بوغۇشماق** ① « بوغماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى يىغقان ئوغۇتنى تاغارلىرىغا ئېلىشىپ، ئېغىزلىرىنى بوغۇشۇپ يەنە يۇدۇپ كېتىشتى. ② ياقا سىقىشىپ ئۇرۇشماق: ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، سايىمغا تاشلاندى، ئىككىسى بوغۇشۇپ كەتتى.

**بوغۇق** سۈپ. بوغۇلغان، بوغۇلۇپ خىرىلداپ قالغان: ئەپەندىم ھەم بوغۇق، ھەم قوپال ئاۋاز بىلەن سايراشقا باشلاپتۇ.

**بوغۇقلۇق** سۈپ. بوغۇلغان، بوغۇپ قويۇلغان: كەپتەرنىڭ قانىتى بوغۇقلۇق ئىكەن.

**بوغۇلماق** ① «بوغماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئاغزى بوغۇلغان كالىدەك پۇشۇلداپ يۈرىسەنغۇ؟ — دېدى ئابلەت تۇرغۇنغا. ② خىرىلداپ نەپەس ئالماق، ئاۋاز چىقىرىش تەسلەشمەك؛ بوغۇق ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەك: ئۇ پات ـ پات بوغۇلۇپ يۆتىلەتتى ۋە خىرقىراپ نەپەس ئالاتتى. ③ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتماق: ئۇ تازا بوغۇلۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر بېلىقچى كىچىككىنە قېيىقنى ھەيدەپ چىقىپ كەلدى. ④ چىرمالماق، مۇپتىلا بولماق؛ پاتماق: قەرزگە بوغۇلماق.

**بوغۇم** I ئى ① نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى: قومۇشنىڭ بوغۇمى. ② بەدەن سۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىككەن جايى: بوغۇم ياللۇغى. ③ <تىل> بىر ياكى بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن ھاسىل بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك: ئوچۇق بوغۇم. يېپىق بوغۇم.

**بوغۇم** II ئى. دىيال. ئىنىم، ئۇكام، سىڭلىم؛ ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ ئاتىلىشى.

**بوغۇم ـ بوغۇم** ① «بوغۇم I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② بىر بوغۇم ـ بىر بوغۇم، بۆلەك ـ بۆلەك: باي ئۇنىڭ بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ تۇرغان كىگىز پايپاقلىق ئايىغىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**بوغۇملۇق** سۈپ. بوغۇملىرى بار، بوغۇملارغا ئىگە: ئۇلاردا بومبا ۋە تاپانچا توگۇل توققۇز بوغۇملۇق سىم قامچىمۇ، ئۈچ قىرلىق ئىككى بىسلىق خەنجەرمۇ يوق.

**بوغۇملۇق يېزىق** <تىل> بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇنىڭ ھەرپى بىر پۈتۈن بوغۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سانسكرىت يېزىقىغا ئوخشاش.

**بوغۇن** I ئى ① ئەۋلاد، نەسىل: ياش بوغۇنلاردىن بەزىلىرى جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزدى. ② ھەرىنىڭ بالىسى.

**بوغۇن ياتىقى** دىيال. ھەرە كۆنىكى.

**بوغۇن** II ئى. دىيال. چېكەتكىلىككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**بوغۇناق** ئى. ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭ، توپا؛ تۇمان: ئۇلار شۇ سۆز ئۈستىدە تۇرغان چاغدا، كۆكنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت بولۇتتەك بوغۇناق قاپلاپتۇ.

**بوغۇندا** ئى. دىيال. بوغچا، بوپا، بوغجۇما.

**بوغۇنداش** ئى. ئۇرۇق ـ ئەۋلاد؛ نەسىلداش: بىزنىڭ بوغۇنداشلىرىمىزدىن مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغىنى يوق.

**بوغۇنماق** پ. نەپەس ئالالماسلىق.

**بوغۇنۇقماق** پ. دىيال. خاپا بولماق، بوغۇلماق.

**بوغچى** ئى. بوغا ياسىغۇچى، بوغا ياساپ ساتىدىغان كىشى.

**بوغچىلىق** ئى. بوغا ياساپ سېتىش ئىشى.

**بوقتاق** ئى. دىيال. كىچىك داۋان ياكى توغرا قىر.

**بوقتۇغ** ئى. دىيال. قولنىڭ جەينەكتىن يۇقىرى مۇرىگىچە بولغان ئارىلىقى، بىلەك.

**بوقۇرماق** پ. كۈچ بىلەن تولدۇرۇپ ئالماق ؛ كۈچ بىلەن ئويۇپ ئالماق.

**بوقۇرۇشماق** «بوقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوقۇرۇلماق** «بوقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بوقۇسا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان، تۆمۈر چىش بېكىتىلگەن ۋە يەر ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي سايمان.

**بوكس** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> مەخسۇس قولقاپ كىيىپ، مەلۇم قائىدىلەرگە ئاساسەن مۇشتلىشىش ھەرىكىتى.

**بوكسچى** ئى <تەن> بوكس ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسپورتچى.

**بوكسچىلىق** ئى <تەن> مەخسۇس بوكس ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى؛ بوكس پائالىيىتى.

**بوكسىت** ئى [ر < فىران] <خىم> ئاليۇمىن ئوكسىدى.

**بوكىلام** ئى. دىيال. ياغىيۇ.

**بوڭ** تەق. بوغۇق قاتتىق ئاۋاز ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سادا.

**بوڭ - بوڭ** «بوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوڭ - بوڭ قىلغان ئاۋاز چىقتى.

**بوڭبوڭ** سۈپ. «بوڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان: بوڭبوڭ قوڭغۇز.

**بوڭبوڭ قوڭغۇز** بوڭ - بوڭ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچىدىغان بىر خىل قوڭغۇز.

**بوڭشىماق** پ. بوڭ - بوڭ قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بۇ يەردە بىر نەرسىنىڭ بوڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بوڭقۇش** سۈپ. دىيال. گالۋاڭ، ھورۇن.

**بوڭۇلداتماق** «بوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوڭۇلداشماق** «بوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوڭۇلدىماق** پ. «بوڭ - بوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقماق: يىراقتىن بوڭۇلدىغان ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بولا** I ئى [خەت] كېپىل. بولا بولماق، كېپىل بولماق، ۋاكالىتەن ئۆز ئۈستىگە ئالماق: تۇرسۇننى ئاتىسى بولا بولۇپ ساقچىدىن ئەكېلىپتۇ.

**بولا** II ئى [خەن] بەشلەڭ ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا: بولا بولماق. بولا قىلماق.

**بولا بولماق** پەشلەڭ ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلماق ۋە شۇ سەۋەبتىن جازاغا ئۇچرىماق.

**بولا قىلماق** پەشلەڭ ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىقتىن جازالىماق.

**بولىغا كەتمەك** پەشلەڭ ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا قائىدىنى بۇزغانلىقتىن جازاغا ئۇچرىماق.

**بولاتماق** «بولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم پوچتىدىن ئەۋەتىدىغان كىتابلارنى بولىتىپ تەييار قىلىپ قويدى.

**بولار** سۈپ ① بولىدىغان: بولار ئىش. بولار گەپ. ② يېتەر، بەس، كۇپايە: — ئەمدى بولار، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، كۆڭلىمىزنى ئېزدۋەتتىڭىز، — دېدى ئامىنە يولدىشى ئابلىمىتقا.

**بولار - بولماس** بولمىغۇر، ئەرزىمەس، تايىنى يوق: ئەگەر سېنى بىر ئادەم چاقىرسا، بولار - بولماس ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارما.

**بولارلىق** سۈپ. بولىدىغان، بولۇشقا ئەرزىيدىغان: سىنىدىپىمىزدا گۈلنىسا، رەيھانگۈل قاتارلىق يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگە بولارلىق ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن قىزىلگۈل تاقىدى ۋە خاتىرە بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**بولاشماق** «بولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بولاق** I ① ئى. بىرەر نەرسە بىلەن بولانغان ھالەتتىكى نەرسە: بولىقىنى يەشمەك. ② مىق. ئۈستى رەخت ياكى قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ تېڭىلغان، بولانغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر بولاق قەنت.

**بولاق** II سۈپ. خېمىر تۇرۇچ سېلىپ بولدۇرۇلغان ياكى بولدۇرۇلىدىغان: بولاق مانتا.

**بولاقلىق** سۈپ ① بولاق قىلىپ قويۇلغان، بولانغان: كىتابلارنىڭ ھەممىسى بولاقلىق. ② بولاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بولاق قىلىشقا لايىق: ئىككى بولاقلىق قەغەز.

**بولاڭخۇي** [خەن] ① رەۋ. سۈپىتىگە ھۆددە قىلغان ھالدا: بولاڭخۇي ساتماق. بولاڭخۇي ئالماق. ② يۆك. ھۆددە قىلمەن، چاتاق يوق: بۇ تاۋۇزنىڭ قىزىل چىقىشىدا گەپ يوق، بولاڭخۇي.

**بولانماق** «بولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولانغان قەنت. بولانغان تاماكا.

**بولتا** ئى [ر] بىر ئۇچىدا كالىلىكى، يەنە بىر ئۇچىدا رەزبىسى بولغان چىڭىتىش دېتالى.

**بولتىلىق** سۈپ. بولتىسى بار، بولتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**بولتىلىماق** پ. بولتا بىلەن چىڭىتماق.

**بولجا** I ① سۈپ. يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان: ئۇ ئاشۇ بولجا تېرەككە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ② ئى. يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان تېرەك ياكى دەرەخ كۆتىكى: نىيازئاخۇن بېغىدىكى ئىككى تۈپ بولجانى كېسىپ، ئۆز يېزىسىغا يېڭى سېلىنىۋاتقان مەكتەپكە ياردەم قىلدى.

**بولجا تېرەك** يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان تېرەك.

**بولجا** II ئى. مۆلچەر، قىياس.

**بولجالاتماق** «بولجالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بولجالىق** ئى. بولجا تېرەك ئۆسكەن جاي.

**بولجالىماق** پ. مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق.

**بولدۇرماق** I « بولماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خورجۇن - قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم (ماقال).

**بولدۇرماق** II «بولماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خېمىرنى بولدۇرماق.

**بولدۇرۇلماق** «بولدۇرماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولدۇرۇلغان خېمىر.

**بولدى** پ ①«بولماق I » پېئىلىنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان III شەخس بىرلىك فورمىسى: سائەت ئون ئىككى بولدى.② كۆچمە. كۇپايە، يېتەرلىك: — ماڭا بىرەر نان بەرسەڭ بولدى. مېڭىۋېرىمەن، — دېدى يولۇچى شاھزادىگە. ③ كۆچمە. بەس، توختا: بولدى، — ئاسىم ئاكام ئەخەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — نېمە بولسا بولسۇن، ئەسكەرگە ماشىنىنى بېرىڭلار.

**بولدى قىلماق** تۈگەتمەك، ئاياغلاشتۇرماق، توختاتماق: — بولدى قىلسىلا بوۋا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى رۇقىيە.

**بولسا** ①«بولماق I » پېئىلىنىڭ شەرت رايى: ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازىنىنى ئالساڭ تۈۋىقىنى قوي (ماقال). * ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا قېشىدا بولسا، پەرەڭ ياغلىق ئاشۇ يارنىڭ بېشىدا

بولسا. ② باغل. جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: مەن بولسام ئوقۇتقۇچى، ئەخمەت بولسا دېھقان. ③ باغل. ئىلگىرىلەش باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: جوزا توغرالغان نان، پىششىق گۆش، سېرىقماي، قىيزا، سامسىلار بىلەن تولغان، تاشقىرىقى ئۆيدىن بولسا قايناۋاتقان سۇر گۆشنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ④ باغل. «– غان، – قان، – گەن، – كەن» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلار بىلەن بىللە كېلىپ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى شەرت جۈملە بىلەن پەرەز جۈملىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: سەن كەلمىگەن بولساڭ، مەن باراتتىم.

**بولشېۋىزم** ئى [ر] <پەلس>ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلابى ئارقىلىق كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ، كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتا رۇسىيە ۋە خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا لېنىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە تاكتىكا.

**بولشېۋىزملىق** سۈپ [ر] <پەلس> بولشېۋىزم نەزەرىيەسى ۋە تاكتىكىسىغا ئىگە.

**بولشېۋىك** ئى [ر] <پەلس> لېنىن قۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىشلەتكەن ئاتالغۇ بولۇپ، «كۆپ سانلىقلار» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىسىم بولشېۋىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى — كوممۇنىست دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بولشېۋىكلارچە** رەۋ. بولشېۋىكلار يوسۇنىدا، بولشېۋىكلارغا ئوخشاش، بولشېۋىكلار كەبى.

**بولشېۋىكلىق** سۈپ. بولشېۋىكلاردا بولۇشقا تېگىشلىك: بولشېۋىكلىق ئادەت. بولشېۋىكلىق خاراكتېر.

**بولغۇزماق** «بولماق II» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى : چۈنكى ئۇ ئىنسانىنىڭ پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت خاس مەزمۇنىنىڭ چاقنىشى ھەمدە ئەقىل خېمىرىنى بولغۇزىدىغان خېمىرتۇرۇچ.

**بولغۇسى** ① «بولماق I » پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② سۈپ. كۆچمە. كەلگۈسىدە بولۇشى مۇمكىن ياكى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان: خەتتە دۇئايىسالامدىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مەن چەت ئەلگە چىقماقچىمەن، بولغۇسى ھاكىم ئۆزلىرىگە مۇبارەك بولسۇن».

**بولغۇلۇق** ① سۈپ. بولۇشى لازىم، بولۇشى كېرەك: «ھوشيار بولغۇلۇق !» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. ② ئى. بولىدىغان ئىش، بولۇشقا تېگىشلىك ئىش:— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، بولغۇلۇق بوپتۇ. نېمە كەلسە، ئۆزى كۆرەر،— دېدى نىساخان ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ.

**بولقا** ئى. مىخ قاتارلىق نەرسىلەرنى قېقىش، تۆمۈر ماتېرىياللىرىنىڭ ئۇستىنى تەكشىلەش ۋە ئېگىشكە ئوخشاش ئىشلاردا قوللىنىلىدىغان ياغاچ دەستىلىك پولات ياكى ياغاچ سايمان.

**بولقىلاتماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بولقىلاشماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بولقىلانماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بولقىلىماق** پ. بولقا بىلەن ئۇرماق، قاقماق.

**بولكا** ئى [ر] ئاق ئۇنىنىڭ بولدۇرۇلغان خېمىرىدىن دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. ئۆزى ئۇزۇنچاق، ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك كاۋاكچە بولىدۇ، تەمى تاتلىق.

**بولكىچى** ئى. بولكا پىشۇرۇش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**بولكىچىلىق** ئى. بولكا پىشۇرۇش ياكى سېتىش ئىشى.

**بولكىخانا** ئى. بولكا پىشۇرۇلۇپ سېتىلىدىغان جاي، بولكا دۇكىنى.

**بولماق** I پ ① يۈز بەرمەك، سادىر بولماق: ھايۋانلارمۇ بوش كەلمەپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز جەڭ بوپتۇ. ② كەلمەك؛ باشلانماق: چۈش بولدى. زاۋال بولدى. ③ بىرەر يەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرماق: شەنبە كۈنى گۈلباھار كەچكىچە ھەجەر ئاچىنىڭ ئۆيىدە بولدى. ④ ئورۇنلاشماق: توي كۈنى قىزلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بولىدۇ. ⑤ ئۆسمەك، ئاينىماق، ئوخشىماق: غورا بولماي مېغىزى بولماس. ⑥ ئۆتمەك: ماشا مۇشۇ يەردە ياشىغىلى ئۈزاق يىللار بولدى، دېدى كېيىك. ⑦ مەۋجۇت، بار ھالەتكە كەلمەك: ئەمگەك بىلەن ئۆزىگە ھايات يولى تېپىشنى مەقسەت قىلغۇچىنىڭ بۇنچىلىك گەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇغۇ! ⑧ ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەك، بىرەر دەرىجە ۋە ئورۇنغا ئېرىشمەك بولماق: مەن ھازىر مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، لېكىن مەكتەپ خىزمىتىنى بىر كۈنمۇ ئىشلىگىنىم يوق. ⑨ مەلۇم قىممەتكە يارىماق: زىۋىرشانىڭ ھېسابىدا ئۇلارنىڭ 30 مىڭ باغ قومۇشى 7500 يۈەن بولاتتى. ⑩ توغرا، مۇۋاپىق كەلمەك: ئاخىر ساۋۇت بۇ ئىش ئۇستىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغىنىم تۈزۈك، يېنىكلىك بىلەن قوشنامنى يامان ئادەمگە چىقىرىۋەتسەم بولماس، دېگەن ئويغا كەلدى. ⑪ مەلۇم ھالەتتە ئۆتمەك، مەلۇم ھالەتكە كەلمەك: تۇرمۇشلۇق بولماق. ⑫ بەزى ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ ئانالىتىك پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ: گۇناھكار بولماق. ⑬ سۈپەتلەر ۋە رەۋىشلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، ئۆتۈمسىز ئانالىتىك پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ: چوڭ بولماق. ⑭ «بولسا بوپتىكەن» فورمىسىدا كېلىپ «ياخشى ئىدى» مەنىسىدە كېلىدۇ: بايىقى ئىككى سوئالنى باشقىچە قويسىڭىز بوپتىكەن. ⑮ بولۇشسىز فورمىدا كېلىپ ئىقتىداردىن، پائالىيەتتىن قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — بالام، — دەپتۇ بىر كۈنى بوۋاي ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ⑯ تەييارلانماق، ھازىرلانماق: ئالماس بىلەن ئېلىقۇل: — لەيلىگۇل، ئانار قەيەردە؟ بول ئىتتىكرەك ئېيت، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ⑰ « - ار، - دىغان، - ماق، - ماقچى» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ ئۈمىد، تىلەك مەيلىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنىڭدىن باشلاپ سوپىتاي مىجىت بىلەن بىللە كۈنىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدىغان بولدى. ⑱ « - ىپ، - ۇپ» بىلەن ئاياغلاشقان رەۋىشداشلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — نۇرۇم، چېيىڭنى ئىچىپ بولۇپ، ئالمىلارغا سۇ بارىدىغان ئېرىقنى قېزىۋەتكىنە، — دېدى زورىخان نۇرغا. ⑲ ئىسىملىك خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ « - دۇر» مەنىسىدە خەۋەر جۈملە باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ: — بۇ مېنىڭ ئېرىم سوپىتاي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ھېلىقى ئايال. ⑳ چىقىش كېلىشتە تۇرلىنىپ كەلگەن ئىسىم بىلەن كېلىپ «دۇنياغا كەلمەك»، «تۇغۇلماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ھارامدىن بولغان.

* — بۇ كىشى خوتەندىن بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى مېنى ئۇ باشلىققا. ㉑ يۆنىلىش كېلىشتە تۇرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن سۈپەتداش فورمىسىدا باغلىنىپ كېلىپ «... نىسبەتەن»، «... قارىتا» مەنىسىدىكى تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: بەزىدە يۈز بەرگەن كىچىككىنە ۋەقەلەرمۇ سېنىڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بولغان كۆزقاراشىڭنى ۋە ھايات ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىڭنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قادىر. ㉒ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن بىرىكمىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ «... دەپ ھېسابلانماق» مەنىسىدە كېلىدۇ: يامانىڭ ياخشىسى بولغۇچە، ياخشىنىڭ يامىنى بول (ماقال). ㉓ «... بىلەن بولماق» فورمىسىدا كېلىپ «... بىللە بىر تەرەپتە تۇرماق»؛ «... شۇغۇللانماق»؛ «... بېرىلمەك» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: مەنغۇ سېنىڭ بىلەن، سەن بولمىدىڭ مېنىڭ بىلەن، بولمىساڭ بولما يارىم، يېنىڭدىكى سېنىڭ بىلەن. ㉔ «ـ دەك ـ تەك» بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاشۇنداق ھالەتكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: باي «ھىم» دەپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ. * خەتتىكى ھەربىر سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدى. ㉕ « ـ غىلى ...، ـ قىلى...» بىلەن كەلگەن پېئىللارغا «ـ قا، ـ غا، ـ كە، ـ گە» بىلەن كەلگەن ئىسىمداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قولدا چاۋاك چالغىلى بولماس (ماقال). * كەينى تەرەپتىن ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ㉖ شەخسلەنگەن سۈپەتداش بىلەن بىللە كېلىپ سۈپەتداش بىلدۈرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: — بوپتۇ، دېگىنىڭىز بولسۇن، — دەپتۇ كەمبەغەل.

**بولماق** II پ. خېمىرتۇرۇچ ياكى سودا سېلىپ چەيلەنگەن خېمىر بەلگىلىك مىقداردا ئېچىپ پېتىر ھالەتتىن كۆپتۇرۇلگەن ھالەتكە كەلمەك: ئەتىگەن يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرىم بۇ كەمگە بولدى.

**بولمىسا** ① «بولماق I » پېئىلىنىڭ III شەخس بولۇشسىز شەرت رايى: بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى بولار (ماقال). * بۇ ئىش بۈگۈن بولمىسا ئەتە بولار.② قارىمۇقارشى باغلىغۇچى «ياكى»، «ئەگەر ئاشۇنداق قىلىنمىسا» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: — مەززىسىنى قورساققا چۈشكەندە بىلىسەن، بولمىسا، ئەكەلگىنە قوۋۇرغاڭنىڭ قالغىنىنى مەن يەۋېتەي، — دەپتۇ تۈلكە.③ ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە، ئۇ ھالدا: — شۇنداق، بولمىسا نېمە چارە بار؟ — دېدى ئەختەم سۇلايمانغا.

**بولمىغۇر** سۈپ ① ئاساسسىي بولمىغان، بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەس، قۇرۇق: بولمىغۇر خىيال. بولمىغۇر پىكىر. ② ئەدەپسىز، بىھايا، يارىماس، رەزىل، پەس: بولمىغۇر سۆز.

**بولمىغۇرلۇق** ئى. بولمىغۇر گەپ ـ سۆز، قىلىق: — ئوغلۇم بۇنچە ياشتا تۇرۇپ بۇنداق بولمىغۇرلۇق قىلما ! — دېدى دادىسى ئوغلىغا.

**بولۇپمۇ** باغل. ئومۇمىي ئۇقۇم تەركىبىدىكى ئايرىم بىر تارماقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ «ھەممىدىن بەك»، «خۇسۇسەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**بولۇرماق** پ. دىيال. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سېمىزلىكتىن زورۇقۇپ ماڭماق.

**بولۇشتۇرماق** «بولۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بولۇشسىز** سۈپ ① مەۋجۇت بولمىغان، بولمايدىغان؛ يۈز بەرمىگەن، يۈز بەرمەيدىغان. ② <تىل>يوقلۇق، ئىنكار: بولۇشسىز ئالماش. بولۇشسىز پېئىل.

**بولۇشسىز ئالماش** <تىل> يوقلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار، مەسىلەن: ھېچكىم، ھېچقانداق، ھېچقاچان.

**بولۇشسىز پېئىل** <تىل> يوقلۇقنى، ئىنكارنى بىلدۈرگۈچى پېئىل.

**بولۇشسىزلىق** ئى. يوقلۇق، بولۇشسىز ھالەت.

**بولۇشقاق** سۈپ. بىراۋغا بولۇشقۇچى، يان باسقۇچى: ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق، ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ (ماقال).

**بولۇشلۇق** سۈپ. مەۋجۇت بولغان ۋە بولىدىغان، بولارلىق: بولۇشلۇق پېئىل.

**بولۇشلۇق پېئىل** <تىل> ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېنىقلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل.

**بولۇشلۇق شەكىل** <تىل> ئېنىقلىقنى يەنى بولۇشلۇقنى، بارلىقنى بىلدۈرىدىغان شەكىل.

**بولۇشماق** ① «بولماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنى كۆرگەن دېۋىلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ.② يان باسماق، ياردەملەشمەك، قانات ئاستىغا ئالماق: ماۋۇ دەللە بۇنىڭغا بولۇشۇپ (غۇنچەمنى كۆرسىتىپ) بىزنى تېخى زالىملار دەۋاتىدۇ. ③ مىجەز ـ خاراكتېرى كېلىشمەك، ئەپ ئۆتمەك (ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە): بىراق ئۆزلىرى تېپىشمىغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ ئىككىسى بولۇشالمىدى.

**بولۇشچە** رەۋ ① ئىمكانقەدەر، قولىدىن كېلىشىچە، قىلالىغىنىچە، ئانچە كۆچەپ كەتمەي: بولۇشچە قىلماق. ② پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن؛ جېنىنىڭ بارىچە: — ئېتىڭنى بولۇشچە چاپتۇرۇپ قوغلا، بولمىسا يېتىشەلمەيسەن، — دېدى يولۇچى ئاتلىق بالىغا.

**بولۇشىغا** رەۋ ← **بولۇشچە**: ئۇلار ناھايىتى ئالدىراشچىلىقتا كېمىدىن چۈشتى ـ دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

**بولۇق** سۈپ ① قويۇق، زىچ: بولۇق مايسا. ② ھوسۇللۇق، ئوخشىغان: بولۇق بۇغداي.

**بولۇم** ئى. لاياقەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت.

**بولۇمسىز** سۈپ. ① لاياقىتى، ئىقتىدارى، قابىلىيىتى يوق؛ لاياقىتى، ئىقتىدارى، قابىلىيىتى بولمىغان: بولۇمسىز ئادەم. بولۇمسىز ئايال. ② ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان، يارىماس: // بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم (ماقال).

**بولۇمسىزلىق** ئى. لاياقەتسىزلىك، ئىقتىدارسىزلىق، قابىلىيەتسىزلىك. يارامسىزلىق، كارغا كەلمەسلىك.

**بولۇنماق** «بولماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار سارۇچىندا بولۇنغان ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال يولغا چىقتى.

**بولىماق** ئى. ئۇستىنى رەخت ياكى قەغەز بىلەن ئوراپ، يىپ بىلەن تاڭماق.

**بولۋار** ئى. ۋېنېزۇئېلانىڭ پۇل بىرلىكى.

**بوم** I تەق. بۇرۇقتۇم ئاۋاز: تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن پوجاڭزا ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان «بوم!» قىلغان ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

**بوم** Ⅱ سۈپ. زىل ئەمەس: ھاشىر بوم ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شوخ ۋالىس پەدىسىگە كەلتۈرۈپ ناخشا باشلىۋەتتى.

**بومبا** ئى [ر<فىران] <ھەرب> بىر خىل پارتلايدىغان قورال. ئادەتتە ئۇنىڭ تاشقى قېپى پولاتتىن ياسىلىدۇ، ئىچىگە پارتلاتقۇچ دورا قاچىلىنىدۇ، پىلىتىگە تېگىپ كەتسىلا پارتلايدۇ: ئاتوم بومبىسى. قول بومبا.

**بومباردىمان** ئى [ر<فىران] <ھەرب> بومبا تاشلاش، بومبا ياغدۇرۇش، بومبا تاشلاپ قىرىش: بومباردىمان قىلماق.

**بومباردىمانچى** سۈپ. بومباردىمان قىلىدىغان، بومبا تاشلايدىغان: بومباردىمانچى ئايروپىلان.

**بومباردىمانچىلىق** ئى. بومباردىمان قىلىنغان ھالەت.

**بومبۇرشاھ** ئى. دىيال. قىلىن، كېلەڭسىز، قاتمۇقات كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئادەم.

**بومبىلاتماق** «بومبىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بومبىلاشماق** «بومبىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بومبىلانماق** «بومبىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بومبىلىماق** پ. بومبا بىلەن پارتلاتماق، بومباردىمان قىلماق.

**بونجا** ئى. ئىككى ـ ئۈچ يىللىق كۆچەت.

**بوھتان ( بوھتانى )** ئى [ئە] ئاساسى بولمىغان پىكىر؛ تۆھمەت، يالا: بوھتان قىلماق. بوھتان چاپلىماق.

**بوھتانچى** ئى. بوھتان قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىغۇچى ئادەم.

**بوھران ( بوھرانى )** ئى [پ] ← **كىرىزىس**: ئىقتىسادىي بوھران. سىياسىي بوھران.

**بوۋا** ئى. ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ دادىسى.

**بوۋا قاپاق** دىيال. قىشتا چۈشىدىغان قىرو.

**بوۋا قۇرت** <تېب> بىر خىل ھاشارات كېسەللىكى : پىلى- لەرنىڭ بەش ـ ئالتىسى بوۋا قۇرت كېسىلى بولۇپ ئۆلۈپ قالغانىدى.

**بوۋاسىر** ئى [ئە] <تېب> مەقئەت بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۈچلىرىدىكى كۆك تومۇر قان ئۇيۇپ قېلىش نەتى- جىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك، ئالامىتى: قىچىشىدۇ، قاتتىق قىزىرىدۇ، ئاغرىيدۇ، چوڭ تەرەت قان ئارىلاش كېلىدۇ.

**بوۋاق** Ⅰ ① ئى. يېڭى تۇغۇلغان، ئېمىدىغان بالا.② سۈپ. يېڭى تۇغۇلغان، ئېمىش دەۋرىدىكى: بوۋاق بالا. بوۋاق چاغ.

**بوۋاق** Ⅱ ئى. دىيال ئۇكا.

**بوۋاقلىق** ① سۈپ. بوۋاق بالىسى بار: توي قىلىپ بىر يىلدىلا بوۋاقلىق بولۇپ قاپسىلەر. ② ئى. يېڭى تۇغۇلغان، ئېمىدىغان دەۋر: بوۋاقلىقىمدا تاغاملارنىڭ يېنىدا تۇرغانىكەنمەن. ③ ئى. بوۋاقلارغا خاس ھەرىكەت، قىلىق: بوۋاقلىقىڭنى تاشلا!

**بوۋاي** ئى① ياشانغان، قېرى كىشى. ② ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش فورمىسى: بوۋاينىڭ بىر ئاز مىجەزى يوق.

**بوۋىقۇش** ئى [بوۋا + قۇش] <زوئول> قەدىمكى ئۇمۇرت- قىلىق ھايۋان، بېشى قۇشنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئادەتتە قۇشلارنىڭ بوۋىسى دەپ قارىلىدۇ.

**بوي** Ⅰ ① ئى. كىشى قامىتى: ئوتتۇرا بوي، بويى ئېگىز. بوي ئەگمەك. ② ئى. تىك نەرسىلەرنىڭ ئېگىزلىكى: تېرەك بويى. تام بويى. بوي تارتماق. ③ ئى. ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىككە ئىگە نەرسى- لەرنىڭ ئۇزۇن تەرىپى: ئۇ گىلەمنىڭ بويى قانچىلىككەن؟ ④ ئى. قىرغاق، ساھىل، چەت: ئېلى ئۆستەڭ بويىدىن ھېيتگاھقا قاراپ ماڭدى. ⑤ رەۋ. Ⅲ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىكىدە كېلىپ «داۋامىدا، مابەينىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: يىل بويى. ئۆمۈر بويى. كۈنبويى. ⑥ رەۋ. قىلغان پېتى، ئەتكەن ھالدا: بېھىنى قولۇمغا تۇتقان بويى ئۆيگە كەلدىم. ⑦ مىق. نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇق ياكى ئېگىزلىك مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر بوي تال. بىر بوي تاسما.

**بوي ئەينەك** تام ئەينەك، ئادەمنىڭ پۈتۈن بوي ـ تۇرقىنى كۆرگىلى بولىدىغان چوڭ تىك ئەينەك.

**بوي چوچا** چاچباغ، جالا: كېچىلەردە قويغان تاناڭ ئېشىلىپ، بېلىڭدىكى بوي چوچاڭمۇ كېسىلىپ (ماقال).

**بويىنى بارماسلىق** باشقىلارنىڭ گېپىنى توغرا كۆرمەي بويىنىغا ئالماسلىق، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنىڭ توغرا ئىكەن- لىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي تەن ئالماسلىق، بويىنىغا ئالماسلىق، قايىل بولماي ئېگىلگىسى كەلمەسلىك.

**بويىدا قالماق** ھامىلدار بولماق، قورسىقىدا قالماق: ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بويىدا قالغان بولۇپ، بىر قىز تۇغۇپتۇ.

**بويىدىن ئاجرىماق** بويىدا قالغان بالا ۋاقتى كەلمەي چۈشۈپ كەتمەك.

**بويى كىر** بويىنى سۇغا سالمىغان، يۇيۇنمىغان.

**بويىغا يەتمەك** بالاغەتكە يېتىپ توي قىلىش مەزگىلىگە كىرمەك.

**بوي** Ⅱ ئى. دىيال. بويتاق، تۇل: تەڭتۇشلار ئۆيلىنىپ كەتتى، بىز يۈرىمىزمۇ بوي. ساقال ـ بۇرۇت قولغا كەلدى، قىلمايمىزمۇ توي.

**بوي يۈرمەك** بويتاق ئۆتمەك، تۇل ئۆتمەك: خوتۇن ئالماي بوي يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، سىزگە ئوخشاش بىر خانىمنى تەمەلەپ (تەمە قىلىپ).

**بوياتماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم.

**بوياشماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەسلى- دىكى بالىلار قوللىرىنى بويىشىۋاپتۇ.

**بوياق** Ⅰ ئى. بوياش، رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماددا: بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى (ماقال).

**بوياق** Ⅱ ئى. دىيال. زاراڭزا.

**بوياقچى** ئى. رەخت، يىپ قاتارلىقلارنى بويىغۇچى ئۇستا: ئەسلىدە ھېلىقى ئۆي بىر بوياقچىنىڭ بوياقخانىسى ئىكەن.

**بوياقچىلىق** ئى ① بوياق بوياش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى. ② كۆچمە. ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك: ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ كۆزى روشەن، بوياقچىلىق قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيسەن.

**بوياقخانا** ئى. بوياقچىلىق قىلىدىغان جاي، ئورۇن: — ئاتاڭ بوياقخانىدا ئىشلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم بالىدىن.

**بوياقسىز** سۈپ. بويىقى يوق ؛ بويالمىغان، بوياق بېرىل- مىگەن: رەسىم تېخى بوياقسىز ئىدى.

**بوياقلىق** سۈپ. بوياق بېرىلگەن، بويالغان، رەڭلىك: قەغەز- نىڭ يېرىمى قىزىل بوياقلىق تۇراتتى.

**بويالماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاغ ـ

تاشلار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق ياش، قىزىل قېنى بىلەن بويالدى.

**بوي - بەست** قەددى - قامەت، گەۋدە: گۈلسۈم بوي - بەستى كېلىشكەن بىر قىز ئىدى.

**بويبودۇڭ** سۈپ. دىيال. بويتاق، تۇل.

**بويتاسما** ئى [بوي + تاسما] ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرى بېلىگە باغلاپ يان قورال ئېسىۋالىدىغان تاسما.

**بويتاق** سۈپ [بوي + تاق] توي قىلمىغان ياكى توي قىلىپ ئاجراشقان (ئەرلەر ھەققىدە): لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ بۇ بويتاق، قەدىناس، كونا ئارىتام قوشنىسىنى خۇش پېئىللىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

**بويتاقچىلىق** ئى. بويتاق تۇرۇش.

**بويتاقلىق** پ. بويتاق ئۆتۈش: بۇ پالاكەت ئۇنىڭ بويتاقلىقىدىن بولدى.

**بوي - تۇرق** ئادەمنىڭ ئېگىزلىك ۋە تاشقى قىياپىتى: بوي - تۇرقىغا قارىماق.

**بويچاپ** ئى. تۆگە ئۇچىلىقىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان شالنى تىرەپ تۇرىدىغان ياغاچ.

**بويچىلىق** ئى. دىيال. بويتاقلىق.

**بويدار** سۈپ. بويى بار، بويى ئېگىز، بەستلىك: ئەزىمەت ناشتىلىق قىلىۋېلىپلا، چۈشلۈك ئوزۇقى، قورالى، ئوق - دورىلىرىنى ئېلىپ، بويدار زېرەك بوز ئېتىنى ئېگەرلەپ، تۈنۈگۈن تەكشۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن تاغ بۆلىكىنى چارلاش ئۈچۈن ئاتلاندى.

**بويسۇندۇرماق** «بويسۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇرژۇئازىيە يېزىنى شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى.

**بويسۇندۇرۇشماق** «بويسۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەتكە باش ئەگدۈق، بەيئەت قىلدۇق دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ نەپسىگە بويسۇندۇرۇشىدۇ.

**بويسۇندۇرۇلماق** «بويسۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بويسۇنماق** پ [بوي + سۇنماق] ① ئىتائەت قىلماق: — بىز سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمىز، — دېدى مۇختار مەرگەن. ② تەن بەرمەك، ماسلاشماق، كۆنمەك: ئەمما غەيرەت مۇشۇ يەرنىڭ ئادىتىگە بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئىلاجىسىز ئۇنى دوراپ سۇ ئېلىپ ئىچتى. ③ ئەمەل قىلماق، رىئايە قىلماق: ئالاۋىدىن ئۇنىڭ گېپىگە بويسۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

**بويسۇنۇشماق** «بويسۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بويسۇرە** رەۋ ① بويلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە قاراپ، بويلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكى بويىچە، بوي سۈرۈشتۈرۈپ، بويىغا قاراپ: بويسۇرە بولماق. بويسۇرە قىلماق. * باللارنى بويسۇرە قىلىپ تىزماق.

**بويلاتماق** «بويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تام بويلىتىپ ئىككى قاتار قىلىپ تىزىلغان ئۈستەللەرگە كەمپۈت، گازىر - پۇرچاق، ئالما - نەشپۈت تىزىلغانىدى.

**بويلاشماق** ① «بويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② يېتىشمەك، چىقىشماق: لېكىن بۇ پۇل سەرپ ئەتكەن دەسمايىگە ئاران بويلاشتى. ③ بوي ئېگىزلىكىنى سېلىشتۇرماق: ئىككىمىز بويلىشىپ باقايلى، قايسىمىز ئېگىز ئىكەنمىز.

**بويلاق** ئى. ئىككى ياشلىق توقلا، ئىككى ياشلىق بارقا.

**بويلام** ① سۈپ. بويىغا، ئۇزۇنىغا كەتكەن. ② ئى. كېسىمگە يەتكەن تېرەك.

**بويلانماق** «بويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بويلۇق** سۈپ. بويى بار، بويىغا ئىگە، قامەتلىك: ئۇ ئېگىز بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىدى.

**بويلىما** سۈپ. بويىغا، ئۇزۇنىغا كەتكەن، بويلام: بويلىما يېرىق.

**بويلىماق** پ ① بويى ياكى ئۇزۇنلۇقى، ئېگىزلىكى يەتمەك، توغرا كەلمەك: ئۇ: — مەن دېمىدىممۇ، كەتمەن بويلىمىدى، سۇنىڭ تېرەنلىكى زادى ئىككى گەزدىن كەم ئەمەس، — دېدى. ② دەريا، يول قاتارلىقلارنىڭ ياقىسى، بويى بىلەن ماڭماق : ئۇ يان تەرەپتىكى ئانا ئېرىقنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ③ بويىنى سوزماق: قەپەسنىڭ ئىگىسى ئوتۇنچىغا: — ھە، نېمىشقا قەپەسنى بويلاپ قالدىڭ؟ ئوغرىمۇسەن؟ كەت نېرى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. * ئۇ يىراققا بويلاپ قارىدى. ④ تەگمەك، يەتمەك، ئۇلاشماق: ئارغامچا قۇدۇققا بويلىمىدى. * مەن سۇغا بويلىمىدىم.

**بويناق** ئى [بويۇن + ى + ئاق] بويىندا ئاق بولغان ياكى بويىندا باشقا بەلگىلىرى بولغان ئىت؛ كۈچۈك.

**بويۇن ( بويىنى )** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋان گەۋدىسىنىڭ باش بىلەن تەننى بىرىكتۈرگۈچى قىسمى. ② قاپاق، چۆگۈن قاتارلىقلارنىڭ بېشى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى ئىنچىكە قىسمى: ئاپتۇۋىنىڭ بويىنى. قاپاقنىڭ بويىنى. ③ كۆچمە. ئۈستى ، زىممە: ئەھمەد ساۋابلىق ئۈچۈن توختىنىڭ بويىندىكى قەرزنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى.

**بويۇن تولغىماق** باش تارتماق، نارازىلىق قىلماق .

**بويىنغا مىنمەك** بوزەك قىلماق: ئۇلار ھازىر بويىنىمىزغا مىنىۋالدى.

**بويىنى قاتتىق** بويۇن ئەگمەيدىغان، تىز پۈكمەيدىغان؛ جاھىل.

**بويىنى قىسىق** بويىنى قىسىلغان، بىچارە، يار - يۆلەكسىز، غېرىب: ئۇ بالىنىڭ بويىنى قىسىق، بېشىنى سىلىمىساق ئەلۋەتتە بولمايدۇ - دە.

**بويىنى قىسىلماق** غېرىبسىنماق، يار - يۆلەكسىز قالماق.

**بويىنى يۇمشاق** ① باشباغ باغلاپ يېتىلەشكە، باشقۇرۇشقا بولىدىغان؛ كۆنگەن؛ ياۋاش: بويىنى يۇمشاق كالا. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشىلىق قىلمايدىغان.

**بويۇنتاۋلىق** ئى. ئىتائەت قىلماسلىق، بويسۇنماسلىق؛ قارشىلىق قىلىش: بويۇنتاۋلىق قىلماق.

**بويۇنتۇرۇق** ئى [بويۇن + تۇرۇق] ① قوش، جۇۋاز، تۇلۇق، ھارۋا قاتارلىقلارغا قېتىلىدىغان ئۆكۈزلەرنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان ئەگرى ياغاچ. ② كۆچمە. جەبىر - جاپا، ئاسارەت، چەكلىمە: ئېزىلگۈچى مىللەتلەر جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولىدۇ.

**بويۇنتۇرۇقلۇق** سۈپ ① بويۇنتۇرۇق سېلىنغان. ② بويۇنتۇرۇق قىلىشقا بولىدىغان، بويۇنتۇرۇق ئۈچۈن تەييارلانغان: بويۇنتۇرۇقلۇق ياغاچ. ③ كۆچمە. ئاسارەتلىك، تۈرلۈك چەكلىمىلەر بىلەن بوغۇلغان.

**بويۇنچاق** ئى ① قىز - ئاياللار بويىنىغا ئاسىدىغان، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن مارجان: بويۇنچاق ئاسقان قىز. ② كالىنى ھارۋا ياكى ساپانغا قوشقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان جەينەكسىمان

ياغاچ ئەسۋاپ، خامۇت.

**بويۇنچاقلىق** سۈپ. بويۇنچاق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، بويۇنچاق قىلسا بولىدىغان ياكى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان.

**بويۇنچە** ئى. تۆگە كارۋىنىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى تۆگىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغان پۆپۈك.

**بويۇنچۇق** ئى. قوش ياكى ھارۋىغا قېتىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان سايمان، جىمبو: ئالدى بىلەن بۇ جانىۋارغا بويۇنچۇق سالايلى.

**بويۇنداشماق** «بويۇندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممەيلەن بويۇندىشىپ يولغا تىكىلدى.

**بويۇندىماق** پ. بويىنىنى سوزماق: ئۇ كېتىۋېتىپ باغ تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى.

**بويۇنكەش** سۈپ ← **گەدەنكەش.**

**بويۇنكەشلىك** ئى ← **گەدەنكەشلىك:** ئۇ مېنى بويۇنكەشلىك قىلدى دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى.

**بويۇنلۇق** سۈپ ① بويىنى بار، مەلۇم شەكىلدىكى بويۇنغا ئىگە: پاتەم ئۇزۇن بويۇنلۇق سۇ قاچىسىدىن تەشتەككە سۇ قۇيدى.② بويۇنغا سېلىشقا تەييارلانغان: ئۇ:— بۇ قېتىم قىز تۇغسىڭىز بىر بويۇنلۇق مەرۋايىت، ئوغۇل تۇغسىڭىز ئالتۇن بىلەزۈك ئالىمەن، — دەپ قالدى.

**بويىتىشماق** «بوياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بويىتىلماق** « بوياتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاسىم شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە بويىتىلغان بەلبېغىنى باغلاپ، ئېتىنى مىنىپ شەھەرگە يول ئالدى.

**بويىچە** تىر ① ئاساسەن، مۇۋاپىق، بىنائەن: مۇدىر ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە سالام بەردى، ئەھۋال سورىدى. ② مەلۇم ئورۇن، دائىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بىلەن بىردە كېلىپ، «ھەرىكەت، ۋەقە ياكى ھادىسىنىڭ شۇ جايغا تەئەللۇق تەۋەسىدە، دائىرىسىدە » ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئەمدى بىزمۇ ئائىلىمىز بويىچە بىرنى يازساق قانداق؟ * جەڭ مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلاشقان ئەنۋەرنىڭ قىسمى سەپ بويىچە قاتتىق ئۇرۇشماقتا ئىدى.

**بويىما** سۈپ. بوياق بېرىلگەن، بوياق بىلەن بويالغان، بوياق سۈرۈلگەن.

**بويىماق** پ. رەڭ بەرمەك، رەڭگە سالماق: ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرگەندە، بۇرنىدىن چىققان قان ساقاللىرىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى.

**بۇ** ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ياكى قولىدىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ كىتاب كىمنىڭ؟ ② سۆز بولۇۋاتقان پەيتنى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: بۇ يىل قىش بالدۇرلا چۈشۈپ كەتتى. ③ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئاڭلىغۇچى يېقىن دەپ ھېس قىلغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ياكى ئۇلارغا ئىشارە قىلىشتا قوللىنىلىدۇ: بۇ ماقالە يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ.

**بۇ ئالەم** كىشىلەر ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى ياشىغان مەۋجۇدلۇق؛ بۇ دۇنيا.

**بۇت** ئى [پ] <دىن> بۇددا دىنى ۋە بەزى دىن مۇرىتلىرىنىڭ خۇدا دەپ بىلىپ سەجدە قىلىش ئۈچۈن تاش، ياغاچ، لاي، گەج ياكى مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئادەم ۋە ھايۋانات قاتارلىقلارنىڭ شەكلى، ھەيكەل.

**بۇ قەدەر** بۇنچىلىك دەرىجىدە، بۇنچىۋالا : مەن بۇ مەسىلىنىڭ بۇ قەدەر چىگىشلىشىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن.

**بۇ گەپچە** دېيىلگەن ياكى ئاڭلىغان گەپكە ئاساسلانغاندا، قارىغاندا :— بۇ گەپچە مەن پۇلنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپتىمەن ـ دە ؟— دېدى ئۇ.

**بۇ ھال** يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ھالەت، بۇ ئىش : شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر ھەدەپ يېزىلارغا قېچىشماقتا ئىدى. بۇ ھال خەلق ئىچىدە ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى.

**بۇتادىئېن** ئى [رگىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_6$ . رەڭسىز گاز، ئاسان ئۇيۇشىدۇ ۋە سۇيۇقلىنىدۇ.

**بۇتان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئالكانلارنىڭ بىر خىلى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_{10}$ ، رەڭسىز يېنىشچان گاز، نېفىت ۋە تەبىئىي گازلاردا بولىدۇ.

**بۇتپەرەس** سۈپ. بۇتقا چوقۇنىدىغان، بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىغان: بۇتپەرەس ئادەم.

**بۇتپەرەسلىك** ئى. بۇت ئېتىقادچىلىقى.

**بۇتتەك** رەۋ. مىدىر ـ سىدىر قىلماي، زۇۋان سۈرمەي ياكى جىمجىت، ھەرىكەتسىز: بۇتتەك تۇرماق.

**بۇتخانا** ئى [پ] <دىن> بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي يەنى بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى.

**بۇجەك** ئى. دىيال. كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**بۇجۇ** ئى. دىيال ① بۇلۇڭ، بۇرجەك. ② پارچە : ئۆپكىنىڭ بۇجۇسى.

**بۇجۇغۇر** سۈپ. تۇرۇلگەن، قورۇلغان؛ بۇدۇر ـ بۇدۇر: بۇجۇغۇر چاچ.

**بۇجۇيالماق** پ. دىيال. بىكار بولماق، ۋاقىت چىقارماق.

**بۇخسۇتماق** ① «بۇخسۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② توزۇتماق : توپا بۇخسۇتماق.

**بۇخسۇماق** پ. جىنسىي تەلپى ئاشماق: قاناتلىنىپ بۇخسۇپ قالغان سېمىز ئات، ئۈچۈپ تۇرغان شاماللارغا قېتىلدى.

**بۇداڭ** ئى. دىيال. تۇمان.

**بۇددا** ئى [سانس] <دىن> ① بۇددا (BUDDNA) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۇرھان» (BURHAN) دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئەس ـ ھوش» بولۇپ، «بۇددا» (ئەس ـ ھوش) سەددىغارتىنىڭ (ساكيامۇنىنىڭ) سېزىمگە كىرىپ، ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ ئەۋلىيا بولغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى. ② بۇددا دىنى.

**بۇددا دىنى** دۇنيادىكى ئاساسىي دىنلارنىڭ بىرى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 5 ـ ،6 ـ ئەسىرلەردە ساكيامۇنى تەرىپىدىن يارىتىلغان.

**بۇدداشۇناس** ئى [سانس + پ] <دىن> بۇددا دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، بۇددا دىنى ئالىمى : قۇرۇلۇش

مۇراسىمىدا دۇنيا بويىچە داڭلىق بۇدداشۇناس تەن شيۇڭ قاتارلىقلار خەنزۇ - زاڭزۇ بۇدداشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

**بۇدداشۇناسلىق** ئى. بۇددا دىنىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن يەنى بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، بۇددا ئىلمى: دۇنيا بويىچە تۇنجى خەنزۇ - زاڭزۇ بۇدداشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى بېيجىڭدا قۇرۇلدى.

**بۇددىچىلىق** ئى. بۇددا نوملىرىدىكى ئىدىيىلىستىك پەلسەپە.

**بۇددىزىم** نى [سانس + ر] بۇددا دىنى.

**بۇددىست** نى [سانس + ر] بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخس؛ بۇتقا چوقۇنىدىغان ئادەم.

**بۇددىستلىق** ئى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، بۇتقا چوقۇنۇش پائالىيىتى.

**بۇدرۇق** سۈپ. بەدەن گۆشلىرى يۇمران، بوغماق - بوغماق، سېمىز، ساغلام: بۇدرۇق بالا.

**بۇدساتۋا** ئى [سانس] بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ساكيامۇنىنى ھۆرمەتلەپ ئاتىشى، شۇنداقلا ئۇ يەنە بۇددا دىنىدىكى ئىلاھنى كۆرسىتىدۇ.

**بۇدۇشقاق** ① ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۈچ بۆلۈكلۈك؛ مېۋىسىنىڭ سىرتىدا تىكەنلىرى بار، ئۇرۇقى جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ؛ ئىشتىھا قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى ھەيدەش، يەل تارقىتىش رولى بار. ئۇنىڭدىن ماي ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە (ئادەملەرگە نىسبەتەن) ئاجرالمايدىغان، چاپلاشقاق : لۇتپۇللا كۆڭلىدە «بىر بۇدۇشقاق رودۇپايدىن ئازاد بوپتىمەن » دەپ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

**بۇدۇشقاقلىق** ① سۈپ. بۇدۇشقاق بار، بۇدۇشقاق ئۆسكەن: بۇدۇشقاقلىق يەر. بۇدۇشقاقلىق ئېتىز. ② ئى. بۇدۇشقاق كۆپ ئۆسكەن جاي: بەڭباش قويلار سوپىتاينىڭ شۇنچە توسۇشلىرىغا قارىماي، ئۇدۇل بۇدۇشقاقلىققا قاراپ چېپىپ كېتىشتى. ③ ئى. ھە دېگەندە كىشىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدىغان، يېپىشىۋالىدىغان بىر خىل قىلىق، يېپىشقاقلىق: تويغا جىددىي جابدۇنۇۋاتقان ياش ئايال، ئۆزىگە ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ: — بۇدۇشقاقلىقىڭ قاچانمۇ تۈگەر - ھە؟ — دەپ كايىپ قويدى.

**بۇدۇڭتەي** رەۋ [خەن] جان ت ① تەۋرەنمەي، مەزمۇت: ئۇ بۇدۇڭتەي تۇراتتى. ② كۆچمە. ھېچنېمىنى غەم قىلماي، خاتىرجەم، غەمسىز: ئۇ: «ئاكاڭ قارىغاي ئابلەق بۇدۇڭتەي ھارىقىنى ئىچىپ ئويناۋاتىدۇ» دەپ خىيال سۈردى.

**بۇدۇڭشماق** پ. دىيال. باغلاق، سولاق قاتارلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاپ ھەرىكەت قىلماق.

**بۇدىمەت** سۈپ. دىيال. گەپ ئۆتمەس، قېلىن.

**بۇرا** ئى. دىيال. سۆگەت، تال.

**بۇراتماق** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرادەر** ئى [پ] ئاكا - ئۇكا، ئاغا - ئىنىلەردەك يېقىن دوست؛ ئاغىنە، يولداش: بىر كۈنى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بىر بۇرادەر مەسەل يېزىپ كەپتۇ.

**بۇرادەرچىلىك** ئى. ئاغىنىدارچىلىق: مەخسۇت ئاكا بىلەن شائىر لۇتپۇللانىڭ بۇرادەرچىلىكى كېيىنكى چاغلاردا بەك يېقىن بولۇپ كەتتى.

**بۇرادەرلىك** ئى ← **بۇرادەرچىلىك**: دۇنيادا دوستلۇق، بۇرادەرلىك، قېرىنداشلىق دېگەندەك گۈزەل چۈشەنچىلەرمۇ بار.

**بۇراشماق** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇراق** ① سۈپ. رەتكە ئۆتمىگەن، يارامسىز: بۇراق تېرە. بۇراق مال. بۇراق پاقلان. ② ئى. يۇڭىنى قىرقىۋەتكەن تېرە.

**بۇرالقا** ئى. دىيال. ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان، ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرگۈچى، مۇساپىر، كەلگۈندى، مۇساپىر.

**بۇرالما** سۈپ. بۇرالغان، بۇراپ قويۇلغان ياكى بۇرىلىدىغان.

**بۇرالماق** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داتلىشىپ كەتكەن ۋىنتا تەستە بۇرالدى.

**بۇرام** ① ئى. بىر قېتىم بۇراشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە؛ ھالەت؛ ئورام. ② ئى. بولتا. ③ مىق. ئورام، يۆگەم: سۇنۇر ئىككى - ئۈچلا شوراپ بىر بۇرام تاماكىنى تۈگەتتى.

**بۇرج** ئى [ئە] <ئاستر> قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بويلاپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ جىمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى.

**بۇرجەك** ئى ① نەرسىلەرنىڭ تەرەپلىرىنىڭ كېسىشكەن جايى؛ ئۈچ: كارىۋاتنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۇرجەكلىرى چوقچايتىپ چىقىرىلغان ئىككى ياستۇق تىزىلغانىدى. ② ئۆي، بىنا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تەرەپلىرى تۇتاشقان جايى؛ بۇلۇڭ: ئۇلار ئۆزلىرىگە ئارتۇقىنى قالدۇرۇپ ئون مىڭ تەڭگىنى ئۆينىڭ بۇرجەكلىرىگە كۆمۈپتۇ. ③ كوچىلارنىڭ، يوللارنىڭ بۇرۇلغان، قايرىلغان جايى؛ دوقمۇش: كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان كوچىنىڭ بۇرجىكىدىن ئىلدام ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، بىر ھورۇن ئۇچراپتۇ. ④ چەت، يىراق جاي؛ بۇلۇڭ - پۇچقاق: يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەربىر بۇرجەكلىرىدىن تەبرىك خەتلىرى ئەۋەتىلگەنىدى.

**بۇرجەكلىك** سۈپ. بۇرجىكى بار، بۇرجىكى بولغان: تۆت بۇرجەكلىك قېلىپ.

**بۇرجۇن** ئى <بوت> ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق بولىدۇ؛ مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ.

**بۇرچ** ئى. مەجبۇرىي ئۆتەشكە، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە: ۋەتەننى قوغداش ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

**بۇرچكار** ئى. بۇرچىنى ئادا قىلغۇچى، بۇرچ ئىگىسى: ئادالەتسىزلىك ئالدىدا بۇرچكار بولغان ھاكىمدىن ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ھېس قىلغان قۇل گۈزەلرەك بولىدۇ.

**بۇرچكارلىق** ئى. بۇرچىنى ئادا قىلىش، بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىشى، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ، ئىستەك : ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بۇرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى. * ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان بۇرچكارلىق ئالاقىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار.

**بۇرچلۇق** سۈپ. بۇرچى، بۇرچ تۇيغۇسى بار، بۇرچقا ئىگە.

**بۇردا** I سۈپ [پ] كىچىك، پارچە، بۆلەك: بىر بۇردا نان.

**بۇردا** II ئى. ئالدام، دام، ساختا: بۇردا بولماق. بۇردا قىلماق.

**بۇردا ـ بۇردا** پارچە ـ پارچە، بۆلەك ـ بۆلەك، ئۇششاق ـ ئۇششاق: ئات ئۇنى ھەم چىشلەپ، ھەم تېپىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇردا ـ بۇردا گۆشكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

**بۇردىلاتماق** «بۇردىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇردىلاشماق** «بۇردىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇردىلانماق** «بۇردىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇردىلىماق** پ. پارچىلىماق، ئۇششاقلىماق: ئۇ ئالدى بىلەن ناننىڭ بىر پارچىسىنى بۇردىلاپ «بىسمىللا» نى مەن ئاڭلىغۇدەك ئېيتىپ ئاغزىغا سالدى.

**بۇرژۇئا** ئى [ر<فىران] ← **بۇرژۇئازىيە**.

**بۇرژۇئاز** ئى [ر<فىران] بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا مەنسۇپ كىشى، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىلى.

**بۇرژۇئازلاشتۇرماق** «بۇرژۇئازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرژۇئازلاشتۇرۇلماق** «بۇرژۇئازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇرژۇئازلاشماق** پ. بۇرژۇئازغا ئايلانماق، بۇرژۇئا روھى بىلەن سۇغىرىلماق.

**بۇرژۇئازىيە** ئى [ر<فىران] <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە بولغان ھەمدە ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، قوشۇمچە قىممەت شورىۋالىدىغان كىشىلەر توپى.

**بۇرژۇئازىيەچە** سۈپ. بۇرژۇئازىيەگە ئائىت، بۇرژۇئازىيەگە خاس: — بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئېنىق تونۇپ، بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىنى ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق قەتئىي تۈگىتىمىز، — دەپ سۆزىنى بايان قىلدى يازغۇچى.

**بۇرژۇئازىيەلىك** سۈپ. بۇرژۇئازىيە كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغان، شۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان؛ بۇرژۇئازىيەگە خاس، بۇرژۇئازىيە خاراكتېرىدىكى.

**بۇرغا** I ئى <ماشىن> كانچىلىق، نېفىت، خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيەلىك قىدىرىش ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلاردا قېزىش، كولاش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە.

**بۇرغا** II ئى. كالا، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابى.

**بۇرغا ـ ناغرا** بۇرغا ۋە ناغرا، ئومۇمەن ئاۋازى بوم ھەم كۈچلۈك چىقىدىغان تۈرلۈك داقا ـ دۇمباقلار.

**بۇرغىلاتماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرغىلاشماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇرغىلانماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇرغىلىق** سۈپ. بۇرغىسى بار، بۇرغىغا ئىگە؛ بۇرغا ئارقىلىق بولىدىغان، بۇرغا يارىدىمىدە ئورۇنلىنىدىغان.

**بۇرغىلىماق** پ. بۇرغا بىلەن كولىماق، قازماق: يەرنى بۇرغىلىماق.

**بۇرما** ① ئى. ياغاچ ياكى قاتتىق نەرسىلەرگە تۆشۈك ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب؛ ئۇشكە: بۇرما بىلەن تۆشۈك تەشمەك. ② ئى. دېتاللارنىڭ تاشقى ياكى ئىچكى يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىرىلغان ئورام شەكىللىك چىش، رېزبا: بۇرما چىقارماق. ③ سۈپ. ئايلانما ھالەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ياكى ئىلگىرىلەيدىغان: بۇرما شەكىلدىكى ھەرىكەت. ④ سۈپ. بۇراپ كىرگۈزۈلىدىغان: بۇرما مىخ.

**بۇرمىلاتماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرمىلاشماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇرمىلانماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: روشەنكى، بۇ ھېكايىدە پاكىت بۇرمىلانغان.

**بۇرمىلىق** سۈپ. بۇرمىسى بار، بۇرىلىدىغان: بۇرمىلىق مىخ. بۇرمىلىق لامپۇچكا.

**بۇرمىلىماق** پ ① بۇرما مىخ بىلەن چىڭىتماق: تاختىنىڭ ئاجراپ كەتكەن جايىنى بۇرما مىخ بىلەن بۇرمىلاپ قويۇڭلار. ② ئەسلىي ھالىتىنى، قىياپىتىنى، مەنىسىنى ئۆزگەرتمەك، پاكىتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلماق: سىياسەتنى بۇرمىلىماق. ئۇلار سوتسىيالىستىك مائارىپ فاڭجېنىنى خالىغانچە بۇرمىلىدى.

**بۇرناكۈن** رەۋ [بۇرۇن + ئاۋۇ + كۈن] ئۆتۈپ بولغان كۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن؛ ئۈلۈشكۈن.

**بۇرناكۈنكى** سۈپ. بۇرناكۈن بولغان، بۇرناكۈن يۈز بەرگەن: بۇرناكۈنكى ئىش ئېسىڭىزدىمۇ؟

**بۇرھاترا** ئى [ سانس ] < دىن > بىر دىنسىزنىڭ بۇددا دىنىغا كىرىپ، بۇددا دىنى تەلەپلىرىدىكى دىنىي بىلىملەرنى ۋە بۇددا دىنى ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق بۇرھانغا يەنى راھىبقا ئۆزگەرگۈچى: بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدىكى مايترى (سۈن ۋۇكۇڭ)نىڭ ئوتتۇز ئىككى ۋادىدىن ئۆتۈپ بۇرھاترا بولۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر بۇ تارىخنى يەكۈنلەپ بولغان.

**بۇرھان** I ئى. بۇددا دىنىي ئىلاھى.

**بۇرھان** II سۈپ. دېگەن. بۇك، بۇك ـ باراقسان: بۇ يەر بۇرھان دەرەخلىك ئىكەن.

**بۇرۇت** ئى ① ئادەملەرنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستى ۋە يۇقىرىقى لېۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان موي، تۈك.② بەزى ھايۋانلارنىڭ ئۈستۈنكى تۇمشۇقىغا چىققان سېزىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈك: مۈشۈكنىڭ بۇرۇتى. بېلىقنىڭ بۇرۇتى.

**بۇرۇتىغا چاڭگا ( چالما ) تىزماق** ھىيلە ئىشلەتمەك، ھىيلە بىلەن ئالدىماق: سەن شۇم تېخى داداڭنىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تىزغۇدەك بولدۇڭمۇ؟

**بۇرۇتلۇق** سۈپ. بۇرۇتى بار، بۇرۇت قويغان: — ئۆزلىرى ئەيسا پاششاپقۇ دەيمەن؟ — دېدى پادىچى يىگىت بۇرۇتلۇق، بۇقا بويۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**بۇرۇغدىماق** ئى. دىيال. كۆزگە كىرگەن نەرسىنى سۇ بىلەن چىقىرىپ ئەملەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل.

**بۇرۇقتۇرما** سۈپ ① كىشىنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان، دېمىنى سىقىدىغان؛ تىنچىق: ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بۇرۇقتۇرما سىپسقلىقتىن قىلچە كۆڭلى ئاينىمايتتى. ② كۆچمە. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، ئىچنى پۇشۇرىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان: مەن غەمكىن ۋە بۇرۇقتۇرما كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

**بۇرۇقتۇرماق** «بۇرۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرۇقتۇرمىچىلىق** ئى ← **بۇرۇقتۇرمىلىق**.

**بۇرۇقتۇرملىق** ئى ① بۇرۇقتۇرما ھالەت: ئۆيئىچىنى كىشىنىڭ نەپسى سىقىلغۇدەك بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىدى. ② كۆچمە. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان ئەھۋال (ھالەت)، چىگىشلىك: ئۇ روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئىسيانى ئىدى. * كىشىلەر ئىجتىمائىي بۇرۇقتۇرمىلىق تۇپەيلىدىن گىرىپتار بولىدىغان چۈشكۈنلۈك، بوشاڭلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

**بۇرۇقتۇم** سۈپ ← **بۇرۇقتۇرما**: بۇرۇقتۇم بولماق.

**بۇرۇقتۇملۇق** ئى ← **بۇرۇقتۇرملىق**.

**بۇرۇقماق** پ ① نەپەس ... ۇلۇپ، دىمى سىقىلماق، تۇنجۇقماق: ئۇ ئۆي ئىچىنى قاپلاپ كەتكەن ئىس ئىچىدە بۇرۇقۇپ كەتكەنلىكتىن، يورۇق كۆرۈنگەنلىكى جايغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ② غەرق بولماق: ئىسقا بۇرۇقماق. ھاراققا بۇرۇقماق.

**بۇرۇلدۇرماق** «بۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرۇلكا** ئى [ر] ئىشتان، شىم، شالۋۇر.

**بۇرۇلماق** پ. گەۋدىنى، يۆنىلىشىنى يەنە بىر تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ يۈزلەنمەك: ھارۋا مەھەللىدىن چىقىپ، ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

**بۇرۇلۇش** ئى ① «بۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.② يولنىڭ بۇرۇلۇپ ئايلىنىپ ماڭىدىغان قىسمى؛ ئەگىم: پويىز بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ③ئۆزگىرىش: بۇرۇلۇش ياسىماق.

**بۇرۇن** I (**بۇرنى**) ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇراش، نەپەسلىنىش ئەزاسى: بۇرنى چوڭ. بۇرنى قانىماق. ② قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ساپىقى ئورۇنلاشقان يېرىنىڭ قارشى تەرىپى: قوغۇننىڭ بۇرنى.

**بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق** قاتتىق ئەدىپىنى، تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەك.

**بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزمەك** بۇيرۇقىدىن، گېپىدىن چىقمايدىغان، نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان قىلىۋەتمەك: ئاتىسى قېيىدىغاندەك قىلىپ: — كىشىلەر سېنىڭ بۇرنۇڭدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋاپتۇ، — دېدى.

**بۇرنىدىن چىقارماق** قاتتىق ئەدەپلىمەك، ئاللا - تۇۋىسىنى كۆرسەتمەك.

**بۇرنىدىن چىققۇچە** راسا تويغۇچە: — بۇرنىمىزدىن چىققۇچە يەيلى، — دېدى ياسىن.

**بۇرنىدىن ئىلىنماق** ① ئۆز قىلمىشلىرى ئارقىلىق تۇتۇلماق، ئاشكارىلانماق. ② بىراۋنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالماق، چېتىلىپ قالماق.

**بۇرنىدىن يېتىلىمەك** خالىغانچە باشقۇرماق، قارشىلىق قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرمەك.

**بۇرنىغا سۇ كىرمەك** قاتتىق ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولماق: قاسىمنىڭ بۇرنىغا بىر قېتىم سۇ كىردى.

**بۇرنىغا مۇشت يېمەك** زەربىگە ئۇچرىماق، پەشۋا يېمەك: ھاپىز بوۋاي: — ئىدرىس بۇرنىغا مۇشت يەپ ئادەم بولدى، — دېدى.

**بۇرنىغا يېمەك** ← **بۇرنىغا مۇشت يېمەك**: بەڭباش باللار بىر ئىككى قېتىم بۇرنىغا يېگەندە ئاندىن ئادەم بولىدۇ.

**بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالماق** كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرمەك؛ جايلىماق: سىيىت ئاكا يىغلامسىراپ: — توختاپتۇر، سەن خۇمسىلارنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىسام، — دېدى.

**بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرمەك** يىراق كەلگۈسىنى ئەمەس، پەقەت ھازىرنىلا كۆرمەك: ئەقىللىق يىراقنى ئويلاپ يول يۈرەر، كەم ئەقىل بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرەر.

**بۇرۇن** II رەۋ ① ئىلگىرى، ئىلگىرىكى چاغلاردا: بۇرۇن بىر يېزىدا ئوبۇل دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ② ۋەقە، ھادىسە ياكى شۇ ھەقتە سۆز بولۇۋاتقان پەيتتىن ئالدىن، بالدۇر: تويغا بارساڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار (ماقال).

**بۇرۇن- بۇرۇندىن** ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن، ئەزەلدىن، قەدىمكى زامانلاردىن.

**بۇرۇندۇق** ئى. دىيال. چۈلۈك، بۇرۇنلۇق.

**بۇرۇندىماق** پ. دىيال. پۇرىماق.

**بۇرۇندىن** رەۋ. ئەزەلدىن، قەدىمدىن: بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق.

**بۇرۇنقى** سۈپ ① ئاۋۋالقى، ئىلگىرىكى؛ كونا، قەدىمكى، ئۆتمۈشتىكى: بۇرۇنقى ئادەملەر، بۇرۇنقى مەكتەپلەر. بۇرۇنقى زامان. ② بىرەر پەيتتىن؛ ۋەقە، ھادىسىدىن ئالدىن بولغان؛ ئىلگىرىكى: ئۇ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى.

**بۇرۇنقىلار** ئى. قەدىمكى ئادەملەر، ئاتا - بوۋىلار، ئۆتكەن ئەجدادلار.

**بۇرۇنلۇق** ئى. تۆگە ياكى كالىلارنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ، چۈلۋۇر باغلاش ئۈچۈن ياسالغان نوكچە ياغاچ.

**بۇرىماق** پ ① باشقا تەرەپكە قاراتماق، قايرىماق، ئەگمەك: ئادىل بېشىنى يېرىم بۇراپ قادىرغا بىر قاراپ قويدى. ② ئايلاندۇرماق، تولغىماق: سائەتنى بۇرىماق. گايكىنى بۇرىماق. ③ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەك: ئۇ ماشىنىنى ئوڭغا بۇراپ، ئۇچقاندەك ھەيدىدى. ④ كۆچمە. يۆنەلدۈرمەك، قاراتماق: مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقى بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا بۇرىدۇق. ⑤ كۆچمە. كۆچۈرمەك، يۆتكىمەك (گەپ - سۆزنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە): ئايالىم مېنىڭ راستتىن ئاچچىقلانغانلىقىمنى كۆرۈپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

**بۇز** سۈپ. دىيال. بۇزار، بۇزىدىغان: بۇز ئادەم.

**بۇز ئادەم** دىيال. ئىش بۇزار، چاتاقچى: بۇ بالا بۇز ئادەم چىقىپ قالدى.

**بۇز بېشى** دىيال. بەڭباش، ئىش بۇزدى، چاتاقچى

**بۇزا** I ئى. ئىشىكنىڭ ئۇستۇنكى ياغاچىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى تۇراقلاشتۇرىدىغان تىرەك ياغاچ.

**بۇزا** II ئى. خورجۇن توقۇش دۇكىنى (جاھازىسى)نىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ.

**بۇزا** III ئى. دىيال. رېشاتكا قاپارتمىلىرى.

**بۇزدۇرماق** «بۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قۇرۇلۇشنى بۇزدۇرغان ئېغىر گۇناھقا قالىدۇ.

**بۇزغۇنچى** ئى. بۇزۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: بۇزغۇنچى ئۇنسۇر.

**بۇزغۇنچىلىق** ئى. بۇزۇش خاراكتېرىنى ئالغان زىيانلىق ھەرىكەتلەر: بۇزغۇنچىلىق سالماق. بۇزغۇنچىلىق قىلماق.

**بۇزماق** پ ① بىر يۇرۇش ياكى بىر پۈتۈن نەرسىنى پارچە-
لىماق، چۇۋۇماق، سۆكمەك، ئاغدۇرماق، ۋەيران قىلماق،
كېرەكتىن چىقارماق: ئۆينى بۇزماق. ماشىنىنى بۇزماق. ② يوق
قىلىۋەتمەك، يوقاتماق : ئۇ شىمىنىڭ قىرىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن
تىزىنى ئۈستىگە سەل تارتىپ ئاۋايلاپ ئولتۇردى. ③ يارامسىز ،
لايىقسىز، سۈپەتسىز قىلىپ قويماق؛ ئەپلەشتۈرەلمەي قالماق:
ئۇ تۇزنى تەڭشىيەلمەي، ئاشنى بۇزۇپ قويۇپتۇ. ④ ھەقىقەتتىكىدىن،
ئەسلىدىكىدىن باشقىچە قىلىپ ئىپادىلىمەك (گەپ - سۆز
ھەققىدە): ئۇ يېتىپ كېلىپ نادەمنىڭ مەيدىسىگە نوقۇپ:— ما ياققا
ماڭ، بىزنىڭ سەينى ئالدۇ مەن پۇل بېرىدۇ، — دېدى ئۇيغۇر تىلىنى
بۇزۇپ سۆزلەپ. ⑤ مەۋجۇت ۋەزىيەتنى، كەيپىياتنى، ھالەتنى
ئۆزگەرتمەك؛ دەخلى قىلماق: تىنچلىقنى بۇزماق. جىملىقنى
بۇزماق. تەلەتىنى بۇزماق. ⑥ ماس كەلمەي قالماق، نۇقسان
يەتكۈزمەك: يېڭى سېلىنغان بىنالار ئارىسىدىكى بۇ قەدىمىي ئۆيلەر
قورۇنىڭ يېڭىچە ھۆسنىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ⑦ بەربات قىلماق، بىكار
قىلماق، يوققا چىقارماق: پىلاننى بۇزماق. * ئىشنى يەنىلا نۇرمۇ-
ھەممەت بۇزدى. ⑧ رىئايە، ئەمەل قىلماي، خىلاپ ھەرىكەتلەر
بىلەن شۇغۇللانماق: قانۇننى بۇزماق. ۋەدىنى بۇزماق. ⑨ سوغۇق-
چىلىق چۇشۇرۇپ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلماق؛ يامانلاش-
تۇرماق، چاتاقلاشتۇرماق، ئايرىۋەتمەك: ئارىنى بۇزماق. ئائىلىنى
بۇزماق. * يامان ھارۋا يول بۇزار، يامان ئادەم يۇرت بۇزار (ماقال). ⑩
ئەسلىدىكى چەكنى بۆسۈپ ئۆتمەك؛ ھالقىماق: رېكورتنى بۇزماق.
⑪ روھىي جەھەتتىن چىرىتمەك؛ توغرا يولدىن ئازدۇرماق؛
ئاينىتماق: چاقنى بۇزغان خانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال). ⑫
ئىپپەت - نومۇسنى دەپسەندە قىلماق، ئىپپەت - نومۇسغا
تەگمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق (قىزلار ھەققىدە): نامەتنىڭ پۇل
بىلەن ياش قىزلارنى بۇزغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن
يېقىندا ساقچى ئىدارىسى ئۇنى قولغا ئالدى. ⑬ بىھۇدە سەرپ
قىلماق، ئىسراپ قىلماق، زايە قىلماق: پۇلنى بۇزماق.

**بۇزۇشماق** «بۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ
قېتىمقى يىغىننىڭ قارارىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار ئۆزلىرى بۇزۇش-
تى.

**بۇزۇق** سۈپ ① بۇزۇلۇپ ئىشلىمەيدىغان ھالغا كەلگەن،
ئىشتىن چىققان: بۇزۇق تىراكتور. ② ئەخلاقىي پەزىلىتى ناچار،
ئەخلاقسىز : بۇزۇق ئايال. ③ نىيىتى يامان؛ نىيىتىنى، پەيلىنى
بۇزغان؛ يامان نىيەتكە كەلگەن: بىز بۇزۇق ئادەملەرنى قەتئىي
جازالايمىز.

**بۇزۇرگاھ** ئى. دىيال. مازار.

**بۇزۇقچىلىق** ئى. بۇزۇق كىشىلەرگە خاس ئىش - ھەرىكەت؛
ئەخلاقسىزلىق: بۇزۇقچىلىق قىلماق. * جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن
ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق،
ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ.

**بۇزۇقلۇق** ① سۈپ. بۇزۇلغان، بۇزۇپ قويۇلغان: ۋېلىسىپىت
بۇزۇقلۇق پېتى تۇرامدۇ؟ ② ئى. ئەخلاقسىزلىق ؛ بۇزۇق-
چىلىق:بۇرۇن مەلۇم يۇرتتا بۇزۇقلۇقتا ئۈچىغا چىققان بىر باي ئۆتكە-
نىكەن.

**بۇزۇلماق** ①«بۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاناڭ
ئۆگەي بولسا، تويۇڭ بۇزۇلار (ماقال). * ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ،
خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلىدۇ (ماقال). ② «بۇزماق» پېئىلىنىڭ
ئۆزلۈك دەرىجىسى: چۈشتىن كېيىن ئۈشتۈمتۈت ھاۋا بۇزۇلدى. ③
نىكاھلىق يولدىشىدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا بىرىگە قارىماق،
بېرىلمەك: پاتەمخان بالىسىغا ئېچىنىش بىلەن قارىغاندىن كېيىن:—
بۇنىڭ دادىسى ... كېيىن ھازىرقى خوتۇنىغا بۇزۇلۇپ، مېنى ئاجرىشىشقا
قىستىدى، — دېدى ئۇ.

**بۇزۇم** ئى. بۇزۇش.

**بۇزۇم بېشى** دىيال. بەڭباش، ئىش بۇزدى، چاتاقچى.

**بۇزۇن** ئى <بوت> ئۇچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق
تاشلايدىغان چاتقال. كىچىك يوپۇرماقلىرى بەش تال بولۇپ،
سوقىچاق كېلىدۇ؛ گۈلىنىڭ رەڭگى سارغۇچ ياكى ئاقۇچ
يېشىل، مېۋىسى شىرنىلىك، رەڭگى توق قىزىل ۋە شارسىمان
كېلىدۇ؛ يىلتىز پوستى ۋە يۇمران شېخى دورا قىلىنىدۇ،
پەينى بوشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، رېماتىزمنى داۋالاش
رولى بار.

**بۇزىلىتىلماق** « بۇزىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇزىلىماق** پ. ئىشىككە بۇزا بېكىتمەك، ئىشىككە بۇزا ئورناتماق.

**بۇژ** تەق. كۆپىنچە سۈيۈقلۇقنىڭ كۆپۈكلىشىشى ياكى
قاينىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ياكى ھالەت.

**بۇژ- بۇژ** «بۇژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىنىلەرگە قۇيۇلغان
بوزا خېلىغىچە بۇژ - بۇژ قىلىپ تۇراتتى.

**بۇژژىدە** رەۋ. بۇژ قىلغان ھالدا، بۇژ قىلىپ: ئۇنىڭ توپا قونغان
يۈزىدە، قۇلاق تۈۋىدە بۇژژىدە ئۆرلەپ چىققان تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى.

**بۇژغۇن** ئى. سۇنىڭ دولقۇنلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاق
كۆپۈك.

**بۇژغۇنلاتماق** «بۇژغۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇژغۇنلانماق** «بۇژغۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇژغۇنلۇق** سۈپ. بۇژغۇن بار، بۇژغۇن ئۆرلەپ تۇرغان،
بۇژغۇنلىغان.

**بۇژغۇنلىماق** پ. بۇژغۇن ھاسىل قىلماق: باراقسان سۆگەت
تاللىرى بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىنى سۆيۈپ ئەركىلەيدۇ.

**بۇژۇلداتماق** «بۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇژۇلداشماق** «بۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇژۇلدىماق** پ. بۇژ - بۇژ ئاۋاز چىقارماق، بۇژ - بۇژ
قىلماق: ھاپىز موللىنىڭ ئاغزىدا كۆپۈك بۇژۇلداپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ
كەتتى.

**بۇس** ئى① نەرسە - كېرەكلەردىن، ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ
تىنىقىدىن چىققان سېسىق ئاچچىق پۇراق؛ ھىد: ئاغرىقنى بۇس
ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس (ماقال).② پىشۇرۇلغان نەرسىلەردىن
چىققان ھور: تونۇرنىڭ بىر تەرىپىدىن بۇس چىقىپ تۇراتتى.

**بۇس تارتقۇچ** <فىز> ئاشخانا ئۆيدە قازان بېشىنىڭ
ئۈستى تەرىپىگە مەلۇم ئارىلىق قويۇپ ئورنىتىلىدىغان،
قازاندىن چىققان بۇس قاتارلىقلارنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ ئۆينىڭ
سىرتىغا چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئۆينىڭ پاكىزلىقىنى
ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ۋە شەكلى ھەرخىل بولى-
دىغان بىر تۈرلۈك ئۈسكىنە.

**بۇس گۇرۇچ** دىيال. گاڭپەن.

**بۇسلۇق** سۈپ. بۇسى بار، بۇس چىقىۋاتقان، بۇسقا تولغان: بۇسلۇق ئۆي.

**بۇغ** ئى. سۇيۇق جىسىملارنىڭ قىزىتىلغاندىن كېيىنكى گاز ھالىتى.

**بۇغا** ئى <زوئول> ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى كۆشىگۈچىلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھايۋان. ئەركەكلىرىنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى بولىدۇ، بەزى تۈردىكى چىشىلىرىنىڭمۇ مۈڭگۈزى بولىدۇ؛ تۈكلىرىنىڭ ھەممىسى بىغىر رەڭ، بەزىلىرىنىڭ ئالىسى ياكى يوللىرى بولىدۇ؛ ئاڭلاش ۋە پۇراش سەزگۈلىرى ئۆتكۈر كېلىدۇ. ② شۇ ھايۋاننىڭ ئەركىكىنىڭ نامى.

**بۇغا ـ مارال** بۇغا ۋە مارال، بۇغا ۋە شۇ تۈردىكى ھايۋانلار.

**بۇغانچى** سۈپ. بوغچا، نەرسىلەرنىڭ تۈگۈلگەن شەكلى.

**بۇغداي** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېرىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يازغى بۇغداي، كۈزگى بۇغداي دەپ ئايرىلىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**بۇغدايلىق** ① ئى. بۇغداي تېرىلغان ياكى ئۆسكەن ئېتىز: بۇغدايلىقنى ئارىلىماق. ② سۈپ. بۇغدىيى بار، بۇغدايغا ئىگە: تراكتورلار يول سالدى، سالا ئېتىز باغرىغا. بۇغدايلىق بولۇپ قالدۇق، تويمىغانلار زاغرىغا. ③ بۇغدىيەك.

**بۇغدىيەك** ئى ① <ئانات> ئەرلەر بويىنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بولىدىغان قالقانسىمان كۆمۈرچەك. ② بىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى.

**بۇغدىيەكلىك** سۈپ. بۇغدىيىكى بار، بۇغدىيىكى سەل چوڭ: ئۇزۇن بويۇن بۇغدىيەكلىك قارامتۇل بىر كىشى كېلىپ لام ـ جىم دېمەي، ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇردى.

**بۇغرا** ئى. ئەركەك تۆگە.

**بۇغۇنا** ئى <بوت> مېۋىسى ئانارنىڭ ئۇرۇقچىلىك كېلىدىغان، تەمى تۇزلۇق بىرخىل ئۆسۈملۈك. ئادەتتە «ياۋا ئۈزۈم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بۇغىتاپان** ئى [بۇغا + تاپان] <بوت> بۇغىتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق، گۈلى ئاق بولىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. پەي، سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرۈش، رېماتىزمنى داۋالاش، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**بۇغىچى** ئى. بۇغا باققۇچى، بۇغا باقىدىغان كىشى.

**بۇغىچىلىق** ئى. بۇغا بېقىش ئىشى، بۇغا بېقىپ كۆپەيتىش ئىش ـ ھەرىكىتى، بۇغا باقمىچىلىقى: بۇغىچىلىق ئاقسۇنىڭ ئالاھىدە باقمىچىلىقىدىكى سەركە كەسپىگە ئايلاندى. * ئۇلارنىڭ بۇغىچىلىقتىن ياراتقان يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 34 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**بۇغىئوت** ئى [بۇغا + ئوت] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنىدە ئاقۇچ كۈل رەڭ يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ غولى تىك ئۆسىدۇ، شاخلىمايدۇ، گۈلى قىزغۇچ سۆسۈن بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ؛ تاغ باغرى ۋە نەم جايلاردا، ئوتلاقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ؛ يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئىشتىھا تۇتۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**بۇفېت** ئى [ر<فىران] پېچىنە ـ پىرەنىك، قەنت ـ گېزەك، تاماكا ۋە ھەرخىل ئىچىملىك قاتارلىقلارنى ساتىدىغان كىچىك ماگىزىن، دۇكان.

**بۇق** تەق. كەپتەر دەم تۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**بۇقا** I ئى. كالىنىڭ پىچىلمىغان ئەركىكى.

**بۇقا** II ئى. دەريا، ئېقىن سۇلىرىنى قايتۇرۇش ياكى مەلۇم ئېگىزلىككە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن تۇرمەل سالغاندا كېرەك بولىدىغان ئۈچ ئاچا قىلىپ باغلانغان ياغاچ.

**بۇق ـ بۇق** «بۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**بۇقۇلداتماق** «بۇقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇقۇلداشماق** «بۇقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇقۇلدىماق** پ. بۇق ـ بۇق قىلغان ئاۋاز چىقارماق، بۇق ـ بۇق قىلماق: ئۇ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

**بۇقىچاق** ئى. كىچىك بۇقا، پىچىلمىغان ئەركەك موزاي.

**بۇقىسىراتماق** «بۇقىسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇقىسىرىماق** پ. بۇقا سېغىنماق، ئىنەك كۈيلىمەك.

**بۇل** I ئى ① تۈگمەن ئوقىغا بېكىتىلگەن، چۆرىسىگە قانات قېقىلغان يۇمىلاق كۆتەك. ② ھارۋىنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، ئىچىگە ياپىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان ئىچى كاۋاك يۇمىلاق كۆتەك. ③ چىغىرىقنىڭ ئايلىنىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ياسالغان بىر خىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۈسكۈنىسى. ئادەتتە قۇدۇقتىن سۇ تارتىش، كېمە، پاراخوتلاردا لەڭگەرنى تارتىش، مال بېسىش ۋە چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇل** II سۈپ. ئۆزىگە ئۆتكەن نەمنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىچىدىن بىخسىغان، ئېچىغان، ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلغان: بۇل بۇغداي. بۇل بولماق.

**بۇل** III ئال. يېزت. «بۇ» ئالمىشىنىڭ قەدىمكى چاغدىكى فونېتىكىلىق ھالىتى ۋە شەكلى بولۇپ، مەنىسى ھازىرقى «بۇ» سۆزى بىلەن ئوخشاش.

**بۇلاپ ـ تالاپ** بۇلاپ ھەم تالاپ، زورلۇق بىلەن ئېلىپ: قاراقچىلار پۇقرالارنى دائىم دېگۈدەك بۇلاپ ـ تالاپ، قىز ـ چوكانلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدى.

**بۇلاپكا** ئى. مېتالدىن ئىشلىنىپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭدە ھەل بېرىلىدىغان، بەزىلىرىگە كۆز قويۇلىدىغان ۋە زىننەت ئۈچۈن مەيدىگە تاقىلىدىغان بۇيۇم.

**بۇلاپكىلىق** سۈپ. بۇلاپكىسى بار، بۇلاپكا ئاسقان ياكى تاقىغان.

**بۇلاتماق** I «بۇلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلاتماق** II «بۇلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلاش ـ تالاش** بۇلاش ھەم تالاش، زورلۇق بىلەن ئېگىلەش.

**بۇلاشماق** I «بۇلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلاشماق** II «بۇلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلاق** ئى ① يەر ئاستىدىن چىققان سۇ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى: سۇ ئانىسى — بۇلاق، سۆز ئانىسى — قۇلاق (ماقال). ② كۆچمە. باي، پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە: ئىجاد بۇلىقى. ئىلھام بۇلىقى. * كىتابنى سۆي، ئۇ ئىلىم بۇلىقى.

**بۇلاقلىق** سۈپ. بۇلاق بار، بۇلاق جايلاشقان : ئالدىڭىزغا ماڭسىڭىز بىر بۇلاقلىق جىلغىغا يېتىپ بارىسىز.

**بۇلاڭ** I ئى. زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئېلىۋېلىش، تارتىۋېلىش، بۇلاش : بۇلاڭ قىلماق. بۇلاڭغا قالماق.

**بۇلاڭ** II ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئاساسەن يۈننەندە ياشايدۇ.

**بۇلاڭ ـ تالاڭ** زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋېلىش ھەرىكەتلىرى؛ تالان ـ تاراج، بۇلاڭچىلىق: بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماق.

**بۇلاڭچە** ① سۈپ. بۇلاڭ مىللىتىنىڭ تىلى، ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت ئادەتلىرىگە ئائىت، بۇلاڭ تىلى ياكى مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى. ② ئى. بۇلاڭ تىلى.

**بۇلاڭچى** ئى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچى.

**بۇلاڭچىلىق** ئى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش.

**بۇلانماق** I «بۇلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇلانماق** II ① «بۇلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار لاي ـ پاتقاققا بۇلىنىپ كەتتى. ② «بۇلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تالاغا چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىنىم تويىغا بۇلانغان بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى.

**بۇلبۇل** ئى [ ئە ] ① <زوئول>بىر خىل قۇش، تېنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇشقاچچىلىك كېلىدۇ، چىرايلىق سايرايدۇ: بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ (ماقال). ② ئەر ـ ئاياللار ئىسمى .

**بۇلبۇلەك** ئى <مۇز> خەرەك.

**بۇلبۇلگويا** ئى [بۇلبۇل + گويا] خەلق چۆچەكلىرىدىكى ناھايىتى چىرايلىق بولغان، ئادەمدەك گەپ قىلىدىغان ۋە چىرايلىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش.

**بۇلتۇر** رەۋ. ئۆتكەن يىل، ئالدىنقى يىل.

**بۇلتۇرقى** سۈپ. ئۆتكەن يىلدىكى، ئۆتكەن يىل بولغان، ئالدىنقى يىلدىكى: بۇلتۇرقى پاقلان بۇ يىل ئىككى ياش قوي بولدى.

**بۇلتۇلىماق** پ. دىيال. گوللىماق، بەزلىمەك، باھانە قىلماق.

**بۇلجۇتماق** «بۇلجۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلجۇتماي** رەۋ. مىدىرلاتماي، قىمىرلاتماي؛ تۇتقان پېتى: ئۇنىڭ قارچىغىسى ئالغان توشقاننى ئىگىسى يېتىپ كەلگۈچە بۇلجۇتماي تۇتۇپ تۇراتتى.

**بۇلجۇشماق** «بۇلجۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلجۇڭ** ئى ← **بۇلجۇڭ گۆش**.

**بۇلجۇڭ گۆش** ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىكى تۈرۈلۈپ، كۆپۈپ چىققان لوق گۆش.

**بۇلجۇماق** پ ① ئۇ ياق ـ بۇ ياققا تولغانماق، مىدىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق. ② قىمىرلىماق، قوزغالماق، مىدىرلىماق، تەۋرىمەك.

**بۇلجۇنماق** «بۇلجۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۇلجۇنۇپ دادىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان سەلىمگە....

**بۇلدۇق** تەق. تۇرۇبا ياكى بۇلاق قاتارلىقلاردىن ئېتىلىپ چىققان، قازاندا قايناۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى.

**بۇلدۇق ـ بۇلدۇق** «بۇلدۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۇلاقتىن بۇلدۇق ـ بۇلدۇق قىلىپ سۇ چىقىپ تۇراتتى.

**بۇلدۇقلاتماق** «بۇلدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېلىيوف سۇنى ئورەككە بۇلدۇقلىتىپ قۇيدى.

**بۇلدۇقلاشماق** «بۇلدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلدۇقلىماق** پ ① بۇلدۇق ـ بۇلدۇق قىلغان ئاۋاز چىقارماق، بۇلدۇق ـ بۇلدۇق قىلماق: تۇرۇبىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ بۇلدۇقلىشى ئاڭلىناتتى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، ئۇرغۇماق، دولقۇنلانماق: مەن كېلىمەن ساڭا بېقىپ تويماستىن، كۆلۈپ تۇرغان بەختىم بىلەن تويلىشىپ، ئىلھاملىرىم بۇلدۇقلايدۇ، قاينايدۇ، باغرىڭدىكى دولقۇن بىلەن قوغلىشىپ.

**بۇلغاتماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلغار** I ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار جەنۇبىي سىلاۋىيانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، بولغارىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**بۇلغارچە** ① سۈپ. بۇلغارلارغا خاس، بۇلغارلارغا ئائىت: بۇلغارچە كىيىنمەك. ② ئى. بۇلغار تىلى ۋە يېزىقى: بۇلغارچە ئۆگەنمەك.

**بۇلغار** II ئى. ماي تەركىبى بولغان بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم: بۇلغار ئۆتۈك.

**بۇلغارچى** ئى. ماي تەركىبى بولغان بىرخىل يۇمشاق خۇرۇمنى ئىشلەپ چىقارغۇچى ھۈنەرۋەن، بۇلغارچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**بۇلغارچىلىق** ئى. بۇلغار ئىشلەپچىقىرىش ئىشى، بۇلغار ئىشلەپچىقىرىش؛ كۆنچىلىك: ئۇيغۇرلاردا بۇلغارچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. * ھونلاردا بۇلغارچىلىق ھۈنىرىمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى.

**بۇلغاشماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇششاق باللار ئېرىققا ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى تاشلاپ، سۈزۈك سۇنى بۇلغاشتى.

**بۇلغانما** ئى. نەرسىلەرنىڭ بۇلغانغان قىسمى، بۇلغانغان تەركىبى : بۇلغانما چىقىرىش كىلاپانى. * بىر قىسىم زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار قانۇنغا خىلاپ ھالدا بۇلغانما قويۇپ بەردى.

**بۇلغانماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باتۇر:— ئەلۋەتتە سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېقىمدا بۇلغىنىپ بولدىڭىز ،— دېدى.

**بۇلغۇچلىماق** پ. دىيال. سىلكىشلىمەك، پۇلاڭلاتماق.

**بۇلغۇلىماق** پ. دىيال. ئارىلاشتۇرماق،قوچۇماق: قازاندىكى چالمىنى بۇلغىلىۋەت.

**بۇلغۇن** ئى <زوئول> سۆسەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېرىسى بەك ئەتىۋار.

**بۇلغىما** ئى. تەركىبىدە بۇلغاش رولىنى ئوينايدىغان ياكى نەرسىلەرنىڭ بۇلغانغان نەرسىسى، بۇلغانما: بىز بۇلغىما چىقار-

مايدىغان كارخانا تۇرلىرىنى ھەممىدىن بەك قارشى ئالىمىز. * ئائىلە سايمانلىرىدىكى بۇلغىمىلار سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق.

**بۇلغىماق** پ ① كىر، پاسكىنا قىلماق: كىيىمنى بۇلغىماق.② كۆچمە. داغ چۈشۈرمەك، قارا سۈركىمەك: شەنىنى بۇلغىماق. ③ كۆچمە. تەركىبىگە پاسكىنا، ناپاك نەرسىنى ئارىلاشتۇرماق: ھاۋانى بۇلغىماق. سۇنى بۇلغىماق. ④ باش ۋە قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ بېشارەت بەرمەك؛ جاۋاب بەرمەك: ياق، ياق، پىروفېسسور قول بۇلغىدى. ⑤ پۇلاڭلاتماق، شىلتىماق: قولۇڭنى بۇلغىماي گەپ قىل.

**بۇلماق** ئى. بوۋاق بالىلار ئۈچۈن سۈت، قوي يېغى، ئۇن، شېكەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلايدىغان بىر خىل ئوزۇقلۇق.

**بۇلماقسىمان** سۈپ. بۇلماققا ئوخشايدىغان، ھالىتى بۇلماقتەك: بۇلماقسىمان نەرسە.

**بۇلۇت** ئى <مېتېئور> سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز كىرىستاللىرىنىڭ توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرىدىغان بىر خىل جىسىم.

**بۇلۇتسىز** سۈپ. بۇلۇت بىلەن قاپلانمىغان؛ ئوچۇق: ئاسمان پۈتۈنلەي بۇلۇتسىز ئىدى.

**بۇلۇتسىمان** سۈپ. بۇلۇتقا ئوخشايدىغان، بۇلۇت سىياقىدىكى، بۇلۇت شەكىللىك.

**بۇلۇتلاشتۇرماق** پ. بۇلۇتقا ئۆزگەرتكەك، بۇلۇتقا ئايلاندۇرماق، بۇلۇت ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئۇ ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋانى ئۆزىنىڭ سوغۇقلۇق تەسىرى بىلەن بۇلۇتلاشتۇرۇپ، يامغۇر ـ قار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

**بۇلۇتلانماق** پ. بۇلۇت بىلەن قاپلانماق.

**بۇلۇتلۇق** سۈپ. بۇلۇت بىلەن قاپلانغان، بۇلۇتلانماق: بۇلۇتلۇق ئاسمان.

**بۇلۇق** تەق. ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ ئاۋازى.

**بۇلۇق- بۇلۇق** «بۇلۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**بۇلۇقتۇرما** سۈپ. تۇرۇم ـ تۇرۇم، تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ: ئېگىز تۇرخۇندىن ئىس بۇلۇقتۇرما بولۇپ چىقماقتا.

**بۇلۇقلاتماق** «بۇلۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلۇقلىماق** پ. بۇلۇق ـ بۇلۇق ئاۋاز چىقارماق، بۇلۇق ـ بۇلۇق قىلماق: بالا شۇ يەرنى قېزىپىتىكەن، دېگەندەك بۇلۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ.

**بۇلۇڭ** ئى <مات> بىر نۇقتىدىن چىققان ئىككى نۇردىن ھاسىل بولغان شەكىل.

**بۇلۇڭ- پۇچقاق** ① بۇلۇڭ ۋە شۇ خىلدىكى جايلار: ئانچە ئۆتمەي تام ـ تورۇسلاردا چاشقانلار چىرىلداپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا ئۆمۈچۈكلەر تور سېلىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان، يىراق، چەت جاي، ئورۇن: پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار بولۇشتەك ھادىسىلەر بۇ جايدا تۈگىسە، يەنە باشقا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

**بۇلۇڭچى** ئى. تامنىڭ بۇلۇڭ سۇۋاقلىرىنى تۈزلەيدىغان ئەسۋاپ.

**بۇلۇڭسىمان** سۈپ. بۇلۇڭ شەكلىدىكى، شەكىل ـ ھالىتى بۇلۇڭغا ئوخشايدىغان.

**بۇلۇڭلۇق** سۈپ. بۇلۇڭى بار، بۇلۇڭ چىقىرىلغان: بۇلۇڭلۇق ئېتىز.

**بۇلىماق** I پ. زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماق، تالان ـ تاراج قىلماق: «مامۇت چايان» خەلقتىن بۇلىۋالغان مال ـ چارۋىلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭار چېغىدا، ئۇدۇل كەلگەن بىرقانچە ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ، تاغ ئىچىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

**بۇلىماق** II پ. يۇقۇشىدىغان نەرسىگە پاتۇرماق، تۆگۈرمەك، مىلىمەك: تۈگمەنچىنى ئۇستام دېسە، چاپىنىنى ئۇنغا بۇلاپتۇ (ماقال).* ئۇ قولىدىكى ناننى لازىغا بۇلاپ يەپ تۈگەتتى.

**بۇمازې** ئى [ر] بىر تەرىپى تىۋىتلىق رەخت.

**بۇنچە** ① رەۋ. بۇ قەدەر: ــ بۇنچە ئالدىراپ نەگە باراتتىكىنە، ــ دېدى ئايالى ئېرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن. ② سۈپ. مۇنچىۋالا: بۇنچە نەرسىنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئەكە، بىرىنى مەن كۆتۈرۈۋالاي.

**بۇنچىلا** «بۇنچە» سۆزىنىڭ كۈچەيتمە شەكلى : يىغىنغا بۇنچىلا ئادەمنىڭ يىغىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغانىدى.

**بۇنچىلىك** ① رەۋ. بۇ قەدەر، بۇ دەرىجىدە: رۇستەم غوجىنىڭ غۇزغۇن مىجەزلىكىنى بىلەتتى، لېكىن بۇنچىلىك قوپاللىقىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ② سۈپ. ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى مىقدار، ھەجىم، دەرىجە، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تۆۋەنلىتىپ ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ: پوچتىكەش:ــ كېرەك يوق، بۇنچىلىك يول دېگەن نېمىتى؟ــ دېدى.

**بۇنچىۋالا** «بۇنچە» سۆزىنىڭ كۈچەيتمە شەكلى : مۇسىبەت كۈنى بۇنچىۋالا يىغلاپ كېتىش ياخشى ئەمەس .

**بۇنداق** ① ئال. بۇ خىل ، بۇنىڭغا ئوخشاش: نەدە بۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ ② رەۋ. بۇ تەرىقىدە، بۇنىڭدەك: ئەخمەتنىڭ بۇنداق دېگىنى توغرا بولماپتۇ.

**بۇنىڭلىق** رەۋ. مۇشۇ تۈپەيلى، مۇشۇ سەۋەبتىن (كۆپىنچە ئاۋۋال كۆرسىتىلگەن سەۋەب ياكى نەرسىنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىشارەتلەپ كېلىدۇ): ئۇ كەپتۇمىش، كەلسە كەلسۇن، بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز توختاپ قالمايدۇ.

**بۇنيات** سۈپ [پ] يېزت «قىلماق» پېئىلى بىلەن كېلىپ «پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا چىقارماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: يەنە ھىجران، جۇدالىق داغى پەرياد، پەلەك قىلدى يەنە زۇلمىنى بۇنيات.

**بۇۋانە** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك؛ گۈلى چوڭ، سۆسۈن رەڭلىك؛ يىلتىزسىمان غولى قاغىنىڭ بېشىغا ئوخشاش كاللەك كېلىدۇ. ئۇ زەھەرلىك بولۇپ ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇي** ئى [پ] پۇراق، ھىد: زېمىنغا تۆكۈلگەن ئېسىل ياپراقنىڭ قېتىدىن كېلىدۇ ئاجايىپ بىر بۇي.

**بۇي سالماق** ديال. ئىسرىق سالماق.

**بۇيا** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 30 ~ 80 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە قىسقا ۋە يۇمشاق ئاق تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ غولى شاخلىنىپ تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوقچىچاق كېلىدۇ؛ قاسىراقلىق مېۋىسى تەسۋىسىمان بولىدۇ؛ ئۇرۇقى سارغۇچ، تەمى ئىنتايىن قېرىق؛ يىلتىزى تىك ئۆسىدۇ؛ تېبابەتچىلىكتە پۈتۈن چۆپى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ تەبىئىتى

سوغۇق، زەھەرلىك بولۇپ ھۆل ئىسسىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقـ-
ـنى باسىدۇ، ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**بۇياق** ئى [بۇ + ياق] ① سۆزلىگۈچى ئىشارە قىلغان ياكى كۆرسەتكەن تەرەپ: مەرەمنىسا: ـــ گۈلەمخان ئاچا، بۇياققا چىقسىلا، ـــ دەپ توۋلىدى. ② «بۇ كىشى، بۇ ئادەم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: ـــ يولداش خەمىت، ـــ دېدى ئادىل بىللە كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ، ـــ بۇياق سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. ③ تەۋەلىك III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، «مابەينىدە، بۇ تەرىپىدە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ بۇياقى سوقىدا يېتىپ، سوقىنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇقلىرىغا خېلى كۆنۈپ قالغاـ-
ـنىدى.

**بۇيان** تىر [بۇ + يان] چىقىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، «بېرى، باشلاپ، مابەينىدە» دېگەنـ-
ـدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئابلا شەھەرگە كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان «زەنجىرتاپان»، «كىران» دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتىلىـ-
ـدىغان بولدى.

**بۇيانقى** سۈپ. بېرىسىدىكى، مابەينىدىكى، بۇ تەرىپىدىكى: نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم.

**بۇيرۇت** ئى <ئىرق> چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىرغىزلار.

**بۇيرۇتما** ① ئى. بىرەر نەرسە ئىشلەپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ھەققىدە بېرىلگەن تاپشۇرۇق، زاكاز: كارخانىمىزدا ھۆددىگە ئېلىنغان بۇيرۇتمىلار كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ② سۈپ. ياساش، ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان، زاكاز قىلىنغان: بۇيرۇتما كىيىم. بۇيرۇتما ئىشكاپ.

**بۇيرۇتماق** «بۇيرۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئىشكىدىن كىرىپلا تۇخۇم، قارا بولكا، ھاراق بۇيرۇتتى.

**بۇيرۇتمىچى** ئى. بۇيرۇتما قىلغان ياكى بۇيرۇتما بەرگەن كىشى.

**بۇيرۇتۇشماق** «بۇيرۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇيرۇتۇلماق** «بۇيرۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ۋەكىللەرنىڭ ھەپتىلىك تامىقى ئالدىن بۇيرۇتۇلدى.

**بۇيرۇشماق** «بۇيرۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىشقا بۇيرۇشۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلارنى پىلاندا كۆرسىتىلگەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈپ قويدى.

**بۇيرۇق** ئى. ئۈز رەھبەرلىكى ئاستىدىكىلەرگە چۈشۈرگەن يازما ياكى ئاغزاكى پەرمان، ئەمر: بۇيرۇق بەرمەك.

**بۇيرۇق پېئىل** <تىل> سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى ئىپادىلەيـ-
ـدىغان پېئىللار.

**بۇيرۇقچى** ئى ← **بۇيرۇقۋاز:** ـــ يائاللا چىمەنگۈل، بۇگۈن ئەجەب بۇيرۇقچى بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ـــ ئالىم قەستەن نارازى بولغاندەك قىلىپ دېدى.

**بۇيرۇقچىلىق** ئى ← **بۇيرۇقۋازلىق:** مەجبۇرىي بۇيرۇقچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**بۇيرۇقۋاز** ئى. بولار ـ بولماس بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم.

**بۇيرۇقۋازلىق** ئى. بولار ـ بولماس بۇيرۇق بېرىش، ھەممىلا ئىشنى پەقەت بۇيرۇق بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىش ئادىتى.

**بۇيرۇلماق** «بۇيرۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇيرۇماق** پ ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا، بېجىرىشكە بۇيرۇق بەرمەك؛ تاپشۇرماق؛ تاپىلىماق: ئىت مۈشۈكنى بۇيرۇسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ (ماقال). ② ھۆكۈم قىلماق، ھۆكۈم چىقارـ-
ـماق: خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى شۇ يەردە ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ③ بىرەر ئىشنى ئالدىن ھاۋالە قىلماق، زاكاز قىلماق، بۇيرۇتماق: گۈلخېنىم شەرىخانىغا بىر دوپپا بۇيرۇغانىدى. ④ قانۇنىي يول بىلەن ئىگىلىكىدە، تەۋەلىكىدە قىلىپ بەرمەك: ئېگىچە ـ سىڭىللار: ـــ بولمىسا، قازىغا بارىمىز، قازى قايسىبىرىمىزگە بۇيرۇپ بەرسە يېگىت شۇنىڭ بولىدۇ، ـــ دەپ دىۋىلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ. ⑤ مەلۇم ئىشنى قىلىش ياكى مەلۇم بىرىنى قىلماسلىقنى ۋەسىيەت قىلماق، يېزىپ بەرمەك (دوختۇر، تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى ھەققىدە): دورا بۇيرۇماق. ⑥ بىرەر ئىش، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتـ-
ـمەك: مۇزەپپەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىزنى شۇ كۈنىلا تاغقا بۇيرۇدى. ⑦ نېسىپ بولماق، نېسىپ قىلماق: يۇگۇرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار (ماقال). * بۇيرۇسا بالا، بۇيرۇمىسا بالا (ماقال).

**بۇيسۇ** ئى. دىيال. ئەتىر.

**بۇيلا** ئى. تۆگە ياكى بۇقىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن ھالقىـ-
ـغا باغلانغان قىسقا بوغقۇچ، ئارغامچا: ئۇ ئورۇق تۆگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇيلىسىدىن تۇتتى.

**بۇيلۇق** سۈپ. بۇيى، پۇرىقى، ھىدى بار، ھىدلىق: يەتكۈز سابا يارىمغا، مېنىڭ نالە ـ زارىمنى. ئۆلمىسەم بىر كۆرەرمەن ئەتىر بۇيلۇق يارىمنى.

**بۇيۇم** ئى. تىرىكچىلىك ۋە ئائىلىگە كېرەك بولىدىغان ھەربىر نەرسە: تۇرمۇش بۇيۇملىرى. ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى.

**بۇيۇملاشتۇرماق** «بۇيۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇيۇملاشقان** سۈپ. مەھسۇلاتقا مۇجەسسەملەنگەن ياكى مەھسۇلاتتا گەۋدىلەنگەن: بۇيۇملاشقان ئەمگەك.

**بۇيۇملاشماق** پ. مەھسۇلاتقا، بۇيۇمغا ئايلانماق.

**بۇيى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن گۈيجۇدا ياشايدۇ.

**بۇيىلىق** ئى ① بۇيىسى بار، بۇيا كۆپ ئۆسكەن جاي. ② تۇرپان شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

**بۆ** I ئى. دىيال. دۆ، يوغان ئۆمۈچۈك.

**بۆ** II تەق. كالىنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ مۆرىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**بۆتۈن** سۈپ. دىيال. يوچۇن، يات، غەلىتە.

**بۆجەتمەك** «بۆجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆجەشمەك** «بۆجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۆجەلمەك** «بۆجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۆجەن** ئى. توشقاننىڭ بالىسى.

**بۆجەنلىمەك** پ. توشقان تۇغماق.

**بۆجەيگەك** سۈپ. ئالايغاق، ھومايغاق؛ ئالايغان، ھومايغان: ئۇ خۇدۇكچان، بۆجەيگەك كۆزلىرى بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، دۈمچىيىپ ئورنىدا تۇراتتى.

**بۆجەيمەك** پ. كۆزىنى ئالايتىپ قارىماق، ھومىيىپ قارىـ-

ماق، چەكچەيمەك: بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياۋا ئاسلاندەك بۆجىيىپ قالىدىكەنمىز.

**بۆجۈمەك** پ. تۆكلەپ تىكمەك، يىمىرىپ تىكمەك: يىپتا بۆجۈپ تىكىلىدۇ.

**بۆجى** ئى . دۆ، ئۆمۈچۈك.

**بۆجمەك** پ. ھەممە يېرىگە يىڭنە بىلەن گۈلگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تىكمەك، بىزىمەك: گۈل بۆجىدىم يۇرەككە، تىل تورغىيىم سۆزۈڭدىن. ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى، كۆرگەنىمدىڭ كۆزۈمە-دىن.

**بۆدۈنە** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا، پەيلىرى بېغىر رەڭ كېلىدۇ. ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ.

**بۆدۈنىۋاز** ئى. بۆدۈنەخۇمار، بۆدۈنىنى ياخشى كۆرىدىغان، سوقۇشتۇرىدىغان، بۆدۈنە باققۇچى كىشى.

**بۆدۈنىۋازلىق** ئى. بۆدۈنە بېقىش، سوقۇشتۇرۇش ئىشى: بۆدۈنىۋازلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك.

**بۆرە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى ئىتقا ئوخشايدۇ، يۈزى ئۇزۇن، قۇلىقى تىك، تۈكلىرى سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە؛ قۇيرۇقى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ ئاچ كۆز ھەم ۋەھشىي كېلىدۇ.

**بۆرە بېگى** ياۋا ھايۋانلارغا مەسئۇل بولغۇچى بەگ.

**بۆرەك** ئى <فىزىئول> ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزاسى، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرد-پىدە بىردىن ئىككىسى بولىدۇ.

**بۆرەكسىمان** سۈپ. بۆرەك شەكىللىك، بۆرەككە ئوخشايدىغان.

**بۆرتە ئات** ئېشەك رەڭگىدىكى ئات.

**بۆرتكۈزمەك** «بۆرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆرتمە** سۈپ. بۆرتۈپ چىققان، قاپارتما چىقىرىپ ئىشلەن-گەن: بۆرتمە گۈللۈك ياغلىق. بۆرتمە نەقىش. بۆرتمە شال.

**بۆرتمەك** پ. تۇرتۇپ چىقماق، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرماق، بۆرتۈپ چىقماق: ئۈستىخانلىرى بۆرتۈپ چىققان تۇرسۇن خالتىسىنى يەرگە قويۇپ، تۇرمە باشلىقىغا يېلىنىۋاتاتتى.

**بۆرىسامسىقى** ئى [بۆرە+سامساق+ى] <بوت>بىر خىل سېمىز ئەتلىك پارازىت ئوت.

**بۆرىسويمىسى** ئى [بۆرە+سويما+سى] <بوت> يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان پىلەك غوللۇق بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك. تۇخۇم-دەك – تۇخۇمدەك مېۋىلەيدۇ، كۆپىنچە قۇرغاق تاغلاردا ئۆسىد-دۇ، ئادەتتە «بۆرىقوغۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بۆرىقۇيرۇق** ئى [بۆرە + قۇيرۇق] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپسىمان، گۈلىنىڭ شەكلى بۆرە قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە تاغ باغرىدا ياكى يول بويىدا ئۆسىدۇ. يۇمشاق كۆتىكى (غولى) ئېسىل يەم – خەشەك ماتېرىيالى بولىدۇ، شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى ئىزولياتسىيەلىگۈچى قەغەزنىڭ ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**بۆرىكۆز** ئى [بۆرە + كۆز] <بوت> مېۋىسىنى يېگىلى بولىدىغان، تىكەنلىك بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**بۆرىياڭاق** ئى <بوت> يوپۇرمىقى ئىنچىكە ئۇچلۇق، مېۋىسى غوزىغا (ياڭاققا) ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل ئۆسۈمە-لۈك. مېۋىسىنى يېگىلى بولمايدۇ.

**بۆرىيېمەس** ئى [بۆرە + يېمەس] <ئانات> ئاچچىق ئۈچەي-نىڭ ياغلىق ئۈچەي بىلەن تۇتاشقان جايىدىكى يوغان بوغماق قىسمى.

**بۆرىلىك** سۈپ. بۆرىگە خاس خاراكتېر، بۆرىدە بولىدىغان مىجەز: زوئولوگ شىۋېن بۆرىلەرنىڭ بۆرىلىك تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزى بۆرە تېرىسىگە ئورىنىپ، ئۆزىنى بۆرە سىياقىغا كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

**بۆز** [ئە] ① سۈپ. پاختىدىن ئىشلەنگەن: بۆز يىپ. بۆز تاغار. ② ئى. قول دۇكىنىدا پاختا يىپىدىن توقۇلغان رەخت، ماتا: بۆزچى بۆز توقۇيدىغان موكىسىنى چاشقانغا بىر ئاتقانىكەن، چاشقان ئۆلۈپ قاپتۇ.

**بۆزچى** ئى. بۆز توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، بۆز توقۇغۇچى كاسىپ: بۆزچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال).

**بۆزچىلىك** ئى. بۆز توقۇش ئىشى، كەسپى.

**بۆسە قىلماق** دىيال. سۆيمەك، ئۆپمەك: يۈزلىرىنى يېقىپ بۆسە قىلىشقا باشلىدى.

**بۆستۈرمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆسكەك** ① ئى. ئىككى مۈڭگۈزلۈك تاتىلىغۇچ، ئىككى چىشلىق تىرنا.② سۈپ. دىيال. قوپال، ئارقان ئۆزەر.

**بۆسمە** سۈپ. بۆسۈپ چىققان: بۆسمە گەۋدە.

**بۆسمەك** پ ① قورشاۋ، توسالغۇنى يېرىپ ئۆتمەك: باشلىدى قالغان يىگىتنى ئېتىلىپ دۈشمەنگە قىز، بۇيرۇدى قورشاۋنى بۆسمەكنى ئۇلارغا شۇنچە تېز. ② قول ياكى پىچاق قاتارلىقلار بىلەن يېرىپ پارچىلىماق: قاسساپ كانارىغا پۇتۇن پېتى ئېسىقلىق تۇرغان قوينىڭ گۆشىدىن بىر ئارقا پۇتنى شارتتىدە بۆستى – دە، گىرگە سالدى. ③ يارماق، سۆكمەك: تاغارنى تىكىشىدىن بۆسۈۋەت.

**بۆسۈش** ئى. يېرىپ ئۆتۈش، ئالغا ئىلگىرىلەش ؛ نەتىجە يارىتىش : بۆسۈش ئېغىزى.

**بۆسۈشمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۆسۈلمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاغار ئوتتۇرىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى.

**بۆشۈك** ئى ① بوۋاق بالىنى بۆلەپ بېقىش ئۈچۈن ياسالغان كارىۋات شەكىللىك جابدۇق: بالىنى بۆشۈككە بۆلىمەك. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ، ۋەقە – ھادىسىنىڭ تۇغۇلغان يېرى، ماكانى: ئىنقىلاب بۆشۈكى — يەنئەن.

**بۆشۈكتەۋرەتكۈ** دىيال. ياچىۋەك.

**بۆك** ئى ① باش كىيىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: بېشى بارنىڭ بۆكى بار (ماقال). ② جۇۋازنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

**بۆكە** ئى. بۇرۇنقى پالۋانلارنىڭ ئاتىلىشى.

**بۆكەل** ئى. قازاندا پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنى پارچىلايدىغان ئۇستا.

**بۆكەن** I ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ بىر تۈرى. تەن شەكلى ئۆچكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئادەتتە شىنجاڭدىكى قاڭشارلىق بۆكەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ يۈگۈرۈك ۋە ئۇسسۇزلۇققا

چىدامىلىق؛ مۇئگۈزلىرى ئاقۇچ ياكى سارغۇچ بولۇپ، سەل يايسىمان، ئاستى تەرىپى كاۋاك كېلىدۇ؛ مۇئگۈزىنىڭ تىبابەتچىلىكتە قىزىتمىنى قايتۇرۇش، زەھەرسىزلەندۇرۇش، جىگەرنى كۈچلەندۇرۇش ۋە ئۇششاق ئاغرىقلارنى داۋالاشتا ئالاھىدە رولى بار.

**بۆكەن** II ئى. تۆگىنىڭ لوككىسى، ئۆركىشى.

**بۆكەيمەك** پ. دىيال. ئېگىشمەك.

**بۆكتەر** ئى ① تاغنىڭ ئاستى ۋە يان تەرىپى ئويۇلۇپ، خۇددى پېشايۋانغا ئوخشاپ قالغان جاي: تاغ بۆكتىرى. ② ئاتلىق سەپەرگە چىققاندا ئېگەرنىڭ كەينىگە تېڭىپ قويىدىغان نەرسە.

**بۆكتەرگە** ئى. غانجۇغا.

**بۆكتەرلەتمەك** «بۆكتەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆكتەرلەشمەك** «بۆكتەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۆكتەرلەنمەك** «بۆكتەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۆكتەرلىمەك** پ. ئاتلىق سەپەرگە چىققاندا ئېگەرنىڭ كەينىگە خۇرجۇن ـ قاچا قاتارلىقلارنى غانجۇغىلاپ تاڭماق: موللازەيدىن كالا تېرىسىنى بۆكتەرلەپ، پادىچى ۋە بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

**بۆكتەل** ئى. دىيال. غانجۇغا.

**بۆكتۈرگە** ئى. بۆكتۈرمە، مۆكتۈرمە، پىستىرما.

**بۆكتۈرمە** ئى ← **مۆكتۈرمە:** قوشۇننىڭ ئالدى بىزنىڭ ئاخىرقى بۆكتۈرمىمىزگە كەلگەندە بۇيرۇق بېرىلدى.

**بۆكتۈك** ئى. دىيال. چاتقاللىق.

**بۆكچان** رەۋ. بۆك كىيگەن ھالەتتە، بۆك كىيىپ.

**بۆكسە** سۈپ. دىيال. پەس، تۆۋەن.

**بۆكمەك** پ ① دىيال. بوي ئەگمەك، بويسۇنماق؛ تەسلىم بولماق، ئەل بولماق. ② مۆكمەك.

**بۆكۈل** ئى. تارس ① توي ـ تۆكۈن ۋە نەزىر ـ چىراغلاردا تاماق تەقسىم قىلىدىغان كىشى. ② ۋاڭنىڭ ئالدىغا داستىخان سالىدىغان، تاماق تەييارلاپ ئەكېلىدىغان كىشى.

**بۆگەچ** ئى < دېھ > سۇنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئوت ـ چاۋار، شاخ ـ شۇمبا؛ پۇرۇپكا، توسالغۇ.

**بۆگەن** ئى ① سەمرىشكە باشلىغان قوينىڭ مايىقى. ② بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ كاللەكلەشكەن، مونەكلەشكەن ماياق، كاللەك.

**بۆگەنلىمەك** پ. كاللەك ـ كاللەك ماياقلىماق: قوي سەمرىشكە باشلىغاندا بۆگەنلەيدۇ.

**بۆگمەك** پ. دىيال. توسماق، ئالدىنى ئالماق.

**بۆلە** ئى ① ئۇلۇشى، پارچىسى، قىسمى. ② خامان تەپكەندە بۇغدىيى ئايرىلمىغان سامانىنى سورۇش ئۈچۈن دۆۋىلەنگەن دۆۋە: بۆلە قىلماق. بۆلە يارماق.

**بۆلە يارماق** <دېھ> بۇغداينى سورۇش ئۈچۈن يىغىپ، دۆۋىلەپ، بۆلە ھالەتكە كەلتۈرمەك: — قېنى يىگىتلەر بۆلە قىلىپ قويۇپ ئاندىن قايتايلى، — دېدى توختى ئاكام.

**بۆلەتمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاغرىپ ياتقان پاتەمخان ئانا بوۋاق بالىسىنى سىڭلىسى ئايشەمگە بۆلەتتى.

**بۆلەشمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۆلەك** ① ئى. بۆلۈنگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى؛ پارچىسى: ناننىڭ بىر بۆلىكى. سوپۇننىڭ بىر بۆلىكى. ② ئى. تەشكىل قىلغان ياكى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى؛ تەركىبىي قىسمى: جۈملە بۆلەكلىرى. ماقالىنىڭ بۆلىكى. ③ ئى. خالتا، سوۋغا، خالتا ـ ۋېلەك. ④ تىر. باشقا، ئۆزگە: ئۇنىڭ قەلبىگە ھازىر يەنىلا زۇلالدىن بۆلەك ھېچكىم سىغمايتتى. ⑤ سۈپ. باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان، ئالاھىدە، باشقىچە: جايتېرەك، پەيزىڭ بۆلەك، ياشنار سېنى كۆرگەن يۈرەك. ⑥ سۈپ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئالاھىدە، ئايرىم: بۆلەك چىقارماق. ئۆيىنى بۆلەك قىلماق. * ئۇلارنىڭ روزىغارى بۆلەك. ⑦ رەۋ. باشقىدىن، قايتىدىن: — ھەرقانداق ئىش بىر نۆۋەتتىلا ئەپلىشىپ بېرىۋەرمەيدۇ. قايتا ياساپ، بۆلەك سىناپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئادىل.

**بۆلەك بولماق** ئايرىلىپ چىقماق، ئۆي ئايرىپ چىقماق.

**بۆلەك چىقماق** ئۆي ئايرىپ چىقماق.

**بۆلەك ـ بۆلەك** پارچە ـ پارچە، ئايرىم ـ ئايرىم: ئۇلار ئېتىزدىكى دۆۋىلەنگەن ياڭيۇنى ئۈچ خىلغا ئايرىپ، خىلى بويىچە بۆلەك ـ بۆلەك قىلىپ دۆۋىلەپ قويدى.

**بۆلەكتىن** رەۋ. باشقىدىن، قايتىدىن، يېڭىباشتىن: ئاشۇ كۈنلەر يالقۇنلۇق ھايات، چىقماس بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكتىن، ئەسلىگەندە قەھرىمانلارنى، كۈچكە تولار يىللار بۆلەكتىن.

**بۆلەكچە** ① سۈپ. باشقىچە؛ غەيرىي: بۆلەكچە ئادەم. بۆلەكچە مىجەز. ② رەۋ. ئادەتتىن تاشقىرى، پەۋقۇلئاددە: پېشايۋاننىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرى پۈتۈنلەي چىنار ۋە ياڭاق ياغاچلىرىدىن ئىشلەنگەنلىكتىن بۆلەكچە كۆركەم، سىپتا ۋە ئالاھىدە بولۇپ كۆزگە چۈشەتتى.

**بۆلەكلەتمەك** «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆلەكلەش** ئى. بۆلەكلەرگە ئايرىش، بۆلەك ـ بۆلەك قىلىپ پارچىلاش : بۆلەكلەش نەزەرىيەسى.

**بۆلەكلەنمەك** ① «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۆلەكلىك** سۈپ. بۆلىكى بار، بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن: ئەگەشمە بۆلەكلىك جۈملە.

**بۆلەكلىمەك** پ. بۆلەكلەرگە بۆلمەك، بۆلەكلەرگە ئايرىماق، قىسىملارغا ئاجراتماق : بىر تۇتاش نۇتۇق ئېقىمىدىكى تىل ماتېرىياللىرىدىن سۆزلەرنى بۆلەكلەپ چىقىش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن قىيىن، ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۈرلۈك خىزمەت.

**بۆلەڭگۈچ** ئى. دىيال. بۆشۈك.

**بۆلەنچۈك** ئى. دىيال. سەگۈنچۈك.

**بۆلەنمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالىنىڭ يىغىسى بۆشۈككە بۆلەنگەندىن كېيىن توختىدى.

**بۆلتۈرۈك** ئى. ئەركەك بۆرە كۈچۈكى يەنى بۆرىنىڭ ئەركەك كۈچۈكى.

**بۆلجۈرگەن** ئى <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى سۇلۇق ۋە تاتلىق، يېگىلى بولىدۇ.

**بۆلجۈرگەنلىك** ئى. بۆلجۈرگەن كۆپ ئۆسىدىغان يەر.

**بۆلدۈرمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەھەت: — ئۇكام، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ تەڭمۇتەڭ ئىككىگە

بۆلدۈرۈپ كېلەي، — دەپتۇ.

**بۆلگە** ئى. دىيال. سوۋغا، سوۋغا ـ سالام، خالتا.

بۆلگۈچ سۈپ. بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدىغان، بۆلىدىغان، پارچىلايدىغان: دەۋر بۆلگۈچ غەلىبە.

**بۆلگۈچى** ①سۈپ. بۆلىدىغان، پارچىلايدىغان. ② ئى <مات> بۆلۈنگۈچى بۆلۈنىدىغان سان: بۆلۈنگۈچى ئون، بۆلۈنمە ئىككى بولسا، بۆلگۈچى بەش بولىدۇ.

**بۆلگۈنچى** ① سۈپ. بىرلىكنى پارچىلايدىغان، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، ئارىنى بۇزىدىغان. ② ئى. شۇ خىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**بۆلگۈنچىلىك** ئى. بىرلىكنى پارچىلايدىغان، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، ئارىنى بۇزىدىغان قىلمىش: بۆلگۈنچىلىك قىلماق.

**بۆلمە** ئى. خانا، ئۆي: شەھەردە بىر كۆك راۋاق بار؛ بۇ راۋاقنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك بىرەر يۈزچە بۆلمە بار.

**بۆلمەك** پ ① بۆلەكلەرگە ئاجراتماق، پارچىلىماق، بۆلەك ـ بۆلەك قىلماق: ناننى ئىككىگە بۆلمەك. قەغەزنى بۆلمەك. ئەسەرنى بابلارغا بۆلمەك. ② <مات> بۆلۈش ئەمىلىنى بېجىرمەك: چوڭ ساننى كىچىك سانغا بۆلمەك. ③ تەقسىم قىلماق، ئۈلەشمەك: مىراسنى بۆلمەك. پايدىنى بۆلمەك. ④ گەپ ـ سۆز، سۆھبەت، خىيال، ئوي ـ پىكىر قاتارلىقلارنى ئۈزمەك، توختىتىپ قويماق ياكى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزمەك: ئەكبەر تەرىنى تۈرۈپ، دوستىنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلدى.

**بۆلۈش** ① ئى <مات> بۆلۈش ئەمىلى ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (÷). بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا توغرا سىزىق، يانتۇ سىزىق ياكى قوش چېكىت (:) ئىشلىتىلىدۇ. ② ئى <لوگ> تەپەككۇردا ئەينى بىر جىنس ئۇقۇمنى، شۇ جىنس ئۇقۇم تەركىبىدىكى بىرقانچە تۈر ئۇقۇمغا ئايرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بۆلۈشمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىراس بۆلۈشمەك.

**بۆلۈم** ئى ① قىسىم، خانا ۋە شۇ قاتارلىق ئاجرىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قىسمى؛ ئىشخانا: بىنانىڭ بۆلۈملىرى. كېمىنىڭ بۆلۈمى. ② ئىدارە، مۇئەسسەسە، كارخانا، ماگىزىن، مۇزېي قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بىر تۈردىكى نەرسىلەر توپلانغان ھەربىر قىسمى؛ شۆبە: مالىيە بۆلۈمى. كادىرلار بۆلۈمى. ③ ئىلمىي ياكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم مەسىلىگە بېغىشلانغان ھەربىر مۇستەقىل قىسمى: بۇ كىتابىدا «ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ شەكلى ۋە قورالى» مەسىلىسى مەخسۇس سۆزلەنگەن بىر بۆلۈم بار. ④ بۆلەك، قىسىم: ئورمىنى بۆلۈم تۆگىتەر، ئادەمنى ئۆلۈم (ماقال).

**بۆلۈمچە** ئى ① كىچىك بۆلەك، كىچىك بىر بۆلەك، كىچىك تارماق: ھىندىستان تۇشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق تۆت سۈنئىي ھەمراھنى بوشلۇققا چىقاردى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بوشلۇق بۆلۈمچىسى بىخەتەر قايتۇرۇۋېلىندى. ② بۆلۈم ياكى باشقارما تەركىبىدىكى شۆبە خىزمەت تارمىقى، كىچىك بۆلۈم: ئۇ لاۋازىماتچىلىق ئىدارىسىدە تۆتىنچى بۆلۈمچىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئوتتۇز يىل ئىشلىدى.

**بۆلۈنگۈچى** ① سۈپ. بۆلۈنىدىغان، پارچىلىنىدىغان: بۆلۈنگۈچى شەيئى. بۆلۈنگۈچى ماددا. ② ئى <مات> بۆلمەكچى بولغان سان: بۆلگۈچى ئىككى، بۆلۈنمە تۆت بولسا، بۆلۈنگۈچى سەككىز بولىدۇ. ③ ئى <لوگ> بۆلۈنمەكچى بولغان جىنس ئۇقۇم.

**بۆلۈنمە** ① سۈپ. پارچىلانغان، ئايرىلغان؛ پارچە، ئايرىم: بۇ ئىككى مىللەت شۇ ۋاقىتقىچە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغانىدى. ② ئى <مات> بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە: سەككىزنى تۆتكە بۆلسەك بۆلۈنمە ئىككى بولىدۇ. ③ ئى <لوگ> بۆلۈنگۈچى جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان بىرقانچە تۈر ئۇقۇم.

**بۆلۈنمەك** ① «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۆلۈنگەننى بۆرە يەر (ماقال). ② «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەتكە ئۆتكەن يىلى ئون بەش مو يەر بۆلۈنگەنىدى. * قىزلارنى كۆرۈپ ياشلارنىڭ سۆھبىتى بۆلۈندى.

**بۆلىمەك** پ. بوۋاق بالىنى بۆشۈككە سېلىپ تاڭماق: ئايشەم بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىدى.

**بۆمبەك** سۈپ. دىيال. دومباق.

**بۆۋەر** ئى. دىيال. كۆنگەي، كۈن باقار تەرەپ.

**بۆۋەك** ئى. دىيان. بوۋاي.

**بۆۋەكچىلىك** ئى. دىيال. گۆدەكلىك، تەربىيەسىزلىك، ياشلىق، بالىلىق.

**بۇت** ئى. دىيال. بۇياق، بۇ تەرەپ.

**بۇتكە** رەۋ. دىيال. بۇ ياققا، بۇ يەرگە.

**بۇجۇ** ئى. دىيال. كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇش ياكى ئالداش ئۈچۈن، «جىن، ئالۋاستى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز.

**بۇدۇر** سۈپ. چاچ، موي ۋە يۇڭلارنىڭ تۈرۈلگەن، ھەر تەرەپكە ياتقان ھالدا كىرىشىپ يۆگىلىپ ئۆسكەن ھالىتى؛ بۇجۇغۇر: بۇدۇر چاچ.

**بۇدۇر ـ بۇدۇر** بىرەر نەرسە يۈزىنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى تەكشى بولمىغان ھالىتى: بۇ چىنتقا بۇدۇر ـ بۇدۇر قىلىپ گۈل بېسىلىپتۇ.

**بۇدۇر ـ چوقۇر** بۇدۇر ھەم چوقۇر: ئۇنىڭ يۈزىگە بىر نەرسە ئۆرلەپ بۇدۇر ـ چوقۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇدۇرلەتمەك «بۇدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دولقۇن چېچىنى بۇدۇرلەتتى.

**بۇدۇرلەشمەك** «بۇدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇدۇرلەنمەك** «بۇدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇدۇرلۇك** سۈپ. بۇدۇرى بار، بۇدۇرلەشكەن : بۇدۇرلۇك چاچ.

**بۇدۇرلىمەك** پ. بۇدۇر ھالەتكە كەلتۈرمەك، بۇدۇر قىلماق: جۇۋىچى بۇ تېرىنى ياقىلىق قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇدۇرلەپ ياسىدى.

**بۇدۇك** ئى. دىيال. ئۇسسۇل.

**بۇدۇكچى** ئى. دىيال. ئۇسسۇلچى.

**بۇرەندە** ئى. مۇزدۇزلارنىڭ كۆن، خۇرۇم قاتارلىقلارنى كېسىدىغان، تىغى ئاي شەكىللىك، ئەگرى ساپاقلىق ئەسۋابى.

**بۇركۇت** ئى <زوئول> قارچىغىسىمانلار ئائىلىسىدىكى چوڭ يىرتقۇچ ئوۋ قۇشى. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك، بارماق تىرناقلىرى ئۈچلۈق، قانات پەيلىرى چوڭ، كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر. كىشىلەر ئۇنى قولدا بېقىپ، جەرەن، كېيىك، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ.

**بۇركۇتسىمان** سۈپ. بۇركۇتكە ئوخشايدىغان، بۇركۇت

شەكلىدىكى : بۇركۇتسىمان ھۆۋقۇش.

**بۇرگە** ئى <زوئول> ھاشارات، قېنىنى بېغىر رەڭ ياكى سېرىق قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ؛ تېنى كىچىك، پۇتلىرى ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ؛ شوراش ئەزاسى بار، ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قان شوراپ پارازىت ياشايدۇ؛ چاشقان يارىسى ۋە قارا كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدۇ.

**بۇرگۈن** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە بىر يىللىق ئۆسۈملۈك . ئادەتتە 60 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرغىچە ئۆسىدۇ، ئېگىزلىرى 2 ~ 2.5 مېتىر كېلىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۆكتەبىردە پىشىدۇ. دورا ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىشتىھانى ئېچىش ، كېسەللىك باكتېرىيەسىنى ئۆلتۈرۈش ، يىغىر قاتارلىق تېرە كېسەللىرىنى داۋالاش رولى بار.

**بۇزرۇك** سۈپ [پ] يېزت. كاتتا، چوڭ، ئۇلۇغ: بۇزرۇك ئانا.

**بۇزرۇكگاھ** ئى [پ] <دىن> ئۇلۇغلار، ئەۋلىيالار تۇرىدىغان ياكى تۇرغان جاي؛ مۇقەددەس ئورۇن.

**بۇزرۇكۋار** سۈپ [پ] يېزت. ئۇلۇغ، ئۇلۇغۋار؛ ھۆرمەتكە لايىق؛ مەرتىۋىلىك: — ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، ئەي مېھرىبان ئانا، ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار! — دەپ بالا ئاتا - ئانىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

**بۇك** سۈپ. قويۇق ھەم زىچ ئۆسكەن، باراقسان، باغجانلاشقان: مەن ئۆزۈمنى ئۈچەرۋازىنىڭ بۇك تېرەكلىك كوچىسىدا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلماقتىمەن.

**بۇك - باراقسان** بۇك ۋە باراقسان؛ قويۇق ئۆسكەن ۋە باغجانلاشقان: بۇك - باراقسان باغ.

**بۇك - باراقسانلىق** بۇك - باراقسان ھالەت.

**بۇككىدە** رەۋ. بۇك - باراقسان ھالەتكە كەلگەن ھالدا : بىردىنلا بۇككىدە ئۆسكەن دەرەخلىك ھويلىدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بۇكلۇك** ئى. زىچ ئۆسكەن دەرەخلىك جاي، قويۇق ئورمان بار جاي: بىز ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى بۇكلۇكتە يانپاشلاپ يېتىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق.

**بۇكمەك** پ. دىيال ① قاتلىماق: بۇكۇپ تىكمەك. * ئىشتاننىڭ ئاستىنى بۇكتۇم. ② تىزلانماق، بويسۇنماق.

**بۇگلۇك** ئى. سۇپا ئورنىدا يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كارىۋات: تاھىر بۇگلۇك ئۇستىدە كىيىملىرى بىلەن ئوڭدىسىغا ياتاتتى.

**بۇگۈن** [بۇ + كۈن] ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈن، شۇ بىر كېچە - كۈندۈز: مېنىڭچە، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە «بۈگۈن»، ئەڭ ئاسان قولدىن كېتىدىغىنىمۇ «بۈگۈن»، شۇڭا ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىلىنىدۇ. ② ئى. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پەيت، بىجىرىۋاتقان ئىش ئۇستىدىكى ۋاقىت؛ ھازىر، ئەمدى: بۈگۈننى ئويلىماي، ئەتىنى ئويلا.

**بۈگۈن - ئەتە** پات - پۇرسەتتە، يېقىن - ئارىدا، يېقىندا: چارەكلىك ئىمتىھان بۈگۈن - ئەتە باشلىنىدۇ.

**بۈگۈن - ئەتىلىك** ئاز كۈنلۈك، ئاز ۋاقىتلىق: ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىر، بۈگۈن - ئەتىلىك ئۆمرى قالدى.

**بۈگۈنچە** رەۋ. شۇ بىر كۈنگە: سادىق ئاغرىق ئىكەن، بۈگۈنچە ئۇنىڭ ئورنىغا ھاۋاخان ئىشلىسۇن.

**بۈگۈنكى** سۈپ ① سۆز بولۇۋاتقان كۈنى سادىر بولغان، يۈز بەرگەن ياكى شۇ بىر كۈندىكى: بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ماقال). ② كۆز ئالدىدىكى، ھازىرقى پەيتتىكى، ھازىرقى: ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىمىز.

**بۈگۈنلۈك** سۈپ ① بۈگۈنگە خاس، بۈگۈن بولىدىغان، بۈگۈنگە تەئەللۇق: غالىب بۈگۈنلۈك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. ② مۇشۇ بىر كۈنگە مۆلچەرلەنگەن: بۇ مېنىڭ بۈگۈنلۈك ئوزۇقۇم.

**بۇلە** ئى. دىيال. بەل، بەلدەم.

**بۇلدۇرگە** ئى ① قامچىنى قول بېغىشىغا سېپىۋېلىش ئۈچۈن ساپ ئۇچىغا بېكىتىلگەن بوغقۇچ، قامچا بېغى. ② قامچىنىڭ قارسىلدىتىدىغان چۇچىسى.

**بۇۋى** ئى ① <دىن> ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال، سوپى ئايال. ② ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ھۆرمەتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇۋىقاپاق** ئى [ بۇۋى+قاپاق ] → **بوزقىيا.**

**بۇيزى** ئى. دىيال. بۇ ياقى، بۇ تەرىپى.

**بۈيۈك** سۈپ ① ئۇلۇغ، زور، كاتتا: بۈيۈك ئىتتىپاقلىق. بۈيۈك ئادەم. ② يۈكسەك؛ يۇقىرى، ئېگىز: ئەقىدە بۈيۈكتۇر، رەھمىتىڭ كەڭدۇر، تەبەسسۇم ئەيلىشىڭ قۇياشقا تەڭدۇر.

**بۈيۈكلەشمەك** پ. بۈيۈك ھالەتكە كەلمەك، بۈيۈك بولماق، ئۇلۇغلاشماق، كاتتىلاشماق؛ يۈكسەكلەشمەك: ئۇ ئويلىغانسېرى مۇزەپپەر كۆز ئالدىدا تېخىمۇ بۈيۈكلىشىپ باراتتى.

**بۈيۈكلۈك** ئى. ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق.

**بې** «ب» ھەرپىنىڭ نامى.

**بېتالدى** رەۋ. دىيال. ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىچە؛ بىكارغا، بوشقا.

**بېتەمترا** سۈپ. دىيال. ئالدىراڭغۇ.

**بېتون** ئى [ر<فىران<لات] <بىن> سېمونت، قۇم، سۇ ۋە شېغىل قاتارلىقلار مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى.

**بېتونچى** ئى. بېتون قۇيغۇچى، بېتون قۇيۇش تېخنىكى.

**بېتونلاتماق** «بېتونلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېتونلاشماق** «بېتونلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېتونلىماق** پ. بېتون بىلەن قاتۇرماق ؛ بېتون ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**بېجىرتمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېجىرمەك** پ. بىرەر ئىشنى ئىشلىمەك، ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرمەك، ئورۇندىماق: ئاسىم تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ھەتتا ئاشۇرۇپ بېجىردى.

**بېجىرىشمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېجىرىلمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېجىرىم** ① سۈپ. بۇزۇلمىغان، تازا، ساق: بېجىرىم قوغۇن. بېجىرىم چىنە. بېجىرىم ئەينەك. ② سۈپ. باشقا نەرسە ئارىلاشمىغان؛ ئەينى، تەبىئىي، ساپ: بېجىرىم ئالتۇن. ③ سۈپ. نۇقسانسىز، ساغلام، پاك: بېجىرىم ئادەم. بېجىرىم يىگىت. ④ رەۋ. راۋۇرۇس، مەزمۇت: بوۋاي، ھاكىمنىڭ گېپىنىمۇ كۈتمەستىن، ياش يىگىتلەردەك يەرنى بېجىرىم دەسسەپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

**بېجىرىملىك** ئى. ئەقىللىق ؛ ساقلىق ؛ ھوشىيارلىق، زېھنى ئۆتكۈرلۈك، چېچەنلىك.

**بېجىنبوش** سۈپ. دىيال. بوشاڭ، غەيرەتسىز.

**بېخى** ئى [پ] ① ئاياغ كىيىملەردىكى چاكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن ئىنچىكە تىكىش: بېخى سالىماق. ② بېگىزنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمىكى، يىپنى ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان ئىلمەك.

**بېخىچىلىق** ئى. بېخى سېلىش ئىشى، بېخى سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش.

**بېخىر** ئى. دىيال. تۇمشۇق: كۆزى ئوت، بېخىرى شەمشەر (ماقال).

**بېخىل** سۈپ [ئە] باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىشنى خالىمايدىغان؛ پىخسىق: بېخىل ئادەم. *بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى (ماقال).

**بېخىللارچە** رەۋ. بېخىللارغا خاس، بېخىللىق بىلەن، بېخىللاردا بولىدىغان، بېخىللاردەك: ھەرقانچە بولسا بىرقانچە ئون يىل، بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئابىدە تىكلىنىدۇ، بېخىللارچە باھا بېرىلىدۇ.

**بېخىللاشتۇرماق** «بېخىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېخىللاشماق** پ. بېخىل ھالەتكە كەلمەك؛ پىخسىقلاشماق: بەزى ئادەملەر بېيىغانسېرى بېخىللىشىپ كېتىدىكەن.

**بېخىللىق** ئى. بېخىل ھالەت، پىخسىقلىق: بېخىللىق قىلماق.

**بېدە** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بۇ ئاساسەن چارۋاماللار ئۈچۈن ئوت - چۆپ قىلىنىدۇ، دېھقانچىلىقتا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى چىققاندا ئۇنىڭدىن چۆچۈرە، جۇۋاۋا قاتارلىق تاماقلارمۇ ئېتىپ يېيىلىدۇ.

**بېدىچى** ئى. بېدە تېرىپ ئۆستۈرىدىغان ھەم ئۇنى بازاردا ساتىدىغان كىشى.

**بېدىچىلىك** ئى. يېزا ئىگىلىكىدە بېدە تېرىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش ئىشى ياكى كەسپى.

**بېدىرماق** پ. دىيال. قىسىلماق، ئازار يېمەك. خارلانماق.

**بېدىش** I ئى ① تەك شۇڭلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن ياغاچتىن تەييارلانغان جاھازا، چەللە. ② مۇشۇنداق تەييارلانغان ئۈزۈم بارىڭى: تۇلكە ئۈزۈملۈك باغدىكى بېدىش ئاستىدا تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

**بېدىش** II ئى ① غاز، ئۆردەك تۇتىدىغان قاپقان② ۋە شۇ قاپقاننىڭ ھالقىسى.

**بېدىشلىك** ئى. بېدىش ئورنىتىلغان، بېدىش بار يەر: پەيزۇللا بېدىشلىكنىڭ يېنىدىكى سېمونت سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ ۋارقىرىدى.

**بېدىك** ئى ① چارۋا ماللارنى ئېلىپ - ساتقۇچى ياكى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى. ② چارۋا مال سودىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى.

**بېدىكلىك** ئى. چارۋا ماللارنى ئېلىپ - سېتىش ياكى ئۇنىڭ سودىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئىشى، كەسپى.

**بېدىلىك** ① سۈپ. بېدە بار، بېدە تېرىلغان: بېدىلىك ئېتىز. ② ئى. بېدە تېرىلىدىغان يەر: زۇمرەت ئالىقاچان بېدىلىككە كەتكەنىدى.

**بېرەرمەن** ئى. بېرىدىغان كىشى: بېرەرمەننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس (ماقال).

**بېركېلىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Bk(Berkelium) . زەررىسى بىلەن ساماـ رىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ماسسا سانى 249، ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 314 كۈن بولىدۇ.

**بېرى** ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان كىشى، سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت ياكى ئورۇنغا يېقىن: بېرى كەلگىن! بېرى ئولتۇرۇڭ! ② تىر (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «ـ دىن، ـ تىن» بىلەن كەلگەندە) بەلگىلىك پەيت، «ـ دىن باشلاپ، داۋامىدا، مابەينىدە، بويان، تارتىپ، ئېتىبارەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇزاقتىن بېرى.

**بېرىپ** ① «بارماق II» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئايىمخان ئۆتكەن ئايدا ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئوغلىنى كۆرۈپ كەلدى. ② يۈك. «شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئىش ئاخىر بېرىپ سۇغا چىلاشتى.

**بېرىپ- بېرىپ** بارا - بارا؛ ئاخىرقى ھېسابتا؛ كېيىنچە:
— بېرىپ - بېرىپ ئۇلار قولۇڭدىكى بىر پارچە ناندىنمۇ قۇرۇق قويىدۇ!
— دېدى مەنسۇر ئەكبەرگە كەسكىن قىلىپ.

**بېرىش- كېلىش** بىر - بىرىنىڭكىگە بېرىپ - كېلىپ تۇرۇش، ئۆزئارا باردى - كەلدى مۇناسىۋەت، ئالاقە: بېرىش - كېلىش قىلماق.

**بېرىشلىق** ئى. بېرىش، يوقلاش ؛ بېرىش زۆرۈر بولغان ھالەت، ئەھۋال : — ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ كىشى، — ئۇ تەرەپلەرگىمۇ بېرىشلىق بولۇپ قالار.

**بېرىشماق** «بارماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان قېرى - ياش ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ مەسچىت تەرەپكە كېتىپ بېرىشاتتى.

**بېرىشمەك** «بەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارغا قىزغىن مەدەت بېرىشەتتى.

**بېرىقى** سۈپ. سۆزلىگۈچىگە ياكى سۆز بولۇۋاتقان يەرگە يېقىنراق بولغان؛ بۇ ياقتىكى، بۇ تەرەپتىكى: بېرىقى ئىشىك. بېرىقى بىنا.

**بېرىللىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Be(Beryllium). رەڭگى سۇس كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئەڭ يېنىك مېتاللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن x تۇرۇپكىسىنى ياسىغىلى بولىدۇ. بېرىللىي بىلەن ئاليۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى ئىنتايىن قاتتىق ھەم يېنىك بولغاچقا، ئايروـ پىلان، راكېتا ياساشتا ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىدۇ. بېرىللىي ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**بېرىلمەك** ① «بەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئامانەت ئىگىسىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىلىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى كەسىپكە قىزىقىپ قالماق، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشمەك: ئىلىمگە بېرىلمەك. تەتقىقاتقا بېرىلمەك.

**بېزەتمەك** «بېزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆي بېزەتكەندە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىلغا دىققەت قىلىشىنى ئەسكەرتتى.

**بېزەرتمەك** «بېزەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېزەرمەك** پ. يۈزىنى قېلىن قىلىۋالماق، گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇۋالماق، گۆشىيمەك، بېزەڭلەشمەك: — داداڭ ئىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن ماڭماسەن، بېزىرىپ تۇرماي، — دېدى نىيازنى سەل ئىتتىرىپ ھېلىقى چار ساقال كىشى.

**بېزەشتۇرۇلمەك** «بېزەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېزەشمەك** «بېزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ كۇلۇبىنى قولمۇقول بېزەشتى.

**بېزەك** ئى ① مارجان، بىلەزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، زىبۇزىننەت: قىز - جۇۋانلار قۇلاق، بويۇنلىرىغا، بارماق ۋە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بېزەكلەر تاقاپتۇ. ② بىرەر نەرسىگە ئىشلەنگەن نەقىش، گۈل: تامغا قاپارتما شەكلىدە ئىشلەنگەن بېزەكلەر نەملىشىپ بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى.

**بېزەكچى** ئى. بېزەك ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، بېزىگۈچى ھۈنەرۋەن: ... لېكىن قىسمەن بېزەكچىلەر ياكى خوجايىنلار پۇلنى ئېلىۋېلىپلا قېچىپ كېتىدۇ.

**بېزەكچىلىك** ئى. بېزەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، بېزەش كەسپى: ئۆي بېزەكچىلىكىنىڭ جەريانى ئۇزاق، ھالقىلىرى كۆپ ھەم مۇرەككەپ.

**بېزەكلىك** ① سۈپ. بېزەكلىك بار، ئۈستىگە نەقىش ئىشلەنگەن، بېزەلگەن؛ زىننەتلىك: بېزەكلىك تام. ② سۈپ. بېزەك قىلىشقا بولىدىغان، بېزەك بۇيۇمى قىلىشقا لايىق: ئامىنە، قارا، قولۇڭغا سالىدىغان بېزەكلىك ئۈچۈن ساپسېرىق ئالتۇن ئالىمەن، ئۇ چاغدا نېمە دەيسەن. ③ ئى. تۇرپان ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار ساقلانغان بىر جاينىڭ نامى.

**بېزەلمەك** «بېزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇلتان ھاجىنىڭ تۇرار جايى رەڭمۇرەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەنىدى.

**بېزەنمەك** «بېزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دەيدىكى، نە ھاجەت بېزەنمەك، ئۆگەنگىن، سۆزلىرىڭ گۈل ئاچسۇن ...

**بېزىكاللىماق** پ. دىيال. تەپسىلىي، ئىنچىكە ھەم پۇختا ئىشلىمەك.

**بېزىمەك** پ. ھەرخىل چىرايلىق، زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىمەك: ئۆينى بېزىمەك. زالنى بېزىمەك.

**بېزىندە** ئى. دىيال. قولتارتقۇ يەنى بۆشۈكنىڭ قول تارتقۇسى.

**بېسىر** سۈپ. دىيال. قارغۇ، كور، ئەما.

**بېسىشماق** «باسماق Ⅲ» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېسىق** سۈپ ① بىكار ئەمەس، ئالدىراش، باس - باس: — مۇشۇنداق ئىشنىڭ بېسىق ۋاقتىدا نۇرۇم نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى زورىخان. ② ئۆزىنى تۇتىۋالغان، سالماق، تەمكىن: مىجەزى بېسىق. ③پەسكار، پەسكوي: دادىسىنىڭ پەيلىگە قاراپ، ئوغلى خېلى بېسىقىغا چۈشۈپ قالدى.

**بېسىقتۇرماق** ① «بېسىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېھتىمال ئۇ كۆپچىلىككە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ بۇ ئىشنى چىرايلىقچە بېسىقتۇرار. ② جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، تۇزەشتۇرمەك: زورىخان بولسا ئۆي ئىچىنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ③ كۆچمە. ئۆلتۈرمەك: يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەت ھەددىدىن ئاشقان قان قىساسى بار بەش زومىگەرنى بېسىقتۇردى.

**بېسىقتۇرۇشماق** «بېسىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار جىددىي كۈرەش قىلىپ، زور ئەنسىزچىلىكنى بېسىقتۇرۇشتى.

**بېسىقتۇرۇلماق** «بېسىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى پۈتۈن جامائەت ئالدىدا پاش قىلىنىپ، شەرمەندە بولۇپ بېسىقتۇرۇلدى.

**بېسىقلىق** سۈپ ① ئۈستى - ئۈستىگە ئېلىپ قويۇلغان، بېسىلغان، قاچىلانغان: ئاشلىق بېسىقلىق ھارۋا. ② مەتبەئەدىن چىققان، نەشر قىلىنغان: شۇجى چوڭ قىزىل خەت بېسىقلىق بىرنەچچە بەت ماتېرىيالنى يانچۇقىدىن چىقاردى. ③ ئۆنجە: ماۋۇ خامانىدىكى بېسىقلىق كىمنىڭ؟

**بېسىقماق** پ ① بېسىلماق، پەسلىمەك، جىمىماق، تىنچىماق، توختىماق: ئەمەت ئۇستا ئۆزىچە تىرىكىپ - چېچىلىپ يەنە بېسىقىپ قالدى. ② ئازلىماق، شالاڭلاشماق، پەسەيمەك: كۆز كېلىپ ئىتىز - ئېرىقلاردىكى ئالدىراشلىقلارمۇ بېسىقتى.

**بېسىلغاق** ئى <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقى تۇخۇمسىمان، تېبابەتچىلىكتە يەر ئۈستىدىكى قىسمى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ئۇ جىگەرنى ياخشىلاپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، تال ۋە ئاشقازاننى تولۇقلاش، قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

**بېسىلماق** ① «باسماق Ⅲ» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھارۋىغا يۈك بېسىلدى. ② «باسماق Ⅲ» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلدى. ③ جىددىيلىك پەسەيمەك، نورمال ئىزىغا چۈشمەك؛ توختىماق: جېدەل بېسىلدى.

**بېسىم** ئى ① <فىز> مەلۇم نەرسىنىڭ بىرلىك يۈزىگە چۈشكەن ئېغىرلىق كۈچى: قان بېسىمى. ② قىسىش، ئېزىش، زۇلۇم سېلىش: ئۇ قاتتىق بىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ③ ئېغىر ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت: ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر ئىككى خىل بېسىم ئاستىدا قىينىلاتتى.

**بېسىمدار** ئى. تاۋار، ئاشلىق ۋە ئېھتىياجلىق ماللارنى ئەرزان ۋاقتىدا ئېلىپ قويۇپ بازار جىددىيلەشكەندە، قىممەتلىگەندە، قەھەتچىلىك ۋاقتىدا يۇقىرى باھادا ساتقۇچى ھايانكەش.

**بېسىمدارلىق** ئى. ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش ئارقىلىق بازارنى جىددىيلەشتۈرۈپ قىممەتچىلىك پەيدا قىلىش، ھايانكەشلىك: — ئېيتىڭا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بېسىمدارلىق بىلەن كۆز - كۆز قىلىدۇ؟ — دېدى غوپۇر تېپىپ مۇئەللىمگە.

**بېسىملىق** سۈپ. بېسىمى بار، بېسىمغا ئىگە، بېسىمى بولغان: بېسىملىق سۇ. بېسىملىق گاز.

**بېسىۋالدى** ئى [بېسىپ + ئالدى] <بوت>كۆزلۈك قوغۇنلارنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە پوستى قېلىن، ئېتى چىڭ بولۇپ ساقلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئاپتاپقا سېلىنىپ ساقلانسا، ئەتلىرى يۇمشاپ، پوستى نېپىزلەپ يېيىشلىك بولىدۇ. رەڭگى كۆپىنچە پىياز كۆكى رەڭگىدە كېلىدۇ.

**بېشارەت** ئى [ئە] يېزت ① ئالدىن بېرىلگەن خەۋەر، بەلگە، ئۇچۇر: قارىنىڭ مۇنداق كۆپ ياغقىنى مول ھوسۇلنىڭ بېشارىتى. ②

ئىپادە، ئىنكاس، ئىشارەت: باشلىقنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئاللىقانداق بىر ھېكمەتنىڭ بېشارىتىنى سەزگەندى.

**بېشارەتچى** ئى. بېشارەت بەرگۈچى، ئەلدىن خەۋەر بەرمەك، ئالدىن بىلدۈرگۈچى: ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرى قانداقتۇر بىر مەنىۋى ھالەتنىڭ جانلىق بېشارەتچىسى سۈپىتىدە كۆپ قىرلىق ھېسسىيات قويۇنىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

**بېشارەتلەشمەك** «بېشارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېشارەتلەنمەك** «بېشارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ۋاھالەنكى، قۇرئاندا بېشارەتلەنگەن تۆمۈردىكى خىسلەتتىن غەيرىي مۇسۇلمانلار بەكرەك پايدىلانغانىدى.

**بېشارەتلىك** سۈپ. ئالدىن كۆرىدىغان، كەلگۈسىدىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان: تىلدىمۇ بېشارەتلىك ۋە ئىلھام بېرەرلىك ئامىللار مول بولۇشى كېرەك.

**بېشارەتلىمەك** پ. بېشارەت بەرمەك، شەپە بەرمەك، ئالدىن بەلگە بەرمەك: ئۇلار «يەر شارىلىشىش» بېشارەتلەۋاتقان دۇنيانى ئۆزگەرتىشچان، ئوچۇق نەزەردە چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

**بېشچە** رەۋ. بېشى بىلەن، بېشى تەرەپ بىلەن: هارۋىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن بالا سۇغا بېشچە كىرىپ كەتتى.

**بېغىر (باغرى)** ئى <ئانات> جىگەر.

**بېغىرتاق** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ ـ كىچىكلىكى كەپتەرگە ئوخشايدۇ، گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ.

**بېغىرساق** سۈپ. دىيال. ۋاپادار، سادىق، مېھرىبان.

**بېغىرلاتماق** «بېغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كېچىچە يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران دان تۇتۇۋاتقان بولۇق بۇغدايلارنى يەر بېغىرلىتىپ ياتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مول ھوسۇلدىن ئۈمىدسىزلەندى.

**بېغىرلاشماق** «بېغىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەر بېغىرلىشىپ خېلى ماڭدى.

**بېغىرلىغۇچى** سۈپ. بېغىرلاپ ماڭغۇچى: يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار.

**بېغىرلىماق** پ. باغرىنى يەر ياكى مەلۇم بىر تەكشىلىككە چاپلاپ دېگۈدەك دەرىجىدە ئۆمىلىمەك، ئۆمىلەپ ئىلگىرىلىمەك: يەر بېغىرلاپ ماڭماق.

**بېغىش** I ئى ① بىلەكنىڭ ئالىقان بىلەن تۇتىشىدىغان ئۇگىسى. ② ئۇستىخان ۋە غولنىڭ تۇتىشىپ تۇرىدىغان ھەربىر ئۇگىسى: ئۇلار ئۇخلىغان چاغدا تېنىنى بېغىش ـ بېغىشلىرىدىن چېپىپ پارچىلىۋەتسىمۇ ھەرگىز ئويغانمايدۇ. ③ قوغۇننىڭ پېلەك بىلەن گەۋدىسى تۇتاشقان قىسمى. ④ زىرائەتنىڭ ھەربىر بوغۇملىرىنىڭ تۇتىشىپ تۇرغان، مېۋىلەرنىڭ غولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جايى: ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز، ھەر بېغىشتا بىر تاۋۇز.

**بېغىش** II ئى. تۈگمەنگە نۆۋەتنى كۈتۈپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئازغىنە ئاشلىق، ئۇگۇت: تۈگمىنىڭ تېگەر بولسا، بېغىشىڭنى قويىدۇرما. ئاشىقىڭدىن سۆز ئالساڭ، دۈشمىنىڭگە تۇيدۇرما.

**بېغىشلاتماق** «بېغىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېغىشلاشماق** «بېغىشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېغىشلانماق** «بېغىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ بارلىقىم ئۆز خەلقىمگە بېغىشلانغان.

**بېغىشلىما** ئى. بىرەر پائالىيەت، ۋەقە، چوڭ قۇرۇلۇش، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاتاپ ياكى تەبرىكلەپ يېزىلغان چاقىرىق، ئۈمىد ئىپادىلەنگەن كىرىش سۆز ياكى ھەرخىل قول يازما: يېڭى يىلغا بېغىشلىما.

**بېغىشلىماق** پ ① سەرپ قىلماق، تىكلىمەك، تەقدىم قىلماق، ئاتىماق: تۇردىئاخۇن ئاكا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمە، مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغانىدى. ② بەخش ئەتمەك؛ بەرمەك؛ ئېلىپ كەلمەك: ھايات بېغىشلىماق. * دېرىزىدىن كىرگەن سالقىن شامال ھەببەبەگە راھەت بېغىشلىدى. ③ ئاتاپ يازماق: مەن كىلاسسىك شائىرلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ گۈزەللەرگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەي.

**بېقمتۇل** سۈپ. دىيال. يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى رەڭ.

**بېقىش** «باقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىرخىل ئىسمىدىشى.

**بېقىش تاپماق** قارالماق، خەۋەر ئېلىنماق، كۈتۈلمەك، تەربىيەلەنمەك: بۇ بالا بېقىش تاپماپتۇ.

**بېقىشماق** ① «باقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خۇشاللانغان ھالدا بىر ـ بىرىگە بېقىشتى. ② ياردەملەشمەك، ھەمكارلاشماق، قاراشماق: پەخرىدىن بىرقانچە ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ياسىن ئاكامنىڭ كېۋەز چاغلىمىغا بېقىشتى.

**بېقىلماق** «باقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلسۈمخان ئانا دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە ياخشى داۋالاندى ۋە ئوبدان بېقىلدى.

**بېقىم** ئى. بېقىلىش، پەرۋىش قىلىنىش، قاراش، خەۋەر ئېلىش، تەربىيە، بېقىش: بۇ بالىنىڭ بېقىمى ياخشى بولماپتۇ.

**بېقمتۇل** ئى. دىيال. يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى رەڭ.

**بېقىمسىز** سۈپ. ياخشى بېقىلمىغان، ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان، قاراقسىز: بوۋاي: ــ ئۆتمۈشتە باللىرىم ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا بېقىمسىز قېلىپ، ئۆمۈر سۈرەلمەپتىكەن، ــ دېدى.

**بېقىمسىزلىق** ئى. ياخشى كۈتۈلمەي، بېقىمسىز، قارىغۇچىسىز قالغان ھالەت، كۈتۈمسىزلىك.

**بېقىندۇرماق** «بېقىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېقىندۇرۇلماق** «بېقىندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېقىندى** سۈپ. مۇستەقىل ۋە ئىختىيارىي ئەمەس؛ ئەركىن ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولمىغان: بېقىندى دۆلەت. بېقىندى ئەل.

**بېقىندىلىق** ① ئى. بېقىندى ھالەت: ھەرقانداق بىر يېڭى كەشپىيات بېقىندىلىقنىڭ بۈگۈنگە قەدەر تېخى بايقالمىغان قالدۇقىنى كۆرسىتىپ كەلدى. ② سۈپ. بېقىندى ئورۇندا تۇرىدىغان، بېقىندى ھالەتتىكى: بېقىندىلىق مۇناسىۋەت. بېقىندىلىق ھالەت.

**بېقىنغۇچى** ① ئى. ئۆز ئالدىغا ئەمەس، باشقا بىرىگە بېقىنىش ئاساسىدا مەۋجۇت بولىدىغان، ئاساسىي قىسمى ئەمەس، بېقىندى ② سۈپ، بېقىنىدىغان.

**بېقىنغۇچىسىز** سۈپ. بېقىنغۇچىسى يوق، بېقىنغۇچىسى بولمىغان.

**بېقىنغۇچىلىق** ئى. مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا، ھامىيلىقىدا بولۇش ھالىتى: شەرق مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مىراسلىرى ۋە كىلاسسىكلى-

رىنىڭ جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىدە كۆزگە كۆرۈنمەسلىكىنى ئۇلارنىڭ غەربكە بېقىنغۇچىلىق ئورنىغا چۈشۈپ، ئىككىنچى نومۇرلۇق مىللەتلەرگە ئايلىنىپ قالغان ھالىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**بېقىنماق** پ. ئىختىيارىدا بولماق؛ بويسۇنماق: مۇھەببەت كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ، دېگەن توغرىمۇ؟ بېقىنىدۇ، دېگەن توغرىمۇ؟

**بېقىنىشماق** «بېقىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېكەت** ئى <قاتن> پويىز، ئاپتوبۇس قاتارلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يول ئۈستىدە توختاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايى، ئورنى.

**بېككېرېل** ئى [ر<ئىنگ] رادىيوئاكتىپلىق كۈچىنىش بىرلىكى SI نىڭ كەسپىي ئاتىلىشى. بەلگىسى Bq .

**بېكىتكۈزمەك** «بېكىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېكىتمە** ئى. بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچ، نورما: باج بېكىتمىسى.

**بېكىتمەك** پ ① مەھكەملىمەك، ئېچىلمايدىغان قىلماق: ئىشىكنى ئىچىدىن بېكىتمەك. ② ئورناتماق: دېرىزە بېكىتمەك. ئىشىككە تۇتقۇچ بېكىتمەك. ئۆيگە چىراغ بېكىتمەك. ③ مۇزاكىرە قىلىپ مۇقىملىماق، توختاتماق: تۈزۈم بېكىتمەك. ④ بەلگىلىمەك، قارارلاشتۇرماق: پارتكوم ئۇنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى.

**بېكىتىشمەك** «بېكىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېكىتىكلىك** سۈپ. بېكىتىلگەن، بېكىتىپ قويۇلغان؛ تاقالغان؛ يېپىلغان: ئاۋاز چىقىۋاتقان جاينىڭ ئىشىكى بېكىتىكلىك ئىدى.

**بېكىتىلمەك** «بېكىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئىسىم بېكىتىلدى.

**بېكىشمەك** پ. پۇتۇشمەك: چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس (ماقال). * ئەمىسە بۇ ئىشتا بىز شۇنداق بېكىشتۇق.

**بېكىك** سۈپ. بېكىنمە ھالەتتىكى، سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن، قامال قىلىنغان، بېكىنمە، ئېچىۋېتىلمىگەن: ئۇزاق مۇددەت بېكىك، غايىپ ياشىغان بۇ خەلققە تېلېۋىزور شۈبھىسىزكى، بىر ئاجايىپ ياخشى ئاقارتىش ۋاستىسى.

**بېكىكلىك** سۈپ. بېكىنگەن، بېكىنگەن ھالەتتىكى، بېكىنمە: ئائىدىكى مەھكۇملۇق، تەپەككۇردىكى بېكىكلىك، بىزنى كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە كەينىگە چېكىندۈرۈۋېتىدۇ.

**بېكىمەك** پ. چېگىماق؛ مۇستەھكەملەنمەك.

**بېكىندۈرمە** سۈپ. بېكىنگەن، بېكىندۈرۈلگەن، بېكىندۈرۈلگەن ھالەتتىكى، بېكىك، سىرت بىلەن ئالاقىسى، بېرىش – كېلىشى ئۈزۈلۈپ تاشلانغان: 21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا بېكىندۈرمە مىللەت سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق.

**بېكىندۈرمەك** «بېكىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېكىنمە** سۈپ. سىرتقا قارىتا تاقالغان، مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن: بېكىنمە ھالەت.

**بېكىنمەك** ① «بېكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② يوشۇرۇنماق، سۇقۇنماق: ئۇلار كۆۋرۈك ئاستىغا بېكىندى.

**بېكىنمىچىلىك** ئى. بىرەر دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى چەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭكىنىمۇ سىرتقا چىقارمايدىغان بىر خىل بىر ئىزدا تۇرۇۋېلىش نۇقتىئىنەزىرى، ئىدىيەسى: پارلاق ۋە يارقىن مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىزنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى، شۇنىڭغا ماس ھالدا بېكىنمىچىلىك، قاششاقلىقتا ئوخشاش ئامىللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقايمىز.

**بېكىنمىلىك** ئى. بېكىنمە ھالەت، يەنى سىرت بىلەن بولىدىغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەت چەكلەنگەن، ئۈزۈلگەن ھالەت: بىزدىكى بېكىنمىلىك، قالاقلىق ۋۇجۇدۇمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى.

**بېگلۇڭ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئاساسەن يۈننەنگە جايلاشقان.

**بېگەن** ئى. تىغى دەستىسىگە نىسبەتەن كۆندىلەڭ ئورنىتىلغان، ياغاچچىلىقتا يوغان ياغاچلارنى قىر چىقىرىپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىغلىق سايمان، يوغان چاپما چوت.

**بېگېموت** ئى [ر] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇنىڭ تېنى چوڭ، بېشى يوغان ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە كېلىدۇ؛ كۆپ ۋاقىتلاردا سۇدا ياشايدۇ، ئادەتتە بېشىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ تۇرىدۇ؛ ئافرىقىدا كۆپ.

**بېل** ئى [ر] <ئېل> ئېلېكتىر ئىلمى ۋە ئاكۇستىكىدا قۇۋۋەتنى ياكى قۇۋۋەت زىچلىقىنىڭ نىسبەت قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل بىرلىك. بۇ نام تېلېفوننى ئىختىرا قىلغۇچى بېل (A. G. BELL) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**بېلەت** ئى [ر] بىرەر نەرسىدىن قانۇنىي پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، مەتبەئەدە بېسىلغان ياكى يېزىلغان قەغەز: كىنو بېلىتى. ماشىنا بېلىتى.

**بېلەتچى** ئى. بېلەت ساتىدىغان ۋە بېلەتنى تەكشۈرىدىغان خادىم: بېلەتچى يىگىت قائىدە بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ بېلىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

**بېلەتچىسىز** سۈپ. بېلەت ساتقۇچى يوق، بېلەت ساتقۇچىسى بولمىغان: بېلەتچىسىز ئاپتوبۇس.

**بېلەتچىلىك** ئى. بېلەت سېتىش ئىشى : بېلەتچىلىك قىلماق.

**بېلەتسىز** سۈپ ① بېلىتى يوق، بېلەت ئالمىغان: بېلەتسىز كىشى ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. ② بېلەتتىن پايدىلانماي ئېلىشقا بولىدىغان، بېلەت كېرەك قىلىنمايدىغان: بېلەتسىز گۆش. بېلەتسىز ئۇن.

**بېلەتلىك** ① سۈپ. بېلىتى بار، بېلەت ئالغان: بۇ كىنوغا بېلەتلىك ئادەملەرلا كىرەلەيتتى. ② سۈپ. بېلەتتىن پايدىلىنىپ ئېلىشقا بولىدىغان، بېلەت لازىم قىلىنىدىغان: بېلەتلىك تاماق. بېلەتلىك شېكەر.

**بېلورۇس** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار شەرقىي سىلاۋيانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، بېلورۇسىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇندىن باشقا روسىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ بىر قىسىم بېلورۇسلار ياشايدۇ.

**بېلىجان** ئى. كىچىك بېلىق، بېلىق بالىسى.

**بېلىق** ئى <زوئول> ① سۇدا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋان. تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى بېلىق يېغى ئىشلەشتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ②

شۇ هايۋاننىڭ گۆشى: قورۇلغان بېلىق. ③ <ئاستر> ئۇيغۇرلارنىڭ مۇچەل يىل ھېسابىدا بەشىنچى يىلنىڭ نامى: بېلىق يىلى.

**بېلىق كۆزى** ① بېلىقنىڭ كۆزى. ② كۆچمە. لىق، لىقمۇلىق، قاچىنىڭ گىرۋىكى بىلەن تەڭ (بولۇپمۇ هاراق ھەققىدە): هاراقنى بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيماق.

**بېلىقئالغۇچ** ئى [بېلىق + ئالغۇچ] <زوئول>سۇ قۇشى. پەي - تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قارا، يېشىل ۋە پارقىراپ تۇرىدۇ. تۇمشۇ - قى ياپىلاق، ئۇزۇن، رەڭگى قارامتۇل، ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمەكى بار، سۇدا ئۈزەلەيدۇ، بېلىق تۇتۇشقا ماھىر. گېلىدا خالتىسىمان پوكىنى بولۇپ، تۇتقان بېلىقنى خالتا ئىچىگە سالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىغا ماكانلاشقان. «قارنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بېلىقچى** I ئى <زوئول> ← **چايكا.**

**بېلىقچى** II ئى. بېلىق بېقىش، بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: بېلىقچىنىڭ كۈنى سۇدا (ماقال).

**بېلىقچىلىق** ئى. بېلىق بېقىش، بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇل - لىنىش كەسپى، ئىشى.

**بېلىقدان** ئى. ئىچىدە بېلىق بېقىلىدىغان ئەينەك قاچا: چاۋار تەكچىگە قويۇلغان بېلىقداندىكى رەڭمۇرەڭ بېلىقلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى.

**بېلىقسىمان** سۈپ. بېلىققا ئوخشايدىغان، بېلىق شەكىللىك: بېلىقسىمان قۇش.

**بېلىقگۈل** ئى [بېلىق + گۈل] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى تارد - لىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق؛ تېنىنىڭ يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ. ئۇ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ ياللۇغنى يوقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**بېلىقلېشى** ئى [بېلىق + لەش + ى] <بوت>يارلىقئوت ئائى - لىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى كىچىك بولۇپ، سۈس سۆسۈن رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ بىر جىنسلىق تۈپكە كىرىدۇ.

**بېلىقئوتى** ئى [بېلىق + ئوت + ى] <بوت>بېلىقئوتى ئائى - لىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تاتلىق سۇدا ئۆسىدۇ؛ كۆپىنچە بېلىق باقىدىغان قاچىلاردا زىنىنەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**بېنەپتە** ئى [ئە + پ] جان ت. ھەپتىنىڭ بازار بولمايدىغان كۈنى، بازار كۈنىنىڭ ئەكسى.

**بېنزول** ئى [ر<لات] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىسى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_6$ . رەڭسىز خۇش پۇراقلىق سۇيۇق - لۇق؛ تاشكۆمۈر مېيى ھەم نېفىتتىن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ.

**بېنزوي** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولې - كۇلا فورمۇلىسى $C_7H_6O_2$ . ئاق رەڭلىك كىرىستال. مېدىتسىنادا تەمرەتكە، يۇتقۇنچاق ياللۇغى ۋە بۇرۇن ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**بېنزىل** ئى [ر] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ بىر خىلى، ئورگانىك خىمىيەدە بىرىكىش بىرلىكى دەپ قارىلىدۇ.

**بېنزىن** ئى [ر] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ

ئاربلاشما سۇيۇقلۇقى، نېفىتتىن ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ.

**بېهى** ئى [پ] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى خۇش پۇراقلىق، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، مۇراببا قايىنىتىشقا ياكى دورا ياساشقا بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**بېهىش** ئى [پ] <دىن> ← **جەننەت.**

**بېهىلىك** ① سۈپ. بېهىسى بار، بېهى ئۆسكەن، بېهى سالغان: بېهىلىك پولۇ. بېهىلىك باغ. بېهىلىك مەھەللە. ② ئى. بېهى دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي.

**بېيىت** ئى [ئە] <ئەد> ① ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ياكى ئېيتىلغان ئىككى مىسرالىق نەزمە. ② شۇ ژانىردا يېزىلغان شېئىرىي پارچە.

**بېيتماق** «بېيىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يەرلەرنى ھۆددە بېرىش سىياسىتى دېھقانلارنى بېيىتتى.

**بېيتلماق** «بېيتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېيشماق** «بېيىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېيماق** پ ① بايلىققا، دۇنياغا، دۆلەتكە ئىگە بولماق: دېھقان - چارۋىچىلار بارغانسېرى بېيىدى. ② مۇكەممەللەشمەك، يېتىلمەك، تەرەققىي قىلماق: بىزنىڭ سەنئىتىمىز ئۆسىدۇ، بېيىيدۇ. ③ كۆپلەپ يىغىلماق، توپلانماق: ئىشلىگەنسېرى تەجرىبىمىز بېيىدى.

**بىئارام** رەۋ [پ] ئارامى، خاتىرجەملىكى يوق؛ ئەنسىز، تىنچ، خاتىرجەم ئەمەس: بىئارام بولماق، بىئارام قىلماق.

**بىئارامچىلىق** ئى. خاتىرجەمسىزلىك، ئەنسىزلىك: ئەنە شۇنداق بىئارامچىلىقتا كېچە سائەت ئىككىدىن ئېشىپ كەتتى.

**بىئاراملانماق** پ. تىنچلىقى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلماق؛ خاتىرجەمسىزلەنمەك؛ بىئارام بولماق: ئۇ بىئاراملىنىپ ئۇخلىيالمىدى

**بىئاراملىق** ئى. ئەنسىزلىك، ئارامسىزلىق، خاتىرجەم - سىزلىك نېغمەت بىئاراملىق ئىچىدە قالدى.

**بىئارمان** سۈپ [پ] ← **ئارمانسىز:** گۈل - چېچەكلىك يېپيېڭى دۇنيا، بەخش ئەتكەن ئېلىمگە باھار. ئېچىلغان گۈل باغدا بىئارمان، تاغ - داللار تۇس ئالغان رەڭدار.

**بىئەپ** سۈپ ← **ئەپسىز:** رابىخان گەپ قىلاي دېدى - يۇ، سورۇننى بىئەپ ھېس قىلدى.

**بىئەپلىك** ئى. ئەپسىزلىك، قولايسىزلىق.

**بىئەجەل** سۈپ [پ + ئە] ئەجەل يەتمەستىن، ۋاقتى توشماي، ۋاقىتسىز: بىئەجەل ئۆلۈم.

**بىئەدەپ** سۈپ [پ + ئە] ← **ئەدەپسىز:** مەندۇرمەن سېنىڭ چوڭ پادىشاھىڭ، سەن بىئەدەپنىڭ كۆپتۇر گۇناھىڭ.

**بىئەدەپلىك** ئى ← **ئەدەپسىزلىك:** ھاشىم يېڭى تونۇشىنىڭ بىئەدەپلىكىنى كەچۈردى، ئىككىسى دوست بولدى.

**بىئەقىل** سۈپ [پ + ئە] ← **ئەقىلسىز:** ئەي بىئەقىل! خەير. ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ.

**بىباش** سۈپ. يېزت. باش بەرمەيدىغان؛ گەپكە كىرمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچى : ھەر تامان ئۆزىمەن بىباش قېيىق - تەك، بوراندا دولقۇنلار ھايات دېڭىزى.

**بىباقا** سۈپ. ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان، كىشىنىڭ

ئىرادىسگە بويسۇنمايدىغان: دوستلىرىم بۇ بىباقا شۇنداق جاھان.

**بىباھا** سۈپ [پ] ← **باھاسىز**.

**بىبەھرە** سۈپ [ پ ] بەھرىسىز، بەھرە، يوق، پايدا ـ مەنپە ـ ئەت ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم: ھۆرۈنلۈق ۋە ئىش ياقماس ـ لىقنى خۇي قىلغان كىشىلەر ئىككى ئەلەمدە ئىنسانىي سائادەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم ۋە بىبەھرە قالۇر.

**بىبلىيوگراف** ئى [ر] بىبلىيوگرافىيە مۇتەخەسسىسى، بىبلىيوگرافىيە ساھەسىدە نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن يېتىلگەن ئالىم.

**بىبلىيوگرافىيە** ئى [ر] ① ئېنىق قائىدە ـ تەرتىپلەر بويىچە كىتابلارنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە كىتابلارنى بەلگىلىك قانۇنىيەتلەر بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش ئىلمى. ② مەلۇم بىر ساھە ياكى مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ كىتاب ياكى ماقالە ـ ئەسەر ـ لىرىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئايرىلغان كاتالوگى. ③ (گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېرىلگەن) كىتاب ـ ژۇرنال ياكى ماقالە ـ ئەسەر ـ لەرنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى.

**بىبلىيوگرافىيەلىك** سۈپ. بىبلىيوگرافىيەگە ئائىت، بىبلىـ ـيوگرافىيەگە خاس، شۇنىڭغا تەئەللۇق.

**بىپايان** سۈپ [پ] ← **پايانسىز**.

**بىپايانلىق** ئى. بىپايان ھالەت، پايانى يوقلۇق، چېكى يوقلۇق، چەكسىزلىك: ئۇچار گىلەم ئەپسانىسى تەكلىماكان بويىدىكى قەۋم دېڭىزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان يېشىل ئارال ئارىسىدىكى قاتناش قورالىرىنىڭ قالاقلىقىدىن كېلىپ چىققان بىپايانلىق كىشـ ـلەرگە كەلتۈرگەن قولايسىزلىقلارنىڭ غىدىقلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان.

**بىپەرداز** سۈپ [پ ] ← **پەردازسىز**: ئاناڭنى داداڭغا بىپەرداز كۆرسەتمە (ماقال).

**بىپەرۋا** سۈپ [پ] پەرۋاسىز، بىغەم: بىپەرۋا قىياپەت. بىپەرۋا بالا.

**بىپەرۋالاشماق** پ. بىپەرۋا بولماق، بىپەرۋا ھالەتكە كەلمەك: چۈنكى، مېنىڭ روھىمدا ئالدىراشچىلىق بىلەن باشقىلارغا نىسبەتەن بىپەرۋالىشىپ كەتكەن ياپونلار ئاتا قىلغان يالغۇزلۇق پىغانى باش كۆتۈرگەندى.

**بىپەرۋالىق** ئى. بىپەرۋا ھالەت: بىپەرۋالىق قىلماق. * ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەرقانداق بىپەرۋالىق دۈشمەنگە پايدىلىق.

**بىپەرۋالىق قىلماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە ئېتىبار بەرمەي، ئېھتىياتسىزلىق قىلماق، سەل قارىماق: تۈپتۈز چوڭ يولدىمۇ ئورا بولامدىكەن، دەپ بىپەرۋالىق قىلمىغان بولسا، ھەرگىز ناكار بولمىغان بولاتتى. * مەيلى تېرىم، مەيلى يىغىم پەرۋىش ئىشلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسىدا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

**بىپەم** سۈپ [پ + ئە ] ← **پەمسىز**: ئۇنىڭ بۇنداق بىپەم، گۆدەك ـ لەرچە قىلىقىغا ھەممە ئادەم غەزەپلەندى.

**بىپەيز** سۈپ [پ + ئە] پەيزى يوق، پەيزسىز: ئۇ يەر جىمجىت، بىپەيزى بولۇپ، ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇراتتى.

**بىتاب** سۈپ [پ] بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان؛ ئاغرىق، كېسەل: بىتاب بولماق.

**بىتابلىق** ئى. بىتاب بولۇش، بىتاب ھالەت.

**بىتاقەت** سۈپ [پ + ئە] ← **تاقەتسىز**.

**بىتاقەتلىك** ئى ← **تاقەتسىزلىك**: ئەركىن قاپىقىنى سىلىپ، بىتاقەتلىك بىلەن ھەدەپ قىمىرلايتتى.

**بىتاھارەت** [ پ + ئە ] ① سۈپ. تاھارەت ئالمىغان، تاھارىتى يوق، تاھارەتسىز، ناپاك: بىتاھارەت ئادەم. // بىتاھارەت يۈرمەك. ② ئى. (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار ـ لەر» لەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ) تاھارەتسىز كىشى، ناپاك ئادەم.

**بىتەرەپ** سۈپ [پ + ئە] ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايـ ـدىغان، ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلمايدىغان؛ ئىككى ئوتتۇرىدا: بىتەرەپ پوزىتسىيە. بىتەرەپ دۆلەت.

**بىتەرەپچىلىك** ئى. ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي مۇستەقىلـ ـلىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشنى؛ ھەرقانداق ھەربىي گۇرۇھقا قاتناشماسلىق، ئۆز زېمىنىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي بازىسىغا ئايلاندۇرماسلىق، ھەرقانداق دۆلەت بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىكنى كۆزدە تۇتىدىغان ۋە شۇنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل دىپلوماتىك بەلگىلىمە؛ قارارنامە.

**بىتەرەپلەشمەك** پ. بىتەرەپ ھالەتكە كەلمەك، بىتەرەپ بولماق.

**بىتەرەپلىك** ئى. بىتەرەپ تۇرۇش، بىتەرەپ ھالەت.

**بىتەرەت** سۈپ [پ + ئە] ① تەرەتسىز، تەرىتى سۇنغان: قېيۇمنىڭ دادىسى بىتەرەت يەرگە دەسسىمەيدىغان ئادەم ئىدى. ② كۆچمە. بويى پاكلانمىغان، پاسكىنا.

**بىتەلەي** سۈپ [پ + ئە] ← **تەلەيسىز**: بىتەلەي ئادەم. * بىتەـ ـلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ (ماقال).

**بىتەلەيلىك** ئى. تەلەيسىزلىك.

**بىتچىت** رەۋ. تارمار، گۇمران؛ ۋەيران: بىتچىت بولماق. بىتچىت قىلماق.

**بىتۆيۈق** رەۋ. تۇيۇقسىز، تۇساتتىن: بىلمىدىم، دوستۇم، بۇگۈن نە ئىشنى نىشان قىلدىڭلار؟ بىتۆيۈق نامە ئەۋەتىپ مېنى ھەيران قىلدىڭلار.

**بىتىم** ئى <تارىخ> كېلىشىم، توختام، قارار، پۈتۈم: سۆھبەتـ ـنىڭ نەتىجىسىدە 1946 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل كۈنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى.

**بىجاق** ئى. بىجاق نان. بازار نېنىدىن سەل نېپىز ۋە سەل چوڭراق، يۈزىگە چەككۈچ چېكىپ، تونۇرغا ئۇدۇللۇق يېقىپ، ئۇدۇللۇق قومۇرۇۋالىدىغان بىر خىل نان.

**بىجاقى** ئى <بوت> ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتىكى ئۈزۈملەردىن كېيىنرەك پىشىدۇ، چۈرۈكرەك كېلىدۇ، تەمىمۇ ئادەتتىكى ئۈزۈملەرگە قارىغاندا سەل قىرتاق بولىدۇ.

**بىجاۋاب** سۈپ [ پ + ئە ] **جاۋابسىز**: نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ «بۇ بالا ماڭا ئامانەت، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن بىجاۋاب مەكتەپـ ـكە بېرەلمەيمەن» دەپ قۇتۇلۇشتى.

**بىجە** سۈپ. دىيال. بۇدۇر. بىجە قوزا. بىجە كۆرپە.

**بىجى** ئى. بوۋاق باللارنىڭ بېشىنىڭ ئاپپاق شەكىلدە چىپچى چۇشۇپ كېتىش ھادىسىسى: بىجى كىرمەك.

**بىجىق** ئى. دىيال. ئەمچەك (ئاياللارنىڭ).

**بىجىقىم** سۈپ ① ھۆرۈن، ئىنجىق، يالقاۋ؛ گىجىڭ: بىجىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە، چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار (ماقال). ② بولۇمسىز، ئىقتىدارسىز، ھاڭۋاقتى.

**بىجىك** I ئى <بوت> ① قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق

سامان غولluq ئۆسۈملۈك. ئادەتتە سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**بىجىك كىرمەك** دىيال. كىچىك بوۋاقلارنىڭ چېچى ئىككى چېكىسىدىن چۈشۈپ كەتمەك: بۇ بالىنىڭ چېچىغا بىجىك كىرىپ قاپتۇ.

**بىجىك** II ئى <بىن> ① تامنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا يانداپ بېكىتىلگەن ئەگرى تەكچە ② قازناقتىكى نەرسە ـ كېرەك قويۇلىدىغان تەكچە.

**بىجىگەن** ئى. دىيال. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**بىجىنار** ئى. دىيال. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى؛ ياغلىق ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك.

**بىجىنبوش** سۈپ. ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىقتىدارسىز، بىر ئىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، قولىدىن بىر ئىش كەلمەيدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن؛ بوشاڭ، غەيرەتسىز: ئۇنى كۆرگەنلەر تازا بىر بىجىنبوش خوتۇن ئوخشايدۇ، دەپ ھېس قىلىشاتتى.

**بىچارە** سۈپ [پ] ① چارىسىز، ئامالسىز، ئىلاجسىز: دادىسىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان بىچارە ئوغۇل راست غېرىب بولۇپ قالدى. ② ماددىي ئەھۋالى ئېغىر، موھتاجلىقتا، قىيىنچىلىقتا كۈن كەچۈرىدىغان، كەمبەغەل: بىراق، ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، كەمبەغەل بولغاندىمۇ ھېچ نەرسىسى يوق بىچارە ئىكەن. ③ «بەختسىز»، «بىتەلەي» دېگەن مەنىدە، ئايانچ ۋە ئېچىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي بىچارە. * يامان بوپتۇغۇ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويىلىپتۇ.

**بىچارىلەشتۈرمەك** «بىچارىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىچارىلەشمەك** پ. بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، بىچارە بولۇپ كەتمەك.

**بىچارىلىك** ئى. بىچارە ھالەت.

**بىچاغ** دىيال ① رەۋ. ۋاقىتسىز، قەرەلسىز، خالىغان چاغدا. ② ھېسابسىز، چەكسىز، بەك، تازا، كۆپ.

**بىچەئى** دىيال. تاش تېرىپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنى.

**بىچەل** سۈپ. ئوڭۇشسىز، قولايسىز: قايسى كۈنكى ئىشمۇ مۇشۇنداق بىچەل ۋاقىتىدا كۆزۈمگە كۆرۈنگەن.

**بىچقىم** سۈپ، دىيال. بولۇمسىز، ئىقتىدارسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ھاڭۋاقتى.

**بىچىم** ئى. دىيال. ئادەم يۈزىدىكى ياكى ئالىقىنىدىكى سىزىقچىلار.

**بىخ** [پ] ① ئى. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز، غول ۋە شاخلىرىدىن يېڭى ئۆسۈپ چىققان قىسمى، تېرىلغان ئۇرۇقلاردىن چىققان ئۈندۈرمە: بىخ سۈرمەك. بىخ چىقارماق. ② سۈپ <بىيول> بىخ ھالەتتىكى، يېڭى: بىخ ئىسپورا. ③ ئى. كۆچمە. مەيدانغا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىش، خاھىش: بۇ زىددىيەت ھازىرقى زاماندىكى بارلىق توقۇنۇشلارنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**بىخانىمان** سۈپ [پ] يېزت. ئۆي ـ ماكانىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلغان؛ ئۆي ـ ماكانسىز: ھالقا ـ ھالقا زۇلپىنى بوينۇمغا ئەيلەپ كەمەن، ئاقىۋەت بىخانىمان ئەيلەپ گادا ئۆلتۈرگۈدەك.

**بىخەتەر** سۈپ [پ + ئە] خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، قورقۇنچسىز، خەتەرسىز: بىخەتەر ساندۇق. * ئاپتوموبىل بىخەتەر يول يۈرۈۋاتىدۇ.

**بىخەتەرلەشتۈرمەك** «بىخەتەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىخەتەرلەشمەك** پ. خەتەرسىز ھالەتكە كەلمەك، خەتىرى يوقالماق: ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان گاز ئوچاق ھازىر تېخىمۇ بىخەتەرلەشتى.

**بىخەتەرلىك** ئى. بىخەتەر بولۇش، خەتەردىن ساقلاش: بىخەتەرلىك تورى. بىخەتەرلىك قالپىقى.

**بىخەستە** سۈپ [پ] دىققەتسىز، بىپەرۋا، پەرۋاسىز: ئۇ ئېرىنىڭ بىخەستە تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇرماي ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئۆز ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ كېتىپتۇ.

**بىخەستەلىك** ئى. دىققەتسىزلىك، بىپەرۋالىق: بىخەستەلىك قىلماق.

**بىخەۋەر** سۈپ [پ + ئە] خەۋىرى يوق، خەۋەرسىز: ئۇ زىۋىرشانىڭ ھازىرقى ھالىدىن بىخەۋەر ئىدى.

**بىختى** ئى. دىيال. ئۆسمەيدىغان مايسا.

**بىخسىماق** پ. دىيال كۆكىرىپ قالماق، پاختىلىشىپ قالماق.

**بىخلاتماق** «بىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىخلاشماق** ① «بىخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىخ چىقارماق، بىخلىغان ھالەتكە كەلمەك: تاغاردىكى ئۇرۇقلار نەمدە بىخلاشقانىدى.

**بىخلاشتۇرماق** «بىخلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىخلاندۇرماق** «بىخلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىخلانما** سۈپ. بىخ ئۇرغان، بىخ ھالىتىدىكى، بىخلانغان، ئەمدىلا پەيدا بولغان، ئەمدىلا ۋۇجۇدقا چىققان ياكى چىقىۋاتقان: كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىمىزنىڭ ئاران ۋۇجۇدقا چىقالىغان بىخلانما مەدەنىيىتى ئۆز ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتمەكتە. ② ئى. بىخ ھالىتىدىكى بىرەر نەرسە ياكى ئەھۋال مەيدانغا كەلگەن ھالەت. نەرسە، ئىش قاتارلىقلار. ھەرىكەت.

**بىخلانماق** «بىخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياڭيۇ ئەتىيازدا ئىسسىق ئۆيدە تۇرۇپ قالسا، ئاسان بىخلىنىپ قالىدۇ.

**بىخلىماق** پ <دېھ> ئۇرۇق تۆرەلمىلىرى يېتىلىپ ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقماق؛ دەرەخلەرنىڭ يىلتىز ۋە غول شاخلىرى بىخ چىقارماق، بىخ ئۇرماق، بىخ سۈرمەك: — قەلبىم بېغىدا باشقا بىر غۇنچە بىخلىدى، — دەپ داۋاملاشتۇردى خېتىنى مەھەممەت.

**بىخۇد** سۈپ [پ] خۇدى يوق، ھوشيار ئەمەس، بىپەرۋا، بىخەستە: بىخۇد يۈرمەك. * بىز ھەر دائىم دۈشمەننى بىخۇد دەپ ھېسابلىماسلىقىمىز لازىم.

**بىخۇدلاشتۇرماق** «بىخۇدلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى زەھەرلەيدىغان، بىخۇدلاشتۇرىدىغان ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

**بىخۇدلاشتۇرۇلماق** «بىخۇدلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ شىرە ئۈستىدىكى بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن بىخۇدلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

**بىخۇدلاشماق** پ. بىخۇد ھالەتكە كەلمەك: ئادەم ئۆزىنىڭ بىخۇدلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

**بىخۇدلۇق** ئى. بىخۇد ھالەت: بىخۇدلۇق قىلماق.

**بىداد** رەۋ [پ] يېزت. دادلانماي، ئەرز، شىكايەت قىلماي: دادام كونا جەمئىيەتتە تولىمۇ بىداد بولۇپ، ھەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆلگەنىكەن. بىز ئەقلىمىزگە كېلىپ ئاندىن بۇنى بىلدۇق.

**بىدادلىق** ئى. دادلانماسلىق، ئەرز، شىكايەت قىلماسلىق: بىراۋلار داد دېدى زارلاپ زاماندىن، بۇ بىدادلىق بىلەن زۇلمى يامانىدىن.

**بىدار** سۈپ [پ] يېزت ① ئۇيقۇغا كەتمىگەن، ئۇيقۇسىز، ئويغاق: بىدار بولماق. ② كۆچمە. ھوشيار، سەگەك، زېرەك: مەردـ پەتنىڭ نۇرىمۇ ھۇۋقۇش ئۈچۈن جان قايغۇسى، مەرىپەتسىز دىلدا غەپلەت ھۇۋقۇشى بىداردۇر.

**بىدارلىق** ئى. ئۇيقۇسىز، بىدار ھالەت: نەچچە كۈن بولدى جاراھەتـتە روھى ـ جىسمىم زەئىپ، ئەيلىبان يار كويىدا سۈبھى ـ شام بىدارلىق.

**بىدانە** ئى [پ] <بوت> ئۇرۇقسىز قارا كىشمىش ئۈزۈم: باغدا مەن، مىڭ چۆرۈلۈپ چۈشتى شېخى بىدانە دەپ، سىز مېنى يار ئەتمىدىڭىز ئەقلى كىچىك نادانى دەپ.

**بىداۋا** سۈپ [پ + ئە] داۋاسى يوق، داۋاسىز، ساقايمايـدىغان: بىداۋا ئاغرىق. بىداۋا كىشى.

**بىداياق** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. چارۋىچىلىقتا ئالىي سورتلۇق ئوت ـ چۆپ؛ يېزا ئىگىلىكىدە بولسا قۇمنى تۇراقلاشتۇرغۇچى ئاكتىپ ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

**بىدە ـ بىدە** دىيال. گۈللۈك، پۇرلەشكەن.

**بىدئەت** ئى [ئە] <دىن> دىنغا خىلاپ يېڭىلىق، دىندا كېيىن پەيدا بولغان نەرسە: موللام مۇنداق بىدئەت سوئاللارنى سورىـغۇچىلارغا ئىبرەت قىلىش غەرىزىدە غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى.

**بىدئەتچى** ئى <دىن> دىنغا خىلاپ يېڭىلىقلارنى كىرگۈـزۈش تەرەپدارى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى.

**بىدئەتچىلىك** ئى <دىن > دىندا ئەسلىدە بولمىغان، ئەمما كېيىن دىننى قايدۇرۇپ، ئەسلىدە نورمال بولغان دىنىي قائىدە ـ نىزاملاردىن چەتنەش، قېيىپ كېتىش: شىنجاڭ بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش تۇرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

**بىدئەتلىك** ئى. دىنىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان يېڭى ئېقىم، ھادىسە ياكى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇلـلىنىش، دىنغا خىلاپ قىلىق ـ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇلـلىنىش: ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىدئەدلىك دەپ قارايدۇ.

**بىدەرەپ** ئى. دىيال. ھاجەتخانا.

**بىدىرىماق** پ. دىيال. قىسىلماق، ئازار يېمەك، خارلانماق.

**بىدىللىق** ئى. كۆڭۈلسىزلىك، غەم ـ غۇسسە: ئى ئىنىم بىز يەكەن تامان قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپتىمىز. بىراق، بىدىللىق مېنىڭ كۆڭلۈمدىن زادىلا كۆتۈرۈلمەي دىلىمنى گۇمان باستى.

**بىر** ① سان <مات> ئەڭ كىچىك ساناق سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «1» رەقىمى: گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال). * بىرنى بىرگە قوشسا ئىككى بولىدۇ. ② ئى. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمـچىسى «ى» بىلەن كېلىپ مەلۇم بىر «كىشى، ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىغا تۇتۇلدۇم (ماقال). ③ ئال. ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «شۇ»، «مۇشۇ»، «ئوخشاش بىر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھېيتەم ئەر ـ خوتۇن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدۇ. ④ ئال. ئېنىقسىز قوشۇمچە ۋەزىپىسىدە كېلىپ «قانداقتۇر، ئاللىقانداق، قايسىدۇر، قاچاندۇر»غا ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۈنى. بىر ئاخشىمى. ⑤ رەۋ. پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ خەۋەر مەھەللىگە بىر كەلدى. ⑥ ئال. «كىم»، «نېمە» سوئال ئالماشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېنىقسىز ئالماش رولىدا كېلىدۇ: ئايگۈل يولدا تونۇش بىركىم ئۇچراپ قالسا بولاتتى، دەپ پات ـ پاتلا ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى. ⑦ سۈپ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە. ⑧ يۈك. «يالغۇز»، «پەقەت» دېگەن مەنىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: بۇ ئىشنى بىر تۇرسۇنلا بىلىدۇ، باشقىلار بىلمەيدۇ. ⑨ سۈپ. ئىسىملىق جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ «ئورتاق»، «ئوخشاش» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ئەرەبلەر 23 دۆلەت ۋە رايونغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىر، يېزىقى بىر، ئېتىقادى بىر. ⑩ رەۋ. باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز ياساش رولىنى ئوينايـدۇ: بىر ئاز. بىر قۇر. ⑪ باغل. «بىردە»، «بەزىدە» دېگەن مەنىـلەرنى بىلدۈرۈپ، ئايرىغۇچى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: — بىر ئۇنداق دەپ، بىر مۇنداق دەپ دىققىتىمنى چېچىۋەتتىڭىز ئەپەنـدىم، — دەپتۇ ھەسەن زەرگەر.

**بىر ئاش پىشىم** بىر قېتىم ئاش پىشقۇچىلىك ۋاقىت، پۇرسەت.

**بىر ئالماق** بىرەر ئورۇننىڭ ھەممە يېرىنى پۈتۈنلەي قاپلىـماق؛ ئىگىلىمەك، ھەممە يېرىگە تارالماق، بىر كەلمەك.

**بىر باشتىن** ① باشلىنىدىغان جايىدىن: تەھرىر ئالدىغا تىزىلغان ماقالىلەرنى بىر باشتىن كۆرۈپ تۈزىتىشكە كىرىشتى. ② بىر تەرەپـتىن، بىر ياقتىن، تەرتىپى بىلەن: ئاپتوبۇس ئالدىغا توپلانغانلار بىر باشتىن چىقىشقا باشلىدى.

**بىر پەللە** ① بىر دەرىجە، بىر بالداق: بىر پەللە كۆتۈرۈلمەك. ② مەلۇم بىر ۋاقىت، بىر مەھەل، بىر مەزگىل: ئۇ بىر پەللە شۇنداق ئويناـغاندىن كېيىن ئات مىنىشتىنمۇ زېرىكىپ، ۋاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىماق** ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالماق، ئۆمرى ئاز قالماق، قېرىماق.

**بىر توقاي** بىر تالاي، بىرمۇنچە.

**بىر تۇغقان** بىر ئاتا ياكى ئانىدىن تۇغۇلغانلار، قېرىنداش.

**بىر تۆشۈككە سىيمەك** ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتتە بىر بولماق.

**بىر تۇركۇم** مەلۇم ساندا، خېلى كۆپ.

**بىر تىيىن** قىممىتى يوق، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، ئەرزىمەس: بىر تىيىن بولماق، بىر تىيىن قىلماق.

**بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى** يامان، بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشتا، نىيىتى، مەقسىتى، ھەرىكىتى بىر؛ ھەمشىرىك: بۇ خۇمپەر بىلەن مەخسۇت بەگ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

**بىر چىشلەم** ئاز، ئازراق، بىزە، كىچىك، كىچىككىنە: تەكشۈـرۈپ كۆرسەك ئۇلارنىڭ بىر چىشلەممۇ ئوزۇقى قالماپتۇ.

**بىر چىمدىم** ئاز، كىچىككىنە: ئابلىز: — ئۆيدە چۈشلۈك تاماققا بىر چىمدىممۇ ئۇن قالماپتۇ، ئۇن ئەكىلىۋالسام، — دەپ سوراپ چىقىپ كەتتى.

**بىر دۆۋە** خېلى كۆپ، نۇرغۇن: ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دۆۋە خەت ـ چەكلەر تۇراتتى.

**بىر سەتەل** دىيال. بىر سىقىمدىن ئازراق ھەجىمدىكى نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. بىر قىلماق. يايماق، يېيىۋەتمەك، ئاشكارا قىلىۋەتمەك: ئۇ بۇ ئىشنى جاھانغا بىر قىلدى.

**بىركەلتۈرمەك** يېيىۋەتمەك، ئاشكارا قىلىۋەتمەك.

**بىر كەلمەك** توشماق؛ تولماق، قاپلىماق؛ تارالماق: كاۋا پېلىكى يېيىلىپ چوڭ ئېتىزغا بىر كەپتۇ.

**بىر ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان** ياشتا چوڭ، كۆپنى كۆرگەن: مەن ساڭا قارىغاندا بىر ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان.

**بىراخما** ئى [سانس] <دىن> ھىندىلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە بارلىقنى ياراتقۇچى، تەڭرى، خۇدا.

**بىراخمان** ئى [سانس] <دىن> ① بىراخمان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى. ② ھىندىستاندىكى بىراخمان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەڭ يۇقىرى بىر تەبىقە.

**بىراخمانىزم** ئى [سانس + ر] بىراخمان دىنى.

**بىرئاز** سۈپ [بىر + ئاز] كۆپ ئەمەس، ئازراق: بىرئاز سەۋر قىلىڭ.

**بىراشۇرا** ئى [ر] <مەت> كىچىك كىتاب، كىتابچە؛ رىسالە.

**بىراق** باغل. تەڭداش جۈملىلەرنى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ: شۇ پەيتتە ئىسھاق پىلىموتنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى، بىراق تۇتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى.

**بىراقلا** رەۋ ① بىرلا ۋاقىتتا، بىردىنلا، بىريولى: ئەزىزنىڭ ئامىتى كەلدى. ئۇ ئاددىي كادىرلىقتىن بىراقلا نازىرلىققا كۆتۈرۈلدى. ② بىريولى، پۈتۈنلەي، ھەممىسى: تۇڭدىكى ماي بىراقلا تۆكۈلۈپ كەتتى.

**بىراۋ** ئال. كىمدۇر بىر كىشى، مەلۇم بىر ئادەم، ئاللىكىم، ئۆزگە: بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئوڭاي ئۇنتۇلمايدۇ.

**بىرە ـ بىرە** ئاندا ـ ساندا، ناگان ـ ناگاندا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، گاھىدا، بەزىدە، بەزى ـ بەزىدە: يولۇچىلار بىرە ـ بىرە كېلىپ، قاراپ قويۇپلا كېتىپ قالاتتى.

**بىرەپتات** ئى. دىيال ① باردى ـ كەلدى. ② ئاراز، ئارازلىق.

**بىرەپتات بولماق** دىيال. كەلدى ـ باردى قىلماسلىق، ئارازلاناق؛ نېرى تۇر ـ بېرى تۇر بولۇپ قالماق.

**بىرەتكە** سۈپ. دىيال. ئازراق، كىچىككىنە، ئاندا ـ ساندا.

**بىرە ـ تولا** بەك كۆپ ئەمەس، ئەمما بىرە ـ بىرەدىن كۆپرەك، گاھى ـ گاھى، بەزى ـ بەزى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

**بىرەر** ئال. قانداقتۇر بىر، ھەر ھالدا بىر: بىرەر نۆۋەت. بىرەر ئىش.

**بىرەرى** ئال ① قانداقتۇر بىركىم، بىرەر كىشى، بىركىم، بىرى: ئىشخانىدا بىرەرى بارمۇ؟ ② قانداقتۇر بىر نەرسە، قانداقتۇر بىرەر ئىش، بىرەر ھەرىكەت: بۇ دۇكاندىن مەن ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرەرىمۇ تېپىلمىدى.

**بىرەر ـ يېرىم** بىر ۋە بىر ئەتراپىدا، بىردىن ئاشمىغان: ئۇكام، بازارغا بارساڭ بىرەر ـ يېرىم قوغۇن ئالغاچ كەلسەڭ.

**بىرە ـ سىرە** ← **بىرە ـ بىرە**: ئۇ بىرە ـ سىرە كېلىپ تۇرىدۇ.

**بىرەن ـ سىرەن** ← **بىرە ـ بىرە.**

**بىرەھىم** سۈپ [پ + ئە] رەھىمسىز: خەققە كويچەن تۈگۈل، موچەن پۇلى ئۆتۈپ قالسا، شۇ موچەن ئۈچۈن قانداق گال سىقىشنى ئۆگەتكەن ئەخلاقسىز، بىرەھىم ئوقۇتقۇچى. // ھوي بىرەھىم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ يەنە كۈلىسەنغۇ؟

**بىرەھىملىك** ئى ← **رەھىمسىزلىك.**

**بىرەيلەن** ئال. بىر ئادەم، بىر كىشى: ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ بىرەيلەن چىقىپ كەتتى.

**بىربولسا** [بىر + بولسا] ① يۈك. «ئېھتىمال، بەلكى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: بىر بولسا، ھازىر بېيجىڭنىڭ پويىزى كېتىپ بولدى. ② باغل . تەكرارلىنىپ كېلىپ «يا، ياكى» دېگەن مەنىدە تاللاش باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ: ئۇ بىر بولسا ئامباردا بار، بىربولسا خامانغا كەتتى.

**بىر ـ بىر** ئۆز تەرتىپى بىلەن، بىرمۇبىر، بىر ـ بىرلەپ: قېنى مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى بىر ـ بىر تەكرارلاپ كۆرۈڭ؟

**بىر ـ بىردىن** بىردىن ـ بىردىن، بىر ـ بىرلەپ.

**بىر ـ بىرلەپ** ① بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، ئارقا ـ ئارقىدىن: مەن دوستلىرىم بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلاشتىم. ② كۆچمە. تەپسىلىي، ئىنچىكە: مەختۇمسۇلا ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

**بىر ـ بىرىدىن** بىرى يەنە بىرىدىن، بىرى ئىككىنچىسىدىن: ئۇلار ئاشۇنداق ئادەتتىكى گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرىدىن ھال سوراشتى.

**بىر ـ بىرىگە** بىرى يەنە بىرىگە، بىرى ئىككىنچىسىگە؛ ئۆزئارا: سابىر بىلەن زەيتۇنەم بىر ـ بىرىگە بېقىپ ئولتۇرۇشتى.

**بىر ـ بىرىنى** بىرى يەنە بىرىنى، بىرى ئىككىنچىسىنى: باللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۇزاق ئوينىغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

**بىرپەس** رەۋ [بىر + پەس] بىردەم، بىرئاز: ئۇلار بىرپەس خىزمەت ئۈستىدە نېرى ـ بېرى پاراڭلاشتى.

**بىرتالاي** رەۋ [بىر + تالاي] ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، سان ـ مىقدار جەھەتتىن كۆپ.

**بىرتە ـ يېرىمتە** ئازراق، بىرئاز؛ بەك ئاز.

**بىرتوقاي** سۈپ [بىر + توقاي] بىرتالاي، بىرمۇنچە، نۇرغۇن، تولا: ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرتوقاي باللار ئولىشىۋالغانىدى.

**بىرتۇرۇپ** باغل [بىر + تۇرۇپ] «بىردەم»، «گاھىدا» دېگەن مەنىدە ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: شۇ كۈنى ھاۋا بىر تۇرۇپ ئېچىلسا، بىرتۇرۇپ تۇتۇلاتتى.

**بىرتۇرلۇك** رەۋ [بىر + تۇرلۇك] باشقىچە، غەلىتە، ئاجايىپ: بۈگۈن مىجەزىم بىرتۇرلۇك بولۇۋاتىدۇ، بېرىپ بىردەم ئارام ئالاي.

**بىردە** باغل. بىردەم، بىرتۇرۇپ، بەزىدە: ئۇ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بىردە شاڭيۇنى، بىردە چېرىكلەرنى تىللىدى.

**بىردەك** سۈپ ① بىر خىلدا، ئوخشاش، تەكشى، باراۋەر: مەيلى ياشانغانلار ۋە ياكى كىچىكلەرگە بولسۇن بىردەك مۇئامىلە قىلىش لازىم. ② بىر نەرسىدەك، مەھكەم: ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

**بىردەكسىز** سۈپ. بىردەك ئەمەس، بىردەك بولمىغان، بىردەكلىكى يوق: ئىرادىدە بىردەكسىز بولغانلارغا تەربىيە قىلىنىدۇ.

**بىردەكسىزلىك** ئى. بىردەك تەكشى، باراۋەر بولمىغان ئىش ياكى ئەھۋال؛ بىردەك بولمىغان مەسىلە ياكى ھالەت، بىردەك ئەمەسلىكى، بىردەك بولماسلىق: تەربىيەدىكى بۇخىل بىردەك-

سىزلىك مۇقەررەر بالىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. * بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيەسىدىكى ساقلىنىش تولىمۇ تەس بىر مەسىلە، تەربىيە بىردەك-سىزلىكى مەسىلىسى.

**بىردەكلەشتۈرمەك** «بىردەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**بىردەكلەشتۈرۈلمەك** «بىردەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىردەكلەشمەك** پ. بىردەك بولماق، بىرگەۋدە بولغان، تەكشى بولماق، بىردەك ھالەتنى ساقلىماق: دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈنسايىن بىردەكلىشىشى ئۇنىڭ بىرخىل تاللاش ئىمكانىيىتىنى يوقىتا چىقىرىشى مۇمكىن.

**بىردەكلىك** ئى. باراۋەرلىك؛ مۇستەھكەملىك: ئاھاڭ شەكلى-نىڭ بىردەكلىكى. ئىرادىنىڭ بىردەكلىكى.

**بىردەم** رەۋ [بىر + دەم] ① بىرپەس، بىرئاز: دادام ماڭا قاراپ بىردەم ئۈنسىز تۇردى. ② تەكرارلىنىپ كېلىپ «بەزىدە، گاھىدا» دېگەن مەنىدە ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: دۈشمەنلەر بالىنى بىردەم ئۇرۇپ، بىردەم قورقۇتۇپ ئەكەلدى.

**بىردەملىك** سۈپ. بىردەم بولىدىغان: تۇغۇتتىن كېيىن بىردەملىك ئۇيقۇغا كەتكەن ھەببە ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى.

**بىردەم - يېرىمدەم** بىردەملىككە، قىسقا بىر ۋاقىت، بىرپەس: ئۇ ئىشتىن بۇرۇنراق قايتقان كۈنلىرى بالىلىرى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم بىللە بولالايتتى.

**بىردىن** رەۋ. تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت، توساتتىن، تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەندە: جامائەت بىردىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاسمىنى كۆردى.

**بىردىنبىر** سۈپ [بىر + دىن + بىر] بىرگىنە، يالغۇز، مۇھىم، پەقەت بىرلا: بىردىنبىر چارە.

**بىردىنلا** رەۋ. توساتتىن، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، تاسا-دىپىي: ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى.

**بىرر** ئى. ئېفىيوپىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**بىرقانچە** سۈپ [بىر + قانچە] بىردىن ئارتۇق، بەلگىلىك مىقداردا: بىز بىرقانچە ئادەم بىرگە بازارغا باردۇق.

**بىرقانداق** رەۋ [بىر + قانداق] قانداقتۇر بىر يوسۇندا، قانداقتۇر بىر خىلدا، قانداقتۇر بىر ھالەتتە: سەن ئاپتوبۇسقا چىققاندا بىرقانداق بولمىغانسەن؟

**بىرقايسى** ئال [بىر + قايسى] كىملىكى نامەلۇم، قانداقتۇر بىر، قايسىبىر: مامۇتئاخۇن قىزىغا: — بىرقايسىسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا «ھازىر كېلىدۇ» دەڭ، — دەپ چىقىپ كەتتى.

**بىرقەدەر** رەۋ [بىر + قەدەر] مەلۇم دەرىجىدە، خېلى: يېقىن-دىن بۇيان ئۇ كىشىلەرنىڭ بىرقەدەر ياخشى باھاسىغا ئېرىشمەكتە.

**بىرقۇر** [بىر + قۇر] ① رەۋ. بىر قېتىم، بىر باشتىن: موللام قولىدىكى كىتابنى بىرقۇر ۋاراقلاپ چىقتى. ② سۈپ. بىر يۈرۈش، بىر پار (كىيىم - كېچەك ھەققىدە): مەن ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى بىرقۇر كىيىم تىككۈزدۈم.

**بىرقىسما** سۈپ [بىر + قىسما] بىرتۇرلۇك، باشقىچە، نورمالسىز، غەيرىي: ھويلا ئىچىدىن ئايال كىشىنىڭ غۇدۇراپ چالۋاقىغان بىرقىسما ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بىركەم** رەۋ [بىر + كەم] بىر ۋاقىت، بىر چاغ، بىرمەز-گىل: لۇتپۇللا يەنە خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ، خېلى بىركەم بولغاندا ئاندىن ئۇخلىدى.

**بىركىم** ئال [بىر + كىم] نامەلۇم بىر كىشى، كىمدۇر بىرى: بىرنى بىركىم بېرەر، كۆپنى ئەمگەك بېرەر (ماقال).

**بىرگە** رەۋ ① بىر بولۇپ، بىرلىشىپ، قوشۇلۇپ، بىللە، بىرلىكتە: بىز بىرگە ئوقۇدۇق، بىرگە خىزمەت قىلدۇق، بۇ جەرياندا تېخىچە مېنى چۈشىنىپ بولمىغانمىدىڭ؟ ② «بىلەن» سۆزى بىلەن كېلىپ «بىر قاتاردا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بەدەننى كۈچلەن-دۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش بىلەن بىرگە تەنھەرىكەت بىلەنمۇ داۋاملىق شۇغۇللىنىش كېرەك.

**بىرلە** باغل. يېزت. بىلەن، ئارقىلىق: ئوخشىسىمۇ گەر سىياقىغا دەرەخنىڭ پارچىسى، ئول ئېسىل خىسلەتلىرى بىرلە دەرەخنىڭ تاجىسى.

**بىرلەپ** رەۋ. بىرنى بىرلىك قىلىپ، بىردىن.

**بىرلەپ - ئىككىلەپ** بىرلەپ ۋە ئىككىلەپ، گاھىدا بىردىن، گاھىدا ئىككىدىن، بىر - ئىككىدىن بولۇپ: مېھمانلار ئەمدى بىرلەپ - ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىدى.

**بىرلەر** ئى <مات> سانلارنىڭ ئونلۇق سىستېما بويىچە يېزىلىشىدىكى بىرىنچى خانىدىكى رەقەم: بىرلەر خانىسى.

**بىرلەشتۈرمەك** «بىرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: ئۇلار ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمىغان كۆمۈر كانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى.

**بىرلەشتۈرۈلمەك** «بىرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدىن كۆچەت تىكىش بىلەن پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1945 - يىلى قۇرۇلغان خەلقئارا تەشكىلات، قىسقار-تىلىپ «ب د ت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ باش ئورگىنى ئامېرى-كىنىڭ نيۇ يورك شەھىرىدە. ئۇنىڭ مەقسىتى خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى قوغداپ، خەلقئارا دوستانە مۇنا-سىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەر-دىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

**بىرلەشمە** ① سۈپ. بىرقانچە تەرەپ ئۆزئارا بىرلەشتۈ-رۈلگەن، بىرلىكتە ماسلىشىپ ئېلىپ بارغان: بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش. ② ئى. بىرلىشىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتى-مائىي تەشكىلات ياكى ئۇيۇشما: ئاياللار بىرلەشمىسى.

**بىرلەشمەك** پ ① ئۆزئارا تۇتاشماق، ئۇلانماق، بىر - بىرىگە تېگىشمەك: ئاستا - ئاستا ئىككى گەۋدە بىرلەشتى. ② بىر - بىرى-گە قوشۇلماق، ئۇيۇشماق: بىر ئېيىق بىلەن بىر دېھقان ئاغىنە ئىكەن، ئۇلار بىر يىلى بىرلىشىپ ياغىيۇ تېرىپتۇ.

**بىرلەمچى** سۈپ <پەلس> بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە بىرىنچى ئورۇننى تۇتقان، ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان: ماددا بىرلەمچى، چۈنكى ئۇ تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ مەنبەسى.

**بىرلەمچىلىك** سۈپ. بىرلەمچى بولىدىغان، بىرلەمچىگە ئىگە: ئاشۇ سۆز ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلەمچىلىك رولىغا ئىشارە قىلىنغان.

**بىرلەن** باغل. يېزت. بىلەن، ئارقىلىق.

**بىرلىك** ① ئى. ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق: ئىرادە بىرلىكى. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەئەللۇق بولغان، ئومۇمىيلىقتا ئىگە:

بىرلىك سەپ. ③ ئى. شەيئىلەرنى ئۆلچەشتە ئۆلچەم قىلىنىدىغان مىقدار: ئۆلچەم بىرلىكى // بىرلىك مەھسۇلات.

**بىرلىكتە** رەۋ. بىللە، بىر بولۇپ، قوشۇلۇپ: غۇلام ئۆي ئىگىسى بىلەن بىرلىكتە قوي سويۇۋاتاتتى.

**بىرمەھەل** رەۋ [بىر + مەھەل] مەلۇم بىر چەكلىك پەيت، ۋاقىت، چاغ؛ مەزگىل: مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولغان، بىرمەھەل ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغانىدىم.

**بىرمەھەللىك** سۈپ. بىرمەزگىللىك، بىرمەھەل داۋاملىشىدىغان ياكى بولىدىغان : بىرمەھەللىك ھەرىكەت. بىرمەھەللىك قىزغىنلىق.

**بىرمۇبىر** ① ئۆز رەت ـ تەرتىپى بىلەن؛ بىردىن كېيىن يەنە بىرى: مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم. ② ھەربىرىنى، ئالاھىدە، ئايرىم، بىر ـ بىرلەپ: رەقىب بىزنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر تونۇشتۇردى.

**بىرمۇنچە** ئال [بىر + مۇنچە] ① بىرنەچچە، بىرقانچە: بىرمۇنچە ۋاقىت. ② مەلۇم مىقداردا، بەلگىلىك ساندا، مەلۇم دەرىجىدە، خېلى، جىق: ئۇ يېنىغا قارىۋىدى، بىرمۇنچە دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**بىرنەچچە** ئال [بىر + نەچچە] قانچە ئىكەنلىكى نامەلۇم، بىردىن كۆپ، ئاز بولمىغان: ئالمىسىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

**بىرنەرسە** ئال [بىر + نەرسە] ① مۇئەييەن شەيئى ياكى قانداقتۇر سادىر بولغان مەلۇم بىر ھادىسە، ۋەقە، ئىش: كۆزۈمگە بىر نەرسە كۆرۈندى. ② مۇئەييەن بىر پىكىر، قاراش، گەپ ـ سۆز: ئوغلۇم، داداڭ ساڭا بىرنەرسە دېدىمۇ؟ ③ كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغاندا كەمسىتىشنى بىلدۈرىدۇ: ــ قانداق بىرنەرسە بۇ، خەقنىڭ ئۆيىگە ئىشىكنى چەكمەي كالىدەك كىرىپ كەلگىنىنى؟ ــ خاپا بولدى نىساخان ئاچا ئۆيگە كىرگەن كىشىگە چىرايمۇ ئاچماي غۇدۇراپ.

**بىرنۆرى** باغل [بىر + نۆرى] مەيلى، تۇرۇپ تۇرسۇن: ئېيتىدىغا، ماڭا ئوخشاش ئولتۇرسا ـ قوپسا دۇنيانىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان ئادەمنى يولدىن ئازدىڭ دېسە قاملىشامدۇ، باشقىسىمۇ بىرنۆرى، مېنىڭ ھار ئالغىنىم ئەبلەغزىنىڭ مۇشۇ سۆزى.

**بىرنېمە** ئال [بىر + نېمە] ← **بىرنەرسە:** ــ ئاپا ـ ئاپا، ــ دەپ يۈگۈرۈپ كىردى غەيرەت، ــ كۆزۈمگە بىرنېمە كىرىپ كەتتى.

**بىرنېمە بولار** يا ئۇنداق، يا مۇنداق نەتىجىسى چىقار؛ خۇلاسىلىنار: ئانچە ئەنسىرەپ كەتمە، ئاخىر بىرنېمە بولار.

**بىرھازا** رەۋ [بىر + ھازا] خېلى بىر ۋاقىت، خېلى ئۇزاق ۋاقىت: توختى پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سانىمايلا يېنىغا سېلىپ قويدى.

**بىرھازالىق** سۈپ. خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان، ئۇزاق ۋاقىت سوزۇلغان: بىرھازالىق نەغمە ـ ناۋادىن كېيىن يىگىتىپېشى ناسىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

**بىرھالدا** رەۋ [بىر + ھال + دا] بىر خىل رەۋىشتە، ئوخشاش ھالەتتە.

**بىروم** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، بەلگىسى Br(Bromium). توق قوڭۇر رەڭدىكى تۇتۇنلۇك سۇيۇقلۇق؛ تەسىر قىلغۇچى ئۆتكۈر پۇراقى ئىگە؛ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر ئاكتىپ بولۇپ، كۆپ ئېلېمېنتلار

بىلەن بىۋاسىتە بىرىكەلەيدۇ؛ تېرىنى قاتتىق چىرىتىش رولىنى ئوينايدۇ؛ سانائەتتە بوياق ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ؛ خىمىيەۋى بىرىكمىسى تىنچلاندۇرۇش دورىسى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**بىرونزا** [ر<فران] ① ئى. مىسنىڭ قوغۇشۇن، قەلەي، ئاليۇمىن قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىشمىسى. ② ئى. شۇ قېتىشمىدىن ياسالغان تۈرلۈك قورال ـ جابدۇقلار. ③ سۈپ (ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى) كىشىلەر بىرونزىدىن ياسالغان قورال ـ جابدۇقلارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن ھەم بىرونزا قوراللارنى ئىشلەتكەن : بىرونزا دەۋرى.

**بىرونې** ئى [ر] <ھەرب> ھەربىي پاراخوت ياكى بىرونېۋىكلارغا ئوق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن سىرتىدىن قاپلىنىدىغان پولات ياكى باشقا قاتتىق مېتال.

**بىرونېۋىك** ئى [ر] بىرونې بىلەن قاپلانغان ھەربىي ئاپتوموبىل ياكى پويىز.

**بىرۇتسېلليوز** ئى [ئىنگ] <زوئول> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل، كېسەل قوزغاتقۇچىسى بىرۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيەسى. ئۇ ئۆچكە، كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بالا تاشلاش كېسىلى بولۇپ، نەسىللىنىش ئەزالىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، بالا تاشلاش، تۇغماسلىق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ياللۇغلىنىشى قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرئۇچقاش** رەۋ [بىر + ئۇچقاش] بىرتۇتاش، بىريولى، ئۈزۈلدۈرمەي : بۇ ئىشنى بىر ئۇچقاش قىلىۋېتەيلى.

**بىرۋاراقى** رەۋ [بىر + ۋاراق + ى] قەدەممۇقەدەم، بىر ـ بىرلەپ، پەيدىنپەي، بارا ـ بارا، تەدرىجىي: بىرۋاراقى ئىشلەپ تۈگىتىمەن.

**بىرېزېنت** ئى [ر<گول] سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان، كەندىر ياكى پاختا تالاسىنى پىششىقلاش ئارقىلىق توقۇلغان قېلىن بىر خىل ماتا. كۆپىنچە بىر نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىش ياكى ئاشلىق قاچىلايدىغان قاپ ـ تاغار تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**بىرىنتۋا** ئى [ر] ساقال ئالغۇچقا بېكىتىدىغان يۇپقا مېتال پىچاق، تىغ.

**بىرىكتۈرگۈچى** سۈپ . بىرىكتۈرىدىغان، بىرىكتۈرۈش رولىغا ئىگە: بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما.

**بىرىكتۈرگۈچىلىك** ئى. بىرىكتۈرگۈچىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېر.

**بىرىكتۈرمە** سۈپ. بىرىكتۈرۈلگەن، بىرىككەن، بىرلەشتۈرۈلگەن: بىرىكتۈرمە تەكرار ئايرىش نومۇرى.

**بىرىكتۈرمەك** «بىرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ھازىر ئوكسىگېننى ئازوت بىلەن ئوخشاش بولمىغان نىسبەت بويىچە بىرىكتۈردۇق.

**بىرىكتۈرۈلمەك** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوكسىگېن بىلەن ئازوت ئوخشاش بولمىغان نىسبەت بويىچە بىرىكتۈرۈلدى.

**بىرىككەن** سۈپ. ئۆزئارا قوشۇلغان، بىرلىشىپ كەتكەن: بىرىككەن خۇلاسە.

**بىرىككەن سۆز** <تىل> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق

سۆزدىن بىرىكىپ بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ياسالما سۆز.

**بىرىكمە** ① ئى. بەلگىلىك نىسبەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇش ۋە ئارىلىشىش بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشما. ② سۈپ. بىرىككەن: بىرىكمە ئۇغۇت.

**بىرىكمەك** پ. ئۆزئارا قوشۇلماق، بىرلەشمەك.

**بىرىكىشمەك** «بىرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىرلىيانت** ئى [ر<فران] <گېئول> كېسىلىپ، تاراچلىنىپ ھەر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن ئالماس.

**بىرىنچى** ① سان. بىرىنچى نومۇرلۇق: بىرىنچى سىنىپ. ② سۈپ. ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان، ئەڭ ئالدىنقى: ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق، خوتۇننى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق (ماقال). ③ رەۋ. باشتىن كەچۈرۈلمىگەن، كۆرۈلمىگەن؛ ھاياتىدا ئەمدى بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن، سادىر بولغان: بۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بىرىنچى قېتىم دەرس ئۆتۈپ بېقىشىم ئىدى. ④ سۈپ. ھەممىدىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، ئەڭ ماھىر، ئىلغار، ئەلا، پېشقەدەم: بۇ يىلقى مۇسابىقىمىزدە قوماندانىمىز ساۋۇت بىرىنچى. ⑤ سۈپ. ھەممىدىن زۆرۈر، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي؛ باش: بۇ يەردىكى بىرىنچى ۋەزىپە دەم ئېلىش، ئاندىن قالسا ئۆگىنىش.

**بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> دەرىجىسى بىر بولغان ئالگېبرالىق تەڭلىمە.

**بىرىنچى قول** ① رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدىكى ئاساسىي مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى، بىرىنچى باشلىق: ئۇ كادىرلار باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئىدى. ② دەسلەپ قولغا كەلتۈرگەن، دەسلەپ ئىگە بولغان: بىرىنچى قول ماتېرىيال.

**بىرىنچىدىن** رەۋ. گەپ ـ سۆزدە ساناپ ئۆتۈلىدىغان شەيئى، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ: ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچىدىن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

**بىرىنچىلىك** ئى. سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ماھارەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەڭ ئۈستۈنلۈك، يۇقىرىلىق: ئۇ دەرستە ۋە باشقا پائالىيەتلەردە سىنىپتا ھەمىشە بىرىنچىلىكنى تالىشاتتى.

**بىريولى** رەۋ [بىر + يول + ى] بىراقلا، بىر قېتىمدىلا: ئۇ بىر يولىلا قېرىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

**بىز ئال** ① سۆزلىگۈچى ۋە ئۇ كۆزدە تۇتقان، بىرگە بولغان بىرقانچە كىشى: بىز بۈگۈن بازارغا باردۇق. ② بىرىنچى شەخس «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەمتەرلىك ياكى ماختىنىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: سىز بىلەن بىز ياخشىدۇققۇ ھاشىم ئاكا.

**بىزار** سۈپ [پ] بەزگەن، تويغان، زېرىككەن: بىكاردىن خۇدا بىزار (ماقال). // ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق (ماقال).

**بىزارلىق** ئى. بىزار بولغان، زېرىككەن ھالەت، كەيپىيات.

**بىزە** سۈپ. جان ت. بىرئاز، ئازراق: بۈگۈن بىزە ئىشىم بار.

**بىزەپ** سۈپ [پ + ئە] ① ئىسراپ، زايە: توخۇلار قوناقنى بىزەپ قىلىۋەتتى. ② پاسكىنا، كىر: بۇ قورۇنىڭ ئىچى بەك بىزەپ ئىكەن.

**بىزەپچىلىك** ئى ① بىزەپ بولۇپ كەتكەن ھالەت، ئىسراپچىلىق: يېمەك ـ ئىچمەك بىزەپچىلىكى. ② پاسكىنىچىلىق: ئەتىيازدا قار ئېرىگەندە بولىدىغان ئارقا كوچىلاردىكى بىزەپچىلىك ھازىر تۈگىدى.

**بىزەپلىك** ئى. قالايمىقان، پاسكىنا ھالەت؛ پاسكىنىچىلىق.

**بىزەزىر** رەۋ، دىيال. ئانچە ـ مۇنچە، بىرئاز.

**بىزەڭ** سۈپ. يۈزى قېلىن، ئىزا تارتمايدىغان، ئۇيالمايدىغان: ئۇ بىزەڭنى كۆرىدىغان كۆزۈم يوق.

**بىزەڭلەشتۈرمەك** «بىزەڭلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىزەڭلەشمەك** پ. بىزەڭ بولماق، يۈزى قېلىنلىق قىلماق؛ ئۇيالمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان بولۇپ كەتمەك: بالىنى تىللاۋەرسە، بىزەڭلىشىپ گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**بىزەڭلىك** ئى. يۈزى قېلىنلىق: بىزەڭلىك قىلىۋاتىسەنغۇ ھارامزادە، كۆتۈر قاسقىنىڭنى !

**بىزەۋتە** سۈپ. جان ت. بىئارام، تەشۋىشلىك، بىسەرەمجان: بىزەۋتە بولماق. بىزەۋتە قىلماق.

**بىزمان** رەۋ [بىر + ئاز + زامان] جان ت. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن سەل كېيىن، بىرئازدىن كېيىن، كېيىنرەك: بىز بىزمان بارىمىز. * بىزمان ئۇلار كېلىدۇ.

**بىزمانلىقتا** رەۋ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ئۇزدمىغان ۋاقىت ئىچىدە: بىزمانلىقتا ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ.

**بىزىر** سۈپ. دىيال. بىرئاز، سەل.

**بىزىك** سۈپ. دىيال. بىرئاز، كىچىككىنە، ئازغىنا.

**بىس** ئى. تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ئۆتكۈر قىرى.

**بىسات** ئى [ئە] ① ئۆي سەرەمجانلىرى: ئۇلار قاتتىق قىشتا ئۆي بىساتى بېسىلغان ئۈستى ئوچۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. ② كىشىدە بولغان ھەممە نەرسە، بايلىق: مېنىڭ بارلىق بىساتىم مانا مۇشۇ بىر ساندۇق كىتاب.

**بىساتسىز** سۈپ. بىساتى يوق، بىسات بولمىغان.

**بىساتلانماق** پ. تۈرلۈك سەرەمجانلار بىلەن بېزەلمەك، جابدۇلماق: مۆمىنئاخۇننىڭ ئىككى دېرىزىلىك پاكىز، ئاددىي بىساتلانغان ئۆيى بار ئىدى.

**بىساتلىق** سۈپ. بىساتى بار، بىسات بولغان.

**بىساتلىقتا** رەۋ. دىيال. ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، بىردەمدىن كېيىن.

**بىسەرەمجان** رەۋ [پ] ① سەرەمجانلاشتۇرۇلمىغان؛ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپسىز، رەتسىز: ئۆيئىچى تولىمۇ بىسەرەمجان ئىدى. ② بىئارام، تەشۋىشلىك، خاتىرجەم ئەمەس: بىسەرەمجان بولماق. بىسەرەمجان قىلماق. * سىز مۇنداق يىغلىسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ كېتىدۇ.

**بىسەرەمجانلانماق** پ. بىسەرەمجان بولماق، بىسەرەمجان بولغان ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقانلاشماق، تەشۋىشلەنمەك: مەخسۇم بۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان بىمەنىلىكتىن خېلى تاقەتسىزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچكىرىدىن بىرەر كىشى چىقىپ قالمىسۇن دەپ بىسەرەمجانلانغانىدى.

**بىسەرەمجانلىق** ئى. بىسەرەمجان بولۇش، بىسەرەمجان

هالەت: ئۇ پاخال ئۈستىدە بىسەرەمجانلىق بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇ ياققا ئۆرۈلەتتى.

**بىستەر** ئى [ئە] ← **سىزغۇچ.**

**بىسسىز** سۈپ. بىسى يوق، بىس چىقىرىلمىغان: بىسسىز پىچاق.

**بىسلىق** سۈپ. بىسى بار، بىس چىقىرىلغان: ئىككى بىسلىق قىلىچ. ئىككى بىسلىق خەنجەر.

**بىسلاتماق** «بىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىسلانماق** «بىسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىسلىماق** پ. بىس چىقارماق، بىسلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك: قىلىچنى بىسلىماق.

**بىسمۇت** ئى [ئىنگ] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Bi(Bismuthum). رەڭگى ئاق ياكى قىزغۇچ كېلىدۇ، يۇمشاق بولۇپ، كۆپىنچە ئارىلاشما ھالەتتە ئۇچرايدۇ، ساپلىقى تۆۋەن، قاتتاندا كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاسان ئېرىمەيدىغان قېتىشمىلارنى ياساشقا بولىدۇ. ئۇنى بىخەتەرلىك سىمى، بىخەتەرلىك قاپقىقى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**بىسمىللا** ئى [ئە ] ① <دىن> قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ۋە ئومۇمەن كونا كىتاب، كونا خەت ـ چەك قاتارلىقلارنىڭ باشلىنىش فورمۇسى. ② بىرەر ئىشقا كىرىشكەندە، خۇسۇسەن تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلىدىغان باشلىنىش سۆزى: بوۋاي «بىسمىللا» دەپ يولغا چۈشتى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمىسى: تېخى سۆزۈمنىڭ بىسمىللاسىنى ئېيتماي تۇرۇپ، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى.

**بىسوراق** رەۋ. يېزىت ① رۇخسەت قىلماي؛ سورىماي، رۇخسەتسىز: بىسوراق ئىش قىلماق. ② سوراق قىلىنماي، سورالماي؛ سوراقسىز: بىسوراق قاماقتا ياتماق.

**بىسيار** رەۋ [پ] يېزىت. كۆپ، زور، تولا: ئاتام ئىدى بىزگە غەمخار، ئانام يىغلاپ دائىم بىسيار، ئاغام ئىدى ماھى رۇخسار، تەقدىردىن كەلسە نەيلەردۇق.

**بىشەكشىرىن** ئى [پ + ئە + پ] <بوت> قوغۇننىڭ بىر تۈرى. بۇ خىل قوغۇننىڭ پوستى تاللىق، ئېتى قېلىن، سۇلۇق ھەم ناھايىتى تاتلىق بولىدۇ.

**بىشەم** سۈپ [پ] ئىزا تارتمايدىغان، گەپ تەسىر قىلمايدىغان، گەپ ئۆتمەيدىغان، بەتخۇي؛ قىلىقسىز: بىشەم ئايال. * يۇنۇس ئەسلىدىمۇ كالتە پەم، بىشەمرەك ئادەم ئىدى.

**بىشەملىك** ئى. ئىزا تارتماسلىق: ئۇ بىشەملىك قىلىپ ھەممىمىزنى سەت قىلدى.

**بىشۇ** ئى. قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرىگە ئەستەر قىلىنىدىغان يۇپقا تېرە.

**بىغەرەز** سۈپ [پ + ئە] غەرەز ئۇقمايدىغان، غەرەز بىلمەيدىغان، ئۇششۇق: بىغەرەزدىن دوزاخ قېچىپتۇ (ماقال).

**بىغەرەزلىك** ئى. غەرەز ئۇقماس خاراكتېر، غەرەز ئۇقماس مىجەز، ئۇششۇقلۇق: سىز بۇنداق بىغەرەزلىك قىلىۋەرمەڭ.

**بىغەم** سۈپ [پ + ئە] غەمسىز: بىغەم ئادەم. * ئۇ بىغەم ئولتۇرۇپ تۆمۈر سىملارنى كېسىۋاتاتتى.

**بىغەملىك** ئى. غەمسىزلىك: ھۇرۇنلۇق، بىغەملىك، باشقىلارغا تايىنىۋېلىش ئادەم ئۈچۈن يامان ئىللەت.

**بىغۇبار** سۈپ [پ + ئە] يېزىت ← **غۇبارسىز:** بىلدىم ئەمدى، قەلبىڭلار ئىكەن سۈتتەك بىغۇبار. ۋەتەن ئىشقى، ئەل مېھرى، ئىكەن ئاڭا ھەمراھ ـ يار.

**بىغۇبارلىق** ئى. يېزىت. ساپلىق، پاكلىق، كىرسىزلىك: شېئىرىيەت ئىنسان روھىدىن ئىبارەت بۇ ئوربىتىدىن چىقىپ كەتكەنسېرى يۇمرانلىقىنى، بىغۇبارلىقىنى، ھالال ۋە خاسلىقىنى يوقاتتى.

**بىقارار** [پ + ئە] ① سۈپ. بىر خىل تۇرمايدىغان، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان: ئۇ پۈتۈنلەي بىقارار بىر ھالەتتە ئىدى. ② رەۋ. بىر قارار، بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن؛ قارارسىز، ئىككىلەنگەن: ئۇ تېخى بۇ ئىشتا بىقارار ئىدى. ③ رەۋ. كۈتۈپ تۇرالمايدىغان، ئىنتىزار، بىتاقەت: بۇ يىگىت مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرمەستىن ئاشىق بىقارار بولغانىكەن.

**بىقارارلىق** ئى. بىقارار ھالەت: قادىرنىڭ كۆڭلى بىقارارلىق بىلەن داۋالغۇپ تۇراتتى.

**بىقىستىماق** «بىقىسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىقىسىق** سۈپ. پۇرىغان، بىقىسىغان، سېسىغان: ئۆينىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن بىقىسىق، دېرىزىنى ئېچىۋېتەيلى.

**بىقىسىماق** پ. سېسىپ، ئېچىشقا باشلىماق، بەتبۇي پۇراق چىقارماق: ھاۋاغا چاڭ ـ توزان، بىقىسىغان بۇس ئۇزلۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

**بىقورۇچلىق** ئى. دىيال. كىشىگە قارام بولۇپ قېلىش، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش.

**بىقۇۋۇل** سۈپ. كۈچسىز، دەرمانسىز، نائىلاج: ···لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزلىرىنى ئۆزى خالاپ خەققە تۇتۇپ بېرىدىغان بىقۇۋۇل ناكەسكەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق. بىچارە، بىقۇۋۇل ئۇ ماڭا موھتاج.

**بىقۇۋۋەت** سۈپ [پ + ئە] يېزىت ← **قۇۋۋەتسىز:** شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئاجىز، بىقۇۋۋەت ھېس قىلدى.

**بىقىن** ئى ① <ئانات> گەۋدىنىڭ قولتۇقتىن يانپاش سۆڭىكىگىچە بولغان ئوڭ ۋە سول يان تەرىپى: ئوڭ بىقىن. سول بىقىن. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ يان قىسمى، يان تەرىپى: ئانا ئاپتوبۇس ئىشىكىنىڭ بىقىنىدا سىقىلىپ تۇرۇۋالدى.

**بىقىنى چىقماق** تويۇنماق، بۇخادىن چىقماق، مەززە قىلماق.

**بىقىنداتماق** «بىقىندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىقىنداشماق** «بىقىندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، بىقىندىشىپ ئويناۋاتقان باللار بىزنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈندۇر جىم بولۇپ قالدى.

**بىقىندىماق** پ. بىقىنىغا ئۇرماق، نوقۇماق؛ دېۋىتماق: ئۇ ئاتنى بىقىنداپ، يۈرۈشنى تېزلەتتى.

**بىقىياس** رەۋ [ پ+ئە ] قىياس قىلغۇسىز دەرىجىدە، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە، ئىنتايىن، ناھايىتى: بۇ يەردە قەدىمكى جايلار، نەپىس سەنئەت مۇزېيلىرى، چېركاۋلار بىقىياس جىق ئىدى.

**بىكار** [پ] ① سۈپ. ئىشتىن خالىي، بوش، ئىشى يوق، ئىشسىز: بىر بىكار ئوننى بىكار قىپتۇ (ماقال). ② سۈپ. ئەھمىيەتسىز، پايدىسىز، كېرەكسىز: بۇ يەرلەرنى ئاغدۇرۇشقا تىراكتور دېگەن جانىۋاردىن باشقىسى بىكار ـ دە! ③ رەۋ. ئورۇنسىز، سەۋەبسىز: مەن ئەھۋالنى ھەقىقىي بىلگەندىن كېيىنلا ئۇنى بىكار ئەيىبلىگەنلىكىمنى بىلدىم. ④ سۈپ. ئىگىلەنمىگەن، بوش، قۇرۇق:

شۇنچە چوڭ، ئازادە زالدا بىكار ئورۇندۇق كۆرۈنمەيتتى. ⑤ رەۋ. ھەقسىز، پۇلسىز؛ ئەجىرسىز («ـ غا، ـ قا، ـ گە، ـ كە، ـ دىن، ـ تىن» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ): كىيىم بىكارغا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئاسراپ، ئاياپ كىيىش كېرەك.

**بىكارچى** ئى. بىكار يۈرگۈچى؛ ئىشى يوق، بوش ئادەم: بىر كۈنى ئەپەندىم بازاردىكى بىكارچىلارنىڭ سۆھبىتىگە قېتىلىپ قاپتۇ.

**بىكارچىلىق** ئى. ئىشتىن خالىيلىق، ئىشسىزلىق، ئىشى يوقلۇق، ئىشتىن قولى بوشلۇق: سەلەي بولسا بىكارچىلىقتىن زېرىككەندى.

**بىكاردىن - بىكار** ھېچبىر ئاساسسىز، سەۋەبسىز، ئورۇنسىز: سىز نېمىشقا مېنى بىكاردىن - بىكار ئازابلايسىز؟

**بىكارلاتماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىكارلاشماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىكارلانماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىكارلىق** ئى. بىكار بولۇش ھالىتى، ئىشسىزلىق، بىكارچىلىق: ئۇ مېنىڭ بىكارلىقىمنى بىلەتتى.

**بىكارلىماق** پ. بوشاتماق، نەرسە - كېرەكتىن خالىي قىلماق، قۇرۇقدىماق: ئەجدىھا سۈرەتلىك پىيالەڭنى نېمىگە بىكارلاپ قويدۇڭ؟

**بىكامىل** سۈپ [ پ+ئە ] كامىل ئەمەس، كامىل بولمىغان: ئۇلار ئۇ دۇنيالىقنىلا ئويلايدىغان، ئاخىرەتنىڭلا غېمىنى قىلىشىدىغان، ئىمانى بىكامىل تىرىك موردىلارغىلا ئايلىنىپ قېلىشقانىدى.

**بىكۆكەم** سۈپ. دىيال. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق.

**بىكېرەك** سۈپ ← **كېرەكسىز**: شۇنچە نەرسىنى بىكېرەك قىلىۋەتكەن چوڭ دادىسىغا ئەركىنىنىڭ ئۆچلۈكى كەلدى.

**بىكىشمەك** پ. دىيال. پۈتۈشمەك، بىردەكلىك ھاسىل قىلماق.

**بىگانە** سۈپ [پ] يېزىت ① يات، ناتونۇش: — نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرۈسلەر؟ ! — دەپ توۋلاپتۇ ئايخان. ② مۇساپىر؛ غېرىب: يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت، خەلق ئارىسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىۋەت. ③ ئايرىلغان، جۇدا بولغان: ئانار يۈزۈڭگە مەستانە بولدۇم، ئەقىل - ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم...

**بىگانىلىك** ئى. بىگانە بولۇش، بىگانە ھالەت.

**بىگەن** ئى. ياغاچچىلىقتا چوڭ ياغاچلارنى يونۇشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ سايمان.

**بىگۇمان** سۈپ [پ] يېزىت. گۇمانسىز، ئىشەنچلىك: بىگۇمان ئالغانىدىم تاتلىق مېغىز، ئارىدىن قالدى چىقىپ ئاچچىق مېغىز.

**بىگۇناھ** سۈپ [پ] ← **گۇناھسىز**: بىگۇناھ ئادەم.

**بىگىز** ئى. موزدۇزچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، مېتالدىن يىڭنىگە ئوخشاش ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان ياغاچ ساپلىق ئەسۋاب: بىگىز سانجىماق.

**بىگىزتۇمشۇق** ئى [بىگىز+تۇمشۇق] <زوئول>←**چىغچىغىر**.

**بىڭتۇەن** ئى [خەن ] <ھەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى بىر دەرىجىلىك تەشكىل. ئۇ بىر قانچە كورپۇس ياكى دىۋىزىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىڭسى** ئى [خەن] كۈچ - قۇۋۋەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، كارامەت، ماھارەت، گۇمپا: بىڭسىسى بار كىشى.

**بىڭىلدىماق** پ. دىيال. ۋىڭىلدىماق.

**بىڭىلىماق** پ. دىيال. مەلۇم قىلماق: مېنىڭدە گۇناھ بولسا، ۋاڭ كوجاڭغا بىڭىلاسۇن.

**بىلەتمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىچاقنى بىلەتمەك.

**بىلەر - بىلمەس** ئېنىق بىلمىگەن ھالدا، ئېنىق بىلمەستىن تۇرۇپ، نائېنىق: بىلەر - بىلمەس گەپ قىلماق.

**بىلەرمەن** سۈپ ① ھەممە ئىشتىن خەۋەردار؛ كۆپنى بىلىدىغان؛ بىلىملىك؛ ئۇستا: بىلەرمەن كىشى. ② ئۆزىنى بىلىملىك دەپ ھېسابلايدىغان؛ ھەممىنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان: بۇرۇنقى زامانىدا بىر - بىرىدىن «بىلەرمەن» ئەر - خوتۇن بولغانىكەن.

**بىلەرمەنلىك** ئى. ئۆزىنى بىلەرمەن ھېسابلاش: بىلەرمەنلىك قىلماق.

**بىلەزۈك** ئى [بىلەك + ئۈزۈك] بىلەككە سالىدىغان ھالقا شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمى: بىلەزۈك سالماق.

**بىلەزۈكلۈك** سۈپ ① بىلەزۈكى بار، بىلەزۈك تاقىغان، بىلەزۈك سالغان. ② بىلەزۈك ياساشقا تەييارلانغان ياكى بىلەزۈك ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان : بىر بىلەزۈكلۈك ئالتۇن.

**بىلەشمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئورمىچىلار ئورغاقلىرىنى بىلەشتى.

**بىلەك** ئى ① قولنىڭ بېغىشىدىن جەينەككىچە بولغان قىسمى: ئالتۇن بولسا كۈمۈش بولسا، سالسام بىلەككە، يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى تەگدى يۈرەككە. ② قول: بىلىكى يوغان بىرنى يېڭەر، بىلىمى يوغان مىڭنى (ماقال).

**بىلەكلىك** I سۈپ. بىلىكى بار؛ قوللۇق: ئۇزۇن پاچاق، يوغان بىلەكلىك بىر ئادەم قېشىمغا كەلدى.

**بىلەكلىك** II سۈپ. بىلەپ قويۇلغان، بىلەنگەن: بىلەكلىك پىچاق. بىلەكلىك ئورغاق.

**بىلەن** باغل ① ئىككى جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ: مەن ئادىل بىلەن مۇختەرنى بازاردا ئۇچراتتىم. ② «ـ غان، ـ قان، ـ گەن، ـ كەن» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداشتىن كېيىن كېلىپ، مەنە جەھەتتىن قارشى بولغان ئەگەشمە جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: مەن بۇ شەھەرگە كەلمىگەن بىلەن باشقا جايلارغا بارغانمەن. ③ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ: قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ (ماقال). ④ ئابستراكت مەنىدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق روھىي ھالەتتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ⑤ ۋاقىت مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قاچان سادىر بولغانلىقىنى، قانچە ۋاقىت داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار قەشقەرگە تاڭ سەھەر بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. ⑥ ئورۇن، جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ شۇ جاينى بويلاپ يۆنەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بازار بىلەن كەلدىم. ⑦ «بىللە»، «بىرلىكتە» رەۋىشلىرى بىلەن كېلىپ، بىللىلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ: ئاسىم ئۆزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. ⑧ ئىككى تەرەپ قاتنىشىش بىلەن بولىدىغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ قارشى تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ: مەن تۇرسۇن بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتىم. ⑨ ئىش -

ھەرىكەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۆزىدىن ئالدىنقى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نەرسە سەۋەب، ئاساس بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار (ماقال). ⑩ رەۋىشداشلار بىلەن بىللە كېلىپ، مەلۇم بىر ئىش، ئوي ـ پىكىرگە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، مېنىڭ كىرگىنىمنى سەزمەي قالدى. ⑪ ۋاقىت، پەيت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە جۈملىلەردە ئىسمداشتىن كېيىن كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشتىن بۇرۇن بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: باش ئەتىياز كېلىشى بىلەن مەن سەرسان بولۇپ كېتىپ قالدىم.

**بىلەتمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىلەشمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئورمىچىلار ئورغاقلىرىنى بىلەشتى.

**بىلەنمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىچاق بىلەندى.

**بىلەي** ئى. تىغلىق سايمانلارنى بىلەپ ئىتتىكلىتىش، پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرلۈك تاش.

**بىلجىرلاتماق** «بىلجىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىلجىرلاشماق** «بىلجىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىلجىرلىماق** پ. ئاساسسىز، بولمىغۇر گەپ قىلماق؛ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك؛ ئالجىماق؛ جۆيلۈمەك: ئۇ بولار ـ بولماس بىلجىرلاپ ئىشنى بۇز[illegible].

**بىلدۈرمەك** ① «بىل[illegible]مەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ توپ ـ زەمبىرەكل[illegible]رى قاندا[illegible] ئىشلىتىشنى خەلق ئەسكەرلىرىگە بىلدۈردى. ② ئىپادىلىمەك: مەسچىت دېگەن سۆز ئەرەبچە «سەجدە قىلىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ③ ئىزھار قىلماق، ئېيتماق: نەشەككۈر بىلدۈرمەك. ئىپادە بىلدۈرمەك. ④ كۆرسەتمەك: قارشىلىق بىلدۈرمەك.

**بىلدۈرۈشمەك** «بىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزالار ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**بىلدۈرۈلمەك** «بىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىللاھىئەزىم** تىر [ئە] ئۇلۇغ خۇدا ھەققى، ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى: ـــ بىللاھىئەزىم، ھازىر نەق پۇلۇم يوق، ـــ دېدى تۇرسۇن.

**بىللە** رەۋ «بىرگە، بىرلىكتە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىللە بارماق. بىللە ماڭماق.

**بىللۇر** ئى [ئە] رەڭسىز ھەم سۈزۈك ھالەتتىكى كىۋارتىس. ئۇ قىممەت باھالىق بىر خىل رودا.

**بىللەشمەك** پ. بىرگە بولماق، بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق، ئۆملەشمەك: ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر بىللىلىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

**بىللىلىك** ئى. بىللە بولۇش، بىرگە يۈرۈش: بىللە يۈرگەن، تۇرغان ھالەت، ئەھۋال: سەن دېمىسەڭمۇ ھەممە كىشى ئۇلارنىڭ بىللىلىكىنى بىلىدۇ.

**بىلمەسلىك** ئى. بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن ھالەت، ئۇقماسلىق، ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلمەي قېلىش: بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، ئۆگەنمەسلىك ئەيىب (ماقال).

**بىلمەك** پ ① بىرەر ساھەدە مەلۇماتقا، بىلىمگە ئىگە بولماق: خەت بىلمەك. * كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر (ماقال). ② خەۋەردار بولماق، ۋاقىپ بولماق، خەۋەر تاپماق: قادىر ئاخىر ھەممىنى بىلدى. ③ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەك، ئۇقماق، پەرق قىلماق، ئاجراتماق: قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بىلىپ ئال (ماقال). ④ تونۇماق، تونۇش بولماق: بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە (ماقال). ⑤ ھېس قىلماق، سەزمەك: قولۇمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. ⑥ قەدرىگە يەتمەك، قەدىرلىمەك: ئۆزىنى بىلمىگەن خەقنى بىلمەس (ماقال). ⑦ ھېسابلىماق، سانىماق، چاغلىماق ... دەپ ھېسابلىماق، ... دەپ تونۇماق: غەنىيمەت بىلمەك. * ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل (ماقال).

**بىلىپ ـ بىلمەي** گاھىدا بىلىپ، گاھىدا بىلمەي؛ ئەھۋال ئېنىق بولماي تۇرۇپ: ھازىر ھەممىمىز بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان يامان ئىشلىرىمىزغا توۋا قىلدۇق.

**بىلىشمەك** ① «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەكبەر بىلەن گەپ تالىشىپ نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. ② تونۇش ـ ماق، تونۇش ـ بىلىش بولماق: بىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى بىلىشىمىز.

**بىلىم** ئى ① كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىشى ۋە تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى ياكى مۇئەييەن ساھەگە ئائىت بولغان مەلۇماتلار يىغىندىسى: بىلىم ـــ ئەقىلنىڭ چىرىغى (ماقال). ② مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ دەرىجىسى، مەلۇمات: ئۇنىڭ بىلىمى يۇقىرى.

**بىلىمەك** پ. تىغلىق سايمانلارنىڭ تىغىنى بىلەي تاش ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە سۈركىمەك، ئىتتىكلەتمەك: پىچاق بىلىمەك. ئۇستىرا بىلىمەك.

**بىلىمچان** سۈپ. بىلىمى بار، بىلىملىك: بىلىمچان ئادەم. * ھەممىسى بىلىمچان بولۇپ كەتتى.

**بىلىمچانلىق** ئى. ئۆزىنى بىلىمچان دەپ ھېسابلاش: ۋاي ـ ۋۇي بىلىمچانلىقىڭنى سېنىڭ!

**بىلىمدار** ئى. بىلىملىك، بىلىمى بار كىشى: ـــ سەن بىلىمدار ئىكەنسەن، ئېيتىپ باقىنا، يېتىم نەچچە، غېرىب نەچچە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ قاراۋۇل.

**بىلىمدان** ئى. مول بىلىمگە، يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان؛ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك؛ مەلۇماتلىق ئادەم: ـــ ئەپەندىم، سىزنى ناھايىتى موللا، بىلىمدان دەپ ئاڭلىدىم. ئېيتىپ بېقىڭا، قاچان قىيامەت بولىدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ باي.

**بىلىمدانلىق** ئى. يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولۇش.

**بىلىمسىز** سۈپ. بىلىمى يوق، بىلىم سەۋىيەگە ئىگە ئەمەس؛ نادان: بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ، بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ (ماقال).

**بىلىمسىزلىك** ئى. بىلىمى، مەلۇماتى يوقلۇق، نادانلىق: بىلىمسىزلىك ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرۇقسىز قالدۇرۇپ جۇدەتىۋېتىدۇ.

**بىلىملىك** سۈپ. ① بىلىمى بار، بىلىمى بولغان، بىلىمگە ئىگە. ② بىلىمى كۆپ، بىلىمى مول، بىلىمى چوڭقۇر: بىلىملىك زىيالىي.

**بىلىملىكلىك** ئى. بىلىمگە ئىگە بولغانلىق، بىلىمگە ئىگە بولغان ھالەت، ئالاھىدىلىك.

**بىلىنەر** سۈپ. بىلىنىدىغان، بىلىنگۈدەك دەرىجىدە، بىلگۈدەك، ھېس قىلغىلى بولغۇدەك: دوستلۇق سىناقتا بىلىنەر (ماقال).

**بىلىنەر ـ بىلىنمەس** سەل ـ پەل ياكى ئانچىكى بىلىنىدىغان، دېيەرلىك سېزىلمەيدىغان، ئانچە بىلىنمەيدىغان: ئۇنىڭ سەرەڭگە تۇتقان قولى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى.

**بىلىنەرلىك** سۈپ. بىلىنىدىغان، سېزىلىدىغان؛ پەرق ئەتكىلى بولىدىغان، پەرقلىق: شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بىلىنەرلىك سوۋۇدى.

**بىلىنداژ** ئى [ر<پ] <ھەرپ> ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يەرنى قېزىپ تەييارلىغان ھەربىي ئىستېھكام ياكى گازارما.

**بىلىنمەك** ① «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئەمدى بىلىندى. ② «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋايغا سابىرنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن يېنىۋاتقاندەك، قاپاق ـ لىرى لىپ ـ لىپ قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى. ③ سېزىل ـ مەك، ھېس قىلىنماق: ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر (ماقال).

**بىلىۋېردىن** ئى [ر<لات] <بىيول> ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىر خىل پىگمېنت يەنى بىلىرۇبىنىنىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن كېيىنكى ھاسىلات. قۇشلارنىڭ ئۆت پىگمېنتى بىلىۋېردىننى ئاساس قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدە ئۇ ناھايىتى ئاز مىقداردا بولىدۇ.

**بىليارت** ئى [ر<فىران] <تەن> ① مەخسۇس ياسالغان ئۈستەلدە شارلارنى مەخسۇس تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۈستەلنىڭ يېنى ۋە بۇرجەكلىرىدىكى تۆشۈكچىگە چۈشۈرۈش ئويۇنى: بىليارت ئوينىماق. ② شۇ ئويۇننىڭ ئۈستەل ۋە تاياق ـ شارچىلىرى.

**بىليارتچى** ئى. بىليارت ئوينىغۇچى ئادەم، بىليارت ئويناش ماھىرى: خىسلەتلىك ئۆسمۈر، بىليارتچى تۇرسۇنجان ئۇرۇمچىدە ماھا ـ رەت كۆرسەتتى.

**بىمار** سۈپ [پ] بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان، كېسەل، ئاغرىق: بىمار ئادەم.

**بىمارلىق** ئى. كېسەللىك.

**بىماس** سۈپ [پ + ئە] يېزىت. ماس ئەمەس، ماس بولمىغان.

**بىماسلىق** ئى. ماس ئەمەسلىك، ماس بولماسلىق، ماس كەلمەسلىك: مائارىپ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقۇچىلارنىڭ مۇددىئالىرى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدىغان بىماسلىق تەربىيە ئىشلىرىنى تۈيۈق يوللارغا باشلاپ مېڭىشنى زىيانلىق دەپ قارايمىز.

**بىمالال** رەۋ [پ + ئە] ① ئەنسىزلىكتىن خالىي ئوڭغايسىزلىق ھېس قىلماي، تارتىنماي، ئەركىن، بەھۇزۇر: بىمالال سۆزلەشمەك. ② خاتىر ـ جەم: مۇھەممەت دوختۇر بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟ بىمالال كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىدىغان بولدۇق. ③ توسقۇنسىز، قارشىلىقسىز؛ قىينالماي، ئاسان: پاتەمخان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدى ـ لىنالايتتى. ④ كەملىك قىلماي، تولۇق: بۇ بىر باك ماي ئاپتوموبى ـ لىنىمىز خوتەنگە بارغۇچە بىمالال يېتىدۇ.

**بىمالاللىق** ئى. بەھۇزۇر، خاتىرجەم، تولۇق ئازادە بولغان ھالەت، خاتىرجەملىك، كەڭتاشالىق.

**بىمەززە** سۈپ [پ + ئە] ① مەززىسىز. ② تەمسىز، لەززەت ـ سىز: بىمەززە قوغۇن. ③ قاملاشمىغان، مەنىسىز: شۇنداق بولسى ـ مۇ، سىزگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ كېچە بىمەززە، كۆڭۈلسىز ئۆتىدۇ. چۈنكى قىزىقچى دوستلارنىڭ يېرىمى بارمايدۇ.

**بىمەززىلىك** ئى. مەززىسىزلىك.

**بىمەزگىل** رەۋ. مەزگىلى، ۋاقتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز: تازا بىمەزگىل ۋاقىتتا كېلىپ قاپتۇ، سەل كېچىكىپ كېلىدىغان ئىش ئىكەن.

**بىمەسەل** سۈپ [پ + ئە] ① ھېكمەتى يوق سۆز؛ مەنىسىز، تېتىقسىز: ئېزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل (ماقال). ② بىزەڭ، قىلىقى خەقنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان: بولمىسام بىشەرمى، بىنەپ، بىمەسەل.

**بىمەسلىھەت** رەۋ [ پ+ئە ] مەسلىھەت سورىماي، مەسلىھەت سورىماي تۇرۇپ، مەسلىھەت سورىماستىن، مەسلىھەتلەشمەي، مەسلىھەت بىلەن، كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي: نىياز بىمەسلىھەت ئىش قىلمايدىغاندەك، سىزغان سىزىقتىن چىقمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

**بىمەنە** سۈپ [پ + ئە] ① مەنىسىز: بىمەنە سۆز. بىمەنە ئىبارە. ② كۆچمە. قۇرۇق سەپسەتىدىن ئىبارەت بولغان، تېتىقسىز، بولمىغۇر، ئورۇنسىز: بىمەنە گەپ. ③ ئەقىلغا سىغمايدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس؛ ئاساسسىز: ئادەملەر ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلىغان بىمەنە خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ④ ئىنسانغا مۇناسىپ بولمىغان، ئەخلاقسىز، ئەرزىمەس، بولمىغۇر، يارىماس: بىمەنە قىلىق. بىمەنە ئىش. ⑤ لەززىتى يوق، لەززەتسىز: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كېچە ـ كۈندۈز بىر خىل تۇرىدىغان، زېرىكەرلىك، بىمەنە تۇرمۇش مەنزىرىسى ئېچىلدى.

**بىمەنىلەشتۈرمەك** «بىمەنىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىمەنىلەشتۈرۈلمەك** «بىمەنىلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىمەنىلەشمەك** پ. بىمەنە بولماق، بىمەنە ھالەتكە كەلمەك، لاۋزىلاشماق: ئۇلار بۇ ئىشتا تولىمۇ بىمەنىلەشتى.

**بىمەنىلىك** ئى. بىمەنىلىشىش، مەنىسىزلىك: بۇ ئىشقا نىسبە ـ تەن باشقىچە كۆزقاراشتا بولۇش ھەقىقەتەنمۇ بىمەنىلىك.

**بىمەھەل** رەۋ [پ + ئە] ① ۋاقتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز؛ بالدۇر: ئىشىكنىڭ بىمەھەل چېكىلىشى شەمەرنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇ ـ سىنى بۇزۇۋەتتى. ② تاسادىپىي، ئويلىمىغان يەردىن: ئۇ ئۆز سىرد ـ نى بىمەھەل ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىمەكتە.

**بىمىننەت** سۈپ [پ + ئە] مىننەت قىلماي، مىننەتسىز؛ مىننەتدارلىق تەلەپ قىلماي: بۇنىڭغا مەن بىمىننەت رازى، لېكىن ھالا بۇگۈنگىچە سەن مېنىڭ ئانىلىق نەسىھەتلىرىمنى بىر پۇلغا ئالمىدىڭ.

**بىنا ( بىناسى )** [ئە] ① ئى. بىرقانچە بۆلمە ياكى كۆپ قەۋەت ـ لەردىن تەركىب تاپقان چوڭ ئۆي؛ ئىمارەت: كۆپ قەۋەتلىك بىنا. ② سۈپ. كۆچمە. بەرپا، پەيدا، مەۋجۇت: بىنا بولماق. بىنا قىلماق.

**بىنائەن** تىر [ئە] يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىگە ياندىشىپ كېلىپ، «بويىچە»، «ئاسا ـ سەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بوۋاينىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، كېلىن نان ـ چاي تەييارلىدى.

**بىناكار** ئى [ئە] بىنا، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مەخسۇس قۇرۇلۇش ئۇستىسى.

**بىناكارلىق** ئى. بىنا، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە شۇ قاتارلىق قۇرۇ ـ لۇشلارنى سېلىش ئىشى، كەسپى.

**بىناماز** سۈپ [پ] ناماز ئۆتىمەيدىغان، ناماز ئوقۇشقا ئادەت ـ لەنمىگەن: بىناماز ئادەم. // ـــ ھەي، بىناماز! بۇندىن كېيىن نامازغا كەلمىسەڭ، يېزىدىن كۆچۈپ كەت! ـــ دەپتۇ ئىمام ئەپەندىمگە.

**بىنامازلىق** ئى. ناماز ئوقۇماسلىق ۋە شۇنداق ئادەت: ئەپەندىم بىنامازلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ، سوراققا تارتىلىپتۇ.

**بىناھايەت** سۈپ [پ + ئە] يېزت. ئاخىرى، چېكى يوق؛ چەكسىز: ئۇ: — قەدىرلىك ئاچا، غايەت شاد ۋە بىناھايەت مىننەتدار-مەن، — دېدى ۋە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

**بىناۋا** سۈپ [ پ ] يېزت ① كۆيلىمەيدىغان، ناخشا ئېيتمايدىغان: ھەممىشە مەن ناۋا قىلسام، يەنە «سەن بىناۋا» دەرلەر. ② بىچارە؛ بەختسىز؛ نائۇمىد: نېچۈك قىسمەتكى بۇ دوستلار، ئەجەب بەختى قارا بولدۇم، تۇغۇلغان ئۆز دىيارىمدا مۇساپىر، بىناۋا بولدۇم.

**بىناۋالىق** ئى ① كۆيلىمەسلىك. ② بىچارىلىك؛ بەختسىزلىك؛ نائۇمىدلىك .

**بىنەپ** سۈپ [پ + ئە] نەپسىز، پايدىسىز: كىلىتسىز قۇلۇپ ئەمەس شېئىر ئاچقىلى بولمايدىغان، ھەم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق تاپقىلى بولمايدىغان. گەر ئاشۇنداق بولسا ئۇ تەڭ ئىچى بوش لاي توپ بىلەن، نېمە ھەددىڭ ئۇ بىنەپنى ئەلگە سوۋغام دەيدىغان.

**بىنەپتە** ئى. بازار كۈنىدىن باشقا كۈن، دەم ئېلىش كۈنىدىن باشقا كۈن.

**بىنەپشە** [پ] ① ئى <بوت> بىنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بىنەپشىگۈل. ② سۈپ. رەڭگى بىنەپشىگە ئوخشايدىغان، بىنەپشە رەڭگىدىكى، سۈس سۆسۈن: بىنەپشە بىللۇر. بىنەپشە پىروكسېن.

**بىنەپشگۈل** ئى [بىنەپشە + گۈل] ← **بىنەپشە**.

**بىنەپشلىك** سۈپ. بىنەپشە گۈلى تېرىلغان، بىنەپشە گۈلى ئۆستۈرۈلگەن: قابا پەلەكنىڭ دەردىدە يۈرىكىمدە داغلار قالدى، بۇلبۇلنى ئايرىدى گۈلدىن بىنەپشلىك باغلار قالدى.

**بىنەزەر** [پ + ئە] ① سۈپ. نەزەرگە ئالغۇسىز، نەزەر سالغۇسىز، ئەرزىمەس: ئادەم مەيلى ئالىيجاناب، ئۇلۇغ بولسۇن ياكى يارىماس بىنەزەر بولسۇن، ھامان بىركۈنى قارا توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىكەن. ② رەۋ. نەزەر سالماستىن، پەرۋاسىز: ھېلىقى كىشى گىدىيىپ، بىنەزەر ئۆتۈپ كەتتى.

**بىنەم** [پ] ① سۈپ. پەقەت يامغۇرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تېرىلىدىغان: بىنەم يەر. ② ئى. پەقەت يامغۇرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تېرىلىدىغان يەر: بولسا سۇلۇق، بولمىسا بىنەم (ماقال).

**بىنەمچى** ئى. بىنەم تېرىيدىغان كىشى؛ دېھقان: ئۇلارنى بىنەمچىلەر ئېلىپ كېتەتتى.

**بىنەملىك** ئى. بىنەم قىلىپ تېرىلغان يەر، بىنەم يەر: يېزىنىڭ ئۈچ تەرىپى بىنەملىكلەر بىلەن ئورالغان.

**بىنت** ئى [ر] ئۈستىگە چاپلىشىدىغان كاۋچۇك سۈرۈلگەن، جاراھەت تاڭىدىغان رەخت.

**بىنتلاتماق** «بىنتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىنتلاشماق** «بىنتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىنتلانماق** «بىنتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىنتلىماق** پ. بىنت بىلەن ئوراپ تاڭماق، باغلىماق: چاچنى بىنتلىماق.

**بىنومۇس** سۈپ [پ ←] **نومۇسسىز**: بىنومۇس ئادەم.

**بىنومۇسلۇق** ئى. نومۇسسىزلىق.

**بىنۇقسان** سۈپ [پ + ئە] يېزت ← **نۇقسانسىز**: بىنۇقسان كىشى بولماس .

**بىنېسىپ** سۈپ [پ + ئە] يېزت. تېگىشلىك نېسىۋىسىدىن، ھەققىدىن مەھرۇم قالغان؛ بەھرىمەن بولالمىغان: بىنېسىپ بولماق.

**بىھاجەت** سۈپ [پ + ئە] يېزت ← **ھاجەتسىز**.

**بىھايا** سۈپ [پ + ئە] ← **ھاياسىز**: ئەخلاقسىز كىشىدە يۇقتۇر پەزىلەت، ئۇنداقلار بەئەينى يەردىكى ئەخلەت، سەنمۇ شۇ ئەخلەتكە قالدىسەن ئوخشاپ، بىھايا ئادەمدىن ئالمىساڭ ئىبرەت.

**بىھايالىق** ئى. ھاياسىزلىق.

**بىھوش** سۈپ [پ] ھوشىدىن كەتكەن، ھوشسىز: بىھوش بولماق. بىھوش بالا.

**بىھوشانە** رەۋ [ پ ] بىھوشلاردا بولىدىغان خاسلىق بىلەن، بىھوشلارغا خاس بولغان روھىي كەيپىيات بىلەن، ھوشسىزلارچە: چوڭ - كىچىك سورۇنلاردىن نېسىۋىمىزنى ئالالمايۋاتقان مۇشۇنداق سولغۇن دەۋردە بارلىق پەخرىمىز ۋە بىھوشانە شادلىق خۇمارىمىزنى ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئاشۇ خەزىنىدىن تاپىدىغان بولدۇق.

**بىھوشلاندۇرماق** «بىھوشلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىھوشلانماق** پ. بىھوش ھالەتكە كېلىپ قالماق؛ ھوشىنى، سېزىمىنى يوقىتىپ قويماق: يېرىم بىھوشلانغان كېسەل يىگىت بىئارام بولاتتى.

**بىھوشلۇق** ئى. ھوشسىزلىق: ئۇلار مەدەنىيەت مەركىزى ئەمەس بىھوشلۇقىدا قالغان شەرقتىن ئەقلىيلىققا كۆچۈۋاتقان غەربكە كۆچتى.

**بىھۇدە** سۈپ [پ] ① پايدىسىز، مەنپەئەتسىز، بىكار: مەن بىھۇدە زايە بولغان ئاشۇ ئون يىلغا ئېچىنىمەن. ② ئورۇنسىز، ناھەق: ئۇ ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپتۇ. ③ مەززىسىز، كېلىشمىگەن، ئاساسسىز، بولمىغۇر: ئالىم بىھۇدە گەپلەرنى كۆپ قىلىپ كەتتى.

**بىھۇدىلىك** ئى. بىھۇدە ئىش - ھەرىكەت.

**بىھۆرمەت** سۈپ [پ + ئە] ھۆرمىتى يوق، كىشىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىغان؛ ھۆرمەتسىز: — ھەي، بىھۆرمەت، ئەدەپسىز، سېنىڭ ئېشەكتىن پەرقىڭ قانچىلىك زادى؟ — دەپتۇ باي ئەپەندىمگە زەردە بىلەن ۋارقىراپ.

**بىھۆرمەتلىك** ئى. ھۆرمەتسىزلىك: باسىت نۇرغا: — ھاي، نائىنساپ تارت تىلىڭنى، بىھۆرمەتلىك قىلما، — دېدى بوۋاي ۋارقىراپ تۇرۇپ.

**بىھېساب** سۈپ [پ + ئە] ← **ھېسابسىز**: ئاسماندىكى بىھېساب يۇلتۇزلار 14 كۈنلۈك تولۇنئاي ۋە يوللارغا ئورنىتىلغان ئېلېكتىر لامپىلىرى يېزا كېچىسىنى ئالتۇن نۇرغا پۈركىگەنىدى.

**بىئۇچۇر** سۈپ. دىيال. ئۇچۇرسىز، خەۋەرسىز، بىخەۋەر.

**بىۋاپا** سۈپ [پ + ئە] ۋاپاسىز: بىۋاپا يار.

**بىۋاپالىق** ئى. ۋاپاسىزلىق.

**بىۋاقىت** رەۋ [پ + ئە] بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى، ۋاقتى - سائىتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز: ئۇ بىز بىلەن بىۋاقىت مەڭگۈگە خوشلاشتى.

**بىۋاستە** رەۋ [پ + ئە] ① توغرىدىن - توغرا؛ ۋاستىسىز: مەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ② تۈپتوغرا، ئۇتتۇر، ئۇدۇل: بۇ يول بىۋاستە يېڭىيەر يېزىسىغا بارىدۇ.

**بىۋاستىلەشمەك** پ. بىۋاستە بولىدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، ۋاستە قوللىنىلمايدىغان ياكى ۋاستىسىز بولىدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، بىۋاستە ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولماق: تېلېۋىزور ئىنسانلارنى بەلگە سۈرەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلىشى تېخىمۇ بىۋاستىلەشتى.

**بىۋاڭ** سۈپ [پ] گەپكە كىرمەيدىغان، ھېيىقمايدىغان، كەپسىز: ئاتا - ئانىسىنى جېنىدىن جاق تويدۇرغان بىۋاڭ، كەپسىز بالىمۇ ئايشەم مۇئەللىمنىڭ قولىدا يىكتەك تۈزىلىپ، ئەقىللىق، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

**بىۋاكالاشتۇرماق** «بىۋاكالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي

دەرىجىسى.

**بىۋاكلاشماق** ئې. گەپكە كىرمەيدىغان، ھېيىقمايدىغان بولۇپ كەتمەك، كەپسىزلەشمەك: بۇ بالا بارغانچە ئاينىپ، بىۋاكلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

**بىۋەتەن** سۈپ [پ + ئە] يېرىت ① ۋەتىنى، يۇرتى يوق؛ ئۆز جايىدىن ئايرىلغان؛ ۋەتەنسىز: بىۋەتەن ئاققۇن. ② ئۆي ـ جايسىز، باشپاناھسىز: سەمەت ئۈچ يىل قېچىپ يۈرۈپ باللىرىنى بىۋەتەن قىلدى.

**بىئىختىيار** سۈپ [پ + ئە] ئىختىيارىغا باغلىق بولمىغان، ئىختىيارسىز: بىئىختىيار ھالدا. * بىئىختىيار كېلىپ قالماق.

**بىئېتىبار** سۈپ [پ + ئە] يېرىت. ئېتىبارى يوق، ئېتىبارى بولمىغان، ئېتىبارسىز.

**بىئىناۋەت** سۈپ [ پ+ئە ] ئىناۋىتى يوق، ئىناۋىتى بولمىغان، ئىناۋەتكە ئېلىنمىغان: // بولدى بوگۈن بىزگە يولباش بىئىناۋەتلەر كېلىپ، مەسچىتلەرگە بولدى ئىمام بىتاھارەتلەر كېلىپ.

**بىيە** ئى. بالىسى بار بايتال.

**بىيەھ** ئۈن. دىكان. كەپتەرنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئۈندەش سۆزى.

**بىيەھ ـ بىيەھ** «بىيەھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**بىيلەن** سۈپ، دىيال. ھۇرۇن، يالقاۋ، ئېرىنچەك، ئېزىلەڭگۈ، تەييارتاپ.

**بىيوئاسترونومىيە** ئى [ر] <بىيول> ئالەم قاتنىشىدىكى بىئولوگىيەلىك، مېدىتسىنالىق مەسىلىلەر ۋە ھەرىكەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق پەن.

**بىيوپىگمېنت** ئى [ر] <بىيول> تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ ھەرقانداق بىر پىگمېنتى.

**بىيوتىن** ئى [ر] <بىيول> ۋىتامىن «B» گۇرۇپپىسىغا تەۋە بىرىكمە ئىچىدە بولىدىغان رەڭسىز ۋە كىرىستال ھالەتتىكى بىر خىل ۋىتامىن.

**بىيوخىمىيە** ئى [ر<گىرېك] جانلىقلارنى خىمىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىدىغان ئارىلىق پەن.

**بىيوخىمىيەلىك** سۈپ. بىيوخىمىيەگە ئائىت، بىئوخىمىيەگە تەۋە، شۇنى ئاساس قىلغان ياكى بىيوخىمىيە ئاساسىدىكى.

**بىيوسفېرا** ئى [ر] <گېيول> يەر شارىنىڭ جانلىقلار تارقالغان بەلبېغى. ئۇ ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ تۆۋەن قىسمى، گىدروسفېرا، تۇپراق ۋە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان لىتوسفېرا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىيوفىزىكا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> فىزىكىلىق پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى مېخانىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئارىلىق پەن.

**بىيوفىزىكىلىق** سۈپ. بىيوفىزىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان ياكى بىيوفىزىكىغا ئائىت، بىيوفىزىكىغا خاس: بىيوفىزىكىلىق ھادىسە.

**بىيوكىلىماتولوگىيە** ئى [ر] <بىيول> تەبىئىي مۇھىتتىكى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئورگانىزملارغا بولغان رولىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بىيوگراف** ئى [ر<گىرېك] بىيوگرافىيە يەنى تەرجىمىھال يازغۇچى، بىيوگرافىيەلىك ئەسەرلەرنى يازىدىغان يازغۇچى.

**بىيوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] بىرەر كىشىنىڭ ھايات يولى ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى؛ تەرجىمىھال.

**بىيوگرافىيەلىك** سۈپ. بىيوگرافىيەگە ئائىت، تارىخىي: بىيوگرافىيەلىك رومان.

**بىيوگېنېتىكا** ئى [ر] جانلىقلار (ئادەم، ھايۋانات ۋە تۆرلۈك ئۆسۈملۈكلەر) نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە گېنىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم.

**بىيولوگ** ئى [ر] بىيولوگىيە ئالىمى، بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**بىيولوگىيە** ئى [ر] جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ زويولوگىيە، بوتانىكا، مىكروبىيولوگىيە، پالېيونتولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىيولوگىيەلىك** سۈپ. بىيولوگىيەگە تەئەللۇق، بىيولوگىيەگە ئائىت: بىيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش: بىيولوگىيەلىك بۆلۈنۈش. * زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن بىيولوگىيەلىك يوقىتىش چارىلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**بىيومېتېئورولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> جانلىقلار بىلەن ھاۋا كىلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بىيومېتىر** ئى [ر] <بىيول> نەپەسلىنىش رولى جەھەتتىكى مۆلچەر ئارقىلىق ئۆمۈر چېكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**بىيوئىستاتىستىكا** ئى [ر] <بىيول> ماتېماتىكىلىق ۋە فىزىكىلىق ستاتىستىكا قائىدىلىرى ئارقىلىق بىيولوگىيە ئىلمىدىكى سان ئۆزگىرىشلىرىنى ئانالىز قىلىدىغان ۋە يېشىپ، شەرھلەپ بېرىدىغان بىر خىل تارماق پەن.

**بىيۇرو** ئى [ر<فىران] سىياسىي پارتىيەلەر ۋە تەشكىلاتلاردىكى ئىجرائىي رەھبەرلىك ئورگىنى: بيۇرو ئەزالىرى.

**بىيۇروكرات** سۈپ [ ر<فىران+گىرېك ] ئۆز ۋەزىپىسىگە رەسمىيەتچىلىك بىلەن قارايدىغان، رەسمىيەتنى دەستەك قىلغان ھالدا ئىش بېجىرىدىغان: بىيۇروكرات رەھبەر.

**بىيۇروكراتلارچە** رەۋ. بىيۇروكراتلارغا خاس ھالدا، بىيۇروكراتلارغا ئوخشاش ھالەتتە، بىيۇروكراتلاردەك.

**بىيۇروكراتلاشتۇرماق** «بىيۇروكراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىيۇروكراتلاشتۇرۇلماق** «بىيۇروكراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىيۇروكراتلاشماق** پ. بىيۇروكراتقا ئايلانماق: بىيۇروكرات باشقۇرۇش مۇھىتى ئەلۋەتتە بىيۇروكراتلاشقان كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

**بىيۇروكراتلىق** ئى ① قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك. ② بىيۇروكراتلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت.

**بىيۇروكراتىزم** ئى [ر] ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن، رېئال جەمئىيەتتىن ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك بىلەن ئىش تۇتۇش: بىيۇروكراتىزم — بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زىندىنى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# پ

**پ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى.

**پا** ئىم. ئوت ۋە باشقا قىزىق نەرسىدە قاتتىق كۆيگەنلىك ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: پاتىگۈل كۆيۈككە چىدىيالماي «پا !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

**پائال** رەۋ [ئە] بىرەر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشكەن ھالدا، ئەستايىدىل، ئىزچىل، ئاكتىپ: پائال قاتناشماق. پائال ئىشلىمەك.

**پائالىيەت** ئى [ئە] بىرەر ساھەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش، مەشغۇلات، ھەرىكەت : تازىلىق پائالىيىتى.

**پائالىيەتچان** سۈپ. پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بېرىلىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر؛ ئىشچان؛ ئاكتىپ: ئارىمىزدا ئەختەم ناھايىتى پائالىيەتچان ئىدى.

**پائالىيەتچانلىق** ئى. پائالىيەت قىلىشقا ماھىرلىق: بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا قايىل.

**پائالىيەتچى** ئى. ئاكتىپ پائالىيەت قىلغۇچى، ئاكتىپ ھالدا تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**پائالىيەتسىز** سۈپ. بىرەر پائالىيەتكە ئاكتىپ كىرىشمەيدىغان، پاسسىپ: پائالىيەتسىز ئادەم.

**پائالىيەتسىزلىك** ئى. بىرەر پائالىيەتكە ئاكتىپ كىرىشمەسلىك، پاسسىپلىق: پائالىيەتسىزلىك ھورۇنلۇقنىڭ ئالامىتى.

**پائالىيەتشۇناس** ئى [ئە + پ] پائالىيەت قىلىشقا، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر شەخس؛ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم؛ پائالىيەتچى: پائالىيەتشۇناس سايىم ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

**پائالىيەتلىك** سۈپ ① ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان، پائالىيەتچان، ئاكتىپ: پائالىيەتلىك ئادەم. ② پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بۈگۈن ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، ھەر خىل پائالىيەتلىك ھەرىكەتلەر كۆرسىتىلىدۇ.

**پائانگا** ئى. تونگا پادىشاھلىقىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پاپا ( پاپاسى )** ئى [ر<گرېك] <دىن> كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى.

**پاپاخ** ئى. موينى، تۈكى سىرتىغا تىكىلگەن ئۇزۇنچاق تەلپەك: ئۇ پاكارغىنا، بۇرنى يوغان، پاپاخ كىيگەن بىر كىشى ئىدى.

**پاپالىق** ئى. پاپا ئۆتەيدىغان ۋەزىپە.

**پاپورتنىك** ئى [ر] <بوت> گۈلسىز، ئىسپورلىق، بەرگلىرى چوڭ ئۆسۈملۈك.

**پاپۇز** ئى. دىيال. پىيادە ئوينىلىدىغان چەۋگەن، ياغاچ توپ. توپى يۇمىلاق ياكى تۆت چاسا بولىدۇ.

**پاپىلماق** پ. دىيال. ئۆمىلىمەك.

**پات** I ① ئى. يىپ ۋە رەختلەرنى قاتۇرۇپ چىداشلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇق ئۇماچ، شىلىمسىمان ياكى كىراخمال سۇيۇقلۇق: پات بەرمەك. ② ئى. كۆچمە. پات بېرىلگەن ھالەت، تۇرق؛ ئەسلى، ئەينى: پېتىدىن چۈشمەك. ئۆز پېتى. شۇ پېتى. ③ باغل. بەزى سۈپەتداشلاردىن كېيىن ئۈچىنچى شەخس فورمىسىدا كېلىپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ھالىتىدە يەنە بىر ھەرىكەت ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ياسىن كەتمەننى كۆتۈرگەن پېتى ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

**پات** II رەۋ. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، تېز، چاپسان: پات كەلمەك. پات كەتمەك.

**پات يېقىندا** ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن، يېقىن كەلگۈسىدە: مەن پات يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىمەن.

**پات** III ئى [ر<لات] (شاھماتتا) قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى ئاساسەن ئوخشاش كېلىپ قېلىپ، شۇ قېتىمقى ئويۇننىڭ غەلىبىسىز تاماملانغانلىقىنى ھېسابلاشنىڭ بىر تۈرى: ئويۇن پات بولدى.

**پات** IV تەق. ئاپتوموبىلنىڭ سىگنال كانايلىرى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: يىراقتىن بولكىۋاينىڭ پات قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**پاتاس** ئى. پاخال: قومۇشلۇقلاردىن پاتاس، قۇرۇغان تېزەكلەرنىڭ ھىدى كېلەتتى.

**پاتاسا** ئى. شېكەر قىيامىنىڭ سېرىق ناۋات ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمىدىن ياسالغان قەغەزسىز كەمپۈت: ئۇ پاتاسىغا بەك ئامراق ئىدى.

**پاتاق** ئى. ئاق قوناقنىڭ يانجىغاندىن كېيىن قالغان دان شاكىلى: مەن ئۆگزىگە چىقىپلا قوناق شېخى ئارىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان پاتاقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

**پاتاكا** ئى. ئاۋمېن رايونىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پاتاڭ** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان چوڭ پەي: كالا پاتىڭى. تۆگە پاتىڭى. پاتاڭ سالماق. ② بويۇننىڭ ئارقا تەرىپى، گەدەن: پاتىڭى يوغان. // پاتاڭ

گۆش. ③ كۆچمە. زىممە، گەدەن، ئۆز ئۈستى: پاتىڭىدىكى قەرزلەر كۈنسېرى كۆپىيىۋەرگەن ئەزالارنىڭ بەزىسى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشتى.

**پاتاڭدىماق** پ. پاتاڭ بىلەن تېڭىپ چىڭىتماق، پاتاڭ سالماق: ئارىنى پاتاڭدىماق.

**پاتاڭگۈشلىماق** پ. دىيال ① پاتاڭغا ئۇرماق. ② پۇلاڭلاتماق.

**پات ـ پات** I ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، تېز ـ تېز: ئۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ.

**پات ـ پات** II «پات IV» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پاترون** ئى [ر<فىران] <ماشىن> ① ئۈشكە، ئىستانوك قاتارلىقلارنىڭ تىغ ياكى دېتاللارنى قىسىپ، مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسمى، قىسقۇچى. ② <ئېل> ئېلېكتىر سىملىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان ۋە لامپۇچكىنى تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان قۇرۇلما.

**پاترىئارخ** ئى [ر<گىرېك] <تارىخ> ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇق باشلىقى.

**پاترىئارخال** سۈپ [ر] <تارىخ>ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقىغا ئائىت بولغان.

**پاترىئارخاللىق** ئى. ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقى.

**پاتقاق** ئى ① دەسسىسە پۇت كىرىپ كېتىدىغان بوش لاي: ئادەمگە ئەقىل كېرەك، پاتقاقتا شېغىل كېرەك (ماقال). ② كۆچمە. ئوڭۇشسىز شارائىت: پاتقاققا تىقىلماق.

**پاتقاق گازى** <خىم> يۇندا ۋە سېسىق سۇ كۆلچەكلىرىگە كۆمۈلگەن ئۆسۈملۈك تەنلىرىنىڭ چىرىپ، سېسىپ ئېچىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان گاز. بۇنى يېقىلغۇ ياكى خىمىيە سانائەت خام ئەشياسى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**پاتقاقچىلىق** ئى. پاتقاق بولۇپ كەتكەن ھالەت: ئۇلار پاتقاقچىلىقتا تولىمۇ تەستە كېتىپ باراتتى.

**پاتقاقسىز** سۈپ. پاتقاق يوق، پاتقاق بولمىغان، پاتقاق ئەمەس: پاتقاقسىز يول.

**پاتقاقلاشماق** پ. پاتقاق ھالەتكە كەلمەك، پاتقاق بولۇپ كەتمەك.

**پاتقاقلىق** ① ئى. پاتقاق ھالەت: ئەتىياز پەسلىدىكى پاتقاقلىق ئۇلارنى بەكمۇ بىزار قىلاتتى. ② ئى. پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەر: ئەتىگەنلىكى قاتتىق سوغۇق بولدى، سازلىق ۋە پاتقاقلىقلار مۇزلاپ قالدى. ③سۈپ. پاتقاق بار، پاتقاق بولغان، پاتقاق بولۇپ كەتكەن: باللار ئۇدۇل تەرەپتىكى پاتقاقلىق يولغا يۈرۈپ كەتتى.

**پاتقۇزماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز بۇ ئۆيگە يەنە بىر كارىۋات پاتقۇزۇڭ.

**پاتكۆپ** سۈپ. دىيال ① پۇتلىكاشاڭ. ② تايىنى يوق.

**پاتلاتماق** «پاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەھەممەتتوختى ئاكام سەرگەز بېسىشقا ئەللىك خامنى پاتلىتىپ قويدى.

**پاتلاشماق** «پاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇستىلار ئەتلەسنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى پاتلاشقاندىن كېيىن ئۇنى چىڭ تارتىپ قۇرۇتۇشقا كىرىشتى.

**پاتلانماق** «پاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ رەخت ياخشى پاتلاندى.

**پاتلىماق** پ. رەخت، يىپ، قەغەز قاتارلىقلارنى پاتقا چىلاپ قاتۇرۇپ، سىلىقلاپ پەردازلىماق؛ پات بەرمەك: رەختنى پاتلىماق.

**پاتماق** پ ① سۈيۈق، يۇمشاق نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرمەك، چۆكمەك، مىلىنىمەك: لايغا پاتماق. ②كۆچمە. غەرق بولماق، چۆكمەك: ياسىن قازى بىر پەس چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ③ قاتتىق بېسىمدىن ئىچىگە پۈكۈپ، يېرىپ ياكى سانجىلىپ كىرمەك: ئاياغقا تاش پاتماق. ④ كۆچمە. قاتتىق تەگمەك، ئېغىر تۇيۇلماق: كۈندىن ـ كۈنگە جەبىر ـ زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ. ⑤ بىرەر ئىجابىي ھېس ـ تۇيغۇ ياكى سەلبىي روھىي ھالەتتە بولماق: كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا ـ ئانا مۇڭغا پېتىپتۇ. ⑥ ئۇپۇققا يوشۇرۇنۇپ كۆزدىن غايىب بولماق: كۈن پاتتى. ⑦ سىغماق؛ ماس، لايىق كەلمەك: تاغقا پاتمىغان ئۆچكە قازانغا پاتار(ماقال).

**پاتمان** [پ] ① مىق <تارىخ> 180 كىلوگىرامدىن 300 كىلوگىرامغىچە ياكى بىر پۇتتىن 11 پۇتقىچە بولغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى. ② سۈپ. كۆچمە. بىر تالاي، ھېسابسىز، نۇرغۇن، تولا، كۆپ، جىق: بىر پاتمان ئىش. بىر پاتمان گەپ.

**پاتمان ـ پاتمان** ناھايىتى كۆپ؛ ناھايىتى ئېغىر؛ ناھايىتى كاتتا: تاغ باغرىدا پاتمان ـ پاتمان بۇلۇت پادىلىرى لەيلىشىپ يۈرەتتى.

**پاتمانچورۇق** ئى [ پاتمان + چورۇق ] سەھرالىق، تومپاي: شەھەر بېگى پاتمانچورۇقنىڭ بېگىگە تەڭ ئەمەس (ماقال).

**پاتمانلاپ** رەۋ. پاتمان ـ پاتمان مىقداردا: كېسەل پاتمانلاپ كىرەر، مىسقاللاپ چىقار (ماقال).

**پاتمانلاپ ـ پاتمانلاپ** «پاتمانلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پاتمىچۇق** ئى<زوئول> سۆرەلگۈچىلەر سىنىپىغا ۋە ئۇچقۇر كەسلەنچۈك ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھايۋان، تۇتۇق قوڭۇر ياكى قارامتۇل رەڭدە بولىدۇ.

**پاتمىخوتۇن** ئى [پاتىمە + خوتۇن] ① ئاياللارغا مۇناسىپ بولغان ئىشلارنىمۇ قىلالمايدىغان، ھەتتا چاقمۇ ئېگىرەلمەيدىغان ئايال: پاتمىخوتۇننىڭ چاقىدەك. ② يېتىم ئاقساقلىلى.

**پاتولوگ** ئى [ر] پاتولوگىيە مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**پاتولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] ئورگانىزمدىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**پاتۇرماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپتوموبىلنى لايغا پاتۇرۇپ قويدى.

**پاتۇرۇشماق** «پاتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاتۇرۇلماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاپاق سۇغا پاتۇرۇلدى.

**پاتېفون** ئى [ر<فىران] پىلاستىنكىغا ئېلىنغان ھەر خىل مۇزىكا، نۇتۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئاڭلىتىپ بېرىدىغان ئۈسكۈنە.

**پاتېنت** ئى [ر] ئىجادىيەتچىلەر ۋە كەشپىياتچىلارنىڭ ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ پايدىسىدىن بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىل مەنپەئەتلىنىشى، ئادەتتە ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ: پاتېنت ھوقۇقى.

**پاتېنت ھوقۇقى** ھەق تەلەپ سۈيىپكىتىنىڭ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى، ئەمەلىي يېڭى تىپى ۋە تاشقى كۆرۈنۈش لايىھەسىنى ياساش، يولغا قويۇش ياكى ئىشلىتىش جەريانىدا

**پاتېنت** قانۇنى بويىچە ئېرىشىدىغان مەخسۇس ئىگىدارلىق هوقۇقى ۋە مەخسۇس ئىشلىتىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**پاتىپاراق** ئى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن قالايمىقان، تەرتىپسىز هالەت؛ ئاۋاز: پاتىپاراق بولماق. * دۈشمەن قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

**پاتىپاراقچىلىق** ئى. پاتىپاراق بولغان هالەت: بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە شۇنداق پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردىكى، ئادەم ئادەمگە قارىماي ئىتتىرىپ، توغرا كەلگەننى دەسسەپ ـ چېقىپ، قېچىشقا باشلىدى.

**پاتىپاراقلاشتۇرماق** «پاتىپاراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاتىپاراقلاشتۇرۇلماق** «پاتىپاراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**پاتىپاراقلاشماق** پ. پاتىپاراق هالەتكە كەلمەك، پاتىپاراق بولماق: ئوق ئاۋازى بىلەن دۈشمەنلەر پاتىپاراقلىشىپ سەپلىرى قالايمىقانلاشتى.

**پاتىپاراقلىق** ئى. پاتىپاراق، قالايمىقان بولغان هالەت، پاتىپاراقچىلىق.

**پاتىھە ( پاتىھەسى )** ئى [ئە] ① <دىن> قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى، باشلىنىشى. ② بىراۋنى يوقلاپ ياكى زىيارەت قىلىپ هۇزۇرىغا ۋە ئۆيىگە بارغاندا ئەهۋال سوراشتىن ئىلگىرى ياخشىلىق تىلەپ ئېيتىلىدىغان دۇئا: پاتىھە قىلماق. * ئېرىمدىن كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ پاتىھە ئوقۇپ بېرەي دەپ كېلىۋىدىم. ③ بىرەر ئىشنى باشلىغان كىشىگە ياخشىلىقنى تىلىگەن هالدا بېرىلگەن رۇخسەت، ئىجازەت: سودىگەرلەر ئۇنىڭغا هەر كۈنى سالام بېرىپ ئۇنىڭدىن پاتىھە ئالغاندىن كېيىن ئۆز تىجارەت ئورنىغا بېرىپ دۇكاننى ئاچىدىكەن. ④ ئۆلۈم ئۈزىتىلغان ئۆيدە ئۆلۈمدىن كېيىن بىرقانچە كۈن ئىچىدە ياكى هېيت كۈنلىرى مەرهۇمنىڭ روهىغا ئاتاپ قىلىنىغان دۇئا ۋە تەزىيەلەر: ئەپەندىم باينىڭ ئۆيىگە پاتىھەگە بېرىپ: ــ مەرهۇمنىڭ گۆرى چوڭقۇر بولسۇن، ــ دەپ دۇئا قىپتۇ. ⑤ قىز بىلەن يىگىت تۇرمۇش قۇرۇشنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ ئائىلىسىگە بارىكاللا ئېيتىپ بەرگەن تەشەككۇر دۇئاسى : پاتىھەدىن كېيىن ئابدۇۋارىس مۇپتى توي ۋاقتىنى سورىدى. ⑥ نىكاھ مۇراسىمىدا ئوقۇلغان خۇتبە دۇئاسى: هاجى ئىشان ئالدىراپ ـ تېنەپ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇدى.

**پاجاق** ئى. دىيال. گىلەم توقۇش چەللىسىنىڭ تۈۋرۈكى.

**پاجىئە ( پاجىئەسى )** ئى [ئە] ئېچىنىشلىق ۋەقە؛ هالاكەت؛ مۇسىبەت؛ بەختسىزلىك: بۇ بىر پاجىئە.

**پاجىئەلىك** سۈپ. ئېچىنىشلىق، مۇسىبەتلىك، قايغۇلۇق: جېلىل بىگۇناھ ئۆلگەن ئانارخاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغاندا چىداپ تۇرالمايتتى.

**پاچاق ( پا: چاق )** I ئى [پ] ① پۇتنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى؛ شىراق: ئۇزۇن پاچاق ئايال. پاچىقىنى چاقماق. ② شىمنىڭ (ئىشتاننىڭ) تىزدىن پەستىكى قىسمى: ئىشتاننىڭ پاچىقى. پاچىقى تار ئىشتان. ③ ئورۇندۇق، شىرە، كارىۋات قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ يەرگە تايىنىپ تۇرىدىغان قىسمى: كارىۋاتنىڭ پاچىقى. شوتىنىڭ پاچىقى.

**پاچاققا پىت چۈشمەك** خىيالى ئۆزگەرمەك، باشقا بىر خىيالغا كەلمەك: هۆدەيچى كەتكەندىن كېيىن قورغان بېگىنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشۈپ قالدى.

**پاچاققا ئېسىلماق** بىرەر كەمچىلىك، سەۋەنلىكىنى مەهكەم تۇتۇۋالماق.

**پاچاق** II رەۋ. ئېزىلىپ، پۇكۇلۇپ سىنغان، پارچىلانغان، ئەبجەق: يۈرەيلى تېز تاشلاپ ئۇنى، قىيادىن دومىلاپ ئۆلسۇن بولۇپ پاچاق.

**پاچاق ـ پاچاق** بىرقانچە پارچىغا بۆلۈنگەن، ئەبجىقى چىققان، پاچاقلانغان؛ ئەبجەق: قاسساپلىق پىچىقىمنى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە قويۇپ بولقىسىدا پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتىم.

**پاچاقچى** سۈپ ① پاچاقتىن چىشلەيدىغان (ئىت هەققىدە): پاچاقچى ئىت. ② كۆچمە. باشقىلاردىن نۇقسان ئىزدەشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان: پاچاقچى ئادەم.

**پاچاقچىلىق** ئى. باشقىلاردىن نۇقسان ئىزدەش ئىشى: پاچاقچىلىق قىلماق.

**پاچاقلاتماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوماندانلىق ئىشتابى هەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ ئىستىهكاملىرىنى پاچاقلىتىۋەتتى.

**پاچاقلاشماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز دۈشمەن پوتەيلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ پاچاقلاشتى.

**پاچاقلانماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: جەڭ نەتىجىسىدە نېمىسلارنىڭ بەش تانكىسى پاچاقلاندى.

**پاچاقلىماق** پ ① پاچاق ـ پاچاق قىلماق: ئۇلار ساندۇقلارنى ئۇرۇپ پاچاقلىدى. ② كۆچمە. تارمار قىلماق: بىزنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنلىرىمىز دۈشمەن ئارمىيەسىنى پاچاقلىدى.

**پاچكا** ئى [ر] كېسىپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈپ قەغەزگە ئورالغان، قاپقا ياكى قۇتىغا قاچىلانغان بىر تۈردىكى نەرسە، قاپ، بولاق: بىر پاچكا تاماكا.

**پاچىندائى** دىيال. چومغاق، تاغ قاغىسى

**پاخال** ① ئى. بۇغداي، شال، ئارپا، تېرىق قاتارلىق باشاقلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قالغان قۇرۇق غول قىسمى: شال پاخلى. ② سۈپ. كۆچمە. قىممىتىنى يوقاتقان، قىممىتى چۈشكەن، ئەرزىمەس؛ يارامسىز، كېرەكسىز: پاخال پۇل.

**پاخاللاشتۇرماق** «پاخاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاخاللاشتۇرۇشماق** «پاخاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاخاللاشتۇرۇلماق** «پاخاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: هازىر پۇل پاخاللاشتۇرۇلغان چاغ.

**پاخاللاشماق** پ ① پاخالغا ئايلانماق، پاخال بولماق. ② كۆچمە. قىممىتىنى، ئەهمىيىتىنى يوقاتماق، ئەرزانلاشماق، كۇرسى چۈشمەك.

**پاخاللىق** ئى ① پاخال كۆپ دۆۋىلەنگەن جاي. ② پاخال بولۇش، پاخاللاشقان هالەت: پۇل پاخاللىقى.

**پاخپاق** سۈپ ① تەرتىپسىز ئۆسۈپ كەتكەن، چۇۋۇق (چاچ، ساقال، يۇڭ هەققىدە): پاخپاق چاچ. ② شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تەرتىپسىز، كىرىشىپ بۇككىدە ياڭغا ئۆسكەن: پاخپاق جىگدە.

③ جىڭغا ئولتۇرمايدىغان، جىق باسمايدىغان؛ ئىچى بوش؛ يەڭگىل؛ پۇچەك، قۇرۇق، كاۋاك: پاخپاق دان.* بۇغداي پاخپاق بولۇپ قاپتۇ. ④ نېپىز، يېنىك: پاخپاق كەمزۇل. پاخپاق چاپان. ⑤ كۆچمە. ۋەزنى يوق، قۇرۇق پو (گەپ ـ سۆزلەر ھەققىدە): پاخپاق گەپ.

**پاخپايتماق** «پاخپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۆرە يۇڭنى پاخپايتىپ، ئورۇقلۇقنى بىلدۈرمەس (ماقال).

**پاخپايتىشماق** «پاخپايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چاچلىرىنى پاخپايتىشىپ ھارغىن قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

**پاخپايتىلماق** «پاخپايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايجامال پاخپايتىلغان چاچلىرىنى ئەينەكتە كۆردى.

**پاخپايماق** پ ① پاخپاق ھالغا كەلمەك (چاچ، ساقال، يۇڭ ھەققىدە): ئۇنىڭ چاچلىرى چۇغۇندەكنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپىيىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنىمۇ توسۇۋاپتۇ. ② كۆچمە. كۆلىيىپ نارازى بولماق: تۇرسۇن بىر پاخپىيىۋىدى مۇدىرنىڭ يېلى چىقتى.

**پاختا** ئى ① كېۋەز: پاختا تېرىماق. ② كېۋەزنىڭ غوزىسىدىن چىقىدىغان ۋە ئىنچىكە تالالاردىن تەشكىل تاپقان ئاپئاق، يۇمشاق مەھسۇلات.

**پاختا ئاتماق** ① چىگىتىدىن ئايرىلغان پاختىنى ئاتقۇچلىق دۈكىنىدا تىتىپ يۇمشاتماق. ② كۆچمە. كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلماق؛ چوڭ سۆزلىمەك، لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق. ③ كۆچمە. يۆتەلمەك.

**پاختەك** ئى<زوئول> قۇشلارنىڭ بىر خىلى. تېنى كۈل رەڭ ياكى قوڭۇر، بوينىنىڭ ئارقىسىدا ئاق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭلىك دېغى بولىدۇ.

**پاختىكى ئوڭدا ئۇچماق** بەختى، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك.

**پاختىچى** ئى ① پاختا تازىلاش، پىششىقلاش ياكى پاختا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ② پاختا تېرىش، پاختا يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان؛ پاختىكار.

**پاختىچىلىق** ئى. پاختا تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: پاختىچىلىق رايونى.* ئاقسۇ شەھىرىنىڭ پاختىچىلىقىدا بۇ يىل تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

**پاختىزار** ئى. كېۋەز تېرىلغان، كېۋەز مايسىلىرى بىلەن قاپلانغان يەر.

**پاختىزارلىق** ئى. پاختىزار.

**پاختىسىمان** سۈپ. پاختىغا ئوخشاش يۇمشاق، يەڭگىل، ئاق ھالەتتىكى: پاختىسىمان بۇلۇت. پاختىسىمان نەرسە.

**پاختىكار** ئى. پاختا تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېھقان؛ پاختىچى: ئۇلار پاختىكارلار ئۇچۇن قولايلىق يارىتىپ بەردى.

**پاختىكارلىق** ئى. پاختا تېرىش، ئۆستۈرۈش ئىشى.

**پاختىلاشتۇرماق** «پاختىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ناننى پاختىلاشتۇرۇۋەتتى.

**پاختىلاشماق** پ <بىيول> ئورگانىك ماددىلار كۆكىرىك زەمبۇرۇغىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ، سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەك.

**پاختىلىق** سۈپ. پاختىسى بار، پاختا سېلىنغان، پاختا سېلىپ تىكىلگەن: پاختىلىق چاپان. پاختىلىق ئىشتان.

**پاختىۋەن** سۈپ. پاختىدىن ئوق ياساپ سېلىنغان؛ ئوق سالماي، دورا سېلىپلا ئاتىدىغان: پاختىۋەن مىلتىق. پاختىۋەن پو.

**پاخشە** سۈپ [پ] ① كاردىن چىققان، چېقىلغان، بۇزۇلغان، سۇنۇق: پاخشە تۇخۇم. پاخشە كېسەك. ② كۆچمە. ئەرگە تەگكەن، ئەر يۈزىنى كۆرگەن؛ پېچىتى بۇزۇلغان: بىرگە تەگكەن پاخشى، ئىككىگە تەگكەن پاخشە، ئۈچكە تەگكەن باخشى (ماقال). ③ كۆچمە. مەغلۇپ بولغان، ۋەتۆرىكى چىققان، يېڭىلگەن: ئۇ خۇددى سوقۇشۇپ پاخشە بولغان خورازلارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**پاخشەك** سۈپ. بېشىنى تاز يارىسى قاپلاپ كەتكەن، تاز: تازنى غوجام دەپتۇ، پاخشەكنى خېنىم دەپتۇ (ماقال).

**پاخما** سۈپ. تەرتىپسىز ئۆسكەن، پاخپىيىپ كەتكەن؛ پاخپايغان، چىگىگەلەك (چاچ، ساقال، تۈك، يۇڭ ھەققىدە): ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال (ماقال)، ئەختەم بۇگۇن پاخما چاچلىرىنى مايلاپ، سىلىق تارىغانىدى.

**پاخما چىگە** دىيال. ئىلغانمىغان بېسىلغاق چىگە.

**پاخمىل** ئى [ر] ھاراقنىڭ تەسىرىنى ھاراق ئىچىش ئارقىلىق قايتۇرۇش: پاخمىل قىلماق.

**پادا** ئى [پ] چارۋا ماللارنىڭ بىرگە ھەيدەپ بېقىلىدىغان توپى: كالا پادىسى. * پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق (ماقال).

**پادا ـ پادا** پادىلارغا بۆلۈنگەن، توپ ـ توپ: ئۇ يەردە پادا ـ پادا قويلار، قوتان ـ قوتان ئۇيلار، ئىشقىلىپ ھەممە نېمە بار ئىكەن.

**پادىچى** ئى. پادا باققۇچى.

**پادىچىلىق** ئى. پادا بېقىش ئىشى: ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى تاغدا پادىچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

**پادىسىز** سۈپ. پادىسى يوق، پادىغا ئىگە بولمىغان.

**پادىشاھ ( پادشاھى )** ئى [پ] بەزى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئەمەل نامى.

**پادىشاھلىق** ئى ① پادىشاھ بولۇش، پادىشاھ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە، خىزمەت: بۇ قەلەندەر ئون تۆت يىل پادىشاھلىق قىلدى. ② سۈپ. پادىشاھلارغا خاس: پادىشاھلىق ئۇنۋان. پادىشاھلىق سۈپەت. ③ <تارىخ> پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت: سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى. ④ پادىشاھلاردەك باياشاتلىق؛ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت: تەننىڭ ساقلىقى — پادىشاھلىق (ماقال).

**پادىشاھىئالەم** ئى [پ + ئە] «ئالەمنىڭ پادىشاھى» دېگەن مەنىدىكى ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپ سۆزى: ۋەزىر پادىشاھقا: — خوش پادىشاھىئالەم، سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرىگە بىز بېشىمىز بىلەن تەييارمىز، — دەپتۇ.

**پادىلىق** سۈپ. پادىسى بار، پادىغا ئىگە بولغان.

**پار** I سۈپ [ر] ① بىر يۈرۈش، بىر قۇر (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): بىر پار كىيىم. ② جۈپ: بىر پار پايپاق. بىر پار ئاياغ. بىر پار ياغلىق. ③ بىر ـ بىرىگە ماس، تەڭ: — قانداق خانىملار، بىزنىڭ سەنۇبەر ھەربىرلىرىگە پار كېلەمدىكەن؟

**پار** II ئى [ر] ① سۇنىڭ گاز ھالىتى؛ ھور: پار قازىنى. پار تۇرۇبىسى. پارغا ئايلانماق. ② <بىن> پار قازىنىدا قىزدۇرۇپ

ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن تۇرۇبا ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن ھور ياكى ئىسسىق سۇ. ③ <بىن> ئۆي ئىچىگە ئورنىتىلغان رادىياتور ۋە پار تۇرۇبىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى: ئۆيگە پار ئورناتماق.

**پار** Ⅲ تەق. قۇياش، چىراغ قاتارلىقلارنىڭ نۇر چېچىش ھالىتى؛ ۋال: بۇ خىل مۇھەببەت يوپۇرماق ئۈستىدىكى بىر تامچە شەبنەم، كۈن پارلا قىلسا يوق.

**پارا** ئى [پ] مەلۇم بىر مۇددىئا ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئىش بىلەن ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخسكە قانۇندىن تاشقىرى بېرىلگەن پۇل ياكى ماددىي نەرسە؛ ئارىلىق: پارا بەرمەك. پارا ئالماق. پارا يېمەك.

**پارات ( پاراتى )** ئى [ر<فىران] ① قوشۇنلار ۋە پائالىيەت دۇيلىرىنىڭ ھەرىكەت تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك كۆرەك: ھەربىي پارات. ② كۆرەكتە بەلگىلىك ھەرىكەت ۋە كىيىنىش بىلەن مەيداندىن تەنتەنە قىلىپ ئۆتۈش ھەرىكىتى: تەنھەرىكەتچىلەر پاراتتىن ئۆتتى.

**پاراتىف** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئۈچەي يولىدىكى تېز خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. پاراتىف تاياقچە باكتېرىيەسى تەرىپىدىن قوزغىلىدۇ، تولىراق بالىلاردا بولىدۇ.

**پاراچ** ئى. ئالتۇن كېنىدىكى شېغىلنى بوشىتىدىغان ياغاچ ساپلىق، ئېگىلگەن بارماققا ئوخشاش تۆمۈر چىشى بار قول سايمىنى.

**پاراخوت** ئى [ر] پار دېۋىگاتېلى ئورنىتىلغان، سۇدا يۈرىدىغان قاتناش قورالى؛ چوڭ كېمە.

**پاراخوتچى** ئى. پاراخوت ھەيدەيدىغان، پاراخوت باشقۇرىدىغان ئادەم ۋە پاراخوت بىلەن يۈك توشۇغۇچى كىشى.

**پاراخوتچىلىق** ئى. پاراخوت قاتنىشى ۋە ئۇنىڭدا يۈك توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دۆلىتىمىزنىڭ ئوكيان پاراخوتچىلىقىدا تېز ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

**پاراخوتسىز** ① سۈپ. پاراخوتى يوق، پاراخوتقا ئىگە بولمىغان: دۇنيادا ھازىر پاراخوتسىز دۆلەتلەر قالمىدى. ② رەۋ. پاراخوتتا ئولتۇرماي، پاراخوت بىلەن يۈرمەي: جۇڭگودىن ياپونىيەگە ئايروپىلان ياكى پاراخوتسىز بارغىلى بولمايدۇ.

**پاراخوتلۇق** ① سۈپ. پاراخوتى بار، پاراخوتقا ئىگە: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە سودىسى روناق تېپىپ بىر پاراخوتلۇق بولۇپ قالدى. ② رەۋ. پاراخوتتا ئولتۇرۇپ، پاراخوت بىلەن: بىز ئۇ يەرگە پاراخوتلۇق باردۇق.

**پارازىت** [ر<گىرېك] ① ئى<بىيول> باشقا بىر خىل جانلىق تېنىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا ياشاپ، شۇ خىلدىكى جانلىق تېنىدىن ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى قۇرت ياكى ئۆسۈملۈك. ② سۈپ. كۆچمە. باشقىلارنىڭ مېھنىتى ھېسابىغا ياشىغۇچى، تەييارتاپ: پارازىت تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**پارازىتلىق** ئى. ئۆزى ئەمگەك قىلماي باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ياشاش، تەييارتاپلىق: ئۇلار پارازىتلىق بىلەن جان باقماقتا.

**پاراس** تەق. پوجاڭزا ئاتقاندا، قۇرۇغان چىۋىقلارنى سۇندۇرغاندا، ئوچاققا سېلىنغان ئوتۇن تۇتىشىپ كۆيگەندە ۋە شۇ خىل ھاللاردا چىققان ئاۋاز: يىراقتىن پاراس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**پاراسەت** ئى [ئە] تېز ۋە توغرا چۈشىنىش، توغرا پەرق ئېتىش قابىلىيىتى؛ ئىدراك، ئەقىل، دىت: پاراسەت ئىگىسى.

**پاراسەتسىز** سۈپ. پاراستى يوق، پاراستى بولمىغان: پاراسەتسىز ئادەم.

**پاراسەتسىزلىك** ئى. ئەقىلسىزلىق، دۆتلۈك: پاراسەتسىزلىك تولا چاغلاردا كىشىلەرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

**پاراسەتلىك** سۈپ. پەم ـ پاراستى بار، پەم ـ پاراسەتكە ئىگە، دىتلىق، ئەقىللىق: پاراسەتلىك كىشى.

**پاراس ـ پۇرۇس** پاراس قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تۈيۈقسىزلا پاراس ـ پۇرۇس ئۈچ قېتىم پوجاڭزا ئېتىلدى.

**پاراسسىدە** رەۋ. پاراس قىلغان ھالدا، پاراس قىلىپ : ئارغامچا پاراسسىدە ئۈزۈلدى.

**پاراسلاتماق** «پاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاراسلىماق** پ. پاراس قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: پوجاڭزىلار پاراسلاپ خۇددى بايرامدەك قايناپ كەتتى.

**پاراسىمپاتىك** سۈپ [ر<گىرېك] نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. يۇقىرى قىسمى ئوتتۇرا مېڭە بىلەن ئۇزۇنچاق مېڭىدىن، تۆۋەنكى قىسمى يۇلۇننىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن باشلىنىپ، بەدەندىكى ھەرقايسى ئورگانلارغا تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى سىمپاتىك نېرۋىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يۈرەك قىسقىرىشنى تورمۇزلايدۇ ياكى ئاستىلىتىدۇ، كۆز قارىچۇقىنى تارايتىدۇ، ئۈچەي ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ.

**پاراشۇك** ئى [ر] ① تالقان ھالىتىدىكى قاتتىق ماددا : چىش پاراشوكى. سوپۇن پاراشوكى. ② تالقان قىلىنغان دورا : دوختۇر ماڭا زۇكامنىڭ تابلېتكىسىنى، پاراشوكلىرىنى يېزىپ بەردى.

**پاراشوكسىمان** سۈپ. پاراشۇكقا ئوخشايدىغان، پاراشوك ھالىتىدىكى، ئۇۋاق: پاراشوكسىمان دورا.

**پاراشۇت** ئى [ر<فىران] <ھەرب> ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ھاۋا بوشلۇقىدىن يەرگە ئاستا قوندۇرۇش ياكى سەكرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈنلۈكسىمان ئەسۋاب.

**پاراشۇتچى** ئى. پاراشۇت بىلەن ئايروپىلان قاتارلىقلاردىن يەرگە سەكرىگۈچى، يەرگە چۈشكۈچى كىشى: پاراشۇتچى قىسىم.

**پاراشۇتلۇق** ① رەۋ. پاراشۇتنى ۋاستە قىلىپ، پاراشۇت بىلەن: پاراشۇتلۇق سەكرەش تەنھەرىكىتى. ② سۈپ. پاراشۇت كىيگەن: ئۇ يەردە پاراشۇتلۇق ئىككى ئەسكەر ھوشسىز ياتاتتى.

**پاراغەت** ئى [ئە] ① كىشى ئارام ئالىدىغان ئەھۋال، شارائىت، تىنچلىق؛ راھەت : پەمسىزنىڭ پاراستى يوق، غەمسىزنىڭ پاراغىتى يوق (ماقال). ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**پاراغەتسىز** سۈپ. راھەت ـ پاراغىتى يوق، راھەت ـ پاراغەتكە ئىگە ئەمەس: پاراغەتسىز تۇرمۇش.

**پاراغەتلىك** سۈپ. راھەت ـ پاراغىتى بار، راھەت ـ پاراغەتكە ئىگە: بىز كۈتكەن پاراغەتلىك كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

**پارافىن** ئى [ر<لات] <خىم> نېفىتتىن چەكلەش ئارقىلىق ئايرىۋېلىنىدىغان ئاق ياكى سارغۇچ رەڭلىك

مۇسىسمان ماددا.

**پاراق** I ئى ① تېرىلغان يەرگە قاراپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق بېجى ياكى شۇ باج ھەققى ئورنىدا بېرىلىدىغان سېلىق ئاشلىق: دېھقانلار بۇ يىل پاراقنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بولدى. ② بۇغدايىنى نەق ئۆلچەپ پاكىز ئالىدىغان، ئازراقلا يارىمىسا، قوسۇر تېپىپ ئالماي تۇرۇۋالىدىغان كىشى.

**پاراق** II تەق. كىشىلەرنىڭ قاتتىق كۈلۈشى ۋە سۇنىڭ قايىنىشىدىن چىققان ئاۋاز: ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىشىم بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىن پاراق قىلىپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**پاراق-پاراق** «پاراق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۆمۈر ئاتىنىڭ سۆزى داستىخان ئەتراپىدىكىلەرنى پاراق ـ پاراق كۈلدۈرۈۋەتتى.

**پاراق-پۇرۇق** پاراق قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قازاندىكى سۇ پاراق ـ پۇرۇق قىلىپ قايناۋاتىدۇ.

**پاراقچى** ئى. پاراق ئاشلىقىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كىشى، پاراق ئاشلىقىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى: ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇن ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە پاراقچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

**پاراققىدە** رەۋ. پاراق قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، پاراق قىلىپ: بالىلار قوشاقنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

**پاراقلاتماق** «پاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاراقلاشماق** «پاراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پاراقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

**پاراقلىماق** پ. پاراق قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پاراق قىلماق: قازاندىكى سۇ پاراقلاپ قاينىدى.

**پاراكەندە** [پ] ① رەۋ. تەرەپ ـ تەرەپكە تارالغان، چۇۋۇلغان، تىرىپىرەن، پاتىپاراق: پاراكەندە بولماق. ② سۈپ. پەرىشان، دىلىغول، دەككە ـ دۈككە، خاتىرجەمسىز: ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندىمۇ پاراكەندە كۆڭلى تېخى بېسىلمىغانىدى.

**پاراكەندىچىلىك** ئى ① قالايمىقان ھالەت؛ پاتىپاراقچىلىق، قالايمىقانچىلىق: دۈشمەنلەر پات ـ پات ئەتراپقا چىقىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. ② خاتىرجەمسىزلىك، پەرىشانلىق، دەككە ـ دۈككىلىك: مېنىڭ كۆڭلۈمگە تولا پاراكەندىچىلىك سالما!

**پاراكەندىلىك** ئى ← **پاراكەندىچىلىك**.

**پاراگراف** ئى [ر<گرېك] كىتاب، ماقالە ۋە شۇ قاتارلىق تېكىستنىڭ مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان، ئادەتتە «§» ئارقىلىق ياكى تەرتىپ سان بىلەن كۆرسىتىلىدىغان قىسمى ھەم «§» بەلگىسىنىڭ ئۆزى.

**پاراگرافسىز** سۈپ. پاراگرافلىرى يوق، پاراگرافقا بۆلۈنمىگەن.

**پاراگرافلىق** سۈپ. پاراگرافلىرى بار، پاراگرافقا بۆلۈنگەن.

**پاراڭ** ئى ① ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ ـ سۆز؛ نۇتۇق: پاراڭ سالماق. پاراڭغا چۈشمەك. پاراڭ قىلماق. ② كۆچمە. مىش ـ مىش، ئېنىق بولمىغان گەپ، سۆز، خەۋەر: ھۆرلىقا توغرىسىدا نېمە پاراڭلار بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. ③ سۆھبەت، مۇلاھىزە: ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى.

**پاراڭچى** سۈپ. پاراڭ سېلىشقا ئۇستا؛ پاراڭ قىلىشقا ئامراق، قىزىق پاراڭ سالىدىغان، سۆزمەن؛ قىزىقچى: ئۇ پاراڭچى ئادەم ئىكەن.

**پاراڭخور** سۈپ. دىيال. جېدەلخور.

**پاراڭخۇمار** سۈپ. پاراڭلىشىشنى ياقتۇرىدىغان، پاراڭغا ئامراق: ئۇ تولىمۇ پاراڭخۇمار يىگىت ئىكەن.

**پاراڭخۇمارلىق** ئى. پاراڭلىشىشنى ياقتۇرىدىغان، پاراڭغا ئامراق خۇسۇسىيەت؛ پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرۈش: ئۇنىڭ پاراڭخۇمارلىقى مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتى.

**پاراڭسىمان** سۈپ. خۇددى پاراڭغا ئوخشايدىغان، خۇددى پاراڭدەك، پاراڭ تۈسىنى ئالغان: ئاتا ـ ئانا، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ تويدىن بۇرۇن ياشلارغا بېرىدىغان پاراڭسىمان تەربىيىسى ناچار.

**پاراڭلاشتۇرماق** «پاراڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاراڭلاشماق** پ. ئۆزئارا گەپلەشمەك، سۆزلەشمەك: تاشۋاي بىلەن لەيلىگۈل قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

**پاراللېل** [ر] <مات> ① سۈپ. بىر تەكشىلىكتە ياتقان ۋە ئۆزئارا كېسىشمەيدىغان؛ يانداش: پاراللېل تۈز سىزىق. پاراللېل تۆت تەرەپلىك. ② سۈپ. ئەينى ۋاقىتتا تەڭ بىللە تۇرغان؛ تەڭ دەرىجىدىكى: پاراللېل سىنىپ. ③ ئى <جۇغ> دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىغا يانداش قىلىپ سىزىلغان سىزىقلار.

**پاراللېللىق** ئى. پاراللېل ھالەت.

**پاراللېلىزم** ئى [ر] ① <مات> توغرا سىزىقلارنىڭ ئۆزئارا پاراللېللىقى. ② كۆچمە. ئوخشاش بىر ئىشنىڭ ئىككى كىشى ياكى ئىككى تەشكىلات تەرىپىدىن ئۆزئارا كېلىشمەستىن بىر ۋاقىتتا بېجىرىلىشى، تەكرارلىنىش.

**پارامان** ئى [پ] <بىن> ئۆي قۇرۇلۇشىدا جەگىلەرنىڭ تامغا چىشلەپ تۇرغان ئىككى بېشىغا (ئىككى جەگىنىڭ ئارىلىقىغا) قويۇلىدىغان ياغاچ تاختا.

**پاراموش** رەۋ [پ] ① ئۇنتۇغان، ئېسىدىن چىقارغان ھالدا: پاراموش بولۇپ قالماق. ② سەزگۈر بولمىغان، دىلىغول ھالەتتە: قادىر شۇ پېتى ساقچىلارغا پاراموش قاراپ تۇردى.

**پارامېتىر** ئى [ر<گرېك] <مات> تەڭلىمىدىكى مەلۇم بىر دائىرە ئىچىدە ئۆزگىرىدىغان تۇراقلىق سان. بۇ تۇراقلىق سان بەلگىلىك قىممەتنى ئالغاندا، شۇ تەڭلىمە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەكىلگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تەڭلىمە $x^2+y^2=R^2$ تىكى R بەلگىلىك قىممەتنى ئالغاندا، تەڭلىمە ۋەكىللىك قىلىدىغان چەمبەرنى سىزغىلى بولىدۇ، R بولسا چەمبەرنىڭ پارامېتىرى بولىدۇ.

**پاراۋان** سۈپ [پ] ھەممە جەھەتتىن تولۇق؛ يېتەرلىك؛ كۆپ؛ مول؛ باياشات: پاراۋان تۇرمۇش. پاراۋان ئائىلە.

**پاراۋانچىلىق** ئى. ھەممە جەھەتتىن تولۇق، يېتەرلىك بولغان تۇرمۇش؛ پاراۋان تۇرمۇش: پاراۋانچىلىق ئىچىدە ياشىماق.

**پاراۋانلاشتۇرماق** «پاراۋانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆكۈمەتنىڭ توغرا سىياسىتى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋانلاشتۇردى.

**پاراۋانلاشتۇرۇشماق** «پاراۋانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاراۋانلاشتۇرۇلماق** «پاراۋانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋانلاشتۇرۇلدى.

**پاراۋانلاشماق** پ. ھەممە جەھەتتىن مول، يېتەرلىك، كۆپ، باياشات ھالەتكە كەلمەك؛ باياشاتلاشماق: دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى دەرىجىدە پاراۋانلاشتى.

**پاراۋانلىق** ① ئى. پاراۋان ھالەت: ئورتاق پاراۋانلىققا قاراپ مېڭىش بىزنىڭ نىشانىمىز. ② سۈپ. تۇرمۇشنى پاراۋان قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا خاس بولغان: پاراۋانلىق پۇلى. پاراۋانلىق فوندى.

**پاراۋۇز** ئى [ر] <قاتن> پويىزنىڭ ۋاگونلارنى سۆرەپ ماڭىدىغان قىسمى، بۇقىسى. ئۇنىڭ پار، ئېلېكتىر كۈچى، ئىچىدىن يانىدىغان دىزېل قاتارلىقلار ئارقىلىق ماڭىدىغان بىر نەچچە خىللىرى بولىدۇ.

**پاراۋۇزچى** ئى. پاراۋۇز باشقۇرغۇچى، پويىز ھەيدىگۈچى خادىم.

**پارە** I ئى [پ] ① پارچىلانغان نەرسىنىڭ بىر قىسمى؛ بۆلەك، پارچە: پارە بولماق. پارە قىلماق. ② قۇرئاننىڭ 30 بۆلىكىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: 30 پارە قۇرئاننى يادا ئالماق.

**پارە** II ئى. دىيال. ئۈچ نەزىر.

**پارە- پارە** پارچە - پارچە، بۆلەك - بۆلەك: ھاكىمنىڭ كۆزەينىكى يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

**پارەش** ئى. دىيال. ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا ئاشپەزلىك قىلىدىغان كىشى؛ ئوردا ئاشپىزى.

**پارپا** I ئى <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى ئۇرچۇق شەكلىدە بولۇپ تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئۈيۈغان قاننى تارقىتىش، يەل ماڭدۇرۇش، مەيدىدىكى چىڭقىنى بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**پارپا** II سۈپ. پاكار، پاكىنەك، پەتەك: پارپا ئادەم. پارپا بوي. پارپا توخۇ.

**پار- پار** ① «پار III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ تېشى پار - پار بولغىنى بىلەن، ئىچى غال - غالدۇر. ② پارقىرايدىغان، پارقىراق: پار - پار رەخت.

**پار- پۇر** نۇر ۋە پارقىراق نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل پارقىراش ھالىتى: پار - پۇر قىلماق.

**پارت** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ ئىتتىك ھەرىكەت قىلىشى ياكى يىرتىلىشى، ئۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: مىڭ تەستە تۇتۇپ كەلگەن جەرەن بالىسى پارت قىلىپ قېچىپ ھاي - ھۇي دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى.

**پارتا** ئى [ر] مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش ۋە خەت يېزىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىلغان ئۈستەل.

**پارتاڭچى** سۈپ. دىيال. بەتخەج، ئىسراپخور.

**پارت-پۇرت** ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئىتتىك، جىددىي ھەرىكىتىدىن چىققان ئاۋاز: پارت - پۇرت قاچماق.

**پارتكوم** ئى [ر] ① پارتىيە كومىتېتى. ② پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاشقان جاي؛ بىنا.

**پارتگۇرۇپپا** ئى [ر] پارتىيە گۇرۇپپىسى.

**پارتلاتقۇچ** ① سۈپ. پارتلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، پارتلىتىلىدىغان: پارتلاتقۇچ تۇرۇبا. پارتلاتقۇچ ماددا. پارتلاتقۇچ دورا. ② ئى. پارتلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھەم پارتلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان نەرسە: ئۇ ئاخىر دۈشمەن پوتېيىگە يېقىن باردى - دە، پارتلاتقۇچنى كۈچ بىلەن ئارانلا تاشلىدى.

**پارتلاتقۇچى** ئى. پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەم.

**پارتلاتماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوسمان دۈشمەننىڭ ئوق - دورا ساقلىنىدىغان چوڭ ئامبىرىنى پارتلاتتى.

**پارتلاشماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قول بومبىلىرى ئارقا - ئارقىدىن پارتلاشتى.

**پارتلىتىلماق** «پارتلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يەر بەش قېتىم پارتلىتىلىپ ئاران مۇشۇنچىلىك بولدى.

**پارتلىغۇچ** سۈپ ① پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، پارتلايدىغان: پارتلىغۇچ دورا. پارتلىغۇچ ماددا. ② <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا نۇتۇق ئورگانلىرىدىن ھاۋانىڭ سىقىلىپ پارتلاپ چىقىشى بىلەن ھاسىل بولغان، ئېغىزدا توسقۇنلۇقنى يىمىرىپ پارتلاپ چىقىدىغان: پارتلىغۇچ تاۋۇش.

**پارتلىماق** پ ① جىسىملارنىڭ ھەجمى تېز كېڭىيىپ، ئەتراپتىكى ھاۋا بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، تەرەپ - تەرەپكە يېيىلىپ پارچە - پارچە بولماق، بۆلەك - بۆلەككە ئاجراپ ئەتراپقا چېچىلماق: دۈشمەن ئىستىھكامىغا تاشلانغان قول بومبىلىرى ئارقا - ئارقىدىن پارتلىدى. ② كۆچمە. جەمئىيەتتە بەزى ۋەقە - ھادىسىلەر تۇيۇقسىز شىددەتلىك يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق، كۆتۈرۈلمەك: قوزغىلاڭ پارتلىدى.

**پارتىداش** ئى. پارتىدا بىللە ئولتۇرىدىغان ساۋاقداش: مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا قاھار بىلەن پارتىداش ئىدىم.

**پارتىداشلىق** ئى. بىر پارتىدا بىللە ئولتۇرۇش، ساۋاقداشلىق.

**پارتىزان** ئى [ر<فىران] دۈشمەن بېسىۋالغان جايلاردا دۈشمەنگە قارشى ياكى بىرەر دۆلەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغۇچىلار ئەتىرىتىنىڭ ئەزاسى: دادام پارتىزانلار سېپىدە دۈشمەنلەر بىلەن سوقۇشۇپ قۇربان بولغانىكەن.

**پارتىزانچە** سۈپ ① پارتىزانلارغا خاس، پارتىزانلاردا بولىدىغان، پارتىزانغا ئوخشاش، پارتىزاندەك: بىزدە ھازىر پارتىزانچە يوسۇن بار. ② كۆچمە. مۇنتىزىم بولمىغان، چېچىلاڭغۇ (تۇرمۇش ھەققىدە): سىراجىدىن خىزمەتكە بۆلۈنگەندىن بېرى پارتىزانچە تۇرمۇش كەچۈردى.

**پارتىزانلارچە** رەۋ. پارتىزانلار ھالىتىدە، پارتىزانلارغا ئوخشاش، پاتىزانلاردەك: پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلماق.

**پارتىزانلىق** ① ئى. زالىم ھاكىمىيەتكە ياكى تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قوراللىق كۈرەش: ئۇ ئۆز يۇرتىدا پارتىزانلىق قىلدى. ② سۈپ. پارتىزانلارچە خاراكتېر ئالغان، پارتىزانلار قاتناشقان: پارتىزانلىق ئۇرۇش.

**پارتىيە** ئى [ر<نېم] مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم

گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات: كوممۇنىستىك پارتىيە.

**پارتىيەسىز** سۈپ. پارتىيەگە ئەزا ئەمەس، پارتىيەگە كىرمىگەن: پارتىيەسىز كادىر.

**پارتىيەسىزلىك** ئى. پارتىيەگە كىرمەسلىك، پارتىيەگە ئەزا بولماسلىق: ئۇنىڭ پارتىيەسىزلىكى ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

**پارتىيە-گۇرۇھ** ھەر خىل سىياسىي پارتىيەلەر ياكى سىياسىي پارتىيە تەركىبىدىكى گۇرۇھلار: دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار.

**پارتىيەلىك** سۈپ. پارتىيەگە كىرگەن، پارتىيەگە قوبۇل قىلىنغان: پارتىيەلىك كادىر.

**پارتىيەۋى** سۈپ. پارتىيە پىرىنسىپلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە تەئەللۇق: پارتىيەۋى تۇرمۇش. پارتىيەۋى مەيداندا تۇرماق.

**پارتىيەۋىلىك** ئى ① پارتىيە پىرىنسىپلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە تەئەللۇق سالاھىيەت: مىجىت ئاكا ئۆزىنىڭ پارتىيەۋىلىكىنىڭ ئۇنداق ئىشلارغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ② بىرەر پارتىيەگە مەنسۇپلۇق، ئەزالىق: ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيەۋىلىك ۋە پارتىيە سىياسىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

**پارچە** [پ] ① ئى. بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە نەرسىلەرنىڭ بىر بۆلىكى؛ پۈتۈن نەرسىدىن كېسىپ، سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان ياكى ئۆزى ئاجراپ چىققان قىسمى؛ بۆلەك: قەغەز پارچىسى. ② سۈپ. ئۆلچەم قىلىنغان مەلۇم بىرلىككە توشماي قالغان؛ پۈتۈن سانىنىڭ ئەكسى (پارچىسى): پارچە پۇل. پارچە سان. ③ مىق. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: بىر پارچە خەت. بىر پارچە گىلەم. بىر پارچە ماقالە. ④ ئى <ئەد> رومان، پوۋېست قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باب، بۆلەكلەر: روماندىن پارچە. ⑤ ئى <ئەد> ئاياغلاشقان، يەكۈنلەنگەن ئوي-پىكىرنى بىلدۈرگەن ماۋزۇسىز بىر كۇبلېت شېئىر.

**پارچە-پارچە** بىرقانچە پارچىغا بۆلۈنگەن، پارچىلىنىپ كەتكەن؛ بۆلەك-بۆلەك: پارچە-پارچە يەر. پارچە-پارچە بۇلۇتلار.

**پارچە-پۇرات** ① چوڭ-كىچىك پارچىلاردىن ئىبارەت، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پارچىلارغا بۆلۈنگەن، پارچە-پارچە: پارچە-پۇرات رەخت. پارچە-پۇرات نەرسىلەر. ② مۇھىم بولمىغان، ئاساسلىق ئەمەس؛ ئۇششاق-چۈششەك: پارچە-پۇرات ئىش. پارچە-پۇرات گەپ.

**پارچىلاتماق** «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىرمە كوي پۇلنى پارچىلىتىپ تەييار قىلىپ قويدۇم.

**پارچىلاشماق** «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىزنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىمىزنى پارچىلاشتى.

**پارچىلانماق** ① «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھازىر لۈكچەكلەر گۇرۇھىمۇ پارچىلاندى. ② «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇكام بىلەن ئىككىمىز پارچىلانغان ئوتۇنلارنى بۇلۇڭغا يىغدۇق.

**پارچىلىتىلماق** «پارچىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارچىلىماق** پ ① بۆلەكلەرگە بۆلمەك، ئاجراتماق؛ پارچە قىلماق، پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك: مۇزنى پارچىلىماق. * ساۋۇت ئاشقا بېسىلىدىغان گۆشلەرنى پارچىلاۋاتاتتى. ② بۆلۈۋەتمەك، ئاجىزلاشتۇرماق: يۇرتنى پارچىلىماق. ئاممىنى پارچىلىماق. ③ <خىم> تەركىبىي قىسىملارغا ئاجراتماق، بىرىكمىدىن ئاجرىتىپ ئالماق: ئاتومنى پارچىلىماق. ماددىنى پارچىلىماق.

**پاررىدە** رەۋ. پار قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ياكى نۇر چاچقان ھالدا، پار قىلىپ: يامغۇردىن كېيىن كۈن پاررىدە ئېچىلىپ كەتتى.

**پارس** I تەق. قاتتىق قىزىپ كۆيۈش، پارچىلىنىش، يېرىلىش، ئېتىلىش، چىڭ تارتقاندىن كېيىن ئۈزۈلۈش ۋە قاتتىق سىلكىنىپ قېقىلىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئارغامچا پارس قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**پارس** II ئى <ئىرق> شۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئىراننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**پارس-پارس** «پارس I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پوجاڭزا پارس-پارس قىلىپ ئېتىلدى.

**پارس-پۇرس** پارس قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: پارس-پۇرس ئېتىلىپ تۇرغان پوجاڭزا ئاۋازى كىشىنى زادى ئۇخلاتمىدى.

**پارسچە** ① سۈپ. پارسلارغا، پارس خەلقىگە، پارس تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، پارس خەلقىگە خاس: پارسچە كىيىم-كېچەك. پارسچە يېزىق. پارسچە لۇغەت. ② ئى. پارس تىلى، يېزىقى: مەن پارسچە ئۆگىنىۋاتىمەن. ③ رەۋ. پارس تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ، پارس تىلى، يېزىقى ۋاستىسى بىلەن: پارسچە سۆزلىمەك. پارسچە يازماق.

**پارسچىلاشتۇرماق** «پارسچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارسچىلاشتۇرۇشماق** «پارسچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارسچىلاشتۇرۇلماق** «پارسچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى

**پارسچىلاشماق** پ. پارسچە تەركىبلەر كۆپەيمەك، پارسچە تەركىبلەر كىرىپ ئۆزلەشمەك، پارسلار تۈسىنى ئالماق، پارسلارغا ئوخشاش بولماق: بۇ دىگەنلىك 10-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە بولغان ئون ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى پۈتۈنلەي پارسچىلىشىپ كەتتى، دىگەنلىك ئەمەس.

**پارسگۇي** [پ] ① سۈپ. پارسلارنىڭ تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنى ھەمىشە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، پارس تىل-يېزىقى ۋە پارس مەدەنىيىتىنى مودا بىلىدىغان، ھەمىشە پارسلارنى تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پارسلارنى، پارسچە تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنى چوڭ بىلىدىغان: پارسگۇي ئادەم. ② ئى. پارسچە سۆزلەش ۋە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، دائىم پارسچە بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىشى، پارسلارنى، پارس مەدەنىيىتىنى، پارسچىنى چوڭ بىلىدىغان كىشى: ئاشۇ

دەۋرلەردە خەلقىمىز ئىچىدىمۇ ئۆزى تۈركىي تۈرۈپ تۈركىينى تەرك ئەتكەن بىر تۈركۈم پارسگۇيلار بولغانىدى.

**پارسگۇيلۇق** ئى. پارس تىلى ۋە يېزىقىدا ئەسەر يېزىش ئىشى؛ خاھىشى؛ پارسچىدا ئەسەر يېزىش ئىشى ۋە شۇ خىل خاھىش: كېيىنچە مەيدانغا چىققان شائىرلار، خۇسۇسەن دورامچى ياش ئەدىبلەر ئىچىدە پارسگۇيلۇق چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئەدەپ كېتىپ، ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى «شېئىر يازغىلى بولمايدىغان قوپال تىل» دەپ ئاھانەت قىلىشقا قەدەر يەتكەن.

**پارسىلداتماق** «پارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارسىلداشماق** «پارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارسىلدىماق** پ. پارس ـ پارس قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پارس ـ پۇرس قىلماق: تونۇرغا سېلىنغان ھۆل ئوتۇن پارسىلداپ كۆيۈۋاتىدۇ.

**پارسىي** سۈپ [پ] پارس تىلىدا ئىپتىلغان ياكى يېزىلغان؛ پارسچە: ئابلىز مەخسۇم ئەرەبىي ۋە پارسىي كىتابلارغا مۇكەممەل تەبىر بېرەتتى.

**پارقىراتماق** «پارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشخانىنىڭ دېرىزە ـ ئەينەكلىرىنى پاك ـ پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتۇق.

**پارقىراشماق** «پارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارقىراق** سۈپ. پارقىراپ تۇرىدىغان، پارقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، پارقىرايدىغان: ئۇنىڭ سىلىق تاملىرى پاكىز ۋە پارقىراق ئىدى.

**پارقىراقلىق** ئى ① پارقىراق ھالەت. ② <گېئول> مىنېرال يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇشىدىن پەيدا بولىدىغان چاقناش ھادىسىسى.

**پارقىرىتىلماق** «پارقىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارقىرىغاق** سۈپ. پارقىرايدىغان، پارقىراپ تۇرىدىغان: پارقىرىغاق ماددا.

**پارقىرىغاقلىق** ئى. پارقىرايدىغان، پارقىراپ تۇرىدىغان ھالەت.

**پارقىرىماق** پ ① پارىرىدە قىلىپ يانماق، نۇر چاچماق، پارقىراپ تۇرماق، يورۇماق: چولپان يۇلتۇزى يول كۆرسەتكۈچى چىراغدەك ئاسماندا پارقىراپ تۇراتتى. ② يالتىرىماق، جۇلالىماق: ئالتۇنىنىڭ پوقمۇ پارقىرايدۇ (ماقال).

**پارك** ئى [ر<ئىنگ] گۈل ۋە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، سەيلە قىلىش، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى بار چوڭ باغ: بىز ئەتە دېڭىز بويلىرىغا بارىمىز، پاركلاردا ساياھەت قىلىمىز.

**پارلاتماق** «پارلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلشەن چىنە، تەخسىلەرنى پارلىتىپ بەش جۈپ سېتىۋالدى.

**پارلاشماق** «پارلىماق II»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زۆھرەخان بىلەن مەريەم ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۇگۇت پارلىشىپ بەردى.

**پارلاق** سۈپ ① پارلاپ، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، روشەن؛ نۇرلۇق: پارلاق قۇياش. پارلاق نۇر. ② كۆچمە. روناق تاپقان، باياشات، شانلىق: ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق.

**پارلاقلىق** ئى. پارلاق ھالەت، پارلاق كېلەچەك، پارلاق ھايات، پارلاق تۇرمۇش: تىلەمچىلەر — پارلاقلىق ئۈچۈن رەڭ ئىزدەۋاتقان دەۋر ئۈچۈن يوشۇرغىلى بولمايدىغان جاراھەت.

**پارلامېنت** ئى [ر<فران] كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە قانۇن تۈزىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورگان. پارلامېنت ئادەتتە يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىككى پالاتادىن تۈزۈلىدۇ؛ بەزى دۆلەتلەردە بىرلا پالاتا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

**پارلامېنتلىق** سۈپ. پارلامېنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان: پارلامېنتلىق تۈزۈم.

**پارلاندۇرماق** «پارلانماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى پارلاندۇرماق.

**پارلاندۇرۇلماق** «پارلاندۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ پارلاندۇرۇلدى.

**پارلانماق** I «پارلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈن جەمئىي بىر تاغار ئۈزۈم پارلاندى.

**پارلانماق** II پ. پارغا ئايلانماق، پار ھالىتىگە كەلمەك: پارلانغان سۇ.

**پارلىق** سۈپ ① پار بار، پار بىلەن تولغان، پار ھاسىل بولغان: پارلىق قازان. ② پار بىلەن يۈيۈلىدىغان، پار ئىشلىتىلىدىغان: پارلىق مۇنچا.

**پارلىماق** I پ ① مەلۇم ئۆلچەم ۋە نۇسخا بويىچە تۇرگە ئايرىماق؛ سورتقا ئايرىماق، خىللىماق، تاللىماق، ئىلغىماق: ئۈزۈم پارلىماق. ئۈرۈك پارلىماق. ② جۈپلىمەك، جۈپ ـ جۈپ ھالەتكە كەلتۈرمەك : پارلاپ تىزىلغان ئۆتۈكلەر مال تەكچىسىگە رەتلىك تىزىلغانىدى.

**پارلىماق** II پ. يارقىن نۇر چېچىپ تۇرماق، يورۇق يانماق؛ چاقنىماق: بۇلۇتسىز ئاسماندا قۇياش پارلىدى.

**پارلىنىش** ئى. پار ھالىتىگە كېلىش، پارغا ئايلىنىش.

**پارنىك** ئى [ر] ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، كۆكتات، مايسا قاتارلىقلارنى تېز ئۆستۈرۈش، يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۈستى يېپىق ئەينەكلىك جاھازا، خانا؛ بۇ يەردە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئىسسىقلىق بېرىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىدىكى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ساقلاپ قېلىنىدۇ: پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرمەك.

**پارنىكلىك** سۈپ. پارنىكى بار، پارنىكى بولغان، پارنىك ئورنىتىلغان: ھازىر بۇ ناھىيەدە كۆلەملەشكەن مېۋە ـ چېۋىنىڭ پارنىكلىك باغ بازىسى بارلىققا كەلدى.

**پارول** ئى [ر<فران] <ھەرب> ھەربىي خىزمەتتە ياكى يوشۇرۇن تەشكىلاتلاردا ئۆز كىشىلىرىنى تونۇش ئۈچۈن، ئۇچراشقاندا ئېيتىلىدىغان ۋە ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلىدىغان شەرتلىك مەخپىي سۆز.

**پارۋاي** ئى [ر] ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى پار ئارقىلىق ئىسسىتىش ئۈچۈن ئورنىتىلىدىغان، تۇرۇبا ۋە پولات نەيچىلەردىن تۈزۈلگەن ئەسلىھە: ئەسقەر بالىنى پارۋاينىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ئىسسىتتى.

**پارۋايلىق** سۈپ. پارۋايى بار، پارۋاي ئورنىتىلغان: پارۋايلىق ئۆي. پارۋايلىق زال.

**پارىخور** سۈپ [پ] پارا ئالىدىغان، پارا يەيدىغان، پارا يېيىشكە ئادەتلەنگەن: پارىخور ئادەم.

**پارىخورلۇق** ئى. پارا ئېلىش، پارا يېيىش ئىشى، ئادىتى: پارىخورلۇق قىلماق.

**پارىلداتماق** «پارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارىلداشماق** «پارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارىلدىتىلماق** «پارىلداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارىلدىماق** پ. پار ـ پار قىلىپ يېنىپ تۇرماق، يورۇق نۇر تارقاتماق، نۇر چېچىپ تۇرماق، پالىلدىماق: سۇ ئاي يورۇقىدا ئەينەكتەك پارىلداپ كۆرۈنەتتى.

**پازىل** [ئە] ① سۈپ. يېزت. پەزىلەتلىك، ياخشى خۇلق ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: بۇ شەھەر پادىشاھى ئادىل ۋە خەلقى پازىل بىر شەھەر ئىكەن. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پازىللىق** ئى. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش پەزىلىتى، ياخشى مىجەز ـ خاراكتېر، پەزىلەت، ياخشىلىق: ئۇ ھەقىقەتەن رەھىمدىل ۋە پازىللىقتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

**پاژ** تەق. سۇ ياكى تەركىبىدە سۈيۈقلۇق بولغان نەرسىلەر ئوتتا قىزىتىلغان ياكى قىزىق ياغقا سېلىنغاندىن كېيىن چىقىدىغان ئاۋاز: سۇ قايناپ تېشىپ مەش ئۈستىگە پاژ قىلىپ تۆكۈلگەندە چىققان ئاۋاز ئىچكىرىكى ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاژ ـ پاژ** «پاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ۋاھ، نېمىدېگەن پاژ ـ پاژ ئىسسىق بۇ!

**پاژ ـ پۇژ** پاژ قىلغان ۋەياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئاشخانىدىكى پاژ ـ پۇژ قىلىپ قورۇلۇۋاتقان قورۇمىنىڭ ئاۋازى مېھمانخانىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاژژىدە** رەۋ. پاژ قىلغان ھالدا، پاژ قىلىپ: سەرەڭگە قېپىدا ئاران بىر تال سەرەڭگە قاپتىكەن، شۇنچە ئاۋايلاپ چاقساممۇ پاژژىدە قىلدى ـ دە، ئوت ئالماي ئۆچتى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە قاراڭغۇدا قالدۇق.

**پاژىلداتماق** «پاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەلىمخان مېھمانلار ئۈچۈن پاژىلدىتىپ قورۇما قورۇۋاتقانىكەن.

**پاژىلداشماق** «پاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاژىلدىماق** پ. پاژ-پاژ قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، پاژ ـ پاژ قىلماق: سۇنىڭ مەش ئۈستىگە پاژىلداپ تۆكۈلۈشى سادىق روزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

**پاس** I تەق. بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن، قاتتىق سىلكىنىشى ھەم ئۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: ئەزىمەت قولىنى قاتتىق بىر شىلتىۋىدى، ئاپىسىنىڭ يۈزىگە پاس قىلىپ تەگدى.

**پاس** II ئى [ئىنگ] <تەن> توپ ئويۇنلىرىدا توپنى ئۆز كاماندىسىنىڭ بىرەر ئەزاسىغا قارىتىپ تاشلاش، ئېتىش ھەرىكىتى: پاس بەرمەك. پاس چىقارماق.

**پاس بەرمەك** <تەن> توپ ئويۇنلىرىدا توپنى ئۆز كاماندىسىنىڭ بىرەر ئەزاسىغا قارىتىپ تاشلىماق، ئاتماق، تەپمەك، يەتكۈزۈپ بەرمەك: خەمىت چاققانلىق بىلەن توپنى پەرھاتقا پاس بەردى.

**پاسات** I ئى [ئە] قەستەن، مەقسەتلىك ھالدا قىلىنغان پىتنە ـ ئىغۋا، ئويدۇرما: بۇ ئىشلار كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ ۋە تۈرلۈك پاسات خىياللار كوچىسىغا باشلايدۇ.

**پاسات** II ئى. دىيال. قوناق شاخلىرىدىن قۇرۇپ چۈشۈپ قالغان يوپۇرماقلار ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر.

**پاساتچىلىق** ئى. ئورۇنسىز گەپ ـ سۆز، ئويدۇرمىلار، پىتنە ـ ئىغۋا ۋە شۇ ھەقتىكى سۆز ـ ھەرىكەت.

**پاسار** ئى. قوناق شېخىنىڭ پوست ۋە يوپۇرماقلىرى: پاسار قالماق. پاسار ئوتىنىڭ كۆلى چوڭ، ساپساپچىنىڭ گېپى (ماقال).

**پاسار ـ پۇسقات** پاسار ۋە پاسارغا ئوخشاش نەرسىلەر: ئۇ پاسار ـ پۇسقاتلارنى مورا ئوچاققا سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى.

**پاساڭ** I ئى. باش قوناق، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق ئۈزۈۋېلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ چالا قالغان قىسمى: پاساڭ بولماق. پاساڭ قىلماق. * بوگۇن پۈتۈن مەھەللىلەردىكى ئۈششاق باللار قوغۇن پاساڭ قىلدى.

**پاساڭ** II ئى. ھارۋا شوتىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىككى ياغاچنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چېتىق ياغاچ، تەكىيە ياغاچ: ھارۋا پاسىڭى.

**پاساڭداتماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوناقنى پاساڭداتماق. قوغۇننى پاساڭداتماق.

**پاساڭداشماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاساڭدالماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوغۇن ـ تاۋۇز، باش قوناقلارنىڭ ئاخىرى پاساڭدىلىپ تۈگەپ، ئېتىزلارغا قوي ـ كالىلار قويۇپ بېرىلگەنىدى.

**پاساڭدىماق** پ. باش قوناق، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق ئۈزۈۋېلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ چالا قالغان قىسمىنى يىغىۋالماق؛ پاساڭ قىلماق: باللار بوگۇن قوغۇن پاساڭدىدى.

**پاساماق** پ. دىيال. قالماق، ئارقىدا قالماق.

**پاساھەت** ئى [ئە] يېزت. چىرايلىق ۋە يېقىملىق سۆزلەش قابىلىيىتى؛ نۇتۇقنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ھەم گۈزەللىكى: — ئوغلۇم، ئىلىم ـ ئەدەپتە كامىل، پاساھەت ۋە گۈزەللىك ئىگىسى ئىكەنسەن، — دەپتۇ بوۋاي مەردانىغا.

**پاساھەتلىك** سۈپ. چىرايلىق، يېقىملىق، راۋان سۆزلەيدىغان، پاساھەت بىلەن ئېيتىلغان: سۆز مۇنبىرىگە چىقساڭ، ئۆزۈڭنى مۇستەھكەم تۇت، خاتا سۆزلىمە، سۆزۈڭنى پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن باشلا.

**پاس ـ پاس** «پاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پاس ـ پاس ئاۋاز.

**پاسپاس** I ئى. دىيال. كىيىم ـ كېچەكلەرگە تۈگمە ئورنىدا ئورنىتىلىدىغان پىستان، پىسلداق.

**پاسپاس** II سۈپ. دىيال. ناچار، يارامسىز.

**پاسپورت** ئى [ر<فىران] چەت ئەلگە چىقىدىغان پۇقرالارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان دۆلەت تەۋەلىك گۇۋاھنامىسى؛ ھۆججەت؛ ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئورگىنى تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

**پاسپورتسىز** سۈپ. پاسپورتى يوق، پاسپورتى بولمىغان، پاسپورت ئالمىغان: پاسپورتسىز ئادەم. پاسپورتسىز يولۇچى.

**پاسپورتسىزلىق** ئى. پاسپورتى يوق ھالەت، پاسپورتى يوقلۇق، پاسپورتى بولماسلىق، پاسپورت ئالمىغانلىق: نوپۇس دەپتىرى، كىملىك، پاسپورتسىزلىق قاتارلىقلار ئۇلارنى بېكىنمە بىر ئورۇنغا مىخلاپ قويىدۇ.

**پاس ـ پۇس** پاس قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئابدۇللا ئاچچىقىغا پايلىماي، ئۇنى پاس ـ پۇسلا ئۇرۇپ سالدى.

**پاستا** ئى [ر<ئىتال] مېدىتسىنا، گىرىمچىلىك، رەسساملىق ۋە شۇ قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان خېمىر سىمان ماددا.

**پاسخا** ئى [ر] <دىن> ① خىرىستىيانلارنىڭ ئەيسانىڭ قايتا تىرىلىشىگە ئاتاپ ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى. بۇ بايرام ئەتىيازدا كۈن - تۈن تەڭلىشىپ، بىرىنچى قېتىم ئاي تولغاندىن كېيىن كېلىدىغان دەسلەپكى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ② يەھۇدىيلارنىڭ باھار پەسلى ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي بايرىمى.

**پاسسات** ئى [ر<نېم] <مېتېئور> ئېكۋاتورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆۋەن ئاتموسفېرا قەۋىتىدە، شىمالىي يېرىم شاردىن چىقىدىغان شەرقىي شىمال شامىلى ۋە جەنۇبىي يېرىم شاردىن چىقىدىغان شەرقىي جەنۇب شامىلى. بۇ خىل شامالنىڭ يۆنىلىشى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ۋاقىتلاردا ئۆزگىرىدۇ.

**پاسسىپ** سۈپ [ر<لات] ① بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان، قىزىقمايدىغان، سۇس، ئاكتىپنىڭ ئەكسى: پاسسىپ ئادەم. پاسسىپ ئوقۇغۇچى. ② توغرا بولمىغان، ناتوغرا؛ ناچار، سەلبىي: پاسسىپ ئامىل.

**پاسسىپلاشتۇرماق** «پاسسىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنداق قىلساق ئوقۇغۇچىلارنى پاسسىپلاشتۇرۇپ، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

**پاسسىپلاشتۇرۇشماق** «پاسسىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاسسىپلاشتۇرۇلماق** «پاسسىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاسسىپلاشماق** پ. پاسسىپ بولماق، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، ئۆز پائالىيىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويماق: راھىلە ئۆگىنىشتە پاسسىپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**پاسسىپلىق** ئى. پاسسىپ ھالەت، پاسسىپ ئەھۋال: پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆزگەرمەك.

**پاسقوق** رەۋ. دىيال. تۈيۈقسىز، ئۇشتۇمتۇت.

**پاسكال** ئى. خەلقئارا بېسىم كۈچ بىرلىكى.

**پاسكىنا** سۈپ. بۇلغانغان، كىرلەشكەن، پاكىز بولمىغان، مەينەت، كىر: پاسكىنا نەرسە. پاسكىنا كىيىم.

**پاسكىنا - پۇسكىنە** پاكىز بولمىغان، پاسكىنا.

**پاسكىنىچىلىق** ئى. پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن ھالەت، مەينەتچىلىك: دىلشات پاسكىنىچىلىق ئىچىدە يېتىپ قالىدىغان بولدى.

**پاسكىنىلاشتۇرماق** «پاسكىنىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆمۈرنىڭ توپىسى توزۇپ ھويلا - ئارام ۋە ئۆينىڭ دېرىزە، ئەينەكلىرىنى پاسكىنىلاشتۇرۇۋەتتى.

**پاسكىنىلاشتۇرۇشماق** «پاسكىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاسكىنىلاشتۇرۇلماق** «پاسكىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زۆھرەم پاسكىنىلاشتۇرۇلغان مېھمانخانىغا قاراپ، ئوغلىنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلدى.

**پاسكىنىلاشماق** پ. پاسكىنا ھالەتكە كەلمەك، پاسكىنا بولۇپ كەتمەك: بىر كۈن بولمىسام ئۆينىڭ ئىچىمۇ پاسكىنىلىشىپ كېتىپتۇ.

**پاسكىنىلىق** ئى. پاسكىنا ھالەت: پاسكىنىلىق بېسىپ كەتمەك.

**پاسلاشماق** پ <تەن> توپ ئويۇنلىرىدا ئۆزئارا بىر - بىرىگە پاس بېرىشمەك: ئۇلار تەبىئىي ھالدا شۇنداق ياخشى پاسلىشىپ ماڭدى.

**پاسون** [ر<فىران] ① ئى. ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پىچىمى، تىكىلىشى ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، مودېلى: كوچىدا ھەر خىل پاسوندا كىيىنگەن ئون نەچچە كىشى ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. يېڭى مودا بىلەن ياسىنىپ يۈرىدىغان؛ چىرايلىق: پاسون قىز. پاسون بولۇپ كەتمەك.

**پاسونلۇق** سۈپ. پاسونى بار، يېڭى پاسوندا تىكىلگەن: ئۇ چىرايلىق پاسونلۇق ئاياغ كىيىۋاپتۇ.

**پاسبان** ئى [پ] يېزت ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى، ئامانلىقىنى، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆزەتكە، پوستقا قويۇلغان كىشى؛ قاراۋۇل، ساقچى: پادىشاھ دەررۇ پاسبانلىرىنى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ② كۆچمە. ھىمايە قىلغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، ساقلىغۇچى؛ غەمخور؛ باشپاناھ: سەپ بېشىدا پاسبانىمىز، چېۋەر رولچىمىز بولغاچقا، بۇ غايە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**پاسبانلىق** ئى. بىرەر كىشى ياكى نەرسىنى قوغداش، ئۇنى تۈرلۈك زىيان - زەخمەتتىن ھىمايە قىلىش، غەمخورلۇق: كېچىلىرى يېرىم كېچىگىچە مەلىكە ئۇخلاپ، ئىنىكئانا پاسبانلىق قىلسا، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئىنىكئانا ئۇخلاپ، مەلىكە پاسبانلىق قىلدى.

**پاسۇك** ئى. دىيال. تەخسە

**پاسىق** سۈپ [ئە] ① بۇزۇلغان، چىرىگەن، سېسىغان: پاسىق سۆڭەكلەر ئاستىدىن جىنلار سەكرەپ چىقتى. ② كۆچمە. يامان، ئەخلاقسىز: مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھقا گىرىپتار بولغان پاسىق ئادەم. ③ پاسكىنا، ئىپلاس: شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ پاسىق جادۇگەردىن ئۆچ ئالماقچى بوپتۇ.

**پاسىقلىق** ئى. ئەخلاقسىزلىق، ئىپلاسلىق، ئەسكىلىك: سېنىڭ پاسىقلىقىڭدىن ئۆيدە بەرىكەت قاچتى.

**پاسىل** ئى [ئە] ئىككى دۆلەت، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا، چەك، ئايرىما: پاسىل قوزۇقى. دېڭىز پاسىلى. // پاسىل تام.

**پاسىلداش** سۈپ. پاسىلى بىر بولغان، پاسىلى ئورتاق بولغان، پاسىلى بىر: ئۇ تاختا - تاختا سامساقلىقلار، قىزىلچا ئېتىزلىرى، قوناقلىقلارنى ئايلىنىپ، قوي قوتىنىغا پاسىلداش چېگرا تامنى ياقىلاپ ماڭدى.

**پاسىلداق** ئى. دىيال. بۇغداي، قوناق، پۇرچاق قاتارلىقلاردىن قورۇپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر؛ قوماچ.

**پاسىلسىز** سۈپ. پاسىلى يوق، پاسىلى بولمىغان، پاسىل ئايرىلمىغان: پاسىلسىز ئېتىز. * بىز توپىلىق چىغىر يول ئۈستىگە تۆكۈلگەن تېرەك غازاڭلىرىنى دەسسەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن پاسىلسىز يان قوشنىلارنىڭ خىش تاملىق قورۇسىغا كىردۇق.

**پاسىللىق** سۈپ. پاسىلى بار، پاسىلى بولغان، پاسىل ئايرىلغان؛ پاسىللىق: پاسىللىق ئېتىز. پاسىللىق يەر.

**پاش** سۈپ [پ <ئە] ھەممىگە مەلۇم، ئاشكارا، ئايان: پاش بولماق. پاش قىلماق.

**پاشا** I ئى [پ] <زوئول> ھاشارات، يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن گەۋدىسىدە بىر جۈپ قانات ۋە ئۈچ جۈپ

ئۇزۇن، ئىنچىكە پۇتلىرى بولىدۇ؛ لىچىنكا ۋە قورچاقلىرى سۇدا يېتىلىدۇ؛ ئەركىكى ئۆسۈملۈك شىرنىسى بىلەن، چىشىسى ئادەم ۋە ھايۋان قېنىنى شوراش بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ؛ بەزگەك، يۇقۇملۇق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنى تارقىتىدۇ.

پاشا Ⅱ ئى. دىيال. چىۋىن.

**پاشا** Ⅲ **( پا: شا )** ئى ① بۇرۇنقى چاغلاردا تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان نامى. ② خوتۇن – قىزلارنى چاقىرىشتا ھۆرمەتلەش ياكى ئەركىلىتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: پاشا قىز. گۈلمىرە پاشا. ③ خوتۇن – قىزلارنىڭ ئىسمى.

**پاششاپ** ئى [پ] تارس ① ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كېچىلىرى كۆزەت قىلىدىغان، جىڭ قاقىدىغان ساقچى ئەمەلدارى. ② ئۆتمۈشتە مەھەللە ياكى كوچىلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل يەرلىك ئەمەلدار.

**پاششاپبېگى** ئى [پاششاپ + بەگ + ى] تارس. ۋاڭ ئوردىسىدىكى پاششاپلارنى باشقۇرغۇچى بەگ.

**پاششاپلىق** ① ئى. پاششاپلار مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلايدىغان خىزمەت، ۋەزىپە؛ پاششاپلار ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىش: پاششاپلىق قىلماق. پاششاپلىق ئەمىلى. ② سۈپ. پاششاپلار ئىگىدارچىلىقىدىكى، پاششاپلارغا قاراشلىق، پاششاپلارغا خاس: موللانىياز پاششاپلىق يەرنى تېرىش ھاشىرى بىلەن سەھەردىلا چىقىپ كەتكەنىدى.

**پاششاماق** پ. دىيال. پايلىماق، مارىماق: كىمنى پاششاپ يۈرىسەن؟

**پاشنا** ئى [پ] ئاياغ كېيىمنىڭ تاپىنىغا قويۇلىدىغان، چەم ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان قاتۇرما؛ ئۆكچە: ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى.

**پاشنىلىق** سۈپ ① پاشنىسى بار، پاشنا قويۇلغان: پاشنىلىق ئاياغ. پاشنىلىق بەتىنكە. ② پاشنا بولىدىغان، پاشنا قىلىنىدىغان، پاشنا ئۈچۈن تەييارلانغان: پاشنىلىق چەم.

**پاشىلىق** ئى ① پاشا كۆپ يەر: ئابدۇللا ھەر كۈنى بۇ پاشىلىققا كېلەتتى. ② پاشا چېقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، داكا، ماتا قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلگەن چىمىلدىق: پاشىلىق تارتماق. پاشىلىق تىكمەك.

**پاشئوت** ئى [پاشا + ئوت] <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ تىك تۇرىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**پاق** تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر – بىرىگە ئۇرۇلۇشى، ئېتىلىشى ۋە قاتتىق چۇشۇشىدىن چىققان ئاۋاز: تاپانچا ئۇنىڭ قولىدىن قاڭقىپ سىم كارىۋات ئۈستىگە پاق قىلىپ چۈشتى.

**پاقا** I ئى<زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان. بېشى ياپىلاق ھەم كەڭ؛ ئاغزى، كۆزى چوڭ؛ تېرىسى سىلىق، رەڭگى مۇھىتنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتە يېشىل، كۆل رەڭ سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ بارماق ئارىلىقىدا نېپىز پەردىسى بار؛ سۇدا ياكى سۇغا يېقىن جايلاردا ياشايدۇ، كۆپىنچە قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئەركەكلىرىدە كۈركىراش ئورگىنى بولىدۇ، ئۈنلۈك كۈركىرايدۇ؛ ئاساسەن ئېتىزلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق، بالىسى «قۇمچاق» دېيىلىدۇ. يېشىل پاقا ئادەتتە «ئېتىز توخۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پاقابەشگى** دىيال. قۇلۇلە.

**پاقام ئەتمەك** باغرىنى باغرىغا ياقماق: ناخشا ئېيتىپ، سۆلىرىغا پاقام ئېتىپ چوڭ بولغان يېزامنى سېغىندىم.

**پاقئوت** دىيال. سۇدا ئۆسىدىغان بىر تۈرلۈك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**پاقا** Ⅱ ئى. دىيال. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**پاقسى قانماق** تىلىكى ئىجاۋەت بولماق، ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقماق، كۆڭلىدىكىدەك بولماق، ئارزۇسىغا يەتمەك: — ئەمدى پاقاڭ قانغاندۇ؟ 5000 يۈەنگە موتوسىكلىت ئېلىپ، ئۇنى مىنگەنگە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەسسەن؟ — دېدى ئاۋۇت ئاكام ئوغلىنىڭ موتوسىكلىتىغا قاراپ قويۇپ.

**پاقا** Ⅲ ئى. تۈگمەننىڭ تېشىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇمەكنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان، تۆپە تاشنىڭ تۆشۈكى ئىچىدە تۇرىدىغان تۆت بۇرجەك ياپىلاق تۆمۈر: تۈگمەننىڭ پاقىسى.

**پاقا** Ⅳ دىيال. پۇت ۋە بىلەكنىڭ مۇسكۇلى.

**پاقا** Ⅴ ئى. دىيال. قاقاچ: بۇرنۇڭنىڭ پاقىسىنى كولىما.

**پاقالچاق** ئى. پۇتنىڭ تىزدىن تارتىپ ئوشۇقىچە بولغان قىسمى: كاللا دېسە پاقالچاق دېمەك.

**پاق- پاق** «پاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پاق- پۇق** پاق قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: غالىب نىيازنىڭ تۇيۇقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ پاق - پۇق بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

**پاقچۇر** ئى. دىيال. جۇۋاۋا، بەنشىر.

**پاقشىماق** پ. پاق – پاق قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پاقىلداپ تۇرماق، پاقىلدىماق.

**پاققىدە** رەۋ. پاق قىلغان ھالدا، «پاق» قىلىپ: ئەھمەد ئۇستەل ئۈستىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى.

**پاقلان** ① ئى. ياشقا توشمىغان قوزا: پاقلان گۆشى. ② سۈپ. ئەت ئالغان، سەمرىگەن (بوۋاق ھەققىدە): بۇ بالا پاقلان بولۇپتۇ.

**پاقلانچى** ئى. دىيال. بىر خىل قۇش

**پاقۇل** ئى. دىيال. قوماچ، پاسىلداق.

**پاقىچار** ئى [پاقا + چار] <زوئول> لوخۇ بېلىقىنىڭ بىلەكتەك بولغان ۋاقتى؛ كۆزەل.

**پاقىچاناق** ئى [پاقا + چاناق] تاشپاقا قېپى، جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە دورا ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پاقىچىغىرتمىقى** ئى [پاقا + چىغىرتماق + ى] <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يۇزىدە قىزىل

دېغى بولىدۇ؛ مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ؛ تېبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىزىتمىنى ياندۇرۇش، زەھەرنى كېسىش رولى بار.

**پاقچىلاپ** رەۋ. سۇ ئۈزگەندە پۇت ـ قولنىڭ ھەرىكىتىنى پاقا سۇ ئۈزگەندىكىگە ئوخشاش قىلىپ: پاقچىلاپ ئۈزمەك.

**پاقىلەش** ئى [پاقا + لەش] <بوت> جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى دۈگىلەك، سۇدا لەيلەپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، غوزا مېۋىسى سوقىچاق. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى بار.

**پاقىلداتماق** «پاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپتوماتنى پاقىلدىتىپ توختىماي ئېتىۋەردى.

**پاقىلداشماق** «پاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاقىلداق** سۈپ. پاقىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، پاقىلدايدىغان، پاقىلدىغاق: پاقىلداق گاز. پاقىلداق ئاۋاز.

**پاقىلدىماق** پ. پاق ـ پاق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، پاق ـ پاق قىلماق: روزىمەت ھەركۈنى يېزىنىڭ توپىلاق يوللىرىدا يالاڭ ئاياغ پاقىلداپ شەھەرگە ماڭاتتى.

**پاقىلىق** I سۈپ. پاقا بار، پاقا قاپلىغان، پاقا كۆپ: پاقىلىق يەر. پاقىلىق كۆل.

**پاقىلىق** II ① ئى. تۆگمەننىڭ پاقىسى ئايلىنىپ تۇرىدىغان، پاقا ئورنىتىلىدىغان ئورۇن، جاي. ② سۈپ. پاقا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان: پاقىلىق تۆمۈر.

**پاقئوت** ئى [پاقا + ئوت] <**بوت**> ← **جامكا**.

**پاقيوپۇرماق** ئى [پاقا + يوپۇرماق] <**بوت**>پاقيوپۇرماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە تۇخۇمسىمان؛ گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە؛ مېۋىسى غوزىلىق مېۋە؛ ئۇرۇق ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى بار.

**پاك** سۈپ [پ] ① چاڭ ـ توزان، كىر قاتارلىقلاردىن خالىي، پاسكىنا بولمىغان، پاكىز: ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن (ماقال). ② تەركىبى ساپ، بۇلغانمىغان، تازا: پاك سۇ. ③ باشقا بىرىنىڭ ئەجرى ئارىلاشمىغان، ئۆزىگە خاس بولغان؛ ھالال: تاپقىنىم پاك، قۇلىقىم ساق (ماقال). ④ كۆچمە. نامىغا داغ تەگمىگەن، يامان ئىللەت، يامان ئىشلاردىن خالىي، ساپ ۋىجدانلىق، ساپ: پاك دىل. پاك قىز. تارىخى پاك. پاك ئادەم.

**پاكار** سۈپ. ئېگىز ئەمەس، پەس: قادىرنىڭ بوۋىسى ھاسىنى تۇتۇپ پاكار سۇپىدا ئولتۇرىدۇ.

**پاكار ـ پاكار** «پاكار» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پاكارلاتماق** «پاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يامغۇر تولا يېغىپ قورۇنىڭ تاملىرىنىمۇ يالاپ پاكارلىتىۋەتتى.

**پاكارلاشماق** پ. پاكار ھالەتكە كېلىپ قالماق، پاكار بولۇپ قالماق، پاكارلىماق: بۇگۈن بۇ تېخىمۇ پاكارلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

**پاكارلىتىلماق** «پاكارلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لېتىپنىڭ بويى ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنىڭ شوپۇر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقى پاكارلىتىلدى.

**پاكارلىماق** پ. پاكار، پەس ھالەتكە كەلمەك؛ پاكارلاشماق، پەسلىمەك: بۇ ئادەم قېرىغاندا پاكارلاپ كەتتى.

**پاك ـ پاكىز** ① تاپتازا، ساپمۇساق، ناھايىتى پاكىز: ئاسفالت يوللار يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ، پاك ـ پاكىز بولۇپ كەتكەنىدى. ② كۆچمە. بىرنىمۇ قويماي، پۈتۈنلەي: مېھمان بىر تەخسە مانتىنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتتى.

**پاك ـ دىيانەتلىك** پاك ۋە دىيانەتلىك، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمىگەن، پارا يېمىگەن: پاك ـ دىيانەتلىك ئادەم. پاك ـ دىيانەتلىك ئەمەلدار. پاك ـ دىيانەتلىك بولماق.

**پاكلاشتۇرماق** «پاكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاكلاشتۇرۇشماق** «پاكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاكلاشتۇرۇلماق** «پاكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاكلاشماق** پ. پاك ھالەتكە كەلمەك، پاكلانماق: دوختۇرخانىلار پاكلاشتى.

**پاكلانماق** ① «پاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تاھارەت ئېلىپ پاكلانغان جامائەت بىر ـ بىرلەپ مەسچىتكە كېلىشكە باشلىدى. ② «پاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشۇ تويدا سېنىڭ روھىڭ شادلاندى، گۈل بېغىمىز شۇمبۇيىدىن پاكلاندى.

**پاكلىق** ئى. پاك ھالەت، ساپلىق: مۇھەببەت سۆيگۈسى ۋىجدانغا باغلىق، مۇھەببەت قولدىشى سەمىمىي ـ پاكلىق.

**پاكلىماق** پ. پاك ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاك قىلماق، پاكىزلىماق: ئۇ غۇسۇل ـ تاھارەت ئېلىپ، ئۆزىنى پاكلىماقچى بولدى.

**پاكىت** ئى [ر< لات] ① ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان، رېئال، بار نەرسە؛ ھەقىقىي ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇلار ھەققىدىكى مەلۇمات: پاكىت ئالدىدا پىل ئوسۇرۇپتۇ (ماقال). ② بىرەر ئىش، نەرسە ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساس، دەلىل، ھۆججەت: تارىخىي پاكىت. * پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**پاكىتسىز** سۈپ. پاكىتى يوق، پاكىتى بولمىغان: پاكىتسىز ماتېرىيال.

**پاكىتسىزلىق** ئى. پاكىتى يوقلۇق، پاكىتى بولماسلىق.

**پاكىتلىق** سۈپ. پاكىتى بار، پاكىتى بولغان، پاكىتقا ئىگە: پاكىتلىق ماتېرىيال.

**پاكىز** [پ] ① سۈپ. تازا، پاك، ئېرىغ، مەينەت ئەمەس: پاكىز سۇ. پاكىز چىنە. ② سۈپ. تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزىنى پاكىز تۇتىدىغان: پاكىز بالا. پاكىز ئايال. ③ سۈپ. كۆچمە. ۋىجدانلىق؛ پاك؛ توغرا؛ ئادىل: قىز دېمەك بولۇر پاكىز، پاكىزلىق دېمەككىم قىز. ④ رەۋ. قالدۇرماي، پۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇق، تەلتۆكۈس: يولدىكى قارلار پاكىز سۈپۈرۈۋېتىلدى.

**پاكىزلاتماق** «پاكىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاكىزلاشماق** پ. پاكىز ھالەتكە كەلمەك، پاكىز بولماق، پاكىزلانماق: سۇ پاكىزلاشتى. * كىيىم ـ كېچەكلەر پاكىزلاشتى.

**پاكىزلانماق** ① «پاكىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىد-

جىسى: ئۇ مۇنچىغا بېرىپ پاكىزلىنىپ كەلدى. ② «پاكىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۈگۈت پاكىزلاندى. كۆكتات پاكىزلاندى. ③ كۆچمە. پۈتۈنلەي، تامامەن تۈگىمەك؛ تۈگەشمەك: ئاخىرى ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئوقەت پاكىزلىنىپ، تەرمەچ قالاش ھالىتىگە كەلدۇق.

**پاكىزلىق** ئى. پاكىز ھالەت: پاكىزلىقنى ساقلىماق.

**پاكىزلىماق** پ. پاكىز ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاكىز قىلماق، تازىلىماق: يوتقاننى پاكىزلىماق. چىنىنى پاكىزلىماق.

**پاكىنەك** سۈپ. بويى پاكار، پاكارغىنا، پەس (كەمسىتىش ھەم ئەركىلىتىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ): پاكىنەك ئادەم. پاكىنەك بوۋاي.

**پاگون** ئى [ر] <ھەرب> ئوفىتسېر ۋە پاراخوت كاپىتانلىرىنىڭ مۈرىسىگە تاقىلىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە: پاگون تاقىماق.

**پاگونسىز** سۈپ. پاگونى يوق، پاگون تاقىمىغان: پاگونسىز ھەربىي كىيىم.

**پاگونلۇق** سۈپ. پاگونى بار، پاگون تاقىغان: پاگونلۇق كىيىم كىيگەن ئەسكەر.

**پاڭ** I سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس، پاڭقاي، ساغرۇ: پاڭ قۇلاق. پاڭ بولماق. پاڭ قىلماق.

**پاڭ** II ئى [خەن] قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى. پاڭ ئادەتتە تاختاي ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چاقماق شەكلىدە سىزىلىدۇ. ئۇنىڭ سىزىلغان يوللىرىدا پاڭ ئۇرۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ: پاڭ ئوينىماق. پاڭ سىزماق.

**پاڭ** III سۈپ. غول ـ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ، بۈكلىشىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يېتىشىپ كەتكەن؛ ھوسۇل بېرىشى كەم بولغان (بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر ھەققىدە): بۇغداي پاڭ بولۇپ كېتىپتۇ.

**پاڭ** IV تەق. بىردىنلا ئېتىلىش، يېرىلىش، پارچىلىنىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: مىلتىق پاڭ قىلىپ ئېتىلدى.

**پاڭپا** ئى. ئاختارمىلىقتىكى يوغان چالما: ئاختارمىلىقتىن پاڭپا تېپىلماپتۇ (ماقال).

**پاڭپارماق** پ. دىيال. تولا سەمرىپ كېلەڭسىزلىشىپ كەتمەك.

**پاڭ ـ پاڭ** «پاڭ IV» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پاڭ ـ پۇڭ** پاڭ قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: شۇ چاغدا ئارال تەرەپتىن پاڭ ـ پۇڭ قىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**پاڭچۇ** ئى [خەن] <كىي> ئارىلاشما يىپەك يىپتىن توقۇلىدىغان تۈز يوللۇق رەخت. ئۇ نېپىز ۋە يۇمشاق بولۇپ، يازلىق كىيىم تىكىشكە باب كېلىدۇ.

**پاڭقاي** I سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، قۇلىقى ئېغىر، ئاڭلىماس، ساغرۇ، پاڭ: بۇ ئادەم كور ياكى پاڭقايمىكىن!

**پاڭقاي** II ئى. ئات، كالا، قوي قاتارلىق سۆڭەكلىك ھايۋانلارنىڭ كەينى پۇتىنىڭ تىزىدىن ئوشۇقىغىچە بولغان ئىلىك ئۇستىخىنى؛ سۆڭىكى.

**پاڭقايلىق** ئى. قۇلىقى ئاڭلىماسلىق، ساغرۇلۇق.

**پاڭقۇش** سۈپ [پاڭ + قۇش] كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ساراڭ قېتىش؛ دۆت، كالۋا، ھاڭۋاقتى: پاڭقۇش ئادەم.

**پاڭگىدە** رەۋ ① پاڭ قىلغان ھالدا، پاڭ قىلىپ: مىلتىقتىن پاڭگىدە ئوق چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىردىنلا ئۈن سېلىپ، تۇساتتىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن: ھېلىقى بالا جىلە بولغىنىدىن پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

**پاڭىلداتماق** «پاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنمۇ بەتلەكلىك مىلتىقىمنى پاڭىلدىتىپ ئېتىۋەردىم.

**پاڭىلدىماق** پ. پاڭ ـ پاڭ قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پاڭ ـ پاڭ قىلماق: دەريانىڭ گاھ ئۇ يېرىدە، گاھ بۇ يېرىدە مىلتىق ئوقى پاڭىلداپ تۇراتتى.

**پال** I ( **پالى** ) ئى [ئە] كىشىنىڭ ئالدىنقىغا قاراش، كىتاب ۋاراقلاش، قارتا ئېچىش، تاش ۋە ماياقلارنى يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى، شۇنىڭدەك كىشىلەر بىلىشكە قىزىققان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىدىغان ساختا بېشارەت: پال ئاچماق. پال باقماق. پال سالماق.

**پال** II تەق. قۇياش، يۇلتۇز، چىراغ، ئوت قاتارلىقلارنىڭ يورۇقلۇق چىقىرىپ يېنىش ھالىتى: ئۆيئىچىدە بىردىنلا پال قىلىپ چىراغ ياندى ـ دە، يەنە ئۇزىماي لاپ قىلىپ ئۆچتى.

**پالاتا** ئى [ر<لات] بەزى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى پارلامېنت.

**پالاتالىق** سۈپ. پالاتاسى بار، پالاتاسى بولغان،پالاتاغا ئىگە: ئۇ دۆلەتتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مالوۋىچ تۇنجى زۇڭتۇڭلۇقنى ئۆتەيدۇ، پارلامېنتتا بىر پالاتالىق تۈزۈم يولغا قويۇلىدۇ.

**پالاتماق ( پا:لاتماق )** «پالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ رۇستەمنى ئۈچ يىللىق پالاتتى.

**پالادا** سۈپ. دىيال. پالاق.

**پالاس** I ئى [پ] ئومۇمەن يەرگە، كارىۋاتقا سېلىنىدىغان، يۇڭ ياكى پاختا يىپلىرىدىن توقۇلغان، گىلەم ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

**پالاس ساندۇق** ئۇيغۇر ساندۇقچىلىقىدا ساندۇقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ سۆلەتلىك، كۆركەم ئىشلىنىدۇ، ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپە، چامادان قاتارلىقلارنى تىزىش ئۈچۈن ياسىلىدۇ.

**پالاس** II تەق. ئادەملەرنىڭ مېڭىش ھەرىكىتىنىڭ كېلەڭسىز ھالىتى.

**پالاس ـ پالاس** «پالاس II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قويچى قوي پادىسى ئارقىسىدىن پالاس ـ پالاس قىلىپ، تىنماي يۈرەتتى.

**پالاسلاتماق** «پالاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پالاسلاشماق** «پالاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پالاسلىشىپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

**پالاسلىماق** پ. پالاس ـ پالاس قىلغان ھالەتتە ماڭماق: مەنسۇر ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي ئىشلىرى بىلەن پالاسلاپ يۈرەتتى.

**پالاشماق** I «پالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پالاشماق** Ⅱ پ. گۆش قاتارلىق نەرسىلەر ئىسسىقتىن بۇزۇلۇپ ئۈستىگە تور باغلاپ كەتمەك.

**پالاق** Ⅰ ئى [ئە] ① دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەپلەيدىغان ياكى سوراقخانىلاردا گۇناھكارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى؛ يېسسى تاياق: پالاق بىلەن ئۇرماق. ② كېمە، قېيىق، قولۋاقلارنى سۇدا ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سۇغا كىرىپ تۇرىدىغان، ئۇچى يېسسى قىلىپ ياسالغان ياغاچ: قېيىق پالىقى. ③ چىۋىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىم ياكى يالتىراق توردىن ياسالغان ساپلىق ئەسۋاب: چىۋىن پالىقى. ④ <تەن> تىكتاك توپ قاتارلىقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەردىن مەخسۇس ياسالغان تەنتەربىيە سايمىنى: تىكتاك توپ پالىقى.

**پالاق** Ⅱ سۈپ. بىخسىغان، بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە): پالاق تۇخۇم.

**پالاق** Ⅲ تەق. يىقىلىش، ئۆرۈلۈش ۋە تېز ھەم تاسادىپىي ھەرىكەتتىن چىقىدىغان ئاۋاز: سۇلايمان ئاتتىن پالاق قىلىپ يىقىلىش بىلەنلا داد - پەرياد كۆتۈردى.

**پالاق - پالاق** «پالاق Ⅲ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پالاق - پۇلۇق** پالاق قىلغان ھەم شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: پالاق - پۇلۇق سۇغا چۈشۈپ كەتمەك.

**پالاقتۇمشۇق** ئى [پالاق + تۇمشۇق] <زوئول>پالاقتۇمشۇقلار ئائىلىسىدىكى بىر خىل قۇش. چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە خەينەنداۋدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا قىسىم رايونلار ئۈچۈن پەسىل قۇشلىرى ھېسابلىنىدۇ، جەنۇبىي رايونلاردا قىشلايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك بىرقانچە خىللىرى بار. تۇك - پەيلىرى باش كىيىملەرنى بېزەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**پالاقچە** ئى ① <زوئول> بېلىقلارنىڭ ھەرىكەت ئورگىنى. ئۇ تىكەنسىمان سۆڭەك ۋە پەردە شەكلىدىكى تېرەپ تۇرغۇچى كۆمۈرچەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنى ئورۇنلاشقان ئورنىغا قاراپ كۆكرەك پالاقچىسى، قورساق پالاقچىسى، دۇمبە پالاقچىسى، ساغرا پالاقچىسى ۋە قۇيرۇق پالاقچىسى دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك گۈللىرىنىڭ ئۇرۇقدىنى تۈۋىدە بولىدىغان سۇلۇق ۋە تەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قورۇلما. سانى ئىككى تال بولۇپ، كىچىك ۋە رەڭسىز كېلىدۇ. ئۇ سۇ سۈمۈرگەندىن كېيىن كۆپۈپ، گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

**پالاققىدە** رەۋ. پالاق قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، پالاق قىلىپ: كىتاب پالاققىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

**پالاقلاتماق** «پالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوراز قانىتىنى پالاقلاتتى.

**پالاقلاشماق** «پالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەپتەرلەر ئۈركۈشۈپ پالاقلاشتى.

**پالاقلىماق** پ ① پالاق - پالاق قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، كاتەك تەرەپتىن توخۇلارنىڭ پالاقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ كويىدا يۈرمەك، ھەرىكەت قىلماق، غېمىنى يېمەك، ئىزدەنمەك: نىزامىدىن كوللېكتىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇدا بىر يىل پالاقلاپ يۈردى.

**پالاقمان** ئى. دىيال. كامالەك، ياي.

**پالاقمانچى** ئى. پالاقمان ياسىغۇچى ئادەم، پالاقمان ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن: بۇ ئادەملەر ئىچىدە ياغاچچى، تۆمۈرچى، مىسكەر، تاشچى، پالاقمانچىلار بار ئىدى.

**پالاكەت** [ئە] ① ئى. كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىدىن، ئىرادىسىدىن تاشقىرى؛ ئۈشتۈمتۇت، كۈتۈلمىگەندە يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىز ھادىسە؛ بەختسىزلىك؛ بالا - قازا؛ ئاپەت: پالاكەت باسماق. * خۇشال بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس (ماقال). ② سۈپ. كۆچمە. چاققان ئەمەس، لەقۋا، لايغەزەل، ئېپى يوق؛ كېلەڭسىز: ئايۇپ ئاكىنىڭ ئوغۇللىرى پالاكەترەك يىگىتلەردىن ئىدى.

**پالاكەتچىلىك** ئى. پالاكەت باسقان، پالاكەتكە يولۇققان ھالەت؛ پېشكەللىك، نەسلىك، بەختسىزلىك: ئۇ سېختىن قايتىۋېتىپ بۇ پالاكەتچىلىك ئۈستىگە كېلىپ قالغانىدى.

**پالاكەتلەشتۈرمەك** «پالاكەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوڭ جوۋا ئۇنى تېخىمۇ پالاكەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**پالاكەتلەشتۈرۈلمەك** «پالاكەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پالاكەتلەشمەك** پ. پالاكەت بولماق، پالاكەت ھالەتكە كەلمەك، لەقۋا، لايغەزەل، كېلەڭسىز ھالەتكە كېلىپ قالماق: پاتقاق يولدا ماڭغانسېرى پالاكەتلىشىپ، پۇتۇمنى تەستە سۆرەپ كېلىۋاتاتتىم.

**پالاكەتلىك** سۈپ. پالاكىتى بار، پالاكەت باسقان، پالاكەتكە يولۇققان: ئۇ بۇ پالاكەتلىك دەۋانى قەيەرگە بېرىپ ئېيتالىسۇن ؟

**پالاڭ** ئى. بۇغداي، ئارپا، شال قاتارلىق سامان غوللۇق زىرائەتلەرنىڭ يانجىلغان، لېكىن سامانغا ئايلانمىغان غولى؛ پاخال.

**پالان** ئال [ئە] سۆزلىگۈچىگە نامەلۇم بولغان ئادەم، نەرسىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ: پالان ئادەم. پالان كۈن. پالان ۋاقىتتا.

**پالان - پۇستان** ئۇ - بۇ، ئۇنداق - مۇنداق: ئاغىنە «پالان - پۇستان» نى قوي ئەمدى، ئوشۇق گەپنىڭ پايدىسى يوق.

**پالان - پوكۇن** ← **پالان - پۇستان:** ھازىر بەزىلەر پالان - پوكۇننى يوقىتىمىز دەۋاتىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**پالانچى** ئال. بىراۋنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئاتىمىغان شارائىتتا شۇ ئىسمىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ: ئۇ ماڭا «پالانچىنىڭ» دەپ ئوچۇق ئېيتىپ بەرمەيدۇ.

**پالانچى - پەمدىمانچى** ← **پالانچى - پۇستانچى.**

**پالانچى - پوكۇنچى** ← **پالانچى - پۇستانچى.**

**پالانچى - پۇستانچى** ① سۆزلىگۈچى ئېيتماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەن شارائىتتا شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: سەن پالانچى - پۇستانچىلار كېلىدۇ، دېۋىدىڭ، كەلمىدىغۇ ؟ ② سۆزلىگۈچى ئېيتىشنى ئەپ كۆرمىگەن ھاقارەت سۆزلىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: سەن ئۇنى پالانچى - پۇستانچى دەپ تىللاپ يۈرسەڭ بولمايدۇ.

**پالاندى** سۈپ ① چەت، ياقا يۇرتلارغا مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەن، پالانغان، سۈرگۈن قىلىنغان؛ سۈرگۈن: پالاندى قىلىنماق. ② تىل ھا. باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى كەمسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ماۋۇ مامۇت پالاندى بەش كۈن بولماستىن

ھومىيىدىغان بولۇۋالدىغۇ ؟

**پالانماق** «پالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىر پالۋان ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى، قۇمۇلغا پالاندى.

**پالانى** ئال. ئادەم ۋە نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئاتىمىغان شارائىتتا ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: پالانى ئادەم. پالانى جاي.

**پالانى - پوكۇنى ← پالانى - پۇستانى.**

**پالانى - پۇستانى** سۆزلىگۈچى ئېيتماقچى بولغان ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىغان شارائىتتا شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: پالانى - پۇستانىلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلا بار !

**پالەچ** ئى [ئە] ① <تېب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، نېرۋا خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ بەدەننىڭ بىر قىسمى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ھالدا مەھرۇم بولىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، خىزمەت يۈرۈشمىگەن، توختاپ قالغان؛ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئاقساپ قالغان ھالەت: خىزمەت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالماق.

**پالەچلەنمەك** پ. پالەچ ھالەتكە كېلىپ قالماق؛ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالماق: مەرھابا بېلىنىڭ تۆۋىنى پالەچلەنگەن مۇھەممەت ئېلىنى ئاۋايلاپ بىر تەرەپكە ئۆرۈپ قويدى.

**پالەچلىك** ئى. پالەچ بولغان ھالەت، ئەھۋال: كېسەلنى پالەچلىكتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاشتىن ئىبارەت. * ئىدارىمىز خىزمەتلىرىنىڭ چۇۋالچاقلىق، پالەچلىك ھالىتىنى چوقۇم ئۆزگەرتەيلى.

**پالەك** ئى<بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى سەل - پەل ئۇچ بۇرجەك؛ يىلتىزى سەل قىزىل كېلىدۇ؛ ئوتياش ئورنىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ.

**پالەكلىك** ئى. پالەك ئۆستۈرۈلىدىغان جاي.

**پالپاڭ** ئى. دىيال. چالما، پامپا، پاڭپا.

**پال - پال** «پال II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۈشۈك كۆزىنى پال - پال قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

**پال - پۇل** يالتىراپ، يورۇق چىقىرىپ تۇرغان ھالەت: ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى پال - پۇل قىلاتتى.

**پالتا** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈر ساپلىق چۈلدىسى بار، تىغلىق سايمان.

**پالتۇك** ئى. دىيال ① پەگاھنىڭ بىر چېتى. ② ئۆي ئىشىكىدىن سۇپىغىچە بولغان پەس جاي ③ كەش قويۇلىدىغان ئورۇن.

**پالچى** ئى. پال ئېچىش، پال سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس؛ پال باقىدىغان ئادەم.

**پالچىق** ئى ① سۇ يىغىلىپ قالغان جايلاردىكى پاتقاق، سۇيۇق لاي. ② ئات - ئۇلاغ ياكى پىيادىلەر كېچىپ ئۆتىدىغان سۇ بار كېچىك؛ ئېرىق، ئۆستەڭ. ③ لاي، پاتقاق: ئەۋۋەل دۇنيا يوق ئىدى، پەيدا بولدى يارسەنەم. پالچىق بىلەن سۇرەتنى ئادەم قىلدى يار سەنەم.

**پالچىلىق** ئى. پال ئېچىش، پال سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى، پال ئېچىش ئىشى: پالچىلىق قىلماق.

**پالسىز** رەۋ. پال سالدۇرماي، پالغا ئىشەنمەي، پالنى كېرەك قىلماي: پالغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە (ماقال).

**پالقان** ئى. دىيال. ئاياغنىڭ سوڭىغا ئورنىتىلغان قەلەي.

**پالكۆز** سۈپ [پال + كۆز] چانىقى كەڭ، پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان كۆز: ئۇنىڭ پالكۆزلىرىمۇ ھەممىشەم بىرلا نۇقتىغا قاراپ تۇراتتى.

**پالگان** ئى. دىيال. ئوۋچى، مەرگەن.

**پاللادىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Pd(Palladium). كۆمۈشتەك ئاق، گازلارنى سۈمۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بولۇپمۇ ھىدروگېننى سۈمۈرىدۇ، ساپ ھىدروگېن ئېلىشتا سۈمۈرگۈچى قىلىنىدۇ؛ يەنە «كاتالىزاتور» مۇ قىلىنىدۇ. پاللادىي قېتىشمىسى چىشنى داۋالاش ماتېرىيالى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قىلىنىدۇ.

**پالما** ئى [ر< ئىنگ] <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، شاخلانمايدۇ؛ يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن ساپاقلىق، ئالىقانسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، ياپراقلىرى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى سېرىق، ئاتىلىق، ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ ئۇچكىلىك مېۋىسى ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ؛ ياغىچىدىن سايمان ياساشقا بولىدۇ.

**پالمىلىق** ئى. پالما دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي، پالما دەرىخى بىلەن قاپلانغان يەر.

**پالنامە** ئى [ئە + پ] پال سېلىش، پال ئېچىش قائىدىلىرى يېزىلغان مەخسۇس قوللانما، كىتاب.

**پالوپا** سۈپ. دىيال. ① ئاقساپ ماڭىدىغان، تولا پۈتلىشىدىغان؛ پۈتلاشقاق.② پالەچ.

**پالۋان** [پ] ① ئى. جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت، جەسۇر؛ باتۇر كىشى: يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنسۇن (ماقال). ② سۈپ. جەڭدە، چېلىشتا زور كۈچ كۆرسىتىپ باتۇر دەپ ئاتالغان: پالۋان يىگىت. ③ سۈپ. قارىغا ئېتىشقا، چەنلەشكە ماھىر؛ مەرگەن: خوجىنىياز پالۋان ياقۇپ ياساۋۇلنى قوغلىدى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ، ھە دەپ ئوق چىقىراتتى.

**پالۋانلارچە** رەۋ. پالۋانلارغا خاس، پالۋانلارغا ئوخشاش، پالۋانلاردەك: پالۋانلارچە جەڭ قىلماق.

**پالۋانلىق** ئى. پالۋانلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت، تۇرق - ھالەت، خۇسۇسىيەت: بەستىدىن پالۋانلىق چىقىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك بىر كىشى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

**پالېئونتولوگىيە** ئى [ر< گىرېك] <بىيول>گېئولوگىيەلىك تارىخىي دەۋرلەردىكى جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، تۈرلەرگە بۆلۈنۈش، ئۆزگىرىش ۋە تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جانلىقلارنىڭ يەر قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىز، جەسەتلىرى ۋە تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت.

**پالپۇشتەك** ئى. دىيال. موزدۇزلۇقتا خۇرۇمنى پارقىرىتىدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

**پاللىداتماق** «پاللىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىنسى: قادىر كۆزىنى پالىلدىتىپ قاراپ تۇرىۋەردى.

**پاللداشماق** «پاللدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسمان چېھرىسىدىكى تۇركۇم - تۇركۇم يۇلتۇزلار پاللدىشاتتى.

**پاللدىماق** پ. پال - پال قىلىپ يانماق، پال - پال قىلماق، يالتىرىماق: ئۇلارنىڭ بىسى كەڭ قىلىچلىرى پاللدىدى.

**پالىماق** پ. بىرەر جىنايەت ياكى گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ بىر يۇرتتىن باشقا بىر جاپالىق يۇرتقا ھەيدىمەك، سۈرگۈن قىلماق: خان قوزغىلاڭچىلاردىن مىڭغا يېقىن كىشىنى ئىلىغا پالىدى.

**پالىنولوگىيە** ئى [ر< گىرېك] <بوت> بوتانىكىنىڭ بىر تارمىقى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسپورىسى ۋە گۈل چېڭىنىڭ ھالىتى، يېيىلىشى، تۈرگە بۆلۈنۈشى، ئۆزگىرىشى، گېئولوگىيەلىك ۋە جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى جەھەتلەردىكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**پامپا** ئى. دىيال. ئاختارمىلىقتىكى يوغان چالما؛ داڭگال.

**پانا** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاراچىلىرىغا قېقىلىپ، چىڭىتىش رولىنى ئوينايدىغان ياكى بىرەر نەرسىنى يېرىش ۋە ئاجرىتىشتا ئارىلىقىغا قىستۇرۇلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ئىشلىنىدىغان ياپىلاق سايمان؛ چوڭ شىنا: پانا قاقماق.

**پانار** ئى [ر] يورۇتۇش نۇقتىسى يەنى ئوتى شىشە بىلەن ئورالغان چىراغ: ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىتىپ قويۇپ، لۇتپۇللا يەنە پانار يورۇقىدا يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

**پاناس** ئى. ئىزناكقا ئىشلىتىلىدىغان مېتال.

**پاناق** سۈپ. بۇرۇن كۆمۈرچىكى تەرەققىي قىلمىغان، بۇرنى پەس، قاڭشارسىز: پاناق بۇرۇن.

**پاناقىماق** پ. دىيال. پاناھ تارتماق، پاناغا ئېرىشمەك، يۆلەكچىگە ئېرىشمەك.

**پاناھ (پاناھى)** [پ] ① ئى. ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى: ئەزالار بىزنى ئۆزلىرىگە پاناھ بولىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتمەكتە. ② ئى. كۆچمە. ھىمايە، ھامىيلىق: ئى ئاللا، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ③ سۈپ. ساقلىنىشقا بولىدىغان، خالىي: پاناھ جاي. ④ ئى. ھىمايە، پاناھ تېپىش مۇمكىن بولغان جاي: پاناھ تاپماق.

**پاناھدىماق** پ ① خاتىرجەم، خالىي جاينى ماكان قىلماق؛ ئۆزىنى دالدىغا ئالماق: ماڭا بىر جايغا بېرىپ پاناھدىماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. ② پاناھ ئىزدىمەك، پاناھ تاپماق: مەخسۇت بەگ كۆچارنى پاناھداپ شۇ ياققا يول تارتتى.

**پاناھسىز** سۈپ. پاناھلىنىدىغان ئورنى، ھىمايىچىسى، ئىگە - چاقىسى يوق: پاناھسىز يېتىم.

**پاناھسىزلىق** ئى. پاناھلىنىدىغان ئورنى، ھىمايىچىسى، ئىگە - چاقىسى يوقلۇق: پاناھسىزلىق سەن ئۈچۈن زۇلۇم.

**پاناھگاھ** ئى [پ] يېزت. پاناھ بولىدىغان جاي: ئۇلار دېھلى سۇلتانلىقىنى پاناھگاھ قىلغانىدى.

**پاناھلاندۇرماق** «پاناھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئۇلارنى قانات ئاستىمىزغا ئېلىپ پاناھلاندۇرمىساق بولمايدۇ. * بىز شەھەردىكى پاناھسىز قالغان سەرگەردان، تىلەمچىلەرنى پاناھلاندۇردۇق.

**پاناھلاندۇرۇشماق** «پاناھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاناھلاندۇرۇلماق** «پاناھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاناھلانماق** پ. پاناھ تېپىش مۇمكىن بولغان خاتىرجەم، خالىي جايغا يوشۇرۇنماق: مەن خەۋپتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن قاچتىم.

**پاناھلىق** ئى ① قوغدىلىدىغان ئورۇن، جاي، ماكان؛ ئۆزىنى قوغداشقا يېتەرلىك شەرت - شارائىت: پاناھلىق بەرمەك. ② مېھرىبانلىق، مېھىر - شەپقەت: پاناھلىق تىلىمەك.

**پاناھلىنىشماق** «پاناھلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پانئامېرىكانىزم** ئى [ر< گىرېك + ئىنگ] ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تەرغىب قىلىدىغان تەشەببۇس. بۇنى ئەسلى 19 - ئەسىردىكى لاتىن ئامېرىكىسى مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان.

**پانئامېرىكىچىلىق** ئى. پانئامېرىكانىزمنى تەرغىب قىلىش.

**پانتوتېن** ئى [گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_9H_{17}O_5N$. ۋىتامىن B نىڭ بىر خىلى، يەنى رەڭسىز يېپىشقاق سۇيۇقلۇق؛ جىگەر، فېرمېنت ۋە تۇخۇم سېرىقىدا بولىدۇ؛ ئادەم تېنىدە پانتوتېن كىسلاتاسى كەم بولسا تېرە كېسەللىكى، بۆرەك ئۈستى بېزىدىن قان چىقىش قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

**پانتوگراف** ئى [ر< گىرېك] <مات> ھەرقانداق بىر شەكىلگە ئوخشاش شەكىلنى بەلگىلىك چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش نىسبىتى بويىچە سىزىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**پانتۈركىزم** ئى [ر] تۈرك بۇرژۇئازلىرى ۋە پومېشچىكلىرى ئارىسىدا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنى تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش، تۈرك دۆلىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان بىر خىل نەزەرىيە.

**پانتۈركىزمچىلىك** ئى. پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىش، پانتۈركىزم يولىدا مېڭىش.

**پانتۈركىست** ئى [ر] پانتۈركىزمنى ھىمايە قىلغۇچى، پانتۈركىزم تەرەپدارى.

**پانتېئىزم** ئى [ر< گىرېك] <پەلس> خۇدانى تەبىئەت بىلەن بىر دەپ ھېسابلايدىغان ۋە تەبىئەت خۇدانىڭ مۇجەسسەملەنگەن ھالىتى، دەپ قارايدىغان دىنىي پەلسەپىۋى تەلىمات.

**پانروھچىلىق** ئى <پەلس> پەن بىلەن زىتلىشىدىغان ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەر. ئۇ بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدە جان بار دەپ قارايدۇ.

**پانۇس** ئى [ئە< گىرېك] ئادەتتە قولدا كۆتۈرىدىغان ياكى بىرەر جايغا ئېسىپ قويۇلىدىغان، شامال ۋە ھۆل - يېغىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىرتى قەغەز ياكى ئەينەك بىلەن قاپلانغان، ئىچىگە شام ياكى كىرسىن يېقىلىدىغان بىر خىل چىراغ: دەرەخلەر ئارىسىغا خىلمۇخىل رەڭلىك پانۇسلار ئېسىلغانىدى.

**پانۇسچى** ئى ① پانۇس ياساش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ پانۇس ياسايدىغان ئۇستا: بۇلارنىڭ سەككىز ـ توققۇزى پانۇسچى ئۇستا ئىدى. ② پانۇس كۆتۈرىدىغان ئادەم.

**پانۇسگۈل** ئى [پانۇس + گۈل] <بوت> چىنىگۈل ئائىلىدىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**پانئىدراكچىلىق** ئى<پەلس> مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئىدېئالىستىك نەزەرىيە. پانئىدراكچىلىق تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى «ئالەم روھى» نىڭ ئەقلى، لوگىكىلىق پائالىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

**پانئىسلامىزم** ئى [ر< گىرېك + ئە] 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېقىن شەرقتە پەيدا بولغان پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللەت ئايرىماي ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلەتتىن، مىللەتتىن، رايوندىن ھالقىغان، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل دىنىي ۋە سىياسىي پىكىر ئېقىمى.

**پانئىسلامىزمچى** ئى. پانئىسلامىزمنى ھىمايە قىلغۇچى، پانئىسلامىزم تەرەپدارى.

**پانئىسلامىزملىق** سۈپ. پانئىسلامىزمغا ئائىت، پانئىسلامىزمغا تەۋە بولغان: پانئىسلامىزملىق كۆزقاراش.

**پانئىسلامىست** ئى [ر< گىرېك + ئە] پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىدىغان شەخس، پانئىسلامىزم تەرەپدارى.

**پانئىلاھچىلىق** ئى<پەلس> بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات. بۇ خىل تەلىمات بويىچە بولغاندا، ئىلاھ ئىنسانىي بولمىغان مەنبە، بۇ مەنبە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا بولماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، پانئىلاھچىلىق روھنى تەبىئەت دۇنياسىغا سىڭدۈرۈپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنبەنى ئىنكار قىلىدۇ.

**پانىلاتماق** «پانىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پانىلانماق** «پانىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پانىلىق** سۈپ ① پانىسى بار. ② پانا ئۈچۈن تەييارلانغان، پانا قىلىشقا بولىدىغان: پانىلىق ياغاچ.

**پانىلىماق** پ. بىرەر نەرسىگە پانىنى كىرگۈزمەك، پانا قاقماق.

**پانىي** سۈپ [ئە] ①تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان؛ ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى، ئامانەت. ② ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنىدىكى، روھقا ئايلانغان، قىيامەتلىك: پانىي ئالەم. پانىي دۇنيا.

**پانىي قىلماق** يوق قىلماق، غايىب قىلماق: بىراق، سەن بۇنداق تەمەننانى خۇددى كۈمۈتا كۆز ئالدىڭدا غايىب قىلىنغاندەك پانىي قىلىۋەت.

**پانىيەتچى** ئى. پانىي بولغۇچى، پانىي قىلىنغۇچى.

**پانىيەتچىلىك** ئى. پانىي دۇنيالىق، پانىيلىققا ئائىت ئىشلار، پانىي ئىشلار: ئۇ پانىيەتچىلىك، تەبىئەتچىلىك، دىيانەتچىلىك، مەغپىرەتچىلىك جەھەتتىن «رېئاللىققا قارىتا قارىنى كەڭ بولۇش» ئۇستىدە خۇلاسە چىقارغان.



**پانىيلىق** ئى. پانىي ھالەت، پانىي ئەھۋال، پانىي ئىشلار، پانىيغا ئالاقىدار ئىشلار، پانىيەتچىلىك: چۈنكى سېنىڭ رىزقىڭ دەل شۇ پانىيلىق ئىچىدە. * مۇقەددەس روھ تۇپراق بىلەن يۇغۇرۇلغاندا پانىيلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى.

**پاھ** ئىم ① بىرەر ئىش ياكى سۆز ـ ھەرىكەتكە ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: پاھ، قوللىرىڭىز نېمانچە قاتمال! ② مەمنۇنلۇق، خۇشاللىق ۋە ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ: پاھ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن ـ دە!

**پاھىشە** [ئە] ① ئى. نىكاھلانمىغان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇقچىلىق، زىنا: پاھىشە قىلماق. پاھىشە ئۆتكۈزمەك. ② سۈپ. زىنا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ ئەخلاقى بۇزۇق (ئاياللار ھەققىدە): پاھىشە خوتۇنلار كۆپ ۋاقىتتا سىزلام كېسىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

**پاھىشىخانا** ئى [ئە + پ] پاھىشىلەر تۇرىدىغان، پاھىشىۋازلارنى قوبۇل قىلىدىغان جاي.

**پاھىشىلاشماق** پ. پاھىشە بولماق، پاھىشىگە ئايلانماق، پاھىشىگە ئۆزگەرمەك: ئاياللار ئۆزىدىن يىراقلاشسا يالغاچلىنىدۇ يەنى پاھىشىلىشىدۇ، ئەرلەر ئۆزىدىن يىراقلاشسا ئاجىزلىشىدۇ يەنى غىتمەكلىشىدۇ.

**پاھىشىۋاز** ئى [ئە + پ] پاھىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بېرىلگەن، ئەخلاقى بۇزۇق ئەر؛ زىناخور.

**پاھىشىۋازلىق** ئى. پاھىشىلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشقا بېرىلىش ئادىتى؛ زىناخورلۇق: پاھىشىۋازلىق ئۇنىڭ جامائەت ئىچىدىكى يۈزىنى قويمىدى.

**پائۇزا** ئى [ر< لات] <مۇز> ① كۈي، شېئىر ـ قوشاقلاردىكى ئۈزۈلۈش، توختاش ۋە ئۇنىڭ بەلگىسى. ② ئوپېرا، بالېتلاردا پەردە ئارىلىقىدا چېلىنىدىغان ۋە ناخشا باشلىنىش ئالدىدا چېلىنىدىغان ئۇششاق مۇزىكا؛ مەرغۇل.

**پاۋان** I ئى. جان ت. ئوۋچى؛ مەرگەن: پاۋان دەرد يەيدۇ، بالىلىرى گۆش يەيدۇ (ماقال).

**پاۋان** II ئى نۇر، پىرقىرىغۇچ

**پاۋلونىيە** ئى [لات] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچى يۇمشاق بولۇپ، چالغۇ ئەسۋابلىرى، مودېل قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**پاۋىيان** ئى [ر< نېم] تۇمشۇقى ئۇزۇن، بىر خىل چوڭ مايمۇن. ئۇ ئافرىقا ۋە ئەرەبىستاندا ياشايدۇ.

**پائىلاتۇن** ئى [ئە] <ئەد> ئەرەب تىلى مورفولوگىيەسىدىكى ئىككىنچى بوغۇمى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، قالغانلىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغان تۆت بوغۇملۇق سۆز فورمۇلاسى بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى بەھرى تەۋىل تۈركۈمىنىڭ ھەجەز بەھرى ( ـv–– ) فورمۇلاسىنى كۆرسىتىدۇ.

**پائىلۇن** ئى [ئە] ئارۇز ۋەزنىدىكى بىر روكنى يەنى ئاساسلاردىن بىرى.

**پاي** I ئى [پ] بىرەر تىجارەت ياكى كەسىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شېرىكچىلىك ئاساسىدا قوشۇلغان ھەسسە؛ ئۈلۈش، دەسمايە: پاي پۇلى. پاي قوشماق.

**پاي** II [پ] ① ئى. پۇت، ئاياغ؛ تاپان: كۆرسەتكىن نىزارىنىڭ

خانىسىنى، مەن ئۇنىڭ ئىز - پايىنى قىلاي تاۋاپ. ② ئى. بىر جۈپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى: سىڭار پاي ئاياغ. ③ مىق. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ؛ دانە، تال: ئون ئىككى پاي ئوق. تۆت پاي قاسقان. ④ ئى. ئاياغ ئىزى كۆپ تەگكەن؛ كۆپ دەسسەلگەن يەر ياكى نەرسە: جۇۋازنىڭ پېيى.

**پاي** III ئى. بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئورۇلۇپ، باغلانغان ھالىتى: پاي تىكمەك.

**پاي** IV ئى. غەيرەت؛ چىدام، بەرداش: پاي بەرمەك.

**پاي بەرمەسلىك** دىيال. چىداش بەرمەسلىك، پايلىماسلىق.

**پايان (پايانى)** ئى [پ] ① جاي، مۇساپە، يول قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى؛ چېگراسى: زەپ ئوخشىغان بۇغدايىنىڭ پايانى ھېچ كۆرۈنمەس؛ كېچە - كۈندۈز قۇندۇزنىڭ ھارغىنلىقى بىلىنمەس. ② ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز، ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ ئاخىرى؛ داۋامى: بىلمىدىم كۈلپەتنىڭ بارمۇ پايانى، ئالەمگە ھەمراھكەن ئادەم پىغانى. ③ كۆچمە. ھېس - تۇيغۇ، كەچۈرمىش قاتارلىقلارنىڭ چېكى؛ ئاخىرى: تارقىلىپتۇ ئاخشامقى تۇن تۇمانى، ئېقىن بىلەن بىللە ئۈزدۈم باھاردا، بۇ ئېقىنغا ئىشقىمنىڭ يوق پايانى، ئۇ ئاققان جاي بولغاچ قەلبىم ماكانى.

**پايانداز** ئى [پ] ئىنتايىن ھۆرمەتلىك بولغان مېھمانلارنىڭ يولىغا سېلىنىدىغان گىلەم؛ پالاس: پايانداز سالماق.

**پاياندازلىق** سۈپ. پاياندىزى بار، پايانداز سېلىنغان: قىزىل پاياندازلىق زال.

**پايانسىز** سۈپ. پايانى يوق، پايانى بولمىغان، چېكى، چېگراسى يوق؛ ناھايىتى كەڭ؛ كۆز يەتكۈسىز؛ بىپايان: ئۇ يەر پايانسىز جاڭگاللىق بولۇپ، سۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

**پايانسىزلاشماق** پ. پايانسىز بولماق، چېكى يوق، پايانسىز ھالەتكە كەلمەك، چەكسىزلەشمەك، يىراقلاشماق: بىز ئۇنى قانچە قازىمىز دېسەك، ئۇ شۇنچە پايانسىزلىشىدۇ.

**پايانسىزلىق** ئى. پايانسىز ھالەت، پايانى يوق ھالەت، پايانى يوقلۇق، چەكسىزلىك: ئۇ ئىلاھىي دۇنيانىڭ پايانسىزلىقىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى ھېس قىلاتتى. * بىز ئۇنى قانچە قازىمىز دېسەك، ئۇ شۇنچە پايانسىزلىشىدۇ، ئەقلىمىز بۇ پايانسىزلىق ئىچىدە رامبونىڭ مەست كېمىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**پايە** ئى [پ] يېزىت ① ئېگىزلىككە چىقىپ - چۈشۈشتە ئىشلىتىلىدىغان شوتا، پەلەمپەي؛ باسقۇچ: ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، تەختنىڭ بىرىنچى پايىسىگە قەدەم قويدى. ② پۇت، ئاياغ: ئەترگۈلدەك چىرايىڭغا بېقىپ، رەڭگىم چىلان بولدى، تىكەن پايەڭ تۇپەيلىدىن مېنىڭ كۆكسۈممۇ قان بولدى. ③ ياغاچ ياكى ساپالدىن ياسالغان چىراغ قويىدىغان جاھاز: ئالدىڭ ئۈچ ئامىلدىن «چىراغ» دېگەن نام، بىرى ياغ، پىلىكۇ، بىرىدۇر پايە. ④ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شېخى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە مېۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يەر ئۈستى قىسمى؛ غولى، تۈپى: ئەتراپتا كۆرۈنمەيدۇ ئىنسان سايىسى، باغلاردا زەپىران گۈللەر پايىسى.

**پايپاس** [پ] تەق ① تەمتىرەپ ھولۇقۇپ، بىر پۇتىنى ئېگىز، بىر پۇتىنى پەس كۆتۈرگەن ھالدا مېڭىش ھالىتى. ② سۈپ. سۆرەلمە، كالامپاي.

**پايپاس - پايپاس** «پايپاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پايپاس - پايپاس مېڭىپلا يۈرەمسەن؟

**پايپاسلاتماق** «پايپاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايپاسلاشماق** «پايپاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول كەڭرىتىپ پوش - پوشلاپ، پايپاسلىشىپ يۈرۈپتۇ. شاھقا «شاھى - نىجات» دەپ، نامۇنىشان بېرىپتۇ.

**پايپاسلىتىلماق** «پايپاسلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پايپاسلىماق** پ. بىر خىل ئاۋاز چىقارغان ھالدا ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ، ئالدىراپ ئېگىز - پەس دەسسەپ ماڭماق: سامىلاق جىسانىڭ خوتۇنى پايپاسلاپ ساي بويىغا قاراپ ماڭدى.

**پايپاق** ئى ① پۇتنىڭ پەنجىسىدىن تارتىپ تىزىغىچە بولغان قىسمىنى ئوراپ، بېسىپ تۇرىدىغان، ھەر خىل يىپتىن توقۇلغان ئاياغ (پۇت) كىيىمى. ② ئۇچار قۇشلارنىڭ پەنجىسى ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان يۇمران پەيلەر.

**پايپاققا دەسسىمەك** ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، پېشكەللىككە يولۇقماق.

**پايپاققا نال قاققاندەك** پەقەت جايىغا چۈشمىگەن، لايىقىدا بولمىغان؛ داڭقان پۇتى: خۇ ئەپەندى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە ماھىر، شۇڭا پېقىرنىڭ سۆزىنى پايپاققا نال قاققاندەك سۆز دېمەس.

**پايپاقچىلىق** ئى. پايپاق توقۇش ۋە سېتىش ئىشى، كەسپى.

**پايپاقلىق** سۈپ ① پايپىقى بار، پايپاق كىيگەن: ھەممىنىڭ ئالدىدا زىغىر رەڭ پايپاقلىق بىر ئايال كېلىۋاتاتتى. ② پەنجىسىنىڭ ئۈستىنى يۇمشاق پەي قاپلىغان، تۈكلۈك، يۇڭلۇق (قۇشلار ھەققىدە): پايپاقلىق خوراز. پايپاقلىق كەپتەر. ③ پايپاق تىكىش، توقۇش ئۈچۈن لايىق، باب: پايپاقلىق يۇڭ. پايپاقلىق يىپ.

**پايپېتەك** رەۋ [پاي + پېتەك] ئالدىراش - تېنەش، ئاۋارە، پاتىپاراق: ساھىبخانا مېھمانلارنى مەزەگە ئېغىز تېگىشكە زورلاش بىلەن پايپېتەك ئىدى.

**پايپېتەكچىلىك** ئى. پايپېتەك بولغان ھالەت: مانا شۇ كۈندىن باشلاپ پايپېتەكچىلىك باشلاندى.

**پايپىلقۇش** سۈپ. دىيال. قولى قىسقا، ھال - ئەھۋالى ناچار، نامرات، ئۇتتۇرلۇق.

**پايتەخت** ئى [پ] بىرەر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر ۋە شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى.

**پايتىما** ئى [پ] قونچلۇق ئاياغ كىيگەندە پۇتقا ئورىلىدىغان رەخت؛ ماتا، كىگىز پارچىسى.

**پايتىمىسى چۇۋۇلماق** ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلماق، ئەيىبى ئاشكارىلانماق.

**پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىماق** دىيال. پالاكەت باسماق، تەلىيى قاچماق.

**پايتىمىسىز** سۈپ. پايتىمىسى يوق، پۇتىغا پايتىما ئورىمىغان.

**پايتىملىق** سۈپ. پايتىما قىلىشقا بولىدىغان، پايتىما قىلىنىدىغان: پايتىملىق ماتا.

**پايچەك** ئى. دىيال. پاچاق.

**پايچى** ئى. ھەسسىدارلىق شىركىتىدىكى پاي چېكىنى باشقۇرىدىغان ۋە پاي قوشقان كىشى، ھەسسىدار.

**پايچىلىق** سۈپ. پايچىلار بەھرىمەن بولۇشقا ۋە ئادا قىلىشقا-

تېگىشلىك: پايچىلىق ھوقۇق. پايچىلىق مەجبۇرىيەت.

**پايخان** ئى ① بىرىنچى قېتىم سورۇلغان خاماندىن چىققان، قايتا يانجىشقا تەييارلانغان يىرىك سامان ۋە باشاقلار: تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس (ماقال). ② پاچاق سۆڭىكى: بەلكى، چىن ئىنسانغا ياتتۇر ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماق، ئىتقىلا خاس بىر ھۈنەردۇر ئەسلىي پايخان چاينىماق.

**پايخانلىماق** پ. دەسسەپ تېخىمۇ يۇمشاتماق، يانجىماق، چەيلىمەك، دەسسىمەك، پېتىقلىماق.

**پايدا** ئى [پ] ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە يېتىدىغان مەنپەئەت، نەپ: قىلىدىغان ئىش بولمىسا، ئۆيگە بېرىپ ئۆز ئىشىدىنى قىلساق شۇ پايدا ئەمەسمۇ ؟ ② <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ سېتىق ۋە تۈرلۈك تىجارەت يوللىرى ئارقىلىق كىرگۈزگەن كىرىمدىن، تەننەرخى ياكى دەسمايىنى ۋە باجنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ئاشقان سومما، نەپ: پايدا بەرمەك. پايدا چىقماق. پايدا قىلماق.

**پايدا ـ زىيان** پايدا ۋە زىيان: مەن بۇ يەردە پايدا ـ زىيان قوغلىشىۋاتمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭ !

**پايدا ـ مەنپەئەت** پايدا ۋە مەنپەئەت: پايدا ـ مەنپەئەت قوغلاشماق. پايدا ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەك.

**پايدىسىز** سۈپ ① پايدىسى، مەنپەئىتى يوق، پايدا چىقمايدىغان: ــ قارىسىلا سىلىنىڭ ئەخمەقلىقلىرىنى، مۇشۇنداق بىر پايدىسىز ئىشقا شۇنچە كۆپ ئاۋارە بولدىلا، ــ دېدى ئايالى قاسىمغا نارازىلىق بىلەن. ② ئەھمىيەتسىز، زىيانلىق: پايدىسىز گەپ. * ئۇ ئەھۋالنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى.

**پايدىسىزلىق** ئى. پايدىسى، مەنپەئىتى يوقلۇق، پايدا چىقماسلىق.

**پايدىكەش** سۈپ [ئە + پ] يېزت. دائىم پايدا ئېلىش كويىدا بولىدىغان، ھايانكەش.

**پايدىلاندۇرماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايدىلانماق** پ. بىرەر ئادەم، نەرسە ياكى ئىمكانىيەتتىن بەھرىمەن بولماق؛ ئۇنى ئۆز ئىشى، ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماق؛ ئىشلەتمەك: ۋاقىتتىن پايدىلانماق، كۈچىدىن پايدىلانماق.

**پايدىلىق** سۈپ. پايدىسى بار، پايدىسى بولغان؛ پايدا ـ مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان: پايدىلىق ئىش. پايدىلىق ئادەم.

**پايدىلىنىشماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدۇۋەلى كەنت ئىشخانىسىدا كەنت كادىرلىرىغا شۇنداق دەپ ۋارقىراۋاتاتتى: ھەرقايسىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خالىغانچە پايدىلىنىشتىڭ، بولار ئەمدى، ئىنساب قىلىش.

**پايدىلىنىلماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خەتتىكى بەزى مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن پىكىرلەر شېرىنىنىڭ پەرھاتقا يازغان خېتىدىن پايدىلىنىلدى.

**پايزا** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يازدا چېچەكلەيدۇ. بوز يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئېلىمىزگە ۋە شەرقىي يېرىم شارنىڭ مۆتىدىل ۋە سۇبتىروپىك بەلباغلىرىدىكى رايونلارغا تارقالغان. چارۋىچىلىقتا ئوت ـ چۆپ قىلىنىدۇ.

**پايسۇق** رەۋ. دىيال. پوسۇققىدە، تۇيۇقسىز، تاسادىپىي.

**پايسندۇرماق** «پايسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەن كېلىپ ھە دېسىلا ئۇنىڭدىن بۇرۇن قول كۆتۈرىۋېرىپ ئۇنى پايسىندۇرۇۋەتتىڭ.

**پايسىنماق** پ ① بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى گەپ ـ سۆز قىلىشتىن رايى قايتماق: مەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن سەل پايسىنىپ قالدىم. ② بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، بوشاشماق.

**پايسىنىشماق** «پايسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پايقاپ** ئى. دىيال. پايپاق

**پايكا** ئى. دىيال. مەخسۇس چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى.

**پايلاتماق** I «پايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايلاتماق** II پ. يوشۇرۇن كۆزىتىشكە قويماق.

**پايلاشماق** I پ. چىدىماق، پايلىماق: ــ ھېلىمۇ مۇشۇ تاغلار پايلاشتى ـ دە، ــ بوۋاي ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**پايلاشماق** II «پايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دۈشمەنلەر يىراقتىن ئۇنى پايلاشماقتا ئىدى.

**پايلاق** ئى. پايلاقچى تۇرىدىغان جاي؛ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى؛ قاماقخانا، تۈرمە.

**پايلاقچى** ئى ① بىرەر ئادەم ۋە نەرسىنىڭ ئامانلىقىنى، بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا، كۆزىتىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى؛ كۆزەتچى، ساقچى: ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ياش ئىككى قىزنى پايلاقچى قىلىپ قويۇپ ئۇلارغا ھېچكىمنى بۇ ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. ② بىرەر كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى؛ خائىن، جاسۇس: ئۇ پايلاقچىدىن مۇھىم ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى.

**پايلاقچىلىق** ئى. پايلاش ئىش ـ ھەرىكىتى: مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ناسىر بەگنىڭ بوسۇغىسىدا پايلاقچىلىق قىلدىم.

**پايلاقلىق** سۈپ. ئارقىسىغا پايلاقچى قويۇلغان، نەزەربەند قىلىنغان: مەن نەگە بارالايمەن، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق. ھەربىر باسقان قەدىمىم، مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

**پايلامسىز** سۈپ. دىيال. پايلىمايدىغان، چىدامسىز، تاقەتسىز.

**پايلىماس** سۈپ. چىدىمايدىغان، چىدامسىز، تاقەتسىز: چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا (ماقال).

**پايلىماق** I پ. بىرەر ئىش ياكى سۆز ـ ھەرىكەتتە بەرداشلىق بەرمەك، سەۋر قىلماق، تاقەت قىلماق: بۇ بالىغا بىر ئاياغ جىق بولسا بىر ئاي پايلايدۇ.* تۆت كۈنچە پايلاپ قول سېلىشقا ئەپلىك پۇرسەتنى زادىلا تاپالماي، ئاخىر جۈمە كۈنى كېچىدىلا قول سېلىپ ئىشنى پاك ـ پاكىز جۆندىدۇق.

**پايلىماق** II پ. يوشۇرۇن كۆزەتمەك، كۆز ـ قۇلاق بولماق، مارىماق؛ پېيىگە چۈشمەك: دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا،كېچىسى پايلا (ماقال).

**پايمال** ئى [پ] يېزت. كۆپىنچە «قىلماق»، «قىلىنماق» پېئىللىرى بىلەن بىللە كېلىپ: «1) ئاياغ ئاستىدا بېسىلماق، يانجىلماق، چەيلەنمەك. 2) كۆچمە. ئاياغ ئاستى قىلماق، خورلىماق، دەپسەندە قىلماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پايمال قىلماق. پايمال قىلىنماق.

**پايمال قىلماق** دەسسىمەك، يانجىماق، چەيلىمەك، دەپسەندە قىلماق، ئاياغ ئاستى قىلماق، دەخلى ـ تەرۇز قىلماق، زىيان يەتكۈزمەك.

**پايمۇپاي** ① بىر پاي، بىر پايدىن: پايمۇپاي ئاياغ. ② باشمۇ-باش: ئىسكەندەر ھارۋىسىنى ياسىنىڭ ھارۋىسىغا پايمۇپاي تېگىشتى.

**پايناپ** ① ئى. يۇقىرى ئېقىن، سۇنىڭ بېشى. ② سۈپ. سۇ تەستە چىقىدىغان، سۇغا قىرىق: — بۇ پايناپراق يەر، مېنىڭ ئەمگەك كۈچۈم ئاز، شۇڭا مۇمكىن بولسا ماڭا سۇ ئىتتىكرەك چىقىدىغان يەردىن بەرسەڭلار، — دەپ ئىلتىماس قىلدى رەقىبئاخۇن.

**پايناپلىق** دىيال ① سۈپ. ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان، تەلىيى كاج، تەلىيى تەتۈر. ② ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان كىشى، تەلىيى كاج ئادەم.

**پايىنەك** ئى [پ] ① تۇخۇمنىڭ توم، يوغان تەرىپى (ئۇچىغا قارىمۇقارشى تەرىپى): سىنىت مەشرەپكە كۆرەڭلەپ: — مۇشۇنداق تۇخۇمدىن ئىككى - ئۈچ يۈزنىڭ پايىنىكىنى ئۇرۇۋالىمەن دېسىمۇ، قورقماي چېكىشىۋېرىمەن، — دېدى. ② مىلتىق، ئاپتومات، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنىڭ تۇتىدىغان سېپى، دەستىسى: جانبېك كەلگەن پېتى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ھېلىقى كىشىگە يامىشۋاتقان بۆرىنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. ③ باشنىڭ چاچ ئۈنمىگەن ۋە چاچ چۈشۈپ كەتكەن غىلتاڭ قىسمى، پارقىراق چوققىسى: يىگىت ئۇنىڭ بېشىدىن دوپپىسىنى يۇلۇۋېلىپ، قىپقىزىل پايىنەك چوققىسىغا شاپىلاقلىدى.

**پايىنەكباش** ئى [پايىنەك + باش] بېشىغا چاچ ئۈنمىگەن، بېشىنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتكەن، چېچى يوق، ئايپاڭباش، تاقىرباش: پايىنەكباش بۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى يامان ئىدى.

**پايىنەكسىز** سۈپ. پايىنىكى يوق، پايىنەك ئورنىتىلمىغان: پايىنەكسىزمۇ مىلتىق بولامدۇ ؟

**پايىنەكلىك** سۈپ. پايىنىكى بار، پايىنىكى بولغان، پايىنەك ئورنىتىلغان: پايىنەكلىك قوراللار.

**پەپ** تەق ① دودۇقلاپ سۆزلەش ھالىتى. ② سۈپ. دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان.

**پەپە** I سۈپ. دىيال. كېكەچ، گاچا، بەبە، دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان.

**پەپە** II ئى. دىيال. ئايالالرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**پەپەپلىمەك** پ. دۇدۇقلىماق، كېكەچلىمەك.

**پەپەزە** ئى. دىيال. ھالقا.

**پەپىلەتمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پەپىلەشتۈرمەك** پ. ھەر خىل كۆيۈنۈش، ئاسراش، قەدىرلەش چارىلىرىنى ئىشلەتمەك: بۇ بالىنى ئۈچ يىلدەك ئىنتايىن ئاسراپ، پەپىلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران قاتارغا قوشۇۋالدىم.

**پەپىلەشمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەپىلەنمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەپىلقۇش** ئى. دىيال. ساراڭ قىيتىش، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم.

**پەپىلىمەك** پ. كۆيۈنۈپ ئاسرىماق، تەربىيەلىمەك، قەدىرلىمەك: ئاتا - ئانام مېنى پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلدى.

**پەت** ئى. دىيال. ھىيلە، ئامال، نەيرەڭ: مەن بىر ئاناي ئادەم، پەت ئۇرساڭ خۇدايىم بار، سەن ساقلىمىساڭ مېنى ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

**پەتە** I ئى [ئە] ① ئۆلۈم ئۇزىتىلغان ئۆيدىكى ھازىدارلارنى يوقلاپ قايغۇ بىلدۈرۈش؛ تەسەللى: ئۆلۈم پەتىسىگە بارماق. ② ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەرنى يوقلاپ قىلىنغان زىيارەت: پەتە قىلماق. * ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەتىسى ئەتىگەندە چوقۇم بۇ ئۆيگە پەتىگە كېلىشى كېرەك ئىدى.

**پەتە** II ئى. دىيال. نىكاھ: پەتە ئوقۇماق

**پەتەك** I سۈپ. بويى ئۆسمىگەن؛ پاكار: — ئوسمان بېگىم بۇ پەتەككە نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ مېھمانلار.

**پەتەك** II تەق. دىيال. ئۆردەكنى چاقىرىش ئۈندىشى.

**پەتەكبۇرۇن** ئى [پەتەك + بۇرۇن] <بىن> نەقىش گۇللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا گەج، لاي بېرىپ سىلىقلايدىغان ئەسۋاب.

**پەتەك-پەتەك** ئۆردەكنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**پەتتە** I ئى ① قۇرۇلتاي، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ مەيدىسىگە تاقايدىغان ۋەكىللىك بەلگىسى؛ لېنتا: مەيدىسىدىكى قىزىل پەتتە ئۇنىڭ تۇرقىغا، ھالىتىگە قىلچە ماسلاشمىغانىدى. ② ئەر - ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى، توي قىلىشىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە؛ نىكاھ خېتى: پەتتە ئالماق. پەتتە يازماق. ③ سەللىنىڭ مۇرىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىسمى؛ ئۇچى: ھاجى ئىشاننىڭ سۆزىنىڭ ئېغىر تەسىرى ئاستىدا، ھېسامىدىن داموللا بېشىدىكى چوڭ سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ مەيدىسىگە چۈشۈرگەن ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

**پەتتە** II ئى. دىيال. توي خېتى: ئۇ خوتۇنىنىڭ پەتتىسىنى بېرىۋەتتى.

**پەتتىسىز** سۈپ. پەتتىسى يوق، پەتتە ئالمىغان: پەتتىسىز نىكاھلانماق.

**پەتتىلىك** سۈپ. پەتتىسى بار، پەتتە ئالغان: پەتتىلىك ئەر - خوتۇن.

**پەتلە** ئى. كىيىم - كېچەكنىڭ تۈگمىلەيدىغان تۆشۈكى: پەتلە ئاچماق. پەتلە تورلىماق.

**پەتلىسىز** سۈپ. پەتلە چىقىرىلمىغان، پەتلە ئورنىتىلمىغان: پەتلىسىز چاپانغا قانداق تۈگمە قادىغىلى بولىدۇ ؟

**پەتلىلىك** سۈپ. پەتلە چىقىرىلغان، پەتلە ئورنىتىلغان: پەتلىلىك تون. پەتلىلىك يەكتەك.

**پەتنۇس** ئى [ر] ئۈستىگە چىنە - قاچا، قەنت - گېزەك قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېلىپ توشۇشقا ياكى داستىخانغا قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تەخسە شەكىللىك مېتال بۇيۇم.

**پەتىچى** ئى ① ئۆلۈم ئۇزىتىلغان ئۆيدىكى ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ، يوقلاپ كەلگەن كىشى: موماي يىراق - يېقىندىن پەتىچىلەر كەلسە، ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، يىغان بىلەن قوشاق قېتىپ ھازا ئاچاتتى. ② ئادەتتە ھېيت - ئايەم، توي - مەرىكە مۇناسىۋىتى بىلەن ئەل - ئاغىنە ۋە تونۇش - بىلىشلەرنى يوقلاپ كەلگەن كىشى: مەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىمدىن باشلاپ مېنى تەبرىكلەپ كەلگەن پەتىچىلەر ئۈزۈلمىدى.

**پەتىلەتمەك** «پەتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايزىمخان قىزىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەتكىلى ئېلىپ ماڭدى.

**پەتىلەشمەك** «پەتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېيت نامىزىدىن يانغان جامائەت ياقۇپ بوۋاينىڭ ئۆيىنى پەتىلەشتى.

**پەتىلىمەك** پ ① ئۆلۈم ئۇزىتىلغان ئۆيدىكى ھازىدارلارنى يوقلاپ، مەرھۇمغا قايغۇ بىلدۈرمەك؛ تەسەللى بەرمەك: جامائەت مەرھۇم ھاشىم ئاكىنى ياد ئېتىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئارقىمۇئارقا پەتىلىدى. ② ئادەتتە ھېيت - ئايەم، توي - مەرىكە مۇناسى-

ۋېتى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، قولۇم - قوشنىلارنى يوقلىماق، زىيارەت قىلماق: كېلەر ئازنا كۈنى ئۆيىدىكى ھەممەيلەن قىزنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ بارىدىغان بولدى.

**پەتىۋا** ئى [ئە] <دىن> بىرەر چىگىش، مۇشكۇل مەسىلىلەرگە قارىتا شەرىئەت ۋە قانۇنغا ئاساسەن دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە؛ قارار، ھۆكۈم: پەتىۋا چىقارماق.

**پەتىۋاچى** ئى. پەتىۋا چىقارغۇچى كىشى، مۇپتى: مەنسۇر بېگىم شۇئان ئادىل پەتىۋاچى يۇنۇس بەگ بىلەن بىللە سەككىز لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى.

**پەتىۋاچىلىق** ئى. پەتىۋا چىقىرىش، پەتىۋا يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: پەتىۋاچىلىق قىلماق.

**پەجەمبە** ئى. ئايالچە ئىشتان، تامبال

**پەجمۇردە** سۈپ [پ] ① غەمكىن، سۇلغۇن: پەجمۇردە بولغان بالا. ② تىتىلغان، زەخىملەنگەن، بۇزۇلغان: — بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، تېرەڭدە كېلىشتۈرۈپ بىر جۈۋا كىيەي، پەجمۇردە قىلماي سويۇڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

**پەجۇملىمەك** پ. دىيال. يىغىشتۇرماق، جايلاشتۇرماق

**پەچەك** ئى. دىيال. پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەنكى قىسمىنى ئىككى يان تەرەپكە كېرىپ ماڭىدىغان كىشى.

**پەچمە** ئى. دىيال. رەددىيە، دەككە، پەشۋا.

**پەچىم** [پ] ① سۈپ. يېرىق، چاك قاتارلىقلارنى قادايدىغان، ھىملاشتۇرىدىغان؛ چىڭىتىدىغان: پەچىم مىخ. پەچىم ياغاچ. ② ئى. چىڭىغان، ھىملاشتۇرۇلغان ھالەت: ئاغزىنىڭ پەچىمى يوق.

**پەچىملەتمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پەچىملەشمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەچىملەنمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەچىملىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ چاك، يېرىقىنى ئەتمەك، ھىملەشتۈرمەك، چىڭىتماق: ئاغزىنى پەچىملىمەك. ② بوش ئورۇن قويماي رەتلىك تىزماق: ئۇلار ماللارنى ئاپتوموبىلغا پەچىملەپ باستى.

**پەخەس** رەۋ [پ] ھوشيار، دىققەت، ئاگاھ: پەخەس بولماق.

**پەخەسسىز** سۈپ. پەخەس بولمىغان، ھوشيار بولمىغان.

**پەخەسسىزلىك** ئى. پەخەس بولماسلىق، ھوشيار بولماسلىق.

**پەخەسلىك** ئى. ھوشيارلىق: ئۇ چىشىنى چىشلەپ غەيرەتكە كەلدى، پەخەسلىك بىلەن پالتىنى قولىغا ئالدى.

**پەخرىي** سۈپ [ئە] كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن سايلانغان ياكى مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنغان: پەخرىي رەئىس. پەخرىي ئەزا. پەخرىي ئۇنۋان.

**پەخشە** ئى. سوقما تامنىڭ ئېگىز-لىتىلگەن بۆلەكلىرى.

**پەخشىلىك** سۈپ. پەخشىسى بار، پەخشىسى بولغان: يەتتە پەخشىلىك ئەنجان تام.

**پەخىر (پەخرى)** ئى [ئە] ① مەمنۇنىيەتلىك ھېس - تۇيغۇ، مەمنۇنىيەت؛ غۇرۇر: ئېھ! شۇ كۈن جانلاندى چەكسىز دىيارىم، كېچىلەپ كەلمىدى ئەلنىڭ ئۇيقۇسى. ئېھ! سېنى ئۆستۈرگەن ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ، ئۇرغۇدى قەلبىدىن پەخىر تۇيغۇسى. ② ماختىنىشقا، غۇرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ۋە نەرسە، ئەڭ ياخشى نەمۇنە، نامايەندە؛ ئىپتىخار: ئېلىپ پارتىيەدىن قۇۋۋەت، ۋەتەندە تاپتى تەربىيەت، جاھاندا تاپتى شان - شۆھرەت، ۋەتەننىڭ پەخرى ئارمىيە.

**پەخىرلەندۈرمەك** «پەخىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ خۇلاسە ئامېرىكىلىق پىروفېسسور توم رۇبىنسوننى ناھايىتى پەخىرلەندۈردى.

**پەخىرلەنمەك** پ. بىرەر ئادەم، نەرسە ياكى ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەت تۈپەيلىدىن مەمنۇن بولماق، غۇرۇرلانماق، ماختانماق: شاھ پەرى ھاتەمنىڭ بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن كېلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلەندى.

**پەخىرلىك** سۈپ. ھۆرمەت، شان - شەرەپ بېغىشلانغان، بەخش ئېتىلگەن، پەخىرلەنسە ئەرزىيدىغان؛ شەرەپلىك: مۇقام پىرى تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭ پەخىرلىك نامى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

**پەخىرلىنىشمەك** «پەخىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەدە** ئى [پ] ① تۇرلۇك چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىدىكى تاۋۇش نوتىلىرىنى بەلگىلەيدىغان بوغۇملار: پەدە باسماق. پەدە باغلىماق. ② ئاھاڭ: تالىپ دۇتارنى باشقىدىن ساز قىلىپ شوخ پەدىلەرگە باشلىۋەتتى.

**پەدەر** ئى [پ] يېزىت ① ئاتا، دادا. ② مۆتىۋەر، ئۇلۇغ، يېتەكچى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى: بۇ يۇرتتا كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى بولغان ھۈنەر پەيدا، فارابى ھەم يۇسۇپ ئوخشاش ئۇلۇغ ئۇستاز، پەدەر پەيدا.

**پەدەڭ** ئى. دىيال. تاماق يەيدىغان سىرلىق قاچا.

**پەدىلىك** سۈپ. پەدىسى بار، پەدە باغلانغان: پەدىلىك چالغۇ ئەسۋاب.

**پەرەز** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنىي مۇلاھىزە؛ قىياس: مېنىڭ پەرىزىمچە، سىلە تونۇشتۇرغۇچى بولۇشنى رەت قىلغانلىرى بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرغۇچىلار يەنە چىقىدۇ. ② <پەلس> تېخى بىلىنمىگەن شەيئى ياكى قانۇنىيەت توغرىسىدا بار دەلىل - ماتېرىياللارغا ھەم ئىلىم - پەن قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ قىياسەن قىلىنغان چۈشەندۈرۈش، تەسەۋۋۇر.

**پەرەزچى** ئى. پەرەز قىلغۇچى، پەرەز قىلغۇچى كىشى: ئۇلاردا ئىلمىي پەرەزچىلەر ھەر ساھە بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ چىقىپ تۇرغان.

**پەرەزلىمەك** پ. پەرەز قىلماق، قىياس قىلماق: چۈنكى، بىر مايسا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دەرەخنىڭ ئۆسۈپ شاخلاشلىرى بىخ ئۈچۈن كۆرۈنۈش كەلگۈسى زامان بولۇپ، ئەۋلادلارنى پەرەزلەشكە پايدىلىق.

**پەرەزىي** سۈپ [ئە] يېزىت. پەرەزگە ئاساسلانغان؛ تەخمىنىي، خىيالىي.

**پەرەك** ئى. بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئارىسىدىكى كۆمۈرچەك سۆڭەك: نەجمىدىنىنىڭ بۇرۇن پەرەكلىرى كېرىلىپ، ئىنچىكە قارا بۇرۇتى قىمىرلاپ كەتتى.

**پەرەڭ** [پ + ئە] ① ئى. فىرانسىيەلىك؛ فىرانسۇز؛ غەربلىك: بوۋاي: — بۇ مېھمانلار ئامېرىكىدىن كېلەمدۇ، پەرەڭدىن كېلەمدۇ بىزنىڭ كارىمىز يوق، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ ناخشىنى قانداق پەيزى ئېيتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسۇن! — دېدى. ② سۈپ. فىرانسىيەدە، ياۋروپادا، غەربتە تەييارلانغان ياكى كەلتۈرۈلگەن: پەرەڭ مىلتىق. ③ سۈپ. كۆچمە. ھەرقانداق ئىش قولد-

دىن كېلىدىغان؛ چېۋەر، ماھىر، ئۇستا: ئۇ قولى گۈل، پەرەڭ ئادەم. ④ سۆپ. كۆچمە. قىپقىزىل، قىپىق قىزىل: پەرەڭ ياغلىق.

**پەرەڭگۈل** ئى [پەرەڭ + گۈل] <بوت> ① تۇگمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**پەرەنجە** ئى [پ] ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاياللار باشقا ئەر كىشىلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى پۈركىۋالىدىغان، تونسىمان ئۇزۇن يېپىنچا.

**پەرەنجىلىك** سۆپ. پەرەنجىسى بار، پەرەنجە يېپىنغان: پەرەنجىلىك ئايال.

**پەربۇن** ئى [پ] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ؛ ئىسسىقنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىپ ھەيزنى تەڭشەش؛ ئاشقازان، تاللارنىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتىش رولى بار.

**پەرت** I [ئە] ① سۆپ. يەككە، يالغۇز؛ تەنھا: شەرتى كېتىپ، پەرتى قالدى (ماقال). ② ئى <ئەد> كىلاسسىك لىرىكىدا بىر بېيتتىن ئىبارەت كىچىك مۇستەقىل شېئىر.

**پەرت** II تەق. قورقۇپ قېچىش ياكى بەزى رەختلەرنى يىرتىشتىن چىققان ئاۋاز: پەرت قىلىپ قاچماق. پەرت قىلىپ يىرتماق.

**پەرتەڭ** سۆپ. دىيال. ئىتتىك، جىم تۇرمايدىغان، كەپسىز، شوخ.

**پەرتتىدە** رەۋ. پەرت قىلىپ: ئايالى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ـ دە، كۆڭلىكىنى پەرتتىدە يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.

**پەرتۇق** ئى [ر< نېم] ← **پەشتاما:** پەرتۇق تارتماق.

**پەرتۇقلۇق** ① سۆپ. پەرتۇقى بار، پەرتۇق تارتقان: پەرتۇقلۇق دوختۇر. پەرتۇقلۇق چوكان. ② ئى. پەرتۇق ئۈچۈن تەييارلانغان، پەرتۇق ئۈچۈن ئېلىنغان رەخت: پەرتۇقلۇق ئالماق.

**پەرداز** ئى [پ] ① نەرسىلەرنىڭ سىرتىنى بوياش، سىلىقلاش يوللىرى بىلەن چىرايلىق، كۆركەم قىلىش: پەرداز قىلماق. پەرداز بەرمەك. پەردىزى ياخشى بۇيۇم. ② ھۆسن تۈزەش ياكى سۈنئىي گۈزەللىك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئوسما، خېنە، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈش ئىشى: ئۇ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ داۋاملىق پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان بالا بوپتۇ. ③ گىرىم ۋە شۇنداق زىبۇزىنەتنىڭ ئۆزى: شەرىپە بۈگۈن ئۈنىڭدىن ھاراقتىن باشقا ئاياللارنىڭ پەرداز مېيىنىڭ پۇرىقىمۇ كېلىۋاتقىنىنى سېزىپ گۇمانلاندى.

**پەردازچى** سۆپ. پەردازغا بېرىلگەن، پەرداز قىلىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ پەردازخور، ياسانچۇق: پەردازچى خوتۇن.

**پەردازچىلىق** ئى. پەرداز قىلىش يەنى ھەرخىل يوللار بىلەن چىرايلىق، كۆركەم، گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيىتى.

**پەردازخور** سۆپ [پ] داۋاملىق پەرداز قىلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن: پەردازخور ئايال.

**پەردازخورلۇق** ئى. پەرداز قىلىشقا ئامراقلىق: لۇتپۇللا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا شەكىلۋازلىق، پەردازخورلۇقتىن خالىي ئىدى.

**پەردازسىز** سۆپ. پەردىزى يوق، پەرداز قىلىنمىغان: ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە (ماقال).

**پەردازلاتماق** «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تويدا كىيىدىغان ئاياغ كىيىمىنى پەردازلىتىپ تەييارلىدى.

**پەردازلاشماق** «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەردازلانماق** ① «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇڭا جاپا تارتىپ ئەينەك ئالدىدا، پەردازلىنىپ، تارانماقتا بۇ خانىم. ئۆچەي دېگەن ئۇمىدلىرى تۇتىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ ياسانماقتا بۇ خانىم. ② «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇماق پەردازلاندى.

**پەردازلىق** سۆپ. پەرداز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان: پەردازلىق بۇيۇم.

**پەردازلىماق** پ ① پەرداز بەرمەك، گىرىم قىلماق، چىرايلىق قىلماق: مەلىكە بۇ قېتىمقى زىياپەت ئۈچۈن غىزا تەييارلاپ، كىيىم يەڭگۈشلەپ ئۆزىنى باشقا بىر خىل پەردازلاپتۇ. ② كۆچمە. ناچار تەرىپىنىمۇ ياخشى دېمەك: مەن ئىمكانلا تېپىلسا ئۇلارنى يوق ئۆتۈكلار بىلەن پەردازلاپ بولۇشىچە ماختىدىم.

**پەردە** ئى [پ] ① دېرىزە، ئىشىك، سەھنە قاتارلىقلارغا زىننەت بېرىش ياكى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رەخت: دۇخاۋا پەردە. چىت پەردە. پەردە ئاچماق. ② <ئانا> ئورگانىزمدا ئايرىم ئورگانلارنى قاپلاپ، ئوراپ ياكى بىر ـ بىرىدىن ئايرىتىپ تۇرىدىغان نېپىز شىللىق نەرسە؛ يۇپقا توقۇلما: قىزىلىق پەردىسى. قۇلاق پەردىسى. ③ <تىيا> سەھنە ئەسىرىنىڭ، فىلىمنىڭ مۇستەقىل ۋەقەلىكتىن ئىبارەت بولغان تولۇق بىر قىسمى: بۇ دىراما ئۈچ پەردە، ئىككى كۆرۈنۈشلۈك ئىكەن. ④ كۆچمە. ئاتا ـ بالا ۋە چوڭ ـ كىچىكلەر ئارا قىلىنىدىغان ھايا: پەردە ساقلىماق.

**پەردىسىمان** سۆپ. پەردىگە ئوخشايدىغان، پەردە شەكىللىك.

**پەردىشەپ** ئى [پ] ① تۈن قاراڭغۇسى. ② تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىدىن ھايا قىلىدىغان، ئۆزئارا شەخسىيىتىگە تەئەللۇق ئىش ۋە قىلىقلار: قاسىمجان بىلەن ئۇزۇندىن بېرى بىر يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، ئارىمىزدا ئاز ـ تولا پەردىشەپمۇ بار.

**پەردىشەپسىز** سۆپ. پەردىشەپ يوق، پەردىشەپ كۆتۈرۈلگەن، بىر ـ بىرىدىن ھايا قىلىشمايدىغان: پەردىشەپسىز مۇناسىۋەت.

**پەردىشەپلىك** سۆپ. پەردىشەپ ساقلانغان، ھايالىق، پەردىشەپلىك مۇئامىلە: مەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، سىرداشتىم، پەردىشەپلىك دوست بولۇپ دىلكەشلەشتىم.

**پەردىلەشمەك** ① «پەردىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② توسۇۋالىدىغان پەردە ھاسىل بولماق، شەكىللەنمەك: ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزى پەردىلىشىپ، كەچتە كۆرەلمەس بولۇپ قالغانىكەن.

**پەردىلەنمەك** «پەردىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەردىلىك** سۆپ ① پەردىسى بار، پەردە تۇتۇلغان: پەردىلىك ئۆي. ② ئورگانىك پەردىگە ئىگە بولغان، پەردە بىلەن قاپلانغان: ئۆردەك ۋە غاز قاتارلىق قۇشلار سۇ ئۈزگەندە پەردىلىك پەنجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ③ <تىيا> قىسىمغا ئايرىتىلغان، بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، پەردىلەرگە بۆلۈنگەن: ئۈچ پەردىلىك دىراما. ④ پەردە ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان: پەردىلىك

رەخت. پەردىلىك دۇخاۋا.

**پەردىلىمەك** پ ① پەردە بىلەن توسماق، پەردە تارتماق، پەردە تۇتماق: دېرىزىنى پەردىلىمەك. ② كۆچمە. ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىمەي، يوشۇرۇن ـ خۇپىيانىلىك بىلەن بىلدۈرمەك؛ نىقابلىماق: ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىرادىنىڭ سىنىدىپىي ماھىيىتىنى پەردىلەشتىن ئىبارەت.

**پەرز** ئى [ئە] ① <دىن> ئاللانىڭ بەندىلەرنىڭ ئادا قىلىشىغا ۋە ساقلىنىشىغا بۇيرۇغان ۋەزىپىلىرى: پەرزنى ئادا قىلماق. ② چوقۇم ئورۇنداش زۆرۈر بولغان ۋەزىپە؛ مەجبۇرىيەت: پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش، ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىش ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن پەرز.

**پەرزەنت** ئى [پ] ① ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئوغۇل ياكى قىز بالا؛ ئەۋلاد: پەرزەنت كۆرمەك. پەرزەنتكە تەشنا بولماق. ② كۆچمە. ئۆز ۋەتىنى ياكى خەلقىگە مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كىشى: خەلق پەرزەنتى. // پەرزەنت قوشۇن.

**پەرزەنتسىز** سۈپ. پەرزەنتى يوق؛ بالىسىز: پەرزەنتسىز ئائىلە. پەرزەنتسىز ئەر ـ خوتۇن.

**پەرزەنتسىزلىك** ئى. بالىسىزلىق: ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتسىزلىكىنى ئويلاپ ئىچى پۇشۇپ خاپا بوپتۇ.

**پەرزەنتلىك** سۈپ ① پەرزەنتى بار، پەرزەنت كۆرگەن: پەرزەنتلىك ئايال. پەرزەنتلىك ئائىلە. ② پەرزەنتتە بولىدىغان، پەرزەنتتە بولۇشقا تېگىشلىك: پەرزەنتلىك بۇرچ. پەرزەنتلىك مەجبۇرىيەت.

**پەرزىن** ئى [پ] شاھمات ئويۇنىدا ئەڭ كۈچلۈك ئورۇق يەنى ۋەزىرنى كۆرسىتىدىغان ئورۇق.

**پەرق** ئى [ئە] ئىش ـ ھەرىكەت، نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىق، ئۆزگىچىلىكنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە، ئايرىما: پەرق قىلماق. پەرق ئەتمەك. * پەرق پەقەت بىلىنىپبىلىنمىغان نەرسىلەر بىلەن بىلىنىپبىلىنمىغان نەرسە ئوتتۇرىسىدىلا مەۋجۇت.

**پەرق ـ تاپاۋەت** پايدا ـ زىيان: بۇ ئىشتا بىز ئۈچۈن پەرق ـ تاپاۋەت ئانچە كۆپ ئەمەس.

**پەرقسىز** سۈپ. پەرقى يوق، پەرقلەنمەيدىغان: دەھشەت باسقان تۇرمىدە مەن بىگۇناھ ئەركىسىز، دېسەم شۇ ئان راستىنى: «ئىككى دۇنيا پەرقسىز».

**پەرقسىزلىق** ئى. پەرقى يوق، پەرقلەنمەيدىغان ھالەت.

**پەرقلەندۈرمەك** «پەرقلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل ئۆزگىچە ئايرىمچىلىق ئۇنى ئۆيدىكىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى.

**پەرقلەندۈرۈشمەك** «پەرقلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەرقلەندۈرۈلمەك** «پەرقلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىش ئۈنۈمىنىڭ بىرقەدەر ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، خىزمەت بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتى ئەھۋالغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلسە بولىدۇ.

**پەرقلەنمەك** پ. بىرەر نەرسە ئىككىنچى بىر نەرسىدىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئوخشاشماسلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرماق: شەھەردىن يىراق بولغان بۇ يېزا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەتراپتىكى باشقا يېزىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

**پەرقلىق** سۈپ. پەرقى بار، پەرقى بولغان، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان: پەرقلىق مۇئامىلە قىلماق. پەرقلىق داۋالىماق.

**پەرقلىمەك** پ. پەرق ئەتمەك، پەرق قىلماق، پەرقلەندۈرمەك: تىلىمىزدا لاتىن ۋە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللاردىكى ئۇقۇملارنى پەرقلەپ ئىپادىلەشتە نۇقسان كۆرۈلدى.

**پەركا** I ئى. بۆز توقۇش دۇكىنىدىكى ئىككى بېشى ئىككى تىك ئاچا ياغاچقا مىندۈرۈلگەن ئىككى جەينەك ئارقىلىق دەپتىنگە چېتىلغان، پۇت ئۈستىكىدىكى تاشنىڭ بېسىمىدىن جەينەك دەپتىننى كەينىگە ئىتتىرىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلىك چاتما ياغاچ.

**پەركا** II ئى ① ئاغزى تار ئىدىشلارغا سۇيۇقلۇق قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كونۇس شەكىللىك ئەسۋاب، ۋارونكا. ② ئايلانما سىزىق يەنى چەمبىرەك سىزىق سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب؛ سىركۇل.

**پەرلەتمەك** «پەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرىدەم چاپىنىنىڭ پەۋزىنى ئاپىسىغا قايتىدىن پەرلەتتى.

**پەرلەشمەك** «پەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىللىي كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىدىكى ئۇستىلار ھېيتلىق تەييارلىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى قولمۇقول پەرلەشمەكتە ئىدى.

**پەرلىگۈچ** ئى. قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىش ئۈچۈن ياسالغان نەرسە؛ پەلكۈش؛ بۇ كۆپىنچە سۆڭەكتىن ياسىلىدۇ.

**پەرلەنمەك** «پەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەرلىمەك** پ ① چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقارماق؛ پىلىكنىڭ كۆيگەن قالدۇقىنى چۈشۈرۈپ ئۈچلىماق: چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ، پەرلەپ قويسا كۆيەرمۇ، بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ، چىللاپ قويسا كېلەرمۇ. ② قۇشلار تۇمشۇقى بىلەن قانات ۋە باشقا ئەزالىرىنى تاردىماق: يوپۇرماقلار سارغايسا، سوغۇق يامغۇر تامچىلاپ، قانىتىڭنى پەرلىدىڭ، قارلىغىچىم ئالدىراپ. ③ كىيىم ـ كېچەك، داستىخان، ياغلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىنى پۈكمەك؛ تىكمەك، تورلىماق: كۆڭلىكىڭنىڭ ياقىسىنى، سىم يىپ بىلەن پەرلىگەن. تاڭ ئاتقۇچە ئىشقىلىپ، چاق ئېگىرىپ يەملىگەن.

**پەرمان** I ئى [پ] ① ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئېلان قىلغان بۇيرۇق، يولىيورۇق، قارار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت: ئۇ بۇ پەرماننى ئاڭلاپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر چوڭ تاغنىڭ ئۈستىدە ماراپ تۇردى. ② بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ھەققىدىكى بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش: — ئاتىسىنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سالمىغان بالىنى بالا دېگىلى بولامدۇ ؟ — دېدى سالى قاسساپ.

**پەرمان** II ئى <بىن> ئىككى بالا (يەنى سىنجا بىلەن ۋاسا)نىڭ ئارىلىقى؛ ئىككى بالانىڭ ئارىلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىقىلغان پاخاللار.

**پەرمانبەردار** ئى [پ] يېزىت. پەرمانغا، بۇيرۇققا ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان؛ ئىتائەتمەن: پەرمانبەردار بولماق.

**پەرمانبەردارلىق** ئى. بۇيرۇققا ھەمىشە تەييار تۇرۇش، ئىتائەتمەنلىك: — گۆر ئوغلى سىلەرگە ھەرقانداق پەرمان قىلسا، بەجانىدىل پەرمانبەردارلىق قىلىڭلار ! — دېدى ئۇ.* ئايالالار ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمىگەنلىكىدىن، تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن ئورۇندىمىغىنىدىن ···قاقشايدۇ.

**پەرمانچى** ئى. پەرماننى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچى؛ جاكارلىغۇچى.

**پەرمانسىز** سۈپ. پەرمان قىلىنمىغان، پەرمان بېرىلمىگەن: پەرمانسىز قالماق.

**پەرمۇدە** ئى [پ] خېمىرى تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بولدۇ-رۇلىدىغان، قىيمىسىغا دورا ـ دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلىدىغان بىر خىل سامسا، مانتىغا ئوخشاش تۈگۈلىدۇ.

**پەرمۇدىچى** ئى. پەرمۇدە پىشۇرۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**پەرمۇدىچىلىك** ئى. پەرمۇدە پىشۇرۇش ۋە سېتىش ئىشى، كەسپى: دادام ئون بەش يىلدىن بېرى پەرمۇدىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋا-تىدۇ.

**پەرمۇق** ئى [پ] <بوت> چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ تاغلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**پەرھىز** ئى [پ] سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان، زىيان قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى يېيىش ـ ئىچىشتىن ساقلىنىش ۋە ۋاقتىنچە ئۆزىنى تارتىش: پەرھىز تۇتماق. پەرھىز قىلماق. * بۇرۇن پەرھىز قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن.

**پەرھىزسىز** رەۋ. پەرھىز قىلماي، پەرھىز تۇتماي: تاماقنى پەرھىزسىز يەۋەرمەك.

**پەرھىزكار** سۈپ [پ] نەپسىنى يىغقۇچى، تەقۋادار: دادام پەرھىزكار، پاك كىشىلەردىن ئىدى.

**پەرھىزكارلىق** ئى. پەرھىز تۇتۇش: ئەي ئوغۇل، ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە ھەۋەس قىلما. قېرىغاندا پەرھىزكارلىقنى ئاشۇرغىن.

**پەرھىزلىك** سۈپ. پەرھىز قىلغان، پەرھىز تۇتقان: ئادىل بۈگۈن پەرھىزلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، زادىلا تاماققا ئېغىز تەگكىلى ئۇنىمىدى.

**پەرۋا (پەرۋايى)** ئى [پ] ئادەم ۋە نەرسىلەرگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبار؛ قىزىقىش، كۆز سېلىش: پەرۋا قىلماسلىق.

**پەرۋاز** ئى [پ] قانات كېرىپ ھەرىكەت قىلىش، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش؛ ئۇچۇش: پەرۋاز قىلماق. * ئاڭلىنىدۇ ئاشۇ خاڭدىن ناخشا ئاۋازى، ناخشىكى ئىشچىلارنىڭ ھايات پەرۋازى.

**پەرۋاسىز** سۈپ. پەرۋا قىلمايدىغان، ئېتىبار بەرمەيدىغان: پەرۋاسىز نەزەر تاشلىماق.

**پەرۋاسىزلىق** ئى. پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىبار بەرمەسلىك: پەرۋاسىزلىق قىلماق.* دىن نۇقتىئىنەزىرىدە بىرىنچى پەرز ھېسابلى-نىدىغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ھەققىدىكى پەرۋاسىزلىقلارنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

**پەرۋانە** ئى [پ] ① <زوئول> بىر خىل ھاشارات. بۇنىڭ كۆپ تۈردىكىلىرى دېھقانچىلىققا زىيان سالىدۇ. ② كۆچمە. مەھلىيا، ئاشىق؛ مەپتۇن: قىزىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەن يەنە بىر پەرۋانە سېنى ئىزدەپ كەپتۇ.

**پەرۋەردىگار** ئى [پ] <دىن> بارلىقنى ياراتقۇچى؛ خۇدا.

**پەرۋىش** ئى [پ] ئاسراش، ئۆستۈرۈش، ۋايىغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان ھەرىكەت؛ قاراش، بېقىش، تەربىيە: پەرۋىش قىلماق.

**پەرۋىشچى** ئى. پەرۋىش قىلغۇچى، ئۆستۈرگۈچى، تەربىيە-لىگۈچى كىشى.

**پەرۋىشسىز** سۈپ. پەرۋىش قىلىنمىغان، تەربىيەسىز؛ بېقىش تاپمىغان، ئاسرالمىغان: قورۇدىكى پېشايۋانغا تولۇپ تۇرغان تال باراڭلار پەرۋىشسىز تاشلىنىپ قالغاچ، بۇ قورۇ ۋەيرانە جايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**پەرۋىشكار** [پ] ① سۈپ. پەرۋىش قىلىدىغان، تەربىيەلەي-دىغان، ئاسرايدىغان: پەرۋىشكار باغۋەن. ② ئى. پەرۋىش قىلغۇچى، تەربىيەلىگۈچى، ئۆستۈرگۈچى، ئاسرىغۇچى: ئۇنىڭ ئىنسان غايىلى-رىنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدىكى سۆزلۈك شەبنەملىرى تۆكۈلۈپ بولدى.

**پەرۋىشكارلىق** ئى. پەرۋىش قىلىش، تەربىيەلەش، ئۆستۈ-رۈش، ئاسراش: تۇران، ھىندىستان، ئىران، يۇنان، ئىراق قاتارلىق ئەللەر بىلەن قۇتۇپلانغان مەزكۇر مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن تارىختا مىسلىي كۆرۈلمىگەن قېرىنداشلىقنى، ئىلغارلىقنى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان ساپ پەرۋىشكارلىقنى تونۇپ يېتىش تەس ئەمەس.

**پەرۋىشلىمەك** پ. پەرۋىش قىلماق، ئاسرىماق؛ ئۆستۈرمەك، ۋايىغا يەتكۈزمەك: ئۇ ئۆزىنى پەرۋىشلىگەن زېمىننى باغاشلىغان ھالدا مىڭ يىللارچە ياتىدۇ، قاراسلاپ سۇنغان ۋاقتىدىكى ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەيدۇ.

**پەرى** ئى [پ] ① ئەپسانىلەردىكى ئىنتايىن گۈزەل قىز قىياپەتلىك، پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىلغان ئايال. ② كۆچمە. ئىنتايىن گۈزەل، ساھىبجامال قىز؛ نازىنىن: قىز ھېيتلىق كىيىملەر بىلەن تېخىمۇ ئېچىلىپ پەرىلەردەك بولۇپ كەتكەنىدى.

**پەرىجە** ئى. ياقىسى ئويۇپ چىقىرىلغان، تۈگمە بېكىتمەي-دىغان، ئىچ يانچۇقلۇق ئۇزۇن چاپان؛ تون.

**پەرىجىلىك** سۈپ ① پەرىجىسى بار، پەرىجە كىيگەن؛ تونلۇق: شىرمەممەت سەللە ـ پەرىجىلىك بۇ ئەربابقا ھېچبىر قىزىقمىدى. ② پەرىجە تىكتۈرۈش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان؛ پەرىجىگە ئاتاپ تەييارلانغان: پەرىجىلىك رەخت سېتىۋالماق.

**پەرىزات** ئى [پ] ① پەرى نەسلىدىن تۆرەلگەن ئايال؛ پەرد-لەر ئەۋلادى. ② كۆچمە. خوتۇن ـ قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، گۈزەل قىز: ئۇ بىر پەرىزات ئىدى.

**پەرىشان** [پ] ① سۈپ. ھەر تەرەپكە چېچىلغان، بىسەـ-رەمجان، تەرتىپسىز: لەيلىگۈل دۈشمەنلەرنىڭ ياردەمسىز، پەرىشان ۋەزىيىتىدىن پايدىلانماقچى بولدى. ② رەۋ. پىكىر ـ خىيالى، دىققەت ـ ئېتىبارى (زېھنى) بىر نۇقتىغا مەركەزلەشمىگەن، ھەر تەرەپكە بۆلۈنگەن، چېچىلغان، يىغىنچاق ئەمەس، تارقاق: ئەتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى.

**پەرىشانلاشماق** پ. پەرىشان بولماق، پەرىشان ھالەتكە كەلمەك، پەرىشان ئىلكىدە ياشىماق، پەرىشانلىق ھېس قىلماق: بۇ خىل كېسەللەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى زەربىگە ئۇچرىغان ھېسابلاپ غەزەپلىنىپ پەرىشانلىشىدۇ.

**پەرىشانلىق** ئى. پەرىشان ھالەت: تومۇزغىنىڭ ۋە كۈركىرىغان پاقىلارنىڭ ئاۋازى داۋۇتنىڭ پەرىشانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

**پەرىشتە** ئى [پ] <دىن> ① دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئاللانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، جەننەت ۋە دوزاخنى باشقۇرىدىغان، قاناتلىق، غەيرىي تەبىئىي مەخلۇق؛ مالائىكە. ② كۆچمە. ياخشى خۇلق ـ مىجەز، ئەقىل ـ

پاراسەتكە ئىگە بولغان ۋە گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى.

**پەرياد ( پەريادى )** ئى [پ] دۇچ كەلگەن قاتتىق خاپىلىق، دەرد ـ ئەلەم، روھىي ئازاب تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نالە ـ زار؛ يىغا: پەرياد چەكمەك. پەرياد قىلماق.

**پەزا** ئى [ئە] يېزىت ① كەڭ ماكان؛ بىپايان زېمىن: بۇ سۆز گوياكى سىگنالدەك جاراڭلايدۇ پەزا بويلاپ. كوماندىر قەلبى دولقۇنلاپ، تولار كۈچكە ئۈنى ئويلاپ. ② ھەممە تەرىپى چەكسىز كەتكەن بوشلۇق، ئاسمان، كائىنات: قۇياش بار ئىكەن كۆكتە ئەزەلدىن، ئۆتۈپتۇ ئالدىن ساناقسىز ئەسىر قىلىپتۇ، ئۇ ئالەمنىڭ سۇلتانى بولۇپ، قىلىپ كەڭ پەزانى مۇقەددەس قەسىر.

**پەزل** ئى [ئە] يېزىت. ئىجابىي خىسلەت؛ ئېسىل ئەخلاق، پەزىلەت.

**پەزلەنمەك** پ. دىيال. بىرەر ئىشقا، سەپەرگە جابدۇنماق؛ تەمشەلمەك، تەييارلانماق.

**پەزىلەت** ئى [ئە] ① كىشىلەردە بولىدىغان ئىجابىي خىسلەت، ياخشى سۈپەت، ياخشى خۇسۇسىيەت: تۈز ھەققىنى ئاقلىماق ئىنساننىڭ ئالىي پەزىلىتىدۇر. ② ئاياللار ئىسمى.

**پەزىلەتسىز** سۈپ. پەزىلىتى يوق، پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغان: قاراپ باقساڭ خېرىدار يوق ئالۇرغا ئەمدى سۆلەتنى، پەزىلەتسىز تاپالمايسەن ئانا يۇرتۇڭغا شۆھرەتنى.

**پەزىلەتلىك** سۈپ. پەزىلىتى بار، ياخشى، ئىجابىي خىسلەتكە ئىگە: پەزىلەتلىك ئادەم. پەزىلەتلىك ئايال.

**پەس** سۈپ [پ] ① بىرەر ئېگىزلىك ياكى مەلۇم تەكشىلىككە نىسبەتەن تۆۋەن: پەس تام. پەس دەرەخ. ② بويى ئۆسمىگەن، پاكىنەك، پاكار (ئادەملەرگە نىسبەتەن): ئېگىلدىڭ تولىمۇ بۇرادەر ـ دوستۇم، تېخىمۇ پەسلىدى سېنىڭ پەس بويۇڭ. ئېگىلىش ئارقىلىق بىرەر مەنسەپكە، ئېرىشىش ئىكەنغۇ نىيىتىڭ، ئويۇڭ. ③ كۈچسىز، بوش، تۆۋەن (تاۋۇش، ئاۋاز ھەققىدە): — بۇ مۇھەببەتمىكىن، — دەپ پەس ئاۋازدا ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويىدى تەلئەت. ④ كۆچمە. ئادەمگەرچىلىكنى يوقاتقان، ھەرقانداق ئەسكىلىكتىن يانمايدىغان؛ يۈزسىز، رەسۋا: پەس ئادەم. پەس قىلىق. ⑤ كۆچمە. قەدىرسىز، خار: قەست قىلغانىنى پەس قىل (ماقال). ⑥ كۆچمە. سىنىپىي جەمئىيەتتە، يۇقىرى تەبىقىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەسلىي زاتى يۇقىرى بولمىغان (كەمسىتىش مەنىسىدە): تېگى پەس. نەسلى پەس.

**پەسەندە** سۈپ [پ] پەس، ئىپلاس، رەزىل مەنىسىدىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى: گېزەندىلەر قۇرتلاپ، چېكەتكىلەر كۆپەيدى، هارام تاماق تىرىكتاپ پەسەندىلەر كۆپەيدى.

**پەسەندىلىك** ئى. پەسلىك، ئىپلاسلىق، رەزىللىك: ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى پەسەندىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**پەسەيتمەك** «پەسەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاۋازىنى پەسەيتمەك.

**پەسەيتىلمەك** «پەسەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەسەيمەك** پ ① بىرەر تەكشىلىك ياكى تۆپىلىككە نىسبەتەن تۆۋەنلىمەك: — بۇگۈن يەر بىرئاز ئۆسۈپ قالغانمۇ ياكى تورۇس سەل پەسەيگەنمۇ نېمە ؟— دەپ سوراپتۇ ئىبىنسىنا ساۋاقداشىدىن. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئادەم روھىي ھالىتىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىمەك، كۈچسىزلەنمەك، كېمەيمەك، سۇسلىماق: بوران توختاپ، دولقۇن پەسەيگەندە ئاراللىكى خەلق خۇشال تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ③ <مۇز> تاۋۇش، نوتىنىڭ رىتىم قائىدىسى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاستىلاپ بارماق؛ تۆۋەنلىمەك (ئاۋاز، ئاھاڭ ھەققىدە): بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆكۈيۈن يەنە گەپ باشلىدى ۋە سۆزلىگەنسېرى ئاۋازى پەسىيىپ باردى.

**پەستەۋەت** سۈپ. دىيال. نومۇسسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان؛ پەسكەش، ئىپلاس.

**پەسكەش** سۈپ [پ] ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، نومۇسىنى تۆكىدىغان، نەزىرى پەس، رەزىل، ئىپلاس: پەسكەش ئادەم.

**پەسكەشلەشمەك** پ. نومۇسسىز، پەسكەش قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانماق؛ رەزىللەشمەك: جەمئىيىتىمىزدە بەزى كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەت يولىدا تولىمۇ پەسكەشلىشىپ كەتتى.

**پەسكەشلىك** ئى. رەزىللىك، ئىپلاسلىق: مەن ھەممىنى چۈشىنىدىم، لېكىن جەننەتخاننى بۇنداق پەسكەشلىك قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم.

**پەسكوي** سۈپ. كۆپىنچە «پەسكويغا چۈشمەك» پورمىسىدا كېلىپ، بىرەر ۋەقە، ھادىسە، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئادەم روھىي ھالىتىدىكى جىددىيلىك نورماللاشماق، ئەسلىگە كەلمەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر مەيدان قىسقىلا ئېلىشىشتىن كېيىن يىغىن تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى، ھېلىقى «باشلىق» مۇ پەسكويغا چۈشتى.

**پەسلەتمەك** «پەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايروپىلاننى پەسلەتمەك.

**پەسلەشتۈرمەك** «پەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ھاللاردا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن چاقچاقمۇ كىشىنىڭ ئۆز قىممىتىنى پەسلەشتۈرىدۇ، خالاس.

**پەسلەشتۈرۈشمەك** «پەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەسلەشتۈرۈلمەك** «پەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەسلەشمەك** ① «پەسلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايروپىلانلىرىمىز دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بومباردىمان قىلىشقا تېز سۈرئەت بىلەن پەسلەشتى. ② كۆچمە. رەزىللەشمەك، رەسۋالاشماق: — ۋاي بالام !— دېدى ئانىسى ھەيران بولغان ھالدا، — ھەرقانچە پەسلىشىپ كەتسەڭمۇ، ئاشۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزىدىلا بىزگە، ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن بۇۋىھەجەرنى ئالامسىنا ؟

**پەسلىك** ئى ① پەس، تۆۋەن ھالەت. ② رەزىللىك، ئىپلاسلىق: سەن مۇنچىۋالا پەسلىك قىلىپ كەتمە !

**پەسلىمەك** پ ① يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ تۆۋەنلىمەك، ئېگىزدىن پەسكە چۈشمەك؛ پەسەيمەك: ئۇچ ئايروپىلان ئايلىنىپ كېلىپ، بازار ئۈستىدە پەسلىدى. ② ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئادەم روھىي ھالىتىدىكى جىددىيلىك سۇسلاشماق، پەسكويغا چۈشمەك: ئېتىشىشلار بىردەمدىلا پەسلەپ، بىردەمدىلا ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. ③ كۆچمە. ئاجىزلاشماق، بوشىماق، تىنچلانماق (ئاۋاز، تاۋۇش ھەققىدە): نۇرئاخۇننىڭ ئاۋازى پەسلىشى بىلەن ئايالىنىڭمۇ يىغلىغان ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

**پەسىل** ئى [ئە] <ئاستر> بىر يىلنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت مەۋسۇمنىڭ ھەربىرى (ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش)؛

مەزگىل: بىر يىل دېگەن تۆت پەسىل، ھەر بىر پەسىل ئۈچ ئايدىن،
ئۆتەر ئۆمرۈم يىل بىلەن، تۈتالماسمەن ھېچقايدىن.

**پەسىلچان** سۈپ. پەسىل خاراكتېرىنى ئالغان، پەسىلگە باب،
پەسىلگە لايىق.

**پەسىلچانلىق** ئى. پەسىلگە لايىقلىق، پەسىلگە بابلىق: ھەر
خىل كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ پەسىلچانلىقى،
يەرلىكلىكى كۈچلۈك بولىدۇ.

**پەسىلداش** ئى. بىر پەسىلدە تۇغۇلغان، تەڭ دېمەتلىك؛
زامانداش: ئايلىناي، پەخرىم مېنىڭ ساڭا پەسىلداش بولغىنىم، بولسىـ
ـدى بۇ پەسىلمىزمۇ مەڭگۈ پارلاق، بولبۇلۇم.

**پەسىلداشلىق** ئى. بىر پەسىلدە تۇغۇلۇش، زامانداشلىق.

**پەسىلسىز** سۈپ. پەسىلدىن بۇرۇن بولىدىغان، پەسىلى
كەلمەي (بولماي) پىشىدىغان، بالدۇر يېتىلىدىغان، بالدۇر
بولىدىغان: پەسىلسىز ئۈزۈم. پەسىلسىز كۆكتات.

**پەسىللىك** سۈپ. پەسىل خاراكتېرىنى ئالغان، پەسىلگە
باب، پەسىلگە لايىق .

**پەش** I ئىم. مۈشۈكنى قوغلاش ـ ھەيدەش ئىماسى: مېھمان
بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە (ماقال).

**پەش** II ئى [پ] <تىل> جۈملىدىكى تەڭداش تەركىبلەر
ۋە قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن
قوللىنىدىغان تىنىش بەلگىسى (،).

**پەش** III رەۋ. «قىلماق» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىللە
كېلىپ: 1) بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئالاھىدىلىكى بىلەن
كۆرەڭلىمەك، ماختانماق، ئۆنى دەسمايە ۋە مىننەت قىلماق:
قەيەرگە بارسا ئۆزىنىڭ «بىلىم»ى توغرۇلۇق ماختىنىپ، بۇرۇنقى
ئورنىدا باشلىق بولغانلىقىنى پەش قىلدى. 2) بىرەر نەرسە بىلەن
باشقىلارغا دوق قىلماق، پوپوزا قىلماق: بۇ قېرىلار ياش ۋاقىتلىـ
ـرىدىكى تۆككەن تەرلىرىنى ئەسلىتىپ، ساقاللىرىنى پەش قىلىپ،
كىچىك ئاخۇن تەرەپ بولدى. 3) بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىگە مەيلى
يوقلۇقىنى بىلدۈرمەك؛ تۈزۈت قىلماق، ناز قىلماق: ھېزىم لام ـ
جىم دېيەلمەي، تۇرغان جايىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇ بەختىگۈلنىڭ نازلىنىپ
پەش قىلىۋاتقانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن.

**پەش** IV ئى [پ] ① چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىملەرنىڭ
ئالدى تەرىپى؛ ئېتەك قىسمى: چاپاننىڭ پېشى. ② پەشتاما،
پەرتۇق. ③ دۈمبە ئەتراپىدىكى ماي ئارىلاش جاي: پەش گۆش.

**پېشىگە ئېسىلماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى ۋە مەقسەتنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىرەرىنىڭ داۋاملىق ياردىمىگە، غەمخور ـ
لۇقىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرمەك، ئۇنى چىڭ تۇتماق: ئادىل
ئاكا، ئەمدى مەن سىزنىڭ پېشىڭىزگە چىڭ ئېسىلدىم، سىز مېنىڭ
ھەقىقىي ئۇستازىم، ماڭا كۆپ ئۆگىتىڭ، كۆپ ياردەم قىلىڭ.

**پېشىنى تۇتماق** ① بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مەقسەتنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىركىمنىڭ ياردىمىگە تايانماق، يۆلەنمەك،
ئەگەشمەك، ئىزىدىن ماڭماق: مەن شۇ كادىرلارنىڭ پېشىنى تۇتقىـ
ـنىمچە قويۇپ بەرمىدىم. ئۇلار ماڭا تۇغۇلۇپ مېھرىگە قانمىغان ئانام ۋە
مېنىڭدىن ئۈمىدلىرىنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرەلمىگەن دادامنىڭ يوقلۇ ـ
قىنى بىلىندۇرمىدى. ② ئۆگەنمەك، يولىغا كىرگۈزمەك، بېرىلـ
ـمەك: بۇ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىـ
ـنى تۇتۇش. ③ ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: ــ ئەسسالام جاللىـ
دىنجان، ئەتە ـ ئۆگۈن بىرەر ئەمەلنىڭ پېشىنى تۇتسىڭىز قىيا كۆزىڭىز
بىلەن باقمايدىكەنسىز ـ دە ! ؟

**پېشىنى قاقماق** قېيىدىماق، رەت قىلماق، قول ئۈزمەك، باش
تارتماق: داۋۇت موللام پېشىنى قېقىپ، كۆرسەڭ ئۆزۈڭ كۆر دېگەندەك
قىلىپ، ھەممىنى قارىقويۇق قارغاپ ئۆز يېزىسىغا كەتتى.

**پەش** V ئى. چەللە، لاپاس، پېشايۋان.

**پەشتاختا** ئى [پەش + تاختا] سودا دۇكانلىرىدا ھەرخىل
ماللارنى قويۇپ سېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈستەل
شەكلىدىكى جاھازا؛ توسما.

**پەشتاختىسىز** سۈپ. پەشتاختا ئورنىتىلمىغان، پەشتاخـ
ـتىسى يوق: پەشتاختىسىز دۇكان تازا ئەپلەشمەسمىكىن ؟

**پەشتاختىلىق** سۈپ. پەشتاختا ئورنىتىلغان، پەشتاختىسى
بار: دۇكان پەشتاختىلىق بولسا، مال سېتىشقا قولايلىق بولىدۇ.

**پەشتاق** ئى [پ] ① بىنالارنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئالدى
كۆرۈنۈشىگە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلما. ② خانىقا ۋە
مەسچىتلەردىكى مەزىن ئەزان ئېيتىدىغان، ھېيت ـ ئايەم،
مۇراسىم كۈنلىرى ناغرا ـ سۇناي چالىدىغان جاي. ③ ئېگىز
كۆتۈرۈلگەن پەلەمپەيلىك سۇپا؛ پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى قەۋەـ
ـتى: پەشتاق ياسىماق. پەشتاق سالماق. ④ ئايرودرومدىكى ئايرو ـ
پىلان بىلەن ئالاقىلىشىدىغان خەۋەرلىشىش ئورنى. شەكلى
مۇنارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا رادىيو خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى
ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

**پەشتاقلىق** سۈپ. پەشتاق چىقىرىلغان، پەشتىقى بار:
پەشتاقلىق سېپىل. پەشتاقلىق ئىمارەت.

**پەشتاما** ئى [پ + ئە] تاماق ئەتكەندە ئالدىغا تارتىۋالىدىغان
بوغقۇچلۇق لاتا، پەرتۇق: پەشتاما تارتماق.

**پەشتامىسىز** سۈپ. پەشتاما تارتمىغان، پەشتامىسى يوق:
پەشتامىسىز ئاشخانىدا تاماق ئەتكەندە كىيىم ئاسان كىر بولمامدۇ ؟

**پەشتاملىق** سۈپ ① پەشتاما تارتقان، پەشتامىسى بار:
پەشتاملىق بىر قىز پات ـ پات ئالدىمىزدىكى پىيالىگە چاي لىقلاپ
تۇراتتى. ② پەشتاما قىلىشقا بولىدىغان، پەشتامىغا لايىق، باب
كېلىدىغان؛ پەشتاما تىكىشكە يېتىدىغان: بىر پەشتاملىق رەخت.

**پەشخۇن** ئى [پ] خېمىرنى چەيلەپ يۇغۇرۇش، زۇۋۇلا
قىلىپ نان راسلاش ۋە سېتىلىدىغان نانلارنى تىزىش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان تاختا.

**پەشخۇنسىز** سۈپ. پەشخۇن قويۇلمىغان، پەشخۇنى يوق:
ناۋايخانا ئەلۋەتتە پەشخۇنسىز بولمايدۇ ـ دە.

**پەشخۇنلۇق** سۈپ ① پەشخۇن قويۇلغان، پەشخۇنى بار:
پەشخۇنلۇق ئاشخانا. ② پەشخۇن ياساشقا يېتىدىغان، پەشخۇنغا
باب، لايىق بولغان: ئۇ پەشخۇنلۇق ياغاچ ئىزدەپ تالاغا چىقتى.

**پەشسىمان** سۈپ. پەش شەكلىدىكى، پەشكە ئوخشايدىغان.

**پەشلەتمەك** «پەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
توختى باياتىن قاسساپقا پەشلەتكەن گۆشنى توڭلاتقۇغا سېلىشقا باشلىدى.

**پەشلەنمەك** «پەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
داۋۇت ئۇستام پەشلەنگەن گۆشنى توغراشقا باشلىدى.

**پەشلىك** ئى. تىكىلىدىغان كىيىمنىڭ پېشى ئۈچۈن
تەييارلانغان رەخت، پەشكە ئاتاپ كېسىلگەن رەخت.

**پەشلىمەك** پ. ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ پەش گۆشى بىلەن پىشىگە تۇتاش يەرلىرىدىكى مايىنى شىلىۋالماق: سۇلايمان گۆشنى پەشلىدى.

**پەشمەت** I ئى [پ] توغرا ياقىلىق، تىزنى بېسىپ تۇرىدىغان ئىچ پەتلىلىك چاپان.

**پەشمەت** II ئى [پ] ياغدا قورۇلغان ئۇن ۋە قىيامدىن تەييارلانغان، تالا ـ تالا يېپىسمان يەرلىك تاتلىق يېمەكلىك: ھالۋايى پەشمەت.

**پەشمەتسىز** سۈپ. پەشمەتى يوق، پەشمەت كىيمىگەن.

**پەشمەتلىك** سۈپ ① پەشمەتى بار، پەشمەت كىيگەن: پەشمەتلىك ئادەم. ② پەشمەت تىكىشكە لايىق، باب كېلىدىغان: پەشمەتلىك رەخت.

**پەشۋا** ئى [پ] ① پۇت پەنجىسىنىڭ دۈمبىسى، ئالدى تەردپى: پەشۋا ئاتماق. پەشۋا ئۇرماق. ② تېپىك: ئۇ بىر پەشۋاغا يارىماي موللاق ئېتىپ چۈشكەنچە، بىر سائەت قوپالماي ياتتى. ③ كۆچمە. زەربە، دەشنەم؛ دەككە: پەشۋا بەرمەك. پەشۋا يېمەك.

**پەشۋاچى** ئى. پەشۋا ئېتىشقا ئۇستا ئادەم : ھوشۇر چامباش داڭدار چامباشچىلارنى پىر تۇتۇپ، چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭغا قەشقەردە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى، تولىمۇ قاتتىق قول، رەھىمسىز پەشۋاچى ئىدى.

**پەشۋالاشماق** «پەشۋالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋەھشىيلەشكەن چوماقچىلار سۇلتاننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ پەشۋالاشتى.

**پەشۋالىماق** پ ① پەشۋا بىلەن ئۇرماق، پەشۋا بەرمەك: ئۇ بىردەم ئاكىسىنى پەشۋالىسا، بىردەم ئىنىسىنى چوقۇلايتتى. ② كۆچمە. توساتتىن دەككىسىنى بەرمەك: ئوغرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئەپچىللىك بىلەن پەشۋالاپ دەككىسىنى بەردى.

**پەغەز** ئى. ئۇچۇپ كەلگەن كەپتەرلەر قونىدىغان قونداق، كەپتەر قوندىقى.

**پەقەت** يۈك [ئە] ① «يالغۇز» دېگەن مەنىدە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم. ② بولۇشسىز جۈملىدە «ھەرگىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: مەن بۇ يەرگە پەقەت كەلمىگەن.

**پەقەش** ئى. دىيال. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پوقى.

**پەكەش** ئى. تېرىنى ئەيلەشتىن بۇرۇن نەملەپ كەرگەن ھالەت.

**پەكەشلەنمەك** «پەكەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەكەشلىمەك** پ. تېرىنى ئەيلەشتىن بۇرۇن نەملەپ كەرمەك.

**پەگاھ** ئى [پ] ئۆينىڭ ئىشىككە يېقىن يېرى، تۆرنىڭ قارىمۇقارشىسى: پەگاھتا ئولتۇرماق. پەگاھتا قالماق.

**پەڭسە** ئى. دىيال. جېڭ، تارازا.

**پەلەك** ئى [ئە] ① يەردىن گۈمبەز، قازان شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدىغان ھاۋا بوشلۇقى؛ ئاسمان، كۆك: پەلەككە تۇتاشماق. پەلەككە يەتمەك. ② كۆچمە. تەقدىر، قىسمەت: شۇم پەلەك. * ــ ھەي ۋاپاسىز پەلەك! ــ دەپ خىتاب قىلغانىدى مەھمۇت.

**پەلەمپەي** ئى<بىن> ياغاچ ـ تاش، خىش ياكى بېتونلاردىن ياسالغان، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرىدىغان بەلدەملىك يول؛ باسقۇچ، پەللە.

**پەلەمپەيلىك** سۈپ ① پەلەمپەي قۇرۇلغان، پەلەمپەي ئورنىتىلغان، پەلەمپىيى بار: پەلەمپەيلىك ئىمارەت. پەلەمپەيلىك شارقىراتما. ② پەلەمپەي قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلەمپەي ياساشقا بولىدىغان: بەش پەلەمپەيلىك ماتېرىيال تەييارلاندى.

**پەلەمما** ئى. دىيال. ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىق، يۈزەلىك: ئەي ھۈنەرۋەن قاتمىغىن ئىشقا پەلەمما.

**پەلەمما بولماق** دىيال. ھاراق ئىچىپ خۇدىنى يوقاتماق.

**پەلەن ـ پەشمەت** دىيال. پالان ـ پۇستان، پالان ـ پوكۇن: بۇمۇ ھېچكىمنى پەلەن ـ پەشمەت دېگۈزمەيدىغان ئاجرىتىۋېلىش يولىدۇر.

**پەلەھەز** سۈپ. دىيال. بىسەرەمجان ئادەم.

**پەلەي** ئى. قولنى سوغۇقتىن، زەخىملىنىشتىن، زەھەرلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قولغا كىيىلىدىغان بۇيۇم؛ قولقاپ: يۇڭ پەلەي. خۇرۇم پەلەي.

**پەلەيلىك** سۈپ ① پەلىيى بار، پەلەي كىيگەن: پەلەيلىك قىز. ② پەلەي تىكىش، توقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلەي تىكىشكە ئاتالغان: بىر پەلەيلىك يىپ. بىر پەلەيلىك خۇرۇم.

**پەلتەڭ** ئى. دىيال ① تۆت پۇتلۇق ئۇزۇن ئورۇندۇق؛ بەندىڭ. ② ئەيكەش. ③ ياغاچچىلارنىڭ ياغاچ رەندىلىگەندە ياغاچنى قويىدىغان جازىسى.

**پەلتو** ئى [ر<فىران] بىر خىل سىرتقى كىيىم، ئادەتتە قايرىما ياقىلىق بولۇپ تىزدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، يۇڭ رەخت ۋە ھەر خىل ئالىي سورتلۇق رەختلەردىن تىكىلىدۇ: سارجا پەلتو.

**پەلتولۇق** سۈپ ① پەلتوسى بار، پەلتو كىيگەن: پەلتولۇق ئايال. ② پەلتو تىكتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلتو تىكتۈرۈشكە مۇۋاپىق: بىر پەلتولۇق رەخت. // پەلتولۇق ئالماق.

**پەلچەك** سۈپ. دىيال. مايماق.

**پەلسەپە** ئى [ئە <گىرېك] ① دۇنياقاراش ھەققىدىكى تەلىمات، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنيا (تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر) توغرىسىدىكى تۈپ كۆزقاراشلىرىنىڭ سىستېمىسى، تەبىئەت بىلىملىرى بىلەن جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يەكۈنى. ② كۆچمە. ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان، پاكىتسىز، ئاساسسىز پىكىر، سەپسەتە، قۇرۇق گەپ: ــ پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ ــ دېدى روزى سادىقنىڭ گېپىنى كېسىپ.

**پەلسەپىچى** ئى. پەلسەپە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ پەلسەپە ئەھلى: ئۇ ئاتاقلىق پەلسەپىچى.

**پەلسەپىۋاز** سۈپ [ئە + پ] پەلسەپىگە بېرىلگەن، پەلسەپىگە ئىشتىياق باغلىغان؛ ھە دېسە پەلسەپە سۆزلەيدىغان.

**پەلسەپىۋازلىق** ئى. پەلسەپىگە بېرىلىش، پەلسەپىگە ئىشتىياق باغلاش: پەلسەپىۋازلىق قىلماق.

**پەلسەپىۋى** سۈپ [ئە] پەلسەپە ئاساسىدىكى، پەلسەپىگە دائىر، پەلسەپىگە ئالاقىدار بولغان: پەلسەپىۋى ئەسەر. پەلسەپىۋى مەسىلە.

**پەلكەت** سۈپ. دىيال. يامان، ئەسكى، ناچار: پەلكەت بالا. پەلكەت رەخت.

**پەلكۈچ** ئى ① بىرەر نەرسىنى پەردازلاش، ياغلاش، سۈرتۈپ تازىلاش ئۈچۈن چوكا ياغاچ ياكى تۆمۈرنىڭ ئۇچ قىسمىغا پاختا ياكى يۇمشاق نەرسە ئوراپ ياسالغان سايمان؛ سۈرتكۈچ. ② قارا

چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەيدىغان ياغاچ؛ پەرلىگۈچ: پەلكۈچ ياسىماق.

**پەلكۈچلەنمەك** «پەلكۈچلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەلكۈچلىمەك** پ ① پەلكۈچ ياسىماق: ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئازراق پاختىنى ياغاچقا پەلكۈچلەپ، پەلكۈچنى ئوسمىغا مىلەپ، ئاندىسىغا كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىلىپتۇ. ② چىراغ پىلىكىنى چىقارماق، پەرلىمەك: چىراغنى پەلكۈچلىمەك. ③ پەلكۈچ بىلەن ماي، بوياق قاتارلىقلارنى سۈرمەك: ئۇكام مۇنۇ ماينى پۇتۇڭغا پەلكۈچلەپ قويساي، شىپا تاپسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

**پەللە** ئى [ئە] ① پەلەمپەي، شوتا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچى، بالدىقى: ئۇ شوتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندا زادىلا بولالماي قالدى. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىكى ئايرىم پەيتى، دەۋرى؛ باسقۇچى، دەرىجىسى: پەن مەلۇم پەللىگە يەتكەندە، يېڭى يول نامايان بولىدۇ. ③ <تەن> يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدە، تەييارلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان ياكى يېتىپ بارىدىغان ئورۇن؛ سىزىق، چەك: پەللىدىن چىقماق. پەللىگە يېتىپ بارماق. ④ بەلگىلەنگەن نۇقتا، نىشان، مەنزىل: موللا زەيدىن تەمتىرىمەستىن دېمىنى رۇسلاپ، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ⑤ <تېب>ئادەم بەدىنىنىڭ يىڭنە سانجىشقا بولىدىغان يېرى، بەدەندىكى نېرۋىلارنىڭ ئاخىرقى ئۇچلىرى زىچ توپلاشقان جايلىرى ياكى تومراق نېرۋا تاللىرى ئۆتىدىغان جايلار پەللە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېسەللىكلىرىدىكى داۋالىنىدىغان جايمۇ پەللە ھېسابلىنىدۇ. ⑥ تارازىنىڭ نەرسە قويۇلىدىغان تەخسىسى. ⑦ <بوت> ئۇرۇقنىڭ مۇستەقىل ئاجرالغان ھەربىر بۆلىكى.

**پەللەك** ئى. دىيال. ساغرا، كاسا.

**پەللەمچى** ئى. دىيال. ئالدامچى، گوللامچى.

**پەللىك** ئى. دىيال. ئىشتاننىڭ بېلى، لېپەز.

**پەللىمە** سۈپ <مۇز> تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەدرىجىي ئۆرلەيدىغان ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەدرىجىي چۈشىدىغان؛ باسقۇچمۇ باسقۇچ: پەللىمە ئاۋاز.

**پەللىمەك** پ. دىيال ① گوللىماق، ئالدىماق. ②پايلىماق.

**پەللىمۇپەللە** باسقۇچمۇ باسقۇچ، بالداقمۇ بالداق، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە: پەللىمۇپەللە ئۆرلىمەك.

**پەلپەتىش** سۈپ ① قالايمىقان، تەرتىپسىز، چۇۋالچاق، مالىماتاڭ: پەلپەتىش ئىش. پەلپەتىش ھەرىكەت. پەلپەتىش ئادەم. ② كالامپاي، پالاكەت.

**پەلپەتىشلىك** ئى. پەلپەتىش ئىش، پەلپەتىش ھەرىكەت: پەلپەتىشلىك قىلماق.

**پەم (پەمى)** ئى [ئە] ① ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت: پەم بىلەن ئىش قىلماق. * ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك (ماقال). ② كىشىلەر بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە قوللىنىلغان ئەپ؛ چارە، ئامال، تەدبىر: پەم ئىشلەتمەك. پەمى بار. پەمى يوق. ③ كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشقا نىسبەتەن قىلغان ئويى، قىياسى، مۆلچەرى: ـــ ئاكا، سىنىڭ پەمىڭچە، مۇشۇ كارخانىنى كۆتۈرە ئالساق، كېيىن «ئىسسىت» دەپ قالماسمىزمۇ؟ ـــ دېدى ئابدۇغېنى. ④ دىققەت، ئېھتىيات: ئالماس مەشرەپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەم بىلەن ھويلىغا

كىردى.

**پەم ـ پاراسەت** پەم ۋە پاراسەت: يولداشلار نادىرنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكى ۋە پەم ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

**پەم ـ پاراسەتسىز** پەم ـ پاراسىتى يوق، پەم ـ پاراسىتى بولمىغان: ـــ ئېيتقىنا، يەل تاپان، مېنى پەم ـ پاراسەتسىز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، سەككىز ئاياغلىق بولۇپ چېپىپ يۈرسەن ـ ھە، ـــ دېدى باسىت.

**پەم ـ پاراسەتلىك** پەم ـ پاراسىتى بار، پەم ـ پاراسەتكە ئىگە: پەم ـ پاراسەتلىك ئادەم.

**پەمسىز** سۈپ. پەمى يوق، بىرەر ئىشقا پەم ئىشلىتەلمەيدىغان: پەمسىز ئايال. // پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار (ماقال).

**پەمسىزلىك** ئى. ئەقىلسىزلىق، تەدبىرسىزلىك: شەپەرەڭ: ـــ پەرۋانە پەمسىزلىكىدىن، خەتەردىن قاچالماي بىكارغا ئۆلدى، ـــ دېدى.

**پەملەشمەك** «پەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ يېقىن ئارىدا ھەل بولمايدىغانلىقىنى پەملەشتى.

**پەملەنمەك** «پەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياسىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈشكە باشلىدى، چۈنكى رەنانىڭ كېلەلمەيدىغانلىقى پەملەنگەنىدى.

**پەملىك** سۈپ. پەمى بار، بىرەر ئىشتا پەم ئىشلىتەلەيدىغان، پەم ـ پاراسەتلىك: ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھاكىم، سوراقچى (ئەمەلدار) بولساڭ ياۋاش، پەملىك، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى بولغايسەن.

**پەملىمەك** پ ① گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەك: قۇربان ھاشىم ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى پەملەپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىنى ساۋۇتجانغا دۆڭگىدى. ② ئويلىماق، مەقسەت قىلماق: ـــ سەن بىرنەرسىنى پەملەۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ـــ دېدى ئەختەم. ③ ئەپلىمەك، بابلىماق، جايلىماق: كامال ئالماسنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ قولىقىغا: ـــ ئاۋۇ ماش رەڭ چاپانلىقنى كۆردۈڭمۇ؟ بارە، پۇل كاسا يانچۇقىدا جۇمۇ، قورقما، مەن ئاۋۇ كەپكە شەپكىلىكنى پەملەي، ـــ دېدى.

**پەمچۈك** سۈپ دىيال. پەمى بار، پەملىك.

**پەمدۇر** ئى [ر<ئىتال] <بوت> ← **شوخلا.**

**پەمدۇرلۇق** سۈپ. پەمدۇر تېرىلغان، پەمدۇر ئۆسكەن: پەمدۇرلۇق ئېتىز. پەمدۇرلۇق يەر.

**پەمدىمانچى** ئال. دىيال. پالانچى، پۇستانچى.

**پەملچاي** ئى<بوت> چاينىڭ چوڭ بىر تۈرى، يەنى تولۇق ئېچىتىلغان چاي. رەڭگى قارا، مايدەك پارقىرايدۇ، دەملەنگەندىن كېيىن قىزىرىدۇ. ئالاھىدە بىر خىل خۇشبۇي پۇراقى ئىگە.

**پەن** ئى [ئە] <پەلس> تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەمدە ئەتراپتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىلىملەر سىستېمىسى: پەن تەتقىقاتى.

**پەنە** ئى. دىيال. شىنا.

**پەنەرگە** ئى [ر<نېم] <بىن> ياغاچ قىرىندىلىرىنى تېخنىكىلىق يول بىلەن ماشىنىنىڭ بېسىم كۈچىدە يۇغۇرۇپ، ئۇزۇن، ئەنلىك، سىلىق ھەم پارقىراق قىلىپ ئىشلەنگەن كۆپ قەۋەت ياكى يالاڭ قەۋەتلىك بىر خىل نېپىز تاختاي.

**پەنت** ئى [پ] ئادەم ۋە نەرسە ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر؛ ھىيلە، ئالدام: پەنت قىلماق. پەنت ئۇرماق.

**پەن - تېخنىكا** پەن ۋە تېخنىكا؛ ئىلىم، ھۈنەر.

**پەن - تېخنىكىسىز** پەن - تېخنىكىنى ئىشلەتمەي، پەن - تېخنىكىدىن پايدىلانماي: پەن - تېخنىكىسىز مىللەت ئالغا باسالمايدۇ.

**پەن - تېخنىكىلىق** پەن - تېخنىكىغا ئائىت، پەن - تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك: پەن - تېخنىكىلىق مەسىلىلەر.

**پەنجە** I ئى [پ] ① قولنىڭ بارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى، بارماق: قولنىڭ پەنجىسى. ② بەزى ھايۋان ۋە قۇشلار ئايىغىنىڭ ئۇچ قىسمى؛ چاڭگال، تىرناق: بۆركۈت تۈلكىنى پەنجىسى بىلەن قارماپ مىنىۋالدى. ③ گىلەم توقۇشتا ئارقاقتا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى چىڭدايدىغان تۇتقۇچلۇق، تارغاقسىمان تۆمۈر ئەسۋاب؛ دەستىگاھ.

**پەنجە** II ئى [پ] <بوت> تۇگمىگۈل ئائىلىسىگە مەنسۇپ يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. غولىنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىن تالا چىقىرىشقا بولىدۇ. قەغەز ئىشلەشكە خام ئەشيا ۋە تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پەنجە** III مىق. ئورۇلغان بۇغداي، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارا بىلەن بىر قېتىم كۆتۈرۈشكە بولىدىغان دۆۋىسى. بىرپەنجە يانتاق.

**پەنجۇنا** ئى. ئالتۇنچىلار ئالتۇن تاسقايدىغان قۇمنى قويىدىغان مەيدان.

**پەنجىرە** ئى [پ] <بىن> ① ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ يورۇق بولۇشى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياغاچ ياكى تۆمۈردىن تارغاقسىمان ياكى ئۇششاق كاتەكچە چىقىرىپ ياسالغان جاھاز؛ روجەك، دېرىزە. ② ياغاچ ۋە تۆمۈردىن يانمۇيان قىلىپ تارغاققا ئوخشاش ياسالغان توسۇق؛ شادا.

**پەنجىرىلىك** سۈپ ① پەنجىرىسى بار، پەنجىرە ئورنىتىلغان: پەنجىرىلىك ئۆي. پەنجىرىلىك ساراي. ② پەنجىرە ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان: پەنجىرىلىك ياغاچ. پەنجىرىلىك ماتېرىيال.

**پەنجىگاھ** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بەشىنچىسىنىڭ نامى. ئۇ 25 نەغمە، 240 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 174 مىسرادىن؛ 3 داستان 6 نەغمە 24 مىسرادىن، 5 مەشرەپ 5 نەغمە 42 مىسرادىن تەركىب تاپقان: پەنجىگاھ مۇقامى. * «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ بىر قىسمى جانابىي ئۆمەر سازەندە باشچىلىقىدا ئورۇندىلىدۇ.

**پەنجىلەشمەك** «پەنجىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەنجىلەنمەك** «پەنجىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەنجىلىك** سۈپ. پەنجىسى بار، پەنجىسى بولغان: كەڭ پەنجىلىك قول.

**پەنجىلىمەك** ① ئارقاق يىپىنى پەنجە بىلەن چىڭىتماق، قۇرنى زىچلىماق؛ چىڭدىماق: گۈلنار توقۇۋاتقان گىلەمنى سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن قۇرمۇقۇر پەنجىلەيتتى. ② ئورۇلغان ئوت - چۆپ، بۇغداي پەنجىلىرىنى سەيلىمەك، دەستىلىمەك، يىغىنچاقلىماق، تايلىماق: زەيتۇنەم ئۇ يەر، بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان يانتاقلارنى بىر-بىرلەپ يىغىپ، كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ، دەسسەپ، چىڭداپ پەنجىلەشكە باشلىدى.

**پەنچاڭ** ئى [ خەن ] كاڭنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كارىۋات.

**پەنچى** ئى. پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى، پەننى كەسىپ قىلغۇچى، پەننى ياقلىغۇچى، پەن تەرەپدارى: ئۇنىڭ ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن ئالاقىسى قانداق؟ تەبىئىي پەنچى زىيالىيلىرىمىز بۇ مەسىلىلەرنىمۇ قوشۇپ ئويلىشى لازىم.

**پەند** ئى [پ] يېزت. ئۈگۈت، نەسىھەت.

**پەندنامە** ئى [پ] ① كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتىشقا، ياخشىلىقنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەسىھەت خېتى: پەندنامە يازماق. ② كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتىشقا، ياخشىلىقنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدىغان پەند - نەسىھەت، ئۈگۈت: خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئىستېمالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە پەندنامە سۆزلەيدىغان ناخشىلارنى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئالاھىدە بازارغا ئىگە قىلغانكى،......

**پەند - نەسىھەت** پەند ھەم نەسىھەت.

**پەندۇزمەك** پ. دىيال ① ئازدۇرماق، ئالدىماق، قىلتاققا چۈشۈرمەك. ② ئىنتىزار قىلماق.

**پەندىيات** ئىم [پ] قاتتىق بىزار بولغان، تويغانلىقنى بىلدۈرىدىغان، «ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك نەسىھەت، ساۋاق» دېگەن مەنىدىكى پۇشايمان، ئەپسۇس سۆزى: — بولدى، پەندىيات! ئەگەر خوتۇن مۇشۇنداق بولسا، ئىككىنچى ئۆيلەنمەيتىمەن، — دېدى ئۇ.

**پەنساد** ئى [پ] تارس. خانلىق دەۋرلىرىدە ئەسكەر باشلىقلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلارنىڭ بىر تۈرى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**پەنلىمەك** پ. بىرەر ئىش - ھەرىكەت ياكى گەپ-سۆزدە باشقىلارنى ئالدىماق، بۇردا قىلماق، ساختا قىلماق: بەزى ھۈنەرۋەنلەر خېرىدارنى پەنلەيمەن دەپ، ئۆزىنى پەنلەيدۇ. خېرىدار دېگەن خىزىر - دە، خىزىر!

**پەن - مەرىپەت** پەن ۋە مەرىپەت.

**پەننىي** سۈپ [ئە] پەنگە، ئىلىمگە ئاساسلانغان؛ ئىلمىي: پەننىي بىلىم. پەننىي مەكتەپ. پەننىي ساۋات.

**پەننىيلەشتۈرمەك** «پەننىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىش ئۈچۈن، پەننىيلەشتۈرۈشنى بىرىنچى نىشان قىلىشىمىز لازىم.

**پەننىيلەشتۈرۈلمەك** «پەننىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىمىز دېسەك، ئەلۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پەننىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**پەننىيلەشمەك** پ. پەنگە، ئىلىمگە ئىگە بولماق، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولماق.

**پەننىيلىك** ئى. پەنگە، ئىلىمگە ئاساسلىنىش، ئىلمىيلىك: پەننىيلىككە ئەھمىيەت بېرىش دېگىنىمىز ئوقۇتۇشنىڭ تەشكىلىي شەكلىدە قاتتىق ئىلمىيلىك بولۇش دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

**پەۋادا** ئى ① ناۋاتنىڭ قازان تېگى (ناۋاتچىلىقتا). ② كۆچمە. مەستخۇش قىلغۇچى دورا.

**پەۋاز** ئى [پ] ① چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پەش، ئېتەك قىسمىدىكى پۈكۈلگەن جايى؛ قىرغاق: پەۋىزىنى تىكمەك. * ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ (ماقال). ② جۇۋا پەۋىزىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان تۈكى پەس، ياغاقتېرە؛ جىيەك: پەۋاز تۇتماق. پەۋاز چاتماق. پەۋاز قوندۇرماق.

**پەۋازسىز** سۈپ. پەۋىزى يوق، پەۋاز تۇتۇلمىغان: پەۋازسىز چاپان.

**پەۋازلاتماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماشىنچى ئۇستام تىككەن كىيىملەرنىڭ پەۋزىنى شاگىرتىغا پەۋازلاتتى.

**پەۋازلاشماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەۋازلانماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىيىم پەۋازلاندى.

**پەۋازلىق** سۈپ. پەۋزى بار، پەۋاز تۇتۇلغان: پەۋازلىق كىيىم.

**پەۋازلىماق** پ. ھەرخىل كىيىم-كېچەكلەرنىڭ چۆرىسىنى پۈكۈپ جىيەك تۇتماق، قىرغاق چىقارماق، پەۋزىنى ئەتمەك: چاپاننىڭ پېشىنى پەۋازلىماق.

**پەۋەس** سۈپ. تۇشۇپ كەتكەن، لىق: پەۋەس ئادەم. پەۋەس ئاشلىق. // سۈپىدا يەنە ئۈچ-تۆت تاغارغا پەۋەس قاچىلانغان يېرىلىك ئاشلىقمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**پەۋقۇلئاددە** [ئە] ① سۈپ. باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان، ئادەتتە ئۇچرىمايدىغان؛ كۈتۈلمىگەن، تاسادىپىي: پەۋقۇلئاددە ئەھۋال. پەۋقۇلئاددە ھادىسە. ② رەۋ. ئادەتتىن تاشقىرى، ھەددىدىن زىيادە، غايەت، ئىنتايىن: ئۇ ئۆز سىنىپىنىڭ بىر مەۋسۇم ئىچىدە پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى. ③ سۈپ. ئالاھىدە ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ياكى مەخسۇس شارائىت تەلەپ قىلىش بىلەن بەلگىلىنىدىغان، سادىر بولىدىغان؛ نۆۋەتتىن تاشقىرى: پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەت. پەۋقۇلئاددە ئەلچى. * ئۇ ساقچى ئەمەلدارى بىلەن يېپەك سەللىلىك ئاخۇننىڭ سۆزىدىن پەۋقۇلئاددە بىر يېڭىلىقنى سەزدى.

**پەۋقۇلئاددىلىك** ئى. ئادەتتىن تاشقىرىلىق، ئالاھىدىلىك: ھاشىم بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمەس، بۇ بىر پەۋقۇلئاددىلىك.

**پەي** I ئى [پ] قۇش تېنىنى قاپلاپ تۇرىدىغان مۈڭگۈز-سىمان نەيچىلەر ۋە شۇ نەيچىلەرنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان يۇمشاق تۈك؛ موي: توخو پېيى.// پەي ياستۇق. پەي يوتقان. پەي كۆرپە. پەي قەلەم.

**پەي** II [پ] ① ئى. بەدەندىكى مۇسكۇللارنى سۆڭەككە بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاق رەڭلىك مۇستەھكەم، ئەۋرىشىم توقۇلما؛ سىڭىر: پېيى تارتىشماق.// پەي تار. پەي تارتىشماق. ② سۈپ. كۆچمە. چىڭ، مەزمۇت، پۇختا: پەي ئادەم.

**پېيىدە بولماق** بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ كويىغا كىرمەك: ئۆردەك گۆشى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول (ماقال).

**پېيىدە يۈرمەك** ← **پېيىدە بولماق:** مەن ئۇنىڭ چىرايلىق ھۆسنى-جامالىدىن كۆرە ئەنە شۇ پۇلىغا كۆزۈم چۈشكەنلىكتىن ئۇنىڭ پېيىدە يۈردۈم.

**پېيىگە چۈشمەك** بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولۇپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەك، شۇ يولدا ھەرىكەت قىلماق: شۇڭا ئۇ زور ئىشەنچ بىلەن كەپتەرنى مارىغان مۈشۈكتەك قونىدۇزنىڭ پېيىگە چۈشتى.

**پېيىگە كىرمەك** ← **پېيىگە چۈشمەك.**

**پېيىنى قىرقماق** باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماق، قەست قىلماق: ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇ جەزمەن بىراۋنىڭ پېيىنى قىرقماقچى.

**پەي** III ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيە قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشتات بىرلىكى، ئۇ لىيەندىن تۆۋەن، بەندىن يۇقىرى بولىدۇ.

**پەيت** ئى ① مۇئەييەن ۋاقىت؛ پۇرسەت: پەيت كۈتمەك. ② دەۋر، زامان، مەزگىل، مەۋسۇم: جىددىي پەيت. ھالقىلىق پەيت. * بىز تازا گۈل ئېچىلىدىغان پەيتتە قورۇيىمىزنى تۇتاش گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ③ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت، ئىمكانىيەت: پەيت تاپماق. پەيتنى قولغا كەلتۈرمەك.

**پەيتارى** ① سۈپ. دىيال. ئورۇق، ئاۋاق، قاقشالدەك، گۆشى يوق. ② ئى. ئورۇق ئادەم.

**پەيتۇن** ئى [ر] كۆتۈرمە سايىۋەنلىك قىلىپ ياسالغان تۆت چاقلىق ھارۋا.

**پەيتىدە** رەۋ. مۇئەييەن ۋاقىت، مەزگىل، شارائىت، پۇرسەتتە: مانا شۇنداق جىددىي ئىش پەيتىدە ئىشچىلار بۇ يەرگە يىغىلىپ، يېڭىدىن كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغاندەك بولدى.

**پەيجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا بىر ئەترەت جەڭچىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى شەخس ۋە شۇ شەخسكە بېرىلگەن ھەربىي ئەمەل نامى.

**پەيجەمبى** ئى. دىيال. تامبال.

**پەيجۇ** ئى [خەن] <سودا> ① ماشىنا (ئاپتوموبىل)، ھارۋىلارنىڭ قاتنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن تارقىتىپ بېرىلگەن ھۆججەت؛ نومۇرلۇق تاختا، قاتناش گۇۋاھنامىسى. ② كونا جەمئىيەتتە تىجارەتچى سودىگەرلەر ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلىدىغان رۇخسەت خېتى؛ تىجارەت كىنىشكىسى.

**پەيچۇسو** ئى [خەن] <قا> ← **ساقچىخانا.**

**پەيدا** رەۋ [پ] ھاسىل، مەۋجۇت: پەيدا بولماق. پەيدا قىلماق.

**پەيدا بولماق** ① بارلىققا كەلمەك، يارىتىلماق: خىزىر قارىسا سازلىقنىڭ ئورنىدا كاتتا بىر شەھەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ② كېلىپ قالماق، ھازىر بولماق: يادىكار كوچىغا چىقىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن نەدىندۇر يەنە قادىر پەيدا بولۇپ قالدى. ③ ھاسىل بولماق، سادىر بولماق: جېدەل-ماجىرا پەيدا بولماق. ④ كۆرۈنمەك، نامايان بولماق، ئەكس ئەتمەك: بۈگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم سۆزلەۋاتقاندا، سەلەيئاخۇن ئۇستامنىڭ چىرايىدا ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارەتلىرى پەيدا بولدى.

**پەيدا قىلماق** ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، بارلىققا كەلتۈرمەك، كەلتۈرۈپ چىقارماق، سادىر قىلماق: دېلو پەيدا قىلماق.

**پەيدىنپەي** رەۋ. كەينى-كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن؛ بىر-بىرلەپ، ئۈزۈلۈكسىز: ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى پەيدىنپەي تىكلىۋېلىشىمىز لازىم.

**پەيز** [ئە] ① ئى. باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، زوق-شوق بېغىشلايدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: — پەيزىڭ بار يىگىت، — دېدى توختىكام نىجات دۇتارنى توختاتقاندىن كېيىن. ② سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق، ياخشى: — چاپسانراق بولساڭچۇ، ئاداش، بۇ قالتىس پەيز يەر ئىكەن، بىنا بىلەن قوشۇپ بىرنى تارتقىنا، — دەپ يەھيانى ئالدىراتتى ئۇ. ③ ئى. ھوزۇر، راھەت: ئۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئامان بول، مىڭ-مىڭ ياشا» دېگەن جۈملىنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئېيتتىكى، ئۇنىڭ پەيزىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

**پەيزسىز** سۈپ. پەيزى يوق، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان: ئاخشامقى ئولتۇرۇش تازا بىر پەيزسىز ئولتۇرۇش بولدى-دە.

**پەيزلىك** سۈپ. پەيزى بار، كىشىنى جەلپ قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**پەيسىز** سۈپ. پېيى يوق، پېيى بولمىغان ياكى پېيى ئاز.

**پەيسمان** سۈپ. پەيگە ئوخشايدىغان، پەي شەكىللىك: پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق.

**پەيشەنبە** ئى [پ] ھەپتىنىڭ چارشەنبەدىن كېيىن جۈمەدىن ئىلگىرى كېلىدىغان تۆتىنچى كۈنى.

**پەيشەنبە بازار** ① ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ئاھالىلەرنىڭ توپلىشىپ سودا ـ سېتىق قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن كۈن. ② پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان شۇ جاينىڭ نامى: بىز پەيشەنبە بازاردىن ئۆتكەن چاغدا كۈن ئولتۇردى.

**پەيشەنبىلىك** ئى. تارس. دىنىي مەكتەپلەردە پەيشەنبە كۈنى بالىلار موللامغا ئاتاپ ئېلىپ بارىدىغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر؛ ئوقۇش پۇلى، ئوقۇتۇش ھەققى: پەيشەنبىلىك بەرمەك.

**پەيغەمبەر** ئى [پ] <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەندىلەرگە يەتكۈزگۈچى ئىلاھى ۋەكىل؛ نەبى.

**پەيغەمبەرسىز** سۈپ. پەيغەمبىرى يوق، پەيغەمبىرى بولمىغان: پەيغەمبەرسىز زاماننىڭ ئاشۇ ئۇنتۇغاق بەندىلىرى ئەمدى خوراز ئۈستىدە، ئاشۇ ئويغاتقۇچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى بۈيۈك سىما ئۈستىدە ئىغۋا توقۇشقا، ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىشقا كىرىشتى.

**پەيغەمبەرلەرچە** رەۋ. پەيغەمبەرگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن، پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش: پەيغەمبەرلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك.

**پەيغەمبەرلىك** ئى. پەيغەمبەرلەردە بولىدىغان خىسلەت، ئالاھىدىلىك.

**پەيقۇ** ئى. دىيال. ياستۇق.

**پەيل ( پەيلى )** ئى [ئە] ① كىشى خاراكتېرىنى، خۇلقىنى ئىپادىلەيدىغان روھىي خۇسۇسىيەتلەر. ئەلپاز، تۇرق: «تەلەپمۇ قىل، سەۋەبمۇ قىل» دەپتىكەن، ھاكىمنىڭ پەيلىدىن ئەزرائىلمۇ قورقىدۇ. ② كىشىنىڭ مەلۇم پەيتتىكى روھىي ھالىتى، كەيپىياتى، مىجەز، خۇلق، قىلىق، خۇي: ئۇنىڭ ساراڭ كالىدىن بەتتەر يامان پەيلى ئاستا ـ ئاستا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ③ مۇراد، مەقسەت، نىيەت: پەيلى يامانىنىڭ خۇيى يامان (ماقال).

**پەيلاسوپ** ئى [ئە <گىرېك] ① پەلسەپە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى؛ پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى. ② كۆچمە. دانالارچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان كىشى: ئۇ بۈگۈن كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە پەيلاسوپ بولۇپ كەتكەنىدى.

**پەيلاسوپلۇق** ئى. پەلسەپىۋى ئالاھىدىلىك.

**پەيلىك** سۈپ. پېيى بار، پېيى بولغان ياكى پېيى كۆپ: سايراپ ھارماس كۆكتالغۇ، كۆكۈچ پەيلىك مۇلايىم. ماموق پەيدىن ئازغانغا، ئۇۋا سالار ھەر دائىم.

**پەيمان( پەيمانى )** ئى [پ] يېزت. بىرەر مەقسەت، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۆز؛ قەسەم، ئەھدە، ۋەدە: پەيمان ئەيلىمەك. پەيمان قىلماق. * ئاجرىماي كەلدۇق ئىككىلەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دوست بولۇپ پەيمانغا سادىق، چىن ۋاپادار ئى قەلەم!

**پەيمانە** ئى [ پ ] يېزت. قەدەھ، شاراب قاچىسى، پىيالە: چېچەكلەر بەرگىدە شەبنەم قۇياشتا يالتىرار ھەردەم، ئېچىلغان گۈل، قىزىل مەيگە تولۇر پەيمانە ـ پەيمانە.

**پەيمانىسى توشماق** زاۋالغا يۈز تۇتماق، كۈنى ئاخىرلاشماق: ئاخىرى ئۇ ئوغرىنىڭمۇ پەيمانىسى توشۇپتۇ ـ دە.

**پەيمانلاشماق** «پەيمانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى

**پەيمانلىماق** پ. پەيمان قىلماق، پەيمان ئەيلىمەك، ۋەدە قىلماق.

**پەينەۋرە** ئى. ئوغلى ياكى قىزىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسى؛ تۆتىنچى ئەۋلاد، ئەۋرە، نەۋرىنىڭ بالىسى.

**پەينەۋرىلىك** سۈپ. پەينەۋرىسى بار، پەينەۋرە كۆرگەن: پەينەۋرىلىك ئادەم.

**پو** I [خەن] ① ئى. ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قورال: چېرىكلەر بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئاۋۋال پو ئاتقۇچى چېرىكلەرگە يول بەردى. ② سۈپ. كۆچمە. ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىنىدىغان؛ ئاشۇرۇلغان؛ قۇرۇق، يالغان (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى پو.

**پو ئاتماق** چوڭ گەپ قىلماق، يوغان سۆزلىمەك، پاختا ئاتماق، مۇبالىغە قىلماق.

**پو** II ئى. دىيال. ھور، پار، بۇس.

**پوپ** ئى [ر<گىرېك] <دىن> كاتولىك دىنى ۋە پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ روھانىيسى، ئادەتتە بىرەر چېركاۋغا باشچىلىق قىلىدۇ.

**پوپاي** سۈپ. دىيال. سىمىز، پاكار، كېلەڭسىز.

**پوپايكا** ئى [ر] <كىي> ھەر خىل يۇڭ يىپ ۋە سۈنئىي تالالىق يىپلاردىن توقۇلىدىغان ئۈست كىيىم.

**پوپايكىسىز** ① سۈپ. پوپايكىسى يوق، پوپايكا كىيمىگەن: پوپايكىسىز ئايال. پوپايكىسىز قىز. ② رەۋ. پوپايكىسى يوق ئەھۋالدا، پوپايكا كىيمەي، پوپايكا كىيمەي تۇرۇپ: پوپايكىسىز تالاغا چىقماق.

**پوپايكىلىق** سۈپ ① پوپايكىسى بار، پوپايكا كىيگەن: يېشىل پوپايكىلىق بىر قىز دېرىزىدىن قارىدى. ② پوپايكا توقۇشقا يېتىدىغان، پوپايكا توقۇشقا لايىق كېلىدىغان: پوپايكىلىق يىپ. پوپايكىلىق يۇڭ.

**پوپكا** ئى. دەرسلىك ماتېرىيال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى سالىدىغان سومكا.

**پوپكىسىز** ① سۈپ. پوپكىسى يوق، پوپكىسى بولمىغان: پوپكىسىز ئوقۇغۇچى ② رەۋ. پوپكا ئاسماي، پوپكا ئالماي: پوپكىسىز قانداق مەكتەپكە بارىسەن ؟

**پوپكىلىق** سۈپ. پوپكىسى بار، پوپكا ئاسقان: پوپكىلىق ئادەم.

**پوپلىماق** پ. دىيال. دەسسەپ چىگدىماق، باسماقدىماق، نىقتىماق.

**پوپوزا** ئى. تەھدىت، ھەيۋە: پوپوزا قىلماق. * مانا ئەمدى ھەسەن ئاكامنىڭ بىر پوپوزىسى بىلەن ئاپتوموبىللار قوڭغۇزدەك ئۇياق ـ بۇياققا قىمىرلىشىپ يولنى بىكارلىغىلى تۇردى.

**پوپوزىچى** ئى. تەھدىت سالغۇچى، ھەيۋە قىلغۇچى: ئۇ پوپوزىچىلارنىڭ تانابىنى تارتىپ قويغاچقا، ئۇنىڭدىن ھەممە تەپ تارتىشاتتى.

**پوپۇچ** ئى. بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئاياغ كىيىمى.

**پوتا** ئى [پ] بەلگە باغلىنىدىغان رەخت ؛ بەلباغ: پوتا باغلى-

ماق. * يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق، يېلىدە پوتىسى يوق (ماقال).

**پوتا سالماق** مەشرەپ ئويۇنلىرىدا بىر-بىرىگە پوتا سۇنۇپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلماق.

**پوتا ئويۇنى** ① مەشرەپلەردە ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشتا پوتا تاشلاش ئارقىلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن: مەن ئۇنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى بىلەن پوتا ئويۇنىدا ئېيتقان بېيىتلىرىگە قاراپ كۆيۈپتىمەن. ② باللارنىڭ چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىرىنىڭ ئارقىسىغا سەزدۇرمەي پوتا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇنى.

**پوتال** ئى. ھەر خىل ئەسۋابلارنى زىننەتلەش، پەردازلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى؛ ھەل.

**پوتاللىق** سۈپ. پوتىلى بار، پوتال بىلەن زىننەتلەنگەن، پوتال بېرىلگەن.

**پوتەي** ئى. تارس ① ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قارشى تەرەپكە ئوق چىقىرىش مەقسىتىدە ياسالغان مۇنار شەكلىدىكى قۇرۇلۇش. ② مىق. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ بىر پوتەي ئون چاقىرىمغا تەڭ، يەنى بەش كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

**پوتلا** ئى ① بۇرۇندىن ئاققان شىلىمسىمان سۇيۇقلۇق؛ ماڭقا: پوتلىسىنى ئادالىماق. ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن چىقىدىغان چېچىكى: دەرەخلەر پوتلا چىقىرىشقا باشلىغان ئەتىياز پەسلى ئىدى. ③ قارا چىراغ، شام پىلىكلىرىنىڭ كۆيۈپ ياكى چالا كۆيۈپ، پولتىيىپ ساڭگىلىغان قىسمى: چامغۇرغا ئورنىتىپ قويۇلغان شامنىڭ پوتلىسى ئۆسۈپ، ئىسلاشقان بۇ زەي ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا.

**پوتلىلىق** سۈپ. پوتلىسى بار، پوتلا چىقارغان.

**پوتلىسىمان** سۈپ. پوتلىغا ئوخشايدىغان، پوتلا شەكىللىك: پوتلىسىمان گۈل رېتى.

**پوتېنسىيومېتىر** ئى [لات + گىرېك] <فىز> ئۆزلۈكىدىن تەڭشىگىلى بولىدىغان بېسىم بۆلگۈچتە ئىشلىتىدىغان ئۆزگىرىشچان قارشىلىق. تەركىب تاپقان ماتېرىياللىرى بويىچە «ئورامىلىق» ۋە «ئورامسىز» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**پوتېنسىيال** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتىر ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىكى ھالىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مىقدار.

**پوتىسىز** سۈپ. پوتىسى يوق، پوتىسى بولمىغان، پوتا باغلىمىغان: پوتىسىز ئەر. پوتىسىز ئادەم.

**پوتىلىق** سۈپ ① پوتىسى بار، پوتىسى بولغان: پوتىلىق ئەر. پوتىلىق دېھقان يىگىت. ② پوتا ئۈچۈن تەييارلانغان، پوتىغا لايىق: پوتىلىق رەخت.

**پوجاڭزا** ئى [خەن] پارتلىغۇچ دورىنى قەغەزگە ئوراپ، ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىك بېكىتىپ ياسالغان پارتلاتقۇچ: پوجاڭزا ئاتماق.

**پوچا** ئى. دىيال. ئۇچى ئۇچلۇق، قىسقا ساپلىق مېتىن.

**پوچتا** I ئى. يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان تۆت چاقلىق هارۋا. بۇنداق هارۋىنىڭ يۆلىنىدىغان يېرىنىڭ ئۈستىدە كۈنلۈكى بولۇپ، ئۇنى لازىم بولغاندا ئېچىپ، لازىم بولمىغاندا يىغىپ قويۇشقا بولىدۇ.

**پوچتا** II ئى [ر<پولەك] ① پوسۇلكا، ھۆججەت، پۇل ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، كۆرسىتىلگەن كىشى ياكى جايغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئالاقە ئورنى ۋە شۇ ئورۇن جايلاشقان بىنا: شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى. ② پوچتىخانىلار تەرىپىدىن تېگىشلىك ئورۇن ياكى شەخسلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان خەت، پۇل، پوسۇلكا قاتارلىق نەرسىلەر: بۈگۈن پوچتا كەلدى. ③ پوچتىخانا: مەن بۈگۈن پوچتىغا باردىم.

**پوچتا- تېلېگراف** پوچتا ۋە تېلېگراف.

**پوچتىخانا** ئى [ر + پ] پوچتا ۋە تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە.

**پوچتىكەش** I ئى «پوچتا» دېيىلىدىغان هارۋىنى ھەيدىگۈچى كىشى: شۇ چاغدا پوچتىكەش ئويناقلاپ تۇرغان ئاتلارنى كەينىگە شوخشىتىپ، پوچتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

**پوچتىكەش** II ئى [ر + پ] پوچتىخانىنىڭ خەت - ئالاقە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلىرىنى توشۇغۇچى خادىمى: دەرۋازا غىچىلداپ ئېچىلىپ، پوچتىكەش كىرىپ كەلدى.

**پوچتىكەشلىك** I ئى. پوچتا ھەيدەش ئىشى.

**پوچتىكەشلىك** II ئى. پوچتىخانىنىڭ خەت-ئالاقە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلىرىنى توشۇش ۋە ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى.

**پوچېركا** ئى [ر] بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خەت يېزىش ئۇسلۇبى؛ خەت شەكلى: مەن ھېلىقى كونۋېرتنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەتكە قاراپلا ئۇنىڭ ئەيسانىڭ پوچېركىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

**پوچى** I سۈپ. پو ئاتىدىغان، يوغان گەپ قىلىدىغان، چوڭ سۆزلەيدىغان: — بىزدە پوچىلارمۇ بار، لېكىن مۇنۇ ئەلانۇردەك، سىزدەك، گۈزەلئايدەك نوچىلارمۇ بار، — دېدى ئادىلە.

**پوچى** II ئى. كان كولاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق تىغ بېكىتىلگەن، بازغان شەكىللىك ئەسۋاب.

**پوچىلىق** ئى. چوڭ سۆزلەيدىغان، پو ئاتىدىغان سۆز - ھەرىكەت: پوچىلىق قىلماق. پوچىلىق بىلەن ماختانماق.

**پوختان** ئى. دىيال. يوتا.

**پوخۇر** سۈپ. ئاياللارغا يامان نىيەتتە، ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولىدىغان؛ زىناخور: ئۇلار: «شەيخ قىرىغىنىغا قارىماي پوخۇر ئىكەن»، «شەيخ نەپسانىيەتچى ئالا كۆڭۈلكەن» دېيىشەتتى.

**پوخۇرلۇق** ئى. ئاياللارغا يامان نىيەتتە، ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ھەرىكەت، قىلىق: پوخۇرلۇق قىلماق.

**پودالاق** ئى. دىيال. غوزەك، غوزا.

**پودوكارپۇس** ئى [لات] <بوت> پودوكارپۇس قارىغىيى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. ياغىچى قۇرۇلۇشقا ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پودۋال** ئى ① ئۆي تاملىرىنىڭ پەستىكى تەرىپىگە قىلىنغان نەقىش بېرىلگەن يېرى: پودۋال چىقارماق. ② گېزىت سەھىپىسىنىڭ ئالاھىدە ماقالە بېسىلغان تۆۋەنكى قىسمى ۋە شۇ

سەھىپىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان تۈز سىزىق: بۇگۈنكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۈچىنچى بەت پودۇال ئاستىغا بېسىلغان ماقالە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

**پور** ① ئى. دەرەخ غولىنىڭ چىرىپ چىداملىقىنى يوقاتقان قىسمى: سۆگەت پورى. ② سۈپ. پورلاشقان، پورى بار: پور تېرەك. پور سۆگەت. ③ سۈپ. سۆگەتنىڭ پورىغا ئوخشايدىغان، قوڭۇر: پور رەڭ. ④ سۈپ. ئىچى كاۋاك، تېشىغا بۆرتۈپ چىققان، قاپار-تىلغان، قالپاقلىق: پور مېخ. پور سومبە.

**پوراچ** ئى. تۇز، لازا قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا؛ ياغاچ كومزەك.

**پورەك** I ئى ① تېخى ئېچىلمىغان گۈل، غۇنچە: سالام ساڭا مۇئەللىم ، ساڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن، تەربىيەڭدە ئېچىلغان مىڭلاپ غۇنچە-پورەكتىن. ② سۈپ. كۆپمە ھالەتتىكى، كۆپۈشكەن، كۆبجۈگەن: پورەك چاچ.

**پورەك** II ئى. دىيال. زاغرا، قوناق زاغرىسى.

**پورەكلەتمەك** «پورەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پورەكلىمەك** پ. غۇنچىلىماق، غۇنچىلاپ ئېچىلماق: بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى 5 – قەۋەتنىڭ لەمپىسى ئالاھىدە بولۇپ، تەشتەكلەردىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

**پورپاق** ① سۈپ. تۇزۇپ تۇرىدىغان، تۇزۇيدىغان؛ بوش، يۇمشاق: ئاپتوموبىل بۇرۇلۇپ قارا يولغا چۈشكەندە پورپاق توپا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىنى چاڭ – توزانغا كۆمۈۋەتتى. ② ئى. كۆچمە. غوۋغا، ئالتوپىلاڭ: پورپاق چىقارماق. * مەن قومۇلدا پورپاق كۆتۈرۈپ ئالەمنى بىر ئالغان تۇرسام، — دېدى ھېلىقى كىشى ۋارقىراپ.

**پورپاق چىقارماق** دىيال. غوۋغا قوزغىماق، غوۋغا چىقار-ماق.

**پورپاقلىق** سۈپ. پورپاق توپىسى بار، توپىسى پورپاقلاش-قان: پورپاقلىق يەر. پورپاقلىق ئېتىز.

**پورت** I ئى [ر<فران] <قاتن> سۇ يوللىرىدا كېمە، پاراخوتلار توختايدىغان؛ يۈك بېسىش، يۈك چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس جاھازىلانغان جاي.

**پورت** II تەق. يۇمشاق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى گاز ياكى سۇيۇقلۇقنىڭ قاتتىق بېسىم تەسىرى بىلەن ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پورت-پورت** «پورت II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پورتتىدە** رەۋ. پورت قىلغان ھالدا، پورت قىلىپ: پورتتىدە ئېتىلىپ كەتمەك.

**پورتخان** ئى <بوت> يوپۇرماق تاشلايدىغان پاكار غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ، تۆت مېتىردىن بەش مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇنچاق، چېچىكى ئاق، مېۋىسى ئەينۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ئەينۇلدىن سەل چوڭراق بولۇپ، مېۋىسى پىشقاندا توق جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋى-سىنىڭ رەڭگى پارقىراق، ئېتى سۇلۇق، تەمى تاتلىق بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**پورترېت** ئى [ر] <گ سەن> كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن رەسىم.

**پورتۇگال** ئى<ئىرق> پورتۇگالىيەدە ئولتۇرۇشلۇق ئاساسلىق مىللەت ۋە خەلقلەر.

**پورتۇگالچە** ① سۈپ. پورتۇگال يوسۇنى بويىچە، پورتۇ-گاللارغا خاس: پورتۇگالچە كىيىم. ② ئى. پورتۇگال تىلى: بۇ سۆز پورتۇگالچە ئىكەن. ③ رەۋ. پورتۇگال تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلى-تىپ: پورتۇگالچە سۆزلىمەك.

**پورداق** ① ئى. ئەركەك جىنسلىقلارنىڭ جىنسىي ئەزا قىسمىدىكى ئۇرۇقدانىنى ئوراپ تۇرىدىغان خالتا. ② ئى. پورداق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم. ③ سۈپ. كۆچمە. جىنسىي مۇئامىلىدە كېرەككە كەلمەيدىغان، پالاكەت (ئەرلەرگە نىسبە-تەن).

**پورداقچى** ئى. خۇشامەت، يالاقچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى؛ خۇشامەتچى، يالاقچى.

**پورداقچىلىق** ئى. خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق: پورداقچىلىق قىلماق.

**پورشېن** ئى [ر] <ماشىن> سىلىندىر ياكى ناسوس ئىچىدە تەكرار ھەرىكەتلىنىدىغان بىر خىل دېتال. يۇمىلاق كېلىدۇ. ئۇ موتور سىلىندىرى ئىچىدە پار ياكى يېقىلغۇنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بېسىمنى مېخانىكىلىق ئېنېرگى-يەگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ.

**پورشېنسىز** سۈپ. پورشېنى يوق. پورشېن ئورنىتىلمىغان.

**پورشېنلىق** سۈپ. پورشېنى بار. پورشېن ئورنىتىلغان.

**پورفىر** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل ئوتتا كىسلاتالىق ئېتىلما جىنس ياكى كىسلاتالىق داغلىق تېپىز جىنس.

**پورفىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> بىر خىل ئورگانىك ماددا بولۇپ، خلوروفىل، قانغا قىزىللىق بەرگۈچى ئاقسىل قاتار-لىقلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئوكسىگېن مولېكۇلاسىغا ئوخشاش كىچىك مولېكۇلالارنى ئۆزلىرىگە بىرىكتۈرۈۋالىدۇ.

**پوركاپ** I ئى. ئۆتۈكنىڭ قونچىغا سېلىپ، پاشنىسىنى مىخلايدىغان دۈگىلەك ياغاچ كالتەك: پوركاپ كالتىكى. پوركاپ ياسىماق.

**پوركاپ** II سۈپ. ئۆۋۈلگەن، ئۆۋاق، يۇمشاق: پوركاپ توپا. پوركاپ توپىلىق يول.

**پورلاشتۇرماق** «پورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پورلاشماق** پ. پور ھالەتكە كەلمەك، پور بولماق: دەرەخنىڭ غول شاخلىرىنى تولا كەسسە دەرەخ ئاسان پورلىشىپ قالىدۇ.

**پورلۇق** سۈپ. پورى بار، پور بولغان: پورلۇق جوجەي.

**پورما** ئى. سوغا ئىچىگە ئورنىتىلغان ماروژنى چىقىرىدىغان قاچا، كىچىك تۈڭ.

**پورنان** ئى. دىيال. ھورنان، جىگموما.

**پورۇق** تەق. قازاندىكى سۇ قايناۋاتقاندا چىققان ئاۋاز.

**پورۇق-پورۇق** «پورۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پورۇق-پورۇق قايناتماق.

**پورۇققىدە** رەۋ. پورۇق قىلىپ، پورۇق قىلغان ھالدا: قازان پورۇققىدە قايناتتى.

**پورۇقلاتماق** «پورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پورۇقلىتىپ قايناتماق. * بالام قازاننى پورۇقلىتىپ قاينىتىۋەرمە، ئاستىراق قاينىسىمۇ بولىدۇ.

**پورۇقلاشماق** «پورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ چوڭ ئاشخانىدىكى بەس ـ بەس بىلەن پورۇقلىشىپ قايناۋاتقان داش قازانلار توك توختاش بىلەنلا لاسسىدە توختىدى.

**پورۇقلىماق** پ. پورۇق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: قايناق سۇ پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى.

**پوزا** I ئى ① قىمارنىڭ بىر خىلى بولغان ئوشۇق ئويۇنىدا ئۇتقانلىقنى، يەڭگەنلىكنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بىر خىل شەكىل: پوزا چۈشمەك. پوككا پوزا. ② قاتتىق مەستلىك ھالىتى: پوزا بولماق. پوزا قىلماق.

**پوزا** II ئى. دىيال. موما، جىگموما.

**پوزىترون** ئى [ر<لات] <فىز> ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىر خىلى، مۇسبەت زەرەتلىك، ماسسىسى ئېلېكترونىنىڭ ماسسىسى بىلەن تەڭ. ئۇ ئېلېكترونىنىڭ ئانتى زەررىچىسى.

**پوزىتسىيە** ئى [ر<لات] ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايى، مەۋقەسى، ۋەزىيىتى: تاڭ بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيەلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ② كۆچمە. بىرەر مەسىلىگە قارىتا تۇتۇلغان يول، نۇقتىئىنەزەر: ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيەسى بىلەن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**پوزنەك** ئى. دىيال. دۆۋە.

**پوس** تەق. ئىچىگە گاز ياكى سۇيۇقلۇق قاچىلانغان يۇمشاق نەرسىلەرگە يىڭنە قاتارلىقلارنى سانجىشتىن چىققان ئاۋاز.

**پوست** I ئى [پ] ① دەرەخ، مېۋە، كۆكتات، دان قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان قەۋىتى: ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى تولا (ماقال). ② ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نېپىز توقۇلما، تېرە ئۈستىدىكى يۇپقا پەردە: ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا (ماقال). ③ يەرنىڭ ئۈستىكى قەۋىتى: يەر پوستى.

**پوست** II ئى [ر<فىران] <ھەربىي قىسىم> ئورۇنلاشقان جاي، ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە باشقا مۇھىم جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر، قاراۋۇل: پوستتا تۇرماق.

**پوستەك** I ئى [پ] ① تۇگمەن خامپىسىدىكى ئۇننى سۈپۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭلۇق تېرە پارچىسى؛ تېرە سۈپۈرگە. ② تۇگمەن ھەققى، غەللە.

**پوستەك** II ئى پىياز پوستى، پوستپىياز.

**پوستەك** III ئى. دىيال. قارىياغاچ، تەڭگىسى.

**پوستەكچى** ئى ① تۇگمەندە ئىشلەيدىغان كىشى، تۇگمەنچى: ھاشىم ئاكا، باينىڭ تۇگمىنىدە پوستەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. ② كۆچمە. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان كىشى، يالاقچى: ھۇنەرۋەن كاسىپلار، ھەتتا پوستەكچىلەرمۇ توپ ـ توپ بولۇپ يۈرەتتى.

**پوستەكچىلىك** ئى ① تۇگمەندە ئۇن تارتىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى: ئۇ باينىڭ تۇگمىنىدە پوستەكچىلىك قىلغان چاغدىكى ھۈنىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ② كۆچمە. خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق: ئۇ پوستەكچىلىك قىلىپ باشلىققا ياخشى كۆرۈنمەكچى.

**پوستلاق** ئى <بىيول> ئىچكى ئەزالارنىڭ سىرتقى توقۇلمىسى.

**پوستلۇق** سۈپ. پوستى بار، پوست بىلەن ئورالغان: قاتتىق پوستلۇق كاۋا.

**پوستۇما** ئى. يېغى بىلەن شىلىپ ئېلىنغان قويرۇق تېرىسى: پوستۇما كاۋاپ

**پوستۇمبا** ئى [پوست + دۇمبە] قوي قۇيرۇقىنىڭ ئاستىن قىسمىدىكى نېپىز تېرە ياكى يېغى بىلەن قوشۇپ ئېلىنغان قۇيرۇق تېرىسى: پوستۇمبا كاۋاپ.

**پوستپىياز** ئى <بوت> قوغۇننىڭ بىرخىل سورتىنىڭ نامى، پوستەك، پوستنەك.

**پوستنەك** ئى. دىيال. پىياز پوستى، پوستپىياز.

**پوسسىدە** رەۋ. پوس قىلىپ، پوس قىلغان ھالدا: سېستىرا ئوكۇلنى پوسسىدە سانجىدى.

**پوسكاللا** ئى [پوس + كاللا] دېمەكچى بولغان گەپ ياكى مەقسەتنىڭ ئاساسىي نېگىزى، تۈگۈنى، نەق جايى: ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن بىردەم ھال ـ مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئاچتى.

**پوسما** ئى ① يېشىغا تولمىغان بوۋاق باللارنىڭ ئەستەرلىك ياكى نېپىز پاختا سېلىنغان باش كىيىمى: مومايىنىڭ كۆزى ئوسمىدا، گادايىنىڭ كۆزى پوسمىدا (ماقال). ② دوختۇر، سېستىرا قاتارلىقلارنىڭ ئىش ئۈستىدە كىيىدىغان يالاڭباش كىيىمى: ئۇ پوسما بىلەن خالاتقا قاراپ پىسەنتىدە بىرنى كۈلدى ـ دە، ئاۋايلاپ كىيدى.

**پوسمىسىز** سۈپ. پوسمىسى يوق، پوسما كىيمىگەن: قىش ۋاقتىدا بوۋاق بالىنى پوسمىسىز تالاغا ئېلىپ چىقماسلىق كېرەك.

**پوسمىلاق** سۈپ. يۇمىلاق، تولغان: ـــ پوسمىلاقتەك سۇمباتلىق جامالىغا مەغرۇرلىناتتى، ـــ دېدى سۇلايمان.

**پوسمىلىق** سۈپ ① پوسمىسى بار، پوسما كىيگەن: ئىشكتىن يەتتە ـ سەككىز ياشلاردىكى پوسمىلىق قىز كىرىپ كەلدى. ② پوسما تىككىشكە يېتىدىغان: پوسمىلىق رەخت.

**پوسۇر** تەق. ئادەم ماڭغاندا چىققان ئاۋاز.

**پوسۇر ـ پوسۇر** پوسۇر قىلغان ۋە شۇ قاتارلىق ئاۋاز.

**پوسۇرلاشماق** «پوسۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پوسۇرلىماق** پ. پوسۇر قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ ماڭماق؛ پايپاسلىماق.

**پوسۇق** تەق. بۇ بىرەر ئىشنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ھالىتىگە تەقلىد قىلىنغان سۆز.

**پوسۇققىدە** رەۋ. تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، تۇساتتىن، بىردىنلا، كۈتۈلمىگەندە: ئۇ ئىشخانىغا پوسۇققىدە كىرىپ قالدى.

**پوسۇلكا** ئى [ر] ساندۇق، تاغار، خالتىغا ئوخشاش نەرسىگە ئوراپ بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسە: بىز بىر ـ بىرىمىزگە داۋاملىق خەت ۋە پوسۇلكىلار ئەۋەتىشىپ تۇرۇۋاتىمىز.

**پوش** ئىم. يول بېرىشنى تەلەپ قىلىش ياكى بۇيرۇق ئىمىسىنى بىلدۈرىدۇ: پوش، ھارۋىدا ئېغىر كېسەل بار، دوختۇرغا يەتكۈزۈۋالايلى.

**پوش- پوش** «پوش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پوش - پوش!
جۇمەش تېپىرلاپ تۇرغان ئىتىغا قامچا ئۇرىدۇ.

**پوشكا** ئى. دىيال. كۆنچىلەر تېرىنى ئەيلىگەندە تېرىنى
ئارتىدىغان ياغاچ جازا.

**پوشكال** ئى. خېمىرنى نېپىز يېيىپ قىزىتىلغان ياغقا
سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**پوشكالچى** ① ئى. پوشكال سېلىش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ② سۈپ. كۆچمە. داۋاملىق نەزىر -
چىراغ قوغلاپ يۈرىدىغان، نەزىر - چىراغنىڭ تائاملىرىنى يېيىش-
كە ئادەتلەنگەن؛ بىكار تاماقنى يېيىشكە ئامراق: پوشكالچى موللام.

**پوشكالچىلىق** ئى. داۋاملىق نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈن
تاماقلىرى بىلەن قورساق تويغۇزۇشنى ياخشى كۆرىدىغان
قىلىق، ئادەت: تۆت ئۇستىخىنى ساق ئادەم ئۈچۈن پوشكالچىلىق بىلەن
قورساق تويغۇزۇش ئەلۋەتتە نومۇس.

**پوغۇندا** ئى. دىيال. يېكەن، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ توزغىقى.

**پوق** ئى ① ئادەم، ھايۋان قاتارلىق جانلىقلارنىڭ چوڭ تەرد-
ـتى، گەندە: ئادەم پوقى. مۈشۈك پوقى. * ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان
(ماقال). ② مېتالنى تاۋلىغاندا قالغان قالدۇق: كۈمۈش پوقى.
③ كۆچمە. ئىقتىدارسىز، كېرەكسىز، قولىدىن ئىش كەلمەي-
دىغان ئادەم: — ۋاي پوق، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ،
— شۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالماي دومسىيىپ تۇرغىنىنى.

**پوق پاچاق** دىيال. لەقۋا، لۆم - لۆم، بوشاڭ، قولىدىن ئىش
كەلمەيدىغان، بىجىنبوش.

**پوق قورساق** دۆت، كالۋا: ئۇنداق پوق قورساقنى نېمە قىلىمىز.

**پوقنى ئىككىگە بۆلەلمەسلىك** قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەس-
لىك، بىرەرمۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق.

**پوقى چوڭ** قىلالمايدىغان، كۈچى يەتمەيدىغان، ھۆددىسىدىن
چىقالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەملەرنى،
ئاساسەن بالىلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**پوقىغا كەتمەك** باشقا بىرىنىڭ خاتاسى تۈپەيلىدىن جاۋابكار-
لىققا تارتىلماق، باشقا بىرىنىڭ سورى بىلەن زىيان تارتماق:
توختى سەمەتنىڭ پوقىغا كەتتى.

**پوقى قاتماق** جاھىللىقى تۇتماق، رازىلىقىدىن يېنىۋالماق،
ئۇنىماي تۇرۇۋالماق.

**پوقى قىڭغىر** دىيال. تەرسا، چىگىش، ئىچى يامان.

**پوقىنى بوغۇزلىماق** ئۆز - ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولماق،
ئۆز- ئۆزىگە رەنجىمەك.

**پوقىنى چېلىپ ئىچىدىغان** ئەقىل ئىشلەتمەي، قارىسىغا
ئىشلەپ، تەۋەككۈل قىلىپ ئىش بۇزىدىغان؛ كالۋا، دۆت.

**پوقىنى ئېرىغدىماق** چىققان مەسىلىنى، چاتاقنى تۈگەتمەك.

**پوق يېمە** قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى، يوق گەپنى
قىلما، يالغان سۆزلىمە.

**پوق يېمەك** بىلىپ - بىلمەي كەمچىلىك، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ
قويماق، توغرا يولدىن ئاداشماق.

**پوقا** ئى. دىيال. قىزلار ئوينايدىغان بىر تۈرلۈك توپ ئويۇنى.

**پوقاق** ① ئى. قالقان بەز ئىششىقى، يەنى بويۇندا بولىدىغان
بىر خىل كېسەللىك: موللام ئۆچكە ساقال، گېلىدا مۈشتەك پوقىقى
بار، ئېگىز بوي سېرىقراق ئادەم ئىكەن. ② سۈپ. كۆپۈشۈپ
چىققان، كۆپۈشكەن، كۆپكەن: پوقاق باشاقلار.

**پوقاقلىق** ئى. پوقاق بولۇش؛ پوقاق ھالەت: ئۇنىڭ پوقاقلىد-
قىنى ھەممىمىز بىلىمىز.

**پوقچى** ئى ① مەخسۇس ھاجەتخانا تازىلاش ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللانغۇچى، پوق توشۇغۇچى. ②كىچىك بالىلارنى ئەركىد-
لىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەركىلەتمە سۆز.

**پوقلاق** ئى. دىيال. ھاجەتخانا، تەرەتخانا.

**پوقلاشماق** ① «پوقلىماق»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .
② بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، يامان گەپلەر بىلەن
تىللاشماق ، شۇ سەۋەبتىن مۇناسىۋەتتە قاتتىق يىرىكلەشمەك.

**پوقلىماق** پ ① پوق قىلماق.② كۆچمە. قانۇنسىز، ناچار،
ھارام ئىش - ئوقەتلەر بىلەن بۇزماق، ئوسال قىلماق : گېلىنى
پوقلىماق .

**پوقلانماق** «پوقلىماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى .

**پوك** تەق. بىرەر نەرسە ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندە چىققان
ئاۋاز: شۇ چاغدا دەرەختىن سىلكىنگەن بىر توپ قار پوك قىلىپ
قىزنىڭ بېشىغا چۈشتى.

**پوكان** I ئى. ئادەم ۋە ئۈچار قۇشلارنىڭ تۆش قىسمى،
كۆكرەك: ھەيدەر پوكىنىنى ئۇستەلگە قويغىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**پوكان** II سۈپ. چالا پىشقان ( مېۋە - چېۋە ھەققىدە )،
تولۇق قاتمىغان ( زىرائەت دانلىرى ھەققىدە )، نەملىكىنى
يوقاتمىغان، قۇرۇمىغان (كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار ھەققىد-
ـدە).

**پوكانچى** ئى. مەخسۇس مال سويۇش بىلەن شۇغۇللىنىد-
ـدىغان ئادەم؛ قاسساپ.

**پوكانچىلىق** ئى. قاسساپلىق: پوكانچىلىق قىلماق.

**پوك- پوك** «پوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئوغرىنىڭ يۈرد-
ـكى پوك - پوك (ماقال).

**پوككا** ئى. ئوشۇقنىڭ كىندىك تەرىپىگە قارشى تەرىپى،
دۈمبىسى: پوككا پوزا. پوككا چۈ. * قىمارۋازمۇ تۆت ئوشۇقنى دەتتىد-
ـكام، دەپ ئاتىدۇ، يا چىككە، ياكى پوككا چۈشىدۇ.

**پوككىدە** رەۋ ① پوك قىلغان ھالدا، پوك قىلىپ: مەن هارۋد-
ـغا لىق يۈك بېسىپ كېلىۋاتقىنىمدا، هارۋا چاقى ئورەككە پوككىدە
چۈشۈپ، ئېتىلىپ كەتتى. ② كۈتۈلمىگەندە، ئۇشتۇمتۇت: ئۇ
ئىشىكتىن كېلىپ ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، پوككىدە ئىككى ئادەم
ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**پوكۇلداتماق** «پوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
ـجىسى: ھەي ئاقساقال، تايىنى يوق گەپنى قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى
پوكۇلداتمىغىنا ؟

**پوكۇلداشماق** «پوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-
ـجىسى: ئۇلار بىر كوچىدىن ئۆتۈپ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر توپ
ئادەمنى كۆرگىنىدە يۈرەكلىرىنىڭ پوكۇلدىشىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىشقا باشلىدى.

**پوكۇلدىماق** پ« پوك - پوك » قىلغان ئاۋاز چىقماق، « پوك -
پوك » قىلماق: ئابدۇللا ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى، قورقۇپ
يۈرىكى پوكۇلدىدى.

**پوكۇن** ئال. سۆزلىگۈچىگە نامەلۇم بولغان ئادەم ياكى نەرسە.

**پوكۇنچى** ئال. مەلۇم بىر كىشى: پوكۇنچى كەلدى. پوكۇنچى كەلمىدى.

**پوكۇنچى- پۇستانچى** ① سۆزلىگۈچى ئېيتماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەن شارائىتتا شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: ــ پوكۇنچى ـ پۇستانچىلار ئىشقا كەلمەپتىغۇ، ــ دەپ سورىدى مۇدىر. ② سۆزلىگۈچى ئېيتىشنى ئەپ كۆرمىگەن ھاقارەت سۆزلىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: سەن ئۇنى پوكۇنچى ـ پۇستانچى دەپ تىللاپ يۈرسەڭ بولمايدۇ.

**پوكۇنى** ئال. مەلۇم بىر كىشى ياكى نەرسە: ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە «ۋاي پالانى ئانداق، پوكۇنى مۇنداق» دەپ غەيۋەت قىلماي نېمە قىلسۇن!

**پوڭ** تەق. بىر نەرسە ئېتىلغان، يېرىلغان ياكى بىر يەرگە تەگكەندە چىققان ئاۋاز: لامپۇچكا پوڭ قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى.

**پوڭ- پوڭ** «پوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پوڭ ـ پوڭ قىلىپ ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازى قورۇنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى.

**پوڭزەك** ئى. دىيال. كىچىك توپ، توپ، پومزەك.

**پوڭگىدە** رەۋ① پوڭ قىلغان ھالدا، پوڭ قىلىپ: جوزا ئۈستىدە تۇرغان چايدان پوڭگىدە يېرىلىپ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى. ② ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا: پوڭگىدە يىغلىۋەتمەك. پوڭگىدە سۆزلەپ تاشلىماق.

**پوڭۇلداتماق** «پوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتقان ئوقۇمنىڭ تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي پوڭۇلدىتىپ ئېتىۋەردىم.

**پوڭۇلدىماق** پ. «پوڭ ـ پوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «پوڭ ـ پوڭ» قىلماق: پوڭۇلداپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پوڭۇللىماق** پ. پوڭ ـ پوڭ گەپ قىلماق، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماق.

**پول** ئى [ر] كارىدور ۋە ئۆينىڭ تاختاي ئورنىتىلغان ئاستى يۈزى: مۇختەر ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە پول سۈرتەتتى.

**پولا** سۈپ. پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ يۇمشاپ كەتكەن؛ لۆم ـ لۆم، موس ـ موس: پولا قوغۇن. * قوغۇن پولا بولۇپ كەتتى.

**پولات** ئى [ئە] ① تۆمۈر بىلەن ئۇگلېرود (كاربون)نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل قېتىشما مېتال. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1.7 پىرسەنتتىن تۆۋەن ئۇگلېرود (كاربون)دىن باشقا، يەنە ئاز مىقداردا مانگان، كىرېمنىي، گۈڭگۈرت، فوسفور قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. ئۇ تۆمۈرگە نىسبەتەن يۇقىرى بولغان فىزىكىلىق ۋە مېخانىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سانائەتتە ئۇ ناھايىتى زۆرۈر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پولات- تۆمۈر** پولات ۋە تۆمۈر: پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپ چىقارماق.

**پولەك** ئى<ئىرق> پولشىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان، غەربىي سلاۋيانلارغا مەنسۇپ خەلق.

**پولەكچە** ① سۈپ. پولەكلەر يوسۇنى بويىچە، پولەكلەرگە خاس: بۇ پولەكچە كىيىم. ② ئى. پولەك تىلى: بو سۆز پولەكچە. ③ پولەك تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ: پولەكچە سۆزلىمەك.

**پولتۇق** تەق. مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نەرسىنىڭ سۇغا چۈشۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پولتۇق- پولتۇق** «پولتۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۆلدە بېلىق ئوينىسا پولتۇق ـ پولتۇق قىلىشىپ، خۇشال بولار باللار ئۇڭا قاراپ كۈلۈشۈپ.

**پولتۇققىدە** رەۋ. پولتۇق قىلغان ھالدا، پولتۇق قىلىپ: ئەركىن كىيىملىرىنى سېلىپ پولتۇققىدە سۇغا سەكرىدى.

**پولتۇقلاتماق** «پولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پولتۇقلاشماق** «پولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پولتۇقلىماق** پ. پولتۇق قىلغان ئاۋاز چىقارماق: يوغان داش قازاندا پولتۇقلاپ ئۇماچ قاينىماقتا ئىدى.

**پولتۇڭ** تەق. مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نەرسىنىڭ سۇغا چۈشۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: ھېلىقى مويسىپىت ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ پولتۇڭ قىلىپ كۆلچەككە سەكرەپ، يۈزىنى جەنۇب تەرەپكە قىلىۋالدى.

**پولتۇڭ- پولتۇڭ** «پولتۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پولتۇڭگىدە** رەۋ. پولتۇڭ قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، پولتۇڭ قىلىپ: ئابىت پوچى پور تېرەكتەك پولتۇڭگىدە ئۆستەڭگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى.

**پولتۇڭلاتماق** «پولتۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باللار بەس ـ بەستە پۇتلىرى بىلەن سۇنى پولتۇڭلىتىپ ئوينىدى.

**پولتۇڭلاشماق** «پولتۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پولتۇڭلىماق** ① پولتۇڭ قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، پولتۇڭ قىلماق: پولتۇڭلاپ كەتمەك. پولتۇڭلاپ تۇرماق. ② كۆچمە. ئىككى تەرەپكە ئېغىناپ ماڭماق: ئىچ كۆڭلەك بىلەن پولتۇڭلاپ چىققان تەلەيخان بوغچىغا سىنچىلاپ سەپسالدى.

**پولداق** ئى. تېزەك خالتىسى، ماياق خالتىسى.

**پولداڭ- سولداڭ** دىيال. ساڭگىل ـ سۇڭگۇل.

**پولدۇر** تەق. نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىش ھالىتى: پولدۇر قىلماق.

**پولدۇر- پولدۇر** «پولدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پولدۇرۇڭ** ① تەق. ئېسقىلىق تۇرغان نەرسىنىڭ تەۋرىنىش ھالىتى. ② كۆچمە. ئەگىشىۋالغۇچى، بىراۋ نەگە بارسا ئارقىسىدىن تەڭلا ئەگىشىپ يۈرگۈچى.

**پولدۇرۇڭ- پولدۇرۇڭ** ① «پولدۇرۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئايماي: باردا پولدۇرۇڭ ـ پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ (ماقال).

**پولدۇرۇڭ- سولدۇرۇڭ** پولدۇرۇڭ قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ھالەتلەر.

**پولدۇڭ** تەق. ئېغىرراق بىرنەرسە سۇغا چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز: پولدۇڭ قىلىپ سۇغا چۈشمەك.

**پولدۇڭ- سولدۇڭ** پولدۇڭ قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەت.

**پولدى-سولداڭ** دىيال. ساڭگىل ـ سۇڭگۇل.

**پولكا** ئى [ر<چېخ] <ئۇس> بىر خىل ئۇسسۇل، ئەسلىدە چېخلاردىن تارقالغان. ئۇنى ئىككى سەپكە تىزىلىپ، جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ: ناخشا ئورنىنى شوق، جۇشقۇن پولكا ئالدى. مامۇت ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى.

**پۇللۇق** سۈپ. پۇلى بار، ئاستىغا تاختاي ئورنىتىلغان: ئۇلار بۇرۇن پۇللۇق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى.

**پولونىي** ئى [لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Po(Polonium) . يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 138 كۈن.

**پولۇ** ئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى تامىقى، ئاساسىي ماتېرىيالى گۈرۈچ، ماي، گۆش، سەۋزە، پىياز قاتارلىقلار بولۇپ، قورۇپ، دەملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**پولىباش** [پولا+ باش ] سۈپ. ئەر ـ خوتۇنچىلىقتا خوتۇنىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا يول قويىدىغان ، كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان ؛ يۇمشاقباش : پولىباش ئادەم .

**پولىستىرىن** ئى [گرېك] <خىم> فېنىل ئېتىلېنىنىڭ پولىمېرلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يالتىراق، ئىزولياتورلۇقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېلېكتىر سانائىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، ئۇلترا قىسقا دولقۇن، رادار ۋە تېلېۋىزور قاتارلىقلار ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىزولياتور ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پولىتېخنىكا** سۈپ [ر] تېخنىكا تارماقلىرى، بۆلەكلىرى؛ تېخنىكا ساھەسى.

**پولىمېر** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **پولىمېرلار**.

**پولىمېرلار** ئى<خىم> خىمىيەۋى تەركىبى بىر خىل، ئەمما مولېكۇلالىلىرىدىكى ئاتوملار مىقدارى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماددىلار.

**پولىمېرلانماق** پ. پولىمېر ھالىتىگە كەلمەك .

**پولىيارىسكوپ** ئى [ر] <فىز> قۇتۇپلانغان ۋە يورۇقلۇق ھاسىل قىلالايدىغان لىنزا (ئەينەك). سۈزۈك كالتسىت قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**پوم** ئى ① قوناق ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تۆگىگە بېرىش ئۈچۈن راسلانغان كۇمىلاچ: ئۇ زالىمنىڭ ئۆيىدە يەيدىغىنىم كېپەكتە ياققان پوم. ② ھورنان، ھورلۇق نان، جىڭموما. ③ كالا تېزىكى بىلەن كۆمۈر ئۇۋۇندىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ پوملانغان يېقىلغۇ، قالىغۇلۇق: ئۆينىڭ ئالدىدا پوم تىزىلغان مەش تۇراتتى. ④ مەلۇم دائىرە، چېگرا، پاسىلنى بەلگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن توپىدىن سېلىنغان كىچىك دۆۋە: پاسىلغا پوم سالماق.

**پومبۇلاق** سۈپ. دىيال. يۇپيۇملاق، دوملاق.

**پومپا** ئى [ر<فران] <سانا> سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ تارتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. ئۇ ئارقىلىق سۇيۇقلۇقنى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا ياكى تۆۋەندىن يۇقىرى ئورۇنغا تارتىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

**پومپاق** سۈپ. پومپىيىپ چىققان، پومپىيىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان؛ قېلىن: يىگىت مەستۇرەنىڭ پومپاق لەۋلىرىگە ئىشتىياق بىلەن لېۋىنى باستى.

**پومپايتماق** «پومپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆلۈك يەپ قورساقلىرىنى پومپايتىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بۆرىلەر شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان قىسمىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاچاتتى.

**پومپايتىشماق** «پومپايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، باللار قورساقلىرىنى پومپايتىشىپ توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى.

**پومپايماق** پ. كۆپمەك، دومبايماق: چولپان سۇتكە تويۇپ، قورسىقى پومپىيىپ كەتكەن پاقلاننى تۇتۇپ تۇرۇپ دادىسىدىن سورىدى.

**پومداق** سۈپ. تۇرۇلۇپ يىغىلغان، كاللەك: ئۇ پومداق قەغەزنى يەردىن ئالدى.

**پومداقلاشماق** «پومداقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چۈجە ـ خورازلار پومداقلىشىشقا ئاز قالغاندا، كەنت باشلىقى زەپەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.

**پومداقلىماق** پ. تۇرۇپ يىغماق، كاللەك قىلماق: ئۇ يىرتىلغان كىرلىكنى پومداقلاپ سىيرىتمىغا سالدى.

**پومزەك** ئى. توپ، كىچىك توپ: پومزەك ئوينىماق. * كىمكى پومزەكنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا تېپىپ كۆپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.

**پومساق** سۈپ. دىيال. پومىغا ئوخشايدىغان، دومىلاق، يۇملاق، سېمىز.

**پومسايتماق** «پومسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قورسىقىنى پومسايتماق.

**پومسايماق** پ. كۆپمەك، كۆپۈپ ئۆرلەپ چىقماق، تۇرۇلمەك: قىزنىڭ ئالۇچىدەك چىرايلىق لەۋلىرى كۈلۈش ئۈچۈن پومسايدى.

**پوملاپ ـ سوملاپ** بىرەر ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا، ئەپلەپ ـ سەپلەپ، بىر ئامال قىلىپ: پوملاپ ـ سوملاپلا ئۆتكۈزۈۋەتمەك.

**پوملاتماق** «پوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پوملاشماق** «پوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تونۇر بېشىدىكى ئاياللار قوناق خېمىرىنى پوملاشقاچ ئۆزئارا قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

**پوملاق** سۈپ. يۇملاق، دۇگىلەك: پوملاق لاي. پوملاق كۆمۈر.

**پوملاقلاتماق** «پوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پوملاقلاشماق** ① «پوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىر ـ بىرىنى بېسىشماق: بۇ چاغدا خەلق چېرىكلەر بىلەن پوملاقلاشماقتا ئىدى.

**پوملاقلانماق** «پوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پوملاقلىق** سۈپ. پوملاقلانغان: ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پوملاقلىق، قىپقىزىل بىرنېمە تۇراتتى.

**پوملاقلىماق** پ. تۇرمەلەكلەپ يىغماق، كاللەك قىلماق: ئۇلار ماڭا قارنى پوملاقلاپ ئېتىشاتتى.

**پوملانماق** «پوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پوملىماق** پ ① پوم قىلماق، پومزەكلىمەك: خېمىرنى پوملىماق. لاينى پوملىماق. ② كۆچمە. كۆز بويىماق، ئالدىماق، ئەپلىمەك: پوملاپ ئۆتكۈزمەك.

**پومېشچىك** ئى [ر] كۆپ يەر ئىگىلىگەن كىشى، يەر ئىگىسى.

**پوند** ئى. مىسىر، ئىرلاندىيە، سىپرۇس، سۇدان، سۇرىيەلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پونكىت** ئى [ر<لات] ① يەر يۈزى ياكى بوشلۇقتىكى ئالاھىدە بەلگە ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نۇقتا، مەلۇم بىر جاي: ئاھالە ياشايدىغان پونكىت. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت، تەدبىر ئۈچۈن بېرىلگەن، مەخسۇس ئۈسكۈنىلەنگەن بىنا ياكى جاي: تېلېفون ئىستانسىسىنىڭ سۆزلىشىش پونكىتى.

**پوندىلەك** سۈپ. بەدىنى تولۇق، كېلىشكەن، چىرايلىق، ئوماق.

**پوۋاش** سۈپ. تىل ھا. قاپاقباش.

**پوۋۇسكا** ئى [ر] <قاتن> بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدىغان، چاقى ئېگىزرەك مەپە شەكىللىك هارۋا.

**پوۋېست** ئى [ر] <ئەد> رومانغا نىسبەتەن كىچىكرەك، سۇژېتى ئاددىيراق بەدىئىي نەسرىي ئەسەر، قىسسە.

**پوۋېستچى** ئى. پوۋېست يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، پوۋېست يازىدىغان ئادەم.

**پوۋېستچىلىق** ئى <ئەد> پوۋېست يېزىش ئىشى، پوۋېست يېزىش كەسپى: ئۇ ھېكايىچىلىقتىن پوۋېستچىلىققا، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا بالداقمۇ بالداق ئۆرلىدى.

**پوئېما** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ← **داستان.**

**پويرارىيە** ئى [لات] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ تەرلىتىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**پويىز** ئى [ر] <قاتن> بىر خىل قاتناش قورالى، ۋاگونلىرى بىر - بىرىگە ئارقىمۇئارقا چېتىلغان بولۇپ، تۆمۈريول ئۈستىدە ئوت كۈچى ياكى توك كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ.

**پۇبلىتسىستىك** سۈپ [ر] بۇبلىتسىستىكىغا ئائىت، بۇبلىتسىستىكىغا مۇناسىۋەتلىك، بۇبلىتسىستىكا خاراكتېرىدىكى؛ پۇبلىتسىستىكىلىق: بۇنداق چاغدا، مەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قولۇمغا قەلەم ئالىمەن، پۇتۇپ چىققانلىرى بەزىدە شېئىر، بەزىدە نەسر، بەزىدە پۇبلىستىك ماقالە بولۇپ چىقىدۇ.

**پۇبلىتسىستىكا** ئى [ر<لات] <ئەد> ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ۋاقىت خاراكتېرلىك سىياسىي ماقالە، ئوبزور قاتارلىق ئەسەرلەر.

**پۇبلىتسىستىكىلىق** سۈپ. پۇبلىتسىستىكىغا ئىگە، پۇبلىتسىستىكىغا ئائىت، پۇبلىتسىستىكا خاراكتېرىنى ئالغان، پۇبلىتسىستىك: پۇبلىتسىستىكىلىق ئەسەر. پۇبلىتسىستىكىلىق ماقالە.

**پۇت** I ئى ① ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يەرنى تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ ئاياغ: ئوڭ پۇت. پۇتنى ئالماپ ئولتۇرماق. ② كارىۋات، ئۈستەل، ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان قىسمى؛ ئايىغى: ئورۇندۇق پۇتى. سافانىڭ پۇتى. ئۈستەلنىڭ پۇتى.

**پۇت تېپىشمەك** بىرەر ئىشتا قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىشماق، زىتلاشماق، تالاشماق، رىقابەتلەشمەك: تۇرسۇن يوشۇرۇن ھالدا مەنسۇر بىلەن پۇت تېپىشمەكتە.

**پۇتقا چېتىق بولماق** توسالغۇ بولۇپ قالماق، پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالماق.

**پۇتقا ھۆل خىش قويماق** بىراۋنى ئورۇنسىز ماختاپ ئۇچۇرماق، كۆككە كۆتۈرمەك: قويۇپ «دوست» لار پۇتۇمغا ھۆل خىش، دېسە «سەن ھەممىدىن قالتىس». كۆرەڭلەپ مەنمۇ كۆڭلۈمدە، دېدىم: «مەن ھەممىدىن قالتىس».

**پۇتىغا چېتىۋالماق** ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھقا باشقا بىرىنى چېتىۋالماق.

**پۇت** II مىق [ر] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ بولىدۇ.

**پۇتاتماق** «پۇتىماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇنۇگۈن باللارغا تالنىڭ شاخلىرىنى پۇتاتتىم.

**پۇتا** ئى. دىيال. يۇلغۇن.

**پۇتاشماق** «پۇتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېپار-گۈل چوڭ ئاپىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى پۇتىشىپ بەردى.

**پۇتاق** ئى ① دەل - دەرەخلەرنىڭ غولى ياكى چوڭ شاخلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان تارمىقى، يان شېخى: خېمىر باتۇر چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، پۇتاقلارغا ئېسىلىپ چىنارغا چىقىپتۇ. ② كۆچمە. بىر پۈتۈن ياكى بىر يۈرۈش ئەقىدىلەرنىڭ مەلۇم تارمىقى، بۆلىكى: شەرىئەتنىڭ پۇتىقى تولا. ③كۆچمە. يېتەرسىزلىك، نۇقسان، كەمچىلىك؛ قۇسۇر: — سىزغۇ مېنىڭ گېپىمدىنمۇ، ئىشلىرىمدىنمۇ پۇتاق چىقىرىپلا تۇرىسىز، — دېدى ئايالى ئېرىدىن نارازى بولۇپ.

**پۇتاقلىق** سۈپ ① پۇتىقى بار: ئاقموللا پۇتاقلىق، كونا ئەگرى ھاسىغا تايانغىنىچە نازىمىنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېرىلىپ تىڭشىدى. ② پۇتىقى كۆپ؛ پۇتىقى، شېخى تولا: قېرى ئۈجمە دەرىخى كېچىدىكى سىرلىق پىچىرلاشلارنى ئۆزىنىڭ پۇتاقلىق، كەڭ، قوپال غولىغا سىڭدۈرۈپ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك سايە تاشلاپ تۇراتتى.

**پۇتالماق** «پۇتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يول بويىدىكى دەرەخلەر ئاساسەن پۇتىلىپ بولدى.

**پۇتبول** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> ئىككى كوماندىنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى تەرەپلىرىدىكى ۋاراتاغا ئاياغ بىلەن تېپىش ياكى باش بىلەن ئۇسۇش ئارقىلىق كۆپرەك توپ كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەربىيە ئويۇنى ۋە شۇ ئويۇندا ئوينىلىدىغان توپ.

**پۇتبولچى** ئى <تەن> پۇتبول ئويناشقا قىزىقىدىغان ياكى پۇتبول ئويناشقا ماھىر تەنھەرىكەتچى، پۇتبول ماھىرى: پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر پۇتبولچى بولۇپ يېتىشىپ چىقماقمۇ ئاسان ئەمەس.

**پۇتبولچىلىق** ئى <تەن> پۇتبول ئويناش ئىشى، پۇتبول كەسپى، پۇتبول ساھەسى: ئۇلار ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرى. * دۇنيا پۇتبولچىلىقىدىكى «ئەڭ».

**پۇتبولخۇمار** سۈپ [ر+ پ] پۇتبول ئويناشقا ئامراق، پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان، پۇتبولغا ھېرىسمەن: بىز دائىم شىنجاڭلىقلار پۇتبولخۇمار، پۇتبولغا ئۇنداق ھېرىسمەن، پۇتبولنى بۇنداق سۆيىدۇ... دەپ ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي سۆزلەيمىز.

**پۇترىماق** پ. دىيال. قوزغالماق، تەۋرەنمەك، سىلكىنمەك.

**پۇت- قول** پۇت ۋە قول: پۇت - قولىدا جان قالماسلىق.

**پۇت- قولنى چۈشمەك** بىرەرسىنىڭ ھەرىكىتىنى، پائالىيىتىنى چەكلەپ قويماق، قامال قىلماق، قىمىرلىيالمايدىغان قىلىپ قويماق: ئاممىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەيدىغان بۇنداق ئەمرىمەرۇپنى بەلگىلەپ بېرىش ئىنتايىن خاتا.

**پۇتلاتماق** «پۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇتلاشتۇرماق** «پۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ باھانە تېپىپ مېنى پۇتلاشتۇرۇشى، تۈز يولدا تېيىلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

**پۇتلاشتۇرۇشماق** «پۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇتلاشتۇرۇلماق** «پۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى.

**پۇتلاشماق** پ ① يول يۈرگەندە، ماڭغاندا پۇت بىر-بىرىگە ئۆرۈلۈپ ياكى تاقىشىپ مۇدۇرۇلمەك: ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بېرىپ، بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىكلەرگە دۇچ كەلمەك، يولۇقماق: ئۇ ئادىلنىڭ بىرەر ئىشتا پۇتلىشىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ يۈردى. ③ پۇتلىكاشاڭ، توسقۇن بولماق، تاقاشماق: سەن مېنىڭ ئىشىمغا تولا پۇتلاشما!

**پۇتلانماق** «پۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەرگە چاپلىشىپ ياتقان بۇغدايلاردىن بىرەر كىشىنىڭ مېڭىشىدىن پۇتلانغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

**پۇتلۇق** I سۈپ. پۇتى بار، پۇت بېكىتىلگەن: تۆت پۇتلۇق شىرە. * مېھمانخانا ئالدىدا ئىنچىكە پۇتلۇق، ئويناقلىغان سىرىق ئاتلارغا مىنگەن ساقچىلار تۇراتتى.

**پۇتلۇق** II سۈپ. مىقدارى مەلۇم پۇت ئېغىرلىقىدا بولغان.

**پۇتلىكاشاڭ** ئى [پۇتلا + كاشىلا] توسالغۇ، كاشىلا بولىدىغان نەرسە ۋە ھادىسە: ئۇ مېنىڭ ئىشىمغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ.

**پۇتلىكاشاڭلىق** ئى. توسالغۇلۇق: پۇتلىكاشاڭلىق قىلماق.

**پۇتلىماق** پ ① پۇت بىلەن باشقا بىرىنىڭ پۇتىنى ئىلىپ، يىقىتىشقا ئۇرۇنماق: تۇرسۇن يولدا جىم كېتىۋاتقان ئەخمەتنى قەستەن پۇتلىۋەتتى. ② كۆچمە. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەك، مەلۇم ئورۇن ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنماق: ئادىل ئىنىسىغا: — سادىقنىڭ نىيىتى يامان ئادەم، بىر كۈنى سېنى بىر ئىشتا پۇتلايدۇ، — دەپ جېكىلىدى.

**پۇتىما** ئى. ھارام شاخ، پۇتىلىشقا تېگىشلىك شاخ.

**پۇتىماق** پ. دەل - دەرەخلەر ۋە بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېرەكسىز شاخ - شۇمبىلىرىنى كېسىۋەتمەك: ئۇ ئەتىگەنلىك چايغا كەلگۈچە سالىنىڭ قارىياغاچ ۋە سۆگەتلىرىدىن ئىككى - ئۈچ سېۋەتلىك شۇڭ پۇتىۋالدى.

**پۇجۇڭ** ئى [خەن] تارىس. ۋاڭنىڭ ئايالىرىنىڭ پەخرىي نامى؛ ۋاڭنىڭ خوتۇنى: پۇجۇڭ خېنىم. چوڭ پۇجۇڭ ئاغىچا. كىچىك پۇجۇڭ ئاغىچا.

**پۇچ** سۈپ. ئىچى بوش، مېغىزى يوق، پۇچەك: پۇچ ياڭاق. * قاسىم ئاكام: — يېزا باشلىقى، قورساقنى ئېسىپ قويغىلى بولمايدۇ، باللارنىڭ يىلىكى پۇچ بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

**پۇچەك** سۈپ ① ئىچى بوش، مېغىز ئالالمىغان، مېغىزى يىگلەپ كەتكەن؛ مېغىزى تولمىغان: پۇچەك دان. پۇچەك بۇغداي. پۇچەك ئۆرۈك. پۇچەك ياڭاق. ② كۆچمە. ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، تايىنى يوق، قۇرۇق: سادىقجان جوزىغا مۇشتلاپ ۋارقىراپ تۇتۇرۇقسىز پۇچەك گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى.

**پۇچەكلەشتۈرمەك** «پۇچەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇلتۇر ئىسسىق شامال كۆپ چىقىپ بۇغدايلارنى پۇچەكلەشتۈرۈۋەتتى.

**پۇچەكلەشتۈرۈشمەك** «پۇچەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇچەكلەشتۈرۈلمەك** «پۇچەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇچەكلەشمەك** پ ① مېغىزى يوق پۇچەك ھالەتكە كەلمەك، پۇچەك بولۇپ قالماق: بۇ شالغا ئۈششۈك تېگىپ، پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكتىن جىق باسالمىدى. ② كۆچمە. مەنىسىز، قۇرۇق، چاكىنا بولۇپ قالماق: ئوقۇتقۇچى تۇرسۇننىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: ماقالىڭىزنىڭ ئاخىرى بىرئاز پۇچەكلىشىپ كېتىپتۇ.

**پۇچەكلىك** ئى. پۇچەك ھالەت: ياڭاق پۇچەكلىكتىن جىق باسمىدى.

**پۇچقاق** I ئى. ئىشتاننىڭ تىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان قىسمى: ئىشتاننىڭ پۇچقىقى. پۇچقاقنى تۈرمەك. ② چەت، ياقا: بۇلۇڭ - پۇچقاق.

**پۇچقاق** II ① ئى. ھەرخىل پارچە - پۇرات تېرە پۇرۇچلىرى: پۇچقاق جۇۋا. ② سۈپ. مەللە رەڭ، ئالتاغىل: پۇچقاق مۈشۈك.

**پۇچقاقلىق** سۈپ. پۇچقىقى بار: پۇچقاقلىق ئىشتان.

**پۇچۇق** سۈپ ① پارچىلانغان، ئۇچۇپ كەتكەن؛ سۇنغان: پۇچۇق چىنە. ② پۈتۈن ئەمەس، يېرىم: پۇچۇق نان. * ئەخمەت ۋە نۇردۇن ئەنە شۇ بىر زاغرىنى پۇچۇقتىن يېدى. ③ پاناق، ماكچايغان، كەمتۈك: بۇرنى پۇچۇق. * دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق (ماقال).

**پۇچۇقلاشماق** «پۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئىككىمىز بىر نان تاپساق پۇچۇقلىشىپ يەپ چوڭ بولغان ئىدۇق.

**پۇچۇقلانماق** «پۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەخسە پۇچۇقلىنىپ كەتتى.

**پۇچۇقلىماق** پ. پۈتۈن نەرسىنىڭ بىرەر يېرىنى سۇندۇرماق، پۇچۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئوشتۇماق: ئۆي ئىگىسى مېھمانلارغا: — قېنى، مېھمانلار، چايغا باقايلى، — دېگەچ، لېگەندىكى ناننى پۇچۇقلىدى.

**پۇچۇلدۇرماق** «پۇچۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇچۇلماق** پ ① بىر پۈتۈن ساق نەرسىنىڭ مەلۇم بىر يېرى سۇنۇپ كەتمەك، پۇچۇقلانماق، پۇچۇق بولماق: چەينەكنىڭ جوغىسى پۇچۇلۇپ كەتتى. ② قاتلىنىپ پۈرلىشىپ، ئەسلىي قىياپىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەك: قول يازمىنىڭ چۆرىلىرى پۇچۇلۇپ خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەنىدى. ③ كۆچمە. دەرد - ئەلەم، ئازاب دەستىدىن ئەسلىي كۆرۈنۈشىنى يوقاتماق، قورۇق چۈشۈپ، سەتلەشمەك (يۈز، چىراي ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ، گۈزەل ھۆسنى پۇچۇلغانىدى.

**پۇچۇلۇشماق** «پۇچۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇچىلاتماق** «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇچىلاشماق** «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇچىلانماق** ① «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: نومۇستىن يۈرىكى پۇچىلانغان قىز يۈرتىغا — ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتتى. ② «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوناق پۇچىلاندى.

**پۇچىلىماق** پ ① چوغ ياكى قوقاسقا تاشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ، سۈركەپ ياكى كۆمۈپ پىشۇرماق: باللار كۆكباش پۇچىلاپ يېدى. * بېشىر ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا گۈلخان يېقىپ دەستىلەرنى پۇچىلاپ ماتىغۇچ بىلەن ماتىدى. ② كۆچمە. ئازابلىماق، قىينىماق: رەشك ۋە كۈندەشلىك ئوتلىرى مەنسۇر بەگنىڭ ۋۇجۇدىنى پۇچىلىدى.

**پۇخا** ئى [پ] جان ت. پىغان: پۇخادىن چىقماق.

**پۇختا** سۈپ [پ] ① چىداملىق، چىڭ، مۇستەھكەم، پىششىق: پۇختا رەخت. پۇختا توقۇلغان پايپاق. ② بىرەر ئىش، كەسىپ ۋە ئىلىمدە ياخشى، پىششىق، مۇكەممەل: تاھىر رۇس تىلىغا پۇختا ئاساس سالدى.

**پۇختىلاتماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇختىلاشماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇختىلانماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پارتىزانلار تۈزۈشتى پىلانىنى باشقىچە، پۇختىلاندى بۇ جەڭنىڭ تەييارلىقى تاڭغىچە.

**پۇختىلىق** ئى. پۇختا ھالەت: ئىشنى پۇختىلىق بىلەن قىلماق. * يىگىت ئەسكەرلىرىنى پۇختىلىق بىلەن جەڭگە تەييارلاپتۇ.

**پۇختىلىماق** پ. پۇختا، چىڭ، مۇكەممەل قىلماق؛ مۇستەھكەملىمەك؛ پىششىقلىماق: قاشنى پۇختىلىماق. * بوۋاي پۇل يىغىپ تاشۋاينىڭ توي تەييارلىقىنى پۇختىلىيالىسام دەپ ئويلايتتى.

**پۇخسارىماق** پ. دومسايماق، باتنىماق: ئۇ نەچچە كۈن بولدى، چىرايىنى ئاچماي، پۇخساراپ يۈرىدۇ.

**پۇخۇن** ئى. دىيال. قۇرۇغۇن، خېمىرغا چېچىلىدىغان ئۇن.

**پۇخۇنلىماق** پ. دىيال. قۇرۇغۇن چاچماق.

**پۇخۇندىماق** پ. دىيال. قۇرۇغۇن چاچماق، ئۇن چاچماق: ئۇ قوناق خېمىرىنى پۇخۇنداپ، تونۇرغا يېقىشقا باشلىدى.

**پۇدەستە** ئى. دىيال. كۆڭلى قارا، تۇم قارا: ھەشقىپىچەك يۆگىلىپتۇ باغدىكى جىنەستىگە، نېمىدەپ كۆڭلۈمنى بەردىم، يار دېگەن پۇدەستىگە.

**پۇر** I تەق. قۇشلار ئۇچقان چاغدا قانىتىنىڭ ھاۋادا ھەرىكەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۈزۈمگە قونغان بىر توپ قۇشقاچ «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى.

**پۇر** II رەۋ [پ] تولغان، تارقالغان، يېيىلغان، بىر كەلگەن ھالەت: ئالەمگە پۇر كەتمەك.

**پۇراتماق** ① «پۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈشنى پۇرىتىپ قويماق. ياغ پۇراتماق. ② كۆچمە. ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە دېمەكچى بولغىنىنى ئەسكەرتمەك، شەپە بەرمەك، دارىتماق: ئۇ ئاخىرىدا ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئالاھىدە پۇراتتى.

**پۇراشتۇرماق** پ. پۇراش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماق: ئاپشاركا چىغلارنى پۇراشتۇرۇپ، تىللىرىنى چىقىرىپ ئاتنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭماقتا ئىدى.

**پۇراشماق** «پۇرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاپتوموبىل ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى موتور ھەرىكەتلەنگەندىكى كۆيگەن بېنزىننىڭ سېسىق ھىدىنى پۇراشتى.

**پۇراق** ئى ① پۇراش سېزىمى ئارقىلىق سېزىلگەن ھەر خىل ھىد: مەززىلىك پۇراق. سېسىق پۇراق. ② كۆچمە. ئالامەت، بەلگە، شەپە: ئۇ كىشىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن ئەمەلدارلىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. سۆزدە، ناخشا، مۇزىكا قاتارلىقلاردا ئۆزگىچە بىلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت؛ ئۇسلۇب: مەتتۇرسۇننىڭ تەلەپپۇزىدىن خوتەن دىيالېكتىنىڭ پۇرىقى چىقىپلا تۇرىدۇ.

**پۇراقچىلىق** ئى ① مەلۇم پۇراق ۋە ياكى شۇ پۇراققا ئوخشايدىغان ھەرخىل پۇراقلار قاپلىغان ھالەت، ھەرخىل پۇراقلار ئەتراپنى قاپلاپ كېتىش ھالىتى: ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن پۇراقچىلىق ئىكەن. * بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇرۇمچىنىڭ ئارقا كوچىلىرى ۋە كوچا ھاجەتخانىلىرى ئىنتايىن پۇراقچىلىق ئىدى. ② پۇراق چىقىرىش خۇسۇسىيىتى ۋە پۇراق پەيدا قىلىش، پۇراقنى تەڭشەش، بىلىش، ئىگىلەش ۋە پۇراقنى تەتقىق قىلىش ئىشى: ئىپار پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى خام ئەشياسى بولۇپلا قالماي، يەنە تېبابەت دورىگەرلىكىنىڭمۇ خام ئەشياسى.

**پۇراقسىز** سۈپ. پۇرىقى يوق، پۇرىقى بولمىغان: چۆللەردە ياشىنىغان يانتاقنىڭ ئەمما، شېكىرى كېسەلگە بولىدۇ داۋا. پۇراقسىز گۈل بولۇپ باغدا ئۆسكەندىن، چۆلدىكى يانتاقتەك ياشىغان ئەلا.

**پۇراقسىزلاندۇرماق** «پۇراقسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرۇبا يولىدىكى چوڭ - كىچىك تەرەت كۆچلۈك تارتىش كۈچى بىلەن سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۇراقسىزلاندۇرۇش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق پۇراقسىزلاندۇرۇلىدۇ.

**پۇراقسىزلاندۇرۇشماق** «پۇراقسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇراقسىزلاندۇرۇلماق** «پۇراقسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەملىكىتىمىز تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئالەم كېمىسىدە چوڭ - كىچىك تەرەتنى يىغىدىغان قۇرۇلما بار، چوڭ - كىچىك تەرەت سۇ سۈمۈرگۈچ ماتېرىيالى ئارقىلىق پۇراقسىزلاندۇرۇلىدۇ.

**پۇراقسىزلانماق** پ. پۇراقسىز بولماق، پۇراقسىز ھالەتكە كەلمەك، پۇراقسىز ھالەتكە ئايلانماق: ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن سېسىق پۇراقلىق ماددىلار پۇراقسىزلاندى.

**پۇراقلىق** سۈپ. پۇرىقى بار، پۇراپ تۇرىدىغان: خۇش پۇراقلىق گۈل. * — يېزىلاردا ئورما ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتتى، — دېدى ۋالىي پۇراقلىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ تۇرۇپ.

**پۇر- پۇر** «پۇر I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پۇرجا** ئى. دىيال. چولا، ۋاقىت، چاغ.

**پۇرچاق** ئى<بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. دېنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى: دادامغا يوق پۇرچاق ئانامغا نەدە (ماقال).

**پۇرچاقچى** ئى. پۇرچاق تېرىپ ساتقۇچى كىشى.

**پۇرچاقسىز** سۈپ. پۇرچىقى يوق، پۇرچىقى بولمىغان، پۇرچاق سالمىغان: ئۇلارنىڭ زاغرا نېنى ۋە پۇرچاقسىز ئېشى ھەرھالدا بار بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا قارىغاندا، بەرىبىر قەرزدىن قۇتۇلالماستەك غۇربەت تۇرمۇشنىڭ قۇچىقىدا ياشايدۇ.

**پۇرچاقلىق** ئى. پۇرچاق تېرىلغان، پۇرچاق ئۆسكەن يەر: بىز يەكشەنبە كۈنى پۈتۈن بىر كۈن پۇرچاقلىققا بېرىپ ئوت ئوتىدۇق.

**پۇررىدە** رەۋ ① «پۇر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «پۇر» قىلغان ھالدا: ھويلا تېمىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن بىر قارلىغاچ بېشىمىز ئۈستىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ② كۆچمە. ھەش - پەش دېگۈچە، تېزلا: قوناقتا بىرلا سۇ كىرىش بىلەن پۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ، غوللىرى جانلىنىپ كەتتى.

**پۇرژىنا** ئى [ر] ھەر خىل ماشىنا ۋە مېخانىزملارغا ئورنىتىلغان، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىلەن يىغىلىپ قىسقىرايدىغان ياكى ئۇزىرايدىغان ھەمدە ئۇزىرىغاندىن

كېيىنمۇ ئەسلىي ھالىتىگە قايتالايدىغان بۇرىما شەكىللىك قاتتىق جىسىم. ئۇ ئادەتتە قېتىشما پولاتتىن ياسىلىدۇ.

**پۇرژىنىلىق** سۈپ. پۇرژىنىسى بار، پۇرژىنا بېكىتىلگەن: پۇرژىنىلىق ئورۇندۇق. * ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىككى كىشىلىك قوش پۇرژىنىلىق سىم كارىۋات تۇراتتى.

**پۇرسەت** I ئى [ئە] بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەڭ قولاي بولغان ۋاقىت، پەيت: پۇرسەت كەلمەك. پۇرسەت كۈتمەك. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماق.

**پۇرسەت** II رەۋ. دىيال. بىرھازا، بىردەم.

**پۇرسەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] بىرەر مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدىغان، پۇرسەتنىڭ كويىغا چۈشكەن: پۇرسەتپەرەس ئادەم. * ھوشۇر گەپدان، ئىنتايىن پۇرسەتپەرەس بىرنېمە ئىدى.

**پۇرسەتپەرەسلىك** ئى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىش: بەزى گۇمانلىق كىشىلەر ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنى قەستەن قىستاپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ.

**پۇرسەتلىك** سۈپ. پۇرسىتى بار، پۇرسىتى بولغان، پۇرسەتكە ئىگە: نۇرغۇن رىيازەت چەككەن بۇ ئالىم ۋەتەن ئاسمىنىنى بىرمەھەل قاپلىغان قارا بۇلۇتلار قوغلىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ باھارى يېتىپ كەلگەن پۇرسەتلىك چاغلارنى تۈتىيا بىلىپ ئىشلىدى.

**پۇرقەت** ئى [ئە] ① ھىجرەت. ئۆزىگە ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك دەپ ھېسابلانغان كىشى ياكى نەرسىدىن ئايرىلىش؛ جۇدالىق، ھىجران: نىگارىم خاكىپايى دەپ كۆزۈمگە تۈتىيا قىلدىم، بويۇم يادەك ئېگىلدى پۇرقىتىڭدىن جان بولۇپ بىمار. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پۇرقەتلىك** سۈپ. ئايرىلغان، جۇدا بولغان: ئەي ۋەتەن غېمىڭدە پۇرقەتلىك بېشىم، گەر ئۆلسەم زاتىمغا ئېتىم ئېلىشماس. سەن ئۈچۈن كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن يېشىم، دۈشمەنگە قارشى گاڭ ئوقتىن قېلىشماس.

**پۇرقۇتماق** «پۇرقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈن شاد تەنتەنە ئىچىدە گۈزەل غۇلجا ناۋا قىلدى، چېچەكلەر پۇرقۇتۇپ ئىپار، چىمەنلەر شوق جۇلا قىلدى.

**پۇرقۇشماق** «پۇرقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەس - بەستە گۈللەرگە سۇ پۇرقۇشۇۋاتاتتى.

**پۇرقۇماق** پ ① سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنى ناسوس قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چاچماق: ئۇ بىكار بولسىلا گۈللەرگە سۇ پۇرقۇيتتى. ② ئات، ئېشەكلەر بوغۇز يېگەندە گېلىدا تۇرۇپ قالغان داننى ياندۇرۇش ئۈچۈن بۇرنىدىن ئاۋاز چىقىرىشقا ئېيتىلىدۇ: چىلان تورۇق ئات بوغۇز يەۋېتىپ، پات - پاتلا پۇرقۇپ قويىياتتى.

**پۇرقىراتماق** «پۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا بىر كىشى رېشاتكىدىن ئاتلارغا قارىغان ھالدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى.

**پۇرقىراشماق** «پۇرقىرىماق »پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇرقىرىماق** پ. ئىس - تۈتەك، پار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گاز ھالىتىدىكى ماددىلار پۇر - پۇر قىلىپ كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك: يېڭى سېلىنغان ئۆينىڭ تۈرخۈنىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىشقا باشلىدى.

**پۇرقىماق** پ. دىيال. بىخلانماق.

**پۇرلىماق** پ. دىيال. تالىماق، تالاپ باسماق: ئىت مۈشۈكنى پۇرلىۋەتتى

**پۇرۇپكا** ئى [ر] ① <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى ۋە يىلتىزى چوڭايغاندىن كېيىن تېنىنىڭ سىرتىدا ھاسىل بولىدىغان قوغدىغۇچى توقۇلما. ئۇ پارقىراق ۋە يېنىك بولىدۇ، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، ئېلاستىكىلىقى يۇقىرى بولىدۇ؛ توك، ئىسسىقلىق ۋە ئاۋاز قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدۇ. سانائەتتە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ. ② بوتۇلكا، شېشە ۋە ئىدىش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن پۇرۇپكا دەرىخىدىن ياسالغان قاپقاق، ياپقۇچ.

**پۇرۇپكىسىمان** سۈپ. شەكلى پۇرۇپكىغا ئوخشايدىغان، پۇرۇپكىدەك: موتور گەۋدىسى ئارىسىغا ماي ئۆتكۈزمەيدىغان مەخسۇس پۇرۇپكىسىمان قەغەزلەر قويۇلىدۇ.

**پۇرۇپكىلىق** سۈپ. پۇرۇپكىسى بار، پۇرۇپكا ئورنىتىلغان: پۇرۇپكىلىق قاچا.

**پۇرۇچ** ئى. تېرە، رەخت قاتارلىقلاردىن كىيىم-كېچەك پىچقاندا قالغان ئۇششاق پارچە: تېرە پۇرۇچى. لاتا پۇرۇچى. * پۇرۇچ يىغساڭ تون بولۇر (ماقال).

**پۇرۇلداتماق** «پۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇرۇلداشماق** «پۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇرۇلدىماق** پ پۇر - پۇر قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، پۇر - پۇر قىلماق: خاماندىكى بىر توپ قۇشقاچ مۈشۈكنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى.

**پۇرىتىلماق** «پۇراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغ پۇرىتىلماق.

**پۇرىماق** پ ① پۇراش سېزىمى ئارقىلىق بىرەر پۇراقلىق نەرسىنىڭ پۇرىقىنى سەزمەك: گۈل پۇرىماق. پۇراپ باقماق. * ئات قوي پادىسىنى ئايلىنىپ ئۆتتى - دە، يولنى نەچچە پۇراپ قويغاندىن كېيىن پۇشقۇرغىنىچە يول بويلاپ ئالغا مېڭىپ كەتتى. ② بىرەر نەرسىنىڭ پۇرىقى ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ ئۆز ئەتراپىغا تارىماق؛ دىماغقا ئۇرۇلماق؛ سېزىلمەك: دوختۇردىن دورا پۇرايدۇ. * ئۇ گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن تاماكا پۇرايتتى. ③ ئەسلىدىكى تەمى ۋە پۇرىقىدىن ئۆزگىرىپ باشقىچە پۇراق چىقىدىغان بولۇپ قالماق؛ بىقسىماق: يازنىڭ كۈنى گۆش ناھايىتى ئاسان پۇرايدۇ.

**پۇرىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_5H_4N_4$. رەڭسىز كىرىستال، ئادەم بەدىنىدە ئوكسىدلىنىپ سۈيدۈك كىسلاتاسىغا ئايلىنىدۇ.

**پۈزا** ئى ① ياغاچتىن ئىككى تەرىپى ئىنچىكە (تۈتقۇچلۇق)، ئوتتۇرىسى توم قىلىپ ياسالغان، مانتا، سامسىلارنىڭ جىلتىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان. ② موزدۇزلارنىڭ ئاياغ كىيىمنىڭ ئاپقۇت ۋە باشلىقىنى سۈرۈپ پارقىرىتىدىغان كىچىك ياغاچ سايمىنى.

**پۈزۈر** سۈپ. چىرايلىق، سۆلەتلىك، مەدەنىي: پۈزۈر ئۆي. پۈزۈر كىيىم.// پۈزۈر ياسانماق. پۈزۈر كىيىنمەك.

**پۈزۈرلاشماق** پ. پۈزۈر ھالەتكە كەلمەك، پۈزۈر بولماق: ئۆي ئىچى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكلا پۈزۈرلىشىپ كېتىپتۇ.

**پۈزىلىماق** پ ① زوۋۇلا قىلىنغان خېمىرنى پۈزا بىلەن ئاچماق: خېمىرنى پۈزىلىماق. ② پۈزىنى ئاياغ كىيىمگە سۈرتۈپ سىلىقلاتماق، پارقىراتماق: ئۆتۈكنى پۈزىلىماق.

**پۇس** تەق. يەل ۋە گاز ھالىتىدىكى جىسىملارنىڭ قاچىلاندىغان نەرسىنىڭ تۆشۈكىدىن مەلۇم بېسىم بىلەن سىرتقا ئېتىلىپ چىققاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز: ھارۋا كامېرىنىڭ يېلى پۇس قىلىپ چىقىپ كەتتى.

**پۇستانچى** ئال. نامەلۇم كىشىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ پالاقلاپ يۈرۈپ كۆرگەنلا ئادەمگە «پالانچى ئانداق، پۇستانچى مۇنداق» دەپ غەيۋەت قىلىپ بېرەتتى.

**پۇستانى** ئال. نامەلۇم ئادەم ياكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ پۇستانى ئادەم. پۇستانى كىشى. پۇستانى نەرسە.

**پۇسسىدە** رەۋ. پۇس قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، پۇس قىلىپ: يولدا كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ كامېرىغا نېمىدۇر بىر نەرسە كىرىپ پۇسسىدە يېلى چىقىپ كەتتى.

**پۇسكايتماق** «پۇسكايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەيىب سىلىدە ئەمەس ئۇستام! ئەيىب ماۋۇ جۇۋىدا، جۇۋا سىلىنى قوي سۈرىتىدە قىلىپ پۇسكايتىپ كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا، بىز ھەرگىز تاپالمايتتۇق، — دېدى ئۇ.

**پۇسكايتىلماق** «پۇسكايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇسكايماق** پ. دوڭغايماق، دومبىيىپ كۆرۈنمەك: قارنىڭ ئاستىدا قىشچە كۆمۈلۈپ ياتقان جەسەت ئەتىيازدا مانا مەن دەپ پۇسكىيىپ ئاشكارىلاندى.

**پۇسكىيىشماق** «پۇسكايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇسمىلاق** سۈپ. يۇمىلاق ۋە سېمىز (چىراي، تەن قۇرۇلۇشى ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاق پۇسمىلاق كەلگەن بىرلا قىزى بار.

**پۇسۇر** I تەق. بەزى كىشىلەر يول يۈرگەندە ئايىغىدىن چىققان ئاۋاز: پۇسۇر قىلىپ ماڭماق.

**پۇسۇر** II سۈپ. دىيال. تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، ئىختىيارسىز.

**پۇسۇر- پۇسۇر** «پۇسۇر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — پۇسۇر - پۇسۇر مېڭىپلا يۈرمەي، ئولتۇرۇپ دەرسىڭنى تەييارلىساڭچۇ، — دېدى ئانىسى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ.

**پۇسۇرلىماق** پ. پۇسۇر قىلغان ئاۋاز ياكى شەپە چىقارماق: زىۋىرشا ئادىتى بويىچە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ قاراڭغۇ ھويلىسىدا پۇسۇرلاپ يۈرگەنىكەن.

**پۇسۇلدىماق** پ. پۇس- پۇس قىلغان ئاۋاز ياكى شەپە چىقارماق.

**پۇش** تەق ① ئادەم ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ ھاسىراپ تىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: پۇش قىلىپ ھاسىرىماق. ② پار ياكى قايناق سۇنىڭ مەلۇم تۆشۈكتىن بېسىم بىلەن ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: پويىز بېكەتكە يېتىپ كېلىپ توختىشى بىلەن تەڭ «پۇش» قىلىپ پار قويۇپ بەردى.

**پۇشايمان** ئى [پ] ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ئۆكۈنۈچ؛ ھەسرەت، نادامەت: كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (ماقال).

**پۇشايمان قىلماق** ئەپسۇسلانماق، ئۆكۈنمەك، پۇشايمان يېمەك: بۆرە تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ بارمىقىنى چىشلەپتۇ.

**پۇشايمان يېمەك** پۇشايمان قىلماق: پاتىگۈل نىجاتنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان پۇشايمان يېدى.

**پۇشايمانسىز** رەۋ. پۇشايمان قىلماي، پۇشايمان يېمەي: ئۆمۈرنى پۇشايمانسىز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋىجدانىڭ بولسۇنكى جىنىڭدىن ئەلا. ھەر سۆزۈڭ قىلىچ بولۇپ قىرسۇن دۈشمەننى، ئىرادەڭ ئالدىدا خەس بولسۇن بالا.

**پۇشايمانلىق** سۈپ. پۇشايمىنى بار، پۇشايمان يېگەن: ئۇنىڭ پۇشايمانلىق ياشلىرى كۆزىدىن خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

**پۇش- پۇش** «پۇش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يېڭىلا ئوپېراتسىيەدىن چىققان كېسەل «پۇش-پۇش» تىنىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ.

**پۇشت** ئى [پ] ① ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇقى ياكى تۇخۇمىدا بولىدىغان، مەلۇم شارائىتتا راۋاجلىنىپ تۆرەلمىگە ئايلىنىدىغان، ئۆز راۋاجلىنىشىنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىدىكى ھۈجەيرىسى: مەن ئۆز پۇشتۇمدىن تاپقان بالىنىڭ خۇي - پەيلىنى بۇگۈن بىلىۋالدىم. ② ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئەجدادى ۋە كېيىنكى ئەۋلادى، نەسلى: ھاكىم ھەرقانچە ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ يەنە شۇ بوۋاينىڭ پۇشتىغۇ؟

**پۇشتاك** ئى. دىيال ① ئات توقۇغاندا كۆرپىنىڭ ئۈستىدىن تارتىدىغان تۆشلۈك. ئۈلتاڭ. ② چۇلۋۇر.

**پۇشتەك** ئى. مېتال، يالتىراق قاتارلىقلاردىن ياسالغان، پۇۋلەپ چالىدىغان كىچىك سايمان. بۇ كۆپىنچە كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، گىمناستىكا، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ: پۇشتەك چالماق.

**پۇشتەكلىمەك** پ. دىيال. نەچچە موللاقلاپ كەتمەك.

**پۇشتىپاناھ** ئى [پۇشت + ى + پاناھ] ئىشەنچلىك، ھىمايىچى، ھامىي: رەھىم ئەيلىدى ئول خۇدايىم، پىرلار بولدى پۇشتىپاناھىم، ھەققە يەتتى چەككەن ئاھىم، يۇسۇپ ئەھمەد شاھنى كۆردۈم.

**پۇشتىپاناھسىز** سۈپ. ئىشەنچلىك ھىمايىچىسى يوق، ھامىيسىز: ئۇ بىر پۇشتىپاناھسىز يېتىم بالا ئىدى.

**پۇشتىپاناھلىق** سۈپ. ھامىيسى بار، ئىشەنچلىك ھىمايىچىگە ئىگە: ئۇ ئەمدى پۇشتىپاناھلىق، غەمخورلىرى بار بىر يىگىتكە ئايلاندى.

**پۇشتىگەردان** ئى [پ] نەققاشلارنىڭ نەقىش ئويۇشتا ئىشلىتىدىغان ئەگرى پىچىقى.

**پۇشقۇرتماق** «پۇشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېشىكىنىڭ بۇرنىنى تاياق بىلەن غىدىقلاپ پۇشقۇرتاتتى.

**پۇشقۇرماق** پ. بۇرنىنى قاقماق، چۇشكۇرمەك (ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارغا قارىتا): ئۆرۈككە باغلانغان بوغاز ئېشەك ئۇزۇن - ئۇزۇن پۇشقۇرۇپ تۇراتتى.

**پۇشقۇرۇشماق** «پۇشقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتلارمۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك پۇشقۇرۇشۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى.

**پۇشماق** پ. كۆپىنچە ئىگىلىك بىلەن تۇرلەنگەن «ئىچ» سۆزىدىن كېيىن كېلىپ، «تىت-تىت بولماق، زېرىكمەك، تاقەتسىزلەنمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىچىم پۇشتى. ئىچىڭ پۇشۇۋاتامدۇ؟

**پۇشۇرماق** «پۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بولدى، بولدى يىگىتبېشى، ئىچىمىزنى تولا پۇشۇرماڭ، — دېدى مۇھەممەتكېرىم خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ توختىنىيازغا.

**پۇشۇرۇشماق** «پۇشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بۈنچىۋالا ئىچىمىزنى پۇشۇرۇشۇپ ئولتۇرغۇچە ناخشا - ساز بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچمايمىزمۇ، — دېدى ئارسلان.

**پۇشۇق** ئى. مەلۇم سەۋەب بىلەن كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ھاسىل بولىدىغان بىر خىل زېرىكىش، تىت ـ تىتلىق ھالەت: مەندە ئوقۇسا ئىچ پۇشۇقى چىقىرىدىغان كىتاب يوق.

**پۇشۇقماق** پ. ئىچى تىتىلدىماق، جىلە بولماق: ھاشىم ئاكام شېرىن ئۇيقۇسىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە پۇشۇقۇپ قالدى.

**پۇشۇلداتماق** «پۇشۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ بارە، نېرى! بۇرنۇڭنى پۇشۇلداتماي، ـــ دېدى خالىق ئاچچىقى بىلەن.

**پۇشۇلداشماق** «پۇشۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۈك يۈكلەنگەن قوتازلار بولسا ئېغىر پۇشۇلدىشىپ سۇرمانىڭ قېشىدا تىزىلىپ ياتتى.

**پۇشۇلدىماق** پ. بۇرۇن بىلەن پۇش ـ پۇش ئاۋاز چىقىرىپ تىنماق، پۇش ـ پۇش قىلماق، ھاسىرىماق: ئۇ خۇددى يىراق يەردىن كەلگەندەك پۇشۇلداپ كەتتى.

**پۇقرا** ئى [ئە] ① بىرەر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىدىكى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشى. ② ئاددىي ئاۋام خەلق: ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ (ماقال).

**پۇقراپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] پۇقرالارنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ھمايە قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ھەمدە ھەرتەرەپلىمە ياردەم بېرىدىغان؛ پۇقرالارنى ياقلايدىغان، پۇقرا تەرەپدارى: پۇقراپەرۋەر رەھبەر. پۇقراپەرۋەر بولماق.

**پۇقراپەرۋەرلىك** ئى. پۇقرالارنى ھمايە قىلىش، پۇقرالارنى ياقلاش، پۇقرا تەرەپدارلىق: ئېلىخان قەمبەر بېگىم دۆلەتمەن، ھوشيار ۋە پۇقراپەرۋەرلىك ئېگى مۇستەھكەم بىر ئادەم ئىدى.

**پۇقراچە** ① رەۋ. پۇقرالار پاسونىدا، پۇقرالارغا ئوخشاش: پۇقراچە كىيىنمەك. پۇقراچە ياسانماق. ② سۈپ، پۇقرالارغا خاس، پۇقرالاردەك، پۇقرالارغا ئوخشاش، ئاددىي ئاۋام خەلقتەك: پۇقراچە كىيىم. پۇقراچە تۇرمۇش.

**پۇقراچىلىق** ئى. پۇقرالارغا خاس تۇرمۇش؛ پۇقرالارغا خاس ھال ـ ئەھۋال؛ پۇقرالار ئىگە بولالىغۇدەك ھوقۇق، ئىمكانىيەت: نېمە ئىلاج، پۇقراچىلىق ـ تە.

**پۇقرادارچىلىق** ئى. پۇقرالىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، پۇقرالىق بۇرچىنى ئۆتەش، پۇقرا بولۇپ ياشاش ئىشى: مۇبادا ئۇلار سەللا نارازى بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ سەلتەنىتىدە پۇقرادارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ قىلچىمۇ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلماستىن قىرىپ تاشلاپ، كەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىشىڭلار كېرەك.

**پۇقرالىق** سۈپ. پۇقرالارغا خاس، پۇقرالارغا تېگىشلىك: پۇقرالىق ھوقۇق. پۇقرالىق گۇۋاھنامە.

**پۇقراۋى** سۈپ [ ئە ] ① پۇقرانى ئاساس قىلىدىغان، پۇقرانى نەزەردە تۇتىدىغان: پۇقراۋى ئاشخانا. پۇقراۋى ياتاق. ② ئاۋام پۇقرا تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن، ئاۋام پۇقرا باشقۇرۇشىدىكى، شەخسىيلەر ئىگىلىكىدىكى، شەخسلەر ئاچقان، شەخسىي: پۇقراۋى دوختۇرخانا. * ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرقانچە پۇقراۋى ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلدى. * پۇقراۋى دوختۇرخانىلار چىقىش يولى تاپىمەن دەيدىكەن، ئەڭ ئاۋۋال سەممىي بولۇپ، ياخشى ئوبراز تىكلىشى كېرەك.

**پۇقراۋىلىق** ئى. ئاۋام پۇقراغا ئالاقىدار ئەھۋال، ھالەت ياكى ئىش.

**پۇڭ** I مىق [خەن] يەر يۈزى ئۆلچەم بىرلىكى، كۆلىمى تەخمىنەن 66 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ بولىدۇ.

**پۇڭ** II مىق [خەن] ئەڭ كىچىك پارچە پۇل بىرلىكى، بىر پۇڭ ئون لىغا تەڭ بولىدۇ.

**پۇڭلۇق** I سۈپ. كۆلىمى پۇڭغا باراۋەر كېلىدىغان، پۇڭ چوڭلۇقىدا: بۇ ئىككى پۇڭلۇق بۇغداي يېرى ئىدى.

**پۇڭلۇق** II سۈپ. پۇڭ قىممىتىدىكى، پۇڭغا تەڭ: ئىككى پۇڭلۇق پۇل. * ئۇ يانچۇقىدىن بىر دانە بەش پۇڭلۇق مېتال پۇلنى ئالدى.

**پۇڭمەنزە** ئى [خەن] ماش ئۇنى. ئۇنىڭدىن لەڭپۇڭ ۋە پىنتوزا ئىشلىنىدۇ.

**پۇل** ئى [پ <گىرېك] ① سودا مۇئامىلىلىرىدە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان، دۆلەت مالىيەسىگە ئاساسەن دۆلەت تەرىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە مۇقىم ۋە بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇراقلاشتۇرۇلغان، مېتال ياكى قەغەزدىن ياسالغان بەلگە؛ ئاقچا: قەغەز پۇل. * پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى (ماقال). ② كاپىتال، مەبلەغ: قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجراتماق.

**پۇلا** ئى. بوتسۋانا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پۇلاڭ** تەق. بىرنەرسىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپكە سىلكىنىپ يانتۇلىشىش ھالىتى: پۇلاڭ ـ پۇلاڭ. پۇلاڭ قىلماق.

**پۇلاڭ ـ پۇلاڭ** «پۇلاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پۇلاڭ ـ سالاڭ** پۇلاڭ قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ھالەت: سېھرىي كۈچىدىن قالغان جادۇگەر پۇلاڭ ـ سالاڭ دەسسەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**پۇلاڭگىدە** رەۋ. پۇلاڭ قىلغان ھالدا: پۇلاڭگىدە چۈشمەك. پۇلاڭگىدە يىقىلماق.

**پۇلاڭلاتماق** «پۇلاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سونۇر غۇلچىنى كەڭ كېرىپ يوغان مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى.

**پۇلاڭلاشماق** «پۇلاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇلاڭلىماق** پ. ئىككى تەرەپكە سىلكىنمەك، چايقالماق: باراڭدىكى قاپاقلار شامالدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

**پۇل ـ بىسات** پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر.

**پۇلپەرەس** سۈپ [پ] پۇلغا ئامراق، دائىم پۇلنىڭ غېمىدە بولىدىغان: ئۇ دۇنياغا تويمايدىغان پۇلپەرەس ئادەملەرنىڭ بىرى.

**پۇلپەرەسلىك** ئى. پۇلغا ئامراقلىق، دائىم پۇلنىڭ غېمىدە يۈرۈش: ئادەتتە، پۇلپەرەسلىك كىشىلەرگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرگەن ئەمەس.

**پۇل ـ پۇچەك** پۇل ۋە پۇلنىڭ رولىنى ئوينايدىغان نەرسىلەر: ـــ ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. قورساق قايغۇسىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، پۇل ـ پۇچەككىمۇ، رۇزغارغىمۇ ئېرىشتۇق، ـــ دېدى مەسۇم ئاكام بىر يۆتىلىپ قويۇپ.

**پۇلتاڭ** سۈپ. پۇلتايغان: ئۇنىڭ يۇمىلاق، پۇلتاڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

**پۇلتايتماق** «پۇلتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆزلىرىنى پۇلتايتىپ، نەدىكى سەت قىلىقلارنى قىلاتتى.

**پۇلتايماق** پ. ئىچكى قىسمىدىن تومپىيىپ سىرتقا چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ يۈزىگە بىر نەرسە پۇلتىيىپ چىقىپ قاپتۇ.

**پۇلتىيىشچان** سۈپ. ئاسانلا پۇلتىيىپ چىقىدىغان، پۇلتىيىپ چىقىش بىلەن پەرقلىنىدىغان: پۇلتىيىشچان قالقان بەز ئىششىقى.

**پۇلتىيىشماق** «پۇلتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇلدار** سۈپ [پ] كۆپ پۇلغا ئىگە بولغان، پۇلى كۆپ: پۇلدار ئادەم. پۇلدار ئائىلە.

**پۇلدان** ئى [پ] مەخسۇس پۇل سېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قاپچۇق.

**پۇلسىرات** ئى [پ + ئە] ① <دىن> دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە، دوزاخ ئۈستىدىكى ساۋابلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ئۆتەلەيدىغان كۆۋرۈكنىڭ نامى: پۇلسىرات كۆۋرۈكى. پۇلسىراتتىن ئۆتمەك.

**پۇلسىز** سۈپ ① پۇلى يوق، پۇلى بولمىغان: پۇلسىز ئادەم. // مەن بۇ يەردىن قايتقاندا پۇلسىز قالماي دەپ، پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى بىر يەرگە يوشۇردۇم. ② پۇل تۆلەنمەيدىغان، ھەقسىز، بىكارغا: پۇلسىز داۋالىماق. پۇلسىز كىنو قويماق. * ھۆكۈمەت باللارنى پۇلسىز ئوقۇتتى.

**پۇلسىزلىق** ئى. پۇلى يوقلۇق، پۇلى بولماسلىق: دەرۋەقە، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ بىر ئايدىن بېرى ئۆيسىزلىك، دوستسىزلىق، پۇلسىزلىقنىڭ ئازابىنى بولۇشچە تارتتىم.

**پۇلقاپ** ئى. پورتمان، ھەميان، قاپچۇق.

**پۇللۇق** سۈپ ① پۇلى بار، پۇلى كۆپ: پۇللۇق ئادەملەردە بەختكە قارىغاندا غەم كۆپ بولىدۇ. ② كۆچمە. باھاسى يۇقىرى، قىممەت باھادىكى، قىممەتلىك: پۇللۇق نەرسە. پۇللۇق گىلەم.

**پۇل - مال** پۇل ۋە مال، مال - دۇنيا.

**پۇلۇق** ئى. دىيال. سىم ياكى دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇلغان كىچىك سېۋەت، توقۇلما باغلىق كىچىك سېۋەت، قوشۇقلۇق.

**پۇمىي** ئى<ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لەنپىڭ، نىڭلاڭ، ۋېيشى قاتارلىق ناھىيەلىرىگە جايلاشقان.

**پۇنۇس** ئى<بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يۇمران مايىسىسى ۋە يۇمران مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ؛ ئۇرۇقىنى چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ پىشقان ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۆتنى تازىلاش، ئىسسىق يەلنى ھەيدەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئۈچەينى سىلىقلاش رولىغا ئىگە.

**پۇيپۇلىماق** پ.دىيال ① ئاياغ ئاستى قىلماق، دەسسىمەك، بۇزەك قىلماق. ② باھانە قىلماق، ئاغى قىلماق. ③ ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەك.

**پۆپۈچەك** ئى. نەرسىلەرنىڭ پۆپۈككە ئوخشايدىغان قىسمى، پۆپۈكى: قوناقنىڭ پۆپۈچىكى.

**پۆپۈچەكلىك** سۈپ. پۆپۈچىكى بار، پۆپۈچەككە ئىگە.

**پۆپۈك** ئى ① نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن قادىلىدىغان بىر باغلام يىپ ياكى تالا - تالا قىلىپ كېسىلگەن قەغەز ۋە رەخت، ياكى رەڭدار قۇش پېيى: دوپپىنىڭ پۆپۈكى. ② بىرەر نەرسىنىڭ بىر ئۇچىغا ياكى چۆرىسىگە تۈتۈلغان ياكى ئۆزىدىن ئىشلەنگەن تالالار: قامچىنىڭ پۆپۈكى. نەيزىنىڭ پۆپۈكى. لەۋھەنىڭ پۆپۈكى. ③ قۇشلارنىڭ بېشىدىكى پۆپۈك شەكلىدە بىرئاز ئېگىز ئۆسكەن تۈكلىرى: دەمدەرنىڭ پۆپۈكى. توخۇنىڭ پۆپۈكى. ④ بەزى زىرائەتلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشى توختىغاندىن كېيىن ئۆسۈپ چىقىدىغان پۆپۈككە ئوخشاش قىسمى: قوناقلار تەكشى پۆپۈك چىقاردى.

**پۆپۈكسىز** سۈپ. پۆپۈكى يوق، پۆپۈك ئېسىلمىغان: پۆپۈكسىز قىلىچ.

**پۆپۈكسىمان** سۈپ. پۆپۈكتەك، پۆپۈككە ئوخشايدىغان: پۆپۈكسىمان چاچ.

**پۆپۈكلىمەك** پ. قوناق، قومۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر پۆپۈك چىقارماق.

**پۆپۈكلۈك** سۈپ. پۆپۈكى بار، پۆپۈكى بولغان: پۆپۈكلۈك مېكىيان. پۆپۈكلۈك قامچا.

**پۆرە** ئى. خېمىرنىڭ ئىچىگە كۆكتات، گۆش، تۇخۇم قاتارلىقلاردىن قىلىنغان قىيمىنى سېلىپ، قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان سامسا تۈرىدىكى بىر خىل تاماق.

**پۆشۈلۈ** سۈپ. دىيال. تىلىنى چايناپ سۆزلەيدىغان، سۆزى ئېنىق ئەمەس كىشى؛ گاچا؛ دۆت؛ ھاڭۋاقتى، پاڭقۇش.

**پۆكەن** سۈپ. تېخى پۈتۈنلەي قۇرۇمىغان ئۈزۈم.

**پۆگەن** ئى. دىيال. بۆجەن.

**پۈتەي** سۈپ. تېشىلمىگەن ياكى تولۇق تېشىلمىگەن، ئېتىك، تۆشۈكسىز، ئېچىلمىغان: پۈتەي تۆمۈر. پۈتەي نوكەش.

**پۈتەيلىك** ئى. پۈتەي ھالەت.

**پۈتكۈزمەك** I «پۈتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ سۆھبەت بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا، سۇلايمان ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى يېزىپ پۈتكۈزدى.

**پۈتكۈزمەك** II «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناھايىتى خۇشال بولغان پادىشاھ لەشكىرى مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتىپ تىلخەت پۈتكۈزۈپتۇ.

**پۈتكۈزمەك** III «پۈتمەك III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بەرگەن دورىسى بۇرنۇمنى پۈتكۈزۈپ قويدى.

**پۈتكۈزۈشمەك** I «پۈتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قەدىرلەشتى مىنۇت - سېكۇنتنى، ئازايتىشچۇن ئۇلار زىيانىنى. غەلىبە قىلىپ بۇ نازۇك ئىشتا، پۈتكۈزۈشتى يېڭى داستانىنى.

**پۈتكۈزۈشمەك** II «پۈتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈشمەك** III «پۈتكۈزمەك III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈلمەك** I «پۈتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بىنا ناھايىتى تەستە پۈتكۈزۈلدى.

**پۈتكۈزۈلمەك** II «پۈتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈلمەك** III «پۈتكۈزمەك III» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈتكۈل** سۈپ. بارلىق، پۈتۈن: پۈتكۈل دۇنيا. پۈتكۈل خەلق.

**پۈتمەس** سۈپ. پۈتمەيدىغان، تۈگىمەيدىغان، چېكى يوق، چەكسىز: ھارۋىنىڭ جابدۇقى پۈتمەس، خوتۇن كىشىنىڭ كىيىمى پۈتمەس (ماقال).

**پۈتمەس - تۈگىمەس** پۈتمەيدىغان ھەم تۈگىمەيدىغان،

چەكسىز، ھېسابسىز: مەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس خۇشاللىق ئىچىدە
مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىگە باقتىم.

**پۈتمەك** I پ ① ئاخىرىغا يەتمەك، تاماملانماق، تۈگىمەك،
ئاياغلاشماق: تەييارلىق پۈتمەك. * پۈلۈڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا (ماقال). ② تەييار بولماق: كىيىم پۈتمەك.
* كۆپچىلىكنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش
مۆلچەرلىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتتى.

**پۈتمەك** II پ. يازماق، خاتىرىلىمەك: ئامان شاھ ئۆز شەھىرىگە
قايتقاندىن كېيىن دەرھال بىر پۈتۈك پۈتۈپ ئەلچىلەرگە تۇتقۇزۇپ يولغا
ساپتۇ.

**پۈتمەك** III پ ① ئىچىدىكى بوشلۇق تىنىپ كەتمەك، تۆشۈ-
كى ئېتىلىپ قالماق؛ پۈتەي ھالەتكە كەلمەك: يىڭنىنىڭ تۆشۈكى
پۈتۈپ قاپتۇ. ② بوغۇلماق، گاراڭ بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ قۇلىقى
پۈتۈپ قاپتۇ. * ناخشىچى قىزنىڭ ئاۋازى بىر ئاز پۈتۈپ قالدى.

**پۈتمەك** IV پ. ئىشەنمەك: باشقىلارنىڭ سۆزىگە چىن پۈتمەك.

**پۈتمىش** ئى. پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك، تەقدىر: مۇشۇ
گۈزەل زېمىندىن، قۇشلارنىڭ شوخ سايراشلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ
كىشىنىڭ، لېكىن نېمە چارە بار، پۈتمىشىگە تەن بېرىش كېرەك ـ تە!

**پۈتۈجمەك** پ. ديال. ئېتىلمەك، تولۇقلانماق، پۈتۈنلەنمەك.

**پۈتۈشتۈرمەك** «پۈتۈشمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈتۈشمەك** I پ. كېلىشمەك، توختاملاشماق، قارارلاشماق:
ئەزىز ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق قىز رەھىمە بىلەن دېكابىر ئايلىرىدا توي
قىلىشقا پۈتۈشكەنىدى.

**پۈتۈشمەك** II «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ئولتۇراتتى باللار، بۇندا كىتاب ئوقۇشۇپ، تەسىراتنى بەس ـ بەستە،
دەپتىرىگە پۈتۈشۈپ.

**پۈتۈشمەك** III «پۈتمەك III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
مەرھۇمنىڭ بالىلىرى تولا يىغلىشىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈشۈپ كەتتى.

**پۈتۈشمەك** IV «پۈتمەك IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
ھەرقايسىلىرى مېنىڭ گېپىمگە پۈتۈشمەيۋاتامىلا نېمە ؟

**پۈتۈشۈشمەك** I «پۈتۈشمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتۈشۈشمەك** II «پۈتۈشمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتۈشۈلمەك** «پۈتۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
پۈتۈشۈلگەن ۋاقىت بويىچە سەمەت پىروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىغا
كىردىم، ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

**پۈتۈك** I ئى. يېزىلغان، ئويۇلغان ياكى بېسىلغان يېزىق؛
خەت، مەكتۇپ، كىتاب: مەن كۆرگەن تېبابەت پۈتۈكلىرىدە «ماش تالقىنى
يۆرەكنى ئاسرايدۇ، ئاغرىقنىڭ زەھىرىنى يۆرەككە ئۆتكۈزمەيدۇ» دېيىلگەن.

**پۈتۈك** II سۈپ ① بوشلۇق تىنىپ قالغان؛ تۆشۈكى ئېتىلىپ
قالغان، پۈتەي: بۇ يىڭنىنىڭ كۆزى پۈتۈك ئىكەن. ② بوغۇلغان،
ياڭراق چىقمايدىغان بولۇپ قالغان: ئۇنى پۈتۈك.

**پۈتۈكچى** ئى. يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، كاتىپ:
پۈتۈكچى بولسا مەكتۇپ يېزىۋاتىدۇ.

**پۈتۈكچىلىك** ئى. يېزىش، خاتىرىلەش ئىشلىرى، كاتىپاتچىلىق.

**پۈتۈكلۈك** سۈپ. پۈتۈلگەن، پۈتۈلگەن پېتى: خانىش كۆلۈپ
كېتىپ، ئېرىنىڭ ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەزنى قولىغا ئاپتۇ: ــ مانا بۇنىڭ-
غا پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ، ــ دەپتۇ خانىش.

**پۈتۈلمەك** «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەت
پۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈر ساناق ئېلىۋاتقان تەيجى كۈمۈش

تامغىسىنى باستى.

**پۈتۈم** ئى. توختام، كېلىشىم، قارار: ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرى-
گە ئەمەل قىلىپ، پۈتۈم يېزىپ، پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپتۇ.

**پۈتۈن** سۈپ ① سۇنمىغان، كەم يېرى يوق، پارچە ياكى
يېرىم ئەمەس: پۈتۈن نان. * بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايىغىدىن تۈتۈن
چىقار (ماقال). ② بارلىق، بارچە، ھەممە: پۈتۈن دۇنيا. پۈتۈن
كادىرلار. * ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ناخشىسى ئارقىلىق قەلب سىرىنى پۈتۈن
يۇرتقا جاكارلىدى. ③ تولۇق، مۇكەممەل: ئۇلار يىل بويى ئىشلىسىمۇ
قورسىقى تويمايتتى، كىيىمى پۈتۈن بولمايتتى. ④ كۆچمە. خاتىر-
جەم؛ توق (كۆڭۈل ھەققىدە): مانا ھەبىبۇل ئەل غېمىدە ئەسكەر
بولدى، يۇرت كۆردى، كۆزى ئېچىلدى، چېنىقتى، ئەمدى ئۇنى ھەرقانداق
ئىشقا قويمايلى، كۆڭلىمىز پۈتۈن تۇرىدۇ. ⑤ <مات> كەسىر سانى
بولمىغان، كەسىرگە ئايلانمىغان: پۈتۈن سان. ⑥ چوڭ، پارچە
ئەمەس (پۇل ھەققىدە): بانكىدىن مىڭ يۈەن پۇل ئالسام ساپ يۈز يۈەن-
لىك، ئون يۈەنلىك پۈتۈن پۇل بەردى.

**پۈتۈن ـ سۈرۈك** پۈتۈن، راۋۇرۇس: پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر قوينىڭ
گۆشى. پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئات.

**پۈتۈنلەتمەك** «پۈتۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: مەن تىجارەتتە چۈشكەن بارلىق پارچە پۇللارنى بانكىدا پۈتۈنلە-
تىۋالدىم.

**پۈتۈنلەشمەك** پ. پۈتۈن ھالەتكە كەلمەك، پۈتۈن بولماق:
بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، رىزقىمىز پۈتۈن-
لەشتى. * پۇقرالارنىڭ نىيىتى پۈتۈنلەشتى.

**پۈتۈنلەنمەك** «پۈتۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
ئۇ پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز مۇلاھىزىسى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن
پۈتۈنلىنىدۇ.

**پۈتۈنلەي** رەۋ ① تامامەن، تولۇق: ئايشەم ھەدە ئۇنىڭ مەقسى-
تىنى پۈتۈنلەي چۈشەندى. ② ئۇزۇل ـ كېسىل؛ قەتئىي، تولۇق:
مەن دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن تېخى پۈتۈنلەي
قۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ③ ھېچ؛ ئەسلا؛
زادى: تاشۋاي ئۈچۈن گۈندىپاينىڭ بۇ مەسلىھەتلىرى پۈتۈنلەي ئويلى-
مىغان يەردىن چىقىۋاتاتتى.

**پۈتۈنلۈك** ئى ① پۈتۈن ھالەت، پۈتۈن ھالەتتىكى شەكىل:
پۈتۈنلۈك نەزەرىيەسى. * بۇ ھال بىزدىن پۈتۈنلۈكنى تەتقىق قىلىش ۋە
پۈتۈنلۈكنى چۈشىنىش بىلەن قىسمەنلىكنى تەتقىق قىلىش ۋە قىسمەن-
لىكنى چۈشىنىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ② <پەلس>
زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپنىڭ مۇئەييەن شەرت بىلەن بىر
پۈتۈن نەرسە ھالىتىدە تۇرۇشى، يەنى نىسپىي جىملىق ھالەتتە
تۇرۇۋاتقان شەيئى ياكى جەريان.

**پۈتۈنلىمەك** پ ① پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرمەك، پۈتۈن
قىلماق: بالا بىراۋنىڭ سىرتتىن كىرگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ
ئوشتۇلغان ناننى ئاستا پۈتۈنلەپ قويدى. ② كېمىنى تولدۇرماق،
تولۇقلىماق: ساۋۇر ئاكام تاغارنى ئاچتى ـ دە، يەنە ئۈچ چارەك
بۇغداينى ھارۋا ئۈستىدىكى تاغارغا قويۇپ ئۇنى پۈتۈنلەپ ئون چارەك
قىلىپ بازارغا سېتىشقا ماڭدى. ③ ئۇششاق، پارچە پۇلنى چوڭ
پۇلغا ئالماشتۇرماق: بۇگۈنكى سودىدا چۈشكەن پارچە پۇللارنى بانكى-
غا ئاپىرىپ پۈتۈنلەپ كەلدىم. ④ سانىنىڭ تاشلىۋېتىدىغان قىسمى-
نىڭ ئالدىنقى بىر خانىسىدىكى رەقەمگە قاراپ ئېلىنىدىغان

تەخمىنىي پۈتۈن سان قىممىتىنى بەلگىلىمەك.

**پۈدەكچى** ئى. دىيال. هە ـ هۆچى، هەمدەمچى، ياندا تۇرۇپ مەدەت بەرگۈچى، كۈشكۈرتكۈچى

**پۈركەتمەك** «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈركەشمەك** «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈركەلمەك** «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپئاق قار بىلەن پۈركەلگەن ھەيۋەتلىك تاغ خۇددى تىلسىماتتىكى سىپىللاردەك ئالدىمىزنى توسۇپ تۇراتتى.

**پۈركەنچە** ئى. ئاياللار باش ۋە گەۋدىسىنى پۈركىۋالىدىغان چوڭ ياغلىق، رومال ياكى يەڭسىز كىيىم: ئىشرەت ئۇغرى قىزنى كۈندۈزدىلا سۇغا چىققان يېرىدىن، بېشىنى پۈركەنچە بىلەن يېپىپ، ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قېچىپتۇ.

**پۈركەنچىلىك** سۈپ. پۈركەنچىسى بار، پۈركەنچە ئارتقان: پۈركەنچىلىك ئايال.

**پۈركەنمەك** ① «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق يوتقىنىغا پۈركىنىپ ياتقان ساۋۇت تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ② «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىمىز گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەندى.

**پۈركۈتمەك** «پۈركۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ پۈركۈتمەك. دورا پۈركۈتمەك.

**پۈركۈشمەك** «پۈركۈمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : — خاپا بولماڭ، دەزمال سالىدىغان كۆڭلەككە پۈركۈمەكچىدىم ، دىققەتسىزلىكتىن چاپىنىڭىزغا پۈركۈلۈپ كەتتى ، — دەپ ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ئايىم دوستىغا.

**پۈركۈگۈچ** ئى<ماشىن> شۇمۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورا ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى تۇمان ھالەتتىكى ئۇششاق سۇ دانچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەكشى پۈركۈپ چاچىدىغان ئۈسكۈنە.

**پۈركۈلمەك** «پۈركۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — خاپا بولماڭ، دەزمال سالىدىغان كۆڭلەككە پۈركۈمەكچىدىم، دىققەتسىزلىكتىن چاپىنىڭىزغا پۈركۈلۈپ كەتتى، — دەپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ئايىم دوستىغا.

**پۈركۈمەك** پ. سۇ ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى باشقا نەرسىنىڭ ئۈستىگە سەپمەك، چاچماق: سۇ پۈركۈمەك. دورا پۈركۈمەك.

**پۈركىمەك** پ ① بىرەر نەرسە بىلەن باشتىن ـ ئاياغ بېكىتىپ ئورىماق، ئوراپ قويماق: ئەسقەر ئۆزىنى ئورنىغا تاشلاپ، بېشىنى يوتقانغا چىڭ پۈركىدى. ② كۆچمە. قاپلىماق، چۈمدۈرمەك؛ تولدۇرماق: ئۇ خۇددى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ، كەڭ دالىنى قىزىللىققا پۈركىگەندى.

**پۈرگۈچ** ئى. دىيال. پۈشتەك، ئۈشتەك.

**پۈرلەش** سۈپ. پۈرلىشىپ قالغان، پۈرلەشكەن: مېھمانخانىغا يول ـ يول پۈرلەش قىل رەخت بىلەن قاپلانغان بىرنەچچە ساپا ۋە ئورۇندۇق قويۇلغان.

**پۈرلەشتۈرمەك** «پۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەرىنى تۇرۇپ، كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان سوراقچى سەھنە كىتابىنىڭ قول يازمىسىنى پۈرلەشتۈرۈپ تۈتقىنىچە پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى.

**پۈرلەشتۈرۈشمەك** «پۈرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈرلەشتۈرۈلمەك** «پۈرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈرلەشمەك** ① «پۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② قاتلاشقان، پۈرلەشكەن ھالەتكە كەلمەك، پۈرۈلۈپ قالماق، پۈرۈلمەك: ئۇ يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن كىچىك بىر قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پۈرلەشكەن، رەڭگى ئۆچكەن بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى.

**پۈرلىمەك** پ. قەغەز، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى قول بىلەن ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن سىقىپ، يىغىپ، بېسىپ، تەكشى يۈزىنى بۇزۇپ پۈرلەش ھالەتكە كەلتۈرمەك: قەغەزنى پۈرلىمەك. * ئىت مۈشۈكنى پۈرلەپ باستى.

**پۈرمە** ① سۈپ. پۈرۈپ قويۇلغان، پۈرۈلگەن، پۈرۈم: پۈرمە يوپكا. * بەللىك ئاددىي پۈرمە كۆڭلەك ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى. ② ئى<گېئول> تاغ جىنس قاتلىمىنىڭ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە بېسىمغا ئۇچراش بىلەن قىسىلىپ شەكىللەنگەن ئۆلانما ۋە ئەگرى ھالەتتىكى تۈزۈلمە شەكىل.

**پۈرمەك** I پ. پۈرمە ـ پۈرمە ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاتلىماق: ئايشەمخان سىڭلىسى ئىپارگۈلنىڭ كۆڭلىكىنى كۆكرىكىدىن پۈرۈپ تىكىپ بەردى. * ئۇ چىرايىنى پۈرۈپ خېلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى.

**پۈرمەك** II ئى. پۈرۈلگەن جاي، پۈرۈك: يېمەي تويدۇم بۇ شالىنىڭ كۈرمىكىدىن، پۈتۈن چىقتى قوڭۇمنىڭ پۈرمىكىدىن (ماقال).

**پۈرمىلەتمەك** «پۈرمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈرمىلەنمەك** «پۈرمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قاتلىنىپ پۈرمىلەنگەن شار شەكلىدە باش سۆڭىكى ئىچىگە جايلاشقان بولىدۇ.

**پۈرمىلىك** سۈپ. پۈرمىسى بار، پۈرمىلەنگەن: پۈرمىلىك بەلباغ. * گۈلمىرە ماگىزىنىدىن بەل پۈرمىلىك كۆڭلەكتىن بىرنى سېتىۋالدى.

**پۈرمىلىمەك** پ. پۈرمە ھالەتكە كەلتۈرمەك، پۈرمە قىلىپ تىكمەك: كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى پۈرمىلىمەك.

**پۈرۈشتۈرمەك** «پۈرۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەرگە تۈكۈردى.

**پۈرۈشمەك** «پۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆلاربىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ، مەسخىرە قىلغاندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى.

**پۈرۈك** ① سۈپ. پۈرۈلۈپ كەتكەن، پۈرۈلگەن: شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىكى پۈرۈك كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا قالغانىدى. ② ئى. پۈرۈلگەن نەرسە ياكى پۈرۈلگەن ھالەت، پۈرۈم: ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تارتۇق يۇمۇلۇشتىن ھاسىل بولغان تالا ـ تالا پۈرۈكلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى. ③ ئى. قوڭ: توخۇنىڭ پۈرۈكى. ④ ئى <زوئول> بەزى بېلىقلار، قوش ماكانلىقلار، سۆرەلگۈچىلەر ۋە قۇشلارنىڭ ئۈچەيى، سۈيدۈك نەيچىسى ۋە كۆپىيىش بېزىنىڭ ئېغىزلىرى بىر بوشلۇقتا بولىدۇ. بۇ بوشلۇق پۈرۈك دېيىلىدۇ.

**پۈرۈكلۈك** سۈپ. پۈرۈلگەن، پۈرۈپ قويۇلغان: بىز كىرگەندىلا ئۇنىڭ چىرايى ئاشۇنداق پۈرۈكلۈك ئىدى.

**پۈرۈلمەك** «پۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، يۈزلىرى ئەلەمدىن پۈرۈلدى.

**پۈرۈم** ① سۈپ. پۈرۈلگەن، پۈرۈپ قويۇلغان. ② ئى. پۈرۈل-

گەن نەرسە ياكى پۇرۇلگەن ھالەت. ③ ئى. ياغاچتا ياسالغان قۇتا.

**پۇرۇم - پۇرۇم** بىرقانچە پۇرۇم، نۇرغۇن پۇرۇم: ئوبۇلنىڭ يۈزى سىمىزلىكىدىن پۇرۇم - پۇرۇم بولۇپ كەتكەنىدى.

**پۇزەك** ئى. ياغاچنى رەندىلىگەندە چىقىدىغان نېپىز قاسراق، ھەرە قىرىندىسى، قىرىندى.

**پۇكتۇرمەك** «پۇكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەرد، قەھرىمان بوۋىلار روھى، نۇرلاندۇردى خەلق قەلبىنى. ئاپراسىياپ بولۇپ پۇكتۇردى، ئىسكەندەرنىڭ مەغرۇر قەددىنى.

**پۇكلەتمەك** «پۇكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇكلەشتۇرمەك** «پۇكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كىتابنى پۇكلەشتۇرمەيلى، بولمىسا سۇپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، — دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

**پۇكلەشتۇرۇلمەك** «پۇكلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇكلەشمەك** ① «پۇكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆششاق بالىلار قەغەزنى ئايروپىلان ياسايمىز دەپ پۇكلىشىپ ئوينىدى. ② پۇكلەنگەن ھالەتكە كېلىپ قالماق، پۇكلەنمەك، پۇكۇلمەك: رەيھان تۈنۈگۈنلا دەزمال سالغان كۆڭلەكلىرىنىڭ پۇكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشىك تۈۋىدىن كەينىگە ياندى.

**پۇكلەكلىك** سۈپ. پۇكلىنىپ قالغان، پۇكلەنگەن: بوۋاي ئەزىزنىڭ قولىدا تېخىچىلا پۇكلەكلىك خەت تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**پۇكلەنمەك** ① «پۇكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى پۇكلىنىپ تەزىم قىلىپ، ناسىر بىلەن تىنچلىق سوراشتى. ② «پۇكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەختەرنىڭ يانچۇقىدا پات-پاتلا چىرايلىق قىلىپ تۇمارچە پۇكلەنگەن خەتلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى.

**پۇكلىمە** سۈپ. پۇكلىنىدىغان، پۇكۇلىدىغان: پۇكلىمە ئورۇندۇق. پۇكلىمە سىزغۇچ. پۇكلىمە يەلپۈگۈچ.

**پۇكلىمەك** پ. قاتلىماق، قايرىماق، پۇكمەك: ئەسەد خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خەتنى پۇكلەپ شۇ پېتىچە يانچۇقىغا سېلىپ.

**پۇكمەك** پ ① ئېگىپ قاتلىماق، قايرىماق، پۇكلىمەك: سىمنى پۇكمەك. قەغەزنى پۇكمەك. ② كۆچمە. نىيەت قىلماق. قارار قىلماق. ئويلىماق: كۆڭلىگە پۇكمەك.

**پۇكۇك** سۈپ. پۇكۇلگەن، پۇكلەنگەن: پۇكۇك قەغەز. * ئۈزۈلدى بىر غۇنچە ھايات باغىدىن، ۋۇجۇدۇم پۇكۇكتۇر بۇ دەرد تاغىدىن.

**پۇكۇلمەك** ① «پۇكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېلىقى ئادەم قولىدىكى پۇللارنىڭ پۇكۇلگەن بۇرجەكلىرىنى تۈزەپ چىقتى. ② «پۇكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئاڭلا خالىدەم، قەدرىڭ ئۆتۈلدى. دەردىڭدە مېنىڭ قەددىم پۇكۇلدى.

**پۇگە** ئى. دىيال. مەلۇم بىر يەرگە ياكى يەر پاسىلىغا ئورنىتىلغان بەلگە ياكى دۆڭ.

**پۇگەت** ئى ① بوتۇلكىنىڭ پۇرۇپكىسى. ② ئوقنىڭ مىشىكى.

**پۇگەتسىز** سۈپ. پۇگىتى يوق، پۇگەت ئورنىتىلمىغان: پۇگەتسىز ئوق.

**پۇگەتلىك** سۈپ. پۇگىتى بار، پۇگەت ئورنىتىلغان.

**پۇگەستە** سۈپ. دىيال. بېشى باغلاقلىق، باشقا ئادەمنىڭ ئىلكىدە بولغان.

**پۇھ** ئىم. سېسىق پۇراقلاردىن بىزار بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇۋ** تەق. ئاستى - ئۈستى كالپۇكنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ تۇرۇپ، ھاۋانى قاتتىق چىقارغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇنىڭ يۈرىكى سالغاندەك بولدى - دە، «پۇۋ» قىلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ بېشىنى چىڭ پۈركەپ يېتىۋالدى.

**پۇۋەك** ئى <زوئول> بەزى بېلىقلارنىڭ تېنىدىكى كۆپۈپ ۋە بوشىشىپ تۇرىدىغان خالتىسىمان ماددا، ئىچىگە ئازوت، ئوكسىگېن، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قاتارلىق ئارىلاش گازلار تولۇپ تۇرغان بولىدۇ؛ بوشاشقان ۋاقتىدا بېلىق چۆكىدۇ، كۆپكەن ۋاقتىدا لەيلەيدۇ؛ بەزى بېلىقلارنىڭ پۇۋىكى ئاڭلاش ۋە نەپەسلىنىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

**پۇۋلەتمەك** «پۇۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇۋلەشمەك** «پۇۋلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇۋلەنمەك** «پۇۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇۋلىمەك** پ. ئىككى لەۋ ئارىسىدىن «پۇۋ» قىلىپ يەل چىقارماق: سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن، قېتىقنىمۇ پۇۋلەپ ئىچەر (ماقال).

**پې** «پ» ھەرپىنىڭ نامى .

**پېپەكدىمەك** پ. كېۋەز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتمەك، چېكانكىلىماق، چېكان قىلماق.

**پېپتىد** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، ئامىنو كىسلاتاسى سۇسىزلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ، تەركىبىدە ھىدروكسىل بىلەن ئامىنو رادىكالى بولىدۇ، ئۇ بىر خىل ئىككى ياقلىمىلىق بىرىكمە ھېسابلىنىدۇ.

**پېپسىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ياردىمىدە ئاقسىلنى ھەزىم قىلىدۇ.

**پېتەك** ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ ئىچىگە سېلىش ئۈچۈن ماتا، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەردىن تەييارلانغان بۇيۇم: ئۆتۈككە پېتەك سالماق.

**پېتەكسىز** سۈپ. پېتىكى يوق، پېتەك سېلىنمىغان: پېتەكسىز ئاياغ.

**پېتەكگۈل** ئى [پېتەك + گۈل] <بوت> ← **سەبرە.**

**پېتروخىمىيە** ئى [گىرېك + لات] <گېئول>پېترولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى، تەتقىقات مەزمۇنى: ئۇ ئايرىم تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى، ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيەۋى تەركىب جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيەۋى تەركىبىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە مىنېراللارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىدىكى قانۇنىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**پېتروگرافىيە** ئى [ر + گىرېك] <گېئول> پېترولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن تاغ جىنسلىرىنىڭ مىنېرال تەركىبى، خىمىيەۋى تەركىبى، قۇرۇلمىسى ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ نام بېرىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى، ھەرخىل تاغ جىنسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

**پېترولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> تاغ جىنسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، ئۇ تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى، مىنېرال تەركىبى، تۈزۈلۈشى، تۈرى، پەيدا بولۇش ھالىتى ۋە سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ھەمدە تاغ جىنسلىرىنىڭ مىنېراللىنىشى، خۇسۇسىيىتى ۋە پەيدا بولۇش ۋاقتىدىكى گېئولوگىيەلىك شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**پېتىر** سۈپ [ئە] بولدۇرۇلمىغان ، ئۆرلىمىگەن (خېمىر ھەققىدە): پېتىر نان ، پېتىر مانتا. * كىچىككىئاخۇننىڭ ئىشى پېتىر ئوخشايدۇ.

**پېتىر قۇلاق** دىيال. ياغاچ قۇلاق، گەپ ئاڭلىمايدىغان.

**پېتىرىغا ياناماق** ھەل بولمايدىغان تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنمەك، قىينىلاشماق : ئەبەيدۇللانىڭ ئايالىنىڭ خىزمىتىنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىش ئىشى ئاخىر بېرىپ يەنە پېتىرىغا ياندى.

**پېتىشماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ياتاققا كىرىپ ياتاقتىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ «قانداق، پېتىشتىڭلارمۇ ؟» دەپ سورىدى.

**پېتىق** ئى. پاتقاق: زاغرا نان قېتىققا ياخشى، قېرى كالا پېتىققا ياخشى (ماقال).

**پېتىقچىلىق** ئى. ھەممە يەر لاي، پاتقاق بولۇپ كەتكەن ھالەت، پاتقاقچىلىق: توپا يوللارنى پېتىقچىلىق قاپلاپتۇ.

**پېتىقلاتماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇسۇپ بوۋاي نەۋرىلىرىگە سۇۋاق لېيىنى پېتىقلاتتى.

**پېتىقلاشماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى توپاق يەنە قوتاندىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى ـ دە، بۇغدايلىقنى قالايمىقان چەيلەپ، پېتىقلىشىپ بىر قىلىۋەتتى.

**پېتىقلىق** سۈپ. پېتىپ قالغان، پاتقان ھالەتتىكى: ئۇ پاتقاقلىقتا تىزىغىچە پېتىقلىق تۇراتتى.

**پېتىقلانماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پېتىقلىماق** پ. ئۈستى ـ ئۈستىگە كەينى ـ كەينىدىن دەسسىمەك: لاينى پېتىقلىماق. * ئادىل سۆزۈمنى ئاڭلاپ قايتا كەتمىنىنى قولىغا ئالدى ۋە پۇتىدىكى لاينى پېتىقلىدى.

**پېتلە** سۈپ. دىيال. غۇژمەك؛ توپ، دۆۋە.

**پېتىنىشماق** «پېتىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توخۇلار مەسۇم ئاكىنىڭ قولىدىكى نانىنىڭ چېچىلىشىغا تاقەت قىلالماي، مەسۇم ئاكىنىڭ قوللىرىغا قونۇشقىمۇ پېتىنىشتى.

**پېتىنقى** سۈپ. ئىچىگە پاتقان، ئويمان: پېتىنقى لىنزا. پېتىنقى ئەينەك.

**پېتىنماق** پ. جۈرئەتكە كەلمەك، جۈرئەت قىلماق: گەپ قىلىشقا پېتىنماق. * پادىشاھ:ـــ ئەپەندىم، تەختىمدىن يۇقىرى يەردە ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭىز ؟ـــ دەپتۇ ئاچچىقى بىلەن.

**پېچەت** ئى [ر] باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى توسۇش ياكى باشقىلارنىڭ ئاچماسلىقى ئۈچۈن قويۇلغان بەلگە ياكى ئۇرۇلغان تامغا: پېچەت سالماق. پېچەت چاپلىماق.

**پېچەتلەتمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقچىلار غۇلامنى ئۆيىدىن تۇتۇپ ئاچىقىشى بىلەن تەڭ ساقچى باشلىقى بۇيرۇق بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى پېچەتلەتتۈۋەتتى.

**پېچەتلەشمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پېچەتلەنمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەيدان نازارەتچىلىرى پېچەتلەنگەن ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ پېچىتىنى يېشىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىشقا باشلىدى.

**پېچەتلىك** سۈپ. پېچىتى بار، پېچەت چاپلانغان: پېچەتلىك ھاراق.

**پېچەتلىمەك** پ. باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى توسۇش ياكى ئاچماسلىقى ئۈچۈن پېچەت چاپلىماق، ئاچماسقا تاقىماق: گېزىتنى پېچەتلىمەك. مال ـ مۈلۈكنى پېچەتلىمەك. * گۈزەلئاي ئۆي ياسىغان كۈنىلا كىتابلىرىمنى بىر ياغاچ ساندۇققا تاشلاپ ئۈستىنى قەغەزلەر بىلەن پېچەتلەپ زالغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

**پېچەك** I ① ئى. يىپ ئورىلىدىغان ئوقسىمان غالتەك، يىپ غالتىكى: پېچەككە يىپ ئورىماق. ② مىق. ئورالغان يىپنىڭ مىقدار سانىنى بىلدۈرىدۇ: بىر پېچەك يىپ سېتىۋالماق. بىر پېچەك يىپ ئورىماق.

**پېچەك** II ئى. مەنپەسىنىڭ شېكەر قىيامىدىن ياسىلىدىغان ئىككىنچى بىر خىلى.

**پېچەكلىك** سۈپ. پېچىكى بار، پېچەككە ئورالغان: پېچەكلىك يىپ سېتىۋالماق.

**پېچىك** ① ئىككى پۇتىنى ئىككى يانغا قارىتىپ ماڭىدىغان. ② ئى. ئىككى پۇتىنى ئىككى يانغا قارىتىپ ماڭىدىغان ئادەم.

**پېچىنە** ئى [ر] قەنت، تۇخۇم، ياغ ۋە سۈت قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردىن دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىك.

**پېداگوگ** ئى [ر<گىرېك] <مائارىپ> ئوقۇتقۇچىلىق، مائارىپ، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ مائارىپچى، مۇئەللىم.

**پېداگوگىكا** ئى [ر<گىرېك] <مائارىپ> مائارىپنى تەتقىق قىلىش، مائارىپنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پەن.

**پېداگوگىكىلىق** سۈپ. پېداگوگىكىغا مۇناسىۋەتلىك، پېداگوگىكىغا ئائىت: پېداگوگىكىلىق بالىلار ئەدەبىياتى. پېداگوگىكىلىق مائارىپ.

**پېرە** I ئى <يېم> قوناق ئۇنىنىڭ خېمىرىغا گۆش، پىياز، خورۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تۈگۈپ، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان سامسا.

**پېرە** II ئى [پ] <دىن> تۇغ باغلاپ، داپ چېلىپ ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق كېسەل كىشىنى داۋالايدىغان بىر خىل دىنىي پائالىيەت: پېرە ئويناتماق.

**پېرسوناژ** ئى [ر<فىران] <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەردە (يەنى ھېكايە، پوۋېست، رومان، كىنو سېنارىيەسى، دىراما ۋە قىسسە قاتارلىقلاردا) يارىتىلغان شەخس.

**پېرسوناژسىز** سۈپ. پېرسوناژى يوق، پېرسوناژ يارىتىلمىغان: ئەدەبىي ئەسەر پېرسوناژسىز بولمايدۇ.

**پېرسوناژلىق** سۈپ. پېرسوناژ بار، پېرسوناژ يارىتىلغان، پېرسوناژلىق رەسىم.

**پېرېۋوت** ئى [ر] <سودا> بانكا ياكى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىش ھەمدە شۇ يول بىلەن ئەۋە-

تىلگەن ياكى تاپشۇرۇۋېلىنغان پۇل: تاشقى پېرېۋوت. پېرېۋوت چېكى. پېرېۋوت قىلماق.

**پېرىخون** ئى [پ] ← **باخشى.**

**پېرىخونلۇق** ئى ← **باخشىلىق:** پېرىخونلۇق قىلماق.

**پېرىسكوپ** ئى [ر<گرېك] <فىز> سۇ ئاستى كېمىسى ياكى يەر ئاستىدىكى يوشۇرۇن ئاكوپ ئىچىدىن سۇ ئۈستى ياكى يەر ئۈستىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب.

**پېرىمېتىر** ئى [ر<گرېك] <مات> گېئومېتىرىيەلىك شەكىلنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قوشقاندىكى يىغىندىسى.

**پېزېتا** ئى. ئىسپانىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پېسە** ئى [پ] <تېب> ← **ئاقكېسەل.**

**پېسەندە** سۈپ [پ] پەسكەش، ئېپلاس.

**پېسسىمىزم** ئى [ر] <پەلس> روھىي چۈشكۈنلۈك؛ ھاياتقا، كېلەچەككە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراش، چۈشكۈنلىشىش.

**پېسسىمىزملىق** سۈپ. پېسسىمىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان، پېسسىمىزم تەسىرىدىكى، پېسسىمىزم خاراكتېرىنى ئالغان: پېسسىمىزملىق ئىدىيە.

**پېسو** ئى. ئارگېنتىنا، كۇبا، كولومبىيە، فىلىپپىن، بولىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پېشاب (پېشابى)** ئى [پ] چوڭ ـ كىچىك تەرەت: ئالدى پېشاب. ئارقا پېشاب.

**پېشانە** ئى [پ] ① يۈزنىڭ قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى؛ ماڭلاي: كەڭ پېشانە. پېشانىسى كەڭ. پېشانىسى تار. * ئەخمەقنى ناماز ئوقۇ دېسە، پېشانىسىنى يېرىۋالار (ماقال). ② كۆچمە (خۇراپاتلىقتا)تەقدىر، قىسمەت: پېشانىسى ئوڭ. پېشانىسى تەتۈر. شور پېشانە. ئۆز پېشانىسىدىن كۆرمەك.

**پېشانە تەرى** مېھنەت، ئەجىر، ئەمگەك: دادام ئۆزى يانتاق سېتىپ قىيىنىلىپ، مېنى ئوقۇتقان، دادامنىڭ پېشانە تەرى بىكار كەتمىسۇن دەپ ياخشى ئوقۇدۇم.

**پېشانىدىن كەتمەسلىك** مەڭگۈ تاپا ـ تەنىگە قېلىش، باشقىلارنىڭ مىننىتىدىن قۇتۇلالماسلىق.

**پېشانىگە پۈتۈلگەن** ← **پېشانىگە يېزىلغان.**

**پېشانىگە يېزىلغان** تۇغۇلغاندىلا تەڭرى تەرىپىدىن بەلگىلەپ قويۇلغان (دىنىي چۈشەنچىدە).

**پېشايۋان** ئى [پ] ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە چىقىرىلغان ئايۋان: پېشايۋان چىقارماق. پېشايۋان ياسىماق.

**پېشايۋانلىق** سۈپ. پېشايۋىنى بار، پېشايۋان قىلىنغان: پېشايۋانلىق ھويلا.

**پېشقەدەم** سۈپ [پ + ئە] مەلۇم بىر ئىش ياكى ساھە، كەسىپ بويىچە باشقىلاردىن بۇرۇن ئىش باشلىغان، شۇ ساھەدە ئۆرنەك كۆرسەتكەن: پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى. پېشقەدەم كادىر.

**پېشكا** ئى [ر] شاھماتنىڭ ئەڭ كىچىك ئۇرۇقىنىڭ نامى: پېشكا يۈرمەك.

**پېشكەل** سۈپ [پ] پالاكەت باسقان، نەس باسقان، نەس؛ بەتلەي: پېشكەل خوتۇن.

**پېشكەلچىلىك** ئى ← **پېشكەللىك:** ئۇ بۇ پېشكەلچىلىكتىن تېخىمۇ جىلە بولۇپ، ناسۋىلىنى دەرھال تۈكۈردى.

**پېشكەللىك** ئى. پالاكەت بېسىش، نەسلىك: پېشكەللىككە ئۇچرىماق.

**پېشۋا (پېشۋاسى)** ئى [پ] مەلۇم بىر ساھە ياكى ئىشتا يولباشچى، يېتەكچى شەخس: مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ پېشۋاسى.

**پېشۋالىق** سۈپ. پېشۋالار ئۈستىگە ئالالايدىغان، پېشۋالارغا خاس، پېشۋالارغا مۇناسىپ: بىز چوقۇم ئاۋانگارت جەڭچىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، باشقىچە ئېيتقاندا پېشۋالىق رول ئوينىشىمىز لازىم.

**پېشىن** ئى [پ] ① كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغان ۋاقىت: ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئاللىقاچان پېشىندىن قايرىلغانىدى. ② <دىن> پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز: — مەن پېشىننى ئوقۇۋالاي، ئاندىن مەن بىلەن كەت، — دېدى موللام.

**پېقىر** [ئە] ① سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل: پېقىر ئادەم. * بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا، پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا (ماقال). ② ئال «كەمىنە، مەن» مەنىسىدىكى ئۆزىنى كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر تۇتۇشنى بىلدۈرىدىغان سۆز: — بايا قوشنىلارغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويدۇم. بۇگۈن پېقىرنىڭ خانىسىغا مېھمان كەلمەكچى، چەت ئەللىك دوستلار، — دېدى ئەپەندىم.

**پېقىر كۆڭۈل** ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە تۇتمايدىغان، ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىغان، يوقسۇللىنىڭ رايىغا باقىدىغان مىجەزلىك: پېقىر كۆڭۈل ئادەم. * تۇرپانلىقلار كۆپىنچە پېقىر كۆڭۈل كېلىدۇ.

**پېقىرانە** رەۋ [ئە + پ] پېقىرلارغا خاس، پېقىرلارچە، پېقىرلاردا بولىدىغان: بىز سورۇنلاردا تاجدارلارنىڭ خۇشخۇي، ئوڭلۇق، پېقىرانە قىياپىتىنى كۆرىمىز. *ئەمەت پېقىرانە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

**پېقىرپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] پېقىرلارنى ياخشى كۆرىدىغان، پېقىرلارنى ياقلايدىغان، پېقىر تەرەپدار: ئەلۋەتتە پېقىرپەرۋەر بولغان ياخشى.

**پېقىرلىق** ئى. پېقىر ھالەت: پېقىرلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەك. * بايلىق بىلەن پېقىرلىق ئىككىسى ئىككى ئات (ماقال).

**پېقىرىما** سۈپ. دىيال. پىژغىرىم.

**پېقىش** ① سۈپ. دىيال. پارچە، يانجىلغان، پاخشە. ②چېقىلغان، بۇزۇلغان، سۇنغان، سۇنۇق.

**پېگاس** ئى [گرېك] <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 22 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °21، ئاندرومېدا يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، دەلۋە يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**پېلەز** ئى. پېلەك، قوغۇن ـ تاۋۇز پېلىكى.

**پېلەك** ئى [پ] <بوت> قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان غول، شاخ ۋە بەرگلىرى: قوغۇن پېلىكى.

**پېلەكسىز** سۈپ. پېلىكى يوق، پېلەك تارتمايدىغان: پېلەكسىز ئۆسۈملۈكلەر.

**پېلەكلىك** سۈپ. پېلىكى بار، پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان: پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر.

**پېلەكلىمەك** پ. پېلەك چىقارماق، پېلەك تارتماق.

**پېلوۋېتسىيە** ئى [ر] <بوت> پېلوۋېتسىيە ئوتى ئائىلىسىدىكى دېڭىز يوسۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى. دېڭىز ساھىلىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى يېپىشقاق ماتېرىياللارنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ.

**پېلىش** ① سۈپ. دىيال. كالامپاي، پالاكەت، پۇتلىشىپلا يۈرىدىغان. ② ئى. شۇنداق ئادەم.

**پېلىشماق** پ. پۇتلاشماق: ۋىسال قەدىرىگە يەتكەنلەر يېقىلمايدۇ، پېلىشمايدۇ.

**پېنتادا** ئى [گىرېك] <ئاستر> بۇ گىرېكچە ئۇدا بەش كۈن دېگەن سۆز. چۈنكى، بەش كۈن بىر يىلدىكى 365 كۈننىڭ بىر پاكتورى بولغانلىقتىن، كىلىماتولوگىيەدە ھەپتە قوللىنىلماي بەش كۈن قوللىنىلىدۇ: پېنتادىلىق تېمپېراتۇرا.

**پېنىسىلىن** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىر خىلى، يەنى پېنىسىلىن زەمبۇرۇغىنى ئۆستۈرگۈچى سۇيۇقلۇق ئىچىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان بىر خىل دورا. ئۆزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، لىمپا شارچە باكتېرىيەسى ۋە ئۆپكە ياللۇغىنىڭ قوش شارچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**پېنسىيە** ئى [ر<لات] گىراژدانلارنىڭ دۆلەتكە خىزمەت قىلىش ۋاقتى توشقانلىقى، تۇپەيلىدىن ئارامغا چىقىشى، ئارام: پېنسىيە پۇلى. پېنسىيەگە چىقماق.

**پېئىل** I ئى [ئە] <تىل> شەيئىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ھالىتى، ئۆزگىرىشى، ئىپادىسى ۋە سېزىمى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى: ئۆتۈملۈك پېئىل. ئۆتۈمسىز پېئىل. يارەمچى پېئىل. پېئىل زامانلىرى.

**پېئىل** II [ئە] كىشى خاراكتېرىنى تەشكىل قىلغۇچى روھىي خۇسۇسىيەتلەر يىغىندىسى، روھىي ھالەت، كەيپىيات؛ خاراكتېر، خۇلق: كىچىك پېئىل. * ئۇ كىشىلەر بىلەن ئاسان چىقىشىپ كېتەلەيدىغان خۇش پېئىل، ئەمگەكچان ئادەم ئىدى.

**پېئىللىق** I سۈپ <تىل> سالمىقىنى پېئىل ئىگىلىگەن، پېئىل مەنىسى ئاساس قىلىنغان، پېئىل بىلەن ئاياغلاشقان: پېئىللىق بىرىكمە. پېئىللىق جۈملە.

**پېئىللىق** II سۈپ. بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن بىللە كېلىپ بەلگىلىك خۇلق ـ مىجەز، خاراكتېرگە ئىگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: غەيرىي پېئىللىق ئايال ئېرى يوق ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ئېرى يېنىدا بولغان ھالەتتىمۇ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن تارتىپ قالالمايدۇ.

**پېيكىسىنمەك** پ. دىيال. ئەيمەنمەك، تەپ تارتماق: مەندىن پېيكىسىنىپ بولسىمۇ راست گېپىنى قىلمايدۇ.

**پى** تەق. پىپى قاتارلىق ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چالىدىغان نەرسىلەرنى چالغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پىپى** I ئى. ۋېلىسىپىتنىڭ چاقىغا يەل بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك رېزىنكە نەيچە؛ چىممىشىر.

**پىپى** II ئى ① <مۇز> سۇناي قاتارلىق پۈۋلەپ چېلىنىدىغان سازلارنىڭ ئېغىزدا پۈۋلىنىدىغان كىچىك نەيچىسى. ② پۈۋلەپ چېلىش ئۈچۈن سۆگەت چىۋىقىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان نەيچە: يېشىل يۇمران تال سۆگەتتىن پىپى ياسىدىم، ھەر يېقىغا نەقىش ئويۇپ، تازا بېزىدىم.

**پىت** ئى<زوئول> بىر خىل ھاشارات. دائىم ئادەم، چوشقا ۋە كالا تېنىدە قان شوراپ پارازىت ياشايدۇ؛ قارا كېزىلەك، قايتۇرما كېزىلەك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ.

**پىت كۆز** بېخىل، پىخسىق، چاكىنا.

**پىت ئۆچەي** ئىچى تار، قورسىقى كىچىك: مەن ئۆيدە تاغىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشىنى خالىمايدىغان ئىچى تار، پىت ئۆچەي ئادەممۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**پىت يېگەن** ئىنتايىن پاسكىنا؛ دۆت، كالۋا.

**پىتەگىز** سۈپ. دىيال. پىتنىخور، ئۇششاق سۆز.

**پىتپاكىزا** سۈپ [پىت + پاكىزا] ھەددىدىن زىيادە پىخسىق، بېخىل.

**پىتپىتە** ئى. دىيال. <بوت> پىلپىل.

**پىتكە** سۈپ. دىيال. ئازراق، بىر ئاز، كىچىككىنە.

**پىتلاشماق** «پىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىتلانماق** ① «پىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئاز ـ تولا پۇل تاپماق، بېيىماق، ھال ـ ئوقىتى ياخشىلانماق: ـــ مەخپىرئاكا، سېنىڭدىن رەنجىشىم يوق، ـــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، يولۇمغا پۇتلاشمىساڭ، بازاردا پۇلنى ئاسان دوملاتقىلى بولىدىكەن، كىچىككىنە پىتلىنىۋالاي.

**پىتلىق** سۈپ. پىتى بار، پىت بېسىپ كەتكەن، پىتى تولا: پىتلىق ئادەم.

**پىتلىماق** پ. پىت بېسىپ كەتمەك، پىت كۆپەيمەك: ھەممىمىز يۇيۇنۇپ پىتلاپ كەتكەن ئىچ كىيىملىرىمىزنى سىلىپ تاشلاپ، پاكىز كۆڭلەكلەرنى كىيگەندىن كېيىن ئادەم سىنىغا كىرىپ قالدۇق.

**پىتنە** ئى [ئە] غەرەزلىك ھالدا بىراۋنى قارىلاش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان سۆز، تۆھمەت: ئابلا خۇددى بىراۋنى بوغوزلاۋاتقاندەك چىرقىرىدى، شۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇتتا «ئادەم ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن پىتنە تارقالدى.

**پىتنە ـ پاسات** يالغان ـ ياۋىداق سۆز: پىتنە ـ پاسات كۆپەيمەك.

**پىتنە ـ پاساتچىلىق** پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرۈش، ئىغۋاگەرچىلىك.

**پىتنە ـ پاساتچى** پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرىدىغان كىشى، ئىغۋاگەر.

**پىتنە ـ پاساتلىق** پىتنە ـ پاسات مەۋجۇت ھالەت.

**پىتنە ـ ئىغۋا** پىتنە ۋە ئىغۋا: ئۇ، بوۋا سېنى «موللانىياز بىلەن تىلى بىر، يېقىندا ئۇستۇمدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپتۇ» دېدى.

**پىتنىچى** سۈپ. پىتنىخور.

**پىتنىخور** سۈپ. پىتنە قىلىشقا ئادەتلەنگەن، پىتنە پەيدا قىلغۇچى؛ پىتنە تارقاتقۇچى: پىتنىخورنىڭ سۆزى يامان، سۆزىدىنمۇ ئۆزى يامان (ماقال).

**پىتنىخورلۇق** ئى. پىتنىخور ئادەم قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق؛ پىتنە قىلىش ئادىتى: پىتنىخورلۇق قىلماق.

**پىتىروكارىيە** ئى [لات] <بوت> ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچىدىن سەرەڭگە تېلى ۋە ئۆي

جاھازلىرىنى ياساشقا، قوۋزاق تالاسىدىن ئارغامچا ئېشىشكە، ئۇرۇقىدىن ياغ چىقىرىشقا، يوپۇرمىقىدىن دېھقانچىلىق دورد-سى ئېلىشقا، كۆچىتىنى ياڭاقنىڭ ئۇلاق تۇپى قىلىشقا بولىدۇ.

**پىتىر** I ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بويىچە روزا ئېيى ئاخىرلاشقاندا كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان سەدىقە، زاكات: پىتىر بەرمەك.

**پىتىر** II تەق. ئۆز ئورنىدا جىم تۇرماي ئۇ ياقتىن بۇ ياققا تېز ھەرىكەت قىلىش ھالىتى: پىتىر قىلىپ قالماق. پىتىر قىلىپ ھەرىكەت قىلماق.

**پىترا** ئى. ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئوقى، چاچما ئوق.

**پىتراتماق** «پىتىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىتراشماق** «پىتىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بايىز: — بەگ ئۆستەڭگە سۇ چىقمىسا بىز ئاچ - ئورۇق خەقلەرگە نېمە زىيان، ئەمما بەگ چىدىمايدۇ، بايلار پىتىرىشىدۇ، — دەپ قايىندى.

**پىتراڭغۇ** سۈپ. پىتىراپ كېتىدىغان، چېچىلاڭغۇ، تارقاق.

**پىتراڭغۇلۇق** ئى. پىتىراش ھالىتى، چېچىلاڭغۇلۇق.

**پىتىر - پىتىر** «پىتىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پىتىر - سەدىقە** پىتىر ۋە سەدىقە.

**پىترلاشماق** «پىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېتىپ كەلدى بىرپەستە شىۋىرلىشىپ، بېسىپ كىردى ھەم ئۆيگە پىتىرلىشىپ. ھەممىسىلا ئېتىلدى قاسىمجانغا، يار ئىشقىدا پەرھاتتەك باغرى قانغا.

**پىتىرلىماق** پ. ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇرۇپ، پۇت - قولىنى سىلكىپ ھەرىكەت قىلماق؛ تېپىرلىماق: چوققىلار ئۈستىدە گۈرۈلدەر بوران، كەڭ يېيىپ قانىتىنى ئۇچىدۇ بۈركۈت. گويا ئۇ قوغلايدۇ ئالدىغا سېلىپ، قاچماقتا پىتىرلاپ قارامتۇل بۇلۇت.

**پىترىماق** پ. قالايمىقان چېچىلىپ، ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتمەك: كىشىلەر مەھبۇسلارنى يالاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۈركۈگەن قۇشلاردەك پىتىراپ قېچىشتى.

**پىتىق** تەق. ئۇماچ ۋە بوتقا ھالىتىدىكى سۇيۇق جىسىملار قايىنىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: پىتىق قىلىپ قايىنىماق. پىتىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانماق.

**پىتىق - پىتىق** «پىتىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازان پىتىق - پىتىق قايناپ كەتتى.

**پىتقلاتماق** «پىتىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىتقلاشماق** «پىتىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىتىقلىماق** پ. پىتىق - پىتىق قىلىپ قايىنىماق، پىتىق - پىتىق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: قازان پىتىقلاپ قايناپ كەتتى.

**پىتىگە** ئى. دىيال. كىچىك بالىلارنىڭ قورسىقى يوغىناپ بوينىغا ئۆسمەي قېلىش ھالىتى.

**پىچ** ئى. دىيال. پىچاق: ئۆز پىچى ئۆزىنى كەسمەيدۇ (ماقال).

**پىچاق** ئى ① پولاتتىن ياسالغان بىر ياكى ئىككى بىسلىق، سېپى بار كېسىش ئەسۋابى. ② <سانا> تۇرلۇك ئىستا-نوكلارنىڭ كەسكۈچى قىسمى.

**پىچاق سۆڭەككە يەتمەك** ئەھۋال چىداپ بولمايدىغان دەرد-جىگە كەلمەك، دەرد - ئەلەم ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتمەك: چىداپ بولماس كالتەككە، پىچاق يەتتى سۆڭەككە. يەتمىگۈچە تۇرمايمىز ئاخىر ئەركىن تىلەككە!

**پىچاق سۇرمەك** بوغۇزلىماق، ئۆلتۈرمەك (قوي، كالا ... قاتارلىق چارۋىلارغا نىسبەتەن).

**پىچاققا يارىغۇدەك** ئانچە ئورۇق ئەمەس، سويسا يامان ئەمەس گۆش چىقىدىغان (قوي - كالا قاتارلىق ماللار ھەققىدە).

**پىچىقى كەسمەك** ھوقۇقىنى ئىشلەتمەك، گېپى ئۆتمەك: ئەنۋەر خىزمەتتىكى دادىللىقى، ئادىللىقى ۋە ماھىرلىقى بىلەن پىچىقى كېسىپ، جامائەتنىڭ ئارىسىدا نوپۇزى ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

**پىچاقچى** ئى ① مەخسۇس پىچاق سوقۇش ۋە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: مەخمۇت تۆتىنچى ئەۋلاد پىچاقچى بولۇپ، ئۈچ شاگىرتى بىلەن كۈنىگە سەككىز پىچاق ياسايدۇ. ② كۆچمە. ھە دېگەندە باشقىلارغا پىچاق كۆتۈرىدىغان، ئۇرۇش - تالاش بولغاندا پىچاقنى قورال قىلىدىغان كىشى.

**پىچاقچىلىق** ئى ① پىچاق سوقۇش، ياساش ئىشى؛ پىچاق سوقۇش، ياساش كەسپى: پىچاقچىلىق ھۈنىرى. * ئەنۋەرنىڭ ئائى-لىسى ئەزەلدىن پىچاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ② ھە دېگەندە باشقىلارغا پىچاق كۆتۈرۈش، ئۇرۇش - تالاش بولغاندا پىچاقنى قورال قىلىش ئادىتى، قىلىقى.

**پىچاقسىز** سۈپ. پىچىقى يوق، پىچاق ئاسمىغان: پىچاقسىز ئادەم. // پىچاقسىز مال بوغۇزلىغىلى بولمايدۇ

**پىچاقلاشماق** «پىچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: روزىخان ھەقىقەتەن يامان ئايال بولۇپ، ئۇ ۋاقتى كەلسە ئەرلەر بىلەن تەڭ مۇشتلىشىپ، تەڭ چېلىشىپ، پىچاقلىشىپ ھۆددىسىدىن چىقات-تى.

**پىچاقلانماق** «پىچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىكتە ئۆزى يالغۇز پوستتا تۇرغان قاراۋۇل قاراقچىلار تەرىپىدىن پىچاقلاندى.

**پىچاقلىق** سۈپ. پىچىقى بار، پىچاق ئاسقان: پىچاقلىق ئادەم.

**پىچاقلىماق** پ. پىچاق سالماق، پىچاق تىقماق، پىچاق بىلەن جاراھەتلەندۈرمەك ياكى ئۆلتۈرمەك: يېقىندا مۇشۇ مەھەللىدە ئىككى كىشى بىر - بىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈشتى.

**پىچان** ئى ① سازلىق ۋە شورتاڭ يەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك: پىچان ئورماق. ② تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**پىچانگۈل** ئى [پىچان + گۈل] <بوت>← **پاقىچىغىرتمىقى**.

**پىچانلىق** ئى. پىچان بار يەر، پىچان كۆپ ئۆسكەن جاي: مەردان قېلىن ئۆسكەن پىچانلىق ئىچىدىن ئاق بوز ئاتنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، چىنارنىڭ يېنىغا كەلدى.

**پىچەكگۈل** ئى<بوت> پىچەكگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك يىلتىزىدا كىراخمال ۋە ئاقسىل بولىدۇ؛ دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەككە مەنپەئەت قىلىش، خىلىت ھاسىل قىلىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، ئېھتىلامنى تىزگىن-لەش رولىغا ئىگە.

**پىچتىپالاق** تەق، دىيال. مىلىچ - مىلىچ.

**پىچكا** ئى. ئۇرۇق، تاش (شاھمات تاختىسىدىكى): يېڭىلگۈ-چىلەر سۇرۇشتە قىلىنمايدۇ، بىراق شاھمات تاختىسىدىكى پىچكىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

**پىچماق** پ ① كىيىم - كېچەك تىكىش ئۈچۈن رەختنى مەلۇم ئەندىزە ۋە ئۆلچەملەردە كەسمەك: تون پىچماق. * ئۇ بۇ

كېچە تالاي كىيىملەرنى پىچىپ، ئۆيلەرنى بىزەپ بولدى. ② كەسمەك، ئىلماق، توغرىماق: تاۋۇز پىچماق. قوغۇن پىچماق. ③ <زوئول> ئەركەك مالنىڭ جىنسىي بېزىنى ئېلىۋەتمەك. ④ كۆچمە. بەلگىلىمەك، بىر ھۆكۈمگە كەلمەك، كەسمەك (باھا، نەرخ، ئىش ھەققى ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): باھاسىنى پىچماق.

**پىچۇرماق** «پىچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىچىر** ① تەق. سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۆزلىرىلا ئاڭلاپ، باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان پەس ئاۋاز: قاراڭغۇدا بۇلۇڭدا پىچىر قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ② ئى. شۇنداق ئېيتىلغان گەپ: گەپنىڭ يامىنى پىچىر، ئاتنىڭ يامىنى قېچىر (ماقال).

**پىچىر - پىچىر** ① «پىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىچىر - پىچىر قىلىپ سۆزلىمەك. ② ئۆزئارا قىلىشقان خۇپىيانە گەپ - سۆز، سۆز-چۆچەك: تۇرغۇن زاۋۇت ئىچىدىكى پىچىر - پىچىرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

**پىچىرلاتماق** «پىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆزلە ئەي، ئىشقىم تاڭلىرىغا ئۆرلىگەن چولپان، پىچىرلىتىپ جىنەستىدەك لەۋلىرىڭنى سىر نېمىدە ؟...

**پىچىرلاشماق** «پىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، «ئاسىم ئەپەندىم، ئاسىم ئەپەندىم ...» دەپ بىلىنەرلىك ئاۋاز چىقىرىپ پىچىرلاشتى.

**پىچىرلىماق** پ. باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان دەرىجىدە پەس ئاۋاز بىلەن گەپ قىلماق: ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان نىجات ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى.

**پىچىشماق** «پىچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىچىلماق** ① «پىچماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا كەلمەس (ماقال). ② يېرىلماق: پۈتۈم پىچىلىپ كەتتى.

**پىچىم** ئى ① رەختنىڭ كىيىمگە ئۆلچەپ كېسىلىشى؛ پاسون: بۇ شىمنىڭ پىچىمى ياخشى بوپتۇ. ② كۆچمە. تاشقى كۆرۈنۈش، قەددى - قامەت: پىچىمى كېلىشكەن يىگىت. * مەن ئۇ قىزنىڭ خۇش پىچىم قاملاشقان قامىتى، يېقىملىق مىجەزى، قول ھۈنەر، خىسلەت - پەزىلەتلىرىنى ئۆلگە، ئۆرنەككە لايىق قاملاشتۇرۇپ يارىتىپ قويغان تەبىئەتكە تەھسىن ئېيتىمەن. ③ كۆچمە. توختىتىلغان، بېكىتىلگەن باھا؛ نەرخ: شەمسىدىن قورۇ - جاينىڭ پىچىمىنى ئاڭلاپ، ئۈجۈقۈپلا كەتتى. ④ تەقدىر. ⑤ بوي - تۇرق، جۈغ، پىگۇرا.

**پىچىمچى** ئى. مەخسۇس كىيىم-كېچەك لايىھەلەپ پىچىدىغان ئادەم؛ كېسىمچى: سەيدىنقارىي باش پىچىمچى ئۇستاملارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

**پىچىمچىلىق** ئى. كىيىم پىچىش ئىشى، كەسپى: پىچىمچىلىق قىلماق.

**پىخ** تەق ① كۈلگەندە تاماقتىن پارتلاپ چىققان قىسقا بوغۇق ئاۋاز: ئايشىگۈل پىخ قىلىپ كۈلدى. ② مۈشۈك ئۆز رەقىبىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھۈرپىيىپ تامىقىنى قىرىپ چىقارغان ئاۋاز: مۆشۈكنىڭ پىخ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

**پىخەي** ئى [ خەن] لاتا ئاياغ، خەنزۇلار كىيىدىغان، رەختتىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىمى.

**پىخ - پىخ** «پىخ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىخ - پىخ قىلىپ كۈلمەك.

**پىخسىق** سۈپ. كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل: پىخسىق ئادەم.

**پىخسىقلىق** ئى. كىشىگە نەپ بەرمەسلىك ئادىتى، بېخىللىق.

**پىخىلداتماق** «پىخىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا بالىلىرىنى پىخىلدىتىپ كۈلدۈردى.

**پىخىلداشماق** «پىخىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى بالا پىخىلدىشىپ كۈلۈشكىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھويلىغا چىقىپ كېتىشتى.

**پىخىلدىماق** پ. پىخ - پىخ قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پىخ - پىخ قىلماق: ئۇلار ئېغىر ياتقۇ مەھەلگىچە بىر - بىرىنى غىدىقلىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشتى.

**پىدا** ئى [ئە] ① بىرەر شەخس، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش؛ قۇربان بېرىش: «ئانا يۇرتۇم بولسا ئامان، رەڭگىرويىم بولماس سامان»، قەلبىم سۆزى شۇكى مېنىڭ: ۋەتەن ئۈچۈن پىدا بۇ جان! ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پىدا بولماق** بىرەر شەخس، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن جان بەرمەك، ئۆزىنى ئاتىماق: سەن ئەگەر پىدا بولۇپ ئەل يولىدا بولساڭ شېھىت، ئارمىنىڭ بولماس جاھاندا، روھىڭ ئۆلمەس مەرد يىگىت.

**پىدا قىلماق** بىرەر شەخس، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىماق؛ ئۆزىنى قۇربان قىلماق، ئۆزىنى ئاتىماق: ئۇلار خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلدى.

**پىداكار** سۈپ [ئە + پ] بىرەر شەخس، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيە يولىدا جېنىنى پىدا قىلىدىغان، ئۆزىنى ئاتايدىغان؛ چەكسىز ساداقەتمەن: پىداكار جەڭچى. پىداكار كىشى.

**پىداكارانە** رەۋ. جانىنى پىدا قىلىپ، ئىنتايىن ساداقەت بىلەن، بېرىلىپ: ئۇلارنىڭ پىداكارانە ئىشلىشىدىن تەسىرلەنگەن ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشتى.

**پىداكارلىق** ئى ① ئۆزىنى پىدا قىلىش: ئوغلىنىڭ پىداكارلىق روھى، كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئېتىز ئىشلىرىدىكى پائالىيەتچانلىقى ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ② ئۆزىدىن كېچىپ، بېرىلىپ ئىشلەش، پىدائىيلىق: «ھاياتقا مۇھەببەت»تە شەخسنىڭ ئۆز ھاياتىدىن پىداكارلىق بىلەن كېچىشتەك ئالىيجاناب روھى گەۋدىلەنگەن.

**پىدالىق** ئى. پىداكارلىق، ساداقەتمەنلىك: سەمەت ساڭا تۇيدۇرماي تۇرۇپ شۇنچىلىك جان پىدالىق قىلىدىكى، مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن.

**پىدائىي** سۈپ [ئە] بىرەر كىشى، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيەگە سادىقلىق بىلەن بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانىدىن كېچىشكە تەييار بولغان، پىداكار، سادىق: دىلبەر يەرلىك پارتىزان پىدائىي يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتالماسقا قاراپ ماڭدى.

**پىدائىيلارچە** رەۋ. پىدائىيلارغا خاس، پىدائىيلارغا ئوخشاش، پىدائىيلاردەك: دۈشمەن بىلەن پىدائىيلارچە ئۇرۇشماق.

**پىدائىيلىق** ئى. بىرەر كىشى، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيەگە سادىقلىق بىلەن بېرىلىش: — قولۇڭغا قورال چىقىپ قاپتۇ،

سەنمۇ پىدائىيلىققا يېزىلدىڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى رۇستەم قادىردىن.

**پىدىگەن** ئى [پ] <بوت> ← **چەيزە.**

**پىر** I ئى [پ] ① ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەم، قېرى كىشى: مەن چۈشۈمدە پىردەك چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان بىر كىشىنى كۆرۈپ-تىمەن. ② <دىن>تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ يېتەكچىسى، رەھبىرى: — ھەزرىتى پىرىمنىڭ خەيرخاھلىقىغا تەشەككۈر، — دېدى ئابدۇرې-شىتخان. ③ بىرەر كەسىپنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى دەپ قارىلىدىغان كىشى: ياغاچچىنىڭ پىرى. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش، كەسىپ ياكى ساھەنى ياخشى ئىگى-لىگەن كىشى، شۇ ساھەدە ئەڭ ماھىر، ئۇستا ئادەم؛ ئۇستاز: — ئوينىماي ئولتۇرسام بىلمەمدىكىن دېمەڭ، تانسا دېگەننىڭ پىرى بىز! — دېدى نامەت.

**پىر** II تەق. پىرقىرىغۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئايلىنى-شىدىن ۋە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: سۇ قوشتىن ئىتتىك ئېقىپ چۈشۈشى بىلەن تەڭ تۈگمەننىڭ چاقپەلىكى پىر قىلىپ ئايلاندى.

**پىراق** ئى [ئە] يېزىت. ئەڭ يېقىن، سۆيۈملۈك كىشى ۋە ئۆزى ئۇچۇن، قەدىرلىك بولغان نەرسىدىن ئايرىلىش، ھىجران: مىڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان (ماقال). * غۇلام كۇندۇزى پادىشاھقا خىزمەت قىلدى، كېچىسى ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىن-دىشىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى.

**پىراكتىكا** ئى [ر<گىرېك] خىزمەت ئىقتىدارىنى يېتىل-دۈرۈش ئۇچۇن، ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىمنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئىشلىتىش ۋە سىناش جەريانى: پىراكتىكا قىلماق. پىراكتىكا جەريانى.

**پىراكتىكانت** سۈپ [ر] پىراكتىكا قىلىۋاتقان: پىراكتىكانت ئوقۇغۇچى. پىراكتىكانت دوختۇر.

**پىراكتىكىلىق** سۈپ. پىراكتىكىغا ئائىت، پىراكتىكىغا ئىگە، پىراكتىكىدىن ئۆتكەن، سىناق جەريانىدىن ئۆتكەن:... تارىخىي جەھەتتە كېلىۋاتقان، كېلىدىغان زاماندا ئىجتى-مائىي رىقابەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋە پىراكتىكىلىق ئىلھاملىرىغا ئىگە بولىسىز.

**پىراگماتىزم** ئى [ر<گىرېك] ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدىكى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق ئىدىيەۋى ئېقىم، ئامېرىكىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دۇنيا-نىڭ ماددىيلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.

**پىراگماتىزملىق** سۈپ. پىراگماتىزمغا ئاساسلانغان، پىراگماتىزمغا ئىگە: بىز تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ غۇبارسىز گۈلنى پىراگماتىزملىق مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇزۇۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىنسان غايىلىرىنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدىكى سۈزۈك شەبنەملىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ.

**پىراگماتىستىك** سۈپ [ر] پىراگماتىزمغا ئىگە، پىراگماتىزم ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىلغان، پىراگماتىزمدىن ئىبارەت ئىدىيەۋى ئېقىم ئاساسىدىكى: بولۇپمۇ بىزدەك ئەمەلىي ئۇنۇمگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئۇچۇن پىراگماتىستىك روھ بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ۋاھالەنكى، بۇخىل روھ چوقۇم «بىزچە» ئىستېمال قىلىنىشى كېرەك.

**پىرامىدا** ئى [ر<گىرېك] ① <مات> كۆپ ياقلىقنىڭ بىر خىلى. ئۇ بىر دانە كۆپ تەرەپلىك بىلەن بىر چوققىغا ئىگە بولغان بىرقانچە ئۈچ بۇلۇڭلارنىڭ ئورنىشى ئارقىلىق تۈزۈ-لىدۇ. ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكى كۆپەيتمى-سىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. ② شۇ خىل شەكىلدىكى جىسىم. ③ قەدىمكى مىسىردا، پىرئەۋنلەرنىڭ شۇ خىل شەكىلدە ياسالغان تاش مەقبەرىسى؛ ئېھرام.

**پىراۋا** ئى [ر] ئاپتوموبىل، موتوسىكلىت ۋە شۇ قاتارلىق ھەرخىل موتورلۇق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدەش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن تارقىتىپ بېرىلىدىغان سالاھى-يەت كىنىشكىسى، گۇۋاھنامە.

**پىراۋىسىز** سۈپ، پىراۋىسى يوق، پىراۋىسى بولمىغان، پىراۋا ئالمىغان: پىراۋىسىز شوپۇر. *— مەسىلە ئېغىر، مەقسەتلىك ھالدا ماشىنا ئوغرىلىغان، مەست ۋە پىراۋىسىز ماشىنا ھەيدىگەن، — دېدى ياش ساقچى.

**پىراۋىلىق** سۈپ، پىراۋىسى بار، پىراۋىسى بولغان، پىراۋا ئالغان: پىراۋىلىق شوپۇر.

**پىراۋەدى** سۈپ. دىيال. ھەممە ئىشنى ئالا قويمايدىغان، يامان.

**پىرئەۋن** ئى [ئە] قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ نامى ۋە شاھلىق ئۇنۋانى.

**پىرەنىك** ئى [ر] ئاق ئۇنغا ياغ، سۈت، تۇخۇم، ھەسەل ۋە شېكەر قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ھەر خىل شەكىلدە تەييارلانغان، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك.

**پىر ـ پىر** «پىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوز تورغىيىم، بوز تورغاي، ئەجەب خۇشخۇي سايرايسەن، پىر ـ پىر قىلىپ ھاۋادا، موللاق ئېتىپ ئوينايسەن.

**پىرت** تەق. سۇيۇقلۇق قاچىلانغان يۇمشاق قاپلىق نەرسى-لەرنى ياكى سۇلۇق مېۋىلەرنى قاتتىق سىققاندا سۇيۇقلۇقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: سۇ ناسوسىدىن پىرت قىلىپ سۇ چىقتى.

**پىرت-پىرت** «پىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇ پۈركۈ-گۈچتىن پىرت ـ پىرت قىلىپ ئېتىلدى.

**پىرتتىدە** رەۋ. پىرت قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، پىرت قىلىپ: پىرتتىدە يەل چىقماق.

**پىرجەك** ئى. دىيال. كېۋەزنىڭ گۈلى: كېۋەزلەر پىرجەك باغلاپتۇ.

**پىرخار** ئى. بەك قېرىغان ھالەت: پىرخار بولماق.

**پىرخار بولماق** دىيال. بەك قېرىپ كەتمەك.

**پىردەس** سۈپ. دىيال. توشۇق، بەك كۆپ، بەك جىق.

**پىرروتىت** ئى [گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمى-يەۋى تەركىبى $Fe_{1-X}S$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، X= 2.0 ~ 0.1 ئالتە يانلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولىدۇ. رەڭگى سېرىق، يوللىرى توق كۈل رەڭ، مېتال پارقىراقلىقىدا بولى-دۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.5 ~ 4.6، قاتتىقلىقى 3.5 ~ 4.5 بولۇپ، چۈرۈك كېلىدۇ. توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەر خىل تىپتىكى ئىچكى قىسىمدا ھاسىل بولىدىغان كان ياتمىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ؛ گۈڭگۈرت تاۋلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**پىررول** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى$C_4H_5N$ . رەڭسىز سۇيۇقلۇق، دورا ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**پىررىدە** رەۋ ① پىر قىلغان هالدا، پىر قىلىپ: رەيهاننىڭ بېشى پىررىدە قىلىپ ئايلىنىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

**پىرسەنت** ئى [ر<لات] ① <مات> 100 نى مەخرەج قىلغان كەسىر. ئادەتتە «%» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن: 11/100ئادەتتە 11% قىلىپ يېزىلىدۇ. ② قەرز ـ ئامانەت ئىشلىرىدىكى ئۆسۈم: ــ بۇ يىل دېھقانلارغا تارقىتىلغان چارۋا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ پىرسەنتى بارمىكەن ؟ ــ دەپ سورىدى رېشىت ئاكام.

**پىرسەنتلەشتۈرمەك** «پىرسەنتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇقىرىدىن كەلگەنلەر كارخانىمىزنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى پىرسەنتلەشتۈرگەنىدى.

**پىرسەنتلەشتۈرۈشمەك** «پىرسەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىرسەنتلەشتۈرۈلمەك** «پىرسەنتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ بۇلتۇرقى كىرىمى بىلەن بۇ يىلدىكى كىرىمى پىرسەنتلەشتۈرۈلدى.

**پىرسەنتلەشمەك** پ. پىرسەنت بويىچە هېسابلىماق، پىرسەنتكە سۇندۇرۇلماق.

**پىرسەنتلىك** سۈپ ① بەلگىلىك پىرسەنت قىممىتى بولغان، بەلگىلىك پىرسەنتكە ئىگە: توقسان پىرسەنتلىك ئىسپىرتنى سۇ قوشماي ئىچىشكە بولمايدۇ. ② <مات> پىرسەنت بىلەن ئىپادىلەنگەن، پىرسەنتكە ئائىت: سانلارنىڭ پىرسەنتلىك نىسبىتى.

**پىرغاي** سۈپ. دىيال. تولغىماچ؛ بۇدۇر، ئەگرى ـ بوگرى.

**پىرقە** [ئە] تارس ① ئى. كىشىلەر توپى، گۇرۇھ، گۇرۇپپا: ــ ئورۇس دېگەن بىر پىرقە بار ئوخشايدۇ، شۇ خەلق ئىلىخونى بېسىۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، ــ دېدى بوۋاي. ② ئى. پارتىيە: مەن بارلىق پىرقە ئەزالىرىنى يىغىپ، جاهاننىڭ ئوي ـ دۆڭلىرىنى تىڭ ـ تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ③ سۈپ. ئاۋارە، بىچارە، يوقسۇل.

**پىرقىراتماق** «پىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كەلگەن پېتى سۇنۇرنىڭ يوغان گەۋدىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى ـ دە، كۆتۈرۈپ پىرقىراتتى.

**پىرقىراشماق** «پىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەرهۇمنىڭ تۇغقانلىرى بۇ دۇنيادىن بالدۇر كۆز يۇمغان مېيىت ئەتراپىدا زار ـ زار يىغلىشىپ پەرۋانىدەك پىرقىراشماقتا ئىدى.

**پىرقىراتما** سۈپ ← **پىرقىرىما:** بۇلار زالنىڭ پىرقىراتما ئىشىكىدىن ئۆتۈپ پەلەمپەي ئاستىدا توختىتىپ قويۇلغان يېنىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇشتى.

**پىرقىرىتىلماق** «پىرقىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**پىرقىرغۇچ** ئى ① قەغەزدىن ياسىلىدىغان، شامالغا قارشى يۈگۈرسە پىرقىرايدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى. ② ئايروپىلان، موتور، ئېلېكتىرلىك شامالچى قاتارلىقلارنىڭ پىرقىراپ ئايلىنىدىغان قاناتلىرى. ③ مۇز ئۈستىدە كىچىك بالىلار قامچا بىلەن ئۇرۇپ پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق؛ نۇر: پىرقىرغۇچ ئوينىماق.

**پىرقىرىما** سۈپ. پىرقىراپ هەرىكەت قىلىدىغان، پىرقىراش

خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كۈچا قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 220 ـ ئۆيىگە تاڭ دەۋرىدىكى پىرقىرىما ئۇسسۇلنىڭ رەڭلىك سۈرىتى سىزىلغان. // سەمەت سۈيى قۇرۇپ ئۆڭتۈرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان پىرقىرىمىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىندى.

**پىرقىرىماق** پ ① جىسىم بىرەر نۇقتا ياكى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا چەمبەر شەكلىدە چۆرگىلىمەك، ئايلانماق: چاق پىرقىرىماق. چاقپەلەك پىرقىرىماق.② قايماق، ئايلانماق (باش هەققىدە): كىنوخانا ئالدىدىكى كىشىلەر سەل شالاڭلىغان بولۇپ بېشىم تېخىچە پىرقىراۋاتاتتى. ③ كۆچمە. پايپېتەك بولماق، ئاۋارە بولماق.

**پىرقىۋاز** ئى [ ئە+پ ] تارس. پارتىيە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنگۈچى، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشنى ياقلىغۇچى، گۇرۇھۋاز.

**پىرقىۋازلىق** ئى. پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشنى ياقلاش، پىرقىلەرگە ئايرىلىشنى ياقلاش، پارتىيە ياكى گۇرۇھلارغا ئايرىلىش، گۇرۇھۋازلىق: ئاپپاق خوجا ۋەتەنسىزلىكنىڭ ۋە پىرقىۋازلىقنىڭ كىشىلەر ئېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىكى رولىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى، بىر مەشهۇر هەدىستە «ۋەتەننى سۆيۈش ــ ئىمان جۈملىسىدىندۇر !» دەپ ئېيتىلغان.

**پىركامىل** ئى [پ + ئە] <دىن> دىنىي جەهەتتە كامالەتكە يەتكەن، يېتىشكەن، تولغان، پىر ـ ئۇستاز: كەمپىر نەئىمىنىڭ ئانىسىغا يىلىنىپ: قىزىڭغا ئۇلۇغلارنىڭ، پىركامىللارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ بېرەي دەيمەن، دەپ ئانىسىنى ئالداپ قىزنى ئاچقىپ كېتىپتۇ.

**پىرلاڭ** ئى. دىيال. ئاقتۇرما، بالدۇر پىشىدىغان توپچىسىمان تۇرۇپ.

**پىرما** ئى <بوت> قويلارنىڭ يۇڭىنى يۇڭزۇلىۋالىدىغان، تىكەنلىك، چېچەكى سېرىق، يېگىلى بولىدىغان، مېۋىسى شاكاللىق، قىزىل بولىدىغان ئۆسۈملۈك.

**پىرمە** ئى<بوت> ← **قاراغان.**

**پىروبىركا** ئى [ر] <خىم> لابوراتورىيە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان بىر تەرىپى پۈتۈك نەيچىسىمان شېشە.

**پىروپورتسىيە** ئى [ر<لات] <مات> ① ئىككى نىسبەتنىڭ تەڭلىكى؛ تاناسىپ: تەتۈر پىروپورتسىيە. ئوڭ پىروپورتسىيە. ② قىسىملارنىڭ، ئۆلچەملەرنىڭ ئۆزئارا نىسبىتى، ئومۇمەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىقدارىي مۇناسىۋەت.

**پىروپورتسىيەلىك** سۈپ. تەڭ نىسبەتلىك، نىسبەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، نىسبەتلەشكەن؛ تاناسىپلىق: پىروپورتسىيەلىك تەڭلىمە. پىروپورتسىيەلىك فورمۇلا.

**پىروتاكتىنىي** ئى [لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Pa(Prtactinium). ئاق كۈل رەڭ بولۇپ پارقىرايدۇ. ئۇ ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپ هېسابلىنىدۇ؛ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن ئوتتۇز ئىككى مىڭ يىل.

**پىروتوپلازما** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> هۈجەيرىنىڭ هاياتىي كۈچكە ئىگە تەركىبىي قىسمى. ئۇ هاياتنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ، ئاقسىل، يادرو كىسلاتاسى، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئانئورگانىك تۇز، سۇ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**پىروتوزوئا** ئى [لات + گىرېك] <زوئول> ئەڭ ئىپتىدا-

ئىي، ئەڭ ئاددىي ھايۋانلار. سۇدا ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ تېنى ئىچىدە ياشايدۇ، ھەممىسى دېگۈدەك بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋانلاردۇر، بەزىلىرى كۆپ ساندىكى يەككە تەنلەرنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق توپلىشىپ ياشايدۇ.

**پىروتون** ئى [ر<گىرېك] <فىز> ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىرى، مۇسبەت زەرەتلىك، ئۇنىڭ زەرەت مىقدارى ئېلېكترونىنىڭ 1836.5 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ھەرخىل ئاتوملارنىڭ تەركىبىدىكى پىروتونلار سانى ئوخشاش بولمايدۇ.

**پىروتېئازا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ئورگانىك بىرىكمە، ئاساسەن ھايۋانلار تېنىدە بولىدۇ. تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاشقازان، ئۈچەي، ئاشقازان ئاستى بېزى قاتارلىق ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدە بار. ئۇنىڭ رولى مۇرەككەپ ئاقسىلنى پارچىلاپ، ئاددىي، ئاسان قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئامىنو كىسلاتاسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

**پىروتىي** ئى [گىرېك] <خىم> ھىدروگېن ئىزوتوپلىرىنىڭ بىرى. بەلگىسى $^{1}H$(Protium). ماسسا سانى 1. ئۇنىڭ ئاتومى بىر دانە پىروتون بىلەن بىردانە ئېلېكتروندىن تەركىب تاپقان. ئۇ ھىدروگېنىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ، ئادەتتىكى ھىدروگېندا 99.98 پىرسەنت پىروتىي بولىدۇ.

**پىروزا** I [پ] ① ئى. ھاۋا رەڭلىك، قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمىغا ئىشلىتىلىدىغان تاش. ② سۈپ. ھاۋا رەڭ: پىروزا كۆز.

**پىروزا** II ئى [ر<لات] <ئەد> نەسرىي شەكىل بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر (ھېكايە، ئوچېرك، پوۋېست، رومان قاتارلىقلار).

**پىروزىچى** ئى. پىروزا يېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، پىروزا يازغۇچى كىشى، پىروزا يازىدىغان ئادەم، پىروزا يېزىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان يازغۇچى: مەمتىمىن ھوشۇر يېتىشكەن بىر پىروزىچى.

**پىروزىچىلىق** ئى. پىروزا يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: مەمتىمىن ھوشۇر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا مەۋجۇت بولغان، ئەمما دېگەندەك روناق تاپالمىغان ئەنە شۇنداق ئەنئەننى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە يۈكسەلدۈرگەن تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. * نۆۋەتتە ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ئۈمىدلىك بىر ساھە سۈپىتىدە يىرىك ھەجىمگە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

**پىروفېسسور** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**پىروفېسسورلۇق** ئى. پىروفېسسورغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان: پىروفېسسورلۇق قىلماق. پىروفېسسورلۇققا تەيىنلەنمەك.

**پىروكات** ئى [ر] ئىككى ئايلانما غالتەكسىمان ئوق ئارىسىدىن سىقىپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەرخىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈلگەن دېتال، مەھسۇلات.

**پىروكاتلىماق** پ. مېخانىكا ئۇسۇلى بىلەن پىروكات ھالەتكە كەلتۈرمەك: پىروكاتلاپ چىقماق.

**پىروكائىن** ئى [ر] <تېب> دورا ئىسمى، ئورگانىك خىمىيەۋى بىرىكمە، خىمىيەلىك فورمۇلىسى C13H 20O 2H 2. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كىرىستال ياكى كىرىستاللىق پاراشوك؛ تەمى قىرتاق، زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىزراق؛ بەزىدە ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىروكسىد** ئى [ر] (خىم) كېرەكسىز ئوكسىد، خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددا يەنى كېرەكسىز ئوكسىدلار.

**پىروكسىدلانماق** پ <خىم> (بىرەر ئېلېمېنتنىڭ) ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىش نەتىجىسىدە كېرەكسىز ماددىلارغا ئۆزگەرمەك، كېرەكسىز ئوكسىدلارغا ئۆزگەرمەك، كېرەكسىز ئوكسىدلارغا ئايلانماق: ۋىتامىن E ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پىروكسىدلانغان ياغلارنىڭ بەدەنگە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى توسىدىكەن.

**پىروگرامما** ئى [ر<گىرېك] ① قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ پىلانى. ② سىياسىي پارتىيە، ھۆكۈمەت، جامائەت تەشكىلاتى ياكى ئايرىم دۆلەت، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى، ۋەزىپە ۋە مەقسەتلىرى بايان قىلىنغان ھۆججەت. ③ رادىيو، تېلېۋىزىيە، كونسېرت، تىياتىر، سېرك قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى، ئۇنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلان، چۈشەندۈرمە: ئاڭلىتىش پىروگراممىسى. ④ مەكتەپ ۋە بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئۆتۈلىدىغان دەرس ياكى ئوقۇتۇشنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: ئوقۇتۇش پىروگراممىسى. تىل دەرسلىكى پىروگراممىسى.

**پىروگراممىچى** ئى. پىروگراممىا ئىشلىگۈچى، پىروگراممىا ئىشلەيدىغان ئادەم، پىروگراممىا مۇتەخەسسىسى: ئامېرىكىدا ئۇنىڭدەك ياكى ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق پىروگراممىچىلار بولۇشى مۇمكىن.

**پىروگراممىلاشتۇرماق** ① «پىروگراممىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② پىروگراممىا ھالىتىگە كەلتۈرمەك، پىروگراممىنى ۋۇجۇدقا چىقارماق، پىروگراممىا ئىشلىمەك: ئۇ ئۆز كالليسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىلىرىنى كونكرېت ھەرىكىتى ئارقىلىق پىروگراممىلاشتۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويدان بىلىدىغان كىشى ئىدى.

**پىروگراممىلاشتۇرۇشماق** «پىروگراممىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىروگراممىلاشتۇرۇلماق** «پىروگراممىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پىروگراممىلاشماق** پ. پىروگراممىا ھالىتىگە كەلمەك، پىروگراممىا بولماق، پىروگراممىا قىلىپ ئىشلەنمەك: بىزنىڭ بۈگۈن كېيىن ئىشلىنىدىغان كەسپىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى پىروگراممىلاشتى.

**پىروگراممىلىق** سۈپ. پىروگراممىسى بار، پىروگراممىغا ئىگە: پىروگراممىلىق ھەرىكەت.

**پىروگرېسسىيە** ئى [ر<لات] <مات> ھەربىرى ئالدىنقى سانغا بەلگىلىك ساننى قوشۇش ياكى كۆپەيتىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سانلار تەرتىپى: گېئومېترىيەلىك پىروگرېسسىيە. ئالگېبرالىق پىروگرېسسىيە.

**پىرولېتار** ئى [ر] <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ياللانما ئىشچى، يوقسۇل.

**پىرولېتارىيات** ئى [ر<نېم] <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش

ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ياللانما ئىشچىلار سىنىپى: پىرولېتارىيات سىنىپى.

**پىرولېتارىياتلىق** سۈپ. پىرولېتارىياتقا خاس، پىرولېتارىياتقا مەنسۇپ، پىرولېتارىياتقا تەئەللۇق: پىرولېتارىياتلىق ئەخلاق.

**پىرومېتىي** ئى [گىرېك] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Pm(Promethium). ئۇراننىڭ يىمىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 2.64 يىل، پىرومېتىينىڭ نۇرى فوسفورنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ يالتىراق پاراشوك ۋە پاراخوت مايىكى ياساشتا قوللىنىلىدۇ.

**پىروېكتور** ئى [ر<لات] يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ دېتاللارنىڭ پىروېكسىيەسىنى ئېكرانغا چوڭايتىپ چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇلۇڭ گىرادۇسى ۋە شەكلى قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆلچەش ئەسۋابى.

**پىروېكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ① يورۇقلۇق تەسىرىدە بىر جىسىمنىڭ باشقا بىر جىسىم يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن كۆلەڭگىسى؛ ئەكسى. ② <مات> بىر نۇقتىدىن بىر تۈز سىزىققا ياكى بىر تەكشىلىككە تىك ئۆتكۈزۈلگەندە ئىگە بولغان تىك ئاساسىي نۇقتىنىڭ ئاشۇ تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىكتىكى پىروېكسىيەسى دېيىلىدۇ؛ بىر كېسىك ئۈستىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ بىر تۈز سىزىق ياكى بىر تەكشىلىكتىكى پىروېكسىيەلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق، بۇ كېسىكنىڭ ئاشۇ تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىكتىكى پىروېكسىيەسى بولىدۇ.

**پىر ـ ئۇستاز** پىر ۋە ئۇستاز: سەيدۇللا موللا ھېكايىچىلىكنىڭ پىر ـ ئۇستازى ئىدى.

**پىرېزىدېنت** ئى [ر<لات] رېسپۇبلىكا تۈزۈمىدە ئىدارە قىلىنىدىغان بەزى مەملىكەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقى؛ رەئىسى.

**پىرېس** ئى [ر<لات] ماتېرىياللارنى ماشىنا ياكى باشقا بەلگىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەر بىلەن بېسىش، قىسىش.

**پىرېستان** ئى [ر] <قاتن> كېمە، پاراخوت توختايدىغان جاي؛ پورت.

**پىرېسلاتماق** «پىرېسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىرېسلاشماق** «پىرېسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىرېسلانماق** «پىرېسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھاشىم بەگكە ئەتىدىن كەچكىچە پىرېسلانغان پاختا قاپلىرىنى كۆتۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەن ھاقارەتلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

**پىرېسلىماق** پ. پىرېس بىلەن باسماق، پىرېس بىلەن بېسىپ، سىغداپ تەخلىمەك.

**پىرپىتە قىلماق** دىيال. ئالدىماق، ئەخمەق قىلماق.

**پىرىتسېپ** ئى [ر] پاراۋوز ياكى ئاپتوموبىلغا چېتىلىدىغان، ئۆزىدە ھەرىكەتلەندۈرۈش قۇرۇلمىلىرى بولمايدىغان قاتناش قورااللىرى؛ كوزۇپ، ۋاگون.

**پىرىتسىل** ئى [ر] <ھەرب> مىلتىق، زەمبىرەكلەرنىڭ قارىغا ئېلىش قىسمى. نىشاننىڭ ئارىلىقىغا قاراپ پىرىتسېلنى تەڭشىگەندە دەل تەگكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**پىرىداق** ئى. دىيال. توپىلىك، تەلپەك: ئۇ بېشىدىن پىرىداقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

**پىرىدىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_5H_5N$ رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇق، ئېرىتكۈچى ۋە خىمىيەلىك تەجرىبە دورىسى قىلىنىدۇ.

**پىرىزما** ئى [ر<گىرېك] <مات> ① كۆپ تەرەپلىكلەرنىڭ بىر خىلى. ئىككى ئاساسىي پاراللېل بولغان تەڭ كۆپ تەرەپلىكتىن، يان ياقلىرى پاراللېل تۆت تەرەپلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزىنى ئېگىزلىكىگە كۆپەيتكەنگە تەڭ. ② <فىز> خۇددى شۇنداق شەكىلگە ئىگە بولغان ۋە سۈزۈك جىسىمدىن ياسالغان ئوپتىك ئەسۋاب. ئۇ نۇرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش، مۇرەككەپ نۇرنى ئىسپېكتىرگە ئاجرىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىرىشاۋرىشان** ئى. دىيال <بوت> تاغدا بولىدىغان دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆسۈملۈك.

**پىرىق** I تەق. كۈلگەندە دىماغتىن چىقىدىغان ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋاز: زەيتۇنەم پىرىق قىلىپ كۈلدى.

**پىرىق** II سۈپ. پوستى سولىشىپ، تەركىبىدىكى شىرنىسى تەمسىز سۇغا ئايلانغان (ئۈزۈم ھەققىدە): پىرىق ئۈزۈم.

**پىرىق ـ پىرىق** «پىرىق I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىرىق ـ پىرىق قىلىپ كۈلمەك.

**پىرىلداتماق** «پىرىلدىماق» سۆزىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈز پەسلى، كوچىدا بىرقانچە بالا پىرقىرىغۇچلىرىنى پىرىلدىتىپ ئويناپ يۈرەتتى.

**پىرىلداشماق** «پىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىرىلداق** ئى. شامال، پۈرژىنا ياكى قول كۈچى ئارقىلىق ئۆز ئوقى چۆرىسىدە تېز ئايلىنىدىغان ئويۇنچۇق.

**پىرىلدىماق** پ. پىر ـ پىر قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پىر ـ پىر قىلماق: شامالدۇرغۇچ قانىتى پىرىلداپ چۆرگىلىدى.

**پىرىمىدىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_4N_2$. رەڭسىز كىرىستال، غىدىقلىغۇچى پۇراققا ئىگە، خىمىيەۋى دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىرىنسىپ** ئى [ر<لات] سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇن، نىزام: پىرىنسىپتا چىڭ تۇرماق. پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلماق.

**پىرىنسىپال** سۈپ [ر] ① پىرىنسىپتىن كېلىپ چىقىدىغان، پىرىنسىپقا ياتىدىغان، ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان؛ مۇھىم، جىددىي: پىرىنسىپال مەسىلە. پىرىنسىپال كۈرەش. ② پىرىنسىپقا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان: پىرىنسىپال بولماق. پىرىنسىپال ئادەم.

**پىرىنسىپاللىق** ئى. پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش.

**پىرىنسىپسىز** سۈپ. بىر پىكىردە چىڭ تۇرالمايدىغان؛ پىرىنسىپنى كېرەك قىلمايدىغان، مەيدانسىز: پىرىنسىپسىز ئادەم.

**پىرىنسىپسىزلىق** ئى. بىر پىكىردە چىڭ تۇرالماسلىق، مەيدانسىزلىق: پىرىنسىپسىزلىق قىلماق.

**پرىنسىپلىق** سۈپ. پىرىنسىپى بولغان، پىرىنسىپقا ياتىدىغان: پىرىنسىپلىق مەسىلە. پىرىنسىپلىق پەرق.

**پىژ** تەق. نەم نەرسىلەر ئوتتا كۆيگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: يېڭى كېسىلگەن ئۆجمە ياغىچى تونۇردا پىژ قىلىپ كۆيدى.

**پىژ - پىژ** ①«پىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى:

**پىژ-پىژ قىلىپ كۆيمەك.** ② كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق: كارۋانلار قۇملۇق چۆللەرنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ. ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. پىژ-پىژ ئاپتاپتا ئابدۇلنىڭ پېشانىسى كۆيۈپتۇ.

**پىژژىدە** رەۋ. پىژ قىلغان ھالدا، پىژ قىلىپ: شۇ تاپتا ئەركىننىڭ قورسىقى يەنە پىژژىدە ئاچقاندەك بولدى.

**پىژغىرىم** سۈپ. پىژ قىلىپ كۆيدۈرىدىغان: پىژغىرىم ئاپتاپ. * تاشماق مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ئون نەچچە چاقىرىم يولنى بېسىپ، باستىنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

**پىژىلداتماق** «پىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جانان قىزلار كۆيلىشەتتى بۇلبۇل كەبى، ئانارگۈلنىڭ شادلىقىنى يار - يار قىلىپ. ئەتراپىدا ئايلىنىشقان يىگىتلەرنىڭ، يۈرىكىگە پىژىلدىتىپ ئوتلار سېلىپ.

**پىژىلداشماق** «پىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىژىلدىماق** پ. «پىژ - پىژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «پىژ - پىژ» قىلماق: كاۋاپدانلاردا پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى.

**پىس** تەق. تار ھەم كىچىك تۆشۈكچىدىن ھاۋا، يەل، گاز چىققاندا ياكى چوغقا سۇ سېپىلگەندە ۋە شۇنداق ھاللاردا چىققان ئاۋاز: ۋېلىسىپىتنىڭ «پىس» قىلىپ يېلى چىقىپ كەتتى.

**پىسەنت** ئى [پ] دىققەت، ئېتىبار، نەزەر، پەرۋا: جاسارەتلىك ئەزىمەتلەر نە سوغۇق، نە ئۇيقۇسىزلىققا پىسەنت قىلمايتتى.

**پىس - پىس** «پىس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بار ۋۇجۇدۇم ئەل ئۈچۈن تۇرسا قىزىپ ياناماق بولۇپ، ئوت ئېلىپ يالقۇنلىماي، پىس - پىس قىلىپ قانداق تۇتەي.

**پىسپىس** ئى، دىيال. پىستان، پىسىلداق.

**پىستان** ئى [ر<فىران] ① <ھەرب> ئوق مىشىكىنىڭ كەينى قىسمىدىكى ئوت ئېلىش قۇرۇلمىسى: پىستان چاقماق. * ئۇ ساقچىلار ئىشلىتىدىغان «54» تىپلىق يان قورال ئوقىنىڭ پىستىنى ئىدى. ② بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىمىنىڭ بوغقۇچ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈككە بېكىتىلىدىغان يۇمىلاق تۆشۈكلۈك بۇيۇم: بەتىنكىگە پىستان بېكىتمەك. ③ كۆڭلەك، چاپان قاتارلىق كىيىملەرگە قادىلىپ، تۈگمە ۋە پەتلە رولىنى ئوينايدىغان ئەركەك - چىشىلىق بۇيۇم.

**پىستانلىق** سۈپ. پىستىنى بار، پىستان ئورنىتىلغان: ئۇ قۇربانغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، پىستانلىق ئىچچام بەتىنكە كىيىۋالغان ئىككى پۇتىنى كۆرسەتتى.

**پىستە** I ئى [پ] <بوت> ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئېگىز ئۆسىدىغان چوڭ دەرەخ. مېغىزى دورا قىلىنىدۇ؛ بۆرەكنى ئىسسىتىپ، مۇسبەتلىككە ياردەم بېرىدۇ؛ ئىشتىھانى ئېچىپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پىستە** II ئى [پ] <زوئول> ئىتنىڭ بىر سورتى، تېنى كىچىك، تۈكلىرى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا بولىدۇ، كىشىلەر تاماشا قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. «خورخور ياكى خاۋازا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پىستە - بادام** پىستە ۋە بادام.

**پىستىرما** ئى<ھەرب> تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان يوشۇرۇن قۇرۇلما، جاي: ئۇلار جىلغا ئىچىدە تاشلاردىن ئىستىھكام ياسىدى. ھامۇت باشچىلىقىدا ئالتە نەپەر جەڭچىنى پىستىرمىغا ئەۋەتتى. // پىستىرما قوشۇن.

**پىسخولوگ** ئى [ر] <پىسخول> ① پىسخولوگىيە ئالىمى، پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسى. ② كۆچمە. كىشىنىڭ پىسخولوگىيەسى، مىجەز - خۇلقى، روھىي ھالىتىنى ياخشى بىلىدىغان، شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان سەزگۈر ئادەم.

**پىسخولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] ① پىسخىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ تەتقىقات دائىرىسى ۋە تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي پىسخولوگىيە، باللار پىسخولوگىيەسى، مائارىپ پىسخولوگىيەسى قاتارلىق قالارغا بۆلۈنىدۇ. ② كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، روھىي ھالىتى.

**پىسخولوگىيەلىك** سۈپ. پىسخولوگىيەگە ئائىت، پىسخولوگىيەگە دائىر: پىسخولوگىيەلىك ھادىسە. پىسخولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت.

**پىسخىكا** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ ئاڭغا تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولغان روھىي ھالەت.

**پىسخىكىلىق** سۈپ. پىسخىكىغا دائىر، پىسخىكىغا ئائىت: پىسخىكىلىق تەجرىبە. پىسخىكىلىق ھادىسە.

**پىسسىدە** رەۋ. پىس قىلغان ھالدا، پىس قىلىپ: ۋېلىسىپىت «پىسسىدە» يەل قويۇۋەتتى.

**پىسق** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا قىلىنغان غەيۋەت.

**پىسق - پاسات** بىرەر كىشى توغرىسىدا تارقىتىلغان ئويدۇرما گەپ، بوھتان: — ئارقامدىن دائىم پىسق - پاسات تارقىتىپ يۈرگىننىڭ يەتمەي، ئەمدى ئاشكارا زىيانكەشلىككە ئۆتكەن بولساڭ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، — دېدىم مەن.

**پىسق - پاساتچى** پىسق - پاسات تارقاتقۇچى، تۆھمەتخور.

**پىسقى - پۈجۈر** دىيال. يالغان - ياۋىداق، پىسق - پاسات.

**پىسىر** I تەق. ئاستا، سۈس قىلىنغان ھەرىكەتتىن چىققان پەس ئاۋاز.

**پىسىر** II سۈپ. دىيال. ئېزىلەڭگۈ، مىس - مىس.

**پىسىر - پىسىر** «پىسىر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوماندان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاغزىدا «پىسىر - پىسىر» قىلىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى.

**پىسىرلاشماق** «پىسىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىسىرلىماق** پ ① بوش ئاۋاز چىقارماق. ② پىسىر - پىسىر سۆزلىمەك.

**پىسىڭ** تەق. يۇقىرى ئاۋاز چىقارماي، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈش ھالىتى: ھاشىر ئاكام ئۇنى مەنىستىمىگەندەك پىسىڭ قىلىپ كۈلۈپ سۆزىنى باشلىدى.

**پىسىڭ - پىسىڭ** «پىسىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىسىڭ -

پىسىلىڭ قىلىپ كۆلمەك.

**پىسسىڭگىدە** رەۋ. پىسسىڭ قىلغان هالدا، پىسسىڭ قىلىپ: ئۇ ماڭا قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

**پىسىلداتماق** «پىسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىسىلداشماق** «پىسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قارلىغاچ باللىرى گويا قېرىندىشى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقاندەك، باشلىرىنى پەسكە ساڭگىلاتقان هالدا پىسىلدىشاتتى.

**پىسىلداق** ئى. كىيىم - كېچەكلەرگە تۈگمە ئورنىدا ئورنىتىلىدىغان پىستان، پاسپاس.

**پىسىلدىماق** پ. پىس - پىس قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، پىس - پىس قىلماق: ۋېلىسىپىتنىڭ سۇغا چىلانغان ئىچ كامىرىدىن پىسىلداپ يەل چىقىۋاتاتتى.

**پىسىنچا** ئى. دىيال. گىرە، گىرەچە.

**پىش** ئىم. مۈشۈكنى چاقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىشا** ئىم. دىيال. مۈشۈكنى هەيدىۋېتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**پىشاك** ئى<فىز> ① بىر خىل ئاددىي مېخانىزم يەنى قوزغالماس نۇقتىنى ئوق قىلىپ ئايلىنىدىغان خادا. خادا ئايلانغاندا ئوق قىلىنغان نۇقتا تايىنىش نۇقتىسى بولىدۇ؛ كۈچنى ئاشۇرىدىغان نۇقتا كۈچ نۇقتىسى بولىدۇ؛ كۈچ هاسىل قىلىدىغان نۇقتا ئېغىرلىق نۇقتىسى بولىدۇ؛ ئۈچ نۇقتىنىڭ ئىككى ئارىلىقىنىڭ نىسبەتەن قىممىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كۈچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. پىشاڭنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك مېخانىزملارنى ياسىغىلى بولىدۇ. ② ئېغىر نەرسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ، ئۇنى قوزغاش ياكى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كالتەك ياكى لوم تۆمۈر.

**پىشاڭلىق** سۈپ ① پىشاڭى بار، پىشاڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ② پىشاڭ بولۇشقا يارايدىغان، پىشاڭ بولىدىغان؛ پىشاڭغا ئوخشاش: پىشاڭلىق ياغاچ. پىشاڭلىق لوم تۆمۈر. پىشاڭلىق رول.

**پىشپاق** ئى. دىيال. ساپما كەش، شىپىلداق.

**پىش- پىش** «پىش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۈشۈك «پىش - پىش» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا تۇمشۇقىنى سۈركىلى تۇردى.

**پىششىدە** رەۋ. پىش قىلىپ، پىش قىلغان هالدا.

**پىشىشىق** ① سۈپ. پىشىپ يېتىلگەن، پىشقان (مېۋە - چېۋە ۋە دانلىق زىرائەتلەر هەققىدە): پىشىشىق تاۋۇز. * پەتتار بوۋاي نەۋرىسى ئەكىرىپ بەرگەن پىشىشىق قوغۇننى كاسا قىلىپ ئىشتىها بىلەن يەۋاتاتتى. ② سۈپ. پىشۇرۇلغان، خام ئەمەس، پىشقان: پىشىشىق خىش. پىشىشىق گۆش. ③ سۈپ. كۆچمە. بىرەر ئىش ياكى هەرىكەتنى قىلىشقا ماهىر، ئۇستا: — ئۇ كەسىپتە پىشىشىق، سەۋىيەسىمۇ يۇقىرى، ئۇ خۇددى تۇپا ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئالتۇن، — دېدى. ④ رەۋ. پۇختا؛ مۇكەممەل؛ تولۇق؛ راۋان؛ ياخشى: يېرىم سائەتتىن كېيىن باللار بۇ ناخشىنى خېلى پىشىشىق ئۆگىنىۋالدى. ⑤ سۈپ. يېپيېڭى - يېڭىنىسگىچە، تەپسىلىي، تولۇق: يېزا باشلىقى بۇ جايىنىڭ ئەھۋالىنى پىشىشىق بىلىدىغان دېھقانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ چىقتى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. مول هوسۇللۇق، مۇنبەت: پىشىشىق يەر. ⑦ سۈپ. كۆچمە. باشقىلارغا بىر نەرسە بەرمەيدىغان؛ بېخىل: پىشىشىق ئادەم. ⑧ سۈپ. كۆچمە. پۇختا، مۇستەهكەم، چىدامىلىق؛ ئوڭاي - ئاسان ئۈزۈلمەيدىغان، يىرتىلمايدىغان؛ بەك: پىشىشىق رەخت، پىشىشىق ئارغامچا. ⑨ سۈپ. كۆچمە. ئورۇنلۇق، مەزمۇنلۇق: سۆزنىڭ پىشىشىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى ياخشى (ماقال).

**پىششىقلاتماق** «پىششىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىششىقلانماق** «پىششىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: رۇستەم ئادەت بويىچە ئىشلەپ قاتتىق تاپشۇرۇق، پىششىقلىنىپ دەرسى تاپتى كۆڭلى ئارام، زوق.

**پىششىقلىق** ئى. پىشىشىق هالەت: زەينەپقىزنىڭ چىرايلىق بەستى، ئۆي ئىشلىرىغا شۇنچە پىششىقلىقى ئايسخاننى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

**پىششىقلىماق** پ ① تەكرارلاش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق بىرەر ئىشنى، نەرسىنى پىشىشىق، پۇختا ئۆگەنمەك: ئۇ بىر يىلدىن بۇيان مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ باللار كېسەللىكى بۆلۈمىدە ئىشلىدى، كەسپىنى پىششىقلىدى. ② ياخشى، مۇكەممەل هالەتكە كەلتۈرمەك: مۇھەررىر ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. ③ چىڭىتماق، چىڭ، پۇختا هالەتكە كەلتۈرمەك: گىلەمنى پىششىقلىماق. كىگىزنى پىششىقلىماق.

**پىششىقماق** پ. بەك تورلىنىپ كەتكەنلىكتىن غۇژمەكلىشىپ تۈرۈلۈۋالماق (يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلار هەققىدە).

**پىشقاق** ئى. دىيال < يېم > ئىرىمچىك.

**پىشقىن** ئى. هاك.

**پىشكە** سۈپ. دىيال. ئازراق، كىچىككىنە، بىر ئاز.

**پىشلاق** ① ئى. سۈتنى ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك: ئۇ يەردىن ئۆتكەن هەربىر يولۇچى ئۇ جايىنىڭ قېتىقىنى ئىچەتتى ۋە پىشلىقىنى تېتىپ كۆرەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. سۈيى چىقىپ تۇرىدىغان: پىشلاق كۆز.

**پىشماق** I پ ① ئۆسۈپ، راۋاجلىنىپ ئىستېمال قىلىشقا، ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان، يارامىلىق هالغا كەلمەك؛ يېتىلمەك (مېۋە - چېۋە، دانلىق زىرائەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار هەققىدە): پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس (ماقال). ② قورۇش، قاينىتىش، دۈملەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىستېمال ئۈچۈن تەييارلانماق: تاماق پىشماق. * بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس (ماقال). ③ كۆچمە. بىرەر ئىشقا، ساهەگە تەجرىبىلىك بولۇپ يېتىلمەك: كەسىپكە پىشماق. ④ كۆچمە. چىنىقماق، تاۋلانماق: بەختىيار سۆزلەۋېتىپ، ئەمگەكتە پىشقان قاتمال قوللىرى بىلەن سائادەتنىڭ پاختىدەك ئاق، يۇمشاق قوللىرىنى ئاستا تۇتتى. ⑤ كۆچمە. قارار قىلماق، بىرلىككە كەلمەك (مەسلىھەت هەققىدە): شۇ كېچىدە مەسلىھەت پىشتى، چېرىكلەرگە تاڭ ئاتقاندا جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان بېرىلدى. ⑥ كۆچمە. يېتىپ كەلمەك؛ هازىرلانماق (ۋاقىت، پەيت، شەرت - شارائىت هەققىدە): شەرت - شارائىتى پىشماق. ⑦ كۆچمە. سىڭىش بولۇپ قالماق، ئادەت بولماق (كۆزى ۋە قۇلاققا): كۆزى پىشماق. * بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، مېنىڭ قۇلىقىم پىشىپ قالدى. ⑧ كۆچمە.

چىڭدالماق، پىششىقلانماق: كىگىز پىشتى. خىش ياخشى پىشتى.

**پىشماق** II پ. سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇقلۇققا چىلاپ ھۆل قىلماق، چۆمۈلدۈرمەك: سۇغا پىشماق.

**پىشۇرماق** «پىشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەپەندىم بىر كۈنى بازاردىن گۆش ئەكەلسە، خوتۇنى ئۇنى پىشۇرۇپ يەۋېلىپ، ئەپەندىمگە: — ئىت يەپ كەتتى، — دەپتۇ.

**پىشۇرۇشماق** «پىشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۇلتۇرۇپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇشتى.

**پىشۇرۇق** ئى. پېچىنە - پىرەنىك، باقالى، قاتقات، تاتلىق - تۈرۈم، مېغىز تورت، بالا تورت ۋە شۇنىڭدەك دۇخوپكىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: بۇ شىركەت مۇشۇ يېقىندا ئالتە تۈرلۈك پىشۇرۇقنى ئىشلەپ بازارغا سالدى.

**پىشۇرۇقلۇق** سۈپ. پىشۇرۇپ قويۇلغان، پىشۇرۇلغان: — يۇمشاق نان، پىشۇرۇقلۇق تۇخۇممۇ بار، ئالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

**پىشۇرۇلماق** «پىشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەپەندىم ئوردىدا ئولتۇرغىنىدا بىر كىشى پادىشاھقا پىشۇرۇلغان غازنى سوۋغا قىپتۇ.

**پىشت** ئىم. مۈشۈكنى قوغلاش ئىماسى.

**پىششماق** «پىشماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قويلىرىنى سۇغا پىششتى.

**پىشلغاق** ئى. قولتۇق، تىقىم قاتارلىق جايلارنىڭ تەرلىشى تۈپەيلىدىن تېرىنىڭ ياللۇغلىنىش ھادىسىسى.

**پىشلماق** «پىشماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سۇغا پىشلماق.

**پىشىم** I مىق. تەخمىنەن بىر قېتىم ئاش - تاماق ئېتىپ پىشۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ: بىر يىگىت: — ئاللا كارامەت، خاسىيەت سىزمۇ بار ئىكەنسىز - ھە ؟ — دېدى خۇشلۇقىنى بىلدۈرۈپ، — مەن كەلگىلى بىر ئاش پىشىم بولاي دېدى.

**پىشىم** II ئى دىيال. تەرىز، نەزەر: كۆزگە ئىلمىغان پىشىمدا لىمنى كۆرسىتىپ......

**پىغان** ئى [پ] يېزت. قاتتىق خاپا بولۇش ۋە ئىچ پۇشۇقتىن كېلىپ چىققان نالە - پەرياد، ھەسرەت، دەرد - ئەلەم، يىغا: پىغان چەكمەك. * تۆكۈلۈپتۇ يامغۇردەك ئۇ كىشىنىڭ ياشلىرى، پىغانىدىن ئېرىپتۇ ھەتتا تاغنىڭ تاشلىرى.

**پىغانسىز** سۈپ. پىغانى يوق، پىغاندىن خالىي: سەن كۆرۈندۈڭ يانبۇلاق ئەينەك بولۇپ، كۆرىمەن سادىرنى كۆرگەندەك بولۇپ. مەن پىغانسىز ناخشا ئېيتسام ئالدىدا، كەتتى يايراپ چېھرىسى گۈلدەك بولۇپ.

**پىغانلىق** سۈپ. دەرد - ئەلەم، نالە - پەريادقا تولغان، پىغان چىقىپ تۇرىدىغان: پىغانلىق كۈنلەر. * نەي ساداسى شۇنچە پىغانلىق ۋە مۇڭلۇق، مۇھەببەت دەرياسىدەك دولقۇنلۇق ئىدى.

**پىقىلجۇغۇش** ئى. دىيال. بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ پىسىلدىقى.

**پىكاپ** ئى [ر<ئىنگ] كىچىك ئاپتوموبىللارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ مەخسۇس ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، يۈرۈشكە قولايلىق، يەڭگىل ۋە ياسىلىشى سىپتا كېلىدۇ.

**پىكاپلىق** سۈپ. پىكاپتا ئولتۇرۇپ، پىكاپ بىلەن: بىز قەشقەرگە پىكاپلىق باردۇق.

**پىكرات** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، تەركىبى ئۈچ نىتروفېنول؛ مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_2(NO_2)_3OH$. سېرىق رەڭلىك كرىستال؛ زەھەرلىك؛ قۇرۇتۇلغاندا ئاسانلا پارتلايدۇ، پارتلىغۇچى دورا ياكى سېرىق رەڭلىك بوياق ياساشتا قوللىنىلىدۇ، كۆپىنچە سېرىق رەڭلىك پارتلىغۇچى دورا دېيىلىدۇ.

**پىكرىي** سۈپ [ ئە ] ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، ئىدراكىي، ئەقلىي: ئاشۇ قانۇن بىلەن گۇناھ بىر - بىرىگە تاناسىپ ھالدا ئىنساندىكى پىكرىي مەۋجۇدلۇقنى دىيالېكتىك رەۋىشتە روياپقا چىقارغان. * ئۇلار يازغۇچى، ئالىملارنىڭ شەرھ، ئىزاھلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئاۋامنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئادەم سەزمەك قىيىن بولغان ئىجتىمائىي پىكرىي ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**پىكۇس** ئى [لات] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. تېنىدە سۈتى بولۇپ، كاۋچۇك ئېلىنىدۇ؛ ئەسلىي ماكانى ھىندىستان؛ ئادەتتە تەشتەكتە بېقىلىدۇ.

**پىكىر** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ياكى كىشى ھەققىدىكى ئوي - خىيال، مۇلاھىزە: لەيلىگۈلنىڭ مېڭىسىدە «ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن دەھشەتلىك پىكىر لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى. ② بىرەر ئىش ھەققىدە قىلىنىدىغان تەكلىپ؛ مەسلىھەت: رۇستەم دوستىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، لېكىن شائىرنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى. ③ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش، بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى نىيەت، مەقسەت: ئەركىن خەلچەمنىڭ كۆزىدىن چىققان ئىككى تامچە ياشنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ئەيىبلەش پىكرىدىن قايتتى. ④ بىرەر نەرسە ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە نەتىجىسى؛ يەكۈن، خۇلاسە: ئۇلار ئۇزۇن مۇزاكىرىلىشىپ، ئاخىر بىر پىكىرگە كەپتۇ. ⑤ چۈشەنچە، بىلىم؛ ئاڭ، ئەقىل: پىكرى ئوچۇق. * ھەرقانداق ئادەم ئەقىل بىلەن پىكىرنى كىتابتىن، شۇنداقلا ئەمەلىي تۇرمۇشتىن قوبۇل قىلىدۇ. ⑥ دۇنيا قاراش، مەسلەك: — نېمە ئۈچۈن، ئەزىزىم، ئادەملەرگە يامان پىكىردە بولىۋېرىسىز ؟ — دېدى سادىر ھەيران بولۇپ.

**پىكىر - تەلەپ** پىكىر ۋە تەلەپ: بىز ئۇلارنىڭ قىسمەن قۇرۇلۇشىغا بولغان پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق.

**پىكىرچان** سۈپ. پىكىر قىلىشقا ئىقتىدارلىق، خىيال سۈرۈۋاتقاندەك چىقىپ تۇرىدىغان، خىيالغا پاتقاندەك بىلىنىپ تۇرىدىغان، خىيالچان: پىكىرچان كۆز.

**پىكىر - خىيال** پىكىر ۋە خىيال: ئامىنىخاننىڭ پىكىر - خىيالى ھازىر پەرزەنت كۆرۈشتىلا قالدى.

**پىكىرداش** ئى. بىرەر كىشى بىلەن بىر خىل پىكىردە، بىر مەسلەكتە بولغان كىشى؛ مەسلەكداش: ئۇ پەيلاسوپ ئۆمەر ھەييام بىلەن زاماندىش ۋە پىكىرداش شائىر ئىدى.

**پىكىرداشلىق** ئى. پىكرى ئوخشاشلىق، پىكىردىكى بىردەكلىك.

**پىكىرلەشمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى نەرسە، ھادىسە ھەققىدە مۇئەييەن بىر خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن مۇلاھىزە قىلىشماق، پىكىر يۈرگۈزۈشمەك؛ ئويلاشماق: مەنسۇر بىلەن ئەكبەر ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان خەت توغرىسىدا پىكىرلەشمەكتە ئىدى.

**پىكىرلىك** سۈپ. ئويلىيالايدىغان، ئەتراپلىق پىكىر قىلالايدىغان، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك: ئىلغار پىكىرلىك ئادەم.

**پىگمېنت** ئى [لات] <بىيول> ھەر خىل جانلىق ئورگانىزملارنى تۈرلۈك رەڭگە كىرگۈزىدىغان ماددىلار. مەسىلەن: قىزىلگۈلنىڭ قىزىل بوياقىغا ئوخشاش. بەزى پىگمېنتلار ھاياتلىق پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: قاندىكى ھېموگلوبىن بەدەندە ئوكسىگېن توشۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى خلوروفىل نۇر سىنتېزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**پىگمېنتلىق** سۈپ. تەركىبىدە پىگمېنت ماددىلىرى بولغان.

**پىڭ** I تەق. بىرنەرسىنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا تېز، يەڭگىل ئۆرلەپ چىقىش ھالىتى: ئەخەتنىڭ ئۇرغان توپى پىڭ قىلىپ يۇقىرى ئۆرلىدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

**پىڭ** II ئى [ خەن ] ياز كۈنلىرى ئاپتاپنى توسۇش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاھازلىق سايىۋەن. ئۇ ئەھۋالغا قاراپ، لاتا ياكى بورىدىن ياسىلىدۇ.

**پىڭ ـ پىڭ** «پىڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەمەت يىراقتىن دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ پىڭ ـ پىڭ يۈگۈرگەن پېتى ئالدىغا باردى.

**پىڭگىدە** رەۋ. پىڭ قىلغان ھالدا، ناھايىتى تېز: ئۆمەر بىر توپ كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى ساردىن ئۈركۈگەن چۆجىدەك پىڭگىدە يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

**پىڭىلداتماق** «پىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىڭىلداشماق** «پىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاپرېلنىڭ ئاخىرى، يېزا بالىلىرى يالاڭ ئاياغ بولۇۋېلىپ، توپىلىق يەرلەردە پىڭىلدىشىپ يۈگۈرۈپ ۋەللەي ئويناقتا ئىدى.

**پىڭىلدىماق** پ. «پىڭ ـ پىڭ» قىلغان ھالدا تېز ھەرىكەت قىلماق، «پىڭ ـ پىڭ» قىلىپ ھەرىكەت قىلماق، پىڭ ـ پىڭ قىلماق: ئاتلىق كىشى بالىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغانىدى، ئۇ بىردىنلا تونۇپ قالدى ـ دە، كەينىگە قاراپ پىڭىلداپ يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى.

**پىل** I ئى [ئە <پ] <زوئول> قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى، ھىندىستان، ئافرىقا قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ يەرلىرىدە ياشايدۇ.

**پىل** II تەق. چىراغنىڭ كۆيۈۋاتقان چاغدىكى ھالىتى: چىراغپايدىكى قارا چىراغ پىل قىلىپ ئۆچۈپ قالدى.

**پىلاتى** ئى [ر] بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىغا كىيىلىدىغان ئەستەرسىز يازلىق چاپان.

**پىلاتىنا** ئى [ر<ئىسپان] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Pt(Platinum). كۈمۈشتەك ئاق، پارقىرايدۇ، سوزۇلىدۇ؛ توك ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى ياخشى، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تېگىل ۋە ئېلېكتىر قۇتۇپى ياساشقا بولىدۇ؛ ئۇنى يەنە كاتالىزاتور قىلىشقا بولىدۇ.

**پىلازما** ئى [ر<گىرېك] ① <بىيول> ئورگانىزم ئىچىدىكى شىلىق پەردە تەرىپىدىن ئاجرىتىلىپ چىققان بىر خىل سۇيۇقلۇق. ئۇ رەڭسىز ۋە سۈزۈك بولۇپ، سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ② <فىز> مۇسبەت ئىيون ۋە ئىيونلاشقان ئېلېكترونلاردىن تەركىب تاپقان جىسىم، شۇنىڭدەك ماددىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىيونلاشقان ھالىتى.

**پىلازمېت** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ستوپىلازما ئىچىدىكى ئۆزلۈكىدىن كۆپىيەلەيدىغان بىر خىل تۈزۈلۈش. مەسىلەن: خوندرىيوسوم.

**پىلاستىنكا** ئى [ر] ① پاتېفون تەخسىسى. ② نېپىز تاختىسىمان مېتال، سۇلياۋ.

**پىلاكات** ئى [ر<نېم] تەشۋىقات، ئاخبارات ئىشلىرىنى كەڭ ئاممىغا بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىسقا تېكىستلىك قىلىپ يېزىپ چاپلانغان، ئېسىلغان چاقىرىق، شوئار ياكى شوئارلار يېزىلغان رەخت، تاختا: پىلاكات ئاسماق. پىلاكات چاپلىماق. پىلاكات كۆتۈرمەك.

**پىلاكاتچى** ئى. پىلاكات كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى.

**پىلان** ئى [ر<لات] خىزمەت ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن مەزمۇنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى: تاغام ئۇنىڭ ئون يىللىق پىلانى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق كۈلكىسىنى باسالماي قالدى.

**پىلانچان** سۈپ. پىلان بىلەن ئىش قىلىدىغان: يۈسۈپ ئاكام خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋەرمەيدىغان، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، پىلانچان ئادەم.

**پىلانچانلىق** ئى. پىلان بىلەن ئىش قىلىش ۋە شۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەت: پىلانچانلىقنى كۈچەيتىپ، بازارنى تەكشۈرۈش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشىنى كۈچەيتىپ، قارىسىغا ئىش قىلىشنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

**پىلانچى** ئى. پىلان تۈزۈشكە ۋە كۆرسىتىشكە ئۇستا ئادەم، ئېپى بار كىشى: مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە كېۋىر ئاخۇن ئىمام تولىمۇ پىلانچى بولىدىغان.

**پىلانچىلىق** ئى. پىلان بىلەن ئىش قىلىش ھەرىكىتى: بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغان ئىسھاق: — ۋاي، ئۇنىڭ پىلانچىلىقىمۇ تايىنلىقكەن، — دەپ ساتتارنىڭ گېپىگە لوقما سالدى.

**پىلانسىز** سۈپ ① پىلانى يوق، پىلان بولمىغان. ② پىلان بىلەن ئىش قىلمايدىغان، پىلان بويىچە ئىش قىلمايدىغان: پىلانسىز ئادەم. پىلانسىز بالا. ③ پىلانغا ئاساسلانمىغان، ئالدىن پىلان قىلمىغان: پىلانسىز ئىگىلىك. * پىلانسىز ئىش — قېلىپسىز خىش. (ماقال).

**پىلانسىزلىق** ئى. پىلان بىلەن ئىش قىلماسلىق، ئالدىن پىلان قىلماسلىق: پىلانسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەك.

**پىلانلاتماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يولداش جۇمە تېخنىكلارغا پىلانلىتىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىرنەچچە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى.

**پىلانلاشماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىچىك دوستلار ئەتە دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئىش قىلىشنى پىلانلاشتى.

**پىلانلانماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل 350 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىش پىلانلاندى.

**پىلانلىق** سۈپ ① پىلانى بار، پىلانى بولغان. ② ئالدىن

پىلانلاشتۇرۇلغان، مۇئەييەن تەرتىپلىك، قائىدىلىك: پىلانلىق باشقۇرۇش. پىلانلىق تۇغۇت.

**پىلانلىماق** پ. بىرەر خىزمەت ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانىنى ئالدىن تۈزۈپ چىقماق.

**پىلانېتا** ئى [ر<گرېك] قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن چۈشكەن يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاسمان جىسىملىرى؛ سەييارە.

**پىلانېر** ئى [ر<فىران] <تەن> ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قۇرۇلمىلىرى يوق، تۈزۈلۈشى ئاددىي ۋە يېنىك بولغان بىر خىل ئۇچۇش ئەسۋابى. ئۇنىڭ قانىتى بولىدۇ، ئۇچۇش مەشقى ۋە ئاۋىياتسىيە تەنھەرىكەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئادەتتە ئايروپىلان، ئاپتوموبىل ياكى ئېلاستىك ئارقانلار ئارقىلىق يەردىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە يۇقىرى ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ بوشلۇقتا لەيلەپ ئۇچىدۇ.

**پىلانېرچى** ئى. پىلانېر ئۇچۇرىدىغان، پىلانېر ھەيدەيدىغان كىشى.

**پىلانىمېترىيە** ئى [<لات + گرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ تەكشىلىكتىكى گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى (كۆرۈنۈشى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئورنى قاتارلىقلار)نى تەتقىق قىلىدۇ.

**پىلائۇن** ئى [ر] <بوت> پىلائۇن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياتما غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ كۆپ يېرىدىن شاخلايدۇ؛ يوپۇرماق شەكلى تەڭگىچىگە ئوخشايدۇ؛ تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ.

**پىلە** ئى [پ] پىلە قۇرتى چىقارغان مەھسۇلات يەنى مەشۇت.

**پىلە قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. لىچىنكىسى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولىدۇ؛ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يەيدۇ، تۆت قېتىم قاسراق تاشلايدۇ؛ مەشۇت چىقىرىپ غوزەك ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە قۇرتقا ئايلىنىدۇ؛ قۇرتى پىلە پەرۋانىسى بولۇپ چىقىدۇ، پەرۋانىسى چېتىشىپ تۇخۇم سالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لىچىنكىنىڭ چىقارغان مەشۇتى توقۇمىچىلىقنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**پىلەس** سۈپ. دىيال. پاسكىنا، تېگى پەس.

**پىلپىل** ئى [پ] <بوت> قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋە باشقى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىپ، سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىل ـ پىل** «پىل II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار ئاندا ـ ساندا پىل ـ پىل كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**پىلپىلگۈل** ئى [پىلپىل + گۈل] <بوت> پىياز ئائىلىسىدىكى كىچىك، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ؛ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇپ، تۈگۈنچەكلەرنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**پىلتا** ئى [پ] ① دوپپىنىڭ تۆپىلىكى بىلەن ئەستىرى ئارىسىغا ياكى تونلارنىڭ قىرىغا پىلىك شەكلىدە قىلىپ بېرىلىدىغان پاختا ياكى قەغەز. ② پارتلىتىش بومبىلىرىنىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە بوغقۇچ، يىپ: پىلتىغا ئوت ياقماق. ③ سۈيۈقئاش، لەڭمەنگە ئوخشاش غىزالاردا، ئاۋۋال يوغانلىقىنى تەخمىنەن بارماقتەك قىلىپ، سىرتىغا سۈمبىيى سۈركەپ راسلىنىدىغان خېمىر: خېمىرنى پىلتا قىلماق.

**پىلتىكۈچ** ئى ① پاختا ياكى پىلتىلارنى دوپپىنىڭ ئەستەرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، دەستىلىك ئىنچىكە تۆمۈر چوكا: تۆپە پىلتىكۈچ. كېزەك پىلتىگۈچ. * پىلتىكۈچ بىلەن دوپپىنىڭ كېزىكىگە پىلتا بەرمەك. ② قۇلاق كولاشتا ۋە بەدەنگە دورا سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچىغا پاختا ئورالغان ياغاچ.

**پىلتىڭ** تەق. بېلىق قاتارلىقلارنىڭ يەڭگىل ھالدا سۇ يۈزىگە سىلكىنىپ چىقىش، شۇڭغۇش ھالىتى: بېلىق پىلتىڭ قىلىپ سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى.

**پىلتىڭ ـ پىلتىڭ** «پىلتىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا پىلتىڭ ـ پىلتىڭ قىلىپ ماڭدى.

**پىلتىڭلاتماق** «پىلتىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىلتىڭلاشماق** «پىلتىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گايىت ئاكامىنىڭ سېۋىتىدىكى كۆلدىن تۇتۇپ كېلىنگەن يوغان كارىپ بېلىقلار پىلتىڭلىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى تولغىشىپ تۇراتتى.

**پىلتىڭلىماق** پ. پىلتىڭ ـ پىلتىڭ ھەرىكەت قىلماق: سۇپۇرگە ئاكا قىپيالىڭاچ كەنجىتايىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىن پىلتىڭلاپ ئەگىشىپ چىقىقىنىنى كۆرمىدى.

**پىلتىڭگىدە** رەۋ. پىلتىڭ قىلغان ھالدا، پىلتىڭ قىلىپ: بېلىق پىلتىڭگىدە سۇ ئۈستىگە ئۆرلىدى.

**پىلتىلاتماق** «پىلتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىلتىلاشماق** «پىلتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىلتىلانماق** «پىلتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پىلتىلىق** سۈپ. پىلتىسى بار، پىلتا ئورنىتىلغان، پىلتا بېرىلگەن: پىلتىلىق گىرانات. پىلتىلىق دورا. پىلتىلىق مىلتىق.

**پىلتىلىماق** پ ① پىلتا ھالىتىگە كەلتۈرمەك، پىلتا قىلماق: مەريەمخان ئانا لەڭمەننىڭ خېمىرىنى پىلتىلاپ قويۇپ، سەينىمۇ قورۇپ بولدى. ② پىلتا ئورۇنلاشتۇرماق: دوپپىنى پىلتىلىماق.

**پىلخانا** ئى [ئە + پ] پىل بېقىشقا تەييارلانغان ئۆي: پىل بىلەن دوست بولساڭ، پىلخاناڭنى راسلا (ماقال).

**پىلدىر** تەق. يەڭگىل، تېز ھەرىكەت قىلىش، ئايلىنىش ھالىتى.

**پىلدىر پەلەك** دىيال. قوناق ئۇنىنى چىلان شەكلىدە يۇمىلاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**پىلدىر ـ پىلدىر** «پىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كېپىنەكخان، كېپىنەك، پىلدىر ـ پىلدىر ئۇچىسەن، پۇراپ قويۇپ بىر گۈلنى، باشقىسىنى قۇچىسەن.

**پىلدىرلاتماق** «پىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاپپار قولىدىكى گۈلنى پىلدىرلىتىپ ئويناشقا باشلىدى.

**پىلدىرلاشماق** «پىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قانات قېقىپ شوق تورغايلار پىلدىرلاشتى، قارلىغاچلار ئۇسسۇل ئويناپ ۋىچىرلاشتى.

**پىلدىرلىغۇچ** ئى. شامال كۈچى بىلەن پىلدىرلاپ ئايلىنىدىغان، قەغەزدىن تەييارلىنىدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى.

**پىلدىرلىماق** پ. تېز ھەرىكەت قىلماق، ئايلانماق: گۈلزارلىقتا ئۇياندىن بۇ يانغا پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان كېپىنەك

هۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بىر تال قىزىلگۈل بەرگىگە قونۇۋالدى.

**پىللىدە** رەۋ. پىل قىلغان ھالدا، پىل قىلىپ: چىراغ پىللىدە يېنىپ يەنە ئۆچتى.

**پىلۇتون** ئى [گىرېك] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پىلانېتانىڭ بىرى. ئۇ توققۇز پىلانېتانىڭ قۇياشقا بولغان يىراق ـ يېقىنلىق رەت تەرتىپىدىن سانىغاندا توققۇزىنچى، شۇنىڭدەك قۇياشقا ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ كىچىك پىلانېتا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئومۇمىي دەۋرى 248 يىل؛ سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 220℃؛ بىر دانە سەييارە يەنە ئۇنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ.

**پىلۇتونىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنت . بەلگىسى Pu (Plutonium). سۇس كۆك رەڭدە پارقىرايدۇ، ھاۋادا ئوڭاي ئوكسىدلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 12 خىل ئىزوتوپى بايقالدى، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ 500 مىڭ يىل، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئۇران بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتوم بومبىسى ياساشنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**پىلۇس** ئى [ر<لات] <مات> قوشۇش بەلگىسى (+) نىڭ نامى.

**پىلپاختا** ئى [پىلە + پاختا] پىلە غوزىسىنى سۇدا پىشۇرۇپ يىپ چىقىرىۋالغاندىن كېيىنكى قېپقالغان قالدۇق قىسمى. سەيناخ.

**پىلىتا** ئى [ر] كۆمۈر قالايدىغان ئوچاقلارنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، كۆپ ئېغىزلىق چويۈن قاپقاق: ئۇ پىلىتىنىڭ كىچىك كۆزىنى ئېچىپ ئوچاققا كۆمۈر سېلىۋەتتى.

**پىلىچەك** ئى. دىيال. ماروژنى ئۇسىدىغان كىچىك ساپال كۇرۇشكا.

**پىلچى** ئى. پىلە بېقىش ۋە يېتىشتۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: — بىزنىڭ كەنتكە ئۈچ نەپەر پىلچى قىز چىقىدىكەن، — دېدى ئابدۇقادىر.

**پىلچىلىك** ئى. پىلە بېقىش ۋە يېتىشتۈرۈش ئىشى، كەسپى: پىلچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**پىلخانا** ئى . پىلە باقىدىغان جاي، ئورۇن.

**پىلكار** ئى [ ئە+ پ ] پىلچى، پىلە باققۇچى: لەڭگەر يېزىسىدىكى پىلكارلار پىلە بېقىپ بىر مىليون يۈەن كىرىم قىلدى.

**پىلىك** ① ئى. بىر ئۇچى چىراغنىڭ يېغىغا چىلىنىپ تۇرىدىغان، يەنە بىر ئۇچىغا ئوت يېقىلىدىغان، پاختىدىن ئېشىلگەن ياكى ماتادىن تىكىلگەن بۇيۇم: چىراغ پىلىكى. شام پىلىكى. ② سۈپ. كۆچمە. يۇمشاق، بوش، ياۋاش: — ئۇنىڭدىن غەم يېمە، — دېدى زاھىر ماخا، — ئۇ 15 كۈنلۈك تۈتۈپ تۇرۇشتىن چىققاندىن كېيىن پىلىك بولۇپ كەتتى.

**پىلىكسىز** سۈپ. پىلىكى يوق، پىلىك ئورنىتىلمىغان: پىلىكسىز چىراغ.

**پىلىكلىك** سۈپ ① پىلىكى بار، پىلىك ئورنىتىلغان. ② پىلىك بىلەن ياندىغان: كارىدوردىكى ئون پىلىكلىك كىرسىن ئوچاققا ئېسىلغان قازاندىن سۈيۈقئاش سۈيىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىنا ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان تامچىلارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلاتتى.

③ پىلىك قىلىشقا بولىدىغان، پىلىك قىلىشقا ئىشلىتىدىغان: پىلىكلىك پاختا. پىلىكلىك لاتا.

**پىلىكئوت** ئى [پىلىك + ئوت] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ؛ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش رولى بار، بۆرەككە پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈكنى ماڭغۇزىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**پىلىلداتماق** «پىلىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىلىلداشماق** «پىلىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىلىلدىماق** پ. پىل ـ پىل قىلماق: سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان گۈمبىزىدە ئاخىرقى يۇلتۇزلار پىلىلدىماقتا ئىدى.

**پىلموت** ئى [ر] <ھەرب> ئاپتوماتىك ھالدا تېز ئېتىلىدىغان قوراللارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**پىلموتچى** ئى. پىلموت ئاتىدىغان، پىلموت بىلەن قوراللانغان ئادەم.

**پىلموتچىلىق** ئى. پىلموت ئېتىش ۋە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: پىلموتچىلىق قىلماق.

**پىلموتلۇق** سۈپ. پىلموتى بار، پىلموت تۇتقان، پىلموت ئاسقان: پىلموتلۇق ئىككى ئەسكەر يولدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ ئۆزىنى تامنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

**پىليونكا** ئى [ر] <گ سەن> يورۇقلۇق سەزگۈچى دورا سۈرتۈلگەن يالتىراق لېنتا. ئادەتتە فوتو سۈرەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىنان** I ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{10}H_{18}$. خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، نئورگانىك كىسلاتا ۋە ئوكسىدلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسانلىقچە پارچىلانمايدۇ.

**پىنان** II ئى [ئىنگ] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، تېيىز سۇدا ئۆسىدۇ.

**پىنە** ① ئى. تېرىق دېنىنىڭ سىرتقى پوستى، قاسىرىقى، شاكال، ئۇۋاق: سەن ئۆزۈڭنى كىشى دەمسەن، سەن تېرىقنىڭ پىنىسى.② سۈپ. دان ئالالمىغان، پۇچەك: پىنە شال.

**پىنەك** I ئى. جان ت ① نەشە: — ھەي ئوغۇل باللار، پىنەك يوقمۇ، پىنەك ! بولسا يۆگەشمەمسەن، تارتىشىۋالايلى ! — دېدى ساقى. ② تاماكا ياكى نەشە يۆگەش ئۈچۈن تەييارلانغان (√)شەكىللىك قەغەز نەيچە.

**پىنەك** II دىيال ① سۈپ. پۇچەك. ② ئى ئاشلىقنىڭ دان تۇتمىغان شاكىلى.

**پىنتاڭ** ئى [خەن] گۆشنى سۆڭپىياز قاتارلىق سەيلەر بىلەن قورۇپ، سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن پىنتوزا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل سۇيۇق تاماق.

**پىنتوزا** ئى [خەن] ماش، تاتلىقياڭيۇ قاتارلىق كىراخماللاردىن سىمدەك ئىنچىكە قىلىپ تەييارلىنىدىغان، سەي قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان خام يېمەكلىك.

**پىنجەك** ئى. ئارىسىغا پاختا ياكى تېرە ئېلىنىدىغان، يېڭى ۋە ياقىسى يوق، قىسقا كىيىم؛جىلىتكە: تۇرسۇن سوكىنىدىن تاشلانغان، بورسۇق تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجەك كىيىۋالغانىدى.

**پىنجەكلىك** سۈپ ① پىنجىكى بار، پىنجەك كىيگەن: يولنىڭ ئۇ چېتىدە پىنجەكلىك بىر يىگىت بۇ ئىشلارغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ

تۇرماقتا. ② پىنجەك تىكىشكە يارايدىغان، پىنجەك بولىدىغان: بىر پىنجەكلىك تېرە.

**پىندەك** سۈپ. پاكار، پەتەك: ئۇ ماڭا ئۆزىگە بوي ـ تۇرقى تەڭ ياكى چوڭراق باللاردىن بىرەرنى بەلگىلىمەي، سىنىپ بويىچە ھەممىدىن كىچىك بىر «پىندەك» نى بەلگىلەپ قويۇشقانلىقىغا خاپا بولاتتى.

**پىندىق** ئى<بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى پىشىل، يېيىشكە ۋە ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پىنگۋىن** ئى [فىران<لات] <زوئول> سۇ قۇشى. ئانتارك-تىكا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**پىنناس** ئا. دىيال. تەڭگە، پۇل: كىچىككىنە پىنناس، ئالەمنى كېزىپ تىنماس (ماقال).

**پىننە** ئى<بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول ۋە يوپۇرمىقى خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ئۆتۈشنى، ھۆللۈكنى قايتۇرىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلاپ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

**پىننەش** دىيال ① سۈپ. ھاكاۋۇر، دىمىغى ئۈستۈن، دىمىغى ئېگىز. ② ئى. ھاكاۋۇرلۇق.

**پىننىلىك** ① سۈپ. پىننىسى بار، پىننە سېلىنغان. ② پىننە ئۆستۈرۈلگەن جاي، ئېتىز.

**پىنھان** سۈپ [پ] ① كىشىنىڭ نەزىرىدىن خالىي، كىشى نەزىرى ئاسان چۈشمەيدىغان، خىلۋەت، خالىي: پىنھان جاي. ② يوشۇرۇن، مەخپىي: قىز ماڭا قاراپ: ـــ سەن بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ يۈرمە ! ـــ دېدى. مەن: ـــ ئەلۋەتتە پىنھان تۇتىمەن ! ـــ دېدىم.

**پىنھانچى** ئى. پىنھان، يالغۇز ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، پىنھان تۇرۇشنى خالايدىغان كىشى: ئاتاقلىق پىسخولوگىيە ئالىمىدىن بىرىنىڭ قارىشىچە، پۇلغا قۇل بولغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى جىمغۇر، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان پىنھانچىلار ئىكەن.

**پىنھانلىق** سۈپ. يوشۇرۇن، مەخپىي ھالەت؛ خالىيلىق: پىنھانلىق يوقالسا سېھرىي كۈچ، تەبىئىيلىك يوقالسا جەلپكارلىق، پاكلىق يوقالسا ئادالەت، ۋىجدان يوقالسا ھەققانىيەت بولمايدۇ.

**پىۋا** ئى [ر] ئارپىغا ياۋا قۇلماق ياكى قۇلماق قوشۇپ، ئېچىتىپ ئىشلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك. ئۇنىڭ كۆپۈكى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خىل پۇرىقى بولىدۇ؛ تەمى سەل قىرتاق، ئىسپىرت مىقدارى نىسبەتەن ئاز بولىدۇ: پىۋا ئىچمەك.

**پىۋىچى** ئى. پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى پىۋا سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**پىۋىچىلىك** ئى. پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**پىۋىخانا** ئى [ر+ پ] مەخسۇس پىۋا ساتىدىغان ۋە كىشىلەر سېتىۋالغان پىۋىسىنى ئىچىدىغان دۇكان.

**پىيادە** [پ] ① رەۋ. قاتناش قورالىسىز، ئۇلاغسىز، ئۆز ئايىغى بىلەن، ياياق: پىيادە يۈرمەك. * ئاتلىق يالغۇز ماڭغۇچە، پىيادە بىللە ماڭ (ماقال). ② ئى. كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىللە كېلىپ، قاتناش قورالىسىز، ئۇلاغسىز يول يۈرىدىغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ: پىيادىلەر يولى.

**پىياز** ئى [پ] <بوت> يوپۇرمىقى نەيچىسىمان ئۇزۇن ئۆسىدىغان، ئاساسلىق مېۋىسى يەر ئاستىدا قات ـ قات تۈگۈنەك بولىدىغان، تۈگۈنىكى ۋە ياش يوپۇرمىقى كۆكتات قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك.

**پىيزى پىشماسلىق** كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق، پىتىشالماسلىق.

**پىيزى گىچ ـ گىچ** ئىككى خىيالدا، تازا پىشمىغان، ئارىسالدى ھالەتتە: ھەي ! بۇ ئىشنىڭ پىيزى گىچ ـ گىچ جۇمۇ، شۇڭا مەن تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن.

**پىيازگۈل** ئى [پىياز + گۈل] <بوت> ← **گۈلسامساق.**

**پىيازلىق** ① سۈپ. پىيىزى بار، پىياز تېرىلىدىغان: پىيازلىق يەر. ② ئى. پىياز تېرىلىدىغان يەر، پىياز ئۆسكەن جاي: پىيازلىقتىن بىر باغلام پىياز ئېلىپ چىقتىم.

**پىيالە** ئى [پ <گىرېك] تۈۋىدىن يۇقىرىغا قاراپ كېڭەيگەن، قورسىقى كىچىك بولىدىغان كىچىك چىنە؛ چاي چىنىسى (ئاساسەن چاي ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ).

**پىيالىسىمان** سۈپ. پىيالىدەك، پىيالىگە ئوخشايدىغان.

**پىيانىنو** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> كۇنۇپكىلىق بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى. ئىچكى قىسمىغا نۇرغۇنلىغان مېتال تارلار ۋە تىۋىتلىق رەخت ئورالغان بولقىسىمان كىچىك تاياقچىلار ئورنىتىلغان بولۇپ، تىلى بارماق بىلەن بېسىلغان ھامان تاياقچىلار تارغا ئۇرۇلۇپ، ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**پىيانىنوچى** ئى. پىيانىنو چالغۇچى كىشى: ئارتىسلار رېپېتىتسىيەدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن پىيانىنوچى ئوتتۇرىسىدا چاتاق چىقىپ قالدى.

**پىيزەك** ئى<بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولىدا كىراخمال بولىدۇ، ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ؛ غولى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ تۈگۈنەك غولى دورا قىلىنىدۇ، قاننى ماڭغۇزۇپ خۇننى راۋان قىلىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش، يەلنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**پىيما** ئى [ر] قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان قونچلۇق قىشلىق ئاياغ كىيىمى: پىيما باسماق. * مەن پۇتۇمدا يوغان پىيما، ئۇچامدا ئۇزۇن جۇۋا، يوتامغىچە قار كەچكەن ھالدا ئېغىر ـ ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن.

**پىيمىچى** ئى. پىيما بېسىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پىيما بېسىشنى كەسىپ قىلغان ئادەم: ـــ دولقۇن خېلى ئۇستا پىيمىچى دەپ ئاڭلىدىم، ـــ دېدى ئايشەم دولقۇنغا قاراپ كۈلۈپ.

**پىيمىچىلىق** ئى. پىيما بېسىش ئىشى، كەسپى: ئەھمەدئاخۇننىڭ پىيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىغا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى.

**پىيمىلىق** سۈپ. پىيمىسى بار، پىيما كىيگەن: پاكار چاننى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان پىيمىلىق كىشى قېتىپ كەتكەن ئايىغىنى ساڭگىلىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى.

**پىيونېر** ئى [ر<فىران] <مائار> سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئۆسمۈرلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى.

**پىيونېرلارچە** رەۋ. پىيونېرلارغا خاس، پىيونېرلاردا بولىدىغان، پىيونېرلاردەك: ھەجەر ئامىنە مۇئەللىمگە پىيونېرلارچە سالام بەردى.

**پىيونېرلىق** سۈپ. پىيونېردا بولىدىغان، پىيونېردا بولۇشقا تېگىشلىك: پىيونېرلىق بۇرچ. پىيونېرلىق سالاھىيەت.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ت

**تا** يۈك [پ] ① ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ۋە رەۋىشداشلار (كۆپىنچە «چە» لىك قۇرۇلمىلار) نىڭ ئالدىدا كېلىپ، چەك ئۇقۇمىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ، تا شەھەرلىك پارتكومغىچە باردى. ② باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەگەشمە جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتتىن بۇرۇن سادىر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: پاتەمخان ھەر كۈنى تاماقنى پىشۇرۇپ، قىزى گۈلشەن تا مەكتەپتىن كەلگۈچە يېمەي ساقلاپ تۇراتتى.

**تائام** ئى [ئە] پىشۇرۇپ تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىك؛ تاماق، غىزا: ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام (ماقال).

**تائاملانماق** پ. تاماق يېمەك؛ غىزالانماق: بىر تويدا ئۇنىڭ بىلەن بىر تاۋاقتا تائاملانغاچ تونۇشۇپ قالدىم.

**تائەبەد** رەۋ [پ + ئە] ئاخىرغىچە، مەڭگۈ: ۋەتىنىم، سۆيگەن ئانام سەن، بارلىقىم قۇربان ساڭا، تائەبەد سادىق بولۇشتۇر مەندىكى ئارمان ساڭا.

**تائەت** ئى [ئە] دىنىي ئەمەللەرنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېجىرىش.

**تائەت - ئىبادەت** <دىن> تائەت ۋە ئىبادەت: ئۇ ئۆز گۇناھىنى تىلەپ، تائەت - ئىبادەتكە شەيتان ئارىلاشماسلىقى ئۈچۈن كۈندە پەقەت ئىككى نۆۋەتلا ئوزۇقلىناتتى.

**تابغاچ** ئى. تارىس. تاڭ دۆلىتى، تاڭ سۇلالىسى، جۇڭگو.

**تابلېتكا** ئى [ر<فىران] <تىب> تۈگمە شەكلىدە ياسالغان دورا.

**تابىئە** سۈپ [ئە] يېزىت ← **تەۋە**.

**تاپ** I ئى. ھايۋانات ياكى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى؛ مۇردا، جەسەت: ئاسماندا تاپ يېگۈچى قۇزغۇنلار ئەگىپ ئۇچۇشاتتى.

**تاپ** II ① ئى. ئېتىزنى ئاغدۇرغاندا قالغان قوش ئىزى، قۇر: تاپ ئاچماق. تاپ سالماق. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بەش تاپ بۇغداي.

**تاپ بېسىپ** ئارقىدىنلا، بىر قەدەم كەينىدىن: ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ ئەمدىلا ئاپتوبۇسقا چىقىشىغا، رازۋېدكىچىمۇ تاپ بېسىپ ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ.

**تاپتىن چىقماق** قانۇن - قائىدە، تەرتىپ - ئىنتىزام، پىرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ئىش قىلماق؛ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەك: ياشلار تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، زامان ئۇنداق كېتىۋەرمەس، ئوڭشىلىپ قالار.

**تاپقا كىرمەك** قانۇن - قائىدە، تەرتىپ - ئىنتىزام، پىرىنسىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىشنى ئۆگەنمەك: ئۇ ھەرقانچە بەڭباش بولسىمۇ، بىز سىزىپ بەرگەن تاپقا كىرمەي مۇمكىن ئەمەس.

**تاپ** III ئى پەيت، پۇرسەت، ۋاقىت: شۇ تاپ تەشنالىقىم قاندى، ۋۇجۇدۇم - جان بېغىم ياشناپ.

**تاپ** IV ئى [پ] چىدام، تاقەت، بەرداش: تاپ كېلەلمەسلىك.

**تاپا** ئى بىركىمگە قىلىنغان تەنە، دوق؛ ئاغرىنىش: تاپا قىلماق.

**تاپا - تەنە** بىركىمنىڭ قىلغان ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزلىرىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا قىلىنغان دوق، بېرىلگەن دەككە، دەشنەم: تاپا - تەنە قىلماق. تاپا - تەنىگە قالماق.

**تاپارمەن** سۈپ. بىرەر نەرسىنى تېز تاپالايدىغان، تېپىشقا ئۇستا: تاپارمەن ئادەم.

**تاپان** ئى ① پۇت ئاستىنىڭ ئارقا قىسمى: تاپىنى يېرىلماق. تاپىنى ئاغرىماق. ② ئاياغ كىيىمنىڭ شۇ جايىغا توغرا كېلىدىغان قىسمى: ئۆتۈكنىڭ تاپىنى تېشىلمەك. ③ ئۈزەڭگىنىڭ پۇتنىڭ ئاستى تېگىپ تۇرىدىغان قىسمى. ④ قايچا، لاخشىگىر قاتارلىقلار تىغىنىڭ قارشى تەرىپى. ⑤ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ بېسىم ئوقىغا بېكىتىلىدىغان ۋە رەختنى بېسىپ تۇرىدىغان دېتالى. ⑥ قارتا ئويۇنىدىكى شەكلى تاپانغا ئوخشايدىغان قىزىل رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ خىل بەلگىگە ئىگە قەغەز.

**تاپان باستى** گۇمانخورلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ يۈرىدىغان كىشى: مەن گەپ تىڭشايدىغان ماراقچىلاردىنمۇ، خۇددى بار تاپان باستىلاردىنمۇ قورقمايمەن.

**تاپان باستۇرۇپ** ← **تاپ بېسىپ**: قۇلاق كەستىلەر تاغامنىڭ كەينىدىن تاپان باستۇرۇپ ئاتلىق قوغلاپتۇ.

**تاپان تەشتى** ھېيلىگەر، قۇۋ، ھارامزادە: ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن تاپان تەشتى بىرنەرسە.

**تاپان ھەققى** بىراۋنىڭ بىرەر ئىشى ئۈچۈن مېڭىشىپ بەرگەن يولى، قىلغان ياردىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى، پۇل: تاپان ھەققى بەرمەك. تاپان ھەققى ئالماق.

**تاپان يالىماق** ئادەتتىن تاشقىرى خۇشامەت، يالاقچىلىق قىلماق: بەزىلەر ئەمەلنى دەپ يالار تاپان، سۆكسۆكنى ئەتىر دەيدۇ يېپىپ چاپان.

**تاپىنى تۆشۈك** كۆرۈنگەن يەرگە قاتراپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز.

**تاپىنى تېشىلگۈدەك بولماق** بىرەر ئىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ماڭماق، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلماق: روزىمەتئاخۇن گۈلگ تۇتقان بوغالتىرغا: — شاللىقىمنى ئەي قىلىش ئۈچۈن تاپىنىم تېشىلگۈدەك بولغىنىنى «بەشبۇلاق»نىڭ قۇرت - قوڭغۇز، چۈمۈلىلىرىمۇ بىلىدۇ، — دېدى.

**تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقماق** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق: بەختىيار خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى - دە، ئويلىغانسېرى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالدى.

**تاپىنىغا دەسسەپ يۈرمەك** بىراۋنىڭ كەينىدىن كۆزىتىپ يۈرمەك، پايلاپ يۈرمەك، تەقىپ قىلىپ يۈرمەك.

**تاپىنى قىزىماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن ئورنىدا تۇرالماي قالماق: چېلىشىش مەيدانىغا بارغان بۇ ئەزىمەت تاپىنى قىزىپ تۇرالماي قالدى.

**تاپىنىنىڭ كىرىنى شۈممەك ← تاپىنىنى يالىماق:** بۇ بازاردىكى غالچا ئىتلارنىڭ ساھىب تەدبىرى مەنسەپدارلارنىڭ تاپىنىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ يۈندىخورلۇق قىلىش.

**تاپىنىنى يالىماق** خۇشامەت قىلماق، بېقىنىغا كىرىپ كۈن كۆرمەك: مۇسۇلمانمەن ... سەندەك گومىنداڭنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان مۇسۇلمانلارنى قىرىدىغان مۇسۇلمانمەن .

**تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەي** كۆتۈرگەن پېتى، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن: — سىلەر دەرھال بېرىپ، ئۇ خۇنپەرنىڭ تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى بەگ دورغىلىرىغا.

**تاپىنى يەرگە تەگمەي** تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن، تىنىم تاپماي: ھەر كۈنى تاپىنىم يەرگە تەگمەي ئىشلىسەممۇ، چوڭ قۇشناچ: « نان قېپى، نانى ھارام يەۋاتىسەن » دەپ تىللايدۇ.

**تاپانتوزاق** دىيال. تۇزاق، قىلتاق.

**تاپانچا** ئى [پ] <ھەرب> بىر قول بىلەن ئاتىدىغان قىسقا يان قورال.

**تاپانچىلاپ** رەۋ. تاپىنى بىلەن دەسسەپ، تاپىنى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، تاپىنى بىلەن دەسسىگەن قىياپەتتە، تاپىنى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ: بالا چىرقىرايتتى، يۇلقۇناتتى، چىدىيالماي تاپانچىلاپ سەكرەيتتى، يالۋۇراتتى، يىغلايتتى... ئاخىر ئۇنى ئۆچۈپ كەتتى.

**تاپانچىلىق** سۈپ. تاپانچىسى بار، تاپانچا ئاسقان: قوش تاپانچىلىق يىگىت.

**تاپانداشماق** « تاپاندىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىرشەپلەر ئۆتۈپ كېتىشى ھامان تاشۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپاندىشىپ ماڭدى.

**تاپاندۇز** ئى. چەمچى، ئاياغنىڭ چەمىگە ئىشلىدىغان كىشى.

**تاپاندىماق** پ ① يېقىنىدىن ئەگىشىپ ياكى ئارقىسىدىن قالماي ماڭماق، تاپ بېسىپ ماڭماق: ئۇ ئارقامدىن تاپانداپلا كېلىۋاتاتتى. ② ئىزىغا چۈشۈپ ماڭماق، پېيىغا چۈشمەك: بىر ئادەم كەينىمدىن تاپانداپ يۈرەتتى.

**تاپانسۇ** ئى <دېھ> سائەتلىك سۇ، ئادەم كۆلەڭگىسىنى تاپان بىلەن ھېسابلاپ ئۆلچەپ تۇتۇلىدىغان سۇ.

**تاپانلىق** سۈپ. تاپىنى بار، تاپان ئورنىتىلغان: زەنجىر تاپانلىق تىراكتور.

**تاپاۋەت** ئى [ئە] پايدا، كىرىم: تاپاۋەت قىلماق.

**تاپاۋەتچى** ئى. تاپاۋەت قىلىدىغان ئادەم: بۇ يەردىكى تاپاۋەتچىلەرمۇ بىر- بىرىدىن قالماي ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىشمەكتە ئىدى.

**تاپاۋەتلىك** سۈپ. تاپاۋىتى بار، پايدا - مەنپەئەتى ياخشى: تاپاۋەتلىك كەسىپ.

**تاپتۇرماق** «تاپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆمۈر خەلپە خوجىنىيازنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قورال - ياراغ ئۆگىتىشكە تەيىنلەيدۇ.

**تاپسا** ئى. ئۆينىڭ ئىشىكى بىلەن سۇپا ياكى كاڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق: ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تاپسىغا چۈشتى.

**تاپسىلىق** سۈپ. تاپسىسى بار، تاپسا قىلىنغان: تاپسىلىق كاڭ.

**تاپشۇرتماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاپشۇرما** ئى. تاپشۇرۇلغان، بۇيرۇلغان ئىش؛ ۋەزىپە: مەن ئۇنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ھەرقاچان يۈزدەيۈز ئورۇنلايمەن.

**تاپشۇرماق** پ ① بىرەر نەرسىنى شەخسىينىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ قولىغا، ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: نىجات قولىدىكى پورتماننى ساقچىلارغا تاپشۇردى. ② بىركىمنىڭ زىممىسىگە بىرەر ئىش ياكى ۋەزىپە يۈكلىمەك: خىزمەت تاپشۇرماق. * تۆتەيلەن پىكىرلىشىپ بۇ ئىشنى شائىرغا تاپشۇردى.

**تاپشۇرۇشماق** « تاپشۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار ئېشىنچا ئاشلىقلىرىنى بەس- بەس بىلەن دۆلەتكە تاپشۇرۇشماقتا.

**تاپشۇرۇق** ئى ① بىركىمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىش؛ ۋەزىپە: ناھىيەلىك پارتكومنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىز ئۈچىمىز خىزمەت تەكشۈرۈشكە ماڭدۇق. ② ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن بېرىلگەن دەرس مەزمۇنى: تاپشۇرۇق دەپتىرى. تاپشۇرۇق بەرمەك.

**تاپشۇرۇلماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي - جايلىرىم ۋاقتىنچە ئاكامغا تاپشۇرۇلدى.

**تاپقاق** سۈپ. تاپىدىغان، تاپالايدىغان؛ تاپقۇر: تاپقاق ئادەم.

**تاپقان - تەرگەن** ئەجىر قىلىپ تاپقان ۋە يىغقان ھەممە نەرسە: بىزنىڭ تاپقان - تەرگىنىمىزمۇ سەن ئۈچۈن.

**تاپقان - تۈگكەن ← تاپقان - تەرگەن:** پۈتۈن تاپقان - تۈگكىنىمىزنى بىر توپ قۇترىغان ھايۋانلارغا بېرىپ قويارمىشمىز.

**تاپقۇر** سۈپ. ئويلاپلا تېز تاپالايدىغان، تاپقاق: شاھ بەھرام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تاپقۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك خوجايىنىغا قايىل بوپتۇ.

**تاپقۇرلۇق** ئى. ئويلاپلا تېز تېپىش: — بارىكاللا قىزىم تاپقۇرلۇقۇڭغا! — دەپتۇ رابى بىننى ھاتەم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

**تاپماق** پ ① ئارزۇ قىلغان، ئىزدىگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەك: خوتۇن قالسا ئەر تاپار، ئەر قالسا مال تاپار (ماقال). ② ئەمگەك قىلىپ ياراتماق، تىرىشىپ ئىگە بولماق: قۇدرەت ئىشنىڭ سىرتىدا قوشۇمچە موزدۇزلۇق قىلىپ 250 يۈەن پۇل تاپتى. ③ ... دەپ قارىماق،... دەپ ھېسابلىماق: مۇۋاپىق تاپماق. زۆرۈر تاپماق، لازىم تاپماق. ④ بەزى ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرىدۇ: روناق تاپماق، ئارام تاپماق.

**تاپىر** ئى. [ر<ئىسپان] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، قۇيرۇقى قىسقا كېلىدۇ؛ بۇرنى ئۇزۇن بولۇپ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ، ئالدى پۇتى تۆت بارماقلىق، كەينى پۇتى ئۈچ

بارماقلىق كېلىدۇ؛ تىروپىك بەلباغدا ياشايدۇ.

**تاپىرىق** سۈپ. دىيال. ھېچنېمىسى يوق، قەلەندەر.

**تاپىلاشماق** «تاپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاپىلانماق** «تاپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ شىركەتكە يىغىۋېلىنغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىش تاپىلاندى.

**تاپىلىما** ئى. بىرەر ئىش ھەققىدە بىركىمگە تاپىلاپ، جېكىلەپ ئېيتىلغان سۆز؛ جېكىلەش، نەسىھەت: دىيابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار چوقۇم دوختۇرنىڭ تاپىلىمىسىغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

**تاپىلىماق** پ. بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، بېجىرىلىشى، ساقلىنىشى قاتارلىقلارنى بىركىمگە تاپشۇرماق؛ جېكىلىمەك: ئابلىكىمگە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپ يولغا چىقتىم.

**تات** تەق. مىلتىق، ئاپتومات قاتارلىقلار ئېتىلغاندا ئاڭلانغان ئاۋاز: ئورماندا «تات» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

**تاتاتلاتماق** پ «تاتاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاتاتلىماق** پ «تات ـ تات» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: دەسلەپ تاپانچىنىڭ، كېيىن تاتاتلاپ ئېتىلغان ئاپتوماتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

**تاتار** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. تاتار مىللىتىنىڭ ئاز بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىغا؛ ئاساسلىق قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋولگا دەرياسى بويلىرى، سىبىر، قىرىم قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**تاتارتماق** «تاتارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاتارچە** ① سۈپ. تاتار خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: تاتارچە ئۇسسۇل. تاتارچە ئادەت. ② ئى. تاتار تىلى ۋە يېزىقى : ئۇ تاتارچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. تاتار تىلىنى ئىشلىتىپ، تاتار تىلىدا: تاتارچە سۆزلەشمەك.

**تاتارماق** پ. چىرايى ئۆزگىرىپ، ئۆڭى ئۆچمەك، چىرايى ئاقارماق: چىرايى تاتارماق.

**تاتازا** مىق [خەن] باغلام، پېچەت: بىر تاتازا پۇل.

**تاتاق** ئى. بال س. قەنت، كەمپۈت (بالىلارغا قوللىنىلىدۇ).

**تات ـ تات** «تات» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاتىق** ئى. تەم، لەززەت: تاتىقى يوق تاماق.

**تاتلىق** سۈپ ① تەمى، لەززىتى ياخشى؛ تەملىك، مەززىلىك: تاتلىق تاماق. تاتلىق يېمەكلىك. * ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھۇرۇننىڭ جېنى تاتلىق (ماقال). ② كۆچمە. لەززەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان؛ شېرىن: تاتلىق ئۇيقۇ. تاتلىق ئارزۇ.

**تاتلىق ـ تۈرۈم** ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەر: يۇملاق شىرەنىڭ ئۈستى خىلمۇخىل تاتلىق ـ تۈرۈم، قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

**تاتلىقلىق** ئى تاتلىق، مەززىلىك تەم: بېھەشنىڭ ئىشكىدە بىر تۈپ ئانار دۇر، ئۇنىڭ تاتلىقلىقى تىلنى يارادۇر.

**تاتلىقياڭيۇ** ئى [تاتلىق + ياڭيۇ] <بوت> ① يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئىستېمال قىلىشتىن باشقا ئۇنىڭدىن يەنە قەنت ئېلىشقا ۋە ئىسپىرت ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**تاتۇق** ئى. جاراھەت ئىزى: ئۇنىڭ چېكىسىدە تاتۇقى بار.

**تاتىراڭ** سۈپ. قېتىپ كەتكەن، قۇرغاق؛ ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن: تاتىراڭ ئېتىز.

**تاتىراڭغۇ** سۈپ. تاتارغان، ئۆڭگەن: تاتىراڭغۇ چىراي. تاتىراڭغۇ يۈز.

**تاتىراڭلىق** ئى① قۇرغاق ۋە قاتتىقلىق: بۇ يەرنىڭ تاتىراڭلىقىدىن بۇغداي ئالا بولۇپ قالدى.② تاتىراڭ يەر: جەننەتتەك گۈزەل، ئاۋات قىشلاقلارنىڭ قاقاس تاتىراڭلىقتا ئايلىنىشىغا سەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟

**تاتىرىشماق** «تاتارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى سىيلىنغان، رەڭگىرويى ئۆڭۈپ، تاتىرىشىپ كەتكەنىدى.

**تاتىقماق** پ. دىيال. تارتىنماق، ئەيمەنمەك: ئۇ تارتىقىپ ياتىدۇ.

**تاتىلا** ئى. دىيال. تىرنا.

**تاتىلاتماق** «تاتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈمبىسىنى تاتىلاتماق.

**تاتىلاشتۇرماق** پ ① كۆز كۆرمىگەن ئەھۋالدا مەلۇم نەرسىنى قول بىلەن ئىزدىمەك: ئامبۇرنى قاراڭغۇدا قولۇم بىلەن تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم.② كۆچمە. تىرىشىپ ئىزدەنمەك، بىر ئامال قىلماق: مەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇپ كەلگەندىن بېرى، تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ «ئوغۇزنامە» نى ئوقۇپ ئاددىيلا بىر خاتىرە يازدىم.

**تاتىلاشماق** «تاتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە قارىنىنى تاتىلىشىپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان.

**تاتىلانماق** ① «تاتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بالا بەدىنى قىچىشقانلىقتىن كېچىچە تاتىلىنىپ ياتتى.② «تاتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغنىڭ تېمىغا تىكەن قويۇپ بولغۇچە قوللىرىم تاتىلىنىپ يېغىر بولۇپ كەتتى.

**تاتىلداتماق** «تاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىجىت تىراكتورىنى تاتىلدىتىپ يەر ئاغدۇرۇشقا ماڭدى.

**تاتىلداشماق** «تاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاتىلدىماق** پ ← **تاتاتلىماق**: ئۇ «ئىنتىقام!» دەپ بولغۇچە قولىدىكى پىلىموت ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاتىلداپ كەتتى.

**تاتىلغۇچ** ئى. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ بويىنىنى تاتىلاش، تۈكىنى تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان تارغاقسىمان ئەسۋاب.

**تاتىلىماق** پ تىرمىلىماق، قاشلىماق: بېشىنى تاتىلىماق. تىرنىقىنى تاتىلىماق.

**تاج** ئى [ئە] ① پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدىغان ۋە قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم. ② بەزى قۇشلارنىڭ بېشىدىكى قىزىل گۆشسىمان ئۆسمە: خورازنىڭ تاجى. ③ <بوت> گۈل كاسىسىغا ئورۇنلاشقان بىر قانچە گۈل ياپراقچىلىرى: گۈل تاجى.

**تاجاۋۇز** ئى [ئە ] قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىش: تاجاۋۇز قىلماق.

**تاجاۋۇزچى** ئى. تاجاۋۇز قىلغۇچى؛ باسمىچى.

**تاجاۋۇزچىلىق** ① ئى. تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتى: جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقى دەسلەپىدە شىمال تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن جەنۇبقا كۆچكەنىكەن. ② سۈپ. تاجاۋۇز خاراكتېرىنى ئالغان، تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى: تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت.

**تاجاۋۇزلۇق** سۈپ. تاجاۋۇز خاراكتېرىنى ئالغان، تاجاۋۇز

تۇسىدىكى، تاجاۋۇزچىلىق: تاجاۋۇزلۇق ھەرىكەت.

**تاج ـ تەخت** تاج ۋە تەخت؛ ھۆكۈمرانلىق، ھاكىمىيەت: تاج ـ تەختتىن ئايرىلماق.

**تاجدار** [ ئە + پ ] ① سۈپ. تاج كىيگەن، تاجلىق: ئايا، تاجدار ئادىل جاناب! ماڭا قىلدىڭ ياخشىلىق بىھېساب. ② ئى. پادىشاھ: بۇ ھوقۇق، ئەركىنى سەن بەردىڭ بىزگە، ۋە ئۇنى ھېچكىممۇ تارتىۋالالماس. تاجدارلار ھەممىگە قىلىچ سالسىمۇ، ۋە لېكىن بىر ساڭا قىلىچ سالالماس.

**تاج ـ دۆلەت** تاج ۋە دۆلەت: ــ ئىلاھىم تاج ـ دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغاي، ــ دەپ دۇئا قىپتۇ دەرۋىش ئورنىدىن چىقىش ئالدىدا.

**تاجسىز** سۈپ. تاجىسى يوق، تاج كىيمىگەن: پادىشاھ تەختتە ھېچقاچان تاجسىز ئولتۇرمايدۇ.

**تاجغىماق** پ. دىيال. سىلكىشلىمەك.

**تاجسىمان** سۈپ. شەكلى تاجغا ئوخشايدىغان: تاجسىمان ئارتېرىيە.

**تاجلىق** سۈپ. تاجى بار، تاجى بولغان، تاج كىيگەن: تاجلىق خوراز.

**تاجىك** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. بۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاشقورغان ناھىيەسىگە ئورۇنلاشقان ۋە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، گۇما قاتارلىق ناھىيەلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىز سىرتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكىستانىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىران ۋە ئافغانىستاندىمۇ بار.

**تاجىكچە** ① سۈپ . تاجىك خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: تاجىكچە ئۇسسۇل، تاجىكچە ئادەت. ② ئى. تاجىك تىلى: مەن تاجىكچىنى بىلمەيمەن. ③ رەۋ. تاجىك تىلىنى ئىشلىتىپ، تاجىك تىلىدا: تاجىكچە سۆزلەشمەك.

**تاجىگۈل** ئى [تاج + ى + گۈل] <بوت> تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ئۆسۈملۈك. گۈلى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇقى قېرىق، زەھەرسىز، يەللىك ئىسسىقنى پەسەيتىپ، جىگەرنى تازىلاپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ گۈلى تاتلىق بولۇپ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ ۋە تولغاقنىمۇ توختىتىدۇ.

**تاخ** ئىم. توخۇنى قوغلاش، ھەيدەشنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق ئىماسى: توخۇنى تاخ دېمە، مۇشۇكنى پەش دېمە (ماقال).

**تاخاپەن** ئى. دىيال. تورۇسقا ئورنىتىلغان نەقىشلىك تاختا ياكى تاختاي تورۇس.

**تاخايلى** ئى. دىيال. تامغا ئورنىتىلغان جاۋەن، چىنە ـ قاچا قويۇلىدىغان ئىشكاپ.

**تاختا** I ئى [پ] ① دەرەخ غولىدىن ئۇزۇنىسىغا تىلىنغان يېسسى ياغاچ؛ شال: قارىغاي تاختا.//تاختا كۆۋرۈك. ② خېمىر يېيىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن، ياپىلاق شال، ئاشتاختا: ئاشنى تاختىغا ئالغۇچە، چاپاننى پاختىغا ئالغۇچە (ماقال). *ئاش تاختىغا چىقسا پىشقىنى، چاپان پاختىغا چىقسا پۈتكىنى(ماقال). ③ ھەر خىل چوڭلۇقتىكى تۆت بۇرجەك، يۈزى تەكشى نەرسىلەر: بالام، قارىچايىنىڭ كىچىك تاختىسى بولسا شۇنىڭدىن ئال. ④ قوغۇن ئېتىزىنىڭ پىلەك ئۆسۈپ، قوغۇن چۈشىدىغان جايى: ھەر خىل تۈردىكى قوغۇننىڭ چۆنەك، تاختىلىرى ئايرىم ئىدى. ⑤ كونا مەكتەپلەردە بالىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۈستىگە ھەرپ يېزىلغان، سىلىق ۋە كىچىك تۇتقۇچلۇق تاختاي. ⑥ ساناق سانىلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاختا قەغەز. بىر تاختا چاي.

**تاختا پەردە** [ بىن ] دەرۋازىنىڭ ئۈستۈنكى تاختىسى.

**تاختىغا ياتقۇزماق** ماقۇل كەلتۈرمەك، كۆندۈرمەك؛ ئەپلىمەك، جۆندىمەك، بابلىماق: ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ توختاخۇننى ئاخىر تاختىغا ياتقۇزدۇق.

**تاختا** II ئى. دىيال. ئىشقىۋاز ئايال، كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق ئايال، ئاشنا تۇتۇپ ئوينىغۇچى ئايال.

**تاختا ـ نوغۇچ** دىيال. ئاشتاختا.

**تاختاي** ئى [پ] ① ئۇزۇنىغا تىلىنغان يېسسى ياغاچ تاختا؛ شال: تاختاي ئورناتماق. ② بور بىلەن خەت يېزىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى باشقا نەرسىدىن ياسالغان دوسكا: تاختايغا خەت يازماق.

**تاختاي باھاسى** ئى [تاختاي + باھا + سى] دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن باھا: ھېچبولمىغاندا، تاختاي باھاسى بويىچە پۇل بېرىڭلەر.

**تاختايلىق** سۈپ. تاختىيى بار، تاختاي ئورنىتىلغان: تاختايلىق ئۆي. تاختايلىق سۇپا.

**تاختىپەر** ئى [پ] ① شاھ، خانلارنى قارشى ئېلىش، دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ياسىغان سەھنە ۋە شۇ سەھنىدىكى تەخت شەكىللىك ئورۇندۇق: تاختىپەردە ئولتۇرماق. تاختىپەرگە چىقماق. ② ئېگىز جايغا ياسالغان مۇنبەر، شاھسۇپا. ③ كۇندىلىك گېزىت، ئېلان، ئۇقتۇرۇش قاتارلىقلارنى چاپلاش ئۈچۈن، تاختايدىن ياسالغان جاھازا: يىغىلىپتۇ قانچە ئادەم تاختىپەرنىڭ ئالدىغا، ئاستا كەلدىم يېنىغا، ئۆزۈمنى ئالدىم دالدىغا. ④ دارۋاز باغلىغان دارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە تاختايدىن ياسالغان ئورۇندۇق: دارۋاز تاختىپەرگە چىقىپ بىردەم تۇردى ـ دە ، ئاندىن دار ئۈستىدە موللاق ئېتىشقا باشلىدى.⑤ <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا تامچىلارنىڭ ئېگىزلىكتە تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان جاھاز.

**تاختىسىمان** سۈپ. تاختىغا ئوخشاش، تاختىدەك: تاختىسىمان قۇرۇلما.

**تاختىلاتماق** «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزنى تاختىلاتماق.

**تاختىلاشماق** ① «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② تاختا ھالىتىگە كەلمەك، تاختا بولماق.

**تاختىلانماق** ① «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈن ئۈچ مو يەر تاختىلاندى. ② بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر تەكشى ئۆسۈپ يېتىشمەك، تەكشىلەنمەك: بۇغداي تاختىلانغاندا، خۇددى ئۆزۈم تېرىغان بۇغدايدەك قاراپ كېتىمەن.

**تاختىلىماق** پ ① تاختا ھالىتىگە كەلتۈرمەك، تاختا قىلماق: قەغەزنى تاختىلىماق. جۇۋا تاختىلىماق. ② تاختا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تەكشىلىمەك، چاسىلاشتۇرۇپ تۈزلىمەك: يەرنى تاختىلىماق. * ئىشلىۋېتىۋاتقان كەڭ ئېتىزنى تاختىلاپ، يارنى ئەتىۋاق قىرلىرىنى پۈختىلاپ.

**تاختمۇشۇك** ئى [تاختا + مۇشۇك] چاشقان تۇتۇش ئۈچۈن پۇرژىنىلىق باستۇرما ئورنىتىلىپ ياسالغان باسماق: تاختا-مۇشۇك قويماق.

**تاختىبېشى** ئى. [تاختا + باش + ى] ئويۇقبېشى ياكى ئادەم بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىككە ئورنىتىلغان تاختا ۋە ئۇنىڭ ئۈستى.

**تاختىبېشىغا ئېلىپ قويماق** بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى مۇھىم دەپ بىلمەستىن، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماق: ئالگېبرا، گېيومېترىيە، فىزىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىيولوگىيە، ئاناتومىيە، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە دېگەن پەنلەر تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئىچىڭ تىت - تىت بولىدۇ.

**تاخسا** سۆپ. دىيال. تېيىز.

**تاخېئومېتر** ئى [ر<گرېك] <سۇ> ئارىلىق ئۆلچەيدىغان ئىشكاللىق دۇربۇن.

**تادان** سۆپ. خىلمۇخىل ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىدىغان؛ قۇۋ، ھىيلىگەر: تادان ئادەم. * نادان قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا (ماقال). *تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنەر (ماقال).

**تادانلىق** ئى. خىلمۇخىل ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىش، قۇۋلۇق: تادانلىق قىلماق.

**تار** I سۆپ ① كەڭ ئەمەس؛ ئەنسىز: تار كوچا. ② ھەجمى ۋە سىغىمچانلىقى ئانچە چوڭ بولمىغان: قىش ئۈچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار (ماقال). ③ كۆچمە. ئەركىن ئەمەس: دۇنيا نېمىدېگەن تار، ياشاش نېمىدېگەن زۇلۇم - ھە؟! ④ كۆچمە. بىرەر شەيئى ۋە مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ئەتراپلىق ئەمەس؛ چەكلىك، كەم: تار كۆز قاراش. چۈشەنچىسى تار.

**تار** II ئى. دىيال. كارىدور.

**تاركوچا** يامان يول، خاتا يول: تار كوچىغا كىرىپ قالماق.

**تار** III ئى [پ] چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەۋرىنىپ تاۋۇش چىقىرىدىغان يىپى: ئۈچەي تار. يىپەك تار.

**تاراپال** سۆپ. تەييارلىقسىز، تۇيۇقسىز.

**تاراتماق** I «تارىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراتماق** II «تارىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىتنە - ئىغۋا تاراتماق.

**تارازا** ئى [پ] ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ بىر خىلى.

**تارازىچى** ئى. تارازا تۇتىدىغان، تارازىدا بىرنەرسە تارتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**تارازىيۇلتۇز** ئى [تارازا + يۇلتۇز] <ئاستر> مىزان يۇلتۇز تۈركۈمى.

**تاراس** تەق. جىسىملارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ياكى يېرىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: تاراس قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**تاراس- تاراس** «تاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاراس- تۇرۇس** «تاراس» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: گۇلدۇر - گۇلدۇر، تاراس - تۇرۇسلار يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

**تاراسلاتماق** «تاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بېشىدىن ئەمدىلا ئۆتەي دېگەن بىر ئايروپىلانغا ئاپتوماتىدىن تاراسلىتىپ ئوق ئۈزدى.

**تاراسلاشماق** «تاراسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاراسلىماق** پ. «تاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: پوتەيلەردىن يەنە تاراسلاپ ئوقلار ئېتىلىپ قالدى.

**تاراش** ئى [پ] نەرسىلەرنىڭ ياكى تەكشىلىكنىڭ ئۈستىدىكى يونۇپ، قىرىپ سىلىقلاشقا تېگىشلىك ئېگىز - پەسلىك: ئۈستەڭنىڭ تارىشىنى ئالماق.

**تاراشلاتماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراشلاشماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئۇلارغا يېڭى چاپقان ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىنى تاراشلىشىپ بەردۇق.

**تاراشلاقسىز** سۆپ. تارىشى ئېلىنمىغان، تاراشلانمىغان: تاراشلاقسىز قىر.

**تاراشلاقلىق** سۆپ. تارىشى ئېلىنغان، تاراشلانغان: تاراشلاقلىق قىر.

**تاراشلانماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆكتات ئېتىزلىرىنىڭ قىرلىرى تاراشلىنىپ ئۇرۇق سېلىش ھازىرلىقى پۈتتى.

**تاراشلىماق** پ. يونۇپ، قىرىپ سىلىقلىماق: تاش تاراشلىماق.

**تاراشماق** I «تارىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىنىپتىكى قىزلار دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىر - بىرىنىڭ چېچىنى تاراشتى.

**تاراشماق** II «تارىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار دەرستىن چۈشۈپ ئۆي - ئۆيلىرىگە تاراشتى.

**تاراق** تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ ياكى نەرسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان رەنا ئىشىكتە پەيدا بولدى.

**تاراقا** سۆپ. دىيال. پاكار ھەم شالاڭ: بۇغداي تاراقا ئۈنۈپ قاپتۇ.

**تاراق- تاراق** «تاراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاراق- تۇرۇق** «تاراق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئورۇندۇقلارنى ئۇ يان - بۇ يان يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاقىتتىكى تاراق - تۇرۇقلار كىشىنى بىزار قىلاتتى.

**تاراقچۆپ** ئى [تاراق + چۆپ] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئەلا سۈپەتلىك كۆزلۈك يەم - خەشەك ھېسابلىنىدۇ؛ دېڭىزدىن كىراخمال ئىشلەشكە بولىدۇ.

**تاراققىدە** رەۋ. «تاراق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «تاراق» قىلىپ: ئۇ تۆۋەنكى قەۋەتتىكى چوڭلارنىڭ ئايىغىدىن ئىككىنى ئېلىپ، پەشتاختا ئۈستىگە تاراققىدە تاشلىدى.

**تاراقلاتماق** «تاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ يەنىلا تەشەببۇسكار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولغاندەك، ئۈستەللەرنى تاراقلىتىپ قويدى.

**تاراقلاشماق** «تاراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توخۇ - تۇخۇم ئالىدىغانلار ئۇنىڭ ئالدىغا تاراقلىشىپ ئۆزلىرىلا چىقىشىدۇ.

**تاراقلىماق** پ. «تاراق - تاراق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن ئىشىك تاراقلاپ، ئىچكىرىسىگە ئۆرۈلۈپ ئىككى پارچە بولدى.

**تاراڭ** تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ياڭراق ئاۋاز.

**تاراڭ- تاراڭ** «تاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاراڭ ـ تۇرۇڭ** «تاراڭ» قىلىغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار داس ـ چىلەكلەردىن قاتتىق تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ يۇگۇرۇشۇپ كېلىۋاتاتتى.

**تاراڭگا** ئى. دىيال. تاياق، توقماق.

**تاراڭلاتماق** «تاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دېپىنى يەنىمۇ كۈچەپرەك تاراڭلىتىشقا باشلىدى.

**تاراڭلاشماق** «تاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاراڭلىماق** پ.«تاراڭ ـ تاراڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، تاراڭ ـ تاراڭ قىلماق: سىرتتا چېلەكلەرنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**تارالماق** I «تارىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاينىسا تارالغان چاچلىرىنى مايلىدى.

**تارالماق** II ① «تارىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مەيداندىكى خەلق تارالدى. ② «تارىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارالغانىدى.

**تارام** ① ئى. سۇ تارىلىپ ئاققان جاي؛ ئېقىن: سان ـ ساناقسىز جىلغا، تاراملاردىن توپلىنىپ ئېقىپ كەلگەن سۇ مۇشۇ ئامبارغا قۇيۇلاتتى. ② سۈپ. تارىلىپ، ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ ئاققان (سۇ، ياش ھەققىدە): تىزگىنلەش دېگىنىمىز ئاشۇ تارام سۇنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىنى توسۇشنى كۆرسىتىدۇ. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: قاغىدىن سالام دېدىم، قاغا دېدىمۇ سالام. كۆزۈمدىن ئاققان ياشىم، ئايرىلىپ توققۇز تارام. غېرىبلىق يەتتى بىزگە، مېھرىبان جانىم ئانام.

**تارام ـ تارام** بىر قانچە تارامغا بۆلۈنگەن: سايدا چاپچىپ، توقايلاردا تەمتىرەپ، كېچىپ ئۆتتى تارام ـ تارام سۇلارنى. تاغ ئاغزىدىن چىقار جايدا توسالدى، كىملەركىن تۇتۇۋالدى ئۇلارنى.

**تاراملاتماق** «تاراملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراملاشماق** «تاراملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاراملىق** سۈپ. تاراملاپ ئاققان؛ تاراملىغان: تاراملىق جىرالار چىرايلىق بىر باغ، نە باغكى، ئىپارلىق جەننەتنىڭ ئۆزى. شاۋقۇنلار تىنىمسىز ئۇرغۇغان قوشاق، باغرىدا جىمىرلار بۇلاقنىڭ كۆزى.

**تاراملىماق** پ. تارام ـ تارام بولۇپ چۈشمەك: قۇدرەتنىڭ كۆزىدىن مىننەتدارلىق يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى.

**تاران** I ئى <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى زەھەرلىك بولۇپ، ئات ـ ئۇلاغلار يەپ سالسا، زەھەرلىنىپ تەلۋە بولۇپ قالىدۇ. دورىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار. «تەلۋە بېدە» مۇ دېيىلىدۇ.

**تاران** II ئى. دىيال. كىگىز چىلىكتە خامراق ئېشىلگەن شوينا، يىپ.

**تارانچى** ئى. 18 ـ ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى.

**تاراندۇرماق** «تاراناق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراناق** «تارىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ سۇ ئىسسىتىپ، باش ـ كۆزىنى پاكىز يۇيۇپ تاراندى.

**تاراۋى** ئى [ئە] روزا كۈنلىرى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكەتلىك ناماز.

**تارايتماق** «تارايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارايتىشماق** «تارايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارايتىلماق** «تارايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تارايماق** پ. ئېنى، ھەجمى، كۆلىمى كىچىكلىمەك، تارلىماق، يىغىلماق.

**تارپىين** سۈپ. تارمار، ۋەيران: بۇ بالا بەتخەجلىك قىلىپ، ئاتىسىدىن قالغان دۇنيانى تارپىين قىلىۋەتتى.

**تارت** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق سىقىلىشى، يېرىلىپ يىرتىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تار ـ تاپچۇق** تار ۋە قىستىلاڭغۇ: تار ـ تاپچۇق ئۆي.

**تارت ـ تارت** «تارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تارت ـ تۇرت** «تارت» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تارتقا** ئى. دىيال. ياغاچ چېلەك، مالتاق (قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان).

**تارتقۇ** I ئى. ئۇن تاسقايدىغان ئەلگەكنى ئالدى ـ كەينىگە سىلكىندۈرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەلگەكنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ئىككى باشلىق ياغاچ سايمان.

**تارتقۇ** II ئى. كۆل، قار، قىغ، ئېتىزنىڭ چالمىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان سايمان.

**تارتقۇ** III ئى. نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرۇش ۋە تارتىپ چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: كېمىنىڭ زەنجىر تارتقۇسى يېشىلدى، پالاق ھەرىكەتكە كەلدى.

**تارتقۇچ** ئى ① بىرەر نەرسىنى ئىلىپ تارتىش، سۆرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋاب. ② نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان چاتقۇچ.

**تارتقۇچلاشماق** «تارتقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارتقۇچلانماق** «تارتقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۇپ قاتارلىق ھوقۇقدارلار بىرنەچچە سائەت تارتقۇچلانغاندىن كېيىن كۈرەش ۋاقتىنچە توختىتىلدى.

**تارتقۇچلىماق** پ. ھەر تەرەپكە تارتىپ، سىلكىشلىمەك، تارتىپ ـ تارتىپ قويماق: ئۇ قۇتلۇقنى تارتقۇچلىغىنىچە تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى.

**تارتقۇزماق** «تارتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇن تارتقۇزماق. سۈرەت تارتقۇزماق. شەھەرنى تارتقۇزۇپ قويماق.

**تارتقۇلۇق** ئى. باشتىن كەچۈرگەن، كەچۈرۈۋاتقان، كەچۈرىدىغان ئېغىر ئىشلار؛ كەلگۈلۈك: تارتقۇلۇقنى بىز تارتىۋاتىمىز، ئاتاقنى باشقىلار ئېلىۋاتىدۇ.

**تارتما** I ئى. ئۈستەل، ئىشكاپلارنىڭ تارتىپ چىقىرىدىغان ساندۇقچىلىرى؛ سىيرىتمىسى.

**تارتما** II ئى ① يۇقىرىغا چىقىش، چۈشۈش ئۈچۈن تاش ياكى ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان پەلەمپەي: 6 ـ ئىشىكتىن ئۆتكەندە رەسمىي ئوردىغا چىقىدىغان قىرىق بىر تاش تارتما بار ئىدى. ② شوتا.

**تارتما** III سۈپ. تارتىدىغان: تارتما پۈرژىنا. تارتما لىم.

**تارتماق** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن تۇتۇپ، ئۆزى تەرەپكە سۆرىمەك ياكى سۆرەشكە ھەرىكەتلەنمەك، قولىدىن تارتماق: ھېيتئاخۇن ھەنپەمنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئۆيدىن ئاچىقىپ

كەتتى. ② ئارقىسىغا تىركەپ چېتىلغان ياكى قوشۇلغان نەرسىنى، يۈكنى كۈچ بىلەن ئالدىغا سۆرىمەك؛ ئالغا ئىلگىرىلەتمەك: تاي تېپىرلايدۇ، هارۋىنى ئات تارتىدۇ (ماقال). ③ سۇغۇرماق، يۇلماق: چىش تارتماق. ④ تىلماق: شال تارتماق.⑤ <فىز> جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تارتىش كۈچى ئارقىلىق ئۆز تەۋەسىگە مايىل قىلماق؛ سۆرىمەك: ماگنىت تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ⑥ كۆچمە. ئۆزىگە قاراتماق، جەلپ قىلماق: سادىقنىڭ دوكلاتى ناهىيە رەهبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ⑦ خالىماق: كۆڭلۈم تاۋۇز تارتىۋاتىدۇ. * يۈرىكىم ساڭا تارتىدۇ. ⑧ قىلماق؛ ئارتماق، يۈكلىمەك: سوراققا تارتماق. جازاغا تارتماق. جاۋابكارلىققا تارتماق. ⑨ ياپماق، قاپلىماق، پۈركىمەك: نىقاب تارتماق. چۈمپەردە تارتماق. ⑩ سۈمۈرمەك، شورىماق: ناسۇس بىلەن سۇ تارتماق. تاماكا تارتماق. ⑪ مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان غىزا-تائاملارنى تارقاتماق، قويماق: ئاش تارتماق. ⑫ ئېگىزلىكنى ئۆلچىمەك، جىڭلىماق: گۆشنى جىڭغا سېلىپ تارتىپ كۆرمەك. ئۈزۈمنى جىڭدا تارتماق. ⑬ ئۈزۈن، سوزۇنچاق نەرسىلەرنى بىرەر يۆنىلىشتە ئورناتماق، بېكىتمەك: ئەخمەققە مەنسەپ تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار (ماقال). ⑭ سىزىق شەكلىدە ئىز چىقارماق، سىزماق: زەي تارتماق. ⑮ دانلىق ئاشلىقنى تۈگمەندە، زاۋۇتتا يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرماق، مايلىق داننى جۇۋاز ياكى زاۋۇتتا ياغقا ئايلاندۇرماق: دەرۋەقە، ئۆينىڭ ئىچىدە ئايرىم - ئايرىم ئۇن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىلىرى ئىشلەپ تۇراتتى. ⑯ ئازايتماق، كېمەيتمەك؛ چەكلەپ قويماق: مائاشتىن تارتىپ قالماق. كەسپىي خىراجەتتىن پۇل تارتماق. ⑰ جىسمانىي تۈزۈلۈش ياكى مەنىۋى جەهەتتىن ئاتا - ئانا هەم ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئوخشىماق: بۇ بالىنىڭ كۆز - قاپىقى ئانىسىنى تارتىپتۇ. ⑱ بىرەر نەرسىنىڭ شەكلىنى، ئىزناسىنى چىقارماق؛ چۈشۈرمەك: سۈرەتكە تارتماق. ⑲ كۆچمە. بىرەر مەسئۇلىيەت ياكى ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماق، سىرتتا تۇرماق: كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت. قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت (ماقال). ⑳ كۆچمە. مەلۇم زىيان، كۈلپەت، ئازابلىنىش قاتارلىقلارغا ئۇچرىماق؛ مەلۇم قىيىن ئەهۋالدا قالماق: زىيان تارتماق. ئازاب تارتماق. دەرد تارتماق. يالغۇزچىلىق تارتماق. *ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ (ماقال). ㉑ ئۆسمەك، سۇرمەك، پېلەكلىمەك: يىلتىز تارتماق. بوي تارتماق. * يازلىق قوغۇنلار پېلەك تارتتى. بالدۇر تېرىلغان تاۋۇزلار ئۇچ تارتتى. ㉒ بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قوشۇن تارتماق. سەپ تارتماق.

**تارتۇق** ئى. بىركىمگە ئىنئام، تەقدىم قىلىنغان نەرسە؛ هەدىيە، سوۋغا: تارتۇق قىلماق. * خاننىڭ خىزمەتچىلىرى كۆك يوپۇقلۇق بىر تورۇق ئاتنى ئەكىلىپ، دارۋاز بالىغا تارتۇق قىلدى.

**تارتۇقلاتماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارتۇقلاشماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارتۇقلانماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئابدۇراخمان مۆمىنوپ ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بىلەن تارتۇقلاندى.

**تارتۇقلۇق** سۈپ. تارتۇق، سوۋغات قىلىشقا تەييارلانغان، تارتۇق، سوۋغات ئۈچۈن ئىشلىتىشكە لايىق، باب كېلىدىغان.

**تارتۇقلىماق** پ. تارتۇق بەرمەك، تارتۇق قىلماق: يېڭى بىر يىل ئۇلارنى ئوماق قىز پەرزەنت بىلەن تارتۇقلىدى.

**تارتىشتۇرماق** ① «تارتىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② كۆچمە. سىلكىنىشلىمەك، سۆرىمەك: ئۇنىڭ ئۆزىنى زورلاپ، تارتىشتۇرۇپ ئەكەلگەن زەيىنەپكىمۇ قورسىقى كۆپەتتى. ③ پۈكۈلگەن، قورۇلغان نەرسىلەرنى كېرىپ تۈزىمەك: قورۇلۇپ قالغان ئەلتىرىلەر ئەرزان باهادا سېتىۋېلىنىپ ئارقىسىغا سۇ پۈركۈلىدۇ ۋە تارتىشتۇرۇپ كېڭەيتىلىدۇ.

**تارتىشماق** ① «تارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى بىرەر مەقسەتتىن ئۈمىد ئۈزەلمەي قالماق: ئۇلار ئېھتىمال بالا - چاقىلىرىغا تارتىشقان بولسا كېرەك. ③ بەس - مۇنازىرە قىلىشماق؛ تالاشماق: ئۇلار بىر كۈنلۈك مۇنازىرىدە ئۇ ياققا تارتىشىپ، بۇ ياققا تارتىشىپ ئاخىر بىر يەرگە كەلدى. ④ قورۇلۇپ يىغىلماق، قىسقىراپ، كىرىشىپ كەتمەك؛ قاتماق: ئادىلنىڭ غەزەپتىن ياڭاق سۆڭىكى تومپىيىپ، مەڭزىدىكى مۇسكۇللار تارتىشىپ كەتكەنىدى.

**تارتىشىش** ئى <تېب> قول، پۇتنىڭ پەيلىرى چىڭىپ، ئېغىز ۋە كۆز مايماقلىشىپ قالىدىغان كېسەل ئالامىتى. يۇقىرى قىزىتما، كالتسىي ماددىسى كەملىك، قاتما ۋە تۇتقاق كېسەللى قاتارلىقلاردا بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تارتىقلىق** سۈپ. تارتىلغان، تارتىپ قويۇلغان: تارتىقلىق يىپ.

**تارتىلداتماق** «تارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارتىلداشماق** «تارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارتىلدىماق** پ. «تارت - تارت» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «تارت - تارت» قىلماق.

**تارتىلماق** ① «تارتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: چوڭ تەيجىبەگنىڭ ئاشلىقىمۇ تارتىلىپ بولدى. * ئۇ هېلىقى ئالتۇنپلاڭ يىللىرىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلدى. ② ئازايماق، يېرىمىلىماق: ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى تارتىلدى.③ ئورۇقلىماق: مەرھابا بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تارتىلىپ قالدى.

**تارتىم** ① ئى. جىڭ، گىرلاردا بىر قېتىم تارتىشقا بولىدىغان ئېغىرلىقتىكى نەرسە، يۈك: تاۋۇزلار يوغان بىر سېۋەتكە سېلىنىپ جىڭلاندى. هەر تارتىمى بىر كىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تارتىم گۆش. * — بىر تارتىمى ئالتە مىشكاپ، — دېدى ئاسىم.

**تارتىمسىز** سۈپ. كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، يېقىملىق ئەمەس: تارتىمسىز ئاۋاز.

**تارتىمسىزلىق** ئى. تارتىمسىز هالەت، يېقىملىق بولماسلىق، جەلپ قىلمايدىغان هالەت ياكى ئەهۋال.

**تارتىملىق** سۈپ. كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان؛ يېقىملىق: تارتىملىق ئاۋاز. * بۇ مەنزىرە بەكمۇ گۈزەل، بەكمۇ تارتىملىق ئىدى.

**تارتىنچاق** سۈپ. باشقىلاردىن ئۇيىلىپ، ئەيمىنىپ، ئۆزىنى تارتىدىغان؛ ئۇياتچان: تارتىنچاق قىز. * گۈلپەرى گۈزەل، جىمغۇر، تارتىنچاق ۋە هايالىق قىز ئىدى.

**تارتىنچاقلىق** ئى. تارتىنىش، ئۇياتچانلىق: ئوقۇتقۇچى ئىشارەت قىلغان ئورۇندۇققا ئادىل تولىمۇ تارتىنچاقلىق بىلەن كېلىپ ئولتۇردى.

**تارتىنماق** پ. ئۇيالماق، ئەيمەنمەك: مودەنگۇل بىلەن ئىككىمىز تارتىنىپ ئولتۇراتتۇق.

**تارتىنىشماق** «تارتىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارچۇق** سۈپ. ئىككى ئېگىزلىك ياكى ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى ئېنى تار بوشلۇق، جاي: ئۇ تۇرمە تۆشۈكىدىن ئاستا ئارقىدىكى تارچۇققا چىقتى.

**تارچۆپ** ئى [تار + چۆپ] كۆنچىلىك كەسپىدە، سۇدا يۇمشىتىلغان تېرىنى ئارتىپ يېيىپ قويىدىغان سايمان.

**تارچىلىق** ئى. قىستاڭ، تار ھالەت: بۇ يەر بىزگە تارچىلىق قىلدى.

**تارخان** ئى. تارىس. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالۋان ــ ياساق، سېلىق ۋە ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنغان ئىمتىيازلىق قەبىلە، كىشى ياكى مەنسەپدار.

**تارس** تەق. بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى نەرسىگە ئۇرۇلۇ ـ شىدىن ياكى ئۆزۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: «تارس» قىلىپ تەگكەن قامچا ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى.

**تارس ـ تارس** «تارس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تارس ـ تۇرس** «تارس» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تارسسىدە** رەۋ. «تارس» قىلغان ھالدا، «تارس» قىلىپ: تارسسىدە ئاۋاز چىقارماق.

**تارسىلداتماق** «تارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: ئۇ قامچىسىنى تارسىلدىتىپ، ئاتلارنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى.

**تارسىلداشماق** «تارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارسىلدىماق** پ. «تارس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ھارۋىدا تېز كېلىمىز، موڭغۇلكۆرە يولىدا. تارسىلدايدۇ قامچىسى، ھارۋىكەشنىڭ قولىدا.

**تارغاق** ئى. چاچ، موي تاراش ئۈچۈن ياغاچ، ئۇستىخان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن ياسالغان بۇيۇم: ياغاچ تارغاق. ئۇستى ـ خان تارغاق.

**تارغاقچى** ئى. تارغاق، سۈزگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان ئادەم.

**تارغاق ـ سۈزگۈچ** تارغاق ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر.

**تارغاقسىمان** سۈپ. تارغاققا ئوخشايدىغان، تارغاق شەكلى ـ دىكى: گىلەم توقۇشتا، ئارقاققا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى تارغاقسىمان تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن چىڭدايدۇ.

**تارقاتماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاشۇ كۈنى جەڭچىلەرگە ئەخمەت ئەپەندىم ئۆز قولى بىلەن يېڭى ئۆتۈك تارقاتتى.

**تارقاشماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

**تارقاق** سۈپ ① ئايرىم ـ ئايرىم چېچىلغان، بىر ـ بىرىدىن يىراق؛ بىرى ئۇ يەردە، بىرى بۇ يەردە: تاغ ئاستىدىكى بۇ كىچىك ـ كىنە يېزىنىڭ تارقاق مەھەللىلىرى قار بىلەن چۈمكەلگەنىدى. // چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى بەكمۇ تارقاق كېلىدۇ. ② كۆچمە. ئۆملەش ـ مىگەن، چېچىلاڭغۇ، ئۇيۇشمىغان: بىزنىڭ سانىمىز ناھايىتى كۆپ، ئەمما بەكمۇ تارقاق بولۇپ قالدۇق.

**تارقاقلاشتۇرماق** «تارقاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرغاندا يېزىغا كەتتىم.

**تارقاقلاشتۇرۇشماق** «تارقاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارقاقلاشتۇرۇلماق** «تارقاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ شورلۇق ئائىلىسىمۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى نەگىدۇر تارقاقلاشتۇرۇلۇپتۇ.

**تارقاقلاشماق** پ. تارقىلىپ كەتمەك، تەرەپ ـ تەرەپكە ئايرىلماق؛ چېچىلماق: تارقاقلىشىپ ياشىماق.

**تارقاقلىق** ئى. تارقاق ھالەت.

**تارقالماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ دائىرىدە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى كۆپ ۋە ئۆسۈشى ياخشى بولغان.

**تارقىتىلماق** «تارقاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : بۇ دەرسلىك شۇ يىلىلا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تارقىتىلدى.

**تارقىلىشچان** سۈپ. تېز تارقىلىدىغان، تارقىلىش خۇسۇ ـ سىيىتىگە ئىگە: تارقىلىشچان ۋىرۇس. تارقىلىشچان زۇكام.

**تارقىلىشچانلىق** ئى. تارقىلىش خۇسۇسىيىتى، تارقىلىش ھالىتى: تارقىلىشچانلىقى تېز كېسەللىكلەر.

**تارقىماق** پ ① بىر ئورۇندىن، بىر توپتىن ھەر تەرەپكە قاراپ قوزغالماق؛ كەتمەك: باشقىلارمۇ ئۆز چېدىر ـ گەمىلىرىگە قاراپ تارقىدى. ② يېتىپ كەلمەك، قولاقتىن ـ قولاققا ئاڭلانماق:شۇ ئارىلىقتا يەنە يېڭى خەۋەر تارقىدى. ③ كۆچمە. تەسىرى كەتمەك، كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەك؛ يوقالماق: باشتىكى غەم تارقى ـ ماق. ④ يېيىلماق، ئۇلغايماق، ئاشماق: جىگەر كېسىلى تارقاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**تارلاتماق** «تارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارلاشتۇرماق** «تارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: ــ مەنسەپ بېرىپ، ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويىدىڭىز! ــ دېدى ئەپەندىم.

**تارلاشتۇرۇشماق** «تارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارلاشتۇرۇلماق** «تارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تارلاشماق** پ ← **تارلىماق:** يول بارغانسېرى تارلىشىپ كەتتى.

**تارلاق** ئى. جىلغا ياكى تاغلار ئارىلىقىدىكى تار تۈزلەڭلىك، كارىدور.

**تارلاڭ** ئى. تاغ جىلغىلىرىدىكى ئىككى تەرىپى تىك كۆتۈ ـ رۈلگەن قىستاڭ جاي، ئېقىن، جىرا.

**تارلىق** I ئى. تارلىشىش، تار ھالەت: ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان(ماقال).

**تارلىق** II سۈپ ① تارى بار، تار سېلىنغان: تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى. ② تار قىلىنىدىغان، تار قىلىشقا باب: تارلىق ئۈچەي. تارلىق پولات سىم.

**تارلىق** III ئى. دىيال. ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، كۈندەشلىك: ئانا بىر بالىسىنى ئەركىلەتسە، يەنە بىر بالىسى تارلىق قىلى ـ دۇ.

**تارلىماق** پ. ئېنى قىسقىراپ يىغىلماق؛ كىچىكلىمەك: يول تارلىماق.

**تارمار** رەۋ [پ] «بولماق، قىلماق، ئەيلىمەك» پېئىللىرى بىلەن بىللە كېلىپ «مەغلۇپ، ھالاك» مەنىلىرىنى بېرىدۇ:

تارمار قىلماق. تارمار بولماق. تارمار ئەيلىمەك.

**تارماق** ئى ① ئاساسىي يول، سۇ ئېقىنلىرى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاجرىلىپ چىققان قىسمى؛ بۆلىكى، شاخچە: نەچچە ئون مو يەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان باغ بىرقانچە ئالاھىدە تارماققا بۆلۈنگەن. //تارماق ئۆستەڭ. ② تەشكىلات ياكى بىرلەشمىلەرنىڭ بۆلەكلىرى: مۇلازىمەت تارماقلىرى. مائارىپ تارماقلىرى.

**تارماقلاتماق** «تارماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارماقلانماق** «تارماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تارماقلىق** سۈپ. تارمىقى بار، تارماقلانغان، بىر ياكى بىرقانچە تارماققا بۆلۈنگەن:كۆپ تارماقلىق غول ئۆستەڭ.

**تارماقلىماق** پ. تارماقلارغا بۆلمەك، تارماق ـ تارماق، بۆلەك ـ بۆلەك قىلىپ ئايرىماق.

**تارىخ** ئى [ئە] ① تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى ۋە بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن ۋەقەلىك، ئەمەلىيەت، پاكىت: ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئاددىي نەرسىلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممەتلىك تارىخ بولۇپ قالىدۇ. ② بىرەر ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ، نەرسىلەرنىڭ ئىزچىل تەرەققىيات يولى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى. سەنئەت تارىخى. ③ جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى پەن: سوتسىيالىزم تارىخى. ④ شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتى، تەرجىمىھالى: مېنىڭ تارىخىم ئاساسەن ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

**تارىخچى** ئى ← **تارىخشۇناس.**

**تارىخچىلىق** ئى ← **تارىخشۇناسلىق.**

**تارىخشۇناس** ئى [ئە + پ] <تارىخ> تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس؛ تارىخچى.

**تارىخشۇناسلىق** ئى. ئىنسانلار تارىخىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئىلىم.

**تارىخىي** سۈپ [ئە] ① تارىختا ساقلىنىدىغان، تارىخقا كىرگۈزۈلگەن: تارىخىي ۋەقە. تارىخىي پاكىت. ② تارىخ پېنىگە ئائىت، بىرەر ساھەنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىدىغان: تارىخىي گىرامماتىكا. ③ ئۆتمۈشكە، تارىخقا ئائىت، قەدىمكى، كونا: تارىخىي كىتاب. تارىخىي يادىكارلىق.

**تارىخىيلىق** ئى. تارىخقا مەنسۇپلۇق: ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىيلىققا، ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ.

**تارىشا** ئى [پ] ① ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ نېپىز قىلىپ تىلىنغان، يونۇلغان پارچىلىرى: تارىشا قىلماق. ② سۈپ. كۆچمە. ئورۇق، ئاۋاق، جۇدەڭگۈ: ئەمەت تارىشا.

**تارىشىسىمان** سۈپ. تارىشىغا ئوخشايدىغان، تارىشا شەكلىدىكى، تارىشىدەك: تارىشىسىمان قۇرۇلما.

**تارىشىلانماق** پ. تارىشا ھالەتكە كەلمەك، تارىشا قىلىنماق: تارىشىلانغان ياغاچ.

**تارىغۇ** ئى. دىيال. تارغاق.

**تارىقاي** سۈپ. دانىمۇدانە، شالاڭ: تارىقاي زىرائەت.

**تارىم** ئى ① يەر تېرىش، دېھقانچىلىق. ② جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر جاينىڭ نامى.③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تارىماق** I پ. تارغاق ياكى شۇ خىلدىكى نەرسە بىلەن چاچ، ساقال ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ چىگىكىنى يەشمەك؛ تالمۇتال، دانىمۇدانە قىلماق، تەكشىلىمەك: بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، باش تارىغان بىلەن خوتۇن (ماقال).

**تارىماق** II پ ① توپتىن ئايرىلماق؛ چېچىلماق، تارقىماق: مەشرەپتىن يانغان كىشىلەر ئۆي ـ ئۆيلىرىگە تارىماقتا ئىدى. ② يېيىلماق، كېڭەيمەك، تارقالماق: ئىشخانا ئىچىگە توخۇ گۆشى پۇرىقى تارىدى. ③ سىڭىشىپ كەتمەك، يوقالماق: ئۇنىڭ مەستلىكىمۇ تاراپ، كاللىسى نورمال ئىشلەشكە باشلىدى.

**تارىمۇش** ئى ① <ئانات> ئاق رەڭلىك، تاسمىسىمان بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. مەزمۇت ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ، سۆڭەكنى سۆڭەككە تۇتاشتۇرۇپ، بەدەن ئىچىدىكى جىگەر، تال، بۆرەك قاتارلىق ئەزالارنى مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ② قاتقان پەي، پاتاڭ: موماي بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ تارىمۇشتەك قاتقان ئىنچىكە قوللىرىنى ئوغلىغا ئۇزاتتى.

**تاز** سۈپ ① بېشى تەمرەتكە بىلەن جاراھەتلىنىپ چاچ چىقمىغان؛ ئايپاڭ، تاقىر: ئېشىمنى ئاز دېمەڭ، بېشىمنى تاز دېمەڭ (ماقال). ② كۆچمە. مۇڭگۈز چىقمىغان، مۈڭگۈزسىز: بىرچاغلاردا، بىر دانە تاز ئوغلاقنى ئېلىپ ساتماقمۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى.

**تاز پولۇ** دىيال. گۆشمۇ، مانتىسىمۇ بېسىلمىغان پولۇ، ئاق پولۇ.

**تېزىنى باسسا مېزى چىقماق** بىر تەرىپىنى يوشۇرسا، يەنە بىر تەرىپى چۇۋۇلماق.

**تازا** I سۈپ [پ] ① كىر ئەمەس، چاڭ قونمىغان، كىر ۋە توپا ـ تۇماندىن خالىي؛ پاكىز: تازا كىيىم. تازا رەخت. ② ئەسلىسىي بويىچە، ئارىلاشما ئەمەس؛ ساپ: تازا مال. تازا ئالتۇن. ③ كۆچمە. بۇلغانمىغان، داغ چۈشمىگەن؛ ساپ، پاك: يىگىتنىڭ كۆز قىرىدا مۇنداقلا قاراپ قويۇشى بۇ سەبىي قىزنىڭ تازا قەلبىنى دولقۇنلىتىۋەتتى.

**تازا** II سۈپ. دىيال. ساق، ساغلام.

**تازا** III رەۋ ① راسا، ئىنتايىن، ناھايىتى: ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تېگىۋاتقان مۇئامىلە ۋە گەپلەر ئۇنىڭ تازا ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ② توپتوغرا، دەلمۇدەل، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: تازا چۈش ۋاقتى چىقتى بىر چۇقان، توختىدى بارلىق ماڭغان ھەم تۇرغان.

**تازا** IV **( تا: زا )** ئى. خىراجەت، پۇل، چىقىم: بۇ تويغا نۇرغۇن تازا قىلدۇق.

**تازغۇن** ئى. دىيال. سايلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئېقىن.

**تازىلاتماق** «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۇتتۇر كەلگەن شەھەر ئاھالىسىنى تۇتۇۋېلىپ، دەڭ ـ سارايلارنى تازىلىتاتتى.

**تازىلاشماق** «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار قار توختاش بىلەن تەڭلا مەكتەپ مەيدانىنى تازىلاشتى.

**تازىلانماق** ① «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ تازىلىنىۋالاي، ئاندىن بىللە بارايلى. ② «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ تارقاتقان زەھىرى تېخى تولۇق تازىلىنىپ بولغىنى يوق.

**تازىلىق** ئى. تازا ھالەت ۋە ئاشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىشى: تازىلىق قىلماق. *قوشماق ئاكا دەم ئېلىش كۈنلىرى بالىلىـ

رىنى ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەنىدى.

**تازىلىقچى** ئى. تازىلىق قىلغۇچى ئادەم، تازىلىغۇچى كىشى، تازىلىق ئىشچىسى: ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا مۇخبىر ئولىمپىك كەنتىدە سىچۇەننىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ميەنياڭ رايونىدىن كەلگەن تازىلىقچىلارنى كۆرگەن.

**تازىلىماق** پ. پاكىز ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاكىزلىماق: كىيىمنى تازىلىماق. ئۆينى پاكىز تازىلىماق.

**تاس** I رەۋ. جۈملىدە مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئاشاي دەپ، ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا، تاس كېتىپ قالىدىكەنمەن.

**تاس قالماق** قىل قالماق: يىقىلغىلى تاس قالدىم.

**تاس** II تەق. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسىگە ئۇرۇلۇش ياكى بىرنەرسىنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز: دۇتارنىڭ تارى «تاس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**تاسادىپ** رەۋ [ئە] ئۇشتۇمتۇت، ئويلىمىغان يەردىن، تاسادىپىي: شەمشەرخان ئاچا ھازىرغىچە مۇشۇنداق تاسادىپ كەلگەن كىشىلەردىن نەچچە ئوننى كۈتۈۋالغان.

**تاسادىپەن** رەۋ [ئە] كۈتۈلمىگەن ھالدا، بىردىنلا، قەستەن، تاسادىپىي رەۋىشتە: تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالماق.

**تاسادىپىي** [ئە] ① سۈپ. كۈتۈلمىگەن، تۇساتتىن يۈز بەرگەن؛ ئۇشتۇمتۇت: تاسادىپىي ھادىسە. تاسادىپىي ۋەقە. ② رەۋ. سەۋەبى نامەلۇم، سەۋەبسىز: تاسادىپىي ئۆزگىرىش.

**تاسادىپىيلىق** ئى. يۈز بېرىشى تاسادىپىي بولغان ئىش، ھالەت: ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتا كېلىشى ھەقىقەتەن بىر تاسادىپىيلىق بولدى.

**تاس ـ تاس** «تاس I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ يىغلىۋەت ـ كىلى تاس ـ تاس قالدى.

**تاس ـ تاماس ← تاس** I .

**تاس ـ تۇس** تاس قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: ئاچچىقىمغا پايلىماي «تاس ـ تۇس» قىلىپ شاپىلاقلىۋەتتىم.

**تاسسىدە** رەۋ. «تاس» قىلىپ، «تاس» قىلغان ھالدا: ئاسىيە تاسسىدە قىلغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلاپ شاققىدە ئورنىدىن تۇردى.

**تاسقاتماق** «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇن تاسقاتماق. شىبغىل تاسقاتماق.

**تاسقارا** ئى. دىيال. سار، ساڭقارا.

**تاسقاشماق** «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شىبغىل تاسقىشىۋاتقان كىشىلەر يامغۇر تېمىشقا باشلىغاندىلا ئۆيلە ـ رىگە قايتىشتى.

**تاسقاق** سۈپ ① تاسقالغان، تاسقىلىپ بولغان. ② كۆچمە. قالايمىقان، پاراكەندە، مالىمان.

**تاسقاقچىلىق** ئى. كىشىلەرگە، يۇرت خەلقىگە سېلىنغان ئېغىرچىلىق؛ خار ـ زارلىق، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، قالايمى ـ قانچىلىق، پاراكەندىچىلىك: ــــ بېگىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ پۈتۈن يۇرتقا تاسقاقچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز! ــــ دېدى ئاۋۇت.

**تاسقاقسىز** سۈپ. تاسقىمىغان، تاسقالمىغان: تاسقاقسىز ئۇن. تاسقاقسىز شىبغىل.

**تاسقاقلىق** سۈپ. تاسقالغان، تاسقاپ قويۇلغان: تاسقاقلىق ئۇن. تاسقاقلىق شىبغىل.

**تاسقالماق** «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كۈندە ئون تونىنا قۇم تاسقالدى.

**تاسقام** ① ئى. تاسقالغان ياكى تاسقىلىنىدىغان نەرسە: بوۋاي بۇغدايىنىڭ دەسلەپكى تاسقىمىنى تارتىۋىدى، سەككىز جىڭ چىقتى. ② مىق. ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈ ـ رىدۇ: بىر تاسقام بۇغداي. ئىككى تاسقام ئۇن.

**تاسقىر** ئى. دىيال **تاسقارا**.

**تاسقىماق** پ ① ئاشلىق ۋە شۇ خىلدىكى پارچىلانغان ئۇۋاق نەرسىلەرنىڭ يۇمشاق، يىرىكلىرىنى ئۆتكەمە، غەلۋىر، ئەلگەك قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ئايرىماق؛ ئۆتكۈزمەك: بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە (ماقال). ② بىر دە ئالدىغا، بىر دە ئارقى ـ سىغا سۈرمەك، ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ ئارقىغا ئۇرۇلماق. ③ كۆچمە. تاللاپ ئايرىپ چىقماق؛ ئىلغىماق: جامائەت تاسقاپ كۆرۈپ، ئەزىمەتنى كەنت دېھقانلار جەمئىيىتىگە رەئىس قىلىپ سايلى ـ دى.

**تاسلاتماق** پ. دىيال. تامشىماق: ئۇ ئاغزىنى تاسلاتىپ كەتتى.

**تاسما** ① ئى. ھايۋاناتنىڭ تېرىسىدىن تىلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇم: تاسما تىلماق. تاسما بەلباغ. ② سۈپ. تاسمىغا ئوخشايدىغان، تار ۋە ئۇزۇن: تاسما ھەرە.

**تاسمىبېلىق** ئى [تاسما + بېلىق] <زوئول> بېلىقنىڭ بىر خىلى، تەن شەكلى ئۇزۇن ھەم ياپىلاق بولۇپ، خۇرۇم بەلباغقا ئوخشايدۇ. كۈمۈش رەڭ، پۈتۈن تېنى سىلىق بولۇپ، قاسىرىقى بولمايدۇ. ئادەتتە كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تاسمىچى** ئى تاسما تىلىش، تاسما ئىشلەش، تاسما سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**تاسمىچىلىق** ئى. تاسما تىلىش، تاسما پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنى سېتىش ئىشى، كەسپى.

**تاسمىسىمان** سۈپ. تاسمىغا ئوخشاش، تاسمىدەك.

**تاسمىلىق** سۈپ ① تاسمىسى بار، تاسما بېكىتىلگەن: تاسمى ـ لىق چاق. ② تاسما ئۈچۈن تەييارلانغان: تاسمىلىق تېرە.

**تاش** I ئى ① ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ياكى بىر پۈتۈن ئۇيۇل ھالەتتە ئۇچرايدىغان، سۇ كار قىلمايدىغان قاتتىق تاغ جىنسلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى: تاشنى سوقسا قۇم بولۇر، تۆمۈرنى سوقسا قىل بولۇر (ماقال). ② كېسەللىك سەۋەبىدىن ئادەم ئورگا ـ نىزمىدا ھاسىل بولىدىغان قاتتىق ماددا؛ قېتىشما: ئۇنىڭ ئۆتى ـ نى ئوپېراتسىيە قىلىپ بىرمۇنچە تاشنى ئېلىۋەتتى. ③ جىڭ، گىرگە ئوخشاش سايمانلارنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى قادىقى: جىڭ تېشى. تارازا تېشى. ④ سائەت مېخا ـ نىزملىرىنى تارتىش كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئېغىر تۇقۇ: سائەت تېشى. ⑤ كۆچمە. قاتتىق، مېھىر ـ شەپقەتسىز: يوق: تاش يۈرەك ئادەم. باغرى تاش ئاتا. ⑥ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تاش تەرمەك** قىزلارنىڭ تاش ئويۇنى، بەشتاش، ئوقتاش، چاكۇم.

**تاشتىن ياغ چىقىرىدىغان** نەپ بەرمەيدىغان؛ ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، پىخسىق.

**تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز** ھەركىم ئۆز ئۆيى، ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىدە؛ ھەر نەرسە ئۆز جايىدا قەدىر ـ قىممەتلىك.

**تاش چېچەكى** قورام تاشلار ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك، مۇخ.

**تاش چىشلىۋالغاندەك** ئۈن - تىنىسىز، جىم؛ پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، گەپ قىلماي: ئىللاخان تاش چىشلىۋالغاندەك ئولتۇراتتى.

**تاشنى تاياقتا تاڭماق** بىركىمنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى، ئىختىيارلىقىغا قارىماي، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشقا زورلىماق، مەجبۇرلىماق: ئەمەت بىلەن ئايخاننى قوشۇپ قويساق، تاشنى تاياقتا تاڭغاندەكلا ئىش بولىدۇ.

**تاش يەپ قۇم چىقىرىدىغان** ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ساغلام، قابىل: ئادەم ياش ۋاقتىدا تاش يەپ قۇم چىقىرىدۇ، لېكىن قېرىغاندا تاماقنى ئەھۋالغا قاراپ يېمىسە بولمايدۇ.

**تاش** II ئى ① ئىچىگە، ئىچكىرىگە نىسبەتەن سىرت؛ تالا: ماۋۇ خېنىمنىڭ قېشىنى، تاۋۇقنىڭ تېشىنى (ماقال).* ئايخان ئوردىنىڭ تېشىدا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ - دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ② ياقا، چەت، باشقا: تاش يۇرت.③ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان قىسمى، تاشقى تەرىپى: يوتقان تېشى. كىتابنىڭ تېشى.

**تاش گۆر** گۆرنىڭ ئالدىغا كولانغان ۋە ئۆلۈك قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تىندۇرۇۋېتىلىدىغان گۆر.

**تاش** III مىق. سۇ ئۆلچىمى، بىر تاشلىق تۈگمەننى چۆرگۈلىتەلەيدىغان سۇنىڭ ئۆلچىمىنى كۆرسىتىدۇ.

**تاشا** سۈپ. دىيال. سىرت، باشقا.

**تاشاقىماق** پ. تېشىغا چىقىپ ماڭماق، يانغا چىقىپ ماڭماق (يولنىڭ): يول تاشاقاپ يۈردى ھەركىم پەم بىلەن.

**تاشايىن** ئى سىرت، تاشقىرى: ئۇ تۆت - بەش يىلدىن بېرى ئۆينىڭ تاشايىنىغا چىقىپ باقمىدى.

**تاشئالما** ئى [تاش + ئالما] <بوت> ① يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. مېۋىسى شار شەكلىدە، سېرىق ياكى قىزىل بولىدۇ؛ تەمى چۈچۈمەل. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاشئەينەك** ئى [تاش + ئەينەك] قېلىن ئەينەك تاختا.

**تاشبوران** ئى [ تاش + بوران ] بۇرۇنقى چاغلاردا جازالانغۇچىنىڭ پۈتىدىن بېلىگىچە بولغان قىسمىنى يەرگە كۆمۈپ، يەردىن ئۈستۈنكى قىسمىغا ئاۋام پۇقرالارنى چالما - كېسەك، تاش ئاتقۇزۇش ئارقىلىق بېجىرىلىدىغان جازالاش ئۇسۇلى: ئايال شۇ دەۋرنىڭ قانۇنى بويىچە تاشبوران قىلىنىپتۇ.

**تاشبوران قىلماق** چالما - كېسەك قىلىش، تاش ئېتىپ زەخىملەندۈرۈش ئارقىلىق جازالىماق: شۇنىڭ بىلەن خۇدا بۇ شەھەرنى يوق قىلىپ، شەھەر خەلقىنى تاشبوران قىلىشقا پەرىشتىلەرنى بۇيرۇپتۇ.

**تاشبۇرگۈن** ئى [تاش + بۇرگۈن] <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى توپلىشىپ ئۆسىدىغان كىچىك چاتقال. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش رولى بار.

**تاشپاختا** ئى [تاش + پاختا] <گېئول> تالاسمان مىنېرال. تەركىبى ماگنىي، تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ سىلىكاتلىرىدىن ئىبارەت؛ تالالىرى يۇمشاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىدامىلىق.

**تاشپاقا** ئى [تاش + پاقا] <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان، تېنى ياپىلاق ۋە سوقىچاق كېلىدۇ؛ قاتتىق قېپى بولىدۇ؛

بارماقلىرىدا ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ، سۇ ئۈزەلەيدۇ؛ بېشى، قۇيرۇق ۋە تۆت پۇتىنى قېپى ئىچىگە يىغالايدۇ.

**تاشپۇرچاق** ئى [تاش + پۇرچاق] <بوت>پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش ۋە قەۋزىيەتنى بوشىتىش رولى بار.

**تاشتەرمەك** ئى [تاش + تەرمەك] قىزلارنىڭ بىر خىل ئويۇنى. ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقچىسىدەك بەش دانە يۇمىلاق تاش بىلەن ئوينىلىدۇ.

**تاش- تۇپراق** تاش، توپا ۋە ياكى شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: — ئىلاھىم، ئاسماندىن تاش - تۇپراق يېغىپ پۈتۈن تېرىغان تىككەنلىرى قۇرۇپ كەتسە! — دېدى ئۇ ئىچى قارىلىق بىلەن.

**تاشتۇرماق** «تاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىمسىز ئازابلاشلار ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى نەچچە قېتىم دولقۇنلىتىپ، نەچچە قېتىم تاشتۇرۇۋەتتى.

**تاشتۇز** ئى [تاش + تۇز] <گېئول> يەر پوستىغا چۆكۈپ قەۋەتلەنگەن تۇز.

**تاشتۇلەك** ئى [تاش + تۇلەك] ئىككى قېتىم تۈلىگەن قۇش (بۇركۇت، قارچىغا، لاچىن قاتارلىق قۇشلار ھەققىدە).

**تاشتىراش** ئى. تاشنى يونۇپ، كېسىپ سىلىقلايدىغان ۋە ھەر خىل شەكىلگە كەلتۈرىدىغان ئۇستا؛ تاشچى.

**تاشچاي** ئى [تاش + چاي] پىرىسلىنىپ قاتتىق قاتۇرۇلغان، تاختىلانغان چاي.

**تاشچېچەك** ئى [تاش + چېچەك] <بوت> قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان، يالغان يىلتىزلىق، شەكلى پىلاستىنكىغا ئوخشايدىغان ۋە ئۈستىدە ئېگىز - پەس قالايمىقان پۇرمە قورۇقلىرى بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممە يېرى دورا قىلىنىدۇ، تەمى تاتلىق بولۇپ، ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز؛ قاننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. مەنىينى كۆپەيتىدۇ، ئاجىزلىقنى تۈگىتىپ، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ، تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ.

**تاشچى** ئى. تاش قېزىش، تاشتىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**تاشچىلىق** ئى تاش قېزىش، سۈزۈش ۋە تاشتىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساش ئىشى، كەسپى: تاشچىلىق قىلماق.

**تاشچۆۋنى** ئى [تاش+چىۋىن+ى] <زوئول> ئاجىز قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئادەتتىكىچە ئاتىلىشى.

**تاشراق** ئى. دىيال. ئىدىش، جاۋۇر، ساپال تەلەڭگە.

**تاشسامساق** ئى [تاش + سامساق] <بوت>تاشسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى ۋە تەڭگىچە غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، قۇستۇرۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تاشسىز** سۈپ. تېشى يوق، تاش قىلىنمىغان، تاشقا تارتىلمىغان: تاشسىز جۇۋا.

**تاشسىمان** سۈپ. تاشقا ئوخشاش، تاشتەك.

**تاشقورچاق** [تاش + قورچاق] ① ئى. تۇرلۇك جانلىقلارغا

تەقلىد قىلىپ ياسالغان، كىچىك بالىلار ئوينايدىغان ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە مەخسۇس زاۋۇتلاردا ياسالغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ② سۆپ. كۆچمە. چىرايلىق، ئوماق، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان (كىچىك بالىلارنى سۆپەتلەپ ئېيتىلىدۇ).

**تاشقى** سۆپ ① بىرەر نەرسىنىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى: تاشقى كۆرۈنۈش. ② ئىچكى ئىشلارغا نىسبەتەن سىرتقى، خارجى: تاشقى سودا.

**تاشقىرى** ① سۆپ. تاشقى، سىرتقى تەرەپكە ئورۇنلاشقان، سىرتىدىكى: ئالمىخاننىڭ بېغىدا، بىر تۈپ ئۈزۈم بار قاشقىرى. ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار، ئۈتتۈر چىشى تاشقىرى.② تىر. باشقا، سىرت: ئۇنىڭدىن تاشقىرى.

**تاشقىرىقى** سۆپ. مەلۇم جاينىڭ سىرتىدىكى، نېرىدىكى، تېشىدىكى: بۇ ھويلا تاشقىرىقى ھويلىدىنمۇ كۆركەم ئىدى.

**تاشقىلاتماق** «تاشقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاشقىلىماق** پ. تاشماق: چېلەكتىكى سۇ تاشقىلاپ تۆكۈلدى.

**تاشقىن** ئى. قاتتىق يامغۇر ياكى قار ــ مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن كۆپىيىپ ئۆز قىنىدىن تېشىپ كەتكەن سۇ: تاشقىن كەلمەك.

**تاشقىنلىق** سۆپ. تاشقىنى بار، تاشقىنلاپ تۇرغان.

**تاشقىنلىماق** پ ① دەريا سۇلىرى قىرغاقلاردىن تېشىپ كەتمەك: ئۆگەن دەرياسى باھار كەلكۈنى بىلەن تاشقىنلىدى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، جۇشقۇنلىماق: ئۇنىڭ قەلبىدە چەكسىز خۇشاللىق تاشقىنلايتتى.

**تاشكۆمۈر** ئى [تاش + كۆمۈر] <گېئول> بىر خىل ناچار كۆمۈر. سىرتقى كۆرۈنۈشى تاغ جىنسلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ئادەتتە ئۇ يېقىلغۇ قىلىنىشتىن سىرت يەنە خىمىيەۋى ئوغۇت ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشگۈل** ئى [تاش + گۈل] <بوت> ① تاشگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاچ قىزىل كېلىدۇ؛ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**تاشلاتماق** I «تاشلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاشلاتماق** II «تاشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەنىپە قارا كۆرپىدىن جۇۋا تاشلىتىپ كىيدى.

**تاشلاشماق** I «تاشلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: لېتىپ ئەپەندى بىلەن ئەكبەرخان يىراقلارغا نەزەر تاشلاشتى.

**تاشلاشماق** II «تاشلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جۇۋىچى ئۇستاملار قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا بەس ــ بەستە جۇۋا تاشلاشتى.

**تاشلاق** ئى <بوت> قوغۇن پېلىكىگە ئوخشاش يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان، شاخلىرى تىكەنلىك، مېۋىسى ياۋا ئۈزۈمگە ئوخشاش يېشىل، مېۋىسنى يېپىشكە بولىدىغان بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى.

**تاشلاندۇق** ① سۆپ. كېرەكسىز، يارامسىز، تاشلىۋېتىلگەن؛ قالدۇق: تاشلاندۇق نەرسىلەر. ② ئى. تاشلىۋېتىلگەن، قالدۇق نەرسە.

**تاشلانماق** I «تاشلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇرمىگە تاشلانماق. ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلانماق.

**تاشلانماق** II «تاشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇۋا تاشلانماق.

**تاشلىق** I ① سۆپ. تاش بار، تاش كۆپ: تاشلىق يەر. تاشلىق جاي. ② سۆپ. تاش ئورنىتىلغان: تاشلىق سائەت. ③ ئى. تاش بار، تاش كۆپ جاي: تاشلىقتا ئىشلىمەك.

**تاشلىق** II ئى. قۇشلارنىڭ ئاشقازىنى: توخۇنىڭ تاشلىقى. كەپتەرنىڭ تاشلىقى.

**تاشلىق** III ① سۆپ. تېشى بار، تاشلانغان: تاشلىق جۇۋا. ② سۆپ. تاش قىلىشقا تەييارلانغان، تاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تاشلىق رەخت. ③ ئى. تاش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياكى تاش قىلىنغان نەرسە: جۇۋىنىڭ تاشلىقى. كىتابنىڭ تاشلىقى. يوتقاننىڭ تاشلىقى.

**تاشلىق** IV ئى. خاما، جۇۋاز قايچىسىنىڭ تاش تۇرىدىغان ياپىلاق جايى.

**تاشلىماق** I پ ① نەرسىلەرنى يەرگە، پەسكە قارىتىپ چۈشۈرمەك، ئاتماق: ئۇ قولىدىكى خەتنى پۇرلاپ ــ پۇرلاپ يەرگە تاشلىۋەتتى. ② چۈشۈرمەك، تۆكمەك: دەرەخلەر غازاڭ تاشلىدى. ③ ئۈستىدىن ئاشۇرۇپ، ئارتىلدۇرۇپ قويماق؛ سالماق، ياپماق: پادىچى نان خالتىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ يولغا ماڭدى. ④ ۋاز كەچمەك، خاتىمە بەرمەك، تەرك ئەتمەك: ئۇ بىرچاغلاردا جان بېقىشنىڭ تەسلىكىدىن يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنىدى. ⑤ بىرەر جايدا قالدۇرماق ياكى بىركىمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: ئىككى يىل بۇرۇن تۇغقانلارنىڭكىگە ئىككى تۇياق قوزىچاقنى ئاپىرىپ تاشلىۋىدىم، بۇ يىل يوغان ئىككى قوي بولغاندا ياندۇرۇپ ئەكەلدىم. ⑥ ئۆزىنى ئاتماق: ئۇ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ⑦ كۆچمە. قويماق، بەرمەك، سوردىماق: سوئال تاشلىماق. ⑧ ئىرغاڭلىماق، چايقالماق: ئۇ بالا ئۆزىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ماڭىدۇ. ⑨ چۈشۈرمەك، پەيدا قىلماق (سايە ھەققىدە): يوغان تېرەك ئەتراپلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ⑩ پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرى بىلەن تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىپ: 1) ھەرىكەتنىڭ تېز ھەم كەسكىن بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئېتىپ تاشلىماق. قىرىپ تاشلىماق. 2) ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دەپ تاشلىماق. كۈلۈپ تاشلىماق. ⑪ بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: بالا تاشلىماق. سالما تاشلىماق.

**تاشلىماق** II پ. تاش بېكىتمەك، ئورناتماق، تاش قاپلىماق: كىتاب تاشلىماق. جۇۋا تاشلىماق.

**تاشما** ئى ← **ئىلغا**.

**تاشماق** پ ① قىرغاقتىن ئاشماق، ئېشىپ ئەتراپقا يېيىلماق؛ باسماق: بۇ چېكى يوق سۇ تېشىپ، جىلغا تەرەپكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، غەيرەتلەنمەك؛ ئۆرلىمەك، كۆپەيمەك: ھېيتئاخۇننىڭ غەيرىتى باشقىدىن ئۇرغۇپ تاشتى.

**تاشئوت** ئى [تاش + ئوت] <بوت> قەلەمپۇر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سەل سوغۇق بولۇپ، زەھەرسىز، ئىسسىقنى تارقىتىپ قاننى سوۋۇتىدۇ.

**تاشئېگىر** ئى [تاش + ئېگىر] <بوت> چايانئوت ئائىلى-

سىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوزىسى تۇخۇم شەكىللىك، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، نەملىكنى ھەيدەش، زەھەرنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تاشىرقىماق** پ. تاشلىق يەرلەردە ئۇزۇن يول يۈرۈپ تۇيىقى ئۇپراپ، نېپىزلەپ، قاماپ ئاقسىماق، ماڭالماي قالماق (ھايۋانلار ھەققىدە): تاشىرقاپ كەتمەك.

**تاشغداماق** پ. دىيال. توشۇماق، يۆتكىمەك.

**تاشلىخ** سۈپ. دىيال. يات، چەت يۇرتلۇق.

**تاشيارغان** ئى [تاش + يارغان] <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېبابەتچىلىكتە غول ۋە يوپۇرمىقى ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى ۋە ئۇششۇكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشيول** ئى [تاش + يول] <قاتن> شەھەر سىرتىدىكى، ھەر خىل ئاپتوموبىللار قاتنايدىغان ۋە ئۇستىگە شېغىل يېيىلغان كەڭ ھەم تۈز يول.

**تاغ** ئى ① يەر ئۈستىنىڭ تەكشىلىككە، دۆڭلۈككە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن ئېگىز قىسمى: تاغ تىزمىسى. * ئۆچكە تاغدا پۇل، ئۈزۈم باغدا پۇل (ماقال). ② كۆچمە. ئېغىر يۈك، ئېغىرچىلىق، مۇشەققەت: ئازادلىققا ئېرىشىپ، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى.

**تاغ يۈرەك** قورقماس، باتۇر: غۇيۇلداپ ئۆتكەن يىللار ئۇنىڭ كۆيۈمچان تاغ يۈرەك ئوغلىنىمۇ ئەكەتكەنىدى.

**تاغ خوخسى** <بوت> دىيال. تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئوت.

**تاغ ئېتى** ئۇزاق سەپەردە ھارمايدىغان پاكار بويلۇق بىر خىل ئات.

**تاغا** ئى. بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى.

**تاغا ئاچا** دىيال. تاغىسىنىڭ خوتۇنى (ياشتا كىچىكرەك).

**تاغا ئانا** دىيال. تاغىسىنىڭ خوتۇنى، كىچىك ئانا (ياشتا چوڭ).

**تاغا ھاما** تاغىسىنىڭ خوتۇنى (ياشتا چوڭراق).

**تاغار** ① ئى. ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرىدىن ياكى سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان بۇيۇم؛ چوڭ قاپ: بۆز تاغار. كاناپ تاغار. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاغار بۇغداي. بىر تاغار ئۇن. ئىككى تاغار قوناق. ئۈچ تاغار سامان.

**تاغاردا بىر** ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن نۇرغۇن، تولا: ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى دەمسەن ؟ بۇلۇڭغا تارتىپ تاغاردا بىر نەسىھەت قىلسام، ھەپتە ئۆتمەي يەنە ئۆزى بىلگىنىنى قىلدى.

**تاغار ـ تاغار** بىرقانچە تاغار، نۇرغۇن تاغار: تاغار ـ تاغار ئاش ئالماق.

**تاغارچى** ئى ① تاغار توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى. ② قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ، يەكەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە خوشۇت ناھىيەسىدىكى يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**تاغارچىلىق** ئى. تاغار توقۇش، سېتىش ئىشى، كەسپى: تاغارچىلىق قىلماق.

**تاغارلاپ** رەۋ. تاغىرى بىلەن، تاغار توشقۇزۇپ: بۇ يوقسۇل ئۆتكۈزدى يېرىم ئەسىرنى، غوجىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، تەر تۆكۈپ. ئالدى ئاش ھەر يىلى نەچچە تاغارلاپ، ۋە لېكىن قالدى ئۇ ئارىنى تۇتۇپ.

**تاغارلىق** سۈپ. ① تاغىرى بار؛ تاغار ئارتىلغان ياكى تاغار بېسىلغان؛ تاغار كۆتۈرگەن ياكى يۈدۈگەن. ② تاغار توقۇشقا يەتكۈدەك، تاغار توقۇشقا باب: بەش تاغارلىق يىپ.

**تاغاق** I ئى. قولنىڭ ياكى ئالدى پۇتنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك: ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق تاغاققا تەگدى.

**تاغاق ياغاچ** دىيال. بادرا، چەنزە.

**تاغاق** II ئى. دىيال. تاۋاق: ھاراق ئىچتىم تاغاقتا، تەمى قالدى تاماقتا.

**تاغ ـ تاش** تاغ ۋە تاش، ئومۇمەن تاغ ۋە تاشلىق جاي: تاغ ـ تاشقا بارماق.

**تاغ ـ تېمىز** تاغ ۋە ياكى شۇ تاغدىكى مەھەللىلەر، تاغلىق مەھەللىلەر، تاغ، قىر تاغ ـ دالا: بەش شەھەردىن كەلگەنلەرنىڭ قوللىرىدىكى تاغار، خالتىلاردا قۇرۇق چىلان، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك قېقى قاتارلىقلار بار ئىدى، تاغ ـ تېمىزدىن كەلگەنلەرنىڭ قولىدا پىشۇرۇلغان قايماق، پىشلاق، قۇرۇت، پاقلان گۆشى قاتارلىقلار بار ئىدى.

**تاغچى** ئى. ① تاغلىق كىشى. ② تاغلىقلار بىلەن ئېلىم ـ بېرىم، سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەم: نەزەر ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز ئايلىرىدا تاغچىلارغا بۆرە، تۈلكە، سۆلەيسۇن ئېتىپ ساتاتتى.

**تاغچىلىق** ئى. تاغلىقلار بىلەن قىلىنىدىغان ئېلىم ـ بېرىم، سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرى؛ تاغ سودىگەرچىلىكى: ئانچە ـ مۇنچە تاغچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز.* تاغچىلىق قىلماق. * قاسىم ھەر يىلى تاغچىلىقتىن ئاز ـ تولا نەپ ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنى بېقىۋاتىدۇ.

**تاغ ـ دالا** تاغلىق يەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۈزكەتكەن دالالار: تاغ ـ دالا سەيلىسى.

**تاغ ـ داۋان** تاغ ۋە داۋان: بۇ يولنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان تاغ ـ داۋانلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

**تاغ ـ دەريا** تاغ ۋە دەريا: ئۇلار بۇ يەرگە كەلگۈچە نۇرغۇن تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتتى.

**تاغدېنى** I ئى [تاغ + دان + ي] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**تاغدېنى** II ئى [تاغ + دان + ى] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكتۇر.

**تاغدىن ـ باغدىن ← باغدىن ـ تاغدىن:** تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىمەك.

**تاغسىمان** سۈپ. تاغقا ئوخشايدىغان، تاغقا ئوخشاش، تاغ شەكىللىك: ئۈچ بۇلۇڭلۇق پىرامىدا شەكلىدىكى تاغسىمان ئېھرامنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا جەمئىي ئۈچ چېكىت بار ئىكەن.

**تاغلىق** ① سۈپ. تاغ بىلەن ئورالغان، تاغ كۆپ: تاغلىق يەر. ② ئى. تاغ رايونلىرىدا ياشايدىغان، تاغدا تۇرىدىغان كىشى: ئۇ بالىنىڭ كىيىملىرى تاغلىقنىڭ كىيىمىدەك قىزىل توپا رەڭگىدە تۇرىدۇ. ③ ئى. تېغى بار، تاغلىرى كۆپ جاي: بۇ تاغلىقتا ئۇزاق تۇرغىلى بولمايدۇ، ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ دەرھال قايتىشىمىز كېرەك.

**تاغمۇتاغ** تاغدىن تاغقا، ھەممە تاغلار ئارا: شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە تاغمۇتاغ يۈرۈپ ئوۋ قىلدۇق.

**تاغۇتاش** تاغلىق جاي ۋە ئۇنىڭدىكى تاشلار: غالىبلار قەلبىدىن

ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇتاشنى تىترىتىپ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە.

**تاغىل** I ① سۈپ. ئوخشاشمىغان رەڭ سىزىقچىلىرى بولغان: تاغىل مۈشۈك. تاغىل ئىنەك. ② ئى <بوت> ئالمىنىڭ بىر خىل سورتى. رەڭگى قىزىل بېغىر رەڭ، تاغىل بولىدۇ.

**تاغىل** II سۈپ. ھىيلىگەر، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان.

**تاق** I سۈپ [ئە] ① ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنمەيدىغان، جۈپى بولمىغان: تاق سان. * دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق (ماقال). ② جۈپى، شېرىكى بولمىغان؛ جۈپسىز، يالغۇز: ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي تاق ئۆتكەن ئادەم.

**تاق سان** < مات> ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنمەيدىغان سان. مەسىلەن: 7،5،3،1 قاتارلىقلار.

**تاق ياغاچ** <بىن> ئىشىك ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچ.

**تاق** II تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئىشىك «تاق» قىلىپ يېپىلىشى بىلەن تەڭ پەرىزات غايىب بولدى.

**تاق** III رەۋ. دەل: ئۇ چوڭ مەھەللىنىڭ تاق ئۈستىدىن چۈشتى.

**تاق** IV سۈپ [ئە] «بولماق، قىلماق» پېئىللىرى بىلەن كېلىپ تاقەتسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ: تاقىتى تاق بولماق. تاقىتىنى تاق قىلماق.

**تاقا** I ئى ① ئات ـ ئۇلاغلار تۇيىقىنىڭ ئاستىغا قېقىلىدىغان دۈگىلەك تۆمۈر. ② ئەتلەس توقۇشتا چۆرنەكنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاقا شەكىللىك سايمان. ③ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۇرچۇق، كىرتىك ۋە موكىلىرىنى قاچىلاش قازىنى.

**تاقا** II ئى [ئە] بىر جۈپ ئەتلەس ياكى بەقەسەمنىڭ ھەربىر بۆلىكى: سىيىت خوجا پەتنۇستىكى بىر جۈپ تاقا بەقەسەمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى.

**تاقابىل** رەۋ [ئە] ئۆزئارا باراۋەر، دەلمۇدەل: تاقابىل تۇرماق. تاقابىل كەلمەك.

**تاقابىلچان** سۈپ. تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، تاقابىل تۇرۇش، چىداش كۈچى زور.

**تاقابىلچانلىق** ئى. تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى؛ تاقابىل تۇرۇش، چىداش كۈچى ياكى تاقابىل تۇرۇش، چىداش ئىقتىدارى بولغان خۇسۇسىيەت: شاخ ـ نوتىلارنىڭ سوغۇققا تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆسۈشتىن توختىغان شاخلارنىڭ ئىچىدىكى يۇمران قىسمى كېسىۋېتىلىدۇ.

**تاقاتماق** «تاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقاراشماق** پ. گەپ تالاشماق، ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇۋالماق؛ تاكاللاشماق: مەريەمخان قاسىمئاخۇننىڭ سۆزىگە تەن بەرمەي خېلى تاقارىشىپ باقتى.

**تاقاشماق** پ ① «تاقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېلىپ ھەربىي تاغىلار، ئۇنى قىزغىن ماختاشتى. قەھرىمانلىق گۈلىنى مەيدىسىگە تاقاشتى. ② بىرنەرسە ئىككىنچى بىرنەرسىگە تىركىلىپ قالماق، توسۇلماق: بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى ـ دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاقىدە غالتەككە تاقاشتى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، مەسىلە ئىككىنچى بىر ئىش ياكى مەسىلىگە چېتىلىپ قالماق، دۈچ كەلمەك: ئاپلا، يەنە بىر ئىشقا تاقاشتىغۇ، تېخى ھەيدەلمىگەن ئېتىز يېرىنى قانداق قىلارمىز؟

**تاقاق** I ئى ① توما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما؛ قاپقا: تاقاقنى كۆتۈرۈپ قويماق. ② ئى. دەرۋازا، ئىشىك قاتارلىقلارنى تاقاش ئۈچۈن ئورنىتىلغان توغرا بالداق. ③ سۈپ. تاقالغان، تاقاقلىق: دەرۋازا ئىچىدىن تاقاق تۇرىدۇ.

**تاقاق** II ئى. كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سالىدىغان ئېغىر تاختا ياغاچ.

**تاقاقخانا** ئى. تومىنىڭ تاقىقىنى باشقۇرىدىغان ئۇسكۇنىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي.

**تاقاقلىق** سۈپ. تاقاپ قويۇلغان،تاقالغان، تاقاق: ئىشىك تاقاقلىق.

**تاقالماق** ① «تاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىسى كەچتە تۈلكە كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىكمۇ مەھكەم تاقالغانىكەن. ② مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقماق، ئالاقىدار بولماق: خىيالىم ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە بېرىپ تاقالدى.

**تاقەت** ئى [ئە] چىداشلىق، بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى؛ چىدام، غەيرەت: تاقىتى بار. تاقەت قىلماق. * شەرىخاننىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى.

**تاقەتسىز** سۈپ. تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، ئالدىراڭغۇ: تاقەتسىز ئادەم. * ئۈمىدسىز كىشىلەردىن تاقەتسىز كىشىلەر يېتىشىپ چىقسا، ئۈمىدلىك كىشىلەردىن قانائەتسىز كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

**تاقەتسىزلەندۈرمەك** «تاقەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقەتسىزلەنمەك** پ. ئالدىراپ تۇرماق، بىتاقەت بولماق: رۇقىيە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تاقەتسىزلىنەتتى.

**تاقەتسىزلىك** ئى. تاقەت قىلالماسلىق، بىتاقەتلىك: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق ئارىلاش تاقەتسىزلىك ئورىۋالدى.

**تاقەتلىك** سۈپ. تاقىتى بار، تاقەت قىلالايدىغان، چىدامىلىق: تاقەتلىك يىگىت.

**تاقتاق** ① تەق. تاق ـ تاق قىلىپ تاقىلاش ھالىتى: تاقتاق چېكەتكە.② رەۋ. تېز، چاققان.③ ئى. ئېتىزلاردا بولىدىغان چوڭ چېكەتكە.

**تاق ـ تاق** «تاق II » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاق ـ تۇق** «تاق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: «تاق ـ تۇق» ئاۋازلار ياڭراپتۇ كۆككە، بىر چوڭ خەۋپنى يەتكۈزۈپ كۆپكە.

**تاققا ـ تۇققا** I ئېگىز ـ پەس، رەتسىز، قالايمىقان، جايىدا ئەمەس: ئۇ دادىسىنىڭ سوئالىغا تاققا ـ تۇققا جاۋاب بەردى.

**تاققا ـ تۇققا** II بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى. بىرنەچچە بالا پۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، تاققا ـ تۇققا، زەنجىر ـ ھالقا ... دەپ ئوينايدۇ.

**تاققىدە** رەۋ.«تاق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ،«تاق» قىلغان ھالدا: مەن كەينىمگىمۇ قارىماي، ئىشىكنى تاققىدە ياپتىم ـ دە، كېتىپ قالدىم.

**تاقلاتماق** I «تاقلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقلاتماق** II «تاقلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېۋەز تاقلاتماق. قوناق تاقلاتماق.

**تاقلاشماق** I «تاقلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ھە دەپ تاقلاشماقتا ئىدى.

**تاقلاشماق** II «تاقلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز 2 ـ ئەترەتكە ئۈچ كۈن قوناق تاقلىشىپ بەردۇق.

**تاقلانماق** «تاقلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قالدۇق يېرىگە تېرىغان قوناقلىرى تاقلىنىپ، تۈۋگە توپا يۆلىنىپتۇ.

**تاقلىغۇچ** ئى. دىيال. تاقلاپ ـ سەكرەپ ئوينايدىغان بىرخىل باللار ئويۇنى.

**تاقلىماق** I پ. سەكرىمەك، ئاتلىماق: تاقلاپ ئۆتمەك.

**تاقلىماق** II پ. زىرائەت مايسىلىرىنىڭ ئارتۇق تۈپلىرىنى يۇلۇپ تاشلىماق؛ شالاڭلاتماق.

**تاقۇ** ئى. دىيال. توخۇ.

**تاقى** ئى. دىيال. تاغچى: تاغقا چىقتىم كېيىك ئاتتىم، تاقى پالگانلار بىلەن.

**تاقچى** ئى. تاقا ياسايدىغان، تاقا قاقىدىغان، تاقا سوقىدىغان ئادەم: يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاقچىلار، تۆنىكچىلەر، ساپال ـ چىلارنىڭ پاكار، كۆرۈمسىز دۇكانلىرى، ئىسلاشقان چايخانىلار، بۇس بىلەن تولغان ئاشخانىلار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**تاقچىلىق** ئى. تاقا سوقۇش، تاقا قېقىش ئىشى، كەسپى: تاقچىلىق قىلماق.

**تاقىر** I سۈپ ① دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ ئۆسمىگەن، گىياھ ئۈنمىگەن: ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كەڭ تاقىر سايدىن تاشۋاي ۋە بارات چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ② ئۈستىدە يۇڭ، تۈك قاتار ـ لىق نەرسىلەر يوق ياكى ئىنتايىن شالاڭ (باش، تېرە قاتار ـ لىقلار ھەققىدە): تاقىر باش. تاقىر تېرە.

**تاقىر** II تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇ ـ لۇشى ياكى سىلكىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تاقىراق** تەق. ئات، ئېشەك قاتارلىق تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ قاتتىق يەردە يۈگۈرۈشىدىن، شۇنىڭدەك بىر خىل قاتتىق نەرسىنىڭ يەنە بىر خىل قاتتىق نەرسىگە ئىلگىرى ـ كېيىن تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تاقىراق ـ تاقىراق** «تاقىراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ دەرھال ئاتقا مىنىپ، «تاقىراق ـ تاقىراق» قىلىپ غەرب تەرەپكە چېپىپتۇ.

**تاقىراق ـ تۇقۇرۇق** «تاقىراق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تاقىر ـ تاقىر** «تاقىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاقىر ـ تۇقۇر** «تاقىر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: كارۋان يەنە «تاقىر ـ تۇقۇر»، «دۇكۇر ـ دۇكۇر» قىلىپ كۆۋرۈكتىن يۈرۈپ كەتتى.

**تاقىرلاتماق** «تاقىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقىرلاشماق** I «تاقىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: ئېغىلدىكى ئاتلار سىرتتىكى ھايت ـ ھۇيت ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تاقىرلىشىپ تۇرالماي قالدى.

**تاقىرلاشماق** II پ. تاقىر ھالەتكە كەلمەك.

**تاقىرلانماق** پ ① تاقىر ھالەتكە كەلمەك، تاقىرلاشماق. ② تۈكى چۈشۈپ، تۈكسىز ھالەتكە كېلىپ قالماق.

**تاقىرلىق** ئى ① تاقىر ھالەت. ② تاقىر جاي: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاشلىق ھەم تاقىرلىق باشلاندى.

**تاقىرلىماق** پ «تاقىر» قىلماق، «تاقىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: تاقىرلاپ يۈگۈرمەك.

**تاقىسىز** سۈپ. تاقىلانمىغان ياكى تاقىسى يوق: تاقىسىز ئېشەك تاشتا يۈرەلمەس (ماقال).

**تاقىسىزلىق** ئى. تاقا قاقتۇرۇلمىغان ياكى تاقىسى يوق ھالەت.

**تاقىسمان** سۈپ. تاقىغا ئوخشاش، تاقىدەك.

**تاقىلاتماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئات تاقىلاتماق.

**تاقىلاشماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاقىلاقسىز** سۈپ. تاقىلانمىغان، تاقا قاقتۇرۇلمىغان.

**تاقىلاقلىق** سۈپ. تاقىلانغان، تاقىسى بار، تاقا قاقتۇرۇلغان.

**تاقىلانماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئات ـ ئۇلاغلار تاقىلاندى.

**تاقىلداتماق** «تاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: ئۈستىلىق بىلەن دۈملەنگەن ئىسسىق پولۇنىڭ ئۆيىنى بىر ئالغان خۇش پۇرىقى كىشىنىڭ دىمىغىنى غىدىقلاپ، ئىشتىھاسىنى تاقىلدىتاتتى.

**تاقىلداشماق** «تاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاقىلدىغۇچ** ئى. تۈگمەندە ئۈگۈتنى تەڭشەيدىغان ياغاچ، چېقىلدۇرغۇچ.

**تاقىلدىتىشماق** «تاقىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: ئوقۇغۇچىلار كەپسىزلىك قىلىپ جوزىلارنى تاقىلدىتىشقا باشلىدى.

**تاقىلدىماق** پ ① «تاق ـ تاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تاق ـ تاق» قىلماق: شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ تاقىلدىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. ② ئالدىرىماق، تەقەززا بولماق، تاقەتسىزلەنمەك: كەپتۇ غازلار غاقىلداپ، نەپسلىرى تاقىلداپ.

**تاقىلىق** سۈپ ① تاقىسى بار، تاقىلانغان: تاقىلىق ئات. ② تاقا ئۈچۈن تەييارلانغان، تاقىغا باب: تاقىلىق تۆمۈر.

**تاقىلىماق** پ ① تاقا قاقماق، تاقا ئورناتماق: ئات تاقىلىماق. ② كۆچمە. ئەپلىمەك، راسا جايلىماق: ـــ سەن ئۇنى راسا تاقىلاپ يولغا سالدىڭ ـ دە، ـــ دېدى ئاغىنەم ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**تاقىم** سۈپ. ئايرىم ـ ئايرىم تۇرىدىغان، تارقاق: تاقىم ئارال.

**تاقىماق** پ ① ئەتمەك، بېكىتمەك: دەرۋازىنى تاقىماق. ② مېدال، گۈل ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى سانجىپ ياكى باغلاپ ئورناتماق: گۈل تاقىماق. مېدال تاقىماق. گالستۇك تاقىماق. ③ ياپماق، قاپلىماق، ئورىماق: ماسكا تاقىماق. كۆزەينەك تاقىماق. ④ تىركەلمەك، تىرىمەك: تۇرسۇن مەيدىسىنى پارتىغا تاقاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھېساب ئىشلەۋاتاتتى. ⑤ توختاتماق، ياپماق، ئەتمەك: ئۇلار كۈن قايرىلىش بىلەن تەڭ ھەممە ئىشنى خۇلاسىلىشىپ ئاشخانىنى تاقايتتى. ⑥ يەتمەك، توشماق، ئۇلاشماق: ئايخاننىڭ كەنجى ئوغلى ناسىر ھازىر 25 ياشقا تاقاپ قالغانىدى. ⑦ ئارتماق، ئىتتىرىپ قويماق: ئەخمەت ھەممە پاراڭنى ئەگىتىپ كېلىپ يالقۇننىڭ ئۆزىگە تاقاپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

**تاك** تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى، تېگىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: ئۇ ئىشىك تاك قىلىش بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى.

**تاكا** I ئى. بېنگال (باڭلادىش) دۆلىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**تاكا** II ئى. دىيال. پىچىلمىغان ئەركەك ئۆچكە.

**تاكا** III ئى. دىيال. ياۋا ئات (تاغلىقلار سۆزى).
**تاكاس** تەق. چەملەك ئاياغ كىيىپ قاتتىق يولدا ماڭغاندا چىققان ئاۋاز.
**تاكاس ـ تاكاس** «تاكاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.
**تاكاس ـ تۇكۇس** «تاكاس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.
**تاكاسلاتماق** «تاكاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**تاكاسلاشماق** «تاكاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.
**تاكاسلىماق** پ. «تاكاس» قىلماق، «تاكاس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.
**تاكاللاشقاق** سۈپ. ھە دېگەندىلا گەپ تالىشىدىغان؛ تالاشقاق: تاكاللاشقاق ئادەم.
**تاكاللاشماق** پ. گەپ تالاشماق، مۇنازىرىلەشمەك.
**تاكامۇل** سۈپ [ئە] كەم ـ كوتىسىز، يېتىشكەن، مۇكەممەل؛ تولۇق: ئادەمنىڭ تاكامۇل بولۇشى تەس.
**تاكامۇللاشتۇرماق** «تاكامۇللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**تاكامۇللاشتۇرۇلماق** «تاكامۇللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.
**تاكامۇللاشماق** پ. تاكامۇل ھالەتكە كەلمەك، مۇكەممەللەشمەك، يېتىلمەك؛ تولماق: بىز باشقىچە بىر شەكىل تاپالساقلا دونكىخوتچە شەكىل تاكامۇللىشىدۇ.
**تاكامۇللۇق** ئى. تاكامۇل بولغان ھالەت، تاكامۇل بولۇش پەللىسى، تاكامۇللىشىش، كەم ـ كوتىسىزلىك، مۇكەممەللىك: بۇنى بارغانسېرى ئارتىپ بېرىۋاتقان تاكامۇللۇق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. * مېنىڭچە، «مەدەنىيەت» ئىنسانىنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى تاكامۇللۇققا ئېرىشكەن ھالىتى. * بىز دەۋاتقان مۇشۇ تاكامۇللۇقنىڭ چېكى بولمايدىغان بولغاچقا، مەدەنىيەتنىڭ ئېقىنىمۇ ئۈزۈلمەيدۇ.
**تاكان** I دىيال ① سۈپ. تەرسا، جاھىل. ② ئى. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تاكاللىشىدىغان ئادەم.
**تاكان** II سۈپ. دىيال ① كەسمەس، ئۆتمەيدىغان، قاشاڭ، گال (تىغلىق جابدۇقلار ھەققىدە): ئەل بىلەر كىم تىغى شەمشەر، كىم تاكان. ② قوپال، قوپال ئىش قىلىدىغان: تاكان ئادەم.
**تاكت** ئى [ر<نېم] <مۇز> ① مۇزىكىنىڭ ئۇدار بىرلىكى، يەنى تەكرارلىنىدىغان قاتتىق بىر ئۇداردىن يەنە بىر قاتتىق ئۇدارغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى باسقۇچ. ② <ماشىن> ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل ئىشلەۋاتقاندا، پورشېنىنىڭ سىلىندىر ئىچىدىكى ئۇ باشتىن بۇ باشقا بولغان بىر قېتىملىق ھەرىكىتى بىر تاكت بولىدۇ.
**تاكتاك** ئى [تاك + تاك] ① كونا جەمئىيەتتە پاشاپلارنىڭ «تاك ـ تاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان سايمىنى، ئىككى كالتەك. ② تەق. شوخىل نەرسىدىن چىققان ئاۋاز.
**تاك ـ تاك** «تاك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.
**تاكتاكچى** ئى ① كونا جەمئىيەتتىكى كېچىلىرى تاكتاك ئۇرۇپ ئامانلىق ساقلايدىغان ئادەم، كۆزەتچى: تاكتاكچى مەھەللە ئارىلاپ تاكتەكنى ئۇرۇپ يۈرەتتى. ② كۆچمە. پايلاقچى، چېقىمـ
چى: بۇ ئىشتىن باينىڭ تاكتاكچىلىرى ئاللىقاچان خەۋەر تېپىشىپ بولغانىدى.
**تاكتاكچىلىق** ئى. پايلاقچىلىق، چېقىمچىلىق.
**تاكتلىق** سۈپ. تاكتلىرى بار، تاكتلارغا بۆلۈنگەن.
**تاكتىكا** ئى [ر<گرېك] <ھەرب> ① ئۇرۇش قىلىشتىكى پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇل: ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ياخشى بىلمىگەن كىشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلالمايدۇ. ② <پەلس> كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشنىڭ كونكرېت شارائىتىغا ماس ھالدىكى يولى، فورمىسى ۋە ئۇسۇل، چارە ـ تەدبىرلىرى.
**تاكتىكىچى** ئى تاكتىكىغا ئۇستا، تاكتىكىسى بار، تاكتىكا بىلىدىغان ئادەم.
**تاكتىكىسىز** سۈپ. تاكتىكىسى يوق، تاكتىكا ئىشلىتىلمىگەن.
**تاكتىكىسىزلىق** ئى. چارىسىزلىق، تەدبىرسىزلىك.
**تاكتىكىلىق** سۈپ. تاكتىكىسى بار، تاكتىكىغا ئىگە: تاكتىكىلىق ئادەم.
**تاكسى** ئى [ر<فىران] كىشىلەر ۋاقىتلىق كىرا قىلىپ ئىشلىتىدىغان كىچىك ئاپتوموبىل، ۋاقىت ياكى مۇساپىگە ئاساسەن ھەق ئېلىنىدۇ: تاكسىغا چۈشمەك. تاكسىدا ئولتۇرماق.
**تاكسىچى** ئى. تاكسى ھەيدىگۈچى ئادەم، تاكسى شوپۇرى.
**تاكسىچىلىق** ئى. تاكسى ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىش تىجارىتى، تاكسى ھەيدەپ پۇل تېپىش ئىشى ياكى كەسپى: ئۇ كوندۇزى ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، كەچتە بولسا تاكسىچىلىق قىلىدۇ.
**تاككىدە** رەۋ. «تاك» قىلىپ، «تاك» قىلغان ھالدا: تاككىدە چۈشمەك. تاككىدە تەگمەك.
**تاكېسەي** ئى [خەن] <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.
**تاكى** يۈك [پ] ← **تا** : ئۇ شۇ كەتكىنىچە تاكى ئازادلىققا قەدەر قەشقەرگە ئاياغ باسمىدى.
**تاكراڭ** تەق. ئات، ئېشەك قاتارلىق توم تۇياق ھايۋانلارنىڭ بىر خىلدا يۈگۈرۈشىدىن چىققان ئاۋاز: ئېشەكنى تاكراڭ سالدۇرماق.
**تاكراڭ ـ تاكراڭ** «تاكراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.
**تاكراڭ ـ تۇكۇرۇڭ** «تاكراڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.
**تاكراڭلاتماق** «تاكراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوغلاقچىلار ئاتلىرىنى تاكراڭلىتىپ چېپىپ كېلىۋاتىدۇ.
**تاكراڭلاشماق** «تاكراڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.
**تاكراڭلىماق** پ. «تاكراڭ» قىلىپ يۈگۈرمەك: تاكراڭلاپ كېلىۋاتقان ئات ئېرىققا كېلىپ بىردىنلا توختاپ قالدى.
**تاكىلداتماق** «تاكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى، ئىشىكنى كىمدۇر بىرى ناھايىتى يېنىك تاكىلداتتى.
**تاكىلدىماق** پ. «تاك» قىلغان ئاۋاز چىقماق؛ «تاك ـ تاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىلماق: بالام قارىغىنا، ئىشىك تاكىلداۋاتىدۇ.
**تاڭ** I ئى ① كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت، سۈبھى، سەھەر: تاڭ ئاتماق. تاڭ يورۇماق. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە ياكى

ئىشنىڭ باشلىنىش پەيتى، دەسلەپكى دەۋر: ئازادلىق تېڭى.

**تاڭ ئاتماق** ① تۈن ئاخىرلىشىپ، تاڭ يورۇماق. ② كۆچمە. كۈلپەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلماق، ئازادلىققا چىقماق؛ يورۇق-لۇققا چىقماق.

**تاڭ ئاشۇرماق** ئاتقا ئوت ياكى بوغۇز بەرمەي بىر كېچە قاڭتۇرۇپ قويۇپ، سەپەرگە ياكى بەيگىگە تەييارلىماق.

**تاڭ** Ⅱ ئىم. جۈملىدە «بىلمەيمەن، خەۋىرىم يوق» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى ئالىم ئاكى-سىنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتمىگىنىدە، يەنە قاچانغىچە ئۇخلار ئىدىكىن - تاڭ؟! // مەجلىس قاچان ئېچىلىدىكەن - تاڭ، خەۋىرىم يوق.

**تاڭ** Ⅲ ① ئى. ھەيران، ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىق.② رەۋ. «قالماق» پېئىلى بىلەن كېلىپ بىرەر نەرسىگە قاتتىق ھەيران بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز تاڭ قالدۇق.

**تاڭ كۆرمەك** دىيال ① ئەجەپلەنمەك، ھەيران قالماق. ② مەسخىرە قىلماق.

**تاڭ يوق** دىيال. ئەجەب ئەمەس.

**تاڭ** Ⅳ تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇ-لۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تاڭەي** ئىم. بىلمەيمەن، تاڭ: ۋاي تاڭەي ! تازا خەۋىرىم يوق.

**تاڭ - تاڭ** «تاڭ Ⅳ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «تاڭ - تاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەسسىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

**تاڭ - تۇڭ** تاڭ قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تاڭجاڭ** ئى [خەن] ئاشخانىلاردىكى خېرىدارنىڭ تاماق زاكازىنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى خادىم.

**تاڭدۇرماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىز ھوشىدىن كەتتى، ئۇنى باي قېرى قارىياغاچقا تاڭدۇرۇۋەتتى.

**تاڭزۇڭزا** ئى [خەن] <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. نومى گۈرۈچى بامبۇك، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقىدا كونۇس ياكى باشقا شەكىلدە ئورىلىپ، دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**تاڭزۇڭزىچى** ئى. تاڭزۇڭزا ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان، تاڭزۇڭزا ساتىدىغان ئادەم.

**تاڭسۇق** سۈپ ① تەمى غەلىتە، ئۆزگىچە (نەرسىلەرنىڭ تەمى ھەققىدە): پىۋا ئۇنىڭغا بەكلا تاڭسۇق بىلىندى. ② ھەيران قالغۇدەك، ئالاھىدە، ئاجايىپ، ئۆزگىچە. ③ غەلىتە، ئاجايىپ، يات (ئادەمنىڭ قىلىقى ھەققىدە).

**تاڭشىر** ئى [خەن] گۈرۈچ، سۆك، تېرىق قاتارلىقلارنى دۈملەش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ھەسەلگە ئوخشاپراق كېتىدىغان تاتلىق سۇيۇقلۇق: ئۇ ئامباردىكى تاڭشىرلارغا بارمى-قىنى تەگكۈزۈپ تېتىپ كۆرەتتى.

**تاڭغۇت** ئى <ئىرق> قەدىمكى چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولۇپ، شىمالىي سۇڭ خانلىقى دەۋرىدە تاڭغۇت خانلىقىنى قۇرغان.

**تاڭگا** ئى [خەن] < يېم> ← **تاڭگازا**.

**تاڭگازا** ئى [خەن] <يېم> ئارپا، تېرىق شىرنىسىغا كۇنجۇت ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىنىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەك-لىك.

**تاڭگازىچى** ئى. تاڭگازا ياساش ۋە سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**تاڭگازىچىلىق** ئى. تاڭگازا سېتىش، تاڭگازا ئېتىش ئىشى، كەسپى: تاڭگازىچىلىق قىلماق.

**تاڭگىر - تۇڭگۇر ← تاراڭ - تۇرۇڭ.**

**تاڭدە** رەۋ. «تاڭ» قىلىپ، «تاڭ» قىلغان ھالدا.

**تاڭلا** سۈپ. كېيىنكى كۈندىكى، شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىكى، ئەتىكى: بارىكاللا! تاڭلا كەچكە تەييارلاشلىرىنى تاپشۇرسام قانداق دەيلىكىن، تەخسىر؟ //ئاي جېنىم تاڭلا كېلىڭ، تاڭلار ئاتقاندا كېلىڭ؛ مەيلىڭىز بولسا نىگارىم، ئالمىلىق باغقا كېلىڭ. ② رەۋ. ئەتە.

**تاڭلا قىيامەت** دىنىي كۆز قاراشلاردىكى ئۇ ئالەم، قىيامەت كۈنى؛ ئاخىرەت.

**تاڭلاي** ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقى بىلەن بۇرۇن بوشلۇ-قىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توقۇلما.

**تاڭلايلاشماق** پ. تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمى تاڭلاي ئارقىلىق چىقىپ ئېيتىلماق، تاڭلاي ئارقىلىق ئېيتىلماق، تاڭلىيىدا تەلەپپۇز قىلىنماق: يۇمشاق تاۋۇشلۇق ۋارىيانت دېگى-نىمىز بوغۇم ياكى سۆز بېشىدا كەلگەن تاڭلايلاشقان تاۋۇشلارنى كۆرسى-تىدۇ. * قاتتىق تاۋۇشلۇق ۋارىيانت دېگىنىمىز بوغۇم ياكى سۆز بېشىدا كەلگەن تاڭلايلاشمىغان تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**تاڭماق** پ. ئوراپ، يۆگەپ چىگمەك؛ باغلىماق: ئۆلگەن بولسا ئېڭىكىنى تاڭاي، تىرىك بولسا يارىسىنى تاڭاي (ماقال). ② كۆچمە. زورلىماق، مەجبۇرلىماق: ھېكىم شەيخ بالىسىغا خالىمايدىغان ئىشنى تاڭدى. ③ كۆچمە. باسماق، چاپلىماق: بوۋاي دائىم «قىزىم بىر توي قىلسا، نەۋرەمنى باغرىمغا تېڭىپ بىر كېچە ئۇخلىۋالسام...» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

**تاڭنەتە** رەۋ. دىيال. ئەتە، ئەتىلىككە.

**تال** Ⅰ ئى ① <بوت> تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. ئادەتتە مەجنۇنتال، سېرىق سۆگەت قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ② تەك، ئۇزۇم شۇڭگى، شۇڭ: تال كۆممەك. تال ئاچماق.

**تال بويلۇق** زىلۋا بويلۇق، ئەۋرىشىم، نازىنىن: ئاي يۈزلۈ-كۈم، تال بويلۇقۇم، يىراققا كەتسەڭ نەقىلاي. ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭلۈمنى، ئەمدى كىمگە خار قىلاي.

**تال قىياق** دىيال. تال چىۋىق.

**تال** Ⅱ مىق. ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە نەرسىلەرنى سان، مىقدار جەھەتتىن ئېنىقلاپ «دانە، پاي» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈ-رىدۇ: نېپىز پەردە ئىچىدە بىر تال توم چېچىنى ئالدىغا چۇشۇرۇۋالغان گۈزەلنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

**تال** Ⅲ ئى [ئە] ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرى. ئاشقازان ۋە قېرىنلارنىڭ سول تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇ قان دانچىلىرىنى ئىشلەش ۋە بۇزۇش، تۆمۈر ماددىسىنى زاپاس ساقلاش، ماي ۋە ئاقسىللارنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى تەڭشەش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

**تالا** Ⅰ **(تالاسى)** ئى. ئۆي ئىچى ۋە ھويلىغا نىسبەتەن سىرت، تاشقىرى: تالاغا چىقماق.

**تالاغا قارىماق** ئايالى تۇرۇپ، باشقا ئايال بىلەن مۇناسىۋەتتە

بولماق، باشقا ئايالغا ئىچ پەش تارتىپ قالماق: ھازىر ئەر ـ ئايالاردا تالاغا قارايدىغان ئىشلار خېلىلا كۆپىيىپ قالدى.

**تالا** Ⅱ **( تالاسى )** ئى. تەبىئىي بولىدىغان ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈپ ئىشلەنگەن يىپسىمان ماددا.

**تالا** Ⅲ **( تالاسى )** ئى. غەربىي ساموئانىڭ پۇل بىرلىكى.

**تالا** Ⅳ **( تالاسى )** ئى ① ئۇزۇن نەرسىلەرنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتە بۆلۈنگەن ھەربىر پارچىسى: پالاسنىڭ ھەربىر تالاسى. ② تۇماق، دوپپا، شەپكە، دۇتار قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ تەڭ بۆلۈنگەن ھەربىر بۆلىكى، پارچىسى: تۇماقنىڭ تالاسى.

**تالاپەت** ئى [ئە] ① ئۇرۇشتىكى چىقىم، ئۆلۈم: تالاپەت بەرمەك. ② زىيان ـ زەخمەت، زەرەر: تالاپەت يەتمەك.

**تالاپەتسىز** سۈپ. تالاپەتكە ئۇچرىمىغان، تالاپەت يەتمىگەن، چىقىمسىز، زىيان ـ زەخمەتسىز: ھەربىي يۈرۈشتىن تالاپەتسىز قايتىپ كەلمەك.

**تالاپەتلىك** سۈپ. چىقىم تارتقان، زىيان ـ زەخمەتلىك: چورۇق ھېكىم چاپقاندا، خەزىنىلەرنى ئاچقاندا، كەتمەنچىنى قاقشاتقان، تالاپەتلىك ئاقئۆستەڭ.

**تالا ـ تالا** يول ـ يول، بىر ئەن بىر ئەندىن: يەرلەر تالا ـ تالا يېرىلىپ، بۇغدايلارنىڭ دېنى قاتمايلا سارغىيىشقا باشلىدى.

**تالاتماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازادلىقنىڭ ئالدىدا مەخسۇت بەگ ئېلىقۇلنىڭ ئىنىسى كىچىككىنە كەنجىتايىنى ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرگەن.

**تالا ـ تۈز** ئۆينىڭ سىرتى، ئۆينىڭ سىرتىدىكى جايلار.

**تالاش** ئى. جېدەل، غۇلغۇلا: بىزنىڭ ئارىمىزدا تالاش بولۇپ باققىنى يوق.

**تالاش ـ تارتىش** ھەركىم ياكى ھەر تەرەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇش؛ قاتتىق بەس ـ مۇنازىرە، غۇلغۇلا: تالاش ـ تارتىش قىلماق.

**تالاشتۇرماق** ① «تالاشماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بارلىق ياراشتۇرىدۇ، يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ (ماقال). ② «تالاشماق Ⅱ » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىت تالاشتۇرماق.

**تالاشتۇرۇشماق** «تالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تالاشتۇرۇلماق** «تالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تالاشماق** I پ. بىرەر نەرسىنى باشقىلاردىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ كۆچمەك: ئاقساق يول تالىشار، پىخسىق پۇل تالىشار (ماقال).

**تالاشماق** Ⅱ پ «تالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تالاق** ئى [ئە] كونا ئادەت بويىچە ئايالغا نىسبەتەن ئەر تەرىپىدىن نىكاھنى بۇزۇش، ئاجرىشىپ كېتىش ھەققىدە ئېيتىلغان سۆز: خوتۇننى تالاق قىلماق.

**تالاڭ** ئى. زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش: تالاڭ قىلماق.

**تالاڭچى** ئى. زورلۇق كۈچ بىلەن تالاڭ قىلىدىغان، بۇلاپ ـ تالايدىغان كىشى.

**تالاڭچىلىق** ئى. تالاڭ قىلىش، بۇلاڭچىلىق: بۇ يەردە تالاڭچىلىق باشلانغانىدى.

**تالالىق** I ① سۈپ. تالادا ئىشلىتىلىدىغان، ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتتە لازىم قىلىدىغان: پاكزات دەرھاللا ئۇنىڭ تالالىق كىيىملىرىنى يۇيۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. ② ئى. تالاغا يارىشىدىغان خاراكتېر، خۇسۇسىيەت: خۇدايىم بۇنى تالالىقلا بار ئادەم قىلىپ يارىتىپتىكەن. ③ سۈپ. ياتلىق، ئەرلىك، ئۆيلۈك: تالالىق قىلماق. تالالىق بولماق.

**تالالىق** Ⅱ سۈپ. تالاسى بار، تالالىرى بولغان، تالالاردىن تۈزۈلگەن: تالالىق رەخت. تالالىق بۆك.

**تالان** ئى. تالاش، تالىنىش: تالان قىلماق.

**تالانت** ئى [ر<گىرېك] زور قابىلىيەت، ئىقتىدار، ئىستېدات: تالانت ــــ چىداملىق بولۇش دېمەكتۇر.

**تالان ـ تاراج ← بۇلاڭ ـ تالاڭ:** تالان ـ تاراج قىلماق.

**تالانتسىز** سۈپ. تالانتى يوق، ئىستېداتسىز.

**تالانتسىزلىق** ئى. ئىقتىدارسىزلىق، ئىستېداتسىزلىق.

**تالانتشۇناس** ئى <پىسخول> تالانت ئىگىلىرى ۋە تالانتنىڭ يېتىلىشىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**تالانتلىق** سۈپ. تالانتى بار، تالانتقا ئىگە، ئىستېداتلىق: تالانتلىق ئادەم.

**تالانماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىتقا تالانماق. پاشىغا تالانماق.

**تالاي** سۈپ. جىق، نۇرغۇن، كۆپ: تالاي يىل. // ئۇ تېخى دۇنيادا تالاي ياشىشى، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

**تالاي ـ تالاي** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن: بۇ يولدا تالاي ـ تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن.

**تالايلاپ** رەۋ. تالاي قېتىم، تالاي ـ تالاي، نۇرغۇن، كۆپ: قىز ـ ئاياللارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا ئائىت پېئىللارنىڭ بىر قارىسا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن نازۇك پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تالايلاپ ئۇچرىتىمىز.

**تالپۇق** ئىم. كۆپىنچە قارچىغا، شۇڭقار قاتارلىقلارنى توشقان ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئۈندەش، بۇيرۇق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز.

**تال ـ تال** ھەربىر تېلى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرىدىغان: قىز كۆكسىگە چۇشۇۋالغان تال ـ تال چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى.

**تالتايماق** پ. دىيال. ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ ياتماق.

**تالتۈز** ئى. گۆر كولاش، جۇۋازدىن كۈنجۈرىنى قىرىپ ئېلىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىسكىنىگە ئوخشاش ئەسۋاب.

**تالتىز** ئى. جۇۋازچىلارنىڭ جۇۋاز كۆتىكىدىكى كۈنجۈرىنى ئاجرىتىشقا ئىشلىتىدىغان ئۇچى بىسلىق تۆمۈر تاياقچىسى: ئانام ئىت توسقىلى لازىم بولار دەپ بىر تالتىز بەردى. * مەن تالتىزنى چىقىرىپ بەردىم.

**تالتىق** سۈپ. دىيال. تاتلىق.

**تالجىقتۇرماق** «تالجىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تالجىقماق** پ. ھاردۇق يەتمەك، ھارماق، چارچىماق: بىز يول يۈرۈپ تالجىقتۇق.

**تالدۇرماق** «تالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولۇق بۇغداي ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تالدۇردى.

**تالقالىق** ئى [تال + قالىق] تال بىلەن يېپىلغان قالىق.

② ئۇزۇم بارىڭى، تەكلىك.

**تالقان** ① ئى. قازاندا قورۇلغان داندىن تارتىلغان ياكى قازاندا قورۇلغان ئۇن. ② سۈپ. ئۇۋالغان، ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن: تالقان دورا. تالقان قىلماق.

**تالقان تۆكتى** ھەممە نەرسە پىشىپ يېتىلگەن، مولچىلىق، باياشاتلىق: توي يازلىق يىغىمدىن كېيىن ھەممە نەرسىلەر يېتىلگەن تالقان تۆكتى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

**تالقاندان** ئى. تالقان قاچىلاپ قويۇلىدىغان مەخسۇس قاچا، تالقان قاچىسى.

**تالقانلاتماق** «تالقانلىماق»پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**تالقانلاشماق** «تالقانلىماق»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تالقانلانماق** «تالقانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مارجان كۆشتىسىنى سوقۇپ تالقانلانغان ئەرەب يىلمى بىلەن قوشۇپ، تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. * بۇ خىل سىڭىرتاش «تالقانلانغان سىڭىرتاش» دېيىلىدۇ.

**تالقانلىماق** پ. تالقانغا ئوخشاش يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، تالقان ھالىتىگە كەلتۈرمەك، تالقانغا ئوخشاش يۇمشاق قىلماق: ئۇ ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىقىغا قانائەت قىلىپ ئارمىنىمغا يەتتىم، دەپ يۈرگەن بولسا، تېۋىپلىرىمىز نۇقۇتنى ھاۋانچىدا تالقانلاپ يۈرگەن.

**تالقانلىق** سۈپ. تالقىنى بار، تالقان سېلىنغان.

**تالقىتماق** پ. چۇۋۇماق، تاراتماق، يايماق: چاچنى تالقىتماق.

**تالك** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى تەركىبىدە سۇ بولغان ماگنىي سىلىكات بولۇپ، ئاق، ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ.

**تالگۈل** ئى [تال + گۈل] <بوت> ← **سۆگەتگۈل**.

**تاللاتماق** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇرۇق تاللاتماق. كىيىم تاللاتماق.

**تاللاشماق** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇرۇقلۇق تاللاشماق.

**تاللانما** ئى. يازما ۋە سىزما ئەسەرلەردىن تاللىۋېلىنغان ئەسەرلەر توپلىمى: خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما. // تاللانما ئەسەرلەر.

**تاللانماق** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بەش نەپەر ئۆسمۈر تاللاندى.

**تاللىق** ① سۈپ. تېلى بار، تال كۆپ ئۆسكەن: تاللىق باغ. ② ئى. تال كۆپ ئۆسكەن يەر: شەھەرنىڭ سەل سىرتىدىكى تاللىق ئىچىدىن ئۇنىڭ جەسىتى تېپىلىپتۇ.

**تاللىماق** پ. تۈرى، خىللىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقماق؛ ئىلغىماق، خىللىماق، ئايرىماق: مەن ئالىيجانابلىق يولىنى تاللىدىم.

**تاللىنىشچان** سۈپ. دائىم تاللىنىدىغان، بەك تاللىنىدىغان، ئۈزلۈكسىز تاللىنىپ تۇرىدىغان، تەبىئىي تاللىنىدىغان.

**تاللىنىشچانلىق** ئى. تەبىئىي تاللىنىش ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس بولغان تەبىئىي تاللىنىش قانۇنىيىتى: لېكىن فونېمىلارنىڭ بىرىكىشى كۈچلۈك تاللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئىختىيارىي بولمايدۇ، يەنى فونېمىلار شەرتلىك ھالدا بىرىكىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**تاللىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Tl ( Thallium ). ئاق رەڭدە بولۇپ، ھاۋادا تۇتۇق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

**تالما** سۈپ. دىيال. پايا.

**تالماق** پ. ھارماق، چارچىماق: ئورمىنى تولا ئورۇپ، تالمىدۇ بىلەكلىرىڭ. مەن يادىڭغا يەتكەندە، چىدامدۇ يۈرەكلىرىڭ.

**تالون** ئى [ر<فىران] سېتىۋېلىنغان نەرسە ـ كېرەك ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى؛ ھۆججەت.

**تالونسىز** سۈپ. تالونى يوق، تالون يازمىغان: مېنىڭ ھېسابىمدا شۇ كۈنىلا ئۈچ تونىنا 200 كىلوگىرام بۇغداي تالونسىز ئامبارغا كىرىپ كەتتى.

**تالونلۇق** سۈپ. تالونى بار، تالونى يېزىلغان.

**تالمۇد** ئى. [ر] <دىن> يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بىرى. «تالمۇد» سۆزى ئەسلىدە قەدىمكى يەھۇدىيچە سۆز بولۇپ، كېيىن رۇس تىلىغا كىرگەن.

**تالىپ** ئى [ئە]① مەدرىسەلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى: دەرسخانىدا 30 چە تالىپ ئولتۇراتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تالىپلىق** سۈپ. تالىپتا بولىدىغان، تالىپتا بولۇشقا تېگىشلىك: تالىپلىق مىجەز.

**تالىستوپكا** ئى [ر] يەڭ ۋە ئېتىكى بوغما كالتە چاپان.

**تالىما** ئى ① ماتانىڭ بىرخىلى، خام. ② ئىنچىكە ئېگىرىلگەن يىپ.

**تالىماق** پ ① چىشلىمەك، چىشلەپ تارتماق، سىلكىشلىمەك: ئۇ يار ئىچىگە ئەمدىلا تاشلىنىشىغا، چوڭ بىر ئىت ئۈستىدىن بېسىپ چۈشتى ـ دە، خىرقىرىغىنىچە تالاشقا باشلىدى. ② بۇلىماق، تارتىۋالماق، تالان ـ تاراج قىلماق: ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ھېچكىمدە ھېچ نەرسە قالدۇرماي بۇلاپ ـ تالىدى. ③ كۆچمە. تەرەپ ـ تەرەپتىن ھاقارەتلىمەك، ئاھانەت قىلماق، تىللىماق: ئىلىمدارلار، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئەل ئىشى ئۈچۈن خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلسە، ھوقۇقدارلار ئۇلارنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەيلا تالايدۇ.

**تام** I ئى <بىن> ئۆي ۋە بىنانىڭ ئۈستى تەرىپىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان ۋە كېسەك، خىش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن تىك كۆتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان قۇرۇلما: كېسەك تام.

**تام تەشتى** ← **تام تېشەر**: ئۇ ئۈچىغا چىققان تام تەشتى. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق دېگەنلەردىن قول ئۈزەلمەيتتى.

**تام تېشەر** ئوغرى.

**تامتېكە** <زوئول> بېشى كىچىك، دۆگە ئوخشايدىغان بىر خىل جانىۋار؛ دۆ، ئۆمچۈكنىڭ چوڭى.

**تامغا ئۇسسۇۋالماق** دەشنەم يېمەك، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق: ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ناتوغرا بولغانلىقتىن، شۇ پىلان بويىچە ئىشلەيدىغان بولسا، تامغا ئۇسسۇۋالىدۇ.

**تام** II ئى. تەرەپ، ياق، يۆنىلىش: تۆت تام. * نىيەنىڭ كۈنچىقىش تامىدا بىر قەدىمىي شەھەر بار ئىكەن.

**تاما ـ تاما** تېمىپ ـ تېمىپ، تامغىنىسېرى: تاما ـ تاما كۆل تولار (ماقال).

**تاماس قالماق** دىيال. تاس قالماق، قىل قالماق.

**تاماشا** I ئى [ئە] ① كىشىلەرگە زوق بېغىشلايدىغان كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇنى كۆرۈش ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىش؛ ئويۇن ـ كۈلكە، كۆڭۈل ئېچىش. ② قىزىق، كۈلكىلىك، ئادەمنىڭ

كۆلكىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىش، ئويۇن: تاماشا بولماق.

**تاماشا** II رەۋ. دىيال: بەك، بەكمۇ، ناھايىتى، ئاجايىپ

**تاماشبىن** ئى [ئە + پ] بىرەر تاماشا (ئويۇن) نى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشى، تاماشا كۆرگۈچى؛ تاماشىچى: زال تاماشىبىنلار بىلەن لىقمۇلىق تولغانىكەن.

**تاماشىچى** ئى. تاماشا كۆرگۈچى.

**تاماق (تا:ماق)** ئى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا يىرىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، توپىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق ئەسۋاب، سايمان.

**تاماق** I ئى ① ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئۈستۈنكى چىشتىن تارتىپ بوغۇزغىچە بولغان قىسمى، قاتتىق تاڭلاي: تامىقىنى قىرماق.② قىزىلئۆڭگەچ بىلەن كېكىردەك ئايرىلىدىغان جاي؛ بوغۇز: پاتەمخانىنىڭ تامىقى بوغۇلۇپ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس: — بىلمىدىم، — دېدى.

**تاماق** II ئى. غىزا، تائام، يېمەكلىك: پۇل — پىششىق تاماق (ماقال).

**تاماق** III ئى.ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى مەلۇم كەڭلىكتە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن چىگىلگەن تاياقچە.

**تاماق** IV ئى. مىلتىقنىڭ ئوق سېلىنىدىغان جايى.

**تاماقخانا** ئى. تاماق ئېتىدىغان، تاماق يەيدىغان جاي؛ ئاشخانا.

**تاماقلاندۇرماق** «تاماقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاماقلاندۇرۇشماق** «تاماقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاماقلاندۇرۇلماق** «تاماقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تاماقلانماق** پ. تاماق يېمەك، غىزالانماق: چۈش دېگەن ئادەتتە ئادەملەر ئىككىنچى قېتىم تاماقلىنىدىغان ۋاقىت.

**تاماقلىماق** پ. تاماقباغنى بېكىتمەك، تاماقباغ تاسمىسىنى چاتماق.

**تاماقباغ** ئى [تاماق + باغ] يۇگەن ۋە نوختىلارنىڭ تاماق بويلاپ باغلانغان بېغى.

**تاماكا** ئى [پ] ① <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق ۋە غولىدىن تەييارلانغان ھەر خىل چېكىملىكلەر.

**تاماكىچى** ئى. تاماكا ياسايدىغان، تاماكا ساتىدىغان ھەم تاماكا تېرىيدىغان كىشى: ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆرۈمسىز كالپۇكلىرىنى ئۈچۈرۈپ تاماكىچىنىڭ يېنىغا كەلدى.

**تاماكىچىلىق** ئى. تاماكا ئېتىش، سېتىش ۋە تاماكا تېرىپ ئۆستۈرۈش ئىشى، كەسپى: ئۇ تاماكىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىلى 10 يىلدىن ئاشتى.

**تاماكىزارلىق** ئى. تاماكا ئۆسۈملۈكى كۆپلەپ تېرىلغان، تاماكا ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان جاي، مەيدان.

**تامام** [ئە] ① ئى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۈگەنچىسى، ئاخىرى، سوڭى: مۇنۇ رودۇپاينى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەكلا، ئىش تامام. ② رەۋ. ھەممە، جىمى؛ تولۇق، بىرىمۇ قالماي: يىغىنغا چاقىرىلغانلار تامام كېلىپ بولدى.

**تامامەن** رەۋ [ئە] ① پۈتۈنلەي، بىرىمۇ قالماي، ئۇزۇل ـ كېسىل: غەم ـ ئەندىشە تامامەن تۈگىدى. ② ئەسلا، زادى، ھېچ، مۇتلەق: بۇگۈن بولسا بۇ شەھەردە ئۇ چاغدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان قىزغىن ۋە ئاۋات مەنزىرىنى كۆردۈم.

**تامامىلاتماق** «تامامىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تامامىلاشماق** «تامامىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىشلىرىنى تامامىلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**تامامىلانماق** «تامامىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل بەكمۇ غەلىبىلىك تامامىلاندى ئىمتىھان. ئەلاچىلار كۆپىيىپ، كۆڭۈل بولدى شادىمان.

**تامامىلىماق** پ. ئاخىرلاشتۇرماق، تۈگەتمەك: ئابلىمىت بىر كۈنلۈك ئىشىنى تامامىلاپ، ئالدىراش ئۆيىگە قايتتى.

**تامامىي** سۈپ. [ئە] ھەممە، بارلىق، جىمى: تاغلىرىڭ گۈلزارلىقتۇر سۇلىرى زۇمرەت مىسال، خۇش ھاۋالىقتۇر تامامىي جايلىرىڭ نۇرلۇق ۋەتەن.

**تامان** ئى. تەرەپ: ئۇنىڭ كۆزلىرى غەرب تامان سوزۇلۇپ ياتقان مۇقەددەس تاغلارغا چۈشتى.

**تامبال** ئى [پ] پۇتنىڭ ئوشۇقتىن تارتىپ بەلگىچە بولغان قىسمىغا كىيىلىدىغان كىيىم؛ ئىشتان.

**تامباللىق** سۈپ ① تامبىلى بار، تامبال كىيگەن: كۆك تامباللىق كىشى. ② تامبال تىكىشكە بولىدىغان، باب كېلىدىغان: بىر تامباللىق كاجى.

**تامپوتلىسى** ئى [تام + پوتلا + سى] تاملاردا ساڭگىلاپ قالغان ئۆمۈچۈك تورلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پوتلىسىمان نەرسىلەر.

**تامپىلەك** ئى [تام + پېلەك] <بوت> ئارالىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. غولى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، غەلۋىرەك قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تام ـ تورۇس** تام ھەم تورۇس.

**تامتۇق** ئى. دىيال. تۇتام، تايىن، ۋەزىن: تامتۇقى يوق.

**تامچە** ① ئى سۇيۇقلۇقنىڭ شار شەكلىنى ئالغان كىچىك ـ كىچىك تېمىمى: تامچە سۇدا تال كۆكىرەر (ماقال). ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تامچە قان.

**تامچە ـ تامچە** ئۇزۇلمەي چۈشكەن تامچىلار: ئۇنىڭ كۆكرىكى كەتكەن مەڭزىگە تامچە ـ تامچە ياشلار سىرغىدى.

**تامچى** ئى. تام قوپۇرىدىغان، ئىمارەت سالىدىغان ھۈنەرۋەن.

**تامچىقۇرت** ئى [تامچە + قۇرت] <زوئول> پىروتوزوئا. تېنى كۆپىنچە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، تامچە تۈكى بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئادەمنىڭ ئۈچەي ياكى جىنسىي يوللىرىدا پارازىت ياشايدۇ، بەزىلىرى تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**تامچىلاتماق** «تامچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تامچىلىق** ئى. ئۆي ـ ئىمارەت سېلىش كەسپى: ئاكام يازدا تامچىلىق قىلىدۇ، كۈزدە جۇۋىچىلىق!

**تامچىلىماق** پ. تامچە ـ تامچە بولۇپ چۈشمەك، سىرغىماق: كابىنكا ئەينىكىگە ئۈچ ـ تۆت تامچە سۇ تامچىلىدى.

**تامدۇرماق** «تامماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تامدۇرۇلماق** «تامدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تامشاق** ئى. دىيال. كۆدە شەكىللىك ئوت.

**تامغا** ئى ① نەرسە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنىڭ كىمگە ۋە قايسى ئورۇنغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش، تۇرگە ئايرىش ئۈچۈن، خەت ياكى بەلگە ئويۇلغان نەرسە. ② نەرسە، ئالاقە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنى ئاجرىتىش ياكى ئۇلارنىڭ كىمگە، قايسى ئورۇنغا تېگىشلىكلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان بەلگە: تامغا بېسىلغان رەخت. ③ كۆچمە. ئەسەر، نىشان، ئىز: زۇلۇم-زۇلمەت تامغىسى. ④ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا بىنائەن چىقىرىلغان بۇيرۇق، ھۆكۈم، قارار: ئۇنىڭغا خىيانەتچى ئۇنسۇر دېگەن تامغا بېسىلغان.

**تامغاق** ئى. دىيال. تاڭلاي، تاماق، كېكىردەك.

**تامغاق تەشتى** دىيال. تۆكلۈك ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى، تەمى تاتلىق بولىدۇ.

**تامغىسىز** سۈپ ① تامغىسى يوق، تامغا تۇتمىغان: — تامغىسىز باشلىقمۇ بولامدۇ؟ — دېدى بوۋاي سەل نارازى بولۇپ، — باشلىقنىڭ باشلىقلىقى تامغا بىلەن! ② تامغا بېسىلمىغان، تامغا ئىزى يوق: تامغىسىز ھۆججەت. تامغىسىز مال.

**تامغىلاتماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەخسىي قاسساپلار ھەر قېتىم سويغان قوي، كالا گۆشلىرىنى تامغىلاتقاندىن كېيىن دۇكانغا سېلىپ ساتىدۇ.

**تامغىلاشماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تامغىلانماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تامغىلىق** سۈپ. تامغىسى بار، تامغا بېسىلغان: تامغىلىق مال يوقالماس (ماقال).

**تامغىلىماق** پ. تامغا باسماق، تامغا ئۇرماق، تامغا قويماق.

**تاملىق** ① سۈپ. تېمى بار، تام بىلەن قورشالغان: ئەسكى تاملىق قورۇ. ② ئى. تام بار يەر، تام بولغان جاي: بىر نامرات كىشى بىر كۈنى ئەسكى تاملىقتا ھاجەتكە بېرىپ، ئۆرۈلگەن تام تۈۋىدىن ياغلىقتا ئورالغان نۇرغۇن ئالتۇن تېپىۋاپتۇ.

**تامماق** پ. تىم-تىم قىلىپ ئېقىپ چۈشمەك، تېمىماق: ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ، كۆڭلىدىن زەھەر (ماقال).

**تاموژنا** ئى [ر] <سودا> دۆلەت چېگراسىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقان بارلىق تاۋار ۋە ماددىي بۇيۇملارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە ئۇلاردىن قائىدە-تەرتىپ بويىچە باج ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان دۆلەت ئورگىنى.

**تاموژنىچى** ئى. تاموژنا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تاموژنا خادىمى.

**تامتۇ** ئى. دىيال. شوخلا، پەمىدۇر.

**تانا** I ئى ① ئومۇمەن پاختا، چىگە، يۇڭ قاتارلىقلاردىن يىپ ئېشىپ ئېتىلگەن ئىنچىكە ئارغامچا: ئۇ يۇغان كىرلەرنى تالادىكى تانىغا يايدى. ② يىپ ئېگىرىدىغان چاق قانىتىنىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق يىكنى ئايلاندۇرىدىغان ئېشىلگەن بۆز يىپ ياكى كىرىچ.

**تانا** II ئى. دىيال. لىمدىن ئىنچىكە، بادرىدىن توم ياغاچ.

**تاناب** ئى [ئە] يەر ئۆلچەش، قىر-ئېرىقلارنى رۇسلاش، سىزىق چۈشۈرۈش ئۈچۈن تارتىلىدىغان، پاختا ياكى چىگىدىن ئىنچىكە ئېشىلگەن تانا.

**تانابىنى تارتماق** ① راسا كېلىشتۇرۇپ ئەدەپلىمەك، ئەدىپىنى بەرمەك: ئەلۋەتتە بىشىردەكلەرنى باشقۇرۇش كېرەك، چەكلەش كېرەك. تانابىنى تارتىش كېرەك! ② بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆڭۈلدىكىدەك قىلماق: ئۇ ئۇسسۇل دېگەننىڭ تانابىنى تارتىۋەتتى. چاقچاق، ئويۇن-كۈلكىدىن قالمايتتى.

**تانابلىماق** پ. تاناب بىلەن ئۆلچىمەك.

**تاناسىپ** ئى [ئە] <مات> ئىككى نىسبەتنىڭ تەڭلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپادە.

**تاناسىپسىز** سۈپ. تاناسىپ ئەمەس، تاناسىپ بولمىغان.

**تاناسىپسىزلىق** ئى. تاناسىپ ئەمەس ئەھۋال، تاناسىپ بولمىغان ھالەت: ئىنسان ماھىيەتلىرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيون روھ نىسبەتلىرىدىكى پەرقلەر پۇل بىلەن ئۇل قىممەتلىرىدە تاناسىپسىزلىق، ھەتتا ئەكس تاناسىپ ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان.

**تاناسىپلىق** سۈپ. تاناسىپ ئۇسۇلى بىلەن يېشىلىدىغان: تاناسىپلىق مەسىلە.

**تاناي** ئى. دىيال. سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان نور ياكى ئۈستى يېپىق ئېرىق، نور، تۇرۇبا.

**تاناي بېشى** شەھەرگە سۇ كىرىدىغان ئېرىقنىڭ بېشى.

**تانايچى** ئى. تانايىنى باشقۇرغۇچى ئادەم.

**تاناسىل** سۈپ [ئە] <بىيول> بىيولوگىيەلىك جىنسقا ئائىت، جىنسىي: تاناسىل ئەزا.

**تانتال** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ta (Tantalum). كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ، ئۇلترا ئېلېكتىر ئۆتكۈزۈشچانلىقى (268.8℃- تا) ۋە سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە. تانتالنىڭ ئادەم تېنىدىكى توقۇلمىلارغا نىسبەتەن قوزغىتىش تەسىرى يوق، شۇڭا مېدىتسىنادا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، نېپىز ياپراق ياكى ئىنچىكە يىپ ئىشلىنىپ، بۇزۇلغان توقۇلمىلار ياملىنىدۇ.

**تاندۇرماق** «تانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ نەزىرىدە ساۋۇرنىڭ يېزىدىن مېھرىنى ئۈزۈۋەتكەن، ئاندىن ئۇ تاندۇرغان نەرسە مۇشۇ ھەشەمەتلىك شەھەر ئىدى.

**تاندۇرۇشماق** «تاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاندۇرۇلماق** «تاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تانسا** ئى [ر] ① ياۋروپاچە بىر خىل ئاممىۋى ئۇسسۇل. ئەر-ئايال بىللە ئوينايدۇ. ② شۇ خىل ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىلىش: تانسىغا بارماق. تانسىغا قاتناشماق.

**تانسىچى** ئى. تانسىغا ئۇستا، تانسىغا ئامراق ئادەم.

**تانسخانا** ئى. مەخسۇس تانسا ئويناش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن زال ياكى مەيدان.

**تانسكەش** ئى. تانسا ئويناشقا بېرىلگەن، تانسىغا ئامراق كىشى.

**تانكا** ئى [ر<ئىنگ] زەمبىرەك، پىلىموت ۋە ئايلانما توپ مۇنارى ئورنىتىلغان زەنجىر تاپانلىق بىرونېۋىك ئاپتوموبىل. مەخسۇس ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تانكئاتار** ئى [تانكا + ئاتار] <ھەرب> دۈشمەننىڭ تانكا قىسىملىرىغا زەربە بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان، تانكىلارنى ئېتىپ پاچاقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر خىل ئوتتۇرا تىپلىق قورال.

**تانكىچى** ئى تانكا ھەيدىگۈچى كىشى.

**تانكىچىلىق** ئى ① تانكا ياساش ياكى رېمونت قىلىش كەسپى. ئىشى. ② تانكا ھەيدەش ئىشى.

**تانگو** ئى [ر<ئىسپان] <مۇز> ① تانسىنىڭ بىر خىلى. ② شۇ خىل تانسا مۇزىكىسى.

**تانگېنس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تال بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ قوشنا تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ تانگېنسى دېيىلىدۇ ۋە tg بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**تانماق** پ ① قىلمىشنى، گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي تۇرۇۋالماق، ئىنكار قىلماق: ئۆلسەڭمۇ راست سۆزلە، چىڭ تۇر مەيداندا، جاننى دەپ مەيداندىن تانغۇچى بولما! ② كۆچمە. مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، يىراقلاشماق، قاچماق: سەن مەندىن تانغان ئادەم، ئەڭ ياخشىسى، خالتاڭنى ئۆشنەڭگە سېلىپ كۆز ئالدىمدىن يوقال! ③ئازماق، سۈپىتى ئۆزگەرمەك: قوغۇن تېنىپ كەتتى.

**تاھارەت** ئى [ ئە ] <دىن> ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدىكى يۈز، قول، پۇت ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكىزلىنىش، غۇسۇل.

**تاۋ** I **( تاۋى )** ئى [پ] ① كىشى ئورگانىزمىنىڭ نورمال ھالىتى، ساقلىق؛ مىجەز: ئاپامنىڭ خېلىدىن بېرى تاۋى يوق. ② كۆچمە. قۇۋۋەت، كۈچ، مادار: بۇ ئىشنى قىلىشقا تاۋىم يەتمەيدۇ.

**تاۋ** II **( تاۋى )** ئى [پ] قىزىقلىق، ھارارەت: ناننى تونۇرنىڭ سەل تاۋى قايتقاندا يېقىڭ.

**تاۋا** ئى [پ] نان ۋە شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەرنى پىشۇ-رۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، مېتالدىن ياسالغان ۋە تېگى تۈز، يېنى گىرۋەكلىك نەرسە: تاۋا كاۋاپ تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**تاۋابىئات** ئى [ئە] بىر ئائىلىگە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەر: ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.

**تاۋاپ** ئى. [ئە] مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت: تاۋاپ قىلماق.

**تاۋاپ قىلماق** <دىن> مۇقەددەس ئورۇنلارنى ياكى تەۋەر-رۈك دەپ ھېسابلانغان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرمەك، زىيارەت قىلماق.

**تاۋاپچى** ئى. تاۋاپ قىلغۇچى: تاۋاپچىلار يېشىل گۈمبەزنى بويلاپ، يۈرۈشەتتى كۈلۈشۈپ ياكى يىغلاپ.

**تاۋاپگاھ** ئى [ئە + پ] تاۋاپ قىلىنىدىغان، تەۋەررۈك ھېسابلانغان ئورۇن، جاي.

**تاۋار** ئى <س ئىق> ① ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچى-قىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى. ② فابرىكىدا توقۇلغان، تېگى بىلەن گۈللىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغان يىپەك گەزلىمە؛ رەخت.

**تاۋار- تورقا** تاۋار ۋە شۇ خىلدىكى گەزلىمىلەر، تاۋار - دۇردۇن: تويغا بارساڭ تويۇپ بار، تاۋار - تورقا كىيىپ بار (ماقال). * ئون تاۋار - تورقىدىن بىر توخلا تېرىسى ئەلا (ماقال).

**تاۋار- دۇردۇن** تاۋار ۋە دۇردۇن.

**تاۋارگۈل** ئى ← **لەيلىگۈل.**

**تاۋارلاشتۇرماق** «تاۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆكۈمەت يېقىندىن بېرى ئولتۇراق ئۆيلەرنى تاۋارلاشتۇردى.

**تاۋارلاشتۇرۇشماق** «تاۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاۋارلاشتۇرۇلماق** «تاۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەن - تېخنىكىنىڭ تاۋارلاشتۇرۇلۇشى بۇ خىل تەتۈر كونتروللۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

**تاۋارلاشماق** پ. تاۋار خاراكتېرىنى، يەنى ئالماشتۇرۇلۇش ۋە سېتىلىش خاراكتېرىنى ئالماق، تاۋارغا ئايلانماق: ئىشچى - خىزمەتچىلەر تاۋارلاشقان ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

**تاۋاق** I ئى [ئە] ① ياغاچتىن ئويۇپ، قىرىپ ياسالغان تەخسە شەكىللىك قاچا، ئاياق. ② ھەر خىل لېگەنلەر: چىنە تاۋاق. تۇنكە تاۋاق. ③ئالتۇننى ئايرىش ئەسۋابى.

**تاۋاق قىلماق** بىركىمنىڭ مۇسىبەتلىك بولغانلىقى ياكى بىرەر چوڭراق ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھال سوراش، تەبرىك-لەش يۈزىسىدىن تاماق ئېتىپ ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ بارماق.

**تاۋىقىغا توپا چۈشمەك** بازىرى كاساتلاشماق.

**تاۋاق** II ئى [ئە] تاختا: باسما تاۋاق.

**تاۋاق- تاۋاق** بىرنەچچە تاۋاق، نۇرغۇن تاۋاق: ئۇلار ئاش دېگەننى تاۋاق - تاۋاقتا ئۇسۇپ، زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ، جامائەتكە قويغىلى تۇردى.

**تاۋاقچى** ئى. تاۋاق ياسايدىغان كىشى.

**تاۋاقچىلىق** ئى. تاۋاق ياساش ئىشى، كەسپى.

**تاۋالماق** پ. دىيال ① تارالماق. ② ئەيىبلىمەك، تاپا - تەنە قىلماق.

**تاۋكا** ئى. قىمار ئويناش ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان؛ سورۇن.

**تاۋكاچى** ئى. تاۋكانى ئۇيۇشتۇرغۇچى.

**تاۋلاتماق** «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاۋلاشماق** «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈر تاۋلىشىۋاتقان تۆمۈرچىلەر ئىشلىرىنى توختىتىشتى.

**تاۋلانماق** ① «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② يالتىرىماق، پارقىرىماق: ئۇ بولۇق بۇغدايلارنىڭ ئاپتاپتا ئالتۇن-دەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**تاۋلىق** سۈپ. تاۋى بار، تاۋى كەتمىگەن، قىزىق: تاۋلىق چاي.

**تاۋلىماق** پ ① قاتتىق قىزدۇرماق؛ قاتتىق قىزىتىش ئارقىلىق چىڭىتماق ياكى ساپلاشتۇرماق: ياخشى تاۋلانمىغان تۆمۈر ئۇلىسا تۇتمايدۇ. ② كۆچمە. چېنىقتۇرماق، يېتىلدۈرمەك: بۇ پائالىيەت ئۇلارنى تاۋلاپ چېنىقتۇرماقتا، مۇستەھكەم ئىرادىلىك كىشىلەر قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. ③ كۆچمە. پارقىراتماق: شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىدە تاۋلىماقتا.

**تاۋۇت** ئى [ئە] ئۆلگەن ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا، يەرلىك-كە قويۇشتا، جەسەتنى سېلىپ كۆتۈرىدىغان ياغاچ ياكى تۆمۈر-دىن ياسالغان قۇرۇلما؛ جىنازا.

**تاۋۇتلۇق** سۈپ. تاۋۇت كۆتۈرگەن، تاۋۇت كۆتۈرۈپ ماڭغان: ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىققان قىرى ـ ياش ھەممە كىشى ھېلىقى تاۋۇتلۇق كىشىلەرگە ئەگىشىپ ئۆلارنىڭ داد ـ پەريادلىرىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى.

**تاۋۇز** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پىلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى چوڭ تىپتىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، شار ياكى ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، سۇ مىقدارى كۆپ، تەمى تاتلىق بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتمەك** كۆزلىگەن مەقسەت ۋە غەرەزلىرى ئىشقا ئاشماي بىكار چىقماق، مەغلۇپ بولماق.

**تاۋۇزەك** ئى <بوت> لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ كۆرۈنۈشى تاۋۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ؛ گۈلى سۇس سېرىق، تۇۋى سۆسۈن رەڭ كېلىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، رېماتىزمنى داۋالاش، يۆتەل توختىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولى بار.

**تاۋۇزلۇق** ئى. تاۋۇز تېرىلغان يەر.

**تاۋۇش** ئى ① <فىز> مېخانىكىلىق تەۋرىنىشلەر نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان دولقۇنىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل ئاۋاز؛ سادا: ئاياغ تاۋۇشى. تاۋۇش چىقارماق. ② <تىل> تەلەپپۇزدا، سۆزنىڭ ئەڭ كىچىك ئېلېمېنتى: جاراڭلىق تاۋۇش. قوۋۇز تاۋۇشى.

**تاۋۇش ئېلېمېنتى** <تىل> تىل تاۋۇشلىرىدىكى بۆلەكلەرگە قايتا بۆلگىلى بولمايدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

**تاۋۇشسىز** سۈپ ① تاۋۇشى يوق، تاۋۇش چىقارماي. ② <فىز> تاۋۇش ھاسىل قىلمايدىغان: تاۋۇشسىز دولقۇنلار.

**تاۋۇشلۇق** سۈپ ① تاۋۇشى بار، تاۋۇش چىقارغان. ② <فىز> تاۋۇش ھاسىل قىلىدىغان: تاۋۇشلۇق دولقۇنلار.

**تاۋۇشلۇق يېزىق** <تىل> بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇنىڭ ھەرپلىرى تىلدىكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، رۇس، ئىنگلىز، ئۇيغۇر يېزىقلىرىغا ئوخشاش.

**تاۋىدا** رەۋ. ھەددىدە، چاغلاپ؛ نورمال: ھەر ئىش تاۋىدا بولغىنى ياخشى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە بولمايدۇ.

**تاۋىدان** ئى. ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان كىچىك دېرىزە، كۆزنەك.

**تاۋىز** ئى. دىيال. دورا.

**تاۋىماق** پ. دىيال. تەڭ كۆرمەك.

**تائىپە** ئى [ئە] ئاھالە تەبىقىسى، گۇرۇپپىسى: قول ھۈنەرۋەنلەر تائىپىسى. سودىگەرلەر تائىپىسى.

**تاي** I ئى. ئاتنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسى.

**تاي** II ئى [پ] چوڭ ـ چوڭ باغلام قىلىپ، چىگداپ تېڭىلغان مال: بىر تاي پاختا.

**تاياق** ئى ① دەرەخ شېخىدىن كېسىلگەن كالتەكچە: تاياق بىلەن ئۇرماق. ② كۆچمە. كالتەك، مۇشتلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن بېرىلگەن زەربە: تاياق يېمەك.* ئايدا كەلگەنگە ئاياغ، كۈندە كەلگەنگە تاياق (ماقال).

**تاياق ـ توقماق** تاياق ھەم توقماق: مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قوللىرىغا تاياق ـ توقماق، پالتا ـ كەتمەن ئېلىپ توپلىشىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق.

**تاياقچە** ئى. كىچىك ھەم قىسقىراق تاياق.

**تاياقچى** سۈپ. ھەدېگەندىلا تاياق كۆتۈرىدىغان، تاياق سېلىشنى ئادەت قىلىۋالغان: ئۇنىڭ ئېرى بەك تاياقچى.

**تاياق ـ دۇمبا** تاياق ۋە ياكى شۇ خىلدىكى قوراللار ئارقىلىق بېرىلگەن زەربە: تاياق ـ دۇمبا يېمەك.

**تاياقسىمان** سۈپ. تاياققا ئوخشاش، تاياقتەك.

**تاياقۋاز** ئى. تاياقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوينايدىغان تەنھەرىكەتچى.

**تاياقۋازلىق** ئى <تەن> تاياقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئويناش تەنھەرىكىتى.

**تاياماق** پ. دىيال. پالاق ئورماق، كېمە ھەيدىمەك.

**تايانچ** ئى تايىنىدىغان، ياردەمدە بولىدىغان كۈچ: ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرى. // تايانچ بازا.

**تايانچسىز** سۈپ. تايانچى يوق، تايانچى بولمىغان: تايانچسىز قالماق.

**تايانچلىق** سۈپ. تايانچ بولىدىغان، ئاساسلىق رول ئوينايدىغان: تايانچلىق رول.

**تايانچۇق** ئى ① تايىنىدىغان نەرسە، يۆلەنچۈك: رىزۋان ئۈشتۈمتۈت ساپا تايانچۇقىنى تۇتۇپ، بېشىنى كۆتۈردى. ② كۆچمە. ياردەمچى، يار ـ يۆلەك، ھىمايە: مەن تايانچۇق بار جايدا مۇستەھكەملەشتۈرۈش تەرەپدارىمەن! ئېھتىياتچانلىق تەرەپدارىمەن!

**تاياندۇرماق** «تايانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «خەپ سەنلەرمۇ ئوڭ يانپاشقا چىقىپ قالارسەن، توۋاڭغا تاياندۇرمايدىغان بولسام...» دەپ ئويلىدى جامالىدىن.

**تايانما** سۈپ. تايىنىدىغان، ۋاستە قىلىدىغان، ۋاستىچى: ھوقۇق تەمەسىدە يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىپايان تايانما تورى كۆلىمىنى بارغانسېرى زورايتتى.

**تايانماق** پ ① بىرەر نەرسىنى تىرەك، يۆلەك قىلماق، ئۇنىڭغا تىرىلىپ، يۆلىنىپ تۇرماق ياكى ماڭماق: ياتقان ئورنۇڭدىن تايىنىپ قوپما (ماقال). ② بىرەر مەقسەت ۋە نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىرەر نەرسىنى مەنبە، تايانچ، ئاساس قىلماق، ئۇنىڭغا يۆلەنمەك: ئاممىغا تولۇق تايانغاندىلا، ئىنقىلابتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

**تايتاڭ** سۈپ. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ، ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان: تايتاڭ بالا.

**تايتاڭ ـ تايتاڭ** «تايتاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تايتاڭشىماق** پ. دەلدەڭشىمەك، ماغدۇرسىزلانماق، ئاران ماڭماق: مانا ھازىر ئاستىدىكى سار ئاتمۇ تايتاڭشىپ قالدى.

**تايتاڭلاتماق** «تايتاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى تايتاڭلاتقان پېتى قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى.

**تايتاڭلاشماق** «تايتاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەسلىدىكى بالىلار يەسلىنىڭ ئىشىكىدىن تايتاڭلىشىپ يۈگۈرگىنىچە مەيدانغا چىقتى.

**تايتاڭلىماق** پ. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ، ئىرغاڭلاپ

ماڭماق: موماي خۇددى كىچىك بالىدەك تايتاڭلاپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى.

**تايچاق** ئى. كىچىك تاي، تېخى يېتىلمىگەن تاي.

**تايدا** سۈپ. دىيال. يانتۇ، قىيپاش.

**تايدۇرماق** «تايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قېنى يامان بولساڭ، سەن بىزنى توغرا يولدىن تايدۇرۇپ باق!

**تايدۇرۇشماق** «تايدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تايدۇرۇلماق** «تايدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تايغاق** سۈپ. ئاسان تېيىلىپ كېتىدىغان؛ تېيىلغاق: ئات ئورۇق، يول تايغاق، يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق (ماقال).

**تايغان** ① ئى <زوئول> ئىتنىڭ بىر خىلى. بېلى ئىنچىكە، پاچىقى ئۇزۇن ۋە يۈگۈرۈك كېلىدۇ؛ ئادەتتە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە ئوۋغا ئىشلىتىلىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. تىۋىتى، تۈكى، موينى پەس: تايغان تېرە.

**تايلاتماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زاۋۇتتىن ئالغان گەزمالنى تايلىتىپ تەييارلاپ قويدۇق.

**تايلاشماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تايلاق** ئى. تۆگىنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسى.

**تايلاقسىز** سۈپ، تايلىقى يوق، تايلاق ئەگەشتۈرمىگەن: تايلاقسىز تۆگە.

**تايلاقلىق** I سۈپ. تايلىقى بار، تايلاق ئەگەشتۈرگەن: تايلاقلىق تۆگە.

**تايلاقلىق** II سۈپ. تايلاپ قويۇلغان، تايلانغان: شاۋۇدىن يەنە تايلاقلىق پاختىلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

**تايلانماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تايسىز** سۈپ. تېيى يوق، تاي ئەگەشتۈرمىگەن: تايسىز بايتال.

**تايلىق** I سۈپ. تېيى بار، تاي ئەگەشتۈرگەن: تايلىق بايتال.

**تايلىق** II سۈپ. تايلاپ قويۇلغان، تايلانغان: ئۇ تايلىق پاختىلارنى دېرىزىدىن ھالقىتىپ سىرتقا تاشلاشقا باشلىدى.

**تايلىماق** پ. تاي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تاڭماق، تاي قىلماق: ئۇ يۈك ـ تاقلىرىنى رەت ـ رېتى بىلەن تايلاپ، ھويلىغا دۆۋىلىدى.

**تايماق** پ ① سىلىق، تېيىلغاق يەردە سىيرىلىپ، تېيىلىپ كەتمەك؛ تېيىلماق: بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن. ② كۆچمە. يېنىۋالماق؛ قايتماق، يالتايماق: توغرا يولدىن ئېزىقما، نامراتلىقتا خارلىق تارتساڭمۇ ئىرادەڭدىن تايما. ③ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك، چىقىپ كەتمەك: ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىپتۇ (ماقال).

**تايىن** رەۋ [ئە] ① ئېنىق، مۇئەييەن، مۇقىم: ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن (ماقال). ② تەييار، ھازىر، تەخ: تايىن بولماق.

**تايىنى بار** كارغا كېلىدىغان، ھېسابقا ئالغىلى بولىدىغان، كۆزگە ئېلىنىدىغان، تۇتامغا چىقىدىغان: تايىنى بار گەپ.

**تايىنى يوق** كارغا كەلمەيدىغان، ھېسابقا ئالغىلى بولمايدىغان، كۆزگە ئېلىنمايدىغان، تۇتامغا چىقمايدىغان، چاغلىق: بۇ موللامنىڭ بىلىمىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن.

**تايىنچا** ئى. كالىنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان تورپىقى.

**تايىنسىز** سۈپ. تايىنى يوق، تايىن تاپمىغان، ئېنىقسىز.

**تايىنسىزلىق** ئى. دېلىغۇللۇق، ئىككىلىنىش، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك.

**تايىنلىق** ① سۈپ. بەلگىلىك، ئېنىق، ئايدىڭ: كۆڭۈلگە تايىنلىق بولغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ؟ ② يۈك. «ئېھتىمال» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: ـــ توپ سېنىڭ ئەمەس، مەكتەپنىڭ، ئوغرىلاپ ئەكەلگەنسەن تايىنلىق، ـــ دېدى مۆمىن. ③ رەۋ. بىر يولىلا، بىراقلا: يالغان ئېيتىپ يۈرگۈچە، تايىنلىق توي قىلىۋالاي، رۇخسەت بەرگىن دېسەڭ بولمامدۇ؟ ④ سۈپ. تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، چوڭ ئەمەس؛ چاغلىق: نومۇر پەرقىمۇ تايىنلىقلا ئىكەنغۇ؟

**تايىنىشماق** «تايانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تايىنىلماق** «تايانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 50 نەچچە يىلدىن بۇيان پەن ـ تېخنىكا تايىنىلغان زامانىۋى چارۋىچىلىق ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى.

**تەئەججۈپ** [ئە] ① ئى. ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىق: تەئەججۈپتە قالماق. * ئۇ تەئەججۈپ ئىچىدە بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قاتتىق قىستى. ② يۈك. قىزىق، ئەجەب: تەئەججۈپ! ھازىرلا بار نەرسە بىردەمدىلا يوقالدى ـ ھە!

**تەئەججۈپلەندۈرمەك** «تەئەججۈپلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ گىرىمى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈرگەنىدى.

**تەئەججۈپلەندۈرۈلمەك** «تەئەججۈپلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەئەججۈپلەنمەك** پ. تەئەججۈپتە قالماق، ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك: سادىق ماشىنىغا بىر ئاز تەئەججۈپلىنىپ قاراپ قويدى.

**تەئەججۈپلىنەرلىك** سۈپ. كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان، ئەجەبلىنەرلىك: تەئەججۈپلىنەرلىك ئىش. تەئەججۈپلىنەرلىك ھادىسە.

**تەئەججۈپلۈك** ئى. ھەيرانلىق، تەئەججۈپلەنگەن ھالەت: ئۇنىڭ يۈمىلاق قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل تەئەججۈپلۈك چىقىپ تۇراتتى.

**تەئەججۈپلىنىشمەك** «تەئەججۈپلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر ئاز تەئەججۈپلىنىشتۇق.

**تەئەددى** ئى [ئە] ئاچچىق، دوق، ھەيۋە؛ زەھەرخەندىلىك: بۇ ئاچچىق كىنايە ۋە تەئەددىدىن ئابدۇراخمان داموللامنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

**تەئەسسۈپ** ئى [ئە] ئېچىنىش؛ ئەپسۇس: ئەسلىدە قامغاق ئىكەن، ھەي، مەن كۆڭۈل بەرگەن ئۇ گۈل. مىڭ تەئەسسۈپ گۈل كۆرۈپ قامغاققا بەرگەنگە كۆڭۈل.

**تەئەللۇق** تىر [ئە] ① تىر. تەۋە، مەنسۇپ، ئىگىدارچىلىقىدا؛ قاراشلىق: بۇ ئىشلار بىزگە تەئەللۇق ئەمەس. ② ئى. بىر كىمگە مەنسۇپ، تەۋە بولغان مال ـ مۈلۈك، نەرسە ـ كېرەك: بىز مۈنچىلىك ئىشنى ئەپلىيەلمىسەك، شۇنچە تەئەللۇقنى قانداق تاپتۇق.

**تەئەللۇقات** ئى [ئە] بىر كىمگە مەنسۇپ، قاراشلىق، تېگىشلىك بولغان مال ـ مۈلۈك، نەرسە ـ كېرەك: خالىقنىڭ ئەكبەر بىلەن بارلىق تەئەللۇقاتىنى دو چىقىپ ئېلىشقان چاغلىرىمۇ بولغان.

**تەبەر** ئى [پ] تارس. ئايپالتىغا ئوخشايدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ بىر خىلى.

**تەبەسسۇم** ئى [ئە] كۈلۈمسىرىگەن ھالەت؛ كۈلۈمسىرەش: تەبەسسۇم قىلماق.

**تەبرىك** ئى [ئە] قۇتلۇقلاش، مۇبارەكلەش: قەھرىمانلار

سەھنىگە چىققاندىن كېيىن ئولتۇرغانلار قىزغىن ئالقىش ئارقىلىق تەبرىك ۋە ئېھتىراملىرىنى ئىپادىلىدى.// تەبرىك خەت. تەبرىك سۆز.

**تەبرىكلەتمەك** «تەبرىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەبرىكلەشمەك** «تەبرىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەبرىكلەنمەك** «تەبرىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەبرىكلىمەك** پ. قۇتلۇقلىماق، مۇبارەكلىمەك: ئانار ئۇنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى.

**تەبرىكنامە** ئى [ئە + پ] تەبرىك سۆزلىرى يېزىلغان مەكتۇپ، تەبرىك خېتى: تەبرىكنامە يازماق.

**تەبىئەت** ئى [ئە] ① ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، بارلىق مەۋجۇدات: تەبىئەت دۇنياسى. تەبىئەت ھادىسىلىرى. ② تەبىئەتتىكى يەر، سۇ، تاغ، ئورمان ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرىسى: تەبىئەت ھۆسنىگە جان كىرگۈزگەن يامغۇر تامچىلىرى گويا ئاسما ئوكۇلنىڭ ئەينەك نەيچىسىدىكى تامچىغا ئوخشايتتى. ③ <تېب> ماددىنىڭ تىرىك ئورگانىزمغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇق تەسىرى: بۇ دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. ④ ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدات، يەنى يەر، يەر شەكلى، سۇ، دېڭىز، ئورمان، ئۆسۈملۈك، ھاياتلىق قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەبىئىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان بىلىملەر ھەم شۇ بىلىملەرنىڭ ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. ⑤ ۋە شۇ بىلىملەر ھەققىدە مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ نامى. ⑥ روھىي ھالەت، تۈرق، كەيپىيات، مىجەز: ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى بىر ئاز قوپال بولسىمۇ، لېكىن ئەزىمەت يىگىتلەر.

**تەبىئەتچى** ئى. تەبىئەت دەرىجىسى ئۆتۈشكە (سۆزلەشكە) ئۇستا مۇئەللىم، تەبىئىي دەرسنى ئۆتۈشكە ماھىر ئوقۇتقۇچى.

**تەبىئەتچىلىك** ئى. تەبىئەتكە ئائىت ئىشلار ۋە ھادىسىلەر: ئۇ تەبىئەتچىلىك، دىيانەتچىلىك، مەغپىرەتچىلىك جەھەتتىن «رېئاللىققا قارىتا قارىنى كەڭ بولۇش» ئۇستىدە خۇلاسە چىقارغان.

**تەبىئەتشۇناس** ئى [ئە + پ] تەبىئەت مۇتەخەسسىسى، تەبىئەتنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم: بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن، ئەنگلىيەدە دارۋىن دېگەن مەشھۇر بىر تەبىئەتشۇناس چىققانىدى.

**تەبىئەتشۇناسلىق** ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم – پەن.

**تەبىئەتلىك** سۈپ. خاراكتېر، خۇلق – مىجەز ياكى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان: ئېغىر تەبىئەتلىك بۇ ياش چوكانمۇ ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. // — سەنئەتتىنى خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىن سەن! — دېگەنىدى ئۇ.

**تەبىر** ئى [ئە] ① شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ياكى بىرەر ئۇقۇمغا بېرىلگەن چۈشەنچە، ئىزاھ. ② مەلۇم بىر تەسىرگە ئاساسەن بېرىلگەن خەۋەر، بېشارەت: چۈشكە تەبىر بەرمەك.

**تەبىرچى** ئى. تەبىر بەرگۈچى، تەبىر ئېيتقۇچى.

**تەبىرنامە** ئى [ئە + پ] چۈشلەرگە بېرىلگەن تەبىر ھەققىدىكى كىتاب: تەبىرنامە يازماق.

**تەبىقە** ئى [ئە] جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئارقىسىدا بۆلۈنگەن قاتلام، جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، بىر بۆلىكى: پارتىيەمىز ھەر تەبىقە خەلقى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ھەققىي كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**تەبىقىچىلىك** ئى. جەمئىيەت تەبىقىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، تەرتىپ، قائىدىلىرى ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت: فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا دەۋرى ۋە ئاخىرقى دەۋرىدىمۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار فېئودالىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنى ئاۋۋالقىدەكلا ساقلاپ قالدى.

**تەبىقىلەنمەك** پ. تەبىقىلەرگە بۆلۈنمەك، تەبىقىلەرگە ئايرىلماق.

**تەبىقىلىك** سۈپ. تەبىقىسى بار، تەبىقىگە مەنسۇپ: بارلىق تەبىقىلىك ۋە تۈرلۈك نەرسىلەر تۆماندەك تارقاپ كەتتى.

**تەبىئىي** سۈپ [ئە] ① تەبىئەتكە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئائىت، تەبىئەتتە بار بولغان؛ ئەسلىدىن بار، ھەقىقىي: تەبىئىي پەن. تەبىئىي ئورمان. ② كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە خاس، ياسالما ئەمەس؛ ئېنىق، چىن: سەن ھاشىر تارتىنما، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت، ئەلا تەبىئىي ئولتۇرۇۋاتىدۇ،سەن نېمىشقىدۇر قورۇنۇۋاتىسەن. ③ مۇقەررەر، جەزمەن، شۈبھىسىز: بۇ مەزگىلدە ئۇ باشقىلارغا زىيان سېلىپلا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى.

**تەئەددىسىز** سۈپ. تەئەددى يوق، تەئەددى بولمىغان، تەئەددى قىلمىغان: ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى سەممىي جاۋابلىرى، ھېچقانداق دوقسىز، تەئەددىسىز تەلەپپۇزى ھېكمەتنى خېلىلا يېنىكلىتىپ قويىدى.

**تەبىئىي پەن** تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ماددىلار ۋە ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر. ئادەتتە فىزىكا، خىمىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، مىنېرالوگىيە، فىزىيولوگىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەبىئىي سان** جىسىمنىڭ سانىنى ئىپادىلەيدىغان 1،2،3،4 قاتارلىق سانلار. «ناتۇرال سان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىيلەشمەك** پ. تەبىئىي بولماق، تەبىئىيلىككە يۈزلەنمەك: رىتىم بىلەن كەيپىيات ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىق باغلىنىشىنىڭ بىرقەدەر تەبىئىيلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەققەتەن ئىزدىنىش يوق ئەمەس.

**تەبىئىيلىك** ئى. ھەقىقىيلىق، چىنلىق، راستلىق: تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون. * پەرىزىمچە، ئۇ ئاشۇنداق يۈرۈشتە تەبىئىيلىك ھېس قىلسا كېرەك.

**تەپ** I ئى [پ] ئادەملەردە بولىدىغان تۈرلۈك قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تەپ كەلمەك** دىيال. تەڭ كەلمەك: بۇ قىزغا ھېچ كىشى تەپ كېلەلمەيدۇ.

**تەپ** II ئى «تارتماق» يارەمچى پېئىلى بىلەن كېلىپ«بىر كىمنىڭ ئالدىدا بىرەر ئىش ياكى بىرەر گەپ-سۆز قىلىشتىن تارتىنماق؛ ئەيمەنمەك؛ قورقماق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: بىلالدىن ئاخۇنۇم مەقسىتىنى يالىڭاچلا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن تەپ تارتىپ قالدى.

**تەپەككۇر** ئى [ئە] ① ئادەم مېڭىسىنىڭ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشى؛ ئوبيېكتىپ ۋەقەلىك ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسەۋۋۇر: سىلەر ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر، بىز مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىمىز. ② پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇھاكىمە؛ ئويلاش، خىيال: مېڭىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمى زەخىملەنسە، تەپەككۇر قۇۋۋىتىمۇ ئوخشىمىغان

دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ.

**تەپەككۇرسىز** ① سۈپ. تەپەككۇر يوق، تەپەككۇر قىلمىغان. ② رەۋ. تەپەككۇر قىلماي، تەپەككۇر يۈرگۈزمەي، ئەقىل ئىشلەتمەي: بىر كۈن تەپەككۇرسىز ياشىساڭ، بىر كۈن بۇرۇن ئۆلىسەن.

**تەپت** ئى [پ] ئىسسىق، ھارارەت: قۇياشنىڭ تەپتى. * لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ بەدىنىگە راھەت بېغىشلىدى.

**تەپتۈرمەك** «تەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خامان تەپتۈرمەك. ئاتقا تەپتۈرمەك.

**تەپپە** ئى. دىيال. تەپ.

**تەپ- تومۇر** دىيال. كېزىك.

**تەپتىش** ئى [ئە] ① تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش، تەرگەۋ: تەپتىش قىلماق. ② تەپتىش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىم: باش تەپتىش دەررۇ قوشۇلۇپ، ئەسلەش خاتىرىسىگە ئىمزاسىنى قويدى.

**تەپتىشلەشمەك** «تەپتىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەپتىشلەنمەك** «تەپتىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەپتىشلىك** ئى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى، تەپتىش خىزمىتى: ئەمگەك ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي تەپتىشلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز ئىشلەمچى ئىشلىتىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك.

**تەپتىشلىمەك** پ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماق، تەكشۈرمەك، تەپتىش قىلماق: سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى ۋە تەپتىشلەش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل، ئادىل يۈرگۈزۈشىنى قوللاش لازىم.

**تەپچە** ئى. كېۋەزنىڭ پاختىسى، غوزىسى تېرىلىپ، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىنكى ئېتىزدا قېپقېلىپ قالغان شادىسى.

**تەپچىتمەك** I «تەپچىمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەپچىتمەك** II «تەپچىمەك II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەپچىرىمەك** پ ① سۇيۇق نەرسە قاچىلانغان قاچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سىرتىدىن سىرغىپ چىقماق، سىرغىماق: قاپاقتىن ياغ تەپچىرەپ قاپتۇ. * يارا ئېغىزىدىن قان تەپچىرەپ چىقىۋاتاتتى. ② تېشىغا چىقماق، تېشىغا تەپمەك: تەر تەپچىمەك.

**تەپچىشمەك** «تەپچىمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار بەس - بەس بىلەن دوپپىغا گۈل تەپچىشتى.

**تەپچىك** ئى. يىڭنە بىلەن قولدا تىكىلگەن بىر خىل تىكىش.

**تەپچىلمەك** «تەپچىمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەپچىمەك** I پ ① تامچىلىماق، سىرغىماق، تامماق: ئانىنىڭ تىك - تىك كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تەپچىپ چىققان خۇشاللىق يېشى بالىنىڭ يۈزىدىن سىرغىپ ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. ② تېشىغا تەپمەك، كۆپچۈپ چىقماق؛ ئىپادىلەنمەك، بىلىنمەك: ئۇنىڭ چىرايىغا قىزىللىق تەپچىدى.

**تەپچىمەك** II پ. تىكىچلەرنى زىچ ۋە بىر-بىرىگە ئۇلاپ تىكمەك.

**تەپرىقات** ئى [ ئە ] تەپرىقىلەر، بۆلۈنۈشلەر، پارچىلىنىشلار، ئىتتىپاقسىزلىقلار: قايسى ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ ئەلدە تەپرىقات، بۆلۈنۈش غالىب كەلگەن بولىدۇ.

**تەپرىقە** ئى [ئە] يېرىت. بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، ئىتتىپاقسىزلىق؛ ئاداۋەت، مەزھەپچىلىك: ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى — يۇرت ئىچىدە تەپرىقە پەيدا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئىدى.

**تەپرىقىچى** ئى. تەپرىقە پەيدا قىلغۇچى، تەپرىقە بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئىتتىپاقلىق كۈچەيسە، تەپرىقىچىلەرگە ئورۇن قالمايدۇ.

**تەپرىقىچىلىك** ئى. تەپرىقە پەيدا قىلىش، تەپرىقە بىلەن شۇغۇللىنىش: تەپرىقىچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

**تەپرىقىۋاز** ئى [ئە + پ ] ← **تەپرىقىچى.**

**تەپرىقىۋازلىق** ئى ← **تەپرىقىچىلىك.**

**تەپسىر** ئى [ئە] ① مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش؛ ئىزاھ، شەرھ. ② تارس. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب ۋە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان ئىلىم: ئۇ ئىمامنىڭ تەپسىرىگە مەھلىيا بولۇپ، خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇردى.

**تەپسىرچى** ئى. تەپسىر قىلغۇچى، تەپسىر ئېيتقۇچى : شۇڭا ئۇلار ماھىر تەپسىرچى، شەرھشۇناسلار، توپلىغۇچىلار بولۇپ يېتىشكەن، ئەمما ئۇلاردا مۇستەقىل مەۋقە، سىستېمىلىق قاراش، ئىدىيە دېگەنلەر يوق...

**تەپسىلات** ئى [ئە] تولۇق، مۇكەممەل ۋە تەپسىلىي چۈشەنچە، مەلۇمات: سورىسىڭىز بۇ قىزنى ئەگەر، سۆزلەپ بېرەي تەپسىلاتىنى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىدىن، بىلىۋېلىڭ ئەسلىي زاتىنى.

**تەپسىلىي** سۈپ [ئە] ئومۇمىيۈزلۈك، بىر-بىرلەپ، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەن: تەپسىلىي بايان. تەپسىلىي مەلۇمات: مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

**تەپسىلىيلەشتۈرمەك** ① «تەپسىلىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ②تەپسىلىي ھالەتكە كەلتۈرمەك، تەپسىلىي ھالەتنى شەكىللەندۈرمەك: بۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نى تېخىمۇ تەپسىلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**تەپسىلىيلەشتۈرۈشمەك** «تەپسىلىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەپسىلىيلەشتۈرۈلمەك** «تەپسىلىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قانۇن بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا تەپسىلىيلەشتۈرۈلدى.

**تەپسىلىيلەشمەك** پ. تەپسىلىي ھالەتكە كەلمەك، تەپسىلىي بولماق.

**تەپسىلىيلىك** ئى. تەپسىلىي ھالەت، تەپسىلىي جەريان: ئەسەر بىر قاتار ئاپتورلار تەرىپىدىن تەييارلانغاچقا، ھەربىر بابنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسۇلى، ماتېرىيالنىڭ تەپسىلىيلىك دەرىجىسى جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

**تەپكە** I ئى ① ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئۈزۈشتە قول بىلەن باسىدىغان قىسمى. ② ماشىنا، ۋېلىسىپت قاتارلىقلارنىڭ پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قىسمى. ③ توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈش يىپلارنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ياغاچ سايمان. ④ باپكارلىقتا پۇت بىلەن دۇكاننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىككى تال ياغاچ. ⑤ئەلگەكنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان جازا.

**تەپكە** II ئى. قاپقان (تۇزاق) نىڭ ئىككى يانغا كېرىلىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك ئىككى قانىتى؛ تىز.

**تەپكەك** سۈپ. ئالدى - كەينىگە كەلگەننى تېپىدىغان،

تېپىشنى ئادەت قىلغان: تەپكەك ئات.

**تەپكەكلىك** ئى. ئالدى ـ كەينىگە كەلگەننى تېپىدىغان خاراكتېر ياكى چاقچانلىق، تېپىشنى ئادەت قىلغان خاراكتېر، تېپىشكە ئۇستىلىق: — توۋا...جۇغۇڭ كىچىك بولغىنى بىلەن كەمەك ھەيۋارنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ! ياپىرىم، سېنىڭ بۇ تەپكەكلىكىڭگە ئادەم بالىسى بەۋا كېلەلمىگۇدەك جومۇ، قالتىس ئىكەنسەن، يارايسەن يىگىت! — دېدى بوۋاي ماختاپ.

**تەپكۈچ** ئى <تەن> بىر خىل ئويۇنچۇق. مىس داچەن ياكى شۇ چوڭلۇقتىكى ياپىلاق مېتالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە توخۇ پېيى ياكى يۇڭ قىستۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتە پۇتقىرىغا تېپىپ ئوينىلىدۇ: تەپكۈچ ئوينىماق.

**تەپكىلىك** سۈپ. تەپكىسى بار، تەپكە ئورنىتىلغان.

**تەپمە** I ئى <تېب> گۆرەن بېزى يالىلۇغى: تەپمە بولماق. تەپمە كېسەللىكى.

**تەپمە** II سۈپ ① تېپىدىغان: تەپمە چاق. ② ئى. پۇت بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان باللار ئويۇنى. ③ ئى. پۇت بىلەن تېپىپ ئويناش ئۈچۈن ئىچىگە قۇم ـ شېغىل قاچىلانغان كىچىك خالتا، سابۇر.

**تەپمە ھالال** ①ھارام بولۇپ قالغان مالنى تېپىپ مىدىر ـ لىتىپ قويۇپ، بوغۇزلاپ قىلىنغان ھالال ② كۆچمە. ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلىقىدا؛ زورلاپ قىلىنغان ھالال: تەپمە ھالال قىلماق. ③ كۆچمە. ئاران ـ ئاران: ئۇلار تەپمەھالال كۈن ئۆتكۈ ـ زۈۋاتىدۇ.

**تەپمە يول** دىيال. داۋامى ئېتىزلىقتا تۇتىشىپ كېتىدىغان يول.

**تەپمەك** پ ① پۇت بىلەن زەربە بەرمەك: ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ (ماقال). ② بىرەر نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پۇت بىلەن دەسسىمەك: ئەكبەر ۋېلىسىپىتنى ئالدىراش تېپىپ دوقمۇشتىن مەھەللە ئىچىگە قايرىلدى. ③ يۇمشىتىپ شاكىلىدىن، پوستىدىن ئاجراتماق، دان قىلماق: خامان تەپمەك. ④ ئېتتىر ـ مەك (مىلتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورالالار ھەققىدە): بۇ مىلتىق ئوق ئاتقاندا ئارقىغا بەك تېپىدۇ. ⑤ سىرتىغا ئۆرلەپ چىقماق؛ ئېپادىلەنمەك، سېزىلمەك: بۇ چاغدا سابىرنىڭ يۈزلىرىد ـ دىنمۇ ھاياجان ۋە شادلىق تېشىغا تېپىپ چىققانىدى.

**تەپسە تەۋرىمەس** ھەرقانداق زۆرۈر ئىشلارغىمۇ ئالدىرىماي ـ دىغان، بىغەم، بىپەرۋا: قارىسام ھەتتا تەپسە تەۋرىمەس، ئېغىر كارۋان ھېۋىز «دىڭخۇلۇ» مۇ ئاللىقاچان خاڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**تەپلە** ئى. تولامچاقنىڭ گوندىسىغا يۆگەلگەن مەشۇت يىپلارنى ئارقاق تەييارلاش ئۈچۈن قايتا يۆگەيدىغان چاق.

**تەتەي** ئى [خەن] <كونا> خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ خوتۇنى.

**تەتبىق** ئى [ئە] ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، ئىشلىتىش: تەتبىق قىلماق.

**تەتبىقلاتماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەتبىقلاشماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: ئۇلار ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىقلاشتى.

**تەتبىقلانماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەتبىقلىماق** پ. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمەك؛ سىنىماق.

**تەتقىق** ئى [ئە] ئىنچىكە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ئىزد ـ نىش، ئۆگىنىش: تەتقىق قىلماق.

**تەتقىقات** ئى [ئە] تەتقىق قىلىش ئىشلىرى.

**تەتقىقاتچى** ئى ① تەتقىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تەتقىق قىلغۇچى. ② ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بويىچە بېرىلـ ـ گەن ئالىي ئۇنۋان.

**تەتقىقاتچىلىق** ئى. تەتقىقات ئىشلىرى، تەتقىقات كەسپى: تەتقد ـ قاتچىلىقنى كۈچەيتىش فاكۇلتېتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**تەتقىقاتلىق** سۈپ. تەتقىقاتقا ئاساسلانغان، تەتقىقات ئاسا ـ سىدىكى، تەتقىقات ئاساسىدا نەتىجىلەنگەن، تەتقىقات نەتىجە ـ سىگە ئاساسەن خۇلاسىلەنگەن: چۈنكى، مېنىڭ تەتقىقاتلىق چۈشەن ـ چەمدە، ئۇيغۇر مىللىتى ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز مىللەت ئەمەس.

**تەتۈر** سۈپ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە نىسبەتەن قارىمۇقارشى بولغان؛ كەينى، ئارقا: تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدد ـ كى، سادەتخاننىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىز، بالا قورساقتا تەتۈر يېتىپ قالغان. ② ئوڭ قىلىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەكسى: تەتۈر ئايلانماق. تەتۈر تۇتماق. ③ كۆچمە. شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي ماھد ـ يىتىنىڭ ياكى كۆزلىگەن مەقسەتنىڭ ئەكسى: ئىش بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ تەتۈرى بولۇپ چىقتى. ④ گەپ يېمەيدىغان، كاج، جاھىل: — بۇ قىز زادى ئوڭمىدۇ ياكى تەتۈر؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

**تەتۈر تاناسىپ** <مات> ئىككى مىقدارنىڭ ئىچىدىكى بىر مىقدار بىر نەچچە ھەسسە چوڭايغاندا (ياكى كىچىكلىگەندە)، ئىككىنچى بىر مىقدار ئۇنىڭ ئەكسىچە شۇنچە ھەسسە كىچىك ـ لىسە (ياكى چوڭايسا)، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى مىقدارنىڭ ئۆزگد ـ رىش مۇناسىۋىتى تەتۈر تاناسىپ دېيىلىدۇ.

**تەتۈر قارىماق** ئاداۋەت ساقلاپ، قېيىداپ، باتناپ يۈرمەك؛ سوغۇق مۇئامىلىدە بولماق: — رامىزان ئاكام ئەمدى ماڭا ئۆلگۈدەك تەتۈر قارايدىغان بولدى ـ دە! — دېدى ئۇ.

**تەتۈر قىينىماق** ئازابلىماق: تۇرلۇك بەختسىزلىكلەر ئۇنى تەتۈر قىينىدى.

**تەتۈر ئۇستىخان** ئۇستىخانلىرى چوڭ ھەم قوپاللىقراق كەلگەن، تەن قۇرۇلمىسى قوپال، قاملاشمىغان: — قېنى كەنت باشلىقى، — دېدى ئەزىز ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان غورا قاپاق، شاپ بۇرۇت، تەتۈر ئۇستىخان ئادەمگە.

**تەتۈر يەل** <تېب> قورساق ئېسىلىش كېسىلى.

**تەتۈرلۈك** ئى. كاجلىق؛ تەرسالىق: رېھىم پالۋاننىڭ تەتۈرلۈ ـ كىدىن كېلىپ چىققان بۇ كۆڭۈلسىزلىك، ئائىلىدە داۋاملاشقىلى يېرىم سائەتچە بولدى.

**تەتۈرىچە** رەۋ ① تەتۈر يېتى، تەتۈر ھالەتتە: تەتۈرىچە يېپىند ـ ماق. تەتۈرىچە يىغماق. ② ئەكسىچە: بۇ ئىش بىز ئويلىغاننىڭ تەتۈرىچە بولۇپ چىقتى.

**تەتىل** ئى [ئە] ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىت: تەتىل قىلماق. يازلىق تەتىل.

**تەتىللا** ئى. ئۆرۈشى ياكى گۈلى زەر يىپتىن، يىپەكتىن توقۇلغان بىر خىل رەخت.

**تەتىللىك** سۈپ. تەتىل ۋاقتىدا ئورۇنلىنىدىغان، تەتىلدە قىلىنىدىغان: تەتىللىك تاپشۇرۇق.

**تەجرىبە** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا

ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىم، ئىقتىدار، قابىلىيەت: تەجرىبىسى مول.

**تەجرىبە ـ ساۋاق** تەجرىبە ھەم ساۋاق: تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەك.

**تەجرىبىچىلىك** ئى <پەلس> ھېسسىي تەجرىبىنى بىلىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات: باشقىلارنىڭ دېگىنىنى دەلىللەپ باقىدىغان تەجرىبىچىلىك روھى بىزدە ھەقىقەتەن كەم ئىكەن.

**تەجرىبىخانا** ئى. تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان، تەجرىبە قىلىنىدىغان ئۆي، جاي.

**تەجرىبىسىز** سۈپ. تەجرىبىسى يوق، خام.

**تەجرىبىسىزلىك** ئى. تەجرىبىسى يوقلۇق.

**تەجرىبىلىك** سۈپ. تەجرىبىسى بار، تەجرىبىگە ئىگە.

**تەجرىبىۋاز** ئى [ئە +] تەجرىبە قىلىشقا ئامراق، ھەدېسىلا تەجرىبە قىلىشقا ئادەتلەنگەن، كۆپ ھاللاردا تەجرىبىنى چىقىش قىلىدىغان ئادەم.

**تەجرىبىۋازلىق** ئى. تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشنى، تەجرىبە قىلىش يولىنى چىقىش قىلىش ئىشى: بۇ دېگەنلىك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەجرىبىۋازلىق خاھىشلىرى بىلەن يېقىن دېگەنلىك ئەمەس.

**تەخ** سۈپ. تەييارلانغان، ھازىرلانغان، تەييار: تەخ بولماق. تەخ قىلماق. * ئۇ كۈنى بىزدە ھەممە نەرسە تەخ ئىدى.

**تەخەللۇس** ئى [ئە] يازغۇچى، رەسسام، ئارتىس قاتارلىقلار ئەنئەنىگە ئاساسەن، ئۆز ـ ئۆزىگە قويۇۋالغان باشقا نام، ئەدەبىي لەقەم.

**تەخەللۇسلۇق** سۈپ. تەخەللۇسى بار، تەخەللۇس ئىشلەتكەن، تەخەللۇس قوللانغان.

**تەخەي** ئى [پ] ئېشەكنىڭ بالىسى.

**تەخەيلەتمەك** «تەخەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەخەيلىك** سۈپ. تەخيى بار، تەخەيلىگەن، تەخەي ئەگەشتۈرگەن: تەخەيلىك ئېشەك.

**تەخەيلىمەك** پ. (ئېشەك) تەخەي تۇغماق: ئېشەك تەخەيلىدى.

**تەخت** ئى [پ] ① پادىشاھ، خان ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئالاھىدە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئورۇن، ئورۇندۇق. ② كۆچمە. ئەمەل، مەنسەپ، ھوقۇق: تەختتىن چۈشمەك. تەختكە چىقماق.

**تەختلىك** سۈپ ① تەخت بار، تەخت ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ئالتۇن تەختلىك ئوردا. ② تەخت شەكلىدىكى، تەخت ئۈستىگە ئورۇنلاشقان: تەختلىك ئىسپورا.

**تەختراۋان** ئى [پ] ① مەرتىۋىلىك شەخسلەرنى سېلىپ يەلكىدە كۆتۈرىدىغان، ئۈستىبېشى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، زەمبىل شەكىللىك جاھاز. ② جەسەتنى كۆمۈشتىن بۇرۇن جەسەتنى يۆيىدىغان تاختاي.

**تەختراۋانچى** ئى. يېزت. تەختراۋان كۆتۈرگۈچى كىشى.

**تەخسە** ئى ① لېگەن شەكىللىك، ئاغزى يايپاڭ قىلىپ ياسالغان تاماق قاچىسى. ② گىر، جىڭ قاتارلىقلارنىڭ جىڭلىنىدىغان نەرسىنى قويىدىغان تەخسىگە ئوخشاش يېرى.

**تەخسە كۆتۈرمەك** خۇشامەت قىلماق.

**تەخسىسى چېقىلماق** قىلغان خۇشامىتى كۈتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالماق.

**تەخسىچى** ئى. چاپانچى، يالاقچى، خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەش.

**تەخسىچىلىك** ئى. يالاقچىلىق، خۇشامەتچىلىك.

**تەخسىرات** ئى [ئە] يېزت. باشقىلار تەرىپىدىن يۈكلەنگەن گۇناھ، كەمچىلىك، سەۋەنلىك.

**تەخسىراتقا كەتمەك** باشقىلارنىڭ زىيان سېلىشىغا ۋە ھاقارەت كەلتۈرۈشىگە ئۇچرىماق، نەپرىتىگە قالماق، قارغىشىغا كەتمەك، نەزىرىدىن چۈشمەك: راستتىن ماڭا «ئۆزى تىكلىگەن مازاردىن ئۆزى تەخسىراتقا كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولغانىدى.

**تەخسىسىمان** سۈپ. تەخسىگە ئوخشاش، تەخسىدەك.

**تەخسىكەش** ئى ← **تەخسىچى.**

**تەخسىكەشلىك** ئى ← **تەخسىچىلىك.**

**تەخسىلىك** سۈپ. تەخسىسى بار، تەخسە ئورنىتىلغان: ئۇ ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ ئىدى.

**تەخلەتمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەخلەشمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەخلەنمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆزگى بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەخلەنگەن ئېتىزلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**تەخلىمەك** پ. تەخ قىلىپ راسلىماق؛ تەييارلىماق، ھازىرلىماق، رەتلىمەك: سادىق ئۇستىلىنىڭ بىر چېتىگە تەخلەپ قويۇلغان ئارخىپ خالتىلىرىدىن بىرىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**تەخمۇتەخ** تولۇق تەييارلاپ قويۇلغان، ھەممىسى تەل قىلىنغان، تەييارلاقلىق: ئادىل ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھەممىنى تەخمۇتەخ راسلاپ، ئاندىن قايتىشتى.

**تەخمىس** ئى [ئە] يېزت ① بەشكە بۆلۈش، بەشلەشتۈرۈش، مۇخەممەسلەشتۈرۈش. ② بىر شائىر يازغان غەزەلگە يەنە بىر شائىر تەرىپىدىن مەزمۇنى، شەكلى ماس ئۈچ مىسرا قوشۇلۇپ يېزىلغان مۇخەممەس.

**تەخمىن** ئى [ئە] پەرەز، گۇمان، قىياس: تەخمىن قىلماق.

**تەخمىنەن** رەۋ [ئە] پەرەز، قىياسقا ئاساسەن؛ تەخمىن قىلىپ ئېيتقاندا؛ مۆلچەرچە: بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تەخمىنەن يېرىم ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان.

**تەخمىنلەنمەك** پ «تەخمىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەخمىنلەنگەن سان.

**تەخمىنلىمەك** پ. تەخمىن ئاساسىدا ھۆكۈم چىقارماق، تەخمىن قىلماق؛ مۆلچەرلىمەك: ئۇ قولىدا چىراغنى تۇتقىنىچە تەخمىنلەپ، دۇكاندىن دۇكانغا ئۆتۈپ، «بەخت»نى ئىزلىدى.

**تەخمىنىي** سۈپ [ئە] تەخمىن قىلىنغان، تەخمىنگە ئاساسلانغان؛ گۇمانىي: — ھېچبولمىغاندا تۆمۈر خەلپىنىڭ تەخمىنىي سۈرىتىنى سىزىپ چىقىڭلار، — دېدى باشلىق.

**تەخىر** ئى [ئە] كېچىكتۈرۈش، ساقلاش، ھايال: تەخىر قىلماق.

**تەخىرسىز** سۈپ. تەخىر قىلىشقا، ساقلىتىپ قويۇشقا بولمايدىغان؛ ھايالسىز: تەخىرسىز ئىش. // پادىشاھ تېۋىپنى تەخىرسىز قىزى ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

**تەخىرسىزلىك** ئى. تەخىر قىلىشقا بولماسلىق، ھايالسىزلىق.

**تەخىرسىزلەندۈرمەك** «تەخىرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەخىرسىزلەندۈرۈلمەك** «تەخىرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەخىرسىزلەنمەك** پ. تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىدا بولماق، تەخىرسىزلىك ھېس قىلماق، تەخىرسىز بولماق: نۆۋەتتە، ئالىملار تەخىرسىزلەنگەن ھەم ھاياجانلانغان ھالدا بۇ تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنىڭ ئۇچۇر يوللىنىشىنى كۈتمەكتە.

**تەدبىر** ئى [ئە] چارە، ئامال، ئىلاج: تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار (ماقال).

**تەدبىر تاپماق** تەدبىر قوللانماق، تەدبىر كۆرمەك، چارە ـ ئامال قىلماق، ئىلاجىنى تاپماق: — ئېشىكىمدە بۇنچىلىك ئەقىل نېمە قىلسۇن؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن چوقۇم باشقا بىر تەدبىر تاپىمەن ـ دە ! — دەپ كۈلدى ئۇ.

**تەدبىرچان** سۈپ. تەدبىرگە باي، چارە ـ تەدبىرلىك، تەدبىرلىك ئىش قىلىدىغان: سەن جەڭچىدەك باتۇر، داھىيدەك تەدبىرچان بولۇشۇڭ كېرەك.

**تەدبىرچانلىق** ئى. چارە ـ تەدبىر تۈزۈشكە ماھىرلىق، تەدبىرلىكلىك: ئۇنىڭ تەدبىرچانلىقى پۈتۈن يېزا خەلقىنى قايىل قىلغانىدى.

**تەدبىرسىز** سۈپ. تەدبىرى يوق، ئويلىماي ئىش قىلىدىغان: بۇ تەدبىرسىز، ئاجىز كىشىلەرنىڭ قىلىقى.

**تەدبىرسىزلىك** ئى. تەدبىرى يوقلۇق، ئويلىماي ئىش قىلىش.

**تەدبىرلىك** سۈپ. تەدبىرى بار، ئامال قىلالايدىغان: تەدبىرلىك رەھبەر.

**تەدرىجىي** سۈپ [ئە] ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ، ئارقىمۇئارقا، دەرىجىمۇدەرىجە: تەدرىجىي تەرەققىيات. //ئۇلار خىزمەتلەرنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى.

**تەر** I (**تەرى**) ئى [پ] ① ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تېرىسى ئاستىدىكى مەخسۇس بەزلەر تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان سۇيۇقلۇق: تەر باسماق. ② كۆچمە. ئەجىر، ئەمگەك: ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن (ماقال).

**تەر تۆكمەك** ئەجىر قىلماق، ئەمگەك سىڭدۈرمەك.

**تەر** II (**تەرى**) ئى ① تەلەت، چىراي، يۈز، كۆرۈنۈش: ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىما، ساھىبخانىنىڭ تەرىگە قارا (ماقال). ② ئەلپاز، پەيل: ھاۋانىڭ تەرى يامان تۇرىدۇ، مۆلدۈر چۈشەمدۇ، نېمە ؟

**تەر بولماق** دىيال. خاپا بولماق، تېرىكمەك.

**تەرى تۇتۇلماق** خاپا بولۇپ چىرايى تۇرۇلمەك، رەڭگى ئۆزگەرمەك.

**تەرى سۆرۈن** كۆرۈمسىز، سەت؛ يېقىمسىز.

**تەرەپ** ئى [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى جاي، يان، ياق: سول تەرەپ. ② بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ۋە ئوخشاشمىغان مەيدان، ئوخشاشمىغان پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ بىرى؛ بىر ياقتىكىلىرى: بىز ھامان پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلق تەرەپتە تۇرىمىز. ③ بىرەر ئىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن توختام ياكى كېلىشىمگە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭغا ئىمزا قويغان تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بىرى ياكى بىر ياقتىكىسى: يېزىلاردىكى ھەر خىل توختاملار ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلگەنىكەن. ④ <مات> گېئومېترىيەلىك شەكىلدىكى بۇلۇڭنى ھاسىل قىلغۇچى تۈز سىزىقلار ياكى كۆپ تەرەپلىكنى ھاسىل قىلغۇچى كېسىكلەر. ⑤ جەھەت، قىسىم: بۇ خىزمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

**تەرىپىنى ئالماق** يان باسماق، قوشۇلماق، توغرا تاپماق، ھىمايە قىلماق.

**تەرەپباز** سۈپ [ئە + پ] قارىمۇقارشى تەرەپ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان.

**تەرەپبازلىق** ئى. قارىمۇقارشى تەرەپ پەيدا قىلىش ئىشى، گۇرۇھۋازلىق: بىز ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەرەپبازلىق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**تەرەپ ـ تەرەپ** بىرقانچە تەرەپ، ھەممە تەرەپ: دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى.

**تەرەپدار** ئى [ئە + پ] بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان مەلۇم بىر تەرەپ، گۇرۇھ، شەخس، ئىدىيەنى قوللايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان شەخس.

**تەرەپدارلىق** ئى. بىرەر تەرەپ ياكى گۇرۇھقا بولغان مايىللىق، ئېغىش تۇيغۇسى.

**تەرەپلىك** سۈپ. تەرىپى بار، تەرەپكە ئىگە: كۆپ تەرەپلىك.

**تەرەپلىمە** سۈپ. تەرەپكە تەئەللۇق، تەرەپتىكى، جەھەتتىكى، ياقتىكى: بىر تەرەپلىمە. ھەر تەرەپلىمە. ئىككى تەرەپلىمە.

**تەرەپلىملىك** ئى. مەلۇم تەرەپكە مەنسۇپلۇق: بۇ مەسىلە ئۇنىڭ خىزمەتتىكى بىر تەرەپلىملىكىدىن كېلىپ چىقتى.

**تەرەت** ئى [ئە] ① <دىن> ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدىكى يۈز ـ كۆز، پۇت ـ قول ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىنىش: تەرەت ئالماق. ② چوڭ ـ كىچىك ھاجەت.

**تەرەت قىلماق** ھاجەت قىلماق، ئىستىنجا قىلماق؛ تەرەت سۇندۇرماق.

**تەرىتى بوش** بىرەر ئىشنى باشقا ئاچىقىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان، ئىرادىسى بوش، شۇ ئىشنى قىلىشقا تەييارلىقى كەم.

**تەرىتى چىڭ** بىرەر ئىشنى باشقا ئاچىقىشقا غەيرىتى، قۇدرىتى يېتىدىغان؛ شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان، تەييارلىقى بار: بۇ ئىشنى باشقا ئاچىقىشتا تەرىتىم خېلى چىڭ.

**تەرەتخانا** ئى [ئە + پ] تەرەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان مەخسۇس جاي، خانا؛ خالا.

**تەرەتسىز** سۈپ. تەرىتى يوق، تەرەت ئالمىغان، بىتەرەت: ئەپەندى ئاچچىقلىنىپ: — بىر ئاي تەرەتسىز ئىماملىق قىلدىم، ئوقۇغان نامىزىڭلار راۋا ئەمەس! — دەپتۇ.

**تەرەتلىك** سۈپ. تەرىتى بار، تەرەت ئالغان، تەرىتى سۇنمىغان.

**تەرەددۇت** ئى [ئە] تەييارلىق، ھازىرلىق: ھازىر جىددىي تەرەددۇت قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى ئىزدەڭلەر.

**تەرەددۇت قىلماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماق؛ ھازىرلانماق، كىرىشمەك.

**تەرەددۇتسىز** سۈپ. تەييارلانمىغان، ھازىرلانمىغان؛ ھازىرلىقسىز: تەرەددۇتسىز تۇرماق.

**تەرەددۇتسىزلىق** ئى. ھازىرلانماي، تەييارلانماي تۇرۇش: ئۇلارنىڭ تەرەددۇتسىزلىقىدىن پايدىلاندۇق.

**تەرەددۇتلانماق** پ. تەييارلىق كۆرمەك، ھەرىكەتلەنمەك، ھازىرلانماق: ئۆزۈممۇ ئاللىقاچانلاردىن بېرى قېچىپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىپ يۈرگەنىدىم.

**تەرەددۇتلۇق** سۈپ. تەييارلانغان، ھازىرلىق كۆرۈلگەن.

**تەرەققىي** ئى [ئە] راۋاجلىنىش، ئىلگىرىلەش، يۈكسىلىش: تەرەققىي قىلماق.

**تەرەققىي قىلماق** راۋاجلانماق، ئىلگىرىلىمەك، يۈكسەلمەك؛ مۇستەھكەملەنمەك؛ كۆپەيمەك: كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇگۈنكى بۇ ئادەملەر دۇنياسىدا مۇئەللىم ـــ بىباھا گۆھەر.

**تەرەققىيات** ئى [ئە] تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە بۇنىڭدا بارلىققا كەلگەن ئىشلار.

**تەرەققىيپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] تەرەققىيات تەرەپدارى، تەرەققىياتنى خالايدىغان: شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل ئىچىدە 70 ـــ 80 مىڭدىن ئارتۇق تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار كىشىلەرنىڭ قاتىلى بولغانىدى.

**تەرەققىيپەرۋەرلىك** ئى. تەرەققىياتنى خالاش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىش.

**تەرەققىيلەشتۈرمەك** «تەرەققىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تەرەققىيلەشتۈرۈلمەك** «تەرەققىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى زور دەرىجىدە تەرەققىيلەشتۈرۈلدى.

**تەرەققىيلەشمەك** پ. تەرەققىي تاپماق، راۋاجلانماق، يۈكسەلمەك، ئىلگىرىلىمەك: مەن يەنە يېلىنىپ تۇرۇپ: ـــ ئۇنداق تىرىشىپ قىلمىغىن، جاھان تەرەققىيلىشىپ كەتتى ـ دە، ئانا! ـــ دېدىم.

**تەرەك** سۈپ [پ] قاتتىق تارتىلغان؛ يۈرىلەشكەن ياكى بوش جايلىرى قالدۇرۇلماستىن كېرىلگەن.

**تەرەگلىك** ئى <فىز> بىرەر جىسىم تارتىش كۈچىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا تۇتاشقان ئىككى بۆلەك يۈزىگە تىك ھالەتتە پەيدا بولىدىغان قارىمۇ ـ قارشى يۆنىلىشتىكى بىر جۈپ كۈچ.

**تەرەنجۇبىل** ئى [ پ ] <بوت> يانتاقشېكىرى.

**تەرەننۇم** ئى [ ئە ] يېزت. كۈيلەش، كۈي: ياڭراپ جۇشقۇن نەغمە ـ نەۋا، تەرەننۇمغا چۈشتى ساما، قىران بۈركۈت كېلىپ مانا، بېغىمىزغا قوندى بۈگۈن.

**تەرەھھۇم** ئى [ ئە ] يېزت. رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، رەھىمدىللىق: قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۈرتۈڭنى سەن، بىزگە مەلۇم تۇرغىنىڭ قانداق تەرەھھۇم ئالدىدا.

**تەربىيە** ئى [ئە] ① باللارنى بېقىپ ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىپ چوڭ قىلىش: ئۇ تاغىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولدى. ② ئىش ـ ھۈنەر، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىلىم ئۆگىتىش، تەلىم: تەربىيە بەرمەك. تەربىيە ئالماق.

**تەربىيەت** ئى [ ئە ] تەربىيەلەر، تەربىيە، ئۆگۈت: پەرۋىش ئەيلەپ قىلغايسەن، جان دىلىڭدىن تەربىيەت. پەخەس بولغىن يولۇڭغا، تاپقىن ئوغلۇم كامالەت.

**تەربىيەچى** ئى ① تەربىيە قىلغۇچى كىشى؛ ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز: بۇ قېتىم تەربىيەچىمىز بىزنى كۆپ ئاسرىدى. ② باللار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەردە باللارنى بېقىش ھەم تەربىيەلەشكە مەسئۇل خادىم: بۇ يەسلىدە بەش تەربىيەچى خانىم بار.

**تەربىيەچىلىك** ئى. تەربىيەلەش خىزمىتى، ئىشى.

**تەربىيەسىز** سۈپ. تەربىيە كۆرمىگەن، تەربىيەگە ئىگە بولمىغان، تەربىيەلەنمىگەن: مەرد باغۋەن خازان قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى، تەربىيەسىز سولدۇرۇپ گۈل ـ چېچەكلەرنى.

**تەربىيەسىزلىك** ئى. تەربىيە كۆرمىگەنلىك: بىر مىللەت گەرچە مول بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدار بايلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، تەربىيەسىزلىك بۇنداق ئىقتىدار بايلىقلىرىنى كۆمۈپ تاشلايدۇ ۋە خاراب قىلىدۇ. *ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تەربىيەسىزلىك بۇ باللىنىڭ بەلكىم كەلگۈسىدىكى بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**تەربىيەلەتمەك** «تەربىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەربىيەلەشمەك** «تەربىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەرقايسىلىرى ئەل ـ جامائەت ئىچىدە نام ـ ئابرۇيلىرى بار كىشىلەر بولغاچقا، بالا ـ ۋاقىلىرىنىمۇ ئوبدان تەربىيەلىشىپلا.

**تەربىيەلىگۈچى** ئى. تەربىيە ئالغۇچى، ئۆگەنگۈچى، ئوقۇغۇچى: بىز تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئەخلاقلىق، غايىلىك ۋە ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

**تەربىيەلەنمەك** «تەربىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ كىچىكىدىن بىلەن بىللە تەربىيەلىنىپ ئۆسكەنىكەن.

**تەربىيەلىك** سۈپ. تەربىيە كۆرگەن، تەربىيەگە ئىگە بولغان، تەربىيەلەنگەن؛ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق: تەربىيەلىك قىز. تەربىيەلىك بالا.

**تەربىيەلىگۈچى** ئى. تەربىيەچى، تەربىيە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ 10 مىڭ تىللا ئۇنىڭ يىگەن چۈجىلىرى، كىيگەن كىيىملىرى، تەربىيەلىگۈچىلىرىگە سەرپ قىلىنغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدىكەن.

**تەربىيەلىمەك** پ ① بېقىپ، پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلماق، ئۆستۈرمەك: سىزنى تەربىيەلىگەن ئاتىڭىزغا رەھمەت. ② ئىش ـ ئوقەت، ئىلىم ـ ھۈنەر، ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەم ـ پاراسەت ئۆگەتمەك، يېتىشتۈرمەك: ھازىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەرەپتىن بەك ياخشى تەربىيەلەۋاتىدۇ.

**تەربىيەۋى** سۈپ [ئە] تەربىيەگە ئائىت، تەربىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: خىزمەتتىكى بۇ ئۇسۇل ناھايىتى زور تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تەرتە** ئى. دىيال. ھارۋىنىڭ ئوقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.

**تەرتىپ** ئى [ئە] ① شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھالەتتە جايلاشتۇرۇلۇشى، تىزىلىشى؛ رەت، قاتار: ئېلىپبە تەرتىپى. // تەرتىپ سان. ② ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىدىكى ئىزچىللىق: ئۆيدە سائەتنىڭ بىر تەرتىپتە چىكىلدىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ③ شەكىللەنگەن، تۇرغۇزۇلغان قائىدە-تۈزۈم؛ ئىنتىزام: قاتناش تەرتىپى. دەرس تەرتىپىنى ساقلىماق. ④ مەلۇم قائىدە ـ تۈزۈم، قانۇنلارغا ئۇيغۇن ھالەت: تەرتىپكە سالماق.

**تەرتىپسىز** سۈپ ① مەلۇم تەرتىپ، قانۇن ـ قائىدە تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، رەتسىز، قالايمىقان، چۇۋالچاق: سەمەت كىيىملىرى تەرتىپسىز، مەست ھالدا قاۋاقخانىدىن چىقتى. ② ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان، ئىنتىزامسىز: تەرتىپسىز ئوقۇغۇچى.

**تەرتىپسىزلەشمەك** پ. تەرتىپسىز ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقانلاشماق، چۇۋالچاقلىشىپ كەتمەك: بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تەجرىبىسىز بولغاچقا، باللار تەرتىپسىزلىشىپ كەتتى.

**تەرتىپسىزلىك** ئى. تەرتىپسىز ھالەت، قالايمىقانچىلىق.

**تەرتىپلەشتۈرۈشمەك** «تەرتىپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەرتىپلەشتۈرۈلمەك** «تەرتىپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياپونىيەدە ۋاقىت تەرتىپلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ۋاقىت ئادەملەرنىڭ خاھىشىغا ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ۋاقىتقا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

**تەرتىپلەشتۈرمەك** «تەرتىپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېموكراتىيەنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە تەرتىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**تەرتىپسىزلەنمەك** پ. تەرتىپسىز ھالەتكە كەلمەك، تەرتىپسىز ھالەت شەكىللەنمەك، تەرتىپسىزلىك پەيدا بولماق، تەرتىپسىز بولماق: سىنىپ ئىچى تەرتىپسىزلەندى.

**تەرتىپلەشمەك** پ. تەرتىپ ئورناتماق، تەرتىپ بويىچە بېجىرىلىدىغان بولماق، تەرتىپ تۈرغۇزۇلماق: ئۇلار خەلق سىياسىي كېڭەشى فۇنكسىيەسىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە تەرتىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**تەرتىپلىك** سۈپ ① مەلۇم تەرتىپ، قانۇن – قائىدىلەرگە ئۇيغۇن، رەتلىك: تۇرشاۋۇل، ھىماتچى قوشۇنلار، ئوڭ ۋە سول قانات قوشۇنلارنىڭ تۇغ – ئەلەملىرى تەرتىپلىك ئىدى. ② تەرتىپ – تۈزۈمگە بويسۇنىدىغان، ئىنتىزاملىق، ئىنتىزامچان: تەرتىپلىك ئوقۇغۇچى.

**تەرتىپ – ئىنتىزام** تەرتىپ ۋە ئىنتىزام: — سەن كىچىك بالا ئەمەسقۇ؟ ئازراق بولسىمۇ تەرتىپ – ئىنتىزامنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك، — دېدى ئوقۇتقۇچى تەكىتلەپ.

**تەرجىمان** ئى [ئە] تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**تەرجىمانلىق** ئى. تەرجىمە خىزمىتى.

**تەرجىمە** ئى [ئە ] بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا ئاغدۇرۇش: تەرجىمە قىلماق.

**تەرجىمىچىلىك** ئى. تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى، تەرجىمە قىلىش خىزمىتى، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش: بىز تەرجىمىچىلىكتە مەدەنىيەت پەرقى، خاسلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. * توختى باقى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكى توغرىسىدا توختالدى.

**تەرجىمىشۇناس** ئى [ئە + پ] تەرجىمە نەزەرىيەسىنى، ئۇنىڭ قانۇن – قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس. ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس توختى باقى گېزىتىمىزنىڭ تىل تەرجىمە ساھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى.

**تەرجىمىشۇناسلىق** ئى. تەرجىمە نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: تەرجىمىشۇناسلىق — ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بىر ئىلمىي خىزمەت.

**تەرجىمىچىلىك** ئى. تەرجىمە ئىشلىرى.

**تەرجىمىھال** ئى [تەرجىمە + ھال] مەلۇم كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش – پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان خاتىرە.

**تەرجىئبەند** ئى [ئە + پ] <ئەد> شېئىر شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل شېئىر شەكلىدە ۋەزنى بىر خىل، قاپىيەسى ھەرخىل بولغان بىرنەچچە كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ ھەر بەندى (بۆلىكى، قىسمى) ئارىسىدا مەلۇم بىر بېيىت تەكرار يېزىلىدۇ؛ تەكرارلانغان بېيىت ھەر بەند ئاخىرىدىكى بېيىت بىلەن باغلىنىپ بارىدۇ.

**تەرخەمەك** ئى [پ] <بوت> كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پېلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ، سىلىندىر شەكلىدە، تىكەنلىك بولۇپ، پىشقاندا سارغىيىدۇ؛ ئادەتتە كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەرخەمەكلىك** ئى. تەرخەمەك تېرىلغان يەر، تەرخەمەك بار جاي.

**تەرز** ئى [ئە] ھالەت، شەكىل، يوسۇن، تەرىقە: يەر يۈزىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ھايات تەرزىگە بىر نەزەر سالساق، ئادەملەرنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان بىر توپى ھازىرغا قەدەر ئەجدادلىرى مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا، شۇنداق ياشايدۇ، يەنى ئوۋچىلىق قىلىپ، مېۋە – چېۋە يىغىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

**تەرزدە** تىر. ھالەتتە، تەرىقىدە، يوسۇندا، قىياپەتتە، شەكىلدە: «دۆ غېرىبنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى» دېگەن قانلىق پاجىئە مۇشۇ تەرزدە پىلانلىق بىر تەرەپ قىلىنغانىدى.

**تەرسا** سۈپ [پ] گەپ يېمەيدىغان؛ جاھىل، كاج: تەرسا بالا. تەرسا ئادەم.

**تەرسالاشماق** پ. تەرساغا ئايلانماق، تەرسا بولۇپ كەتمەك: ئۇ جاھىل تېخىمۇ تەرسالىشىپ، دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

**تەرسالىق** ئى. گەپ يېمەسلىك، جاھىللىق: تەرسالىق قىلماق.

**تەرغىب** ئى [ئە] تەشۋىق، رىغبەت، دەۋەت: تەرغىب قىلماق.

**تەرغىبات** ئى [ئە] رىغبەتلەندۈرۈش؛ تەشۋىقات، ئۈندەش، دەۋەت.

**تەرغىباتچى** ئى. تەرغىبات ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تەرغىبات قىلغۇچى كىشى.

**تەرغىباتچىلىق** ئى. تەرغىبات ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى، ئىشى.

**تەرك** ئى [ئە] تاشلاش: تەرك ئەتمەك. تەرك قىلماق. * ئۇ ئۇيالغىنىدىن دۇكىنىغا بېرىشنىمۇ تەرك قىلىش پىكرىگە كېلىشكە ئاز قالغانىدى.

**تەركۇ** ئى. دىيال. ئىز – دېرەك، ئۇچۇر.

**تەركى بولماق** دىيال. ئۈزۈلۈپ قالماق.

**تەركىن** سۈپ. دىيال. توختام، تۇرغۇن.

**تەركىن سۇ** دىيال. توختام سۇ، تۇرغۇن سۇ.

**تەركىن ئەيلىمەك** دىيال. تەرك قىلماق، تاشلىماق.

**تەركىنلىك** ئى. دىيال. تاشلىۋېتىش، تەرك قىلىش.

**تەركىب** ئى [ئە] ① بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەر، قىسىملار يىغىندىسى: جۈملىنىڭ تەركىبى. خىمىيەۋى بىرىكمىلەرنىڭ تەركىبى. ② شەخسنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى: ئائىلە تەركىبى.

**تەركىبباز** سۈپ [ئە + پ] تەركىبكىلا ئېسىلىۋالىدىغان، تەركىبنىلا ئاساس قىلىدىغان: تەركىبباز ئادەم.

**تەركىببازلىق** ئى. تەركىبكىلا ئېسىلىۋېلىش، تەركىبنى ئاساس قىلىش.

**تەركىبلەنمەك** پ. تەركىبى ئىچىگە ئېلىنماق، ئۆز ئىچىگە ئېلىنماق، تەركىب تېپىلماق: پىلاتون ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئالغان گۈزەللىك، قەھرىمانلىق ۋە قەھرىمانلىق روھ بىلەن تەركىبلەنگەن

ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**تەركىبلىك** سۈپ. تەركىبكە ئىگە، تەركىبى بار ياكى تەركىبتىن تۈزۈلگەن: كۆپ تەركىبلىك بىرىكمە جىسىم.

**تەركىبىي** سۈپ [ئە] مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى، تەركىبىگە كىرگۈچى: «بەشتە ياخشى ئائىلە» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

**تەركىجاھان** سۈپ [تەرك + ى + جاھان] ← **تەركىدۇنيا:** ئۇ يەتتە يىلدىن بېرى خالايىققا كۆرۈنمەي، تەركىجاھان بولۇپ ياتىدۇ.

**تەركىدۇنيا** سۈپ [تەرك + ى + دۇنيا] دۇنيادىن، دۇنيا ئىشلىرىدىن، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە مەئىشەتتىن كەچكەن؛ دۇنيا تۇتمىغان: تەركىدۇنيا بولماق.

**تەركىدۇنياچى** ئى ① تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغۇچى ئادەم، تەركىدۇنيا بولغۇچى ئىنسان، بۇ دۇنيادا دوست تۇتمىغان كىشى: سورۇن ئەھلى ئىچىدىكى بىر بۆلۈك ئىلىمپەرۋەر مۇدەررىسلەر بىلەن ياش تالىپلار خانغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر بۆلۈك تەركىدۇنياچىلارنىڭ سەردارلىرىنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ② تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلغۇچى ئادەم، تەركىدۇنيالىقنى ھىمايە قىلغۇچى كىشى، تەركىدۇنيالىقنى ياقىلغۇچى ئىنسان.

**تەركىدۇنياچىلىق** ئى <پەلس> ئادەتتە ئەخلاقىي غايە ياكى دىنىي غايىگە يېتىش ئۈچۈن شەخسىي ئارزۇ ۋە تەلەپنى ھەددىدىن ئارتۇق تىزگىنلەشتەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بىلدۈرىدۇ. ئېتىكىدا «تەقۋادارلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەركىدۇنيالىق** ئى. تەركىدۇنيا ھالەت.

**تەرگا** ئى. گىلەم توقۇيدىغان يىپنى بىر يىپچەكتىن ئىككىنچى بىر يىپچەككە يۆتكەشتە ئىشلىتىلىدىغان قورۇلما، سايمان.

**تەرگەشمەك** «تەرگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كېچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن گەپ تەرگىشىپ قالدى.

**تەرگەلمەك** «تەرگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەسىلە كۆپچىلىك ئىچىدە كۆپ قېتىم تەرگەلدى.

**تەرگەن ـ تۈگكەن** تاپقان ـ تەرگەن، بار ـ يوق ھەممىسى.

**تەرگەۋ** ئى. جىنايەت يۈز بەرگەن شارائىت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، قاتناشقۇچىلارنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش، سوراق قىلىش: تەرگەۋ قىلماق.

**تەرگەۋچى** ئى. تەرگەۋ قىلغۇچى.

**تەرگەۋچىلىك** ئى. تەرگەۋ قىلىش ئىشى، خىزمىتى.

**تەرگەۋسىز** رەۋ. تەرگەۋ قىلماي، سوراقسىز: تەرگەۋسىز قاماپ قويماق.

**تەرگۈزمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بېدە تەرگۈزمەك.

**تەرگۈزۈلمەك** «تەرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالىلارغا ئۈجمە تەرگۈزۈلدى.

**تەرگىمەك** پ ① سۈرۈشتە قىلماق، تەكشۈرمەك: تەرگىسەڭ تېرىق بولىدۇ، تەرگىمىسەڭ ئېرىق (ماقال). ② كايىماق، ئاچچىقلانماق: دەرۋەقە ئاياللىمنىڭ مۇنداق تەرگەپ كېتىشىنىڭمۇ ئورنى بار.

**تەرلەپ ـ پىشىپ** تەرگە پېتىپ: جەڭچىلەر تەرلەپ ـ پىشىپ ياتاققا كىرىشتى.

**تەرلەپ ـ تەپچىپ** ← **تەرلەپ ـ پىشىپ.**

**تەرلەپ ـ تەپچىرەپ** ← **تەرلەپ ـ پىشىپ:** رەھمەتجاننىڭ كۆز ئالدىغا پىژغىرىم ئاپتاپتا تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئورما ئوروۋاتقان ئابدەم، مۈكچىيىپ باغ باغلاۋاتقان شەۋكەت، توپىغا مىلىنىپ ئۇخلاۋاتقان رەيھان كەلدى.

**تەرلەتمەك** ① «تەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر كۈنى كەچتە ھېدىلىباي چىلان تورۇقنى راسا تەرلىتىپ، سەپەردىن قايتىپ كەلدى. ② كۆچمە. تەنبىھ بەرمەك، خىجالەت قىلماق، سارغايتماق: ئاياللار ئەمەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تازا تەرلىتىپتۇ.

**تەرلەشمەك** «تەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەرلەنمەك** «تەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — بۇ قانداق قىلغىنىڭىز، بۈگۈن ئەتىگەن مەن ھېچ يەرگە بارماي، تەرلىنىڭ، يېتىپ دەم ئېلىڭ دېمىدىممۇ؟ ياخشى قىلماپسىز، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**تەرلىك** ئى. ئېگەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان ئىچلىك، يوپۇقچە.

**تەرلىمەك** پ ① بەدەندىن تەر چىقماق، تەر باسماق: ئۇ ئىسسىقتا تەرلەپ كەتتى. ② كۆچمە. ئەجىر قىلماق، تەر تۆكمەك: پىشىپ قالدى بۇغدايلار، تەييار تۇرۇڭ دېھقانلار. بۇزماي، چاچماي ئورۇڭلار، تەرلەپ ئەمگەك قىلىڭلار. ③ كۆچمە. خىجالەت تارتماق، تەڭلىكتە قالماق؛ سارغايماق، ئۇيالماق: قاسىم كەمچىلىك ئۈستىدە قويغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا خېلىلا تەرلىدى.

**تەرمە** I سۈپ. تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىپ توپلانغان، تېرىپ ئېلىنغان، بىرلەشمە.

**تەرمە** II ئى <بىن> كىگىز ئۆينىڭ كەرمە ياغىچى، كەرگە.

**تەرمەچ** ئى. تېرىپ ئېلىنىدىغان ياكى ئېلىنغان پارچە ـ پۇرات ئوتۇنلار: تەرمەچ تەرمەك.

**تەرمەك** پ. بىردىن ـ بىردىن تۇتۇپ يىغماق، دانلاپ يىغىپ توپلىماق: باشاق تەرمەك.

**تەرمىلەر** ئى <ئەد> مەلۇم كىتاب ياكى ئەسەر ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان ئۈزۈندى ياكى پارچىلار.

**تەرۋاز** سۈپ. كۆڭلى نازۇك، تېرىككەك.

**تەرۋازلىق** ئى. نازۇكلۇق، تېرىككەكلىك.

**تەرىك** ئى. دىيال (مۇز) توي ناخشىسى، ئادەتتە توققۇز ناخشىچى داپ چېلىپ ئورۇنلايدۇ.

**تەرىپ** ئى [ئە] ① تونۇشتۇرۇلغان ياخشى تەرەپ: تەرىپىنى قىلماق. ② چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ: تەرىپ بەرمەك.

**تەرىپلەتمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەرىپلەشمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار ئۇلارنى كۆپ تەرىپلەشتى.

**تەرىپلەنمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئاتلىق توردە پارنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە تەرىپلەنمەكتە.

**تەرىپلىگۈسىز** سۈپ. تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان؛ ئاجايىپ: ئۇ ھەقىقەتەن تەرىپلىگۈسىز چىرايلىق قىز ئىدى.

**تەرىپلىمەك** پ ① ياخشىلىقىنى سۆزلىمەك: قىزنىڭ ئانىسى ئۆز قىزىنى، ئوغۇلنىڭ ئانىسىمۇ ئۆز ئوغلىنى تەرىپلەپ بېيىت ئېيتىشاتتى. ② ئېنىق قىلىپ ئىپادىلىمەك، چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق: كەلگەنلەر كۆرگەن يېڭىلىقلارنى تەرىپلەپ سۆزلىدى.

**تەرىقە** ئى [ئە] يول، ئۇسۇل، تەرز؛ شەكىل.

**تەرىقەت** ئى [ئە] <دىن> ① ئومۇمەن سوپىلىق يولى. ② سوپىلىقنىڭ بىر تارماق باسقۇچى، مۇئەييەن بىر ئېقىمى. تەرىقەت يولىغا كىرگەنلەر بۇ دۇنيالىقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، زاھىد بولۇپ ھەممىدە خۇداغىلا ئىلتىجا قىلىش، كەمبەغەل ياشاش، باشقىلارنىڭ خەير - ئېھسانلىرى بىلەن پىقىرلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**تەرىقەتچى** ئى. تەرىقەت يولىدا ماڭىدىغان كىشى: ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا ئەرەب، ھىندى چۆچەكلىرىنى، بۇددا دىنى ۋە تەرىقەتچىلەرنى غەربكە تونۇشتۇرغان.

**تەرىقەتچىلىك** ئى. تەرىقەت يولىدا مېڭىش. ئىشانلىق، سوپىلىق.

**تەرىقىدە** تىر. يوسۇندا، ئۇسۇلدا، ھالەتتە، شەكىلدە: سۆھبەت شۇ تەرىقىدە يەنە 15 مىنۇتچە داۋام قىلدى.

**تەرىقىلىق** سۈپ. توغرۇلۇق، سەۋەبلىك؛ تۈپەيلىدىن.

**تەرياق** ئى. دىيال. زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

**تەز** سۈپ. دىيال. ئاددىي، ئادەتتىكىچە، چاغلىق، ئانچە ئەمەس.

**تەزدۈرمەك** «تەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەزدۈرۈلمەك** «تەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كۆلگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قۇش ئۇۋچىلار تەرىپىدىن تەزدۈرۈلدى.

**تەزكىرە** ئى [ئە] مەلۇم تارىخىي شارائىتتىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە مەلۇم جايدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە، ھادىسىلەر خاتىرىلەنگەن ئەسەر؛ يازما خاتىرە: ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە جايلار تەزكىرىسى جىددىي ئىشلەنمەكتە.

**تەزكىرىچى** ئى. تەزكىرە يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس، كىشى.

**تەزكىرىچىلىك** ئى. تەزكىرە يېزىش ئىشى، خىزمىتى.

**تەزكىرىشۇناس** ئى. تەزكىرىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**تەزكىرىشۇناسلىق** ئى. تەزكىرە يېزىشنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەلىرى، قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، تارىخىي ۋە ئىلمىي ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى بىر يۈرۈش نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدىغان پەن، ئىلىم.

**تەزمەك** پ. ئەسلىدىكى ماكانىنى تاشلاپ، باشقا جايلارغا تاراپ كەتمەك: مەدرىسەدىن تالىپلار، مەسچىتلەردىن نامازخانلار تەزدى.

**تەزىم** ئى [ئە] ① باشنى ئېگىپ، قولنى كۆكسىگە ئېلىپ بېرىلگەن سالام: تەزىم قىلماق. ② كۆچمە. يۈكسەك ھۆرمەت، مىننەتدارلىق، رازىمەنلىك: ئۇ كۈلدۇ، يىغلاشنىمۇ بىلدۇ، قۇللۇق ئەمەس ئادەملەرگە تەزىمى. جەننەت كەبى ياشايلى بىز دۇنيادا، پەقەت جەننەت پەرىشتىگە لازىمى.

**تەزىمگە بارماق** توي ئىشىدا قىز تەرەپ ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە رەھمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن نەرسە - كېرەك ئاپىرىش رەسمىيىتى.

**تەزىيە** ئى [ئە] بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم، سۈكۈتتە تۇرۇش؛ ماتەم: تەزىيە سۆزى. تەزىيە بىلدۈرمەك.

**تەزىيەنامە** ئى [ئە + پ] <ئەد> ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان خەت، ئەسەر.

**تەس** سۈپ. ئوڭاي ئەمەس، قىيىن، مۈشكۈل؛ جاپالىق: كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان، كېتىشى تەس (ماقال).

**تەسەددۇق** ئى [ئە] تەقدىم، قۇربان، پىدا، سەدىقە، ئاتاش: تەسەددۇق قىلماق. * يا ئاللا بېگىم! سىلى ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ تەسەددۇق دېسىلە.

**تەسەررۇپ** ئى [ئە] يېزىت. پايدىلىنىش، ئىشلىتىش: تەسەررۇپ قىلماق.

**تەسەللا** رەۋ [ئە] غەم تارتماي، ئىككىلەنمەي، قارىسىغىلا، تەۋەككۇل قىلىپ: ئەكبەر تەسەللاسىغىلا ئېتىۋىدى، ئوق جان كېسىپ تېگىپتۇ.

**تەسەللايى** رەۋ [ئە] مۇنداقلا بىر، قارىسىغىلا، تەۋەككۇل قىلىپ: تەسەللايى بېرىپ قويىدۇم، ئۇلار بار ئىكەن، ھەممىسى ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ كەتتى.

**تەسەللى** ئى [ئە] قاتتىق خاپىلىق، ئىچ پۇشۇقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش يۈزىسىدىن بىركىمگە ياكى ئۆز - ئۆزىگە بېرىلگەن مەسلىھەت، نەسىھەت؛ راي ئېيتىش: تەسەللى بەرمەك. تەسەللى ئېيتماق.

**تەسەۋۋۇپ** ئى [ئە] <دىن> ئىلاھ ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە، ئادەمنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقاد؛ مىستىكا.

**تەسەۋۋۇپچى** سۈپ. تەسەۋۋۇپقا ئىشىنىدىغان، تەسەۋۋۇپ يولى بىلەن ئىش تۇتىدىغان: بەزى تەسەۋۋۇپچى شائىرلار تاۋۇتنى «ياغاچ ئات» دېگەن كىنايە بىلەن ئىپادىلەپ، «ئېگەرسىز ياغاچ ئاتقا مىنەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن» دەپ يازغانىدى. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نەزىرىدىكى ماكان - زامان پانىي ۋە باقىيدىن ئىبارەت ھەر ئىككى دۇنياغا ئورتاق.

**تەسەۋۋۇپچىلىق** ئى. تەسەۋۋۇپ ئىشلىرى، تەسەۋۋۇپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش: بىز بىرلىكتە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇق، تاماق يېدۇق، پارىڭىمىز ئاساسەن شەرق تەسەۋۋۇپچىلىقى ھەققىدە بولدى.

**تەسەۋۋۇر** ئى [ئە] ① كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ چىقىش: تەسەۋۋۇر قىلماق. ② <ئەد> سەزگۈ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭىدىن ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى ئوبراز يارىتىشنىڭ پىسخولوگىيەلىك جەريانى. ③ <لوگ> ھېسسىي بىلىش باسقۇچىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە تەۋە بىلىش جەريانى. ئىدراك ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ، ئىدراكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بىلىش نەزەرىيەسىدە بەزىدە «ئوبراز» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**تەسەۋۋۇر قىلماق** ① كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك. ② نەرسە، ۋەقە - ھادىسە قاتارلىقلار ئۈستىدە تەھلىل، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ھەققىدە مەلۇم ھېس، چۈشەنچە ھاسىل قىلماق.

**تەسەۋۋۇرلاشماق** پ. تەسەۋۋۇر ھالىتىگە كەلمەك، تەسەۋۋۇرغا ئايلانماق، تەسەۋۋۇر قىلىنماق: شۇڭلاشقا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ تەقدىر دېگىنى ھازىرقى نەق رېئاللىقنىڭ

ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى داۋامىدۇر ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇرلاشقان ئىستىقبالدۇر.

**تەسەۋۋۇرلۇق** ئى. تەسەۋۋۇرغا ئىگە، تەسەۋۋۇرغا باي: ئىنسان ئەڭ باشتا تەبىئەتكە نىسبەتەن تەسەۋۋۇرلۇق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى سەزگەنىدى.

**تەسپاي** سۈپ، دىيال. سۆرەلمە، چاپلاشقاق.

**تەستەك** ئى [پ] ① قولنىڭ سالالىرى بىلەن ئالىقان قوشۇلغان قىسمى، شاپىلاق: تەستەك سالماق. ② كۆچمە. شاپىلاق بىلەن بېرىلگەن زەربە: تەستەك يېمەك. ③ كۆچمە. كاچات: ئۇ تەستىكىمگە بىرنى سالدى.

**تەستەكلەتمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەستەكلەشمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەستەكلەنمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەستەكلىمەك** پ. تەستەك بىلەن ئۇرماق، شاپىلاقلىماق: ئانا قىزىنى بەزىدە دۆشكەلەپ، تەستەكلەپمۇ تاشلايتتى.

**تەستىق** ئى [ئە] ① قارار قىلىپ قول قويۇش ياكى تامغا بېسىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىش: تەستىق سالماق. ② بىرەر نەرسىنىڭ توغرىلىقى، ھەقلىقى، راستلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىت، ئىسپات؛ ماقۇللۇق: تەستىق سۆزى. * رەھبەرلىكنىڭ تەستىقىنى ئالماي، بۇ ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ.

**تەستىقسىز** سۈپ تەستىق سېلىنمىغان، تەستىقلانمىغان ياكى تەستىقلاشقا تېگىشلىك بولمىغان، تەستىقلاشقا بولمايدىغان: خىزمەت مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن كەنتلەردە نامۇۋاپىق، تەستىقسىز پۇل چىقىم قىلىنىدىغان، مالىيە قائىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىلدى.

**تەستىقلاتماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەستىقلاشماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتراپتىكىلەرمۇ كۈلۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاشتى.

**تەستىقلانماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيلەنمىگەن يەردە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئىلتىماسىمىز تەڭلا تەستىقلىنىپ قالدى.

**تەستىقلىماق** پ ① قارار قىلىپ، قول قويۇپ ياكى تامغا بېسىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلماق؛ تەستىق سالماق: ئاپتونوم رايون بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، غايە، نىشان ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توغرا دەپ قارىماق، ماقۇللىماق: پادىشاھ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپتۇ. ③ توغرىلىقىنى دەلىللەپ بەرمەك، ئىسپاتلىماق: ئۇنىڭ كېيىم ـ كېچەكلىرى ھۆكۈمەت ئادىمى ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ تۇرۇپتۇ.

**تەستىقىي** سۈپ [ ئە ] تەستىقلانغان، توغرا دەپ قارالغان، توغرىلىقى ئىسپاتلانغان: تەستىقىي ئۇقۇم.

**تەسكەن** I ئى <بوت> بىر خىل چاتقال. ئادەتتە ئاق تەسكەن ۋە قارا تەسكەن دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئاساسەن تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**تەسكەن** II ئى. دىيال ① تىلغا چىقىدىغان بىر خىل ئۆسمە. ② يىڭناسقۇ.

**تەسكەي** ئى. كۈنگەي تەرەپكە قارىمۇقارشى بولغان، كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشمەيدىغان تەرەپ: تەسكەي ئۆسۈملۈكلىرى. // تەسكەي تەرەپ.

**تەسكىن** ئى [ئە] تىنچلاندۇرۇش، تەسەللى: تەسكىن بەرمەك. تەسكىن تاپماق. ②خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك، تىنچلىق، جىملىق (كۆڭۈل ھالىتى ھەققىدە).

**تەسكىنلىك** ئى. تەسەللى، ئەمىن: داستىخاندا ساپسېرىق نەشپۈت ۋە مايلىق توقاچلار بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئېچىرقاپ تۇرغان ئىشتىھالارغا تەسكىنلىك، ئۆمسە چىرايلارغا تەبەسسۇم يۈگۈردى.

**تەسلەشتۈرمەك** «تەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق قىلساق، ئىشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋالىمىز.

**تەسلەشتۈرۈشمەك** «تەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەسلەشتۈرۈلمەك** «تەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ئىش تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈلدى.

**تەسلەشمەك** پ. قىيىنلاشماق، مۈشكۈللەشمەك، تەسكە توختىماق: روتا كوماندىرى سېنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، مېنىڭ جاۋاب بەرمىكىم تەسلىشىپ قالىدۇ.

**تەسلىك** ئى. قىيىنلىق، مۈشكۈللۈك.

**تەسلىم** ئى [ئە] يېڭىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن توختاش، باش ئېگىش، بويسۇنۇش: تەسلىم بولماق. تەسلىم قىلماق.

**تەسلىمچى** ئى. غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ بويسۇنغۇچى: تەسلىمچى ئۇنسۇرلار.

**تەسلىمچىلىك** ئى <پەلس> غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىش، بويسۇنۇش؛ تەسلىم بولۇش سىياسىتى: ئۇ ئوڭچىل تەسلىمچىلىككە قارشى ئىدى.

**تەسلىمنامە** ئى [ئە + پ] مەغلۇپ بولغان تەرەپنىڭ غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ ، تەسلىم بولغانلىقىنى ئىزھارلاپ يازغان خېتى ، توختامى .

**تەسنىپ** ئى [ ئە ] يېزىت. يېزىش، تۈزۈش: تەسنىپ قىلماق.

**تەسنىپ قىلماق** يېزىت. يازماق، تۈزمەك: ئۇ ئەينى زاماندا دانىشمەنلىكتە شۆھرەت قازانغان، كۆپلىگەن ئىلمىي ـ نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان، دانىشمەنلىكىدىن «ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان كىشىدۇر.

**تەسۋى** ئى [ئە] خۇدانىڭ نامىنى زىكىر قىلىپ سانىلىدىغان مارجان تاش ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىدىن قىلىنغان تىزىقچە: تەسۋى تارتماق. تەسۋى سىيرىماق .

**تەسۋىر** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ يازما، ئويما، قۇيما ياكى سىزما شەكلى؛ رەسىم، سۈرەت: گىرافىك تەسۋىر. ② <ئەد> نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى: مەنزىرە تەسۋىرى. روھىي ھالەت تەسۋىرى.

**تەسۋىرچىلىك** ئى <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقىدا-

دىكى تەسۋىرنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل يېزىقچىلىق ئۇسۇلى.

**تەسۋىرلەتمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەسۋىرلەش** ئى <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەردە، ھېكايە قىلغۇچى تەرىپىدىن شەخس ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرلىرىنى مەلۇم ئىزچىللىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى.

**تەسۋىرلەشمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن مۇخبىرلار ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى تەسۋىرلىشىپ خەۋەر، ماقالىلەرنى يېزىشتى.

**تەسۋىرلەنمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەسۋىرلىمەك** پ. ئادەم، نەرسە، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق كۆرسەتمەك، بايان قىلماق، ھېكايە قىلماق: ئاپتور بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىدا دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلىگەن.

**تەسۋىرىي** سۈپ [ئە] تەسۋىر تۈسىنى ئالغان، بەدىئىي، تەسۋىر شەكلىدىكى: سىزاي لەيلى ئۈچۈن تەسۋىرىي سۈرەت، ئەگەر ئىلھام بەرسە قولۇمغا قۇۋۋەت.

**تەسۋىسمان** سۈپ. تەسۋىگە ئوخشاش، تەسۋى شەكىللىك؛ بوغۇم ـ بوغۇم: بۇيىنىڭ قاسراقسىمان مېۋىسى تەسۋىسمان بولىدۇ.

**تەسۋىقوناق** ئى [تەسۋى + قوناق] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دېنى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ كۆل رەڭ كېلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**تەسىر** ئى [ئە] ① تاشقى ئامىللارنىڭ كىشى ياكى نەرسە ھالىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى؛ تاشقى ئامىللارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە قالدۇرغان ئىنكاسى: قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپان ئاستانە ۋە قارىغوجىدىكى دېھقانلار لۈكچۈن ۋاڭىغا قارشى قوزغالدى. ② ئابرۇي، ئىناۋەت، ئەتىۋار، نوپۇز: نىياز داموللىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى.

**تەسىر قىلماق** تەسىر كۆرسەتمەك، تەسىر پەيدا قىلماق: كامالنىڭ سۆزلىرى باتۇرغا تەسىر قىلدى.

**تەسىرات** ئى [ئە] ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، ئالامىتى: ئۇ مەندە ناھايىتى ئوبدان تەسىرات قالدۇردى.

**تەسىرچان** سۈپ. تېز، نەتىجىلىك تەسىر بېرىدىغان؛ تېز تەسىرلىنىدىغان؛ تەسىرلىك.

**تەسىرچانلىق** ئى. تېز تەسىر قىلىش، تەسىرلىكلىك.

**تەسىرسىز** سۈپ. تەسىرى يوق، تەسىر كۆرسەتمىگەن، تەسىر قىلمىغان؛ تەسىرلەنمەيدىغان، تەسىر كۈچى يوق.

**تەسىرسىزلىك** ئى. تەسىرى ياكى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يوقلۇق، مەنىسىزلىك.

**تەسىرلەشمەك** پ. ئۆزئارا تەسىر قىلىشماق، بىر ـ بىرىگە تەسىر پەيدا قىلىشماق، بىر ـ بىرىگە تەسىرىنى ئۆتكۈزمەك: بىز تارىختىن بېرى كۆپ تەرەپلىمە كۆچ بىلەن تەسىرلەشكەن مۇرەككەپ ھالەتلەردە ياشاپ كەلدۇق.

**تەسىرلەندۈرگۈچ** سۈپ. تەسىرلەندۈرىدىغان، تەسىرلەن-دۈرۈش كۈچىگە ئىگە، تەسىرلىك: تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچ.

**تەسىرلەندۈرمەك** «تەسىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىلدىكى تېخنىكا يېڭىلاش روھى ئۇنى تەسىرلەندۈردى.

**تەسىرلەندۈرۈلمەك** «تەسىرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەسىرلەنمەك** پ ① تەسىراتقا ئىگە بولماق، تەسىر ئالماق: ئۇلار مىرغەزەپنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەندى. ② ھاياجانلانماق: بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ سۆزلىرىدىن باسىت قاتتىق تەسىرلەندى.

**تەسىرلىك** سۈپ ① تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، نەتىجىلىك، پايدىلىق: ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. ② كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىدە كۈچلۈك تەسىرات قوزغايدىغان: لۇتپۇللانىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى دوستلىرىنىڭ قەلبىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

**تەسىرلىنىشمەك** «تەسىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەسىس** ئى [ئە] بەرپا، تەشكىل: تەسىس قىلماق. * ئۈچتۇرپاندا تۇنجى پەننىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى مەن.

**تەسىس قىلماق** تەشكىل قىلماق، بەرپا قىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچتۇرپاندا تۇنجى پەننىي مەكتەپنى تەسىس قىلدى.

**تەشەببۇس** ئى [ئە] بىرەر ئىشقا باشلاش؛ دالالەت، ئۈندەش، دەۋەت: تەشەببۇس قىلماق.

**تەشەببۇسچان** سۈپ ← **تەشەببۇسكار**: تەشەببۇسچان ئادەم. تەشەببۇسچان كادىر.

**تەشەببۇسچانلىق** ئى ← **تەشەببۇسكارلىق**.

**تەشەببۇسچى** ئى. تەشەببۇس قىلغۇچى، تەشەببۇسكار: تەشەببۇسچى ئوقۇغۇچى. * مۇرات «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قۇراشتۇرىمىز» دېگۈچىلەرنىڭ باش تەشەببۇسچىسى ئىدى.

**تەشەببۇسچىلىق** ئى. تەشەببۇس قىلىش ئىشى، تەشەببۇسكارلىق.

**تەشەببۇسكار** سۈپ [ئە + پ] بىرەر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى، تەشەببۇس قىلغۇچى: ئۇ دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشتە تەشەببۇسكار بولدى.

**تەشەببۇسكارلىق** ئى. تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەشەببۇسكار بولۇش: ئادىل تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بەرمىدى.

**تەشەببۇسلۇق** سۈپ. تەشەببۇس رولىنى ئوينايدىغان، تەشەببۇس قىلىدىغان.

**تەشەببۇسنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت، كۈرەش قاتارلىقلارغا ئۈندەپ، دالالەت قىلىپ يېزىلغان خەت: تەشەببۇسنامە ئەۋەتمەك.

**تەشەككۈر** ئى [ئە] مىننەتدارلىق، رەھمەت، مەمنۇنىيەت: تەشەككۈر بىلدۈرمەك. تەشەككۈر ئېيتماق.

**تەشەككۈرنامە** ئى [ئە + پ] بىراۋ ياكى بىرەر كوللېكتىپنىڭ قىلغان ياخشى خىزمەتلىرىنى تەبرىكلەپ بېرىلگەن يازما تەشەككۈر، تەقدىرنامە.

**تەشتەك** ئى. گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىرلىق ياكى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان، تېگىدە نەم ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى بار ساپال قاچا.

**تەشتەكلىك** سۈپ. تەشتىكى بار، تەشتىكى بولغان، تەشتەك

ئىچىگە ئۆستۈرۈلگەن: تەشتەكلىك گۈل دېھقانلارنى بېيىتتى.

**تەشتۈرمەك** «تەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆشۈك تەشتۈرمەك.

**تەشرىپ** ئى [ئە] ① ئۇلۇغلاش، ھۆرمەت قىلىش، ئالدىغا بېرىش. ② «قەدەم» سۆزى بىلەن كېلىپ «بارماق، كەلمەك، قاتناشماق، داخىل بولماق» مەنىلەردە تەكەللۇپنى بىلدۈرىدۇ: قېنى، ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقايلا.

**تەشرىپ قىلماق** بارماق، كەلمەك، كىرمەك، قاتناشماق، داخىل بولماق: قېنى ئارامگاھىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا. * قېنى ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ.

**تەشكۈت** ئى. دىيال. لاپقۇت، ھەمكارلىق، يەنى ئېتىز ئەمگىكىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىق.

**تەشكۈتلەشمەك** پ. دىيال. ھەمكارلاشماق: دېھقانلار يەرلىرىنى تەشكۈتلىشىپ تېرىيدۇ.

**تەشرىپدار** ئى [ ئە + پ ] تارىس. ھۆرمەتلىنىشكە ئەرزىگۈچى، ئۇلۇغلىنىشقا، قول بېرىشكە ئەرزىگۈچى، ھۆرمەتكە، شەرەپكە مۇيەسسەر بولغۇچى: ئوردا ئىمتىھاننى پادىشاھ شەخسەن ئۆزى ئالاتتى، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنى ئەلا، ياخشى ۋە لاياقەتلىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلەتتى، بۇلار تەشرىپدارلار دەپ ئاتىلاتتى.

**تەشكىل** ئى [ئە] ئۇيۇشۇش؛ ئورگان، تەشكىلات: پارتىيە تەشكىلى. تەشكىل بولماق. تەشكىل قىلماق.

**تەشكىلات** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي ئىگىلىك بىرلەشمىسى ياكى دۆلەت مۇئەسسەسەسى: ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بۇنىڭغا ئاربىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ② بىرەر مەقسەت ــ مۇددىئا ۋە ياكى بىرەر مەسلەك يولىدا ئۇيۇشقان بىرلىك، بىرلەشمە: ساۋۇتجان بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق سىلىگى بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

**تەشكىلاتچى** ئى. بىرەر تەشكىلاتنى قۇرغۇچى، بىرەر ئىش ــ ھەرىكەتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغۇچى.

**تەشكىلاتچىلىق** ئى. بىرەر ئىشنى تەشكىللەش ياكى بىرەر تەشكىلاتنى قۇرۇش ئىشى، ھەرىكىتى: ئۇلار بۇ ھەرىكەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

**تەشكىلچان** سۈپ. تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشى كۈچلۈك، تەشكىلگە تولۇق بويسۇنىدىغان: تەشكىلچان بالا.

**تەشكىلچانلىق** ئى. تەشكىلچان بولۇش.

**تەشكىلسىز** سۈپ ① تەشكىللەنمىگەن، چۇۋالچاق، تەشكىلى يوق: تەشكىلسىز قوشۇن. ② تەشكىلگە بويسۇنمايدىغان، ئىنتىزامسىز: تەشكىلسىز ئادەم.

**تەشكىلسىزلىك** ئى. تەشكىلسىز ھالەت.

**تەشكىللەتمەك** «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەشكىللەشمەك** «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەشكىللەنمەك** ① «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياش يىگىتلەر ئويغىنىپ، تەشكىللىنىدى سەپ تۈزۈپ. كۆتۈرۈشكە قوزغىلاڭ، ياۋغا قارشى يەڭ تۈرۈپ. ② «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زاۋۇت پارتىيە كومىتېتىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇراشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

**تەشكىللىك** سۈپ. تەشكىلى بار، چۇۋالچاق ئەمەس، تەشكىللەنگەن: شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەشكىللىك، پىلانلىق ئىدى.

**تەشكىللىمەك** پ ① تەشكىلى بار، ئۇيۇشقان، ئۆملەشكەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: يەر تېرىساق چالمىنى، ئەر ۋە ئايال چوقۇيدۇ. تەشكىللىسەك ئاممىنى، ئىشلەپ ناخشا ئوقۇيدۇ. ② قۇرماق، بارلىققا كەلتۈرمەك: رەھبەرلىك بۇ ئەترەتنى ئايرىپ باغۇەنچىلىك مەيدانى قىلىپ تەشكىللىدى.

**تەشكىلىي** سۈپ [ئە] تەشكىلگە ئائىت؛ تەشكىللەش، تۈزۈلۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان: ئىدارىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇلمەن.

**تەشمە** ① سۈپ. تۆشۈك ئاچىدىغان، تېشىدىغان: تەشمە ئىستانوك. ② ئى. تۆشۈك، كامار: زەرىبدارلار تەشمىنى تېشىپ ئۆتتى.

**تەشمەك** [ پ ] تۆشۈك ئاچماق، تۆشۈك ھاسىل قىلماق: تامچە سۇ تاشنى تېشەر (ماقال).

**تەشمەك** II ئى. دىيال. جالاپ، بۇزۇق ئايال.

**تەشنا** سۈپ [پ] ① سۇسىرىغان، چاڭقىغان؛ سۇغا زار: بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا (ماقال). ② كۆچمە. موھتاج، ئىنتىزار: تەشنا بولماق.

**تەشنا بولماق** ئىنتىزار بولماق، ئادەتتىن تاشقىرى ئارزۇ قىلماق. مەن ئوغلۇمنى كۆرۈشكە تەشنا بولدۇم. * بىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ھەققىدە ئىشلەنگەن كىنونى كۆرۈشكە تەشنا بولدۇق.

**تەشنالىق** ئى ① ئۇسسۇزلۇق، چاڭقاقلىق: تەر بىلەن كەلگەن تەشنالىقنا داۋا (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىگە موھتاجلىق، ئىنتىزارلىق: ئۇ قولۇمدىكى نانغا تەشنالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

**تەشۋىش** ئى [ئە] قايغۇ، غەم ــ ئەندىشە، ئارامسىزلىق: تەشۋىش قىلماق. تەشۋىشتە ئولتۇرماق.

**تەشۋىشسىز** سۈپ. تەشۋىشى يوق، خاتىرجەم، تىنچ: ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. تىكەندەك يالغۇز قالغان بوۋاي كۈنلەرنى ئۆز غەمخانىسىدە تىنچ ۋە تەشۋىشسىز ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**تەشۋىشلەندۈرمەك** «تەشۋىشلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ۋەقە ھەممىنى خۇشاللاندۇردى ۋە تەشۋىشلەندۈردى.

**تەشۋىشلەندۈرۈلمەك** «تەشۋىشلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەشۋىشلەنمەك** پ. قايغۇرماق، خەۋپسىرىمەك، چۆچۈمەك، قورقماق، ئەندىشە قىلماق؛ ئەنسىرىمەك.

**تەشۋىشلىك** سۈپ. تەشۋىشى بار، خاتىرجەم ئەمەس، تەشۋىشكە تولغان: كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش لازىمكى، ئىنساپەرۋەرلىك ـــ زىددىيەتلىك ۋە تەشۋىشلىك مۇھىتتا گەۋدىلىنىدۇ.* ئۇنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك ۋە قانسىز، كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكەرگەنىدى.

**تەشۋىق** ئى [ئە] بىرەر ئىشقا سەپەرۋەر قىلىش ياكى بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت؛ تەشۋىقات: تەشۋىق قىلماق.

**تەشۋىق قىلماق** تەشۋىق ئېلىپ بارماق، تەشۋىقات يۈرگۈزمەك: پىيونېرلار كوچىلارغا چىقىپ، قاتناش قائىدىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

**تەشۋىقات** ئى [ئە] تەشۋىق ــ تەرغىب پائالىيىتى: تەشۋىقات بۆلۈمى.

**تەشۋىقاتچى** ئى. تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچى كىشى.

**تەشۋىقاتچىلىق** ئى. تەشۋىق قىلىش، تەشۋىقات ئېلىپ

بېرىش ئىشلىرى.

**تەشۋىق ـ تەربىيە** تەشۋىق ھەم تەربىيە: ناھىيەلىك پارتكوم ئىشنى تەشۋىق ـ تەربىيەدىن باشلىدى.

**تەشۋىق ـ تەرغىب** تەشۋىق ۋە تەرغىب: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەشۋىق ـ تەرغىب ئىشلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش لازىم.

**تەشۋىقىي** سۈپ [ئە] تەشۋىقاتقا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە ئائىت: تەشۋىقىي ماتېرىياللار.

**تەقەززا** ئى [ئە] ① بىرەر ۋەزىيەت ياكى ھالەتتىن كېلىپ چىققان تەلەپ، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت: رەھبەرلىك قاتلىمىنى تەڭشەش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. ② تەشنا، ئىنتىزار: تەقەززا بولماق.

**تەقەززالانماق** پ. تەقەززا بولماق. كىشىلەر مەخەتنى كۆرۈشكە تەقەززالىنىپ، سەپنىڭ ئالدىنى تالىشاتتى.

**تەقەززالىق** ئى. تەقەززا بولۇش، تەقەززا بولغان ھالەت: ئانا تېما بىر مىللەت ياكى بىر دەۋر ئۆچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەقەززالىقتۇر.

**تەقدىر** I ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان، پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك؛ قىسمەت: تەقدىرگە تەن بەرمەك. ② كېلەچەك، ئاقىۋەت، ئىستىقبال: بۇ يىغىن لەڭگەر خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي يىغىن.

**تەقدىر** II ئى [ئە] ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپات: تەقدىرگە ئېرىشمەك.

**تەقدىرەن** رەۋ [ئە] تەقدىرگە ئاساسلانغاندا، تەقدىرگە ئاساسەن، تەقدىر نۇقتىسىدىن ئويلىغاندا، تەقدىر نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلاشقاندا: شۇڭا، بۇ تەقدىرەن سىرنى بىلىشتە يېڭى كالېندار ۋە سائەت قۇرۇلمىسى بويىچە تەقەسلاپ كۆرەيلى.

**تەقدىر ـ تەنقىد** تەقدىر ھەم تەنقىد: خاپا بولماڭ، تەقدىر ـ تەنقىدنىڭ كۆتكىنى بىر.

**تەقدىرچىلىك** ئى <پەلس> تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە تەن بېرىشنى، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىرخىل قاراش.

**تەقدىرداش** سۈپ. تەقدىرى بىر، تەقدىرى ئوخشاش.

**تەقدىرداشلىق** ئى. تەقدىرى ئوخشاشلىق، بىردەكلىك: تەقدىرداشلىق بىزنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى.

**تەقدىردە** تىر. « ـ غان، ـقان، ـگەن، ـ كەن » بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلاردىن كېيىن كېلىپ، « شۇنداق ھالەتتە، شۇنداق بولغان ئەھۋالدا » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قانۇن تۈزۈپ چىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى بولمايدۇ.

**تەقدىرلەتمەك** «تەقدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەقدىرلەشمەك** «تەقدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەقدىرلەنمەك** «تەقدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لۇتپۇللا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەندى.

**تەقدىرلىمەك** پ. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىماق: مۇخپۇل تاغام مېنى كەنتتە تەقدىرلىدى، يەنە تەقدىرنامە بەردى.

**تەقدىرنامە** ئى [ئە + پ] ئالاھىدە ياخشى نەتىجە ياراتقانلارنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكى ھەققىدە بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى.

**تەقدىر ـ ئىرادە** تەقدىر ھەم ئىرادە: تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن بىز ئەنجانغا چىقىپ كەتكىلى ئىككى يىل بولغان.

**تەقدىم** ئى [ئە] بېرىش، ئىنئام؛ ھەدىيە: تەقدىم قىلماق.

**تەقدىم قىلماق** ھۆرمەت بىلەن بەرمەك، ھەدىيە قىلماق: ئۇلار ماللىرىنى بىزگە تەقدىم قىلدى.

**تەقرىبىي** سۈپ [ئە] يېزت. بەكمۇ ئېنىق ئەمەس، لېكىن ھەقىقىي قىممەتكە يېقىن: تەقرىبىي سان. تەقرىبىي قىممەت.

**تەقرىز** ئى [ئە] <ئەد> بىرەر كىتاب ياكى ماقالە ھەققىدە يېزىلغان ئوبزور ۋە ياكى كىتاب تونۇشتۇرۇلغان ماقالە.

**تەقرىزچى** ئى. تەقرىز يازىدىغان كىشى؛ تەقرىز ئاپتورى.

**تەقرىزچىلىك** ئى. تەقرىز يېزىش ئىشى؛ تەقرىز يېزىش كەسپى.

**تەقسىر** ئى [ئە] « جانابلىرى، ئۆزلىرى، ئەپەندىم» قاتارلىق مەنىلەردىكى ھۆرمەت سۆزى: بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار، تەقسىر!

**تەقسىم** ئى [ئە] تېگىشلىكى بويىچە بۆلۈش، ئايرىش: تەقسىم قىلماق. تەقسىم بولماق.

**تەقسىمات** ئى [ئە] ئۆز ئۈلۈشىنى، تېگىشلىكىنى ئاجرىتىپ بېرىش، تەقسىم قىلىش؛ بۆلۈش: ئىش تەقسىماتى. دارامەت تەقسىماتى.

**تەقسىماتچىلىق** ئى. تەقسىملەش، تەقسىم قىلىش: تەڭ تەقسىماتچىلىق.

**تەقسىملەتمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەقسىملىتىپ بەرمەك.

**تەقسىملەشمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەقسىملەنمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، ساقچىخانىغا خىزمەتكە تەقسىملەندى.

**تەقسىملىمەك** پ ① تېگىشلىك بولغان ئۈلۈشىنى ئاجرىتىپ بەرمەك؛ ئۈلەشتۈرمەك، بۆلمەك: دارامەت تەقسىملىمەك. ② بىرەر ۋەزىپىگە، ئىشقا تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك: ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملىمەك.

**تەققاس** ئى [ئە] ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش: تەققاس قىلماق.

**تەققاس قىلماق** ← **تەققاسلىماق.**

**تەققاسلانماق** «تەققاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: روشەنكى، ئېكران تاماشىبىنلاردىكى تەققاسلانغان سۈبيېكتىپ كەچۈرمىشلەردىن مۇستەسنا ھالدا بىر پۈتۈن ئۇقۇم بولالمايدۇ.

**تەققاسلىماق** پ. ئۆزئارا سېلىشتۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك: ئادەمنىڭ مۇكەممەللىك ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە تەققاسلاشقا بولىدۇ.

**تەقلىد** ئى [ئە] ① باشقىلارغا ئەگىشىش، ئوخشىتىش، دوراش، ئوخشاتما: تەقلىد قىلماق. ② <تىل> ئۇيغۇر تىلى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، يەنى كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئىمىر ـ چىمىر، جىغ ـ جىغ، پىچىر ـ پىچىر دېگەنگە ئوخشاشلار. ③ <ئەد> ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن ئادەم ۋە جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى، ھالىتىنى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەقلىد قىلماق** ئىش ـ ھەرىكەتتە، مېڭىش ـ تۇرۇشتا، ئىجاد قىلىشتا باشقىلارغا ئەگەشمەك، ئوخشاتماق، دورىماق.

**تەقلىدتە** تىر. شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتە، خىلدا، پېتى؛ شەكىلدە: بەختىگۈل تېخىچە شۇ تەقلىدتە تۇراتتى.

**تەقلىدچى** ئى. باشقىلارغا تەقلىد قىلغۇچى، تەقلىد قىلىپ

ماڭغۇچى؛ ئوخشاتقۇچى، دورىغۇچى.

**تەقلىدچىلىك** ئى. باشقىلارغا تەقلىد قىلىش؛ تەقلىدىي يول؛ دورامچىلىق: تەقلىدچىلىك ــ ئىجادىيەتنىڭ ۋەرۇسى.

**تەقلىدىي** سۈپ [ئە] تەقلىد قىلىنغان، تەقلىد نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن: تەقلىدىي ئەسەر. تەقلىدىي شېئىر.

**تەقلىدىيەت** ئى [ ئە ] ① تەقلىدلەر. ② تەقلىد قىلىنغان ئىشلار، تەقلىد قىلىنغان نەرسىلەر.

**تەقلىدىيەتلىك** سۈپ. تەقلىد قىلىنىش ئاساسىدىكى، تەقلىد ئاساسىدىكى، تەقلىد قىلىنغان، تەقلىدىي: «پۈت» ئادەمنىڭ «مېڭىش» ئېھتىياجى بىلەن تۇغما مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «چاق» ئۇنىڭ تەقلىدىيەتلىك تۈرلىنىشىدۇر.

**تەقۋا** ئى [ ئە ] <دىن> يېز ت. ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇتۇپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش: ئەھلى تەقۋا. // تەقۋا ئايال.

**تەقۋادار** سۈپ [ئە + پ] <دىن> يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، پەرھىزكار، خۇداگۇي، دىندار: ئۇنىڭ خوتۇنى تولىمۇ تەقۋادار، خۇداگۇي مەزلۇمە.

**تەقۋادارلىق** ئى. تەقۋادار بولۇش، خۇداگۇيلۇق، پەرھىزكارلىق.

**تەقۋالىق** ئى. يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش: ئۇنىڭ تەقۋالىقى يۇرت خەلقىنى قايىل قىلغانىدى. * ئەڭ ياخشى ئەقىدە تەقۋالىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

**تەقۋىم** ئى [ ئە ] يېزت. ۋاقىت ـ چاغنى بىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن نەرسە، يىلنامە، كالېندار: بۇ كونا ۋە يېڭى تەقۋىم ھېسا- بىدىكى ئاي ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى.

**تەقى** ئى. دىيال. ئالىي سۈپەتلىك قەدىمكى بۆك: تەقىدە ياماق بولماس، ياخشىدا دىماق (ماقال). * تاز باشقا يېشىل تەقى (ماقال).

**تەقىب** ئى [ئە] ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا ھەر خىل يول بىلەن قىلىنغان توسقۇنلۇق، نازارەت: تەقىب قىلماق.

**تەقىبلەشمەك** «تەقىبلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەقىبلەنمەك** «تەقىبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەتتا كىشىلەر ئۇزاقتىن بېرى تەقىبلەنگەن بۇ تەبىئەتنى ئۆزئارا تەڭكەش قىلىۋاتقاندا، تۆت ئەتراپقا تەشۈش ئارىلاش قاراپمۇ يۈرمەيدۇ، بەلكى لەززەت ھېس قىلىدۇ.

**تەقىبلىمەك** پ. سەزدۈرمەي كۆزەتمەك، نازارەت قىلماق، تەقىب ئاستىغا ئالماق: تەقىب قىلماق.

**تەقى ـ تۇرقى** قەددى ـ قامىتى، رەڭگى ـ تەلەتى: ئۇ تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن يىگىت ئىدى.

**تەقىيە** ئى [ئە] تۆپە قىسمى سىدام، جىيەكى كالۋۇتۇندىن تىكىلگەن باش كىيىم؛ بۆك: تاز باشقا يېشىل تەقىيە (ماقال).

**تەك** ئى I ئۇزۇم ئۆسۈملۈكى، تېلى؛ بارىڭى.

**تەك** II ئى. دىيال. ئىستىقامەت.

**تەكە** ئى. دىيال. بالدۇر پىشىدىغان شاپتۇل.

**تەكەببۇر** سۈپ [ئە] ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىبىرلىك: بۇ قەدەر تەكەببۇر ئايالنى كۆرۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

**تەكەببۇرانە** رەۋ [ئە + پ] تەكەببۇرلۇق بىلەن، كىبىر بىلەن: ئارزۇگۇل مۇشۇلارنى ئويلاپ تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**تەكەببۇرلاشتۇرماق** «تەكەببۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ- رىي دەرىجىسى: كىچىككىنە ئەمەل ئۇنى بەكمۇ تەكەببۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

**تەكەببۇرلاشماق** پ. كىبىر پەيدا بولماق، ھاكاۋۇرلاشماق: ئەختەم خېلى تەكەببۇرلىشىپ قالغانىدى.

**تەكەببۇرلۇق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاكاۋۇرلۇق.

**تەكەخان** ئى [ تەركەن + خان ] دىيال <زوئول> پىلە قۇرتى.

**تەكەلدۈرۈك** ئى. ئودا.

**تەكەللۇپ** ئى [ئە] كىشىلەرگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە: تەكەللۇپ قىلماق. * ئۇلار قازىنى تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى.

**تەكەللۇپچان** سۈپ. تەكەللۇپچى.

**تەكەللۇپچى** سۈپ. تەكەللۇپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: شەمشىقارىي بەكمۇ تەكەللۇپچى، خۇشخۇي ئادەم ئىدى.

**تەكەللۇپسىز** سۈپ. تەكەللۇپ خاراكتېرىنى ئالمىغان: تەكەل- لۇپسىز گەپ.// ۋايىت ئەپەندى ئۆيگە تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كەلدى.

**تەكەللۇپلۇق** سۈپ. تەكەللۇپ خاراكتېرىنى ئالغان: مەن سىزنىڭ بۇنداق تەكەللۇپلۇق سۆزلەرنى قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن.

**تەكەللۇم** ئى [ئە ] يېزت. سۆھبەت، گەپ ـ سۆز: تۇردۇ تۇرقۇنىڭ غەزەلدەك كۆزۈكۆڭلۈك ئالدىدا، مەن تېخى لال سەن كەبى شېرىن تەكەللۇم ئالدىدا.

**تەكبىر** ئى [ئە ] <دىن> ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ- دۇر) دېگەن ئىبارىنى ئېيتىش: تەكبىر ئېيتماق.

**تەكىت (تەكتى)** ئى ① بىر نەرسىنىڭ ئاستى قىسمى، ئۈلى: يەرنىڭ تەكتى. ② كۆچمە. ئەسلىسى، كېلىش مەنبەسى، كېلىپ چىقىشى، تېگى: بۇ قىزنىڭ تەكتىنى بىلەمسىز؟ ③ كۆچمە. مەزمۇنى، ماھىيىتى، سىرى: ئۇنىڭ گېپىنىڭ تەكتىگە يەتكەن ھاجى ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتتى.

**تەكچە** ئى [پ ] ئۆي ۋە ھويلا تاملىرىغا چىقىرىلغان قىرماق، ئويۇق.

**تەكرار** [ئە] ① رەۋ. ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم؛ ياندۇر- مىلاپ، قايتا ـ قايتا: سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ، تەكرار سۆزلىمە (ماقال). ② ئى. ئۆگەنگەننى پۇختىلاش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قايتا ئۆگىنىش، مۇزاكىرە: بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ كەچلىك تەكرارغا چىقماي ياتاقتا ئولتۇرغاندا، ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

**تەكرارەن** رەۋ [ ئە ] ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم؛ يەنە، باشقىدىن، قايتىدىن: تەكرارەن ئېيتىلغان سۆز.

**تەكرار ـ تەكرار** قايتا ـ قايتا، يەنە ـ يەنە، توختىماي: ئۆتمۈشتىن توغرا خۇلاسە چىقارمىغان مىللەت تارىختىكى خاتالىقنى تەكرار ئۆتكۈزىدۇ ۋە تەكرار ـ تەكرار پۇشايمان قىلىدۇ.

**تەكرارلاتماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: دەرس تەكرارلاتماق.

**تەكرارلاشماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەكرارلانماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەكرارلىماق** پ ① ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم تەكرار قىلماق؛ قايتىلىماق، ياندۇرمىلىماق: گەپنى تەكرارلىماق. ② ئۆگەنگەننى قايتا پىششىقلىماق، مۇزاكىرە قىلماق: بىز بۈگۈن سىنىپتا تارىخ دەرسىنى تەكرارلىۋالدۇق.

**تەكشۈرتمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەكشۈرگۈچى** ئى. تەكشۈرۈش ئىشىنى بېجىرىدىغان، تەكشۈرىدىغان خادىم، كىشى: ئەتە ئىدارىمىزگە تەكشۈرگۈچىلەر كېلىد-

دىكەن.

**تەكشۈرمەك** پ ① كۆزدىن كەچۈرمەك، ئېنىقلىماق، بىلمەك: ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۈچ ئائىلىسىنى تەكشۈردى. ② تەتقىق قىلماق: تىل تەكشۈرمەك. ③ نازارەت، تەپتىش قىلماق: مال باھاسىنى تەكشۈرمەك. ④ سەۋەنلىكلىرىنى تونۇماق، تاپشۇرماق: ئۆزىنى تەكشۈرمەك.

**تەكشۈرۈلمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەكشى** ① سۈپ. ئۈستى، يۈزى ئېگىز ـ پەس ئەمەس، تۈز: تاغنىڭ ئۈستى تەكشى كەتكەن ئوتلاق ئىدى. ② رەۋ. ئالا قويماي، بىر خىل؛ ئوخشاش ھالەتتە: ئېلېكتىر چىرىغى ھەممە كىشىلەرنىڭ چىرايىنى تەكشى يورۇتۇپ، گويا كۈندۈزنى ئەسلەتتى. ③ رەۋ. ئوخشاش، تەڭمۇتەڭ: ھويلىدىكى ئالمىنىڭ شاخلىرى تەكشى قىرقىلغان، پۈتۈن ھويلا پاكىز، ئىپتىنچ ئىدى.

**تەكشىسىز** سۈپ. تەكشى ئەمەس، ئېگىز ـ پەس ياكى ئوي ـ دوڭغۇل، تەكشىلەنمىگەن: سۆيگۈنۈم ئاچقاندا يۈز نۇرى جامالى تەپتىدىن، تەكشىسىز يەردە سىمابتەك بىتىنىم لەرزانىمەن.

**تەكشىسىزلىك** ئى. تەكشى ئەمەس ھالەت.

**تەكشىلەتمەك** «تەكشىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزلارنى تەكشىلەتمەك.

**تەكشىلەشمەك** «تەكشىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەكشىلەنمەك** «تەكشىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەكشىلىك** ئى. باراۋەر، تەكشى ھالەت: تەكشىلىكنى ساقلىماق.

**تەكشىلىمەك** پ. تەكشى ھالەتكە كەلتۈرمەك، تەكشى قىلىپ ياسىماق: ئېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى تەكشىلىمەك.

**تەكلىپ** ئى [ئە] ① پىكىر، مەسلىھەت: تەكلىپ بەرمەك. ② بىرىكىمنى ياكى كوللېكتىپنى چاقىرىش ھەققىدىكى ئىلتىماس، چاقىرىق، دالالەت: تويغا تەكلىپ قىلماق.

**تەكلىپلىك** سۈپ. تەكلىپكە ئاساسەن ئىشلىگەن (يەنى قەلەم تەۋرەتكەن). تەكلىپ قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان: بۇ خەۋەرنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى ئامىنە ئىدى. * «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىللىق تەكلىپلىك مۇخبىرلار يىغىنى مايتاغدا ئېچىلدى. * ئامىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قەلەم تەۋرەتكۈچى تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز سىدىق قاۋۇز.

**تەكلىپنامە** ئى [ئە + پ] يىغىن، توي، چاي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا تەكلىپ قىلىپ يېزىلغان خەت؛ چاقىرىق قەغىزى، باغاق: تەكلىپنامە يازماق. تەكلىپنامە ئەۋەتمەك.

**تەكلىك** ئى. تەك ئۆستۈرۈلگەن، تەك كۆپ جاي؛ ئۈزۈملۈك.

**تەكلىمەك** پ. دىيال. سەكرىمەك.

**تەكىت** ئى [ئە] ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئېيتىش، قايتىلاپ، جېكىلەپ ئېيتىش.

**تەكىتلەتمەك** «تەكىتلىمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەكىتلەشمەك** «تەكىتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتى.

**تەكىتلەنمەك** «تەكىتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئىشتا ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

**تەكىتلىمەك** پ. مۇھىم نۇقتىسىنى ئالاھىدە كۆرسەتمەك؛ ئالاھىدە تاپىلاپ ئەسكەرتمەك.

**تەكىيە** ئى [ ئە ] ئىچىگە توزغاق قاتارلىق يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ تەييارلانغان، تۇلۇق شەكىللىك ياستۇق.

**تەكىيەخانا** ئى [ ئە + پ ] <دىن> دەرۋىشلەر تۇرىدىغان ئورۇن: ئۇ بۇددالا سارىيىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تەكىيەخانىغا چۈشكۈن قىلدى.

**تەكىيىسىمان** سۈپ. تەكىيە شەكلىدىكى، تەكىيىگە ئوخشاش: تەكىيىسىمان تۈزۈلمە.

**تەكىيلىك** سۈپ. تەكىيە ئۈچۈن تەييارلانغان، تەكىيىگە باب كېلىدىغان: تەكىيلىك رەخت. بىر تەكىيلىك توزغاق.

**تەگ** I ئى [پ] ① نەرسىنىڭ ئاستى؛ نەرسە ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جاي: باراڭ تېگىدىكى سۇپىغا گۈل بېسىلغان يېڭى كىگىز سېلىنغانىدى. ② نەرسىنىڭ ئەڭ پەستىكى قىسمى، تۇۋى: رەسىمنىڭ تېگىگە: «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز يېزىلغانىدى. ③ نەرسىلەرنىڭ ئىچكى پەس قىسمى، ئارىسى، ئىچى: سامانىنىڭ تېگىدە نېمە قىلىۋاتىسىلەر، قاراڭلار سىلەرنى، ئويۇن تېپىلمىغاندەك قىلىپ يۈرگەن ئىشكلارنى. ④ قازان ۋە قاچا ـ قومۇچتىكى ئاش قاتارلىقلارنىڭ ئاستى قىسمى: ئاشنىڭ تېگى كۆيدى. ⑤ رەخت قاتارلىقلارنىڭ گۈل بېسىلىشتىن بۇرۇنقى پېتى، ئەسلىي ھالىتى: ۋۇۋسكىلارنىڭ تېگى سېرىق، خېتى يېشىل ئىدى. ⑥ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز قاتارلىقلارنىڭ نېگىزى، يوشۇرۇن مەنىسى، ماھىيەت: گەپىنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار (ماقال). ⑦ بىرىكىمنىڭ ئەسلىسى، زاتى، كېلىپ چىقىشى: تېگى پەس. ⑧ ئاساس، ئۇل: تېگى يوق خىيال. تېگى بوش.

**تەگكۈزمەك** «تەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنىڭ پېشانىسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ، چۆچۈپ كەتتى.

**تەگسىز** ① سۈپ. تېگى يوق، ئىنتايىن چوڭقۇر، تىرەن: ئۇلار ئىككىسى سۆزلەشتىن توختاپ، تەگسىز خىياللار ئىچىدە ئۈنسىز كېتىپ باراتتى. ②تېگى يوق، چەكسىز: تەگسىز ئازاب ئارىلاشقان خىيال ئىچىدە ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ ساقاللىرىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى.

**تەگشا بولماق** دىيال. بىرەر كىشىدىن خاپا بولماق.

**تەگكۈزۈلمەك** « تەگكۈزمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەگلىك** ① سۈپ. تېگى بار، تەگ ئورنىتىلغان: كىمە ئەترىتى ئون ئۈچ تەكشى تەگلىك كېمىدىن تەركىب تاپقانىدى. ② سۈپ. ئاستىدا تۇرىدىغان، ئاساس بولىدىغان: ئەرەب تىلىدىكى « ى، و،ا »لار ھەمزىنىڭ تەگلىك ھەرپلىرىدۇر. ③ سۈپ. تەگ ئۈچۈن تەييارلانغان، تەگ بولۇشقا لايىق: تەگلىك رەخت. تەگلىك لىم. ④ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى، ئۇلى: گىرنىڭ تەگلىكى. تۇۋرۇكنىڭ تەگلىكى.

**تەگمەك** پ ① تاقالماق، تاقاشماق: ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە. غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە (ماقال). ② ئۇرۇلماق: قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئۇ تىرىڭشىدە كەينىگە يىقىلدى. ③ چاچراپ، تېمىپ، سۈركىلىپ ئىز، داغ قالدۇرماق، يۇقماق: چاپانغا داغ تەگمەك. ④ تاپشۇرۇلماق (ئەۋەتىلگەن نەرسە ھەققىدە): ئاكام يازغان خەت تەگدى. ⑤ بىرەر نەرسە ياكى ئەمەل قاتارلىقلارغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: ئەمەل تەگمەك. ⑥ تۇرمۇشقا چىقماق، ياتلىق بولماق: ئەرگە تەگمەك. ⑦ بىرىكىمنىڭ نومۇسىغا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە چېقىلماق؛ داغ

كەلتۈرمەك: نومۇسىغا تەگمەك. ⑧ تەسىرى ئۆتۈپ زىيان قىلماق، كار قىلماق: سوغۇق تەگمەك. ⑨ ئېغىر تۇيۇلماق، چاغ كەلمەك، قاتتىق تۇيۇلماق: ئىلشاتقا كېيىنكى چاقچاق تېگىپ كەتتى. ⑩ بېسىپ كىرمەك، ھۇجۇم قىلماق، چېقىلماق: بىر قىسىمىڭلار شەھەرگە دەرھال تېگىش لازىم دېيىشلەر، توغرا، مەنمۇ شۇنداق خىيال قىلىمەن.

**تەگمىش** ئى. دىيال. تەگكىنى؛ تەگكەن نەرسە، مىراس: ئاتا تەگمىش. * بۇ نەرسىلەر ماڭا ئاتامدىن تەگكەن تەگمىش.

**تەگۇ** ئال. دىيال. ئاۋۇ.

**تەگۋاز** ئى. دىيال. كۆك تاماكا، كۆك تاماكىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

**تەڭ** ① سۈپ. ئوخشاش، باراۋەر: قاپ ھېچقاچان تاغار بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ② سۈپ. بىر ـ بىرىگە ماس، مۇۋاپىق؛ باراۋەر: تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن (ماقال). ③ رەۋ. بىر ـ بىردىن قېلىشمايدىغان، دەمبەسقەدەم، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە؛ باراۋەر: ھەممە تەڭ كولۇشتى. ④ ئى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككىدىن بىرى، يېرىمى: تۈن تەڭ بولماقتا، بالا ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئانا قەلبى بىھوش ئىدى.

**تەڭ تۇرماق** تاقابىل كەلمەك: دىلشات باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىغا تەڭ تۇرالايدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

**تەڭ شېرىك** پايدا ـ زىيانغا تەڭ ئىگە بولىدىغان شېرىك.

**تەڭ ـ باراۋەر** تەڭ ھەم باراۋەر، ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش: ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ.

**تەڭباسقۇ** ئى [تەڭ + باسقۇ] گىلەم توقۇش دۇكىنىدىكى گوندا ياغاچنى كۆتۈرۈش، چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پىشاڭ.

**تەڭپۇڭ** سۈپ [خەن ] باراۋەر، ئوخشاش: تەڭپۇڭ بولماق.

**تەڭپۇڭسىز** سۈپ. تەڭپۇڭ بولمىغان، تەڭپۇڭ ئەمەس: تەڭپۇڭسىز ھالەت.

**تەڭپۇڭسىزلاشتۇرماق** «تەڭپۇڭسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەڭپۇڭسىزلاشتۇرۇشماق** «تەڭپۇڭسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەڭپۇڭسىزلاشتۇرۇلماق** «تەڭپۇڭسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەڭپۇڭسىزلاشماق** پ. تەڭپۇڭسىز ھالەتكە كەلمەك، تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلماق: ئەخمەتنىڭ سەپتىن چېكىنىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭپۇڭسىزلاشتى.

**تەڭپۇڭسىزلىق** ئى. تەڭپۇڭ بولماسلىق، تەڭپۇڭسىز ھالەت، تەڭپۇڭسىز ئەھۋال: دۇنيا سودىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق ئامىللىرى كۆرۈلدى.

**تەڭپۇڭلاشتۇرماق** «تەڭپۇڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەڭپۇڭلاشتۇرۇلماق** « تەڭپۇڭلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەڭپۇڭلاشماق** پ. تەڭپۇڭ ھالەتكە كەلمەك.

**تەڭپۇڭلۇق** ئى. تەڭپۇڭ بولۇش، تەڭ ـ باراۋەرلىك.

**تەڭپۇڭلىماق** پ. تەڭپۇڭ بولماق، تەڭپۇڭلاشماق: بۇ تىندۇر ـ مىلىرىنى ئالملىك بوشلۇق، ئالملىك ھارارەتلىرى بىلەن تەڭپۇڭلىدى.

**تەڭتۇش** سۈپ. ياش جەھەتتىن تەڭ، قۇرداش، بىردېمەتلىك: ئۇلار سەمەتنىڭ تەڭتۇش، سىرداش دوستلىرى ئىدى.// قادىر كۈندۈزنى ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئاشخانىدا ئۆتكۈزدى.

**تەڭتۇشلۇق** ئى. قۇرداشلىق، تەڭدېمەتلىك.

**تەڭداش** سۈپ ① ياش قۇرامى تەڭ، تەڭ ياشلىق: مەلىكە ياش جەھەتتە ئايتۇرەم بىلەن تەڭداش ئىدى. ② كۆچمە. باراۋەر، تەڭ كېلىدىغان: تەن ساقلىق ـــ تەڭدىشى يوق بايلىق (ماقال).

**تەڭداشسىز** سۈپ. تەڭدىشى يوق، تەڭدىشى بولمىغان: ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلدى.

**تەڭداشلىق** ئى. باراۋەر، تەڭ كېلىش، تەڭداش بولۇش.

**تەڭدېمەت** سۈپ [تەڭ + دېمەت] يېشى تەڭ، قۇرداش، تەڭتۇش: ئۇلار ھەممىسى تەڭدېمەت باللار ئىدى.

**تەڭدېمەتلىك** سۈپ. قۇرداشلىق، تەڭ ياشلىق: سەمەت تەڭدې ـ مەتلىك باللار ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن يېقىن كۆرەتتى.

**تەڭرى** ئى. خۇدا، ئاللاھ، پەرۋەردىگار: مەن قىلارمەن ئوتتۇز، تەڭرى قىلار توققۇز (ماقال).

**تەڭرىقۇت** ئى <تارىخ> سۆز مەنىسى «تەڭرىنىڭ ئوغلى» بولۇپ «ئۇلۇغ، بۈيۈك» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھۇنلاردا بولسا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولغان پادىشاھ، خان «تەڭرىقۇت» دېيىلەتتى.

**تەڭرىقۇتلۇق** ئى. تەڭرىقۇت ھاكىمىيىتى، تەڭرىقۇت ئىمپېراتورلۇقى: مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ۋاقتىدا ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمى ـ سىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ھېلىغىچە تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت.

**تەڭسىز** سۈپ. تەڭ بولمىغان، تەڭ ئەمەس، پەرقلىق: تەڭسىز جاھان.

**تەڭسىزلىك** ئى ① تەڭ بولماسلىق: خەلق تەڭسىزلىكتىن جاق تويغانىدى. ② <مات> ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ ئۆزئارا تەڭ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىپادە. ئادەتتە ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنى تەڭسىزلىك بەلگىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: 2 <5، 5 > 2، 5≠2 قاتارلىقلار.

**تەڭشەتمەك** «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سائەتنى تەڭشەتمەك.

**تەڭشەشمەك** «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەڭشەك** I ئى ① تىكىش ماشىنىسىدا غالتەك يىپىنىڭ چىڭ ـ بوشلۇقىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان سايمان: تەڭشەكنى چىڭىتىپ قويماق. ② بىرەر نەرسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان نەرسە: دۇتارنىڭ تەڭشىكى بۇزۇلسا، ئاۋاز بىلەن ماسلاشمايدۇ.

**تەڭشەك** II ئى. دىيال. غەلۋىر، ئۆتكەمە.

**تەڭشەكلىك** سۈپ. تەڭشەپ قويۇلغان، تەڭشەلگەن: ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ نورمال توك بېرىشى ئۈچۈن كۆل تەڭشەكلىك رول ئوينايتتى.

**تەڭشەلمەك** ① «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئازراق مەست بولۇپ قالماق: شەۋكەت خېلىلا تەڭشە ـ لىپ قالغانىدى.

**تەڭشەلمىگەن ئالەم** ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىز ـ

لىك، ئېگىز ـ پەسلىك تۈگىمەيدىغان دۇنيا: تەڭشەلمىگەن ئالەم ماتاقتا سالمىغان جان (ماقال).

**تەڭشىگۈچ** ئى. بىرەر نەرسە ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى، نورماللىقىنى ساقلاپ، تەڭشەپ تۇرىدىغان نەرسە.

**تەڭشىمە** سۈپ. تەڭشىلىدىغان، تەڭشەشكە بولىدىغان: تەڭشىمە دۇمباق.

**تەڭشىمەك** پ ① ماسلاشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق: ئاپپاراتنى تەڭشىمەك. سۇنى تەڭشىمەك. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشىمەك. ② مۇۋاپىق تەقسىملىمەك، بۆلمەك: ئانا ئۆيدە بار ناننى بالىلارغا تەڭشەپ بەردى. ③ تەڭكەش قىلماق، سازلىماق (ساز ۋە ئاۋاز ھەققىدە): يىگىت راۋابنى ئېلىپ تەڭشىدى.

**تەڭقۇر** سۈپ [تەڭ + قۇر] ياش جەھەتتىن تەڭ ياكى پەرقى ئاز؛ تەڭتۇش، دېمەتلىك، قۇرداش: شانىياز ئالماس بىلەن تەڭقۇر ئىدى.

**تەڭقۇرام** سۈپ [تەڭ + قۇرام] ← **تەڭقۇر**.

**تەڭقۇراملىق** سۈپ. تەڭقۇر: بۇ تېخنىكلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭقۇراملىق بولۇپ، ئۇرۇمچىدە بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان.

**تەڭقىس** سۈپ [ئە] ئوڭايسىزلانغان، تەڭلىكتە قالغان: تەڭقىس بولماق.

**تەڭقىسلىق** ئى. ئوڭايسىزلىق، تەڭلىك.

**تەڭكەش** سۈپ ① تەڭلەشكەن، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان، تەڭپۇڭ. ② ماسلاشتۇرۇلغان، لايىقلاشقان، ئوخشاش (ساز ۋە ناخشا ھەققىدە): تەڭكەش قىلماق.

**تەڭگە** ئى. كۈمۈشتىن يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان پۇل.

**تەڭگىتەمرەتكە** ئى [تەڭگە + تەمرەتكە] <تېب> ئاستا خاراكتېرلىك تېرە كېسەللىكى. ئالامەتلىرى: دەسلەپتە دۆڭچە ئەسۋە پەيدا بولۇپ، كېيىن ئاسان تۆكۈلىدىغان نېپىز تەڭگىچىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تەمرەتكە كۆپىنچە جەينەك ۋە تىزغا چىقىدۇ. ئازراق قىچىشىدۇ، يۇقمايدۇ.

**تەڭگىچە** ① ئى. تەڭگىنىڭ كىچىكى، كىچىك تەڭگە. ② سۈپ. شەكلى تەڭگىگە ئوخشايدىغان، تەڭگە شەكلىدىكى: تەڭگىچە بىخ. تەڭگىچە يوپۇرماق.

**تەڭگىسمان** سۈپ. تەڭگىگە ئوخشاش، تەڭگىدەك.

**تەڭگىلىك** سۈپ ① تەڭگىسى بار، تەڭگىگە ئىگە: قىش چىققۇچە ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوقەت قىلىپ، تۆت ـ بەش تەڭگىلىك بولۇۋالساق، بۇنىڭ نېمىسى يامان ئىكەن؟ ② تەڭگە قىممىتىدىكى، تەڭگىگە يارايدىغان: ئالتە تەڭگىلىك مېلىڭنى ئەجەبمۇ كۆز ـ كۆز قىلىپ كەتتىڭا.

**تەڭگىمۇخ** ئى [تەڭگە + مۇخ] <بوت> مۇخلارنىڭ بىر خىلى. ئۆسۈملۈك تېنى يوپۇرماق شەكلىدە ياپىلاق كېلىدۇ، سالقىن تۇپراقتا يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. دۈمبە تەرىپىدە ھاۋا تۆشۈكى، قورساق تەرىپىدە تەڭگىچىلىرى ۋە يالغان يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئورگانىك ماددىلارغا باي كېلىدۇ.

**تەڭگىيوپۇرماق** ئى [تەڭگە + يوپۇرماق] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غولluق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇن ساپىقى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ. گۈل ۋە يوپۇرماقلىرى

دورا قىلىنىدۇ.

**تەڭلەتمەك** «تەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەڭلەشتۈرمەك** «تەڭلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇنداق ياخشى بىر ئىشنى نەدىكى بىر ئىشلارغا تەڭلەشتۈرسەك بولارمۇ؟

**تەڭلەشتۈرۈشمەك** «تەڭلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەڭلەشتۈرۈلمەك** «تەڭلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەڭلەشمەك** پ ① تەڭ، باراۋەر ھالغا كەلمەك؛ تەڭ ئورۇندا تۇرماق؛ باراۋەرلەشمەك: مۇسابىقىدە ئىككى كوماندا تەڭلىشىپ قالدى. ② يېتىشمەك: ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالىمنىڭ نەتىجىسىگە تەڭلەشتى. ③ تەڭ يېرىم بولماق، يېرىمىغا يەتمەك، يېرىملاشماق: تۈن تەڭلەشكەندە، توساتتىن تۆتىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ئاتخانىسى ئۈستىدە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى.

**تەڭلەنمەك** «تەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باتۇرلار ئېلىشار چېرىكلەر بىلەن، تەڭلەنگەن مىلتىقتا كېرىپ كۆكسىنى.

**تەڭلىك** ئى ① تەڭ ھالەت، باراۋەرلىك. ② خىجىللىق، خىجالەتچىلىك: تەڭلىكتە قالماق. تەڭلىك تارتماق. ③ <مات> ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ تەڭلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىپادە. ئادەتتە ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنى تەڭلىك بەلگىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: $a = 4$ ، $3+2 = 4+1$.

**تەڭلىك بەلگىسى** <مات> تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. « = » بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**تەڭلىمات** ئى. گۈللۈك چوڭ كىگىز.

**تەڭلىماتلىق** سۈپ ① تەڭلىمىتى بار، تەڭلىمات سېلىنغان. ② تەڭلىمات ئېتىشكە يېتىدىغان: بىر تەڭلىماتلىق يۇڭ.

**تەڭلىمە** ئى <مات> تەركىبىدە نامەلۇم بولغان تەڭلىك. مەسىلەن: $x+1=3$ ، $y+2=x+1$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تەڭلىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى بىراۋغا ئۇدۇللىماق، قارىتماق: قورقىقان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەر (ماقال). ② سۇنماق، ئۇزاتماق: كىشى نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە، قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە (ماقال). ③ تەڭلەشتۈرمەك، توغرىلىماق: تۇرغۇن ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن جەگە ياغاچنى ھاڭغا تەڭلىدى. ④ يېرىمىغا تەڭ قىلماق: بىز ئۇن كۈندىلا بىر ئايلىق ۋەزىپىنى تەڭلەپ تۈگەتتۇق. ⑤ تاڭماق (چايقىلىپ كەتكەن باشنى تاڭماق).

**تەڭلىملىك** سۈپ. تەڭلىمە بار، تەركىبىگە تەڭلىمە ئارىلاشقان.

**تەڭمۇتەڭ** يا ئارتۇق، يا كەم ئەمەس، ھەممە جەھەتتىن باراۋەر: ئاكا ـ ئۇكا مىراسنى تەڭمۇتەڭ ئىككىگە بۆلدى.

**تەڭنە** ئى. خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان داس.

**تەڭنىلىك** سۈپ. تەڭنە چېپىشقا لايىق، تەڭنە چاپسا باب كېلىدىغان: تەڭنىلىك ياغاچ.

**تەل** سۈپ. تەييارلانغان، ھازىرلانغان؛تولۇق، مۇكەممەل: تەل بولماق. تەل قىلماق.

**تەلە** ئى [ئە] <دىن> دەپنە مۇراسىمى ۋە باشقا دىنىي پائا-

لىيەتلەردە بىرقانچە كىشى يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا ـ تىلاۋەت: تەلە ئوقۇماق.

**تەلەپ** ئى [ئە] ① ئۈمىد، ئارزۇ؛ ئىلتىماس: ئۇ دەرھال قۇتقۇزۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. ② بېجىرىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدە-تەرتىپ، شەرت: ئۇلاغ ئىشلەتكۈچىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ قويدۇم. مېنىڭ بۇ تەلەپلىرىمنى كۆپچىلىك ئىزالار قارشى ئالدى. ③ ئېھتىياج: ــ بۇ بىلىمگە بىزنىڭ يېرىمىزدە تەلەپ يوق، ــ دېدى ئۇ.

**تەلەپپۇز** ئى [ئە] <تىل> تاۋۇش ياكى سۆزنىڭ ئېيتىلىشى، ئېيتىلىش خۇسۇسىيىتى: تەلەپپۇز قىلماق. تەلەپپۇز قائىدىسى.

**تەلەپچان** سۈپ. يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان: تەلەپچان ئۇستازدىن سۈپەتلىك شاگىرت چىقىدۇ.

**تەلەپچانلىق** ئى. يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان خۇسۇسىيەت، خاراكتېر: ئۇ ئۆزىگە قالتىس تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

**تەلەپكار** سۈپ [ئە + پ] تەلەپ قىلغۇچى: ئالىم ناھايىتى تەلەپكار يىگىت ئىدى. // ئىشتاب ئىچى ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈزلىگەن تەلەپكارلار بىلەن تولۇپ تاشتى.

**تەلەپكارلىق** ئى. تەلەپ قىلىدىغان خۇسۇسىيەت.

**تەلەپنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان خەت، ھۆججەت.

**تەلەت** ئى [ئە] چىراي، يۈز، تۇرق، ئەلپاز: تەلەتى يامان. تەلەتى بۇزۇق. * بۇ ئادەمنىڭ تەلەتىگە قاراشقىمۇ رايىم قالمىدى.

**تەلەڭگە** ئى. قەلەيدىن ئىشلەنگەن داس شەكىللىك قاچا.

**تەلەي** ئى [ئە] ① ئامەت، بەخت: تەلىيى تەتۈر. تەلىيى ئوڭ. * ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى. ② تەقدىر، قىسمەت، پېشانە: بىزگە يولۇقۇپ قېلىشىڭىزمۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز.

**تەلەيدە بوك ـ بوك** «پېشانىدىكىنى كۆرەرمىز» دېگەن مەنىدە بىرەر ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**تەلىيى كاج** ئىشلىرى ئوڭۇشسىز، داۋاملىق بەختسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرىدىغان.

**تەلىيى ئوڭ** بەختى، ئامىتى بار؛ ئامەتلىك، تەلەيلىك.

**تەلەيسىز** سۈپ. تەلىيى يوق، تەلىيى كەلمىگەن: تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر، تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر (ماقال).

**تەلەيسىزلىك** ئى. تەلەيسىز ھالەت، تەلىيى كەلمەسلىك: خۇماخان بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى تەلەيسىزلىكتىن كېيىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

**تەلەيلىك** سۈپ. ھەمىشە بەخت، تەلىيى كېلىپ تۇرىدىغان؛ ئامەتلىك: تەلەيلىك ئوغلۇم چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، خۇش بولدۇم.

**تەلپەك** ① ئى. تېرىدىن تىكىلىپ، تاشلانغان باش كىيىمى: ئۇ قارا كۆرپە تەلپەك كىيگەنىدى. ②تۇماقنىڭ بىر خىلىنىڭ نامى.

**تەلپىكى سۇغا چىلاشماق ← دوپپىسى سۇغا چىلاشماق:** ئەگەر ئۆستەڭگە سۇ چىقىرىش كېيىنگە تارتىلمۇەرسە، يەنە يەتتە ـ سەككىزمىڭ مو يەردىكى كۈزگى بۇغداينى تېرىپ بولدۇڭ، تەلپىكىڭ سۇغا چىلاشتى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ!

**تەلپىكنى ئاسمانغا ئاتماق ← دوپپىسنى ئاسمانغا ئاتماق:** كەنت باشلىقى ھەسەن: «سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچى قوبۇل قىلىدىكەن، بىزنىڭ كەنتتىن بىر ئادەم بېرىدىكەنمىز. ياش چەكلىمىسى قاتتىق ئەمەس ئىكەن، يا سەن بارامسەن ئاداش» دېمەسمۇ، تەلپىكىمنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىپتىمەن.

**تەلپىكى يەرگە چۈشمەك** ① كۈتكەن ئۈمىد يوققا چىقماق. ② ئەمەل ـ مەنسىپىدىن مەھرۇم بولماق.

**تەلپەكساز** ئى . تەلپەك تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**تەلپەكسازلىق** ئى. تەلپەك تىكىش ۋە سېتىش كەسپى.

**تەلپەكسىز** سۈپ. بېشىدا تەلپىكى يوق، تەلپەك كىيمىگەن: تەلپەكسىز كىشى.

**تەلپەكلىك** سۈپ. بېشىدا تەلپىكى بار، تەلپەك كىيگەن: ئاق تەلپەكلىك كىشى.

**تەلپۈندۈرمەك** « تەلپۈنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەلپۈنمەك** پ ① تەمشەلمەك، ئىنتىلمەك: شۇ ھازادا شاھزادىنىڭ قولىدىكى بۈركۈتى يىراققا قاراپ تەلپۈنۈپتۇ. ② كۆچمە. مەلۇم تەرەپكە تارتماق، ئۇزلۇكسىز سوقماق (يۈرەك، قەلب، كۆڭۈل ھەققىدە): چولپان، كۆڭلۈم ھامان سىزگە تەلپۈنىدۇ، سۆزلىسىڭىز چۇ؟

**تەلپۈنۈشچان** سۈپ. ئىنتىلىپ، تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان؛ ئۈمىدۋار: ئۇلار تەلپۈنۈشچان، قورقماس، كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ياش باللار ئىدى.

**تەلپۈنۈشچانلىق** ئى.تەلپۈنۈشچان ھالەت، ئۈمىدۋارلىق.

**تەلپۈنۈشمەك** «تەلپۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەپەرچىلەر قالغانلارغا تەلپۈنۈشتى، ئاق يول تىلەپ شايى ياغلىق يەلپۈتۈشتى.

**تەلتۆكۈس** رەۋ. ھەر جەھەتتىن تولۇق، كەم ـ كۈتىسىز؛ پۈتۈنلەي: ئامانقۇل بولغان ۋەقەنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ بەردى.

**تەلقىن** ئى [ئە] ① دىنىي ۋەز، نەسىھەت، تەلىم: تەلقىن قىلماق. ② ئاشىقلار ئاھاڭلىق ئوقۇيدىغان نەزم، ھۆكمەت: تەلقىن ئوقۇماق. ③ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ: بەگ ھاجىمۇ روبىرتىنىڭ سۆزلىرىگە قىلدى تەھسىن، قوشۇپ بەزەن سۆزىگە يېڭى تەلقىن.

**تەلقىنلىك** سۈپ. تەلقىنى بار، تەلقىنگە ئىگە: ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىك سۆھبەت.

**تەلگىمەك** پ. دىيال. تەگىمەك: ئۆتكەن ئىشنى تەلگىمە(لوپنۇر).

**تەللە** ئى. دىيال. بوغجۇما، بوپا: مەنسىپىدىن نەپسى چوڭ، باغرى خىيانەت تەللىسى.

**تەلمۈتەل** رەۋ. تولۇق، تەييار، تەخمۇتەخ: ئات ۋە كىيىم ـ كېچەك، نان ـ توقاچ تەلمۈتەل قىلىندى.

**تەلمۈرتمەك** «تەلمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈچىنچى ئايدا كېلىمەن دەپ، تۆتىنچى ئايغا قالدىلا، يوللىرىغا تەلمۈرتۈپ، ئوتقا تىرىك سالدىلا.

**تەلمۈرمەك** پ. كۆز ئۈزمەي قارىماق، ئۈمىد كۈتمەك: ئادالەت ئاپتوبۇس كېلىدىغان تەرەپكە بىتاقەتلىك بىلەن تەلمۈردى.

**تەلمۈرۈشمەك** «تەلمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇلار بىر ـ بىرىگە قاتتىق تەلمۈرۈشتى.

**تەلۋە** سۈپ ① تەم، پۈرىقى ناھايىتى ئاچچىق: تەلۋە بېدە. * بۇ ماي چۈچۈمەپتۇ، بىر ئاز تەلۋە ئىكەن. ② ئاسانلا ئاچچىقلىنىپ، خۇيلىنىپ قالىدىغان، ساراڭ، كاج: ئۇنىڭ كۆزى باستىنىڭ تەلۋە چىرايىغا چۈشۈپلا، تېنى شۈركىنىپ كەتتى. // زىنقى توشقان بىر تەلۋە قولىڭىزغا چۈشۈپتۇ ـ دە. ③ توسۇن، ھەددىدىن ئاشقان، غالجىر:

تەلۋە بوران. تەلۋە سۇ.

**تەلۋتال** ئى [تەلۋە + تال] <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يۇمران يوپۇرمىقى ۋە غولى يەم - خەشەك قىلىنىدۇ.

**تەلۋىلەرچە** رەۋ. تەلۋىلەرگە خاس، كۆرەڭ ۋە بىشەم هالدا: مەھمۇد تەلۋىلەرچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.// مال - دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈشكە بولغان تەلۋىلەرچە ھەۋىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇردى.

**تەلۋىلەشتۈرمەك** «تەلۋىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەلۋىلەشمەك** پ ① تەلۋىلەرچە ئىش كۆرمەك، كۆرەڭ ۋە بىشەملەشمەك: تەلۋىلەشكەن ناسىر ھىمايىسىز قىزغا تاشلاندى. ② توسۇنلاشماق، غالجىرلاشماق: مۇشۇ تاپتا بىرەر ياغاچ ياكى تۇلۇم بولسا، بۇ تەلۋىلەشكەن دەريادىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

**تەلۋىلىك** ئى. تەلۋە ھالەت، خاراكتېر: ئۇنىڭ تەلۋىلىكى بىر كۈنمۇ بېسىقمايدۇ.

**تەلىق** ئى [ئە] ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى بىر تۈر. ئۇنىڭدا ھەرپلەر دولقۇنسىمان يېزىلىپ كىشىگە بىر خىل ئىستېتىك ئوللۇق تۇيغۇ بېرىلىدۇ: تەلىق نۇسخا.

**تەلىم** ئى [ئە] ① پەننىڭ مەلۇم بىر ساھەسى بويىچە ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەلۇمات، بىلىم: ئۇ يەردە ئاپىسى ئۇنىڭغا ئەخلاقىي تەلىم بەردى. ② ئەدەپ - ئەخلاق: — سىلەر تەلىم ئۆگىتەلمىگەن بۇزۇقلا، ئۆزۈم ئۆگەتكىلى كەلدىم، — دېدى پاسار قولىدىكى كۆسەينى يەرگە دوككىدە سانجىپ. ③ تەلىمات، نەزەرىيە: بۇ ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەلىمى. ④ كۆرسەتمە، يوليورۇق، تەربىيە: تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال (ماقال).

**تەلىم ئالماق** ئۆگەنمەك.

**تەلىم بەرمەك** ئۆگەتمەك.

**تەلىمات** ئى [ئە] ئىلىم - پەن جەھەتتىكى سىستېمىلىق تەشەببۇس ياكى كۆزقاراش، نەزەرىيە: ئۇنىڭ تەلىماتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

**تەلىم - تەربىيە** تەلىم، تەربىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار.

**تەم (تەمى)** ئى [ئە] ① تېتىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان خۇسۇسىيەت؛ لەززەت، تېتىق: مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ تەمى ۋە خىسلىتىگە ئالاھىدە قىزىقتى. ② كۆچمە. باشتىن ئۆتكەن تەسىرات، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكى: ئەجىرسىز ھاياتنىڭ تەمى يوق بىلسەڭ، مېھنەتلىك ھاياتنىڭ تەمى ھەسەل - بال. ③ كۆچمە. مەنە، ئەھمىيەت: سۆزلىرىمنىڭ تەمى يوق نادان ئالدىدا، نەيزە - قىلىچ تۇرىدۇ سادىر يادىدا.

**تەمى تىلدا قالغۇدەك** ناھايىتى تاتلىق.

**تەمى ئېغىزدا قالغۇدەك** ناھايىتى تاتلىق.

**تەمە (تەمەيى)** ئى [ئە] ① باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسە ئىنئام قىلىشىنى كۈتۈش، مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش: ھۆپۈپ كاماردا، موللام تەمەدە (ماقال). ② ئارزۇ، ئېلىنىش، ئۈمىد: بۇ گەپ ئۇلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەر دەپ تاتلىق تەمەدە بوپتىمەن.

**تەمەچى** سۈپ ← **تەمەخور.**

**تەمەخور** سۈپ [ئە + پ] تەمەگە ئادەتلەنگەن، تەمە قىلىدىغان: موللا تەمەخور كېلىدۇ، ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ (ماقال).

**تەمەخورلۇق** ئى. تەمەخورلارغا خاس ئادەت، مىجەز.

**تەمەسىز** سۈپ. تەمەسى يوق، تەمە قىلمايدىغان: مەن بۇنىڭدىن تەمەسىز.// ئۇ كىشىلەر ئىشىكىدە ھېچبىر تەمەسىز ئىشلەيتتى، بەرگىنىنى ئالاتتى.

**تەمەگەر** سۈپ [ئە] ← **تەمەخور.**

**تەمەگەرلىك** ئى ← **تەمەخورلۇق.**

**تەمەلىك** سۈپ. تەمەسى بار، تەمە قىلىدىغان، تەمەخور: قانائەتلىك كىشى ئەزىز، تەمەلىك كىشى خاردۇر.

**تەمەننا** ئى [ئە] ئۆزىچە ماختىنىپ قىلغان قىلىق، ھەردەكەت؛ ماختىنىش، پەخىرلىنىش: تەمەننا قىلماق. تەمەننا قويماق.

**تەمەنناچى** ئى. داۋاملىق ئۆزىگە تەمەننا قىلغۇچى.

**تەمەنناسىز** رەۋ. ئۆزىچە ماختانماي، تەمەننا قىلماي، پەخىرلەنمەي: تەلەپچان، كەسىپچان تېلېۋىزىيە خادىملىرىمىزنىڭ تەمەنناسىز تىرىشىشى ئارقىسىدا، تېلېۋىزىيە ئېكرانىمىز كەملىرىنى تولۇقلاپ، يېڭىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلتۈردى.

**تەمەننالىق** ئى. ئارتۇقچە ماختىنىپ، ئەركىلىك قىلىدىغان خاراكتېر: تەمەننالىقىڭ سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

**تەمبەل** سۈپ [پ] ئۇستىخانلىق، بەستلىك: تەمبەل يىگىت.

**تەمبەللىك** ئى. تەمبەل ھالەت.

**تەمبۇر** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ چېكىپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى. دەستىسى ئۇزۇن، ئون ئالتە يېرىدە پەدىسى بولىدۇ؛ بەش تال سىم تار ئىشلىتىلىپ، ggd¹gg ياكى d¹d¹gd1d¹ دا سازلىنىدۇ؛ ئاۋاز دائىرىسى ئۈچ ئوكتىۋا، سىرتقى ئىككى تارى ئاساسلىق تار، قالغان ئۈچ تارى تەڭكەش تار ھېسابلىنىدۇ؛ يەككە ياكى باشقا سازلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىشقا بولىدۇ.

**تەمبۇرچى** ئى. تەمبۇر چالغۇچى كىشى.

**تەمتەك** ئى ① <ئارخېئول> مۇھىم يارلىق، ۋەسىقىلەر پۈتۈلگەن قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىر خىلى. ② ۋاڭلىق تۈزۈمىدە ۋاڭنىڭ دورغىغا بەرگەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش تامغىسى. ③ مەلۇم يارلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھەر خىل تاختا.

**تەمتىرەتمەك** «تەمتىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇدىرنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى پاسارنى تەمتىرىتىپ قويدى.

**تەمتىرەشمەك** «تەمتىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن مەھەللىدىكىلەر تەمتىرىشىپ كەتتۇق.

**تەمتىرىمەك** پ ① ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئالدىراپ قالماق: بۇنداق ئاللا - چۇقانلار ئىچىدە تېنەپ قالمايدىغان پەرىزات ھېچقانداق تەمتىرىمىدى. ② نېمە قىلىشىنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشمەك، ھودۇقماق: كۈتمىگەن زەربىدىن تەمتىرەپ كەتكەن زۇلىيار دەرھال ئارقىغا قاچتى. ③ سەرسان - سەرگەردان بولماق، تېنىمەك: شۇنىڭدىن بېرى تالادا قېلىپ، ھەركىمنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرىمىز.

**تەم - تەم** ① چېكىم - چېكىم: تەم - تەمگىنە چېچەك داغى باردۇر يۈزۈڭدە، مەن ساڭا ئاشىق بولدۇم شېرىن سۆزۈڭگە. ② ئانچە - مۇنچە، ئاندا - ساندا: بالا تەم - تەم مېڭىپتۇ.

**تەمتىلەتمەك** «تەمتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەمتىلەشمەك** «تەمتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەمتىلىمەك** پ ① ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئۆردەكسىمان چايقىلىپ، تاشلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا قەدەم ئالماق (باللار ھەققىدە): تەمتىلىگەن تام سىيپار (ماقال). ② بىرەر نەرسىگە تايىنىپ، ئاستا دەلدەڭشىپ ماڭماق: موماي تەمتىلەپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

**تەمتىم** رەۋ. ئاستا قەدەم بىلەن، يىقىلىپ ـ قوپۇپ: سۇبھى بىر يېشىدا تەمتىم ماڭاتتى.

**تەمرەتكە** ئى <تىب> زەمبۇرۇغ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تەمسىز** سۈپ. تەمى، لەززىتى يوق؛ بەتتەم.

**تەمسىزلىك** ئى. تەمى، لەززىتى يوقلۇق؛ بەتتەملىك.

**تەمسىل** ئى [ئە] ① بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىش: تەمسىل قىلماق. ② <ئەد> تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىقلىرى، تەبىئىتى ۋە ھالىتىگە سېلىشتۇرغان ھېكمەتلىك سۆزلەر.

**تەمسىلچى** ئى. سۆزىدە دائىم تەمسىل كەلتۈرىدىغان، تەمسىلنى كۆپ بىلىدىغان كىشى.

**تەمسىللىك** سۈپ. تەمسىل خاراكتېرىگە ئىگە، تەمسىل تۈسىنى ئالغان، تەمسىل مەنىسىنى بېرىدىغان: ھېكايىدىكى تەمسىللىك ھەم ساتىرىك ئوبرازلار بىزنى ئەنە شۇنداق گاڭگىرىتىدۇ.

**تەمشەلدۈرمەك** «تەمشەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەمشەلمە** سۈپ. بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىپادىلىنىدىغان: تەمشەلمە تۈس.

**تەمشەلمەك** پ. بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلمەك، كىرىشمەك، ئۇرۇنماق: خېلىدىن كېيىن شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

**تەمشىلىكلىك** رەۋ. تەمشەلگەن ھالەتتە، تەمشەلگەن قىياپەتتە، تەمشىلىپ: رەھبەر گەپ ئارىسىدا ئۆزىگە مۇنداقلا قاراپ قويسا، ئۇ دەرھال بېشىنى «ھەئە»گە تېز ـ تېز لىڭشىتىپ، بولۇشىغا كۈلۈمسىرەيتتى، ئىككى قولى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ چاۋاككا تەمشىلىكلىك تۇراتتى.

**تەمشىلىشمەك** «تەمشەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەمشىمەك** پ. بىرەر نەرسىنى چايناۋاتقاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتماق، ئۆمەللىمەك: كېسەل سەل ـ پەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن لەۋلىرىنى تەمشىپ، كۆزلىرىنى ئاستا مىدىرلاتتى.

**تەمكىن** سۈپ [ئە] ئۆزىنى تۇتىۋالغان، ئېغىر ـ بېسىق، پۇختا: ئانام رەھمەتلىك ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ئايال ئىدى.

**تەمكىنلەشتۈرمەك** «تەمكىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەمكىنلەشمەك** پ. ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ھالەتكە كەلمەك؛ ئۆزىنى تۇتىۋالايدىغان بولماق: قىسمەت چورۇق شۇ گەپنى ئېيتىپ، بىردىن مۇلايىم، تەمكىنلىشىپ، شۈك بولۇپ قالدى.

**تەمكىنلىك** ئى. ئۆزىنى تۇتىۋېلىش، ئېغىر ـ بېسىقلىق.

**تەملىك** سۈپ ① تەمى بار، تەمگە ئىگە: بالا چۈچۈك تەملىك بىر دانە ئالمىنى يەۋاتىدۇ. ② تەمى ياخشى، تاتلىق: تەملىك، پوستى نېپىز، سوغۇققا چىداملىق بۇ خىل ئالما ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**تەممەت** رەۋ. دىيال ① پۈتۈنلەي. ② مۇتلەق، پەقەت، زادى.

**تەمىر** ئى [ئە] يېزىت. قۇرۇش، بىنا قىلىش: تەمىر قىلماق.

**تەمىن** ئى [ئە] «ئەتمەك، قىلماق» پېئىللىرى بىلەن كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ① لازىملىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەك، تەمىنلىمەك: ئۇلار بىزنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىن ئەتتى. ② بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شارائىتىنى ھازىرلىماق، كاپالەتلەندۈرمەك: مەن ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە ئۈچ كېچە ئۇخلىمىدىم. ③ قانائەتلەندۈرمەك: بۇ تىجارەت ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتەلمەيتتى.

**تەمىنات** ئى [ئە] ① كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ماي قاتارلىق ئوزۇقلۇق: تەمىنات ئامبىرى. تەمىنات ئالماق. * ھازىر بىزنىڭ بەش كۈنلۈكلا تەميناتىمىز قالدى. ② ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۇل، ئوزۇقلۇق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر: ئالاھىدە تەميناتتىن بەھرىمەن بولماسلىق كېرەك. ③ كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ يەتكۈزۈپ بېرىش: تەمىنات بۆلۈمى. تەمىنات ئىشلىرى. ④ كۆچمە. مەنىۋى، روھىي ئوزۇق: ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياخشى تەميناتلارنى بېرەتتى.

**تەميناتچى** ئى. كۈندىلىك ئوزۇقلۇق قاتارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ساقلىغۇچى، يەتكۈزۈپ بەرگۈچى كىشى: خەمىتنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، تەميناتچىنىڭ ئىشىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەشكە توغرا كەلدى.

**تەميناتچىلىق** ئى. تەمىنلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش: بۇ قېتىم زاۋۇت باشلىقى ئارقا سەپ تەميناتچىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

**تەمىنات ـ سودا** تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، خام مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ئىشى: تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى.

**تەميناتسىز** سۈپ. يېنىدا تەميناتى يوق، تەميناتى تۈگىگەن: قاتناش يوقلۇقتىن، بىر ئاينى تەميناتسىز ئۆتكۈزدۇق.

**تەميناتلىق** سۈپ. تەميناتى بار، تەميناتقا ئىگە: دېھقانلار مانا ئەمدى تەميناتلىقمۇ بولدى.

**تەمىنلەشمەك** «تەمىنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەمىنلەنمەك** «تەمىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەربىر كىشى ئۆتكەن يىلى ئون بىر كىلوگىرام گۆش بىلەن تەمىنلەندى.

**تەمىنلىمەك** پ ① لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار، تەخ قىلىپ يەتكۈزۈپ بەرمەك: ئۆزۈمنى ئالسام، ئىككى يۈزگە يېقىن ئائىلىنى سۈت بىلەن تەمىنلەيمەن. ② مەلۇم مەنبە ياكى نەرسە بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلماق، ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرمەك، ئۇنىڭغا ئىگە قىلماق: بۇ ئەھۋاللار ئوسمانىنى بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنە بىر يېڭى پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.

**تەن** I ئى [پ] ① بەدەن، گەۋدە: تەن بىر، جان بىر (ماقال). * تىتىلغان تەن، تۈگۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش، پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان! ② كىشىنىڭ پۈتۈن بارلىقى، ۋۇجۇدى: تەننىڭ ساقلىقى ـــ جاننىڭ راھىتى (ماقال). ③ گەۋدىنىڭ باشتىن باشقا قىسمى: بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق. ④ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز ۋە غول قىسمى: ئادراسمان ئۆسۈملۈكىنىڭ تېنى ئىسرىققا ۋە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەن پىچىمى** تەن قۇرۇلۇشى، فىگۇرا: تەن پىچىمى خېلى قامالاشقان قىز.

**تېنى جۇغۇلدىماق** ① بەدىنىگە تىترەك ئولاشماق. ② كۆچمە. ئاچچىقلىنىش، قورقۇش قاتارلىق غەيرىي نورمال ھالەتتىن سىلكىنمەك، چۆچۈمەك.

**تېنى يايرىماق** ئىنتايىن ھۇزۇرلانماق، شادلانماق.

**تەن** II ئى [پ] ① مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئۆز زىممىسىدە ئىكەنلىكىدىن قىلىنغان ئىقرار: تەن ئالماق. تەن بەرمەك. * مەن تۈنۈگۈن كېچىكىپ قالغانلىقىمغا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تەن. ② «تېگىشلىك، مەنسۇپ» دېگەن مەنىدە كېسىم رولىدا كېلىدۇ: ھارماي ئىشلەيمىز ئەمدى، ھوسۇل بىزگە تەن. كىم ئەمگەك سۆيسە، تىرىشسا، شۇنىڭ تۇرمۇشى قەنت.

**تەنە** I **(تە:نە)** ئى [ئە] ① باشقىلارنى كەمسىتىپ ئېيتىلغان دارىتما، ئەگىتمە سۆز: ئەكبەر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئۆتكۈر تەنە، ئاچچىق مەسخىرىنى سەزمىگەندەك، تۈزلا گەپ قىلدى. ② نارازى بولۇپ، مىننەت بىلەن دوق قىلىنغان ھەرىكەت: ئايالى ئۇنىڭغا تەنە ۋە يوشۇرۇن ئازاب ئىچىدە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ③ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى، يەنى بىرەر سۆزنى ئەكس مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق مەسخىرە قىلىش ئاساسىدا، ئەسلىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەنە** II ئى [پ] ئۆسۈملۈكنىڭ غول ۋە يىلتىز قىسمى: يەككە تەنە. تەنە قويۇپ يوغىنىماق.

**تەنەپپۇس** ئى [ئە] دەرس، ئەمگەك ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئارىلىقىدىكى ئارام، قىسقا دەم ئېلىش: قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار تەنەپپۇسقا چىقىپ كەتتى.

**تەنەپپۇسلۇق** سۈپ. تەنەپپۇس ۋاقتى ئىچىدىلا ئېيتىشقا بولىدىغان، بىر تەنەپپۇس ۋاقتىغىلا توشلۇق، تەنەپپۇس ۋاقتىغا يېتىدىغان: مەن يەھۇدىيلاردىكى بىر رىۋايەتنى ئوقۇغۇچىلارغا تەنەپپۇسلۇق سوۋغا سۈپىتىدە ئېيتىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم.

**تەنبىھ** ئى [ئە] ناچار، يامان سۆز ـ ھەرىكەتلەر ئۈچۈن بېرىلگەن تەنقىد، دەككە، كايىش، ئاگاھلاندۇرۇش ياكى يېنىك جازا: تەنبىھ بەرمەك. تەنبىھ قىلماق.

**تەنتەربىيە** ئى [تەن + تەربىيە] ① جىسمانىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان ۋە ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە. ② شۇ خىل تەلىم ـ تەربىيەگە ئائىت ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تەنتەربىيەچى** ئى. تەنھەرىكەتچى: تەنتەربىيەچى بولماق.

**تەنتەك** سۈپ ① ئۆزىنى تۇختاتمىغان، شوخ: ئۇ ھازىر ياشلىق يىللىرىدىكىدەك قارام ۋە تەنتەك ئەمەس ئىدى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى، ئاقىۋىتىنى ئويدان ئويلىمايدىغان؛ ئالدىراڭغۇ: تەنتەك ئادەم. تەنتەك بالا. ③ تۇسۇن، ئويناق: مەشۇر ئاخۇن بولسا تەنتەك تورپاقتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇقىسىغا يانپىشچە يۆلىنىپ تۇراتتى.

**تەنتەكلەشتۈرمەك** «تەنتەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەنتەكلەشمەك** پ. تەنتەكلىك قىلىشقا باشلىماق، تەنتەك بولۇپ قالماق: رابىخان، قىرىغانچە تەنتەكلىشىپ كېتىۋاتامدىلا، نېمە؟

**تەنتەكلىك** ئى. تەنتەك ھالەت ياكى خاراكتېر: مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەنتەكلىكىمنى ئويلىسام، ھېلىمۇ قىلىدىغان سۆزۈمنى تاپالمايمەن.

**تەنتەنە** ئى [ئە] ① بىرەر مۇھىم ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەبرىكلەپ، ئالقىشلاپ، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم، پائالىيەت: گېزىتخانا ئەتراپى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. ② ئۇچرىشىش، يىغىلىش ۋە مەرىكىلەردە خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ۋە كۈي: سىلەر ئۇزاق يول بېسىپ قىزىمنىڭ مەرىكىسىگە كېلىپ، تەنتەنىنى ئاشۇردۇڭلار! ③ غەلىبە، شادلىق تۇيغۇسى، كەيپىياتى؛ داغدۇغا: تەنتەنە قىلماق. * ـــ ياق، ـــ دېدى لىتىپ گويا بىر ئەقىل تاپقاندەك تەنتەنە بىلەن.

**تەنتەنىلىك** سۈپ ① تەنتەنە بىلەن ئۆتكەن ياكى ئۆتكۈزۈلىدىغان، ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق، شاد ـ خۇراملىق: تەنتەنىلىك بايرام. ② تەنتەنە روھىغا تولغان، كۆتۈرەڭگۈ: تەنتەنىلىك بايانات. تەنتەنىلىك قەسەم.

**تەنتىمەك** پ. بىر جايدا مۇقىم تۇرماي كېزىپ، كۆچۈپ يۈرمەك.

**تەنچە** ئى ① مىكرو ئورگانىزم، ھۈجەيرە. ② <بوت> بىخ، نوتا: ئۆسۈملۈك تەنچىسى.

**تەندۇرۇس** سۈپ [پ] تېنى ساق، ساغلام: تەندۇرۇس كىشى.

**تەندۇرۇسلۇق** ئى. ساغلاملىق، ساقلىق: تەندۇرۇسلۇق ھەممىدىن ئەلا.

**تەنزە** ئى [خەن] ① مىلىچماللارنى تىزىپ، بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ساتىدىغان ساندۇقچە ياكى مىلىچمال تىزىلغان قول غالتەك: ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا بويىنىغا تەنزە ئېسىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ قەنت ـ ناۋات ساتىدىغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى. ② يول ياقىلىرىدا سېتىش ئۈچۈن تىزىلغان مال يايمىلىرى؛ بوتكا، كەپە: ھېلىقى كۆنلەردە، رېشىت ھاجىمنىڭ تەنزىسى قۇرۇپ قالدى. ③ كۆچمە. تەشكىلىي قۇرۇلما: بىز بىر ئائىلە ئاخىر شېھىتقۇمغا قايتىپ كېلىپ، ۋەيران بولغان بۇ تەنزىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

**تەنزىچى** ئى. تەنزە ئېلىپ يۈرۈپ ياكى تەنزە يېيىپ مال ساتقۇچى: ھېلىقى تەنزىچى ئېشىكىنى يورغىلىتىپ، ھەر شەنبە كەنتىمىزگە كېلەتتى.

**تەنزىچىلىك** ئى. تەنزە ئېچىپ تۈرلۈك مىلىچماللارنى سېتىش ئىشى، يايمىچىلىق: ئۇ مەندىن: ـــ تەنزىچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

**تەنزىكەش** ئى ← **تەنزىچى**.

**تەنزىكەشلىك** ئى ← **تەنزىچىلىك**.

**تەنقىد** ئى [ئە] كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن پىكىر: تەنقىد بەرمەك. تەنقىد قىلماق. * سۇلايماندەكلەرگە تەنقىد كار قىلامدۇ؟

**تەنقىد ـ تەربىيە** كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى، ئۇتۇقىنىمۇ كۆرسىتىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇش يولى بىلەن ئېيتىلغان پىكىر، نەسىھەت.

**تەنقىدچى** ئى ① تەنقىد قىلىشقا خۇشتار كىشى: ھېلىقى ئىككى تەنقىدچى يەنە ھاشىم ئاكا ئۈستىدە ۋاتىلداشقا باشلىدى. ② ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجا-

بىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ باھالىغۇچى.

**تەنقىدچىلىك** ئى ① ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ باھالاش ئىشى:ئەدەبىي تەنقىدچىلىك. ② نەرسىلەرگە، ھادىسىلەرگە تەنقىدىي قاراش.

**تەنقىدلەتمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەنقىدلەشمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەنقىدلەنمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەنقىدلىمەك** پ. كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ پىكىر بەرمەك، ئاگاھلاندۇرماق: سىز دائىملا مېنى تەنقىدلەيسىز.

**تەنقىدىي** سۈپ [ئە] تەنقىدكە ئائىت، تەنقىد قىلىش مەزمۇنىدىكى: تەنقىدىي ماقالە. تەنقىدىي مۇئامىلە.

**تەنلىك** سۈپ. تېنى بار، تەنگە ئىگە: زەينەپ قىسقا بوي، گۆشلۈك ۋە ئاق تەنلىك ئىدى.

**تەنناز** سۈپ [ئە] يېزىت. تەق ـ تۇرق كېلىشكەن، ئۆزىگە زىننەت بەرگەن: چېھرىسىدىن بېغىشلاپ ھايات، دەپتۇ بېقىپ تەنناز پەرىزات.

**تەننازلىق** ئى. سۈمباتلىق، گۈزەللىك، ئۆزىنى چوڭراق تۇتۇپ قىلغان نازلىق.

**تەننەرخ** ئى [پ] <س ئىق> مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق خىراجەت.

**تەننەرخلىق** سۈپ. تەننەرخقە ئىگە، تەننەرخى بولغان، باھالىق: ھىندىستاندىكى كۆپ مىقداردىكى تۆۋەن تەننەرخلىق ئادەم كۈچى بايلىقى، ئىنگلىز تىلى ئەۋزەللىكىنى ئويلاشقاندا، ھىندىستان دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئالدى بىلەن مەبلەغ سالىدىغان جاي بولۇپ قالىدۇ.

**تەنھا** سۈپ [پ] يەككە، يالغۇز: مەن تەنھا كىشى، ماڭا ئېغىر چۈشمەيدۇ.// ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر ياتاقتا تەنھا ياشايتتى.

**تەنھالىق** ئى. تەنھا تۇرمۇش، يالغۇز ياشاش، يالغۇزلۇق: مەن ئۆمرۈمنى تەنھالىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر بەندىمەن.

**تەنھەرىكەت** ئى [تەن + ھەرىكەت ] تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي مەزمۇن ۋە ئۇسۇل. ئۇ بەدەنىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە بەدەنىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش-تىكى تۈرلۈك چېنىقىش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەنھەرىكەتچى** ئى <تەن> ھەمىشە تەنتەربىيە چېنىقىشى، تەنھەرىكەت مەشقى ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇئەييەن تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيەسىگە ئىگە خادىم.

**تەنھەرىكەتچىلىك** ئى. تەنتەربىيە ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش پائالىيىتى.

**تەنىلىك** سۈپ. تەنە بىلەن ئېيتىلغان: قىسقىغىنا جىمجىت-لىقتىن كېيىن سەنۇبەر پەس، ئەمما تەنىلىك ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

**تەھتىسارا** ئى [ئە] تۇپراق ئاستى، يەر تەكتى.

**تەھدىت** ئى [ئە] ① قورقۇتۇش، پوپوزا: توختى مۇدىرنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئۆزىگە تەھدىت سېزگەندى. ② بىرەر ئاپەت، پالاكەتنىڭ يۈز بېرىش خەۋپى، خەۋىرى: جۇمە ئۇنى بىر خىل تەھدىت دەپ بىلەتتى.

**تەھرىر** ئى [ئە] يېزىلغان ئەسەرنى تۈزىتىش، پاخشىلاش ئىشى: تەھرىر ھەيئىتى. * ئەسەر تەھرىردىن چىقتى.

**تەھرىرات** ئى [ ئە ] تەھرىرلىك ئىشلىرى، تەھرىرلىك خىزمىتى: مەزكۇر شەرھىي بايانمۇ ئىدىيەۋى ئازادلىق پۇرسەتلىرىنى كۈتۈپ «مۇنبەر» تەھرىراتىدا نۆۋەت كۈتمەكتە.

**تەھرىر ـ تەرجىمە** تەھرىر ۋە تەرجىمە خىزمىتى.

**تەھرىرلەتمەك** «تەھرىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەھرىرلەشمەك** «تەھرىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەھرىرلەنمەك** «تەھرىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھرىرلىك** ئى. تەھرىرلەش خىزمىتى: تەھرىرلىك قىلماق.

**تەھرىرلىمەك** سۈپ. سۆز تېكىستى، يازما ماتېرىيال، ئەسەر-لەرنى تۈزىتىپ توغرىلىماق، تۈزەتمەك: بۇ ماقالىنى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆزى تەھرىرلىدى.

**تەھسىل** ئى [ئە] ئۆگىنىش، ئوقۇش: تەھسىل ئالماق. تەھسىل قىلماق.

**تەھسىن** [ئە] يېزىت ① ئى. تەرىپلەش، ماختاش: تەھسىن قىلماق. تەھسىن ئوقۇماق. * ـــ ئاپىرىن قەھرىمان شېرىنگە، لايىقتۇر ئاپىرىن تەھسىنگە، ـــ دېدى پەرھات. ② يۈك. بەللى، ئاپىرىن: ـــ تەھسىن ساڭا !ـــ دېدى شىرۋىيە.

**تەھقىر** ئى [ئە] خورلاش، كەمسىتىش: تەھقىر قىلماق.

**تەھقىرلەشمەك** «تەھقىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەھقىرلەنمەك** «تەھقىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھقىرلىمەك** پ. خورلىماق، كەمسىتمەك، ئازابلىماق.

**تەھقىق** [ئە] ① ئى. ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش ـ ئېنىقلاش: ئەرزلەرنى تەھقىق قىلىش. ② تىر. «ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن، مۇقەررەر، جەزمەن» دېگەن مەنىدە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: ئەنە شۇ دەرەخنى ئۆز مەيلىگە تاشلىۋەتسە، تەھقىق قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

**تەھقىقلەتمەك** «تەھقىقلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىد-جىسى: ئى بېگىم، بىزە پۇرسەت بەرسىلە، بۇ ئىشنى ئەتە تەھقىقلىتەيلى.

**تەھقىقلەشتۈرمەك** پ. تەھقىق قىلماق، تەكشۈرمەك، ئېنىق-لىماق: بۇنداق قىزىقىشنى كۆپىنچە ھاللاردا خاتا چۈشىنىۋالىمىز، بىزنى ياخشى كۆرسە كېرەك دەپ تەھقىقلەشتۈرىمىز ـ دە، ئۆزىمىزنى تارتىپ قىزىقىشنىڭ گىرادۇسىنى ئۆرلەتمەكچى بولىمىز.

**تەھقىقلەشتۈرۈشمەك** «تەھقىقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەھقىقلەشتۈرۈلمەك** «تەھقىقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھقىقلەشمەك** «تەھقىقلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىد-جىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنىڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقىنى تەھقىقلەشتى.

**تەھقىقلەنمەك** «تەھقىقلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھقىقلىمەك** پ. تەكشۈرۈپ، راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىد-ماق، ئېنىقلىماق؛ ئەمەلىيلەشتۈرمەك: ئۇ ئادەم چىقىرىپ كۆمۈر-لۈكتىكى ئەھۋاللارنى تەھقىقلەپ كەلسۇن !

**تەھلىكە** ئى [ئە] ھالاكەت، خەۋپ ـ خەتەر، بەختسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ۋەھىمە؛ تەشۋىش: ئۇلار ئۆلۈم تەھلىكىسىنى سەزگەن ھالدا ئۇ ياق ـ بۇ ياققا قېچىشقا باشلىدى.

**تەھلىكىلىك** سۈپ. ھالاكەت، خەۋپ ـ خەتەر، بەختسىزلىك خەۋپى بولغان؛ ۋەھىمىلىك، تەشۋىشلىك: بۈگۈن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەخلاقسىز جىنسىي ئالاقە ئىشلىرى راك كېسەللىكىگە قارىغاندىمۇ زور تەھلىكىلىك بولغان ئەيدىز كېسەللىكىنى تارقاتقۇچى تۈپ ئامىل بولۇپ قالدى.

**تەھلىل** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئويلىنىلغان پىكىر، ئانالىز: بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ قالسا، دەرھال ئىككىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، بۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزەتتى. ② <پەلس> بىرەر شەيئى، ھادىسە ياكى ئۇقۇمنى بىرقەدەر ئاددىي تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىپ، شۇ قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى تېپىپ چىقىش.

**تەھلىلچى** ئى. تەھلىل قىلغۇچى كىشى: بىر تەھلىلچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، پۈتۈنلەي رەت قىلدى.

**تەھلىلگىراما** ئى [ئە + ر] تەھلىل قىلىشقا ھازىرلانغان ياكى تەھلىل نەتىجىسى بويىچە سىزىپ چىقىلغان چېرتيوژ، خەرىتە، ئەگرى سىزىق قاتارلىقلار.

**تەھلىلىي** سۈپ [ئە] تەھلىل قىلىش ئاساسىدىكى، تەھلىل قىلىنغان: مانا ئۇلار مۇقام تېكىستلىرىگە تەھلىلىي، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشنى زۆرۈر قىلىدىغان سەۋەبلەر.

**تەۋازۇ** ئى [ئە] ① ئۆزىنى پەس تۇتۇش، كەمتەرلىك: كەلگەن كىشى قۇربېشىنىڭ ئۇدۇلىدا تەۋازۇ بىلەن ئولتۇردى. ② ھۆرمەت ـ ئېھتىرام: ئۇ ئاجايىپ خۇش تەۋازۇلار بىلەن سامۇقئاخۇننى كۈتمەكتە ئىدى.

**تەۋازۇلانماق** پ. ئۆزىنى پەست تۇتماق، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسەتمەك: ـــ خۇداغا شۈكۈر، دۆلەتلىرى سايىسىدە، ـــ دەپ قۇربېشى تەۋازۇلاندى ۋە قول قوشتۇرۇپ قۇشبېگىنىڭ يېنىغىراق بېرىپ يۈكۈندى.

**تەۋازۇلۇق** ① سۈپ. كىشىلەرگە تەۋازۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، كەمتەر: ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى سىياقىدا، پاكىز كىيىنگەن، خاتىرجەم، ئەدەپلىك، تەۋازۇلۇق ئىدى. ② ئى. ئاشۇنداق خاراكتېر، مۇئامىلە: ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە بوۋايغا تەۋازۇلۇق بىلەن سالام بەردى.

**تەۋە** I تىر [ئە] مەلۇم بىرىگە قاراشلىق، مەنسۇپ: ـــ توغرا، ئۇ قورااللار ھاجىغا تەۋە، ئەمما ھازىر ماڭا لازىم، ـــ دېدى ماجۇڭيىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن.

**تەۋە** II ئى. چۆگۈن قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېگىگىچە قىسمى.

**تەۋەر** ئى [پ] يەرلىك توقۇمىچىلىقتا، يىپ يۆگەلگەن بىرقانچە قومۇشتىكى يىپنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جاھاز.

**تەۋەررۈك** [ئە] ① سۈپ. ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق، ئەزىز: بۇ زېمىن بىز ئۈچۈن تەۋەررۈك. ② ئى. ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق دەپ ئەتىۋارلانغان نەرسە، يادنامە: خوجىنىياز مەككە تەۋەررۈكى بولغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىلاق قولىدىن چىقىرىپ، ئىبرىدىنباتقا قارىدى. ③ سۈپ. يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ قالغان؛ ئۇلۇغلىنىپ ساقلانغان: بالام، بۇ پىچاقنى چىڭ ساقلا، بۇ تەۋەررۈك پىچاق. ④ ئى. يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ ساقلانغان نەرسە؛ ئەستىلىك: بۇ بىلەزۈك ئاناڭنىڭ تەۋەررۈكى ئىدى.

**تەۋەككۈل** [ئە] ① ئى. كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار دەپ قىلىنغان ھەرىكەت: ئەمدى تەۋەككۈل، تەۋەككۈل تېڭىرقاشتىن مىڭ ـ مىڭ ئەۋزەل.// ياق، ئاسىم بۇ تەۋەككۈل ئىشقا يول قويمايدۇ. ② تىر. «نېمە بولسا بولسۇن، مەيلى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: بوپتۇ، تەۋەككۈل، باشقا كەلگەننى كۆرمەمدۇق. ③ خوتەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تەۋەككۈلانە** سۈپ [ ئە ] تەۋەككۈل قىلىدىغان، تەۋەككۈل قىلىش روھىغا ئىگە، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ياكى ئىگە، تەۋەككۈل قىلارلىق: خاراكتېرنىڭ ھەممە قىرلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مەركەزلەشتۈرگەن تەۋەككۈلانە ئوبراز.

**تەۋەككۈلچى** ئى. تەۋەككۈلگە ئىش قىلغۇچى: ئۇلار بىر ئۈچۈم قارا نىيەتلەر، تەۋەككۈلچىلەر.

**تەۋەككۈلچىلىك** ئى ① تەۋەككۈلگە ئىش قىلىش: تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تەلەي سىناپ كۆرىدىغانلار يەنە چىقىپ تۇرىدىكەن. ② <پەلس> «سولچىل » ئاغمىچىلىقنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. ئاساسلىق بەلگىسى ئوبيېكتىپ ئەھۋال ۋە ئۆزىنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا قارىماي، قارىسىغا ئىش قىلىپ، پۈتكۈزۈشكە ئالدىراشتىن ئىبارەت.

**تەۋەككۈلگە** رەۋ. ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا، خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي؛ قارىسىغا: ئىشتىياق يۇقىرى چەككە يەتكەندە، كىشى ئەقلىدىن ھالقىپ، تەۋەككۈلگە ئېتىلىدۇ.

**تەۋەڭ** ئى [پ] نان، مېۋە قاتارلىقلارنى تىزىپ، باشتا كۆتۈرىدىغان چوڭ يۇمىلاق ياغاچ تاۋاق ياكى شۇ شەكىلدە توقۇلغان سېۋەت: پارقىراپ تۇرغان ياغلىق سامسا، گۆشگىردىلەر تەۋەڭلەردە دۆۋىلىنىپ تۇراتتى.

**تەۋەڭ ـ تەۋەڭ** بىرنەچچە تەۋەڭ، نۇرغۇن تەۋەڭ.

**تەۋەڭلىمەك** پ. تەۋەڭگە قاچىلىماق: ھەر خامان توقلۇق، شادلىق بۆلىقىدۇر، كۈلكىلەر، شاد ـ ناخشىلار ياڭرار لاي ـ لاي. تەۋەڭلەپ گۆشگىردىنى، شىرمەننانىنى، خامانغا ئەكېلىدۇ كەچتە ناۋاي.

**تەۋەللۇت** ئى [ئە] تۇغۇلۇش؛تۇغۇت: ئۇ تەۋەللۇتىكى خوتۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

**تەۋەلىك** ئى. مەلۇم شەخس ياكى ئورۇنغا تەۋە بولغان دائىرە: تاشئاخۇنۇم ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغان سۇنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىدىن غەزەپلەندى.

**تەۋەلىمەك** پ. تەۋە قىلماق، مەنسۇپ قىلماق، كىرگۈزمەك: قەھرىمانلىق روھنى بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە تەۋەلەش مۇمكىن.

**تەۋپىق** ئى [ئە] بىراۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، بەختى ئۈچۈن قىلىنغان مەدەت، ياردەم: ھەدەمنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرى بىر ئاز تەسىر قىلىپ، مەلىكە تەۋپىق، ھىدايەت تاپتى.

**تەۋرات** ئى [ئە] <دىن> يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**تەۋرەتكۈ** ئى. قۇش، قارچىغا قاتارلىقلارنى ئۇخلاتماسلىق

ئۇچۇن، قارچىغىنى قوندۇرىدىغان بوشلۇقتا ئېسىلغان كالتەك.

**تەۋرەتكۈچ** ئى. تەۋرىتىش رولىنى ئوينايدىغان، تەۋرىتىدىغان نەرسە، ئۇسكۇنە.

**تەۋرەتمەك** پ ① «تەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانىنىڭ ئاغرىۋاتقان قوللىرى بۆشۈكنى ئاران تەۋرىتەتتى. ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، قوزغىماق: ئۇلار بۇ قېتىم خېلى ئىشلارنى تەۋرىتىۋەتتى. ③ كۆچمە. يېزىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرمەك، يازماق: شۇڭا، قەلەم تەۋرەتتىم ئۆرلەپ قەلبىم جۇشقۇنى، نەزمەم ــ مېھنەت پىچىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنى.

**تەۋرەشمەك** «تەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەۋرەنمە** سۈپ. تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، تەۋرىنىشتىن ئىبارەت بولغان: تەۋرەنمە ھەرىكەت.

**تەۋرەنمەك** پ ① «تەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كىشىلەر دېڭىزدەك تەۋرىنەتتى. ② «تەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرەخ قاتتىق تەۋرىنىپتۇ. ③ كۆچمە. ئىككىلەنمەك، ئارىسالدى بولماق؛ تەمتىرىمەك: تەۋرەنمەس ئىرادە. * ئۆز قوشۇنىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ تەۋرەنگەنىدى.

**تەۋرىمەس** سۈپ ① ئاسان تەۋرىمەيدىغان، مۇستەھكەم، چىڭ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش ياكى گەپ ـ سۆز ئاسان تەسىر قىلمايدىغان: تەپسە تەۋرىمەس.

**تەۋرىمەك** پ ① بىر يەردە ئۇ ياق ـ بۇ ياققا چايقالماق: قەيسەر ئورۇندۇقتىن تەۋرەپمۇ قويماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى. ② سىلكىنمەك، تىترىمەك: بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس (ماقال). ③ كۆچمە. لەرزىگە كەلمەك، قوزغالماق، داغدۇغىلىق كەيپىياتقا كەلمەك: ئاتا ـ ئانىلار سورۇنىمۇ ھاياجاندىن تەۋرەپ كېتىشتى. ④ كۆچمە. بوشىماق: شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىرادىسى سەل تەۋرەپ قالدى.

**تەۋرىنىشچان** سۈپ. تولا تەۋرىنىدىغان، پات ـ پات تەۋرىنىدىغان، تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، ھەمىشە دېگۈدەك تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، ئاسان تەۋرىنىدىغان: ئۇنىڭ ئىپتىدائىي يىپ ئۇچى ۋە ئاخىرى قاراڭغۇ، جىمجىت ماكان ـ زامانغا تۇتاشقان بولۇپ، بىزگە مەلۇم بولغىنى سەزگۈمىزدىكى تەۋرىنىشچان مەۋجۇتلۇقتۇر.

**تەۋرىنىشچانلىق** ئى. تولا تەۋرىنىدىغان ياكى ئاسان تەۋرىنىدىغان خاراكتېر، پات ـ پات تەۋرىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت.

**تەۋسىپ** ئى [ئە ] يېزت. سۈپەت بەلگىلىرىنىڭ بايانى ۋە تەرىپى: بۇ ئوغۇللار ئىشتا باتۇر، ئاڭلىق ئىدى، تەۋسىپى ئەل ـ يۇرت ئىچىدە داڭلىق ئىدى.

**تەۋسىيە** ئى [ئە] ① بىراۋنى بىرەر ئىشقا لايىق، مۇۋاپىق دەپ كۆرسىتىش: قاسىم مۇدىر ئۆز ئورنىغا يېقىن ئادىمى سايىمنى تەۋسىيە قىلدى. ② مەسلىھەت، تەكلىپ: بۇ ياغلىقنى كىچە رۇستەمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن يۇنۇس كامىر ئىچىگە تاشلىۋەتكەنىدى.

**تەيەممۇم** ئى [ئە ] سۇ يوق يەردە، تۇپراق، لاتا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئالىقانىنى ئۇرۇپ، قول ـ يۈزنى سىلاپ ئېلىنغان شەرتلىك تاھارەت: سۇ يوق يەردە تەيەممۇم (ماقال).

**تەيپۇن** ئى. ئىدىقۇت ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تەيپۇنەم** ئى ← **تەيپۇن**: تەيپۇنەم زاماندا.

**تەيپۇنەم زاماندا** ناھايىتى بۇرۇنقى بىر ۋاقىتتا، ئۇزاق ئۆتمۇشتە: ھەدېسىلا تەيپۇنەم زامانىسىدىكى گەپنى قىلماي، زامانغا بېقىپ سۆزلەيلى.

**تەيجى** ئى [خەن] ۋاڭلىق تۈزۈمىدە، خان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋاڭدىن كېيىنكى ئەمەل. تەيجى ۋاڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ، ۋاڭنىڭ ئىككى تەيجىسى بولىدۇ.

**تەيجىچۇەن** ئى [خەن] <تەن> كەڭ تارقالغان بىر خىل چامباشچىلىق ھۈنىرى. ھەرىكىتى ئاستا ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ، تېخنىكىلىق ئېلىشىشتا قوللىنىشقا بولىدۇ. ئۇ يەنە ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**تەيجىلىك** ئى. تەيجىدە بولىدىغان ھوقۇق، تەيجى قىلىدىغان خىزمەت: ناھايىتى كەلسە، مىرغەزەپ مېنىڭ تەيجىلىكىمنى ئالۇر.

**تەيفېڭ** ئى [خەن] <مېتېئور> تەيفېڭ شامىلى. تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىدىكى دېڭىزلاردا ۋە جەنۇبىي دېڭىز يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ئىسسىق بەلباغ ھاۋا قايىنىمى. ئۇ بىر خىل ئىنتايىن شىددەتلىك بوران بولۇپ، دەرىجىسى ئادەتتە ئون بالدىن ئېشىپ كېتىدۇ، قارا يامغۇرمۇ ئارىلاش ياغىدۇ.

**تەيلەتمەك** «تەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەيلەشمەك** «تەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەيلەنمەك** «تەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەيلىك** سۈپ. دىيال. بەك قاتتىق، چىڭ، كۈچلۈك، ئاچچىق.

**تەيلىمەك** پ ① تەكشىلەپ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزماق، دەستىلىمەك: پۇل تەيلىمەك ② تەييار قىلماق، تەخ قىلماق. ③ قاتلىماق. ④ تەكشىلىمەك.

**تەيىن** ئى [ئە] ئېنىق قىلىش، بەلگىلەش: تەيىن قىلماق.

**تەيىنلەتمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەيىنلەشمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ، مەكتەپ ئورنىغا ئويماندەڭنى تەيىنلەشتى.

**تەيىنلەنمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالىم قوشۇنغا كوماندىرلىققا تەيىنلەندى.

**تەيىنلىمەك** پ ① بەلگىلىمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: بىز تېخى سىزنى يېڭى بىر ئىشقا تەيىنلىگەنىدۇق. ② ۋەزىپىگە، مەنسەپكە قويماق: پەرىزاتنى زاۋۇت ئىشخانىسىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلىدى.

**تەييار** سۈپ [ئە ] ① بىرەر ئىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان، ھازىر: مەن خىزمىتىڭىزگە ھەرقاچان تەييار.// بوۋاي ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغان يەتتە يىگىتكە قارىدى. ② بىرەر ئىشقا مايىل، رازى بولغان: ــ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇشقا تەييارمىز، ــ دېدى ئىككىسى. ③ ھازىرلاپ، پۇتكۈزۈپ قويۇلغان، ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن، تەخ قىلىپ قويۇلغان: تەييار ئۇرۇقلۇق قوناق بولغاندىكىن جىقراق تېگىشىۋالاي دەيمەن، ئۇكام. ④ كۆچمە. ئۆزى ئەجىر، ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن: تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس (ماقال).// دادام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ (ماقال).

**تەييارتاپ** سۈپ[تەييار + تاپ ]ئۆزى ئىشلىمەي، باشقىلارنىڭ مېھنىتىگە ئىگە بولۇۋالغۇچى: مەتنىياز ھەقىقەتەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان، ساختىپەز، تەييارتاپ بىر كىشى.

**تەييارتاپلىق** ئى. ئۆزى ئىشلىمەي، باشقىلارنىڭ مېھنىتىگە ئىگە بولۇۋېلىش: ئۆم ـ ئىناقلىق، تىرىشچانلىق يار بىزگە، تەييار-

تاپلىق نەسلىمىزدىن ئار بىزگە.

**تەييارگەرلىك** ئى. تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈش، ھازىرلىنىش ئۈچۈن كۆرۈلگەن چارە ـ تەدبىر، ھەرىكەت، ھازىرلىق، تەييار ـ لىق: بىز يولغا چىقىشنىڭ تەييارگەرلىكىنى ھازىرلاپ پۈتكۈزدۇق.

**تەييارلاتماق** «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ يوغان تاياقلارنى تەييارلىتىپ، ئېسىپ قويغانىدى.

**تەييارلاشماق** «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: ئۇلار ماموت روزىغا مەخسۇس ئات تەييارلاشتى.

**تەييارلانماق** ① «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرد ـ جىسى: كەچقۇرۇن مەن بەختىيارنى راسا بىر ئەدەپلەشكە تەييارلاندىم. ② «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەچتە ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي تەييارلانغانىدى.

**تەييارلىق** ئى. ھازىرلىق؛ تەييارلىنىش ھەرىكىتى: تەييارلىق قىلماق.

**تەييارلىقسىز** سۈپ. تەييارلىقى يوق، تەييارلىق قىلمىغان، ھازىرلىقسىز: ئۇلار ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانىدى.

**تەييارلىماق** پ ① تەييار، تەخ قىلماق؛ ھازىرلىماق: ئوغلۇم، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، كالىلارغا كېچىدە بېرىدىغان ئوتلارنى تەييارلاپ قويغىنا! ② ئىشلەپ پۈتكۈزمەك، يارىغۇدەك قىلماق: ماقالە تەييارلىماق. دوكلات تەييارلىماق. ئويۇن تەييارلىماق. ③ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرمەك: تاتار يىگىت ساقچىلارنى تەييارلايدىغان كۇرسقا ئوقۇشقا كىردى.

**توپ** I [پ] ① ئى. ئوراپ تېڭىلغان، ئۆلچەملىك قاتلانغان ياكى تىزىپ دەستىلەنگەن گەزلىمە، قەغەز قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر بولىقى ۋە دۆۋىسى: فابرىكا ئۈزاقتا بارمايلا پۈتۈپ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى توپ رەختىنى ئىشلەپ چىقاردى. ② ئى. بىر يەرگە يىغىلغان كىشىلەر، ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئۇيۇشقان بۆلىكى: يىراقتىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان بىلەن كىشىلەر توپى باغقا قاراپ كېلەتتى. ③ ئى. بىرەر مەقسەت بىلەن ئۇيۇشقان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: مەخسۇت بەگنىڭ كىچىك ـ كىنە باندىتلىق توپى قۇرغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. ④ سۈپ. يىغىلغان، ئۇيۇشقان: توپ بۇلۇت.

**توپ** II ئى [پ] ① شار شەكىلىدىكى تەنتەربىيە قورالى: ۋالىبول توپى. پۇتبول توپى. چويۇن توپ. چويلا توپ. ② توپ ئويۇنلى ـ رىدىكى نەتىجىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلىدىغان بىرلىك: 1 ـ مايدا ياشلار كوماندىسى تۆت توپ ئۇتتى.

**توپ** III ئى [پ] چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك: ئۇلارنىڭ قوشۇنىدا ئات سۆرەيدىغان چوڭ توپلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

**توپا** ئى. چېچىلىدىغان يۇمشاق تۇپراق: قان تۆكۈلگەن پەردىن سېرىق توپا ئۆرلەپ چىقىپتۇ.

**توپا تەرەت** يۈز ـ كۆزىگە توپا ـ چاڭ قونغان، ئۇستىبېشى توپا.

**توپا تۇتماق** مېيىتنى دەپنە قىلىپ گۆر ئېغىزىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنىڭ ئايەت ئوقۇپ دەم بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ پەش ياكى گۇرجەك بىلەن توپا ئۇزاتماق.

**توپىسىنى تۇرپانغا ئۇچۇرماق** دىيال. قويماي تۇگىتىۋەتمەك (پۇلغا قارىتىلىدۇ).

**توپىسىنى كۆزگە سۈرتكۈدەك بولماق** قاتتىق سېغىنماق، ئاجايىپ كۆرگۈسى كەلمەك: مەن ئون يىلدىن بېرى يۇرتۇمنى، ئاتا ـ ئانامنى كۆرمەي، ئۆيىمىزنىڭ توپىسىنى كۆزگە سۈرتكۈدەك بولدۇم.

**توپىسى ئېغىر** تاشلاپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيدىغان؛ ئاسان ئايرىلغىلى بولمايدىغان، ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىدىغان: كېتىمەن، كېتىمەن دەپ تۇرغىنىڭغا تۆت يىل بولۇپ قالدى، تېخى كېتەلمىدىڭ، بۇ يېزىنىڭ توپىسى ئېغىر.

**توپا ـ توزان** ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ۋە ئۇنىڭ توزۇندى ـ لىرى: ئۇ ئاسمان ـ زېمىننى قاپلىغان توپا ـ توزان ئىچىدە قالدى.

**توپا ـ تۇمان** ← **توپا ـ توزان**: ئۇچۇرۇپ قۇمنى، توپا ـ تۇماننى، چاچماقتا ھەر يان ئوت ـ خەس، سامانىنى.

**توپا ـ چاڭ** ← **توپا ـ توزان**: قارىدۆڭ يېزىسىغا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ، مەنسۇر باشلىق ئۈچ ئاتلىق ئادەم كەلدى.

**توپاز** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەۋى تەركىبى $Al_2(FOH)_2SiO_4$ . ئۇ ئادەتتە سېرىق، ئاچ زەڭگەر، ئاچ يېشىل، ئاچ كۆل رەڭ ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ؛ سۈزۈكلىرى بىر خىل گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

**توپان** I ئى <دېھ> بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ خاماندا دېنى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قېپقالـ ـغان غول، يوپۇرماقلىرىنىڭ توپىدەك بولۇپ كەتكەن ئۇۋاقلىرى.

**توپان** II ئى [ئە] ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان نوھ پەيغەمبەر زامانىسىدىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانى باسقان سۇ تاشقىنى. ② كۆچمە. كۈچلۈك دولقۇن، تاشقىن، ئېقىن: قالدى بىر قامغاق كەبى بوران ئارا، يا قېيىقسىز بەندىدەك توپان ئارا. ③ كۆچمە. زور بالايىئاپەت: قانچە توپانلار، بورانلار ئۇچرىدى، ئەمما باش ئەگمىدۇق.

**توپبېشى** ئى [توپ + باش + ى] تارىس. ۋاڭلىق تۈزۈمدە، باشقىلارنى ۋاڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، ۋاڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانـ ـلىرىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئوردا خىزمەتچىسى.

**توپ ـ توپ** ئايرىم ـ ئايرىم ھالەتتىكى بىرقانچە توپ: ئادەملەر توپ ـ توپى بىلەن بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

**توپچا** I ئى. تۈگمە: چاپاننىڭ توپچىسى.* بالا ئانىسىنىڭ ئەمچەك توپچىسىنى قاتتىق چىشلەپ تارتىپتۇ.

**توپچا** II ئى. دىيال. گىرە، گىرەچە.

**توپچى** I ئى. داۋاملىق توپ ئويناشقا بېرىلگەن ياكى مەلۇم توپ كوماندىسىغا قاتناشقان كىشى.

**توپچى** II ئى <ھەرب> توپ ئاتقۇچى، توپ بىلەن قوراللانغان قىسىمدا ئىشلىگۈچى: رۇس توپچىلىرى نىيمىسلار ئىگىلىۋالغان دەريا بويىدىكى ئىستىھكاملارنى كۈن بويى ئوققا تۇتۇپ تۇردى.

**توپچىگۈل** ئى. دىيال. گۈلىيەسمەن، غۇنچىسى تۈگمىدەك دۈگىلەك بولىدىغان بىر خىل گۈل

**توپچىلىماق** پ. دىيال. تۈگمىلىمەك، تۈگمىسىنى ئەتمەك: ئۇ توپچىسىنى توپچىلىماپتۇ.

**توپ ـ زەمبىرەك** توپ ۋە زەمبىرەك، ئومۇمەن ئېتىش مۇساپىسى نىسبەتەن ئۇزاق، ۋەيران قىلىش كۈچى نىسبەتەن

زور بولغان ئېغىر تېپتىكى ھەربىي قورال‌لار.

**توپشاھ** ئى. دىيال <تەن> قاچقانچۇق، قاچقان توپ (بىر خىل باللار ئويۇنى).

**توپقا** ئى. دىيال. كۆپچىلىك.

**توپقال** ئى. دىيال. كۆپچىلىك.

**توپلاتماق** «توپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزىلىق ھۆكۈمەت ئائىلىلەرگە ئوغۇت توپلاتتى.

**توپلاشماق** «توپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت بولۇپ خېلى نۇرغۇن كىشىلەر توپلاشتى.

**توپلاقلىق** سۈپ. توپلاپ قويۇلغان، توپلانغان.

**توپلام** ① سۈپ. بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن مەلۇم تەرتىپتە جەملەنگەن، يىغىلغان: توپلام ئۇقۇم. ② ئى. مەلۇم تەرتىپتە توپلانغان ۋە نەشر قىلىنغان ئەسەر، قارار، مەجمۇئە: «كۆكلەم» ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئىدى.

**توپلاملىق** سۈپ. توپلام بولىدىغان: ئۇ ئۆمرىدە نەچچە ئون توپلاملىق ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ بىزگە مىراس قىلىپ كەتتى.

**توپلانماق** ① «توپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كوماندىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاققانلىق بىلەن ئاۋۇالقى جايىمىزغا توپلاندۇق. ② «توپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ناھىيە بويىچە 420 مىڭ كۇب مېتىر ئوغۇت توپلاندى.

**توپلەي** ئى [ر] ئايال‌لارنىڭ يازلىق ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى: ئېگىز پاشنىلىق توپلەي. ئارا پاشنىلىق توپلەي.

**توپلەيلىك** سۈپ ① توپلەي كىيگەن. ② توپلەي تىكىشكە بولىدىغان: بىر توپلەيلىك خۇرۇم.

**توپلۇق** ① سۈپ. توپ ھالەتتىكى، توپلاشقان: جانلىقلار ئىچىدە پەقەت ئادەملا توپلۇق خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. ② ئى . يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**توپلىماق** پ ① تارقاق نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغماق، جەملىمەك: ئۇ چېچىلىپ كەتكەن ئالمىلارنى تېرىپ بىر يەرگە توپلىدى. ② بىر ـ بىرلەپ يىغىپ كۆپەيتمەك: ھېساب ۋە تەبىئەتكە دائىر كىتابلارنى يول راسخوتى ئۈچۈن سېتىپ، پۇل تـوپلىدىم. ③ كۆچمە. بارىنى بىر يەرگە يىغماق، مەركەزلەشتۈرمەك (كۈچ، دەرمان، زېھىن قاتارلىقلار ھەققىدە): نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچنى توپلاپ، بۇ كۈرەشكە ياخشى رەھبەرلىك قىلىشى لازىم.

**توپوگراف** ئى [ر] <ئۆلچ> توپوگرافىيە مۇتەخەسسىسى.

**توپوگرافىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئۆلچ> گېئودېزىيەنىڭ بىر تارمىقى. يەر يۈزىنى ئۆلچەش، پىلان، خەرىتىگە چۈشۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**توپوگېئولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> گېئولوگىيەنىڭ يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

**توپولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنىڭ ئۆز شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتكەندە يەنە ساقلاپ قالالايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**توپۇر** I تەق. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەرتىپسىز قەدەم بېسىشىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز: يېرىم كېچە بولغاندا، دېرىزە تۈۋىدە كۆرۈنگەن كۆلەڭگە بىلەن «توپۇر» قىلغان بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ، يەنە جىمىدى.

**توپۇر** II (تو: پۇر) ئى. دىيال. سەپ، رەت، قاتار.

**توپۇر بولماق** دىيال. قاتار بولماق، سەپكە تىزىلماق.

**توپۇر- توپۇر** تەرتىپسىز بېسىلغان نۇرغۇن ئاياغ تىۋىشى: دەرۋازا تېشىدىن ئادەملەرنىڭ توپۇر ـ توپۇر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

**توپۇرلاتماق** «توپۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**توپۇرلاشماق** «توپۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپۇرلىشىپ ماڭدى.

**توپۇرلىماق** پ. «توپۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: كوچىدىن ئاتلار توپۇرلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

**توپۇق** ئى ① ھايۋاننىڭ تىزىدىكى ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك سۆڭەك. ئۈچى پەسكە قاراپ تۇرىدۇ. ② ئۆزئارا تەقدىم قىلىپ ئويناش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەييارلانغان توپۇق سۆڭىكى: توپۇق ئوينىماق. ③ سۆڭەك، لىمفا تۇقۇلمىسى، قان ئىشلەپچىقىرىش تۇقۇلمىسى قاتارلىقلاردا بولىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە: توپۇق چىقماق.

**توپچاق** ئى. دىيال. ئىككى چىشلىق ئەركەك موزاي.

**توپىلاتماق** «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېكىم بوۋاي ئېتىزنىڭ قىرىدا ھاسىسىنى تايىنىپ تۇرۇپ، نەۋرىلىرىگە بۇ بىرمو يەرنى توپىلاتتى.

**توپىلاشماق** «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار بەس ـ بەستە كۈزگىلىرىنى توپىلاشتى.

**توپىلاڭ** I ئى ① قالايمىقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئۇرۇش ـ ماجىرا: توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق. * توپىلاڭدا ھەر تەرەپكە ئاغدۇرۇلغان شىرە ـ ئورۇندۇقلار يەردە ياتاتتى. ② ئىسيان، غەلىيان: ئۇلار خانغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى.

**توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق** كىشىلەرنىڭ دىققىتى مەلۇم جىددىيلىك ۋە قالايمىقان ھالەت بىلەن بەند بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق.

**توپىلاڭ** II ئى. يۇمشاق، بوزاڭ توپا بىلەن قاپلانغان ھالەت ۋە ئاشۇنداق جاي: روزىمەت يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، كىگىز ئورنىدەك يەرنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**توپىلاڭچى** ئى. توپىلاڭ پەيدا قىلىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى: تاغلىق توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش سىزنىڭ لەشكىرىي تەييارلىقىڭىزنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بولۇشى كېرەك.

**توپىلانماق** ① «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باش ئەتىياز زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان 16 مىڭ مو يەر تۈزلىنىپ ۋە توپىلىنىپ بولدى. ② توپىلاڭدا ئېغىناپ ياتماق، يۇمىلانماق: تام تۈۋىدىكى قۇرۇق توپىدا توخۇلار ئېغىناپ توپىلانماقتا ئىدى.

**توپىلىتىلماق** «توپىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**توپىلىق** ① سۈپ. توپىسى بار،توپا بىلەن تولغان: قۇم توپىلىق ئېتىز. سېغىز توپىلىق يول. ② سۈپ. توپىسى قېلىن، كۆپ؛ توپا باسقان، توپا توزۇپ تۇرىدىغان: يولۇچىلار ئاپتوبۇسى سولغا بۇرۇلدى ـ دە، تار ۋە توپىلىق يولدا ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ③ ئى. يۇمشاق، بوزاڭ، قېلىن توپىسى بار جاي: كۆن تىكلە-

گەندە، بۇ توپىلىقتىن ئاياغ كىيمەي ماڭغىلى بولمايتتى.

**توپىلىماق** پ. ئۇنۇمسىز تۇپراق ئۈستىگە ئۇنۇملۇك، كۆچلۈك تۇپراقنى تۆكمەك، توپا يېيىتماق، چاچماق: قاراقشتا بۇغداي توپىلاپ، بېشىم ئېلىشىپ قالدى دەملا؟

**توتاق** ئى. جا ن ت. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى؛ ماتكا.

**توتۇرماق** پ. دىيال. تېرىكتۇرمەك، خاپا قىلماق، قېرىشتۇرماق، چىشىغا تەگمەك.

**توتېم** ئى [ر<ئىنگ] ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، بىر ئۇرۇق كىشىلىرى ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق ياكى باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارىغان ۋە قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە چوقۇنغان جانلىقلار ھەم تەبىئىي نەرسىلەر.

**توتېمىزم** ئى [ر] ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ دەسلەپكى بىر خىل دىنىي ئېتىقاد. ئۇ تەخمىنەن ئۇرۇق جامائەسى بىلەن بىللە پەيدا بولغان. قەدىمكى ھەربىر ئۇرۇق كىشىلىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم ھايۋان، ئۆسۈملۈك ياكى جانسىز ماددىلار بىلەن قانداشلىق ياكى باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارىغان ۋە ئۇلارغا شۇ ئۇرۇقنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە سىمۋولى سۈپىتىدە چوقۇنغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ساقلانغان بولۇپ، ھازىرمۇ بەزى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇچرايدۇ.

**توچكا** ئى [ر] ① بىرەر جاي ياكى بوشلۇقتىكى مەلۇم بىر دائىرىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە، نۇقتا. ② نۇقتا، چېكىت: ئۇ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە يەتتە توچكىغا تولۇق تەگكۈزۈپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تەقدىرلەنگەن.

**توچكىلاتماق** «توچكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**توچكىلاشماق** «توچكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**توچكىلىماق** پ. توچكا بىلەن كۆرسەتمەك، توچكا بىلەن ئىپادىلىمەك، توچكا بىلەن بەلگىلىمەك، توچكا سالماق: مەن بۇ ئۇسلۇبدا، زامانىۋى ئۇسلۇب ئىجادىيەت شەكلى ئارقىلىق قىزلارنى بىر مۇھىتتىن ئىككىنچى بىر مۇھىتقا يۆتكەپ، ئادەم بەدىنى بىلەن خىلمۇ-خىل ھەرىكەتلەرنى توچكىلاش ئارقىلىق چەكسىز ۋە بىپايان كەتكەن چوكانتاللىقنى ئىپادىلەپ بەردىم.

**توختاتماق** ① «توختىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دەرھال ئېتىنى توختاتتى. ② بېكىتمەك، بەلگىلىمەك: ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئۈچ كۈندىن كېيىنگە توختاتساق. ③ ۋەزىپە ئۆتەشتىن چەكلىمەك، قالدۇرماق: ئۇلار مەنسۇرنى شۇجىلىقتىن ۋاقىتلىق توختاتتى. ④ تۇرغۇزماق، ئىشلەتمەك: ئۆيدە بالا باققۇچى توختىتايلى دېسەك، سىڭنىڭ مائاشىڭنىڭ يېرىمى كېتىدۇ. ⑤ كۆچمە. باسماق، تۇتماق: ئۇنىڭ گەپ- سۆزلىرىدىن ئۆزىنى خېلى توختاتقان ئادەملىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

**توختاشماق** «توختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**توختالغۇ** ئى ① جىددىي پەيتتىمۇ ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: توختالغۇسى بار. توختالغۇسى يوق. ② توختاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاي، ئورۇن: ساي ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كىچىككىنە كەپە يولۇچىلار ئۈچۈن ئۆتەڭ بولالمىسىمۇ، بىر توختالغۇ بولۇپ قالغانىدى. ③ تۇرالغۇ.

**توختالغۇسىز** رەۋ. ئۇزۇلۇكسىز، توختىماستىن: ئۇلار: — بىزگە قورال بېرىلسۇن! ھېچقانداق توختالغۇسىز ئالدىنقى لىنىيەگە بارىمىز، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

**توختالماق** ① «توختىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يا پۇل، يا ئاشلىقى يوق تۇرسا، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش يەنە توختالسا، قانداقمۇ بىرنېمە قىلىدۇ. ② «توختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: يۇقىرىدا بىز مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق.

**توختام** ① سۈپ. توختاپ قالغان، ئاقمايدىغان: توختام سۇ. ② ئى. ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ مەلۇم بىر ئىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندا، ھەرقايسىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن بېكىتىپ چىقىلغان ھەمدە ئورتاق رىئايە قىلىنىدىغان مەزمۇن ۋە ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىم ۋە بۇ ھەقتىكى ھۆججەت: توختامدا تەدبىر كونكرېت، مەسئۇلىيەت ئېنىق بەلگىلەندى.

**توختاملاشماق** پ ① گېپىنى بىر يەرگە توختاتماق، پۈتۈشمەك: موللام بىلەن توختاملىشىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ② ئۆزئارا توختام تۈزۈشمەك: بىز شەھەر ئىدارىلىرىنى كۆكتات بىلەن، شەھەر ئىدارىلىرى بىزنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ توختاملاشتۇق.

**توختاملىق** سۈپ. توختامغا ئاساسلانغان، توختام بويىچە مۇددىتى بەلگىلەنگەن: توختاملىق ئىشچى.

**توختانامە** ئى. بىر ياكى بىرقانچە تەرەپنىڭ ئۆزئارا كېڭىشىپ بېكىتىپ چىققان كېلىشىمى ۋە شۇ ھەقتە يېزىلغان ھۆججەت.

**توختاۋسىز** رەۋ. توختىماستىن، ئۇزۇلۇكسىز: ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

**توختۇن** سۈپ. دىيال. تەمكىن، سالماق، ئېغىر- بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان.

**توختىماق** پ ① مەلۇم ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە باشقىلار داۋاملاشماي قويماق: ئات غالىبتىن ئون قەدەمچە ئۆتۈپ بېرىپ توختىدى. ② بىر يەرگە بېرىپ قالماق (ياش ھەققىدە): ئۇ سالاپەتلىك، يېشى توختىغان ئادەم ئىدى. ③ قارار تاپماق، ئورۇنلاشماق: سۇ قاتتىق يەردە توختايدۇ (ماقال). ④ بېكىمەك، بىر قارارغا كەلمەك: تالاش- تارتىش تۈگىمەي، گەپ بىر يەرگە توختىمىدى. ⑤ كۈتمەك، ساقلىماق: شۇ چاغدا ناسىر ئاكا تولىمۇ خىجىللىق ئىچىدە: — خاپا بولماي چىلگە پىشقىچە توختاپ بېرىشسىلە، — دېدى. ⑥ ئۈزۈلۈپ قالماق: قاتناش توختىدى. * ئېقىۋاتقان سۇ بىردەمدىلا چىپپىدە توختىدى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ياكى بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش مەلۇم قىممەتكە ۋە ئەجىرگە توغرا كەلمەك: ئۇ ياقتا تارتىشىپ، بۇ ياقتا تارتىشىپ، ئاخىر ئۈجمە سايىسىنىڭ باھاسى 400 تەڭگە ئاق كۈمۈشكە توختاپتۇ. ⑧ كۆچمە. ئاغزىغا، تىلغا ئېلىپ ئۆتمەك؛ توختالماق: ئەمدى مەن يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىدە توختاپ ئۆتىمەن.

**توختىماي** رەۋ. توختىماستىن، ئۇزۇلۇكسىز، داۋاملىق: ئاتلارنىڭ توختىماي چېپىشى بىلەن ئۇلار بىردەمدىلا مەھەللىگە يېتىپ چىقتى.

**توخچان** ئى. دىيال. خەتتەك، ياۋا چىلگە.

**توخسا** ئى. بىر تەرىپى پالتا، بىر تەرىپى جوتۇ ئەسۋاب.

**توخشۇرماق** پ. دىيال. چۇخچىلىماق.

**توخۇ** ئى ① ئۆي قۇشلىرىدىن بىرى. ھەر خىل سورتلىرى بار، تۇمشۇقى قىسقا، ئۇستۇن تۇمشۇقى ئېگىلگەن، بېشىدا قىزىل تاجىسى بولىدۇ؛ قانىتى قىسقا، ئېگىز ئۇچالمايدۇ؛ گۆش ۋە تۇخۇم ئۈچۈن بېقىلىدۇ: مالىنىڭ بېشى توخۇ (ماقال). ② شۇ ھايۋاننىڭ گۆشى: بۈگۈن كەچ توخۇ شورپىسى زىياپىتى بولدى. ③ <ئاستر> مۇچەل يىل ھېسابىدا ئونىنچى يىلنىڭ نامى: ئۇنىڭ مۇچىلى توخۇ ئىكەن.

**توخۇپوقى** ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، مۇتتەھەم، كۆكەرمە، ئەسكى: بۇ توخۇپوقىنى نەدىن باشلاپ كەلگەندۇ بۇ ئادەم.

**توخۇ كۆزلۈك قىلماق** دىيال. كىچىك كۆزلۈك قىلماق، شەخسىيەتچىلىك قىلماق.

**توخۇ ـ تۇمان** دىيال. توخۇ ـ ئۆردەك.

**توخۇچى** ئى ① توخۇ بېقىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بۇ خورازنى بازاردا بىر توخۇچىدىن سېتىۋالدىم. ② توخۇ پىشۇرۇپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: توخۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى توخۇ گۆشلىرىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

**توخۇچىلىق** ئى. توخۇ بېقىش ۋە سېتىش ئىشى، توخۇ باقمىچىلىقى: دوستۇم راززاق توخۇچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. * ئۇ توخۇ-چىلىقتىن يول تاپتى.

**توخۇناق** ئى① توقۇناق. ② بۇرۇنقى زاماندا قاسقاندا ياكى تونۇردا پىشۇرۇلغان تاماقلارنى خامانغا ئاپىرىپ ساتقۇچى.

**تور** I ئى ① يىپ ياكى سۇنئىي تالالاردىن كاتەك ـ كاتەك كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان توقۇلما: باغنىڭ ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇپ تارتىلغان نازۇك ئىنچىكە ئالتۇن تور ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە يول قويمايدىكەن. // تور ياغلىق. تور سومكا. ② شۇنداق شەكىلدە ئىشلەنگەن بۇيۇم: سىم تور. ③ ئۆمۈچۈك، پىلە قۇرتى قاتار-لىقلارنىڭ تارتقان يىپلىرى: ئۆمۈچۈك تورى. پىلە تورغا كىردى. ④ بېلىق تۇتۇش، قۇش ئوۋلاش ئۈچۈن، كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان يىپ: قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس، ئەر قېرىپ قولغا چۈشمەس (ماقال). * بىر كۈنى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، دەرياغا تور ساپتۇ. ⑤ كۆچمە. تۇزاق، قاپقان؛ قامال: پەرىزات مانا ئەمدى بىر چوڭ جىنايى تور ئىچىگە كىرىپ قالدى. ⑥ قوغۇن پىشقاندا، شاپىقىدا ھاسىل بولىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى كېسىشكەن سىزىقلار. ⑦ كۆچمە. بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ساھە، سىستېما: ئىجتى-مائىي سودا تورلىرىنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بازارنى تەمىنلەش تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

**تور ئەھلى** ① تورغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلىق ئىشلارنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم، تور ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى (ئىنتېرنېت ھەققىدە).② ئادەتتە كومپيۇتېرنى ئاچقاندىن كېيىن تورغا چىقىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان كىشى (ئىنتېرنېت ھەققىدە): ئامېرىكىدا ھازىر قۇرامىغا يەتكەن تور ئەھلى 17 مىليون كىشى بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

**تورغا چۈشمەك** ① تورنىڭ ئىچىگە كىرىپ قامىلىپ قالماق (بېلىق ۋە قۇشلار ھەققىدە). ② كۆچمە. قاپقانغا چۈشمەك، قامال قىلىنماق، قولغا ئېلىنماق.

**تورغا چىقماق** كومپيۇتېردا تورغا كىرىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارماق، تورنى ئاچماق: بالام ھەر ئاخشىمى تورغا چىقىدۇ.

**تور** II ئى ① بىر جىسىم يەنە بىر جىسىمغا ئۇرۇلغاندا، ماسسىسىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۆز ھەرىكىتىگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچە كۈچ، بېسىم تەسىر: پەخىردىن ئۆز كۈچىنىڭ تورى بىلەن كەتمەن ئۇستىگە يىقىلدى. ② بېسىم، كۈچ، تەسىر: تورى بار پالتا. * ئۇنىڭ قولىنىڭ تورى بار. * چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي، جۇۋىسى بارغا تور كەتسۇن (ماقال).③ كۆچمە. سالماق، ۋەزىن، ئەھمىيەت: ئۇنىڭ گېپىنىڭ خېلى تورى بار.

**تور كەتمەك** تەسىر يەتمەك، دەز كەتمەك: چاپىنى بارغا مۇشت ئاتسام، جۇۋىسى بارغا تور كەتتى (ماقال).

**توراق** ئى. دىيال. توساق.

**تورپاق** ئى. ئىككى ياشقا تولمىغان ئەركەك موزاي: يېنىڭ-دىكى تورپاق ئۆي بولماس (ماقال).

**تورپاقلىق** سۈپ. تورپىقى بار، تورپىقى بولغان: ئېغىلغا كىرىپ بېقىڭلار، يەر ئىسلاھاتىدا تەگكەن مېۋە ھازىر كۆپىيىپ، بىر تورپاقلىق ئىنەك، 16 قوي بولدى.

**تورت** I تەق. ئادەم ئىچىدىن يەل قاتتىق چىققاندا ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**تورت** II ئى [ر<ئىتال] خېمىرىغا قوي مېيى، سېرىق ماي، شېكەر، تۇخۇم قاتارلىقلار قوشۇلۇپ تەييارلىنىدىغان، بېزەلگەن تاتلىق يېمەكلىك.

**تورت ـ تورت** «تورت I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تورتتىدە** رەۋ «تورت» قىلغان ھالدا، «تورت» قىلىپ: ئۇ كۈلكىسىنى باسالماي تورتتىدە چىقىرىۋەتتى.

**تورچى** ئى. دىيال. بېلىقچى.

**تورداش** ئى. ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر تورغا چىقىدىغان، ئۆزى بىلەن بىللە تورغا چىقىدىغان ئادەم: ئۇ شەبنەم توردا تورداشلىرى بىلەن دۇنيانىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلدى.

**تورسۇق** ئى ← **چاناچ**.

**تورسىمان** سۈپ. تورغا ئوخشاش، تور شەكىللىك: تورسىمان ئىچكى تېرە سىستېمىسى.

**تورغا** ئى ① قارا ئۆي تەرمىسىنىڭ سىرتىغا يېپىلغان كىگىز. ② كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورايدىغان يېپىنچا.

**تورغاي** ئى <زوئول> قاناتلىرى سۇس قوڭۇر، قارا رەڭلىك سىزىقچىلىرى بار، تۇمشۇقى كىچىك ۋە ئۇچلۇق، قانىتى چوڭ، ئېگىز ئۇچىدىغان، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش.

**تورغۇت** I ئى. موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تورغۇت** II ئى. دىيال. ياغ قاچىلايدىغان بىر خىل قاچا.

**تورف** ئى [ر<نېم] كۆمۈرگە ئايلىنىش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان يېقىلغۇ. رەڭگى پاتقاققا ئوخشاش قارا، قوڭۇر ياكى قىزغۇچ كېلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، سانائەتتە كۆمۈر گازى، پاتقاق گازى، ياغاچ ئىسپىرتى ياساش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ ھەم يېقىلغۇ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**تورقا** ئى. ياۋا كەندىر چىگىسى.

**تورقاق** ئى. تارس. بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر تەرەپكە

كېپىللىك ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەم.

**تورقۇ** ئى. دىيال. چېكەلەك تالاسى.

**تورقىماق** پ. دىيال. ئىچى پۇشماق، پىغان تۆتماق.

**تورلاتماق** «تورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەنىپەم پىچىلغان كۆڭلەكلىك رەختىنى ئېلىپ، ماشىنىچى يېنىغا تورلاتقىلى ماڭدى.

**تورلاشتۇرماق** «تورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدىكى يېزا - كەنتلەر ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**تورلاشتۇرۇلماق** «تورلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خوشۇت ناھىيەسىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى.

**تورلاشماق** ① «تورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② تۈرلۈك شەكىلدە كېسىشكەن سىزىقلار بىلەن قاپلانماق (قوغۇن، قاپاق، كاۋا قاتارلىقلار ھەققىدە): تورلاشقان قوغۇن. ③ ھەر تەرەپكە يۆنەلگەن لىنىيەلەر تۈتىشىپ، تور ھالىتىنى شەكىللەندۈرمەك: بۇ يىل ئەتىيازدا يېزا - كەنتلەرنىڭ ئورمان بىلەن تورلىشىشى چىڭ تۈتۈلدى. ④ غۇۋالاشماق، تالماق (كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى.

**تورلانماق** «تورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېتىلغان پاختىلار ئىككى كۈن ئىچىدىلا تورلىنىپ بولدى.

**تورلۇق** I ① سۈپ. كاتەك - كاتەك تور شەكىلدە توقۇلغان ياكى جىيەكلىرىگە تور تۈتۈلغان، ئەتراپىنى يىپ بىلەن تورغا ئوخشاش ئورىغان: دېرىزە سىرتىغا سىم تورلۇق قاپقاق بېكىتىلگەندى. ② سۈپ. پوستىدا تورغا ئوخشاش سىزىقلىرى بار: تورلۇق قوغۇن. ③ ئى. تور قىلىنغان ياكى تور قىلىشقا لايىق نەرسە: دېرىزىگە تورلۇق ئۈچۈن بەش مېتىر رەخت سېتىۋالدىم.

**تورلۇق** II سۈپ ① ۋەزنى، بېسىمى، سالمىقى بار: تورلۇق پالتا. ② كۆچمە. تەسىر قىلىدىغان، قاتتىق تېگىدىغان: ماڭا تولا تورلۇق گەپ قىلماڭ.

**تورلىما** ئى. يىپى قوش ئېگىرىلىپ، سىپتا توقۇلىدىغان ماتانىڭ بىر خىلى.

**تورلىماق** پ ① يىپنى تور شەكىلدە كېسىشتۈرۈپ تىكمەك: ھاشىخان ئاچا غەلۋىرىنىڭ يىرتىلغان يېرىنى چىگە يىپ بىلەن تورلاپ ئولتۇراتتى. ② سىرتىنى تور بىلەن قاپلىماق: ھېلىقى ئاتقۇچى ئۇستا پاختىنى ئېتىپ راسلىۋالغاندىن كېيىن ئېگىرىلگەن يىپ بىلەن تورلىغىلى تۇردى. ③ پىچىلغان رەختنىڭ كېسىلگەن قىرىنى يۆمەپ تىكمەك: مەن شىمنى كەستۈرۈپ، تورلاش ماشىنىسىدا تورلاۋاتاتتىم.

**تورمۇز** ئى [ر<گىرېك] ئاپتوموبىل ۋە باشقا مېخانىزملارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىش ياكى توختىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇرۇلما.

**تورمۇزسىز** سۈپ. تورمۇزى يوق، تورمۇز بېكىتىلمىگەن: ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت تورمۇزسىز ئىدى.

**تورمۇزلاتماق** «تورمۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆيجاڭ يىراقتىن شۇجىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا تىراكتورچىغا تىراكتورنى تورمۇزلاتتى.

**تورمۇزلاشماق** «تورمۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىردىنلا ۋېلسىپىتلىرىنى تورمۇزلاشتى.

**تورمۇزلانماق** ① «تورمۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماشىنىنىڭ تورمۇزلىنىپ توختىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى. ② كۆچمە. توختىتىلماق، تىزگىنلەنمەك: سىناش ئارقىلىق ناچار ئادەت تورمۇزلىنىدۇ ۋە يەنىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئالىيجاناب ھەرىكەتلەر كۈچىيىدۇ.

**تورمۇزلۇق** سۈپ. تورمۇزى بار، تورمۇز بېكىتىلگەن: پۇت تورمۇزلۇق ۋېلسىپىت.

**تورمۇزلىماق** پ ① تورمۇزنى ئىشقا سېلىپ ئاپتوموبىل، ۋېلسىپىت قاتارلىق مېخانىزملارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىلاتماق ياكى توختاتماق: سۇلايمان ۋېلسىپىتنى ئىتتىك تورمۇزلىدى - دە يەرگە چۈشتى. ② <پسخول> نېرۋا پائالىيىتىنى تېز ھالدا سۇسلاشتۇرماق، توختاتماق.

**تورنىك** ئى [ر<فىران] ئۇستى ئىككى بېشىغا توغرا تۆمۈر بېكىتىلگەن بىر خىل تەنتەربىيە ئۇسكۈنىسى. ئۇنىڭ يالاڭ تورنىك ۋە قوش تورنىك دېگەن تۈرلىرىمۇ بار: تورنىك ئوينىماق.

**تورۇس** ئى. ئۆي ئىچىنىڭ ئۇستى قىسمى، شىپ: رابى ۋەت - ۋەت تورۇسقا تىكىلگىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئۈن - تىنسىز ياتاتتى.

**تورۇشەن** ئى. ياۋا توڭگۇزنىڭ بالىسى.

**تورۇق** ① سۈپ. قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ (ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە): سول تەرەپتىكىسى تورۇق ئاتقا مىنگەن ياش يىگىت ئەسنار ئىدى. ② ئى. رەڭگى قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ كەلگەن ئات: تورۇقنى سېتىۋالغاننىڭ ئەتىسى، ئابدۇۋېلى ئۇنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا مىنىپ باردى.

**تورۇك** تەق. ئىككى قاتتىق نەرسىدىن بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلۈشى، تاشلىنىشى ياكى دەسسىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: تاشقىرىقى ئۆيدىن تورۇك قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**تورۇك - تورۇك** «تورۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوۋاي ئالمىسىنى ئىرغىتىۋىدى، تورۇك - تورۇك قىلىپ چۈشكىلى تۇردى.

**تورۇككىدە** رەۋ «تورۇك» قىلغان ھالدا، «تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىسى تورۇككىدە يەرگە چۈشتى.

**تورۇكلاتماق** «تورۇكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنۋەر داسقا ياڭاقلارنى تورۇكلىتىپ تۆكتى.

**تورۇكلاشماق** «تورۇكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تورۇكلىماق** پ «تورۇك - تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تورۇك - تورۇك» قىلماق: شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قوينىدىكى ياڭاقلار يەرگە تورۇكلىشىپ چۈشۈپ، بالىلارنىڭ ئاياغلىرىدا دومىلاشقا باشلىدى.

**تورۇڭ** تەق. ئىچى كاۋاك تۆمۈر ۋە قاچا قاتارلىق نەرسىنىڭ يەرگە چۈشۈشى ۋە سىرتىغا ياكى ئىچىگە يەنە بىر قاتتىق نەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تورۇڭ - تورۇڭ** ① «تورۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا قوغۇنلۇقتا قولىدىكى كونا چېلەكنى تورۇڭ - تورۇڭ ئۇرۇپ، كۈن بويى قۇشقاچ ئۈركۈتتى. ② كۆچمە. قوپال، قاتتىق، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك، يېقىمسىز: تورۇڭ - تورۇڭ تەگمەك. * بۇ ئەجەب تورۇڭ - تورۇڭ گەپ قىلىدىغان بىرنېمىكەنە؟

**تورۇڭگىدە** رەۋ. «تورۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «تورۇڭ» قىلغان ھالدا: ئېغىلدىن تورۇڭگىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**تورۇڭلاتماق** «تورۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تورۇڭلىماق** پ ① «تورۇڭ ــ تورۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: سېۋەتتىكى بىكارلانغان كونسېرۋا قۇتىلىرى تورۇڭلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ② كۆچمە. كىشىگە قاتتىق گەپ قىلماق، قوپال تەگمەك: ــ ئانچىكى بىر ئىشقا سەن نېمانچە تورۇڭلايسەن! ــ دېدى بارات ئاكا خاپا بولۇپ.

**تورۇن** ئى. دىيال. تونۇر.

**تورۇلماق** پ. ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالماق: يار بارادۇر يورغىلاپ، ئالدىدا تۇردۇم تورۇلۇپ. ئالتە جۇپ قىزنى قويۇپ، سۆيدۇم سېنى ئارزۇلاپ.

**تورۇنقاي** ئى. ئۇچەي مېيى.

**تورىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەۋى تەركىبى $TH(SiO_4)$. كۆپىنچە ئۇششاق دانچە ھالەتتە ئۇچرايدۇ، رەڭگى قارا، قوڭۇر، سېرىق كېلىدۇ؛ ئەينەك ياكى ماي پارقىراقلىقىغا ۋە كۈچلۈك رادىيوئاكتىپلىققا ئىگە. گىرانىت جىنس، توغرا شىپات جىنس ۋە پېگماتىت قاتارلىقلار ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. ئۇ توري تاۋلاشنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر.

**توري** ئى [ر<لات <] خىم> رادىيوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Th(Thorium). كۈل رەڭ پاراشوك ھالەتتە بولىدۇ، يالتىراق ۋە يۇمشاق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن $U_{233}$ نى ئېلىشقا ھەم ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ۋە ئېلېكتىر قۇتۇپى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تېببىي دورىگەرلىكتىكى رولى رادىيغا ئوخشايدۇ.

**توز** I ئى. ئۇن تارتقاندا توزۇغان ئۇن ئۇچقۇنلىرى، توزۇندا: توزغا كۆنگەن ئىت قوپارغا ئاستىدا ئۆلەر (ماقال). * ئۇ چاغلاردا ئۇنىنىڭ ئورنىغا توز بىلەن توپا بەرسىمۇ شۈكۈر قىلغاندۇق.

**توز** II [ئە] <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى ئۇستىدە تاجىسى بولىدۇ، ئەركىكىنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كەرگەندە خۇددى يەلپۈگۈچكە ئوخشاپ قالىدۇ؛ مېۋە ۋە دانلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ھايۋانات باغچىلىرىدا كۆپرەك بېقىلىدۇ؛ پېيىدىن زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

**توزان** ئى ① ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يۇمشاق توپا، چاڭ: شامال دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن قۇم توزانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. كىر، نۇقسان، ئىللەت: ۋۇجۇدى پاكىز ئىدى روھىي ھەم پاك، ئىدى نەپسى ئەينىكى توزاندىن ساق.

**توزان سۈمۈرگۈچ** <فىز> موتورى بىلەن شامال پالاقچىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۈسكىنە تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەقىقىي بوشلۇق شەكىللەندۈرۈپ، تازىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بىر تۈرلۈك ئۈسكىنە، ئۇنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى چاڭ ــ توزان قوزغاتقۇچ، چاڭ ــ توزان سۈمۈرگۈچ ۋە چاڭ ــ توزان سۈزگۈچ خالتىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. گىلەم، كىگىز، پالاس، پول، تام ۋە شۇنىڭدەكلەرنىڭ يۈزىدىكى چاڭ ــ توزان، توپا ــ چاڭ قاتارلىقلارنىڭ تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**توزغاق** ئى. يېكەن ۋە قومۇشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچىدىكى پۆپۈكى. ئۇ پەي، تۈككە ئوخشاش توزۇيدۇ.

**توزغاقلىق** ① سۈپ. توزغاق كۆپ چېچىلغان، توزغاق بار. ② ئى. توزغاق كۆپ چېچىلغان يەر.

**توزۇتماق** «توزۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توپا توزۇتماق.

**توزۇشماق** «توزۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇسىزلىغان گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشتى، گۈللىرى توزۇشتى.

**توزۇلماق** پ. دىيال. توزۇپ قالماق: بۇ يەردە ئولتۇرۇشماي، ھەر تەرەپكە كەتتى توزۇلاپ.

**توزۇماق** پ ① توزاندەك ھەر يانغا چېچىلماق، ئۇچماق، تۆكۈلۈپ چۈشمەك: توزۇپ چۈشكەن چاچ قىرقىندىلىرى ئالدىمدىكى ئاق كىرلىكنى ئالىچىپار قىلىۋەتتى. ② كۆچمە. ھەر تەرەپكە تاراپ كەتمەك، چېچىلىپ كەتمەك: ئانا! مېنىڭ ئۈمىدلىرىم ھەر تەرەپكە توزۇپ كەتتى. پاناھلىنىدىغان يېرىم يوق، مېنى بالا قىلىۋېلىڭ! ③ تىتىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتمەك: چىرىپ، كۆكىرىپ كەتكەن بۇ پۇللارنىڭ چۆرىسىنى پۇتۇنلەي چاشقان قىرقىۋەتكەن بولۇپ، تۇتقان يەر توزۇپ تۇراتتى. ④ ۋەيران بولماق، يوقالماق: بىلىملىك كىشى ئوزار، بىلىمسىز كىشى توزار (ماقال).

**توزۇندى** ئى. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ پارچىلىنىپ چىرىگەن، توزۇغان، چېچىلغان قالدۇقلىرى: ئادىلنىڭ قوناق پۆپۈكىنىڭ توزۇندىلىرى يۇقۇشۇپ كەتكەن چاچلىرى پاخپىيىپ تۇراتتى.

**توس** تەق. توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ داننى قاتتىق چوقۇپ ئېلىشىدىن چىققان ئاۋاز: توخۇ كورىدىكى قوناقنى «توس» قىلىپ چوقۇشىغا، بالا يەنە بىر تاش ئاتتى.

**توساتتىن** رەۋ ① كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت: توساتتىنلا بىر پاي ئوق ئېتىلدى. * توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، چېھرىگۈل كىرىپ كەلدى. ② ئىختىيارسىز، بىردىنلا: مەن يەنە نېمىلەرنىدۇر ئېيتماقچىدىم، لېكىن توساتتىن جىم بولۇپ قالدىم. ③ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، سەۋەبسىز: ئۇلارنىڭ شۇنچە جېدەل قىلىپ، يەنە توساتتىنلا ئەپ بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

**توسالغۇ** ئى ① ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرغۇچى نەرسە: ئېلېكتروماگنىت دولقۇنى ئېگىز بىنا قاتارلىق توسالغۇلارغا ئۇرۇلغاندا، كەينىگە قايتىدۇ. ② كۆچمە. دەخلى ــ تەرۇز، پۇتلىكاشاڭ، توسقۇنلۇق: پاتقاق گازنىغا ئىشلىتىلىدىغان موتور مەسىلىسى بۇ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر توسالغۇ ئىدى.

**توسالغۇسىز** سۈپ. توسالغۇسى يوق، توسقۇنسىز؛ بىمالال: توسالغۇسىز ئېقىن. // ئۇلار ھېچ توسالغۇسىز شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**توسالغۇلۇق** ئى. توسالغۇ بولىدىغان، توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان نەرسە، مەسىلە، ئىش، ھالەت قاتارلىقلار.

**توسانجۇق** ئى. دىيال. توسقۇچى ئادەم ياكى نەرسە.

**توسانچا** ئى. دىيال. توساق، توسۇنچاق.

**توس ـ توس** «توس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**توستۇرماق** I «توسماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەبەي قىش بويى چۆلدىن توشۇغان قومۇش بىلەن باللىرىغا باغنىڭ ئەتراپىنى توستۇردى.

**توستۇرماق** II «توسماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىنسى: ئانا بوۋاقنى چوڭ قىزىغا بېرىپ توستۇردى.

**توسقۇن** ئى. دەخلى، پۇتلىكاشاڭ، قارشىلىق: بۇ قاراڭغۇلۇق، بۇ تار گەمە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ يېنىشىغا توسقۇن بولالمىدى.

**توسقۇنسىز** سۈپ. توسقۇنى، پۇتلىكاشىڭى، قارشىلىقى بولمىغان؛ راۋان، قارشىلىقسىز: توسقۇنسىز ھەرىكەت. // بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئالغا قاراپ توسقۇنسىز ئىلگىرىلەۋەردى.

**توسقۇنلۇق** ئى. بىرەر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا دەخلى، پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسە ياكى شۇنداق ئىش، ھادىسە.

**توسقۇنلۇقسىز** رەۋ. توسقۇنلۇقى بولمىغان ھالدا، توسقۇنلۇقتا ئۇچرىماي: شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا ھېچبىر توسقۇنلۇقسىز يېرىم كېچىدە شەھەرگە كىرىپتۇ.

**توسما** ① ئى. ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ، ئايرىپ تۇرىدىغان مەلۇم نەرسە: راخماننىڭ ئەترىتى ساتما ئالدىدا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ، توسما ھاسىل قىلىۋاتاتتى. ② سۈپ. ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرىدىغان، ئايرىپ تۇرىدىغان: توسما تام. توسما قىر. ③ ئى. دەريالاردىكى سۇنىڭ ئېقىنىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن قوپۇرۇلغان قاش ياكى مەلۇم جىلغا، ئېقىنلارنى توسۇپ قۇرۇلغان سۇ ئامبارلىرىنىڭ توسۇلغان قېشى: مەيدان ئۆتكەن يىل 8 ـ ئايدا بىر توسما ياسىدى.

**توسماق** I پ ① توسۇق، قاشا ياكى توسما قاتارلىق بىرەر نەرسە بىلەن تورىماق، قورشىماق ياكى ئىككىگە ئاجراتماق: ئۆينى توسماق. * ئۆستەڭ بويلىرىدا بورىلار بىلەن توسۇپ ياسالغان قاتار ـ قاتار ۋاقىتلىق ئاشخانىلار، چايخانىلار، ناۋايخانىلار بار ئىدى. ② دالدا قىلماق: بۇلۇتنىڭ قۇياش نۇرىنى ئانچە ـ مۇنچە توسۇۋالىدىغان ھادىسىسى بولۇپ تۇرىدۇ. ③ كۆچمە. ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى چەكلىمەك، توختاتماق؛ قايتۇرماق: — غۇنچەم: قىزىق گەپ قىلىسىز نۇرۇم، باغۋەننى گۈل ئۈزۈشتىن، مېۋە يېيىشتىن كىم توسۇپ قويىدۇ؟ — دېدى. ④ كۆچمە. مەنئى قىلماق، چەكلىمەك: — چېرىك قوشۇنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن چېرىك ئېلىش كېرەك، — دېدى ئېلىك ھاجىپ، لېكىن نامراتلاردىن ئېلىش، بايلاردىن ئالماسلىقنى توسۇش كېرەك. ⑤ توسقۇنلۇق شەكىللەندۈرۈپ، مېڭىش يولىنى ئەتمەك، توسالغۇ بولماق: ئەنۋەر ئىتتىك بېرىپ، نىجاتنىڭ ئالدىنى توستى. * دۈشمەنلەر تاش كۆۋرۈكنى توسۇۋالسا، ئۇلار قانداق قايتىپ چىقىدۇ؟ ⑥ توسما ياكى توسۇق بىلەن يۆنىلىشنى ئۆزگەرتمەك، باشقا يۆنىلىشكە باشلىماق: ئۆرۈك قىزىلكوس، بۇغدايغا سۇنى توس (ماقال).

**توسماق** II پ. بوۋاق ۋە كىچىك باللارنى ھاجەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەپلىك قىلىپ تۇتۇپ تۇرماق: بالىنى توسماق.

**توسمىلىق** سۈپ. توسمىسى بار، توسما بىلەن توسۇلغان: تاختاي توسمىلىق سەھنە.

**توسۇشماق** «توسماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سولدۇرۇش كويىدا ۋاپا گۈلىنى، بەزىلەر توسۇشتى قىزنىڭ يولىنى.

**توسۇق** ئى ① ئارىلىقنى توسۇش، ئاجرىتىش ۋە ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان قورۇلما، تام، قاشا: ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەش ـ ئالتە ياش بىلەن سۇ يار ئېلىپ كەتكەن يەرگە قويۇلغان توسۇقنى مۇرىلىرى بىلەن يۆلەپ تۇراتتى. ② مېڭىش، كىرىش ـ چىقىشنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن، ئىشىك ـ دەرۋازىلارغا قويۇلغان توسما ياكى توغرا ياغاچ؛ مۇشۇنداق جايلاردىكى قاراۋۇللۇق: ئۇ ساتما ئالدىدىكى توسۇقتىن سەكرەپ چىقتى ـ دە، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ③ توي كۆچۈرگەن قىز ـ يىگىتلەردىن بىرەرىنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى ياكى بېرىلىدىغان تارتۇق قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىپ تۇتۇلغان ئارغامچا ياكى باشقا نەرسىلەر: ئىككى جايدا قىز ـ يىگىتلەر توسۇق توستى. گۈل لەيلى ئۇلارغا تەڭگە چاچتى. ④ كۆچمە. توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق؛ قارشىلىق: قاتمۇقات توسۇق ۋە داۋاندىن ئۆتتۇڭ، ئىزدىگەن پەرھاتتەك ئۆز دىلدارىنى.

**توسۇقلۇق** سۈپ. توسۇپ، ئاجرىتىپ قويۇلغان؛ توسۇلغان: ئۇلار «لاگېر» گازارمىسىغا كەلگەندە، چوڭ يول ئالا ياغاچلار بىلەن توسۇقلۇق ئىدى.

**توسۇلماق** I «توسماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېلەت سېتىش تۆشۈكى بىردەمدىلا تىقىلىشىۋالغان ئادەملەر بىلەن توسۇلدى.

**توسۇلماق** II «توسماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا ئىككى قېتىم توسۇلدى.

**توسۇن** سۈپ. كۆندۈرۈلمىگەن، شاش: بىر كۈنى سېلىم بەگنىڭ ھويلىسىغا كىرسەم، بىر توسۇن ئات ھويلىدا قېچىپ يۈرۈپتۇ.

**توسىرىماق** پ. دىيال. ھالسىرىماق، كۈچسىرىمەك.

**توشتۇرماق** ① «توشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقى ساندۇقنى يېرىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ: — يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. — توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر! — دەپتۇ باقى. ② جەدۋەل ۋە قۇرنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا تېگىشلىك سان ۋە مەلۇماتلارنى يازماق، تولدۇرماق: جەدۋەل توشتۇرماق.

**توشتۇرۇشماق** «توشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگىنى دەريا بويىغا بېرىپ، ئاخشىمى سېۋەتلەرنى توشتۇرۇشۇپ قايتىدىكەن.

**توشتۇرۇلماق** «توشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشخانا سافا بىلەن توشتۇرۇلغانىدى.

**توشقان** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى چاشقاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، قۇلىقى يوغان، يۇقىرىقى كالپۇكى يېرىق كېلىدۇ، ئائىلە توشقىنى، ياۋا توشقان دەپ بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گۆشىنى يېگىلى، يۇڭىدىن پوپايكا توقۇغىلى، تېرىسىنى كىيىم تىكىشكە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② <ئاستر> مۇچەل يىل ھېسابىدا تۆتىنچى يىلنىڭ نامى: قاسىمنىڭ مۇچىلى توشقان ئىكەن.

**توشقان تېزەكلەيدىغان** ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان قاقاس چۆل يەرگە قارىتىلىدۇ.

**توشقانزەدىكى** ئى [توشقان +زەدەك+ى] <بوت> شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئەتلىك، سېمىز، تۈۋرۈكسىمان، قارامتۇل سېرىق بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، تەرەت ماڭغۇزۇش رولىغا ئىگە.

**توشقانقومۇشى** ئى [توشقان + قومۇش + ى] <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېلىلىپس-

ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، گىرۋىكىدە چىشلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ؛ قىزىتمىنى قايتۇرۇش، زەھەرنى كېسىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**توشقانقۇلاق** ئى [توشقان + قۇلاق] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوزا مېۋىسى كىچىك بولىدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ؛ بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**توشقانقۇيرۇق** ئى [توشقان + قۇيرۇق] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. ئۇ ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، ئۇلاغلار ئۈچۈن ياخشى يەم - خەشەك ھېسابلىنىدۇ.

**توشقانكالپۇك** ئى [توشقان + كالپۇك] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كىچىك ۋە قاتتىق مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ؛ ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ؛ ياللۇغنى ياندۇرۇش، قاننى توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**توشقانياڭىقى** ئى [ توشقان + ياڭىقى ] <بوت> كاشتان.

**توشقانئوت** ئى [توشقان + ئوت] <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىسسىقنى ياندۇرۇش، قان توختىتىش روللىرىغا ئىگە.

**توشماق** پ ① لىق قىلىپ قاچىلانماق، تولماق: ئۇنىڭ پۇلى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا بىر پەستىلا ئىككى سومكا لىققىدە توشتى. ② بوش ئورۇن قالماي ئىگىلەنمەك، ھەممە يېرى قاپلانماق، بىر كەلمەك: ئۆي تۈتۈنگە توشۇپ كېتىپتۇ. ③ ئۆسۈپ، چوڭىيىپ مەلۇم ياشقا يەتمەك: بۇلتۇر 1 - ئايدا 17 گە توشتۇم. ④ بەلگىلەنگەن ياكى مۆلچەرلەنگەن چەككە يەتمەك: پەرھاتنىڭ ئارا تاغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا بىر يىل توشتى.

**توشنا** سۆپ. دىيال. تولۇق.

**توشۇتماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى ئانا بىزگە كايىپ چارچىغاندىن كېيىن بۇلاقتىن سۇ توشۇتماقچى بولدى.

**توشۇشماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تەييارلىغان سۈپەتلىك ئوغۇتلىرىنى ھەر موغا 40 تاغاردىن مۆلچەرلەپ توشۇشتى.

**توشۇق** سۆپ. توشقان، توشقۇزۇلغان؛ تولۇق: زال كىشىلەر بىلەن توشۇق ئىدى.

**توشۇڭ** I ئى [خەن] چىگە، يۇڭ، پاختا قاتارلىقلاردىن ئېشىلگەن يوغان ئارغامچا.

**توشۇڭ** II ئى. دىيال. تاشلاق.

**توشۇڭلۇق** سۆپ ① توشۇڭى بار، توشۇڭ بېكىتىلگەن: بىزنىڭ ھارۋا - ئۇلاغلىرىمىز بولدى. ئوتۇن، پىچانغا بارساق توشۇڭلۇق، ئارغامچىلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. ② توشۇڭ تورلاشقا بولىدىغان، توشۇڭغا باب: مەن بىر توشۇڭلۇق چىگە سېتىۋالدىم.

**توشۇلاق** ئى. دىيال <بوت> ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**توشۇلماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گايتىنىڭ قوغۇنى يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى قىپقىزىل قۇم ئۈستىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا، ھەتتا سىڭگىم ئېغىزىدىن چىقىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە توشۇلاتتى.

**توشۇماق** پ ① بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىمەك: تاش توشۇماق. سۇ توشۇماق. ② ئاپارماق، يەتكۈزمەك: گەپ توشۇيدۇ ئاردا دۈشمەن بولۇپ، تولا گەپتىن كەتتى ئىچىم دەردكە تولۇپ.

**توشماق** پ. يەتمەك، بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق.

**توغ** ئى. دىيال. يوپۇرماقتىكى توپا - چاڭ، توزان.

**توغاچ** ئى <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسىنىڭ پوستى قىزىل، تۈكسىز، مېۋىسى سۇلۇق؛ كېيىن پىشىدۇ.

**توغام** ئى. دىيال. سۆپ، قاتمۇقات، دوقمۇش.

**توغام - توغام** دىيال. قاتمۇقات، دوقمۇش - دوقمۇش: قالماق خانىنىڭ خېتىدە توشسۇن دېدى ياچىنى، توغام - توغام يول توراپ چېرىك قويدى بارچىنى.

**توغرا** ① سۆپ. مەلۇم يۆنىلىشكە قارىمۇقارشى، ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئورۇنلاشقان، ئالدىنى توسۇپ تۇرىدىغان: توغرا قىر. توغرا تام. ② رەۋ. مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ، ئۇدۇل: نەچچە ئون ئاتلىق نۆكەر ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىپ كەتتى، سادىر ئارقىدىن ئېتىنى قامچىلاپ، توغرا تاشقى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىردى. ③ ئى. كەڭلىك، ئەن: بۇ ئېتىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 مېتىر، توغرىسى 11 مېتىر بولۇپ، دەل بىر مو كېلەتتى. ④ رەۋ. ئارتۇق ياكى كېمى يوق، دەلمۇدەل: — سىلى ئاغرىغاندىن باشلاپ، بۇ يىل توغرا يەتتە يىل بولدى، — دەپتۇ تۇردىقارى. ⑤ سۆپ. خاتاسى يوق، ناتوغرا ئەمەس؛ ھەقىقىي، راست: ئەگەر توغرا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، تىللانى شاھىمىزنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىڭ كېرەك. * — بىر ھېسابتا كادىرلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى توغرىكەن جۇمۇ، ئۆزى، — دېدى ھاشىم. ⑥ سۆپ. مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق، يولىدا، لايىقىدا: ئىجادىيەتكە ئاپتورلارمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى، تەھرىرلەرمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ⑦ سۆپ. قۇۋلۇق، ئالدامچىلىقنى بىلمەيدىغان، پاك، دىيانەتلىك: سىزدەك توغرا، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ بىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. // بىر توپ كىشى تۇتماق بولۇپ ئوغرىنى، داۋراڭ سېلىپ چىقتى چېلىپ ناغرىنى. «ئوغرى قاچتى» دېگىنىچە ۋارقىراپ، كېلىپ مەھكەم تۇتتى ئوغرى - توغرىنى. ⑧ يۈك «دۇرۇس، دەرھەقىقەت» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: توغرا، مەن بىر قېتىملا ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم بۇ ھەقتە ئۆز ئىرادەمنى بىلدۈرگەنىدىم. ⑨ تىر. شەخس بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىپ «ھەققىدە، ئۈستىدە» دېگەن مەنىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: كىمدۇر بىرى خاسىيەتكە چاقچاق قىلىپ، مېنىڭ توغرامدا بەزى گەپلەرنى قىلىپ، سىناپ باققان ئوخشايدۇ.

**توغرا كېسەر** ① ياغاچنى توغرىسىغا توغرايدىغان (ھەرە ھەققىدە). ② كۆچمە. توغرا قىلىپ ئايرىيدىغان، كەم - زىيادە قىلمايدىغان، ھەققانىي: ھاشىمئاخۇن ھەق - ناھەق ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، توغرا كېسەر، ۋىجدانلىق ئادەم ئىدى.

**توغراتماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

كۆكتات توغراتماق.

**توغرا ـ خاتا** توغرا ياكى خاتا: ئىشنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماي سۆزلەۋېرىشمۇ يەنە توغرا ئەمەس.

**توغراشماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيدە سەۋزە توغرىشىۋاتاتتى.

**توغراق** ئى ① <بوت> تال ۋە تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچى قۇرۇلۇش، ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، تارىم ۋادىسىغا كەڭ تارقالغان. ② غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**توغراقلىق** I ① سۈپ. توغراق كۆپ ئۆسكەن، توغراق بىلەن قاپلانغان: دەل شۇ پەيتتە توغراقلىق ئورمان ئىچىدىن ئالماس باشلىغان ئاتلىق يىگىتلەر ئېتىلىپ چىقتى. ② ئى. توغراق كۆپ ئۆسكەن، توغراق بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇ توغراقلىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. ③ ئى. چەرچەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**توغراقلىق** II سۈپ. توغراپ قويۇلغان، توغرالغان: ئىشكاپتا بىر لېگەن توغراقلىق نان تۇراتتى.

**توغرالماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەقەت مۇشۇ ئاتخانىدىلا بېدىلەر ئۇگرىدەك ئۇششاق توغرىلىدۇ.

**توغرام** ① ئى. توغرالغان، كېسىلگەن نەرسىنىڭ ھەر بىر بۆلىكى: ئۇنىڭ توغرىمى خېلى چوڭ بوپتۇ. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، توغرالغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر توغرام نان.

**توغراندا** ئى. توغرالغان نەرسە: بېدە توغراندىسى.

**توغرۇلۇق** تىر. ھەقتە، توغرىسىدا: ئابلىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك قىزغىن كۆرۈشتى، ئەترەتنىڭ ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى.

**توغرىدا** تىر. ھەقتە، توغرۇلۇق: بۇ توغرىدا بىرەر ئىش قىلايلى دېسەك، ئۆزىڭىز بىلىسىز، يۇرتىمىز كىچىك، پىتنىسى يامان يەر.

**توغرىدىن ـ توغرا** ① تۇپمۇتوغرا، بىۋاستە: كۆۋرۈك كۆيۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دەريانىڭ بۇ يېقى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا ئالاقە قىلغىلى بولمايتتى. ② ئەگىتمەي، قاچۇرماي؛ ئۇدۇل، تۈزلا: ئادەم ھەر قاچان ۋە ھەرقانداق جايدا تەبىئەتكە، ھاياتقا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، توغرىدىن ـ توغرا، ياخشى نىيەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى چەكسىز ئارام تاپىدۇ.

**توغرىسى يۇك** « سۆزنىڭ راستى، گەپنىڭ ئوچۇقى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بۇغدايلار ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى، پىشىپ قالدىلا ئەمەس، توغرىسى، ئورىدىغان ۋاقتىتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

**توغرىسىدا** ① رەۋ. قارشىسىدا، ئۇدۇلىدا: ئالاھىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، سۇلتان ئوردىسىنىڭ توغرىسىدا — ئىلگىرىكى ئورنىدا جايلىشىپتۇ. ② تىر. ھەققىدە، ئۈستىدە: ئەنۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەملەر بۈگۈن مۇخبىرلارنىڭ كېيۈر توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

**توغرىسىدىن** رەۋ ① ئېنىدىن، ئۇدۇل تەرىپىدىن: ئۇنىڭ زەيكەش ئۆستەڭ دېگىنى مۇشۇ يەردىن ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، قومۇشلۇقنى توغرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. ② سەۋەبىدىن، ۋەجىدىن، توغرۇلۇق: ئۇنىڭ بىلەن مەن مانا مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ توغرىسىدىن سەتلىشىپ قالدىم.

**توغرىسىغا** رەۋ ① ئېنى، توغرا تەرىپىنى بويلاپ: شۇ ئەسنادا، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئېقىۋاتقان سۇ كۆرۈندى. ② مەلۇم بىر نىشاننى ئۇدۇللاپ، ئۇدۇلىغا: ئۇ يەنە توغرىسىغا، تاغ ئۈستىگە ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقتى. ③ كۆندىلەڭ ھالدا: ئالدىنقىسى بولسا خادىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

**توغرىغا** ئى. خېمىرنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شاخار، ئۇ توغراقتىن ئېلىنىدۇ: زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ھەسەل سۈيىگە توغرىغا قوشۇپ ئىچۈرۈلۈپ ئارقىدىن قۇستۇرۇلىدۇ.

**توغرىلاتماق** «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشخانا مۇدىرى كاتىپقا قاراپ: — ئىدارە باشلىقىمىز يىغىن ئېچىۋاتقان مېھمانخانىغا تېلېفوننى توغرىلىتىپ قويۇڭ، — دېدى.

**توغرىلاشماق** «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەربىي مەشىق ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قوراللىرىنى قارىغا توغرىلاشتى.

**توغرىلانماق** ① «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئېشەك ئاغىسىنىڭ بۇ تەنتەنىلىك ئاۋازى سارايىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئادەملەر ئېشەك ياققا توغرىلاندى. ② «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چوڭقۇر ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئىدىيەسى توغرىلاندى.

**توغرىلىق** ① ئى. توغرا ھالەت: پۈتۈكنىڭ توغرىلىقىغا قارىما، يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا (ماقال). ② سۈپ. توغرىسىغا چوڭقايغان؛ گەۋدىلىك: شۇ ئەسنادا باغ تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، توغرىلىق بىر ئايال چىقىپ كەلدى.

**توغرىلىماق** پ ① تۈز، تەكشى ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ئۇدۇللىماق؛ رۇسلىماق، تۈزلىمەك: قىرنى توغرىلىماق. تاناپنى توغرىلىماق. ② مەلۇم بىر نۇقتا، نىشانغا ئۇدۇللىماق، قاراتماق، روبىرو قىلماق: ئۇ ئۈستىرىنى ئوڭ ياڭىقىغا توغرىلىدى. ③ يېنىدا، ئالدىدا تەخ قىلماق؛ يۈز كۆرۈشتۈرمەك: ئەمدىلىكتە تۇرمۇش مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ، ھېلىقى قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قىستىماقتا. ④ خاتا ۋە نۇقساندىن خالىي قىلماق؛ تۈزەتمەك: دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ، دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ (ماقال). ⑤ ئېپىنى، ئىلاجىنى قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارماق، ھەل قىلماق: مەن دېگەندەكلا بولۇپ قالسا، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ئېلىپ قاچىدىغان يىگىتنى ئۆزۈم تېپىپ بېرىمەن. ⑥ بىراۋغا مەنسۇپ قىلماق، ھېسابىغا ئۆتكۈزمەك، تەۋە قىلماق: ئۇ: — ھە رەھىمجان، ھېلىقى مۇتتەھەم خوتۇننى كېيىن بىر تەرەپ قىلارمىز، شۇنىڭغا دېگەن سانىنى بۇ قىزغا توغرىلىۋېتىڭا، — دېدى ـ دە، ئۆزى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. ⑦ بەلگىلىك بىرەر ۋاقىتقا ئۇدۇللىماق، توغرا كەلتۈرمەك: بىر كۈنى بىردەم ئولتۇرۇپ خەيرلىشىپ كېلىش ئۈچۈن، ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتقا توغرىلاپ ئاسىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ⑧ ئارتۇق ياكى كېمى يوق، دەلمۇدەل قىلماق: — پۇلنى ھېلىقى 6200 يۈەنلىك چەكنىڭ ئۈستىگە قوشۇپ، 10 مىڭ يۈەنگە توغرىلاپ قويايمۇ؟ — دېدى ئوغلى دادىسىغا پىچىرلاپ. ⑨ ماس، مۇناسىپ، مۇۋاپىق قىلماق، ئۇدۇللىماق: شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىسمەت ئەنۋەر ئۈچۈن ئالدىنقىسىدىنمۇ قىزىقراق، تاسادىپىي بىر ۋەقەنى توغرىلىدى.

**توغرىماق** پ. كېسىپ، ھەرىلەپ، پارچە ـ پارچە قىلماق، ئۇششاقلىماق: گۆش توغرىماق. * قىسمەت چورۇق ئالدىغا بىر توقاچ نان قويۇپ، پىچاق ئېلىپ، ئاۋۋال گۆشنى، كېيىن بېھىنى گۇلىدەك، چىلاندەك قىلىپ توغرىدى.

**توغلىماق** پ. دىيال. ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توغ، توزان بىلەن قاپلانماق، توغلاشماق.

**توغۇنا** ئى. تېگىدىنلا گادا - گادا چىقىدىغان ئۇچىدا ئۇچ قىرلىق ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئۇرۇقى بار چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى.

**توق** سۈپ ① ئاش - تاماقتا تويغان، ئاچ ئەمەس: كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق (ماقال). * غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق (ماقال). ② يېتەرلىك، تولۇق: ھەر قاچان ئىككى - ئۈچ ئات ياكى ئۆكۈزۈڭ ھازىر تۇرسۇن. يەم - خەشەك، بوغۇزلىرىنى مول، توق بېرىپ باقىسەن. ③ كۆچمە. پاراۋان، باياشات: جاپا تارتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت - سائادەتلىك، توق ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. ④ كۆچمە. خاتىرجەم، غەمسىز؛ پۈتۈن: ئانام ھايات ۋاقتىدا كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم پۈتۈن ئىدى. ⑤ مېغىزى، دان ئېلىشى يېتەرلىك، تولۇق، ئالا ئەمەس: يىلتىزى چىرىشكە باشلىغان بۇغدايلار كۆپىنچە توق دان ئالالمايدۇ. ⑥ قېنىق، قويۇق (رەڭ، تۈس ھەققىدە): شۇنچە توق، شۇنچە رەڭگارەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنى كۆز ئېيىنىڭ ئۈششۈكى سولاشتۇرغانىدى.

**توق ئەلگەك** دىيال. قېلىن ئەلگەك.

**توقا** I ئى ① كەمەر، تۆشباغ ۋە ئاياغ كىيىم تاسمىلىرىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆتكۈزۈپ، زۆرۈر تېپىلغان يەردە توختىتىدىغان، تىللىق، يۇمىلاق ياكى تۆت بۇرجەك ھالقا؛ جىرىم: بەتىنكىنىڭ توقىسى. كەمەرنىڭ توقىسى. ② تاسما بەلباغنىڭ ئۇچىدىكى ھالقا.

**توقا** II ئى ① جىڭ، تارازا قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىنىڭ تايىنىش نۇقتىسىدىن كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ياكى تاسما. ② تارازىنىڭ تېشى.

**توقاچ** I ① ئى. بولدۇرۇلغان خېمىردىن گىردە چوڭلۇقىدا قىلىپ، چەككۈچ چېكىپ پىشۇرۇلغان بىر خىل مايلىق نان: چوڭ توقاچ پىشقىچە كىچىك توقاچ كۆيۈپتۇ (ماقال). ② سۈپ. كىچىك توقاچ شەكلىدە ياكى تۆت بۇرجەك شەكلىدە قىلىنغان: توقاچ سوپۇن. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، توقاچ شەكلىدىكى نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر توقاچ سوپۇن.

**توقاچ** II ئى. دىيال <ئانات> بىر - ئىككى ياشلىق كىچىك قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، كۆچ.

**توقال** I سۈپ. مۈڭگۈزسىز: توقال كالا.

**توقال** II ئى. خوتۇنى ئۈستىگە ئالغان كىچىك خوتۇن: دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ توقالنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

**توقاللىق** ئى. كىچىك خوتۇنلۇق: بىر يىلى مۇشۇ ھېيتەكنىڭ ئاكىسى يىراق بىر يۇرتتىن بىر نامراتنىڭ قىزىنى توقاللىققا ئەكەلدى.

**توقاي** I ① ئى. قويۇق ئۆسكەن ئورمان ۋە چاتقال. ② ئى. چاتقاللىق: بىر تۈلكىنىڭ شۇملۇقىدىن مىڭ توقايغا ئوت كېتىپتۇ (ماقال). ③ رەۋ. «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، «بىر توپ، بىرمۇنچە، بىر تالاي؛ نۇرغۇن، تولا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر توقاي ئادەم. * ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر توقاي باللار ئولاشقانىدى. ④ ئى. ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**توقاي** II سۈپ. ئەگرى - بۈگرى، دوناي، تۈز ئەمەس: تاغىسىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشى توقاي ئىدى.

**توقايلىق** ئى. تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق ئورمان، چاتقاللىقلار: بۇ سورۇن توقايلىقنىڭ يېنىدىكى كەڭ چىمەنلىكتە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپ قويۇلغانىدى.

**توقتۇق** ئى. دىيال. توكتوك قۇش، تۆمۈرتۇمشۇق.

**توقچىلىق** ئى. پاراۋان، باياشات، توق، غەمسىز تۇرمۇش ۋە شۇنداق ھايات: ئۇرۇمچىنىڭ كوچا - كارامەتلىرىنى كۆرۈپ، باياشاتلىق، توقچىلىقلاردىن كۆڭۈل - كۆكسى كۆتۈرۈلگەن ھۇسەينەمنىڭ روھى يايراپ باراتتى.

**توقسان** سان. ئۇنىڭ توققۇز قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**توقسنى تولماق** پەيمانى تولماق، ئەجەل ھەلقۇمىغا يەتمەك: سېنىڭ بۈگۈن توقسىنىڭ تولغان كۈن.

**توقسىنىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى «90» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 1 دىن باشلاپ سانىغاندا، تەرتىپ ئورنى جەھەتتىن «89» نىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان: توقسىنىنچى ئورۇندۇق.

**توقشۇرغۇچ** ئى. دىيال. كۆسەي.

**توققۇز** ئى. دىيال . سەككىزدىن كېيىن ۋە ئوندىن بۇرۇن كەلگەن سان.

**توققۇز ئوغۇزلار** ئى <تارىخ> تارىختىكى ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ نامى، يەنى ھازىرقى قومۇلنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ شىمالى، تارىم دەريا ۋادىلىرىدا ھەمدە تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**توققۇز ئۇيغۇرلار** < تارىخ > ← **توققۇز ئوغۇزلار**.

**توققۇزى تەل** ھەممە نەرسىسى تولۇق، كەم نەرسىسى يوق.

**توققۇزئاتار** ئى [توققۇز + ئاتار] توققۇز تال ئوق قاچىلىنىدىغان ۋە بىر - بىرلەپ ئېتىلىدىغان مىلتىق.

**توققۇزەيلەن** سان. توققۇز نەپەر كىشى.

**توققۇزتونلۇق** ئى [توققۇز + تون + لۇق] كۆشەيدىغان ھايۋانلار ئاشقازىنىنىڭ 3 - قىسمى. ھەجمى ھەرە كۆنىكىدىن چوڭراق، ئىچىدە ياپراقسىمان قاتلاملىرى بولىدۇ، كۆشەلگەندىن كېيىنكى ئوزۇقلۇقلار ئۇنىڭدا داۋاملىق ھەزىم قىلىنىدۇ.

**توققۇزكۆز** ئى [توققۇز + كۆز] <ئانات> بەلنىڭ ئاستىنقى، قۇيرۇق سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

**توققۇزلۇق** ① سۈپ. بىر خىلدىكى نەرسە ياكى بەلگىنىڭ توققۇزىدىن تەركىب تاپقان: توققۇزلۇق تاپان. ② ئى <ئەد> توققۇز مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر تۈرى، مۇتەسسە.

**توققۇزىنچى** سان. تەرتىپى «9» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، سەككىزىنچىدىن كېيىن، ئونىنچىدىن ئىلگىرى بولغان؛ «9» نومۇرلۇق.

**توقلا** ئى. چىشمەلدىن ئۆتۈپ ئىككى ياشقا تولۇش ئارىلىقىدىكى بارقا.

**توقلاتماق** «توقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر قازان ئاش ئەتتۇرۇپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى توقلىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇلار بىردەم ھاردۇقىنى ئېلىشىپ يەنە ئېتىزغا مېڭىشتى.

**توقلاشماق** «توقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەش زاغرا ۋە بىر كورا قېتىق بىلەن قورساقلىرىنى توقلاشتى.

**توقلانماق** ① «توقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرغان بولسىمۇ، تۇزۇكرەك بىر قېتىممۇ توقلىنالماستىن يەنە يېزىغا قايتماقچى بولدى. ② «توقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قورسىقى توقلاندى.

**توقلۇق** ئى. توق ھالەت، توقچىلىق: قورساقنىڭ توقلۇقى كۆڭۈلنىڭ شوخلۇقى (ماقال). * تۇغقاندىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى (ماقال).

**توقلىماق** پ. تويدۇرماق، توق قىلماق: شۇ كۈنى ئۇ شەھەرگە كەچرەك يېتىپ كەلدى، بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى توقلىدى.

**توقماق** ① ئى. نەرسىلەرنى ئۇرۇپ پارچىلاش، قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇچى تومپاي ياغاچ: ھۇررا! ھۇررا!... مىلتىق، نەيزە، توقماق، گۈرجەك، جوتۇ كۆتۈرگەن كىشىلەر تۇۋلىغان پېتى تۇرمىگە باستۇرۇپ كىردى. ② ئى. كۆچمە. زەربە، تاياق: توغرا سۆزنىڭ توقمىقى بار (ماقال). ③ ئى. قاڭالتىرچىلار ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياسىغۇچىلار ئىشلىتىدىغان ياغاچ بازغان. ④ مىق. كۆچمە. باغلام، تىزىق: بىر توقماق پۇل.

**توقماقبېلىق** ئى [توقماق + بېلىق ] <زوئول> بېلىق ئائىلىسىدىكى بېشى يۇمىلاق، ئاغزى كىچىك، دۈمبىسى قارا قوڭۇرراق كەلگەن بىر خىل بېلىق. قورساق قىسمى ئاق، قاناتلىرى سېرىق بولۇپ، گۆشى تەملىك كېلىدۇ. تۇخۇمدان، قان ۋە جىگەرلىرى زەھەرلىك بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى ۋە بەزى ئىچكى دەريالىرىدىن تېپىلىدۇ.

**توقماقچى** ئى ① توقماق بىلەن ئۇرغۇچى: بۇ ئۈشتىگەرنىڭ شاخارلاپ بۇسلىغان تورلىمىلارنى توقماقلايدىغان ئىككى توقماقچىسى بار ئىدى. ② كۆچمە. باشقىلارنى توقماق، كالتەك بىلەن ئۇر - سوق قىلىشنى ئادەت قىلغان مەلۇم بىر تەبىقە، گۇرۇھ ياكى شەخسنىڭ ياللانما ھىمايىچىسى: ۋاڭنىڭ توقماقچىلىرى ھەيۋە بىلەن توقماقلىرىنى تاراڭلىتىپ، موللازەيدىننى ئوراپ تۇردى.

**توقماقلاتماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋاڭ بۇ توقماقچىلارغا يەنە كىمنى توقماقلاتتىكى؟

**توقماقلاشماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**توقماقلانماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**توقماقلىماق** پ. توقماق بىلەن ئۇرماق: كونا جەمئىيەتتە باي، بەگلەرنىڭ قول چوماقچىلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى خالىغانچە توقماقلاپ، خالىغانچە تۈرمىلەرگە سولىتاتتى.

**توقۇتماق** I «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گىلەم توقۇتماق. تاغار توقۇتماق. سېۋەت توقۇتماق.

**توقۇتماق** II «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئاتلارنى توقۇتۇپ تەييارلاپ قوي، — دېدى دادام نامازغا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**توقۇچ** ئى ← جىيەك.

**توقۇچاق** ئى. دىيال <زوئول> تۆمۈرتۇمشۇق.

**توقۇر** ئى. گەدەنباغ ئېسىلغان تۆگىنىڭ ئالدىدىكى تۆگىگە ئېسىلىدىغان، ئارا قوڭغۇراقتىن سەل كىچىكرەك قوڭغۇراق.

**توقۇرقاق** سۈپ، دىيال. قانائەتچان.

**توقۇشماق** I «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەنە بىرنەچچە قىز - يىگىت قوشاق توقۇشتى، ئۆزئارا ئېيتىشىش قىلدى.

**توقۇشماق** II «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلىرىنى توقۇشتى.

**توقۇقسىز** I سۈپ. توقۇپ تەييارلانمىغان، توقۇپ بولۇنمىغان: پوپايكا كارىۋات ئۈستىدە تېخى توقۇقسىز تاشلىنىپ تۇراتتى.

**توقۇقسىز** II سۈپ. ئېگەر - جابدۇق بىلەن توقۇلۇپ تەييارلانمىغان، توقۇپ قويۇلمىغان: ئەكبەر تېزلىك بىلەن توقۇقسىز تۇرغان ئاتتىن بىرىگە مىندى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

**توقۇقلۇق** I سۈپ. توقۇپ تەييارلانغان، توقۇپ بولۇنغان: بېلىقچىلارنىڭ تورلىرى توقۇقلۇق ئىدى. پەقەت دېڭىزغا چىقىپ تور سالسىلا بولاتتى.

**توقۇقلۇق** II سۈپ. ئېگەر - جابدۇق بىلەن توقۇلۇپ تەييارلانغان، توقۇپ قويۇلغان: نادەم قايتىپ چىقىپ، توقۇقلۇق بوز ئاتنى مىندى - دە، يېزىغا قاراپ يول ئالدى.

**توقۇلما** ① سۈپ. توقۇپ، ئۆرۈپ ياسالغان: توقۇلغان. ② ئى. گەزلىمە، گەزمال: پاختا ۋە يىپەك توقۇلمىلار. ③ سۈپ. كۆچمە. يوق يەردىن ئويلاپ چىقىرىلغان، يالغان، ئويدۇرما: پەن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، يالغان، توقۇلما گەپنى ئىلمىي تەلىماتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. ④ ئى <بىيول> ئورگانىزمدىكى ئەزالارنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىك. ئۇ شەكلى ۋە فۇنكسىيەسى ئوخشاش بولغان نۇرغۇنلىغان ھۇجەيرىلەرنىڭ مەلۇم شەكىلدە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدە ئېپىتېلىيە توقۇلمىسى، قوشقۇچى توقۇلما، مۇسكۇل توقۇلمىسى ۋە نېرۋا توقۇلمىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل توقۇلما بولىدۇ. ⑤ ئى <ئەد> ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە، تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوبراز يارىتىش ۋە مەركىزىي ئىدىيەنى گەۋدىلەندۇرۇش قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدىغان بىر خىل مۇھىم بەدىئىي ئۇسۇل.

**توقۇلماق** I «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئاشۇ يىپلاردىن تاشپاختا گىلىمى ياكى تاشپاختا رەختى توقۇلىدىكەن.

**توقۇلماق** II «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مەن ياخشى توقۇلغان بۇ ئاتقا يىراقتىن قارىدىم.

**توقۇلمىشۇناس** ئى. ئورگانىزمدىكى توقۇلمىنىڭ شەكلى ۋە فۇنكسىيەسىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**توقۇلمىشۇناسلىق** ئى. ئورگانىزمدىكى تۈرلۈك توقۇلمىلارنىڭ شەكلى، فۇنكسىيەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**توقۇلمىلىق** سۈپ. توقۇلما ھالەتتىكى، توقۇلما ھالەتتە: توقۇلمىلىق داۋالاش ئۇسۇلى.

**توقۇم** ① ئى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ياكى چومىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان، بىرنەچچە قات كىگىزدىن تىكىلگەن جابدۇق: ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، توقۇمدىن ئايرىلما (ماقال). ② سۈپ. قات - قات؛ قېلىن: مانا قارىمامسىز، دوختۇرغا قاتراۋېرىپ، كېسەل تارىخىممۇ توقۇم بولۇپ كەتتى. ③ ئى. كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن گۇناھ، ئەيىب: ئۆزىنىڭ توقۇمىنى باشقىلارغا ئارتماق.

**توقۇم تىكمەك** دىيال. ئىللەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويماق.

**توقۇمنى قارىنغا ئالماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە بىردىنلا چىدىماسلىق قىلغانلىقىنى، يامىنىغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: گەپنىڭ بېشى چىقار - چىقماستىن توقۇمنى قارىنىڭغا ئالغىلى تۇردۇڭمۇ! مانا ئەمىسە دەپ ھەممىنى بىر ئېچىۋېتىمەن تاز!

**توقۇما** ① سۈپ. توقۇلغان، توقۇلما. ② ئى. يۇڭ يىپ

ئۆرۈش، پاختا يىپ ئارقاق قىلىنىپ توقۇلغان تىۋىتلىق رەخت. ئالدى يۈزىدە تىك ۋە تەكشى ھالەتتىكى ئۇزۇن تىۋىتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قىشلىق كىيىم تىكىشكە بولىدۇ.

**توقۇماق** I پ ① ھەر خىل يىپ ئارقىلىق گەزلىمە ياكى پوپايكا قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنى تەييارلىماق: ئېرى قوشۇمچە چەكمەن ـ چوتار، كاتەكچە شاتىۋار توقۇيدىغان كاسىپ ئىدى. ② تال ـ تال چىۋىق ياكى قومۇش قاتارلىقلارنى ئۆرۈپ ياكى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى بۇيۇم ھالىتىگە كەلتۈرمەك: بورا توقۇماق. زەمبىل توقۇماق. سېۋەت توقۇماق. ③ كۆچمە. ئېيتىپ ياكى يېزىپ، مەلۇم ئىجادىيەت شەكلىگە كەلتۈرمەك، تۈزمەك: ئېيتىشىش ئادەتتە ئىختىيارىي بولىدۇ. كىم خالىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، جۈپ تاللاپ، قوشاق توقۇيدۇ. ④ كۆچمە. يوق يەردىن ئويلاپ چىقارماق، ئويدۇرماق: مەن دېمىگەن گەپلەرنى نەدىن توقۇپ چىقاردىڭ؟

**توقۇماق** II پ ① ئات ـ ئۇلاغقا ئېگەر ـ توقۇم ئارتىپ جابدۇماق: سەمەت ئېغىلدىن قېچىردەك يوغان بىر بوز ئېشەكنى ھەم جۇغى كىچىكرەك شوخ قارا ئېشەكنى ئاچىقىپ، ئۈستىگە گۆللۈك ئۇچۇلۇقلارنى توقۇدى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمەك، ئارتماق: ھېلىمۇ ياخشى، بارات شۇجى دادامنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگەندە ئۆيدە بولماپتىكەنمەن، بولمىسا، ماڭا توقۇيدىغان خېلى توقۇملىرىڭ بار ئىكەن ـ دە.

**توقۇملۇق** سۈپ ① دۈمبىسىدە توقۇمى بار، توقۇم توقۇپ جابدۇلغان: چاقىقانلىق بىلەن ئامبالنىڭ نېرىغا قاڭقىپ چۈشكەن مىلتىقنى، ئوقدانلىرىنى ئالدىم ـ دە، بۇ ئەتراپتا يۈگۈرۈك ئاتالغان، كۈمۈش ئېگەر ـ توقۇملۇق داڭلىق كۆك ئېتىنى مىنىپ، تاغ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىپ كەتتىم. ② توقۇم تىكىشكە لايىق، توقۇم تىكىشكە يېتىدىغان: ئۆيىمىزدە بىر توقۇملۇق كىگىز بار، قارا ھاڭگىغا دەرھال توقۇم تىكتۈرمىسەك، ئەمدى ياۋىداق مىنگىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

**توقۇمچى** سۈپ. ئېگىرىش ـ توقۇش فابرىكىلىرىدا توقۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: قولى چاققان توقۇمچى قىز ئىستانوك ئالدىدا تىك تۇرۇپ جاھازلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

**توقۇمچىلىق** ئى. توقۇش كەسپى: مەن توقۇمچىلىقنى ئۆگىنىپ، توقۇمچىلىقتا ئىشلىدىم.

**توقۇناق** ئى ① ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلارغا ئارتىلغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن ئىلمەك ياغاچ: ئوتۇنچى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ئۇچى ياغاچ توقۇناققا چىگىلگەن كونا ئارغامچىنى قولتۇقىغا قىستى. ② كۆچمە. ئورۇنسىز يامان قىلىپ كۆرسىتىلگەن تەرەپ، بەتنام: خالىق ساقى ئۇنىڭغا «ئەكسىلئىنقىلابچى تۇغقىنى بار ئىكەن» دېگەن توقۇناقنى ئارتىپ قويماي دەپ ئويلىدى. ③ كۆچمە. كۆڭۈلدە ساقلانغان غۇم، يامان نىيەت: ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ توقۇنىقى بار.

**توقۇناقلىق** ① سۈپ. توقۇنىقى بار، توقۇناق باغلانغان: توقۇناقلىق ئارغامچا. ②سۈپ. توقۇناق بولىدىغان، توقۇناققا لايىق: مەن باغدىن بىر توقۇناقلىق ئۆرۈك ئاچىسىنى كېسىپ كەلدىم. ③ ئى. كۆچمە. كۆڭلى ئەگرىلىك، نىيىتى يامانلىق: سېخىمىز ئۇنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرغىچە ھەمىشە ئىش ئۈستىدە قىلىۋاتقان توقۇناقلىقىغا پەقەت نەسىھەت قىلىپلا كەلدى.

**توقۇنۇش** ئى ① ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇش، دۈچ كېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇش: ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەسكەرلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كىچىك توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى. ② بىر ـ بىرىگە دۈچ كەلگەن قىسىملار، كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ: ئون مىنۇت، يېرىم سائەت داۋام قىلىدىغان قىسقا، ئەمما تۇيۇقسىز توقۇنۇشلار دۈشمەنگە ھېچ ئارام بەرمەيتتى. ③ ئوتتۇرىدا بولغان تالاش ـ تارتىش، ئىختىلاپ: راخمان مۇدىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى توقۇنۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى. ④ كۆچمە. زىددىيەت، قارىمۇقارشىلىق: بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا كەسكىن ئىدىيەۋى توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى. ⑤ <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ھەر خىل پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر: توقۇنۇش ئەدەبىي ئەسەرلەر سۇژېتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا.

**توقۇنۇشتۇرماق** «توقۇنۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇبادا ئۇ باشقىلارنىڭ يېنىدا سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە، يۈزىگە قارىمايتتى، كۆزىنى توقۇنۇشتۇرمايتتى.

**توقۇنۇشتۇرۇلماق** «توقۇنۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**توقۇنۇشسىز** سۈپ. توقۇنۇش ۋە توسالغۇدىن خالىي، ئىختىلاپ ۋە ماجىراسىز، توسالغۇسىز: كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئۆتۈش ئوڭۇشلۇق، توقۇنۇشسىز، داۋالغۇشلارسىز بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

**توقۇنۇشلۇق** سۈپ. توقۇنۇش، توسالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئىختىلاپ ۋە ماجىرا يۈز بەرگەن: مۇئەللىم ئۆز ھېكايىسىدە توقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

**توقۇنۇشماق** پ ① بىر ـ بىرىگە ئۇچرىشىپ، دۈچ كېلىپ، يولۇقۇپ قالماق: ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشتى. ② بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلماق، دوقۇرۇشماق: ئۇنىڭمۇ يۈرەك قاتلىمىدا بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلىك قاتتىق دولقۇن توقۇنۇشۇپ شاۋقۇنلاۋاتاتتى. ③ بىر ـ بىرى بىلەن جاڭجاللاشماق، ئۇرۇشماق، جەڭ قىلىشماق: ئىككى تەرەپ قاتتىق توقۇنۇشقان بىر قېتىملىق ئەلەم كۈرىشىدە تەگكەن ئوق نەق بۇ «قەھرىمان»نىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ كەتكەنىدى. ④ كۆچمە. زىتلاشماق، قارشىلاشماق، جېدەللەشمەك: ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتروزى ۋە سۇلتانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.

**توقۋاسۇق** سۈپ. دىيال. كۆز ـ قارنى توق، كۆزى توق.

**توقچاق** I سۈپ. توقاچ شەكلىدە يېسى ۋە يۇمىلاق بولغان: توقچاق شاپتۇل.

**توقچاق** II ئى<زوئول> ← **تۆمۈرتۇمشۇق**.

**توقلەنەت** ئى [توقا + لەنەت] ① تارس. جازا سۈپىتىدە گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تاقاق. ② كۆچمە. زور تەشۋىش، غەم ـ ئەندىشە؛ تىل ـ ئاھانەت ۋە مەسخىرە: ياخشى كۆرگەن كىشىم بىلەن توي قىلىمەن دەپ، ئاز ئۆتمەي مۇنچىۋالا توقلەنەتكە قالغىنىنى!

**توقلىق** سۈپ. توقىسى بار، توقا بېكىتىلگەن: ئالتۇن توقىلىق خەنجەر.

**توك** I ئى [ر] <ئېل> ئېلېكتىر زەرىتىنىڭ ئېقىمى. توك ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە ئىسسىقلىق ئېففېكتى، خىمىيەلىك ئېففېكت، يورۇقلۇق چىقىرىش ئېففېكتى قاتارلىقلارنى

هاسىل قىلىدۇ.

**توك بېسىمى** <ئېل> ئەركىن ئېلېكترونلارنى مۇئەييەن يۆنىلىشتە يۆتكەش ئۈچۈن، ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ ئىككى قۇتۇپى ئارىسىدا هاسىل بولغان تەسىر. ئۇنىڭ بىرلىكى ۋولت بولىدۇ.

**توك سىمى** <ئېل> ئېلېكتر كۈچىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم. كۆپرەك مىس ياكى ئاليۇمىنىدىن ياسىلىدۇ.

**توك ئېقىمى** < ئېل > ← **توك** I .

**توك** II تەق ① تاش، چالما قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەرگە ياكى قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇرۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: قۇشقاچنىڭ ئاغزىدىكى دان ئالدىغا «توك» قىلىپ چۈشۈپتۇ. ② توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ داننى قاتتىق چوقۇپ ئېلىشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: خوراز يەردىكى داننى «توك» قىلىپ چوقۇۋالدى.

**توكاڭ** ئى [خەن] ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى بېشى تۇتاش خۇرجۇنغا ئوخشاش توقۇلغان چوڭ سېۋەت.

**توك - توك** «توك II » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: توخۇلار توك - توك قىلىپ دان چوقۇشتى.

**توكچاتقۇچ** ئى [توك + چاتقۇچ] <فىز> ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ بىر بېشىغا ئۇلىنىدىغان چاتقۇچ. ئۇنى روزېتكىغا سانجىغاندا توك ئۇلىنىدۇ.

**توكچى** ئى. ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك ئىشچى.

**توكچىلىق** ئى. ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: توكچىلىق قىلماق. * ئادىل ئۇزاقتىن بېرى ئىدارىمىزدە توكچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

**توكسكولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىيول> بەزى مىكرو ئورگانىزملار، شۇنىڭدەك بەزى هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر چىقىرىدىغان زەهەرلىك ماددىلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**توكسىن** ئى [ر< گرېك] <بىيول> بەزى مىكرو ئورگانىزملار شۇنىڭدەك بەزى هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر چىقىرىدىغان زەهەرلىك ماددىلار.

**توككىدە** رەۋ. «توك» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «توك» قىلغان هالدا: ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە توككىدە قىلىپ بىرنەرسە چۈشكەندەك بولدى.

**توكلۇق** سۈپ. توك بىلەن هەرىكەتلىنىدىغان: توكلۇق دىۋىگاتېل.

**توكۇر** I سۈپ. ئاقساپ ماڭىدىغان، بىر ئايىغى كالتە ياكى مېيىپ: توكۇرنىڭ يولى كۆپ، گاچىنىڭ ئېپى كۆپ (ماقال).

**توكۇر** II تەق. توكۇلدايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئۆتۈشىدىن ياكى پاشنىلىق ئاياغلاردىن چىققان ئاۋاز: كېچىسى ئىشىك ئالدىدا توكۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**توكۇراڭ** ئى. ئىككى تەرىپىگە تېرە يېپىلغان ۋە ئۇرىلىدىغان تاسما بېكىتىلگەن، ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن ياغاچ تۇتقۇچىنى قولدا ئايلاندۇرۇپ چېلىنىدىغان، چىنە قادىغۇچى ۋە مىلىچمال ساتقۇچىلار چالىدىغان بىر خىل كىچىك ناغرا.

**توكۇراڭچى** ئى. توكۇراڭنى چېلىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ مال ساتقۇچى.

**توكۇر - توكۇر** «توكۇر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۆگزىنىڭ نېپىز يەرلىرىدىن ئۆتكەن يامغۇر كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان داسقا توكۇر - توكۇر قىلىپ چۈشۈپ تۇراتتى.

**توكۇرلاتماق** «توكۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەزىن ئاخۇنۇم كەشىنى توكۇرلىتىپ يىراقتىن كېلىۋاتاتتى.

**توكۇرلاشماق** «توكۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رەهىم ئاكام ئىلمەك ياغاچ بىلەن ئالمىنىڭ بىر شېخىنى ئىلىپ سىلكىۋىدى، ئالمىلار توكۇرلىشىپ يەرگە چۈشتى.

**توكۇرلىماق** پ. «توكۇر - توكۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ ئەتىگەندە توكۇرلاپ كەلدى.

**توكۇس** تەق. بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئارقا - ئارقىدىن بىر قاتتىق، بىر بوش تېگىشىدىن چىققان ئاۋاز: بوۋاينىڭ هاسىسىنىڭ پول ئۈستىدە «توكۇس» قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كارىۋاتتىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

**توكۇس - توكۇس** «توكۇس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**توكۇسسىدە** رەۋ. «توكۇس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «توكۇس» قىلغان هالدا: توكۇسسىدە تەگمەك.

**توكۇسلاتماق** «توكۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساهىبخانا ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، قولتۇق تايىقىنى توكۇسلىتىپ كېلىپ، ئابدۇراخمان بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى.

**توكۇسلاشماق** «توكۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**توكۇسلىماق** پ. «توكۇس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بۇ توكۇر توكۇسلاپ نەگە ماڭدىكىنە!

**توكۇلداتماق** «توكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادام كۆۋرۈك شەكلىدە تۇرغان قارنى كۆۋرۈكمىكىن دەپ، هاسىسى بىلەن توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ باقتى.

**توكۇلداشماق** «توكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراقتىن توكۇلداشقان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.

**توكۇلداق** ئى. دىيال. تۆمۈرتۇمشۇق.

**توكۇلدىماق** پ. «توك - توك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئېغىر ياتقۇدا ياتاق يېنىدا توكۇلدىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

**توڭ** I ① سۈپ. سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتقان، مۇزغا ئايلانغان: بىر دەمدىلا ئويۇلۇپ توڭ يەر، ئادەم بويى كولاندى قۇدۇق. قېزىۋەردى بارغانچە چاپسان، قولچىراغدىن چۈشۈرۈپ يورۇق. ② ئى. يەر، سۇ قاتارلىق نەرسىلەر مۇزلاپ توڭلىغان هالەت ۋە مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق: ئاسمىنىڭ دېيىشچە، ئەتىيازدا توڭ كېتىش بىلەن باشقا كەنتلەرگە كۆچىدىكەنمىز. ③ سۈپ. كۆچمە. پىشمىغان، تەمگە كىرمىگەن: توڭ ئالما. ④ سۈپ. كۆچمە. قوپال، قاتتىق، كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان: پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال). ⑤ سۈپ. كۆچمە. پوزىتسىيەسى قوپال، خۇش مۇئامىلە قىلمايدىغان: مېنىڭ بارا - بارا سىزگە يېقىنلىشىشىم ۋە تونۇشۇشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىز ماڭا سىرلىق، هېسسىياتسىز، توڭ ئادەم بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدىڭىز.

**توڭ سالماق** <دېھ> ئېتىزغا سۇ باشلاپ توڭ ياتقۇزماق، كانچىلىماق: شۇنىڭ بىلەن دېهقانلار كۈزلۈك بۇغدايلىرىغا توڭ

سالدى.

**توڭ** II تەق. قاتتىق ۋە كاۋاك نەرسىلەرنى ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز: بىر تاياق ئۇنىڭ بېشىغا توڭ قىلىپ تەگدى.

**توڭ ـ توڭ** «توڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دۇيجاڭ ئىشخانا ئۈگزىسىدىكى داڭنى «توڭ ـ توڭ» قىلىپ چېلىپ ئەزالارنى مەجلىسكە چاقىرىشقا باشلىدى.

**توڭدۇرماق** «توڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سابىر ئاداش، بۇ سوغۇقتا ئىشىكىڭنى ئىتتىك ئاچماي، بىزنى ئەجەب توڭدۇردۇڭ.

**توڭرا** I ئى. كىر، پاسكىنا، قاسماق: — بالام، — دېدى ئانا بالىسىنى جىملەپ، — ئۇۋۇلاپ قولۇڭنىڭ توڭرىسىنى چىقارمىساڭچۇ؟ // — خوش بىز كەتتۇق ! — دېدى ئۇ تاشماقنىڭ قاغا پۇتىدەك ئىنچىكە ۋە توڭرا قوللىرىنى سىقىپ، — ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە قالدى، يولىيورۇق سوراشنى ئۇنتۇما !

**توڭرا** II ئى <تارىخ> قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، يەنى تۈرالارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تۈرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۈرك خانلىقىغا تەۋە ئىدى. سىرتاردۇشلار كۆچەيگەن مەزگىلدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، كېيىنكى ۋاقىتتا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن.

**توڭرىلىق** سۈپ. توڭرىسى بار، توڭرا بولغان: ھاپىتىغا شاپەتى، توڭرىلىققا مەرەزدار (ماقال).

**توڭغاق** سۈپ. توڭۇپلا تۇرىدىغان، سوغۇققا چىدىمايدىغان: قېرى دوڭغاق كېلەر، سوغۇقتا توڭغاق كېلەر (ماقال).

**توڭغاقلىق** ئى. ئاسان توڭىدىغان مىجەز، سوغۇققا چىدامسىزلىق.

**توڭغۇس** ئى < ئىرق > ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ ھازىرقى بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، يىراق قەدىمكى ئالتاي دەۋرلىرى ياكى ئالتاي تىللىرى دەۋرىدە، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى گەۋدىسىگە مەنسۇپ قەۋملار ياكى ئۇلۇسلاردىن بۆلۈنگەن بىر بۆلۈك مىللەتلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، شۇ توڭغۇسلارغا تەۋە ھازىرقى مىللەتلەردىن ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكى قاتارلىق مىللەتلەر بار.

**توڭكاي** ① ئى. چوڭ سۆڭەك: ئىت بىر توڭكاينى چىشلەپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. ھىڭگاڭ، بۆرتۈپ چىققان (چىش ھەققىدە): — باشلىق، — دېدى توڭكاي چىش بىرى ھېلىقى ئېگىز بويلۇققا قاراپ كۆز قىسىپ، ئالىقىنىغا تۇكۇرۇپ تۇرۇپ. ③ ئى. ھىڭگاڭ، بۆرتۈپ چىقىشلىق ئادەم: — مەن دېمىدىممۇ، ھېلىقى توڭكاي شۇ ئىكەن، ئۇ بۇرۇن شۇ زاۋۇتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى.

**توڭگۇز** ئى <زوئول> ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بۇرۇن ۋە ئېغىز تۇمشۇقلىرى ئۇزۇنچاق، كۆزى كىچىك، قۇلىقى چوڭ، پۇتى قىسقا، تېنى سېمىز بولىدۇ؛ تېرىسىدىن خۇرۇم، موييدىن چوتكا ئىشلىگىلى ۋە سانائەتتە خام ئەشيا قىلغىلى بولىدۇ؛ تېزەكلىرىنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. «چوشقا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② ‹ئانات› ئوشۇق سۆڭىكى. ③كۆچمە «ئەبلەخ»، «ھايۋان» دېگەن مەنىدىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى: شىڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز: ھارۋىكەشنى «خو» دەيدۇ، ئاغزىدا دېگەن بىلەن، ئۈچ كۈن تۇرسا «زو» دەيدۇ. ④ <ئاستر>مۇچەل يىل ھېسابىدا ئون ئىككىنچى يىلنىڭ نامى: ئۇنىڭ مۇچىلى توڭگۇز ئىكەن.

**توڭگۇزتاراق** ئى [توڭگۇز + تاراق] <بوت>توڭگۇزتاراق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇنۇقنى داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى.

**توڭگۇزتوپاق** ئى [ توڭگۇز + توپاق ] بىر ـ بىرىنى تېپىپ، بېسىپ، ئىتتىرىپ، قوغلىشىپ ئوينايدىغان بىر تۈرلۈك بالىلار ئويۇنى.

**توڭگۇزتېرىقى** ئى [توڭگۇز + تېرىق + ى] <بوت> سازلىقلاردا، سۇ توختاپ قالغان ئورۇنلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**توڭگۇزلۇق** ئى. ياۋا چوشقا ياشايدىغان جاي.

**توڭگۇزياڭىقى** ئى [توڭگۇز + ياڭاق + ى] <بوت> ← بەللۇت.

**توڭگىدە** رەۋ. «توڭ» قىلىپ، «توڭ» قىلغان ھالدا: ھېلىقى ئەبلەخ مۇشتىنىڭ زەربىسىدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ئارقىسىغا داجىپ، ئارقا مېڭىسى بىلەن ئۇدۇل دېرىزە ئالدىدىكى چاي جوزىسىغا توڭگىدە ئۇرۇلدى.

**توڭلاتقۇ** ئى. يېمەكلىكلەرنى سوغۇق ساقلىغۇچى بىر خىل ئۈسكۈنە. ئىشكاپ شەكلىدە بولۇپ، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدۇ.

**توڭلاتماق** ① «توڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گاڭدا تۇردۇم مۇزدا ھېچ توڭلاتمىدى ئوتۇڭ مېنى، «جىلۋە» ئەيلەپ كەلسە دۈشمەن، ساتمىدى ئوتۇڭ مېنى. ② كۆچمە. تارقىتىش، ئىجرا قىلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويماق؛ ۋاقىتلىق كۈچىدىن قالدۇرماق: پۇلنى توڭلىتىش تۈرسۇن بىلەن يەنە بىرلىرىنىڭ قورسىقىدىن چىققان ھىيلە.

**توڭلاشماق** «توڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**توڭلۇق** ئى. توڭ، قوپال خاراكتېر، قوپاللىق: — ئالدىرىماي تۇرسىلا ! — دېدى ئارزۇگۈل ئايالنى سىلكىپ توڭلۇق بىلەن.

**توڭلىتىلماق** «توڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توڭ ئىسكىلاتىدا نەچچە مىڭ تونىنا گۆش توڭلىتىلدى. * ئۇلارنىڭ يېزا بانكىسىغا يۆتكىگەن پۇلى پۈتۈنلەي توڭلىتىلغانىدى.

**توڭلىماق** پ ① سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتماق، مۇزغا ئايلانماق: قار بىلەن تەڭ توڭلىدى تۇپراق، شىۋىرغانلىق، سوغۇق ھەممە ياق. ② مۇزلىماق، توڭماق: ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۇۋا كىيگەن، سوغۇقتىن توڭلىغان كىشىلەر ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ③ قېتىپ قالماق، مۇزلاپ ئۆلمەك: بۇ يىلقى قاتتىق سوغۇقتا تۆت توخۇمىز توڭلاپ قالدى. ④ كۆچمە. قىزغىنلىقى سوۋۇماق، مېھىر ـ مۇھەببىتى قايتماق (راي، كۆڭۈل قاتارلىقلار ھەققىدە): تۇراپىنىڭ سۆزى خۇددى بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئىسسىق ئېقىمدەك، دېھقانلارنىڭ توڭلىغان ۋۇجۇدىغا ئىللىق ھارارەت بېغىشلىدى.

**توڭماق** پ . سوغۇق بەدىنىگە قاتتىق تەسىر قىلماق ، سوغۇق بەدىنىگە ئۆتمەك ؛ مۇزلىماق: توخۇ توڭغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار (ماقال).

**توڭۇشماق** «توڭماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سوغۇقتا يول يۈرۈپ، توڭۇشۇپ كېتىشىپلا، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشسىلە.

**تولا** ① سۈپ. سان، مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، جىق:

تولا گەپ. تولا سۆزلىمەك. ② ئى. مەلۇم بىر سان ياكى مىقدار تەركىبىنىڭ كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغىنى، كۆپ ساندىكىسى: ئاخىر ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ گۇندىخانىدا ئۆتكەن بىر مەھبۇسنىڭ مەسلىھەتى ئۇنۇم بەردى. ③ رەۋ. بەك، كۆپ، ناھايىتى، غايەت: — سەن تولا چالۋاقىماي، ئەزالار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلان، — دېدى ئاسىم. ④ رەۋ. ئۇزۇن، ئۇزاق: بۇ كۈنلەردە دادام بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. كۈندۈزى كۆرۈشەلمەيتتۇق، ئاخشاملىرىمۇ تولا ساقلاپ، ئاخىر ئۇخلاپ قالاتتىم.

**تولاتماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىپ تولاتماق.

**تولا ـ تېرىم** دىيال. ئانچە، كۆپ، تولا: مەن ئۇنىڭ يېنىغا تولا ـ تېرىم يولىمايدىغان بولدۇم.

**تولاشماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىپ تولاشماق. * ئەزالار دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كەندىر شېخىدىن چىگە سويۇپ ئارغامچا تولىشاتتى.

**تولام** ① سۈپ. تولانغان، تولاپ قويۇلغان: تولام يىپ. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تولانغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش تولام يىپ.

**تولامچاق** ئى [تولام + چاق] ناچىدىكى مەشۇتنى گۇندىغا تولاپ يۆگەيدىغان چوڭ چاق.

**تولانماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغامچا پىششىق تولاندى.

**تولتا** ئى. پىچاقنىڭ بىسى بىلەن دەستىسىنىڭ تۇتاشقان جايى ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى زىننەتلىك قىسمى.

**تولتىلىق** سۈپ. تولتىسى بار، تولتا ئورنىتىلغان: بۇ قامەتلىك ئادەم، سۈتتەك ئاق خەسە يەكتىكىنىڭ سىرتىدىن ھاۋا رەڭ دۇردۇن بەلباغ باغلاپ، كۈمۈش تولتىلىق يېڭىسار پىچىقىنى قىستۇرۇۋالغانىدى.

**تولدۇرغۇچى** ① «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: تولدۇرغۇچى تەنچە. تولدۇرغۇچى بۆلۈك. ② ئى <تىل> جۈملىنىڭ پېئىلغا ئەگىشىپ كېلىپ، پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنى تولۇقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر بۆلەكى.

**تولدۇرما** ① سۈپ. تولدۇرۇپ، چىڭقاپ ئىشلىتىلىدىغان، تولدۇرۇلغان: تولدۇرما ئېتىز ② گىلەم نۇسخىسى بولۇپ، بىر جۈپ گۈلنى كۆرسىتىدۇ.

**تولدۇرماق** ① «تولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزالار كۆل پۈتكەندىن كېيىن كۆلنى سۇغا تولدۇردى. ② تولۇقلىماق، مۇكەممەل قىلماق؛ بەلگىلىك چەككە يەتكۈزمەك: مەن مەسئۇلىيەت يېرىمنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ، بۇ يىلقى زىياننى تولدۇرۇۋالىمەن! ③ بوش ئورۇنلارغا، گىرافىكلارغا تېگىشلىك سانلار ۋە مەلۇماتلارنى يازماق: سىز تولدۇرغان ئانكېتىلىرىڭىزغا قارىساق، بۇ يىل 68 ياشقا كىرىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ، ئەمەس؟

**تولدۇرۇشماق** «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار بوۋايدىن سورىمايلا موخوركىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇشتى ۋە پۇل تۆلىمەستىنلا كەتمەكچى بولۇشتى.

**تولدۇرۇلماق** «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توقۇمىچىلىق سانائىتىدە خىمىيەۋى توقۇلما، تالالىق توقۇلما بۇيۇملار كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەم ئورنى تولدۇرۇلدى.

**تولغاتماق** «تولغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى شاپ بۇرۇت بېشىم بىلەن ئوڭ قولۇمنى تۇتۇپ بېرىپ، سول قولۇمنى يەنە بىر چوماقچىسىغا تولغىتىۋەتتى.

**تولغاش** سۈپ. تولغانغان، تولغىماچ: تولغاش ياغاچ.

**تولغاشماق** ① «تولغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەرۋاسىز، ھەدەپ بەللىرىنى تولغىشاتتى. ② تولغىماچ ھالەتكە كېلىپ قالماق، تولغىماچ بولۇپ قالماق: ئوشۇقىدىن بوغۇۋالغان كونا قونچلۇق چورۇقىنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئۇنىڭ قوناقتەك شالاڭ، ئۇزۇن تۈكلەر تولغىشىپ تۇرغان ئېڭىكىگە قاراپ تۇراتتى.

**تولغاق** ئى ① تۇغۇش ئالدىدا تۇتىدىغان قاتتىق ئاغرىق: بىركۈنى كەچتە ئايالىمنى تولغاق تۇتۇپ قالدى، تۇغۇت ئانىسىنى چاقىرىپ كىردىم. ② <تېب> ئۈچەي يوللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل. كېسەل پەيدا قىلغۇچىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، باكتېرىيەلىك تولغاق ۋە ئامېبالىق تولغاق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**تولغام** ① سۈپ. تولغاپ چىڭىتىلىدىغان، تولغاپ بىر ـ بىردىگە ھىم قىلىدىغان: تولغام ياغاچ. ② ئى. مۇشۇنداق قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان يىپ ياكى ئارغامچا: تولغام سالماق.

**تولغانماق** ① «تولغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تولغىنىپ ئىككى ئەجدىھا ياتقانىكەن. ② «تولغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىم تولغاندى. جۈمەك تولغاندى. ③ ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، يۆگىلىپ ھەرىكەت قىلماق: ئانار قەدىمىنى يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان بىلەكتەك توم، قاپقارا چاچلىرى يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. ④ ئۆزىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ يان ـ بۇ يان تاشلىماق، بۇرۇلماق: ئەكبەر ئۇلار ھەربىر تەپكىنىدە بىر تولغىناتتى. ⑤ كۆچمە. قاتتىق ئازابلانماق؛ دەرد ـ ئەلەم چەكمەك: ئاكىسى ئېسىگە كەلسىلا، ھېلىمىئاخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەيتتى. بىراۋ يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىغاندەك تولغىناتتى.

**تولغىما** سۈپ. تولغاپ ياسالغان، تولغانغان: تولغىما يۈز. تولغىما ئۇسسۇل.

**تولغىماچ** سۈپ. تولغىشىپ كەتكەن، ئەگرى: 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال چىغرىقتەك تولغىماچ سول پۇتىنى تەسلىكتە يۆتكەپ، ئاستا كېتىپ باراتتى.

**تولغىماق** پ ① بىر تەرىپى، بىر بېشىدىن تۇتۇپ ئايلاندۇرماق، بۇرىماق: ھېكايىنى باشلاشتىن ئاۋۋالقى سۆزۈمنى مۇشۇنداق باشلىۋىدىم، شوپۇرۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ، رولنى تەتۈر تولغىۋەتكىلى تاس قالدى. ② ئەشمەك، تۇتۇپ بىر تەرەپكە ئايلاندۇرماق، تولىماق: ئۇماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ، مۇز يالاپ بۇرۇت تولغاپتۇ (ماقال). ③ ئۇ يان ـ بۇ يانغا ئېگىپ، ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرمەك: نەغمە ـ ناۋا دېگەن بولۇپ تۇرغان، ئۇسسۇلچىلار بېلىنى تولغاپ ئويناپ تۇرغان. ④ مەلۇم بىر تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ قاراتماق، چۆرىمەك: دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ لۇتپۇللا بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى «زىيالىي» بوينىنى تولغىدى ـ دە، نېرى كەتتى. كۆچمە. قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىماق (قورساق ھەققىدە): قورسىقىم پات ـ پاتلا تولغاپ ئاغرىپ قالاتتى.

**تولماق** پ ① كۆل، تاغار، قاچا قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە بوش يېرى قالماي قاچىلانماق، توشقۇزۇلماق: «قىزىل بۇرۇن» يانچۇ-

قىنىڭ تاراقلاپ تۇرغان پۇللار بىلەن لىق تولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ② ئورۇن، مەيدان قاتارلىقلارنىڭ ھەممە يېرى تولۇق ئىگىلەنمەك، توشۇپ كەتمەك: ئىشخانا ئالدى بۇ ئىشقا قىزىققان ئەزالار بىلەن تولدى. ③ ئورۇن، بوشلۇق قاتارلىقلار مەلۇم بىر خىل ھالەت بىلەن پۈركەلمەك، قاپلانماق: مەتكېرەم دىلبەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا، زال ئىچى بىرپەس جىمجىت يەنە پىچىرلاشلار بىلەن تولدى. ④ يىغلىۋېتىش، تاشماق، توشۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ ئاجىزلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرى لىقىدە ياشقا تولغانىدى. ⑤كۆچمە. ھېس ـ تۇيغۇ، غەم ـ قايغۇ، ئۈمىد قاتارلىقلار ئۇلغىيىپ تاشماق: مەن ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم، كۆڭلۈمگە بىھېساب دەرد ـ ئەلەم تولغانىدى. ⑥ تولۇق، يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولماق، يېتىشمەك: ئادەم 30 ياشقا كىرگەندە ئەقلىغا تولۇپ، تۈلكىگە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىنى بىلىدۇ. ⑦ ئۆسۈپ مەلۇم ياشقا يەتمەك: قانۇندا، سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەردىن باشقا، يېشى 18 گە تولغان ھەممە پۇقرانىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. ⑧ تولۇقلانماق، توشماق: سونۇر خىيال سۈرۈپ قالدى: «ناھايىتى ئۇن كۈنلا قومۇش ساتسا، كەم ئاقچىسى تولاتتى، خەپ، مۇنۇ ئايالنىڭ بەسلىشىشۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!».

**تولۇق** ① سۈپ. تولغان، بوش ئورۇن قالمىغان: نەگىلا باقسام زىرائەتلەر بەلەن، بولۇق ئىكەن. جۇپ باشاق ھەر تۇپ قوناقتا، دانلىرى تولۇق ئىكەن. ② سۈپ. سەمرىپ توشقان، يېتىشكەن: ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزى ۋە تولۇق كەلگەن قامىتى يېڭى ئېچىلىۋاتقان بىر تال غۇنچىنى ئەسلىتەتتى. ③ سۈپ. يېتەرلىك، مۇكەممەل، كەم ئەمەس: ئۇ ھازىر خېلى تولۇق ماتېرىياللارغا ۋە ئاساسلارغا ئىگە. ④ رەۋ. ئەتراپلىق، تامامەن: سەن تولۇق ھەقلىقسەن، كەچۈرگىن مېنى، كاتە. ⑤ رەۋ. كەم ـ كۈتىسىز، بىرەر بۆلىكى چۈشۈپ قالمىغان ياكى قىسقارمىغان ھالدا: ئەخەت تۇردىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر تولۇق تېپىلىدۇ. ⑥ رەۋ. بىردەمۇ قالماي، ھەممەيلەن: دۈشمەن سايغا تولۇق كىرىپ بولمىغۇچە ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق. ھۇجۇم بۇيرۇق بىلەن باشلىنىدۇ! ⑦ سۈپ. مۇكەممەل، يۇقىرى دەرىجىلىك: گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ ئوغلى بولسا تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە دېھقان يىگىت ئىدى.

**تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ** ئون ئىككى يىللىق مائارىپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ.

**تولۇقسىز** سۈپ. تولۇق، مۇكەممەل، بىر پۈتۈن بولمىغان؛ تولۇق ئەمەس: ئوت قويىدى شۇ چاغ بىرى تۇيۇقسىز، بىلدىم، چارلىشىم ئىكەن تولۇقسىز.

**تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ** ئون ئىككى يىللىق مائارىپنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ.

**تولۇقسىزلىق** ئى. تولۇق، مۇكەممەل بولمىغان ھالەت، تولۇق، مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋال، تولۇقسىز ھالەت، تولۇقسىز ئەھۋال: بۇ ئارىلىق مۇقەررەر ھالدا چۈشىنىش جەھەتتىكى تولۇقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تولۇقلاتماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەنت مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئەزالارغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىدىغان تېرىلغۇ سايمانلىرىنى تولۇقلاتتى.

**تولۇقلاشچان** سۈپ، تولۇقلاش كۈچىگە ئىگە، تولۇقلاش ئىمكانىيىتى بولغان، تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى بولغان، تولۇقلاش رولى بولغان، تولۇقلىيالايدىغان.

**تولۇقلاشچانلىق** ئى. تولۇقلاش كۈچى، تولۇقلاش ئىمكانىيىتى، تولۇقلاش رولى، تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى: بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى چوڭقۇر.

**تولۇقلاشماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەڭچىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يولغا چىقىپ، ئۆز قىسىملىرىنىڭ قاتارىنى تولۇقلاشتى.

**تولۇقلانما** ئى. تولۇقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ۋە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى.

**تولۇقلانماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھىيە بويىچە ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى تولۇقلاندى.

**تولۇقلىغۇچى** ① سۈپ. تولۇقلايدىغان، تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان: ئۇلار دۆلەت سودىسىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ۋە مۇھىم تولۇقلىغۇچى ئامىلى بولىدۇ. ② ئى <بىيول> ئانتىتېلالارنىڭ كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان قان زەردابىدىكى خىمىيەۋى ماددا.

**تولۇقلىما** ① سۈپ. تولۇقلاش، تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سەرپ قىلىنىدىغان: بەزى مەھسۇلاتلارنى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن، ھەتتا چەت ئەللەر بىلەن تولۇقلىما سودا قىلىشقا، شېرىكلىشىپ باشقۇرۇشقا بولىدۇ. ② ئى. تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نەرسە: دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسى.

**تولۇقلىماق** پ. تولۇق، مۇكەممەل، پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تولدۇرماق، مۇكەممەللەشتۈرمەك: سەيدىخان ئاچا ئانچە ـ مۇنچە گەپ قىستۇرۇپ، بوۋىسىنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ تۇردى.

**تولۇن** سۈپ. تولغان، تولۇق شەكىل ئالغان: تولۇن ئاي.

**تولۇنلۇق** ئى. تولۇن ھالىتى، تولغان ھالىتى: يېڭى چىققان ئاي ئون تۆت كېچە سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىلاللىق مەرتىۋىسىدىن تولۇنلۇق دەرىجىسىگە يېتىشىدۇ.

**تولۇئول** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5CH_3$. رەڭسىز سۈيۇقلۇق، تاشكۆمۈر مېيىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. پارتلىغۇچ دورا، بوياق، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە ساخارىن قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۇ مېتال بېنزول دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تولۇۋر** ئى. تۆمۈرچىلىكتە تۆشۈك تېشىلىدىغان تۆمۈرنىڭ ئاستىغا قويىدىغان تۆشۈكلۈك ياپىلاق تۆمۈر.

**توللىق** ئى. جىقلىق، كۆپلۈك: بۇ يىل بازاردىكى يەل ـ يېمىشنىڭ توللىقىدىن كىشى ھەيران قالىدۇ.

**توللىماق** پ. ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ئۇنىڭ گېپى توللاپ كەتتى.

**تولما** ئى. ئىنچىكە يىپتا توقۇلغان سىپتا ماتا: تولما توقۇماق.

**تولماق** پ. ئەشمەك، پىشىشقىلىماق: يىپ تولماق. * ساقالنى ئۆچكە چۈپۈرىغا ئوخشاش ئارغامچا تولاپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

**تولمۇ** رەۋ. ئادەتتىكىدىن تاشقىرى، بەكمۇ، خويمۇ: ئۇ يىگىت

تولىمۇ كېلىشكەنىكەن. * قىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تولىمۇ ياراشقانىكەن.

**توم** I سۈپ ① توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى چوڭ (ياغاچ، ئارغامچا، يىپ قاتارلىق بويلام نەرسىلەر ھەققىدە): دېرىزىنىڭ سىرتىغا توم پولات زىخچىلاردىن قىلىنغان پەنجىرە قويۇلغان بولۇپ، ھازىر ھېچ نەرسە بۇزۇلمىغانىدى. ② قېلىن، چوڭ: توم كىتاب. توم نان. * ئۇ يۇرىكىنى توم قىلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ③ كۈچلۈك، يوغان (ئاۋاز ھەققىدە): توم ئاۋاز.

**توم كەلمەك** دىيال. ئېغىر كەلمەك: باشقىلار قىلسا توم كەلدىمۇ؟

**توم** II ئى [ر<گىرېك] بىرقانچە كىتاب قىلىپ تۈپلەنگەن ئەسەر، ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ ھەربىر كىتابى، جىلد.

**توم** III ئى. دىيال. بەش ـ ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**توما** ئى. سۇ ئامبىرى، دەريا، ئۆستەڭلەردە سۇنى بەلگىلىك مىقداردا بىرقانچە لىنىيەلەرگە تەقسىم قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان قاپقىلىق توسما.

**توماتقۇ** ئى. دىيال. بۆك.

**تومبالقا** سۈپ. قوپال: ــ كىمنىڭ ئەخمەق قىلىسەن، تومبالقا،ــ دەپ نادەمنىڭ باش ـ كۆزىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى سەمەت ئاچچىقى كېلىپ.

**تومبالقىلىق** ئى. قوپاللىق: تومبالقىلىق قىلماق.

**تومبۇك** ئى. دىيال. ناغرا، دۇمباق.

**تومبۇلاق** سۈپ. دىيال. دومىلاق ۋە سېمىز.

**تومپاي** سۈپ ① قورساق، بەدەنلىرى تومپايغان، سەمرىپ كەتكەن: مېنى دەسسىمەكچى بولغان شاپ بۇرۇت، قاپقارا، تومپاي بىر كىشىنى بۆلەك ئىككى ئادەمنىڭ چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم.② كۆچمە. قارا قورساق، ساۋاتسىز، بىلىمسىز: بىز ئاددىي، تومپاي ئادەملەر، گەپلىرىمىزنى ئېغىر ئالمىسىلا. // تېخى ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قوپاللىقچۇ!ــ دەپ سۆز قىستۇردى ئىككىنچىسى، ــ نەدىكى سەھرالىق تومپايلارنىڭ گەپلىرى.

**تومپايتماق** «تومپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز سالامەت، قورسىقىڭىزنى تومپايتىپ يۈرسىڭىز مەن كېسەللىكتە ئۆلسەم بولاتتىمۇ؟ * قوغۇن بىلەن ئۈزۈم لۈكچەكلەرنىڭ يانچۇقىنى تومپايتتى.

**تومپايلىق** ئى ① تومپاي ھالەت. ② قارا قورساقلىق، ساۋاتسىزلىق، بىلىمسىزلىك.

**تومپايماق** پ. ئىششىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق؛ دومبايماق؛ يوغىنىماق: شەۋكەت دۇدۇقلىغىنىچە ئانىسىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا بىردەم تىكىلىپ تۇردى ـ دە، خىجالەتمەن قىياپەتتە يەرگە قارىدى.

**تومپۇچكا** ئى [ر] كىچىك، پەس ئىشكاپ.

**تومپۇر** ئى. تۆشۈكى يوق، تەڭگە شەكىللىك مىس پۇل.

**تومپىيىشماق** «تومپايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تومتاق** سۈپ ① قىسقا ۋە توم: ناسىر ئاق داكىدا قاتتىق ئوراپ تېڭىلغان بېشىنى ئېيىقنىڭ تاپىنىغا ئوخشايدىغان تومتاق ئالىقانلىرى بىلەن ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى. ② كۆچمە. باش ـ ئايىغى يوق، مۇجمەل، چۈشىنىكسىز: دادا توختىغىنا، مەتۋاقى شۇجى تومتاقلا ئۇنداق دېمىگەندۇ؟

**تومتاقلىق** ئى. چۈشىنىكسىزلىك، مۇجمەللىك.

**تومتاياق** سۈپ [توم + تاياق] يارامسىز، كېرەكسىز؛ مەنىپەـ ئەتسىز: ئوڭ ئاياغ، سول ئاياغ، بىزنى قىلدىڭ تومتاياق (ماقال).

**توملاشماق** پ. تەدرىجىي توم ھالەتكە كەلمەك، توم بولماق: زىيانغا ئۇچرىغان مايسىنىڭ غولى توملىشىپ ئېگىلىپ كېتىدۇ، يوپۇرـ ماقلىرى سولىشىدۇ.

**توملۇق** I ئى. توم ھالەت: ئادەمنىڭ يوتىسىدەك توملۇقتىكى بىرنەچچە تۈپ سۆۋادان تېرەك ئاپئاق قارغا چۆمۈلۈپ، قىشلىق ئۇيقۇـ سىنى ئۇخلاۋاتاتتى.

**توملۇق** II سۈپ. بىرقانچە تومدىن ئىبارەت بولغان، بىرقانچە توم قىلىپ تۈزۈلگەن: بىز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىـ نىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى ئالتە توملۇق قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق.

**توملىماق** پ. توم ھالەتكە كەلتۈرمەك، توم قىلماق: تۆمۈرنى قايتا قىزدۇرۇپ، بىر ئاز توملاڭلار.

**تومنان** ئى. دىيال. ئاق نان.

**تومۇر** پ ① <ئانات> قان سۈيۈقلۇقى ئادەم بەدىنىدە ئايلىـ نىش داۋامىدا ئۆتىدىغان نەيچىسىمان توقۇلما، ئورگان. ئۇ ئارتېرىيە، ۋېنا، قىل قان تومۇر قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ: ئۆرلەپ چىققان چېكە تومۇرلىرى ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ② يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە قاننىڭ تېپىشى، تومۇرـ نىڭ سوقۇشى: تومۇرى پەس. ③ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ھاشاراتلارنىڭ قانىتىدىكى شاخسىمان توقۇلمىلار: يوپۇرماقنىڭ تومۇرى. ④ تاغ ۋە يەر ئاستى كانلىرىدىكى، يەر قاتلام يۆنىلىشـ لىرىنىڭ گىرەلىشىپ تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولغان غول سىزىق: لېكىن بىز تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلەپ ئالالمىدۇقمۇ ياكى كاننىڭ تومۇرىنى تاپالمىدۇقمۇ، ھېچكىمگە بىرنەرسە ئۇچرىمىدى. ⑤ ئەسلىي، يىلتىز: يىلتىزلىرى بىر، تومۇرلىرى بىر، تاغلاردا ئۆسكەن مىليون دەرەخنىڭ؛ تېپىشلىرى بىر، سوقۇشلىرى بىر، قۇياشقا باققان مىليون يۈرەكنىڭ. ⑥ ئاساس، غول: سانسىز تاغ جىلغىلىرىدـ دىكى سۇ دەريا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئارقىلىق پايانسىز باغۇبوستانلىق يېزىلارنىڭ تومۇرلىرىغا قۇيۇلىدۇ.⑦ <تىل> سۆزنىڭ يىلتىز قىسمى، ئاساسىي قىسمى: سۆز تومۇرى.

**تومۇرچى** ① ئى. تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلنى تەكشۈـ رۈپ داۋالىغۇچى تېۋىپ، دوختۇر: بىزنىڭ مەھەللىدە بىر تومۇرچى بار ئىدى، تومۇرنى تۇتۇپ، كۆز ـ قۇلاققا قاراپلا كېسەلنى تاپاتتى. ② سۈپ. كۆچمە. كىشىلەرنىڭ مىجەزى، پوزىتسىيەسىگە قاراپ ئىش قىلغۇچى: لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى تومۇرچى باللار بار ئىدى.

**تومۇرچىلىق** ئى. تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈش ۋە شۇنداق كەسىپ.

**تومۇرداش** ① ئى. يىلتىزى، تومۇرى تۇتاش؛ تومۇرى بىر: ئۆمۈرنىڭ قىممىتى مېھنەت، ئىجاد مېھنەتكە يولداشتۇر، پېشانەڭدىن تۆكۈلگەن تەر، يۈرەك بىرلە تومۇرداشتۇر. * ھەممىمىز تومۇرداش، قان ـ قېرىنداشمىز. ② سۈپ. يىلتىزداش، بىر يىلتىزدىن ياسالغان: تومۇرداش سۆز.

**تومۇرداشلىق** ئى. بىر يىلتىز، بىر تومۇردىن ياسالغانلىق، تومۇرى ئوخشاشلىق: بۇ ئىككى سۆزنىڭ تومۇرداشلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرمامدۇ؟

**تومۇردان** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق، مېۋىـ

سىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، نەملىكنى ھەيدەش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە.

**تومۇرلۇق** سۈپ. تومۇرى بار، تومۇردىن تەركىب تاپقان: تومۇرلۇق پەردە. * ئۇنىڭ قىزىل تومۇرلۇق پاقا كۆزلىرى ئەمەتكە تىكىلدى.

**تومۇز** ئى [ئە] ① ئەڭ ئىسسىق بولغان 6 ـ ۋە 8 ـ ئاي ئارىلىقىدىكى مەزگىل. ② <مېتېئور> 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ، 23 ـ ياكى 24 ـ كۈنلىرى.

**تومۇزغا** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تۈرى كۆپ، ئەركىكىنىڭ قورساق قىسمىدا ئاۋاز چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، شۇ ئورگان ئارقىلىق داۋاملىق ئىنچىكە، يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىپ، چىرىلداپ تۇرىدۇ؛ چىشىسى ئاۋاز چىقارمايدۇ، لېكىن قورساق قىسمىدا ئاڭلاش ئورگىنى بولىدۇ؛ تۇپىنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئوزۇقلىنىدۇ.

**تومۇغ** ئى. دىيال. دوزاخ، جەھەننەم.

**تومى** ئى. دىيال. تىلتۇمار.

**تومىلماق** پ. دىيال. ① چانىماق. ② توسما ئارقىلىق توسۇماق: بوگۈن بىر مويەر تومىلىدىم. * ئۇ بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى توملاپتۇ.

**تون** I ئى [ر<گىرېك] ① <مۇز> تاۋۇشنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى. ② <تىل> خەنزۇ يېزىقىدىكى ھەربىر خەتنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى ئاھاڭنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى.

**تون بەلگىسى** <تىل> بوغۇمنىڭ تون تۈرىنى بىلدۈرگۈچى بەلگە. «خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھەسى»دە "\ , v , / , ‾"چى دىن ئىبارەت تون بەلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. «‾» يۇقىرى تۈز تونى، «/» يۇقىرى ئۆرلىگۈچى تونى، «v» تۆۋەنلەپ ئۆرلىگۈچى تونى، «\» تۆۋەنلىگۈچى تونى بىلدۈرىدۇ. يېنىك تونغا بەلگە قويۇلمايدۇ.

**تون** II ئى. ئالدى ئوچۇق، تۈز ياقىلىق، ئۇزۇن سىرتقى كىيىم.

**تونا** ئى [ئىنگ <لات] <بوت> ئازادى دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى خۇشبۇي پۇرايدۇ، يېگىلى بولىدۇ.

**تونچە** ① سۈپ. ياقىسى تونغا ئوخشاش ئويۇلۇپ، تۈز تىكىلگەن: تونچە چاپان، تونچە جۇۋا. تونچە ياقا. ② ئى. مۇشۇنداق شەكىلدە تىكىلگەن چاپان.

**تونسىز** I سۈپ. تونى يوق: تونسىز تىللار.

**تونسىز** II سۈپ. تونى يوق، تون كىيمىگەن: تونلۇققا كۆپ سوغۇق، تونسىزغا ئاز سوغۇق (ماقال).

**تونلۇق** سۈپ ① تونى بار، تون كىيگەن: دەل شۇ چاغدا ئاق تۈماق كىيگەن، بەقەسەم تونلۇق بىر ئادەم مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. // توي ـــ تونلۇقنىڭ، ھېيت ـــ ئاتلىقنىڭ (ماقال). ② تون تىكىشكە باب، لايىق، يېتەرلىك: مەن ئىككى تونلۇق رەخت سېتىۋالدىم.

**توننا** مىق [ر<فىران] مىڭ كىلوگىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى: ئۇ ھېسابلاپ كۆردى. ھەرقانچە قىلىپمۇ تۆت ـ بەش توننا چويۈن يىغقىلى بولمايتتى.

**تونناژ** ئى [ر<فىران] پاراخوت، كېمە قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ توننا بىلەن ئىپادىلەنگەن يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى.

**تونناژلىق** سۈپ. تونناژ مىقدارىدىكى: يۈز تونناژلىق پاراخوت.

**تونىلىق** سۈپ ① توننا ئېغىرلىقىدىكى: ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ بىر تونىلىق بازغاندا ئىشلەۋاتقىنى ئۇنى خېلىلا تاڭ قالدۇرغانىدى. ② مەلۇم توننا يۈك سىغىدىغان ياكى كۆتۈرەلەيدىغان: تۆت تونىلىق ئاپتوموبىل.

**تونىلماق** پ. بىر توننا، بىر توننا قىلىپ ئايرىماق.

**تونۇتماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتناشقىنىڭ ياخشى بولدى. ساڭا ھەممىنى تونۇتماقچى بولغان پەرىزاتنىمۇ كۆردۈڭ. ② قانداقلىقىنى كۆرسەتمەك، تېتىتماق: بىر ھەربىيگە مەپىنىڭ بىر ئېتىنى سېتىۋىدىم. يا پۇلنى بېرەي دېمەيدۇ، ئەمدى بەرمەيدىغان بولسا، ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام.

**تونۇتۇلماق** «تونۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تونۇر** ئى [ئە] ئىچىگە ئوت يېقىپ قىزدۇرۇپ، نان ياقىدىغان، شور ياكى ئوتقا چىدامىلىق سېغىز، خىشتىن يېرىم شار شەكلىدە ياسالغان ئوچاق.

**تونۇش** ① ئى. بىلىش، چۈشىنىش: بۇ بالىنىڭ ھەرپلەرنى تونۇشى ۋە كۆچۈرۈپ يېزىشى ياخشى ئىكەن. ② ئەسلەش، يادىغا كەلتۈرۈش: مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ ئەمدىلا تونۇشۇمغا، ئۇ ھەيرانلىق بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدى. ③ سۈپ. بۇرۇندىن تارتىپ بىلىدىغان، كۆرگەن: ئۇنىڭغا بۇرۇندىن مەلۇم بولغان: ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئىككىنچى تونۇش كىشى قولۇمنى قىستى. ④ ئى. مەلۇم بىر شەيئى ياكى مەسىلىگە قارىتا شەكىللەندۈرگەن مۇئەييەن قاراش، پىكىر، ئوي: زاۋۇت پارتكومىنىڭ ئەزالىرى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى.

**تونۇش ـ بىلىش** تونۇشىدىغان، بىلىشىدىغان كىشى؛ ئاغىنە: تونۇش ـ بىلىشلەر يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

**تونۇشتۇرغۇچى** ① سۈپ. تونۇشتۇرىدىغان: ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغۇچى پېشقەدەم ئىشچى سەھنىگە چىقىشى بىلەن ھەممە چاۋاك چالدى. ② ئى. بىراۋنى بىرەر تەشكىلات ياكى مەلۇم بىر كىشىگە لاياقەتلىك دەپ مەلۇم قىلغۇچى كىشى: ھېچكىم تونۇشتۇرغۇچىسى بولمىغان ھالدا بىرەر تەشكىلاتقا كىرەلمەيدۇ.

**تونۇشتۇرماق** ① «تونۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لۇتپۇللا ئەغزەمنى تۇرغانغا تونۇشتۇردى. ② مەلۇم بىر كىشى ياكى مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدىكى تەسىراتى، قارىشىنى سۆزلەپ بەرمەك ياكى يازما ئىپادىلىمەك: ئاگرونوم دېھقانلارغا ھەر خىل ئوغۇتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى. ③ بىراۋنى بىرەر تەشكىلات ياكى مەلۇم بىر كىشىگە لاياقەتلىك دەپ مەلۇم قىلماق: يەر ئىسلاھاتىدا ئەبەيدۇللا ئايشەمخان ھەدىنىڭ يولدىشى سابىرنى پارتىيەگە تونۇشتۇرغانىدى.

**تونۇشتۇرۇش** ئى ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى قىسقىچە بايان، ئىزاھات: بۇ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولۇچىلار بۇ ئۇيغۇر قىزىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراشتى. ② مەلۇم بىر كىشىنىڭ قايسى ئورۇندىن ئىكەنلىكى ۋە سالاھىيىتى تونۇشتۇرۇلۇپ يېزىلغان ئىسپات خەت: تونۇشتۇرۇش ئالماق. تونۇشتۇرۇش يازدۇرماق.

**تونۇشتۇرۇلما** ئى. مەلۇم بىر شەخس ياكى ئۇنىڭ كىتابى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ماقالە، ئەسەر: بەزى ئالىملار فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل يېزىقتىكى نۇسخىلىرى، ساقلانغان ئورنى ۋە مەزمۇنىنىڭ رەسمىي تونۇشتۇرۇلمىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

**تونۇشتۇرۇلماق** «تونۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ئالتە پىدائىيمۇ قىزلارغا تونۇشتۇرۇلدى.

**تونۇشسىز** سۈپ. تونۇش بولمىغان، تونۇمايدىغان، ناتونۇش: شۇنداق قىلىپ مىڭ - مىڭ كىشى بار بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ھەپتىنى ھېچبىر تونۇشسىز ئۆتكۈزدۈم.

**تونۇشلۇق** ① سۈپ. تونۇيدىغان، بىلىدىغان، تونۇش: زەيتۇنەنىڭ ئاتىسى مۇشۇ ئەتراپتا ھەممىگە تونۇشلۇق، ماھىر خالۋاپلارنىڭ بىرى ئىدى. ② ئى. تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق مۇناسىۋىتى: ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقى ئەنە شۇنچىلىكلا ئىدى.

**تونۇشماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى سىرتقى يۇرتقا كەتكەن تۇغقانلىرىمىز مېنى بىر قاراش بىلەنلا تونۇشمىدى. ② بىرەر كىشى بىلەن ئۆزئارا تونۇش بولماق، بىر - بىرىنى تونۇۋالماق، بىلىۋالماق: بىز شۇ سائەتتىن باشلاپ بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ، گويا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلاردەك بولۇپ كەتتۇق. ③ بىلمەك، چۈشەنمەك، خەۋەردار بولماق: ئەپەندىم زاۋۇت ئىشچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ④ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقماق، ئۆگەنمەك: لۇتپۇللا بىر قىسىم ئۇيغۇر، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقتى.

**تونۇغۇسىز** سۈپ. تونۇغىلى بولمايدىغان، تونۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان: دوملاپ چۈشكەن ئېغىر تۇلۇق ئوغرىنىڭ كاللىسىنى تونۇغۇسىز ھالدا ئېزىپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**تونۇلماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقانچە گىرىم قىلىسىمۇ، پېشانىسىدىكى تارتۇقتىن تونۇلۇپ قاپتۇ. ② نام چىقارماق، مەشھۇر بولۇپ قالماق: ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ، بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا بىرەر يۈز كىشىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلدى.

**تونۇماق** پ ① ئۆزىگە تونۇشلۇق كىشى ياكى نەرسىنى كۆرۈنۈشىدىن ياكى مەلۇم بەلگىسىدىن بىلىۋالماق: بېخىل باي بولسا، ئانىسىنى تونۇماس (ماقال). * سىز پىرىستاندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيسىز. ② بىلمەك، ئۇقماق: بىز تەجرىبە - ساۋاقلاردىن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتۇق. ③ ئۆز ئۈستىگە ئالماق، ئىقرار قىلماق: سىز دەرھال خاتالىقىڭىزنى تونۇپ، سۇلايمان بىلەن نامانىنى پاش قىلىڭ، مەسىلىڭىزنى تولۇق تاپشۇرۇپ، خاتالىقىڭىزنى تونۇسىڭىزلا بولدى. ④ بىلمەك، پەرقلەندۈرمەك: ياخشى مالنى تونۇشقا كۆز كېرەك، ناچار مالنى سېتىشقا سۆز كېرەك (ماقال). * ئابدىم بوسۇغىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ سابىر ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

**تونېل** ئى [ر<ئىنگ] تاغ ئىچىدىن ياكى يەر ئاستىدىن تېشىپ ئېلىنغان يول، تەشمە؛ ئۆتۈشمە.

**تـوۋا** [ئە] ① ئى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەدە ياكى سورالغان ئۆزرە: سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى يەر (ماقال). ② ئىم. تەئەججۇپلىنىش، ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ: — توۋا! — دېدى خەلچەم غۇدۇراپ، — نېمانچە خۇيلىنىش، بىر ئۆي دېگەندە ھەركۈنى بەتتە پولۇ قايناۋەرمەيدۇ.

**توۋا - ئىستىغپار** قىلمىشى ۋە گۇناھىغا قىلىنغان توۋا ۋە سورالغان كەچۈرۈم، مەغپىرەتنى تەلەپ قىلىپ ئېيتىلغان مۇناجات، دۇئا: توۋا - ئىستىغپار ئوقۇماق. توۋا - ئىستىغپار قىلماق.

**توۋرا** ئى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇمشۇقىنى كىرگۈزۈپ، بېشىغا ئېسىپ بوغۇز بېرىدىغان باغلىق خالتا.

**توۋلاتماق** «توۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ۋاي قىزىم، ئۇكاڭنى توۋلاتمىساڭچۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا ئاتىسى.

**توۋلاشماق** ① «توۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېرىكلەر يالاڭ قىلىچىنىڭ پايىنكى بىلەن سول بىلىكىدىكى قالقاننى ئۇرۇپ: — ئامان - ئامان! — دەپ تەڭ ئاۋاز بىلەن توۋلىشاتتى. ② ۋارقىراپ - جارقىراپ جېدەللەشمەك، جاڭجاللاشماق، ئۇرۇشماق: شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن توۋلىشىپ قالدى.

**توۋلانماق** «توۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇلاقنىڭ پەردىلىرىنى يىرتقۇدەك كۈچلۈك ئاۋازدا توۋلانغان كوچا ناخشىلىرى باشلىنىپ كەتتى.

**توۋلىماق** پ ① خېلى يىراقتىكى كىشىلەرمۇ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتماق؛ ۋارقىرىماق: ساۋاقدىشى مۇختەر ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە: — مېنىڭ، مېنىڭ پۇلۇم چۈشۈپ قاپتۇ، — دەپ توۋلىدى. * ئۇ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان سەلىمەنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە: — سەلىمە، سەلىمە، — دەپ توۋلىدى. ② داد - پەرياد سالماق، ۋارقىرىماق: باي شوتىدىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ توۋلاپتۇ.

**توۋنامە** ئى [توۋا + نامە] قىلمىشىغا ۋەگۇناھىغا پۇشايمان ياكى توۋا قىلىپ، قايتىلىماسلىق ئۈچۈن ۋەدە بېرىپ يېزىلغان تىلخەت: بۇ ئارتۇر تۇغۇلۇشىدىن تۆت ئاي ئىلگىرى يېزىلغان، ئانىسىنىڭ ئېرىگە يازغان توۋنامىسى بولۇپ، ئاستىدا ئىككى كىشىنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى.

**توي** ئى ① تۇرمۇش قۇرغانلار شەرىپىگە مېھمان چاقىرىپ، زىياپەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەبرىكلەش مۇراسىمى: تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ كۆر (ماقال). * توي دېگەن بىزدە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، بەخت - ئاسايىشلىقنىڭ بەلگىسى. ② بىرەر تارىخىي ۋەقە ياكى خاتىرە كۈنگە بېغىشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت، تەنتەنىلىك مۇراسىم: ئۇلۇغۋار سەن باتۇر ئارمىيەم، تەبرىكلەيمەن قۇتلۇق تويۇڭنى. چەكسىز ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن، تەقدىم ئەتتىم مۇشۇ كۈيۈمنى. ③ شاد - خۇراملىققا تولغان مەرىكە، بەزمە: «ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا توي» دېگەن شۇ ئىكەن - دە، سەن ھەيدەرئاكا بەش كۈنگىچە يېڭى ئۆيگە كۆچمەسەن!

**توي - تاماشا** توي ۋە تۈرلۈك ئويۇن - كۈلكە، بەزمە، مەشرەپ قاتارلىق تاماشىلار.

**توي - تۈمان** دىيال. توي - تۆكۈن.

**توي - تۆكۈن** تۈرلۈك توي مۇراسىملىرى ۋە بۇ مۇراسىملارغا تەئەللۇق ئۆرپ - ئادەتلەر.

**تويچى** ئى ① توي قىلغۇچى، توي ئۆتكۈزگۈچى: ئۇۋنى ئۇۋلا ئوۋچى بىلەن، تويىنى ئوينا تويچى بىلەن (ماقال). ② تويغا قاتناشقۇچى، مېھمان: تويچىلار تۈن بويى ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، توي شادلىقىغا چۆمۈلدى.

**تويدۇرماق** «تويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۇرەر (ماقال).

**تويدۇرۇلماق** «تويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەن كالىلار ئېتىزلىقتا بىر ئاز تويدۇرۇلغاندىن كېيىن خامانغا قېتىلدى.

**تويغۇلۇق** ئى. قورساقنى تويغۇزۇشقا يېتەرلىك نەرسە، يېمەكلىك: ئىككى مۆزقەنت دېگىنىڭ، بولماس بىزگە تويغۇلۇق. دوستۇم بىزگە كېرەكى، چىن نىيەتلىك، توغرىلىق.

**تويغۇچە** رەۋ. تويغانلىق ھېس قىلغۇچە، قانغۇچە؛ بولىدى دېگۈچە: تويغۇچە يېمەك. * ئۇ «يەنە شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، تويغۇچە پاراڭ سېلىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ، بىللە ئىشلىسەم قانداق ياخشى» دەپ ئويلىدى.

**تويلاتماق** «تويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەلدى قارلىغاچلارنى كۆكتە ئوينىتىپ، گۈل بىلەن بۇلبۇلنى باغدا تويلىتىپ.

**تويلاشماق** ① «تويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپتىن كېلىشىپ تويلىشىپتۇ. ② قىز - يىگىت ئۆز ئارا توي قىلىشماق: ئۇ مۇشۇ شېرىنگۈل بىلەن تويلاشماقچى.

**تويلۇق** ① ئى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىشكە ئاساسەن، ئوغۇل تەرەپ قىز ۋە قىز تەرەپكە بېرىدىغان كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ تېخى ساڭا ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئاپتۇ. ② سۈپ. قىزنىڭ تويى ئۈچۈن تەييارلانغان: شۇڭا، كېلىنگە ئالغان تويلۇق ھالقا بىلەن ئېلېكترونلۇق سائەتنى بەرمىدۇق! ③ تويدا كىيىدىغان؛ يېڭى: ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى چىرايلىق تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگەن قىز-يىگىتلەر بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشاتتى.

**تويلىماق** پ ① تويىنى قىلماق: تويلىمىغان قىز ئۈچۈن بۇ بەك سەت ئىش، شۇڭا ئالدىراپ «بولىدۇ، بولمايدۇ» دېمىسەك. ② تەنتەنە قىلماق، تەبرىكلىمەك: سائادەت سىردىشى بۇ ۋادا بويلاپ، جاراڭلاپ ئاڭلىنار مېھنەت قوشىقى. بارماقتا باھارنىڭ تويىنى تويلاپ، ئەڭ گۈزەل كەشتىلەر سىزىپ، قەلبىدە قۇياش يانغان ئادەملەر سېپى.

**تويماس** سۈپ. تويمايدىغان، قارنى يامان: ئۇ چاغدا نامان ھەددى - ھېسابسىز ئاچ كۆز، بىغەملىكى، يەپ تويماس، سېمىز، تەييارتاپلىقى بىلەن داڭ چىقارغانىدى.

**تويماسلىق** سۈپ. بىرەر نەرسىگە رازى بولماسلىق، قانائەت قىلماسلىق، ئاچلىق، ئاچ كۆزلۈك: تويماسلىق كېسەلگە گىرىپتار بولماق.

**تويماق** پ ① يەپ - ئىچىپ، غىزالىنىپ، غىزا ۋە سۇغا بولغان تەلپىنى قاندۇرماق: تويمىساڭ تويۇقدا تويارسەن (ماقال). * ئۇ ھەرقانچە يېسىمۇ ھەرگىز تويمىدى. ② قانماق، قانائەت ھاسىل قىلماق: ئۇلار ئۇيقۇغا تويمىغان ئىشچىلارنىڭ ھارغىن يۈزىگە شوخ ۋە مەغرۇر نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. زېرىكمەك، بىزار بولماق، بەزمەك: دۇنيادىن تويماق. جاندىن جاق تويماق. * مەن ئۇنىڭ گېپىدىن تويۇپ كەتتىم.

**توي - مەرىكە** توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يېتىم مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم ۋە زىياپەتلەر.

**تويمىغۇر** سۈپ. تويمايدىغان، شۆكۈر قىلمايدىغان، ئاچ كۆز: ئابدۇقېيۇمئاخۇن، ئەمدى تويمىغۇر نەپسىمىزنى يۈگەنلەيدىغان ۋاقىت كەلدى.

**تويمىغۇرلۇق** ئى. تويماسلىق، شۆكۈر قىلماسلىق: كۆزى ئاچ - تويمىغۇرلۇقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىن زىنھار، بولۇپ قالما چۆمۈلدەك كى چىشلەپ ئۆچرىغان داندىن.

**تويۇشماق** «تويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمدى ئوغرىلىقىمۇ تويۇشقانسىلەر، ھاماقەتلەر!

**تويۇندۇرماق** «تويۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېمەك، ئۇلار پىششىق خىشنى بېنزىنغا چىلاپ تويۇندۇرۇپ ياندۇرغانىكەن، ئۇلار ئىشلەتكەن بۇ ئامالنى بىز نېمىشقا ئىشلەتمەيدىكەنمىز!

**تويۇنماق** پ ① ئوبدان، يېتەرلىك تويماق: ئۇ تۆت دانە گۆشگىردە سېتىۋالدى - دە، قېنىق دەملەنگەن بىر چەينەك چاي بىلەن يەپ تويۇنۇۋالدى. ② يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزىگە ئالماق، سىڭدۈرمەك، ئېرىتمەك: تويۇنغان ئېرىتمە. * شىمالىي تامغا قويۇلغان بىر جۈپ پەنجىرىدىن باغدىكى ئالما پۇراقلىرىغا تويۇنغان سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

**تويۇنئۆرۈك** ئى [تويۇن + ئۆرۈك] ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. ئۇ باشقا ئۆرۈكلەردىن كېيىن پىشىدۇ.

**تۆەن** ئى [خەن] ئارمىيەدىكى ئىشتات بىرلىكى. شىغا قارايدۇ، تەركىبىدە بىرقانچە يىڭ بولىدۇ.

**تۆەنجاڭ** ئى [خەن] تۆەن كوماندىرى.

**تۆەنجاڭلىق** ئى. تۆەنجاڭغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە.

**تۇبا** ئى [ر <ئىتال] <مۇز> مىستىن ياسالغان دۇخوۋوي چالغۇ. ئېغىزى چىنە شەكلىدە، قالغان يېرى توم ۋە يوغان كېلىدۇ؛ ئۇنىڭغا تۆت ياكى بەش دانە پورشېن ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىر ياكى ھەربىي ئوركېستىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇبېركۇليوز** ئى [ر<لات] <تېب> سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى سىل تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، ھەممە ئەزا بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ. تېبابەتتە «سىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇپاخ** ئى. دىيال. شۇك، تال شاخچىسى.

**تۇپراق** ئى ① كولاش، ھەيدەش، چېپىش نەتىجىسىدە، چېچىلغان ھالەتتە كەلگەن يەر قاتلىمى: ئۇ پادىشاھلىق تەختىنى تاشلاپ، ھامامىنىڭ كۆللىرىگە بۆلىنىپ، ساراڭلاردەك بېشىغا كۆل، تۇپراقلارنى چېچىشقا باشلاپتۇ. ② يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈسۈملۈك ئۆسەلەيدىغان قاتلىمى. ئۇ ھەر خىل دانچە شەكىللىك مىنېرال ماددىلار، ئورگانىك ماددىلار، سۇ، ھاۋا، مىكرو - ئورگانىزم قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن: شىنجاڭدا ئېدىرلىقلاردا سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈزلەڭلىكلەردىمۇ سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر. ③ مېيىت

كۆمۈلگەن گۆرنىڭ ئۈستىدىكى قىرغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق ياسالغان توپا دۆۋىسى؛ قەبرە: ئۇ ھەر پەيشەنبە مازارغا بېرىپ، ئاند-سىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقاتتى. ④ كۆچمە. يۇرت، زېمىن؛ ۋەتەن: ئۆلسەم ئۇلار تېنىمنى يۇيۇپ، جىنازامنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ ئۇلۇغ تۇپراققا كۆمىدۇ.

**تۇپراقچىلىق** ئى ← **تۇپراقشۇناسلىق**.

**تۇپراقسىز** سۈپ. تۇپراق يوق، تۇپراق ئىشلىتىلمەي: // ئۇ كېيىنكى قەدەمدە سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش، پارنىك تېرىقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلانلىدى.

**تۇپراقشۇناس** ئى. تۇپراقشۇناسلىق بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**تۇپراقشۇناسلىق** ئى. تۇپراق ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنى ئىشلە-تىش، ياخشىلاش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تۇپراقلىق** ① سۈپ. تۇپرىقى، توپىسى بار: بۇ مۇنبەت تۇپراقلىق يەردىن دۆلەتكە، خەلققە قانچىلىك تۆھپە ئارتۇق قوشۇلىدۇ-ھە! ② ئى. مازار، گۆرىستان: مانا تۇپراقلىققا يېتىپ كەلدۇق.

**تۇت** ئى [پ] يېزىت. ئۇچمە.

**تۇتاتقۇ** ئى. دىيال. كۆيدۈرۈپ ھىد پەيدا قىلىدىغان نەرسە.

**تۇتاش** سۈپ ① بىر-بىرىگە ئۇلاشقان، تۇتىشىپ كەتكەن، ئۈزۈلۈپ قالمىغان: ماھىرە مەكتەپنىڭ بىر چېتىگە تۇتاش قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيىنى ياتاق قىلىۋالغا-نىدى. ② يانمۇيان جايلاشقان، يانداش: شۇ ھويلىغا تۇتاش يەنە بىر كىچىكرەك ھويلىغا سەپەرقۇللار جايلاشقانىدى. ③ بابباراۋەر، تەڭمۇ-تەڭ، ئوخشاش: بىر تۇتاش تارقاتماق.

**تۇتاشتۇرما** سۈپ. تۇتاشتۇرۇلغان، تۇتاش ھالەتكە كەلگەن: تۇتاشتۇرما سىزىق.

**تۇتاشتۇرماق** I «تۇتاشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: كىشىلەر سەپەرقۇلنىڭ باشچىلىقىدا ئىشقا كىرىشىپ، ئۆستەڭنىڭ ئاخىرىنى چوڭ دەرياغا تۇتاشتۇرۇپتۇ.

**تۇتاشتۇرماق** II «تۇتاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ئۇ بىر تال پاپىرۇسنى چىشلەپ كىردى-دە، سەرەڭگە بىلەن تۇتاشتۇردى.

**تۇتاشتۇرۇلماق** I «تۇتاشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىزما تاغنىڭ ئاخىرى توغرىسىغا سوزۇلغان دامبا ئارقى-لىق بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

**تۇتاشتۇرۇلماق** II «تۇتاشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى كەندىر يىپقا ئوت تۇتاشتۇ-رۇلغان بولۇپ، ئىس چىقىپ تۇراتتى.

**تۇتاشما** سۈپ، تۇتاشقان، تۇتىشىدىغان، تۇتاشتۇرۇلغان: بۇ ھال چوڭ مېڭىنىڭ بارلىق نېرۋىلار بىلەن تۇتاشما لىنىيەنىڭ ئىچىدا-رىنى قوزغىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ.

**تۇتاشماق** I پ ① بىر-بىرىگە ئۇلاشماق، ئۇلىشىپ كەتمەك؛ بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇرماق: دۆڭلۈكنىڭ بىر تەرىپى دەريا قىرغىقىغا تۇتىشاتتى. ② بىر-بىرىگە باغلانماق، ئالاقىدار بولماق، مۇناسىۋەتلىك بولماق: يۇرت-جامائەتكە ئېنىق، ئەمما كىتابخانلىرىمىزغا نامەلۇم بولغان ھېكايىمىزنىڭ ئەسلىي تۈگۈنى خېلى ئۇزاققا تۇتىشىدۇ. ③ بىر-بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، چىرىشىپ كەتمەك، يېپىشىپ تۇرماق: چاڭ قونغان چاچلىرى تېقىم-لىرىغا، تاشلىنىپ تۇراتتى يېپىپ بېلىنى. ھەي، ئۆتتى قانچىلاپ باھار ئاچالماي، بەرگى چىلىڭ تۇتاشقان غۇنچە لېۋىنى.

**تۇتاشماق** II پ. ئوت ئالماق، كۆيۈشكە باشلىماق، كۆيمەك: ئوت تۇتاشماق.

**تۇتال** I ئى. باھاسى ئوخشاش كېلىدىغان نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان تۆلەم.

**تۇتال** II ئى «بولماق» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىللە كېلىپ: 1) ئەسقاتماق، دال بولماق، مۇھىم رول ئوينىماق. 2) بالىياتقۇدا تۆرەلمە پەيدا بولماق (ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە).

**تۇتال** III دىيال ① سۈپ، بوغاز. ② ئى. يېڭى چىققان تۆرەلمە.

**تۇتالماق** پ. دىيال. ئەسقاتماق، دال بولماق، رول ئوينىماق.

**تۇتام** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ تۇتاملاپ ئايرىلغان بۆلىكى، سىقىم: ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ، ناھايىتى پەس ئۆسكەن ئوت ئۇنىڭ تۇتامىغا چىقمىدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ تۇتاملى-غىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تۇتام كۆك ئوسما. ③ سۈپ. كۆچمە. كىچىككىنە، ئاز، قىسقا: «قىش كۈنى بىر تۇتام» دېگەندەك، سەھەر تۇرۇپ جىددىي ھەرىكەت قىلمىسا بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى.

**تۇتامغا چىققۇدەك** خېلى سالمىقى بار، مۇھىم، ئەھمى-يەتلىك: ئادۋوكات يۇسۇپجان بىردەم دۇدۇقلاپ ئەزمىسىنى ئەزسىمۇ، لېكىن تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئەھمىيەتلىك سۆز ئېيتالمىدى.

**تۇتامى بار** ① ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك: — ئۇكام، بۇ ياشقا كىرگەندە ھەرەڭ-سەرەڭ گەپ قىلماي، تۇتامى بار گەپ قىل جۇمۇ! — دېدى ئۇ ھەمراھى ئابلىزغا قاراپ. ② گېپىدە تۇرىدىغان، راست گەپ قىلىدىغان: گېپىنىڭ تۇتامى بار ئادەم.

**تۇتامى يوق** ① ئەھمىيەتسىز، بىھۇدە: ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۇتامى يوق. ② گېپىدە تۇرمايدىغان، ئىشەنچسىز، تۇراقسىز: ماڭ، بايقۇش! تۇتامى يوق ئەر ئىكەنسەن.

**تۇتامسىز** سۈپ ① ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز: ئەخمەقنىڭ ئاغزى بوش، سۆزى كۆپ بولۇر؛ مەنىسى تۇتامسىز، تۈزسىز، ماز بولۇر. ② مەيدانسىز، ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز: مېنى ئاجىز، تۇتامسىز دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟ مەيلى، نېمىدەپ ئويلىسىڭىز ئەمدى مەن ئۇچۇن بەربىر.

**تۇتامسىزلىق** ئى. مەنىسىزلىك، تايىنى يوقلۇق: بۇ نېمىدېگەن تۇتامسىزلىق، تۈنۈگۈن باشقا بىرنېمە دېسە، بۈگۈن يەنە باشقا بىرنېمە دەۋاتقان، دەپ قاتتىق خاپا بولدى باشلىق.

**تۇتاملاتماق** «تۇتاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: ھېلىقى خوجايىن خىزمەتكارىغا ھاشىم ئاكامنىڭ ساقىلىنى تۇتاملىتىپ، ئېڭىكىگە تۆت شاپىلاق ئۇرغۇزدى.

**تۇتاملاشماق** «تۇتاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى «ئاپلا» دېيىشىپ، ساقاللىرىنى تۇتاملىشىپ قالدى.

**تۇتاملىق** سۈپ ① مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك: تۇتاملىق گەپ. ② سالماق، تۇراقلىق: ئۇ خېلى تۇتاملىق ئادەم.

**تۇتاملىماق** پ. ئالىقان ئارىسىغا ئېلىپ، بارماقلىرى بىلەن تۇتماق: — ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا! — مۆنۈپ مەزىن ساقىلىنى تۇتاملاپ، گويا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

**تۇت- تۇت قىلماق** ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنى تۇتىدىغان، قامايدىغان ھالەت شەكىللەندۈرمەك.

**تۇتتۇرماق** پ. دىيال. خەتنە قىلدۇرماق.

**تۇتقا** ئى ① نەرسىلەرنىڭ قول بىلەن تۇتۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قىسمى، تۇتقۇچ: ئىشىكنىڭ تۇتقىسى. ② كۆچمە. ئاساس، مۇھىم نۇقتا: تۇتقىنى تۇتماق.

**تۇتقاق** سۈپ. پات - پات تۇتىدىغان، تۇتۇش ئادەتكە ئايلانغان: تۇتقاق كېسەل.

**تۇتقاقلىق** ① سۈپ. تۇتقاق ئالامىتى ۋە تەسىرى بار: تۇتقاقلىق كېسەل. ② ئى. تۇتقاق كېسەللىكى: ئۇ ئايالنىڭ تۇتقاقلىقى يەنە تۇتتى. ③ ئى. كۆچمە. پات - پات ئاچچىقلاپ قالىدىغان خاراكتېر: مانا كۆرۈڭ. تۇتقاقلىقىڭ يەنە تۇتۇپتۇ - دە.

**تۇتقامىش** رەۋ. دىيال. يېقىنلىشىپ، ئانچە كېيىن قالماي.

**تۇتقان- پۇتكىنى** ئۆمۈر بويى قىلغان بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى: ئۇنىڭ تۇتقان - پۇتكىنى ئاللا ئۈچۈن ئىدى.

**تۇتقاۋۇل** ئى. تارس. تۇتقۇنلار ئىشلىرىغا مەسئۇل لەشكەربېشى.

**تۇتقاۋۇللۇق** ئى. تۇتقاۋۇلغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە: ئۇ ھازىر پۈدۈڭ ئايمىقىدا، تۇتقاۋۇللۇقتا خورسىنىپ يۈرىدۇ.

**تۇتقۇچ** ئى. نەرسىلەرنىڭ قول بىلەن سىقىمداپ تۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى، تۇتقا.

**تۇتقۇچلۇق** سۈپ. تۇتقۇچى بار، تۇتقۇچ بېكىتىلگەن: ئەنۋەر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر تۇتقۇچلۇق، ھەشەمەتلىك دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

**تۇتقۇزماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر ئۈرۈمچى شەھرىدە ئاز - تولا قارىغاي تىكىلىپ، ئۇنى تۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ② باشقۇرۇشقا، خەۋەر ئېلىشقا، تەربىيەلەشكە بەرمەك، تاپشۇرماق: ئۇ يولغا چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا موماي نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئاپىرىپ، موللامغا تۇتقۇزدى.

**تۇتقۇن** ① سۈپ. تۇتۇلغان، قامالغان، ئۆز ئەركىدىن، ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان: مەن ھازىر قەپەستىكى بىچارە تۇتقۇن قۇشلارغا ئوخشاپ قالدىم. ② سۈپ. كۆچمە. بىرەر نەرسىگە ياكى كىشىگە بېرىلىپ كەتكەن، مەپتۇن بولغان، بەند قىلىنغان: دانىيار دەرۋازىسىنى تىڭشىغانسېرى، غەزەلگە شۇنچىلىك بولماقتا تۇتقۇن. ھارغىنلىق ئېسىدىن چىققان تامامەن، ئېچىلغان كۆزلىرى چاچماقتا ئۇچقۇن. ③ ئى. قولغا ئېلىش، تۇتۇش، قاماش ئىشلىرى: يۇنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ تۇتقۇن ئەمدى باشلانغۇدەكمىش. ④ ئى. سولاق، قاماق: يېتىپ تۇتقۇندا، زىنداندا، كۆيۈپ، ئاتەشتە ھىجراندا، ۋەتەننىڭ قايغۇسى بىرلە، دىلى غەمخانىنى كۆردۈم.

**تۇتقۇنلۇق** ئى. تۇتقۇن ھالەت، ئەھۋال: — ھەي، ھاتەم! — دېدى جادۇگەر، — ئايپەرىنىڭ مۆھىرىنى ماڭا بەرگىن، مەن سېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىۋېتەي.

**تۇتقىسىز** سۈپ ① تۇتقىسى يوق، تۇتقا بېكىتىلمىگەن: تۇتقىسىز چۆگۈن. ② كۆچمە. ئاساسى يوق، ئەھمىيەتسىز، پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان: ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان - ياۋىداق، تۇتقىسىز گەپلەر بولغاچقا بىرەرىمىزمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىدۇق.

**تۇتقىلىق** سۈپ ① تۇتقىسى بار، تۇتقا بېكىتىلگەن: تۇتقىلىق ئىستاكان. تۇتقىلىق پەتنۇس. ② كۆچمە. ئاساسلىق، مۇھىم، نۇقتىلىق: كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە، بىزنىڭ تۇتقىلىق ئۆگىنىدىغان نۇقتىلىرىمىز بولۇشى كېرەك.

**تۇتماق** پ ① قولى بىلەن سىقىمدىماق، سىقىمداپ تۇرماق؛ ئىككى قولى ئارىسىدا توختاتماق: تۇتقۇچنى تۇتماق. توپنى تۇتماق. ② قولىغا ئالماق، قولىدا كۆتۈرمەك: ماشىنىدا پىلىموت ۋە بەشئاتار مىلتىق تۇتقان، يانلىرىغا بومبىلار ئاسقان يۈزچە ئەسكەر بار ئىدى. ③ قوغلاپ، ئوۋلاپ، ئىزلاپ قولغا چۈشۈرمەك؛ قىسماق، قىلتاق، قاپقان قاتارلىقلارغا چۈشۈرمەك: كىشىنىڭ قولى بىلەن يىلان تۇت (ماقال). ④ بىرەر تەرزدە ئىشلەتمەك، قوللانماق: ئېيتىڭا ئاكا، مەش قويۇش، مۇنۇ قۇم چۆگۈن ئورنىغا قەلەي چەينەك تۇتۇش سىزگە يات بىلىنەمدۇ؟ ⑤ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىشقا تەكلىپ قىلماق، پايدىلىنىشقا بەرمەك، تەقدىم قىلماق، سۇنماق: يېڭى پىيالە ئەكەلدۈرۈپ، كۆپۈك چىقارماي، پەم بىلەن چاي قۇيۇپ، مېھمانغا ئەدەپ بىلەن تۇتتۇم. ⑥ يېزىپ مەلۇم قىلماق؛ سۇنماق: خەت تۇتماق. ئەرز تۇتماق. ⑦ باشقا بىر نەرسىگە ئۇدۇللاپ يېقىن ئەكەلمەك، تەڭلىمەك: كىتابنى چىراغقا تۇتۇپ ئوقۇماق. پىچاقنى چاققا تۇتماق. ⑧ كۆچمە. ئۆز قولىدا ساقلىماق، ئىدارە قىلماق، ئىگىلىمەك، باشقۇرماق: — بىزدە يېزا سۇ ھوقۇقىنى تۇتقان بىرلا قاسىم بارغۇ! — دېدى تۇراخۇن. ⑨ پەردىلەش، دالدا قىلىش مەقسىتىدە توسماق: دېرىزىگە پەردە تۇتماق. تامغا زەدىۋال تۇتماق. ⑩ چۆرىسىگە، ئەتراپىغا ئورناتماق، تىكمەك: دوپپىغا جىيەك تۇتماق. كۆرپىگە قارا تۇتماق. ⑪ ئۆز دائىرىسىدە تۇرغۇزماق، ساقلاپ قالماق: تېرە ئادەم بەدىنىدىكى ئاقسىلنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ⑫ توسۇپ توختاتماق، تورىماق: — قېيىقنى ئادەملىرى بىلەن تۇتۇپ قالغىنىڭلار نېمىسى؟ بىز خەلققە نېمەدەپ جاۋاب قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ. ⑬ بىرىشنى مەنئى قىلماق، توختىتىپ قويماق: مائاشنى تۇتماق. ⑭ بوش قويۇۋەتمەي، ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزمەك، پايدىلانماق (ۋاقىت، پەيت ھەققىدە): بىر كۈنلۈك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش - تۇتماسلىق بىر شوپۇرنىڭ يىللىق ئىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ⑮ جاۋابكارلىققا تارتماق، قىستىماق: پۇلنى توڭلاتقان چىن بۇجاڭ بىلەن تۇرسۇن شېجاڭ، شۇلارنى تۇتۇڭلار. ⑯ ئۆز پائالىيىتىدە مەلۇم تەرتىپ - قائىدە بىلەن ئىش ئېلىپ بارماق، بېجىرمەك: باشقىچە يول تۇتماق. ⑰ ھاي بەرمەك، توسماق، توختاتماق: ئۆلۈمدىن قورقساڭ ئۆزۈڭنى تۇت، ھالاۋەت، بەخت توغرىسىدا ئويلىما. ⑱ باشلىماق، سۇغارماق (سۇ ھەققىدە): سۇپىتاي ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم، ئۆزى قىلغان دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بۇغدايغا ئىككىنچى قېتىم سۇ تۇتماقتا ئىدى. ⑲ ساقلىماق، قالدۇرماق: سىز باشقىلارنىڭ كۆزىدە ئىكەنلىكىڭىزنى يادىڭىزدا تۇتۇڭ. ⑳ ھېسابلىماق، سانىماق،... دەپ بىلمەك: تاشۋاينى ئىزدەپ كېلىدىغان مۇزىكانتلار، مۇزىكا خۇمارلار، تاشۋاينى ئۇستاز تۇتقان شاگىرتلار تولىمۇ كۆپ ئىدى. ㉑ باشلانماق، پەيدا بولماق، قوزغالماق؛ باسماق، ئۆز ئىلكىگە ئالماق: تولغاق تۇتماق. ئاغرىق تۇتماق. شوخلۇقى تۇتماق. خۇمارى تۇتماق. غەزىپى

تۇتماق. ئاچچىقى تۇتماق. ㉒ پايدىلىنىش ئۇچۇن ئىشغال قىلماق، ئىگىلىمەك: ئۇ قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن نىياز پالۋاننىڭ ئۆيىنى ماكان تۇتتى. ㉓ بىر ئەزا ياكى ئىشتىراكچى سۈپىتىدە قۇرماق: شۇنداق قىلىپ، ئائىلىمىزدە ئانامنىڭ تۇتقان جاھانىغا بىر ئىز باسقۇچى پەيدا بولدى. ㉔ راۋاجلىنىپ، ئۆسۈپ، ياخشىلىنىپ رەسمىي تولۇق ھالەتكە كەلمەك: بوينى تۇتماق. سۇنغان قولى تۇتماق. ㉕ مەلۇم ھالەتنى ساقلىماق، مەلۇم ھالەتكە كەلتۈرمەك، داۋاملاشتۇرماق: چىن ئەمىر كېمىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ئولتۇرىدا ئولتۇردى. ㉖ مەلىكە قىلماق، بەند قىلماق، كەتكۈزمەي توسۇپ قالماق، ئاۋارە قىلماق: غالىب كېسەل بولغاچقا، كۆپ گەپكە تۇتسا بولمايتتى. ㉗ بىراۋنىڭ يولۇققان، ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرىنىڭ بېشىغا كەلمەك، ئۇستىگە چۈشمەك: باشقىلارنىڭ قىساسى تۇتماق. * ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى. ㉘ ئىپادىلىمەك، كۆرسەتمەك: مېنى بۇ يەرگە يېڭى ئەكەلگەن ۋاقىتلارنى، ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدىم. ㉙ مەلۇم دائىرە ئىچىدە دەپ قاراپ، دىققەت قىلماق، ئاگاھ بولماق: بىز ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئالدىمىزنى چوڭ قورام تاشلارنىڭ توسۇۋېلىش مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، تەييارلىنىپ قويۇشىمىز لازىم. ㉚ قېتىپ، قويۇقلىشىپ مەلۇم شەكىل ۋە ھالەتكە كەلمەك: قايماق تۇتماق. مۇز تۇتماق. ㉛ ئاتماق، ياغدۇرماق: ئوققا تۇتماق. پىلموتقا تۇتماق. ㉜ مەلۇم ھالەتتە ساقلىماق، يوشۇرماق: بۇ سىرىمنى مەن سەندىن مەخپىي تۇتاتتىم. ㉝ تاللىماق، تاللاپ ئالماق: كېلەر قېتىم گىلەملەردىن بىرىنى تۇتقىن، شۇنى ئېلىپ قال. ㉞ مەجبۇرىي ھالدا ئالماق: ئۇنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئالتايغا ئەكەتكەن. ㉟ مەلۇم چېگرا، دائىرىنى شەكىللەندۈرمەك، قۇرماق: تامنىڭ ئۇلىنى تۇتماق. خۇمداننىڭ تاۋىسىنى تۇتماق. ھويلىغا سۇپا تۇتماق. ㊱ تارالماق، قاپلىماق، بىر ئالماق: ئاي كەينىدىن بالقىپ چىقتى چولپانمۇ، يېرىپ قويۇق بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى. چاچراپ كەتتى شامال تەگكەن ئوت كەبى، يەركۆكنى تۇتتى ئاپئاق يانغىنى. ㊲ يۇغۇرماق: بالام، ماۋۇ چەكنى گۆھەرنىساخان ئاچاڭنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرگىن، مەن باراي دېسەم، خېمىر تۇتۇپ قويۇپتىمەن، سەن كەلگۈچە نېنىمنى يېقىۋالاي.

**تۇتۇرۇق** I ئى ① ئوت ئالدۇرۇش ئۇچۇن، ئۇششاق قىلىپ تەييارلانغان قۇرۇق ئوتۇن ياكى قومۇش، تارىشا قاتارلىقلار: ئامىنە تەييار تۇتۇرۇقنى ئوچاققا تىزدى ـ دە، كۆمۈر سېلىپ ئوت ياقتى. ② كۆچمە. قوزغاتقۇچى، سەۋەبچى، زورايتقۇچى: ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە يول قويماسلىقى، دەتالاشنىڭ ئاخىرىنىڭ جېدەل ـ ماجىراغا ئايلىنىشىغا تۇتۇرۇق بولدى.

**تۇتۇرۇق** II ئى ① كىشىنىڭ ئۆز سۆزىدە تۇرۇش خىسلىتى: تۇتۇرۇقى يوق ئادەم. ② مۇئەييەن مەنە، مەزمۇن: تۇتۇرۇقى يوق گەپ.

**تۇتۇرۇقسىز** سۈپ ① سۆزىدە، لەۋزىدە تۇرمايدىغان؛ تايىنى يوق: سىزنى كۆپ ۋاقىتقىچە ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان، باغرى تاش، تۇتۇرۇقسىز ئادەم دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. ② مەنىسىز، چۈۋالچاق: ئۇلار شۇ چاغدىمۇ ئاشۇنداق تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى تارقاتقانىدى.

**تۇتۇرۇقسىزلىق** ئى ① سۆزىدە تۇرماسلىق، تايىنى يوقلۇق: تۇتۇرۇقسىزلىق خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نامىغا يات. ② مەنىسىزلىك، چۈۋالچاقلىق: سەن بۇنداق تۇتۇرۇقسىزلىقىڭنى خامىنىڭدا قىل، مېنىڭ قېشىمدا تۆھمەتكە جاي تېپىلمايدۇ!

**تۇتۇرۇقلۇق** سۈپ. تۇتۇرۇق قىلىشقا بولىدىغان، تۇتۇرۇققا لايىق: تۇتۇرۇقلۇق تارىشا. تۇتۇرۇقلۇق قومۇش.

**تۇتۇشتۇرماق** «تۇتۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كەلگىنى ياخشى بولدى، — دېدى يەنە بىرى، — مۇنۇ بۇقا بىلەن تۇتۇشتۇرۇپ كۆرمەمدۇق.

**تۇتۇشماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى، بەزىلىرى بېلىق تۇتۇشۇۋاتاتتى. ② بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشماق؛ ئۇرۇشماق: مەيداندا بىرنەچچە داڭدار چېلىشچى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇۋاتاتتى. ③ كىرىشمەك: تۇتۇشتۇق يول بۇزماققا، ياۋ كەلمىسۇن بۇ ياققا.

**تۇتۇق** I ① سۈپ. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمايدىغان، ئوچۇق ئەمەس: ئاسمان يەنىلا تۇتۇق. ② سۈپ. ئېنىق ئەمەس، مۇجمەل: بۇ ئارىلاش ۋە تۇتۇق سادالارنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ ئېنىق چۈشىنەلمەيتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. خۇشاللىق ئالامەتلىرى بىلىنمەيدىغان؛ غەمكىن: ئەمما ئۇنىڭ پۈتكۈل چىرايى خىيالچان، تۇتۇق ئىدى. ④ ئى. جۇۋىنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرىنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلىدىغان كۆرپە.

**تۇتۇق بەرمەسلىك** ① تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ قولىغا چۈشمەسلىك: نوزۇگۇم ئالتە ئايغىچە جاللاتلارغا تۇتۇق بەرمىدى. ② كۆچمە. باشقۇرۇش، تىزگىنلەشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماق، بويسۇنماسلىق.

**تۇتۇق** II ئى. تارس. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي زېمىندا تەسىس قىلىنغان، ھىراۋۇل مەھكىمىسىدە مەمۇرىي ئىشلار ۋە مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

**تۇتۇقبەگ** ئى [تۇتۇق + بەگ] تارس. دۆلىتىمىزدە جەنگو دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل نامى، يەنى جياڭجۇندىن تۆۋەنرەك ھەربىي ئەمەلدار، بۇنى خەن، تاڭ، چىڭ سۇلالىرىمۇ قوللانغان.

**تۇتۇقسىز** سۈپ. تۇتۇلمىغان، ئىگىلەنمىگەن: تۇتۇقسىز ئۆي.

**تۇتۇقھىراۋۇل** ئى [تۇتۇق + ھىراۋۇل] تارس. خەن سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىگىچە، غەربىي رايوندا يولغا قويۇلغان ئەمەل نامى.

**تۇتۇقلاشتۇرماق** «تۇتۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇمەسىلىنى بەزىبىر چېتىشلىق ئادەملەر بارغانسېرى تۇتۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

**تۇتۇقلاشتۇرۇشماق** «تۇتۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇتۇقلاشتۇرۇلماق** «تۇتۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇتۇقلاشماق** پ ① تۇتۇق، غۇۋا، ئېنىقسىز بولۇپ كۆرۈنمەك؛ غۇۋالاشماق: خاسىيەتنىڭ كۆز ئالدى تۇتۇقلاشتى. ② خۇشاللىق ئالامىتى يوقالماق، تۇرۇلمەك (يۈز ھەققىدە): شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى تۇتۇقلاشتى.

**تۇتۇقلۇق** I ئى. تۇتۇق ھالەت، ئەھۋال: كۆز ئالدىمدىكى

تۇتۇقلۇق ئىچىدىن بىر يورۇقلۇق پەيدا بولغاندەك بولدى.

**تۇتۇقلۇق** II سۈپ. تۇتقان؛ تۇتۇپ، ئىگىلەپ تۇرغان: ل. مۇتەللىپنىڭ تەنھا تۇتۇقلۇق ياتىقى شۇ كوچىدا ئىدى.

**تۇتۇقماق** پ. دىيال. رەڭگى تۇتۇلماق، خاپا بولماق: ئۇ بارغانسېرى تۇتۇقۇپ كەتتى.

**تۇتۇلماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار، ئاز سۆزلىگەن قۇتۇلار (ماقال). ② گەپتىن، سۆزدىن قالماق: ماۋۇ بىر نېمەڭنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغانمىدى. ③ گەپ ـ سۆزدە ئىلىنىپ قالماق، جاۋاب بېرەلمەي قالماق؛ تەن ئالماق: زەينەپ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا قالغاندا بىر ئاز تۇتۇلدى. ④ باشقا نەرسىلەر ياكى ئۇنىڭ سايىسى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ قالماق: ھاۋا يەنە تۇتۇلدى. ⑤ پەردىلەنمەك، كۆرەلمەس بولۇپ قالماق (كۆز ھەققىدە): كۆزى تۇتۇلماق. ⑥ قىسىلماق: گاھى يامغۇر، گاھى بەك ئىسسىق، تۇتۇلىدۇ كىشىنىڭ دېمى. لېكىن ئۇندا توختىمايدۇ ئىش، كۆتۈرۈلەر بىنانىڭ تېمى. ⑦ تۇرۇلمەك، سۇرلەشمەك، ئۆزگەرمەك: دائىم خۇشخۇي يۈرىدىغان ئايالىمنىڭ بۈگۈن چىرايى تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ⑧ كېمەيمەك، پەسلىمەك، ئازايماق: بۈگۈن ئۇنىڭ ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلدى، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى.

**تۇتۇنماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەمدى سەن تۇتۇنامسەن، جىنىڭنى ياقىغا ئالامسەن، ئۆزۈڭ بەلگىلە ـ ھە! ② كىرىشمەك، بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلىماق: گەزمالچى بىر چوكانغا شىپۇن دۇخاۋا ساتقىلى تۇتۇندى.

**تۇتى** [ پ] ① ئى. شاتۇتى، تۇتىقۇش. ② ئى. ئاتنىڭ تېنى كىچىك، پاكار بىر خىلى، ئادەتتە بويى بىر مېتىردىن ئېگىز بولمايدۇ. ③ ئى. تاغ ئېتى: بەلگە چىگىپ پوتىنى، مىنىپ كەپسەن تۇتىنى، سەن چىقارغان ئۆگزىگە، تارتما ئەمدى شوتىنى. ④ سۈپ. كۆچمە. پاكار، پەس.

**تۇتىقماق** پ. دىيال. ئۇيالماق.

**تۇتىيا** ئى [پ] ① كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىش ياكى كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە سۈرتىدىغان، بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بىر خىل دورا. ② كۆچمە. تېپىلمايدىغان، قىممەت باھالىق نەرسە: ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى زادىلا قول يەتمەس تۇتىياغا ئايلىنىپ قالدى.

**تۇجا** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىگە جايلاشقان.

**تۇجاچە** ① سۈپ. تۇجالارغا خاس، تۇجالار ئىشلىتىدىغان: تۇجاچە كىيىنمەك. ② ئى. تۇجا تىلى.

**تۇجۇركا** ئى [ر] كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، تۈگمىلىرى پۈتۈن ئېتىلىدىغان ئۆرە ياقىلىق كالتە چاپانلارنىڭ ئورتاق نامى.

**تۇجۇركىلىق** سۈپ ① تۇجۇركىسى بار، تۇجۇركا كىيگەن: تۇجۇركىلىق ئادەم. ② تۇجۇركا تىكىشكە لايىق، باب ياكى يېتىدىغان: ئىككى تۇجۇركىلىق سارجا. بىر تۇجۇركىلىق رەخت.

**تۇجۇرۇم** ئى. دىيال. قارار، نىيەت، بىرلىك: ئۇ ئويلىنىپ، ئاندىن بىر تۇجۇرۇمغا كەلدى.

**تۇچ** ئى. مىس بىلەن قەلەينىڭ ئارىلاشمىسى. سارغۇچ ياكى كۆكۈچ سارغۇچ بولىدۇ، سۇركىلىشكە، چىرىشكە چىداملىق، قاتتىق كېلىدۇ؛ دېتاللارنى قۇيۇش، پىرىسلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇخاۋ** ئى [خەن] تارس. يېزىلاردىكى پۇل ۋە كۈچى بولغان پومېشچىك ياكى زومىگەر.

**تۇخاۋ ـ لېيشېن** تۇخاۋ ۋە لېيشېن.

**تۇخۇم** ئى [پ] ① چىشى قۇشلار ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ بالا چىقىرىش ئۈچۈن تۇغىدىغان، ئۈستى شاكال بىلەن ئورالغان جىنسىي ئورۇقى. ② يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق قۇشلارنىڭ تۇخۇمى. ③ <بىيول> ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىلىق ھۈجەيرىسى. ئۇ ئۇرۇق بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئەۋلادنى ھاسىل قىلىدۇ. ④ <بىيول> ھاشاراتشۇناسلىق ئىلمىدە، ئۇرۇقلانغان تۇخۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ھاشاراتلار ھاياتلىق دەۋرىنىڭ بىرىنچى يېتىلىش باسقۇچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ⑤ كۆچمە. نەسىل، ئەۋلاد: تۇخۇمىنى قۇرۇتماق.

**تۇخۇم قۇيماق** دىيال. تۇخۇم تۇغماق، كاكىلىماق.

**تۇخۇمەك** ئى <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. تۇخۇمەك دەرىخى. گۈلى ۋە ئۇرۇقىدىن سېرىق بوياق ئېلىنىدۇ. گۈلى، مېۋىسى ۋە يىلتىز پوستى دورا قىلىنىدۇ، قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**تۇخۇمەكلىك** ئى. تۇخۇمەك كۆپ ئۆسكەن ۋە كۆپ ئورۇنلاشقان جاي.

**تۇخۇمچى** ئى. تۇخۇم ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: كەنجى بۇرۇلۇپ تۇخۇمچى ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى.

**تۇخۇمچىلىق** ئى. تۇخۇم ئېلىپ ـ سېتىش تىجارىتى: تۇخۇمچىلىق قىلماق. * سايىم قارىي تۇخۇمچىلىقتىن يول تاپتى.

**تۇخۇمچىلىك** سۈپ. تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقىدىكى؛ كىچىككىنە: يەرلىرىنىڭ چېكى يوق، تۇخۇمچىلىك تېشى يوق.

**تۇخۇمدان** ئى [پ] ① <بىيول> ئاياللارنىڭ ۋە چىشى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش بېزى. ئادەملەرنىڭ تۇخۇمدېنى قورساق بوشلۇقىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى داس سۆڭىكىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ. ② <دېھ> مۇخلار، پاپورتنىكلار ۋە يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىلىق كۆپىيىش ئەزاسى. كۆپ ھۈجەيرىدىن تۈزۈلىدۇ، شەكلى بوتۇلكىغا ئوخشايدۇ، قورساق قىسمى ۋە بويۇن قىسمى دەپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. قورساق قىسمىدا بىر دانە تۇخۇم ھۈجەيرىسى بولىدۇ.

**تۇخۇمسىمان** سۈپ. تۇخۇمغا ئوخشاش،تۇخۇم شەكىللىك: دىل كۆزىدە ـ ئۆتكۈر كۆزۈمدە، باقتىم ئاڭا يېنىش ـ يېنىشلاپ. تۇخۇمسىمان سۈزۈك ئەپتىدىن، ياندى پارلاپ كۈچلۈك نۇر ـ ئاپتاپ.

**تۇخۇملاتماق** «تۇخۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇخۇملۇق** رەۋ. تۇخۇم ئارقىلىق، تۇخۇم بىلەن: تۇخۇملۇق كۆپىيىش.

**تۇخۇملىماق** پ. تۇخۇم سالماق، تۇخۇم تۇغماق: ياتار جايى كارىزدا، تۇخۇملايدۇ، جىقلايدۇ. بىرى بىر دان چوقۇسا، ھوسۇلىمىز كەملەيدۇ.

**تۇر** I ئى. باشقا جايلارنى كۆزىتىش، بەلگە بېرىش ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز قورۇلما، قىيا دۆڭ: ئۇلار بىجەنتۇردا ئۇچراشتى.

**تۇر** II تەق. تۇرۇلغا قاتارلىق قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن

ئاڭلانغان ئاۋاز.

**تۇرا** I ئى. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەدىمكى مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى.

**تۇرا** II ئى ① مەلۇم ئېگىزلىكتىكى، ئەتراپى قورشىلىپ مۇداپىئە قىلىنغان ۋە تۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي. ② ئېگىز بوي، قامەت: ئۇزۇن تۇرا.

**تۇرا** III ئى. قورغان، پوتەي، ئىستىھكام، مۇنار: تۇرا باشىغا چىقىپ، تۇرۇپ ئېيتاي ناخشىنى. تىڭشىغلى كىشى يوق، كىمگە ئېيتاي ناخشىنى.

**تۇرابېگى** ئى [تۇرا + بەگ + ى] تارىس. تۇرادىكى لەشكەرلەر ۋە تۇرا ئورۇنلاشقان كەنت بېگى.

**تۇرار** سۈپ. تۇرىدىغان، تۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: تۇرار جاي.

**تۇرارلىق** سۈپ. تۇرىدىغان، ئولتۇراقلاشقان: دائىمىي تۇرارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ سانى بەزىدە مىڭ، بەزىدە بىر قانچە مىڭدىن ئاشاتتى.

**تۇراق** ئى ① توختاش، تۇرۇش ھالىتى: ئى كۆڭۈل ھوشيارى بول بىخۇد تۇراقتىن پايدا يوق، بولمىسا باغىڭدا گۈل يانتاق ـ شۇۋاقتىن پايدا يوق. ② <ئەد> بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىشى.

**تۇراقسىز** سۈپ. تۇراقلىق ۋە مۇقىم بولمىغان، دائىم بىر خىل ھالەتتە ئەمەس، ئۆزگىرىشچان: ئۇ قىزنىڭ مىجەزى تۇراقسىز ئىكەن.

**تۇراقسىزلاندۇرماق** «تۇراقسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇراقسىزلاندۇرۇشماق** «تۇراقسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇراقسىزلاندۇرۇلماق** «تۇراقسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇراقسىزلانماق** پ. تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالماق؛ ئىككىلەنمەك: قىزنىڭ بۇ سۆزىدىنلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تويى ئىشىدا ئىككىلىنىپ، مەسلىھەتنىڭ تۇراقسىزلىنىپ قالغانلىقى بىلىنەتتى.

**تۇراقسىزلىق** ئى. تۇراقسىز ھالەت؛ مەيدانسىزلىق؛ ئۆزگىرىشچانلىق: ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق باھاسىدىكى تۇراقسىزلىق مەسىلىسى توغرىسىدا مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

**تۇراقلاشتۇرماق** «تۇراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرماق.

**تۇراقلاشتۇرۇلماق** «تۇراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مائارىپ خىزمىتى چەك تۇتۇلغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى تۇراقلاشتۇرۇلدى.

**تۇراقلاشماق** پ ① تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك: مال باھاسى تۇراقلاشتى. ② بىرەر جايدا ياشاپ، ئورۇنلىشىپ تۇرۇپ قالماق: نۇرغۇن دېھقانلار شەھەرلەرگە بىر ـ ئىككى يىلدىلا تۇراقلىشىپ قالدى.

**تۇراقلانماق** پ. تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك، تۇراقلاشماق: ئىدىيە تۇراقلانماق.

**تۇراقلىق** سۈپ ① ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇراقلىق، مۇستەھكەم سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ② مەلۇم تۇراقلارغا ئىگە بولغان، تۇراقلارغا بۆلۈنگەن: تۇراقلىق بىرىكمە.

**تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى** <تىل> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن زىچ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، بىرىكىش شەكلى ۋە مەنە جەھەتتىن تۇراقلاشقان، بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىرىكمە. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ بىرىكمىدىن ئايرىلسا ياكى ئورنىغا باشقا سۆز ئالماشتۇرۇلسا، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەزمۇنىغا دەخلى يېتىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئادەتتە ئۇدۇل مەنە بېرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىدىيوم دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**تۇراقلىق ئىبارە** <تىل> فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنىسى تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۇراقلىق ئىبارە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىنسانلار ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن، ئىدىيوملۇق مەنە بېرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، ماقال-تەمسىل، شۇنداقلا شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بەزى جۈملىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۇرالغۇ** ئى ① يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي، ئۆي ـ ئىمارەت: بۇ جايى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان ۋاقىتلىق تۇرالغۇ بىناسى ئىدى. ② ئى. كۆچمە. مۇقىملىق، تۇراقلىق؛ تۇتام: تۇرالغۇسى يوق ئادەم. كۆڭلىنىڭ تۇرالغۇسى يوق.

**تۇرالغۇسىز** سۈپ ① تۇرىدىغان جايى (تۇرالغۇسى) يوق: تۇرالغۇسىز ئادەم. ② مۇقىملىقى، تۇراقلىقى بولمىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تۇتۇرۇقسىز: بىر رەھبەرنىڭ قىلغان گېپى تۇرالغۇسىز بولسا، ئۇنىڭ زىيىنى چوڭ بولىدىكەن.

**تۇربىنا** ئى [ر<لات] سۇ، پار ياكى گاز كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان دېۋىگاتېل.

**تۇربىنىلىق** سۈپ. تۇربىنىغا ئىگە بولغان، تۇربىنا بېكىتىلگەن.

**تۇرپانشۇناس** ئى. تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئېتنوگرافىيەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**تۇرپانشۇناسلىق** ئى. تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئېتنوگرافىيەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم: ئىككىنچى قېتىملىق تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كېلەر يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپاندا ئېچىلىدۇ.

**تۇرپى** سۈپ. دىيال. خىلمۇخىل: تۇرپى زىننەتلەر بىلەن، قېرى كىشى ياش بولماس. مەيدىدە قوۋۋەت بولمىسا، مانتا ـ پولۇ ئاش بولماس.

**تۇر ـ تۇر** «تۇر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۇر ـ تۇر سايرىماق.

**تۇرخۇن** ئى. ئوتنىڭ ئىسى چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئوچاق، پار قازىنى قاتارلىقلارغا ئورنىتىلغان كاناي شەكىللىك قۇرۇلما.

**تۇرخۇنلۇق** سۈپ. تۇرخۇنى بار، تۇرخۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان: يېڭى ـ يېڭى ئېگىز تۇرخۇنلۇق زاۋۇت بىنالىرى قەد كۆتۈرمەكتە.

**تۇرسا ـ قوپسا** دائىم، ھەمىشە: قاراقچىنىڭ كېيپى، روھىي ھالىتى تۇرسا ـ قوپسا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

**تۇرشاۋۇل** تارس ① سۈپ. ھەربىي يۈرۈشتە ياكى ئۇرۇشتا، قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى. ② ئى. ئاشۇنداق كىشى.

**تۇرشاۋۇللۇق** ئى. تۇرشاۋۇل، قوشۇن باشلىقلىق مەنسىپى:

ئۇ ئالدى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللۇقىغا بەلگىلەندى.

**تۇرغاق** ئى. تارس. قەدىمكى زاماندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر تەرەپكە كاپالەتكە ئەۋەتىلگەن ئادەم. بۇنداق ئادەملەر كۆپ ھاللاردا خانزادە ياكى بەگزادىلەردىن تاللىنىدۇ.

**تۇرغاقلىق** ئى. تۇرغاق بولۇش ئىشى، تۇرغاق بولۇش ۋەزىپىسى: تۈمەن تەڭرىقۇت چوڭ ئوغلى مەتە تەڭرىقۇتنى تەخت ۋارىسى قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، ياۋچىلارغا تۇرغاقلىققا بېرىپ، ياۋچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھوشيارلىقىنى بوشاتماقچى بولغانىدى.

**تۇرغان ـ پۈتكىنى** يۇرۇش ـ تۇرۇش، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەممە ئىشى: ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ئەسكىلىك.

**تۇرغۇچ** ئى ① قۇرئان ۋە ھەپتىيەكلەردىكى ھەربىر ئايەتتىن كېيىن توختاپ ئوقۇش ئۈچۈن قويۇلغان يۇمىلاق، گۈللۈك بەلگە. ② گەپنىڭ ئاخىرلىشىپ، توختايدىغان جايى، توختايدىغان نۇقتا: گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار (ماقال). ③ كۆچمە. مەيدان، مەۋقە، تۇراق: بۇنى ئاز دەپ يەنە سىگلىم، تېپىلماس سىزدە بىر تۇرغۇچ. قايىلاقا بۇرسا ئەپلىك، ئۆچارسىز ئەينى پىرقىرىغۇچ. ④ بېكەت، ئىستانسا، پونكىت، چازا، ئۆتەڭ: مەپە تۇرغۇچتا ساقلا.

**تۇرغۇچلۇق** سۈپ. تۇرغۇچى بار، تۇرغۇچ قويۇلغان، تۇرغۇچ بىلەن بۆلەكلەرگە ئايرىلغان: تۇرغۇچلۇق گەپ.

**تۇرغۇچىلا** رەۋ. دىيال. بىردەمدىلا، تۇساتتىن، ئۆزىچىلا: ئۇنىڭ تۇرغۇچىلا سەپرايى قوزغىلىپ قالدى.

**تۇرغۇزماق** ① «تۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئاخشىمى ئابلىز مېھرىنى ئويغىتىپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ② بېكىتمەك، بەلگىلىمەك: بىز زاكىرنىڭ ماتېرىيالىنى رەتلەپ، ئۇنىڭغا دىلو تۇرغۇزدۇق. ③ ئورۇنلاشتۇرماق، تىكمەك: باشقا ھويلىلارغا ئوخشاش، بۇ ھويلىنىڭ ئالدىغىمۇ بىر جۈپ تاش شىر تۇرغۇزۇپ قويۇلغان.

**تۇرغۇزۇلماق** «تۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۇپ شۇجى قاتارلىق كونا ھوقۇقدارلارمۇ يالاپ ئەكېلىنىپ، ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇلدى.

**تۇرغۇسىز** سۈپ. تۇرغۇچىلىكى يوق، تۇرالمايدىغان، تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان: تۇرغۇسىز بولۇپ كەتمەك.

**تۇرغۇن** ① سۈپ. بىر جايدا تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان، ئورۇنلاشقان، ماكانلاشقان: تۇرغۇن قۇشلار. ② سۈپ. ئۆزگەرمەس، مۇقىم، تۇراقلىق: تۇرغۇن ھالەت. ③ سۈپ. ھەرىكەت قىلمايدىغان، توختاپ قالغان: تۇرغۇن سۇ. ④ كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۇرغۇن سۆز** <تىل> مۇستەقىل سۆزلەر تۈركۈمىدىكى پېئىلدىن باشقا ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، رەۋىش، سان ۋە مىقدارلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. بۇلارنىڭ ئورتاق گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن تۈرلىنىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغان.

**تۇرغۇنلۇق** ئى ① تۇرغۇن ھالەت: سۇنىڭ تۇرغۇنلۇقى. ② ئۆزگەرمەسلىك، مۇقىملىق، ھەرىكەتسىزلىك: شۇ سەۋەبتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ئۇزاققىچە مۇقىم، تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان.

**تۇرق (تۇرقى)** ئى ① تاشقى قىياپەت، كۆرۈنۈش، ھالەت: ئۇنىڭ تۇرقى ئەجەب دادىسىنىڭ ياشلىق ۋاقتىغا ئوخشايدۇ. ② كۆچمە. پەيت، ۋاقىت، مەزگىل: مۇشۇ تۇرقىدا تىرناقچىلىك بىر يەر تېپىلىسىدى، راسا داش قازانغا چۈشكەن بولاتتۇق.

**تۇرما** ئى. دىيال. تۇرۇپ، لوبو.

**تۇرقولۇق** ئى. دىيال. تۇرخۇن.

**تۇرلاق** ئى. دىيال. تۇرۇلغا.

**تۇرلۇق** ئى. دىيال <ئانات> ئومۇرتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى.

**تۇرماق** پ ① ئايىغىغا تايىنىپ تىك ھالەتتە بولماق: تېز يۆكۈپ ياشىغاندىن، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى (ماقال). ② ھەرىكەتتىن توختاپ قالماق: شۇنداق تېز كېلىۋاتقان رۇستەم كۆل بويىدىكى ئاينىسانى كۆرۈپلا تۇرۇپ قالدى. ③ ياتقان، ئولتۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ تىك بولماق، قوپماق: ئىشكىنى چەكمەيلا ئۆيىگە بىرى كىرىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ④ كۆچمە. ئويغانماق، ئويقۇدىن قوپماق: ئەتىسى مەن سىگنال چېلىنىشتىن بۇرۇنراق تۇردۇم. قارىسام، تۇرسۇن بىلەن مۇئاۋىن بەنجاڭ ئورنىدا يوق ئىدى. ⑤ بىرەر ۋەزىيەت، ھالەت، مەۋقەنى ئىگىلىمەك: ئاما تەرەپتە تۇرماق. ئىلغارلار قاتارىدا تۇرماق. ⑥جايلاشماق، ئورۇنلاشماق: كىتاب جوزا ئۈستىدە تۇراتتى. ⑦بىرەر ئورۇن، بىرەر جاينى ماكان تۇتۇپ ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: بۇ بۇرۇن بىز تۇرغان مەھەللە. ⑧ مەلۇم ھالەتتە كۆرۈنمەك: مەتباقى يېتىپ كەلگەندە، ئىشكىلەر داغدام ئېچىقلىق تۇراتتى. ⑨ قالماق، ساقلانماق: ئۇ كەلگەن كۈنى ماگىزىن ۋە ئامباردا تۇرۇپ كەتكەن دۆۋە-دۆۋە كىتابلارنى كۆردى. ⑩ كۈتمەك، ساقلىماق: بىر ئاز تۇرايلى، ماگىزىن ئېچىلىپ قالار. ⑪ ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ⑫ تىرىك قالماق، ئۆمۈر كۆرمەك: ئانام رەھمىتى 14 پەرزەنت كۆرگەنىدى، لېكىن تۇرغىنى بىز ئۈچىمىز ئىكەنمىز. ⑬ ئۆزگەرمەي، تەسىرگە ئۇچرىماي، ئۆز ھالىتى ۋە ئەسلىنى ساقلىماق: جۇمايتاي ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى. ⑭ بۇزۇلماي، ئۆزگەرمەي ساقلانماق: پەيزىۋاتنىڭ قارىكۆسەي قوغۇنى قىش ۋە ئەتىيازدا بۇزۇلماي، خېلى ئۇزاق تۇرىدۇ. ⑮ كەپلەشمەك، كىرمەي ياكى چىقماي، مەلۇم بىر جايدا توختاپ قالماق: گالدا نان تۇرسا، سۇغا يۈگۈر، گالدا سۇ تۇرسا، گۆرگە يۈگۈر (ماقال). ⑯ مەلۇم ھالەتنى ساقلىماق، داۋاملاشتۇرماق: جىم تۇرماق. ⑰ ئۆزىنى مەلۇم بىر نەرسە تەرەپتە قويۇشنى ياكى بىر ئىشنى قىلىشنى تاللىماق: سەن ياكى بېرىشقا تۇر، ياكى قېلىشقا تۇر. ⑱ مەۋجۇت بولماق، بار بولماق؛ ئۇچرىماق: گۈلخاننىڭ ئالقىنىدا ئۆز ـ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى. ⑲ تۇتىماق، چۈشۈپ كەتمەي چاپلىشىپ قالماق: قارىمامدىلا ھەدە، ماۋۇ نان تونۇردا ھېچ تۇرمايدۇغۇ ـ تاڭ! ⑳ «ئۇ ياقتا تۇرسۇن، توگۇل» دېگەن ئىنكار مەنىسىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: بىراق ئابدۇللانىڭ ئۆيى تۇرماق، پاناھلانغۇدەك بىرەر يېرىمۇ يوق. ㉑ تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ، باغلامچىلىق رول ئوينايدۇ ۋە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارىشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: قار ياغقان تۇرسا، ئوت قالمىسا قانداق بولىدۇ؟ ㉒ «ـ غىلى، ـ قىلى، ـ گىلى، ـ كىلى» بىلەن

ئىپادىلەنگەن رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ باشلانما تۈسىنى ياسايدۇ: جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان كىتابلار ئوتتا كۆيگىلى تۇردى. ㉓ رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ، تۈس ياردەمچىسى رولىدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ دائىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنتۇپ قالماي خەت يېزىپ تۇرىدۇ. 2) ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: خاتىرجەم ئانا ئادىل سۇنغان قاچىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، مەكتەپنىڭ ئىشچىسى مەترېھىم باغۋەن ياتاققا كىرىپ كەلدى. 3) «... دەپ» رەۋىشدىشى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەييارلىق ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھارۋا ياللاي دېسەم، ھېچ يەردە ھارۋا يوق، سىزنىڭكىنى ئالساممىكىن دەپ تۇرۇپتىكەن. ㉔ «... دەك» بىلەن كەلگەن سۇپەتداشقا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ، قاراپ باقايلى. ㉕ رەۋىشداش شەكلىدە ئالدىدىكى رەۋىشداشقا قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇماق. * مېڭىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش زىيانلىق. ㉖ بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قارشى تۇرماق. تاقابىل تۇرماق. ㉗ سۇپەتداش شەكلىدە ئورۇن كېلىشتە كېلىپ «بار بولماق، مەۋجۇت بولماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ئاش تۇرغاندا،ناننىڭ نېمە ھاجىتى. * ماشىنا تۇرغىنىدا پىيادە يۈرەمسىزمۇ؟ ㉘ شەخس بىرلىك سان بۇيرۇق مەيل شەكلىدە كېلىپ «كەت» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: تولا ئاۋارە قىلماي، نېرى تۇرە!

**تۇرمالىن** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى تەركىبى مۇرەككەپ بولغان بورلۇق سىلىكات بولۇپ، قارا، يېشىل، كۆك، قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە ۋە ئەينەك پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. ئۇ رەڭگى چىرايلىق سۈزۈك كىرىستال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. ئۇ يەنە فىزىيوئېلېكترىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، سىمسىز رادىيو سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇرمۇزە** ئى. دىيال. تۇتۇكنىڭ ئىچىگە سانجىپ قويۇلىدىغان يىلىك.

**تۇرمۇش** ئى ① ئىنساننىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ۋە تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان خىلمۇخىل پائالىيىتى: تۇرمۇش — بەختنىڭ بۆشۈكى، تۇرمۇش — بەختنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. ② ياشاش، تىرىكچىلىك قىلىشتا زۆرۈر بولغان كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق قاتارلىق ۋاسىتىلەرگە ئېرىشىش ئەھۋالى؛ مەئىشەت: ئىككى ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆسۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. ③ توي قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق: تۇرمۇش قۇرماق. تۇرمۇشقا چىقماق.

**تۇرمۇشلۇق** سۈپ. نىكاھلىق، ياتلىق: ئۇنىڭ قايتا تۇرمۇشلۇق بولغۇسى كەپتۇ.

**تۇرنا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇزۇن ۋە تۈز، پۇتى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە، پەي، تۈكلىرى ئاق ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ دائىم دەريا بويلىرى ياكى دېڭىز قىرغاقلىرىدا بېلىق ۋە ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، ئادەتتە ئاق تۇرنا، كۈل رەڭ تۇرنا قاتارلىق تۇرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تۇرۇبا** ئى [ر] ① <سانا> سۇيۇقلۇق، گاز، پار ۋە سۇ قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مېتال ياكى ساپالدىن ياسالغان نور. ② شۇ خىل نور ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن سۇ بىلەن كىشىلەرنى تەمىنلەش مەقسىتىدە ئائىلە، زاۋۇت، كان ـ كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورنىتىلغان قۇرۇلما: تۇرۇبا سۈيى. تۇرۇبا ئورناتماق. ③ <مۇز> مىستىن ياسالغان دۇخوۋوي چالغۇ. ئېغىزى چىنە شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە پورشېن ئورنىتىلغان بولۇپ، چالغاندا ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**تۇرۇبىلىق** سۈپ. تۇرۇبىسى بار، تۇرۇبا بېكىتىلگەن: تۇرۇبىلىق ئۆي.

**تۇرۇپ** I ئى [پ] ① <بوت> كىرىېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئوق يىلتىزى.

**تۇرۇپ** II ئى. قارتا ئويۇنىدا، ئويۇن تۇتۇلغان قارتىنى تاشلاشتا ئاتىلىدىغان سۆز.

**تۇرۇپ** III رەۋ. يېزىت، توساتتىن، تاسادىپىي، تاسادىپەن: تۇغۇلۇپ ئەيىب ئەمەس، تۇرۇپ ئەيىب (ماقال).

**تۇرۇپ ـ تۇرۇپ** بىردەم ـ بىردەم، توختاپ ـ توختاپ: ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى.

**تۇرۇپكا** ئى [ر] تېلېفوننىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمى.

**تۇرۇپكىلىق** سۈپ. تۇرۇپكىسى بار، تۇرۇپكىغا ئىگە، تۇرۇپكا ئورنىتىلغان: تۇرۇپكىلىق تېلېفون.

**تۇرۇپلۇق** ئى. تۇرۇپ تېرىلىدىغان يەر، ئېتىز.

**تۇرۇشلۇق** سۈپ. تۇرىدىغان، ئورۇنلاشقان، جايلاشقان: ئەپەندىم تۇرۇشلۇق يەردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنارى يوق ئىكەن.

**تۇرۇشماق** «تۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوراللانغان ئىشپىيونلار تاياقتەك قېتىپ، تىك تۇرۇشاتتى.

**تۇرۇقلۇق** تىر ① ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۇپەت ياكى سۇپەت بىرىكمىسى ۋە رەۋىشداش ياكى سۇپەتداشلار بىلەن كېلىپ، ئۇلار ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ: ئالدىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشمايمىز؟② «شۇنداق» دېگەن ئالماش بىلەن بىرىكىپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمنىڭ كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا قارىمۇقارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ: خالمۇرات خالىدەمدىن ئىككى ياش چوڭ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

**تۇرۇلغا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. پەيلىرى توق بېغىر رەڭ بولىدۇ، يامغۇر يېغىش ئالدىدا ياكى ھاۋا ئەمدى ئېچىلغان ۋاقىتلاردا دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ «تۇر... تۇر...» قىلىپ سايرايدۇ.

**تۇرۇلماق** «تۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزاق ئۆتمەي داستىخان سېلىندى. كاۋاپ دەمسىز، مەي دەمسىز، مېۋە ـ چېۋە دەمسىز، ئۇزۇلمەي ئەكىرىپ تۇرۇلدى.

**تۇرۇم** ئى ① ئىككى ياغاچنىڭ بىرىنى تېشىپ ياكى ئويۇپ، يەنە بىرىنى ئۇچلاپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلانغان ياكى چېتىلغان جايى: ئەركەك تۇرۇم. چىشى تۇرۇم. ② تۇلۇق جازدىسىنىڭ تۇلۇققا چىشلىشىپ (سىپىلىپ) تۇرىدىغان يېرى.

**تۇرۇمتاي** ئى <زوئول> شۇڭقار ئائىلىسىگە كىرىدىغان يىرتقۇچ قۇش. تېنى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئەركىكىنىڭ ئارقا تەرىپى ئاچ يېشىل، پوكىنى سېرىق؛ چىشىسىنىڭ ئارقا تەرىپى قوڭۇر كېلىدۇ. ئادەتتە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، زىيىنى يوق، قوغدىلىدىغان قۇش.

**تۇرۇمچا** ئى. دىيال. قول ھەرىسى.

**تۇرۇمچاق** ئى. دىيال. تاي، تايچاق، قۇلۇن.

**تۇرۇنج** ئى [پ] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ؛ مېۋە شۆپۈكى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى .

**تۇرۇنقاي** ئى. دىيال. ئۇچەي يېغى.

**تۇز** I ئى ① ئاش تۇزىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن (ماقال). ② <خىم> مېتال ئىئونى بىلەن كىسلاتا قالدۇق ئىيونىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە. ③ كۆچمە. ئاش ـ تاماق، غىزا، يېمەكلىك: تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا چىچاي (ماقال).

**تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقماق** ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرماق ، تۇزكورلۇق قىلماق .

**تۇز** II ئى. قارتا ئويۇنىدىكى ئەڭ چوڭ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋە بىرلا قارتا بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا: قاغىنىڭ تۇزى. چىللىكنىڭ تۇزى.

**تۇزاق** ئى ① ھايۋان ۋە قۇشلارنى تۇتۇش ئۇچۇن، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل قىسماققا ئوخشاش قۇرۇلما، قاپقان. ② كۆچمە. بىراۋنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ئۆزىگە تارتىش ئۇچۇن قوللانغان تەدبىر، ئىشلىتىلگەن ۋاستە؛ ھىيلە ـ مىكىر: تۇزاق قۇرماق. تۇزاققا چۈشمەك.

**تۇزاقچى** ئى ① تۇزاق ياسىغۇچى؛ تۇزاق قۇرۇپ ئوۋ قىلغۇچى. ② كىشىلەرنى تۇزىقىغا چۈشۈرگۈچى: بىز قاچانغىچە تۇزاقچىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ ۋەيران بولىمىز؟!

**تۇزاقچىلىق** ئى ① تۇزاق ياساش بىلەن شۇغۇللىنىش؛ تۇزاق بىلەن ئوۋ قىلىش: تۇزاقچىلىق قىلماق. ② كىشىلەرنى تۇزىقىغا چۈشۈرۈش، دەسسىتىش ئىشى، كەسپى: سەن قاچانغىچە تۇزاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسەن؟

**تۇز ـ تائام** ئاش ـ نان، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىلەر.

**تۇز ـ تاماق** ← **تۇز ـ تائام:** شاۋۇدۇن خەدىچەنىڭ تۇز ـ تامىقىنى بىرقانچە قېتىم تېتىغان.

**تۇز ـ تەم** ① ئاش ـ تاماقنىڭ تۇزىنىڭ تېتىغان ياكى تېتىمىغانلىقى، تەملىك ياكى تەمسىزلىكى: ئۆي تامىقىنىڭ تۇز ـ تەمى جايىدا بولىدۇ. ② كۆچمە. تەسىرى ۋە قايىل قىلىش كۈچى: مانا سىزدىن خېلى تۇز ـ تەمى بار گەپنى ئاڭلىدىم.

**تۇزچى** ئى. تۇز كولاش ۋە ياكى تۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئەمدى سۇچىلارنىڭ، ئوتۇنچىلارنىڭ، تۇزچىلارنىڭ، جىسەكچىلەرنىڭ ئاھاڭلىرىنى ھەرگىز ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

**تۇزچىلىق** ئى. تۇز كولاش ئىشى ۋە تۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش: زامانىۋى تۇزچىلىقتا باشلامچى بولۇپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتايلى. * بۇ جەزمەن شىنجاڭ تۇزچىلىقىنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**تۇزدان** ئى. تازىلانغان تۇزنى سالىدىغان كىچىك شىشە ياكى قۇتا.

**تۇزسىراتماق** «تۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇزسىراشماق** «تۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلار ئىككى كۈندىن بېرى تۇزسىز ئۇماچنى ئىچىپ، تۇزسىرىشىپ كەتكەنىدى.

**تۇزسىرىماق** پ. ئورگانىزمدا تۇز يېتىشمەي قالماق، تۇزغا بولغان تەلەپ قانماي قالماق، تۇزنى خالاپ قالماق: قويلار يازلىق يايلاققا يۆتكىلىش جەريانىدا تۇزسىراپ كەتكەنىدى.

**تۇزسىز** سۈپ ① تۇزى تېتىمىغان، تۇزى كەم: تۇزسىز غىزا. تۇزسىز پولۇ. ② كۆچمە. مەزمۇنى يوق، مەنىسىز ، تۇتۇرۇقسىز : شائىرنىڭ نەپىس شېئىرلىرى ھازىر ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇزسىز سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى.

**تۇزسىزلىق** ئى ① تۇزى كەم، يېتەرلىك بولمىغان ھالەت، تۇزى يېتەرسىزلىك: بۇگۈنكى شوۋىگۈرۈچنىڭ تۇزسىزلىقىدىن، ئاغزىمغىمۇ ئالالمىدىم. ② كۆچمە. مەزمۇنسىزلىق، تۇتۇرۇقسىزلىق، قوپاللىق: ئۆزىنىڭ كېلەڭسىزلىكىگە قارىماي، گېپىنىڭ تۇزسىزلىقىچۇ؟

**تۇزكور** سۈپ [تۇز + كور] تىل ھا. ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان، تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقىدىغان، نانكور: ئېيتە، تۇزكور بۇزۇق. سەن نېمىنى بىلىسەن؟ // مەن ئېشىنى يەپ، قازىنىنى چاقىدىغان تۇزكورلاردىن ئەمەسمەن.

**تۇزكورلۇق** ئى. تۇزكور كىشىلەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت: تۇزكورلۇق قىلماق.

**تۇزلاتماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇربان ئاكام قۇربانلىق قويىنى سويۇپ بولغاندىن كېيىن ئوغلىغا تېرە ـ ئۇچەينى تۇزلىتىپ، مەسچىتكە ئەۋەتتى.

**تۇزلاشماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممىسى بىر زىختىن ئىسسىق كاۋاپنى ئېلىپ، ئاپئاق تۇز پاراشوكىنى چېچىپ تۇزلىشىپ، ئاندىن يېيىشتى.

**تۇزلانماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىردەمدىلا خۇاجەر، قازان نېنى، پىششىق تۇخۇم، تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى پارتىزانلارنىڭ ئېتىكىگە تولۇپ كەتتى.

**تۇزلۇق** I سۈپ ① تەركىبىدە تۇز بار، تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان. ② تۇز ـ تەمى بىر ئاز يۇقىرى، تۇزى بىر ئاز كۆپ: بۇ ئاش تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ.

**تۇزلۇق** II ئى. ئېرىتىلگەن تۇزنى ساقلايدىغان چوڭ قاچا، ئىدىش: ھاشىم ئاكام ئالدى بىلەن تۇزلۇقنى ئاشخانىنىڭ مورا بېشىدىكى تەكچىگە يۆتكىدى.

**تۇزلىماق** پ. تۇز سەپمەك ياكى تۇزلۇق سۇغا چىلىماق: بىز بۇ يىل كۈزدە بەسەي، سەۋزىلەرنى تۇزلىدۇق.

**تۇزۇ** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىدە

ئولتۇراقلاشقان.

**تۇزۇچە** ① سۈپ. تۇزۇلارغا خاس، تۇزۇلارغا ئائىت: تۇزۇچە كىيىم. تۇزۇچە ئۆرپ ـ ئادەت. ② ئى. تۇزۇ تىلى.

**تۇسقا** ئى. دىيال. ئۆتەڭ، بېكەت، چازا.

**تۇش** ① I سۈپ. ئۇدۇل: قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە. نەچچە يەردە تۇش بولدى، ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە. ② ئى. ئۇدۇل تەرەپ. ③ رەۋ. باراۋەر، تەڭ، تەڭ ـ باراۋەر: تۇش قىلماق. ④ ئى. تەڭتۇش.

**تۇش** II ئى. تامان، تەرەپ.

**تۇشاغ** ئى. دىيال. چۇشەك، ئاتقا سېلىنىدىغان چۇشەك.

**تۇشلۇق** سۈپ ① باراۋەر كېلىدىغان، مۇناسىپ: ئىسسىت، مۇشۇ تارتقان جاپالىرىمغا تۇشلۇق، ئۆيگە كېلىپ قورساق تويغۇدەك تاماقلىنىۋالغان بولسامچۇ، كاشكى. ② لايىق، مۇۋاپىق، يارىشا: ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قىيىنچىلىقى بار، بىز بۇ تەرەپىنىمۇ كۆرۈ- شىمىز كېرەك. ③ سىغىدىغان، پاتىدىغان: ئىككى كارىۋاتقا تۇشلۇق ئۆي. پۇتۇمغا تۇشلۇق ئاياغ. ④ يېتىدىغان: شۇ چاغدا بىر توغرام نانغا تۇشلۇقمۇ پۇلۇم يوق، ئاچ قالدىم.

**تۇشمۇتۇشتىن** تەرەپ ـ تەرەپتىن: مەھبۇسلار ئاسىيغا تۇشمۇ- تۇشتىن تېگىش قىلدى.

**تۇغ** I ئى ① بايراق، ئەلەم: قوشۇن بېشىدا باشقىلاردىن پۇزۇرراق كىيىنگەن ئۈچ ئاتلىق چېرىك قىزىل بىر تۇغنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ② تۇپراق بېشىدىكى خادىلارغا ئېسىلغان قوتازنىڭ قۇيرۇقلىرى ۋە ئاق، قىزىل، سېرىق لاتىلار. ③ داخانلارنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا، بىر ئۇچىنى يەرگە مەھكەم قىلىپ ئورناتقان ئارقىنى ۋە شۇ ئارقانغا باغلانغان ھەر خىل رەڭدىكى لاتىلار.

**تۇغ** II ئى. ئېتىزلارغا سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سېلىنغان توپا توسۇق، تۇغان، توسما: تۇغ سالماق. تۇغ تۇتماق.

**تۇغ** III ئى. چالڭ ـ توزان: ئاندا يارىم كېلەدۇ، توققۇز داۋانلارنى داۋاپ. ئاي يۈزىگە تۇغ قونۇپتۇ، يامان ئاتلارنى ساۋاپ.

**تۇغان** ئى. سۇنى توسۇش، بوغۇش ئۈچۈن توپا، تاش ياكى سېمونتتىن تەييارلانغان قۇرۇلما: سۇ كەلگۈچە تۇغان سال (ماقال).

**تۇغ ـ ئەلەم** ① چوڭ ـ كىچىك، رەڭگارەڭ، ھەر خىل شەكىلدىكى بايراقلار: كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، خىيالىم شۇ تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرگەن بالىلاردا بولۇپ قالدى. ② مازاردا خادىلارغا ئېسىلغان قوتاز قۇيرۇقلىرى، تۇغ ۋە ھەر خىل بايراقچىلار: ھەزرىسۇلتاندا تۇغ ـ ئەلەم، قولىدا قىلىچ ـ قەلەم. يىغلىماڭلار ياش باللا، ئۆتۈپ كېتىدۇ ئالەم.

**تۇغبېگى** ئى [تۇغ + بەگ + ى] تارس. ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى: لەڭچى بەگلەر ئالدى بىلەن تۇغبېگىنىڭ يەرلىرىنىڭ بېشىدا توختىدى.

**تۇغچى** ئى ① تۇغ، بايراق كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى؛ بايراقچى. ② تارس. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتىپى. ۋاڭنىڭ ئىككى كاتىپى بولىدۇ، بىرى ۋاڭنىڭ يېنىدا، ئىچكىرىسىدە بولىدۇ؛ يەنە بىرى ئوردىدا بولىدۇ. ③ پوسكام ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۇغدۇرماق** ① «تۇغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئىككى بايتىلى بولۇپ، ئات قېچىرى تۇغدۇرۇپ، ئۇنى بېقىپ كۈن كەچۈرەتتى. ② كۆچمە. مەيدانغا كەلتۈرمەك، پەيدا قىلماق: گۇمان تۇغدۇرماق. دىلو تۇغدۇرماق.

**تۇغ ـ شەددە** مازارلاردا خادىغا ئېسىلغان خىلمۇخىل بايراقچىلار ۋە چۆرىسىدىكى چىشلىق جىيەكلەر ھەم تۇمار شەكىللىك لاتىلار.

**تۇغقان** ① ئى. ئۆزلىرى ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرى بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان كىشى، قېرىنداش: ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئىدى. ② سۈپ. قېرىنداشلىقى بولغان، بىر مەنبەلىك: تۇغقان تىللار.

**تۇغقانچىلىق** ئى. تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى، قېرىنداشلىق: بۇ ئىككىسىنىڭ تۇغقانچىلىقى بار.

**تۇغقاندارچىلىق** ئى. تۇغقانلار ئارا بولىدىغان مۇئامىلە، يېقىنچىلىق: تۇغقاندارچىلىق قىلماق.

**تۇغقانلاشماق** پ. تۇغقان دەپ بىلمەك، قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشماق: پۈتۈن مىللەت قول تۇتۇشۇپ، تۇغقانلىشىپ، مىللىي زىتلىق، مىللىي غوۋغا يوقالغانىدى.

**تۇغقانلىق** ئى. تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، باردى ـ كەلدى ئالاقىلىرى، تۇغقانچىلىق: ئۇ مۇشۇنداق چاغدا تۇغقانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

**تۇغلۇق** سۈپ. تۇغ ـ ئەلىمى بار، تۇغ ـ ئەلەم ئېسىلغان: تۇغلۇق مازار.

**تۇغما** سۈپ ① كىشى تۇغۇلغاندىلا ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، تەبىئىي: تۇغما قارىغۇ. * بۇ خىل تۇغما مىجەزنى سۈنئىي ئۇسۇل ياكى باشقا بىرەر ۋاستە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ② كىچىك چېغىدىلا شۇ نەرسىنى بىلىپ بولغان، تۇغۇلغاندىن باشلاپ شۇ ئىشقا ئادەتلەنگەن: ئۇلار تۇغما مەرگەنلەر بولۇپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ باينى ئازاد قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ③ يالىڭاچ، كىيىم ـ كېچەكسىز: ھويلىدا تۆت ـ بەش ياشلىق بىرقانچە بالا ئاند- دىن تۇغما ئويناپ يۈرەتتى.

**تۇغماس** سۈپ ① تۇغمايدىغان: تۇغماس كالا. تۇغماس قوي. * تۇغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ (ماقال). ② بالا تاپالمايدىغان، ئۇرۇقى ئۆلۈك (ئەر ھەققىدە): تۇغماس سىلى ئەمەس، ئەرلىرىمىكىن دەيمىنا؟

**تۇغماق** پ ① بالىياتقۇدىكى بالىنى ۋاقتى-سائىتىدە دۇنيا- غا كۆز ئاچتۇرماق: سېتىۋالمىغۇچە كالا بولماس؛ تۇغۇۋالمىغۇچە بالا بولماس (ماقال). * بۇ خوتۇن ئەل ئۆمرىدە تۆتىنى تۇغدى. ② بالى- لىماق، موزايلىماق (كالا ھەققىدە)؛ تەخەيلىمەك (ئېشەك ھەققىدە)؛ كۇچۇكلىمەك (ئىت ھەققىدە)؛ تايلاقلىماق (تۆگە ھەققىدە): ئەخمەت ئاكامنىڭ ئىنىكى ئىككىنى تۇغۇپتۇ. ③ تۇخۇم سالماق: توخۇ سەمرىسە، تۇغمىقى تەس؛ ئادەم سەمرىسە، قوپمىقى تەس (ماقال). ④ كۆرۈنمەك، چىقماق: ئاي تۇغقاندا تۇغقانمىدى مەشۇقۇم سىزنى، كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ بۆشۈكىڭىزنى. ⑤ كۆچمە. ياراتماق، يېتىشتۈرمەك، پەيدا قىلماق: بۇ ئىش ئۇنىڭدا باشقىچە گۇماننى تۇغدۇرۇپ قويارمىكىن؟ ⑥ كۆچمە. ھەسسىلەپ كۆپەي- مەك، ئاشماق: سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قېتىم تۇغسا گەپ يوق، بىزنىڭ تاغار ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا بولمامدىكەن!

**تۇغۇت** ئى ① ھامىلىدار ئاياللارنىڭ تۇغۇش جەريانى، تۇغۇش پائالىيىتى: بۇ ياقۇپجاننىڭ ئايالى بولۇپ، ئىككىنچى تۇغۇت- نىڭ تولغىقىنى پىشۇرۇۋاتاتتى. ② بالىلاش، تۇغۇش ئىقتىدارىغا

ئىگە بولۇش مەزگىلى (ھايۋانلار ھەققىدە).

**تۇغۇتخانا** ئى <تېب> دوختۇرخانىلاردىكى ھامىلىدار ئاياللارنى تۇغدۇرىدىغان، تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان ئۆي.

**تۇغۇتلۇق** سۈپ. يېقىندىلا تۇغقان، بالا تۇغۇپ ياتقان: ئۇلاردىن كېيىن تۇغۇتلۇق چوكاننى قولتۇقلىغان ئىككى ئايال ۋە دوختۇر ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈشتى.

**تۇغۇچەك** ئى. دىيال. خوتۇن - قىزلار چاچلىرىغا ئۇلايدىغان جالاغا قادىلىدىغان كۈمۈش تەڭگە، چاچتەڭگە.

**تۇغۇر** ئى <تېب> ئادەم ياكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى. ئادەمنىڭ تۇغۇرى تۆت ياكى بەش تال كىچىك سۆڭەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

**تۇغۇش** ① ئى. جۈرئەت، دادىللىق: تۇغۇش تاپماق. تۇغۇش كىرمەك. تۇغۇش قىلماق. ② دىت، پەم: تۇغۇشى يوق.

**تۇغۇش قىلماق** دىيال. جۈرئەتلەنمەك، جۈرئەت قىلماق، تۇغۇش تاپماق.

**تۇغۇشى يوق** دىيال. ① جۈرئەتسىز، يۈرەكسىز، دادىل ئەمەس② دىتى يوق، پەمسىز.

**تۇغۇشقان** ئى. دىيال تۇغقان، ئۇرۇق - تۇغقان: بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغۇشقان.

**تۇغۇشلۇق** I سۈپ. كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇش ۋە ئۇرۇقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە: تۇغۇشلۇق قوي.

**تۇغۇشلۇق** II سۈپ. دادىل، جۈرئەتلىك: تۇغۇشلۇق ئادەم. تۇغۇشلۇق سۆزلىمەك. تۇغۇشلۇق بولماق.

**تۇغۇشماق** I «تۇغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇغۇشماق** II پ. دىيال ① ماس كەلمەك، باب كەلمەك ② ياراشماق، ئەپلەشمەك.

**تۇغۇلماق** «تۇغماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆستۇق.

**تۇغۇم** ئى. باشلانما، باشلىنىش: بۇ يەر تۆت يولنىڭ تۇغۇمى. * ئىجتىمائىي رېئاللىق ئېھتىياجىنىڭ ئەكس ئېتىش جەريانىلا ئەمەس، يېڭى ئېھتىياجنىڭ تۇغۇم بولۇش جەريانىدۇر.

**تۇغۇمچان** سۈپ. كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇۋېرىدىغان، تۇغۇشلۇق: تۇغۇمچان ئايال.

**تۇغۇمچانلىق** ئى. كۆپ تۇغىدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: تۇغۇمچانلىق ــ ساغلام ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تۇغۇندى** ئى ① ئۇزاق تۇرغان، ھەممىدىن كونا كىشى: ئۇ مۇشۇ زاۋۇتتىكى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ تۇغۇندىسى ئىدى. ② پەيدا بولۇشتىن ھاسىل بولغان قىسمى، پەيدا بولغان جىسمى، پەيدا بولۇش، ھاسىل بولۇش، يارىتىلىش، ھاسىلات: ئەمما روھ بىلەن تەننىڭ پۈتۈنلۈككە ئىگە تۇغۇندىسىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى، ھاياتلىقنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.③ <خىم> بىرقەدەر ئاددىي بولغان بىرىكمە تەركىبىدىكى ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى بىلەن ئالمىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مۇرەككەپ بىرىكمە. «ھاسىلە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇغيان** ئى [ئە] ① تاشقىن: شىئىر - گۈلچەمبىرەك خۇددى، كىشىلەر ئېقىمى تۇغيان. يۈرەكنىڭ ساپ قېنى رەڭدار، گويا قەغەز بۇ كەڭ مەيدان. ② كۆچمە. ئىچكى تۇيغۇ دولقۇنلىرى، ھاياجان. ③ ئىسيان: تۇغيان كۆتۈرمەك.

**تۇف** ئى [ر<لات] <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان چاڭ - توزان قاتارلىق ماددىلارنىڭ قېتىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تاغ جىنسى كۆپىنچە بېغىر رەڭ ياكى كۈل رەڭ ھالەتتە ئۇچرايدۇ.

**تۇفېلكا** ئى [ر] <زوئول> ئاددىي ھايۋان. تەن شەكلى پاخال كەشنىڭ تېگىگە ئوخشايدۇ. توختام سۇدا ياشايدۇ، باكتېرىيە ۋە سۇ ئوتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تېنىنىڭ چۆرىسىدە كىرپىكسىمان تۈكچىلىرى بولىدۇ.

**تۇقپو** ئى. دىيال. تۇخۇم.

**تۇگاتماسلىق** ئى. دىيال. كۆزگە ئىلماسلىق، ئېتىبارغا ئالماسلىق.

**تۇگان** سۈپ. دىيال. ئېتىبار، قەدىر - قىممەت: تۇگانى يوق گەپ. تۇگانى يوق ئىش.

**تۇگىماق** پ. دىيال. ئېتىبارغا ئالماق، قەدىرلىمەك، كۆزگە ئىلماق، ھېسابقا تۇتماق: سەن تۇگىمىسالڭ مېنى، مەنمۇ تۇگىمايمەن سېنى.

**تۇڭ** ئى [خەن] سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان، ياغاچ، قاڭالتىر، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان قاچا: ماي تۇڭى.

**تۇڭچى** ئى. تارس. ئېغىزچە تەرجىمان، تەرجىمان: سوراقچىدىن تۇڭچى يامان (ماقال). * چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر (ماقال).

**تۇڭچىلىق** ئى. تارس. تەرجىمانلىق.

**تۇڭخاۋ** ئى [خەن ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياش غولى ۋە يوپۇرمىقى ئالاھىدە خۇشبۇي پۇرايدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بەلغەم بوشىتىش رولى بار.

**تۇڭگو** ئى [خەن ] <بوت> سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى يېشىل، سوقچاق ۋە ئۈچلۈق كېلىدۇ، ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ؛ ياغىچى يۇمشاق ۋە يەڭگىل بولۇپ، ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇل** سۈپ. ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ يالغۇز قالغان، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرمۇش كەچۈرگەن: تۇل خوتۇن. تۇل ئايال.

**تۇلا** ئى. دىيال. مۆلدۈر.

**تۇلۇ** ئى. دىيال. مۆلدۈر.

**تۇلپار** ئى ① نەسلى ياخشى، چاپقۇر، يۈگۈرۈك ئات؛ ئارغىماق: ئۇ سىرتقا چىقىپتۇ - دە، ئوغلىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئېگەرلەنگەن تۇلپارىنى مىنىپ، ھەممىنى تاشلاپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ② ئەپسانىلەردىكى قاناتلىق، ئۇچىدىغان ئات.

**تۇلغا** ئى. دىيال. قازان ئاسىدىغان ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاق.

**تۇللۇق** ئى. ئەرسىز يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈش: خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن ئەركىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان (ماقال).

**تۇلۇق** ئى ① خاماندا بۇغداي، شال قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى پاخالدىن ئاجرىتىش ۋە ئۇرۇق سېلىنغان ئېتىزنىڭ يۈز قەۋىتىنى چىڭداشتا قوللىنىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

②ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇشۇنداق شەكىلدىكى زاپچىسى.

**تۇلۇقچە** ئى. كىچىك تۇلۇق.

**تۇلۇقچى** ئى. تۇلۇق سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**تۇلۇقچىقوڭغۇز** ئى [تۇلۇقچى + قوڭغۇز] <زوئول> بىر خىل ھاشارات، پۈتۈن تېنى قارا، مەيدىسى ۋە پۈتىدا قارا قوڭۇر رەڭلىك ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ، تاپ ۋە تېزەك يەيدۇ، تېزەكلەرنى دومىلىتىپ تۇلۇق شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

**تۇلۇقلۇق** سۈپ ① تۇلۇقى بار، تۇلۇق ئورنىتىلغان: تۇلۇقلۇق تاپانچا. ② تۇلۇق ياساشقا باب، مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى تۇلۇق ياساشقا يېتىدىغان: ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى تۇلۇقلۇق ئۆچمە كۆتىكى بار ئىدى.

**تۇلۇم** ئى ① قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسى. ② قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن پىششىقلاپ تەييارلانغان خالتا. ئادەتتە ئىچىگە ئاشلىق، سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، تاغار ۋە سۇ قاچىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى ھەم ئىچىگە ھاۋا توشقۇزۇپ، سۇ ئۈزۈشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**تۇلۇمچاشقان** ئى [تۇلۇم + چاشقان] <زوئول>ئۆي چاشقىنىنىڭ بىر خىلى. تېنى ئادەتتىكى چاشقاندىن چوڭ، رەڭگى قوڭۇر ياكى توق قوڭۇر، قورسىقى ئاچ كۈل رەڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ، تۆشۈك تېشىشكە ماھىر بولۇپ، زىيانداش ھېسابلىنىدۇ.

**تۇلۇمچە** ① رەۋ. تۇلۇم شەكلىدە، تۇلۇمدەك قىلىپ: تۇلۇمچە سويماق. ② ئى. كىچىك تۇلۇم: تۇلۇمچىلارغا ھاۋا تىقىلدى، ئاغزى باغلىنىپ، جۈپ ـ جۈپ چېتىلدى.

**تۇلۇمچىلاتماق** «تۇلۇمچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇلۇمچىلاشماق** «تۇلۇمچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇلۇمچىلىماق** پ. تۇلۇمغا ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرمەك: تۇلۇمچىلاپ سويماق.

**تۇلۇمسىمان** سۈپ. تۇلۇم شەكلىدىكى: تۇلۇمسىمان خالتا.

**تۇلى** ئى ← **تۇلۇ**.

**تۇلىي** ئى [ر<لات ] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Tu(Thulium). سىيرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تۇم** سۈپ ①«ناھايىتى، بەك» دېگەن مەنىدە رەڭنىڭ قېنىقلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ: تۇم قارا. تۇم ئاق. تۇم سېرىق. * تالا تۇم قاراڭغۇ بولۇپ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ② سوغۇق.

**تۇمار** ئى ① كونا ئادەت بويىچە كۆز تېگىشتىن، بالايىئاپەت ۋە جىندىن ساقلايدۇ دەپ قارالغان، ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ بۇرجەك رەخت. ئادەتتە كىشىلەر بوينىغا، چاچقا ئېسىۋالىدۇ. ② كۆچمە. داۋاملىق يېنىدا ساقلايدىغان، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئەتىۋارلىق نەرسە؛ يادنامە.

**تۇمارچە** ① ئى. كىچىك تۇمار. ② سۈپ. تۇمارغا ئوخشاش، تۇمار شەكلىدىكى ئۈچ بۇرجەك: تۇمارچە ئېتىز.

**تۇمارچىلىماق** پ. تۇمار شەكلىگە كەلتۈرمەك. تۇمارچە ئۈچ بۇرجەك قىلماق: ئاسىم خەتنى يېزىپ بولۇپ، تۇمارچىلاپ ئۈچ پۈكلەپ، ئېلىقۇلغا سۇندى.

**تۇمارلىق** سۈپ ① تۇمارى بار، تۇمار ئاسقان. ② كۆچمە. ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك: بىللە كەتمەي قېپقالدىڭ، خۇمارلىقىم، ياخشى قال. ھاياتىمنىڭ باھارى، تۇمارلىقىم ياخشى قال.

**تۇماغا** ئى. ئۆگىتىلگەن بۈركۈت، لاچىننىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ كۆزىنى توسىدىغان تېرە بۆكچە.

**تۇماق** ئى. ئومۇمەن تېرە، كۆرپىدىن تىكىلگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى.

**تۇماقچى** ئى. تۇماق تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**تۇماقچىلىق** ئى. تۇماق تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: تۇماقچىلىق قىلماق. * ئۇيغۇر تۇماقچىلىقى ئۇزاق تارىخقا، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**تۇماقلىق** ① سۈپ. تۇمىقى بار، تۇماق كىيگەن: تۇماقلىق ئادەم. ② ئى. تۇماق كىيگەن ئادەم: چۈنكى ئۇ ھېلىقى سالۋار تۇماقلىقنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ③ سۈپ. تۇماق تىكىشكە بولىدىغان، تۇماققا باب: ئۆيدە بىر تۇماقلىق كۆرپە بار ئىدى.

**تۇمان** ئى ① تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ھاسىل بولغان سۇ ياكى مۇز زەررىچىلىرى: تۇمان باسقان تاغلار. ② كۆچمە. غەمكىنلىك؛ غەشلىك: بۇنىڭدىن ھەر ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىكى تارتىنىش، كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىر ئاز كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ قالدى. ③ كۆچمە. قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، زۇلۇم: شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئاسمىنىنى تۇمان قاپلىغانىدى. ④ توپا ـ چاڭ: ئۇ تۇردى ئاكامنىڭ كېيىمىدىن كېيىن چىرايىدىكى توپا ـ تۇمانلارنى سۈپۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك، ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى ـ دە، ماقۇل بولدى.

**تۇمانسىز** سۈپ. تۇمانى يوق، تۇمان بىلەن قاپلانمىغان، ئوچۇق: تاغلار بېشى تۇمانسىز، كۆيۈپ كەتمەڭ تۈيمايسىز. بىزنى يارغا قوشمىغان، دۈشمەن دېگەن ئىمانسىز.

**تۇمانلاشتۇرماق** «تۇمانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەنلىكى بۇلاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھور تاغ باغرىنى تۇمانلاشتۇرۇۋەتتى. * پەرۋانىلەر شامنىڭ پىلىلدىغان كۈچسىز نۇرىنى سىلكىتىپ، مۇئەللىمنىڭ خىيالىنى تېخىمۇ تۇمانلاشتۇراتتى.

**تۇمانلاشتۇرۇلماق** «تۇمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇمانلاشماق** پ ① تۇمان پەيدا بولماق، تۇمان بىلەن قاپلانماق: شۇۋىرغان بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، ھاۋا تۇمانلىشىپ، ئۇلارنى بىز ئوچۇق كۆرەلمەي قالدۇق. ② كۆچمە. غۇۋالاشماق، تۇتۇقلاشماق، خىرەلەشمەك: ئۇ قانچە ئويلىسىمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. يېتەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى شۇنچە تۇمانلاشتى.

**تۇمانلىق** ① سۈپ. تۇمانى بار، تۇمان بىلەن قاپلانغان: تۇمانلىق ھاۋا ۋە يېپىشقاق پاتقاقلار كىشىلەر كۆڭلىنى بىزار قىلىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. زۇلمەتلىك، ئېچىنىشلىق: ئۇ يېشىنى ئېرتقانچە كۆزىنى بىر توچكىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشىنىڭ تۇمانلىق، چىگىش كارتىنىسى ئەكس ئېتەتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. غۇۋا، تۇتۇق، ئېنىق ئەمەس: ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ بېشى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ تاماكا ئىسىدەك تۇمانلىق ئىدى. ④ ئى<ئاستر> تۇمانغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بىر خىل ئاسمان جىسمى. سامانيولى سىستېمىسى ئىچىدىكى گالاكتىكا ئىچىدىكى تۇمانلىق، سىرتىدىكىسى بولسا گالاكتىكا سىرتىدىكى تۇمان-

لىق ياكى گالاكتىكا سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**تۇمشۇق** ئى ① قۇشلارنىڭ ئېغىزىغا تۇتاش ئاستىن ـ ئۈستۈن بىر جۈپ جاغ ئورنىدىكى سوزۇنچاق، مۈڭگۈزسىمان ئەزا. قۇشلار ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلۇقنى چوقۇپ يەيدۇ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدۇ ۋە چۈجىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ: ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقى. ② ھايۋانلارنىڭ بېشىنىڭ بۇرۇن ئەتراپى قىسمى: ئېشەكنىڭ تۇمشۇقى. ئاتنىڭ تۇمشۇقى. ③ لەۋ ۋە بۇرۇن ئەتراپى (ئادەملەر ھەققىدە): تۇمشۇقىنى ئۈچلىماق. تۇمشۇقىنى سوزماق. * جان تۇمشۇققا كەلگۈچە جان بەرمە (ماقال). ④ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى، بۇرنى: تاغنىڭ تۇمشۇقى. * ئالماس ئۇزۇن خادىنى سۇ ئاستىغا قاتتىق بېسىپ، كېمە تۇمشۇقىنى دەرياغا بۇرىدى. ⑤ ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۇمشۇق بۇرىماق** رەت قىلماق، قارشى چىقماق: ـــ بۇ جاۋابىنىڭ زەربىسى نامەتكە قىلغاچقا ئەلەم، بارسىلا چاپسان! ... ـــ دېدى ئۇ دوق قىلىپ تۇمشۇق بۇراپ.

**تۇمشۇق تىرەپ** ئارانلا، مىڭ تەستە، بەك قىينىلىپ: مەنمۇ ـ پېداگوگىكىنى تۇمشۇقۇمنى تىرەپ يۈرۈپ تۈگەتكەنىدىم. ئاخىر مۇئەل ـ لىم بولالماي قالدىم.

**تۇمشۇقىنى تۈرمەك** ياقتۇرماسلىق، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تۇمشۇقىنى تۈردى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، سەل ـ پەل سىرقىراپ تۇرغان كىچىك پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى.

**تۇمشۇقىنى سوزماق** ① مەلۇم بىر تەرەپنى كۆرسىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ـــ ئۇلار بۇ ئىشنى قانداق بىلىپ قاپتۇ؟ ـــ ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويدى. ② يېقىنـ ـ لىشىشقا، چاڭگال سېلىشقا ئۇرۇنماق: نىزام: ـــ قوزىچاقنى بۆرىـ ـ نىڭ يېنىدا قويغىلى بولمايدۇ، مەن كەتسەملا، باي ئىپلاس تۇمشۇقىنى قەمبەرنىساخانغا يەنە سوزىدۇ، ـــ دېدى. ③ دومسايماق، ماي تارتماق؛ يامانلىماق: ھېلىمخان ئەجەب تۇمشۇقىنى سوزۇپ قاپتۇغۇ؟

**تۇمشۇقىنى ئۈچلىماق** ① ياقتۇرماسلىق، قارشىلىق، ھەسەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ـــ نېمە؟ ـــ دېدى ئايالىم تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ، ـــ ھازىر قايسى ۋاقىت؟! ئۆزىمىز بولساق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن زىيالىي. ② ئۈمىدسىزلەنگەن، قايغۇرغان قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ: نېمە بولدى، تۇمشۇقلىرىڭ ئېشەك باغلىـ ـ غۇدەكلا ئۈچلىنىپ كېتىپتىغۇ؟ ③ كۈلۈمسىرەش قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ: ـــ سەن، ـــ دېدى خاسىيەت تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ شوخلۇق بىلەن، ـــ ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم ياخشى تەكلىپ بەردىڭ.

**تۇمشۇقى ئۇزۇن** ① ئوڭايلا خۇيلىنىدىغان، ھە دېسە باشقىلارغا دارىتىپ گەپ قىلىدىغان، باشقىلارغا تىل تەگكۈزىـ ـ دىغان، جېدەلخور: ـــ ئامىنىخان ئاچا، سىزنى خۇشال قىلىۋەتكەن زادى قانداق ئىش؟ بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى! ـــ دەيدۇ ئىشىكتىن كىرىپلا تۇمشۇقى ئۇزۇن پاتەمخان ۋاتىلداپ. ② ھەرقانداق يەرگە ئۇسۇپ كىرىـ ـ ۋېرىدىغان.

**تۇمشۇق يالاشماق** سەلب. ناھايىتى يېقىن بولۇشۇپ كەتمەك، تېپىشماق؛ سۆيۈشمەك: نومۇس؟ نومۇسنى بىلىشسە، كۈپكۈندۈزدە، خەلقئالەم ئالدىدا تۇمشۇق يالىشامدۇ؟

**تۇمشۇقدىماق** پ. تومشۇقلۇق سالماق.

**تۇمشۇقلۇق** ① سۈپ. تۇمشۇقى بار: ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق قۇشلار. ② ئى. خاماندا ئات، ئېشەك ۋە كالا قاتارلىقلارنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈلىدىغان كىچىك سېۋەت، سىم تور. ③ ئى. نوختا، يۈگەن قاتارلىقلارنىڭ ئات، ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈلىدىغان قىسمى.

**تۇمشى** سۈپ. دىيال. پىتنىخور، چېقىمچى.

**تۇمۇ** I ئى ← **زۇكام.**

**تۇمۇ** II ئى. دىيال. كەلكۈندىن بۇرۇنقى سۇ قىس، قۇرغاق پەيت.

**تۇمۇقىماق** پ. زۇكامدىماق، زۇكام تەگمەك: ئاكام قاتتىق تۇمۇقاپتىكەن، بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، مىدىرلىيالماي ياتىدۇ.

**تۇمۇچۇق** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، تۇمشۇقى قىسقا، ئۈچى قىزىل، تۈكلىرى سىلىق ۋە ئاچ قوڭۇر كېلىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەڭ تارالغان بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق سايرايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى قەپەستە باقىدۇ.

**تۇنجا** ئى. دەريا ۋە ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى قىش كۈنلىرى بېلىقلار قىشلايدىغان يېپىق كۆلچەك.

**تۇنجۇر** ئى <زوئول> قارىچىغىنىڭ بىر خىلى، بېشى چوڭ، بويىنى يوغان، بويى ئېگىز بولىدۇ.

**تۇنجۇقتۇرماق** «تۇنجۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ ـ جىسى: ـــ نېمە قىلماقچىسىلەر؟! ـــ دېيىشىم بىلەن تەڭ بېشىمغا كونا ئەديالنى يۆركىدى ـ دە، بوينۇمدىن باغلاپ، تۇنجۇقتۇرۇپ سۆرەپ ماڭدى.

**تۇنجۇقتۇرۇلماق** «تۇنجۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭدا ئوغرىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەرلەر دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئاياللار سۇدا تۇنجۇقتۇرۇلاتتى.

**تۇنجۇقماق** پ ① ھاۋانىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى توسۇلۇپ قېلىشىدىن نەپەس ئالالماي قىينالماق، بوغۇلماق: كىچىكىمدە كۆلدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى ئاز قالغاندا، ھەسەن ئاكام قۇتقۇزۇۋاپتىكەن. ② يوقالماق، ئۆلمەك: «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بايىدىن بېرى يىغلاپ تۇرغان بالا بىردىنلا تۇنجۇقتى. ③ كۆچمە. ئەركىن سۆزلىـ ـ يەلمەي، ھەرىكەت قىلالماي بېسىلىپ كەتمەك: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەركىنلىكىمىز دىمىق ئىچىدە تۇنجۇققاندەك سېزىلەتتى.

**تۇنجۇقۇشماق** «تۇنجۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇنجى** سۈپ. دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى، بىرىنچى قېتىمقى: تۇنجى بالا. تۇنجى قوغۇن. تۇنجى موزاي. تۇنجى كۈنى. // شەۋكەت ئۇلارنىڭ تۇنجىسى، شۇنداقلا بىردىنبىر ئوغلى.

**تۇندىرا** ئى [ر] <جۇغ> شىمالىي مۇز ئوكيان قىرغىقىدىكى جايلار. كىلىماتى يىل بويى سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلىدە يەر يۈزىدىكى مۇزلار ئېرىگەن ۋاقىتتا مۇخ، لىشاينىك قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ، باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسمەيدۇ.

**تۇنماق** پ. دىيال. تولماق: كاتەك توپا بىلەن تۇندى.

**تۇننۇس** ئى [لات] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇرچۇق شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ؛ بېشى ئۈچلۇق، قاسىرىقى ئىنچىكە بولىدۇ؛ دېڭىز ـ ئوكيانلاردا

ياشايدۇ؛ گۆشنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**تۇنۇق** ئى ① تۇلۇقتاش، ئات ـ ئۇلاغ بىلەن يۇمىلىتىپ خامان تېپىدىغان تۇلۇقتاش. ② يەر چىڭدايدىغان نەرسە، قاڭ، ياغاچتىن ياسىلىپ ئىككى تەرىپىگە تۆمۈر بېكىتىلىدۇ.

**تۇنۇماق** پ. ديال. جىكىلىمەك.

**تۇۋاق** ئى. قازاننىڭ ئۈستىگە ياپىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك، ئوتتۇرىسىغا تۇتقۇچ بېكىتكەن قاپقاق.

**تۇۋاقلاتماق** «تۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھېلىقى ناۋاينى قەسەم قىلدۇرۇپ، ئاغزىنى ئۆزىگە تۇۋاقلىتىپتۇ.

**تۇۋاقلاشماق** «تۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇۋاقلانماق** «تۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن سۇلايماننىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندىمۇ؟

**تۇۋاقلىق** سۈپ. تۇۋىقى بار، تۇۋاق بېكىتىلگەن: تۆمۈر تۇۋاقلىق قازان.

**تۇۋاقلىماق** پ ① ئۈستىگە تۇۋىقىنى ياپماق، ئەتمەك: قازاننى تۇۋاقلىماق. ② كۆچمە. رەددىيە بىلەن، گەپ قىلىشتىن توختاتماق، گەپ قىلالمىغۇدەك قىلىپ قويماق: — ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭلەر، — دەپ لەيلىگۈلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى ئۇ.

**تۇياق** ① ئى. بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قاتتىق قىسمى: ئاچا تۇياق. توم تۇياق. * ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن (ماقال). ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «دانە، باش» دېگەن مەنىدە مىقدار بولۇپ كېلىدۇ: بىر تۇياق كالا.

**تۇيىقى سىلىكمەك** يول مېڭىشى ئازايماق، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالماق: سىنىڭ تۇيىقىڭ سىلىكىپ قالدىغۇ داپچى.

**تۇيىقى سىرقىرىماق** بىرەر ئوڭۇشسىزلىقنىڭ شەپىسىنى سېزىپ دەككە ـ دۈككىدە قالماق: بىرەر لۈكچەكنىڭ ئەدىپىنى بەرسەك، باشقا لۈكچەكلەرنىڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ.

**تۇياقلىق** سۈپ. تۇيىقى بار، تۇياققا ئىگە: تۇياقلىق ھايۋانلار. ئاچا تۇياقلىق ھايۋان.

**تۇياقلىقلار** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى، كۆپىنچىسىنىڭ تېنى خېلى چوڭ، تۆت ئايىغى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، بارماق ئۇچىدا مۈڭگۈزلەشكەن تۇياقلىرى بولىدۇ، تۇياقلىرىنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس؛ توم تۇياقلىقلار ۋە ئاچا تۇياقلىقلار دەپ بۆلۈنىدۇ.

**تۇيدۇرماق** «تۇيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا تۇيدۇرۇپ قويغانىدى.

**تۇيغاق** سۈپ. ئاسان تۇيىدىغان، تۇيالايدىغان، بايقىيالايدىغان، سەزگۈر، تۇيغۇن: چاچقان دېگەن بۇ ئاپەت بەكمۇ تۇيغاق.

**تۇيغۇ** ئى ① تاشقى تەسىرنى سېزىش، ھېس قىلىش قابىلىيىتى؛ سەزگۈ: ئاچ كۆزۈڭنى ئەل ! سۈزۈلمەكتە تاڭ ... ! يۇقىرى بولسۇن، توغرا تۇيغۇ ئاڭ! ② روھىي، جىسمانىي كەچۈرمىش، تەسىرات، ھېسسىيات: ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ سىرلىق ۋە بەكمۇ تاتلىق بىر تۇيغۇنىڭ دولقۇنىغا چۆمگەنىدى.

**تۇيغۇداش** ئى. تۇيغۇ، ھېسسىيات، تەسىرات جەھەتتىن ئوخشاش، ئورتاقلىقى بار كىشى.

**تۇيغۇلۇق** سۈپ. مەلۇم ھېس ـ تۇيغۇ ھاسىل بولغان، تۇيغۇغا ئىگە: سەن كامراننىڭ قانچىلىك نازۇك، تۇيغۇلۇق، مۇلايىم ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

**تۇيغۇن** I ① سۈپ. ئاسان تۇيىدىغان، تېز سېزىپ، پەملەپ، بايقىيالايدىغان؛ سەزگۈر: بۇغا دېگەن بۇ جانىۋار بەكمۇ تۇيغۇن، ھاۋانى پۇراپ، شەپىنى تىڭشايدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۇيغۇن** II ئى. ديال. ئاق قارچىغا: تۇيغۇن بىرلا قۇش، ھەرگىز چۈشمەس تورىغا. يەنە ناگايى چۈشەر، شۇڭقار ـ لاچىن تورىغا.

**تۇيغۇنلاشماق** پ. ئاسان تۇيۇۋالىدىغان بولماق، ئاسان تۇيىدىغان، تېز سېزىدىغان ھالەتكە كەلمەك: يۇرىكى تازا، ساپ، ئاق كۆڭۈل قىزلار تەبىئەتنىڭ نازۇك جىلۋىلىرىنى ئەڭ بالدۇر سېزىدۇ ۋە ئۆزىمۇ نازۇكلىشىپ، تۇيغۇنلىشىپ كېتىدۇ.

**تۇيغۇنلۇق** ئى. ئاسان تۇيۇۋالىدىغان، تېز سېزىۋالىدىغان خاراكتېر: ئۇ يەنە شۇنداق تۇيغۇنلۇقى ۋە ئايىغىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن ئىدارە باشلىقى نەمەتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

**تۇيلىماق** پ. ديال. مۆڭكۈمەك، ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلىمەك، چىچاڭلىماق (ئات– ئۇلاغلار ھەققىدە).

**تۇيماق** پ. ھېس قىلماق، سەزمەك، بايقىماق: بۇ يەردە قورساقنىڭ ئىشى چاتاقلىقنى كۆڭلىمىز تۇيدى.

**تۇيۇشماق** «تۇيماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆيدىكىلەر بوۋاينىڭ كىرگىنىنى تۇيۇشمىدى.

**تۇيۇق** I ① سۈپ. ئاخىرى يوق، ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان: تۇيۇق يول. ② ئى. پىچان ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماق** ئىشنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي، داۋاملاشتۇرالماي قالماق؛ تەمتىرەپ قالماق، قىيىن ئەھۋالدا قالماق: پەقەت ئۆزىمىزنىڭلا باشقىلارنى چۈشەنمەسلىكىمىزدىن، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىمىزدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

**تۇيۇق** II ئى ① سەزگۈ، تۇيغۇ: تۇيۇق بولماق. تۇيۇق چۈشمەك. ② بىلىنىش، سېزىلىش، سېزىش.

**تۇيۇق بولماق** ديال. بىلىنىپ قالماق، سېزىلىپ قالماق : بۇ ئىش تۇيۇق بولۇپ قاپتۇ.

**تۇيۇق** III ئى <ئەد> 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىر.

**تۇيۇقسىز** رەۋ. توساتتىن، كۈتمىگەندە، خەۋەرسىز تۇرغاندا: ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىمغا چىقىپ قالدى.

**تۇيۇقسىزلىق** ئى. خەۋەرسىز تۇرغان ھالەت، تاسادىپىيلىق: تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلىشماق.

**تۇيۇقماق** ئى <بوت> يېكەن ئوتىنىڭ بىر خىلى. سۇدا ئۆسىدۇ، يېكەندىن پەسرەك بولىدۇ.

**تۇيۇلماق** ① «تۇيماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زۆھرەبۇۋىنىڭ كۈلۈپ چىقىشى ئابدۇراخمانغا ھە دېگەندە ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى. ② ئوخشاپ قالماق، ئوخشاش كۆرۈنمەك: مۇشۇ خىل قانلار ۋە قانلىق ياشلار قوشۇلۇپ، تۇمەن دەرياسىنىڭ مۇڭلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

**تۆپە** I ئى ① يەر يۈزىدىن ياكى مەلۇم بىر جايدىن ئېگىز، يۇقىرى بولغان جاي، دۆڭ: تۆپىدىن تونۇش بىر ئادەم چۈشۈپ

كەلدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ يۇقىرى قىسمى، ئۈستى: مامۇت زور شۇ ھامان ئۇنىڭ كەينىدىن تام تۆپىسىگە چىقتى. ③ مەلۇم بىرنەرسىنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇق؛ كۆك، ئاسمان: ئېگىز بىنانىڭ تۆپىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ④ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش بولۇۋاتقان جاي، نەق مەيدان: مامۇت ئوغرىلىقچە تاماكا چېكىپ تۇرغاننىڭ تۆپىسىگە دادىسى كىرىپ قالدى. ⑤ بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، «بېشىغا، يېنىغا، قېشىغا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: دىۋە كۆل تۆپىسىگە كېلىپ بېلىقچىنى قىچقىرىپتۇ.

**تۆپە** II ئى ① تېرىدىن تىكىلگەن، پوسمىغا ئوخشاش تاشلانمىغان، سىرتى ئاق باش كىيىمى: باللارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراشلىقتا دادىسىنىڭ تۆپە ۋە قۇلاقچىلىرىنى كۆزلىرىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. ② بۆك، تۇماق: قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تۆپە ئىچىدە (ماقال).

**تۆپە ـ تۆپىسىگە** ← **ئۈستى ـ ئۈستىگە**: نەرسىلەر تۆپە ـ تۆپىسىگە دۆۋىلەنمەكتە ئىدى.

**تۆپە ـ تۆپىلەپ** ① بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ: ئۇ ئەگرى ـ بۈگرى بادىرىلارنى تىزىپ، ئۈستىگە تېرە، كىگىز پارچىلىرىنى تۆپە-تۆپىلەپ تاشلاپ قويغانىكەن. ② ئارقا ـ ئارقىدىن، بارغانسېرى كۈچەيگەن ھالدا: ئۇ مەن جاۋاب بېرىپ بولغۇچە تۆپە ـ تۆپىلەپ سوئال سوراۋەردى.

**تۆپىلەپ** رەۋ ← **ئۈستىلەپ**: تۆپىلەپ كېلىۋاتقان خورلۇقتىن كاملىنىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

**تۆپىلىك** ئى ① يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئېگىز جاي؛ ئېگىزلىك: مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسى سەل يۇقىرىدىكى بىر تۆپىلىككە سېلىنغان بولۇپ، خېلى يىراقتىن كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى. ② <كىي> دوپپىنىڭ ئۈستى قىسمى.

**تۆت** سان. ئۈچتىن كېيىن، بەشتىن بۇرۇن كەلگەن سان ياكى مىقدار: تۆت كىتاب. تۆت ئوقۇغۇچى.

**تۆت ئەمەل** <مات> قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈشتىن ئىبارەت ماتېماتىكا ئەمەلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**تۆت بەلدىر** دىيال. تۆت كوچا ئاغزى، تۆت كوچا، كوچا دوقمۇشى.

**تۆت پۇتى ئۆرە قالماق** ئاچچىقىنى، غەزىپىنى باسالماي قالماق: بۇنى ئاڭلىسا باشلىقنىڭ تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ.

**تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك** ناھايىتى ئىنتىزار بولۇپ كەتمەك، ئاجايىپ تەقەززا بىلەن يولىغا قارىماق.

**تۆتىنىڭ بىرى** جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە، ھەممىگە تونۇلغان، نامى چىققانلارنىڭ بىرى: ئۇ زاۋۇتتا تۆتىنىڭ بىرى سانىلاتتى.

**تۆتەيلەن** سان. تۆت كىشى، تۆت نەپەر ئادەم.

**تۆتپاق** ئى. دىيال. بۇرۇنلاردا پاختا يىپ ئارقىلىق توقۇلغان رەخت، پاختا يىپ توقۇلمىسى، چەكمەندىن نېپىزرەك بولىدۇ.

**تۆتلەشتۈرمەك** «تۆتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق ئىشلەپ تەر تۆكۈپ، ماڭدۇق زامانىۋى پەللىگە. يېتىمىز نىشانغا بىز، تۆتلەشتۈرۈشتە غەلىبىگە.

**تۆتلەشمەك** پ. تۆت جەھەتتە زامانىۋىلاشماق: كۆر ئەنە، پەرزەنتلىرىڭنىڭ بېلىدە ئالتۇن كەمەر، تۆتلىشىشنىڭ دولقۇنىدا

قۇچقۇسى سانسىز زەپەر.

**تۆتلىك** ئى ① مۇرەببە: سۇتۇق ئىلىكنىڭ ئالدىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، مۇنۇ تۆتلىكنى ئوقۇدى. ② تۆت دانە بەلگە بولغان، تۆت رەقىمى چۈشۈرۈلگەن قارتا: قاغىنىڭ تۆتلىكى.

**تۆتۆ** ئى. دىيال. كېكەچ، گاچا.

**تۆتۆت** ئى. راۋان سۆزلىيەلمەي، دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان، كېكەچ ئادەم.

**تۆتۆتلەتمەك** «تۆتۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆتۆتلەشمەك** «تۆتۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تۆتۆتلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى.

**تۆتۆتلىمەك** پ. سۆزلىگەندە بەزى تاۋۇشلارنى راۋان سۆزلىيەلمەستىن، دۇدۇقلاپ سۆزلىمەك، كېكەچلىمەك.

**تۆتىنچى** سان ① تەرتىپى 4 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، ئۈچىنچىدىن كېيىن، بەشىنچىدىن ئىلگىرى بولغان، 4 ـ نومۇرلۇق: تۆتىنچى ئۆي. تۆتىنچى سىنىپ. تۆتىنچى توم. ② كىيىم ۋە نەرسىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ئايرىلىشىنى بىلدۈرىدىغان، ئۈچىنچىدىن چوڭ، بەشىنچىدىن كىچىك نومۇر: تۆتىنچى كالاچ. تۆتىنچى كۆلۈچ.

**تۆتىنچىلىك** ئى. تۆتىنچى دەرىجە: تۆتىنچىلىككە ئېرىشمەك. تۆتىنچىلىكنى ئالماق.

**تۆر** ئى ① پەگاھقا نىسبەتەن يۇقىرىدىكى جاي، ھۆرمەتلىك ئورۇن: ئۇنى مۇدىر بىلەن بوغالتىر ئادەتتىن تاشقىرى تەكەللۇپ بىلەن تۆرگە چىقىرىشتى. ② كىرىش ئېغىزىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىچىدىكى جاي: ئۇلارنىڭ غارنىڭ تۆرىگە ھەقىقىي يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكى ۋە غارنىڭ ئىچىدىن نېمىلەرنى ئەكەتكەنلىكى كىشىلەرگە ئېنىق ئەمەس. ③ كۆچمە. چوڭقۇر قاتلام: تەلىيىم باركى، تۇغۇلدۇم شۇ شەھەرنىڭ قوينىدا، تۇن ۋە كۈن كۆڭلۈم تۆرىدە بەر قاراردۇر كاشغەر.

**تۆرە** ئى ① خانلىق تۈزۈمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار: ئۇلار تەنتەنىلىك مېڭىپ شىپاڭ ئالدىغا كەلگەنىدە، ۋەزىرلەر ۋە باشقا بىر قىسىم بەگ ـ تۆرىلەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن كىشىلەرنىڭ نامىغا، مەنسىپىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ ياكى ئىسمىنىڭ ئورنىدا ئېيتىلىدۇ: مەن ئاغىچىلىرىمىز بىلەن كىچىك تۆرەمنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئارقىدا قالدىم. ③ كۆچمە. بىيۇروكرات: ئۇ غەمسىز تۆرىلەر ئامىمىنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ. ④ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۆرەل** I ئى. بېلىق تۇخۇمى.

**تۆرەل** II ئى. دولقۇن پەللىسى، دولقۇن پەللىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئېگىز ـ پەسلىك: دەريا ئېگىز ـ ئېگىز تۆرەل ھاسىل قىلىپ ھەيۋەتلىك ئاقماقتا. * دەھشەتلىك كەلكۈن تۆرەل ھاسىل قىلىپ، بىر ئۆرلەپ، بىر ئىزىغا چۈشەتتى.

**تۆرەلدۈرمەك** «تۆرەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆرەلدۈرۈلمەك** «تۆرەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆرەلمە** ئى ① ئانىلىق تەن ئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە پەيدا بولغان جانلىق تەن. ئۇ تۇخۇم ئۇرۇق قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېتىلىدۇ. ② پىلە قۇرتى ئۇرۇقىدىن شەكىللەنگەن قۇرتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ھالىتى. ③ كۆچمە. ئۇندۇرمە، بىخ.

**تۆرەلمەك** پ ① ئانىلىق تەندە تۆرەلمە ھاسىل بولماق: لېكىن

ئۇ بالىنىڭ قايسى كۈنى تۆرەلگەنلىكىنى پەرق قىلالماپتۇ. ② تۇغۇلماق، دۇنياغا كۆز ئاچماق: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يورۇق دۇنياغا تۆرەلىپ چۈشەرمۇ؟ ③ كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق: مانا ئالدىدا تىزىلغان بەتتە، كۈلۈپ تۇرىدۇ يېڭى قەھرىمان. كىرىپ بارىدۇ ئوتلۇق يۈرەككە، ئاشۇ بەتلەردىن تۆرەلگەن رومان.

**تۆرەلمشۇناس** ئى. بىيولوگىيەلىك يەككە تەنىنىڭ پەيدا بولۇش، يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم.

**تۆرەلمشۇناسلىق** ئى. بىيولوگىيەلىك يەككە تەنىنىڭ پەيدا بولۇش، يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تۆرپە** سۈپ [ئە] ئاجايىپ ئەتىۋارلىق: 40 مىڭ ئات بېرىمەن تىللا ئېگەرلىك، 40 مىڭ قۇل بېرىمەن زەرىن كەمەرلىك، 40 قۇش بېرىمەن تۆرپە جىگەرلىك، بۈگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

**تۆرچى** <تەن> دامكا ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. تاختىسى ئالتە بۇلۇڭلۇق يۇلتۇز شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭلۇق كاتەكچىلەر سىزىلغان.

**تۆركۈن** ئى ① ئۆز ماكانى، ئۆز ئېلى، ئۆز جەمەتى. ② ياتلىق قىلىنغان قىز ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيى.

**تۆرلەتمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆرلەشمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆرلەنمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**تۆرلىمەك** پ. تۆرگە ئۆتمەك، تۆردىن ئورۇن ئالماق: — ئەزىز مېھمانلار، قېنى تۆرلەڭلەر، — دېدى ساھىبخان مېھمانلارغا ئۆينىڭ تۆرىنى كۆرسىتىپ:

**تۆرۈك** I سۈپ. تۈگىلەك، يۇمىلاق: تۆرۈك جوزا. تۆرۈك ياغاچ.

**تۆرۈك** II سۈپ. دىيال. يول ئۇقمايدىغان، قائىدە چۈشەنمەيدىغان، كاج، گىرى، جاھىل.

**تۆرىچىلىك** ئى. خىزمەتتىكى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق: بىلىمى قانچە تۆۋەن ئادەم مەنسەپكە ئېرىشسە، كىبىر پەيدا قىلىپ، تۆرىچىلىك بىخلىرىنى ياشارتىدىكەن.

**تۆرىلەرچە** رەۋ. تۆرىلەرگە خاس رەۋىشتە: ئۇ ئىككى مۈرىسىگە پاگون تاقىغان، تۆرىلەرچە كىيىنگەن، ئېگىز، يېشى 30 لارغا يەتكەن كىشى ئىدى.

**تۆرىلىك** ئى. تۆرىلەرگە خاس خاراكتېر، بيۇروكراتلىق: بۇ كىشى خەلق ئۈچۈن نامەلۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن چوڭ تۆرىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

**تۆرىمەك** ئى. بېشى قېيىپ، ئايلىنىپ، ئەتراپىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالماق، گاڭگىراپ قالماق، بېشى ئايلانماق، ئازغىنىپ قالماق (باش ھەققىدە): بېشىم تۆرەپ قالدى.

**تۆزدۈرمەك** «تۆزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆزمەك** I پ. بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق: سۆيگەن يارىڭ بۇنداق قېلىپ، چەتنى كۆزلىگەن. جاھىللىقىڭ شۇ ئەمەسمۇ، بىرگە تۆزمىگەن.

**تۆزمەك** II پ. دىيال. كۆنمەك، ئۆزلەشمەك: مەن بۇ يۇرتقا تۆزمىدىم. * مەيلىڭ يوقمۇ كۆلمەيسەن، تۇزۇك ئويناپ تۆزمىدىم.

**تۆسىپ** ئى. دىيال. داڭق، نام، تەرىپ، شۆھرەت.

**تۆش** ئى ① گەۋدىنىڭ بويۇن بىلەن قورساق ئوتتۇرىسىدىكى ئالدى قىسمى، كۆكرەك: تۆش سۆڭىكى. تۆش يانچۇق. ② چارۋا ۋە قۇشلارنىڭ كۆكرەك قىسمى ۋە شۇ كۆكرەك قىسمىدىن ئېلىنغان ئۇستىخانلىق گۆش.

**تۆشەك** ئى. يېتىش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇن ـ كۆرپە: موماي قېلىن سېلىنغان تۆشەك ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

**تۆشەكلىك** سۈپ. تۆشىكى بار، تۆشەك سېلىنغان: ئابدۇللا قېلىن سېلىنغان تۆشەكلىك كارىۋات ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

**تۆشباغ** ئى [تۆش + باغ] ئېگەر، توقۇم، مۆلىنى توقۇغاندا، هارۋىنى قاتقاندا ھايۋانلارنىڭ تۆشىدىن تارتىپ چىگىتىدىغان تاسما ياكى ئارغامچا.

**تۆشباغلىق** سۈپ ① تۆشبېغى بار، تۆشباغ ئورنىتىلغان: تۆشباغلىق ئېگەر. ② تۆشباغ ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان: تۆشباغلىق كاشا.

**تۆشتارتقۇ** ئى [تۆش + تارتقۇ] بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىگەندە قول ۋە كۆكرەك قىسمىنى تاڭىدىغان ئۇزۇنچاق لاتا.

**تۆشلەڭ** ئى. دىيال. تۆشباغ.

**تۆشلۈك** ئى. تۆشباغ، تۆش ئۇلاڭ: ئەمەت شۈجى ئېشەكنىڭ بوشاپ كەتكەن تۆشلۈكىنى چىگىتىپ قويدى ـ دە، موماي بىلەن خوشلاشتى.

**تۆشلىمەك** پ. تۆشىگە قوشۇپ تاڭماق: — ئاتقا تۆشلەپ باغلىغان يىگىتنى قەيەردىن ئەپقاچتىڭلار؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى شاھ مەھمۇرخان قاراقچىلارغا قاراپ.

**تۆشۈك** I ئى. تېشىلگەن جاي، يېرىق؛ كامار: يىڭنىنىڭ تۆشۈكى. كەمەرنىڭ تۆشۈكى. * يىرتىق تۆشۈكتىن كۆلەر، چۆمۈچ قازاندىن كۆلەر (ماقال). // تۆشۈك مۇنچاق يەردە ياتماس، يەردە ياتسا توپا باسماس (ماقال). * تۆشۈك قۇلاق نېمىنى ئاڭلىماس (ماقال).

**تۆشۈك** II ئى ① ئۆينىڭ سۇپىرا، تاختا قاتارلىق تاماق سايمانلىرى ئورۇنلاشقان جايى: ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى تۆشۈك تەرەپتىكى تامغا يانداپ سېلىنغان كونا پالاستا توختىدى. ② ئاش ـ تاماق ئېتىش ئىشى ۋە ماھارىتى: تۆشۈكى يوق. * رابىخان ئۇنى تۆت ـ بەش يېشىدىن باشلاپلا تۆشۈككە ئۆگەتكەن، ھەرقانداق تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

**تۆشۈكچە** ئى. كىچىك تۆشۈك.

**تۆشۈكلۈك** سۈپ. تۆشۈكى بار، تۆشۈك ئېچىلغان، تۆشۈك قويۇلغان: ئالتە تۆشۈكلۈك نەي.

**تۆكتۈرمەك** «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي كىچىك ئوغلىغا چايداندىكى بىرقانچە كۈن بولغان قايناق سۇنى تۆكتۈرۈپ، يېڭى قايناق سۇ ئەكىرگۈزدى.

**تۆكمە** سۈپ. بەك كۆپ، ناھايىتى مول، كەڭتاشا: بۇ يىل قەشقەردە قوغۇن تۆكمە بولدى.

**تۆكمەك** پ ① سۇيۇق ياكى چېچىلىدىغان نەرسىلەرنى باشقا نەرسىگە چۈشۈرمەك، ئاغدۇرماق: قىز ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ. ② چۈشۈرمەك، تاشلىماق: يۇلغۇنلار چېچەكلەپ كۈلدى ئۇ كېچە، بۇ كېچە سارغىيىپ تۆكتى يوپۇرماق. ئۆتكەن يىل بىر موماي كۆز يۇمغان ئۆيدە، كۆز ئاچتى دۇنياغا بۇ يىل بىر بوۋاق. ③ (خىش، كېسەك قاتارلىقلارنى) قۇيماق: كېسەك لازىم دېدىلىما، كېسەك دېگەننى بىزدەك ئوغۇل بالا تۆكمەي كىم تۆكىدۇ. ④ كەڭتاشا سەرپ قىلماق: ئالدىمىزغا مېۋە ـ چېۋە، يېمەك ـ ئىچمەك دېگەننى تۆكۈۋەتتى. ⑤ ئاقتۇرماق، ئېقىتماق (كۆز يېشى، قان، تەر ھەققىدە): ئۇ يەنىلا ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ⑥ كۆچمە. چاچماق، پۈركۈمەك، ياغدۇرماق: قۇياش پۈتۈن ئەتراپقا

يىللىق نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. ⑦ كۆچمە. كۆڭۈلدىكىلىرىنى ئېيتماق، ئېيتىپ كۆڭلىنى بوشاتماق: ئۇ لىتىپئاخۇننى تېپىپ، كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى تۆكۈپ، بولۇۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچىدى. ⑧ كۆچمە. يوق قىلماق، چۈشۈرمەك: ئابرۇيىنى تۆكمەك.

**تۆكۈشمەك** «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەردىنى تۆكۈشمەك.

**تۆكۈلمەك** ① «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قويىنۇڭدىن تۆكۈلسە، قونچۇڭغا (ماقال). ② توزۇپ چۈشمەك، چۈشۈپ كەتمەك: ئۇ بۇ ئەنجۈردىن بىر تال ئۈزۈپ يېگەنىكەن، شۇ زامانلا ئۇنىڭ ساقاللىرى تۆكۈلۈپ، ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

**تۆگە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئېگىز ۋە چوڭ، دۈمبىسىدە لوككىسى بولىدۇ؛ تاپىنى تەكشى ۋە ياپىلاق بولۇپ، ئاستىدا گۆشلۈك ياتمىسى بولىدۇ؛ قۇملۇقتا مېڭىشقا ماسلاشقان، كۆشەيدۇ؛ ئاچلىققا چىداملىق، يۇراش سېزىمى ئۆتكۈر، يىراقتىكى سۇ مەنبەسىنى بايقىيالايدۇ؛ مىنىشكە، يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆگەن** I ئى <بوت> باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل پۇراقلىق ئوت.

**تۆگەن** II ئى. دىيال. مۇسادىرە.

**تۆگۈرتمەك** «تۆگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆگۈرمەك** پ. نان ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى چاي ۋە باشقا سۇيۇق نەرسىلەرگە تەگكۈزمەك ياكى چىلىماق.

**تۆگۈرۈشمەك** «تۆگۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆگۈرۈلمەك** «تۆگۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىغاندى، تىلى تۇزلۇقتا تۆگۈرۈلگەندەك ئاچچىق تەم سەزدى.

**تۆگىتاپان** I ئى [تۆگە + تاپان] <بوت> ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غوزا مېۋىسى تۇۋرۇكسىمان، شەكلى سوقىچاق بولىدۇ؛ ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**تۆگىتاپان** II ئى [تۆگە + تاپان] <تېب> پۇتنىڭ نورمال ئۆزەڭگىلىك ئەگمىسىنىڭ تۆۋەنلىشىشى ياكى تۈزلىنىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېسەل پۇتنىڭ تىرەكلىك رولىغا تەسىر قىلىپ، ماڭغاندا ئوڭاي چارچايدىغان، ئاغرىيدىغان؛ ئۆرە تۇرغاندا ئەپلىشەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**تۆگىتاز** ئى [تۆگە + تاز] سەلب. ئېگىز بويلۇق كىشى: قاراڭلار ماۋۇ تۆگىتازنى!

**تۆگىتىكەن** ئى [تۆگە + تىكەن ] <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى. غولى ئىنچىكە، تال ـ تال ئۆسىدۇ، سېرىق چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى پۇرچاقتەك ئۇششاق ۋە كۆكۈچ بولىدۇ.

**تۆگىچى** ئى ① تۆگە بېقىش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى. ② تۆگە بىلەن كىراكەشلىك قىلغۇچى. ③ قاغىلىق ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۆگىچىلەپ** رەۋ. تۆگىدەك، تۆگىگە ئوخشاش قىلىپ: تۆگىچىلەپ سىيمەك.

**تۆگىچىلىك** ئى ① تۆگە بىلەن مال توشۇش ئىشى: دادام بۇرۇن نامان باينىڭ ئۆيىدە تۆگىچىلىك قىلغانىكەن. ② چارۋىچىلىقنىڭ تۆگە بېقىش، ئۆستۈرۈش، نەسىللەندۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەسى: تۆگىچىلىك مەيدانى. تۆگىچىلىك فېرمىسى.

**تۆگىسىڭىر** ئى [تۆگە + سىڭىر ] <بوت> چاتقال تىپىدىكى تاغ ئۆسۈملۈكى، غولى يېيىلىپ ئۆسىدۇ، ئۇششاق، قىزىل چېچەكلەيدۇ.

**تۆگىقۇش** ئى [تۆگە + قۇش ] <زوئول> ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ قۇشلارنىڭ بىرى. ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ، بوينى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، تۇمشۇقى ياپىلاق، قانىتى قىسقا ۋە كىچىك، ئۇچالمايدۇ؛ پۇتى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك، مېڭىشقا، يۈگۈرۈشكە باب؛ ئافرىقىنىڭ يايلاق ۋە قۇملۇقلىرىدا ياشايدۇ.

**تۆگىقۇلاق** ئى [تۆگە + قۇلاق ] <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يالغۇز، تىك ئۆسىدۇ، يىلتىزى بىلەن غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەمى قېرىق، زەھەرسىز، ئىسسىقلىقنى قايتۇرىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ، توسالغۇلارنى بۇزۇپ ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىدۇ، غەلۋىرەكنى ساقايتىدۇ.

**تۆگىلىك** سۈپ ① تۆگە مىنگەن: يىراقتىن يېشىل كىيىم كىيگەن تۆگىلىك بىر كىشى كېلىۋاتاتتى. ② تۆگىسى بار، تۆگىگە ئىگە: شۇنداق قىلىپ، يەر ئىسلاھاتىدا بىزگە تۆت تۆگە بېرىلدى. بىزمۇ تۆگىلىك بولۇپ قالدۇق.

**تۆڭگە** ئى. ① دەرۋازىغا بېكىتىلگەن تۆمۈر ھالقىلىق تۇتقۇچ، تۆمۈر ھالقا، دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچى: ئۇ دەرۋازىنىڭ تۆڭگىسىنى تۇتتى. ② يۇمىلاق تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان نوختا باغلايدىغان ھالقا: شوپۇر بولۇپ ھەيدەيدىكەن كوڭكانى، ئايلانسۇن دەپ تاقاپ قويدۇم تۆڭگەنى.

**تۆڭگىرەك** ئى.دىيال. ئەتراپ، ئۆپچۆرە: ئۇنىڭدىن ئېگىز كىم بار بۇ تۆڭگىرەكتە.

**تۆڭگىلەك** ① رەۋ. يۇمىلاق ھالقا شەكلىدە: ئۇلار زىغىر پاخلى ئۈستىگە تۆڭگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ② سۈپ. كاللەك: كەنتتىن تۆت تۆڭگىلەك دارامەت ئالدىم، ھۆكۈمەتكە ئىككى تۆڭگىلەككە ئاش ساتتىم.

**تۆڭگىلەكلىمەك** پ. ھالقا شەكلىدە يۆگىمەك، تۆڭگىلەك قىلماق: مېھرى ئىككىلىنىپ تۇرماي ئۇزۇن چاچلىرىنى تۆڭگىلەكلەپ چىگىپ قويۇپ، بىھوش ياتقان ياشنى تەسلىكتە ھاپاش قىلدى.

**تۆل** I ئى. تۇغۇلغان قوزا، ئوغلاق: بۇ يىل قىشتا بىر تۆلنى سوغۇقتا توڭلىتىپ قويدۇق. يەنە بىر تۆل بولسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك تۇغۇلدى.

**تۆل** II ئى. ئەي، قاتار: دىۋانچىلىق قىلىپ بولسىمۇ باللارنى ئۆز قولۇم بىلەن تۆلگە قاتىمەن.

**تۆل** ئى. III دىيال. پال.

**تۆل تاشتاماق** دىيال. پال سالماق.

**تۆلەتمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئادىل، قاچ ! قارىغىنا، سائەتنى سۇندۇردۇڭ، تۆلىتىدۇ، ــ دەپ چۇرقىراشتى تەڭتۇشلىرى.

**تۆلەشمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يىلقى تەقسىمات ياخشى بولدى، كەنتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، ھەممىسى قەرزلىرىنى تۆلەشتى.

**تۆلەك** ئى. دىيال. نەزەربەند، گۆرۈ: ئۇ ئادەم هازىر تۆلەكتىن بوشىنىپ، قەشقەرگە خان بوپتۇ.

**تۆلەڭ** ئى. تۆلىنىدىغان، قايتۇرۇلىدىغان نەرسە: سەپەر-قۇلنىڭ ئۆزى بولسا، 15 يېشىدا قەرز تۆلىگى هېسابىغا ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللۇققا تۇتۇلغانىدى.

**تۆلەم** ئى ① باشقىلارغا ياكى كوللېكتىپقا يەتكەن زىيانغا تۆلىنىدىغان ھەق؛ زىياننى تولدۇرۇشقا بېرىلگەن پۇل. ② ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەت يەڭگەن دۆلەتكە تۆلەيدىغان ئۇرۇش چىقىمى.

**تۆلەنمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: — نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟ — دەيتتى رۇقىيەم ئىچىدە، — ئەگەر ئۇ پۇل ئەتىلا تۆلەنمىسە... ياق! — رۇقىيەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

**تۆلچى** ئى. دىيال. رەمال، پالچى.

**تۆللەتمەك** «تۆللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوينى قوشلاپ تۆللەتكەن، كۆرسەتكۈچنى ئۆرلەتكەن، چارۋا مالنى كۆكلەتكەن، ئاغرىققا ھەم شىپا قىز.

**تۆللەشمەك** «تۆللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆللىمەك** پ. تۇغماق، قوزىلىماق: رۇستەم ئاكا ئاخىر قىزى چولپاندىن سورىدى: قىزىم، مۈشۈنىڭ بىلەن قانچە ساغلىق قوشكېزەك تۆللىدى؟

**تۆلۈچ** ئى. دىيال. قەرز، تۆلەم.

**تۆلىمەك** پ ① ئېلىنغان، سەرپ قىلىنغان، پايدىلانغان نەرسىلەر ئۈچۈن ھەق ياكى پۇل قايتۇرماق، بەرمەك: كىرا ھەققىنى تۆلىمەك. ② قەرزنى قايتۇرماق، زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماق: ئەزالىق بەدىلىنى تۆلىمەك. قەرزنى تۆلىمەك. خىيانەتنى تۆلىمەك. باج تۆلىمەك. ③ يەتكۈزگەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرماق، ھەققىنى بەرمەك: قان تۆلىمەك.

**تۆمۈر** ئى ① <خىم> كۈل رەڭ ياكى ئاقۇچ كۈمۈش رەڭ، سوزۇلۇشچان، سۇمۇرۇشچان مېتال ئېلېمېنت. خىمىيەۋى بەلگىسى(Fe (Ferrum . سانائەتتە قارا رەڭلىك مېتال دەپ ئاتىلىدۇ؛ پولات تاۋلاشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى، شۇنداقلا ھاياتلىقلار تېنىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ماددا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۆمۈر تاۋاق** مەڭگۈ مەھرۇم بولمايدىغان، باقىمەندە ئىمتىياز: خىزمەتتە ياخشىلارمۇ، ناچارلارمۇ ئوخشاشلا تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولىۋەردى، كىرىشلا بار، چىقىش يوق؛ ئۆرلەشلا بار، چۈشۈش يوق بولۇپ قالدى.

**تۆمۈر خوراز** ① سەلب. باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، پىششىق: توختاش تازا بىر تۆمۈر خوراز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەتە مېھمانغا بارىمىز دېگىنىڭلار ئىشەنچىسىز بىر گەپ بوپتۇ. ② ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرىدىغان: تۆمۈر خوراز روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئېلىپ بارايلى.

**تۆمۈر- تەرسەك** ئىشلىتىلمەيدىغان، بۇزۇلغان تۆمۈر سايمانلار ۋە ھەر خىل مېتال، تۆمۈرلەر.

**تۆمۈرتۇمشۇق** ئى [تۆمۈر + تۇمشۇق] <زوئول> بىر خىل قۇش. پۇتى قىسقا، بارماق ئۇچلىرىدا ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ، دەرەخقە يامىشىشقا ماھىر كېلىدۇ؛ تۇمشۇقى تۈز ۋە ئۇچلۇق، تىلى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە ئىلمەك بولۇپ، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇلاپ، قۇرتلارنى ئېلىپ يەيدۇ؛ قۇيرۇقى قاتتىق بولۇپ، دەرەخنى چوقۇلىغاندا تېنىنى تىرەش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ بىر خىل پايدىلىق قۇش بولۇپ، «جاڭگال دۇمباقچىسى»، «توقىچاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۆمۈرتىرناق** ئى [تۆمۈر+تىرناق ] <زوئول> بۆرككۈتنىڭ بىر خىلى. كۆكسى ئاق، دۈمبىسى قارا، بېشىدا تۈكى يوق، بوينى ئاق كېلىدۇ؛ پۇتى قارىغۇجىنىڭكىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىق ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

**تۆمۈرتىكەن** ئى [تۆمۈر + تىكەن] <بوت> ئوغرىتىكەن.

**تۆمۈرچى** ئى. تۆمۈردىن ھەر خىل ئەسۋاب ھەم سايمانلارنى ياسايدىغان ھەم ئۇنى رېمونت قىلىدىغان كىشى: تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى، يىڭنىچىنىڭ يۈز ئۇرغىنى (ماقال).

**تۆمۈرچىلىك** ئى. تۆمۈردىن تۆمۈر سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياساش، رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى.

**تۆمۈردەرەخ** ئى [تۆمۈر + دەرەخ ] <بوت>تۆمۈردەرەخ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. گۈلى سۈس قىزىل ياكى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ، تىروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ؛ مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تۆمۈرقالپاق** ئى [تۆمۈر + قالپاق ] <گېئول>گۈڭگۈرت بىرىكمىلىك كان ياتقۇلىرىنىڭ ئوكسىدلىنىش بەلبېغىدىكى قالدۇق قىسمى. ئۇ كان ئىزدەشتە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر خىل بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

**تۆمۈرلۈك** ① سۈپ. تەركىبىدە تۆمۈر بار. ② ئى. چاقىلىق ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۆمۈريول** ئى [تۆمۈر + يول ] <قاتن> مەخسۇس پويىز ئۈچۈن لايىھەلەنگەن رېلىسلىق يول.

**تۆمۈريولچى** ئى. تۆمۈريول ساھەسىدە ئىشلىگۈچى ئىشچى، خىزمەتچى.

**تۆمۈنە** ئى. مۆلە، توقۇم تىكىشكە ئىشلىتىدىغان، ئۈچى نەيزىسىمان، ئۆتكۈر كېلىدىغان، يىپنى ئېلىپ تارتىدىغان تۆشۈكچىسى بار، تۇتقۇچلۇق چوڭ جۇۋالدۇز: ئۇن تال يىڭنىنى سوقسا، بىر تال تۆمۈنە بولماس (ماقال).

**تۆمۈنىسىمان** سۈپ. تۆمۈنىگە ئوخشايدىغان، تۆمۈنە شەكلىدىكى: تۆمۈنىسىمان نەيزە.

**تۆمۈنىلىك** سۈپ ① تۆمۈنىسى بار، تۆمۈنىگە ئىگە. ② تۆمۈنە ياساشقا بولىدىغان، تۆمۈنە ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان، تۆمۈنىگە لايىق: بىر تۆمۈنىلىك تۆمۈر.

**تۆنەتمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكام چوڭ ئىككى پارچە گىلەمنى تۆنىتىپ، هارۋىسىغا سېلىپ، سامان توشۇشقا خامانغا كەتتى.

**تۆنەشمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆنەلمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**تۆنىمەك** پ. چوڭ ـ چوڭ يۆمەپ تىكمەك: سارىخان غەلۋىرنىڭ يىرتىلغان جايىنى تۆنەپ، خامانغا تەييار بولۇپ تۇردى.

**تۆھپە** ئى [ئە] ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن، ماختاشقا لايىق، پەخىرلىنەرلىك ئىش؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر، خىزمەت ۋە شۇ خىزمەتتە كۆرۈلگەن نەتىجە: تۆھپە قوشماق. تۆھپە

ياراتماق.

**تۆھپىسىز** سۈپ. تۆھپىسى يوق، تۆھپە قوشمىغان.

**تۆھپىكار** ئى [ئە + پ] تۆھپىسى بار، تۆھپە ياراتقۇچى كىشى: پاختىدىن مول هوسۇل ئالغان تۆھپىكارلار تەقدىرلەندى. // تۆھپىكار قىز.

**تۆھپىكارلىق** ئى. تۆھپە يارىتىش.

**تۆھمەت** ئى [ئە] باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان ئاساسسىز گەپ-سۆز؛ بەتنام، بوھتان، يالغان: تۆھمەت قىلماق. * تۆھمەت تاش يارىدۇ، بايقىمىساڭ باش يارىدۇ (ماقال).

**تۆھمەت يېشى** ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنلا 12 ئايغا توشمىسىمۇ بىر ياش قوشۇپ ھېسابلىنىدىغان ياش.

**تۆھمەتچى** ئى. باشقىلار ئۈستىدە تۆھمەت، يالغان گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەم، ئىغۋاچى.

**تۆھمەتخور** ئى. باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشى، تۆھمەتچى: تۆھمەتخور ئاخىرى تۆھمەت بىلەن ئۆلەر (ماقال).

**تۆھمەتخورلۇق** ئى. تۆھمەت قىلىش ئىشى، تۆھمەت قىلىش ئادىتى: ئۇنىڭ تۆھمەتخورلۇقى بېشىغا چىقتى.

**تۆھمەتنامە** ئى. تۆھمەت قىلىپ يېزىلغان خەت: ئىشىنىپ نېچۈن شۇ تۆھمەتنامىغا، نە ئۈچۈن چۈشتۈم شەرىئەت دامىغا؟

**تۆۋەن** ① سۈپ. پەس، ئاست: مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن (ماقال). * گۈندىپاي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ② ئى. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ پەس، ئاياغ تەرىپى: بۇ بۇلاق ئېگىز ئېتىز قىرىنىڭ تۆۋىنىدە بولغاچقا يېزا تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ يەر كۆرۈنمەيتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. نەتىجە، سۈپەت جەھەتتىن ناچار، دەرىجىسى كېيىن: ئۆتكەن قېتىملىق ئىمتىھانغا ئايالىم قاتناشقان، نەتىجىسى بەك تۆۋەن چىقىپ قالدى. ④ سۈپ. دەرىجە جەھەتتىن نىسبەتەن كەينىدە تۇرىدىغان، يۇقىرى ئەمەس: شۇ چاغدا ئۇڭ تەرەپتىكى قوشنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيدىغان دىلشات بوغچىسىنى ئېسىپ چىقىپ كەلدى. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئاز، كەم؛ قىممەت ئەمەس: دېمەك، ئۆي بۇ ئەھۋالدا ئىكەن، ئۇنىڭ ئىجارىسىمۇ تۆۋەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدۇق. ⑥ سۈپ. پەس، كۈچسىز؛ ئاستا: تۆۋەن ئاۋاز. * ئىشىنىڭ سۈرئىتى مۆلچەردىكىدىن خېلى تۆۋەن ئىدى. ⑦ ئى. كۆچمە. تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن، تەشكىلات: شۇمۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى قىلىدىغان ئىشمۇ؟ مېنىڭ بىر نەچچە كۈن تۆۋەنگە كەتكەن ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ — ھە!

**تۆۋەنگە چۈكمەك** تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ۋە يېزىلارغا بېرىپ، بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىمەك، تەكشۈرمەك.

**تۆۋەنچىلىك** ئى. ئۆزىنى پەس، تۆۋەن تۇتىدىغان ھالەت؛ كەمتەرلىك: تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرماق.

**تۆۋەندە** رەۋ. بۇنىڭ كەينىدىن، بۇنىڭغا ئۇلاپلا، پەستە، ئاخىرىدا: تۆۋەندە بېرىلگەن مىساللارنى يېشىڭ. * يەنە بەزى ئىشلارنى تەكشۈرگەنىدۇق، ئۇلارنىمۇ تۆۋەندە ئوقۇپ ئۆتىمەن.

**تۆۋەندىكىچە** رەۋ. تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بويىچە؛ تۆۋەندىكىگە ئوخشاش: بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**تۆۋەندىكىدەك** رەۋ. تۆۋەندىكىگە ئوخشاش، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بويىچە، تۆۋەندىكىچە: بۇ ئىش تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**تۆۋەنكى** سۈپ. تۆۋەن تەرەپكە ئورۇنلاشقان، تۆۋەن تەرەپتىكى: تۆۋەنكى جاغ. تۆۋەنكى چىش.

**تۆۋەنلەتمەك** «تۆۋەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئەسلىدىكى پىلان كۆرسەتكۈچنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**تۆۋەنلەشتۈرمەك** «تۆۋەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم كەنتتىكى ئەمىلىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ مەھەللە بوغالتىرى قىلىپ قويغان چاغلاردا، جىمىپ تەلپەككە پاتقانىدى.

**تۆۋەنلەشتۈرۈشمەك** «تۆۋەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆۋەنلەشتۈرۈلمەك** «تۆۋەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆۋەنلەشمەك** ① «تۆۋەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەنت كادىرلىرى بوز يەرگە بارماقچى بولۇپ، ئېگىز - پەس ئېلىنغان يولنى بويلاپ تۆۋەنلەشتى. ② تۆۋەن ھالەت، دەرىجىدە بولماق؛ تۆۋەنرەك، پەسرەك چۈشمەك: نېمىشقا خاندانلىقنى تىكلەش يولىدا خانىمىزغا ھەمدەم بولماي، تۆۋەنلىشىپ، باش ۋەزىر سارىيىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇۋالدىلا؟

**تۆۋەنلىتىلمەك** «تۆۋەنلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەڭشەش ئارقىلىق تەننەرخ تۆۋەنلىتىلدى.

**تۆۋەنلىك** ئى ① پەس، تۆۋەن جاي: تۆۋەنلىكتىكى ئۆينىڭ ئالدىدا سۇ تۇرۇبىسىنىڭ سېمونتلانغان مەيدانچىسى بار ئىدى. ② دەرىجە، ئورۇن جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھالەت؛ ئازلىق، كەملىك: ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى تۆۋەنلىكنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**تۆۋەنلىمەك** پ ① پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك، پەسلىمەك: كەلكۈن ئېھتىيات سىزىقىدىن بىر مېتىر تۆۋەنلىدى. ② پەس، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەك، يۈرۈش قىلماق: بىز بوۋايغا ئەگىشىپ، بىردەم يۇقىرىلاپ، بىردەم تۆۋەنلەپ دېگۈدەك مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە داۋانغا چىقىپ بولدۇق. ③ يول، دەريانىڭ ئاخىرلىشىش تەرىپىگە، ئايىغىغا قاراپ ماڭماق: ئاق ساقاللىق، چەبدەس ئۈستام ئات بىلەن قوغان يېزىسىدىن تۇمەن دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلىمەكتە. ④ نەتىجىسى، مىقدارى ئازايماق، كەملىمەك: ئەزىز بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نومۇرىنى 90 پىرسەنتتىن تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ⑤ خىزمەت، ئىش ئورنى، ئەمەل دەرىجىسى كىچىكلىمەك، پەسلىمەك: ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھەركىم ھەرنېمە دەپ باقتى. ⑥ سۈپىتى، ئۈنۈمى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەك، ناچارلاشماق: نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋاقتى ئۇزارتىلسا، ئۆگىنىش ئۈنۈمى ئەكسىچە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ ⑦ ئاجىزلاشماق، كۈچسىزلەشمەك، پەسلىمەك: ئاۋازى تۆۋەنلىمەك. ھارارىتى تۆۋەنلىمەك.

**تۆۋەينى** ئى [تۆۋەن + يېنى] تۆۋەن تەرىپى، تۆۋىنى: يىگىتلەر چاپىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، تۆۋەينىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتنى كۆردى.

**تۇبۇت** ئى <تارىخ> مەملىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى چىڭخەي، شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەت. ئۇ

يەنە «تىبەت» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. بۇمىللەت تاڭ سۇلالىسى زامانىدا مەملىكىتىمىز ئىچىدە ھاكىمىيەت قۇرغان.

**تۈپ** I ① سۈپ. ئاساسىي؛ نېگىزلىك: تۈپ سەۋەب. تۈپ پرىنسىپ. تۈپ مەنپەئەت. تۈپ زىددىيەت. تۈپ مەقسەت. ② سۈپ. ئەسلىي، ئەسلىدىكى: تۈپ سۆز. ③ رەۋ. پۈتۈنلەي، ئۈزۈل-كېسىل: ھازىر بىز ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلىدە تۈپ ياخشىلىنىش ھاسىل قىلالىغىنىمىز يوق.

**تۈپ سان** <مات> 1 گە ۋە ئۆزىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان پۈتۈن سان. مەسىلەن، 2، 3، 5، 7، 11 قاتارلىقلار.

**تۈپ سۆز** <تىل> قۇرۇلما جەھەتتىن مەنىلىك بۆلەكلەرگە، يەنى مورفېمىغا بۆلۈشكە بولمايدىغان، پەقەت بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تەشكىل تاپقان سۆز.

**تۈپ** II ① ئى. ئۆسۈملۈك ياكى دەرەخلەرنىڭ ھەر دانىسى: بۇ كۆچەتنىڭ ھەر تۈپىنى ئىككى كويدىن سېتىۋالدىم. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش تۈپ ئالما.

**تۈپەك** ئى. تۈپ: تۈپەك ئۈلاق.

**تۈپەك ئۈلاق** <بوت> تۈپ ئۈلاق، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۈلاش ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى.

**تۈپەيلى** تىر [ئە] سەۋەبلىك، سەۋەبى بىلەن، ئارقىسىدا: — مەن تۈپەيلى ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قالماسمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىنىسى.

**تۈپەيلىدىن** رەۋ. سەۋەبىدىن؛ ئارقىسىدا: ياسىن زىيادە ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق تۈپەيلىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇۋۇلىدى.

**تۈپتالاس** رەۋ. خانىۋەيران: تۈپتالاس قىلماق.

**تۈپتىن** رەۋ. تېگى - تەكتىدىن؛ پۈتۈنلەي: تۈپتىن پەرقلەنمەك. تۈپتىن ئۆزگەرمەك.

**تۈپچەك** ئى. قوناق قاتارلىق غوللۇق زىرائەتلەر ئورۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن قالغان يىلتىز قىسمى، كۆتەك.

**تۈپكى** سۈپ. نېگىزلىك، ماھىيەتلىك، ئاساسىي: تۈپكى مەقسەت.

**تۈپلەتمەك** «تۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ژۇرناللىرىمنىڭ ھەممە يىللىق سانلىرىنى تۈپلىتىپ قويدۇم.

**تۈپلەشمەك** «تۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈپلەنمە** سۈپ. تۈپلىنىپ بولۇنغان، تۈپلەنگەن: تۈپلەنمە كىتاب.

**تۈپلەنمەك** «تۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىتاب تۈپلىنىپ بولدى.

**تۈپلۈك** سۈپ. ئاساسىي، ماھىيەتلىك: ئۇ بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، زاۋۇتتا تۈپلۈك ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى.

**تۈپلىمەك** پ ① بۇغداي، شال قاتارلىق زىرائەتلەر يىلتىزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاساسىي غولىنىڭ يېنىدىن قوشۇمچە غول، شاخلارنى چىقارماق، شاخلىماق: قارامتۇل بولۇپ تۈپلىنىۋاتقان كۆزگى بۇغداي بۇ يىل ناھايىتى تەكشى بولۇق ئىدى. ② كىتاب بەتلىرىنى، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلارنى رەت تەرتىپى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تىكمەك، مىخلىماق: ئۇ خىلمۇخىل ژۇرناللارنى باشقىدىن تۈرگە ئايرىپ، توپلام قىلىپ تۈپلەپ چىققانىدى.

**تۈپۈك** ئى. دىيال. چوپسا، يىرىك ئېكەك.

**تۈپ - يىلتىز** تۈپ ماھىيەت، تېگى - تەكتى: تۈپ - يىلتىزىدىن قۇرۇتماق.

**تۈتەتمەك** «تۈتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈتەشمەك** «تۈتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈتەك** I ئى ① ئوت يالقۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس، تۈتۈن: پۈتۈن ئەتراپنى تۈتەك باسقان بولۇپ، بىر ماڭدام يەردىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. ② ھاۋانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى تۇمان: تۈن ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى يېيىپ، ئەتراپنى تېخىمۇ قويۇق تۈتەك باستى. ③ كۆچمە. زۇلمەت، غەزەپ، ۋەھىمىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت؛ كۆرۈنۈش: كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىك تۈتەك ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى.

**تۈتەكلەشمەك** پ. تۈتەك باسقان ھالەتكە كەلمەك، تۈتەك بىلەن قاپلانماق: ئاسمان تۈتەكلىشىپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى.

**تۈتەكلىك** سۈپ. تۈتەك باسقان، تۈتەك قاپلىغان: تۈتەكلىك كۈنلەرنى قوغلىدۇق، جىلۋىلىك گۈزەل تاڭ ئاتقاچقا.

**تۈتۈ** ① ئىم. توخۇلارنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ② ئى. كۆچمە. تۈتۈمەددە كېسەللىكى: بالا ئۇخلاۋېتىپ كاسىسىنى قاشلىسا، سوڭى ئەتراپىدا كىچىك قۇرتلارنىڭ يۈرگەنلىكى كۆرۈلسە، بۇ بالا تۈتۈ بولۇپ قالغان بولىدۇ.

**تۈتۈك** I ئى. دىيال. توقۇمىچىلار يىپ تۈرىدىغان كىچىك ياغاچ. قوناق شېخى، ئاپتاپپەرەس غولى، قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ، سەككىز تۈتۈك يىپ بولغاندا ماتانىڭ ئۆرۈشىگە يارايدۇ.

**تۈتۈك** II ئى. دىيال. نەيچە: ئانىسى ئۆلۈپ قالغان قوزىنى تۈتۈك بىلەن سۈت ئەمگۈزۈپ باقىمىز.

**تۈتۈمەددە** ئى [تۈتۈ + مەددە] <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت، تېنى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئاقۇچ رەڭدە يىپ ئۇچىغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ كىچىك ئۈچەيى ئاستىدا ۋە چوڭ ئۈچەيدە ياشايدۇ، چىشىسى دائىم مەقئەتتىن ئۆمىلەپ تۇخۇم سالىدۇ، كېسەلنىڭ مەقئەتتى قىچىشىدۇ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

**تۈتۈن** ئى ① ماددىلار كۆيگەندە ھاۋاغا ئاجرىلىپ چىقىدىغان، ئۇششاق زەررىچىلەردىن ئىبارەت بولغان گازسىمان جىسىملار يىغىندىسى، ئىس: تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر (ماقال). ② كۆچمە. ئائىلە: بىلەمسەن، باشلىق ئوغلۇم. بىزنىڭ بۇ ناھىيەدە 10 مىڭغا يېقىن تۈتۈن بار.

**تۈتۈن يۇتماق** دىيال. ئاچچىق يۇتماق، دىلى غەش بولماق، ھەسرەتلەنمەك: ئايدىن تۈتۈن يۇتقاندەك چوڭقۇر تىنىدى.

**تۈتۈنسىز** سۈپ. تۈتۈنى يوق، تۈتىمەيدىغان، تۈتۈن چىقارمايدىغان: تۈتۈنسىز پوروخ.

**تۈتۈنلۈك** سۈپ. تۈتۈن بىلەن قاپلانغان: تۈتۈنلۈك ئاسمان.

**تۈتىمەك** پ ① كۆيمەي، يانماي، تۈتۈن چىقىرىپ تۇرماق. ② ئىسلىنىپ كۆيمەك، ئاستا كۆيمەك، تۈتاشماق.

**تۈجۈپلەتمەك** «تۈجۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈجۈپلەشمەك** «تۈجۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇجۇپىلەنمەك** «تۇجۇپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇجۇپىلىك** سۈپ. ھەممە تەرەپلىرى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەنگەن، تۇجۇپىلەنگەن: ئامېرىكا ئۇچۇر تېخنىكىسى ئارقىلىق «تۇجۇپىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى»نى ئومۇملاشتۇردى. * ئۇچۇر تېخنىكىسى ئامېرىكىنىڭ «تۇجۇپىلىك يېزا ئىگىلىكى»دە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**تۇجۇپىلىمەك** پ. ھەممە تەرەپلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىمەك: دادام كىچىككىنە ساقال تارغىقى بىلەن سىرىق ساقىلىنى تۇجۇپىلەپ تارىغاندىن كېيىن سەللىسىنى باشقىدىن ئورىدى.

**تۇر** ئى ① بەلگىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، رولى جەھەتتىن مەلۇم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان نەرسىلەر گۇرۇپپىسى، ئايرىمىسى: — شۇنداق، — دېدى گېپىنى داۋام قىلىپ چوڭ كۆزئەينەك، — كۆزئەينەكلەرنىڭ تۇرى بەك كۆپ، سەن بىلمەيسەن. ② بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىك، پەرق جەھەتتىن ئايرىلغان، بۆلۈنگەن بۆلۈنمىسى: مەھسۇلات تۇرلىرى. ئالماش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلىرى. ③ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «-دە» بىلەن كېلىپ، ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت، يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ مەلۇم «رەۋىشتە»، «تەرزدە»، «ھالەتتە» ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: زىيالىيلار سىياسىتىنى داۋاملىق تۇردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇشىمىز لازىم.

**تۇرتەك** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ ئورالغان، تۇرتەكلەنگەن بۆلىكى؛ ئورام، بولاق: ئۇنىڭ ھەربىر تۇرتىكىدە بەش - ئالتە پارچىدىن بورا بار ئىكەن. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تۇرتەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تۇرتەك يىپ. بىر تۇرتەك قەغەز.

**تۇرتەكلەتمەك** «تۇرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇرتەكلەشمەك** «تۇرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇرتەكلەنمەك** «تۇرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نۇردۇن ھاكىم چىرايلىق تۇرتەكلەنگەن ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئەنە شۇ خىياللارنى سۇردى.

**تۇرتەكلىمەك** پ. تۇرۇپ يۆگىمەك، تۇرمەللىمەك؛ ئورىماق، يىغماق: قارىداپ كەتكەن تامغا كونا كورەك جۇۋا تۇرتەكلەپ قويۇلغانىدى.

**تۇرتكە** ئى. بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش، يۈز بېرىش ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە؛ مەدەت، ئىلھام: ئۇ شېرىن مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى.

**تۇرتكۈزمەك** «تۇرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇرتكىلىك** سۈپ. بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، ئەمەلگە ئېشىشىغا تۇرتكە بولىدىغان : بۇ ئادىلغا يەنە بىر جەھەتتىن ئىشنى تېزرەك تۈگىتىش ئۈچۈن تۇرتكىلىك رولىنىمۇ ئوينىدى.

**تۇرتمەك** پ ① قاتتىق ئىتتەرمەك، سۇرمەك: شۇ پەيتتە تۇرتۇپ كەلگەن سۇ سابىرنى بىرنەچچە مېتىر كەينىگە داجىتىۋەتتى. ② تېز ۋە قاتتىق نوقۇماق: كېيىن ئۇ جەينىكى بىلەن يىگىتنى تۇرتۇپ، ھېيتەمنى كۆرسىتىپ قويدى.

**تۇرتۇشمەك** «تۇرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى سائەتتەك تۇرتۇشتى.

**تۇرتۇلمەك** I «تۇرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇرتۇلمەك** II پ. دىيال. دوقۇرۇپ يۇرمەك، بىر كىمنىڭ ئۆيىگە خار بولۇپ بارماق؛ تەمتىرىمەك.

**تۇرتۇلمە** سۈپ. دىيال. دوقۇرۇپ يۇرىدىغان، بىر كىمنىڭ ئۆيىگە خار بولۇپ بارىدىغان.

**تۇرتۇم** ئى . نەرسىلەرنىڭ تۇرتۇپ يىغىلغان دۆۋىسى: تىراكتور ئالدىغا توپا تۇرتۇۋاتاتتى. ھەربىر تۇرتۇمى بىلەن بىر مېتىر يەر تولدۇرۇلدى.

**تۇرتۇمچى** ئى. ھەرقانداق ئىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، قوپال ئۇسۇلدا ئېلىپ بارىدىغان كىشى.

**تۇرداش** سۈپ. بىر تۇردىكى، بىر خىلدىكى، بىر خىل: تۇرداش ئىسىم. تۇرداش ئۇقۇم.

**تۇرداشلىق** ئى. تۇرى، خىلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، بىر خىللىق.

**تۇرك** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى، تۇركلەر ئاساسەن تۇركىيەگە جايلاشقان بولۇپ، تۇركىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**تۇركچە** ① سۈپ. تۇركلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان: تۇركچە كىتاب. تۇركچە يېزىق. ② ئى. تۇرك تىلى: مەن تۇركچىنى ئۆگەندىم.

**تۇركشۇناس** ئى. تۇركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم؛ تۇركولوگ.

**تۇركشۇناسلىق** ئى. تۇركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان پەنلەر مەجمۇئەسى، تۇركولوگىيە.

**تۇركلەشتۇرمەك** «تۇركلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇركلەشتۇرۇشمەك** «تۇركلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇركلەشتۇرۇلمەك** «تۇركلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۇركلەشمەك** پ. تۇركلەرگە ئوخشاش بولماق، تۇركلەرگە ئايلانماق، تۇركىي بولماق: سوغدىلار شەرقىي ئىران تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەممە جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۇركلەشتى.

**تۇركمەن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن تۇركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىگە، ئازراق قىسمى ئىران، ئافغانىستان ۋە تۇركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**تۇركمەنچە** ① سۈپ. تۇركمەنلەر ۋە تۇركمەن خەلقىگە خاس بولغان، ئۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان: تۇركمەنچە ئۇسسۇل. تۇركمەنچە كىتاب. ② ئى. تۇركمەن تىلى: سىز تۇركمەنچىنى بىلەمسىز؟

**تۇركولوگ** ئى [ر] ← **تۇركشۇناس.**

**تۇركولوگىيە** ئى [ر] ← **تۇركشۇناسلىق.**

**تۇركۇم** ئى ① توپ، گۇرۇپپا: بىرىنچى تۇركۇمدىكى باللارنى دادام ئۆزى باشلاپ ماڭغۇدەك. ② بىر - بىرىگە باغلىق بولغان

پۈتۈنلۈكنىڭ تارمىقى، بۆلىكى: تىل تۈركۈمى. سۆز تۈركۈمى. تۈركۈمگە ئايرىماق. ③ كۆچمە. باسقۇچ، قەدەم: شۇنداق قىلىپ، «خىزمەت تەكشۈرۈش ئەترىتى» ھۆسىيىن ئاباس ئوغلىنىڭ مەسىلىسىنى بىرىنچى تۈركۈمدە ھەل قىلدى. ④ <مات> كۆپ خانىلىق سانلاردا ھەر ئۈچ خانىنى بىر قىلىپ ئايرىغان بۆلەك.

**تۈركۈم- تۈركۈم** بىرقانچە تۈركۈم، توپ - توپ.

**تۈركۈم- تۈركۈملەپ** تۈركۈم - تۈركۈملەر بويىچە، توپ - توپ بولۇپ: قوشنا يېزىلاردىنمۇ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئادەملەر كېلىپ، ئويۇننى كۆرۈشكە باشلىدى.

**تۈركۈملەپ** رەۋ. تۈركۈمى بىلەن، كۆپلەپ: تۈركۈملەپ يوقاتماق.

**تۈركۈملەپ- تۈركۈملەپ** تۈركۈم - تۈركۈملەر بويىچە، توپ - توپ بولۇپ: ئادەملەر مېيىت نامىزىغا تۈركۈملەپ - تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى.

**تۈركۈملەتمەك** «تۈركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈركۈملەشمەك** «تۈركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈركۈملەنمەك** «تۈركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۈركۈملىمەك** پ. تۈركۈملەرگە، توپ - توپقا ئاجراتماق، بۆلمەك: ئامىنە دوسكىغا چىقىپ ئالدى بىلەن ئوڭدىن سولغا ئۈچ خانىنى بىر قىلىپ سانلارنى تۈركۈملىۋالدى.

**تۈركىي** سۈپ ① نەسلىي غۇلى تۈركتىن بولغان؛ كۆكى ۋە يىلتىزى تۈرك بولغان: تۈركىي خەلق. تۈركىي مىللەت. ② تۈرك خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان: تۈركىي تىللار.

**تۈركىي تىللار** <تىل> ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە بولغان تىللار.

**تۈركىي تىللار تۈركۈمى** <تىل> ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىل تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. بۇ تىل تۈركۈمىگە تەۋە تىللار ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ بەزى جايلىرىغا تارالغان. بۇ تىل تۈركۈمىگە ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى، تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، باشقىرت تىلى، ياقۇت تىلى، نوغاي تىلى، گاگاۋۇز تىلى، خاكاس تىلى، قارا قالپاق تىلى، چۇۋاش تىلى، تۈرك تىلى، سالار تىلى، يۇغۇر تىلى (سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يۇغۇرلارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**تۈرگە** ئى ① توقۇلغان ماتا، ئەتلەس قاتارلىقلار يۆگىلىپ، تۈرۈلۈپ تۈرىدىغان توغرا قىرلىق ياغاچ: تۈرگە قوزۇق. تۈرگە پۇتى. ② تىكىش ماشىنىسىنىڭ ناچىغا يىپ تۈرىدىغان زاپچىسى. ③ توپا، قار قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىتتىرىپ، تۈرتۈپ بىريەرگە دۆۋىلەپ ياكى يۆتكەشتە ئىشلىتىدىغان تۇتقۇچلۇق تاختا (ھايۋانلارغا سۆرىتىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ).

**تۈرگەك** ئى. دىيال. تۈرمەل، تۈرۈلمە، تۈرۈم.

**تۈرگۈچ** I ئى. يىپ تۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىك، ناچا، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تۈرگۈچ** II ئى. سىرغا.

**تۈرگۈن** سۈپ. قورقماس، يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك، دادىل: ئاشپەز يولۋاستەك تۈرگۈن ئادەم بولغىنى بىلەن، كۆڭلى پاختىدەك يۇمشاق ئىدى. // — ئۈرۈمچىلىك نۇجۇپ دېگەن مەن بولىمەن! — دېدى ئۇ تۈرگۈن سۆزلەپ.

**تۈرگۈنلۈك** ئى. تۈرگۈن ھالەت ياكى خاراكتېر: ئۇ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ھەرقانداق يەردە تارتىنماي، تۈرگۈنلۈك بىلەن سۆزلەشنى بىلەتتى.

**تۈرگىلىمەك** پ. تۈرگە بىلەن ئىتتىرىپ دۆۋىلىمەك، تۈرگە بىلەن يىغماق: ماشىنا بىلەن قار تۈرگىلىمەك.

**تۈرلەتمەك** «تۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم ماڭا بەش ئىسمنى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىتىپ باقتى.

**تۈرلەشمەك** «تۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار گىراماتىكىنىڭ يازما مەشىقىدە بىرقانچە ئىسىمنى كېلىش، شەخس، سان جەھەتتىن تۈرلەشتى.

**تۈرلەنمە** ئى. تۈرلىنىشتىن كېلىپ چىققان، تۈرلەندۈرۈلگەن نەرسە: مەنىۋى مەدەنىيەت مۇئەييەن ماددىي شارائىتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تۈرلەنمىسى ياكى قوشۇمچىسى ئەمەس.

**تۈرلەنمەك** «تۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ سۆز تۈرلەنمەيدۇ.

**تۈرلۈك** سۈپ ① مەلۇم تۈر، تارماق، خىلغا ئىگە بولغان: ئەركىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز (ماقال). ② بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل، خىلمۇخىل: ئۇلار يۈرتىغا بېرىۋالسىلا تۈرلۈك ئەندىشىلەردىن خالىي بولماق ئاسان.

**تۈرلۈك- تۈرلۈك** ھەر خىل، ھەر ياڭزا، خىلمۇ خىل: كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن بالىلارنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك قىلىقلىرى چىقىشقا باشلىدى.

**تۈرلۈك- تۈمەن** تۈرلىرى ھەر خىل، خىلمۇخىل: دەرەخ شاخلىرىدا سايرىشىۋاتقان تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېغىشلايدىكەن.

**تۈرلۈكچە** رەۋ. ھەر خىل، تۈرلۈك ئۇسۇلدا: بۇ تەدبىرلەر تۈرلۈك مەملىكەتلەردە ئەلۋەتتە تۈرلۈكچە بولىدۇ.

**تۈرلىمەك** پ ① بىر - بىرىگە ماس ھالدا تۈرلەرگە ئايرىماق: نەرسىلەرنى تۈرلىمەك. ② <تىل> سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى مورفېمىلارنى قوشۇپ ئۆزگەرتمەك: مۇنۇ ئىسىملارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلەر.

**تۈرمە** ئى [ر] گۇناھكارلارنى سولايدىغان جاي، سولاقخانا: تۈرمىگە ئالماق. تۈرمىگە سالماق. تۈرمىگە قامىماق.

**تۈرمەك** I سۈپ. ئورالغان، تۈگۈلگەن، تۈرۈلگەن: ئايىم چېچىنى تۈرمەك قىلىپ چىگىۋالغانىدى.

**تۈرمەك** II پ ① ئېگىرىلگەن، تولانغان يىپنى ناچا ياكى قومۇشقا يۆگىمەك. ② يەڭ، پۇچقاق قاتارلىقلارنى سىرتىغا ئۆرۈپ، يۇقىرىغا قارىتىپ قاتلىماق: يېڭىنى تۈرمەك. ③ يۈز، چىرايىنىڭ تېرە مۇسكۇللىرىنى پۈرۈشتۈرمەك: قوشۇمىسىنى تۈرمەك. تەلەتىنى تۈرمەك. ④ تۈگمەك (مۇشت ھەققىدە): مۇشتۇمىنى تۈرمەك. ⑤ بولدۇرغان خېمىرنى ياغ ياكى قايماق بىلەن تۈرمەللەپ، قورۇلغان قورۇمىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**تۈرمەكلەنمەك** «تۈرمەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېرىزىگە تارتىلغان گۈللۈك، قىرغىزچە پەردە تۈرمەكلىنىپ قويۇلغانىدى.

**تۆرمەكلىمەك** پ. تۆرمەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئورنىماق، تۆرمەك قىلىپ تۈگمەك: بۇرۇن خاسىيەت چېچىنى چوققىسىغا تۆرمەكلىۋالاتتى.

**تۆرمەل** I ئى ① قولاشقان، تۆرۈلگەن، قاتلانغان جاي، قورۇق: قېرىلىقتىن ئۇنىڭ بويۇنلىرى تۆرمەل بولۇپ كېتىپتۇ. ② ئىچىگە تاش ئېلىپ، شاخ ـ شۇمبا ۋە ئۈسۈملۈكلەرنىڭ غولىنى يۆگەپ باغلىغان، سۇنى توسۇشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ باغلام. ③ ئارىسىغا كۆكتات ئېلىپ، تۆرمەللەپ، جىمبىلدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ھورنان.

**تۆرمەللىك** سۈپ. تۆرمەللەنگەن، تۆرۈلگەن، قاتلانغان: تۆرمەللىك قەغەز. تۆرمەللىك رەخت.

**تۆرمەل** II ئى. دىيال ① باغلام. ② توساق (سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن شاخ ـ شۇمبىدىن ياسالغان توساق).

**تۆرمەللىمەك** پ ① يۆگەپ، تۆرۈپ تۆرمەل ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تۆرمەكلىمەك: ئۇ چېچىنى بېشىغا تۆرمەللەپ، ئۈستىدىن ناۋات رەڭ ھىلھىلە ياغلىقنى چىگىۋالغانىدى. ② تاشقىنىنى ياكى بۇزۇلغان قاشنى تۆرمەل بىلەن ئەتمەك: كىشىلەر ئەتىسى دەرياغا يەتتە بۇقىنى ئورنىتىپ تۆرمەللىدى.

**تۆرمۆزە** ئى. ئېگىرىلگەن يىپنى يىكتىن قومۇشقا تۆرۈشتە قومۇش كىرگۈزۈلىدىغان چوڭ يىك.

**تۆرمىداش** ئى. بىر تۆرمىدە بىللە ياتقان، تۆرمە ھاياتىنى بىللە ئۆتكۈزگەن كىشى.

**تۆرمىداشلىق** ئى. تۆرمىدە بىللە ياتقانلىق: بۇ قېتىم ئۇ ماڭا گومىنداڭ ۋاقتىدىكى تۆرمىداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلدى.

**تۆرۈشتۈرمەك** ① «تۆرۈشمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تۆرۈلگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك : ــ سولى، خېنىمىڭ بىلەن ئىشىم يوق! ــ دەپتۇ ئۇكام ئاچچىقى بىلەن پېشانىلىرىنى تۆرۈشتۈرۈپ.

**تۆرۈشمەك** I «تۆرمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەڭلىرىنى تۆرۈشتى.

**تۆرۈشمەك** II «تۆرمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆرۈك** I سۈپ. تۆرۈلگەن، تۆرۈلۈپ تۇرغان: ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى تۆرۈك، ئاۋازلىرى بوغۇق ئىدى.

**تۆرۈك** II سۈپ. خەت ـ ساۋاتى يوق، ئوقۇمىغان، بىلىمسىز: نەسەبتىن گەپ ئاچقاندا، مەن ئەسلىي ئادەتتىكى بىر تۆرۈك، ياشلىقىمدىن سازغا ئىشتىياقىم بار ئىدى.

**تۆرۈكلۈك** I سۈپ. تۆرۈلگەن: ھاجى تېرەكلىك ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تونۇر بېشىغا چىقىپ، قاپاقلىرى تۆرۈكلۈك ھالدا بوم ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى.

**تۆرۈكلۈك** II سۈپ. بىلىمسىزلىك، ساۋاتسىزلىق: بوۋام تۆرۈكلۈككە باقماي، پەن ـ تېخنىكىنىڭ گېپى چىقسىلا ئۆزىچە سۆزلەپ كېتەتتى.

**تۆرۈلمەك** I ① «تۆرمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ يېنىغا پۇچاقلىرى تۆرۈلگەن ئەخمەتجان كەلدى ۋە ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ② يىغىلىپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلەنمەك: شۇ پەيتتە، غەربىي شىمالدىن قارا بۇلۇت تۆرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. ③ كۆچمە. ئاچچىقلىنىپ قالماق؛ غەزىپى كەلمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ سەئىدىن تۆرۈلدى، ئاران تۇرغان دىلى قاتتىق بۇزۇلدى.

**تۆرۈلمەك** II «تۆرمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆرۈم** سۈپ ① تۆرۈلۈپ، يىغىلىپ قاتىلاش بولۇپ كەتكەن. ② يىپ قاتارلىقلارنى يىك، ناچىغا يۆگەپ تۆرۈشكە ئىشلىتىدىغان: تۆرۈم چاق.

**تۆرۈم ـ تۆرۈم** بىرقانچە تۆرۈم، نۇرغۇن تۆرۈم: ئۇنىڭ يۈزى سېمىزلىكىدىن تۆرۈم ـ تۆرۈم بولۇپ كەتكەنىدى.

**تۆز** ① سۈپ. ئەگرى ئەمەس، رۇس: تۆز ئۆسكەن دەرەخ كۆككە چىقالايدۇ (ماقال). ② سۈپ. ئېگىز ـ پەس ئەمەس، تەكشى: تۆز ئېتىز. تۆز يەر. تۆز مەيدان. ③ ئى. كەڭ كەتكەن تەكشى يەر: ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدىن سىيرىلدىم تۆزگە، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدىم سىزگە. ④ سۈپ. كۆچمە. ئوچۇق ـ يورۇق؛ باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان، ھارامزادىلىكنى بىلمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل: بىز تۆزلا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم، تولىمۇ كۆپ ئېزىلەڭگۈ تەكەللۇپنى بىلمەيمىز.

**تۆزەتمەك** «تۆزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆمۈر خەلپە دۆمبىسىدىكى مىلتىقنى تۆزىتىپ قويۇپ، گەپ باشلىدى. * ئابدۇكېرىم ئاكام خەتنى يېزىپ بولۇپ بەزى جۈملىلەرنى يېڭىباشتىن تۆزىتىپ، كونۇېرتقا سالدى.

**تۆزەشتۈرمەك** پ ① ئىچىدىكى، ئۈستىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى تەكشى، تەرتىپلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك، رەتلىمەك: قادىر بىلەن ئاسىمگۈل پايپېتەك بولۇپ، داستىخاننى باشقىدىن تۆزەشتۈردى. ② بۇزۇلغان، قالايمىقان نەرسىنى ياخشى ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلار نەچچە ئونلىغان سېيالكا، ساپان، ھارۋا قاتارلىقلارنى تۆزەشتۈرۈپ، تەخلەپ قويدى. ③ پۇرلەشكەن، تۈرتۈلگەن نەرسىلەرنى سىلىق، تەكشى ھالەتكە كەلتۈرمەك: ھىمىت سافانىڭ يۆلەنچۈكىدىكى تورنى تۆزەشتۈرۈپ قويدى. ④ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۈستىبېشىنى رەتلىك قىلىپ، تۈرقىنى ئوڭلىماق، ياسانماق: ئۇ سەللىسىنى تۆزەشتۈرگەچ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

**تۆزەشتۈرۈشمەك** «تۆزەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆزەشتۈرۈلمەك** «تۆزەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەھنە تۆزەشتۈرۈلدى.

**تۆزەشمەك** «تۆزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولداش قاسىم بىزگە ياردەملىشىپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆستەڭنى تۆزىشىپ بەرسۇن.

**تۆزەلمەك** ① «تۆزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ئىشلار ئوڭلىنىپ، رەتكە چۈشۈپ، يۇرتىمىز تۆزەلدى. ② كېسەل، ئاغرىقتىن قۇتۇلماق، ساقايماق: ــ ھېلىقى زۇكام دوراڭدىن بەرگىنە، قىزىم،ــ دېدى مايسىخان ئاچا بېشىنى ياستۇققا قويۇۋېتىپ،ــ بىر تال ئىچسەملا تۆزىلىپ كېتىمەن. ③ يامان، ناتوغرا، جىنايى يولدىن قايتماق، ياخشىلانماق: بالىنىڭ ئۇ خىل يامان ئادەتلىرى جىق تۆزەلدى.

**تۆزدۈرمەك** «تۆزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۈملە تۆزدۈرمەك. * پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تۆزدۈرۈش لازىم.

**تۆزگۈچى** ① سۈپ. تۆزىدىغان: تۆزگۈچى گېن.② ئى. تۆزىدىغان ئادەم: سۇلايمان يېنىچە بولۇپ غانجۇغىسىدىكى خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىپ، توختام تۆزگۈچىلەرگە ئېلىۋالغان ياغلىق توقاچلىرىنى ئالدى. ③ ئى. ماتېرىيال، مەلۇماتلارنى رەتلەپ، يىغىپ، ئەسەر قىلىپ شەكىللەندۈرگۈچى: بۇ لۇغەتنى تۆزگۈچىلەر كىملەر ئىكەن؟

**تۈزلەتمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىر گۇرۇپپا ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن يوللارنى تۈزلەتتى.

**تۈزلەشمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا كەتمەن ئېلىپ، مەيداننىڭ ئەتراپىنى تۈزلەشتى.

**تۈزلەڭ** سۈپ. ئېگىز - پەس يېرى بولمىغان؛ كەڭ ۋە تۈز كەتكەن: تۈزلەڭ رايون. تۈزلەڭ يەر. // تۈزلەڭدە ئېلىشماق.

**تۈزلەڭلىك** ئى ① ئېگىز - پەس ئەمەس، تۈز كەتكەن بىپايان كەڭ جاي: داۋاندىن پەسلەپ، ئوقتەك تېز ماڭغان ھارۋا بىرھازادىن كېيىن كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقتى. ② <جۇغ> دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن كەڭ تەكشىلىك: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك.

**تۈزلەنمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇشۇنداق جان تىكىپ ئىشلىسەك، بىرەر ئايغا قالماي نەچچە ئون مىڭ كېسەك قۇيۇۋالىمىز، كۆكتات يېرىمىزمۇ تۈزلىنىپ كېتىدۇ.

**تۈزلۈك** ئى ① تۈز ھالەت: ئۇنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان مۇلايىم كۆزلىرىدىن ھامان تۈزلۈكى، سەمىمىيلىكى، زېرەكلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ② تۈز يەر: تاغ جىلغىلىرى تۈگىگەندىن كېيىن يول سەل تۈزلۈككە چىقتى.

**تۈزلىمەك** پ ① ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرىسىنى يوقىتىپ، تۈز، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك، تۈز قىلماق: قىرنى تۈزلىمەك. يولنى تۈزلىمەك. ② كۆچمە. يىقىتماق، چۇۋۇماق: يەنە ئون باراۋەر كۆپەيتىپ ئالتۇن - كۈمۈش بەرسەن، بولمىسا ئوردىنى تۈزلىۋېتىمىز! ③ پۈرلەشكەن، تۈرۈلگەن جايلىرىنى تەكشى، سىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ ئىزاھنامە يېزىلغان قەغەزلەرنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، چېرتيوژنىڭ يۆگىكىنى يېيىپ تۈزلىدى. ④ كۆچمە. يامان ئوي - خىيال، ئەيىبلەردىن خالىي قىلماق؛ ياخشىلىماق: — ئەڭ ياخشىسى، قولۇڭدىكى شاخنى قويۇپ قويۇپ، ئۆيۈڭگە كەت، ئۆزۈڭنى تۈزلە ۋە بالاڭنىمۇ ئاسرىغىن، — دېدى بوۋاي گېپىمنى تارتىۋېلىپ.

**تۈزمە** سۈپ. تۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، تۈزۈلگەن: تۈزمە قانۇن.

**تۈزمەك** پ ① ۋۇجۇدقا چىقارماق، ياراتماق، بەرپا قىلماق؛ تۇرغۇزماق، بەلگىلىمەك: ئەھدىنامە تۈزمەك. لايىھە تۈزمەك. پىلان تۈزمەك. كېلىشىم تۈزمەك. ② مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرمەك، ياسىماق: ھاتەم خۇداغا مىڭ شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ھېلىقى گىياھتىن گۈلدەستە تۈزۈپ، ئارقىسىغا ياندى. ③ مەلۇم ئۇسلۇب، شەكىلگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىقماق: جۈملە تۈزمەك. لۇغەت تۈزمەك. ④ تەشكىللىمەك، ئۇيۇشتۇرماق: ئۇ ئەتراپىغا بىر قىسىم ئېغىز پالۋانلىرىنى توپلاپ، ھاكىم مەسۇمئاخۇن ۋە مۇئاۋىن ھاكىم ھاشىمئاخۇنغا قارشى «ئىتتىپاق» تۈزدى.

**تۈزۈت** ئى. تەكەللۇپ، ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق، تەكەللۇپ بىلەن قىلغان مۇئامىلە: تۈزۈت قىلماق. * تولا تۈزۈت قىلماي، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇز.

**تۈزۈتسىز** سۈپ. تەكەللۇپ قىلماي، تۈزۈت قىلماي، ئارتۇقچە تارتىنماي: يىگىتنىڭ تەلىپىگە تۈزۈتسىزلا ماقۇل بولدۇم، ئۇنىڭ چاققانلىقى ئويلىمىغان يەردىن چىقتى.

**تۈزۈتلۈك** ① سۈپ. تۈزۈت قىلىدىغان، تۈزۈت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن: تۈزۈتلۈك ئادەم. ② ئىسكەتلىك، يارىشىملىق، قائىدە - يوسۇنلۇق: بۇ چاپان خېلى تۈزۈتلۈك تىكىلىپتۇ.

**تۈزۈك** ① سۈپ. بۇزۇلغان يېرى يوق، ساق: ئۇ تۈزۈك ماشىنىنى بۇزۇق دەپ پېرىم كۈن كوچىلىدى. ② سۈپ. يارامىلىق، ياخشى: كېيىن تۆمۈر شۇ ئايالغا ئۆيلەنسەم دەپ تۇرۇۋالدى. قارىسام ئۇمۇ تۈزۈككىلا بىر ئايال. ③ سۈپ. مۇۋاپىق، لايىقىدا: — ھوي، تۈزۈك گەپ قىلىڭ، — موزدوز ھاكىمنىڭ ئايىغىنى تاشلاپ بەردى - دە، سۆزگە ئارىلىشىپ چاقچاق قىلدى. ④ رەۋ. قاملاشتۇرۇپ، دەل، جايىدا: — بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆزۈڭ تۈزۈك ئاتمايسەن، ئەمدى مېنىمۇ ئاتقىلى قويمايسەن؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە ئاچچىقى بىلەن.

**تۈزۈلمە** ئى ① تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈنلۈك: ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى بەكمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئوڭايلا «چاتاق» چىقىپ، ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ② دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى: مائارىپ تۈزۈلمىسى.

**تۈزۈلمەك** «تۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەشرەپ ئوينايدىغانلار كۆپ بولغاچقا، بىرنەچچە ئۆيدە سورۇن تۈزۈلدى.

**تۈزۈلمىلىك** سۈپ. تۈزۈلمىسى بار، تۈزۈلمىگە ئىگە: ھەر خىل تۈزۈلمىلىك چېرتيوژلار.

**تۈزۈم** ئى ① كىشىلەر ئورتاق رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش باشقۇرۇش تەرتىپى ۋە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش نىزامى: توك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ② جەمئىيەت ۋە دۆلەت تۈزۈلۈشىنىڭ سىستېمىسى: قۇلدارلىق تۈزۈمى.

**تۈزۈمسىز** سۈپ. تۈزۈم ئورنىتىلمىغان، تۈزۈم بىكار قىلىنغان، تۈزۈمنى كېرەك قىلمايدىغان: ئۇلار خېلى ئۇزاق ۋاقىتنى باشباشتاق، تۈزۈمسىز، قالايمىقان ئۆتكۈزدى.

**تۈزۈمسىزلىك** ئى. تۈزۈم يوقلۇق ياكى تۈزۈمنى كېرەك قىلماسلىق: زاۋۇتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە تۈزۈمسىزلىك سەل - پەل تۈزىلىشكە باشلىدى.

**تۈزۈملەشتۈرمەك** «تۈزۈملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەسپىي خادىملارنىڭ ئىلمىي لاياقەت كۆلىمىنى ئاشۇ پىلانلار ئاساسىدا تۈزۈملەشتۈرىدۇ ياكى تۇراقلاشتۇرىدۇ.

**تۈزۈملەشتۈرۈشمەك** «تۈزۈملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈزۈملەشتۈرۈلمەك** «تۈزۈملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەمئىيىتىمىزدە سۈپەتلىك تۇغۇش تۈزۈملەشتۈرۈلدى.

**تۈزۈملەشمەك** پ. تۈزۈم بولۇپ شەكىللەنمەك، تۈزۈمگە ئايلانماق: ئىدارىمىزدە تازىلىق ئىشلىرى تۈزۈملەشتى.

**تۈزۈملۈك** سۈپ. تۈزۈمى بار، تۈزۈم ئورنىتىلغان: سەمەت نۇرغۇن تەدبىر ۋە چارىلەر ئارقىلىق كارخانىنى پىلانلىق، تۈزۈملۈك، رەتلىك باشقۇردى.

**تۈزىمەك** پ ① كېيىم - كېچەك ۋە ئۇستىبېشىنى رەتلىك قىلىپ تۈرقىنى ئوڭلىماق، ياسانماق: ياقىسىنى تۈزىمەك. كۆڭلىكىنى تۈزىمەك. ② بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان نەرسىلەرنى رېمونت قىلماق، پايدىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك: كەتمەن - گۈرجەك، سوقا - سايمانلارنى بىزنىڭ تۆمۈرچىلىرىمىزمۇ ئۆزى ياساپ، ئۆزى تۈزەلەيدۇ. ③ تۈز، تىك، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك: ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە تۈزەيدۇ (ماقال). * ئۇ قەددىنى تۈزەپ،

يەنە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىنى كۆزلىرى بىلەن ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ④ تەرتىپلىك، نورمال، ياخشى ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ياخشىلىماق: جاھاننى بىراۋ تۈزەپ بەرمەيدۇ، ئۇنى تۈزەيدىغان سېنىڭ بىلەن بىز. ⑤ ئەيىب، نۇقسان ۋە يامان ئادەتلەرنى يوقىتىپ، ياخشى ھالەت، ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرمەك: قايسى گۇرۇپپا تېخنىكا ئۆلچىمىنى بۇزسا، خاتاسىنى ئۆزى تۈزىشى كېرەك. ⑥ كىرگۈزمەك، ياخشىلىماق (تەم ھەققىدە): باغدا ئۆرۈكلەر مەي بولۇپ پىشىپ، تەكلەردە ساڭگىلاپ كەتكەن سانجاق ـ سانجاق ئۈزۈملەر تەم تۈزەۋاتقان ياز پەسلى ئىدى. ⑦ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مەلۇم پەدە، ئاھاڭغا توغرىلاپ تەڭشىمەك: دۇتارنى تۈزىمەك.

**تۇس** ئى ① رەڭ بوياقلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تۈرى؛ رەڭ: ئۇ قولىنى بېشىغا تىرەپ كۆپكۆك تۇس ئالغان دېرىزىگە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. ② تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپەت، تەقى ـ تۇرقى: سۇرلۇك بىر تۇستە خىيال قىلىپ تۇرغان نىزامىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇرغان ئەنۋەرگە قارىدى. ③ خاراكتېر: يىغىننىڭ تۇسى ئۆزگىرىپ، پىپەنگە ئايلىنىپ كەتتى. ④ <تىل> پېئىلدا ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ بىرى. بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان تۇسلەردىن ئىزچىل تۇس، ئىمكان تۇس، چەكلىمىسىز تۇس، سىناق تۇس، تەمشەلمە تۇس قاتارلىقلار بار.

**تۇسكۆكە** ئى <يېم> دىيال. قورۇما، قورۇلغان سەي.

**تۇسلەندۈرمەك** «تۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز پېئىللارنى تۇسلەندۈرۈشنى مەشىق قىلدۇق.

**تۇسلەنمەك** پ. تۇسكە ئىگە بولماق، تۇسلۇك ئۆزەك شەكلىگە كەلمەك، مەسىلەن: «يازالايدۇ، يېزىۋېرىدۇ، يېزىپ قويىدۇ، يېزىپ بېرىدۇ» دېگەنلىرىمىز «يازماق» پېئىلىنىڭ تۇسلىنىشى.

**تۇسلۇك** سۈپ. تۇسكە ئىگە بولغان، تۇس ئىپادىلەنگەن: تۇسلۇك ئۆزەك.

**تۇشە** تەق. دىيال. مالنى ھەيدەش ئۈندىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇشكۇن** ئى. دىيال. ئۆتەڭ، قونالغۇ.

**تۇف** ① تەق. تۈكۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: تۇف دېمەك. * ئۇ «تۇف» دەپ قاشقىر بايغا قاتتىق تۈكۈردى. ② ئىم. يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: يۈزۈڭگە تۇف سېنىڭ ئەي چەرخ مەككار، ئېچىنماي كەتتىڭ ئاشىقلارغا زىنھار.

**تۇفى** ئىم. يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — تۇفى! ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئاشقان خام پاتاڭ! — دېدى ئەبلەغازى ئۈنىڭغا ھومىيىپ.

**تۇك** ئى ① بەدەندە ئۆسكەن چاچ ياكى موي، يۇڭ: چۈجە باسقان توخۇنىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق (ماقال). ② بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى قاپلىۋالغان ئۇششاق ـ ئۇششاق قىل ۋە توزغاقسىمان قەۋەت: شاپتۇلنىڭ تۈكى.

**تۇكەن** ئى. دىيال. زەرداب، قان ـ يىرىڭ: كېچە ـ كۈندۈز كۆپ ياش تۆكۈپ، يۈرەك ـ ئۆپكەم تۇكەن بولدى.

**تۇكباش** ئى [تۇك + باش] چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، پاخپايتىپ چاچ قويغان كىشى: لېكىن بۇ تۇكباش كۆڭلۈمگە ئازار بېرىپ، شۇنچە ئىزا ـ ئاھانەت قىلدى.

**تۇكچە** ئى ← **چەككۈچ**: ئۇنىڭ تىكەن، شوخا كىرىپ، شور پېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۇكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى.

**تۇكسىز** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە تۈكى يوق: ئۇنىڭ تۇكسىز پېشانىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

**تۇكلۇك** سۈپ. بەدىنىدە تۈكى بار، تۈكى ئۇزۇن ئۆسكەن، ئۈستى تۈك بىلەن قاپلانغان: بۇ يىل بىزنىڭ باغدىكى بىر تۈپ تۇكلۇك ئۆرۈك ئاجايىپ بولۇۋەتتى.

**تۇكۇچ** ئى. دىيال. چەككۈچ.

**تۇكۇرتمەك** «تۇكۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇكۇرمەك** پ. ئاغزىدىن تۈكۈرۈك، شۆلگەي، بەلغەم قاتارلىقلارنى سىرتقا چىقىرىۋەتمەك: كۆپ تۈكۈرسە، كۆل تولۇر (ماقال).

**تۇكۇرۇشمەك** «تۇكۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇفى... تۇفى... كەتتى باشلىنىپ، تۈكۈرۈشتى بۇندا بارچىسى. بىر پەستىلا ھارۇن گوياكى، بولۇپ قالدى تۈكۈرۈك قاچىسى.

**تۇكۇرۇك** ئى. ئېغىز بوشلۇقىدىكى شۆلگەي بەزلىرى ئىشلەپ چىقارغان، تاماق ھەزىم قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۇيۇقلۇق: ئۇ گويا جېنى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك، تاتارغىنىچە تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشقا باشلىدى.

**تۇكۇرۇكدان** ئى. تۈكۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاغزى يالپاق، قورسىقى چوڭ، يۇمىلاق قاچا. ئۇ كۆپىنچە تۈنىكە ياكى سۇلياۋدىن ياسىلىدۇ.

**تۇكۇرۇلمەك** «تۇكۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈكۈرۈلگەن تۈكۈرۈكلەر ئۇنىڭ يۈزىدىن سارقىپ ئېقىشقا باشلىدى.

**تۇگە** ئى. ئاقلانغان تېرىق، سۆك.

**تۇگەتكۇسىز** سۈپ. تۈگىتىپ بولمايدىغان، تۈگىمەيدىغان: ساناپ تۈگەتكۈسىز. سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز.

**تۇگەتمەك** «تۈگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغلىق دان تېرىيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىرىنى تۈگەتتى.

**تۇگەشتۇرمەك** «تۈگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكبەر دېگىنىنى بىز تۈگەشتۈرىمىز.

**تۇگەشتۇرۇشمەك** «تۈگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇگەشتۇرۇلمەك** «تۈگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جېدەلنىڭ تۈگەشتۈرۈلگىنىگە بىر يىل بولاي دېدى.

**تۇگەشمەك** پ ① ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەك: ھازىر بۇنى ئېچىپ يۈرسەك، ناۋادا تۇيۇقسىز بىراۋ كۆرۈپ قالسا تۈگىشىمىز. ② ھالاك بولماق، يوقالماق، ئۆلمەك: خالىدەم، سىز بولمىغان بولسىڭىز، مېنىڭ ھاياتىم تۈگەشكەن بولاتتى. ③ ھالىدىن كەتمەك، ئاجىزلاشماق: ئايىمىنىسا ئاچام كاملىنىڭ دەردىدە بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىپتۇ. ④ ھېساب ـ كىتاب، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك؛ ئادا ـ جۇدا بولماق: ئۇلار ئاخىر خېتىنى ئېلىپ تۈگەشتى.

**تۇگەل** ① سۈپ. تولۇق، يېتەرلىك: بوۋاي ئۆز ئىگىلىكىدە ھەممە نەرسە تۈگەل بولسىمۇ، پەقەت بىرلا نەرسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى دائىم ھېس قىلاتتى. ② رەۋ. پۈتۈنلەي، تامامەن، ھەممە: ئۇنىڭ چاچلىرى تۈگەل ئاقارغان بولۇپ، قارىماققا 60 ياشلاردىكى كىشىدەك كۆرۈنەتتى.

**تۇگەللەتمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇگەللەشمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگەللەنمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئاخىرى ھەرىكەتكە ئادەتلىنىش بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

**تۈگەللىمەك** پ. ئاخىرىغا يەتكۈزمەك، تولۇقلىماق، پۈتكۈزمەك، تاماملىماق: كەم-كوتاڭنى تۈگەللەپ، كەلگۈسىڭگە يول ئاچتى، باھارنىڭ شامىلىمۇ ساڭا ئەتىر بۇي چاچتى.

**تۈگەنچە** ① ئى. تۈگەيدىغان، ئاخىرلىشىدىغان جاي، ئاخىرى: شەرقىي ئازاد كوچىسىنىڭ تۈگەنچىسىدە، بىر ئايال سالماق قەدەم تاشلاپ، يالغۇز قەبرە تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. تۈگەيدىغان، ئاخىرلىشىدىغان، ئاخىرقى: تۈگەنچە ئېتىز.

**تۈگەنچىلەنمەك** «تۈگەنچىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: «ئەركىن دېموكراتىيە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلدى. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك شەكلى، بۇ تارىخ ئەمدى تۈگەنچىلەندى» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ئۇ.

**تۈگەنچىلىمەك** پ. تۈگەنچە ھالەتكە كەلمەك، تۈگەنچە بولماق، ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك.

**تۈگدۈرمەك** «تۈگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مانتا تۈگدۈرمەك.

**تۈگدۈرۈشمەك** «تۈگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگدۈرۈلمەك** «تۈگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**تۈگرىك** ئى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**تۈككەن ـ پۈككەن** ھەممە، بارلىق، جىمى.

**تۈگمە** ئى ① كىيىمنىڭ ياقا، پەش ۋە يانچۇقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن قادىلىدىغان، كۆپىنچە يۇمىلاق كېلىدىغان نەرسە؛ توپچا: سەدەپ تۈگمە. قارا تۈگمە. ② ئەمچەكنىڭ توپچىسى: ئەگەر كالىنىڭ ئەمچىكى ياكى تۈگمىسىدە زەخىم بولسا، ساغماسلىق لازىم. ③ تۈگمىدەك گۈل غۇنچىسى؛ تۈگۈم: باغدا بىر گۈل بار ئىدى، ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى. تۈگمىسى ئېچىلمىغان، يارىمغا لايىق گۈل ئىدى. ④ پىيانىنو، گارمون، خەت بېسىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ بارماق بىلەن باسىدىغان يۇمىلاق كۇنۇپكىسى: بارماقلىرى پىيانىنو تۈگمىلىرى ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى.

**تۈگمەك** پ ① ئوراپ، چىگىپ تۈگۈنچە شەكلىگە كەلتۈرمەك: كېيىن پەتنۇسنىڭ ئورنىغا قول ياغلىقنى ئۆرۈمە شەكلىدە تۈگۈپ، پوتا سېلىش باشلاندى. ② پوتا ياكى رەخت بىلەن بەلگە ياكى مەلۇم بىر جايغا تاڭماق، باغلىماق: ئۆيگە كېلىپ، ئانام بەرگەن مۇشۇ ناننى ۋە ئىككى تەڭگىنى ئېلىپ، بېلىمگە تۈگدۈم ـ دە، ئالدىراپ يولغا چىقتىم. ③ چەتلىرىنى قاتلاپ، پۈرۈپ قىيمىنى ئىچىگە ئالماق: مانتا تۈگمەك. چۆچۈرە تۈگمەك. سامسا تۈگمەك. ④ كۆچمە. قارارلاشتۇرماق، بېكىتمەك: مەجلىس قاتناشچىلىرى ئەتىدىن باشلاپ ئىشچىلىققا كىملەرنىڭ بالىلىرىنى ئالىمىز دېگەن مەسلىھەتلەرنى بىر جايغا تۈگدى. ⑤ يىغماق، پۈرۈشتۈرمەك: ئالماس قوشۇمىسىنى چىڭ تۈگكەن ھالدا جۇرئەتكە ئېيتتى.

**تۈگمەن** ئى. ئاشلىقتىن ئۇن تارتىش قۇرۇلمىسى، ئىككى دانە يۇمىلاق، يېسسى تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاستىنقى تېشى ھەرىكەتلەنمەيدۇ، ئۈستۈنكىسى سۇ كۈچى بىلەن ياكى شامال كۈچى ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى سۇ تۈگمىنى؛ شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى شامال تۈگمىنى؛ توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى توك تۈگمىنى دەپ ئاتىلىدۇ.

**تۈگمەن تېشى** <ئانات> دىيال. تىزنىڭ مىدىرلايدىغان يۇمىلاق قىسمى.

**تۈگمەننىڭ كويلىسىدىن تىرىك چىقىدىغان** ھەرقانداق خەتەرلىك چاغلاردىمۇ ئۆزىنى يوقاتمايدىغان، ئىنتايىن بەرداشلىق: سەمەت ئىنتايىن قاۋۇل ئادەم بوپتۇ. تۈگمەننىڭ كويلىسىدىنمۇ تىرىك چىققۇدەك.

**تۈگمىنى چېكىلمەك** دىيال. قورسىقى ئاچماق، ئىشتىھاسى ئېچىلماق، بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەك.

**تۈگمىنىگە سۇ قۇيماق** ئۆز ئىشى، ھەرىكىتى، گېپى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇلغايتماق، قوزغىماق: بىراق، ئەتىسى تەشمە ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقە قاسىمنىڭ تەۋرەپ تۇرغان پىكىر تۈگمىنىگە سۇ قۇيغاندەك بولدى.

**تۈگمەن ـ تېسەك** تۈگمەن ۋە تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىش قاتارلىق ئىشلار: تۈگمەن ـ تېسەكلەرنى بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

**تۈگمەنچى** ئى. تۈگمەنگە قارىغۇچى، تۈگمەن قۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**تۈگمەنچىلىك** ئى. تۈگمەن باشقۇرۇش ئىشى.

**تۈگمىگۈل** ئى [تۈگمە + گۈل ] <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى ياكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق ياكى بۆرەك شەكلىدە كېلىدۇ، گىرۋىكىدە دولقۇنسىمان چىشلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سۆسۈن قىزىل بولۇپ، يازدا ئېچىلىدۇ، ئادەتتە، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تۈگمىلەتمەك** «تۈگمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادىسى ئۆزى قاراپ ئولتۇرۇپ، بالىسىنىڭ چاپانلىرىنى تۈگمىلىتىپ، بېلىگە كەمىرىنى باغلاتتى.

**تۈگمىلەشمەك** «تۈگمىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگمىلەنمەك** «تۈگمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇ قولتۇقىدىن تۈگمىلىنىدىغان كۆك شايى تونىنىڭ ياقىسىنى ئېچىپ ئولتۇراتتى.

**تۈگمىلىك** سۈپ. تۈگمىسى بار، تۈگمە قادالغان: ئىككى تۈگمىلىك كاستۇم.

**تۈگمىلىمەك** پ. تۈگمە قادىماق، تۈگمىنى ئەتمەك: يىگىت ئېتەكلىرى ئوشۇقىغا چۈشۈپ تۇرغان كۆك شايى يەكتىكىنى تۈگمىلىدى.

**تۈگۈپئاش** ئى [ تۈگۈپ + ئاش ] <يېم> مانتا، جۇۋاۋا، چۆچۈرە، قازان سامسىسىغا ئوخشاش تۈگۈپ ئېتىلىدىغان تاماقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**تۈگۈچ** ئى ① يىپ، رەخت قاتارلىقلارنىڭ تۈگۈلگەن، چىگىلگەن جايى: ئايدىن ئەپەندى قىزىمغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ گالستۇكىنىڭ تۈگۈچىنى ئالقىنىغا ئالدى. ② رەخت بىلەن ئوراپ، چىگىپ تۈگۈلگەن نەرسە: دوختۇر تۆش يانچۇقىدىن قىپقىزىل تاۋارغا ئورالغان كىچىككىنە تۈگۈچنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ھېيىزەمگە ئۇزاتتى. ③ ۋەقە ـ ھادىسە ۋە ئوي ـ پىكىرنىڭ ھەممىگە چېتىلىدىغان، بىرلىككە كېلىنگەن مۇھىم نۇقتىسى: خۇشاللىقىمىز بىلەن خاپىلىقىمىز بىر تۈگۈچكە كەلمىگەندىكىن، مېنىڭ راست گېپىمنىڭ ئاداۋەت بولۇپ تۈيۈلۈشى تۇرغانلا گەپ! ④ كۆڭۈلدە ساقلانغان گۇمانلىق، سىرلىق ئەھۋال: ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان

كونا-يېڭى دوستلىرىنىڭ چىرايلىق گەپ، ماختاشلىرىمۇ بۇ دېھقاننىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۇچنى تېخىچىلا يېشەلمىگەنىدۇ – ھە؟ // سالچى يول بويى پاراڭ قىلماي كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ بۇ پاراڭلىرىدىن، باياتىن بېرىقى تۇگۇچ خىياللىرىنىڭ يىپ ئۇچى چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

**تۈگۈر** I سۈپ. تۈگۈلۈپ، كۆپۈكلىشىپ، غۇژمەكلەشكەن.

**تۈگۈر** II ئى. دىيال. بىخ.

**تۈگۈرەك** ① سۈپ. ئايلانما، دائىرە شەكلىدىكى، يۇمىلاق: ئۇلار كىشىلەر بوشتىپ بەرگەن يول بىلەن ئۆيناپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈرەك دائىرە ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ② ئى. ئۇيۇشما، توپ: يولداش ماموت شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي تۈگۈرەكنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى.

**تۈگۈر- تۈگۈر** غۇژمەك – غۇژمەك، گادا – گادا: كەچكى شەپەقنىڭ نۇرى تۈگۈر – تۈگۈر بۇلۇتلار ئارقىلىق ساي ئىچىدە ئەكس ئېتەتتى.

**تۈگۈرچەك** ئى. بىر يەرگە يىغىلىپ، قېتىپ قالغان قېتىشما: نەملەشكەن تاغارنىڭ تېگىدىكى ئۇنلار تۈگۈرچەك بولۇپ قالغانىدى.

**تۈگۈرلەشتۈرمەك** «تۈگۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچ كۈزدە بېرىلگەن ئوغۇت ياخشى چىرىپ، تۇپراقتا ئارىلىشىپ، تۇپراقنى تۈگۈرلەشتۈرۈش بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

**تۈگۈرلەشمەك** پ. تۈگۈر – تۈگۈر ھالەتكە كەلمەك: بۆدۈنە مانتىنى كىچىك تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلاپ، ئۇششاق تۇغرالغان كاۋا بىلەن تۈگۈرلىشىپ قالغان جىگەر دەككەرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ.

**تۈگۈك** سۈپ. تۈگۈلگەن، تۈگۈپ قويۇلغان، تۈگۈكلۈك: تۈگۈك مۇشت. تۈگۈك يىپ. تۈگۈك چاچ.

**تۈگۈكلۈك** سۈپ. تۈگۈلگەن، تۈگۈپ قويۇلغان: غوپۇر بېلىدىكى تۈگۈكلۈك ناننى بەلبېغى بىلەنلا يېشىپ، ئايالىنىڭ يېنىغا قويدى.

**تۈگۈل** يۈك. «...لا ئەمەس، بەلكى...»، «... ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا...» دېگەن مەنىدە ئالدىدىكى ئۇقۇمنى ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۆگۈنىمۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ھېكىمئاخۇننىڭ ئۆزى تۈگۈل، قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

**تۈگۈلمەك** ① «تۈگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسئەتنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. ② «تۈگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنى كاتەككە تاشلىغاندىن كېيىن پۇرژىنىدەك سوزۇلۇپ تۈگۈلدى.

**تۈگۈلۈشمەك** «تۈگۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باياتىن بېرى ساردىن قاچقان چۈجىدەك، تۈگۈلۈشۈپ ئولتۇرغان باللار بىر – بىرىگە قاراشتى.

**تۈگۈم** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ بىر قېتىم تۈگۈشكە بولىدىغان ياكى بىر قېتىم تۈگۈلگەن قىسمى: بالىنىڭ مۇشتىنىڭ تۈگۈمى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ تۈگۈشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئېسىل زەر ھالقىسى چاقنار، كىچىك بوغجۇما بېشىدا. چىرايلىق بىر تۈگۈم غۇنچە، قىسىپتۇ چېكە – بېشىغا.

**تۈگۈن** ئى ① ئارغامچا، يىپ، لېنتا، تاسما قاتارلىقلارنىڭ باغلاپ ئۇلانغان ياكى سىرتماق قىلىپ چىگىلگەن يېرى: بىزنىڭ زاۋۇتتىكى ئايال ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى تۈگۈن تۈگۈشنى مەشىق قىلىۋاتىدۇ. ② باغلاپ، ئوراپ، بوغچىلاپ چىگىلگەن نەرسە؛ باغ، بوغچا: ئۇ قىزىل يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان بۇ تۈگۈننى يېشىپ، ئىچىدىكى چوڭ ئاق شايى ياغلىقنى ئېچىپ قارىدى. ③ يىغىش ۋە تۈرۈشتىن ھاسىل بولغان، تومپىيىپ چىققان جاي: باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاڭنىڭ قويۇق قاشلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر تۈگۈن پەيدا بولۇپ، سەل تۈرۈلدى. ④ ئاساسىي يول ۋە لىنىيەلەرنىڭ تۇتاشقان ئېغىزى: قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، بۇ يەردىن ئاپتوموبىللار كۆپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ⑤ ۋەقە، ھادىسە، ئىش – پائالىيەت قاتارلىقلارنىڭ گىرەلەشكەن، يىغىلغان مۇھىم نۇقتىسى: مەسىلىنىڭ تۈگۈنى. كۈرەشنىڭ تۈگۈنى. ⑥ <ئەد> بەدئىي ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى: تۈگۈن يېشىلسە، ئەسەردىكى ئاساسىي تېما پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ. ⑦ كۆچمە. كۆڭۈلدە ساقلانغان، يېشىلمىگەن، گۇمانلىق، سىرلىق ئەھۋال، نەرسە: قانداقتۇر بىر تۈگۈن كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ⑧ بىرلىككە كەلگەن پىكىر: ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر تۈگۈنگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئامان بوپتۇ.

**تۈگۈنەك** ① سۈپ. تۈگۈلۈپ، قېتىشما ھالەتكە كەلگەن: تۈگۈنەك غول. تۈگۈنەك يىلتىز. ② ئى. ئۆسۈملۈك يىلتىزىدىكى قېتىشما.

**تۈگۈنچە** ئى ① كىچىك تۈگۈن، بوغچا: ئۇ قويىنىدىن ياغلىققا چىگىلگەن بىر تۈگۈنچە پۇلنى ئالدى. ② يىپنىڭ ئۇلانغان جايى، تۈگۈن: يىپنىڭ تۈگۈنچىسى. ③ كۆچمە. كۆڭۈلدە يېشىلمىگەن گۇمان: ھەقىقەتەن بۇ پاراكەندىچىلىك ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈنچە پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ④ <بىيول> جانلىقلار تېنىنىڭ يۈزىدە ياكى ئىچكى توقۇلمىلىرىدا بولىدىغان دۈگىلەك شەكىللىك كىچىك قاپارتمىلار. ئولتۇرغۇچ سۆڭەك، دۈۋسۈن سۆڭىكى، دۆڭ مېڭە، ئېڭەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا تۈگۈنچىلەر بولىدۇ.

**تۈگۈنچەك** ئى ① تېڭىپ، ئوراپ چىگىلگەن كىچىككىنە بوغچا، تۈگۈن: يىگىت ھاياجان ئىلكىدە تىترىگەن قوللىرى بىلەن قىز سۇنغان تۈگۈنچەكنى ئاۋايلاپ ئالدى. ② كۆچمە. ئايرىش، ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىرقانچە تەرەپكە چېتىشلىق مەسىلە: ئۇزۇندىن بۇيان كاللامدا تۈگۈنچەك بولۇپ كەلگەن قورقۇنچلۇق سىر ئاشكارا بولدى. ③ يۇمىلاق ياكى ھالقىسىمان تۈگۈلگەن ھالەت ياكى شۇنداق نەرسە: رەندىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقىۋاتقان قىرىندىلار چىرايلىق تۈگۈنچەك ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپكە چۈشەتتى. ④ يىپ قاتارلىقلارنىڭ چىگىلىش ياكى پىششىقىپ قېلىشىدىن تۈگۈلگەن جايى: — بۇ گىلەم قولدا توقۇلمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ بىرەر يېرىدىمۇ تۈگۈنچەك يوق ئىكەن.

**تۈگۈنچەكلەشمەك** «تۈگۈنچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگۈنچەكلەنمەك** «تۈگۈنچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خۇرجۇننىڭ ئىچىدە قىممەت باھالىق كىگىز بىساتلار، تۈگۈنچەكلەنگەن شېرىن ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر بار.

**تۈگۈنچەكلىمەك** پ. تۈگۈنچەك شەكلىگە كەلتۈرمەك: ئۇ ئون كوي پۇلنى كىچىككىنە ياغلىقنىڭ ئۇچىغا تۈگۈنچەكلەپ، يانچۇقىغا تىقتى.

**تۈگۈنلۈك** سۈپ. مۇھىم دەپ قارالغان، مەركىزىي، ئاسا-

سىي: بۇ سۇ ئىنشائاتىنىڭ تۆگۈنلۈك قۇرۇلۇشى.

**تۆگۈنمەك** پ ① رايى يانماق، قايتماق: ۋاپايىڭ بارمۇ دەپ چەندان يۈگۈردۈم، ۋاپايىڭ يوق ئىكەن، ئەمدى تۆگۈندۈم. ② بىرەر نەرسىنى بىركىمگە ئاتاپ ئەپقويماق، ساقلىماق: ئىسسىق تاماقنى داستىخان ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ئوغلىغا تۆگۈنگەن ئانا ئەزىمەتنى ئىزدەپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

**تۆگۈنۈشمەك** «تۆگۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆگىتىشمەك** «تۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى؛ بۇ ناتىۋان جەڭچىلەر بىر ـ بىرىنى دۇمبالاپ تۆگىتىشىدۇ.

**تۆگىتىلمەك** «تۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئامبارنىڭ سۈيى هازىردىنلا ئىشلىتىپ تۆگىتىلسە، نەچچە مىڭ مو كۆزگى بۇغداينى نېمە بىلەن تىرىماقچى؟

**تۆگىمەس** سۈپ. هېچ تۆگىمەيدىغان، ئاخىرلاشمايدىغان، چەكسىز: يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۆگىمەس. * ئۇ جىم بولۇپ قالدى. تۇرقىدىن تۆگىمەس بىر ئوي دېڭىزىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.

**تۆگىمەس ـ پۈتمەس** ئاخىرى ۋە چېكى يوق، تۆگىتىپ بولغىلى بولمايدىغان، چەكسىز: بۇ هۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى مەندىكى تۆگىمەس ـ پۈتمەس بايلىق.

**تۆگىمەك** پ ① ئاخىرىغا يەتمەك، تامام بولماق: تۈننىڭ يېرىمى تۆگەپ، باش توخۇ چىللاۋاتقىنىنى ھېچكىم سەزمەيتتى. ② ئۆلۈپ كەتمەك، ئۆلمەك: دادام ئىككى يىل ئاغرىپ يېتىپ، ئاخىر تۆگەپ كەتتى. ③ يوقالماق: ئۇنىڭ ئەمدى ھېلىقى ئىچ پۇشۇقى، نامەلۇم بىراۋنى سېغىنىشلىرى ۋاقتىنچە تۆگىدى.

**تۆڭكەلمەك** پ. دىيال. ياتماق، ئۇخلىماق، جىمىقماق .

**تۆڭلۈك** ئى. كۆن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك.

**تۆڭلۈكئاچقۇچ** ئى [تۆڭلۈك + ئاچقۇچ] تۆڭلۈكنى ئېچىپ ـ ياپىدىغان ئۇزۇن ياغاچ.

**تۆڭلۈكياپقۇچ** ئى [تۆڭلۈك + ياپقۇچ] تۆڭلۈكنى يېپىپ ـ ئاچىدىغان ئۇزۇن ياغاچ.

**تۆڭلۈكلۈك** سۈپ. تۆڭلۈكى بار، تۆڭلۈكى ئېچىلغان: تۆڭلۈكلۈك ئۆي.

**تۆڭۈلمەك** پ. دىيال ① ئۈمىد ئۈزمەك. ② ۋاز كەچمەك، ئايرىلماق.

**تۆلەتمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆلەشمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆلەك** ئى. قۇشلارنىڭ تۈك، پەي تاشلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشى.

**تۆلكە** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى بىر ئاز بۆرىگە ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلىقى ئۈچ بۇرجەك، قۇيرۇقى يۇمشاق ۋە ئۇزۇن، تۈكلىرى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ، قۇۋ كېلىدۇ؛ كۆپرەك كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، چاشقان ۋە ئۆي قۇشلىرىنى يەيدۇ. ② كۆچمە. ھىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى كىشى: ئۇ ئادەم گېپى يۇمشاق بىر قېرى تۆلكە.

**تۆلكىلىك** ئى. ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق: تۆلكىلىك قىلماق.

**تۆلكىمايىقى** ئى [تۆلكە + ماياق + ى] <بوت> بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇنىڭغا كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر ئاستىدا يىلتىزسىمان غولى ياكى تۆگۈنەك

يىلتىزى بولىدۇ.

**تۆللۈگۈن** رەۋ. پۈتۈنلەي، ئەبەدىي.

**تۆلۈمەك** پ. دىيال. ھۆ قىلماق، قۇسماق، ياندۇرماق.

**تۆلىمەك** پ. ئەتىياز ياكى كۈزدە تۈك ياكى پەيلىرىنى تاشلاپ، يېڭى تۈك ۋە پەي چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە).

**تۆمەن** ① سان. ئونمىڭ: مەخمۇتجان خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشقا ئون تۆمەن پۇل تەييارلىغانىدى. ② سۈپ. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك ـ باغرىم تۆمەن پارە.

**تۆمەنبېشى** ئى [تۆمەن + باش + ى] يېزت. ئونمىڭ چېرىكنىڭ سەركەردىسى، قوماندانى.

**تۆمەنلەپ** رەۋ. نەچچە ـ نەچچە تۆمەنگە يەتكەن، ھەربىر بۆلىكى بىر تۆمەن بولغان؛ كۆپ، نۇرغۇن: بۇ كەڭ ئوتلاقتا تۆمەنلەپ چارۋا بېقىلىدۇ.

**تۆمەنمىڭ** [تۆمەن + مىڭ] ① سان. ئون مىليون. ② سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، چەكسىز: تۆمەنمىڭ رەھمەت.

**تۆمبۈلۈك** ئى. مومىغا كىيدۈرۈلۈپ ، خامانغا قوشۇلغان ئۇلاغنىڭ بوينىدىكى ئارغامچىنى چېتىپ قويىدىغان چەمبەر شەكىللىك بويۇم.

**تۆمۈلمەك** پ. دىيال. دۈۋىلمەك.

**تۈن** ئى ① ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە بولغان ۋاقىت، كېچە: ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە كېرەك (ماقال). ② كۆچمە. زۇلمەت، جاھالەت؛ قاراڭغۇ: كۆكتە بۇلۇت، قارا تۇمان غايىب ئىدى كۈن، ئوراپ ئالغان قاراڭغۇلۇق، ۋەتەن ئىدى تۈن.

**تۈنەتمەك** «تۈنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈنەشمەك** «تۈنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغقا ساياھەتكە چىققانلار بىر كېچە شۇ يەردە تۈنەشتى.

**تۈنەك** ئى ① بىرەر جايغا يىغىلىپ، مەلۇم پائالىيەت بىلەن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش: تۈنەك ئويناشقا ماڭغان قىزلار دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىشماقتا ئىدى. ② كېچىسى ئۇخلىماي دۇئا ـ تەلەپ قىلىش: مانا بۈگۈن ھازا كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈنەك كېچىسى. ③ ئۇيغۇرلارنىڭ ھىجرىيە 8 ـ ئاينىڭ يەنى بارات ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش ئادىتى: تۈنەك كېچىسى. ④ يېزت. قاماقخانا، زىندان: ئۇ تۈنەكتىن چىققىنىغا بىر يىل ئۆتمەيلا، كونا دوستلار «يوقلاپ» تۇرۇشقا باشلىدى.

**تۈنەكخانا** ئى. كېچىنى دۇئا ـ تەلەپ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئايرىم چوڭ ھۇجرا.

**تۈنپۇراق** ئى [تۈن + پۇراق ] <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىلىپ ئۆسىدىغان، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىشتىن سىرت، گۈلىنى چايغا ئارىلاشتۇرۇپ دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ؛ يىلتىز ۋە غولى دورا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ جىگەرنى تىنچلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولى بار.

**تۈنلەپ** رەۋ. تۈن بويى: ئاپام ئاكامنىڭ دەردىدە تۈنلەپ يىغلاپ چىقتى.

**تۈنۈكەن** ئى. تۈنۈك (تۆڭلۈك) ئەن. قويلارغا سېلىنىدىغان ئەن (تامغا)نىڭ بىر خىلى، يەنى قۇلاقنى يۇمىلاق شەكىلدە

تېشىپ سېلىنىدىغان ئەن.

**تۈنۈن** رەۋ. دىيال. تۈنۈگۈن.

**تۈنۈگۈن** [تۈنە + كۈن] ① رەۋ. كېچىنىڭ ئالدىدىكى كۈن، ئالدىنقى كۈن: تۈنۈگۈن كەچتە ئاسىمنىڭ ئوغلى ئەسقەر بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا كەلگەنىدى. ② رەۋ. كۆچمە. يېقىنقى كۈنلەردە، يېقىندا: مۇنداق ۋەقەلەر تۈنۈگۈن بورتالا، ئالتاي، چۆچەكلەردە بولۇپ ئۆتكەن بولسا، بۈگۈن ئەينى پېتى غۇلجا، سۈيدۈڭ، چىلپەڭزىلەردە يۈز بەرمەكتە. ③ ئى. كۆچمە. ئۆتمۈش: خەلقنىڭ تۈنۈگۈنى بىلەن بۈگۈ-نىنى بىلىش كېرەك.

**تۈنۈگۈنكى** سۈپ ① تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن، يۈز بەرگەن: ياچىپكىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئۈچ قارارى زىۋىرشانىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ② يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى، يېقىن-دىكى، يېڭى: ئايتىللا بولسا يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەن تۈنۈگۈنكى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ③ ئۆتمۈشتىكى: تۈنۈگۈنكى گاداي نەسلى، قۇل دېدەك، بولدۇم بۈگۈن نۇرلۇق كۆكتە قارلىغاچ.

**تۈنكە** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي، قاڭالتىر.

**تۈنكىچى** ئى. تۈنكىدىن تۈرلۈك ئەسۋاب، سايمان، قاچىلارنى ياسىغۇچى كىشى.

**تۈنكىچىلىك** ئى. تۈنكىدىن تۈرلۈك ئەسۋاب، قاچىلارنى ياساش ئىشى، كەسپى: سايىم ئاكام ئاشۇ دوقمۇشتا تۈنكىچىلىك قىلاتتى.

**تۈنكىساز** ئى. تۈنكىدىن تۈرلۈك ئەسۋاب ۋە باشقىلارنى ياسىغۇچى كىشى، تۈنكىچى: يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاقچىلار، تۈنكىسازلار، ساپالچىلارنىڭ پاكار، كۆرۈمسىز دۇكانلىرى، ئىسلاشقان چايخانىلار، بۇس بىلەن تولغان ئاشخانىلار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**تۈنكىسازلىق** ئى. تۈنكىدىن تۈرلۈك ئەسۋاب ۋە باشقىلارنى ياساش ئىشى، تۈنكىدىن بىر نەرسە ياساش قول - ھۈنەرۋەن-چىلىكى: تۈنكىسازلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**تۈنىمەك** پ ① بىرەر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزمەك، قونۇپ قالماق: ئېھتىمال، ئۇلار ھەدىسىنىڭ يېنىدا تۈنەپ چىقىشقان بولسا كېرەك. ② مەلۇم پائالىيەت بىلەن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈز-مەك: كېچىچە دۇتار چالدۇرىمىز ۋە مۇشۇ ئۆيدە تۈنەيمىز.

**تۈۋ** ئى ① دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان يېرى: زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي، تۈۋىگە ئىشلە (ماقال). * دېھقانلار قوناق تۈۋىگە ئاق ئوغۇت قويۇپ، توپا يۆلەۋاتاتتى. ② مەلۇم نەرسە ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئاستى، يېنى، ئەتراپى: قۇلاق تۈۋى. ئىشىك تۈۋى. ③ قاچىنىڭ ئاستى، تېگى، ئۇل قىسمى: قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك، بىرىنىڭ تۈۋى يوق.

**تۈۋەك** مىق. دىيال. كاللەك، كاللەك - كاللەك.

**تۈۋرۈك** ئى ① بىنالارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، تىك ئورنىتىلغان ياغاچ ياكى بېتوندىن تەييارلىنىدىغان قۇرۇلۇش دېتالى. ② كۆچمە. تايانچ، ئاساس: خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى پرو-لېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى.

**تۈۋرۈك يىقىلماق** دىيال. تايانچسىز قالماق، پاناھسىز قالماق.

**تۈۋرۈكسىمان** سۈپ. تۈۋرۈككە ئوخشايدىغان، تۈۋرۈك شەكلىدىكى: تۈۋرۈكسىمان مۇنار.

**تۈۋرۈكلۈك** سۈپ ① تۈۋرۈكى بار، تۈۋرۈك ئورنىتىلغان: پاتەمخاننىڭ قوش تۈۋرۈكلۈك چوڭ ئايۋىنى ئادەمگە لىق تولدى. ② تۈۋرۈك بولۇشقا لايىق، باب: مەن ئىككى تۈۋرۈكلۈك ياغاچ كەستىم. ③ كۆچمە. تايانچلىق، ئاساسلىق، غوللۇق: گارمونىك ئاۋازلار ئەسەردە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

**تۈۋلەتمەك** «تۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن چېلەكنى تۈۋلەتتىم.

**تۈۋلەنمەك** «تۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنكىچىنىڭ ئالدىدا ئاق تۈنكىدە تۈۋلەنگەن بىر كونىراق چېلەك تۇراتتى.

**تۈۋلۈك** ئى ① چېلەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تۈۋىگە ئورنىتىپ قويۇلغان يۇپقا مېتال، قەلەي. ② قازاننىڭ ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن، ياغاچ، ساپال، تۆمۈردىن تەييارلانغان يۇملاق ياكى تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى تەگلىك.

**تۈۋلىمەك** پ. تۈۋى يوق نەرسىلەرگە تۈۋ ئورناتماق: ئۇ مەھەل-لىدىكى كىشىلەرنىڭ داس - چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ بېرىدۇ.

**تۈيپۇ** يۈك. دىيال. تۈيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.

**تې** «ت» ھەرپىنىڭ نامى.

**تېبابەت** ئى [ئە] مىزاجىقا ئاساسەن دورا ماتېرىياللىرى ئارقىلىق داۋالاش ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرى.

**تېبابەتچىلىك** ئى. تېبابەت كەسپى: تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**تېبابەتخانا** ئى [ئە + پ] تېبابەت ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق داۋالاش ئورنى، شىپاخانا.

**تېبابەتشۇناس** ئى [ ئە + پ] <تېب> تېبابەتچىلىك ۋە تېبا-بەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، تېبابەت مۇتەخەس-سىسى ياكى تېبابەت ئىلمى ھەققىدە تەتقىقات، تەتبىقلاشلار ئېلىپ بارغۇچى مۇتەخەسسىس كىشى.

**تېبابەتشۇناسلىق** ئى <تېب> تېبابەتنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، تېبابەت ئىلمى، تېبابەتچىلىك: تېبابەتشۇ-ناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**تېببىي** سۈپ [ئە] كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىگە باغلىق بولغان: يارىدارلارغا باتا-لىيون ھەمشىرىسى قەمەرنىسا تېببىي ياردەم كۆرسەتتى.

**تېببىيات** ئى [ ئە ] تېببىي ئىلىم، تېببىي ئىلىملەر، تېبا-بەتچىلىك: — ھازىر ھەممە ساھەلەردە، جۈملىدىن مائارىپ، سىياسەت، ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيەسى، تېببىيات ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە نۇرغۇن يېڭىلىنىشلار بارلىققا كەلدى، — دېدى ئۇ.

**تېپچەك** ئى. تېپىش ۋە پۇتنى تەپكەندەك سىلكىش، يىغىش ھالىتى: تېپچەك ئاتماق.

**تېپچەكلەتمەك** «تېپچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېپچەكلەشمەك** «تېپچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېپچەكلىمەك** پ ① يەرنى ئارقىمۇئارقا قاتتىق دەسسەپ تەپمەك: ئېغىلدا بولسا، قاڭتۇرۇپ قويۇلغان بوز ئات ئىگىسىنى كۆرگەن ھامان تېپچەكلەپ كىشنەيتتى. ② پۇت - قولىنى ئۇيان -

بۇيان سىلكىپ، بوشىنىشقا ئىنتىلمەك: شەرپە تېپچەكلەپ ۋارقىرىدى. ③ تېز، قاتتىق سوقماق، دۈپۈلدىمەك (يۈرەك ھەققىدە): ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەيتتى.

**تېپىر** تەق. پۇتلىرىنى سىلكىش، ئۇيان - بۇيان چاپچىش ھالىتى.

**تېپىر - تېپىر** «تېپىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تېپىرلاتماق** «تېپىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت گەۋدىسىنى كېلەڭسىز ھالدا تېپىرلىتىپ قەبرە ئۈستىدە ياتاتتى.

**تېپىرلاشماق** «تېپىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېپىرلىماق** پ ① پۇتلىرىنى سىلكىپ، ئۇ يان - بۇ يان چاپچىماق، چېپىشقا تەمشەلمەك (ئات، ئۇلاغلار ھەققىدە). ② ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇرماق، پۇت - قوللىرىنى سىلكىمەك، تېپچەكلىمەك: قىز قاپقانغا چۈشكەن جانىۋاردەك تېپىرلىدى. ③ دۈپۈلدەپ قاتتىق سوقماق (يۈرەك ھەققىدە): جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن باشقىچە تېپىشكە، تىت - تىت بولۇشقا، تېپىرلاشقا باشلىدى. ④ كۆچمە. ئىزدەنمەك، ھەرىكەت قىلماق: ئۇ سېنى باغلىتىمەن، تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن دەپ، تېپىرلاپ يۈرىدۇ.

**تېپىشتۈرماق** «تېپىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قايسى دەللە مېنى سەن راۋاج تاپماسقا تېپىشتۈرغان بولغىيدى.

**تېپىشتۈرۈلماق** «تېپىشتۈرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېپىشتۈرمەك** «تېپىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېپىشماق** I ئى ① <ئەد> خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا تېپىلىشى لازىم بولغان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرى ۋە ئوخشاتمىلىرىدىن ئېپادىلەنگەن سۈپەتلىنىشلىرى بېرىلىپ، ئۇنى چۈشىنىش ئارقىلىق شۇ نەرسىنى تېپىشقا ئۈندەيدىغان سوئال بېرىلىدۇ. ② كۆچمە. چۈشىنىلىشى قىيىن بولغان، سىرلىق نەرسە، مەسىلە: ئادىل ئۈچۈن بولسا، خەتتە يېزىلغان ۋەقەلەر تامامەن سىرلىق بىر تېپىشماق بولۇپ قالدى.

**تېپىشماق** II ① «تاپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر رەپقەتنىڭ جەسىتىنى شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا، ماھىبەدەرنىڭ جەسىتىنى بولسا ئۈچ كۈندىن كېيىن تېپىشتى. ② بىر - بىرىنى تاپماق، ئۈچراشماق، يولۇقماق: ئانا - بالا، ئاكا - سىڭىللار تېپىشتى. ③ بىر - بىرىنى لايىق تاپماق، كېلىشىپ قالماق: تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس (ماقال). * بۈگۈن ئەكبەر كېلىپلا، بىر قىز بىلەن تېپىشىۋاپتۇ.

**تېپىشمەك** ① «تەپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرلىكتە دەرس تەكرارلايتتى، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا مەيدانغا چىقىپ، بىرلىكتە پۇتبول تېپىشەتتى. ② بىر - بىرى بىلەن جېدەللەشمەك، ئۇرۇشماق، زىتلاشماق: ئىككى ئات تېپىشسە، ئارىدا قالغان ئېشەك ئۆلەر (ماقال). * قارىغاندا، بۇ ئىككىيلەن خورازدەك تېپىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

**تېپىك** ئى. پۇت بىلەن بېرىلگەن زەربە، تېپىش: تويۇقسىز تەگكەن ئىككى تېپىكتىن «قىزىل بۇرۇن» نىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

**تېپىكلىمەك** پ. ئايىغى بىلەن ئارقىمۇئارقا تەپمەك، دەسسىمەك: مۇبادا تۆت-بەش ياشلىق بالىلار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋېلىپ، بىقىنلىرىغا ھەرقانچە تېپىكلىسىمۇ، ئۇنىڭدىن بالىلارچە سەمىمىي، سەبىي كۈلكىدىن باشقا ئىنكاس چىقمايتتى.

**تېپىلغۇسىز** سۈپ. تېپىلمايدىغان ياكى تېپىلىشى ناھايىتى تەس بولغان، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان: تېپىلغۇسىز پۇرسەت.* ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ دۇنيادا تېپىلغۇسىز ياخشى ئادەملەر.

**تېپىلاڭ** ئى. قۇرار ئات قىلى ياكى قوي يۇڭىدا يېپسى قىلىپ توقۇلىدىغان ئارغامچا ياكى كاشا.

**تېپىلما** ئى <ئارخېئول> قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكلىرىدىن تېپىلغان تارىخىي بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

**تېپىلماس** ① ئى. تېپىلغان، تېپىپ چىققان نەرسە: ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلار كۈنسايىن چوڭقۇرلاشماقتا.

**تېپىلمايدىغان:** ئۇلۇغ جۇڭخۇا مېھرىلىك ئەل، ئانام بار مېھرىبان سەندەك. جىمى ئالەمنى مىڭ كەزسەم، تېپىلماس جانىۋجان سەندەك. ② تېپىش ناھايىتى قىيىن بولغان، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان، قىممەتلىك، نادىر: ۋاڭلارنىڭ بۇنداق يارلىقلىرى چۈشكەن كۈنلەر دورغا - مىرابلار ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى.

**تېپىلماق** ① «تاپماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئاپا، ئاپا، گاڭبىيىم تېپىلدى، گاڭبىيىم تېپىلدى! — دەپ ۋارقىرىدى رازىيە. ② «تاپماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇ يىلى ئۇ بىر دىنلا كەنتنىڭ شۇجىسى بولۇپ قېلىۋىدى، بۇلۇڭ - بۇلۇڭدىن لايىق تېپىلغىلى تۇردى.

**تېپىلمەك** «تەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك يەنە تېپىلدى، رىسالەت چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىشقا ئىككىلىنىپ قالدى.

**تېپىن** ئى. خاماندىكى ئۆنچىلەرنى ئۇلاغ، تۇلۇق ياكى باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن تېپىپ يۇمشىتىش ياكى باشقا خامان جابدۇقلىرى بىلەن يۇمشىتىش: ئېكىندە يوق، تېپىندە يوق، خاماندا تەييار (ماقال).

**تېپىنماق** I پ. دەل جايىنى تاپماق، نەق جايىنى تاپماق: دۈشمەن چىقتى يېپىنىپ، سادىر ئاتتى تېپىنىپ، دالدا قىلغان قاراتاش، جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.

**تېپىنماق** II پ. دىيال. باي بولماق، پۇل - ماللىق بولماق.

**تېترىل** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى سېرىق رەڭلىك پاراشوك. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_2(NO2)_3 . N(CH3) . NO_2$. شىددەتلىك پارتلىغۇچ بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردا پارتلىغۇچى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تېتتقۇ** ئى <يېم> تەم تەڭشىگۈچى ئاق رەڭلىك پاراشوك. خىمىيەۋى تەركىبى $C_5H_8O_4NNa . H_2O$. تاماق، قورۇمىلارغا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تېتتىماق** ① «تېتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەلگە ھەسەل تېتتىتىپتۇ ئۇ ئەجىر قىلىپ يىغقان شىرىنىدىن. ② كۆچمە. ئەدىپىنى بەرمەك؛ باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماق: ئۇنىڭغا تازا بىر تېتتىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

**تېتىر** ① سۈپ. ھېچ نەرسە ئۇنىمىگەن، ئۇنۇمسىز، قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز: تېتىر يەرگە بۇغداي تېرىپ، كۈزدە ئارا - گۈرجەكنى قۇرۇق قۇچاقلاپ قالغاندەك ئىش بولماس. ② ئى. ھېچ نەرسە ئۇنمىـ

گەن، قۇۋۋەتسىز يەر: سۇغا قانماي دەشتتە قالغان بوز تېتىر، مايسا ئۈنمەي زەردە بولغان شور تېتىر. جاڭ ئۇرۇپ ئۇيقۇڭنى ئاچتى خەلقىمىز، سۇغا قاندىڭ ئەمدى بولدۇڭ گۈل تېتىر. ③ ئى. قاغىلىق ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە پىچان ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

**تېتىرلىق** ئى. ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن، ئۈنۈمسىز، كۈچسىز، ئاجىز يەرلەر.

**تېتىشلىق** سۈپ. تېتىيدىغان، تېتىملىق: تېتىشلىق تۇزى بولسا، ئوت ياقۇر ئۆزى بولسا، شېكەردەك سۆزى بولسا، باشتا بارىنى ئېيتقان، ئانامنىڭ ئۆزى بولسا.

**تېتىشماق** «تېتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قېنى ئۆيگە كىرىشسىلە، بۇ يىلقى ئۈزۈممىزنىڭ تەمىنى تېتىشىپ باقسىلا.

**تېتىق** ئى ① تېتىغان تەم، تېتىش: تېتىقى بار. تېتىقى يوق. ② تېتىملىق، تەملىك قىلىدىغان نەرسە؛ تېتىتقۇ: تېتىق سالماق.

**تېتىقسىز** سۈپ ① تەمى يوق، تەمسىز، لاۋزا: تېتىقسىز تاماق. تېتىقسىز قوغۇن. ② كۆچمە. كىشىگە ياقمايدىغان، كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان؛ قاملاشمىغان: تېتىقسىز قىلىق. تېتىقسىز مىجەز. * كامىلجاننىڭ تېتىقسىز كۈلكىسى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقتا. ③ كۆچمە. ھوزۇرسىز ـ ھالاۋەتسىز، مەنىسىز؛ ئەھمىيەتسىز، بىھۇدە: ئۇزاق مۇددەتلىك تېتىقسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى يوقاتقان. ④ كۆچمە. ئەدەپ ـ ئەخلاقسىز سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولىدىغان، ھاياسىز: دېسەم ـ دېمىسەم بۇ قىزنى ھېلىقى نۇرمۇھەممەت خاپا قىلغان گەپ، تولىمۇ تېتىقسىز يىگىتكەن.

**تېتىقسىزلىق** ئى. لاۋزىلىق، تەمسىزلىك: تاجىنىسا غالىبىنىڭ بۇ قانۇنسىز قىلىقىدىن، خەتتىكى سۆزلەرنىڭ تولىمۇ تېتىقسىزلىقىدىن بىزار بولۇپ، غەزىپى ئۆرلىدى.

**تېتىك** سۈپ. شوخ، جانلىق، چاققان، روھلۇق، جۇشقۇن: ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال، تېتىك كۆرۈنەتتى.

**تېتىكلەشتۈرمەك** «تېتىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جېنى ئارانلا قالغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققۇۋاتقان بۇ سۆزلەر بالىنى تېتىكلەشتۈردى.* تاغارما ئارشاڭ سۈيى ئەلا سۈپەتلىك تەبىئىي ئىچىملىك بولۇپ، ئۇ جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ساقايتىپ، كىشىلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردە تېتىكلەشتۈرىدۇ.

**تېتىكلەشتۈرۈشمەك** «تېتىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېتىكلەشتۈرۈلمەك** «تېتىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېتىكلەشمەك** پ ← **تېتىكلىمەك**: بوۋاي قاچقۇنىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى.

**تېتىكلەنمەك** «تېتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كاككۇكۇم، ناخشاڭدىن دولقۇنلاندى دىل، بولدۇمەن يەنىمۇ تېتىكلەنگەندەك! بىلەندى ئىرادەم تىغى ناخشاڭدىن، زۇلپىقار بىلەيدە ئىتتىكلەنگەندەك.

**تېتىكلىك** ئى. تېتىك ھالەت، خاراكتېر: ئۇ ئۆزىنىڭ سەپداشلىرى ئىچىدە تېتىكلىكى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى.

**تېتىكلىمەك** پ. بارغانسېرى تېتىك ھالغا كەلمەك، تېتىك-

لەشمەك: ھاشىم ئاكام بىر ھەپتىدىن بېرى خېلى تېتىكلەپ قاپتۇ.

**تېتىلمەك** پ. دىيال ① تېتىكلەشمەك، جانلانماق. ② سەمىرمەك، ھاللانماق، ھاللىنىپ قالماق.

**تېتىم** ئى. نەرسىلەرنىڭ تەمگە كىرىشى، تېتىق: بۇ تۇزنىڭ ھېچ تېتىمى يوق ئىكەن.

**تېتىماق** پ ① بىرئاز يەپ، ئىچىپ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقماق: گاھ خوتۇنى ھۆسنەرىخان چىقىپ، قازانغا پىياز، تۇز سالاتتى، تۇزنى تېتىپ باقاتتى ـ دە، دەرھال ياناتتى. ② مەلۇم تەم بىلىنمەك، ھېس قىلىنماق: ھەسەلنى كۆپ يېسە، ئەمەن تېتىيدۇ (ماقال). * بوگۇنكى كۈندە ئۇنىڭغا ئۇماچ بىلەن زاغرىنىڭ تەمى قانداقراق تېتىيدىكىن؟ ③ تەملىك، مەززىلىك ھېس قىلىنماق، يارىماق: ئۇ كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ سۆزلەرنى ئەسلىگىنىدە، مەززىلىك پۇراق چىقىپ تۇرغان پولۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ تېتىپ كەتتى. ④كۆچمە. باشتىن كەچۈرۈپ ھوزۇرىنى، راھىتىنى ياكى جاپا ـ مۇشەققىتىنى كۆرمەك، سىنىماق: ئاچچىق ـ تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ، يىراق ـ يېقىننى يۈرگەن بىلىدۇ (ماقال). ⑤ كۆچمە. كۆپايە قىلماق، تەڭ كەلمەك، يەتمەك: بىزنىڭ پالۋانلىرىمىز مۆرىتى كەلسە، يۈز چېرىككە تېتىيدۇ.

**تېتىمسىز** سۈپ. تەمى يوق، تەمى تىلغا تېتىمايدىغان، تېتىقسىز.

**تېتىمەي** سۈپ، دىيال ① ئۆلەرمەن، جانغا تۆرەيدىغان. ② تېتىقسىز، قىلىقى سەت.

**تېتىملىق** سۈپ ① تەمى بار، تەمى ئېغىزغا تېتىيدىغان، تەملىك، تاتلىق: جانابلىرىغا بىرەر تېتىملىق ئوزۇق تېپىپ كېلەي. ② كۆچمە. راھەت ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان: سادىق كېتىۋېتىپ ئېگىز تاغ باغرىدىن ئاجايىپ تېتىملىق شېرىن ھېسسىيات بىلەن شەرق تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.

**تېجەپ ـ تۆشەپ** ئاياپ، رەتلىك، تەرتىپلىك ئىشلىتىپ: ئاران تېجەپ ـ تۆشىگەن 30 كوي پۇلۇم بار ئىدى، يوق تۇرىدۇ.

**تېجەشچان** سۈپ، تېجەشنى سۆيىدىغان، تېجەشنى ياخشى كۆرىدىغان، تېجەشنى ئادەت قىلغان، تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، تېجەيدىغان، تېجەشلىك: بىز تېجەشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ئېنېرگىيە قاتارلىقلارنى تېجەشنى تۈپ دۆلەت سىياستى قىلىشىمىز لازىم. * ئايلانما يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇ، ئۇرۇق، يەر، ئوغۇت تېجەش ئاساس قىلىنغان تېجەشچان يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

**تېجەشچانلىق** ئى. تېجەشنى ياخشى كۆرىدىغان خاراكتېر، تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەت، تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىش ئادىتى، تېجەش ئىشى: تېجەشچانلىق بىلەن ئىش كۆرمەك.

**تېجەتمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېجەشلىك** سۈپ. تېجەپ ئىشلىتىدىغان، بۇزۇپ ـ چاچمايدىغان، ئىقتىسادچىل: ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى بىر قېتىملىق ئاددىي، تېجەشلىك يىغىن بولدى.

**تېجەشمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ خانلىرىم، گۆش ـ ياغنى سەل تېجەشىپ ئىشلىتىشسىلە، ـــ دېدى قېيىنئانىسى كېلىنلىرىگە تەنە بىلەن.

**تېجەلمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەنە شۇ ئابلىزنىڭ ئىقتىسادچانلىقى تۈپەيلىدىن، پونكىتتا خېلى جىق ماي

تېجەلدى.

**تېجەمەك** پ. پۇل، ماددىي بايلىق ۋە ۋاقىت،كۈچ قاتار-لىقلارنى رەتلىك، ئۆز جايىدا ئاياپ ئىشلەتمەك، ئىقتىساد قىلماق: دۆلەت ئۈچۈن بىر پۇڭنىمۇ تېجەپ قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.

**تېجىمەل** ① ئى نەپ، مەنپەئەت ئۈچۈن يۇرت ئارىلاپ، ھەممە يەرنى كېزىپ، قاتراپ يۈرىدىغان قورساق باقتى ئادەم: تېجىمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار (ماقال). * گەپنى تېجىمەلدىن سورا، يولنى كارۋاندىن (ماقال). ② سۈپ. ئاتا - ئانىسى يوق، ئىگە - چاقى-سىز، يېتىم: تېجىمەل بالا. ③ سۈپ. ئانىسىدىن ئايرىلغان، ئانىسى ئۆلۈپ قالغان، يېتىم (قوزا ياكى ئوغلاق ھەققىدە): تېجىمەل قوزا.

**تېجىمەللىك** ئى. تېجىمەل كىشىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت: بۇنىڭ تېجىمەللىكى تېخى قالماپتۇ.

**تېخنولوگ** ئى [ ر<گىرېك] تېخنولوگىيە ئالىمى، تېخنو-لوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**تېخنولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] ① ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەر ھەققىدىكى بىلىملەر يىغىندىسى. ② ھۈنەر، تېخنىكا.

**تېخنېتسىي** ئى [ر<گىرېك ] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Tc (Technetium). دېيتېرىينىڭ ئاتوم يادروسى بىلەن مولىبدېننى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئادەتتە پولات - تۆمۈرنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ماتېرىيال سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تېخنىك** ئى [ر] ① تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئىنژېنېرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، بەلگىلىك بىر تېخنىكا ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە خادىم: ئۇ ناھىيەلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تېخنىكى بولۇپ، دېھقانلار ئۇنى «قادىر تېخنىك» دەپ ئاتىۋالدى.

**تېخنىكا** ئى [ر<گىرېك] ① ئىنسانلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت، ئىلىم - پەن پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ۋە بىلىملەر. ② مەخسۇس ھۈنەر - سەنئەت ياكى ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىش يوللىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇلارنى ئىگىلەش ماھارىتى.

**تېخنىكوم** ئى [ر] ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك كادىرلارنى تەربىيەلەيدىغان مەخسۇس ئوقۇتۇش ئورنى. بۇ ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**تېخنىكىلاشماق** پ. تېخنىكا ئارقىلىق ئىش ئېلىپ بېرىل-ماق، تېخنىكا ئارقىلىق بولماق، تېخنىكا ئومۇملاشماق، تېخنىكا كەڭ تارقالماق: چۈنكى بىز ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي ماشى-نىلاشقان، تېخنىكىلاشقان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز.

**تېخنىكىلىق** سۈپ. تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك، تېخنىكىغا ئائىت، تېخنىكىدىن پايدىلىنىدىغان: ئەسئەت باشقىچە يول تۇتۇپ، پار قازىنىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەن بولدى.

**تېخنىكىۋى** سۈپ [ر + ئە] تېخنىكا ئىشلىرىغا مەنسۇپ بولغان، تېخنىكىلىق: ئەگەر ئۇنىڭ نەتىجىسى سىز ئېيتقاندەك چىقسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر تېخنىكىۋى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان بولىدۇ.

**تېخى** ① رەۋ. ھازىرغا قەدەر، ھازىرمۇ: مەن كىگىز ئۆتۈك بىلەن ناننى ئېلىپ، ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا چاپتىم. بارسام ئۇنىڭ كۆز يېشى تېخى قۇرۇماپتۇ. ② يۈك. «ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە كېلىپ، يەنە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تېخى پارتىيەگە كىرمەكچى. ③ رەۋ. ئەمدى، ئەمدىلا، يېڭىلا: ئۇلار تېخى بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىدى، ئالدى تەرەپتىن ئەزىمەت بىلەن بالا كۆتۈرگەن چىنارخان چىقىپ كەلدى. ④ رەۋ. يەنە، يەنىمۇ، ئىنتا-يىن: بىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمىز تېخى كۆپ، سىلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىڭلارغە موھتاجمىز. ⑤ يۈك. يۈكلىمە رولىدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنى باشقا بىر ئىشقا نىسبەتەن شۇنداق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — نېمانچە ئورۇقلاپ قالدىڭ؟ — ھازىر سەمرىپ قالدىم تېخى، بۇرۇن كۆرسەڭ قورقۇپ كېتەتتىڭ. 2) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ قارىشىچە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بىھۇدە بولغانلىقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، سۇبيېكتىپ ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەسلىكى قاتار-لىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قىلغان - ئەتكىنىنى ئاز دەپ، تېخى ئادەم ئۇرغىنىنى قارىمامدىغان. 3) بەزى ۋاقىت ھالەتلىرىنىڭ ياكى رەۋىشداش سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە «-لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ: تېخى سوئالنى كۆرۈپ بولمايلا سائەت توشۇپ قالدى. ⑥ يۈك. ئۈستىلمە ئۇندەش جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ: ئۇ ناھايىتى ياخشى بالا، ئۆتكۈرلۈكچۇ تېخى.

**تېخىچە** رەۋ. بۇرۇنقىدەكلا، يەنىلا، ھازىرغىچە: دۈيجاڭ تېخى-چە بېسىلمىغان ئاچچىقى بىلەن ئۆزىچە غودۇڭشىپ قويدى.

**تېخىمۇ** رەۋ ① بالدۇرقىغا قارىغاندا، بارغانسېرى: قىز سېۋەتكە ئىككى قولى بىلەن تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى. ② ئىنتا-يىن، ناھايىتى؛ بەكرەك: ئەگەر شۇ راۋابىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ بېرە-لىسەڭ، بىزنى تېخىمۇ رازى قىلاتتىڭ.

**تېرە** ئى ① مۇسكۇلنى ئوراپ تۇرغۇچى تەن سىرتىدىكى توقۇلما. ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئېپىدېرما، ھەقىقىي تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار تەننى مۇھاپىزەت قىلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش روللىرىنى ئوينايدۇ. ② نەرسى-لەرنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان پوست: تېرىسى قېلىن ئۆرۈك.

**تېرە - تەرسەك** ھايۋانلارنىڭ خىلمۇخىل تېرە - كۆرپە ۋە شۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى: ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنلىرى تېرە - تەرسەك بازىرى راسا قىزىپ كېتەتتى.

**تېرەك** ئى ① <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇنىڭ سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك، ئاق تېرەك ۋە تاغ تېرىكى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ② باي ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە ئۇلۇغچات ناھىيەسى-دىكى يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**تېرەكلىك** ① سۈپ. تېرەك بىلەن قاپلانغان، تېرەك ئۆستۈ-رۈلگەن: تېرەكلىك ئورمان. ② ئى. تېرەك كۆپ ئۆستۈرۈلگەن جاي: قۇربان ئاقساقال قاراڭغۇ تېرەكلىك كەينىدىن تىمىسقىلاپ

چىقىپ، يۇسۇپ چوڭىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

**تېرەن** سۈپ ① چوڭقۇر: ئۇ كۆلنىڭ تېرەن ـ تېيىزلىقىغا قارد- ماستىنلا، سۇغا كىرىپ كېتىپ، چىقالماي ئۆلدى. ② كۆچمە. مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر: تېرەن بىر ئوي دېڭىزى ئىچرە پاتتى، خىيالى ئۇنى بىر گىردابقا ئاتتى.

**تېرەنلىك** ئى. تېرەن ھالەت، چوڭقۇرلۇق.

**تېربىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى (Terbium) Tb. رەڭسىز كىرىستاللىق پاراشوك بولۇپ، زەھەر- لىك. بىرىكمىلىرى ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ ۋە بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدۇ.

**تېرراسا** ئى [ر<فىران] يەر ئۈستىنىڭ يانپاش تۇرغان جايى.

**تېررامىتسىن** ئى [لات] <بىيول> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىرى. كۆپ خىل شارچە باكتېرىيە ياكى تاياقچە باكتېرىيە- [illegible] قارىتا قارشى رول ئوينايدۇ. ئادەتتە يۇقىرىقى نەپەس يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى، ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى، قارا كېزىك ۋە چۆل ئورمان سالجىسىدىن بولىدىغان كېزىك قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېررور** ئى [ر<لات] زورلۇق بىلەن ياكى قەستلەپ ئۆلتۈ- رۈش، قىرىش: تېررور قىلماق.

**تېرورچى** ئى. ئۆز پىكرى ۋە مەسلىكىنى تېررور يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقۇچى ئادەم.

**تېررورلۇق** ئى. زوراۋانلىق ياكى قەستلەپ قىلىنغان قىرغىنچىلىق ۋە قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرى: شېڭ شىسەي ئاشكارا تېررورلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى.

**تېررورىزم** ئى (ر<لات) تېررورلۇقنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيان سالىدىغان، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن كېيىن بەزىبىر ئەللەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان قانۇنسىز رادىكال كۈچلەرنىڭ بىر تۈرلۈك ئىدىيە سىستېمىسى ھەم ئۇلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى.

**تېررىتورىيە** ئى [ر<لات] بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى تەۋەلىكىدىكى رايونلار. ئۇ قۇرۇقلۇق، سۇ ۋە ھاۋا تەۋەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تېررىتورىيەلىك** سۈپ. تېررىتورىيەگە ئىگە؛ تېررىتورىيەگە تەئەللۇق، تېررىتورىيە جەھەتتىكى: تېررىتورىيەلىك ئۆزگى- رىشلەر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررىتورىيەلىك رايونلار.

**تېرمو** ئى [ر<گىرېك] سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بىرىككەن سۆزلەرنىڭ 1 ـ تەركىبىدە كېلىدىغان «ئىسسىقلىق، تېمپېرا- تۇرا» مەنىسىدىكى ياردەمچى سۆز: تېرمو قارشىلىق.

**تېرمودىنامىكا** ئى [ر<گىرېك] ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بىلەن باشقا ئېنېرگىيەلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئىسسىقلىقنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ماددىلارنىڭ خىمىيەۋى ئۆزگىرىشى نۇرلىنىش ۋە باشقا فىزى- كىلىق ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تېرمودىنامى- كىنىڭ مەزمۇنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك ھادىسىلەرگە چېتىلىدۇ.

**تېرموستات** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلالايدىغان بىر خىل تەجرىبىخانا ئەسۋابى. ئۇ ئادەتتىكى بىيولوگىيە تەجرىبىلىرى ياكى باكتېرىيەلەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرمومېتامورفىزم** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ماگما ھەرىكىتى بۆسمە گەۋدە بىلەن قورشالما جىنسلار تېگىشكەن جايدا كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر خىل ئۆزگىرىش.

**تېرمومېتىر** ئى [ر<گىرېك] تېمپېراتۇرىنىڭ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**تېرموئېلېمېنت** ئى [ر<گىرېك] <ئېل> ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان مېتالنى كەپشەرلەپ ياسالغان دېتال. ئۇ تېرمو- مېتىر ۋە سېزىمچانلىقى يۇقىرى گالۋانومېتىر ياساشتا ئىشلىتى- لىدۇ.

**تېرمىن** ئى [ر<لات] ئاتالغۇ.

**تېرمىنشۇناس** ئى [ر<لات + پ] تېرمىن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**تېرمىنشۇناسلىق** ئى. تېرمىننى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تېرمىنولوگىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] ① مەلۇم بىر پەن ـ تېخنىكا ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان ئاتالغۇلار يىغىندىسى، توپلىمى. ② تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىش، يىغىش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەسى.

**تېرىپ ـ تەرمەپ** ← **تېرىپ ـ تۆشەپ.**

**تېرىپ ـ تۆشەپ** ئازدىن ـ ئازدىن يىغىپ، جەملەپ: چېچىلد- غاننى تېرىپ ـ تۆشەپ يىغىمىز، ئوزۇققا باي نەسلىمىز ھەم ئۇۋىمىز.

**تېرىپۇرۇش** ئى. تېرە يىغىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**تېرىتماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بارد- مەن دەپ، تۇرىمەن دەپ، يالغاندىن ئېيتقان. بارار، كېلەر يوللىرىغا ئازغان تېرىتقان.

**تېرىچى** ئى. تېرە يىغىش ۋە سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، تېرىپۇرۇش: ئۇ بولسا بىزنىڭ مەھەللىلىك تېرىچى سابىت ئىدى.

**تېرىچىلىك** ئى. تېرە يىغىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇل- لىنىش ئىشى.

**تېرىشتۇرمەك** پ. تەرمەك، يىغماق: خەلق توپى چېرىكلەر چېچد- ۋەتكەن تۈز پارچىلىرىنى تېرىشتۇردى.

**تېرىشماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تېخنىك كادىرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، دېھقانلار ئېگىز ئورنىغا قوناق- نىڭ سورتلۇق يېڭى ئۇرۇقلىرىنى تېرىشتى.

**تېرىشمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بادامدوپپا گۈللىرىدەك پاختىزاردا، قىز ـ جۇۋانلار غوزىلارنى تېرىش- مەكتە.

**تېرىغان ـ تىككەن** ① تېرىپ، پەرۋىش قىلىپ يېتىش- تۈرگەن: تېرىغان ـ تىككەن نەرسىلەر شۇ پېتى ئېتىزدا قالدى. ② ھەرىكەت قىلىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قولغا كەلتۈر- گەن: كۆرۈپسەن تېرىغان ـ تىككەن ئېشىڭنى، ئاخىر يەرسەن بىر كۈن

زالىم بېشىڭنى.

**تېرىق** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. باشىقى سۇس سېرىق بولۇپ، ئاقلىغاندىن كېيىن سېرىق دېنى چىقىدۇ. ئۇ مۇھىم ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە ۋە هاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**تېرىققا ئۇچكە قويىدىغان** ① ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان. ② مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان نەرسىلەردىنمۇ نەپ ئۈندۈرۈۋالىدىغان. ③ چىۋەر، پەم - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئادەملەرنى سۈپەتلەيدىغان بىرىكمە.

**تېرىقتەك** سۈپ. كىچىككىنە، ناھايىتى كىچىك: تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۈگۈنى بار (ماقال). * كۆڭلۈمدە تېرىقتەك يامانلىق بولسا، ئەتىگە يەتمەي!

**تېرىقچى** ئى. يەر تېرىغۇچى، دېھقان.

**تېرىقچىلىق** ئى. زىرائەت تېرىش، پەرۋىش قىلىش، يىغىش ئىشلىرى؛ دېھقانچىلىق: بۇ يىل تېرىقچىلىقىمىز يامان ئەمەس.

**تېرىقسىز** سۈپ. زىرائەت تېرىلمىغان، ئاق (يەر ھەققىدە): ئۆتكەن يىل كۈز ۋە بۇ يىل ئەتىيازقى خاتىرجەمسىزلىك دەستىدىن باغلار تېرىقسىز قالغان.

**تېرىقلىق** I ئى. تېرىق تېرىلغان جاي، تېرىق كۆپ ئۆسكەن، تېرىق باسقان يەر، ئېتىز: ئاكام تېرىقلىقنى سۇغىرىۋاتىدۇ.

**تېرىقلىق** II سۈپ. تېرىلغان، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن: كىچىككىنە باغىم بار، كۆممىقوناق تېرىقلىق. چىرايىمدىن كەتمەيدۇ، پىراقىڭدا سېرىقلىق.

**تېرىكتۈرمەك** «تېرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، شەمەرنى تېرىكتۈرۈپ قويىدى.

**تېرىكتۈرۈلمەك** «تېرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېرىككەك** سۈپ. ئاسان، كۆپ تېرىكىدىغان: ئەمەت ئۇستا بارغانچە جاھىل، تېرىككەك، غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كەتتى.

**تېرىككەكلىك** ئى. ئاسانلا تېرىكىپ قالىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئۇ يۇرتىنىڭ كىشىلىرى جۇشقۇن، ھۇجۇمچى، باتۇر، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان سۆز ۋە ئىشقا يولۇقسا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدىغان، زېرىككەك ھەم تېرىككەكلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

**تېرىكمەك** پ. ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق: قادىر قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېرىكتى.

**تېرىكىشمەك** «تېرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن بۇ قوشنىمىز بىلەن بىرئاز تېرىكىشىپ قالغاندىن كېيىن قايتا ئۇچراشمىدىم.

**تېرىلغۇ** ① ئى. ھەيدەش، تېرىش ئىشلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات: ھاپىز بۇ خىياللارنى كۆڭلىگە پۈككەندىن كېيىن شەرۋانەمنى ئالدىرىتىپ، ئۆز تېرىلغۇسىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ② سۈپ. تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، دېھقانچىلىققا خاس بولغان: تېرىلغۇ كۆلىمى. تېرىلغۇ يەرلەر.

**تېرىلغۇلۇق** ئى. تېرىلغۇ قىلىشقا باب، مۇۋاپىق يەر: نۇرغۇن بوز يەرلەر تېرىلغۇلۇقلارغا ئايلاندى.

**تېرىلماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولسام، بىرمۇنچە بالا تېرىلاتتى.

**تېرىلمە** سۈپ. بىر - بىرلەپ تېرىلىپ جەم بولغان، يىغىلغان: بۇ ئەمدى بىر يېرىم يىل بۇرۇن قومۇلدا ھاجىلار كۆرگەن ھېلىقى تېرىلمە قوشۇن ئەمەس ئىدى.

**تېرىلمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 10 - ئايغىچە پاختىلارنىڭ بىرىنچى تېرىمى تېرىلىپ بولدى.

**تېرىم** ① ئى. ھەيدەش - تېرىش ئىشى، تېرىش، تېرىلغۇ: تېرىمدا يوق، يىغىمدا يوق، خاماندا تەييار (ماقال). * ئەتىيازلىق تېرىم باشلانغاندا، بۇ لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى يەنە يەتتە ئائىلىگە كېڭەيدى. ② سۈپ. تېرىلغۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تېرىم يەر. ③ ئى. مەھسۇلاتلارنى بىر - بىرلەپ تېرىپ، يىغىش ئىشى: پاختا تېرىمىدا خوتۇن - قىزلار تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ④ ئى. دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق: ئۇلارنىڭ ئەنئەنە ۋە تارىخقا بولغان قارىشى تېرىم مىللەتلىرىدەك جاھىلانە تۇس ئالمىغان. ⑤ پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تېرىماق** پ ① زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يەرگە چېچىپ، كۆممەك: قۇشقاچتىن قورققان بۇغداي تېرىماس (ماقال). ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، ئۇلغايتماق: گەپ تېرىماق. ئىش تېرىماق. ماجىرا تېرىماق. غەلۋە تېرىماق. چاتاق تېرىماق. بالا تېرىماق.

**تېرىمچى** ئى ① تېرىلغۇ قىلغۇچى، دېھقان، تېرىقچى: تېرىمچى بىر چولاق كەتمەندە قالدى، ماتاچى مىڭ ياماق چەكمەندە قالدى. ② ئېچىلغان پاختىلارنى قول بىلەن تېرىپ ئالغۇچى: پاختىزارلىقتىكى تېرىمچىلار گويا ماشىنا ئادەملەردەك چارچاشنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى. // تېرىمچى قىزلار.

**تېرىندى** سۈپ. بىر - بىرلەپ تېرىش ئارقىلىق جەملەنگەن، يىغىلغان: تېرىندى نەرسىلەر.

**تېز** I [پ] ① رەۋ. ئاز ۋاقىتتا كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە: ماتۇت ئاپتوموبىل ھەيدەشنى تېز ئۆگىنىۋالدى. ② رەۋ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە، شۇ تاپتا، چاپسان، دەرھال: — قاسىم ئاكام سىزنى تېز كەلسۇن، دەيدۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ. ③ سۈپ. چاپسان، چاققان، ئىتتىك: تېز قەدەم. تېز ھەرىكەت. تېز سۈرئەت.

**تېز** II ئى. قېلىپ: ئانىدىن قىڭغىر تۇغۇلغاننى تېزگە سالساڭ تۈزەلمەس (ماقال).

**تېزەك** ئى [پ] ھايۋانلارنىڭ گەندىسى: كالا تېزىكى. تېزەك تەرمەك. * يازنىڭ تېزىكى قىشتا دورا (ماقال).

**تېزەكچى** ئى. تېزەك يىغقۇچى، تېزەك تەرگۈچى.

**تېزەكلەتمەك** «تېزەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېشەكنى ئالتۇن تېزەكلەتمەكچى بولۇپ ئېشەك ئېغىلىنى ئېچىپ كىرسە، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك توڭلاپ قېتىپ قاپتۇ.

**تېزەكلىك** ئى. تېزەك كۆپ جاي: تېزەكلىكنىڭ قوڭغۇزىدەك غوڭۇلدىماق.

**تېزەكلىمەك** پ. تېزەك چىقارماق، چىچىماق (ھايۋانلار ھەققىدە): بەختىسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالا سۇغا تېزەكلەپتۇ (ماقال).

**تېز - تېز** ① ئۇزلۇكسىز ۋە ئىلدام، چاپسانلىق بىلەن: ئۇ

دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ، تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. ② پات - پات، ئۇزاق ئۆتمەي: مەختۇم شۇنىڭدىن كېيىن ئالىملارنىڭكىگە تېز - تېز كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

**تېزدىن** رەۋ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، دەرھال؛ھازىرلا: خەتتە: «قولغا چۈشكەن كىشىنى تېزدىن بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلەر» دەپ يېزىلغانىدى.

**تېزلەتكۈچى** ① سۈپ. تېزلىتىدىغان. ② ئى. بىرەر جەرياننى تېزلىتىدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل، سەۋەب: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق — ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى قىلىشتىكى تېزلەتكۈچى تۆرتكىلەردىن بىرى. ③ ئى <فىز> سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان زەررىچىلەرنى ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى، يەنى ئاتوم يادروسى ۋە ئاساسىي زەررىچىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش قورالى.

**تېزلەتمەك** «تېزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتقان ئەنۋەر قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

**تېزلەشتۈرمەك** «تېزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈرئەتنى تېزلەشتۈرمەك.

**تېزلەشتۈرۈشمەك** «تېزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېزلەشتۈرۈلمەك** «تېزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل كومبايىنىنىڭ رولىدىن پايدىلانغاچقا، يازلىق يىغىم سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتۈرۈلدى.

**تېزلەشمەك** ① «تېزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.② سۈرئىتى، تېزلىكى بارغانسېرى ئاشماق: ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە ئىدى.

**تېزلىتىشمەك** «تېزلەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قەدەملىرىنى تېزلىتىشتى.

**تېزلىتىلمەك** «تېزلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ،گۈزەل سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تېزلىتىلدى.

**تېزلىك** ① ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم جەرياندىكى سۈرئىتى، ئىلدامىلىقى، چىددىيلىكى: ئابدۇۋايىتنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنداق بىر ۋەقە چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ ئۆتتى.② <فىز> ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ مەلۇم بىر يۆنىلىشتە، بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى.

**تېزلىكتە** رەۋ. تېزلىك بىلەن، دەرھال: ئەر-ئاياللار بىرلىكتە، ھەرىكەت قىلىپ تېزلىكتە، ياشاش ئۈچۈن ھۆرلۈكتە، گۈللىتەيلى ۋەتەننى.

**تېزلىمەك** پ ① تېزلىكى ئاشماق: ماشىنا تېزلىدى. * ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەدەملىرى تېخىمۇ تېزلىدى. ② مەلۇم بىر ئىش جەريانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئاز قالماق؛ يۈكسەلمەك، ئىلگىرىلىمەك: بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئالغا بېسىشى خېلى تېزلەپ قالدى.

**تېزلىنىشچان** سۈپ. بارغانسېرى تېزلىنىپ بارىدىغان: تېزلىنىشچان ھەرىكەت.

**تېزلىنىشچانلىق** ئى ① بارغانسېرى تېزلىشىپ بېرىش ئالاھىدىلىكى ياكى بارغانسېرى تېزلىنىپ بېرىش ھەرىكىتى. ② تېزلىكى بارغانسېرى ئېشىپ بارىدىغان سۈرئەت، بارغانسېرى ئېشىپ بارىدىغان تېزلىك.

**تېزىس** ئى [ر<گىرېك] يازماقچى بولغان ئىلمىي ئەسەر، ماقالە ۋە سۆزلىمەكچى بولغان دوكلات ياكى نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى: ئۇ بىرنەچچە ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان تېزىس بويىچە، رەيھاننىڭ «مەسىلە» لىرىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى.

**تېزىسلاشماق** پ. تېزىس ھالىتىگە كەلمەك، تېزىس قىلىنماق: يوگۇنكى كۆزۈم بىلەن قارىغاندا، ماقالىدىكى قاراشلار تېزىسلاشقان ھالەتتىكى بىخلانما ئىدىيەلەردىن ئىبارەت .

**تېشىرقاتماق** «تېشىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قورامىلىق سايدا مىنىپ يۈرۈپ، ئاتنى تېشىرقىتىۋېتىپسەن، — دېدى داۋۇتئاخۇن ئوغلىغا.

**تېشىرقىماق** پ. ئات - ئۇلاغلار تاش - شېغىللىق يوللاردا كۆپ مېڭىپ، تۇياقلىرىنىڭ ئۇپرىشىدىن تەستە ماڭىدىغان بولۇپ قالماق: ئاياز ئۆزىنىڭ «تېۋىلغا تور» ئېتى تېشىرقاپ كەتكەنلىكتىن مىنەلمەي، ئەسمىتۇللانىڭ ئېتىنى مىنىپ چىققانىدى.

**تېشىشمەك** «تەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشلاردىن بەشى كېلىپ، ئىشكىنىڭ يان تەرىپىدىكى تامنى تېشىشتى.

**تېشىلمەك** ① «تەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پالتىنىڭ چۈلدىسى بىلەن مۇزنى ئۇرسام، مۇز تېشىلدى. ② قاپىرىپ يېرىلماق، سىقىلىپ چىقماق: يارا تېشىلمەك. * بۇ جەرياندا يىغنە سانجىلغان بارماقلىرى نەچچە تېشىلىپ، نەچچە ساقايدى. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ياكى گەپنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى ئاشكارىلانماق، مەيدانغا چىقماق: گەپ تېشىلدى. * ھەممە ئىش شۇنىڭدىن تېشىلدى، نەچچە يۈز بالا بار يەردە نېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ.

**تېقىم** ئى ① ئادەم تىزىنىڭ قارشى تەرەپتىكى پۈكلىنىدىغان جايى: ھۆسنەرىخان بىر قولىدا زەيتۇنەمىنىڭ تېقىمىنى، ئىككىنچى قولىدا لېپىكىنى تۇتۇپ كۈچەپ بېسىپ باقتى. ② ئات - ئۇلاغ مىنگۈچىگە نىسبەتەن پۇتنىڭ، ئۇلاغنىڭ قورسىقىغا تېگىپ تۇرغان ھەممە قىسمى؛ بەلنىڭ ئاستى: ئالماس تېقىمىدا ئات بولمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ③ ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستى: موما تۇۋىدىكى سېرىق كالا شاتىراقلاپ تېقىمىنى پوق قىلىۋەتكەنىدى.

**تېقىمچى** ئى. ئوغلاق تارتىشىشتا ئوغلاقنى تېقىمىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ قاچقۇچى چەۋەنداز: بۇ مەھەللىنىڭ نە يارامىلىق ئاتلىرى، نە تېقىمچى يىگىتلىرى قالمىغان چېغى.

**تېقىمداشماق** «تېقىمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېقىمدىماق** پ ① ئۇلاغ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىرەر نەرسىنى تېقىمى ئاستىغا باسماق، قىستۇرماق. ② ئات - ئۇلاغنى تېقىمى بىلەن دېۋىتىپ ھەيدىمەك : سەلىم ئېتىنى تېقىمداپ قويدى.* ئېتىڭنى پات - پات تېقىمداپ قوي، سەل ئىتتىكلىمىسەڭ كۈن ئولتۇرغۇچە يېتىپ بارالمايمىز.

**تېكە** ئى. ئۆچكە، ياۋا ئۆچكە، جەرەن قاتارلىقلارنىڭ ئەركىكىنىڭ پىچىلمىغىنى: ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە (ماقال).

**تېكتونا** ئى [لات] <بوت> دورىلىق تىزمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ بولىدۇ. ياغىچى تۇتۇق قوڭۇر، قاتتىق ۋە چىرىتىشكە چىداملىق كېلى-

دۇ. ياغىچىنى كېمىسازلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**تېكتونىكا** ئى [ر<گرېك] يەر پوستىنىڭ ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ جەريانىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تېكتونىكىلىق** سۈپ. يەر پوستى ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولغان، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان: تېكتونىكىلىق ھەرىكەت. تېكتونىكىلىق يەر تەۋرەش.

**تېكچەك** ئى. ئۆچكە، ياۋا ئۆچكە، جەرەن قاتارلىقلارنىڭ پىچىۋېتىشتىن بۇرۇنقى ئەركەك ئوغلىقى.

**تېكچى** ئى. تېكىنى مەلۇم ئويۇن ۋە ھەرىكەتلەرگە ئۆگىتىپ، ئويناتقۇچى كىشى: بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى ماختاۋاتقان تېكچى قولىدىكى تاياقنى پەشتاققا ئۇردى.

**تېكساقال** ئى [تېكە + ساقال] <بوت> ← **كۆكسىغىز**.

**تېكسالتاڭ** سۈپ [تېكە + سالتاڭ] قول ئىلكىدە ھېچنېمىسى يوق، دەسمايىسىدىن ئايرىلغان.

**تېكست** ئى [ر<لات] ① يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان ئەسەر ياكى ھۆججەتنىڭ ئەسلىسى: ھەرقانداق ياخشى تەرجىمىمۇ ئەسلىي تېكستنى تولۇق ئىپادىلەپ كېتەلمەيدۇ. ② نۇتۇق، دوكلات قاتارلىقلارنىڭ يازما نۇسخىسى، ئارگىنالى: ئۇ دوكلات تېكستىنى ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئىشخانىدىمۇ، ئۆيىدىمۇ بوشلا ۋاقتى بولسا يېزىۋاتىدۇ. ③ مۇزىكا ئەسىرى، ناخشا قاتارلىقلارنىڭ شېئىرى ۋە سۆزلىرى: لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەينى زاماندا مەكتەپ ناخشىسى تېكستىنى كۆپ يازغان ۋە كۆپ ئاھاڭ ئىجاد قىلىپ، ئۆسمۈرلەرگە ئۆزى بىۋاسىتە ئۆگەتكەندى. ④ سۆزلەر قىسمى؛ ئەسلىي ئىبارىسى، مەزمۇنى (لۇغەتتە): لۇغەت تېكستى. ⑤ <تىل> قۇرۇلما جەھەتتىن بىر جۈملىدىن ئۇشۇق بولغان، مەنە جەھەتتىن نىسپىي ھالدا تولۇق بولغان ئوي ـ پىكىر ياكى ئىدىيەنى ئىپادىلىگۈچى تىل بىرلىكى. ئۇ تېكست تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى.

**تېكستچى** ئى. مۇزىكا ۋە ئاھاڭغا تېكست يېزىپ بەرگۈچى.

**تېكستسىز** سۈپ. تېكستى يوق، تېكستلەشتۈرۈلمىگەن، تېكستكە سېلىنمىغان: تۇرسۇن قانداقتۇر بىر تېكستسىز ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقان ھالدا تاماكا ئوراپ ئولتۇراتتى.

**تېكستلەشتۈرمەك** پ. مەلۇم ئاھاڭغا ماس شېئىر تاللاپ ياكى يېزىپ، ناخشىغا ئايلاندۇرماق.

**تېكستلەشتۈرۈلمەك** «تېكستلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇقام مۇزىكىلىرى ئۆز دەۋرىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە تېكستلەشتۈرۈلدى.

**تېكستلىك** سۈپ. تېكستى بار، تېكستلەشتۈرۈلگەن: «ئون ئىككى مۇقام» شېئىرىي تېكستلىك، چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر.

**تېكستولوگىيە** ئى [ر<لات + گرېك] تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ يازما يادىكارلىق، بەدىئىي، تارىخىي ئەسەر، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي تېكستىنى بەلگىلەش ياكى ئەسلىي نۇسخىسىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان تېكستىنى تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تېكستولوگىيەلىك** سۈپ. تېكستولوگىيەگە ئائىت: تېكستولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت مۇقامنىڭ ئاساسلىق بىر خۇسۇسىيىتى.

**تېكلەتمەك** پ. دىيال. يىقىتماق، دۈم چۈشۈرمەك، دومىلاتماق، ئاغدۇرماق.

**تېكلەنمەك** پ. دىيال. دومىلانماق: ئۇ ئىككى تېكلىنىپ كەتتى.

**تېكىن** I ئى. يېزىت. شاھزادە، شاھ ئوغلى.

**تېكىن** II سۈپ. مېھنەت قىلمايدىغان، ئەجىر سىڭدۈرمەيدىغان.

**تېكىنەك** ئى. تاقا مىخىنىڭ ئۇچىنى قايتۇرىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب.

**تېكىنخور** ① ئى. ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي باشقىلار ھېسابىغا كۈن كەچۈرگۈچى، تىرىكتاپ ئادەم: كونا دۇنيانىڭ تېكىنخور، ياچىۋەك، ئەۋرەزلىرى، قامىتىڭدىن بولدى مىڭ لەت، كۆرمىگەن داغىڭنى مەن. ② سۈپ. پارازىت، تەييارتاپ: تېكىنخور قۇرتلار.

**تېكىنخورلۇق** ئى. تىرىكتاپلىق، پارازىتلىق، تەييارتاپلىق.

**تېگەچى** ئى. تەگكۈچى، ئەرگە تېگىدىغان (قىز ياكى ئايال): خانىم بىزگە تېگەچى.

**تېگى ـ تەكتى** ① كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەسلىي زاتى: لۇتپۇللا ھېلىقى كەلگەن يىگىت بىلەن ئايالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كوچىلاپ سورىدى. ② بىرەر ئىش، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، ماھىيەت: ئايۇپ ئاكا كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئەمدىلا چۈشەندى.

**تېگى ـ تېگىدىن** چوڭقۇر قاتلىمىدىن، ماھىيەتتىن: ماڭا تېگى ـ تېگىدىن بايلىق ياراشمايدۇ.

**تېگىرمەك** ئى. دىيال. تۆگىگە توقۇلغان، ئۈستى تۈز، چومغا گۈمبەز شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەردىلىك كاجۇۋا.

**تېگىز** سۈپ. دىيال. تۈز، سىلىق: دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا، شاخلىرى تېگىز بولسا، دوست بولسا ئادىل بولسا، ئۆلگۈچە ئايرىلماس بولسا.

**تېگىشتۈرمەك** «تېگىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا كادىرلىرى ھەممە ئەزالارغا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تېگىشتۈردى.

**تېگىشتۈرۈلمەك** «تېگىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايىمخان تېگىشتۈرۈلگەن گىلەمنى سىنچىلاپ كۆرۈۋاتاتتى.

**تېگىشكۈسىز** سۈپ. ئۆز ئارا تېگىشسە قىممىتى ئارتۇق كېتىدىغان، تېگىشىشكە پەقەت كۆزى قىيمايدىغان: چەت ـ چېتىگە كۆزى يەتمەس، تەرىپىگە سۆز يەتمەس، خۇددى گۈزەل كەشتىدەك، تېگىشكۈسىز بوستانغا.

**تېگىشلىك** سۈپ ① مەلۇم بىر تەلەپكە مۇۋاپىق، لايىق، ماس كېلىدىغان: ئۇنىڭغا ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تېگىشلىك جاۋابلار بېرىلدى. ② زۆرۈر بولغان، لازىم بولغان: بۇ ئورۇن قەتئىي ئىشغال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم جاي ئىدى. ③ تەۋە، تەئەللۇق: مەنمۇ ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئەكەتتىم. ④ مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار: ئەكەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك جايلىرىغا قويۇپ بولۇپ، ھامالغا ئىككى تىللا بېرىپتۇ. ⑤ بەلگىلىك، مۇئەييەن: تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم. ⑥ تەقسىم بولغان، بۆلۈنگەن: ئاسىم دەرس ئۈستىدە شىرەلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بالىنىڭ شىرەنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنىڭ ئۈستىنى «قارا» بويىۋالغانلىقىنى كۆردى.

**تېگىشمەك** I پ. ئالماشتۇرماق، يەڭگۈشلىمەك: ئۇ تاغىل ئۆكۈزنى كۆرسىتىپ: — ئەگەر ماقۇل بولساڭلار، مۇشۇنىڭغا 450 سوملۇق تېلېۋىزوردىن بىرنى باشمۇباش تېگىشىمىز، — دېدى.

**تېگىشمەك** II ① «تەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بۇ يەردىن يوقىلىش، بۇ نەرسىلەرگە تېگىشمە، — دېدى قارىي ئاكام بالىلارغا ۋارقىراپ. ② ئۆزئارا تېگىپ تۇرماق: سۆگەتنىڭ يەرگە ساڭگىلىغان شاخلىرى سۇغا تېگىشىپ تۇراتتى.

**تېگىشلىمەك** «تېگىشمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تورپاقتا تېگىشلىگەن كۆك قوچقار ئوت يېمەس چىقىپ قالغاچقا قايتۇرۇلدى. * مەزكۇر شائىر «ئۇدۇننىڭ دەريا ياقىلىرىدا قاشتېشى سوزۇلىدۇ، بۇ سوزۇك قاشتاشلىرى شەرقنىڭ يىپەكلىرىگە تېگىشلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

**تېگىل** سۈپ. تەۋە، تەئەللۇق، مەنسۇپ؛ تېگىشلىك: بىز بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىمىزگە تېگىل راھىتىنى قولدىن بەرمەيلى.

**تېگىل بولماق** ھېساب بولماق، كۇپايە بولماق: ئاز بولسىمۇ كۆپكە تېگىل بولدى.

**تېگىلمەك** «تەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەتتە «بۇلارغا ھەرگىز تېگىلمىسۇن» دېيىلگەن.

**تېگىمەك** پ. دىيال. ئىگە بولماق، ئېرىشمەك.

**تېڭىرقاتماق** «تېڭىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېڭىرقاشماق** «تېڭىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سادىقنىڭ كېيىنكى سۆزى شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن جاراڭلىدىكى، ئاڭلاپ كېلىۋاتقانلار تېڭىرقىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

**تېڭىرقىماق** پ. ھاڭۋېقىپ قالماق، داڭ قېتىپ قالماق، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، تەمتىرەپ قالماق: ئەمدىلىكتە ئۇ «يا جاندىن كەچ ياكى جاناندىن» دېگەن رەھىمسىز سىناق گىرۋىكىدە بېشى قېتىپ، تېڭىرقىماقتا ئىدى. * ئۇلار ئۆزى شۇنداق بىلىملىك، ئەمما قاراڭغۇلۇق، گۇمراھلىق ئىچىدە تېڭىرقايدۇ.

**تېڭىشماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر ئىككىسى ئوغلىنى توختىماي سۆيۈپ، باغرىلىرىغا مەھكەم تېڭىشاتتى.

**تېڭىق** ① سۈپ. تېڭىلغان، ئورالغان: كامال ياتار باش - كۆزى تېڭىق، پەرۋانىدۇر مۇئەللىم ئاڭا. ساۋاقداشلار كېلەر ئۈزۈلمەي، كۆزلىرىگە ياش ئالار ئاتا. ② ئى. جاراھەت ۋە سۇنۇقنى دورا، داكا قاتارلىقلار بىلەن تېڭىش ئىشى: تېڭىق بۆلۈمى. * ھەش - پەش دېگۈچە، دورا قويۇلۇپ تېڭىق پۈتتى. ③ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىن ئوراپ تاڭغان نەرسە: — ھەممىسىنىلا يېنىك يارىلانغانىكەن، تېڭىقلىرىنى يۆتكەپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى زۇمرەت. ④ مىق. سىناق سانلار بىلەن كېلىپ تېڭىلغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئابدۇنىياز ئۇزۇن كەلگەن چىرايلىق ساقىلىنى قولىغا يۆگەپ، بىر تېڭىق يۈك ئۈستىدە جىم ئولتۇراتتى.

**تېڭىقچى** ئى. چىقىپ كەتكەن، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تېڭىش، جايىغا كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سۇنۇقچى.

**تېڭىقچىلىق** ئى. چىقىپ كەتكەن، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تېڭىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: قورايدەك ئورۇق، ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ خوتۇننىڭ ئانىسىدىن ئۇدۇم قالغان تېڭىقچىلىق ھۈنىرىمۇ بار ئىدى.

**تېڭىقلىق** سۈپ. تېڭىپ قويۇلغان، تېڭىلغان: ھەسەن دولان ئىشىك - دېرىزىلىرى قاغجىراپ كەتكەن پاكار ئۆينىڭ سۇپىسىدا باش - كۆزى تېڭىقلىق ياتاتتى.

**تېڭىلماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئالدىدا باش - كۆزلىرى تېڭىلغان ئىلياس تۇراتتى.

**تېڭىقئوتى** ئى [تېڭىق + ئوت + ى ] <بوت> پاپورتىكلارنىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە دەرەخ غولى ياكى تاش ئۈستىلىرىدە ئۆسىدۇ؛ ئادەتتە يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇنۇق ۋە يارىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى زور.

**تېللۇر** ئى [ر<لات ] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى Te (Tellurium) . كۈمۈشتەك ئاپئاق كىرىستال ياكى قوڭۇر رەڭلىك پاراشوك. مېتال ياكى قېتىشما قوشقاندا، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

**تېلېسكوپ** ئى [ر<گىرېك ] <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش، سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىكىلىق ئەسۋاب.

**تېلېسكوپلۇق** سۈپ. تېلېسكوپى بار، تېلېسكوپقا ئىگە، تېلېسكوپ ئورنىتىلغان، تېلېسكوپقا ئوخشايدىغان: بۇ زادى تېلېسكوپلۇق كۆزنىڭ ئالەمدىكى كۆرۈنۈشلىرىمۇ ياكى سىياسىي ئىددىيەۋى «تېلېسكوپ»نىڭ ئويدۇرمىسىمۇ؟

**تېلېفون** ئى [ر<گىرېك] توكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى جايدىكى كىشىلەرنى ئۆزئارا سۆزلەشتۈرىدىغان قۇرۇلما. ئاساسەن سۆز تارقاتقۇچ، سۆز قوبۇللىغۇچ ۋە ئۆتكۈزگۈچ سىمدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**تېلېفونچى** ئى ① تېلېفون لىنىيەلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك خادىم: تېلېفونچى ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى شەپكە كىيىپ ماسكا تاقىۋالىدۇ. ② تېلېفون باش ئاپپاراتىدا ئىشلىگۈچى خادىم.

**تېلېفونلاشتۇرماق** «تېلېفونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى تەلەپ قىلغان شەخسلەرنىڭ ئائىلىسىنىمۇ تېلېفونلاشتۇردى.

**تېلېفونلاشتۇرۇلماق** «تېلېفونلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تېلېفونلاشتۇرۇلدى.

**تېلېفونلاشماق** پ ① تېلېفون سىم تانابلىرى قادىلىپ، تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلماق: قارلۇق يېزىسىدىكى كەنتلەرنىڭ ھەممىسى تېلېفونلاشتى.② تېلېفون ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلەشمەك، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلەشمەك، بىر - بىرى بىلەن تېلېفون قىلىشماق، بىر - بىرى بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلەشمەك: بىز پات - پات تېلېفونلىشىپ تۇرايلى.

**تېلېفونلىماق** پ. تېلېفوندا ئالاقە قىلماق، تېلېفون بەرمەك، تېلېفوندا سۆزلەشمەك، تېلېفونلاشماق.

**تېلېگراف** ئى [ر<گىرېك] تېلېفون، تېلېگرامما ياكى رادىيو ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئالاقە ۋاستىسى.

**تېلېگرامما** ئى [ر<گىرېك] ① شىفىر ئارقىلىق يېزىق، سۈرەت، گىرافىكنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ سىمسىز تېلېگراف ۋە سىملىق تېلېگراف تۈرى بار. ② تېلېگرامما ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، خەۋەر يېزىلغان قەغەز: تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالماق.

**تېلېمېتىر** ئى [ر<گىرېك ] <ئېل> زامانىۋى ئېلېكتىرونلۇق ھەم ئوپتىكىلىق ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ، يىراقتىكى

جىسىملارنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇلما.

**تېلېۋىزور** ئى [ر<گىرېك ] <ئېل> تېلېۋىزىيە سىگناللىرىنى سۈرەت ۋە ئاۋاز تەرزىدە قوبۇل قىلىۋېلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپپارات. سۈرەت قوبۇللىغۇچ ۋە ئاۋاز قوبۇللىغۇچتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**تېلېۋىزورسىز** سۈپ. تېلېۋىزور يوق، تېلېۋىزور بولمىغان، تېلېۋىزورغا ئىگە ئەمەس: ھازىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ كەچلىك تۇرمۇشىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

**تېلېۋىزىيە** ئى [گىرېك + لات ] <ئېل> رادىيو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، جىسىمنىڭ سۈرىتىنى تارقىتىدىغان قۇرۇلما. تارقىتىش ئىستانسىسىدىن جىسىم (ياكى ئادەم)نىڭ سۈرىتى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە سىگنالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ تارقىتىلىدۇ. تېلېۋىزور قوبۇل قىلغان سىگنالنى قايتا سۈرەتكە ئايلاندۇرۇپ، يالتىراق ئېكراندا كۆرسىتىدۇ. تېلېۋىزىيە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە تېخنىكا ۋە ھەربىي جەھەتتە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**تېلېۋىزىيەلىك** سۈپ. تېلېۋىزىيە ئارقىلىق بولىدىغان، تېلېۋىزىيەدە بېرىلىدىغان، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان ياكى يەتكۈزۈلىدىغان: تېلېۋىزىيەلىك ئۈچۈر لىنىيەلىرى ۋە سەنئەت فورمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى شەھەر ئاھالىسىگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئەكەلدى.

**تېلىقتۇرماق** «تېلىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شائىرنىڭ بۇ سۆزى نابورچىك تۇردىنى كۈلدۇرۇپ تېلىقتۇرۇۋەتتى.

**تېلىققاق** سۈپ. ئاسان ۋە كۆپ تېلىقىدىغان: تېلىققاق ئايال.

**تېلىققاقلىق** ئى. تېلىقىش ئادىتى.

**تېلىقماق** پ. قاتتىق كۈلۈش ياكى يىغلاشتىن بوغۇلۇپ، نەپسى قىسىلماق: يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە دولا قېقىشىپ، گاھىلىرى يۈمىلىنىپ يۈرۈپ، تېلىقىپ كۈلۈشتى.

**تېلىقىشماق** «تېلىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ تېلىقىشىپ كەتتۇق.

**تېما** ئى [ر<گىرېك] ① ئىلمىي تەكشۈرۈش، سۆھبەت، پىكىر، مۇلاھىزە قاتارلىقلاردا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەسىلە، ئوبيېكت: ئولتۇرۇش قىزىغانسېرى سۆھبەتنىڭ تېمىسى تېز ـ تېز ئالماشتى. ② بەدىئىي ئەسەر، ماقالە، نۇتۇقلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ تاللانغان ماۋزۇ، سەرلەۋھە: ئورنىدىن تۇردى ئۇ، دولقۇنلاپ كۆكسى، خىيالچان ئولتۇردى رويال ئالدىدا. قەلەمنى ئالدى ـ دە، كەلدى ئېسىگە، جەڭگىۋار بىر تېما «كارۋان يولىدا». ③ <ئەد> يازغۇچى تاللىغان ۋە تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ۋەقەلىرى، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يورۇتۇلغان مەسىلىلەر: مۇزەپپەرنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرى ھەممە يەردە ھېكايە قىلىنىپ، يېڭى-يېڭى تېمىلارغا ماۋزۇ بولدى. ④ <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرى ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىغا ئاساس بولغان ئاھاڭ؛ كۈي.

**تېماتىكا** ئى [ر] تاللاپ ئېلىنغان ۋە ئىشلەنگەن ياكى ئىشلىنىدىغان تېمىلار يىغىندىسى.

**تېماتىكىلىق** سۈپ. مەلۇم تېما ئاساسىدىكى، مەلۇم تېمىدا تەييارلانغان: تېماتىكىلىق پىلان.

**تېمبىر** ئى [ر<فىران] <فىز> ئاۋازنىڭ دولقۇن تىپى ۋە ئوبېرتونىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى تېمبىرنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تېمپا** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ تېزلىك دەرىجىسى.

**تېمپېراتۇرا** ئى [ر<لات] <مېتېئور> نەرسىلەرنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق دەرىجىسى.

**تېمپېراتسىيە** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكىگە ئىگە بىرمۇنچە ئاۋازلارنىڭ رەتلىنىش قانۇنىيىتى.

**تېمپېرامېنت** ئى [ر<لات] <پسىخول> ئادەمنىڭ پسىخىكا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئاساسەن مىجەزنىڭ ئاستا ـ تېز، كۈچلۈك ـ ئاجىز، ئىپادىسىنىڭ ئوچۇق ياكى يوچۇن بولۇشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تېز ـ ئاستا بولۇشى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جىسمانىي تەبىئىتى ئاساسىدا، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

**تېمپىلىق** سۈپ. تېمپىغا تەئەللۇق بولغان، تېمپا جەھەتتىكى: مۇزىكىدىكى تاكت بىلەن ئۇدار ۋە ئۇلارنىڭ تېمپىلىق سۈرئىتى ئەنە شۇ رىتىم قانۇنىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تېمېدا** ئى [لات] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق؛ گۈلى يېشىل كېلىدۇ؛ مېۋىسى قاسىراقلىق بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ.

**تېمىتقۇچ** ئى <خىم> ئىشكالا ۋە ھەرىكەتلىك پۇرۇپكىسى بولغان ئەينەك نەيچە. ئۇ خىمىيەلىك مىقدار ئانالىزىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېمىتماق** «تېمىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتۇق.

**تېمىشماق** «تېمىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تېمىتىلماق** «تېمىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرە چاققان يەرگە تۇز سۈيى تېمىتىلدى.

**تېمىلىق** سۈپ. تېمىسى بار، تېما بەلگىلەنگەن: تېمىلىق مۇزىكا.

**تېمىلماق** پ. دىيال. تېتىپ باقماق: ئۇلار زاغرا ناننى تېمىلاپ باقتى.

**تېمىم** ① ئى. بىر قېتىم تامغان ياكى تامىدىغان سۇيۇقلۇق، تامچە. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تامىدىغان نەرسىلەرنىڭ يەنى سۇيۇقلۇقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تېمىم سۇ.

**تېنەپ ـ تەمتىرەپ** ① ھودۇقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ: تېنەپ ـ تەمتىرەپ قاچماق. ② سەرگەردان بولۇپ: قاۋۇل ئاكام بىزنى دەپ كەلگەن، بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەم نەدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىدۇ؟

**تېنەتمەك** «تېنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالام، مەن ئۆلگەندە سېنى تېنەتمەيدىغان دۇنيا بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي ئوغلىغا.

**تېنەشمەك** «تېنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان بۇ ئاكا ـ ئۇكا ياقا يۇرتلاردا ئىككى يىل تېنىشىپ يۈرۈشۈپتۇ.

**تېنور** ئى [ ر<ئىتال] <مۇز> بىر خىل يەللىك چالغۇ.

مىستىن ياسىلىدۇ، ئېغىزى چوڭ، ئادەتتە دۇخوۋوي ئورکېستىرلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېنقماق** پ. دىيال. ياتسىرىماق، يىرگىنمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق.

**تېنىمەك** پ ① بارار جايى يوق، تەمتىرەپ، بېشى قېتىپ يۈرمەك؛ سەرسان، سەرگەردان بولماق: بۇۋىھەجەرنىڭ بۇ ئەپتىدىن، ئۆزاقتىن بېرى كوچىلاردا تېنەپ يۈرگەن بىر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ② ئالدىرىماق. ③ ئېزىپ قالماق، يولدىن ئاداشماق: ئاتلىق كىشى ئۆزىنىڭ تېنەپ قالغانلىقىغا ئىشەندى ۋە دەررۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

**تېئودولىت** ئى [ر<گىرېك] بۇلۇڭ ئۆلچەيدىغان گىرادۇسلۇق ئەسۋاب.

**تېئورېما** ئى [ر<گىرېك] <لوگ> توغرىلىقى ئىسپاتلانغان، پىرىنسىپ ياكى قانۇنىيەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھۆكۈم ياكى فورمۇلا. مەسىلەن، گېئومېتىرىيە تېئورېمىلىرى.

**تېئورىيە** ئى [ ر<گىرېك ] ← **نەزەرىيە.**

**تېئوفىللىن** ئى [ر<لات ] <خىم> چاينىڭ يوپۇرمىقىدا بولىدىغان بىر خىل ئورگانىك ماددا، يەنى ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالەتتىكى پاراشوك. چاينى پۇراقلىق تەمگە كىرگۈزىدۇ، ئادەتتە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تېۋەك** I ئى <زوئول> رەڭگى قارا، تېنى كىچىك، ئەركەكلىرىنىڭ قانىتى ئالا بىر خىل ياۋا ئۆردەك.

**تېۋەك** II ئى. دىيال. تونۇرنىڭ ئاغزىنى ياپىدىغان سېۋەت.

**تېۋقا** ئى <بىن> ئۆي ئىچىدىكى تامنى بويلاپ چىقىرىلغان ئۇزۇن تەكچە، قىرمىزاق.

**تېۋىپ** ئى [ئە] تومۇر تۇتۇپ بىمارلارنى تەكشۈرىدىغان، ئۆزىگە خاس دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولغان تېبابەت مۇتەخەسسىسى، مىللىي تېبابەت دوختۇرى.

**تېۋىپلىق** ئى. تېۋىپ قىلىدىغان ئىش، دوختۇرلۇق: ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆزى ئاغرىغان بىر كىشى كەپتۇ.

**تېۋىلغا** ئى <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تېۋىلغىلىق** ئى. تېۋىلغا كۆپ ئۆسكەن جاي.

**تېۋىنە** ئى. دىيال. چوڭ يىڭنە، يوغان يىڭنە.

**تېۋىندۇرماق** «تېۋىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مۇساپىرنى قانچە ئۇرۇپمۇ بۇتقا تېۋىندۇرالماپتۇ.

**تېۋىنىشماق** «تېۋىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەلق ئۇ چاغدا ئوتقا تېۋىنىشاتتى.

**تېۋىنماق** پ ① سىغىنماق، ئىلتىجا قىلماق، ئىلتىماس قىلماق، ئىنتىلمەك. ② چوقۇنماق، باش ئۇرماق، سەجدە قىلماق، ئېتىقاد قىلماق، ئىشەنمەك: كىشىلەر گاھىدا كۈنگە تېۋىنغان، گاھىدا ئوتقا تېۋىنغان، سۇغا تېۋىنغانلارمۇ بولغان.

**تېيىز** سۈپ. ئانچە چوڭقۇر ئەمەس: تېيىز كۆلچەك. * ئاخىر قېيىق دەريانىڭ تېيىز يېرىگە بېرىپ، قۇمغا تەگدى.

**تېيىزلاشتۇرماق** «تېيىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لاي سۇ ئېقىۋېرىپ، ئېرىقنى تېيىزلاشتۇرۇۋەتتى.

**تېيىزلاشماق** پ. تېيىز ھالەتكە كەلمەك، تېيىز بولماق: ئېرىق تېيىزلىشىپ قالغانلىقتىن، سۇ تېشىپ كېتەي دەپ تۇراتتى.

**تېيىزلىق** ئى. تېيىز ھالەت.

**تېيىلدۇرماق** «تېيىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن نەۋرەمنى يەكشەنبە كۈنى كاڭكى بىلەن مۇز تېيىلدۇرۇپ ئويناتتىم.

**تېيىلغاق** سۈپ. ئاسانلا تېيىلىپ كېتىدىغان، تېيىلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: بۇنداق قاتتىق يامغۇردا، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يولدا يۈرۈش تېخىمۇ قىيىنلاشتى.

**تېيىلغاقلىق** ئى. تېيىلغاق يەر.

**تېيىلغۇچ** سۈپ. تېيىلىش، سىيرىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تېيىلغۇچ شوتا.

**تېيىلماق** پ ① سىلىق ياكى تېيىلغاق يەردە ھەرىكەت قىلغاندا، پۇتى ئورناشماي، بىر تەرەپكە سىيرىلىپ كەتمەك: ئەپەندىم ئۆگزىنىڭ قارىنى تازىلاۋېتىپ تېيىلىپ كوچىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ. ② جىددىي ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن سىلىق مۇز ياكى قار ئۈستىدە سىيرىلىپ ماڭماق: كاڭكى تېيىلماق. مۇز تېيىلماق. ③ كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، پېشكەللىككە يولۇقماق: ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغۇپ ئۆستۈرگەن بىر ياخشى يىگىتنىڭ تاسادىپىي تېيىلىپ كېتىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

**تېيىلىشماق** «تېيىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەم ئېلىش كۈنى، ئۇلار كۆلدە مۇز تېيىلىشتى.

**تىبەتشۇناس** ئى. تىبەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس: مۇخبىر بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر قىسىم تىبەتشۇناسلارنى زىيارەت قىلدى.

**تىبەتشۇناسلىق** ئى. تىبەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى: تىبەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**تىبەر** ئى ① تىغ، سايمان: باغنىڭغا كىرەر بولساڭ، قولۇڭغا تىبەر ئالغىن، شەرىڭگە مۇساپىرمەن، ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن. ② بەلگە، قىز - يىگىتلەر تېپىشقاندا بىر - بىرىگە بېرىشىدىغان بەلگە.

**تىپ** ئى [ ر<گىرېك] ① ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈرى، نۇسخىسى: قان تىپى. يېڭى تىپ. * ئۇلار ھەرقانچە قارا كۆڭۈل بولسىمۇ، بەرىبىر ئادەم تىپىغا كىرىدىغان بولغاچقا بىرئاز ئويلىنىدىغاندۇ. ② ئىجتىمائىي، كەسپىي، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بەلگىلىرى ئوخشىشىپ ياكى يېقىنلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر ۋەكىلى: تېرىلغۇ تەييارلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش لازىم. ③ <ئەد> مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى كىشىلەرگە خاس خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان بەدىئىي ئوبراز. ④ ئاساسلىق، روشەن ئالاھىدىلىكلىرى ئورتاق بولغان ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ بىرلەشتۈرۈپ يىغىنچاقلانغان بۆلۈنمىسى. مەسىلەن، ئىپتىدائىي ھايۋانلار تىپى. يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپى قاتار-

لىقلار.

**تىپتىكى** سۈپ. مەلۇم بىر تىپ دائىرىسىدىكى، ئىچىدىكى: ئۇ كىچىك تىپتىكى موتور ئىشلىرىغا خېلى پىششىق.

**تىپچاق** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ماللارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ شىنجاڭغا كەڭ تارالغان، غولى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تىپلىق** سۈپ. مەلۇم تىپقا كىرىدىغان، مەلۇم بىر تىپقا مەنسۇپ بولغان: A تىپلىق قان.

**تىپىك** سۈپ [ر] ① مەلۇم تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتكۈزگەن: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان گۈزەل كۆرۈنۈش ئومۇمەن، ئۆلكە شەھەرنىڭ تىپىك مەنزىرىسى ئىدى. ② ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، خاراكتېرلىك: تىپىك خاراكتېرلىك. تىپىك پېرسوناژ. تىپىك ئوبراز.

**تىپىكلەشتۈرمەك** ① «تىپىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شائىر ئەڭ ياخشىسى تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقەنى، ئادەملەر ھاياتىدىكى مەلۇم بىر ئىشنى تىپىكلەشتۈرۈپ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، ئۇلگە كۆرسىتىشكە تايىنىشى لازىم. ② <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئومۇمىي غايە ۋە چۈشەنچىلەرنى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى تىپىك ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىمەك.

**تىپىكلەشتۈرۈش** ئى <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىك بەدىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانى ۋە ئۇسۇلى.

**تىپىكلەشتۈرۈلمەك** «تىپىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلق ئاممىسى سەنئەتچىلەردىن تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلىق ئويۇنلارنى كۆپرەك قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**تىپىكلەشمەك** پ ① تىپىك ھالەتكە كەلمەك: يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەخمەت ئاكامنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى تىپىكلەشكەن ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى يەكۈنلىدى.② <ئەد> ئومۇملاشتۇرۇلغان، مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھالدا گەۋدىلەنمەك: بۇنىڭ بىلەن موللا زەيدىن ئوبرازى تېخىمۇ تىپىكلەشكەن، تېخىمۇ غايىۋى تۈس ئالغان.

**تىپىكلىك** ئى ① تىپىك ھالەت: قاراڭغۇ نەرسىلەر بولغاندىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە، تىپىكلىككە ئىگە بولىدىكەن. ② <ئەد> ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقنىڭ بەدىئىي ئوبرازدا بىرلىككە كېلىشى.

**تىت** تەق. سۇناي قاتارلىقلاردىن چىققان، ئىنچىكە ئاۋاز.

**تىتاڭ** سۈپ. غول، ئوق: تىتاڭ تومۇر.

**تىتان** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Ti (Titanium). كۈمۈشتەك ئاپئاق، ئەۋرىشىم ھەم يېنىك، چىرىتىشكە چىداملىق ئالاھىدە قېتىشما. پولات ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**تىت ـ تىت** كىشى كەيپىياتىنىڭ دىققەتتە بولۇش، تاقەتسىزلىنىش ھالىتى: ئەتراپتا تۇرغان كادىر، جەڭچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئابدۇۋاھىتنىڭ ئىچى سەپدىشى ئۈچۈن تىت ـ تىت ئىدى.

**تىترات** ئى [ر] چاقماق سىزىقلىق دەپتەر.

**تىترەتمە** سۈپ. تىترەپ چىقىدىغان، تىترىتىشتىن ھاسىل بولغان: تىترەتمە ئاۋاز.

**تىترەتمەك** «تىترىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاملىنىڭ سۆزلىرى دىلبەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى.

**تىترەشمەك** «تىترىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قاسقان شەپكىلىك چېرىكلەر قورقۇپ تىترىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۈمۈلىدەك ئولىشىۋالغانىدى.

**تىترەك** ① ئى. سوغۇق، قورقۇش، ماغدۇرسىزلىق ياكى بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئىختىيارسىز لاغىلداپ سىلكىنىش ھەرىكىتى: — سەن ئاۋۋال چايدىن ئوتلىغىن، تىترەكنى باسىدۇ، — دېدى بوۋاي. ② سۈپ. دولقۇنلىنىپ تىترەپ چىقىدىغان (ئاۋاز ھەققىدە): — قويۇۋەتكىن! — دېدى بەختىگۈل تىترەك ئاۋاز بىلەن.

**تىترەڭگۈ** سۈپ. تىترەپ، دولقۇنلىنىپ چىقىدىغان: تىترەڭگۈ ئاھاڭ. تىترەڭگۈ ئاۋاز.

**تىترەڭگۈلۈك** ئى. تىترەڭگۈ ھالەت: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەڭگۈلۈكى ۋە دولقۇنسىمانلىقى دەسلەپكى ناخشىسىدىنلا بايقالدى.

**تىترىگەك** سۈپ. تىترەپلا تۇرىدىغان، تىترەيدىغان: دادا، سەن قارلىغاچنى تۇتۇپ يامان قىلدىڭ، قولۇڭ تىترىگەك، بېشىڭ گىلدىڭلىغاق بولۇپ قالارمۇ؟

**تىترىگۈچى** سۈپ. تىترەش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان: تىترىگۈچى تاۋۇشلار.

**تىترىمەك** پ ① سوغۇق، قورقۇش، ماغدۇرسىزلىق ياكى كېسەللىك قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن بەدەن ئىختىيارسىز ھالدا لاغىلدىماق، دىرىلدىمەك: نامان تۇلكە جان ئۇزۇۋاتقان ئۆلۈكتەك جالاقلاپ تىترەپ، تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى. ② لەرزىگە كېلىپ سىلكىنمەك، تەۋرەنمەك: ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك قاتار سەپلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى گۈرسۈلدەپ، يەرلەر تىترەيتتى. ③ ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ، دولقۇنلىنىپ چىقماق: ئانىنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز تىترەپ چىقتى. ④ كۆچمە. قورقماق: جەڭگىۋار يىللاردا شېئىرىڭ بولدى بىر ئۆتكۈر قىلىچ، تىترىدى ياۋلار تامام كۆرگەنسېرى كۈچ ـ قۇدرىتىڭ.

**تىتقۇچلىماق** پ. ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىش، تىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلماق.

**تىتقۇزماق** «تىتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆيدە تىتقۇزۇپ قويۇلغان خوتەننىڭ كۈزەم يۇڭىدىن بار. بالىنىڭ تويىغا چوڭراق بىر گىلەم توقۇتۇپ قوياي.

**تىتقىلىماق** پ. دىيال. ئاختۇرماق، كوچىلىماق: يانچۇقلىرىنى خېلى ئۇزۇن تىتقىلاپ، ئاخىر بىر تىيىن، ئىككى تىيىنلىق پۇللارنى تېپىپ چىقتى.

**تىتما** سۈپ. تىتىپ ئۇششاقلانغان، تىتىلغان: تىتما گۆش.

**تىتما ـ تالاڭ** تىتىلغان، تالانغان ھالەت: تىتما ـ تالاڭ قىلماق.

**تىتما ـ تىتما** يىرتىلغان، تىتىلغان، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن: ئۇنىڭ ئېرىنىڭ كۆڭلەكلىرى تىتما ـ تىتما بولۇپ كېتىپتۇ.

**تىتماسلىماق** پ. بىر تۇتۇپ، بىر قويۇپ بېرىپ، بىر تاتىلاپ، بىر كوچىلاپ، مۇقىمسىز ھەرىكەت قىلماق: ئەكبەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئەيمىنىپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىجىللىق ئىچىدە تىرنىقىنى تىتماسلىدى.

**تىتماق** پ ① غۇزمەكلەشكەن، كىرىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى بىرمۇبىر ئايرىپ، تالا ـ تالا، پارچە ـ پارچە قىلماق:

گۆشنى تىتماق. يۇڭ تىتماق. پاختا تىتماق. ② كۆچمە. ئازاب سالماق، ئاغرىتماق: بولدى سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى تىتما، مەن كېتىمەن.

**تىتما ـ كاتاڭ** تىتما ـ تىتما تىتىلغان، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن: رەيھان بىلەن ئانار پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، ۋاراقلىرى تىتما ـ كاتاڭ بولۇپ كەتكەن بالىلار كىتابىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈشۈۋاتاتتى.

**تىتمىلاتماق** «تىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىتمىلاشماق** «تىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىتمىلانماق** «تىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىتمىلىماق** پ. تىتما ـ تىتما قىلماق، تىتىپ پارچىلىماق: ئۇ پولۇ ئۈستىگە بېسىلغان، مەززىلىك پىشقان گۆشنى قولىدىلا تىتمىلاشقا باشلىدى.

**تىتۇل** ئى [ ر<لات] كىتابنىڭ ئىسمى، ئاپتورى ۋە نەشر قىلغۇچى ئورۇن كۆرسىتىلگەن بىرىنچى بەت.

**تىتىتلىماق** پ ① تىل ئۇچىنى چايناپ بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا «ت» نى تەلەپپۇز قىلىپ سۆزلىمەك، كېكەچلىمەك. ② كۆچمە. بىر گەپنى تولا تەكرارلاپ ئەزمىلىك قىلماق: تولا تىتىتلىماي دەيدىغان گېپىڭنى تېزرەك دېمەمسەن؟

**تىتىشماق** «تىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولى ئەپچىللەر قويلارنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ قىرقىشتى، قىزلار تىتىشتى، بالىلار ئۇزۇن چىۋىقلار بىلەن ساۋاشتى.

**تىتىلدىماق** پ. مەلۇم بىر ئىشتىن ئەنسىرەپ خاتىرجەمسىزلەنمەك، تىت ـ تىت بولماق، تاقەتسىزلەنمەك؛ تەقەززا بولماق: ئۇ ئىدارىنىڭ شوپۇرلىرىنى ئىزدىمەكچى بولدى، بىراق مەن تىتىلداپ كەتتىم.

**تىتىلماق** «تىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي ئىچى ئادەم چۆچۈگۈدەك ۋەيرانە ئىدى. يوتقان ـ كۆرپىلەر سۆكۈلۈپ، ھەتتا پاختىلىرىمۇ تىتىلىپتۇ.

**تىتىم** ① ئى. تىتىش، پارچىلاشتىن ھاسىل بولغان بۆلەك. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىتىم پاختا.

**تىتىملاتماق** «تىتىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىتىملاشماق** «تىتىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىتىملانماق** «تىتىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىتىملىماق** پ. چىمدىپ تىتىم ـ تىتىمغا ئايرىماق: — بىز دېھقان خەق، — دەيتتى دېھقان بۇرۇتلىرىنى تىتىملاپ تۇرۇپ، — يەر تېرىيمىز، ئاش ئالىمىز، لېكىن ئاچ قالىمىز.

**تىتىندى** ئى. تىتىلىپ كەتكەن، تىتىلغان نەرسە.

**تىجارەت** ئى [ئە] ① سودا ـ سېتىق: تىجارەت دۇكىنى. تىجارەت كىنىشكىسى. ② كۆچمە. پۇل تېپىش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش بىلەن شۇغۇللىنىش: دوختۇرلار كەچ كىرىشى بىلەنلا قارتا ئويناشقا چۈشۈپ كېتەتتى، ئاغرىقلارنى داۋالاشنى بىر خىل تىجارەت دەپ قارايتتى. ③ پۇل مۇئامىلە (بانكىدا): جىلىل بوۋاي قىستىلىپ، مىڭ تەسلىكتە ئاران ئۈستەل ئالدىغا يېقىن باردى ۋە بانكىنىڭ تىجارەت خادىمىغا 110 يۈەن پۇلنى شۇ پېتىچىلا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**تىجارەتچى** ئى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سودىگەر.

**تىجارەتچىلىك** ئى. تىجارەت ئىشى.

**تىر** I ئىم. ئات ـ ئېشەكلەرنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىر** II تەق. قەغەز، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يىرتىلىشى ياكى شامال كۈچى بىلەن تىترىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**تىراپېتسىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> بىر جۈپ قارىمۇقارشى تەرەپلىرى پاراللېل بولغان تۆت تەرەپلىك. پاراللېل بولغان ئىككى تەرىپى ئاساسلىرى، پاراللېل بولمىغان ئىككى تەرىپى يانلىرى، ئىككى ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئېگىزلىكى دېيىلىدۇ.

**تىراخوما** ئى [ر<گىرېك] <تېب> كۆزدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. ئالامەتلىرى: بىرىكتۈرگۈچى پەردە يۈزىدە كۆل رەڭ دانچىلەر شەكىللىنىپ، تەدرىجىي تاتۇق ھاسىل قىلىپ، مۈڭگۈز پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئۇنى يارىلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئېغىر بولغاندا قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

**تىراخىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> تەركىبى توغرا شىپات جىنسقا ئوخشاش بولغان ئېتىلما جىنس. ئاچ كۆل رەڭ، ئاچ سېرىق ۋە ئاچ قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ.

**تىراخىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە تىراخىت بولغان؛ تىراخىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: تىراخىتلىق تۇزۇلمە.

**تىراژ** ئى [ر<فىران] كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنىڭ بېسىلىپ چىققان نۇسخىسىنىڭ سانى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 ـ تومىنىڭ تىراژى 7000 قىلىپ بېكىتىلدى.

**تىراژلىق** سۈپ. تىراژغا ئىگە بولغان، تىراژى بار: «شىنجاڭ ياشلىرى» ئەڭ كۆپ تىراژلىق ژۇرناللارنىڭ بىرى.

**تىراكتور** ئى [ر<ئىنگ ] يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنا. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، كىچىك تىپتىكىلىرىگە كاۋچۇك بالون، چوڭ تىپتىكىلىرىگە زەنجىر تاپان ئورنىتىلىدۇ.

**تىراكتورچى** ئى. تىراكتور ھەيدەيدىغان ئادەم: تىراكتورچى غاچ قىلىپ خوت يۆتكەپ، ئوقنى تەتۈر ئايلاندۇرماقچى بولدى.

**تىراكتورچىلىق** ئى. تىراكتور ھەيدەش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى ۋە مەشغۇلاتى: جېلىلنىڭ كەنتتە تراكتورچىلىق قىلغىنىغا ئون يىل بولغانىدى.

**تىراكتورسازلىق** ئى. تىراكتور ياساش، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇراشتۇرۇش سانائىتى: قاقاس بۇ جايدا، تراكتورسازلىق زاۋۇتى بىنا بولىدۇ دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

**تىراكتورلاشتۇرماق** «تىراكتورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «ئالغا» كەنتى يەر ھەيدەش، ئورۇق سېلىش ئىشلىرىنى ئۈچ يىلدا تىراكتورلاشتۇرۇپ بولۇش پىلانىنى تۈزدى.

**تىراكتورلاشتۇرۇلماق** « تىراكتورلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىراكتورلاشماق** پ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تىراكتور بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ھالەتكە كەلمەك: خامان تېپىش تىراكتورلاشقاندىن كېيىن يازلىق يىغىم بۇلتۇرقىدىن ئون كۈن بۇرۇن تاماملاندى.

**تىراگېدىك** سۈپ [ (گىرېك ] پاجىئەلىك بولغان، دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاجىئەلىك، تىراگېدىيەلىك: يازغۇچى زوردۇن سابىر تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم تىراگېدىك ئامىللارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بايقاپ، ئۇنى ئاز ـ تولا بەدىئىي بوياق بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن دىداكتىكا بىلەن ئەمەس، بەلكى....

**تىراگېدىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <ئەد> باش قەھرىمان بىلەن رېئال مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر توقۇنۇشتا، باش قەھرىمان بەختسىزلىككە ئۇچراپ، پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر خىل تىياتىر تۈرى. ② دەھشەتلىك ۋەقە، ھادىسە؛ پاجىئە: مانا شۇنداق شارائىتتا، بۇ تىراگېدىيە يۈز بەردى.

**تىراگېدىيەلىك** سۈپ. تىراگېدىيەگە ئائىت ۋە تىراگېدىيەگە خاس بولغان؛ پاجىئەلىك: سەن ئۆزۈڭ باشتىن كەچۈرگەن تىراگېدىيەلىك كەچۈرمىشلىرىڭگە مېنىمۇ شېرىك قىلماقچىمۇسەن؟

**تىراگېكومېدىيە** ئى [ر] تىياتىرنىڭ ھەم تىراگېدىيەلىك ئامىللارغا ھەم كومېدىيەلىك ئامىللارغا ئىگە بولغان بىر تۈرى.

**تىراللىبۇس** ئى [ر<ئىنگ] ئېلېكتىر كۈچى بىلەن يۈرىدىغان ئاپتوبۇس.

**تىرامۋاي** ئى [ر<ئىنگ] شەھەر ئىچى تۆمۈريوللىرىدا ئېلېكتىر كۈچى بىلەن قاتنايدىغان پويىز شەكلىدىكى قاتناش قورالى.

**تىرانسپورت** ئى [ر<لات] مەلۇم قاتناش لىنىيەسى ئارقىلىق يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ساھە ياكى قاتناش ۋاستىلىرى.

**تىرانسفورموتور** ئى [ر<لات] <ئېل> ئېلېكتىروماگنىتلىق ئىندۇكسىيە قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزگىرىشچان توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىدىغان قۇرۇلما.

**تىرانسكرىپسىيە** ئى [ر<لات] <تىل> بىرەر تىلدىكى تىل تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن ئېنىق خاتىرىلەشتە قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى.

**تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرمەك** پ. ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن دەلمۇدەل قىلىپ يېزىپ چىقماق، خاتىرىلىمەك: ئوقۇتقۇچىلار ئەرەبچە يېڭى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرۈپ بەردى.

**تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرۈلمەك** «تىرانسكرىپسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىرانسكرىپسىيەلىك** سۈپ. تىرانسكرىپسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: ترانسكرىپسىيەلىك بەلگە.

**تىرايېكتورىيە** ئى [ر<لات] <مات> مەلۇم نۇقتىنىڭ بوشلۇقتىكى يۆتكىلىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن پۈتۈن يولى.

**تىرەتمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرەجەشمەك** «تىرەجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قاتتىق ئىتتىرىشىپ، تىرەجىشىپ بېرىپ، قۇرۇت قۇرۇتىدىغان جاھازلارنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

**تىرەجىمەك** پ. بىرەر نەرسىگە پۇتىنى تىرەپ تۇرۇۋالماق، بىر نەرسىنى تىرەك قىلىپ تايىنىپ تۇرماق: باياتىن شۇنچە ھەيۋە قىلغان بارات ئەمدى ھە دەپ كەينىگە تىرەجىيتتى.

**تىرەز** سۈپ، دىيال. تېتىك، جانلىق، تېمەن.

**تىرەشمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئات ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرىشىپ، بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ يىراقتا قاراشقا باشلىدى.

**تىرەك** ئى ① بىرەر نەرسىنى يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر: بىز شېخىنى كۆتۈرەلمەي تىرەك قويۇۋەتكەن شاپتۇللۇق، ئالمىلىقلاردىن ئۆتۈپ، يۇمران كۆچەتلىككە كەلدۇق. ② كۆچمە. قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان، ياردەم بېرىدىغان كۈچ، ھىمايىچى: چەتنىڭ پايلاقچىسى شەيخ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى شېرىكىنى تۇتۇشلا يەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوردىدىكى كونا تىرىكىنى يوقىتىش كېرەك.

**تىرەكسىز** سۈپ. تىرىكى يوق، تىرەك قويۇلمىغان: مەن بۇ دۇنيادا يالغۇز، تىرەكسىز بىر يېتىم، بۇ بىر بەختسىزلىك - تە؟! // ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۇدۇلدىن كەلگەن دۈشمەننى ئوڭ قولى بىلەن تىرەكسىز نىشانلاپ ئېتىپ موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

**تىرەكلىك** سۈپ. تىرىكى بار، تىرەك قويۇلغان: سۇلايماننىڭ ھويلا تېمىغا يوغان بىر ياغاچ تىرەكلىك تۇراتتى.

**تىرەڭ** سۈپ. دىيال ① كۆرەڭ. ② تاپا - تەنە.

**تىرەلمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلنار دوستىنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك، ئاق ياستۇققا تىرىلىپ ئىشىككە قاراپ ياتاتتى.

**تىرەنمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئالىقانلىرىدا ئېگىكىنى يۆلەپ، جەينەكلىرىگە تىرىنىپ، دېرىزىدىن كىمدۇر بىرىنى كۈتكەندەك قاراپ ئولتۇراتتى.

**تىرت** ئىم. ھارۋىكەشلەر قامچە سىلكىگەندە ئېيتىدىغان، ئات ياكى ئېشەكنى ھەيدەش، تېز مېڭىشقا ئۈندەش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ھارۋىكەشلەر قامچا سىلكىپ تىرت دەپ كېلىشەر، پولات چىۋىق، سېمونتلارنى يۆتكەپ كېلىشەر.

**تىرتەك** سۈپ. ئالدىراڭغۇ؛ ئاسان ئاچچىقلىنىپ قالىدىغان، تېرىككەك، تەرسا، ئاچچىقى يامان: تىرتەك ئادەملەر ئاخىرى مىخقا ئۇسسۇۋالىدۇ.

**تىرتەكلىك** ئى. ئالدىراڭغۇلۇق، تېرىككەكلىك.

**تىر - تىر** I ئات - ئېشەكلەرنى توختىتىش، چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىر - تىر** II «تىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تىردان** ئى. دىيال. ئوقدان.

**تېرر** تەق. دىيال ① قوينى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ② ئاتنى توختىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تىررىششۇ** تەق. دىيال. ئېشەكنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تىرس** تەق. چۇرۇك، نېپىز نەرسىلەرنىڭ يېرىلىشى ياكى ئىنچىكە، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۈزۈلۈشى، سۇنۇشىدىن ھاسىل بولغان كۈچسىز ئاۋاز: سىرتتا، تۈن كېچىدە بىراۋنىڭ چىت قومۇشىدىن بىر تالنى «تىرس» قىلىپ ئوشتۇغىنى ئاڭلاندى.

**تىرسسىدە** رەۋ. «تىرس» قىلىپ، «تىرس» قىلغان ھالدا: رەشىدەم دىققەتسىزلىكتىن قىزىق دەزمالنى جوزا ئۈستىدىكى ئەينەككە قويۇشىغىلا، تىرسسىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، ئەينەككە دەز كەتتى.

**تىرسلداتماق** «تىرسلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆگزىدىكى قۇرۇغان بۇغداي ئۆنچىلىرىنى نېمىدۇر بىر نەرسە تىرسلداتقىلى تۇردى.

**تىرسلداشماق** «تىرسلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قاتتىق يامغۇر ۋە شامالدىن سىرتقى دېرىزە ئەينەكلىرى تىرسلدىشاتتى.

**تىرسىلدالماق** «تىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىرسىلدىماق** پ. «تىرس – تىرس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تىرس – تىرس» قىلماق: ئاپتاپقا قاقلانغان دۇمباقنىڭ تېرىسى تۇرۇپ – تۇرۇپ تىرسىلداپ قوياتتى

**تىركاڭشتماق** «تىركاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىركاڭششماق** «تىركاڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىركاڭشىماق** پ. تېز ھەم قالايمىقان ھەرىكەت قىلماق، تېزلىك بىلەن بىر يۇقىرى، بىر تۆۋەن ھالەتتىكى قالايمىقان ھەرىكەت قىلماق: ئۇ يېنىدىن خەنجىرىنى ئالدى – دە، بىر – ئىككى تىركاڭشىپ قويۇپلا جىمىدى.

**تىركەتمەك** «تىركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىركەشتۈرمەك** «تىركەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىركەشمەك** ① «تىركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى يەرگە تىركىشىپ دەس تۇرۇشتى. ② قارشىلىق كۆرسەتمەك، قارشىلاشماق، ئېلىشماق: ئىشنىڭ مەنىكى، خەق جەزمەن تىركىشىدۇ، غوۋغا چىقىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ③ پۇتۇن كۈچى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالماق، تىرىشماق: ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىركىشىپ باقتى، لېكىن تىكەنلىك ئارقان بىلەن ماتىلىپ قالغاندەك ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ④ ئاچچىقلىشىپ قالماق، زىتلاشماق، قارشىلىشىپ قالماق: مودەنگۇل ئالدىنقى يىلى ئوغۇت تۇپلاش ۋاقتىدىمۇ، سۇلايمان سۇخەنچى بىلەن بىر قېتىم تىركىشىپ قالغانىدى. ⑤ كەينىگە داجىماق، ماڭماي تۇرۇۋالماق: ئۇ بىر داۋاننىڭ تۇۋىدىكى ئېقىنغا كەلگەندە، ئۆتكىلى ئۇنىماي تىركىشىپ تۇرۇۋالدى.

**تىركەلمە** ئى <تىل> ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزگە قوشۇلۇپ، ئۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. مەسىلەن، «ئۈچۈن، ئارقىلىق، قاتارلىق، قەدەر، بىلەن» گە ئوخشاش سۆزلەر.

**تىركەلمەك** «تىركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ماقالىدە ئاساسىي مەزمۇنلار بىرقانچە كىچىك تېما ۋە تارماقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىرىگە بىرقانچىدىن مىسال تىركەلگەن.

**تىركىمەك** پ ① تىرىمەك: بالا ھارۋىدىن ئېشەكنى چىقىرىپ، ھارۋىنى ئىشىككە تىركەپ تۇختىتىپ قويدى. ② قوشۇپ قويماق، بىرىكتۈرمەك: ھۆججەتنى تىركىمەك. ③ كۆچمە. ئىلاۋە قىلماق، قوشۇمچە قىلىپ يازماق، كىرگۈزمەك: ئىزاھقا مىسال تىركىمەك.

**تىرگەن** ئى < دېھ > قېلىن، ئېگىز قىر، ئېتىز قىرى، سۇنى توسۇش ئۈچۈن قوپۇرۇلغان قاش: ئادەملەرنى بولسا تىرگەن سوقۇپ بېرىشكە قوي. يەر تەييار بولسا بولغىنى، بىر تەرەپتىن ئوسا قىلىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن تېرىۋېرىمىز.

**تىرماشماق** پ. مەھكەم يېپىشىپ، يامىشىپ ھەرىكەت قىلماق؛ تىرىشماق: دېدى بالام ئوقۇغىن، چوڭ بولغاندا تىرىشىپ. ئۆرلە ھارماي بىلىمنىڭ، چوققىسىغا تىرمىشىپ.

**تىرمىلاتماق** «تىرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرمىلاشماق** ① «تىرمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى تىللاشقاندىن كېيىن چاچ – ياقىلىرىدىن ئېلىپ، يۈزلىرىنى تىرمىلاشتى. ② ھەرىكەت قىلىپ كۆرمەك، تىرىشىپ باقماق: ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە ئېتىزلىقتا تىرمىلاشتى، لېكىن ئىش ئاۋۇمىدى.

**تىرمىلانماق** «تىرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ يۈز – كۆزلىرى تىرمىلانغانىدى.

**تىرمىلىماق** پ. تىرناقنى پاتۇرۇپ تاتىلىماق.

**تىرنا** I ئى. تۇپراقنى يۇمشىتىدىغان ۋە يەرنى تەكشىلەيدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. ئۇنىڭ تۆمۈر چىشلىق تىرنا، دىسكىلىق تىرنا دېگەن خىللىرى بولىدۇ.

**تىرنا** II ئى. بېلىقنىڭ يىڭنىدەك كىچىك ۋاقتى، كىچىك بېلىق.

**تىرناتماق** «تىرنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز كەلگۈچە ئانارنى تىرنىتىپ، تەخسىگە ئېلىپ قويۇشتى.

**تىرناشماق** «تىرنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشانغان ئاياللاردىن بەشى ئۇرۇقلۇق قوناقنى زەخمىلەندۈرمەي تىرناشماقتا ئىدى.

**تىرناق** ئى ① بارماق ئۇچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى گۆشكە يېپىشقان مۈڭگۈزسىمان قىسمى: تىرناق ئالماق. تىرنىقى ئۆسمەك. ② بەزى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پۇت، پەنجىلىرىنىڭ ئۇچىدىكى ئۆتكۈر مۈڭگۈزسىمان قىسمى: بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى تۈلكىنىڭ كۆزىگە پاتتى. ③ كۆچمە. زۇلۇم، قىيىن – قىستاق: قىز شۇنداق قىلىپ 60 ياشلىق پومېشچىكنىڭ تىرنىقىدا مىجىلدى. ④ <مات> ئارىفمېتىكىلىق ياكى ئالگېبرالىق ئىپادىدە بىرقانچە سان ياكى ئەزانىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە ئىلگىرى – كېيىنلىك تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ئۇنىڭ كىچىك تىرناق ( )، ئوتتۇرا تىرناق [] ، چوڭ تىرناق {} دېگەن تۈرلىرى بار. ئوتتۇرا تىرناق كىچىك تىرناقنىڭ سىرتىغا، چوڭ تىرناق ئوتتۇرا تىرناقنىڭ سىرتىغا قويۇلىدۇ. ھېسابلاش ئالدى بىلەن كىچىك تىرناق ئىچىدىن باشلىنىدۇ. ⑤ <تىل> تىنىش بەلگىسى. شەكلى ماتېماتىكىدىكى كىچىك تىرناق ( ) بىلەن ئوخشاش، ئاساسلىقى تېكىست ئىچىدىكى ئىزاھ قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە يالاڭ تىرناق<> ، قوش تىرناق« » تۈرلىرىمۇ بار.

**تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك** يوقىلاڭ ئىشتىن كەمچىلىك تېپىپ، باشقىلارنى ناھەق، يولسىز ئەيىبلىمەك: ئىمىن ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇ «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەۋاتىدۇ»، «پادا باقىدىغان دوست بولۇپ، ياغاچ چاققاندا ئايرىلغان ئوخشايمىز» دەپ گۇمانلىنىپ يۈردى.

**تىرناقتا توختايدىغان** ناھايىتى ياخشى، يارامىلىق، كېلىشكەن، چىرايلىق: سەمەتكە قاراڭلار، ئۇ تىرناقتا توختايدىغان بىر قىز تېپىپتۇ.

**تىرناقچە** رەۋ. كىچىككىنە، ناھايىتى كىچىك، ئاز: ئىشىك ئالدى تالىڭىز، يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز. يارىڭىزنى كۆرگۈچە، تىرناقچە قاپتۇ جانىڭىز.

**تىرناقچىلىك** سۈپ. كىچىككىنە، ئازراق: مۇھەببەت مېنى ئېزىپ، خاراب قىلىۋەتتى. تىرناقچىلىك غۇرۇرۇممۇ قالمىدى.

**تىرناقسىز** سۈپ ① تىرنىقى چىقىپ كەتكەن، تىرنىقى يوق: ئابلىزنىڭ ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى تىرناقسىز بولۇپ، ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەتتى. ② <مات> تىرناق ئىچىگە ئېلىنمىغان، تىرناق ئىشلىتىلمىگەن: تىرناقسىز ئىپادە.

**تىرناقگۈل** ئى [تىرناق + گۈل] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە دورا ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش، تەرلىتىش، روھلاندۇرۇش، ھەيزنى راۋان قىلىش قاتارلىق روللىرى بار.

**تىرناقلاتماق** «تىرناقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرناقلاشماق** «تىرناقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى خوتۇن تىللاشقانسېرى يەنە ئەزۋىيلەپ، ياقا سىقىشىپ، يۈزلىرىنى تىرناقلىشىپ كەتتى.

**تىرناقلانماق** «تىرناقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ يۈزىنىڭ تىرناقلانغانلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

**تىرناقلىق** سۈپ. تىرنىقى بار، تىرناققا ئىگە: ئىشىك بېشىدا چىلبۆرىنىڭ ئۇزۇن، ئۆتكۈر تىرناقلىق ئىككى پۇتى پەيدا بولدى.

**تىرناقلىماق** پ. تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپ تاتىلىماق، تىرنىقى بىلەن تاتىلىماق: يۈزىنى تىرناقلىماق.

**تىرنالماق** «تىرنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**تىرنىلاتماق** «تىرنىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرنىلاشماق** «تىرنىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىرنىلانماق** «تىرنىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىياز كىرىشى بىلەن كۆزگىلەر تىرنىلىنىپ، ئوغۇتلىنىپ قولدىن چىقتى، شورلىرى تازىلاندى.

**تىرنىلماق** پ. تىرنا سىلىپ، تۇپراق ئۈستىدىكى چالمىلارنى ئېزىپ يۇمشاتماق: تولۇق ئېرىشى بىلەن رەھىم ئاكام كۆزگىلىرىنى تىرنىلاشقا كىرىشتى.

**تىرنىماق** پ. تىرناق ياكى ئۇچلۇق نەرسە بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ ئاجراتماق: ئانارنى تىرنىماق. قوناقنى تىرنىماق.

**تىروپىك** [ر<گىرېك] <جۇغ> ① ئى. يەر شارىدىكى جەنۇبىي كەڭلىك بىلەن شىمالىي كەڭلىكنىڭ 23° 27′ لۇق ئىككى كەڭلىك چەمبىرىدىكى كۈن نۇرى ئەڭ تىك چۈشىدىغان رايونلار: تىروپىكتىن ئۆتمەك. ② سۈپ. بۇ رايونغا خاس بولغان، ئۇ يەرگە جايلاشقان ۋە ئۇ يەردە ئۇچرايدىغان: تىروپىك بەلباغ.

**تىروتىل** ئى [ئىنگ] <خىم> كۈچلۈك پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، سېرىق كىرىستال شەكلىدىكى بىر خىل كىسلاتا ــ پىكرىن كىسلاتاسى.

**تىرومبون** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> تۇچتا ياسالغان ئۇزۇن سوزما كاناي. گەۋدىسى تاقا شەكلىدىكى ئىككى پارچە نەيچىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سوزغىلى ھەم يىغقىلى بولىدۇ. نەيچىنىڭ سوزۇلۇشى ۋە يىغىلىشى ئوخشاش بولمىغان يەتتە خىل ئاۋاز باسقۇچىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يەنە يېرىم ۋە سىيرىلما ئاۋازلارنىمۇ ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

**تىرېنېر** ئى [ر<لات] <تەن> تەنھەرىكەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە ۋە مەشىق قىلدۇرۇشقا بىۋاسىتە مەسئۇل خادىم.

**تىرىباران** ئى [پ] يېزىت ① ئوق ياغدۇرۇش. ② ۋەيران، بىتچىت: تىرىباران قىلماق.

**تىرىپ** ئى. قاينىتىپ شىرنىسى ئېلىنغان ياكى ئېچىتىلغان سۈيۈقلۇقلارنىڭ چۆكمىسى، سۈزۈندىسى: شىرنىنىڭ تىرىپى. ئاچچىقسۇنىڭ تىرىپى.

**تىرىپسىن** ئى [ر<گىرېك] <تېب> ئاشقازان ئاستى بېزى سۈيۈقلۇقى تەركىبىدە بولىدىغان بىر خىل ھەزىم قىلدۇرۇش فېرمېنتى. ئۇ ئاقسىل ماددىسىنى ئامىنو كىسلاتاسىغا پارچىلايدۇ.

**تىرىپلىماق** پ. تىرىپىنى سۈزۈپ، سىقىپ ئايرىۋالماق: سىركىنى تىرىپلىماق.

**تىرىجان** ئى. بېلىقنىڭ تۇخۇمىدىن يېڭى ئايرىلغان بالىسى، بېلىجان.

**تىرىپېرەن** رەۋ [پ] قالايمىقانلىشىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن، ۋەيران: تىرىپېرەن بولماق. تىرىپېرەن قىلماق.

**تىرىتىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ھىدروگېن ئىزوتوپلىرىنىڭ بىرى. خىمىيەۋى بەلگىسى T (Tritium). رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 12.46 يىل. ئاتوم يادروسىدا بىر دانە پروتون بىلەن ئىككى دانە نېيترون بولىدۇ، ئىسسىق يادرو رېئاكسىيەسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تىرىشچان** سۈپ. ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، ھەرىكەتچان، تىرىشقاق: تىرىشچان بالا.

**تىرىشچانلىق** ئى. تىرىشچان كىشىلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە غەيرەت: شۇنچە تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگىنىگە قارىماي، سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى پارتكومى رەيھانەمنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتتى.

**تىرىشقاق** سۈپ. ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، تىرىشچان: بۇ بالا ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشقاق، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ساغلام ئىدى.

**تىرىشقاقلىق** ئى. تىرىشقاق كىشىلەرگە خاس غەيرەت ياكى خاراكتېر: بۇ غۇنچە بوي، ساددا قىزنىڭ ئىشچان ۋە تىرىشقاقلىقى ھەدېگەندىلا دوختۇر ـ سېستىرالارغا يېقىپ قالدى.

**تىرىشماق** پ. بىرەر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىرىپ ئىشلىمەك، ئەستايىدىل ئىشلىمەك: ئۇ بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشتى.

**تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ** بارلىق كۈچ ـ غەيرىتى بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەپ: ئىككىسى نەچچە ئون يىل تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەپ، بەختىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىشقا تەمشىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي ياشلىق ئۆمرىنى تۈگەتتى.

**تىرىق** تەق. ئىككى قاتتىق، يەڭگىل نەرسىنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىپ كېتىشىدىن چىققان ئاۋاز: مەن «تىرىق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئويغىنىپ كەتتىم.

**تىرىق ـ تىرىق** «تىرىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تىرىقىدە** رەۋ. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: ئادەملەر شۇنچىلىك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتىكى، تىرىقىدە قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ تىترەيتتى.

**تىرىقلاتماق** «تىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىراۋ ئىشىكنى تىرىقلاتتى.

**تىرىقلاشماق** پ «تىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ

جىنسى.

**تىرىقلىماق** پ. «تىرىق» قىلىغان ئاۋاز چىقارماق: ھويلىنىڭ تۆمۈر ھالقىلىق دەرۋازىسى خۇددى چاشقان كىتىرلىغاندەك ئاڭلىنار - ئاڭلانماس تىرىقلىدى.

**تىرىك** I سۈپ ① ئۆلمىگەن، ياشاپ تۇرۇۋاتقان، جانلىق: تىرىك مال. تىرىك بېلىق. تىرىك تارىخ. * تىرىك بولساق بىر يەردە بىز، ئۆلۈك بولساق بىر گۆردە بىز (ماقال). ② ئېقىپ تۇرىدىغان، تىرىك سۇ: شال ئۇرۇقى چېچىلىپ، تىرىك سۇ بېرىلىدىغان چاغدا ئۆستەڭدە سۇ بولمىدى. ③ ئېزىلىپ كەتمىگەن: پولۇنىڭ سەۋزىسى خېلى تىرىك چىقىپتۇ. ④ جۇشقۇن، تېتىك، جانلىق: ئوغلىڭىز خېلى تىرىك، چېچەن بالا بوپتۇ.

**تىرىك** II تەق. كىچىك نەرسىنىڭ چوڭ قاتتىق نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى، ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: شىرە ئۈستىدە «تىرىك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

**تىرىكە** ئى [ر<فىران] ئۈستىگە سىزىقچىلار چىقىرىپ، چىڭ توقۇلغان پاختا رەخت.

**تىرىكتاپ** ئى [تىرىك + تاپ] ← **تەييارتاپ**: ئاھ، بالا خىيالغا پاتتى مۇڭلىنىپ، راستتىنلا بۇ ئالەم يارالغان شۇنداق؟ تىرىكتاپ ئاق نان يەپ، ئاش تەرگەن دېھقان بولامدۇ بىر ئۆمۈر بۇرنىدىن بۇلاق؟

**تىرىكتاپلىق** ئى ← **تەييارتاپلىق**: تىرىكتاپلىق قىلماق.

**تىرىك - تىرىك** «تىرىك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چوڭ ئېلىپ ماڭغىن قەدەمنى پەللىگە، قىر ئاشالمايسەن مېڭىپ «تىرىك - تىرىك».

**تىرىكچىلىك** ئى. تۇرمۇش كەچۈرۈش، جان بېقىش، ياشاش: تىرىكچىلىك قىلماق.

**تىرىكلىك** ئى ① ھايات كەچۈرۈش، ھاياتلىق: بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس (ماقال). * ئادەمنىڭ تىرىكلىكى ئەڭ ئاۋۋال بىۋاسىتە يېمەك - ئىچمەككە باغلىق. * باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن تىرىكلىك ئېتىزىنى ئوسا قىلىدىغانلارنىڭ ئۇرۇقى ھامان پۇچەك بولۇپ چىقىدۇ. ② كۈچلۈك، جانلىقلىق، ئۇلۇغلۇق: بۇ سۇنىڭ تىرىكلىك دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ سىگنال يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ،

**تىرىگلا** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تەن شەكلى تاپانبېلىققا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك كېلىدۇ، قورساق تەرىپى كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**تىرىگونومېترىيە** ئى [ر<گىرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن تىرىگونومېترىيەلىك فۇنكسىيەنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**تىرىگونومېترىيەلىك** سۈپ. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى بىلەن بۇلۇڭلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارغا ئاساسلانغان: تىرى- گونومېترىيەلىك فۇنكسىيە. تىرىگونومېترىيەلىك تەڭلىمە.

**تىرىڭ** تەق. نېپىز مېتال بۇيۇم ياكى سىم تارلارنى يەڭگىل چېكىشتىن چىققان ئاۋاز: زوق بىلەن چېلىنغان تەمبۇرنىڭ «تىرىڭ» قىلىپ ئۇزۇلگەن ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

**تىرىڭ - تىرىڭ** «تىرىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تىرىڭڭىدە** رەۋ. «تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: بالا قولىدىكى تۆمۈر قۇتىنى تىرىڭڭىدە تاشلاپ قويدى.

**تىرىڭلاتماق** «تىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىرزا گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، راۋابنى قولىغا ئېلىپ تىرىڭلاتتى.

**تىرىڭلىماق** پ. نېپىز مېتال ياكى سىم تارلار «تىرىڭ» قىلىغان ئاۋاز چىقارماق، «تىرىڭ-تىرىڭ» قىلماق: راۋابىم تىرىڭلايدۇ، تارىسى ئالتۇنمىكىن. تويىمىز قىزىپ كەتتى، قەلبىمىز يالقۇنمىكىن.

**تىرىلداتماق** «تىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئايلىنىۋاتقان چاققا كىچىككىنە چۆپنى تۇتۇپ تىرىلداتقىلى تۇردى.

**تىرىلداشماق** «تىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىرىلدۇرمە** ئى ① تىرىلدۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش. ② تىرىلدۇرۇلگەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىر ئىش ياكى نەرسە.

**تىرىلدۇرمەك** ①«تىرىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: تەلۋىنى قورقۇتماق — ئۆلۈكنى تىرىلدۇرمەك (ماقال). ② زىياننى، يوقالغان نەرسىنى تولۇقلىماق: ئادىلنى يوق قىلىش — رەيھانەمنى ئاغدۇرۇش دېگەن سۆز، رەيھانەم غۇلاپ كەتسە، 70 پىرسەنت ئەمەس، 700 پىرسەنتىنى تىرىلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

**تىرىلدۇرۇلمەك** «تىرىلدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد- جىسى.

**تىرىلدىماق** پ. «تىر - تىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تىر - تىر» قىلماق.

**تىرىلدۇرمىچىلىك** ئى. تىرىلدۇرۇلگەن، ئەسلىگە كەلتۈ- رۈلگەن بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت ھەققىدىكى ئىدىيە ۋە مۇددىئا: 1908 - يىلى يەھۇدىيلار پەلەستىنىدىن يەر سېتىۋېلىپ، كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى تەشكىللىك تىرىلدۇرمىچىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇر- دى.

**تىرىلمەك** پ ① قايتىدىن جان كىرمەك: قەمەرخان، يۈگۈر ئۇكام، سەن بېرىپ جالالىدىن مۇدىرغا ئېيت، پىلىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلدى. ② ھوشىغا كەلمەك، ھەرىكەت قىلىشقا باشلىماق (ئۆلدى دەپ قارالغان جانلىق ھەققىدە): ئۈچ كۈن ئۇلۇكتەك كۆزىنى ئاچماي ياتقان بەندە نېمىدىنىدۇر كۆزىنى ئېچىپ تىرىلىپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. ③ قايتىدىن كۆكەرمەك، ياشارماق: گۈلگە سۇ قۇيۇپ بىر ئاز سايىدە قويۇۋىدىم، خېلى تىرىلدى. ④ كۆچمە. قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماق، پەيدا بولماق: «كاپىتالىزم تىرىلىپ قالارمىكىن؟!» دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشىلەرنى چىقى- رىپ تاشلاپ، يېڭى سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**تىرىلوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> بىر - بىرىگە مۇناسى- ۋەتلىك، ئەمما ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ئاساسىي ئىدىيەنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۈچ توملۇق ئەسەر.

**تىرىليون** سان [ر<فىران] مىڭ مىليارد.

**تىرىمەك** پ ① نەرسىنى بىرەر ھالەتتە يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىنى تىرەپ قويماق: قوشنىمىز سەل قىيسايغان ئارا تامغا چوڭ بىر بالا ياغاچنى تىرەپ قويغا- نىكەن. ② بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تەگكۈزمەك: ئالماس لەيلىگۈل بىلەن مۈرىلىرىنى بىر - بىرىگە تىرىگەن ھالدا شەھەر كوچى- سىنى بويلاپ، ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

**تىرياق** ئى [ئە<گىرېك] يېزىت. زەھەر قايتۇرغۇچى دورا: زەھەرلىك يىلان چاققان كىسەللەرگە تېبابىتىمىزدە قەدىمدىن تاتىپ

تىرياق بېرىلىدۇ.

**تىز** ئى ① پۇتنىڭ پۈكۈلىدىغان، يوتا بىلەن شىراق تۇتاشقان جاينىڭ ئالدىنقى قىسمى: بۇغراخان ئوڭ تىزىنى قوچقارنىڭ قورسىقىغا قويۇپ، تــۇمشۇقىدىن تۇتــۇپ بېشىنى كــەينىگە قــايرىدى. ② ئىشتان، شىم قاتارلىقلارنىڭ تىزنى قاپلاپ تۇرغان قىسمى: ئىشتاننىڭ تىزى يىرتىلىپ كەتتى.

**تىز پۈكمەك** باش ئەگمەك، بويسۇنماق، تەسلىم بولماق: مەۋلاننىڭ «كەلگۈسى» توغرىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلىرى ئالدىدا، رۇقىيەم ئاخىر تىز پۈكتى.

**تىز چۆكمەك** بويۇن ئەگمەك، تەسلىم بولماق، تىز پۈكمەك.

**تىزاپ** ئى [پ] بوياقلارنىڭ تالالارغا يېپىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىچى ماددا. كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرى ئاليۇمىن تۇزى، خىروم تۇزى ۋە تانىنات كىسلاتاسى قاتارلىقلار.

**تىزباسقۇ** ئى [تىز + باسقۇ] دىيال. تويدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان نەرسە.

**تىزتارتقۇ** ئى [تىز + تارتقۇ] بۆشۈككە سېلىنغان بوۋاقنىڭ پۇتىنى كۆرپە بىلەن يۆگەپ، ئۈستىنى تاڭىدىغان، يىپ باغلانغان ئۇزۇن لاتا.

**تىزدۇرماق** «تىزماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاش تىزدۇرماق.

**تىزغا** ئى <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا شار شەكلىدىكى ئاق رەڭلىك كىچىك تۈگۈنەك غولى بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ.

**تىزگاھ** ئى [پ] ھەر خىل تاۋارلار تىزىپ قويۇلىدىغان جاھاز: ھاكىم تىزگاھ ئالدىغا كەلدى - دە، تىزگاھتىكى نەپىس بۇيۇملارغا كۆز يۈگۈرتتى.

**تىزگىن** ئى ① يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇق ھالقىسىغا چېتىلغان، ئات - ئۇلاغلارنى يېتىلەش، قاڭتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن تاسما: ئالماس قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئاستىدىكى بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئىتتىك تارتتى. ② كۆچمە. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ۋاستىلىرى: مەتقاسىم بىر قوي ئۆلتۈرۈپ قىلىنغان بىر ئاخشاملىق زىياپەتتىن كېيىنلا، كۆكتاتچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ تىزگىنىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى.

**تىزگىننى تۇتماق** باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرماق.

**تىزگىنەك** ئى. تىزگىنلەيدىغان نەرسە، تىزگىنلىگۈچ، تىزگىن: خەلق ئالدىراش، ۋاقىت قىس، تىزگىنەك ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا.

**تىزگىنسىز** سۈپ ← **يۈگەنسىز**: تىزگىنسىز قاش دەرياسى ئەسىرلەردىن بېرى توسۇن ئارغىماقتەك چاپچىپ، ئۆز مەيلىچە ئاققانىدى.

**تىزگىنلەتمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىزگىنلەشمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزگىنلەنمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغلار ھۆددىگە بېرىلدى، نەچچە يىللاردىن بۇيان قوشباغنى بوزەك قىلغان ھاشارات ئاپەتتى تىزگىنلەندى.

**تىزگىنلىگۈچ** ئى. تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدىغان ئۈسكۈنە، تىزگىنلەيدىغان نەرسە، تىزگىنەك: ئۇ مىكرو ھەرىكەت تىزگىنلىگۈچ ۋە بىيو تېبابەتتى ئۈسكۈنىسى ياساشقا يارايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ماتېرىيال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**تىزگىنلىمەك** پ ① ئۇلاغلارنى تىزگىن بىلەن باغلىماق، باشقۇرماق. ② كۆچمە. ئۆز دائىرىسىدە باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق، كونترول قىلماق: ئۇ قەيەردە قول سانائەتنى تىزگىنلىۋالسا، شۇ يەردە كونا قول سانائەتنى يوقاتتى. ③ مەلۇم چەكتىكى ھالەتنى ۋە نورماللىقنى ساقلاپ قالماق: نوپۇسنى تىزگىنلىمەك. تۇپراق نەملىكىنى تىزگىنلىمەك. ④ مەلۇم ھالەتنىڭ كۆپىيىپ، كېڭىيىپ زىيان سېلىشىنى توسماق، چەكلىمەك: قۇمنى تىزگىنلىمەك. ئاپەتنى تىزگىنلىمەك. ⑤ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالدا كونترول قىلماق، چەكلىمەك، توسماق: ئورمانچىلىق پونكىتى پىلاننىڭ سىرتىدا ئورمان كېسىشنى قاتتىق تىزگىنلىدى.

**تىزلاتماق** «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىزلاشماق** «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزلاق** ئى. پۇتقا سالىدىغان بىر خىل جازا قورالى: زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن، چۆرىسى چىتلاق. سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم، پۇتۇمدا تىزلاق.

**تىزلامچا** I ئى. يېزت. تىزنى ئاسراش ئۈچۈن رەختتىن ئىشلەنگەن ياكى توقۇلغان بۇيۇم؛ تىزلىق.

**تىزلامچا** II ئى. دىيال. باغ باغلىغاندا بىر پۇتقا كىيىلىدىغان بىر پۇچقاقلىق ئىشتان.

**تىزلاندۇرماق** «تىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىزلاندۇرۇشماق** «تىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزلاندۇرۇلماق** «تىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان، يەنە بىرىنىڭ بىلەكلىرىگە كويزا سېلىنغان، يېرىم يالىڭاچ ھالدا تىزلاندۇرۇلغان ھەيكەللىرى ھازىرمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

**تىزلانماق** ① «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈنكى ماجىرادا بىقىنلىرى تىزلانغانلىقتىن، نەپەس ئېلىشى تەسلەشكەن گۈلنىسا بىر يەردە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ② تىزىنى پۈكۈپ، پەللىكىنى ئىككى تېقىمىغا قويۇپ ئولتۇرماق: ئۇ تىزلىنىپ شاھقا تەزىم قىپتۇ. ③ بىر پۇتى بىلەن يۈكۈنۈپ، يەنە بىر پۇتىنىڭ تىزىنى تىكلىمەك: تىزلىنىپ ئولتۇرماق.

**تىزلىق** ئى ① تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا، تىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تىزنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان يۇمشاق، قېلىن تۆشەك: خان ھەمراھلىرى بىلەن ساكيامۇنىنىڭ ئالدىدا يەرگە سېلىپ قويۇلغان تىزلىققا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال سەجدە قىلدى. ② تىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تىزغا كىيدۈرۈلىدىغان، توقۇلغان ياكى رەختتىن تىكىلگەن بۇيۇم؛ تىزلامچا: ئۇنىڭ پۇتى كېسىلگەندىن كېيىن تىزلىق كىيىپ، تىزى بىلەن ماڭدى.

**تىزلىماق** پ. تىزى بىلەن نىقتىماق، تىزى بىلەن باسماق: باتۇرخان ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تىزلاپ تۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، تامغا ئېسىلغان ئۇزۇن ماتا لۆڭگە بىلەن قاتتىق باغلىدى.

**تىزما** سۈپ. يانمۇيان تىزىلغان: سۇ ئامبىرى ئوتتۇرىسى كەڭ، ئاياغ تەرىپى تارايغان ئىككى تىزما تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان.

**تىزماق** I ① ئى. يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىلغان نەرسە: سۆزلەر

ئالمىچىنىڭ ئاغزىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزماق مىغىزدەك تىزىلىپ چىقاتتى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تىزىق ھالىتىدىكى مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىزماق مىغىز.

**تىزماق** II پ ① يىپ، سىم قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆتكۈزۈپ تىزىق ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى تۈۋرۈككە، بىر قېتىم يىپقا تىزىلغان مىس داچەن ئېسىقلىق تۇراتتى. ② كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنى قاتار، يانمۇيان قىلىپ مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرماق: ئادەتتە سۈت ئالىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈت قاچىلىرىنى كەچتە ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇشىدىكەن. ③ تاللاپ، تۈزەشتۈرۈپ دەستە ھالىتىگە كەلتۈرمەك: سىڭلىم شۇ چاغ شادلىقتىن، سۆزلەپ كەتتى توختىماي: تىزدىم ئاكا بۇ گۈلنى، باغ ئىچىدىن چارچىماي. ④ ھەربىرىنى مۇناسىپ، تېگىشلىك ئورۇنغا قويماق، جايلاشتۇرماق: ھەرپ تىزماق. ⑤ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرىنى ئۈزلۈكسىز كەلتۈرمەك، جايلاشتۇرماق: ياللا قىزىم، شۇنچە گەپ ـ سۆزلەرنى تىزىپ چىققۇچە مېڭەڭ قانداقمۇ چىدىغاندۇ؟

**تىزىشتۇرماق** پ. تىزىش ئىشىنى ئېلىپ بارماق؛ تىزىلغاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلماق: ئۇ ئۇستەللەرگە ئۇنى ـ بۇنى تىزىشتۇرۇپ يۈرەتتى.

**تىزىشماق** «تىزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۈلدەستە تىزىشماق.

**تىزىق** ① سۈپ. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تىزىلغان: ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن سەندىن ھەي كاززاپ! يادىڭدا قىلمىشىڭ تارىخىي تىزىق. ② ئى. يىپ قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆتكۈزۈلگەن نەرسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: مارجاننىڭ تىزىقى بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. ③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىزىق مارجان.

**تىزىقچە** سۈپ. كىچىك تىزىق.

**تىزىقلىق** سۈپ. تىزىپ، رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ تىزىپ قويۇلغان، تىزىلغان: پېشايۋان ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا، قاچىدا ئۆستۈرۈلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر تىزىقلىق تۇراتتى.

**تىزىلدۇرماق** «تىزىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنى شەھەرلىك 1 ـ دوختۇرخانىغا تىزىلدۇرۇپ ئاپاردى.

**تىزىلدۇرۇشماق** «تىزىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزىلدۇرۇلماق** «تىزىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالدىن دوسكا ئالدىغا تىزىلدۇرۇلغان باللارنى تۇردۇش ئالدىغا سېلىپ تەرتىپ مۇدىرى ئىشخانىسىغا ئاچىقىپ كەتتى.

**تىزىلماق** ① «تىزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۇستىدىكى ئۇششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ② «تىزماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: غېرىب بىلەن شاھى ئابباس ۋە نۆكەرلەر رولىنى ئالغان ئارتىسلار كۈلۈپ ئالدىغا تىزىلىپ، خەلقنىڭ كۈلۈپقا كىرىۋېلىشىغا يول ھازىرلاپ بەردى. ③ كۆچمە. كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنمەك: سابىرنىڭ كۆز ئالدىدىن نىياز قۇربانىنىڭ بەش بارماقتەك ئېنىق بولغان تارىخى تىزىلىپ ئۆتتى.

**تىزىم** ئى. ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، مىقدارى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى قۇرمۇقۇر، رەتلىك تىزىلغان يازما مەلۇمات، جەدۋەل: سىز تويلۇقنى جەزمەن تىزىم بويىچە قايتۇرۇپ كېلىڭ.

**تىزىملاتماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ قاتاردا سۈپىتايمۇ مىللىي ئارمىيەگە كىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتتى.

**تىزىملاشماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن كېيىن ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىرمۇبىر تىزىملاشتى.

**تىزىملانماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىزىملاندى جايلاردىن پۈتۈن ئەرلەر، قالدى ئايال، باللار، مۆتىۋەرلەر.

**تىزىملىك** ئى. تىزىم يېزىلغان قەغەز، دەپتەر، خاتىرە: ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكى.

**تىزىملىماق** پ. ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، مىقدارى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى رەتلىك قىلىپ يازماق ياكى جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرماق: نۇردۇن ئاكا مېنىمۇ تىزىملاپ قويغىن، كىتابتا دېيىلگەنلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ كېتەي.

**تىشلىق** ئى. ئاتنىڭ چىشى ئۇستىگە تارتىپ قويۇلىدىغان قوشۇمچە بوغقۇچ ياكى تانا.

**تىغ** ئى ① قىلىچ، خەنجەر، پىچاق، نەيزە قاتارلىق پولات ـ تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى: تىغ كۆتۈرمەك. تىغ تەگكۈزمەك. ② تۇرلۇك قورال، ھەر خىل ئەسۋاب، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ كەسكۈچى قىسمى، بىچىقى: پىچاقنىڭ تىغى. ③ كۆچمە. ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت، گەپ ـ سۆز، ماقالە، ئەسەر قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىش، زەربە بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاساسىي، مۇھىم نۇقتىسى: ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تىغ ئۇچى ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ④ كۆچمە. يالغۇز، يېگانە، تەنھا: ـــ قاسىم ئاكا، يالغۇز تۇرامسىز؟ ـــ ھەئە، ـــ دېدى ئۇ داستىخان سېلىۋېتىپ، ـــ خوتۇن ـ بالىلىرىم تۇرپاندا، ھازىر مەنمۇ سىزدەك تىغ جان.

**تىغ تەگمىگەن** ھېچ نەرسە چېقىلمىغان، پاك: ئۇ دائىم مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «پۇللا بولسا، تىغ تەگمىگەن قىزدىن نەچچىنى ئالىمىز تېخى» دەپ كۆرەڭلەيتتى.

**تىغجان** سۈپ. يالغۇز جان، بويتاق، بالا ـ چاقىسى يوق: ئەگەر ئۆلگۈچى تىغجان بولسا، مال ـ مۈلكى پۈتۈنلەي مەسچىتنىڭ بولىدۇ.

**تىغچى** ئى ① پىچاق، ئۇستىرا قاتارلىق تىغلىق سايمانلارنى سوققۇچى. ② ئات ـ ئۇلاغلارنى تاقىلىغاندا، قېقىلغان مىخنىڭ ئۇچىنى كېسىدىغان قەلەم.

**تىغچىلىق** ئى. پىچاق، ئۇستىرا قاتارلىق كېسىش سايمانلىرىنى سوقۇش، ياساش كەسپى.

**تىغسىمان** سۈپ. پىچاق قاتارلىقلارنىڭ تىغ قىسمىغا ئوخشاش.

**تىغلىق** سۈپ ① يېنىدا تىغى بار، پىچاق، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق ئەسۋابلار بىلەن قوراللانغان: تىغلىق چەۋەندازلاردىن كېيىن ئوقيالىقلار ئۆتتى. ② تىغى، بىسى بار، تىغى بولغان: ئىككى تىغلىق پىچاق. تىغلىق سايمانلار.

**تىغمۇتىغ** ئوچۇق ـ ئاشكارا، بىۋاسىتە، ئۇدۇلمۇئۇدۇل؛ دەلمۇدەل: تىغمۇتىغ ئېلىشماق.

**تىف** ئى [ ر<گىرېك] ← **كېزىك**.

**تىقتۇرماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىر ئاكام ئوغۇللىرىغا تاغارلارغا سامان تىقتۇردى.

**تىقتۇرۇلماق** «تىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كارىۋات ئاستىغا تىقتۇرۇلغان خالتىلار ئەمدى بىر - بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

**تىقما** سۈپ ① ئىچىگە بىرەر نەرسىنى تىقتاپ، لىق تىقىلغان: تىقما تاغار پاختا. ② تىندۇرما: تىقما يەر.

**تىقما- تىقما** ھەممە يېرى ئادەم، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بىلەن تىقىلىپ تولۇپ كەتكەن، بوش جايى قالمىغان: مال بازىرىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان رەپىق ئاكا، بازاردىكى تىقما - تىقما كىشىلەر ئارىسىدا باخشىنىڭ قارامتۇل چىرايىنى كۆرۈپ قالدى.

**تىقما- تىقماق ← تىقما- تىقما:** مەيدان تىقما - تىقماق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

**تىقما- تىقمىچىلىق** ئادەم، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بىلەن لىق تولغان ھالەت، قىستىلاڭچىلىق.

**تىقماق** پ ① بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە، ئارىسىغا ياكى تېگىگە كىرگۈزمەك، سالماق، جايلاشتۇرماق: قولنى يانچۇققا تىقماق. ② بىرنەرسىنىڭ ئاغزىغا، تۆشۈكىگە يەنە بىر نەرسىنى كەپلەپ قويماق: بۇرنىغا پاختا تىقماق. ئاغزىغا تىقماق. ③ ئۇچلۇق نەرسىنى كۈچ بىلەن سانجىماق، سانجىپ كىرگۈزمەك: نەيزە تىقماق. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش، ئەمەل، ئورۇنغا زورمۇزور ئورۇنلاشتۇرماق: ھېلىقى ساقى دېگەن نائەھلى ياسىن ھاكىمنىڭ قىزىنى ھەبىبەنىڭ ئورنىغا تىقىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ!

**تىقىشتۇرماق** پ. نەرسىلەرنى يىغىپ - تۆشەپ، بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرماق: نامان تولكە ئورنىدىن قوپىدىغان چاغدا، كۆرپىنىڭ ئاستىغا بىرنەرسىنى تىقىشتۇرغاندەك قىلدى.

**تىقىشتۇرۇشماق** «تىقىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىقىشتۇرۇلماق** «تىقىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماتېرىياللار ئاللىقانداق يەرلەرگە تىقىشتۇرۇلدى.

**تىقىشماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئالبوملىرىنى ئالدىراپ تىقىشتى.

**تىقىلىق** رەۋ. تىقىپ قويۇلغان، تىقىلغان: ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام مورىغا پاخال تىقىلىق تۇرۇپتۇ.

**تىقىلما** ئى ① مەلۇم نەرسە ئىچىگە تىقىلىپ، ئېتىلىپ قالغان شەيئى. ② <تېب> قىزىل تومۇرنىڭ توسۇلۇشىدىن توقۇلمىلارنىڭ ئۆلۈشى.

**تىقىلماق** ① «تىقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چەينەك جوغىسىدا شاما تىقىلىپتۇ. ② تار، كىچىك، چوڭقۇر جايغا كىرىپ، قىسىلىپ قالماق، كەپلەشمەك: تونۇرغا تىقىلىپ قالماق. شورغا تىقىلماق. ③ كۆپ توپلىنىپ قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتمەك: ئاشۋاقتى بولار - بولمايلا بازارغا ئادەم تىقىلىپ كەتتى. ④ ئىچ - ئىچىدىن توشۇپ ئەت ئالماق، قاتتىق سەمرىمەك: سەمرىپ تىقىلماق. ⑤ قاپلىماق، توسۇلماق: ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

**تىقىلىشماق** «تىقىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆي - ماكانسىز كىشىلەر چوڭ شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە تىقىلىشتى.

**تىقىم- تىقىم** بوش جايى قالمىغان، تىقما-تىقما.

**تىقىندۇرماق** «تىقىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىقىنماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**تىك** I ① سۈپ. يۇقىرىغا قاراپ تۈپتۈز ئورۇنلاشقان، تىكلەنگەن: تىك چوققا. // تىك تۇتماق.② ئى <مات> ئىككى تۈز سىزىق ئۆزئارا كېسىشىپ تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاندا، بۇ ئىككى تۈز سىزىق ئۆزئارا تىك بولىدۇ. بۇ چۈشەنچىنى بىر تۈز سىزىق بىلەن بىر تەكشىلىكنىڭ ياكى ئىككى تەكشىلىكنىڭ تىك بولىدىغانلىقىغا كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ③ سۈپ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يانتۇلاشماي، قىيالاشماي چۈشكەن ۋە شۈنداق ئويۇلغان، كولانغان: تىك قۇدۇق. تىك قىيا. تىك پەلەمپەي. ④ رەۋ. تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۇدۇل، تۈپتۈز، رۇس، ئېگىلمەي: تىك ئولتۇرماق. باشنى تىك تۇتماق. ⑤ رەۋ. تىكىلگەن ھالدا: كىچىكئاخۇن: — مەن كۆتۈرە ئالاي، — دەپ قۇدرەتئاخۇنغا تىك قارىدى.

**تىك** II تەق ① كىچىك ۋە قاتتىق بىرنەرسىنى يەنە بىر قاتتىق نەرسە ئۈستىگە تەگكۈزۈش، چېكىش، تاشلاشتىن چىققان ئاۋاز. ② تېز، چاققان ھەم يەڭگىل ۋە بوشراق ئۇرۇلغان ھەرىكەتتىن چىققان ئاۋاز ھالىتى.

**تىكەن** ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول-شاخلىرىدا ئۆسكەن يىڭنىسىمان بىخچە. ② تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزى. ③ بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىنچىكە، يىڭنىسىمان ئورگىنى: كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار (ماقال). ④ نەرسىلەرنىڭ ئۆتكۈر تىكەنسىمان قىسمى: توسۇق سىملىرىنىڭ تىكىنى ئۇنىڭ شىمىنى ئىلىۋالدى. ⑤ قۇرۇتۇلىدىغان ئۈزۈمنى ئاسىدىغان ئۈزۈن بادرا ياغاچ. بادرا ياغاچقا نۇرغۇن تۆشۈك تېشىلىپ، تۆشۈكلەرگە چوكىسىمان ياغاچلار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**تىكەنسىز** سۈپ. تىكىنى يوق، تىكىنى بولمىغان: تىكەنسىز گۈل بولماس.

**تىكەنگۈل** ئى [تىكەن + گۈل] <بوت> ← **كاكتۇس**.

**تىكەنلەشتۈرمەك** «تىكەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەتنىڭ كۆلكىسى مېھرىبانغا خۇددى ھۇۋقۇشنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى تىكەنلەشتۈرىۋەتتى.

**تىكەنلەشمەك** پ ① تىكەن بىلەن قاپلانماق؛ تىكەنگە ئوخشاش يىرىكلەشمەك: ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، قىسقا بۇرۇتلىرى كىرپىنىڭ تۈكىدەك تىكەنلەشكەنىدى. ② كۆچمە. مەلۇم غەيرىي روھىي ھالەتتىن كېيىن ئۈستىبېشى يىرىكلىشىپ، جۇغۇلداپ سەسكەنگەندەك سەزگۈ ھاسىل بولماق: «ئاجرىشىمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، بەختىگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كەتتى.

**تىكەنلىك** ① سۈپ. تىكىنى بار، تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان: تىكەنلىك گۈل. ② ئى. تىكىنى بار ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسكەن ۋە تىكەن بىلەن قاپلانغان جاي: يالىڭاياغ ماڭغان باللار تىكەنلىكتىن ماڭالماي، ئاياغلىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ③ سۈپ. يىڭنىسىمان، ئۆتكۈر، ئۇچلۇق مىخلىرى بولغان: تىكەنلىك سىم. ④ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان، يېقىمسىز، نەشتەردەك: ئۇنىڭ تىكەنلىك سۆزلىرى رابىيەنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ تېخىمۇ بىئارام قىلدى.

**تىك- تاك** تاياق، چوكا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قاتتىق نەرسە-

لەرگە بىردە كۆچلۈك، بىردە بوش ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**تىكتاك** [تىك + تاك] تەق. تىكتاك توپنىڭ پالاق ۋە شىرەگە تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تىكتاك توپ** <تەن>① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. توپ شىرەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېتكا ئورنىتىلىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ شىرەنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرۇپ، توپنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ، سېتكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوينايدۇ. مۇسابىقە ئادەتتە يەككە ۋە جۈپ ئويناش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ② شۇ خىل تەنھەرىكەتتە ئىشلىتىلىدىغان توپ. ئۇ سېللۇلوئىدتىن ياسىلىدۇ. دىيامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر بولىدۇ.

**تىكتولوگىيە** ئى [لات ] <تېب> مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى، يەنى ھامىلىدارلىق، تۇغۇت ۋە تۇغۇشتىن كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تىكتۈرمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىك ـ تىك** ①«تىك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ئالدىراڭغۇ، تەنتەك، ئالدىراپلا تۇرىدىغان: بۇ تازا تىك ـ تىك بالا بوپتۇ.

**تىككەن ـ تەرگەن ← تېرىغان ـ تىككەن:** ئۇنىڭ ھەر يىلى تىككەن ـ تەرگەنلىرى ئۆزىگە يېتىپ، ئېشىپ قالىدىكەن.

**تىككەيمەك** پ. دىيال. گىدەيمەك، تەكەببۇرلۇق قىلماق.

**تىككۈچى** ئى. كىيىم تىكىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ماشىنىچى.

**تىككۈچىلىك** ئى. كىيىم تىكىش ئىشى، كەسپى.

**تىكلەتمەك** «تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەقىبى ئالدىدا قىلدىڭ ئۇنى خار، يەنە ئاسماققا تىكلەتتىڭ ئېگىز دار.

**تىكلەشمەك** ①«تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كاللىسىنى بىر قېلىۋېلىپ، ھەسەن قوتازنى بەگ قىلىپ تىكلەشتى. ② تىك ھالەتكە كەلمەك: ئەمدى يول تېخىمۇ تىكلەشتى ۋە خەتەرلىك تۈس ئالدى.

**تىكلەكلىك** سۈپ. تىكلەپ قويۇلغان، تىكلەنگەن: گۈرجەك تىكلەكلىك تۇراتتى.

**تىكلەنمەك** ①«تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇغ تىكلەندى. ②«تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھەيۋەتلىك يوغان ئات خارتىلداپ، ئالدىنقى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ تىكلەندى. ③ كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرماق: — بىز يەنە بىرئاز مۇزاكىرە يۈرگۈزۈپ، ئاندىن خۇلاسە چىقارساق، — دەپ ئەمەلدارلارغا تىكلەندى باش ۋەزىر.

**تىكلىك** ئى. تىك ھالەت: پەلەمپەينىڭ تىكلىكىدىن ئادەم ئاسانلا ھېرىپ قالىدۇ.

**تىكلىمە** سۈپ. تىكلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تىكلەنگەن: تىكلىمە ئەينەك. تىكلىمە كالېندار.

**تىكلىمەك** پ ① تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ تۈز، تىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرماق؛ تىك قىلماق: بايراق تىكلىمەك. ② يىقىلغان، بۇزۇلغان، خاراب بولغان نەرسىلەرنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرمەك؛ تۇرغۇزماق: ئۇ كونا تۈزۈمنى تىكلەشنى

ئويلايتتى. ③ كۆچمە. بەرپا قىلماق، قۇرماق، تۇرغۇزماق: بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزنى قوغدايدىغان قانۇننى تىكلەيمىز. ④ مەلۇم ئورۇن، مەرتىۋىگە ئورۇنلاشتۇرماق، بەلگىلىمەك: سىلەر ئىشىنىپ، مېنى يېزا باشلىقى قىلىپ تىكلىدىڭلار، ئەلۋەتتە مەنمۇ سىلەرنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

**تىكمە** سۈپ ① يىپ بىلەن تىكىلگەن: كونىراپ كەتكەن بۇ تىكمە كىتاب مەن ئۈچۈن بىر ئەتىۋارلىق نەرسە بولىدۇ. ② ئاغزىنى تىككۈدەك قىلىپ توشقۇزۇلغان: تىكمە بىر تاغار.

**تىكمەك** پ ① سانجىپ، تىقىپ ئورۇنلاشتۇرماق، قادىماق، ئورناتماق: كۆچەت تىكمەك. ② قۇرماق، تىكلىمەك، بىنا قىلماق: چېدىر تىكمەك. ③ يىپ ـ يىڭنە ۋە ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن تۆنەپ، تەپچىپ بىر ـ بىرىگە ھىم جىپسىلاشتۇرماق: تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكمەك. كىيىم تىكمەك. ④ قىمار ۋە قىمار خاراكتېرلىك ئويۇنلاردا، ئۆز ئۇلۇشى قىلىپ پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماق: قىمارغا پۇل تىكمەك. ⑤ كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى نەرسە ئۈچۈن بېغىشلىماق، پىدا قىلماق: جېنىنى تىكمەك. ⑥ مەلۇم نۇقتىغا جىددىي قارىماق: ياسىن سۇناي ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا غەزەپ بىلەن تىكتى. ⑦ تىكلىمەك، كۆتۈرمەك: موزاي قۇيرۇقىنى تىكىپ قاچتى.

**تىكىپ ـ سۆكۈپ** ھېلى تۈزەپ، ھېلى بۇزۇپ، بىردەم بېكىتىپ، بىردەم بىكار قىلىپ: تىكىپ ـ سۆكۈپ ئىش قىلماق.

**تىكىچ** ئى. رەخت، تېرە قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن بۇيۇملارنىڭ تىكىپ ئۇلانغان جايى: تىكىچى سۆكۈلمەك. تىكىچى توختىماسلىق.

**تىكىر** I تەق. قاتتىق نەرسىلەرنى قىرىش، تاتىلاشتىن ئاڭلانغان ئاۋاز.

**تىكىر** II ئى. دىيال. دۆ، ئۆمچۈكنىڭ چوڭى.

**تىكىر ـ تىكىر** «تىكىر I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تىكىشمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆچەت تىكىشمەك.

**تىكىلمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سارغۇچ كەلگەن چوڭ ئىككى موتورلۇق كېمە كېلىۋاتاتتى. كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە يېشىل بىرىزېنتتىن سايىۋەن تىكىلگەنىدى. * بۇ يەرگە ھەرخىل مېۋىلىك، مېۋىسىز كۆچەتلەر ۋە مەنزىرە كۆچەتلەر تىكىلدى. * بۇ كىيىم ناھايىتى ياخشى تىكىلىپتۇ. * كىشىلەرنىڭ كۆزى يول چېتىدە ياتقان قېرى بوۋايغا تىكىلدى.

**تىكىنەك** ئى. تىرناق ئېرىقچىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، ئەتتىكەن.

**تىكىۋەتمەك** پ [تىكىپ + ئەتمەك] تېزلا قاچماق، قېچىپ كەتمەك، كۆزدىن يوقالماق: غىپپىدە تىكىۋەتمەك.

**تىڭ** I سۈپ. زىرائەت تېرىلمىغان، ئېچىلمىغان، بوز: تىڭ يەر.

**تىڭ** II ئى. ئاۋاز، ئۈن، شەپە.

**تىڭتىڭچى** ئى ← **تىڭچى.**

**تىڭتىڭلىماق** ① يوشۇرۇن ئاڭلىماق، خۇپىيانە قۇلاق سالماق. ② مەلۇم ئىش، بىرەر ئەھۋالنىڭ يىپ ئۇچى، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن دېرەك ئىزدىمەك، ئۇقۇشۇپ يۈرمەك: قوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭتىڭلاپ كۆرسىمۇ، ماموتتىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ.

**تىڭچى** ئى. باشقىلارنىڭ سۆزىنى يوشۇرۇن ئاڭلاپ، ھەرد-

كىتىگە كۆز سېلىپ، خەۋەر يەتكۈزگۈچى، تىڭتىڭچى، ئايغاق ـ چى: كوچىلاردا ماڭماڭلار، كوچىلاردا تىڭچى بار. سىز بىزنى كىچىك كۆرمەڭ، قورسىقىمىزدا بىڭىسى بار.

**تىڭشاتماق** «تىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناخشا تىڭشاتماق.

**تىڭشاشماق** «تىڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاماقتىن كېيىن هوزۇر قىلىپ مۇقام ناخشىلىرىنى تىڭشاشتى.

**تىڭشالماق** «تىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**تىڭشىغۇچ** ئى ① قۇلاققا تىقىپ ياكى يېقىن كەلتۈرۈپ ئاڭلايدىغان ئاۋاز يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىر خىل ئەسۋاب. ② <تېب> يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق ئىچكى ئەزالارنىڭ هەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دىياگنوز قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**تىڭشىماق** پ. قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق، ئىشتىمەك: ناخشا تىڭشىماق.

**تىڭگەن** ئى. دىيال. تۈگمەن.

**تىڭلىغاق** سۈپ. قۇلىقى ئۇزۇن، هەممىدىن خەۋەردار.

**تىڭلىغۇ** ئى. قۇلاق تۈشۈكى.

**تىل** ئى <ئانات> ① تېتىش، چايناش، تەلەپپۇز قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزا. ئۇ ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستى قىسمىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋى قىسمى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستىغا تۇتاشقان. ② هايۋانلارنىڭ گۆش ئورنىدا يېيىلىدىغان ئاشۇنداق ئەزاسى. ③ ئىنسانىنىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گەپ ـ سۆزى: گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار (ماقال). * دىلى بىرنىڭ تىلى بىر (ماقال). ④ <تىل> ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇهىم ئالاقە قورالى ۋە بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش قورالى. تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى ۋە گىرامماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر سىستېما: ئۇيغۇر تىلى. خەنزۇ تىلى. ⑤ نۇتۇقىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاستىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن تۈرى، ئۇسلۇبى: ناۋايىنىڭ قولى تۇتقان قەلەمدۇر، ئۇنىڭ هەربىر تىلى بىر ئىشق ـ ئەلەمدۇر. ⑥ ئاغزاكى مەلۇمات، پاكىت: مەنسۇرنىڭ هېلىقى ماتېرىيالى ياخشى رەتلەنگەنغۇ ـ هە، چەت ئەلنىڭ خېتى، گۇۋاهچىلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللىرى ــ مانا بۇلار بىزنىڭ تىلىمىز! ⑦ كۆچمە. باشقىلارنى هاقارەتلەپ قىلغان سۆز، ئاهانەت: تۆتىيلەن تىلىنىڭ دەستىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. ⑧ كۆچمە. بىرەر ئەسۋابنىڭ ئېسىلىپ ياكى هەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق قىسمى: سائەتنىڭ تىلى. ⑨ مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش، سۆزلەش ئادىتى: دېهقانلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ تېرىماي ئورمەن دېگەنلىك. ⑩ بىرەر نەرسە، كەسىپ، ئىشنىڭ ماهىيىتى، سىرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋاستە، ئۇسۇل، چارە: بۇ قورالنىڭ تىلىنى مەنلا بىلىمەن. ⑪ قارماقنىڭ ئۇچىغا قارىمۇقارشى چىقارغان ئىلمىكى: قارماقنىڭ تىلى چىقىرىلمىغاچقا، ئىلىنغان بېلىق يەنە قېچىپ كەتتى. ⑫ ئاككوردىيون، پىيانىنو ۋە باشقىلار ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قولدا بېسىش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان كىچىك كۇنۇپكا: ئاككوردىيوننىڭ تىلى.

**تىل تەگمەك** بىراۋ ئۈستىدە ياخشى ياكى يامان سۆز بولۇنغان سەۋەبتىن، ئۇنىڭغا مەلۇم غەيرىي نورماللىق. بىتاپلىق يەتمەك.

**تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق** پايدىسى، قىممىتىنى هېسابلاپ كۆرۈشكە، بۇ هەقتە سۆزلەشكە ئەرزىمەيدىغان، ناهايىتى ئاز، ئاددىي، كىچىككىنە.

**تىل ئۇچىدا** چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، ئانچىكى ئېيتىپ قويۇلغان: قاسىم بازاردىن كەلگىنىدە قىزغىن كۆرۈشكەندەك قىلدى ـ يۇ، تىل ئۇچىدا: ــ ئۆيگە بارغىن، ــ دەپ قويدى.

**تىلى چىقماق** ① گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىماق، گەپ قىلىشقا باشلىماق. ② تەپ تارتماي گەپ قىلىۋېرىدىغان، تاكاللىشىدىغان، ئېيتىشىدىغان بولماق.

**تىلى كۆيمەك** مەلۇم بىر كىشى، نەرسە هەققىدە سۆزلەپ قويۇپ، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇش، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ ـ ۋېلىشتىن ئەنسىرىمەك: خۇدا خالىسا، يەنە بىر ئەرزىمەس ئىش بار ئىدى. ئېيتمىسام تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتسام دىلىم.

**تىلىڭنى تارت** ← **تىلىڭنى يىغ**.

**تىلىڭنى يىغ** گېپىڭنى ئازايت، سۆزلىمە.

**تىلىنى چاينىماق** ① دەرهال دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دېمەي، گەپنى سوزماق؛ ئەزمىلىمەك: بۇنىڭدا تىلنى چايناپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ② هودۇقۇپ، تەمتىرەپ سۆزلىمەك، دۇدۇق ـ لىماق، گاچىلاشماق: ئىمام بۇنىڭ هېچقايسىسىغا ئېنىق جاۋاب بېرەل ـ مەي، «هېلىقى كۆنى مەسچىتتە مەن قومۇللۇق، كەسىپىم ياغاچچى» دېگەن ئىدى دەپ تىلىنى چاينىدى.

**تىلىنى چىشلەپ قالماق** قىلغان گەپ ـ سۆزىگە پۇشايمان قىلماق؛ هەسرەتتە قالماق: ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ يۈرگەنلەر بولسا تىلىنى چىشلەپ قالاتتى.

**تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار** ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىگە پۈككىنى ئوخشىمايدۇ، راست گېپىنى بىلگىلى بولمايدۇ: ياسىننىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلەر، ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار.

**تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار** ← **تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار**.

**تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق** ئېغىزىدىن هەرقانداق گەپ چىقىدۇ دېگەن مەنىدىكى ئىبارەت: ئۇكام، تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق، نېمە دېسەم دەۋېرىمەن دەپ ئاغزىڭغا كەلگىنىنى ۋالاقلاۋەرمە، بىزنىمۇ سەن بار يەردە بار. ئىش ئۇنچىۋالا ئەمەس.

**تىلى ئۇزۇن** هەر نەرسە دېيىشكە تىلى قىسىلمايدىغان؛ دادىل، بىمالال گەپ قىلىدىغان.

**تىل ـ ئاهانەت** تىل ۋە ئاهانەت.

**تىلاۋەت** ئى [ئە] قۇرئان ئوقۇش، قىرائەت قىلىش: تىلاۋەت قىلماق.

**تىلاۋەتخانا** ئى [ئە + پ] قۇرئان ئوقۇش، قىرائەت قىلىش ئارقىلىق دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي.

**تىلاۋەتكار** ئى [ئە + پ] دائىم قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تۇرغۇچى.

**تىلەتمەك** «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىل ـ ئەدەبىيات** تىل ۋە ئەدەبىيات.

**تىلەشمەك** «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەل ـ جامائەت ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلار مېنىڭ سەۋر قىلىشىمنى تىلەشمەكتە.

**تىلەك** ئى ① بىرەر نەرسە، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئارزۇ، ئىنتىلىش، ئىستەك: هازىرچە بۇ ئىشتىنمۇ

قويۇپ تۇر، چوڭ تىلەك ئورۇندالغاندىن كېيىن باشقىلىرىنى ئويلاشساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. ② مەلۇم ئۈمىد ياكى ئېھتىياج بىلەن باشقىلارغا قىلىنغان تەلەپ، مۇراجىئەت: قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز (ماقال).

**تىلەكداش** ئى. بىر كىشىنىڭ تىلىكى، ئارزۇسى، ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھېسداشلىق قىلغۇچى كىشى؛ ئوخشاش تىلەك ـ ئارزۇدا بولغۇچى: غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭگە تىلەكداشمەن.

**تىلەكداشلىق** ئى. ھېسداشلىق؛ ئوخشاش تىلەكتە بولۇش.

**تىلەم** ئى. بىرەر ئېھتىياج بىلەن تىلەپ، سوراپ ئېلىنغان نەرسە: تىلەمگە بەرمەك. تىلەمگە ئالماق. تىلەمگە ئالغان نەرسىلەر.

**تىلەمچى** ئى. كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تىلەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

**تىلەمچىلىك** ئى. تىلەش ئادىتى.

**تىلەنمەك** پ. قاراپ قالماق، قاراشلىق بولۇپ قالماق، تىلىمەك: تىلىنىسەن كۈندە رىزق ـ نېمەتنى. * خەقنىڭ قولىغا تىلىنىپ قالما.

**تىلتاس** رەۋ. دىيال. لىقمۇلىق، پەۋەس.

**تىلتاقىلماق** پ. دىيال. رەت قىلماق، باش تارتماق، قوبۇل قىلماسلىق.

**تىلەنمەك** ① «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېلىقى بالا تامنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ، يانچۇقىدىكى تىلەنگەن پۇللارنى ساناشقا باشلىدى. ② يېلىنماق، يالۋۇرۇپ سورىماق: بۇ ئادەم ئارتۇق تىلەنمەيلا چىقىپ كەتتى. ③ تىلەمچىلىك قىلماق: ئۇلار جان ساقلاش كويىدا ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا تىلىنىپ، بەش يىلنى ئۆتكۈزدى.

**تىل ـ تاياق** تىللاش ۋە ئۇرۇش بىلەن قىلىنغان خورلۇق: تىل ـ تاياق ئاستىغا ئېلىنماق.

**تىلتۇمار** ئى [تىل + تۇمار] ① كونا قاراش بويىچە، كىشىلەرنىڭ تىلى تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز سېلىنغان تۇمار. ② كۆچمە. گويا بارلىق يامانلىقنى يوق قىلىپ، ياخشىلىق بەخش ئەتكۈچى دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدىغان نەرسە.

**تىلچى** ئى ① مەلۇم تىل بىلىملىرىدىن خەۋىرى بار كىشى، تىلشۇناس. ② خەۋەر، ئاخبارات يەتكۈزگۈچى. ③ داۋاملىق باشقىلارنى تىللاشنى ئادەت قىلغان كىشى: قاسىمباينىڭ خوتۇنى بىر تىلچى خوتۇن، شۇڭا قاپىقىدىن كۆك ئاجرىمايدۇ.

**تىلچىلىق** ئى. تىل بىلەن ئالاقىدار ئىشلار، تىل بىلەن شۇغۇللىنىش، تىل ئىشلىرى، تىل خىزمىتى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ نادىر شاھ ئەسىرى.

**تىلخەت** ئى [تىل + خەت] قەرز، زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەت، ۋەدىلەر ھەققىدە جاۋابكار شەخس تەرىپىدىن ئىمزا قويۇپ ياكى تامغا بېسىپ بېرىلگەن ھۆججەت: تىلخەت بەرمەك.

**تىلداش** ئى. بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، مەلۇم ئورتاق تىلغا ئىگە كىشىلەر.

**تىلدۇرماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاختاي تىلدۇرماق. تاۋۇز تىلدۇرماق.

**تىلسىز** سۈپ ① تىلى يوق، تىلغا ئىگە بولمىغان: ئۇ تىلسىز، پۈت ـ قولسىز غەلىتە مەخلۇق، ھېچ يەردە توختىماي ئاققىنى ئاققان. ② سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىغان، گاچا. ③ گەپ، سۆز بىلەن ئىپادىلەنمىگەن، تىل ئىشلىتىلمىگەن: تىلسىز تىياتىر.

**تىلسىز يىغا** سۇ ئاپىتى، كەلكۈن: سۇمۇ بىر تىلسىز يىغا.

**تىلسىزلىق** ئى ① تىلى يوقلۇق: ئويلا! ئىنسان قاناتلانسۇن ئوي ھەردەم، تىلسىزلىقتا ئۇققىن مېنىڭ تىلىمنى. ② تىل بىلمەسلىك، تىل ئۇقماسلىق: ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، يىراق ياپون دىيارىغا كەلگىنىمدە تىلسىزلىق مېنى ئازابقا سالدى.

**تىلسىم** [ئە] ① ئى. سېھىر، جادۇ: ھارىس شاھنىڭ ھامامى بادگەرد تىلسىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ② سۈپ. سېھىر قىلىنغان، سېھىرلىك، ئاجايىپ ـ غارايىپ، سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان: قۇلاق ئاڭلىمىغان نەدىكى بىر تىلسىم سۇغا — قارلىق تاغقا باشلىغىلى بولامدىكەن؟ ③ ئى. سىرى ئېچىلمىغان، سېھىرلەنگەن نەرسە ۋە شۇنداق جاي: بۇنىڭ ئىچى بەئەينى بىر تىلسىم.

**تىلسىمات** [ئە] ① ئى. سېھىر ـ جادۇ قىلىش، سېھىر ـ جادۇ قىلىنغان نەرسە: سەن ئاشۇ تاغقا بارالىساڭمۇ، تىلسىماتقا كۆچۈڭ يەتمەيدۇ. ② سۈپ. سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان، سىرلىق: بۈگۈن ئۇنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان مەھبۇبى ئايىمخان دەل شۇ شائىرنى ئۆرتەندۈرگەن تىلسىمات قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. ③ ئى. كۆچمە. سىرى ئېچىلمىغان، كىشىلەر بىلىپ يەتمىگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسە ۋە شۇنداق جاي: ئۇ ئورمانلىق ھەقىقەتەن بىر تىلسىمات ئىكەن.

**تىلسىمان** سۈپ. تىل شەكىللىك، تىلغا ئوخشاش: تىلسىمان گۈل.

**تىلسىملىق** سۈپ ① سېھىرلەپ، تىلسىملاپ قويۇلغان: تىلسىملىق تاغلار. ② بىلىپ بولمايدىغان، ئاجايىپ ـ غارايىپلىقلارغا ئىگە: ئۇ ھاياتنىڭ تىلسىملىق يولىغا كىرىپ قالغان ئادەمدەك نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى.

**تىلشۇناس** ئى. تىل ئىلمى بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**تىلشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن. تىلشۇناسلىق ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ۋە كونكرېت تىلشۇناسلىق دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**تىلغاتماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىلغاشماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساپانچىلار چۈشكىچە قىغلانغان يەرلەرنى تىلغاشتى.

**تىلغانماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوستۇمنىڭ قايغۇسى قوزغىتار نالە، يۈرىكىم تىلغىنار ھەسرەت تىغىدا.

**تىلغىماق** پ ① يەرنى ھەيدەپ، تۈرتۈپ ئۆڭتۈرمەك؛ توپىسىنى بوشاتماق: شۇنداق قىلىپ بۇ كىشىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە جەننەتتەك ئوقۇش يۇرتىنى توڭگۇز تىلغىغاندەك ۋەيران قىلىۋەتتى. ② تىلىپ پارە ـ پارە قىلماق، تىتىۋەتمەك: بۇ ئازاب باغرىمنى تىلغاپ قان قىلىپ، ھەر كۈنى قىينايدۇ مېنى قامچىلاپ.

**تىلقانات** ئى [تىل + قانات] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. رەڭگى سېرىق؛ ئۇرۇق مېۋىسى شىنا شەكلىدە يالپاق بولۇپ، قىرلىرىدا ئىلمەك تىكەنلىرى بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى

دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ياندۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇپ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تىللا** ئى [پ] ① ساپ ئالتۇندىن سوقۇلغان پۇل، ئالتۇن تەڭگە. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**تىللاقوڭغۇز** ئى [تىللا + قوڭغۇز] <زوئول > بىر خىل دېھقانچىلىقتا زىيانلىق ھاشارات. تۈرى كۆپ بولىدۇ، تېنى توق يېشىل ياكى باشقا رەڭلەردە بولۇپ، پارقىرايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ غولى ۋە يىلتىزى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**تىللاتماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىللاشماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىككى قوشنا تىللىشىپ قالدى.

**تىللالىق** سۈپ. تىللا قىممىتىدىكى، تىللاغا يارايدىغان.

**تىللانماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىللىق** سۈپ ① تىلى بار، تىلدىن پايدىلىنالايدىغان: قوش تىللىق بولۇش. زەھەر تىللىق ئادەم. ② تىل چىقىرىلغان: تەتۈر تىللىق قارماق.

**تىللىماق** پ ① قوپال، سەت گەپ - سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىمەك، ئاھانەت قىلماق: ئەمەت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەنمۇ تىللىدى. ② مەلۇم بىر سۆز ياكى نام بىلەن كەمسىتمەك: ئەمىسە نېمىشقا سەن ئۇنى «چۈجە» دەپ تىللايسەن؟

**تىلما** ① سۈپ. تىلىپ كېسىلگەن، يېرىلغان، پارچىلانغان: تىلما ياغاچ. ② ئى. كارىز سۈيىنىڭ ئېقىپ چىققان جايى. ③ ئى <تېب> تىلما تاياقچە باكتېرىيەلىرىدىن بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئاساسەن ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە تېرىدىكى جاراھەت ئارقىلىق يۇقىدۇ. ④ ئى. كارىز ئېرىقى.

**تىلما** ئەن. قويلارغا سېلىنىدىغان ئەنلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ قۇلاقنى تىلىپ چىقىرىدۇ.

**تىلماچ** ئى. تارس. تەرجىمان.

**تىلماچلىق** ئى. تەرجىمانلىق: تىلماچلىق قىلماق.

**تىلماق** پ ① كېسىپ، تىلىم شەكلىگە كەلتۈرمەك: قوغۇن تىلماق. تاختاي تىلماق. ② يېرىپ ئىز ياكى مەلۇم بوشلۇق ھاسىل قىلماق: يوغان كەتمەننى قولۇڭغا ئېلىپ، يەرنىڭ كۆكسىنى بەك چوڭقۇر تىلىپ، پۈتۈن كۈچۈڭنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلە ئېتىزغا يەنە قاتتىقراق. ③ كېسىپ، جىراپ ئۇزۇن سىزىق قالدۇرماق، يىرتماق: يۈزىنى تىلماق.④ كۆچمە. قاتتىق دەرد بىلەن ئازابلىماق: بۇ ئىشەنگۈسىز ئاچچىق كەچمىش گويا ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلاتتى.

**تىلمۇق** سۈپ. كالپۇكى كەمتۈك، تىلىنغان: تىلمۇق بالا.

**تىل - ھاقارەت** كىشىلەرنى كەمسىتىپ، سۆكۈپ ئېيتىلغان قوپال سۆز ۋە ئەيىبلەشلەر: تىل - ھاقارەت قىلماق.

**تىلشماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا - ئۇكا ئىككىسى كۈندۈزى تاختاي تىلىشتى، كەچلىرى ئۇنى راسكالىققا ئالدى.

**تىلىق** ئى. تىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىز، يېرىق.

**تىلىم** ① ئى. نەرسىلەرنى ئۇزۇن تىلىشتىن، يېرىشتىن ھاسىل بولغان بۆلەك: كۆكچىگە تېگە - تەگمەي پىچاق بىسى، تارس قىلىپ يېرىلغىنى بىر بېشارەت. دەسلەپكى تىلىمنى يېگەندىلا، ۋاھ گويا تەن-تېنىمگە ئاقتى شەربەت. ② مىق . ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىلىپ ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىلىم ياغاچ. بىر تىلىم تاسما.

**تىلىمەك** پ ① مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلماق، ئارزۇ قىلماق؛ ئارزۇ ۋە ئۈمىدىنى ئىپادىلىمەك: ياخشىلىق تىلىمەك. ئاق يول تىلىمەك. ② بىرەر ئېھتىياج بىلەن بىراۋغا مۇراجىئەت قىلماق، سورىماق: تازغا تارغاق بەرسە يىلىم تىلەيدۇ (ماقال). ③ تىلەمچىلىك قىلماق: ئۇ قورسىقى ئاچسا، نان تىلەپ يېدى. ④ مەلۇم يامان ئىشنى ياكى شۇنداق ئىشنى قىلغۇچىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلماق: ئەخمەت ئاكام ئوغلىنى ئۇرغان چوڭ بالىنى يوغان تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىغاندا، يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر كىشى ئۇ بالىنى تىلىۋالدى.

**تىلىم - تىلىم** ① كۆپ تىلىم: تىلىم - تىلىم قوغۇنلار، ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر داستىخانغا ھۆسن قوشقانىدى. ② بىرقانچە جايلىرى تىلىنغان، يېرىلغان؛ خۇددى تىلىنغاندەك يول - يول ئىز قالغان: گويا بۇ ئاق بوز رەڭلىك چاچلار بىلەن تىلىم - تىلىم قورۇقلار ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىتەتتى.

**تىلىملاتماق** «تىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قوغۇنلارنى ئۇزۇن - ئۇزۇن تىلىملاتتى ۋە پەتنۇسقا تىزدۇردى.

**تىلىملاشماق** «تىلىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىلىملانماق** «تىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىلىملانغان تاۋۇزلار داستىخانغا كەلتۈرۈلدى.

**تىلىملىماق** پ. تىلىم-تىلىم قىلىپ كەسمەك، پىچماق: قوغۇننى تىلىملىماق.

**تىلىنماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادىلجاننىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي قوغۇن تىلىندى، ئۈزۈم تەخسىلەرگە ئېلىندى.

**تىل - يېزىق** تىل ۋە يېزىق؛ تىل ۋە يېزىققا دائىر خىزمەتلەر: مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى.

**تىم** I ئى. تارس. خەۋەر، بەلگە بېرىش ئۈچۈن ئوت ياقىدىغان ئېگىز پوتەي، تۇرا.

**تىم** II رەۋ. دىيال. جىم: شوخلۇق قىلماي تىم تۇر.

**تىم** III سۈپ. لىق، كۆپ.

**تىمەسسە** ئى. دىيال. گۇمان.

**تىمەن** ① سۈپ. ساغلام ۋە سېمىز، كۈچلۈك: تىمەن ئادەم. ② رەۋ. تەمكىن، پۇختا، مەزمۇت: شاخلىرى باغجانلاپ ئۆسمەكتە تىمەن، يىلتىزى سۇ بەرگەچ تومۇرغا - قانغا.

**تىمەنلەشتۈرمەك** «تىمەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىمەنلەشمەك** پ. تىمەن ھالەتكە كەلمەك: ئەتىيازدىكى قوزىلار كۆككە ئۇلىشىپلا تىمەنلەشتى.

**تىمەنلىك** ئى. تىمەن ھالەت، ئەھۋال: ھاكىم شۇنىڭدىن كېيىن بىر پەس پۇشۇلداپ ئولتۇردى - دە، كېيىن خېلى تىمەنلىك بىلەن ئېيتتى.

**تىمتاس** رەۋ. جىمجىت، جىم، تىنچ: تىمتاس كۆل.

**تىمتاسچىلىق** ئى → **تىمتاسلىق**: مەجلىسخانىنى بىردىنلا تىمتاسچىلىق قاپلىدى.

**تىمتاسلاشماق** پ. تىمتاس، جىمجىت ھالەتكە كەلمەك،

جىمجىتلىشىشاق: بىردەمدىن كېيىن ئەتراپ تىمتاسلاشتى.

**تىمتاسلىق** ئى. تىمتاس، جىمجىت ھالەت؛ جىمجىتلىق: زال ئىچى بىردىن تىمتاسلىققا چۆكتى.

**تىم ـ تىم** يەڭگىل ۋە تېز: بىر ياشتا بالا بولىدۇ راست پاقالان قوزىچاق، تىم-تىم ماڭىدۇ بۇ چاغ ئۇ شوخ بوتىلاق.

**تىمجىمەك** پ. دىيال. ئاتنىڭ ھارۋىنى كۆچەپ تارتىشى: بۇ ئات ھارۋىنى تىمجەپ تارتىۋاتىدۇ.

**تىمسال** ئى [ئە] يېزت. ئوبراز، ئۆلگە؛ سىيما: ئەسسالام ئاستانە، ئەي قەدىم قەلئە، بوۋىلار تىمسالى ئەي مويسىپىت چال.

**تىمساھ** ئى [ئە ] <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. چوڭلىرىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى ئۈچتىن ئالتە مېتىرغىچە كېلىدۇ، تۆت ئايىغى قىسقا، قۇيرۇقى ئۇزۇن، پۈتۈن تېنىدە كۆل رەڭ، قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق قاسىرىقى بولىدۇ؛ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، ۋەھشىي كېلىدۇ، بېلىق، پاقا ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەزىدە ئادەم، ھايۋانلارنىمۇ يەيدۇ. كۆپىنچە تىروپىك، سۇبتىروپىك بەلباغلاردا ياشايدۇ.

**تىمسىماق** پ. دىيال. تىمىسقىلىماق.

**تىموزىن** ئى [لات ] <تېب> تۆش بېزى تەرىپىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ۋە غول ھۈجەيرىلەرنىڭ يېتىلىشىنى T لىمفا ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر يېتەكلەيدىغان پولىپېپتىدلىق بىر خىل ھورمون. ئۇ لىمفا سىستېمىسى، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئىنكاسى ۋە تەن سۇيۇقلۇقىنىڭ ئانتىتېلالىق ئىنكاسى قاتارلىقلارغا قارىتا قوزغىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**تىمىسقىلاتماق** «تىمىسقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىمىسقىلاشماق** «تىمىسقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا ـ بالىلار سۆزلىشىۋاتقاندا كالىلار چۆپ تىمىسقىلىشىپ، تارىلىپ كېتىشكەنىدى.

**تىمىسقىلىماق** پ ① پۇراپ، تۇمشۇقى بىلەن ئۇ يان ـ بۇ يان ئۆرۈپ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك (ھايۋانلارغا قارىتا): ئىت يالاق يېنىدا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ② ئۇ يان ـ بۇ يان ئۆرۈپ سەپسىلىپ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك: كېيىن مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ تالاغا چىقسام، قاراڭغۇ تام تۈۋىدە غەلىتە بىر ئادەمنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى سەزدىم.

**تىن** ئى. نەپەس، تىنىق، دەم: تىن تارتماي ئۆلمەك.

**تىنتا** ئى. دىيال. چېلەك.

**تىنتىشماق** «تىنتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغ تامان ئون بەش چېرىك چاپتى ئېتىنى، قەدەمدە تىنتىشتى يول بويلىرىنى.

**تىنتىماق** پ. پايلاپ، تىكتىڭلاپ ئىزدىمەك، ئاختۇرماق: ھەممە ياقنى تىنتىماق. ئۆينى تىنتىماق.

**تىنچ** سۈپ ① قىمىرلىمايدىغان، ھەرىكەت سېزىلمەيدىغان، جىمجىت: خەتەرلىك دېڭىزنى بېسىپ تىنچ دەرياغا ئۆتتۇق. ② چۇقان ـ سۈرەن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن خالىي، كىشىنىڭ ئارامىنى بۇزمايدىغان؛ جىم: تىنچ ئۇخلىماق. ③ كىشىنى بىزار قىلمايدىغان، خاتىرجەم: سەن تىنچ ــ قوشناڭ تىنچ (ماقال). ④ غەم ـ ئەندىشە، خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي؛ سالامەت: تىنچقىنا يېتىپ ئارام ئېلىڭ، بالام، خۇدايىم بىر ساقلىدى دەڭا. ⑤ ئۇرۇش ـ جاڭجال، قالايمىقانچىلىقتىن خالىي، تەرتىپ جەھەتتىن نورمال: تىنچ تەرەققىيات زورلۇق كۈچ بىلەن بولىدىغان ئۆزگىرىشكە، تەدرىجىي تەرەققىيات ئىنقىلابقا ئورۇن بېرىدۇ.

**تىنچ ئوكيان** <جۇغ> يەر شارىدىكى تۆت ئوكياننىڭ ئەڭ چوڭى، ئاراللار ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئوكيان. ئۇ ئاسىيا، ئوكيانىيە، ئانتاركتىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 179 مىليون 680 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**تىنچ ـ ئامان** ساق ـ سالامەت ۋە خاتىرجەم: خوتەندىن تىنچ ـ ئامان كەلدىم.

**تىنچ ـ ئامانلىق** ساق ـ سالامەت ۋە خاتىرجەملىك: موللازەيدىن بۇ ناتونۇش كىشىگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ-ئامانلىق سوراشتى.

**تىنچسىز** سۈپ. تىنچ ئەمەس، تىنچلىقى يوقالغان: تىنچسىز ھايات.

**تىنچسىزلاندۇرماق** «تىنچسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەمىشە تىنچسىزلاندۇراتتى.

**تىنچسىزلاندۇرۇلماق** «تىنچسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرۋازا ئالدىدا بىرنەچچە يۈز كىشى ئۇيۇر ـ تويۇرلىشىپ تۇراتتى. بۇ ھال خۇددى تىنچسىزلاندۇرۇلغان ھەرە ئۇۋىسىدەك ۋاڭ ـ ۋاڭ ئىدى.

**تىنچسىزلانماق** پ. تىنچلىقنى يوقاتماق، تىنچسىز بولماق؛ تەشۋىشكە چۈشمەك: ئۇنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولاتتى، تىنچسىزلىناتتى.

**تىنچسىزلىق** ئى. تىنچلىقى يوقالغان، تىنچسىز ھالەت؛ تەشۋىش.

**تىنچلاندۇرماق** «تىنچلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، كۆڭلۇم تاماق تارتماي تۇرىدۇ، ــ دەپ ئاپامنى تىنچلاندۇردۇم.

**تىنچلاندۇرۇشماق** «تىنچلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىنچلاندۇرۇلماق** «تىنچلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

**تىنچلانماق** پ ① ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، جاڭجال، ھەرىكەت قاتارلىقلار توختاپ جىم بولماق: تىنچلىنايلى قېرىنداشلار، تىنچلىنايلى ! ② ھاياجىنىنى، ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىنى تۇتماق: ــ ئالدىرىما، تىنچلان ! ــ دېدى ئايال كۈلۈپ. ③ خاتىرجەم بولماق، ئارام تاپماق: ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز تىنچلاندى. ④ ئۇرۇش ھالىتى، ۋەزىيىتى پەسەيمەك: ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئەل تىنچلاندى. ⑤ ئاغرىق، دەردتىن، ئازابتىن بىرئاز ئارام تاپماق: ئۇ باش ئاغرىقىدا «ۋاي ـ ۋاي» دەپ ئۇخلىيالمىغانىدى. باش توخۇدا بىرئاز تىنچلاندى. ⑥ كۆچمە. پۈتۈن ھەرىكەت، پائالىيەتتىن توختىماق، ئۆلمەك: ــ ھەممە پوتىيىڭلار ياسىلىپ بولغۇچە ئۆزۈڭلەرنىڭ بېشىنى يەپ تىنچلىنىسىلەر! ــ دېدىم ئۇلارغا خاپا بولۇپ.

**تىنچلىق** ئى ① كىشىنىڭ ئارامىنى بۇزمايدىغان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن خالىي ھالەت: دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمىغاندەك، بەزىلەر ئۇلارغا تىنچلىق بەرمەيتتى. ② ئامانلىق، ئامان ـ ئېسەنلىك: تىنچلىق سوراشماق.

③ ئۇرۇش، توقۇنۇش، ماجىرا، جېدەلدىن خالىي ھالەت: ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق بىر - بىرىگە ئايلىنىدۇ. ④ «يوق، يۈز بەرمىدى» دېگەن مەنىدە كېسىم ۋەزىيىتىدە كېلىدۇ: — قانداق، بىرەر خەۋەر بارمىكىن؟ — دېدىم. — ھازىرچە تېخى تىنچلىق، خەۋەر كەلسىلا دەرھال چاقىرتىمىز، — دېدى ئۇ ماڭا.

**تىنچلىق - ئامانلىق** غەم - ئەندىشە، تەشۋىشتىن خالىي، ساق - سالامەت، خاتىرجەم تۇرمۇش ۋە ئاشۇنداق ھالەت: شۇ چاغدا ئۆيگە قاۋۇلئاخۇن كىرىپ كەلدى، موماي بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

**تىنچلىقپەرۋەر** سۈپ. ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان: دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرىدۇ.

**تىنچلىقپەرۋەرلىك** ئى. تىنچلىقنى قىزغىن سۆيۈش، دائىم تىنچلىقنىڭ غېمىنى يېيىش.

**تىنچىتماق** ① «تىنچىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايقىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ قويۇش لازىملىقىنى ئېيتتى. ② يوق قىلماق، ئۆلتۈرمەك: قوزغىلاڭنى تىنچىتماق.

**تىنچىشماق** «تىنچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھېرىپ ئاخىر تىنچىشتى.

**تىنچىق** سۈپ. شامالسىز، ھاۋاسى نەپەسنى بوغۇپ قويىدىغان، نەم ئىسسىق: ئىشىكنى ئاچ — تىنچىقتىن قاچ (ماقال).

**تىنچىقلىق** ئى. نەم ئىسسىق، شامالسىز، دىمىق ھالەت: كېچىنىڭ تىنچىقلىقىغا قارىماي، پەنجىرە ھىم يېپىپ قويۇلغانىدى.

**تىنچىقماق** پ. نەم ئىسسىق ھاۋانىڭ تىنچىقلىقىدىن نەپەستە قىينالماق: سالقىن شاماللىق ئاي كېتىپ، كەلدى تومۇزلۇق ئاي يېتىپ. چۆمدى سۈكۈتكە بارچە جاي، ئىسسىق ھاۋادا تىنچىقىپ.

**تىنچىتىلماق** «تىنچىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇترىغان توپىلاڭ تىنچىتىلدى.

**تىنچىماق** پ ① داۋاملىشىشتىن توختىماق، بېسىلماق: دۈشمەننىڭ پىلىموتلىرى ئاستا - ئاستا تىنچىدى. ② ئىش - ھەرىكەت، چۇقان - سۈرەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ توختاپ جىم بولماق: — ھەممىنى ئۆز قولۇم بىلەن بىرمۇبىر ئېنىقلاپ، تۇتۇپ كۆرمىسەم تىنچىمايمەن، — دېدى ساتىراش. ③ تىنچلانماق، خاتىرجەم بولماق: ئانامنىڭ مانا شادلىق كۈلكىسىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم تىنچىدى. ④ ئۇرۇش - جېدەلدىن، غەلۋىدىن قۇتۇلۇپ، تىنچ ئۆتمەك: كېيىنچە يۇرت تىنچىپ قېلىۋىدى، ئاندىن قومۇلدىن بالا - چاقىلىرىمنى تۇرپانغا ئالدۇرۇپ كېلىۋالدىم.

**تىندۇرما** ① سۈپ. تىندۇرۇلغان، تىنغان: تىندۇرما چاچما كان. ② ئى <گېئول> ئېقىن سۇلارنىڭ يۆتكىلىشى نەتىجىسىدە تاغ جىنسلىرى ۋە مىنېرال ئۇۋاقلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشى بىلەن قۇرۇقلۇقتا ھاسىل بولغان چۆكمە جىسىملار.

**تىندۇرماق** I «تىنماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاز چىۋىننى قوندۇرماس، چىۋىن تازنى تىندۇرماس (ماقال).

**تىندۇرماق** II «تىنماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لاي سۇنى تىندۇرماق.

**تىندۇرۇلماق** «تىندۇرماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئازگال تېزلىكتە تىندۇرۇلدى ۋە يورۇش پەرمانى بېرىلدى.

**تىنما** سۈپ. تىنغان، تىندۇرۇلغان، چۆكمە: تىنما قاتلام.

**تىنما قاتلام ← چۆكمە قاتلام.**

**تىنماق** I پ① ئۆپكىسىگە تازا ھاۋا سۈمۈرۈپ، ئاندىن سىرتقا چىقارماق: ئابدۇكېرىم بىر تىنىۋالدى. ② ئىشتىن، ھەرىكەتتىن توختىماق، ئارام ئالماق: يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغىڭ تىنماس، يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىقىڭ تىنماس (ماقال). ③كۆچمە. ئېيتماق، دېمەك: بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭ. ④كۆچمە. تەشۋىش، ئەنسىرەشتىن توختىماق؛ خاتىرجەم بولماق: كۆرە يولىدا يۈرۈپ، مەپەڭ سۇندىمۇ شەنگەن؟ سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ، كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن؟

**تىنماق** II پ ① ئىچىدىكى قۇم، لاتقىلار چۆكۈپ، سۈزۈلمەك، تازا بولماق: ئەمدىلا ئۆستەڭدىن ئەكىرگەن سۇ تىنىپ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ② چوڭقۇرلۇق چۆكۈندى توپا، قۇم قاتارلىقلار بىلەن توشۇپ كەتمەك: مانا شۇنداق كەڭ زېمىن پۈتۈنلەي قۇم بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى. ③ بوش يېرى قالماي، تىقىلماق: سېنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ جىنايەت بىلەن تىنىپ كەتكەن. ④ كۆچمە. قاراڭغۇلاشماق، خىرەلەشمەك: ئۇنىڭ كۆزلىرى تىنىپ، لەۋلىرى ئاقاردى.

**تىنىش** ئى. توختاش، ئارام ئېلىش: تىنىش بەلگىلىرى.

**تىنىش بەلگىلىرى** <تىل> جۈملىنىڭ ئوقۇلۇشى، ئىنتوناتسىيەسى، قەيەردە تىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان مەخسۇس يازما بەلگىلەر. ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرى قوللىنىلىدۇ: چېكىت (.)، سوئال (؟)، ئۈندەش (!)، پەش (،)، چېكىتلىك پەش (؛)، قوش چېكىت (:)، قوش تىرناق (« »)، يالاڭ تىرناق، (<>)، تىرناق (( )) سىزىق (—)، سىزىقچە (ـ)، كۆپ چېكىت (...).

**تىنىشماق** «تىنماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر ئىككىيلەن تەڭلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى.

**تىنىق** I ئى ① تىنىپ، ئىچىدىن چىقىرىلغان ھاۋا، نەپەس: روزى كۆزىنى ئاچمايتتى. ئەكسىچە، تىنىقى تېزلىشىپ، پۈكلىنىپ، داق يەرگە بارغانسېرى ئېغىر پاتماقتا ئىدى. ② ناھايىتى قىسقا ۋاقىت، دەم: يەلپۈگۈچ بىر تىنىقمۇ توختىماستىن قولدىن قولغا يۆتكىلىپ تۇراتتى.

**تىنىقى توختىماق** ئۆلمەك: خالىقجان، سىلەر يېتىپ بارغاندا، ئازادگۈلنىڭ تىنىقى توختىغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بوپتىكەن؟

**تىنىق** II سۈپ ① تەركىبىدىكى قۇم، لاتقىلار تىنىپ سۈزۈلگەن، ساپ، سۈزۈك: ئاسمانمۇ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، كۆل سۈيىدەك تىنىق. قۇياشمۇ ئاجايىپ مۇلايىم كۆلۈمسىرەيدۇ. ② چاڭ - توزاندىن خالىي، شامالسىز، سۈزۈك: ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان تىنىق. ③ بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيدىغان (كۆز ھەققىدە): ۋاڭنىڭ كىشىلەرگە ئاسانلىقچە ئىپادە كۆرسەتمەيدىغان تىنىق كۆزلىرىگە بىر خىل خۇشاللىق يوشۇرۇنغانىدى.

**تىنىقداش** سۈپ. تىنىقى، نەپىسى بىر؛ بىرگە تىنىدىغان، بىرگە نەپەس ئالىدىغان، جان تومۇرى بىر: «ئۆگىنىش مەكتەپتە ئەمەس، بەلكى ھاياتتا» — رىم مۇتەپەككۇرى سېنىكانىڭ بۇ سۆزى مائارىپنىڭ ھايات بىلەن تىنىقداش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**تىنىقداشلىق** ئى. تىنىقى بىر بولۇش، نەپىسى بىر بولۇش: نەزەرىيەۋى سىستېمىلار ئەسەر بىلەن بولغان تىنىقداشلىق ۋە قەدەمداشلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ

تۇرۇشى كېرەك.

**تىنىقسىز** سۈپ. تىنىق. يوق، تىنىقى توختىغان: بىز بالىنى سۇدىن سۈزۈپلا قولىمىزنى بۇرۇن ۋە كۆكسىگە قويدۇق. بالا تىنىقسىز بولۇپ، جان ئۈزگەنىدى.

**تىنىقلىق** ئى. تىنىق ھالەت: گۈلخانىنىڭ قويۇق ئىسلىرى ھاۋانىڭ تىنىقلىقىدا توپتوغرا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى بىر كۆكۈچ ئېگىز تۈۋرۈكنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى.

**تىنىكا** ئال. دىيال. ئەنە، ئاينا.

**تىنىم** ئى. ھەرىكەتتىن خالىي ۋاقىت ياكى ھالەت، ئارام: ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز تىنىم يوق.

**تىنىمسىز** ① سۈپ. بىكار، تىنچ تۇرمايدىغان؛ ھەرىكەتچان: ئەركىن سەكرەپ ئېتىدىن چۈشۈپ، چىلىق تەرگە چۆمگەن، تىنىمسىز بوز ئاتنى ئالدى. ② رەۋ. توختىماي، جىم تۇرماي، ئۈزلۈكسىز: ئۇ ئاللىقانداق خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىنىمسىز ماڭاتتى.

**تىنىمسىزلىق** ئى. تىنىمسىز ھالەت: ھادىسىلەر ماددىي تۈرلەرنى بەلگە قىلغان ھالدا تىنىمسىزلىقنىڭ پايىسىز چەكسىز دولقۇنلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**تىۋەت** سۈپ. دىيال. جۈرئەتسىز، روھسىز، تۇرقى ئادەم.

**تىۋەزۈن** ئى. دىيال. كىچىك پالتا.

**تىۋىت** ئى ① ھايۋانلار تېنىنىڭ سىرتىغا ۋە بەزى ئەزالىرىنىڭ ئىچكى دىۋارىغا ئۈنگەن قىسقا ھەم يۇمشاق موي، تۈك: ئۆچكە تىۋىتى. تۆگە تىۋىتى. ئاشقازان تىۋىتى. تىۋىت تارتماق. ② توقۇلما بۇيۇملار يۈزىدە بىر قەۋەت بولىدىغان قىسقا، ئىنچىكە ۋە يۇمشاق كېلىدىغان تۈكسىمان تالا: تىۋىت شال.

**تىۋىتسىز** سۈپ. تىۋىتى يوق، يۈزىگە تىۋىت چىقىرىلمىغان: تىۋىتسىز رەخت.

**تىۋىتلىق** سۈپ. تىۋىتى بار، تىۋىت چىقىرىپ توقۇلغان: تىۋىتلىق پەردە.

**تىۋىتلىق پەردە** <زوئول> تۆرەلمىنى ئورىغۇچى ئورتا قەۋەت. سىرتقى يۈزىدە تىۋىت شەكلىدىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك بۆرتمىلەر بولىدۇ. ئانا تېنى بىلەن ماددا ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**تىۋىش** ئى ① مەلۇم ھەرىكەتتىن ئاڭلانغان ئاۋاز، شەپە: تاشقىرىدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئۇچۇر، شەپە، خەۋەر: كەچ پېشىنغىچە ھېچ يەردىن ئۇنىڭ تىۋىشىنى ئالالمىدى.

**تىۋىشسىز** ① سۈپ. ئاۋاز ۋە شەپىدىن خالىي، جىمجىت: ھويلا تامامەن تىۋىشسىز ئىدى. ② رەۋ. ھېچقانداق ئاۋاز ۋە شەپە چىقارماي، ئاستاغىنا: تۈن ھەسسە ئالىم ئاكام كەلدى ئىشىككە، ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتۇق تىۋىشسىز.

**تىياتىر** ئى [ر<گىرېك] ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان بىر خىل سەنئەت، يەنى ئىپادىلەش سەنئىتىنى مەركەز قىلغان ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى. ئۇ ئادەتتە دىراما، ئوپېرا، بالېت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**تىياتىرچىلىق** ئى. تىياتىر ئويناش، قويۇش كەسپى: تىياتىرچىلىق سەنئىتى.

**تىياتىرخانا** ئى <تىيا> تىياتىر نومۇرلىرى كۆرسىتىلىدىغان كۇلۇب.

**تىياتىرلاشتۇرماق** «تىياتىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇ ئادەم بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشتۈم ۋە ئۆزۈم توپلىغان پاكىتلارنى تىياتىرلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدىم.

**تىياتىرلاشتۇرۇشماق** «تىياتىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىياتىرلاشتۇرۇلماق** «تىياتىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەربىر پارچە قەغەز ئىخچام ۋە تىياتىرلاشتۇرۇلغان ھالدا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

**تىياتىرلاشماق** پ. تىياتىر شەكلىدە ئەكس ئەتكۈزۈلمەك، تىياتىر قىلىپ ئوينالماق.

**تىيەك** ئى. دىيال ① مالنىڭ قېتىپ كەتكەن مايىقى. ② قەۋزىيەت.

**تىيدۇرماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىيزا** ئى [خەن] جان ت. قەغەز پۇل، ئاقچا.

**تىيلىق** ئى. تۇگمەن تېشىنىڭ يۈزىنى چېكىپ ياسايدىغان مېتىن.

**تىيماقچا** ئى <دېھ>خامان تېگىدە قالغان سامانلىق بۇغداي.

**تىيىشماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىيماق** ① پ. يىغماق؛ توختاتماق؛ تارتماق: كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تىي، قورسىقىڭ ئاغرىسا گېلىڭنى تىي (ماقال). ② تاتىلماق.

**تىيىلماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەمەت ئاكام ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئاغزى بىرئاز تىيىلدى.

**تىيىن** I ئى ① ئون داچەن قىممىتىگە ئىگە چوڭ مىس پۇل، تومپۇر. ② بىر كوينىڭ يۈزدىن بىرى، سىنت.

**تىيىن** II ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. سىرتقى شەكلى چاشقانغا ئوخشايدۇ، تېنى چاشقاندىن سەل چوڭراق كېلىدۇ؛ قۇيرۇقى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، چېچىلىپ تۇرىدۇ. تىيىن ئادەتتە قارىغايلىقتا ياشايدۇ.

**تىيىنلاپ** رەۋ. بىر تىيىن ـ بىر تىيىندىن، بىر تىيىن ـ بىر تىيىنلاپ، بىر تىيىننىمۇ قالايمىقان خەجلىمەي، بىر تىيىننىمۇ زايە قىلماي، بىر تىيىننىمۇ يىغىپ: مەن ئۇنىڭ مۇزىكا ئۆگىنىشى ئۈچۈن تىيىنلاپ پۇل ئىقتىساد قىلىمەن.

**تىيىنلىق** سۈپ. تىيىن قىممىتىگە ئىگە بولغان، تىيىنغا يارايدىغان.

# ج

**ج** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئالتىنچى ھەرپى.

**جا** I سۈپ [خەن] ئىشەنگىلى بولمايدىغان، ئاساسسىز، ساختا، يالغان: جا گەپ، جا ئىش.

**جا** II ئى [پ] يېزىت «بولماق، قىلماق، ئەيلىمەك» پېئىللىرى بىلەن بىللە كېلىپ «ئورۇنلاشماق، ئورۇنلاشتۇرماق» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ: كۆيۈكنى دىلغا جا ئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا.

**جا** III ئى. ياغاچ قۇرۇلما، جازا ـ چەللە.

**جابدۇتماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جابدۇشماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار ئۆينى جابدۇشۇپ بولۇپ، ھويلىغا چىقىشتى.

**جابدۇق** ئى ① ھەر خىل قورال ـ سايمان، ئەسۋاب، جاھاز، سەرەمجان؛ بېزەك، بۇيۇملار: ئۆي جابدۇقلىرى. ② ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ـ توقۇم، يۈگەن ـ نوختىلىرى. ③ تەييارلىق، ھازىرلىق: ــ جابدۇقۇم پۈتسە، بۇرۇنراق يولغا چىقاي دەيمەن، ــ دېدى نوشىرۋان تەيجى.

**جابدۇقچىلىق** ئى. جابدۇق ياساش ئىشى، جابدۇق ياساش كەسپى: ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپلا ئۇلاغ جابدۇقچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان.

**جابدۇقسىز** ① سۈپ. جابدۇق يوق، جابدۇق بولمىغان: جابدۇقسىز ئۆي، جابدۇقسىز ئادەم. ② رەۋ. جابدۇقى يوق ئەھۋالدا، جابدۇقى بولمىغان ھالەتتە، جابدۇق ئىشلەتمەي ياكى ئورناتماي: ئات ـ ئۇلاغلارنى ھارۋىلارغا قوشقاندا، مىنگەندە چوقۇم جابدۇق كېرەك بولىدۇ، ئۇلارنى جابدۇقسىز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

**جابدۇقلۇق** سۈپ. جابدۇقى بار، جابدۇلغان: نۇردىن ئۇنىڭغا ئېتىنى يېپەك توقۇم، ئالتۇن جابدۇقلۇق ئېگەر بىلەن ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

**جابدۇلماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپ ئۆتمەيلا جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىشىپ ئوپمۇ ئوخشاش جابدۇلغان 40 مەپە كەپتۇ.

**جابدۇماق** پ ① تەييارلىماق، ھازىرلىماق: شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە پاتمەنى جابدۇپ، ناۋاي ئېرىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ② ياسىماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك: ئۆينى جابدۇماق.

**جابدۇنماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تويغا جابدۇنماق. * تاز جابدۇنغۇچە توي تارقاپتۇ (ماقال).

**جاپ** تەق. ئاغزى بېسىقماي سۆزلەش ھالىتىگە تەقلىد قىلىنىدۇ.

**جاپا** ئى [ئە] جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۈلپەت، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: جاپا تارتماق. * ياخشىدىن جاپا كەلمەس، ياماندىن ۋاپا كەلمەس (ماقال).

**جاپاسىز** سۈپ. جاپاسى يوق، جاپالىق ئەمەس، ئاسان: ئەخمەتنىڭ خېلى پەمى بار، كۈتۈپ تۇرۇپ جاپاسىز ئىشلارنى تاللىيالايدۇ.

**جاپاكەش** [ئە + پ] ① سۈپ. جاپا چەككۈچى، ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقۇچى: جاپاكەش دېھقان. ② ئى. كۆچمە. تەر ئاققۇزۇپ مېھنەت قىلىدىغان، مېھنەت سۆيەر كىشى.

**جاپاكەشلىك** ئى. جاپا چېكىش، ئازاب، كۈلپەت، ئېغىرچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈش.

**جاپالىق** سۈپ. جەبىر ـ جاپاسى بار؛ مۇشكۈل، قىيىن، تەس: جاپالىق يىللار.

**جاپا ـ مۇشەققەت** تۈرلۈك جاپا ۋە مۇشەققەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق: ئۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، قۇشنىڭ ئۇۋۇسىنى تېپىپ، ئاخىر قۇشنى تۇتۇپ كەلدى.

**جاپ ـ جاپ** سۈپ. ئاغزى بېسىقمايدىغان، ئىتتىك، تولا ۋە قالايمىقان سۆزلەيدىغان؛ ۋالاقتەگكۈر؛ ۋات ـ ۋات: جاپ ـ جاپ خوتۇن.

**جاپ ـ جاپلىق** ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيدىغان خاراكتېر، ۋالاقتەگكۈرلۈك، ۋات ـ ۋاتلىق: جاپ ـ جاپلىق قىلماق.

**جاپسا** ئى. چاك، يېرىق، يوچۇق: مەن ئىشىكنىڭ جاپسىسىدىن قاراپ، تالادىكى ھەممىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم.

**جاپسار** ئى. قىساڭ، تاغنىڭ قىسىلچاق يېرى.

**جات** رەۋ. دىيال. جاي ـ ئورۇن، تەرەپ.

**جاتتامە** رەۋ، دىيال. كوچە ـ كوچە.

**جاجا** ئى. جان ت ① جازا: تازا جاجىسىنى يېدى. ② چارە ـ تەدبىر، ئىلاج: بۇنىڭ جاجىسى بىر تال سەرەڭگە، ھەممىسىنى بىر يەرگە دۆۋىلەيمىز ـ دە، بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت قويىمىز، ئىش تامام، ۋەسسالام.

**جاجازا** ئى [ خەن ] دىيال. پەشمەت، بىر خىل قىسقا چاپان.

**جادا** ئى [خەن] ئوت ـ چۆپ توغراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، جازىغا بېكىتىلگەن تىغلىق تۆمۈر سايمان: جادىغا باسماق.

**جادايى** سۈپ. دىيال. ئەخمەق، قاپاقباش، دۆت: بۇ تازا جادايى بىرنېمە ئىكەن.

**جادۇ** ئى [پ] كۆز باغلاش، سېھىر قىلىش، مەپتۇن قىلىش

مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سېھىرلىك ھەرىكەت ۋە دۇئالار: جادۇ قىلماق.

**جادۇگەر** سۈپ [پ] ① جادۇ قىلغۇچى، سېھىرگەر، ئەپسۇنچى: جادۇگەر خوتۇن. ② كۆچمە. ھەييار، مەككار، ھىيلىگەر؛ ئالدامچى: جادۇگەر قېرى.

**جادۇگەرلىك** ئى. ھەييارلىق، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك؛ ئالدامچىلىق: جادۇگەرلىك قىلماق. * بەزى كىشىلەر جەمئىيەتنى جادۇگەرلىك ھاۋاسى بىلەن بۇرۇقتۇرما قىلماقتا.

**جادىكا** ئى. دىيال. سالاسۇن، رىشاتكا.

**جادىھەرە** ئى [جادا + ھەرە] ياغاچنى توغرىسىغا كېسىدىغان ھەرىنىڭ بىر خىلى.

**جار** I تەق. ئۇچلۇق، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جار** II ئى [ئە] «سالماق» پېئىلى بىلەن بىللە كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ① جارچى قويۇپ ھەممىگە خەۋەر بەرمەك، ئېلان قىلماق: ئۇ ھاكىمغا ئېلى نۇردۇننىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى ھەققىدە جاكارچىنىڭ كوچا ـ كوچىلاردا جار سېلىشىنى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. گەپ تارقاتماق، ھەممىگە بىلدۈرمەك: ئاق ئېيىق پۈتىنى تېخىچە ئېلىپ بارغانلا يەردە: ــ مەن قوشنىلارغا ئوت ئۆچۈرۈشۈپ بېرىش جەريانىدا شەرەپ بىلەن يارىدار بولدۇم، ــ دەپ جار سېلىپ يۈرۈپتۇ. ③ كۆچمە. ۋارقىرىماق، غەلۋە قىلماق؛ جېدەل قىلماق: ئەزىمەت: بۇ پارقىرىمايدىكەن، ماڭا ئاۋۇ كىشىنىڭ قىلىچىدەك قىلىچنى تېپىپ بەر، ــ دەپ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى قىلىچ تۇتقان كىشىنى كۆرسىتىپ، جار سېلىشقا باشلىدى.

**جار** III ئى. دىيال. ئالۋاڭ، ھاشار: نوم دېگەن سۇ ئايىغى، يۇلغۇن، توغراقنىڭ سانى يوق، ھوگا ئىسسىق جارى قاتتىق، خەقلەرنىڭ ئىمكانى يوق.

**جارا** ئى. دىيال. كىرپە.

**جاراستان** ئى. دىيال. نەق مەيدان، كۆپچىلىكنىڭ ئالدى، ئامما ئارىسى.

**جاراق** تەق. چىنە ـ قاچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سىلكىنىشى، ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: «پىاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشكاپ ئىچىدىكى چىنىلەر «جاراق» قىلىپ كەتتى.

**جاراق ـ جاراق** «جاراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاراق ـ جاراق قىلماق.

**جاراق ـ جۇرۇق** «جاراق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: توساتتىن كامىر ئىشىكى جاراق ـ جۇرۇق قىلىپ ئېچىلدى.

**جاراقىدە** رەۋ. «جاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاراق» قىلىپ: تۇردى ئۆيدىن چىقىپ بوسۇغىغا پۇتلاشتى ـ دە، قولىدىكى تەخسىلەر «جاراقىدە» يەرگە چۈشتى.

**جاراقلاتماق** «جاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراقلىماق** پ. «جاراق ـ جاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئىشىك جاراقلاپ كەتتى.

**جاراڭ** تەق. مېتال، چىنە، شېشە قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: جاراڭ قىلماق.

**جاراڭ ـ جاراڭ** «جاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاراڭ ـ جۇرۇڭ** «جاراڭ» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يېقىندىن بىرى ئاشۇ ئۆيدىن تەخسە ۋە ھاراق رومكىلىرىنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

**جاراڭسىز** سۈپ ① جاراڭلىق ئاۋاز چىقمايدىغان، جاراڭلىمايدىغان. ② <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەستىن پەيدا بولىدىغان: جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.

**جاراڭسىزلاشتۇرماق** «جاراڭسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراڭسىزلاشتۇرۇلماق** «جاراڭسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاراڭسىزلاشماق** پ. جاراڭسىز ھالەتكە كەلمەك، جاراڭسىز ئوقۇلماق.

**جاراڭسىزلىق** ئى. جاراڭلىق ئاۋاز چىقارماسلىق، جاراڭسىز ھالەت.

**جاراڭىدە** رەۋ. «جاراڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاراڭ» قىلىپ: جاراڭىدە قىلماق.

**جاراڭلاتماق** «جاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراڭلاشماق** «جاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاراڭلىتىلماق** «جاراڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاراڭلىق** سۈپ ① جاراڭلايدىغان، جاراڭلاپ چىقىدىغان: داڭنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەكتەپ مۇھىتىنى تىترەتتى. ② ئۈنلۈك، ياڭراق، كۈچلۈك: رەھىمجاننىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق ئىدى. ③ <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىپ چىقىدىغان: جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.

**جاراڭلىماق** پ ① «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاراڭ» قىلماق: قوڭغۇراق جاراڭلىدى. ② ياڭرىماق: تۇتىيا دېگەن بۇ سۆز قەشقەر ئاسمىنىدا مەغرۇر جاراڭلايتتى.

**جاراھەت** ئى [ئە] ① <تېب> يارا، چاقا؛ يارا چىققان، زەخىملەنگەن جاي. ② كۆچمە. زەرەر، زىيان ـ زەخمەت، دەخلى، كاشىلا: زاۋۇت رەھبەرلىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ جاراھەتلىرىنى تۈگىتىشكە ناھايىتى زور قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. ③ كۆچمە. يۈرەكتىكى دەرد ـ ئەلەم، ئېغىر خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: مۇبادا، شەمەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىگە جاراھەت سالسا مەيلى.

**جاراھەتلەندۈرمەك** «جاراھەتلەنمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراھەتلەندۈرۈشمەك** «جاراھەتلەندۈرمەك»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاراھەتلەندۈرۈلمەك** «جاراھەتلەندۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاراھەتلەنمەك** پ. جاراھەت پەيدا بولماق: ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جاراھەتلىنىپ، يۈز ـ كۆزلىرى، پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا مىلىنىپ كەتتى.

**جاراھەتلىك** سۈپ ① جاراھەت بولغان، جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان: جاراھەتلىك قول. ② كۆچمە. دەرد تارتقان، دەرد ـ ئەلەم كۆرگەن، ئازار يېگەن؛ دەردلىك: جاراھەتلىك دىلىمغا ئازار بەرمە.

**جارت** تەق. رەخت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يىرتىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: يېڭىم جارت قىلىپ يىرتىلدى.

**جارتتىدە** رەۋ. «جارت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا،

«جارت» قىلىپ: ئەخمەت كىتابنى جارتتىدە قىلىپ يىرتتى ـ دە، ئايشەمنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن تاشلىدى.

**جارت ـ جارت** «جارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جارت ـ جۇرت** «جارت» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: رۇقىيە قولىدىكى ئىككى بېلەتنى جارت ـ جۇرت قىلىپ يىرتىپ تاشلىۋەتتى.

**جارتىلداتماق** «جارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جارتىلداق** ئى. بىر خىل قۇش.

**جارتىلدىماق** پ. «جارت ـ جارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**جارجات** ئى. ئاياللارنىڭ كۆڭلەك كىيىشكە مۇۋاپىق توقۇلغان بىر خىل نېپىز يۇڭ رەخت.

**جار-جۇر** قالايمىقان ۋارقىراشتىن چىققان ئاۋاز: جار-جۇر قىلىشماق.

**جارچى** ئى ① جاكارچى: شۇ ئەسنادا ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق بىر جارچى كانىيى يىرىلغۇدەك ۋارقىراپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. تەشۋىقاتچى: ئۇنىڭ ماھىر قوللىرى: «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شىۋجېڭجۇيىنىڭ سادىق جارچىسى» دېگەن بەتنام بىلەن ئۇرۇپ چېقىلغانىدى.

**جارىدە** رەۋ. «جار» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جار» قىلىپ: جارىدە چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى ساۋاقداشلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ چۈشتى.

**جارقىراتماق** «جارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جارقىراشماق** «جارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**جارقىرىماق** پ. جار ـ جۇر ۋارقىرىماق، تووۋلىماق: ئالدىراتاغىل جارقىرىماق.

**جارلىماق** پ. دىيال ① ئۇقتۇرۇش قىلماق، جار سالماق. ② ئاشكارىلىماق.

**جارۇپ** ئى [ پ ] سۈپۈرگە.

**جارۇپكەش** ئى [ پ ] ① تازىلىق ئىشچىسى. ② مازارلارنىڭ تازىلىق خادىمى: ئۇلارنىڭ ئۈچى مەقبەرىنى سۈپۈرىدىغان جارۇپكەش، يەنە بىرى مەقبەرىنىڭ ئىشىكىنى باقىدىغان دەرۋازىۋەن ئىدى.

**جارۇپكەشلىك** ئى. تازىلىق ئىشچىلىقى.

**جارى** ئى [ئە] توختاپ قالمىغان، داۋاملاشقان، راۋان: جارى بولماق. جارى قىلماق. * بىر يىلغا تولدى ئۇنىڭ ۋاپاتى، تىللاردا جارى تۇرلۇك سىپاتى.

**جارىسلىق** ئى. دىيال. زالىملىق، ياۋۇزلۇق، زورلۇق، زومىگەرلىك.

**جاز** ئى ← چوم.

**جازا (جازاسى)** ئى [ئە] ئەيىب ياكى جىنايىتى ئۈچۈن كۆرۈلىدىغان چارە: ئۆلۈم جازاسى بەرمەك.

**جازا (جا:زا)** ئى [خەن] ① ياغاچ ۋە تۆرلۈك مېتاللارنىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما. ② كۆچمە. نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇش ياكى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى قۇرۇلما: كىتاب جازىسى. ③ نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل شەكىلدە بېكىتىلگەن گىرۋەك، رام: ئەينەك جازىسى. ④ كۆچمە. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بىر خىل ئادەت؛ كىبىر: جازا پەيدا بولماق. جازىسى ئۈستۈن.

**جازاخانا** ئى [ ئە+پ ] گۇناھكارلارنى جازالايدىغان مەخسۇس ئورۇن: شۇ يىللىرى مۇشۇ سەۋەبتىن ھەتتا مەخسۇس جازاخانا تەسىس قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن.

**جازالاتماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جازالاشماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جازالانماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ھەقىقەتەنمۇ جازالىنىشقا لايىق ئىدى.

**جازالىماق** پ ① جازا بەرمەك، جازاغا تارتماق: پادىشاھ كۆڭلىدە ۋەزىرنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ ـ دە، دانىشمەننى جازالىماقچى بوپتۇ. ② تېگىشلىك زىيانغا ئۇچراتماق؛ ئەدىپىنى، دەككىسىنى بەرمەك: كۆپ ئوغۇت قۇيساق باقار بىزنى زېمىن، قۇيمىساق كۆزدە جازالايدۇ زېمىن.

**جازانامە** ئى. جىنايى قىلمىشلار ئۈچۈن كۆرۈلگەن چارە توغرىسىدىكى ھۆكۈم يېزىلغان قەغەز، ھۆججەت: ئابلا ئۆزىگە بېرىلگەن جازانامىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، قوللىرى تىترەيتتى.

**جازانە** ئى [ئە + پ] يۇقىرى ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن باشقىلارغا چەكلىك مۇددەتتە قەرز بېرىلگەن پۇل ۋە ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولى قىسقا كىشىلەرگە ئۆسۈمگە پۇل تارقىتىپتۇ. بۇيىنى جازانە سىرتمىقىغا چىگىلگەن كىشىلەر ئون نەچچىگە يېتىپتۇ.

**جازانخور** سۈپ. باشقىلارغا جازانىگە نەرسە-كېرەك بېرىدىغان ۋە بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن: ئەپەندىمنىڭ بىر جازانخور تونۇشى بار ئىكەن.

**جازانخورلۇق** ئى. باشقىلارغا جازانىگە نەرسە ـ كېرەك بېرىش ئىشى، ئادىتى: جازانخورلۇق قىلماق.

**جازبە** ئى [ئە] تارتىش كۈچى: يەر شارىنىڭ جازىبىسى.

**جازبىلىك** سۈپ. ئۆزىگە تارتىدىغان، جەلپ قىلارلىق؛ سېھىرلىك: چوكاننىڭ جازبىلىك كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

**جازپۇش** ئى. تۆگە چومىنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان ئۇزۇن كىگىز.

**جازىسىز** سۈپ. جازىسى يوق، جازا ئورنىتىلمىغان.

**جازىلاتماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جازىلاشماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جازىلانماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جازىلىق** سۈپ. جازىسى بار، جازىلانغان، جازا ئورنىتىلغان؛ جازا ئىچىگە ئېلىنغان: جازىلىق رەسىم.

**جازىلىماق** پ. جازا ئورناتماق؛ جازا ئىچىگە ئالماق: رەسىمنى جازىلىماق. ئەينەكنى جازىلىماق.

**جاسارەت** ئى [ئە] مەردانىلەرچە ئىش ـ ھەرىكەت؛ مەردلىك، باتۇرلۇق؛ جەسۇرلۇق: جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەك.

**جاسارەتسىز** سۈپ. جاسارىتى يوق، جۈرئەتسىز: مەن ھەقىقەتەن جاسارەتسىز قىز ئىكەنمەن.

**جاسارەتسىزلىك** ئى. جاسارىتى يوقلۇق، جۈرئەتسىزلىك: جاسارەتسىزلىك قىلماق.

**جاسارەتلەندۈرمەك** «جاسارەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاسارەتلەندۈرۈشمەك** «جاسارەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاسارەتلەندۈرۈلمەك** «جاسارەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاسارەتلەنمەك** پ. جاسارەتكە تولماق، جاسارەتكە ئىگە بولماق؛ غەيرەتكە كەلمەك، روھلانماق: كەچقۇرۇن كۆز باغلانغان مەھەل بىلەن قىسمەت چورۇق ئۆز خىياللىرىنى پىشۇرۇپ، بىردىنلا جاسارەتلىنىپ قالدى.

**جاسارەتلىك** سۈپ. جاسارىتى بار، جاسارەتكە ئىگە، جۈرئەتلىك، باتۇر: جاسارەتلىك ئادەم.

**جاساق** ئى. ۋاقىتلىق تۈزۈمىدە خانلىق تەرىپىدىن يەرلىك ۋاڭ ـ گۇڭلارغا، بالىسىدىن بالىسىغا باقىمەندە قىلىپ بېرىلگەن يەر ۋە پۇقرا؛ تەۋەلىك: بۇ مېنىڭ جاسىقىمدىكى يەر.

**جاسەي** ئى [خەن] ① ‹بوت› جاسەي گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا لازا، پۇراقلىق ماتېرىياللار قوشۇلۇپ، چىلاش ئارقىلىق تەييارلانغان خام سەي.

**جاسۇس** ئى [ئە] ئايغاقچى، پايلاقچى، ئىشپىيون: جاسۇسلارنى تازىلىماق.

**جاسۇسلۇق** ئى. جاسۇسلار ئېلىپ بارغان ھەرىكەت، ئايغاقچىلىق، پايلاقچىلىق: جاسۇسلۇق قىلماق. // جاسۇسلۇق ھەرىكەت.

**جاغ** I ئى. باشنىڭ چىش ئورناشقان جايى. ئۇ تۆۋەنكى جاغ، ئۈستۈنكى جاغ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: جاغ سۆڭىكى.

**جاغ** II تەق. قەلەيلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاغال** سۈپ. قىزغۇچ سېرىق: جاغال ئۆچكە. جاغال كۆز، بېشىغا سەللە ئورىغان بىرى.

**جاغالماي** ئى ‹زوئول› شۇڭقار تىپىدىكى يىرتقۇچ قۇش.

**جاغ ـ جاغ** «جاغ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاغجاغئوت** ئى [جاغ + جاغ + ئوت] ‹بوت› مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەر تارقىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**جاغدا** ① سۈپ. ئاسان كۈچىدىن قالمايدىغان، قېرىمايدىغان: جاغدا ئادەم. ② ئى. ئاسان كۈچىدىن قالمايدىغان، دائىم دېگۈدەك بىر خىل تۇرىدىغان ئادەم: جاغدا قېرىماس، ئوغرى بېيىماس. (ماقال). ③ئۇزاق تۇرىدىغان: جاغدا قوغۇن. جاغدا شال. جاغدا قوناق. * جاغدا قوغۇن جىنىڭمىدى (ماقال).

**جاغىل** سۈپ. قىزغۇچ ۋېرىق: جاغىل ئۆچكە.

**جاغىلداتماق** «جاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يەردە تۇۋى چۈشۈپ كەتكەن جاۋۇرنى جاغىلدىتىپ، ھېزىم مۇئەللىم تۇراتتى.

**جاغىلدىماق** پ. «جاغ ـ جاغ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاغ ـ جاغ» قىلماق.

**جاق** ① تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى، ئۇرۇلۇپ كېتىشى ۋە قاتتىق چۈشۈشىدىن چىققان ئاۋاز: جاق قىلىپ يىقىلماق. جاق قىلىپ ئۇرۇلماق. ② ئىم. قاتتىق سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەشتىن ھاسىل بولغان ھالەت.

**جاق تويماق** ئىنتايىن بىزار بولماق، قاتتىق زېرىكمەك: جاندىن جاق تويماق.

**جاقا ـ جونداق** دىيال. ئەبگار، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، چاچلىرى چۇۋۇق، پۇتلىرى يالاڭ ھالەت.

**جاقا ـ جۇقا** ئارىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشى، ئارازلىق، جاڭجال: جاقا ـ جۇقىغا سالماق.

**جاقاڭ** ئىم. ھارۋا، ئىشىك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى، سىلكىنىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**جاقاڭ ـ جاقاڭ** «جاقاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاقاڭ ـ جۇقۇڭ** «جاقاڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**جاقاڭشىتماق** «جاقاڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاقاڭشىماق** پ. «جاقاڭ ـ جاقاڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «جاقاڭ ـ جاقاڭ» قىلماق.

**جاقاڭلاتماق** «جاقاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاقاڭلاشماق** «جاقاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاقاڭلىماق** پ. «جاقاڭ ـ جۇقۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاقاڭ ـ جۇقۇڭ» قىلماق، جالاقلىماق: ھارۋا جاقاڭلاپ ماڭدى.

**جاق ـ جاق** «جاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاق ـ جاق قىلىپ تىترىمەك.

**جاق ـ جۇق** «جاق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: پويىز تېز بارماقتا جاق ـ جۇقنى ئاڭلاپ، زوقلىنىپ ئولتۇرۇپ توقۇيمەن قوشاق. «خوش كەپسىز!» دېگەندەك كۈلۈپ ئىرغاڭلاپ، يەلپۈنەر پايانسىز ئالتۇندەك باشاق.

**جاققىدە** رەۋ. «جاق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاق» قىلىپ: جاققىدە يىقىلماق. جاققىدە ئۇرۇلماق.

**جاقىرجومبۇرجاق** ئى ‹مۇز› بىر خىل ئۇسسۇل، ئادەتتە ئۇسسۇل مەيدانىغا پۇللار تاشلاپ قويۇلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار بۇ پۇللارنى رىتىمغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئالىدۇ.

**جاقىلداتماق** «جاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاقىلداشماق** «جاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشىك ئېچىلغۇچە بالىلار توڭۇپ تىترەپ جاقىلداشتى.

**جاقىلداق** سۈپ ① جاقىلداپ قالغان، جاق-جۇق ئاۋاز چىقىرىدىغان: جاقىلداق ھارۋا. ② كىشىنى بىزار قىلىدىغان: جاقىلداق خوتۇن.

**جاقىلدىماق** پ ① «جاق ـ جاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاق ـ جاق» قىلماق: ۋاقىتسىز چىققان قاتتىق بوراندا ئېغىلنىڭ ئىشىكى جاقىلداپ كەتتى. ② قاتتىق سوغۇق تۈپەيلى، بەدىنى «جاق ـ جاق» قىلىپ تىترىمەك، لاغىلداپ تىترىمەك، لاغىلدىماق: جاقىلداپ تىترىمەك. * ئۇنىڭ قاتتىق مۇزلىغان بەدىنى توختىماستىن جاقىلدايتتى.

**جاك** I ئى ← **كۆلتۈك** I.

**جاك** II ئىم. جاغالماي، قاغا قاتارلىقلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاكار** ئى. ئامىمغا چىقىرىلغان ئېلان، ئۇقتۇرۇش،

بۇيرۇق، يولىيورۇق، ئەمىر ـ پەرمان: جاكار قىلماق.

**جاكارچى** ئى. ئاممىغا ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يولىيو ـ رۇق، ئەمىر ـ پەرمانلارنى يەتكۈزگۈچى، ئۇقتۇرغۇچى، ئېلان قىلغۇچى كىشى.

**جاكارلاتماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: بىز باش ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى جاكارلىتىپ، ياندۇرۇپ چىقىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك!

**جاكارلاشماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىدا «يىگىت قولدىشى مەخسۇم!» دەپ جاكارلاشتى

**جاكارلانماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ جىسى: دەل شۇ پەيتتە، ئوغلاق تارتىشىش باشلانغانلىقى جاكارلىنىپ، ھەر ئىككى يىگىت ئاتلىرىغا مىنىشتى.

**جاكارلىماق** پ ① بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ۋە ھادىسە ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاممىغا ئېلان قىلماق، ئۇقتۇرماق: مەلىكە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە 40 كۈن زىياپەت بېرىپ، ئاخىرىدا ئۆز قارارى ـ نى جاكارلاپتۇ.

**جاكارنامە** ئى. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە ھەققىدە ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يولىيورۇق ۋە ئەمىر ـ پەرمان قاتارلىقلار يېزىلغان خەت.

**جاكېت** ئى [ر<فىران] ئاياللارنىڭ كالتە ئۈست كىيىمى.

**جاگەن** ئى [ خەن ] ھارۋىغا قېتىلغان ئات، ئېشەكنىڭ بوينىدىكى بوغىنىڭ ئۈستىدىن سېلىنىدىغان، ھارۋىنى ئالدى ـ غا سۆرەپ مېڭىش رولىنى ئوينايدىغان ئاساسلىق ھارۋا جابدۇقى.

**جاڭ** I تەق. مېتاللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھەم ئەينەك، چاقچۇق قاتارلىقلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنى ـ شىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**جاڭ** II ئى ① مىستىن ياسىلىدىغان بىر خىل چالغۇ، ئوتتۇرىسى دومباق، چۆرىسى تۈز تاۋاق شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق چېلى ـ نىدۇ. ② مىستىن ياسىلىدىغان بىرخىل چالغۇ، تەخسە شەكلىدە بولۇپ چوكا بىلەن چېلىنىدۇ.

**جاڭ ـ جاڭ** «جاڭ I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاڭجال** ئى [پ] بىر ـ بىرى بىلەن تىللىشىش، ئۇرۇ ـ شۇش، ماجىرا، جېدەل: جاڭجال قىلماق. جاڭجال چىقارماق.

**جاڭجالچى** ئى. جاڭجالنى ياخشى كۆرىدىغان، ئورۇنسىز جاڭجال چىقىرىدىغان، جاڭجالخۇمار، جاڭجالكەش ئادەم.

**جاڭجالسىز** سۈپ. جاڭجال قىلمىغان، جاڭجال بولمىغان، ئۇرۇش چىقمىغان: ئەكبەرنىڭ جاڭجالسىز ئۆتكەن كۈنلىرى مەنى ـ سىز كۈنلەر ھېسابلىناتتى. * — بۇ ئىشنى جاڭجالسىزمۇ ھەل قىلغىلى بولاتتى، — دېدى شەھەر باشلىقى ئويچان كۆزلىرىنى كاتىپقا تىكىپ.

**جاڭجالكەش** سۈپ. جاڭجالنى ياخشى كۆرىدىغان: جاڭجالكەش بالا. جاڭجالكەش ئادەم.

**جاڭجاللاشتۇرماق** «جاڭجاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاڭجاللاشماق** پ. بىر ـ بىرى بىلەن تىللاشماق، ئۇرۇش ـ ماق، ماجىرالاشماق، جېدەللەشمەك، جاڭجال قىلماق؛ تالاش ـ تارتىش قىلماق، قاتتىق مۇنازىرىلەشمەك: ئاخىرى ئۇلار

جاڭجاللىشىپ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىردى.

**جاڭجاللىق** سۈپ. جاڭجال بولغان، جاڭجال يۈز بەرگەن؛ تالاش ـ تارتىشلىق.

**جاڭ ـ جۇڭ** «جاڭ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**جاڭچى** ئى. جاڭ چالغۇچى، جاڭ ئۇرغۇچى.

**جاڭدۇ** ئى [خەن] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ، ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**جاڭدۇلۇق** ئى. جاڭدۇ تېرىلغان يەر.

**جاڭدىماق** پ. دىيال. زۇكام بولماق.

**جاڭزا** ئى [خەن] قورۇق.

**جاڭغا** سۈپ. دىيال. تېتىك، شوخ.

**جاڭغا ئايغىر** <زوئول> باشقا ئايغىرلاردىن ئۆزگىچە بولغان، يىلقىنى ئوبدان باشقۇرىدىغان ئايغىر.

**جاڭڭىدە** رەۋ. «جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاڭ» قىلىپ: جاڭڭىدە قىلماق.

**جاڭگال** ئى ① يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، كۆرۈك، توغراق... قاتارلىقلار ئۆسىدىغان، ئادەم ياشىمايدىغان جاي: جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ (ماقال). ② جاڭگالدا ئۆسىدىغان يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر: بۇ يەرنىڭ جاڭگىلى شالاڭ ئىكەن، ئوتۇننى جاڭگىلى قويۇقراق يەردىن ئالايلى. ③ كۆچمە. قالايمىقان، باش ـ ئايغى ئېنىق بولمىغان، چۇۋالچاق، چۈشىنىكسىز، رەتسىز نەرسە: — سىنىڭ ئوقۇيدىغىنىڭ تازا بىر گادىرماچ جاڭگال ئوخشايدۇ، — دېدى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان تىللاخان ئانا قىزى ئانارغا.

**جاڭگال دۇمباقچىسى** <زوئول> توكتوك قۇش، تۆمۈرتۇمشۇق.

**جاڭگاللىق** ئى. يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، كۆرۈك، توغراق قاتارلىقلار ئۆسكەن جاي: يىراقتىن دەرەخلەر، كىچىك جاڭگاللىقلار خىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى.

**جاڭگىر** تەق. قوڭغۇراق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاڭگىر ـ جاڭگىر** «جاڭگىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى .

**جاڭگىر ـ جۇڭگۇر** « جاڭگىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋاز.

**جاڭگىرلاتماق** «جاڭگىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاڭگىرلاشماق** «جاڭگىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاڭگىرلىماق** پ. «جاڭگىر ـ جاڭگىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاڭگىر ـ جاڭگىر» قىلماق.

**جاڭڭىدە** رەۋ. «جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «جاڭ» قىلىپ.

**جاڭىلداتماق** «جاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاڭىلدىماق** پ. «جاڭ ـ جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاڭ ـ جاڭ» قىلماق: جاڭىلداپ چېلىنىۋاتقان جاڭ ئاۋازى پۈتۈن كۆلۈب ئىچىنى بىر ئالدى.

**جاڭيۇ** ئى [خەن] پۇرچاق، بۇغداي ۋە تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق.

ئادەتتە تاماقنىڭ تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**جالا** ئى ① ئاياللارنىڭ چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈش ئۈچۈن، قارا مەشۇتتىن ئىشلەنگەن يىپ: جالا سالماق. ② ئات - ئېشەك- لەرنىڭ نوختىسى، هارۋا جابدۇقلىرىغا ۋە نەيزىگە زىننەت ئۈچۈن بېكىتىلىدىغان قىزىل پۆپۈك.

**جالاپ** ئى [ئە] پاھىشە ئايال.

**جالاپباز** ئى ← **پاھىشۋاز.**

**جالاپبازلىق** ئى ← **پاھىشۋازلىق.**

**جالاپخانا** ئى. پاھىشىخانا.

**جالاپلىق** ئى . پاھىشە، زىنا ئىشلىرىغا بېرىلىش ئادىتى؛ زىناخورلۇق.

**جالاشتۇرماق** «جالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جالاشتۇرۇشماق** «جالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جالاشتۇرۇلماق** «جالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جالاشلىق** سۈپ. دىيال. كۆتۈرۈشلۈك: بۇ هارۋا جالاشلىق هارۋا ئىكەن.

**جالاشماق** پ. ساختا ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتمەك؛ ساختىلاشماق، بۇزۇلماق: هازىر بەزى كىشىلەر بەكمۇ جالىشىپ كەتتى.

**جالاق** I ① تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ سىلكىنىشى ھەم بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: ئۆيدىن چىقىد- شىمغىلا «جالاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ② ئىم. بەدەننىڭ قاتتىق سىلكىنىپ تىترىشىدىن هاسىل بولغان هالەت.

**جالاق** II ئى. دىيال. بۇيرۇق، باشقۇرۇش: جالاقتا كىرمەيدىغان بالا.

**جالاق- جالاق** «جالاق I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جالاق- جۇلۇق** «جالاق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئىشىك جالاق - جۇلۇق ئېچىلدى.

**جالاقشتماق** «جالاقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: شىۋىرغان ئېخىچىلا گۇركىرەپ، ئۆزىنىڭ غايىبانە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىشىك - دېرىزىلەرنى جالاقشىتاتتى.

**جالاقشىماق** ① «جالاق - جالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جالاق - جالاق» قىلماق، جالاقلىماق: بوراندا كېچىدىن بېرى ئىشىكلەر جالاقشىپ ئۇخلاتمىدى. ② قاتتىق سىلكىنمەك، تىترد- مەك: قورچاق ئەسكەرنىڭ چىشلىرى جالاقشىپ، تىنماي تىترەيتتى.

**جالاقىدە** رەۋ. «جالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جالاق» قىلىپ: ئىشىكنىڭ جالاقىدە ئېچىلىشى نىيازنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

**جالاقلاتماق** «جالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جالاقلاشماق** «جالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جالاقلىتىلماق** «جالاقلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جالاقلىماق** پ ①«جالاق - جالاق» قىلىپ ئۇرۇلماق: جالاقلاپ يېپىلماق. * تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق تېپىكتىن جالاقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيگە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ② قاتتىق سىلكىنىپ تىترىمەك: ئوسمان قاتتىق سوغۇقتىن جالاقلىغىلى تۇردى.

**جالداق** ① تەق. ئىشىك، پەنجىرە، ساندۇق قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق ئېچىلىشى ۋە يېپىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز. ② سۈپ . كۆچمە «شاللاق، يارىماس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان تىل - هاقارەت سۆزى.

**جالداق- جالداق** «جالداق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جالداق - جالداق قىلماق.

**جالداق- جۇلدۇق** «جالداق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**جالداقىدە** رەۋ. «جالداق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جالداق» قىلىپ: ئۇ ئىشىكنى ئاچچىقى بىلەن جالداقىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى.

**جالداقلاتماق** «جالداقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جالداقلىتىشماق** «جالداقلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جالداقلىماق** پ. «جالداق - جالداق» ئاۋاز چىقارماق.

**جالدۇر تۇمار** دىيال. چاچقا سالىدىغان تۇمار.

**جالدىر** تەق. زەنجىر، كىشەن ۋە كارۋان تۆگىلىرىگە ئېسىلغان قوڭغۇراق قاتارلىقلارنىڭ سىلكىنىشى ۋە بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز.

**جالدىرجاق** سۈپ. دىيال. تولا گەپ قىلىدىغان، ۋات - ۋات: بۇ ئاغزىنى باسسا، قوڭى سۆزلەيدىغان تازىمۇ بىر جالدىرجاق نېمە ئىكەنيا.

**جالدىر- جالدىر** «جالدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جالدىر- جۇلدۇر** «جالدىر» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: شۇئان تۈرمىنىڭ ئىچىدە خۇددى بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندەك، ھەممە كامېرلاردىن بىرلا ۋاقىتتا كويزا - كىشەنلەرنىڭ جالدىر - جۇلدۇر قىلغان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

**جالدىرلاتماق** «جالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جالدىرلاشماق** «جالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جالدىرلىماق** پ. «جالدىر - جالدىر» قىلىپ ئاۋاز چىقار- ماق: كارۋان تۆگىلىرىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان قوڭغۇراقنىڭ جالدىرلىغان ئاۋازى مەھەللىدىن يىراقلاشقانسېرى ئاڭلانماي قالدى.

**جالغاي** ئى ① توخۇنىڭ قانات بىلەن ئۇستىخاننى تۇتاش- تۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇگىسى. ② دەل - دەرەخلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى شاخلىرى.

**جاللا** ئى <مۇز> قەدىمكى ئۇيغۇر سازلىرىنىڭ بىرى.

**جاللاپ** ئى [ئە] تېرە - تەرسەك ۋە يۇڭ ئېلىپ - ساتقۇ- چى سودىگەر، مويىچى.

**جاللاپلىق** ئى. تېرە - تەرسەك سودىگەرچىلىكى، مويىچىلىق.

**جاللات** ئى [ئە] ① ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ بېشىنى ئالغۇچى، ئۆلۈم جازاسى هەققىدىكى هۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى كىشى. ② كۆچمە. كاللىكېسەر، قاتىل: تۇرمە باشلىقى قورالىق جاللاتلارنى باشلاپ، تۇرمە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

**جاللاتلىق** ئى. كاللا كېسىش، قاتىللىق قىلىش ئىشى؛ زالىملىق، ياۋۇزلۇق.

**جالون** ئى. دىيال. مائاش، ئايلىق.

**جالىق** ئى. جا ئىش، ساختىلىق.

**جالىماق** پ. دىيال. بۇرىماق، باشلىماق، يولغا سالماق.

**جام** ئى [ئە] ① شاراب ئىچىلىدىغان قاچا؛ قەدەھ، رومكا. ② كىچىك ياغاچ قاچا. ③ ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جاما** I ئى [ئە] ئەر - ئاياللارنىڭ بىللە بولۇشى، جىنسىي

مۇناسىۋەت: جاما قىلماق.

**جاما** II ئى. دىيال. زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن چېپىلغان ئېرىق، زەيكەش.

**جامائە** ئى [ئە] بىر گۇرۇپپا، بىر توپ كىشىلەر؛ جامائەت.

**جامائەت** ئى [ئە] ① مەلۇم مەقسەت ۋە نىشان ئۈچۈن توپلانغان كىشىلەر، كۆپچىلىك، خالايىق، ئامما: جامائەت سورۇنى. جامائەت فوندى. ② بىر ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناماز ئوقۇغان كىشىلەر: مەسچىتتىن يانغان جامائەت مېيىت چىققان ئۆيگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇدى.

**جامائەتچىلىك** ئى ① جەمئىيەتتىكى كىشىلەر، جەمئىيەت كىشىلىرى: ھېسام پۈتۈن شىنجاڭدىكى جامائەتچىلىككە تونۇش. ② جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەت، كەلدى - باردى: ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق جامائەتچىلىكى بار.

**جامائەتلىك** سۈپ. جامائەتتى بار، جامائەتكە ئىگە: مەن رەستە يولىنىڭ بىر چېتىدىكى خېلى جامائەتلىك بىر چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا ھاجى توختىغا يېتىشتىم.

**جامادىيەلئاخىر** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ 6 - ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 6 - ئاي. 29 كۈن بولىدۇ.

**جامادىيەلئەۋۋەل** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ 5 - ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 5 - ئاي. 30 كۈن بولىدۇ.

**جاماگۇل** ئى. دىيال. ياۋا كۇدە، ياۋا كۇدە گۈلى.

**جامال** ئى [ئە] ① چىراي، يۈز. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جامە** ئى [ئە] جامائەتلەر توپلىشىپ، جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان ئەڭ چوڭ مەركىزىي مەسچىت.

**جامبۇ** ئى [خەن] → **دەسمال**.

**جامكا** ئى <بوت> جامكا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق رەڭدە بولۇپ، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. تەرلىتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جان** ئى [پ] ① دىنىي چۈشەنچىلەرگە كۆرە، ئىنسان ۋە ھايۋان ياشىغاندا ساقلىنىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ۋۇجۇدىدىن ئايرىلىدىغان ماددىي، غەيرىي تەبىئىي ئامىل: جان بار يەردە قازا بار (ماقال). ② ئىنسانىنىڭ بارلىقى، بەدىنى، تېنى: جان ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال). ③ ھايات: جاننى پىدا قىلماق. جان تىكمەك. ④ ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى؛ كىشى، ئادەم: بىزنىڭ ئۆيدە بەش جان بار. ⑤ كۆچمە. كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، ماغدۇر: قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان بولۇر (ماقال). ⑥ كۆچمە. كىشى ۋە نەرسىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى ۋە جاندىن ئەزىز كۆرىدىغىنى: سودىگەر دېگەن پۇلنى جان بىلىدۇ. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى ساھەنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي قىسمى؛ ئاساسىي، نېگىزى، ئۆزى: سۇ قورۇلۇشى — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. ⑧ مۇراجىئەت قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىنتايىن يېقىنلىق، مېھرىبانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — نېمە ئىش بۇ، خوشال - خۇرام كۆڭلەردە جېنىم بالام، — دېدى ئەزىمەت قىزى گۈلشەنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ⑨ كىشى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئەركىلىتىش، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئادىلجان. ئەخمەتجان.

**جان ئەتمەك** ياشىماق، جان باقماق، كۈن كەچۈرمەك، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرمەك: بالام سەنمۇ ئەمدى ئۆز جېنىڭنى جان ئەت.

**جان باقار** ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نېمە بولسا بولسۇن، ماڭا زىيان يەتمىسۇن دەيدىغان؛ تىرىكتاپ؛ تەييارغا ھەييار.

**جان باقتى** ← **جان باقار**: جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش ھەلەكچىلىكىدە ياشاۋاتقان جان باقتى زىيالىيلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز ئەمەس.

**جان باقماق** تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق.

**جاننى ياقىغا ئالماق** دىيال. پاناھلانماق.

**جاناب** ئى [ئە] ① كۆپىنچە «جانابلىرى» شەكلىدە ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ: ئەلچى جانابلىرى. ② «ئەرباب» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ: چەتتىكى ئۇستىلىدە، مەستۇرە بىلەن بىللە ئېسىل كىيىنگەن بىر ئېگىز بويلۇق چەت ئەللىك جاناب ئولتۇراتتى.

**جانابىي** سۈپ. شەخسلەرنى ھۆرمەتلەش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ: جانابىي ئالىيلىرى.

**جاناق** ئى. دىيال <ئانات> ئېڭەك.

**جانان** [پ ①] ئى. قەددى - قامەتتى كېلىشكەن، گۈزەل ئايال. ② سۈپ. ياخشى، گۈزەل، چىرايلىق: جانان قىز. ③ ئى. يېقىن كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇراجىئەت ۋە ھۆرمەت مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**جانان چىنە** چىرايلىق، گۈللۈك، نەپىس چىنە.

**جانانە** ئى [پ] چىن كۆڭۈلدىن سۆيگەن يار، مەشۇق، مەھبۇبە: بىر قاراي يولغا چىقىپ، جانانە يارىم كەلدىمۇ؟ كۆزلىرى ئاھۇ، يۈزى پىشقان ئانارىم كەلدىمۇ؟

**جانانە ئۆرۈك** دىيال. بىر تەرىپى قىزىرىپ پىشىدىغان ئۆرۈك.

**جانباز** سۈپ [پ] بىرەر ئىشتا ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي ئەستايىدىل غەيرەت كۆرسەتكۈچى، پىداكار: جانباز دوست. * كۆرۈۋال، قېنىۋال، ھاياجانلىرىڭنى ئەركىن بايان قىلىۋال، ئەي، مېنىڭ پىداكار، جانباز دوستۇم.

**جانبازلىق** ئى. بىرەر ئىشتا ئەستايىدىل غەيرەت كۆرسىتىش، پىداكارلىق.

**جان - تەن** جان ۋە تەندىن ئىبارەت بارلىق، ۋۇجۇد: جان - تەن بىلەن ئىشلىمەك.

**جان - جانىۋار** كىچىك ۋە چوڭ بارلىق جانلىقلار.

**جان - جەھل** ماددىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىق: جان - جەھلى بىلەن ئۆگەنمەك.

**جان - جېنى** ۋۇجۇد ۋە ئەس - ھوش قاتارلىقلار: جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق، پۈتۈن بەدىنىگە تارىماق: ئادەمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا دالىدا قونۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟

**جانجىگەر** سۈپ [جان + جىگەر] ناھايىتى يېقىن، ئىچقويۇن - تاشقويۇن: ئېبرايىننىڭ جانجىگەر دوستى ۋە ئارقا تىرىكى لۇتپۇللا ئەترىتى بىلەن قەشقەردىن كېتىپ قالدى.

**جانجىگەرلىك** ئى. ناھايىتى يېقىنلىق، ئىچقويۇن - تاشقويۇنلۇق.

**جاندار** ئى [پ] جانلىق، تىرىك جانىۋار: ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ھېچبىر جاندار خاتىرجەم ئەمەس ئىكەن.

**جان ـ دىل** جان ۋە دىل: غېرىب سەنەمگە جان ـ دىلىدىن ئاشىقى شەيدا بولغانىدى.

**جانسىز** سۈپ ① جېنى يوق، ئۆلۈك: جانسىز ئادەم. ② جېنى يوق نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان: جانسىز تەبىئەت. ③ كۈچى يوق، كۈچسىز؛ بوش، ئاجىز، چىدامسىز؛ نىمجان: قول چىرىغىنىڭ بۇ جانسىز نۇرىدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ④ كۆچمە. كەيپىياتى تۆۋەن، روھى بوش؛ تەسىرى ئاجىز، سۇس: بۈگۈنكى يىغىن مەيدانىنىڭ داغدۇغىسى جانسىز بولۇپ قالدى. ⑤ ھاياتلىق بولمىغان، جىمجىت: ئازاد ئەمگەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن جانسىز ۋادىلارغا ھايات كىرگۈزدۇق.

**جانسىزلاشتۇرماق** «جانسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جانسىزلاشتۇرۇشماق** «جانسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جانسىزلاشتۇرۇلماق** «جانسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جانسىزلاشماق** پ. جانسىز ھالەتكە كەلمەك، جانسىز ھالەتكە ئۆزگەرمەك، جانسىز بولماق، جانسىزلانماق.

**جانسىزلاندۇرماق** «جانسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جانسىزلاندۇرۇشماق** «جانسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جانسىزلاندۇرۇلماق** «جانسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جانسىزلانماق** پ. كۈچسىز، مادارسىزلانماق، بوشاشماق: ئۇنىڭ پۇت ـ قولى جانسىزلانغاندەك بولۇپ، چېھرىگۈلىنىڭ پۈتىنىمۇ دەسسىۋالدى.

**جانسىزلىق** ئى. جانسىز ھالەت.

**جانلاندۇرماق** «جانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جانلاندۇرۇش** ئى <ئەد> ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. بۇ ئۇسۇلدا، ئىنسانغا خاس قابىلىيەتلەر ھايۋان ۋە جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلىدۇ ياكى ئىنسانلار ھايۋان ۋە نەرسە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

**جانلاندۇرۇشماق** «جانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جانلاندۇرۇلماق** «جانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جانلانماق** پ ① جانلىق تۇسكە كىرمەك، ياشنىماق: ئۇزاقتىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان يەر ـ زېمىنمۇ باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ② تېتىكلەشمەك، روھلانماق، جۇشقۇنلاشماق: نۇردۇن ھاكىم بىردىنلا جانلاندى. ③ ئاۋاتلاشماق، قىزىماق: بۈگۈن دەرستىن سىرتقى كۇرۇژۇكنىڭ پائالىيىتى بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتكەنىدى. ④ روناق تاپماق، راۋاجلانماق، يۈكسەلمەك، ئالغا باسماق: بۇ تاغلىق يېزىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ⑤ كۆچمە. قايتا كۆرۈنمەك، گەۋدىلەنمەك: ئەنۋەرنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرىقى كۆرگەن ـ بىلگەن ئەھۋاللىرى كۆز ئالدىدا جانلىنىپ، قەغەز بېتىگە مارجاندەك تىزىلىشقا باشلىدى.

**جانلىق** سۈپ ① جېنى بار، تىرىك: جانلىق ئورگانىزم. جانلىق شەيئى. ② تىرىك ئورگانىزمدىن تەركىب تاپقان: جانلىق تەبىئەت. ③ ياشاۋاتقان، ھايات تۇرغان، تىرىك: ئۇ ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاھى ئىدى. ④ كۆچمە. جىم تۇرمايدىغان، ھەرىكەتچان، جۇشقۇن، تېتىك؛ روھلۇق: ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بۇ كەمچىلىكىنى چاقماقتەك سۆزلىشى، جانلىق ھەرىكەتلىرى يېپىپ كېتەتتى. ⑤ كۆچمە. چىن، ھەقىقىي، ئەمەلىي: خەمىتكە بۇ مۇسابىقە بىر جانلىق دەرس بولغاندەك تۇيۇلدى. ⑥ كۆچمە. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، جۇشقۇن: ھەممەيلەن شۇنچە شاد ـ خۇرام، شۇنچە تېتىك، شۇنچە جانلىق ئىدى.

**جانلىق تىل** <تىل> شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىزدا قوللىنىدىغان تىلى، يەنى خەلق تىلى. ئۇ ئادەتتە ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق تىل شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. «ئېغىز تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**جانلىقلار** ئى <بىيول> تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق ماددىلىرىدىن تۈزۈلگەن ھەمدە ئۆسۈش، يېتىلىش ۋە كۆپىيىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغان جىسىملار. جانلىقلار مېتابولىزملىق رولى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ماددا ئالماشتۇرىدۇ. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەممىسى جانلىقلاردۇر.

**جانلىقلاشتۇرماق** «جانلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جانلىقلاشتۇرۇلماق** «جانلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جانلىقلاشماق** پ. جانلىق بولغان ھالەتكە كەلمەك، جانلىق ھالەتكە كەلمەك، جانلىق ھالەتكە ئۆزگەرمەك، جانلىق بولماق.

**جانلىقلىق** ئى. روھلۇق، جۇشقۇن ھالەت؛ جۇشقۇنلۇق: سەھەردىن باشلاپ كانايلاردىن ئۇرغۇۋاتقان ناخشا ساداسى كەڭ مۇھىتقا جانلىقلىق ۋە گۈزەللىك بېغىشلايتتى.

**جانۇق** ئى. دىيال. ئاچچىق، جونۇق، ئۆچ: مەندى نېمە جانۇغۇڭ.

**جانجان** سۈپ [پ] ① قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك، قەدىرلىك: جانجان ئاتا. ② تۇرمۇشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زۆرۈر: جانجان مەنپەئەت.

**جان ـ ئىمان** ئەس ـ ھوش، خاتىرجەملىك قاتارلىق روھىي ھالەت: جان ـ ئىمانى چىقماق.

**جانىۋار** ئى [پ] ① ھايۋان، ئۇچار ـ قانات، قۇرت ـ قوڭغۇز قاتارلىق پۈتۈن جانلىقلار: بىر چاغدا قارىسا، ئۇ ئورمانلىقتىن ھېسابسىز جانىۋارلار ئىنتايىن تېز چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ② ئات ـ ئۇلاغ ياكى قاتناش ۋاسىتىلىرىگە نىسبەتەن «بۇ بىچارە» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: ھەسەن تىراكتورنى توختىتىپ، يېنىدىكى سەپدىشىغا: ــ بىزنىڭ جانىۋار بىر ئاز ئۇسساپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ چېلەكنى ئېلىپ يەرگە چۈشتى.

**جانىۋارلارنىڭ ئويغىنىشى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئۈچىنچىسى. مارتنىڭ 3 ـ ، 5 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**جاھات** ئى [ئە] ① تارس. دىن يولىدىكى ئۇرۇش، غازات.

② ئۇرۇش: شېھىتلەرنىڭ قېنى بىرلە يارالغان بۇ باھار تاڭى، يارالغان مىڭلىغان مەردلەر جاھات ئەيلەپ. ③ كۆچمە. تىرىشچانلىق، كۈرەش: ئىستىكىمدۇر سەن كەبى ئازاد ياشاش گۈلشەندە شاد، دەل شۇ مەقسەت ئۈستىدە قىلماقتىمەن تىنماي جاھات.

**جاھاز** ئى [ئە] قۇراشتۇرۇپ تەييارلانغان ئائىلە ئۈسكۈنە – جابدۇقلىرى.

**جاھازلاتماق** «جاھازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاھازلانماق** «جاھازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىسقىسى، ئۆيىمىز ئاددىيلا جاھازلانغاندى. يېنىمىزدىكى چوڭ ئۆيدە رەپىقەتنىڭ ئانىسى تۇراتتى.

**جاھازلىق** سۈپ. جاھازىسى بار، جاھاز بىلەن بېزەلگەن، جاھازلانغان: ئەينەك جاھازلىق ئۆي.

**جاھازلىماق** پ. ئۆي، ئىشخانا قاتارلىقلارنى جاھازلار بىلەن جابدۇماق: توي قىلىش ئالدىدا ئابلىمىت ئۆيىنى ئاددىيلا جاھازلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

**جاھالەت** ئى [ئە] ئىلىم – مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت، نادانلىق، قالاقلىق: قەشقەر شەھىرى ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ تۈگمەتەلمىگەن جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى.

**جاھالەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] كونىلىق، قالاقلىق تەرەپدارى، ئىلىم – مەرىپەت، مەدەنىيەتتىن مەھرۇم ۋە ئۇنى خالىمايدىغان: مۇقام نەزم تېكىستلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ روھىي تىرىكى بولغان جاھالەتپەرەس روھانىيلىقمۇ شىكايەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

**جاھالەتپەرەسلىك** ئى. كونىلىق، قالاقلىقنى ياقلاش؛ ئىلىم – مەرىپەت، مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قىلىش ئىدىيەسى: جاھالەتپەرەسلىك قىلماق.

**جاھالەتچىلىك** ئى. مەدەنىيەتكە، يېڭىلىققا، ئىلىم – پەنگە قارشى تۇرۇش؛ كونىلىق، قالاقلىقنى ياقلاش: جاھالەتچىلىككە لەنەت ئوقۇماق. * جاھالەت ۋە جاھالەتچىلىك ھەققىدىكى پىكىرلەر تۇيغۇلىرىمنى تېخىمۇ تەبىئىي ھالدا رېئاللىققا باشلايتتى.

**جاھالەتلىك** سۈپ. جاھالەتتە قالغان؛ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى چەتكە قاققان، قالاق: خەلق گومىنداڭنىڭ جاھالەتلىك سىياسىتىگە قارشى چىققانىدى.

**جاھان** [پ] ① ئى. يەر يۈزى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىقلار؛ دۇنيا، ئالەم: جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان (ماقال). ② ئى. كۆچمە. جەمئىيەت، يۇرتنىڭ بەلگىلىك ۋەزىيىتى، ھالىتى؛ زامان، ۋەزىيەت. ③ سۈپ . كۆچمە. نۇرغۇن، كۆپ؛ چوڭ؛ ئۇلۇغ: ـــ سېنىڭ بولغىنىڭ جاھان ئىش بولدى ! ـــ دېدى نۇرئاخۇن خالمۇراتقا قاراپ. ④ ئى . گېئولوگىيەلىك يىلنامىلەرنى بۆلۈشتىكى ئەڭ چوڭ بىرلىك.

**جاھان تۇتماق** تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق: بۇ مەھەللىدە جاھان تۇتۇپ كېلىۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان بولغاچقىمۇ، كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنى ياخشى چۈشىنەتتى.

**جاھانچە** رەۋ. ناھايىتى كەڭ؛ ناھايىتى كۆپ؛ چوڭ، ئۇلۇغ: ـــ شۇنداقلا بولسا جاھانچە ئىش قىلغان بولاتتۇق، ـــ دېدى ھاشىر ئاغزىنى تامشىپ.

**جاھاندارچىلىق** ئى. جان ساقلاش، ھايات كەچۈرۈش يولىدىكى پائالىيەت؛ تىرىكچىلىك: جاھاندارچىلىق قىلماق. * كۆپلىگەن ئائىلىنىڭ باللارغا بېرەلەيدىغان تەربىيەسى جاھاندارچىلىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ.

**جاھانساز** ① ئى. جان ساقلاش، ھايات كەچۈرۈش. ② سۈپ. جاھان كۆرگەن، يۇرت كۆرگەن، يۇرت كەزگەن، كۆزى ئېچىلغان: قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى جاھانساز زىيالىيلاردەك پاكىز، رەتلىك، خۇش خۇي تۇتۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسە كېرەك.

**جاھانسازلىق** ئى ← **جاھاندارچىلىق**.

**جاھانشۇمۇل** سۈپ ← **ئالەمشۇمۇل**.

**جاھانكەچتى** سۈپ [جاھان + كەچتى] ← **جاھانكەزدى**.

**جاھانكەچتىلىك** ئى ← **جاھانكەزدىلىك**.

**جاھانكەزدى** سۈپ [جاھان + كەزدى] دۇنيانى كېزىپ ساياھەت قىلغان، كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن: جاھانكەزدى ئادەم. * مەن بىر مۇساپىر جاھانكەزدى.

**جاھانكەزدىلىك** ئى. جاھانكەزدىلەرگە خاس خاراكتېر ۋە ھالەت : بۇنىڭ ئىچىدە جاھانكەزدىلىك تەسۋىرلەنگەن بىر قىسىم كىنو – تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولماقتا.

**جاھانگىر** ئى [پ] دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ياكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى.

**جاھانگىرپەرەس** سۈپ. جاھانگىرلارنى، جاھانگىرلىك سىياسىتىنى قوللايدىغان، ياقلايدىغان، جاھانگىرلارغا مايىل: جاھانگىرپەرەس دۆلەت. جاھانگىرپەرەس ئادەم.

**جاھانگىرپەرەسلىك** ئى. جاھانگىرلار ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنى قوللاش، ياقلاش؛ جاھانگىرلارغا مايىللىق: جاھانگىرپەرەسلىك خاھىشى.

**جاھانگىرلىك** ئى ① جاھاننى بويسۇندۇرۇش، جاھاننى ئۆزىگە قارىتىش: جاھانگىرلىك ئۇرۇشى. ② <پەلس> مونوپول، تەييارتاپ، چىرىگەن ياكى ئۆلۈۋاتقان كاپىتالىزم، يەنى كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى.

**جاھاننەما** ئى [پ] يېزت. جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك.

**جاھىل** سۈپ [ئە] ① ئۆز گېپىدە، ئۆز ئىشىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان؛ گەپ يېمەيدىغان؛ كاج، تەرسا: جاھىل ئادەم. ② ئىلىم – مەرىپەتتىن مەھرۇم، بىلىمسىز: نادان – جاھىل كىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سېنى ماختايدۇ. ③ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغان، تەرسا: شىخوغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ تېز غەلىبىگە ئېرىشىش – ئېرىشەلمەسلىكى مۇشۇ جاھىل قورغاننى بۆسۈپ ئۆتۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

**جاھىلانە** رەۋ [ئە + پ] جاھىللىق قىلغان ھالدا، جاھىللارغا ئوخشاش، جاھىللىق بىلەن: جاھىلانە بىلجىرلىماق. جاھىلانە چىڭ تۇرماق.

**جاھىللاشتۇرماق** «جاھىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاھىللاشماق** پ. گەپ يېمەيدىغان، جاھىل بولۇپ كەتمەك: ـــ سەن نېمانچە جاھىللىشىپ كەتتىڭ؟ ـــ دېدى ئۇنىڭغا دوستى نەسىھەت قىلىپ.

**جاھىللىق** ئى. جاھىل خاراكتېر، جاھىل ھالەت: سوراق جەريانىدا، پاكىتلار ئالدىدا مەنمۇ جاھىللىقىمدا چىڭ تۇرالمىدىم.

**جاھىلىيەت** ئى [ ئە ] يېزت. ئىلىم – مەرىپەتتىن مەھرۇم

قالغان ھالەت، جاھالەتچىلىك، نادانلىق، قالاقلىق: تالاي ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى غەربلىكلەر ئوتتۇرا ئەسىردە پاتقان جاھىلىيەتنىڭ ئىغىر تۇمانلىرى ئىچىدە قالدى.

**جاۋا** دىيال ① سۈپ. يۇڭدىن توقۇلغان: جاۋا گىلەم. ② ئى. يۇڭدىن توقۇلغان رەخت. ③ سۈپ، يۇڭ توقۇلما: جاۋا چەكمەن. جاۋا گىلەم. ④ ئى. يۇڭ پالاس، پالاس.

**جاۋا قىلماق** دىيال. بەرمەك، سوۋغا قىلماق: تاماكاڭنى جاۋا قىلە.

**جاۋاب** ئى [ئە] ① سوئال، تەلەپ، مۇراجىئەتكە ئاغزاكى ياكى يازما قايتۇرۇلغان گەپ ـ سۆز ياكى ئىما ـ ئىشارەت: بۇ سوئالغا كىم جاۋاب بېرىدۇ؟ ② مەسىلە، تېپىشماق، ئىمتىھان قاتارلىقلارنىڭ يېشىمى: بۇ ھېساب كىتابىدىكى مەسىلە، مىساللارنىڭ جاۋابى ئاخىرىدىكى مۇندەرىجىدىن كېيىن بېرىلگەن. ③ بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت، ئىجازەت: بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادام جاۋاب قىلمىغاچقا، بىز ئىشىك تۈۋىدە جىم تۇردۇق. ④ خوتۇننى قويۇۋېتىشكە بېرىلگەن رۇخسەت، قوشۇلۇش: ئامىنە ئاچچىقىدا ئەكرەمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ: — جاۋابىمنى بەر، مۇنداق ياشىغۇچە ئاجراشقىنىم ياخشى، — دېدى.

**جاۋابەن** رەۋ [ئە] جاۋاب بېرىپ، جاۋاب بەرگەن ھالدا، جاۋاب تەرىقىسىدە: ئۇ ئۆز خېتىگە جاۋابەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالدى.

**جاۋابسىز** ① سۈپ. جاۋابى يوق؛ جاۋاب بېرىلمىگەن؛ جاۋاب قايتۇرۇلماستىن: جاۋابسىز خەت. // بوۋاينىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى، مەسلىھەتى جاۋابسىز قالدى. ② رەۋ. جاۋاب ئالماي، ئىجازەتسىز: ئۇ سىنىپتىن جاۋابسىزلا چىقىپ كەتتى.

**جاۋابكار** [ئە + پ] ① سۈپ. زىممىسىگە بىرەر ئىشنىڭ، ساھەنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن؛ مەسئۇل: جاۋابكار خادىم، جاۋابكار مۇھەررىر. * ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كىم جاۋابكار؟ ② ئى <قا> ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى ئەيىبلەنگۈچى كىشى: ئايالىنىڭ يۈز ـ كۆزىنىڭ قانغا بويالغانلىقى ئۇنىڭدا جاۋابكارغا نىسبەتەن قاتتىق غەزەپ قوزغىغانىدى.

**جاۋابكارلىق** ئى. ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ھېساب بېرىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەت: بۇ ئىشتا سىنىڭ جاۋابكارلىقىڭ بار.

**جاۋابلاشماق** پ. گەپ ياندۇرۇپ تاكاللاشماق، قارشىلاشماق: ئۆزۈڭدىن چوڭلار بىلەن تەڭ جاۋابلاشما. ئۇنداق قىلساڭ، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

**جاۋابلىق** سۈپ. جاۋاب بېرىلگەن، جاۋاب قايتۇرۇلغان، جاۋابقا ئىگە: سوئال ـ جاۋابلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى.

**جاۋابنامە** ئى [ئە + پ] جاۋابەن يېزىلغان خەت، جاۋاب خېتى: جاۋابنامە يازماق.

**جاۋانماق** پ. دىيال. جابدۇنماق.

**جاۋاھىر** ئى [ئە] قىممەت باھالىق ئېسىل تاش ۋە ئۈنچە ـ مارجان.

**جاۋاھىرات** ئى [ئە] يېزىت. قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلار؛ ئۈنچە ـ مارجانلار: ئۇ ئالدىغا ئېگىشتى ۋە خۇددى ياخشى ئولجىغا قىزىققاندەك ياكى ئېسىل جاۋاھىراتنى تاماشا قىلغاندەك، شەھۋەتخور چېقىر كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا قەدەر سەپسېلىپ چىقتى.

**جاۋاھىرپۇرۇش** ئى [ئە + پ] قىممەت باھالىق ئېسىل تاش، ئۈنچە ـ مارجان ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ ساتقۇچى كىشى.

**جاۋەن** ئى [خەن] ئۈستى ۋە ئىچىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان، كۆپىنچە چىنە ـ قاچا قويىدىغان قاناتلىق كىچىك ئىشكاپ.

**جاۋەنلىك** سۈپ. جاۋىنى بار، جاۋەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان: جاۋەنلىك تام.

**جاۋ ـ جاۋ** دىيال. كەلسە ـ كەلمەس تولا گەپ قىلىدىغان، كاس ـ كاس، جاۋىلداق.

**جاۋۇر** ئى. خېمىر يۇغۇرۇش، تاماق ئۇسۇپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان مېتال قاچا؛ داس.

**جاۋىخانا** ئى. كونىچە كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ساتما ئۆي. كۆپىنچە ئۈششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر قويۇلىدۇ ياكى ئۆي قۇشلىرى بېقىلىدۇ.

**جاۋىغا** ئى. قوينىڭ يازلىق يۇڭى.

**جاۋىغاي** ئى. ئېغىزنىڭ ئىككى چەت بۇرجىكى: جاۋىغايلىرىدىن شال ئاقماق.

**جاۋىلداتماق** «جاۋىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاۋىلداشماق** «جاۋىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاۋىلداق** سۈپ. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان؛ سۆزلەپ ھارمايدىغان: جاۋىلداق خوتۇن.

**جاۋىلداقلىق** ئى. ئاغزى بېسىلماي سۆزلەش، توختىماي گەپ قىلىدىغان قىلىق.

**جاۋىلدىماق** پ. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلىمەك؛ توختىماي گەپ قىلماق: ئۇ قولىنى بېلىگە تىرەپ، يوغانچىلىق بىلەن جاۋىلداشقا باشلىدى.

**جاي** ئى [پ] ① بىرەر كىشى ياكى نەرسە ئورۇنلىشىپ تۇرغان، ئىگىلىگەن ۋە ياكى ئورۇن ئالىدىغان يەر، ئورۇن، بوشلۇق: ئوقۇغۇچىلار تۇرغان جاي. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن يەر؛ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئورنى: سابىر نىياز قۇربانىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، يار ئالغان جاي ئېتىلىپ بولغانىدى. ③ بىرەر نەرسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتكە ماس، مۇۋاپىق ئورۇن: ئىقتىدارلىقلارنى ئۆز جايىغا قويۇش كېرەك. ④ بىرەر خۇسۇسىيىتى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان بەلگىلىك يەر: تامنىڭ تۈتاشقان جايى. ⑤ يەر يۈزىدىكى مەلۇم مەمۇرىي رايون؛ يۇرت: ئۇ بىر چوڭ سودىگەر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن جاي يوق ئىكەن. ⑥ (كۆپلۈك ساندا) مەركەزدىن يىراق چەت يەرلەر، مەھەللە، يېزا ـ كەنتلەر: پاكىتلار جايلار ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ⑦ مەلۇم نەرسىنىڭ بىر قىسمى، بۆلىكى: ئادىلجان دوكلاتتىكى ئاستىغا قارا سىياھتا بەلگە ئۇرۇلغان جايلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا باشلىدى. ⑧ ھايات كەچۈرۈش، يېتىپ ـ قوپۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يەر؛ ۋەتەن، ئۆي ـ ماكان: جايى يوقنىڭ جېنى يوق (ماقال). ⑨ يېتىپ قوپۇش، ئولتۇرۇش ئورنى؛ ئورۇن؛ ئورۇندۇق: — بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىپ، بۈگۈن كېچە ئۆيىڭىزدىن جاي بەرسىڭىز، — دېدى ئەنجەد. ⑩ ئىش، خىزمەت، ۋەزىپە، ئورۇن: دېگەندەكلا مەغپىرەت ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ «ئاغزىد-

نىڭ يېلى» بىلەن ياخشى جايغا ئورۇنلاشتى. ⑪ كىرىيە ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جاي - جايى** ھەربىرى ئورۇنلاشقان، ھەربىرىگە تېگىشلىك بولغان ئورۇن، تەرەپ: جاي - جايىغا كەتمەك، جاي - جايىدا تۇرماق.

**جايسىز** سۈپ. جايى يوق، جايلاشمىغان، جاي ئالمىغان، ماكانسىز.

**جايسىزلىق** ئى. جايى يوقلۇق، ئورۇنسىزلىق، ماكانسىزلىق.

**جايلاتماق** «جايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارە باشلىقى قاسىم يېقىن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن نەرسىنى جايلىتىۋالدى.

**جايلاشتۇرماق** ① «جايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ زاھىر ئۇلارنى ئۆز قەسرىگە جايلاشتۇرۇپتۇ. * ئۇ تالون، ھۆججەتلەرنى ئېلىپ، ھېلىقى يەرگە جايلاشتۇردى. ② كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرمەك، ئورۇنلىماق، ھەل قىلماق: — بۇ ئىشنى سەندىن باشقا ھېچكىم جايلاشتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم قارى.

**جايلاشماق** پ ① «جايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئورۇن ئالماق، ئىگىلىمەك، ئورۇنلاشماق، سىغماق: سادىق ئۆيگە كىرىپ، قوش سافانىڭ بىرىگە جايلاشتى. ③ كىرمەك، ئورناشماق: ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، ئىشقى دىلىمغا جايلاشتى. ④ قاملاشماق، جايىغا چۈشمەك: — مەن ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى جايلىشىپ بەرگەنىدىم، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

**جايلانماق** «جايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇشۇ كىشىنىڭ ئىشى تۈپەيلى ئوبدانلا بىر جايلانغىنىم ئۈچۈن، ماڭا ئېھتىيات تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

**جايلىق** سۈپ. مەلۇم جايغا ئورۇنلاشقان، جايى بار، ماكانلىق.

**جايلىماق** I پ ① بىرەر جايغا، بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە سالماق؛ ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىنى لاتىغا يۆگەپ، تۆش يانچۇقىغا جايلىدى. ② تەخ ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھازىرلىماق: بىر ئاز پۇل جايلاپ، بىر تاغار ئاشلىق سېتىۋالدىم - دە، ئۇنى قاسىم ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدىم. ③ قاملاشتۇرماق، ئەپلىمەك: ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆزنى جايلاپ قىلالمايدىغان بىر بالا ئىكەن. ④ دالدىغا ئالماق، داجىماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق: — ئۇستام، ئۆزىڭىزنى تېز جايلاڭ! — دەپ تۇۋلىدى ياردەمچىسى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ. ⑤ بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بېجىرمەك، بەجا كەلتۈرمەك؛ ئامال قىلماق، ھەل قىلماق: — ئەمىسە، سەن چىقىپ، ئەپەندىم ئۆيدە يوق دەپ قويغىن، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. ⑥ كۆچمە. بىر ۋاستە بىلەن ئالدىماق، قولغا چۈشۈرمەك: — موللا قارىم دەپ ئۆز ئاكامدىن ئارتۇق كۆرۈپتىمەن. ئاخىر كېلىپ مېنى جايلاپ كەتتى، — دېدى ئۇ موللا زەيدىنگە قاراپ. ⑦ كۆچمە. ئەدەپنى، جازاسىنى بەرمەك؛ يوقاتماق: چېرىكلەردىن پەقەت بىر نەچچىسىلا قالدى. ئۇلارنى جايلىۋېتىپلا، بېرىپ نەسىردىن بىلەن قوشۇلىمىز.

**جايلىماق** II پ. دىيال. تىغلىق ئەسۋابلارنى تاش قاتارلىق نەرسىلەرگە سۈركىمەك، ئىتتىكلەتمەك.

**جايناماز** ئى [پ] <دىن> ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان گىلەم، پالاس، كىگىز، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توقۇلمىلار: جايناماز سالماق.

**جاينامازلىق** سۈپ ① جاينامىزى بار. ② جايناماز قىلىشقا بولىدىغان.

**جايىدا** رەۋ. لايىقىدا، دۇرۇس، ياخشى: بۇ ئوغۇل ئەقىل - ھوشى جايىدا ئەمەس، ئىنتايىن دۆت ئىكەن.

**جايىز** سۈپ [ئە] ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، ئىجازەت بېرىلگەن، يول قويۇلغان؛ ئورۇنلۇق: شەرىئەتتە ھېچقاچان ئەلچىگە ئۆلۈم جايىز ئەمەستۇر.

**جە** دىيال ① «ئىسىت، ئەي، قويچۇ، قويساڭچۇ» دېگەندەك نارازىلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز: جە، نېرىچۇ سېنى. ② «يا، ياكى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى: جە ئۇنداق، جە بۇنداق. ③ «بولدى، بولارمىكىن، ھە، خوپ، خوش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز: جە، بولدى ئەمدى.

**جەبرائىل** ئى [ئە] <دىن> پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يەتكۈزگۈچى پەرىشتە.

**جەبىر (جەبرى)** ئى [ئە] جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب؛ زۇلۇم، خورلۇق: جەبىر تارتماق. جەبىر چەكمەك.

**جەبىر - جاپا** ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر جەبىر ۋە جاپا، زۇلۇم، خورلۇق.

**جەبىر - زۇلۇم** جەبىر ۋە زۇلۇم: جەبىر - زۇلۇم تارتماق.

**جەبىرلەنمەك** پ. جەبىر - زۇلۇم تارتماق، ئازابلانماق، قىينالماق: ئادەمنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچىغا بۆلۈۋاتقاندەك، جاننىڭ جەبىرلىنىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن.

**جەجمەك** ئى. كونا، قىسقا چاپان، جەينەكنىڭ ئاستىدىن تۈگمىلىنىدىغان چاپان.

**جەپسەك** ئى. تېرىنىڭ تۈكى چۈشۈپ كەتكەن يېرىگە يىڭنە بىلەن پەيدا قىلىغان تۈك.

**جەد (جەددى)** ئى [ئە] ئاتا - بوۋا، ئەجداد، پۇشت: ئەرنىڭ جەددى تۆردە ئولتۇرۇپ ئاچ چىقار، خوتۇننىڭ جەددى پەگاھتا ئولتۇرۇپ توق چىقار (ماقال).

**جەدە** سۈپ. قىزغۇچ سېرىق رەڭ (ئات ھەققىدە): جەدە ئات. // بەيگىدە ئالدىدا كېتىۋاتقىنى جەدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تورۇق ئىدى.

**جەددال** سۈپ. دىيال. ئاچ كۆز.

**جەددى - جەمەت** ئاتا - بوۋىلىرى، نەسلى بىر كىشىلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار: ئەتىگەنلىك چاي، چۈشلۈك غىزالارنىڭ ھەممىسى باراڭ ئاستىدا، ئاتا - بالا، جەددى - جەمەت جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئىچىلەتتى.

**جەدۋار** سۈپ. دىيال. پارپا.

**جەدۋەل** ئى [ئە] ① لازىملىق مەلۇماتلار مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىزىق ۋە گىرافىلار: ئەمەت: — مەن ماۋۇ جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقتىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، — دېدى ئۇ. ② مەشغۇلات، دەرس، ئىش - ھەرىكەت، چارە - تەدبىر قاتارلىقلارنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى كۆرسىتىلگەن گىرافىك: دەرس جەدۋىلى. ③ سىزغۇچ: ئۇ چاغلاردا، دوسكىغا سىزىق سىزىدىغان ئۇزۇن جەدۋەللەر بىلەن ئالىقانلارغا تاياق يەيتتۇق.

**جەدۋەللەشتۈرمەك** «جەدۋەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەدۋەللەشمەك** پ. جەدۋەل ھالىتىگە كەلتۈرۈلمەك، جەدۋەلدە ئىپادىلەنمەك: ناھىيەمىزنىڭ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاللىقاچان جەدۋەللىشىپ بولغانىدى.

**جەدۋەللىك** سۈپ. جەدۋەل ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، جەدۋەللەشكەن.

**جەدى** ئى [ئە] <ئاستر> جەدى بۇرجى، ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ ئونىنچىسى. مىلادىيە بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم قىشلىق كۈن توختىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**جەددەت** ئى [ئە] يېڭىلىق تەرەپدارى؛ يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى: ئۇ چاغدا بۇ جەددىتلەر ئاچقان مەكتەپتە پەننىي دەرسلەرمۇ ئوقۇتۇلاتتى.

**جەددىتلىك** ئى. دىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەسلەك.

**جەددىتىزم** ئى [ئە+ر] يېڭىلىقنى ياقىلاش، يېڭىلىققا كۆچۈشنى، دىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەۋقە، نۇقتىئىنەزەر ۋە شۇنداق يول، يۆنىلىش: ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم، تالانتلىق شائىر، ئۆتكۈر پىكىرلىك تەپەككۇر ساھىبى، شۇنداقلا جەددىتىزم بايراقدارى ئىدى.

**جەددىتىزملىق** ئى. جەددىتىزم مەۋقەسى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە يولى، يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىش، جەددىتىزم يولىدا، يۆنىلىشىدە مېڭىش: تاتارىستان ۋە قىرىم گىرۇھلىرىدىن يېتىپ كەلگەن جەددىتىزملىق پىكىر ئېقىمى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ئاساسىغا ئايلىنالمىدى.

**جەرەن** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى ئاق سېرىق، پارقىرايدۇ؛ مۈڭگۈزى قىسقا ۋە سەل ئەگرى، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت ئايىغى ئىنچىكە كېلىدۇ؛ چۆللەردە ياشايدۇ، گۆشى مەززىلىك، تېرىسىدىن كىيىم تىكىشكە بولىدۇ.

**جەرتە** ئى. دىيال. بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپەك ئارىلاشقان قىسمىدا يېقىلغان نان.

**جەرراھ** ئى [ئە] ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تاشقى كېسەل دوختۇرى.

**جەرراھلىق** ئى. تاشقى كېسەل دوختۇرلۇقى.

**جەرگە** ئى. دىيال. پاسىل، چېگرا، چەك.

**جەرىدە** سۈپ. دىيال. ئاۋارە، لابدۇر، نامرات: ئۈستىبېشى ناھايىتى جەرىدە ئىدى.

**جەرىمانە** ئى [ئە+پ] ① زىياننى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تۆلىتىۋېلىنىدىغان ھەق: جەرىمانە ئالماق. جەرىمانە تۆلىمەك. ② <قا> قانۇن ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ھېسابىغا تۆلىتىدىغان پۇل. ③ <قا> توختام تۈزۈشكۈچى بىر تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى يەنە بىر تەرەپتىن جازالاش ھېسابىغا ئالىدىغان مەلۇم ساندىكى پۇل.

**جەريان** ئى [ئە] ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش، ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش داۋامىدىكى مۇساپىسى.

**جەريانلىق** سۈپ. جەريانغا ئىگە، مەلۇم جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن.

**جەز** I ئى <گېئول> تەركىبىدە 50% پولات ۋە باشقا ئېلېمېنتلار ئارىلاشقان مىسقا ئوخشاش سېرىق مېتال. ئۇنى ئوق قېلىپى ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**جەز** II ئى. قىمار ئويۇنغۇچىلارغا قەرزگە پۇل بېرىپ، ئۇلارنى قىمارغا سېلىش ۋە ئۇلاردىن تېگىشلىك چوتىرىنى ئېلىش ئىشى: ئۇ گەرچە قىمارۋاز بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز جەزگە قىمار ئوينىمايتتى.

**جەز** III ئى. دىيال ① خىرىس: جەز قىلماق. ② دورغىلار خەۋەر يەتكۈزۈپ چالىدىغان مېتال ئەسۋاب.

**جەزە** ئى. تۆگىنىڭ ئۈستىگە باغلانغان ياغاچ قۇرۇلما.

**جەزب** ئى [ئە] ئۆزىگە تارتىش، مەپتۇن قىلىش، ئۆزىگە قارىتىش.

**جەزبدار** سۈپ [ئە+پ] ئۆزىگە تارتىشچانلىقى كۈچلۈك؛ مەپتۇن قىلىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق.

**جەزبىلىك** سۈپ. ئۆزىگە تارتىدىغان، جەلپ قىلارلىق؛ سېھىرلىك: چوكاننىڭ جەزبىلىك كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

**جەزبۇزار** ئى [جەز+بۇزار] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىز سىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، يوللارنى ئېچىپ ھۆللۈكنى تارقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، زەھەرنى تارقىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**جەزخانا** ئى. جەز ئارقىلىق قىمار ئويۇشتۇرۇلىدىغان ئۆي.

**جەزخور** سۈپ. قىمار ئويۇننى ئويۇشتۇرۇپ، جەز قىلغۇچى: جەزخور ئادەم.

**جەزخورلۇق** ئى. جەز قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىق.

**جەزلىك** ئى. ئېگەرنىڭ ئىككى قاپتىلىغا قويۇلىدىغان كۆن ياكى قىرىمدىن قىلىنغان يۇمشاق كۆرپە.

**جەزم** ئى [ئە] قەتئىي، مۇقىم قارار: جەزم قىلماق.

**جەزمەن** رەۋ [ئە] قەتئىي، چوقۇم، سۆزسىز، شۈبھىسىز: — مەن قانداقلا بولسۇن ئۇ قىزنى جەزمەن ئىزدەپ تاپىمەن، — دەپتۇ شاھزادە بوۋايغا.

**جەزمەنلەشمەك** پ ← **جەزملەشمەك**: ئۇلارنىڭ بۈگۈن كەچقۇرۇن يولغا چىقىدىغانلىقى جەزمەنلەشتى.

**جەزمەنلىك** ئى. قەتئىيلىك، چوقۇملۇق، مۇقەررەرلىك: ساي بويىدا بولۇۋاتقان بۇ ھەرىكەتلەر يۇرتتا بۈگۈن نوروز پائالىيىتى قىلىنىدىغانلىقنىڭ جەزمەنلىكىدىن ئىدى.

**جەزملەشتۈرمەك** «جەزملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەزملەشتۈرۈشمەك** «جەزملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جەزملەشتۈرۈلمەك** «جەزملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جەزملەشمەك** پ. جەزم قىلىنماق، ئېنىق قارار تاپقان ھالەتكە كەلمەك: نەق مەيدانغا بېرىپلا، ئوغرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ساقچىلارنىڭ كۆڭلىدە جەزملەشتى.

**جەزىرە** ئى [ئە] ① يېزىت. ئارال: ئۈچىنچى كۈنى دېڭىز تەرەپتىن ئاداشقان بىر كېمە بۇلار تۇرغان جەزىرىگە كېلىپ قاپتۇ. ② چۆل، باياۋان، دەشت؛ ساي: ھازىر ئۇ شەھەر يولىدا ئەمەس، بەلكى قاراقۇم

بىلەن قاراتاغ چېگراسىدىكى «يۇلغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان جەزىرىدە ئىدى. ③ ئايالالارنىڭ ئىسمى .

**جەزىرىلىك** سۈپ. چۆللۈك، دەشت ـ باياۋانلىق.

**جەزىرىمە** سۈپ. ئىنتايىن ئىسسىق، كۆيگۈدەك دەرىجىدە قىزىغان: يازنىڭ جەزىرىمە ئىسسىقى پەسىيىپ قالدى.

**جەسەت** ئى [ئە] ئۆلۈك، مۇردا.

**جەسۇر** [ئە] ① سۈپ. خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ جاسارەتلىك، قەيسەر، يۈرەكلىك، باتۇر: جەسۇر ئادەم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جەسۇرانە** رەۋ [ئە + پ] قورقماستىن، جەسۇرلۇق بىلەن، مەردلەرچە: جەسۇرانە ھەرىكەت.

**جەسۇرلاشماق** پ. جەسۇر ھالەتكە كەلمەك، جاسارىتى ئاشماق: كەلگۈسىنى خىيال قىلغاندا، پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ روھىي كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، جەسۇرلىشىدۇ.

**جەسۇرلۇق** ئى. جەسۇر كەيپىيات، جاسارەتلىك: قادىرنىڭ شۇىرغاندىكى جەسۇرلۇقى يېقىن ئەتراپقا تارالدى.

**جەگە** ئى [پ] <بىن> ئۆي قۇرۇلۇشىدا خانىڭ ئۈستىگە توغرا سېلىنىپ، ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىدىغان ياغاچ.

**جەگىلىك** سۈپ. جەگە قىلىشقا بولىدىغان، جەگىگە مۇۋاپىق: جەگىلىك ياغاچ.

**جەڭ** ئى [پ] ① قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش؛ ئۇرۇش: جەڭ قىلماق. جەڭگە قاتناشماق. ② قارشى تەرەپنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەت، كەسكىن كۈرەش: سۇ قۇرۇلۇش جېڭى باشلاندى.

**جەڭچى** ئى ① ئۇرۇشقا، جەڭگە قاتناشقۇچى. ② كۆچمە. مەلۇم جەڭگىۋار ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتناشقۇچى: بۇرغىلاش جەڭچىلىرى يېڭى يىل بايرىمىنى يەنىلا بۇرغىلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

**جەڭچىلىك** سۈپ. جەڭچىگە خاس، جەڭچىلەردە بولىدىغان: جەڭچىلىك بۇرچ. * قەھرىنسا جەڭچىلىك كىيىمىنى باشقا كىيىمگە ئالماشتۇرۇۋالغانىدى.

**جەڭگاھ** ئى [پ] يېزت. جەڭ مەيدانى، جەڭ بولۇۋاتقان جاي.

**جەڭگەل** سۈپ. دىيال. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ زىچ بولۇش ھالىتىگە قارىتىلىدۇ، غۇژمەك.

**جەڭگى ـ جېدەل** ئۇرۇش ـ جېدەل، جېدەل ـ ماجىرا: جەڭگى ـ جېدەل قىلماق.

**جەڭگىۋار** سۈپ [پ] ① جەڭ ۋە كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، كۈرەش قىلغۇچى، كۈرەشكە قاتناشقۇچى؛ كۈرەشچان: جەڭگىۋار ئەسكەر. جەڭگىۋار قىسىم. ② جەڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن، جەڭ ئېلىپ بېرىلغان، جەڭ قىزىغان: دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقىپ، جەڭگىۋار ئورۇنغا قايتىپ كەلدى. ③ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، جەڭگە ئۆزىنى ئاتىدىغان، جەڭدىن قايتمايدىغان: ــ توغرا، مەن جەڭگىۋار دۇينىڭ دۈيجاڭى بولغان، ــ دېدى ئابلا ئۆپكىدەك ئېسىلىپ. ④ كۆچمە. كۈرەشكە تەييار ۋە كۈرەش روھىغا ئىگە، جەسۇر: ئۇلارمۇ قىزىل بايراق بىلەن بىللە ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى ـدە، جەڭگىۋار قىياپەتكە كېلىشتى. ⑤ كۆچمە. ئىنتايىن مۇھىم، جىددىي، كەسكىن، زۇرۇر: ئابدۇللا قوماندانلىق ئىشتابىغا، «پوتەيگە ھۇجۇم قىلىشتەك جەڭگىۋار

ۋەزىپىنى ئۆز دوستىغا تاپشۇرۇش» ھەققىدە تەلەپنامە يازغانىدى.

**جەڭگىۋارلاشتۇرماق** «جەڭگىۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ جىددىي سىياسىي ۋەزىپىمىز، ئارمىيەنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى شەرتى.

**جەڭگىۋارلاشتۇرۇشماق** «جەڭگىۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جەڭگىۋارلاشتۇرۇلماق** «جەڭگىۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جەڭگىۋارلاشماق** پ. جەڭ ۋە كۈرەشكە دائىم تەييار تۇرىدىغان، جەڭگىۋار ھالەتكە كەلمەك: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنى كۈنسايىن راۋاجلىنىپ، 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە، جەڭگىۋارلاشقان بىر مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلاندى.

**جەڭگىۋارلىق** ئى. جەڭگىۋار ھالەت ياكى جەڭگىۋار روھ: جەڭگىۋارلىقى ئاشماق.

**جەڭنامە** ئى [پ] ئۇرۇش ۋە جەڭلەر ھەققىدىكى قىسسە، بەدىئىي ئەسەر: جەڭنامە سۆزلىمەك.

**جەلپ** ئى [ئە] ئۆزىگە تارتماق، قاراتماق؛ مەپتۇن قىلماق: سارايدىكى بېزەكلەر ئارسلان بەگنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

**جەلپكار** سۈپ [ئە + پ] جەلپ قىلىدىغان، ئۆزىگە تارتىدىغان: جەلپكار كىشى. جەلپكار شەھەر.

**جەلپكارلىق** ئى. جەلپ قىلىش كۈچى: ئۇنىڭ ياقۇتتەك تىنىمسىز پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىگە ئوتتەك قىزىق جەلپكارلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىر سېھىرلىرى يوشۇرۇنغانىدى.

**جەلپىلىك** سۈپ. ئۆزىگە تارتىدىغان، قارىتىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق؛ جەزىبىلىك: سايرىشىم بولغاچ يېقىملىق ھەم سىياقىم جەلپىلىك، ئورنىغا باغنىڭ قەپەس بولماقتا جايىم كۈنۈتۈن.

**جەلپۇرمەك** پ. دىيال. پۇلاڭلاتماق.

**جەللە** ئى <مۇز> ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن، مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ.

**جەللىگۇر** I سۈپ. دىيال. يانچۇقچى.

**جەللىگۇر** II ئى. دىيال. دېدەك، مالاي.

**جەم** سۈپ [ئە] يىغىلغان، توپلانغان: جەم بولماق. جەم قىلماق.

**جەمە** سۈپ. دىيال. تاپا ـ تەنىلىك، پىتنە ـ ئىغۋالىق: ئاردىمىزدا دۈشمەننىڭ گېپى تولا، جەمە گەپكە كۆڭۈل بۆلمە گۈلئايىم.

**جەمەلىك** سۈپ. دىيال. تاپا ـ تەنىلىك: ھەممە يەرگە ئاڭلىنىپ، مەنمۇ بولدۇم جەمەلىك.

**جەمەت** ئى [ئە] بىر نەسەبتىن بولغان كىشى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش: قوزىيوفنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى ئۇنىڭ ھەممە جەمەتى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئەكەلدى.

**جەمەتلىك** سۈپ. جەمەتى كۆپ: قۇربانلار ناھايىتى جەمەتلىك خەق.

**جەمبىل** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر پۇراقلىق بولۇپ، قىزىتمىنى پەسەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جەملەتمەك** «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەملەشمەك** ① «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا ـ ئۇكىلار تاپقان پۇللىرىنى جەملىشىپتۇ. ② يىغىلغان،

جەملەنگەن ھالەتكە كەلمەك: بار ـ يوقلىرىمىز تولۇقلىنىپ، كۆچ ـ قۇدرىتىمىز جەملىشىپ، ھەممە ئىشىمىز خېلى دۇرۇس بولۇۋاتىدۇ، ئىشلىگەن چىشلەۋاتىدۇ.

**جەملەنمە** سۈپ. جەملەنگەن، جەم بولغان: 2003 ـ يىلى 1 ـ فېۋرالدىن 28 ـ فېۋرالغىچە، تېلېفونلىشش جەملەنمە نومۇرىغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.

**جەملەنمەك** «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىترەك ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆزگە ئىچ ئاغرىتىش، ئەپۇ قىلىش ۋە خەيرخاھلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل مەزمۇنى جەملەنگەنىدى.

**جەملىمەك** پ ① بىر يەرگە يىغماق، توپلىماق، يىغىنچاقلىماق: ئولتۇرۇش ئەھلى ھەممە دىققىتىنى جەملەپ، سادىرنىڭ بەزى قوشاقلىرىغا ئاستا غىڭشىپ ئاۋاز قوشتى. ② قوشۇپ، يىغىندىسىنى چىقارماق: ئۇ ھەدەپ چوت سوقۇپ، ئالىقانداق سان ـ سىپىرلارنى جەملىمەكتە ئىدى.

**جەمسا** باغل. دىيال. يا بولمىسا.

**جەمئىي** سۈپ [ئە] ① بارچە، ھەممە، پۈتۈن، تۈگەل: جەمئىي ئادەم. ② ھەممىسى، بارچىسى: ئىدارەڭلەردە جەمئىي قانچە ئادەم بار؟

**جەمئىيلەتمەك** «جەمئىيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەمئىيلەشمەك** «جەمئىيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جەمئىيلەنمەك** «جەمئىيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جەمئىيلىمەك** پ. جەمئىي قىلماق، جەمئىيسىنى ھېسابلىماق، جەم قىلماق، ھەممە ساننى قوشۇپ ئومۇمىي ساننى چىقارماق.

**جەمئىيەت** ئى [ئە] ① <پەلس> مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈنلۈك. ②كىشىلەرنىڭ ئورتاق ماددىي شارائىت ئاساسىدا بىرلەشكەن توپى: جەمئىيەت كىشىلىرى. * ھېچكىم جەمئىيەتكە ئارىلاشماي، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. ③ بىرەر مەقسەتتە تۈزۈلگەن ئىختىيارىي بىرلەشمە، ئىجتىمائىي تەشكىلات: يازغۇچىلار جەمئىيىتى. تەرجىمانلار جەمئىيىتى.

**جەمئىيەتشۇناس** ئى [ئە + پ] جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس: جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەت قىياپەتلىرىنى ھەرخىل نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتى.

**جەمئىيەتشۇناسلىق** ئى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان خوجىلىقى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا مۇتلەق بولمايدۇ.

**جەمئىيەتلەشمەك** پ. پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئومۇملاشماق، جەمئىيەتكە كەڭ تارقالماق، جەمئىيەتكە يېيىلماق، جەمئىيەتتە ئومۇملاشماق: جىنسىي بۇزۇقچىلىق جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە، بۇنى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە، دەپ قاراش ئەخمىقانىلىك بولىدۇ.

**جەمئىيەتلىك** ئى. جەمئىيەتكە تەۋەلىك، جەمئىيەتكە مەنسۇپلۇق: بۇ ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى كونا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتلىكتىن يېڭى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ.

**جەن** ئى. دىيال. چوڭ ساندۇق، ئىچى بىرنەچچە بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، ھەرخىل ئاشلىقلار قاچىلىنىدىغان ساندۇق.

**جەندە** ئى <كىي> دىۋانە، دەرۋىشلەرنىڭ ھەر خىل پارچە رەختلەردىن تىكىلگەن ياكى ياماق سېلىنغان تونى: چاپان دېگەن جەندە، ئۇسسۇل دېگەن مەندە (ماقال).

**جەندەك** ئى. دىيال. چاقچاق: مەن سىلىنى بىلمەي جەندەك ئېيتىپتىمەن.

**جەندىر** ئى. تۆمۈرگە بۇرما چىقىرىدىغان ئەسۋاب.

**جەننەت** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە، گۇناھ بولمىغان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغان يېرى. ② كۆچمە. ھەممە نەرسە تەل بولغان، راھەتبەخش، ئاۋات جاي.

**جەننەتقۇشى** ئى [جەننەت + قۇش + ى] <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي، تۈكلىرى ناھايىتى چىرايلىق، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ سايرايدۇ، ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق كېلىدۇ. ئىريان ئارىلى ئەتراپىدا ياشايدۇ.

**جەننەتىي** ئى [ئە] جەننەتكە كىرىدىغان، بىگۇناھ ئادەم.

**جەنۇب** ئى [ئە] ① تۆت ئاساسىي تەرەپنىڭ بىرى، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۇرغاندا ئوڭ قول تەرەپ، شىمالنىڭ ئەكسى تەرىپى. ② شۇ تەرەپ ۋە شۇ تەرەپكە جايلاشقان يەرلەر، رايونلار، شەھەرلەر: مەن جەنۇبتىن كەلدىم.

**جەنۇبىي** سۈپ [ئە] جەنۇبقا تەۋە؛ جەنۇب تەرەپتىكى: جەنۇبىي شەھەر. جەنۇبىي قۇتۇپ.

**جەنىي** ئى [خەن] ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسى، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى.

**جەھەت** ئى [ئە] تەرەپ ياكى بىرەر ئىش، مەسىلە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىي قىسمى: ئۇنىڭ دوكلاتىدا تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ يېقىشقا تېگىشلىك خېلى كۆپ جەھەت بارلىقىنى ئېيتتى.

**جەھەننەم** ئى [ئە] ① دوزاخ: جاھىل چېرىك بىر پاي ئوق بىلەن جەھەننەمگە راۋان بولدى. ②كۆچمە. ئىنتايىن چوڭقۇر؛ تېگى يوق يەر: — ئەگەر ئۇ يەر جەھەننەمدە بولسىمۇ، چوقۇم تاپىمەن، — دېدى رۇستەم قەتئىي ھالدا.

**جەھرە** [ئە] ① ئى. ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇلغان زىكىر ـ تەلقىن، ھۆكمەت: جەھرە سالماق. ② سۈپ. ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئېيتىلغان: ھوي خوتۇن، كېكەچلىمەي، جەھرە گەپ قىلغىنا!

**جەھرىخانا** ئى [ئە + پ] كىشىلەر توپلىنىپ، ھاپىزلارغا ئەگىشىپ جەھرە سالىدىغان ئۆي؛ جاي.

**جەۋەندە** ئى. دىيال. بۇغداي ئۇنى بىلەن ئاق قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلغان نان، قوشۇقلۇق نان.

**جەۋزا** ئى [ئە] <ئاستر> جەۋزا بۇرجى، ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ ئۈچىنچىسى. مىلادىيە بويىچە ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەتراپىدا قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى مەۋسۇم «سەرەتان» بولىدۇ.

**جەۋزان** ئى <تېب> ماخاۋ كېسىلى.

**جەۋلان** ئى [ئە ] ① ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ، ئايلىنىپ ياكى يۇقىرىغا چاپچىپ قىلىنغان يەڭگىل، چاققان ھەرىكەت: جەۋلان قىلماق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جەۋلان قىلماق** ① ھەر تەرەپكە تاشلانماق؛ لەپىلدىمەك، پەرۋاز قىلماق: قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلدى. ② ئېپادىلەنمەك، نامايان بولماق: ھەممىلەننىڭ چىرايىدا ئىسمائىلغا نىسبەتەن چەكسىز قايىل ـ

لىق، سەممىي ھېسداشلىق، چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى جەۋلان قىلاتتى.

**جەۋھەر** ئى [ئە] ① قىممەت باھا تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② كۆچمە. بىرەر شەيئىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مېغىزى، يادروسى. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ ئاساسلىق، ئەھمىيەتلىك قىسمى: سەنئەت جەۋھەرلىرى. ④ كۆچمە. مەلۇم ئەجىر، تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى، نەتىجىسى: تەپەككۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى شۇ كىتابنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى.

**جەۋھەرلىك** سۈپ. جەۋھىرى بار، جەۋھىرى بولغان، جەۋھەرگە ئىگە: يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنى ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ دىتى بىلەن باھالاش مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ جەۋھەرلىك ۋە نازۇك تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**جەينەك** ① ئى <ئانات> قولنىڭ بىلەك سۆڭىكى بىلەن مۈرە سۆڭىكى تۇتاشقان، ئېگىلگەندە بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان جايى. ② ئى. كۆچمە. مەلۇم لىنىيەنىڭ ئېگىلگەن، بۇرالغان جايى: بىزنىڭ يېزا ئەنە شۇ دەريانىڭ ئايلىنىشىدىكى جەينەككە جايلاشقان. ③ سۈپ. ئېگىلگەن، جەينەككە ئوخشايدىغان: جەينەك كانايى.

**جەينەكلەتمەك** «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەينەكلەشمەك** «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار ئورۇن تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن جەينەكلىشىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈشتى.

**جەينەكلەنمەك** ① «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: خانىش قوشلاپ قويۇلغان ماموق ياستۇققا جەينەكلەندى.

**جەينەكلىك** ① سۈپ. جەينىكى بار، جەينەك چىقىرىلغان: جەينەكلىك ئوق. ② ئى. بۆشۈككە بۆلەنگەن بالىنى جەينىكىنىڭ ئۈستىگە باستۇرغا قىلىپ تاڭىدىغان ياستۇقچە.

**جەينەكلىمەك** پ ① جەينەك بىلەن ئىتتىرمەك، نوقۇماق: مۇزىكا رومبىغا چېلىندى، مەن ئادەملەرنى جەينەكلەپ يۈرۈپ، قىزنىڭ ئورۇندۇقى يېنىغا باردىم. ② جەينىكىنى تىرىمەك، تايانماق: نۇرئاخۇن ئاكا ياتقان ئورنىدىن جەينەكلەپ تۇرۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

**جو** ئى. دىيال <دېھ> ئېتىزنىڭ دەرەخ بار تەرىپىگە چوڭقۇر كولانغان چۈنەك.

**جوتاڭ** [خەن] ① ئى. ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يەيدىغان قويۇق ئۇماچ، زاڭ: جوتاڭ چالماق. ② سۈپ. كۆچمە. ئارىلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان.

**جوتۇ** ئى [خەن] تاش - تۇپراقنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، بىر بېشى ئۇچلۇق، يەنە بىر بېشى بىسلىق؛ ساپلىق تۆمۈر ئەسۋاب.

**جوجاش** ئى. ئاپتوۋۇسنىڭ جوغىسى.

**جوجەي** ئى. دىيال ① ئېغىزنىڭ جاۋغىيىغا چىقىدىغان چاقا، گەز. ② ئېغىز دورۇق.

**جوجو** ئى. بال س ① باللارنى كىچىك تەرەت قىلىشقا ئۈندەش سۆزى. ② كىچىك تەرەت، سىيدۈك: بالام جوجو بارمۇ؟

**جوجىلماق** پ. دىيال. بەس سالماق.

**جوخۇ** ئى. دىيال. ئېشەك كارۋىنى.

**جودا** ئى. ئۇرۇش - تالاش، جېدەل - ماجىرا: جودا تېرىماق. جودا چىقارماق. جودا قىلماق.

**جوداچى** ئى. جودا پەيدا قىلغۇچى، جېدەلخور ئادەم.

**جودالاشماق** پ. جېدەل قىلىشماق. سوقۇشماق: ئالدىنقى كۈنى دىلبەر بىلەن ئىككىمىز جودالىشىپ قالغانىدۇق.

**جور** سۈپ [پ] ① ماس، ئۇيغۇن، لايىق: كۆنەسىنىڭ قىزى يىگىتى بۇلبۇل بىلەن گۈل ئىكەن. باغدىمۇ ھەم تاغدىمۇ بىر - بىرىگە جور ئىكەن. ② تەڭكەش، ئاھاڭداش: مەن بۇلبۇلى چىمەننىڭ، غەزەل - ناخشام تۇمەنىنىڭ، مۇقامىمغا جور - تەڭكەش دۇتارىم بار چىرايلىق.

**جورا** ئى [پ] ① تەڭتۇش، سەپداش، دوست: ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، گۈلچىمەن يەڭگىلەر ۋە جورا قىزلار ئارىسىدا ھۇجرىدىن چىقىپ كەلدى. ② قانۇنلۇق نىكاھتىكى ئەر ياكى ئايال: جورا بولماق. جورا تاپماق.

**جوراتماق** «جورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئانائىنى جوراتما، قىزىم!

**جوراشماق** «جورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جورلۇق** سۈپ. تەڭكەش، جور قىلىنغان: جورلۇق مۇزىكا.

**جورۇتماق** «جورۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جورۇشماق** «جورۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جورۇق** ① ئى. دىيال. بۇيرۇق. ② سۈپ. ھۇرۇن، قاشاڭ، پاسسىپ. ③ ئى. جورۇپ (بۇيرۇپ) تۇرمىسا ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلمايدىغان ئادەم.

**جورۇقچىلىق** ئى. دىيال. بۇيرۇقۋازلىق، بۇيرۇقچىلىق: — بۇ مۇتتەھەمنى قارا، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولاي دەپ تۇرۇپ، بىزگە جورۇقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى، — دېدى ئۇ.

**جورۇقى يوق** دىيال. جورۇپ تۇرمىسا ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلمايدىغان، پەمسىز، دىتسىز، پىلانسىز، بولۇمسىز.

**جورۇڭقاي** ئى. دىيال ① شەجەرە، نەسەپ تارىخى. ② پىلان، ئۇسۇل، تەدبىر، ئامال، دىت.

**جورۇماق** پ ① بۇيرۇماق: كېمىنىڭ دورغىسى خىزمەتچىلىرىنى قىچقىرىپ، 50 چېپىتنى قۇرۇقلۇققا چىقىرىشقا جورۇپتۇ. ② ئىشقا سالماق، ئىشلەتمەك؛ ئىشلىمەك: خوي جورۇدۇڭ ئەقلىڭنى، (ئاللا بەرسۇن بەختىڭنى). يۈرەك - جېنىم ياشارسۇن، پۇراي غۇنچە گۈلۈڭنى.

**جورىلىق** سۈپ. جورىسى بار، جورا تاپقان.

**جورىماق** پ ① بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە ھەققىدە توختىماي، تەكرار - تەكرار سۆزلەپ كەتمەك، قايتا - قايتا دەۋرەمەك: — ھە، نېمە گەپ؟ «ساقچى ئەپەندى» دەپ جوراپ كەتمىسەڭمۇ بىز ساقچى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن. ② كايىماق، ئاچچىقلانماق: مانا بۇ ئىش تۇپەيلى، داۋۇت موللام يەنە جوراشقا باشلىدى.

**جوزا** ئى [خەن] ئۈستى تۈز، ئاستى تۆت بۇرجەككە تۆت پۇت ئورنىتىلغان، ياغاچ ۋە تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي جابدۇقى؛ شىرە.

**جوزا - بەندلىك** جوزا ۋە بەندلىك قاتارلىق ئۇسكۈنىلەر.

**جوسۇن** ئى. دىيال ① فىگۇرا، بەدەن تۈزۈلۈشى، تۇرق، قامەت، تۇس، شەكىل، ئوبراز: چىرايلىق بۆلەك جوسۇن. جوسۇنى كېلىشكەن ئايال. ② ئەلپاز: جوسۇنى يامان.

**جوغا** ① ئى. ئاپتۇۋا، چەينەك ۋە چۆگۈنلەرنىڭ سۇنى سىرتقا چىقىرىدىغان ئېغىزى. ② شۇمەك: بالىغا جوغا سالماق.

**جوغجوق** ئى <زوئول> قوينىڭ باشلامچىسى، قوي پادىسىنى باشلىغۇچى.

**جوغدا** ئى ئۇچار ـ قۇش ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ كوكۇ ـ لىسى.

**جوغدار** ئى. ① خورازنىڭ بويۇن تۈكى. ② تۆگىنىڭ بوينى ۋە تىزىدىكى ئۇزۇن تۈكلەر.

**جوغدار باش** دىيال. پاخما باش.

**جوغدار تۇماق** دىيال. يۇڭ تۇماق، پاخما تۇماق.

**جوغداي** ئى. تۆگىنىڭ بوينى ۋە تىزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن يۇڭلار.

**جوغدۇن** ئى. دىيال. ئېتىك، تىمەن، شوخ.

**جوغدىيەك** ئى. مېكىيانىنىڭ پۆپۈكى.

**جوغۇلا** ئى. دىيال. ئاتنىڭ كۆكرىكىگە تاقىلىدىغان قىزىل پۆپۈك: ئات بويىندا جوغۇلا، بېشىدا يۈگەن ـ نوختا، ئاچچىقىڭ تولا كەلسە، سەۋر قىل بىزە توختا.

**جوغىلىق** سۈپ. جوغىسى بار، جوغا ئورنىتىلغان: جوغىلىق چۆگۈن.

**جوقا** ئى. تاغ جىلغىسى.

**جوگازا** ئى [ خەن ] دىيال، چاپان.

**جوگىنا** ئى. دىيال ① چىشى كەپتەر. ② بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

**جوڭسا** ئى. مىس چۆگۈنلەرنىڭ ئېغىز ياپقۇچىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان قۇببىگە ئوخشايدىغان قىسمى.

**جوڭغاق** ئى. دىيال. قوينىڭ پۇرنى.

**جوڭقۇرماق** پ. دىيال ① باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق. ② ئىجرا قىلماق.

**جول** ئى [ئىنگ] <فىز> ئىشنىڭ بىرلىكى. بىر جول 10 ئېرگكە تەڭ.

**جولاپ** ئى. شېكەر قىيامى بىلەن مۇز سۈيىنىڭ ئارىلاش ـ مىسى.

**جولوقۇق** ئى. دىيال. دەرۋازا، زەنجىرلىك دەرۋازا، تاشقى ـ رىقى ئىشىك.

**جولۇ** ئى. دىيال. قىسقا ئارغامچا، تىزگىن، چۇلۋۇر.

**جومباق** ① ئى «قاملاشمىغان، سەت» دېگەن مەنىدىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى (ئايالлар ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بۇ ۋالاقتەڭكۈر جومباقنى تەستەكلىۋەتكۈسى كەلدى. ② سۈپ، تولغان، تولۇق بەدەنلىك (ئاياللار ھەققىدە).

**جون** I ئى. ھايۋانلارنىڭ ئىنچىكە بېلىنىڭ ئۈستى قىسمى.

**جون** II ئى. دىيال ① نىيەت: جونى يامان. * جونى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك (ماقال). ② كۆرۈنۈش، قىياپەت.

**جونداق** I ① سۈپ. كونا، ئەسكى، يىرتىق: ئۇلار جونداق كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، يالاڭ ئاياغ ئىدى.② ئى. ئاشۇنداق كىيىنگەن كىشى، يالاڭ تۆش: ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى بەگزادە، بىزلەرنى بولسا جونداقلار دەپ قاراپ بىر يەردە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلاتتى.

**جونداق** II ئى. دىيال. غالچا، يالاقچى، مۇتتەھەم، ئۇششۇق، بىشەم، ھازازۇل.

**جونساز** دىيال ① سۈپ. جونى يوق، قىياپىتى سەت ② ئى. كېلەڭسىز، سېمىز، ئۆزىنى جوڭقۇرالمايدىغان.

**جونلانماق** پ. ھايۋانلار جونىغا گۆش، ماي يىغماق، سەمىرىمەك: بىر كۈنى ئاپام: ـــ ھەي تەنتەك مەخلۇقەي، خېلىلا جونلى ـ نىپ قالدىڭ، ـــ دەپ قويىدى مۇشۈككە قاراپ.

**جونلۇق** سۈپ. جونىغا گۆش، ماي يىغقان، سەمىرىگەن: جونلۇق پاقلان.

**جونۇشماق** «جونۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جونۇماق** پ. بىگىز قولىنى تەڭلىمەك، بىگىز قولىنى تۈرتمەك، قول شىلتىماق، سىلكىمەك: قولۇڭنى جونۇما. *ـــ مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېنى تىللاپ، جونۇپ قويىمەن. خوش بىلمەيتىمەن دەپ تۇرىۋەر، ـــ دېدى شەرۋان مەشرەپكە قاراپ.

**جونۇقماق** پ. دىيال. ئاچچىقى كەلمەك، تېرىكمەك: جونۇقۇپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

**جوھۇت** [ئە] ① ئى. يەھۇدىيلار. ② سۈپ. دىنسىز، كاپىر، ياۋۇز، قەبىھ.

**جوھىي** ئى. دىيال. گۆھەر، جاۋاھىر.

**جوۋاتماق** «جوۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ئۆزلىرىنى جوۋاتماي، ئۆزۈملا ئېيتىپ بېرەي، ـــ دېدى توختىبۇۋى.

**جوۋاشماق** «جوۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ جوۋاشمىسىلا، ـــ دېدى نىيازخان ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارغا قاراپ، ـــ مەن ئۆزۈم تۈگىتەلەيمەن.

**جوۋالغۇ** ئى. ئاۋارىچىلىك، قىيىنىلىش: جوۋالغۇ تارتماق. جوۋالغۇغا قالماق. يول جوۋالغۇسى.

**جوۋىتالماسلىق** پ. دىيال. باشقۇرالماسلىق: مەن بۇ ئاتنى جوۋىتالمىدىم.

**جوۋىزىر** سۈپ. دىيال. گەپ ئاڭلىماس، گەپ ئۆتمەس: بۇ بەك جوۋىزىر بالا ئىكەن.

**جوۋىماق** پ. ئاۋارە بولماق، بىسەرەمجان بولماق، كايىماق: ـــ ئۆزلىرى كۆپ جوۋاپلا، رەھمەت.

**جوي** ئى. دىيال. جاپا ـ مۇشەققەت.

**جوي ـ جاپا** دىيال. جەبىر ـ جاپا، جاپا ـ مۇشەققەت.

**جۇ** ئى [خەن] <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى ھېسابىدا قىشلىق كۈن ـ تۈن توختىشىدىن باشلانغان ھەر بىر توققۇز كۈن. بۇ ئادەتتە بىرىنچى جۇدىن توققۇزىنچى جۇغىچە داۋاملىشىدۇ.

**جۇاڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن گۇاڭشى، يۈننەن ۋە گۇاڭدۇڭغا جايلاشقان.

**جۇپا ـ جۇپپاڭ** تەق. دىيال ① چوكمۇز ياكى ئېرىپ ساڭگىلاپ قالغان مۇزلارنىڭ ھالىتى. ② چىپ ـ چىپ: يۈزىدە جۇپا ـ جۇپپاڭ تەر ئاقماقتا ئىدى.

**جۇپاي** ئى. دىيال جۇۋازخانا.

**جۇپپاڭلىماق** پ. دىيال. چىپىلدىماق: شېشىدىن جۇپپاڭلاپ

ھاراق ئاققىلى تۇردى.

**جۇت** I ① ئى. تۇمانلىق سوغۇق شامال: جۇت ئاپىتى. ② ئى. كۆچمە. باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، بەختسىزلىك: بالا ـ قازا: جۇتنى كۆرگەن ياشلىق ئۆمرىمىز بوگۇن باھار پەيزىنى سۈردى. ③ سۈپ. باشقىلارغا ئوڭۇشسىزلىق، بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت ئەكېلىدىغان: جۇتلۇق ھاۋا كىرگەندىن بۇيان، جۇت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا. ④ سۈپ. كىيىم ـ كېچەك توشمايدىغان: ئايىغى جۇت بالا.

**جۇت** II ئى [ر] <بوت> لىپا دەرىخى ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قوۋزاق تالاسى توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ، يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. بالىياتقۇ قاناش، دوۋساققا تاش چۈشۈش كېسەللىكىنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**جۇتاقاتماق** «جۇتاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۇتاقاشماق** «جۇتاقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جۇتاقىماق** پ. جۇتقا يولۇقماق، جۇتقا ئۇچرىماق.

**جۇتچىلىق** ئى ① سوغۇق شاملى بار تۇمانلىق ھالەت: ئىككى كۈن بولدى، جۇتچىلىقنىڭ دەستىدىن تالا ـ تۈزگىمۇ چىقالمىدۇق. ② كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىق، بالا ـ قازا: يۇرتىمىزنى جۇتچىلىق قاپلىدى.

**جۇت ـ شىۋىرغان** جۇت ۋە شىۋىرغان.

**جۇتلۇق** ① سۈپ. سوغۇق شامالliق تۇمان قاپلىغان: جۇتلۇق كۈنلەر. ② ئى. كۆچمە. قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ھالەت، قوپاللىق: «قېرىشقاندەك باينىڭ ماۋۇ جۇتلۇقىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى نادىم تىت ـ تىت بولۇپ.

**جۇتىرەڭچىلىك** ئى. دىيال. جۇتچىلىك، قەھەتچىلىك، قىسچىلىق، ئەتىياز كۈنلىرى ئوزۇق ـ تۈلۈك قىسىلىشىپ، يېمەك ـ ئىچمەك غورىگىللىشىپ كەتكەن ھالەت.

**جۇجۇك** ئى. دىيال. سۈڭگۈچ، باغقا سۇ كىرىدىغان تۆشۈك.

**جۇدا** سۈپ [پ] ئايرىم، خالىي، ئايرىلغان: جۇدا بولماق. جۇدا قىلماق. * ئانىنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن جۇدا، سەھەردە كېلەر دەپ كۈتەمدۇ ئۇنى.

**جۇدالاشماق** پ. جۇدا بولماق، ئايرىلماق، قۇتۇلماق: بىز ئۇنىڭدىن مەڭگۈ جۇدالاشتۇق.

**جۇدالىق** ئى. يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش؛ ئايرىلىش، ھىجران: جۇدالىق زارى.

**جۇدۇن** ئى ① سوغۇق ھاۋا ئېقىمى. ② كۆچمە. ئاچچىق غەزەپ: جۇدۇنى تۇتماق. * مەن باقىغا جاۋاب بەرگۈچە، بەگ جۇدۇن بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى. ③ كۆچمە. ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى توسالغۇ، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا تولغان ۋاقىت، بوران ـ چاپقۇن: — ئېيتىڭا پاتىمە، سىز بىلەن بىز جۇدۇندا تېپىشقانلار تۇرۇپ، ئىللىق باھاردا تەتۈر قارىشىمىزمۇ؟ — دېدى سۇنۇر ھاياجان بىلەن.

**جۇدۇن ـ چاپقۇن** ① يېغىن ئارىلاش شىۋىرغانلىق سوغۇق ئېقىم. ② كۆچمە. ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى زور قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق، توسالغۇ: — قىزىلگۈلگە تىكەن ھەمراھ بولغاندەك، بىرگىمۇ جۇدۇن ـ چاپقۇنلار قول ئۇزاتماقتا، — دېدى يولدىشىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

**جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق** جۇدۇن ـ چاپقۇنى بار، جۇدۇن ـ چاپقۇنغا تولغان: 1950 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى، ھاۋا يەنىلا جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق ئىدى.

**جۇدۇنلۇق** سۈپ. جۇدۇنى بار، جۇدۇن پەيدا بولغان: كۈن جۇدۇنلۇق بولغاچقا ئۇلار ھامامىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا، ئوچاق ئالدىغىراق كېلىشتى.

**جۇدۇنلىماق** پ. دىيال. ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك.

**جۇزبۇۋا** ئى [پ] <بوت> ① مۇسكات دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسى شار شەكلىدە، ئۇرۇقى سوقىچاق كېلىدۇ؛ مېغىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇق مېغىزى.

**جۇزدان** ئى [ ئە + پ ] ئىچىگە قەغەز ـ قەلەم، ھۆججەت قاتارلىقلار سېلىپ قويۇلىدىغان مەخسۇس ئىشلەنگەن قېلىن قاتتىق قەغەز ۋە قېلىن تېرە، قىرىم ۋە شۇنىڭدەكلەردىن ياسىلىدىغان نەرسە: ئۇ دېدەكلەرگە جۇزداننى ئەكەلدۈرۈپ ئىچىدىن قەغەز ـ قەلەمنى ئالدى ـ دە، سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا قارىتىپ بىر پارچە قىسقا مەكتۇپ يازدى.

**جۇزنەك** ئى. دىيال. دەريا بويلىرىدا ۋە ئورمان ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**جۇش** ئى [پ] «ئۇرماق» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ: ① دولقۇنلىماق، مەۋج ئۇرماق: كۈن ئۆتەر، ئايلار ئۆتەر، يىللار ئۆتەر تېز قوغلىشىپ، خۇددى دەريا سۈيى تېز ئاققىنىدەك جۇش ئۇرۇپ. ② كۆچمە. قايىنىماق، تولۇپ تاشماق: شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە يېڭىلا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قىزغىنلىق بىردىن پەسىيىپ، ئىشتاب ئىچى جىمىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى.

**جۇشقۇماق** پ. جۇش ئۇرماق، دولقۇنلىماق، مەۋج ئۇرماق، تولۇپ تاشماق: ئابدۇكېرىم بوۋاينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تۆت قامانغا قاراپ ئىككى ـ ئۈچ كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئىگىلىگەن بۇ شورلۇق ئەسلىدە ھاياتلىق جۇشقۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي كۆل ئىدى.

**جۇشقۇن** سۈپ ① جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، دولقۇنلىغان، مەۋج ئۇرغان: جۇشقۇن كەيپىيات. ② كۆچمە. قايناق؛ قىزغىن، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق: باغچىلار شوخ ۋە جۇشقۇن ياشلار بىلەن جانلاندى.

**جۇشقۇنلاتماق** «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى روھىمىزنى جۇشقۇنلاتتى.

**جۇشقۇنلاشماق** ① «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەيدانغا كىرىشى بىلەن بىر ـ بىرىدىن جۇشقۇنلىشىپ، بەس ـ بەستە يۈگۈرۈشتى. ② جۇشقۇن ھالەتكە كەلمەك، جۇشقۇنلىماق: خۇشاللىقىدا جۇشقۇنلاشقان شائىر سوئال دېگەننى ئۈستى ـ ئۈستىگە ياغدۇرۇۋەتكەنىدى.

**جۇشقۇنلانماق** «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئوي ـ پىكىر سابىرنىڭ جۇشقۇنلىنىپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جاسارەت بېغىشلايتتى.

**جۇشقۇنلۇق** ئى. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، جۇشقۇن ھالەت: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇر بىر جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

**جۇشقۇنلىماق** پ ① جۇش ئۇرماق، مەۋج ئۇرماق، دولقۇنلىماق: جۇشقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. ② قايىنىماق، روھلانماق: كەلمەكتە

جۇشقۇنلاپ ياغىرىغان ناۋا، ئاي ئۈزەر ئاسماندا كۈمۈش نۇر چېچىپ، قىزىلگۈل ھۆسنىدە ئوتلۇق تەبەسسۇم، تۇراتتى بۇلبۇلغا باغرىنى ئېچىپ.

**جۇغ** I تەق. سوغۇق ۋە باشقا تاشقى ئامىللار تەسىرىدىن بەدەندە پەيدا بولغان تىترەش، سىلكىنىش.

**جۇغ** II ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدەن، تەن قۇرۇلۇشى: جۇغى كىچىك ئادەم.

**جۇغ** III سۈپ. زىچ، كۆجۈم؛ نۇرغۇن: جۇغ مەھەللە.

**جۇغ ـ جەم** ئومۇمەن، ھەممىسى قوشۇلۇپ، بارلىقى: جۇغ ـ جەمى ئارانلا 8070 چە تۇتۇن بار بۇ يېزىنىڭ چېگراسى ئۈچ ناھىيە بىلەن تۇتىشىدۇ.

**جۇغ ـ جۇغ** بەدەننىڭ سوغۇق ياكى يېقىمسىز، غەيرىي نورمال ئەھۋالدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سىلكىنىپ تىترىشى.

**جۇغراپىيە** ئى [ئە <گىرېك] ① پۈتۈن دۇنيانىڭ ياكى بىر رايوننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق تەبىئىي مۇھىتى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش ـ ترانسپورت، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. ② مۇشۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: تەبىئىي جۇغراپىيە.

**جۇغراپىيون** ئى [ ئە] ← **جۇغراپىيەچى**: رەڭ رەسساملارنىڭ نەزىرىدە ئېستېتىك مەنىگە ئىگە بولسا، جۇغراپىيونلارنىڭ نەزىرىدە سىياسىي مەنىگە ئىگە ئىدى.

**جۇغراپىيەچى** ئى. جۇغراپىيە بىلەن شۇغۇللانغان، جۇغراپىيە ئۆگەنگەن كىشى.

**جۇغراپىيەشۇناس** ئى. جۇغراپىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم.

**جۇغراپىيەلىك** سۈپ. جۇغراپىيەگە ئاساسلانغان، جۇغراپىيەگە تەئەللۇق، جۇغراپىيە جەھەتتىكى: جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈش.

**جۇغراپىيەۋى** سۈپ [ئە] ← **جۇغراپىيەلىك**: جۇغراپىيەۋى شارائىت ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**جۇغرۇقماق** پ. دىيال. تىترىمەك، شۈركۈنمەك: تېنىم جۇغرۇقۇپ تۇرىدۇ.

**جۇغىدە** رەۋ. «جۇغ» قىلغان ھالدا، «جۇغ» قىلىپ: پادىشاھ گىرۋەككە كېلىپ يەرگە شۇنداق قاراپتىكەن، تېنى «جۇغىدە» قىلىپ، يۈرىكى ئېغىپتۇ.

**جۇغلاتماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماتېرىيال جۇغلاتماق. ئوغۇت جۇغلاتماق.

**جۇغلاشماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قارنى تازىلاپ بولۇپ، سايمانلارنى بىر يەرگە جۇغلاشتى.

**جۇغلانما** ① سۈپ. يىغىلغان، جۇغلانغان: جۇغلانما فوند. ② ئى <س ئىق> مىللىي دارامەتنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگەن قىسمى.

**جۇغلانماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جۇغلىماق** پ. توپلىماق، يىغماق: پۇل جۇغلىماق.

**جۇغۇلداتماق** «جۇغۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوغۇق نەشتەردەك سانجىلىپ، بەدەننى جۇغۇلدىتاتتى.

**جۇغۇلداشماق** ① «جۇغۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورققىنىدىن باللارنىڭ يۈرەكلىرى جۇغۇلدىشىپ كەتتى. ② ئۇزلۇكسىز جۇغۇلداپ كەتمەك، جۇغۇلدىماق: رازىيە تىلىنى چىقاردى، دوختۇرغا يەنە بەدىنىنىڭ جۇغۇلدىشىدىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**جۇغۇلدىماق** پ. «جۇغ ـ جۇغ» قىلىپ تىترىمەك، «جۇغ ـ جۇغ» قىلماق: ناخشىنىڭ ئەۋجى كۆتۈرۈلگەندە، يۈرەكنىڭ نازۇك تارلىرى جۇغۇلداپ كېتەتتى.

**جۇكتو** ئى. دىيال. تاغنىڭ تىك كەتكەن يېرى.

**جۇگۇ ـ جۇگۇ** «رەھىم قىلىڭ»، «خۇش بولۇپ كېتەي» دېگەن مەنىدىكى يالۋۇرۇش سۆزى.

**جۇگۇلىماق** پ. يالۋۇرماق، ئۆتۈنمەك: جۇگۇلاپ كېتەي.

**جۇگۇنا** ئى. كەپتەرنىڭ ئۇرغاچىسى، چىشى كەپتەر.

**جۇگۇۋاز** ئى. پىلە قايناپ پىشقاندىن كېيىن مەشۇت ئۈچىنى سۈزۈپ ئالىدىغان ئەگرى تاياقچە.

**جۇڭ** ئى [خەن] ساپىقى يوق رومكا.

**جۇڭ سۆرەشمەك** ① ھاراق ئىچىشىپ بەرمەك. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ، ھەـپە دېيىشمەك: ئەمەتمۇ بىزگە قوشۇلۇپ جۇڭ سۆرىشىپ بەردى.

**جۇڭجياڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاۋجياڭدىن تۆۋەن، شاۋجياڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**جۇڭجياڭلىق** ئى. جۇڭجياڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە.

**جۇڭخۇا** ئى [خەن] قەدىمكى زاماندا خۇاڭخې ۋادىسى ئەتراپى «جۇڭخۇا» دەپ ئاتالغان. بۇ جايلار خەنزۇ مىللىتىنىڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن جايى ئىدى. كېيىن بۇ نام جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان بولدى.

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى** <جۇغ> سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. كۆلىمى 9 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چاۋشيەن، ۋيېتنام، لائوس، بىرما، ھىندىستان، بۇتان، سىككىم، نېپال، پاكىستان، ئافغانىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمى سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز، جەنۇبىي دېڭىز ۋە ياپونىيە، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، مالايسىيا ۋە برۇنېي قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇ 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرگە بۆلۈنگەن. پايتەختى بېيجىڭ. ئاھالىسى 1 مىليارد 160 مىليون (1990 ـ يىللىق مەلۇمات) ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا 56 مىللەت ياشايدۇ.

**جۇڭخۇا مىللىتى** <ئىرق> مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى. 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**جۇڭخۇا مىنگو** جۇڭگونىڭ 1912 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۆلەت نامى.

**جۇڭسەنفۇ** ئى [خەن] <كىي> بىر خىل كىيىم. چاپىنىنىڭ ئۆرە ياقىسى ۋە تۆگمىلىك تۆت دانە چاپلىما يانچۇقى بولىدۇ. ئىشتىنى غەربچە بولۇپ، ئۇزۇن كېلىدۇ. بۇ خىل

كىيىمنى سوُن جوُڭشەن تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامىغا بېرىلگەن.

**جوُڭشى** ئى [ خەن ] <ھەرب> ھەربىي ئۇنىۋان. دەرىجىسى شاڭشىدىن تۆۋەن، شىياشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**جوُڭشىياۋ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنىۋان. دەرىجىسى شاڭشىياۋدىن تۆۋەن، شاۋشىياۋدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جوُڭگو** ئى [خەن] <جوغ> جوُڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

**جوُڭگوچە** رەۋ. جوُڭگوغا خاس؛ جوُڭگو ئۇسلۇبىدىكى، جوُڭگوغا باب، جوُڭگوغا مۇۋاپىق.

**جوُڭگوچىلىق** ئى. جوُڭگوچە تۇرمۇش، جوُڭگوچە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاۋا، جوُڭگوچە مەنتىقە: بىر تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى تەكەللۇپسىز، ساددا ئادىمىلىكنى سېغىنىپمۇ قالىمەن. مانا بۇ جوُڭگوچىلىقتىكى ئۇيغۇرچىلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

**جوُڭگوچىلاشتۇرۇشماق** «جوُڭگوچىلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جوُڭگوچىلاشتۇرۇلماق** «جوُڭگوچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جوُڭگودا ماركسىزم ـ لېنىنىزم جوُڭگوچىلاشتۇرۇلدى.

**جوُڭگوچىلاشماق** پ. جوُڭگوچە بولماق، جوُڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشماق، جوُڭگوغا ئۇيغۇن كەلمەك، جوُڭگوغا تەتبىقلانماق: ــ خەلقنى ماركسىزمنىڭ جوُڭگوچىلاشماق ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم، ــ دېدى ئۇ.

**جوُڭگوشۇناس** ئى. جوُڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئاھالىسى، تىل ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: چارلىز جوُڭگوشۇناس بولۇپ، ئىلگىرى جوُڭگودا بىر قانچە يىل تۇرغان.

**جوُڭگوشۇناسلىق** ئى. جوُڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئاھالىسى، تىلى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**جوُڭگولۇق** سۈپ. جوُڭگودا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، دۆلەت تەۋەلىكى جوُڭگو بولغان: جوُڭگولۇق ئايال. جوُڭگولۇق بالا.

**جوُڭۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنىۋان. دەرىجىسى شاڭۋېيدىن تۆۋەن، شاۋۋېيدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جوُڭيى** ئى [خەن] جوُڭگونىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس تېبابەتچىلىك ئىلمى. ئۇ جوُڭگو تېبابىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**جوُل** ① ئى. ئات ـ ئېشەكلەرگە توقۇلىدىغان باشلىقى يوق مۆلە، ئۈچۈلۈق. ② سۈپ. جىق كىيىپ ياكى ئىشلىتىپ، ھەممە يېرى يىرتىلىپ كەتكەن، ئۈستى ـ ئۈستىگە ياماق چۈشكەن: غازنى ئاتماستىن تۇرۇپ، قورداق ئۈچۈن قىلما سانا، جوُل دېمەي كىي كىيىمىڭنى، ئۇنى پات ـ پات يۇ، ياما.

**جوُلا** I ( **جوُلاسى** ) ئى [ئە] سۇزۇكلۇك ۋە سىلىقلىقتىن يالتىرىغان، پارلىغان ھەر خىل تۇسلىنىش، پارقىراقلىق.

**جوُلا** II ( **جوُلاسى** ) ئى [پ] <مۇز> ئەجەم، سىگاھ ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسقا مۇقامدىن باشقا مۇقاملار تەركىبىدە كېلىدىغان ۋە ئۇسسۇللۇق پۇرىقى روشەن بولغان بىر خىل ئۇسسۇللۇق مۇزىكا.

**جوُلاسىز** سۈپ. جوُلاسى يوق، نۇرسىز، كۆرۈمسىز، خۇنۇك: جوُلاسىز مارجان.

**جوُلاق** ئى. ديال. نەيرەڭ، ھىيلە.

**جوُلالاندۇرماق** «جوُلالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپتور ئەسىرىدە ھەربىر تارىخىي پاكىتنى قاتلاممۇ قاتلام سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق جوُلالاندۇردى.

**جوُلالانماق** «جوُلالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جوُلالىق** سۈپ. جوُلاسى بار، جوُلالانغان، جوُلالىنىپ تۇرىدىغان: قىز ھاۋارەڭ شايى ياغلىقنى بوينىغا سېلىپ، جوُلالىق يەكەن ئەتلىسگە پۈركەنگەنىدى.

**جوُلالىماق** I پ. نۇر چاچماق، چاقنىماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: كۈننىڭ ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشىغا ئەگىشىپ قىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرى تېخىمۇ جوُلالاپ كەتتى.

**جوُلالىماق** II پ. ديال، تەنە قىلماق، دارىتماق: ماڭا نېمەدەپ جوُلالايسەن.

**جوُلان** ئى <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تۈرى، دېڭىز قولتۇقلىرىدىكى تېيىز دېڭىز سۈيىدە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاگار يېلىمى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**جوُل- جوُل** يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن، كۆپ ياماق چۈشكەن، ناھايىتى كونا: جوُل ـ جوُل كىيىم. جوُل ـ جوُل كېپەن.

**جوُلدارىماق** پ. كونىراپ تىتىلىپ كەتمەك، جوُل ـ جوُل بولۇپ كەتمەك: ــ نېمانچە قىلىسىز، ئۇنىڭ جوُلداراپ تۇرغان كىيىملىرىنى تۈتقىنىڭىز نېمىسى؟ ــ دېدى ئۇ قىزىغا.

**جوُلدۇر** سۈپ. كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن: جوُلدۇر كىيىم.

**جوُلغۇماق** پ ① ئىت، مۈشۈك قاتارلىقلار تۈك تاشلىماق. ② قاسراق تاشلىماق (يىلان ھەققىدە).

**جوُلۇق** ئى ① كونىراپ جوُل ـ جوُل بولۇپ كېتىش: جوُلۇقى چىقماق ② ياماق؛ چەم: ئۆتەككە جوُلۇق سالماق.* ئاياغ كىيىم تېشىلسە جوُلۇق سالىمەن.

**جوُلۇقماق** پ. ديال. يىرتىلماق: چاپىنىم جوُلۇقۇپ قالدى.

**جوُمبۇ** ئى. ديال، ئات ـ ئېشەكلەرنى هارۋىغا قوشقاندا بوينىغا سېلىنىدىغان جابدۇق، بوغا.

**جوُمبۇ- جاۋەن** ديال. جوُمبۇ ۋە جاۋەن: ئۇ بۈگۈن بازارغا كىرىپ بىر يۈرۈش جوُمبۇ ـ جاۋەن سېتىۋالدى.

**جوُمبۇچى** ئى. ديال. جوُمبۇ تىكىپ ساتقۇچى ئادەم، بوغىچى.

**جوُمقۇلىماق** پ. ديال. تەييارلىماق، هازىرلىماق: ئىش ـ كۈشلەرنى جوُمقۇلاپ قويدۇڭمۇ؟

**جوُمھۇرىيەت** ئى [ئە] ھاكىمىيەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگانلىرى، يەنە مەلۇم مۇددەتتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان دۆلەت تۈزۈمى ھەم شۇنداق دۆلەت: جوُڭخۇا خەلق جوُمھۇرىيىتى.

**جوُمھۇرىيەتچى** ئى. جوُمھۇرىيەت تەرەپدارى، جوُمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوغدىغۇچى.

**جوُمھۇرىيەتچىلىك** ئى . جوُمھۇرىيەت تەرەپدارلىق.

**جۇمھۇرىيەتلىك** سۈپ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان، يولغا قويۇلغان: بۇ يەردە دېيىلگەن دۆلەت تۈزۈمى جۇملىدىن دېموكرا- تىك جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

**جۇمۇ** يۈك ① بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىدىكى جۇملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئالاھىدە جېكىلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: — ھەي، راۋابنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن جۇمۇ! — دېدى ئۇ بوۋاي بالىغا. ② بايان مەيلىدىكى جۇملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئاڭلىغۇچىدىن جۇملىدە ئېيتىلغان ئىشنى بىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى، بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: — سىلىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاتىلىرى تازا رازى ئەمەس جۇمۇ، — دېدى ئەلانۇرخان ئوغلىغا چاي سۇنۇپ تۇرۇپ.

**جۇمۇسلا** يۈك. «جۇمۇ» سۆزىنىڭ سىپايە شەكلى: بىزگە تەييارلاۋاتقان سومەنلىرىنى ئۈچ تەخسە قىلىپ ئەكەلسىلە، يېغى، گۆشى ئاۋۇنراق بولسۇن جۇمۇسلا.

**جۇن** ئى <ئانات> يانپاش.

**جۇنۇپ** [ئە] ① سۈپ. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنمىغان، پاسكىنا؛ نىجاسەت تەگكەن: جۇنۇپ ئادەم. ② ئى . يۇيۇنمىغان ، نىجاسەت تەگكەن كىشى .

**جۇنۇپلۇق** ئى. جۇنۇپ بولۇش، ناپاكلىق.

**جۇنۇن** سۈپ [ئە] ئاشىقلىقتا دۇچار بولۇپ ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان، ئەقلىدىن ئازغان؛ مەجنۇن: نادانىنىڭ ئىلكىدە ئەقلىم جۇنۇندۇر، كى نامەرد پەنجىدە جىسمىم ئوتتۇندۇر.

**جۇنۇنلۇق** ئى. ئاشىقلىقتا دۇچار بولۇپ ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىش؛ ئەقلىدىن ئېزىش ، مەجنۇنلۇق: بولۇپ دىل بىر جۇنۇنلۇق مۇپتىلاسى، يېپىشقاندا جېنىمغا ئىشق بالاسى.

**جۇۋا** I ئى. تېرىدىن تىكىلىدىغان سىرتقى كىيىم: جۇۋا تىكمەك.

**جۇۋىسنى تەتۈر كىيمەك** تەتۈرلۈكى تۇتماق، جەھلى قاتماق، ئاچچىقى كەلمەك.

**جۇۋا** II ئى. دىيال. ئاشلىق بازىرى.

**جۇۋاز** ئى [پ] مايلىق دان ۋە چىگىت قاتارلىقلاردىن ماي چىقىرىدىغان قۇرۇلما: جۇۋاز چۆرۈمەك. * جۇۋاز ئات بىلەن ياخشى، تۈگمەن سۇ بىلەن (ماقال).

**جۇۋازچى** ئى. جۇۋاز بىلەن ياغ تارتقۇچى.

**جۇۋازچىلىق** جۇۋازدا ياغ تارتىش ئىشى، كەسپى: جۇۋازچى- لىق قىلماق.

**جۇۋازخانا** ئى [پ] جۇۋاز ئورنىتىلغان ئۆي، ئورۇن.

**جۇۋالدۇرۇز** ئى [پ] چوم، مۆلە، بوغا، توقۇم قاتارلىقلارنى تىكىشكە ئىشلىتىدىغان يوغان يىڭنە: ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال).

**جۇۋان** ئى [پ] توي قىلغان، ئۆيلۈك بولۇپ قالغان ياش ئايال، چوكان: جۇۋان تويى. * چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا (ماقال).

**جۇۋانچە** سۈپ، جۇۋانلارغا خاس، جۇۋانلارغا مەنسۇپ، جۇۋانلارغا مۇناسىپ: جۇۋان تويىدا جۇۋان بولغۇچى پەرەنجە، جۇۋانچە كۆڭلەك كىيىپ، ئاق ياغلىق ئارتىپ كىچىك تەلپەك كىيىدۇ.

**جۇۋانلىق** ئى. جۇۋان بولغان مەزگىل ۋە بۇ مەزگىلدىكى خۇسۇسىيەت، خاراكتېر.

**جۇۋاۋا** ئى [خەن] <يېم> ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ پىتىر خېمىردىن كىچىك ئېچىلغان جىلتىگە قىيما سېلىپ تۈگۈلۈپ، قايناق سۇدا پىشۇرۇلىدۇ.

**جۇۋاينىمەك** ئى «ئۆلگۈر» دېگەن مەنىدىكى ھاقارەت سۆزى: ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا: — قولى قۇرۇپ كەتكۇر جۇۋاينىمەكلەر، خۇدا زاۋالىڭنى بېرەر ئىلاھىم، — دەپ قارغاپ زارلىماقتا ئىدى.

**جۇۋۇشكا** ئى. بىر قاتار تۆگمىنىڭ ئالدىدىكىسىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئېسىلىدىغان كىچىك قوڭغۇراق.

**جۇۋىچى** ئى. جۇۋا تىكىپ ساتقۇچى.

**جۇۋىچىلىق** ئى. جۇۋا تىكىش ئىشى، كەسپى: ئۇلارنىڭ ئۆيىدە جۇۋىچىلىق قىلىدىغانلار يوق.

**جۇۋىسىز** سۈپ. جۇۋىسى يوق، جۇۋا كىيمىگەن: جۇۋىسىز ئادەم. // جۇۋىسىز يۈرمەك.

**جۇۋىلىق** سۈپ ① جۇۋىسى بار، جۇۋا كىيگەن: جۇۋىلىق ئادەم. ② جۇۋا تىكىشكە يېتىدىغان، لايىق، باب: بىر جۇۋىلىق تېرە بار.

**جۇۋىنە** ئى [پ] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل سېرىق كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، خوتەن، قەشقەردە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**جۇيازا** ئى [خەن] <كىي> ئۆرە ياقىلىق پاختىلىق كالتە چاپان.

**جۆپ - جۆدۈن** دىيال. يىغىپ - تېرىپ تاپقان، تاپقان - تەرگەن.

**جۆتەك** ئى. دىيال. بىر - ئىككى ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**جۆجەي** ئى. دىيال. ئېغىز دۇرۇق: يۇگەننىڭ ئېغىز دۇرۇقى.

**جۆگدا** سۈپ. دىيال. جېدەلخور، جوداچى.

**جۆمەك** ئى. دىيال. بەش - ئالتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**جۆنەتمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۆنەشمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جۆنەلمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاغىل تورپاق بىر دىنلا يانغا جۆنەلدى.

**جۆنتۈمەك** پ. دىيال. كاپشىماق، ۋالاقشىماق، ئويلىماي گەپ قىلماق.

**جۆندەتمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۆندەشمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جۆندەك** سۈپ. دىيال. جۇل - جۇل، يىرتىق.

**جۆندەلمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جۆندىمەك** پ ① ئوڭشىماق، تۈزىمەك، بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلماق: هارۋىنى جۆندىمەك. ② كۆچمە. ئەدىپىنى، جازاسىنى بەرمەك؛ جايلىماق، بابلىماق: — سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ ئۆلەرمەنلەرنى جۆندەپلا، باتۇر بولماق- چىمۇ، — دېدى تۆمۈر پولاتقا. ③ كۆچمە. باشقىلارنى ئالدىماق، گوللىماق، بابلىماق: — سەن ئۆتكەن قېتىممۇ مېنى جۆندىگەنىدىڭ، بۇ قېتىم يەنە... — دېدى سودىگەر غەزەپلىنىپ.

**جۆنمەك** پ. يولغا چىقماق، كەتمەك: ھاجى توختىنىياز زورغا بىر ھومىيىپ، «ئەستەغپۇرۇللا» دېگەن پېتى ئۆز ئۆيى تەرەپكە جۆنىدى.

**جۆۋەندە** ① سۈپ. بۇغداي ئۇنىغا قوناق ئۇنى ياكى باشقا قارا ئاشلىق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلغان: جۆۋەندە نان. ② ئى. ئاشۇنداق ئارىلاشما ئۇندا يېقىلغان نان: ئاپام بۈگۈن بىر تونۇر جۆۋەندە ياقتى.

**جۆيلۈشمەك** «جۆيلۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جۆيلۈمەك** پ ① ئۇخلاۋېتىپ قالايمىقان سۆزلىمەك: ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، قالايمىقان جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. يالغان - ياۋىداق، پاكىتسىز گەپ قىلماق، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك: — نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دېدى كامال مۇئەللىم ئالدىدىكى ئادەمگە، — بۇ گەپلىرىڭ بىلەن سەن قانۇن ئالدىدا جاۋاب بېرىپ قالمىغىن يەنە.

**جۈپ** [پ] ① سۈپ <مات> ئىككىگە قالدۇقسىز بۆلۈنىدىغان، تاق بولمىغان؛ تاقنىڭ ئەكسى (پۈتۈن سانلار ھەققىدە): جۈپ سانلار. * دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق (ماقال). ② سۈپ. بىر خىلدىكى ئىككى، قوش: ئىككى غېرىچتەك ئېگىزلىكتە ئۆسكەن گۈل شېخىدا ئېچىلىشقا تەييار تۇرغان بىر جۈپ غۇنچە يانمۇيان ئېسىلىپ تۇراتتى. ③ ئى. بىر - بىرىگە ماس، جور، دائىم بىرگە بولىدىغان ياكى بىر ئىش ئۈچۈن بىرلەشكەن ئىككى ئادەم، نەرسە ياكى جانىۋار: بىر جۈپ كۆك كەپتەر. ④ ئى . رەپىقە، جورا (بىر - بىرىگە نىسبەتەن): — ھالال جۈپتۈم ۋىرانى تۈل قىلماقچى، شۇنداق ئەمەسمۇ، مەن بۇ ئۇرۇشقا قارشى ! — دېدى خوخۇل گىرىگورى ئەزىمەتكە قاراپ غەزەپ بىلەن.

**جۈپ سان** <مات> 2 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان پۈتۈن سانلار. مەسىلەن، 2، 4، 6، 8 قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**جۈپ سۆز** <تىل> ئىككى بۆلەكنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك. ئۇلار ياسالما سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى، جۈملىدە بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. «ئاتا - ئانا، ئەگرى - بۈگرى» گە ئوخشاشلار.

**جۈپتەك** ئى. ئىنچىكە ۋە كىچىك نەرسىلەرنى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ.

**جۈپتەكلىمەك** پ ① جۈپتەك بىلەن قىسماق. ② ئىككى قولنى جۈپلەشتۈرمەك، جۈپلىمەك: ئامىنە چۆچۈپ، قوللىرىنى جۈپتەكلەپ، تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**جۈپ- جۈپ** بىرقانچە جۈپ: قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە جۈپ - جۈپ كېپىنەكلەردەك كۆرۈندى.

**جۈپسىز** سۈپ. جۈپى يوق، تاق: بۇۋىھەجەر جۈپسىز بولسىمۇ، بۇ كۆڭۈللۈك، ئاددىي، لېكىن ئالتۇن خەجلەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان مېھماندارچىلىققا قاتنىشىپ قالدى.

**جۈپلەتمەك** «جۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۈپلەشمەك** پ ① ئىككى نەرسە بىر - بىرىگە تېگىشمەك؛ جۈپ ھالىتىگە كەلمەك: جۈپتەكنىڭ قىسقۇچلىرى ئېگىلىپ كەتكەچكە، ياخشى جۈپلەشمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ② جۈپى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماق، جۈپى بىلەن بىر يەردە بولماق، قوشۇلماق: ئىلگىرى كوچا - كويلاردا، كىشى كۆرۈپ قالىدىغان ئۇچۇقچىلىقتا ئىتلار جۈپلىشىپ قالسا، كىشىلەر تاش ئېتىپ قوغلىۋېتەتتى. * كەپتەر يىلىغا بىر قانچە قېتىم جۈپلىشىپ، بىر قانچە قېتىم تۇخۇم تۇغىدۇ ۋە بالا چىقىرىدۇ. ③ بىر - بىرىگە تېگىشمەك، قۇچاقلاشماق: ئۇ دالاندا جۈپلىشىپ قالغان بىر جۈپ گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى - دە، تۇۋلىۋېتىشكە ئاز قالدى.

**جۈپلەكسىز** سۈپ. جۈپلەكلىك ئەمەس، جۈپلەنمىگەن: جۈپلەكسىز كارۋاتلار.

**جۈپلەكلىك** سۈپ. جۈپلەپ قويۇلغان، جۈپلەنگەن: ئىككىمىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا بىر ياتاقتا ياتاتتۇق. ياتاق تار بولغاچقا، كارىۋىتىمىزمۇ بىر - بىرىگە جۈپلەكلىك ئىدى.

**جۈپلەنمەك** «جۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جۈپلۈك** سۈپ. جۈپى بار، جۈپى بولغان: — ئەي مەلىكە، — دېدى ئېمىكئانا تەسەللى بېرىپ، — ئەزەلدىن ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپلۈك قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا رازى بولۇشتىن باشقا ئامال يوق. ئۆزلىرىنى جوۋاتمىسىلا.

**جۈپلىمە** سۈپ. جۈپلەپ قويۇلغان، جۈپلىنىدىغان، جۈپلەنگەن: جۈپلىمە ياغاچ.

**جۈپلىمەك** پ. ئىككىنى بىر قىلماق، بىر جۈپ - بىر جۈپ قىلماق؛ ئىككىسىنى بىر يەرگە يېقىنلاشتۇرماق: خىزمەتچى چىقىپ كەتتى، ياقۇپ پۈتلىرىنى جۈپلەپ، تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

**جۈتىرەڭچىلىك** ئى. دىيال. جۈتچىلىك، قەھەتچىلىك، قىسچىلىق: ئەتىياز بولۇشى بىلەن تەڭ، بىزنىڭ بۇ يەرلەر جۈتىرەڭچىلىك بولۇپ كېتىدۇ.

**جۈتىرىمەك** پ. دىيال. جۈتەقىماق، جۈتكە يولۇقماق.

**جۈجە** ئى. دىيال ① بىر خىل يۇمىلاق مېتال تەخسە. ② ئىچىدە ئويمىقى بار بىر خىل قاسقان.

**جۈجەك** ئى. دىيال. چۈجە.

**جۈجەم** ئى. دىيال. ئۈجمە: كۆك كەپتەر ئوتۇرادۇ، ئاق جۈجەمنىڭ باشىدا، بىزنىڭ يارلار ئوتۇرادۇ، ئېگىز تاغنىڭ باشىدا.

**جۈجۈلە** ئى <بوت> نەشپۈتنىڭ بىر خىلى: ئۇلاپ قويدۇم نەشپۈت جۈجۈلە، كەلمىدىلە ساقلىدىم ئاخشام كېلەي دېۋىدىلە.

**جۈخارگۈل** ئى [جۈخار + گۈل] <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سېپى بولىدۇ، گىرۋىكىدە يېرىقچىلىرى ياكى چىشلىرى بولىدۇ. كۈزدە چېچەكلەيدۇ، مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئاق جۈخارگۈلنى چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ سېرىق، ئاق جۈخارگۈل دورا بولىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، جىگەرنى تىنچلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولى بار.

**جۈدەتمەك** «جۈدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېغىر خىزمەت ئۇنى خېلىلا جۈدىتىۋەتكەنىدى.

**جۈدەڭ** سۈپ. ئورۇق، ياداڭغۇ: جۈدەڭ ئادەم.

**جۈدەڭگۈ** سۈپ. جۈدىگەن، ئورۇقلىغان، جۈدەڭ: ئۇنىڭ بۇ جۈدەڭگۈ چىرايىدىن چوڭقۇر دەرد - ئەلەم چىقىپ تۇراتتى.

**جۈدەڭگۈلۈك** ئى. جۈدىگەن ھالەت، ئورۇقلۇق، جۈدەڭلىك.

**جۈدەڭلىك** ئى. ياداڭغۇلۇق، ئورۇقلۇق، جۈدەڭگۈلۈك.

**جۈدىمەك** پ. ئورۇقلىماق، يادىماق: قادىر خېلىلا جۈدەپ، كۆزلىرىنىڭ تېگىدە كۆكۈچ ئىزلار پەيدا بولغانىدى.

**جۈرئەت** ئى [ئە] ① خەۋپ - خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي قىلىنغان غەيرەت، جاسارەت: جۈرئەت قىلماق.

② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جۈرئەتسىز** سۈپ. جۈرئىتى يوق، خەۋپ ـ خەتەردىن، قىيىنچىلىقلاردىن قورقىدىغان، بىرەر ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، جاسارەتسىز، ئىرادىسى بوش: جۈرئەتسىز ئادەم.

**جۈرئەتسىزلەندۈرمەك** «جۈرئەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تىكىلىپ قارىغۇچىلارنى جۈرئەتسىزلەندۈرىدىغان ئۆزگىچە خاس نۇر پەيدا بولدى.

**جۈرئەتسىزلەنمەك** پ. جۈرئىتىنى يوقاتماق، ئىرادىسى بوشاپ كەتمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىزلىنىپ، پەرىزاتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ قويغىنىغا، رەت قىلىشتا چىڭ تۇرالمىغىنىغا ئۆكۈنەتتى.

**جۈرئەتسىزلىك** ئى. جۈرئىتى يوقلۇق، غەيرەتسىزلىك: جۈرئەتسىزلىك قىلماق.

**جۈرئەتلەنمەك** پ. جۈرئەت قىلماق، پېتىنماق: ئۇ بىردىنلا جۈرئەتلىنىپ، روشەننىڭ نازۇك قوللىرىنى ئۆزىنىڭ يوغان ئالقىنىغا ئېلىپ قىستى.

**جۈرئەتلىك** سۈپ. جۈرئىتى بار، جۈرئەت قىلالايدىغان، پېتىنالايدىغان؛ جەسۇر، غەيرەتلىك: جۈرئەتلىك قىز.

**جۈزنەك** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق ياكى سۆسۈن ئارىلاش بولۇپ، خۇشبۇي پۇرايدۇ، غولىدىن ئاروماتىك مايلارنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنى يەنە دورىغا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جۈزئىي** سۈپ [ئە] ① ئۇنچە چوڭ، مۇھىم، جىددىي بولمىغان؛ ئەرزىمىگەن، ئەھمىيەتسىز: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى جانلاندۇرۇلمىسا، جۈزئىي تارماقلارنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم قاتتىق چەكلىنىپ قالىدۇ. ② <لوگ> قىسمەن: جۈزئىي ھۆكۈم.

**جۈزئىيلىك** ئى <پەلس> شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى مەلۇم بۆلەك، مەلۇم جەھەت ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى مەلۇم باسقۇچ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② قىسمەنلىك.

**جۈسەي** ئى [خەن] <بوت> ← **كۈدە**.

**جۈسۈن** ئى. تەق ـ تۇرق، قىياپەت، شەكىل: بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ جۈسۈنىگە ماس كەلمەيدىغان سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

**جۈسۈنلەتمەك** «جۈسۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۈسۈنلۈك** سۈپ. تەق ـ تۇرقلۇق، بەستلىك.

**جۈسۈنلىمەك** پ. بىرنەرسىنىڭ تۇرقىنى، شەكلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك: ئۇنىڭ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئېڭىكىنى تىرەپ، بىر نۇقتىغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى جۈسۈنلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

**جۈكتۈ** سۈپ.دىيال بېخىل، پىخسىق.

**جۈلگۈمەك** پ. دىيال ① مىلتىقنىڭ ئىچىدىكى كىرنى تازىلىماق. ② زەڭ قويماق، بىرنەرسىنىڭ تۇرقىنى، شەكلىنى ئېنىق بىلىۋالماق.

**جۈمە** ئى [ئە] ① دۈشەنبىدىن ھېسابلىغاندا ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنىنىڭ نامى؛ ئازنا. ② <دىن> جۈمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا، جامەدە جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز: جۈمەدىن يانغان جامائەت ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جۈمەك** ئى [پ] تۈرلۈك ئەسۋابلار ياكى سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ سۇ چۈشۈرىدىغان ئېغىزى.

**جۈمەكلىك** سۈپ. جۈمىكى بار، جۈمەك ئورنىتىلغان.

**جۈمەلەتمەك** «جۈمەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋەزىر گومۇش شاھزادىنى قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە جۈمەلىتىپ ئاپىرىپتۇ.

**جۈمەلىمەك** پ ← **ئازنىلىماق**: — نېمىشقا جۈمەلەپ بارمايسىز؟ بىزنىڭغۇ دېمەڭ، ئۆز ئانىڭىزنىڭ قەدىمى جايىنىمۇ سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ھەجەرگە ئۆگەي ئانا مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ.

**جۈملە** ئى [ئە] ① <تىل> تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى: سوراق جۈملە. ئۈندەش جۈملە. ② بىر تۈردىكى مەلۇم جەھەتتىن بىر خىل بولغان نەرسە، ھادىسە ياكى كىشىلەر يىغىندىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى: تىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**جۈملىدىن** باغل. سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، «شۇنىڭدەك»، «شۇنىڭ بىلەن بىللە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: گۈزەردىكى دۇكانلاردىن ئۈچ ـ تۆتىلا ئوچۇق، جۈملىدىن ھەسەن ئەلىمۇ يېرىم ئوچۇق دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇراتتى.

**جۈملىمۇجۈملە** جۈملىنىڭ رەت تەرتىپى بىلەن؛ بىر جۈملىدىن كېيىن يەنە بىر جۈملە: پادىشاھ پۈتۈكچىسىنى چاقىرىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە دانىشمەنىنىڭ سۆزلىرىنى جۈملىمۇجۈملە يازدۇرۇپتۇ.

**جۈن** I ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەنىڭ ئىشتات بىرلىكى. ئۇنىڭغا بىرقانچە دىۋىزىيە قارايدۇ.

**جۈن** II سۈپ. دىيال. ھۆل بىلەن قۇرۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى، نەم، شىرشىم.

**جۈنتۈەن** ئى [خەن] <ھەرب> ئېلىمىزنىڭ قىزىل ئارمىيە مەزگىلىدىكى جىتۈەنجۈنگە تەڭ بولغان ئىشتات بىرلىكى. بەزى دۆلەتلەردىكى جۈنتۈەن ئېلىمىزنىڭ جۈنى (كورپۇس) بىلەن تەڭ.

**جۈنجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> بىرەرجۈنگە قوماندانلىق قىلغۇچى ھەربىي ئەمەلدار، كورپۇس كوماندىرى.

**جۈنجاڭلىق** ئى. جۈنجاڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپە، ئىش.

**جۈنۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> بەزى دۆلەتلەردىكى ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاۋۋېيدىن تۆۋەن، شاڭشىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جې** «ج» ھەرپىنىڭ نامى.

**جېدەل** ئى [ئە] غەلۋە، جاڭجال، ماجىرا، ئۇرۇش ـ تالاش: كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل (ماقال).

**جېدەل ئوينىماق** دىيال. جېدەل چىقارماق، جېدەلگە ئارىلاشماق: يەنە جېدەل ئوينىمىغايسەن.

**جېدەلچى** ئى. جېدەل چىقارغۇچى، جېدەل پەيدا قىلغۇچى، جېدەلخور ئادەم.

**جېدەلخور** سۈپ. دائىم جېدەل چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ جېدەلگە ئامراق، ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق: جېدەلخور بالا.

**جېدەلخورلۇق** ئى. دائىم جېدەل چىقىرىش ۋە شۇنداق ئادەت: جېدەلخورلۇق ياخشى ئادەت ئەمەس.

**جېدەلكەش** سۈپ. جېدەل چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن، جېدەلخور.

**جېدەلكەشلىك** ئى. ھەمىشە جېدەل قىلىش ۋە مۇشۇنداق ئادەت.

**جېدەللەتمەك** «جېدەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمەر باي: — ۋاق ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. خاماننى جېدەللىتىش كېرەك، — دەپ تاپىلىدى نۇرۇمغا.

**جېدەللەشتۈرمەك** «جېدەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جېدەللەشمەك** پ. جېدەل پەيدا قىلماق، ئۇرۇش - تالاش قىلماق، ماجىرالاشماق، غوۋغا چىقارماق: بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى خوتۇنى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئەپەندىمگە دادلاپتۇ.

**جېدەللىمەك** پ ① تېزلىكىنى، سۈرئىتىنى ئاشۇرماق؛ تېزلەتمەك، ئالدىرىماق: ئۇلار بارا - بارا يېقىنلىشىپ، جېدەللەپ ئات چاپتۇرماقتا ئىدى. ② كۆچىمەك.

**جېدەل - ماجىرا** جېدەل ۋە ماجىرا: جېدەل - ماجىرا قىلماق.

**جېسەك** ئى تارس. چارلاش، كۆزىتىش، تەكشۈرۈش: سېپىل سىرتىدا جېسەكتە تۇرغان چىلىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ يۆتىلىشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

**جېسەكچى** ئى. كېچىدە چارلاش ئېلىپ بارىدىغان، قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان، تەكشۈرىدىغان ئادەم: ئەمدى سۈچىلارنىڭ، ئوتۇنچىلارنىڭ، تۇزچىلارنىڭ، جېسەكچىلەرنىڭ ئاھاڭلىرىنى ھەرگىز ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

**جېسەكچىلىك** ئى. چارلاش، كۆزەتچىلىك قىلىش ئىشى: جېسەكچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، تۈنلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزىدىغان گەپ.

**جېغىرىماق** پ. دىيال. شاراقلىماق (سېغىزخان ھەققىدە).

**جېكىلەتمەك** «جېكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جېكىلەشمەك** «جېكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جېكىلەنمەك** «جېكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خەتتە راشىدىنجانغا تۇرمۇش جەھەتتىن ياخشى غەمخورلۇق قىلىش ئالاھىدە جېكىلەنگەنىدى.

**جېكىلىمەك** پ. تاپىلىماق، تاپشۇرماق، تەكىتلىمەك: ئانا تىلىۋالدىغا ئۆگزىگە چىقماسلىقنى يەنە بىر قېتىم جېكىلەپ قويۇپ ئولتۇردى.

**جېمە** ئى. دىيال. تاپا - تەنە، غەيۋەت - شىكايەت؛ سۆز - چۆچەك.

**جېنەستە** ئى <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ئاقۇچ چېچەكلەيدۇ، مېۋىلەر ئىچىدە ئۇجمىگە ئوخشاش ئەڭ بالدۇر پىشىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**جېنەستىلىك** ئى. مەخسۇس جېنەستە تىكىلگەن يەر، جېنەستە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن باغ.

**جېنتىيانا** ئى [لات] <بوت> جېنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزىنى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش رولى بار.

**جېندەن** ئى [خەن] قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ جۇڭگونى ئاتىشى. بۇ سۆز سانسكرىتچە Cinsthana نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى: جېندەن دەۋرى. جېندەن سىستېمىسى.

**جېندى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي قىسىملار ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىگىلىگەن جاي. بۇ جايلارغا ئادەتتە ئىستىھكاملار قۇرۇلىدۇ.

**جى** ئى. دىيال. ۋەسقە، ھۆججەت، تىلخەت.

**جىپ** ئى [ئىنگ] <ماشىن> ئۆزى يېنىك، ئەمما ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى بىر خىل ئاپتوموبىل. ئۇ ئېگىز - پەس، ئوي - دوڭغۇل يوللاردا مېڭىشقىمۇ مۇۋاپىقلاشقان.

**جىپسا** رەۋ. ئارىلىقىدا بوشلۇق قالمىغان، زىچ، دەل، ھىم: جىپسا كەلمەك.

**جىپسلاتماق** «جىپسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىپسلاشتۇرماق** «جىپسىلاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مەرمەر تاشنى يەنە ئاۋۋالقىدەك جىپسىلاشتۇرۇپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى.

**جىپسلاشتۇرۇشماق** «جىپسىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىپسلاشتۇرۇلماق** «جىپسىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىپسلاشماق** پ ① جىپسا ھالىتىگە كەلمەك، ھىملاشماق، مۇستەھكەم بىرلەشمەك؛ بىر گەۋدىگە ئايلانماق: بۇ ئىككى تاختاينىڭ تۇتاشقان جايى ياخشى جىپسىلىشىپتۇ. ② ماسلاشماق.

**جىپسلانماق** «جىپسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىپسلىق** ئى. زىچ، ھىم بولۇش، ھىملىق.

**جىپسلىماق** پ. ئارىلىقىدا بوشلۇق قالدۇرماي جۈپلىمەك؛ ھىملىماق: بىز تاختايلارنى جىپسىلاپ يەملەشكە باشلىدۇق، ئۇستام رەندىلەشكە تۇتۇندى.

**جىتۆەنجۈن** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى بىر گۇرۇپپا. ئۇنىڭغا بىرقانچە جۈن ياكى شى قارايدۇ.

**جىجە** ئى. دىيال. موما، چوڭ ئانا: جىجەم كەلدى.

**جىجۇۋۇي** سۈپ. دىيال. تېتىك، جانلىق.

**جىجلاق** سۈپ. دىيال. جېدەلخور، يىغلاڭغۇ.

**جىجىماق** I پ. جان ت . تىغ، شوخا، ياغاچ قاتارلىقلار بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدە جىجىق ھاسىل قىلماق ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىنى تىلماق: كەپسىز باللار مىخ بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ سىرىنى جىجىدى.

**جىجىماق** II پ. دىيال. تەگكۈزمەك، سۈركىمەك: دورا - دەرمانلىق چاينى لېۋىگىمۇ جىجىماستىن...

**جىجىق** ئى. جان ت . جىجىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىز، سىزىق.

**جىددىي** سۈپ [ئە] ① پۇختا ئويلاپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان؛ كەسكىن، قەتئىي: جىددىي ئادەم. ② ئەھمىيىتى چوڭ، تېز بىر تەرەپ قىلىش لازىم بولغان؛ مۇھىم، زۆرۈر: جىددىي مەسىلە. ③ قىلچە ساختا بولمىغان؛ چىن، راست، ھەقد-

قىي: ھەربىر ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا ئاكتىپ، جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىم. ④ يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان؛ جاپالىق، تەس، قىيىن: جىددىي كېسەللىك. جىددىي ئەھۋال. ⑤ ئالدىراش، تېز، مۇھىم: جىددىي ۋاقىت. جىددىي پەيت. ⑥ ناھايىتى قاتتىق، ئىنتايىن كۈچلۈك: جىددىي تەلەپ. جىددىي ئارزۇ.

**جىددىيلەشتۈرمەك** «جىددىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۈسۈپ چۆيۈننىڭ بۇ گېپى ئەخمەتجاننى جىددىيلەشتۈردى.

**جىددىيەت** ئى [ ئە ] يىزت. جىددىيلىك، جىددىي ئەھۋال.

**جىددىيلەشتۈرۈشمەك** «جىددىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىددىيلەشتۈرۈلمەك** «جىددىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىددىيلەشمەك** پ ① جىددىي ھالەتكە كەلمەك، كەسكىن تۈس ئالماق؛ كەسكىنلەشمەك: مۇساجاننىڭ ئېيتىشىچە، مۇزات تەرەپتە ئەھۋال كۆرۈنەرلىك جىددىيلىشىپ قاپتۇ. ② جىددىي كۆرۈنۈش ئالماق، جىددىي تۈسكە كىرمەك: قىز گاھىدا جىددىيلىشىپ كېتەتتى، گاھىدا قىزغىن پاراڭ ئارىسىدا بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ كۈلەتتى.

**جىددىيلىك** ئى. جىددىي ھالەت ياكى ئەھۋال: ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

**جىر** ئى. ناخشا، غەزەل، كۈي: ئۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان جىرلىرى تاغ باغرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

**جىرا** ئى. تاغ جىلغىلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي ئېرىق.

**جىرتاق** ① سۈپ. ھەر خىل زەخىملىنىش سەۋەبىدىن كۆز قاپىقىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلغان؛ قىڭغىر، قىيسىق: جىرتاق كۆز ئادەم. ② ئى. فىزىيولوگىيەلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاشۇنداق ئەيىبكە ئىگە بولغان كىشى: ھېسامىدىننىڭ كۆزى چاڭ ـ توزاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنىڭ يېشىنى ئېقىتىپ يېنىدا تۇرغان روزى جىرتاققا چۈشتى.

**جىرجو** ئى. دىيال. توخۇ باقىدىغان دۇم سېۋەت.

**جىرچى** ئى. جىر ئېيتقۇچى، ناخشا ـ قوشاقچى.

**جىرغا** ئى. ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن، ئارغامچا ياكى پالاس قاتارلىقلارنى پاراللېل ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچقا ئورنىتىپ ياسالغان ناسىلكا: جىرغىغا سالماق. جىرغىدا توشۇماق.

**جىرغاتماق** «جىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىرغاشماق** «جىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىرغىلاق** ئى. دىيال. باللار ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك.

**جىرغىلاڭ** ئى. ساي: ئۇ ياق ـ بۇ ياققا چاپقان باللارنىڭ كۈلكىسىدىن، باياتىن بېرى پۈتۈن جىرغىلاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىق بىردىنلا بۇزۇلۇپ، تاغ ـ تاشلار جانلىنىپ كەتتى.

**جىرغىماق** پ. ئېتىلىپ چىقماق، تەپچىمەك: مۇھەممەدنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن جىرغىپ چىققان قان كەتمەننىڭ سېپىنى قىپقىزىل بويىدى.

**جىرقاي** ئى. دىيال. سۇ بۆلگۈچ.

**جىرمە** ئى <بوت> پۈرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. بۇ خىل چاتقاللار ئادەتتە كۆكەرتىش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تىكىلىدۇ.

**جىرس** ئى. چالا تاسقالغان بۇغداي ئۇنى، يەنى قېلىن ئەگلەكتە تاسقاپ يۇمشىقى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن شالاڭ ئەگلەكتە تاسقاپ، يىرىك كېپەكى ئايرىۋېتىلگەن يۇمشاق كېپەكلىك ئۇن.

**جىرىڭ** تەق. قوڭغۇراق قاتارلىق مېتال ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشى ۋە سىلكىنىشىدىن چىقىدىغان ئىنچىكە، زىل ئاۋاز.

**جىرىڭ ـ جىرىڭ** «جىرىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جىرىڭگىدە** رەۋ. «جىرىڭ» قىلغان ھالدا، «جىرىڭ» قىلىپ: تېلېفون جىرىڭگىدە قىلدى.

**جىرىڭلاتماق** «جىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابدۇراھمان ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

**جىرىڭلاشماق** «جىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىمدۇر پىنھاندا تۇرار پىچىرلىشىپ، زۇلپى زۇننارى تېخى جىرىڭلىشىپ.

**جىرىڭلىماق** پ. «جىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىرىڭ ـ جىرىڭ» قىلماق: تېلېفون جىرىڭلىدى. * تېلېفوننى جىرىڭلىمىسۇن دەپ سىمىنى ئۈزۈۋەتتىم.

**جىرىم** I ئى [ئە] <ئورم> كۆچۈرۈپ تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەرەخ شېخى ياكى نوتىسى، كۆچەت: جىرىم تىكمەك.

**جىرىم** II ئى. دىيال. جوتۇ، ئوتىغۇچ ۋە شۇ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئېتىزنى جىراپ چىقارغان كىچىك ئېرىقچە، چۆنەك: جىرىم تارتماق. جىرىم تارتىپ تېرىماق.

**جىرىم** III ئى. دىيال. بەلباغ، تاسما.

**جىرىم** IV ئى. دىيال. مۇز: جىرىم باغلىماق.

**جىرىم باغلىماق** دىيال. مۇز تۇتماق: سۇلار جىرىم باغلىغاندا.

**جىرىم ـ جىرىم** دىيال. تال ـ تال، يول ـ يول: ئالقىنىدىكى جىرىم ـ جىرىم سىزىقلار.

**جىرىملىق** ئى. جىرىم تىكىلگەن يەر: ئۇلار پاراڭلاشقاچ جىرىملىققا يېتىپ كېلىشتى.

**جىز** تەق ① دەز كەتكەن قازان قاتارلىق نەرسىلەرگە بىر نەرسە تەگكەندە چىققان ئاۋاز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار. ② بەدەننىڭ مەلۇم بىر جايى قاتتىق ئۇيۇشۇپ ئاغرىغاندا ھاسىل بولغان بىر خىل ئاغرىق سېزىمى.

**جىزا** ئى [خەن] پىلتا قىلىنغان خېمىر: راھىلە قالغان ئىككى جىزىنى ئوغلىغا سېلىپ بەردى.

**جىز-جىز** «جىز» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جىززىدە** رەۋ. «جىز» قىلغان ھالدا، «جىز» قىلىپ.

**جىزىلداتماق** «جىزىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىزىلداشماق** «جىزىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىزىلدىماق** پ ① «جىز ـ جىز» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىز ـ جىز» قىلماق: تومۇزغىلارنىڭ جىزىلداشلىرى بەزىدە بىزنىڭ قىزىق پاراڭلىرىمىزنىمۇ بېسىپ كېتەتتى. ② بەدەننىڭ مەلۇم جايىدا «جىز» قىلغاندەك سېزىم پەيدا بولماق ياكى شۇ خىل تۇيغۇ بېرىپ ئاغرىماق؛ زىڭىلدىماق: بىركىم تىرنىقىمنىڭ ئارد-

سىغا يىغىنە سانجىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جىمىلداپ كەتتى.

**جىس** سۈپ. دىيال ① خىلۋەت، قورقۇنچلۇق. ② سوغۇق چىراي، يىرگىنىشلىك.

**جىسا** ئى [خەن] كونا جەمئىيەتتە بىرەر رايون ياكى يېزىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل يەرلىك ئەمەلدار.

**جىسالىق** ئى . جىساغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە: جىسالىق قىلماق.

**جىسكىمەك** پ. دىيال. يىرگىنمەك، قورقماق، ھەزەر ئەيلىمەك.

**جىسمانىي** سۈپ [ئە] كىشىنىڭ جىسمى، ۋۇجۇدى ۋە ئورگانىزمىغا ئائىت، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولغان: جىسمانىي ئەمگەك.

**جىسمانىيەت** ئى [ئە] جىسمانىي جەھەتتىكى قابىلىيەت، جىسمانىي كۈچ، جىسمانىي ئىقتىدار.

**جىسىم (جىسمى)** ئى [ئە] ① <فىز> مەلۇم بوشلۇقنى ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان ماتېرىيال، ماددا: سانسىز يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان ئاسمان جىسىملىرىمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ② تەن، ۋۇجۇد، بەدەن: ئىسمى بار، جىسمى يوق (ماقال).

**جىسىمسىز** سۈپ. جىسمى يوق، جىسمى بولمىغان: چۆكۈۋاتقان بۇ نەرسە سۇدەك رەڭسىز، يوقلۇقتەك جىسىمسىز، بەلكى لۇغەت ۋادىسىدا ئىسىمسىزدۇر.

**جىغ** تەق. چۆچۈش ۋە قورقۇشتىن ھاسىل بولغان يۈرەكنىڭ بىر خىل سىلكىنىش ھالىتى: يۈرىكى «جىغ» قىلماق.

**جىغا** I ئى <كىي> يېزىت. ئۇستىگە پۆپۈكچە ياكى چېچەك ئورنىتىلغان باش كىيىمى.

**جىغا** II ئى. دىيال. جىرغا، چىرغا.

**جىغان** ئى <بوت> جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. گۈلى ئاززاق سېرىق بولىدۇ؛ مېۋىسى سوقىچاق، كىچىك ۋە سۇلۇق بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ.

**جىغانلىق** ئى. جىغان ئۆسكەن، جىغان بىلەن ئورالغان يەر.

**جىغاناق** پ. دىيال. كېرىلمەك: ئادەمگە قاراپ جىغانما.

**جىغ - جىغ** «جىغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جىغغىدە** رەۋ. «جىغ» قىلغان ھالدا، «جىغ» قىلىپ.

**جىغىلداتماق** «جىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىزنىڭ بۇ قارىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى.

**جىغىلداشماق** «جىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىغىلدىماق** پ. «جىغ - جىغ» قىلغان سېزىم پەيدا قىلماق، «جىغ - جىغ» قىلماق: ھويلا ئىشىكى غىچىرلىدى. گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى.

**جىغماق** I پ. دىيال. تاشلىماق، چۆرىمەك: ئەركىن جىلتىسىنى ئۆگزىگە جىغىۋېتىپ، بازارغا چاپتى.

**جىغماق** II پ. دىيال، سىيمەك.

**جىق** سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، تولا: جىق ئادەم. جىق كىتاب. // جىقنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ (ماقال).

**جىقايتماق** «جىقايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

گەپنى جىقايتماق. ساننى جىقايتماق.

**جىقايماق** پ. جىق بولماق، كۆپەيمەك، جىقلىماق: شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە جىقايماقتا ئىدى.

**جىققىدە** سۈپ. خېلى جىق، خېلى كۆپ.

**جىقلاتماق** «جىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گەپنى جىقلاتماق. ئىشنى جىقلاتماق.

**جىقلانماق** «جىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىقلىق** ئى. كۆپلۈك، ئارتۇقلۇق: كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز، ئادەتتىكى شارائىتلاردا جىقلىق قىلمايدۇ.

**جىقلىماق** پ ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپەيمەك، ئاۋۇماق: ئادەم بەك جىقلاپ كەتتى. ② تولۇقلىماق، تولدۇرماق: پىيالىگە چاي جىقلىماق.

**جىك** ئى. دىيال. كېسەلدىن كېيىنكى بەدەن ئاجىزلىقى، زەئىپلىك، كېسەل.

**جىكىلەنمەك** پ. دىيال. كېسەل بولماق.

**جىگەر** ئى [پ] ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىنىڭ بىرى. ئادەمنىڭ جىگىرى قورساق بوشلۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ ئىككى قاناتلىق بولىدۇ. رولى: ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش، ھايۋان كىراخمالىنى زاپاس ساقلاش، ئاقسىل ماددىسىنى تەڭشەش، ماي ۋە كاربون بىرىكمىلىرىنىڭ مېتابولىزمىنى تەڭشەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت: جىگەر راكى. جىگەر رەڭ. جىگەر كاۋىپى. ② كۆچمە. غەيرەت، جۈرئەت: — يىگىتلىك جىگىرىڭ بىلەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر ئىشلىۋەت، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئىشچى سۇپەت كىشى. ③ كۆچمە. سۆيۈملۈك، ئەزىز (كۆپىنچە I شەخس بىرلىك سان قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ): جىگىرىم، قارا سېنى، چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، تونۇماي قاپتىمەن.

**جىگەر - باغرى** ئەڭ يېقىنى؛ سۆيۈملۈكى؛ پەرزەنتى.

**جىگەرپارە** ئى [پ] بىر تۇغقان قېرىنداش؛ پەرزەنت، بالا: بالام، سەن يالغۇز ئوغلۇم، جىگەرپارەمسەن! ئۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز قىلما!

**جىگەرسىز** سۈپ ① جىگىرى يوق، جىگىرى بولمىغان، جىگەرگە ئىگە ئەمەس. ② كۆچمە. جۈرئەتسىز، ئىرادىسىز، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق.: ۋىسال كۆلۈپ يىراقلاردا ئۆي - پىكرىدىن كەچكەندە، جىگەرسىزلەر شۇ ۋىسالدىن قوللار يۇيۇپ بەزگەندە.

**جىگەرسىزلىك** ئى. جىگىرى يوقلۇق، ئىرادىسىزلىك، جۈرئەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق.

**جىگەرلىك** سۈپ ① جىگىرى بار، جىگىرى بولغان، جىگەرگە ئىگە. ② كۆچمە. جىگىرى بار، جۈرئەتلىك ، قورقماس، غەيرەتلىك: جىگەرلىك ئادەم. جىگەرلىك قىز.

**جىگدە** ئى <بوت> ① جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ③ كۆچمە <ئانات> ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى، دىلچىق.

**جىگدە پۇراپ قالماق** بالاغەتكە يېتىپ مۇھەببەت ھېسسىياتى، جىنسىي تەلپىي ئويغانماق: — قىزىڭ جىگدە پۇراپ قالدىمۇ

نېمە؟ بىزنىڭ مەھەللىنى ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى نىياز ئاكا.

**جىگدە ـ جىغان** جىگدە دەرىخى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆسكەن دەل ـ دەرەخ: ئېشەك بولسا سول تەرەپكە تەمشىلەتتى، سول تەرەپتىكى يول قويۇق جىگدە ـ جىغان شاخلىرى ئارىسىدا ئىدى.

**جىگدىچۈك** ئى. قىسماقنىڭ دان بېكىتىلگەن ئىلمىكى، دانچۇق.

**جىگدىچى** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، تۈكلىرى قارا بولۇپ، بېشىدا تاجىسى بولىدۇ؛ ھاشاراتلار ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ بەزى ئاۋازلىرىنى دورىيالايدۇ.

**جىگدىك** سۈپ. دىيال. ۋىجىك.

**جىگدىلىك** ① سۈپ. جىگدە دەرىخى بار، جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: جىگدىلىك باغ. ② ئى. جىگدە دەرىخى ئۆستۈ-رۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: تەكلىماكان چۆلىنىڭ بويىدىكى جىگدىلىك يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**جىگىردەك** ئى <يېم> قوي، كالا مايلىرىنىڭ قازاندا كۆيدۈرۈلۈپ، ماي قىسمى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى.

**جىڭ** I سۈپ [خەن] ① راست، يالغىنى يوق، ئىشەنچلىك: جىڭ گەپ. جىڭ ئادەم. ② باشقا نەرسە ئارىلاشمىغان، ساپ: جىڭ ئالتۇن.

**جىڭ** II ① مىق. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. مىقدارى ئادەتتە ئون سەر ياكى يېرىم كىلوگىرامغا تەڭ بولىدۇ، كونا جىڭ ئون ئالتە سەرگە تەڭ ئىدى: بىر جىڭ گۆش. بىر جىڭ ئۇن. ② ئى. جىڭنى بىرلىك قىلغان ئۆلچىگۈچ، تارازا: جىڭغا سالماق. جىڭدا تارتماق.

**جىڭ باسماق** سالمىقى بولماق، تۇتامغا چىقماق، ئاساسلىق: جىڭ باسمايدىغان گەپلەر. ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار جىڭ باسىدۇ.

**جىڭ** III ئى [خەن] جىڭمۇللەك.

**جىڭپو** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

**جىڭجۈي** ئى [خەن] بېيجىڭ ئوپېراسى: جىڭجۈي تىياتىرى.

**جىڭچى** ئى ① جىڭ ياسايدىغان ئادەم. ② باشقىلارنىڭ مېلىنى جىڭلايدىغان ياكى جىڭ تۇتىدىغان كىشى.

**جىڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئېلىمىزدە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا ۋە چەت ئەلدە ۋيېتنامدا ئولتۇراقلاشقان.

**جىڭغاتماق** «جىڭغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىڭغاشماق** «جىڭغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىڭغىماق** پ ① كۈچەپ، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چىقارماق (سۈيدۈكنى): بالا جىڭغاپ سىيدى. ② ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چىچماق (قۇشلار ھەققىدە): قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتكەن ئوغرى دەرەخ ئۈستىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قورقۇنچلۇقتا تۈلكىگە قارىتىپ جىڭغىۋېتىپتۇ.

**جىڭگۈك** سۈپ. سەلب. «ئورۇق»، «ئاۋاق» دېگەن مەنىدىكى سۆز: جىڭگۈك خوتۇن.

**جىڭگىر** تەق. دۇتار چېلىنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: قولۇم چالسا راۋاب، كۆيلەر مۇقامىڭنى! كەتسۇن جاھان ياڭراپ، جىڭگىر دۇتار قالسۇن.

**جىڭگىل** سۈپ. بۇدۇر، بۇجۇغۇر: جىڭگىل چاچ.

**جىڭگىلەك** ① ئى. چاچنىڭ بۇدۇر، بۇجۇغۇر جايى: چاچنىڭ جىڭگىلىكى. ② سۈپ. جىڭگىل: جىڭگىلەك چاچ.

**جىڭگىلماچ** سۈپ. قالايمىقان، تەرتىپسىز، ئارىلىشىپ كەتكەن؛ چىگىش: جىڭگىلماچ چاچ.

**جىڭلاتماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەممىدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن بىر جەڭچى قوغۇننى جىڭلىتىپ، پۇلىنى تۆلىدى.

**جىڭلاشماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇننى جىڭلىشىپ بولۇپ، ئىشتىن چۈشۈشتى.

**جىڭلانماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈشتىن بۇرۇن تاۋۇزلارنىڭ ھەممىسى جىڭلىنىپ، ئاپتوموبىللارغا بېسىلدى.

**جىڭلىق** I ئى. راستلىق، توغرىلىق، ھەقىقىيلىق: ئۇنىڭ گېپىنىڭ يالغان ئەمەس جىڭلىقى سۆزىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇغۇ!

**جىڭلىق** II سۈپ. جىڭ ئېغىرلىقىدىكى؛ جىڭ كېلىدىغان: بەش جىڭلىق كەتمەن.

**جىڭلىماق** پ. نەرسىلەرنى جىڭغا سېلىپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمەك؛ تارتماق: بوۋاي ئۈچ تال ئالمىنى جىڭلاپ، ئەركىننىڭ شەپكىسىگە تۆكۈپ بەردى.

**جىڭمۇللەك** ئى < يېم > قوناق ئۇنىنى پوم قىلىپ، ئىچىگە قوي يېغى، ياڭاق مېغىزى قاتارلىقلار سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.

**جىڭموما** ئى [خەن] قاسقانغا سېلىپ، هوررداپ پىشۇرۇلغان نان؛ ھورنان.

**جىلا** I ئى. دىيال. سالاسۇن، رېشاتكا.

**جىلا** II ئى. دىيال. جۇلا، يالتىراق.

**جىلە** I ئى [ئە] بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن كۆڭلىدە پەيدا بولغان تىتىلداش، تېرىكىش، خاپىلىق: جىلە بولماق. جىلە قىلماق.

**جىلە** II ئى ① ھايۋانلارنى باغلاش ئۈچۈن ئىككى تال قوزۇققا تارتىلغان تانا: قوينى جىلىگە باغلىماق. ② قىلتاق.

**جىلتا** ئى [ئە] ① ئىچىگە دەپتەر ـ قەلەم سالىدىغان باللار سومكىسى، بوغچا. ② مانتا، سامسا، پەرمۇدە قاتارلىقلارنى تەييارلاشتا، ئىچىگە قىيما ئېلىنىدىغان نېپىز ئېچىلغان خېمىر: جىلتا ئاچماق.

**جىلد** ئى [ئە] ① بىرنەچچە كىتابتىن ئىبارەت ئەسەر، مۇقاۋىلانغان ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر ئايرىم كىتابى، توم. ② مۇقاۋا، قاپ، تاش.

**جىلدلانماق** «جىلدلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىلدلىق** ① سۈپ. جىلدلارغا بۆلۈنگەن: ئۈچ جىلدلىق كىتاب. ② سۈپ. مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان: مۇدەررىس قولىدىكى قىزىل

كۆن جىلدلىق كىتابنى ئېچىپ، ئاۋۋال ئەلشىر ناۋايىنىڭ رۇبائىيسىنى ئوقۇدى. ③ ئى. مۇقاۋىلاشقا، تاشلاشقا، قاپلاشقا مۇۋاپىق، باب كېلىدىغان ياكى يېتىدىغان: بىر جىلدلىق رەخت.

**جىلدلىماق** پ. ئۈستىگە جىلد بېكىتمەك، جىلدقا ئالماق: بۇ كىتابلاردىن بەشىنى قىزىل كۆن بىلەن جىلدلىغانىكەن.

**جىلدىر** تەق. ئېشىك زەنجىرى قاتارلىق نەرسىلەرگە بىرنەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**جىلدىر - جىلدىر** «جىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جىلدىر - جىلدىر قىلماق.

**جىلدىرلاتماق** «جىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىلدىرلاشماق** «جىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىلدىرلىما** ① ئى. بالىلار ئويۇنچۇقى. ئادەتتە يۇمىلاق چەمبەر شەكىللىك بولىدۇ. ئۇنى تومىراق سىم ياكى ئىنچىكە تۆمۈر تاياقچىدىن مۇۋاپىق ياسالغان ئىلمەك قۇرۇلما ئارقىلىق يەردە ياتقۇزۇپ قوييماي، تېز ھەم ئۆزلۈكىدىن ئايلاندۇرۇپ ھەيدەپ ماڭغىلى بولىدۇ: ئۇنىڭ جىلدىرلىمىسى مېنىڭكىدىن ياخشى ھەم يېڭى ئىدى. ② ئى. داپ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىگە بېكىتىلگەن، سىرتقى تەسىرگە ئۇچرىغاندا ئۆزئارا تېگىشىپ، جىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، كىچىك - كىچىك تۆمۈر ھالقا قاتارلىق نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما: ئۇنىڭ دېپىغا تېخى جىلدىرلىما ئورنىتىلمىغانىدى. ③ سۈپ. «جىلدىر - جىلدىر» ئاۋاز چىقىرىدىغان، جىلدىرلايدىغان: ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىكى جىلدىرلىما بىلەزۈكنىڭ ئاۋازى داپ ئاۋازىغا زىل ئاۋاز قوشاتتى.

**جىلدىرلىماق** پ. «جىلدىر - جىلدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىلدىر - جىلدىر» قىلماق.

**جىلدىرلىملىق** سۈپ. جىلدىرلىمىسى بار، ئۈستىگە جىلدىرلىما ئورنىتىلغان: بىرنەچچە قىز جىلدىرلىملىق كىچىك داپ بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

**جىلدىماق** پ. ديال. تېپچەكلىمەك، تېپىرلىماق، تاتىلىماق: كېپىك يەر جىلداپ، ئاۋۋال ئالدى پۇتىنى، ئاندىن ئارقا پۇتىنى پۈكۈپ، بويىنىنى سوزغىنىچە جىم يېتىپ قالدى.

**جىلغا** ئى. تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىلىقىدىكى ساي.

**جىلغىلىق** ئى. جىلغا بار، جىلغا ھاسىل بولغان جاي.

**جىلمايتماق** «جىلمايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىلمايماق** پ ① كۈلۈمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق: ئۇ بىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئورنىدىن يېنىككىنە تۇردى - دە، ئەدەپلىككىنە جىلمىيىپ، باش لىڭشىتىپ ھال سورىغاندەك قىلدى.* يۇلتۇزلۇق ئاسمان جىلمىيىپ يۈز ئاچتى. ② يالتىرىماق، نۇرلانماق: بۇلۇتلار سۈزۈلۈپ، نۇر چاچتى قۇياش، يۈز ئاچتى جىلمىيىپ چەكسىز كۆك ئاسمان.

**جىلمىيىشماق** «جىلمايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىلۋە** ئى [ئە] ① گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت. ② رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىش، كۆركەم كۆرۈنۈش.

**جىلۋىلەندۈرمەك** «جىلۋىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىلۋىلەندۈرۈشمەك** «جىلۋىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىلۋىلەندۈرۈلمەك** «جىلۋىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىلۋىلەنمەك** پ. جىلۋە قىلماق، يالتىرىماق، نۇرلانماق، چاقنىماق؛ ئەكس ئەتمەك، ئىپادىلەنمەك: سادىق بېشىنى سىڭارىيان قىلدى، كۆزلىرىدە بۇ چاقىقچە كۆرۈلمىگەن ئاجىز نۇر ئۇچقۇنلىرى جىلۋىلەندى.

**جىلۋىلىك** سۈپ. جىلۋە قىلغان، نۇرلۇق، پارقىراق: ھاجى توختى ئېگىز ئۆگزىدە تۇرۇپ، سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان شەرق ئاسمىنىغا نەزەر تاشلىدى، سەھەر تېڭى گۈزەل ۋە جىلۋىلىك ئىدى.

**جىلىتكە** ئى [ر] <كېي> يەڭسىز، ياقىسىز كالتە چاپان.

**جىلىتكىلىك** سۈپ ① جىلىتكىسى بار، جىلىتكە كىيگەن: ئاددىيغىنا جىلىتكىلىك قىز پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. ② جىلىتكە تىكتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان، جىلىتكە تىكتۈرۈشكە مۇۋاپىق ياكى جىلىتكە تىكىشكە يېتىدىغان: بىر جىلىتكىلىك رەخت.

**جىلىچىلىك** ئى. جىلە بولغان ھالەت: — راست، جىلىچىلىكتە ھاراقمۇ ئىچتىم، توخۇمۇ سوقۇشتۇردۇم، — دېدى ئېلىجان مومىسىغا.

**جىلىخور** سۈپ [ئە + پ] ئاسان جىلە بولىدىغان، ئوڭاي تېرىككىدىغان، تېرىككەك: جىلىخور ئادەم ئاسان قېرىيدۇ.

**جىلىخورلۇق** ئى. ئاسان جىلە بولۇش؛ تېرىككەكلىك.

**جىم** رەۋ ① ئاۋاز، تاۋۇش چىقارماي، ئۈندىمەي، ئاۋازسىز، تاۋۇشسىز: جىم ئولتۇرماق. ② مىدىرلىماي، ھەرىكەتسىز: جىم ياتماق. جىم تۇرماق. ③ «ئاۋازىڭنى ئۆچۈر، تاۋۇشۇڭنى چىقارما؛ تىنچ تۇر، تىنچلان» مەنىلىرىدە ئۈندەش رولىدا كېلىدۇ: — جىم، — دېدى مېھرىبانى يىغلاۋاتقان بالىسىغا قاراپ.

**جىمبۇ** ئى [خەن] ← **بوغا**.

**جىمبۇ - جاۋەن** جىمبۇ ۋە جاۋەن قاتارلىق ھارۋا جابدۇقلىرى.

**جىمبىل** ئى <يېم> مانتا، ھورنان قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، ئاليۇمىن، مىس، قەلەيلەردىن ئۈششاق تۆشۈكلۈك قىلىپ ياسىغان سايمان.

**جىمبىللىق** سۈپ. جىمبىلى بار، جىمبىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**جىمجىت** رەۋ ① ئاۋاز چىقارماي، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماي، تېپتىنچ: ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار پات - پات ھاۋالىق جاي ۋە جىمجىت مۇھىتتا دەم ئېلىشى لازىم. ② ھەرىكەتسىز، مىدىرلىماي: كىنو باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئوتتۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن بالىلار جىمجىت ئولتۇرۇشقا باشلىدى.

**جىمجىتلاشماق** پ. جىمجىت ھالەتكە كەلمەك، جىمجىت بولماق؛ جىمىماق، تىنچىماق: ئۇ جىمجىتلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەرنى قايتا - قايتا ئەسلەيتتى.

**جىمجىتلىق** ئى. جىمجىت ئەھۋال، جىمجىت مۇھىت: جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەك.

**جىم - جىم** لام - جىم دېمەي، جىممىدە: مەن بىرھازا جىم - جىم ئولتۇرۇپ كەتتىم.

**جىملىق** ئى ① جىم بولۇش، جىم بولغان پەيت، جىم تۇرغان ھالەت: مۈگدۈلۈق ئېيتىلغان بۇ ناخشا كېچە جىملىقىنى بۇزۇپ، يىراقلارغا ياڭراشقا باشلىدى. ② <پەلس> ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە شەكلى. بۇنىڭدا ماددا ھەرىكىتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچتىكى، سۈپەت جەھەتتىكى نىسپىي مۇقىم ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جىممىدە** رەۋ. «جىم» بولغان ھالدا، «جىم» ھالەتتە؛ لام - جىم دېمەي، جىم - جىم: جىممىدە ئاخىرلاشماق. جىممىدە كەتمەك.

**جىمى** سۈپ. ھەممە، بارلىق، پۈتكۈل: جىمى ئادەم. جىمى ئالەم.

**جىمتماق** «جىمىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىمىر** تەق. يۇلتۇزلارنىڭ بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ چاقنىشى ياكى چاقناش ھالىتى.

**جىمىر - جىمىر** «جىمىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جىمىر - جىمىر قىلدى.

**جىمىرلاتماق** «جىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىمىرلاشماق** «جىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇلتۇزلار تولۇن ئاي ھۆسنىنى تاماشا قىلىپ جىمىرلىشاتتى.

**جىمىرلىماق** پ ① جىمىر - جىمىر قىلىپ نۇر چاچماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: غەيرەت بىر توپ يالغۇز قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا كېلىپ بىر دەم تۇردى ۋە جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى. ② مەۋج ئۇرماق، دولقۇنلىماق: جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ سۈيى.* ئۆستەڭ سۈيى ئۈستىگە پىلتىڭلاپ چىققان بېلىقلار پەيدا قىلغان سانسىز دۈگىلەك دائىرىلەر لەرزان تەۋرىنىپ، ئاي شولىسىدا جىمىرلايتتى.

**جىمىشماق** «جىمىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رازاقىنىڭ ئادەملىرى خۇددى قۇرغۇي كۆرگەن قۇشقاچلاردەك جىمىشتى.

**جىمغۇر** سۈپ. جىق گەپ قىلمايدىغان، كەم سۆز؛ ئاسان سىر بەرمەيدىغان: جىمغۇر بالا. * جىمغۇرنىڭ ھۈنىرى ئىچىدە (ماقال).

**جىمغۇرلاشماق** پ. جىق گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالماق؛ جىمغۇر بولۇپ كەتمەك: ئەنۋەر تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى.

**جىمغۇرلۇق** ئى. جىمغۇر ھالەت، مىجەز ياكى ئادەت: ئۇنىڭ بۇ جىمغۇرلۇقىنىڭ تېگىدە، دەھشەتلىك بىر پارتلاش كۈچى تاۋلانماقتا ئىدى.

**جىمقتۇرماق** ① «جىمىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىپ، قاچا - قومۇچ ۋە قازان باشلىرىنى جىمىقتۇرماقتا ئىدى. ② تۈگەتمەك، يوقاتماق، بېسىقتۇرماق: دەل شۇ چاغدا، خوجىنىياز ھاجى ئاتنى تاشلاپ، يانتاقلىقلار ئارىسىدىن تېزلىك بىلەن ئۆمىلەپ كېلىپ، ئىككى پىلىموتچىكنى مائۇزېر بىلەن جىمىقتۇردى.

**جىمقتۇرۇلماق** «جىمىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىمقماق** پ. مەلۇم پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتىن توختىماق، جىم بولماق، بېسىقماق: زالدىكى ئوپۇر - توپۇر بىردىنلا جىمىقتى.

**جىمقشماق** «جىمىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزىق ئىش، چاكىلداۋاتقان سۇغۇرلارمۇ ھەش - پەش دېگۈچە، ئۆۋىلىرىغا كىرىپ جىمىقىشتى.

**جىمكى** سۈپ. ھەممە، بارلىق، جىمى: ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغان جىمكى نەرسىلەرنى ئۇرۇپ - چېقىپ، يانجىپ - چەيلەپ، بەگ تۇرۇشلۇق بىناغا ئېتىلىپ كەلدى.

**جىملەتمەك** «جىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىملەشمەك** پ. «جىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھەممىمىز ئاۋۇتنى جىملەشتۇق.

**جىملىمەك** پ ① جىم بولۇشقا ئۈندىمەك: شاڭخوچىنىڭ سۆزى ئېغىزىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، گارمونچى قىز ئۇنى جىملەپ قويدى. ② ئەيىبلىمەك، قىلمىشىنى تەكرار - تەكرار يۈزىگە سالماق: موماي ئەسلىگە كېلىپ، قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، زار - زار يىغلاپتۇ، بوۋاي ئۇنى جىملەپ كېتىپتۇ.

**جىمىماق** پ. جىم بولماق، سۈكۈتكە چۆشمەك؛ توختىماق، بېسىقماق: ئۇ بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ، مەيدان جىمىغاندىن كېيىن سۆز قىلدى.

**جىن** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي، خۇراپىي تەسەۋۋۇرلاردىكى خىلۋەت جايلاردا كىشى كۆزىگە ئادەم ۋە باشقا ھەر خىل نەرسىلەر قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان ۋە ئادەمگە بىرەر بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق: جىن تەگمەك. جىن چاپلاشماق. * قورققان يەردە جىن بار (ماقال). ② كۆچمە. ناھايىتى كۆرۈمسىز بىر نېمە؛ بەتبەشىرە (كۆرۈمسىز، سەت ئادەم ھەققىدە): — نېمە دەيدۇ، ماۋۇ جىن، — دېدى ئايشەمگۈل رەقىبىنى مەسخىرە قىلىپ.

**جىن تاماكىسى** <بوت> «يەر توزغىقى»نىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشى، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ.

**جىن شوخلىسى** <بوت> «ئىتئۈزۈمى» نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئېتىزلاردا، ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**جىنازا** ئى [ئە] ← **تاۋۇت.**

**جىن - ئالۋاستى** جىن، ئالۋاستى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇقلار.

**جىنايەت** ئى [ئە] <قا> قانۇنغا خىلاپ ۋە جازاغا تارتىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرىكەت، قىلمىش: جىنايەت ئۆتكۈزمەك.

**جىنايەتچى** ئى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشى.

**جىنايەتكار** ئى [ئە + پ] جىنايەتچى: — جىنايەتكارنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ تېپىش كېرەك، — دېدى ساقچى باشلىقى.

**جىنايەتكارانە** رەۋ [ئە + پ] جىنايى يول بىلەن، جىنايەتكارلارچە: جىنايەتكارانە قىلغان بۇزغۇنچىلىق. // جىنايەتكارانە ئىش قىلماق. جىنايەتكارانە سۆز قىلماق.

**جىنايەتسىز** سۈپ، جىنايىتى يوق، جىنايىتى بولمىغان، جىنايەت سادىر قىلمىغان: جىنايەتسىز ئادەم، جىنايەتسىز جەمئىيەت.

**جىنايەتسىزلىك** ئى ① جىنايىتى يوقلۇق، جىنايىتى بولماسلىق. ② جىنايەت سادىر قىلىنمىغان ئەھۋال، جىنايەت سادىر بولمىغان ئەھۋال.

**جىنايەتلىك** سۈپ. جىنايىتى بار، جىنايەت ئۆتكۈزگەن: ھازىر بېسىۋاتقان ھەر بىر قەدەم بۇ قارا نىيەتنىڭ كەينىدىن بىرمۇبىر جىنايەتلىك ئىز قالدۇرۇپ تۇراتتى.

**جىنايى** سۈپ [ئە] <قا> جىنايەتكە دائىر، جىنايەت بىلەن باغلانغان، جىنايەت دەپ قارىلىدىغان: جىنايى قىلمىش. جىنايى جاۋابكارلىق.

**جىن - ئەرۋاھ** جىن ۋە ئەرۋاھ.

**جىنئەنجۈرى** ئى [جىن + ئەنجۈر + ى] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ؛ ياغىچى تۈتۈق كۈل رەڭ ۋە بوش كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا بولىدۇ؛ دەرەخ قوۋزىقىدىن ئېلىنغان تالانى توقۇمىچىلىققا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**جىنتەك** ئىم. كىچىك قىزلارنى ئەركىلىتىپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان سۆز: ھوي جىنتەك، مېنىڭ ئالدىمدا خىجىل بولمامسەن؟

**جىنچاتقىلى** ئى [جىن + چاتقال + ى] <بوت> جىنچاتقىلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ياغىچى ئاق، چىدامىلىق، ئېگىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىك تىپتىكى سايمانلار -

نى ياساشقا بولىدۇ.

**جىنچىراغ** ئى [جىن + چىراغ] ئىچىگە سۇ يېغى ياكى كىرسىن قۇيۇپ، پاختىدىن ئىشلەنگەن پىلىكنى سېلىپ ياندۇرىدىغان شېشىسىز چىراغ؛ قارا چىراغ.

**جىندەك** ① سۈپ. كۆچمە. جىنغا ئوخشاش، سەت، كۆرۈمسىز: جىندەك كۆرۈنمەك. ② رەۋ. بىر ئاز، ئازغىنا، كىچىككىنە، بىزە: — توختاڭلار، جىندەك تەخىر قىلىڭلار، — دېدى يۈسۈپ چوڭ ئۈنى توسۇپ.

**جىندىخانا** ئى. تارس. ئەقلىدىن ئازغان، ساراڭلارنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلار تۇرىدىغان جاي. ساراڭلار دوختۇرخانىسى.

**جىنس** ئى [ئە] ① <بىيول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ بىيولوگىيەلىك ۋە جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئايرىلىدىغان تۈرى: ئەر جىنس. ئاتلىق جىنس. ئانىلىق جىنس. ② ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەبىقە، ئۇرۇق، زات، نەسىل: — ئەي ئادەم، — دېدى سەرەتان ئادەم تىلىدا سۆزلەپ، — سەن بىر لەھەڭگە ھىمايىچى بولما، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىز بىر جىنس. ③ <گېئول> يەر پوستىنىڭ مەلۇم قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان مىنېرال: تاغ جىنسلىرى.

**جىنسداش** سۈپ. جىنسى ئوخشاش، بىر جىنستىكى: جىنسداش ھايۋانلار.

**جىنسداشلىق** ئى. جىنسى ئوخشاشلىق.

**جىنسسىز** سۈپ <بىيول> ئىككى خىل جىنسىي ھۈجەيرىنىڭ قوشۇلۇشى بولمىغان، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز بولغان: جىنسسىز كۆپىيىش. جىنسسىز نەسىللىنىش.

**جىنسسىزلىق** ئى. ئىككى جىنسنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوشۇلماسلىقى؛ جىنسقا مەنسۇپ ئەمەسلىك.

**جىنسلىق** سۈپ ① مەلۇم جىنسقا مەنسۇپ، جىنسقا تەۋە: تاق جىنسلىق. قوش جىنسلىق. ② <بىيول> جىنسىي يول بىلەن بولىدىغان، جىنسقا مۇناسىۋەتلىك بولغان: جىنسلىق شالغۇتلاشتۇرۇش. جىنسلىق كۆپىيىش.

**جىنسىي** سۈپ [ئە] <بىيول> جىنسقا خاس، جىنسقا مۇناسىۋەتلىك، جىنسقا ئائىت: جىنسىي ئالاقە. جىنسىي بەلگە.

**جىنسىيەت** ئى [ئە] جىنسىي ھالەت ۋە خاراكتېر.

**جىن ـ شاياتۇن** كونا قاراشلاردا جىن، شەيتان قاتارلىق ئادەمگە ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈنىدىغان، كىشىلەردە ئىللەت پەيدا قىلىدىغان، ئەڭ سەت، قورقۇنچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇقلار.

**جىن ـ شەيتان** جىن ۋە شەيتان: — مېنى ئەمدى ئادەم تۇگۇل، جىن ـ شەيتانمۇ تاپالمايدۇ، — دېدى سەمەت ئاپىسىغا.

**جىنكەش** ئى. كونا ئادەت بويىچە جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغانلارغا دۇئا ئوقۇيدىغان ئادەم.

**جىنكەشلىك** ئى. كونا ئادەت بويىچە جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغانلارغا دۇئا ئوقۇش، ئۇچۇقداش ھەرىكىتى: جىنكەشلىك قىلماق.

**جىنكېۋىزى** ئى [جىن + كېۋەز + ى] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قاسراقلىق مېۋىسى سوقىچاق، ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇقى بولىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا بولىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**جىنئۈزۈمى** ئى [جىن + ئۈزۈم + ى] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ؛ دەرەخ قوۋزىقى سامان قەغەزنىڭ

ياخشى خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**جىنياڭيۇسى** ئى [جىن + ياڭيۇ + سى] ① <بوت> چايان ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۈستى قىسمى تاياق شەكىللىك كېلىدۇ؛ يەر ئاستى غولى شار شەكلىدە بولۇپ، يېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە كىراخمال ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**جىۋات** ئى. دىيال. مېتىن.

**جىۋار** ئى. دىيال. ئىزغىرىن شامال.

**جىۋەك** I سۈپ. جۇغى كىچىك، ۋىجىك، كۆرۈمسىز: جىۋەك ئادەم.

**جىۋەك** II ئى. قىز ـ چوكانلار ياقىلىرىغا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**جىۋەكلىك** ئى. ۋىجىكلىك، كۆرۈمسىزلىك.

**جىۋجىق** ئى. دىيال. جان ت. قۇشقاچ.

**جىۋجىل** سۈپ. دىيال ① ئەپچىل، چاققان. ② چىرايلىق: ئۇ جىۋجىل يىگىت ئىكەن.

**جىۋىر** تەق. بىر توپ قۇشقاچنىڭ ئۆز ئارا سايراشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش ئاۋاز.

**جىۋىر ـ جىۋىر** «جىۋىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۈن پېتىشقا يېقىن، ئۈجمە شاخلىرىغا قونۇۋالغان بىر توپ قۇشقاچلارنىڭ جىۋىر ـ جىۋىر قىلىپ سايراشلىرى ئاڭلاندى.

**جىۋىرلاشماق** «جىۋىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قۇشقاچلار جىۋىرلاشتى.

**جىۋىرلىماق** پ. «جىۋىر ـ جىۋىر» قىلغان ئاۋاز پەيدا قىلماق، «جىۋىر ـ جىۋىر» قىلىپ سايرىماق.

**جياڭجۈن** ئى [خەن] يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەل ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى.

**جياڭگۈەن** ئى [خەن] ھەربىي ئەمەلدار، قوماندان.

**جياڭلىك** ئى [خەن] يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار، گېنېراللار.

**جياۋبۇ** ئى [خەن] جاراھەتنى تاڭغاندا ئۈستىدىن چاپلاش، توك سىمىنىڭ ئوچۇق يېرىنى ئوراش، يەشىك قاتارلىقنىڭ ئاغزىنى چاپلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈزىگە مەلھەم، يېلىمگە ئوخشاش يېپىشقاق نەرسە سۈرتۈلگەن رەخت، سۇلياۋ، بېنت.

**جىيەك** ئى [پ] ① دوپپا، تون قاتارلىقلارنىڭ گىرۋىكىگە تۇتۇلىدىغان مەخسۇس لېنتا. ② بىرنەرسىنىڭ گىرۋىكى، چېتى، لېۋى، گەردىشى: نۇرنىسا ئۇنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى. ③ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جىيەكلىك** سۈپ ① جىيىكى بار، جىيەك تۇتۇلغان: ئاق جىيەكلىك شەپكە. ② جىيەك قىلىشقا تەييارلانغان، جىيەك قىلىشقا مۇۋاپىق: جىيەكلىك رەخت.

**جىيەن** ئى. ئاكا ـ ئۇكا ياكى ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ بالىلىرى.

**جىيرەن** سۈپ. سېرىقتا مايىل قىزىل: جىيرەن ئات.

**جىيلە** ئى. دىيال. كالا سولايدىغان كىچىك قورشاۋ.

**جىيىن** ئى. ئېگەرنىڭ ئىككى قېشىنىڭ قىرىغا مىخلانغان تۆمۈر ياكى مىس.

**جىيىنلىق** سۈپ. جىيىنى بار، جىيىن بېكىتىلگەن: جىيىنلىق ئېگەر.

# چ

**چ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يەتتىنچى ھەرپى.

**چابدار** سۈپ [ ر ] تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى ئاق؛ باشقا تۈكلىرى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك (ئات ھەققىدە): شەھەردىن كۆتەك ھارۋىسىغا قېتىلغان چابدار بايتالنى ئۆكرەڭ تاشلىتىپ قىچىپ چىققان زۇلپيا كاسكا ئىسىملىك ئادەم ...

**چاپ** I تەق. ئۇستۇنكى كالپۇك بىلەن ئاستىنقى كالپۇك-نىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ ئاجرىشىدىن ۋە لايدا مېڭىشتىن ھاسىل بولغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: شەمشى ئادەتتە لەۋلىرىنى شۇمۇپ «چاپ» قىلىپ ئوينايتتى.

**چاپ** II ئى. دىيال. يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ ھاسىل بولغان ئېرىق.

**چاپار** ئى. چاپارمەن: ئۇ ليۇزۇڭنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن، فەنچېڭدىن شياڭياڭغا چاپار ئەۋەتتى.

**چاپارمەن** ئى ① مۇھىم، جىددىي بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى: چاپارمەن ئەۋەتمەك. ② باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز، دەرھال ئىجرا قىلىدىغان، بۇ يولدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئادەم: كۆپ ئۆتمەي ھاكىمنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

**چاپارمەنلىك** ئى. چاپارمەن قىلىدىغان ئىش، ھەرىكەت.

**چاپاق** ① ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆز چانىقىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك يىرىڭسىمان شىلىمشىق ماددا. ② ئى. چاپاق باسقان ئادەم: چاپاقنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماس، ماڭقىنىڭ بۇرنىدىن قاقاچ (ماقال). ③ سۈپ. تۇتۇق، مۇجمەل، ئېنىق ئەمەس: چاپاق خەت. چاپاق كۆرۈنمەك.

**چاپاقلاشماق** پ ① كۆزىدە چاپاق كۆپەيمەك، كۆزىنى چاپاق قاپلىماق، كۆزىنى چاپاق باسماق: ئۇ يۈزىنى يۇيۇشقا ھورۇن بولغاچقا، يۈز - كۆزى ھەمىشە كىر ۋە كۆزلىرى چاپاقلىشىپ تۇراتتى. ② ئېنىقسىز، تۇتۇق ھالەتكە كەلمەك، تۇتۇقلاشماق: ئۇ تولا ئۆچۈرۈلۈپ چاپاقلىشىپ كەتكەن خەتنى ئوقۇيالماي قىينالدى.

**چاپان** ئى. كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان سىرتقى كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**چاپان چۆرۈمەك** ھەيۋە قىلماق، پوپوزا قىلماق، تەھدىت سالماق.

**چاپان كۆتۈرمەك** بىراۋغا بولۇشماق، يان باسماق، خۇشامەت قىلماق؛ يالاقچىلىق قىلماق: ئاينۇر ئېرىگە: — جاللاتلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ نېمىمۇ تاپاتتىلا؟ — دېدى.

**چاپان ياپماق** بىراۋنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى يوشۇرماق.

**چاپان - چارا** چاپان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر؛ كىيىم - كېچەك.

**چاپانچى** ئى ① چاپان تىككۈچى؛ چاپان تىكىپ ساتقۇچى ئادەم. ② كۆچمە. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، خۇشامەتچى، تەخسىكەش، يالاقچى ئادەم، كۆتۈرمىچى.

**چاپانچىلىق** ئى. خۇشامەت قىلىش، تەخسىكەشلىك: ئاغزىڭنى يۇم! ھوي تېگى پەس. بۇ چاپانچىلىقىڭنى چوڭ بولغاندا قىل جۇمۇ.

**چاپانلىق** سۈپ ① چاپىنى بار، چاپان كىيگەن: قارا چاپانلىق. سېرىق چاپانلىق. ② چاپان تىكىشكە لايىق، باب ياكى يېتىدىغان: ئىككى چاپانلىق تاۋار.

**چاپاۋۇل** ئى. تارس. باشقا يەرگە بېرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ۋە مۇشۇنداق قىلغۇچى قوشۇن.

**چاپپۇش** ئى. دىيال. قۇلاقچا، ئولپاق.

**چاپتۇرماق** I «چاپماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايغىرنى بايتالغا چاپتۇرماق.

**چاپتۇرماق** II «چاپماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئات مىنىدىم قارا قاشقا، چاپتۇردۇم تاشتىن - تاشقا، ھەركىمنىڭ يارى باشقا، ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا.

**چاپتۇرماق** III «چاپماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئىككى بالامغا 30 ھارۋا يانتاق چاپتۇرۇپ، ئۆگزىگە باستىم.

**چاپتۇرماق** IV «چاپماق IV» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باشقا يېلىم چاپتۇرماق. بەدەنگە دورا چاپتۇرماق.

**چاپتۇرۇشماق** I «چاپتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇشماق** II «چاپتۇرماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى.

**چاپتۇرۇشماق** III «چاپتۇرماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇشماق** IV «چاپتۇرماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوختۇرلار قىچىشقاق كېسەللىرىنىڭ پۇت - قوللىرىغا دورا چاپتۇرۇشتى.

**چاپتۇرۇلماق** I «چاپتۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇلماق** II «چاپتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇگۈنكى توي ناھايىتى قىزىدى، نۇرغۇن ئاتلار چاپتۇرۇلغان بەيگە ئۆتكۈزۈلدى.

**چاپتۇرۇلماق** III «چاپتۇرماق III» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇلماق** IV «چاپتۇرماق IV» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپتىكەش** سۈپ ① دىيال. شوخ، كەپسىز، بەڭباش. ② ئۆكتەم، چېپىلغاق.

**چاپچا** ئى. خامان ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان، ئارا. ياغاچ چىشلىقى ياغاچ چاپچا، تۆمۈر چىشلىقى تۆمۈر چاپچا دېيىلىدۇ.

**چاپ - چاپ** «چاپ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا ئېغىزىنى چاپ - چاپ قىلىپ بىرنەرسە يېدى.

**چاپچاپ** سۈپ [چاپ + چاپ] ① جىددىي، شىددەت بىلەن چېپىش، قىرغىن: چاپچاپ قىلماق. ② بەس - بەس بىلەن تالىشىپ ئالىدىغان، ئىتتىك سېتىلىدىغان، خېرىدارى كۆپ: چاپچاپ مال. چاپچاپ بازار.

**چاپچىش** ئى ① ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇش ھەرىكىتى. ② <سۆ>سۆ جىددىي ئېغىر ھالەتتىن ئاستا ئېغىر ھالەتكە ئۆتكەندە كۆرۈلىدىغان سۆ ئورنىنىڭ ئۆرلەش ھادىسىسى.

**چاپچىشماق** «چاپچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپچىماق** پ. ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرماق، ھەر تەرەپكە تاشلانماق: ئۇلار بىردىن چاپچىپ تۇرغان ياراملىق ئات يېتىلىۋېلىشقانىدى.

**چاپراس** رەۋ. ئوڭ - سولغا ۋە ئۇزۇن - قىسقىسىغا كېسىشكەن؛ چەمبەرچاس: چاپراس باغلىماق.

**چاپسا** ئى. دىيال. كىچىك كورەك.

**چاپسان** رەۋ. تېز، تېزلىك بىلەن، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئاز ۋاقىت ئىچىدە؛ دەررۇ، ئىلدام: چاپسان ماڭ.

**چاپسانلاتماق** «چاپسانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قەدەملىرىنى چاپسانلىتىپ، ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى.

**چاپسانلاشتۇرماق** «چاپسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاپسانلاشتۇرۇشماق** «چاپسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپسانلاشتۇرۇلماق** «چاپسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپسانلاشماق** پ. تېزلەشمەك، سۈرئىتى بارغانسېرى ئاشماق: ياسىن ئىشىككە كەلگەندى، ئۇنىڭ قەدىمى خېلى چاپسانلاشتى.

**چاپسانلىق** ئى. چاپسان ھالەت، تېزلىك: ئۇلارنىڭ قوشۇنى بەك چاپسانلىق بىلەن ئۆسۈپ، ئۇلغىيىپ باردى.

**چاپسانلىماق** پ. تېزلىمەك، سۈرئىتى ئاشماق، چاپسان ھەرىكەت قىلماق: ئۇسسۇل سازغا ئەگىشىپ بارغانسېرى چاپسانلاپ قايناپ كەتتى.

**چاپقاق** سۈپ ① چېپىلىپ قويىدىغان، چېپىلغاق: چاپقاق مۇشۇك. ② چېپىشقا ئامراق، چېپىپلا يۈرىدىغان، بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان.

**چاپقاقلىق** ئى. چېپىلىپ قويۇش، چېپىلغاقلىق.

**چاپقۇر** سۈپ. تېز چاپىدىغان، ئىلدام يۈگۈرىدىغان؛ يۈگۈرۈك: چاپقۇر ئات.

**چاپقۇرلۇق** ئى. تېز چاپالايدىغان ئالاھىدىلىك: ئىلى، قاراشەھەر ئاتلىرى چاپقۇرلۇقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر.

**چاپقۇن** ئى ① قار، يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران؛ شۇۋرغان: چاپقۇن چىقماق. چاپقۇن بولماق. ② كۆچمە. شىددەتلىك، كەسكىن كۆرەش؛ دولقۇن: ئۆتمەكتە مانا سەندە ياشلىق چېغىم، ئىنقىلاب چاپقۇنىدا بۇركۇت بولۇپ. ③ قىرغىن: چاپقۇن قىلماق.

**چاپقۇنچى** ئى . چاپقۇن قىلغۇچى ، قىرغىنچى .

**چاپقۇنچىلىق** ئى . قىرغىنچىلىق .

**چاپقۇندىماق** پ. ئايلىنىپ ئۇرماق (بوران - شۇۋرغان ھەققىدە): بوران چاپقۇنداپ ئۇرغىلى تۇردى.

**چاپقۇنلۇق** سۈپ ① چاپقۇنى بار، چاپقۇن چىقىپ تۇرىدىغان: چاپقۇنلۇق كېچە. ② كۆچمە. دەھشەتلىك، شىددەتلىك: 1967 - يىلىنىڭ چاپقۇنلۇق ئايلىرى ئۆز كارامىتىنى بۇ قەدىمىي ئورمانلىقتىمۇ كۆرسەتتى.

**چاپقۇنلىماق** پ. قار ياكى يامغۇر ئارىلاش بوران چىقماق: مىلتىقلار خۇددى چاپقۇنلاپ يېغىۋاتقان يامغۇردەك، قويۇق ئېتىلماقتا ئىدى.

**چاپلاتماق** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاپلاشتۇرماق** پ. چاپلاشقان ھالەتكە كەلتۈرمەك، چاپلاپ تۇتقۇزماق، چاپلىماق.

**چاپلاشتۇرۇلماق** «چاپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپلاشقاق** سۈپ. ئاسان چاپلىشىدىغان، چاپلىنىشۋالىدىغان، تېز يېپىشىدىغان: چاپلاشقاق ئوت. چاپلاشقاق لاي.

**چاپلاشقاقلىق** ئى. ئاسان چاپلىشىدىغان خۇسۇسىيەت.

**چاپلاشماق** ① «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، بىرقانچە بالا مەكتەپ تاملىرىغا بالىلار بايرىمى ھەققىدە يېزىلغان شوئارلارنى چاپلىشىۋاتاتتى. ② بىر - بىرىگە مەھكەم تېگىپ تۇرماق، يېپىشماق: يەرگە چاپلاشماق. تامغا چاپلاشماق. ③ كەينىگە كىرىۋالماق، پېشىگە ئېسىلىۋالماق؛ يېپىشىۋالماق: مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا سۆگەلدەكلا چاپلاشتىم. ④ ئولاشماق، چېپىلماق، يۇقماق، يېپىشماق: جىن چاپلاشماق.

**چاپلاقلىق** سۈپ. چاپلانغان، چاپلاپ قويۇلغان: چاپلاقلىق رەسىم. چاپلاقلىق گېزىت.

**چاپلانماق** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېلان چاپلانماق.

**چاپلىششماق** «چاپلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپلىما** سۈپ. چاپلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، چاپلاپ بېكىتىلگەن: چاپلىما يانچۇق.

**چاپلىماق** پ ① يەملىمەك، يېپىشتۇرماق: ماركا چاپلىماق.

لاي چاپلىماق. ② بىر - بىرىگە تەگدۈرمەك، ياقماق: يۈزىنى يۈزىگە چاپلىماق. ③ مۇناسىۋىتى، چاتىقى بار دېگەن قاراشنى پەيدا قىلماق: — ئېيتىڭا، ئەزىرىخان! — دېدى ئۇ توغرىدىن - توغرىلا، — ئەكبەرنى پاتمەگە چاپلىماق بولغانلار قايسى مۇراد - مەقسەتكە يەتمەكچىكەن؟ ④ يۈكلىمەك، ئارتماق: بوھتان چاپلىماق. تۆھمەت چاپلىماق. ⑤ قوشماق، ئۆستۈرمەك، ئۆرلەتمەك: باھا چاپلىماق.

**چاپما** I سۈپ. چېپىلىدىغان، چاپىدىغان؛ چېپىلغان: چاپما ھەرە. چاپما ئۇلاق.

**چاپما** II سۈپ. دىيال. پۈتەي چىقىرىلغان، پۈتۈن ئويۇلـ-غان، چېپىپ ئويۇلغان، ئويما.

**چاپماق** I پ. ئايغىر ياكى ھاڭگا ئېشەك بايتال ياكى مادا ئېشەككە ئارتىلماق، ئېسىلماق.

**چاپماق** II پ ① بىرەر يۆنىلىشتە تېز ھەرىكەت قىلماق؛ يۈگۈرمەك: بالىنى ئىشقا بۇيرۇپ، كەينىدىن ئۆزۈڭ چاپ (ماقال). ② (ئات) سالماق، قويماق؛ يۈگۈرتمەك: دەل شۇ چاغدا، سايلىقنى يېرىپ بىر ئات چېپىپ كېلىۋاتاتتى.

**چاپماق** III پ ① تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن پارچىلىماق، يارماق، كەسمەك: پالتا بىلەن چاپماق. يانتاق چاپماق. * ۋاقتى ئۆتكەنـ-دە قىلىچىڭنى پوققا چاپ (ماقال). ② قازماق؛ كولىماق: ئۆستەڭ چاپماق.

**چاپماق** IV پ. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرەر جايىغا شىلىمـ-سىمان سۇيۇقلۇق ياكى مەلھەملىك نەرسىنى سۈرمەك، يېپىشـ-تۇرماق: باشقا يېلىم چاپماق. بەدەنگە دورا چاپماق.

**چاپمۇچاپ** رەۋ. ئۇدۇلمۇئۇدۇل، يۈزمۇيۈز، روبىرو: ئۇ مۇھەممەت روزى ئۆيىگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، سۇلتان بىلەن چاپمۇچاپ ئۇچرىشىپ قالدى.

**چاپملىق** ئى. چارۋىچىلارنىڭ قىشلىق زاپاس ئوزۇقى ئۈچۈن ئوت - چۆپ چېپىۋېلىنىدىغان جايلار. بۇنداق جايلاردا ئادەتتە چارۋا بېقىلمايدۇ ياكى ئوت - چۆپ چېپىۋېلىنغاندىن كېيىن بېقىلىدۇ.

**چاپى** I ئى [پ] نەشر: چاپى قىلماق.

**چاپى** II ئى . دىيال. شادلىق كەڭ كارىۋات.

**چاپتى** ئى. دىيال ① كاكچا. ② نېپىز. قاتلىما.

**چات** I ئى ① ئىككى ئاياغنىڭ ئارىسى؛ چاتراق: چات كەرمەك. چېتىنى يىرماق. ② ئىككى يول ياكى لىنىيەنىڭ تۇتاشقان ياكى ئايرىلغان يېرى، ئاچال، ئېغىز: ئەنە ئاشۇ تۇمشۇق ئالدىدىكى چاتتىن كىرىمىز، ئۇنىڭ ئىچى «سۇلۇۋ ساي» دەپ ئاتىلىدۇ. * ئۇ ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان كەڭ چاتقا جايلاشقان تاغ يېزىسى ئىدى.

**چات كەرمەك** باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماق.

**چات** II سۈپ. دىيال. توغرىسىغا، پۈتۈنلەي: خاندىن كەلگەن يارلىقتا، دەريانى چات كۆمسۇن دەپتۇ.

**چاتاتماق** «چاتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاتاشماق** «چاتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاتاق** I ① ئى. بىرەر ئىش - ھەرىكەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق؛ يامان ئاقىۋەت، پېشكەللىك: چاتاق بولماق، چاتاققا قالماق. ② ئى. بىرەر ئىش - ھەرىكەت ياكى بىرەر نەرسىدىن كۆرۈلگەن ئاۋارىچىلىك؛ تۇسالغۇ، كاشىلا: چاتاق تاپماق. چاتاق چىقماق. ③ سۈپ. خاتا قىلىنغان، توغرا بولمىغان؛ ناتوغرا: چاتاق ئىش. ④ ئى. بىرەر سەۋەب تۈپەيلى يۈز بەرگەن ماجىرا؛ ئۇرۇش، جېدەل: چاتاق چىقارماق. ⑤ ئى. ئەيىب، نۇقسان، ئېۋەن: قېنى بۇ ئەينەك بىلەن ئارقىڭىزنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ. چاتاق بارمۇ، يوق؟ ⑥ سۈپ. كۆچمە. ساغلام ئەمەس، ساغلام بولمىغان؛ كېسەل، ئاغرىق: ئاشقازىنىڭىز چاتاق ئىكەن، داۋالىنىڭ. ⑦ ئى. كۆچمە. مۇناسىۋەت، ئالاقە: سېنىڭ ئىشىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم. ⑧ ئى. مەلۇم بولمىغان، مۇرەككەپ، مۇجمەل تەرەپ: ھۆسەن ئاكام چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى تاپالماي، ھەم ھەيران بولدى، ھەم سوغۇققانلىق بىلەن سەۋەبنى ئىزدىدى.

**چاتاق** II ئى. دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ؛ پۇتاق: چاتاق كەسمەك. چاتاق پۇتىماق.

**چاتاقچى** ئى ① جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرىدىغان، غوۋغا چىقىرىدىغان ئادەم. ② باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى، چاتىقىنى ئىزدىگۈچى؛ قۇسۇرچى.

**چاتاقلاشتۇرماق** «چاتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشنى چاتاقلاشتۇرماق. مۇناسىۋەتنى چاتاقلاشتۇرماق.

**چاتاقلاشماق** پ ① چاتاق، يامان، خەتەرلىك ھالەتكە كەلمەك، يامانلاشماق: مېنىڭ ئىشىم چاتاقلاشقىلى تۇردى. ② جېدەللەشمەك، ئۇرۇشماق: سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن چاتاقلىـ-شىسەن. ③ بىر - بىرى بىلەن چاتاق تېرىماق، يامان ئىش قىلماق: ئۇ ھەر كۈنى كەچتە گايىت باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرىدۇ.

**چاتاقلىق** I ئى . چاتاق ھالەت ياكى ئەھۋال : ئىشنىڭ چاتاقـ-لىقى مەلۇم بولدى.

**چاتاقلىق** II سۈپ. پۇتىقى بار، پۇتىقى كۆپ؛ شاخلىق: چاتاقلىق تېرەك. چاتاقلىق دەرەخ.

**چاتاقلىماق** پ. چاتاق، شاخ چىقارماق، شاخلىماق: بولۇق ئىدى، تەكشى ئىدى ھەم قويۇق، يۈرەك ئويناپ ئىلھام - ھەۋەس ئالاتتۇق. چاتاقلىغان بەرگى - شېخى ھەر تامان، ساپ ھاۋالىق ئىشقى بىلەن ياناتتۇق.

**چاتالماق** «چاتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاتراق** ئى. ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقى، چات: چاترىقىغا قىستۇرماق. چاترىقىنى يىرماق.

**چاتقال** ① ئى <بوت> بويى پاكار، توپ - توپ بولۇپ، شاخلىنىپ ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك. ② تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**چاتقالسىمان** سۈپ. چاتقالغا ئوخشاش ئۆسىدىغان، چاتقال تىپىدىكى.

**چاتقاللىق** ① سۈپ. چاتقىلى بار، چاتقال كۆپ ئۆسكەن: چاتقاللىق ساي. چاتقاللىق ئېدىر. ② ئى. چاتقال كۆپ جاي: ئۇ نۇرغۇن يول يۈرۈپ، بىر چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

**چاتقۇ** ئى . نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان پەچىم.

**چاتقۇچ** ئى <سانا> ماشىنا، ئاپتوموبىل، پويىز، ئىشىك - دېرىزە، جابدۇق ۋە ھەر خىل ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ

ئىككى بۆلىكىنى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان قۇرۇلما ياكى دېتال.

**چاتقۇزماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاتما** ① سۈپ. بىر- بىرىگە چېتىلغان. ② ئى <سانا> ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقىسىغا چېتىلىدىغان قوشۇمچە كوزۇپ.

**چاتماق** پ ① ئۇ يەر - بۇ يەردىن تىكىپ قويماق، ئۇلىماق، بىرىكتۇرمەك، بېكىتمەك: يەڭنى چاتماق. باشلىقنى چاتماق. ② باغلىماق، تاڭماق، چىگمەك، بوغماق: ئۇلاقنى چاتماق. ③ تىركىمەك، سۆرەتمەك: بىرىنچى موتورلۇق كېمە ئارقىسىغا بىر پۇقرا قېيىقنى چېتىۋالغانىدى. ④ كۆچمە. باغلىماق، بىرلەشتۇرمەك: ئۇ ئادىل بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان بىللە چېتىپ چۇشىنىشكە باشلىدى. ⑤ كۆچمە. بىر - بىرىگە قوشماق، تويىنى قىلماق: نەۋرىنى نەۋرىگە چاتماق. ئۆگەينى ئۆگەيگە چاتماق.

**چاتمال** سۈپ. قۇتاش، چېتىش: مېنىڭ يېرىم ئەينالماخۇنۇم بىلەن چاتمال.

**چاتىر** ئى. دىيال. نۆشۇدۇر.

**چاتىماق** پ ① دەل - دەرەخلەرنىڭ هارام شاخلىرىنى كېسىپ ئېلىۋەتمەك؛ پۇتىماق: دەرەخ شاخلىرىنى چاتىماق. ② كۆچمە. ئايرىماق، بۆلمەك: ئۇ ئەتراپىغا سەپسالدى. جىرادىن بىر نورلۇق سۈنى چاتاپ ئاچسىلا، تۇگمەننىڭ كويلىسى ئارقىلىق ئايلىنىپ شەيتان قىلغىسىغا چۇشۇپ كېتىدىغان ئېرىقنىڭ ئىزى تۇراتتى.

**چاجا** ئى <زوئول> سالجا: ئاتتا ئۆت يوق، چاجىدا كۆت (ماقال).

**چاجاڭ** ئى [خەن] يۇقىرى ئورۇندىن كەلگەن ئەمەلدار ياكى ئابرۇيلۇق مېھماننى قارشى ئېلىش، دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن يولنىڭ بەلگىلىك جايىغا ياسالغان ۋاقىتلىق تۇرار جاي: چاجاڭ تىكمەك. چاجاڭ قۇرماق.

**چاجۇپ** ئى. دىيال. جىنازىغا ئۆلۈكنى سالىدىغان تاختاي؛ تەختىراۋان.

**چاچ** ئى ① ئادەمنىڭ باش قىسمىدا ئۆسىدىغان تۈك ۋە ئۇلارنىڭ هەربىرى؛ موي: چاچ ئالماق. چاچ سالماق. ② قوي، كالا قاتارلىق چارۋىلارنىڭ ئومۇرتقىسىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان سىڭىر.

**چاچ كۆيەك** ئاياللار چېچىغا تاقىۋالىدىغان بىر خىل بېزەكلىك: قارا ياغاچ قاشتا بولۇر، چاچ كۆيەك چاچتا بولۇر. يارنىڭ دەردى هەرقاچان، يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر.

**چاچا** ئى. دىيال. پوپۇك، چۇچا.

**چاچاق** ئى. دىيال. ئوت - چۆپلەرنىڭ پاكار هەم شالاڭ ئۆسكەن جايى : پۇتلار كۆيۈپ ماڭالماي، چاچاق بىلەن ئورايمىز.

**چاچباغ** ئى [ چاچ + باغ ] ئاياللار چېچىغا ئاسىدىغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: چاچباغ ئاسماق. چاچباغ ياساتماق.

**چاچپۆپۈك** ئى [چاچ + پۆپۈك] ئىككى تال ئۆرۈم چاچنىڭ هەربىرىگە بىردىن ئاسىدىغان، مەشۇتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: چاچپۆپۈك ئاسماق.

**چاچتەڭگە** ئى [چاچ + تەڭگە] ئۆرۈلگەن ئىككى تال چاچنى ئارقا تەرىپىدىن چاتىدىغان، كۈمۈشتىن تەڭگە شەكلىدە ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: چاچتەڭگە ئاسماق. چاچتەڭگە سالماق.

**چاچتۇرماق** «چاچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ چاچتۇرماق. ئۇرۇق چاچتۇرماق.

**چاپتۇرۇشماق** «چاپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇلماق** «چاپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاچراتقۇ** ئى. بەدەندە، يۈزدە پەيدا بولىدىغان يىرىڭسىمان سۇلۇق يارا: چاچراتقۇ چىقماق.

**چاچراتماق** «چاچرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇكۇرۇكنى چاچراتماق.

**چاچراشماق** «چاچرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاچراندى** ئى ① سۇ، يۇندى، لاي، چوڭ - كىچىك تەرەت قاتارلىقلارنىڭ چاچراپ كەتكەن تامچىسى: سۇ چاچراندىسى. ② ئوتتىن چاچراپ چىققان ئۇششاق چوغ ياكى ئۇچقۇن : ئەمەسمەن بىر پۇتۇن گۇلخان ئىچىدىن، ئاجرىلىپ چىققان ئوت چاچراندىسى، ئەمەسمەن دەم ئۇيان ـ دەم بۇيان باققان ، مادارسىز كۆزلەرنىڭ جۈپتى ـ پارىسى .

**چاچرىتىلماق** «چاچراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاچرىماق** پ ① تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ ئېتىلماق، چېچىلماق (سۇيۇقلۇق هەققىدە): سۇ چاچرىماق. يۇندى چاچرىماق. *پوقىقا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار (ماقال). ② ئۇششاقلىنىپ، ئاجرىلىپ، ئېتىلىپ چىقماق (قاتتىق نەرسە هەققىدە): ئوت چاچرىماق. يېرىندى چاچرىماق. ③ تېز هەرىكەت قىلماق؛ ئىرغىپ چىقماق، سەكرىمەك: چاچراپ تۇرماق. چاچراپ قوپماق. ④ چېچەكتىن ئايرىلىپ مېۋىگە كىرمەك؛ غورىلىماق، خەمەكلىمەك، مېۋىلىمەك (گۇل - گىياھ، ئۆسۈملۈك هەققىدە): هازىر سويمىلارنىڭ چوڭى باشتەك، كىچىكلىرى كەپتەر تۇخۇمىدەك، يېڭى چاچراۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى. ⑤ كۆچمە. چۈشۈپ كەتمەك؛ ئۆلمەك (هامىلە هەققىدە): تۆرەخانىنىڭ ئانىسى دەناخان تۆرەخاندىن بۇرۇن ئاق - قارا تۆتنى تۇغقان بولۇپ، هەممىسى چاچراپ كەتكەنىدى. ⑥ كۆچمە. ئۇرغۇماق، تاشماق، ئۆرلىمەك، ياناماق (مېھىر - مۇهەببەت ۋە غەزەپ - نەپرەت هەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى.

**چاچراپ كەتمەك** ئۆلمەك (كىچىك بوۋاقلار هەققىدە).

**چاچ- ساقال** چاچ ۋە ساقال قاتارلىق بەدەننىڭ كۆرۈنۈشلۈك جايىدىكى تۈكلەر.

**چاچسىز** سۈپ. چېچى يوق؛ چېچى شالاڭ، ئاز: چاچسىز ئايال بولماس، ساقالسىز ئەر (ماقال).

**چاچقال** ئى. قومۇشنىڭ قۇرۇپ قالغان يوپۇرمىقى.

**چاچقۇ** ئى. تويدا كېلىننىڭ، شۇنىڭدەك يېڭى تۇغۇلغان ياكى خەتنە قىلىنىدىغان بالىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، چېچىلىدىغان پۇل ياكى كەمپۈت قاتارلىق نەرسىلەر: چاچقۇ چاچماق.

**چاچقۇن** سۈپ ① چېچىلغان، چېچىلاڭغۇ، تارقاق: بۇ كەنتتىكى ئۆيلەر بۇرۇن چاچقۇن ئىدى. ② ئاسان ئاچچىقى كېلىدىغان، چېچىلىدىغان؛ تېرىككەك، سەپرا: چاچقۇن ئايال.

**چاچقىرىق** ئى. دىيال. كالىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى قاتتىق سىڭىر.

**چاچلاشماق** پ. چاچلىرىنى تارتىشىپ، يۇلۇشۇپ ئۇرۇشماق.

**چاچلىق** ① سۈپ. چېچى بار، چاچقا ئىگە: ئاق چاچلىق ئادەم. بۇدۇر چاچلىق بالا. ② سۈپ. چېچى تولا، چېچى كۆپ، چېچى

قويۇق ياكى چىچى ئۇزۇن: چاچلىق قىز. ③ ئى. ئاياللار ئىپىش ئۇچۇن ئىشلەتكەن سۈنئىي چاچ؛ جالا: چاچلىق ئاسماق. چاچلىق تاقىماق. چاچلىق سالماق.

**چاچلىق بالا** دىيال. قىز بالا، تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىز.

**چاچما** I سۈپ ① چېچىلغان، چېچىلىدىغان، شالاڭ ھالەتتىكى: چاچما نۇسخىلىق گىلەم. ② <ھەرب> پۇركۇپ ئېتىلىدىغان، چېچىلىپ تېگىدىغان؛ پىترا: چاچما مىلتىق. چاچما ئوق.

**چاچما** II ئى. ئورۇپ ئۈزۈ ئورنىغىلا ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئوت: يار مېنى بەگىلەپتۇ كۆل قوتۇندا چاچماغا.

**چاچماق** پ ① مەلۇم سۇيۇقلۇقنى سەپمەك، پۇركۇمەك: سۇ چاچماق. ئەتىر چاچماق. ② مەلۇم نەرسىنى تارقىتىپ چۇشۇرمەك: ئۇرۇق چاچماق. ئوغۇت چاچماق. ③ تەقسىم قىلماق: بۇ ئولتۇرۇشنىڭ پۇلىنى كىشى بېشىغا چاچقاندا 12 كويدىن توختىمايدۇ. ④ بەتخەجلىك قىلماق، زايە قىلماق، ئىسراپ قىلماق: — باياشات بولىدى دەپلا بۇزدى - چاچتى قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە. ⑤ كۆچمە. تارقاتماق، سىڭدۈرمەك، يۇقتۇرماق: ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق نادانلىق ۋە جاھالەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان بىلىمسىز كىشىدە ئوقۇمىساقمۇ بولىدۇ. ⑥ كۆچمە. تاراتماق، يايماق: گۈل بۇ بىر جۇپ قىز - يىگىتنى تەبرىكلەۋاتقاندەك، ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچماقتا ئىدى. ⑦ كۆچمە. بۆلمەك، قاچۇرماق، تارقاتماق: شۇ چاغدا شوپۇر ئۇنىڭ پىكرىنى چېچىۋەتتى. ⑧ كۆچمە. يالتىراتماق، پارلاتماق: ئۇنىڭ بويىندا ھېلىقى مېدالىيون نۇر چېچىپ تۇراتتى.

**چاچباغ** ئى. [چاچ + باغ] ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان ئالتۇن ياكى كۆمۈشتىن ياسالغان زەنجىرسىمان زىننەت بۇيۇمى: چاچباغ ئاسماق. چاچباغ ياساتماق.

**چاچباغلىق** سۈپ ① چاچبېغى بار، چاچباغ ئاسقان. ② چاچباغ ياساشقا بولىدىغان.

**چاچۇلىماق** پ. دىيال. چاسىلىماق، تۆت چاسا قىلماق.

**چاچۋان** ئى . ئاياللار يۈزىگە تارتىدىغان توقۇلما نىقاب؛ چۈمپەردە.

**چاچۋانلىق** سۈپ. يۈزىگە چاچۋان تارتقان: چاچۋانلىق ئايال.

**چاچى - پاچى** ئوقۇشقا قىيىن بولغان، ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، قالايمىقان: چاچى - پاچى دېمەك.

**چاچىلاڭ** ئى. دىيال. تويدا چېچىلىدىغان نەرسە، چاچقۇ.

**چاخانا** سۈپ. دىيال. ئارتۇقمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، نەق، دەلمۇدەل.

**چار** I ئى. بۇغداي، ئارپا باشاقلىرىنىڭ پوستىدىن ئاجرالماي ئىلغىنىپ قالغان دېنى: چار تەپمەك. چار سوقماق. بۇغداينىڭ چارى.

**چار** II سۈپ ① ئاق بىلەن قارا ئارىلاشقان، ئاق كىرگەن، ئاق باسقان (چاچ - ساقال، تۈك قاتارلىقلار ھەققىدە ): چار باش. چار بۇرۇت. چار ساقال.② ئاقىقا قارا ۋە باشقا خىل رەڭ ئارىلاشقان؛ ئالچىپار، چىپار ( ھايۋانلارنىڭ رەڭگى ھەققىدە ): چار پاقا. چار خوراز. چار يىلان. * ئالا ئېنەكنىڭ بالىسى چار قويرۇق (ماقال).

**چار** III ئى. بالدۇر پىشىدىغان، ئىچى قىزىل، سىرتى چىپار بولىدىغان بىر تۈرلۈك قوغۇننىڭ نامى.

**چار** IV ئى. دىيال. ئەيىب، ئېۋەن، ئاللىق.

**چارا** ئى. يۇمىلاق، چوڭقەكتىن چوڭراق، چوڭقۇر ياغاچ تاۋاق، بۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرغىلىمۇ، ئاش ئۇسقىلىمۇ بولىدۇ: بىر چارا ئاش. بىر چارا ئۇن.

**چارا كۆز** چاناقىنىڭ ئىچىگىرەك جايلاشقان يوغان كۆز: چارا كۆز بالا.

**چارادىماق** پ. دىيال. قورشىماق.

**چاراس** تەق. مۇز، ئەينەك، قوغۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سۇنۇش، يېرىلىش، چېقىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: چاراس قىلماق.

**چاراس - چاراس** «چاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چاراس - چۇرۇس** «چاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: «چاراس - چۇرۇس»قىلىپ سۇنماق.

**چاراسسىدە** رەۋ. «چاراس» قىلغان ھالدا، «چاراس» قىلىپ.

**چاراسلاتماق** «چاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاراسلىماق** پ. «چاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: قىز دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ مۇزى ئىككى قېتىم چاراسلىدى.

**چاراڭ** تەق. نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇپ چېقىلىشى ۋە ۋارقىراشلاردىن ھاسىل بولغان ئارىلاشما شاۋقۇنلۇق ئاۋاز.

**چاراڭ - چۇرۇڭ** «چاراڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**چاراڭشىماق** پ. دىيال. ۋارقىرىماق، غوۋغا قىلماق، غەلۋە قىلماق.

**چارە** I ئى [پ] ① بىرەر ئىشنى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان ئۇسۇل؛ تەدبىر، ئامال: ئەمەلىي چارە. كەسكىن چارە. ② بىرەر ئىدارە، جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆز تەۋەلىكىدە يولغا قويغان قائىدە؛ تۈزۈم، بەلگىلىمە: بۇ چارە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ③ تەنبىھ، جازا: چارە كۆرمەك.

**چارە** II سۈپ. چىقىش كېلىشىتە كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن «ئۈستۈن، يۇقىرى، ئارتۇق» دېگەن مەنىدە ئالدىنقىسىغا سېلىشتۇرغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: گۈلسۇمخان ئاچا گۈلنىسا قىزنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ چارىرەك كۆرەتتى.

**چارە - ئامال** چارە ۋە ئامال: چارە - ئامال قوللانماق.

**چارە - تەدبىر** چارە ۋە تەدبىر: چارە - تەدبىر قوللانماق.

**چارە - تەدبىرلىك** چارە ۋە تەدبىرى بار، چارە ۋە تەدبىر تاپالايدىغان: چارە - تەدبىرلىك ئادەم. چارە - تەدبىرلىك رەھبەر.

**چارەك** I [پ] ① مىق. ئېغىرلىق ئۆلچىمى. چارەك بەزى جايلاردا ئون كىلوگىرام، بەزى جايلاردا 15 كىلوگىرام، بەزى جايلاردا سەككىز كىلوگىرام ۋە بەزى جايلاردا 11 كىلوگىرامغا باراۋەر كېلىدۇ. ② ئى. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئېغىرلىقنى ئۆلچەش ئەسۋابى.

**چارەك** II [پ] ① سان. بىرەر نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ياكى ۋاقىتنىڭ تۆتتىن بىرى: چارەك سائەت. چارەك ئەسىر. ② ئى <مات> تەكشىلىكتىكى ئۆز ئارا تىك بولغان ئىككى تۈز سىزىق تەكشىلىكنى تۆت بۆلەككە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر

بۆلەك «چارەك» دېيىلىدۇ. ③ ئى. بىر ئوقۇش يىلىنىڭ تۆتتىن بىرى.

**چارەك** III مىق. قولنىڭ باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدىن بىگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقنى بىرلىك قىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

**چارەكلەتمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارەكلەشمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارەكلەنمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارەكلىتىلمەك** «چارەكلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارەكلىك** سۈپ ① ئاشلىق ئۆلچەيدىغان چارەك بىرلىك قىلىنغان، چارەك بويىچە ھېسابلانغان: ئالتە چارەكلىك تاغار. ② چارەك ئۇرۇق كېتىدىغان ياكى چېچىلىدىغان: بىر چارەكلىك يەر. ③ بىرنەرسىنىڭ تۆتتىن بىرى بىرلىك قىلىنغان، چارەك بويىچە ھېسابلانغان: چارەكلىك ئىمتىھان.

**چارەكلىمەك** پ. چارەك بىلەن ئۆلچىمەك: — ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. چارەكلەپ يەمدۇق، پاتمانلاپ يەمدۇق، ئىختىيار ئۆزىمىزدە، — دېدى رەۋشەنخان ئۆز - ئۆزىگە.

**چاربازار** ئى [پ] يېزا - كەنت، رايونلاردا ھەپتىنىڭ ھەر خىل كۈنلىرى بولىدىغان بازار.

**چاربازارچى** ئى. بازار تاشلىماي، چاربازاردا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى سودىگەر.

**چاربازارچىلىق** ئى. چاربازاردا سودا - سېتىق قىلىش پائالىيىتى.

**چارباغ** ئى [پ] ① شەھەر سىرتىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلىك، ھاۋالىق جايغا قۇرۇلغان، ئۆي - قورۇسى بار باغ. ② دەريالاردا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ياغاچلارنى بىر - بىرگە چېتىپ قورشام قىلىپ قويۇلغان دائىرە، بىر ئۇچىغا كونجۇت باغلاپ قويۇلىدۇ. بېلىقلار كونجۇتنى يۇراپ، شۇ دائىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇتۇلىدۇ. ③ قومۇل شەھىرىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چاربۇرجەك** ئى [چار + بۇرجەك] <بوت> چاربۇرجەك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، مەددىنى چۈشۈرۈش ۋە تاماق سىڭدۈرۈش رولىغا ئىگە.

**چارپادىشاھ** ئى <تارىخ> «چار» رۇسچە «ئىمپېراتور» مەنىسىدىكى سۆز. «چارپادىشاھ» رۇسىيە بىلەن بۇلغارىيەنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

**چارپاي** ئى [پ] ← **چارۋا**: چارپاي يىغماق.

**چارپۇتلاتماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارپۇتلاشماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارپۇتلانماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارپۇتلىماق** پ [چار + پۇتلىماق] پۇتلاپ، چىرماق سىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىتماق: ئۇ ئېبىسىنى يىغىپ بولغۇچە، ئىشكەكتىن يولۋاسنەك ئېتىلىپ كىرگەن رەھمەتجان بىرلا چارپۇتلاپ، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈردى - دە، ئۈستىگە مىنىۋالدى.

**چارپىلەك** ئى [چار + پىلەك] قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**چارتال** ئى [چار + تال] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئىسسىق رايونلاردا ئۆسىدۇ، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇچكىسى دورا قىلىنىدۇ، يۆتەل پەسەيتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چارچاپ** ئى [پ] ① بىر - بىرىگە چېتىلغان تۆت ياغاچ ۋە شۇ ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما، جاھاز. ② شادىلىق كىچىك كارىۋات. ③ ئۈستىگە كوزا ياكى تەلەڭگە، داس قويۇلىدىغان، ئۈچ ياكى تۆت پۇتلۇق ياغاچ رامكا، جاھاز.

**چارچاتقۇچ** ئى. چارچىتىدىغان، چارچاشنى پەيدا قىلىدىغان دورا ياكى ماددا: بۇ مەھسۇلات مۇسكۇللاردىكى چارچاتقۇچلارنى پارچىلاپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتەلەيدۇ.

**چارچاتماق** «چارچىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارچاشماق** «چارچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارچاق** سۈپ ① ئېچىشكە تەس بولغان؛ قىرتاق، قاقشىق: چارچاق ھاراق. ② قۇلاققا ياقمايدىغان؛ مۇڭسىز، يېقىمسىز: چارچاق ناخشا. ③ مۇناسىۋەتتە يىرىك، تولا جېدەللىشىدىغان؛ ئۇرۇشقاق، قوپال: چارچاق ئادەم.

**چارچاڭغۇ** سۈپ. چارچاپ قالغان، چارچىغان، ھاردۇق يەتكەن: چارچاڭغۇ ئادەم.

**چارچاي** ئى. دىيال. قارىقات.

**چارچۇرۇك** ئى [چار + چۇرۇك] <دېھ> قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**چارچىماق** پ. بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ئەمگەك پائالىيىتى نەتىجىسىدە ھارغىنلىق سەزمەك؛ ھارماق، تالماق: سەپەردە چارچىماق. ئەمگەكتە چارچىماق.

**چارداش** ئى <مۇز> ۋېنگىرىيەچە sardas سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ ۋېنگىرىيە خەلقىنىڭ ئۇسسۇل (تانسا) مۇزىكىسى بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان.

**چاردان** ئى. تولامچاقنىڭ چىلگە ۋە كۇدا ئوقلىرى ئورنىتىلغان ياغاچ سايمىنى.

**چاررۇسىيە** ئى [ر] <تارىخ> چارپادىشاھى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رۇسىيە.

**چارزەپ** ئى [پ + ئە] <مۇز> مۇقام تەركىبىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىلىرىنىڭ بىر تۈرى: چارزەپ مۇزىكىسى.

**چارس** تەق. مۇز، ئەينەك، چىنە قاتارلىق نەرسىلەر تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن دەز كەتكەندە پەيدا بولىدىغان ئاۋاز: لامپىنىڭ ئەينىكى «چارس» قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى.

**چارس - چارس** «چارس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چارس - چۇرس** «چارس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: مۇخبىرلار ھەر تەرەپتىن «چارس - چۇرس» قىلىپ سۈرەتكە تارتقىلى تۇردى.

**چارسسىدە** رەۋ. «چارس» قىلغان ھالدا، «چارس» قىلىپ: تاش دېرىزىگە تېگىپ «چارسسىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئەينەك پارچىلىرى يەرگە چۈشتى.

**چارسىلداتماق** «چارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارسىلداشماق** «چارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارسىلدىماق** پ. «چارس - چارس» قىلىپ ئاۋاز چىقماق؛

«چارس ـ چارس» قىلماق: ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان قورۇق ئوتۇنلار چارسىلدىماقتا ئىدى.

**چارشەنبە** ئى [پ] <ئاستر> ھەپتىنىڭ سەيشەنبىدىن كېيىن، پەيشەنبىدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى كۈنى.

**چارشەنبە بازار** ① ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بولىدىغان بازار. ② چارشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان شۇ جاينىڭ نامى: بىز چارشەنبە بازارغا كەلگەن چاغدا كۈن ئولتۇردى.

**چارگاھ** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تۆتىنچىسىنىڭ نامى: چارگاھ مۇقامى.

**چارلاتماق** «چارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارلاش** ئى ① بىرەر مەقسەت بىلەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، ئاختۇرۇش، كۆزىتىش. ② <گېئول> كان بايلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ۋە كان گەۋدىسىنىڭ ئورنى، شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، مەدەن ھاسىل قىلىش قانۇنىيىتى، تاغ جىنسلىق خۇسۇسىيىتى، گېئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆلچەپ بېكىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چارلاشماق** I «چارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار كوچىلارنى چارلىشىپ يۈرەتتى.

**چارلاشماق** II پ. چار ھالەتكە كەلمەك، چار بولماق: گۆھەرخان چوڭ ئانامۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئاق كىرىپ چارلاشقان چېچىنىڭ ئۈستىدىن ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىپ كوچىغا چىقتى.

**چارلاڭ** سۈپ. دىيال. چار، ئالىچىپار: چارلاڭ ئات.

**چارلانماق** «چارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارلىغۇچى** ئى. ئارمىيە ئىچىدىكى رازۋېدكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم، رازۋېدچىك.

**چارلىماق** پ ① بىرەر مەقسەت بىلەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارماق، كۆزەتمەك، ئاختۇرماق. ② بىرەر ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىسىدىن گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماق؛ تاغ - داللارنى قىدىرماق، بايلىق ئىزدىمەك: گېئولوگىيەلىك چارلاش ئېلىپ بارماق.

**چارئوت** ئى [چار + ئوت] <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ھەرە چىشلىرىغا ئوخشاش رەتسىز چىشلىرى بولىدۇ.

**چارۇزە** ئى. كارىۋاتچىلىك كەڭلىكتىكى گىلەم.

**چارۇلماق** پ. دىيال. پۇتلاشماق: ماڭا چارۇلماي نېرى تۇر.

**چارۋا** ئى [پ] ئات، كالا، قوي قاتارلىق تۆت ئاياغلىق مال.

**چارۋىچى** ئى. چارۋا بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە چارۋىغا ئىگە بولغان كىشى: بۇ كەنتتە ئون ئائىلە چارۋىچى بار.

**چارۋىچىلىق** ئى. چارۋا بېقىش ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئىشى، كەسپى.

**چارۋىدار** ئى [پ] چارۋىچىلىق رايونىدىكى يايلاق ۋە چارۋا ماللارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى.

**چارىزم** ئى [ر] <تارىخ> چار پادىشاھلىقىنىڭ ھاكىمىيەتلەقلىككە ئاساسلانغان دۆلەت تۈزۈمى: چارىزم ھاكىمىيىتى. چارىزم ھۆكۈمرانلىقى.

**چارىسىز** سۈپ. چارىسى يوق، چارە تاپالمىغان؛ ئىلاجسىز: چارىسىز ئىش بولماس، چارىسىز ئاش بولماس(ماقال).

**چارىسىزلىق** ئى. چارە يوقلۇق، چارە تاپالماسلىق، ئىلاجسىزلىق.

**چارىيار** ئى [پ] <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىدىن ئىبارەت تۆت ۋارىسى (تۆت خەلىپە).

**چازا** I (چا: زا) ئى [خەن] تەكشۈرۈش ئورنى، قاراۋۇلخانا؛ توسۇق: چازا قۇرماق.

**چازا** II (چا: زا) ئى [خەن] چاچ قاتارلىقلارنى قىسىپ قويىدىغان تۆمۈر ياكى سۆلياۋ بۇيۇم، قىسقۇچ: چازا قىستۇرماق.

**چازا** III ئى [پ] ← **باداشقان:** چازا قۇرماق.

**چاس** I ئى [ر] كىنو سېنارىيەسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى، قىسىم: بۇ كىنو جەمئىي 14 چاس.

**چاس** II ئى [ر] <ھەرب> ئورنىدا تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى چېكىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ھۆرمەت؛ ھەربىيچە سالام: چاس بەرمەك.

**چاسا (چا:سا)** [پ] ① سۈپ. تۆت تەرىپى تەڭ بولغان، تۆت بۇرجەك شەكىلدىكى؛ كىۋادرات: چاسا تاش. چاسا ياغاچ. ② ئى. شەھەر، جەڭلەرنىڭ مەركىزىي كوچىسى، رەستە.

**چاستوتا** ئى [ر] <فىز> جىسىمنىڭ ھەر سېكۇنتتىكى تەۋرىنىش قېتىم سانى. بىرلىكى گېرتس. مەسىلەن، ئادەم ئاڭلىيالايدىغان ئاۋازنىڭ چاستوتىسى 16 — 20000 گېرتسقىچە بولىدۇ. ئادەتتە ئۆزگىرىشچان توكنىڭ چاستوتىسى 50 گېرتس. رادىيو ئىستانسىلىرى كۈندىلىك ئاڭلىتىشنى قايسى خىل دولقۇن ياكى چاستوتىدا تارقىتىشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

**چاسلىق** سۈپ. چاسلىرى بار، چاسلارغا بۆلۈنگەن،چاسلارغا ئايرىلغان، قىسىملىق: تۆت چاسلىق فىلىم.

**چاسلاتماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېخنىك خادىملار بىر تۈركۈم تاشچىلارنى تەشكىللەپ، قېزىلغان تاشلارنى قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە باب كەلتۈرۈپ چاسلاتتى.

**چاسلاشماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياغاچچىلار كېسىلگەن ياغاچلارنى چاسلاشتى.

**چاسلانماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچلار چاسلىنىپ بولدى.

**چاسلىماق** پ. چاسا شەكىلگە، ھالىتىگە كەلتۈرمەك؛ تۆت تەرىپىنى تەڭ قىلماق: ياغاچ چاسلىماق.

**چاسۋەك** ئى. دېرىزە ئەينەكلىرىنى باستۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۈستەل ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قىرغاقلىرىغا ئورنىتىلىدىغان ئىنچىكە، قىرلىق ياغاچ.

**چاشقان** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تۈرى كۆپ، تېنى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن، كۈرەك چىشى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، قوزۇق چىشى بولمايدۇ. ② كۆچمە (تېب) ئات ـ ئۇلاغلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ③ <ئاستر> مۇچەل يىلى ھېسابىدىكى بىرىنچى

يىل، يەنى 12 مۇچەلدىكى ھايۋاننىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى
بىلەن ئاتالغان يىل.

**چاشقانسىز** سۈپ. چاشقان يوق، چاشقان بولمىغان: بۇ ناھىـ-
يەدە «چاشقانسىز ئۈلگە رايون» بەرپا قىلىشقا ياخشى ئاساس تۇرغۇزۇلدى.

**چاشقانيارا** ئى [چاشقان + يارا] <تېب> بىر خىل كېسەلـ-
لىك. كۆپرەك بويۇنغا چىقىدۇ، بەزىدە قولتۇقىمۇ چىقىدۇ.
سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ بويۇن ياكى قولتۇقتىكى لىمفا
تۈگۈنىگە كىرىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.
ئالامەتلىرى؛ قاتتىق تۈگۈنچەكلەر پەيدا بولۇپ يىرىڭلايدۇ. يارا
ئاغزى ئاسانلىقچە پۈتمەيدۇ.

**چاشكا** I ئى [ر] فارفور ماتېرىياللاردىن ياسىلىدىغان،
تۇتقۇچى بار، مەخسۇس چاي ئىچىدىغان قاچا.

**چاشكا** II ئى. دىيال. مېيىتنى ئۇزاتقاندا تارقىتىلىدىغان
يەل ـ يېمىش.

**چاشگاھ** ئى [پ] تاڭ ئېتىپ، كۈن بىر ئاز ئۆرلىگەن ۋاقىت :
ئۇلۇڭ تەرەپتە مەھەللە ۋە چاشگاھ قۇياشى ئوچۇق بوشلۇقتا چاقناپ تۇراتتى.

**چاشما** ئى. دىيال. بىر خىل كەشتە نۇسخىسى: چاشما تىكىش.

**چاشۋاق** ئى. دىيال. كېلىن ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن
ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مېھمان چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە.

**چاغ** I سۈپ. خۇشال، خۇرسەن، شاد: كۆڭلى چاغ. ۋاقتى چاغ.

**چاغ** II ئى. دەۋر، مەزگىل، پەيت، ۋاقىت: تاڭ ئاقارغان چاغ.
قاش قارايغان چاغ.

**چاغ** III ئىم . ئىتنى قوغلاش، ھەيدەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

**چاغ** IV سۈپ. دىيال. دەل، ماس، لايىق، خوپ.

**چاغ** V ئى. دىيال. كۈچ ـ قۇۋۋەت، قۇرب؛ مادار.

**چاغا** ئى. دىيال. تۆگمەننىڭ چاقپېلىكى.

**چاغاتاي** ئى <تارىخ> چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىـ-
نىڭ نامى.

**چاغاتاي تىلى** <تىل> قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا
شەكىللەنگەن ۋە 13 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار
ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئورتاق
قوللانغان ئەدەبىي تىل. بۇ تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىـ-
لىپ قېلىشىغا چاغاتاي خانلىقى ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئورناتـ-
قان باشقا خانلىقلارنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ
قوللانغانلىقى سەۋەب بولغان.

**چاغان** ئى. قەمەرىيە يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىـ-
دىغان مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، باھار بايرىمى.

**چاغاناق** ئى. دىيال. تەخسە مۇزىكا، پىلاستىنكا.

**چاغاناي** ئى. دىيال. قومۇش سۇناي.

**چاغانلىق** پ. چاغانغا ئىشلىتىدىغان ياكى كېرەك قىلىدىغان؛
چاغانغا مۇناسىۋەتلىك: چاغانلىق ئولتۇرۇش . چاغانلىق زىياپەت.

**چاغ ـ چۇغ** دىيال. ئۇجۇر ـ بۇجۇر، ھال ـ ئەھۋال.

**چاغرۇل** سۈپ. دىيال. قاقشال.

**چاغلاشماق** I «چاغلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاغلاشماق** II «چاغلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ-
جىسى: ئۇلار قوناقلىرىنى ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ چاغلاشتى.

**چاغلام** ئى. كېۋەز، قوناق قاتارلىق زىرائەت مايسىلىرىنىڭ
تۇۋىنى چاغلاپ (چېپىپ) يۇمشىتىش؛ چېپىق: قوناقنىڭ بىرىنـ-
چى چاغلىمى.

**چاغلانماق** I «چاغلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىـ-
جىسى: مايىم قولى باغلاندى، ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى. ئاتا ـ ئانا دەردىـ-
دە، يۈرەك ـ باغرى داغلاندى.

**چاغلانماق** II «چاغلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىـ-
جىسى: كېۋەزلەر چاغلىنىپ بولدى.

**چاغلىغۇچ** ئى. زىرائەتلەرنىڭ تۇۋىنى چاناپ يۇمشىتىش،
ئارىسىنى شالاڭلىتىش، ئوتىنى چاغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىـ-
دىغان ئۇزۇن دەستىلىك تىغلىق سايمان.

**چاغلىق** ① سۈپ. ئاددىي، كىچىك، ئانچىكى: چاغلىق گەپ.
② سۈپ. ھەيران قالغۇدەك ئەمەس، چوڭ ئەمەس، چوڭ مەسىلە
ئەمەس، چەكلىك: دەسمايىسى چاغلىق. ھالى چاغلىق. ③ تىر.
دېيەرلىك، باراۋىرىدە، ... چىلىكمۇ: بازارغا بىر باغلام ئوتۇن، بىر
باش پىياز چاغلىق نەرسە كىرگۈزمەپتۇ.

**چاغلىماق** I پ ① مۆلچەرلىمەك، تەخمىن قىلماق، دەڭسىـ-
مەك: ئۆزۈڭنى چاغلا، بېلىڭنى باغلا(ماقال). ② ھېسابلىماق، ساندـ-
ماق، بىلمەك، تونۇماق، كۆرمەك: ئۇ ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ،
بارغانسېرى تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.

**چاغلىماق** II پ. زىرائەتلەرنىڭ تۈپ ئارىلىقىدىكى ئوتلارنى
ئوتاپ، تۇۋىنى چانىماق، يۇمشاتماق: قوناق چاغلىماق. كېۋەز چاغلىماق.

**چاغنان** ئىم. ئىتنى قوغلاش ئۈندەش سۆزى.

**چاغۋا** يۈك. بەلكىم، ئېھتىمال: قارلىق تاغلار يېقىنچۇن،
ھاۋالىرى سوق چاغۋا. چوكانلىرى بىچارە، يىگىتلىرى يوق چاغۋا.

**چاغىرچاي** ئى <بوت> قارىقات ئائىلىسىدىكى كۆپ
يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 30 ـــ 60 سانتىمېتىر
ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، مېۋىسى غۇنچە شەكىللىك، پۈتۈن
ئۆسۈملۈك تېبنى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىپ گۆش
ئۆستۈرۈش، ئاشقازاننى ياخشىلاپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش،
ھەيز تەڭشەش رولىغا ئىگە.

**چاق** I تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشى، ئۇرۇ-
لۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**چاق** II ئى [پ] ① قاتناش قوراللىرى، ھەر خىل
ئەسۋابلار ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى:
تۆگمەن چاقى. چىشلىق چاق. ② قاناتلىق چاق ئارقىلىق يىكنى
ئايلاندۇرۇپ يىپ ئېگىرىدىغان تانابلىق ئېگىرىش ئەسۋابى: چاق
ئېگىرمەك. ③ كېسىدىغان ئەسۋابلارنىڭ تىغىنى ئىتتىكلىتىـ-
دىغان، ئۆتكۈر قىلىدىغان قۇم باغلانغان، ئايلىنىدىغان
غالتەك: چاققا تۇتماق. چاققا سالماق.

**چاقا** I ئى ① ئومۇمەن مىسكە ئوخشاش مېتاللاردىن ياسىـ-
لىدىغان پارچە پۇل؛ تىيىن. ② ئاز مىقداردىكى ئاقچا، پۇل،
مەبلەغ: كارۋانغا تاقا لازىم، سودىگەرگە چاقا(ماقال).

**چاقا** II ئى. ئادەم بەدىنىدە ھاسىل بولغان كىچىك يارا؛
جاراھەت.

**چاقا** III ئى. ئۇزۇم ئېسىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن چۈنجىگە
ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ياغاچ قۇرۇلما. ئۇنىڭ غول قىسمىدىكى

تۆشۈكچىلەردىن چاپراس قىلىپ چەمەك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**چاقاڭدا** رەۋ. دىيال. ئۇڭدا: چاقاڭدىسىغا چۈشتى.

**چاقام** ← چاقام ـ چاقام.

**چاقام ـ چاقام** بال س. سۇغا باش چۆكۈرۈشتىن بۇرۇن ئېيتىلىدىغان بالىلار سۆزى.

**چاقپەلەك** ئى [پ + ئە] ① سۇ ۋە شامال كۈچى بىلەن ئايلىنىپ، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قاناتلىق چاق. ② ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گورىزونتال ئوق ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان قاناتلىق غالتەكسىمان قۇرۇلما.

**چاقپەلەك بولۇپ كەتمەك** دىيال. خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي كەتمەك، يايراپ كەتمەك.

**چاقپەلەكلىك** سۈپ. چاقپەلىكى بار، چاقپەلەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**چاقتۇرماق** «چاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاقتۇرۇشماق** «چاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاقتۇرۇلماق** «چاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاقچا** ئى. دىيال. ناسۋال قۇتىسى.

**چاقچاق** I ئى ① كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش، كۆڭلىنى ئېچىش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان قىزىق گەپ ـ سۆز، ھەرىكەت: چاقچاق قىلماق. ② كۆڭۈل ياساپ ۋە قىزىقچىلىق قىلىپ يالغاندىن ئېيتىلغان گەپ ياكى ھەرىكەت، ھەزىل.

**چاقچاق** II ئى. دەررە، دولان مەشرىپىدە ئىشلىتىدىغان ياپىلاق تىلىنغان ياغاچ. ئۇرغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**چاقچاقچى** ئى. چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چاقچاق قىلىشقا ئامراق، چاقچاق قىلىشقا ئۇستا كىشى؛ ھەزىلكەش.

**چاقچاقچىلىق** ئى ① چاقچاق قىلىش، چاقچاق قىلىش ئىشى. ② چاقچاق قىلىش ئالاھىدىلىكى، چاقچاق قىلىش ماھىرلىقى: ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش پېئىللىق ۋە چاقچاقلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆز تاشلىنىپ تۇراتتى. ③ چاقچاق قىلىش ئەل ئارىسىدىكى سەنئەتلىرىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئىلى رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان: ئىلى خەلق چاقچاقچىلىقى. ھېسام ئاكا چاقچاقچىلىقى. موللازەيدىن چاقچاقچىلىقى.

**چاقچاقسىز** سۈپ. چاقچىقى يوق، چاقچاق ئارىلاشمىغان.

**چاقچاقلاشماق** پ. چاقچاق قىلىشماق؛ قىزىق، كۈلكىلىك پاراڭلارنى سېلىشىپ ئويناشماق: ئالماس دىراما ھەۋەسكارلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

**چاقچاقلىق** سۈپ. چاقچاق ئىپادىلەنگەن، چاقچاق ئارىلاشقان: شوخ، چاقچاقلىق، چاققان مىللىي ئۇسسۇل ئىجرا قىلىندى.

**چاقچۇق** I ئى. پارقىراق سىر بېرىلگەن ساپال، فارفور: چاقچۇق بۇيۇم.

**چاقچۇق** II ئى. ئۆرۈك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يېمەكلىكلەرنىڭ ئۇچكىسى، ئۇرۇقچا.

**چاقچى** ئى ① چاق ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ② كېسىدىغان تىغلىق ئەسۋابلارنى چاقلايدىغان ئادەم. ③ چاق بىلەن يىپ ئېگىرىدىغان كىشى(ئايال).

**چاقچىغار** ئى. دىيال. چولپان يۇلتۇز.

**چاقچىقىز** ئى [چاقچى + قىز] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. سېرىق قوڭۇر ياكى يېشىل، بېشى كىچىك، سەكرەشكە ماھىر، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**چاقچىلىق** ئى. چاق ياساش، تىغلىق ئەسۋابلارنى چاقلاش ۋە يىپ ئېگىرىش كەسپى.

**چاقچىلىقاي** سۈپ ① ئالدىراش، بىسىق، پاتىپاراق: چاقچىلىقاي كۈنلەر. چاقچىلىقاي ئادەم. ② بىئەپ، بىمەسىل چاغ: ئاتىنى مىندىم ئېگەرسىز، باشى ـ كۆزى يۇگەنسىز. چىرايلىق مېنىڭ يارىم، چاقچىلىقايدا كېپقاپسىز.

**چاقچىلىقايچىلىق** ئى. ئالدىراش، پاتىپاراق ھالەت: بۇ چاقچىلىقايچىلىق، نەغمە ـ ناۋالار خالىقنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى.

**چاقچىلىقايلىق** ئى. ئالدىراشلىق، پاتىپاراقلىق: پوكەيلەر چاقچىلىقايلىق بولۇپ كەتتى.

**چاقسا** ئى ① ياغاچتىن ياسالغان شادىلىق تۇسما تام. ② شادىلىق ياغاچ قوۋۇق، دەرۋازا.

**چاققاق** ① سۈپ. چېقىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، دائىم چاقىدىغان: چاققاق ھەرە. ② ئى. چاققاقئوت.

**چاققاقئوت** ئى [چاققاق + ئوت] <بوت> چاققاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قوۋزاق تالاسىنى توقۇمىچىلىققا خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ.

**چاققاقلىق** ئى. چېقىش ئادىتى، چېقىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇش.

**چاققان** ① سۈپ. ئىش ـ ھەرىكەتتە تېتىك، ھەرىكەتچان، چەبدەس: چاققان يىگىت. ② رەۋ. چاپسان، تېز، ئىلدام: چاققان كەلمەك. * قولى گال ئۈستىدىن، ئايىغى چاققان گاداي ياخشى(ماقال). ③ سۈپ. پايدىلىنىشقا قولاي، ئىخچام، ئەپچىل: چاققان ئۆي، چاققان ئات.

**چاققانلاشتۇرماق** «چاققانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاققانلاشتۇرۇلماق** «چاققانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاققانلاشماق** پ. چاققان، تېتىك ھالەتكە كەلمەك؛ چاپسانلاشماق، ئىلداملاشماق، تېزلەشمەك: ئۇ بارغانچە چاققانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**چاققانلىق** ئى. چاققان ئىش ـ ھەرىكەت: چاققانلىق قىلماق.

**چاققۇ** ئى. دىيال. چۇسا: چاققۇنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما (ماقال).

**چاقلاتماق** «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاقلاشماق** I «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاقلاشماق** II پ. ئەركەك ئىت بىلەن قانجۇق جۈپلىشىپ قالماق.

**چاقلانماق** «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىچاق چاقلاندى.

**چاقلىق** سۈپ. چاقى بار، چاق ئورنىتىلغان، چاق بېكىتىلگەن: ئىككى چاقلىق ھارۋا. چاقلىق ماشىنا.

**چاقىلماق** پ. تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ بىسىنى چاققا تۇتۇپ ئۆتكۈر قىلماق، چاققا يېگۈزمەك، ئىتتەرتمەك: پىچاق چاقىلماق.

**چاقما** I سۈپ. چېقىلىدىغان، چېقىلغان: چاقما كاۋا.

**چاقما كاۋا** <بوت> كاۋىنىڭ بىر تۈرى. بەزى جايلاردا «ئەنجان كاۋىسى» دېيىلىدۇ.

**چاقما** II ئى. ئالتۇن چايقاش ئۈچۈن، دەريا يېنىدىكى تەگلىك يەرگە ھەر خىل ئۇزۇنلۇقتا، يېرىم مېتىر كەڭلىكتە تاش بىلەن ياسالغان كۆلچەك.

**چاقماق** I ئى ① بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ياكى بۇلۇت بىلەن يەر يۈزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زەرەتسىزلىنىش ھادىسىسى؛ يانغىن. ② كۆچمە. ئۇچقۇن، ئوت: ئىنتىقام چاقمىقى. غەزەپ چاقمىقى.

**چاقماق** II ئى. كىچىك ۋە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوت ياندۇرۇش ئەسۋابى. ئۇ يېقىلغۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سۇيۇقلۇق چاقمىقى ۋە گاز چاقماق؛ ئوت ياندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تاشلىق چاقماق ۋە ئېلېكترونلۇق چاقماق دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ: چاقماق تېشى. چاقماق ياندۇرماق.

**چاقماق** III ئى. ئېتىش قوراللىرىنىڭ مىشەككە تېگىپ ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ تەپكە: مىلتىقنىڭ چاقمىقى.

**چاقماق** IV سۈپ. توت بۇرجەك، كىۋادرات شەكىلدىكى، چاسا شەكىللىك: چاقماق قەنت.

**چاقماق** V پ ① قاتتىق نەرسىلەرنى سۇندۇرۇپ ئۇششاقلىماق؛ پارچىلىماق، ئوشتۇماق، سۇندۇرماق: تاش چاقماق. ياڭاق چاقماق. ② ئۇرۇپ، سۇندۇرۇپ بۇزماق، پاچاقلىماق: دەرۋازىنى چاقماق. قۇلۇپنى چاقماق. ③ كۆچمە. مالنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىك بىرلىككە سۇندۇرماق، سېلىشتۇرماق: مالغا چاقساق ئون تەڭگىدىن قوي ئالسا، 160 نەچچە قوي كېلىدۇ. ④ چىشلەپ ياكى نەشتىرىنى سانجىپ ئاغرىتماق، زەھەر سالماق، زەھەرلىمەك (يىلان، چايان، ھەرە قاتارلىقلار ھەققىدە): پاشا چاقماق. سېرىق ئېشەك چاقماق. * ھەرىنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يەيدۇ (ماقال). ⑤ ئۆز تەسىرىگە ئالماق، تەسىر كۆرسەتمەك: كېسەل چاقماق. ئاپتاپ چاقماق. ⑥ كۆچمە. باشقىلارغا بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماق؛ چېقىمچىلىق قىلماق: بىراۋغا بىراۋنى چېقىش ياخشى ئادەت ئەمەس. ⑦ كۆچمە. باشقىلارنى ئۇرۇۋالماق، سوقۇۋالماق (گەپ بىلەن): گەپتە چاقماق. ⑧ بىر – بىرىگە ئۇرۇپ، سۈركەپ ئوت چىقارماق، ياندۇرماق، ياقماق: چېقىن چاقماق. سەرەڭگە چاقماق. ⑨ قاماشتۇرماق، خىرەلەشتۈرمەك (كۆز ھەققىدە): كۆزنى چاقماق.

**چاقماقتەك** سۈپ ① چاپسان، تېز: چاقماقتەك سۆزلىمەك. ② چەپدەس، چاققان: چاقماقتەك قىز.

**چاقماقلىق** I سۈپ. چاقماق چاققان، چاقماق چېقىۋاتقان: ئۇ ھېلىقى چاقماقلىق كېچىدىكى ۋەقەنى ئۇنتۇمايتتى.

**چاقماقلىق** II سۈپ. چاقمىقى بار، چاقماق بېكىتىلگەن: چاقماقلىق مىلتىق.

**چاقماقلىق** III سۈپ. چاقمىقى بار، چاقماق شەكلىدە ئىشلەنگەن: چاقماقلىق باش ياغلىقى.

**چاقناتماق** «چاقنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆزنى چاقناتماق.

**چاقناشماق** «چاقنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاقناق** سۈپ. چاقناپ تۇرىدىغان، چاقنايدىغان، پارقىراق: گاھىدا بۇلۇتلار خىرىس قىلىدۇ، پوپوزا خەنجىرىنى تەڭلەيدۇ چاقماق. گاھىدا چاڭ ـ تۇمان بېسىپ كېلىدۇ ۋە لېكىن پەرىنىڭ رۇخسارى چاقناق.

**چاقنىماق** پ. نۇر چاچماق، ۋال – ۋۇل قىلماق، يالتىرىماق، پارقىرىماق، ۋاللىدىماق: كۈن نۇرىدا يېشىل تۈسكە كىرگەن داللار مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

**چاقۇ** I ئى. جان ت. چېقىش ئىشى، چېقىمچىلىق: ئۇ نادەمگە قاراپ: ـــ ناسىر ئاخۇن ئاكامنىڭ ئۆلۈمى باجگىرنى بىر كاچات ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەختەمبايلارنىڭ چاقۇسىمۇ بار، ـــ دېدى.

**چاقۇ** II ئى. ئىلمەك، ئىلغۇچ: گۆشنى چاقۇغا ئاسماق.

**چاقىرتماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارىدىن توت كۈن ئۆتۈپ، مۇھەممەت ئىمىن ئابىدەمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

**چاقىر – چۇقۇر** «چاقىر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**چاقىرماق** پ ① ئاۋاز چىقىرىپ خەۋەردار قىلماق، قىچقارماق: دوستىنى چاقىرماق. ② تەكلىپ قىلماق، چىللىماق: مېھمانغا چاقىرماق. * چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما (ماقال). ③ دالالەت قىلماق، دەۋەت قىلماق، سەپەرۋەر قىلماق، ئۈندىمەك: كۈرەشكە چاقىرماق. چېلىشقا چاقىرماق. ④ ئويۇشتۇرماق، ئاچماق: كېڭەش چاقىرماق. يىغىن چاقىرماق.

**چاقىرىشماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەستىكى ئادەملەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزنى چاقىرىشتى.

**چاقىرىق** ئى ① پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مۇراجىئەت؛ تەشەببۇس: ـــ پارتىيەنىڭ بۇ چاقىرىقى 1964 ـ يىلى چىقىرىلغان، ـــ دېدى سابىر. ② ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇش: ئۇنىڭغا مەكتەپتىن چاقىرىق كەپتۇ.

**چاقىرىقنامە** ئى. بىرەر يىغىن، توي، ئولتۇرۇش، مېھماندارچىلىق قاتارلىقلارغا چىللاپ يېزىلغان خەت؛ چاقىرىق قەغىزى، تەكلىپنامە: چاقىرىقنامە ئەۋەتمەك.

**چاقىرىلماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جىددىي مەجلىسكە سايىتمۇ ئەلۋەتتە چاقىرىلغانىدى.

**چاقىرىم** ئى. مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان يەرلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر چاقىرىم ئۇزۇنلۇق ئادەتتە 0.5 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

**چاقىلاي** ئى. دىيال. ئەتىياز كۈنلىرى چىقىپ، كېيىن يوقاپ كېتىدىغان يۈزدىكى داغ.

**چاقىماق** پ. دىيال. زېرىكمەك، تويماق، ۋاز كەچمەك.

**چاك** I ئى [پ] ① ئاراچ؛ يېرىق، دەز: چاك كەتمەك. ② پىچىلغان كىيىمنىڭ تىكىلىدىغان جايى؛ تىكىچ ئورنى، قىرغىقى: چاك تىكمەك. چاك باستۇرماق. ③ كۆچمە. قىلىنغان ياكى قىلىنىۋاتقان ئىشتىن كۆرۈلگەن نۇقسان؛ كەمچىلىك، مەسىلە: ئىشنى قىلساڭ پۇختا قىل، چاك چىقمىسۇن. ئىبادەتنى ئىچىڭدە بىل، كىشى ئۇقمىسۇن.

**چاك باسماق** ① يوچۇق بىر - بىرىگە ھەم كەلمەك؛ قىرغاقلىرى بىر - بىرىگە ھەم كىرىشمەك: مىخلانغان تاختىلار بىر - بىرىگە چاك باسمىدى. ② بىر - بىرىگە قولاشماق، ماسلاشماق، كېلىشمەك (گەپ سۆز ھەققىدە): — ما گېپىڭ چاك باستى، — دېدى ئەختەم.

**چاك** II تەق. تىلىنىڭ تاماقىقا تېگىپ تېز ئاجرىشى ۋە ئېغىزنىڭ تەمشىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**چاكار** ئى [پ] مالاي، خىزمەتكار: چاكار بولماق. خەلقنىڭ چاكىرى.

**چاكارچىلىق** ئى. چاكارلىق تۇرمۇش، چاكار بولۇپ ياشاش.

**چاكار - چۇكار** جان ت. چوڭ - كىچىك چاكارلار، خىزمەتكارلار: پادىشاھ چوڭىنىڭ توقچىنى چاكار - چۇكارلارغا بېرىپ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ توقچىنى ساراي ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ.

**چاكارلىق** ئى ① چاكار قىلىدىغان ئىش. ② چاكارلارغا خاس خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەت: — ئۇنىڭ بوستان چاچلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق؟ — دېدى بەھدى رەئىس چاكارلىق قىياپىتى بىلەن.

**چاكاندا** ئى [پ] <بوت> چاكاندا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۇششاق چاتقال. غولى ئېغېدىرىن ئېلىشنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. چاكاندىنىڭ شىنجاڭدا توققۇز خىل تۈرى بار، ھەممىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاكاندىلىق** ئى . چاكاندا بار، چاكاندا ئۆسكەن يەر: قاسىمنىڭ كەتمىنى چاكاندىلىقتا ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى.

**چاك - پارە** تىلىم - تىلىم، تىتما - تىتما، پارە - پارە: مۇھەببەت دەستىدە يىغلاپ ئەجەب ئاۋارەدۇر كۆڭلۈم. يېتەلمەي يار ۋەسلىگە تۈمەن چاك - پارەدۇر كۆڭلۈم.

**چاك - چاك** «چاك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چاك - چېكى** تۇتاشقان ھەممە تەرەپ: چاك - چېكىدىن بۆسۈلمەك.

**چاكسا** ئى. دىيال. بىرجىڭ ئېغىرلىقىقا تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى.

**چاككىدە** رەۋ. «چاك» قىلغان ھالدا، «چاك» قىلىپ.

**چاكۇ** سۈپ. دىيال. چوقۇر: سەتكەن دېمەڭ ئىشان ھاجىمنىڭ قىزى، چاكۇكەن دېمەڭ بۇ چېچەكنىڭ ئىزى.

**چاكىلداتماق** «چاكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تىلىنى چاكىلداتماق.

**چاكىلداشماق** «چاكىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**چاكىلدىماق** پ. تەمشىپ ئېغىزدىن «چاك - چاك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئەپەندىم ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى چاكىلداپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر بولاق ئۇچراپتۇ.

**چاكمۇخ** ئى <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، تېبابەتتە قانىنى جانلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قىچىشىشنى بېسىش رولىغا ئىگە.

**چاكىنا** سۈپ [پ] تېتىقسىز، ئەرزىمەس: چاكىنا ئىش. چاكىنا ئادەم. چاكىنا گەپ.

**چاكىنا - چۇكۇنە** ئەھمىيەتسىز، ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، ئۇششاق - چۈششەك: باشلىق بولغان ئادەم چاكىنا - چۇكۇنە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ.

**چاكىنالاشتۇرماق** «چاكىنالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاكىنالاشتۇرۇشماق** «چاكىنالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاكىنالاشتۇرۇلماق** «چاكىنالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاكىنىلاشماق** پ. ئەرزىمەس، چاكىنا ھالەتكە كېلىپ قالماق. تېتىقسىزلاشماق: ئۇ بىردىنلا خان ئالدىدا ئۆزىنىڭ چاكىنىلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

**چاكىنىلىق** ئى. چاكىنا ئىش، قىلىق؛ تېتىقسىزلىق: ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك قىياپەتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇلغان پەسكەشلىكلىرى، چاكىنىلىقلىرى ئەلگە ئايان.

**چاگانەم** سۈپ. دىيال. بوم ئاۋاز (مۇزىكىدا).

**چاڭ** I تەق. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسىگە قاتتىق تېگىشىدىن چىققان قاتتىق ئاۋاز.

**چاڭ** II ئى ① نەرسىلەر ئۈستىگە يېپىشىۋالغان ياكى ھاۋاغا ئارىلىشىپ، ئۇچۇپ يۈرىدىغان يۇمشاق توپا ياكى شۇ خىل توپا ھالىتىدىكى ئۇششاق زەررىچىلەر؛ توزان: چاڭ باسماق. چاڭ توزۇماق. ② <بوت> گۈلنىڭ چاڭدېنىدىكى تالقانسىمان دانچىلەر. كۆپچىلىكنىڭ رەڭگى سېرىق، بەزىلىرىنىڭ يېشىل ياكى قارا كېلىدۇ، ھەربىر دانچىسىنىڭ ئىچىدە بىردىن جىنسىي ھۈجەيرە بولىدۇ.

**چاڭ** III ئى [پ] پەنجە؛ چاڭگال، قول: كىشىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالماق. سار چۈجىگە چاڭ سالدى.

**چاڭ** IV ئى [پ] شەكلى ساندۇققا ئوخشايدىغان، ئۈستىگە نۇرغۇن سىم تارلار تارتىلغان، ئىككى تال چوكا بىلەن ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى.

**چاڭ** V ئى. دىيال. ئاشلىغان تېرىنى قىرىش - ئەيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئالدى قىڭراققا ئوخشاش، تىغىنىڭ ئارقىسىغا ھىلال ئاي شەكلىدە ياغاچتىن مەيدە تىرىكى ئورنىتىلغان سايمان.

**چاڭ** VI ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدىكى بىر قەدىمىي مىللەت. ئەسلىدە چىڭخەيگە مەركەزلىشىپ، جەنۇبتا سىچۈەن، غەربىي شىمالدا شىنجاڭغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشقان. شىمالىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گەنسۇغا كۆچكەن. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىگە (مىلادىيە 384 — 417 - يىللار) كەلگەندە جىن دۆلىتىنى قۇرغان.

**چاڭپوزا** ئى [خەن] ئۇلۇغ ياندىن تۈگمىلىنىدىغان، ئىككى تەرەپتە چېكى بار ئۇزۇن چاپان.

**چاڭ - توپا** چاڭ ۋە توپا؛ چاڭ - توزان: چاڭ - توپا ئىچىدە قالماق.

**چاڭ - توزان** ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇۋاق توپا توزۇندىلىرى، چاڭ - توپا: چاڭ - توزان باسماق.

**چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ** <فىز>← **توزان سۈمۈرگۈچ**.

**چاڭ - تۇمان** توپا توزۇندىلىرى ۋە ئىس - تۈتەك: چاڭ - تۇمان باسماق.

**چاڭ - چاڭ** ① «چاڭ I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② يېقىملىق ۋە ياڭراق: بۇلبۇلنىڭ چاڭ - چاڭ سايراشلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماقتا ئىدى.

**چاڭ - چۇڭ** «چاڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار:

ئەسقەر ئاچچىقىغا پايلىماي، خوتۇننى چاك ـ چۇك ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى.

**چاكچى** ئى. چاك چالىدىغان ئادەم، سازەندە.

**چاكچىلە** ئى [خەن] <تىيا> خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىيا ـ تىرى. ئۇ بېيجىڭ تىياتىرى ۋە ھەر خىل يەرلىك ئويۇن تۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەقەلىك ناخشا ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**چاكچىلچى** ئى← **چاكچىلكەش.**

**چاكچىلكەش** ئى <تىيا> چاكچىلە ئارتىسى.

**چاكدان** ئى <بوت> ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى. گۇل يىپىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، خالتىسىمان بولۇپ، ئىچىدە گۇل چېڭى بولىدۇ.

**چاكغا** ئى <تەن> قار تېيىلغاندا، ئاياغقا مەھكەم بېكىتىـ ـلىدىغان بىر جۈپ تار ھەم ياپىلاق، ئۇزۇن ياغاچ، ئۇچ تەرىپى سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ: چاكغا تېيىلماق.

**چاكغىچى** ئى. چاكغا بىلەن تېيىلغۇچى، چاكغا تەنھەرىكەتچىسى.

**چاكغىراق** ئى. كىگىز ئۆينىڭ ئۈستىكى قىسمىدىكى تۈڭلۈك چەمبىرىكى: ھون ياغاچچىلىرى ئاق ئۆيلەر (كىگىز ئۆيلەر) ئۈچۈن ياغاچتىن چاكقىراق، كەرەگىلەر ياسايتتى.

**چاكقاتماق** «چاكقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاكقاشماق** «چاكقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاكقاغا** ئى. دىيال. توڭقاغا.

**چاكقاق** سۈپ. سۇغا تەشنا، چاكقىغان؛ قاغجىرىغان، سۇسىرىغان: چاكقاق ئادەم. چاكقاق يەر.

**چاكقاقچىلىق** ئى. چاكقىغان ھالەت، چاكقاقلىق، سۇسىز ـ لىق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سۇ ئامبىرىدىكى سۇ تالىشىش ۋەقەسى، مەھەللە ـ كويلاردىكى چاكقاقچىلىق، سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن قوناق، ۋىجىكلىشىپ سۇپەتسىز ھوسۇل بەرگەن كېۋەزلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى.

**چاكقاقلىق** ئى. چاكقاق، چاكقىغان ھالەت: ئەمدى چاكقاقلىق بالاسى دىلنى چاك ـ چاك ئەيلىمەس، ئاينىغاي كۆكلەپ زىرائەت، بولمىغاي نابۇت ـ خاراب.

**چاكقۇرۇن** ئى. دىيال. ئالدىراشچىلىق، بېسىق.

**چاكقىماق** پ ① سۇغا تەشنا بولماق، قاغجىرىماق، سۇسىـ ـرىماق؛ ئۇسسىماق: ئۇلار داۋان ئېشىپ تاغ كېزىپتۇ. دەريا كېچىپ چۆل بېسىپتۇ. گاھى سۇغا قېنىپ، گاھى چاكقاپتۇ. ② كۆچمە. قاتتىق تەلمۈرمەك، تەشنا بولماق، ئىنتىزار بولماق، سېغىنـ ـماق: ئەلەمدىن چاكقىغان دىلنى، زامانەم قاندۇرار بولدى.

**چاكگا** ① ئى. ئۇچار قۇشلارنىڭ دەل ـ دەرەخلەر ۋە تام تۆشۈكى قاتارلىق جايلارغا ياسىغان تۇرار جايى؛ ئۇۋا: چاكگا تىزماق. ② ئى. كۆچمە. ئۆي ـ جاي، ئائىلە، ماكان: سەن قاراپ تۇرۇپ بىر بىچارىنىڭ ئاران تىزغان چاكگىسىنى بۇزماقچىمۇ سەن. ③ سۈپ. تەرتىپسىز ئۆسكەن، پاخپىيىپ كەتكەن: ئالتۇن باش دادانىڭ بىلەن قالغۇچە، چاكگا باش ئانانىڭ بىلەن قال (ماقال).

**چاكگاق** سۈپ. بىر ـ بىرىگە يېپىشقان، كىرىشكەن، چىگىشلەشكەن، غۇژمەك: چاكگاق ئۈزۈم.

**چاكگاق ـ چاكگاق** ساپاق ـ ساپاق، غۇژمەك ـ غۇژمەك: سېرىق سايۋىلار چاكگاق ـ چاكگاق ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

**چاكگاك** ئى ① كۆپ تىللىق قارماق: لوخۇ بېلىق چاكگاكقا

ئىلىنمىدى. ② ئېكەكلىنىدىغان، ھەرىلىنىدىغان نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسقۇچسىمان سەندەل.

**چاكگال** [پ] ① ئى. پەنجە، چاك: چاكگال سالماق. ② ئى. كۆچمە. زۇلۇم، ئاسارەت، تۇتقۇنلۇق، نەزەربەند، رىجىم: ئىسكەنجە: گۇناھسىز بىر ياشنى ناھەقچىلىك چاكگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاز ـ تولا تەلۋىلىك قىلسا نېمە بوپتۇ؟ ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ، چاكگاللىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چاكگال كەمپۈت.

**چاكگاللاتماق** «چاكگاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاكگاللاشماق** «چاكگاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاكگاللانماق** «چاكگاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاكگاللىماق** پ. چاكگال بىلەن تۇتماق، قامالىماق: ئۇ ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چاكگاللىدى.

**چاكگىسىمان** سۈپ. چاكگىغا ئوخشايدىغان، چاكگا شەكىلـ ـلىك: چاكگىسىمان كەپە.

**چاكگىدە** رەۋ. «چاك» قىلغان ھالدا، «چاك» قىلىپ: ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، چاكگىدە يەنە بىر كاچات تېگىپتۇ.

**چاكلاشتۇرماق** I «چاكلاشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالام ئۆينى چاكلاشتۇرۇۋەتتىڭ، بىردەم جىم ئولتۇرساڭچۇ؟

**چاكلاشتۇرماق** II پ <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاتىلىقىـ ـدىكى گۇل چاكلىرىنى شامال ياكى ھاشاراتلار ۋاستىسى بىلەن ئانىلىق ئېغىزىغا ياكى بىۋاستە تۆرەلمە تۈگۈنىگە قوندۇرماق.

**چاكلاشتۇرۇلماق** «چاكلاشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاكلاشماق** I پ. چاك تۇزۇغان ھالەتكە كەلمەك، چاك تۇزۇماق: ئۆي چاكلىشىپ كەتتى.

**چاكلاشماق** II پ <بوت> ئۆسۈملۈكلەردىكى ئاتىلىق گۇل چاكلىرى ئانىلىق ئېغىزىغا قونماق.

**چاكلىغۇچ** ئى ① ئۆسۈملۈكلەرگە زىياندىش ھاشاراتلاردىن ساقلىنىش دورىسىنى پۈركۈيدىغان ئەسۋاب. ② ئۆسۈملۈكـ ـلەرنى چاكلاشتۇرۇشقا ياردەم بەرگۈچى ۋاستە (ھاشارات، شامال قاتارلىقلار).

**چاكلىداتماق** «چاكلىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ ـجىسى: چاكلىدىتىپ ئۇرماق.

**چاكلىداشماق** «چاكلىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاكلىداق** سۈپ. چاكلىداپ، جاراڭلاپ چىقىدىغان، ياڭراق: چاكلىداق ئاۋاز.

**چاكلىدىماق** پ. «چاك ـ چاك» قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز چىقارماق: گەپىنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن گۇلنار چاكلىداپ سۆزلەپ كەتتى.

**چال** ئى. ياشانغان ئەركىشى؛ بوۋاي، مويسىپىت: چالنى كۆرۈپ، بوۋا دېمە (ماقال).

**چالا** سۈپ. ئاياغلاشتۇرۇلمىغان. پۈتكۈزۈلمىگەن، تاماملانـ ـمىغان؛ تولۇق ئەمەس، يېرىم ـ يارتا: چالا ساۋات. چالا موللا. چالا ئۆلۈك. * بالا ـــ قىلغان ئىشى چالا (ماقال).

**چالا كۆرەڭ** سۈپ. دىيال. ساۋاتسىز، ماختانچاق، مەمەدان.

**چالا ـ بۇلا** تولۇق ئەمەس، يېرىم ـ يارتا: چالا ـ بۇلا ئىش قىلماق.

**چالا ـ چوتا** ← **چالا ـ بۇلا:** ساۋۇتئاخۇن يۇمۇلغان كۆزىنى يوغان ئېچىپ، بۆلەك بىر ئادەمنىڭ نامىنى چالا ـ چوتا ئاتايتتى.

**چالا ـ پۇچۇق** ← **چالا ـ بۇلا:** ئۇ ھاشىم بىلەن چالا ـ پۇچۇق سالاملىشىپلا كېتىپ قالدى.

**چالاشماق** پ. دىيال. ئۇتلەنمەك، چالا كۆيمەك.

**چالپاق** ئى. تام سۇۋىقىنىڭ قۇرۇغاندا تۇتماي، سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن قىسمى.

**چالتاي ـ پالتاي** ئۇنداق ـ مۇنداق، پالان ـ پۇستان: چالتاي ـ پالتاينى قويۇپ، راست گەپنى دە!

**چالچۇق** ئى. دىيال. نەم يەر، نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر.

**چالدۇرماق** I «چالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساز چالدۇرماق.

**چالدۇرماق** II پ. دىيال. ئوتقا قويماق، دەم ئالدۇرماق: ئۇلار بىر دەڭگە چۈشۈپ ئاتلىرىنى چالدۇردى.

**چالغا** ئى. ئوت ـ چۆپ ئورۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئۇزۇن دەستىلىك، ئورغاققا ئوخشايدىغان قورال.

**چالغۇ** ئى. مۇزىكا ئەسۋابى؛ ساز: ئۇيغۇرخەلق چالغۇلىرى.// ئۇنىڭ ئۆيى خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**چالغۇت** ئى. قاشتېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتتىق تاش قاتلىمى.

**چالغۇچ** I ئى. ئاياللار يېلىم چىلايدىغان قاچا: بىر دېدىكى چالغۇچ تۇتۇپتۇ.

**چالغۇچ** II ئى. ئۇماچ، سىقماق قاتارلىق تاماقلارنى ئەتكەندە، ئۇلارنى مالتىلاپ ئارىلاشتۇرىدىغان، ئۇچىدا ئۈچ ـ تۆت ئاچىمىقى بار، قاتتىقراق ياغاچ.

**چالغۇچى** ئى. سازەندە؛ سازچى، مۇزىكانت: ئوغلۇم ئۇد سازىنىڭ ماھىر چالغۇچىسى ئىدى.

**چالغىتماق** ① چالغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى چالغىتماق. ② ئىلىشتۇرماق؛ بۇرىماق، قاچۇرماق: كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋەرگەن پېشكەللىك ئۇنىڭ كەيپىنى چالغىتىپ، مېڭىسىدىن ئەقىل ـ ئىدراكىنى قوغلاپ چىقارماقتا ئىدى.

**چالغىتىشماق** «چالغىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چالغىتىلماق** «چالغىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چالغىچى** ئى. چالغا بىلەن ئوت ۋە ئورما ئورىدىغان ئادەم.

**چالغىماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىدىن ئۆز ھالىتى بۇزۇلماق، بۆلۈنمەك؛ داۋالغۇماق، چايقالماق: سۇ چالغىماق.

**چالقىماق** ئى. دىيال. يۇقۇندا، قاچىلاردىكى تاماق يۇقۇندىلىرى.

**چاللىق** ئى. قېرىلىق، مويسىپىتلىك.

**چالما** I ئى ① تەركىبىگە سۇ ئارىلاشقاندىن كېيىن قاتقان توپا، داڭگال، كېسەك: بىرى چالما دېگەننى يەنە بىرى ئالما دەر (ماقال). ② مال قىغىنىڭ كېسىكى.

**چالمىسى سۇغا چىلاشماق** ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالماق، ئۈمىدى، غەرىزى يوققا چىقماق، ئوسال ئەھۋالدا قالماق.

**چالما** II ئى <يېم> دىيال ① ئۇماچ. ② ئاتلا. ③ قۇيماق.

**چالماق** I پ ① چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۇرۇپ، چېكىپ، بېسىپ پۈۋلەپ، سۈركەپ ئاۋاز چىقارماق: ساز چالماق. دۇتار چالماق. ② چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن مەلۇم ئاھاڭ ياكى رىتىمغا ئىگە كۈي ھاسىل قىلماق: قېنى يىگىتلەر باش پەدىگە چالايلى.

**چالماق** II پ. بىرەر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىگە قوشماق، بىرلەشتۈرمەك، ئارىلاشتۇرماق، قوچۇماق: تۇخۇم چالماق.

**چالما ـ كېسەك** چالما ۋە كېسەك.

**چالما ـ كېسەك قىلماق** قەدىمكى جازا ئۇسۇلى بويىچە جىنايەتچىلەرنى چالما ـ كېسەك بىلەن ئۇرۇپ ئازابلىماق : بۇ باش جىنايەتچى، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك.

**چالمچاڭ** ئى. دىيال. باللارنىڭ چالما ئېتىپ ئوينايدىغان ئويۇنى.

**چالملىق** سۈپ. چالمىسى بار، چالمىسى كۆپ: ئەترەت باشلىقى ئەزالارنى باشلاپ، چالملىق ئېتىزنىڭ چالملىرىنى تەرگۈزدى.

**چالۋاقاتماق** «چالۋاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چالۋاقاشماق** «چالۋاقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چالۋاقىماق** پ. بىرەر سەۋەبتىن باشقىلارغا چېچىلماق، پوزىتسىيە ئۆزگەرتمەك؛ ئاچچىقلانماق، خاپا بولۇپ سۆزلىمەك: ــ نېمىگە چالۋاقايسىز؟ ــ دېدى ئاسىم ئاچچىقلىنىپ.

**چالىلىق** ئى. تولۇقسىزلىق، يېرىم ـ يارتىلىق.

**چام** ئى ① بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان شەرت ـ شارائىت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، مادار، ئىمكانىيەت: چامى يەتمەك. ② كىشى بېشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە: چام سالماق.

**چام ئالماق** دىيال. ۋەزىپە بۆلۈۋالماق.

**چاما** ئى. مۆلچەر، تەخمىن، قىياس: چامامدا سائەت ئىككى بولغان چېغى.

**چامادان** ئى [پ] كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك ياسالغان ساندۇق.

**چامادانلىق** سۈپ. چامادانى بار، چامادان كۆتۈرگەن.

**چامباش** ئى. پۇت ـ قول ماھارىتى ۋە قورال ئىشلىتىش تېخنىكىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمىي تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى.

**چامباشچى** ئى. چامباش ھۈنىرىگە ماھىر، چامباش ئۇستىسى.

**چامباشچىلىق** ئى. چامباشچىلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ: چامباشچىلىق قىلماق.

**چامبۇل** سۈپ. بىر يېرى ئاق، بىر يېرى قارا، ئالا: چامبۇل ئېشەك.

**چامچا** ئى ① دىيال. ئەرەنچە كۆڭلەك. ② يەكتەكتىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان ياللىڭ ئۇزۇن يازلىق چاپان: ئېگىز ئازغان بويىدا، چامچاڭنى سەن مۇرەڭگە ئال، شۇغىنە ئايلا جۇگاننى، ئالمىدەك يانىڭغا سال.

**چامداتماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، بىر چامدىتىپ، ئىككى چامدىتىپ مېڭىشنى ئۆگەتتى.

**چامداشماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تولىمۇ ھارغىن قىياپەتتە ئېغىر ـ ئېغىر چامدىشىپ

كېلىۋاتاتتى.

**چامدالماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چامدام** ① ئى. ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تاشلانغان ھەربىر قەدەم، ماڭدام. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، قەدەم بىلەن ئۆلچەشكە بولىدىغان ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بەش ـ ئالتە چامدام ماڭمايلا، دادىسى ئۇچراپ قالدى.

**چامدىماق** پ. ئاياغ تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك؛ قەدەم باسماق، ماڭماق: ئۇنىڭ كەينىدىن يېنىك چامداپ ئەختەمباي كىردى.

**چامغۇر** ئى <بوت> ① كىرىبست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك يىلتىزى گۆشلۈك بولۇپ، رەڭگى ئاق ياكى قىزىل، شەكلى يۇمىلاق، شار شەكلىدە ياكى ئۇزۇنچاق كېلىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزى كۆكتات قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ كەمتۈك جايلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**چامغۇرسىز** سۈپ. چامغۇرى يوق، چامغۇرى بولمىغان، چامغۇر سېلىنمىغان: ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالى ئۈچۈن «يىرىك ۋە تەمسىز» زاغرا نېنى ۋە چامغۇرسىز ئېشى ھەر ھالدا بار بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا قارىغاندا بەرىبىر قەرزدىن قۇتۇلالماسلىقتەك غۇربەت تۇرمۇشىنىڭ قوچىقىدا ياشايدۇ.

**چامغۇرلۇق** ئى. چامغۇر تېرىلغان يەر، ئېتىز.

**چاملاتماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاملاشماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاملانماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاملىماق** پ. بىرەر نەرسىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆرمەك، مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق: سەن بىر چاملاپ كۆرگىن، مۇشۇ قوي قانچە كىلوگىرام چىقار؟

**چانا** ئى [ر] ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان، مەخسۇس مۇز ياكى قار يولىدا تېيىلىپ ماڭىدىغان بىر خىل قاتناش قورالى.

**چاناتماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاناچ** ئى. تېرە خالتا؛ تورسۇق، تۇلۇم.

**چاناشماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاناق** I ئى ① ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق مېتاللارنى ئېرىتىدىغان، چوقىدىن ياسالغان قاچا. ② كۆز شارچىسى يەنى قارىچۇق جايلاشقان ئورۇن: كۆز چانىقى. ③ ئارپا، شال، بۇغداي قاتارلىقلارنىڭ دېنىنى، كېۋەزنىڭ پاختىسىنى ئوراپ تۇرغان قېپى، شاكىلى. ④ تۈگمەنگە ئورنىتىلغان سۇكەننىڭ ئۈگۈت چۈشىدىغان، ئۈستى يۇمىلاق، ئۈچى نور شەكىللىك قىسمى.

**چاناق** II ئى. دىيال. رەگەتكە.

**چانالماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتۇن چانالدى.

**چانچىق** ئى. دىيال. چېكە.

**چاندۇرماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەشىق جەريانىدا مەن كۆپ چاندۇردۇم.

**چاندۇرۇشماق** «چاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاندىر** ① ئى. گۆشنىڭ قاتتىق پەي قىسمى. ② سۈپ. كۆچمە. جۇدەڭ، قاتاڭغۇر، ياداڭغۇ: چاندىر ئادەم.

**چانىماق** پ ① ماسلىشالماي قالماق، تۆۋەن، ناچار ئىكەنلىكى، تەڭ ئەمەسلىكى بىلىنىپ قالماق: ئۆيمۇ يامان سېلىنماپتىكەن، شۇغىنىسى، كىگىز سەل چېنىپ قاپتۇ. ② رايى، مەيلى يانماق، مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارىماق (ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): خوتۇنىدىن چانماق. ③ ئاشكارا بولۇپ قالماق، بىلىنىپ قالماق: يالغان سۆزلىگىنى چېنىپ قالماق.

**چانىماق** پ ① تىغلىق ئەسۋابنى بىرەر نەرسىگە ئۇرماق، كەسمەك، پارچە ـ پارچە قىلماق: گۆش چانىماق. پىياز چانىماق. ② چاپماق، بوشاتماق، يۇمشاتماق: يەر چانىماق.

**چاۋا** ئى [پ] <ئانات> ① قېرىننىڭ پەسكى قىسمى بىلەن سان ئارىلىقى. ② ھايۋانلارنىڭ ئىچ يېغى، قېرىن مېيى. ③ ياغ قاچىلايدىغان سايمان.

**چاۋىسى چىقتا يېيىلماق** قىلغان ـ ئەتكىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، رەسۋا بولماق، سىرى پاش بولماق.

**چاۋات** سۈپ. يۈزىنى چوڭ، يۇپقا ئېچىپ پىشۇرۇلىدىغان ھەمەك: چاۋات نان.

**چاۋار** ئى. ئۆسۈملۈك ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قۇرۇق شاخ ـ شادىلىرى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرى؛ شاخ ـ شۇمبا.

**چاۋارتقۇ** ئى. كۆيۈك قاپارتمىسى.

**چاۋارتماق** «چاۋارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاۋار ـ چاتقال** چاۋار ۋە شۇ قاتاردىكى نەرسىلەر.

**چاۋارماق** پ ① ئاپتاپ ياكى ئوتنىڭ قىزدۇرۇشىدىن پوت ـ قول، بەدەن چارلىشىپ ھەر خىل داغ، سۇلۇق قاپارتما ھاسىل بولماق. ② ئۇسسۇزلۇق ياكى قىزىق ئاپتاپتىن چارلىشىپ سارغايماق (زىرائەت ھەققىدە): بۇغدايلار چاۋىرىپ كەتتى.

**چاۋاك** ئى. ئىككى ئالقاننىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى: چاۋاك چالماق.

**چاۋاكلاشماق** «چاۋاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاۋاكلىماق** پ. ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرماق؛ شاپىلاقلىماق: باسىت ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى:— پاھ!... ئاتەش ـ ئاتەش ...— دېدى ئۇ يوتىسىغا چاۋاكلاپ.

**چاۋەت** ئى. دىيال. چاۋا، ئۈچەي.

**چاۋشيەن** ئى. شەرقىي ئاسىيادىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بىر دۆلەت. شىمالىي چاۋشيەن ۋە جەنۇبىي چاۋشيەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**چاۋشيەنزۇ** ئى [خەن] مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ جىلىن، خېيلوڭجياڭ ۋە لياۋنىڭ قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**چاۋشيەنشۇناس** ئى. چاۋشيەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىرقى، ئىقتىسادى، تارىخى ۋە تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى.

**چاۋشيەنشۇناسلىق** ئى. چاۋشيەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىرقى، ئىقتىسادى، تارىخى ۋە تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**چاۋكا** ئى. دىيال. ساغرىسى چىپارئات.

**چاۋۇش** ئى. تارس. كوماندىر، مەشقاۋۇل، ئوفىتسېر.

**چاي** ئى [خەن] ① <بوت> چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يۇمران يوپۇرمىقى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن دەملەپ ئىچىدىغان چاي بولىدۇ. ئۇ جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات. ③ شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتىدىن دەملەنگەن ئىچىملىك. ④ كۆچمە. بىرەر سەۋەب بىلەن باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىياپەت؛ مېھماندارچىلىق: چاي ئۆتكۈزمەك. ⑤ كۆچمە. قۇدا بولغان ئىككى تەرەپتىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت: چوڭ چاي. كىچىك چاي.

**چاي پۇلى** بىرەر ئىشنى ئورۇنلاپ بەرگەنلىك يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان ھەق؛ تاپان ھەققى.

**چاي قاينىمى** بىر چۆگۈن سۇ قاينىغۇدەك ۋاقىت، مەزگىل: ئاردىن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندە بىز ماڭدۇق.

**چاي قويماق** بىراۋغا ناماقۇل بولۇش، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن زىياپەت بەرمەك.

**چاي ئىچۈرمەك** يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىز تەرەپتە زىياپەت ئۆتكۈزمەك؛ توي قىلىشقا كېلىشمەك.

**چايان** ئى <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنىنىڭ رەڭگى كۆپىنچە سېرىق بېغىر رەڭ كېلىدۇ. قۇيرۇق تەرىپىدە زەھەرلىك ئىلمىكى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەلىنىدۇ ياكى ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؛ تۇغۇپ كۆپىيىدۇ، ئۆمۈچۈك، ھاشارەتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چايانلىق** ئى. چايان ماكانلاشقان، چايان كۆپ جاي.

**چايانئوت** ئى [چايان + ئوت] <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە زەھەرلىك ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. تۈگۈنەك غولى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**چايپەز** ئى [ خەن + پە ] كوچا، رەستىلەردىكى چايخانىلاردا خېرىدارلارغا چاي تەييارلاپ ئەكېلىدىغان ئادەم، چايچى.

**چايپەزلىك** ئى ① چاي تەييارلاش ئىشى، چاي تەييارلاش مۇلازىمىتى. ② چاي يېتىشتۈرۈش ئىشى، چاي ئۆستۈرۈش ھەم ئۇنى سېتىش ئىشى، كەسپى: مەن بۇرۇن چايپەزلىك مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قىسىم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقىلەشكەنىدىم.

**چاي - پاي** ① چاي ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر: خەلچەم بازارغا بېرىپ، چاي - پاي ئالغاچ دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئاكىسى ئەكبەرنى يوقلاپ كەلدى. ② چاي ھەم چاي دائىرىسىگە كىرىدىغان يېمەك - ئىچمەك: بىز چاي - پاي ئىچكەچ باشقا مېھمانلارنى كۈتۈشكە باشلىدۇق.

**چايپەش** ئى. ديال. چاي ئوراپ قويىدىغان تۇگۈچى، چاي سالىدىغان تېرە خالتا.

**چايپۇرۇش** ئى. چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ چاي سودىگىرى.

**چايپۇرۇشلۇق** ئى. چاي تىجارىتى، چاي ئېلىپ - سېتىش ئىشى؛ چايچىلىق.

**چايجۇش** ئى. چاي چۆگۈنى.

**چايجىر** ئى. ديال. چاي ئۈستىلى.

**چايچى** ئى ① چايخانا ئېچىپ چاي ساتىدىغان، چاي سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم. ② زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلاردا، مېھمانلارغا چاي قۇيىدىغان كىشى. ③ چاي تېرىپ ئۆستۈرۈپ ساتقۇچى ئادەم.

**چايچىلىق** ئى ① چاي قاينىتىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، چاي سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىش كەسپى. ② چاي تېرىپ ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ھەم ئۇنى سېتىش ئىشى، كەسپى: زەرەپشان چايچىلىقى كىشىلەرگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ.

**چايخانا** ئى. مەخسۇس چاي دەملەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن؛ ساماۋارخانا.

**چايخانىچى** ئى. چايخانا ئاچقان ئادەم، چايخانا خوجايىنى: ھېكمەت چايخانىچى ئايالغا پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى تۆلىگەندىن كېيىن ھەممىسى دەڭگە قايتىپ كەلدى.

**چايخور** سۈپ. چاينى ياخشى كۆرىدىغان، چاينى كۆپ ئىچىدىغان، چايغا ئامراق: چايخور ئادەم.

**چايخورلۇق** ئى. چاينى ياخشى كۆرۈش، چاينى كۆپ ئىچىش ئادىتى.

**چايدام** ئى. ديال. چۆللەردە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەكلەر.

**چايدان** ئى. قايناق سۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە ئىسسىق ساقلاپ بېرىدىغان شىشە قاچا.

**چايزار** ① سۈپ. چاي بىلەن قاپلانغان: چايزار جىلغا. ② ئى. كۆپ چاي ئۆستۈرۈلگەن جاي.

**چايزارلىق** ئى. چايزار جاي : بۇ يېزىدا يەنە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان چايزارلىق بار ئىكەن.

**چايشاپ** ئى [پ] ئورۇن - تۆشەك ئۈستىگە يېپىلىدىغان ياپقۇچ؛ كىرلىك.

**چايقاتماق** ① «چايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ھەر يانغا داۋالغۇتماق، ئىرغاڭلاتماق، تەۋرەتمەك: سۇنى چايقاتماق.

**چايقاشماق** «چايقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چايقاق** ئى. سۇنىڭ دولقۇندىن پەس بولغان تەۋرىنىشى، دولقۇن.

**چايقالماق** «چايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چايقىماق** پ ① يۇيۇلغان نەرسىنى پاكىز سۇغا چىلاپ ياكى ئۈستىدىن پاكىز سۇ قۇيۇپ تازىلىماق: كىر چايقىماق. چىنە چايقىماق. ② دانچە ھالەتتىكى نەرسىلەرنى يۇماق: قوم چايقىماق. ئالتۇن چايقىماق. ③ سىلكىمەك، ئىرغىتماق، لىڭشىتماق: باش چايقىماق.

**چايكا** ئى [ر] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى.

كۆپىنچە دېڭىز بويلىرىدا ياشايدۇ، بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**چايگۈل** ئى [چاي + گۈل] <بوت> چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. ئۇ بىر خىل مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، گۈلى ناھايىتى چىرايلىق، ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىشقا بولىدۇ.

**چايلىق** ئى. چايغا سېلىش ئۈچۈن تەڭشەپ تەييارلانغان ئوراق ھالىتىدىكى چاي دورىسى.

**چايلىماق** پ. دىيال ① ئۆسۈملۈكلەر باراقسانلىماق، باراقسان بولماق. ② كۆپەيمەك.

**چايناتماق** «چايىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىشىم ھېچنېمە چايناتمىدى.

**چايناشماق** «چايىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاينالماق** «چايىنماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاينام** ① ئى. يېمەكلىكلەردىن ئېغىزدا بىر قېتىم چايناشقا بولىدىغان پارچە بۆلەك. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، چاينالغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چاينام نان. بىر چاينام گۆش.

**چايىنماق** پ ① چىش بىلەن چىشلەپ ئۇششاقلىماق، ئەزمەك، يۇمشاتماق. ② يېمەك: چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش چاينا (ماقال). ③ كۆچمە. بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلماق، يامىنىنى ئېيتماق؛ غاجىماق: بەزىلەر ئادەمنىڭ يۈزىدە گەپ قىلماي، ئارقىسىدىن چاينايدۇ.

**چايئوت** ئى [چاي + ئوت] <بوت> گۈلقىيار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تارقىلىشى كەڭ، ئادەتتە دەريا بويلىرى ۋە سۈيى مول جىلغىلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن يارىپىلىم ئېلىشقا ۋە چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ.

**چەببيات** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىككىنچىسىنىڭ نامى. ئۇ 23 نەغمە، 251 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 12 نەغمە، 137 مىسرادىن؛ 4 داستان 8 نەغمە، 76 مىسرادىن؛ 3 مەشرەپ 3 نەغمە، 38 مىسرادىن تەركىب تاپقان: چەببيات مۇقامى.

**چەبدەس** سۈپ [پ] ئىش ـ ھەرىكىتى تېز، چاققان، تېتىك، ئەپچىل: چەبدەس ئادەم. * چېچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى (ماقال).

**چەبدەسلىك** ئى . چەبدەس ھەرىكەت.

**چەپ** سۈپ [پ] ① گەۋدىنىڭ يۈرەك جايلاشقان تەرىپىدىكى؛ سول: چەپ كۆز. ② گەۋدىنىڭ شۇ تەرەپكە يېقىن، شۇ تەرەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى: چەپ تەرەپ. چەپ يانچۇق. ③ كۆچمە. ئىشى ئوڭغا يۈرمەيدىغان، نەس؛ تەتۈر: چەپ ئادەم.

**چەپ بارماق** باش بارماقتىن باشقا بارماقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر پۈتۈن نامى.

**چەپكە تارتماق** ئوڭۇشسىزلىققا قاراپ يۈزلەنمەك، قولايسىزلاشماق.

**چەپ كۆزدە قارىماق** بىردەك مۇئامىلە قىلماي كەمسىتمەك، تۆۋەن كۆرمەك.

**چەپەن** سۈپ. دىيال. تەتۈر، ئۇششۇق، ئۆكتەم، يېپىشقاق.

**چەپبېگى** ئى [چەپ + بەگ + ى] ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى مۇھاپىزەت لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى.

**چەپچەك** ئى. چۆگۈننىڭ ، چەينەك قاتارلىق سايمانلارنىڭ تېگى تەرىپىدىكى يەرگە قويۇشقا لايىق قىلىپ ياسالغان قىسمى: چەپچەك بېكىتمەك.

**چەپچەكلىك** سۈپ. چەپچىكى بار، چەپچەك ئورنىتىلغان: چەپچەكلىك چۆگۈن. چەپچەكلىك چەينەك. * چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكىنى ئال، خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكىنى (ماقال).

**چەت** ① ئى. مەركەزدىن يىراق جاي؛ يان، ياقا. ② سۈپ. ئۆزگە، يات، باشقا: چەت تىل. چەت دۆلەت. ③ ئى. قىرغاق، لەپ، ياقا: دەريانىڭ ئۇ چېتىدە بىر ئادەم كۆرۈنەتتى. ④ ئى. ئۆزگىگە نىسبەتەن يىراق، نېرى جاي: ئالدىراپ يېنىپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم: ــ پۇتلاشماي چەتتە تۇر، ــ دەپ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

**چەت ئەل** ئۆز مەملىكىتىدىن باشقا مەملىكەت، باشقا دۆلەت.

**چەتكە چىقماق** ① تۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ، يىراققا، ياقا جايغا كەتمەك. ② چەت ئەلگە چىقماق .③ كۆچمە. مەسئۇلىيىتىدىن قاچماق، باش تارتماق: ئۇنى ئوغرىلىققا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىمىز چەتكە چىقىۋالسىمىز دېگىنە. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتتىن قولىنى تارتماق، ئالاقىسىنى ئۈزمەك.

**چەتكە قاقماق** ئارىغا ئالماي، يېتىم قالدۇرماق؛ رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق.

**چەتەن** ئى. دىيال. ياغاچتىن ياكى شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان ئۆي.

**چەت ـ چۆرە** چەت ۋە چۆرە، ئەتراپ.

**چەتلەتمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەتلەشتۈرمەك** «چەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەتلەشتۈرۈشمەك** «چەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەتلەشتۈرۈلمەك** «چەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، دىنىنىڭ دۆلەت سىياسىتىدىن چەتلەشتۈرۈلۈشىدىن بولدى.

**چەتلەشمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەتلەمچى** سۈپ. دىيال ① داۋاملىق تويتىن ئايرىلىپ قېچىپ يۈرىدىغان، قاچقاق (چارۋا مال ھەققىدە). ② داۋاملىق تويتىن ئايرىلىپ يۈرىدىغان ئادەم، قاچقاق.

**چەتلەنمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەتلىمەك** پ ① چېتىگە، يان تەرىپىگە قاراپ يول ئالماق؛ ياندىماق. ② ئۆزىنى قاچۇرماق، چەتكە ئالماق؛ داجىماق: ئۇلار بىزدىن چەتلىدى. ③ ئاداشماق، ئازماق، ئازغاشماق، يېڭىلىشماق: شۇنداق قىلىپ يولۇچىلار چوڭ يولدىن چەتلەپ، تارىم بويىغا كېلىپ قالدى. ④ كۆچمە. مەركەزدىن، نۇقتىدىن، نىشاندىن يىراقلاپ كەتمەك، قېيىپ كەتمەك، قاڭقىماق: قولنىڭ تىترىشى بىلەن ئوق نىشاندىن سەللا چەتلىسە، بىرمۇنچە چەتلەپ كېتەتتى ـ دە، قارىغا تەگمەيتتى.

**چەتمە** ئى. دىيال ① مەشۇت يىپ. ② بىر خىل چىقىرىشماق قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇن.

**چەتمەك** ئى. قارا قۇشقاچ تۇتىدىغان ياغاچ تۇزاق.

**چەتنەتمەك** «چەتنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەتنەشمەك** «چەتنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەتنەك** ئى. كونا ئادەتتە، باشقىلارنىڭ كۆزى تەگكەنلىكىدىن شۇ كىشىدە پەيدا بولغان بىر خىل كېسەل: چەتنەك تەگمەك.

**چەتنو** ئى. دىيال. ئامبۇرنىڭ بىر تۈرى.

**چەتنىمەك** پ. كۆز تەگمەك. كۆز تېگىپ كېسەلگە دۇچار بولماق.

**چەتىش** ئى. ئۆستىرىنىڭ دەستە بىلەن تىغ ئارىلىقىغا قويۇلغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى كەمتۈك جايى؛ كاۋاكچە.

**چەت ـ ياقا** شەھەر، بازار ياكى مەھەللىدىن يىراق چەت ۋە ياقا يەر، چەت ـ چۆرە.

**چەجمەك** ئى. ئاياللارنىڭ يانىدىن تۈگمىلەيدىغان ئۇزۇن چاپىنى.

**چەچكە** ئى. دىيال. بۆزچىنىڭ يىپ تارغىقى.

**چەر** ئى. دىيال. خەپرۈك، بەلغەم.

**چەرەندە** ئى [پ] ① يۇمشاق تەنلىك جانلىقلار. ② كۆچمە. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بىرنېمە، پارچە ـ پۇرات نەرسە.

**چەرەندە ـ پەرەندە** ① ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار. ② كۆچمە. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، پارچە ـ پۇرات.

**چەرچىن** سۈپ. ئۇششاق ـ چۈششەك، ئۇششاق، ھەرخىل.

**چەرچىنچىلىك** ئى. ئۇششاق ـ چۈششەك مال تىجارىتى، چەرچىنمال سېتىش تىجارىتى: ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ، بۇرۇنقى يەككە تىجارەت ۋە كىچىك يايمىچىلىق، چەرچىنچىلىكتىن «ئىرزچىلار» سودا چەكلىك شىركىتى دېگەندەك شىركەتلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

**چەرچىنمال** ئى [چەرچىن + مال] مىلىچمال، ئۇششاق مال؛ ئۇششاق ـ چۈششەك تاۋار.

**چەرچىنمالچى** ئى. ئۇششاق ـ چۈششەك تاۋارلارنى ساتقۇچى.

**چەركە** ئى. چاق، يىپ ئېگىرىش ئۇسكۈنىسى.

**چەرۋە** ئى. دىيال. قېرىن مېيى، چاۋا ماي.

**چەش** I ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى $SO_2$. ئۇ كىۋارتسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، يىلىن، ئۇزۇم ۋە نوكچە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۈزۈكنىڭ كۆزى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**چەش** II ئى. خاماندا سورۇپ، پاكىزلەپ تەييارلانغان ئاشلىق دۆۋىسى.

**چەشلەتمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەشلەشمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەشلەنمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەشلىمەك** پ. چەش ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**چەشمە** I ئى [پ] يىرت. بۇلاق.

**چەك** I ئى [ر] دىيال. كەشتە. بانكىنىڭ پۇل ئېلىش، پۇل بېرىش مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت.

**چەك** II ئى [پ] ① سايلامدا، سايلىغۇچىلار سايلانغۇچىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان قەغەز، بېلەت. ② لاتارىيە بېلەتى. ③ رەت تەرتىپنى بەلگىلەش ۋە بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قوللىنىدىغان بىر خىل ۋاستە: چەك ئالماق. چەك تاشلىماق.

**چەك** III ئى ① داۋاملىشىۋاتقان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، توختاش نۇقتىسى؛ چېگراسى، پەللىسى: چېكىگە يەتمەك. چەكتىن ئاشماق. ② كۆچمە. يول قويۇلۇش مۇمكىنلىكى بولغان ئاخىرقى نۇقتا؛ ئۆلچەم، نورما: چەك قويماق. چەكتىن ئاشماق. چەككە يەتمەك.

**چەك باسماسلىق** يىك باسماسلىق، قامالاشماسلىق: بۇ گېپىڭ چەك باسمايدۇ.

**چەكادە** ئى. كونا جەمئىيەتتە بازار باشقۇرغۇچى يەرلىك ئەمەلدار.

**چەكتۈرمەك** I «چەكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەكتۈرمەك** II «چەكمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەكتۈرۈشمەك** I «چەكتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكتۈرۈشمەك** II «چەكتۈرمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكتۈرۈلمەك** I «چەكتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ مەڭزىدىكى چەكتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئۈچ خال ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**چەكتۈرۈلمەك** II «چەكتۈرمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەكچەيتمەك** «چەكچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلشات دوستىنىڭ قوپال سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى.

**چەكچەيتىلمەك** «چەكچەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەكچەيمەك** پ. كۆزنى يوغان ئېچىپ، تىكىلىپ قارىماق: خانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى.

**چەك ـ چېگرا** ① چەك ۋە چېگرا. ② ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەت: چەك ـ چېگرىنى ئايرىماق.

**چەكچىيىشمەك** «چەكچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكرەك** ئى. نوختىنىڭ كېكىردەك بىلەن ئېڭەك ئاستىدىكى تۈگۈنچەك جايى؛ تاماقلىق.

**چەكسە** مىق. دىيال. بىر چارەكنىڭ ئون ئالتىدىن بىر قىسمى.

**چەكسىز** سۈپ ① چېكى، چېگراسى يوق؛ ناھايىتى كەڭ، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان: چەكسىز ئورمان. چەكسىز دالا. ② سانىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، سانى يوق، ناھايىتى نۇرغۇن؛ سانسىز، ھېسابسىز: چەكسىز بايلىق.

**چەكسىزلىك** ئى. چېكى يوقلۇق، بىپايانلىق، ھەددى ـ ھېسابسىزلىق.

**چەككە** رەۋ. پەقەت، ھېچقاچان، ئەسلا، زادى.

**چەككۈچ** ئى. ناننىڭ يۈزىنى چېكىش ئۈچۈن، دۈگىلەك

ياغاچقا تۆمۈر مىخ بېكىتىپ ياكى قۇش پەيلىرىنى بوغۇپ ياسىغان سايمان.

**چەككىلەتمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەككىلەشمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەككىلەنمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : ياساش ئۇسۇلى — ئاۋۋال ھەسەلنى قاينىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئاندىن مېغىزلارنى ئۇندەك ئېزىپ، چەككىلەنگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**چەككىلىگۈچ** ئى. ماددىلارنىڭ تەركىبىنى ئايرىشتا پايدىلىنىدىغان ئەسۋاب؛ سۈزگۈچ: ماي چەككىلىگۈچ.

**چەككىلىمەك** پ. قىزدۇرۇش، سۈزۈش ياكى مەلۇم تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن كېرەكلىك ياكى كېرەكسىز نەرسىنى ئاجرىتىپ چىقارماق.

**چەكلەتمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەكلەشمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكلەنمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەكلىك** سۈپ. چېكى بار، مۇئەييەن چەك ۋەساندىن ئېشىپ كەتمەيدىغان: چەكلىك پۇل. چەكلىك شىركەت.

**چەكلىكلىك** ئى. چەكلىك ھالەت، چەكلىك ئەھۋال ياكى چەكلىك ئىش.

**چەكلىمە** ئى. بەلگىلىك دائىرىدە چەكلەنگەن ھالەت، چەكلەنگەن دائىرە: چەكلىمە قويماق. يۇقىرى چەكلىمە.

**چەكلىمەك** پ. بەلگىلەنگەن دائىرە، نورما، ئۆلچەمنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشىنى توسماق؛ مەنئى قىلماق.

**چەكلىمىسىز** سۈپ. چەكلىمىسى يوق، چەكلىمىسى بولمىغان: چەكلىمىسىز بەھرىمەنلىك ۋە تەڭداشسىز نوپۇز مەنىسىدىكى ھوقۇق جۇڭگو مەنۋىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

**چەكلىمىسىزلىك** ئى. چەكلىمىسى يوق ئىش، چەكلىمىسى بولمىغان بىرەر ئەھۋال، چەكلىمىسى يوق ھالەت ياكى چەكلىمىسى بولمىغان ئەھۋال.

**چەكلىمىلىك** ئى. چەكلەپ تۇرىدىغان دائىرە، نەرسە، شارائىت: ئادەم مەلۇم چەكلىمىلىك ئىچىدە ياشايدۇ.

**چەكمە** ئى. دوپپا تۆپىلىكىنىڭ ئومۇمىي يۈزىگە ئىنچىكە ئاق يىپ بىلەن چېكىپ تىكىلگەن گۈل.

**چەكمەك** I پ ① بارماق، زەخمەك قاتارلىقلار بىلەن ئۇرماق: پېشانىگە چەكمەك. * ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر، چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر (ماقال). ② كۆچمە. رايىنى، مەيلىنى بايقاپ كۆرمەك؛ سىنىماق: رەيھان ھەر قېتىم چىققاندا، ھۆرنىساخان گەپ ئەگىتىپ قىزنى چېكىپ قوياتتى. ③ كۆچمە. تاللىماق، خىللىماق: چېكىپ تۇرۇپ ئالماق. ④ يىڭنە قاتارلىق تىغلىق ئەسۋاب ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە، نەرسە يۈزىگە سانجىپ ياكى ئويۇپ، تىلىپ شەكىل چىقارماق؛ نەقىشلىمەك: گۈل چەكمەك.

**چەكمەك** II پ ① تارتماق، سۈمۈرمەك، ئىستېمال قىلماق: تاماكا چەكمەك. ② كۆچمە. باشتىن كەچۈرمەك؛ تارتماق، كۆرمەك: جاپا چەكمەك.

**چەكمەن** ئى. پىششىق ئېگىرىلگەن پاختا ياكى يۇڭ يىپتىن پۇختا، سىلىق قىلىپ توقۇلغان يەرلىك رەخت: ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما (ماقال).

**چەگ** ئىم. ئۆچكىنى قوغلاش، ھەيدەشنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق ئىماسى.

**چەگىدىمەك** پ. دىيال. چۆرگۈلىمەك، ئايلانماق، ئەگىپ يۈرمەك.

**چەل** I دىيال ① ئى. چالا پىشقان زىرائەت. ② سۈپ. نەم، ھۆل.

**چەل** II ئى. شالتاق، داغ، كىر: مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قونغان تېرىقچىلىك چەلنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تازىلايتتىم.

**چەلەڭ** ئى [خەن] <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈم ۋە يوغان بولۇپ، شارغا سەل ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاقۇچ يېشىل ياكى سۆسۈن كېلىدۇ؛ غولى كۆكتات قىلىنىدۇ.

**چەلەڭگۈچ** سۈپ. دىيال. ئارىلاش، ئارىلاش - قۇراش.

**چەلپەك** ئى [پ] خېمىرنى يۇپقا ئېچىپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل پوشكال.

**چەلپەكچى** ئى ← **پوشكالچى.**

**چەلگىتمەك** «چەلگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەلگىمەك** پ. سۈيۈقلۇقلارنىڭ يېغى ئۈستىگە ئۆرلەپ تۇرماق؛ لەيلىمەك.

**چەلگىنمەك** «چەلگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مايسىخان ھەدە خام قايماق بىلەن پىششىق قايماق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن، چەلگىنىپ تۇرىدىغان بىر كورا ئەتكەنچايىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، لۇتپۇللاغا ئۇزاتتى.

**چەللە** ئى ① تۆت ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىقلىق ئورۇن. ② ئۈزۈم شاخلىرىنى ئارتىلدۇرىدىغان ياغاچ. ③ كاۋا، قاپاق، تەك شۇڭگى ئارتىلدۇرۇلىدىغان جاھاز، باراڭ.

**چەللىدە ئات چاپماق** ھالىغا باقماي چوڭ ئىشقا ئېسىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك: مانا قارا، قاچانغىچە چەللىدە ئات چاپىدىغانسەن.

**چەللىلىك** سۈپ. چەللىسى بار، چەللە قىلىنغان: چەللىلىك ھويلا.

**چەم** ئى [پ] ① ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن رەخت. ② ئاياغ كىيىمىنىڭ يەرگە دەسسىلىدىغان قىسمى؛ ئۇلتاڭ: چەم سالماق.

**چەمەچ** ئى ① ئىنچىكە، قىسقا چىۋىق. ② ئۈزۈم ئېسىلىدىغان، چاققا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىنچىكە ياغاچ.

**چەمەك** ئى ① بىرەر نەرسىگە تىرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاچا ياغاچ؛ ئاچىماق. ② يىكنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن چاقنىڭ يىكدېنىغا بېكىتىلىدىغان كىچىك ئاچا ياغاچ.

**چەمبەر** ئى [پ] ① <مات> تەكشىلىكتىكى بىر ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىنى مەركەز، مەلۇم ئۇزۇنلۇقنى ئارىلىق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تىرايېكتورىيە. ② مەلۇم نەرسىنى سىقىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن ھالقىسىمان نەرسە.

**چەمبەرچاس** [پ] ① رەۋ. چاپراس قىلىپ، يېشىلىپ كەتمەيدىغان قىلىپ، مۇستەھكەم، پۇختا: چەمبەرچاس تاڭماق. ② سۈپ. كۆچمە. مۇستەھكەم، زىچ، چىڭ: چەمبەرچاس مۇنا-

سۈرەت.

**چەمبەرسىمان** سۈپ. چەمبەرگە ئوخشايدىغان، چەمبەر شەكلىدىكى: چەمبەرسىمان دائىرە.

**چەمبەرلەتمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ياغاچ هارۋىسىنىڭ چاقىنى چەمبەرلىتىپ، ئېتىزغا ئوغۇت توشۇشقا باشلىدى.

**چەمبەرلەشمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەمبەرلەنمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چەمبەرلىمەك** پ. هەممە تەرىپىنى چەمبەر بىلەن ئوراپ، چىرماپ باغلىماق، قارماپ هالقا ئىچىگە ئالماق: تۆگىنى چەمبەرلىمەك. چاقنى چەمبەرلىمەك.

**چەمبىرەك** [پ] ① ئى. سىم ياكى ئىنچىكە نوتا قاتارلىق ئېگىلىشچان ماتېرىياللاردىن ياسالغان دۈگىلەك هالقا. ② سۈپ. ئايلانما، دۈگىلەك؛ يۇمىلاق: بىر چەمبىرەك گۈل.

**چەمپەن** سۈپ. چاققان، كەپسىز؛ زېرەك ، هوشيار: چەمپەن بالا.

**چەمگەر** ئى. دىيال. كۆن ياسىغۇچى، كۆنچى.

**چەملەتمەك** «چەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇلايمان ئۆتۈكىنى رېزىنكىدە چەملەتتى.

**چەملەشمەك** «چەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەملەنمەك** «چەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چەملىك** سۈپ. چەمى بار، چەم سېلىنغان: كالتە چەملىك ئۆتۈك.

**چەملىمەك** پ. ئاياغ كىيىمىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا چەم ئورناتماق، چەم بېكىتمەك: ئۆتۈك چەملىمەك.

**چەن** ئى [خەن] ① مۆلچەر، تەخمىن، چاما: چەن سوقماق. ② بىرەر نەرسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرلىك؛ رازمېر: لېكىن پۇتىنى ئۆلچىگەن چەننى ئۇنتۇرغان يېرىدە قويۇپ قويغاچقا بازارغا بېرىش ئالدىدا، چەننى بىللە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ③ قارايدىغان دەرىجە، ئەمەل ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە؛ پاگون: ئۇ ياقىسىغا گېنېرال مايورلۇق ئالتۇن چەن قادالغان ناس رەڭ نېپىز شېرىس هەربىي فورمىسى ئۈستىدىن باغلىۋالغان يالتىراق تاسما كەمىرىنى تۇتقان پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ④ قورال ـ ياراغنى مەشىق قىلىشتا، ئاڭ ئوۋلاشتا كۆزلىنىدىغان نۇقتا؛ قارا، نىشان: چەنگە تەگكۈزمەك. * ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلارنىڭ ئوقى دۈشمەننى چەنگە ئېلىپ ئېتىلماقتا. ⑤ <ماشىن> ئوق ۋە كۆپۈنكى شەكىلدىكى دېتاللارنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**چەن قوشۇق** ئۆلچەم قوشۇقى: بىزدە ناس قۇتا، چەن قوشۇق ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان جاملار بار ئىدى.

**چەنەك** مىق. ئۆلچەم: چەنەك بىلەن يەرنى كەستى.

**چەندازا** ئى [خەن] يانغا ئېسىۋالىدىغان پۇل سالغۇچ؛ پۇل خالتىسى، هەميان.

**چەندان** رەۋ [پ] ناهايىتى، ئىنتايىن، بەك، كۆپ: ئۇلارنىڭ هال ـ كۈنى بىزدىن چەندان ياخشى ئىدى.

**چەندە** رەۋ دىيال. دەل جايىدا.

**چەندەك ئاتماق** چاقچاق قىلماق: چەندەك ئاتماڭ چوڭغا، كۆتۈرۈپ سالار ئوڭغا. ئورنىڭىزدىن تۇرغۇچە، تېپىۋېتەر قوڭغا (ماقال).

**چەندەكچى** I ئى. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى.

**چەندەكچى** II ئى. چوڭلارغا يولسىز چاقچاق قىلغۇچى.

**چەنلەتمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەنلەشمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەنلەنمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چەنلىمەك** پ ① ئۆلچىمەك، مۆلچەرلىمەك، تەخمىن قىلماق. ② قارىغا، نىشانغا ئالماق، نىشانلىماق.

**چەۋەنداز** [پ] ① ئى. ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇشقا ماهىر، ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم. ② سۈپ. يېتىشكەن، چاققان؛ ماهىر، ئۇستا: چەۋەنداز يىگىت.

**چەۋەندازلىق** ئى ① چەۋەندازلارغا خاس ماهارەت، هۈنەر. ② <تەن> تەنھەرىكەتنىڭ بىر خىلى. بۇ ئات بەيگىسى، تۇسالغۇدىن ئاتلىق ئۆتۈش، ئات ئۈستىدە قىلىچ چېپىش، ئاتلىق ماهارەت كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**چەۋرە** ئى . ئەۋرىنىڭ پەرزەنتى.

**چەي** ئى [خەن] خېمىرنى ئۈزۈپ، مىجىقلاپ، نىقتاپ پىشۇرۇش هەرىكىتى: خېمىرنى چېيىگە قاندۇرماق.

**چەيدو** ئى [خەن] گۆش، كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى توغرايدىغان ئائىلە سايمىنى.

**چەيزە** ئى [خەن] ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . يوپۇرمىقى ئېلىپس شەكلىدە، گۈلى سۆسۈن، مېۋىسى شارسىمان ياكى ئۇزۇنچاق ، ئادەتتە كۆكتات هېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى .

**چەيلەتمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەيلەشمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەيلەنمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چەيلىمەك** پ ① دەسسەپ بۇزماق، نابۇت قىلماق، مىجىقىنى چىقارماق، پېتىقلىماق: ئۇ ئاتقا كۈچەپ بىر قامچا ئۇردى ـ دە، ئادەم بويى ئۆسكەن بۇغدايلارنى دەسسەپ چەيلىدى. ② ئۈزۈپ، مىجىقلاپ، نىقتاپ پىشۇرماق: خېمىرنى چەيلىمەك.

**چەينەك** ئى [ر] مېتال ياكى چاقچۇقتىن ياسالغان، تۇتقۇچلۇق، جوغا ئورنىتىلغان، چاي دەملەپ ئىچىلىدىغان ئۆي ئەسۋابى.

**چوبگەز** ئى [پ] تامچىلار سۇۋاقتا تامنى تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن هەم قېلىن گەز.

**چوپاش** ئى. دىيال. ياشانغان ئاياللار ياغلىقى.

**چوپچوڭ** سۈپ. خېلى چوڭ، چوڭلا: چوپچوڭ بالا. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالدى.

**چوپسا** ئى [پ] نەرسە ـ كېرەكلەرنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب؛ ئېكەك.

**چوپسا سالماق** چوپسا بىلەن سىلىقلىماق، چوپسىلىماق.

**چوپسىلاتماق** «چوپسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوپسىلاشماق** «چوپسىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوپسىلانماق** «چوپسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چوپسىلىماق** پ. چوپسا بىلەن سىلىقلىماق، چوپسا سالماق: هارۋىنىڭ ئىچ كامېرىنى چوپسىلىماق.

**چوت** I ئى [ر] ① تۆت ئەتراپى توسۇق، ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بار بىر خىل ھېسابلاش ئەسۋابى : چوت سوقماق. ② مۆلچەر، تەخمىن، چام، ھېساب: خام چوت. نەق چوت.

**چوت** II ئى. ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان، كەكىگە ئوخشاش تىغى دەستىگە ئورنىتىلغان، چېپىش، يونۇش قورالى: چوت چاپماق.

**چوتار** I ئى. سىلىقلانغان ماتا.

**چوتار** II ئى. قىمار ئوينىغاندا ئۇتقۇچىلار جەزخورغا ياكى ئەتراپتىكىلەرگە بېرىدىغان پۇل: چوتار بەرمەك.

**چوتارچى** ئى. قىمار ئويۇنىدا ئۇتقۇچىلاردىن چوتار ئالىدىغان ئادەم.

**چوتارچىلىق** ئى. چوتار ئېلىش ئىشى.

**چوتكا** ئى [ر] نەرسىلەرنى يۇيۇش، تازىلاش، پەردازلاش ئۈچۈن قىل ياكى سىمدىن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم.

**چوتكىلاتماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوتكىلاشماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوتكىلانماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چوتكىلىماق** پ. چوتكا بىلەن تازىلىماق، يۇماق؛ چوتكا بىلەن پەردازلىماق: چىشىنى چوتكىلىماق.

**چوخرىماق** پ. دىيال. قاغجىرىماق.

**چور** ئى ① سېغىز لايدىن ياسالغان ئۇشتەك. ② كەپتەرگە ئېسىلىدىغان غوڭ قاپاق.

**چورت** ① تەق. تىغى ئىتتىك ئەسۋابلار بىلەن كېسىپ تاشلىنىش، بىراقلا سۇنۇش، ئۈزۈلۈپ كېتىشنى بىلدۈرىدىغان شەكىل تەقلىدى: چورت سۇنماق . ② رەۋ. بىراقلا، بىريولى؛ ئۈزۈل - كېسىل، پۈتۈنلەي. ③ رەۋ. كۆچمە. ئەزۋەيلەپ ئولتۇرماستىن، كەسكىن ھالدا، كەسكىن ئۈزۈپلا: گەپنى چورت كېسىپ قىلماق.

**چورتان** ئى <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ بېلىق. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، ھەرىكىتى چاققان بولۇپ، بېلىجان ۋە باشقا سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**چورغۇن** ئى. شورپىنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىۋەتمەي قاينىتىۋېرىشتىن ھاسىل بولغان لەش.

**چورگۈل** ئى. دىيال. سىمنى ئېگىپ ياسىغان جۇۋالدۇرۇز.

**چورنىك** ئى [ر] <كىي> كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاقىسى ئىچىدىكى يېرىم ئايلانما سايمان.

**چورۇپ** ئى. ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىمى: پۇتىغا چىرايلىق ئالا - يېشىل گۈللەر تىكىلگەن قونچلۇق قىزىل چورۇپ كىيگەن.

**چورۇق** ئى ① تېرىدىن پۇتقا ئۆلچەپ تۇرۇپ كېسىپ، ئۇياق - بۇياقتىن تانا بىلەن تارتىپ كىيىدىغان ئاددىي ئاياغ كىيىمى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**چورۇقلۇق** سۈپ ① چورۇقى بار، چورۇق كىيگەن. ② چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان، چورۇق قىلىشقا لايىق: پۈرۈم چورۇقلۇق شىرە ئۈچۈن باشقىلارغا سارغىيىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتتى.

**چوسۇنكا** ئى [ر] قونچى كىگىز، باشلىقى خۇرۇم، تاپىنى چەمدىن ئىشلەنگەن پاشنىلىق پىيما.

**چوسېنىيە** ئى [لات] <بوت> تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچى ئاق ۋە يۇمشاق بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چوش** ئى ① بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە سۇ ئۆتكۈزۈش، ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيىنى ئېقىتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نوكەش ياغاچ. ② تۈگمەننىڭ نورى.

**چوشقا** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بۇرۇن ۋە تۇمشۇقى ئۇزۇن، كۆزى كىچىك، قۇلىقى چوڭ، پۇتى قىسقا، تېنى سېمىز كېلىدۇ؛ تېرىسىدىن كۆن، خۇرۇم ئىشلەشكە؛ تۈكىدىن چوتكا ياساشقا بولىدۇ. ② كۆچمە. تىل ھا. ئەبلەخ، ھايۋان، جۇۋاينىمەك: تەپتىش ئايغىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ، ــ جىم! تارقال جاي - جايىڭغا ! رۇس چوشقىلىرى، ــ دەپ ۋارقىرىدى.

**چوشقىچىلىق** ئى. چوشقا بېقىش ئىشى، كەسپى: جۇڭگودا چوشقىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان.

**چوشقىياڭىقى** ئى [چوشقا + ياڭاق + ى] ← **بەللۇت.**

**چوغ** I ئى. كۆيۈپ ئىسسى تۈگىگەن قىپقىزىل ئوت: ئوتۇن چوغى. كۆمۈر چوغى.

**چوغ چايقىماق** ئىس سوقۇپ قويغان كىشىلەرگە ئىچۈرۈش ئۈچۈن، كۆمۈر چوغىنى سۇغا سېلىپ چوغ تەمىنى چىقارماق.

**چوغ** II سۈپ. دىيال. قويۇق، نۇرغۇن، زىچ، كۆچۈم، توپ: چوغ مەھەللە.

**چوغپوشكال** ئى [ چوغ + پوشكال ] <يېم> كۆمەچ: شۇ كۈنى ئەتىگەندە بۇلار ياخشى كۆرىدىغان چوغپوشكال پىشۇرۇپ چاي ئىچىشىپتۇ.

**چوغدان** ئى . ئىسسىنىش ئۈچۈن چوغ ئېلىپ قويىدىغان، مېتالدىن ياسالغان مەخسۇس قاچا: مىس چوغدان. چويۇن چوغدان.

**چوغلانما** سۈپ. چوغلىنىدىغان، چوغ ھالەتتە تۇرىدىغان: چوغلانما لامپا.

**چوغلانماق** پ. چوغ ھالەتكە كەلمەك، چوغقا ئايلانماق، چوغ بولۇپ لاۋۇلدىماق: ئۇپۇق قىزىرىپ قۇياش چوغلاندى.

**چوغۇر** ئى. كۆل ۋە دەريالارنىڭ تېگىدىكى دەرەخ قالدۇقلىرى.

**چوغۇنتەك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى ۋە تۇمشۇقى تەكشى ياپىلاق كېلىدۇ، تۇمشۇقى ئۇچ بۇرجەك بولۇپ، جىيەكلىرىدە ئۇششاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.

**چوغۇندەك** ئى <بىن> خۇددى تامغا قېقىلغان قوزۇققا ئوخشاش، بىر ئۇچى تايىنىش نۇقتىسىغا بېكىتىۋېتىلگەن، يەنە بىر ئۇچى تايانچسىز ھالەتتە ئەركىن تۇرغان لىم.

**چوق** سۈپ. دىيال. چوقۇر.

**چوق** ئى. كونا. قوچقارنىڭ ئۇرۇق خالتىسىدىن ئەيلەپ پۇتەي ئىشلەنگەن خالتا.

**چوقا** I ئى ① ئوتقا چىداملىق سېغىز توپا. ② قاتتىق قېتىپ كەتكەن سېغىز توپا.

**چوقا** II ئى. دىيال. ياغاچ ئاسقۇ.

**چوقام** ئى. دىيال. تونۇردىكى چوغلارنى يىغىپ، توپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ساپ بېكىتىلگەن ئۇچى ئالىدىغان قانسىمان ئۇزۇن تۆمۈر سايمان.

**چوقاي** I ئى. چورۇق : پۈرۈم چوقاي كىيىۋالغان بىر دېھقان ئاشۇ «قاۋانلىق» يېنىدا توڭلاپ قالغان.

**چوقاي** II ئى. دىيال. ساقىي، تەقسىم قىلغۇچى، مىراس بۆلگۈچى.

**چوقاي** III ئى. هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېكىتىلىدىغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك ياغاچ.

**چوقچا** ① سۈپ. تىك، ئېگىز: چوقچا تۇرماق. ② رەۋ. تولدۇرۇپ، لىپمۇلىپ: ئۇ سۇنى ئىستاكانغا چوقچا قۇيدى.

**چوقچايتماق** «چوقچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يىراقلارغا قارىغانچە، كۆكسىنى مەغرۇرلۇق بىلەن چوقچايتىپ مېڭىۋەردى.

**چوقچايتىشماق** «چوقچايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوقچايتىلماق** «چوقچايتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چوقچايماق** پ. بۆرتۈپ ئېگىز بولۇپ كۆرۈنمەك، دومبىيىپ چىقماق: ئەنە، كۆز يەتكۈسىز يەرلەردە ئابرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ.

**چوقچىيىشماق** «چوقچايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوققا** ئى ① تىك نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئېگىز نۇقتىسى، جايى؛ ئېگىزلىك: تاغ چوققىسى. بۇغدا چوققىسى. ② باش( كاللا )نىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى. ③ كۆچمە. يۇقىرى باسقۇچ، پەللە: بىز پەن چوققىسىغا چىقىدىغان شوتا بولۇشنى خالايمىز. ياشلار يەلكىمىزگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىسۇن. ④ <مات> كۆپ تەرەپلىكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ياكى كۆپ ياقلىقلارنىڭ ئۈچ قىرىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى.

**چوققا - زاسۇي** كاللا، ئۈچەي - قېرىن. قوي، كالا قاتارلىق هايۋانلارنىڭ كاللا - پاقالچاق ۋە ئىچ - باغرى: چوققا زاسۇي پىشۇرماق.

**چوقماق** ئى. ئۈچىدا چاتىقى بار ياغاچ؛ چوماق: بىر كۈنى ئۇ يالغۇز ئوۋغا چىققاندا، قولۇمغا چوقماقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۇم.

**چوقۇ** I ئى. دىيال. چوغدان.

**چوقۇ** II ئى. دىيال. بور.

**چوقۇتماق** «چوقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توخۇغا دان چوقۇتماق.

**چوقۇر** ① ئى. ئادەمنىڭ يۈز ۋە بەدىنىگە چىققان چېچەكلەرنىڭ ئىزى. ② سۈپ. يۈزىدە چېچەك ئىزى بولغان: چوقۇر يۈز. چوقۇر ئادەم. ③ سۈپ. بۇدۇر - چوقۇر، سىلىق ئەمەس: چوقۇر تام. چوقۇر يەر. چوقۇر ئۆرۈك.

**چوقۇش** ئى <زوئول> بىلىقنىڭ مېڭە جايلاشقان باش ئۈستىخىنى.

**چوقۇشماق** «چوقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى خوراز بىر سائەتتىن بېرى تالىشىپ، بىر - بىرىنى چوقۇشۇپ هارغانىدى.

**چوقۇلاتماق** «چوقۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوقۇلاشماق** «چوقۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوقۇلانماق** «چوقۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: تۈلكىنىڭ كۆزى چوقۇلاندى.

**چوقۇلىماق** پ ① چوقۇماق: هىلىقى خوراز قانىتىنى يېيىپ، قاتتىق بىر قىچقىرىۋېتىپ، يەرنى چوقۇلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. زەربە بەرمەك، رەنجىتمەك، ئازار بەرمەك: ئۇنىڭ كىچىككىنە ئەيىبىنى كۆرۈۋېلىپ، ھەممىمىز تەڭ چوقۇلىدۇق.

**چوقۇلاي** ئى. دىيال. كۈن تەمرەتكىسى.

**چوقۇم** رەۋ. قەتئىي، جەزمەن: بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز چوقۇم نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ چىقىدۇ.

**چوقۇماق** پ ① تۇمشۇق بىلەن چىشلەپ، ئۈزۈپ ئالماق، تۇمشۇقىنى پاتۇرۇپ زېدە قىلماق، چوقۇپ ئويمان هاسىل قىلماق: قاغا تۆت قاراپ، بىر چوقۇيدۇ (ماقال). ② يۇنۇماق، پارچىلىماق، پارچە - پارچە قىلماق، ئۇششاقلىماق: مۇز چوقۇماق. تاش چوقۇماق. ③ كۆچمە. رەنجىتمەك، ئازار بەرمەك، زەربە بەرمەك: ئۇ ئۆزىگە ئالايغان ئادەمنى چوقۇۋالىدۇ.

**چوقۇملاشتۇرماق** «چوقۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوقۇملاشتۇرۇلماق** «چوقۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چوقۇملاشماق** پ. تايىن تاپماق، قارار قىلىنماق، جەزملەشمەك.

**چوقۇندۇرماق** «چوقۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ هۆركىرەپ يىغلىدى. قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىمۇ چوقۇندۇردى.

**چوقۇندۇرۇلماق** «چوقۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چوقۇندى** سۈپ. چوقۇپ تاشلاپ قويۇلغان، چوقۇپ ئېشىپ قالغان: چوقۇندى نەرسە.

**چوقۇنماق** پ ① ئېتىقاد قىلماق: بۇ يەردىكى ئاهالىنىڭ ناهايىتى كۆپچىلىكى تەڭرىگە سېغىنماي، ئوتقا چوقۇنىدۇ. ② پۇتۇنلەي ئىشەنمەك، ئەقىدە قىلماق: ئۇ باتۇر تاغىغا چوقۇناتتى.

**چوقۇنۇشماق** «چوقۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە چوقۇنۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ياشلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىشىپ كەتتى.

**چوك** تەق. بىرنەرسىنى سۈيۈشتىن چىققان ئاۋاز: ئەسقەر بالىسىنىڭ مەڭزىگە «چوك» قىلىپ بىرنى سۆيدى.

**چوكا** ئى ① تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈز، ئىنچىكە ياغاچ سايمان: چوكا ياسىماق. چوكا ئالماق. ② چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشتا ئىشلىتىدىغان ئىنچىكە ئۇزۇن تاياقچە: ناغرا چوكىسى. ③ جىڭنىڭ ئۆلچەم توچكىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ ياكى تۆمۈر تاياقچىسى: تارازا چوكىسى.

**چوكان** ئى ① ياتلىق قىلىنغان ياش ئايال، جۇۋان: چوكان ئالماق. * قېرى خوتۇن ياش بولدى، چوكانلارغا تەس بولدى(ماقال). ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە بىخلىنىپ، كۆكەرگەن تېلى: يامىشىپ سۆگەتلەرگە ئوينار ئىدىم، چوكاننى سۇندۇراتتىم، نەي ياسايتتىم.

**چوكانتال** ئى [چوكان + تال] ① بىخلىنىپ كۆكەرگەن، چوكان بولغان تال: باهارنى ئالساق، كىشىلەر ئۇنى ئىللىقلىقى ۋە چوكانتاللىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. ② < ئاستر > دېھقانلار كالېندارى بويىچە 24 مەۋسۇمنىڭ بەشىنچىسى. ئۇ مىلادىيە 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنى ئارىلىقىدا باشلىنىدۇ.

**چوكان - سىكىلەك** ھەم چوكان، ھەم سىكىلەك: قاراپ - قاراپ تويمايمەن، ئاسماندىكى لەگلەككە. چوكان - سىكىلەك بولۇپ، ئۇچسام

دەيمەن پەلەككە.

**چوكانلىق** ئى. چوكان دەۋرىگە خاس مىجەز، خۇسۇسىيەت: ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى ئالار (ماقال).

**چوكانلاتماق** «چوكانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوكانلاشماق** «چوكانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوكانلىماق** پ. بىخلىنىپ كۆكەرمەك، بىخلىنىپ تال چىقارماق، چوكانتال بولماق: قۇياش نۇرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، تېخى مارت ئېيى ئاخىرىغا چىقمايلا، داۋەن قورۇسىدىكى سۆگەتلەر چوكانلاشقا باشلىدى.

**چوك ـ چوك** «چوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چوكچوك** ئى <ماشىن> كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، پەسكە چۈشۈپ ئۈستۈن چىقىپ تۇرىدىغان ئەگرى چوكىسى.

**چوككىدە** رەۋ. «چوك» قىلىپ، «چوك» قىلغان هالدا: بارات دادىسىنىڭ ماڭلىيىغا چوككىدە بىرنى سۆيدى.

**چوكۇلداتماق** «چوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىزنى چوكۇلدىتىپ بىرنەچچىنى سۆيدى.

**چوكۇلداشماق** «چوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوكۇلدىماق** پ. «چوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**چوكىدان** چوكىلارنى سېلىپ قويىدىغان قۇتا شەكىللىك قاچا: ئۈستەلگە چوكىدان، لازا قاچىسى، چىنە ـ چەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغانىدى.

**چوكىدەرىخى** ئى [چوكا+دەرەخ+ى] <بوت> بىگنونىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچىدىن سايمان ـ جابدۇقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**چوكىلاڭ** سۈپ. دىيال. پاكار، پەس.

**چوكىمۇز** ئى [چوكا + مۇز] سۇغا شېكەر، سۈت قاتارلىقلارنى قوشۇپ، چوكا شەكلىدە توڭلىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك.

**چوككىمۇزچى** ئى. چوكىمۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**چوكىمۇزچىلىق** ئى. چوكىمۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: چوكىمۇزچىلىق قىلماق.

**چوگ** ئىم. موزاي، تورپاقلارنى قايتۇرۇش ۋە قوغلاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ** ① سۈپ. ئىگىلىگەن ئورنى، هەجمى غايەت كەڭ؛ زور، يوغان: چوڭ شەهەر. چوڭ بىنا. چوڭ هويلا. ② سۈپ. ياش سانى كۆپ، يېشى ئارتۇق: يېشى چوڭ. مەن سەندىن چوڭ.// چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئېچىپتۇ (ماقال). ③ ئى. ياشانغان، مويسىپىت، مۆتىۋەر كىشى؛ ئاقساقال: چوڭنى هۆرمەت قىلماق. چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماق. * ئۆينىڭ چوڭى بولمىسا. ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان (ماقال). ④ سۈپ. ئۈستۈن، زور: چوڭ غەلىبە. چوڭ ماهارەت. * بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر (ماقال). ⑤ سۈپ. داغدۇغىلىق، هەشەمەتلىك؛ كاتتا، زور: چوڭ مەرىكە. * ئابدۇللا بايلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەنگەنىدى. ⑥ سۈپ. كەڭ، كەڭتاشا، كەڭ ـ كۇشادە، ئازادە (ئولتۇرۇش، سورۇن هەققىدە): ـــ مۇئەللىم، تارتىنماڭ، ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە، چوڭ ئولتۇرۇڭ، ـــ دېدىم.

**چوڭ ئانا** ئاتا ياكى ئاپىنىڭ ئاپىسى؛ موما (پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن).

**چوڭ ئاي** <ئاستر> مىلادىيە يىل هېسابىدا 31 كۈنلۈك ئايلار، دېھقانلار كالېندارىدا قەمەرىيە ۋە هىجرىيە هېسابىدا 30 كۈنلۈك ئايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چوڭ تەرەت** يېيىلگەن ئوزۇقلۇقنىڭ ئاشقازاندا هەزىم قىلىنغاندىن كېيىنكى ئارقا پېشاب يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان قىسمى.

**چوڭ دادا** ئاتا ياكى ئاپىسىنىڭ ئاتىسى؛ بوۋا.

**چوڭ قول** دىيال، باش بارماق.

**چوڭ قىلماق** بېقىپ، تەربىيەلەپ ئۆستۈرمەك، يېتىشتۈرمەك: دېھقان ئىككى ئوغلىنى چوڭ قىپتۇ.

**چوڭ يۈرەك** قورقماس، باتۇر: ـــ قانداق چوڭ يۈرەك نېمە ئىكەن ئۇ، مەن بىلەن ئېلىشىدىغان، ـــ دەپتۇ دىۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**چوڭايتقۇچ** ئى. رەسىم، خەت نۇسخىسى، چېرتيوژ قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىنغان دەرىجىدە، ئەسلىدىكىدىن چوڭايتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب.

**چوڭايتماق** «چوڭايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوڭايتىشماق** «چوڭايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوڭايتىلماق** «چوڭايتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مەن ئىشكاپ ئۈستىدىكى دادامنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە قارىدىم.

**چوڭايماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورنى هەجىم جەهەتتىن كېڭەيمەك، يوغىنىماق: كېرەكسىز ئۆيلەر چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن قورۇ خېلى چوڭىيىپ قالدى. ② ئۆسمەك، يېتىلمەك، يوغىنىماق: باللارمۇ چوڭىيىپ قالدى، ئاچىلىرى ئۇكىلىرىغا قارىيالايدۇ. ③ كۆچمە. كۆپەيمەك، ئاۋۇماق، ئۇلغايماق (ۋەقە، هادىسە ۋە ئىش ـ هەرىكەت هەققىدە): مانا ئەمدى ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى.

**چوڭ ـ چوڭ** ① «چوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② هەربىرى كىچىك بولمىغان، خېلى چوڭ: ئابدۇللا چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ، مەخسۇت بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

**چوڭچى** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان: باينىڭ قىزى بولسا ئەركە، هۆرۈن هەم چوڭچى قىز ئىكەن.

**چوڭچىلىق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەت؛ يوغانچىلىق: چوڭچىلىق قىلماق.

**چوڭقۇر** ① ئى. قېزىلغان، كولانغان، ئويۇلغان ياكى تەبىئىي هاسىل بولغان ئويمان: ئۇ ئۇيقۇلۇقتا ئورنىدىن ئىتتىك قوپۇپ، يېنىدىكى چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى. ② سۈپ. تېرەن، ئويي: چوڭقۇر ئازگال. چوڭقۇر قۇدۇق. * قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. هەر تەرەپلىمە، ئەتراپلىق، كەڭ: چوڭقۇر بىلىم. چوڭقۇر چۈشەنچە.

**چوڭقۇرچاق** ئى. دىيال. قوناق ئۇنىدا قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق.

**چوڭقۇرلاتماق** «چوڭقۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ يوللارنى ئېتىپ، خەندەكلەرنى چوڭقۇرلىتىپ، قورغانلارنى ئېگىزلىتەيلى، ـــ دېدى ئۇ. * ئاپتونوم رايون ۋە هەر دەرد-

جىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامىنى بىلىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاتتى.

**چوڭقۇرلاشتۇرماق** «چوڭقۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىسقا سۆھبەت شائىرنىڭ بوۋايغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

**چوڭقۇرلاشتۇرۇشماق** «چوڭقۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوڭقۇرلاشتۇرۇلماق** «چوڭقۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى تونۇش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

**چوڭقۇرلاشماق** پ. چوڭقۇر بولماق، چوڭقۇر ھالغا كەلمەك: ئىشىمىزنىڭ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىگە بولغان تونۇشۇم بۇرۇنقىدىن چوڭقۇرلاشتى.

**چوڭقۇرلۇق** ئى ① چوڭقۇر، تېرەن بولۇش؛ چوڭقۇر، تېرەن ھالەت؛ تېرەنلىك: ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى. ئەسەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى. ② چوڭقۇر جاي؛ ئورا، ئازگال: ئېنى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇرلۇق.

**چوڭقۇرلىماق** پ. چوڭقۇر، تېرەن ھالغا كەلمەك، تېرەنلەشمەك: مەن ئەھۋالنى تولۇقراق بىلىش ئۈچۈن چوڭقۇرلاپ سۈرۈشتۈردۈم.

**چوڭ - كىچىك** چوڭ ۋە كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق: — مەن ھەممە چوڭ - كىچىك يىغىنلارغا تولۇق قاتنىشىپ كەلدىم، — دېدى ئادىل جاۋاب بېرىپ.

**چوڭلۇق** ئى. چوڭ ھالەت ، يوغانلىق، زورلۇق: موزاي قوزۇقىقا چوڭلۇق قىلار (ماقال).

**چوڭلىماق** پ. چوڭايماق، يوغانلىماق: ئۈچ يىل بۇرۇن تىكىلگەن شاپتۇل كۆچەتلىرى يىلدىن - يىلغا چوڭلاپ، مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

**چولا** I ئى. ۋاقىت، پۇرسەت: بىكارنىڭ چولىسى يوق، قىلغىلى ئىشى يوق (ماقال).

**چولا** II ئى. دىيال. پېشانىنىڭ يۇقىرى تەرىپى.

**چولاتماق** «چولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چولاشماق** «چولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چولاق** سۈپ ① قولى يوق ياكى قولىدىن ئايرىلغان: شۇنداق قىلىپ باي قولىدىن ئايرىلىپ، چولاق بولۇپ قاپتۇ. ② قۇيرۇقى يوق، قۇيرۇقى يۇلۇنغان، قۇيرۇقسىز: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆدۇنىنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغانىكەن. ③ سېپى سۇنغان ياكى كالتە: بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر يانتاقچى بوۋاي چولاق كەتمەننى ئېلىپ ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ④ بىر قىسمى ئۈزۈلگەن ياكى كەمتۈك: مۇنداق چاغلاردا بىر قەدەم ئالغا سىلجىش، بىر چولاق تامنى ئىشغال قىلىش چوڭ غەلىبە ھېسابلىناتتى.

**چولامپاي** سۈپ. دىيال. تۇكۇر، چولاق: بار بولاملىق، يوق چولامپاي (ماقال).

**چولانماق** «چولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چولپان** ئى ① <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پىلانېتانىڭ بىرى. ئۇ يەر شارىغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، قۇياشتىن ھېسابلىغاندا ئىككىنچى پىلانېتا (يۇلتۇز) دۇر؛ زۆھرە، ۋېنېرا. ② تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق داڭ چىقارغان شەخس: كىنو چولپىنى. توپ چولپىنى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى. ④ يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چولتا** سۈپ ① قىسقا: كەكىنىڭ سېپى سەل چولتا بولۇپ قاپتۇ. ② كۆچمە. تولۇق ئەمەس، كەم، يېرىم - يارتا، چالا: چولتا قاراش. ③ كۆچمە. ناكار، ئەيىبناق: جاراھەتنىڭ ئۆڭلانغىنىغا خېلى بولدى. بىراق، چولتا ئادەم بولۇپ قالدىم.

**چولتوك** تەق. سۇغا تاش ياكى چالما چۈشكەندە ياكى سۇ ئۈزۈپ پۇتنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئابدۇرۇسۇل ئاتقان تاش توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا سۇغا «چولتوك» قىلىپ چۆكۈپ كەتتى.

**چولتوككىدە** رەۋ. «چولتوك» قىلىپ، «چولتوك» قىلغان ھالدا: سەمەرجان چولتوككىدە كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.

**چولتوكلاتماق** «چولتوكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالا بىر پۇتىدا ھەدەپ سۇنى چولتوكلاتماقتا ئىدى.

**چولتوكلىتىشماق** «چولتوكلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چولتوكلىماق** پ. «چولتوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق، چولتوك ئەتمەك: ھېلىدىن - ھېلىغا بېلىقلارنىڭ چولتوكلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

**چولتىلىق** ئى . قىسقىلىق؛ كەم، چولتا ھالەت: ئوغلۇمنىڭ ئەقلى ئالدىدا، مېنىڭ ئەقلىم چولتىلىق قىلىپ قالدى .

**چولدۇر** ئى. كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چولۇ** ئى. دىيال. ئۇسۇل، ۋاستە، ئامال.

**چولىماق** پ. رەختنىڭ كېسىلگەن، يىرتىلغان يېرىنى يىپ - يىڭنە ياكى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن تورلىماق، يۆممەك، يۆمەپ تىكمەك: ھېزىم ئاكا تۈۋرىنىڭ چۆرىسىنى سىم بىلەن چولىدى.

**چوم** ئى. تۆگىگە توقۇيدىغان توقۇم؛ ئۈچىلىق: چوم تىكمەك.

**چوماق** ئى ① دەرەخ غولىنىڭ پۇتاقلىق جايى، قىسمى: بۇ دەرەخنىڭ چومىقى بەك جىق ئىكەن. ② ئۇچىدا پۇتىقى بار ياغاچتىن كېسىلگەن كالتەك؛ ئۇچى ئەگرى تاياق: تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما (ماقال).

**چوماقچى** ئى ① چوماق تۇتقان ئادەم: ئاسىم تۈيۈقسىز ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوماقچىلار ئەترىتى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەيۋە قىلىدىغان، تاياق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كىشى؛ قولچوماق: توختى بوۋاينىڭ ياسىن قازى چوماقچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشىدا ئىمامنىڭمۇ قولى بار ئىدى.

**چوماقچىلىق** ئى. باشقىلار ئۈچۈن قولچوماق بولۇش ھەرىكىتى.

**چوماقلاتماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوماقلاشماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوماقلانماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چوماقلىق** سۈپ. چومىقى بار، چومىقى تولا: چوماقلىق ياغاچ. چوماقلىق تاياق.

**چوماقلىماق** پ. چوماق بىلەن ئۇرماق؛ كالتەكلىمەك، دۇمبالىماق.

**چومچاق** ئى. دىيال. كۆتەك، دەرەخ كۆتىكى.

**چومچى** ئى. چوم تىكىدىغان ئۇستا.

**چومچىلىق** ئى. چوم تىكىش كەسپى.

**چوملۇق** سۈپ ① چومى بار، چوم توقۇلغان: چوملۇق تۆگە. ② چوم ئۈچۈن تەييارلانغان، چوم بولىدىغان: چوملۇق كىگىز.

چوملۇق پالاس.

**چون** ئى. دىيال. جۇۋاز ئوقىنىڭ يۇقىرى ئۇچىغا كىرگۈزۈلۈپ، كىندىككە بېكىتىلىدىغان ساپلىق ياغاچ.

**چوناق** سۈپ. قۇلىقى كېسىلگەن، قۇلىقى يوق: ئۇ شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر قۇلىقىدىن ئايرىلىپ چوناق بولۇپ قالغانىدى.

**چونىسىز** سۈپ. دىيال. ئىگىسىز.

**چوۋاڭ** ئى. دىيال. بېغى يوق سېۋەت.

**چوۋرۇ** ئى. دىيال. چىغىر يول، قىيىن چىغىر يول.

**چويلا** ئى ① ئىنچىكە چىۋىق ياكى سىمدىن ئاراش قويۇپ توقۇلغان، قازاندىن چۆپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان: سىم چويلا. ② ئۇزۇن تۇتقۇچلۇق تور پالاق: چويلا توپ. ③ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ چۆرنىكىنى ماڭغۇزۇپ بېرىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك سايمىنى.

**چويلىدا توختايدىغان** قىممىتى بار، پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان، ئەرزىگۈدەك: بۇ خېلى چويلىدا توختايدىغان ئاخبارات ئىكەن.

**چويلىچى** ئى. چويلا توقۇپ ساتىدىغان كىشى. چويلا ئۆرۈپ ساتقۇچى ئادەم.

**چويلىچىلىق** ئى. چويلا توقۇش ۋە سېتىش ئىشى، كەسپى: قىرىق هۈنەر هۈنەر ئەمەس، ئەسلىي هۈنەر چويلىچىلىق (ماقال).

**چويۇن** ئى [ر] <سانا> تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىش ئارقىلىق هاسىل بولىدىغان قېتىشما. تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى 4.5 — 1.7 ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە فوسفور، گۈڭگۈرت، سىلىتسىي قاتارلىقلارمۇ ئارىلاش كېلىدۇ. چۈرۈك كېلىدۇ، پىرىسلىغىلى بولمايدۇ. پولات تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىقتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**چۇ** I ئى . قىمار ئويۇنىغاندا، ئوشۇقنىڭ يۈزى (ئوڭ تەرىپى) يەرگە تېگىپ، تاپان تەرىپى ئۈستىگە چىققان هالىتى. بۇ هالەت قىمار ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ: چۇ چۈشمەك.

**چۇ** II يۈك <تىل> ① سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ: 1) جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتىلىق بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنىڭ سوئاللىق خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: — تۇرسۇن كەلدى. — قادىرچۇ؟ — مەن بۇ قېتىم بارمايمەن، — كېيىنچۇ؟ 2) پەرەز بېقىندى جۈملىگە قوشۇلۇپ، سوئاللىق باش جۈملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: — چۈشتىن كېيىن كەلسىڭىز، شۇ ۋاقىتتا سۆزلەشسەك. — چۈشتىن كېيىن كېلەلمىسەمچۇ؟ 3) پېئىلنىڭ بەزى بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ بولماسلىقىغا نېمە ئاساس بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: — سىزمۇ كۆرمەمسىز؟ — كۆرمەيچۇ! ② ئاڭلىغۇچىغا بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈشتە، جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ: مەنچۇ، ئەتە ئۇ يەرگە بارالمايمەن. ③ سۈپەتنىڭ «ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ هاللىق ئىسىمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، بىر خىل ئۈستىلىمە ئۈندەش جۈملە هاسىل بولىدۇ: ئۇ ناهايىتى ياخشى بالا، ئۆتكۈرلۈكچۇ تېخى. ④ پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ: 1) مەسلىهەت، يېقىنلىق، ئامراقلىق تەرزلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىكىدە شۇ ئىشنىڭ يېڭى ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن: بىكار تۇرغۇچە كىتاب كۆرەيچۇ. 2) شۇ هەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ: قېنى، سۆزلەپ باقسۇنچۇ، ئاندىن كۆرىمىز. 3) سىناق تۇس شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلغاندا، بۇ هەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن: يامان بولساڭ، بىزنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ باقچۇ. ⑤ پېئىلنىڭ پەرەز - قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش رايى، ئەپسۇس رايى شەكىللىرىنى هاسىل قىلىدۇ : يولداشلار، بىردەم جىم تۇرساڭلارچۇ.

**چۇپان** ئى [پ] پادىچى: چۇپاننىڭ كەكە ساقىلى چارلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، يۈزى ياشلارنىڭكىدەك قىپقىزىل ئىدى.

**چۇپانلىق** ئى. پادا بېقىش كەسپى، پادا بېقىش ئىشى: چۇپانلىق قىلماق. * شۇنىڭ بىلەن بالا چۇپانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى.

**چۇپۇر** ① ئى. ئۆچكە، ئېشەك قاتارلىق هايۋانلارنىڭ يىرىك يۇڭى؛ قىلچىق، موي: قوشنىسى ئۆچكە چۇپۇرىدا ئىس سېلىپ، كۆكپىت چېقىۋالغان باينى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ. ② سۈپ. يىرىك، چىڭگىلەك؛ غۇژمەك: چۇپۇر باش. چۇپۇر قاش.

**چۇپۇرشاڭ** ئى <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش ، تولغاقنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چۇپۇرلۇق** سۈپ. هەممە يېرىنى چۇپۇر قاپلىغان، چۇپۇر باسقان.

**چۇتۇر** ئى . پىلان ؛ مەقسەت : ئۇنىڭ قورسىقىدا چۇتۇرى بار.

**چۇتۇرچى** . ئى . پىلانچى .

**چۇجۇق** ئى . ئاتنىڭ لوق گۆشىدىن ياسالغان قېزا.

**چۇجىر** ئى. دىيال. يۇگەننىڭ ئېغىز دۇرۇقى.

**چۇچا** ئى. كىگىز، گىلەم ياكى خۇرجۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىغا ياكى مەلۇم جايىغا قويۇلغان يىپ ياكى يۇڭ تالاسى؛ پۆپۈك: چۇچا چىقارماق. چۇچا بېكىتمەك.

**چۇچاق** ئى. بال س. ئوغۇل بالىنىڭ تاناسىل ئەزاسى.

**چۇچۇق** ئى. دىيال. شالاڭ بولغان ئۈزۈم ساپىقى، كۆمۈلمەيدىغان تاللارنىڭ ساپىقى.

**چۇچۇلىماق** I پ. «چۇ - چۇ» قىلىپ سايرىماق، «چۇ - چۇ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: تورغاي چۇچۇلىدى.

**چۇچۇلىماق** II پ. دىيال. كىيىمنى سالماق، كىيىمنى يەشمەك: چاپىنىڭنى چۇچۇلىۋەت.

چۇچىلا ئى. چالا كۆيگەن ئوتۇن: چۇچىلا بولماق. چۇچىلا قىلماق.

**چۇچىلىق** سۈپ. چۇچىسى بار، چۇچا قويۇلغان: چۇچىلىق داستىخان. چۇچىلىق ياغلىق.

**چۇخەي** ئى [خەن] يۈزى بىر يېرىنتىن، ئاستى كاۋچۇكتىن ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىمى.

**چۇخچىلاتماق** «چۇخچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇخچىلاشماق** «چۇخچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۇخچىلانماق** «چۇخچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۇخچىلىماق** پ. چوقۇپ، ئۇيان – بۇيان ئۆرۈمەك؛ ئاغدۇرماق، كوچىلىماق، مالتىلىماق: مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى ئوتنى چۇخچىلىدىم.

**چۇر** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئاۋاز: تاڭ سەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا تورغايلار بەس – بەستە «چۇر» قىلىپ سايرىشاتتى.

**چۇراپ** رەۋ. دىيال. دەس، دەرھال

**چۇراڭ** ئى. دىيال. ئېگىز، سوقا سېۋەت.

**چۇر – چۇر** «چۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پۇشتىكىمنى كالپۇكۇمغا ئاپىرىپ، قوۋۇزۇمنى كۆپتۈرۈپ بىر پۇۋلىۋىدىم، ھاي – ھاي! «چۇر – چۇر» قىلىپ قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك زىل ئۈن چىقتى.

**چۇرچۇق** ئى. يۇلغۇننىڭ چېچەك پوپۇكى.

**چۇرچىلىق** ئى. دىيال. قومۇشنىڭ ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالغان كۆتەك قىسمى.

**چۇررىدە** رەۋ. «چۇر» قىلىپ، «چۇر» قىلغان ھالدا: ئۇۋىدىكى قۇشقاچ بالىلىرى ئانا قۇشقاچنىڭ دان ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، چۇررىدە سايرىشىپ كەتتى.

**چۇرقا** ئى. دىيال. قۇرۇپ، سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ، بېسىلىپ كەتكەن ئوتۇن – ياغاچ ۋە چۆپلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى.

**چۇرقۇچ** سۈپ. دىيال ① بۇدۇر: چۇرقۇچ چاچ. ② بالىلارنىڭ بېشىدىكى چۇرگۈلىمەچ.

**چۇرقولاڭ** سۈپ. دىيال. پاخپايغان.

**چۇرقىراتماق** «چۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇرقىراشماق** «چۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار: — غەيرەت قىل، سالە، سال، — دەپ چۇرقىراشتى.

**چۇرقىرىماق** پ. «چۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «چۇر» قىلىپ توۋلىماق، ۋارقىرىماق: بالا بۇ سۆزنىڭ تېگى – تەكتىنى چۈشەنمەي، خۇشال بولۇپ چۇرقىرىدى.

**چۇرۇق** ① تەق. قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋاز: بىراق ئۇيەدىن، ھويلىدىن «چۇرۇق» قىلغان ئاۋازمۇ چىقمىدى. ② ئى. سېغىز لايدىن پىشۇرۇپ ياسالغان «چۇر – چۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان پۇشتەك.

**چۇرۇق – چۇرۇق** «چۇرۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چۇرۇق – چۇرۇق قىلىپ سايرىماق.

**چۇرۇقلاتماق** «چۇرۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇرۇقلاشماق** «چۇرۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەھەر قۇياشنىڭ نۇرىغا پۈركەنگەن گۈزەل جىلغىدا، قۇشلار شوخ چۇرۇقلىششقا باشلىدى.

**چۇرۇقلىماق** پ. «چۇرۇق – چۇرۇق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، سايرىماق: ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ، چاڭگىسىنى تاپالماي، تالىپ بالىلار يىغلايدۇ، داموللامنى تاپالماي.

**چۇرۇڭقاي** سۈپ. دىيال. تېرىككەك.

**چۇرۇلداتماق** «چۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇرۇلداشماق** «چۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللارنىڭ ئەمدى ئويۇن قىزىيدىغان بولدى دېگەن ئوي بىلەن چاۋاك چېلىشىپ، قۇشقاچتەك چۇرۇلدىشىپ كەتتى.

**چۇرۇلدىماق** پ. «چۇر – چۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «چۇر – چۇر» قىلماق، چۇرۇقلىماق: سۇ بويىدا بىر توپ باللارنىڭ شۇ ئاي يۈزلۈك قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، چۇرۇلداپ ئوينىغان چاغلىرىنى يادىغا سالاتتى.

**چۇس** سۈپ. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئاسان خاپا بولىدىغان، ئوڭاي تېرىكىدىغان؛ يەڭگىل: چۇس ئادەم. چۇس مىجەز.

**چۇسا** ئى [خەن] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ياپىلاق، جىگەر رەڭ بولۇپ، قورسىقى چوڭ كېلىدۇ؛ تېنىدا سېسىق پېزى بولىدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ: چۇسا چاقماق.

**چۇسلاشماق** پ. چۇس ھالەتكە كەلمەك، سەپرالاشماق، تەرسالاشماق: سىدىق ئۇستامنىڭ مىجەزى چۇسلىشىپ قالدى.

**چۇسلۇق** ئى. يەڭگىللىك، ئالدىراڭغۇلۇق: چۇسلۇق قىلماق. * ئاپام مىجەزىمدىكى كەمدىن – كەم كۆرۈلىدىغان بۇ چۇسلۇققا ھەيران بولۇپ جىمىپ قالدى.

**چۇغا** سۈپ. دىيال. قىستاڭ – قىستاڭ: قاراقچى خالىي يەردە ئالار، يانچۇقچى چۇغادا (ئالار) (ماقال).

**چۇغلۇق** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا بولىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز كەلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**چۇغۇندان** ئى <بوت> كىرىبست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. بەلغەم بوشىتىش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش، ئۆپكىنى تازىلاش رولىغا ئىگە.

**چۇغۇندەك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى ۋە تۇمشۇقى تەكشى ياپىلاق كېلىدۇ، تۇمشۇقى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، جىيەكلىرىدە ئۇششاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.

**چۇقا** ئى <بوت> چۇقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، يۈرەكنى كۈچەيتىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ياللۇغلىنىشنى توسۇش رولىغا ئىگە.

**چۇقاتماق** ئى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ كېسىلگەن، سۇنغاندىن كېيىن قالغان ئاچماق قىسمى؛ پۇتاق.

**چۇقاق** سۈپ. دىيال. ئىنتىزارلىق.

**چۇقان** ئى. ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاۋاز؛ سۈرەن: چۇقان سالماق. چۇقان كۆتۈرمەك.

**چۇقانچى** ئى. چۇقان سالىدىغان ئادەم.

**چۇقان – سۈرەن** ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىنغان خىلمۇخىل قالايمىقان ئاۋاز؛ ۋاراڭ – چۇرۇڭ.

**چۇقانلىق** سۈپ. چۇقان سېلىنغان، چۇقان كۆتۈرۈلگەن، چۇقان – سۈرەن چىققان: قالدى شوخ، چۇقانلىق بالىلىق ھايات،

يىگىتلىك يولىغا سالغىنىمدا ئات.

**چۆقۇق** ئى. سېرىق ئەت يىرتقى.

**چۆقماق** پ. دىيال. ئىنتىزار بولماق.

**چۆك** تەق. چوجىلەرنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**چۆك - چۆك** I «چۆك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چۆك - چۆك** II كېسەل ئاغرىغاندا «چۆك - چۆك» ئاۋاز چىقىرىدىغان پورداق كېسىلى.

**چۆكچۆك** I ئى. بۆدۈنە تۇتۇش ئەسۋابى.

**چۆكچۆك** II ئى. تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپ تارتىدىغان سايمىنى.

**چۆكۆلداتماق** «چۆكۆلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا توخۇ بىر توپ چوجىسىنى چۆكۆلداتقىنىچە ئەگەشتۈرۈپ، دان ئىزدىمەكتە ئىدى.

**چۆكۆلداشماق** «چۆكۆلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆكۆلدىماق** پ. «چۆك - چۆك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «چۆك - چۆك» قىلماق: سا چوجىنىڭ چۆكۆلدىغىنىغا خوش (ماقال).

**چۆڭ** تەق. يىراقتىن قۇلاققا ئاڭلانغان ئىنچىكە ۋە جاراڭلىق ئاۋاز.

**چۆڭ - چۆڭ** «چۆڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چۆڭۆلداتماق** «چۆڭۆلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆڭۆلداشماق** «چۆڭۆلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆڭۆلدىماق** «چۆڭ - چۆڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «چۆڭ - چۆڭ» قىلماق.

**چۆلبۆيا** ئى. دىيال. ھاراق.

**چۆلپاق** سۈپ. دىيال ① خام لاي. ② چالا: چۆلپاق ئىش.

**چۆل - چۆل** پارچە - پارچە، كۆكۈم - تالقان، كۆمپەيكۈم: چۆل - چۆل بولماق.

**چۆلدا** ئى. كەكە، پالتا، بولقا، كەتمەن قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ كەينى تەرىپى.

**چۆلدۆر** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**چۆلدۆرلاشماق** «چۆلدۆرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچ بولغاندا بۇ ئىككى بالا چۆلدۆرلىشىپ ئۆينى بىر ئالدى.

**چۆلدۆرلىماق** پ. ئىنچىكە، ئۈنلۈك قىلىپ، توختىماي سۆزلىمەك، زىل ئاۋاز بىلەن ئىتتىك سۆزلىمەك: توپنىڭ ئىچىدىكى ئاق يۈزلۈك ئايال چۆلدۆرلاپ سۆزلەيتتى.

**چۆلدىلىق** سۈپ. چۆلدىسى بار، چۆلدا چىقىرىپ ياسالغان: مامۇتنىڭ قولىدا ياپىلاق چۆلدىلىق پوچۇق كەتمەن بار ئىدى.

**چۆلغاتماق** «چۆلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆلغاشماق** I «چۆلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆلغاشماق** II پ. دىيال. يىغىلىشماق، توپلىنىشماق، ئۆلاشماق.

**چۆلغانماق** «چۆلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆلغىماق** پ ① قاپلىماق، پۈركىمەك. ② كۆچمە. ئىگىدىلىمەك، بەند قىلماق، چىرمىماق، ئورىماق: تاشۋاي ئارتۇق چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پىغان چۆلغىۋالغانىدى.

**چۆللۈق** ئى <زوئول> بېلىقئالغۇچ، چايكا. سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بىر خىل قۇش. چۆللۈقى تۇرغايدەك كېلىدۇ، ئۆزى ئاق، قانىتى ئالا، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ.

**چۆلۈق** I سۈپ. دىيال. ئېتى پىشىپ، ئېزىلىپ كەتكەن: بۇ تاۋۇز چۆلۈق بولۇپ قاپتۇ.

**چۆلۈق** II تەق. ئىچىدە سۇيۇقلۇق بولغان نەرسىلەرنى سىلكىگەندە ئىچىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز.

**چۆلۈق** III سۈپ. دىيال. كۆپ، مول، مىژ - مىژ، مىغ - مىغ.

**چۆلۋۆر** ئى ① ئۇلاغنىڭ نوختا ۋە يۈگىنىگە بېكىتىلگەن، ئۇلاغنى يېتىلەش ۋە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تانا. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئىختىيارى، ئەركىنلىكى، تەقدىرى: ئۇنىڭ چۆلۋۆرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇشۇبېگىنىڭ قولىدا ئىدى.

**چۆلۋۆرسىز** سۈپ. چۆلۋۆرى يوق، چۆلۋۆرى بولمىغان: چۆلۋۆرسىز نوختا. چۆلۋۆرسىز يۈگەن. * بۈگۈنكى دۇنيانى غەرب جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي «چۆلۋۆرسىز دۇنيا» دەپ ئاتايدۇ.

**چۆلۋۆرلۇق** سۈپ ① چۆلۋۆرى بار، چۆلۋۆر بېكىتىلگەن: چۆلۋۆرلۇق ئېشەك. چۆلۋۆرلۇق ئات. ② چۆلۋۆر قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، چۆلۋۆر قىلىشقا لايىق: چۆلۋۆرلۇق تانا. چۆلۋۆرلۇق تاسما.

**چۆما** ئى [ر] <تېب> جىلدىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنى چۆما تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چاشقان، توشقان ۋە سۇغۇر قاتارلىق غاجىلىغۇچى ھايۋانلار بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغاندىن كېيىن بۈرگە ئارقىلىق ئادەمگە يۇقىدۇ. كېسەل ئالامەتلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن بەز چۆماسى، ئۆپكە چۆماسى ۋە سېپتىسېمىيە تىپىدىكى چۆما دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**چۆمبا** ئى، چۆلدا، كەتمەن چۆلدىسى.

**چۆمغۇق** ئى <زوئول> قاغا تىپىدىكى قۇش، تاغ قاغىسى.

**چۆمۆل** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ 9 - ئەسىردىكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**چۆھ** ئىم. كالا، ئات، تۆگىلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز: ئۇ «چۆھا» دەپ ئاتقا بىر قامچا سېلىۋىدى، ئات كوچىنىڭ شەرقىگە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

**چۆۋاش** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. چۆۋاش مىللىتى رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ چۆۋاش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ.

**چۆۋاشچە** ① سۈپ. چۆۋاشلارغا، چۆۋاش خەلقىگە، چۆۋاش تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە خاس بولغان: چۆۋاشچە كىيىم. چۆۋاشچە ناخشا. چۆۋاشچە ئۇسسۇل. ② ئى. چۆۋاش تىلى ۋە يېزىقى. ③ رەۋ. چۆۋاش تىلى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىپ، چۆۋاش تىلى ياكى يېزىقىدا: چۆۋاشچە سۆزلىمەك.

**چۆۋالچاق** سۈپ. باش - ئايىغى يوق، رەتسىز، قالايمىقان: چۆۋالچاق ئىش. چۆۋالچاق پىكىر.

**چۆۋالچاقلاشتۇرماق** «چۆۋالچاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەيھانەم چوڭ يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى چۆۋالچاقلاشتۇرۇپ باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان ئۇرۇنۇشلارنى كۆرۈپ، بايقاپ ئولتۇراتتى.

**چۆۋالچاقلاشماق** پ. رەتسىز، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان

ھالەتكە كەلمەك.

**چۇۋالچاقلىق** ئى. چۇۋالچاق ھالەت ياكى ئەھۋال.

**چۇۋادان** ئى. دىيال. كەپتەرنىڭ بىر تۈرى.

**چۇۋۇتماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇۋۇر** تەق. ئۇچار قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**چۇۋۇر- چۇۋۇر** «چۇۋۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چۇۋۇرلاتماق** «چۇۋۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇۋۇرلاشماق** «چۇۋۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى.

**چۇۋۇرلىماق** پ. «چۇۋۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق؛ ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلىمەك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماق: بالىلار مۇئەللىمنى كۆرۈپ چۇۋۇرلاشتىن توختاپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

**چۇۋۇشتۇرماق** «چۇۋۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇۋۇشماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۇۋۇق** سۈپ. چۇۋۇلغان، تىتىلغان، بۇزۇلغان، چېچىلغان: چۇۋۇق بورا. چۇۋۇق سېۋەت. چۇۋۇق باغ.

**چۇۋۇلماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېلىقى بوغالتىرنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ھېساباتىنى ئاچسىلا، ئىش چۇۋۇلىدۇ.

**چۇۋۇماق** پ. توقۇلغان، تېخىلغان، غۇژمەك، رەتلىك بىر پۈتۈن نەرسىنى تىتىپ بۇزماق، پارچە - پارچە قىلماق، چۇۋۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك: بوپىنى چۇۋۇماق. ئۆينى چۇۋۇماق. چاچنى چۇۋۇماق.

**چۇيلىماق** پ. دىيال. چۇۋۇماق.

**چۆپ** I ① ئى. ئۇلاغ يەيدىغان ئوت: ئۇ ئاتلارغا چۆپ تاشلاپ بەردى. ② سۈپ. قاتتىق ھۆل، نەم: چۆپ بولۇپ كەتمەك.

**چۆپ** II ئى ① نېپىز يېيىلىپ، ھەر خىل شەكىلدە كېسىلگەن خېمىر: قازانغا چۆپ سالماق. چۆپ سۈزمەك. ② ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئۇششاق توغرالغان پىششىق گۆش، سۇدا پىشۇرۇلغان چۆپ، يالپاقلاپ توغرالغان پىياز، مەلۇم مىقداردىكى قارىمۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە گۆشنىڭ شورپىسىنى قۇيۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**چۆپ- چۆپ** سۇغا چىلىغاندەك، قاتتىق ھۆل، چىلىق - چىلىق: ئۇ تۆشۈكنى لاي بىلەن ئېتىپ، چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ پەسكە چۈشتى.

**چۆپچۆل** سۈپ. ئاددىي، قاتتىق - قۇرۇق، غورىگىل: ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشى ناھايىتى چۆپچۆل ئاخىرلاشتى.

**چۆپخانا** I ئى. ئوت - سامان، ئوت - خەس ساقلىنىدىغان ئورۇن؛ ئوتخانا، سامانلىق.

**چۆپخانا** II ئى. چۆپ كېسىدىغان ۋە ساتىدىغان ئورۇن.

**چۆپخور** سۈپ. ئوت - چۆپ يەيدىغان، ئوت - چۆپ يېيىشنى ئادەت قىلغان، ئوت - چۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن، ئوت - چۆپنى ئوزۇق قىلىدىغان، ئوت - چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان: چۆپخور ھايۋانلار.

**چۆپخورلۇق** ئى <زوئول> ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىش ئادىتى.

**چۆپ- خەس** چۆپ خەس: ئىشىك ئالدىدىكى ئاشۇ چۆپ - خەسلەرنى سۈپۈرۈۋېتىش كېرەك.

**چۆپسىز** سۈپ ① چۆپ ئۈنمىگەن، تاتىراڭ، گىياھسىز: چۆپسىز جاي. چۆپسىز دالا. ② چۆپى يوق، چۆپ بېرىلمىگەن، چۆپى تۈگىگەن: چۆپسىز مال بولماس، پۇلسىز تىجارەت (ماقال).

**چۆپقار** ئى. دىيال. بوغدايىنى خاماندىن ئۇسۇپ ئېلىش ئالدىدا قوي سويۇپ قىلىنىدىغان نەزىر.

**چۆپقەت** ئى. ھۈنەر - كەسىپ، سودا - سېتىق قاتارلىقلاردا دائىم ئېلىم - بېرىم قىلىپ تۇرغان كىشى، دائىملىق خېرىدار؛ يېقىن كىشى: چۆپقەت تۇتماق. * ئاپا، ئۇ بىزنىڭ كونا چۆپقەتىمىز. ناھايىتى ياخشى قىز.

**چۆپقەتچىلىك** ئى. ھۈنەر - كەسىپ، سودا - سېتىق قاتارلىقلاردا دائىم ئېلىم - بېرىم قىلىش مۇناسىۋىتى: بىزنىڭ ئۇلار بىلەن چۆپقەتچىلىكىمىز بار.

**چۆپقەتسىز** سۈپ. چۆپقىتى يوق، چۆپقەت تۇتمىغان: ساتىراش سىلىق ھۈنەر قىلمىسا، چۆپقەتسىز قالىدۇ.

**چۆپقەتلىك** سۈپ. چۆپقىتى بار، چۆپقىتى كۆپ، خېرىدارلىق: چۆپقەتلىك كاسىپ. چۆپقەتلىك تىجارەت.

**چۆپلۈك** ① سۈپ. چۆپى بار، چۆپ ئۆسكەن: چۆپلۈك يەر. ② ئى. چۆپ ئۆسكەن جاي: سېرىق تۈلكە ئارقىسىغا قاراپ چاپتى - دە، بىر چۆپلۈك ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**چۆچەك** I ئى <ئەد> ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيەلىك ئاساستا كۆلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاغزاكى ھېكايە: چۆچەك ئاڭلىماق.

**چۆچەك** II ئى ① ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە: بىر چۆچەك قېتىق. * ئات ھېرىپ قالسا بىر پىچاق، ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق (ماقال). ② تاقالانغان پىلە قۇرتلىرىنى ئالىدىغان تەۋەڭ.

**چۆچەكتەك** سۈپ. يوغان، چوڭ (كۆز ۋە كۆزنىڭ چانىقى ھەققىدە): بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسىمنىڭ كۆزى چۆچەكتەك ئېچىلىپ كەتتى.

**چۆچەكچى** ئى. چۆچەك ئېيتىشنى ئادەت قىلغان كىشى، چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا كىشى، چۆچەك ئېيتىدىغان ئادەم: ئۇ ئەتراپتىكى كەنت - مەھەللىلەرگە داڭلىق چۆچەكچى بولۇپ تونۇلغان. * شۇنىڭ بىلەن چۆچەكچى مومايلار ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىر سەبىي ياشنىڭ يۈرىكىدە ئورتاق بىر دۇنيانى ياراتتى.

**چۆچەكچىلىك** ئى ① چۆچەك ئېيتىش ئىشى ياكى كەسپى: بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتۈپ، چۆچەكچىلىك ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى. ② <ئەد> چۆچەك يېزىش ياكى بىرەر ئەسەرنى چۆچەككە ئايلاندۇرۇش قاتارلىق چۆچەك بىلەن ئالاقىدار ئىشلار: چۆچەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**چۆچەكلەشتۈرمەك** پ. چۆچەك ھالىتىگە كەلتۈرمەك، چۆچەككە ئايلاندۇرماق، چۆچەككە ئۆزگەرتمەك: ئاپتور تارىخنى نېمە ئۈچۈن چۆچەكلەشتۈرىدۇ؟ بۇ قانداق زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان؟

**چۆچەكلەشتۈرۈلمەك** «چۆچەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆچۇتمەك** «چۆچۇمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شار ـ شۇر قىلىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ساجىدەمنى چۆچۇتۇۋەتتى.

**چۆچۇتۇشمەك** «چۆچۇتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆچۈرە** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ نېپىز يېيىلغان خېمىرنىڭ ئىچىگە قىيما سېلىپ، تۈگۈپ ئېتىدىغان بىر خىل تامىقى: كۆك چۆچۈرىسى. * چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت، گۆش يېمەكتۇر (ماقال).

**چۆچۈرىچى** ئى. چۆچۈرە ئېتىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەر ئارىسىدا «رىزىۋانخان چۆچۈرىچى» دەپ داڭ چىقارغانىدى.

**چۆچۈرىخانا** ئى. مەخسۇس چۆچۈرە ساتىدىغان ئاشخانا: لەتىپە ئاز ـ تولا دەسمايىسىنىڭ يولىنى قىلدى ـ دە، شەھەرگە بېرىپ چۆچۈرىخانا ئاچتى.

**چۆچۈرىدەك** سۈپ. ئۇششاق، كىچىك (بالا ھەققىدە): باللارنىڭ ئاتىسى سولانغاندىن بېرى، مەن ئۆيدە مۇشۇ چۆچۈرىدەك ئىككى بالا بىلەن قالدىم.

**چۆچۈشمەك** «چۆچۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوغرى تېگىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان جامائەت بۇنىڭدىن خېلىلا چۆچۈشتى.

**چۆچۈمەك** پ ① ئەندىكمەك، ئالاقزادە بولماق، قورقماق: ئۇ جەزمەن ئۆزىنىڭ بىكاردىن ـ بىكارغا گاڭگىراش ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن بىر قىسىم ھاياتىنى بايقىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈيدۇ. ② پۇت، قول قاتارلىقلارغا بىرنەرسە قاتتىق تەگكەنلىكتىن زىڭىلداپ ئاغرىماق، سىلكىنمەك: پۈتى چۆچۈپ كەتمەك. پۇتى چۆچۈپ كەتمەك.

**چۆرە** I ئى ① نۇقتا قىلىنغان جاينىڭ يېقىن تەرەپلىرى؛ ئەتراپى: ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە تۇرۇشقان كىشىلەر توختىماي بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ② چېتى، قىرى، يېنى، قىرغىقى: مەكتەپ قوينىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، مەيدان چۆرىسىدىكى پارچە ـ پارچە گۈل چۆنەكلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**چۆرە** II ئى. سېتىۋېلىنغان ئايال قۇل؛ چاكار قىز، دېدەك: شاھ ئارمانۇس چۆرىلىرىدىن مەلىكە ھاياتوننۇپۇسنىڭ ئېرى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تىنىپتۇ.

**چۆرگۈلەتمەك** «چۆرگۈلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆرگۈلەشمەك** «چۆرگۈلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆرگۈلەنمەك** «چۆرگۈلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆرگۈلىمەچ** ① ئى. ھالقىسىمان يۇمىلاق دائىرە: كۆز چۆرىسىگە چۈشكەن چۆرگۈلىمەچ. ② سۈپ. تۈز ئەمەس، كۆپ ئايلىنىدىغان، ئەگرى ـ بۈگرى، ئەگرى ـ توقاي، تولغىماچ: كىچىك ماشىنا قۇلۇلە قېپىدەك چۆرگۈلىمەچ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە.

**چۆرگۈلىمەك** پ ① بىرەر دائىرە بويلاپ ھەرىكەت قىلماق؛ پىرقىرىماق: ئىستانوكلار چۆرگۈلىمەكتە ئىدى. ئىشقا بېرىلگەن شەۋكەت ھەربىر پۇتۇپ چىققان دېتالنى قىسقۇچتىن بوشىتىۋالغاندا ... * ئايروپىلان يېزا ھاۋا بوشلۇقىدا ئىككى چۆرگۈلىدى. ② يۇرتمۇيۇرت ساياھەت قىلماق، ئەتراپىنى سەيلە قىلماق، ئارىلىماق، ئايلانماق: ئۇ تالاغا چىقىپ باغچىنى بىر چۆرگۈلىدى. * بىر ئادەم كورلىدىن ماڭسا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، چارقىلىقلارنى چۆرگۈلەپ، يەنە كورلىغا كېلىدۇ. ③ كۆچمە. يېنىدا بولماق؛ ئەگىپ يۈرمەك: رەقىبىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كارى يوق، ھەدېسىلا گۈزەل ئاينى چۆرگۈلەيتتى. ④ كۆچمە. يۈرۈشمەك، ماڭماق: «... ئۇنىڭ تۈگمىنى سۇ بولسىمۇ، بولمىسىمۇ چۆرگۈلەۋېرىدىكەن» دېگەن گەپ تارقالدى. ⑤ كۆچمە. گاڭگىرىماق، قايماق، پىرقىرىغاندەك ھېس قىلماق: خام تاماكىنى چېكىۋېرىپ، بېشىم چۆرگۈلەپ كەتتى.

**چۆرنەك** ئى. تىكىش ماشىنىسى تاقىسىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلىپ، يىپنى ئىلىپ بېرىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك سايمان، ناچا.

**چۆرۈتمەك** «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆرۈشمەك** «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆرۈلمە** ئى. دىيال. تويدا، ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا (قىز تەرەپكە) سوۋغا قىلىدىغان كىيىملىكلەر.

**چۆرۈلمەك** ① «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تۈگمەن سۇ كۈچى ئارقىلىق چۆرۈلىدۇ. ② «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ مۇشۇ بىرلا سۆزنى قىلىدۇ.

**چۆرۈمەك** پ ① پىرقىراتماق، ئايلاندۇرماق: ئايۇپ تېلېفوننى چۆرۈدى. ② ئەتراپىنى قورشىماق: دېھقان ئاز كۈندىلا بىر مولۇق باغنىڭ ئەتراپىغا تام چۆرۈپ بولدى. ③ ئورىماق، يۆگىمەك: موكىغا يىپ چۆرۈمەك. ④ كۆچمە. قورىماق، ياسىماق، ماڭدۇرماق: بۇ يەرنى چاناپ، ئۆستەڭ ئېلىپ، تۈگمەن چۆرۈيمىز. ⑤ كۆچمە. راۋان باشقۇرماق، يېتەكلىمەك، يۈرۈشتۈرمەك، يولغا سالماق: پۈتۈن يېزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشىنى چۆرۈپ كېلىۋاتقان چەبدەس يىگىت بۈگۈن بۇ جىمجىت ئۆيدە يالغۇز ياتىدۇ.

**چۆرۈۋەتمەك** پ [چۆرۈپ + ئەتمەك] ① چۆرۈپ تاشلىماق، تاشلىۋەتمەك؛ بىكار قىلماق، ئېلىپ تاشلىماق: مەن سۈپۈرگە سېپىنى چۆرۈۋېتىپ، قېچىپ قۇتۇلدۇم. ② كۆچمە. ۋاز كەچمەك، يۈز ئۆرۈمەك: گۈلچەمەن ئالىي مەكتەپ، غايە، ئىستىقبال دېگەنلەرنى چۆرۈۋېتىپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئاشۇ مۇئەللىمگە بېغىشلاپ، بەختتىن يىغلىغانىكەن.

**چۆرىپۇرۇش** ئى. قۇل قىزلارنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئادەم سودىگىرى: ھاتەم بىر كۈنى ئادىتى بويىچە چۆرىپۇرۇشلار رەستىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە قىزى بىلەن ئولتۇرغان بىر چۆرىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

**چۆرىدەتمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆرىدەشمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۈرجەك، كەتمەننىڭ دەستىسىگە تايىنىپ، چۆرىدىشىپ تۇرۇشاتتى.

**چۆرىدەلمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆرىدىمەك** پ. ئەتراپىنى قورشىماق، ھالقا شەكلىدە بولۇپ تۇرماق، دائىرە ھاسىل قىلماق: ئۇلار چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇپ، جەڭ خەۋەرلىرىنى ئوقۇدى.

**چۆك** I ئىم. تۆگىلەرنى ياتقۇزۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «چۆك» دەپ تۆگىلەرنى چۆكۈرۈشكە باشلىدى.

**چۆك** II ئى ① توغرا كېسىلگەن تاغ چوققىسى.② تاغلاردا ھاڭ تاشلار ئۈستىدىكى سۇپە تاش، تۈپتۈز تاش.

**چۆكەن** ئى. دىيال. تالنىڭ يېڭى چىقارغان شۇڭى.

**چۆكەنلىمەك** پ. دىيال ① يېڭىدىن بىخ چىقارماق، يېڭىدىن شۇڭ چىقارماق، يېڭىدىن بىخلانماق. ② چوكان بولماق.

③ پۇرچاق تېپىدىكى زىرائەتلەر مېۋىلىمەك.

**چۆكتۈرمە** ئى ① تورنىڭ ئېتىكىنى سۇغا چۆكتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېسىلغان ئېغىرتقۇ، كۆپىنچە قوغۇشۇن، تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ. ② تىنىقلىق، تۇرغۇنلۇق: ئالىم ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇ ئاي، بۇ يىللار بىزنى مانا شۇنداق چۆكتۈرمە جەريانى بىلەن تەمىنلىدى.

**چۆكتۈرمەك** «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار يۇقىرى قىرغاققا كېلىپ، كېمە ـ ساللارنى تېشىپ چۆكتۈرۈۋەتتى.

**چۆكتۈرۈشمەك** «چۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆكتۈرۈلمەك** «چۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇرجەكتە ئون نەچچە تۆگە چۆكتۈرۈلگەن بولۇپ، بىرنەچچە يىگىت تۆگىلەردىن تاغارلارنى چۈشۈرمەكتە.

**چۆكمە** ① سۈپ. سۇيۇقلۇق، ئېرىتمە قاتارلىقلارنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۆككەن ياكى چۆكىدىغان؛ ئولتۇرۇشقان: چۆكمە ساندۇق. ② ئى <خىم> ئېرىتمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۆكۈپ قالغان، تەستە ئېرىيدىغان ماددىلار. ③ ئى. سۇ تەركىبىدىكى قۇم، شېغىل ۋە باشقا لاي ـ لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈشى بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا، چۆكۈندى.

**چۆكمەك** پ ① تىزنى پۈكۈپ ئولتۇرماق، تىزلانماق، يۈكۈنمەك: تۆگە چۆكتى. ② ئىچىگە كىرمەك، كۆمۈلمەك، پاتماق: سۇغا چۆكمەك. * ئىككى ياققا ئايرىلىپ سۇلار، سۇ ئاستىغا چۆكۈپتۇ ئۇلار. ③ كۆچمە. پاتماق، كۆمۈلمەك: غەمگە چۆكمەك. خىيالغا چۆكمەك. ④ تىنىپ تېگىگە ئولتۇرماق، تىنماق (سۇيۇقلۇقتىكى ئارىلاشما ھەققىدە). ⑤ كۆچمە. يېقىنلاشماق، ئارىلاشماق: قىسىم باشلىقلىرى دائىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كېڭەيتتى. ⑥ ئولتۇرۇشماق، بېسىلماق، پەسلىمەك: ئۇ يەرنىڭ بەزى جايلىرى چۆكۈپ پەسلەپ كەتكەنىدى.

**چۆكۈچ** ئى. دىيال. چوكا.

**چۆكۈرمەك** I پ . تۆۋەنلەتمەك؛ باسماق: كوللېكتىپنى، ئاممىنى چۆكۈرۈپ، رەھبەرنىڭ شەخسىي رولىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**چۆكۈرمەك** II پ. تېرىماق، ئۇرۇق سالماق: بۇغداي چۆكۈرۈۋالدۇق.

**چۆكۈرۈلمەك** «چۆكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىشان سۇ يۈزىدىن تۆت ئىنگلىز سۇڭى تۆۋەن چۆكۈرۈلگەندە، نۇرنىڭ سۇنۇش قانۇنىيىتىنى بىلگەن باللار مەيلى سۈرئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى توغرىلىق جەھەتتىن بولسۇن ...

**چۆكۈش** ئى ① <تېب> ھۈجەيرىدىن باشقا ماددىلارنىڭ (پىگمېنت، كالتسىي قاتارلىق ) ئورگانىزم توقۇلمىلىرىغا سىڭىپ، يىغىلىپ قېلىشى. ② <گېئول> يەر يۈزىدىكى يىمىرىلىش مەھسۇلاتلىرى، ئورگانىك ماددىلار ۋە بەزى يانار تاغ ماددىلىرى تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە، ئەسلىي ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا، يۆتكىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى فىزىكىلىق، خىمىيەلىك تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، ئاستىغا چۆكۈپ، دۆۋىلىنىپ قالىدىغان بىر خىل ھادىسە. ③ <بىن> ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۇلىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن يەرگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى: چۆكۈش چېكى.

**چۆكۈچەك** ئى. دىيال. كىچىك جوزا.

**چۆكۈشمەك** «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئۇلار غەمگە چۆكۈشۈپتۇ.

**چۆكۈندى** ① سۈپ. چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان، چۆككەن: چۆكۈندى جىنىس. ② ئى. ئېقىنلارنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغاندا، سۇ تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلار، قۇم ـ شېغىللار ۋە باشقا لاي ـ لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈشى بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا. ③ ئى <خىم> ئېرىتمىنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ قالغان تەستە ئېرىيدىغان ماددىلار. ④ ئى <گېئول> چۆكۈش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل بوش ۋە يېپىشقاقلىقى تۆۋەن ماددىلار.

**چۆكۈندىلىك** سۈپ. چۆكۈندىسى بار، چۆكۈندىگە ئىگە: تاغ ئالدىدا 20 ـ 30 كىلومېتىر كەڭلىكتە ئاقما چۆكۈندىلىك، كەلكۈن چۆكۈندىلىك يەلپۈگۈچسىمان بەلباغ بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن قېلىن بولغان يىرىك قۇم ـ شېغىل قەۋەتتىن تەركىب تاپقان.

**چۆكۈنمەك** «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ... ئەمەلىيەتتىمۇ چۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدە بىر ـ ئىككى غېرىچتەك قېلىندىلىقتىكى قۇم ئاستىدا قالغانىدى.

**چۆكىلىك** ئى. دىيال. چوكا، قوشۇقلار سېلىنىدىغان ياكى كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلارنى سالىدىغان كىچىك سېۋەت.

**چۆگەن** I ئى <تەن> ئات توپىنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق: چۆگەن بىلەن كەپتۆكنى ئۇرماق.

**چۆگەن** II دىيال. ئورمىچىلارنىڭ قوشاق ئېيتىپ، ھاردۇق چىقىرىدىغان ئويۇنى.

**چۆگۈش** ئى. دىيال. ياۋا ئىت، چىلبۆرە.

**چۆگمەچ** پ. دىيال. ئورىماق، يۆگىمەك.

**چۆگۈن** ئى. مىس ياكى رو قاتارلىق مېتاللاردىن ئوچاق ياكى مەشتە چاي قاينىتىشقا لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن، جوغا ۋە تۇتقۇچى بار سۇ قاچىسى: مىس چۆگۈن. رو چۆگۈن، چۆگۈن ئالماق.

**چۆگۈنگۈل** ئى. دىيال. بۇغدايلىق ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر تۈرلۈك ئوت.

**چۆل** ئى. ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ئۆسمىگەن، سۇسىز، بىپايان يەر؛ دەشت ـ باياۋان: چىلانغا چۆل، ياڭاققا كۆل (ماقال).

**چۆلەتمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانام باللارنى بۇيرۇپ غوزىنى چۆلىتىۋەتتى.

**چۆلەشمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايدىڭدا، ئوندەك ئايال ھەدەپ غوزا چۆلىشىۋاتاتتى.

**چۆلەنمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر تاغار غوزا بىرپەستە چۆلىنىپ بولدى.

**چۆل ـ باياۋان** ئادەم ياشىمايدىغان، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ئۆسمىگەن، بىپايان دالا؛ چۆل ۋە باياۋان.

**چۆل ـ جەزىرە** ← **چۆل ـ باياۋان:** سانسىزلىغان تىللالار شۇ چۆل ـ جەزىرىدە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ.

**چۆلدەرەشمەك** «چۆلدەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆلدەرىمەك** پ ① دەل ـ دەرەخ ئۈنمەيدىغان، ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان بولۇپ قالماق: بىرنەچچە يىل ئالدىدا، بۇ بىر گۈزەل باغ ئىدى، تاشلىنىپ قالغاچقا، ھازىر چۆلدەرەپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە.

**چۆلگە** ئوخشاپ قالماق، قايناق ھايات تۈسىنى، ئاۋاتلىقىنى **يوقاتماق**: مەھەللە ئىچىدە ھېچكىم بولمىغانلىقتىن، ئەتراپ چۆلدەرەپ **قالغاندى**.

**چۆلسىرىمەك** پ. چۆلدەرىمەك: ئۇنىڭغا بۇ چۆلسىرىگەن ئاھالىسىز تاغ يېرى قىسقا مۇددەتلىك ماكان بولدى.

**چۆللەشمەك** پ. چۆلگە ئايلانماق: ئومۇمەن، يېشىللىقى، ئاۋاتلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ جاي مانا ئەمدى چۆللىشىپ قالغاندى.

**چۆللۈك** ئى. چۆل يەر: ئۆزۈڭلەر كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇ پايانسىز چۆللۈكتە تاش بىلەن قۇمدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

**چۆلىمەك** پ. تېخى ئېچىلىپ بولالمىغان كېۋەزنىڭ غوزىدىكى پاختىنى قول بىلەن چىقارماق: غوزا چۆلىمەك.

**چۆمەچ** ئى. دىيال. چۆرگۈلمەچ.

**چۆمەس** ئى. يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ قولىقىغا سېلىپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كىچىك چوكا ياغاچ.

**چۆمچەيمەك** پ. دىيال. زوڭ ئولتۇرماق، زوڭزايماق.

**چۆمدۈرمەك** «چۆممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى سۇغا چۆمدۈردى.

**چۆمدۈرۈشمەك** «چۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمدۈرۈلمەك** «چۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆمگۈچ** ئى. دىيال. چۆمۈچ.

**چۆممەك** پ ① سۇيۇقلۇققا، سۇغا چۆكمەك: سۇغا چۆممەك. ② قاپلىماق، باسماق: تەرگە چۆممەك. ③ كۆچمە. بېرىلمەك، پاتماق: خىيالغا چۆممەك. غەمگە چۆممەك. ④ كۆچمە. قاپلانماق. تۈس ئالماق: ئۇلارنىڭ چوڭ قورۇسى گويا بايرام تەنتەنىسىدەك شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى.

**چۆمۈچ** ئى. سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۇسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان؛ ساپلىق: قازاننىڭ گۈۋاھچىسى چۆمۈچ (ماقال). * قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار (ماقال).

**چۆمۈرمەك** پ. چۆمۈچنى ياكى بىرەر نەرسىنى سۇغا چۆكۈرمەك؛ پاتۇرماق: ئۇلار يىراقتىكى ئېرىق بويىغا كېلىپ، ئىسسىقتىن باشلىرىنى سۇغا چۆمۈرۈپ سەگەشتى.

**چۆمۈرۈشمەك** «چۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمۈرۈلمەك** «چۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆمۈشمەك** «چۆممەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھەيرانلىققا چۆمۈشتى.

**چۆمۈلدۈرمەك** «چۆمۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : بوۋاقنى يىلمان سۇغا چۆمۈلدۈردۇق.

**چۆمۈلدۈرۈشمەك** «چۆمۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمۈلمەك** پ. چۆممەك: ئالدىرىغان ئۆردەك ئارقىسى بىلەن چۆمۈلەر (ماقال). * ھەممە ئادەم خۇشال، ھەممە ئادەم بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەنىدى.

**چۆمۈلۈشمەك** «چۆمۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى يەكشەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزلار يىغىلىپ سەيلىگە چىقتى، چۈشتىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ، سۇغا چۆمۈلۈشتى.

**چۆڭەك** ئى <دېھ> زىرائەتنى سۇغىرىش ئۈچۈن، زىرائەتنىڭ يىلتىزىغا يېقىنراق قېزىلغان ئېرىقچە: چۆڭەك تارتماق. * قېرى ئات چۆڭەك بۇزماس (ماقال).

**چۆڭەكلىك** سۈپ. چۆڭىكى بار، چۆڭەك تارتىلغان: چۆڭەكلىك يەر.// بىر كۈنى قوغۇنلۇققا ئۈچ ـ تۆت ئەسكەر كېلىپ قالدى. مەندىن بىر سۆز سورىماي، چۆڭەكلىكتە ئولتۇردى.

**چۆڭەكلىمەك** پ . چۆڭەك تارتماق، چۆڭەك قازماق، چۆڭەك ئاچماق : ئۇ يەرنى چۆڭەكلەپ تېرىش، ئۇرۇقنى ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش قاتارلىقلار ئۈستىدە بوۋايغا ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى.

**چۆنتەك** ئى. يانچۇق: ھەرنېمە دېگەنبىلەن، ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئازغىنا كەم ئالتە كوينى چۆنتەككە ئۇردى.

**چۆۋەك** ئى. ئەتلەس توقۇش ئۈچۈن تاياقچىغا سوقىچاق قىلىپ تۇرۇلگەن يىپ.

**چۈپەي** [خەن] ① ئى. بەشلەڭ ئويۇندا ئىشلىتىلىپ بولغان، رولىنى يوقاتقان، كېرەكسىز قارتا: چۈپەي ئاتماق. ② سۈپ. كۆچمە. چاكىنا، تېتىقسىز: چۈپەي ئادەملەر ئاشۇنداق چۈپەي گەپلەرنى قىلىدۇ.

**چۈپەيلەشتۈرمەك** «چۈپەيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈپەيلەشتۈرۈلمەك** «چۈپەيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۈپەيلەشمەك** پ. چۈپەي ھالەتكە كەلمەك؛ چاكىنىلاشماق، ئەھمىيىتىنى يوقاتماق.

**چۈپەيلىك** ئى. چاكىنىلىق ، تېتىقسىزلىق: چۈپەيلىك قىلماق. * ئېسىل ئادەملەردىمۇ ئاز ـ تولا چۈپەيلىك بولىدىكەن.

**چۈپرەندە** ① ئى. شاكال، شۆپۈك قاتارلىق كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت: چۈپرەندە ئازگىلى. چۈپرەندە دۆۋىسى. ② سۈپ. كۆچمە. ئەرزىمەيدىغان، رەتكە ئۆتمەيدىغان، ئېتىبارى يوق: چۈپرەندە ئادەم. چۈپرەندە ئىشلار.

**چۈپۈرشاڭ** ئى <بوت> كىرپىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى قولتۇقىدىن شاخلايدۇ، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ ۋە پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ.

**چۈجە** ئى [پ] توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق قۇشلارنىڭ بالىسى: چۈجىنى كۈزدە سانا (ماقال).

**چۈجگۈن** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈل رېتى تۈۋرۈك شەكلىدە كېلىدۇ؛ باشىقىدا تۈكلىرى بولىدۇ.

**چۈجگۈنلۈك** ئى. چۈجگۈن تېرىلغان ياكى چۈجگۈن ئۆسكەن يەر: ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر چۈجگۈنلۈكنى ئارىلاپ يۈرۈپ، چوڭ يولغا چىقىپ قالدى.

**چۈجىلىك** سۈپ. چۈجىسى بار، چۈجە چىقارغان، چۈجە ئەگەشتۈرگەن: چۈجىلىك مېكىيان.

**چۈچە** ئى <يېم> ئېتىلىدىغان بىر تۈرلۈك تاماقنىڭ نامى.

**چۈچۈتمەك** «چۈچۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

ئۇ ئاخىرى ياغنى قوناقلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چۈچۈتتى.

**چۈچۈتۈشمەك** «چۈچۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈچۈتۈلمەك** «چۈچۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۈچۈك** I سۈپ ① ئاچچىق ئەمەس، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ ئارىلىقىدا؛ چۈچۈمەل (تەم ھەققىدە): چۈچۈك ئالما. ② كۆچمە. جەلپ قىلارلىق، يېقىملىق: تىلى چۈچۈك، چۈچۈك ئاۋاز.

**چۈچۈك** II ئى. بوۋاق باللاردىكى چوڭ تەرەت كەلمەيدىغان كېسەل: چۈچۈك بولماق.

**چۈچۈك** III ئى. دىيال. بىر ـ ئىككى ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى، چوچىقى.

**چۈچۈكبۇيا** ئى [چۈچۈك + بۇيا] <بوت>پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزىنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپ، دورا قىلىشقا بولىدۇ، يۆتەل پەسەيتىش ، بەلغەم بوشىتىش ، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق رولىلارغا ئىگە. ئۇنى تاماكا، جاڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ پۇراقلىق ماتېرىيالى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**چۈچۈكدىمەك** پ. پۇرۇككە شاپ قويماق؛ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرماق: مۇنار بىلەن كېلىشتۇرۇپ چۈچۈكدىگەنىدىم، ئەتىچە يىلدىن يېگەن ـ ئىچكەنلىرى شارقىراپ ئاققىلى باشلىدى.

**چۈچۈمەك** پ. تازىلانماق، داغلانماق؛ قىزىتىشتىن ئاچچىق بۇسى چىقىپ كەتمەك.

**چۈچۈلىمەك** پ. دىيال. قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ بېشىنى ئۈزمەك.

**چۈچۈمەل** سۈپ. ئاچچىقمۇ ئەمەس، بەك تاتلىقمۇ ئەمەس؛ ئاچچىق ـ چۈچۈك: چۈچۈمەل ئالما. چۈچۈمەل ئۈزۈم.

**چۈچۈمەللەشمەك** پ. چۈچۈمەل ھالەتكە كەلمەك، چۈچۈمەل بولماق: ناچار سۈت ۋە بىر قىسىم ئوتتا قويۇپ، قايمىقى ئېلىۋېلىنغان سۈتلەر كۆكۈچ كېلىدۇ، تەمى سەل چۈچۈمەللەشكەن سۈتلەر بۇزۇلغان سۈتلەر ھېسابلىنىدۇ.

**چۈچۈمەللىك** ئى . ئاچچىق ـ چۈچۈكلۈك .

**چۈچۈن** ئى. دىيال. چۇسا.

**چۈچۈنچە** ئى [پ] يىپەكتىن توقۇلغان ئاق رەخت، شايىنىڭ بىر خىلى: چۈچۈنچە كۆڭلەك. چۈچۈنچە يەكتەك.

**چۈرپە** ئى. چوشقا كۆچۈكى.

**چۈرتمەك** پ. دىيال. تۈرمەك (چىرايىنى تۈرۈشكە قارىتىلىدۇ).

**چۈرۈش** سۈپ. پىششىقا يېقىنلاشقان، بىر ئاز خام، تولۇق پىشمىغان: چۈرۈش قوغۇن. چۈرۈش شاپتۇل.

**چۈرۈك** سۈپ ① يۇمشاقلىقنى، ئېگىلىشچانلىقنى يوقاتقان، ئاسان سۇنىدىغان، ئاسان ئوشتۇلىدىغان: چۈرۈك ياغاچ. چۈرۈك مېتال. ② سۇلۇق، چىشلىگەندە تارسىلداپ تۇرىدىغان، ئاسان يېرىلىدىغان (قوغۇن، مېۋە ھەققىدە): چۈرۈك قوغۇن. چۈرۈك ئالما.

**چۈرۈكلۈك** ئى. جىسمىنىڭ تارتىش كۈچىگە ياكى زەربىگە ئۇچرىغان چاغدىكى ئاسان سۇنۇپ پارچىلىنىدىغان خۇسۇسىيىتى.

**چۈش** I ئى. ئۇيقۇ جەريانىدا ھاسىل بولغان، ئۇخلىغاندا چوڭ مېڭە پائالىيىتى تولۇق توختاپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، مېڭىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازلار، نەرسىلەر: چۈشى بۇزۇلماق. * كىشىدىكى پۇل — چۈشىدىكى پۇل (ماقال).

**چۈش** II ئى. قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن، سائەت 12 ياكى بىر بولغان مەزگىل: ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر (ماقال).

**چۈشەتمەك** «چۈشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈشەشمەك** «چۈشمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشەك** I ئى. ئات، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىنى چېتىپ قويۇش ئۈچۈن ياسالغان سايمان؛ چېدەر: چۈشەك سالماق.

**چۈشەك** II ئى <بىن> مۇنار تەكچىلىرىگە چىقىرىلىدىغان، مېھرابقا ئوخشايدىغان شەكىل.

**چۈشەك** III ئى ① كۆرگەن چۈش: تۆشەك بىر، چۈشەك باشقا (ماقال). ② كۆچمە. ئوي، پىلان: لېكىن «تۆشەك بىر، چۈشەك باشقا» دېگەندەك، نەسرىدىننىڭ قورسىقىدىكى چۈشەك باشقىچە ئىدى.

**چۈشەك** IV ئى. دىيال. كۆرپە، سېلىنچا: ئۇلار مېھمانلارنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشەك سېلىپ ياتقۇزۇشتى.

**چۈشەكەشمەك** «چۈشەكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشەكلەنمەك** «چۈشەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈشەكلىنىپ تۈمەنلىگەن جانىۋارلار، ياتقۇزۇلدى،تەييار بولدى پىچاققا.

**چۈشەكلىك** سۈپ. چۈشەلگەن، چۈشەپ قويۇلغان: چىمەنلىك ئارالچىلاردا چۈشەكلىك بىرنەچچە ئات ئوتلاپ يۈرەتتى.

**چۈشەكلىمەك** پ ① چۈشەك سالماق، چۈشىمەك: ئاتنى چۈشەكلىمەك. قوينى چۈشەكلىمەك. ② كۆچمە. توسىماق، چەكلىمەك: ئىدىيەمنى چۈشەكلەپ قويماسلىققا ئىزچىل تىرىشىپ كەلدىم.

**چۈشەكىمەك** پ ① چۈش كۆرمەك: بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈشەكەپ ياتقان بەخىرامان پەيتى ئىدى. ② ئۇيقۇدا يېتىپ سۆزلىمەك؛ جۆيلۈمەك: بۇ بالا تۇيۇقسىزلا بىرقانچە رەت تېپچەكلىگەندىن كېيىن چۈشەكەپ:— ئاپا ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ③ كۆچمە. ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن خىيالدا بولماق، خام ـ خىيال قىلماق: مېنىڭمۇ تاپشۇرۇقۇم بار! ھەمىشە ئاق ئۇن يەيمىز دەپ چۈشەكەپ يۈرمەڭلەر. ④ شەيتان ئاتلىماق.

**چۈشەلمەك** «چۈشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۇتى چۈشەلگەن ئات.

**چۈشەنچە** ئى ① ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى: توغرا چۈشەنچە. خاتا چۈشەنچە. ئابستراكت چۈشەنچە. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى نەرسە توغرىسىدىكى نەسىھەت، توغرا چۈشەندۈرۈش ، تونۇشتۇرۇش: چۈشەنچە بەرمەك. ③ ئىنسانىنىڭ بىلىم ۋە تەسەۋۋۇر دەرىجىسى؛ سەۋىيە: مېنىڭ ئىلمىي چۈشەنچەم تۆۋەنرەك.

**چۈشەندۈرمەك** ئى. سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سىرتىغا ياكى ۋاراقچىسىغا يېزىلىدىغان چۈشەندۈرۈشى: ئاپتونوم رايوندا ئىشلەنگەن ھەممە سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ نامى، چۈشەندۈرمىسى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**چۈشەندۈرمەك** ① «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خاسىيەت شاڭخەيدىن يازغان خېتىدە، ھېلىقىدەك ھەرىكەتتە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. ② چۈشەنچە بەرمەك،

ئىزاھلىماق، شەرھلىمەك، بىلدۈرمەك: ئۇ مەقسىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ③ نەسىھەت قىلماق، تەربىيە بەرمەك: ياق! نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم. چۈشەندۈرىمەن، قايىل قىلىمەن.

**چۈشەندۈرۈشمەك** «چۈشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەت قىياپەتلىرىنى ھەرخىل نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتى.

**چۈشەندۈرۈلمەك** «چۈشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ۋاراقتا ھەرقايسى سورتلارنىڭ تېرىلىش ۋاقتى، نورمىسى، سۇ، ئوغۇتقا بولغان تەلىپى، قىشتىن ئۆتۈش ئەھۋالى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى چۈشەندۈرۈلدى.

**چۈشەنگۈسىز** سۈپ. چۈشەنگىلى بولمايدىغان، چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىكسىز: خوجا پەخرىدىن نېمە ئۈچۈندۇر چۈشەنگۈسىز بىر ۋەھىمە ئىچىدە كېچىلىرى قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

**چۈشەنمەك** پ. شەيئىنىڭ ياكى بىرەر گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتى، سەۋەبى، مەنىسىنى ئۇقماق، بىلمەك: بۇ رومالنى يول بەلگىسى سۈپىتىدە ئانىنىڭ ئالاھىدە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىر قاراپلا چۈشەندى.

**چۈش- پېشىن** چۈش ۋە پېشىن ئارىلىقىدىكى ۋاقىت.

**چۈشىسمان** سۈپ. چۈشكە ئوخشايدىغان، بەئەينى چۈشتەك، چۈشكە ئوخشاش: چۈشىسمان خىيال. * ئاپتورنىڭ مەيۈسانە ۋەتەن سۆيگۈسى چۈشىسمان رېئاللىقنىڭ ئىچىدە جىلۋە قىلىدۇ.

**چۈشكۈرتمەك** «چۈشكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈشكۈرتۈشمەك** «چۈشكۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشكۈرمەك** پ. دىماقنىڭ قىچىشىشى نەتىجىسىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆپكىدىن جىددىي، ئاۋازلىق ھاۋا چىقارماق: مۈشۈك قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ بۇرنىغا سۇركەپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇرنى قىچىشىپ چۈشكۈرۈپتۇ.

**چۈشكۈرۈشمەك** «چۈشكۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشكۈن** ① سۈپ. روھىي كەيپىياتى تۆۋەن، ئۈمىدسىز، مەيۈس، غەمكىن: چۈشكۈن ئادەم. * كېيىنرئاخۇننىڭ روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى. ② ئى. سەپەر ياكى ساياھەت قىلىش جەريانىدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي؛ قونالغۇ: — مەن يولدىن ئېزىپ كەتتىم، بىرەر چۈشكۈن تاپالماي يۈرىمەن، مېنى قوندۇرۇپ قېلىڭ، — دېدى يولۇچى.

**چۈشكۈنەم** سۈپ. دىيال. ۋىجىك، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز، ئاددىي (ئادەمنىڭ قىياپىتى ھەققىدە).

**چۈشكۈنخانا** ئى. ئۇزۇن يولدىكى يولۇچىلار توختاپ ئۆتىدىغان دەڭدىن كىچىك جاي، دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي.

**چۈشكۈنلەشتۈرمەك** «چۈشكۈنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ جاھالەت، بۇ خورلاپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلىۋەتتى.

**چۈشكۈنلەشمەك** پ. چۈشكۈن ھالەتكە كەلمەك، غەمكىن بولۇپ قالماق، مەيۈسلەنمەك، روھسىزلانماق: تۇرمىدىكىلەرنىڭ روھى بەكمۇ چۈشكۈنلەشكەنىدى.

**چۈشكۈنلۈك** ئى. چۈشكۈن ھالەت، چۈشكۈن كەيپىيات: روھىي چۈشكۈنلۈك. چۈشكۈنلۈك قاپلىماق.

**چۈشكىنە** ئى. دىيال. بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ.

**چۈشلۈك** سۈپ. چۈشتە بولىدىغان، چۈشتە قىلىدىغان، چۈشتە يېيىلىدىغان؛ چۈشكە ئائىت، چۈشكە تەئەللۇق: چۈشلۈك تاماق. * چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا، كەچلىك ئۇزۇق تاپ (ماقال).

**چۈشلىمەك** پ ① شۇ جايدا چۈشكىچە تۇرماق، شۇ جايدا چۈشنى قىلماق؛ شۇ جايدا چۈشنى ئۆتكۈزمەك: بىز مۇشۇ جايدا چۈشلەپ، ئاندىن يولغا چىقايلى. ② چۈشلۈك ئارام ئالماق؛ چۈشلۈك دەم ئالماق: دوستۇم سەن بىزنىڭ ئۆيدە چۈشلىگىن.

**چۈشمەك** پ ① يۇقىرىدىن، ئېگىز يەردىن ياكى بىرەر نەرسە ئۈستىدىن پەسكە قاراپ ھەرىكەت قىلماق، شۇنداق ھەرىكەت بىلەن شۇ پەس جايغا يەتمەك: تاغدىن چۈشمەك. ئۆگزىدىن چۈشمەك. * ئاتتىن چۈشتۈڭ — ئېتەككە چۈشتۈڭ (ماقال). ② بىرەر قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئولتۇرماق، چىقماق: ئايروپىلانغا چۈشمەك. پويىزغا چۈشمەك. پاراخوتقا چۈشمەك. پىكاپقا چۈشمەك. ③ پەسەيمەك، تۆۋەنلىمەك، ئازايماق، ئەرزانلىماق: باھاسى چۈشمەك. قىزىتمىسى چۈشمەك. * ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى خالىسا كېلەتتى، خالىمىسا كەلمەيتتى، بەزىدە بەش - ئالتىگە چۈشۈپ قالاتتى. ④ بوشاشماق؛ تۆۋەنلىمەك، يېرىم بولماق، مەيۈسلەنمەك (مىجەز، روھىي ھالەت، كەيپىيات ھەققىدە): دېمى ئىچىگە چۈشمەك. * پادىشاھ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، پەزىلەتخاننىڭ دەردىدە روھى چۈشۈپتۇ. ⑤ بېكىتىلگەن، ئورنىتىلغان، تىكلەپ قويۇلغان، تۇتۇپ تۇرۇلغان يەردىن ئاجرىلىپ، ئۈزۈلۈپ پەسكە تاشلانماق، يەرگە يەتمەك، غۇلىماق: تاش چۈشمەك. ⑥ ئۆزلۈكىدىن ياكى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بوشاپ، ئۈزۈلۈپ تۆكۈلمەك: چاچ چۈشمەك. چىش چۈشمەك. ⑦ ياغماق، پەيدا بولماق (يامغۇر، قار، قىراۋ قاتارلىقلار ھەققىدە): قار چۈشمەك. قىراۋ چۈشمەك. ⑧ كۆچمە. ۋەزىپىسىدىن، ئەمەلىدىن، مەنسىپىدىن بوشىتىلماق، ئېلىپ تاشلانماق: ئەمەلىدىن چۈشمەك. ۋەزىپىسىدىن چۈشمەك. ⑨ بىرەر دائىرە، مەلۇم بوشلۇق ئىچىگە كىرمەك؛ جايلاشماق: يېزىغا چۈشمەك. * مەن شۇئان سەكرەپ پوكەينىڭ ئىچىگە چۈشتۈم. ⑩ سەپەردە، كۆزلىگەن جايغا بېرىپ توختىماق، قونماق: مەنزىلگە چۈشمەك، سارايغا چۈشمەك. ⑪ بىرەر ئورۇننىڭ باشقۇرۇشى، ئىختىيارىغا ئۆتمەك، قامالماق: تۇرمىگە چۈشمەك. زىندانغا چۈشمەك. قاماققا چۈشمەك. ⑫ ئارتىلماق، يۈكلەنمەك: ھەركىم ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ⑬ تەسىرى بىرەر نۇقتىغا، مەلۇم دائىرىگە يەتمەك، تارقالماق (ئاپتاپ، يورۇقلۇق، نۇر ھەققىدە): كۈن چۈشمەك. ئاپتاپ چۈشمەك. ⑭ باشقا نەرسىدە، ئەكسى كۆرۈنمەك، پەيدا بولماق؛ ئەكس ئەتمەك: كۆلەڭگە چۈشمەك. شولا چۈشمەك. * قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشۈپتۇ (ماقال). ⑮ پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق، كۆرۈنمەك: قورۇق چۈشمەك. داغ چۈشمەك. ئۆپكىگە سۇ چۈشمەك. تاۋۇز چۈشمەك. ⑯ ئىلىنماق، تۇتۇلماق، باغلانماق: تورغا چۈشمەك. قاپقانغا چۈشمەك. ⑰ كۆچمە. دۇچ كەلمەك، ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ پەيدا بولماق؛ تۇغۇلماق (غەم - ئەندىشە،

تەشۋىش، شۈبھە، قىيىنچىلىق قاتارلىقلار ھەققىدە): غەمگە چۈشمەك. ئارىغا زىددىيەت چۈشمەك. * بەزى كۆڭلىدە، ئۇ قاتتىق تەشۋىشكە چۈشەتتى. ⑱ ئېرىشمەك، ئىگە بولماق، ئىگىلىمەك: ئەگەر ئاكيونىڭ يېنىغا پۇل چۈشۈپ قالسا، دەرھال شىشخال ئويناشقا ماڭاتتى. ⑲ كەلمەك، يەتمەك، ئۇقتۇرۇلماق(ھۆججەت، ئالاقە، يوليورۇق ھەققىدە): بۇ ھەققىدە يۇقىرىدىن ھۆججەت چۈشتى. ⑳ ماس، دەل، توغرا، مۇۋاپىق، باب كەلمەك: ئۇ بۇ تارتمىغا چۈشىدىغان ئاچقۇچنى ياسىغان ئوخشايدۇ. ㉑ بىرەر ئىش – ھەرىكەتكە كىرىشمەك، باشلىماق؛ تۇتۇش قىلماق: گەپكە چۈشمەك. مۇنازىرىگە چۈشمەك. * ئۇلار ئەمدىلا قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى. ㉒ تاشلانماق، يۆتكەلمەك(كۆز ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە): مىنىپ ئىلھام قۇشىغا، كەلدىم بۇلاق بېشىغا، كۆزۈم چۈشتى بۇلاقنىڭ تېگىدىكى تېشىغا. ㉓ بىكار بولماق، ئايرىلماق: ئىشتىن چۈشمەك. خىزمەتتىن چۈشمەك. ㉔ يېيىلماق، توسۇلماق، ئېتىلمەك: ئۇنىڭ كىيىۋالغان تامبىلىنىڭ بىر پۇچقىقى يوق، يالاڭ ئاياغ، بېشى ياغاق، ئارقا چېچى بولسا گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ㉕ كەلمەك، كەلتۈرمەك (ئەس، ياد، خىيال قاتارلىقلار ھەققىدە): ئەسكە چۈشمەك. * سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، مەرھۇم دادام يادىمغا چۈشەتتى. ㉖ يېتىپ كەلمەك، ۋاقتى بولماق: قاراڭغۇ چۈشمەك. كۈگۈم چۈشمەك. ㉗ مەلۇم ھالەتكە كەلمەك: ئىزىغا چۈشمەك. تەرتىپكە چۈشمەك. ㉘ ئىچىگە كىرمەك، چۆمۈلمەك، چۆممەك: كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئىككى چوكان بىللە مۇنچىغا چۈشۈپتۇ. ㉙نىكاھلانماق، تەگمەك: مەن دادىڭىزغا چۈشۈپ ئۈچ قىز تۇغدۇم. ㉚ ئورۇنلاشماق، قورۇلماق، قەد كۆتۈرمەك: بۇ يېڭى شەھەر ياخشى جايغا چۈشتى. ㉛ چېچىلماق، كۆمۈلمەك، تېرىلماق(ئورۇق ۋە قوش): — سىلىنىڭچە، ئورۇقنىڭ چۈشۈشى قانداقراق؟— دېدى ئۇستا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغان بىرقانچە دېھقانغا قاراپ. ㉜ توختىماق، تۇرماق (ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى ھەققىدە): قىيىنغا چۈشمەك. * ئەڭ ياخشىسى، شۇ «چوڭ خەتلىك گېزىت» نى يازغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا ئاشكارا چىققاندا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى. ㉝ توختىماق، توغرا كەلمەك : بۇ ئات ماڭا مىڭ يۈەنگە چۈشتى. ㉞ « – پ، – ىپ، – ئۇپ، – ئۈپ» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، ئىش – ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا، تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: يىقىلىپ چۈشمەك.* مەن تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن كالىنى تىزرەك سويۇۋېلىشقا ئالدىرايتتىم.

**چۈشۈرتمەك** «چۈشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بىردەم تەخىر قىلىڭلار، مەن ھېرىپ چېچىمنى چۈشۈرتۈپ كېلەي، ئاندىن ماڭايلى، — دېدى ئۇ كوچىغا مېڭىپ.

**چۈشۈرگە** ئى ① ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە كۆللەرنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئېغىز: توگمەننىڭ چۈشۈرگىسى. ② <مۇز> مۇزىكىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان قىسمى، ئاخىرى: نۇسخا مەرغۇلىنىڭ چۈشۈرگىسى.

**چۈشۈرگە قاپقىقى** توگمەننى توختىتىش ئۈچۈن، سۇنى باشقا ياققا ئېقىتىش رولىنى ئوينايدىغان، توگمەنگىلا خاس بولغان توگمەننىڭ چۈشۈرگىسى.

**چۈشۈرمەك** ① «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوردا دەرۋازىسىغا يەتكەندە، كۈتۈپ تۇرغان ئوردا بېگى ئىزىز بەگنىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ، ئاتتىن چۈشۈردى.② پەسكە ئالماق، پەسكە قويماق: يۈكنى چۈشۈرمەك. ③ ئۈستىرا ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تىغلىق سايمانلار بىلەن باش ۋە يۈزدىكى چاچ – ساقاللارنى قىرىپ ئالماق، كېسىپ پاكىزلىماق: چاچنى چۈشۈرمەك. ساقالنى چۈشۈرمەك. ④ ئوقۇماق، ئادا قىلماق: داموللام: — مەرھۇمنىڭ دەرھال نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىگە قويۇۋېتىش كېرەك،— دەپ بۇيرۇدى. ⑤ يېزىپ قالدۇرماق، يازماق، سىزماق: «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق بىر درامىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى قۇرۇپ، قەغەزگە چۈشۈرۈپ قويغانىدىم.

**چۈشۈرۈلمەك** «چۈشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەتنىڭ چېچى پاكپاكىز چۈشۈرۈلگەنىدى.

**چۈشۈشمەك** «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېھمانلار قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشتى.

**چۈشۈك** ئى ① <ئانات> چۈشۈپ كەتكەن بالا؛ ھامىلە. ② <ئانات> ھامىلىدار ئاياللارنىڭ قورسىقىدىن ھامىلە چۈشۈپ كېتىش ھادىسىسى بويىدىن ئاجراش، بالا تاشلاش: ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان (ماقال). ③ سوۋغا، تەقدىم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم: مۇرات بىرنەچچىسى بىلەن چۈشۈكلەرنى رەتلەۋاتقاندا، يەھياجان بىلەن مىرزا پەيدا بولدى.

**چۈشۈم** ئى <تىل> ← **چۈشۈم كېلىش.**

**چۈشۈم كېلىش** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ بىر تۈرى. قوشۇمچىسى «نى». چۈشۈم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈشۈمسىز** سۈپ. ياسىلىشى بوش ھەم تەمسىزرەك: چۈشۈمسىز چاي.

**چۈشۈملۈك** سۈپ. چىڭ ياسالغان، تەمى ئوبدان چىقىدىغان (چاي ھەققىدە): ماگىزىنغا كىرگەن ئاياللارنىڭ بىرى پىرىكاز چىكقا قاراپ:— ماڭا چىڭراق، چۈشۈملۈكرەك چايدىن بىر كويلۇق بەرسىلە،— دېدى.

**چۈشمەك** I پ ① ئۇخلىغاندا ھەر خىل ئوبرازلارنى، نەرسىلەرنى كۆرمەك، چۈش كۆرمەك: توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال (ماقال). ② كۆچمە. ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق ئويلارنى ئويلىماق، خام خىيال قىلماق: — نېمە، چۈشەۋاتامسەن، بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

**چۈشمەك** II پ ① باغلىماق، چاتماق، كىشەنلىمەك: ئاتنىڭ پۇتىنى چۈشىمەك. ② كۆچمە. ئالغا بېسىش يولىنى توسماق، قامال قىلماق: دۆلىتىمىزنىڭ كونا جەمئىيىتىدە، فېئوداللىق ئەخلاق خەلق ئاممىسىنى مەھكەم چۈشەپ قويغانىدى.

**چۈشنەرلىك** سۈپ. چۈشەنگىلى بولىدىغان، چۈشىنىشلىك، ئېنىق: — مەن سىگنال بەرگۈچە، ئۆزۈڭلەرنى بىلدۈرمەي تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ ئاستا، لېكىن چۈشىنەرلىك ئاۋاز بىلەن.

**چۈشىنىشلىك** سۈپ. ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان، چۈشىنىش ئاسان، ئېنىق، ئۇقۇملۇق، روشەن: چۈشىنىشلىك سۆز. چۈشىنىشلىك ماقالە.

**چۈشىنىشمەك** «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر – بىرىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

**چۈشىنىك** ئى. چۈشەنچە.

**چۈشىنىكسىز** سۈپ. ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان، چۈشىنىش تەس، مۈجمەل، ئېنىق ئەمەس، ئۇقۇمسىز: مىرئەلى نېمە قىلىشنى بىلمەي چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

**چۈشىنىكسىزلىك** ئى. مۈجمەللىك: ئۇ كىتابنى شۇنچىلىك تېز ئوقۇدىكى، بەزىدە جۈملىنى جۈملىگە ئۇلاپ، چۈشىنىكسىزلىك پەيدا قىلاتتى.

**چۈشىنىلمەك** «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خىل ئەھۋاللار ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلگەنىدى. * تارىخ ھەربىر زامان تەرىپىدىن مۇستەقىل چۈشىنىلىدۇ، شەرھلىنىدۇ.

**چۈكچۈك** ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپ تارتىپ بېرىدىغان سايمىنى.

**چۈكۈنە** سۈپ ← **چۈكۈنەم.**

**چۈكۈنەم** ① سۈپ. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، تايىنى يوق، چاكىنا: چۈكۈنەم ئادەم. چۈكۈنەم ئىش. * ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ-غارايىپ كىيىنىۋالغان شەھەرلىكلەر ئالدىدا، تولىمۇ چۈكۈنەم ھېس قىلدى. ② پارچە-پۇرات، ئۇششاق-چۈششەك، كىچىك، ئاددىي. ③ ۋىجىك، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز.

**چۈكۈنەملىك** ئى. تايىنى يوقلۇق، چاكىنىلىق: ئۇنداق چۈكۈنەملىك قىلما.

**چۈگە** ئى <زوئول> قۇلىقى ئىتنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، قۇيرۇقى ئۇزۇنراق، قۇش يەيدىغان بىر تۈرلۈك ھايۋان.

**چۈلە** I ① ئى. شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان، گۈلە-قاق ۋە ئۈنىڭ سۈيى: چۈلە ئىچمەك. چۈلە سالماق. * ئۇنىڭ ئېلىپ چىققىنى مۇزدەك سوغۇق، چايدەك قېنىق، شېرىن چۈلە ئىدى. ② سۈپ. كۆچمە. ئەخمەق، ھاماقەت، زاڭ.

**چۈلە** II ئى. دىيال ① گۈلە-قاق سۈيى. ② كۆچمە. مىجەزى بوش ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**چۈلۈك** I ئى <بوت> چۈلۈك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يىلتىزى بىلەن قوۋزىقى تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چۈلۈك** II ئى ① تۆگە ياكى كالىلارنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ، چۈلۋۈر باغلاش ئۈچۈن ياسالغان نوكچە ياغاچ: چۈلۈكتىن بۇرۇنلىرى كېرىلىپ كەتكەن قوتازلارنىڭ ئارقانلىرىنى چاتقاللارغا باغلاپ قويدۇق. ② چاق ياكى غالتەك تۆشۈكىگە ئورنىتىلىدىغان ئوق ياغاچ: ئۇ ئوڭ قولتۇقىغا چۈلۈك بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، چۈلۈكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى.

**چۈلىزاڭ** ئى [چۈلە + زاڭ] ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق، زاڭ، ھاماقەت: ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قاراشەھەرگە نامى پۇر كەتكەن بىر «پور بايۋەچچە» دېگەن چۈلىزاڭ ئىدى.

**چۈمەك** سۈپ. دىيال. ئالدىغا ئېڭىشكەن، دۈمچەك، دوك.

**چۈمبەت** ئى. دىيال. چۈمپەردە.

**چۈمبەك** ئى ← **چۈمبەردە.**

**چۈمبەل** ئى. چۈمپەردە، نىقاب: يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار، سىڭار كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ بازار قىلىۋاتقان چوكانلار تەرەپ-تەرەپكە قاچاتتى.

**چۈمپەردە** ئى. ئاياللار يۈزىگە تارتىدىغان تورسىمان رەخت؛ نىقاب: چۈمپەردە تارتماق.

**چۈمپەردىلىك** سۈپ ① چۈمپەردىسى بار، چۈمپەردە تارتقان: چۈمپەردىلىك ئايال. ② چۈمپەردە قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، چۈمپەردە قىلىشقا بولىدىغان: چۈمپەردىلىك رەخت.

**چۈمپەردىلىمەك** پ. ① يۈزىگە چۈمپەردە تارتماق؛ نىقابلىماق: قەشقەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا، يۈزىنى چۈمپەردىلىگەن قەشقەر ئاياللىرى پات-پاتلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ھەرخىل ياسىنىپ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرماق.

**چۈمچەيمەك** پ. دىيال. تەلمۈرمەك، ھېرىسمەن بولماق.

**چۈمسە** سۈپ. دىيال. ئۇششۇق، مۇتتەھەم، ئۆكتەم.

**چۈمكەتمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈمكەشمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈمكەلمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يولدا ئۈستى تاغار، پالاسلار بىلەن چۈمكەلگەن ئوندەك پىگىلو ھارۋا بىر-بىرىنى سوقۇشىپ كېلىۋاتاتتى.

**چۈمكەنمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دەرۋەقە، خامۇش ماڭقا: — ۋايجان، ۋاي توۋا، — دەپ يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتاتتى.

**چۈمكىمەك** پ. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى بىرەر نەرسە بىلەن ياپماق، ئورىماق، پۈركىمەك: شىرمۇھەممەت ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يوتقاندىن بېشىنى سەل چىقىرىپ، ئالماسقا بىر قارىدى-دە، يەنە بېشىنى چۈمكىدى.

**چۈمگەك** ئى <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تەن شەكلى ئۆردەككە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۆردەكتىن كىچىك، قانىتى قىسقا ۋە كىچىك، ئۇچۇشقا ماھىر ئەمەس. ئادەتتە سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ، بەزىدە سۇ ئىچىگە چۆكۈۋالىدۇ؛ كىچىك بېلىق قاتارلىق ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**چۈمۈلە** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى كىچىك ۋە ئۇزۇنچاق بولۇپ، قارا ۋە بېغىر رەڭ كېلىدۇ. ئىشچى چۈمۈلىلەرنىڭ قانىتى بولمايدۇ؛ يەر ئاستىغا ئۇۋا سالىدۇ، كاماردا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**چۈمۈلەك** ئى. دىيال. چىمەلتەك، چىمچىلاق.

**چۈممەك** پ. دىيال. ئۇۋاتماق، ئۇۋۇلىماق.

**چۈنچە** ئى. ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان مەخسۇس ئۆي: ئۇلار بۇ توينى ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ، چۈنچىگە ئېسىپ بولۇپ، كېچىكتۈرمەيلا قىلىۋېتىش كېرەك دېگەن يەرگە كېلىشتى.

**چۈندەيسەي** ئى [خەن] <بوت> قوڭۇر رەڭلىك دېڭىز يۇسۇنلىرىنىڭ بىرى. دېڭىزدا ئۆسىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ؛ رەڭگى قوڭۇر بولۇپ، تاسمىغا ئوخشايدىغان كۆپلىگەن پەيسىمان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ.

**چۈنكى** باغل [پ] باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سەۋەب باغلىغۇچىسى بولۇپ، «سەۋەبى»، «سەۋەب شۇكى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن جاۋاب بېرىشتىن قاچتىم. چۈنكى، بوۋاي ئەھۋالنى موماممغا ئېيتسا، مېنى باللارغا قوشماي قوياتتى-دە، ئويىنيالمايتتىم.

**چۈۋە** ئى. دىيال. ئاچا تۇياق ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چۈۋەش** ئى. دىيال. چۆگۈن.

**چۈيچۈن** ئى <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك. يىشىل نوتىلىرىنى تۆگە يەيدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ئوتۇن قىلىنىدۇ.

**چىپىشماق** I «چاپماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇلايمان ئاتلىقلارنىڭ قارلىق دالىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، ناھايىتى تېز چىپىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**چىپىشماق** II «چاپماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇستۇن ئاتۇش دېھقانلىرى ئۆستەڭ چىپىشتى.

**چىپىشماق** III «چاپماق IV » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىق** ئى <دېھ> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاستى ۋە يانلىرىنى چېپىپ يۇمشىتىش، چاغلاش، چاغلام: قوناق چىپىقى. كېۋەز چىپىقى.

**چىپىلغاق** سۈپ ① باشقىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە تولا چېپىلىدىغان، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان، گەپ ـ سۆزىگە قىسىلىۋالىدىغان: چىپىلغاق ئادەم. چىپىلغاق بالا. ② ئىزدەپ يۈرۈپ، ئوغرىلىقچە بىرنەرسىلەرنى يەۋالىدىغان(مۈشۈك ھەققىدە): چىپىلغاق مۈشۈك. چىپىلغاق ئاسلان.

**چىپىلماق** I «چاپماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىپىلماق** II «چاپماق III » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشلىرى چېپىلىپ، بىلەكلىرى ئۈزۈۋېتىلگەندى.

**چىپىلماق** III ① «چاپماق IV» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېلىم چېپىلغان چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان بۇ يېزا قىزى ماڭا ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن يېزىلىرىمنى ئەسلىتەتتى. ② ئارىلاشماق: ئۇششاق ئىشلارغا چىپىلماق. * ـــ بىزنىڭ بۇ يەردە قازانغا چېپىلغان ئەر كىشىنى زاڭلىق قىلىدۇ،ـــ دېدى ئۇ.

**چىپىلشماق** «چىپىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىندى** ئى. چېپىپ چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز ياغاچ پارچىسى؛ خەشەك: پاتمەك مالاي خوتۇننى قىچقىرىپ: ـــ سەن ياغاچ ـ چىغا قاراپ تۇرغىن، بۆشۈكتىن ئاشقان چىپىندى خەشەكلىرىنى ئۇتتۇرلۇقچە كۆيدۈرۈۋەتكىن، ـــ دەپتۇ.

**چىتىر** ئى. تۆگىنىڭ ئۈچ يىللىق بولغان بالىسى.

**چىتىش** ① «چاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② سۈپ. كۆچمە. مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، باغلىق، چېتىلىدىغان: توختى ئاكام ئەمدى مىڭلىغان ئادەمنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەنپەئەتىگە چېتىش بۇ ئىش ئۈستىدە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ③ سۈپ. بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن، تۇتاش: ھەر تەرەپكە چېتىش كەتكەن سىم تورلىرى كەلگۈسىنىڭ چىرىغىنى ئەسلىتەتتى.

**چىتىشتۇرماق** «چىتىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۆرۈك خىللىرىنى چېتىشتۇرۇپ ئۇلاپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ سورتنى يېتىشتۈردۈم.

**چىتىشتۇرۇلماق** «چىتىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىناق مەيدانىدىكى ھەربىر تارماقنىڭ ھەرىكىتى بىر ـ بىرىگە چېتىشتۇرۇلدى.

**چىتىشلىق** سۈپ. چېتىلغان، مۇناسىۋەتى، ئالاقىسى بار؛ مۇناسىۋەتلىك؛ ئالاقىدار، باغلىنىشلىق: بۇ موللا نىياز بىلەن چېتىشلىق ۋەقە ئىدى.

**چىتىشماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىتىق** I ئى ① ئاتنىڭ ئالدى ئىككى ئايىغىغا سالىدىغان زەنجىرلىك ئەسۋاب؛ چېدەر. ② جىنايەتچىلەرنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان جازا قورالى؛ كىشەن: چىتىق سالماق. * ھۇرۇن خوتۇن پۇتقا چىتىق (ماقال). ③ شوتا، ئورۇندۇق، ئۇستەل قاتارلىقلارنىڭ پۇت ۋە غولىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئورنىتىلغان توغرا ياغاچ؛ بالداق: لېتىپ سىنىپتىكى پۇتى، چىتىقلىرى بوشاپ كەتكەن ئورۇندۇق ـ پارتىلارنى رېمونت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ④ توسۇق.

**چىتىق** II ئى. دىيال. ئاياللار چېچىغا چاتىدىغان، كۈمۈش قوڭغۇراقلىق بىر خىل زىننەت بۇيۇمى: چاچ چىتىقى.

**چىتىقلىق** سۈپ ① بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇلغان، بىر ـ بىرىگە باغلانغان: چىتىقلىق ئات. ② كۆچمە. ئالاقىدار، مۇناسىۋەتلىك، باغلىنىشلىق: قەشقەر دەپ نامىڭ بار زەپمۇ يېقىملىق، مەھمۇتنىڭ چىرىغى سەندە يېقىقلىق. قەدىمدىن جاھانغا تونۇلۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ساڭا چىتىقلىق.

**چىتىك** ئى . ئايالچە ئۆتۈك: قىز پۇتىغا كالاچىسىز كونا چىتىك كىيىۋالغانىدى.

**چىتىلدۇرماق** «چىتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىروفېسسور پاراڭنى پۇتۇنلەي ئەقلىي چۈشەنچە دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويۇشقا، بىرەر كونكرېت ئادەمگە، بولۇپمۇ چولپانغا ۋە ئۆزىگە چېتىلدۇرماسلىققا ئۇرۇندى.

**چىتىلماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شوپۇر ئوت ئالدۇرغۇچنى ئېچىۋىدى، «تارس» قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئىككى موتور ئاپتوماتىك ھالدا بىر ـ بىرىگە چېتىلدى.

**چىتىلشماق** ① «چېتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئەركەك، چىشى ھايۋانلار چېتىشىش ئورگانلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن بىرلەشمەك: ياۋا ئات ئادەتتە قومۇش، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. ھەر يىلى 6 ـ ئايدا چېتىلىشىدۇ.

**چىتىن** ئى <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يۇمران شېخى، قوۋزىقى ۋە مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆپكىنى تازىلاش، يۆتەلنى توختىتىش ۋە تالنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. ② قىزىل قارىغاي.

**چىچەك** I ئى ① < بوت> مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى؛ گۈلى. ② ئېچىغان نەرسىلەردە پەيدا بولىدىغان رەڭلىك كۆپۈك: ھېلىقى خېرىدار چاينى كۆرسىتىپ : ـــ قېنى چىچەكى بار چايلىرىڭىزدىن جىڭلىمامسىز!ـــ دېدى. ③ خۇرجۇننىڭ گۈل نۇسخىسىنىڭ نامى.

**چىچەكى چاي بولماق** دىيال. خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالماق: بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىچەكى چاي بولۇپ كەتتى.

**چىچەك** II ئى <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا يۇقىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپ قىزىپ، پۈتۈن بەدەنگە قىزىل رەڭدىكى دۆڭچە ئەسۋىلەر چىقىدۇ.

**چىچەك چىقماق** ① بەدەندە چىچەك پەيدا بولماق.② كۆچمە.

پىلانلانغان، قىلماقچى بولغان بىرەر ئىش - ھەرىكەتتىن چاتاق چىقماق، كاشىلا تۇغۇلماق؛ توسالغۇ ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماق: مەسلىھەتسىز قىلىنغان ئىشتىن چىچەك چىقىدۇ (ماقال).

**چىچەك سالماق** <تېب> ئادەم بەدىنىگە (تېرىسىگە)چىچەك ۋاكسىنىسىنى ئۇرماق.

**چىچەك - چوكان** كۆكلەم مەزگىلىدە، دەل - دەرەخلەردىن ئۆسۈپ چىققان چىچەك، بىخ، نوتا قاتارلىقلار: چىچەك - چوكان ئېچىلىپ، يەر - جاھان رەڭدار گىلەمدەك ياسانغان كۈنلەردە، بوۋاي يەنە جامەدە پەيدا بولدى.

**چىچەكچى** ئى. بالىلارغا چىچەك سالىدىغان ئادەم.

**چىچەكسەي** ئى [چىچەك + سەي] <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. رەڭگى سېرىق، خۇشبۇي پۇرايدۇ، ئەتىگەندە ئېچىلىپ، كەچقۇرۇندا تۆكۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**چىچەكلەتمەك** «چىچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ خىلدىكى باشلىقلار، تۇزەت مۇنداق ئىللەتنى. چىچەكلەتكىن ئىشىڭدا، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى.

**چىچەكلەشمەك** «چىچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە چۈشتى كۆزۈم. قالدىم قاراپ قىزىقىشىنىپ زوقۇم تېشىپ. خىيالىمدا سۈرەتلەندى رەڭدار باھار، پۇراق چاچتى قىزىلگۈللەر چىچەكلىشىپ .

**چىچەكلىك** سۈپ. چىچىكى بار، چىچەك پەيدا بولغان، چىچىكى ئېچىلغان: چىچەكلىك چاي.

**چىچەكلىمەك** پ ① چىچىكى ياكى گۈلى ئېچىلماق: مەھەللە ئىچىدە ئۆرۈكلەر رەڭمۇرەڭ چىچەكلەپ، ئېرىقلارنىڭ بويلىرى يېشىل مەخمەلدەك كۆكەردى. ② كۆچمە. گۈللەپ ياشنىماق (ئادەم ھەققىدە ): شۇ سۆھبەتتىن كېيىن گۈلھەسەل خېنىم ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ قايتىدىن چىچەكلىشىگە چوڭقۇر ئىشەندى. ③ كۆچمە. ئېچىغان نەرسىلەردە رەڭلىك كۆپۈكچە پەيدا بولماق: بۇ ئاچچىقسۇ چىچەكلەپ قاپتۇ، بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

**چىچەن** I ① سۈپ. تېز پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر؛ زېرەك، ھوشيار، ئەقىللىق: چىچەن قىز. چىچەن ئادەم. ② ئى. تېز پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر ئادەم، زېرەك ئادەم، ھوشيار كىشى: چىچەن يېڭىلسە، مىڭ يىللىق (ماقال). * چىچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى (ماقال).

**چىچەن** II ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**چىچەنلەشتۈرمەك** ① «چىچەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② چىچەن ھالەتكە كەلتۈرمەك، چىچەن ھالەتكە ئەكەلمەك، چىچەن قىلماق: شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەت بۇ يۇمىلاق يۈزلۈك سېمىز ئادەمنى چىچەنلەشتۈرگەنىدى.

**چىچەنلەشتۈرۈشمەك** «چىچەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچەنلەشتۈرۈلمەك** «چىچەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىچەنلەشمەك** پ. چىچەن ھالەتكە كەلمەك، سەزگۈرلۈكى، ھوشيارلىقى ئاشماق: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، سەل چىچەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تىڭشىدى.

**چىچەنلىك** ئى. چىچەن ھالەت، سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق: ئۇنىڭ قولى ئىشتا، ئاغزى گەپتە ئىدى. كۆزى بولسا ئەتراپنى چىچەنلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

**چىچىرماق** پ. دىيال. سەكرىمەك، چاچرىماق.

**چىچىرىغۇر** سۈپ. تىل ھا. ئۆلگۈر (قارغىغاندا ئېيتىلىدۇ).

**چىچىشماق** «چاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ بالىلار بىر - بىرىگە ھەدەپ سۇ چىچىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**چىچىلاڭغۇ** سۈپ. چىچىلىپ كەتكەن، چۇۋالچاق؛ رەتسىز، سىستېمىلىق ئەمەس: ئۇنىڭ خىيالى قالايمىقان ۋە چىچىلاڭغۇ ئىدى.

**چىچىلاڭغۇلاشتۇرماق** پ. چىچىلاڭغۇ ھالەتكە كەلتۈرمەك، چىچىلاڭغۇ قىلماق: مىللەتتىكى ناچار ئىللەت مىللەتنى چىچىلاڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**چىچىلاڭغۇلاشماق** پ. چىچىلاڭغۇ ھالەتكە كەلمەك، چىچىلاڭغۇ كەيپىيات شەكىللەنمەك: رەھبەرلىك ھەرقانداق ۋاقىتتا چىچىلاڭغۇلىشىپ، بوشاپ كەتسە بولمايدۇ.

**چىچىلاڭغۇلۇق** ئى. چۇۋالچاق، رەتسىزلىك ؛ چىچىلاڭغۇ. قالايمىقان ھالەت : مېنىڭدە ھەقىقەتەن ئىنتىزام جەھەتتىكى چىچىلاڭغۇلۇق بار، بۇ ئىش ماڭا بىر قېتىملىق ساۋاق بولدى.

**چىچىلدۇرماق** «چىچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېھرىم بىلەن سۇغىرىپ ئۈنى، ئىشقىم بىلەن ئېچىلدۇرارمەن، ئەزىز خەلقىم ئالسۇن بەھرە دەپ، ئىپار ھىدلار چىچىلدۇرارمەن.

**چىچىلغاق** سۈپ. تولا چىچىلىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان؛ تېرىككەك، سەپرا: چىچىلغاق ئايال. * زاھىت خاپىغان، چىچىلغاق ئادەم.

**چىچىلغاقلىق** ئى. تولا چىچىلىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئايسىخان سەپرا مىجەز ئايال ئىدى. ئىرسىيەتتىنمۇ ياكى تولا چىچىلغاقلىقىدىنمۇ، چاچلىرىغا بىمەھەل ھاياتنىڭ قىراۋى چۈشكەن.

**چىچىلما** سۈپ. چىچىلىپ تۇرىدىغان، قولاشمايدىغان؛ چىچىلاڭغۇ: چىچىلما خىيال. چىچىلما ھەرىكەت.

**چىچىلماق** ① «چاچماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابلەتنىڭ قوللىرى تىترەپ تۇرغانلىقتىن، قەغەزدىكى موخوركا ھەدەپ چىچىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق، تېرىكمەك: — ئۇنىڭغا شۇنچىۋالامۇ چىچىلغان بارمۇ، ئولتۇرۇپ قورساقلىرىنى توقلىۋالسىلا، — دېدى ئايالى.

**چىخ** ئى . مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار چېخىيەنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**چىدەر** ئى. ئاتنىڭ پۇتىغا سېلىپ، چېتىپ قويىدىغان چېتىق.

**چىدەرلەتمەك** «چىدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىدەرلەشمەك** «چىدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىدەرلەنمەك** «چىدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىدەرلىمەك** پ. ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئايىغىنى چىدەر بىلەن چېتىپ قويماق، چۇشىمەك.

**چىدىر** ئى ① كىگىز، رەخت ياكى كاناپ قاتارلىقلاردىن

ياسالغان ئۆي: ئاشخانىدا باشلانغان ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرى ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ چېدىرىدا ئاياغلاشتى. ② ئەخلەت ـ چاۋار.

**چېرتيوژ** ئى [ر] مەلۇم ئۆلچەم ۋە تەلەپكە ئاساسەن سىزىلغان ئىسخېما.

**چېرتيوژچى** ئى. چېرتيوژ سىزىدىغان ئىنژېنېر.

**چېرتيوژچىلىق** ئى. چېرتيوژ سىزىش ئىشى.

**چېركاۋ** ئى [ر] <دىن> خرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورنى.

**چېرپاشكا** ئى [ر] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلـ. گىنىنىڭ تېنى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، ئورماذـ. لىق ۋە ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ، دەرەخ غولىنىڭ ئۇزەك قىسمى ۋە دانلىق زىرائەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىقتا زىيانداش ھاشارات دەپ قارىلىدۇ.

**چېرىك** ئى. تارس. ئەسكەر، لەشكەر: چېرىك ئالماق. چېرىك تۇتماق.

**چېرىكچى** ئى. كونا. چېرىكلەرگە مەسئۇل بولغۇچى، چېرىكلەرنى باشقۇرغۇچى.

**چېرىكچىبەگ** ئى [ چېرىك + چى + بەگ ] تارس. چېرىكـ. لەرنى باشقۇرغۇچى ئالىي ھەربىي ئەمەلدار: — چېرىكچىبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، بۇ ئىككى ئادەمنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەكەلدۇق، دارېن، — دېدى ئۇلار.

**چېرىكلىك** ئى. چېرىك قىلىدىغان ئىش، ئەسكەرلىك: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۈچۈڭلۈق دېھقان باللىرى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ يىل بۇرۇن چېرىكلىككە تۇتۇلغانلىقىنى، ئۆيىدە ئاتا ـ ئانىسى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى.

**چېسلا** ئى [ر] <ئاستر> ① يىلنىڭ ئاي ـ كۈنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋاقىت جەدۋىلى؛ كالېندار: ئۇ يەردە رەسىملىك بىر چېسلا تۇراتتى. ② كالېندار ھېسابى؛ ئاي ـ كۈن: 10 ـ چېسلا، 16 ـ چېسلا.

**چېسلالىق** سۈپ. چېسلاسى بار، چېسلا قويۇپ ئىشلەنگەن، چېسلا قوشۇپ تۈزۈلگەن: چېسلالىق سائەت. چېسلالىق ئاتكرىتكا.

**چېغىچە** سۈپ. دىيال. كۆڭۈلدىكىدەك: قىپقىزىل بۆكنى كىيىپ، سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ. چېغىچە يارنى كۆرۈپ، بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

**چېقىر** سۈپ. يېشىل چاقنايدىغان، يېشىل يالتىرايدىغان: چېقىر كۆز. * مۇبادا، سەن بەكمۇ ئېغىر بولساڭ، چېقىر تاشلاردەك قىرغاقتا يېتىپ قالىسەن.

**چېقىش** ئى. بىر ـ بىرىگە زىت كېلىش، بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەسلىك: چېقىش بولماق.

**چېقىش بولماق** بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان يېمەكلىكـ. لەرنى كۆپ يەۋېلىپ ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشى: ئۇدۇل كەلگەنلا نەرسىلەرنى يەۋېرىپ، چېقىش بولۇپ قاپتىمەن.

**چېقىشتۇرماق** پ ① بىر ـ بىرىگە سۈركىمەك، ئۇرۇشـ. تۇرماق: قەدىمكىلەر ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ ياكى چېقىشتۇرۇپ ئوت ھاسىل قىلاتتى. ② سېلىشتۇرماق، تەڭلەشـ. تۈرمەك (قىممەت، مىقدار، چوڭ ـ كىچىكلىك ھەققىدە): ئۆمەر باي ئۇنىڭغا: — قىزىڭ بالاغەتكە يەتتى! ياش چېقىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى. ③ كۆچمە. بىراۋغا يەنە بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماق، چاقماق: دادام كەلگەندە بىزنى ئۇ: «پاتقاق كېچىپ، كىيىم ـ كېچەكنى بۇلغىدى» دەپ چېقىشتۇراتتى.

**چېقىشتۇرۇلماق** «چېقىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېقىشقاق** سۈپ. چېقىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چېقىشـ. شىشقا ئامراق: گۈلنىسا زېرەك، شوخ، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان چېقىشقاق قىز ئىدى.

**چېقىشماق** ① «چاقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەسكەرلەر مەيداندىكى چىمەنلىكلەردە، گۈلزارلىقلاردا ھەر خىل يېتىـ. شىپ، گازىر چېقىشاتتى. ② چاقچاقلاشماق، ئويناشماق، ھەزىل قىلىشماق: بۇ قىز قول ـ قولىغا تەگمەي سودا قىلىشۋېتىپ، قايسىبىرـ. لىرى بىلەن گەپتە چېقىشاتتى.

**چېقىشىماق** پ. دىيال. چېقىلماق، چاقايماق، چاقىنماق: ئاپتاپتىن كۆزلىرى چېقىشناپ كەتتى.

**چېقىق** سۈپ. چېقىلغان، سۇنغان؛ سۇنۇق: چېقىق كوزا.

**چېقىل** I ئى ① تاغنىڭ ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان، ئويۇل تاشلىق، ئېگىز قىسمى؛ قىيا. ② كەلكۈن ۋە تاشقىن سۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، دەريا ـ ئېقىنلارغا قۇرۇلغان توسما: ئىشلىنۋەتتۇق چېقىلغا، ئوخشاپ كەتتى سېپىلغا. سىم تور بىلەن ئىشلىدۇق، بەك مۇۋاپىق ئەقلىغا.

**چېقىل** II ئى. دىيال. چېقىن، تاغ قىيالىرى، تاغنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىشتىن ھاسىل بولغان يارلىرى.

**چېقىل ـ چۇقۇل** تۇرمۇشتىكى ئېغىر ياكى يەڭگىل توسالـ. غۇ، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: قادىر ئاخۇن بالىغا ئوبدان قاراپ، چېقىل ـ چۇقۇلغا يولۇقتۇرمىدى.

**چېقىلدۇرغۇچ** ئى. تۈگمەندىكى بىر ئۇچى سۇكەننىڭ ئۈگۈت چۈشىدىغان تۆشۈكىگە كىرىپ، يەنە بىر ئۇچى تاشنىڭ ئۈستىگە تېگىپ، ئۈگۈت چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ھەرىكەتچان تاياقچە: تۈگمەن تېشى مەن بولسام، چېقىلدۇرغۇچى سەن بول.

**چېقىلدۇرماق** «چېقىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ. جىسى: ئاۋۋال ماۋۇ ئوتياشلارنىڭ ئىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئوتقا چېقىلـ. دۇرۇپ قويساق، شۇنچە قىلغان ئەمگىكىمىز زايە بولۇپ كېتىدۇ.

**چېقىلدۇرۇق** ئى← **چېقىلدۇرغۇچ**.

**چېقىلغاق** ئى. دىيال. چاقماق، چېقىن.

**چېقىلغان** ئى. ھاۋادا چېقىلغان چاقماقنىڭ يەرگە چۈشكەن قىسمى، چاقماق: كۆڭۈل گۈلشىنىمگە تاسادىپىي چېقىلغان چۈشتى.

**چېقىلغۇ** ئى. چېقىلغان: ... چۈنكى، قوناقلارنىڭ دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان چاغدا يېتىپ كەلگەن بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا گويا چېقىلغۇ چۈشكەندەك تۇيۇلغانىدى.

**چېقىلماق** ① «چاقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رومكا يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ② كۆچمە. ئۇرۇنماق؛ تەگمەك: تونۇمايدىغان بىرەرى ساڭىمۇ چېقىلىپ قويمىغاي يەنە.

**چېقىم** ئى. بىراۋنىڭ ئۈستىدىن باشقىلارغا يەتكۈزۈلگەن خەۋەر، يالغان دوكلات: كۆرسە نۇقسان يوق دەپ دەرھال ئېيتەك ياپار، چېقىم ئۈچۈن ھاسا تۇتۇپ تۇندە چاپار.

**چېقىمچى** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزىدىغان، گەپ توشۇيدىغان، بىراۋغا باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ئادەم؛ سۇخەنچى.

**چېقىمچىلىق** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى ئۈزگەرتىپ، باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزۈش، بىراۋغا باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئادىتى: چېقىمچىلىق قىلماق.

**چېقىن** I ئى <مېتېئور> ← **چاقماق** I : چېقىن تاغدا كۆپرەك چاقىدۇ. قارا بۇلۇت قويۇق يەردە ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ ئەمەسمۇ!

**چېقىن** II ئى. دىيال. تاغ قىيالىرى، تاغنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان يەرلىرى.

**چېقىندى** ئى ① ئوت ياكى چاقماق ئۇچقۇنى: تۈنلىرى بۇلۇتنى يېرىپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ تەلمۈرۈشۈم، چاقماق چېقىندىلىرىنى سېغىنىشىمنىڭ ھەممىسى سەن باھارغا بولغان تەشنالىقىمنىڭ بېشارىتى ئىدى. ② تاش ۋە مۇز قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەرنى پارتلىتىش ياكى چاناش، قومۇرۇش جەريانىدا ھاسىل بولغان ئۇششاق پارچىلار: زەيتۇنەم مۇز - توڭ چېقىندىلىرىنى گۈرجەك بىلەن قاش تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاۋاتقانىدى. ③ گازىر قاتارلىقلارنى چېقىپ يېگەندىن كېيىنكى شۆپۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قالدۇق نەرسىلەر: ئۇ چاشقان دورىسىغا چىلانغان گازىرنىڭ چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى، گازىر چېقىندىلىرىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ④ دەريا قېشىنىڭ سۇ ئۇرۇپ بۇزۇۋەتكەن جايى.

**چېقىندى- چوقۇندى** چېقىپ - چوقۇلغان پارچە - پۇرات، ئۇششاق - چۇششەك نەرسىلەر.

**چېقىندىماق** پ. چاقماق ياكى ئوت ئۇچقۇندىماق، ۋال - ۋۇل قىلماق: توختىماي گۈلدۈرلەۋاتقان چاقماق ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە چېقىنداۋاتاتتى.

**چېكە** ئى. پېشانىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇلاققا يېقىن جاي: چېكە تومۇر. چېكە چاچ. چېكىگە ئاق كىرمەك.

**چېكىسى ئاپتاپ كۆرمەي** ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىمەي، ئۆزى ئەمگەك قىلماي : ئەمەتنىڭ ئوغۇتلىرى تەل، شۇڭا چېكىسى ئاپتاپ كۆرمەي خامانلىرى ئېلىنىپ بولدى.

**چېكىسىگە تاڭماق** كۆز - كۆز قىلىپ ئۆز قولىغا ئالماق؛ ئەتىۋارلىماق، قەدىرلىمەك: — يامىنى كەلسە، بالىلىرىڭنى چېكەڭگە تاڭ دەيمەن، — دەپ غودۇڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى ئاسىيە.

**چېكىسىگە قىسماق**← **چېكىسىگە تاڭماق**.

**چېكەتكە** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. خىللىرى كۆپ بولىدۇ، سەكرەشكە ۋە ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ. دېھقانچىلىقتا زىيانداش ھاشارات ھېسابلىنىدۇ، ئاساسەن سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سالىدۇ.

**چېكەرمەن** سۈپ. چېكىملىكلەرنى چېكىشكە ئادەتلەنگەن، چېكىملىكلەرنى كۆپ چېكىدىغان؛ بەڭگى: چېكەرمەن ئادەم.// نەشە يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بەكرى: — سۇلايمان ئاكامزە زامانىمىزدىكى چېكەرمەنلەر ئىچىدە تەۋەررۈك ئادەم جۇمۇ، — دېدى.

**چېكىت** ئى ① مەلۇم نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن نۇقتا: چېكىت گۈللۈك رەخت. ② <تىل> يېزىقتا ئوي - پىكىرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسى (.).

**چېكىتسىز** سۈپ. چېكىتى يوق، چېكىت قويۇلمىغان: چېكىتسىز پەش. چېكىتسىز خەت.

**چېكىتلىك** سۈپ. چېكىتى بار، چېكىت قويۇلغان: چېكىتلىك پەش. چېكىتلىك مۇنچاق.

**چېكىتمە** ئى ① <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىمدىكى پەشسىمان چېكىت ۋە سىزىقلارنىڭ جەملەنمىسى ئارقىلىق شەيئىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان بىر خىل سىزىش ئۇسۇلى. ② <ئۇس> ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر خىلى: ئۇلار ئوغلىنى چۆرىدەپ چېكىتمىگە دەسسىدى.

**چېكىشتۈرمەك** «چېكىشمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ... بولۇپمۇ تۇخۇم چېكىشتۈرۈش، ئوشۇق ئويناش بەك ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەن ئويۇنلار قاتارىغا كىرەتتى.

**چېكىشتۈرۈشمەك** «چېكىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تۇخۇم چېكىشتۈرۈشتى.

**چېكىشمەك** I «چەكمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېكىشمىگۇچە بېكىشمەس(ماقال).

**چېكىشمەك** II «چەكمەك II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، بىر ئورامدىن چېكىشتۇق.

**چېكىلمە** ① سۈپ. ئۈستىگە خەت، نەقىش ياكى باشقا بەلگىلەر چېكىلگەن: چېكىلمە نەقىش. ② ئى <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردىكى ئۈستىگە خەت ياكى باشقا بەلگىلەر چېكىلگەن خاتىرە تاش.

**چېكىلمەك** I ① «چەكمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېچەكتە چېكىلمىگەن قىز يىلدا قىرىلار(ماقال). ② ئاغرىماق، رەنجىمەك، ئازار يېمەك: كۆڭلى چېكىلمەك.

**چېكىلمەك** II «چەكمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماكا چېكىلىشكە باشلىغىدى، ياتاق ئىچى بىردەمدىلا ئىس - تۈتەككە تولدى.

**چېكىلمەك** III پ. پىششىقا يېقىنلاشماق، ئالا بولماق، سارغايماق، تەم كىرمەك (مېۋە - چېۋە ھەققىدە ): ئۈزۈم چېكىلدى.

**چېكىلىك** ① ئى. شەپكە، قۇلاقچا قاتارلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان قىسمى. ② سۈپ. تىكىلىدىغان باش كىيىمنىڭ چېكىسى ئۈچۈن تەييارلانغان، چېكىگە ئاتاپ كېسىلگەن: چېكىلىك رەخت. چېكىلىك قەغەز. ③ ئى. ئات، ئېشەكلەر نوختىسىنىڭ چېكىگە توغرا كېلىدىغان يېرى: نوختىنىڭ چېكىلىكى. چېكىلىكى بار نوختا.

**چېكىلىكلىك** سۈپ. چېكىلىكى بار، چېكىلىكى بولغان، چېكىلىك تۇتۇلغان: كۇنلۇك تۇتقان، ئۇزۇن چېكىلىكلىك شەپكە كىيگەن ساياھەتچىلەر ئۇزۇن رەت بولۇپ تىزىلىپ، بۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ.

**چېكىلمەك** پ. ياغلىق ياكى لاتا بىلەن باشنىڭ چېكە قىسمىنى تاڭماق؛ چىگمەك: شەربان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ئالمان - تالمان بېشىدىكى ياغلىقىنى ئېلىپ، پېشانىسىگە چىڭ چېكىلىدى.

**چېكىم** I سۈپ. چېكىمى بار، چېكىم چېكىلگەن: چېكىم دوپپا. چېكىم گۈللۈك رەخت.

**چېكىم** II مىق. بىر قېتىم چېكىلىدىغان، بىر چېكىشكە يېتىدىغان، بىر ئورام (چېكىملىك ھەققىدە): بىر چېكىم تاماكا. * شاتىر دورغا قېرى سارايۋەندىن بىر چېكىم ناس ئېلىپ، كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سالدى.

**چېكىم ـ چېكىم** نۇرغۇن چېكىم، نۇرغۇن چېكىم چېكىلگەن: قارا قۇمچاق قىزنىڭ بېشىدا گۈللۈك دوپپا، ئۇستىدە چېكىم ـ چېكىم گۈلى بار ئاددىي چىت كۆڭلەك بولۇپ، ئىككى تال تاش مارجاننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋالغانىدى.

**چېكىملىك** ئى. چېكىلىدىغان، چېكىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە (ئەپيۇن، نەشە، ناس، تاماكا قاتارلىقلار ھەققىدە): چېكىملىك ساتماق.

**چېكىملىمەك** پ. چېكىم چەكمەك: شۇ يۇمىلاق قاشتاشنى، زەر چەمبەردە قىسىپتۇ. چېكىملەپ گۈل سىزىپتۇ. ھەرخىل «قۇلاق» تىزىپتۇ.

**چېكىندۇرمەك** «چېكىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار دۈشمەن چېرىكلىرىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىتىپ، سۇنىڭ نېرىسىغا چېكىندۇردى.

**چېكىندۇرۇلمەك** «چېكىندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى چېكىندۇرۇلۇپتۇ.

**چېكىنمەك** پ ① يانماق، كەينىگە سۈرۈلمەك: ئارقىغا چېكىنمەك. ② ئۇرۇشتىكى ھۇجۇم تۇپەيلىدىن، ئەسلىي ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، ئارقىغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولماق، ئارقىغا يانماق: دۈشمەنلەردىن ئۈچى يىقىلدى، قالغانلىرى كەينىگە چېكىندى. ③ كۆچمە. چىقىپ كەتمەك (مەكتەپ، خىزمەت، پارتىيە ـ گۇرۇھ قاتارلىقلاردىن): بىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئىككىنچى سىنىپتا قالدى ۋە ئاخىرى مەكتەپتىن چېكىندى. ④ كۆچمە. ئارقىغا يانماق، ئازايماق (بىلىم، سەۋىيە ھەققىدە): ئادەمنىڭ قابىلىيىتى بەلگىلىك ياشقا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يېتىدۇ، ئاندىن كېيىن تەدرىجىي كەينىگە چېكىنىدۇ.

**چېكىنىشمەك** «چېكىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇسسۇلچىلار بىر مەيدان ھۆرمەت ئۇسسۇلىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىككى يانغا چېكىنىشتى.

**چېگەلەك** ئى <بوت> لوپ كەندىرى، ياۋا كەندىر.

**چېگرا** ① ئى. بىر ـ بىرىگە قوشنا، يېقىن، يانداش بولغان دۆلەت، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، رايون قاتارلىقلارنىڭ زېمىن ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش، ئاجرىلىش سىزىقى؛ پاسىل: چېگرا بەلگىلىمەك. دۆلەت چېگراسى. ② سۈپ. چېگرا ئەتراپىغا جايلاشقان؛ چەت، ياقا: چېگرا رايون. ③ ئى.كۆچمە. ئىككى نەرسىنىڭ دائىرە چېكى: سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان كونا ـ يېڭى بىلىملەرنىڭ چېگراسىنى ئېنىق ئاجرىتىش لازىم.

**چېگراداش** سۈپ. بىر ئومۇمىي چېگراغا ئىگە بولغان، يانمۇيان جايلاشقان؛ قوشنا: چېگراداش رايون. چېگراداش دۆلەت.

**چېگراداشلىق** ئى. بىر ئومۇمىي چېگراغا ئىگە بولۇش، قوشنىدارچىلىق.

**چېگرالاشتۇرماق** «چېگرالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چېگرالاشتۇرۇشماق** «چېگرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېگرالاشتۇرۇلماق** «چېگرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېگرالاشماق** پ. ئۆزئارا چېگرا بولۇپ تۇتاشماق، چېگرا بولماق، چېگرا قىلىپ ئايرىلماق، چېگرا قىلىنماق، چېگرالانماق: بىن لادىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھازىر پاكىستان بىلەن ئافغانىستان چېگرالاشقان جايدا، بۇ ئوغلى ئون نەچچە ياش بولسىمۇ بازا تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى.

**چېگرالانماق** پ. ئۆزئارا تۇتاشماق، يانمۇيان جايلاشماق، چېگراداش بولماق: ئۇ بىرگە ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ قەيەرلەر بىلەن چېگرالىنىدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپادىكى دەريالارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

**چېلەك** I ① ئى. سۇ ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنى ساقلاش ۋە توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قەلەيدىن ياسىلىدىغان سىلىندىر شەكىللىك قاچا: ئوقۇغۇچىلارغا بىر چىنە سۇ بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىدە بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، چېلەك بىلەن كەملىنىدىغان سۇيۇقلۇق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چېلەك سۇ. ئىككى چېلەك ياغ.

**چېلەك** II ئى ① بارماقتەك ياغاچتىن قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە ياسالغان، قول بىلەن چۆرۈپ يىپ ئېگىرىدىغان ئەسۋاب: چېلەك بىلەن يىپ ئېگىرمەك. ② قوناق شېخى قاتارلىقلارنىڭ ئۆگىلىرى ئارىلىقىدىكى ھەربىر بۆلىكى: قوناق چېلىكى. * ئەزىز قولىدىكى شېكەر قومۇشىنىڭ بىر چېلىكىنى ماڭا، يەنە بىر چېلىكىنى ئۆكىسىغا بەردى.

**چېلەكلەپ** رەۋ. چېلەككە قاچىلاپ، چېلەك بىلەن كەملەپ، چېلەك بىلەن: چېلەكلەپ سۇ توشۇماق.

**چېلو** ئى [ئىنگ] <مۇز> ئىسكىرىپكىنىڭ بىر خىلى. تۇزۇلۇشى ئىسكىرىپكىدىن تۆت ـ بەش ھەسسە چوڭ، ئاۋازى ئالتقا قارىغاندا بىر ئوكتىۋا پەس كېلىدۇ.

**چېلىش** ئى ① <تەن> تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، ئىككى ئادەم قۇچاقلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ② كۆچمە. جەڭ، كۈرەش: كەلدى ئېسىل گۈلباھار، پەسىللەرنىڭ ئەركىسى. ئاڭلىنىدۇ ئەتراپتىن، جەڭ ـ چېلىشنىڭ نەغمىسى.

**چېلىشتۇرماق** «چېلىشماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەگ ـ غوجىلار ئوردىدا بېقىلىۋاتقان چېلىشقاق زەڭگىلەرنى پات ـ پات چېلىشتۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

**چېلىشچان** سۈپ . ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جەڭ، كۈرەش قىلىدىغان، كۈرەشچان: يېڭى پەللىگە ئات سالدى، چېلىشچان خەلقىمىز بىزنىڭ. زەپەر قۇچماقتا ئۆتكەلدە، بۇ ئازاد دەۋرىمىز بىزنىڭ.

**چېلىشچانلىق** ئى. چېلىشقا، كۈرەشكە ئامراقلىق: بىز ئەزەلدىن چېلىشچان خەلق، چېلىشچانلىق بىزگە ئاتا كەسپى .

**چېلىشچى** ئى ① چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، چېلىشقا ماھىر ئادەم: «قادىر بۇقا» دەپ ئاتىلىدىغان چېلىشچى يەنە بىر چېلىشچىنى گۇپلا قىلىپ بېسىۋالغانىدى. ② كۆچمە. كۈرەشچى: مەن باتۇر بۇگۈن ئىشتا، چېلىشتا، مەيدانغا سەكرەپ، ئېتىلىپ چۈشتۇم. قايتا تۇغۇلدۇم، چېلىشچى بولدۇم، يېڭى ھاياتقا ئەمدى مەن كۆچتۇم.

**چېلىشچىلىق** ئى . چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش ، چېلىشقا ئائىت ماھارەت ۋە ھۈنەر: شۇ كۈنى ئۇ سۇڭجاڭغا ئىلتىجا قىلىپ:—

پىقىر بولسام كىچىكىمدىن تارتىپ لو تۆرەمدىن چىلىشچىلىقنى ئۆگىنىپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

**چىلىشخۇمار** سۈپ. چىلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چىلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، چىلىشىشقا ئامراق: چىلىشخۇمار ئادەم.

**چىلىشقاق** سۈپ. چىلىشقا ئۇستا، چىلىشقا ئامراق: چىلىشقاق يىگىت.

**چىلىشماق** I پ ① جىسمانىي جەھەتتىن ئېلىشماق، بەل تۇتۇپ كۈچ سىناشماق: باي بىلەن دەۋالاشما، باتۇر بىلەن چىلىشما (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر مەقسەت، نىشان يولىدا جەڭ قىلماق، كۈرەش قىلماق، ئېلىشماق، كۈچ چىقارماق: — ئەل بىرلىكى بولسا، باشقا ئىشلارنى قىلماق ئاسان بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، بىللە چىلىشىمىز، ئەلنى رازى قىلىمىز! — دېدى ئۇ.

**چىلىشماق** II «چالماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېنىڭ زوقۇم كېلىپ، بەختىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. باللار مۇ كۈلۈشۈپ چاۋاك چىلىشتى.

**چىلىشماق** III «چالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىلىشۋاز** سۈپ. چىلىشىشقا ئامراق، چىلىشىشقا ماھىر.

**چىلىشۋازلىق** ئى ① چىلىشقا ئامراقلىق، چىلىشقا بولغان ماھىرلىق، چىلىشىش ئىشى. ② چىلىشىش كەسپى، چىلىشچىلىق: ئىنىلىرى جۇڭچيەن دىيارىدىن ئىدىم. ئاتا - بوۋام ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى چىلىشۋازلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

**چىلىقتۇرماق** «چىلىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كوچىلاردا چېچى ئۆسكەن باللارنى چىلىقتۇرسا، ئېرىق بويلىرىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ چۈشۈرۈپ قوياتتى. * كىتابخان يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپلا سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى بولمىغان ئالتە خىل شېئىرىي مۇھىتنى چىلىقتۇرىدۇ.

**چىلىقتۇرۇشماق** «چىلىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىلىقماق** پ. يولۇقماق، ئۇچراشماق، كۆرۈنمەك: يۇلغۇن تۈپلىرىلا بۇ ئوتلۇق دەشتتە بىردىنبىر ھايات بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە چىلىقاتتى.

**چىلىنماق** I «چالماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناغرا چىلىنماق. مۇزىكا چىلىنماق. چاۋاك چىلىنماق.

**چىلىنماق** II «چالماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېمپىيون** ئى [ر<ئىنگ] تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە، غالىب چىققان، بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن شەخس ياكى كوماندىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن شەخس ياكى كوماندا: چېمپىيون بولماق. پۇتبول چېمپىيونى.

**چېمپىيونلۇق** ئى . تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچى بولۇش، بىرىنچىلىك : شەھەر بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى.

**چېنەتمەك** «چېنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چېنەشمەك** «چېنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېنەك** ئى. قورۇلغا ئېلىپ ئاتىدىغان نىشان؛ بەلگە، قارا: چېنەككە ئاتماق. چېنەككە تەگكۈزمەك.

**چېنەلمەك** «چېنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناماينان بولۇپ بۇ يول ھەم، مەرگەن قىزنىڭ خىسلىتى. چېنەلگەن ئوق سارايغا، بولدى ئەجەل دەھشىتى.

**چېنىشماق** ① «چانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەملى ئۆسكەن بىرمۇنچە كىشىلەر ئاددىي كادىر ۋاقتىدا ئالغان قەدىناس خوتۇنلىرىدىن چېنىشىپ، خوتۇن يېڭىلاشنىڭ كويىدا يۈرۈشۈۋاتىدۇ. ② مۇۋاپىقلىشالماي قالماق، چانماق: ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرى شۇ ھامان چېنىشىپ قالدى.

**چېنىقتۇرماق** «چېنىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كادىرلارنى چېنىقتۇرماق.

**چېنىقتۇرۇشماق** «چېنىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېنىقتۇرۇلماق** «چېنىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : يېڭىدىن ئۆستۈرۈلىدىغان كادىرلار ئاۋۋال ئەرزىيەت تارماقلىرىدا چېنىقتۇرۇلىدۇ.

**چېنىقماق** پ ① ئىش، ئەمگەك ياكى جىسمانىي تەربىيە بىلەن ئورگانىزمنىڭ ھەرقانداق ئېغىر شارائىت، ئاغرىق - سىلاق قاتارلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرماق؛ تاۋلانماق، پىشماق: ئوينىساڭ قېنىپ - قېنىپ، ساپ ھاۋادا كەڭ تىنىپ. چېنىقىدۇ بەدەنمۇ، ئالقىشلايدۇ ۋەتەنمۇ. ② كۆچمە. ئەمەلىي خىزمەت، تەجرىبە جەريانىدا يېتىلمەك؛ تاۋلانماق، تەربىيەلەنمەك: ئۇ 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىي خىزمەتتە ئوبدانلا چېنىقىپ، مۇھىم، كېرەكلىك ئادەمگە ئايلانغانىدى.

**چېنىقىشماق** «چېنىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېنىمەك** پ ① تاش ياكى مىلتىق قاتارلىق ئېتىش قورالى بىلەن بىرەر نۇقتىنى نىشانغا، قارىغا ئالماق: شاھزادە مىلتىقنى ئېلىپ، چېقىر كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا قىزىل كۆڭلەكنى چېنىدى. ② ئۆلچىمەك، دەللىمەك، توغرىلىماق: ساۋۇت ئاخۇننىڭ مىجەزى ئېغىر بولغىنى بىلەن گەپنى چېنەپ ئۆلچىگەندەك تولۇق قىلاتتى.

**چېھرە** ئى [پ] ① يۈز، چىراي، بەت، ئەپت؛ كۆرۈنۈش: ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا، خىيالەن ھەۋزىنىسانى ئۆز يېنىغا ئەكېلىپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېنىق چېھرىسىنى كۆرەلمىدى.

**چېھرىلىك** سۈپ. چىرايلىق، كېلىشكەن: تۇرىدۇ گۈل چېھرىلىك شائىر يىگىت، تۇرىدۇ پۈركىلىپ گۈل - چېچەكلەرگە، ئاپىرىن بۇ چىمەننىڭ نەققاشىغا، ئاپىرىن يەتكۈزۈپتۇ تىلەكلەرگە!

**چېۋا** ئى. دىيال. يېرىق، تېقىم.

**چېۋە** ئى. يېرىق، تېقىم: بالىنىڭ چېۋىسى پىشلاق بولۇپ قاپتۇ، ئازراق ئۇپا بېسىپ قويۇش كېرەك.

**چېۋەر** سۈپ ① ئۇستا، ماھىر؛ ئىش - ھەرىكەتتە چاققان، چەبدەس: چېۋەر ئايال. ② كۆچمە. دانا؛ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق: چېۋەر يول باشچى. چېۋەر داھىي.

**چېۋەرلىك** ئى. ئۇستىلىق؛ چاققانلىق، چەبدەسلىك: چاقماقتەك سۆزلەۋاتقان ئايىمخان چېۋەرلىك بىلەن چاي قۇيۇپ، شائىرغا سۇندى.

**چېۋە - چېۋە** «چېۋە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ كېيىنكە قايتىشى بىلەنلا يۇقىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر - ئىككى قۇشنىڭ «چېۋە - چېۋە» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قارىدى.

**چېۋىرقاي** سۈپ. دىيال. تېرىككەك، سەپرا.

**چېيى** ئىم. ئۆچكىنى ھەيدەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز.

**چېيى - چېيى** «چېيى» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چى** مىق [خەن] ئېلىمىزدە قوللىنىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر چى 10 سۇڭ بولىدۇ، يەنى 33 سانتىمېتىرغا تەڭ.

**چىبەرقۇت** ئى. پاختىدىن ئوڭ يۈزىگە موي چىقىرىپ توقۇلىدىغان يوللۇق رەخت: قارا چىبەرقۇت.// چىبەرقۇت چاپان.

**چىبرى** ئى. دىيال. ئالتە ياشتىن ئۆتكەن قوي.

**چىپ** I تەق. سۈيۇقلۇقنىڭ يۇقىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈشى قاتارلىق ھاللاردا ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**چىپ** II تەق ① بولۇۋاتقان سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۈشتۇمتۇت توختاش ھالىتى: قاۋاتلىقنى ئاچىمىز دەۋاتىمىز، ئەتە ـ ئۆگۈن تېخى قاشنىڭ سۈيىنى چىپلا توختىتىپ ئېتىز لارغا باشلايمىز، توك زاۋۇتلىرىنى ياسايمىز. ② دەل، مۇۋاپىق، باب: چىپ كەلمەك.

**چىپار** سۈپ. ئاق بىلەن قارا ياكى باشقا رەڭلەرنىڭ چېكىت ـ چېكىت ئارىلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان؛ چار (ھايۋان ۋە نەرسە ھەققىدە): بىزدىن بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدا، يوغان بىر چىپار يىلان تولغۇلۇپ ياتاتتى.

**چىپارئوت** ئى [چىپار + ئوت] <بوت> تۆلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى بىر تال بولۇپ تىك ئۆسىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، زەھەرسىز؛ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، ياللۇغنى تارقىتىپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. ئۇ تاغ جىلغىلىرى ۋە تاغ باغرى قاتارلىق نەم، سايە جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ، ئالتاي، تەڭرىتاغلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

**چىپەرچى** ئى. دىيال ① پوچتىچى، پوشتىكەش. ② خەۋەرچى.

**چىپەرخانا** ئى. دىيال. پوچتىخانا.

**چىپپىدە** رەۋ ① تۇساتتىن، بىردىنلا: قانداقتۇر بىر تاراڭشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ماشىنا موتورى چىپپىدە ئۆچۈپ، يېڭى موتورمۇ ھېرىكەتتىن توختاپ قالدى. ② ھەممە يېرىدىن چىپ ـ چىپ ئېقىپ: چىپپىدە تەر چىقماق. ③ كۆچمە. دەلمۇدەل: چىپپىدە چۈشمەك.

**چىپتا** ئى. كەندىر يىپىدىن توقۇلغان قاپ، چىگە تاغار.

**چىپچا** ئى. دىيال. جۈۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ.

**چىپچاپ** سۈپ. بىتەر ـ بەتمەس، تويغۇچە ئەمەس، ئېشىنمايدىغان دەرىجىدە ئاز: ئىككى ئېغىز كاپ ـ كاپتىن بىر ئېغىز چىپچاپ ياخشى (ماقال). * تاماق چىپچاپ بولۇپ قالدى.

**چىپ ـ چاپ** نان ياكى گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى چايندىغاندا، ئېغىزدىن چىققان ئاۋاز: چىپ ـ چاپ قىلماق. * مىڭ كاپ ـ كاپتىن بىر چىپ ـ چاپ ئەلا (ماقال).

**چىپچاڭ** سۈپ. دىيال. دەلمۇدەل، لىقمۇلىق.

**چىپ ـ چىپ** چىلىق ـ چىلىق؛ پۈتۈنلەي: مەن چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتتىم.

**چىپچىرايلىق** ئى. ناھايىتى چىرايلىق، بەك چىرايلىق، تولىمۇ چىرايلىق: چىپچىرايلىق كۆڭلەك. چىپچىرايلىق ئايال.

**چىپمۇچىپ** قۇيۇپ قويغاندەك، دەلمۇدەل، ھېمىز نەھەم: ئۇنىڭ ئاپئاق دېچۆلىياڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسمۇ چىپمۇچىپ كەلگەن، شاپ بۇرتى چىرايلىق ياساپغانىدى.

**چىپىت** ئى. دىيال. يۇپقا قاتلىما.

**چىپىچ** ئى. دىيال. يېشىغا توشمىغان چىشى ئۆچكە، چۈۋچ.

**چىپىلداتماق** «چىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىپىلداشماق** «چىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىلدىماق** پ. «چىپ ـ چىپ» قىلىپ ئاقماق، تامماق (تەر ياكى سۇ ھەققىدە): ۋالىي سېمىز بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى ـ دە، قىر بېشىدا ئولتۇردى.

**چىت** I ئى [پ] پاختا يىپىدىن توقۇلغان گۈللۈك رەخت: چىت كۆڭلەك. چىت كۆرپە.

**چىت** II ئى ① بىر ۋاڭنىڭ كىرمەسلىكى ياكى مەلۇم نەرسىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تام ئۈستىگە ياكى نەرسىنىڭ ئەتراپىغا ئورنىتىلغان شاخ ـ شۇمبا، شوخا، تىكەن، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەر: ــ تامغا چىت قويۇشنى موماي بىلەن ئىككىمىز تۈگىتەلەيمىز، ــ دېدى ئۇ. ② شۇ نەرسىلەر بىلەن ياسالغان توسۇق: چىتتىن ئاتلاپ باغقا كىرىش ناھايىتى تەس ئىدى.

**چىت** III ئى. دىيال. قاشا.

**چىتەن** ئى ① ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىغان توسۇق. ② ئوت ـ چۆپ، سامان قاچىلايدىغان سېۋەت شەكىللىك چوڭ بورا قاچا؛ باداڭ. ③ كۆچمە. شاخ ـ شۇمبا، يانتاق، تىكەن، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قورشالغان توسۇق؛ تىكەنلىك تام، قاشا، چىت.

**چىتقان** ئى. دىيال. بورىدىن توقۇلغان ئىشىك پەردە، قازان ياپقۇچ.

**چىتلاتماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىتلاشماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىتلاق** ئى. چىت بىلەن قورشالغان توسۇق.

**چىتلانماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئەتراپى جىگدە بىلەن چىتلانغان باغنىڭ ئىچىگە كىردى.

**چىتلىق** ① سۈپ. چىت بىلەن قورشالغان، چىت قويۇلغان: ئاشۇ كورۇنگەن چىتلىق باغ بىزنىڭ. ② ئى. شاخ ـ شۇمبا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قورشالغان ئورۇن: ئۇلار كېمە بار يەرگە بېرىپلا دەرخ كېسىپ، چىتلىق ياساپ، ۋاقىتلىق ئۆي قىلىۋالدى.

**چىتلىماق** پ. شاخ ـ شۇمبا، قومۇش، تىكەن قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر دائىرىنى توسماق؛ قورشىماق: ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى كۆچەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاكلاپ، ئەتراپىنى چىتلىدى.

**چىتىك** ① سۈپ. دىيال. شاش، تېتىك، باشقۇرماق تەس (ھايۋان ھەققىدە). ② شوخ، كەپسىز (ئايال ھەققىدە). ③ ئاچچىقى يامان.

**چىچاڭ** ئى ① ھايۋانلارنىڭ تېزەكلەش ئەزاسىنىڭ ئەتراپى: ئاتنىڭ چىچاڭىغا بىرنى سالماق. ② دۈيلۈش، چاپچىش: چىچاڭ ئاتماق.

**چىچاڭشتماق** «چىچاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ بۇ سوئالىم ئۇلارنى چىچاڭشتتى.

**چىچاڭششماق** «چىچاڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچاڭشىماق** پ. چىچاڭلىماق: بالا دېھقان ئانىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىچاڭشىدى، نەچچە كۈنلەپ خىيالىدى، ھەتتا ئۆيگىمۇ كەلمەي قويدى.

**چىچاڭلاتماق** «چىچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىچاڭلاشماق** «چىچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچاڭلىماق** پ ① ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

تېپچەكلىمەك، ھۆڭگىرەكلىمەك (ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە): تېخى تولۇق كۆنمىگەن تورپاق بىر چىچاڭلاپ، بېشىدىكى كۆلىنى ئۈزۈۋەتتى. ② كۆچمە. بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن قاتتىق ئاچچىقلانماق، كايىماق، تېرىكمەك، بەك خاپا بولماق: بۇ گەپ ئۇنىڭ تازا جېنىغا تېگىپ چىچاڭلاپ كەتتى.

**چىچتىمخانا** ئى. دىيال. تەرەتخانا، ھاجەتخانا، خالا جاي.

**چىچقاق** سۈپ. كۆپ چىچىدىغان، تەرىتىنى (پوقىنى) كونترول قىلالمايدىغان: چىچقاق بالا. چىچقاق كالا. چىچقاق پاقلان.

**چىچقۇلۇق** I ئى <زوئول> بېلىقنىڭ تەرەت يولى.

**چىچقۇلۇق** II ئى. ئەتلەس دۇكىنىدىكى سەڭگىقىز شانىسىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چىگىلگەن تاش.

**چىچماق** پ. چوڭ تەرەت قىلماق؛ تېزەكلىمەك، مايالىماق: ئاتقان يەردە ئوق قالىدۇ، چىچقان يەردە پوق (ماقال).

**چىچۇرماق** «چىچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىچىچى** سۈپ. دىيال. چىرايلىق.

**چىچىرغا** ئى. قاپتالغا بېكىتىلگەن ھالقا تاسما.

**چىچىرغان** ئى. دىيال. بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈكنىڭ نامى.

**چىچىشماق** «چىچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچىناق** ئى. دىيال <ئانات> چىمەلتەك، چىمچىلاق.

**چىداشچان** سۈپ. چىدامىلىقتا ئىگە، چىداملىق، چىداشلىق: چىداشچان سۇلياۋ. چىداشچان پولات.

**چىداشچانلىق** ئى. چىداملىقتا ئىگە بولغان ھەم ئۇنى ساقلاپ قالالايدىغان خۇسۇسىيەت، چىداملىقلىق: تاجىسمان يىلتىز غولىنىڭ تۆۋىدىن ئۆسۈپ چىقىپ، تۇپراققا قىيپاش ھالەتتە كىرىپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنىڭ چىداشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. * بۇ خىل پولاتنىڭ چىداشچانلىقى زور بولىدۇ.

**چىداشلىق** ① سۈپ. ئۇزۇن چىدايدىغان، مۇستەھكەم، مەزمۇت: ئەشرەپ بوۋاي قورغاقچىلىقتا چىداشلىق بىرنەچچە خىل كۆممىقوناق سورتىنى سىناق قىلدى. ② ئى. چىدام، چىداش، چىدامچانلىق: چىداشلىق بەرمەك.

**چىداشماق** «چىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ تاپا - تەنىلەرگە چىدىشالماي چاپانلىرىنى سىلىشىپ مۇشت كۆتۈرۈشكە تاس قالدى.

**چىدام** ئى. تاقەت؛ سەۋر، غەيرەت، بەرداش: ئۇ چىدام بىلەن ياشايتتى، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى.

**چىدامسىز** سۈپ ① چىدىمايدىغان، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، تاقەت قىلالمايدىغان، سەۋرسىز: چىدامسىز بالا. قۇرغاقچىلىققا چىدامسىز ئۆسۈملۈك. ② ئۇزاق خىزمەت قىلالمايدىغان، چىدىمايدىغان؛ بوش: ئېرىتىلگەن پولاتنىڭ ھەممىسى يارامسىز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق پولات چىدامسىز كېلىدۇ.

**چىدامسىزلىق** ئى. بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، چىدىماسلىق: ئۇزۇمنىڭ چىدامسىزلىقى مېنى مەغلۇپ قىلدى.

**چىداملىق** سۈپ ① چىدىيالايدىغان، سەۋر - تاقەتلىك؛ بەرداشلىق: چىداملىق بالا. چىداملىق ئايال. * ئۇ ھەرقانداق جىسمانىي ئەمگەكلەر كەلگەندە چاققان ۋە چىداملىق ئىدى. ② ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ئاسان يوقاتمايدىغان، چىدايدىغان؛ مۇستەھكەم، پىششىق، پۇختا، مەزمۇت: ئوتقا چىداملىق خىش. چىداملىق رەخت.

**چىداملىقلىق** ئى. ئۇزۇن چىدىيالايدىغان خۇسۇسىيەت، چىداملىقتا ئىگە بولغان ئالاھىدىلىك، چىداشچانلىق: ئاشۇ خىلدىكى پولاتلارنىڭ چىداملىقلىقى زور بولىدۇ.

**چىدىغۇسىز** سۈپ. چىدىغىلى، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان: چىدىغۇسىز ئاغرىق. چىدىغۇسىز ئىسسىق. چىدىغۇسىز ئەلەم.

**چىدىماس** سۈپ . تاقەت قىلالمايدىغان، سەۋرسىز، چىدىمايدىغان: چىدىماس ئادەم. // چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا (ماقال).

**چىدىماسلىق** ئى . بەرداشلىق بېرەلمەسلىك ؛ مەزمۇن تۇرالماسلىق ؛ نامەردلىك ، يېنىۋېلىش :— ھېچ بولمىسا بايىقى 30 كوينىمۇ قايتۇرۇپ بېرەرلا ،— دېدى سىدىق.— بۇ چىدىماسلىقىقۇ سىدىق،— دەپ جاۋاب بەردى كېرىمئاخۇن.

**چىدىماق** پ ① بەرداشلىق بەرمەك، سەۋر - تاقەت قىلماق: ئاغرىققا چىدىماق. قىيىنچىلىققا چىدىماق. سوغۇققا چىدىماق. ② ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ئۇزۇن ساقلىماق؛ كۆپ ئىشلىمەك، پاي بەرمەك؛ پايلىماق: مېنىڭ ئايىغىم سىلىق، بىر ئۆتۈك ماڭا يەتتە - سەككىز يىل چىدايدۇ.

**چىر** I تەق. چېكەتكە قاتارلىق ھاشاراتلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز: چېكەتكە «چىر - چىر» قىلىپ چىرىلداۋاتىدۇ.

**چىر** II تەق. دىيال. پىر: باللىرى خۇددى تېنەپ قالغاندەك، ئۆينى چىر ئايلىنىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

**چىراغ** ئى [پ] ① ئۆي - ئىمارەتلەرنى يورۇتۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى؛ لامپا: جىنچىراغ. قارا چىراغ. چىراغ نۇرى. ② كۆچمە. باشقىلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى، باشپاناھ: يۇرتنىڭ چىرىغى. ③ كۆچمە. نەزىر.

**چىراغ ئەتمەك** دىيال. نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزمەك.

**چىراغپاي** ئى [پ] ياغاچ ياكى مېتالدىن چىراغ قويۇش ئۈچۈن ياسالغان سايمان: چىراغپايدا چاي ئىچكەن «چېچەن»نى كۆرۈك (ماقال).

**چىراغچى** ئى ① كوچا ياكى ساراي چىراغلىرىنى يېقىش، يورۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ② <كىنو> فوتوگرافىيە، كىنوچىلىق ۋە سەھنە ئويۇنلىرىدىكى چىراغ باشقۇرغۇچى خادىم.

**چىراغچىلىق** ئى <كىنو> (فوتوگرافىيە، كىنوچىلىق ۋە سەھنە ئويۇنلىرىدا) چىراغ باشقۇرۇش، چىراغلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق فوتو، ئېكران ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئىشى ۋە كەسپى: چىراغچىلىق سەنئىتى — كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئېكرانىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

**چىراغدان** ئى [پ] ← **چىراغپاي**.

**چىراي** ئى [پ] ھۆسن، جامال، كۆرك، يۈز، بەت: چىراي كۆرۈپ ھال سورا (ماقال). * چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس(ماقال).

**چىرايىغا قان يۈگۈرمەك** كۆڭلى ئەمىن تاپماق، ئېسى جايىغا چۈشمەك، خاتىرجەم بولماق: ئېلىكنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ چىرايىغا ئازراق قان يۈگۈردى.

**چىراي ـ شەكىل** ھۆسن ـ جامال، قەددى ـ قامەت، كۆرۈ ـ نۈش، قىياپەت قاتارلىقلار.

**چىرايلىق** سۈپ ① كېلىشكەن، گۈزەل: چىرايلىق يىگىت. * چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق (ماقال). ② كۆچمە. يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان: چىرايلىق گەپ. چىرايلىق ئىش. * چىرايلىق يوزدە ئەمەس، سۆزدە (ماقال).

**چىرايلىقچە** رەۋ. ياخشىلىقچە، ياخشىلىق بىلەن، چىرايلىق، ياۋاشلىق بىلەن: بەزىلەر دەرھال ئۆزىنى ئېلىپ، چىرايلىقچە قۇتۇلدى.

**چىرايلىقلاشتۇرماق** «چىرايلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ ـ رىي دەرىجىسى.

**چىرايلىقلاشتۇرۇشماق** «چىرايلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرايلىقلاشتۇرۇلماق** «چىرايلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىرايلىقلاشماق** پ. چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك؛ گۈزەل ـ لەشمەك: ئۇ يەنە قايتىدىن قىز ۋاقتىدىكىدەك قېلىپىغا كەلدى، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايلىقلىشىپ كەتتى. * بۇ مەكتەپ بۈگۈن ئادەتتىكىـ دىنمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى.

**چىرت** تەق ① قۇشقاچ باللىرىنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار. ② كىشىلەرنىڭ تۈكۈ ـ رۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: شاتۇر «چىرت» قىلىپ ئاغزىدىن ناسۋالنى يەرگە تۈكۈردى.

**چىرتتىدە** رەۋ. «چىرت» قىلغان ھالدا، «چىرت» قىلىپ: سادىق سالمىقىنى بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكىدى ۋە چەتكە قاراپ چىرتتىدە تۈكۈردى.

**چىرتىڭ ـ پىرتىڭ** ئەرزىمەس؛ ئۇششاق ـ چۇششەك، پارچە ـ پۇرات: چىرتىڭ ـ پىرتىڭ ئىش. چىرتىڭ ـ پىرتىڭ گەپ.

**چىر ـ چىر** «چىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دەريانىڭ نېرىقى لېۋىدە چېكەتكىلەرنىڭ «چىر ـ چىر» قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**چىرىدە** رەۋ. «چىر» قىلغان ھالدا، «چىر» قىلىپ.

**چىرس** تەق. مۇز، ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ سۇنۇشىدىن، قۇرۇق ئوتۇننىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: كۆزئەي ـ نەك «چىرس» قىلىپ قالدى ـ دە، بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

**چىرسىلداتماق** «چىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرسىلداشماق** «چىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ جىسى.

**چىرسىلدىماق** پ. «چىرس ـ چىرس» قىلغان ئاۋاز چىقار ـ ماق: چىرسىلداپ كۆيمەك.

**چىرغاي** ئى. ديال. بىر خىل قاتتىق غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**چىرغۇل** ئى. ديال. ئىككى قىيالىقنىڭ ئارىلىقى.

**چىرقىراتماق** «چىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: ــ ئۇنى سىلى يوق ۋاقتىدا چىمدىپ چىرقىرىتىپ، جېنىنى ئېلىپ يەرگە قويدى، ــ دېدى ئۇ.

**چىرقىراشماق** «چىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ جىسى: شۇ زامان ھاۋانى بىرتالاي مىلتىق ئوقى كېسىپ ئۆتتى. ئاياللار، باللار چىرقىرىشىپ كەتتى.

**چىرقىراق** سۈپ. چىرقىراپ تۇرىدىغان، چىرقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، چىرقىرايدىغان: ئۇنىڭ ئاۋازى چۈجە خورازنىڭ ئاۋازىدەك زىل ۋە چىرقىراق ئىدى.

**چىرقىرىغاق** سۈپ. چىرقىراپ يۈرىدىغان، چىرقىراشقا ئادەتلەنگەن: چىرقىرىغاق بالا. چىرقىرىغاق قىز.

**چىرقىرىماق** پ. «چىر ـ چىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماق: ئۇ ناخشىسىنى بىراقلا چىڭ باشلىۋەتكەچكە، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىرقىراپ كەتتى.

**چىركىن** سۈپ [پ] ① بۇلغانغان، مەينەت، كىر: چىركىن نەرسە. چىركىن سۇ. ② كۆچمە. ئەينىغان، بۇزۇلغان، رەزىل ـ لەشكەن، قارانىيەت، ئېپلاس: چىركىن ئادەم. // تۇمۇر ئاكا، بۇ چىركىنگە مۇنداق گەپلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

**چىركىنلىك** ئى ① چىركىن ھالەت، چىركىن ئەھۋال. ② ئاينىش، بۇزۇلۇش، رەزىللىك، رەزىللىشىش، قارا نىيەت ـ لىك، ئېپلاسلىق: بۇ دەل ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئەخلاقىدىكى چىركىنلىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

**چىرماتماق** «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرماش** سۈپ ① چىرمىشىپ كەتكەن: بۇ يىپ ناھايىتى چىرماش، ئۇچىنى تاپقىلى بولمىدى. ② كۆچمە. مۇرەككەپ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان: قادىرنى بىر ـ بىرىدىن ئېغىر ۋە چىرماش ئوي ـ خىياللار چۇلغىۋالغانىدى.

**چىرماشتۇرماق** «چىرماشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: بۇ ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسى ھەردەمدە چىرماشقىلى يېقىن كەلسە، ئازغان ئوتتۇرىدىن چىقىپ چىرماشتۇرمىدى.

**چىرماشماق** پ. يۆگەلمەك، چىرمالماق، يېپىشماق: شىركېپ بولغان كاملىنىڭ قولى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ نازۇك بېلىگە چىرماشتى.

**چىرماق** ئى ① چېلىشىشتا، قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىغا پۇتىنى كىرگۈزۈپ ياكى پۇتىنى پۇتى بىلەن ئېلىپ قىلىنىدىغان ھەرد ـ كەت، پەنت، تەدبىر؛ پۇتلاش: چىرماق سالماق. * زەڭگى بولسا تەتۈر چىرماق سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئىشىد ـ غا، سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئارىلىشىش ئادىتى: گەپكە چىرماق سالماق.

**چىرمالماق** ① «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ جىسى: ئاپتوموبىلغا بېسىلغان يۈك بىرقانچە ئارغامچا بىلەن چىرمالغا ـ نىدى. ② «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئەتىسى يەنە تۈگىمەس خىزمەتلەر بىلەن چىرمىلىپ قالاتتى.

**چىرمۇخ** ئى. ديال. قولماق.

**چىرمغۇت** ئى. ديال. <بوت> چىڭگىلەك.

**چىرمىماق** پ ① ئورىماق، يۆگىمەك: مايمۇن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا، چاققانلىق بىلەن ئېيىقچاق ئېسىلىپ قالغان تاش ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، قۇيرۇقىنى بىر پۇتاققا چىرمىۋېلىپ، ئۆزىنى ئالغا تاشلاپ، ئېيىقچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. ② كۆچمە. ئورىماق، قاپلىماق، چۇلغىماق، باسماق: بەختىيارنىڭ كاللىسىنى يەنە يېڭى خىيال چىرمىۋالدى.

**چىرۋەك** ئى <زوئول> قولۇلە، قولۇلە قېپى.

**چىرتتەكۈچ** ئى. چىرتتىدىغان نەرسە: ناتوغرا ئىستىللار بىر

خىل چىرىتكۈچ، ئۇ كادىرلارنى چىرىتىدۇ.

**چىرىتمەك** «چىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكام بۇ يىل چوڭ ئون ئورا ئوغۇت چىرىتتى.

**چىرىتىشمەك** «چىرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرىتىلمەك** «چىرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىرىق** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشى ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ئۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: چىرىق قىلماق.

**چىرىق - چىرىق** «چىرىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چىرىققىدە** رەۋ. «چىرىق» قىلغان ھالدا، «چىرىق» قىلىپ.

**چىرىقلاشماق** «چىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرىقلىماق** پ. «چىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: يامغۇر ئۆگزىدىكى كاھىشلارغا ۋە دېرىزىلەرگە ئۈرۈلۈپ چىرىقلىغىنىچە چىرىقلىغانىدى.

**چىرىك** سۈپ ① چىرىگەن، چىرىپ ئىشتىن چىققان، كېرەكسىز ھالغا كەلگەن؛ سېسىق: چىرىك ياغاچ. ② كۆچمە. ئەسلىي ھالىتىدىن ئاينىغان چىرىگەن، بۇزۇق: چىرىك ئىدىيە.
* ئازادلىق ئۈچۈن چىقتىڭ مەيدانغا، نەپرەت ئوقۇدۇڭ چىرىك زامانغا.

**چىرىكلەشتۈرمەك** «چىرىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ پۇلى بالىلىرىنى روھىي جەھەتتىن چىرىكلەشتۈردىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى.

**چىرىكلەشتۈرۈشمەك** «چىرىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرىكلەشتۈرۈلمەك** «چىرىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىرىكلەشمەك** پ. چىرىك ھالەتكە كەلمەك؛ چىرىمەك، بۇزۇلماق: بىر قىسىملار پۇلپەرەسلىككە بېرىلىپ چىرىكلەشتى.

**چىرىكلىك** ئى ① چىرىپ، بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان ھالەت. ② كۆچمە. ئىستىل جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ، ناتوغرىلىق ، ناھەقچىلىك: چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ۋە باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چىرىكلىكتىن يىقىلغان.

**چىرىڭ** ئى . دىيال . شىڭگىل، كىچىك ساپاق: بىر چىرىڭ ئۈزۈم.

**چىرىلداتماق** «چىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرىلداشماق** «چىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يامغۇردىن كېيىن چىققان قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلانغان قۇشقاچلار چىرىلدىشىپ، پاختەكلەر گۇ - گۇلىشاتتى.

**چىرىلداق** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى تاۋۇز ئۇرۇقىغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ؛ سەزگۇ مۇڭگۈزچىسى يىپسىمان، ئارقا پۇتى كۈچلۈك، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ؛ ئەركىكىنىڭ ئالدى قانىتى بىر - بىرىگە سۈركەلگەندە يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**چىرىلدىماق** پ. «چىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: قەيەردىدۇر چېكەتكىلەر كۆڭۈلسىز چىرىلدايتتى.

**چىرىمەك** پ ① مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلماق، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك، ئىشتىن چىقماق؛ سېسىماق: دەۋا قېرىماس، ئالتۇن چىرىمەس(ماقال). ② كۆچمە. ئاينىماق، بۇزۇلماق، ھالاكەتكە يۈز تۇتماق: چىرىگەن ھاكىمىيەت ئاخىرى بېرىپ گۇمران بولىدۇ.

**چىرىمتال** ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى سىلىكاتلار بولۇپ، ئاق، قارا ۋە ئاچ - توقلۇقى ئوخشاش بولمىغان قوڭۇر ياكى يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ ئادەتتە ئېلېكتىر ئىزولياتسىيە ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**چىرىمدان** ئى. چىرىگەن ئوت - چۆپ، چىرىندى: — بۇ يەرگە ئون يىلغىچە ئوغۇت ئىشلىتىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق چىرىمدانلىرى ئۆزىگە ئوغۇت بولۇپ ئاشىدۇ،— دېدى توختاخۇن ئاكا.

**چىرىمدانلىق** ① سۈپ. چىرىمدانى بار، چىرىمدانغا ئىگە، چىرىمدانى بولغان: چىرىمدانلىق جاڭگال. چىرىمدانلىق يەر. چىرىمدانلىق ئېتىز. ② ئى. يېڭى قاتقان نېپىز مۇز.

**چىرىندى** ئى. ئوت - چۆپ ، شاخ - شۇمبا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چىرىگىنى: چىرىندى دۆۋىسى. چىرىندى ئوغۇت.

**چىرىندىخور** سۈپ. چىرىندىنى يەپ، چىرىندى ئىچىدە ياشايدىغان: چىرىندىخور ھاشاراتلار ئاپتاپنىڭ تەپتىدە ھەر تەرەپتىن مىغىلدىماقتا.

**چىرىندىلىك** ئى. چىرىندى يىغىلغان، چىرىندى كۆپ يەر: بۇ چىرىندىلىكتە نېمە ئىش قىلىمىز؟

**چىزا** ئى. ئەيلەپ ھاۋا بېرىپ بولغان تېرىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

**چىزىلاتماق** «چىزىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىزىلاشماق** «چىزىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىزىلانماق** «چىزىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىزىلىماق** پ ① چىزا بىلەن ئۆلچىمەك، چىزىنى تەڭلەشتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزۇنلۇقلۇقىنى ئۆلچىمەك. ② ئەيلەپ ھاۋا بېرىپ بولغان تېرىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۈزلىمەك، سىلىقلىماق.

**چىش** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇق چايناش ۋە نەرسىلەرنى چىشلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگىنى: ئۈتتۈر چىش. ئېزىق چىش. چىش سالدۇرماق. ② نەرسىلەرنىڭ چىش شەكلىدىكى قىسمى: ھەرە چىشى. چاقنىڭ چىشى. ③ ساپان (بوقۇسا) نىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، يەر ئاغدۇرىدىغان پولات ياكى چويۈن سايمان: مەن «بىسمىللا» دەپ ساپان تۇتقان يىلى، ئۆكۈزنىڭ پۇتىغا چىشنى ئۇرۇۋالدىم.

**چىشى پاتماق** گەپ - سۆزى ئۆتمەك، كۈچى يەتمەك، بىلمەك.

**چىش چىغنى** <تىب> چىش مىلىكى ياللۇغى.

**چىشى سارغايماق** ① چىشنىڭ رەڭگى سېرىق رەڭگە كىرمەك، سېرىققا ئۆزگەرمەك. ② كۆچمە. يېشى چوڭايماق، قېرىماق: ئۇ چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىشقا باشلىغانسېرى، بۇ غەم - قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تولىمۇ بىئارام قىلاتتى.

**چىشىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، تېرىكتۈرمەك: بۇ گەپلەر قاسىمنىڭ راسا چىشىغا تەگدى.

**چىشى قېرىشماق** ئاچچىقى كەلمەك، نارازى بولماق: مېنىڭ چىشىم قېرىشىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاداۋەت بىلەن تىكىلدىم.

**چىشى گەز - گەز بولماق** دىيال. قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك.

**چىشىنى بىلمەك** تەييارلانماق، تەييار بولۇپ تۇرماق.

**چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەك** خۇشخۇي كۆرۈنمەك، خۇش

مۇئامىلە قىلماق: 50 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ، موللازىيدىنگە يېقىنلاپ كەلدى.

**چىش يارماق** ① چىشى كۆرۈنۈشكە باشلىماق، چىشى چىقماق (كىچىك بالا ھەققىدە). ② كۆچمە. ئېغىز ئاچماق، گەپ قىلماق، بىرنېمە دېمەك: ـــ لېكىن ماڭا بىر كۈن رۇخسەت سوراپ چىش يېرىپ باقمىدى، ـــ دېدى ئۇ. * بىز تېخى ئۇلارغا قىزىنى ئوغلىمىزغا ئەپ بېرىش ھەققىدە چىش يېرىپ باقمىدۇق.

**چىشا** ئىم. ئېشەكنى قوغلاش، ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**چىش ـ تىرناق** چىش ۋە تىرناق .

**چىش ـ تىرنىقى بىلەن** جان ـ جەھلى، پۈتۈن كۈچى بىلەن، بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سېلىپ: ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشلىردىمىزغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋىدى، مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئاخىر ئۆزى ھالاك بولدى.

**چىشسىز** سۈپ. چىشى يوق، چىشى قالمىغان: چىشسىز ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالغان پاتەمخان داڭ قېتىپ قالدى.

**چىشسىمان** سۈپ. چىشقا ئوخشايدىغان، چىش شەكلىدىكى: چىشسىمان يوپۇرماق.

**چىششا** ئى. بال س. چوڭ تەرەت، پوق: چىششا بارمۇ بالام؟

**چىششا قىلماق** بال س. چوڭ تەرەت قىلماق: بالام چىششا قىلغىن.

**چىشقۇلۇق** ئى. بېلىقنىڭ تەرەت يولى.

**چىششاھ** ئى. ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇراش ئۇندىشى.

**چىشلەتمەك** ① «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىتقا چىشلەتمەك. ② كىرىشتۇرمەك، گىرەلەشتۇرمەك: ئۇلار دامبا قېشىدا بىر ـ بىرىگە چىشلىتىپ توغرا قويۇلغان تاختايلار بىلەن ياسالغان يوشۇرۇن تومىغا دۈچ كەلدى.

**چىشلەشتۇرمەك** «چىشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خىشنى بىر ـ بىرىگە چىشلەشتۇرۇپ قوپۇرماق.

**چىشلەشتۇرۇلمەك** «چىشلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەگىنىڭ ياپارلىرى چىشلەشتۇرۇلۇپ قويۇلدى.

**چىشلەشمەك** ① «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراق تۇرسا كىشنىشىدۇ، يېقىن تۇرسا چىشلىشىدۇ (ماقال). ② كىرىشمەك، ياپسارغا كەلمەك: كېسەك چىشلەشمىسە، تام ئاسان ئۆرۈلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**چىشلەكلىك** سۈپ. چىشلىگەن ھالىدىكى، چىشلىگەن، چىشلەپ تۇرغان: دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى بىر قاغا، كۆزىنى ئۈزمەستىن كەڭرى دالىدىن. ئاغزىدا چىشلەكلىك بىر ئۆلۈك قۇشقاچ، شاد ئىدى ئۆزىچە ئۇشبۇ ئولجىدىن.

**چىشلەم** ① ئى. نان، گۆش قاتارلىق ئوزۇقلۇقنىڭ بىر چىشلەشتە ئۈزۈپ ئېلىنغان، بىر چىشلەشكە يېتىدىغان پارچىسى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، چىشلەنگەن نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چىشلەم ئالما.

**چىشلەنمەك** «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاربلاشمايدۇ كۆلكە ـ چاقچاقىا، ئۇ شۇ قەدەر تەمكىن، خاتىرجەم. گاھ ئاغزىغا چىشلىنىپ قالار، قولىدىكى قېرىنداش قەلەم.

**چىش ـ لەۋ** چىش ۋە لەۋ: چىش لەۋ تاۋۇشى.

**چىشلىق** I ① سۈپ. چىشى بار، چىش سالدۇرغان، چىش چىقارغان: ئالتۇن چىشلىق ئايال. چىشلىق چاق. ② سۈپ. چىشلىگەن، يېپىشىغا توشقان: تۆت چىشلىق قوي. ئىككى چىشلىق تەخەي. ③ ئى. ساپاننىڭ چىش كىيدۇرۇپ قويۇلىدىغان ئۇچى.

**چىشلىق** II ئى① يۇگەننىڭ ئاستىنقى ياكى ئۈستۈنكى قىسمىدىكى قوشۇمچە ئېغىزدۇرۇق: چىشلىق بېكىتمەك. چىشلىق سالماق. ② ئېغىزدۇرۇق، تانا. ③ دەستىگاھنى پانا بىلەن چىگىتىش، بوشىتىش ئۈچۈن پاچاقنىڭ ئاستى ئۇچىغا چىقىرىلغان، ئاستى گۇندىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئەركەك تۇرۇم.

**چىشلىمەك** پ ① يېمەكلىكلەرنى چىشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، بىر قىسمىنى ئۈزۈپ، ئاجرىتىپ ئالماق: گۆش چىشلىمەك. ② ئوزۇقلانماق، يېمەك: ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن (ماقال). ③ چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىسماق، چىشى بىلەن تۇتماق: ئۇ ھەر تۇرلۇك موللاق ئېتىپ، ئورۇندۇقتىن يەرگىچە ئېگىلىپ، يەردىكى چىنىلەرنى ئاغزىدا چىشلەپ، قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، يەنە موللاق ئېتىپ چۈشەتتى. ④ چىشلىرىنى پاتۇرۇپ جاراھەتلەندۈرمەك، چىشلەپ ئالماق: ئىتنى چىشلىمەيدۇ، ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە (ماقال). ⑤ كۆچمە. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماق؛ قاتتىق، سېسىق گەپ بىلەن ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك: خەقنى چىشلەپ نېمە قىلىسىز؟ ⑥ كۆچمە. يامان تەسىر قىلماق، باشنى ئاغرىتماق (ھاراق ـ شاراب ھەققىدە): ئەتىسى ئويغىنىپ، ھاراق چىشلىۋالغانلىقىنى سەزدىم.

**چىشى** I سۈپ ① ئەركەكنىڭ ئەكسى(ئادەمدىن باشقا جانلىقلار ھەققىدە): ئۇ بىركۈنى بىر تاغنىڭ باغرىدا كېتىپ بېرىپ، بىر ئاچ بۆرىنىڭ بىر چىشى كېيىكنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ② كۆچمە. بىر ـ بىرىگە چېتىلىدىغان، كىرىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ چېتىنىشىش، كىرىشىش ئورنىدىكى ئويمانلىق: چىشى تۇرۇم. چىشى چاق.

**چىشى** II سۈپ. ديال. گېپىدىن يانغاق، گېپىدە تۇرمايدىغان.

**چىشىمەك** پ ① چىشى چىقماق: بۇ قوي چىشەپتۇ.② يېشىغا توشماق: شۇنداق قىلىپ بازاردىن سېمىز، ئەمدىلا چىشىگەن بىر قوينى 160 يۈەنگە ئالدىم.

**چىشمەل** ئى ① تۇغۇلۇپ 3 ـ يىلىغا قەدەم قويغان كالا. ② يېشىغا توشمىغان چارۋا بالىسى.

**چىغ** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇن بولۇپ، سېۋەت، بورا، سۇپۇرگە قاتارلىقلارنى توقۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغا** ئىم. ئۆچكىلەرگە ئېيتىلىدىغان ئۇندەش ئىملىقى.

**چىغا ـ چىغا** «چىغا» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چىغچى** I ئى. چىغ ئورۇپ سېتىش، چىغ بۇيۇملىرىنى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**چىغچى** II ئى. ديال <زوئول> شاخسانغۇچ.

**چىغچىغىر** ئى <زوئول> بىر خىل كىچىك قۇش. ھاشاراتلارنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ.

**چىغچىلىق** ئى. چىغ بىلەن ھەپىلىشىش، چىغ بۇيۇملىرىنى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق خېنىم، ئاتا مىراس ھۈنەر ـــ چىغچىلىق قىلىمەن.

**چىغدان** ئى. كىگىز يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدىغان، چىغدىن توقۇلغان بورا شەكىللىك سايمان.

**چىغىرىق** ئى ① پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورۇلما. ② قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان غالتەكسىمان قورۇلما. ③ دارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورنىتىلغان ۋە دارۋازلار موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان شوتىسىمان قورۇلما. ④ تورنىك: يالاڭ چىغىرىق. قوش چىغىرىق. ⑤ <فىز> ئوق بىلەن چاقتىن تۈزۈلگەن، ئورتاق ئوق سىزىقى بويىچە ئايلىنالايدىغان ئاددىي مېخانىزم. چىغىرىق ماھىيەتتە داۋاملىق ئايلىنالايدىغان پىشاڭدۇر. ⑥ < قاتىن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. پاراخوتلاردا لەڭگەر تاشلاش ۋە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغلىق** ① سۈپ. چىغى بار، چىغ ئۆسكەن: ئۇ شۇنداق قارىسا، يىراقتىن بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئىككى ياقتىكى چىغلىقمۇ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ② ئى. چىغ كۆپ ئۆسكەن جاي: ئۇلار ئاتلاپ كەلگىنىدە چىغلىق جىراغا، چىغ تۈۋىدىن ئۈركۈپ تورغاي ئۈچتى ھاۋاغا.

**چىغلىماق** پ. چىغ بىلەن چىگدىماق، چىغقا ئالماق: ئىشىك ئەتتىم مىخلاپ، كىگىز ئەتتىم چىغلاپ. * كىگىز ئەتتىم چىغلىدىم، يەرنى قىغدا قىغلىدىم. يارىم سېنى سېغىنىپ، قارا بوراندەك يىغلىدىم.

**چىغىر** I ① سۈپ. كەڭ ئەمەس، تار (يول ھەققىدە): چىغىر يول . ② ئى. تار يول؛ يالغۇز يول: تېبابەت تار دائىرىلىك ئاتىدىن، ئۇستازدىن ئۆگىنىش چىغىرىغا كىرىپ قالدى.

**چىغىر** II ئى. تارس. ئىچىملىك؛ ھاراق ـ شاراب: ئۇنى ئوبدان دېسە كىم تولا ئىچتى چىغىر، ئۇ راۋا كۆردى ئالسا يېنىك، ساتسا ئېغىر.

**چىغىرتماق** ئى <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئەۋرىشىم بولۇپ، نەرسىلەرنى باغلاشقا ۋە قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يىلتىزىدىن مىسۋاك (چىش چوتكىسى) ياسىلىدۇ.

**چىغىرتماقگۈل** ئى [چىغىرتماق+گۈل] <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**چىغىرتماقلىق** ئى. چىغىرتماق كۆپ ئۆسكەن جاي: تۇرسۇن ئەمدىلا ئۇخلاپ مەھەللىسىدىكى چىغىرتماقلىقتا ئويناپ چۈش كۆرۈۋىدى، ئۇنى بىرى ئىگىشتتى.

**چىغنەي** ئى <مۇز> سەككىز تەخسىلىك، ئۆرە تۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى.

**چىقار** ئى. دىيال. چىقىدىغان جاي، چىقىدىغان يەر، ئېغىز، مەنبە.

**چىقارماق** «چىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىل دوختۇرنىڭ ئۇستىباشلىرىغا قاراپ تىلىنى چىقاردى. * سەپەرقۇل بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاغاردىن بىرنەچچە توپ ئاق خەسسە چىقاردى.

**چىقاغدىماق** پ. دىيال. «چىق ـ چىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ تامىقىنى قاقماق؛ چىكىلداتماق.

**چىقان** ئى <تېب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى يەنى بەدەنگە چىقىدىغان بىر خىل يارا. بۇنى تېرە تۈك خالتىلىرىغا ئۈسۈپ كىرگەن ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا، ئىچىگە قان تولغان قاتتىق گادالار پەيدا بولۇپ، يىرىڭلايدۇ، قىزىرىپ ئىششىيدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىتىدۇ. «قوڭيىوغان» ياكى «كۆتىيوغان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چىقچىقلار** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. دېڭىز بويىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**چىقما** سۈپ. دىيال. يېڭى ئىشلەنگەن، يېڭى پۈتى.

**چىقماق** پ ① پەستىن مەلۇم بىر ئېگىزلىككە، يۇقىرىغا ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلمەك؛ كۆتۈرۈلۈپ بىرەر نۇقتىغا يەتمەك؛ ئۆرلىمەك: تاغقا چىقماق. دەرەخقە چىقماق. مۇنبەرگە چىقماق. * ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى (ماقال). ② كۆچمە. ئەسلىدىكى مەلۇم بىر دەرىجە، باسقۇچ، پەللە ۋە شۇنىڭدەكلەردىن نىسبەتەن يۇقىرى بولغان دەرىجىگە، باسقۇچقا ۋە پەللىگە يەتمەك، ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك: مەرتىۋىگە چىقماق. ئەمەلگە چىقماق. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا چىقماق. ئەۋجىگە چىقماق. ③ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلمەك، كۆرۈنمەك؛ تۇغماق (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەققىدە): كۈن چىقماق. * قاراڭ، بۇگۈن ئاي ئەجەب گۈزەل چىقىپتۇ. ④ بىرەر نەرسە ئىچىدىن تاشقىرىغا قاراپ ھەرىكەت قىلماق؛ ئىچىدىن سىرتىغا بارماق: مىلتىقتىن ئوق چىقتى. ⑤ كۆچمە. كارغا يارىماس بولۇپ قالماق، تۈگەشمەك: بۇ سافالار ئىشتىن چىقتى. ⑥ دۈچ كەلمەك، يولۇقماق: قاراخان ۋەزىر ـ ۋۇزرا، لاۋۇ ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر كېيىك چىقتى. ⑦ سىرتقا تەپمەك، ئاجرىلىپ نامايان بولماق، كۆرۈنمەك: بالىنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپتۇ. * قۇلىقىمنىڭ كەينىگە كىچىككىنە بىر يارا چىقىپ قالدى. ⑧ ئورنىدىن قوزغالماق، ئورنىدىن تايماق، ئاجرالماق (ئۇگە سۆڭەكلىرى ھەققىدە): مېنىڭ قولۇم چىقىپ كەتتى. ⑨ كۆچمە. تايماق. ئازماق: توغرا يولدىن چىقماق. پىرىنسىپتىن چىقماق. ⑩ ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك: تىلى چىقماق. خۇيى چىقماق. ساۋادى چىقماق. * يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس(ماقال). ⑪ ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك: قان چىقتى ـــ جان چىقتى(ماقال). ⑫ مەلۇم بىر قاتناش قورالىغا ئولتۇرماق: سەن ئايروپىلانغا چىققانمۇ؟ مەن پويىزغا چىقىپ باقمىغان. ⑬ ئويۇن، دراما ياكى كىنو ئەسەرلىرىدە، مەلۇم بىر شەخسنىڭ رولىنى ئوينىماق، ئالماق: ئۆمەر سايىم «پەرھاد ـ شېرىن» دىرامىسىدا «پەرھاد» نىڭ رولىغا چىقتى. ⑭ چىقىم بولماق، سەرپ قىلىنماق؛ خەجلەنمەك: بۇ يەردە ھەممە نەرسىگە يانچۇقتىن پۇل چىقىدۇ. ⑮ بىرەر تەبىقىدىن، جايدىن ئۆسۈپ يېتىشمەك، يېتىلمەك؛ بارلىققا كەلمەك: ئۇچتۇرپان شەھىرىدىن چىققان رەھمەتۇللا بەگ بىلەن قۇمۇل تاغلىرىدىن چىققان تۆمۈر خەلپىمۇ ئاشۇ دانكوغا ئوخشايدىغان كىشىلەر ئىدى. ⑯ كۆچمە. تېپىلماق: ئىگىسى چىقماق. * دېمىگەننى دېگۈچى چىقار، يېمىگەننى يېگۈچى (ماقال). ⑰ پەيدا بولماق، تۇغۇلماق، يۈز بەرمەك: شامال چىقماق. * ئەل «پۇۋ» دېسە، بوران چىقىدۇ (ماقال). ⑱ كۆچمە. ئېيتىلماق؛ دېيىلمەك: لەيلىگۈل ئېلىقۇلغا قاراپ: ـــ سەندىن ياخشى گەپ چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن، ـــ دېدى. ⑲ بېرىلمەك: ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 150 كوي مائاش چىقىدۇ. ⑳ ھېسابلانماق، قارالماق،

سانالماق: كەم چىقماق. * نايمانىنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس چىقتى. ㉑ كۆچمە.قولغا كەلمەك، ئېلىنماق: بۇ رايوندىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ㉒ ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: ئازادلىققا چىقماق. * ئاياغقا چىقماي، باشقا يوق (ماقال). ㉓ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «- دىن، - تىن » بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش، بېجىرىش ئىمكانىيىتىنى بىلدۈرىدۇ: ھاجىتىدىن چىقماق. * مەن بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ㉔ يېشىلمەك؛ بېسىلماق، كۆتۈرۈلمەك: ھاردۇقى چىقماق. سېزىكتىن چىقماق. خۇمارى چىقماق. دەردى چىقماق. ㉕ بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن خۇشى كەتمەك، زېرىكمەك، بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىشى، ھەۋەسى تۆۋەنلىمەك: مەن كۈندە پولۇ يەۋېرىپ، پولۇدىن چىقىپ قالدىم . ㉖ كۆچمە. پۈتمەك، ئاياغلاشماق: ئۇنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە ئىش چىقمايدۇ. ㉗ تېپىلماق، يەتمەك (ۋاقىت، پۇرسەت ھەققىدە): مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقىمۇ، ياخشى دوستلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكىمۇ ۋاقتىم چىقىدۇ. ㉘ تارالماق، يېيىلماق، ھەممىگە تونۇلماق: نامى چىقماق. ئېتى چىقماق. ㉙ بىلىنمەك، سېزىلمەك، ئەكس ئەتمەك: ئۇنىڭ تەق - تۇرقىدىن كەمتەرلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ㉚ يايىماق، تارالماق (ھىد، پۇراق ھەققىدە): كۆز قۇياشى يارقىن نۇرلىرىنى چاچاتتى، ئورمان ئارىسىدىكى ھەر خىل گۈللەردىن گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ㉛ ئاجراشماق، ئۇزۇلۇشمەك: ئۇلارنىڭ قىزىمۇ ئەردىن چىقتى. ㉜ ياتلىق قىلىنماق، نىكاھلانماق، تەگمەك: شەھەردە سىزنى ئەرگە چىقارمىش، دېگەن گەپ بار. ㉝ بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە رولى كۆرۈلمەك: ئۇلارنىڭ ئۆتكەن يىلى سېتىۋالغان قار لەيلىسى ماركىلىق تېلېۋىزورى ياخشى چىقتى. ㉞ بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئىشلەشكە، ياساشقا يەتمەك: بۇ ياغاچتا بىر ئىشىك چىقىدۇ. ㉟ ھالىتى، رەڭگى، شەكلى بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدە قالماق، بېسىلماق: بارماق ئىزى چىقماق. رەسىمى نىگاتىپقا چىقماق. ㊱ نەشر بولماق، بېسىلىپ تارقالماق: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يېقىندا نەشردىن چىقتى. ㊲ يوقالماق، تۈگىمەك؛ ئۇنتۇلماق، كۆتۈرۈلمەك: ئەستىن چىقماق. خاتىرىدىن چىقماق.㊳ « - پ، - ىپ، - ۇپ، - ۈپ »لار بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ، رەۋىشداشتا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنى تەكىتلەيدۇ: كۆرگەزمىنى كۆرۈپ چىقتۇق. * بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئەخمەت ئۇزۇپ چىقتى. * ـــ كىمكى شاھزادىنى بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقسا، مال - دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

**چىقىرىشماق** «چىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولۇچىلار بوۋاينىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى چىقىرىشتى. * قوشۇن چۈشكۈن قىلغان يەرلەردە يىگىتلەر گۈلخان ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن يول ھاردۇقىنى چىقىرىشتى.

**چىقىرىلماق** «چىقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەشنىڭ كانىيى پەنجىرىلەر ئارقىلىق ھويلىغا چىقىرىلدى.

**چىقىرىندى** ئى <تىب> تېبابەتچىلىك ئىلمىدە، ئادەم بەدى-

نىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ يەنى «تەرەت، ئۇسۇرۇق، تەر ۋە تۈكۈرۈك» قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: كېسەل ئادەملەرنىڭ تۈكۈرۈكى ۋە باشقا چىقىرىندىلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا كېسەللىك يۇقىدۇ.

**چىقىش** «چىقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: چىقىش ئىشىكى. چىقىش كېلىش.

**چىقىش قىلماق** ① يەتمەك، يېتىشمەك، پايدىسى زىيىنىنى كۆتۈرمەك : ئۇ بەھزاتنىڭ سۆزىگە كىرىپ ھەممە ئەسۋابلارنى ساتقان بولسىمۇ، يەنە چىقىش قىلماپتۇ.② ئەڭ مۇھىم دەپ ھېسابلىماق، ئاساس قىلماق: مۇنداق ئىشتا شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلسا بولمايدۇ.

**چىقىش كېلىش** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ بىر تۈرى. قوشۇمچىسى « - دىن، - تىن» چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ئاساسەن پېئىل، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت، رەۋىشلەرگە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ: ئۆرۈكتىن يېدىم. * ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس.

**چىقىشقاق** سۈپ. كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان: ئۇ ئىنتايىن باتۇر، مۇلايىم ھەم ناھايىتى چىقىشقاق ئادەم ئىكەن.

**چىقىشقاقلىق** ئى. چىقىشالايدىغان مىجەز: چىقىشقاقلىق ـــ ئاممىۋى مۇناسىۋەتتىكى مۇھىم بىر خۇسۇسىيەت.

**چىقىشماق** ① «چىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەنتەربىيەچىلەر تاغقا چىقىشتى. ② كۆچمە. چىقىش قىلماق، يەتمەك: مېنىڭ پۇلۇم بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقا چىقىشىدۇ. ③ ئۆز ئارا كېلىشمەك، ئەپلەشمەك، ئىتتىپاقلاشماق: تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە، بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش(ماقال).

**چىقىشىپ كەتمەك** ① ئۆز ئارا مىجەزلىرى كېلىشىپ ئىناق - ئىجىل ئۆتمەك، ئىناق ياشىماق: مەن ئابدۇۋاھىت بىلەن بىر ياتاقتا بىللە يېتىپ ھەپتە - ئون كۈن ئۆتمەيلا چىقىشىپ كەتتىم. ② نىكاھتىن ئاجراشماق: ـــ مەن ئۆتكەن ئايدا ئايالىم بىلەن چىقىشىپ كەتكەنىدىم، ـــ دېدى ئۇ.

**چىقىق** ئى . ئادەم ئورگانىزمىدىكى بىرەر ئەزانىڭ ئۆز ئورنىدىن ئاجراپ چىقىپ كېتىشى (تېڭىقچىلىقتا): تېبابەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۇنۇقلارنى تېڭىش، چىقىقلارنى ئورنىغا چۈشۈرۈش، قان ئېلىش قاتارلىقلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

**چىقىم** ئى ① <مال> سەرپ قىلىنغان ياكى سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ؛ خىراجەت: مەمۇرىي چىقىم. كىرىم ۋە چىقىم. چىقىم قىلماق. ② كۆچمە. زىيان - زەخمەت؛ ئۆلۈم، قۇربان(ئۇرۇش، جەڭدە): چىقىمغا ئۇچرىماق. چىقىم تارتماق.

**چىقىمدار** سۈپ. چىقىمى تولا؛ كۆپ چىقىم تارتقان: چىقىمدار ئادەم. چىقىمدار بولماق.

**چىقىمسىز** ① سۈپ. چىقىمى يوق، ھېچقانداق چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان ياكى قىلىنمايدىغان؛ خورىمايدىغان: چىقىمسىز ئىش. چىقىمسىز سۇ مىقدارى. چىقىمسىز ئوقەت. ② رەۋ. زىيانسىز، زىيان تارتماي: ئۇرۇش دېگەن چىقىمسىز بولمايدۇ.

**چىقىملىق** سۈپ . چىقىمى، خەج - خىراجىتى كۆپ ، كۆپ چىقىم قىلىدىغان : چىقىملىق ئائىلە. * بۇ ئايدا بىز خېلى كۆپ

چىقىملىق بولدۇق .

**چىقىندى** ئى . كىرەكلىك قىسمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن قالغان ياكى چىقىرىۋېتىلگەن نەرسىلەر: چىقىندى ئاش .

**چىقىنماق** پ. چىقىش قىلماق، يىتىشتۇرمەك، چىقارماق: دادام بىرھازا خىيال سۈرگەندىن كېيىن: — ئۇنى نەدىن ئالىمىز ، ئۇ بولغاندىمۇ پۇلىغا چىقىنالامدۇق؟ — دېدى ئىككىلىنىپ.

**چىك** تەق ① سائەت ئىستىرىلكىسىنىڭ مېڭىشى ياكى ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ سۇنۇشى ۋە دەز كېتىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز. ② ئادەمنىڭ تامىقىنى چەككەندە ھاسىل بولىدىغان ئۇزۇك ئاۋاز: ئۇ خۇددى دەردى بار كىشىدەك، ئولتۇرغانلا يېرىدە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ «چىك، چىك »قىلىپ تامىقىنى چېكىپ قوياتتى. ③ چۈجىلەر يەم ئىزدەپ سايرىغان چاغدا چىقىرىدىغان بىر خىل ئاۋاز: چۈجىلەر باغچىدا چىك، چىك قىلىپ دانلاۋاتىدۇ.

**چىكارىگەر** [ پ ] ① ئى. مەزكۇر ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەم، مەزكۇر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشى: بۇ گەپتىن ماڭا ئوخشاش چىكارىگەرلەر ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشى لازىم ئەمەس ئىدى، ئىچىمگە پاتۇرالمىغانلىقتىن پۈقرالىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم. ②سۈپ. مەزكۇر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، كارى يوق، پەرۋايى پەلەك.

**چىكانلىماق** پ. دىيال. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزمەك.

**چىك ـ چاك** تام ۋە ئۈستەل سائەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىن چىققان ئاۋاز: ئىشخانىدا شىر ـ شىر قىلغان قەلەم ئاۋازى بىلەن چىك ـ چاك، چىك ـ چاك قىلغان سائەت ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى.

**چىك ـ چىك** «چىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۈستەل سائىتىنىڭ بىرخىل رىتىمدا «چىك ـ چىك، چىك ـ چىك» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**چىككا** ئى. ئوشۇقنىڭ دۈمبە تەرىپىگە قارشى بولغان ئويمان، كىندىك تەرىپى، يەنى «پوككا» نىڭ ئەكسى: قىمارۋازمۇ تۆت ئوشۇقنى دەتتىكام دەپ ئاتىدۇ، يا چىككا، يا پوككا چۈشىدۇ.

**چىككىدە** رەۋ. «چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «چىك» قىلىپ: لامپىنىڭ شىشىسى چىككىدە قىلىپ يېرىلىپ كەتتى.

**چىكچۈگگۈل** ئى. دىيال. يەر بېغىرلىغۇچى ئۆسۈملۈك، غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ.

**چىكىلداتماق** «چىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايخان ئۈستەل سائىتىنى بۇراپ چىكىلداتتى.

**چىكىلداشماق** «چىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھويلىدىكى چۈجىلەر ئانىسىنىڭ كەينىدە چىكىلدىشىپ يۈرەتتى.

**چىكىلداق** ئى. سەييارە مال ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان ۋە «چىك ـ چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل ئەسۋابى: ئۇ بىر قولىدا توكۇراڭنى، يەنە بىر قولىدا چىكىلداقنى چېلىپ، توكۇراڭچىنىڭ «ئەل ئامان» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ كەتتى.

**چىكىلدىماق** پ. «چىك ـ چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «چىك ـ چىك» قىلماق: زالدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىلا تىنچلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

**چىكىنەك** ئى <ئانات> قۇلاقنىڭ ئالدىدىكى چاچ بىلەن ساقال ئارىلىقىدىكى تۈك.

**چىگە** ئى. كەندىر پوستى، قوۋزىقى: چىگە رەخت. چىگە شوينا.

**چىگدۈرمەك** «چىگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا بالىسىغا ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىگدۈردى.

**چىگدۈرۈشمەك** «چىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگدۈرۈلمەك** «چىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىگرىن** ئى. ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىنتايىن چىداملىق بىر خىل خۇرۇم: ئۇنىڭغا قىسقا قونچلۇق قىزىل چىگرىن ئۆتۈك بەكمۇ ياراشقانىدى.

**چىگمەك** پ ① بىر نەرسىنىڭ ئۇچىنى يەنە بىر نەرسىگە تۈگۈن سېلىپ ئۇلىماق، باغلىماق: ئۇ يانچۇقىدىن پىششىق يىپ چىقىرىپ، ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ موتىكىگە چىڭ چىگدى. ② گىرە قىلىپ سالماق، تاقىماق: لەيلىگۈل زۇمرەتنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئەكەلگەن ھاۋا رەڭ گاز ياغلىقنى بوينىغا چىگىپ قويدى. ③ بىرەر نەرسىنى ياغلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئىچىگە ئوراپ، يۆگەپ تاڭماق: ئەتىسى ئەپەندىم بىر ياغلىققا تۆت ـ بەش تاشنى چىگىپ، قازىخانىغا بېرىپتۇ.

**چىگۇڭ** ئى [خەن] <تەن> مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلى. ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىدە جىم تۇرۇش، جىم ئولتۇرۇش ياكى جىم يېتىش ئارقىلىق دىققەتنى يىغىپ، ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق بەدەننىڭ ئايلىنىش، ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ خىزمىتى ئاشۇرۇلىدۇ؛ يەنە بىرىدە ئەۋرىشىم تەنھەرىكەت گىمناستىكىسى، ئەملەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەننىڭ ساغلاملىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

**چىگى** ئىم. ئۆچكىلەرنى چاقىرىش ئىملىقى.

**چىگىت** I ئى. پاختا ئۇرۇقى: چىگىت يېغى. چىگىت ئايرىش ماشىنىسى.

**چىگىت چاقماق** بىرەر ئىش بېجىرىلىش جەريانىدا توسالغۇغا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، مەسىلە كۆرۈلمەك: مېنىڭ بۇ ئىشىم چىگىت چېقىپ قالدى.

**چىگىت** II ئى. دىيال. تۇخۇمدان.

**چىگىتسىز** سۈپ. چىگىتى يوق، چىگىتى ئايرىۋېلىنغان: چىگىتسىز پاختا.

**چىگىتلىك** سۈپ. چىگىتى بار، چىگىتى ئايرىۋېلىنمىغان: چىگىتلىك پاختا.

**چىگىچى** ئى. كەندىرلەردىن چىگە چىقىرىپ ساتقۇچى كىشى: پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ ساتىدىغان يىپچىلار، كەندىرلەردىن چىگە چىقىرىپ ساتىدىغان چىگىچىلەر ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ بازارغا ئەكېلىپ ساتاتتى.

**چىگى ـ چىگى** «چىگى» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چىگىش** ① «چىگمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئۇ بالا مەكتەپ يېشىغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھەتتا ئاياغ بوغقۇچلىرىنى چىگىشنىمۇ بىلمەيتتى. ② ئى. يىپ بوغقۇچ، چاچ، ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چىگىلگەن جايى: يىپنىڭ

چىگىشنى يەشمەك. ③ سۈپ. ئىرماش – چىرماش بولۇپ قالغان، چىرماشقان: چىگىش چاچ. ④ سۈپ. كۆچمە. قىيىن، تەس، مۇشكۈل، مۇرەككەپ: تاشۋاينىڭ دەردى ھەر ئىككىلەن ئۈچۈن، ئىنتايىن چىگىش بىر مەسىلە بولۇپ تۇيۇلدى.

**چىگىشلەشتۈرمەك** «چىگىشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ خىيال يوللىرىنى چىگىشلەشتۈرۈپ، پۆپۈكلۈك ئۇزۇن كۆلا كىيگەن يوچۇن ئادەم كۆز ئالدىدا قادىلىپ تۇرۇۋالاتتى.

**چىگىشلەشتۈرۈشمەك** «چىگىشلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگىشلەشتۈرۈلمەك** «چىگىشلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەسىلە چىگىشلەشتۈرۈلدى.

**چىگىشلەشمەك** پ ① چىگىش ھالەتكە كەلمەك، چىگىش بولماق، چىگىش كىرمەك، ئىرماش – چىرماش بولۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ، كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاپقارا چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى.② قىيىنلاشماق، مۇرەككەپلەشمەك، قالايمىقانلاشماق: مەسىلىنىڭ بەزىلىرى ئايدىڭلاشتى، بەزىلىرى تېخىمۇ چىگىشلەشتى.

**چىگىشلەنمەك** پ. چىگىش بولۇپ قالماق، چىگىش كىرمەك، چىگىشلەشمەك: مەن ئاتىنىڭ بېشىغا نوختىنى سالدىم. چىگىشلىنىپ، ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان يالنى قولۇم بىلەن تارىدىم. * ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چىگىشلىنىپ تۇرغان بەزىبىر مەسىلىلەر يېشىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى چىگىشلىنىپ كەتكەن تۈرلۈك سوئاللارغا ئاستا ـ ئاستا جاۋاب تېپىلدى.

**چىگىشلىك** ئى. چىگىش ھالەت: رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى چىگىشلىكىنى تەشكىل قىلغان ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

**چىگىلىشمەك** «چىگىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگىشمەك** «چىگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگىك** ① ئى. چىگىلگەن جاي، تۈگۈن: چىگىكنى يەشمەك. ئارغامچىنىڭ چىگىكى. ② سۈپ. چىگىپ قويۇلغان، چىگىلگەن، چىگىكلىك: چىگىك يىپ. چىگىك تانا.

**چىگىكلىك** سۈپ. چىگىپ قويۇلغان، چىگىلگەن، چىگىك: بېشىغا ياغلىق چىگىكلىك. * ئۇنىڭ بېشىدىكى تاج بويىنىدىن چىگىك ـ لىك ئىكەن.

**چىگىل** ئى <ئىرق> قارلۇقلارغا تەۋە ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. ئۇلارنىڭ بىرى بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قىياش شەھىرىدە ياشىغۇچى كۆچمەنلەر، ئىككىنچىسى تالاس شەھىرى ئەتراپىدىكى خەلقلەر، ئۈچىنچىسى قەشقەرنىڭ يېزا – قىشلاقلىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا، بۇلارنى بىر يەردىن تارقالغان چىگىل قەبىلىسى دەپ كۆرسىتىدۇ.

**چىگىلە** ئى ① دىيال. چىلگە. ② قارىغاينىڭ چۈشۈپ چىڭدىلىپ كەتكەن غازىڭى.

**چىگىلەنمەك** پ. دىيال. چىگىشلەشمەك، چىرماشماق.

**چىگىلمەك** «چىگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساۋۇت ئاكا يېنىدىن ياغلىققا چىگىلگەن ئۆي نېنىنى چىقاردى.

**چىگىن** ئى. بۇغداي پەنجىسى: ئورمىنى ئورۇپ بولدۇم، خامان قىرىمەن ئەمدى. چىگىنلىرىم مۇشۇنداق، توشۇپ بولىمەن ئەمدى.

**چىگىندان** ئى. ئالتۇن بىلەن بىللە ياتىدىغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى، كىچىك قوناقتەك، چوڭى سەرەڭگە قېپىدەك كېلىدىغان بىر خىل پارقىراق تاش.

**چىڭ** ① سۈپ. مۇستەھكەم، چىدامىلىق، پۇختا، پىششىق: چىڭ رەخت. ② سۈپ. ئىچى مەلۇم بىر نەرسە بىلەن لىق تولدۇرۇلغان؛ بوش ياكى كاۋاك ئەمەس، لىق: ھارۋا چاقىنىڭ يېلى چىڭ.// ھەرقانداق چاغدا، قورساقنى چىڭ تويغۇزۇپلا جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش ياخشى ئەمەس. ③ رەۋ. كۈچ بىلەن، مەھكەم، قاتتىق، بوشاشتۇرۇپ قويماي: ئۇ خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا، ئالدىدىكى تۆمۈرنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ④ رەۋ. يۇقىرى، قاتتىق، ئۈنلۈك (ئاۋاز ھەققىدە): تاڭمۇ ئاتتى، كۈن چىقتى، قول كانىيىدىن ئۈن چىقتى. كاناپچىنىڭ ئاۋازى، كۈندىكىدىن چىڭ چىقتى. ⑤ سۈپ. ياراملىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان: ھەممىدىن چىڭ چىققىنى ئەنۋەر ئەپەندى بولدى. ⑥ سۈپ. قاتتىق، جىددىي: بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقسا، ئىش باشقىچە. شۇ يەردىن بوۋاي توقماقىقا چىڭراق بۇيرۇق بېرىپتۇ. ⑦ سۈپ . ئۆز ئىشىغا پۇختا؛ باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل؛ پىششىق: ئۇنىڭ مۇنچىۋالا چىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەپتىمەن. ⑧ سۈپ. دەل، تازا، قاق؛ چىڭقى: مەن بۇ يەرگە ئاش ۋاقتى بىلەن كەلگەن ئادەم تا چىڭ چۈشكىچە ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردۇم. ⑨ سۈپ. ھالقىلىق، مۇھىم؛ يامان: چىڭ يېرىگە چىقماق. * — ئىش چىڭ يېرىگە بېرىپ تاقىلىپ قالدى. ئەمدى بۇيرۇق قىلسىلا تەقسىر، مەن بېرىپ كۆرەي، — دېدى ئۇ.

**چىڭ ـ چىڭ** خېلى چىڭ، مەزمۇت، كۈچلۈك: ئۇ گۈندىپاينىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، چىڭ ـ چىڭ قەدەم تاشلاپ، كارىدورنى بويلاپ كەتتى. * ئايال تۇيۇقسىزلا چىڭ ـ چىڭ سۆزلەپ كەتتى.

**چىڭداتماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولنى چىڭداتماق. بىنانىڭ ئۇلىنى چىڭداتماق.

**چىڭداشماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار يېڭى ياسالغان خامانىنى تۇلۇق بىلەن چىڭداشتى.

**چىڭراق** ① ئى. چىڭدالغان، چىڭداپ قويۇلغان نەرسە. ② سۈپ. چىڭداشقا ئىشلىتىدىغان، چىڭدايدىغان: چىڭداق بولقا.

**چىڭراق بولقا** تۆمۈرچىلىكتە، تۆمۈرنى قىزدۇرماي، سوغۇق پېتى سوقۇپ، چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بولقا.

**چىڭدالماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئۈچىسىدا لىق چىڭدالغان يوغان خۇرجۇن بار ئىدى.

**چىڭدىتىلماق** «چىڭداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىڭدىماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى يەرنى بېسىپ، نىقتاپ، ئارىسىنى چىڭ، زىچ ھالەتكە كەلتۈرمەك: يول چىڭدىماق. خامان چىڭدىماق. ② كۆچمە. تويغۇزماق: قورساقنى چىڭدىماق.

**چىڭسەي** ئى [خەن] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**چىڭقاتماق** «چىڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىڭقاشماق** «چىڭقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىڭقاق** ئى ① خام شىرىدىن ئىشلەنگەن توشۇك ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىر ئۇچىغا ئېسىپ قويۇلغان باستۇرغا تاش ياكى كۆتەك: چىڭقاق سالماق. ② ھارۋا ياكى ئۇلاغلارنىڭ

ئۈستىگە بېسىلغان يۈكنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. ③ چوڭ تاغار. ④ ئىدىش، كۈپ.

**چىڭقالماق** ① «چىڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② چىڭ، زىچ ھالەتكە كەلمەك؛ چىڭلىق، زىچلىق دەرىجىسى ئاشماق: شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆكسى چىڭقىلىپ، ئىچى تىت ــ تىت بولۇۋا ــ تاتتى. ③ كۈچەنمەك، كۈچىمەك: ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى چىڭقى ــ لىپ تۇرۇپ شورىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ④ زورۇقماق: ئۈستىگە سۈتتەك ئاق خالات كىيىپ، ئاغزىغا قىلىن ماسكا تاقىغان ئەكبەر يېرىلىپ كېتىدىغاندەك، چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى بىر ھازاغىچە ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى.

**چىڭقى** رەۋ. دەل، چىڭ، تازا.

**چىڭقىچۈش** ئى [چىڭقى + چۈش] دەل، چىڭ، تازا چۈش: مەخمۇت چىڭقىچۈش مەزگىلىدە مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى.

**چىڭقىماق** پ. لىق تولدۇرماق، لىق تولدۇرۇپ قاچىلىماق: سامانى تاغارغا چىڭقاپ قاچىلاڭلار.

**چىڭكىرىش** سۈپ. دىيال. چىداملىق؛ سەۋرچان.

**چىڭگىز** I ئى. دىيال. تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ نامى.

**چىڭگىز** II سۈپ. باشقىلارغا قىلچە نەپ بەرمەيدىغان، ئىنتايىن بېخىل، پىخسىق: چىڭگىز ئادەم.

**چىڭگىزلىك** ئى. بېخىللىق، پىخسىقلىق: ــ بولدى، قويسىلا ئۇستام، چىڭگىزلىك قىلماي، مەنمۇ سىلىنى تونۇمايمەن، ــ دېدى ئېلىئاخۇن ئۇستام دادامنى ئەيىبلىگەن ھالدا.

**چىڭگىل** سۈپ. تاراپ ياسىمىغان، چىگىشلىشىپ كەتكەن، چىگىش: ــ مەن نېمە بىلەي، ــ دېدى توختى ھارۋىكەش چىڭگىل بۇرۇتلىرىنى يالاپ قويۇپ.

**چىڭگىلەك** سۈپ. بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ تۇتىشىپ كەتكەن؛ چىگىلەشكەن، چىگىش، چىڭگىل: سۈيدا چىڭگىلەك ئىككى قىزچاق تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇراتتى. * ئالتۇنخان ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئانارگۈلنىڭ ئالتۇن رەڭ، چىڭگىلەك چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

**چىڭگىلىك** ئى <بوت> چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنىدە ئاق سۈتى بولىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ھۆللۈكنى تارقىتىپ، سۈيۈقلۇقنى راۋان قىلىش، يەلنى ھەيدەپ، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چىڭگىدە** رەۋ. بار كۈچى بىلەن كۈچەپ، ناھايىتى چىڭ، مەھكەم، بەك: ئەختەم ئۇنىڭ ئارىسالدىلىقىدىن پايدىلىنىپ، لېۋىنى لېۋىگە جۈپلەپ، چىڭگىدە بېسىپ تۇراتتى.

**چىڭلۇن** ئى [خەن] مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىرىكمە تالالارنىڭ مۇھىم سورتلىرىدىن بىرى. ھۆل ياكى قۇرۇق ئېگىرىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. ئۇنى ساپ ياكى قوي يۇڭى ۋە باشقا تالالار بىلەن ئارىلاش ئېگىرىش ئارقىلىق كىيىم ــ كېچەك، ئەدىيال ۋە سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**چىڭلىق** ئى ① ئىقتىدار، بەرداشلىق بېرىش جەھەتتىكى مۇستەھكەملىك، مەزمۇتلۇق، پۇختىلىق: رەختنىڭ چىڭلىقى. تامنىڭ چىڭلىقى. ② پىششىقلىق، بېخىللىق، گىرىلىك: ــ سەن بۇ مەسىلىدە ئانچە چىڭلىق قىلىپ كەتمە، ــ دېدى ياسىن دوستىغا.

**چىڭىتماق** «چىڭىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر موتورنىڭ قاپقىقىنى ئېچىۋېتىپ، موتورغا ئېڭىشكەن ھالدا، كۆلۈچ بىلەن قانداقتۇر ۋىنتىلارنى چىڭىتماقتا ئىدى.

**چىڭىتىشماق** «چىڭىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىڭىتىلماق** «چىڭىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىدارىمىزنىڭ تەشكىل تۈزۈملىرى چىڭىتىلدى.

**چىڭىماق** پ. بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، چىدايدىغان دەرد ــ جىگە يەتمەك، چىڭ ھالەتكە كەلمەك؛ مۇستەھكەملەنمەك: بىنا ــ نىڭ ئۇلى چىڭىدى.

**چىل** I ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى كەپتەرگە سەل ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى كىچىك، پۇتى قىسقا، پەقەت ئۈچ تاللا بارمىقى بولىدۇ. ئوتلاقتا ياشايدۇ، گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**چىل قاغا** دىيال. ئالا بويناق كىچىك قاغا.

**چىل** II ئى. دىيال. ھۆل تەمرەتكە.

**چىلاپچا** ئى [پ] قول يۇغاندا، ئېقىندى سۇنى چۈشۈرىدىغان داس. ئادەتتە مىس، تۈچ، ئاليۇمىن قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**چىلاتماق** «چىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىلاشتۇرماق** ① «چىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ــ جىسى. ② تولدۇرماق: ئالدى ئەر كەتمىنىنى سۇ باشلىدى، سۇغاردى چىلاشتۇرۇپ ئېتىزىنى.

**چىلاشتۇرۇلماق** «چىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىلاشماق** ① «چىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېرىق بويىدا، باللار پۇتلىرىنى سۇغا چىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ② سۈيۈقلۇق ئېچىگە پاتماق، كىرمەك: كەلگەنلەر سۇغا چىلاشقان قەغەزدەكلا بوشىشىپ قالدى.

**چىلانچى** ئى ① چىلان تىكىپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: چىلاندىن كىرىم قىلىد ــ دىغان دېھقان، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چىلانچىلىق قىلغاچقا، شۇ يېزد ــ دىكى خەلق ئۇنى «چىلانچى» دەپ تەرىپلەيتتى. * چاقىلىقتىكى تۆۋەن كىرىملىك چىلانچى دېھقانلار يوقلەكسىز قالمىدى. ② مەخسۇس چىلان ساتىدىغان كىشى.

**چىلانچىلىق** ئى. چىلان تىكىپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش ھەم ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىش ئىشى ياكى كەسپى: چىلانچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. * ئۇ چاقىلىق ناھىيەسىدە چىلانچى ــ لىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. * چىلانچىلىق چەرچەن ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

**چىلاقلىق** ① سۈپ. چىلانغان ياكى چىلاپ قويۇلغان: مۇرات دورىغا چىلاقلىق رەسىملەرنى بىر ــ بىرلەپ يېيىپ، قۇرۇتۇشقا باشلىد ــ دى. ② رەۋ. چىلانغان ھالەتتە: ــ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە قاچىغا چىلاقلىق تۇرغان مېيخۇا گۈللىرىگە زەن سالمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى رازىيە.

**چىلان** [ پ] ① ئى <بوت> خوزور ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. يېڭى شاخلىرىدا جۈپ ــ جۈپ تىكەنلىرى بولىدۇ، مېۋىسى ئۇچكىلىك مېۋە بولۇپ، شارسىد ــ مان ياكى تۇخۇمسىمان كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② ئى. شۇ خىل ئۆسۈملۈك مېۋىسى. ③ سۈپ. چىلانغا ئوخشاش قارا قىزىل رەڭدىكى: چىلان تۇپراق. چىلان تورۇق ④ كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر يېزد ــ

نىڭ ئىسمى.

**چىلانزار** ئى. چىلان دەرىخى كۆپ ئۆسكەن يەر.

**چىلانزارلىق** ئى. چىلانلىق، چىلان دەرىخى كۆپ ئۆسكەن يەر: ئۇ يېزىدا ھەربىر كىشى بېشىغا توققۇز مودىن چىلانزارلىق توغرا كېلىدۇ.

**چىلانلىق** ① سۈپ. چىلان دەرىخى بار، چىلان دەرىخى ئۆسكەن: چىلانلىق باغ. چىلانلىق كەنت. ② ئى. چىلان دەرىخى ئۆسكەن يەر، مەيدان: رەقىب: — مەن مۇنۇ ئۇنتۇلغۇسىز شەنبىنى سەيلە بىلەن ئۆتكۈزۈشنى يەنە تەكلىپ قىلىمەن، پىكاپ ياللايمىز ـ دە، شەھەر سىرتىدىكى چىلانلىققا چىقىپ كېتىمىز، — دېدى.

**چىلانماق** ① «چىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاش ئاخىرلىشىشقا يېقىن قالغاندا، تۈزغا ئىككى پارچە نان چىلانغان چىنىمۇ يېتىپ كىردى. ② «چىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مۇشۇ ئىسسىقتا بۇلاق سۈيىگە چىلىنىپ ياتقۇم كېلىدۇ.

**چىلە** I ئى ① ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قوتاندا سۈيدۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن پاتقاق ھالەتتىكى قىغى: ئېغىلنىڭ ئىچى قويۇق چىلە پۇرىقىغا چۆشۈپ، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇنچىدەك، ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ② ھايۋانلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەل: چىلە كېسىلى.

**چىلە** II ئى. دىيال. يۇلغۇننىڭ يوپۇرمىقى.

**چىلەك** I ئى. دىيال. چىمچىلاق.

**چىلەك** II ئى. دىيال. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدىغان، قاچا ـ قۇچىلارنى ساقلايدىغان شوتا شەكلىدىكى سايمان.

**چىلبۆرە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تەن شەكلى بۆرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن بۆرىدىن كىچىك، ئۇزۇق ئوغرىلايدۇ، ۋەھشىي كېلىدۇ، دائىم توپلىشىپ كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

**چىلپايە** ئى [پ] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار؛ جىگەرنى تىنچلاندۇرۇپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ تەڭرىتاغ، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**چىلتار** ئى [پ] بىر خىل كۆپ تارلىق ساز. تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، جازىسىغا 46 تار ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**چىلتەك** I ئى ① رەڭلىك رەخت ياكى ھەر خىل رەڭدىكى يىپلاردىن قىلىنىدىغان زىننەت بۇيۇمى. تورسىمان لېنتا. ② كىيىملەرگە زىننەت بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا تۇتۇلىدىغان، مەخسۇس توقۇلغان ياكى گۈل چېكىلگەن لېنتىسىمان بۇيۇم: ئۇنىڭ يۇزلىرى ئەڭلىك بىلەن قىزارتىلغان بولۇپ، ئۇستىگە، چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان، بېلى تار، كالتە پەشمەت كىيىۋالغانىدى.

**چىلتەك** II ئى. دىيال. ئاياللارنىڭ جىلتىكىسى.

**چىلتەن** ئى [پ] <دىن> دىنىي، خۇراپىي تەسەۋۋۇرلاردىكى غەيرىي تەبىئىي كۈچكە ئىگە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئەپسانىۋى 40 روھ.

**چىلچۆپ** ئى [پ] <يېم> نىشالا ئېتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە سەل توم ۋە ئۇچى ئەگمەچ كەلگەن بىر دەستە چىۋىقنى ئايلانما ھالەتتە باغلاش ياكى پۇرژىنا سىملىرىغا تۆمۈر ساپ بېكىتىش يوللىرى بىلەن ياسىلىدۇ.

**چىلغوزا** ئى [پ] <بوت> قارىغاينىڭ مەدىكى. شەكلى كۆپىنچە تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كېلىدۇ، سىرتى ياغاچلاشقان نۇرغۇن تەڭگىچىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچىدە ئۇرۇقى بولىدۇ.

**چىلگە** I ① ئى. قوغۇننىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىل تۈرى. ئۆزى نىسبەتەن كىچىك، شەكلى يۇمىلاق ھەم تالا ـ تالا، رەڭگى پىشقاندا سېرىق، تەمى تاتلىق ۋە سۇلۇق كېلىدۇ. ② سۈپ. يېتىلىش مەزگىلى قىسقا، بالدۇر پىشىدىغان (زىرائەتلەر ھەققىدە): چىلگە شال. چىلگە قوناق.

**چىلگە** II ئى <بوت> تولامچاقتىكى تاناب ئارقىلىق كۆدا ئوقلىرىنى ئايلاندۇرىدىغان كىچىك غالتەك.

**چىلگە** III ئى. دىيال. كەپە، لاپاس، كەپە ئۆي.

**چىلگىن** سۈپ. دىيال. دېلىغۇل، مەيۈس، غەمكىن.

**چىللاتماق** «چىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولۇچى: — توخۇنى يولدا چىللىتارمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**چىللاشقا** ئى. دىيال. قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چىللىشى، چىللاق.

**چىللاشماق** «چىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توي تۈگىگەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مېھمانلارنى نۆۋەت بىلەن ئۆيلىرىگە چىللاشتى.

**چىللاق** ئى. توي تۈگىگەندىن كېيىن قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا ھاردۇق سوراپ بېرىدىغان چېيى: تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى چىللاققا ئېيتتى.

**چىللانماق** «چىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ نەزىر بولدى، 40 تاغار گۈرۈچ سېلىنىپ، پۈتۈن قەشقەر چىللاندى.

**چىللە** ئى [پ] ① <مېتېئور> يىلنىڭ ئەڭ ئىسسىق ياكى ئەڭ سوغۇق 40 كۈنى. ياز پەسلىدىكى ئەڭ ئىسسىق 40 كۈن ياز چىللىسى بولۇپ، 25 ـ ئىيۇندىن 5 ـ ئاۋغۇستقىچە داۋاملىشىدۇ؛ قىش پەسلىدىكى ئەڭ سوغۇق 40 كۈن قىش چىللىسى بولۇپ، 25 ـ دېكابىردىن 5 ـ فېۋرالغىچە داۋاملىشىدۇ. ② <تېب> تۇغۇتلۇق ئاياللار بالىنى تۇغۇپ، ھەمراھى چۈشۈپ تاكى جىنسىي ئەزالىرى ئەسلىگە كەلگۈچە ئۆتىدىغان 40 — 42 كۈنلۈك ۋاقىت؛ قىرىقى. ③ <تېب> بىر خىل كېسەللىك نامى. ④ بەز ئاغرىقى.

**چىللىك** ئى. قارتا ئويۇنىدىكى شەكلى ئۈچ يوپۇرماققا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ بەلگە چۈشۈرۈلگەن قەغەز.

**چىللىگۈل** ئى [چىللە + گۈل] <بوت> ① چىللىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. گۈلى ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**چىللىلىك** سۈپ ① چىللىدىن چىقمىغان، قىرىقى توشمىغان: چىللىلىك ئانا. ② قىرىقى توشمىغان تۇغۇتلۇق ئايال ئورۇنلاشقان ياكى ياتقان: — چىللىلىك ئۆيگە كېچىسى كوچىدىن

كىرىپ كېلىش ياخشى ئەمەس، — دېدى ئايىسخان ئانا.

**چىللىماق** پ ① «قى ... قى ... قىق !...» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، قىچقارماق (خوراز ھەققىدە): تاڭ خورازلىرىنىڭ بەس - بەس بىلەن چىللاشلىرىغا ئەگىشىپ، قۇياشنىڭ نۇرلىرى جۇۋازخانىنى يورۇ - تۇشقا باشلىدى. ② چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق: يارىمنىڭ تىللى - غىنى — چىللىغىنى (ماقال). ③ ئۇندىمەك؛ تەشەببۇس قىلماق: شوخ پەدىگە چېلىنغان ساز ئادەملەرنى ئۇسسۇلغا چىللايتتى.

**چىلىق** رەۋ ① بىرەر نەرسىگە قاچىلانغان ياكى تولدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ يەڭگىل چايقىلىشى ياكى سىلكىنىشىدىن چىققان ئاۋاز، تاۋۇش. ② سۇپ. ھەممە يېرى چىلانغان، نەم بولۇپ كەتكەن: ھۇسەن ئاتتىن چۈشۈپ تېزدىن يۈگۈردى، قىزنىڭ ئۈستىبېشى چىلىق سۇ ئىدى.

**چىلىق - چىلىق** ① «چىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىدىشتىكى سۇ چىلىق - چىلىق قىلىپ چايقىلاتتى. ② ئۈستىدىن سۇ قۇيۇلغاندەك، سۇغا چىلانغاندەك: كۆزىنىڭ بىركۈنى يامغۇر كوچىلارنى چىلىق - چىلىق پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. ③ مەمۇرچىلىق، مولچىلىق: بەزىلەر: — دېھقانچىلىق بەزىدە چىلىق - چىلىق، بەزىدە قۇرۇقچىلىق، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

**چىلىقلىماق** پ ① «چىلىق، چىلىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق. ② سۇيۇقلۇق ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ بولماق، تولۇپ تاشماق، چىقماق، تەپچىمەك: مەن ئويغىنىپ كەتتىم، چىلىقلاپ تەرلەپ كېتىپتىمەن.

**چىلىم** ئى. تاماكا، نەشە قاتارلىقلارنى چېكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. ئۇ كۆپىنچە قاپاقتىن ۋە مىس، بامبۇك قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا سەيخانا ئورنىتىلىدۇ. قاپاققا مەلۇم مىقداردا سۇ قاچىلىنىپ، سەيخانىسىغا تاماكا ياكى نەشە سېلىنىدۇ. چەككەندە، نەيچە ئارقىلىق شورالغان ئىس قاپاقتىكى سۇنىڭ سۈزۈشىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئېغىزغا كىرىدۇ.

**چىلىماق** پ ① سۇيۇقلۇققا پاتۇرماق، كىرگۈزمەك، تۆگۈر - مەك: ئۇ مەكتەپ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق لېۋىدىكى تەتۇر سۆگەت تۈۋىدە پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇردى.② كۆكتات، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارنى تۇز، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ ۋە ھاراق قاتار - لىقلارغا سالماق: سەي چىلىماق. ھاراققا دورا چىلىماق.

**چىلىنسەي** ئى [خەن] <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. دېڭىزلاردىكى قورام تاشلار ياكى مارجان خادا تاشلىرى ئۈستىدە ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، تۈتۈق سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ. ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن شىلىم ئىشلىنىدۇ.

**چىم** I ① تەق. چىمدىش، چېقىش، سانجىش ياكى بەدەندىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سېزىم. ② ئى. ھەددىدىن زىيادە كۈچەش ياكى تېز ھەرىكەت قىلىش نەتىجىسىدە، بەلدىكى بىر قىسىم مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل بەل ئاغرىقى.

**چىم** II ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى كۆپ بولىدۇ، كۆپىنچە تۇپرىقى ۋە ھاۋاسى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. ② قېلىن بىر قەۋەت لېيى بىلەن قېزىپ ئېلىنغان شۇ خىل ئوت. ئادەتتە يەرگە يېيىتىپ ئوتلاق ھاسىل قىلىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى ئېرىق - ئۆستەڭ ياقىلىرىغا ياتقۇزۇپ، سۇنىڭ يالاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتار - لىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىم** III ئى. دىيال. چەكمە.

**چىماش** سۇپ. دىيال. ۋاتىلداق، كوت - كوت.

**چىمالتا** ئى. دىيال. پاچالچاقتا يۆگەيدىغان پايتىما، لاتا - گۆجەي.

**چىمانجار** ئى. ئېقىمى كۈچلۈك دەريا ياكى ئۆستەڭلەردە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، قوزۇققا باغلاپ، تىك سېلىنىدىغان تور.

**چىمەلتەك** ئى . دىيال. چىمچىلاق .

**چىمەن** [پ] ① ئى. ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھتىن ئىبارەت يېشىللىق: ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باغنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي چىمەنلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مۆكۈپ ئولتۇردى. ② ئى. يېشىللىق ياكى گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان، دەل - دەرەخ ۋە گۈل - چېچەكلەر كۆپ ئۆسكەن جاي؛ گۈلزار، گۈلشەن: بۇلبۇل چىمەننى سۆيەر، ئادەم ۋەتەننى سۆيەر (ماقال). ③ سۇپ. يېشىللىق ياكى گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان: چىمەن باغ. چىمەن قىرغاقلار. ④ ئى. قىزلارنىڭ ئىسمى. ⑤ ئى. كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چىمەندوپپا** ئى [چىمەن + دوپپا] دوپپىنىڭ بىر خىلى. تۆپىلىكى يېشىل رەڭلىك يىپەك رەختتىن قىلىنىدۇ. ئۈستىگە ئاق يىپتا غۇنچە، بادامچە، گىجىم قاتارلىق گۈللەر تىكىلىپ، چىمەن مەنزىرىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، ئادەتتە ئۇنى ئەرلەر كىيىدۇ.

**چىمەنزار** ئى [پ] ← **چىمەنلىك.**

**چىمەنزارلىق** ئى. چىمەن بىلەن قاپلانغان جاي: يامغۇردىن كېيىن ئەتراپ كۆكىرىپ، چىمەنزارلىققا ئايلانغانىدى.

**چىمەنلىك** ① سۇپ. يېشىللىق، گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان: بۇلبۇللار گويا چىمەنلىك باغ ئىچىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، نەينىڭ قىسقا دەستىسىگە قونۇۋالغاندەك ئىدى. ② ئى. ھەممە يېرى ياپيېشىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەر بىلەن تولغان جاي: ھېلىمۇ ياخشى، غەيرەتنىڭ توغرا ھېسابلىشى بىلەن ئۇلار بىپايان ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى بىر چىمەنلىككە ئامان - ئېسەن چۈشۈۋالدى.

**چىمچاچاق** ئى ① قىز باللارنىڭ جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ، تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنچۇقى: مەيداننىڭ يۇقىرىسىدا قىزلار جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ چىمچاچاق تېپىشمەكتە ئىدى. ② شۇ خىل ئويۇنچۇقنى ئوينايدىغان ئويۇن: چىمچاچاق ئوينىماق.

**چىمچى** ئى. چىم سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، چىم ئۆستۈ - رۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: چىمچىنىڭ ۋەزىپىسى — چىم سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**چىمچىق** ① سۇپ. تولا يۇمۇلۇپ - ئېچىلىدىغان، چىمىلدايدىغان: چىمچىق كۆز. ② ئى. كۆزىنى تولا يۇمۇپ - ئاچىدىغان، چىمىلدىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان كۆز ۋە شۇنداق كۆزلۈك ئادەم: داشۇي ئارقىسىغا شۇنداق قاراپ، پارتىزانلاردىن سۇي چىمچىق، ماسەنشالارنىڭ ئارقىسىغا قاچقىلى -

باشلىغانلىقىنى كۆردى.

**چىمچىقلاتماق** «چىمچىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېشەكلىك ئادەم بولسا، چېقىر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرىۋەردى.

**چىمچىقلاشماق** «چىمچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىمچىقلىماق** پ. تېز ۋە تەكرار رەۋىشتە يۇمۇلۇپ – ئېچىلماق (كۆز ھەققىدە): ئۇ شامالغا قارشى كېتىۋاتقاچقا، قار كىرىپ، كۆزى دەمبۇدەم چىمچىقلاپ كېتەتتى.

**چىمچىلاق** ئى <ئانات> قول ياكى پۇتنىڭ ئەڭ كىچىك بەشىنچى بارمىقى: قاسىم قاتاڭغۇر قوللىرىنى ئىختىيارسىز جۇپلەپ، چىمچىلىقىدىن قاس چىقاردى.

**چىمچىلىق** ئى. چىم سورتلىرىنى يېتىشتۇرۇش، چىم ئۆستۈرۈش ئىشى، كەسپى: — يېشىلچىلىق شەھەر قىياپىتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، شۇڭا مەن شەھىرىمىزنى يېشىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە، چىمچىلىق بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللاندىم، — دېدى ئۇ تەتقىقاتچى پەخىرلەنگەن ھالدا.

**چىم – چىم** ① تولا يۇمۇلۇپ ۋە ئېچىلىدىغان، چىمچىقلايدىغان: چىم – چىم كۆز. ② سانسىز چېكىت، توچكىلار بىلەن تولغان، چېكىم – چېكىم: قىزنىڭ ئۈچىسىدا چىم – چىم گۈللۈك يېشىل بەدىس كۆڭلەك بار ئىدى.

**چىمچىماق** پ. دىيال ① چىمدىماق. ② ئاز – ئازدىن بەرمەك.

**چىمدىتماق** «چىمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىمدىشماق** «چىمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى چىمدىشىپ، بىرپەس چاقچاقلىشىۋالدى.

**چىمدىق** ئى. دىيال. ھالقا، زىرە.

**چىمدىم** ئى ① ئىككى ياكى ئۈچ بارماقنىڭ قىسىش ئارىلىقى: ئۇنىڭ چىمدىمىغا نېمە توشايدۇ. ئۇ چىمدىم ئەمەس، گويا ئوچۇم. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر چىمدىم توپا. بىر چىمدىم ئۇن.

**چىمدىماق** پ. بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى ياكى تىرناقلار ئارىسىغا ئېلىپ قىسماق: ئۇنىڭ قولى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ يىڭنە سانجىلغان يەرنى چىڭ چىمدىپ، زەھەرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدى.

**چىمقىلىماق** پ. يېمەكلىكنى ئاز – ئازدىن، كۆڭلى تارتماي تېتىپ يېمەك، يېيىشكە كۆڭلى تارتماي بىر ئاز – بىر ئازدىن تېتىپ يېمەك.

**چىمگەر** ئى. دىيال. چەمچى، چەم ياسىغۇچى.

**چىملاتماق** «چىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىملاشماق** «چىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىملانماق** «چىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىملىق** ئى. چىم ئۆسكەن يەر: بۇ يەردىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر، پاياندازدەك يېشىل چىملىقلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن.

**چىملىماق** پ. چىم باسماق، چىم بېسىپ تولماق: شالچىلار شال ئېتىزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى چىملاپ سۇيىنى تەڭشىدى.

**چىممىدە** رەۋ. «چىم» قىلىپ، «چىم» قىلغان ھالدا: ئىززەتنىڭ يۈزى چىممىدە قىزاردى.

**چىمئوت** ئى [چىم + ئوت] <بوت> پىلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**چىمىت** ئى. دىيال. چىمچىلاق، چىمەلتەك. چىمىت قول.

**چىمىتمەك** پ. دىيال. كەمسىتمەك، چۆكۈرمەك.

**چىمىدان** ئى. دىيال. ئۆرۈكنىڭ بىر خىل تۈرى. ئۇششاق ھەم تاتلىق پىشىدۇ.

**چىمىر** تەق. سۇ يۈزىنىڭ ئۇششاق دولقۇنلىنىشى، يورۇقلۇقنىڭ بىر يېنىپ – بىر ئۆچۈشى ياكى چاقنىشى، ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى، بەدەندە بىر نەرسە ماڭغاندەك ياكى سانجىلغاندەك سېزىم پەيدا بولۇش قاتارلىق ھالەتلەرگە تەقلىد قىلىنىدۇ.

**چىمىر – چىمىر** «چىمىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئايدىڭ كېچە كۆل ئۈستى چىمىر – چىمىر، ئەتراپىدا ئاۋاز بار پىچىر – پىچىر.

**چىمىرلاتماق** «چىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەسۇم ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ كەتتى.

**چىمىرلاشماق** «چىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلاشماقتا ئىدى.

**چىمىرلىماق** پ ① ئۇششاق ۋە ئاجىز دەرىجىدە دولقۇنلانماق، مەۋج ئۇرماق: كۆل يۈزى چىمىرلاپ تۇراتتى. ② چاقنىماق، جىلۋە قىلماق، يالتىرىماق؛ تاۋلانماق: جىمجىت كېچە، ئەتراپ قاراڭغۇ، كۆكتىكى يۇلتۇزلار روشەن چىمىرلايتتى. ③ ئۈستىدە بىرەر نەرسە ماڭغاندەك، كۆيۈشكەندەك ياكى بىرەر نەرسە سانجىلغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولماق (بەدەن ھەققىدە): بالىلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ بەدەنلىرىم ئىختىيارسىز چىمىرلاپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

**چىمىرمەك** پ. قاش – قاپاقنى يىغماق، تۈرمەك (تەئەججۈپ، نارازىلىق، خۇدۇكسىنىش، كىبىر قاتارلىق ھېس – تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن).

**چىمىلداتماق** «چىمىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇردۇن ھاكىم كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتقىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

**چىمىلداشماق** «چىمىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېچە، ئاي قاراڭغۇسى. تۆپىلىكتە يۇلتۇزلار تولىمۇ روشەن چىمىلدىشاتتى.

**چىمىلدىق** ئى. تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ياكى ئەر – خوتۇننىڭ ياتقان ئورنىنى توسۇش ئۈچۈن تارتىلغان پەردە: تويى تۈگەپ، نىكاھ ئوقۇلۇپ، مەلىكە بۇدۇر ھاياتۇنوپۇسنىڭ چىمىلدىقىغا كىردى.

**چىمىلدىقلىق** سۈپ. چىمىلدىقى بار، چىمىلدىق تارتىلغان: چىمىلدىقلىق ياغاچ كارىۋات.

**چىمىلدىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى سانجىغاندەك، تارتىشقاندەك ياكى كۆيۈشكەندەك تۇيغۇ پەيدا بولماق؛ ئېچىشماق: ئابدۇرېھىمنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن قىزىرىپ، چىمىلداپ كەتتى. ② تېز ۋە تەكرار رەۋىشتە ئېچىلىپ – يېپىلماق ياكى بوش ۋە ئاجىز دەرىجىدە لىكىلدىماق (كۆز، قاش – قاپاق ھەققىدە): ئۇنىڭ ساپسېرىق كىرپىكلىرى توختىماي چىمىلداپ كەتتى. ③ ئۇششاق ۋە ئاجىز دەرىجىدە دولقۇن پەيدا قىلماق؛ كۆۋەجىمەك؛ قاينىماق: قازاندىكى سۇنىڭ ئۇ يەر – بۇ يېرى بىلىنەر – بىلىنمەس چىمىلداۋاتاتتى. ④ بىر يورۇپ – بىر ئۆچمەك، چاقنىماق.

ماق، يالتىرىماق: شالاڭلاپ قالغان بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە ئوخشاش چىملداپ تۇراتتى.

**چىمگەن** ئى. دىيال. تىترەك.

**چىن** I ① سۈپ. ھەقىقىي، راست، توغرا؛ تولۇق: قىز نىياز ئەپەندىمنىڭ خېتىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ② سۈپ. پاك، ساپ، سەممىي. ③ سۈپ. قەتئىي، چىڭ: ئورۇنلاشقا سېنىڭ قەرزىڭ، يۈرەكتە چىن قارارىم بار. ئىككى دۇنيا قىلاي خىزمەت، بولۇپ ساڭا چىن ۋاپادار. ④ رەۋ. ھەقىقىي ھالدا، راستى بىلەن، راست: چىن ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ سەنئەت.

**چىن قىچقىرىش** توي ئويۇنى. توي كۈنى چوڭ ياشتىكى تۆت خوتۇننىڭ گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىشى.

**چىن** II ئى [پ] جۇڭگونىڭ بەزى مەملىكەتلەردە ئاتالغان نامى.

**چىنار** ئى [پ] <بوت> چىنار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ياغىچى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىنارگۈل** ئى [چىنار + گۈل] <بوت> چىنارگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، پارقىرايدۇ، گىرۋىكى سىرتقا پۈرلىشىدۇ؛ گۈلى ئاق، خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى سوقچاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**چىنارلىق** ئى. چىنار ئۆسكەن جاي، يەر.

**چىنە** ئى [پ] ① فارفور ماتېرىيالدىن ياسىلىدىغان، تاماق ئۇسۇلىدىغان بىر خىل قاچا. ئاغزى كەڭ، تۈۋى كىچىك ۋە يۇملاق كېلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**چىنە- قاچا** چىنە ۋە شۇ قاتارلىق قاچىلار: ئۆينىڭ ئىچىدە گەپ قىلىشقان ئاۋازلار ۋە چىنە - قاچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**چىنەي** سۈپ. دىيال. بىر كۆزى كۆرمەيدىغان.

**چىنپۇتمەك** پ [چىن + پۇتمەك] ئىشەنمەك: مەن ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغانلارنى ئوقۇشقا ئاپتۇ دېگەن گەپكە چىنپۇتمەيتتىم.

**چىنتاش** ئى [چىن + تاش] ① ياقۇت، زۇمرەت، پىروزا قاتارلىق ئېسىل تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى، چىنارنىڭ بىر خىلى.

**چىنپىششىخ** رەۋ. دىيال. بەك، ھەقىقەتەن، راستتىنلا، چوقۇم، جەزمەن: چىنپىششىخ ئوخشايدۇيا.* كاتتىباش چىنپىششىخ بىلىپ قال ...

**چىندان** ئى. دىيال. سەندەل.

**چىندىن** I رەۋ. ھەقىقىي رەۋىشتە، راستتىن، ھەقىقەتەن: ئۇ بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىگە چىندىن ئىشىنىدۇ.

**چىندىن** II رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن ئۈچ كۈن كېيىنكى كۈن، تۆتىنچى كۈن، يەنى ئىندىندىن كېيىنكى كۈن.

**چىندىنلىققا** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن ئۈچ كۈن كېيىنكى كۈندە، تۆتىنچى كۈندە، يەنى ئىندىندىن كېيىنكى كۈندە: — بۇگۈندىن باشقا ئۈچ كۈن دەم ئالسۇن، چىندىنـ-لىققا كۆرۈشسەك قانداق؟ — دېدى ئۇ بارماقلىرىنى ساناپ.

**چىنلىق** ئى. ھەقىقىي ئەھۋال، ھەقىقەت، رېئاللىق، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت: مۇقام تېكىستلىرىدىكى مۇھەببەت ناخشىلىرى خەلق ھاياتىدىكى چىنلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئەكس ئەتكۈز-گەن.

**چىنلىقچىلىق** ئى <ئەد> 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىتالىيەدە تارقالغان ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىم تەنقىدىي رېئالىزم كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، فىرانسىيە ناتۇرالىزمىنىڭ تەسۋىرلەش ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىش، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنى ئەسەر قەھرىمانى قىلىشتىن ئىبارەت.

**چىنتاۋاق** ئى [ چىنە + تاۋاق ] فار فور ماتېرىيالدىن ياسالغان تاۋاق.

**چىنتەخسە** ئى [ چىنە + تەخسە ] فار فور ماتېرىيالدىن ياسالغان تەخسە: ئاشخانىغا مەن كىرسەم، چىنتەخسىدە ئاش كەلدى. يۇرتلارنى خىيال قىلسام، قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

**چىنچەينەك** ئى [ چىنە + چەينەك ] فارفور ماتېرىيالدىن ياسالغان چەينەك: ئۇ چايخانىدىن چىنچەينەك ۋە پىيالە ئەكېلىپ ئالدىمغا قويدى.

**چىندەك** سۈپ. پاكپاكىز، تازا: ئۆينىڭ ھەممە يېرى چىندەك تازىلانغانىدى.

**چىنگۈل** ئى [ چىنە + گۈل ] ① <بوت> چىنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى لېنتا شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى قىزىل، سۆسۈن، ئاق؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**چىنمەك** پ. دىيال. تەڭلىمەك، شىلتىماق.

**چىۋە** ئى. يىرىق، تېقىم: بالىنىڭ چىۋىسى پىشلاق بولۇپ قاپتۇ، ئازراق ئۇپا بېسىپ قويۇش كېرەك.

**چىۋەكىمەك** پ. دىيال. سەسكەنمەك: نېمىدىن چىۋەكىسە شۇ بولۇپتۇ (ماقال).

**چىۋ** تەق. تورغايغا ئوخشاش بەزى قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**چىۋ- چىۋ** «چىۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان بىر توپ قۇشقاچ چىۋ - چىۋ قىلىپ سايراشتى.

**چىۋى** ئى. بۇقىنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چىۋىچ** ئى. ئوغلاقنىڭ چىشىسى: قىزلارنىڭ نازلىق چىرقىراشلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، يىگىتلەرنىڭ يامغۇردا قالغان چىۋىچ ئوغلاق مەرىگەندەك «ۋەيت!...ۋەيت !... دەپ ۋارقىراشلىرى ئۆينى كۆتۈرۈۋېتەتتى.

**چىۋىق** I ئى ① تال، سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ يىڭى ئۆسكەن، يۇمران ۋە ئىنچىكە شېخى: خېۋىر قوتاننىڭ چىۋىقتىن توقۇلغان يوغان ئىشىكىنى يېپىپ، غورۇ بىلەن توسۇپ، ئاستا سەپەر تۇقۇمىنىڭ يېنىغا كەلدى. ② ئىنچىكە تۆمۈر تاياقچە: پولات چىۋىق.

**چىۋىقىغا ئالماسلىق** دىيال. نەزىرىگە ئالماسلىق، كارى بولماسلىق، خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك، ھېسابقا ئالماسلىق: ئۆزىڭىزنى ئۇپراتقۇچە چىۋىقىڭىزغا ئالماي يۈرۈۋېرىڭ ...

**چىۋىق** II ئى <كىم> ئۇلاق: چىۋىق سالماق.

**چىۋىقداتماق** «چىۋىقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىۋىقداشماق** «چىۋىقدىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى.

**چىۋىقدالماق** «چىۋىقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىۋىقدىماق** پ. چىۋىق بىلەن ئۇرماق، چىۋىقلىماق.

**چىۋىقلاتماق** «چىۋىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىۋىقلاشماق** «چىۋىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى.

**چىۋىقلانماق** «چىۋىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىۋىقلىماق** پ. چىۋىق بىلەن ئۇرماق، ساۋىماق.

**چىۋىلداتماق** «چىۋىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىۋىلداشماق** «چىۋىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى.

**چىۋىلدالماق** «چىۋىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىۋىلدىماق** پ. «چىۋ ـ چىۋ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «چىۋ ـ چىۋ» قىلماق؛ سايرىماق: دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان قۇشقاچ بىرپەس جىمىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە چىۋىلداپ كېتەتتى.

**چىۋىللاشماق** پ. دىيال. پىچىرلاشماق، شىۋىرلاشماق: قولاق تۈۋىدىكى چىۋىللىشىشتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

**چىۋىن** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات . خىللىرى كۆپ، ئادەتتە ئۆي چىۋىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بېشىدا بىر جۈپ مۇرەككەپ كۆزى بولىدۇ، لېچىنكىسى قۇرت دېيىلىدۇ؛ يېتىلگىنى خولېرا، كېزىك كېسەللىكلىرىنى تارقىتىدۇ.

**چىۋىنخور** سۈپ. چىۋىن بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، چىۋىن تۇتۇپ يەيدىغان: چىۋىنخور ئوت. چىۋىنخور ئۆمۈچۈك.

**چىۋىنقىماق** پ. مال - ۋارانلار باش ۋە پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ، چىۋىننى قوغلىماق.

**چىيان** سۈپ. دىيال. ھۆل، نەم. چىيان قىلماق، ھۆل قىلىۋەتمەك.

**چىيقان** ئى <تېب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. بۇنى تېرە تۆك خالتىلىرىغا ئۆسۈپ كىرگەن ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا ئىچىگە قان تولغان قاتتىق گادالار پەيدا بولۇپ يىرىڭلايدۇ، قىزىرىپ ئىششىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىتىدۇ. «كۆتىيوغان »دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چياڭزۇ** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى ماۋىن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە ۋېنچۈەن، لىشيەن، سۇڭفەن ناھىيەلىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان.

# خ

**خ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ سەككىزىنچى ھەرپى.

**خا** ئى <بىن> لىم ياغاچ.

**خاپا** سۈپ [پ] رەنجىگەن، تېرىككەن، ئاچچىقلانغان: بۇرۇتقا خاپا بولسام ساقال چىقتى (ماقال). * بىز يەنە كەمدىن ـ كەم ئۇچراشتۇق. ئۇ نېمىشقىدۇر بىرنەرسىدىن نارازىدەك، خاپا كۆرۈنەتتى.

**خاپان** ① ئى. ئىچىگە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان، تۆت بۇرجەك ياغاچ قاچا: تۇرسۇن ئەڭ ئاخىرىدا ئۇرۇق قاچىلىنىدىغان خاپان ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ② ئى. كىچىك ساندۇقچە. ③ ئى. تارازىنىڭ نەرسە سالىدىغان تەخسىسى. ④ سۈپ. كۆچمە. يوغان: خاپان باش. * يىلان باش قىزىڭدىن خاپان باش كېلىنىڭ ياخشى (ماقال).

**خاپىچان** سۈپ ← **خاپىخان**: يېقىندىن بۇيان ئاپام خاپىچان بولۇپ قالدى.

**خاپىچىلىق** ئى. خاپىلىق: چىن تۆمۈر باتۇر خاپىچىلىقتىن بېشى گاڭگىراپ ئولتۇرسا، يەنە بىر توپ قۇلانلار سەكرىشىپ كېلىپتۇ.

**خاپىسىراتماق** «خاپىسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خاپىسىراشماق** «خاپىسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خاپىسىرالماق** «خاپىسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خاپىسىرىماق** پ. بوشراق خاپا بولماق، خاپىلىقى چىقىپ تۇرماق، خاپا كۆرۈنمەك: يۈسۈپ ئىسمىلىك ياش بىر ئوقۇتقۇچى خاپىسىرىغان ھالدا ئالدىمغا ئۇچرىدى.

**خاپىغان** [ئە] ① سۈپ. ئاسان خاپا بولىدىغان؛ ئاچچىقى يامان: خاپىغان ئادەم. ② ئى. خاپىغان كېسەل: گۇل خاپىغاننى ئالدۇ.

**خاپىلىق** ئى. رەنجىش، ئاچچىقلىنىش: يىللار ئۆتتى، تاشخان ئۇستام 51 ياشقا كىرىپ قالدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇستامنىڭ بېشىغىمۇ خاپىلىق كەلدى.

**خاتا** سۈپ [ئە] ھەقىقەتكە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئاداشقان، يېڭىلىشقان، ئاساسسىز، ناتوغرا: خاتا پىكىر. خاتا چۈشەنچە. // بۇ پالتىنى پادىشاھنىڭ قىزىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىكەن. شۇڭا، نۇرغۇن ياشلار پالتىنى خاتا تاللاپ، ئۆز جېنىدىن ئايرىلغانىكەن.

**خاتاسىز** ① سۈپ. خاتاسى يوق، خاتا ئەمەس، توغرا: خاتاسىز گەپ. * ھېسابىدىن تام سائىتىنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ② رەۋ. خاتا كەتكۈزمەي، خاتاغا يول قويماي، توغرا: سىنىڭ قورسىقىڭدا ئۈمىچىڭ بار. ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىنى خاتاسىز ئىشلەپ كەلدىڭ، ئۆزۈڭنى بۇلغىمىدىڭ. ③ سۈپ. كۆچمە. گۇمان قىلغۇسىز دەرىجىدە، شۈبھىسىز، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق، ئېنىق: خاتاسىز، بۇ ئىككىسى ئەسلىدە بىر ئادەم ئىدى.

**خاتاكەش** ئى <مەت> مەتبەئەدە كوررېكتورلۇق قىلىنغاندىن كېيىنكى بەتلەرنىڭ ھەرپ خاتالىقىنى تۈزەتكۈچى كىشى.

**خاتالاشتۇرماق** «خاتالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خاتالاشتۇرۇشماق** «خاتالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**خاتالاشتۇرۇلماق** «خاتالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خاتالاشماق** پ . خاتالىق ئۆتكۈزمەك، خاتالىق سادىر قىلماق، ئاداشماق، يېڭىلىشماق: خەتتە: «مەن خاتالاشتىم. ئالدىڭدا تۇزىتىپ بولماس ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇم» دېيىلگەنىدى.

**خاتالىق** ئى ① توغرا بولمىغانلىق، ناتوغرىلىق، ئاداشقانلىق: ئەقلىي بىلىش ئىشەنچلىك بولمايدۇ دەپ ھېسابلانسا، بۇ تارىختىكى «تەجرىبىچىلىك» خاتالىقنى تەكرارلىغانلىق بولىدۇ. ② <مات> ئۆلچەنگەن سانلىق قىممەت ياكى باشقا تەقرىبىي قىممەت بىلەن ھەقىقىي قىممەتنىڭ پەرقى، مەسىلەن: 3÷1 نىڭ ئورنىغا 0.33 ئېلىنسا، خاتالىق 300÷1 بولىدۇ.

**خاتىپ** ئى [ئە] <دىن> ← **خەتىپ**: ھېزىم ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولۇپ، كېيىنچىرەك نىلقىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام، خاتىپ بولغان.

**خاتىر** ئى [ئە] ← **خاتىرە**.

**خاتىرە** [ئە] ① ئى. بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت، ھادىسىلەرنى ئەستە ساقلاش، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى؛ ئەس، ياد، زېھىن: خاتىرىسىدە تۇتماق. خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك. * ئادەمنىڭ خاتىرىسى 18 ياشتىن 29 ياشقىچە تەرەققىي قىلىپ، چېكىگە يېتىدۇ. ② ئى. بېشىدىن كەچۈرگەن ياكى ئاڭلىغان ئىش، ھادىسە، ۋەقە ۋە شۇ قاتارلىقلار؛ ئەسلىمە؛ سەرگۈزەشتە؛ ئۆتمۈش: ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شېرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سۆزلەشكە چۈشتى. ③ سۈپ. ئەسلەش، سېغىنىشنى بىلدۈرىدىغان؛ ئەسلەش، ياد قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان، يادىكار قىلىنغان: خاتىرە ھەيكەل. خاتىرە تاش. خاتىرە مۇنار. ④ ئى. مۇھىم ۋە زۆرۈر دەپ ھېسابلانغان ئىشلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلىدىغان دەپتەر: مەن ياتاققا كېلىپ، جوزا ئۈستىگە تىزىلغان كى-

تابلار ئارىسىدىن كۈندىلىك خاتىرەمنى ئالدىم. ⑤ سۈپ. مەخسۇس خاتىرىلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان، مەخسۇس تۈتۈلىدىغان: تۆرىخان يانچۇقىدىن كونا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ئۇيان - بۇيانىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ⑥ ئى. ئېچىلغان يىغىنىنىڭ مەزمۇنى، يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن تۈرلۈك مەسىلە ياكى بىرەر ئىش، ھادىسە، ۋەقەلەر توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن يازما ماتېرىيال، يازما دوكلات؛ مەسىلەن: يىغىن خاتىرىسى. ⑦ ئى. روھىي كەيپىيات، مىجەز: بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەمكىن، خاتىرىسى پەرىشان بولۇپ قالدى. ⑧ ئى. كۆچمە. ئابرۇي، ھۆرمەت: يۈز- خاتىر قىلماق.

**خاتىرجەم** سۈپ [ئە] ① بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ئىشەنچى كامىل؛ ئىشەنچلىك: خاتىرجەم بولماق. ② غەم - ئەندىشىلەردىن خالىي؛ خۇشال - خۇرام، كۆڭۈللۈك: ئاسىيە مۇھىم بىر ئىشنى تۈگىتىۋالغاندەك خاتىرجەم ئىدى.

**خاتىرجەمسىز** سۈپ. خاتىرجەم ئەمەس، غەم - ئەندىشىلەردىن، تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي بولمىغان: باھار كەلدى. باھار ياخشى نەرسە. بىراق سادىق بۇ باھاردىن بىرئاز خاتىرجەمسىز ئىدى.

**خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك** «خاتىرجەمسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىمنىڭ: «گۈزەلئاي نەدىدۇر!» دېگەن سوئالى مېنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. * ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يىللار ئۆتكەنسېرى ھەقىقىي ئەسلىي مەنىسىدىن ياتلىشىپ، ئادەمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە.

**خاتىرجەمسىزلەندۈرۈشمەك** «خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خاتىرجەمسىزلەندۈرۈلمەك** «خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خاتىرجەمسىزلەنمەك** پ. كۆڭلىدە، غەم - ئەندىشە پەيدا بولماق، تەشۋىشلەنمەك: بىركۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مېھرىئاي كۆرۈنمىدى. مەن ئۇ ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، خاتىرجەمسىزلەندىم.

**خاتىرجەمسىزلىك** ئى. ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك: خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولماق. * مەن ئۇ كىشىدىن نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ يەنە ئالمىچىغا قارىدىم. ماڭا بىر خىل جىددىيلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك تۇيۇلدى.

**خاتىرجەملەشمەك** پ. خاتىرجەم ھالەتكە كەلمەك، خاتىرجەم بولماق: ۋەزىيەت قالايمىقانلاشمىسىلا ئۇ بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەملىشىپ قالغان بولاتتى.

**خاتىرجەملەندۈرمەك** «خاتىرجەملەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاپپار سۇلايماننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئائىلىدىن غەم قىلماسلىقنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەملەندۈردى.

**خاتىرجەملەندۈرۈلمەك** «خاتىرجەملەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ...شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسى خاتىرجەملەندۈرۈلدى.

**خاتىرجەملەنمەك** پ. غەم - ئەندىشە ۋە تەشۋىشتىن خالىي بولماق؛ خاتىرجەم بولماق؛ تىنچلانماق: بالىسىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئانىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەملەندى.

**خاتىرجەملىك** ئى. خاتىرجەم ھالەت: ماموت زورنىڭ ئەپتىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك بىلىنىپ تۇراتتى.

**خاتىرىخانا** ئى. بىرەر شەخسنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، شۇ شەخس ھەققىدىكى بۇيۇملار قويۇلىدىغان، مۇزېيدىن كىچىك مەخسۇس ئۆي؛ خاتىرە ئۆيى.

**خاتىرىلەتمەك** «خاتىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرۋىش تەڭرىنىڭ پۈتۈكلىرىنى شەرھلەپ، ئۇنىڭغا خاتىرىلەتتى.

**خاتىرىلەشمەك** «خاتىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ لېكسىيەسىنى خاتىرىلەشتى.

**خاتىرىلەنمەك** «خاتىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەرلەردە، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئائىلىلىرىدە يېڭى يىل ھەر خىل شەكىل بىلەن خاتىرىلىنەتتى.

**خاتىرىلىك** سۈپ. خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان، ئەستە ساقلىنىدىغان، خاتىرە بولالايدىغان: توي — ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، بىر ئۆمۈر ئەستىن چىقمايدىغان خاتىرىلىك كۈن ئىكەن.

**خاتىرىلىمەك** پ ① سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر كىشى ياكى بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىش - ھادىسە، ۋەقە ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئەسكە ئالماق، ئەسلىنىدىغان پائالىيەت ئۆتكۈزمەك. ② يىغىن مەزمۇنىنى، بىركىمنىڭ نۇتقىنى، سۆزىنى، بولغان ياكى بولۇۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى قەغەز يۈزىگە يېزىپ قالدۇرماق؛ يېزىپ قەغەزگە چۈشۈرمەك: لۇتپۇللا قولىغا دەرھال بىر دەپتەر ئالدى - دە، كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى خاتىرىلىدى.

**خاتىرىنامە** ئى. بىرەر نەرسە، بىرەر ئىش ھەققىدە خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان مەخسۇس كىتاب: بىز يۇقىرىقى خاتىرىنامىلەر ۋە نەزمىلەردىن، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا ئاۋاز ساداسى ياكى شەكلى بويىچە نام قويۇلۇپ، ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**خاتىمە** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، تۈگىشى، تاماملىنىشى: گۈزەل ھاياجانلىق خاتىرىلەرگە تولغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ خاتىمە كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. ② <ئەد> ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى خۇلاسە خاراكتېرلىك قىسمى، خۇلاسە قىسمى: مەن ئۇ ھېكايىنىڭ خاتىمىسىنىمۇ ئوقۇدۇم. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خاجى** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭجياڭ، راۋخې قاتارلىق ناھىيەلىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

**خا- خا** ئىم. قاتتىق كۈلكىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ خا - خا قىلىپ كۈلدى.

**خادا** I [پ] ① ئى. تۈز، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخ شېخىنىڭ پۇتاق ۋە كىچىك شۇمبىلىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى غول قىسمى؛ ئۇزۇن ياغاچ: بايراق خادىسى. خادىغا تايىنىپ سەكرىمەك. ② سۈپ. كۆچمە. تىك، ئېگىز: خادا بويۇن. ③ ئى. مېيىت دەپنە قىلىنغاندا تۇپراقنىڭ باش تەرىپىگە قادىلىدىغان ئۇزۇن، چوڭ شاخ: خادا قويماق.

**خادا** II ئى ← **خاداك**.

**خاداك** ئى. زاڭزۇ لاما دىنىدىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، شىزاڭ ۋە بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ ئەزىز مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندە ۋە ئۇلارنى قۇتلۇقلىغاندا، مېھمانغا تەقدىم قىلىد-

دىغان ئۇزۇن رەخت. ئۇ كۆپىنچە ئاق ياكى سېرىق ۋە ياكى كۆك رەڭلەردە بولىدۇ: خاداك تەقدىم قىلماق.

**خادانى** ئى [خەن <ئىنگ] توقۇلۇشى نىسبەتەن زىچ بولىدىغان، قىيپاش ياكى قىيسىق ئۆرۈش چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ ياكى پاختا رەخت. بۇ خىل رەختىنىڭ ئالاھىدىلىكى يۇمشاق ھەم چىدامىلىق بولۇپ، ئادەتتىكى ئاددىي كىيىم - كېچەكلەرنى تىكىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**خادىك** ئى [ر] تۆت چاقلىق، مەخسۇس ئادەم توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئات ھارۋىسى. ئۇنىڭغا كۆپىنچە بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدۇ.

**خادىلىق** سۈپ. خادىسى بار، خادا بېكىتىلگەن: بىنانىڭ ئۆگزىسىدە بولسا ئۇزۇن خادىلىق قىزىل بايراق جەۋلان قىلاتتى.

**خادىم** ئى [ئە] مەلۇم بىر ئىدارە ياكى مۇئەسسەسەدە ئىشلەيدىغان كىشى، خىزمەتچى: ئىلمىي خادىملار. ئىدارە خادىملىرى.

**خادىمە** ئى [ئە] ئايال خادىم، ئايال خىزمەتچى: ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن پاراتتا، ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ ئاق خالاتلىق خادىم، خادىمەلىرى كىرېست بەلگىلىك سومكا ۋە ساندۇقلىرىنى ئېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

**خادىملىق** ئى. خادىمغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، خىزمەتچىلىك: — سىز خادىملىقتا ئۆزىڭىز بىلەن دوستىڭىزنى ئويلىغانىدىڭىز. ئەمدى سىز بىلەن مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

**خار** I ئى [پ] ئۆي ئۆگزىسىگە سېلىنغان جەگىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى ئۇچى تامنىڭ بېشىغا قويۇلىدىغان چوڭ لىم ياغاچ: ھويلاڭدىكى تاغ تېرەك، خار بولامدۇ، بولمامدۇ. باغرى قاتتىق تاش يۈرەك، يار بولامدۇ. بولمامدۇ.

**خار** II سۈپ [پ] ① ئېتىبارغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، ئېتىبارى يوق، ئېتىبارسىز، ئەزىز ئەمەس؛ كەمسىتىلگەن: سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز (ماقال). ② قىممىتى يوق، قەدىرسىز: ئاق ئالماڭنى تەرمەيمەن، ئېتىكىمنى لاي قىلىپ. سەن يارىمنى سۆيمەيمەن، مەن ئۆزۈمنى خار قىلىپ.

**خار** III تەق ① گال بوغۇلغاندا ياكى ئادەم خورەك تارتىپ ئۇخلىغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىن ئۈزۈك ھالەتتە چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ ياتقان ھامان «خار» قىلىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. ② ئات، كالا ۋە قوي قاتارلىق ماللارنى بوغۇزلىغاندا، كېكىردەكىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: قوي بوغۇزلىنىشىغىلا گېلىدىن «خار» قىلغان ئاۋاز چىقتى.

**خار** IV ئى. دىيال. تىكەن.

**خارابات** ئى [ئە] يېزىت ① خاراب بولغان، ۋەيران بولغان ئۆي، جاي ۋە باشقا نەرسىلەر؛ خارابزار، خارابلىق. ② كۆچمە. ئىچىملىكلەر ئىچىلىدىغان جاي؛ قەھۋەخانا.

**خاراب** سۈپ [پ] ① بۇزۇلغان؛ چېقىلغان؛ بۇزۇلۇپ تاشلانغان؛ ۋەيران، نابۇت: خاراب شەھەر. خاراب ئۆي. خاراب قىلماق. ② مەدەنىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان؛ تۇرمۇشى، كۈنى، ھال - ئەھۋالى قىيىن: كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاراب ئىدى.

**خارابە** [ئە] ① ئى. قارايدىغان ئادەم بولمىغان، تاشلىۋېتىلگەن ئورۇن؛ بۇزۇلۇپ خاراب بولغان جاي؛ ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى قالدۇق ئىزلار؛ ئەسكى جاي: خارابىگە ئايلانماق.

② سۈپ. خاراب قىلىنغان، ۋەيران بولغان، خاراب، ۋەيران، ۋەيرانە: خارابە ئۆي. خارابە شەھەر.

**خارابزار** ئى [ئە + پ] خارابىلىككە ئايلانغان، كونا خارابىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئورۇن، جاي: بىز ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئاتلىق مېڭىپ، بىر خارابزارغا يېتىپ باردۇق.

**خارابزارلىق** ئى ← **خارابىلىك**: ئۇلارنىڭ كۆزىگە بىر پارچە خارابزارلىق چېلىقتى.

**خارابسىز** سۈپ. خاراب بولمىغان، خاراب بولمايدىغان، خاراب ئەمەس: ماماتسىز ھايات، خارابسىز پاراق، ئاغرىقسىز ساقلىق، ئازابسىز ئارام — بەختتۇر.

**خارابلاشتۇرماق** «خارابلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىمسىز ئۇرۇش بىنالىرى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان گۈزەل شەھەرلەرنىمۇ خارابلاشتۇرۇۋەتتى.

**خارابلاشتۇرۇلماق** «خارابلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خارابلاشماق** پ ① خارابىلىككە ئايلانماق، خاراب بولماق، ۋەيران بولماق، بۇزۇلماق: شەھەر خارابلاشتى. ② ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قىيىن، ئېغىر ئاقىۋەتكە قالماق، ۋەيرانچىلىققا قالماق، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، زاۋاللىققا يۈز تۇتماق، چۈشكۈنلەشمەك: ئۇ زاۋۇت خارابلىشىپ بىر يەرگە باردى.

**خارابلىق** ئى. خاراب ھالەت: شەھەرنىڭ خارابلىقى. ئۆينىڭ خارابلىقى.

**خارابىلىك** ئى. خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن يەر، خارابە قالدۇقلىرى، ئىزلىرى بار جاي: ھېلىقى مەھەللە زەيلىشىپ كەتكەچكە، ئادەملىرى كۆچۈپ كېتىپ، ھازىر خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتتى.

**خارابىي** سۈپ. خارابلاشقان، ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان، بۇزۇلۇپ ئەبجىغى چىققان: خارابىي شەھەر. خارابىي كوچا.

**خاراج** ئى [ئە] تارىس <دىن> ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، يەنى غەيرىي دىندىكىلەردىن ئادەم بېشىغا ئېلىنىدىغان يەر بېجى.

**خاراز** ئى. دىيال. جۇۋاز.

**خاراكتېر** ئى [ر<گىرېك] ① ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى ياكى ئەخلاقىدا نامايان بولىدىغان ۋە ئادەم پىسخىكىسىدا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئەڭ مۇھىم روھىي ھالەتلەر يىغىندىسى: خاراكتېرى يامان ئادەم. * ئۇ كىشىنىڭ خاراكتېرى نازۇك. ② بىرەر نەرسە ياكى ۋەقە، ھادىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى؛ باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان بەلگىسى، تۈپكى ماھىيىتى: ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت. ③ <ئەد> ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتە، بىرەر تىپتىكى كىشىلەرنىڭ تىپىك، ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئوبراز؛ تىپ؛ ئالاھىدىلىك: بۇ ھېكايىدە رىزۋاننىڭ تۈپ خاراكتېرى ئاددىي ۋە روشەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**خاراكتېرلەشتۇرمەك** ① «خاراكتېرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە درامىچىلىقتا بىرەر شەخس، تىپنى تەسۋىرلەپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشاندىكى خاراكتېرگە، تىپقا ئىگە قىلماق؛ خاسلاشتۇرماق،

ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق.

**خاراكتېرلەشمەك** ① «خاراكتېرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② خاراكتېرلەنمەك.

**خاراكتېرلەنمەك** «خاراكتېرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇ مەسىلىنى ئاسانلىقچە ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**خاراكتېرلىك** سۈپ ① خاراكتېرى بار، خاراكتېرگە ئىگە بولغان: ئۇ بۇ مەھەللىدە، جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق ئۇچەي يولى كېسىلى پەيدا بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ② ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ پەرقلىق، گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بار: ئۇنىڭ ئاخىرقى خىسلىتى پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنقىلابقا بېغىشلاپ قويغان ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى خاراكتېرلىك ئىدى.

**خاراكتېرلىمەك** پ. بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ مۇھىم تەرىپى ياكى خاراكتېرىنى، خۇسۇسىيىتىنى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرمەك، شەرھلىمەك، سۈرەتلىمەك: ئۇ ئۆز ماقالىسىدە، جەمئىيەتنى بۇزۇپ خاراكتېرلەيدىغان تەبىرلەرگە يول قويمىدى.

**خاراكتېرىستىكا** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ① بىرەر نەرسىگە مۇكەممەل رەۋىشتە بېرىلگەن تەپسىلات. ② مەلۇم ھادىسە، كىشى ياكى نەرسىلەرنىڭ خاس خۇسۇسىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى بەلگىلەش، ئېنىقلاش: ئاپتور خاراكتېرىستىكىسى.

**خاراموش** سۈپ [پ] ← **خاموش:** توختى قانداقتۇر بىر خىيال ئىچىدە، خاراموش ئولتۇراتتى.

**خاراموشلۇق** ئى ← **خاموشلۇق:** مەن زاغۇن يېگەن موزايدەك، خاراموشلۇق ئىچىدە يولۇمنى داۋام قىلماقتا ئىدىم.

**خاراۋان** سۈپ. دىيال. ھەيۋەتلىك، چوڭ، بۈك ـ باراقسان: خاراۋان تېرەك ئىكەن بۇ!

**خارايلىماق** پ. دىيال. تاللىماق.

**خارەت** ئى [ئە ] دىيال. ياغاچچى.

**خارەتچىلىك** ئى ← **ياغاچچىلىق.**

**خارەزىم** ئى <تارىخ> قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 7 ـ ئەسىردىلا ئۇرگەنچ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، خارەزىمىيە نامىدىكى قۇلدارلىق دۆلەتكە ئايلانغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرلەردە ئەرەبلەر؛ 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە سالجۇق تۈركلىرى؛ كېيىنرەك چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

**خارت** تەق. دىماقنى تارتقاندا ياكى مال بوغۇزلىغاندا، چوشقا، ئات قاتارلىقلار يۇگۈرۈپ قاتتىق نەپەس چىقارغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**خارت ـ خارت** «خارت»سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىشىك ئالدىدىكى چىرايلىق ئارغىماقلار يېقىن كەلگەن ئىسكەندەرگە چاپچىپ، دەھشەتلىك ھالدا خارت ـ خارت قىلاتتى.

**خارت ـ خۇرت** «خارت» قىلغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: ئۇ خارت ـ خۇرت قىلىپ خورەك تارتقىنىچە ئۇخلاپ كەتتى.

**خارتۇم** ئى [ئە] پىلنىڭ ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرغان، نەرسىلەرنى ئېلىش، كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرىكەتچان ئەزاسى، يەنى تۇمشۇقى: پىل خارتۇمى.

**خارتۇملۇقلار** ئى <زوئول> خارتۇمى بار ھايۋانلار: خارتۇملۇقلار ئەترىتى.

**خارتىلداتماق** «خارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارتىلداشماق** «خارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر توپ چوشقا خارتىلدىشىپ چىقىپ كەلدى.

**خارتىلدىماق** «خارت ـ خارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خارت ـ خۇرت» قىلماق: ئۆكۈز پىچاق سۈرگەن مالدەك، بوغۇلۇپ خارتىلداپ ماڭالماي قالدى.

**خارتىيە** ئى [ر<گىرېك] سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەت ۋە دېكلاراتسىيەلەرنىڭ نامى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئاتلانتىك ئوكيان خارتىيەسى ۋە ھەر قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىنلارنىڭ قارارلىرىغا قوشۇلىدۇ.

**خارجى** سۈپ [ئە] كونا. تاشقى: خارجى سىياسەت. خارجى ئىشلار.

**خار ـ خار** «خار III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان خورەكچى بوۋاي خار ـ خار قىلىپ، بىر خىلدا ئۇخلاۋاتاتتى.

**خار ـ خۇر** «خار» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**خارىدە** رەۋ. «خار» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «خار» قىلىپ: بوۋاي يېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي خارىدە قىلىپ بىرلا خورەك تارتىپ قويدى ـ دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

**خار ـ زار** خار ۋە زار؛ ئېغىر كۈنگە قالغان، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشكەن، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالغان: باي ھويلىسى باغ ئىكەن، ئاشلىقلىرى تاغ ئىكەن. بىز يېتىملەر خار ـ زار، يۈرىكىمىز داغ ئىكەن.

**خار ـ زارلىق** خار ـ زار بولغان ھالەت: سودىگەر خىجىللىق ۋە خار ـ زارلىق بىلەن بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ.

**خارساكتاش** ئى. دىيال. گىرانىت تاش، ئۇيۇلتاش.

**خارقىراتماق** «خارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارقىراشماق** «خارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خارقىرىماق** پ. «خار ـ خار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خار ـ خار» قىلماق، خارىلدىماق: چاشقان قارىغۇدەك بولسا، موماي خارقىراپ ئۇخلاۋاتقۇدەك.

**خارلاتماق** «خارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئۆمۈرلۈك مۇھەببەتنى خارلاتمايمەن، باش كەتسىمۇ سۆيگىنىمنى زارلاتمايمەن.

**خارلاشماق** ① «خارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ، سەكسەن ياشلىق بوۋاينى خارلاشتى. ② خار بولماق، خارلانماق: — مەن ئۆزۈم بىر ۋاڭ تۇرۇقلۇق بىر شىرە چورۇق تىجىمەللەرنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىكمۇ خارلىشىپ كېتەمدىمەن؟ — دېدى شامەخسۇت قاتتىق خورسىنىپ.

**خارلانماق** «خارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇگۇنمۇ بالىلاردىن خارلانغانىدى.

**خارلىق** ئى. ئېتىبارسىزلىق، قەدىرسىزلىك، كەمسىتىلگەنلىك: خارلىق كۆرمەك. خارلىق تارتماق. خارلىقتا ئۆتمەك.

**خارلىماق** پ. بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرمەك، كەمسىتمەك، خار قىلماق: ئۆگەي ئانا ئۆز

قىزنى ئارزۇلاپ، ئۆگەي قىزنى خارلىدى.

**خارۇزار** ← خار- زار.

**خارىج** سۈپ [ئە] بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىپ چىققان، قۇ-تۇلغان : خارىج بولماق.

**خارلىداتماق** «خارلىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارلىداشماق** «خارلىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خارلىدىماق** پ. «خار – خار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خار – خار» قىلماق؛ خارقىرىماق: بوۋاي تەكىيىگە بېشىنى قويۇپلا، خارلىداپ ئۇخلاپ كەتتى.

**خازان** ئى [پ] يېزت. كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياكى تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەل – دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە قوغۇن – تاۋۇز خىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پېلەكلىرى، غازاڭ: خازان بولماق. خازان قىلماق.

**خازانلىق** ئى. دەل – دەرەخ، گۈل – گىياھلىرى خازانغا ئايلانغان جاي: راۋابىڭنى يېڭى مۇقامغا سازلىمىساڭ، كونا مۇقامىڭ قۇلاققا خۇشياقماس. باغ ياساپ، گۈللەر تىكىپ ياشناتمىساڭ، خازانلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

**خاس** I سۈپ [ئە] ① بىرەر كىشى ياكى شەيئىنىڭ ئۆزى-دىلا بولىدىغان؛ باشقىلاردا يوق: ئۇلار يېزا يىگىتلىرىگە خاس خىسلەت بىلەن پوكاندەك قىزىرىپ، بىلىنەر – بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. ② بىرەر كىشىگە ياكى شەيئىگە قاراشلىق، تەۋە، تەئەللۇق؛ مەنسۇپ، مەخسۇس: خاس كېنىزەك. خاس مېھمانخانا.

**خاس** II ئى. دىيال. دۈشمەن، رەقىب.

**خاس- ئام** يالغۇز كىشى ۋە كۆپچىلىك، خاس ۋە ئامما: زىيان بوپتۇ ئۆزۈمگە، گۇمانلىنىپ توختامدىن. بولسا ئەقلىم جايىدا، كېيىن قالامتىم خاس – ئامدىن.

**خاسقا** رەۋ. دىيال. داۋاملىق.

**خاسلاشتۇرماق** ① «خاسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇرغۇنلىغان خاس ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ② <ئەد> ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق، خاراكتېرلەشتۈرمەك : كىتابخان ئۆزىنىڭ پىسخىك تەسەۋۋۇر مۇھىتىنى چىقىش قىلىپ ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبراز قۇرۇلمىسىنى نىسپىي ھالدا ئۆزىگە خاسلاشتۇرىدۇ.

**خاسلاشتۇرۇلماق** «خاسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : كۆز — شائىرنىڭ دۇنياسى، سۆز ئەنە شۇ دۇنيا تەرىپىدىن خاسلاشتۇرۇلىدۇ.

**خاسلاشماق** پ. خاس ھالەتكە كەلمەك، خاسلىققا ئايلانماق.

**خاسلىق** ئى ① خاس بولغان ھالەت، مەخسۇسلۇق. ② <پەلس> بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىق بولغان ئايرىم، ئالاھىدە خاراكتېرى. ③ <پىسخول> شەخسنىڭ تۇراقلىق بولغان پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى (مەسىلەن، مىجەز، قىزىقىش، ھەۋەس)نىڭ يىغىندىسى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا، مۇئەيـ-يەن ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

**خاسىڭ** ئى [خەن] <بوت> ① يۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غولluq ئۆسۈملۈك. مېۋە مېغىزىدىن ياغ تارتىش-قىمۇ بولىدۇ، يېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ مۇھىم مايلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرى. يەر ياڭىقى . ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**خاسىڭلىق** ئى. خاسىڭ تېرىلغان ئېتىز.

**خاسىيەت** ئى [ئە] ① ئەجابىي خۇسۇسىيەت، خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك: ئۇنىڭ گاھىدا يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلالايدىغان خاسىيەتكە ئىگە كۆزلىرى، ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بىلەن يالتىراپ تۇراتتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خاسىيەتلىك** سۈپ. خاسىيىتى بار، خاسىيىتى بولغان، خا-سىيەتكە ئىگە: خاسىيەتلىك ئادەم.

**خاش** سۈپ. دىيال. ياپما: خاش قاپاق.

**خاشتا** ئى. دىيال. دوست، ئاغىنە، بۇرادەر.

**خاقان** ئى <تارىخ> ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانىنى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە شەخس؛ ئۇلۇغ خان.

**خاقانلىق** ① سۈپ. خاقانىي بار، خاقانغا ئىگە: بىز ئالتاينىڭ پەرزەنتلىرى سەن بىلەن، روھ ئىگىسى بولدۇق، بولدۇق بەدەنلىك. شەپ-قەت قىلدىڭ بىزگە تەڭرىم بىباھا، بولۇپ ئالدۇق خاقانلىق ۋە ۋەتەنلىك. ② ئى. خاقانغا قاراشلىق مەملىكەت ياكى دۆلەت: VI—VII ئەسىر-لەردىكى ئۇيغۇر خاقانلىقلىرىدىن نۇرغۇن ئابىدىلەر قالغان.

**خاك** ئى [پ ] يېزت ① تۇپراق، توپا: ئەي ۋەتەن، ئىشقىم ساڭا، زوقۇم ساڭا، تەڭرى خاكىڭغا ماگىنىت كۆمگەنمىدى. ② تۇپراققا ياكى كۆلگە ئايلانغان ئىنسان جەسىتى: ھەر سېغىنسام جانىنىڭ رۇخسا-رىنى، تاغۇ دەريا، كۆككە باققۇم كېلىدۇ. خاكىدىن ئىزلەپ تېپىپ بىر ياپراق، قۇچىۋا باغرىمغا ياققۇم كېلىدۇ.

**خاكسار** سۈپ [پ] يېزت ① ئىتائەتمەن، بويسۇنغۇچى. ② كۆزگە ئىلىنمايدىغان، ئابرۇيسىز، خار: — ئۆزۈڭنى تۈتۈپ يولۇڭنى تاپ! بولمىسا ئىككى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن، خاكسار ئىتنىڭ ئورنىدا نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن، — دېدى ئۇ.

**خاكسارلىق** ئى. ئابرۇيسىزلىق، خارلىق.

**خاكپاي** ئى [پ ] يېزت. ئاياغ ئاستىدىكى توپا، تۇپراق: قانداق قىلاي سېنىڭ ئاھۇزارىڭغا، بىلگىل ئىزدەپ قانچە باردىم جايىڭغا. جان پايانداز بولسۇن خاكپايىڭغا، سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟

**خاڭ** I ئى [خەن] كۆمۈر قېزىلىدىغان، كۆمۈر قېزىش ئۇ-چۇن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇن؛ كان: خاڭ ئاچماق.

**خاڭ** II ئى. ئۇلنى چىڭداش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان سايمان. ئۇنىڭ ياغاچ خاڭ، تاش خاڭ، تۆمۈر خاڭ قاتارلىق تۈرلىرى بار: خاڭ سوقماق.

**خاڭچى** ئى. خاڭدا ئىشلەيدىغان كىشى، خاڭ ئىشچىسى.

**خاڭخوڭ** سۈپ. دىيال. دىمىقىدا گەپ قىلىدىغان، خاكرۇق.

**خاڭداتماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خاڭداشماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تۇغاننى خاڭداشتى.

**خاڭدالماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيىنىڭ ئۇلى خاڭدالدى.

**خاڭدىماق** پ. خاڭ بىلەن سوقۇپ چىڭدىماق: ئىشچىلار بىنا-نىڭ ئۇلىنى خاڭدىدى.

**خاڭگا** ئى [خەن ] <بوت> تەرخەمەك.

**خاڭگا يىللىق** سەلب. كىچىككىنە ئەمەل ياكى ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتتىن ئاسانلا مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان، ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن ئاسانلا بوشىشىپ قالىدىغان: خاڭگا يىللىق ئادەم.

**خال ( خالى )** ئى [پ] ① ئادەمنىڭ يۈزىدە ۋە بەدىنىدە بولىدىغان قارا نۇقتا، چېكىت؛ مەڭ: ئۈستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرى؛ چىرايلىق جايى؛ ھۆسن، لاتاپەت؛ گۈزەللىك: بىزمۇ جاھان تۈتۈپ كۆرگەنغۇ، ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خالىغا خال قويغان.

**خالا** ئى [ئە] ھاجەت قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەخسۇس جاي، ئۆي؛ ھاجەتخانا.

**خالاپ** ئى. دىيال ① خېمىرنى يوغان ـ يوغان تاشلاپ ئېتىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاشنى يۇتۇپ ئىچكەن چاغدىكى ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز تەقلىدى. ② خېمىرنى يوغان ـ يوغان ئۈزۈپ تاشلاپ ئېتىلىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

**خالاپ ـ خۇلۇپ** «خالاپ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تۇراپ ئىمىن دەسلەپ قول ئۈزىتىپ، قورداقتىن بىر ئىلىك گۆشنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن ئىشخانا ئىچى شاپۇر ـ شاپۇر، خالاپ ـ خۇلۇپ، ماكاچ ـ مۇكۇچ قىلغان ئاۋازلار بىلەن تولدى.

**خالات** ئى [ئە] كىيىم ئۈستىدىن كىيىلىدىغان يالاڭ قەۋەتلىك يەڭگىل ئىش كىيىمى.

**خالاتلىق** سۈپ ① خالىتى بار، خالات كىيگەن: مەن كۆزۈمنى ئاچسام، يېنىمدا ئاق خالاتلىق ئىككى كىشى كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ② خالات تىكىشكە ئاتالغان، خالاتقا تۇشلۇق، خالاتقا يەتكۈدەك: گۈلنىسا بازاردىن بىر خالاتلىق خەسە سېتىۋالدى.

**خالاس** [ئە] ① سۈپ. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە، ھادىسە، غەم ـ ئەندىشە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قۇتۇلغان، خالىي، ئازاد: تەشۋىشتىن خالاس. غەمدىن خالاس. ② يۈك. جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئۆز يۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق، خالاس.

**خالاسكار** ئى [ئە + پ ] خالاس قىلغۇچى، قۇتقۇزغۇچى: — رەھىم قىلىپ مېنىمۇ ئادەم بالىسىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزا! مەن سەندىن كۈچلۈكرەك بىر خالاسكارنى ئىزدەپ تاپالمىغانىدىم، مەن سەندىن مەدەت سورايمەن ! — دېدى ئۇ ھېلىقى كىشىگە.

**خالاسكارلىق** ئى. خالاسكارلاردا بولىدىغان مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە، خالاسكارلارغا خاس خاراكتېر ياكى ئىش: — مەن ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلىتىپ خالاسكارلىق قىلالمىدىم، غەيرەت كۆرسىتىپ پىدائىي بولالمىدىم. ئۇ بىر ۋىجداسىزلىق ! — دېدى ئۇ باشقىلارغا ئۆزرە ئېيتىپ. * مەن ئۇنىۋان، بايلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خالاسكارلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.

**خالاسلىق** ئى. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە، ھادىسە، غەم ـ ئەندىشە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇش، خالىيلىق، ئازادلىق: خالاسلىق تاپتى جاللاتنىڭ قولىدىن، ئىشق ئىلھامى ئاچقان پىكىر يولىدىن.

**خالاشماق** «خالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇراخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ: — بالىلار ئۆزى خالاشقان ئىكەن، بىزمۇ قوشۇلۇشمىز كېرەك، ئەلۋەتتە، — دېدى ئايالىغا.

**خالايىق** ئى [ئە] ئادەملەر توپى، كۆپچىلىك، ئامما، خەلق، كىشىلەر: كىچىككىنە تۇمۇچۇق، باغدا ئۈزۈم پىشىپتۇ. شۇ خالايىق

ئالدىدا، سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

**خالتا** [پ] ① ئى. ئىچىگە بىرنەرسە ئېلىش ئۈچۈن قاپ شەكلىدە تىكىلگەن بۇيۇم: قەغەز خالتا. ئۇن خالتىسى. تاماكا خالتىسى. ② ئى. پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن، يوللانغان نەرسە ـ كېرەك، يوللانما: خالتا ئەۋەتمەك. * بۈگۈن ئۆيدىن خالتا كەلدى. ③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۆمەر ئاشلىق دۇكىنىدىن بىر خالتا گۈرۈچ سېتىۋالدى. ④ ئى <زوئول> بەزى ھايۋانلارنىڭ كىچىك بالىسىنى سېلىپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ماسلاشقان، قارنى ئاستىدىكى خالتىسىمان تېرە قاتلىمى.

**خالتا پولۇ** <يېم> گۈرۈچنى خالتىغا سېلىپ، سۇدا پىشۇرۇلىدىغان پولۇ.

**خالتا ـ خالتا** بىرقانچە خالتا، نۇرغۇن خالتا.

**خالتىسىمان** سۈپ [پ] خالتىغا ئوخشايدىغان، خالتا شەكلىدىكى.

**خالتىلاپ** رەۋ. خالتىسى بىلەن: خالتىلاپ ئۇن ئالماق.

**خالتىلاتماق** «خالتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خالتىلاشماق** ① «خالتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② پۈرلىشىپ، سولىشىپ كەتمەك: بىچارە ساغلىقنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خاراب، يېلىنلىرى خالتىلىشىپ، تېرىسى ئۈستىخانلىرىغا يېپىشىپ كەتكەن.

**خالتىلىق** سۈپ ① خالتىسى بار، خالتىغا ئىگە: خالتىلىق زەمبۇرۇغ. خالتىلىق ئىسپورا. ② خالتا قىلىشقا بولىدىغان، خالتا ئۈچۈن تاييارلانغان، خالتىغا تۇشلۇق: بىر خالتىلىق رەخت. ③ <تېب> خالتا ھالىتىگە كەلگەن، خالتىلاشقان، خالتىسىمان: خالتىلىق ئىششىق.

**خالتىلىماق** پ. خالتىغا قاچىلىماق: ئۇ ئالدى بىلەن يەل ـ يېمىشلەرنى كىچىك ـ كىچىك قىلىپ خالتىلىدى.

**خالخۇش** سۈپ. دىيال [خال + خۇش] دەلتە، دەلدۈش.

**خاللىق** سۈپ. خالى بار، خالغا ئىگە : تۇغۇتلۇق ياتقان گۈلنۇر خالىدىنىڭ بويىنىدىكى خالىنى سىلاپ تۇرۇپ: — قىزىمىز سىلىگە ئوخشاش خاللىق تۇغۇلدى، — دېدى قېيىنئانىسىغا.

**خالو** ئى. دىيال. نوغۇچ.

**خالۋاپ** ئى. گىلەم، تاغار، خۇرجۇن توقۇغۇچى ھۈنەرۋەن، گىلەم توقۇغۇچى، گىلەمچى: بۇ يۇرتتا، كىچىككىنە سەپەر خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ئاتا ـ بالا خالۋاپلار ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتمەي خېلى ھاللىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى.

**خالۋاپچىلىق** ئى. خالۋاپلىق، گىلەم، خۇرجۇن، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: ... شۇنداقلا توقۇمچىلىق كەسپىنى، ھەرخىل نۇسخىدىكى زىلچا ـ گىلەم، پالاس توقۇيدىغان پالاسچىلىق كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**خالۋاپلىق** ئى. گىلەم، خۇرجۇن، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**خالىزىم** سۈپ. دىيال. خەۋەرسىز، بىخەۋەر، ئۇنتۇپ قالغان، ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن: ئاكام ئۆزلىرىنىڭ كېلىشلىرىدىن خالىزىم بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

**خالىس** [ئە] ① سۈپ. ھەممىگە بىر خىل نەزەر بىلەن قاراي-

دىغان، بىرەر تەرەپكە يان باسمايدىغان؛ بىتەرەپ؛ ھەقىقىي: خالىس ئەلچى. خالىس ئادەم. ② سۈپ. ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، تەمە قىلمايدىغان، غەرەزسىز يوق، سەمىمىي: ئۇ خالىس، توغرا، شەخسىيەتسىز ئادەم ئىدى. ③ سۈپ. ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ھەق ئالمايدىغان، ھەقسىز؛ چىن كۆڭلىدىن: خالىس ئەمگەك. خالىس ياردەم. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خالىسانە** رەۋ [ئە + پ] ① ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمىگەن ھالدا، بىر تەرەپكە يان باسماستىن، ئادىللىق بىلەن: خالىسانە قىلىنغان ياردەم. ② ھەق تەلەپ قىلماستىن، تەمەسىز ھالدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن: بۈگۈن ئىدارىمىزدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئەمگەككە خالىسانە قاتناشتى.

**خالىسانىلىك** ئى← **خالىسلىق:** خالىسانىلىك بىلەن ئىشلىمەك.

**خالىسلىق** ئى ① ھەممىگە بىر خىل قاراش، بىر تەرەپكە يان باسماسلىق، بىتەرەپلىك، ئادىللىق: خالىسلىق قىلماق. ② ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك، غەرەزسىزلىك، سەمىمىيلىك: بوۋاي بۇ كۆچەتلەرنى باشقىلارغا خالىسلىق بىلەن ھەدىيە قىلاتتى.

**خالىغانچە** رەۋ. ئۆز مەيلىچە، ئۆز بىلگىنىچە؛ ئەركىن، بىمالال: خالىغانچە ئىچمۇەرمەك. خالىغانچە تاللىماق.

**خالىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىختىيار قىلماق، ئۇنىڭغا ئېرىشىش، يېتىش زۆرۈر دەپ بىلمەك؛ ئىزدىمەك، ئۇنىماق: ئۇ بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشنى خالايتتى. ② ئۆز خاھىشى، ئىختىيارى بىلەن تاللىماق، ئىختىيار قىلماق، رازى بولماق (قىز ياكى يىگىت ھەققىدە): يارنى يار دەمدۇ كىشى، يامانىنى يار دەمدۇ كىشى. ياخشى يار يېنىدا تۇرۇپ، يامانىنى خالامدۇ كىشى.

**خالىي** [ئە] ① سۈپ. ئىچى ئادەم ياكى نەرسىلەر بىلەن بەند بولمىغان، بوش، بىكار: ئۆيدىكىلەر دىلشاتنىڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن بىر ئۆينى خالىي قىلىپ بەردى. ② سۈپ. كىشى نەزىرىدىن، كۆزىدىن يىراق؛ چەت، خىلۋەت: قاراقچى خالىي يەردە ئالار، يانچۇقچى توپ ئىچىدە (ماقال). ③ سۈپ. ھېچكىم يوق، يالغۇز، ئايرىم: كەچقۇرۇن بەختىگۈل بىلەن رىشىت خالىي قالدى. ④ ئى. ھېچكىم يوق جاي، يەر؛ خىلۋەت يەر، دالدا جاي: مەن سىز بىلەن خالىيدا گەپلەشمەكچى. ⑤ سۈپ. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، «مۇناسىۋەتسىز، ئالاقىسىز، مۇستەسنا، ئازاد» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: تۆتىنچى قىز يۇقىرىقى ئۈچ قىزدا كۆرۈلگەن خۇسۇسىيەتلەردىن خالىي ئىدى. ⑥ سۈپ. «ئەمەس» سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىنىڭ بارلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: دوستۇم ماختاندى پۇل - مۈلكىدىن، خالىي ئەمەسكەن ئۆيۈن - كۈلكىدىن.

**خالىيلاشتۇرماق** «خالىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇ يەرنى بىتەرەپلەشتۈرۈش ۋە ھەربىي ئىشلاردىن خالىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

**خالىيلاشتۇرۇشماق** «خالىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خالىيلاشتۇرۇلماق** «خالىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خالىيلاشماق** پ. بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتسىز تۇرماق، ئۇنىڭدىن خالىي، مۇستەسنا بولماق، ساقلانماق: ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرى بىلەن چېگرالىنىدىغان رايونلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىدىن خالىيلاشتى.

**خالىيلىق** ئى. خالىي ھالەت: ئۇ ئاتالمىش سىياسىيدىن خالىيلىق نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئالدايدۇ.

**خام** I سۈپ [پ] ① قايىنىتىلمىغان، پىشۇرۇلمىغان: خام گۆش. خام سۈت. خام تۇخۇم. * ئوچاققا كىرگەن نان خام چىقماس (ماقال). ② تەبىئىي ھالدا پىشىپ يېتىلمىگەن، پىشمىغان؛ غورا ھالىتىدىكى: خام تاۋۇز.// خام ئورۇلغان بۇغداي. ③ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن؛ پىششىقلاپ ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان؛ چالا: خام يىپەك. خام ئەشيا. خام تېرە. ④ كۆچمە. تازا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ، رەتلەپ، يېزىپ چىقىلمىغان؛ قايتا ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان؛ چالا: خام ئەسەر. ⑤ كۆچمە. ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئەمەلگە ئاشمايدىغان، پىشمىغان: خام خىيال. ⑥ كۆچمە. بىرەر نەرسىنى، ئىشنى، كەسىپنى پىششىق ھەم تولۇق ئىگىلىمىگەن، مۇكەممەل ئەمەس، چولتا: كەسىپتە خام. ئىشتا خام. ⑦ كۆچمە. تەجرىبىسى يوق، بېشىدىن تېخى جىق ئىش ئۆتۈلمىگەن، ئىش كۆرمىگەن: خام بالا. خام ئادەم. ⑧ كۆچمە. ئۆگەنگۈچىگە تېخى يات بولغان، ئۆگەنگۈچى تەرىپىدىن تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن (مائارىپ ھەققىدە): خام سۆز. خام خەت. ⑨ كۆچمە. ئۆزىنىڭ سۈپىتىپ قارىشى بويىچە سەل بوش، يۇزەكى: خام چاغلىماق. خام ئويلىماق.

**خام پاختا** دىيال. چىگىتتىن ئايرىپ چىقىرىلمىغان، تېخى ئېتىلمىگەن پاختا.

**خام پىلە** دىيال. پىششىقلانمىغان پىلە يىپىكى.

**خام تاسما** ① تېخى پىشۇرۇلمىغان تاسما. ② كۆچمە. تىل ھا. تىللاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**خام تاما** دىيال. سىناق: كەلسىلە خېنىم دېسەم، قارىماي كەتكەن يارىم. خام تامادا داڭگال ئاتسام، ئاچچىقى كەلگەن يارىم.

**خام چوت** ① بىرەر نەرسە ياكى مەسىلە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنىي ھېساب، پىلان: خام چوت قىلماق. ② <مال> نەق چوت تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، كىرىم - چىقىمنى كۆرسىتىپ تۈرىدىغان تەخمىنىي سان. نەق چوت ئەنە شۇ سان ئاساسىدا، تېخىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

**خام سۈت ئەمگەن** بېشىدىن ئاچچىق ساۋاق ئۆتمىگەن؛ كەمچىلىك، خاتالىق ۋە ھەر خىل نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس؛ تەجرىبىسىز، ساددا: ئادەم خام سۈت ئەمگەن نەرسە. مەھەممەتنى بۇ ئىشنى قىلمىدى دېگىلى بولمايدۇ.

**خام** II ئى. پاختا يىپتىن توقۇلىدىغان، ئاق رەڭلىك، سىيدام، بىر خىل يەرلىك رەخت؛ بۆز، ماتا: ئۇ خاملىرىنى دېگىنىگە سېتىپ، خوتۇنىغا كەمچەت تۇماق، بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، خۇرجۇننى تولدۇرۇپتۇ.

**خاما** ئى. جۇۋاز قايچىسىنىڭ تاش تۈرىدىغان ياپىلاق جايى:

جۇۋاز خامىسى.

**خامار** ئى. جان ت. ئادەمنىڭ ئېڭىز، بۇرۇن ۋە شۇنىڭغا يېقىن جايلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى: خامارغا ئۇرماق.

**خامان** ئى [پ] ① زىرائەتنى تېپىش ۋە تازىلاش ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان، جاي: سابىر ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ خامىنىدىن كەچ قايتتى. ② شۇنداق جايغا قۇرۇتۇش، تېپىش، تازىلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلات: خامان سورۇماق. خامان تەپمەك. ③ تېپىپ، يانچىپ پاكىزلەنگەن تەييار چەش؛ ئاشلىق: خامان ئالماق. * ئېكىندە يوق، تېپىندە يوق، خاماندا تەييار (ماقال).

**خامانچى** I ئى ① خامان تېپىشكە قاتنىشىدىغان كىشى: خامانچىلار بۈگۈن خاماندىن كەچ قايتتى. ② خامانغا قارايدىغان كىشى: يۇقىرىقى خامانغا خامانچىلار ئوت قالىغانىكەن. مەن شۇ ئوتنىڭ تەپتىدە تاڭ ئاتقۇچە تەرلەپ چىقتىم.

**خامانچى** II ئى <بوت> بالدۇر پىشىدىغان بىر خىل قوغۇن: تەۋەككۇلئاخۇن مېھمانلارغا قەشقەر قوغۇنلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاخىرىدا خامان ۋاقتىدا پىشىدىغان «خامانچى» ئىسىملىك قوغۇننىڭ بارلىقىنى قوشۇپ قويدى.

**خامانلىق** ① سۈپ. خامان بولىدىغان، خامان قىلىشقا مۇۋاپىق: خامانلىق يەر. ② ئى. خامان قىلىشقا مۇۋاپىق تېپىلغان، خامان قىلىنغان يەر: مەيدان ئەسلىدە مەخسۇت بەگنىڭ كۈز كۈنلىرى باش قوناقنى يېيىپ قۇرۇتىدىغان ۋە شال تېپىدىغان خامانلىقى ئىدى.

**خامباستى** ئى [خام + باس + تى] باللار ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى. بۇ ئويۇندا ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئۆز ئىچىدىكى بېپەرۋا، ئېھتىياتسىز ۋە ئاجىزلىرىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈست - ئۈستىلەپ ئۆزلىرىنى تاشلاپ، بېسىشىپ ئوينايدۇ: خامباستى قىلماق.

**خامپا** ئى. تۈگمەننىڭ تارتىلغان ئۇن چۈشۈپ تۇرىدىغان، تۈگمەن تېشىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوي (چوڭقۇر) جايى: تۈگمەننىڭ خامپىسى. * چورۇقنى سالماي خامپىغا كىرمە (ماقال).

**خامپىغا سەكرىمەك** تەييارلىقسىزلىقلا، تەۋەككۇلىگە ئىش قىلماق: بۇ ئىشتا ئالدىراپ خامپىغا سەكرىمەيلى.

**خام - تارا** دىيال. خام - خۇتا، خام - خاتىلا.

**خام - چارا** دىيال. خام - خاتىلا، تولۇق پىشمىغان، چالا پىشقان.

**خامتالاش** ئى [خام + تالاش] ① مال سويۇپ، ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىپ باشقىلارغا خام پېتى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش: خامتالاش قىلماق. ② كۆپچىلىكنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى، مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ بۆلۈۋېلىش: — ئەزالار ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىر قويىنى خامتالاش قىلىشمايدۇ، سەنلەر ھەدىسە تاغدىن كوممۇننىڭ قويىنى ئەكېلىپ يەۋېرىشسەڭ، نېمە توشايدۇ؟ — دېدى ئۇ.

**خامتەك** ئى [خام + تەك] ئۈزۈمنى كۆمۈش ۋاقتىغىچە پىشىپ بولالمىغان ئۈزۈم شۆكلىرى؛ خام شۆك: ئۈزۈمنىڭ خامتېكى.

**خامتۇر** ئى. دىيال. تاشتىن يۇمشاق، ئادەتتىكى توپىدىن قاتتىق توپا ياكى ماددا.

**خامچى** ئى. خام توقۇيدىغان ئادەم؛ بۆزچى، باپكار: — مەن چىن مەملىكىتىدىن بولۇپ، خامچىلار مەھەللىسىدە تۇراتتىم، ناھايىتى باي ئادەم ئىدىم، — دېدى ئۇ.

**خام - خاتىلا** تولۇق پىشمىغان، چالا پىشقان: خام - خاتىلا تاماق. خام - خاتىلا يۇتماق.

**خامداتماق** «خامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خامداشماق** «خامدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خامدالماق** «خامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خامدىماق** پ. خاملىماق، چىغدانىدىكى كىرىشتۈرۈلگەن يۇڭنى نەمدەپ، قول بىلەن دومىلىتىپ، پۇت بىلەن دەسسەپ پىشۇرماق.

**خامسۇق** سۈپ. پۇرىقىدىن، كۆرۈنۈشىدىن تولۇق پىشمىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان؛ چالا پىشقان، خام - خاتىلا: خامسۇق نان.

**خامسىكرىمەك** پ. دىيال. چالا پىشىپ قالماق: نان خامسىكرىپ قاپتۇ.

**خاملىق** ئى. خام ھالەت، پىشمىغانلىق: بۇ ئىشتا مەن خاملىق قىپتىمەن. * مېنى يىگىت دەيسەنغۇ، يىگىت يوغان كىشىغۇ؟ قىزىق بولدى سوئالىڭ، خاملىق يىگىت ئىشىمۇ؟

**خاملىماق** پ ← **خامدىماق**.

**خامۇت** ئى [ر] ① ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان، ئىككى يانىدىن ھارۋا شوتىسى ئۇچىغا باغلىنىدىغان ياغاچ بۇيۇم، جاۋەن: ئۇ ئاتلىرىغا ئالدىرىماي خامۇت كىيدۈرۈپ، ھارۋىسىنى قوشتى. ② بويۇنچاق.

**خامۇش** سۈپ [پ] ① شۈك، جىم بولۇپ قالغان؛ جىم، كەم سۆز: خامۇش ئادەم. * ئالماس ئاكا خامۇش كۆزىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. ② غەم - غۇسسىگە پاتقان، غەمكىن، ئويچان، چۈشكۈن؛ سولغۇن: دوختۇرخانا يېنىدىكى كوچىدا ياسىن خامۇش ھالدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قادىرنى كۆرۈپ قالدى.

**خامۇشلانماق** پ. خامۇش ھالەتكە كەلمەك، خامۇش بولماق: خامۇشلانغان بۇلبۇلگويا پادىشاھقا قاراپمۇ قويمىدى.

**خامۇشلۇق** ئى. خامۇش ھالەت: ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى ياشارتىدىغان خۇش پۇراق تارقىلىپ، بىھوشلۇق، خامۇشلۇقنى تارقىتىۋەتكەندەك بولدى.

**خامېلېئون** ئى [ر<گىرېك] <زوئول> بىر خىل سۆرەلگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، خالىغان ۋاقىتتا ئۇزىراپ، قىسقىرايدۇ ۋە رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ بېشىدا ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ئۆسمىسى بولىدۇ؛ تىلى ئۇزۇن بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا سوزۇپ چىقىرىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ؛ تۆت ئايىغى قىسقا، دەرەخكە چىقىشقا ماھىر كېلىدۇ؛ قۇيرۇقىمۇ ئۇزۇن كېلىدۇ. ئافرىقىنىڭ شىمالى، كىچىك ئاسىيا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**خان** ① ئى. جۇڭگو ۋە باشقا شەرق مەملىكەتلىرىدە، ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە خانلىق تۈزۈمدىكى ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەل نامى ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى: قوقەنت خانى. خان سارىيى. * خاننىڭ ئاغزى مايمۇن (ماقال). ② ئى. تارس. خانلىق قىلغان، خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان كىشى ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ ھۆرمەت مەنسىپىنى ئىپادىلەيدۇ: تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىدىرخان ياركەندى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئا-

لىمى، شائىر ۋە مۇزىكشۇناس بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوردى-
سىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىكەن. ③ سۆپ. «ئانا، ئاغى-
چا، ئاچا» سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ياكى ئاياللار، بەزىبىر ئەرلەر
ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: خان ئانا.
خان ئاچا. * مېنىڭ تاغام ماموتخان پىچان ناھىيەلىك بانكىدا ئىشلەيدۇ.

**خان ئاچا** ① ئاكىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ ئايالى. ② ئۆزىدىن
چوڭ ئايال تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش فورمىسى:
قاچانكى توختىغاچ باغدا تاماشا، دېدى لەيلى: — ئىسسىپ كەتتىم خان
ئاچا! — بۇنى ئاڭلاپ سۆيۈندى، كۆلدى يەڭگە، دېمەككى گاچا قىزمۇ
كىردى تىلگە.

**خان ئاغىچا** ① تارس. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش. ② ياشانغان
ھۆرمەتلىك ئاياللارغا قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

**خان ئانا** تارس ① پادىشاھنىڭ تۇغقان ئانىسى، پادىشاھنىڭ
ئۆز ئانىسى. ② ياشانغان، ھۆرمەتلىك ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن
چاقىرىش فورمىسى.

**خان بېلىق** بېلىقنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى.

**خان كاتىكى** ← **خان ئوردا كاتىكى.**

**خان ئوردا كاتىكى** بىر خىل بالىلار ئويۇنى. ئويۇندا ئوتتۇ-
رىغا چوڭراق ئورەكتىن بىرى كولىنىپ خان ئوردا كاتىكى
قىلىنىدۇ، ئويۇنغا قانچە ئادەم قاتناشقان بولسا، چۆرىسىگە
شۇنچە كىچىك ئورەك كولىنىدۇ. ئوينىغۇچى كىچىك ساقا
(توپ) نى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئورىكىگە ئۈچ قېتىم ئاتىدۇ، ئۈچ
قېتىمنىڭ ھەممىسىدە چۈشۈرەلىسە، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى خان
كاتىكىگە ئۈچ قېتىم ئاتىدۇ، ئۈچ قېتىم چۈشۈرەلىسە خان بولى-
دۇ.

**خانا** I ئى [پ] ① ئۆي ياكى بىر پۈتۈن بىنانىڭ تام بىلەن
بۆلۈنگەن ھەربىر قىسمى؛ بۆلۈم: مەلىكە خۇشال بولۇپ، ئۇنى
باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. پەرى قىزلار ھاتەمنى باشلاپ، مەلىكىنىڭ
خانىسىغا كىرىشتى. ② تۇرالغۇ جاي، ئائىلە، ئۆي: تاماقتىن كېيىن
شائىرمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئۇزاپ، ئۆز خانىسىغا قايتتى. ③
بەزىبىر ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، «ئورۇن —
جاي» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ: كارخانا.
دەرسخانا. مەجلىسخانا. ھاجەتخانا. ④ <مات> سانلارنىڭ تۇرۇش
ئورنى. مەسىلەن، ساننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ سانىغاندا،
بىرىنچى ئورۇن بىرلەر خانىسى، ئىككىنچى ئورۇن ئونلار
خانىسى بولىدۇ.

**خانا** II ئى. دىيال. ئۈرچۈقنىڭ بىر قىسمى.

**خاناقىماق** پ. دىيال. بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە، ئىش
قاتارلىقلار ھەققىدە دەرگۇمان بولماق، ئىككىلەنمەك.

**خانئەتلەس** ئى [خان + ئەتلەس] رەڭ ۋە گۈللىرى جەھەت-
تىن ئالاھىدە قىلىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئەتلەس، يەنى زەي-
تۇن ھەم ئاق ئارىلاش ئەتلەس: ئۇچاتتى كۆڭلىكى خانئەتلەس ئۇ-
نىڭ، دوپپىسى ئوخشايتتى چېچەك پەسلىگە. ئۇچاتتى شۇنچىلىك ئىن-
تىزار بولۇپ، ئاھ، لەيلى ئاشىقى قەيس ۋەسلىگە!

**خانپەرەس** سۆپ. خاننى، خانلىقنى ياقلايدىغان؛ خان تە-
رەپدارى: بۇ ئىنقىلابنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان خانپەرەس ئەركىن بۇرژۇ-
ئازىيەنى يېتىم قالدۇرۇش ئىدى.

**خانچە** ئى. دىيال. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش.

**خانزادە** ئى [پ] ① خاننىڭ پەرزەنتى (ئوغلى ياكى قىزى)،
خان ئەۋلادى: باينىڭ نامى بەگزادە، خوتۇن ــ قىزى خانزادە، بىزنى
ئاشۇ زاماندا، ئاتىشاتتى قەلەندەر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خانقىز** ئى [خان + قىز] ① <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر
ئائىلىسى. يېتىلگىنى يېرىم شار شەكلىدە بولۇپ، بېشى كى-
چىك، خىللىرى كۆپ، رەڭگى ھەر خىل كېلىدۇ. بۇ خىل ھا-
شاراتلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زور كۆپچى-
لىكى كۆكپىت، سالجا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەپ، دېھقانچىلىق
ۋە ئورمانچىلىقتا پايدا يەتكۈزىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خانگۈل** ئى [خان + گۈل] ① <بوت> كېپىنەكگۈل. ② ئا-
ياللارنىڭ ئىسمى.

**خانلەيلۇن** ئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ناخشىلىرىدىن
بىرىنىڭ نامى.

**خانلىق** ① ئى. مەلۇم بىر خانلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت،
سۇلالە، خاندانلىق. ② سۆپ. خاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى، خاذ-
نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى: خانلىق يەر. * ئابدۇقادىر داموللا قەشقەر
خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان.

**خانۇمان** ئى [پ] يېزت. مال ـ مۈلۈك، بىسات، بايلىق؛ ئۆي ـ
جاي، تۇرالغۇ: ئۇ: «خانۇمانىمدىن، مېھرىبانىمدىن، روزىغارىمدىن،
جاندىن ئەزىز پەرزەنتلىرىمدىن ئايرىلدىم» دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ.

**خانى** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىل-
لەتكە مەنسۇپ كىشى. خانى تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى
سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ ـ مىيەنزۇ تىللىرى تۈركۈمى يىزۇ
تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈن-
نەن ئۆلكىسى خۇڭخې خانى ـ يىزۇ مىللىي ئاپتونوم
ئوبلاستىدا، جياڭچېڭ خانى — يىزۇ مىللىي ئاپتونوم ناھى-
يەسىدە، شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، موجياڭ ناھى-
يەسى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەللەردە ئاكا تىلى دەپ
ئاتىلىپ بىرما، لائوس، تايلاند، ۋيېتناملار دائىرىسىدە ئىشلىتى-
لىدۇ.

**خانىچە** ① سۆپ. خانلارغا خاس، خانلارنىڭ ئۇسلۇبى، ئا-
دىتى بويىچە؛ خانلاردەك. ② ئى. خانى تىلى ياكى يېزىقى.

**خاندان** ئى [پ] ① ئائىلە، جەمەت: شۇي شۇ كېلىپ، ئالدى
بىلەن ۋەزىر خاندانىدا ساق ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ② تارس. خانلىق،
سۇلالە: ئىرۇر بىر خانى ئۇشبۇ خانداننىڭ، ئۇنتۇلماس بۇيۇك كىشى-
سى زاماننىڭ.

**خاندانلىق** ئى. خانلىق، سۇلالە.

**خانىش** ئى. تارس. خان، پادىشاھ، ۋاڭلارنىڭ خوتۇنى:
مېھرىبانۇ چىڭ ۋاڭ قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ يەتتىنچىسى مۇھەممەت بەشىر
ۋاڭنىڭ خانىشى ئىدى.

**خانىشلىق** ئى. خان، پادىشاھ، ۋاڭلارنىڭ خوتۇنىغا خاس؛
خان، پادىشاھ، ۋاڭلارنىڭ خوتۇنىدا بولىدىغان ياكى بولۇشقا
تېگىشلىك: ... بىر ئاز يۇمشىغاندەك قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ خانىشلىق
غۇرۇرى يول قويماي، سۇلتاننىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى.

**خانىقا** ئى [پ] <دىن> ① ئىشان، سوپىلارنىڭ توپلى-
شىپ، بىرلىكتە زىكىرگە چۈشىدىغان، زىكىر ـ ئىبادەت

قىلىدىغان خانىسى، ئورنى. ② بىر قىبتىمدا كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت؛ جامە: بىركۈنى لۇتپۇللا ئەتىگەن سەھەردە ئادىتى بويىچە لەڭگەر كوچىسىدىكى خانىقا ئالدىغا ئاستا مېڭىپ كەلدى. ③ چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان، ئادەتتە كەڭ ۋە كاتتا بولىدىغان گۈمبەزلىك خانىسى: مەسچىتنىڭ خانىقاسى.

**خانىكە** ئى. خانىنىڭ قىزى، مەلىكە.

**خانىم** ئى ① ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: — خانىملار، ئەپەندىملەر، بىزنىڭ سىزلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز بۈگۈن ئاخشام ھەممەيلەن بىرلىكتە يېڭى يىل كېچىسىنى كۆڭۈللۈك كۈتۈۋېلىش. ② ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: پەرىدە خانىم. ③ ئايال مۇئەللىم: ئۇ بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرى مەكتەپ سېلىشقا تۈنجى بولۇپ كەلگەن بىر ياش خانىمنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ④ رەپىقە، ئايال: — خانىمىڭىزنى تويغا بىللە ئەكەلمەپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ئەخمەت كەسپىدىشى ئابدۇللادىن.

**خانىۋەيران** سۈپ [پ] ئۆي - جايى ياكى ئائىلىسى بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان؛ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان، قۇرۇق قالغان: ۋەيرانە، خاراب: بەزى كىشىلەر ئۆلۈپ ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان پۇل ۋە مال - مۈلۈكلەردىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

**خانىۋەيرانچىلىق** ئى. خانىۋەيرانلىق: ئۇ سودىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشى خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالدى.

**خانىۋەيرانلىق** ئى. خانىۋەيران ھالەت، خارابلىق: خانىۋەيرانلىققا ئۇچرىماق. * مۇتلەق زور كۆپچىلىك دېھقانلار نامراتلىق ۋە خانىۋەيرانلىق يولىنى تاشلاپ، بۇ يېڭى تەرەققىيات يولىغا مېڭىشنى خالايدۇ.

**خاھى** باغل [پ] بەزى جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىپ، «ياكى»، «يا»، «مەيلى» دېگەن مەنىلەردە تاللىما باغلىغۇچى رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ خاھى كەلسۇن، خاھى كەلمىسۇن، مېنىڭ كارىم يوق. * خاھى ئۇنى ئال، خاھى بۇنى ئال، ئۆز مەيلىڭ.

**خاھىش** ئى [پ] ① بىرەر نەرسىنى، ئىشنى خالاش، ئىزدەش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، مايىل بولۇش؛ مايىللىق، ئىستەك، ئارزۇ: ئۆز خاھىشىنى بىلدۈرمەك. ② بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە ھەققىدە يۈز بەرگەن ھادىسە، ئەھۋال: يامان خاھىش. كاپىتالىستىك خاھىش.

**خاھىشچان** سۈپ. بىرەر خاھىشقا مايىل، بىرەر خاھىشقا بېرىلگەن، بىرەر خاھىشقا ئاغقان ياكى ئېغىش ئىستىكى كۈچلۈكرەك بولغان.

**خاھىشچانلىق** ئى. بىرەر خاھىشقا بولغان ئۆز مايىللىقى، بىرەر خاھىشنى خالاش، ئىزدەشكە بولغان مايىللىق، بىرەر خاھىش، مەسىلە ياكى ئىدىيەگە ئاغقان ياكى مايىل بولغان ئىستەك، مايىللىق: بەدىئىي خاھىشچانلىق يازغۇچىنىڭ سۆيۈپ-كىتىپ خاھىشىدۇر. * خاھىشچانلىق يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مايىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. * بىزدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا سىياسىي خاھىشچانلىق كۆپرەك، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىق ۋە بەدىئىي خاھىشچانلىق ئاز سۆزلەندى.

**خاۋاتىر** ئى [ئە] تەشۋىش، ئەندىشە، قورقۇنچ.

**خاۋاتىرلاندۇرماق** «خاۋاتىرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەسىمدىكى ئايالنىڭ ئاپئاق چىشلىرى كىشىنى خاۋاتىرلاندۇراتتى.

**خاۋاتىرلانماق** پ ① تەشۋىشكە چۈشمەك، تەشۋىشلەنمەك؛ قايغۇرماق: گايتىئاخۇن خاۋاتىرلانغان ھالدا ئابلىزغا قارىدى. ② بىرەر نەرسىدىن خەۋپسىرىمەك، چۆچۈمەك، قورقماق: ئالماس ئاكىنىڭ ئاچچىق ئەلەم بىلەن تولغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن مەلىكە ھەدە خاۋاتىرلىنىپ قالدى.

**خاۋاتىرلىق** سۈپ. تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك: رۇسلارمۇ پايتەختتىكى بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا ھەسرەت ۋە خاۋاتىرلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلەتتى.

**خاۋارىج** ئى [ئە] ① خەلىپە ئەلىگە قارشى چىققان ئىسلام دىنىدىكى بىر گۇرۇھ. ② كىشىنى تىللاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خاۋازا** ئى [خەن] ① ئىتنىڭ كۈچۈكى، ئىتنىڭ بالىسى. ② جۇغى كىچىك ئىت، پىستەك ئىت.

**خاۋالت** ئى [پ] دىيال. چالا ئۇيقۇ.

**خاۋالىس** رەۋ. ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا، چالا ئۇيقۇلۇق: — ۋاي تېخى، تۈنۈگۈن كېچە خاۋالىس ياتتىم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بىر ئاشپەز ئايال.

**خاۋس** سۈپ. دىيال. سېسىق: خاۋس گەپ.

**خائىن** ئى [ئە] ① ئەھدىسىنى، قەسىمىنى بۇزۇپ، خىيانەتكارانە ئىش قىلغان كىشى؛ خىيانەتكار ئادەم. ② ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىش قىلغان، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ھەمكارلاشقان، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتكەن كىشى؛ ساتقىن: ۋەتەن خائىنى. * باشلانماستىن قوزغىلاڭ، چىقتى خائىن ئارىدىن. بىر قىسىملار تۇتۇلدى، چىقماستىن ئىش جايىدىن.

**خائىنانە** رەۋ [ئە + پ] خائىنلارچە: شەرتنامىنى خائىنانە بۇزماق. خائىنانە ھۇجۇم قىلماق. خائىنانە ھەرىكەت. خائىنانە ئىش.

**خائىنلارچە** رەۋ. خائىنلارغا خاس، خائىنلاردەك، خائىنانە: خائىنلارچە ھەرىكەت. خائىنلارچە ئىش قىلماق.

**خائىنلىق** ئى. خائىننىڭ تەبىئىتى، ساتقىنلىق: خائىنلىق قىلماق. * ۋەتەن سۆيۈش چىن ئىنسانغا خاس، ۋەتەنسىزلىك ئۆلۈمدۇر، خالاس. ۋەتەن سۆيمىگەن كىشى يۈزىگە، خائىنلىقنىڭ تامغىسىنى باس!

**خايا** ئى [پ] جان ت. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**خايان** رەۋ. دىيال. ئىختىيارى بىلەن، مەيلىچە، خاھىشچە.

**خايناخا** ئى. دىيال ① ھېچبىر سەۋەبسىز يوق، بىكاردىن - بىكار، ئوچۇقتىن - ئوچۇق. ② ئېھتىمال، ھەرقاچان، بەلكىم.

**خەپ** ① ئىم . پۇشايمان، ئەپسۇس ۋە ھەسرەت - نادامەتنى بىلدۈرىدۇ: ئوسمان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئەلەم بىلەن: — ۋەزىر ئەزەمنىڭ پەرمانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى، خەپ! — دېدى. ② يۈك. «توختاپ تۇر»، «قاراپ تۇر»، «ئالدىرىما» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: ئۇ قىزنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يوقالغاندىن كېيىن: — خەپ، تېخى ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتمىسام ھېساب ئەمەس، — دەپ ئۆزىگە شىۋىرلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

**خەپرۇك** ئى. بەلغەم.

**خەپشۇك** ئىم [خەپ + شۇك] «جىم»، «شۇك»، «دىققەت» مەنىلىرىدىكى بۇيرۇق - چاقىرىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: گەپ دېسە بەش ئېشەككە يۈك، ئىش دېسە خەپشۇك (ماقال). * بىز ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەن، موللام «خەپشۇك» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى.

**خەپلىمەك** پ. «خەپ، توختاپ تۇر» دېمەك: ئۇنى پۈتلىيالماي

خەپلەپ يۇرگەن قازى ئابدۇللانىڭ نۇرىمانغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشلۇققا چۆمۈپ، ۋەزىرنىڭ ئەدىبىنى بىرىشكە كىرىشىپتۇ.

**خەپىمەچ** ئى. دىيال. خىمىرپەش. خىمىرتۇرۇچ يۆگەپ قويىدىغان ياكى ئادەتتە ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرى تاماق يېگەندە سالىدىغان ئاددىي كىچىك داستىخان.

**خەت** ئى [ئە] ① يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گرافىك بەلگىلەر، ھەرپلەر سىستېمىسى؛ يېزىق: خەت يازماق. ئەرەبچە خەت. لاتىنچە خەت. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە يېزىلغان تېكىست؛ پۈتۈك: قەشقەر ئوغلى يازدىم مەن، ئۆچمەس قىلىپ خېتىمنى. ئەسلەر مۇندا كەلگەنلەر، ئابدۇراخمان ئېتىمنى. ③ بىرەر ئىشنىڭ شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان رەسمىي ھۆججەت: بىز ئاخىر مەڭگۈ بىللە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن توي خېتىنىمۇ ئالدۇق. مانا، ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ. ④ يىراقتىكى كىشىگە بىرەر خەۋەر بېرىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىش مەقسىتىدە ئەۋەتىلىدىغان، بىرەر تېكىست يېزىلغان قەغەز، نامە؛ مەكتۇپ: خەت ساندۇقى. زاكاز خەت. خەت سالماق.

**خەت ـ ئالاقە** خەت ۋە شۇ خىل ۋاستە بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقە: — ئۇنىڭ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشمىدۇق، — دېدى لەيلىگۈل.

**خەتەر** [ئە] ① ئى. كىشىنى بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان شارائىت، خەۋپ: خەتەرگە ئۇچرىماق. خەتەردىن قۇتۇلماق. خەتەر چىقماق. ② سۈپ. خەتەرلىك، خەۋپلىك: قەمەر شاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئانىسى زار ـ زار يىغلاپ ئېيتتىكى: — ئى بالام، خەتەر يولغا ئاتلىنىپسەن، قايتقىن يولۇڭدىن.

**خەتەرسىز** ① سۈپ. خەتىرى يوق، بىخەتەر: خەتەرسىز جاي، خەتەرسىز يوللار. ② رەۋ. خەتەرگە ئۇچرىماي، بىخەتەر ھالدا: ساۋۇت دوختۇر گىلۇكوزا ئوكۇلىنى خەتەرسىز سالدى.

**خەتەرسىزلەندۈرمەك** «خەتەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەتەرسىزلەندۈرۈلمەك** «خەتەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خەتەرسىزلەنمەك** پ . خەتەرسىز ھالغا كەلمەك.

**خەتەرسىزلىك** ئى. خەتەرسىز ھالەت، خاتىرجەملىك.

**خەتەرلەشمەك** پ. خەتەرلىك ئەھۋالغا كەلمەك، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشمەك، خەتەرلەنمەك.

**خەتەرلىك** سۈپ. بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئەكېلىشى مۇمكىن بولغان؛ خەۋپلىك: خەتەرلىك يول. خەتەرلىك كېسەللىك. خەتەرلىك ئىش. خەتەرلىك پەيت.

**خەت ـ پەت** خەت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر، خەت ـ خەۋەر: كوماندىر كۆلۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ: «ھە، ئۆي تەرەپتىن خەت ـ پەت بارمۇ؟» دەپ سورىدى.

**خەتتا** ئى. تارس. ۋاڭلىق تۈزۈمدە دىۋان بېگىنىڭ پۈتۈكچىسى؛ دەپتەر تۇتقۇچى.

**خەتتات** ئى [ئە] خەتنى چىرايلىق يازىدىغان ئادەم، ھۆسنخەت يازغۇچى كىشى؛ ھۆسنخەتچى: خەتتاتلار جەمئىيىتى.

**خەتتاتلىق** ئى. خەتنى چىرايلىق يېزىش ھۈنىرى: خەتتاتلىق قىلماق. * ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىشنى مەشىق قىلىپ، خەتتاتلىقنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

**خەت ـ چەك** خەت، تېلېگرامما ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر.

**خەتچى** ئى ① بۇرۇنقى زامانلاردا خان، بەگ ۋە دورغىلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى يېزىپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پۈتۈكچى خادىم؛ كاتىپ. ② خەت توشۇغۇچى؛ پوچتىكەش. ③ پوچتىخانىدا باشقىلارغا خەت يېزىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم.

**خەت ـ خالتا** خەت ۋە خالتا: — ساۋۇت، بالا ـ چاقاڭدىن خەت ـ خالتا كەپتۇ، قارىغىنا! — دېدى ئايىمخان ئاچا ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن.

**خەت ـ خەۋەر** خەت ۋە خەۋەر: ئاكامدىن خەت ـ خەۋەر كەلمىدى.

**خەت ـ ساۋات** ئوقۇش ھەم يېزىش: ئۇنىڭ خەت ـ ساۋاتى يوق.

**خەت ـ ساۋاتى بار** ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلىدىغان؛ ساۋاتلىق: خەت ـ ساۋاتى بار ئادەم.

**خەت ـ ساۋاتى يوق** ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلمەيدىغان؛ ساۋاتسىز: ئاتام گەرچە خەت ـ ساۋاتى يوق كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشى خېلى جايىدا ئىدى.

**خەت ـ ساۋاتلىق** ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغان، مەلۇماتلىق.

**خەتسىمان** سۈپ. خەت شەكلىدىكى، خەتكە ئوخشايدىغان: خەتسىمان تۈزۈلمە.

**خەتكۈش** ئى [ئە + پ] ئوقۇلۇۋاتقان بەتنى كېيىن ئاسان تېپىۋېلىش ئۈچۈن، بەت ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان نەرسە: لۇغەتنىڭ بەت ئارىلىقلىرىغا ھەرپلەر يېزىلغان بىرقانچە خەتكۈشلەر قىستۇرۇلغانىدى.

**خەتلەتمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەتلەشمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**خەتلەنمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى سالا ـ سۈلھ بىلەن يەر پۈلىغا سۈندۈرۈلۈپ، تۇردىھاجىمنىڭ نامىغا خەتلەندى.

**خەتلىك** سۈپ ① خېتى بار، خەت يېزىلغان: ئۇ مەكتەپتىكى سىنىپلار ئازادە ۋە يورۇق. ھەربىر سىنىپقا چوڭ خەتلىك شوئارلار چاپلانغانىدى. ② مەلۇم مىقداردىكى خەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: باھارگۈل مەكتەپ پۈتكۈزۈشكە يېقىن قالغاندا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئۈچ مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى.

**خەتلىمەك** پ. يېزىپ قويماق، خاتىرىلىمەك، تىزىملىماق: — بالىنىڭ ئوتتەك ئوقۇغۇسى بار ئىدى. دەپتەرلىرىنىڭ بىر بۇرجەكىگە خەتلەپ قويغان بولسىلا، بەكمۇ خۇش بولۇپ قالاتتۇق، مۇئەللىم، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

**خەتمە** ئى [ئە] <دىن> مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرە بېشىدا ۋە مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن مېيىت چىققان ئۆيدە قۇرئان ئوقۇش.

**خەتمە ـ ئىستىغپار** <دىن> ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىش مەقسىتىدە، قۇرئاننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللادىن سورالغان كەچۈرۈم: خەتمە ـ ئىستىغپار قىلماق. خەتمە ـ ئىستىغپار ئوقۇماق.

**خەتمۇخەت** بىر خەت ـ بىر خەتتىن، بىر خەتنىمۇ چۈشۈ-

رۇپ قويماي: خەتمۇخەت ئوقۇماق. خەتمۇخەت تەرجىمە قىلماق.

**خەتمقۇرئان** ئى [خەتمە + قۇرئان] ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇش: خەتمىقۇرئان قىلماق. * ئۇ شۇ كېچىنى كارۋانلارنىڭ پىرى شەيخ ئابدۇقادىر جىلانىينىڭ روھىغا بېغىشلاپ، خەتمىقۇرئان ۋە نەزىر - چىراغ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

**خەتمنورۇز** ئى [خەتمە - نورۇز] سەھرايى خەتمە. بۇ كۈندە پۈتۈن يۇرت ئەھلى تۈزلەڭگە ئايرىم - ئايرىم قازان ئېسىپ تاپقاننى تەڭ يەپ، ئۆز ئارا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشىدۇ.

**خەتنە** ئى [ئە] مۇسۇلمانلار ۋە بەزى خەلقلەردە تازىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىنى قىسمەن كېسىش ياكى كەستۈرۈش: خەتنە قىلماق.

**خەتنچى** ئى. ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلىدىغان ئادەم: تاھىرنىڭ خەتنىسىنى قىلىدىغان خەتنىچى تېخى يېتىپ كەلمىدى.

**خەتنلىك** ① سۈپ. ئوغۇل بالىنىڭ چوچىقىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان قىسمى: خەتنىلىك بالا. خەتنىلىك تۇغۇلماق. ② ئى. يەتتە - سەككىز ياشلارغا كىرگەن ئوغۇل بالىلارنىڭ چوچىقىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان يېرى: خەتنىلىكنىڭ ئۇزۇن بولۇشى خەتنىلىك ياللۇغىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، ئاجىزلار ۋە كىرلەر خەتنىلىك ئاستىغا يىغىلىۋېلىپ، شىللىق پەردىلەرنى غىدىقلاپ قىچىشتۇرىدۇ.

**خەتىپ** ئى [ئە] <دىن> مەسچىتتە خۇتبە ئوقۇيدىغان، ۋەز ئېيتىدىغان داموللا؛ جامائەت ئالدىدا شەرىئەتتىن تەپسىر قىلغۇچى كىشى.

**خەتنەك** ئى. چىلگىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ياۋا قوغۇن بولۇپ، ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ.

**خەج** ئى [ئە] بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پۇل، مەبلەغ.

**خەج - خىراج** سەرپ قىلىشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان، ئىقتىسادىي قىممىتى بار نەرسىلەر؛ خىراجەت: يىگىت پادىشاھقا: — دادام «ئوغلۇمنىڭ خەج - خىراجى ئۈچۈن» دەپ سىلىگە ئۆز بىساتىدىن ئون مىڭ دىنار ئالتۇن بەرگەنىدى، — دەپتۇ.

**خەج - خىراجەت** ← **خەج - خىراج**: ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى قولىقىدىن ئېلىپ: — ئەركىن، مانا بۇنى ئېلىۋېلىڭ، لازىم بولسا، سېتىپ خەج - خىراجەت قىلارسىز، — دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**خەجلەتمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەجلەشمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دادىسىدىن مىراس قالغان پۇللارنى تۈگىگىچە خەجلەشتى.

**خەجلەنمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — 2000 يۈەن پۇل خەجلىنىپ بولدى، — دېدى تالىپباي خوتۇنىغا.

**خەجلىمەك** پ. خىراجەت قىلماق، سەرپ قىلماق: ئابدۇللا توي تەييارلىقىدا پۇلدىن قىسىلىپ، بىر ئېغىز ئۆينىڭ ياغاچ - تېشىنى سېتىپ خەجلىمەكچى بولدى.

**خەددەڭ** سۈپ. دىيال. يوغان - يالپا، بەستلىك.

**خەرەك** I ئى [پ] ① <مۇز> دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تارلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يۈزىگە قويۇلىدىغان تىرەك: دۇتار خەرىكى. راۋاب خەرىكى. ② كىگىز-

چىلىكتە، دۇكان سوسىينى ئېڭەكتىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان قىستۇرما ياغاچ.

**خەرەك** ئى. دىيال. كېكىردەك، كاناي.

**خەرەكلەشمەك** پ. دىيال. ياقا سىقىشماق: ھېلى بىكار خەرەكلىشىپ قالماي ...

**خەرىتە** ئى [ئە] يەر شارى يۈزىدىكى نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىسخېما: دۇنيا خەرىتىسى. خەتسىز خەرىتە.

**خەرىتىلەشتۈرمەك** «خەرىتىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىنجاڭ گېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل نېفىت زاپىسى ۋە ھەر خىل مىنېراللار بار يەرلىرىنى خەرىتىلەشتۈرۈپ بولدى.

**خەرىتىلەشتۈرۈلمەك** «خەرىتىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى شەھەرلەر خەرىتىلەشتۈرۈلدى.

**خەرىتىلەشمەك** پ. بىرەر ئورۇن، جاينىڭ خەرىتىسى قەغەز ۋە باشقا نەرسە يۈزىگە سىزىلىپ چىقماق: ئۈرۈمچى شەھىرى خەرىتىلەشتى.

**خەزىنە** ئى [ئە] ① پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش، تىللا ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار ساقلىنىدىغان مەخسۇس جاي؛ ئامبار: بوۋاي خەزىنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ھەممىسىنى خەلققە بۆلۈپ بېرىپتۇ. ② بىرەر شەخس، تەشكىلات ياكى دۆلەت ئىختىيارىدىكى قىممەت باھالىق بۇيۇملار؛ مەبلەغ؛ بايلىق: تويى — خۇدانىڭ خەزىنىسى (ماقال). * — ئەگەر بۇ بەسلىشىشتە يۇسۇپ غالىب كەلسە، 40 قېچىرغا خەزىنە يۈكلەپ يۇرتىغا قايتۇراي، — دەپتۇ گۈزەلشاھ كۆپچىلىككە. ③ كۆچمە. مەدەنىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار: ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئاڭ - تۈيغۇ خەزىنىسىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاچقالايدىغان قىلىمەن.

**خەزىنىچى** ئى. خەزىنىنى ساقلاش، باشقۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس: خەلىپە ھارۇن رەشىد خەزىنىچىنى قىچقىرىپ، ۋەزىر جەپەرگە ئون مىڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. خەزىنىچى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاپتۇ.

**خەزىنىدار** ئى [ئە + پ] خەزىنىچى، خەزىنە باشقۇرغۇچى ئادەم: ئۇ قەمەرۇززاماننى بارغانسېرى دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈپ، ئاخىر مال - دۇنيانى باشقۇرىدىغان خەزىنىدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

**خەزىنىدارلىق** ئى. خەزىنە باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ساقلاش ئىشى، خىزمىتى: پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ئوغلىنى خەزىنىدارلىققا تەيىنلەپتۇ.

**خەزىنىچىلىك** ئى. خەزىنىنى ساقلاش، باشقۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش؛ خەزىنىدارلىق: خەزىنىچىلىك قىلماق.

**خەس** I ئى [پ] ① قۇرۇق ئۆسۈملۈكلەر، قۇرۇق ئوت - چۆپلەر، قۇرۇپ قالغان شاخ - شۇمبىلار؛ چۆپ: ئانا يۇرتۇڭ بېزىپ سەندىن ئارىغا ئالمىسا بىر كۈن، بولۇرسەن شۇندا بىر تال خەس، نە قالغاي سەندىكى قىممەت. ② ئىززىتى، قىممىتى يوق، ئەرزىمەس، خار نەرسە: بولسا رەھمەتلىك تىرىك، بۇنداق ئازاب چەكمەس ئىدۇق، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خەس بولۇپ ئۆتمەس ئىدۇق.

**خەس** II ئى [ئە] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرمىقى كۆكتات قىلىنىدۇ.

**خەس** III ① سۈپ. دىيال. پەقەت بىرلا خىل نەرسىدىن

تەركىب تاپقان، باشقا بىر تەركىب ئارىلاشمىغان؛ ساپ. ② رەۋ. پۈتۈنلەي، ھەممە.

**خەس** Ⅳ دىيال ① رەۋ. ئەتەي، قەستەن. ② ئى. خۇپسەنلىك.

**خەسە** ئى. پاختا يىپىدىن سىلىق قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ئاق رەخت: ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاپئاق خەسە كۆڭلىكى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

**خەستە** Ⅰ سۈپ [پ] يېزت ① بىرەر كېسەللىككە يولۇققان، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس؛ كېسەل، كېسەلمەن: نىگارىم خەستە جارىغا ۋىسالىڭدىن داۋا ئەيلە، تېنىمدە قالمىدى دەرمان، پىراقىڭدا بىمار بولدۇم. ② كۆچمە. دەرد تارتقان، ئەلەم چەككەن، ئازابلانغان، قىينالغان، دەردلىك، قايغۇلۇق، غەمكىن: سايرىغايمۇ زوق بىلەن بۇلبۇلغا گۈلزار بولمىسا، يايرىغايمۇ خەستە دىل ئاشىققا دىلدار بولمىسا.

**خەستە** Ⅱ رەۋ. دىيال. راستتىن، قەستەن.

**خەستىلەنمەك** پ ① بىرەر كېسەللىككە يولۇقۇپ قالماق، سالامەتلىكى ناچارلاشماق، كېسەل بولماق: ئۇ ئەنە شۇ سىبىسقـ ـ چىلىق ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقتىن خەستىلەندى. ② كۆچمە. دەرد تارتماق، ئازابلانماق، قىينالماق: راست ئۇكام، بوغۇلۇپ ئۆتتۇق قانچە يىل، ئىس - تۈتەك ئىچىدە خەستىلەندى دىل.

**خەسىس** سۈپ [ئە] بىركىمگە بىرەر نەرسە بېرىشنى، سەرپ قىلىشنى خالىمايدىغان؛ پىخسىق، بېخىل، پىششىق: خەسىس ئادەم.

**خەسىسلىك** ئى. پىخسىقلىق، بېخىللىق، پىششىقلىق: ئۇنىڭ بىردىنلا خەسىسلىكتىن مەردلىككە ئىرغىغانلىقىنى كۆرگەن كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى.

**خەشەك** Ⅰ ئى [پ] ① قۇرۇق ئوت ـ چۆپ. ② ياغاچنى چېپىش ۋە رەندىلەش جەريانىدا چىققان ياغاچ پارچىلىرى.

**خەشەك** Ⅱ ئى. دىيال. شېغىل.

**خەشەك** Ⅲ ئى. ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. ئۇ يەر تاللىماي ئۆسىدۇ، يەيدىغان قىسمىنىڭ سىرتى يۇزى تۈكلۈك كېلىدۇ.

**خەق** ئى [ئە] جان ت ① خەلق، ئاما، كىشىلەر: — ئورۇسمۇ، ياپونمۇ ئوخشاشلا يات خەق، — دېدى ھاجى چايان ئۇنىڭغا. ② ئادەملەر؛ باشقىلار، يات كىشىلەر: قۇربان ئاقساقال: — خەق سىنى چاكار دېسە، ساڭا ھاقارەت، ماڭا ئۇۋال ئۇقۇلغانلىق بولىدۇ، سەن ئوبدان ئويلا، — دېدى. ③ ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم جىنسىي ۋە كەسپىي ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، «كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خوتۇن خەق. ئەر خەق. * — بىز بولساق يېزىدىكى دېھقان خەق، — دېدى ئۇ.

**خەقىش** [پ] سۈپ. تولا جېدەل قىلىدىغان، جېدەلخور، قارىغىش (بالىلار ھەققىدە): خەقىش بالا.

**خەقىشلىك** ئى. ئورۇنسىز جېدەل، ماجىرا، غەلۋە: — تامىقىڭنى يېمەيمەن، ۋاي، لازىمۇ سايسەن، — دېدى لېتىپ يەنە خەقىشلىك قىلىپ.

**خەلپە** ئى [ئە] ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي زات: لۇتپۇللا لەڭگەردىكى چوڭ خانىقا ئالدىغا كەلگەندە، پېشقەدەم سەپداشلىرىدىن تۆردى خەلپە بىلەن ئۇچراشتى.

**خەلپەت** ئى [ئە] ① مەدرىسەدە ئوقۇيدىغان تالىپلار ئارىسىدىن، تالىپلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن، داموللىغا ياردەملىشىدىغان ئوقۇغۇچى؛ باشقۇرغۇچى تالىپ. ② دىنىي ئىلىمدە خېلى يۇقىرى ساۋاتقا ئىگە كىشى: كۈندۈزى خەلپىتىمدىن، ئاخشىمى دادامدىن ساۋاق ئېلىش بىلەن بولدۇم.

**خەلپىلىك** ئى. خەلپە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە، خىزمەت: خەلپىلىك قىلماق.

**خەلدەك** ئى. دىيال. چىش كولىغۇچ : سوقماڭ مېنى بەلدەڭ بىلەن، چىش كولىغۇچ خەلدەڭ بىلەن.

**خەلق** ئى [ئە] ① بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى گەۋدە قىلغان ئاھالىسى: جۇڭگو خەلقى. ياپونىيە خەلقى. خەلق تۇرمۇشى. ② مىللەت: ئۇيغۇر خەلقى. رۇس خەلقى. ③ بىرەر جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى. يېزا خەلقى. ④ بىرەر كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر گۇرۇھىنى بىلدۈرىدۇ: مېھنەتكەش خەلق. ئەمگەكچان خەلق.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى** <ئەد> ئەمگەكچى خەلق بىۋاسىتە ئىجاد قىلغان، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەدەبىيات. ئۇ ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق دىراملىرى، ئەلنەغمىلەر، قوشاقلار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خەلقئارا** [خەلق + ئارا] ① سۈپ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە، ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىگە ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت: خەلقئارا ۋەزىيەت. خەلقئارا ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى. خەلقئارا ئاياللار بايرىمى. ② ئى. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسى: مىڭئۆي شىنجاڭ تارىخى، بۇددا دىنى ۋە بىناكارلىق، نەققاشچىلىق سەنئىتىگە ئائىت تەتقىقات نۇقتىسى جەھەتتىن يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىز ھەم خەلقئارادىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**خەلقئاراچە** سۈپ. خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، خەلقئاراغا كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان: خەلقئاراچە چېلىش.

**خەلقئارالاشتۇرماق** «خەلقئارالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : بازارلارنى خەلقئارالاشتۇرماق. * غەرب دۆلەتلىرى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتنى تاللاپ، «شىزاڭ مەسىلىسى» نى كۆچەپ خەلقئارالاشتۇرىدۇ؟

**خەلقئارالاشتۇرۇشماق** «خەلقئارالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خەلقئارالاشتۇرۇلماق** «خەلقئارالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بازارلار خەلقئارالاشتۇرۇلدى.

**خەلقئارالاشماق** پ. خەلقئاراغا قاراپ يۈزلەنمەك، خەلقئاراسەھنىگە چىقماق، خەلقئارادا تونۇلماق: كاپىتالنىڭ خەلقئارالىشىشى ئىلگىرى ئاساسەن ئوبوروت ساھەسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى.

**خەلقئارالىق** سۈپ ① خەلقئارا سەۋىيەگە يەتكەن، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان: خەلقئارالىق رېپىرى. ② خەلقئارادا كەڭ تارقالغان، خەلقئارادا ئومۇملاشقان، خەلقئارادا يۈرگۈزۈلىدىغان: خەلقئارالىق نوتا. خەلقئارالىق قانۇن.

**خەلقپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] خەلققە كۆيۈنىدىغان، خەلق

مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان؛ ھەر دائىم خەلق تەرىپىدە تۇرىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقچىل: خەلقپەرۋەر ئادەم. خەلقپەرۋەر رەھبەر.

**خەلقپەرۋەرلىك** ئى. خەلقنى سۆيۈش، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە شۇنداق روھ: رۇزبە شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ خەلقپەرۋەرلىك، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ.

**خەلقچىل** سۈپ. خەلق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان؛ خەلق روھى، مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىغا ماس كېلىدىغان، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، خەلقپەرۋەر، دېموكراتىك: ئۇلار بىزنى جۇڭگودىكى خەلقچىل ئىلغار كىشىلەر دەپ ئاتايتتى.

**خەلقچىللىق** ئى. خەلقپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە، يەنى خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا ئەركىن پىكىر بېرىش ھوقۇقى: ھەمراھنىڭ گۇرۇپپىسىدا بولسا ھەربىر ئىش خەلقچىللىق ئاساسىدا ھەممىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ھەم پىلانلىق، بىر - بىرىگە ھەق قايتۇرۇشتا ئادىللىق بىلەن بولدى.

**خەلقىئالەم** ئى [خەلق + ى + ئالەم] بىرەر يۇرتنىڭ پۈتۈن خەلق ئاممىسى؛ بارلىق جامائەت، خەلق: بۇ ئىشتىن بىز خەلقىئالەم ئىچىدە يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق.

**خەلىپە** ئى [ئە] ① بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي - دىنىي داھىيلارنىڭ نامى، ئىمام. ② ئورۇن باسار.

**خەلىپىلىك** ئى ① خەلىپە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە، خىزمەت. ② خەلىپە ئالىي ھۆكۈمران بولىدىغان دۆلەت تۈزۈمى ۋە شۇ خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت: ئەرەب خەلىپىلىكى.

**خەمەك** I ئى [پ] يېڭى چۈشكەن سويما: بىر پىلەكتە مىڭ خەمەك (ماقال).

**خەمەك** II ئى. ئارغامچا ئېشىشتە ئىشلىتىلىدىغان، ئېلىپىس شەكىللىك، سىرتقى قىسمىغا تالا - تالا قىلىپ ئۈچ ياكى تۆت ئېرىقچىلەر ئويۇلغان بىر خىل ياغاچ سايمان.

**خەمەكسىز** سۈپ. خەمىكى يوق. خەمەك چۈشمىگەن: پىلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قاپتۇ (ماقال).

**خەمەكلىمەك** پ. خەمەك چۈشمەك: جان كۈندە چېچەكلەمدۇ، قوغۇن كۈندە خەمەكلەمدۇ (ماقال).

**خەمسە** ئى [ئە] <ئەد> بەش مۇستەقىل داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر.

**خەمسىچىلىك** ئى <ئەد> مەخسۇس خەمسە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: خەمسىچىلىكتە، ھىندىستانلىق شائىر خىسراۋ دېھلەۋى، تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى ناۋايى ناھايىتى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

**خەنتەي** ئى. دىيال. ئەرلەر كۆڭلىكى.

**خەنجەر** ئى [پ] ئىككى بىسلىق، ئۇرۇش قورالى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر خىل چوڭ پىچاق.

**خەنجەرسىمان** سۈپ [پ] شەكلى خەنجەرگە ئوخشايدىغان، خەنجەر شەكىللىك: بۇيرۇسا جانىم ۋەتەن دادىل يېرىپ كەلكۈن - قىيان، چىقىمەن مەغرۇر بېسىپ خەنجەرسىمان تىك تاغقا مەن.

**خەنجەرلەشمەك** «خەنجەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خەنجەرلەنمەك** «خەنجەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خەنجەرلىك** سۈپ ① خەنجىرى بار، خەنجەر تۇتقان: ئۇنىڭ سول قولى سادىقىنىڭ كانىيىدا، خەنجەرلىك قولى سادىقىنىڭ ئوڭ قولىدا ئىدى. ② خەنجەر بېكىتىلگەن: ئوردا تەرەپتىن يوغان ئاتلارغا مىنگەن، خەنجەرلىك مىلتىقلارنى ئاسقان چېرىكلەر چىقىپ كەلدى.

**خەنجەرلىمەك** پ. خەنجەر ئۇرماق، خەنجەر سانجىماق: دۈشمەننى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرمەك.

**خەنجەرۋاز** ئى [پ] خەنجەر ئىشلىتىشكە، خەنجەر ئۇرۇشقا ماھىر كىشى.

**خەنجەرۋازلىق** ئى. خەنجەر ئىشلىتىش، خەنجەر ئۇرۇش ماھارىتى: خەنجەرۋازلىق قىلماق.

**خەندان** ئى [پ] يېزىت. شوخ كۈلكە، قاتتىق كۈلكە: مول ھوسۇلنىڭ شادلىقىدا نەغمە - ناخشا ئۆزگىچە، جۇش ئۇرۇپ ياڭرايدۇ دېھقان قەلبى خەنداندىن بۈگۈن.

**خەندەن** ئى [پ] يېزىت. كۈلكە، تەبەسسۇم: ئاشۇ كۆلگە كەلگەندە، ئاڭلىنىپتۇ بىر خەندە. دەپتۇ يوچۇن زات «قېنى، جۈرئەت بارمۇ، يوق سەندە؟»

**خەندەك** ئى [ئە] ① <ھەرب> دۈشمەننىڭ ئۆتەلمەسلىكى ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ ۋە ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق: سېپىل خەندىكى. ② بىرەر نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ساقلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن كولانغان ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق: ئۇلارخالىسانە ئەمگەك قىلىپ، 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك كولاپ، تۇرۇبا كۆمۈپ، باللار يەسلىسىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

**خەندىلەك** ئى. دىيال. خەتىنەك، ياۋا چىلگە، ياۋا ئۈزۈمغۇچ.

**خەنزۇ** ئى [خەن] مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. خەنزۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە، شۇنداقلا دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت. ئۇلار ئىرق جەھەتتە سېرىق تەنلىكلەرگە كىرىدۇ. تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

**خەنزۇچە** ① سۈپ. خەنزۇلارغا، خەنزۇ خەلقىگە، خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، خەنزۇ خەلقىگە خاس بولغان: خەنزۇچە چاپان. ② ئى. خەنزۇ تىلى ياكى يېزىقى: خەلىم خەنزۇچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىپ، خەنزۇ تىلىنى ۋاسىتە قىلىپ: خەنزۇچە سۆزلىمەك.

**خەنزۇچىلاشتۇرماق** «خەنزۇچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەنزۇچىلاشتۇرۇشماق** «خەنزۇچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خەنزۇچىلاشتۇرۇلماق** «خەنزۇچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خەنزۇچىلاشماق** پ. خەنزۇچىغا ئۆزگەرمەك، خەنزۇچىغا ئايلانماق، خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولماق، خەنزۇلارغا سىڭىشمەك.

**خەنزۇشۇناس** ئى. خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**خەنزۇشۇناسلىق** ئى. خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى.

**خەنزۇلاشتۇرماق** «خەنزۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەنزۇلاشتۇرۇشماق** «خەنزۇلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خەنزۇلاشماق** پ. خەنزۇغا ئۆزگەرمەك، خەنزۇغا ئايلانماق، خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولماق: — ئۇ يەردە ھەتتا ئۇيغۇرچە مەكتەپمۇ يوق ئىكەن. باللىرىڭلار ئۇيغۇرچە ئوقۇمىسا، خەنزۇلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق بولسا، بۇلارمۇ؟ — دەيتتى ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا جىددىي قىلىپ.

**خەنگەردەك** ئى. دىيال. بۇغدىيەك.

**خەۋەداش** سۈپ. دىيال. ئاگاھ، پەخەس: ئۆزۈڭگە خەۋەرداش بول.

**خەۋەر** ئى [ئە ] ① بىرەر نەرسە ياكى ھادىسە، ئىش ۋە ۋاقىئەلەر ھەققىدىكى مەلۇمات؛ دېرەك، ئۇچۇر، ئاخبارات: خەۋەر بەرمەك. خەۋەر تاپماق. خەۋەر قىلماق. يېڭى خەۋەر. خۇش خەۋەر. شۇم خەۋەر. * سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ (ماقال). ② <تىل> جۈملىنىڭ ئىگە توغرىسىدىكى بايانى، يەنى جۈملە ئىگىسىنىڭ قانداقلىقىنى ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى بۆلىكى: جۈملە خەۋىرى.

**خەۋەرچى** ئى. خەۋەر بەرگۈچى، ئۇچۇر قىلغۇچى كىشى.

**خەۋەرچىلىك** ئى. خەۋەر بېرىش، خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشى، پائالىيىتى: خەۋەرچىلىك قىلماق.

**خەۋەردار** سۈپ [ئە + پ] ① خەۋىرى بار، ۋاقىپ: ئەنۋەر بايا- تىن بىرى نادەم بىلەن ۋارىسجان ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەردىن خەۋەردار ئىدى. ② بىرەر ئىش ياكى ھۈنەر - كەسىپنى بىلىدىغان، ئۇنى قىلىش قولىدىن كېلىدىغان: ئۇ رۇس، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا بىلىدىكەن، ئەرەب، پارس، قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرىدىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىكەن.

**خەۋەرسىز** سۈپ. خەۋىرى يوق، خەۋەردار ئەمەس، بىخەۋەر، ئۇقمايدىغان: ئادىل تېخى نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەرسىز ئىدى.

**خەۋەرلەشمەك** پ. بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزمەك، بىر - بىرىنى خەۋەردار قىلماق، ئۆزئارا ئۇقۇشماق: مەكتەپنىڭ ئائىلىلەر بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

**خەۋەرلەندۈرمەك** «خەۋەرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن نىجاتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى مەجبۇرىيىتىم دەپ ھېس قىلغاندىم.

**خەۋەرلەندۈرۈشمەك** «خەۋەرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خەۋەرلەندۈرۈلمەك** «خەۋەرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاي رادىيو ئاڭلاپ، نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن تولۇق خەۋەرلەندۈرۈلدى.

**خەۋەرلەنمەك** پ. خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپ بولماق، ۋاقىپلانماق: ئۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەرلەندى. * مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندى.

**خەۋەرلىك** سۈپ. خەۋىرى بار، خەۋەرگە ئىگە، خەۋەردىن تەركىب تاپقان: ئالدىنقى تارماق جۈملە تولدۇرغۇچى قوشۇمچە ئىگە بولغان جۈملە، كېيىنكى تارماق جۈملە كۆپ خەۋەرلىك جۈملىدۇر.

**خەۋەرنامە** ئى [ئە + پ ] خەۋەر يېزىلغان بىرەر يازما ۋاراق، خەۋەر يېزىلغان مەكتۇپ: بىز ئالدى بىلەن ئىچكى خەۋەر-نامە، تەستىق، ئالاقە، ئېلان، ئەرزىيەت ھۆججەتلىرى، تەكلىپ، ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھات لايىھەسى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەپ بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىشىمىز لازىم.

**خەۋپ** ئى [ئە] بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، كۆڭۈلسىز ھادىسە ياكى پالاكەتلىك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى؛ خەتەر، قورقۇنچ، تەشۋىش: خەۋپكە ئۇچرىماق. خەۋپكە دۇچ كەلمەك.

**خەۋپ- خەتەر** خەۋپ ۋە خەتەر، بەختسىزلىك: جەڭچىلەر خەۋپ - خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دۆلەت مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

**خەۋپ- خەتەرسىز** خەۋپ - خەتىرى يوق، خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان، خەۋپسىز: «مانا ئەمدى بۇ يەردە خەۋپ - خەتەرسىز، ئەندىشىسىز، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇم-كىن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**خەۋپ- خەتەرلىك** خەۋپ - خەتىرى بار، خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، خەتەرلىك: ئۆتكىلى بولغايمۇ ھىجران تېغىدىن، خەۋپ - خەتەرلىك دەمدە يولداش بولمىسا.

**خەۋپسىرىمەك** پ. بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىدىن تەشۋىشلەنمەك، چۆچۈمەك، قورقماق؛ خەۋپ-لەنمەك؛ خەۋپلىك ھېس قىلماق: قادىر ئاكا ئۇلارنىڭ نېمە-دىندۇر خەۋپسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**خەۋپسىز** سۈپ. خەۋپى يوق، خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان، خەتەرسىز، تىنچ: خەۋپسىز يەر. * گەر خە-تەر بولسا ئۆيۈم يۆتكەپ كېتەي، بىر خەۋپسىز جايغا مەن دەرھال يېتەي. // بۇ يەردە مەن قانداق خەۋپسىز تۇرسام، تاغلاردىمۇ شۇنداق تۇرىمەن.

**خەۋپسىزلەندۈرمەك** ① «خەۋپسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تارقاق ھالەتتىكى مەبلەغنى مەركەز-لەشتۈرۈپ تاسادىپىي ھادىسە ئاپەت، ئۆلۈم - يېتىمدىن چىققان زىياننى تولدۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرمەك، سۇغۇرتا قىلماق: جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى بۇ سۇنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشتە، خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى بېجىردى.

**خەۋپسىزلەندۈرۈشمەك** «خەۋپسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خەۋپسىزلەندۈرۈلمەك** «خەۋپسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىخەتەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈم-چى شەھىرىنىڭ بارلىق قاتناش ئەسلىھەلىرى خەۋپسىزلەندۈرۈلدى.

**خەۋپسىزلەنمەك** پ. تىنچ ۋە خاتىرجەم ئەھۋال بارلىققا كەلمەك، خاتىرجەم بولماق؛ خەۋپتىن قۇتۇلماق: مەن مېھرىبان ئاتا - ئانىغا ئىگە بولدۇم. كېچىلىرىم خەۋپسىزلەندى.

**خەۋپسىزلىك** ئى. خەۋپ يوق، بىخەتەر ھالەت: خەۋپسىزلىكنى قوغدىماق. * ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى خەلق مەنپەئەتىگە ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئالاقىدار مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

**خەۋپلەنمەك** پ. بىرەر خەۋپنى ھېس قىلماق، خەۋپسىرى-مەك، تەشۋىشلەنمەك: چۆچۈگەن قىز خەۋپلىنىپ كەلكۈندىن، ئاتنى بۇراپ ياندى دەرھال كەينىگە. تۆۋەن تامان ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى ئات، قىز يورغىنى قويۇپ بەردى مەيلىگە.

**خەۋپلىك** سۈپ. خەۋپى بار، خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىش ئېھ-تىمالى بولغان، خەۋپ تۇغۇلىدىغان، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق: خەۋپلىك پەيت. * ئىنسان بولمىغان ئورماندا يالغۇز قېلىش خەۋپلىك ئىدى.

**خەي** ئى [خەن] پاختا رەخت ۋە ھەر خىل توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىمى.

**خەيدەي** ئى [خەن] <بوت> قوڭۇر يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. دېڭىز ئاستىدىكى تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدۇ، شەكلى تاسمىغا ئوخشايدۇ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا يود ماددىسى بولىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە يود ۋە كالىي ئېلىشقا بولىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئادەتتە سەي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**خەير** [ئە] ① ئى. بىركىمگە بېرىلىدىغان ياكى بېرىلگەن سەدىقە، ئېھسان: خەير قىلماق. خەير بەرمەك. ② يۈك. «ياخشى»، «مەيلى»، «خوپ، نېمە بولسا مەيلى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: خەير، دېگىنىڭىز بولسۇن. * سىز ئارىغا چۈشۈپ قالدىڭىز، خەير، بوپتۇ. ③ ئىم. خەيرلەشكەندە، «خوش»، «يەنە كۆرۈشەرمىز»، «خۇداغا ئامانەت» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: خەير، بىز كەتتۇق. * خەير، ياخشى چۈش كۆرسىلە.

**خەيرچى** ئى. خەير ـ ساخاۋەت تەلەپ قىلغۇچى، تىلەمچى، قەلەندەر: خەيرچىلەر ئېچىلغانلىكى دۇكان ياكى ئىشىك ئالدىغا كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، نالە قىلىپ زارلىناتتى.

**خەيرخاھ** سۈپ [ئە + پ] باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى خالايدىغان، مېھرىبان: خەيرخاھ ئادەم.

**خەيرخاھلىق** ئى. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، مېھرىبانلىق: خەيرخاھلىق قىلماق. خەيرخاھلىق كۆرسەتمەك. * قىزنىڭ بايىقى خەيرخاھلىقىنى ئېلى پۇشايمان دەپ چۈشەندى.

**خەير ـ ساخاۋەت** باشقىلارغا پۇل ياكى باشقا نەرسە بىلەن قىلىنغان خالىس ياردەم، سەدىقە: خەير ـ ساخاۋەت بەرمەك.

**خەير ـ سەدىقە** تىلەمچىلەرگە، ئاجىزلارغا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم، سەدىقە: خەير ـ سەدىقە قىلماق.

**خەيرلەشمەك** پ. ئۆزئارا ئىستەك ـ ئارزۇلار تىلىشىپ ئايرىلىشماق، خوشلاشماق؛ ۋىدالاشماق: بىز ئۆزئارا ئامانلىق تىلىشىپ خەيرلەشتۇق.

**خەيرلىك** ① سۈپ. ياخشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، خاسىيەتلىك، ئەجابىي، قۇتلۇق: خەيرلىك كۈن. خەيرلىك يىل. خەيرلىك كېچە. ② ئى. ياخشىلىق؛ ئەجابىيلىق، بەخت، تەلەي: خەيرلىك تىلىمەك.

**خەير ـ ئېھسان** باشقىلارغا قىلىنغان ئىقتىسادىي ياردەم، خەيرلىك، سەدىقە، ئېھسان: بېخىل ئىدىم. ئۆزۈم ئەمەس، باشقا بىر پۇلنى خەير ـ ئېھسان قىلسا، مەن ئۆز نەزىرىمدە ئوتتا پۇچىلىنىپ كەتكەندەك بولاتتىم.

**خەيرىيەت** [ئە] ① ئى. ساۋابلىق ئىش، خەير ـ ساخاۋەت، خەير ـ ئېھسان، سەدىقە: بۇ خىل خەيرىيەت ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ يۈرگەن يۇسۇپجان جەۋلانى ئىدى. ② يۈك. كۆپىنچە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «ھېلىمۇ ياخشى»، «خۇداغا شۈكۈر»، «ھەرنېمە بولسا» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: خەيرىيەت، ئامان قالدىڭ، بۇ ئالەمدە تېخى يەيدىغان رىزقىڭ بار ئىكەن.

**خەيلەمچى** ئى. دىيال. پايپاق ئاستىغا شىرىپ تىكىلىدىغان پېتەك شەكىللىك كۆپ قاتلىق رەخت.

**خەيلى** ئى [خەن] جان ت. زىيانكەشلىك، قەست، بۇزغۇنچىلىق، ۋەيران: خەيلى قىلماق. خەيلى بولماق.

**خەينەك** ئى. دىيال. ئوشۇق (ئادەم بەدىنىنىڭ ئوشۇقى).

**خو** [خەن] ① ئى . تارس. ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ② مىق. بەش كۈرىگە تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى: بىر خو بۇغداي.

**خوپ** ① ئىم. «بولىدۇ»، «ماقۇل» دېگەن مەنىدە، بىرەر ئىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: خوپ دېسەڭ ئۆتىسەن، ھوپ دېسەڭ يۈتىسەن (ماقال). ② رەۋ. ناھايىتى، خېلى، ئوبدان، ئوبدانلا: ئۇزاق چۆل يوللىرىنى بېسىپ كېلىپ قىلغان بۇ ئۇرۇش ئۇنى خوپ چارچاتقانىدى. ③ سۈپ. ناھايىتى ياخشى، ئەلا: قەدىرسىز ياشىغىنىڭدىن، قەدىرلىك ئۆلگىنىڭ خوپ (ماقال). ④ سۈپ. مۇۋاپىق، لايىق، جايىدا، دەل: بۇ پىكىر ئۇنىڭغا خوپ كەلگەنىدى.

**خوپ بوپتۇ** «ئەجەبمۇ ئوبدان بوپتۇ»، «تازا جايىدا بوپتۇ»، «ئۆزۈڭنىڭ شورى »قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: خوپ بوپتۇ، گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ئۆزۈڭدىن كۆر.

**خوپلاشتۇرماق** «خوپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خوپلاشتۇرۇشماق** «خوپلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خوپلاشتۇرۇلماق** «خوپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خوپلاشماق** پ. ياخشىلىشىپ، كېلىشىپ قالماق؛ خوپ بولۇشۇپ قالماق: ئۇلار ئىككىيلەن خوپلىشىپ قالدى.

**خوپلۇق** ئى. ياخشىلىق؛ راھەت، ھالاۋەت: قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن تاشۋاي كېتىپ بېرىپ ئويلايتتى: «زادى بوۋاينىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمە خوپلۇق كۆردى؟ نېمىگە ئېرىشتى؟»

**خوپۇرئاش** ئى <يېم> نانقايناق، نانچۆپ.

**خوت** ئى [ر] ئاپتوموبىل، تىراكتور قاتارلىقلاردىكى سۆرەش كۈچىنى ئۆزگەرتكۈچى قۇرۇلما. ئادەتتە ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنى كەينىگە ياندۇرۇش ۋە مېڭىش سۈرئىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**خوتەك** ئى. تەخەي، ئېشەكنىڭ بالىسى: ئۇ كۆلگەندە، پومپىيىپ چىققان قورساقلىرى مۆڭكۈگەن خوتەكنىڭ ساغرىسىدەك سەكرەيتتى.

**خوتەكلىمەك** پ. تەخەيلىمەك.

**خوتتىنىيە** ئى [لات] <بوت> سائۇرۇس ئوتى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، قىزىتما ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**خوت ـ خوت** تەق. دىيال. تەخەينى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇق** ئى. دىيال. تەخەي، خوتەك: ئارپىبەدىيان ئىچكەنلەر ئەمدى ئىچەر چاي، قوتۇر خوتۇق مىنگەنلەر ئەمدى مىنەر تاي.

**خوتۇن** ئى ① جىنسىي جەھەتتىن ئەرلەرنىڭ ئەكسى بولغان، تۇغۇش، ئېمىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم؛ ئايال: ئۇ خوتۇن توغرىسىدا مەن بەزى نەرسىلەرنى سورىدىم. ② بىرەر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن (ماقال). ③ تۇرمۇشقا چىققان، توي قىلغان قىز، جۇۋان.

**خوتۇنباز** سۈپ. سەلب. پات ـ پات خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن

قويۇپ بېرىدىغان؛ كۆپ خوتۇن ئالىدىغان: خوتۇنباز ئادەم. * — پادىشاھىمىز خوتۇنباز كىشى، ئىراق پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بارمىش، ئەگەر ئۇنىڭغا پادىشاھىنىڭ مەيلى بولۇپ قالسا، ئەلچى ئەۋەتىدۇ، — دېدى ئۇ ھەمراھلىرىغا.

**خوتۇنبازلىق** ئى. پات - پات خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىش ئادىتى، تولا خوتۇن ئالىدىغان مىجەز.

**خوتۇن- بالا** خوتۇن ۋە بالا: مېنىڭ خوتۇن - بالىلىرىم تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

**خوتۇنپەرەس** سۈپ. خوتۇن دېسە جېنىنى بېرىدىغان، خوتۇنغا بېرىلىپ كەتكەن: خوتۇنپەرەس ئادەم.

**خوتۇنپەرەسلىك** ئى. خوتۇنغا ئامراقلىق؛ جىنسىي تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىش: خوتۇنپەرەسلىك ئادەمنى ئىرادىسىزلەشتۈرىدۇ ۋە چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ.

**خوتۇنپۈرۈش** ئى. ئولتۇرسا - قوپسا خوتۇنىنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، ھەمىشە خوتۇنىنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان ئادەم، خوتۇن توغرىلىقلا گەپ قىلىپ يۈرىدىغان كىشى: — ئۇ خوتۇنپۈرۈش بىرنېمە، نېمىسىنى ۋاي دېگۈلۈك، — دېدى ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ.

**خوتۇنپۈرۈشلۇق** ئى. ئولتۇرسا - قوپسا خوتۇنىنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، ھەمىشە خوتۇنىنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان ئادەت، خوتۇن توغرىلىقلا گەپ قىلىپ يۈرىدىغان خاراكتېر: بۇ سوئالدا چاقچاق، ھەييارلىق، ئىنتىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، ھەتتا ئازراق خوتۇنپۈرۈشلۇقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

**خوتۇنسىز** سۈپ. خوتۇنى يوق، ئۆيلەنمىگەن؛ بويتاق: خوتۇنسىز ئەر.

**خوتۇنسىزلىق** ئى. بويتاقلىق: پادىشاھ ئۇ قىزغا قاراشقا خوتۇنسىزلىقتا كۆنۈپ قالغان غۇلاملىرىدىن ئىككىنى بەلگىلەپتۇ.

**خوتۇن- قىزلار** تۇرلۇك ياشلاردىكى ئاياللار، خوتۇنلار ۋە قىزلار.

**خوتۇنلاشماق** پ ① خوتۇنغا ئايلانماق، خوتۇنغا ئۆزگەرمەك، خوتۇن كىشىنىڭ سىياقىغا كىرمەك. ② خوتۇننىڭ سىزغان سىزىقىدا ماڭماق، خوتۇننىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە ئىش كۆرمەك، خوتۇنى نېمە دېسە شۇنى قىلماق؛ خوتۇن كىشىگە ئوخشىماق: بۇ كۈنلەردە خوتۇنلىشىۋاتقان ئەرلەر مېنى تولدۇرۇۋ ئازابلايدىغان بولۇپ قالدى، بەزى ئەرلەر خوتۇنىنىڭ سىزغان سىزىقىدا چۈمۈلىدەك ماڭىدۇ.

**خوتۇنلۇق** ① سۈپ. خوتۇنى بار، ئۆيلەنگەن: ئىككى خوتۇنلۇق ئادەم. * ئۇنىڭدىمۇ خوتۇنلۇق بولۇش، باللىق بولۇش ئىستىكى يانىدۇ. ② ئى. مەلۇم ئەرنىڭ نىكاھىدا بولۇش، خوتۇن قىلىنىش: خوتۇنلۇققا ئالماق. ③ سۈپ. خوتۇن - قىزلارغا خاس، خوتۇنلاردا بولىدىغان: بەزىدە رۇقىيەنىڭ خوتۇنلۇق غۇرۇرىغا ئاھانەت بولغۇدەك ئىشلارمۇ سادىر بولاتتى.

**خوجا** I ئى [پ] ① <تارىخ> شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، مەلۇم بىر ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى. ② «بەگ»، «باي» دېگەن مەنىدە ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەپ چاقىرىش فورمىسى. ③ بىركىمنىڭ ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى؛ خوجايىن: خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار (ماقال). ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**خوجا** II ئى. دىيال. سامان توشۇيدىغان جازا.

**خوجا بېكە** دىيال. ئايال خوجايىن، خوجايىننىڭ ئايالى.

**خوجانىل** ئى [خوجا + نىل] بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل نىل. ئۇنىڭ چوڭى ياڭاقتەك بولىدۇ.

**خوجايىن** ئى [پ] بىرەر نەرسىگە ياكى كىشىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى: ئۆيىنىڭ خوجايىنى. * مەھەللىمىزدە يېرىنى تېرىيالمايدىغان بىرنەچچە دېھقانلار بىلەن ئورتاقلىق قىلىدىغان بىر خوجايىن بار ئىدى.

**خوجايىنلارچە** رەۋ. خوجايىنلارغا ئوخشاش، خوجايىنلاردەك: رۇستەم ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ، خوجايىنلارچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**خوجايىنلىق** سۈپ. خوجايىنلاردا بولىدىغان، خوجايىنلارغا خاس: خوجايىنلىق روھ. خوجايىنلىق قىلماق.

**خوجىپەرەس** سۈپ. خوجىلارنى ياقلايدىغان، خوجىلارنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە قوللايدىغان، خوجىلارنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، خوجىلار تەرەپدارىدىكى: خوجىپەرەس ئادەم.

**خوجىپەرەسلىك** ئى. خوجىلارنى ياقلاش، خوجىلارنى ھىمايە قىلىش ئىدىيەسى: خوجىلار تەرەپدارلىقى. خوجىچىلىق. ئىلگىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا خوجىپەرەسلىكنىڭ تەسىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نارازىلىقمۇ شۇنچە كۈچەيگەنىدى.

**خوجىپەرۋەر** سۈپ. خوجىلارنى ھىمايە قىلىدىغان، خوجىلارنى ياقلايدىغان: خوجىپەرۋەر ئادەم.

**خوجىپەرۋەرلىك** ئى. خوجىلارنى ھىمايە قىلىش، خوجىلارنى ياقلاش، خوجىپەرەسلىك.

**خوجىچىلىق** ئى. خوجىلارنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش، خوجىلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنى ياقلاش ياكى خوجىلار ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش، خوجىلار يۇرت سوراش، خوجىلار ھەممىنى باشقۇرۇش ئىدىيەسى؛ ھاكىمىيەتنى خوجىلارنىڭ قولىدا بولۇش مەۋقەسى، خوجىپەرەسلىك، خوجىپەرۋەرلىك: ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاسارىتى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنى تەرسالارچە قايتا - قايتا كۆرسىتىپ تۇردى.

**خوجىدار** ئى [پ] بىرەر نەرسىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى، خوجايىن.

**خوجىدارلىق** ئى . خوجايىنلىق .

**خوجىزادە** ئى [پ] خوجايىننىڭ پەرزەنتى، باي، بەگ بالىسى .

**خوجىلىق** ئى بىرەر تەشكىل، كوللېكتىپ، ئىدارە، ئورگاننىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ئىگىلىك ئىشلىرى: خوجىلىق باشقارمىسى.

**خوخا** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىدە تىكىنى بولىدۇ؛ يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى راۋانلاشتۇرۇش ۋە توختىتىش رولىغا ئىگە.

**خوخەنزە** ئى [خەن] جان ت. باتۇر ۋە قەيسەر ئەر، يىگىت؛ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى: يامۇلنىڭ ياغاچلارى، ئېگىز قارىغاي چەنزە، يامۇلنى تېشىپ چىققان، سادىر ئۆزى خوخەنزە.

**خوخىلىق** ① سۈپ. خوخا ئۆسكەن، خوخا كۆپ: خوخىلىق ئېتىز. ② ئى. خوخا جىق چىققان يەر.

**خور** I ئى [ر<گىرېك] <مۇز> كوللېكتىپ ئېيتىلىدىغان ناخشا: ئەرلەر خورى. ئاياللار خورى. ئومۇمىي خور.

**خور** II سۈپ. ئوڭاي خورايدىغان، ئاسانلا تۈگەيدىغان، بەرىكىتى يوق، چىدىمايدىغان: خور سوپۇن. خور ئۇن.

**خور** III سۈپ [پ] ھېچ كىشى نەزىرىگە ئىلمايدىغان، كەمسىتىلگەن، ئېتىبارسىز، خار: ئىلىملىك — نۇر، ئىلىمسىز — خور (ماقال).

**خور** IV تەق. ئادەم خورەك تارتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: بوۋاي ئۇخلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «خور» قىلىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى.

**خوراتماق** «خورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمۇشنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرى ئۇنىڭ بەستلىك ۋۇجۇدىنى خوراتماقتا ئىدى.

**خوراز** ئى [پ] توخۇنىڭ ئەركىكى: تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار (ماقال).

**خورازچىلاپ** رەۋ. خورازغا ئوخشىتىپ، خورازدەك: ئەپەندىم كۆلگە چۈشۈپتۇ ۋە كۆلدىن چىققىنىچە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېپتۇ — دە، ئىككى قولىنى يانپىشىغا ئۇرۇپ، خورازچىلاپ قىچقىرىپتۇ.

**خورازسىز** سۈپ. خوراز يوق، خوراز بولمىغان: نۇرلۇق ئېرانىڭ بوسۇغىسىدا بىر — بىرىگە قاراپ شۇمشىيىپ، قېتىپ قېلىشقان شەھەرسىز خوراز، خورازسىز شەھەردۇر.

**خوراشچان** سۈپ. ناھايىتى ئاسان خورايدىغان، خوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: خوراشچان بۇيۇم.

**خوراشچانلىق** ئى. خوراش خۇسۇسىيىتى، خورايدىغان خۇسۇسىيەت: خوراشچانلىققا ئىگە بۇيۇملار.

**خورەك** ئى. ئادەم ئۇيقۇلۇق يېتىپ نەپەس ئالغاندا، خورۇلداپ چىقىدىغان ئاۋاز: ئەپەندىم خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ — دە، يېنىدا ياتقان ئاغىنىسىنىڭ بېشىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ.

**خورىكى چوڭ** تەكەببۇر، يوغانچى: ئۇ چاغلاردا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خورىكى بەكمۇ چوڭ ئىدى.

**خورىكى ئۆسمەك** تەكەببۇرلاشماق: — ئۇنداق قىلغانسېرى تۆمۈرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى شامەخسۇت ئاچچىق بىلەن ساقىلىنى سىقىملاپ.

**خورىكى ئۆستۈن** تەكەببۇر، ھاكاۋۇر: خورىكى ئۆستۈن ئادەم. * ئۇنىڭ دىلى نازۇك، خورىكى ئۆستۈن ئىدى.

**خورەكچى** ئى. ئۇخلىغاندا دائىم خورەك تارتىدىغان، خورەك تارتىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم.

**خورت** ئىم. ئاساسەن چوشقا ۋە ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بۇرنىنى قاققاندا، بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**خورت-خورت** «خورت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**خورتىلداتماق** «خورتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خورتىلداشماق** «خورتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورتىلدىماق** پ «خورت — خورت» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خورت — خورت» قىلماق: ئايتىللا بۇ دوق — پوپوزىلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر خورتىلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

**خورخور** ئى <زوئول> ← **پىستە** II.

**خوردا** I ئى [پ] <ئانات> ① ئادەم ۋە كۆپ ساندىكى ھايۋانلارنىڭ تۆرەلمىلىك دەۋرىدىكى ئىچكى ئىسكىلىتى. كېيىنچە ئومۇرتقا سۆڭىكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ② بەزى ھايۋانلارنىڭ (مەسىلەن، بېلىقنىڭ) ئاساسىي ئىسكىلىتى.

**خوردا** II ئى [پ] <مات> بىر تۈز سىزىق چەمبەر بىلەن ئىككى نۇقتىدا كېسىشكەندە، ئۇنىڭ چەمبەر ئىچىدىكى قىسمى خوردا دېيىلىدۇ.

**خوردا** III ئى [پ] دىيال. شوۋىگۇرۇچ.

**خوردا** IV ئى [پ] بىرەر ئىش — ھەرىكەتكە، قىلىقققا ئادەتلىنىش، ئۆگىنىپ قېلىش: خوردا بولماق. خوردا قىلماق.

**خوردان** سۈپ [پ] جىق يەيدىغان، ئىشتىھالىق، يېگەك: باي تولا يېسە خوردان دەر، نامرات تولا يېسە ئوپقان دەر (ماقال).

**خوردىلىقلار** ئى <زوئول> ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر تىپ، يېتىشكەنلىرىدە ياكى يۇمران تەنىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە بىر تال يىپسىمان تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇ خوردا دېيىلىدۇ. مۇشۇنداق تۈزۈلۈشتىكى ھايۋانلار خوردىلىق ھايۋانلار دېيىلىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

**خورسىندۇرماق** «خورسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — باشقىلار ھەدەپ ئۆزىنى ماختاپ — ئۇچۇرۇپ بىزنى خېلىلا خورسىندۇرۇپ قويدى، — دېدى قېيىقچى ئىنىسىغا.

**خورسىنماق** پ. بىرەر غەم — ئەندىشە، تەشۋىش، مەغلۇبىيەت تۈپەيلى ئېغىر نەپەس چىقارماق، ئۇھ تارتماق، خورلۇق ھېس قىلماق: روشەننىڭ ئاياغ تىۋىشى يىراقلاشقاندىن كېيىن تالىپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

**خورسىنىشماق** «خورسىنماق»پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ قاتتىق خورسىنىشتى.

**خورسىنىلماق** «خورسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خورلاشماق** «خورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورلانماق** «خورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — خورلىنىپ ياشىغاندىن، ۋىجدان بىلەن ئۆلگەن تۈزۈك! — دېدى قەمەرنىسا تاپانچىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ.

**خورلۇق** ئى. كەمسىتىلگەن، خورلانغان ھالەت، خارلىق: خورلۇق كۆرمەك. خورلۇق تارتماق. * ساقلىقتا خورلۇق يوق (ماقال).

**خورلىماق** پ. بىراۋنىڭ ئىززەت — نەپسىنى ئاياغ ئاستى قىلماق، كەمسىتمەك، خارلىماق: ئەپسۇس، ئۇ زالىملار ھازىر بىر پارچە نانغا زار بولۇۋاتقان ئەنە شۇ خەلقنى خورلىماقتا.

**خورما** ئى [پ] <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن چىقىدۇ. مېۋە گۆشى تاتلىق بولىدۇ. دەرەخ غولىنى چىلاش ئارقىلىق ئېلىنغان شىرنىسىدىن قەنت ۋە ھاراق ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**خورمىزار** [پ] ئى. خورمىلىق، خورما دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر.

**خورمىزارلىق** ئى. خورمىلىق، خورمىزار.

**خورمىلىق** ① سۈپ. خورما دەرىخى بار، خورما كۆپ ئۆستۈرۈلگەن: خورمىلىق باغ. ② ئى. خورما كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، خورما دەرىخى بار يەر؛ خورمىزار.

**خورۇشچى** سۈپ. دىيال. شوخ، كەپسىز (باللار ھەققىدە).

**خورۇشلۇق** ئى. دىيال. شوخلۇق: خورۇشلۇق قىلماق.

**خورۇلداتماق** «خورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇسۇلمانقۇل ھۆدەيچى ئەكەلگەن چىلىمگە چاپلاشتى ـ دە، خورۇلدىتىپ سەيخاننى يېرىۋەتكۈدەك قىلىپ تارتتى.

**خورۇلداشماق** «خورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورۇلدىماق** پ. «خور ـ خور» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خور ـ خور» قىلماق: نۇشىرۋان تەيجى ئۆزىنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، خورۇلداپ ياتقان مۈشۈكىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويدى.

**خورىتىشماق** «خوراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورىتىلماق** «خوراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خورىماس** سۈپ ① ئوڭاي، ئاسان خوراپ كەتمەيدىغان، خورىمايدىغان، تۈگىمەس: ئەقىل تۈزۈماس، بىلىم خورىماس (ماقال). ② ئۆزىنى ئۈپراتمايدىغان، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىدىغان، غەم يېمەس، بىغەم: خورىماس ئادەم.

**خورىماق** پ. ئازلىماق، كېمەيمەك؛ كىچىكلىمەك، ئۈپرىماق: تۆكۈلسە دانلار، خورايدۇ نانلار، ئۇنامدۇ گاللار، شېرىن بۇ جانلار؟!

**خوزۇر** ئى [ئە] <بوت> خوزۇر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ئۇرۇق مېيىنى سىقىلغۇچى ماي ئورنىدا ئىشلەتكىلى، مېۋە گۆشىنى دورىغا ئىشلەتكىلى، قوۋزاق ۋە يوپۇرماقلىرىدىن كاشتان يېلىمى ئالغىلى، مېۋىسى ۋە قوۋزىقىنى سېرىق بوياققا خام ئەشيا قىلغىلى، ياغىچىدىن ھەر خىل سايمان ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ياسىغىلى ھەمدە نەقىش ئويغىلى بولىدۇ.

**خوسا** ئى [پ] توم تۇياق ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**خوستاگۈل** ئى [لات + پ] <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، نەم ۋە سايە جايلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**خوش** [پ] ① ئىم. «خەير»، «يەنە كۆرۈشەرمىز»، «سالامەت بولۇڭ» دېگەن مەنىلەردىكى خەيرلىشىش فورمىسى: قاچقۇن بىر ئاز بىتاقەت بولۇپ: — خوش، ھازىرچە خوش، مەن ئالدىرايمەن، — دېدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى. ② يۈك. ئاساسەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «قېنى»، «قېنى ئەمىسە»، «ئۇنداقتا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — خوش، قانداق ياخشى خەۋەرلەر بار قادىر؟ — دەپ سورىدى باشلىق ئۇنىڭدىن. ③ يۈك. قارشى تەرەپكە قارىتىپ ئېيتىلغاندا «مەرھەمەت»، «قېنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خوش، مېھمانلار، ئاشقا باقايلى. ④ ئىم. قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇش پوزىتسىيەسىنى، يەنى «بولىدۇ»، «ھەئە»، «شۇنداق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ: — يىلىغا 360 يۈەن تاپشۇرىسەن، — دېدى. — ماقۇل، — دېدىم. — ئاشنى نەق پۇلغا ئالىسەن، — دېدى. — خوش، — دېدىم. ⑤ يۈك. سۆزلىگۈچىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۆز سۆزلىرىنى خۇلاسىلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، «گەپنىڭ قىسقىسى»، «يىغىپ ئېيتقاندا» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: خوش، شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق ـ دە.

**خوشاڭ** ئى [خەن] <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. ئىچىگە گۆش بىلەن پىيازدىن قىلىنغان قىيما ئېلىنىپ، مانتىغا ئوخشاش تۈگۈلىدۇ ۋە تاۋىدا قىزدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ.

**خوشاڭچى** ئى. خوشاڭ پىشۇرۇش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشپەز.

**خوش ـ خوش** «خوش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خوش ـ خوش دەيسىز، موك ـ موك يەيسىز (ماقال).

**خوشخوشچى** ① ئى. ھەمىشە دېگۈدەك كىشىلەرگە «خوش ـ خوش» دەپلا ئۆتىدىغان، باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى، قارىشى يوق ئادەم؛ ياخشىچاق كىشى: ئۇ تولىمۇ بىر خوشخوشچى. ② سۈپ. ھەمىشە دېگۈدەك كىشىلەرگە «خوش ـ خوش» دەپلا ئۆتىدىغان، باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قارىشى يوق، ياخشىچاق: — مەن سايىم دېگەننى بەش قولدەك بىلىمەن، ئۇچۇ بىر خوشخوشچى بىرنېمە، — دېدى ھېلىمخان كۆرەڭلەپ.

**خوشخىنەك** سۈپ. چىرايلىق، گۈزەل، ساھىبجامال (قىزلارغا قارىتىلىدۇ).

**خوشلاشتۇرماق** «خوشلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان، كۆزىگە بارماقلىرىنى تىققان ۋە ھازىرلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئۇنىڭغا تەلۋىلىك بىلەن تەھدىت سالغان بەزىبىر ياش ئىسيانچىلارغا بولسا، ئۇ غەلىتە بىر ھېسسىيات بىلەن ئېچىنىپ ئىچ ئاغرىتاتتى.

**خوشلاشماق** پ. ئايرىلىشماق، خەيرلەشمەك: قاسىم ئاكام بالا ـ چاقىلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىز بىلەن خوشلاشتى.

**خوشلاق** ئى. دىيال. خۇشاللىق، شادلىق، خۇشلۇق.

**خوشو** رەۋ [خەن ] دىيال. دەررۇ، دەرھال.

**خوشۇت** ئى ① <ئىرق> چىن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيەنىڭ نامى.

**خوشۇلغاي** سۈپ. دىيال. قاتتىق ھەزەر ئەيلەش مەنىسىدىكى سۆز.

**خولەك** سۈپ. دىيال. سېمىز، يوغان.

**خولۇپ** تەق ① سۇيۇقئاش، چۆپ ۋە شۇنىڭدەك سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماقلارنى ئالدىراپ، تېز ئىچكەندە چىقىدىغان ئاۋاز. ② پۇتقا چوڭ رازمېرلىق ئاياغنىڭ توسالغۇسىز ئاسانلا كىيىلىش ھالىتى.

**خولۇپئاش** ئى <يېم> نېپىز يېيىلغان خېمىرنى يوغان ـ يوغان تاشلاپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاش.

**خولۇپپىدە** رەۋ. «خولۇپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «خولۇپ قىلىپ»: ئۇ كىچىككىنە چىنىدىكى بىر قوشۇق قالغان ئېشىنى خولۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

**خولۇپ ـ خولۇپ** «خولۇپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**خولۇپشىتماق** «خولۇپشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا، ئاشنى خولۇپشىتىپ ئىچمەكتە.

**خولۇپشىماق** پ. «خولۇپ ـ خولۇپ» قىلماق، «خولۇپ ـ

خولۇپ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، خولۇپلىماق.

**خولۇپلاتماق** «خولۇپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاماق يېگەندە، ئۇنلۇك چايناش، خولۇپلىتىپ ئىچىش، گالنى قېقىش قاتارلىق ئادەملەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

**خولۇپلىتىشماق** «خولۇپلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خولۇپلىماق** پ «خولۇپ» قىلىپ ئاۋاز چىقىماق.

**خولېرا** ئى [ر<لات<گرېك] <تېب> ئۈچەي يوللىرىدا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى خولېرا تىرناقسىمان باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، چوڭ تەرەت خۇددى گۈرۈچ سۈيىگە ئوخشاش سۇيۇق كېلىش، پۇت - قول تارتىشىش ۋە مۇزلاش، شوك بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**خولېستېرىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئىسپىرتلارنىڭ بىرى، يەنى ئاق رەڭلىك كرىستال ماددا. ئادەمنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىدا، نېرۋا توقۇلمىلىرى ۋە قان سۇيۇقلۇقىدا مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

**خولېستېرىنلىق** سۈپ. تەركىبىدە خولېستېرىن بار، خولېستېرىن بولغان، خولېستېرىنغا ئىگە: ھايۋانلارنىڭ گۆشى، ئىچكى ئەزالىرى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىق يۇقىرى خولېستېرىنلىق يېمەكلىكلەرمۇ يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

**خولىگىر** سۈپ. دىيال ① بوم، قوپال، يىرىك. ② قولنىڭ ئۈچىدا ئىشلەنگەن، تازا ئىنچىكە ئىشلەنمىگەن، گادا - گۇدۇ.

**خولىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، قويۇق ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق. كۆپلۈك ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى مايلارنىڭ ئالمىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**خولىنجان** ئى [پ] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق كېلىدۇ، تۇگۇنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**خون I** [پ] ① مىق. ئۇست - ئۇستىگە تىزىلغان، دەستە: بىر خون نان. ② ئى. گۇرۇپپا، گۇرۇھ: قەشقەر شەھىرىدىكى 20 خون ئەلنەغمىنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

**خون II** ئى. دىيال. چاي تەخسىسى، پەتنۇس.

**خونا** ئى. دىيال ① تىكەن، يانتاق. ② يانتاققا ئوخشايدىغان بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈك.

**خوناۋۇتماق** پ. دىيال. بىردەم چىدىماق، سەل تاقەت قىلماق.

**خونچا** ئى [پ] ① ئۇستىگە نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قويىدىغان تاۋاق، پەتنۇس: ئۇلار خونچىلاردا تاماق ئەكېلىشىپتۇ. ② بىر خىل كىچىك چىنىتەخسە.

**خونچىلاتماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خونچىلاشماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خونچىلانماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چاغدا موماينىڭ بۇرنىغا قىز تەرەپتىن خونچىلىنىدىغان نازۇ - نېمەتلەرنىڭ پۇرىقى كەلدى.

**خونچىلىماق** پ ① بىر خون - بىر خون قىلماق؛ ئۇستى - ئۇستىگە تىزماق، دەستىلىمەك: توختىئاخۇن بىلەن سەلىمىخان مېھمانلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، يېڭىلا پىشۇرغان نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خونچىلاپ بولدى. ② تەخسىنىڭ ئۇستىگە پىيالىنى قويماق: مېھمانغا خونچىلاپ چاي سۇنماق.

**خوندەك** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى، بەشىنچى ئايدا پىشىدۇ: ئۆرۈكلەرنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ساپسېرىق خوندەكلەر.

**خوندرىيوسوم** ئى [ر<گرېك] <بىيول> سىتوپلازما ئىچىدىكى دانىچە ياكى تاياق شەكلىدىكى ھۈجەيرە ئاپپاراتى. ئۇ ھۈجەيرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئېرسىيەتتە نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

**خونۇقۇماق** پ. دىيال. بۇرۇقتۇم بولماق، تويۇپ كەتمەك، بىزار بولماق: دەككە - دۈككە تۇرمۇشتىن بەكمۇ خونۇقۇپ كەتتۇق.

**خوي** رەۋ ① ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك: بۇ ئىشنى ئۇققان خەقلەر بۇ خوتۇنغا: — بۇركۇتتىن سارمۇ تۇغۇلدۇ. سەن پادىشاھنىڭ بالىسى زىبرەك بولىدۇ دەپ قىزىڭنى بەرگەندىن كېيىن خوي ئوبدان بوپتۇ، — دەپتۇ. ② ياخشى، ئوبدان: — ئۇنداق قىلما دېسە ئۇنىمىغاندىن كېيىن خوي بولدى، — دېدى ئانىسى ئاچچىقلىنىپ.

**خويمۇ** رەۋ. بەكمۇ، تولىمۇ: ئۇنىڭ ئىللىق چىرايى ماڭا خويمۇ تونۇشتەك بىلىندى.

**خۇاجەر** ئى [خەن] خېمىرنى ياغ سۈرتۈپ، تولغاپ، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ھورنان.

**خۇپتەن** ئى [پ] <دىن> ① كۈن ئولتۇرۇپ تەخمىنەن بىر - ئىككى سائەت ئۆتكەن، يەنى ناماز شامدىن كېيىنكى ۋاقىت؛ قاراڭغۇ چۈشكەن چاغ: شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا، بۇ كوچىغا بىر يىگىت كېلىپ توختىدى. ② شۇ ۋاقىتتا (خۇپتەندە) ئوقۇلىدىغان ناماز: — ئۇكام، سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن باراي، — دەپ بالىنى يولغا سالدى نىيازقارىي.

**خۇپسەن** سۈپ [پ] بىلىپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بولۇۋالىدىغان: خۇپسەن ئادەم. * «ياردار مەھبۇس» گاھىدا خۇپسەن بولۇۋالاتتى، گاھىدا قاتتىق ئىڭراپ، نالە قىلىپ ياتاتتى.

**خۇپسەنلىك** ئى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ئۇقمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش، خۇپسەن ھالەت: توختى، سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما!

**خۇپىيانە** رەۋ [ئە + پ] باشقىلارغا بىلدۈرمەستىن، يوشۇرۇن ھالدا، يوشۇرۇنچە: خۇپىيانە ئۇچراشماق. خۇپىيانە تەكشۈرمەك.

**خۇتبە** ئى [ئە] <دىن> ① جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا، مەسچىت ئىمامى تەرىپىدىن پەرزنىڭ ئالدىدا، مەسچىت مۇنبىرىدە قىلىنىدىغان دىنىي پەند - نەسىھەت ۋە دۇئا: ئادەملەر خۇتبە مۇنبىرى دەپ ئاتالغان سۇپىدا سۆزلەۋاتقان سەللىلىك ئادەمگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ② نىكاھ ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.

**خۇتبىخانا** ئى [ئە + پ ] <دىن> خۇتبە ئوقۇيدىغان ئۆي، خۇتبە ئوقۇيدىغان يەر (ئورۇن): ئۇلارنى دەرھال مېنىڭ خۇتبىخانامغا ئەكىرىڭلار، مەن ئۆزۈم سوراق قىلىمەن، — دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى موللا باقى. * خۇتبىخانىدىكىلەرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى، ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە توۋا قىلىشىپ، ھەممىسى دانىيال خوجىغا قول بېرىشتى.

**خۇد ( خۇدى )** ئى [پ] ئەس ـ هوش، تۇيغۇ، سېزىم: خۇدنى بىلمەك. خۇدنى تاپماق. خۇدنى يوقاتماق. * خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق (ماقال).

**خۇدا ( خۇداسى )** ئى [پ] دىنىي چۈشەنچىدە، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى ئىلاھىي كۈچ؛ تەڭرى؛ ئاللا: خۇدا ساقلىسۇن. * مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز (ماقال).

**خۇدا بۇيرۇسا** ئامان بولسام، پەيتى كەلگەندە: خۇدا بۇيرۇسا، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن خېلى ئىشلارنى ئۆگىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

**خۇدا ساقلىسۇن** خۇدادىن تىنچ ـ ئامان بولۇشنى، بالا ـ قازا، ھەرخىل كېلىشمەسلىك، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇق ـ ماسلىقنى تىلەشتە قوللىنىلىدۇ: ئىككىنچى بۇ يەرگە كېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

**خۇداغا شۈكۈر** ھاياتتا بىرەر نەرسىدىن، ئىشتىن مەمنۇن ۋە رازى بولغانلىقنى، شۈكۈر ـ قانائەت قىلغانلىقنى بىلدۈ ـ رىدۇ: خۇداغا شۈكۈر، ئارقىدىن ئۇرۇپ قوغلاش توختاپ قالدى.

**خۇدا ھەققى** ① «ماڭا ئىشىنىڭ»، «دېگىنىم راست»، «راستى مۇشۇ» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: ــ خۇدا ھەققى، شۇ يېشىمدا سىلەرگە يالغان ئېيتىپ نىمە قىلاي، ــ دېدى ئابلا قوغۇنچى ئۇلارغا يېلىنىپ. ② ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىلتىماس قىلاي، يالۋۇرۇپ سوراي: گۈزەلئاي قولىقىمغا لەۋلىرىنى يېقىپ دېگۈدەك: ــ خۇدا ھەققى، تېزرەك كېتەيلى، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن؛ مېنى كۆرسە، يەيدىغاندەك قارايدۇ، ــ دېدى .

**خۇدا يولىدا** خالىسانە، مىننەتسىز: خۇدا يولىدا نەزىر قىلماق. خۇدا يولىدا سەدىقە قىلماق.

**خۇداپەرەس** سۈپ [پ ] خۇداغا، دىنغا ئىشىنىدىغان؛ دىندار: خۇداپەرەس ئادەم.

**خۇداپەرەسلىك** ئى. خۇداغا، دىنغا ئىشىنىش؛ دىندارلىق، خۇدا گۇيلۇق: ئاۋام ئارىسىدا خۇداپەرەسلىكنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

**خۇداسىز** سۈپ. خۇدانى ئېتىراپ قىلمايدىغان، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان، دىنسىز: خۇداسىز ئادەم.

**خۇداسىزلىق** ئى. خۇدانى تونۇماسلىق، خۇداغا ئىشەنمەسلىك.

**خۇداگۇي** [پ] ① سۈپ. خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدى ـ غان، دائىم تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: خۇداگۇي ئادەم. ② ئى. دائىم تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولى ـ دىغان ئادەم: پوپ ئاستا پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى، ئەنە شۇ چاغدا خۇدا ـ گۇيلار ئۇنى قورشىۋالدى، ھەركىم ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشكە تىرىشاتتى.

**خۇداگۇيلۇق** ئى. دائىم تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش: ھەرقانداق ئادەم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ، خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلماسلىقى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئىچىدە خۇداگۇيلۇق بىلەن خۇداسىزلىقنىڭ مۇنازىرىسىنى قوزغىماس ـ لىقى لازىم.

**خۇدالىق** سۈپ. خۇداسى بار؛ خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىشىنىدىغان: خۇدالىق ئالەم. كۆپ خۇدالىق دىنلار.

**خۇداۋەندە** ئى [پ] ئىستېمالدا «ئەي خۇدا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خۇداغا قىلغان مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدايا** ئى [پ] «ئەي خۇدا» دېگەن مەنىدە، خۇداغا مۇراجى ـ ئەتنى بىلدۈرىدۇ: ــ خۇدايا، بۇ دوزاختىن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغايسەن ... ئامىن، ــ دېدى ھېلىقى مەھبۇس.

**خۇدايىتائالا** ئى [پ + ئە] ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بول ـ غان زات، خۇدا، ئاللا: پادىشاھ ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە خۇدايىتائالاغا تاپشۇرۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ.

**خۇدايى** سۈپ [پ] خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، خۇدا يولىدا بولغان: خۇدايى مېھمان. خۇدايى قوناق.

**خۇدبىن** ئى [پ ] يېزىت. ئۆزىنى بىلمەيدىغان، تەكەببۇر ئادەم: سۆز ئاچسۇن رابىيەنىڭ ئاتىسىدىن، نەدەر، قىز ھەققىدە ياقۇپ خۇدبىن.

**خۇدبىنلىق** ئى. ئۆزىنى بىلمەي تەكەببۇرلۇق قىلىش، ئۆ ـ زىنى بىلمەسلىك، ئۆزىنىڭ نادانلىقىغا باقماي قىلىنغان تە ـ كەببۇرلۇق: كېلەچەككە نەزەر سال، ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئال، خەل ـ قىم دېسەڭ بىلىم ئال، خۇتبىنلىققا يول قويما.

**خۇددى** رەۋ [پ] ① ھېچبىر ئۆزگىچىلىكى يوق؛ قۇيۇپ قويغاندەك؛ بەئەينى، گويا، ئەينەن: ئۇ بالا خۇددى دادىسىغا ئوخ ـ شايتتى. ② دەل: خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ھېلىقى يىگىت بۇلىبۇل ـ گويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. ③ جۈملىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، « ـ دەك، ـ تەك»، «ئوخشاش» سۆزلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئوخشاش ـ لىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتاتتى.

**خۇدۇرماق** پ. دىيال. ئازماق.

**خۇدۇناق** پ. دىيال. ئۇيالماق.

**خۇدۇك** ئى [پ] ئەندىشىلىك، گۇمان، شۇبھە، شەك: خۇدۇك ئالماق. * ئەزىزجان گەرچە ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولمىسىمۇ، بۇ ئايال بەربىر خۇدۇكتىن نېرى ئەمەس ئىدى.

**خۇدۇكچان** سۈپ [پ] خۇدۇكلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدى ـ غان، خۇدۇكسىنغان؛ ئاسانلا خۇدۇكسىنىدىغان: خۇدۇكچان ئادەم. خۇدۇكچان بالا.

**خۇدۇكچانلىق** ئى. خۇدۇكچان ھالەت، كەيپىيات.

**خۇدۇكسىرەتمەك** «خۇدۇكسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇدۇكسىرەشمەك** «خۇدۇكسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خۇدۇكسىرىمەك** پ. خۇدۇكلەنمەك: ئۇنىڭ ئەندىشىلىك قاراش ـ لىرىدىن خۇدۇكسىرەپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**خۇدۇكسىنمەك** پ. خۇدۇكلەنمەك: شاتۇر نېمە ئۈچۈندۇر، ئەتراپ ـ قا خۇدۇكسىنىپ قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئاتتى.

**خۇدۇكلەندۈرمەك** «خۇدۇكلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دە ـ رىجىسى: ئۇلار نېمىشقىدۇر مېنى بىرنەرسىدىن خۇدۇكلەندۈرۈپ قويدى.

**خۇدۇكلەنمەك** پ. كۆڭلىدە ئەندىشىلىك، گۇمان ۋە شۇبھە تۇيغۇسى پەيدا بولماق، خۇدۇكسىرىمەك: سەلىمە تىمتاسلىققا چۆمگەن چېدىردىن سەل خۇدۇكلىنىپ قالدى.

**خۇدۇكلىنىشمەك** «خۇدۇكلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خۇدۇكلىنىلمەك** «خۇدۇكلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ جىسى: ... نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماي، ھەدېسىلا خۇدۇكلىنى ـ لىدىغان، سەنئەتنىڭ مەقسەتچانلىقى مۇبالىغە قىلىنىپ چۈشىنىلىدىغان رېئال ئەدەبىي مۇھىتىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

**خۇراپات** ئى [ئە] ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق، ساختا

سۆز ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئېتىقاد، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر: مەدەنىيەت دەۋرىدۇر خۇراپاتقا ئىشەنمە، ئىلىم ـ بىلىم ۋاقتىدۇر نادانلىققا ئىشەنمە.

**خۇراپاتچى** ئى. خۇراپاتلىققا، خۇراپىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، خۇراپىي ئىش، ئىدىيە، كۆزقاراش قاتارلىقلارغا بېرىلگەن كىشى؛ خۇراپىيلىقنى تەرغىب قىلغۇچى ئادەم: ئۇ خۇراپاتچى روھانىيلاردىن ئەمەس، ئۆز كەسپىگە ھەۋەس قىلغان ئادەتتىكى ئادەم ئىدى.

**خۇراپاتچى** ئى. خۇراپاتلىقنى ياقلىغۇچى ئادەم، خۇراپاتنى ھىمايە قىلغۇچى كىشى، خۇراپاتلىققا ئېسىلىۋالغۇچى.

**خۇراپاتلاشتۇرماق** «خۇراپاتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇراپاتلاشتۇرۇشماق** «خۇراپاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خۇراپاتلاشتۇرۇلماق** «خۇراپاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خۇراپاتلاشماق** پ. خۇراپاتقا ئۆزگەرمەك، خۇراپاتقا ئايلانماق، خۇراپىي ھالەتكە ئۆتمەك.

**خۇراپاتلىق** ئى. خۇراپات مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، خۇراپات داۋاملىشىۋاتقان ھالەت.

**خۇراپىي** سۈپ [ئە] خۇراپاتقا ئائىت، خۇراپاتقا ئاساسلانغان؛ خۇراپاتلىق ئىدىيەسى سىڭگەن، خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان: خۇراپىي ئادەم. خۇراپىي چۈشەنچە.

**خۇراپىيلارچە** رەۋ. خۇراپىي ئۆرپ ـ ئادەت، ئەقىدە، چۈشەنچە ۋە كۆز قاراش قاتارلىقلارنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا: خۇراپىيلارچە چوقۇنماق.

**خۇراپىيلاشتۇرماق** «خۇراپىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار روشەنلىكنى مەقسەت دېيدۇ ـ يۇ، بارلىق روشەنلىكنى خۇراپىيلاشتۇرىدۇ. * ئۇلار نادان خەلقنى جاھالەتكە باشلايدۇ ۋە خۇراپىيلاشتۇرىدۇ.

**خۇراپىيلاشتۇرۇشماق** «خۇراپىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، يەرلىك ساددا، ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان خەلقنى خۇراپىيلاشتۇرۇشتى.

**خۇراپىيلاشتۇرۇلماق** «خۇراپىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاۋام ساۋاتسىز خۇراپىي موللاملار تەرىپىدىن خۇراپىيلاشتۇرۇلدى.

**خۇراپىيلاشماق** پ. خۇراپىي ھالەتكە كەلمەك، خۇراپىي بولماق، خۇراپىيلىق ئىدىيەسى سىڭمەك: ئادەم زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىلغار ئىدىيەلەردىن يىراقلىشىپ، ساددا دىنىي چۈشەنچە، دىنىي ئەقىدىلەرگە ئېسىلىۋالغانسېرى شۇنچە خۇراپىيلىشىدۇ.

**خۇراپىيلىق** ئى. خۇراپاتقا ئىشىنىش، خۇراپىي ھالەت: لېكىن، كىشىلەردىكى خۇراپىيلىق ئېغىر بولغاچقا بالىلىرىنى بەرمەگەچكە، مەجبۇرىي ئوقۇغۇچى قوبۇللاپ يۈرۈشتى.

**خۇرال** ئى. تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى. ئۇ ئېلىمىزدىكى «خەلق قۇرۇلتىيى» بىلەن ئوخشايدۇ.

**خۇرام** سۈپ [پ ] خۇشال، شاد، خۇرسەن.

**خۇرامسىز** سۈپ. خۇشال ئەمەس، غەمكىن، مەيۇس: ئالىمى ئىچرە خۇرامسىز، مۇڭ بىلەن تولغان بېشىم، تاغۇ دەشتتە كۆنۈتۈن، كۆلپەت قۇشى قونغان بېشىم.

**خۇرجا** ئى. دىيال. دېھقان: خۇرجانىڭكىدە ئىشلىمەك. * خۇرجا ئىت بولسا، سىلى ئىتنىڭ تاۋىقىنى يالاپ بېيىغاندىلا.

**خۇرجۇن** ئى [پ] ئىچىگە نەرسە ـ كېرەك قاچىلىنىدىغان، ئۇلاغقا ئارتىشقا باب قىلىپ يىپ ياكى يۇڭدىن توقۇلىدىغان ئىككى باشلىق قاپ: ئەخمەقنىڭ ئەقلى خۇرجۇن (ماقال).

**خۇرجۇنچىلاپ** رەۋ. خۇرجۇنغا ئوخشاش ئىككى بېشىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىپ، ئۇلاغقا خۇرجۇن ئارتقاندەك: مۇزەپپەر سەردار داۋۇت پەنسادنىڭ جەسىتىنى خۇرجۇنچىلاپ ئاتقا ئارتتى.

**خۇرجۇنلاپ** رەۋ. كۆپلەپ، ھەددى ـ ھېسابسىز، نۇرغۇن مىقداردا.

**خۇرسەن** سۈپ [پ] ① مەمنۇن، روھىي كەيپىياتى بەك ياخشى، خۇشال، شاد، خۇش: ـــ مۇقامنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن كىشىنى ئۇچراتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ ناھايىتى خۇرسەنمىز، ـــ دېدى ئۆمەر سازەندە. ② قانائەت ھاسىل قىلغان؛ رازى بولغان، مەمنۇن، مىننەتدار: ئوغلۇم، ئۆتكەندە بۇيرۇغان خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاپ كەلگەنلىكىڭدىن مەن كۆپ خۇرسەن بولدۇم.

**خۇرسەنچىلىك** ئى ← **خۇرسەنلىك.**

**خۇرسەنلىك** ئى. رازىلىق، مەمنۇنلۇق، مىننەتدارلىق؛ خۇشاللىق: ئۇلار بۇ ئىشقا ئىنتايىن خۇرسەنلىك بىلدۈردى .

**خۇرشىد** ئى [پ ] يېزىت. قۇياش، يورۇقلۇق، مەشئەل: كۆڭۈل ئازادە، ئەل شادىمان، ئەجەب ئوبدان زامان كەلدى، ۋىسال بوستانىدا خۇرشىد كەبى چىن مېھرىبان كەلدى. * جاھان ئاي يۈزلىرى ئىچىدە سېنىڭ خۇرشىد جامالىڭ بار، قوشۇما قاشلىرىڭ ئىچرە سېنىڭ ياقۇتچە خالىڭ بار.

**خۇرۇج** ئى [ئە] يېزىت ① توساتتىن ھۇجۇم قىلىش؛ ھۇجۇم: زۇلۇم، كۆلپەت باغرىغا خۇرۇج خەنجەر ئۇرغايسەن، ئامبال ـ دوتەي تەختىنى گۇمران قىلىپ چاقىغايسەن. ② غەزەپ، ئاچچىق، جۇدۇن: رەئىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شائىرنىڭ خۇرۇجى تۇتتى.

**خۇرۇجى تۇتماق** مىجەزى قوداڭشىماق، جىلە بولماق، خۇدۇنى تۇتماق، غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى كەلمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ خۇرۇجى تۇتتى.

**خۇرۇچ** ئى [پ] بىرەر نەرسىنىڭ خام ئەشياسى، خام ماتېرىيال.

**خۇرۇشچى** سۈپ. دىيال. شوخ، كەپسىز (بالىلارغا قارىتىلىدۇ).

**خۇرۇشلۇق** ئى. دىيال. شوخلۇق، كەپسىزلىك: خۇرۇشلۇق قىلما.

**خۇرۇم** ئى [ر<گىرېك] كالا، ئات، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلار تېرىسىنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بىر خىل يۇمشاق، پارقىراق كۆن. ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئاياغ كىيىمى، چامادان قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەشكە بولىدۇ: خۇرۇم چاپان. خۇرۇم ئۆتۈك.

**خۇرۇمچىلىق** ئى. خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىشى، خۇرۇم سانائىتى.

**خۇستى** ئى. دىيال. ھۆرمىتى، ئىززىتى، ئابرۇيى: سۇلتان پادىشاھنىڭ خۇستىنى بىز قىلماي كىم قىلسۇن.

**خۇسۇس** ئى [ئە] ① كۆزدە تۇتۇلغان مەسىلە، ماۋزۇ (ئاساسەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ): سىز بۇ

خۇسۇستا كىم بىلەن سۆزلەشتىڭىز؟ ② «- تىن» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «سەۋەبتىن، ۋەجىدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەن مۇشۇ خۇسۇستىن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم.

**خۇسۇسەن** رەۋ [ئە] باشقىلاردىن كۆرە، بولۇپمۇ: ئۆسمۈرلەرگە، خۇسۇسەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

**خۇسۇستا** تىر. جان ت. ھەققىدە، ئۈستىدە، توغرىسىدا، توغرۇلۇق: بىز تاماقتىن كېيىن شۇ خۇسۇستا ئىنىم بىلەن تەپسىلىي سۆزلەشتىم.

**خۇسۇستىن** تىر. جان ت. ۋەجىدىن، سەۋەبىدىن، توغرۇلۇق: ئۇلار بىلەن مەن مانا مۇشۇ مىراس ئۆيدىن تەقسىم قىلىنغان ئازغىنا پۇل خۇسۇستىن يىرىكلىشىپ قالدىم.

**خۇسۇسىي** سۈپ [ئە] بىرەر شەخسنىڭ يالغۇز ئۆزىگە قاراشلىق، تېگىشلىك بولغان؛ شەخسىي، شەخس ئىگىدارچىلىقىدىكى: خۇسۇسىي مەكتەپ. خۇسۇسىي سودا. خۇسۇسىي مۈلۈك.

**خۇسۇسىيلاشتۇرماق** «خۇسۇسىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن موزاي چېچىماي قالماپتۇ دەپ، ئۇلار ئاخىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى خۇسۇسىيلاشتۇردى.

**خۇسۇسىيلاشتۇرۇشماق** «خۇسۇسىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بارلىق شىركەتلەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتى.

**خۇسۇسىيلاشتۇرۇلماق** «خۇسۇسىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىلگىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ھازىر پۈتۈنلەي دېگۈدەك خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى.

**خۇسۇسىيلاشماق** پ. خۇسۇسىي ھالەتكە كەلمەك، خۇسۇسىي ھالەتكە ئايلانماق، خۇسۇسىي ھالەتكە ئۆزگەرمەك، خۇسۇسىيلىققا ئۆزگەرمەك، خۇسۇسىي بولماق: يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇرۇنقى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىيلاشتى.

**خۇسۇسىيەت** ئى [ئە] بىرەر نەرسە ياكى بىركىمنىڭ ئۆزىگە خاس، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى؛ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، ماھىيىتى: يەرلىك خۇسۇسىيەت. تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى. * بۇ يەردە بايان قىلىنغان، ئىنساندا بولغان ئون خىل ئامىلنىڭ خۇلاسىسى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر.

**خۇسۇسىيەتلىك** سۈپ. خۇسۇسىيىتى بار، خۇسۇسىيەتكە ئىگە: خۇسۇسىيەتلىك بەلگە. ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئادەم.

**خۇسۇسىيلىق** ئى . خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ، خۇسۇسىي ئىگىلىك : بىز ھازىر خۇسۇسىيلىقنى يوقىتىۋاتىمىز. * كوممۇنىزم تەلىماتى بويىچە خۇسۇسىيلىق ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ يىلتىزى.

**خۇسۇمەت** ئى [ئە] بىراۋغا قارىتا بولغان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، غۇم: ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇنىڭغا ئىچىدە خۇسۇمەت ساقلاپ يۈرەتتى.

**خۇسۇمەتچى** ئى. بىراۋغا قارىتا كۆڭلىدە ئاداۋەت، غۇم ساقلىغان ئادەم، ئاداۋەت تۇتقۇچى كىشى.

**خۇسۇمەتچىلىك** ئى. بىراۋغا قارىتا ئاداۋەت ساقلاش، ئۆچمەنلىك قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش، غۇم ساقلاش ئادىتى.

**خۇش** [پ] ① سۈپ. خۇشال، شاد، خۇرسەن: بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش ئىدى. ② سۈپ. ياخشى: ھاي - ھاي ئېتىم باردا خۇش كۆرمەن يار سەنەم، مەن يارىمنى سېغىنسام چۈش كۆرسەن يار سەنەم. ③ سۈپ. رازى: قايغۇرماڭ، بۇ ئىشتا سىز بىزدىن چوقۇم خۇش بولىسىز. ④ ئى. كۆچمە. ئىشتىياق، زوق، مايىللىق، خاھىش: ئۇنىڭ ھاراققا خۇشى يوق.

**خۇش پىچىم** قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق.

**خۇشال** سۈپ [خۇش + ھال] بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن، شاد، خۇرسەن: خۇشال بولماق. خۇشال قىلماق. * رەيھان يېنىدا ئولتۇرغىنى ئۈچۈنمۇ، ۋارىسجان ناھايىتى خۇشال ئىدى.

**خۇشال - خۇرام** خۇشال ۋە خۇرام، كۆڭلى ناھايىتى خۇش، كۆڭۈللۈك، شاد، بەختىيار: خۇشال - خۇرام تۇرمۇش. * مانا ئۇلار خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

**خۇشال - خۇراملىق** خۇشال - خۇرام ھالەت؛ خۇشاللىق، شادلىق: ئۇلار بۇ ئۆيگە كىرىشىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن تونۇشۇپتۇ. خۇشال - خۇراملىق بىلەن سۆزلىشىپتۇ.

**خۇشاللاندۇرماق** «خۇشاللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مېنى خۇشاللاندۇردى.

**خۇشاللانماق** پ. خۇشاللىق ھېس قىلماق، خۇشال بولماق: قاسىمجان ئاكا قەپەستىكى سېرىق قۇشقاچنى كۆرۈپ، بىردىن خۇشاللىنىپ كەتتى.

**خۇشاللىق** ئى. مەمنۇنلۇق، شادلىق، خۇشال ھالەت: خۇشاللىقى قىن - قىنىغا پاتماسلىق. خۇشاللىققا چۆممەك.

**خۇشاللىنارلىق** سۈپ. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك؛ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان: خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش. * ھەممىمىز يامان ئەمەس مال - چارۋىغا ئىگە بولدۇق. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

**خۇشامەت** ئى [پ] بىرەر كىشىگە تەمەگەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش، غەيرىي مۇددىئا بىلەن ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇش، ماختاش ۋە شۇ خىل ئۇسۇلدا قىلىنغان مۇئامىلە: خۇشامەت قىلماق. * زىرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس (ماقال). * ئۇ مەخسۇتنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا، ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى.

**خۇشامەتچى** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، خۇشامەت قىلىشنى ئادەت قىلغان ئادەم: خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ، سۆڭەك غاجىلار (ماقال). * چەت بىنەمنىڭ تۈلكىسى كۆپ، خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى (ماقال).

**خۇشامەتچىلىك** ئى. خۇشامەت قىلىش ھەرىكىتى، ئىشى؛ خۇشامەتگۈيلۇق: خۇشامەتچىلىك قىلماق. * قازىنىڭ خۇشامەتچىلىكى ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

**خۇشامەتگۈي** سۈپ [پ] خۇشامەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئادەت قىلغان؛ خۇشامەت قىلىشقا ئامراق: خۇشامەتگۈي ئادەم.

**خۇشامەتگۈيلۇق** ئى. خۇشامەت قىلىشقا ئامراقلىق: خۇشامەتگۈيلۇق قىلماق. * ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن مەنسەپ، خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن قول باغلاپ تۇرغان كىشىلەر ئۆتكەندەك بولدى - دە، ئۆزىچە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

**خۇشامەتلىك** سۈپ. خۇشامەت تۈسىنى ئالغان، خۇشامەتنى مەقسەت قىلغان: ئۇنىڭ بۇ خۇشامەتلىك قىلىقلىرى مېنىڭ نەپرەتىمنى قوزغاشقا باشلىغانىدى.

**خۇشبۇي** سۈپ [خۇش + بۇي] يېقىملىق، ياخشى پۇرايدى-

غان، خۇش پۇرايدىغان: ئۇ قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېچىۋىدى، ئەتىرگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۆي ئىچىگە تارالدى.

**خۇشبۇيلۇق** ئى. خۇشبۇي ھالەت، خۇش پۇراقلىق.

**خۇشتار** I [پ] ① سۈپ. بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا خۇشى، ئىشتىياقى بار، ھەۋەس قىلىدىغان؛ زوقمەن، ئىشقىۋاز: ئۇ ئۇز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشكە خۇشتار سۆھبەتداش بولۇپ چىقتى. ② ئى. بىرەر نەرسىگە ناھايىتى قىزىققان، بېرىلگەن ئادەم؛ ھېرىسمەن كىشى؛ ھەۋەسكار: ئىشچانلىقىڭ دېمىسەم، يارىم، ساڭا كۆيمەسمەن. ئۆزۈم ئەمگەك خۇشتارى، ھۇرۇنلارنى سۆيمەسمەن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**خۇشتار** II ئى [خۇش + تار] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئىجاد قىلىنغان، كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇسى. خۇشتارنىڭ باش قىسمى تەمبۇرنىڭ بېشىغا بىرئاز ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەستىسى قىسقا بولۇپ، باش قىسمىنىڭ ئويۇلمىسى تەمبۇرنىڭكىدەك چوڭقۇر ئەمەس. يۈزلۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كامانچە ئىزناسىغا ئوخشايدىغان سىزىق بار. خۇشتاردا جەمئىي 11 تار بولۇپ، تۆتى مېلودىيەلىك تار؛ قالغان يەتتىسى رېزونانس تارلاردۇر.

**خۇشتارلىق** ئى. زوقمەنلىك، ئىشقىۋازلىق، خۇشتار بولۇش: خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ، خۇشتارمەن سىزگە. خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇۋالىم سىزگە.

**خۇشخۇي** سۈپ [خۇش + خۇي] مىجەز - خۇلقى يېقىملىق، ئوچۇق - يورۇق، خۇش تەبىئەتلىك: خۇشخۇي ئادەم.

**خۇشخۇيلۇق** ئى. خۇشخۇي مىجەز، خۇشخۇي ھالەت: سەتلىكىمنى بىلىندۇرمىگەن خۇشخۇيلۇقۇم (ماقال).

**خۇشكۆرەم** [خۇش + كۆرۈم] سۈپ. دىيال. خۇشخۇي، چىرايلىق: خۇشكۆرۈم يىگىت.

**خۇشلۇق** ئى. خۇشال ھالەت، خۇشاللىق: ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى (ماقال).

**خۇشلىماق** پ. خالىماق، ياخشى كۆرمەك: ئۇ بالا گۆشلۈك تاماقلارنى ئانچە خۇشلىمايتتى.

**خۇشمۇ** سۈپ. دىيال. خويمۇ، ئەجەبمۇ، تازىمۇ.

**خۇشناز** ئى [پ ] يېزت. كەيپى خۇشلۇقتىن قىلىنغان ناز، خۇشخۇيلۇق: نۇر چېچىپ تۇرغان قولۇمدا، مەيدە مەست بولغان باكال. بولمىسا ئىلھامى مەينىڭ، ئۇ قۇرۇق شىشە - شاكال. چىقمىسا دوستلۇق خېرىدار، جىسمىمىز بىر باغ پاخال. بۇ ئەقىدەم شەربىتىدىن، خۇشناز قىلىپ ئىلكىڭگە ئال !

**خۇشنۇد** سۈپ [پ] يېزت. خۇرسەن، شاد، مەمنۇن: سىز ئۇچۇن چەككەن جاپا ئاتا - ئانا، كۆڭلىنى خۇشنۇد قىلىپ ھۆرمەت قىلىڭ!

**خۇشۋاخ** سۈپ [خۇش + ۋاخ ] ۋاقتى چاغ، خۇرسەن، شاد: — سالام، ئەپەندىم، خۇشۋاخ قوپتىلىمۇ؟ — دېدى ئۇ ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىرىۋاتقان مۇتەللىپكە.

**خۇشياقماس** سۈپ [خۇش + ياقماس ] ① ئىشقا خۇشى، مايىللىقى، قىزغىنلىقى يوق، ھۇرۇن: خۇشياقماس ئادەم. * «ئىش خۇشياقماس جابدۇق بۇزار» دېگەندەك، گايىت ئىشلەتكەن ئۇلاغ، ھارۋا جابدۇقلىرىنى پەقەت ئاسرىمايتتى. ② قىزىقارلىق ئەمەس، ياردىماس: شۇ كۈندىن باشلاپ قەمەرنىساخاننىڭ دۇتارنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان شوخ ناخشىلىرى بىلەن قاش - كۆزلىرىنى سۈزۈپ ئەركىلەشلىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقماس بولۇپ قالدى.

**خۇشياقماسلىق** ئى. ھۇرۇنلۇق، يارىماسلىق.

**خۇشياقماق** پ [خۇش + ياقماق ] ① يېقىملىق تەسىر قىلماق، ھۇزۇر - ھالاۋەت بەرمەك، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك ھېس قىلماق: قىچىشقان يەرنى تاتىلىسا خۇشياققاندەك، بۇ گەپمۇ زەيتۇنەمگە تازا يېقىۋاتاتتى. ② ماقۇل كەلمەك، ماقۇل بولماق، كۆڭلىدىكىدەك بولماق، ئۇنىماق، خالىماق: بۇنى ئاڭلىغان بالا چوكاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ، بۇ تەكلىپ چوكانغىمۇ خۇشيېقىپتۇ.

**خۇشھىد** ئى [خۇش + ھىد ] خۇشبۇي، خۇش پۇراق: مومام ئىسرىقدانني ھويلا ئىشىكىگە قوياتتى، ھويلىنى مەززىلىك خۇشھىد قاپلايتتى.

**خۇلاسە** ئى [ئە] بىرەر مەسىلە، ئىش، نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر ياكى مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى؛ يەكۈن: خۇلاسە قىلماق. خۇلاسە چىقارماق.

**خۇلاسىلەتمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇلاسىلەشمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولداشلار بۇ بىر يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەشتى.

**خۇلاسىلەنمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرىدا گۇرۇپپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى.

**خۇلاسىلىمەك** پ. خىزمەت، تەجرىبە ياكى پىكىرنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسىنى يىغىنچاق قىلىپ ئىپادىلىمەك؛ خۇلاسىسىنى چىقارماق، يەكۈنلىمەك: جاپپار خېلى ئۇزاق سۆزلەپ، ئاخىرىدا گېپىنى خۇلاسىلىدى.

**خۇلاسىۋى** سۈپ [ئە] خۇلاسە خاراكتېرلىك، خۇلاسىلەنگەن: ئابدۇغېنى پۈتۈن سۆزىدە، ئۆزىنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ روھىغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسىۋى ھېسسىياتىنى ھۆكۈم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

**خۇلاڭزا** ئى [خەن ] → **خۇلاڭزىچى**.

**خۇلاڭزىچى** ئى. پىيادە ياكى ئۇلاغلىق يۈرۈپ، سەييارە مال ساتىدىغان كىشى: يېزىمىزغا خۇلاڭزىچى يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى ئۆيلىرىدىن چىقىشتى.

**خۇلاڭزىچىلىق** ئى. پىيادە ياكى ئۇلاغلىق يۈرۈپ، سەييارە مال سېتىش ئىشى ياكى كەسپى: خۇلاڭزىچىلىق قىلماق.

**خۇلق** ئى [ئە] ① كىشىنىڭ مۇئامىلىسى ۋە روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى؛ مىجەز، خاراكتېر، پېئىل: خۇلقى ياخشى ئايال. * چىراي كۆيدۇرەر، خۇلق سۆيدۈرەر (ماقال). ② كىشىگە ئادەت بولۇپ قالغان، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىش - ھەرىكەت؛ ئادەت، قىلىق: رۇستەم ئادەتتە كەم سۆز ئىدى. ئايخان ئۇنىڭ بۇ خۇلقىنى، قەلبىگە ئالەم سىغىدىغان كەڭ پىكىرلىكىنى يارىتىپ قالغانىدى.

**خۇلقسىز** سۈپ. يېقىملىق قىلىقلىرى يوق، قىلىقلىرى قوپال: خۇلقسىز ئايال.

**خۇلقلۇق** سۈپ. خۇلقى بار؛ بىر خىل مىجەزگە ئىگە: ئەگەر سۆيگىنىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلۇق بولسا، قەدرىڭنى بىلمىسە، تېخىمۇ خارلىق ئازابىنى چېكىسەن.

**خۇلق ـ مىجەز** خۇلق ۋە مىجەز: ئۇ كىشىنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

**خۇللەس** ئى [ئە] ← **خۇللەس كالام.**

**خۇللەس كالام** «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا»؛ يىغىپ ئېيتقاندا، «قىسقىسى». قاتارلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم شۇلارنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

**خۇلگەدەن** سۈپ. باشقىلارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمايدىغان؛ بوينى قاتتىق، ئۆزۈمچى، بەڭباش: خۇلگەدەن بالا.

**خۇلگەدەنلىك** ئى. باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماسلىق؛ بوينى قاتتىقلىق، بەڭباشلىق: خۇلگەدەنلىك ھەرىكەت.

**خۇلگەن** ئى [ر] قائىدە ـ يوسۇن ئۇقمايدىغان، يامان ئىشلاردىن باش تارتمايدىغان ئادەم؛ لۈكچەك: — ئاغزىڭنى يۇم! نېمە بولسامۇ ساڭا ئوخشاش ئىپلاس ئەمەسمەن! ياشلار ئىتتىپاقىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان خۇلگەن! — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.

**خۇلگەنلىك** ئى. لۈكچەكلىك: خۇلگەنلىك قىلماق.

**خۇم** ئى [پ] سۇيۇقلۇق، دان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ساقلىنىدىغان، ساپالدىن ياسىلىدىغان، ئاغزى كىچىكرەك بىر خىل ئىدىش: ئۇ كىشى ئېتىغا ئىككى خۇم مۇسەللەس ئارتىپ كەلدى.

**خۇمار** [ئە] ① ئى. ئادەتلىنىش تۈپەيلى بىرەر نەرسىگە قارىتا كۆڭلىدە ھاسىل بولغان كۈچلۈك بىر خىل تەشنالىق؛ زور ئىستەك: خۇمارى تۇتماق. خۇمارى يېشىلمەك. ② سۈپ. بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشكە ئىشتىياق باغلىغان؛ ياخشى كۆرىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان: گۈل خۇمار ئادەم. ناخشا خۇمار. گەپ خۇمار. ئادەم خۇمار.

**خۇمارىماق** پ. خۇمار قىلماق، خۇمار بولماق، خۇمارى تۇتماق: ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكى، ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىلەرنىمۇ خۇمارداپ قالىدۇ، بەكرەك ياقتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

**خۇمارلاشتۇرماق** «خۇمارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايزۆھرە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، يەر تېگىدىن قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

**خۇمارلاشماق** پ. كۆزلىرى سەل قىسىلىپ، خۇش كەيىپ بولغان چاغدىكىدەك يېقىملىق ھالەتكە كەلمەك: ئۇنىڭ مەخمۇرلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى.

**خۇمارلىق** ① ئى. خۇمار بولغان ھالەت: ئاچلىقتىن خۇمارلىق يامان (ماقال). ② سۈپ. خۇمارلاشقان: ئايدىڭ كېچە، شوللار بىردە قىزنىڭ ئۇيقۇسىز، خۇمارلىق كۆزلىرىنى، بىردە قىزىل ئىچ كۆڭلەكىنى، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىنى يورۇتىدۇ. ③ سۈپ. كىشىنىڭ خۇمارىنى قوزغايدىغان، كىشىنى خۇمار قىلىدىغان: سەھەردە ئويغىتىپ دىلنى، خۇمارلىق سايرىدىڭ كاككۇك، باھارنى سەن زىمىستاندىن كۈيۈڭدە ئايرىدىڭ كاككۇك. ④ سۈپ. خۇمارنى بېسىش رولىنى ئوينايدىغان: رومالىڭنىڭ ئۇچىدىن كېسىۋالاي تۇمارلىق. يارىم ماڭدى سەپەرگە، سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

**خۇمخانا** ئى [پ] يېزىت. مەي قاچىلاپ قويۇلغان خۇم، ئىدىشلار توختىتىلغان مەخسۇس ئۆي؛ مەيخانا: بۇ ئىشق خۇمخانىسىدىن بەھرە ئالسۇن، خۇمارنى كېسىپ بۇ مەيگە قانسۇن.

**خۇمدان** ئى [پ] كۇلالچىلىقتا، لايدىن ياسالغان ئىدىشلار ياكى خىش قاتارلىقلارنى تاۋلاپ پىشۇرىدىغان مەخسۇس ئوچاق: خىش خۇمدىنى.

**خۇمدان دەزى** ئاجىز يېرى، قورقىدىغان جايى: — بايا قىلغان سۆزلىرىم ئازراق بولسىمۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدىمۇ؟ ھىم، سۆزلە توخو يۈرەك، خۇمدان دەزىڭ بولمىسا نېمىدىن قورقاتتىڭ؟! — دېدى جۇيجاڭ ھېكىمنى سەتلەپ.

**خۇمدانچى** ئى. خۇمدان باشقۇرۇش، خۇمداندا خىش ۋە كۇلالچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىشۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىشچى: ئەتىگىنى سائەت سەككىز بىلەن خۇمدانچىلار خۇمدان بېشىغا يېتىپ كەلدى.

**خۇمدانچىلىق** ئى. خۇمدان باشقۇرۇش، خۇمداندا خىش پىشۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: بىزنىڭ يېزىمىزدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، گىلەمچىلىك، خۇمدانچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق قاتارلىق 15 خىل كەسىپ يولغا قويۇلدى.

**خۇمرا** ئى [پ] ئاغزى كىچىك، قورساق قىسمى يوغان ساپال قاچا، كوزا: بىر خۇمرا قېتىق. * نازۇنېمەت جىق تولسۇن، خۇمرىغا مەي لىق تولسۇن!

**خۇمسى** ئى. «نامەرد، ئەبلەخ، يارىماس» مەنىسىدىكى تىل ـ ھاقارەت سۆزى: ئۇنداق خۇمسىلارنى نېمە قىلاتتۇق.

**خۇمسىلىق** ئى. نامەردلىك، ئەبلەخلىق، يارىماسلىق: ئالدىڭدىكى ئاتلىق پور بايۋەچچىدۇر، خۇمسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر.

**خۇن** ئى [پ] ① قان: زار ـ زار يىغلاپتۇ موماي شۇ يوسۇن، كۆزىدىن ئاققۇزۇپ ياش ئورنىغا خۇن. ② جان: ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق (ماقال). ③ كۆچمە. نۇر: ئۇ تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ خۇنى قالمىدى. ④ قان قەرز: — بۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مەن بۇنىڭدىن ئاتامنىڭ خۇنىنى تۆلىتىمەن، قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئالىمەن، — دېدى ئۇ.

**خۇنپەر** ئى [پ] ① قان تۆككۈچى، قانخور؛ جاللات: — ھېلىگەر، خۇنپەر زامانقۇلنى ئۆز قولۇم بىلەن جايلاشقا، بۇگۈن مۇشۇ زاۋال ئاخشامدا، سىلەرگە چىن قەلبىمدىن قەسەمياد قىلىمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى جىددىي باشلاپ. ② تىل ھا. ئەبلەخ، دۆيۈز: — ئەھۋالى ئېغىرراق، ساقىيىپ قالۇر، يامانمۇ ئۇرۇۋەتتى خۇنپەر! — دەپ بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئادەم ماڭا قارىدى.

**خۇنپەرلىك** ئى. قان تۆكۈش ئىشى، قان تۆكۈش ھەرىكىتى؛ قانخورلۇق، جاللاتلىق.

**خۇنپەرەس** سۈپ [پ] قان تۆككۈچى، قان ئىچەر؛ قانخور: سۆكۈشتى كۆڭلى تار، نامەرد زامانىنى، نە نامەرد، خۇنپەرەس بەتبەخت زامانىنى.

**خۇنخور** سۈپ [پ] قان ئىچەر، قانخور، قاتىل: شۇ تاپتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گوداڭ ئالدىدا ئادەم كاللىسىنى كېسىشكە خۇمار قىلىپ تۇرغان خۇنخور جاللاتلارغا ئوخشايتتى.

**خۇنخورلۇق** ئى. قانخورلۇق، قاتىللىق: خۇنخورلۇق قىلماق.

**خۇنخۇمار** سۈپ [پ] قان تۆكۈشكە ئادەتلەنگەن؛ قانخۇمار، ۋەھشىي، ياۋۇز: خۇنخۇمار ئەبلەخلەر ئاخىر جاجىسىنى يېدى.

**خۇنسا** ئى [پ] <تېب> تۆرەلمە ۋاقتىدىن تارتىپ غەيرىي تەبىئىي يېتىلگەن، ھەم ئەرلىك، ھەم ئاياللىق جىنسىي بەلگىلىرى بولغان ئادەم.

**خۇنسىراتماق** «خۇنسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇنسىرىماق** پ. قانسىرىماق.

**خۇنسىز** سۈپ ① چىرايىدا قان قالمىغان، چىرايى تاتارغان، ئۆڭگى ئۆچكەن: ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى، خۇنسىز ياغاق يۈزىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. ② كۆچمە. نۇرسىز، خۇنۇك: ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان خۇنسىز كۆزلىرى ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان جان كۆيەرگە قاراپ مۆلدۈرلەيتتى.

**خۇنسىلىق** ئى. خۇنسىغا خاس قىلىق، خۇنسىغا خاس خاراكتېر: خۇنسىلىق قىلماق. * سېيىت نوچى خۇنسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر.

**خۇنگان** ئى. دىيال <بوت> كاللەكبەسەي.

**خۇنلۇق** سۈپ. قان تۆكۈلىدىغان، دەھشەتلىك، قانلىق: ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىقىغا يېتىدىغان بولسا، ھەرقانداق خۇنلۇق ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

**خۇنۇك** سۈپ [پ] ① ئوچۇق ئەمەس، سۈزۈك ئەمەس، غۇۋا، خىرە: بۇ پاجىئە قوزغىلاڭ تارىخىنىڭ بىر خۇنۇك سەھىپىسى بولۇپ قالدى. ② كۆرۈنۈشى، سىرتقى قىياپىتى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، كۆرۈمسىز، سۆرۈن، يېقىمسىز، سەت: خۇنۇك ھالەت. خۇنۇك قىياپەت. * كىشىلەر بۇزۇقلارنىڭ خۇنۇك ئەپتىگە نەپرەتلىك بېقىشلىرى بىلەن نەزەر سالماقتا. ③ كۆچمە. قۇلاققا ياقمايدىغان، يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان: بېشى ياغاق، چېچى پاخماق، جىن ـ ئالۋاستى بولۇپ ئامراق، گاچا ھاڭراپ، توكۇر قايناپ، خۇنۇك بەزمە قىزىپ كەتتى. ④ نۇرسىز: ئۇ كېسەل ئازابىدىن ئولتۇ-رۇشۇپ كەتكەن خۇنۇك كۆزلىرىنى لۆممىدە ئاچتى ـ دە: ـــ قىزىم، قىزىم، ـــ دەپ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ تۆۋلىدى.

**خۇنۇكلەشتۈرمەك** «خۇنۇكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ بىلەن نەزەر دائىرىسىنى خۇنۇكلەشتۈرگەن تۇتەك پەردە ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

**خۇنۇكلەشتۈرۈشمەك** «خۇنۇكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خۇنۇكلەشتۈرۈلمەك** «خۇنۇكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خۇنۇكلەشمەك** پ. خۇنۇك ھالەتكە كەلمەك، خۇنۇك بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە خۇنۇكلىشىپ كەتتى.

**خۇنۇكلۇك** ئى. خۇنۇك ھالەت، خۇنۇك ئەھۋال: ئۇنىڭ چىرايىدىكى نۇر ئۆچكەن بولۇپ، ئۇيا ـ ئەڭلىكلەرمۇ ئۇنىڭدىكى خۇنۇكلۇكنى بېسىپ كېتەلمىگەنىدى.

**خۇۋا** I ئى. دىيال. تۇغان، توسما: سۇ كەلگۈچە خۇۋا سال.

**خۇۋا** II ئى. دىيال. سۆيگۈ، مۇھەببەت.

**خۇۋالاشماق** پ. دىيال ① يېقىنلاشماق، ھەمنەپەس بولماق، ھەمدەم بولماق. ② مۇھەببەتلەشمەك، تويلىشىشقا پۈتۈشمەك.

**خۇۋاللىق** سۈپ. دىيال. يېرىم ئۇيقۇلۇق، چالا ئۇيقۇلۇق: ساندۇقنى ئېچىپ مال ـ دۇنيانى تاغارغا تىقىپ ماڭغۇچە، خۇۋاللىق ياتقىنىمنى دېمەمدىغان.

**خۇۋەينى** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسى يۇملاق، بەزى سورتلىرىنىڭ تۇخۇمسىمان، پوستى قېلىن، رەڭگى يېشىلسىمان سارغۇچ، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى قىزىد-رىدۇ؛ گۆشى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ، تەمى تاتلىق، سۈيى كەمرەك، شىرنىلىك، خۇشبۇي بولىدۇ.

**خۇي** I ئى [پ] ① كىشىدە بولىدىغان مىجەز ـ خۇلق، ئادەت: قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار (ماقال). ② ئەسكى مىجەز؛ يامان قىلىق: «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەندەك، بۇ خېنىمغىمۇ خۇي پەيدا بولۇپ قالدى. ③ قىلىق؛ ئادەت (ھايۋانلار ھەققىدە): ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر (ماقال). * خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما (ماقال).

**خۇي** II ئى [خەن] <بىن> ئاۋاز توسۇش، ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە زىننەت بېرىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن، ئۆي تورۇ-سىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدىغان قەۋەت. ئادەتتە ياغاچتىن جاھازىسى قۇرۇلۇپ، ئۈستىگە قەغەز، سۇلياۋ، رەخت ۋە پەنەر-كە قاتارلىقلارنى چاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**خۇي** III ئى <بوت> ئالمىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بىر خىل سورتى. مېۋىسى كونۇسسىمان، پوستى نېپىز، شەپەق رەڭدە، جۇلالىق؛ گۆشى ئاقۇچ، تەملىك، سۇلۇق، خۇشبۇي ۋە چىدامىلىق بولىدۇ.

**خۇي** IV ئى. دىيال. تونۇرغا يېقىلىدىغان ناننى دۈملەش ئۈچۈن، تونۇرنىڭ ئاغزىغا ياپىدىغان تاغار ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەر.

**خۇي - پەيل** خۇي ۋە پەيل، مىجەز- خۇلق: گۈلسۈمخاننىڭ خۇي ـ پەيلى خەلچەمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.

**خۇيچىلىق** ئى. ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تورۇسىنى ھەر خىل قەغەز، پەنەركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن خۇيلاش ئىشى، كەسپى: قەدىمكى ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىشتىكى ئىش تۈرلىرى تامچىلىق، ياغاچچىلىق، جاھازچىلىق، تاشچىلىق، لايچىلىق، سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، خۇيچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خۇيزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن نىڭشىيا، گەنسۇ، خېنەن، چىڭخەي، شەندۇڭ، يۈننەن، ئەنخۇي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق كەڭ رايونلارغا تارقىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

**خۇيزۇچە** سۈپ. خۇيزۇلارغا ئائىت، خۇيزۇلارغا خاس: خۇيزۇچە كىيىم. خۇيزۇچە تاماق. خۇيزۇچە تۇرمۇش.

**خۇيلاتماق** «خۇيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇيلاشماق** «خۇيلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئۆي خۇيلاشتى. * قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى يىغىن زالىنىڭ تورۇ-سىنى خۇيلاشتى.

**خۇيلامچى** ئى. ئۆي خۇيلايدىغان كىشى، خۇيلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**خۇيلامچىلىق** ئى. ئۆي خۇيلاش، بېزەش ئىشى، ئۆي خۇيلاش، بېزەش كەسپى: خۇيلامچىلىق قىلماق.

**خۇيلانغان** سۈپ. پات ـ پات خۇيى تۇتۇپ قالىدىغان، ھەمىشە دېگۈدەك خۇيلىنىدىغان، خۇيى تۇتىدىغان، پات ـ پات خۇي چىقىرىدىغان: خۇيلانغان ئايال. * ئۇنىڭ كەمچىلىكى ـــ تېرىك-كەك، خۇيلانغان، خودۇكچانلاردىن ئىبارەت.

**خۇيلانماق** I «خۇيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيىنىڭ تورۇسى خېلى ياخشى خۇيلاندى.

**خۇيلانماق** II پ. خۇي چىقارماق، خۇيى تۇتماق: لېتىپ

خويلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى.

**خويلۇق** سۈپ ① خويى بار: — ئەي، پادىشاھئالەم! بۇ ئوغۇلنى كىچىكىدىن پەرۋىش قىلغانىدىم. ئۇ پەرىشتىدەك خويلۇق بالا ئىدى، — دەپتۇ فەررۇخ سۆۋار. ② قىلىقى ناچار، يامان مىجەزى بار: ئۇ ئىنتايىن خويلۇق بىر خوتۇن ئىدىكى، ئاردىن ئازراق گەپ تەگىشىش ئۆتسىلا، «ئاغرىپ قالدىم» دەپ، نەچچە كۈن، ھەتتا ھەپتىلەپ يېتىۋېلىپ، ئازاب سالاتتى.

**خويلىماق** پ. ئۆينىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، توروس قىسمىنى ھەر خىل قەغەز ياكى پەنەركىلەر بىلەن بېزىمەك: ئۆي خويلىماق. يىغىن زالىنىڭ توروسىنى خويلىماق.

**خېتىپ** ئى. دىيال. تاغلىق رايونلاردا نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى.

**خېجى** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىگە ئولتۇراقلاشقان.

**خېخىنەك** ئى. دىيال <ئانات> كېكىردەك.

**خېروئىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى ئاق رەڭلىك كىرىستال. ئاچچىق تەمگە ئىگە، زەھەرلىك، مورفىندىن ئىشلىنىدۇ. تېببىي دورىگەرلىكتە ئاغرىق پەسەيتىش ۋە ناركوز دورىسى قىلىنىدۇ، داۋاملىق ئىشلىتىلسە خۇمار قىلىدۇ. ئادەتتە زەھەرلىك چېكىملىك دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئاق» ياكى «ئاق تاماكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خېرىت** ئى [پ] ماتېرىيال: مەن شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ ئاتامدىن رۇخسەت سورىغانىدىم. ئاتام ماڭا 50 تاي مال ۋە باشقا كېرەكلىك خېرىتلارنى تەييارلاپ بەرگەنىدى.

**خېرىدار** ئى [پ] ① بىرەر نەرسە سېتىۋالغۇچى كىشى؛ ئالارمەن: خېرىدار چاقىرماق. خېرىدار تاپماق. ② كۆچمە. بىراۋغا (ئادەتتە بىرەر قىز ياكى ئايالغا) كۆڭۈل قويغان كىشى، خۇشتار؛ لايىق: خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك (ماقال).

**خېرىدارسىز** سۈپ. خېرىدارى يوق، خېرىدارى بولمىغان؛ خېرىدار چىقمىغان: قولىدىكى شۇنچىۋالا نەق پۇلنىڭ خېرىدارسىز مالغا ئايلىنىپ، توپا بېسىپ يېتىشىنى ئويلىمىغان موللائاخۇن ئەمدى جىمپىلا كەتكەنىدى.

**خېرىدارلىق** ① سۈپ. خېرىدارى بار، خېرىدارى كۆپ: ئەختەر خېرىدارلىق قىز ئىدى. ② ئى. خېرىدار بولۇش: ئالمىچى كاززاپقا ئەمدى بولۇپ بەردى. بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئالمىسىغا قىلىۋاتقان خېرىدارلىقى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى.

**خېلى** رەۋ [پ] ئانچە ئاز ئەمەس، يېتەرلىك دەرىجىدە، كۆپ: خېلى ئۇزۇن. خېلى ياخشى. * ئالماس سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە جىم بولۇپ قالدى.

**خېلى - خېلى** ① ئادەتتىكىلەردىن ئۈستۈن، يۇقىرى تۇردىغان: ئۇ بۇ سۆلىتى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى خېلى - خېلى كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى تارتالايمەن دەپ ھېسابلايتتى. ② كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ خېلى - خېلى ئىشلارنى قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي ھەسرەتلىنەتتى.

**خېلىلا** رەۋ. كەڭتاشا يەتكۈدەك، يېتىپ ئاشقۇدەك.

**خېمىر** ئى [ئە] ئادەتتە ئۇنغا سۇ، سۈت ياكى ماي ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يۇمشاق، ئۇزۇلۇشچان ئارىلاشما: خېمىر قىلماق. خېمىر زۇۋۇلىسى.

**خېمىرتۇرۇچ** ئى [ئە + پ] ① خېمىرنى بولدۇرۇش، كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئېچىتقۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش ئۈچۈن ئالدىن سېلىنغان مەبلەغ، ئىقتىساد ياكى ئىقتىسادىي ئاساس، ئۇل: بۇگۈن تورپاق بىلەن ئىنەكنى ساتساق، بۇلتۇرقى مۇزىيى خېمىرتۇرۇچ بولۇپ تۇرۇپ تۇرسا قانداق بولار؟ ③ كۆچمە. بىلىم، سەۋىيە، مەلۇمات؛ ئۇماچ: ئۇنىڭ قورسىقىدا خېلى خېمىرتۇرۇچى بار.

**خېمىرتۇرۇچلۇق** سۈپ. خېمىرتۇرۇچ بولغۇدەك، خېمىرتۇرۇچقا يەتكۈدەك: بىر خېمىرتۇرۇچلۇق ئۇن.

**خېمىرسىمان** سۈپ. ھالىتى خېمىرغا ئوخشايدىغان، خېمىر ھالىتىدىكى، خېمىرغا ئوخشاش، خېمىردەك: خېمىرسىمان نەرسە. * زاماسكا - گەج، ئەلىپماي، يېلىم قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلايدىغان، يېرىق، چاك قاتارلىقلارنى چاپلاش، يەملەش، ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خېمىرسىمان بىر خىل قېتىشمىدىن ئىبارەت.

**خېمىر يۇغۇرغۇچ** ئى [خېمىر + يۇغۇرغۇچ] <زوئول> ياچىۋەك.

**خېنە** I ئى [ئە] ① <بوت> خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقى، يىلتىزى ۋە غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولى قاننى جانلاندۇرۇش ۋە راۋان قىلىش رولىغا؛ ئۇرۇقى يەلنى ھەيدەپ، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش رولىغا؛ گۈلى قاننى جانلاندۇرۇپ ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە. قىزىل رەڭدىكى گۈل تاجى ياپراقچىسى ئادەتتە قول ۋە تىرناقنى بوياش، خېنە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل تاجى ياپراقچىسىدىن ئېلىنغان ھەمدە تىرناقنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق.

**خېنە** II ئى. دىيال. شوينا، تانا: چاقنى بۇزغان خېنىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال).

**خېنەك** ئى. دىيال. كېكىردەك.

**خېنى** ئى. دىيال. بېدە - سامان سېلىقى.

**خېنىزەك** سۈپ. دىيال. جاپا تارتمايدىغان، بەختلىك (ئايال كىشى ھەققىدە).

**خېنىكام** ئى. دىيال. ئۇكا (ئۆزىدىن كىچىكلەرنى كۆرسىتىدۇ).

**خېنىگۈل** ئى [خېنە + گۈل] <بوت> خېنىنىڭ بىر تۈرى. گۈل ئورنىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، گۈلى قات - قات بولىدۇ.

**خېنىلىك** ① سۈپ. خېنىسى بار، خېنە قويۇلغان، خېنە يېقىلغان: قىپقىزىل خېنىلىك بارماقلار، ئوينىدى پەدىنىڭ ئۈستىدە. ناخۇلدىن تىترەيدۇ نازۇك تار، نە بولدى يۈرەككە جىغىدە. ② ئى. خېنە تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، خېنە تېرىلغان ئېتىز.

**خېنىم** ① ئى. خانىنىڭ خوتۇنى، خانىش: خان بىلەن خېنىم يېقىن كەلگەن ئىشانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ. ② ئى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاياللار ئىسمىغا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ: مانا بۇنى پاتىمە خېنىم ئەۋەتىپتۇ. ③ ئى. كونا جەمئىيەتتە، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى: ئۇلار ئاجايىپ چىرايلىق كىيىنىدىغان خېنىملار ئىكەن. ④ سۈپ. يۇمشاق، بوش

(مىجەز ـ خاراكتېر ھەققىدە): بۇنداق باللارنىڭ خېنىم مىجەز بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن تۇرىدۇ.

**خېنىم سوكسوك** دىيال. ھەرىكىتى تېز، ئىتتىك، چاققان (قىز ـ چوكانلارغا قارىتىلىدۇ.).

**خېنىمچاق** ئى. كىچىك خېنىم: خېنىمچاق گىرىم ئەينىكى ئالدىغا كەلدى ـ دە، لەۋلىرىگە لەۋ سۇرۇخ سۇردى.

**خېنىملىق** ئى. خانىشلىق؛ خېنىم بولۇش: — خېنىملىققا يارايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

**خېنىن** ئى [لات] بەزگەكنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىچىلىدىغان دورا.

**خېيىم ـ خەتەر** ئى [خېيىم + خەتەر] بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئەكېلىشى مۇمكىن بولغان شارائىت؛ خەتەرلىك ئەھۋال، مۇشكۇلات، خەۋپ: — ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا خېيىم ـ خەتەر بولىدۇ، قۇربان بېرىش بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**خېيچا** ئى [پ] ① ئەتلەسنىڭ يىپىغا گىرە سالىدىغان ياغاچ. ② گىلەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يىپلارغا باغلىنىدىغان ياغاچ.

**خىت** I ئىم. ئېشەكنى ھەيدەش، ماڭدۇرۇش ئىماسى: موللام «خىت، چۇھ» دەپ ئېشەكنى دېۋىتكىنىچە ئالدىراش كېتىپ قالدى.

**خىت** II تەق . تاماقنى قېقىشتىن چىققان ئاۋاز.

**خىتاب** ئى [ئە] ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان بىرەر كۈچلۈك ھېس ـ تۇيغۇسىنى، ھاياجىنىنى ئىپادىلەيدىغان چاقىرىق، مۇراجىئەت: خىتاب قىلماق.

**خىتابەت** ئى [ئە ] يېزىت. خىتاب، مۇراجىئەت: شېرىن غەزەپ بىلەن: — بارىكاللا بۇنداق شىجائەتكە! بارىكاللا، بۇنداق خىتابەتكە ! — دېدى.

**خىتابچى** ئى. خىتاب قىلغۇچى كىشى، مۇراجىئەت قىلغان ئادەم.

**خىتابنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپ يېزىلغان مەكتۇپ، خەت؛ يازما چاقىرىق، مۇراجىئەتنامە.

**خىت ـ خۇت** يىغلىغاندا دىماقتىن چىققان ئاۋاز: بىردەملىك مىشىلداش، خىت ـ خۇتتىن كېيىن ماھىنۇر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى.

**خىتىن** ئى [ر<گىرېك ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، قاتتىق ھالەتتىكى ئامورف ماددا. تۈزۈلۈشى مۇستەھكەم بولۇپ، ئېلاستىكلىققا ئىگە.

**خىجالەت** ئى [ئە] ① كىشى ئالدىدا ئۇيالغانلىقتىن، ئۆزىنى قولايسىز سېزىش، ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىش؛ ئۇيىلىش ھېس ـ تۇيغۇسى: بارنىڭ خىجالىتىدىن يوقنىڭ خىجالىتى يامان (ماقال). ② قىيىنچىلىق، ئېھتىياج: — نېمە خىجالىتىڭ بار؟ ئېيت، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ.

**خىجالەتچىلىك** ئى ① ئوڭايسىزلىق، خىجىللىق: ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە چىنە سۇنۇقى بىلەن چېچىلغان ئاشنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ② قىيىنچىلىق، موھتاجلىق: مېنىڭ ئىقتىسادىي خىجالەتچىلىكتىن بېشىم قاتتى.

**خىجالەتسىز** سۈپ. خىجالىتى يوق؛ خىجالەت تارتماي، موھتاج بولماي: خىجالەتسىز ئىش. // سەپەر ئايالىنى خىجالەتسىزلا دەپنە قىلدى.

**خىجالەتلىك** سۈپ. خىجالىتى بار، خىجالەت تارتقان، خىجالەتمەن: بىرھازا ئۆتۈپ كۆردۈم چولپاننى، ئۇيۇق لېۋىدە خىجالەتلىك يۈز.

**خىجالەتمەن** سۈپ [ئە + پ] خىجالەتتە قالغان، خىجالەت بولغان، خىجالەتلىك: ئۇ خىجالەتمەن قىياپەتتە گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى.

**خىجىل** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش، مەسىلە تۈپەيلى، كىشى ئالدىدا مۇشكۇل، قىيىن ئەھۋالغا چۈشكەن، خىجالەتتە قالغان، ئىزا تارتقان: خىجىل بولماق. خىجىل قىلماق. * مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىجىل.

**خىجىلچان** سۈپ. ئاسان خىجىل بولىدىغان، ئاسان ئۇيىلىدىغان، ئۇياتچان: خىجىلچان قىز. * — مەن ئىنتايىن خىجىلچان، — دېدىم ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ.

**خىجىلچانلىق** ئى. ئاسان خىجىل بولىدىغان خاراكتېر، ئاسان ئۇيىلىدىغان مىجەز ياكى ئاسان خىجىل بولۇش، ئاسان ئۇيىلىش، ئۇياتچانلىق: — خىجىلچانلىق تىل ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى، سىزنىڭ يۈزىڭىزنىڭ تېرىسى قەلەيدەك بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ ماڭا.

**خىجىلچىلىق** ئى. بىرەر ئىش، مەسىلە تۈپەيلى، كىشىلەر ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىش، خىجالەت تارتىش: ئانا خىجىلچىلىقتا قانداق قىلىشنى بىلمەي، قىزنىڭ يېنىغا كىردى.

**خىجىلسىرىماق** پ. خىجىل بولغاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلمەك، خىجىللىق تۇيغۇسىدا بولماق: نېمە دەرد كەلگەندۇر بېشىغا، كۈنۈتۈن ئۇ چەككىلى بۇنچە ئازاب؟ خۇش قىلايلى ئاينى يا، ئاپتاپنى يا، سارغىيىپ تۇرغانمۇ خىجىلسىراپ؟ ۋەجىنى ئۇقالمىدىم تۈزۈككىنە، ئەي كىتابخان، كۈتىمەن سەندىن جاۋاب.

**خىجىللىق** ئى. خىجىل بولۇش، خىجالەتتە قېلىش: ئەركىن ھەم خۇشاللىق، ھەم خىجىللىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى.

**خىچىك** ئى. دىيال. مۇزنىڭ ئۈستىگە تېشىپ چىققان سۇ.

**خى ـ خى** بىرەر ئىشتىن، نەرسىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلگەندە چىقىدىغان تەكرار ئاۋاز: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاتابېك ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جەننەت ئاچىنىڭ خى ـ خى قىلىپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**خىدىر** ئى. دىيال. چەك، ھەد: خىدىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

**خىدىك** ئى. دىيال. بويۇنتۇرۇق؛ ياغاچ قۇشقۇن.

**خىر** I تەق . ئادەم دىمىقىدا كۈلگەندە، نەپەس ئالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: بوۋاي ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە قولىدىكى تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىپ بولغاندىن كېيىن پاراڭچىلارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ خىر قىلىپ كۈلدى.

**خىر** II سۈپ. دىيال. خىجىل بولمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان، ئۇيالماس، قېلىن، يۈزى قېلىن، ئۇياتسىز: تازا خىرە بىرنېمىكەن ئۇ.

**خىراج** ئى [ئە] ① تارس. كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلار ۋە دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ دېھقانلاردىن ئالغان يەر بېجى، سېلىق. ② خىراجەت: مېنىڭ بۇ سەپىرىمدىن مەقسەت، مەخسۇس ساۋ-ساۋغا خىراج ئاپىرىپ بېرىش ئىدى.

**خىراجە** ئى. دىيال <تېب> سۈرگە.

**خىراجەت** ئى [ئە] بىرەر نەرسە ئۈچۈن قىلىنىدىغان سەرپ؛ چىقىم: خىراجەت قىلماق.

**خىراجەتسىز** سۈپ. خىراجەت قىلمايدىغان، چىقىمسىز؛ ھەقسىز: خىراجەتسىز تاماق. * سەلىمە خىراجەتسىز ئوقۇدى.

**خىراجەتلىك** سۈپ. چىقىمى بار، چىقىملىق: بۇ يىل سەل خىراجەتلىك بولۇپ قالدۇق.

**خىرامان** [پ] ① سۈپ. ئالدىرىمايدىغان، تەمكىن: چۈشۈڭمۇ بۇزۇلغاندۇر، يۈرىكىڭمۇ تۈيغاندۇر، مەقسىتىڭ نىمە زادى؟ باقمايسەن خىرامان قىز. ② رەۋ. غەم ـ ئەندىشە قىلماي، غەمسىز، بىغەم: ئۇ ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى راسلىۋالغانىدى. گاھىدا ساقچى، گاھىدا يېزا قىزلىرى سىياقىدا ياسىنىپ، خىرامان يۈرەتتى.

**خىرامانلىق** ئى ① بىرەر ئىشقا ئالدىرىماسلىق، تەمكىنلىك. ② ھەر ئىشقا غەم ـ ئەندىشە قىلماسلىق، ئەنسىرىمەسلىك، غەمسىزلىك، بىغەملىك.

**خىرە** سۈپ [ئە] ① دېگەندەك يورۇق، روشەن ئەمەس، تۇتۇق، خۇنۇك؛ كۈچسىز، سۇس: گۇگۇم چۈشكەن چاغ، غەرب تەرەپتىكى تىك قىيالىقتىن ئەمدىلا كۆرۈنگەن كۈمۈش ئاي خىرە نۇرىنى چېچىشقا باشلىغانىدى. ② كۆچمە. خۇرسەن ئەمەس، كۆڭۈلسىز، غەش: مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلى سەل خىرە بولغان ھالدا سالاملاشتى.

**خىرە ـ شىرە** ① ئانچە بەك روشەن بولمىغان؛ ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان؛ ئوچۇق ئەمەس، تۇتۇق: قىزنىڭ خىيال كەپتىرى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراقلارغا قاراپ ئۇچتى. ② تازا ئېنىق ئەمەس، بىلىنەر ـ بىلىنمەس: بۇ سۆھبەتنى خىرە ـ شىرە ئاڭلاپ قالغان سادىق روزىنىڭ دىققىتى ئىختىيارسىز ھالدا پىرىكازچىكقا بۇرۇلدى.

**خىرەك** ئىم. دىيال. ئېشەكنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىيتىلىدۇ.

**خىرەلەشتۈرمەك** «خىرەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارتۇقچە مەغرۇرلۇق ئادەمنىڭ باشقا پەزىلەتلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

**خىرەلەشمەك** پ ① روشەنلىكنى يوقاتماق، خىرە ھالەتكە كەلمەك: تولۇن ئايمۇ كىگىزدەك ئاق بۇلۇت كەينىگە شۇڭغۇپ، سۈتتەك ئايدىڭ سەل خىرەلەشتى. ② خۇرسەنلىكى يوقالماق، غەش بولماق: قولاشمىغان سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى خىرەلەشكەنىدى.

**خىرەلىك** ئى. تۇتۇقلۇق، خۇنۇكلۇك، سۇسلۇق: ئۇ كۆزىنى يۇمغان بولسىمۇ، چەكسىز كەتكەن خىرەلىك ئىچىدە گۈزەل شەھلا كۆزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**خىرپە** ئى <بوت> ← **سېمىزئوت.**

**خىرت** تەق. يىغلاۋېتىپ بۇرنىنى تارتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: خىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتماق.

**خىرت ـ خىرت** «خىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خىرت ـ خىرت ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق.

**خىرتىلىك** ← **خىرتىلىك ـ سىرتىلىك.**

**خىرتىلىك ـ سىرتىلىك** دىيال. قوپاللىق بىلەن، قىرىچە ـ يېنىچە: ئۇ ئىمامغا خىرتىلىك ـ سىرتىلىك تەگمەكتە.

**خىرتىلداتماق** «خىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن توغرا ئويىندىمغۇ، مۇدىر، — روزى بۇرنىنى خىرتىلدىتىپ تارتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

**خىرتىلداشماق** «خىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار خىرتىلدىشىپ يىغلاشتى.

**خىرتىلدىماق** پ. «خىرت ـ خىرت» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خىرت ـ خىرت» قىلماق: ئابدەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي، خىرتىلداپ يىغلاپ كەتتى.

**خىر ـ خىر** «خىر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باللا خىر ـ خىر كۈلدى.

**خىردەك** ئى. دىيال. كېكىردەك، بوغۇز.

**خىرقىراتماق** «خىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىرقىراشماق** «خىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممەيلەن خىرقىرىشىپ كۈلۈشۈپ، قوشۇلۇش ئىشارىسىگە باش لىڭشىتىشتى.

**خىرقىراق** سۈپ. سۆزلىگەندە خىر ـ خىر قىلىدىغان، خىرىلدايدىغان: خىرقىراق ئاۋاز.

**خىرقىرىماق** پ «خىر ـ خىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ، توق ئىت خىرقىرار (ماقال).

**خىرگەي** سۈپ. دىيال. خىر ـ خىر، بوغۇق: ئۇ خىرگەي ئاۋازدا سۆزلىدى.

**خىرورگ** ئى [ر] <تېب> خىرورگىيە مۇتەخەسسىسى، ئوپېراتسىيە دوختۇرى، جەرراھ.

**خىرورگىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> كېسەللىكنى ئوپېراتسىيە قىلىش يولى بىلەن داۋالاش؛ ئوپېراتسىيە ئىلمى.

**خىروم** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cr (Chromium). ئۇ بىر خىل كۈمۈشكە ئوخشاش كۈل رەڭ كرىستال مادda بولۇپ، قاتتىق ۋە چۈرۈك كېلىدۇ. ئادەتتە داتلاشماس پولات ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك پولات ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ. سانائەتتە تۆمۈر، مانگان ۋە خىروملار قارا مېتال ھېسابلىنىدۇ.

**خىروماتىن** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ئوكسىگېن ئاجراتقان يادرو قەنت كىسلاتاسى بىلەن ئاقسىلنىڭ بىرىكمە تەنچىسى. ئۇ يادرو ماددىسى بىلەن خىروموسومىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

**خىروملۇق** سۈپ. تەركىبىدە خىروم بولغان: خىروملۇق پولات.

**خىروموسوما** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ھۈجەيرە يادروسىدا بولىدىغان ھەم بوياقلار بىلەن بويىلىدىغان يىپسىمان ياكى تاياقسىمان تەنچە. ھۈجەيرە بۆلۈنگەندە، ئۇنى كۆزەتكىلى بولىدۇ.

**خىرومىت** ئى [ر<گىرېك] <خىم> بىر خىل مىنېرال، يەنى خىروم بىلەن تۆمۈرنىڭ ئوكسىدى ($Cr_2O_3FeO$). ئاساسلىق تەركىبى خىروم بولۇپ، توق قوڭۇر كېلىدۇ. كۆپىنچە دانىچە، كاللەك ۋە پۈرچاق شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ، سانائەتتە مېتاللورگىيەنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە بوياق ئىشلەشكە بولىدۇ.

**خىرۇستال** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> ← **بىللۇر.**

**خىرېستوماتىيە** ئى [ر<گىرېك] ئارخا <ئەد> تۈرلۈك بەدىئىي، تارىخىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەر ياكى ئاشۇنداق ئەسەرلەردىن تاللاپ ئېلىنغان پارچىلاردىن تۈزۈلگەن ئوقۇش كىتابى، ئوقۇشلۇق.

**خىرىت** ئى. دىيال. رەخت، ئەن ماتېرىيال.

**خىرىزوبېرىل** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيەلىك تەركىبى $BeAl_2O_4$. كۆپىنچە ئاز مىقداردا

خىروم ۋە تۆمۈر ئارىلىشىپ كېلىدۇ. ئۇ رومبىلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، سۇس يېشىل رەڭدە كېلىدۇ؛ ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۈرۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ياقۇت ئىشلەشكە بولىدۇ.

**خىرىس** ئى [ئە] بىراۋغا قەستەن ياكى كۈچلۈك ئۆچلۈك بىلەن قىلىنغان ھەيۋە، چېقىلىش: خىرىس قىلماق.

**خىرىستوس** ئى [ر<گىرېك] <دىن> خىرىستىيان دىنىدىكى نىجاتكار، يەنى ئەيسانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

**خىرىستىيان** ئى [ر<گىرېك] <دىن> ① ئەيسانىڭ ھۆرمەت نامى، خىرىستوس: خىرىستىيان دىنى. ② خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى؛ ناسارا.

**خىرىستىيانچە** سۈپ. خىرىستىيان دىنىغا ئائىت، خىرىستىيان دىنىغا خاس، خىرىستىيان ئۇسلۇبىدا: پۈرومى خىرىستىيانچە دۇئا قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ چىقىپ كەتتى.

**خىرىستىيانلاشتۇرماق** «خىرىستىيانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىرىستىيانلاشتۇرۇشماق** «خىرىستىيانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىرىستىيانلاشتۇرۇلماق** «خىرىستىيانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسلىدە قامان دىنىغا ئىشىنىپ كەلگەن ھون خەلقى بارا ـ بارا خىرىستىيانلاشتۇرۇلدى.

**خىرىستىيانلاشماق** پ. خىرىستىيان بولماق، خىرىستىيانغا ئۆزگەرمەك، خىرىستىيانغا ئايلانماق، خىرىستىيانلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنماق: ئۇ شۇ يىلى خىرىستىيان دىنىغا كىردى ۋە خىرىستىيان ئىبادەتخانىسى سالدۇردى. ۋېنگىرلار بارا ـ بارا خىرىستىيانلىشىپ، ئەسلىي مىللىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

**خىرىستىيانلىق** ① سۈپ. خىرىستىيان مۇرىتلىرىدا بار بولغان، خىرىستىيان مۇرىتلىرىغا خاس: مەن ھوشۇمغا كەلگىنىمدىن كېيىن بىر يەرلىك موماي خىرىستىيانلىق رەھىم ـ شەپقىتىنى قىلىپ، مېنى كۆلىبىسىگە ئېلىپ كەتتى. ② ئى. خىرىستىيان دىنىغا ئائىت ئىش ـ ھەرىكەتلەر، خىرىستىيان دىنى: روھانىي خىرىستىيانلىقنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىدۇ. * خىرىستىيان خانىنىڭ ۋاقتىدا خىرىستىيانلىقنى تەشۋىق قىلىش كۈچەيدى.

**خىرىسلىق** ئى. ھەيۋە قىلىش: ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا مېنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك، بىر خىل خىرىسلىق يېغىپ تۇراتتى.

**خىرىلداتماق** «خىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىرىلداشماق** «خىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىرىلداق** سۈپ. «خىر ـ خىر» قىلىپ چىقىدىغان، خىرىلدايدىغان: ئۇنىڭ ھامىسى ئۆيمۇئۆي قاترىدى ۋە خىرىلداق ئاۋاز بىلەن مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى.

**خىرىلدىماق** پ. «خىر ـ خىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خىر ـ خىر» قىلماق: سورۇندىكىلەرمۇ شىيڭ شىسەي بىلەن تەڭلا خىرىلداپ كۈلۈشتى.

**خىزمەت** ئى [ئە] ① ئەقلىي ياكى جىسمانىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك، ئىش: مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئىدارىگە بېرىشىم خىزمەت ئۈچۈن ئىدى. ② ئىدارە، ئورگانلاردا بېجىرىلىدىغان ۋەزىپە: قادىر مۇئەللىم بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگىلى ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. ③ ۋەزىپە، تاپشۇرۇق: — ئەي ئانا، — دېدى ھاتەم ئېمىكئانىغا، — ئەگەر باشقا خىزمەت بولمىسا، تويى تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئىشنى باشلىساق. ④ تۆھپە، نەتىجە: ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا خىزمەت كۆرسەتتى. ⑤ تەربىيە، نەسىھەت: ئىدارە رەھبەرلىكى يولدىن چىققان ياشلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى.

**خىزمەتچى** ئى ① ئىدارە، كارخانا، مەكتەپ ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىكى مەمۇرىي ياكى كەسپىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم، كادىر. ② خىزمەتكار: ساراي خىزمەتچىسى. ئۆي خىزمەتچىسى.

**خىزمەتچىلىك** ئى. كادىرلىق، خىزمەتكارلىق: بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىزنى خىزمەتچىلىككە ئېلىڭ!

**خىزمەتداش** ئى [ئە + پ] بىللە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار ئىدى. ئۆزى بەكمۇ ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى.

**خىزمەتداشلىق** ئى. خىزمەتداشلاردا بولىدىغان، خىزمەتداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك (مۇناسىۋەت): خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى. * سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتىدىلا بولاتتى.

**خىزمەتكار** ئى [ئە + پ ] ① بۇرۇنقى چاغلاردا، باي ياكى مەنسەپدارلارنىڭ شەخسىي خىزمىتىنى، ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان كىشى؛ چاكار: باينىڭ خىزمەتكارى. ② خەلق ياكى جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ خىزمەتچى.

**خىزىر** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ھايات بۇلىقىدىن «تىرىكلىك سۈيى» ئىچكەن، مۇشۇ سەۋەبلىك مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان، ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلاتىنى ئاسان قىلىدىغان، ئۇچراشقانلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان شەخس: لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى (ماقال).

**خىزىر يولۇققان** ھەممە ئىشى ئوڭىدىن كېلىدىغان، ناھايىتى تەلەيلىك، تەلىيى بار: خىزىر يولۇققان ئادەم. خىزىر يولۇققان بالا.

**خىسلەت** ئى [ئە] ① ئادەم ياكى نەرسىنىڭ مۇھىم ئىجابىي بەلگىسى، تەرىپى، سۈپىتى؛ خۇسۇسىيەت، پەزىلەت. ② <ئەد> بىرەر يازغۇچىنىڭ تىل بايلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇسۇلى، ئۇسلۇبلىرى؛ پۇراق.

**خىسلەتداش** ئى. خىسلەتلىرى ئۆزئارا يېقىنلىشىدىغان، ئوخشايدىغان كىشىلەر: چۈنكى خىسلەتداش ساڭا ئەجدادلىرىم، سەن بىلەن قانداش ئۆسەر ئەۋلادلىرىم.

**خىسلەتلىك** سۈپ. خىسلىتى بار، خىسلەتكە ئىگە: ياخشى خىسلەتلىك ئانا. خىسلەتلىك تاش.

**خىش** ئى [پ] قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. قېلىپ ئارقىلىق سېغىز توپىدا ئېتىلگەن لايدىن قۇيۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغىنى «پىششىق خىش»؛ خۇمداندا پىشۇرۇلمىغىنى «خام خىش» دېيىلىدۇ. شەكلى ئاساسەن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولىدۇ؛ ئېھتىياجغا قاراپ ئۆلچىمىمۇ ھەر خىل بولىدۇ: خىش قۇيماق. خىش بىلەن سېلىنغان ئۆي.

**خىشچى** ئى. خىش قۇيىدىغان كىشى.

**خىشچىلىق** ئى. خىش قۇيۇش، خىش پىشۇرۇش ئىشى،

كەسپى: خىشچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. خىشچىلىق قىلماق.

**خىشلىق** سۈپ. خىشى بار، خىش بىلەن سېلىنغان، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، خىش ياتقۇزۇلغان: ئۇ پېششىق خىشلىق پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، پېشايۋان سۇپىسىغا چىقتى.

**خىقوق** ئى. دىيال. ھويلا - ئارانلارغا بېكىتىلىدىغان قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىك؛ تاشقىرىقى ئىشىك، دەرۋازا.

**خىڭ** I تەق. نارازىلىق، مەنسىتمەسلىكنى ئىپادىلەپ كۈلگەندە، دىمىقىدا گەپ قىلغاندا بۇرنىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: چاۋار باي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن «خىڭ» قىلىپ قويدى.

**خىڭ** II سۈپ. دىيال. بىر نەرسىنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالىدىغان ئادەم.

**خىڭ - خىڭ** «خىڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خىڭ - خىڭ قىلىپ كۈلمەك.

**خىڭلىق** ئى. دىيال. بىر نەرسىنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىش: سەن تولا خىڭلىق قىلما!

**خىڭىلداتماق** «خىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىڭىلداشماق** «خىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىڭىلدىماق** پ. «خىڭ - خىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خىڭ - خىڭ» قىلماق: خىڭىلداپ گەپ قىلماق. خىڭىلداپ سۆزلىمەك.

**خىل** سۈپ [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان تۈرى: بىرنەچچە خىل مېۋە. ئىككى خىل دۇنيا قاراش. ② باب، لايىق، تەڭ كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق: خىل خىلىدا ياخشى، پىچاق قىنىدا (ماقال). ③ ھەر جەھەتتىن شەرتكە توشىدىغان، ئەڭ ياخشى، تاللانغان، يارامىلىق، ئېسىل: خىل قوشۇن.

**خىلاپ** سۈپ [ئە] قارىمۇقارشى، زىت: تۇرسۇن نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاممىنى يېڭى نىكاھ قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلىدى.

**خىلاپلىق** ئى. خىلاپ ئەھۋال، زىتلىق: خىلاپلىق قىلماق.

**خىلداش** سۈپ. خىلى بىر، ئوخشاش بىر خىلدىكى، ئوخشاش خىلدىكى: خىلداش رەڭلەر. * ... ئاندىن پارالېل، مېردىيان بۆلەكلەرگە چېچىلغان جانلىق ۋە ئىنسان خىللىرىنىڭ مەلۇم خىلداش تىپ بولۇشىدىن تاشقىرى، يەنە ...

**خىلداشلىق** ئى. خىلى بىر، ئوخشاش بىر خىلدىكى ھالەت، ئوخشاش بىر خىلدىكى تۈر، ئوخشاشلىق: بىز ئىنسان خىللىرىنىڭ خىلداشلىق ئىچىدىكى ئالاھىدە خاسلىق پەرقلىرى سەۋەبىنى ھېس قىلالايمىز.

**خىللاتماق** «خىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىللاشماق** ① «خىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خېرىدارلار ھارۋىدىكى قوغۇنلارنىڭ ياخشىلىرىنى خىللاشتى. ② خىل، ياخشى ھالەتكە كەلمەك؛ خىللانماق، تاللانماق: ھازىر بىزنىڭ ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى خىللاشتى، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىدىكىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى.

**خىللانماق** «خىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كۈنى پادىشاھ ئاتلارنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە خىللانغان ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ.

**خىللىق** ئى. تۈرلۈكلۈك، لايىقلىق، مۇۋاپىقلىق: يازما شېئىرىيەتتىكى شېئىر ۋەزىنلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى مۇقام نەغمىلىرىنىڭ، تاكتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

**خىللىماق** پ ① ئەڭ ياخشىسىنى، خىلىنى ئالماق؛ تاللىماق، ئىلغىماق: بۇگۈن سەن يېگەن ئالما ئەسلىدە شۇ قىزنىڭغا ئاتاپ خىللاپ ئۈزۈلگەندى. ② خىللارغا، تۈرلەرگە ئاجراتماق؛ تۈرگە بۆلمەك: بالىلار بۇ ئارىلىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى خىللاپ، تۈر - تۈرى بويىچە ئايرىماقتا ئىدى.

**خىلمۇخىل** ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك، تۈرلۈك - تۈمەن: دۇنيادا ھۈنەر - كەسىپ خىلمۇخىل بولغىنىدەك، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**خىلمۇخىللىق** ھەر خىللىق، تۈرلۈك - تۈمەنلىك.

**خلور** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى Cl (Chlorum). ئۇ سارغۇچ يېشىل، ھاۋادىن ئېغىر، زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك قوزغاتقۇچى پۇراقتا ئىگە؛ ئاسانلا ئۇيۇپ، سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئاقارتقۇچى پاراشوك، بوياق، دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**خلورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە خلور بار، خلور ئارىلاش: خلورلۇق ھاك.

**خلوروفورم** ئى [ر<فىران <گرېك] <خىم>ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $CHCl_3$. ئۇ بىر خىل رەڭسىز، ئۇچۇشچان سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئالاھىدە سېسىق پۇراقتا ئىگە. ئادەتتە ئېرىتكۈچى قىلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بوياق ئىشلىنىدۇ. مېدىتسىنادا ھوشسىزلاندۇرغۇچى دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**خلوروفىل** ئى [ر<گرېك] <بىيول> ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى يېشىل رەڭلىك ماددا، يەنى بىر خىل مۇرەككەپ ئورگانىك كىسلاتا. ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**خلورومتسېتىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئانتىبىيوتىكلارنىڭ بىرى. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{11}H_{12}O_5N_2CI_2$ . ئۇ بىر خىل ئاق ياكى سېرىق رەڭدىكى كرىستال بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كېزىك، ئۆرە كېزىك ۋە كۆكيۆتەل قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خلورىد** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئاليۇمىن، تۆمۈر ۋە ماگنىينىڭ سۇلۇق سىلىكاتلىرى بولۇپ، يېشىل ۋە پارقىراق كېلىدۇ؛ ئادەتتە كرىستاللاشقان تارىشا جىنسلارغا كەڭ تارقالغان بولىدۇ.

**خلۇس** ئى [ر<گرېك] <بىيول> ئۈچەي بېغىشى لىمفا نەيچىلىرىدىكى سۇيۇقلۇقلار ئۇيۇتۇلۇق بېزى سۇيۇقلۇقى، ئۆت ۋە ئۈچەي سۇيۇقلۇقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان سۇتسىمان سۇيۇقلۇق.

**خىلۋەت** سۈپ [ئە] كۆپ كىشى بارمايدىغان؛ ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق؛ ھېچ كىم كۆرمەيدىغان، خالىي؛ چەت، ياقا (يەر - جاي - ھەققىدە): خىلۋەت جاي . خىلۋەت ماكان.

**خىلۋەتخانا** ئى [ئە + پ] ھېچكىم كىرمەيدىغان خانا، ھېچكىم كىرمەيدىغان ئۆي، كۆپ كىشى كىرمەيدىغان ئۆي، خىلۋەت ئۆي، خالىي ئۆي: سۇلتان ئابدۇرېشىتخان زىياپەت سورۇنىدىن قايتىپ چىقىپ، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ھالدا خىلۋەتخانىسىغا

كىرىپ بىر ھازاغىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى.

**خىلىت** ئى [ئە] <تېب> ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئۇزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ.

**خىمىك** ئى [ر] خىمىيە مۇتەخەسسىسى، خىمىيە ئالىمى.

**خىمىيە** ئى [ر<ئە] <خىم> ماددىلارنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى، ئۆزگىرىشى ۋە شۇنىڭدەك بىر ماددىنىڭ باشقا بىر ماددىغا ئايلىنىشى قاتارلىق قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان پەن.

**خىمىيەلىك** سۈپ ① خىمىيە قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان، خىمىيەگە ئائىت: خىمىيەلىك تەڭلىمە. خىمىيەلىك رېئاكسىيە. ② خىمىيە پېنىگە ئاساسلانغان ياكى ئاساسلىنىپ ياسالغان، خىمىيەۋى: خىمىيەلىك ئوغۇت. خىمىيەلىك قوراللار.

**خىمىيەۋى** سۈپ [ئە] ① خىمىيەگە ئائىت، خىمىيەگە تېگىشلىك: خىمىيەۋى ئانالىز. خىمىيەۋى رېئاكسىيە. خىمىيەۋى تەركىب. ② خىمىيە پېنىگە، ئىلمىگە ئاساسلانغان ياكى خىمىيە ئىلمىگە ئاساسلىنىپ ياسالغان: خىمىيەۋى تالا. خىمىيەۋى قوراللار. خىمىيەۋى ئەينەك.

**خىنولىن** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_4(CH_3)_2N$ . رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە سېسىق پۇراقلىق ئىگە. دورا ۋە بوياق ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**خىنا** ئى. دىيال. ھەرخىل توي ـ تۆكۈن ۋە شۇنىڭدەك مۇراسىملارغا سوۋغا قىلىپ ئاپىرىلىدىغان رەخت، پۇل ـ پۈچەك، نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: بۇ تويغا خىنا كۆپ چۈشۈپتۇ.

**خىنلىق** ئى. توي ـ تۆكۈنلەرگە ئاپىرىلىدىغان سوۋغاتلىق، لازىمەتلىك: تۈنۈگۈن گۈلجەننەتنىڭ تويى بولغانىدى، چوڭ ئاپىسى ئۇنىڭ تويىغا بىر دانە تۈركىيە گىلىمىنى خىنلىق قىلدى.

**خىي** ئى [خەن ] دىيال. مەھەللە، كوچا، تالا.

**خىي كۆت** دىيال. تالادىن كىرمەيدىغان، لالما.

**خىيابان** ئى [پ] ① ئىككى يېنىغا قاتار دەل ـ دەرەخ تىكىلگەن، يان ۋە ئۈستى گۈل ـ گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن، كىشىلەر سەيلە ـ تاماشا قىلىدىغان كارىدور شەكىللىك ئورۇن، كىچىك يول: دەل ـ دەرەخ ئۈسسۈلچى، كوچا خىيابان، قۇچىقىڭ مىڭ جەننەت تۈسىنى ئالغان. ② كەڭ، ئازادە يول: دۆڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يانباغىرنى بويلاپ ئىككى چاقىرىمچە سوزۇلغان، سۈلىرى كۆپكۆك، ئەتراپلىرى خىيابان، توغراق، يۇلغۇن ـ قومۇشلار بىلەن ئورالغان تەبىئىي كۆل يېيىلىپ ياتاتتى.

**خىيابانلىق** ئى. خىيابان جايلاشقان جاي: سىمابتەك كۆل گويا باغۋەن، ئەزىز مېھمانغا تۇتقان جام، ھىدى خۇشبۇي خىيابانلىق، ھۇزۇرى جان ئارامى بۇ.

**خىيال** ئى [ئە] ① ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى؛ پىكىر، ئوي: نازىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە مىرزىمەتكە نىسبەتەن يەنە باشقىچە خىيالمۇ بولغاچ، ئۇنى بالىچىلاپ بېقىۋالدى. ② بىرەر نەرسىنى ئەسكە چۈشۈرۈش، ئېسىدە، خاتىرىسىدە ساقلاش قابىلىيىتى؛ ئەس، كۆڭۈل: تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىغا نېمىدۇر كەلدى. ③ كىشى ياكى نەرسە ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسەۋۋۇر؛ نەزەر: راھىلە ئۇنىڭ خىيالىدا، بۇ يۈرتتىكى قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزىلىمىش. ④ بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى ئوي، نىيەت؛ ئىستەك: ئالماس شۇ خىيال بىلەن سۇپىدىن چۈشۈپ، ئاستا قەدەم بېسىپ، باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ⑤ ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولغان، رېئال بولمىغان ئارزۇ، ئىستەك؛ فانتازىيە: بۇ خىيال ئەمەس، ھەقىقەت. ⑥ دىققەت، نەزەر: كەنت يولىدا ئاستا كېتىۋاتقان كەنت باشلىقىنىڭ خىيالى ھامان ھاشىم بوۋايدا ئىدى.

**خىيالەت** ئى [ئە ] يېزىت. بىرەر كىشى، نەرسە، ۋەقە ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئوي، پىكىر، تەسەۋۋۇر: خىيالەتتە ئولتۇرغان ئابدەم بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلىدا تۇرغان سارىخان ئاچىنى كۆردى.

**خىيالەتلىك** سۈپ. يېزىت. خىيالەتكە ئىگە، خىيالەت چىقىپ تۇرىدىغان، خىيالەتكە پاتقان، خىيالچان، ئويچان، پىكىرلىك، تەسەۋۋۇرلۇق: گويا مىللەت تارىخى ئاپتورنىڭ خىيالەتلىك كۆزىدىن دومىلاپ چۈشكەندەك تۇيۇلىدۇ كىشىگە.

**خىيالەن** رەۋ [ئە] يېزىت. خىيالىدا تەسەۋۋۇر قىلغان ھالدا، خىيال قىلغان ھالدا، خىيالدا، پىكرەن: سادىق خىيالەن كېتىپ قالغان قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقاندا، يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى.

**خىيالپەرەس** [ئە + پ] ① سۈپ. خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، خىيال سۈرۈشنى ئادەت قىلغان، خىيالغا بېرىلگەن، خىيالچان: خىيالپەرەس ئادەم. ② ئى. ئەمەلگە ئاشمايدىغان، خام خىيالنى تولا قىلىدىغان ئادەم: بىز خىيالپەرەسلەردىن ئەمەسمىز، بىز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي شارائىتتىن ئايرىلالمايمىز.

**خىيالپەرەسلىك** ئى. خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرۈش، خام خىيال قىلىش ئادىتى: پەرىزات خىيالپەرەسلىكتىن خالاس بولغىلى ئۇزاق يىللار بولدى.

**خىيالچان** سۈپ. خىيالغا پاتقان، خىيالغا بېرىلگەن، خىيال سۈرىدىغان، ئويچان: خىيالچان ئادەم. * نىجات خىيالچان ھالدا، پولاتنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ باش لىڭشىتتى.

**خىيالچانلىق** ئى . خىيالغا بېرىلىش، خىيالنى كۆپ قىلىش ئادىتى؛ ئويچانلىق: يىگىتنىڭ ساقچى ئەمەلدارىغا مۇشت ئېتىشى، ئەختەمبايغا ئېيتقان سۆزى، ئۆزىنىڭ تەمكىن، خىيالچانلىقى قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

**خىيالسىز** سۈپ. خىيال سۈرمىگەن، غەم قىلمىغان، غەمسىز، بىغەم: ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ ـ سۆزمۇ قىلىشماي جىممىدە مېڭىشتى، جامالىدىن بايۋەچچىلا خىيالسىز ئىدى.

**خىيالىي** سۈپ ① رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، خىيالدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، ئەپسانىۋى: ئۇ چاغدا مالچىلار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش چۈشتەك بىر خىيالىي ئىش ئىدى. ② ئويلاپ چىقىرىلغان، ئويدۇرما؛ فانتازىيەلىك: بىز ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن خىيالىي سوتسىيالىزمغا چېكىنمەيمىز.

**خىيالىيلاشتۇرماق** «خىيالىيلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇچۇر تۈرلىرى بىلەن قاپلانغان بۈگۈنكى دۇنيادىن يىراق ھالدا كۆز ئالدىدىكى تەبىئەتنى، ئادەمنى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەرخىل شەخسلەرنى خىيالىيلاشتۇرىدۇ.

**خىيالىيلاشتۇرۇشماق** «خىيالىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىيالىيلاشتۇرۇلماق** «خىيالىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**خىيالىيلاشماق** پ. خىيالغا ئايلانماق، خىيالغا ئۆزگەرمەك،
خىيالىي بولماق، ئەپسانىۋى بولماق، رېئاللىقتا ئۇيغۇن
كەلمەيدىغان ھالەتكە كەلمەك: پەن ـ تېخنىكا، جەمئىيەت ئۇچقاند-
ەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرىكى بەزىبىر غايىلەر
ۋە ئىستەكلەر خىيالىيلاشتى.

**خىيالىيلىق** ئى. خىيالىي قىلىنغان ھەرىكەت، قىلىق: بۇ
خىل ھۆزۈر ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر خىل خىيالىيلىق ۋە ئالىيجانابلىق
خاراكتېرىنى ئالدى. * ئۇنىڭ تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلىرىدە
خىيالىيلىق بەكلا ئېغىر ئىكەن.

**خىيانەت** ئى [ئە] ① ھوقۇقى، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن
پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ھالدا تەشكىلىنىڭ ئىقتىسادىغا، ئىقتىد-
سادىي نەرسىلىرىگە ئىگە بولۇۋېلىش: سۇلايماننىڭ يېزىلىق
ھۆكۈمەتنىڭ كاسسىرلىقىنى قىلغان بەش يىل ئىچىدىكى خىيانىتى 20
مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. ② ئىشەنچىنى، كۈتكەن ئارزۇ-
سىنى يەردە قويۇش؛ ئەھدىنى بۇزۇش، ئاينىش: — تۇۋا، چەرپىن،
سېنىڭ بۇ ئىشىڭ سۈپىتاي ئۇچۇن خىيانەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.
③ خائىنلىق، ۋاپاسىزلىق، يۈز ئۆرۈش: قىز بىرلا سىلكىپ ئۇنىڭ
قولىدىن چىقىپتۇ ـ دە، بىر قەدەم نېرى قېچىپ، خەلپىنىڭ يۈزىگە
تىكىلىپ: — ھەي، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا خىيانەت قىلىۋاتىسەن،
قېرى دەللە ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

**خىيانەتچى** ئى. خىيانەت قىلغان كىشى؛ خىيانەتكار: خىيا-
نەتچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن-
دىلا، «پاك بولۇش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**خىيانەتچىلىك** ئى. خىيانەت قىلىش ئىشى، ھەرىكىتى،
خىيانەتكارلىق: — بۈگۈن بىز يېقىندىلا سوتلاپ بىر تەرەپ قىلغان
خىيانەتچىلىك دېلوسىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى دېلونى مۇھا-
كىمە قىلىمىز، — دېدى ئۇلار.

**خىيانەتكار** ئى [ئە + پ] ← **خىيانەتچى**: خەلىپە ھارۇن
رەشىد تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: ئەي خىيانەتكار! مەن سېنى ئۆزۈمگە
يېقىن قىلىشقا ھەرىكەت قىلسام، سەن ھوشۇڭنى يوقىتىپ، مېنى
ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىسەن !

**خىيانەتكارانە** رەۋ [ئە + پ] خىيانەتچىلەرگە خاس؛ خىيا-
نەتكارلارچە: خىيانەتكارانە ئىش قىلماق. خىيانەتكارانە ھۇجۇم.

**خىيانەتكارلىق** ئى. خىيانەت قىلىش ئىشى، ھەرىكىتى،
خىيانەتچىلىك: ھاكىم ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەماتقا: — خوجام، ئەپۇ
قىلىڭ! سىز ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى سىز، ئىشەنچلىك كىشىنى
خىيانەتكارلىق، ئوغرىلىقتا ئەيىبلەشتىن خۇدا ساقلىسۇن ! — دېگە-
نىكەن.

# د

**د** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ توققۇزىنچى ھەرپى.

**داپ** I ئى [ ئە ] <مۇز> قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان، ياغاچ قاسقانغا تېرە قاپلاپ ياسىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابى: داپ چالماق.

**داپ يارماق** بىرەر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك: كىشىلەر «داڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن داپ يارىدىغان خوتۇن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرەتتى.

**دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق** بىراۋنىڭ ئوي ـ پىكرى، مەيدانىغا مايىل بولماق، شۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماق: مۇشۇ يىللاردا سوپىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەدەپ كەتتى. مەچىتكە ئوخشاش گول ئاغىنىلىرىمىزمۇ ھەدېسىلا ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇۋالدى.

**دېپىنى چالماق** بىراۋنىڭ تەرىپىنى ئالماق، شۇ تەرەپ بولۇپ گەپ قىلماق: ئۇ بىر نېمىگىز ئۆتۈپ كەتكەن تەرسا نېمىكەنغۇ، يەنە كېلىپ، تەشۋىقات دۇيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ دېپىنى چالىدىكەن.

**داپ** II ئى. داپ شەكىللىك قىر ـ تىرگەن سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

**داپار** ① سۇپ، چوڭ، يوغان: داپار قۇلاق. ② ئى. بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر خىلى.

**داپار قۇلاق** قۇلىقى ئادەتتىكىدىن ئالاھىدە چوڭ، يوغان بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: ــ ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، مۇنۇ داپار قۇلىقىڭ ئاڭلىماس بولۇپ قالدىمۇ، نېمە؟ــ دېگىنىچە كېلىپ بالىسىنىڭ قۇلىقىنى سوزدى چوكان ئاچچىقى بىلەن.

**داپەنجى** ئى [خەن] <يېم> قورۇمىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا، توخۇ گۆشى بىلەن ياڭيۇ چوڭ ـ چوڭ توغرىلىپ، ھەر خىل تېتىتقۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاچچىقراق قورۇلىدۇ، ئادەتتە چوڭ تەخسە ياكى لېگەنگە ئۇسسۇلىدۇ.

**داپەندە** ئى [ئە + پ] داپچى.

**داپچى** ئى. داپ چالىدىغان، داپ چېلىشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**داپچىلىق** ئى. داپ چېلىش ئىشى، كەسپى.

**داپخۇن** ئى [پ] ئوتنىڭ ئوبدان كۆيۈشى ئۈچۈن تونۇرنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قويۇلغان شامال تۆشۈكى.

**داپ ـ دۇمباق** داپ، دۇمباق ۋە شۇ قاتارلىق ئۇرۇپ چېلىنىدىغان سازلار: ئالدىدا بىر پەس داپ ـ دۇمباق بىلەن نەغمە ـ ناۋا قىلىنىپ، ساز ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىلىپتۇ.

**داپشاق** سۈپ. يۇزى قېلىن، ھاياسىز، بىزەڭ، بىشەم: ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرۈپ، بىزەڭ ئۆسكەن بۇ داپشاق «قىز»نى ئالىدىغان ئەر چىقمىدى.

**داپشاقلىق** ئى. قېلىنلىق، بىزەڭلىك: داپشاقلىق ــ قىز بالىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەيىبى.

**داپشايتماق** «داپشايماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داپشايماق** پ. بىزەڭلىك قىلماق، بىشەملىك قىلماق: داپشىيىپ تۇرىۋېرەمسەن، كەتسەڭ بولمامدۇ؟

**داپشىماق** پ. بىشەملىك قىلماق. ھۇرپەيمەك: ــ مېنىڭ دادام سېنىڭ نېمەڭ؟ــ گۈلرۇز ھازازۇللۇق بىلەن داپشىنىپ كەلدى،ــ ئېيتە قېنى، ئېيتمامسەن، ئېيت دەيمەن !

**داپقۇر** مىق. نۆۋەت، قېتىم: بىرىنچى داپقۇر مېھمانلار كېلىپ بولدى.

**داپكەش** ئى [ئە + پ] داپ چالىدىغان ئادەم .

**داپكەشلىك** ئى . داپ چېلىش ئىشى .

**داپلاتماق** «داپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تىرىلغۇ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنى داپلىتىپ تەخ قىلىپ قويايلى.

**داپلاشماق** «داپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داپلانماق** «داپلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۆنەكلەر تارتىلىپ، داپلىنىپ بولدى.

**داپلىماق** پ ① تارتىلغان قىر ـ تىرگەنلەرنى داپ، كەتمەن قاتارلىقلارنىڭ كەينى بىلەن چىڭدىماق، تەكشىلىمەك، سىلىقلىماق: ئېرىنىڭ تىل ۋە سىلكىشلىرىگە چىداپ يۈرۈپ، تورغاي بىلەن تەڭ تۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە كەتمەن چاپقىنى، زەمبىل كۆتۈرگىنى، يىلتىز تەرگىنى، تاماق سالغىنى، چۆنەك داپلىغىنى، ئۇرۇق سالغىنى ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ② كەتمەن، ئوتىغۇچ قاتارلىق بىسلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بولقا بىلەن چىڭدىماق؛ بىس چىقارماق.

**دات** ئى. تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ يۈزىدە نەم ھاۋانىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن شەكىللەنگەن بىر قەۋەت ماددا: تۆمۈر دېتى. مىس دېتى. * تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئۆمۈرنى دەرد (ماقال).

**داتاڭ** ئى [خەن] يامۇلنىڭ ئىچىدە ئەرز ـ شىكايەت ۋە ھەرخىل ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىدىغان زال.

**داتىست** ئى [ر] <گېئول> مىنېرال ۋە خىمىيەۋى

تەركىبى كىۋارتسلىق دىيورىت ھەم گىرانىتلىق دىيورىتقا تەڭ كېلىدىغان ئېتىلما جىنس. ئادەتتە كۆل رەڭ، كۆل رەڭگە مايىل قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ.

**داتلاشتۇرماق** «داتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىلىچىڭنى داتلاشتۇرماي دېسەڭ، دائىم بىلەپ تۇر.

**داتلاشماق** پ ① نەم ھاۋانىڭ ئوكسىدلىشىدىن تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت ماددا پەيدا بولماق، دات باسماق: پارتىزانلار كۆن چىققۇچە ئاۋارە بولۇپ، داتلاشقان يەتتە تال مىلتىقلا تاپتى. ② كۆچمە.ئىقتىدارى بۇرۇنقىدىن ئاجىزلاشماق: مېڭەم داتلىشىپ قاپتۇ، ئۇنتۇپتىمەن، ئەمدى ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم.

**داجىتماق** «داجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىددەت بىلەن تۇرتۇپ كەلگەن سۇ سابىرنى بىرنەچچە مېتىر كەينىگە داجىتىۋەتتى.

**داجىشماق** «داجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار قورقۇشۇپ كېتىپ، ئىتتىك كەينىگە داجىشىپتۇ.

**داجىماق** پ. چېكىنمەك، كەينىگە سۇرۇلمەك؛ سەل ئارقىغا يىراقلاپ يانداپ ئۆتمەك: ئېشەك كۆل كۆرسە ئېغىنايدۇ، سۇ كۆرسە داجىيدۇ (ماقال).

**داجياڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى بەزى دۆلەتلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

**داچا** ئى [ر] شەھەر ئەتراپىغا ياكى مەنزىرىلىك جايلارغا دەم ئېلىش ئۈچۈن سېلىنغان باغىراڭلىق تۇرالغۇ.

**داچەن** ئى [خەن] ① بۇرۇنقى زاماندا ياسالغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك مىس پۇل. ② ئومۇمەن پۇل ـ پۇچەك: يېنىڭدا داچەن بولمىسا غېرىبلىق يامان ئىكەن.

**داخان** ئى [ئە + پ] دۇئا ئوقۇش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**داخانلىق** ئى. داخانلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئىشى: مىرزاكېرىم داخان ئۆگەتتىمۇ؟ خۇراپاتلىققا شۇلار باشلاۋاتامدۇ؟ مەنمۇ داخانلىق قىلدىممۇ؟

**داخشالماق** ئى. دىيال. سىلكىنمەك، قېقىلماق.

**داخىركالۋار** ئى [داخىل + كالۋار] ئەپسانىلەردىكى مال ـدۇنيا، ئادەم قاتارلىقلارنى سالسىمۇ توشمايدىغان، كۆرۈنۈشى كىچىك خالتا: مۇختەر كىچىك ھەييار: ــ ماڭا مۇشۇ كىچىككىنە داخىركالۋارىمنى تولدۇرۇپ ئالتۇن بەرسەڭ، ساڭا ياشاشقا يەنە ئاز ۋاقىت بېرىمەن، ــ دەپتۇ.

**داخىل** ئى [ئە] بېرىش، كىرىش، قاتنىشىش: داخىل بولماق. * بېغىڭغا قوندى كاككۇكمۇ، تويۇڭغا بولغىلى داخىل، يېنىدا ئاشىقى زەينەپ، بولۇپ جۈپ سۆيگۈ ـ يار كەلدى.

**داخلىيەت** ئى [ئە] ← **داخلىيەتچىلىك**.

**داخلىيەتچىلىك** ئى. داخىل بولۇش ئىشى؛ ئالاقە: بۇ ئىشقا چېتىشلىق بولغان باشقا مەسىلىلىرىڭنىمۇ ئەسلەپ تاپشۇرۇۋاتىمەن. بۇ ئىشقا سىزنىڭ ھېچبىر داخلىيەتچىلىكىڭىز يوق. سىزنىمۇ ئالداپ، يالغان سۆزلەپ قولغا چۈشۈرگەنىكەن. ئەمدى رەھىمسىز ۋە ئالدامچى ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئېنىق بىلمەيمەن.

**داد** [پ] ① ئىم. جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب دەستىدىن قاتتىق ۋارقىراپ قىلىنغان زار، نالە، پىغان: جاھان ھۆنەرلىرىدىن ئالغان لەززىتىم شۇ، كالتەك يەپ ئۆگەنگەن ھۈنىرىمدىن دەيمەن «داد» . ② ئىم. قورقۇپ ياكى خەۋپكە يولۇقۇپ ياردەمگە چاقىرىپ توۋلىغان قاتتىق ئاۋاز: بۇ قارىغۇلار ۋارقىرىشىپ: «ۋاي داد، ئوغرىنىڭ دەستىدىن داد » دېيىشىپتۇ. ③ ئى. دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن قىلىنغان شىكايەت، ئەرز: ئادىل شاھ دىيارى بەكرىدە مەلىكىسى ۋە ئىككى پەرزەنتى بىلەن داد سوراپ ئالەمدىن ئۆتتى. ④ ئىم. بىر ئىشنى مەلۇم قىلىش يۈزىسىدىن ئىجازەت سوراش سۆزى: ــ داد، پادىشاھىئالەم، ــ دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، ــ بىچارە تۈلكە چارباغنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىقتا ياتىدۇ.

**دادا** ئى ① پەرزەنتى بار ئەر، ئاتا: بۇ دادامدىن قالغان راۋابنى ئۆزۈمدىن ئايرىغۇم كەلمەيدۇ. ② ئۆزىدىن چوڭ، دادا يولىلۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش سۆزى: دادا، سىلى نەدىن كەلدىلە ؟

**داداچىلىق** ئى <ئەد> ← **دادا ئىزم**.

**دادائىزم** ئى [فىران] (ئەد) ھازىرقى زاماندىكى بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمى. «دادا» فىرانسۇزچە بوۋاق باللارنىڭ «مە، مە» دېگەن تەلەپپۇزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئىسىممۇ شۇ ئاساستا قويۇلغان. بۇ ئېقىمدىكىلەر: يازغۇچىلار بوۋاق باللارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە تۇتقان ساپ فىزىيولوگىيەلىك ئىنكاس پوزىتسىيەسىنى تەقلىد قىلىشى كېرەك دەپ قاراپ، پەلىپەتىش تىل بىلەن ھەررەڭ ـ سەررەڭ ئوبرازلار ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنى ئىپادىلەشنى، ھەتتا تاۋارلارنىڭ ماركىسى، غەلىتە ماۋزۇلارنى قوللىنىپ، بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ھەرقانداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدىنى ۋە ھەرقانداق ئەخلاق، ئېستېتىك قاراشلارنى، ھەتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.

**دادائىزمچى** ئى. دادائىزم ئېقىمىدىكى كىشى، دادا ئىزم تەرەپدارى.

**دادەن** مىق [خەن] تارس. ئون كۈرىگە تەڭ كېلىدىغان، دانلىق ئاشلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىدىغان سىغىم بىرلىكى: جامالنىڭ ئون مولۇق بۇغدىيىدىن، بولمىغاندا، توققۇز ـ ئون دادەن بۇغداي چىقاتتى.

**دادەنلىك** سۈپ. دادەن ئۆرۈق كېتىدىغان، دادەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان: بەش دادەنلىك يەر.

**داد ـ پەرياد** داد ۋە پەرياد، نالە ـ زار: ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، ئوق ئاۋازلىرى بىلەن داد ـ پەرياد ۋە قىيا ـچىيالار توختاپ، جىلغىنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى.

**دادخاھ** ئى [پ] ① ئەرز ـ داد ئېيتقۇچى، شىكايەت قىلغۇچى: دادخاھنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھېچقاچان، دادگاھ ئەھلى ئۆزى دەردنى چۈشەنگەن بولمىسا. ② ئەرز ـداد ئىشتكۈچى، سودىيە: ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلەر ئىچىدە ئىبراھىم دادخاھمۇ بار ئىدى.

**دادخور** ئى [پ] باشقىلار ئۈستىدىن داد ـ ئەرزىيەت ئېيتىپ، نالە قىلىپ، رەنجىپ يۈرگۈچى: بۇ دادخور ئاغزى بېسىلماي ھەممىلا يەردە دادلاپ يۈرىدۇ. //دادخور ئادەم.

**دادخورلۇق** ئى. دائىملا باشقىلار ئۈستىدىن دادلاپ يۈرۈش ئىشى: كەچتە ئوسمان ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە، مەدەنىيەت ئېرىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ، تۇرنىسا ئۈستىدىن دادخورلۇق قىلدى. //

ئەمەت سەمەتنىڭ يەنە ئاللىقانداق ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ھەققىدە بىر مۇنچە دادخورلۇق قىلغاندىن كېيىن بەگ بىلەن كۆڭلى غەش ھالدا خوشلاشتى.

**دادگاھ** ئى [پ] يېزت . ئەرز ـ شىكايەت ۋە جىنايى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن؛ سوت: دادلىسام دادگاھقا سۆزۈم ئۆتمەي، يۇرتۇمدا ساق قېلىشقا كۆزۈم يەتمەي، پاناھ تىلەپ كەلدىم يەنە قۇچىقىڭغا.

**دادلاتماق** «دادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇراپ بەگ بۇ يۇرتنى زار قاقشاتقاندى، دادلاتقاندى.

**دادلاشماق** «دادلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دادلانماق** «دادلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: يەتتە قەلەندەر ئوردىنىڭ ئالدىدا گۈلخان يېقىپ دادلاندى.

**دادلىماق** پ ① جىسمانىي، روھىي ئازاب دەستىدىن ياكى قورققىنىدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ ۋارقىرىماق، پەرياد كۆتۈرمەك: بىز كوچىدا قالدۇق، يىغلىسام يىغام، دادلىسام دادىم يەتمىدى. ② بىراۋ ئۈستىدىن رەنجىپ، ئاغرىنىپ نالە قىلماق: مەن ئايالىمنىڭ مۇنداق دادلاشلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپلا قوياتتىم.

**داد ـ مۇئامىلە** باردى ـ كەلدى، ئالاقە، مۇناسىۋەت، ئېلىم ـ بېرىم، بېرىش ـ كېلىش: داد ـ مۇئامىلە قىلماق. * ئۇلار كىيىم ـ كېچەك، داد ـ مۇئامىلىدە خەلقتىن ئۆزىنى قاتتىق ئاجرىتاتتى.

**دادۇر** ئى [خەن] ① <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقى ئادەتتە سېرىق بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلىش، ماي تارتىش ۋە خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**دادۇر ـ پۇرچاق** ① دادۇر ۋە پۇرچاق، دادۇر ۋە پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر. ② دادۇر ۋە پۇرچاقنىڭ ياكى دادۇر ـ پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنىڭ دېنى.

**دادۇي** ئى [خەن] ① بىرقانچە جۇڭدۇي ياكى شياۋدۇيدىن تەركىب تاپقان تەشكىلىي بىرلىك. ② تارىخ. ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى يېزا گوڭشېلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئارىلىقىدىكى تەشكىلىي بىرلىك.

**دادۈيجاڭ** ئى [خەن] ① دادۇي كوماندىرى. ② ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ باشلىقى.

**دادۈيجاڭلىق** ئى. دادۈيجاڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل.

**دادىكا** ئى. جان ت. دادىسى، تاغىسى ياكى شۇ قاتارلىق ئەرلەرگە يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدىغان مۇراجىئەت شەكلى.

**دادىل** سۈپ. قورقماس، يۈرەكلىك: دادىل كىشى.//دادىل سۆزلىمەك.

**دادىللاشتۇرماق** «دادىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى .

**دادىللاشماق** پ. بارغانسېرى دادىل بولۇپ بارماق: ئىككىيلەن بىللە ماڭسا، كىشى خېلى دادىللىشىپ قالىدىكەن.

**دادىللىق** ئى. جۈرئەت، شىجائەت: ئانارگۈل بەگنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىنى قايرىپ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن ئېيتتى.

**دادىلىق** سۈپ ① دادىسى بار، دادىسى ھايات: ئايىمخان نىياز ئاكىغا قايتا ياتلىق بولغاندىن كېيىن قىزى مەريەم دادىلىق بولۇپ يېتىمسىرىمىدى. ② دادا بولغۇچى كىشى قىلىشقا ياكى ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان، دادىغا خاس: دادىلىق مۇھەببەت. * بۇ بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگۈچە ئوقۇتۇپ، دادىلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى.//دادا، دادا، نېمە دادا؟ داداڭ دادىلىقتىن تانغىنى يوق.

**دار** ئى [پ] ① يامان ئات ـ ئۇلاغلارنى تاقىلاش ۋاقتىدا ئېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى تۈۋرۈك ئۈستىگە كۆندىلەڭ مىخلاپ ياسالغان قۇرۇلما. ② ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان كىشىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما. ③ يەرگە تىك ئورنىتىلغان ئېگىز ياغاچقا ئارغامچا ـ ئارقانلار چىڭ تارتىلىپ ياسالغان، دارۋازلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما: كەڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا دار باغلاندى.

**داردىن قاچقان** كىشىلەر نەزىرىگە ئىلىنمايدىغان، كېرەكسىز، يارىماس، بۇزۇق (ئادەم ياكى نەرسە ـ كېرەك ھەققىدە): — بىزگە نەدىكى داردىن قاچقان بىرىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمىدىم، — دېدى مۇدىر.

**دارا** ئى. تىك چوققىلىق تاغ، تاغنىڭ تىك چوققىلىق جايلىرى؛ بارا: ئەخمەت قۇتاي قاراقۇرۇم (قاراڭغۇتاغ) تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئېچكى دارىلىرىدا 30 يىل تۇرغاندى.

**داراتتىخ** سۈپ. دىيال. سالتاڭ.

**داراز** سۈپ [پ] ئۇزۇن.

**دارازا** ئى [پ] بويى ئېگىز، قامەتلىك، ئۇزۇنتۇرا ئادەم: توپ ئېچىدىن بويى تېرەكتەك بىر دارازا چىقىپ كەلدى. //دارازا ئادەم.

**داراق** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: «داراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئويغاندىم.

**داراقلىماق** پ.داراق قىلماق، داراق قىلغان ئاۋاز چىقارماق: كۆتەك ھارۋىنىڭ داراقلىغان ئاۋازى خېلى يەرلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**داراڭ** تەق. مېتال تاختا قاتارلىق قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ياكى باشقا قاتتىق جىسىملارغا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**داراڭ ـ دۇرۇڭ** داراڭ قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يەرگە چۈشۈپ كەتكەن لېگەننىڭ داراڭ ـ دۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

**داراڭشىتماق** «داراڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسقەر ئەسكى داسنى ھەدەپ داراڭشىتقىلى تۇردى.

**داراڭشىماق** پ. «داراڭ ـ داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، داراڭلىماق: مەن ئىزا تارتقىنىمدىن ھودۇقۇپ كەتتىم. قولۇمدىكى قوڭغۇراقمۇ داراڭشىپ يەرگە چۈشتى.

**داراڭىدە** رەۋ. «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «داراڭ» قىلغان ھالدا: ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى تەڭنە داراڭىدە چۈشۈپ كەتتى.

**داراڭلاتماق** «داراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلەكلىرىنى داراڭلىتىپ سۇغا ماڭدى.

**داراڭلىماق** پ. «داراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «داراڭ» قىلماق: داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرۈپتۇ (ماقال).

**دارامەت** ئى [پ] كىرىم، تاپاۋەت: ئائىلىمىزنىڭ دارامىتى يىلمۇيىل ئېشىپ بارماقتا.

**دارامەتسىز** سۈپ. دارامىتى يوق، دارامەت تەگمەيدىغان: دارامەتسىز ئىشتىن ئىتمۇ زېرىكىدۇ.

**دارامەتلىك** سۈپ. دارامىتى بار، دارامەت كەلتۈرىدىغان: دارامەتلىك ئوقەت.

**دارايى** ئى [پ] ئۆرۈشى خام يىپەك، ئارقىقى ئىشقارلانغان يىپەكتىن توقۇلغان يوللۇق ئاق نېپىز رەخت: دارايى كۆڭلەك. دارايى ياغلىق.

**دارچى** ئى ① دارۋاز: دارچى دار ئۈستىدە تۈز مېڭىش ئۈچۈن قولىغا تەڭشەك خادا تۇتۇۋالىدۇ. ② ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان كىشىلەرنى دارغا ئېسىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى.

**دارچىن** ئى [پ] <بوت> كامفارا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. قوۋزىقى قوۋزاقدارچىن دېيىلىدۇ، دورا قىلىشقا ياكى تەم كىرگۈزۈش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. يوپۇرماق، شاخ ۋە قوۋزاقلىرىدىن دارچىن مېيى ئېلىشقا بولىدۇ.

**دار ـ دار** ① تەق. قاتتىق نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ يەرگە سۆرۈلۈشى ۋە شامالنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز. ② ئى. تالاش ـ تارتىش، سۆرىشىش: بۇ ناهايىتى جىق دار ـ دار بىلەن هەل بولغان ئىش.

**دارداڭ** سۈپ. دىيال. كېرىلگەن، يېيىلغان: دارداڭ قۇلاق.

**دارداڭتماق** «دارداڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنە، ئاۋۇ ئېتىزلاردا بولسا بۇغدايلار بۇرۇتلىرىنى دارداڭتقان هالدا، باشلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي ئېگىلىپ تۇرۇشىدۇ.

**دارداڭماق** پ ① چوقچايماق، دىڭگايماق: ئوت كېتىش بىلەن كۆيۈپ قارايغان ئۆينىڭ تۈرخۇنلىرى دارديىپ چىقىپ قالغاندى. ② قۇرۇپ، قېتىپ قالماق: يەل ـ يېمىش شىرىنلىرىدىن گويا يامغۇردا قالغان تېرىدەك دارديىپ قالغان خام كۆڭلەكلىك بىر توپ باللار سىنېپىمىزغا پادا قويدەك دۈركىرىشىپ كىرەتتى.

**دارقا** ① ئى. قۇرۇپ، شاخ ـ شۇمبىلىرى چۇشۇپ غولىلا قالغان دەرەخ. ② سۈپ. ئورۇق، ئەتسىز: دارقا مال. // — ئاۋۇ ئاق باش دارقاڭنى قانچىگە ساتىسەن؟ — دەپ سورىدى بېدىك مالچىدىن.

**دارقىراتما** ئى. لەگلەكنىڭ كەينى يىپلىرىغا يەملەنگەن قاتتىق قەغەزدىن ياسالغان، هاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە دارقىراپ ئاۋاز چىقىرىدىغان قىسمى.

**دارقىراتماق** ① «دارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىنجان ئەتىگەندىلا لەگلەكلىرىنى دارقىرىتىپ، دادامغا يەنە ئارام بەرمىدى. ② كۆچمە. تارتىپ، سۆرەپ، دۆشكەلەپ ماڭدۇرماق: ئۇ يايمىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئىت يېتىلىگەندەك دارقىرىتىپ سۆرىۋالغانىكەن.

**دارقىرىماق** پ. «دار ـ دار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: پىلانېر دارقىراپ ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

**دارقىلىق** ئى ① دارقا كۆپ جاي. ② ئورۇقلۇق، ئەتسىزلىك.

**دارۋاز** ئى [پ] دار ئويۇنى ئوينىغۇچى، دار ئۈستىدە ماهارەت كۆرسەتكۈچى: كىشىلەر توپى ئىچىدىن پۈتىغا پوپۇچ كىيگەن ئوتتۇرا ياشتىكى دارۋاز ئۈستا چاپسان مېڭىپ دار ئاستىغا كەلدى.

**دارۋازلىق** ئى. دار ئۈستىدە ماهارەت كۆرسىتىش ئىشى، دار ئويۇنى ئويناش كەسپى: مەن بالىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ دارۋازلىق قىلىپ يۈرگىنىمگە 30 يىلدىن ئاشتى.

**دارۋىنىزم** ئى [ر<ئىنگ] <بىيول> ئەنگلىيە بىيولوگىيە ئالىمى دارۋىن (Charles Roberht Darwin) كەشىپ قىلغان، جانلىقلار دۇنياسى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن.

**دارىتما** سۈپ. توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىلماي باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېيتىلغان؛ تەگكۈزۈپ دېيىلگەن: دارىتما گەپ.

**دارىتماق** پ ① «دارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆشكە مۈشۈكنى دارىتىپ قويما ! ② دارىتما گەپ قىلماق، ياپتا گەپ قىلماق، پۇرىتىپ گەپ قىلماق: ئۇ مۇشۇ ئەسىرى بىلەن «كونا هېكايىلەرنى ئېيتىش باهانىسىدە هازىرقى زامانغا دارىتىپ هۇجۇم قىلدى» دېگەن بەتنامغا قالدى.

**دارىتمىلاشماق** «دارىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دارىتمىلانماق** «دارىتمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ يازغانلىرى ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىدىكى تارىخ ئەمەس، بەلكى بۈگۈنگە دارىتمىلانغان تارىخ ئەپسانىسى.

**دارىتمىلىماق** پ. دارىتىپ گەپ قىلماق، دارىتما قىلماق: كىم قانچە كۆپ هوسۇل ئالسا، شۇنى ماختىدى، ئىمىلىلا ئاكىنىغا ئوخشاشلارنى دارىتمىلاپ تەنقىد قىلدى.

**دارىلئاجىزىن** ئى [ ئە ] ① ئاقساق ـ چولاق، مېيىپ ـ مەجرۇهلارنى يىغىپ كۈتۈش ئورنى: مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرى بولغان ساقايماس كېسەللەر دارىلئاجىزىندە ساقلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ يەردە قويغىلى ئورۇن چىقمىغان، كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئۆي جاهازلىرى تولا ئىدى. ② ياشانغانلار ساناتورىيەسى، ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلارنى كۈتۈش ئورنى: — ئەمما سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، بارىدىغان يېرىڭىز توخۇ فېرمىسى ئەمەس، بەلكى دارىلئاجىزىن، — دېدى شوجى ئۇنىڭغا چاي تۇتۇپ بېرىۋېتىپ.

**دارىلداتماق** «دارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دارىلدىماق** پ. «دار ـ دار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دار ـ دار» قىلماق.

**دارىلفۇنۇن** ئى [ئە] كونا. ئىنستىتۇت.

**دارىلمۇئەللىمىن** ئى [ئە] كونا. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ. «پېداگوگىكا مەكتىپى»، «پېداگوگىكا تېخنىكومى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دارىلئۇلۇم** ئى [ئە] كونا. ئۇنىۋېرسىتېت.

**دارىلئېتام** ئى [ئە] كونا. يېتىم بالىلارنى يىغىپ تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان ئورۇن، باللار بۇ يەردە تولۇقسىز مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ ۋە ياكى مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**دارىماق** I پ ① دەسسىمەك، ئاياغ باسماق: خېلى زامانلار ئۇ بۇ تەرەپلەرگە دارىپ باقمىدى. ② يولۇقماق: بۇۋىم هەركۈنى ئەسكى لاتىلارنى ئېرىغدايتتى ۋە «ئەزرائىل دارىغىدى بۇ قاقباشقا »دەپ ئىچىدە غودۇڭشىيتتى. ③ كەلمەك، كىرمەك: نېمە بولدۇڭ، بىزنىڭ ئۆيلەرگە دارىپمۇ قويمايسەنغۇ؟ ④ بارماق: مەن ئۇ سورۇنغا دارىمىدىم. ⑤ تەگمەك، تەسىر قىلماق: — شامال بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن دارىغان، — دەيتتى داخان، — مال سىلىنىڭ ئۆينىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەتتىنچى ئۆيدىن ئەكېلىنسە بولىدۇ. ⑥ يۇقماق، سىڭمەك: نانغا كىرسىن دارىپ قاپتۇ.

**دارىن** ئى [خەن] مەرتىۋىلىك ئەمەلدار: — هۆرمەتلىك دارىن

جانابلىرى، ئەگەر مالال كەلمىسە، ئۆزلىرىدىن بىرەر نەرسىنى سورىۋالغۇم كېلىدۇ.

**داس** I ئى [پ] قەلەيدىن ياسىلىدىغان، كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە سايمىنى: — بالىغا بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدىم، ئىسسىق سۇ، داس، سوپۇن، لۆڭگە تەييارلاڭ، يۇيۇنۇپ، تازىلىنىپ بۇ كىيىملەرنى كىيىۋالسۇن، — دېدىم سىڭلىمغا.

**داس** II ئى [پ] تۆمۈردىن ياسىلىدىغان، ئاشلانغان تېرىدىنىڭ تۈكىنى قىرىش، ۋاسا ئاقلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچى بار تىغلىق سايمان.

**داستان** ئى [پ] <ئەد> ① شېئىر بىلەن يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ئەسەر؛ پوئېما: داستان يازماق. ② خەلق قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئېپىك ئەسەر: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

**داستانچى** ئى. داستان سۆزلىگۈچى، داستان ئېيتقۇچى.

**داستانچىلىق** ئى ① داستان ئېيتىش، داستان سۆزلەش ئىشى: تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قوشاقچىلىق، داستانچىلىق ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا. ② داستان يېزىش پائالىيىتى: «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان.

**داستانلىق** سۈپ. تەركىبىدە داستان بولغان، داستان خاراكتېرىدىكى: داستانلىق نەغمىلەر.

**داستى** ئى. دىيال. سۇنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان سېسىق كۆل.

**داستىخان** ئى [پ] ① رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ، ئۈستىگە نازۇنېمەت تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا سېلىنىدىغان ئۆي بۇيۇمى:گۈللۈك داستىخان. * تاۋار داستىخان، قۇرۇق ئۈستىخان (ماقال). ② داستىخانغا تىزىلغان نازۇنېمەت ياكى ئومۇمەن غىزا ـ تاماق: قىزىل بۇرۇن شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كۆپ بارمايدىغان، بارغاندىمۇ داستىخىنىغا يولىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**داستىخان كۆرگەن** كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار، قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان: «ئوبدان» دېگىنىمىز كېلىن بولغۇچىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ بەلەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ داستىخان كۆرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكى.

**داستىخىنى چوڭ** ← **داستىخىنى كەڭ**: ئەگەر ئاچ كىرسە توق چىقتى يالىڭاچ تونلۇق ھويلاڭدىن، جاھاندا بارمۇ سەندەك كەڭ قورساق، چوڭ داستىخان، يۇرتۇم.

**داستىخىنى كەڭ** مېھماندوست، نازۇنېمەتلىرى مول: ھازىر داستىخىنىمىز كەڭ، سېۋەتلىرىمىز چوڭ، مەمۇرچىلىق. * ئەلنىڭ داستىخىنى كەڭ ـ دە، بولمىسا ئاللىقاچان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتىڭ.

**داستىخىنى يوق** ئۆيىگە مېھمان چاقىرىشنى خالىمايدىغان، ئۆيىگە كەلگەن مېھمانىنىمۇ ياخشى كۈتمەيدىغان؛ ئاپارغان داستىخىنى چۈكۈنەم؛ گىرى؛ پىخسىق، بېخىل: ئۇ كىيىمنى پۇزۇر كىيىپ غادىيىپ يۈرگىنى بىلەن داستىخىنى يوق بىر ئادەم.

**داستىخانلىق** ① سۈپ. داستىخىنى بار، داستىخىنى بولغان: ئاكام بىر گۈللۈك داستىخان ئالغاچ كەپتىكەن، بىر ئوبدان داستىخانلىق بولۇپ قالدىم. ② ئى. داستىخان بولىدىغان، داستىخانغا لايىق رەخت: ماگىزىندىن بىر داستىخانلىق سېتىۋالدىم. ③ سۈپ. كۆچمە، كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار، قائىدە يوسۇننى بىلىدىغان؛ داستىخان كۆرگەن، داستىخىنى چوڭ: داستىخانلىق ئايال.

**داسسۆڭەك** ئى [داس + سۆڭەك] ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ دوۋسۇنى ئەتراپىدا بولىدىغان ھالقىسىمان سۆڭەك. ئادەمنىڭ داس سۆڭىكى تەگسىز تەلەڭگىگە ئوخشايدۇ، ئۇ توققۇزكۆز سۆڭىكى، تۇغۇر سۆڭىكى ۋە ئوڭ ـ سول يانپاش سۆڭەكلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**داسلاتماق** «داسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داسلاشماق** «داسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داسلانماق** ① «داسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تېرە تولىمۇ پاكىز داسلىنىپتۇ. ② تېرە ۋە تېرە بۇيۇملارنىڭ سۈركىلىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈكى چۈشۈپ كەتمەك: بۇ جۇۋىنىڭ پېشى داسلىنىپ كېتىپتۇ.

**داسلىماق** پ. داس بىلەن قىرماق: ئاشلانغان تېرىنى داسلىماق.

**داش** I ئى [پ] چوڭ قازان: جادۇگەرنىڭ خادىملىرى بىر چوڭ داشتا ياغنى قىزىتىپ داغلىدى.

**داش قازان** ← **داش** I

**داش** II ئى. تاغ ـ ئېدىرلاردا سۇ يىغىلىپ قېلىپ، ئۈزۈزدىغىچە سۈيى قۇرۇمايدىغان چوڭقۇر ئازگال.

**داشقال** ئى ① رودىدىن مېتال ئېرىتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قالغان قاتتىق ماددا. ② ئوچاق ۋە پار قازانلىرىدا كۆيدۈرۈلگەن كۆمۈرنىڭ قالدۇقى، قالغان قىسمى: كۆمۈر داشقىلى. ③ تونۇر ياكى ئوچاقتىن چىقىرىۋېتىلگەن قىزغۇچ قاتتىق شور ياكى سېغىز: تونۇرنىڭ داشقىلى. ④ كۆچمە. كونا جەمئىيەتكە ياكى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولغان، ئەينى زاماننىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا ماس كەلمەيدىغان ۋە ياكى پارتىيە ـ گۇرۇھنىڭ قالدۇقى بولغان كىشى: ئاپامدىن سورىسام، دادامنى داشقال دەپ سولاپ قويۇپتۇ. ⑤ كۆچمە. قېتىپ قالغان قاراش، بۇرۇندىن قالغان خاتا قاراش: پىكىر قىلغىن يېڭىچە، داشقال قاراشنى تاشلىۋەت، پىكىر قىلماق كونىچە، كونا ئەسىرگە مىراس ئۇ. ⑥ كۆچمە. كېرەكسىز، ئەتىۋارى يوق، قىممىتى يوق نەرسە: ئۇ مىللەت پۈتۈنلەيلا داشقال بولۇپ، بۇ مىللەت كەم ـ كوتىسىز ئالتۇن ئەمەس؛ ئۇ مىللەت پەگاھتىكى پالاس بولۇپ، بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

**داشقاللاشماق** پ. داشقال ھالىتىگە كەلمەك، داشقالغا ئايلانماق: بۇ قېتىم ئەكەلگەن كۆمۈر بەك ناچار ئىكەن، داشقاللىشىۋېلىپ ئوبدان كۆيمەيدىكەن.

**داشقاللىق** ئى. داشقال تۆكۈلگەن، داشقال بار يەر: بۇ يەرلەر زاۋۇتتىن چىققان داشقالنى تۆكىۋېرىپ داشقاللىققا ئايلىنىپ كەتتى.

**داشقايناق** [ داش + قايناق ] ① ئى. پارچە نان، گۆش ـ كۆكتات ۋە ھەرخىل نەرسىلەرنى داشقا سېلىپ قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان تاماق تۈرى. ② سۈپ. كۆچمە. چىگىش، ئارىلاش، مالىماتاڭ: مەسىلىنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىدىغان نېمە، سەن بولساڭ ھەممىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويۇپ داشقايناق قىلىۋەتتىڭ.

**داشۆ** ئى [خەن] ← **ئۇنىۋېرسىتېت**.

**داشياۋ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، بەزى دۆلەتلەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى

دەرىجىسى.

**داغ** I ئى [پ] ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە باشقا رەڭدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە جاي: قوياش دېغى. ② نەرسىلەرنىڭ باشقا ماددىلار تېگىپ بۇلغانغان جايى: ياش دېغى. ③ يارا ئىزى، جاراھەت ئىزى: ئايشەمنىڭ يارىسى پۈتۈنلەي ساقايدى. پەقەت پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس داغ پەيدا بولدى. ④ كۆچمە. ئەيىب، نۇقسان، گۇناھ: ئۆزىدە قىلچە داغ يوق دەپ قارايدىغانلار، ئەمەلىيەتتە، ئەڭ پاسكىنا ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. ⑤ كۆچمە. ئۆتمۈشكە مەنسۇپ ئىللەتلەرنىڭ رېئاللىقتىكى قالدۇقى: كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرى. ⑥ كۆچمە. كىشىنى نومۇس ـ بەتنامغا قويىدىغان، نامىنى بۇلغايدىغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆز: نومۇس دېغى. * ياخشىدىن باغ قالدۇ، ياماندىن داغ قالدۇ (ماقال). ⑦ كۆچمە. ئېغىر مۇسىبەت، قايغۇ ـ كۈلپەت، جۇدالىق ـ ھىجران، ئىشق ـ مۇھەببەتتىن كۆڭۈلدە قالغان دەرد ـ ئەلەم؛ ھەسرەت: سىزنىڭ چەكسىز بەختكە تەلپۈنگەن قەلبىڭىزدە ئارمان ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس دېغىلا قالدۇ.

**داغ** II سۈپ [پ] قاينىتىلغان، قاتتىق قىزدۇرۇلغان: ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ (ماقال). * قازاندىكى ماينى داغ قىلىپ قويدۇم.

**داغا** ئى ← **دارقا**.

**داغال** سۈپ. يىرىك، قوپال: داغال قول.

**داغدام** سۈپ. كەڭ، پارلاق، توسالغۇسىز، راۋان: داغدام يول. * شۇ كۈنى مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق ئىدى.

**داغدۇغا** ئى [ئە] ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك كۆرۈنۈش، كەيپىيات، ۋەزىيەت: داغدۇغا، چۇقان ـ سۈرەن يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندى.

**داغدۇغىسىز** سۈپ. داغدۇغىسى يوق، داغدۇغا قىلىنمىغان: داغدۇغىسىز ھەرىكەت.

**داغدۇغىلىق** سۈپ. داغدۇغىسى بار؛ ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، قاينام ـ تاشقىنلىق: داغدۇغىلىق يىغىن. داغدۇغىلىق تەشۋىقات. داغدۇغىلىق ھەرىكەت.

**داغدىرىماق** پ. دىيال ① ھولۇقماق، ئالاقزادە بولماق، تەسلىكتە قالماق، ئىككىلەنمەك. ② چارچىماق. ③ قېتىپ قالماق.

**داغسىز** سۈپ ① دېغى يوق، داغ چۈشمىگەن. ② كىرسىز، غۇبارسىز، پاك، سۈزۈك: داغسىز دىلنىڭ چىن رىشتىلىرى بىر ـ بىرىگە باغلانمىسا راست دوستلۇق بولمايدۇ.

**داغلاتماق** «داغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەرەز يارىنى كۈندە بىر داغلىتىپ تۇرمىسام بولمىغۇدەك.

**داغلاشماق** «داغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆنىڭغىچىلىك يايلار مېنى بەرجەس باغلاشتى، تۆمۈر زىخنى قىزىتىپ تاپىنىمنى داغلاشتى.

**داغلانماق** «داغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نۇزۇك بىلەك باغلاندى، ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى، مېنى باققان ئانامنىڭ يۈرەك ـ باغرى داغلاندى.

**داغلىق** سۈپ ① دېغى بار، داغ چۈشكەن، داغ تەگكەن: ئۇنىڭ يۈزىدىكى قارا داغلىق سەپكۈنلەر ئۇنىڭ تارتقان جەبىرلىرىنىڭ گۇۋاھى ئىدى. ② يۈرىكى دەرد ـ ئەلەملىك، ھەسرەتلىك، دەردلىك: ساڭا زوقۇمنى ئارتتۇرغان قولغا ياققان خېنەڭدۇر، دىلى داغلىق شوخ ئەركىننى خالغا ئوخشتاي يارىم. ③ كىشىنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان،

نومۇسلۇق: بىر تەرەپتىن ۋىجدانسىزلار تاجاۋۇز قىلىپ، نومۇسىڭغا يىرگىنچلىك داغلىق ئىز سېلىپ.

**داغلىماق** پ ① قىزىق نەرسىنى تەگكۈزۈپ، بېسىپ كۆيدۈرمەك: تىلىڭ قاتتىق بولسا باغلىۋەت، يۇمشاق بولسا داغلىۋەت (ماقال). ② تازا قىزىتىپ ئاچچىق بۇسىنى چىقىرىۋەتمەك، چۈچۈتمەك: ئاشپەز شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنى سەۋزىنى قەلەمچە قىلىشقا، يەنە بىرىنى ماينى داغلاشقا بۇيرۇدى. ③ دەرد ـ ئەلەمدە، ھەسرەت ـ نادامەتتە قويماق، ئارماندا قويماق: ئۇ ساڭا مەندىن سالاملار يوللىدى، ئوغلىنى ھىجراندا قويدى، داغلىدى.

**داغمال** ① ئى. قەلەينى ئېرىتىپ كەپشەرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، مىستىن ياسالغان كىچىك پالتا شەكىللىك ئەسۋاب، تۇتىدىغان سېپى، ئۇچىدا بىسى بولىدۇ. ② سۈپ. قېلىن، گەپ يېمەس: بەگ يۇرت ئەھلىگە قاراپ: ــ بەزى قېلىن داغماللار ئىشنى ياخشى قىلمايدۇ، بەزى قېلىن داغماللار ھاشارغا ۋە مەجلىسلەرگە ۋاقتىدا كەلمەيدۇ، ــ دەپتۇ.

**داغماللاتماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داغماللاشماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داغماللانماق** «داغماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**داغماللىماق** پ ① داغمال بىلەن كەپشەرلىمەك: بىز سېنى ئايروپىلان ياساپ بەر دەۋاتمايمىز، زاپچاسنى داغماللاپ بەرگىن دەۋاتىمىز. ② قىيناش ئۈچۈن قىزىتىلغان مېتالنى بەدەنگە ياقماق: ئۆيدىن سەل نېرىراقتا ئوت بىلەن داغماللاپ قىيناپ جازالاش ئورنى كۆرۈنىدۇ.

**داغۇر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭغا ئولتۇراقلاشقان.

**داغۇرچە** ① سۈپ. داغۇرلارغا خاس، داغۇرلارغا ئائىت: داغۇرچە كىيىم، داغۇرچە ئۆرپ ـ ئادەت. ② ئى. داغۇر تىلى: ئۇ داغۇرچىنى ئوبدان سۆزلەيدۇ. ③ رەۋ. داغۇر تىلىنى ئىشلىتىپ، داغۇرتىلى بىلەن: داغۇرچە سۆزلىمەك.

**داغۇل** سۈپ. قۇۋ، مۇغەمبەر، مەككار، ھەييار، ئالدامچى: داغۇل ئادەم.

**داغۇللۇق** ئى. قۇۋلۇق، ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق: داغۇللۇق قىلماق.

**داغۋاز** سۈپ. ئالدامچى، ھىيلىگەر؛ كۆرەڭ: ئۇنىڭ داغۋاز، مەنمەنچىلىكى ئىشرەت كوچىسىدا تېخىمۇ نامايان ئىدى.

**داغۋازلىق** ئى. ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق؛ كۆرەڭلىك: داغۋازلىق قىلماق.

**داغى** ئى. دىيال. دارقا، قاقشال.

**داق** I سۈپ. قاتتىق، قۇرۇق، يالاڭ: داق سۇپا. داق يەر. * خۇددى داق سۆڭەككە ئوخشايدىغان ئاي ئورغىقى قاقاس ئېتىزلارغا نۇر سېپىپ تۇراتتى.

**داق** II تەق. بىرەر قاتتىق نەرسىنىڭ باشقا بىرەر قاتتىق نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: ئىشىك داق قىلىپ يېپىلدى.

**داقا ـ داقاڭ** «داقاڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى قاتتىق چايقالغان ئاۋازلار.

**داقا ـ دۇققا** «داق ـ دۇق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى

ئېگىز ـ پەس ئاۋازلار.

**داقا ـ دۇمباق** داپ ـ دۇمباق: ئالقىشلار، ئامىنلار، ناخشا ـ ناۋا، داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ۋە يىغا ـ زارىلەر قوشۇلۇپ، بۈگۈنكى ئۇرۇمچى مۇھىتىنى بىر ئاجايىپ جاسارەت سىمفونىيەسىنىڭ كەڭ سەھنىسىگە ئايلاندۇرغانىدى.

**داقاق** ئى. دوق، تاپا: ئېسىمگە كەلدى شۇئان بىر چاغلىرىم، كەتكىنىم تاغقا «ئوغرى » ئاتاق ئېلىپ، كىمدۇر بۈگۈن بىرى يەنە شۇ ئاتاقنى ، قويماقچى پېشانەمگە داقاق قىلىپ.

**داقاڭ** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ «داق» قىلىپ ئۇرۇلۇشى ۋە چايقىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**داقاڭشتاق** «داقاڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**داقاڭشماق** پ. «داقاڭ ـ داقاڭ» قىلماق، «داقاڭ ـ داقاڭ» ئاۋاز چىقارماق: كۆتەك هارۋا تېتىر يولدا داقاڭشىپ كېلىۋاتاتتى.

**داقاڭگىدە** رەۋ. «داقاڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «داقاڭ» قىلىپ.

**داقال** ئى. تۆۋەنكى كالپۇك بىلەن ياڭاق ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچۇق يەردە ئۆسكەن تۈك.

**داقاللىق** سۈپ. داقىلى بار، داقال قويغان.

**داق ـ دۇق** تەق. «داق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يېقىنلا يەردە داق ـ دۇق قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم.

**داققالچى** ئى. چاپانچى، تەخسىچى، يالاقچى: ئۆتمۈشتىكى كۆكبېشى، داققالچىلار يوقالدى، بىزمۇ قانغۇدەك سۇ ئىچىدىغان بولدۇق.

**داققىدە** رەۋ. «داق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «داق» قىلغان هالدا: مۇدىر شىرەگە داققىدە مۇشتلىدى. * ئۇ پىيالىنى چاي ئۇستىلىگە داققىدە قويۇپ، سىم كارىۋاتقا لۆممىدە ئولتۇردى.

**داكا** ئى. پاختا يىپتا شالاڭ توقۇلغان رەخت: ئۆلگەنىنىڭ كېيىندىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، بىر توپ داكىنى يىرتىپ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بېلىگە باغلاپ ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ زادىلا هاجىتى يوق.

**داگۇر** ئى. دىيال. ئىلمەك.

**داڭ** I تەق. ۋەهىمە ياكى هەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ تۇرۇپ قالغان هالەت: داڭ قاتماق. داڭ قالماق.

**داڭ** II ئى. مېتالدىن ياسالغان، ئۇرسا قاتتىق ئاۋاز چىقىرىدىغان، سىگنال ـ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جىسىم ياكى مېتال پارچىسى.

**داڭ** III تەق. داڭنى قاتتىق ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز: تام سائىتى داڭ ئۇرماقتا.

**داڭ** IV ئى. داڭق: داڭ چىقارماق. * يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس (ماقال).

**داڭدار** سۈپ. داڭلىق: داڭدار ناخشىچى. داڭدار كارىزچى. داڭدار قوشاقچى.

**داڭداڭ** ئى. دىيال. قوۋۇرغا.

**داڭق** ئى. نام، ئاتاق، شۆهرەت، ئىناۋەت؛ مەشهۇرلۇق: تەلكىدىن چىقىپ كەلسەم، ئىلى باغلىرى بوستان، بۇلبۇللارغا قۇلاق سالسام، داڭقىنى قىلۇر داستان.

**داڭقى چىقماق** نامى، شۆهرىتى هەممىگە مەلۇم بولماق: ئۇنىڭ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان چېلىشلاردا داڭقى چىققان.

**داڭقان** ئى. چويۇن ياكى باشقا مېتالدىن قۇيۇلغان ئۈچ پۇتلۇق، ئىككى قۇلاقلىق قازان.

**داڭقانپۇت** قاملاشمىغان، ئېگىز ـ پەس : بايقاپ سۆزلىمەي، تۇگىشىپ كەتتىڭە گاداي، بۇ يەر سېنىڭ خامانلىقىڭ بولمىسا داڭقانپۇتى گەپ قىلىۋېرىپ، تويە ئەمدى.

**داڭگال** ئى ① قاتقان، قۇرۇغان لاي پارچىسى، توپا ئۇيۇمى: توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال (ماقال). ② كۆچمە. يېزىلىق، سەهرالىق: سەن داڭگاللارنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىڭدىن قاقمىسام قاراپتۇر. ③ ئەرزىمەس، پەس، قىممىتى يوق نەرسە: مۇهەببەتنىڭ مۇهىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ ـ باراۋەرلىك، مېنى نېچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزۈڭنى بىباها قىلدىڭ.

**داڭگوي** ئى [خەن] <بوت> كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئالاهىدە خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تېبابەتتە هەرخىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**داڭگىر ـ دۇڭگۇر** «داڭگىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**داڭلاتماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئېشىكىڭنى بۇ يەردە تۇتۇپ ئولتۇرغۇچە، بېدىككە داڭلاتساڭ، قىممىتى ئاشمامدۇ.

**داڭلاشماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ تەبىرنى ئاڭلىشىپ، خاقاننى راست داڭلىشىپ، ئەلچىلەر شاد كۈلۈپتۇ، «قۇللۇق» ئېيتىپ يۈرۈپتۇ.

**داڭلانماق** «داڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: داڭقىمىز رۇمغا ئاڭلانغانىدى، يىپەك ـ شايىمىز داڭلانغانىدى.

**داڭلىق** سۈپ. داڭقى بار، داڭقى چىققان؛ مەشهۇر، شۆهرەتلىك: داڭلىق سودىگەر. داڭلىق ئەسەر. * سەن تۆرەلگەن بۇ تۇپراق داڭلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ قالدى.

**داڭلىقلىق** ئى. داڭقى، نامى چىققانلىق، مەشهۇرلۇق: ئاتۇشتىن چىقىدىغان مۇناقى ئۈزۈم، خۇۋەينى ئۆرۈك، ئەنجۈر قاتارلىقلار مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق. بۇ داڭلىقلىق ئاتۇش مېۋىچىلىكىنىڭ يەككە تىجارەت شەكلىدە جانلىنىشىغا تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، بۇ خىل تىجارەت شەكلى نۆۋەتتىكى دەۋر تەلىپى، بازار ئېهتىياجى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش قەدىمىگە ماسلىشالماي قالدى.

**داڭلىماق** پ ① ياخشى تەرىپىنى تىلغا ئالماق، ماختىماق: ئاتا ـ ئانام زوقلىنىپ، مۇزىكامنى ئاڭلايدۇ، ياخشى چالدىڭ دېيىشىپ، دوستلىرىممۇ داڭلايدۇ. ② كۆككە كۆتۈرمەك، ماختاپ ئۇچۇرماق: ئۇلار ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىپ سودا قىلىشماقتا.

**داڭلىداتماق** «داڭلىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا، دۈيجاڭ يەنە داڭنى داڭلىداتقىلى تۇردى.

**داڭلىدىتىشماق** «داڭلىداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇششاق باللار تۆمۈرلەرنى داڭلىدىتىشىپ ئۆرۈپ، ئۇنىڭ راسا چىشىغا تەگدى.

**داڭلىدىماق** پ. «داڭ ـ داڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «داڭ ـ داڭ» قىلماق: داڭ داڭلىدىدى، ئاۋۇت ئاندا ـ مۇندا كېيىنىپ سىرتقا يۈگۈردى.

**دال** ① ئى. پاناھ ياكى مەدەت بولىدىغان نەرسە، ياردەم: دال بولماق. ② رەۋ. تاقابىل، تەڭ: دال تۇرماق.

**دالا ( دالاسى )** ئى ① ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى

كەڭ كەتكەن يەر: بۇ دالاننىڭ نېرىراق تۆۋەن تەرىپىدە بىرنەچچە يىگىت كەتمەن ئوينىتىپ يەر سۇغارماقتا ئىدى. ② سەھرا، يېزا ـ قىشلاق: دالاننىڭ بېگى بولغۇچە، شەھەرنىڭ ئىتى بول (ماقال).

**دالا ـ تۇز** دالا ۋە تۇزلەڭلىك: باھار كەلدى، دالا ـ تۇزگە باھارنىڭ نۇرلىرى كەلدى، گۈزەل ھېس قوزغىتىپ دىلدا يېڭى كۈي قۇرلىرى كەلدى.

**دالاسى** ئى. گامبىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دالالەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشقا ئۈندەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن مەسلىھەت؛ كۆرسەتمە، تەشەببۇس: ئۇ ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ ئىشتىن ئارتۇقچە بىئارام بولۇپ كەتمىدى. * بۇلبۇلى چىللايدۇ باغقا، ئاھۇلار تاغلار تامان، پەن ـ بىلىم سىگنالىدەك شېرىن دالالەت قايدىدۇر. ② ئىشارە، بەلگە: يامغۇرنىڭ ۋاقتىدا يېغىپ بېرىشى مول ھوسۇلدىن دالالەتتۇر.

**دالالەتچى** ئى. دالالەت قىلغۇچى، ئۈندىگۈچى: دالالەتچىلەردىن ئىشلەمچىلەر كۆپ بولغىنى ياخشى.

**دالان** ئى [پ] ① دەرۋازىدىن كىرىپ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشىدىغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە كىرىشتىكى ئارىلىق ئۆي: قېرى دوختۇر ئىچكىرىدىن دالانغا چىقتى. ② ئۆگزىگە سېلىنغان ئۆي ئالدى: ئۇلار دالاندىن چۈشۈپ پەلەمپەيدە كېتىۋاتقاندا، مەخسۇمنىڭ پەس ئاۋازدا دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى.

**دالانچە** ئى ① كىچىك دالان. ② <ئانات> ئىچكى قۇلاقنىڭ بىر قىسمى. يېرىم ئايلانما نەيچە بىلەن قۇلاق قۇلۇلىسى ئارىلىقىدا بولىدۇ. سىرتقى ۋە تۆۋەنكى تەرىپىدە تۆشۈكلىرى، ئىچكى قىسمىدا ئىككى دانە خالتىسىمان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاڭلاش نېرۋىلىرى بولىدۇ. دالانچە بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

**دالانلىق** سۈپ. دالىنى بار، دالان ئورۇنلاشتۇرۇلغان: دالانلىق ئۆي.

**دالايماق** پ ① سۇنايلانماق، سوزۇلماق: داليىپ ياتماق. ② تەڭلىمەك: ئايغىنى دالايماق. مۇشتىنى دالايماق.

**دالبېرگىيە** ئى [لات] <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىمدە، يازدا ئېچىلىدۇ. ياغىچى قاتتىق بولۇپ، ئۆي جابدۇقلىرى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساشقا مۇۋاپىق.

**دالتەك** ئى. دىيال. گەپ توشۇغۇچى، ئاقساقال؛ گەپكە ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم.

**دالجىماق** پ ← **داجىماق**: بۇ ئىت ئىگىسىگە شۇنداق سادىق ئىدىكى، ھەمىشە بوسۇغىدىن دالجىماي، ئۆينى ساقلاپ ياتاتتى.

**دالدا** ئى ① يوشۇرۇنىدىغان جاي: باتۇرخان دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ② توسقۇچى نەرسە، توسۇق: ئايمىدۇر، ئايلارمىدۇر، بۇلۇت دالدامىدۇر؟

**دالدا بولماق** ① توسۇق بولماق، توسماق، ياپماق: ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولۇر (ماقال). ② دال بولماق، ئەسقاتماق، كېرەككە كەلمەك: داغ سۇ ئاچ قورساققا دالدا بولماپتۇ (ماقال).

**دالداقاشماق** پ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالماق، ئىككىلەنمەك، گاڭگىرىماق.

**دالداقماق** پ. دالدىلانماق، دالدا بولماق.

**دالدىلاتماق** «دالدىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دالدىلاشماق** «دالدىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دالدىلانماق** «دالدىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شامالدىن دالدىلانماق.

**دالدىلىماق** پ. پاناھىغا ئالماق، يوشۇرماق: بۇ قەبىلىلەرنى شىمال تەرەپتە ئاۋۇزلۇ قارىمىقىدىكى قەبىلىلەر دالدىلاپ تۇراتتى.

**دالۋاي** I ئى. ئوۋغا سېلىنغان قۇش (بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن، تۇرۇمتاي قاتارلىقلار) نى ئۈندەككە چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر: قۇش دالۋايغا كەلدى.

**دالۋاي** II ئى. يەرلىك يىپەك توقۇمىچىلىقىدا تولامچاقنىڭ نەقكەشنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان غالتەكلىك ياغاچ سايمىنى.

**دالۋايلاتماق** «دالۋايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دالۋايلاشماق** «دالۋايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دالۋايلىماق** پ. دالۋاينى چۆرۈپ، ئوۋغا سېلىنغان قۇشنى ئۈندەككە چاقىرماق.

**دام** I ئى [پ] ① قاپقان، تۇزاق، قىلتاق، سىرتماق: كۆككە باقسام، كۆكتە قالپاق، يەردە قاپقان ـ دام ئىدى، شۇ ياۋۇزلار قانچە مىڭ ئوغلانۇ قىزنى خام يېدى !؟ ② كۆچمە. ئالدام، ئالدام خالتا: ئادەم ئالدايدىغان نەيرەڭ پەقەت كىچىك بالىنىلا ئۆز دامىغا چۈشۈرەلەيدۇ.

**دام** II ئى. لاپ، يوغان گەپ، چوڭ سۆز، پو: يېغىنى يان باسىدۇ، ئوغرىنى دام باسىدۇ (ماقال).

**داماس** ئى [ر] بىرخىل گۈللۈك رەختنىڭ نامى.

**دامان** ئى. بىرئاز نېپىزلىتىپ، چەككۈچ سېلىنغان گىردە: پەشخۇننىڭ ئالدىغا سىڭىپ پىشقان دامانلار تىزىلغانىدى.

**دامان ساقال** قىرقىپ دامانغا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىلدە بېزەلگەن ساقال: قويۇق دامان ساقىلىنى توختىماي سىلاۋاتقان سېيىت ھاجى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

**دامبا** ئى . سۇنى توسۇش ۋە توختىتىش ئۈچۈن سوقۇلغان قېلىن ، ئېگىز تىرگەن: دامبا سوقماق.

**دام ـ تۇزاق** دام ۋە تۇزاق: ھەممە يەردە دام ـ تۇزاق، كۆيزا ـ كىشەن، قانلىق قىلىچ، كەمبەغەللەر ئۈستىدىن باسقان زۇلۇم توپان بولۇپ.

**دامجۇق** سۈپ ① ئاشۋاقتىلىق (تاماق ھەققىدە). ② كۆچمە. شەخسكە تەۋە بولمىغان، ھەركىم ئىشلىتىۋېرىدىغان: مېنىڭ ۋېلسىپىتىم بۇ ئىدارىدە دامجۇق ۋېلسىپىت بولۇپ قالدى، كىملا بولسا سورىمايلا مىنىپ كېتىۋېرىدۇ.

**دامجۇقلۇق** ئى. ئەتىگەنلىك تاماق بىلەن چۈشلۈك تاماق ئارىلىقىدا ئىچىلىدىغان چاي، ئاشۋاقتىلىق چاي: ئەتىگەندىن بېرى تىنماي ئىشلىشىۋاتقان ھاشارچىلار چاشگاھ ۋاقتىدا دامجۇقلۇققا ئولتۇرۇشتى.

**دامخور** ئى. تولا داملاپ، لاپ ئۇرغۇچى، ماختانچۇق، يوغان گەپ قىلغۇچى: ئۇ دامخورنىڭ گېپىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن.

**دامخورلۇق** ئى. ماختانچاقلىق: تولا دامخورلۇق قىلما، ھازىر نەگە كېلىپ قالدىڭ، نەدە تۇرۇۋاتىسەن، بىلەمسەن؟

**دام ـ دام** كۆز ـ كۆز، داملاش.

**دامكا** ئى [ر] <تەن> ① 64 پارچە ئاق ۋە قارا كاتەكچىلىك تاختىدا 12 دانە ئاق ئورۇق ۋە 12 دانە قارا ئورۇق بىلەن مەلۇم قائىدە بويىچە ئوينىلىدىغان ئويۇن: دامكا ئويناش. دامكا ئورۇقى. ② شۇ خىل ئويۇندا قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېتىگە چىقالىغان ۋە خالىغان تەرەپكە مېڭىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئورۇق: دامكىنى ماڭماق. دامكىنى يېمەك.

**دامكرات** ئى [ر <نېم] <ماشىن> ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئەسۋاب. ئادەتتە سۇيۇقلۇق بېسىملىق دامكرات ۋە بۇرمىلىق دامكرات دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**داملاتماق** «داملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆز ئاچاي سۆز چىقسا سازدىن، داملىتىپ ئالەم ئارا، نەغمىلەرنىڭ شاھى قالۇن، جانلىرىڭدىن مەن دولان.

**داملاشماق** «داملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھارۋىكەشلەر ئېتىنى داملىشار، قويچىلار ئىتىنى داملىشار (ماقال).

**داملانماق** «داملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇيغۇرلار قەدىمكى شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا داملىنىشقا ھەقلىق.

**داملىماق** پ. كۆز ـ كۆز قىلماق، ماختىماق، تەرىپىنى قىلماق، داڭلىماق: ــ مانا بۇ مىزەخمەت ياغلىق، ــ دېدى ئابلا ئۆرۈكلەرنى داملاپ، ــ ئۇنىڭ ئالدىدا كەمپۈت بىكار، ئاغزىڭغا ئالغان ھامان ئېرىپلا كېتىدۇ.

**داموللا** ئى [ ئە ] <دىن> ① چوڭ مەدرىسە ۋە ئالىي دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسى، ئوقۇتقۇچىسى. ② دىنىي بىلىمى مول ۋە چوڭقۇر كىشى.

**دان** ئى [پ] ① بۇغداي، قوناق قاتارلىق باشاقلىق زىرائەتلەر ۋە پۇرچاق، ماش قاتارلىق چوكا مېۋىلىك زىرائەتلەر ھوسۇلىنىڭ دانىسى: بۇغداي دېنى. ئارپا دېنى. دان ئالماق. ② ئاشلىق: ئامبارلار دانغا لىق تولدى. ③ ئۇچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق: توخۇ دېنى. كەكلىك دېنى.

**دانا** سۈپ [پ] ① يىراقنى كۆرەر، ئەتراپلىق ئويلايدىغان، دانىشمەن، ئاقىل: دانا ئەرباب. دانا ئۇستاز. * دانا كىشى ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلار (ماقال).//دانا قەدرىنى نادان بىلمەس، ئاغرىق دەردىنى ساق (ماقال). ② ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئېيتىلغان، ئەقىل ـ پاراسەتتىن دالالەت بېرىدىغان، ئاقىلانە: دانا تەدبىر.

**داناكچا** ئى. ناۋاتنىڭ كىرىستال بولۇپ قاتقان شەكلى.

**دانالاشماق** پ. دانا، دانىشمەن، ئەقىللىق ھالەتكە كەلمەك، دانا بولماق: قىزلار ئەيىبىنى يوشۇرغانسېرى خۇنۇكلىشىدۇ. سىرىنى يوشۇرغانسېرى دانالىشىدۇ، بېسىمىنى يوشۇرغانسېرى گۈزەللىشىدۇ.

**دانالىق** ئى. دانىشمەنلىك، ئاقىللىق: ــ ياخشى ئانام، ئاپئاق ئانام! ــ ئانىسىنى قۇچاقلىدى سۇتۇق، ــ سىزنىڭ مۇشۇنداق دانالىقىڭىز ئۇنتۇمەن چېرىكتىن كۈچلۈك.

**دانە** [پ] ① ئى. دانە ـ دانە قىلىپ ئايرىغىلى بولىدىغان دان، ئورۇق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكى: تۇخۇمنىڭ دانىسى. قارىقاتنىڭ دانىسى. ئانار دانىسى. ② مىق. ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاساسەن يۇمىلاق نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆتكەن يىلى ئورۇمچىگە بارغاندا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرىمىزگە يەتتە دانە تېلېۋىزور ئالغاچ كەلدۇق. ③ ئى. بەزى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرى: بۇ دورىنى كۆرسىتىلگەن مىقداردا يەپ بەرسە، بۇۋاسىرنىڭ دانىلىرىنى چۇشۇرىدۇ.

**دانە ـ دانە** ① بىر دانە ـ بىردانىدىن تۇرىدىغان، دانىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرىدىغان: ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان دانە ـ دانە بۇغدايلار ئىككى يەرگە ئېگىز چەش قىلىپ دۆۋىلەندى. ② كۆچمە. ئوچۇق، روشەن، ئېنىق، چۈشىنىشلىك: تۇردى ئاكا بۇ يىگىتكە بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھەربىر سۆزنى دانە ـ دانە قىلىپ ئەستايىدىل جاۋاب بەردى.

**دانچە** ئى ① كىچىك، ئۇششاق دان: گۈدەك قىز گۆرۈچ دانچىلىرى يېپىشىپ تۇرغان ئويماقتەك ئاغزىنى قىيىدىغاندەك سەل ئۇمچەيتتى. ② كۆچمە. دانىلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇششاق بۆلەكلىرى، تامچە: تۆمۈر خەلپىنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش دانچىلىرى ئاي نۇرىدا خۇددى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى.

**دانچۇق** ئى ① ئۇچار قاناتلارنىڭ پوكىنى، يەمتۈك: توخۇنىڭ دانچۇقى. ② قەپەستە بېقىلىدىغان ئۇچار قاناتلارغا دان بېرىلىدىغان كىچىك قاچا. ③ قىسماقنىڭ دان بېكىتىلگەن ئىلغۇچى: قىسماقنىڭ دانچۇقى.

**دانچىسمان** سۈپ. شەكلى دانچىگە ئوخشايدىغان، دانچە شەكىلدىكى: سىڭىرتاش دانچىسمان ياكى تەڭگىسىمان ھالەتتە ئۇچرايدۇ.

**دانخور** ئى. ئۇچار قاناتلارنىڭ ئاساسەن دان يەپ ياشايدىغان تۈرى: دانخورلار ئەترىتى.

**دانسىز** سۈپ . دېنى يوق، دېنى ئاز: دانسىز بۇغداي.

**دانلاتماق** «دانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ــ توخۇلىرىمنى دانلىتىپ يۈرىمەن.

**دانلاشماق** «دانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خاماندا بىر توپ كەپتەر دانلىشىپ يۈرەتتى.

**دانلىق** سۈپ ① دېنى بار، دان تۇتقان: دانلىق باشاقلار. ② دېنى يوغان، تولۇق دان ئالغان، سەردان: روزىمەت شالدىرشاپتىكى ئاپئاق دانلىق ئۈجمىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاغزىغا سالدى. ③ دان بېرىدىغان، دان چىقىدىغان، دان يېتىشتۈرۈلىدىغان: دانلىق زىرائەتلەر.

**دانلىماق** پ ① دان تېرىپ يېمەك: كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە توخۇلار دانلاپ يۈرەتتى. ② كۆچمە. سىرتلاردا تىرىكچىلىك قىلماق، ئوقەت قىلماق، كۈن ئالماق: يىراق ـ يىراقلارغا بېرىپ، تۆت ـ بەش زامان دانلاپ كېلەيمىكىن دەيمەن. ③ كۆچمە. سىرتتا بەزى نېرى ـ بېرى ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەك: بۇ چوكان ئېرىنى باشقا يەرلەردە دانلاپ يۈرىدۇ دەپ ئويلاپ، سەل كەچرەك كەلسىلا گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشاتتى.

**دانىخورەك** ئى. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ قۇرامىغا يەتكەندە يۈزلىرىگە چىقىدىغان يىرىڭلىق قاپارتما.

**دانىش** ئى [پ] يېزىت ① ئىلىم، بىلىم، مەلۇمات. ② بىلىملىك، مەلۇماتلىق كىشى؛ ئالىم، دانىشمەن. ③ ئەرلەر ئىسمى.

**دانىشمەن** ئى [پ] چوڭقۇر بىلىملىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈچى دانا كىشى؛ ئالىم.

**دانىشمەنلەرچە** رەۋ. دانىشمەنلەرگە خاس، دانالاردەك قىياپەتتە، دانىشمەنلىك بىلەن.

**دانىشمەنلەشمەك** پ. دانىشمەن بولماق، دانىشمەنگە ئايلانماق.

**دانىشمەنلىك** ئى. بىلىملىك، بىلىمى كۆپلۈك، ئالىملىق: — ئوھوي، مەرگەنلىكىڭ بىلەن بىللە دانىشمەنلىكىڭمۇ جايىدا ئىكەن، — دېدى تۆمۈر خەلپىمۇ كۈلۈپ كېتىپ.

**دانىكا** ئى <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. ئاق ياكى رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، سۇدا ئېرىيدۇ. ئادەتتە ئۇپتىك ئەينەك، تېببىي دورا، كەپشەر دورىسى، رېئاكتىپ، ئېمال سىرى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**دانىلىق** سۈپ. دانىلاردىن تەشكىل تاپقان، دانىلاردىن تۈزۈلگەن: يوغان دانىلىق ئۈزۈم تەسۋى.

**دانىلىماق** پ. بىردانە ـ بىردانە قىلماق، دانە ـ دانە قىلماق: دانىلاپ تېرىماق.

**دانىمۇدانە** ① بىردانە ـ بىردانىدىن، بىر ـ بىرلەپ، بىردىن ـ بىردىن: سەرراپ تىللالارنى دانىمۇدانە ساناپ ھەميانىغا سالدى. ② روشەن، ئېنىق، ئوچۇق: ئەكبەر ھەربىر گېپىنى دانىمۇدانە قىلىپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاسىمغا چۈشەندۈردى.

**داھىي** ئى [ئە] دۆلەت، سىياسىي تەشكىلات، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ يولباشچىسى: پرولېتارىيات داھىيسى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى.

**داھىيانە** رەۋ [ئە + پ] داھىيلارغا خاس دانالىق بىلەن: داھىيانە يىراقنى كۆرەرلىك. // داھىيانە كۆرسەتمە. داھىيانە تەدبىر.

**داھىيانىلىك** ئى. داھىيلارغا خاس دانالىق: لېنىننىڭ تەدبىرلىرى ھەقىقەتەن داھىيانىلىك بىلەن كۆرۈلگەن تەدبىرلەر ئىدى.

**داھىيلارچە** رەۋ. داھىيانە.

**داھىيلىق** ئى. يولباشچىلىق، باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك: ئاممىۋى ھەرىكەت كۆتۈرۈلگەندە، ئاما بىرەر دانا يولباشچىنى داھىيلىققا كۆتۈرىدۇ.

**داۋا** I ئى [ئە] ① كېسەلنى ساقايتىش چارىسى، دورا ـ دەرمەك: ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگۈچە، داۋاسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ② پايدىلىق ۋاستە، شىپا: ساپ ھاۋا — تەنگە داۋا (ماقال). ③ كۆچمە. ئامال، ئىلاج، چارە: كۆيۈك داۋاسى. ئىشق داۋاسى.

**داۋا** II ئى. جازا، ئەدەب: داۋىسىنى بەرمەك. داۋىسىنى يېمەك.

**داۋا** III ئى. يەرلىك ئۇسۇلدا رەخت بوياش ماتېرىيالى قىلىنىدىغان يۇلغۇن چېچىكىنىڭ بىر خىلى.

**داۋا** IV ئى . دىيال ① گىرىژ، يەنى سېرىقئەتنىڭ يىرىلىپ كېتىشى بىلەن ئۇچەي خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىپ، تاشاق يوغىناپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەل؛ پورداق. ② كۆچمە. ھەرىكىتى چەبدەس بولمىغان، يولنى تېز ماڭالمايدىغان كىشى، سۆرەلمە، قاشاڭ.

**داۋاسىز** سۈپ ① داۋاسى يوق، شىپاسىز، ساقايماس: بۇ داۋاسىز كېسەل مېنىڭ جېنىمغا تېگىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ② ئىلاجىنى تاپقىلى بولمايدىغان، ئامالىنى قىلغىلى بولمايدىغان: ئەجەبمۇ داۋاسىز دەردكە يولۇقتۇم.

**داۋالاتماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى كۆپ يەرلەرگە ئاپىرىپ داۋالاتتى.

**داۋالاشماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داۋالانماق** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە بىر ئايغا يېقىن داۋالاندىم.

**داۋالغۇتماق** «داۋالغۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى لەھەڭ سۇنى داۋالغۇتۇپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. * 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كىرىزىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىشى ھەتتا رۇسىيە ئىقتىسادىنى داۋالغۇتۇۋەتتى.

**داۋالغۇشماق** «داۋالغۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**داۋالغۇلۇق** سۈپ. داۋالغۇپ تۇرغان، تىنچ بولمىغان، تۇراقلىق بولمىغان: داۋالغۇلۇق يىللار.

**داۋالغۇماق** پ ① سۇ، دەل ـ دەرەخ قاتارلىقلار سىرتقى ياكى ئىچكى كۈچنىڭ تەسىرىدىن چايقالماق، ئىرغاڭلىماق، لىڭشىماق، تەۋرەنمەك: نىجاتنىڭ قولىدا بىر رومكا قىزىل ھاراق داۋالغۇپ تۇراتتى. ② ئادەملەر توپى تەۋرەنمەك: ئادەملەر خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك بىر ئۇيانغا ـ بىر بۇيانغا داۋالغۇشقا باشلىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ ساداسى ھاۋادا ياڭرىماق، ھاۋانى تىترەتمەك: ھۆررا سادالىرى دولقۇنسىمان داۋالغۇپ پەلەكلەردە پەرۋاز قىلاتتى. ④ كۆچمە. تەشۋىش، خۇشاللىق، ھاياجان ۋە باشقا پىسخىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھېسسىيات، روھىي كەيپىياتلار تىنچسىزلانماق، دولقۇنلىماق، ئۇرغۇماق: جەننەتنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ئۇنىڭ تىنچسىز كۆڭلى تېخىمۇ داۋالغۇشقا باشلىدى. ⑤ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلىقتىن ئىرغاڭلىماق، دەلدەڭشىمەك: ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى ـ دە، داۋالغۇپ يىقىلدى. ⑥ ئىجتىمائىي كەيپىيات تۇراقسىزلانماق، ئۆزگىرىپ تۇرماق، تىنچسىزلانماق، تەۋرەنمەك: بۇ ئادەمنىڭ جىاڭجۇنلۇك تەختىگە مىنگەن كۈنلىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ قاتتىق داۋالغۇپ تۇرغان پەيتىگە توغرا كەلدى. ⑦ لىغىرلىماق، مۆلدۈرلىمەك: ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتتى، قايناق مۇھەببەت قەلبىدە جۇشقۇنلاپ، كۆز چاناقلىرىدا ئىسسىق ياش داۋالغۇدى.

**داۋالىق** سۈپ. داۋا بولىدىغان ئۈنۈمى، رولى، تەسىرى بار؛ مەنپەئەتلىك: ھەر خىل ھايۋان گۆشلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان غىزالىق ۋە داۋالىق تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

**داۋالىماق** پ. كېسەلنى ساقايتىش چارىلىرىنى قىلماق، دورا بۇيرۇماق، دورا بەرمەك، ئەملىمەك: كېسەلنى نۇرغۇن دورىلار بىلەن داۋالىغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

**داۋالىنىش** «داۋالىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: داۋالىنىش سۇغۇرتىسى.

**داۋالىنىش سۇغۇرتىسى** ئەمگەكچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىرخىل سۇغۇرتا شەكلى: شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**داۋام** ئى [ئە] بىرەر ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر جاي ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىنكى قىسمى: يولنىڭ داۋامى. چۆچەكنىڭ داۋامى. داۋام قىلماق.

**داۋامەت** [ئە] ① رەۋ. دائىم، ھەمىشە، ھەر ۋاقىت، ھەر

چاغ: يوقلۇقىدىن ئادالەت، كۆڭلۈمدە كۆپ ئاداۋەت، قولدا قىساس قىلىچىم، يالتىرايدۇ داۋامەت. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**داۋاملاشتۇرماق** «داۋاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇردى.

**داۋاملاشتۇرۇلماق** «داۋاملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈەنتۇڭ ھاكىمىغا كەلگەندە جەڭگە چىقىش ئالدىدىلا ئەمەس، بىرەر ھەرىكەت، بىرەر چوڭ يارلىق چۈشۈرۈش ئالدىدىمۇ شۇنداق قان ئېقىتىش ئىشى داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

**داۋاملاشماق** پ ① مەلۇم ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش ـ ھەرىكەت مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە سوزۇلماق: شىنجاڭدا ئۇزاقتىن بېرى داۋاملاشقان ئىستىبدات قارا سىياسەت غۇلجا ئىنقىلابى نەتىجىسىدە تامام بولدى. * ئەنئەنە مەدەنىيەتنى يادرو قىلغان مەنىۋى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئامىللىرى قىلىپ داۋاملىشىدۇ. ② توختاپ قالغان ياكى توختىتىپ قويۇلغان بىرەر ۋەقە، ھادىسە، جەريان ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇلاپ ئېلىپ بارماق: يىغىن ئەتە يەنە داۋاملىشىدۇ.

**داۋاملىق** ① سۈپ. داۋام ئېتىپ تۇرغان، دائىمىي، دائىملىق: داۋاملىق ھەرىكەتلەر. ② رەۋ. ھەمىشە، دائىم، داۋامەت: مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئامىنەنى داۋاملىق ئوقۇتىمەن.

**داۋامىدا** تىر. بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە، يۈز بېرىش جەريانىدا: ئۇرۇش داۋامىدا. ئەمەلىيەت داۋامىدا.

**داۋان** I ئى ① تاغ ۋە تۆپىلىكلەرنىڭ يول ئېلىنغان، ئېشىپ ئۆتىدىغان جايى: ئاپتوموبىل داۋاندىن چۈشكۈچە ماي بەرمىدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان توسۇق، توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت: كەمبەغەل بولغاندىكىن، نۇرۇم دېگەندەك چوڭ توي دېگەن بىزگە چىققىلى بولمايدىغان داۋان ـ دە.

**داۋان** II ئى. توقۇش دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنىڭ ئاياغ تەرىپىنى مەلۇم ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلما.

**داۋان** III ئى. دىيال. جىگدە قاقىدىغان تاياق.

**داۋانچى** ئى ① داۋان ئاشقۇچى؛ ② داۋان يوللىرىنى ياسىغۇچى ئىشچى: بۇ يولدا قەدىمدىن تارتىپلا يول ئاسرايدىغان، يول ياسايدىغان داۋانچى تۇرغۇزۇلاتتى، ئادەتتە مۇز داۋان يولىنى داۋاملىق ياسايدىغان 120 تۇتۇن مەخسۇس داۋانچى تامغىتاش دېگەن يەرگە ماكانلاشقانىدى.

**داۋانلىق** سۈپ. داۋىنى بار، داۋانغا ئىگە: داۋانلىق يول.

**داۋبەن** ئى [خەن] يول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، ھەربىر داۋبەن بىر قانچە كىلومېتىر تۆمۈر يول ياكى تاشيول ئاسراش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ: دېمەك، سۇيى قۇرۇپ كەتكەن كۆل ئۈستىدىكى بۇ داۋبەن ئورنىنىڭ ھەرھالدا تۇز، قاتتىقلىقىنى دېمىسە ھەممە يېرى «قىرىۋۋ» باغلاپ كەتكەن شورتاڭلىق ئىدى.

**داۋ ـ دەرەخ** ← **دەل ـ دەرەخ.**

**داۋراڭ** ئى ① داغدۇغىلىق خەۋەر، ئاتاق: ئۇنىڭدىنمۇ مىڭ تىللا مىراس قالدى، بۇ داۋراڭ ھەممە يەرگە تارالدى. ② يوغان گەپ، چوڭ سۆز، سۈرەن ـ چۇقان: سادىقنىڭ تۆت ئايغا مۆلچەرلىگەن قىشلىق قۇرۇلۇش پىلانلىرى تۈگىمەس مەجلىس ۋە قۇرۇق داۋراڭلار ئاستىدا بېسىلىپ قالدى. ③ داغدۇغا، دەبدەبە، ھەيۋەت: ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالۋانلار ياقۇپ ياساۋۇلنى داۋراڭ بىلەن ئەكىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندەك يەرگە قاراپ جىم تۇرۇشتى.

**داۋراڭچى** ئى. داۋراڭ سالغۇچى، داۋراڭ كۆتۈرگۈچى: ئۇ داۋراڭچىنىڭ ئاغزىنى بىر ئاز تۇۋاقلاپ قويۇش كېرەك ئىدى.

**داۋراڭچىلىق** ئى. داۋراڭ سالىدىغان خۇسۇسىيەت: قۇرۇق داۋراڭچىلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئەمەلىي روھ بولۇشى كېرەك.

**داۋراڭسىز** سۈپ. داۋرىڭى يوق، داۋراڭ قىلىنمىغان، جىم: ھەرھالدا بۇ ئىش داۋراڭسىز بېسىقىپ قاپتۇ.

**داۋزىچوپ** ئى. مەشۇت چىقىرىۋاتقان قازان بېشىدىكى گىجەك بىلەن غاغىرا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شوتىسىمان كىچىك ياغاچ سايمان.

**داۋغان** ئى <زوئول> ← **سۇغۇر.**

**داۋلى** ئى [خەن] ئىشنىڭ ھەقىقىتى، قانۇنىيىتى، قائىدىسى، يولى، ھەق ـ ناھەقلىق ئاساسى: ئوغلىنىڭ بۇنچىلىك چوڭ داۋلىلارنى قويۇپ، ئاپىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشنى كىم ئويلىغان دەيسىز.

**داۋلىسىز** سۈپ. داۋلىسى يوق، داۋلى سۆزلىمەيدىغان، قائىدە ئۇقمايدىغان: ئۇ بىر داۋلىسىز بىرنېمە، باردى ـ كەلدى قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

**داۋلىسىزلىق** ئى. يولسىزلىق: ئەمەت بۇ ئىشتا تولىمۇ داۋلىسىزلىق قىلدى.

**داۋلىلاشماق** پ. ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئۆز ئارا داۋلى قويۇشماق، داۋلى سۆزلەشمەك: مەن سەن بىلەن داۋلىلىشالمايمەن ھەم داۋلىلاشسامۇ ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن.

**داۋلىلىق** سۈپ ① داۋلىسى بار: بۇ خېلى داۋلىلىق گەپ بولدى. ② داۋلى ئۇقىدىغان: داۋلىلىق ئادەم.

**داۋۇل** ئى. ئوۋغا چىققاندا، ئوۋلارنى ئۈركۈتۈپ بىر يەرگە يىغىش ۋە جەڭدە ئۆز لەشكەرلىرىگە مەدەت بېرىپ، قارشى تەرەپكە ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان مەخسۇس ناغرا.

**داۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى ۋېيگۈەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجە. شاڭۋېيدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**داۋىخور** سۈپ. داۋىسىنى بېرىپ ئەدەپلەپ تۇرمىسا ئۇنىمايدىغان: بىزنىڭ يۇرتنىڭ بېگى داۋىخور ئادەم ئىدى.

**داۋىخورلۇق** ئى. داۋىسىنى يەپ، ئەدەپلىنىپ تۇرمىسا ئۇنىمايدىغان قىلىق، مىجەز: سەن ئانداق داۋىخورلۇق قىلما!

**داۋىماق** پ. دىيال. داۋان ئاشماق.

**دائىر** تىر [ئە] («ـ غا، ـ قا، ـ گە، ـ كە» دىن كېيىن كېلىپ) مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، ئائىت، دائىرىسىدىكى، ئالاقىسى بولغان: تارىخقا دائىر. تېخنىكىغا دائىر كىتابلار.

**دائىرە** ئى [ئە] ① ھالقا، ئايلانما، چەمبەر: دائىرە سىزماق. ② مۇئەييەن چېگرا، پاسىل ئىچىدىكى زېمىن، يەر ـ جاي: شاڭخەيدىن چىقىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ دائىرىسىگە كىردۇق. ③ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بۇ ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بېرىدىغان جاينىڭ مىقياسى، كۆلىمى: ھەرىكەت دائىرىسى. * ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. ④ چەك، چېگرا، چەكلىمە، رامكا: بىر ئىشچىغا رۇخسەت بېرىش كارخانا باشلىقىنىڭ ھوقۇق

دائىرىسىدىكى ئىش. ⑤ (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار، -لەر» بىلەن كېلىپ) بىرەر كەسىپ، ساھە ياكى تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر توپىنى بىلدۈرىدۇ: ھۆكۈمران دائىرىلەر. شەرىئەت دائىرىلىرى. ⑥ (كۆپلۈك قوشۇمچىسى « - لار، - لەر » بىلەن) بىرەر دۆلەت، پايتەخت نامىنىڭ كەينىدە كېلىپ، شۇ دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ: موسكۋا دائىرىلىرى. بېيجىڭ دائىرىلىرى. ⑦ جۇملىدىسى، ئىچى، تەركىبى: مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي نورمال ھالەتتىكى بالىلار دائىرىسىگە كىرىدۇ. ⑧ خىل، تۈر: شەيئىلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە تەرەققىياتى چەكسىز بولىدۇ.

**دائىرىلەنمەك** «دائىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۋان سارايدا بىر پارچە يەر كۆك پەردە بىلەن دائىرىلىنىپ، گىرىمخانا قىلىندى.

**دائىرىلىك** سۈپ. دائىرىسى بار، دائىرىسى بولغان، دائىرە شەكىلدىكى: شۇنداق قىلىپ، ئاۋۋالقى كىچىك دائىرىلىك قەشقەر ئورنىدا 15 يىل ئەتراپىدا بىر گۈزەل يېڭى ئاستانە قەد كۆتۈردى.

**دائىرىلىمەك** پ. دائىرە ئىچىگە ئالماق، پاسىل ئىچىگە ئالماق، دائىرىسىنى بەلگىلىمەك: تاشقىرىغا تاقاپ ياسالغان كىچىك بىر قاش كۆلنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى دائىرىلەپ، كىچىك بىر كۆلچەك ھاسىل قىلغانىدى.

**دائىم** رەۋ [ئە] ھەمىشە، ھەرچاغ، ھەممە ۋاقىت، ھەرقانداق ۋاقىت: كىشىلەر دائىم يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن دەيدۇ.

**دائىما** رەۋ [ئە] دائىم: كاتىپ يىغىن قارارلىرىنى دائىما خاتىرىلەپ ماڭىدۇ.

**دائىملاشتۇرماق** «دائىملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك.

**دائىملاشتۇرۇلماق** «دائىملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش دائىملاشتۇرۇلدى.

**دائىملاشماق** پ. بىرەر ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت دائىملىق ھالەتكە كەلمەك: سىلەردە سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ دائىملىشىشى تازا دېگەندەك ئەمەسكەن.

**دائىملىق** سۈپ. دائىمىي : ئۇ زامانلاردا نامراتلارنىڭ خۇشاللىقى بىردەملىك، قايغۇ - ھەسرىتى دائىملىق ئىكەن.

**دائىمىي** سۈپ [ئە] دائىم بولۇپ تۇرىدىغان، ھەممە ۋاقىت داۋام قىلىدىغان، ھەمىشە مەۋجۇت بولىدىغان: ئۇلار توقۇنۇش بولۇپ قالغان تەقدىردە تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەتتا دائىمىي تەشكىلاتلارنى قۇرىدۇ.

**دائىمىي كومىتېت** پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كۈندىلىك ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ئورگان: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى. سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى.

**دايمال** ئى. دىيال . ساڭگىلاپ كەتكەن شاخ ياكى قىڭغىيىپ قالغان تام قاتارلىقلارنىڭ يىرىلىپ كەتمەسلىكى ، يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن تىرەپ قويۇلىدىغان ياغاچ ؛ تىرەك .

**دايۇەنشۇەي** ئى [خەن] <ھەرب> يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان، يەنى بەزى دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق قىسىملىرىدىكى يۇەنشۇەيلەر ئىچىدە ئەڭ ئالىي قوماندان. ئۇ يۇەنشۇەيدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**دايى** ئى [خەن] كونا. ئامبالنىڭ خىزمەتچىسى: ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە، مەن قانداق قىلاي زۇلۇم دەستىدە.

**دايىماق** پ. دىيال ① تەمىنلىمەك، قامدىماق، باقماق، ② تىرىمەك.

**دە** يۈك ① قوشما جۈملىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، كېيىنكى بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ تېزدىن ئىشقا ئاشقانلىقى ياكى ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھارۋىدىن چۈشتى - دە، ئۆيگە قاراپ چاپتى. ② جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ماختاش، قايىل بولۇش، سۆيۈنۈش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ناخشا دېگەننى سوييدۇ - دە، بۇ قىز. ③ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئۆكۈنۈش، ئەپسۇسلىنىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنداق قىلىپ، بۇ مال قولدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى - دە. ④ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەيىبلەش، تاپا قىلىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ساقلىنىڭغا ئاق كىردى، تېخى ئادەم بولمىدىڭ - دە. ⑤ گەپكە سوئال تۈسىنى بېرىدۇ: بۇ ئاياغدىن سىزمۇ بىر كىشىلىك ئاپسىز - دە؟ ⑥ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئارزۇ، ئىستەك تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇزدەك سۇ بولغان بولسا قانغۇچە ئىچەتتى - دە، كىشى. ⑦ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن چۈشەنچىنىڭ يېڭى ھاسىل بولغانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ پىتنە - پاسات سۆزلەرنى سەن يېيىپ يۈرۈپتىكەنسەن - دە. ⑧ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۈچەيتىش تەرزىدە ئېيتىلىدۇ: ئۇمۇ جان بېقىش ئۈچۈن ئوقەت قىلىشى لازىم - دە. ⑨ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بولغىنىچە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: تاڭنى ئاتقۇزدۇق - تە، بىر ئامال قىلىپ. * جاۋاب بەردىم - دە، بىر نېمىلەرنى دەپ.

**دەبدەبە** ئى [ئە] ① ھاياجاننى ئۇرغۇتىدىغان، لەرزىگە كەلتۈرىدىغان كەيپىيات، قىياپەت، مەنزىرە، ھەرىكەت: كەينىدە لەشكىرى، ئالدىدا ئەلەم، قايتىپتۇ شان - شەرەپ دەبدەبە بىلەن. ② ھەددىدىن زىيادە سۆلەتۋازلىق، ھەشەمەت، تەنتەنە، داغدۇغا: ئۇ قازىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، شەھەرگە دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەپتۇ.

**دەبدەبىسىز** سۈپ. دەبدەبىسى، ھەشەمىتى، داغدۇغىسى يوق: ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش دېگەنلەر مەيلى قايسى جايدا بولسۇن، ھېچقاچان دەبدەبىسىز، تەييارلىقسىز بولمىغان.

**دەبدەبىلىك** سۈپ ① ھاياجاننى ئۇرغۇتىدىغان، لەرزىگە ياكى ۋەھىمىگە سالىدىغان: دەبدەبىلىك ھەرىكەت. دەبدەبىلىك ھەربىي يۈرۈش. * مۇھەببەت قانچە دەبدەبىلىك ۋەدە - قەسەملىك بولغانسېرى شۇنچە يالغانلىشىپ بارىدۇ. ② ھەددىدىن زىيادە سۆلەتلىك، ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق: بۇ يەردە مۇختارىيەت ناھىيەسى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا، دەبدەبىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

**دەپ** «دېمەك» پېئىلىنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بولۇپ، جۈملىدە كۆچۈرمە تەركىب بىلەن بىرىكىپ: ① كۆچۈرمىدىكى مەننى ئىزھار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنداق دېسەم، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نېمىكەن دەپ قالماڭ.

② شەيئىنى شۇ كۆچۈرمىدىكى نام بىلەن ئاتاشنى بىلدۈرىدۇ: ئوغلۇمغا «تەمكىن» دەپ ئات قويدۇم. ③ كۆچۈرمىدىكى پىكىرنى باھانە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: يەرلەرنى زەي بېسىپ كەتتى دەپ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەك، بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى نېمىگە كېرەك؟ ④ كۆچۈرمىدىكى پىكىرنى مەقسەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە كۆرەي دەپ كەلدىم، مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ، بىلەي دەپ كەلدىم. ⑤ كۆچۈرمىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىكەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ (ماقال). * ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويدى. ⑥ كۆچۈرمىدىكى گەپ بىلەن ئەيىبلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: كۆلدى دەپمۇ ئۇرساڭ، يىغلىدى دەپمۇ ئۇرساڭ، زادى قانداق قىلسا بولىدۇ؟ ⑦ كۆچۈرمىدە ئىپادىلەنگەن نەرسىنى تەلەپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: قانچە بۇلبۇللار مازاردا «سۆيگۈنۈم» دەپ سايرىغان.

**دەپ قويماق** ① بىرەر خۇپىيانە گەپ ياكى ئىشنى ئاشكارىلىماق، ئېيتىپ قويماق: ئابلىز تۈنۈگۈن ھاراق ئىچكەنلىكىڭنى ئاتاڭغا دەپ قويدى. ② بىرەر گەپنى بىركىمگە ئېيتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلماق: قاسىم كېتەر ۋاقتىدا ئەھۋالنى ئوقۇتقۇچىمىزغا دەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ③ ئېيتىپ قويماق، خەۋەرلەندۈرمەك، ۋاقىپلاندۇرماق: سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، مەن كەچقۇرۇن بېرىپ ئۆيۈڭدىكىلەرگە دەپ قويىمەن. ④ راستىنى ئېيتماي، قارشى تەرەپنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، باشقىچىرەك بىر گەپ قىلماق: گۈلنار: ــ نېمە ئۈچۈندۈر سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ تۇرالماي كەلدىم، ــ دەپ قويدى.

**دەپ كەتمەك** ① ئىچىدىكى گەپلەرنى ئايىماي سۆزلىمەك، دېمەك: ئۇنىڭ ئىشىغا قاراپ ياشا، ياشا دەپ كەتتىم. ② تەكرار سۆزلىمەك، تەكرارلاۋەرمەك: ــ بۇ گەپنى نېمانچە دەپ كېتىسەن؟ ــ دېدى ئۇ ئايالىغا خاپا بولۇپ.

**دەپ كەلسە گەپ تولا** بىرەر ئىش، ۋەقە ياكى سەرگۈزەشت جەريانىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، ئۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەپتەر** ئى [گىرك] خەت يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن تۈپلەپ تەييارلانغان قەغەز: مەشىق دەپتىرى. شالاڭ سىزىقلىق دەپتەر. ھېسابات دەپتىرى. كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر.

**دەپتەرچە** ئى. كىچىك دەپتەر.

**دەپتەرچى** ئى. دەپتەردار.

**دەپتەردار** ئى. كونا. دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى باشقۇرغۇچى كىشى ــ خەزىنىچى؛ دەپتەرچى.

**دەپتەر ـ قەلەم** دەپتەر، قەلەم ۋە شۇ قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرى: مەكتەپ خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان دەپتەر ـ قەلەم خىراجەتلىرىنى ھېسابىدىن زۇپەر ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

**دەپتىن** ئى. يەرلىك توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈش يىپلارغا موكا بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئارقاقلارنى چىڭىتىدىغان، سۈزگۈچسىمان تىغ ئورنىتىلغان قوش تاختاي: دەپتىن تىغى. دەپتىن شانىسى.

**دەپسە** ئى. دىيال. ئېگەرنىڭ بېلى (قوڭقىسى) ئۈستىگە سېلىنىدىغان، يۇمشاق كۆن ياكى قىرىمدىن ئىشلەنگەن كۆرپە.

**دەپسەتمەك** «دەپسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتا بالىسىغا ئۆگەتتى: ئاۋۋال ئۈنچىلەرنى ئاياغ سېلىپ، ئاتقا قۇرۇق دەپسەت، ئاندىن تۇلۇقتا قوشۇپ ھەيدەپ يۇمشات.

**دەپسەڭ** ئى. تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭ يەر.

**دەپسەن** I ئى. كالتە قونچلۇق پىما.

**دەپسەن** II ئى. دىيال. دەسسەپ يانجىغان پاخال.

**دەپسەندە** ئى. ئاياغ ئاستى: داۋانچىكىدىن ئۆتكەندە، بايانخۇغا يەتكەندە. چېرىكىڭگە مىڭ لەنەت، ئەجەب قىلدى دەپسەندە.

**دەپسەندىلىك** ئى. دەپسەندە بولۇش ھالىتى: ئۇ ئۆلدى ھۆرلۈك دەپ چېچىپ قېنىنى، قوغداپ پاك ۋىجدانىنى دەپسەندىلىكتىن.

**دەپسەنگە** ئى. دىيال. ۋېلىسىپىتنىڭ تەپكىسى، پېدال.

**دەپسىمەك** پ. دەسسەپ، يانجىپ تاشلىماق، ئاياغ ئاستى قىلماق، دەسسىمەك: ھۇ يالغانچى، دەپسەپ بېشىڭنى يانجىماي يەنە!

**دەپشىمەك** پ. ئات ياكى ئېشەكنى مىنگەندە تېز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى بىقىنىغا تەپمەك؛ دېۋىتمەك.

**دەپنە** I ئى [ئە] ئۆلۈكنى يەرلىككە قويۇش، كۆمۈش: نۇردىن ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپلا جان ئۈزۈپتۇ. شاھمۇ، ئەمىرلەرمۇ قايغۇرۇشۇپتۇ. شاھ، ۋەزىرلەر دەپنە رەسمىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.

**دەپنە** II ئى <بوت> ← **لاۋر**.

**دەپنەگاھ** [ئە + پ] قەبرىستان، زاراتگاھ، زاراتلىق: بۇ ئاپاق خوجىنىڭ دەپنەگاھى، ئۇنى ئەللەر قىلىشقان سەيلىگاھى.

**دەپئى** ئى [ئە] يېزت. تۈگىتىش، يوقىتىش، قايتۇرۇش: بۇ مەرەز كېسەلنىڭ دەپئى ئۈچۈن قىلمىغان دورام قالمىدى.

**دەپىنە** ئى [ئە] ① كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق، خەزىنە: ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يېتىپتۇ ـ غۇ، باي غوجامنىڭ دەپىنىسى ئۇچرىدىمۇ نېمە ساڭا؟ ② <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندا جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن تۇرمۇش جابدۇقلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي مۈلۈك.

**دەپىنە ـ دۇنيا** يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھەممە مال ـ مۈلۈك؛ بار ـ يوقى بايلىقىنىڭ ھەممىسى: ئۇنىڭدىن دەپىنە ـ دۇنيا قالدى دېگەندىمۇ، ئۇلارنى ئۇ ئالەمگە ئەكەتكىلى بولارمىدى.

**دەتالاش** ئى. پىكىردە بىرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بىر ـ بىرىگە يول قويماي، ۋارقىرىشىپ گەپ تالىشىش: دەتالاش قىلماق. * بۇ دەتالاش ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ بىركالا، قۇشقاچقا ئېلىپ شادلىق، پاقىۋايغا بىر بالا.

**دەتالاشماق** پ. پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي تالاشماق، تالاش ـ تارتىش قىلماق: توي قىلغاندىن تارتىپ سەن ـ پەن دېيىشمەي ئۆتۈپ كەلگەن قۇددۇس بىلەن ئازادگۈل 200 كوينى قانداق خەجلەش ئۈستىدە دەتالىشىپ قالدى.

**دەتتە ـ دەتتە** بارا ـ بارا، پەيدىنپەي.

**دەتتىكام** ① ئىم. قىمارۋاز تۆت ئوشۇقنى يەرگە ئاتقان چاغدا، مەيدىسىگە ياكى پاچىقىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان سۆز: سىدىق ئاخىرى ھېلىقى ئاق تۇماقىقا بۇرۇلۇپ: ــ قاراپ تۇر، ئوشۇقنى مانا مۇنداق ئاتىدۇ. دەتتىكام، ياپىرىم جەمشىت، ــ دەپ ئوشۇقنى ئېتىپتۇ. ② ئىم. قىمارۋازلارنىڭ دو چىققانلارغا نىسبەتەن دوغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزى. ③ ئى. كۆچمە. قىمار: ئوقەت قىلىشنى ئازغۇنلۇق دېدى، ھەممىنى تىكتى «دەتتىكام» غىلا؛ باشقا كىيدى پۇتۇن مەھەللىنى، ھېچبىر يەرنى قويمىدى ئالا. ④ ئى. كۆچمە. تەۋەككۇل: پەرىزات ئۆيلىنىپ

دېدى: ــ تىرىكچىلىك دېگەنگە ئازراق دەتتىكام قىلماي بولامدۇ؟

**دەججال** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە قىيامەت يېقىنلاشقاندا تۇغۇلۇپ كىشىلەرنى دىندىن ئازدۇ- رۇپ، ئۆز مەسلىكىگە كىرىشكە دەۋەت قىلىدىغان مەخلۇق. ② كۆچمە. ئىنتايىن ئەسكى، ئۆتۈپ كەتكەن يامان ئادەم، ئالدامچى ئايال: كۆيگىنىمنى قىلدى بۇرنۇمدىن بۇلاق، ۋاي ئىسىت، دەججالنى جانان دەپتىمەن.

**دەخلى** ئى [ئە] ① ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت، ئالاقە: پۇل ۋە مۇھەببەت ــ بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە قىلچە دەخلىسى يوق. ② توسقۇن، ھالاقەت، كاشىلا، تەسىر: كۆچەتنى تىككەندىن كېيىن ئۇنى دەخلىگە ئۇچراتماي پات - پات سۇ قۇيۇپ ئاسراش لازىم.

**دەخلى - تەرۇز** توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىق، چېقىلىش ۋە تېگىش: بەزى جايلاردا دەخلى - تەرۇزلار قاتتىق چەكلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتماقتا ۋە ئەندىشىگە چۈشمەكتە.

**دەخلىسىز** سۈپ. توسقۇنلۇق ۋە دەخلى - تەرۇزدىن خالىي، ھەرقانداق زەرەر ۋە خېيىم - خەتەرلەردىن قوغدىلىدىغان؛ ھىمايە قىلىنىدىغان: دەخلىسىز ھەرىكەت.

**دەخلىسىزلىك** ئى. دەخلىگە ئۇچرىماسلىق: پۇقرالارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ دەخلىسىزلىكى تولۇق ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك.

**دەخمىزە** ئى [ئە] ئارتۇقچە باش ئاغرىقى، تەشۋىش، يۈك، ئېغىرچىلىق، پۇتلىكاشاڭ: رەشك ــ ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان بىرخىل دەخمىزە ۋە مەرەزدۇر.

**دەخۋىچى** ئى. دىيال. ئاغلاقچى، خەۋەرچى، گەپكە ئارىلاشقۇچى.

**دەر** ئى. دىيال. شارىك، ساقا.

**دەرەبزۇن** ئى [پ] دېرىزىگە ياغاچتىن چىقىرىلغان گۈل، نەقىش.

**دەرەبزۇنلۇق** سۈپ. دەرەبزۇنغا ئىگە، دەرەبزۇن ئورنىتىلغان: ئۆلارنىڭ دەرەبزۇنلۇق ئويما گۈللىرى، مېھراب شەكىللىك نەقىشلىرى، سەي قەلەم ۋە قىيما تۇۋرۇك زىننەتلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى.

**دەرەخ** ئى [پ] <بوت> غولى ئېگىز ۋە يوغان، ئاساسىي غولى بىلەن شاخلىرىنىڭ روشەن پەرقى بولغان، كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**دەرەخزار** ئى [پ] دەرەخلىك: دەرەخزار ئارىسىدا سايرار كاككۇك. تومۇچۇق ئۇن قاتىدۇ ئاڭا تىنماي.

**دەرەخزارلىق** ئى ← **دەرەخلىك**: قىز دەرەخزارلىقتىكى بىر ئورۇندۇقتا يالغۇز كىتاب كۆرۈپ ئولتۇردى.

**دەرەخسىز** سۈپ. دەرىخى يوق، دەرەخ ئۆسمىگەن: دەرەخسىز ھويلىغا كىرسەم بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى. بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم، سىنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

**دەرەخسىمان** سۈپ. دەرەخكە ئوخشايدىغان، دەرەخكە ئوخشاش شاخلايدىغان: ھۈجەيرە ئۆسۈكچىسى ھۈجەيرە تېنىنىڭ سىرتقى قىسمىدا بولۇپ، دەرەخسىمان ئۆسۈكچە ۋە ئوقسىمان ئۆسۈكچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**دەرەخلىك** ئى. نۇرغۇن دەرەخلەر توپ ياكى تۈتاش ئۆسكەن يەر: شۇ چاغدا يول بويىدىكى دەرەخلىكتىن بىر ئاچ كۆز بۆرە ئېتىلىپ

چىقىپتۇ.

**دەرەش** ئى [پ] مۆلە، توقۇم، چوم قاتارلىقلارنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، يىپنى ئۆچىغا ئىلىپ قويۇپ تارتى- دىغان چوڭ بىگىز.

**دەرەڭگە** ئى ① كالتەك، تاياق، توقماق: كەچ قالغان قاراڭغۇ- دىن قورقماپتۇ، ئەرگە تەگكەن دەرەڭگىدىن قورقماپتۇ (ماقال). ② كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتمەس- لىكى ئۈچۈن تىزىغا تېگىپ تۇرغۇدەك قىلىپ، بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان كالتەك. ③ قولغا ئۆگىتىلىدىغان قۇشلارنىڭ ئۈچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن باشبېغىغا چىگىپ قويىدىغان ھەم قونداقلىق رولىنى ئوينايدىغان كىچىكرەك كالتەك.

**دەرەندە- چەرەندە ← دەررىندە- چەررىندە.**

**دەربەدەر** سۈپ [پ] يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان، سەرسان ۋە سەرگەردان بولغان، ساياق: دەربەدەر كىشىنىڭ بارمايدىغان يېرى، كىرمەيدىغان تۆشۈكى بولمايدۇ. // بۇ ئۆلۈم يالغۇز ئۆلۈم، بارچىگە كەلگەن ئۆلۈم، ھەزرىتى ئادەمئاتىنى دەربەدەر قىلغان ئۆلۈم.

**دەربەست** رەۋ [پ] تەڭ، بىللە، باراۋەر: ئېرپان بىلەن لۇتپۇللا مەغرۇر ۋە دەربەست قەدەم تاشلاپ، ھېيتگاھنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر بوشلۇقتا بېرىپ توختىدى.

**دەرپەردە** ئى [پ] ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ پەردىسى ياكى ئۆينىڭ مەلۇم بۆلىكىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە.

**دەرد** ئى [پ] ① كېسەللىك ئازابى، ئاغرىق: دەرد قىلماق. دەردكە چېلىقماق. * يۈز پىچاقنىڭ دەردىنى بىر پىچاقچە كۆرمىدىم، مىڭدىن بىرنى ئاشىق ئەتتىم، بىرسىنىڭدەك كۆرمىدىم. ② كۆچمە. روھىي ئازاب، ئەلەم، غەم - ئەندىشە، ھەسرەت - نادامەت: چوڭقۇر دەرد. ئىشق دەردى. ھىجران دەردى. * دەردى يوققا ۋاي چىشىم دېمە (ماقال). * ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆگىدىن يوغان (ماقال). ③ بىرەر ئېھتىياجلىق نەرسىنىڭ كەملىكى، يوقلۇ- قىدىن كېلىپ چىققان غەم - غۇسسە، باش قېتىنچىلىقى: سىلى ئەر، مەن خوتۇن، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۆيدە نېمە يوق بولسا، شۇنىڭ دەردى سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ تەڭ ئەمەسمۇ؟

**دەردىگە دەرمان بولماق** ئاغرىق، مۇشكۇلات ۋە باشقا ھەرخىل روھىي ئازابلارنى يەڭگىللىتىشكە مەدەت ۋە ياردەمدە بولماق: سەن دوختۇرغۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن خەق بىلەن ئورۇشماس- لىقىڭ، ياردارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇڭ لازىم.

**دەرد - ئەلەم** دەرد، ئەلەم ۋە شۇ خىلدىكى روھىي ئازابلار: قىز گويا ھەممە دەرد - ئەلىمىنى كۆز ياشلىرى بىلەنلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئېزىلىپ يىغلىماقتا ئىدى.

**دەرد - ئەلەملەنمەك** «دەرد - ئەلەملەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەرد - ئەلەملەنمەك** دەرد، ئەلەم ۋە شۇ خىلدىكى روھىي ئازابلارغا ئىگە قىلماق: «ئىچىڭىزنى دەرد - ئەلەملەپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ ...» دەپ يازغانىدى ئۇ خېتىدە.

**دەرد - ئەھۋال** يولۇققان دەرد ۋە ھال - ئەھۋال: كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ پەرزەنت ئەسكەرلەرنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيدىغان، ئىشەن- نىدىغان، دەرد - ئەھۋالىغا يېتىدىغان بولدى.

**دەرد - پىراق** ئايرىلىش، ھىجراننىڭ روھىي ئازابلىرى،

ئايرىلىش دەردى: كېتىمەن شول ئايگۈلۈمنىڭ قاشىغا، ئاپتاپ چاقسا سايە بولاي باشىغا. بولاي دەيمەن ئايگۈلۈمنىڭ ياغلىقى، دەرد ـ پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

**دەرد ـ پىغان** خىلمۇخىل روھىي ئازاب ۋە بۇنىڭدىن ئىپادىلەنگەن داد ـ پەرياد، نالە، دەرد ۋە پىغان: چال دوستۇم دۇتارىڭنى، چال مۇقامغا، ئاڭلىسۇن مەشرەپ، ناۋايى، ھۇۋەيدا، تىڭشىسام شۇ قىز تارتقان دەرد ـ پىغانىنى، سەنەم، زۆھرە كۆز ئالدىمدا بولۇر پەيدا.

**دەرداش** ئى ① باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىپ ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچى، ھەمدەرد: تالىپ ئاشۇ كۈنلەردە مېنى تاشلىماي، مۇڭ ـ زارىمغا يەتكەن بىردىنبىر دەرددىشىم بولۇپ ئۆتكەنىدى. ② بىر كىم بىلەن دەردنى تەڭ تارتقان، ئۇنىڭ بىلەن دەردى ئوخشاش كىشى: جەم بوپتۇ مېھرىبان يۇرتداشلىرىم، ئاھ، ئەزىز يولداشلىرىم، دەرداشلىرىم.

**دەردسىز** سۈپ ① دەردى يوق، دەرد ـ ئەلەم چەكمىگەن. ② دەرد ـ ئەلەم ئىپادىلەنمەيدىغان، مۇڭسىز. ③ دەرد ـ ئەلەم چەكمەي، دەردكە مۇپتىلا بولماي ئۆتكەن: دەردسىز تۇرمۇش.

**دەردلەشمەك** پ ① ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە دەردلىرىنى تۆكۈشمەك، دەرد ئېيتىشماق: قاسىم ۋە مەن ئىككىمىز بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ئېيتىشىپ دەردلەشكەچ ئۆتكۈزدۇق. ② دەردلىك ھالەتكە كەلمەك، دەردكە تولماق: بۇ پىتنىلەرنى ۋە بولمىغۇر سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېخىمۇ دەردلىنىپ، ئۆرتىنىپ كۆزۈمدىن ئۇيقۇمۇ قاچتى.

**دەردلىك** سۈپ ① دەردى بار، دەرد ـ ئەلەم چەككەن: مېھرىبانىم ئانا! غەم ـ قايغۇلار ئىچىدە قالغان دەردلىك ئوغلۇڭ روزىدىن سالام. ② دەرد ـ ئەلەمنى ئىپادىلەيدىغان، مۇڭلۇق: ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەردلىك كۆز يېشىنى يات ئادەملەر تۇرماق، يۈرەك ـ باغرىنى يېرىپ چىققان ئارزۇلۇق قىزى زەينەپتىنمۇ يوشۇراتتى. // ئاھ دەپ ئويغىنىپ كەتتىم، دەردلىك تولغىنىپ كەتتىم. باغۇەن قىز، قاچان دەيمەن مۇرادىمغا مەن يەتتىم؟ ③ دەرد ـ ئەلەم چېكىپ، دەردكە تولۇپ ئۆتكەن: نەزەر سېلىپ ئۇزاققا ھېكايەمنى باشلىدىم. ئەسكە چۈشۈپ دەردلىك كۈن، كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

**دەردمەن** سۈپ [پ] دەردى بار، دەرد ـ ئەلەم چەككەن، دەردلىك: دەردمەن قىزنىڭ بۇ بۇلاقتا پۈتكەچ ئارامى، شۇ قىسمەتتىن «دەردمەن بۇلاق» بولغانىدى نامى. // نېچۈك داۋا بولمايدۇ دەردكە؟ نېچۈن دەردمەن داۋا كۈتمەيدۇ دەردكە؟

**دەردمەنلىك** ئى. دەردلىك ھالەت: ساۋۇر ئاكام ئۆتمۈشتىكى دەردمەنلىكنى ئېچىنىشلىق قىلىپ سۆزلىدى.

**دەرد ـ ھەسرەت** دەرد ۋە ھەسرەت: ئۇ نومۇس ئازابى ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى.

**دەردۇئەلەم** دەرد ۋە ئەلەم.

**دەردۇبالا** دەرد ۋە بالا؛ خىلمۇخىل روھىي ئازاب ۋە جاپا ـ مۇشەققەت: زامانىنىڭ دەردۇبالاسىدىن ساقايماس كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغان خەستە دىللار داۋالىنىپ ئەسلىگە كەلدى.

**دەردىسەر** ئى [پ] باش ئاغرىقى، باش ئاغرىيدىغان ئىش، ئارتۇقچە تەشۋىش: مۇنداق ئوينى ئويلىماق بىردەردىسەر، ئەمما مەندە بۇنداق ئويدىن يوق ئەسەر. // مۇشۇ دەردىسەر قىچىنى يىغىۋېلىشتىن مىڭ مەرتىۋە كەچسەم نېمە بولىدۇ.

**دەردىسەرلىك** ئى. باش ئاغرىتىدىغان ئىش؛ ھالەت: ـــ بۇ ئىشنىڭ دەردىسەرلىكىنى دېمەمدىغان، ـــ دېدى ئەكبەر ئاخىرقى

جۈملىنى ئېغىزدىن چىقىرىۋېتىپ نەزىرىنى ئىشخانىدا ئولتۇرغان ھەممەيلەنگە ئاغدۇردى.

**دەررە** ئى. كونا. ئۇچ ـ تۆت قەۋەتلىك چەم ئارىسىغا قۇم ئېلىپ تىكىلگەن ياغاچ ساپلىق پالاق. ئۆتمۈشتىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ ئەدەپلەش ۋە جازا قوراللىرىدىن بىرى.

**دەررە دەست** ئى. كونا. دەررە تۇتقۇچى، دەررە بىلەن ئۇرغۇچى: خوجا پەخىردىنىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ كېتىۋاتقان دەررە دەستىلەر «يول ئېچىڭلار، خوجا پەخىردىن ئەۋلىيا ھەزرەتلىرى كەلدى» دەپ ۋارقىرايتتى.

**دەررۇ** رەۋ [پ] كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، تېزلىك بىلەن، دەرھال: بوۋايغا رەھمەت ئېيتىشىپ يىگىت ـ قىز دەررۇ تارقالدى.

**دەررىلەتمەك** «دەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى: مەممەت بەگ قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياقۇپنى دەررىلەتمەكچى بولدى.

**دەررىلەنمەك** «دەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ھاياسىزلارنىڭ ئەركەكلىرى 30، ئاياللىرى 20 دىن دەررىلەنسۇن!

**دەررىلىمەك** پ. دەررە بىلەن ئۇرماق: شۇنداق قىلىپ قازى ھېلىقى زىناخورنى 40 نى دەررىلەشكە بۇيرۇپتۇ.

**دەررىندە** ئى [پ] گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋان.

**دەررىندە ـ چەررىندە** گۆشخور ۋە ئوتخور ھايۋانلار: ئەجدىھا، سۇمۇرغ، شىر، سىياھخور، دۇلدۇل، تاشپاقا، سۇلەيسۇن، يىلپىز، كالا، بىجىق قاتارلىق ئون خىل دەررىندە ـ چەررىندىلەرنىڭ ھەيكەللىرى ئۆز رەت تەرتىپى بويىچە ئورنىتىلغانىدى.

**دەرس** ئى [ئە] ① مەكتەپلەردىكى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات، پائالىيەت: ھەممە ئوقۇغۇچى دەرسكە تولۇق قاتناشتى. ② كۆچمە. مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان پەن: بىرىنچى سائەتتىكى دەرسىمىز ئالگېبرا، لېكىن دەرس ئوقۇتقۇچىسى كېسەل. ③ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ بىر بۆلىكى: «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» نىڭ بىرىنچى قىسمى 25 دەرستىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 ~ 6 ـ دەرسكىچە نۇقتىلىق فونېتىكىلىق بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان. ④ كۆچمە. تەجرىبىلەر، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن نەتىجە، ساۋاق، ئىبرەت: يۇقىرىقى ئېيتىلغان گەپلەر ئۇنىڭغا بىر قىممەتلىك ئەمەلىي دەرس بولدى.

**دەرسخانا** ئى [ئە + پ] دەرس ئۆتىدىغان ئۆي، سىنىپ: باتۇر بىردەم مەدرىسە ئىچىنى ئايلانغاندىن كېيىن ئاستا دەرسخانىغا كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇردى.

**دەرسگۇي** سۈپ [ئە + پ] دەرس ئۆتىدىغان، دەرس سۆزلەش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان (كونا مەكتەپلەردە): دەرسگۇي ئادەم.

**دەرسگۇيلۇق** ئى. دەرس بېرىش ئىشى، كەسپى، مۇئەللىملىك: دەرسگۇيلۇق قىلماق.

**دەرسگۇيلۇق قىلماق** دەرس ئۆتمەك، دەرس سۆزلىمەك: يۇرتىمىزدىكى زامانىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى بولغان «قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «كوچا سامساق مەدرىسەسى» قاتارلىقلاردا دەرسگۇيلۇق قىلغان مۇددەرسلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىل ئۇيغۇرچىدىن باشقا، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان كۆپ تىللىق زىيالىيلاردىن بولغان.

**دەرسلىك** ① ئى <مائار> پەننىڭ بىر ساھەسى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆگىنىشى ۋە دەرس تەكرارلىشى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن كىتاب. ئادەتتە ئۇ ئوقۇتۇش

پىروگراممىسى بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلىدۇ: باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى. ② سۈپ. دەرس قىلىپ ئۆتۈشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان، دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدىغان: دەرسلىك كىتاب. دەرسلىك ماتېرىيال.

**دەرغەزەپ** ئى [پ + ئە] قاتتىق غەزەپ: — قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، بەرمەيمەن دېدىم، بەرمەيمەن! — دەپ ئۆچكىگە تېخىمۇ مەھكەم يېپىشتى سادىرقۇل دەرغەزەپتە.

**دەرقەم** رەۋ [پ + ئە] روبىرو، بىرىيەردە، كۆز ئالدىدا: دەرقەم تۇرماق. دەرقەم قىلماق.

**دەرقەمتە** رەۋ. ئۆزئارا بىرىيەرگە جەم، تەخ بولۇپ، بىرلىكتە: ئەتىگەنلىك چاينى ئۇلار پېشايۋان سۇپىسىدا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ئىچىشتى.

**دەرقەمتىلىك** ئى. ئۆزئارا بىر يەرگە جەم بولۇش ئىشى: ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى «ئۇيغۇرلاردا ياشانغانلار بىلەن بالىلارنىڭ دەرقەمتىلىكى» ئىدى.

**دەرقەمسىز** رەۋ. كۆز ئالدىدا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دەرقەمتە، روبىرو بولمىغان ئەھۋالدا: قازاقىستان يېقىندا جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جاۋابكارنى دەرقەمسىز سوت قىلىشقا بولىدۇ.

**دەركار** سۈپ [پ] ىېزت. كېرەك، لازىم: بىرمۇ جاۋاب بەرمىدىڭ، ئەۋەتكەن شۇنچە خەتكە. ھېچ نەرسە دەركار ئەمەس، سەن ئۈچۈن تارتقان دەردكە.

**دەرگاھ** ئى [پ] ① تۇرار جاي: غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئارقار يولۋاسنىڭ دەرگاھىدىن چىقىپ كەتتى. ② ئىشىك ئالدى؛ ھۇزۇر: — مەن يولۋاس، تېخىچە ھاياتمەن، مېنى سىزنىڭ ئىشقىڭىز شامىلى يەنە دەرگاھىڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەلدى.

**دەرگۇمان** رەۋ [پ] گۇمانلىنىپ، گۇمان، شۈبھە بىلەن: مەن بۇنىڭغا تازا ئىشىنەلمەي، دەرگۇمان تۇرۇۋاتىمەن.

**دەرگۇماندا** رەۋ. ئىككىلەنگەن ھالدا، گۇمانلىنىپ: ئابابەكرى دەرگۇماندا بولغاندەك، سابىرغا قاراپ قويدى.

**دەرگۇمانلىق** ئى. ئىككىلەنگەن، گۇمان قىلىپ تۇرغان ھالەت: نەسرەم بىرئاز سەگەكلەشتى، چۈنكى ئالدىدا تۇرغان بۇ نىقابلىق مەخلۇقنىڭ خىڭىلداپ گەپ قىلىشلىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇر تونۇش بىركىمنى ئەسلەتكەنىدى. نەسرەم دەرگۇمانلىقتا ۋارقىرىدى.

**دەرمان** ئى [پ] ① ماغدۇر، مادار، كۈچ: ھەسەن دولانىمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمەكچى بولدى ـ يۇ، دەرمانى يەتمىدى. ② كۆچمە. مەدەت، ياردەم: قىپقىزىل تاڭنىڭ نۇرىغا چۆمگىنىمدە ياشىرىپ، كۈچكە تولدۇم ياش يىگىتتەك ئاشۇ نۇر دەرمان بولۇپ. ③ چارە، ئىلاج، داۋا: ئۇ ئەمدى مەنمۇ ئاپامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇم كېرەك، يەنىلا قىڭغىر يولدا مېڭىۋەرسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

**دەرمانسىز** سۈپ. دەرمانى، ماجالى، ماغدۇرى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق، زەئىپ: سادىق دەرمانسىز قوللىرى بىلەن كونۋېرتنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىكى ئادرېسقا ئاستا قاراپ چىقتى. // ئۇ پەقەت مۇلايىملىق بىلەن كۇلۇمسىرەيتتى ۋە بىرئاز دۇدۇقلاپ دەرمانسىز جاۋاب بېرەتتى.

**دەرمانسىزلاشماق** پ. دەرمانى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى كېتىپ بوشاشماق؛ زەئىپلەشمەك: ئۇ ئۆز بەدىنىنىڭ بوشاپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ پۇتۇنلەي دەرمانسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**دەرمانسىزلاندۇرماق** «دەرمانسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەرمانسىزلانماق** پ. ماداری، كۈچ ـ قۇۋۋىتى كېتىپ ئاجىزلاشماق؛ ماغدۇرسىزلانماق، كۈچسىزلەنمەك: ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. پۇت ـ قوللىرى دەرمانسىزلاندى.

**دەرمانسىزلىق** ئى. دەرمان، كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق ھالەت: سادىقنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىسلىسىز دەرمانسىزلىقنى ياشلىق كۈچى ۋە ئۈمىدۋار ئىرادە ئاخىر يەڭدى.

**دەرمانلانماق** پ. كۈچ ـ قۇۋۋەت يىغماق، روھىي كۆتۈرۈلمەك، روھلانماق: مەدەت، مەسلىھەتلەردىن دەرمانلانغان قىز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**دەرمەھەل** رەۋ [پ + ئە] ← **دەمال:** مەن ئۇنىڭ بۇنچە خۇش پېئىل مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ، دەرمەھەل گەپ قىلالماي قالدىم.

**دەرمەھەللىككە** رەۋ ← **دەماللىققا:** شەۋكەت ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرمەھەللىككە چۈشىنەلمىدى.

**دەرھال** رەۋ [پ + ئە] شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كېچىكتۈرمەي، تېزدىن: ئۇ ئاۋازنىڭ بۆلەكچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

**دەرھەقىقەت** يۈك [پ + ئە] ھەقىقەتەن، راستتىن، راستىنى ئېيتقاندا: دەرھەقىقەت بۇ يىل بۇغداي بالدۇر پىشىپ، قوناقلار ۋاقتىدا تېرىلدى.

**دەرھەم** ئى [ئە] ① ئەرەبلەر بۇرۇن ئىشلەتكەن كۈمۈش پۇل بىرلىكى. ② ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ماراكەشنىڭ پۇل بىرلىكى. ③ چاغاتاي خانلىقىنىڭ 1318 ـ يىلىدىن 1326 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن خانى كېپەك خان تەرىپىدىن قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش پۇل، ئالتە دەرھەم بىر دىنارغا تەڭ ئىدى. ④ كۆچمە، ئىقتىساد، مال ـ مۈلۈك: ئۇلار ئۇيغۇر تىجارىتىدە تەنھا شىركەتلىشىشتىن شىركەتلەر گۇرۇھى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا تەرەققىي قىلىپ، ئىشسىز ۋە ئاشسىز قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى سىلىيالىغۇدەك كۆلەم ۋە دەرھەم شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن چىلىشماقتا ۋە ئېلىشماقتا.

**دەرۋازا** ئى [پ] ھويلا، قورغان، قەلئە، زاۋۇت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئورنىتىلىدىغان سىرتقى چوڭ ئىشىك: ياغاچ دەرۋازا. تۆمۈر دەرۋازا.

**دەرۋازىلىق** سۈپ ① دەرۋازىسى بار، دەرۋازا ئورنىتىلغان: تۆمۈر دەرۋازىلىق ھويلا. ② دەرۋازا قىلىشقا يېتەرلىك، دەرۋازا ياساشقا يەتكۈدەك: بىر دەرۋازىلىق ياغاچ.

**دەرۋازىۋەن** ئى [پ] دەرۋازىغا قارىغۇچى كىشى. دەرۋازا ساقچىسى: شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بايراق كۆتۈرگەن دەرۋازىۋەن تۇراتتى.

**دەرۋازىۋەنلىك** ئى. دەرۋازىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا قاراش ئىشى: دەرۋازىۋەن ھېلىقى كەمپىرنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنى دەرۋازىۋەنلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى.

**دەرۋەقە** يۈك [پ + ئە] ھەقىقەتەن، راستتىنلا، دېگەندەك: سىلى بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام دەرۋەقە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ. * دەرۋەقە، سېلىم ئاكا ئۇنچىۋالا ياش ئەمەس ئىدى.

**دەرۋەڭ** ئى. دىيال. ئىشىك.

**دەرۋىش** ئى [ پ ] ① <دىن> مال ـ دۇنيادىن كېچىپ خۇداگۇيلۇق بىلەن خانىقا ياكى مەلۇم بىر ئىبادەت ئورنىدا ئىستىقامەت بىلەن ياشىغۇچى كىشى، سوپى. ② كۆچمە.

تەركىدۇنيا بولۇپ يۇرت كەزگۈچى، جاھانكەچتى: شاھىزامان قايتىدىن دەرۋىش بولۇپ، شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، چۆل ـ باياۋانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

**دەرۋىشانە** رەۋ [پ] دەرۋىشلەرچە: ۋە ياكى شۇم پەلەك ياۋۇزلۇقىدىن، ئەلەم يەتكەچ يەنە يالغۇزلۇقىدىن، تاپاي دەپ ئارامگاھتىن نىشانە، كېزەمدۇ كۆك يۈزىدە دەرۋىشانە.

**دەرۋىشلەرچە** رەۋ. دەرۋىشلەرگە خاس بولغان، دەرۋىشلەرگە ئوخشاش: دەرۋىشلەرچە تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**دەرۋىشلىك** ئى. دەرۋىشلەرگە خاس، دەرۋىشلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت، ئىش: ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىغا ساخاۋەت ۋە تىلەمچىلىكنى، بويتاقلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى، دەرۋىشلىك ۋە ئىبادەتگۈيلۇقنى قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

**دەرىجە** [ئە] ① ئى. مەنسەپ، مەرتىۋە، ئورۇن: مەن سېنى بۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈشۈمدىن مەقسەت باشقىچە ئىدى. ② ئى. شەيئىلەرنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتە ئاز ـ كۆپلۈك، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ياكى سۈپەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى، چېكى: دەرىجىگە بۆلمەك. ③ ئى. تەرەققىي قىلىش، راۋاجلىنىش پەللىسى؛ سەۋىيە: مەلۇمات دەرىجىسى. * ئىشىنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ ④ ئى. كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىدىكى مەلۇم تەرتىپتە ئۆرلەپ ماڭىدىغان ھەربىر باسقۇچ: بۇ يىل ئۇنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستى. ⑤ ئى <تىل> بەلگە، خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئارتۇق ـ كەملىكىنى، ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگە بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى گىراماتىكىلىق فورما، كاتېگورىيە: سۈپەت دەرىجىلىرى. پېئىل دەرىجىلىرى. ⑥ ئى <مات> بىر ساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل. مەسىلەن: T نىڭ N نىنچى دەرىجىسى $T^N$ بولىدۇ. ⑦ سۈپ. مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان: دەرىجە سان. ⑧ ئى. ھوقۇق دائىرىسى بويىچە چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىپىگە ئىگە جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئورگان: دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلماق.

**دەرىجە سان** <تىل> شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان «بىرىنچى، بەشىنچى، ئونىنچى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر.

**دەرىجىلىك** سۈپ. مەلۇم دەرىجىگە ئىگە بولغان، ئېرىشكەن؛ مەلۇم دەرىجىگە توشىدىغان: بۇ ئالىي دەرىجىلىك چەينەكنى شاڭخەيدىن ئالدۇرغانسىز ـ ھە؟

**دەرىجمۇدەرىجە** بىر دەرىجىدىن يەنە بىر دەرىجىگە، تەدرىجىي: ئۇ بىراقلا نازىر بولغان ئەمەس، بەلكى دەرىجمۇدەرىجە كۆتۈرۈلۈپ نازىر بولغان.

**دەرىخ** ئىم [پ] ئەپسۇس، ئىسىت، پۇشايمان: يانۋارنىڭ سەككىزى چۈشتى تولۇق، ھەر يىلى كەلسە ئاشۇ كۈن، ئاھ دەرىخ! بىر ئۇلۇغ چىقمايدۇ ئەستىن، بىر بۇزۇق.

**دەرىخا** ئى [پ] ھەي ئىسىت، ئەپسۇس: دەرىخا، ئايرىلار بولدۇم مانا مەن ئەمدى يارىمدىن، مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن دەردمەن يار زارىمدىن.

**دەريا** ئى [پ] ① ۋادا سىرغىمىسىدىن مەركەزلىشىپ قوۋۇلۇش جايىغا ئېقىپ تۇرىدىغان تەبىئىي چوڭ سۇ ئېقىنى: دەريا بويىغا چىقسا، ئۇزۇن ساينىڭ قاراسى، نەدىنمۇ تېپىلاركىن، بۇ دەردىمنىڭ داۋاسى. ② كۆچمە. كەڭ، بەئەينى دەريادەك چوڭ: ئۇنىڭ قورسىقى دەريا، ئۇ بىرەر كىمگىمۇ يامانلىقنى ئويلىمايدۇ.

**دەريا بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ياندۇرۇپ كەلمەك** مەنپەئەتنى كۆرسىتىپ قويۇپ، مەنپەئەتنى يەتكۈزمەسلىك: ياسىن، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىش ـ بېرىش قىلما، ئۇ سېنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ياندۇرۇپ كېلىدىغان ئادەم.

**دەريادىن بىرتامچە** ساناقسىز كۆپ نەرسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى؛ ناھايىتى ئاز: — بۇگۈن يولداشلارنىڭ نەتىجىلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى دەريادىن بىرتامچە، يەنە بىرقانچە كۈن سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ.

**دەريا ـ دەريا** ناھايىتى كۆپ، ھەددى ـ ھېسابسىز: قاتتىق ئۇرۇشتا قانلار دەريا ـ دەريا ئېقىپتۇ، باشلار تاغدەك ـ تاغدەك دۆۋىلىنىپتۇ.

**دەريادەك** ① رەۋ. ناھايىتى كۆپ، سۇدەك، سەلدەك: دەريادەك ئاقتى قان، ئەمما چۈشمىدى، بۇ يېغىش بايرىقى ئۇلار قولىدىن. ② سۈپ. كەڭ، چوڭ: ئۇ قورسىقى دەريادەك بىر ئادەم ئىدى.

**دەريالاپ** رەۋ. دەريا ھاسىل قىلىپ، دەرياغا تولدۇرۇپ؛ ناھايىتى كۆپ: ئۇلار ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن دەريالاپ قانلىرىنى تۆككەندى.

**دەريايى** ئى. دىيال. سەيناق يېپتىن توقۇلغان رەخت.

**دەز** [پ] ① سۈپ. يېرىلغان، چاك ھاسىل بولغان: دەز تام. دەز چىنە. ② ئى. يېرىلغان، چاك كەتكەن جاي، يېرىق سىزىق: تامدا پەيدا بولغان دەز بارغانچە يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. ③ ئى <گېئول> تاغ جىنسلىرىنىڭ قېتىشىشى ياكى سۇدىن ئاجراش ۋاقتىدا ھەجمى كىچىكلەش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ياكى تاغ جىنسلىرى كۈچىنىشكە ئۇچراپ شەكىللەنگەن چاك.

**دەز كەتمەك** ① دەز، چاك، يېرىق پەيدا بولماق: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئايالىمغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ دەز كەتكەن پىيالىدە چاي قۇيغىنى ئاز كەلگەندەك، ياغىسىز ھالۋا بىلەن مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. ② كۆچمە. ئاساسىغا يامان تەسىر يەتمەك، بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ يامان تەسىرىگە يولۇقماق: ئۆز سەلتەنەتىگە دەز كېتىدىغان بۇ ئىشلاردىن پادىشاھ خەۋەرسىز ئىدى. ③ كۆچمە. باشقىلارغا دېيىلگەن گەپنى ئۆزىگە ئەكەتمەك: تۇمشۇقلىرىڭ سوزۇلۇپ كەتتىغۇ سېنىڭ، دەز كېتىپ قالدىمۇ نېمە؟

**دەزگىل** ئى [پ] موزدۇزچىلىقتا تىكىلىدىغان كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىقلارنى قويۇپ ئۈستىدىن باستۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان تاسما.

**دەزمال** ئى [پ] ① ئىچىگە چوغ سېلىپ ياكى توك بىلەن قىزىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق، كىيىم ۋە رەختلەرنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماشىنىچىلىق ئەسۋابى: نۇرنىسا دەرھال بۇرۇلدى ـ دە، دەزمالنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىسقا كۆزى چۈشتى. ② كىيىم ـ كېچەك، رەختلەرگە دەزمال سېلىپ تۈز، سىلىق قىلىنغان ھالەت: تۇرسۇننىڭ ئەتىگەن دەزماللىغان كۆڭلىكىنىڭ چۈشكە قالماي دەزمىلى كەتتى.

**دەزمالچى** ئى. يۇيۇش، تىكىش ئورۇنلىرىدا دەزمال سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**دەزماللاتماق** «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم پۈتكەن كىيىملەرنى كىيىپ كۆرۈپ، شىمىنى قايتا دەزماللىتىپ قىرلىرىنى چىقارغۇزدى.

**دەزماللاشماق** ① «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار كىيىملىرىنى دەزماللىشىپ ئويۇن مەيدانىغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتاتتى. ② دەزمال سېلىشقا ياردەملەشمەك: قىز ئوغۇغۇچىلار ئۇلارغا كىيىملىرىنى دەزماللىشىپ بەردى.

**دەزماللاقلىق** سۈپ. دەزماللانغان، دەزمال سېلىپ تەييارلانغان: دەزماللاقلىق پەلتو.

**دەزماللانماق** «دەزماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولىدىكى تور سومكىدا دەزماللانغان ئاپئاق خالات بىلەن ئاق خەسە بۆك كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى.

**دەزماللىماق** پ. دەزمال بىلەن بېسىپ پۇرلەشكەن جايىنى سىلىقلىماق، دەزمال سالماق: نۇرنىسا كىيىم - كېچەكلەرنى ئەككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ دەزماللىدى.

**دەس** رەۋ [پ] كۈچ بىلەن، زور بىلەن: دەس كۆتۈرمەك.

**دەست** ئى [پ] قول، كېپت: بىراق ھېچ ئىشنى دەستىمگە ئالالمىدىم.

**دەستار** ئى [پ] يېزت ← **سەللە:** موللىنى نەدىن بىلۇرسىز، دەستارىدا قەلىمى. بىۋاپانىڭ دەردى يامان، تۈگمەيدۇ ئەلىمى.

**دەستارگۈل** ئى [دەستار + گۈل] <بوت> مورەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ئورنىدا ئومۇميۈلۈك تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**دەستارپېچى** ئى. كونا. سەللە ئورىغۇچى ياكى لۆڭگە تۇتۇپ قولىغا سۇ بەرگۈچى مۇلازىم: ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ خابگاھىدا كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن دەستارپېچىنىڭ قولىدىن كولاھو - دەستارنى ئېلىپ بېشىغا كىيىپ، ئەمدى شاھنىشىنىغا چىقاي دەپ تۇراتتى.

**دەستە** I ئى [پ] ① ھەرخىل ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى؛ ساپ: كەتمەن دەستىسى. قامچا دەستىسى. پىچاق دەستىسى. ② دۇتار، راۋاب، ساتار قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تار ياكى سىم تارتىلغان، پەدە باغلىنىدىغان قىسمى. ③ قول - پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يەرلىك توقۇمىچىلىق دۇكىنىنىڭ تىغ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسمى.

**دەستە** II ئى [پ] ① بىر تۇتام قىلىپ تېرىلگەن ياكى تىزىلغان باغ؛ باغلام: كابىنكىغا قىزىل بايراق قادىغان، كابىنكىنىڭ سىرتى ۋە تىراكتورنىڭ تۇمشۇقىغا ئېتىز گۈللىرىدىن چىرايلىق دەستىلەر قىستۇرۇلغان. ② ئۇستىمۇئۇست قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەرسە: يول بويىدا نەچچە ئون قەۋەت، خىش - كېسەك دەستىسى پەيدا بولدى. // ئۇ ئۈيگە كىرىپ دەرھال ئارقا - ئارقىدىن ئىككى دەستە كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ③ <تارىخ> ھەربىي بۆلۈنمە، ئەترەت: لەشكەرلەر دەستە، توپ دېگەن قىسىملارغا بۆلۈنەتتى. ئەمىر لەشكەر، ئەمىر سەردار دېگەن ھەربىي مەنسەپلەر بار ئىدى.

**دەستە - دەستە** بىرنەچچە باغ؛ بىرنەچچە دەستە، بىرنەچچە تىزىق: شىرە ئۈستىدە دەستە دەستە نان - توقاچلار تۇراتتى.

**دەستەك** I ئى [پ] ① تۇتقۇچ، ساپ، دەستە. ② كۆچمە. قولدا ئاساس بولىدىغان دەلىل، سەۋەب، ۋاستە؛ باھانە: بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر دەستۇردىن دەستەك تېپىش ھاجەت ئەمەس. ③ يېزت. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ياكى ئاساس قىلىپ ساقلايدىغان ھۆججەت، يارلىق، بۇيرۇق: خان ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئەسكەر يۆتكەش دەستىكى تەقدىم قىلغان.

**دەستەك** II ئى [پ] ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسىغا چاپلانغان، باشلىقلىقا ئۇلاپ تىكىلىدىغان قىسمى: دەستەك تىكمەك.

**دەستەكچى** ئى ① يېزت. دەستەكنى يەتكۈزگۈچى كىشى. ② كۆچمە. باشقىلارغا ھامىيلاشقۇچى، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشى: ياسىن ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئۆتكەنكى يىغىندا قاسىم توگىنىڭ دەستەكچىسى ئىكەنلىكىنى چاندۇرمىدى.

**دەستەكچىلىك** ئى. يالاقچىلىق، كۆتۈرمىچىلىك: «خەققە دەستەكچىلىك قىلىپ قانچىلىك نەپ ئالارسەن، بەربىر يامان نام چىقارغىنىڭ قالىدۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

**دەستەكسىز** سۈپ. يارلىق، بۇيرۇق ئالمىغان، دەستىكى يوق: سەن باشلاپ كەلگەن ئاشۇ دەستەكسىز خوجىلار: «ھوقۇقىنىڭ بارىدا مال - مۈلۈك توپلىماق، تەختتىن ئايرىلغاندا مېغىزىنى چاقماق كېرەك» دېيىشىپ، ئېلگىرىكى ئەن - قائىدە بولۇپ كەلگەن باج - سېلىقتا يېڭىدىن - يېڭى سېلىقلارنى قوشۇپ خەلقنى شىلدى.

**دەستگاھ** ئى [پ] قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ توقۇش دۇكىنى: دادام پەنجىنى دەستگاھىنىڭ ئۈستىگە تاشلىمىغۇچە ھېچقايسىمىز كىرپىك يۇممايمىز.

**دەستگاھلىق** ئى. دەستگاھ بىلەن توقۇش كەسپى.

**دەستۇر** ئى [پ] ① ئىش - ھەرىكەت ئۈچۈن قوللانما، نىزام، كىتاب؛ قائىدە - قانۇنلار توپلىمى: پۈتۈلگەن دەستۇرنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. ② تېبابەت رېتسېپلىرى مەجمۇئەسى: سامساق مەن ئۆگەنگەن دەستۇرلاردا قورساق ساھەسىگە مۇناسىپ دورىلاردىن بىرى.

**دەستىدە** تىر. تۈپەيلى، سەۋەبىدىن (يەتكۈزگەن ئېغىرچىلىقى، مۇشەققىتى، زىيىنى ھەققىدە): ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە، مەن قانداق قىلاي زۇلۇم دەستىدە.

**دەستىدىن** تىر. سەۋەبىدىن، تۈپەيلىدىن: مەلىكە بىلەن ئېمىكئانا دەشتۇباياۋاندا دەھشەتلىك ئىسسىق دەستىدىن قىينالدى.

**دەستىلەتمەك** «دەستىلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن كەتمىنىمنى دەستىلىتىپ تەييارلاندىم.

**دەستىلەشمەك** I «دەستىلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار كەتمەن - جوتۇلىرىنى دەستىلىشىپ، ھارۋىلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ سۇ قۇرۇلۇشىغا مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتاتتى.

**دەستىلەشمەك** II «دەستىلىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئولتۇرۇپ، قىزچاقنى تىزىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ گۈللىرىنى دەستىلىشىپ بەردى.

**دەستىلەكلىك** I سۈپ. دەستىسى بار، دەستە بېكىتىلگەن: تام تۈۋىدە دەستىلەكلىك جوتۇلار تۇراتتى.

**دەستىلەكلىك** II سۈپ. دەستە - دەستە قىلىپ باغلانغان، تىزىلغان: دەستىلەكلىك گۈللەر.

**دەستىلەنمەك** I «دەستىلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەستىلەنگەن كەتمەن.

**دەستىلەنمەك** II «دەستىلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىقنىڭ كۆزى دەستىلەنگەن ياستۇق ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قېلىن بىر كىتابقا چۈشتى.

**دەستىلىك** سۈپ ① دەستىسى بار، دەستە ئورنىتىلغان: ئۆرە دەستىلىك پىچاق. مۈڭگۈز دەستىلىك قامچا. ② دەستە قىلىنىشقا بولىدىغان، دەستىگە باب: مەن ئورمانچىلىق دۇيىدىن تۆت دەستىلىك ئۆرۈك ياغىچى ئەكەلدىم.

**دەستىلىمەك** I پ. دەستە ئورناتماق، ساپ بېكىتمەك: كەتمەننى دەستىلىمەك.

**دەستىلىمەك** II پ ① دەستە - دەستە قىلىپ باغلىماق، بىر تۇتام - بىر تۇتامدىن تىزماق: بۈگۈن مەن سېنى ياد ئېتىپ دوستۇم، سېغىنىپ ئەسلەپ كەلدىم قېشىڭغا، كۆرۈپ قەبرەڭنى خاتىرەم شۇ دەپ، گۈلنى دەستىلەپ قويدۇم بېشىڭغا. ② ئۈستمۇئۈست، قەۋەت - قەۋەت قىلىپ تىزماق: ھەمراھ ئىچىلىپ بولغان چىنىلەرنى دەستىلەپ نېرىراق ئىتتىرىپ قويدى.

**دەسسەتمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە قۇرۇق مىلتىقلارنىلا كۆتۈرگۈزۈپ كەچكىچە مەشىققە دەسسەتتى.

**دەسسەشمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەسسەلمەك** «دەسسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئاتلار، ئەسكەرلەر ۋە جاسۇسلار ئايىغى ئاستىدا دەسسەلمەكتە ئىدى.

**دەسسىتىلمەك** «دەسسەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەتىجىدە، ئۇيغۇر نامىنىڭ ئورنىغا دىنىي نام «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز دەسسىتىلدى.

**دەسسىدە** رەۋ. زور بىلەن، بىر يەرگە تەڭكۈزمەي، شاققىدە: ئۇ پەرىزاتنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن دەسسىدە تۇردى.

**دەسسىمەك** پ ① ئۈستىگە ئايىغىنى قويۇپ تۇرماق، پۇتى بىلەن باسماق: ئەسكەرلەر قىرغاققا دەسسىدى. ② ئاياغ ئاستىغا بېسىپ ئەزمەك، يانجىماق: ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، گۈلئايشەمنىڭ قولىغا قاتتىق دەسسىدى. ③ قەدەم ئالماق، ماڭماق: كەتكىن، ئىشىڭ بولمىسا بۇ يەرگە دەسسىمە. ④ كۆچمە. ئورنىماق، چۈشمەك (ئۇسسۇل، ساما قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىككى ياش يىگىت بىر - بىرىگە شۇنداق يېقىملىق بېقىشىپ «تاڭ سەيلىسى» گە دەسسەۋاتاتتى. ⑤ كۆچمە. ئىگىلىمەك، ئالماق، باسماق: ئۇزاق ئۆتمەي مەن باشقا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ، ئورنۇمغا ئاقىل دەسسىدى.

**دەسلەپ** رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ئالدى بىلەن، باشتا: زورۇللا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ دەسلەپ قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتقان ئادەمدەك خەتنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ چالۋاقىدى.

**دەسلەپ قىلماق** ① بىرەر ئىشنى يېڭىدىن باشلىماق: — قېنى ئوغلۇم، سەن دەسلەپ قىلىپ ئايشەمگۈلدىن ئەپۇ سورىغىن، كېيىن ئۇ سەندىن ئەپۇ سورايدىغان بولىدى، — دېدى قادىر ئاكا ئوغلىغا خەمىتكە. ② بىر كۈنكى سودىدا تۇنجى قېتىم مال ساتماق: — بالام، مەن تېخى دەسلەپ قىلمىدىم، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كەل، ئاندىن ئاپىرىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى دۇكاننى يېڭى ئاچقان دادىسى.

**دەسلەپتە** رەۋ. باشتا، ئالدىدا، ھەممىدىن بۇرۇن: دەسلەپتە ئۇ كەلدى، كېيىن باشقىلار كېلىشتى.

**دەسلەپكى** سۈپ ① باشلىنىشتىكى، ئالدىنقى، بىرىنچى، ئاۋۋالقى: شۇنداق قىلىپ، ئىنستىتۇت ھاياتى باشلاندى، دەسلەپكى ئايلار ساۋاقداشلار ئارا تونۇشۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ② بۇرۇنقى، كونا: بىز دەسلەپكى ئۆيىمىزدىن كۆچتۇق.

**دەسلەپكى قەدەمدە** ① ھەممىنىڭ ئالدىدا، بىرىنچى قېتىم: بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشىمىز ئورۇنلىشىش ۋە بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش. ② ئۇزۇل - كېسىل ئەمەس، بىر قېتىملا: ناھىيەلىك پارتكوم سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقتى.

**دەسلىپىدە** رەۋ ← **دەسلەپتە:** نۇرغۇن ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر ئەڭ دەسلىپىدە شەرەپلىك دەپ تونۇلغانىدى.

**دەسمال** ئى [پ] نەرسىلەرنى بولۇپمۇ ئاشخانا سايمانلىرىنى سۈرتىدىغان پارچە رەخت، لۆڭگە.

**دەسمالچى** ئى. داستىخان يىغىش، قولغا سۇ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغۇچى كىشى: توختى ئۇزاق يىللاردىن بېرى قازى، ئاقساقاللارنىڭ تاۋىقىنى كۆتۈرۈپ، دەسمالچى بولۇپ يۈرگەنىدى.

**دەسماللاتماق** «دەسماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەسماللاشماق** «دەسماللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەسماللانماق** «دەسماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەسماللىق** سۈپ. دەسمال قىلىشقا بولىدىغان: دەسماللىق رەخت.

**دەسماللىماق** پ. دەسمال بىلەن سۈرتمەك: ھېلىقى بالا جوزىنى دەسماللاپ چاي ئەكەلدى.

**دەسمايە** ئى [پ + ئە] ① سودا - سېتىق، تىجارەت، ھۈنەر - كەسىپ، قىمار قاتارلىقلاردا سېلىنىدىغان ئاساسىي مەبلەغ: قېنى ئېيتىڭا، سىزنىڭ سودىگەرچىلىك دەسمايىڭىز نەدىن كەلگەن؟ بۇنىڭ ھېسابى، پايدىسى توغرىسىدا قاچان ئېغىز ئاچىسىز؟ ② قول ئىلكىدىكى بار نەرسىلەر: ئۇ دادىسىدىن قالغان دەسمايىنى يەپ تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن تاغار، خۇرجۇن، پالاس دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ توقۇپ كۆردى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىنىدىغان قولايلىقلىق، ۋاستە: دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق (ماقال). ④ كۆچمە. ئۈستۈنلۈك، ئارتۇقچىلىق، بىڭسى: گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ، بىر نەزەر سېلىپ قويغۇچىلىك دەسمايەڭ بولمىغاندىكىن كىمدىن ئاغرىنالايتتىڭ. ⑤ كۆچمە. تۆھپە، شان - شەرەپ: كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەي، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىڭلار.

**دەسمايە غالتەككە چىقماق** ھەممە نەرسىسى تۈگىمەك: — قاسىم نېمىشقا كېتىدىكەن؟ — نېمىشقا دەمسىز؟ دەسمايىسى غالتەككە چىققان - دە!

**دەسمايىسىز** سۈپ. دەسمايە يوق، دەسمايە سېلىنمىغان، دەسمايە كەتمەيدىغان: دەسمايىسىز قانداق ئوقەت قىلغىلى بولىدۇ؟

**دەسمايىلىك** سۈپ. دەسمايىسى بار، دەسمايە سېلىنغان، دەسمايىگە ئىگە: دەسمايىلىك ئىش. دەسمايىلىك سودا.

**دەشت** ئى [پ] ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن، سۇسىز، قاقاس يەر؛ چۆل: مەختۇمسۇلا شۇ يۇرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ.

**دەشت - باياۋان** چۆل ۋە باياۋانلار: شۇ ۋاقىتتا كېيىك شاھىنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، دەشت - باياۋانغا قاراپ قېچىپتۇ.

**دەشت - چۆل** قاقاسلىقلار، چۆللۈكلەر: بىر كۈنى ئۇ كۆيۈپ تۇرغان كۈن ئىسسىقىدا دەشت - چۆلنى كېزىپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېتىپ بارسا، يىراقتىن بىر تۈپ چىنار كۆرۈنۈپتۇ.

**دەشتۇسەھرا** دەشت ۋە سەھرا: جۇنۇن ئىشقى غالىبلىقتا نومۇس پەردىسىن يىرتار، يېتەكلەر دەشتۇسەھرا تەرەپكە بىئىختىيار تارتار.

**دەشنەم** ئى [پ] زەردە بىلەن قاتتىق كايىپ ئېيتىلغان سۆز؛ ئاھانەت: دېمىگىن دۈشمەننىڭ بەتتىسى ياخشى، ئۇنىڭدىن دوستۇڭنىڭ زاغرىسى ياخشى. دۈشمەننىڭ «تاتلىق سۆز» ناز كۆلكىسىدىن، دوستۇڭنىڭ دەشنىمى، تەنىسى ياخشى.

**دەقىقە** ئى [ئە] ① سائەتنىڭ 60 تىن بىر بۆلىكى، مىنۇت: ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، شەمشىنۇر توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ② كۆچمە. قىسقىغىنا ۋاقىت، پەيت: مۇشۇ قىسقىغىنا دەقىقە ئىچىدە، نېمىشقىدۇر، قەلبىمىنىڭ تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان يۈكسەك بىر تۇيغۇنى يوشۇرالمىدىم.

**دەقىقىلەپ** رەۋ. بىرنەچچە دەقىقە سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە دەقىقە داۋامىدا؛ بىر دەقىقە، بىر دەقىقىدىن: ۋاقىت دەقىقىلەپ، سېكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ ئۆتەتتى.

**دەقىقىلىك** سۈپ. دەقىقە ئىچىدىكى، قىسقىغىنا ۋاقىت: شۇ تاپتا ئۇلارغا پۈتۈن ئۆمرىدە كۆرگەن راھەت ـ پاراغىتى مانا شۇ دەقىقىلىك جاپا ـ مۇشەققەتكە تەڭ كەلمەيدىغاندەك بىلىندى.

**دەقيانۇس** ئى [ئە <لات ] قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى دىياكلاتىيون ( 245 ــ 313 ) نىڭ نامى.

**دەقيانۇستىن بېرى** ئىنتايىن قەدىمكى، ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتتىن بېرى: توي كۈنى قىز كۆچۈرگەندە يولنى توسۇپ ياكى ئوغۇلنىڭ ئىشكىنى تاقىۋېلىپ توي ئىگىلىرىدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىش دەقيانۇستىن بېرى كېلىۋاتقان ئادەت.

**دەقيانۇستىن قالغان** ناھايىتى قەدىمدىن، ئەلمىساقتىن قالغان، ناھايىتى كونا، بەك قەدىمكى: توختى ئىسىملىكنى توختىمىغان سۇغا بېسىش دەقيانۇستىن قالغان بىر ئىش.

**دەكچەك** ئى [پ] دىيال. ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

**دەكزائى** [ئە] خەج، خىراجەت: دەكزا قىلماق.

**دەكزا قىلماق** خەج ـ خىراجەت قىلماق: ئويلاپ باقسام، دېھقانچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان ئاتا ـ بوۋام، ئەجدادىم دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىققان ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، ئامۇتلىرىنى سېتىپ باققاللىق قىلىپ، ئۆيىنىڭ تۇز ـ چېيىغا دەكزا قىلغان.

**دەككە** ئى [ھىند] نامۇۋاپىق ئىش، ھەرىكەت ئۈچۈن كايىپ ئېيتىلغان قاتتىق گەپ؛ تەنبىھ؛ زەربە: دەككە بەرمەك. دەككە يېمەك.

**دەككە ـ دۈككە** بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قىلىنغان تەشۋىش ۋە ئەندىشە؛ قورقۇنچ؛ ئىككىلىنىش: يۈرىكىم دەككە ـ دۈككىدە، كېسەلدىن يېڭى قوپقان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.

**دەككە ـ دۈككىلىك** تەشۋىش، ئەندىشىگە چۈشكەن ھالەت؛ قورقۇنچلۇق كەيپىيات: ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىرخىل دەككە ـ دۈككىلىك، خۇدۇكسىرەش بولغاچقا، گەپ ـ سۆزلىرى قانچە قىلسىمۇ چاك باسمايتتى.

**دەگدەك** ئى. دىيال. ئەندىشە، ساراسىمە، قورقۇنچ.

**دەگۇزە** ئى [پ] كۈن ئۆتكۈزۈش. تىرىكچىلىك: ــ ئۇخلاپ قالغانمىكىن دەپ ئەنسىرەپتىكەنمەن، ــ دېدى قىسمەت چورۇق ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىققان مەسۇدىخاننى كۆرۈپ، ــ بەلەن بولدى، مانا ئۇن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى، ئاز بولسىمۇ مەختۇم قىز بىلەن دەگۇزە قىلىپ تۇرسىلا.

**دەڭ** ئى [خەن] يولۇچىلار چۈشىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىمۇ تۇرالايدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى قونالغۇ جاي؛ ساراي: كۆز سالسا سايغا قوينى كەڭ ئىكەن، كارۋانلار قونغان كونا دەڭ ئىكەن.

**دەڭجا** ئى [خەن] دەڭنى باشقۇرغۇچى خوجايىن: قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق، دەڭجالارغا پۇل لازىم. يېنىڭدا بولمىسا، دەڭجا بەگكە كىم لازىم.

**دەڭجالىق** ئى. دەڭجالارنىڭ ئىشى، كەسپى.

**دەڭسەتمەك** «دەڭسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ھېلىقى قاسساپقا بۇ قوينى كۆتۈرگۈزۈپ دەڭسەتتىم.

**دەڭسەشمەك** «دەڭسىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قېنى، ھەممىڭلار نەق مەيداندا تۇرۇپسىلەر، ئۆز كۆزۈڭلەر بىلەن كۆردۈڭلەر، سەۋەنلىك، ئەيىب كىمدىن ئۆتتى، ھەربىرىڭلەر دەڭسىشىپ بىرنېمە دېمەمسىلەر؟

**دەڭسەلمەك** «دەڭسىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەڭسەيچى** ئى. كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مالاي؛ يالاقچى: يامۇلدىكى زالىمنى ئىدرىس لوزۇڭ دەيدىكەن. دەڭسەيچىسى كەينىدە يۈرتنى بۇلاپ يەيدىكەن.

**دەڭسىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن كۆتۈرۈپ مىقدارىنى پەرەز قىلماق، بودىماق، قىياس قىلماق: ئۇ سومكىدىكى گۆشنى ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قولىغا ئېلىپ دەڭسەشكە باشلىدى. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆڭلىدە قىياس قىلماق، مۆلچەرلىمەك: زەينەپ دادىسىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**دەڭگدۈگە** ئى<بوت> بىرخىل ياۋا ئوت-چۆپ. تال ـ تال ئۆسىدۇ، ئاق چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق سېرىق كېلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىسى بىلەن چىش ئاغرىقىنى داۋالاشقا بولىدۇ.

**دەڭگىرەك** سۈپ. دىيال. چوڭ گەپ قىلىدىغان، پوچى.

**دەڭگىرەكلىمەك** پ. دىيال. پو ئاتماق، پوچىلىق قىلماق.

**دەل** رەۋ ① نەق، تازا، توپتوغرا: بۇ مەن ئىزدىگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى. // يامغۇر دەل ۋاقتىدا ياغدى. ② بەئەينى؛ تامامەن، پۈتۈنلەي: ھەمراھىمنىڭ سۆزى دەل ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى. ③ مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق، يولىدا، لايىقىدا: شۇ ئارقىلىق جىنايەتچىلەرگە پۇختا، دەل، قاتتىق زەربە بەردى.

**دەلتە** سۈپ. گومۇش، كالۋا، دۆت: ــ ھە، مەخمۇت دەلتىمۇسەن؟ تىلىڭ چىقىپ قاپتۇغۇ؟ ــ دېدى سەلەي.

**دەلتىلىك** ئى. گومۇشلۇق، كالۋالىق: ــ ئەخمەق، گالۋاڭ قاپاقباش! ــ دېدى ئۇ، ــ دەلتىلىكىڭدىن ئاۋۇ بىرنېمە ئاشكارا زاڭلىق قىلىۋاتسا، گۇپپاڭ ئېتىشىپ بېرىۋاتسىنا؟!

**دەلتىلىك قىلماق** كالۋالىق، دۆتلۈك قىلماق: ئۇنىڭ زەھەر سودىسىغا ئارىلىشىپ قېلىشى تاسادىپىيلىقتىن بولغاندىمۇ ئۇنچىۋالا دەلتىلىك قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، ئاپىرىپ بەر دېيىشىلا خوپ دېمەي، نېمە ئىكەنلىكىنى سورىشى، ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىسە گۇمانلىنىشى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئىنكاس قىلىپ بېقىشى لازىم ئىدى.

**دەل ـ دەرەخ** ھەر خىل دەرەخ: ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چۆپلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەرلا يېشىل كۆرۈنەتتى.

**دەل ـ دەرەخلىك** ① دەل ـ دەرەخلەر كۆپ، ئەتراپى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان: بۈككىدە دەل ـ دەرەخلىك گۈزەل يۇرتۇم، گۈپۈلدەپ گۈل پۇرايدۇ باغ ـ دالاسى. ئىش مېھنەت دولقۇنلىنىپ تاغ

سۈيىدەك، ھەرياقتىن ياڭراپ تۇرار شاد ناۋاسى. ② دەل ــ دەرەخ كۆپ ئۆسكەن جاي: دەل ــ دەرەخلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**دەلدەڭ** سۈپ. ساڭگىلاپ، پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان: دەلدەڭ قۇلاق.

**دەلدەڭشىمەك** پ. دەلدەڭلىمەك.

**دەلدەڭلەشمەك** «دەلدەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر ــ بىرىنى يۆلىشىپ، دەلدەڭلىشىپ ئاران دېگەندە تام تۈۋىگە بېرىۋالدى.

**دەلدەڭلىمەك** پ. ئىرغاڭلاپ، سەنتۈرۈلۈپ، پۇتىنى تەستە يۆتكەپ ماڭماق، دەلدەڭشىمەك: بىر لۈكچەك چويۇن مۇشت بىلەن ئالماسنىڭ بويۇن تومۇرىغا ئۇردى. ئالماس دەلدەڭلەپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

**دەلدۈش** سۈپ. دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان ؛ لەقۋا: باي بالىسىنىڭ مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەچكە، ئۈچ ــ تۆت ئايدىن كېيىن ئاران ساقىيىپتۇ، ساقايغاندىمۇ دەلدۈش بولۇپ ساقىيىپتۇ.

**دەلدۈشلۈك** ئى. دەلدۈش ھالەت: قاسىم ئاكاملارنى بالىسىنىڭ دەلدۈشلۈكى كۆپ ئەنسىرەشكە سالدى.

**دەلدۈگۈنمەك** پ. سەنتۈرۈلمەك، دەلدەڭشىمەك: ئۇ بۆرىگە يولۇققان قويدەك چۆچۈپ ئارقىسىغا دەلدۈگۈندى.

**دەلدۈڭ** سۈپ. ئەقىلسىز، كالۋا، دۆت: دەلدۈڭ ئادەم.

**دەلدۈڭلۈك** ئى. ئەقىلسىزلىق، دۆتلۈك.

**دەللال** ئى [ئە] ① سودا ــ سېتىقتا ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنى كېلىشتۈرگۈچى، مالغا باھا قويۇپ پۈتۈشتۈرگۈچى: يېنىمدا پۇل دىدارى قالمىغانىدى. ھېلىقى ئالتۇن ئەسۋابنى ئېلىپ بازارغا باردىم ۋە ئۇنى سېتىش ئۈچۈن دەللالغا بەردىم. // ئۇ مۇنداق قارىماققا شۇ ۋاقىتتىكى گەزمال بازىرىدىكى دەللال بايۋەچچىلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. ② سەلب. خوتۇن ــ قىزلار ۋە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنى ئۇچراشتۇرغۇچى دەللە: بۇرۇنقى زامانلاردا توي ئىشى پۈتۈنلەي ئاتا ــ ئانىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدا دەللاللار قاتنايدىكەنمىش.

**دەللاللىق** ئى. دەللاللارغا خاس ئىش ــ ھەرىكەت، خاراكتېر: دەللاللىق قىلماق.

**دەللە** ئى [ئە] ① سەلب. ئەر ــ ئاياللارنى تېپىشتۇرۇش، ئۇچراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال؛ دەللال: ھاكىم خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرگەنىكەن، ئۇ خوتۇن ئېرىگە دەللە ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئېرىنى قېشىغا يېقىن يولاتماپتۇ. ② تىل ھا.قېرى ئەبلەخ، بۇزۇق: ــ مېنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈشنى ئويلاۋاتامسەن، ھوي دەللە! ــ ۋارقىرىدى موللام.

**دەللەتمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەللەشمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەللەنمەك** «دەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دەللىك** ئى. دەل ھالەت: بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دەللىكى بولغان ھالدا ئۇنۇملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

**دەللىلىك** ئى. دەللە خوتۇنلارنىڭ ئەر ــ ئاياللارنى تېپىشتۇرۇش، ئۇچراشتۇرۇش ئىشى ۋە مۇشۇنداق ئادەت: شۇنداق قىلىپ، تۇردىخان تېز دەللىلىك يولىغا ئۆتۈۋالدى.

**دەللىڭ** رەۋ [خەن] ① توغرا، راۋۇرۇس، دادىل: ئەل ــ جامائەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن تۆت ئېغىز دەللىڭ گەپ قىلىپ بىر كۈن ياشىساڭمۇ ئەۋزەل. ② ئــۆز ئالدىغا، ئايرىم، مۇستەقىل: دەللىڭ ئىش قىلماق.

**دەللىمەك** پ ① مۆۋاپىق، ماس، باب ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ لايىقلاشتۇرماق: رەختنى بويىغا دەللەپ كەستى. ② بەلگىلەنگەن جايغا ئۇدۇللىماق، نىشانلىماق؛ قارىغا ئالماق: سېلىمىمۇ يەڭلىرىنى شىمايلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە دەللەپ مۇشت ئاتتى.

**دەلمۇدەل** ① ناھايىتى باب، ناھايىتى ماس: ئۇنىڭدىكى ۋاقىت ئاق سېرىق بالىنىڭ ئېيتقىنىغا دەلمۇدەل توغرا كېلەتتى. ② كۆچمە. بابباراۋەر، تەڭمۇتەڭ: ئوخشىمىسىزلىقلارغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇردى.

**دەلۋە** ئى [ئە] <ئاستر> دەلۋە بۇرجى . ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ بىرى. ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى °300 تىن °330 قىچە. ئەسلىي ئورنى دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن جەدى بۇرجىغا يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 20 ــ يانۋارنىڭ ئالدى ــ كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم «قاپاقياردى» دېيىلىدۇ.

**دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 22 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °13 ــ، يەنى پېگاس يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ جەنۇبىغا، جەنۇبىي بېلىق يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**دەلۋىدىۋانە** ئى [دەلۋە + دىۋانە] <ئاستر>24 مەۋسۇمنىڭ بىرى. مىلادىيە ھېسابىدا 5 ــ يانۋاردىن 7 ــ يانۋار ئارىلىقىدا باشلىنىدۇ.

**دەلىل** ئى [ئە] ① مەلۇم بىر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى ئوي ــ پىكىرنىڭ راست، توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان رېئال ئەھۋال ۋە ئەمەلىي نەرسە: بۇ بىچارىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ھالىتى ئەنە شۇنداق پىتنە ــ پاساتلارغا ئېنىق دەلىل بولۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ② توغرا خۇلاسە، يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساس، پاكىت، ئىسپات، ھۆججەت: ئۇ ئۆزىنىڭ پاكپاكىزلىقىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك دەلىلگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى.

**دەلىلچىلىك** ئى <پەلس> پوزىتىۋىزم.

**دەلىلسىز** سۈپ. دەلىلى يوق، دەلىللەنمىگەن: پاكىتسىز، دەلىلسىز گەپلەر قىلچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**دەلىللەتمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەلىللەشمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون ۋە ئارستوتېلمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن، قۇلدارلارنىڭ قۇل ئىگىلەش ھوقۇقى ھېچقاچان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئادەتتىكى خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىدۇر دەپ دەلىللىشىپ باققانىدى.

**دەلىللەنمەك** «دەلىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەزەرىيە بىلىمى ھەم ئەمەلىي تەجرىبىسى بار يولداشلارغا ئەستايىدىل دەلىللەنگەن بىر ياكى بىرنەچچە خىل يەكۈن ياكى لايىھە قويدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**دەلىللىك** سۈپ. دەلىلى بار، دەلىللەنگەن، دەلىلگە ئاساسلانغان: پىكىر بەرگۈچىلەر ئېيتقانلىرىنىڭ دەلىللىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم.

**دەلىللىمەك** پ. پىكىر، مۇلاھىزە، دەۋا ــ تەلەپ قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى دەلىل، پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىماق: داۋۇتنىڭ ئۆلۈمى، ئوسماننىڭ قولغا ئېلىنىشى، بۇ دېلولارنىڭ

خېلىلا چوڭقۇر ئىقتىسادىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

**دەلىل ـ ئىسپات** دەلىل ۋە ئىسپات: بۇ يەردە كېرەكلىكى لىردىكا ئەمەس، دەلىل ـ ئىسپات.

**دەلىل ـ ئىسپاتسىز** دەلىل ـ ئىسپاتى يوق، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاساسلانمىغان: دەلىل ـ ئىسپاتسىز، يالغان ـ ياۋىداق گەپ.

**دەلىل ـ ئىسپاتلىق** دەلىل ـ ئىسپاتى بار، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاساسلانغان: دەلىل ـ ئىسپاتلىق ماتېرىيال.

**دەم** I ئى. ئىشىكنى تىرەپ قويىدىغان ياغاچ: ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم (ماقال). * ئىش پەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن (ماقال).

**دەم** II [پ] ① ئى. نەپەس، تىنىق: دېمى كېسىلمەك. * ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى. ② ئى. ئارام، ھاردۇق: دەم ئالماق. * بۇلارنىڭ ئاتلىرى دەمگە موھتاج، ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنىڭ قارنىمۇ ئاچ. ③ ئى. بۇس، ھور: سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ (ماقال). ④ ئى. چاغ، ۋاقىت، پەيت: ئۇ مۇھەببەتنىڭ خۇشاللىق پەيتلىرىمۇ، قايغۇلۇق دەملىرىمۇ بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچىلەرگە قوشۇلالمايتتى. ⑤ ئى. نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئايەتلەرنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىش؛ دەمىدە: دەم سالماق. ⑥ رەۋ. تىك، ئۆرە (كىچىك باللار ھەققىدە): دەم تۇرماق. ⑦ باغل. بىردەم، بەزى، گاھى، تۇرۇپ: ئۇستىلار توقۇلۇپ بولغان گىلەمگە دەم يىراقتىن، دەم يېقىندىن زوق بىلەن تىكىلىپ قارىشاتتى.

**دەم تۇتماق** بۇقۇلدىماق، سايرىماق (كەپتەر ھەققىدە).

**دەم سالماق** نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئەپسۇن ئوقۇپ «سۈپ» «كۈچ» دەپ سۈپكۈچلىمەك؛ دەمىدە قىلماق: ھاتەم «ئىسمىئەزەم» نى ئوقۇپ دەم سېلىۋىدى، ئوت غايىب بولدى.

**دەم يېمەك** ھورنى چىقارماي، ئۆزىنىڭ ھورى بىلەن پىشۇرماق؛ ئۆز ھورى بىلەن پىشماق: سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ (ماقال).

**دېمىنى ئىچىگە يۇتماق** ئېيتىدىغىنىنى ئېيتماي جىم بولماق: قادىر ھاكىمجاننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى ـ دە، خورلۇق ئىچىدە ئېغىر چامداپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

**دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك** ① نەپىسى قىسىلىپ سۆزلىيەلمەي قالماق: ئۇ سۆزلىگەنسېرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، كېيىنكى گەپلىرى گويا يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئېنىق ئاڭلانماي قالدى. ② كۆچمە. نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاغزىنى ئاچالماي قالماق؛ شۈك بولۇپ قالماق: ئەكبەر گەپدان تاغىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكىنىگە ھەيران بولمىدى.

**دەمال** رەۋ. [پ + ئە] قىسقا مۇددەت ئىچىدە، دەرھال: قوش قاناتلىق ئىشىك ئىككى تەرەپكە يوغان ئېچىۋېتىلدى. ئەسكەرلەر دەمال پاستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

**دەماللىققا** رەۋ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، دەرھاللا: لەيلىگۈل بۇ ئادەمنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلدى. لېكىن، دەماللىققا ئەسلىيەلمىدى.

**دەمبەدەم** رەۋ. [پ] يېزى ت. ھەردەم، دائىم؛ تېز ـ تېز، ئارقىمۇئارقا: نىم شېھىت، ئۆتمۈشنى قوي، سەن دەمبەدەم ئالدىڭغا باس، ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول! كەينىدە قالما، خالاس، گەر ئېغىرلىق كەلسە ئىشتا دەۋردىن قىل ئىلتىماس، چۈنكى ھەردەم ئالغا باسماق خەلق ئۇمىدى بىرلە ماس.

**دەمبەس** رەۋ [پ] ① دېمىنى ئۇلاپ، دەم ئالماي، ئارقىمۇئارقا؛ ئۈزلۈكسىز: دەمبەس قەدەم. ② كۆچەپ: دەمبەس قىلماق.

**دەمدان** ئى [پ] زەرگەرلەر ئوتنى پۈۋلەشتە ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن مىس نوركەش.

**دەمدەر** ئى [پ] ئۆي كەپتىرىنىڭ بىر خىلى. ناھايىتى يېقىملىق، مۇڭلۇق سايرايدۇ.

**دەم ـ دەم** بىردەم ـ بىردەم، پات ـ پات: شوپۇر دەم ـ دەم سائىتىگە قاراپ، كېتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

**دەمساز** ئى [پ] يېزى ت. ھەمدەم، ئۈلپەت، ھەمسۆھبەت: كىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە نەچچە كۈن بولۇر ھەمراھ، بولمىغىز ئاڭا دەمساز، بىۋاپا ئۇيالغان قىز.

**دەمسىقما** ئى [دەم + سىقما] <تېب> ← **زىققا.**

**دەملەتمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشىكنى دەملەتمەك.

**دەملەتمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي دەملەتمەك.

**دەملەشمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى قوشنا بىرھازا گەپلەشكەندىن كېيىن ئىشىكلىرىنى دەملىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

**دەملەشمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمدىلا ناشتىغا تارىغان ئەزالار چوڭ قازاندىن قاچىلىرىغا قايناق سۇ ئېلىپ چايلىرىنى دەملەشتى.

**دەملەشمەك** III پ. ئالماشماق، نۆۋەتلەشمەك: دوستۇم، يۈك ئېغىر، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولغۇچە بىرىمىزنىڭ يۈكىنى دەملىشىپ كۆتۈرەيلى.

**دەملەنمەك** I «دەملىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياسىن قارىسا ئىشىك دەملىنىپ چىراغ ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلۈپتۇ.

**دەملەنمەك** II «دەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشپەز چەينەكتىكى دورا ـ دەرمان بىلەن دەملەنگەن قىزىق چاينى مەسۇم ئوتۇنچىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە قۇيۇۋېتىپ گەپ باشلىدى.

**دەملىك** سۈپ. نەپىسى، دېمى بار، تىرىك، جانلىق: ئاللا يارىم سەن بۇ يەردە بارىكەندۇقسەن، دەملىكمىكىن دەمسىزمىكىن بارىكەندۇقسەن.

**دەملىمەك** I پ. ئىشىكنى دەم بىلەن ھىم ئەتمەك: ھويلىنىڭ ئىشىكىنى دەملىمەك.

**دەملىمەك** II پ ① دۇملەپ تەمىنى چىقارماق: چاي دەملىمەك ② دۇملىمەك: ــ ناھايىتى ياخشى، ــ دېدى ئۇستا، ــ ئەمما پىشىدىن كەچ قالماڭ، مەن ئاشنى دەملەپ سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.

**دەممۇدەم** ئارقىمۇئارقا، ئۈزلۈكسىز؛ ئۈزۈلمەي، توختىماي: ھەممەيلەن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن بولۇپ، ئاران نەپەس ئالاتتى. ئېشەكلەر ھاسىرايتتى، دەممۇدەم خارتىلدايتتى، پۈشقۇراتتى.

**دەمىدە** ئى [پ] نان، سۇ قاتارلىق بىرەر نەرسىگە دۇئا، ئايەت، ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىش؛ دەم: دەمىدە سۈيى. دەمىدە قىلماق.

**دەن** [خەن] ① مىق. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر دەن 50 كىلوگىرام ياكى 100 جىڭغا تەڭ كېلىدۇ. ② ئى. سېلىق، باج، تۆلەم: ھەم دەن ھەم ئۆشرە ئالسا دېھقانلارغا ئېغىر بولمامدۇ،

بىرىنى ئالسىمۇ بولىدۇ-غۇ.

**دەند** ئى [پ] <بوت> ① سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئۇرۇقىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇرۇقى تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىغىلىپ قالغان سوغۇقلۇقنى سۈرۈش ، بەلغەم بوشىتىش، سۇيۇقلۇقنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. ئادەتتە كۈچلۈك سۈرگە دورىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە «ھەببۇلمۇلۇك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**دەندان** ئى [پ] چىش: دەندان ساپلىق پىچاق.

**دەندانە** ئى [پ] كالىنىڭ قوۋۇرغىسى.

**دەندەتمەك** «دەندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۇراپ چوڭ - كىچىك ھەممىسىنى خېلىلا دەندەتىپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**دەندەشمەك** «دەندىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەندىمەك** پ. كۆنۈپ قالماق، ئادەتلىنىپ قالماق؛ تېپىپ قالماق: تۇز يالاپ خوپ دەندىگەن ئىت نەپسىنىڭ زەنجىرىدە، تاپىدۇ قوپۇرغا ئاستىدىن ھالاكەت ئاقىۋەت.

**دەھر** ئى [ئە] يېز ت. زامان، دەۋر؛ ئالەم: دۈشمەننى بۇ دەھر زەربەردەست قىلۇر، نەخۋەت مەيدىن بىرنەچچە كۈن مەست قىلۇر. غەم يېمەكى، يەتكۈزسە باشىنى كۆككە، ئاخىر يەنە يەر كەبى ئۇنى پەس قىلۇر.

**دەھرىي** ئى [ئە] خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، دىنسىز كىشى: بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەھرىي دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيتتى.

**دەھرىيلىك** ئى. خۇداغا ئىشەنمەسلىك، دىنسىزلىق: شۇنىڭدىن باشلاپ مەنسۇر ھەللاجى دەھرىيلىك ئىدىيەسىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

**دەھشەت** [ئە] ① ئى. قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك ئەھۋال، كۆرۈنۈش، ھادىسە: ئادەملەر بۇ دەھشەتتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالايمىقان چۇرقىرىشاتتى. ② ئى. قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە: ئىككىيلەن رىشتىنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ③ سۈپ. يامان، قاتتىق، ئىنتايىن: ئەتراپنى قورشاپ قاتار چىرىك كېلىدۇ، قىزىل قانغا قامچىلار شىرىك كېلىدۇ، چىرىكبېشى بوغۇلۇپ چىرقىرار دەھشەت، قارا قولدا قانلىق قىلىچ پىرقىرار دەھشەت. ④ ئى. كۆچمە. قەھر، غەزەپ؛ شىددەت: ئۇ تېخىمۇ دەھشەت بىلەن ھۆركىرەشكە باشلىدى.

**دەھشەتلەشمەك** پ. قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك ھالەتكە كەلمەك: قارىغا ئېلىنغان تاپانچىنىڭ ئىستوۋۇلى پاسكىنىلىق بىلەن قارىداپ دەھشەتلەشكەنىدى.

**دەھشەتلىك** سۈپ ① قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك: جامالىدىن دەھشەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بېشىنى قاتتىق سىلكىدى. ② قاتتىق ئازاب سالىدىغان، چىدىغىلى بولمايدىغان؛ كۈچلۈك، قاتتىق: قۇل ئىگىلەش تۈزۈمىدىكى قانۇنلاردا، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن دەھشەتلىك جازالار بەلگىلەنگەن.

**دەھلىز** ئى [پ] <بىن> بىر يۈرۈش ئۆينىڭ سىرتقى ئىشىكى بىلەن باشقا ئۆي ئىشىكلىرى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق، كارىدور: بالا دەھلىز ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىرىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

**دەھلىزلىك** سۈپ. دەھلىزى بار، دەھلىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان: بۇ يەردىكى قەدىمىي ئۆي رېمونت قىلىنغان، بىر تەرىپىگە يانداپ دەھلىزلىك يېڭى ئۆيمۇ سېلىنغانىدى.

**دەۋا** ئى [ئە] ① ئۆز ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈك، ھەق تەلەپنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن قويۇلغان تەلەپ؛ ئەرز: ئوغرى — دەۋانىڭ ئۇرۇقى، چېچەن — دەۋانىڭ قۇيرۇقى (ماقال). ② <قا> تەپتىش ئورگانلىرى، سوت مەھكىمىسى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلار، جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى. ③ باشقىلارنى ئەيىبلەپ، قارىلاپ قىلىنغان شىكايەت، ئەرز: كۈندە نەچچە ئادەمنىڭ دەۋا، تاپا - تەنىلىرىنى ئاڭلايمەن. ④ كۆچمە. ئۆزىنىڭكىنى توغرا قىلىش يولىدا ئېيتىلغان پىكىر، مۇلاھىزە؛ تالاش - تارتىش: چالا - پۇچۇق بىرنەچچە كىتابنى ۋاراقلاپ چىقىپلا ئالىملىق دەۋاسىنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

**دەۋا - دەستۇر** ئەرز - شىكايەت؛ دەۋا ئىشلىرى: سالى 30 نەچچە يېشىدا دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىدىكى توغرا كېسەرلىكى بىلەن داڭق چىقىرىشقا باشلىغانىدى.

**دەۋاگەر** ئى [ئە + پ] <قا> ① سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان كىشى، ئورگان ياكى كوللېكتىپ، يەنى «جاۋابكار» نىڭ قارشىسىدىكى كىشى ياكى ئورۇن: دەۋاگەر دەۋا قىلماس، دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغۇچى كىشى: مەنسەپ دەۋاگەرلىرى بىر - بىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتكۈدەك بولۇشۇپتۇ.

**دەۋاگەرلىك** ئى. دەۋا قىلىدىغان خۇسۇسىيەت: سېنىڭ دەۋاگەرلىكىڭ قاچان قالار؟

**دەۋالاشقۇچىلار** <قا> دەۋاغا قاتناشقۇچى بىر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەق تەلەپ دەۋالىرىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكار؛ جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدىكى ئەرز قىلغۇچى ۋە جاۋابكار.

**دەۋالاشماق** پ. بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشماق؛ دەۋا قىلىشماق: ئۇلار دەۋالىشىپ ناھىيەگە بېرىپتۇ.

**دەۋەت** ئى [پ] بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەكلىپ، چاقىرىق، ئۈندەش، تەشەببۇس: دەۋەت قىلماق. * نۇرئاخۇن بايۋەچچىنىڭ بۇ دەۋىتى ئابدۇسوپۇر ھاجىمنىڭ ياشلىق تىلەكلىرى قايناپ تۇرغان كۆڭلىگە تولىمۇ ياققانىدى.

**دەۋەتچى** ئى. بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلغۇچى: ئۇ كۈن ئولتۇرغاندا ياتاققا كىردى، قارا قاغىدەك يامراپ كەتكەن ھېلىقى دەۋەتچىلەرنىڭ ئايىغى شۇ چاغدا ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالغانىدى.

**دەۋەتنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىپ يېزىلغان خەت؛ تەكلىپنامە: شاھتىن كەلگەن ئەلچىلەر، يۇرت كاتتىلىرىدىن كەلگەن دەۋەتنامىلەر ئۇنىڭ قىزى تەرەپتە تۇرۇش ئىرادىسىنى تەۋرەتتى.

**دەۋر** I ئى [ئە] ① تارىختىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئاساس قىلىنىپ بۆلۈنگەن مۇئەييەن مەزگىل. مەسىلەن، تاش قورال دەۋرى، فېئوداللىق

دەۋر. ② كىشى ئۆمرىنىڭ مۇئەييەن مەزگىلى: ياشلىق دەۋر. باللىق دەۋر. ③ <گېئول> ئېرادىن كىچىك بولغان گېئو- لوگىيەلىك يىل بىرلىكى. بىر ئېرا بىرنەچچە دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەۋر ئىچىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى بىر سىستېما دېيىلىدۇ. ④ <س ئىق> شەيئىلەرنىڭ ھەرد- كەتلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئۇنىڭ مەلۇم بەلگىلىرى كۆپ قېتىم قايتا - قايتا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بەلگىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىككى قېتىم كۆرۈلۈشىگە كەتكەن ۋاقىت. ⑤ <فىز> جىسىملار تەكرار ھەرىكەت قىلغاندا ياكى فىزد- كىلىق مىقدارلار دەۋرىي ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ بىرقېتىم تەكرارلىنىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. ⑥ بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە - ھادىسە بولۇپ ئۆتكەن، بېجىرىلىدىغان بەلگىلىك ۋاقىت؛ زامان: ئوينايدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ياشلىقىمىزنى خارلىمايلى. ئاھ... شەھەردىكى دوستلىرىم. ⑦ كىشىنىڭ ئامىتى كەلگەن چاغ، پەيت، زامان: بىز كەمبەغەللەرنىڭ دەۋرى كەلدى.

**دەۋر سۈرمەك** ① ھۆكۈمرانلىق قىلماق: ئەنجەد ۋەزىرلىك كۈرسىغا ئولتۇرۇپ، شۇ يەردە دەۋر سۈرۈپ تۇرسۇن، ئەمدى بىز گەپنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى. ② راھەت - پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرمەك، باياشات ياشىماق: ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن باياتىن گېپىنى قىلغان ھەيدەر ئۇلارنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ بىرچاغلاردا دەۋر سۈرگەن ۋاقتى بولغان.

**دەۋر قىلماق** ① مەلۇم بىر نۇقتا، مەركەزنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا چۆرىدىمەك: چارۋىچىلىقنى دەۋر قىلغان ھالدا تېرىق- چىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاغ - دەريا ۋادىلىرىدىكى ئورمانلارنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ② ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرماق: قانداق قىلىپ قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم ئۇزۇلمەي دەۋر قىلىشقا باشلىدى.

**دەۋر** Ⅱ ئى ① ئاتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان بېزەكلىك يىپەك ياكى يۇڭ يوپۇق. ② قارا ئۆيدىكى تەرمە بېشىدىن تۈڭلۈككە تۇتاشتۇرۇلغان ئۇزۇن ئوق ياغاچقا يېپىلىدىغان كىگىز.

**دەۋران** ئى [ئە] دەۋرلەر، زامان: دەۋران ماڭا يېڭى قەلەم بەردى. ئەمدى يازماي قاچان يازغۇلۇق!

**دەۋرەتمەك** «دەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دەۋرەشمەك** «دەۋرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دەۋرچانلىق** ئى . دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان ھالەت، خۇسۇسىيەت: يۇقىرىقىلاردىن بىز ماتېرىيىنىڭ دەۋرچانلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**دەۋرداش** ئى ← **زامانداش:** دېمەككى، ياشىدى بولۇپ دەۋرداش، ياشىدى بىز بىلەن بولۇپ تەقدىرداش. بىز بىلەن بىرلىكتە ئۆتتى ھايا- تى، ئۇ بىزگە ئەڭ يېقىن سەمىمىي سىرداش.

**دەۋرلەشتۈرمەك** «دەۋرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جامالىدىن ئافغانىي ئىسلام دىنىنى دەۋرلەشتۈرۈشنى، غەربنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى، ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيەگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى.

**دەۋرلەشمەك** پ. دەۋرلەرگە ئايرىلماق، بۆلۈنمەك.

**دەۋرلىك** سۈپ. دەۋرگە ئىگە، دەۋرگە ئائىت.

**دەۋرىمەك** پ ① يامرىماق، تاشماق؛ باسماق، قاپلىماق: دەريا سۈيى دەۋرەپ كەتتى. * كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇپ دەۋرەپ كېلىۋاتقان شېرىن ئۇيقۇمنى زېمىن ئانىنىڭ سوئالى قاياقىدۇر قوغلىدى. ② ھەممە تەڭ ھەرىكەتلەنمەك، خۇددى دولقۇندەك يوپۇرۇلماق (ئادەملەر ھەققىدە): بەگ پىلىككە ئوت يېقىش ئۈچۈن، قولىغا سەرەڭگە ئالغاندا، بىردىن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا كىشىلەر دەۋرەپ دەھشەتلىك قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى.

**دەۋرىي** سۈپ [ئە] ۋاقتى - ۋاقتىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان: دەۋرىي قانۇنى. دەۋرىي ئونلۇق كەسىر.

**دەۋرىي ئونلۇق كەسىر** <مات> مەلۇم بىر خانىسىدىن باشلاپ بىر ياكى بىرنەچچە رەقىمى بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدىغان ئونلۇق كەسىر.

**دەۋرىيلەنمەك** پ. دەۋرىي ھالەتكە كەلمەك، دەۋرىي قىلماق، تەكرارلانماق، قايتىلانماق: دەۋرىيلىنىدىغان رەقەم.

**دەۋرىيلىك** ئى. ۋاقتى - ۋاقتىدا يۈز بېرىپ تۇرۇش، تەكرارلىنىش ھالىتى: پەنلەرنى رۇس ئېلېمېنتلار دەۋرىيلىك قانۇنى، ئەنگلىيە دىنامىكىسى دەپ ئايرىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، پەقەت ئوقۇتۇش پائالىيىتى دەپ قارىلىدىغان ماتېرىيىنىڭمۇ مىللىيلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى بىر خىل مەنىسىزلىك بولغان بولار ئىدى.

**دەيدەي** ئى. كۇشكۇرتۇش، قۇترىتىش: دەيدەيگە سالماق.

**دەيدەيچى** ئى. دەيدەيگە سالغۇچى كىشى: شۇنداق قىلىپ ئەتراپتىكى دەيدەيچىلەرنىڭ ھە - ھۇسى بىلەن خورازنى تاشلىۋېتىپ قاپتى- مەن.

**دەيدەيلىمەك** پ. دەيدەيگە سالماق، قۇتراتماق: ئۇلارنى دەيدەي- لەپ سوقۇشتۇردى.

**دەيزۇ** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئاسا‍سەن يۈننەنگە ئولتۇراقلاشقان.

**د د ت** ئى [ئىنگ] <خىم> دى خىلورو - دى فېنىل - تىرى خىلورو ئېتاندىن تەركىب تاپقان ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا.

**د د ۋ** ئى [ ئىنگ ] دى مېتىل - دى خىلورو - ۋىنىل فوسفاتتىن تەركىب تاپقان ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا.

**دو** Ⅰ ئى [پ] ① قىمار ئويۇنىدا ئوتتۇرىغا تاشلانغان پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسە: دو تىكمەك. ② نۆۋەت: دو كەلمەك.

**دو** Ⅱ ئى [ر<ئىتال] <مۇز> مۇزىكىدىكى بىرىنچى تاۋۇش ۋە شۇ تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان بەلگە.

**دوبدۇلماق** پ. دىيال. دۈۋەيلىمەك، تۇمشۇقىنى سوزۇپ كۆزگە كىرىۋالماق، قادىلىۋالماق.

**دوبرا** ئى. سان - تومي ۋە پىرىنسىپى دېموكراتىك جۇمھۇ- رىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دوپبېگى** ئى [دوپ + بەگ + ى] تارس. توي - تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئاممىغا بېرد- لىدىغان ئاش - تائام، يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى كىشى: مۇزەپپەر دوپبېگى ئۆز ھويلىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى.

**دوپپا** ئى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ رەختتىن گۈللۈك ياكى گۈلسىز قىلىپ تىكىلگەن يازلىق باش كىيىمى؛ بۆك.

**دوپپىسى سۇغا چىلاشماق** بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق، قىلغان ئىشى نەتىجىسىز ئاياغلاشماق: بىرەر ھەپتە ئىلگىرىلا نازىمنىڭ ئالدىدىلا دوپپىسى سۇغا چىلىشىپ ياغلىغان تاسمىدەك بوشاپ قالغان روزى ئەنە شۇ بىز چۈشەنگەن بارات مەزىن بىلەن ئايىمخان قۇشناچىنىڭ ئوغلى ئىدى.

**دوپپىسىغا جىگدە سالماق** باشقىلارنى ئالدىماق، ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرمەك: ئۇ ئەھۋالنىڭ ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالماقچى بولدى.

**دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق** ئىنتايىن خۇرسەن بولماق، خۇشال بولۇپ كەتمەك: بالىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئەمەس، بىرەر تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنسىمۇ دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئاتسىلا بولىدۇ.

**دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان، ئىنتايىن سولدىن چىقىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان: ئۇنىڭ ئوغلى دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان، چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ھاماقەت بىرنېمە ئىدى.

**دوپپىسىنى قىرلاپ يۇرمەك** غەم ۋە تەشۋىشتىن خالىي خۇشاللىنىپ يۇرمەك: ئۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىپلا يەنە دوپپىسىنى قىرلاپ يۇرىۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئايشەمنىڭ جۇدۇنى تۇتتى.

**دوپپىچان** سۈپ. دوپپا كىيگەن: ئاقساپ ماڭىدىغان دوپپىچان ئادەم چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى قىلچە ئۆچۈرمەستىن زىنىنەتكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

**دوپپىچى** ئى. دوپپا تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: پاتەمخان پۈتۈن يۇرتتا داڭ چىقارغان ئۇستا دوپپىچى ئىدى.

**دوپپىچىلىق** ئى. دوپپا تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: روزىخان ئاچا قىز ۋاقتىدا ئۆگەنگەن دوپپىچىلىقىنى قولىغا ئالدى.

**دوپپىسىمان** سۈپ. شەكلى، كۆرۈنۈشى دوپپىغا ئوخشايدىغان، دوپپا شەكىلدىكى: دوپپىسىمان چاندىر.

**دوپپىلىق** سۈپ ① دوپپىسى بار، دوپپا كىيگەن: دوپپىلىق يىگىت. دوپپىلىق چوكان. ② دوپپا تىكىشكە بولىدىغان، دوپپا تىكىشكە لايىق: ئۇ بازاردىن ئىككى دوپپىلىق رەخت سېتىۋالدى.

**دوپدوغىلاق** سۈپ. ناھايىتى دوغىلاق: چىيەن دارىن دېگەن خۇددى پومزەككە ئوخشاش دوپدوغىلاق، قارا چوقۇر، يىلاندەك ئاچچىقى يامان، يېشى 40 تىن ئاشقان ئادەم ئىدى.

**دوپدومىلاق** سۈپ. ناھايىتى دومىلاق: ئۈستەلدە قارا سىياھ بىلەن قولدا قېلىن سىزىق تارتىپ سىزىلغان ۋە سىزىقلار ئارىلىقىدىكى دوپدومىلاق دۈگىلەكچىلەر ئىچىگە غەيرىي سەپنىڭ ناملىرى يېزىلغان يوغان بىر پارچە پارقىراق سۈت قەغەز تۇراتتى.

**دوتەي** ئى [خەن] تارس. بۇرۇنقى چاغلاردا قوللىنىلغان ۋالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە شۇ ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشى.

**دوتەيلىك** ① ئى. دوتەيلەر يۇرگۈزىدىغان ئەمەل، ۋەزىپە: دوتەيلىك قىلماق. ② سۈپ. دوتەيلەرگە خاس: دوتەيلىك مەنسەپ. دوتەيلىك ئىمتىياز.

**دوتسېنت** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردە بېرىلىدىغان ھەمدە دەرىجىسى پروفېسسوردىن تۆۋەن، لېكتوردىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئىلمىي ئۇنىۋان ۋە شۇ ئۇنىۋانىنى ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**دوتسېنتلىق** ئى. دوتسېنتلارنىڭ ئىلمىي دەرىجىسى ۋە ئۇلارغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە: قەلبىمىزدە بىلىم ھەۋىسى قوزغاشلىرى بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئەسەرلىرىم ۋە ئالىي مەكتەپتىكى دوتسېنتلىقىم يوق گەپ ئىدى.

**دوختۇر** ئى [ر<لات] <تېب> تېببىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

**دوختۇرخانا** ئى<تېب> كېسەل كىشىلەرنى تەكشۈرىدىغان، داۋالايدىغان ۋە كۈتىدىغان ئورۇن.

**دوختۇرلۇق** ئى. تېببىي بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە كېسەل داۋالاش ئىشى، كەسپى.

**دودەن** سۈپ [خەن] ئۆكتەم، زوراۋان؛ جاھىل، تەرسا، كاج: دودەن بالا. دودەن ئادەم.

**دودەنلەشتۈرمەك** «دودەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلىقىز ئوغلىنى زىيادە پەپىلەپ چوڭ قىلىپ بەكلا دودەنلەشتۈرۈپ قويىدى.

**دودەنلەشمەك** پ. جاھىل، تەرسا، كاج ھالەتكە كەلمەك، ئۆكتەملەشمەك، زوراۋانلاشماق: ئەمەت مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا دودەنلىشىپ كەتتى.

**دودەنلىك** ئى. ئۆكتەملىك، ئۇششۇقلۇق ، تەرسالىق: دودەنلىك قىلماق.

**دودىلانماق** پ. خۇيى تۇتماق، خۇيلانماق، باتنىماق.

**دور** مىق [ئە] نۆۋەت، قېتىم، رەت: — ماجاڭ دېگەن مېڭىنى بەك چارچىتىدىغان نەرسە، سىزمۇ ئوخشىتىپ 12 دور ئويناپسىزدە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**دورا** ئى [پ] ① <تېب> كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ماددا: دورا ئىچمەك. دورا قايناتماق. ② كۆچمە. دەردكە دەرمان بولىدىغان، غەم ـ غۇسسىلەرنى يوقىتىدىغان نەرسە؛ داۋا: كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا (ماقال). ③ كۆچمە. ئۇزۇمدىن ئىشلەنگەن، مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىچىملىك، مۇسەللەس: ئاۋاتتا ئۇزۇمدىن دورا قايناتمايدىغان ئائىلە يوق دېيەرلىك. ④ <ھەرب> پارتلاتقۇچ ماددا: مىلتىق دورىسى. ⑤ <خىم> زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خىمىيەۋى ماددا: چاشقان دورىسى.

**دوراتماق** «دورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ياسىنغا قۇشقاچنىڭ سايرىشىنى دورىتىپ كۆردى. ياسىن دورىدى. ئوقۇتقۇچى رازى بولۇپ، دەپتىرىگە نېمىنىدۇر خاتىرىلىدى.

**دورا ـ دەرمان** ھەرخىل پىششىق ۋە خام دورىلار: ياز ۋە كۈز كۈنلىرى بۇ يەرلەردە يۇرگەن كىشى ئۆزىنى گوياكى ئېسىل دورا ـ دەرمانلار دۇكىنىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

**دورا ـ دەرمەك** سەي ـ تاماقلارغا تەم كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان (ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ، قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، زىرە ۋە زەنجىۋىل قاتارلىق) نەرسىلەر.

**دوراشماق** «دورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىنى دورىشىپ، ئەرچە كىيىنىشنى توختاتماپتۇ.

**دورام** ئى. دوراش ئىشى، دوراش ھەرىكىتى.

**دورامچۇق** ئى ← **دورامچى:** دورامچۇق قىز. دورامچۇق قۇشقاچ. * دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق (ماقال).

**دورامچۇقلۇق** ئى ← **دورامچىلىق:** — بىزنىڭ بالىمىزمۇ ئۇلارنى دورىسا ئەپلەشمەيدۇ. قويۇڭلار ئۇنداق دورامچۇقلۇقنى، — دېدىم مەن خوتۇنۇم گېپىنى تۈگەتكەندە.

**دورامچى** ئى. باشقىلارنى دورىغۇچى، دوراش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**دورامچىلىق** ئى. دوراش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى، قىلىقى، دورامچۇقلۇق: دورامچىلىق قىلماق. * دورامچىلىق — تۇتى قۇشنىڭ تۇپ خىسلىتى، خىسلەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەس ئىللىتى.

**دورە** ئى. يەرلىك توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈش يىپلىرىنى بىر لۆتتىن قىلىپ يۆگەيدىغان تۆت قاناتلىق چاقسىمان ياغاچ سايمان.

**دورەم** ئى. قېتىم، نۆۋەت، رەت: ھەر دورەم. كېلەر دورەم.

**دورەمقى** سۈپ. نۆۋەتتىكى، قېتىمقى: بۇ دورەمقى ئىشنىڭ تازا ياخشى بولمىدى.

**دورداي** سۈپ. كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قېلىن، توم؛ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان: دورداي كالپۇك.

**دوردايتماق** «دوردايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: غالىب ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كالپۇكلىرىنى دوردايتىپ، خۇددى ھازىرلا سوقۇشىدىغاندەك قىلىق قىلاتتى.

**دوردايتىشماق** «دوردايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كالپۇكلىرىنى دوردايتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

**دوردايماق** پ. ئىششىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق؛ تومپىيىپ، يوغىنىماق: ئۇنىڭ كالاچتەك ئېغىزى ئەتراپىدىكى قېلىن كالپۇكى تېخىمۇ دوردىيىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

**دورغا** ئى ① تارىس. ۋاڭ تەرىپىدىن بىر يېزىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ئەمەلدار: شۇ ئارىدا، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان ھويلىدىن چىقىپ، مېھمانلارنى قارشى ئالدى. ② كونا جەمئىيەتتە ۋە بەزى ئەمەلدارلارنىڭ يۇگۇر - يېتىم خىزمىتىنى قىلىدىغان خىزمەتچى: يامۇلنىڭ بەش دورغىسى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ھارۋىغا تاشلىغانچە ئاچىقىپ كەتتى.

**دورغىلىق** ئى ① دورغىلارغا بېرىلگەن ئەمەل، ھوقۇق، ۋەزىپە: تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىدىن كېيىن شوپۇللۇقلاردىن بوسۇق دورغىنىڭ ئوغلى سالى دېگەن كىشى بۇ يۇرتنىڭ دورغىلىقىغا بەلگىلەندى. ② دورغىلارغا خاس ئالاھىدىلىك، خاراكتېر، قىلىق، ئادەت.

**دورىپۇرۇش** ئى [پ] دورا - دەرمان سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**دورىپۇرۇشلۇق** ئى. دورا - دەرمان سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئانام ئوقۇتقۇچىلىق، دادام دورىپۇرۇشلۇق قىلىدۇ.

**دورىخانا** ئى [پ] <تېب> دورا ياسايدىغان، ساقلايدىغان ۋە ساتىدىغان جاي، ئورۇن، ئاپتېكا: مەريەمخان ئورنىدىن تۇرۇپ، دوختۇرغا رەھمەت ئېيتتى - دە، دورىخانىدىن دورىنى ئېلىپ، ئەركىنىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

**دورىشۇناس** ئى [پ] <تېب> دورىلارنىڭ ئورگانىزم ئىچىدە پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشى، ئورگانىزملارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئادەم، مۇتەخەسسىس: بۇ تەتقىقاتتىن دورىشۇناسلارغا شۇنداق ئىلھام بولىدۇكى، نېرۋا سىستېمىسىدا كالىي ئىيونىنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىنى تېزلىتىپ، نېرۋا ھۈجەيرىسى ھەرىكىتىنى ۋاقىتىنچە چەكلەپ تۇرالايدىغان دورا ئىشلەش مۇمكىن.

**دورىشۇناسلىق** ئى. دورىلارنىڭ ئورگانىزم ئىچىدە پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشى، ئورگانىزملارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئىلىم.

**دورىگەر** ئى [پ] <تېب> ① فارماكوپىيە ۋە رېتسېپقا ئاساسەن دورا تەييارلايدىغان ئادەم. ② دوختۇرخانىلاردا، دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن رېتسېپىغا ئاساسەن دورا بېرىدىغان كىشى.

**دورىگەرلىك** ئى. دورا ياساش ۋە دورا بېرىش ياكى سېتىش ئىشى، كەسپى: ئەنجۇر — مەشھۇر مېۋە بولۇپلا قالماستىن، تېببىي دورىگەرلىك ئىلمىدە ئاجايىپ شىپالىق دورا ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مەشھۇر.

**دورىلاتماق** «دورىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايزىمخان ئۆيگە كەلگەندە، يولدىشى ئاللىقاچان ئالمىلىقنى دورىلاتقىلى كەتكەنىدى.

**دورىلاشماق** «دورىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دورىلانماق** «دورىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن ئورمانلار دورىلىنىپ بولدى.

**دورىلىق** ① ئى . دورا بولۇش، دورا ئورنىدا ئىشلىتىش؛ دورىغا خاس ئالاھىدىلىك: ئۇ يەردە دورىلىق ئۈچۈن بىر مىسقال ئادەم گۆشىنى مىڭ تىللاغا ئالىدۇ. ② سۈپ. دورا ياساشقا بولىدىغان ياكى دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تولدۇرۇپ ئېتىكىنى گۈل - چېچەككە، باشلىغان يەنە يېڭى تەتقىقاتنى. دورىلىق ئوت - گىياھتىن نۇسخا تاللاپ، قويغان ھەربىر خىلغا لايىق ئاتنى.

**دورىلىماق** پ ① دورا سەپمەك، دورا پۈركۈمەك، دورا چاچماق: دېھقانچىلىقتا يەرگە ئىشلەش، ئۇرۇق تاللاش، دورىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تېخنىكىلىق تەلەپكە لايىق ئىشلەش لازىم. ② دورا سۈرمەك، چاپلىماق، دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلماق: سېستىرا بالىنىڭ پۇتىدىكى يارىنى دورىلاپ داكا بىلەن يەنە تېڭىپ قويدى.

**دورىماق** پ ① باشقىلار نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ باقماق، تەقلىد قىلماق: تىلىڭ كەلمىسە دورىما، خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما (ماقال). ② بىرىنىڭ بىرەر ئىش ياكى مىجەز - خۇلقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، شۇنىڭ ئىزىدىن ماڭماق: ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ، قىز ئانىنى (ماقال). ③ بىرىنىڭ بىرەر ئىش - ھەرىكىتىنى مازاق قىلىپ كۆرسىتىپ كەمسىتمەك، مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق: ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ مېڭىشىنى زاڭلىق قىلىپ، دوراپ كۆرسىتىۋاتاتتى.

**دوزاخ** ئى [پ] ① دىنىي ئېتىقاد بويىچە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر، يامان ئىشلارنى قىلغانلار ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ ئازاب چېكىدىغان جاي، جەھەننەم: دوست ئايرىغان دوزاخ

تۇۋىدە (ماقال). ② كۆچمە. قاراڭغۇ ھەم ئىچىنىشلىق تۇرمۇش مۇھىتى: ئۇ: — ئاۋۋال بۇ دوزاختىن كېتىۋالايلى، يولدا ماڭغۇچە ھەممىنى دەپ بېرىمەن، — دېدى.

**دوزىخىي** سۈپ [پ] دوزاخقا لايىق، دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك؛ ئەسكى، يامان: — دېگەنلىرىنى ئورۇنلىمىسام دوزىخىي بولۇپ كېتەي، — دېدى ھاشىم.

**دوژنا** مىق [ر] ① نەرسىلەرنىڭ 12 دىن قىلىنغان ھەربىر تۈپى: بىر دوژنا قەلەم. بىر دوژنا پايپاق. ② توپ: — ئۈستى ئالتۇن تاغ، ئاستى كۈمۈش باغ، يۇرتداش دېسەڭ ئەتراپىدا پەۋەس، ئەل ـ ئاغىنە دېسەڭمۇ دوژنىسى بىلەن تېپىلىدۇ، — دېدى تۇراپ شەمەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

**دوست** ئى [پ] ① ئۆزىگە نىسبەتەن كۆڭلى يېقىن، قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان ئادەم؛ ئاغىنە، بۇرادەر: ھەقىقىي دوست. * مېھرىبان دوست. * دوست باشقا قارار، دۈشمەن ئاياغقا (ماقال). ② تەرەپدار، ھامىي: دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز. ③ ئاشنا، يار: جان دوستۇم جېنىم دوستۇم، ئايىمخان مېنىڭ دوستۇم. ئايىمخان ئۆلۈپ كەتسە، كىم بولۇر مېنىڭ دوستۇم.

**دوستانە** رەۋ [پ] دوستلارچە، دوستلاردەك، دوستلارغا ئوخشاش: دوستانە زىياپەت. دوستانە مەسلىھەت.

**دوستانىلىك** ئى. دوستلارچە، دوستلارغا خاس مۇئامىلە: ئالدىنقى يىلى ئۇ تىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا، بۇ ئادەم قىزغىن دوستانىلىك كۆرسەتكەنىدى.

**دوست ـ ئاغىنە** دوست ۋە ئاغىنە: ئۇ مەكتەپكە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ۋە دوست ـ ئاغىنىلىرىگە ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق خەت يېزىۋەتتى.

**دوست ـ بۇرادەر** دوست ۋە بۇرادەر: ئىككى دوست قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇرۇنقى دوست ـ بۇرادەرلىرى يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇشۇپ، كۆپ ئۆتمەيلا تاشۋاينى ئىزدەپ تېپىشتى.

**دوست ـ دۈشمەن** دوست ۋە دۈشمەن: «دوست ـ دۈشمەنلەر ئالدىدا ئوغلۇمنى چىرايلىق ياتقۇزۇۋالسام» دەپ ئويلىدى مەشھۇر.

**دوستىسىز** سۈپ. دوستى يوق، تەنها: دوستىسىز ھايات. * دوستىسىز ئادەم.

**دوستىسىزلىق** ئى. دوستى يوقلۇق، تەنھالىق: دەرۋەقە، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ بىر ئايدىن بېرى ئۆيسىزلىك، دوستىسىزلىق، پۇلسىزلىقنىڭ ئازابىنى بولۇشىچە تارتتىم.

**دوستلارچە** رەۋ. دوستلارغا ئوخشاش، دوستلاردەك، دوستانە: دوستلارچە ياردەم. دوستلارچە كەيپىيات.

**دوستلاشتۇرماق** «دوستلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوۋېت دىپلوماتلىرى دەرھال ئىشقا چۈشۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى دوستلاشتۇرۇپ قويىدى.

**دوستلاشتۇرۇلماق** «دوستلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دوستلاشماق** پ. دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتماق، دوست بولماق: شۇنداق قىلىپ بىز شائىر مۇتەللىپ بىلەن دوستلىشىپ كەتتۇق.

**دوستلۇق** ئى. دوستلارغا خاس مۇئامىلە، مۇناسىۋەت، دوستانە ئالاقە: ئۇلار قومۇللۇق كىشىنىڭ بىلىمگە قايىل بولۇشتى ۋە مۇشۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

**دوستلۇقسىز** سۈپ. دوستلۇقى يوق، دوستلۇقتىن خالىي: ھايات دوستلۇقسىز ئۆتكەن بولسا، كىشىلەر ھىجران ئازابىغا قالمىغان بولاتتى. دوستلار بىر ـ بىرىگە تەلپۈنمىگەن بولسا، يەر شارىدىكى شەيئىلەر بىر ـ بىرىگە باغلىنىشسىز ياشىغان بولاتتى.

**دوست ـ يار** ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ بۇرادەر: ئاڭغىچە كۈنمۇ پېتىپ، سۈپىتاينىڭ قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ يار، بۇرادەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

**دوست ـ يارەن** ← **دوست ـ يار:** سابىق جەڭچى يېڭى قوراللارنى ئۆزىگە يېقىن تونۇش ئەسرالىرى ۋە ئىشەنچلىك دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سۇرۇشتۇرۇپ ئەكېلىپ قويغانىدى.

**دوسكا** ئى [ر] خەت يېزىشقا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان، قارا ۋە باشقا رەڭدە سىرلانغان تاختا ئەينەك ياكى تامدىن چىقىرىلغان سىلىق يۈزلۈك قۇرۇلما: قارا دوسكا.

**دوشاپ** I ئى. دىيال. تاۋۇز ئۇرۇقى.

**دوشاپ** II ئى [پ] دىيال. تېرە ئاشلايدىغان ئاش.

**دوغ** ئى. جان ت. دوغاپ: — مۇزدەك دوغدىن بىر چىنىدىن ئىچمەيلىمۇ، — دېدى ئۇ دوغاپچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پېشمىدىن تارتىپ.

**دوغا** ئى. خادىك ھارۋىنىڭ شوتا بېشىغا ئورنىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسىلىدىغان يايسىمان جابدۇق.

**دوغاپ** ئى [پ] ① بەلگىلىك مىقداردىكى مۇز بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇدا ئېرىتىپ تەييارلىنىدىغان سوغۇق ئىچىملىك. ② سۇيۇق لاي ، لايقا: ئۆمۈر ئېقىپ، ئېقىن سۇدەك كېتەر ھەرقاچان، بەزى سۈزۈك، بەزى دوغاپ، ھەتتا بەك قىيان.

**دوغاپچى** ئى. دوغاپ ئېتىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**دوغاپچىلىق** ئى. دوغاپ ئېتىش ۋە سېتىش ئىشى: دوغاپچىلىق قىلماق. دوغاپچىلىق دۇكىنى ئاچماق.

**دوغداق** <زوئول> ① ئى. قۇشلارنىڭ بىر ئەترىتى. بۇ ئەترەتتىكى قۇشلارنىڭ بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، دۈمبىسى تۈز، قۇيرۇقى قىسقا بولۇپ، ئۇچالمايدۇ؛ پەقەت سۇ كېچەلەيدۇ. ② سۈپ. ساڭگىلىماي تىك تۇرىدىغان، دىقماق: دوغداق قۇيرۇق.

**دوغدايتماق** «دوغدايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوغدايماق** پ. دۈمبىسىنى چىقىرىپ، پۇت ـ قولىنى يىغىپ تۈگۈلۈۋالماق، دۈگدەيمەك: ئىشىك ئېچىلمىغاچقا دوغدىيىپ ساقلاپ تۇرۇش ئېغىر كەلدىمۇ قانداق، كېتىپ قالدىم.

**دوغدىيىشماق** «دوغدايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوغىلاق** سۈپ. پاكار ھەم سېمىز، دىقماق: دەرۋازىنى خېلى ئۇرغىنىمدىن كېيىن 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دوغىلاق، قارامتۇل، سوزۇق يۈزلۈك بىر كىشى چىقتى. // كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھالدا دوغىلاقتىن: — بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

**دوق** I ئى. تاپا ـ تەنە، مىننەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان سۆز، قىلىنىدىغان ھەرىكەت: دوق قىلماق. * دوق قىلىپ بەرگەن تاماق قورساقنى ئاغرىتىدۇ (ماقال).

**دوق** II تەق. بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: قاراڭغۇدا «دوق» قىلىپ تامغا ئۇسسۇۋالغانلىقىنى ئۇ

ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

**دوقا** ① ئى. باشنىڭ ئارقا قىسمى ياكى پېشانە تەرىپىدىكى دۆڭ يېرى: ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ ئىششىغان، پېشانىسىنىڭ دوقىسى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ② سۈپ. مەلۇم بىر قىسمى ئەسلىي دائىرىدىن بىر ئاز چىقىپ تۇرىدىغان: دوقا چاق. دوقا ماڭلاي.

**دوقاق** ئى [ئە] گۈرۈچ، ماش قاتارلىقلارنىڭ پوستى: ئېكەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ (ماقال).

**دوقال** ئى ① قىيىن ئۆتكەل، قىيىن پەيت؛ توسالغۇ، خەتەر: ــ بىراق، بىر دوقالنى تازىلىۋەتمەي بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، ــ دېدى ئۆمەر باي. ② دائىم بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى: بۇ گۈزەل بېغىمنىڭ گۈل - چېچەكىنى جۇدۇنلۇق دوقاللار سۇندۇرالىدى.

**دوقچى** ئى. دوق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، دوق قىلىدىغان كىشى: دوقنى بىلمەس ئەر ئىدىم، دوقچى قىلدىڭ سەن ئۆزۈڭ!

**دوق - دوق** «دوق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاچچىقىغا پايلىمىغان قۇربان ئايالىنىڭ چېچىدىن تۇتتى - دە، تامغا «دوق - دوق» ئۇستۇرۇشكە باشلىدى.

**دوقسىز** سۈپ. دوق قىلمىغان، تاپا - تەنە، مىننەتتىن خالىي: ئۇنىڭ ھازىرقى سەممىي جاۋابلىرى، ھېچقانداق دوقسىز، تەئەددىسىز تەلەپپۇزى ھېكمەتنى خېلىلا يېنىكلىتىپ قويدى.

**دوققىدە** رەۋ. «دوق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «دوق» قىلغان ھالدا: ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، پىيالىنى لېۋىگە ئاپاردى. ئاندىن ھارىقى تۈگىمىگەن پىيالىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە دوققىدە قويۇپ سۆز باشلىدى.

**دوقمۇش** ئى. يولنىڭ مەلۇم لىنىيە بويىچە ئېگىلگەن، بۇرۇلغان جايى؛ جەينەك: دوقمۇشقا كەلمەك. دوقمۇشتا تۇرماق.

**دوقمۇش - دوقمۇش** نۇرغۇن دوقمۇش، ھەربىر دوقمۇش: ئەتىسى يوغان تۆت بۇرجەكلىك قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلان قەغەزلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىغا چاپلىنىپ كەتتى.

**دوقۇرماق** پ ① تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىزدەپ بارماق: ئۇ يەنە قوپۇپ ماڭماقچى بولدى، لېكىن قايسى كوچىغا دوقۇرۇشنى بىلمەيتتى. ② كۆچمە. تەرەپ - تەرەپتە تەمتىرىمەك: ھاشىم ئاكام كەچكىچە دوقۇرۇپ يۈرۈپ بېلەت ئالالمىدى.

**دوقۇرۇشماق** پ ① «دوقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا دوقۇرۇشتى. ② ئۇچرىشىپ، توغرا كېلىپ، دۇچ كېلىپ قالماق: ئۇ كىمنىدۇر قارغاپ، ئاچچىق قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى كىشىگە دوقۇرۇشۇپ قالغانىدىلا بېشىنى كۆتۈردى. ③ توقۇنۇشۇپ، تۇتۇشۇپ قالماق: مىللىي ئارمىيەدىن ئەجەللىك زەربىلەرنى يەپ، قان يۇتۇپ قاچقان قۇيرۇقچىلار نېرىقى تاغنىڭ تازا يامان بىر يېرىدە مىللىي ئارمىيەنىڭ رازۋېدكا ئىسكادرونى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ④ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالماق، بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمەك: كامىللار ھەر ئىككىلا نەزىرىنىڭ بىر كۈنگە دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرى زاكىرجاندىن بىركۈن كېيىن ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

**دوقۇسلاتماق** پ. دوققىدە تەگكۈزۈپ سىلكىتمەك، نوقۇماق، نىقتىماق: باشلىق بىگىز قولى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا دوقۇسلاتتى.

**دوقۇلداتماق** «دوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوقۇلداشماق** «دوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوقۇلدىماق** پ. «دوق - دوق» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «دوق - دوق» قىلماق.

**دوك** I سۈپ ① بېلىنىڭ يۇقىرىسى ئالدىغا ئېگىلگەن، ساغرىسى ئارقىغا چىققان دۈمچەك: ئارۇپ ئاكام قېرىپ كېتىپتۇ، مۈكچىيىپ، غوللىرى دوك ئادەمگە ئوخشاش ئۆسۈپ چىقىپتۇ. // دوك گۆرگە كىرگەندە تۈزىلەر (ماقال). ② دوكقا ئوخشاش ئېگىلگەن، دوكقا ئوخشاش (نەرسىلەر ھەققىدە): دوك ئوق.

**دوك ئوق** <ماشىن> ماشىنىلارنىڭ تەكرار ھەرىكىتىنى ئايلانما ھەرىكەتكە ياكى ئايلانما ھەرىكىتىنى تەكرار ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئوق. ئۇنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە دانە ئەگرى دەستىسى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ دىزېل ۋە بېنزىن دىۋىگاتېللىرىنىڭ مۇھىم دېتالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**دوك** II تەق. ئاياغنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى ۋە قاتتىق نەرسىلەرنىڭ تېگىشىدىن چىققان بوغۇق ئاۋاز.

**دوكار** سۈپ [پ] بىرەر ساھەدە چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان؛ پۇلى بار، پۇلدار؛ باي: قەشقەرنىڭ دوكار سودىگەرلىرىدىن بىرى بولغان نۇرئاخۇن بايۋەچچە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىتنى ئۆزى بىلەن بىللە تىجارەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

**دوكپايە** ئى. تۆمۈرچى، تاقىچىلار ئىشلىتىدىغان بىرخىل سەندەل. «مىخ سەندەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**دوكتور** ئى [ر<لات] ئىلمىي ئۇنۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ياكى شۇ دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىم.

**دوكتورە** ئى [لات + ئە] دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئايال، ئايال دوكتور: ئەي يىگىت، سەن ئالىم - ئالىم، دوكتور - دوكتورەلەرگە ئاتا بولۇشنى ئويلامسەن، ئۇنداقتا ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭنى چىرايىغا، مودىلىقىغا ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ تاللا!

**دوكتورلۇق** ئى . دوكتورلار ئېرىشىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان: ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىپلوم، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى بولىدۇ.

**دوكلات** ئى [ر] ① بىرەر تېمىدا كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق، سۆز ۋە شۇ نۇتۇقنىڭ يازما تېكىستى: دوكلات بەرمەك. دوكلات قىلماق. دوكلات ئاڭلىماق. ② رەھبەرىي ئورگانلارغا ياكى باشلىققا ئاغزاكى ۋە ياكى يازما ھالەتتە بېرىلگەن مەلۇمات، ئاخبارات: يازما دوكلات.

**دوكلاتچى** ئى. يىغىن ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگۈچى ۋە ياكى سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگۈچى كىشى.

**دوكۇر** ئى<زوئول> خوراز ۋە قىرغاۋۇللارنىڭ پاچىقىدىكى مۈڭگۈزسىمان ئۆسۈك.

**دوكۇلداتماق** «دوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلئايشەمنىڭ شوخ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى دوكۇلدىتىپ ھاياجانلىرىنى سىرتىغا چىقىرىپ قويۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

**دوكۇلداشماق** «دوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپ قوڭغۇرىقى يەنە رىتىملىق جىرىڭلىدى. ئۆسمۈرلەر قى - چۇ كۆتۈرۈشۈپ سىنىپلاردىن مەكتەپ مەيدانىغا

دوكۇلدىشىپ چىقىشتى.

**دوكۇلدىماق** پ. «دوك ـ دوك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دوك ـ دوك» قىلماق: باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كەتتى.

**دوگما** ئى [ر<گىرېك] كونكرېت شارائىتقا تەتبىق قىلماي، قارىغۇلارچە يولغا قويۇلغان ياكى قوبۇل قىلىنغان قانۇن ـ تۈزۈم، قائىدە؛ پىكىر، ئەقىدە.

**دوگماتىزم** [ئى] دوگمىچىلىق.

**دوگماتىك** سۈپ [ر] دوگمىچىلىققا ۋە دوگما ئەقىدىلەرگە ئاساسلانغان.

**دوگمىچى** ئى. دوگمىچىلىققا ۋە دوگما ئەقىدىلەرگە ئاساسلىنىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان كىشى.

**دوگمىچىلىق** ئى <پەلس> سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ بىرخىل ئىپادە شەكلى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلماي ھەمدە شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ خاسلىقىنى تەتقىق قىلماي، پەقەت تەييار تەرتىپ ۋە ئىبارىلەرنى ئۆلۈك ھالدا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**دوگمىلاشتۇرماق** «دوگمىلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ماركسىزم يېتەكچى ئىدىيەسىنى توغرا ئىلمىي تەپەككۇردىن يىراقلاشتۇرۇپ، دوگمىلاشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش نەزەرىيەۋى خىسلىتىدىن ۋاز كېچىپ، سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، چىرىكلىشىش ئەۋج ئالدى، ئىقتىساد بىر ئىزدا توختاپ قالدى.

**دوگمىلاشماق** پ. دوگما ھالەتكە كەلمەك: بۇ كىرىزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كىرىزىس (مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى، ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى، مائارىپنىڭ دوگمىلىشىشى، قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى ... قاتارلىق) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**دوگوۋور** ئى [ر] توختام: ئۇ شۇ چاغلاردا مەشھۇر باي زۇپەر ھاجىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، سودا ـ سېتىق، توختام ـ دوگوۋور ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان زىيالىي ئىدى.

**دوگوۋورلاشماق** پ. توختام تۈزۈشمەك، توختاملاشماق: گاسىت ئاخىرى قوشنا كوپېراتىپتا ئۆي قۇشلىرى باقىدىغان بىر بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوگوۋورلاشتى.

**دوڭ** I تەق. قاتتىق بىرنەرسە يەنە بىرنەرسىگە ئۇرۇلغاندا ياكى تەگكەندە چىققان ئاۋاز: تۇيۇقسىز «دوڭ» قىلغان ئاۋاز ھەممىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

**دوڭ** II ئى. ۋېيىتنامنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دوڭ ـ دوڭ** «دوڭ I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تالادىكى «دوڭ ـ دوڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغان بالا دەرھال سىرتقا يۈگۈردى.

**دوڭغاس** تەق. بىر پۇتى قىسقا ئادەمنىڭ ماڭغان ۋاقتىدىكى پاچاقتىن يۇقىرى، بەلدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرۇش ھالىتى.

**دوڭغاسلاشماق** «دوڭغاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوڭغاسلىماق** پ. بەدىنىنىڭ پاچاقتىن يۇقىرى، بەلدىن تۆۋەن قىسمىنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر پەسەيتىپ ماڭماق: ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، دوڭغاسلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

**دوڭغاق** سۈپ ① بېلىنىڭ ئۈستى ئالدىغا، ئاستى كەينىگە ئېگىلگەن، دوڭغايغان ياكى دوڭغىيىپ ماڭىدىغان: دوڭغاق خوتۇن. ② غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يەرگە قاراپ ئېگىلگەن، دوڭغايغان: دوڭغاق ئۈجمە.

**دوڭغاقلاتماق** «دوڭغاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ كۆزى ھامان ئوغلىدا ئىدى. ئوغلى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ۋېلىسىپىتنى دوڭغاقلىتىپ تالاغا ماڭدى.

**دوڭغاقلىماق** پ ① دوڭغىيىپ ئاقساپ ماڭماق: بۇۋى تالادىن كىرىپ دوڭغاقلاپ ماڭغىنىچە بېلىگە مۇشتلايدۇ. ② كۆچمە. خۇشامەت قىلماق: دادا، سىز قاسىم خالۋاپقا نېمانچە دوڭغاقلايسىز، چوڭ بولسا بىر دۇيجاڭغۇ؟

**دوڭغالچاق** ① ئى. ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆرۈپ، تېپچەكلەش ھالىتى: تاي دوڭغالچاق ئاتتى. ② سۈپ. ئېگىلىپ بىر تەرىپى جەينەكسىمان چىقىپ قالغان: دوڭغالچاق جىگدە. دوڭغالچاق ئامۇت.

**دوڭغالچاقلىماق** پ. ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلىمەك، سۆڭگىچىنى ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلاتماق، ئۇيان ـ بۇيان ئاغماق (ئات، كالا، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە): هارۋىغا كۆندۈرۈلمىگەن ئات دوڭغالچاقلاپ هارۋىغا زادىلا يېقىن كەلمىدى.

**دوڭغايتماق** ① «دوڭغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پاتەمخان ئۇلارنىڭ بىرقانچىسىنى ئېرىقنىڭ قىرىغا چىقىرىپ دوڭغايتتى. ② ئۈست، يۇقىرى تەرىپىنى تۆۋەنگە قاراتماق، دۈملىمەك: ئۇ تۇڭنى دوڭغايتىپ ئاستىغا قارىغانىدى، يوغان بىر تۆشۈك كۆرۈندى.

**دوڭغايتىشماق** «دوڭغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن چېلەكلەرنى دوڭغايتىشىپ بىرمۇ بىر تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

**دوڭغايتىلماق** «دوڭغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باك دوڭغايتىلىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن تېشىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

**دوڭغايماق** پ. بېلىنى ئېگىپ بېشىنى ئالدى تەرىپىگە پەسلەتمەك، ئېڭىشمەك: ئولتۇرار، چىرايلار زاۋال مەزگىلى، پىلدىرلاپ غەم چاچقان كۆزلەر ئارمانسىز... تۇرىدۇ ياش شائىر كۆپنىڭ ئالدىدا دوڭغىيىپ، تىترەپ ماغدۇرسىز پۇتى.

**دوڭغىيىشماق** «دوڭغايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوڭگۇر** تەق. بارابان قاتارلىقلارنى ئېگىز ـ پەس ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز.

**دوڭگۇر ـ دوڭگۇر** «دوڭگۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ــ دوڭگۇر ـ دوڭگۇر قىلىۋاتقان نېمە ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى ۋاڭ يېرىم كېچە بولغاندا يېنىدىكى تەيجىسىدىن.

**دوڭڭىدە** رەۋ. «دوڭ» قىلغان ھالدا، «دوڭ» قىلىپ: مەن ئاچچىقىمدا يان ئىشىكنى دوڭڭىدە ياپتىم ـ دە، ئىشخانىغا كىرىپ كەتتىم.

**دوڭىلداتماق** «دوڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رېھىم پالۋان ھويلا ئىشىكىنى دوڭىلدىتىپ قېقىپ تۇرۇپ توۋلىدى.

**دوڭىلدىماق** پ. «دوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «دوڭ» قىلماق: بىرپەستىن كېيىن ئىشىك دوڭىلدىدى.

**دولا** ئى ① ئادەمنىڭ بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بويۇنغا تۇتاشقان ئىككى تەكشى جايى: ئۇنىڭ دولىسى سەل پەس ئىدى.

② هايۋاننىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك بار قىسمى: تورپاق يەنە سەكرىدى، ئۇستىدىكى توقۇم ئۇنىڭ دولىسىغا كېلىپ قالدى. ③ كىيىمنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمى: بۇ كۆڭلەكنىڭ دولىسى بىر ئاز كەڭ بولۇپ قاپتۇ.

**دولا چىقارماق** نارازى بولماق، قارشى تۇرماق؛ ئېتىراز بىلدۈرمەك: ئۆز يۇرتىدا، ئۆز ئۆيىدە كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈن دولىسىنى چىقىرىپ قوپىدىغان يىگىت ئىدى.

**دولىسىنى قاقماق** «يارايسەن»، «قىلغان ئىشىڭ بولىدۇ»، «مەن قولللايمەن» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈرمەك: ساقچى ھوقۇقدارى ئايتىللانىڭ چېچىنى سىلاپ قويدى، شۇم نىيەت بىلەن دولىسىنى بىرنەچچە قېتىم يۇمشاق ـ يۇمشاق قاقتى.

**دولان** ئى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيەسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

**دولان مەشرىپى** <ئۇس> دولاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر خىل مەشرەپ شەكلى.

**دولان مۇقامى** <مۇز> ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئىبارەت ئانا مۇقامنىڭ يەرلىك ۋارىيانتلىرىدىن بىرى بولۇپ، دولان دىيارىدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئاساسەن دولان مەشرەپلىرىدە ئورۇنلىنىدۇ.

**دولان ئۇسسۇلى** <ئۇس> دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ۋە دولان مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلى.

**دولانا** ئى [پ] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇمغا ئوخشاشراق بولۇپ، ئۈچتىن بەشكىچە يېرىلىدۇ؛ گۈلى ئاق، مېۋىسى شار شەكلىدە، توق قىزىل كېلىدۇ؛ يۈزىدە ئۇششاق سەپكۈنلىرى بولىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، ئىستېمال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**دولقۇن** ئى ① دېڭىز ـ ئوكيان، كۆل سۇلىرىدا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك چايقاق. ② <فىز> تەۋرىنىشنىڭ جىسىمدىكى تارقىلىشى. ئۇ جىسىمنىڭ ماددىي نۇقتىسىنىڭ تەۋرىنىشىدۇر. دولقۇن پەقەت ھەرىكەتنىڭ بىر خىل تارقىلىش شەكلى بولۇپ، ماددىي نۇقتىنىڭ ئۆزى دولقۇنغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلىمەيدۇ. مەسىلەن، ئاۋاز دولقۇنى. ③ كۆچمە. كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى ھەرىكەت: ئىنقىلاب دولقۇنى. ④ كۆچمە. ئىچكى كەچۈرمىشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكىتى: قەلب دولقۇنى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دولقۇنسىمان** سۈپ. بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىدىغان، ئۆرلەپ ـ پەسىيىپ تۇرىدىغان، دولقۇنغا ئوخشاش، دولقۇن شەكلىدە: دولقۇنسىمان تاغلار. دولقۇنسىمان قىزىتما. * جەمئىيەت دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلىدۇ.

**دولقۇنلاتماق** «دولقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىيازنىڭ قاتتىق بورىنى دېڭىز سۈيىنى دولقۇنلاتتى.

**دولقۇنلاشماق** «دولقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېڭىز ئوخشاش مايسىلار، دولقۇنلىشار يەلپۈنۈپ. ئورتاقچىلار ياراشقان، گويا قىزىل گۈل بولۇپ.

**دولقۇنلاندۇرماق** «دولقۇنلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يامغۇرلۇق ھاۋانى دولقۇنلاندۇرۇپ، ياڭراتتى ئېلىنىڭ ناخشىسى ھەريان. يېقىملىق، مەردانە، جۇشقۇن غەزەلدىن، بىر ئىزگۇ جىملىققا چۆكتى ھەربىر جان.

**دولقۇنلانماق** پ ① دولقۇنلۇق ھەرىكەتكە كەلمەك، دولقۇنلىماق: دولقۇنلىنىپ ئاققان دەريا سۈيى ئۇنىڭ يولىنى توستى. ② كۆچمە. ھاياجانلانماق؛ جۇش ئۇرماق: ئاسىيەنىڭ قەلبى ئاستا ـ ئاستا ياشلىق باھارىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن دولقۇنلىنىشقا باشلىدى.

**دولقۇنلۇق** سۈپ ① دولقۇنى بار، دولقۇنلاپ تۇرىدىغان: دولقۇنلۇق دەريا. ② دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، جاراڭلىق، ياڭراق: ئۇنىڭ ئاۋازى دولقۇنلۇق ئىدى.

**دولقۇنلىماق** پ ① دولقۇن ھاسىل بولماق، تىنىمسىز ئۆركەشلىمەك، مەۋج ئۇرماق: دېڭىز سۇلىرى دولقۇنلىدى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، ئۇرغۇماق: ئۈچ رومكا هاراقتىن كېيىن باستىنىڭ قانلىرى دولقۇنلاپ، كۆزلىرى ئىلەشتى.

**دوللار** ئى. ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، باھاما، بىرۇنېي، بېلىز، زىمبابۋى، فىجى، سىنگاپور، كانادا، لىبېرىيە، ناۋرۇ، ياماىكا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دولومىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. سىرتقى كۆرۈنۈشى يىرىك ياكى ئۇششاق شېغىللار ئارىلاش كەلگەن تاش پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاساسەن كۈل رەڭ ياكى ئاق كېلىدۇ، يېنىك ۋە ئەينەك پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. مېتاللورگىيە سانائىتىدە ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ۋە دومنىمەشنىڭ ئېرىتكۈچى رېئاكتىپى قىلىنىدۇ.

**دومائى** [ر] تارس. چارروسىيەدىكى تۆرلۈك مەركىزىي ۋە مەھەللىۋى ئورگانلارنىڭ نامى.

**دومبا** ئى. دىيال. قورسىقى كىچىك چۆگۈن.

**دومباق** سۈپ. كۆپۈپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلەپ چىققان، تومپايغان: ئۇ قارىسا قىزنىڭ يانچۇقى دومباق تۇرغۇدەك، قاراپ ئۇنىڭ بېھى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

**دومباق ـ دومباق** «دومباق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئېلىنماقتا تەخسىگە ئېرىپ كەتكەن مانتىلار، «دەريا ياغ!» دەپ سۆزلەيدۇ دومباق ـ دومباق سامسىلار.

**دومبايتماق** «دومبايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قورسىقىنى دومبايتىپ ھەر ئىشقا ئۆزى يۈگۈرۈپ، ئالدىراپ يۈرەتتى.

**دومبايماق** پ. كۆتۈرۈلۈپ، كۆپۈپ، ئۆرلەپ چىقماق، تومپايماق؛ كۆپمەك: قورسىقى دومبايماق.

**دومبىرا** ئى <مۇز> قازاقلارنىڭ ئىككى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. قارنى يېرىم نەشپۈت شەكلىدە بولۇپ، سېپى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە كېلىدۇ. سېپىغا 9 دىن 12 گىچە پەدە باغلىنىدۇ، تۆت ياكى بەش گىرادۇستا سازلىنىدۇ.

**دومبىرىچى** ئى. دومبىرا چالغۇچى: ئۇ ئۇستا دومبىرىچى. // بىرپەستىن كېيىن دومبىرىچى يىگىت جارقىن سەھنىگە چىقىپ كەلدى.

**دومساق** سۈپ. دىيال. دومىلاق، يۇمىلاق، دۈگىلەك.

**دومسايتماق** «دومسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاغزىنى دومسايتىپ، يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ داۋۇتقا ھومايدى.

**دومسايماق** پ. قاپىقىنى تۈرۈپ تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ بىرەر ئىش، نەرسىدىن نارازى ياكى خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەك:

مۇھەممەتئىمىن قەستەن تەرىنى تۈرۈپ تاۋى نازۇك خوتۇندەك غەلىتە دومسايدى.

**دومسىماق** پ. دىيال. دوملىماق، تەڭلىمەك.

**دومسىيىشماق** «دومسايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، چىنارگۈل بىر چەتتە، ئاپىسى بىلەن دادىسى يەنە بىر چەتتە دومسىيىشىپ تۇرۇپتۇ.

**دوملاتماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دوملاشماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دوملانماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دوملىماق** پ ① دوم ـ دوم قىلماق، كۆز ـ كۆز قىلماق، ماختىماق: ئۆزىنى دوملىغان بىرىنچى ئەخمەق، خوتۇنىنى دوملىغان ئىككىنچى ئەخمەق (ماقال). ② ئاستا، شۇنچىكى تەگكۈزمەك: ئاپامنىڭ ئارىلاپ كېپەكنى قورسىقىمغا دوملاپ، ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئاشلىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چىرايلىقلىقىمغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق!

**دومنەمەش** ئى [دومنا + مەش] <سانا> رودىدىن چويۇن ئېرىتىدىغان چوڭ ئوچاق. تۇرخۇن شەكىللىك بولۇپ، ئاستى بىلەن ئۈستى بىرئاز چوڭراق كېلىدۇ. ئىچى ئوتقا چىداملىق خىش بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ.

**دوملاتما** سۈپ. دوملاپ تۇرىدىغان، دوملايدىغان: دوملاتما توپ.

**دوملاتماق** ① «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق شامال قىزچاقنى يۇلۇۋېلىپ، دوملىتىپ ئەكەتتى. ② كۆچمە. تىجارەت ئارقىلىق ئايلاندۇرماق، ئوبوروت قىلماق: دەرۋەقە كوچا سودىگەرلىرى بىر قىسىم پۇلنى دوملىتىپ، بىر ـ بىرىنى ساختا قىلىپ پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ دېھقانلارنى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئالداپ پايدا ئالاتتى.

**دوملاشماق** «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دوملىشىپ قاتتىق ئېلىشتى.

**دوملاق** سۈپ. يۇملاق، دۈگىلەك: دوملاق قاچا. دوملاق قازان.

**دوملاقلاتماق** «دوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قوغلاپ كەلگەن ئىككى چېرىكنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ دوملاقلىتىۋېتىپ، ئاتقا سەكرەپ مىندى.

**دوملاقلاشماق** «دوملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۈنسىز دوملاقلىشىۋاتقان ئۈچ گەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى.

**دوملاقلىماق** پ ① دوملاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، دوملاق قىلماق: خېمىرنى دوملاقلىماق. پاخالنى دوملاقلىماق. ② دوملىماق : دوملاقلاپ يەرگە يىقىلدىم .

**دوملانما** سۈپ. دوملايدىغان، دوملانغان: دوملانما سۈركىلىش.

**دوملانماق** ① «دوملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: باللار يېڭى ياغقان قار ئۈستىدە دوملاندى. ② «دوملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قار توپى دوملاندى.

**دوملە** [خەن] ① ئى. كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىز ھادىسە؛ بەختسىزلىك؛ بالا ـ قازا، نەس: دوملە باسماق. ② سۈپ. نەس باسقان، قارا باسقان، بەختسىزلىككە دۇچار بولغان: دوملە ئادەم.

**دوملىما** سۈپ. دوملاتقىلى بولىدىغان، دوملايدىغان: دوملىما پىچاق.

**دوملىماق** پ ① يۇملىماق: ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى دوملىدى. ② ئاغماق: بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە ھەقلىقمىزكى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسيونالنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك رەسمىي ۋەكىللىرى تامامەن ئاغمىچىلار تەرەپكە دوملاپ كەتتى. ③ يىقىلماق، ئۆرۈلمەك: مەسىلىگە سۈبيېكتىپ، بىر تەرەپلىمە ۋە يۈزە قارايدىغان كىشىلەر بىلەرمەنلىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن دوملاپ چۈشمەيدىغىنى يوق.

**دومىنيون** ئى [ر<ئىنگ] <ت ئىش> ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىر خىل تەشكىلىي شەكلى. ئۇنىڭدا مۇستەقىل قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بولىدۇ، دىپلوماتىك ۋەكىل ئەۋەتەلەيدۇ، لېكىن ئەنگلىيە پادىشاھىنى دۆلەت باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ باشلىقى — باش ۋالىي ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ شۇ دومىنيونغا ئەۋەتكەن ۋەكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يېڭى زېلاندىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەر ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىكى دومىنيونلاردۇر.

**دوناي** سۈپ. تۈز سىزىق بويلاپ يۆنەلمىگەن؛ قىڭغىر، ئەگرى، توقاي: دوناي قول. * ئەگرى قوزۇقتا دوناي توقماق (ماقال). // بارمىقىم ئاغرىپ يۈرۈپ، ئاخىر دوناي بولۇپ ساقايدى.

**دونداق** سۈپ. پاكار ھەم يۇملاق، دوغىلاق ھەم سېمىز: دونداق ئايال. //ئاتماقتا ئىدى پاختىنى ھەدەپ، خوتۇنى دونداق كىردى ھۆمۈدەپ.

**دوۋساق** ئى<ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى سۈيدۈك ساقلىغۇچى ئورگان. شەكلى خالتىغا ئوخشاش بولۇپ، داس بوشلۇقى ئىچىگە جايلاشقان.

**دوۋسۇن** ئى<ئانات> ئادەتتە دوۋسۇن سۆڭىكى دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دوۋۇس** ئى [ئە] ھاقارەتلەش، كەمسىتىش: دوۋۇس قىلماق.

**دوۋۇسلىماق** پ. دۆشكەلىمەك، ئىتتەرمەك، سىلكىشلىمەك: دۈمچەك ئەسكەر ئۇنى ئىلدام مېڭىشقا ھەدەپ دوۋۇسلايتتى.

**دۇئا** ئى [ئە] ① خۇداغا يېلىنىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ قىلىنىغان ئىلتىجا: دۇئا ئالماق. دۇئا قىلماق. ② ياخشى تىلەك، رازىلىق: خوجىنىياز ماڭا: — دۇئالىرنى بەرسىلە باي دادا، مەن بۇ يەردىن كېتىۋالاي، — دېدى. ③ پاتىھە قىلغاندا ئوقۇلىدىغان قۇرئان سۈرىسى: مولانىياز پاتىھە دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قويچىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

**دۇئا ـ تەكبىر** دۇئا ۋە تەكبىر: مويسىپىتلەر ئۆيگە كىرىپ ئادەت بويىچە دۇئا ـ تەكبىر قىلىشتى. سىدىقتىن ھال سوراشتى.

**دۇئا ـ تەلەپ** دۇئا ۋە تەلەپ: سارايىنىڭ ئىچىگە دۇئا ـ تەلەپ يۇلتۇزلىرى ۋە مۇئەككەللەرنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلدى.

**دۇئا ـ تىلاۋەت** قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ قىلغان دۇئا ۋە تىلەك: مەن كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىمەن.

**دۇئاگۆي** سۈپ [ئە + پ] پات ـ پات دۇئا قىلىدىغان؛ دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: دۇئاگۆي ئادەم. * مەن ئەسلىدە دۇئاگۆي ئەمەسمەن، ئەۋلىيامۇ ئەمەسمەن، مۇشۇنداق بىر جاھان كەزگۈچى.

**دۇئاگۇيلۇق** ئى. پات ـ پات دۇئا قىلىش ئىشى: ئۇ «ھۇنەر بىلمەستىن خاس دىنىي ئوقۇش بىلەن قالساڭلار تەمەخور بولۇپ قالىسىلەر» دەپ تالىپلارغا تەربىيە بېرەتتى. ئۆزى دۇئاگۇيلۇق قىلمايتتى، سەدىقە ـ ئېھسانغا قىزىقمايتتى.

**دۇئالىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> ① دۇنيانىڭ روھ بىلەن ماددىدىن ئىبارەت مۇستەقىل ئىككى مەنبەسى بار دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات. ② ئالەمنى مۇستەقىل ئىككى دۇنياغا بۆلۈۋېتىدىغان بارلىق دىنىي ئەقىدىلەر تەلىماتى.

**دۇئايىبەت** ئى [ئە + پ] بىركىمگە يامانلىق تىلەپ قىلىدىغان دۇئا؛ قارغىش: دۇئايىبەت قىلماق.

**دۇئايىسالام** ئى [دۇئا + يى + سالام] باشقا يەردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق بىلەن، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى بىلدۈرۈپ يوللانغان سالام ۋە خەت ـ خەۋەر: دۇئايىسالام ئېيتماق.

**دۇب** ئى [ر] <بوت> دۇپ دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، ئاتلىق گۈلى پوتلىسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، قاتتىق پوستلۇق مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن دۇپ پىلە قۇرتى بېقىلىدۇ، ياغىچىدىن شىپال ۋە ئۆي سايمانلىرى ياسىلىدۇ، قوۋزىقى تەركىبىدە تانىنات كىسلاتاسى بولۇپ، بوياق قىلىنىدۇ.

**دۇبەن** ئى [خەن] كونا. شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن «ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران» دېگەن مەنىدىكى ئەمەل نامى.

**دۇبەن يامۇل** شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت.

**دۇبلىيور** ئى [ر] <تىيا> ئوخشاش بىر رولنى ئېلىپ چىقىشقا تەييارلانغان ئىككىنچى بىر ياردەمچى ئارتىس.

**دۇبۇلغا** ئى. كونا. تىغ ياكى ئوقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسالغان باش كىيىمى؛ قالپاق: چىنتۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ئورىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ.

**دۇپپى** ئى [پ] موزدۇزلۇقتا ئاياغنى چەملەش، مىخلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، شەكلى پۇتقا ئوخشايدىغان، بىر تەردىپىنى كۆتەك ياكى يەرگە قېقىپ قويىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب.

**دۇت** ئى [پ] ① ئىس، تۇتۇن: دۇت ئالماق، دۇت سالماق. ② بۇس، پۇراق: ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. دىمىقىمدىن ئاچچىق دۇت چىقىپ كەتتى.

**دۇتار** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. سېپى ئۇزۇن، بېشى چوڭ، سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىغا كېسىلگەن نەشپۈتنىڭ يېرىمىغا ئوخشايدۇ. ئىككى تال يىپەك تار ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇتارچى** ئى ① دۇتار چالىدىغان كىشى. ② دۇتار ياسىغۇچى ياكى ساتقۇچى كىشى.

**دۇتخانا** ئى [پ] تونۇرنىڭ ئاستىدىكى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكى.

**دۇتلاتماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇتلاشماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇتلانماق** «دۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دۇتلىماق** پ ① ئىس چىقماق، ئىس يانماق. ② پۇراپ، سۈمۈرۈپ چىقارماق: دۆلەتنى كونا مەش بىلەن باي قىلالمايسىز، سالامەتلىك مۇھىم، بىلەمسىز، كېسەلچان ئادەمەن! ئىس دۇتلاپ ئۆلەيمۇ ئاخىر!

**دۇچ** ← **دۇچ كەلمەك**.

**دۇچ كەلمەك** ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ ئۇدۇل، روبىرو كەلمەك: مەن ئاجايىپ ئىشلارغا دۇچ كەلدىم. نۇرغۇن ئىشلار تېپىشماق، بەزىلىرى سىرلىق.

**دۇچار** ئى [پ] گىرىپتار، مۇپتىلا؛ يولۇقۇش: دۇچار بولماق. دۇچار قىلماق.

**دۇچار بولماق** گىرىپتار بولماق، مۇپتىلا بولماق، يولۇقماق: قۇددۇس ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئە ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئاقسۇ ئاھالىسى دۇچار بولغان بىر قاتار ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**دۇچار قىلماق** گىرىپتار قىلماق، مۇپتىلا قىلماق، يولۇقتۇرماق: ئۇ قانجىقنىمۇ، ئۆزىنى مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار قىلغان زەينىمۇ تىللىغىنىچە ئۆيىگە كىردى.

**دۇخاۋا** ئى. يىپەك ۋە ئارىلاشما يىپلاردا ئۇلۇڭ يۈزىگە موي چىقىرىپ توقۇلىدىغان رەخت.

**دۇخوپكا** ئى [ر] نان، سامسا، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق ئۇن ۋە گۆشتىن قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدىغان، ئوت ياكى توك بىلەن قىزىتىلىدىغان قاڭالتىر ساندۇق.

**دۇخوروتكا** ئى [ر] (مۇز) تۈگمە تىللىق ئاككوردىيون: ھېكمەت گەرچە رەسىم كەسپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، گارمون تۈرلىرىدىن دۇخوروتكا. بايانلارنى تولىمۇ مۇڭلۇق چالاتتى.

**دۇخوۋوي** ئى [ر] <مۇز> ← **دۇخوۋوي چالغۇ**.

**دۇخوۋوي چالغۇ** <مۇز> پۈۋلەپ چالىدىغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئورتاق نامى: دۇخوۋوي چالغۇ. دۇخوۋوي ئوركېستىر.

**دۇخۇلۇر** ئى. دىيال ← **تۇغۇر**.

**دۇد** ئى <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرخىلى. شەكلى گىتارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سەككىز تارى بولىدۇ.

**دۇدۇ** ئى [خەن] تار س. تۇتۇق، ۋالىي.

**دۇدۇق** ① تەق. راۋان سۆزلىيەلمەي، تۇتۇتلەپ سۆزلەش ھالىتى (ئادەم ھەققىدە). ② ئى. دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان ئادەم، كېكەچ، تۇتۇت: دۇدۇق سۆزگە يارىماس، ئوغرى كۆزەتكە (ماقال).

**دۇدۇق ـ بۇدۇق** ئېنىق، ئوچۇق سۆزلىيەلمەي دۇدۇقلاش، تەمتىرەش ھالىتى: ئۇ مېنى كۆرۈپلا «دۇدۇق ـ بۇدۇق» قىلىپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

**دۇدۇقلاتماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئامىنەنىڭ بۇ سوئالى ئابلىمىتنى خېلى دۇدۇقلىتىپ قويدى.

**دۇدۇقلاشماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار گەپكە جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلىشىپ قېلىشتى.

**دۇدۇقلانماق** «دۇدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بەزىدە ئىلىك تەتۈر «دەلىل» لەر بىلەن ئىپارگۈلنى ئالدىرىتىپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىپارگۈل قىزىرىپ دۇدۇقلىناتتى.

**دۇدۇقلىماق** پ. سۆزلىگەندە بەزى سۆز ۋە تاۋۇشلارنى ئېنىق، راۋان ئېيتالماي، تەمتىرەپ سۆزلىمەك؛ كېكەچلىمەك: ئايتىللا بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى يەنە بىرقېتىم تېز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بىر تۇرۇپ راۋان، بىر تۇرۇپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**دۇر** ئى [ئە] ئۈنچە ـ مەرۋايىت: دېسە دۇر، دۇر ئەمەس قىممەتتە شۈنچە، دېسە بال، بال ئەمەس لەززەتتە ئۈنچە. * خىيالىم قۇش بولۇپ، بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى.

**دۇربۇن** ئى [پ] <ھەرب> يىراقتىكى نەرسىنى يېقىن قىلىپ، چوڭ كۆرسىتىدىغان ئوپتىكىلىق ئەسۋاب.

**دۇردانە** ئى [پ] ① ئېسىل، چوڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت. ② ئېسىل، بىباھا، قىممەتلىك نەرسىلەر: ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشى ئۇيغۇر مىللىي مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ دۇردانىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالاتتى.

**دۇردۇن** ئى. يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل رەخت: تاۋار ـ دۇردۇن ئاشار، لاي ئاشماس (ماقال).

**دۇرراك** ئى [ر] قائىدە ـ يوسۇن، غەرەز ئۇقمايدىغان، ساراڭدەك قىلىق قىلىدىغان ئادەم: ئالدىڭدا يەنە ئاللانى زادى يادىغا ئالمايدىغان، نەدىنىدۇر قاڭقىپ كېلىپ قالغان بىر دۇرراكمۇ تۇرۇپتۇ.

**دۇررىمارجان** ئى [دۇر + رى + مارجان] ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن قىلىنغان مارجان تىزىق: ئۇلار ماڭا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ قاراپ، ئۇستۇمدىكى كىيىم ۋە دۇررىمارجانلارنى كۆرۈشتى.

**دۇرۇت** ئى [پ] پەيغەمبەرنى سېغىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تىلەپ ئوقۇلىدىغان ھەمدۇسانا، دۇئا: دۇرۇت ئوقۇماق.

**دۇرۇت ـ سانا** دۇرۇت ۋە سانا: ئۇلار قەلبىدە زىكرى قىلىپ تۇرىدىغان دۇرۇت ـ سانالىرى ۋە دۇئا ـ تەكبىرلىرىدە ياراتقۇچىغا بولغان چەكسىز سەممىيلىكى بىلەن گۈزەل تىلەكلىرىدە پۈتكۈل دۇنيانى غايەت مۇشتاقلىق بىلەن قۇچاقلايدۇ.

**دۇرۇتلۇق** سۈپ. دۇرۇتى بار، دۇرۇتقا ئىگە؛ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان: «ئانام يوق تۇرىدۇ» دەپ قەغىشلىك قىلىپ مېنى ئويغاتقان «يىغلاڭغۇ» بالام ئانىسىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندىكى دۇرۇتلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

**دۇرۇس** [پ] ① سۈپ. توغرا، خاتا ئەمەس: دۇرۇس قىلماق. * دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن (ماقال). ② سۈپ. توغرا، ياخشى، ئوبدان: دۇرۇس ئادەم. ③ سۈپ. ئەۋزەل، ئارتۇق: — قانۇن ئالدىدا جاۋابقا تارتقاندىن ۋىجدان ئالدىدا جاۋابقا تارتقىنىم دۇرۇس، — دېدى ھاشىر. ④ يۈكلىمە رولىدا كېلىپ، «توغرا، شۇنداق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: دۇرۇس، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مەيلى قانداق ئېھتىياج بىلەن بولمىسۇن، ئۆز شارائىتىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**دۇرۇسلاتماق** «دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇرۇسلاشماق** ① «دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② دۇرۇس، توغرا ھالەتكە كەلمەك.

**دۇرۇسلانماق** «دۇرۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**دۇرۇسلۇق** ئى. خاتاسىزلىق، توغرىلىق: ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلمەيتىمەن.

**دۇرۇسلىماق** پ. دۇرۇس قىلماق، تۈزىمەك، توغرا قىلماق، توغرىلىماق: سەپەرگە چىققان ئادەم يول ماڭىدىغان كۈنىنى تاللاپ، باش ـ كۆزىنى سۇغا سېلىپ، نىيىتىنى دۇرۇسلاپ ماڭىدۇ.

**دۇريان** ئى [لات] <بوت> پاختا دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە، مېۋىسى شارسىمان، سىرتقى يۈزىدە نۇرغۇنلىغان قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ، مېۋە گۆشى ئاق، يېگىلى بولىدۇ، ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى خەينەنداۋ ئارىلىدىنمۇ چىقىدۇ.

**دۇش** ئى [ر<فىران] مۇنچىلاردا سۇنى يامغۇرغا ئوخشاش چۇشۇرۇپ بېرىدىغان قۇرۇلما.

**دۇشالقا** ئى. دىيال. شىراق.

**دۇششەپ** ئى. دىيال. يەرلىك مەشرەپلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب: دۇششەپتىكى ئۈچ تەگلىكنىڭ بىرى قۇياشقا، بىرى ئايغا، يەنە بىرى يەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ... قومۇل مەشرەپلىرىدە خاس مەشرەپ بېگى تۇرغۇزۇلمايدۇ، دۇششەپنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈشى بىلەن مەشرەپ بېگى ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

**دۇشقار** سۈپ. قىيىن، مۈشكۈل: قەلەم قاشلىق ئىكەن، جاننىڭ پىراقى. ئەجەب دۇشقار ئىكەن، يولنىڭ يىراقى.

**دۇشقارچىلىق** ئى. قىيىنچىلىق، تەسلىك، مۈشكۈللۈك: قىزىمنىڭ كۆڭلى ئەمدى بىر ئاز ئارام تاپقاندا، نېمىدېگەن دۇشقارچىلىق بۇ!

**دۇغ** [پ] ① ئى. سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئاستىغا چۆككەن ماددا، چۆكۈندى: ماي دۇغى. ② سۈپ. تەركىبىدە ھەر خىل ئارىلاشمىلار بولغان، ساپ بولمىغان، سۈزۈك بولمىغان: دۇغ سۇ.

**دۇغسىز** سۈپ. دۇغى يوق، دۇغ بولمىغان؛ ساپ: فىرۇزەنىڭ رەڭگى تەكشى، سۈپسۈزۈك، دۇغسىز كەلگىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

**دۇغلاشتۇرماق** «دۇغلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇغلاشماق** پ. دۇغ ھالەتكە كەلمەك، دۇغ بولۇپ قالماق، دۇغلانماق: ئالدى بىلەن سۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى رەڭسىز، دۇغلاشمىغان، سېسىق پۇراقتىن خالىي بولۇشى لازىم.

**دۇغلانماق** پ ← **دۇغلاشماق.**

**دۇفۇ** ئى [خەن] بىر خىل قوشۇمچە يېمەكلىك. پۇرچاق سۈتىنى قايناتقاندىن كېيىن گەج ياكى تۇز دۇغىنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇيۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە سەي قورۇشتا ۋە بەزى سۇيۇق تاماقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇكات** ئى [پ] دوختۇر ۋە ساتىراشلار ئىشلىتىدىغان كىچىك قايچا.

**دۇكان** ئى [ئە] ① ھەرخىل نەرسىلەرنى سېتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆي، ماگىزىن، جاي: دۇكان ئاچماق. ② ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىش قىلىدىغان ئۆيى: ياغاچچىلىق دۇكىنى. كىيىم تىكىش دۇكىنى. * جالال قوي تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم، بولقا، قىسقۇچ، سەندەل قاتارلىق تۆمۈرچىلىك كەسپىگە لازىم جابدۇقلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ كېلىپ تۆمۈر تاۋلايدىغان، ئەسۋاب ياسايدىغان دۇكان قۇرۇشنى داۋۇتقا ئۆگەتتى. ③ گىلەمچىلىك، باپكارلىق قاتارلىقلاردا توقۇش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارىدىغان جاھازلىق ئۇسكۈنە ۋە پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى ئاتىدىغان يا شەكىللىك ئەسۋاب.

**دۇكان ئايرىماق** ① شاگىرت مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولغاندا ئۇستىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلماق: — دۇكان ئايرىغاندىن كېيىن دەسمايىگە پۇلۇڭ بارمۇ؟ — دېدى كېرىمئاخۇن. ② كۆچمە. بىر پۈتۈنلۈك تەركىبىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولماق: بوتانىكا، زوئولوگىيە قاتار-لىق پەنلەر بىيولوگىيەدىن دۇكان ئايرىپ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ كەتتى.

**دۇكانچە** ئى. كىچىك دۇكان؛ بوتكا.

**دۇكانچى** ئى. دۇكاندا تۇرۇپ مال ساتقۇچى كىشى، پىرد-كازچىك؛ دۇكاندار.

**دۇكاندار** ئى [ئە+پ] شەخسىي دۇكاندا مال ساتقۇچى سودىگەر.

**دۇكانلىق** سۈپ ① دۇكىنى بار، دۇكانغا ئىگە: — ئەجەب قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قاسىمئاخۇن ئۇستام، — دەپ سۆز باشلىدى ئوسمان دۇيجاڭ، — مانا سىلىمۇ دۇكانلىق بولۇپ قاپتىلا، بىزمۇ بوش كەلمىدۇق. ② دۇكان سېلىشقا باب، دۇكان قۇرۇشقا يېتىدىغان: دادۇي دادامغا ئۆستەڭ بويىدىن بىر دۇكانلىق يەر ئۆلچەپ بەردى. ③ دۇكان ياساشقا بولىدىغان، دۇكان ياساشقا يېتەرلىك: ئاتقۇچى ئۇستام، ئىككى دۇكانلىق ئۇجمە ياغىچى بار ئىدى، ئالامدىلا؟

**دۇڭ** رەۋ [خەن] توپى بىلەن، ئۇلگۇجە: دۇڭ ساتماق. دۇڭ ئالماق.

**دۇڭزۇ** ئى<ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار گۈيجۇ، خۇنەن ۋە گۇاڭشى ئۆلكىلىرىگە ئولتۇراقلاشقان.

**دۇڭشياڭ** ئى<ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت-لەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئولتۇراقلاش-قان.

**دۇڭلاپ** رەۋ. توپى بىلەن، ئۇلگۇجە: سىزچە پۇلنى دۇڭلاپ تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىش كېرەكمۇ؟

**دۇلدۇل** ئى [ئە] ① رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى ئەلى مىنگەن ئۇچار ئاتنىڭ نامى. ② كۆچمە. كېلىشكەن، ئىنتايىن تېز چاپىد-دىغان ئالاھىدە بىر خىل ئات: ئات سەمرىپ ئالامەت بىر دۇلدۇل بوپتۇ.

**دۇلۇڭ** ئى<ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار يۈننەنگە ئولتۇراقلاشقان.

**دۇمبا** ئى. تاياق، كالتەك: دۇمبا يېمەك.

**دۇمباق** ئى<مۇز> چوكا بىلەن چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. كۆپىنچە يۇمىلاق تۇڭ شەكلىدە بولىدۇ. ئىچى كاۋاك، بىر ياكى ئىككى تەرىپىگە تېرە كىيدۈرۈلىدۇ.

**دۇمباقچى** ئى ① دۇمباق چالىدىغان ئادەم: سەندەك داڭلىق دۇمباقچىدىن بىرى بولمىسا بولمايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشى؛ يالاقچى، گۇماشتا، گۇپپاڭچى: شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ دۇمباقچىسى ئىدى.

**دۇمباقچىلىق** ئى ① دۇمباق چېلىش ئىشى. ② باشقىلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىش؛ يالاقچىلىق، گۇپپاڭچىلىق.

**دۇمبالاتماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: باي ئاسىمنى راسا دۇمبالاتقاندىن كېيىن زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى.

**دۇمبالاشماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەسئەتنى راسا دۇمبالاشقاندىن كېيىن سېۋەتتىكى ئۆرۈكنى مۇسا-دىرە قىلىپ، ئۆزىنى ئامبارغا سولاپ قويدى.

**دۇمبالانماق** «دۇمبالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تارىختا ئۇلۇغ قەھرىمانلار، ئىجادكار - ئالىملار ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەزىلەر تەرىپىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە كەمسىتىلگەن، مەسخىرە قىلىنغان، ھەتتا ھاقارەتلىنىپ دۇمبالانغان.

**دۇمبالىماق** پ. مۇشت ۋە تاياق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قاتتىق ئۇرماق: نامراتلارنى ھايۋاندەك دۇمبالاپ ئىشلىتىشكە، ئۇنى ئاز دەپ يەنە خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە بولامدىكەن؟

**دۇنيا** ئى [ئە] ① تەبىئەت ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ جۇغلانمىسى: دۇنيا چەكسىز. ئۇنىڭدا ھەممە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر بولغىنىدەك، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ② تەبىئەتنىڭ ئايرىم بىر قىسمى: ھايۋانات دۇنيا-سى. يۇلتۇزلار دۇنياسى. ③ يەر شارىدىكى بارلىق جايلار: دۇنيانى ئايلانماق. دۇنيانى كەزمەك. ④ ھاياتلىق، ياشاش، تىرىكچىلىك: مېنىڭمۇ يادىمدا، شۇ ئۈچرىشىشتىن كېيىن ئالدىمدا بىر دۇنيا ئېچىل-دى. ⑤ كىشىلەر ياشاۋاتقان ئالەم، جەمئىيەت؛ ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان جاي: بۇ دۇنيا. ئۇ دۇنيا. دۇنيادىن ئۆتمەك. ⑥ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى ۋەزىيەت، تۈزۈم: كاپىتالىزم دۇنياسى. سوتسىيالىزم دۇنياسى. ⑦ كىشىلەرنىڭ مەلۇم پائالىيەت دائىرىسى: ئوبيېكتىپ دۇنيا. ئىچكى دۇنيا. ⑧ كۆچمە. بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان، پۈتۈنلەي پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە: مەلىكىزات بىلەن بۇ ئىككىسى تامامەن باشقا-باشقا دۇنيا ئىدى. ⑨ ساھە، مۇنبەر: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھاز-شۇمۇل ئەدىبلىرى ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئۆچمەس نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقانىدى. ⑩ كۆچمە. بايلىق، مال - مۈلۈك، دۆلەت: ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە ھۈنەر قالسۇن (ماقال). * ئادەم ئۆلىدۇ. دۇنيا قالىدۇ (ماقال).

**دۇنيا ۋاقتى** <ئاستر> نۆل گىرادۇسلۇق مېرىدىيان سىزد-قى ئورۇنلاشقان ۋاقىت رايونى ئۆلچەم قىلىنىغان ۋاقىت. بۇ خىل ۋاقىت ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىمسىز تېلېگراف ۋە ئىلمىي سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش ئىشلىد-رىنىڭ بىردەك بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**دۇنيا يۈزىنى كۆرمەك** تۇغۇلماق، دۇنياغا كەلمەك.

**دۇنياپەرەس** سۈپ [ئە + پ] دۇنيا، مال - مۈلۈك، بايلىق توپلاشقا ئامراق؛ ئاچ كۆز: دۇنياپەرەس ئادەم.

**دۇنياپەرەسلىك** ئى. مال - دۇنياغا ئامراقلىق: فارابى ئۇزۇن ئۆمرىدە دۇنياپەرەسلىك قىلمىغان، ئۈيلۈك - ئوچاقلىق بولمىغان، ئىنتايىن پېقىرلىق ۋە كەمبەغەللىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

**دۇنياخور** سۈپ [ئە + پ] مال - دۇنياغا ئامراق، مال - دۇنياغا تويمايدىغان؛ دۇنياپەرەس.

**دۇنياخورلۇق** ئى. مال - دۇنياغا ئامراقلىق، مال - دۇنياغا تويماسلىق، دۇنياپەرەسلىك: بىرلا كېسەل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاچ كۆزلۈك، دۇنياخورلۇق ۋەسۋەسىلىرىنىمۇ قۇرۇتۇپ تاشلىغانىدەك، ئۇ ئەمدى ئەڭ سېخىي، ئەڭ كۆزى توق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھەممىلا نېمىگە پەرۋاسىز قاراپ، جىمجىت ياتاتتى.

**دۇنيادار** ئى [ئە + پ] مال - مۈلكى كۆپ، باي، دۆلەتمەن ئادەم.

**دۇنيا- دەپىنە** ئى [دۇنيا + دەپىنە] كۆمۈلگەن ۋە كۆمۈل-

مىگەن ھەممە بايلىق، بارلىق خەزىنە: بۇ قىز 18 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن دۇنيا ـ دەپىنە ئۇنىڭغا قاپتۇ.

**دۇنيا قاراش** ئى [دۇنيا + قاراش] <پەلس> كىشىلەرنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئومۇمىي، تۈپ قارىشى. سىنىپىي مەۋقەنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن دۇنيا قاراشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**دۇنيالىق** ① ئى. دۇنيادا لازىم بولىدىغان نەرسە: مەن دۇنيالىقنى تاشلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، چۆل ـ باياۋاندا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەندىم. ② سۈپ. بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن، ھاياتىدا، ئۆمرىدە تاپقان: سەلىمە ئۇنىڭ دۇنيالىق بىرلا بالىسى ئىدى. ③ سۈپ. دۇنيادىكى؛ دۇنيادا ئەسقاتىدىغان، يار ـ يۆلەك بولىدىغان: شۇ ئاچقۇچنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇنىڭ قولى ئۇزىراپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدىغان «ئىككى دۇنيالىق» دوستلىرى كۆپەيگەنىدى. ④ ئى. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دا، تا» بىلەن كېلىپ «دۇنيادا، ئۆمرىدە، ھاياتىدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، دۇنيالىقتا بىرلا جانجىگەر ئوغلى سۈتۈقتىن ئەندىشە قىلاتتى.

**دۇنياۋى** سۈپ [ئە] دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك، دۇنيا مىقياسىدىكى، دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان: دۇنياۋى مەسىلە. دۇنياۋى رېكورت.

**دۇنياۋىلاشتۇرماق** «دۇنياۋىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى.

**دۇنياۋىلاشتۇرۇشماق** «دۇنياۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇنياۋىلاشتۇرۇلماق** «دۇنياۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دۇنياۋىلاشماق** پ. دۇنيا تۈسىنى ئالماق، دۇنيا دائىرىسىگە كېڭەيمەك: خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىلگىرىلىشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەش لازىم.

**دۇنياۋىلىق** ئى. دۇنياۋى خاراكتېر: مىللىيلىق خۇسۇسىيىتى قانچە قويۇق بولغانسېرى شۇنچە دۇنياۋىلىققا ئىگە بولىدۇ.

**دۇۋانبېگى** ئى [دۇۋان + بەگ + ى] تارىس. كونا جەمئىيەتتە يۇرتمۇيۇرت، يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ ئۆشرە يىغقۇچى ئەمەلدار.

**دۇۋۇس** ئى [ئە] ھاقارەتلەش، كەمسىتىش: غېرىب بىچارە، يىغلاپ ئولتۇراتتى. مولىسى كىرىپ: «نېمە ئۈچۈن ساۋىقىڭنى ئوقۇماي يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟» دەپ غېرىبقا قاتتىق دۇۋۇس قىلدى.

**دۇئېل** ئى [ر<فىران] ئىلگىرى ياۋروپادا ئەۋج ئالغان بىر خىل ئادەت. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقىت، ئورۇن بەلگىلىنىپ، گۇۋاھچى چاقىرىلىدۇ. ئىككى شەخس ياكى قىلىچ بىلەن يەككە ئېلىشىدۇ ياكى تاپانچا بىلەن ئېتىشىدۇ: دۇئېلغا چاقىرماق. دۇئېلغا چىقماق. دۇئېلغا چۈشمەك.

**دۆ** ئى <زوئول> ئۆمۈچۈكنىڭ بىر خىلى. تېنى قارا ياپىلاق كېلىدۇ. پۇتى ئۇزۇن بولۇپ ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. دائىم تاملاردا ئاق رەڭلىك يۇملاق خالتا ھاسىل قىلىپ، شۇنىڭدا لىچىنكىسىنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ.

**دۆت** سۈپ. ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، ئۆتكۈر ئەمەس، ئەقىلسىز، ھاماقەت: ئۇ ئادىلنىڭ تەلۋە، دۆت، كالۋا ئەمەسلىكىنى، باشقىلار ھەققىدە بەلگىلىك كۆزقارىشى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

**دۆت ـ كالۋا** دۆت ۋە كالۋا: سىرنى ئاشكارىلاپ قويىدۇڭ ئەخمەق، سەن دۆت ـ كالۋا، نېمە بۇ مەخپىيەتنى قالايمىقان چايناپ يۈرىسەن؟

**دۆتلەشتۈرمەك** «دۆتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تۇتۇش بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى دۆتلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

**دۆتلەشمەك** پ. مېڭىسىنى تازا ئىشلەتمەيدىغان، دۆت ھالەتكە كەلمەك: ئادەم ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا، دۆتلىشىپ قالىدۇ.

**دۆتلۈك** ئى. كالۋالىق، ھاماقەتلىك: دۆتلۈك قىلماق. * نېمە دېگەن دۆتلۈك بۇ؟ سۈپىنى چۇۋۇپ، مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ؟!

**دۆرە** مىق. دور، نۆۋەت، قېتىم: مۇقام ناۋاسى يەنە بىر دۆرە ھاپىزلارنى كۆتۈۋالماقتا ئىدى.

**دۆرەسكەل** ئى. دىيال. تاۋار، دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يۇمشاق، قېلىن كۆرپە: ـــ قېنى ئولتۇرسىلا، ـــ دېدى ۋاڭ قولى بىلەن نەقىشلىرى ئېچىلىپ، سىرلىرى يالتىراپ تۇرغان، قېلىن دۆرەسكەللەر سېلىنغان ئورۇندۇقلارنى كۆرسىتىپ.

**دۆرۈلمە** ئى. دىيال. ئۆيدىن ئۆيگە كېزىپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگۈچى، ساياق ئادەم.

**دۆرى** ئى. دىيال. ئەتلەسنىڭ يىپلىرىنى يىغىدىغان چاقپەلەك.

**دۆش** ئى. ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئېگىز بولغان دۆڭ يەر، ئېگىزلىك: دۆشكە چىقىڭ بىز كۆرەيلى، بېشىڭىزدىن گۈل ئۆرۈيلى، سىز ئۆلگۈچە بىز ئۆلەيلى، جانلارنى قۇربان قىلايلى.

**دۆشە** ئى. ئۈستىدە گۆش ۋە سەي ـ كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ توغراش ئۈچۈن ياسالغان تۆشۈك سايمىنى.

**دۆشەش** ئى. ئامۇتنىڭ بىر تۈرى: قىشلىق كۆك ئامۇت، دۆشەش قاتارلىقلار ئوبدان قۇرۇتۇلغان قۇم بىلەن تىزىلسا، سۈپىتى ياخشى تۇرىدۇ.

**دۆشكەلەتمەك** «دۆشكەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆشكەلەشمەك** «دۆشكەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ يەردە دۇمچەك بىرىنى بىرمۇنچىسى «پۇلۇڭ يوق ئادەم نېمىشقا قارىغا ئوينايسەن؟» دەپ دۆشكەلىشىۋاتاتتى.

**دۆشكەلەنمەك** «دۆشكەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر جەھەتتىن دۆشكەلىنىۋاتقان ئەمەت نەگىمۇ بارالىسۇن؟ بارلىق قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ئۆز ئىچىگىلا يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

**دۆشكەلىمەك** پ. سىلكىپ، تۇرتۇپ، ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئىتتەرمەك؛ سىلكىشلىمەك: بالىنى دۆشكەلىمەك.

**دۆڭ** ① سۈپ. كۆتۈرۈلگەن، چوقچايغان، دومبايغان، ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئېگىز: دۆڭ يەر. * ئۇي مەلىدىن دۆڭ مەلىگە ئويناي دەپ كەلدىم، ياخشى دەمسەن، يامان دەمسەن، سىناي دەپ كەلدىم. ② ئى. كۆتۈرۈلگەن، چوقچايغان، دومبايغان يەر، ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئېگىزرەك بولغان جاي: دۆڭگە چىقماق. * دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە، گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. كۆڭۈلدىكىدەك، ئىنتايىن ياخشى، بەھۇزۇر: ناخشىسىنى دۆڭ توۋلىماق. ئىشى دۆڭ بولماق. ئۇسسۇلنى دۆڭ كەلتۈرمەك.

**دۆڭگە چىقماق** پاش بولماق، ئاشكارىلانماق (يامان قىلمىشلار ھەققىدە): ئاچا - سىڭىل بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۆت خوتۇننىڭ قىلمىشى دۆڭگە چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق «تووۋا!» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

**دۆڭگە يىقىتماق** ئانچە رولى يوق بىرەر ئورۇنغا ئۆستۈر - گەندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي ھوقۇقتىن يىراقلاشتۇرماق: خەق سەمەتنى ئۆستۈردى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى دۆڭگە يىقىتتى.

**دۆڭگە** ئى. كونا. پۇتقا سېلىنىدىغان قەدىمكى بىر خىل جازا قورالى. ئۇ ئادەتتە كۆتەكتىن ياسىلىدۇ. جىنايەتچىنىڭ پۇتى مەخسۇس ياسالغان ئىككى تال كۆتەكنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ، ئىككى تال كۆتەك تۆمۈر ياكى مۇستەھكەم كالتەكلەر بىلەن چېتىلىپ قۇلۇپلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر كىشىلىكلىرىمۇ، كۆپ كىشىلىكلىرىمۇ بولىدۇ: — ئاچقىڭلار ئۇنى، پۇتىغا دۆڭگە، بوينىغا قوۋۇق سېلىپ سولاپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى سۇلتان مىرغەزەپ.

**دۆڭگەتمەك** «دۆڭگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆڭگەشمەك** «دۆڭگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — مەن قىلمىدىم، مەن قىلمىدىم... — دېدى ئىنىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — نېمە ئىش بولسا ماڭا دۆڭگىشىدۇ، مەن قىلمىسام.

**دۆڭگەلمەك** «دۆڭگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مەنمۇ ھەيرانمەن ئۇكام، بۇ ئىشنىڭ ساڭا دۆڭگىلىپ قالغىنى قىزىق، سەۋر قىلغىن، ئىشنىڭ ھەقىقىتى ھامان ئايدىڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنىڭ مۈرەمنى سىلاپ.

**دۆڭگەي** ئى. دىيال. دۈمبە، ئۇچا.

**دۆڭگۈرچەك** ئى. دىيال. يانتاق كۆتىكى.

**دۆڭگىمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى، مەسئۇلىيەتنى باشقا بىرىگە ئارتىپ قويماق؛ يۈكلىمەك: سۇلايمان ئۆز قىلمىشـ - لىرىنى بىرنەچچە كىشىگە دۆڭگەپ قويۇشقا ئۇرۇندى.

**دۆڭلەتمەك** «دۆڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆڭلەشمەك** پ ① «دۆڭلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىد - جىسى. ② دۆڭ ھالەتكە كەلمەك، دۆڭلىمەك: «ئېرىق» كەنتىدىكى مەھەممەت قۇربانىنىڭ ئېرىقى چوڭقۇر، ئېتىزلىرى دۆڭلىشىپ، سۇغى - رىشتا قىينچىلىقتا قالدى.

**دۆڭلۈك** ئى. دومبايغان جاي؛ ئېگىزلىك، تۆپىلىك: قىز ئاتىسىنىڭ يولىغا قاراپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۆڭلۈككە نەچچە قېتىم باردى.

**دۆڭلىتىلمەك** «دۆڭلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يەرلەر داۋاملىق لاي سۇدا سۇغىرىلىپ دۆڭلىتىۋېتىلدى، نەتىجىدە سۇ چىقماس بولۇپ قالدى.

**دۆڭلىمەك** پ ① دۆڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلار بۇ يەرنى دۆڭلەتتى. ② ئۈستىگە نەرسىلەر بېسىلىپ، دومبىيىپ، دۆڭ بولۇپ قالماق، دۆڭ ھالەتكە كەلمەك: بۇ ئېتىز بەك دۆڭلەپ كەتتى. سۇغىرىش تولىمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ.

**دۆڭمۇدۆڭ** ئۇ دۆڭدىن بۇ دۆڭگە، دۆڭدىن دۆڭگە: ئۇلار ھېلىد - قى مويسىپىتنى ئىزدەپ، دۆڭمۇدۆڭ، چوڭقۇرمۇچوڭقۇر يۈگۈرۈشۈپتۇ.

**دۆلەت** I ئى [ئە] ① <پەلس> مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى، يەنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمراد - لىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشى - دىكى زوراۋانلىق تەشكىلى. ئاساسەن ئارمىيە، ساقچى، سوت تۈرمە قاتارلىقلاردىن تەشكىللىنىدۇ: دۆلەت ئاپپاراتى. دۆلەت بايرىقى. دۆلەت قۇرماق. ② بىر دۆلەتكە قاراشلىق پۈتكۈل زېمىن: دۆلەت تەۋەلىكى. دۆلەت چېگراسى.

**دۆلەت** II ئى [ئە] ① مال - دۇنيا، بايلىق: ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس (ماقال). ② كۆچمە. بەخت - پاراغەت، راھەت، ھالاۋەت: تەن ساقلىق — دۆلەت ئىكەن. ③ ئەر - ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دۆلەت قۇشى قونماق** ئامەتى كەلمەك، بەخت - تەلىيى كەلمەك: دۆلەت قۇشى قونسا كېلىپ ساڭا ئوغلان، كۆرەڭلىمە، كۆزۈڭ - گە باق ياخشى ئويلان. ئۆز ئېلىڭگە جاپا ئەمەس، ۋاپا قىلساڭ ئۆزۈڭ كەتسەڭ، روھىڭ كەتمەس، يوقتۇر ئارمان.

**دۆلەتلىرى سايىسىدە** سىلىنىڭ ھىمايىلىرى، ياردەملىرى، غەمخورلۇقلىرى ئاستىدا: دۆلەتلىرى سايىسىدە، ھوشۇر ئىمام دېسە، مېنى 12 تاغدا بىلمەيدىغان كىشى يوق، ئەلھەمدۇلىللا!

**دۆلەتچىلىك** ئى <پەلس> دۆلەت تۈزۈمى؛ دۆلەت ھالىتىدە ئۇيۇشۇش: تار مىللەتچىلىك، دۆلەتچىلىك روشەنكى، دۇنيا تىنچلىقىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ.

**دۆلەتسىزلەشمەك** پ. دۆلەتتىن ئايرىلماق: ئۇلار: «يەر شارىلىشىش» دۆلەت ھالقىغان ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پۇل مۇئامىلە تورىنى قۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ دۆلەتسىزلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

**دۆلەتلىك** I سۈپ ① دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، دۆلەت دەرىجىلىك: دۆلەتلىك كوماندا. ② دۆلەتكە خاس، دۆلەتكە لايىق: ئۇلار بۈيۈك دۆلەتلىك رولىنى ئويناشتىن مەھرۇم بولىدۇ.

**دۆلەتلىك** II سۈپ ① مال - دۇنياغا ئىگە، پۇل - مېلى كۆپ باي، پۇلدار: دۆلەتلىك ئايال. ② يۈز - ئابرۇيلۇق؛ ئامەتلىك، تەلەيلىك: دۆلەتلىك بولماق.

**دۆلەتمەن** سۈپ [ئە + پ] ← **دۆلەتلىك** II: دۆلەتمەن ئادەم.

**دۆلەتمەنلىك** ئى. باي - باياشاتلىق.

**دۆلەتنۇر** ئى [دۆلەت + نۇر] ① ئالمىنىڭ ئامېرىكىدا يېتىشتۈرۈلگەن قەدىمكى سورتى. كېيىن ئىلى رايونىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دۆلىتىڭىزدە** ← **دۆلەتلىرى سايىسىدە**.

**دۆلىنىش** ئى <تېب> ← **تۇتقاقلىق**.

**دۆنەن** ئى. ئۈچ ياشلىق، ئۈچ ياشقا تولغان (ئات ۋە كالا ھەققىدە): سېمىز دۆنەن ئۆكۈزنىڭ كېرىلگەن بۇرۇنلىرى قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ خېلىلا ئىشلىگەندەك كۆرۈنەتتى.

**دۆندۈر** رەۋ. جان ت. بىراقلا، تولۇق بىلەن، پۈتۈن پېتى، دۈڭ: ئۇنداق بولسا دۆندۈرلا دېيىشەيلى، ماڭا ئازراق تاپان ھەققى چىقىد - رىپ بەرسەڭلەر بولىدۇ.

**دۆنجىن** ئى. تۆت ياشلىق كالا.

**دۆۋە** ① ئى. بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۈست - ئۈستىگە ئارتىلىشتىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك، دۈمبەل: ئەخلەت دۆۋىسى. پاختا دۆۋىسى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە كىر - قات تۇراتتى. ③ رەۋ. لىقمۇلىق، گىرۋىكىدىن ئېگىزلىتىپ: ئالاھىدىن ئەڭ يوغان تاۋاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىل تاشتىن دۆۋە ئاپتۇ.

**دۆۋە ـ دۆۋە** بىرنەچچە دۆۋە، نۇرغۇن دۆۋە: ــ شۇنچە چوڭ ھويلاڭدا پۇت باسقۇدەك جايمۇ قالماپتۇ، ــ دېدى كامىل دۆۋە ـ دۆۋە سەۋزە، چامغۇر، پىيازلارغا قاراپ.

**دۆۋەزىن** ئى. دىيال. جىرىس ئۇن.

**دۆۋەسكەل** ئى. دىيال. قېلىن كۆرپە، پايانداز.

**دۆۋىلەتمەك** «دۆۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۆۋىلەشمەك** ① «دۆۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تويپا دۆۋىلەشمەك. ② تويلانماق، يىغىلماق: دىلشاتنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن تەڭ دۆۋىلىشىۋالغانلار ئىككى چەتكە سۈرۈلۈپ، تار بولسىمۇ، بىر ئادەم ئۆتكۈدەك يول چىقاردى.

**دۆۋىلەكلىك** سۈپ. دۆۋىلىنىپ قويۇلغان، دۆۋىلەنگەن: ئۇ دۆۋىلەكلىك تاغارلارنى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ، ساناشقا باشلىدى.

**دۆۋىلەنمەك** «دۆۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كونا ئېغىلدىكى خىشلار بىر ـ بىرلەپ مورىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەندى.

**دۆۋىلىك** سۈپ. دۆۋىلىرى بار، دۆۋە ھاسىل بولغان: ئۇلار مېنى قۇم دۆۋىلىك، يۇلغۇنلۇق جاڭگالدا باغلىۋېلىپ تازا ئۇرۇشتى. // بىز جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر دۆۋىلىككە بېرىپ يانتاق چاناشقا باشلىدۇق.

**دۆۋىلىمەك** پ. يىغىپ، تويلاپ بىر يەرگە جەم قىلماق: ئۇلار چوڭ ـ چوڭ تاشلارنى دۈمبىسىدە كۆتۈرۈپ تەشمە يولىغا دۆۋىلەۋاتاتتى.

**دۆيلۈشمەك** «دۆيلۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۆيلۈمەك** پ ① سىلكىنىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرماق: بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا دۆيلۈپ بېشىنى ئارقىسىغا سىلكىيتتى. ② چوڭ ـ چوڭ، تېز ـ تېز قەدەم ئالماق: ئۇ ئالدىمىزدا دۆيلۈپ ماڭغاچقا، بىز كىچىكلەر يېتىشەلمىدۇق.

**دۆيۈز** سۈپ [دۆ + يۈز] تىل ھا. يۈزى قېلىن، پەسكەش، يۈزسىز، نومۇسسىز: ــ ھە! شۇنداقمۇ تېخى، ــ دېدى تۇغرۇلبەگ غەزەپلىنىپ، ــ بۇ دۆيۈزلەرنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

**دۆيۈزلۈك** ئى. يۈزسىزلىك، پەسكەشلىك: ــ دۆيۈزلۈك قىلما سەن! ــ دېدى ئۇ ئالىمغا ۋارقىراپ.

**دۈپ** تەق. يۈرەكنىڭ جىددىي سوقۇشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاۋاز.

**دۈپ ـ دۈپ** «دۈپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يۈرىكى ئىمىنىنىڭ قەدىمىگە تەڭكەش بولۇپ دۈپ ـ دۈپ سوقماقتا ئىدى.

**دۈپدۈگىلەك** سۈپ ① ناھايىتى دۈگىلەك، يۇمىلاق: يۈزى دۈپدۈگىلەك ۋە سېمىز، بالا مىجەز ئوفىتسېر ھارۋىكەشنى توختىتىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ② پاكار ھەم سېمىز: ــ قېنى، ئەمدى سىز بىر نېمە دەڭا، ــ دېدى مۇدىر يېنىدا قالغان ئۆزىگە ئوخشاشلا دۈپدۈگىلەك كەلگەن چوقۇر يۈزلۈك كىشىگە.

**دۈپۈر** تەق. ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يۈگۈرۈشى ياكى ئىتتىك مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئىشىك ئارقىسىدىن قاراۋۇلنىڭ ئاياغ دۈپۈرى ئاڭلاندى.

**دۈپۈر ـ دۈپۈر** «دۈپۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ دۈپۈر ـ دۈپۈر ئاۋازى پەسىيىپ كەتتى.

**دۈپۈرلەتمەك** «دۈپۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرچاغدا ھېلىقى ئوغرى ئاتلارنى دۈپۈرلىتىپ، شۇ كوچا بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ.

**دۈپۈرلەشمەك** «دۈپۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جاللاتلار دۈپۈرلىشىپ كېلىپ ياقۇپنى تۇشمۇتۇشتىن جادىغا يانتۇزۇشقا باشلاپتۇ.

**دۈپۈرلىمەك** پ. «دۈپۈر ـ دۈپۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈپۈر ـ دۈپۈر» قىلماق: دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان باسمىچىلار بىردىنلا تاغ كەينىگە قايرىلدى.

**دۈپۈلدەتمەك** «دۈپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈپۈلدەشمەك** «دۈپۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدىشىپ، نەپەسلىرى قىسىلاشماقتا.

**دۈپۈلدىمەك** پ. «دۈپ ـ دۈپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈپ ـ دۈپ» قىلماق: «ئاجرىشىپ كەتسەم...» دېگەن سۆزدىن كېيىن ماھىرەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، مېڭىسىگە قان ئۆرلەپ كەتتى.

**دۈت** تەق. موتورلۇق قاتناش قوراللىرى سىگنال بەرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: دۈت ـ دۈت ـ دۈت!... ئىلدام چەتكە ئۆت.

**دۈت ـ دۈت** «دۈت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دۈتۈلدەتمەك** «دۈتۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ماشىنىسىنى دۈتۈلدىتىپ، بىزنى يولنىڭ چېتىدە تۇرۇشقا ئۈندىدى.

**دۈتۈلدىمەك** «دۈت ـ دۈت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈت ـ دۈت» قىلماق.

**دۈدۈت** ① تەق. موتورلۇق قاتناش قوراللىرىنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا سىگنال بېرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز. ② ئى. بال س. ئاپتوموبىل، تىراكتور قاتارلىق موتورلۇق قاتناش ياكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى: ــ ماڭە بالام ئۆيگە كىرىۋالايلى، دۈدۈت كەلسە بېسىۋالىدۇ، ــ دېدى شازادىخان نەۋرىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ.

**دۈدۈك** ئى ← **پۈشتەك** I .

**دۈدۈيزە** ئى [خەن] جۈپلەپ ئوينىلىدىغان بىر خىل قارتا ئويۇنى .

**دۈر** تەق. ئادەم، ھايۋان ياكى قۇشلار توپىنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بىرلىكتە تېزلىك بىلەن يۆتكىلىشى ياكى مېڭىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: كىشىلەر توپى دۈر قىلىپ يىغىن زالىغا ئېتىلدى. ھاكىمنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، نەپىسى تېزلىشىشكە باشلىدى. * قوتان ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭ قوتاندىكى ماللار دۈر قىلىپلا سىرتقا يۈگۈرۈشتى.

**دۈر ـ دۈر** «دۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۆزلىرىدىن ئوت يانغان كىشىلەر كوچىلاردا چايقىلىپ، دۈر ـ دۈر قىلىپ ئۇيان ـ بۇيان دولقۇنلايتتى.

**دۈررىدە** رەۋ. «دۈر» قىلغان ھالدا، «دۈر» قىلىپ: كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىمدۇر بىرىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن دۈررىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى ـ دە، ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

**دۈركۈن** دىيال ① رەۋ. كەينى ـ كەينىدىن. ② سۈپ. توپ، نۇرغۇن.

**دۈركىرەشمەك** «دۈركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈركىرىمەك** پ. دۈرۈلدىمەك: ئۇنىڭ ئىسمى ـ زاتى ئېغىزدىن چىقىش بىلەن تەڭلا، سىرتتىكى يايىلار دۈركىرەپ بۆتخانىغا كىرىشتى.

**دۈرۈك** تەق. ئادەم ياكى ھايۋانلار يەرگە قاتتىقراق دەسسەپ ماڭغاندا چىققان ئاۋاز: دۈرۈك قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قادىر قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «ئۇ باغقا چۈشۈپ بولدى» دېدى.

**دۈرۈك ـ دۈرۈك** «دۈرۈك » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دۈرۈككىدە** رەۋ. «دۈرۈك» قىلغان ھالدا، «دۈرۈك» قىلىپ:

ــ ئۇ بىر يېتىمئوغلاق، ــ دېدى ئۆمەر باي، ــ بىراق قىزىمنىڭ مايىللىقى قاتتىق. ئىككىسى گەپنى بىر قىلىپ، دۈرۈككىدە قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

**دۈرۈلدەتمەك** «دۈرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يايلاقتىكى ئاتلارنى دۈرۈلدىتىپ ھەيدەپ تاغ باغرىدىكى قوتانغا سولىدى.

**دۈرۈلدەشمەك** «دۈرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر دۈرۈلدىشىپ كەلگەن بويى كالتەك ـ چوماقلار بىلەن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئۇرۇۋاتقۇدەكمىش.

**دۈرۈلدىمەك** پ. «دۈر ـ دۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈر ـ دۈر» قىلماق: ئوقۇغۇچىلار توپ ـ توپى بىلەن دۈرۈلدەپ كوچىغا يۈگۈردى.

**دۈشەنبە** ئى [پ] ھەپتىنىڭ يەكشەنبىدىن كېيىن سەيشەنبىدىن بۇرۇن كېلىدىغان، بىرىنچى كۈنى.

**دۈشەنبە بازار** ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى بولىدىغان بازار ۋە شۇ كۈنى بازار قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي.

**دۈشەنبىلىك** سۈپ. دۈشەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان، دۈشەنبە كۈنى قىلىنىدىغان: ئۇلار دۈشەنبىلىك ئىشلارنى ئالدىن پىلانلاپ قويدى.

**دۈشمەن** ئى [پ] ① <ھەرب> ئۇرۇش ـ جەڭلەردە مەلۇم بىر تەرەپكە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى يەنە بىر تەرەپ؛ ياۋ: دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا (ماقال). ② دۇنيا قاراش، غايە، مەنپەئەت جەھەتتە ئۆزىگە قارىمۇقارشى بولغان كىشى ياكى گۇرۇھ؛ رەقىب: يېغى ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن (ماقال). ③ زىيان سالىدىغان، يامانلىق قىلىدىغان كىشى، رەقىب: كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (ماقال). ④ كىشى ياكى نەرسىگە زىيان سالغۇچى نەرسە ياكى ھادىسە: چېكەتكە زىرائەتكە دۈشمەن (ماقال).

**دۈشمەنسىز** سۈپ. دۈشمەندىن خالىي، ھېچقانداق دۈشمىنى بولمىغان: باتۇر دۈشمەنسىز بولماس (ماقال).

**دۈشمەنلەرچە** رەۋ. دۈشمەنلەرگە ئوخشاش، دۈشمەنلەردەك: ئۇ ئەمدى ماڭا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دۈشمەنلەرچە ھومىيىشقا باشلىدى. // بىز ھەرقانداق دۈشمەنلەرچە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قوبۇل قىلالمايمىز.

**دۈشمەنلەشتۈرمەك** «دۈشمەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈشمەن دۈشمەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ. * مەمەتئېلى ئەپەندى بەگ بىلەن دۈشمەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ توقۇپ چىقىرىلغان گەپلەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى.

**دۈشمەنلەشمەك** پ. ئۆزئارا قارشىلاشماق؛ دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرۇشماق: ئۇلار ئەمدى خۇددى ئىت بىلەن مۈشۈكتەك ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىگە يېتىپتۇ.

**دۈشمەنلىك** ① ئى. بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇش ھالىتى: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە غەزەپلەنمەي قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ② سۈپ. دۈشمىنى بار، دۈشمىنى بولغان: دۈشمەنلىك ئادەم. دۈشمەنلىك بولماق. ③ سۈپ. دۈشمەنگە خاس، دۈشمەنلەرگە ئوخشاش: ئۇنتۇلار شۇ چاغدا تارتقان جاپالار، مەسخىرە، مازاقلار، دۈشمەنلىك قاراش. غۇرۇرۇم بۇلاركى ئوق ئۆتمەس قالقان، تەنلەر تاپالماس قەلبىمدىن ئاراچ.

**دۈك** تەق. نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازدىن يۈرىكىم دۈك قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى.

**دۈك ـ دۈك** «دۈك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك ـ دۈك ئۇراتتى. ئۇ يەنە تاشقىرىغا قارىدى ـ يۇ، چىقىشتىن ئەيمىنىپ قالدى.

**دۈكۈر** تەق. ئىتتىك مېڭىش ياكى يۈگۈرۈشتىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**دۈكۈر ـ دۈكۈر** «دۈكۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تاختاي يولدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ دۈكۈر ـ دۈكۈرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

**دۈكۈرلەتمەك** «دۈكۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۈكۈرلەشمەك** «دۈكۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەر ـ ئايال دېھقانلار، ئەتراپتىكى ئۇششاق باللارنىڭ ھەممىسى دۈكۈرلىشىپ مەكتەپكە كىرىشتى.

**دۈكۈرلىمەك** پ. «دۈكۈر ـ دۈكۈر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈكۈر ـ دۈكۈر» قىلماق: بىردىنلا، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**دۈكۈلدەتمەك** «دۈكۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەربىر قارىشى بىچارە قىزنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ ئىچىدە دۈكۈلدىتىپ ئۆتەتتى.

**دۈكۈلدەشمەك** «دۈكۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈكۈلدىمەك** پ. «دۈك ـ دۈك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دۈك ـ دۈك» قىلماق: بۇ ئابدەم ئۈچۈن شۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىش بولدىكى، بىردىن يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، پۇتلىرى گىلدىڭلاپ قالدى.

**دۈگجۈمەك** پ. سەنتۈرۈلۈپ ياكى ئالدىغا مۈدۈرۈلۈپ كەتمەك: ئۇ بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتتى ۋە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم دۈگجۈپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

**دۈگدەرەتمەك** «دۈگدەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۈگدەرەشمەك** «دۈگدەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نەيزىلىك مىلتىقلارنى قۇچاقلىغان قوغدىغۇچىلار دۈگدەرىشىپ، چىشلىرىنى كاراسلىتىشىپ يۈرەتتى.

**دۈگدەرىمەك** پ. دۈگدىيىپ يۈرمەك، دۈگدەيمەك: بۇ يۇرتنىڭ كۆپچىلىك كىشىلىرى ئاچچىق سوغۇقتىن دۈگدەرەپ، ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئىسسىقى قالمىغان بۇلۇڭلىرىغا كىرىۋېلىشقانىدى.

**دۈگدەك** سۈپ. تىل ھا. ئىككى مۈرىسى يىغىلىپ، غولى قورۇلۇپ، دۈگدىيىپ قالغان: ئىسلامنىڭ ھېلىقى كىچىك دۈگدىكى بىزنىڭ بالىمىزنى ئۇرۇپتۇ.

**دۈگدەيتمەك** «دۈگدەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايۇپ ئاكىنىڭ زەھەرلىك قامچىسى ۋە يىغىلغان جامائەتنىڭ سوغۇق، نەپرەتلىك قاراشلىرى ھېلىقى ئىككىسىنى دۈگدەيتىۋەتكەنىدى.

**دۈگدەيمەك** پ. پۇت ـ قولى ۋە ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ تۈگۈلۈۋالماق، دوغدايماق: ئۇ ئايالىنى باشلاپ بالىخانىغا چىققاندا شەمشىدىن روجەك تۆۋىدە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى.

**دۈگدىيىشمەك** «دۈگدەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىد-

جىسى: دوقمۇش ـ دوقمۇشتا بۇ شەھەرگە پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن
سەرگەردانلار دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

**دۈگۈلچەك** ئى. بىرخىل ئويۇنچۇق، ئادەتتە ئىنچىكە پولات
چىۋىقنى چەمبەر شەكلىدە ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دىيا-
مېتىرى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە
مەخسۇس ياسالغان تۆمۈر ئىلمىكى بولۇپ، ئوينىغاندا ئىتتىد-
رىش ۋە باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**دۈگىلەتمەك** «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: كەلكۈن تاشلارنى دۈگىلىتىپ قىرغاقلارغا تاشلايتتى.

**دۈگىلەشمەك** «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈگىلەك** سۈپ. ئايلانما شەكىللىك، ئايلانما؛ يۇمىلاق:
رازۋېدكىچىلار داق يەرگىلا داستىخان سېلىپ دۈگىلەك ھالەتتە ئولتۇرۇشتى.

**دۈگىلەكلەشتۈرمەك** «دۈگىلەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۈگىلەكلەشمەك** پ. دۈگىلەك، ئايلانما ھالەتكە كەلمەك:
شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلمىدى، قاشلىرى دىڭ بولۇپ،
كۆزلىرى دۈگىلەكلەشتى.

**دۈگىلەكلەنمەك** پ → **دۈگىلەكلەشمەك**.

**دۈگىلەنمەك** ① «دۈگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرد-
جىسى: بىز دائىم قۇم ئۈستىدە دۈگىلىنىپ ئوينايتتۇق. ② «دۈگد-
لىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇيۇقسىز تۇلۇقنىڭ
ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى ـ دە، تۇلۇق پەسكە قاراپ دۈگىلىنىپ
چۈشۈشكە باشلىدى.

**دۈگىلىمەك** پ. دومىلىماق، يۇمىلىماق: ئامۇت تېزدىن دۈگىلەپ
يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

**دۈم** رەۋ ① تىز ۋە كۆكرىكى يەرگە ياكى يەر بىلەن ئوخشاش
يۆنىلىشلىك تەكشىلىككە تېگىپ تۇرغان ھالدا، «ئوڭدا» نىڭ
ئەكسىچە (ئادەملەر ھەققىدە): ئۇ ئۆرۈلۈپ دۈم بولۇۋالدى. ② ئوڭ
(ئالدى) تەرىپى، ئاغزى يەرگە، تەتۈر (كەينى) تەرىپى ئاسمانغا بولۇپ
قالغان: سۇ ئۈستىدە دۈم بولۇپ قالغان قولۋاق لەيلەپ كېتىپ باراتتى.

**دۈمبە** I ئى <ئانات> ① گەۋدىنىڭ بىر قىسمى، يەنى مەيدە
بىلەن قورساقنىڭ كەينى قىسمى. ② بەزى نەرسىلەرنىڭ ئارقا
تەرىپى، كەينى قىسمى.

**دۈمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك** راھەت كۆرمەك، بەخت، ھالاۋەتكە
ئېرىشمەك: دۈمبىمىز ئاپتاپ كۆرەرمىكىن دېۋىدىم، يەنە يېغى كەپتۇ-
دە!

**دۈمبىسى قىچىشسا، گەدىنىنى تاتىلايدىغان** قىلىشقا تېگىش-
لىك ئىشنى قىلماي، ئەھمىيەتسىز باشقا ئىشلار بىلەن ئاۋارە
بولۇپ يۈرىدىغان؛ ھاڭۋاقتى؛ ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان،
ھاماقەت، دۆت.

**دۈمبىسى قىچىشماق** ① تاياق يېگۈسى كەلمەك: ـــ دۈمبەڭ
قىچىشىۋاتىدۇ ـ ھە، بەتقىلىق! نېرى تۇرە، ـــ دېدى ئۇ ئىنىسىنى
دولىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ. ② دۈمبىسىدە بىر نەرسە كۆتۈرگۈسى،
يۆتكىگۈسى كەلمەك: ھامالچىلىق مېنىڭ كونا كەسپىم، بۇ ئىشقا
كۆنۈپ قاپتىمەن. بىرەر كۈن يۈك كۆتۈرمىسەم دۈمبەم قىچىشىپ،
كۆڭلۈممۇ بىئارام بولۇپ قالىدۇ.

**دۈمبە** II ئى. دىيال. قۇيرۇق ياغ.

**دۈمبەش** سۈپ. يانتۇلۇقى نىسبەتەن ئېگىز بولغان: ماڭىدۇ
يوللار، كېچىدۇ سۇلار، ئارقىدا قالىدۇ دۈمبەش داۋانلار.

**دۈمبەل** ئى. تەكشى يەرگە نىسبەتەن سەل دومبىيىپ،
كۆتۈرۈلۈپ قالغان يەر؛ تۆپە، ئېگىزلىك: يەرنىڭ دۈمبىلىنى
ئالماق.

**دۈمبەلچە** ئى. كىچىك دۈمبەل: سىلىم بىلەن ئايگۈل گويا ئۇ
يەردىن ئىنجادلىق ئىزدىگەندەك، گىرىمسەن ھاۋا بىلەن رەڭداش بولۇپ
جىمىرلاپ تۇرغان دۈمبەلچىگە ئۇزاق قاراشتى. قولى بىلەن يۇلغۇن
پۆپۈچەكلىرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ يول ئېچىپ، دۈمبەلچىگە قاراپ
مېڭىشتى.

**دۈمبەلچەك** ئى → **دۈمبەلچە**: ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان
«قۇلاق كەستى» بىلەن يول بويىدىكى پاكار دۈمبەلچەككە چىقىپ، تېزەك
تەرگەن پېتىچە ساتما تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆزىتىپ
تۇردى.

**دۈمبىجىگەر** ئى [دۈمبە + جىگەر] ① سۇدا پىشۇرۇلغان
جىگەر بىلەن قۇيرۇق ياغنى يالپاقلاپ، ئازراق پىياز سېلىپ،
بىللە قورۇپ يەيدىغان تاماق تۈرى. ② جىگەر بىلەن قۇيرۇق
ياغنى يالپاقلاپ توغراپ، تۇخۇم، دورا ـ دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ
كاۋاپدانغا قويۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىرخىل كاۋاپ.

**دۈمبىچىلەپ** رەۋ. دۈمبىسىنى يەرگە قارىتىپ، ئوڭدا
ھالەتتە: دۈمبىچىلەپ ئۈزمەك.

**دۈمبىچىلىمەك** پ. دۈمبىسىنى يەرگە قاراتماق، ئوڭدىسىغا
توغرىلانماق.

**دۈمبىلىك** ئى. چارۋىغا قوشۇلغان يانداق ئاتنىڭ ئارغام-
چىسى ئاتنىڭ پۇتىغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆتۈ-
رۈپ تۇرىدىغان بەلباغ.

**دۈمچە** ئى. بەل ئومۇرتقىسى بىلەن قۇيرۇق ئومۇرتقىسىد-
غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇستىخان.

**دۈمچە تۇماق** چۆرىسىگە قاسقان تۇتۇپ تىكىلگەن تۇماق.

**دۈمچەك** ① سۈپ. قەددى ئالدىغا ئېگىلىپ قالغان ياكى
ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، دۈمچەيگەن: دۈمچەك ئادەم. ② ئى <تېب>
ئادەملەردىكى ئومۇرتقا ئېگىلىپ، كەينى تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ
چىقىدىغان بىرخىل كېسەللىك. ③ ئى. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپ-
تار بولغان ئادەم: ھېلىقى دۈمچەك مېنى كۆرۈپلا غىپپىدە تىكىۋەتتى.

**دۈمچەيتمەك** «دۈمچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: يىللار ئۇلارنى دۈمچەيتتى.

**دۈمچەيمەك** پ ① بېلى ئېگىلىپ دۈمبىسى چىقىپ قالماق،
قەددى پۈكۈلمەك: يولدا ئۇلارغا دۈمچىيىپ كەتكەن بىر موماي
ئۇچراپتۇ. ② قەددىنى ئالدىغا ئەگمەك، بېلىنى پۈكمەك،
ئېڭىشمەك: قۇللار بېشىنى يەرگە قويغىنىچە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇ-
شاتتى.

**دۈمچىيىشمەك** «دۈمچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۈم ـ دۈم** بىرخىل بالىلار ئويۇنى. ئۇنىڭدا بىرەيلەننىڭ
كۆزىنى يۇمۇپ، ئەتراپتىكىلەردىن بىرى دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ.
كۆزى يۇمۇلغۇچى ئۇرغان كىشىنى تاپالىسا، ئۇرغۇچى ئوتتۇ-
رىغا چۈشۈپ كۆزىنى يۇمغۇچىنىڭ رولىنى ئالىدۇ؛ تاپالمىسا،
كۆزى يۇمۇلغۇچى يەنە ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئويۇن شۇ تەرزدە

داۋاملىشىدۇ.

**دۇملەتمەك** «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇملەشمەك** «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دۇملەنمەك** ① «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — ئۆيدە تازا دۇملىنىپ بىر كۈن يېتىۋىدىم، ئوڭشىلىپ قالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ② «دۇملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز دائىم پولۇ دۇملەنگەن كۈنى خۇددى ھېيت بولغاندەك خۇش بولۇپ كېتەتتۇق.

**دۇملىمە** سۈپ ① دۇملەپ پىشۇرۇلىدىغان: دۇملىمە سامسا. دۇملىمە كاۋاپ. ② دۇملەپ تەييارلىنىدىغان: دۇملىمە ئوغۇت.

**دۇملىمەك** پ ① نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى، يوچۇقىنى ھور ياكى ئىسسىقلىق چىقىپ كېتەلمەيدىغان دەرىجىدە مەھكەم ئەتمەك: ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قازاننى دۇملىدى. ② ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپە ياكى جۇۋىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېپىپ، مەھكەم يۆگەپ قويماق؛ پۈركىمەك، چۈمكىمەك: گۆش پىشقۇچىلىك ھاكىمنى راسا دۇملەپ ياتقۇزۇپ قويدى.

**دۇۋەت** ئى [ئە] سىياھ قاچىلايدىغان مەخسۇس كىچىك قۇتا، سىياھ قۇتىسى.

**دۇۋەت ـ قەلەم** دۇۋەت ۋە قەلەم: موللانىياز يېزىۋاتقان نەزمىسىنى تۈگىتىپ، دۇۋەت ـ قەلەمنى توختى بوۋايغا تۇتقۇزدى.

**دۇي** ئى [ خەن ] مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە گۇرۇپپا ياكى ئەترەت: ئىشلەپچىقىرىش دۇيى. قۇرۇلۇش دۇيى.

**دۇيجاڭ** ئى [خەن] دۇينىڭ (ئەترەتنىڭ) باشلىقى.

**دۇيجاڭلىق** ئى. دۇيجاڭغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە.

**دۇيزە** ئى [خەن] دۇدۇيزە ئويۇنىدا ئىككى قارتىنىڭ چېكىت ۋە رەڭلىرىنىڭ پار ھالەتتە جۈپلىشىشى.

**دۇيلەشتۈرمەك** «دۇيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دۇيلەشتۈرۈلمەك** «دۇيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دۇيلەشمەك** پ ① يۈزلەشمەك، دەرقەم تۇرۇپ ئېنىقلىماق: ئۇنداق بولسا ھازىر بېرىپ دۇيلىشىمەن. ② ئوخشاش چىقماق، بىردەك چىقماق: ھېسابات ئەمدى دۇيلەشتى.

**دې** «د» ھەرپىنىڭ نامى.

**دېبۇ** ئال. دىيال. ئاۋۇ، ئاشۇ.

**دېبۇت** ئال. دىيال. ئاۋۇ يەر.

**دېبېت** ئى [ر<لات] ھېسابات دەپتىرىنىڭ سول تەرىپى. ئۇنىڭغا ئاشقان مەبلەغ، كېمەيگەن قەرز ۋە كېمەيگەن ساپ قىممەت قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ.

**دېپوتات** ئى [ردلات] كونا. بىرەر كوللېكتىپ تەرىپىدىن دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋەكىل قىلىپ سايلانغان كىشى، رەسمىي ۋەكىل: دېپوتات سايلىماق.

**دېتال** ئى [ر<فىران] ① <ماشىن> ماشىنا، مېخانىزم قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر بۆلىكى، پارچە قىسمى. ② <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىي قىسمى، بۆلىكى.

**دېتالچىلىق** ئى. دېتال ئىشلەش ئىشى، كەسپى: ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۇچۇرغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى يۇمشاق دېتالچىلىقنىڭ كەسپىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

**دېتسىبېل** ئى [ر<لات] <قىز> ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ياكى توك قۇۋۋىتىنىڭ نىسپىي چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ھېسابلاش بىرلىكى.

**دېتسىگرام** مىق [ر<لات + فىران] ئوندىن بىر گىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىلىتر** مىق [ر<لات + فىران] ئوندىن بىر لىترغا تەڭ سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىمېتر** مىق [ر<لات + گىرېك] ئوندىن بىر مېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتسىمېترلىق** سۈپ. دېتسىمېتىر كېلىدىغان، دېتسىمېتىر چىقىدىغان.

**دېتسىمىللىمېتر** مىق [ر<لات + گىرېك] ئون مىڭدىن بىر مېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېتېرمىنىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە ھادىسىلەر قانۇنىيەتكە، مۇقەررەرلىككە ئىگە، ئۇلار بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىزملىق تەلىمات .

**دېدەك** ئى [پ] ئايال ئۆي خىزمەتچىسى، ئايال چاكار.

**دېدەكلىك** ① ئى . چاكارلىق (ئايال خىزمەتكارلار ھەققىدە): ئۇ لەئەل شاھ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن خانىشنىڭ ۋەدىسى بويىچە دېدەكلىكتىن ئازاد بولۇپ، لەئەل شاھنى تەربىيەلىگۈچى ئېنىكئانا بولدى. ② سۈپ. دېدەكلەرگە خاس، دېدەكلەر كىيىدىغان: — ساقايسۇن دېدىم بېشى، پاتىمە كىيسۇن دېدەكلىك كىيىمى، زۆھرە تاقىسۇن كېنىزەكلىك گۈل ـ تاجى، — دەپتۇ شاھزادە.

**دېدۇكسىيە** ئى [ر<لات ] <لوگ> ئومۇمىي ھالەتتىن خۇسۇسىي ھالەتكە ئۆتۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش؛ ئومۇمىي ھالەتتىن جۈزئىي نەتىجە چىقىرىش (يەنى ئىندۇكسىيەنىڭ ئەكسى).

**دېدۇكسىيەلىك** سۈپ <لوگ> دېدۇكسىيەگە ئائىت، دېدۇكسىيەگە ئاساسلانغان: دېدۇكسىيەلىك ئەقلىي خۇلاسە.

**دېدىقتۇرماق** پ. دىيال. قىزىقتۇرماق، ئىنتىلدۈرمەك.

**دېدىقماق** پ. دىيال. قىزىقماق، ئىنتىلمەك.

**دېدىل** سۈپ. دىيال. دادىل.

**دېرەپتا** رەۋ. دىيال. تەڭ، تەپمۇتەڭ، بىردەك.

**دېرەك** ئى [ئە] ① بىرەر يەردىن بىركىم ياكى بىرنەرسە ھەققىدە ئېلىنغان خەۋەر؛ ئۇچۇر: ئىككى كۈنگىچە ھېچ يەردىن قىزنىڭ دېرىكى چىقمىدى. ② بىرەر نەرسىدىن دالالەت بېرىدىغان ئالامەت، بەلگە، نىشانە: ئۇنىڭ ھۆل ئۆتۈكى ۋە لاي يۇققان شەپكىسى جاپالىق، جەڭگىۋار ئىشلىرىدىن دېرەك بېرەتتى.

**دېرەكسىز** رەۋ. ئىز ـ دېرىكى يوق، خەۋەر قىلىپ قويماي، خەۋەر بەرمەي: ئۇ ئادەم ئىككى ئايدىن كېيىن دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ.

**دېرەكلەتمەك** «دېرەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «ئۇلۇغ» دەپ ئاتىلىدىغانلار، يادلىنىدىغانلار دېرەكلەنسە، مەن بۇ تۇزىغان سىنىپلارنى ئاختۇرىمەن، ئۇخلىماس كېچىلەر، كۆز يۇمماس روجەكلەرگە قارايمەن.

**دېرەكلەشمەك** «دېرەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**دېرەكلەنمەك** «دېرەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دېرەكلىمەك** پ. دېرىكىنى ئالماق، خەۋىرىنى ئالماق، ئۇقۇشماق؛ سۈرۈشتە قىلماق، سۈرۈشتۈرمەك: يىتكەن ئاتلىرىڭنى دېرەكلىدۇق.

**دېرىزە** ئى <بىن> قۇياش نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ تېمىغا ئورنىتىلىدىغان ئەينەكلىك قۇرۇلما؛ رام، پەنجىرە.

**دېرىزىلىك** سۈپ. دېرىزىسى بار، دېرىزە قويۇلغان: دېرىزىلىك ئۆي. دېرىزىلىك زال.

**دېزىنفېكسىيە** ئى [ر<فىران + لات] <بىيول>فىزىكىلىق ئۇسۇللار ياكى خىمىيەۋى دورىلار ئارقىلىق كېسەل پەيدا قىلىدىغان مىكرو ئورگانىزملارنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى: دېزىنفېكسىيە قىلماق.

**دېزىنفېكسىيەلەتمەك** «دېزىنفېكسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دېزىنفېكسىيەلەشمەك** «دېزىنفېكسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دېزىنفېكسىيەلەنمەك** «دېزىنفېكسىيەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوكۇل يىڭنىسى دېزىنفېكسىيەلەندى.

**دېزىنفېكسىيەلىمەك** پ. دېزىنفېكسىيە قىلماق، زەھەرسىزلەندۈرمەك: داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى دېزىنفېكسىيەلىمەك.

**دېسەم ـ دېمىسەم** ئېھتىمال، بەلكىم؛ ھەرقاچان: ـــ دېسەم ـ دېمىسەم قىزغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلى بار، ـــ دېدى ئۇ كىشى.

**دېفورماتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> قاتتىق جىسىملاردا سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ھاسىل بولغان شەكىل ياكى ھەجىم جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، ئاساسلىق دېفورماتسىيەلەر: سوزۇلۇش دېفورماتسىيەسى، بۇرۇلۇش دېفورماتسىيەسى، ئېگىلىش دېفورماتسىيەسى ۋە سىلجىش دېفورماتسىيەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**دېفىس** ئى [ر<لات] سىزىقچە: دېفىس قويماق.

**دېكابىر** ئى [ر<لات ] ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ نامى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئون ئىككىنچى ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىيە كالېندارىدا ئون ئىككىنچى ئاي.

**دېكاگىرام** مىق [ر<گىرېك + لات] ئون گىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكالىتىر** مىق [ر<گىرېك + فىران] ئون لىتىرغا تەڭ سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكامېتىر** مىق [ر<گىرېك] ئون مېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دېكىستىرىن** ئى [ردلات ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. كىراخمالدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. ئاق رەڭلىك ياكى سېرىق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، يېپىشقاقلىقى ئىگە. سانائەتتە يېپىشتۇرغۇچ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دېكلاراتسىيە** ئى [ر<لات] پارتىيە ياكى ھۆكۈمەت بىرەر مۇھىم سىياسىي مەسىلە يۈزىسىدىن ئېلان قىلغان خىتابنامە، بايانات.

**دېكلاماتسىيە** ئى [ر<لات] <ئەد> شېئىرىي ئەسەرلەرنى چىرايلىق، تەسىرلىك قىلىپ، ئۈنلۈك يادقا ئوقۇش سەنئىتى ۋە شۇنداق ئوقۇشنىڭ ئۆزى: دېكلاماتسىيە قىلماق.

**دېكلاماتسىيەچى** ئى. دېكلاماتسىيە قىلىدىغان كىشى.

**دېكوراتسىيە** ئى [ر<فىران] <تىيا> سەھنىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ئورنى ۋە شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىم، ئارختېكتور ئىنشائاتلىرى، تۈرلۈك بېزەكلەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

**دېكوراتسىيەلىك** سۈپ. دېكوراتسىيەسى بار، دېكوراتسىيە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دېكوراتسىيە سىزىلغان: ئۇنىڭ دالىدىسىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈن رەڭدار نۇرلاردىن ئۇرۇمچى مەنزىرىسىگە ئاجايىپ سىۋىتىلەرنى بېرىپ، چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بۇ شەھەرنى خۇددى گۈزەل دېكوراتسىيەلىك سەنئەت سەھنىسىدەك ھايات قايىنىمىنىڭ بىر ئاجايىپ مۆنبىرىگە ئايلاندۇرماقتا ئىدى.

**دېكوراتور** ئى [ر] <تىيا> دېكوراتسىيە سىزغۇچى رەسسام.

**دېكىنمەك** پ.دىيال. ئورنىدا تۇرۇپ ئاچچىقلاپ دىۋىنماق.

**دېگەن** ① «دېمەك I » پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا مەن دېگەن. * ساڭا بۇ ئىشنى كىم دېگەن؟ ② سۈپ. ئىسىملىك، ناملىق؛ ئىسمى، نامى بىلەن ئاتىلىدىغان: قارا تورۇققا مىنگىنى ئامانقۇل بولۇپ، جەدە قاشقىغا مىنگىنى رازى دېگەن يىگىت ئىدى. ③ باغل. كۆچۈرمە جۈملە ياكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ:كونىلاردا «سەۋر قىلساڭ، غورىدا ھالۋا پىشۇر» دېگەن گەپ بار.

**دېگىنى دېگەن** «دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ»، «نىيىتىنى ئويلىسا شۇنى قىلىدۇ»، «گېپى گەپ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: ـــ كاجلىق قىلساڭ قىلىۋەر! مېنىڭ دېگىنىم دېگەن! ھەددىڭ ئەمەس! ـــ دېدى ئۆمەرجان لەيلىگۈلگە.

**دېگەنبىلەن** باغل [دېگەن + بىلەن] ① دېيىشىدىن قەتئىيئەزەر، قانداقلا بولمىسۇن: ھەرنېمە دېگەنبىلەن سىز ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر خەلپىگە قوشۇلۇپ، ئوردىغا مۇشت كۆتۈرگەن كىشى. ② ئەمما، لېكىن، ھەر ھالدا: دېگەنبىلەن ئۇ تانىسىنى قاملاشتۇرۇپ ئوينايدىكەن.

**دېگەندە** رەۋ. ئۆتكەندە؛ بولغاندا: تۇغلۇق كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككى ھەپتە دېگەندە خەتنى ئېلىپ ھۇسەن شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ.

**دېگەندەك** رەۋ ① دېگەنگە ئوخشاش؛ دېگەن بويىچە: سىلى دېگەندەك بولسا، 300 مېتىر يەرگە دامبا سوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئاسان گەپمۇ؟ * بىز ئۇلارغا پەقەت سەۋزە، پىياز، تۇز، ئوتۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردۇق . ② ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئوبدان، ياخشى: ياسىن نېمە سەۋەبتىندۇر، يەر ھەيدەش ۋەزىپىسىنى دېگەندەك ئورۇنلىيالمىدى. ③ تازا، ناھايىتى: ئالىمجاننىڭ چىرايى دېگەندەك كېلىشكەن بولمىسىمۇ، گەپ ـ سۆزى جايىدا، ئەدەپلىك يىگىت ئىدى. ④ كۆڭلىدە كەچكەندەك، ئويلىغاندەك، كۈتكەندەك: ئۇ خاتالاشمىغانىدى. دېگەندەك، خۇماخان يېرىم يولدىلا كىچىككىناخۇن تەرەپكە بۇرۇلدى.

**دېگەندىكىدەك** سۈپ. ناھايىتى، ئانچە، ئۇقەدەر، دېيەرلىك: دېگەندىكىدەك ياخشى ئەمەس.

**دېگۈچىلىك** ئى. ئېغىزغا ئېلىش، سۆزلەش، تەكىتلەپ

ئېيتىشقا مۇناسىپلىق : دېگۆچىلىكى بار. دېگۆچىلىكى يوق.

**دېگۈدەك** يۈك ① كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىش دەرىجىسىنىڭ كۆزلەنگەن چەككە يېقىن ياكى ئۇنىڭدىن سەل تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئائىلىسىگە ھەر ئىككى كۈندە دېگۈدەك بىر قېتىم كېلەتتى. ② ئادەم ۋە نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت، مەسىلە قاتارلىقلار مىقدارىنىڭ تولۇقلۇق دەرىجىسى كۆزلىگەن چەككە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھەممە ئادەمدە دېگۈدەك چوقۇم بىرخىل يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ.

**دېگۈزمەك** «دېمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بار ـــ نېمىنى دېگۈزمەيدۇ، يوق ـــ نېمىنى يېگۈزمەيدۇ (ماقال).

**دېگۈلۈك** ئى. دېيىش كېرەك، دېيىش لازىم: ھەشقىپېچەك گۈل ھېسابلانسا، قىزىلگۈلنى نېمە دېگۈلۈك؟ * ئەگەر چوڭلار بىرەر نەرسىنى «قىلما» دېسە، «ماقۇل» دېگۈلۈك دەيتتى دادام دائىم ماڭا.

**دېڭىز** ئى ① ئوكيانىنىڭ قۇرۇقلۇققا تۇتاشقان ياكى قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىر بۆلىكى، سۈيى تۇزلۇق بولىدۇ: بالتىق دېڭىزى. قارا دېڭىز. قىزىل دېڭىز. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە بىلەن قاپلانغان كەڭ مەيدان: ئادەم دېڭىزى. پاختا دېڭىزى.

**دېڭىز مىلى** دېڭىز ـ ئوكيانلار ئۈستىدە ئارىلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر دېڭىز مىلى ئادەتتە 1852 مېتىرغا تەڭ.

**دېڭىز يۇلتۇزى** ئى <زوئول> تىكەن تېرىلىك ھايۋان. تېنى ياپىلاق، ئۈستىدە چېچىلغان نۇر ھالىتىدە ئورۇنلاشقان بەش يۇلتۇز شەكلىدىكى بەش تال ئېغىز بارماقچىسى بولىدۇ. ئۈستىنى بىر قەۋەت كالتسىيلىق كىچىك تىكەنلەر ئوراپ تۇرىدۇ.

**دېڭىزچى** ئى. دېڭىز ـ ئوكيانلاردا يۈرۈپ مەشغۇلات قىلغۇچى كىشى؛ ماتروس.

**دېلتا** ئى [ر<گرېك] <جۇغ> دەريانىڭ تارماقلىنىپ، كۆل ياكى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايى.

**دېلفىن** ئى [ر<گرېك] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى بىرخىل ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستىدە، ئالدى پۇتى پالاقچىگە ئۆزگەرگەن، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**دېلو** ئى [ر] <قا> بىرەر مەسىلە ياكى شەخسكە ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللار توپلىمى: دېلو ئاچماق. دېلو تۇرغۇزماق.

**دېلىغۇل** ① سۈپ. بىرەر مەسىلىگە، ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئىككىلىنىدىغان، دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان؛ ئارسالدى: ئالماس سەل دېلىغۇل بولۇپ مايورغا قارىدى. ② ئى. تەشۋىش: دېلىغۇل بولماق. دېلىغۇلغا چۈشمەك.

**دېلىغۇللۇق** ئى. دېلىغۇل بولۇش ھالىتى: دېلىغۇللۇق قىلماق. ـــ ھەي ... ـــ بوۋاي تەقەززالاندى، ـــ سىلى بۇنداق دېلىغۇللۇق قىلىپ ئاخىر داغدا قالىلا.

**دېلىگەي** ئى. دىيال. كۆز ـ كۆز، كوزا ـ كوزاڭ.

**دېمەت** ئى [ئە] ياش قۇرامى تەڭ، تەڭتۇش كىشى: دائىم ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئۆتىدىغان قاسىم قىزىقمۇ، ئۆز دېمەتى بولغان كەم سۆزلۈك ئەنسارنىڭ يېنىدا تۇراتتى. // ـــ نېمە گەپ؟ ـــ دەپ سورىدى مەڭلىك نىياز ئۆز دېمەت بىر يىگىتتىن.

**دېمەتداش** ئى. دېمەتلىك: ـــ باللاردا ئىنساب قالمىغلى تۇردى، ئىنساب! ـــ دېدى دېمەتداشلاردىن بىرى ئېغىر تىنىۋېلىپ.

**دېمەتلىك** سۈپ. بىر دېمەتتىكى، تەڭ قۇراملىق، تەڭتۇش: ھوشۇر، ئالىم، ئەخمەتجانلار بىر سىنىپتا ئوقۇغان تەڭ دېمەتلىك ساۋاقداشلاردىن ئىدى. // بىز قۇراملىق پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئۆي ـ خىيالى ئۆز دېمەتلىكلىرىمىز دائىرىسىدىلا ئايلىنىدۇ.

**دېمەك** I پ ① ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە بىرەر پىكىر بىلدۈرمەك، ئېيتماق، سۆزلىمەك: ئوقۇدۇم دېگۈچە بىلدىم دېگىن (ماقال). * كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق (ماقال). ② دەپ ئاتالماق، دەپ ئېيتىلماق: بۇ ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي ئىنقىلاب» دېگەن كىتابچىسىدۇر. ③ ھېسابلىماق، سانىماق: بالىنى بالا دېمە، شىرنىڭ بالىسىمۇ بالا (ماقال). * بالا ئانىسىنى يامان دېمەس، ئىت ئىگىسىنى گاداي دېمەس (ماقال). ④ ئويلىماق؛ پەرەز، مۆلاھىزە قىلماق: ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى، ئەمما ئۇ بىز دېگەندەك ئۆزى يالغۇز كەلمەي تۆت ـ بەش ئادەم بىلەن كەلسە، قانداق قىلىمىز؟ ⑤ كۆزلىمەك: بۇ يولدا مەن سىزنى دەپ كۆپ جاپا چەكتىم. * سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن، باشقىنى يار دېمەيمەن. بىرى مېنى يار دېگىن دەپ ھەسەل بەرسە يېمەيمەن. ⑥ (پېئىلنىڭ شەرت مەيلىدە كېلىپ)بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرمەك ياكى بېجىرىشكە ئۇرۇنماق: بىز باشقا ياققا بارالماي ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدۇق. ⑦ ئىسىمداش شەكلىدە جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، «دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ» «دېگەن بولىدۇ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: بىر ئادەمنى چۈشىنىش ـــ ئۇنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرۈش دېمەكتۇر.

**دېمەك** II يۈك. كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئابزاسنىڭ بېشىدا قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىپ، مەزكۇر سۆزنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان پىكىرنىڭ يەكۈنلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دېمەك، ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تۆت خىلت ۋە ئۇنى تولۇقلىغۇچى بىرمۇنچە ئامىللارمۇ بولۇشى لازىم.

**دېمەكچى** يۈك. پىكىرنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ تەكىتلەپ ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ پاش قىلغانلىرىغا دەرھال ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن دېمەكچىمەن، ئاۋۋال تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، خۇلاسىنى ئاندىن چىقىرايلى.

**دېمەككى** باغل. «دېمەك»، «بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى»، «قىسقىسى»، «يىغىپ ئېيتقاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: دېمەككى، ھازىرقى ئۇيغۇر تېبابىتىنى قەدىمكى يۇنان تېبابىتىنىڭ داۋامى دەپ خۇلاسە قىلىش تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

**دېمەكلىك** ئى. دېيىش، ئېيتىشىش: ھامىت ئاخىر يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دېمەكلىك بىلەن قارامىلارچە يول تۇتۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتىگە ـــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

**دېموكرات** ئى [ر] <پەلس> ① دېموكراتىيە تەرەپدارى؛ دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى. ② دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، خەلقپەرۋەر زات.

**دېموكراتلاشتۇرماق** «دېموكراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دېموكراتلاشتۇرۇلماق** «دېموكراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دېموكراتلاشماق** پ. دېموكراتىك تۈزۈم يولغا قويۇلماق، دېموكراتىيە يۈرگۈزۈلمەك.

**دېموكراتىزم** ئى [ر ] <پەلس> دېموكراتىيەنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

**دېموكراتىزمچى** ئى. دېموكراتىزم تەرەپدارى؛ دېموكراتىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كىشى.

**دېموكراتىك** سۈپ [ر] ① دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان، دېموكراتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان: دېموكراتىك ئىنقىلاب . دېموكراتىك تۈزۈم. ② دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان: دېموكراتىك زات. دېموكراتىك يازغۇچى.

**دېموكراتىيە** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى.

**دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش** <پەلس> دېموكراتىيە ۋە مەركەزلەشتۈرۈش، يەنى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە.

**دېموكراتىيەسىز** سۈپ. دېموكراتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان.

**دېموكراتىيەسىزلىك** ئى. دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى، دېموكراتىيەنىڭ يوقلۇقى: ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى جېڭىدە پاكىستاننىڭ ياردىمىگە موھتاج بولسىمۇ، پاكىستاندىكى «دېموكراتىيەسىزلىك» ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

**دېموكراتىيەلەشتۈرمەك** «دېموكراتىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

**دېموكراتىيەلەشتۈرۈلمەك** «دېموكراتىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقانداق سىياسىي تۈزۈم ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن جەزمەن تولۇق دېموكراتىيەلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**دېموكراتىيەلەشمەك** پ. دېموكراتىيە يولغا قويۇلماق، دېموكراتىيە ئىجرا قىلىنماق، دېموكراتىيە ئاساسىغا قۇرۇلماق (دۆلەت، جەمئىيەت ۋە باشقىلار ھەققىدە): يانگو يېقىندا: بىزنىڭ مەقسىتىمىز «قىرغىزىستاننىڭ زامانىۋى، گۈللەنگەن، دېموكراتىيەلەشكەن مۇھىم دۆلەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دېدى.

**دېموكراتىيەلىك** سۈپ. دېموكراتىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

**دېمىسىمۇ** يۈك. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ»، «قايتا تەكىتلىمىسەكمۇ» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن.

**دېمىغىزا** ئى [دېمى + غىزا] دىيال. رەسمىي تاماق يېيىشنىڭ ئارىلىقىدا ئاز ـ ئاز يېيىلىدىغان تاماق، غىزا.

**دېندروبىيۇم** ئى [ر<لات<گىرېك] ← **دېندروبىيۇم چاتقىلى.**

**دېندروبىيۇم چاتقىلى** <بوت> تۈلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىز تاغلاردىكى قورام تاشلاردا ياكى دەرەخ ئۈستىدە ئۆسىدۇ. غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى تېزلىتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**دېنگى** ئى [ئىنگ] ← **دېنگى قىزىتمىسى.**

**دېنگى قىزىتمىسى** <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئادەملەرگە قارا پاشا ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇنىڭدا: باش، دۈمبە ۋە بوغۇملار ئاغرىيدۇ، بىمار قىزىيدۇ، قىزىتما يانغاندىن كېيىن تېرە يۈزىگە قىزىل ئەسۋىگە ئوخشايدىغان تاشما چىقىدۇ.

**دېھقان** ئى [پ] ئۇزۇن مۇددەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، زىرائەت تېرىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى.

**دېھقانلار كالېندارى** <ئاستىر> قەمەرىيە ـ شەمسىيە كالېندارىنىڭ بىر خىلى، يەنى مەملىكىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كالېندارلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدا ئادەتتىكى ھەربىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنۈپ، چوڭ ئاي 30 كۈن، كىچىك ئاي 29 كۈن، پۈتۈن بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ (قايسى ئاينىڭ چوڭ، قايسى ئاينىڭ كىچىكلىكى بىر يىل بىلەن يەنە بىر يىلدا ئوخشىمايدۇ). بۇنىڭدىكى ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن سانى قۇياش يىلىنىڭكىدىن تەخمىنەن 11 كۈن كەم بولغاچقا، ھەر 19 يىلغا 7 كەبىسە ئېيى قوشۇلىدۇ. كەبىسە ئېيى قوشۇلغان يىللار 383 ياكى 384 كۈن بولىدۇ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كالېنداردا يەنە قۇياشنىڭ ئورنىغا ئاساسەن بىر قۇياش يىلى 24 مەۋسۇمغا بۆلۈنگەن، يىللارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 12 مۇچەل دەۋرىي بەلگىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان، ھەربىر مۇچەل 60 يىلدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

**دېھقانچە** سۈپ. دېھقانلارغا خاس؛ دېھقانلاردەك: دېھقانچە كىيىم.

**دېھقانچىسىغا** رەۋ. دېھقانلار پەدىسىدە، دېھقانلار تەلەپپۇزىدا دېھقانلارغا ئوخشاش: مەمەتئېلى ئەپەندى يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە: — بىزدە بۇنداق قىلىشنى ناھايىتى چوڭ ساۋاب دېگەن تونۇش بار ئىدى. ساۋاب دېگەننى دېھقانچىسىغا ئېيتساق، ئەلگە پايدىلىق ئىش قىلىش، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

**دېھقانچىلىق** ئى. يەرگە زىرائەت تېرىش ئىشى. تېرىقچىلىق: دېھقانچىلىق قىلماق. دېھقانچىلىق بېجى.

**دېۋەڭ** سۈپ. كاللىسى تېز ئىشلەپ كەتمەيدىغان، ئەقلى كەم، كالۋا؛ دۆت: دېۋەڭ ئادەم. // — سىلەر ئەزالارنى «ھارماڭ» دېسە «ئەشمىدە قوندۇق» دەيدىغان دېۋەڭلەردىن چاغلىماڭلار، بىزمۇ ئاق ـ قارىنى تونۇيالايمىز، — دېدى ئۇ.

**دېۋەڭلەشمەك** پ. دېۋەڭ ھالەتكە كەلمەك، دېۋەڭ بولۇپ قالماق.

**دېۋەڭلىك** ئى. دېۋەڭ خۇسۇسىيەت، ھالەت: مەن بۇ سۆزنى دېۋەڭلىك قىلىپ دەپ سالدىم.

**دېۋەيلەشمەك** «دېۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن بىز زاكۇنى ئېيتىمىز دەيمىز، ئۇلار ئەتمەيسىلەر دەيدۇ. بىر - بىرىمىزگە دېۋەيلىشىپ تىكىلىشىپ قالدۇق.

**دېۋەيلىمەك** پ. قارشى تەرەپكە يېقىنلىشىپ، زورلۇق بىلەن ھەيۋە قىلماق: مەخسۇت بەگ ئىمام خاتىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلىدى.

**دېۋون** ئى [ئىنگ] ← **دېۋون دەۋرى.**

**دېۋون دەۋرى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ تۆتىنچى دەۋرى. تەخمىنەن 50 مىليون يىل داۋام قىلغان.

**دېۋىتماق** پ. ئات - ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى مىنگەندە مىنگۈچى ئىتتىك ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پۇتى بىلەن ئۇلاغنىڭ بىقىنىغا نوقۇماق: قارا بوسۇق ئېتىنى دېۋىتىپ تۆمۈر خەلپىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى.

**دېۋىتىشماق** «دېۋىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دېۋىتىلماق** «دېۋىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى .

**دېۋىرقاي** ئى ① يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ غولىدىن سىرغىپ چىقىدىغان يېلىمسىمان ماددا. ② شۇ خىل ماددا دىستىللەنگەندىن كېيىنكى قالدۇق. ئۇ سانائەتتە سىر، سوپۇن، قەغەز ۋە سەرەڭگە قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**دىيەرلىك** سۇپ ① دېيىشكە تېگىشلىك: پايات سېخىنىڭ موتور سىناش جازىسى ياساشتا رولى يوق دىيەرلىك بولسىمۇ، ئۇلار بۇ پىكىرگە ئاۋاز قوشتى. ② تولۇق، دېگەندەك: ئامانىساخان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دىيەرلىك دەرىجىدە ئۆگەنگەن ئۇستا مۇقامچى ئىدى. // ئۇ بۇنىڭدىن رېئاللىقنى دىيەرلىك چۈشىنىپ كېتەلمىدى.

**دىيتېرىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ھىدروگېننىڭ ئىزو - توپلىرىدىن بىرى، بەلگىسى (Duiretuem) D.

**دىيىشمەك** ① «دېمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىليار خوجا دائىم بىر كۆزىنى قىسىپ يۇرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى قارىغۇ خوجا دېيىشەتتى. ② ئۆزئارا كېلىشمەك، مەسلىھەتلەشمەك: — ھەر ھالدا باشتا دېيىشىپ قويغان ياخشىراقمىكىن، — دېدى كېرەم زاپخوز. ③ خاپىلاشماق، تاكاللاشماق، ئۇرۇشماق: پۇل تاپتىم ياخشى بىلەن يېيىشكىلى. يامان بىلەن دېيىشكىلى (ماقال). ④ ئالاقىلەشمەك، سۆزلەشمەك: بۇ ئىش توغرۇلۇق كىم بىلەن دېيىشىمەن؟

**دىيىلمەك** «دېمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرچاغلاردا قانچە نامرات بولسا شۇنچە شەرەپ دېيىلەتتى.

**دىبەن** ئى [خەن] ← **نېگاتىپ.**

**دىبەيچۇڭ** ئى [خەن] <خىم> ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە زەھىرى تۆۋەن بولغان ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا.

**دىبىق** ئى<بوت> دىبىق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك. غول ۋە يوپۇرماقلىرى تېبابەتچىلىكتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىنىدۇ.

**دىپەي** ئى [خەن] جان ت. بەشلەڭ قەغەزدىكى ئىككى خانىلىق قەغەز.

**دىپەيدەك** رەۋ. تۈز، تىك، ئېگىلمەي، مىدىرلىماي: — نېمە دىپەيدەك تۇرىسەن ھوي لەقۋا، مېھمانلارغا چاي قۇيمامسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئابلىز ھېلىقى يىگىتكە قاراپ.

**دىپلوم** ئى [ر<فىران] <مائار>← **شاھادەتنامە.**

**دىپلومات** ئى [ر<فىران] ① باشقا مەملىكەتلەر بىلەن رەسمىي ئالاقە ئورنىتىش ياكى مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش مەقسەتلىرىدە ئۆز ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دائىمىي ۋەكىل. ② كۆچمە.گەپ - سۆز ۋە مۇئامىلىدە ماھىر كىشى: ياسىن قالتىس دىپلومات بولۇپ كەتتىغۇ!؟

**دىپلوماتلىق** ئى. دىپلومات قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: دىپلوماتلىق قىلماق

**دىپلوماتىك** سۇپ [ر] دىپلوماتىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ دىپلوماتىيەگە، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان: دىپلوماتىك خادىم. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت.

**دىپلوماتىيە** ئى [ر] بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىكى پائالىيىتى.

**دىپلوملۇق** سۇپ. دىپلومى بار، دىپلوم ئالغان، دىپلومغا ئېرىشكەن: دىپلوملۇق ئوقۇغۇچى.

**دىت** ئى [پ] ① گۈزەللىكنى، نەپىسلىكنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېستېتىكىلىق زوق ئېلىش قابىلىيىتى: ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىت بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ② نىيەت، كۆڭۈل، راي: قارىيەنىڭ بۇ گەپلىرى ئاغرىق كالىغا پىچاق سۇرگەندەك غۇلامنىڭ دىتىغا راسا ياقتى. ③ ئەقىل، ھوش، پەم، ئىدراك: دىتى بار ئادەم. دىتى يوق. دىتى يەتمەك. * ھەممىمىز نامان تاغىنىڭ بۇ ياشىنىپ قالغان بوۋاينىڭ دىتىغا قايىل بولۇپ، كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

**دىتىغا كەلتۈرمەك** ئۆز خىيالىدىكىگە توغرىلىماق، دىتلىماق: بىزدە مۇھەببەتلىشىپ ئائىلە قۇرىدىغان ئىش يوق، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى تاللاپ ئېلىپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىمنى دىتىغا كەلتۈرۈۋاتقىنىنى بىلمەك ماڭا مۇھىم ئىدى.

**دىتسىز** سۇپ. دىتى، ئەقىل - ھوشى يوق؛ پەم - پاراستى بولمىغان؛ دىتلىق ئەمەس: ئۇ دېدى «دادىسى توختاپ تۇرسىلا، چاغلاملا مېنى يە دىتسىز خوتۇن دەپ. قانداقچە سۆز بېرەي، ئەرسىز - كېچەشسىز، ئەلۋەتتە ياندۇردۇم قىلىپ لايىق - گەپ».

**دىتسىزلىق** ئى. دىتى يوقلۇق، پاراسەتسىزلىك: باخشى يەنىلا كۈلۈۋاتاتتى. بۇ كۈلكە ئېپلاسلىق، رەزىللىك ۋە شەرمەندىچە ئالدامچىلىقنىڭ، دىتسىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئۈستىدىن ھاياسىزلارچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈش ئىدى.

**دىتلاتماق** «دىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىتلاشماق** «دىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىتلانماق** «دىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دىتلىق** سۇپ. پەمى، تەدبىرى بار، دىتى بولغان، دىتسىز ئەمەس: دىتلىق يىگىت. دىتلىق ئايال.

**دىتلىماق** پ ① كۆڭۈلدە ئويلىماق، كۆڭۈلدە كەچۈرمەك: ھەربىر ئائىلە كىشىلىرى تونۇر بېشىدا، ئوچاق ئالدىدا، داستىخان ئۈستىدە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزلىرىگە ئەكېلىدىغان پايدا-مەنپەئەتى، زىيان - تەسىرلىرى ھەققىدە ئەقىللىرى يەتكەن يېرىگىچە دىتلاپ كۆرۈشتى. ② كۆڭۈلگە پۈكمەك، ئويلىماق: ئۇ ئۈچ ئايدىن بېرى كۆڭلىدە ھېلىقى قىزنى دىتلاپ يۈرەتتى. ③ تەخمىن قىلماق، مۆلچەرلىمەك: تۆمۈر ئاتا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ھەممىنى كۆزدىتىپ دىتلاپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

**دىجورنى** ئى [ر ] ← **نۆۋەتچى:** ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ: «بۈگۈن دىجورنى كىم؟» دەپ سورىدى. // دوختۇرخانىدا دىجورنى

دوختۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

**دىجورنىلىق** ئى ← **نۆۋەتچىلىك:** ئۇ بۇ خەتنى ئەتىگەن دىجورنىلىق قىلىۋېتىپ ئىشخانىدىن تېپىۋالغانىدى.

**دىچۆلياڭ** ئى [خەن] تېرىلىپىدا توقۇلغان بىرخىل رەخت. ئۇنىڭ پاختىا ۋە يۇڭ يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغانلىرىمۇ، ساپ توقۇلغانلىرىمۇ بولىدۇ.

**دىدار** ئى [پ] ① كىشىنىڭ يۈزى، رۇخسارى، تۇرقى؛ يۈز، رۇخسار، جامال: ئانامنى قەبرىگە ئېلىپ كېتەر مەزگىلدە مېنى ئاپىرىپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرسەتتى، ئۇ ئۇخلىغاندەكلا ياتاتتى. ② كۆچمە. ئىز، سايە (قارا)، بەلگە: ئوچاق ئەتراپىغا قارىسام ئوتۇن دىدارى يوق. * كەسلەنچۈكلەر، لەگمەنتاقتاقلار، بۇ سەھرانىڭ ھايات دىدارى. شىۋاق، قوراي، يۇلغۇن، يانتاقلار، جانىۋارلارنىڭ ئامراق دىدارى. ③ كۆچمە. يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش: دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت (ماقال).

**دىدارلاشماق** پ. دىدار كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق، يۈز كۆرۈشمەك: مەن يۇرتۇمغا ئاتپوسكىغا كېلىپ ئون نەچچە كۈن بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقىلى ئۆيىگە باردىم.

**دىداكتىك** سۈپ [ر] دىداكتىكىلىق: دىداكتىك ئەسەر.

**دىداكتىكا** ئى [ر<لات] <مائار> پېداگوگىكىنىڭ بىر قىسمى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنى، مېتودى ۋە تەشكىلىي شەكىللىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**دىداكتىكىلىق** سۈپ ① دىداكتىكىغا ئاساسلانغان، دىداكتىكىغا ئائىت: دىداكتىكىلىق ئەسەر. ② پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرى دىداكتىكىلىق ئەسەردۇر.

**دىداڭ** سۈپ. دىيال. تېتىك، تىمەن، چەبدەس، كۈچلۈك.

**دىر** I ئى. بىرەر سودا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ، پۇل؛ دەسمايە: دىر سالماق.

**دىر** II تەق. نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ياكى تىترىگەندە ئادەمنىڭ سەزگۈسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھالەت : ئارقىمۇ ئارقا ئۆتۈۋاتقان پويىزلارنىڭ زەربىسىدىن، يەرلەر دىر قىلىپ تىترەپ، يول بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى.

**دىراپ** ئى [ر<فىران] كۆپىنچە ھەر خىل پەلتولارنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قېلىن يۇڭ گەزلىمە، قېلىن موۋۇت: دىراپ پەلتو. كۈل رەڭ دىراپ.

**دىراخما** ئى [گىرېك] گرېتسىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دىراما** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ئاپتور تىلى ئارىلاشتۇرۇلماي، دىيالوگ شەكلىدە يېزىلغان سەھنە ئەسىرى؛ ئويېرا: دىراما يازماق. دىراما ئوينىماق.

**دىراماتورگ** ئى [ر] <ئەد> دىراما ئاپتورى، يەنى سەھنە ئەسىرى يازغۇچى كىشى.

**دىراماتورگىيە** ئى [ر] <ئەد> ① سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى نەزەرىيە؛ تىياتىر سەنئىتى. ② بىرەر مىللەت، خەلق، دەۋر ياكى بىرەر يازغۇچىنىڭ دىراما شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**دىرامچىلىق** ئى. دىراما يېزىش، ئىجاد قىلىش ئىشى.

**دىراملاشتۇرماق** پ. دىرامىغا ئايلاندۇرماق، دىراما شەكلىدە قايتا يېزىپ چىقماق، دىرامىغا ئۆزگەرتمەك.

**دىراملاشتۇرۇلماق** «دىراملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**دىراۋىد** ئى <تىل> ← **دىراۋىد تىللىرى سىستېمىسى.**

**دىراۋىد تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر تىل سىستېمىسى. بۇ سىستېمىسىدىكى تىللار ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىرىلانكىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەم پاكىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلاردا ئىشلىتىلىدۇ. نوپۇسى 100 مىليوندىن ئاشىدۇ.

**دىرايماق** پ. دىيال. تارتىشماق (بەدەن ھەققىدە).

**دىر ـ دىر** «دىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دىر ـ دىر قىلىپ تىترىمەك. * زەرب بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان خاڭ يەرنى دىر ـ دىر قىلىپ تىترىتەتتى.

**دىرت** ئىم. ھارۋىغا قوشقان ئاتنى ھەيدەش، ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان بۇيرۇق سۆز: ئابدۇراخمان ئاتنىڭ بېشىنى يولغا بۇراپ «دىرت ـ چۇھا!» دېگىنىچە مېڭىپ كەتتى.

**دىرىدە** رەۋ. «دىر» قىلغان ھالدا، «دىر» قىلىپ: بۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دىرىدە بىر تىترەپ، كۆزلىرى ئاچچىق ياش بىلەن پەردىلەندى.

**دىرھەم** ئى [ئە] ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ماراكەشنىڭ پۇل بىرلىكى.

**دىرېكتور** ئى [ر<لات] <سودا> مەلۇم كارخانا ياكى شىركەتنىڭ مەسئۇلى.

**دىرېكتورلۇق** ئى. دىرېكتورغا يۈكلەنگەن ھەم دىرېكتور بېجىرىدىغان ۋەزىپە، ئىش.

**دىرىژابىل** ئى [ر<فىران] بىرخىل ئۇچۇش ئۈسكۈنىسى. قانىتى بولمايدۇ، پەقەت ھىدروگېن گازى ياكى گېلىي گازى قاچىلانغان ھاۋا خالتىسى ھاسىل قىلغان لەيلىتىش كۈچى ئارقىلىقلا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، پىرقىرىغۇچقا تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

**دىرىژور** ئى [ر<فىران] <مۇز> كوللېكتىپ ئورۇنلىنىدىغان بىرەر مۇزىكا ئەسىرى ياكى خورغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

**دىرىژورلۇق** ئى. دىرىژورلۇق قىلىش ئىشى : دىرىژورلۇق سۈپىتى. دىرىژورلۇق تايىقى.

**دىرىڭ** تەق. مېتاللارنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: دىرىڭ قىلماق.

**دىرىڭ ـ دىرىڭ** سۈپ. دىيال. چەبدەست، يەڭگىل.

**دىرىڭگىدە** رەۋ. «دىرىڭ» قىلغان ھالدا، «دىرىڭ» قىلىپ: ئۇنىڭ قوللىرىدا ئېگىلىۋاتقان تۆمۈر تاياقچە تۇيۇقسىز قولدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، دىرىڭگىدە ئۆگزىگە ئۇچۇپ كەتتى.

**دىرىڭلاتماق** «دىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىرىڭلاشماق** «دىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىرىڭلىماق** پ. «دىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دىرىڭ ـ

دىرىڭ» قىلماق.

**دىرىلداتماق** «دىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىرىلداشماق** «دىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىرىلدىماق** پ. «دىر - دىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «دىر - دىر» قىلماق: ئۇنىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى ھېچ ئەلەمگە كەلمەيتتى. * توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر جىپ ماشىنا دىرىلداپ تۇراتتى.

**دىرنارىيە** ئى [لات] <بوت> ← **دىرنارىيە ئوتى.**

**دىرنارىيە ئوتى** <بوت> چىلپايە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى تۇم، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، تەمى ئاچچىق، قاننى جانلاندۇرۇش، مۇسكۇلنى كۈچەيتىش قاتارلىق رولى بار.

**دىزېل** ئى [ر<نېم] <ماشىنا> ① دىزېلنى يېقىلغۇ قىلىدىغان، ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل. ② شۇ خىل دۋىگاتېلغا يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ماي، دىزېل مېيى، دىزېلىن.

**دىزېل موتور** ئى [ر<نېم] <ماشىن> دىزېلنى يېقىلغۇ قىلىش ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان موتور.

**دىزېلىن** ئى [ر<نېم] <ماشىن> نېفىتنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ۋە يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك ماي. ئۇچۇشچانلىقى سىلىقلاشتۇرۇش مېيىدىن يۇقىرى، كىرسىندىن تۆۋەن بولىدۇ.

**دىزىنتېرىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> چوڭ تەرەت قان ئارىلاش كېلىدىغان، يىرىڭ ئارىلاشمىغان بىر خىل تولغاق.

**دىسپروزىي** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Dy (Dysprosium). سېيرەك يەر ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**دىستە** ئى. دىيال. ئاياغنىڭ پاشنىسى.

**دىستىللىمەك** پ <خىم> تەركىبىدە ئۇچۇشچانلىقى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ماددىلار بولغان سۇيۇقلۇقنى پارلاندۇرۇش ئارقىلىق شۇخىل ماددىلارنى ئاجرىتىپ ئالماق. بۇخىل ئۇسۇل سانائەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بېنزىن، كىرسىن قاتارلىقلارنى دىستىللەشكە ئوخشاش.

**دىستىللياتسىيە** ئى [ر<لات] <خىم> سۇيۇقلۇقنى قىزدۇرۇپ پارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئۇنى سوۋۇتۇپ سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تەركىبىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش.

**دىسسېرتاتسىيە** ئى [ر<لات] بىرەر ئىلمىي ئۇنۋاننى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى، باھالىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالە: دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى. ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى.

**دىسسىملياتسىيە** ئى [ر<لات] ① <بىيول> جانلىقلارنىڭ مېتابولىزم داۋامىدا ئۆز تەركىبىدىكى ماددىلارنى پارچىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېنېرگىيە ئاجرىتىپ چىقىرىش جەريانى. ② <تىل> بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا ئۆزگىرىپ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى تاۋۇشلارغا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىشى.

**دىسكا** ئى [ر<گىرېك] ① <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتتە قول بىلەن ئۇزاققا ئېتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ بىرى. ② ماشىنا، مېخانىزم، ئېتىش قوراللىرى ۋە شۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياپىلاق، تەخسە شەكلىدىكى قىسمى، دېتالى: سېيالكىنىڭ دىسكىسى. تېلېفوننىڭ دىسكىسى. پىلموتنىڭ دىسكىسى.

**دىسكونت** ئى [ر] <س ئىق> ← **دىسكونت قىلىش.**

**دىسكونت قىلىش** <س ئىق> قەرەلى توشمىغان چەك - ھۆججەتلەر ئارقىلىق بانكىدىن پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، بانكىنىڭ پۇل تاپشۇرغان كۈندىن قەرەلى توشىدىغان كۈنگىچە ئارىلىقتىكى ئۆسۈمنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان پۇلنى بېرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**دىسكىلىق** سۈپ. دىسكىسى بار، دىسكا ئورنىتىلغان، دىسكا بېكىتىلگەن: دىسكىلىق پىلموت. بەش دىسكىلىق سېيالكا.

**دىسلىماق** پ ① مەيدە ياكى كۆكرەك قىسمىنى تىز بىلەن باسماق، تىزلىماق: سىيىت غۇنچەمنى غازاڭ ئۈستىگە تاشلاپ، مەيدىسىگە بىر - ئىككىنى دىسلىۋېتىدۇ. ② بېسىپ چىڭدىماق، چىڭداپ پىشۇرۇپ، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**دىشۋار** [پ] ① سۈپ. تەس، قىيىن، مۇشكۈل: دىشۋار ئىش. * ئەجەب دىشۋار ئىكەن ياردىن جۇدالىق، ماڭا كۈن يوق ئىكەن ئارامخۇدالىق. ② ئى. قورقۇنچ: كۆڭلۈمدە دىشۋارىم يوق، ساڭا ئاتار پەشۋايىم يوق.

**دىشۋارچىلىق** ئى. مۇشكۈل ياكى قىيىن ئەھۋال، شۇنداق ھالەت؛ مۇشكۈللۈك، قىيىنچىلىق: ئانام ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇيقۇسىزلىق ۋە دىشۋارچىلىق ئىچىدە جۇدەپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى.

**دىشۋارلىق** ئى ← **دىشۋارچىلىق**: دالدا بولدى بورانغا گۈلمەرەم، شىۋىرغانغا شىپالىق گۈلمەرەم، مۇز داۋانغا بىرقاراپ گۈلمەرەم، باشقا چۈشتى دىشۋارلىق گۈلمەرەم.

**دىغ** سۈپ. دىيال. راسا سەمرىگەن، سەمرىپ تولۇم بولۇپ كەتكەن.

**دىغمارلىماق** پ. دىيال. دۆشكەلىمەك.

**دىغىرىماق** پ. دىيال. يايرىماق، يايراپ كەتمەك (ھايۋانلار ھەققىدە).

**دىفتېرىيە** ئى [ر < لات] <تېب> ← **بوغما** II .

**دىففېرېنسىيال** ئى [ر<لات] <مات> فۇنكسىيە $y = f(x)$ نىڭ x نۇقتىدىكى ھاسىلىسى y دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار x بىلەن بۇ ھاسىلىنىڭ كۆپەيتمىسى xy شۇ فۇنكسىيەنىڭ x نۇقتىدىكى دىففېرېنسىيالى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ $dy = yx$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**دىففېرېنسىيال - ئىنتېگرال** <مات> دىففېرېنسىيال بىلەن ئىنتېگرالنىڭ ئومۇمىي نامى. دىففېرېنسىيال جىسىم ھەرىكىتىنىڭ قىسمەن خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئىنتېگرال جىسىم ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ.

**دىففېرېنسىيەلىمەك** پ ① بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرمەك؛ بۆلەكلەرگە، تەركىبلەرگە ئاجراتماق. ② <مات> دىففېرېنسىيالنى تاپماق، دىففېرېنسىيالنى ھېسابلاپ چىقارماق.

**دىففېرېنسىيەلىنىش** ئى<بىيول> جانلىقلار يەككە تېنىنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تۈزۈلۈش ۋە فۇنكسىيە جەھەتتە ئاددىيلىقتىن ئالاھىدە ھالەتكە قاراپ ئۆزگىرىش

ھادىسىسى.

**دىفراكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، يورۇقلۇق دولقۇنى قاتارلىق دولقۇنلار تارقالغاندا، ئەگەر چوڭ ـ كىچىك ـ لىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولغان جىسىمنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىسا، بۇ جىسىمنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. ئەگەر چوڭ ـ كىچىكلىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولغان تۆشۈكتىن ئۆتسە، تۆشۈكنى مەركەز قىلىپ، ھالقىسىمان دولقۇن شەكىللەندۈرۈپ ئالغا قاراپ تارقىلىدۇ. بۇ خىل ھادى ـ سە دىفراكسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

**دىققەت** ئى [ئە] ① پىكىر، ئەس ـ ياد، ئوي ـ خىيال؛ ئېتى ـ بار، زېھىن: ئۇ يەردە دوختۇر ـ سېستىرالار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ئاتا ـ ئانىڭىز بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا دىققىتى سىزدە ئىدى. ② «بىلەن» ياكى ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «تە» بىلەن كېلىپ، «ئەستا ـ يىدىللىق بىلەن»، «ئېتىبار بىلەن»، «پۈتۈن زېھنىنى يىغقان، مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پاتىگۇل تېخىمۇ دىققەت بىلەن سەپسالدى. ③ باشقىلارنى زېھنىنى مەركەز ـ لەشتۈرۈشكە ئۈندەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىپ «زېھنىڭ(لار)نى يىغىپ، تىنچ تۇر(ۇڭلار)!» دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادى ـ لەيدۇ: ــ دىققەت، ھازىر دەرس باشلايمىز، ــ دېدى مۇئەللىم دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ. ④ «قەددىڭنى رۇسلاپ، ئېسىڭنى يىغىپ ھوشيار تۇر» دېگەن مەنىدىكى كوماندا بۇيرۇقى: ــ دىققەت! ــ بەنجاڭ سەپكە تىزىلغان ئەسكەرلەرگە كوماندا بېرىپ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ⑤ <پسىخول> پسىخىكىلىق ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئوبيېكتىغا قارىتىلىشى ۋە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى.

**دىققەتچىلىك** ئى. روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىك، سىقى ـ لىش، تىت ـ تىتلىق: ئايتىللا ھەممىنى ئېيتىۋەتكەنلا بولسا، دىققەتچىلىك ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

**دىققەت ـ نەزەر** ئوي ـ پىكىر، پۈتۈن دىققەت، ئوي ـ خىيال: بۇ قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشقا ئەتراپتىكىلەرنىڭ خېلىدىن بېرى دىققەت ـ نەزىرى قوزغالغانىدى.

**دىققەتسىز** رەۋ. دىققەت قىلماي، ئېتىبار بەرمەي، بىپەرۋا: بىز ئۇنىڭ دىققەتسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاستاغىنا قورۇ ئىچىگە كىرىۋالدۇق.

**دىققەتسىزلىك** ئى ① دىققەت قىلماسلىق: بىزنىڭ كىچىككىنە دىققەتسىزلىكىمىز سىلەرگە نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپتۇ. ② ئىشقا بىپەرۋا قاراش، بىپەرۋالىق: ئۇ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا، دىققەت ـ سىزلىكتىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن پېشقەدەم ئىشچىنى قۇتقۇزۇۋالدى.

**دىققەت ـ ئېتىبار** دىققەت ۋە ئېتىبار: بۇ ماقالە ھەر مىللەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

**دىقماق** سۈپ ① ھەم پاكارراق، ھەم سېمىز؛ قىسقا، ئەمما توم، دوغىلاق: دىقماق ئادەم. * ئۇنىڭ دىقماق ئارغىمىقى ئەمدى بۆرە مېڭىشىدىن تېز يورغىسىغا چۈشتى. ② ئېگىز ئەمەس، پاكار، ئەمما توم، گەۋدىلىك (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): باشقا ئالما دەرەخلىرىگە قارىغاندا پاكار، دىقماق كەلگەن بۇ ئالما بىر قاراشتىلا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

**دىك** نەق. ئاياغنىڭ يەرگە تېز ھەم سىلىق تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**دىكا** ئى [خەن] خىمىيەلىك سۇنئىي تالادا توقۇلغان بىرخىل سىرتلىق رەخت: دىكا چاپان. دىكا شىم.

**دىكتاتور** ئى [ر<لات] <پەلس> ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھۆكۈمران ، ھاكىملىق.

**دىكتاتۇرا** ئى [ر<لات] <پەلس> كۈچكە، زورلۇققا تايان ـ غان، ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھاكىمىيەت.

**دىكتاتۇرلۇق** ئى. دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان، شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە: دىكتاتۇرلۇق خاراكتېر.

**دىكتور** ئى [ر<لات] رادىيو ياكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ـ لىرىدا بېرىلىدىغان پىروگراممىلارنى مىكروفون ۋە سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ئالدىدا ئوقۇيدىغان خادىم.

**دىكتورلۇق** ئى. رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا كۈندىلىك پىروگراممىلارنى ئاڭلىتىش ئىشى، خىزمىتى: ئۇ شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا ئون يىلغا يېقىن دىكتورلۇق قىلغانىدى.

**دىك ـ دىك** «دىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ دىك ـ دىك سەكرەپ يۈگۈرگىنىچە ئۇۋىسىغا كىرىۋاپتۇ.

**دىككا ـ دىككاڭ** ئاقسىغاندەك قىسقا ـ قىسقا سەكرەش ھالىتى: بەكمۇ تۈيغۇن، سەزگۈرسەن، ئۆزۈڭ قورقۇنچاق، دىككا ـ دىككاڭ تاقلايسەن، يۈگۈرۈشۈڭ چاقماق.

**دىككىدە** رەۋ. تېز، ئىتتىك، تېزلىك بىلەن: مەن بۈگۈن ئاخشام دىككىدە سىزگە بىر يولۇقاي دېۋىدىم، ھېكمەت دۈينىڭ ئىشىغا قول تىقتى دېمىسۇن دەپ قالدىم.

**دىكىلەشمەك** «دىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىكىلدەتمەك** «دىكىلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىكىلدەشمەك** «دىكىلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى: «نېمە كۆردۈڭ؟» دەڭلا، خۇددى ساراڭ تۈگىنىڭ ئۆزى! پەللەكنى پەللەككە، مەيدىنى تۆشكە سوقۇشتۇرۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دىكىل ـ دىشىۋېتىپتۇ.

**دىكىلدىمەك** پ. «دىك ـ دىك» قىلىپ ماڭماق، «دىك ـ دىك» قەدەم ئالماق: ئۇ دىكىلدەپ بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۆيدە ئاچىسى كۆرۈنمىدى.

**دىكىلىمەك** پ. ئوغۇل باللار جىنسىي ئەزاسىنى باشقىلار ـ نىڭ بىر يېرىگە تەگكۈزمەك.

**دىگەر** ئى [پ] ① كۈن ئولتۇرۇشتىن بىر ياكى ئىككى سائەتچە بۇرۇنقى ۋاقىت، ئەسىر: پېشىندىن كېيىن بولىدۇ دىگەر، يار ئىشقىدا كۆيىدۇ جىگەر، كۆرۈشتۈرگىن پەرۋەردىگار، يارىمنى كۆرسەم كاشكى. ② دىگەر ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز.

**دىگەلىمەك** پ. دىيال. ھېسابلاپ، خۇلاسىلەپ چىقماق.

**دىڭ** ① تەق. تېز سەكرەش ھالىتى. ② رەۋ. تىك، تۈز، راۋۇرۇس: ھەمراجان شۇئان نىقابىنى يۈزىدىن ئېلىۋىدى، ئۇلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، دىڭ قېتىپ قالدى.

**دىڭخۇلۇ** ئى [خەن] ساپالدىن ياسالغان ياكى چويۇندىن قۇيۇلغان قاپاق شەكىلدىكى قارا چىراغ.

**دىڭ ـ دىڭ** «دىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كېيىكچاق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە دىڭ ـ دىڭ سەكرەپ ئويناۋاتقانىكەن.

**دىڭزىيا** ئى <تېب> بىر خىل دورا. كېسەل كالىنىڭ ئۆت

خالتىسىدا تاش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. رەڭگى سېرىق بولۇپ، دانچە ياكى كاللەك ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، يۈرەكنى كۈچەيتىش، قىزىتمىنى كېسىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**دىڭگاك** تەق. بىر خىل ئاقساپ مېڭىش ھالىتى.

**دىڭگاكلاتماق** «دىڭگاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىڭگاكلاشماق** «دىڭگاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىڭگاكلىماق** پ. دىڭگاك ـ دىڭگاك قىلىپ ماڭماق: كامالدىن بايۋەچچە بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدىمۇ، بازار ـ رەستىلەردىمۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دىڭگاكلاپ، يەرنى ئاياپ دەسسەپ يۈرمەكتە ئىدى.

**دىڭگايتماق** «دىڭگايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توشقان ئاپتوموبىل چىرىغىنىڭ يولدىن چەتلىشەلمەي، قىڭغىر ـ قىيسىق تار يولدا ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ دىڭ ـ دىڭ سەكرەپ يۈگۈرەيتتى.

**دىڭگايماق** پ ① دىڭ، تىك ھالەتكە كەلمەك، تىكلەشمەك؛ تىك بولماق: ئۇ كۆلگەندە ئىككى جاۋغىيىدىكى شالاڭ، ئىنچىكە بۇرۇت ـ لىرى ئاسلان قۇيرۇقىدەك دىڭگىيىپ كەتتى. ② پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۇقىرىغا تىك سوزۇلماق: قاسىم تامدىن دىڭگىيىپ باغقا قارىدى.

**دىڭگەك** ئى. پۇتلىرىنى يىغىپ ياكى كېڭەيتىپ يەرگە تىرەش ئارقىلىق ئېگىزلەتكىلى ۋە پەسلەتكىلى بولىدىغان ئۈچ پۇتلۇق جازا: قاراپ تۇرسام بىر ياقتىنلا ئىشلەپ كەتتى ئۇ، دىڭگەكلەرنى شۇنچە چاققان تىكلەپ كەتتى ئۇ.

**دىڭگۈس** سۈپ ← **دىڭگۈك**.

**دىڭگۈسلاتماق** «دىڭگۈسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاقساق ئېتىنى دىڭگۈسلىتىپ، ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە ئارانلا قونالغۇغا يېتىۋالدى.

**دىڭگۈسلاشماق** «دىڭگۈسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ جىسى: — باللىرىڭنىڭ ھەممىسى چىقسۇنچۇ؟! ھەممىڭ ئاخىرى دىڭگۈسلىشىپ قايتىشىسەن! — دېدى ئۇ دۆشتە ئولتۇرۇۋېلىپ موخۇر ـ كىسىنى قاتتىق شورىغاچ.

**دىڭگۈسلىماق** پ. دىڭگۈس ـ دىڭگۈس قىلىپ ئاقساپ ماڭماق؛ ئاستىن ـ ئۈستۈن دەسسەپ ماڭماق: ساقى ئاچچىق بىلەن بۇلۇڭدىكى كەتمەن دەستىسىنى ئالدى ـ دە، دىڭگۈسلاپ ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

**دىڭگۈك** سۈپ. بىر پۇتى ئۇزۇن، بىر پۇتى قىسقا بولغانلىـ قىدىن بەك ئاقساپ ماڭىدىغان: ئۇ دىڭگۈك بۇ يەرگە قاچان يېتىپ كېلەر؟

**دىڭگۈكلاتماق** «دىڭگۈكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىڭگۈكلاشماق** «دىڭگۈكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىڭگۈكلۈق** ئى. دىڭگۈكلاپ ماڭىدىغان ھالەت، ئاقساقلىق: ھېلىقى بالا يولنىڭ چېتىدە مېڭىۋاتقان كىشىنىڭ دىڭگۈكلۈقىنى كۆرۈپ ئېشەكتىن ئاستا چۈشتى.

**دىڭگۈكلىماق** پ. دىڭگۈك ـ دىڭگۈك قىلىپ ئاقساپ ماڭماق: بىر قارا ساقال كىشى دىڭگۈكلاپ كېلىپ: «ھەي خالايىق، ماڭا قاراڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى.

**دىڭگىر** تەق. دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**دىڭگىر ـ دىڭگىر** «دىڭگىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**دىڭگىرلاتماق** «دىڭگىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: مەخسۇس ياسالغان ساندۇقلىرىمنىڭ تارتقۇلىرىنى بوشاتتىم، يېشىل چۆپ، سۈزۈك سۇ، سالقىن ھاۋادىن قىيالمايۋاتقان قېچىرىمنىڭ ساغرىسىغا بىر قامچا ئۇردۇم ـ دە، قول ناغرامنى دىڭگىرلاتقىنىمچە، ئۆچرىغان كوچىنىڭ بىر بېشىدىن كىرىپ كەتتىم.

**دىڭگىرلىماق** پ.«دىڭگىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق،«دىڭگىر ـ دىڭگىر» قىلماق.

**دىڭگىل** سۈپ. دىيال . تىك، تىك ھەم ئۇزۇن: دىڭگىل قاش.

**دىڭگىيىشماق** «دىڭگايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىڭگىدە** رەۋ ① «دىڭ» قىلىپ، «دىڭ» قىلغان ھالدا: زېرەك توشقان دىڭگىدە سەكرەپ چۆپلۈككە چۈشتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. ② كۆچمە. تېز، تېزلىك بىلەن، چاپسان، دەرھال: — كەتتى؟! — ئايال ئورنىدىن دىڭگىدە تۇرۇپ ھويلىغا قاراپ چاپتى.

**دىڭمۇ** ئى [خەن] كونا. ۋاڭ سىرتقا چىققاندا ۋاڭنىڭ ئىسمى بار قەغەزنى كۆتۈرۈپ يول ئاچىدىغان ئادەم.

**دىڭىلدىماق** «دىڭ ـ دىڭ» قىلىپ چاپماق؛ تېز يۈگۈرمەك: ئوغلۇم، دىڭىلداپ بېرىپ ياسىننى چاقىرىپ كېلە!

**دىل** ئى [پ] ① كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك، ئىچكى، روھىي دۇنيا: دىلىمدا ئۇنىڭغا مۇھەببەت پەيدا بولدى. قىزنى نىكاھىمغا ئالدىم. ② كۆڭۈلدىكى نىيەت، مەقسەت، پىكىر، ئوي ـ خىيال قاتار ـ لىق نەرسىلەر: يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە، دىلىڭدىن كۆر (ماقال). ③ كىشىنىڭ خاتىرىسى، ئەس، ياد: قولۇڭدا قارچىغاڭ بولسا، «قۇ» نىڭ نېمە ئىشى؛ دىلىڭدا ئاللا بولسا، «ھۇ» نىڭ نېمە ئىشى.

**دىلى سۇ ئىچمەك** كۆڭلى كۆتۈرۈلمەك، روھىي ئازادىلىك ھېس قىلماق، كۆڭلى ئارام تېپىپ سۆيۈنۈش ھېس قىلماق: بولغۇسى كېلىن قىزىنىڭ ئۆزىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىشىدىن بوۋاينىڭ دىلى سۇ ئىچىپ خۇشاللىققا چۆمەتتى.

**دىلا** ئى. ئىشىك تاختىلىرىنىڭ (كۆزنەكلىرىنىڭ) تۆت تەرىپىگە رەندىلەپ چىقىرىلغان يانتۇلۇق.

**دىلئارام** ئى [پ] ① دىلنىڭ ئارامى، كۆڭۈلنىڭ ياكى دىلنىڭ خۇشاللىقى: ناخشا ـ مۇزىكا مېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىم، دىلئارامىم، مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايمەن. ② كۆڭۈلنى خۇشال قىلغۇچى، شادلاندۇرغۇچى: مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك دىلئارامى بولۇپ قالغۇدەك ۋە مەڭگۈ ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك سۆزلەرنى ئېيتماقچى بولدۇم ـ يۇ، ئەمما مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلئازار** ئى [پ] ① كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بەرگۈچى، كىشىنى رەنجىتكۈچى: دىلئازاردىن خۇدا بىزار (ماقال). ② كۆڭۈل غەشلىكى، كۆڭۈل ئاغرىقى، روھىي ئازاب: ھەقىقەت خارلىنىپ، يالغان بولۇپ يوللۇق، جېنىغا تۇشمۇتۇشتىن دىلئازار كەلدى.

**دىلاۋەر** [پ] ① سۈپ. يۈرەكلىك، قورقماس، باتۇر: ئۇ ئەمىر ھەيدەر دوغلاتنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، خۇددى بوۋىسى ھەيدەر بەگدەكلا مەرد، دىلاۋەر، خۇداگۇي، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ② ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دىلاۋەرلىك** ئى. قورقماسلىق، باتۇرلۇق.

**دىلبەر** [پ] ① سۈپ. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، دىلنى

ئۆزىگە تارتىدىغان؛ گۈزەل، نازىنىن: ئۇ شۇ قەدەر دىلبەر ئىدىكى، ئاق سۈزۈك رۇخسارىغا خوپ ياراشقان كۆز، بۇرۇن پىچىملىرى، كۈلۈمسىرىگەندە، ھاسىل بولغان غۇنچىدەك زىنىخى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە تارتالايتتى. ② ئى. گۈزەل مەھبۇبە، مەشۇقە، سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن كىشىسى: دىلبىرىم مەندىن يىراق، دىلبىرىمدىن مەن يىراق، دىلبىرىم قېشىمغا كەلسە، ياندۇرارمەن شام چىراغ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلبەند** سۈپ [پ] يېز ت. قەلبىدىن ئورۇن ئالغۇچى؛ كۆڭلىنى، دىلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى: — بەس، — دېدى ئۇ، — شەرتلىرىمنى تولۇق ئورۇنلىدىڭ، ماڭا كۈيئوغۇل، مەلىكىگە دىلبەند بولدۇڭ. // مۇھەببەت دېگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەنتىمەن، مىليون — مىليون يۈرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.

**دىلپارە** [پ] ① سۈپ. غەم — قايغۇ ياكى ئازاب چېكىپ كۆڭلى غەش بولغان، دىلى پارە بولغان، كۆڭلى يېرىم: نېچۈك سەۋرىڭ يېتەر دىلپارە دوستۇم، قېرىنداشتىن جۇدا، دىلپارە دوستۇم! // ئەي خۇدا، دەرد بىلەن كەتكەن ئانامغا جەننەت ئاتا قىل، مەن ۋە مەندەك بىغۇبار، ئاق كۆڭۈل دىلپارىلەرگە بەخت يولىنى كەڭ ئاچ! ② ئى. كۆچمە. سۆيۈملۈك كىشى: خۇددى شېرىن چۈش كەبى يىللار ئۆتۈشتى ئارادىن، كۆز يۇمۇپ چال... ئايرىلىپ قالدى ئۇلار دىلپارەدىن.

**دىلتار** ئى [دىل + تار] ① دىل رىشتىسى، يۈرەك تومۇرى: ۋەتەننىڭ رىشتىنى چاتقان بۇ كەڭ دۇنيا بىلەن مەشۇت، نە مەشۇت، ئۇندا دوستلارنىڭ تۇتاش دىلتارىنى كۆردۈم. ② <مۇز> يېقىندىن ئىجاد قىلىنغان بىر خىل ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ تارلىق چالغۇ بولۇپ، ساتار بىلەن تەمبۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەنگەن، ھەم كامانلىق، ھەم چەكمە چالغۇلۇق خاراكتېر ئالغان. كاسىسى بىر، دەستىسى جۈپ بولىدۇ.

**دىلجەم** سۈپ [دىل + جەم] خاتىرجەم، غەم — ئەندىشىسىز، كۆڭۈللۈك، خۇشال — خۇرام: دىلجەم بولماق، دىلجەم قىلماق.

**دىلخاھ** سۈپ [پ] يېز ت. دىل خالىغان، كۆڭۈل سۆيگەن، ئارزۇ قىلغان؛ ئېسىل، يارامىلىق: دۈيجاڭمۇ قېشىدا ئۈچ — تۆت بوۋاينىڭ، تاللىشار ئورۇقلۇق دىلخاھ قوناقنى، «بۇ ئۆزى كارامەت» دېمەكتە كىمدۇر، دەڭسەپلا بىلەكتەك بىر تال باشاقنى.

**دىلخاھلىق** ئى. غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش: خەلپىتىمنىڭ جاھان ئەھلىگە دىلخاھلىق قىلىپ، پېقىردەك نادانلارغا يول كۆرسىتىشىنى تۆۋەتچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

**دىلخەستە** سۈپ [پ] دەردمەن، دىلى پارە بولغان، ئازاب تارتىۋاتقان، كۆڭلى سۇنۇق: ئۇمۇ بۇ يەردىكى دىلخەستە دېھقانلار بىلەن بىللە ئۈچ يىللىق غۇربەتچىلىكنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

**دىلخەندە** سۈپ [پ] يېزت. دىلنى شادلاندۇرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، خۇشال قىلىدىغان، دىلغا ياقىدىغان: سەھەر، كەچتە راۋاب، تەمبۇر، دۇتار ئاۋازى دىلخەندە، يېقىملىق ناخشا — كۈيىنىڭ چارباغىسەن گۈزەل ھېيتگاھ.

**دىلخۇمار** [دىل + خۇمار] ① ئى. كۆڭۈل تارتقان، كۆڭۈل سۆيگەن كىشى ياكى نەرسە: كەلسە گەر بەرگىن خەۋەر، ئۇچۇپ چىقاي مەن ئالدىغا، ۋەسلىنى كۆرسەتكىلى ئۇ دىلخۇمارىم كەلدىمۇ؟ ② سۈپ. ئامراق، مەھلىيا، مەپتۇن: گۈلباغ بىزنىڭ يېزىمىز، بۇلبۇل ئاڭا دىلخۇمار، كەتمەس ئۇنىڭ قوينىدىن، مىسلى گۈزەل نەۋباھار. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلخىراج** ئى [پ] ئۆزبېك خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ نامى.

**دىلدار** [پ] ① ئى. گۈزەل يار، سۆيۈملۈك، ياخشى كۆرگەن كىشىسى، سۆيگىنى، مۇھەببىتى: توغرا ئۇنىڭ ئاشىقى بار، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە بىر دىلدارى بار، قىزلار ئۆزىنىڭ ئاشىقىنى باشقىلارغا مەغرۇر ۋە بەختىيارلىق بىلەن، زوق — شوقى بىلەن ماختاپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ② سۈپ. يېقىملىق، كۆڭۈلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان: ھۆر كەبى زۆھرە ماڭا دىلدار يار جانان بولۇر، ھەر كېچە يورۇتقىلى كۆلبەمگە ئۇ تابان بولۇر. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلداش** ئى ① كۆڭلى، نىيەت — مەقسىتى، ئارزۇسى، غايىسى، پىكىر — قارىشى بىردەك ياكى ئوخشاش بولغان كىشى: خەلقىمىز بىلەن دىلداش ئىدى ئۇ، مىسلى ئۆچمەس قۇياش ئىدى ئۇ. ② ھەمراھ، ياخشى كۆرىدىغان ياكى يېقىن ئۆتىدىغان كىشى، دوست: ئادىل شاھ بولۇپ ئالتۇنخان، يۇرتنى ئوبدان سوراپتۇ، دىلداشلىرى بۇ قىزنى گۈل — چېچەككە ئوراپتۇ.

**دىلداشلىق** ئى. نىيەت — مەقسىتى، دىلى بىرلىك: كەل قېنى ئىچەيلى دىلداشلىق ھەققى، دىللارنىڭ ھۆكمىنى سۆزلىسۇن بۇ جام، سۆيگۈدىن پۈتۈلسۇن ئالەمچە سەتھى، دوستلۇقنىڭ ئىلكىدە ئۆتسۇن ھەر ئەييام.

**دىلرەبا** [پ] ① سۈپ. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان، ئۆزىگە تارتىدىغان؛ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، يېقىملىق؛ گۈزەل، ساھىبجامال، نازىنىن، چىرايلىق: ناخشىنىڭ بۇ دىلرەبا ئاھاڭىنى زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان. ② ئى. گۈزەل يار، سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن كىشى، جانان؛ سۆيۈملۈكى: دىلرەبا سەندىن زامان ئايرىلماقىم دىشۋاردۇر. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**دىلرەبالىق** ئى. يېقىملىقلىق، گۈزەللىك: كەنجى سەنئەتنىڭ ھارارىتى بىلەن ئاسىدەدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان دىلرەبالىقنى ئۇچراتتى.

**دىلشاد** [پ] ① سۈپ. دىلى شاد، كۆڭلى خۇشال، غەمسىز، ئەندىشىسىز: شۇنىڭدىن كېيىنلا دىلشاد كۈنلەر ئۇزاقتا بارمىدى. // ياكى شېرىن تاپتى نەق پەرھادىنى، مىڭ بالا — زەخمەت چېكىپ، دىلشادىنى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دىلشادلىق** ئى. دىلى شادلىق.

**دىلكەش** [پ] ① سۈپ. كۆڭۈلنى تارتىدىغان، جەلپ قىلىدىغان؛ كىشىگە زوق بېرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: ھۆر ۋەتەندە ياڭرىغان دىلكەش مۇقامنىڭ ئەۋجىدە، شوخ تارىمنىڭ ئەلگە مەشھۇر راۋابى — دىلتارى بار. ② سۈپ. باشقىلارغا ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغان، كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل: ئۇ نامرات، قىسمىتى ئېغىر باللارغا ئالاھىدە دىلكەش، يېقىن ئىدى. ③ سۈپ. مۇڭدىشىدىغان، سىردىشىدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان، يېقىن، ئامراق: ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى ھەقىقىي دىلكەش دوستلاردىن ئىدى. ④ ئى. مۇڭدىشىدىغان، سىردىشىدىغان دوست، ھەمراھ، يېقىن كىشى: ئىنساننىڭ دىلى بىھۇدە ئازار يەپ، يۈرىكى ئازابلانغان چاغدا، كىشى بىرەر دىلكەشنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىچ — قارنىنى تۆكۈپ كۆڭۈل — كۆكسىنى بوشىتىۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن.

**دىلكەشلەشمەك** پ. مۇڭدىشىدىغان، سىردىشىدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان، يېقىن، ئامراق دوستلارغا ئايلانماق؛ دىلكەش ھالەتكە كەلمەك: بۇ جەرياندا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆز

ئىمكانى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نەۋرەم دېمەتلىك ئۇيغۇر ئەزھەرىيەلەردىن ئاتمىش - يەتمىشچىسى بىلەن تونۇشتۇم، سىرداشتىم، پەردىشەپلىك دوست بولۇپ دىلكەشلەشتىم.

**دىلكەشلىك** ئى. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش، دوستلۇق كۆرسىتىش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش: ئەزالارنىڭ ھەممىسى خەلىچە ئانىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، سادىدىلىقى، دىلكەشلىكى ئۈچۈن ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

**دىلكۆيەر** سۈپ [دىل + كۆيەر] دىلغا ياقىدىغان، ئامراقلىقنى قوزغايدىغان، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك.

**دىلگىر** سۈپ [پ] يېزـ ت. كۆڭلى قالغان، ئاچچىقلانغان؛ كۆڭلى غەش: بەرگەن ئاخباراتى ئۇن كۈنلۈك ھاۋادىن ئىلگىرى، توغرا بولۇپ چىققان ئۈچۈن ھېچكىمنى قىلماس دىلگىرى.

**دىللىق** سۈپ ① دىلى بار، دىلغا ئىگە: ئەپەندىم بۇ ئىشتا ئىككى دىللىق قىلىسلا بولماس! ② سۈپەتلەر بىلەن كېلىپ، دىلىدا ياكى كۆڭلىدە سۈپەت بىلدۈرگەن روھىي ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تۈز كۆڭۈل، ساپ دىللىق كىشى ئىدى. // كىملەرگە كەلتۈرەر نەپ، كىمگە ئەپسۇس، «لۇق» ۋە «لىك» دېيىشىدىغان ئادەت - قىلىق. ئەمەسمۇ بارچە ئىشچان باتۇر خەلق، نامى بىر، يۇرتىمۇ بىر، توغرا دىللىق.

**دىلۇن** ئى [خەن] خىمىيەلىك سۈنئىي تالادا توقۇلغان بىرخىل سىرتلىق رەخت: دىلۇن چاپان. دىلۇن پەلتو.

**دىلىستان** [پ] ① ئى. كۆڭۈل، دىل، قەلب: قاتمۇقات زەنجىر قەپەسلەر كۆيدى ئوتتا ئۆرتىنىپ، كۆلدى شادلىق ئىلكىدە يايراپ دىلىستان باشقىچە. ② سۈپ. كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: دىلىستان باھارىم سالقىن - ناھارىم، گىياھلار ئاينىدى سىنىڭ مېھرىڭدىن. ③ ئى. كۆڭۈلنى ئەسىر قىلغۇچى، مەھلىيا قىلغۇچى سۆيۈملۈك يار، گۈزەل جانان، دىلبەر: كۆڭۈل شىكايىتىمدىن يۈز رىسالە يازمىشمەن، كىم ئىلتىكەي بۇ رىسالەتنى دىلىستا- نىمگە.

**دىماق** ئى [ئە] <ئانات> بۇرۇن بوشلۇقى بىلەن ئېغىز بوشلۇقىنىڭ تۇتاشقان جايى: دىماق تاۋۇشى. دىماققا ئۇرۇلماق.

**دىمىقىدىن دۈت چىقارماق** راسا ئەدىپىنى بەرمەك، تۈۋا قىلدۇرماق، قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلدۇرماق: — ئەي ۋەزىرلىرىم، ئەي لەشكەرلىرىم، سىلەر بۇ باياۋاندا مېنى يالغۇز كۆرۈپ، ماڭا يېنىۋاتىسىلەر، ئىنشائاللا شەھەرگە بارغاندا دىمىقىڭلاردىن دۈت چىقىرىمەن! — دەپتۇ پادىشاھ ھەيۋە قىلىپ.

**دىمىقى ئۈستۈن** تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، چوڭچى، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان: سىلەرنىڭ بۇ شۇجىيىڭلارنى مەن بۇرۇن خېلى تۈزۈك ئادەم چاغلايدىغان، لېكىن بەك دىمىقى ئۈستۈن ئادەم ئىكەن. *— دىمىقى ئۈستۈن؟! دىمىقى ئۈستۈن ئادەم ئاشۇنداق بولامدۇ؟— ئۇ ئۆڭگەن ھالدا ۋارقىرىدى.

**دىم - دام** دىيال. چالا ئۇيقۇلۇق ھالەت.

**دىمىق** سۈپ ① شامالسىز ۋە نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان دەرىجىدە ئىسسىق، ئىسسىق ھاۋا بىلەن زىچ قاپلانغان: ئۆينىڭ دىمىق ھاۋاسى ئىچىمنى پۇشۇراتتى. ② ھاۋاسى يېتىشمەسلىك ياكى بەك بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن نەپەسنى بوغىدىغان، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان: بۇ قونالغۇ دىمىق ھەم تار ئىكەن. // ئىس ۋە دىمىقتىن نەپەس بوغۇلۇپ باش ئايلىناتتى.

**دىمىقتا** سۈپ ① دىمىق، نەپەس ئېلىش قىيىن بولغان، ھاۋاسى بۇزۇلغان. ② كۆچمە. ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان، ئادەمنى ئازابلايدىغان، ئازابلىق: شۇنداق دىمىقتا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قورچاق ۋالىي پاسار سازايى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ③ كۆچمە. ئىچ - سىرىنى ياكى دەرد - ئازابلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايدىغان، سىر ساقلايدىغان: دىمىقتا ئادەم.

**دىمىقتۇرماق** «دىمىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىنى دىمىقتۇرىدىغان ئىسسىقتىن دىلبەرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، پېشانىسىدە مۇنچاقتەك تەرلەر پەيدا بولغانىدى.

**دىمىقتىلىق** ئى. دىمىقتا ھالەت: ئالدىرىماڭ، مەن بولسام دىمىق- تىلىقتا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن.

**دىمىقچىلىق** ئى ← **دىمىقلىق**: ئۇلار دەل ياز پەسلىدە كەلگەچكە، بەئەينى مانتا قاسقىنىغا سولىنىپ قالغاندەك دىمىقچىلىق ئىچىدە قالدى.

**دىمىقلاشتۇرماق** «دىمىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**دىمىقلاشتۇرۇشماق** «دىمىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىمىقلاشماق** پ. دىمىق ھالەتكە كەلمەك: گىرىم قىلىش ئۆيىنىڭ ئىچى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دىمىقلىشىپ كەتتى، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى.

**دىمىقلىق** ئى . دىمىق ھالەت: ھاۋانىڭ ئىسسىق ۋە دىمىقلىقى سەۋەبىدىن شاھزادە ئەنجەد بىلەن ئەسەتنىڭ تەشنالىقى بەك قىستاپتۇ.

**دىمىقماق** پ ① نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشماق، نەپىسى ئېغىرلاشماق، نەپىسى بوغۇلماق: ئۆيدە دىمىقىپ، پېشانىلىرىمدىن تەر تامچىلاشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ئىچى سىقىلماق، روھىي جەھەتتىن بوغۇلماق، دىمىقتا بولماق: دىمىقىپ ئولتۇرۇش ھېچقاچان بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان ئەمەس.

**دىن** ئى [ئە] <پەلس> بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېيولو- گىيە. ئۇ ئىلاھىي كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان دۇنيا قاراش ۋە تەسەۋۋۇردۇر: ئىسلام دىنى. بۇددا دىنى. خىرىستىيان دىنى.

**دىنا** ئى [ئىنگ] <فىز> كۈچ بىرلىكى. ماسسىسى بىر گىرام بولغان ماددىنىڭ SCM/² لىق تېزلىنىش ھاسىل قىلىـ- شى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ بىر دىنا بولىدۇ، بىر دىنا 1/981 گىرام كۈچكە تەڭ.

**دىنار** ئى [ئە<لات] ① ئالجىرىيە، تۇنىس، ئىراق، بەھرەين، كۇۋەيت، ئىيوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى. ② چاغاتاي خانلىقىنىڭ مىلادىيە 1318 - يىلىدىن 1326 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن خانى كېپەكخان تەرىپىدىن قۇيدۇرۇلغان كۈمۈش پۇل.

**دىنارلىق** سۈپ ① دىنارى بار، دىنارغا ئىگە: ئۇ چاغلاردا نەچچە مىڭ دىنارلىق بايلار تىجارەت قىلاتتى. ② دىنارغا يارايدىغان، دىنار قىممىتىدىكى: ئوبۇل مەندىن بىرنەچچە دىنارلىق قەرز ئالدى.

**دىنازاۋۇر** ئى [لات] <زوئول> قەدىمكى سۆرەلگۈچى ھايۋان. ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا ئەڭ تەرەققىي قىلىپ، زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەتتا 30 مېتىرغا يەتكەن. ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

**دىنام** ئى [ر] <ماشىن> ← **گېنېراتور.**

**دىنامومېتىر** ئى [ر<گىرېك] <فىز> كۈچنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**دىنامىت** ئى [ر<گىرېك] <ھەرب> ئاساسلىق تەركىبى نىتروگلىتسېرىندىن ئىبارەت كۈچلۈك پارتلىغۇچى ماددا. ھەربىي ۋە كانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**دىنامىكا** ئى [ر<گىرېك] <فىز> مېخانىكىنىڭ بىر تارمىقى. نيۇتوننىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىپ، جىسىمنىڭ مېخانىكىلىق ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**دىنامىكىلىق** سۈپ. دىنامىكىغا ئائىت، دىنامىكىغا ئاساسلانغان: دىنامىكىلىق مېتامورفىزم. دىنامىكىلىق گېئولوگىيە. دىنامىكىلىق مېتېئورولوگىيە.

**دىندار** سۈپ [ئە + پ] دىنغا ئەمەل قىلىدىغان؛ خۇداغا، دىنغا ئىشىنىدىغان: دىندار كىشى.

**دىنداش** ئى. بىر دىندىكى كىشىلەر: ماڭا سىز، ھەيدەرخان ئىككىڭلەر ئوخشاش، مەن بىلەن بىر ئىسلام، بىر مىللەت، دىنداش... دىنداشلار ئۆزئارا قالسا ئۇرۇشۇپ، ئۆرتىنەر يۈرىكىم مېنىڭ، قېرىنداش.

**دىنسىز** سۈپ. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان؛ ئاتېئىست، دەھرىي: دىنسىز كىشى. // ھېلىقى دىنسىز بىلەن پاراڭلاشتىم.

**دىنسىزلىق** ئى. دىنغا ئىشەنمەسلىك: — مۇھەممەتنى يولدىن چىقارغانلار سەنلەر! — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — ئۆزۈڭلەرغۇ دىنسىز، بالىنىمۇ دىنسىزلىققا باشلاشتىڭ.

**دىنشۇناس** ئى [ئە + پ] دىننى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**دىنشۇناسلىق** ئى. دىننى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، پەن: خېلى بۇرۇنلا فولكلور بىلەن دىنشۇناسلىقنىڭ يانداش پەنلىك مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن.

**دىنلىق** سۈپ ① دىنغا ئىگە: كۆپ دىنلىق رايون. بىر دىنلىق مىللەت. ② دىندىن ئىبارەت بولغان: بىر ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسكەندەرزۇلقەرنەين، قەيسەر، چىڭگىزخان قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئىشغالىيەتچىنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىنمۇ ئارتۇق كەڭ زېمىندا غەلىبە قىلىپ، ھۆكۈمران دىنلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشى سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم ـ پەندە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق، كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەرنىڭ غەلىبىسى دەپ قارىلىدىغان بولدى.

**دىنىي** سۈپ [ئە] دىنغا ئائىت، دىنغا ئالاقىدار، دىنغا تېگىشلىك: دىنىي ئەقىدە. دىنىي پائالىيەت.

**دىۋار** ئى [پ] ① ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان، خانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام، توسۇق: ئۆي دىۋارى. ھويلا دىۋارى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ياكى بۆلەكلەرگە ئايرىپ تۇرىدىغان قىسمى: ئاشقازان دىۋارى. سىلىندىر دىۋارى.

**دىۋان** I ئى [پ] <ئەد> شېئىرلار توپلىمى، توپلام.

**دىۋان** II ئى [ر<پ] <بىن> ← **سافا** II.

**دىۋان** III ئى [پ] ① خان ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ باش مەھكىمىسى؛ ئوردا: خەلىپە رەشىت دىۋانغا كىرىپ تەختكە ئولتۇرغانىكەن، ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات دىۋانغا كىرىپ خەلىپىنى كۆرۈش بىلەنلا شېئىر ئوقۇپتۇ. ② خان، پادىشاھ تۇرىدىغان جاي؛ ئۆي، خانا: ئۇ دىۋانغا كىرىپ، ئەڭ چەتتىكى يىراق بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۇرۇۋاپتۇ.

**دىۋانە** ئى [پ] كىشىلەردىن سەدىقە سوراپ، نەرسە ـ كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى؛ تىلەمچى، قەلەندەر: يىقىلغان تام دىۋانىنى بېسىپتۇ (ماقال).

**دىۋانبېگى** ئى [دىۋان + بەگ + ى] كونا. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتىپى: دىۋانبېگى يول ـ رابات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن؛ باجگىر باج يىغىشقا مەسئۇل ئىكەن.

**دىۋانخانا** ئى [ پ ] كونا. خان ئوردىسىنىڭ يېزىش ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان مەھكىمىسى: دەرۋازىدىن خىزمەتچىلەر كىيىمىدە بىر كىشى كىردى ۋە مەخسۇمغا كۈلۈمسىرەپ سالام بېرىپ، يېقىنلىشىپ كەلدى. ئوردىنىڭ دىۋانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ كىيىمىدە بولغان بۇ كىشىنى مەخسۇم ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

**دىۋاندار** ئى [پ] كونا. دىۋان ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى ياكى شۇ ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر: «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابتا «ئۇيغۇرخەلقىدە تۈركىي تىل بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى زامانىسىدا ماۋرا ئۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتا دىۋاندار، دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. چىڭنىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋاندار، دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويغانىدى» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

**دىۋانىلەرچە** رەۋ. دىۋانىلەرگە ئوخشاش، دىۋانىلەردەك: — ئەي كىشى، قاياقتىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ مۇنداق دىۋانىلەرچە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

**دىۋانىلىك** ئى. تىلەمچىلىك قىلىش، سەدىقە سوراش ئىشى، قەلەندەرلىك: دىۋانىلىك قىلماق.

**دىۋە** ئى [پ] ① چۆچەك، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ناھايىتى زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، غەيرىي تەبىئەتلىك خىيالىي مەخلۇق: ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ شۇنداق ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ساندۇق ئىچىدە بىر قارا دىۋە يېتىپتۇ. ② كۆچمە. ناھايىتى قۇدرەتلىك، باشقۇرغىلى بولمايدىغان، ئادەم ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان نەرسە: بىز بىر دىۋىنى مىنىۋالدۇق، يا چۈشەلمەيمىز، يا ماڭالمايمىز، مانا باش قېتىنچىلىق دېگەن!

**دىۋە ـ پەرى** دىۋە ۋە دىۋە تائىپىسىدىكى مەخلۇقلار: ئىككى شاھزادە قارىسا پۈتۈن شەھەرنى دىۋە ـ پەرى قاپلاپ كەتكەن. ئۇلار قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

**دىۋەززۇن** ئى [پ] ← **دەرەبزۇن.**

**دىۋەززۇنلۇق** سۈپ ← **دەرەبزۇنلۇق.**

**دىۋىگاتېل** ئى [ر] باشقا ئېنېرگىيەلەرنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنا: ئېلېكتىر دىۋىگاتېلى. ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل.

**دىۋىندۇرماق** «دىۋىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قامچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئاتلارنى چۆچۈتۈپ ئالدىغا دىۋىندۇردى.

**دىۋىنماق** پ. خىرىس قىلماق، ئېتىلىشقا تەمشەلمەك، ھۇرپەيمەك: بارات باشلىق ياشلار چېرىكلەرگە دىۋىندى.

**دىۋىنشماق** «دىۋىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**دىاباز** ئى [ر<فىران<گىرېك] <گېئول> توق يېشىل رەڭدىكى ماگما جىنس. ئاساسىي تەركىبى ئادەتتىكى پىروكسېن بىلەن پىلاگىئوكلازدىن ئىبارەت. دانچە ھالەتتە بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**دىابېت** ئى [ر<گىرېك] <تېب> سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەل. كۆپىنچە ئاشقازان ئاستى بېزى ئىچىدىكى ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىشى يېتەرسىز بولۇش، يېمەكلىكلەردىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ ئالمىشىشى نورمال بولماسلىق نەتىجىسىدە، بەدەندە ھاسىل بولغان گىلۇكوزا سەۋە بىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، كۆپ ئۇسساش، ئىشتىھا بەك ئېچىلىپ كېتىش، سۈيدۈك كۆپىيىپ كېتىش، بەدەن ئورۇقلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**دىاتومىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> سىلىتسىيلىق يۇسۇن بىلەن ھايۋان قاسراقلىرىدىن تۈزۈلگەن تاغ جىنسى.

**دىيار** ئى [ئە] ① مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت: سۆيۈملۈك دىيار. ئەزىز دىيار. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**دىيارداش** سۈپ. بىر دىيارلىق، يۇرتداش: ئون ئىككى مۇقام مەن بىلەن دىيارداش بولمىسىمۇ، دىيارداش بولارىنى ئويلىسام ھاياجاندىن ياشلىرىم ئۇلغىيىپ، يەنە ھېس دۇنيايىمغا قايتىمەن.

**دىيارداشلىق** ئى. بىر دىيارلىق بولۇش، يۇرتداشلىق.

**دىافراگما** ئى [ر<گىرېك] ① <ئانات> كېرىگەت. ② <كىنو> فوتو ئاپپارات ۋە باشقا ئوپتىكا ئەسۋابلىرىدىكى نۇرنىڭ ئۆتۈشىنى كېمەيتىدىغان ياكى كۆپەيتىدىغان پەردە.

**دىاگراما** ئى [ر<گىرېك] تۈرلۈك مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدىغان سىزما كۆرسەتكۈچ ياكى گىرافىك تەسۋىر.

**دىاگنوز** ئى [ر<گىرېك] <تېب> بىمار ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان كېسەللىك ۋە بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى ھەققىدە چىقىرىلغان خۇلاسە، يەكۈن: دىاگنوز قويماق.

**دىاگنوزسىز** سۈپ. دىاگنوز قويۇلمىغان: مانا بۇ ئىجتىمائىي پەن ئۇچۇن تېگىشلىك بولغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ دىاگنوزسىز قېلىشىدىكى بىر سەۋەب

**دىاگنوستىكا** ئى [ر<گىرېك] <تېب> دىاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**دىاگونال** ئى [ر<لات] <مات> ① كۆپ تەرەپلىكتىكى ئۆزئارا قوشنا بولمىغان ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق. ② كۆپ ياقلىقتىكى ئوخشاش بولمىغان تەكشىلىكتە ياتقان ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق.

**دىالوگ** ئى [ر<گىرېك] <ئەد> ① ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەت. ② ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت شەكلىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر.

**دىالوگسىز** سۈپ. دىالوگى يوق، دىالوگ بېرىلمىگەن.

**دىالوگلۇق** سۈپ. دىالوگى بار، دىالوگ بېرىلگەن.

**دىالېكت** ئى [ر<گىرېك] <تىل> بىر تىلنىڭ مەلۇم دائىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىي ۋارىيانتى. ئۇ يەنە بىرقانچە شېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**دىالېكتشۇناس** ئى [ر + پ] <تىل> بىر تىلنىڭ دىالېكت ۋە شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**دىالېكتشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ دىالېكت ۋە شېۋىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**دىالېكتىك** سۈپ [ر ] ← **دىيالېكتىكىلىق:** 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شائىرلارنىڭ دىالېكتىك ئېلېمېنتلارغا باي تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندى.

**دىالېكتىكا** ئى [ر<گىرېك] <پەلس> شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ ھەرىكىتى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىمات. ئۇ مېتافىزىكىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە بولۇپ، شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كۈرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

**دىالېكتىكىلىق** سۈپ. دىالېكتىكىغا ئاساسلانغان، دىالېكتىكىغا ئائىت: دىالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم. دىالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر.

**دىامېتر** ئى [ر<گىرېك] <مات> چەمبەر ياكى شارنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىككى نۇقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق.

**دىيانەت** ئى [ ئە ] ① كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان، ئىنساب، ئىشەنچ، پاكلىق: دىيانىتى بار ئادەم. دىيانەت ئىگىسى. ② دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىش، دىندارلىق، تەقۋادارلىق: ئۇلار مېنى «ئادەم توپلاپ، ئەلنەغمە قىلىپ كىشىلەردىن دىيانەتنى كۆتۈردۇڭ» دەپ، مەسچىت ئالدىغا بېسىپ 40 دەررە ئۇردى.

**دىيانەتچى** ئى. دىيانەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى، دىيانەت ئىگىسى.

**دىيانەتچىلىك** ئى. دىيانەتنى تەشەببۇس قىلىش ئىشى، قارىشى: ئۇ پانىيەتچىلىك، تەبىئەتچىلىك، دىيانەتچىلىك، مەغپىرەتچىلىك جەھەتتىن «رېئاللىققا قارىتا قارنى كەڭ بولۇش» ئۇستىدە خۇلاسە چىقارغان.

**دىيانەتسىز** سۈپ ① ئىنسابسىز، ۋىجدانسىز. ② دىنىي ئەخلاق، قائىدە ـ نىزاملارغا رىئايە قىلمايدىغان: دىيانەتسىز ئادەم.

**دىيانەتسىزلىك** ئى. دىيانەت يوقلۇق.

**دىيانەتلىك** سۈپ ① دىيانىتى بار، ۋىجدانلىق، ئىنسابلىق: پادىشاھ ۋەزىرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، دىيانەتلىك پەزىلىتىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ. ② دىنىي ئەخلاق، قائىدە ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىدىغان؛ تەقۋادار: دىيانەتلىك ئادەم.

**دىيەك** ئى ① دىيال. شۇشاڭنىڭ تىغىنى قايچىلاشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسقا ياغاچ. ② تىرەك.

**دىيوپترىيە** ئى [ر<گىرېك] <فىز> لىنزىنىڭ نۇر سۇندۇرۇش كۈچلۈكلۈك بىرلىكى. دىئوپترىيە 1 نى فوكۇس ئارىلىقىغا (مېتىر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) بۆلگەنگە تەڭ.

**دىيورىت** ئى [ر<فىران<گىرېك] <گېئول> ئوتتۇرا

تېپتىكى بىر خىل چوڭقۇرلۇق جىنسى. ئاساسلىق تەركىبى پىلاگىئوكلاز بىلەن ئامفىبول بولۇپ، كۆل رەڭ ياكى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل كېلىدۇ. ئادەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**دىيورىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە دىيورىت بار، دىيورىت ئارىلاشقان: دىيورىتلىق پورفىرت.

**دىيۇگون** ئى [ر<مالاي] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى قوڭۇر رەڭ بولۇپ، دېڭىزدا ياشايدۇ، دېڭىزدىكى ئوت چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**دىيۇم** ئى [ر<گول] 25.4 مىللىمېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**دىيۇملۇق** سۈپ. دىيۇمغا تەڭ، دىيۇم بىلەن ئۆلچەنگەن، دىيۇم چوڭلۇقىدىكى: 14 دىيۇملۇق تېلېۋىزور.

# ر

ر ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئونىنچى ھەرپى.

**رابات** ئى [ئە] يېزت. مېھمانلار قونىدىغان جاي؛ مېھمانخانا، ساراي، چۇشكۇن، ئۆتەڭ، دەڭ: قارىسام كۆرۈنمەيدۇ، دۇنيانىڭ ئۇچى. دۇنيا دېگەن ئەسكى رابات، مەن يول ئۆتكۈنچى.

**رابىتە** ئى [ئە] يېزت ① بېرىش ـ كېلىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت: مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن رابىتەم يوق. ② كۆچمە. ئوينىاش، ئاشنا: خوجا ئاكا، خېنىمنىڭ رابىتىسى قازناقتا.

**راپاۋەت** ئى [ئە] يېزت. ياخشىلىق، خەيرخاھلىق، خەيردىيەت، ۋاپا: راپاۋىتىمىز بولۇپ قالسۇن دەپ كۆڭلۈكىگە يېرىم پوت بۇغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ.

**راپاۋەتچىلىك** ئى. بىركىمگە قىلىنغان ياخشىلىق، خەيرخاھلىق، ئىلتىپات قىلىش ئىشى: قولۇڭدىن كەلسە راپاۋەتچىلىكىڭنى ئايىما!

**راپاۋەتلىك** سۈپ. راپاۋىتى بار، كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان؛ ياخشى؛ خۇش، خەيرلىك: بىز ھازىرچە بۇ يەردىن دەرھال يۆتكىلىشمىز، راپاۋەتلىك خەۋەرنى ئۆز قوۋملىرىمىزغا ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك.

**راپسودىيە** ئى [ر<گىرېك] <مۇز> مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە ياكى بايان خاراكتېرلىك بىر خىل چالغۇ ئاھاڭى.

**راپورت** ئى [ر د فىران] دوكلات، مەلۇمات: ـــ شۇنداق ئەپەندىم، بۇ تۆتى تاۋكا تۇزۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، تېخى نەشىمۇ چېكىشىۋېتىپتىكەن، ـــ دېدى ئىزچى ئەكبەر ھەربىيلەر راپورت بەرگەندەك چاقماقتەك سۆزلەپ.

**راپس** ئى [لات] <بوت> ← **راپس پالمىسى.**

**راپس پالمىسى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ۋە توپلىشىپ ئۆسىدىغان چاتقال.

**راتسىيە** ئى [ر] رادىيو سىگناللىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئاڭلاتقۇچى كۆچمە رادىيو ئىستانسىسى.

**راتسىيونال** سۈپ [ر<لات] <مات> يىلتىز ئالامەتلىرىدىن خالىي، رادىكال ئالامەتلىرى ئىچىگە ئېلىنمىغان، رادىكالسىز: راتسىيونال كەسىر. راتسىيونال كەسىر ئىپادە.

**راتسىيونالىزم** ئى [ر<لات] ① تەپەككۇرنى ھېسسىي تۇيغۇدىن ئايرىپ قويىدىغان ۋە ئەقىلنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ ھېسابلايدىغان پەلسەپىۋى ئېقىم. ② ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئىش كۆرىدىغان مۇلاھىزە.

**راخاب** ئى [پ] قېتىقتا مۇز پارچىلىرىنى سىلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يەرلىك سوغۇق ئىچىملىك؛ دوغاپ: راخاب ئىچمەك. راخاب ئەتمەك.

**راخابچى** ئى. راخاب ئېتىپ ساتقۇچى كىشى.

**راخابچىلىق** ئى. راخاب ئېتىپ سېتىش ئىشى، كەسپى: راخابچىلىق قىلماق. راخابچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**راخاۋەت** ئى [ئە] بوشاڭلىق، زەئىپلىك، ئاجىزلىق: لوقمان ھەكىم ئېيتۇر: «غىزاخورلۇق ئۇمىد ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قۇۋۋىتىنى كېسىدىغان بىر مەرەزدۇر. ئىنساني بەختتىن مەھرۇم بولۇپ، مەيۇسانە ياشىماق راخاۋەت، غەيرەتسىزلىك تەسىرىدىندۇر».

**راخىت** ئى [ر<گىرېك] <تېب> كۆپىنچە ۋىتامىن D نىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۇچەي يوللىرىنىڭ كالتسىي بىلەن فوسفورنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدىغان بىر خىل ئۇستىخان بوشاش كېسىلى.

**رادار** ئى [ر<ئىنگ] ئىنتايىن قىسقا رادىيو دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان قۇرۇلما. رادىيو دولقۇنى تارقىتىلغاندا توسالغۇغا ئۇچرىسا قايتىپ كېلىدۇ.

**رادون** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى Rn(Radon).

**رادىپ** ئى [ئە] <ئەد> شېئىر مىسرالىرىدا ئاساسىي قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر خىلدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى.

**رادىپلىق** سۈپ. رادىپلاشقان، رادىپقا ئايلانغان: رادىپلىق شېئىر. رادىپلىق سۆز.

**رادىست** ئى [ر] رادىيو ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇتەخەسسىس: ئۇ پولك رادىستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىگە ـــ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا تېلېگراما ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

**رادىستلىق** ئى. رادىيو ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش ئىشى، كەسپى: رادىستلىق قىلماق.

**رادىكال** I سۈپ [ر<لات] تۈپ ۋە كەسكىن چارە كۆرۈشنى خالايدىغان : رادىكال كۆز قاراش.

**رادىكال** II ئى [ر<لات] ① <مات> يىلتىز چىقىرىش ئەمىلىنىڭ بەلگىسى ۋە شۇ ئەمەلنىڭ نەتىجىسى، يىلتىزى. ② <خىم> مولېكۇلادا، بىر خىمىيەلىك بىرىكمىدىن ئىككىنچى بىر خىمىيەلىك بىرىكمىگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپ

ئۆتىدىغان تۇرغۇن ئاتوملار گۇرۇپپىسى.

**رادىكاللار** ئى <تارىخ> بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ سول قانىتىغا ۋەكىللىك قىلغان، ئىدىيەسى رادىكال ۋە كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق فېئودالىزم ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان سىياسىي گۇرۇھ.

**رادىكاللىق** ئى <تارىخ> نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، تۈپ ۋە كەسكىن چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش.

**رادىكالىزم** ئى [ر] ← **رادىكاللىق.**

**رادىئۇس** ئى [ر<لات] <مات> چەمبەر مەركىزى بىلەن چەمبەر ئۈستىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى تۇتاشتۇرغۇچى كېسىك چەمبەر رادىئۇسى، شار مەركىزى بىلەن شار سىرتىدىكى خالىغان بىر نۇقتىنى تۇتاشتۇرغۇچى كېسىك شار رادىئۇسى بولىدۇ.

**رادىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى : Ra (Radium) .

**رادىياتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن چىققان ئىسسىقلىق تۈز سىزىق بويىچە تۆت ئەتراپقا بىۋاسىتە تارقىلىدۇ.

**رادىياتسىيەلىك** سۈپ. رادىياتسىيەگە ئىگە، رادىياتسىيەگە ئائىت: رادىياتسىيەلىك خىمىيە.

**رادىياتور** ئى [ر<لات] <ماشىن> رادىياتسىيە، كونۋېكسىيە ۋە ئۆتكۈزۈش رولىدىن پايدىلىنىپ، ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئەتراپىدىكى بوشلۇققا تارقىتىدىغان قۇرۇلما.

**رادىيان** مىق [ر<لات] <مات> بۇلۇڭنى ئۆلچەشتىكى بىر خىل بىرلىك.

**رادىيو** ئى [ر<لات] ① ئېلېكتىر دولقۇنلىرىنىڭ تەۋرىنىشى ئارقىلىق سىگنال، ئاۋاز قاتارلىقلارنى يىراق مۇساپىلەرگە يوللايدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر. ② شۇ خىل ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق بېرىلگەن ئاڭلىتىش: رادىيو ئاڭلىماق. ③ رادىيو قوبۇللىغۇچ: رادىيودىن شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى بېرىلىۋاتاتتى.

**رادىيوئاكتىپ** سۈپ [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، رادىيوئاكتىپلىققا ئائىت: رادىيوئاكتىپ ئېلېمېنت. رادىيوئاكتىپ ماددىلار.

**رادىيوئاكتىپلىق** ئى <خىم> بەزى ئېلېمېنتلارنىڭ (مەسىلەن، رادىي، ئۇران قاتارلىق) ئاتوم يادروسىدىكى ماددىلارنى ئۆزلۈكىدىن رادىياتسىيە قىلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق يىمىرىلىپ، باشقا ئېلېمېنتلارغا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتى.

**رادىيوپىروگرامما** ئى [ ر<لات + گىرېك] رادىيودا ئاڭلىتىلىغان نومۇر ياكى پىروگرامما.

**رادىيوتېخنىكا** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز>ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنلىرى ۋاسىتىسى بىلەن رادىيو سىگناللىرىنى بېرىش، رادىيو ئاڭلىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى پەن.

**رادىيوتېلېفون** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز>ئاۋازنى رادىيو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ يەتكۈزىدىغان تېلېفون.

**رادىيوتېلېگراف** ئى [ر<لات + گىرېك] تېلېگراف شىفىرلىرىدىن پايدىلىنىپ رادىيو ئارقىلىق خەۋەر بېرىدىغان ئالاقە سىستېمىسى.

**رادىيوتېلېگرامما** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز>رادىيو دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما.

**رادىيوفوتوگرافىيە** ئى [ر<لات + گىرېك] <فىز>رادىيو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەۋەتىلگەن فوتو تېلېگرامما.

**رادىيوگرامما** ئى [ر<لات + گىرېك] رادىيوتېلېگراف ئارقىلىق بېرىلگەن خەۋەر: رادىيوگرامما بەرمەك.

**رادىيولاشتۇرماق** «رادىيولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق يېڭىشەھەر يېزىسىنى رادىيولاشتۇرۇپ بولدى.

**رادىيولاشتۇرۇلماق** «رادىيولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىزنىڭ پۈتۈن يېزىمىز رادىيولاشتۇرۇلدى.

**رادىيولاشماق** پ. رادىيو ۋە رادىيو كانايلىرىدىن پايدىلىنىش ھەربىر ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشماق: پىچاننىڭ چوقتام يېزىسى پۈتۈنلەي رادىيولىشىپ بولدى.

**رادىيولىيارىيە** ئى [ر<لات] <زوئول> ئاددىي ھايۋان. تېنى دۈگىلەك، سۆڭىكى كىرېمنىي ئوكسىددىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

**رادىيوئۇزېل** ئى [ر] بىرەر رايون، يېزا ـ قىشلاق، مەھەللە ياكى زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىقلاردا ئاڭلىتىش بېرىش ياكى رادىيو ئىستانسىلىرىدىن بېرىلگەن تۈرلۈك رادىيوپىروگراممىلىرنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان سىملىق رادىيو تارمىقى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى.

**رازمېر** ئى [ر] ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك ياكى كۆلۈچ قاتارلىق سايمان ۋە دېتاللارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمى، نومۇرى: ئاياغنىڭ رازمېرى.

**رازمېرلىق** سۈپ. رازمېرى بار، ئۆلچەملىك، نومۇرلۇق: چوڭ رازمېرلىق كۆڭلەك. چوڭ رازمېرلىق ئاياغ.

**رازۋېدچىك** ئى [ر] ← **رازۋېدكىچى.**

**رازۋېدكا** ئى [ر] دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەت: رازۋېدكا ئەترىتى. رازۋېدكا ئايروپىلانى.

**رازۋېدكىچى** ئى. دۈشمەن ئەھۋالىنى ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان خادىم.

**رازۋېدكىچىلىق** ئى . رازۋېدكا قىلىش خىزمىتى، كەسپى : يول ئۈستىدە « رازۋېدكىچىلىق يالدامىسى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئېلىۋالمايمەنمۇ » دېگەن بىر ئوي كاللامغا كەلدى ـ دە، دەرھال بۇرۇلۇپ ماناس شەھىرىگە كىردىم.

**رازۋېدكىشۇناس** ئى <ھەرب> رازۋېدكا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**رازۋېدكىشۇناسلىق** ئى <ھەرب> رازۋېدكا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**رازى** سۈپ [ئە] ① كۆپرەك خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «مەمنۇن، خۇرسەن، شاد، قايىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن رازى. ② ماقۇل ۋە قايىل بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ پەقەت دۇنياغا تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا ئامالسىز ياشاشقا رازى.

**رازى ـ رىزا** بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە رازى بولۇش؛ رازى، رازىمەن.

**رازى ـ رىزالىق** ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇناش؛ رازىلىق، رازىمەنلىك: مەن توختىئاخۇن ئاكىنىڭ بالىسىدۇرمەنكى، ئۆز رازى ـ رىزالىقىم بىلەن ئۇشبۇ مەيداندا قازىكالاننىڭ ئالدىغا قويۇلغان نەرسىنى موللا قۇتلۇق هاجى ئوغلى مۇسا بايغا 300 تەڭگىگە ساتتىم. ② ئۆلۈم ياكى ۋىدالىشىش ئالدىدا بىر ـ بىرىدىن رازىلىق سوراش؛ رازىلىشىش: ۋەزىر ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، رازى ـ رىزالىق بېرىپتۇ، ئۆيدە يىغا ـ زارە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

**رازىلاشماق** پ. بىر ـ بىرى بىلەن رازى ـ رىزالىق تىلىشىپ ۋىدالاشماق؛ رازى بولۇشماق: ئۇ كىشى كېيىننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپتۇ ـ دە، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن رازىلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

**رازىلىق** ئى ① مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، شادلىق: سۇتۇق بۇغراخان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خېلى رازىلىق بىلەن قايتتى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە ئۇنىغانلىق، قوشۇلغانلىق، كۆنگەنلىك؛ رىزالىق: رازىلىق سورىماق. رازىلىق بەرمەك.

**رازىلىقسىز** رەۋ. ئۆز رازىلىقىنى ئالمىغان، ئۆزى خالىمىغان هالدا: مىنى ئۆيدىكىلەر مېنىڭ رازىلىقىمسىزلا ئۆيلەپ قويۇشتى.

**رازىمەن** سۈپ [ئە + پ] بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە چىن كۆڭلىدىن رازىلىقى بولغان، قانائەت هاسىل قىلغان؛ رازى، خۇرسەن: ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئايۇپ ئاكىنىڭ سۆزىدىن رازىمەن بولغانلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنەتتى.

**رازىمەنلىك** ئى . رازى بولغانلىق: ئۇنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

**رازىيانە** ئى [پ] <بوت> ئارپىبەديان.

**راسا** رەۋ [پ] ① ناهايىتى، تازا، بەك، ئىنتايىن، كارامەت، قاتتىق، قالتىس، ئاجايىپ: موماي ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ راسا خۇشال بولۇپ كەتتى. ② پۈتۈنلەي، تولۇق، تەلتۆكۈس: ئۇلار جەڭنى دۈشمەنلەر راسا ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا باشلاشنى قارار قىلىشتى. ③ خۇماردىن چىققۇدەك دەرىجىدە، قانغۇچە، بېرىلىپ، تازا: بىر كۈنى ئەپەندىم بىر باغقا چۈشۈپ مېۋىلەرنى راسا يەۋاتقىنىدا، باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ قاپتۇ. ④ توپتوغرا: مەن ئۇنى راسا بىر يىل كۈتتۈم.

**راست** [پ] ① سۈپ. يالغان، ساختا ئەمەس؛ هەقىقىي، توغرا، جىڭ: راست گەپ. ② رەۋ. هەقىقەتەن: مەن ئۇ ئىشنى راست بىلمەيمەن. ③ ئى. هەقىقەت: كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ راست بىلەن يالغاننى ئاجرىتايلى. ④ يۈك «توغرا، بەرهەق، دەرهەقىقەت» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: راست، كىم مەسئۇل بولىدۇ؟

**راستتىن** رەۋ. كۆپىنچە «ـ لا» ئۇلانمىسى بىلەن كېلىپ، «هەقىقەتەن، دەرهەقىقەت، هەقىقىي، دەرۋەقە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سىز كىچىكىڭىزدە راستتىنلا ياخشى بالا ئىدىڭىز.

**راستچىل** سۈپ. راست سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن، راست سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ راستگۆي: راستچىل ئادەم. * بۇ بالا ناهايىتى راستچىل ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بالا ئىدى.

**راستچىللىق** ئى. راست سۆزلەيدىغان خىسلەت ۋە ئادەت: ئۇ ئۆزىنىڭ راستچىللىقى، ئىشچانلىقى، كەمتەر ـ تىرىشچانلىقى بىلەن هەممىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى.

**راستگۆي** سۈپ [پ] ← **راستچىل**: راستگۆي بالا. *ــ ئۇ هەقىقەتەن سەممىي، راستگۆي ئادەم ئىكەن، ــ دېدى بوۋاي تەسىرلىنىپ.

**راستگۆيلۈق** ئى ← **راستچىللىق**: بۇ جاۋاهىرپۈرۈشلار پادىشاهنىڭ ئالدىدا راستگۆيلۈق بىلەن تونۇلغان مەشهۇر ئادەملەر ئىكەن.

**راستلىق** ئى. هەقىقىيلىق، توغرىلىق، جىڭلىق: راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز (ماقال). * نىغمەت بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئانىسىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

**راستلىماق** پ. راستقا چىقارماق، راست دەپ تونۇماق: ئۇ ئۆز سۆزىنى راستلىدى.

**راست ـ يالغان** راست ۋە يالغان: ئەمەلىيەت بۇ ئوبرازلارنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىيدۇ.

**راسچوت** ئى [ر] هېساب ـ كىتاب، هېساب: راسچوت قىلماق.

**راسخوت** ئى [ر] بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلىدىغان پۇل، خىراجەت، چىقىم: يول راسخوتى. ئوقۇش راسخوتى.

**راسخوتسىز** ① سۈپ. راسخوتى يوق، راسخوتقا ئىگە ئەمەس: راسخوتسىز ئىش. ② رەۋ. راسخوت بىلەن تەمىنلەنمەي، راسخوت ئالماي: راسخوتسىز ئوقۇماق.

**راسكار** ئى [پ] راسلاش، تەييارلاش.

**راسكارلىق** ئى ① كىيىم ـ كېچەكنى پىچىپ كېسىش ئىشى؛ ئۇستىكارلىق (ماشىنىچىلىقتا). ② ئاياغ كىيىمنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن پەرداز قىلىش، پەردازلاش ئىشى (موزدۇزلۇقتا): غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن بۇ توپلەيىنىڭ راسكارلىقى 4 ـ ئايدا پۈتۈپ 5 ـ ئايدا قېلىپقا تارتىلغانىدى. ③ بىرەر ئىش ئۈچۈن ئالدىن قىلىنغان هازىرلىق، تەييارلىق: توي راسكارلىقى. * سارىخان ئانا كەچلىك غىزانىڭ راسكارلىقىنى قىلىپ بولۇپ، چېلەكنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا سۇغا چىقتى.

**راسلاتماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاه ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆي راسلىتىپ، ئۇنىڭغا «غەم ئۆيى» دەپ نام بېرىپتۇ.

**راسلاشماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىسى ئۇلار ئەتىگەن تۇرۇپ، ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ تاماق راسلاشتى.

**راسلاقلىق** سۈپ. راسلانغان، تەييار هالەتكە كەلگەن؛ تەييارلانغان، جابدۇلغان: راسلاقلىق ئاش.

**راسلانماق** «راسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مېهمانلار كۈتۈلىدىغان ئورۇن بايىقى مەجلىسخانا زالىغا راسلاندى.

**راسلىماق** پ ① بىرەر ئېهتىياج ئۈچۈن تەييارلىماق، تەييار قىلماق، هازىرلىماق؛ ياسىماق: تاماق راسلىماق. ② سەرەمجانلاشتۇرماق، جابدۇماق (ئۆي هەققىدە): نىياز دورغا قىزبېگ خوجىنى موم شاملار بىلەن يورۇتۇلغان ئايرىم بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ: ــ هەزرەتلىرىگە مۇشۇ هۇجرىنى راسلاپ قويغانىدىم، ــ دېدى. ③ ئوڭشىماق؛ تۈزىمەك، رۇسلىماق: ياسىن ئۆزىنى راسلىۋېلىپ، يىقىلغان ئېشەكنى يۆلەشكە باشلىدى.

**راسلىنىشماق** «راسلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**راك I** ئى [ر] <زوئول> بوغۇم ئاياغلىق ھايۋان. تېنى ئۇزۇن بولۇپ، باش، كۆكرەك ۋە قورساقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، تېنىنىڭ سىرتىدا قاسراق ماددىسىدىن تۈزۈلگەن يۇمشاق، نېپىز ھەم سوزۇلۇك قاپچۇقى بولىدۇ، قورساق قىسمى كۆپلىگەن بوغۇملاردىن قۇرۇلىدۇ.

**راك II** ئى [ر] <تېب> ئۈستىۋنكى تېرە ھۈجەيرىلىرىدىن شەكىللەنگەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يەنى سەرەتان كېسەللىكى.

**راك III** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى: راك مۇقامى.

**راكېتا** ئى [ر<نېم] <ھەرب> ئارقىغا تېپىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر خىل ئۇچۇش ئۈسكۈنىسى. سۈرئىتى ناھايىتى تېز كېلىدۇ.

**راگازا** ئى. دىيال. ئۆتكەن - كەچكەن گەپ - سۆزنى تەگەش.

**رالاشماق** پ. ئۆز ئارا پۇتۇشمەك، كېلىشمەك.

**رالىماق** پ. دىيال ① بوزەك قىلماق، دەپسەندە قىلماق، ئاياغ ئاستى قىلماق. ② پاسكىنا قىلىۋەتمەك.

**رام I** ئى [ر] ① ئوتتۇرىسىغا ئەينەك قاتارلىقلار سېلىنىدىغان ھەمدە تۇتۇپ تۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدىغان قۇرۇلما: دېرىزە رامى. گىرىم ئەينىكىنىڭ رامى. ② ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسى.

**رام II** سۈپ [پ] ① جەلپ قىلىنغان، قارىتىلغان، مايىل: بايۋەچچە ئاخىر بۇ خوتۇننى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاندىن كېيىن خوتۇننى نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىدىغان يەرگە يەتكۈزۈپتۇ. ② سىڭگەن، ئۆزلەشكەن: بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا رام ئىدى.

**رامىزان** ئى [ئە] ① ھىجرىيەنىڭ 9 - ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 9 - ئاي، 30 كۈن بولىدۇ. بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار ئاساسەن روزا تۇتىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رامكا** ئى [ر] ① رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىگە ئېلىپ قويىدىغان تۆت بۇرجەكلىك جازا؛ رام. ② شەكلى رامكىغا ئوخشىتىپ سىزىلغان كاتەكچە، رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار: گېزىتكە بۇ مۇراسىم توغرىسىدا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان خەۋەر بېسىلىپتۇ. ③ ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت، ۋەقە - ھادىسە ۋە شۇنىڭدەكلەرنىڭ دائىرىسى؛ چەك، چېگرا، دائىرە: بۇ جەريانلار ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچبىرى مېتافىزىكىلىق تەپەككۇر رامكىسىغا سىغمايدۇ. ④ كۆچمە. ئاسارەت، چەكلىنىش: بىز ئىدىيەمىزنى ھەر خىل كونا رامكىلاردىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم.

**رامكىلاتماق** «رامكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رامكىلاشماق** «رامكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رامكىلانماق** «رامكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رامكىلىق** سۈپ. رامكىسى بار، رامكىغا ئېلىنغان: رامكىلىق رەسىم.

**رامكىلىماق** پ ① رامكا ئىچىگە ئالماق: رەسىمنى رامكىلىماق. ② رامكا ئورناتماق. ③ رامكا ياسىماق، رامكا ھاسىل قىلماق.

**راملىق** سۈپ. رامى بار، رام ئورنىتىلغان: ئالتۇن راملىق كۆز ئەينەك.

**راند** ئى. جەنۇبىي ئافرىقا، نامىبىيە دۆلەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**راھەت** ئى [ئە] ① ئېستېتىكىلىق زوق ياكى ئارام بېرەلىغان نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان لەززەت، ھۇزۇر: ھەر ھالدا ئۆزۈڭنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن نەرسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ باقساڭ قانداق راھەت - ھە؟ ② ھۇزۇر-ھالاۋەت، پاراغەت، تىنچ ۋە پاراۋان ھايات، پاراۋان تۇرمۇش: راھەت كۆرمەك. راھەتتە ياشىماق. * مېھنەتنىڭ تېگى راھەت (ماقال). ③ «ئارام ئال!» دېگەن مەنىدىكى كوماندا بۇيرۇقى: بۇ چاغدا يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ئەخمەتجان قاسىمى «راھەت» دەپ كوماندا بېرىپ قويۇۋېدى، ئەتراپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**راھەتبەخش** سۈپ [ئە + پ] كىشىگە راھەت بېغىشلايدىغان، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان؛ ئارامبەخش: راھەتبەخش جاي.

**راھەت - پاراغەت** راھەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش، ھۇزۇر-ھالاۋەت: — ئەي نائىنساپ، قىپچىپ تەگكەن ئېرىڭ ساڭا قانداق راھەت پاراغەت كۆرسەتتى؟ — دېدى ئۇ سىڭلىسىغا ئاچچىقلىنىپ.

**راھەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] راھەتنى، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان؛ راھەتكە، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلگەن، جاپادىن قاچىدىغان: راھەتپەرەس ئادەم.

**راھەتپەرەسلىك** ئى. راھەتكە، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىش، ئارتۇقچە راھەت قوغلىشىش: راھەتپەرەسلىك قىلماق.

**راھەتسىز** سۈپ. راھەتى يوق، راھەت بېغىشلىمايدىغان: مېھنەت - جاپاسىز راھەت بولمايدۇ، راھەتسىز مېھنەت بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىر - بىرىگە تايىنىدۇ.

**راھەتسىزلىك** سۈپ. راھەتى يوق، ئەپسىز، قولايسىز ھالەت: ئۇ راھەتسىزلىك ئىچىدە بىر سائەتنى ئۆتكۈزدى.

**راھەتلەندۈرمەك** «راھەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ كېيىملىرىدىن ئۆتۈپ، بەدىنىنى راھەتلەندۈرەتتى.

**راھەتلەندۈرۈلمەك** «راھەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**راھەتلەنمەك** پ. راھەت ھېس قىلماق، ھۇزۇر ئالماق، ھۇزۇرلانماق: كەنجى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ راسا راھەتلەندى.

**راھەتلىك** سۈپ. راھەتى بار، كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغان: راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**راھەتلىنەرلىك** سۈپ. كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغان، راھەتلەنگىلى بولىدىغان: — مەن خان سارىيى دېگەن ئومۇمەن مۇستەھكەم ۋە راھەتلىنەرلىك بولغىنى ياخشى دەپ قارايمەن، — دېدى ماركو.

**راھەتلىنىشمەك** «راھەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار گەرچە تاش ئۈستىدە يېتىشسىمۇ، قاتمۇقات كۆرپە ئۈستىدە ياتقاندەك راھەتلىنىشكەندى.

**راھىب** ئى [ئە] <دىن> بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدا ئائىلىنى تەرك ئېتىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، ئۆمرىنى چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى.

**راھىبە** ئى [ئە] <دىن> ئايال راھىب.

**راھىبلىق** ئى ① راھىبلارنىڭ ئىبادەت قىلىش پائالىيىتى، ئۆمۈرلۈك ئىبادەت ئىشى: راھىبلىق قىلماق. ② سۈپ. راھىبلارغا خاس: راھىبلىق تونى. راھىبلىق بەلگىسى. ③ <پەلس> ئېتىقادچىلىق.

**راۋا** سۈپ [ پ] ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە قارىتا يول قويۇلۇشى مۇمكىن بولغان؛ ئورۇنلۇق، توغرا: راۋا بولماق. ② مۇناسىپ، لايىق، ماس: راۋا كۆرمەك. ③ كۆچمە. تەئەللۇق، تەۋە، مەنسۇپ، خاس: شەرىئەت ھۆكمى بويىچە خوتۇنۇڭ ئەمدى ساڭا راۋا ئەمەس!

**راۋاب** ئى [ئە] ئۇيغۇرلارنىڭ زەخمەكتە چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. بەش تال سىم تار ئىشلىتىلىدۇ، سىرتقى ئىككى تال تارى ئوخشاش ئاۋازدا سازلىنىپ، مېلودىيە ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ئۈچ تال تارى تەڭكەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**راۋابچى** ئى. راۋاب چېلىشنى كەسىپ قىلغان ياكى راۋاب چالىدىغان كىشى.

**راۋاج** ئى [ئە] بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى ياكى يۇكسەلگەن ھالەتكە ئۆتۈش؛ تەرەققىيات، ئۇلغىيىش: راۋاج تاپماق.

**راۋاجلاندۇرماق** «راۋاجلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇردى.

**راۋاجلاندۇرۇلماق** «راۋاجلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارا شەھەر ناھىيەسىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر راۋاجلاندۇرۇلدى.

**راۋاجلانماق** پ. بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى يۇكسەلگەن ھالەتكە ئۆتمەك؛ تەرەققىي قىلماق، يۇكسەلمەك، راۋاج تاپماق: باللار مائارىپى راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

**راۋاق** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى، ئەتراپنى كۆزىتىشى، يامغۇر - يېشىن ۋە كۈن نۇرى قاتارلىقلاردىن دالدىلىنىشى ئۈچۈن باغ ياكى ئېگىزرەك جايلارغا ياكى بىنانىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۈستىنى بېزەپ ياسالغان ئورۇن، پەشتاق.

**راۋاقلىق** سۈپ. راۋىقى بار، راۋاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: راۋاقلىق باغ. راۋاقلىق بىنا.

**راۋان** [پ] ① رەۋ. ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، بىر خىلدا، توختالغۇسىز: راۋان بولماق. راۋان قىلماق. ② رەۋ. چۈشىنىشلىك، ئوقۇملۇق؛ تېز، بىمالال (نۇتۇق ۋە يېزىق ھەققىدە): بۇ ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ئىكەن. ③ سۈپ. توختىماي، ئۈزۈلۈپ قالماي؛ ئۈزلۈكسىز؛ ئوڭۇشلۇق، يۇرۇشلۇك: سودىسى راۋان. ④ سۈپ. ھېچبىر توسالغۇسىز، تۈز، تەكشى، ئەپ: ئۇ يەرنىڭ يوللىرى راۋان.

**راۋانلاشتۇرماق** «راۋانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككىيلەن بىر بولۇپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ئېلىشىپ، ئاخىر مۇزلارنى چېقىپ، سۇنى راۋانلاشتۇردى.

**راۋانلاشتۇرۇلماق** «راۋانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ناھىيە بويىچە يېزا يوللىغا تاش - شېغىل ياتقۇزۇلۇپ، يوللار راۋانلاشتۇرۇلدى.

**راۋانلاشماق** پ. توسالغۇسى يوق، راۋان ھالەتكە كەلمەك؛ راۋان بولماق: تاغ بالىسى بوران توختاپ كەتسىلا يولىمىز راۋانلىشىپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇراتتى.

**راۋانلىق** ئى . راۋان ھالەت: تىلىنىڭ راۋانلىقى.

**راۋولفىيە** ئى [ئىنگ <لات] <بوت> سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**راۋۇرۇس** [پ] ① سۈپ. يارامىلىق، ياخشى، تۈزۈك، بولىدىغان: راۋۇرۇس ھۈنەرۋەن. ② رەۋ. تۈز، رۇس، توغرا: ئۇ ياش يىگىتتەك بېلىنى تىكلەپ، راۋۇرۇس ئولتۇراتتى. ③ رەۋ. كەم - كوتىسىز، پۈتۈنلەي، تولۇق؛ راسا: خۇمارقىز چاچلىرىنى راۋۇرۇس قارايتىپ، چېكىسىنى ئالدىغا تاراپ كىچىككىنە پوپۇك چىقاردى. ④ رەۋ. قىينالماي، بىمالال: ئۇلار ئۆز كەسپلىرىدىكى خەنزۇچە كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، گېزىتنى راۋۇرۇس كۆرەلەيدىغان بولدى. ⑤ رەۋ. پۈزۈر، قاملاشتۇرۇپ، چىرايلىق: راۋۇرۇس كىيىنمەك.

**راۋۇرۇسلۇق** ئى. كەم - كوتىسىزلىك، تولۇقلۇق؛ قاملاشقانلىق: بىزبىر ئادەمنىڭ ساغلام ھاياتىي كۈچىنى كىيىۋالغان ھەيۋەتلىك، پۈزۈركىيىملىرىدىن ئەمەس، يەنىلا تېرىسىدىن، بەش ئەزاسىنىڭ راۋۇرۇسلۇقىدىن بىلىمىز.

**راي (رايى )** ئى [ئە] ① كىشى كۆڭلىنىڭ بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدىكى مايىللىقى؛ مەيل، خاھىش: رايىغا باقماق. رايى قايتماق . رايىغا قاراپ ئىش قىلماق. رايىغا قويۇپ بەرمەك. ② <تىل> پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىدە كۆرۈلۈپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشى؛ مەيل: راي كاتېگورىيەسى. پېئىل رايلىرى.

**رايكوم** ئى [ر] «رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ قىسقارتىلغان نامى: رايكوم ئىشخانىسى.

**رايون** ئى [ر<فىران] ① مەملىكىتىمىزدە ئۆلكە دەرىجىلىك، ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ۋە شۇنىڭدەك چوڭ شەھەرلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي بۆلۈنمە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. ② ناھىيەدىن تۆۋەن، يېزىدىن يۇقىرى بولغان مەمۇرىي بۆلۈنمە ۋە شۇ مەمۇرىي بۆلۈنمىنىڭ مەركىزىي ئىدارىسى: رايونلارغا بۆلمەك. رايونغا بارماق. ③ مەلۇم بىر خىل نەرسە كۆپرەك چىقىدىغان ھەم شۇ خىل ئەۋزەللىكى بىلەن باشقا يەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جاي، تېررىتورىيە: كانچىلىق رايونى. پاختىچىلىق رايونى. ئۈزۈمچىلىك رايونى.

**رايونداش** سۈپ. بىر رايونلۇق: مەن ئۇنىڭ بىلەن رايونداش.

**رايونداشلىق** ئى. بىر رايوندىن بولۇش: قەبىلە ئاساسەن قانداشلىقنىڭ بىرلەشمىسى، مىللەت بولسا، رايونداشلىقنىڭ بىرلەشمىسى.

**رايونلاشتۇرماق** «رايونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ناھىيەدىكى ئۇرۇق سورتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي رايونلاشتۇردى.

**رايونلاشتۇرۇلماق** «رايونلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رايونلاشماق** پ. رايونلارغا ئاجرىتىلماق، رايونلارغا بۆلۈنمەك : قانداقلا بولمىسۇن، گومانخورلار خەلقئارالىشىشنى، رايونلىشىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

**رايونلۇق** سۈپ ① رايونغا تەۋە، رايون دەرىجىلىك، رايون خاراكتېرىدىكى، رايونغا ۋەكىللىك قىلىدىغان: ئۇلار رايونلۇق پارتكوم يىغىنىدىن چىقىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ② رايونغا قارايدىغان، قاراشلىق: ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە رايونلۇق تېببىي پونكىت، دۇكان، ماگىزىنلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

**رايىش** سۈپ [پ] گەپ ـ سۆزگە كىرىدىغان، قۇلىقى يۇمشاق، ياۋاش، مۇلايىم، مۆمىن، ئىتائەتچان: رايىش بالا. رايىش ئادەم.

**رايىشلىق** ئى. ئىتائەتچانلىق، ياۋاشلىق: رايىشلىق قىلماق. * ئۇ بىر دەمدىلا قوي قوزىسىدەك ياۋاشلاپ، كۆمۈرخانىغا رايىشلىق بىلەن كىرىپ كەتتى.

**رەب ( رەببى )** ئى [ئە] ① پەرۋىش قىلغۇچى ئاللا، خۇدا، پەرۋەردىگار: ــ ئەرشى ئەزىم ۋە روھىي زېمىننىڭ رەببى بولغان ئاللانىڭ ئىرادىسىگە، تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە كىممۇ بويۇن تولغىيالىسۇن؟! ــ دېدى ھەممەيلەن. ② غوجىدار، خوجايىن، ئىگە.

**رەببىنا** ئى [ئە] <دىن> رەببىمىز، پەرۋەردىگارىمىز: نۇرغۇن كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ: ــ يا، رەببىنا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرە بۇ، ــ دېيىشتى.

**رەببىيەلئاخىر** ئى [ئە] ھىجرىيەنىڭ 4 ـ ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 4 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى.

**رەببىيەلئەۋۋەل** ئى [ئە] ھىجرىيەنىڭ 3 ـ ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 3 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى.

**رەپتار** ئى [پ] ۋەزىيەت، ئەھۋال، ھالەت؛ پەيل، ئەلپاز: رەپتارىغا باقماق. * ــ ھەي تاگەي، بۇ جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلىپ بولمايدۇ...، ــ دېدى ئۇ.

**رەپرەپ** سۈپ ① بۇزۇق، پاسكىنا، ئەسكى: رەپرەپ خوتۇن. ② جانسىز، ئۆلەرمەن، ئاۋاق، ئورۇق: رەپرەپ پاقلان.

**رەپىق** ئى [ئە] ① يېزت. يېقىن دوست، ھەمراھ، يولداش. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**رەپىقە** ئى [ئە] خوتۇن (ئايالىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ): ئايىمخان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەپىقىسى ئىدى.

**رەت** I ئى [ئە] ئىنكار، رەددىيە؛ قوبۇل قىلماسلىق، باش تارتىش: رەت قىلماق.

**رەت** II [ر] ① ئى. رەتلىك تىزىلغان قۇر، قاتار، سەپ: كىشىلەر خۇددى قايتىدىن ناماز ئوقۇلىدىغاندەك، رەتلىرىنى بۇزۇشماي، ئالدىغا قاراپ دىققەت بىلەن تۇرۇشاتتى. ② ئى. تەرتىپ، نۆۋەت: نەسىھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر رەت بويىچە پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ③ مىق. قېتىم، مەرتەم: مەن ئۇستەل سائىتىنى بىرنەچچە رەت قولۇمغا تۇتۇپ تىڭشاپمۇ باقتىم. ④ ئى <گېئول> بوشلۇق كاتەكچىسىدىكى بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىش ئارقىلىق تىزىلغان تۈگۈنلەردىن ھاسىل بولغان گېئولوگىيەلىك شەكىل.

**رەتكە چۈشمەك** قالايمىقان، چۇۋالچاق ھالەتتىن رەتلىك، تەرتىپلىك ھالەتكە كەلمەك، نورماللاشماق: ئۇنىڭ تۇرمۇشى رەتكە چۈشتى.

**رەتكە سالماق** تۈزىمەك، ئوڭشىماق، رەتلىمەك: ئاتلىق قىسىملار بىلەن پىيادە قىسىملار تېزدىن رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

**رەتكە ئۆتمەك** ئۆلچەمگە قوشۇپ قوبۇل قىلىنماق؛ يارد-ماق: پىچاننىڭ بۇ يىلقى يېشىل قۇرۇق ئۈزۈملىرى يىرىنچى دەرىجىلىك ئۈزۈم سۈپىتىدە رەتكە ئۆتتى.

**رەت ـ رەت** بىرنەچچە رەت، قاتار ـ قاتار: ئۇ ئۈستەڭگە ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە رەت ـ رەت سېلىنغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەرگە قاراپ تويمايتتى.

**رەتسىز** سۈپ ① رېتى يوق، رەتلىك ئەمەس، تەرتىپسىز، قالايمىقان، چۇۋالچاق: ئۆي ئىچى سوغۇق، رەتسىز ۋە پاسكىنا ئىدى. ② تەرتىپى، ئورۇنلىنىشى بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىگەن، ئۆز يۈرۈشىنى تاپمىغان (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): بۇ مۇھاپىزەتچىنىڭ كىيىملىرى رەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تولىمۇ تەكەببۇر تۇتاتتى.

**رەتلەتمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم بۆلۈم خادىملىرىغا دېلو ماتېرىياللىرىنى رەتلەتتى.

**رەتلەشمەك** «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ جۈملە كارتىلىرىنى رەتلەشتى.

**رەتلەنمەك** ① «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار رەتلىنىپ سەپكە تۇرۇشتى. ② «رەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا مېنىڭ ماتېرىيالىممۇ رەتلەنگەنىدى.

**رەتلىك** سۈپ ① رېتى، تەرتىپى بار؛ چېچىلاڭغۇ ياكى قالايمىقان ئەمەس: ئاسىيە ئەتىگەن بۇ دەرسنى يوروق، رەتلىك پارتىلار قويۇلغان ئازادە سىنىپتا سۆزلەپ چىققانىدى.// ئايىمگۈل جوزىدىكى رەتلىك تىزىلغان كىتاب ـ ژۇرنال ۋە گېزىتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. ② رىتىملىق، تەكشى: ئۇلار پاكىز كىيىنىپ، رەتلىك قەدەم تاشلاپ روھلۇق كېتىۋاتاتتى. ③ نەرسە ـ كېرەكلەر جاي ـ جايىغا قويۇلغان، ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ سەرەمجان: ئۆي ئىچى پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. // نۇرئاخۇن سىرلانغان كارىۋاتقا كېلىپ، رەتلىك يىغىپ قويۇلغان ئورۇن ـ كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ④ مەلۇم رەت ۋە تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تەرتىپلىك: رەتلىك بايان. // ئالىم رەتلىك، مەردانە سۆزلىدى.

**رەتلىمەك** پ ① رەتلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك، رەتكە تۇرغۇزماق، تۈزەشتۈرمەك؛ تەرتىپكە سالماق: شەۋكەت تاشلانغان قەغەزلەرنى ئوبدان رەتلەپ قويدى. ② رەت ـ رەت قىلماق، تۈزىمەك: دېھقانلار بۇ يىل ئەتىياز يەنە قىز سېلىپ، يەرلەرنى رەتلەپ جىرىم تىكىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ③ يىغىپ، توپلاپ، مۇكەممەللەشتۈرمەك: توختىئاخۇن ناخشىچى سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى رەتلەپ، خەلق ئىچىدە تارقىتىشتا تۆھپە قوشقان.

**رەتمۇرەت** رەت ـ رېتى بىلەن، رەتلىك ھالدا: باغنىڭ ئىچىدە ياڭاق، ئەنجۈر، شاپتۇل، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر رەتمۇرەت ئۆستۈرۈلگەنىدى.

**رەج** سۈپ. دىيال. ئۇششۇق، بىشەم.

**رەجەب** ئى [ئە] ① ھىجرىيەنىڭ 7ـ ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 7 ـ ئاي، 30 كۈن بولىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەخت** ئى [پ] ① پاختا، يۇڭ، كەندىر قاتارلىقلاردىن توقۇلىدىغان، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم، توقۇلما؛ گەزمال: رەخت سېتىۋالماق. ② كۆن ـ خۇرۇم، قىرىم، شاۋرۇن قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تېرە بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي

ئاتىلىشى: بۇ ئۆتۈكنىڭ رەختى ياخشى ئىكەن.

**رەددىيە** ئى [ئە] ① بىرەر خەۋەر، مەلۇمات ۋە شۇنىڭدەكلەرنى رەت قىلىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ناتوغرىلىقىنى ياكى ئاساسسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان جاۋاب: رەددىيە بەرمەك. ② <لوگ>تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسپاتقا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ، ئۇ مەلۇم بىر ھۆكۈمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت پىكىر قىلىش جەريانى.

**رەدنامە** ئى [ئە + پ] <دىن> خۇراپىي ئادەت بويىچە كىشىگە روھىي ئازاب سالغان بىرەر ئاپەتنى، كېسەل ياكى قەستنى قايتۇرۇش، رەت قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا: رەدنامە ئوقۇماق.

**رەدنامىچى** ئى. رەدنامە ئوقۇيدىغان ئادەم.

**رەزگى** I سۈپ ① بۇزۇلغان، چىرىگەن؛ كېرەكسىز، تاشلاندۇق، ئەسكى ـ تۇسكى: ئەگەر سەن بەكمۇ يېنىك بولساڭ، ھايات دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى سېنى خۇددى رەزگى يوپۇرماقلاردەك ئېقىتىپ كېتىۋېرىدۇ. ② پەس، ئىپلاس، رەزىل: رەزگى دۇشمەنلەر شۇئان قانلار يۇتۇپ ئەجەل تاپتى. // ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈپتۇ بەزمىلەر، ھاراق ـ نەشە، قىمارغا بېرىلىپ ئۇ رەزگىلەر. ③ ئىسكەتسىز، كۆرۈمسىز، سەت، پەس: مېنىڭ ئۇنىڭ رەزگى چىرايىغا زادى قارىغۇم كەلمىدى. ④ كۈچسىز، زەئىپ، ئاجىز؛ جۇدەڭ، ئورۇق: رەزگى ئادەم.

**رەزگى** II ئى. دىيال. بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ ئىلغىنىپ قالغان دېنى.

**رەزگىلەشمەك** پ. رەزگى ھالەتكە كەلمەك: قىزغۇچ بۇلغار بىلەن تاشلانغان بۇ كىتاب قولدىن قولغا ئۆتىۋېرىپ چۆرىلىرى رەزگىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پارقىراق قاپقارا خەتلىرى تېخى ھېچقانچە ئۆڭمىگەنىدى.

**رەزگىلىك** ئى. چىرىگەن، رەزگى ھالەت، ئىپلاسلىق.

**رەزىل** سۈپ [ئە] ① كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، پەسكەش، ئىپلاس، رەسۋا: ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە رەزىل بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. ② رەھىمسىز، قەبىھ، ئەشەددىي، ۋەھشىي: رەزىل دۇشمەن.

**رەزىللەشتۈرمەك** «رەزىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەزىللەشمەك** ئى. رەزىللىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلماق، قىلمىشى رەزىل بولماق: ئۇلار تولىمۇ رەزىللەشتى.

**رەزىللىك** ئى. رەزىل ئىش ـ ھەرىكەت، رەزىل قىلىق، رەزىل قىلمىش: مەن ئىنسانلار ئارىسىدا مۇشۇنداق رەزىللىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم چۆچۈدۈم.

**رەسەت** ئى [ئە] يېزىت <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش، ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىشلەر.

**رەسەتچىلىك** ئى<ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئىشى، ئاسترونومىيە ئىلمى: بۇ ئادەم رەسەتچىلىك، جۇغراپىيە ئىلىملىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ.

**رەسەتخانا** ئى [ئە + پ] <ئاستر> مەخسۇس ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى، يەر تەۋرەش ۋە ھاۋا رايى قاتارلىق ھەر خىل ھادىسىلەرنى كۆزىتىدىغان ئورۇن، ئىستانسا.

**رەستە** ئى [پ] شەھەر ياكى بازارنىڭ ئىككى ياقىسىغا ھەر خىل سودا دۇكانلىرى قاتار ئورۇنلاشقان ئاۋات كوچىسى: ئۇ يۈك بېسىلغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن ئۆتۈپ، چوڭ تاشيولغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ توختىدى.

**رەسسام** ئى [ئە] رەسىم سىزىشقا ماھىر ۋە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتكار.

**رەسساملىق** ئى<گ سەن> رەسىم سىزىش سەنئىتىنىڭ بىر خىلى: رەسساملىق قىلماق.

**رەسمىي** سۈپ [ئە] ① ھۆكۈمەت، دۆلەت ياكى بىرەر تەشكىلگە ئائىت ۋە شۇلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئېلان قىلىنغان، چىقىرىلغان، تارقىتىلغان: رەسمىي كادىر. رەسمىي ۋەكىل. رەسمىي ئاخبارات. ② رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەمەس، راستىنىلا، ئەمەلىي، ھەقىقىي: نىياز پالۋان ئىشىكلىرىنى تاقاپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلار رەسمىي گەپكە چۈشتى. ③ قانۇنىي تەستىقتىن ئۆتكەن، رەسمىيەتلەشتۈرۈلگەن: رەسمىي ھۆججەت. رەسمىي ئەزا.

**رەسمىيەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى بىرەر تەشكىل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بېجىرىلىش تەرتىپى، بېجىرىلىش رەسىم ـ قائىدىسى: رەسمىيەت ئۆتىمەك. ② بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى بىرەر تەشكىل تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان خەت، تونۇشتۇرۇش ۋە ئالاقە قاتارلىقلار: — نېمىشقا تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىسىز؟ قېنى، بۇ يەرگە كىرىشتىكى رەسمىيىتىڭىزنى چىقىرىڭ! — دېدى ئۇ سىيىت ئاكىغا خاپا بولۇپ. ③ ئۇزۇندىن بېرى خەلق تۇرمۇشىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن ئادەت، يوسۇن: ئۇ جاپپارنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل تۈتۈۋالدى ـ دە، رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا: — باشلىق، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپ قويدى. ④ باشقىلارغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە قىلىنغان شەكلەن ئىش: ئۇ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ياتلىق بولدى، لېكىن ئۇ پەقەت رەسمىيەتنى ئادا قىلىشلا بولدى، خالاس.

**رەسمىيەتچى** ئى. ھەربىر ئىشنى، مەسىلىنى بېجىرگەندە قۇرۇق رەسمىيەتكە ئەمەل قىلىدىغان، ئېسىلىۋالىدىغان، قاتمال، بيۇروكرات ئادەم: — ئىلىم ئەھلى مۇشۇنداق رەسمىيەتچى كېلىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. // رەسمىيەتچى رەھبەرىي كادىرلار ھەرقانداق ئىش قىلسا رەسمىيەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

**رەسمىيەتچىلىك** ئى ① ھەربىر ئىشنى، مەسىلىنى بېجىرگەندە قۇرۇق رەسمىيەتكە ئېسىلىۋېلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، شەكلەن ئىش قىلىش: رەسمىيەتچىلىك قىلماق. ② باشقىلارغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە ساختىلىق بىلەن ئىش قىلىش؛ شەكىلۋازلىق: ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ھەرگىزمۇ رەسمىيەتچىلىك ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىش بولماستىن، بەلكى كەمچىلىك ـ خاتالىقنى تۈگىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. ③ كىشىلىك تۇرمۇشتا رەسىم ـ قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، رەسىم ـ قائىدىنى، ئۆرپ ـ ئادەتنى قوغلىشىش: تويىنىڭ چوڭ چېيى، كىچىك چېيى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر رەسمىيەتچىلىكتۇر.

**رەسمىيەتسىز** سۈپ ① رەسمىيەت ئۆتىمەي، رەسمىيەت بېجىرمەي: رەسمىيەتسىز چىقىم قىلماق. ② قائىدىنى بۇزۇپلا، ئۇسۇپلا، ئۇدۇل: دەل شۇ پەيتتە، كۈتۈلمىگەندە تاشقىرىقى ئىشىكتىن قادىر ئاخۇن ھېچقانداق رەسمىيەتسىزلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**رەسمىيەتلىك** سۈپ. رەسمىيىتى بار، رەسمىيەت بېجىرىشكە تېگىشلىك، رەسمىيەت ئۆتۆلىدىغان: رەسمىيەتلىك توختام. رەسمىيەتلىك ئىش.

**رەسمىيلەشتۈرمەك** «رەسمىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — رەيھان، بىز سىزنى يېرىم يىلغا قالماي رەسمىيلەشتۈرىمىز، — دېدى ئۇ رەيھاننى ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

**رەسمىيلەشتۈرۈشمەك** «رەسمىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رەسمىيلەشتۈرۈلمەك** «رەسمىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالىم بۇ يىل رەسمىيلەشتۈرۈلدى.

**رەسمىيلەشمەك** پ ① رەسمىي يول بىلەن تەستىقلانماق، رەسمىي تۈس ئالماق، رەسمىي بولماق: ھۆججەتلەر رەسمىيلەشتى. ② ئادەتكە، قائىدە ـ يوسۇنغا ئايلىنىپ قالماق: شائىر «ئەل» دېگەندە، ئۇنى كىشىلەر ئاغزىدا رەسمىيلىشىپ قالغان رەسمىيەت بويىچە ئېيتمايدۇ. ③ بىرەر ئورۇن، تەشكىلاتنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا ياكى خادىملىقىغا ئۆتمەك: ھەلىمە پارتىيە ئەزالىقىغا رەسمىيلەشتى.

**رەسۋا ( رەسۋاسى )** سۈپ [پ] ① ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت، يامان ئىش ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى بىلەن كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان؛ پەس، پەسكەش، رەزىل: ھەزرىتىم مېنى ئۇچىغا چىققان رەسۋا ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ. // ۋاھاپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: — مەن ئەمدى ئۇ رەسۋانى ئالمايمەن، — دېدى. ② كىشىنى بىزار قىلىدىغان، يىرگەندۈرىدىغان؛ ناھايىتى سەت، تېتىقسىز، يامان، ناچار: رەسۋا گەپ.

**رەسۋاچىلىق** ئى. كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قېلىش؛ رەسۋا بولۇش ھالىتى، رەسۋا ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق؛ شەرمەندىلىك، سەتچىلىك: بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «ئاھ، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ.

**رەسۋالارچە** رەۋ. رەسۋالارغا ئوخشاش، رەسۋالاردەك: ئىشپىيون ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئىچىدىن رەسۋالارچە قوغلاپ چىقىرىلىشتىن ئازراقمۇ خىجىللىق تارتىپ قالمايتتى.

**رەسۋالاشتۇرماق** «رەسۋالاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەسۋالاشتۇرۇلماق** «رەسۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رەسۋالاشماق** پ. رەسۋا ھالغا كەلمەك، رەسۋا بولماق: — نېمە؟ ئەمدى بىزنى يۇرت ئىچىدە تۇرالمىسۇن، رەسۋالىشىپ ھەممىسىنىڭ مەسخىرىسىگە قالسۇن دېمەكچىمۇ سەن؟ ۋاي ئىست، — دېدى خالىق ھېلىقى ئايالغا.

**رەسۋالىق** ئى. رەسۋا ئىش، رەسۋا قىلىق: رەسۋالىق قىلماق. * ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمىغان رەسۋالىقلىرىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا تىل بىرىكتۈرگەنىكەن.

**رەسۋايىئالەم** سۈپ [رەسۋا + يى + ئالەم] رەسۋالىقى پۈتۈن ئالەمگە پۇركەتكەن، رەسۋالىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان: — ۋاي يەر يۇتقۇر، تېخىچە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ مېنى رەسۋايىئالەم قىلىدىغان بولدۇڭ، ئەمدى خوجامغا نېمە دەيمەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

**رەسۋايىجاھان** سۈپ [رەسۋا + يى + جاھان] → **رەسۋايىئالەم:** ھەسەن رەسۋايىجاھان بولۇشتىن قورقۇپ شاھزادە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**رەسدە** سۈپ [پ] بويىغا، بالاغەتكە يەتكەن؛ يېتىلگەن (قىز بالا ھەققىدە): رەسدە بولماق.

**رەسىم** I ئى [ئە] كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان تەرتىپ ـ قائىدە؛ ئۆرپ ـ ئادەت: رەسىم بولۇپ قالماق. * قىلمىساڭ گەر بۇنى رەت، قوي بىر كىمگە مۇھەببەت، يۇرتىمىزنىڭ رەسمى شۇ، كەتكۈڭ كەلسە شۇ چاغ كەت.

**رەسىم** II ئى [ئە] سىزىلغان، بېسىلغان ياكى فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق تارتىلغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرى؛ سۈرەت: رەسىم سىزماق. قىستۇرما رەسىم.

**رەسىمچى** ئى. رەسىم سىزغۇچى ياكى مەخسۇس فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتقۇچى.

**رەسىمچىلىك** ئى. رەسىم سىزىش ۋە فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتىش ئىشى، كەسپى: رەسىمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**رەسىمخانا** ئى [ئە + پ] ① رەسىم سىزىش ئۆيى: ئابدۇسەمەت بۇ بىر كۈننى سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىمخانىسىدا رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ② فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق مەخسۇس رەسىمگە تارتىپ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن ۋە شۇ ئورۇننىڭ فوتو ئاپپاراتى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي: ئوقۇغۇچىلار رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن رەسىمخانىغا كىرىشتى.

**رەسىم ـ قائىدە** قائىدە ـ يوسۇن؛ ئادەتلەنگەن تەرتىپ ـ تۈزۈم: مەن رەسىم ـ قائىدە بويىچە ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى يېنىغا كىردىم.

**رەسىملەشتۈرمەك** پ ① «رەسىملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قائىدە رەسىملەشتۈرۈلدى. ② رەسىملەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتمەك، رەسىم ۋاسىتىسى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرمەك.

**رەسىملەشتۈرۈلمەك** «رەسىملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چاتما رەسىمدە ئەدەبىي ئەسەر، ھېكايە ياكى رېئال تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئىخچام خەتلەر بىلەن سېنارىيەلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن رەسىملەشتۈرۈلىدۇ.

**رەسىملەشمەك** پ ① رەسىمگە ئايلانماق، قائىدىلەشمەك. ② سۈرەت ھالىتىگە كەلمەك.

**رەسىملىك** سۈپ. رەسمى بار، يۈزىگە، بېتىگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن ياكى سىزىلغان: رەسىملىك كىتاب. رەسىملىك ژۇرنال.

**رەسىم ـ يوسۇن** → **رەسىم ـ قائىدە:** ئۇ يۇرتنىڭ رەسىم ـ يوسۇنى ئۆزگىچە ئىكەن.

**رەشك** ئى [پ] ① ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى بىراۋدىن كۈنلەش، قىزغىنىش؛ كۈندەشلىك: ئايشەم ئۇلارنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە رەشك قوزغالدى ۋە دىرىزىنى يېپىۋەتتى. ② كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، ئىچى تارلىق: — قانداق، رەشكىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۇ دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ.

**رەشكچى** ئى. رەشك، كۈندەشلىك قىلغۇچى؛ ھەسەتخور: ئۆزگىنى ياراتماس ئۆزىدىن باشقا، تەڭ كۆرمەس ياقۇتنى ئۆزىدىكى تاشقا. ۋە بەلكىم سالغاندۇر رەبىم ئەخمەقلىق دەردىنى ئەڭ ئەخمەق رەشكچى باشقا.

**رەغد ( رەغدى )** ئى [ئە] راي، مەيل؛ كۆڭۈل، خۇش: رەغدى بارماسلىق. رەغدى بار. رەغدى يوق.

**رەقەم** ئى [ئە] يېزىقتا ساننى ئىپادىلەيدىغان بەلگە: ئەرەب رەقىمى. رىم رەقىمى.

**رەقەملەشتۈرمەك** «رەقەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رەقەملەشتۈرۈلمەك** «رەقەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لېكىن رۇسىيەنىڭ ھازىرغا قەدەر مۇنتىزىم رەقەملەشتۈرۈلگەن پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى يوق.

**رەقەملەشمەك** پ. رەقەم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ھالەتكە كەلمەك: رەقەملەشكەن تېلېۋىزور. رەقەملەشكەن فوتو ئاپپاراتى. * چىراغچىلىق ئىشلىرىدىكى رەقەملىشىش، تورلىشىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى بىزگە چىراغچىلىق جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى ۋە يېڭى تەلەپ قويدى.

**رەقەملىك** سۈپ ① سانلار، رەقەملەر بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ رەقەملەر بىلەن يېزىلغان: رەقەملىك ئىپادە. ② سانلار، رەقەملەر ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان؛ سانلار، رەقەملەرنىڭ ياردىمى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان: رەقەملىك باشقۇرۇلىدىغان ئىستانوك.

**رەقس** ئى [ئە] يېزت. ئۇسسۇل: ئالدىرايمەن خۇش كۆڭۈل ئاتا - ئانىنى كۆرگىلى، قىز - يىگىتلەر ئوينىغان رەقس، سامانى كۆرگىلى.

**رەققاس** ئى [ئە] يېز ت. ئۇسسۇل ئوينىغۇچى كىشى، ئۇسسۇلچى: ئەنە تەسۋىرىي سۈرەتتە چېلىپتۇ مۇترىبىنىڭ ھەر ساز، ئۇسسۇل رەققاسلىرى قىپتۇ پەردىدەك كۆكتە مىڭ پەرۋاز. // ئۇ رەققاس قىزلاردەك كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى بىر پەستىلا قەرز ئىگىسىنىڭ قاپىقى سېلىنغان، تەرى تۇرۇلگەن قىياپەتكە ئۆزگەرتەلەيتتى.

**رەقىب** ئى [ئە] ① رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىكى قارىمۇقارشى تەرەپ، ئۆز ئارا رىقابەتلەشكۈچى (بىر - بىرگە نىسبەتەن): رەقىبىنى يەڭمەك. ② دۈشمەن، ياۋ: شامەخسۇت ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىدىنمۇ قىساس ئالدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەقىبلىك** ئى. دۈشمەنلىك: قىزغا نۇر مەن كۆزۈدىلدىن ھەم رەقىبلىك قىلمىغاي، كەلسە گەر ھالىم سوراپ يېنىمغا ئول دىلجۇ يىگىت.

**رەكەت** ئى [ئە] <دىن> نامازنىڭ ناماز باشلانغاندىن تارتىپ رۇكۇ ۋە ئىككى قېتىملىق سەجدىنىڭ تاماملىنىشى: بالا ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇپ ئالتۇن شەمشەرگە ئەمر قىپتۇ.

**رەگەتكە** ئى [ر] ئۇششاق تاش، داڭگال ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ئېتىش ئۈچۈن ئاچىماق ياغاچقا رېزىنكە بېكىتىپ ياسالغان ئاتقۇچ: رەگەتكە ياسىماق. رەگەتكە ئوينىماق.

**رەڭ** ئى [پ] ① نەرسىلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا، بوياق. ② جىسىملاردىن چىققان، قايتقان ياكى ئۆتكەن نۇر دولقۇنلىرىنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئەزالىرىمىزدا قالدۇرغان تەسىرى. ③ ھىيلە - مىكىر؛ ساختىلىق، نەيرەڭ: ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ (ماقال).

**رەڭچى** ئى. رەڭ بېرىش، بوياش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى؛ بوياقچى: ئۇلارنى كىشىلەر «سەرگاز» ۋە «رەڭچى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاشقان.

**رەڭدار** سۈپ [پ] ① بىر ئەمەس رەڭدە بويالغان؛ رەڭلىك: رەڭدار قەغەز. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق: ئارتىسلار بولسا، سۇ بويلىرىدا يوگۇرۇپ يۈرۈپ رەڭدار گۈللەردىن تۈتام - تۈتام دەستىلەر تېزماقتا. ③ كۆچمە. خىلمۇخىل، مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: رەڭدار تۇرمۇش.

**رەڭدار پەردە** <بىيول> كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى تەركىبىدە پىگمېنت بولغان ھالقىسىمان نېپىز پەردە. ئۇ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلىق ھۈجەيرە ۋە مۇسكۇل تالالىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا كۆز قارىچۇقى بولىدۇ. كۆز ئالمىسى رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى رەڭدار پەردە تەركىبىدىكى پىگمېنت مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**رەڭدارلاشتۇرماق** «رەڭدارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىلەر مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، تۇرمۇشنى رەڭدارلاشتۇرىدۇ. * شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەھىپىلىرىنى يېڭىلاپ، رەڭدارلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

**رەڭدارلاشتۇرۇشماق** «رەڭدارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رەڭدارلاشتۇرۇلماق** «رەڭدارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رەڭدارلاشماق** پ. رەڭدار ھالەتكە كەلمەك، رەڭدار بولماق: گېزىتلەر رەڭدارلاشتى. تۇرمۇشىمىز رەڭدارلاشتى. ئائىلىرىمىز رەڭدارلاشتى.

**رەڭدارلىق** ئى. رەڭ جەھەتتىن ناھايىتى كۆركەم بولۇش، رەڭدار ھالەت: بۇ ئالمىلارنىڭ رەڭدارلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

**رەڭداش** سۈپ. رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، رەڭگى بىر خىل.

**رەڭداشلىق** ئى ① رەڭگى ئوخشاشلىق. ② <زوئول> بەزى ھايۋانلارنىڭ مورفولوگىيەسى، رەڭگى ۋە تېنىدىكى ئالىسى باشقا خىلدىكى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ياكى ئەتراپىدىكى باشقا جىسىملارغا ئوخشاپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شۇ خىل ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەندىن قوغدىنىش ھادىسىسى.

**رەڭسىز** سۈپ ① رېڭى يوق، بىرەر رەڭگە ئىگە بولمىغان؛ تۇسسىز: رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ② رەڭ بېرىلمىگەن، رەڭلىك ئەمەس: رەڭسىز گىلەم. ③ كۆچمە. ئۆچكەن، كۆرۈمسىز، يېقىمسىز، سەت: ئۇنىڭ رەڭسىز يۈزى بىردىنلا غەزەپكە تولۇپ كەسكىنلەشتى.

**رەڭسىزلەشمەك** پ. رەڭسىزلەنمەك: باچاڭ تەرىپتە تاڭ شەپىقىنىڭ قىزىللىقى رەڭسىزلىشىپ ئاقىرىپ بېرىۋاتقاندىلا ساي بويىدا ئوچاقلار تۈتەشكە باشلىغانىدى.

**رەڭسىزلەنمەك** پ. ئۆزىدىكى رەڭنى يوقاتماق، رەڭسىز ھالەتكە كەلمەك؛ سەتلەشمەك: بۇ خىل سۇيۇقلۇق خىمىيىلىك ئۇسۇلدا رەڭسىزلىنىدۇ.

**رەڭسىزلىك** ئى. ئېنىق رەڭگە ئىگە بولماسلىق، رەڭگى يوقلۇق ياكى رەڭگى ئېنىقسىزلىق، سۇسلۇق: سۇ رەڭسىز، پۇراقسىز سۇيۇقلۇق، ئەمما ئۇنىڭغا زەررە رەڭ قوشۇۋەتسىڭىز، رەڭلىك بولىدۇ، ئازغىنا ئىسپىرت قوشۇۋەتسىڭىز، رەڭسىزلىكنى يوقىتىپ پۇرايدۇ.

**رەڭشۇناس** ئى <گ سەن> مەخسۇس رەڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، مۇتەخەسسىس.

**رەڭشۇناسلىق** ئى <گ سەن> رەڭنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**رەڭگ** ئى [پ] ① بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدىكى بوياق، رەڭ: ئۈستەلنىڭ رەڭگى. قاننىڭ رەڭگى. ② يۈز، چىراي، تەلەت: رەڭگى تاتارماق. رەڭگى ئۆچمەك. رەڭگى ئۆڭمەك .

**رەڭگارەڭ** سۈپ [پ] ھەر خىل رەڭدىكى، رەڭمۇرەڭ: شەرقچە رەڭگارەڭ گۈللەرگە كۆز تاشلىدى.

**رەڭگىروي** ئى [ رەڭگ + ى + روي] چىراي، يۈز ـ كۆز: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال).

**رەڭلەتمەك** «رەڭلىمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەسىمنى رەڭلەتمەك.

**رەڭلەشتۈرمەك** «رەڭلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەرقانداق بوياقچى بوياقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ قايسى خىل مىنېرال ماددىنى قوشسا بوياقنىڭ رەڭلەشتۈرۈش رولى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**رەڭلەشمەك** پ. رەڭ بىلەن بويالماق، رەڭگە كىرمەك، ئىگە بولماق.

**رەڭلەنمەك** «رەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەپەق شولىسى بىلەن يورۇپ تۇرغان ئۈزۈم دانىلىرى شۇ قەدەر رەڭلىنىپ، جۇلالىنىپ كەتكەندىكى، كىشىگە قاشتېشىدىن ياسالغان نەپىس سەنئەت بۇيۇمنى يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىغا ئېسىپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. * بۇ تەسىرات ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دىيالوگلىرىدىكى تېپىكلىكلەر نەتىجىسىدە سوزۇلۇپ رەڭلىنىشكە باشلايدۇ.

**رەڭلىك** سۈپ ① رېڭى بار، رەڭ بېرىلگەن، رەڭ بىلەن بويالغان، رەڭدار: رەڭلىك رەسىم. ② چىرايلىق، ئۈز: ئالمىدىن رەڭلىك ئىدىم، رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق. ئۈندىسەڭ يېنىڭدا مەن، ئۈندىمىسەڭ كەتتىم يىراق.

**رەڭلىك تېلېۋىزور** يالتىراق ئېكراندا رەڭلىك كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلالايدىغان تېلېۋىزور.

**رەڭلىك فىلىم** <كىنو> رەڭلىك كىنو لېنتىسىغا ئېلىنغان، يەنى نەرسىلەرنى ئەسلىي رەڭگى بويىچە ئېكراندا كۆرستەلەيدىغان فىلىم.

**رەڭلىك مېتال** <گېئول> تۆمۈر، مانگان ۋە خىرومدىن ئىبارەت قارا مېتاللاردىن باشقا بارلىق مېتاللارنىڭ ئورتاق نامى. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، سىماب، سىنك، سۈرمە قاتارلىقلار.

**رەڭلىمەك** پ. رەڭ بىلەن بويىماق. رەڭ بەرمەك، رەڭگە كىرگۈزمەك: سۈرەتنى رەڭلىمەك. ماتانى رەڭلىمەك.

**رەڭمۇرەڭ** ① تۈرلۈك رەڭلەردىكى، ھەر خىل رەڭدىكى: رەڭمۇرەڭ گۈللەر. ② تۈرلۈك ـ تۈمەن، خىلمۇخىل، ھەر خىل: رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن (ماقال).

**رەڭۋاز** ئى [پ] كۆز بويامچى، ئالدامچى، ساختىپەز ئادەم: رەڭۋازلاردىن يىراق تۇر.

**رەڭۋازلىق** ئى. كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك: ئۇ بىزنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن رەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ.

**رەللە** ئى. ئىچى تىت ـ تىت بولۇش، تاقەتسىزلىنىش؛ ئاچچىقلىنىش: ئۇ نېمە قىلارنى بىلمەي رەللە بولۇشقا باشلىدى.

**رەم** ئى [ئە] خۇراپاتلىقتا بىراۋنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى، تەلىيى، تەقدىرى قاتارلىقلار ھەققىدە خەۋەر بېرىدىغان پائالىيەت؛ پال: رەم ئاچماق. رەم سالماق. رەم باقماق.

**رەمچى** ئى. رەم ئاچىدىغان، رەم سالىدىغان كىشى؛ پالچى: رەمچىنىڭ رېمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى دۇرۇس (ماقال).

**رەمچىلىك** ئى. رەم بېقىش ئىشى، پالچىلىق: رەمچىلىك قىلماق.

**رەمزە** ئى [ئە] ① بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگۈچى، ئەسلەتكۈچى شەرتلىك بەلگە، ئىشارە؛ سىمۋول: دوستلۇق رەمزىسى. تىنچلىق رەمزىسى. * شائىر بۇ يەردىن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سىرلىق تەكلىماكاننىڭ رەمزىسىنى كۆردى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەممال** ئى [ئە ] ← **رەمچى**: خالىق «باخشى»، «رەممال» دېگەن بىرنېمىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەيتتى.

**رەممالىق** ئى ← **رەمچىلىك**: رەممالىق قىلماق.

**رەنا** [ئە] سۈپ ① كېلىشكەن، گۈزەل، چىرايلىق: بۇ قىز بۇرۇنقى ئىككى قىزغا قارىغاندا رەناراق ئىكەن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رەناگۈل** ئى [رەنا + گۈل] ① <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ② قىزلارنىڭ ئىسمى.

**رەنالىق** ئى. گۈزەللىكلىك، چىرايلىقلىق.

**رەنە** ئى [ئە] ← **گۆرۈ**: رەنىگە قويماق.

**رەنج** ئى [ئە] يېزت ① كۆڭلىگە، دىلىغا يەتكەن ئازار، خاپىلىق، دەرد، ئەلەم: رەنج تارتماق. * رەھىم قولىدىن كېلىشىچە خەقنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان ئادەم. ② ئازاب، جاپا، مۇشەققەت: تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە، جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىدار كېرەك بولسا.

**رەنج ـ بالا** دەرد ـ ئەلەم، بالا ـ قازا: مەن ھاياتلىقىمدىكى ھەممە رەنج ـ بالاغا سەۋر قىلىمەن. * دۇنياغا كېلىپ رەنج ـ بالانى كۆرۈپ ئۆتتۇم، ئۇل رەنج ـ بالا دەشتىدىن ئۆرگىلىپ ئۆتتۇم.

**رەنجداش** ئى. يېزت. بىر كىشى، نەرسە ياكى ئىشتىن ئۆزى بىلەن تەڭ رەنجىگەن كىشى: بىئەقىل قولىدا قانغا بويالغان، گۆھەرسىز كۆزۈمدە ئاقار ياشىم بار؛ ئىشتىگىل خۇنۇم بار ئۇنىڭدا مېنىڭ، شۇ كەبى نامەردكە رەنجداشىم بار.

**رەنج ـ مۇشەققەت** رەنج ۋە مۇشەققەت: ھاتەم بەزىلەر غايىب بولغان يەرگە قاراپ ماڭدى. كۆپ رەنج ـ مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ باردى.

**رەنجىتمەك** «رەنجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ماڭا قاراڭ، بولدى قىلىڭ، گەپ قىلماي مايانغا مېڭىڭ، ـــ ئۇنى بىرى يېڭىدىن تارتتى، ـــ بىلمەمتىڭىز، بۇ بازارلىق ئۇششۇقلارنى، دادىسى «خوتۇنۇڭنى !...» دەپ تىللايدىغان ياۋايى ئېشەكلەرنى؟ بىكاردىن ئەتىگەندىلا ئۆزىڭىزنى رەنجىتىۋالدىڭىز.

**رەنجىتىلمەك** «رەنجىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رەنجىش** ئى. خاپا بولۇش، ئاغرىنىش: قانچە قېتىملاپ گۈلى تەرەپتىن رەنجىشكە ئۇچرىغان بۇ كىشىنىڭ كۆزى ئاۋۋالقىدەكلا پاك مۇھەببەت ۋە سەممىمىي ئەقىدە بىلەن گۈلىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

**رەنجىشلىك** سۈپ. رەنجىش، ئاغرىنىش تۇسىنى ئالغان؛ رەنجىشكە تېگىشلىك: ـــ تولا يىغلاپ كۆزىمىزنىڭ يېشىمۇ قۇرۇپ كېتەي دېدى، بىزنىڭ ئەرز خەتلىرىمىز ئوردا بەگلىرىنىڭ يانچۇقىدىلا تىتىلىپ تۈگەيدۇ، ـــ دېدى تورپاق موللا راجى رەنجىشلىك بىلەن.

**رەنجىشمەك** «رەنجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ يامان گېپىدىن قاتتىق رەنجىشتى.

**رەنجىمەك** پ. دىلى ئازار يېمەك، خاپا بولماق، نارازى بولماق: رەنجىدىمەن سېنىڭدىن، ئەقىدەمنى بىلمىدىڭ. سىلىپ قويۇپ پىراققا، تاشلاپ كەتتىڭ، كەلمىدىڭ.

**رەندە** ئى [پ] ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قىرىپ سىلىقلىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان، ئوتتۇرىسىغا پولات تىغ ئورنىتىلغان دەستىلىك ئەسۋاب.

**رەندىلەتمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچنى رەندىلەتمەك. شالنى رەندىلەتمەك.

**رەندىلەشمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رەندىلەنمەك** «رەندىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاختاي رەندىلەندى. ياغاچ رەندىلەندى.

**رەندىلىمەك** پ. رەندە ياكى رەندىلەش ئىستانوكى ئارقىلىق سىلىقلىماق: قېيۇم ئۇستا ياغاچلارنى رەندىلەپ بولۇپ، چېتىق ۋە تۆشۈكلەرنى ئۆلچەپ سىزىۋاتاتتى.

**رەنىلىك** سۈپ. ئالدىن رەنە قويۇلغان: رەنىلىك قەرز پۇل. رەنىلىك ھۆددە. * داۋۇس مۇنبىرى دۇنيا بويىچە پاي چېكى بازىرى داۋالغۇۋاتقان، ئامېرىكىنىڭ ئىككىلەمچى رەنىلىك قەرز كىرىزىسى كېڭىيىۋاتقان پەيتتە ئېچىلدى.

**رەھبەر** ئى [پ] ① يولباشچى، باشلىق: ئۆيدە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھېلىقى ئىككى كىشى قالدى. ② تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى، يولىيورۇق كۆرسەتكۈچى؛ ئۇستاز: ئەخمەتجان ئەپەندىم بىزگە رەھبەر.

**رەھبەرلىك** ئى ① تەلىم - تەربىيە، يولىيورۇق بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، خىزمىتى: بىز باش ئىشتابنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللاپ، ھمايە قىلىمىز. ② سۈپ. باشقۇرۇش ئىشنى ياكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان: رەھبەرلىك گۇرۇپپا. ③ ئى. بىرەر ئىدارە ياكى كوللېكتىپنى باشقۇرىدىغان رەھبىرىي ئورگان، تەشكىل: مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشلىرى كېرەك.

**رەھبىرىي** سۈپ [پ + ئە] رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئائىت: سۆھبەتكە بىر قىسىم رەھبىرىي يولداشلار قاتناشتى.

**رەھمان** ئى [ئە] ① يېز ت . شەپقەت قىلغۇچى، شەپقەتلىك ئاللا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەھمانلىق** ئى. شەپقەتلىك خىسلەت، مېھرىبانلىق: ئېغىرلىق — رەھمانلىق، يېنىكلىك — شەيتانلىق (ماقال).

**رەھمەت** ئى [ئە] ① بىرىكىمگە بىلدۈرگەن تەشەككۈر ۋە مىنەتدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ: رەھمەت ئېيتماق. رەھمەت ئوقۇماق. ② مەرھەمەت، شەپقەت، ياخشىلىق: — خۇدا رەھمەت قىلسۇن بېگىم، — دېدى بوۋاي خۇشال بولغان ھالدا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەھمەتلىك** سۈپ. خۇدانىڭ رەھمىتىگە لايىق، مەرھۇم (ۋاپات بولغان كىشى ھەققىدە): رەھمەتلىك ئاتام ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى. // ھەي، ئېسىل يىگىت ئىدى. رەھمەتلىك بولۇپ كەتتى - دە...

**رەھمىتىي** سۈپ. ← **رەھمەتلىك**: ئاتائلار رەھمىتىي ئۇ يامبۇنىڭ نەگە كۆمۈلگىنىنى ئېيتمىغانىدى.

**رەھنەما** ئى [پ] يېز ت. يول كۆرسەتكۈچى، باشچىلىق قىلغۇچى، يېتەكچى: ئۇنىڭ خىيالىچە، ئۇستازى ياڭ زىڭشىنىنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن يۇرت سوراش تەدبىرلىرى ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر رەھنەما بولۇشى لازىم ئىدى.

**رەھنەمالىق** ئى. يېز ت . يول كۆرسەتكۈچ، باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك: دىلى قەست بىرلە تولغانلار، بىلەلمەس رەھنەمالىقنى، يېقىننى يات بىلىپ تۇتقاي يىراقتىن ئاشنالىقنى.

**رەھىم** ئى [ئە] ① مېھىر - شەپقەت، مەرھەمەت، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق: رەھىم قىلماق. رەھمى كەلمەك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەھىمدىل** سۈپ [رەھىم + دىل] بىرىكىمگە ئازار بەرمەيدىغان، كىشىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنىلا ئويلايدىغان، شەپقەتلىك: رەھىمدىل ئادەم. رەھىمدىل كىشى.

**رەھىمدىللىك** ئى. كۆڭلى يۇمشاقلىق؛ رەھىم - شەپقەتلىك، مېھرىبانلىق: رەھىمدىللىك قىلماق.

**رەھىمسىز** ① سۈپ. رەھمى يوق، كىشىگە رەھىم قىلمايدىغان، شەپقەتسىز: رەھىمسىز ئادەم. ② رەۋ. رەھىم قىلماي، رەھىم قىلمىغان ھالدا، رەھىمسىزلەرچە: سېغىنىش ۋە ئۈمىد قامچىسى مېنى رەھىمسىز قامچىلىماقتا ئىدى.

**رەھىمسىزلەرچە** رەۋ. رەھىمسىزلىك بىلەن، ۋەھشىيلەرچە: ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ - نەپرەتلىك بىر جۈپ كۆز رەھىمسىزلەرچە تىكىلگەنىدى.

**رەھىمسىزلىك** ئى. رەھىم - شەپقىتى يوقلۇق، شەپقەتسىزلىك، غالجىرلىق: شاھزادىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن باتۇر ۋارقىراپ خىزمەتچىلەرنى چاقىردى.

**رەھىم- شەپقەت** رەھىم ۋە شەپقەت؛ بىرىكىمگە ياكى نەرسىگە كۆرسىتىلگەن مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت: بوۋاي قىزغا كۆپ رەھىم - شەپقەت قىلدى.

**رەھىملىك** سۈپ. رەھىم قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، مېھرىبان: رەھىملىك كىشى.

**رەۋەت** ئى. جان ت. تاقەت، چىدام؛ رەغد، خاھىش: قەمەرنىسا ئىككىلىنىپ قالدى، باراي دېسە، ئانىسىنى يەنە كۆرۈشكە رەۋىتى يوق ئىدى.

**رەۋەن** ئى [پ] < بوت> ← **تۆگىقۇلاق**.

**رەۋەندە** ئى [پ] كونا جەمئىيەتتە دېھقانلاردىن ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ، باشقىلارغا يۇقىرى باھادا ساتىدىغان كىشى؛ ئاشلىق سودىگىرى: ئاتىسى ئۇنى رەۋەندىگە ئېشەك ھەيدىگىلى چاكار قىلىپ بېرىپتۇ.

**رەۋەندىچىلىك** ئى. كونا جەمئىيەتتىكى دېھقانلاردىن ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىش ئىشى: ئۇنىڭ سېتىپ بەرگىنى رەۋەندىچىلىك قىلىپ تاپقان پايدىسىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كەلمەپتۇ.

**رەۋىش** ئى [پ] ① ھالەت، ئۇسۇل، تەرز، يوسۇن. ② <تىل> شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى: ۋاقىت رەۋىشى. ھالەت رەۋىشى.

**رەۋىشتە** رەۋ. ئۇسۇلدا، تەرزدە، ھالەتتە، تەرىقىدە، ئەھۋالدا، ھالدا: بۇلار ئىختىيارسىز رەۋىشتە بىر - بىرىدىن ئۇزاقىدىچە كۆزلىرىنى ئېلىشالمىدى.

**رەۋىشداش** ئى [پ] <تىل> رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان

پېئىل شەكلى.

**رەۋىشلەشتۈرمەك** «رەۋىشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قوشۇمچە بەزى سۆپەتلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى رەۋىشلەشتۈرىدۇ.

**رەۋىشلەشمەك** پ. رەۋىش ھالىتىگە كەلمەك، رەۋىش رولىدا كەلمەك، رەۋىشلىك رولىنى ئوينىماق: رەۋىشلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەر.

**رەئىس** ئى [ئە] ① بەزى دۆلەت، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە ـ گۇرۇھ ياكى بەزى ئىدارە، تەشكىلاتلار رەھبىرىنىڭ ۋەزىپە نامى ۋە شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى: دۆلەت رەئىسى. ئۆلكە رەئىسى. ② مەجلىسنى باشقۇرغۇچى شەخس، يىغىن رىياسەتچىسى: مەجلىس رەئىسى. رەئىس سەھنىسى. ③ كونا. دىنىي مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بېجىرىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ۋە شۇنىڭدەك جىلىڭ تېپىشى، تارازا قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان مەنسەپدار كىشى.

**رەئىس ئەزا** <تېب> ئادەم بەدىنىدىكى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ئاساسلىق ئەزا: بۇ خىل دورىنىڭ رولى رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ، چىرايغا بالدۇر قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**رەئىسلىك** ① ئى. رەئىسلەر قىلىشقا، ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمەت، ئىش: سايلام داۋاملاشتۇرۇلۇپ، سەپداشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ل. مۇتەللىپنى تەشكىلات رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى. ② ئى. بىرەر مەجلىس، يىغىلىش قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئىشى، خىزمىتى: يىغىنغا رەئىسلىك قىلغۇچى كىشى ئورۇق ئىدى. ③ سۈپ. رەئىسكە خاس، رەئىسكە تەئەللۇق: ئەتىسى كۈن تۇغۇشى بىلەن ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات دىۋانغا كىرىپ، رەئىسلىك كۈرسىغا ئولتۇرۇپتۇ.

**رەئىشە** ئى [ئە] <تېب> ھەر بىر سېكۇنتتا 3 ـ 8 قېتىم تىترەيدىغان كىلىنىكىلىق كېسەل ئالامىتى.

**رەئىيەت** ئى [ئە] يېزىز ت. پۇقرا، خەلق: شاھ تىلەر بولسا شاھلىق قىلماق، رەئىيەتتىن كېرەك ئەمەس ئايرىلماق.

**رەيھان** ئى [ئە] ① <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق ياكى قوڭۇر ئارىلاش ئاق كېلىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرى خۇشبۇي بولۇپ، پۇراقلىق ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە سودا تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رەيھانزار** ئى. رەيھان كۆپ ئۆسكەن جاي: كۆڭلۈم گۈل تۈزگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزاردىن بىھېساب خۇش پۇراق گۈللەر يىغدى.

**رو** ئى [پ] <خىم> جان ت. ئالىيۇمىن: بۇ چۆگۈن رودىن ئىشلەنگەن. // رو قازان. رو چۆگۈن. رو ساپلىق.

**روبىرو** [پ] ① ئى. مەلۇم بىرنەرسە ياكى سۆزلىگۈچىگە قارىمۇقارشى بولغان تەرەپ؛ ئالدى، ئۇدۇلى: سابىر بىلەن سەلىمە بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، گەمىنىڭ روبىروسىغا كېلىپ توختىدى. ② رەۋ. يۈزتۇرانە،يۈزمۇيۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: ئۇلار شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ روبىرو ئولتۇرۇشتى.

**روبىرولاشماق** پ. روبىرو بولماق؛ دەلمۇدەل قارشىلاشماق، قارشىلىشىپ ئېلىشماق: بۇ قان ئىچەر يالماۋۇزلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ مەيدانلىرىدا روبىرولاشتۇق، ھەربىر ئۇرۇشنى ئۆز غەلىبىمىز ھېسابىغا ئاخىرلاشتۇردۇق.

**روپاش** سۈپ [پ] يات ئەرلەرگە كۆرۈنمەيدىغان، تالا ـ تۈزگە چىققاندا يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالىدىغان (ئايااللار ھەققىدە): ئۇ يەردە پەرەنجە ئارتىۋېلىشقان روپاش ئايااللار كۆپ ئىدى. // ئېشەك يوقالسا روپاشتىن سوراپتۇ (ماقال).

**روپاشلىق** ئى. روپاش ئايااللارغا خاس يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز ـ ھەرىكەت، خۇسۇسىيەت.

**روپىچك** ئى. موزدۇزلۇقتا ئىچ چەم بىلەن باشلىقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تىكىلىدىغان تاسما.

**روتا** ئى [ر] <ھەرب>→ **ليەن.**

**روتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتىر ماشىنىلىرى، تۇربىنا ياكى پومپىنىڭ ئايلىنىش قىسمى.

**روتېيىل** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى $TiO_2$ دانىچە ياكى كاللەك ھالەتتە بولۇپ، كۆپىنچە بېغىر رەڭ كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە ئۇ تىتان تاۋلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**روجەك** ئى. دېرىزىنىڭ كۆزنەك ئورنىتىلغان جازىسى؛ پەنجىرە: ياغاچ ـ تاش قۇرۇلمىلىق بۇ كاتتا ئىمارەت بىردەمدىلا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. مەدرىسەنىڭ ھەممە روجەك، پەنجىرىلىرىدىن قاپقارا ئىس تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ چىققىلى تۇردى.

**روجەكلىك** سۈپ ① روجىكى بار، روجەك ئورنىتىلغان: روجەكلىك ئۆي. ② روجەك قىلىشقا بولىدىغان، روجەك قىلىشقا يېتىدىغان: بىر روجەكلىك ياغاچ.

**روچۈن** ئى. قاناتلىرى پارقىرايدىغان، ئادەتتىكى چۈۋىندىلەردىن چوڭ بىر خىل چۈۋىن: روچۈن بولسا كىشى، قانات تاقاپ ئۇچسا كىشى. دۇنيانى بىر چۆرۈلۈپ، ئۆز خىلىنى تاپسا كىشى.

**روداز** ئى. جۇۋا تىكىدىغان تېرىنىڭ تېشىلگەن ياكى يىرتىلغان يېرىگە سېلىنغان ياپراق شەكىللىك ياماق.

**رودۇ** سۈپ [پ] ① تېنى ناھايىتى ئورۇق، جىۋەك، كۈچسىز، ئەبگاھ؛ ئاجىز: رودۇ ئادەم. ② ھېچ نەرسىسى يوق، تۇرمۇشى قىيىن؛ گادا‌ي، نامرات: مۇشۇنداق بىر رودۇ ئادەم تۇخۇمىدەك گۆھەرنى ئېلىپ كېتىۋاتسا، قاراپ تۇرامدۇق.

**رودۇپاي** [پ] ① ئى. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، پۇتى ئۆچەيگە ئوخشايدىغان، كىشىلەرگە ھاپاش بولۇۋالسا ئاجراتقىلى بولمايدىغان سۆڭەكسىز بىر مەخلۇق: رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ (ماقال). ② سۈپ. كۆچمە. ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، چېكىدىن ئاشقان ئۇششۇق، توخۇپوقى: — نېمانچە رودۇپاي نېمە سىز؟! ئادەممۇ شۇنداق يىزەڭ بولامدۇ؟! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**رودۇپايلىق** ئى. ئادەمگە بىھۇدە ئۇششۇقلۇق قىلىپ چاپلىشىۋېلىش، ئەسكىلىك قىلىش قىلمىشى: ئۇ رودۇپايلىق قىلىپ، زادىلا يېنىمدىن كەتكىلى ئۇنىمىدى.

**رودۇلاشتۇرماق** «رودۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رودۇلاشماق** پ. رودۇ ھالەتكە كەلمەك، نامراتلاشماق: تەر تۆكۈپ، ئۈنچە ـ مارجان ئارزۇلىشىپ، تۇگەشتۇق ئۆزىمىزمۇ رودۇلىشىپ.

**رودىمېنت** ئى [ر<لات] <بىيول> جانلىقلار تېنىنىڭ

مەلۇم قىسىملىرى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا كىچىكلەپ كېتىدىغان، تۈزۈلۈشى ئاددىيلىشىدىغان، رولى ئاجىزلاپ ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە. مەسىلەن، پىتىنىڭ قانىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

**رودىمېنتلاشماق** پ <بىيول> تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا بەزى جانلىقلار تېنىنىڭ مەلۇم قىسمى كىچىكلەپ، بەزىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىيلىشىپ، بەزىلىرىنىڭ رولى ئاجىزلىماق ياكى پۈتۈنلەي يوقالماق.

**رودىي** ئى [ر<لات <گىرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Rh (Rhodium). كۈمۈش رەڭدە ياكى كۈل رەڭ ئارىلاش كۆك رەڭدە بولىدۇ، پارقىرايدۇ، قاتتىق كېلىدۇ. ئادەتتە كۆزەت چىرىغىنىڭ نۇر قايتۇرغۇچ ئەينىكىنىڭ يۈزىگە يالىتىلىدۇ، قېتىشمىلىرى خىمىيەۋى ئەسۋابلار ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋابلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**روزا** ئى [ پ] ① <دىن> رامىزان ئېيى داۋامىدا، سۈبھىدىن كۈن پاتقۇچە — پۈتۈن كۈن يېيىش - ئىچىشتىن ئۆزىنى تۇتۇش ئادىتى: روزا تۇتماق. روزىنى بۇزماق. ② رامىزان ئېيى.

**روزا- رامىزان** روزا تۇتۇلىدىغان ئاي - كۈنلەر، رامىزان مەزگىلى.

**روزانە** ئى [پ] تىرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭغا لازىملىق ئىقتىساد ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەر.

**روزغار** ئى [پ] ① كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك، ئاشلىق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ ئوزۇقلۇق: ھەبىبۇللا ھاجى روزغار تەييارلاپ تەڭ كېچە مەھەل بىلەن ئاقيول تىلەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ② ئۆي - جاي، ماكان؛ مال - مۈلۈك، تەئەللۇقات، ئۆي، بىسات: مومايئاخىرى چوڭ نەۋرىسى روشەنگۈلنى ئېلىپ قەدىمىي روزغارىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ③ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك: — ئۇلارغا ئەلۋەتتە روزغار كېرەك، — دېدى ئىمام خاتىپ تېزلا جاۋاب بېرىپ.

**روزغارسىز** سۈپ. ئوزۇق - تۈلۈك، ئۆي - ماكان، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلىرى يوق: پادىچىلار روزغارسىز قالغاندا دادام بىلەن ئىككىمىز ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىپ بەرگەنىدۇق.

**روزگار** ئى [پ] ۋاقىت، چاغ: قۇياش بىر غۇلاچ ئۆرلىگۈچە بولغان روزگاردا ھارۋا ئۇستىنى پۈتۈنلەي جىمجىتلىق بېسىپ كەتتى. * ئىككىيلەن ھەۋەس - زوقى بىلەن رەسىمگە تىكىلىپ تەنقىد قىلىۋاتقان روزگاردا ئاسماندا قاناتلىرىنى كېرىپ يوغان بىر بۈركۈت پەيدا بولدى.

**روزنامە** ئى [پ] كۈندىلىك ۋەقە، ئىش ۋە خاتىرىنى ياكى كۈنلۈك چىقىمنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان مەخسۇس دەپتەر.

**روزېتكا** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتر يولىنى تۇتاشتۇرغۇچى بىر خىل دېتال. كۆپىنچە توك مەنبەسىگە ئۇلىنىدۇ، ئۇستىدە ئىككى ياكى ئۈچ دانە تۆشۈكى بولىدۇ. ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ ئىشتېپسېلى ئۇنىڭ بىلەن جۈپلەشكەندە ئېلېكتر ئەسۋابلىرىغا توك ئۆتىدۇ.

**روژدېستۋا** ئى [ر] ← **روژدىستۋو بايرىمى**.

**روژدېستۋا بايرىمى** <دىن> خىرىستىيانلارنىڭ ھەر يىلى 25 - دېكابىر كۈنى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى.

**روسۇل** ئى [ئە ] ① <دىن> ئەلچى، پەيغەمبەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**روسۇللا** ئى [ئە] <دىن> ئاللانىڭ روسۇلى (ئەلچىسى)، ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر.

**روشەن** [پ] ① رەۋ. ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا: كۆزۈمگە روشەن كۆرۈنۈۋاتىدۇ. // ئىككىسىنىڭ روشەن پەرقى بار. ② سۈپ. ياخشى كۆرىدىغان، ئۆتكۈر (كۆز ھەققىدە): كۆزى روشەن. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**روشەنگۈل** ئى [روشەن + گۈل ] ① <بوت> مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى، يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆز يارىسى، چىيقان قاتارلىقلارنى داۋالاش رولىغا ئىگە. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**روشەنلەشتۈرمەك** «روشەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەسىلىنى روشەنلەشتۈرمەك. كۆزنى روشەنلەشتۈرمەك.

**روشەنلەشتۈرۈلمەك** «روشەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىشانىمىز روشەنلەشتۈرۈلدى. * مەسىلە روشەنلەشتۈرۈلدى.

**روشەنلەشمەك** پ ① بارغانسېرى روشەن بولماق؛ يورۇق، ئېنىق بولماق، ئايدىڭ بولماق: ئالەم يورۇپ ھەممە روشەنلىشىدۇ. ② ياخشى كۆرەلەيدىغان بولماق، ئېچىلماق (كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ كۆزى روشەنلەشتى.

**روشەنلىك** ئى. روشەن بولغان ھالەت، ئېنىقلىق، ئايدىڭلىق، ئوچۇقلۇق: — خوش، خۇدا سۆزۈمگە روشەنلىك ئاتا قىلسۇن، ئېيتسام ئېيتاي، — دەپ سۆزنى باشلىدى. * روشەنلىكتە چولپان كەبى يانارسېنىڭ شەھلا كۆزۈڭ، مىسلى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك نۇر ياغدۇرار تولغان يۈزۈڭ.

**روشدى** سۈپ [ئە] كونا. يېشىغا يەتكەن؛ ئالىي، يۇقىرى: ل. مۇتەللىپ مۇنىرىدىن خوجىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ئۆزىنىڭ كىچىكىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ روشدى سىنىپىدا ئوقۇشقا باشلىغان چېغىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتتى.

**روگۇر** ئى [ئىنگ] <خىم> ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى ئورگانىك فوسفورلۇق دورا. سۇيۇق ۋە سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. ئاساسلىقى كۆكپىت، قىزىل ئۆمۈچۈك، سالجا قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**رول** ئى [ر] ① <قاتن> قاتناش قوراللىرىنىڭ يۆنىلىشىنى باشقۇرۇپ، كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قۇرۇلمىسى: ئاپتوموبىلنىڭ رولى. ۋېلىسىپىتنىڭ رولى. ② <تىيا> سەھنە ئەسىرى ياكى كىنولاردا ئارتىسلار ئويناپ چىققان پېرسوناژلار ئوبرازى. ③ بىرەر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتى، تۇتقان ئورنى، خىزمىتى ياكى كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىقلار: «يېزا قازىسى» دېگەن بۇ كونا دىنىي مەرتىۋە قاچانقى گەپ، ھازىر ئۇنىڭ رولى يوق.

**رول ئوينىماق** ئۆز تەسىرىنى، خىزمىتىنى نامايان قىلماق؛ تەسىر كۆرسەتمەك، خىزمەت قىلماق: ئەخلاق چۈشەنچىسىنى ئىگىلەش، ئەخلاقىي بىلىشنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

**رولچى** ئى ① قاتناش قوراللىرىنىڭ رولىنى تۇتىدىغان، باشقۇرىدىغان ئادەم؛ شوپۇر: ئىلياز ئۆزىنى خېلى رولچىلاردىن كەم ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى. ② كۆچمە. باشلاپ ماڭغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكلىگۈچى: ئەخمەتجان بىزنىڭ باش رولچىمىز

ئىدى. ③ كىنو ياكى ھەر خىل سەھنە ئويۇنلىرىدا رول ئېلىپ چىققۇچى ئارتىس: ئۇ ئۇيغۇر سانايىنەپىسە تارىخىدا دىراما تەنقىدچىلىكىنىڭ باش رولچىسى بولغانىدى.

**رولluۇق** سۈپ. رولى بار، رول ئورنىتىلغان: روللۇق كېمە.

**رولىېر** ئى [ر<ئىنگ] ① تولۇق. ② توقۇمىچىلىقتا يىپنى كېرىپ چىڭىتىدىغان ئەسۋاب.

**رومال** ئى [پ + ئە] ئاياللار بېشىغا سالىدىغان چوڭراق ياغلىق: داكا رومال.

**روماللىق** سۈپ ① رومىلى بار، بېشىغا رومال ئورىغان: رومالىق ئايال. رومالىق قىز. ② رومال قىلىشقا بولىدىغان، رومال قىلىشقا لايىق ياكى يېتىدىغان: بىر رومالىق داكا.

**رومان** ئى [ر<فىران] <ئەد> ھەجمى چوڭ، مۇرەككەپ سۇژېتلىق، ئادەتتە پىروزا شەكلى بىلەن يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر: «ئىز» رومانى بۈگۈنكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى.

**رومانتىزم** ئى [ر<فىران] <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇنىڭدا مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**رومانتىزملىق** سۈپ. رومانتىزم روھىغا ئىگە؛ رومانتىزم سىڭدۈرۈلگەن: ئۇلار ئۆز سەنئىتىگە بارغانسېرى لىرىكىلىق، رومانتىزملىق ۋە ئۈمىدۋارلىق گۈل ـ چېچەكلىرىنى تاقىدى.

**رومانتىك** سۈپ [ر] ① رومانتىكىلىق. ② خىيالپەرەس: رومانتىك ئادەم.

**رومانتىكا** ئى [ر] كۆتۈرەڭگۈ روھ، يۈكسەك غايە ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان قاراش.

**رومانتىكلاشماق** پ. رومانتىك ھالەتكە كەلمەك: مېنىڭچە، ئادەتتىن تاشقىرى رومانتىكلىشىپ خىيالپەرەس بولۇپ كېتىشمۇ ئىنسان ئۈچۈن پاجىئە.

**رومانتىكلىق** سۈپ. رومانتىكىغا ئائىت، رومانتىكا روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

**رومانچى** ئى. كۆپ رومان يازغان ياكى داۋاملىق دېگۈدەك رومان يېزىپ تۇرىدىغان يازغۇچى: رومانچىنىڭ غايىۋى جەھەتتىن يېتىلگەنلىكى ۋە تارىخنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىز ئۇنىڭ ئەسەر باش قەھرىمانىنى تاللىشىدىنمۇ كۆرىمىز.

**رومانچىلىق** ئى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رومان يېزىش كەسپى؛ رومان يېزىقچىلىقى: ھازىر ئۇيغۇر رومانچىلىقى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا راۋاجلانماقتا.

**رومانس** ئى [ر<فىران] ① <مۇز> بىرەر شېئىرغا قارىتا ئىشلەنگەن كىچىك تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ② <ئەد> ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان لىرىك شېئىر.

**رومانلاشتۇرماق** «رومانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار — «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي ۋە رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى.

**رومانلاشماق** پ. رومان ھالىتىگە كەلمەك؛ رومان ھالىتىدە يېزىپ چىقىلماق.

**رومانىست** ئى [ر<فىران] رومانتىزم روھىغا ئىگە، رومانتىزم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان كىشى.

**رومبا** ئى [ر<گىرېك] <مات> قوشنا تەرەپلىرى تەڭ بولغان پاراللېل تۆت تەرەپلىك. ئۇنىڭ ئىككى دىياگونالى تىك بولۇپ، بۇلۇڭلىرىنى تەڭ ئىككىگە بۆلىدۇ.

**رومبىسىمان** سۈپ. شەكلى رومبىغا ئوخشايدىغان، رومبا شەكىللىك: رومبىسىمان تاش. رومبىسىمان رەسىم جازىسى.

**رومبىلىق** سۈپ ① رومبىسى بار. رومبىغا ئىگە. ② رومبا شەكىللىك.

**رومكا** ئى [ر<گول] مەخسۇس ھاراق ـ شاراب ئىچىلىدىغان بىر خىل كىچىك قاچا؛ قەدەھ: رومكا سوقۇشتۇرماق.

**روناق** ئى [پ] گۈللەپ ياشناش، تەرەققىيات، راۋاج: دۆلىتىمىز روناق تاپتى. خەلقىمىز روناق تاپتى.

**روندو** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ئاساسىي تېما كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدىغان بىر خىل مۇزىكا ئەسىرى.

**روھ** ئى [ئە] ① دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن كىشى ھايات ۋاقتىدا تەندە بولىدىغان، ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەندىن چىقىپ مەڭگۈ ياشايدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئامىل: روھىغا ئاتىماق. روھىنى ياد ئەتمەك. ② كۆچمە. ئىدىيە، ئوي ـ پىكىر: ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە بولسا بىر ئالىيجاناب روھ لاۋۇلداۋاتقانىدى. ③ كىشىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، پسىخىكىسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كەيپىيات: كۆتۈرەڭگۈ روھ: روھى چۈشمەك. ④ كۆچمە. جانلىقلىق، جانلىنىش؛ پەيز: شۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرۇشقا روھ كىردى. ⑤ ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى: دەۋر روھى. ⑥ كۆچمە. بىرەر يىغىن، قۇرۇلتاي، ھۆججەت، يولىيورۇق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ياكى ئىدىيەسى: قۇرۇلتاي روھى. يىغىن روھى.

**روھانىي** ئى [ئە] <دىن> مۇئەييەن بىر دىنغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى؛ دىنىي يېتەكچى، دىنىڭ پېشۋاسى.

**روھانىيەت** ئى [ئە] يېز ت. روھانىيلىق، روھقا مەنسۇپلۇق: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ دىنىي روھانىيەت ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت.

**روھانىيلىق** ئى. بىرەر دىنغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش ئىشى: مەن جۇڭگوغا روھانىيلىق قىلىشقا بىللە بارغان بىرنەچچە روھانىي بىلەن ئۇچرىشىۋالدىم.

**روھەن** رەۋ [ئە] روھىي جەھەتتىن، روھىي؛ خىيالەن: تەسەۋۋۇرلىرىمدا مەن ئۇنىڭغا روھەن ئەگىشەتتىم.

**روھچىلىق** ئى <پەلس> روھ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ قارايدىغان تەلىمات. روھچىلىق تەرەپدارلىرى روھنى بىردىنبىر ئەسلىي زات دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، تەننى بولسا روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

**روھسىز** سۈپ ① روھتىن جۇدا بولغان، جېنى يوق: قىلۇر كەلگۈسى بابلار بۇنى روشەن، نېچۈك چىقتى بۇ ياردىن روھسىز تەن. ② روھىي كەيپىياتى تۆۋەن؛ جانلىق، جۇشقۇن ئەمەس؛ جانسىز؛ بوش، بوشاڭ: ئۇنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقىمۇ ئۆزى روھسىز، ئۆگىنىشتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى.

**روھسىزلاندۇرماق** «روھسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي

دەرىجىسى.

**روھسىزلاندۇرۇشماق** «روھسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**روھسىزلاندۇرۇلماق** «روھسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**روھسىزلانماق** پ. روھى چۈشۈپ، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ئۈمىدسىزلەنمەك؛ جۇشقۇنلۇق، جانلىقلىقنى يوقاتماق: ئۇ كۈندىن - كۈنگە روھسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

**روھسىزلىق** ئى. كەيپىياتى تۆۋەنلىك؛ ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ھالەت: روھسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇق ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

**روھشۇناس** ئى [روھ + شۇناس] روھنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس: مانا شۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ، پەلىپەتىش ھادىسىلەرنى روھشۇناسلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇلىرىغا مۇراجىئەت قىلماستىن، مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ غەملىك قېلىپلىرىنى ياردەمگە چاقىرماستىن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولارمۇ؟

**روھشۇناسلىق** ئى. روھنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: روھشۇناسلىق ئەسىرى.

**روھلاندۇرماق** «روھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ پىكىرلەر ئورمىچى يىگىتلەرگە بەكمۇ ياقاتتى، ئۇلارنى روھلاندۇراتتى.

**روھلاندۇرۇشماق** «روھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**روھلاندۇرۇلماق** «روھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**روھلانماق** پ. روھىي كەيپىياتى يۇقىرى بولماق؛ روھلۇق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلمەك؛ ئىلھاملانماق، رىغبەتلەنمەك: باتۇر بىلەن كامال روھلىنىپ، مەنىلىك ھالدا بىر - بىرىگە قاراشتى.

**روھلۇق** سۈپ. روھى كۆتۈرەڭگۈ، جانلىق، جۇشقۇن: ئەخمەتجان قاسىمى بولسا ناھايىتى روھلۇق ئىدى.

**روھنات** ئى [ئە] جان ت. روھ، ئەرۋاھ: — شۇنداق قىل ئوغلۇم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ئاناڭنىڭ روھناتى قورۇنمىسۇن.

**روھىي** سۈپ [ئە] كىشىنىڭ روھىغا، پسىخىكىلىق كەيپىياتىغا، ئىچكى دۇنياسىغا ئائىت ھەم شۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: روھىي ئازاب. روھىي كېسەللىك. روھىي كىشەن.

**روھىيەت** ئى [ئە] روھىي ھالەت، مەنىۋى كەيپىيات: ئاپتور ئەسەردە ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەينى زامان ھاياتى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئىپادىلىگەن.

**روھىيەتلىك** سۈپ. روھىيەتكە ئائىت، روھىيەت خۇسۇسىدىكى: بۇيەردىكى پۈۋلەش ۋۇجۇدىدىكى پارتلاشتىن دېرەك بەرسە، بارماقنى ئىشلىتىش سەنئەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

**روي** ئى [پ] يېز ت. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتقى تەرىپى، يۈزى.

**روي بەرمەك** سادىر بولماق، كېلىپ چىقماق، يۈز بەرمەك: تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ روھىدىن ئەكسىچە ئىلھام ئالغان بەزى تەتۈر، تەلۋە قەھرىمانلىرىمىز مەيدانغا چىقىپ، دونكىخوتتەك «شامال تۈگمىنى» گە ھۇجۇم قىلىپ قاپىقىنى يېرىۋالىدىغان ئەھۋاللار روي بەردى.

**روياپ** ئى [ پ ] ← **روياپقا چىقماق**.

**روياپقا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرۈلمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك، ۋۇجۇدقا چىقماق؛ ھەل بولماق: خۇدا خالىسا بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق روياپقا چىقىدۇ.

**رويال** ئى [ر<فىران] <مۇز>← **پىيانىنو**: رويال چالماق.

**رويالچى** ئى. پىيانىنوچى: — سىز دېگەن ناخشىچى، رويالچى، بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھېچنېمە ئەمەس، — دەپ ئادىلەگە چاقچاق قىلدىم.

**رويان** ئى [پ] <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزىنى قىزىل بوياقتا ماتېرىيال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ قاننى جانلاندۇرۇش ۋە توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**رويخەت** ئى [پ + ئە] نەرسىلەر ياكى ئادەملەرنى مەلۇم تەرتىپتە يېزىپ چىقىش ۋە شۇنداق يېزىپ چىقىشتىن كېلىپ چىققان تىزىملىك، ھۆججەت: بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ رويخېتىدە رەھمىتۇللا 65 ياش دەپ يېزىلغان.

**رۇباشكا** ئى [ر] ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمى.

**رۇباشكىچان** سۈپ. رۇباشكا كىيىپ ئۈستىگە ھېچنېمە كىيمىگەن: بەزىدە زاكىر بايۋەچچىنىڭ كۆز ئالدىغا خېنىمىنىڭ رۇباشكىچان قىياپىتى كېلىۋېلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالاتتى.

**رۇباشكىسىز** سۈپ. رۇباشكىسى يوق، رۇباشكا كىيمىگەن: رۇباشكىسىز ئايال.

**رۇباشكىلىق** سۈپ ① رۇباشكا كىيگەن، رۇباشكىچان: ئۇ دېرىزە سىرتىدىن قىزنىڭ رۇباشكىلىق ھالىتىنى خېلى ئۇزاق كۆزىتىپ تۇردى. ② رۇباشكا تىكىشكە يېتىدىغان: بىر رۇباشكىلىق رەخت.

**رۇبائىي** ئى [ئە] <ئەد> تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان، تولۇق بىر مەنە ئىپادىلەيدىغان ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى ياكى تۆتلا مىسراسى قاپىيەداش بولغان مۇستەقىل بىر شېئىر.

**رۇبائىيات** ئى [پ <ئە] <ئەد> بىرەر شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى توپلىمى: ئۆمەر ھەييام رۇبائىياتى.

**رۇبائىيچى** ئى. مەخسۇس رۇبائىي يازىدىغان شائىر.

**رۇبائىيچىلىق** ئى. رۇبائىي يېزىش ئىشى.

**رۇبلى** رۇسىيەنىڭ پۇل بىرلىكى.

**رۇبىدىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Rb (Rubidium). كۈمۈش رەڭگىدە كېلىدۇ، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ بولۇپ، سۇ بىلەن رېئاكسىيەلىشىپ پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**رۇپىيە** ئى. ھىندىستان، پاكىستان، نېپال، سىرى لانكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**رۇتا** ئى [لات] <بوت >← **سۇزاپ**.

**رۇتېنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ru (Ruthenium). ئاقۇچ كۈل رەڭ، چۈرۈك بولۇپ، بەزىدە بۇلۇت شەكلىدە ياكى ئۇۋاق ھالەتتە ئۇچرايدۇ. پىلاتىنا كانلىرىدىن تېپىلىدۇ، مىقدارى ئىنتايىن ئاز. ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە قېتىشما تەييارلاشقا بولىدۇ.

**رۇچكا** ئى [ر] سىياھ ئىچۈرۈلمەيدىغان، پەقەت سىياھقا چىلاپلا خەت يازىدىغان بىر خىل قەلەم.

**رۇخسار** ئى [پ] ① چىراي، يۈز، جامال: يىگىت مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ ھوشىدىن

كېتىپتۇ. ② رۇخسار مۇقامى، يەنى 1939 ـ يىلى زىكرى ئەلپەتتا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى مۇقامى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رۇخسارگۈل** ئى [رۇخسار + گۈل] ① <بوت>كۆپ يىللىق گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② <بوت> شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. بېغىر رەڭ، ئاچ قىزىل، ئاچ سېرىق ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. ③ قىزلارنىڭ ئىسمى.

**رۇخسەت** ئى [ئە] ① قارشى تەرەپنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىشكە بەرگەن ئىجازەت، رازىلىق، جاۋاب: رۇخسەت ئالماق. رۇخسەت سورىماق. ② «مەرھەمەت، كىرىڭ» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ: ئامىنە ئىشىكنى چەكتى. ئۆي ئىچىدىن «رۇخسەت» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**رۇخسەتسىز** رەۋ. رۇخسىتى يوق، رۇخسەت ئالماي: رۇخسەتسىز كىرمەك. رۇخسەتسىز بارماق.

**رۇخسەتلىك** رەۋ. رۇخسىتى بار، رۇخسەت ئېلىپ: رۇخسەتلىك ماڭماق.

**رۇدا** ئى [ر] ① <گېئول> تەركىبىدە كېرەكلىك مىنېراللار بولغان ھەمدە قېزىش قىممىتىگە ئىگە تاغ جىنسلىرى. ② <فىز> سىمسىز رادىيو قوبۇللىغۇچتىكى دولقۇن تاسقىغۇچنى ياسىغىلى بولىدىغان چاسا قوغۇشۇن تاش، سېرىق تۆمۈر تاش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رۇدىلىق** سۈپ. رۇدىسى بار، رۇدا ئارىلاشقان: رۇدىلىق بىرىكمە. رۇدىلىق قاتلام.

**رۇداۋ** ئى [خەن<ياپون] <تەن> ← **رۇداۋ چېلىشىشى.**

**رۇداۋ چېلىشىشى** <تەن> ياپونلارنىڭ چېلىشىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل چامباشچىلىق. بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ قۇرۇق قول ئېلىشىدۇ.

**رۇس** I سۈپ [پ] تۈز، دۇرۇس، راۋرۇس: رۇس ياغاچ. // ئورۇندۇقتا رۇس ئولتۇرۇپ يېزىش ۋە ئوقۇش كېرەك.

**رۇس** II ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. رۇسلارنىڭ ئاساسىي قىسمى رۇسىيەگە، ئاز قىسمى باشقا دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىمۇ ئاز بىر قىسىم رۇسلار ياشايدۇ.

**رۇستەك** ئى [ر] <ماشىن> سىلىقلىق ۋە شۇ خىلدىكى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان دەستىگاھ.

**رۇسچە** ① سۈپ. رۇسلارغا، رۇس خەلقىگە، رۇس تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ رۇس خەلقىگە خاس بولغان: رۇسچە كىيىم. رۇسچە ئۇسسۇل. ② ئى. رۇس تىلى ياكى يېزىقى: رۇسچە ئۆگەنمەك.

**رۇسلاتماق** «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رۇسلاشماق** «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رۇسلانماق** ① «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قازى سافاغا كېلىپ رۇسلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى. ② «رۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رۇسلىماق** پ. رۇس، تۈز ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تۈزەشتۈرمەك، تۈزىمەك: ئەگرى ياغاچنى رۇسلىماق. ئۆزىنى رۇسلىماق.

**رۇقئە** ئى [ئە] ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ بىر تۈرى. بۇ ئۇنچە تىزىقىدەك كەلگەن كالتە، دىقماقىراق، مەزمۇت، ئېنىق تىك سىزىقلىق نۇسخا بولۇپ، تېز يېزىلىدۇ. چېكىتلىرى دانە ـ دانە قويۇلماستىن، ئاچىماق، ياتتۇ سىزىقچە ھالىتىدە قويۇلىدۇ. بەزى ھەرپلەرنىڭ مەسىلەن، «ش، ن، ق» ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى قۇيرۇقىغا ئۇلاپلا تارتىپ قويۇلىدۇ.

**رۇقئەچە** سۈپ. رۇقئە شەكلىدە يېزىلغان: رۇقئەچە خەت.

**رۇك ـ رۇك** كۈركە توخۇنىڭ ئاۋازى.

**رۇكلاشماق** پ. دىيال. رودۇلاشماق، نامرات، گاداي بولۇپ كەتمەك: بۇ نامراتلارغا ھەر يىلى قۇتقۇزۇش بېرىلىۋاتىدۇ، ھال سورىلىۋاتىدۇ، كەنتىمىزمۇ ئېتىبار بېرىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. نەتىجىسى يەنە ئاتام ئېيتقان بايىقى ... خالاس. بەزىلىرى بارغانسېرى رۇكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**رۇكۇياتكا** ئى [ر] ① ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنى ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ئەسۋاب: ماشىنا دۆڭنىڭ تۆۋىنىگە بېرىپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغاندا، يېتەكچى ئالاقزادە بولغىنىچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تۆمۈر رۇكۇياتكا بىلەن ماشىنىنى تىرىۋالدى. ② ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنىڭ چاقلىرىنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تۇتقىسى، دەستىسى.

**رۇكۇ** ئى [ئە] <دىن> ناماز ئوقۇغاندا بەلنى ئېگىش؛ ئېگىلىش: رۇكۇ قىلماق. رۇكۇغا بارماق.

**رۇكۇلدىماق** پ. «رۇك ـ رۇك» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «رۇك ـ رۇك» قىلماق: ھويلا ئىچىدىن توخۇلارنىڭ رۇكۇلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

**رۇم** ئى ← **رىم.**

**رۇمبا** ئى [ر<ئىسپان] <ئۇس> ① تانسىنىڭ بىر خىلى. ئەسلىدە كۇبادىكى نېگىرلارنىڭ مىللىي ئۇسسۇلى بولۇپ، كېيىن تانسا ئۇسسۇلى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا تارالغان. ② شۇ خىل تانسا مۇزىكىسى.

**رۇمىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن رۇمىنىيەگە ئولتۇراقلاشقان، ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ.

**رې** «ر» ھەرپىنىڭ نامى.

**رېئاكتور** ئى [ر<لات] ① <خىم> مۇئەييەن تېمپېراتۇرا ۋە بېسىمدا خىمىيەلىك رېئاكسىيەلەرنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپپارات، ئۇسكۇنە. ② <فىز> رادىيوئاكتىپ رېئاكسىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما.

**رېئاكتىپ** [ر<لات] ① ئى<خىم> باشقا ماددىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم خىمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدىغان ۋە شۇ خىل رېئاكسىيەدە ئىزدىلىۋاتقان ماددىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان ماددا. ② سۈپ <خىم> خىمىيەلىك ئانالىزدا شۇ خىل ماددا ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان: رېئاكتىپ ماددىلار. ③ سۈپ <فىز> پار، گاز ۋە شۇ قاتارلىقلار ئېقىمىنىڭ تېپىش كۈچى نەتىجىسىدە ھەرىكەت قىلىدىغان: رېئاكتىپ موتور. رېئاكتىپ ئايروپىلان.

**رېئاكتىپچان** سۈپ. باشقا ماددىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم خىمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدىغان: رېئاكتىپ ماددا.

**رېئاكتىپچانلىق** ئى. باشقا ماددىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم خىمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدىغان خۇسۇسىيەت: ئىنسۇلىن، ئىنتروفىرىن، ئائوكسىن قاتارلىق ھاياتلىق رېئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولغان ئاكتىپ، قىممەتلىك ئېنزىملار ۋە كۆپ ۋاكسىنىلىق، تاق ھۇجەيرىلىك ئاقسىللار ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاقسىل ۋە ئېنزىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

**رېئاكتىپلىق** سۈپ. رېئاكتىپچان: رېئاكتىپلىق خۇسۇسىيەت.

**رېئاكسىيون** ئى [ر] ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارشىلىق كۆرسەتكۈچى، مۇتەئەسسىپ، ئەكسىيەتچى.

**رېئاكسىيە** ئى [ر<لات ] ① <خىم> ئىككى ياكى بىرنەچچە خىل ماددا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزئارا تەسىر، يەنى ماددىلارنىڭ بىرىكىشى، ئاجرىلىشى ۋە شۇ قاتارلىقلار: خىمىيەلىك رېئاكسىيە. رېئاكسىيەگە كىرمەك. ② <خىم> ئاتوم يادروسىنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى: ئىسسىق يادرو رېئاكسىيەسى. ③ ئورگانىزملارنىڭ تەن ئىچى ياكى سىرتىدىكى غىدىقلاشقا جاۋابەن كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى. ④ <تىب> ئادەم بەدىنىگە سېلىنغان ئوكۇل ياكى يېگەن دورىنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بولغان ئەكس تەسىرى.

**رېئال** سۈپ [ر] ① ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەمەلىيەتتە بار، ھەقىقىي، ئەمەلىي، چىن: رېئال ئەھۋال، رېئال شەيئى. ② رېئاللىققا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان؛ ئەمەلگە ئاشىدىغان، بېجىرىلىشى مۇمكىن بولغان: رېئال پىلان. رېئال مەسىلە. رېئال ئىش.

**رېئالگار** ئى [ر<لات] <بوت> زەرنىخ.

**رېئاللاشتۇرماق** «رېئاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەڭ كۆپ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى رېئاللاشتۇرۇش، قوغداش، راۋاجلاندۇرۇشنى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىش كېرەك. * كىتاب ئۆزىدىكى مول مەنىۋى جۇغلانما ئارقىلىق ئادەمنى چەكسىز كەڭ مەنىۋى ئالەمگە باشلاپ كىرىپ، ماھىيەتتىن ھادىسىلەرگىچە بولغان بىلىش جەريانلىرىنى رېئاللاشتۇرىدۇ.

**رېئاللاشتۇرۇشماق** «رېئاللاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رېئاللاشتۇرۇلماق** «رېئاللاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رېئاللاشماق** پ. رېئال ھالەتكە كەلمەك، رېئاللىققا قاراپ يۈزلەنمەك، رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەك، رېئال بولماق.

**رېئاللىق** ئى<پەلس> ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق شەيئىلەر، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت.

**رېئالىزم** ئى [ر<لات] ① بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت شەرت ـ شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرنى ھېسابقا ئېلىپ ئىش كۆرۈش ۋە مۇشۇنداق مەسلەك. ② <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، تىپىك پېرسوناژ ۋە تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**رېئالىزمچى** ئى. رېئالىزم تەرەپدارى، رېئالىزمنى تەشەببۇس قىلغۇچى.

**رېئالىست** ئى [ر] <ئەد> رېئالىزم تەرەپدارى، رېئالىزمغا ئەمەل قىلغۇچى؛ ئۆز پائالىيىتىدە رېئال ۋەقەلىكنى، شەرت ـ شارائىتلارنى، مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەرنى ھېسابقا ئېلىپ ئىش كۆرگۈچى كىشى: ماتېرىيالىستلار، روھانىيلار، رېئالىستلار ۋە مىستىتېكلار ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەر تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەممىگە تەڭ رازىمەنلىك بېرىدىغان كېلىشىمگە ئايلانغان.

**رېئالىستىك** [ر] سۈپ. رېئالىزم پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان، رېئالىزمغا خاس: رېئالىستىك ئەسەر. * ۋاھالەنكى، سەنئەتتە كۈچلۈك رېئالىستىك خاھىش بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

**رېپېتىسىيە** ئى [ر<لات] <تىيا> بىرەر ئويۇننى قويۇش ئالدىدا، رېژىسسورنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قىلىنىدىغان مەشىق، تەييارلىق.

**رېپىدە** ئى [پ] ← **گەزنە:** پاتەمخان قوشنىسىنىڭكىگە رېپىدە سوراپ كىرگەندى.

**رېپىرى** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسىنى باھالايدىغان ۋە مۇسابىقە جەريانىدا سادىر بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كىشى.

**رېپىرىلىق** ئى. رېپىرىلار قىلىدىغان ئىش: رېپىرىلىق قىلماق.

**رېتسېپ** ئى [ر<لات] <تىب> ① دوختۇر كېسەل كىشىگە يېزىپ بەرگەن دورا قەغىزى. ② مەلۇم كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان دورىلارنىڭ نامى، قوشۇلۇش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ياكى ئۇلارنىڭ خاتىرىسى.

**رېتسېپتور** ئى [ر<لات] <پىسخول> نېرۋا سىستېمىسىدىكى نېرۋا ئۇچى توقۇلمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**رېتسېپسىز** سۈپ. رېتسېپى يوق، رېتسېپقا ئاساسلانمايدىغان : رېتسېپسىز دورا.

**رېتسېپلىق** ① سۈپ. رېتسېپى بار. رېتسېپقا ئاساسلانغان: رېتسېپلىق دورا. ② رەۋ. رېتسېپ بويىچە، رېتسېپقا ئاساسلىنىپ: تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش قاتارلىق يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق سۇ تېجەش تېخنىكىسى ئارقىلىق تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش كېرەك.

**رېتورتا** ئى [ر <لات] <خىم> ماددىلارنى پارلاندۇرۇش ياكى پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قاچا.

**رېجىم** ئى [ر<فىران] <قا> مەملىكىتىمىزدىكى جىنايى جازالارنىڭ بىر تۈرى. ئۇ جىنايەتچىلەرنى قاماپ، ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ چېكى ئۈچ ئايدىن يۇقىرى، ئىككى يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ؛ ئەمما بىرنەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازالىغاندا ئۈچ يىلغا ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**رېچىتاتىۋ** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> بەزىبىر مۇزىكىلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ دېكلاماتسىيە خاراكتېرىگە ئىگە بىر خىل مېلودىيەسى.

**رېداكتور** ئى [ر<فىران] <مەت> مۇھەررىر: باش رېداكتور. تېخنىك رېداكتور.

**رېداكسىيە** ئى [ر<فىران] <مەت> نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ نەشر ئىشلىرىنى قىلىش، قول يازما تېكىستلىرىنى ئىشلەپ، نەشرگە تەييارلاش ۋە نەشرگە بېرىلگەن تېكىستلەرنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈش ئورنى: ژۇرنال رېداكسىيەسى. رېداكسىيە ئىشلىرى.

**رېدە** ئى <بوت> بىر خىل دەرەخ، سىدىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. كۆپىنچە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**رېزەندە** ئى. چىغدانغا يۇڭ سېلىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان يەتتە ئىلىكلىك سايمان؛ كىگىزچى ئارىسى.

**رېزبا** ئى [ر] <ماشىن> دېتاللارنىڭ سىرتقى ياكى ئىچكى يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىرىلغان چىشلىق ئېرىقچە.

**رېزبىلىق** سۈپ. رېزبىسى بار، رېزبا چىقىرىپ ياسالغان: ئالدى بىلەن تۈنىكىنى رېزبىلىق مىخ بىلەن جۈپلەش، چىڭىتىش لازىم.

**رېزونانس** ئى [ر<فىران] <فىز> ① تەۋرىنىش چاستوتىسى ئوخشاش بولغان ئىككى جىسىمنىڭ بىرى تەۋرىنىپ، يەنە بىرىنىڭمۇ تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھادىسە. ② رادىيو سىگناللىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئاپپاراتتىكى رېزونانس زەنجىرىنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى بىلەن رادىيو سىگناللىرىنى تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى ئوخشاش بولغاندا، قوبۇل قىلىدىغان ئاپپارات تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ رادىيو دولقۇنلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ. بۇ خىل ھادىسىمۇ «رېزونانس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**رېزىنكە** [ر] ① ئى. كاۋچۇك دەرىخى، كۆكسېغىز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر سۈتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ماتېرىيال. ئېلاستىكلىق ۋە ئىزولياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سۇ ۋە ھاۋا ئۆتكۈزمەيدۇ. ② سۈپ. مۇشۇنداق ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن: رېزىنكە توپ. رېزىنكە چاق. رېزىنكە ئاياغ.

**رېزىنكىلىك** سۈپ. رېزىنكىسى بار، رېزىنكە ئورنىتىلغان.

**رېژىسسور** ئى [ر<فىران] <تىيا> سەھنە ياكى كىنو ئەسەرلىرىنى تەييارلاش، سەھنىلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئىجادىي ئىشلارنىڭ تەشكىلاتچىسى، بەدىئىي رەھبەر: ئۇ تالانتلىق رېژىسسور بولۇپ يېتىشتى.

**رېژىسسورلۇق** ئى. سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش جەريانىدىكى بەدىئىي سەنئەت يېتەكچىلىكى، رېژىسسورلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى.

**رېسپۇبلىكا** ئى [ر<لات] جۇمھۇرىيەت.

**رېستوران** ئى [ر<فىران] كۆڭۈل ئېچىش ئورنى بار چوڭ تىپتىكى ئاشپۇزۇل.

**رېشاتكا** ئى [ر] كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنى، بالكون، كۆرۈش سۇپىسى، گۈللۈك ۋە يول ياقىلىرىغا تۆمۈر، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلاردىن تەكشى بالداقچە چىقىرىپ تام ئورنىدا ياسالغان توسۇق، سالاسۇن: ھېپىزەم كۆلۈبنى قورشاپ تۇرغان كونا رېشاتكىغا يۆلەندى ــ دە، كۆلۈب تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالدى.

**رېشاتكىسىمان** سۈپ. شەكلى رېشاتكىغا ئوخشايدىغان، رېشاتكا شەكىللىك: رېشاتكىسىمان توقۇلما.

**رېشاتكىلاتماق** «رېشاتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رېشاتكىلانماق** «رېشاتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ كىچىك پەنجىرىلىرى بوي يەتمەس ئېگىزلىكتە ياسىلىپ، ئۈچ قەۋەت كېسەك بىلەن چاپلىۋېتىلگەندىن تاشقىرى، سىرت تەرىپى بەش قولدەك زىچ پولات چىۋىقلار بىلەن رېشاتكىلانغانىدى.

**رېشاتكىلىق** سۈپ. رېشاتكىسى بار، رېشاتكا ئورنىتىلغان: رېشاتكىلىق پەنجىرە. رېشاتكىلىق ئىشىك.

**رېشاتكىلىماق** پ. رېشاتكا بېكىتمەك، رېشاتكا بىلەن ئەتمەك: ئۇ ئۆگزە ئەتراپىنى رېشاتكىلىدى.

**رېشلىيە** ئى. رەخت يۈزىگە كەشتىلەنگەن ھەر خىل شەكىللەر، گۈل نۇسخىلىرى: شەرىخان بەزىدە رېشلىيە ئىشلەپ ساتاتتى.

**رېشلىيەچى** ئى. رېشلىيە ئىشلەيدىغان كىشى.

**رېفراكتور** ئى [ر<لات] <ئاستر> لىنزىلار ۋاستىسى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىدىغان تېلېسكوپ.

**رېفراكتورمېتىر** ئى [ر<لات] <فىز> نۇرنىڭ تۈرلۈك جىسىملاردىكى سۇنۇش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**رېفراكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق ۋە ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىقلار بىر خىل مۇھىتتىن ئىككىنچى خىل مۇھىتقا يانتۇ چۈشكەندە، ئەسلىدىكى تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى.

**رېفلېكتور** ئى [ر<لات ] ① <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسىدىن كەلگەن نۇرنى قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان پېتىنقى يۈزلۈك ئەسۋاب، نۇر قايتۇرغۇچ. ② شۇ خىل ئەسۋاب بىلەن ئېلېكتىر لامپىسىدىن تەركىب تاپقان ياكى كۈن نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. ③ <ئاستر> پېتىنقى ئەينەك ۋاستىسى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىدىغان تېلېسكوپ.

**رېفلېكس** ئى [ر<لات] <بىيول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى ــ تاشقى غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق قايتۇرىدىغان ئىنكاسى.

**رېفلېكسلىق** سۈپ. رېفلېكس ئارقىلىق، رېفلېكس ياردىمى بىلەن بولغان؛ رېفلېكسلىق تەڭشەش: ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ سۆزىمىز كىشىنى خۇشاللاندۇرۇشتا رېفلېكسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان قەسىدە بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

**رېفلېكسىيە** ئى [ر<لات ] ① <پسىخول> پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلىنىش. ② <پەلس> پەلسەپىنىڭ بىلىش نەزەرىيەسىدىكى بىر خىل ئۇقۇم. لوك ئوتتۇرىغا قويغان.

**رېكورت** ئى [ر<ئىنگ] ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ياكى بىرەر تاپشۇرۇقنى بېجىرىشتە ۋە ياكى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئېرىشىلگەن ئەڭ ياخشى نەتىجە، بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم. ئادەتتە ئۇ ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) رېكورت، دۆلەتلىك رېكورت ۋە دۇنيا رېكورتى دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**رېگرېسسىيە** ئى [ر<لات] <مات> ئىستاتىستىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە ئىككى تاسادىپىي ئۆزگەرگۈچى مىقدار بېرىلگەندە، رېگرېسسىيە فۇنكسىيە مىقدارى ئىچىدىكى بىرى يەنە بىرىگە نىسبەتەن ئوتتۇرىچە قىممەت بولىدۇ. بۇ

ئوتتۇرىچە قىممەت «رېگرېسسىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**رېلې** ئى [ر<فران] <ئېل> ئېلېكتىر ماگنىت، پۇرژىنا ۋە تېگىشىش نۇقتىسى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئېلېكتىر زەنجىر قۇرۇلمىسى.

**رېلس** ئى [ر<ئىنگ] <قاتن> پويىز، تىرامۋاي، كىران قاتارلىقلارنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن يولغا ياتقۇزۇلىدىغان پولات ماتېرىيالى.

**رېلىسسىز** سۈپ. رېلىسى يوق، رېلىس ياتقۇزۇلمىغان.

**رېلىسلاشتۇرماق** «رېلىسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قەشقەر، خوتەن تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى، جيايۈگۈەن ـ ئالاتاۋ پورتى تۆمۈريولىنى ئېلېكتىرلەشتۈرۈش، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى، كورلا ـ ئاقسۇ بۆلىكىنى قوش رېلىسلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئالتە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ.

**رېلىسلاشماق** پ. رېلىس ياتقۇزۇلماق، رېلىس ياتقۇزۇلغان يولغا ئايلانماق: بۇرۇنقى كونا يوللار رېلىسلىشىپ، پويىز قاتنايدىغان بولدى.

**رېلىسلىق** سۈپ. رېلىسى بار، رېلىس ياتقۇزۇلغان: تاق رېلىسلىق تۆمۈريول. * شەھەر ئاممىۋى قاتنىشىنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەرلەرنىڭ رېلىسلىق قاتناش، يېزىلارنىڭ تاشيول قاتنىشى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**رېماتىزم** ئى [ر<گىرېك] <تېب> يۈرەك، ئۆگە ۋە نېرۋا سىستېمىسىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپرەك سوغۇق ۋە نەم جايلاردا كۆرۈلىدۇ.

**رېماتىزملىق** سۈپ. رېماتىزم تەسىرى ئۆتكەن، رېماتىزم سەۋەبى بىلەن ئاغرىغان: رېماتىزملىق يۈرەك كېسەللىكى.

**رېمونت** ئى [ر<فران] بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان، سۇنغان، كونىرىغان نەرسىلەرنى تۈزەش، ئوڭشاش، ياساش: ئۆينى رېمونت قىلماق. رېمونت ئىشچىسى.

**رېمونتچى** ئى. رېمونت قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، رېمونت قىلغۇچى.

**رېمونتچىلىق** ئى. رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: رېمونتچىلىق قىلماق.

**رېمونتخانا** ئى. رېمونت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس ئىشخانا، ئۆي.

**رېمونتسىز** سۈپ. رېمونت قىلىنمىغان. رېمونتتا چۈشمىگەن: رېمونتسىز سېپىلكا. // بۇتخانا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونتسىز قالغىنى ئۈچۈن ناھايىتى خارابلىشىپ كەتكەنىدى.

**رېمېن** ئى [ر] ① بەلگە باغلايدىغان تاسما، كۆن بەلباغ: بۇلار يىگىت بار دۇكاننىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، بۇلارنىڭ كېلىشىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان يىگىتمۇ سارجا شىم ـ گىمناستوركىسىنى كىيىپ، بېلىگە رېمېننى باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى؛ ② <فىز> ئۇزاتقۇچ تاسما ياكى ھەرىكەت ئۇزاتقۇچ تاسما.

**رېنتگېن** ئى [ر<نېم] ① <فىز> X نۇر (رېنتگېن نۇرى)، گامما نۇرى قاتارلىقلارنىڭ كۈچ بىرلىكى. بىر رېنتگېن تەخمىنەن بىر كىيۇرى رادىيوئاكتىپ نۇرنىڭ بىر سائەت ئىچىدە چىقارغان مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ نام گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى رېنتگېن (Rontgen Wilhelm Konrad) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن. ② X نۇر ئارقىلىق بەدەن تەكشۈرىدىغان ئاپپارات: رېنتگېنگە چۈشمەك.

**رېنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى: Re (Rhenium). ئۇ ئەڭ شالاڭ تارقالغان، كەم ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ بىرى بولۇپ، مېخانىكىلىق كۈچىنىشچانلىقى يۇقىرى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىدامىلىق كېلىدۇ.

**رېھل** ئى [ئە] كونا. كىتاب قويىدىغان كىچىك قاتلىما شىرە: ھەر قاتاردا سەككىزدىن بالا، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا رېھل، ئۇنىڭغا كىچىكرەك كىتابلار قويۇلغانىدى.

**رېئوستات** ئى [ر<گىرېك] <فىز> قارشىلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى تەڭشەيدىغان قۇرۇلما. ئۇنى ئېلېكتىر زەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلاپ توك ئېقىمىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ.

**رېۋىزىيە** ئى [ر<لات] تەپتىش قىلىش؛ تەپتىش.

**رېيكا** ئى [ر] دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن ۋە يەر، سۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كالتەك.

**رىئايە** ئى [ئە] ① ھۆرمەت ياكى ئېتىبارغا ئېلىش يۈزىسىدىن قىلىنىغان مۇئامىلە، يول قويۇش؛ ھۆرمەت: چوڭ دەپ رىئايە قىلدىم، بولمىسا ماڭمۇ ئانام گەپ ئۆگەتكەن.② بويسۇنۇش، ئەمەل قىلىش، ساقلاش: تەرتىپكە رىئايە قىلماق. قانۇنغا رىئايە قىلماق.

**رىئايىسىز** رەۋ. رىئايە قىلمىغان ھالەتتە: ئاخىر ئەكس سادا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا بار قانۇن رىئايىسىز قېلىۋاتىدۇ.

**ربوزا** ئى [لات] <بىيول> يادرو قەنتى.

**ربوفلاۋىن** ئى [ر < لات] <فىم> ۋىتامىن $B_2$ .

**رىپاقەت** ئى [ئە] يېزت. ھەمراھلىق: ئۇلار يەڭگىل قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ رىپاقىتىدە ماڭدى.

**رىپاۋەت** ئى [ئە ] باردى ـ كەلدى، ئالاقە، مۇناسىۋەت، ئۇلپەتچىلىك: ئۇ كىشى بىلەن رىپاۋىتىمىز بار ئىدى. * بارات ئاكام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: — بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دەپتىكەن، رىپاۋەت قىلىشىپ تۇرايلى، — دېدى.

**رىتسار** ئى [ر نېم ] <تارىخ> ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، غەربىي ياۋروپادا ئۆتكەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ فېئودال؛ چەۋەنداز.

**رىتسارلىق** ئى <تارىخ> چەۋەندازلىق: دونكىخوت رىتسارلىق يولى بىلەن جاھاندىن ئۆتكەن، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئېيتمىغان.

**رىتورىك** ئى [ر<گىرېك] رىتورىكىغا (ناتىقلىق سەنئىتىگە) ئائىت، رىتورىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان: رىتورىك خىتاب. رىتورىك مۇراجىئەت. رىتورىك سوئال.

**رىتورىكا** ئى [ر<گىرېك] ناتىقلىق نەزەرىيەسى، نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى توغرىسىدىكى مەخسۇس پەن.

**رىتىم** ئى [ر<گىرېك] ① بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقىدا مەلۇم تەرتىپ ۋە ئۆلچەم بىلەن بىر خىل تەكرارلىنىپ تۇرۇشى: كېچە جىمجىتلىقىدا تام سائىتىنىڭ بىر خىل رىتىمدا چىكىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② <مۇز>ناخشا ياكى مۇزىكا تاۋۇشلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا نۆۋەت بىلەن بىر كۈچىيىپ، بىر ئاجىزلاش ياكى بىر ئۇزۇراپ، بىر قىسقى-

رىشى. ③ <ئەد>شېئىرىي نۇتۇقتىكى بىر خىل مىقداردىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىزچىل ۋە بىر ئۆلچەمدە تەكرارلىنىپ كېلىشى.

**رىتىمچان** سۈپ. رىتىمى كۈچلۈك، رىتىمغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، رىتىمدار: رىتىمچان قاپىيە.

**رىتىمچانلىق** ئى. رىتىمچان خۇسۇسىيەت، رىتىمدارلىق: ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى رىتىمچانلىققا باي بولغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلاردۇر.

**رىتىمدار** سۈپ. رىتىمغا چۈشىدىغان، رىتىمچان، رىتىملىق.

**رىتىمدارلىق** ئى. رىتىمغا چۈشۈش، بويسۇنۇش، رىتىمچانلىق: بىر مىللەت تىلىنىڭ پۈتۈن ئاۋاز ۋە رىتىمدارلىق سىستېمىسى شۇ مىللەتنىڭ مۇزىكىسىدا — مېلودىيەسى، گارمونىيەسى، ھەتتا مۇزىكىلىق ئاۋاز ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**رىتىمسىز** سۈپ. رىتىمى، تەرتىپى يوق؛ رىتىملىق ۋە تەرتىپلىك ئەمەس، قالايمىقان: رىتىمسىز ھەرىكەت. // رازىيەنىڭ يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ، يۈزى لاپىدە ئوت ئالدى.

**رىتىمسىزلاشتۇرماق** «رىتىمسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رىتىمسىزلاشتۇرۇلماق** «رىتىمسىزلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رىتىمسىزلاشماق** پ. رىتىمسىز ھالەتكە كەلمەك، رىتىمسىز بولماق، قالايمىقانلاشماق: بۇ خىل ئەھۋالدا ئادەمنىڭ تومۇر سوقۇشمۇ تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ رىتىمسىزلىشىدۇ.

**رىتىمسىزلىق** ئى. رىتىمى يوقلۇق؛ قالايمىقان، تەرتىپسىزلىك.

**رىتىملىق** سۈپ. رىتىمى، تەرتىپى بار؛ رىتىمغا چۈشكەن، قالايمىقان ئەمەس؛ تەرتىپلىك: رىتىملىق ئاھاڭ. رىتىملىق قەدەم.

**رىجە** ئى [پ] ① بىرەر نەرسە ئۈستىدىن تارتىلغان يىپ، سىم ياكى سىزىق. ② ناۋات قاتۇرۇلغان قازانغا تارتىلغان يىپ: قازانغا رىجە باغلىماق. ③ بۇغرىسىغا كىرگەن تۆگىنىڭ ئادەم چىشلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا تارتىپ قويىدىغان بىر خىل تور. ④ بىرەر ئىشنى تەرتىپى بىلەن ۋە ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىش ئۈچۈن، ئالدىنئالا بەلگىلىۋالغان ئېنىق ياكى تەخمىنىي مۆلچەر؛ پىلان: ئۇ خانىغا سۈيىقەست قىلىش رىجەسىنى تۈزۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ رىجەسى بىتچىت قىلىندى.

**رىجەلەشتۈرمەك** پ. مۆلچەرلىمەك: — ھۆرمەتلىك شەيخۇلئىسلام جانابلىرى، ئارتۇقچە پەرداز ئۆزلىرىگە ياراشماسمىكىن؟ ئۆزلىرىنىڭ مايمۇن ئويۇنلىرىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. تەركىدۇنياچى سوپىلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىنى سىلەر ئاللىبۇرۇن رىجەلەشتۈرگەن، — دېدى مەلىكە ئامانىسا ئىشان خوجا ئابدۇرېھىمغا بۇرۇلۇپ.

**رىجەلەشتۈرۈشمەك** «رىجەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رىجەلەشتۈرۈلمەك** «رىجەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رىچاگ** ئى [ر] ① <فىز> بىرەر تايانچ نۇقتا ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ۋە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ كۈچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خادا؛ پىشاڭ: — سەل چېكىنىپىرەك تۇرۇڭلار، رىچاگ، كۇنۇپكىلارغا چېقىلماڭلار، — دېدى ئادىل ئۇلارغا. ② باشقۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دەستىلىك پىشاڭ: ئۇ بىر قولىنى رىچاگدىن بوشىتىپ، قىزنىڭ دولقۇنلۇق چاچلىرىنى سىلىدى.

**رىدكۇل** ئى [ر] ئاياللارنىڭ كوچىغا چىققاندا ئىچىگە پۇل سېلىۋالىدىغان كىچىك سومكا شەكىللىك، بېغى بار پۇل قاپچۇقى: ئۇ بۈگۈن ئۈستىگە قىزىل پوپايكا، يېشىل تار يوپكا كىيگەن بولۇپ، ئىككى تال چېچىنى قويۇۋەتكەن، بىلىكىگە كىچىككىنە خۇرۇم رىدكۇل ئۆتكۈزۈۋالغانىدى.

**رىزا** ئى [ئە] يېز ت. رازىلىق جاۋابى، رازىلىق؛ رازى: رىزا قىلماق. * قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر (ماقال).

**رىزالاشماق** پ. رازى ـ رىزا بولۇشماق؛ رازىلاشماق.

**رىزالەت** ئى [ئە] يېز ت ① رەزىللىك، ئىپلاسلىق، پەسكەشلىك: ئەجەبمۇ بىر رىزالەتكە يېتەكلەر شەخسىي دۈشمەنلىك مەگەر كىم باغرى دۈشمەنلىك قۇرۇلغاندۇر قارا تاشتىن؛ ② جاپا ـ مۇشەققەت، جەبىر ـ زۇلۇم: ئۇ زامانلار كەلتۈردى ياخشىلارغا رىزالەت، يامانلارغا «ھۆر زامان» ئەيش ـ ئىشرەت، پاراغەت.

**رىزالىق** ئى. رازىلىق؛ ماقۇللۇق: رىزالىق بەرمەك.

**رىزە** سۈپ. دىيال ① نازۇك، نېپىز (نەرسە ھەققىدە). ② جاپاغا چىدىمايدىغان، چىدىماس: رىزە بالا.

**رىزىق (رىزقى )** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، خۇدا ھەربىر كىشى، ھەربىر جان ئۈچۈن ئاتىغان نېسىۋە: تۇغۇلغاننىڭ رىزقى بىللە تۇغۇلار (ماقال). * بەزى ئادەملەر باركى، تۇتقان ـ پۈتكىنى قۇۋلۇق ـ شۇملۇق، ئويلايدىغىنى باشقىلارنىڭ رىزقىنى تارتىۋېلىش، شۇغۇللىنىدىغىنى سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئەمەل ـ مەنسەپ تەمەسىدە ئۆزىنى قۇللۇققا بەخشەندە قىلىش، شۇ يولدا تەمەگەر ۋە نان كۆچۈكى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇش. ② ھايات كەچۈرۈش، تىرىكچىلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇق، ئوزۇق ـ تۈلۈك؛ ئوقەت: — مېنىڭ قورسىقىم تازا ئاچ ئىدى، يەيدىغان رىزىق ئۇچرىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كۈلدۈم، — دەپتۇ دىۋە.

**رىزقىغا تۇپا چاچماق** ← **رىزقىغا ئولتۇرماق.**

**رىزقىغا ئولتۇرماق** مەنپەئەتىگە زىيانكەشلىك قىلماق، مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماق: سىزدە ئىمان بولسا، ئاشۇ بىچارە دېھقاننىڭ رىزقىغا ئولتۇرمەن دېمەڭ.

**رىزىق ـ نېسىۋە** ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يېيىشكە ـ ئىچىشكە بولىدىغان نەرسىلەر؛ رىزىق ۋە نېسىۋە: بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزقى ـ نېسىۋىسى بار ئىكەن، موماي ئاخىر ھوشىغا كەلدى.

**رىزىقلانماق** پ. ئوزۇقلانماق: نېمە ئۈچۈن ئىنسان قېنى بىلەن رىزىقلىنىدىغان پاشا ـ كۆمۈتىلار نۆۋىتى كەلگەندە قارلىغاچنىڭ لەززەتلىنىدىغان ئوزۇقلۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

**رىزۋان** ئى [ئە] يېز ت ① جەننەت: ئەگەرچە بولسىمۇ بۇ جاي باياۋان، بۇلارغا بولدى گويا باغى رىزۋان. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**رىسالە** ئى [ئە] بىرەر ساھە، بىرەر كەسىپ ۋە ئۇنىڭ تەرتىپ، قائىدە ـ قانۇنلىرىغا ئائىت كىتابچە، بىراشۇرا: تۆمۈرچىلىك رىسالىسى. مىسكەرلىك رىسالىسى.

**رىشالە** ئى. شېكەر بىلەن تۇخۇم ئېقىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان رەڭگى ئاق بىر خىل قويۇق يېمەكلىك: داستىخانغا ھالۋا، قايماق، رىشالە، قويۇقئاشلار تارتىلىپتۇ.

**رىشتاپ** ئى [پ] كىچىك ياغاچ تۇتقىغا بېكىتىلگەن ئىلمەك

سىم. بۇ ئالتۇن، كۈمۈش، تۆچ، مىستىن تارتىلغان ئىنچىكە سىملارنى ئېشىشتە قوللىنىلىدۇ.

**رىشتە** ئى [پ] ① يىپ، شوينا، تاناب: بۇ رىشتىگە ئۆتكۈزۈلگەن مارجان ئىدى، يىپ ئۈزۈلۈپ مارجانمۇ يەرگە تۆكۈلدى. ② كۆچمە. نەرسىلەر، كىشىلەر ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنى ئۆزئارا مەھكەم باغلايدىغان ۋاستە؛ باغلىنىش، مۇناسىۋەت: دوستلۇق رىشتىسى. كۆڭۈل رىشتىسى ئۈزۈلمەك. مۇھەببەت رىشتىسى.

**رىشتىگە** ئى <بىن> ① خىش چاكلىرىنىڭ باستۇرمىسى. ② خىش چاكلىرىنىڭ ئارىسىغا لاي، سېمونت بىلەن باستۇرما بېرىدىغان ئەسۋاب.

**رىغبەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە بولغان خاھىش، ئىستەك، مەيل، راي: شۇ قولۇڭنى ھازىرمۇ مېنىڭ قولۇم بىلەن بىللە بىلىمەن. ئىلھام بەرگەچ رىغبىتىڭ سېنىڭ، يالقۇنغىمۇ دادىل كىرىمەن. ② ئىلھام، مەدەت: سېنىڭ ھەرىكىتىڭ ماڭا نىشان، ئەينەك ۋە ھەققانىي رىغبەت بولدى.

**رىغبەتچى** ئى. رىغبەتلەندۈرگۈچى: تەتقىقاتچىلار شاھىرۇھنىڭ خانىشى گۆھەر شادىنىمۇ ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رىغبەتچىسى، ھىمايىچىسى، مىمارچىلىق ھەۋەسكارى، دەپ قارايدۇ.

**رىغبەتلەندۈرمەك** «رىغبەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەئىس ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈردى.

**رىغبەتلەندۈرۈشمەك** «رىغبەتلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**رىغبەتلەندۈرۈلمەك** «رىغبەتلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالىلار ئارقا - ئارقىدىن مۇكاپاتلىنىپ رىغبەتلەندۈرۈلدى. * تاسادىپىي نەتىجىگە ئېرىشكەن ياكى رىغبەتلەندۈرۈلگەن ئۇرۇنۇشلار ۋە تەۋەككۈلچىلىكلەر كۆپ ھاللاردا كېيىنكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدۇ.

**رىغبەتلەنمەك** پ. رىغبەتكە ئىگە بولماق؛ رىغبەتكە، مەدەتكە ئېرىشمەك؛ مەدەت ئالماق: ئائىشە خېنىم ئۇلارنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن رىغبەتلىنىپ، يەنە گەپ باشلىدى.

**رىقابەت** ئى [ئە] ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پايدا - مەنپەئەت، بازار ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى؛ بەسلىشىش؛ مۇسابىقە: سودا رىقابىتى.

**رىقابەتچان** سۈپ. رىقابەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، رىقابەت روھىغا ئىگە: رىقابەتچان كارخانىچى.

**رىقابەتچانلىق** ئى. رىقابەتلىشىش روھى: كارخانىلار ئاسانلا ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلاردا رىقابەتچانلىق كەم بولۇۋاتىدۇ.

**رىقابەتچى** ئى. رىقابەتلەشكۈچى كىشى ياكى تەرەپ: ئۇلارنىڭ سېپىگە يەنە يېڭى رىقابەتچىلەر كېلىپ قوشۇلدى.

**رىقابەتسىز** سۈپ. رىقابەت يوق، رىقابەت بولمىغان: رىقابەتسىز جەمئىيەت ئادەمنى ئاجىز - قابىلىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

**رىقابەتلەشتۈرمەك** «رىقابەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**رىقابەتلەشتۈرۈلمەك** «رىقابەتلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**رىقابەتلەشمەك** پ. پايدا - مەنپەئەت تالاشماق، باشقىلارنى ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەشمەك، بەسلەشمەك: بىز تىجارەتتە تەڭ رىقابەتلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق.

**رىقابەتلىك** سۈپ. رىقابەت بار، رىقابەتكە ئىگە: مەن ياپونلارنىڭ تىمتاس، ئېھتىياتچان، رىقابەتلىك مۇھىتى ئىچىدە قەدىمىمنى كېرىپ، گۈرسۈلدەپ مېڭىپ يۈرەتتىم.

**رىكشا** ئى [ر<ياپون] ئادەم ياكى مال توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋا. ئۇنى ئاساسەن ئادەم سۆرەيدۇ. بەزىلىرى ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت شەكلىدە بولىدۇ: بىز لەنجۇدا نۇرغۇن رىكشىلارنى كۆردۇق.

**رىكشىچى** ئى. رىكشا بىلەن ئادەم ياكى مال توشۇپ، شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: ئۇ ئەسلىي بىر رىكشىچى ئىكەن.

**رىكشىچىلىك** ئى. رىكشا بىلەن ئادەم ياكى مال توشۇش ئىشى، كەسپى: رىكشىچىلىك ئىچكى ئۆلكىلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر يولى.

**رىككېتسىيە** ئى [ئىنگ] <تېب> باكتېرىيە بىلەن ۋىرۇس ئارىلىقىدىكى بىر خىل مىكرو ئورگانىزم. باكتېرىيەلەردىن كىچىك بولۇپ، ئادەتتىكى مىكروسكوپلاردا كۆرگىلى بولىدۇ، پەقەت تىرىك توقۇلما ھۈجەيرىلىرىدىلا كۆپىيەلەيدۇ.

**رىم** ئى ① <تارىخ> ئىتالىيەنىڭ قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرىدىن بىرى. ② ئىتالىيەنىڭ ھازىرقى پايتەختى.

**رىم رەقەملىرى** <مات> قەدىمكى رىملىقلار سانلارنى خاتىرىلەشتە ئىشلەتكەن Ⅰ، Ⅱ، Ⅲ، Ⅳ Ⅴ...، قاتارلىق بەلگىلەر.

**رىمفون** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_7OH_3$. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كرىستال بولۇپ، تەمى دەسلەپ تاتلىق، كېيىن ئاچچىق بىلىنىدۇ. زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىز. سىلىنى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**رىنگىت** ئى. مالايشىيانىڭ پۇل بىرلىكى.

**رىھلەت** ئى [ئە] يېز ت. كۆچۈش، يۆتكىلىش، سەپەر: رىھلەت قىلماق.

**رىۋايەت** ئى [ئە] مەلۇم كىشى، نەرسە، ئىش ياكى مەلۇم ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ھېكايە؛ ئەپسانە: رىۋايەت قىلماق.

**رىۋايەتچى** ئى. رىۋايەت قىلغۇچى، رىۋايەت ئېيتقۇچى ئادەم: ئىشىتتىم، باشلىدى داستاننى مۇنداق، رىۋايەتچى: نىكاھ باشلىنىدىغان چاغ.

**رىۋايەتلەشتۈرمەك** «رىۋايەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇلچىلىقى، رەسسىم ۋە ئەدەبىياتى ئارقىلىق بۇددىزم دۇنيا مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەددىئىي تۆھپىلەر قوشقان، ئۇنى مۇزىكىلاشتۇرغان، ئوبرازلاشتۇرغان ۋە شېئىرىي رىۋايەتلەشتۈرگەن.

**رىۋايەتلەشتۈرۈلمەك** «رىۋايەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇنياۋى ھادىسە بولغان بۇددىزم شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇزىكىلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە شېئىرىي رىۋايەتلەشتۈرۈلگەن.

**رىۋايەتلەشمەك** پ. رىۋايەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق، رىۋايەت تۈسىنى ئالماق، رىۋايەتكە ئايلانماق.

**رىۋايەتلىك** سۈپ. رىۋايەت تۈسىنى ئالغان: مەخسۇت ئېلىشانىڭ گۈزەل قىز توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

**رىئېل** ئى. كامبودژانىڭ پۇل بىرلىكى.

**رىيا** ئى [ئە] يېز ت. ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ئىككى يۈزلىمىلىك: بىرى شەخسىيپەرەس زالىم، بىرى قاشقىر مىجەز ھاكىم، بىرى گال بەندىسى «ئالىم»... ساداقەتتە رىيا كۆردۈم.

**رىيازەت** ئى [ئە] جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق؛ ئازاب، ئازاب ـ ئوقۇبەت: رىيازەت چەكمەك. * رىيازەت ئەدەپنىڭ كانى، روھنىڭ دەرماندۇر. ئىنسانلارنى توغرا يولغا سېلىپ، ئەگرى يولدىن قايتۇرغۇچى رىيازەتتۇر. شۇ سەۋەبلىك رىيازەت چەككۈچىلەر ئاقىل ۋە پازىل بولۇر. بۇنداق كىشىلەر ئاللاھ ۋە خالايىققىمۇ مەقبۇل ۋە مۆتىۋەر بولۇر.

**رىيازەتسىز** سۈپ. رىيازىتى يوق، رىيازەت كۆرمەي: — رىيازەتسىز بەخت بولمايدۇ، — دېدى ئۇ سۈس كۈلۈمسىرەپ.

**رىيازەتلىك** سۈپ. جەبىر ـ جاپاسى، دەرد ـ ئەلىمى بار؛ جاپالىق، ئازابلىق: ۋەزىر تالاي رىيازەتلىك سەپەرنى تۈگىتىپ، ئاخىر ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

**رىيازىيات** ئى [ئە] كونا. ماتېماتىكا: بۇ زات رىيازىياتتا ئىختىساس ھاسىل قىلغان.

**رىياسەت** ئى [ئە] مەجلىس، يىغىن قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلىش: بۇ پىكىر، رىياسەت سەھنىسىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىپ كەتتى. * — ئەزىز تالىپلار، بۇ خاندانلىقىمىزنىڭ ئۆز ئىشىمىزدۇر، — دېدى سەردار ئەكرەم، — ئەھدىنامىگە بىنائەن خانلىقىمىزنىڭ سىياسەت ۋە رىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىقىڭلار شەرت.

**رىياسەتچى** ئى. باشقۇرغۇچى، باشچىلىق قىلغۇچى: مەجلىس رىياسەتچىسى. پىروگراما رىياسەتچىسى.

**رىياسەتچىلىك** ئى. باشقۇرۇش، باشقۇرۇش پائالىيىتى؛ باشچىلىق قىلىش: يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماق. * ئوقۇغۇچىلار سىنىپ مۇدىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سىنىپ ھەيئەتلىرىنى سايلاشقا ئۆتتى.

**رىياكار** سۈپ [ئە + پ] ساختىپەز؛ ئىككى يۈزلىمىچى، مۇناپىق: — ھەي رىياكار ئالەم، — دېدى ئالىم ۋە لەسسىدە ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

**رىياكارانە** رەۋ [ئە + پ] يېزت. رىياكارلىق بىلەن، مۇناپىقلارچە: رىياكارانە ئىش تۇتماق. // رىياكارانە ئىش. رىياكارانە قىلىق.

**رىياكارلىق** ئى. ساختىپەزلىك، مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك: رىياكارلىق ھەممىنى بىزار قىلىدىغان يامان قىلىق.

**رىيال** ئى. سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

# ز

ز ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون بىرىنچى ھەرپى.

**زابان** ئى [ پ ] تىل؛ نۇتۇق: شەرق دانىشمەنلىرى گۇناھ ۋە جازا ھەققىدە ئاقىلانە تەبىرلەرنى بەرگەن، بىز ئۇلارنىڭ شېرىن زابانىغا سەمە بولۇپ باقايلى.

**زابوي** ئى [ر] ① <تەن> ۋالىبول ئويۇنىدا سىزىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۇرۇلغان توپ: زابوي ئۇرماق. ② كۆچمە. دائىم هاراق ئىچىپ مەست يۈرىدىغان كىشى، هاراقكەش: زابوي ئادەم. // زابوي بولماق.

**زاپاس** ئى [ر] ① كەلگۈسىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلاپ، غەملەپ قويۇلغان ياكى ئاجرىتىلغان نەرسە: ئاشلىق زاپىسى. // قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بەزى زاپاس بايلىقلىرى شۇ ئۆيدە تۇراتتى. ② قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى تەبىئىي مىقدارى: ئالتۇن زاپىسى. نېفىت زاپىسى.

**زاپاسلىماق** پ. كەلگۈسىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييار-لىماق، غەملىمەك: يىل بېشىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت كەنت يېرىنى ئېلىپ زاپاسلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەن. * ھازىر كوسوۋو-دىكى تۈرك، رۇم، بوسنىيەلىك ئاھالىسى ئەندىشە ئىچىدە قالدى، بەزىلەر ئاشلىق زاپاسلاپ، تاسادىپىي ئەھۋاللارغا تەييارلىق قىلدى.

**زاپچاس** ئى [ر] <ماشىن> ھەر خىل موتورلۇق، موتورسىز قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ مەلۇم بىر سايمىنى، ماتېرىيالى، دېتالى.

**زاپخوز** ئى [ر] ئىدارە، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىقلاردا خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان؛ لېيەندۈيلەردە قورال-ياراغ، ماددىي ئەشيا، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىر.

**زاپخوزلۇق** ئى. خوجىلىق خىزمىتى: زاپخوزلۇق قىلماق.

**زاپونكا** ئى [ر] ئەر-ئاياللار كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا ياكى يېڭىگە تاقىلىدىغان مەخسۇس تۈگمە.

**زات** ئى [ئە] ① بىر ئۇرۇق-ئەجدادتىن تارالغان نەسىل، ئەۋلاد: ياخشىدىن زات قالىدۇ، ياماندىن داد (ماقال). ② كېلىپ چىقىش: ئەسلىي زاتىڭنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. ③ بىرەر ئىش-ھەرىكىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم؛ شەخس: مەشھۇر زات. ئالىي زات. ④ جىنس: مەخلۇق بىرەھىم چۈشۈرۈپ پەرمان، ئەركەك زاتىنى قويمى-دى ئامان.

**زاتەن** رەۋ [ئە] ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئەسلىدە، ئەمە-لىيەتتە: ئايتىللانىڭ ئۇنى زاتەن كۆرۈشى بىرىنچى قېتىم ئىدى.

**زاتور** ئى [ر] مىلتىق قاتارلىق ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوقداندىكى ئىستوۋۇلغا كىرگۈزۈش، مىشەكنى چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايدىغان قۇرۇلمىسى.

**زاتىل** ئى [ئە] كونا <تېب> ئۆپكە ياللۇغى.

**زاخا** ئى. دىيال. تېگىش، چېقىلىش.

**زادى** ① رەۋ. ھەرگىز، قەتئىي، پەقەت: بۇ ئىش قىزنىڭ يادى-دىن زادى چىقمايتتى. ② يۈك. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ: زادى كېلەمسەن؟ * زادى نەگە بارىمەن؟

**زار** ئى [پ] ① ھەسرەتلىك يىغا؛ نالە-پەرياد، پىغان: قازاننىڭ ھورى يامان، يېتىمنىڭ زارى (ماقال). ② تەلەپ، ئىلتى-ماس، ئىلتىجا: ئاڭلىدىم يىغلاڭغۇ غەمكىن ناخشاڭدا، بىز بىلەن بىللە كەت، دېگەن زارىڭ بار. ③ موھتاج، ھاجەت، تەشنا: ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست-دۈشمەنگە زار بولماس (ماقال).

**زاراتگاھ** ئى [ئە + پ] ← **زاراتلىق**: ئۇ زاراتگاھقا قاراپ يول ئالدى.

**زاراتگاھلىق** ئى ← **زاراتلىق**.

**زاراتلىق** ئى. ئۆلگەن كىشىلەرنى كۆمىدىغان جاي؛ قەبرىس-تان: كەڭ زاراتلىق غۇۋا ئايدىڭدا كىشى ئەيمەنگۈدەك جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى.

**زاراخەتمە** ئى [ئە] <دىن> كونا ئادەت بويىچە يېزىلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاممىۋى نەزىر ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خۇدادىن مول ھوسۇل تىلەش پائالىيىتى: بۇ يىلقى نورۇزدا زاراخەتمە ئۈچۈن مەھەللە-مەھەللىلەرگە بېرىلگەن ۋاڭنىڭ ھىممىتى بۇرۇنقى يىللارغا قارىغاندا كۆپ بولدى.

**زاراڭزا** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سارغۇچ قىزىل، كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ. گۈلى تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**زاراڭزىلىق** ئى. زاراڭزا تېرىلغان يەر: زاراڭزىلىققا بارماق. زاراڭزىلىقتا ئىشلىمەك.

**زار-زار** «زار» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: زار-زار قاقشىماق. زار-زار يىغلىماق.

**زارلاتماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ

بىر ئۆمۈر بىزنى قاقشاتقان، زارلاتقان، مانا ئەمدى ئۆز بېشىنى يەپتۇ.

**زارلاشماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دائىم «دېھقانىنىڭ ھالىغا يەتمىگەن باشلىقنىڭ خۇدايىم جازاسىنى بېرەر» دەپ زارلىشاتتى.

**زارلانماق** «زارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بوۋاي يولدا زارلىنىپ ئولتۇرغان ئوغرىنى كۆرۈپ، ئېشىكىدىن ئىرغىپ چۈشتى.

**زارلىق** ① سۈپ. ھەسرەتلىك، نالە ـ پەريادلىق: زارلىق يىغا. * بارغانچە مۇڭلۇق، بارغانچە زارلىق ئېيتىلغان قوشاق باربىتقا ئەگىشىپ بارغانچە ئەۋجگە كۆتۈرۈلەتتى. ② ئى. ماددىي جەھەتتىن قىيىنىلىش، تەڭلىك، موھتاجلىق: ئاش ـ نان زارلىقىنى تارتماق.

**زارلىماق** پ. بىرەر نەرسىدىن نالە قىلماق، شىكايەت قىلماق، ھەسرەت چەكمەك، ئېچىنماق: زارلىغانغا كەلمەيدۇ، قارىغانغا بەرمەيدۇ (ماقال).

**زارلىنىشماق** «زارلانما» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار زارلىنىشقان ھالدا كېتىپ قېلىشتى.

**زارۇزار** ← **زار-زار.**

**زارىقتۇرماق** «زارىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلىكىم ئۆزىنىڭ كېچىكىپ ئۇنى زارىقتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى.

**زارىقماق** پ ① بىرەر نەرسىگە قاتتىق موھتاج، تەشنا بولماق؛ زار بولماق: نانغا زارىقماق. ② ئىنتىزار بولماق، تەقەززا بولماق؛ تەلمۈرمەك: ئايشەم ھەدىنىڭ زارىقىپ كۈتكەن كۈنلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

**زارىقىشماق** «زارىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زاسۇي** ئى [خەن] تازىلاپ پىشۇرۇلغان كالىلا ـ پاقالچاق، ئۆپكە ـ قېرىن قاتارلىقلار: ئاخىرى ئۇلار كاۋاپ، زاسۇي ۋە تونۇر كاۋىپى يېيىشتى.

**زاسۇيپەز** ئى ← **زاسۇيچى**: ئايشەمنىڭ ئاپىسى زاسۇيپەز ئىدى.

**زاسۇيپەزلىك** ئى ← **زاسۇيچىلىك**: زاسۇيپەزلىك قىلماق. * زاسۇيپەزلىك بىلەن جان باقماق.

**زاسۇيچى** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ ساتقۇچى كىشى: ئۇنىڭ چوڭ ئاپىسى ئەسلىي زاسۇيچى ئىدى.

**زاسۇيچىلىك** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ سېتىش ئىشى: زاسۇيچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق. زاسۇيچىلىك قىلماق.

**زاسۇيخانا** ئى. زاسۇي پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي، دۇكان: زاسۇيخانىدا ئىشلىمەك.

**زاسېداتېل** ئى [ر] <قا> سوتقا ياندىن قاتنىشىپ، دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مەسلىھەت بېرىدىغان خادىم؛ مەسلىھەتچى.

**زاسېداتېللىق** ئى <قا> سوتقا ياندىن قاتنىشىپ، دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مەسلىھەت بېرىش ئىشى، مەسلىھەتچىلىك: زاسېداتېللىق تۈزۈمى.

**زاغ** ئى [پ] يېزت ① قاغا. ② دۈشمەن.

**زاغرا** ئى. قوناق، تېرىق قاتارلىق قارا ئاشلىق ئۇنىدىن يېقىلغان نان: ئەپەندىم بىر باينىڭ ئۆيىگە بارسا، باي ئۇنىڭغا زاغرا بىلەن ئەتكەنچاي بېرىپتۇ.

**زاغرا تىل** يەرلىك خەلقلەر ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان ئاددىي تىل؛ خەلق تىلى: زاغرا تىلدا سۆزلىمەك.

**زاغرىچى** ئى. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن زاغرىنى كۆپرەك يېيىشكە مەجبۇر بولغان ئادەم؛ كەمبەغەل، يوقسۇل: — زاغرىچىنىڭ مۇشتۇمى زاغرىدەك قاتتىق بولىدۇ، — دېدى شاكىر.

**زاغزاق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق ياكى سۆسۈن قىزىل كېلىدۇ. مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ. چۆل، قۇم دۆۋىسى ۋە شورلۇقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**زاغزاقلىق** ئى. زاغزاق كۆپ ئۆسكەن جاي: زاغزاقلىققا بارماق. زاغزاقلىقتا ئىشلىمەك.

**زاغ-زۇغۇن** قاغا ۋە قۇزغۇن.

**زاغۇن** ئى <بوت> ① كىرىپست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق، مېۋىسى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**زاغۇن باش** ئەقلى تازا جايىدا ئەمەس: — تازىمۇ بىر زاغۇن باش نېمە ئوخشىمامدۇ بۇ، — دېدى قاسىم ئاكام قاتتىق خاپا بولۇپ.

**زاغۇنلۇق** ئى. زاغۇن تېرىلغان ياكى ئۆسكەن يەر: ھېلىقى بىر توپ كىشىلەر زاغۇنلۇقنى ئارىلاپ چىقىپ كەتتى.

**زاقا** ئى. دىيال. ئازار، دەشنەم.

**زاك** ئى [پ] <خىم> تۆمۈر سۇلفات، تۆمۈر سۇلفات كىسلاتا تۇزى ۋە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان ئاچ يېشىل كىرىستاللىق ماددا.

**زاكا** ئى. بوۋاقلارنى يۆگەيدىغان ياكى ئاستىغا سالىدىغان لاتا؛ يۆگەك: زاكىسىنى يەڭگۈشلىمەك. زاكىغا ئالماق.

**زاكا غالچا** تۇغما غالچا: بۇ زاكا غالچا قەشقەر خوجىلىرى سەئىدىيە زېمىنىنى روناق تاپقۇزۇش ئورنىغا، بۇ گۈزەل يۇرت ـ ماكاننى بارلىق بايلىق ـ غەنىيمەتلىرى، ئەزىز پەرزەنت ئوغۇل ـ قىزلىرى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى خوتۇنلىرى، ئىنگىچە ـ سىڭىللىرى بىلەن قوشۇپ ئۇيالماستىن جۇڭغارلارغا سوڭلاپ بېرىشتى.

**زاكا قېرىسى** بەك كىچىك تۇرۇپ ھەممىنى بىلىمەن دەيدىغان، قاقباش: ھوي زاكا قېرىسى، قۇرۇق گەپنى قوي، ساڭا بۇنداق قىلىشنى كىم قويۇپتۇ.

**زاكات** ئى [ئە] ① <دىن> ئىسلام دىنىدا مال، پۇلغا ئىگە بولغانلارنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم پۇل ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ 40 تىن بىرىنى غېرىب ـ غۇرۋالارغا، كەمبەغەل ـ مۇساپىرلارغا بېرىدىغان خەير ـ سەدىقىسى: زاكات بەرمەك. زاكات ئالماق.

**زاكاتچى** ئى. زاكات ئالىدىغان، زاكات يىغىشقا بەلگىلەنگەن ئادەم: موللازەيدىن باجگىر بىلەن زاكاتچىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

**زاكاز (زاكازى)** [ر] ① ئى. بۇيرۇتما: زاكاز ئالماق. زاكاز قوبۇل قىلماق. ② سۈپ. مەخسۇس نومۇر بىلەن پوچتىغا تىزىملىتىلغان ۋە ئادرېستىكى كىشىنىڭ قولىغا تېگىش شەرت قىلىنغان (خەت، پوسۇلكا ھەققىدە): زاكاز خەت.

**زاكازچى** ئى. زاكاز بەرگۈچى، زاكاز قىلغۇچى كىشى: ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ زاۋۇتقا زاكازچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى.

**زاكالەت** ئى [ر] زاكاز قىلىنىدىغان ياكى سېتىۋېلىنىدىغان نەرسە ئۈچۈن ئالدىن تۆلىنىدىغان ھەق: زاكالەت ئالماق. زاكالەت بەرمەك.

**زاكون** ئى [ر] جان ت. قائىدە ـ قانۇن، مىزان، داۋلى: ـــ چوقۇم بويسۇنۇش كېرەك، زاكون دېگەن زاكون! ـــ دېدى بىرەيلەن ۋارقىراپ.

**زاكونچى** سۈپ. جان ت. قائىدە ـ قانۇنلۇق، داۋلىلىق، پاكىتلىق سۆزلەيدىغان، ئۆز سۆزى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان؛ سۆزمەن: شەھەرلىكلەر تولىمۇ زاكونچى كېلىدۇ، يېزىدىكىلەردەك مۇلايىم ئەمەس.

**زاكونچىلىق** ئى. قائىدە ـ قانۇن، مىزانلارنى كۆپ سۆزلەش، سۆزمەنلىك.

**زاكونلاشماق** پ. جان ت. داۋلىلاشماق، گەپ بىلەن ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاشماق: راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن زاكونلاشقۇدەك ماجالى يوق ئىدى.

**زاكۇ** ئى [خەن] قاپقىنى ئېچىش ئارقىلىق سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان سېمونت ياكى ياغاچ تاقاق، توما: زاكۇ سالماق.

**زاكۇسكا** ئى [ر] هاراق ـ شاراب ئىچكەندە يېيىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىك: زاكۇسكا تەييارلىماق. زاكۇسكا سېتىۋالماق.

**زاكىلاتماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى زاكىلاتماق.

**زاكىلاشماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سېستىرالار بوۋاقلارنى زاكىلاشتى.

**زاكىلاقسىز** سۈپ. زاكىلانمىغان، زاكىغا يۆگەلمىگەن.

**زاكىلاقلىق** سۈپ. زاكىلانغان، زاكىلاپ قويۇلغان: زاكىلاقلىق بالا.

**زاكىلانماق** «زاكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا زاكىلاندى.

**زاكىلىق** سۈپ. زاكا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، زاكا قىلىشقا بولىدىغان: زاكىلىق رەخت.

**زاكىلىماق** پ ① زاكىغا يۆگىمەك، زاكا بىلەن ئوراپ تاڭماق: بالىنى زاكىلىماق. ② كۆچمە. مىدىرلىيالمايدىغان، ئاغزىنى ئاچالمايدىغان قىلىپ قويماق، ئاغزىنى ئەتمەك: تۇراپنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا زاكىلاپ قويالايمەن!

**زاڭ** I ئى. قوناق ئۇنىدىن قويۇق قىلىپ چېلىنغان ئۇماچ؛ ئۇ پىشقاندىن كېيىن ئۈستىگە قورۇلغان سەي سېلىنىپ يېيىلىدۇ: هالۋىنى كۆپ يېسە زاڭ تېتىيدۇ (ماقال).

**زېڭىدا زاڭ كۆرمىگەن** تۇرمۇشى ئىنتايىن مۇشكۇلچىلىكتە ئۆتكەن، چوڭراق بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغان: ـــ زېڭىدا زاڭ كۆرمىگەن نېمىلەرنىڭ، ئەمدى كېلىپ يوغانچىلىق قىلىشىپ كەتكىنىنى قارا، ـــ دېدى هېلىقى باي.

**زاڭ** II ئى [خەن] <قا> ← **زاڭ مال.**

**زاڭ مال** <قا> خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش ياكى ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال ـ مۈلۈك.

**زاڭ** III سۈپ. گەپ ـ سۆز، قىلىقلىرى باشقىلارغا ياقمايدىغان؛ تېتىقسىز، ماز: زاڭ ئادەم. زاڭ بالا.

**زاڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىر قىسمى چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلى-
رىگە، يەنە بىر قىسمى چەت ئەللەردىن بۇتان، سىككىم، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**زاڭزۇچە** ① سۈپ. زاڭزۇ خەلقىگە، زاڭزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ زاڭزۇ خەلقىگە خاس بولغان: زاڭزۇچە كىيىم. زاڭزۇچە ئۇسسۇل. زاڭزۇچە ئادەت. ② ئى. زاڭزۇ تىلى ياكى يېزىقى: زاڭزۇچە ئۆگەنمەك.

**زاڭگا** ئى. دىيال. بەدەنگە چىققان جاراھەتلەرنىڭ قاقىچى.

**زاڭگۇل - زۇڭگۇل** دىيال. ئۇششاق ـ چۈششەك.

**زاڭلاشتۇرماق** «زاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇنۇگۈنكى سورۇننى مۇختەر زاڭلاشتۇرمىغان بولسا، خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان بولاتتى.

**زاڭلاشتۇرۇلماق** «زاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زاڭلاشماق** پ. گەپ ـ سۆز، قىلىقلىرى كىشىلەرگە ياقمايدىغان بولۇپ قالماق، تېتىقسىزلاشماق: ئۇ تولىمۇ زاڭلاشتى.

**زاڭلىق** I ئى. تېتىقسىزلىق، مازلىق: ئۇنىڭ زاڭلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

**زاڭلىق** II ئى. باشقىلارنى كەمسىتىش؛ مەسخىرە: زاڭلىق ئەتمەك. زاڭلىق قىلماق.

**زال** I ئى [ر<نېم] يىغىن، مۇراسىم، كۆڭۈل ئېچىش، توي ـ تۆكۈن، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق تۈرلۈك ئاممىۋى مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئۆي.

**زال** II سۈپ [پ] دىيال ① قۇۋۇ، تادان. ② گەپ ئۆتمەس، قېلىن.

**زالالەت** ئى [ئە] توغرا يولدىن ئېزىش، گۇمراھلىق؛ گاڭگىراش، قايمۇقۇش: نېمە قىلىشىمنى بىلمەي زالالەتتە قالدىم.

**زالسىز** سۈپ. زالى يوق، زالغا ئىگە ئەمەس.

**زاللىق** I سۈپ. زالى بار، زالغا ئىگە: ئوتتا بۆرۈلۈپ گۈللۈك كەيزىلەرنى بويلاپ ماڭساق، ئالدى يەنە ئايرىم گۈللۈك، يەردىن بىر يېرىم مېتىر كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، زاللىق، ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەتكە دۇچ كېلىمىز.

**زاللىق** II ئى. دىيال. قۇۋلۇق، تادانلىق.

**زالىم** سۈپ [ئە] كىشىلەرگە جەبىر ـ زۇلۇم سالىدىغان، كىشىلەرنى ئېزىدىغان، رەھىمسىز: زالىم ۋەزىر. زالىم بەگ. // زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا، پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن (ماقال).

**زالىملىق** ئى. رەھىمسىزلىك، مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق بىلەن باشقىلارنى ئېزىش، قاقشىتىش.

**زاماسكا** ئى [ر] ① گەج، ئەلىپماي، يېلىم قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلايدىغان، يېرىق، چاك ۋە شۇ قاتارلىقلارنى چاپلاش، يەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خېمىرسىمان قېتىشما: مانا ماۋۇ زاماسكىنى دېرىزە ئەينىكىگە بېرىڭ. ② چىشنىڭ چىرىگەن جايلىرىنى تولدۇرۇش، ياماش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېتىشما.

**زاماسكىلاتماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىلارنى زاماسكىلاتماق.

**زاماسكىلاشماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى سائەت ئىچىدە پۈتۈن ئىشكاپلارنى زاماسكىلىشىپ بولدى.

**زاماسكىلانماق** «زاماسكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر سائەتكە قالماي ئۇن نەچچە ئورۇندۇق زاماسكىلىنىپ بولدى.

**زاماسكىلىماق** پ. تۆشۈك ۋە يېرىقلارنى زاماسكا بىلەن يەملىمەك، ئەتمەك: ئىشىك-دېرىزىنى زاماسكىلىماق.

**زامان** ئى [ئە] ① تارىخنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۆلۈنگەن، شۇنىڭدەك بىرەر تارىخىي ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن ياكى بىرەر شەخس، سىنىپ، تەبىقە قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇئەييەن بۆلىكى، دەۋر: بۈرۈنقى زامان. ھازىرقى زامان. ② مەزگىل، مەھەل، مۇددەت؛ ۋاقىت، پەيت، چاغ: يىگىت تۆكنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاغمىخان شۇ زامان پەيدا بوپتۇ. ③ <پەلس> ماددا مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى، يەنى ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن تەركىب تاپقان بىر تۇتاش سىستېمىسى، شۇنىڭدەك ماددا ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ④ < تىل > پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۇتۇق مومېنتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگۈچى فورما. ئادەتتە ئۇ ئۆتكەن زامان، كېلەر زامان ۋە ھازىرقى زاماندىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ⑤ كۆچمە. ۋەزىيەت: زامان تۈزەلسە، يامانمۇ تۈزىلەر (ماقال). ⑥ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زامان كاتېگورىيەسى** <تىل> پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. بۇ كاتېگورىيە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ياكى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ھەر خىل زامانغا تەئەللۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زامانىنىڭ كۆزى** تەڭداشسىز گۈزەل، چىرايلىق، ئىنتايىن لاتاپەتلىك: ۋەزىرنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ھۆسن-جامالدا زامانىنىڭ كۆزى ئىكەن.

**زامان ۋە ماكان** <پەلس> ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. زامان ماددا ھەرىكىتىنىڭ تەرتىپلىكلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى، ماكان ماددىنىڭ سوزۇلۇشچانلىقىنى، يەنى شەيئىنىڭ ئورنى، ھەجمى ۋە شەكلى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**زامانە** ئى [ئە] ← **زامان.**

**زامانداش** ئى. بىرەر كىشى بىلەن بىر زاماندا، بىر دەۋردە ياشىغان ياكى ياشاۋاتقان ئادەم: شائىرنىڭ سۆزلىرى زامانداش تەرەققىيپەرۋەر دوستلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولدى.

**زامانداشلىق** ئى. بىر زاماندا ياشاش، بىر دەۋردە تونۇلۇپ زامانداش بولۇپ ئۆتۈش: مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ، ساڭا زامانداشلىق دەۋىتىمنى يوللايمەن.

**زامان-زامان** ئۇزۇن زامان.

**زامانىۋى** سۈپ [ئە] ھازىرقى زامانغا خاس، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە جاۋاب بېرەلەيدىغان: زامانىۋى قورۇلۇش. زامانىۋى ئۈسكۈنە.

**زامانىۋىلاشتۇرماق** «زامانىۋىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زامانىۋىلاشتۇرۇشماق** «زامانىۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زامانىۋىلاشتۇرۇلماق** «زامانىۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زامانىۋىلاشماق** پ. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشماق، ماسلاشماق: زامانىۋىلاشقان زاۋۇت. زامانىۋىلاشقان قورال.

**زامانىۋىلىق** ئى. ھازىرقى زامانغا خاسلىق، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇنلۇق؛ زامانىۋىلىشىش: ئۇن ئىككى مۇقامنى مەنبە ۋە خورۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش مۇقامنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**زاموك** ئى [ر] <ھەرب> ئېتىش قوراللىرىنىڭ قۇلۇپى: زاموكنى ئاچماق. زاموكنى ئەتمەك.

**زامىن** ئى [ئە] يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز گەپ-سۆز ياكى ئوڭۇشسىز ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن سەۋەبچى ياكى ئەيىبدار؛ جاۋابكار: زامىن بولماق.

**زانانە** ئى. دىيال. نازۇك، نەپىس.

**زاھىت** ئى [ئە ] ① <دىن> تەركىدۇنيا بولۇپ، دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن، تائەت-ئىبادەتكە بېرىلگەن ئادەم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زاھىتلىق** ئى. زاھىتلارغا خاس كىيىنىش، ئىش-ھەرىكەت: ئۇ زاھىتلىق تونىغا ئورىنىۋالغان بىر بۇزۇق ئىدى.

**زاھىر** [ئە] ① ئى. سىرتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى. ② سۈپ. ئوچۇق-ئاشكارا، روشەن؛ ئېنىق: زاھىر بولماق. زاھىر ئەتمەك. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زاھىرەن** رەۋ [ئە] سىرتتىن، يۈزە قارىغاندا، تاشقى كۆرۈنۈشتىن: — زاھىرەن قارىغاندا، سىلەرنىڭ پىكرىڭلەر توغرا، — دېدى ئەھمەد بەگ.

**زاھىرلانماق** پ. ئاشكارىلانماق، روشەنلەشمەك، ئېنىق بولماق: ئەنئەنىۋى ئائىلە قاراشلىرىنىڭ قاتماللىقى ۋە ئادالەتسىزلىكىنىڭ دەردىنى تارتقان ئاياللار ئازادلىقى شوئارلىرىغا تېزلا ئاۋاز قوشتى، ئەمما بۇ ھەدېسىلا ئۆز قەدىرقىممەتلىرىنى پىكرىي مۇستەقىللىقتىن ئىزدەش شەكلىدە زاھىرلىنىشقا باشلىدى.

**زاھىرىي** سۈپ [ئە] سىرتقى، تاشقى؛ كۆز ئالدىدىكى، ئوبيېكتىپ: زاھىرىي دۇنيا.

**زاۋال** ئى [ئە] ① كۈن پاتقاندىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ۋاقىت: لۈتپۇللا سىرتقا چىققاندا، ئاللىقاچان زاۋال بولۇپ قالغانىدى. ② كۆچمە. گۇمران بولۇش، يوقىلىش؛ ھالاكەت: زاۋال تاپماق. * كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا، زاۋالى يېقىن بولۇر (ماقال).

**زاۋالسىز** سۈپ. ھالاكەتكە يولۇقمىغان (يولۇقمايدىغان)، تالاپەتكە ئۇچرىمىغان، يوقالمىغان (يوقالمايدىغان): بىلىمدۇر ئەڭگۈشتەر-سائادەت مۆھرى، ھەقىقىي بىلىمدۇر زاۋالسىز ئىقبال.

**زاۋاللىق** ئى. ھالاكەت، تالاپەت، يوقىلىش: جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك پەرزەنتلىرىگە ئالىپ دېگەن بەتنىيەت زاۋاللىق يەتكۈزۈپتۇ.

**زاۋۇت** ئى [ر] سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ياكى قول ھۈنىرى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن: پولات زاۋۇتى.

**زاۋىن** ئى [خەن] <ئەد> ھازىرقى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى. مۇقىم شەكلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇنازىرە بولۇشىمۇ، بايان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**زايه** رەۋ [ئە] پايدىسىز، بىھۇدە، بىكار، زىيادە؛ ئىسراپ، ئارتۇق: زايه بولماق. زايه كەتمەك.

**زايوم** ئى [ر] <س ئىق> ① دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ياكى سىرتقى مەملىكەتلەردىن ئالغان قەرزى. ② زايوم چېكى: زايوم ئالماق. زايوم سېتىۋالماق.

**زايىر** ئى. ئىلگىرىكى زايىر (هازىرقى كونگو <كىنشاسا>) دۆلىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**زەبەرجەد** ئى [ئە] <گېئول> ئەتىۋارلىق بىر خىل مىنېرال. ساپ، سۈزۈك، پارقىراق، جۇلالىق، ناهايىتى كۆركەم بولۇپ، رەڭگىگە ئاساسەن يېشىل زەبەرجەد، سېرىق زەبەرجەد دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە توپاز، سېرىق گۆھەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**زەبەردەس** [پ] ① سۈپ. جىسمانىي جەھەتتىن بەقۇۋۋەت؛ كۈچلۈك، چىلىڭ: زەبەردەس يىگىت. زەبەردەس بالا. ② رەۋ. مۇستەھكەم، مەغرۇر، تىك: يىگىت زەبەردەس دەسسەپ ھېيتگاھقا كېلىپ توختىدى. ③ سۈپ. خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ يۈرەكلىك، باتۇر، پالۋان، جەسۇر: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىكەن، بەزىسى زەبەردەس، ياۋۇز ھالەتتە ئىكەن.

**زەبۇر** ئى [ئە] <دىن> «ئاللا تەرىپىدىن داۋۇت پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن» دەپ تونۇلغان مۇقەددەس كىتاب.

**زەبۇن** [پ] ① سۈپ. خاراب، ۋەيران؛ زەئىپ، نىمجان: زەبۇن بولماق. * پىراقىڭدا بولدى ھالىم زەبۇن، ئۆزۈم غەمناك، مالامەتتىمەن. ② ئى. خېيىم ـ خەتەر، زىيان ـ زەخمەت؛ ئېغىرچىلىق، مۈشكۈللۈك: زەبۇن كۆرمەك.

**زەبۇنلۇق** ئى. زەئىپلىك، نىمجانلىق؛ ۋەيرانچىلىق، مۈشكۈللۈك: تاغام بۇ يىل 60 ياشقا كىردى. شۇ كەمگىچە ئۇ تالاي شادلىققا چۆمدى، نى ـ نى زەبۇنلۇقنىمۇ يولۇقتى.

**زەپ** سۈپ. جان ت. ناھايىتى، ئاجايىپ، بەك، ئىنتايىن: «ئېسىلدا خاتا يوق، بىئېسىلدا ۋاپا يوق» دېگەن گەپ زەپ جايىدا ئېيتىلغان ـ دە.

**زەپەر (زە:پەر)** ئى [ئە] <بوت> ① چىغىر تىماقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاچ قوڭۇر بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**زەپەر** ئى [ئە] ① قولغا كەلگەن نەتىجە، غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت: زەپەر قازانماق. زەپەر قۇچماق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زەپەرنامە** ئى [ئە + پ] قولغا كەلگەن نەتىجە، غەلىبىلەر يېزىلغان قىسسە: ئەنە كۆردۈڭمۇ يازماقتا ئازاد يوقسۇل زەپەرنامە، بىراق بايلار ئۈچۈن بۇ ئىش، سۇغۇرغاندەك گويا كى چىش.

**زەپت** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇش؛ كۈچ؛ شىددەت: نەيزە، قىلىچ زەپتىدىن مىڭلاپ چېرىك يىقىلدى. تىرىكلىرى تۇغ تۇتۇپ، تەسلىم بولۇپ قېتىلدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى بىرياقلىق قىلغۇدەك جاسارەت؛ زەردە، غەزەپ: زەپتى بار.

**زەپلىمەك** پ. زور بىلەن كۆچمەك: ئۇ تازا زەپلەپ ئىشلەۋاتقاندا گۈلسۈم كىرىپ كەلدى.

**زەپمۇ** رەۋ. يېزت. تولىمۇ، بەكمۇ، قەۋەتلا، خويمۇ: زەپمۇ

چىرايلىق بۇ ماكان.

**زەپىران** [ئە] ① ئى <بوت> زەپەر: زەپىران نەدە بولار؛ سۈدىن تۆۋەن لايدا بولار. ② سۈپ. ساپسېرىق: چىرايىم زەپىران بولدى، كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى. ئارىدا ئادالەت يوق، كۆرسىتىشمەيدۇ يارىمنى.

**زەخمەت** ئى [ئە] ئازاب، كۈلپەت، مۇشەققەت؛ ئازار، ئەلەم: زەخمەت چەكمەك. زەخمەت يەتمەك.

**زەخمەتسىز** سۈپ. زەخمەت يەتمىگەن، زەخمەتتىن خالىي: ئىنسان بىلەن تەبىئەت، جاندارلار ئارىسىدىكى زەخمەتسىز دوستلۇقنىڭ مېھرى قەلبلەرنى غەرەزسىز، پاكىز سۆيگۈ بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى.

**زەخمەتلىك** سۈپ، زەخمەت يەتكەن، زەخمىتى بار.

**زەخمەك** ئى [پ] <مۇز> راۋاب، ماندالىن قاتارلىق تارلىق سازلارنى چېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان تىلسىمان ئەسۋاب. ئۇ ئادەتتە ياغاچ، پىل چىشى، مۈڭگۈز، مېتال ياكى سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**زەخىم** ئى [پ] ① تىغ، نەيزە قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇلۇش، مەلۇم نەرسىگە سوقۇلۇش تەسىرىدىن بەدەن ۋە نەرسىلەردە پەيدا بولىدىغان جاراھەت، يارا: زەخىم بولماق. زەخىم قىلماق. ② كۆچمە. مەنىۋى جەھەتتىكى دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت؛ قايغۇ: ئەركىنىنىڭ خېتىدىن ئارزۇگۈلنىڭ قەلبى زەخىم يېدى. ③ ۋەيران بولۇش، بۇزۇلۇش، كاردىن چىقىش: بۇ ئۇرۇش قەدىمىي قەلئە ـ قەسىرلەر ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېغىر زەخىمگە ئۇچراتتى.

**زەخىمدار** سۈپ [پ] جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان، زەخىملەنگەن: ئۇ ئاغىبەگ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ، ئۇنى زەخىمدار قىلدى.

**زەخىملەندۈرمەك** «زەخىملەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈشمەنلەر ھوشۇربەگ سەردارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ بىرنەچچە يېرىنى زەخىملەندۈردى.

**زەخىملەندۈرۈشمەك** «زەخىملەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زەخىملەندۈرۈلمەك** «زەخىملەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بېلى ئېغىر زەخىملەندۈرۈلدى.

**زەخىملەنمەك** پ ① يارىلانماق، جاراھەتلەنمەك؛ زېدە بولماق: پەرى كېلىپ قارىسا دېۋىنىڭ بىرى ئېغىر زەخىملىنىپتۇ. * ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقى يۈرىكىمنى قاتتىق زەخىملەندۈردى. ② زىيانغا ئۇچرىماق، زەرەر تارتماق؛ ۋەيران بولماق: — مۇنداق ئىشتا ئانچە ـ مۇنچە زەخىملەنسەك ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ھاشىم سادىققا قاراپ قويۇپ.

**زەخىملىك** سۈپ. زەخىملەنگەن، يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن؛ زېدە بولغان: ئەمەت زەخىملىك پۇتىنى ئاستا يۆتكەپ كېتىپ باراتتى.

**زەخىمناك** سۈپ [پ] ← **زەخىملىك**: بۇ جەڭگە نوزۇگۇممۇ ئىشتىراك قىلدى، قانچىلاپ رەقىبنى ھەم زەخىمناك قىلدى.

**زەدەك** ئى [پ] <بوت> ← **سەۋزە**.

**زەدىۋال** ئى [پ] ئۆي تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تۇتۇلىدىغان گۈللۈك رەخت.

**زەدىۋاللىق** سۈپ ① زەدىۋال تارتىلغان، زەدىۋال تۇتۇلغان: زەدىۋاللىق تام. ② زەدىۋال تىكىش ئۈچۈن لايىق، باب: زەدىۋاللىق رەخت.

**زەر** [پ] ① ئى. ئالتۇن: — ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ جېنىم،

ئۇستىبېشىڭىزنى ئۈنچە - مارجان، زەرلەرگە كۆمۈۋېتىمەن، — دېدى نەزەر قىزغا ئېسىلىپ. ② سۈپ. ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى: زەر يىپ.

**زەرەپشان** سۈپ [پ] زەر چاچىدىغان؛ ئالتۇن بىلەن تاۋلانغان؛ نۇرلۇق، پارقىراق: كى بۇ تۇپراقنىڭ زەرەپشان كۈنىمۇ، ئاي كۈلۈپ، يۇلتۇز ئېچىلغان تۈنىمۇ.

**زەرەت** ئى [ر] <فىز> جىسىمدا ياكى جىسىمنى ھاسىل قىلغان ماددىي نۇقتىدا بار بولغان مۇسبەت ياكى مەنپىي ئېلېكتىر. قارىمۇقارشى زەرەتلىك جىسىملار ئۆزئارا تارتىشىدۇ، ئوخشاش زەرەتلىك جىسىملار ئۆزئارا تېپىشىدۇ. زەرەتلەرنىڭ يۆتكىلىشى توكنى ھاسىل قىلىدۇ.

**زەرەتسىز** سۈپ. زەرەتكە ئىگە بولمىغان، زەرەتلەنمىگەن.

**زەرەتسىزلەندۈرمەك** «زەرەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەرەتسىزلەندۈرۈلمەك** «زەرەتسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەرەتسىزلەنمەك** پ. زەرەتنى يوقاتماق.

**زەرەتسىزلىنىش** ئى <فىز> قارىمۇقارشى زەرەتلىك ئىككى قۇتۇپ يېقىنلاشقاندا، ئۇچقۇن پەيدا بولۇش ھەم ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق بۇ قۇتۇپلاردا يۈز بېرىدىغان نېيتراللىشىش ھادىسىسى: چاقماق چېقىش تەبىئەت دۇنياسىدىكى زەرەتسىزلىنىشتۇر.

**زەرەتلەنمەك** «زەرەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەرەتلىك** سۈپ <فىز> ئۆتكۈزگۈچتە ئېلېكتىر پوتېنسىيالى بولغان ياكى زەرەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىمنى ئۆزىگە تارتىدىغان؛ زەرەتلەنگەن: زەرەتلىك مېزون.

**زەرەتلىمەك** پ <فىز> تۇراقلىق توك مەنبەسىنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا ئۇلاش ئارقىلىق ئاككۇمۇلياتورنى توك بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلماق.

**زەرەر** ئى [ئە] ← **زىيان**: ئۇنىڭ سودىسى ئاقماي بىر قېتىمدىلا مىڭ يۈەن زەرەر تارتتى.

**زەرەر- زەخمەت** زەرەر ۋە زەخمەت.

**زەرەرسىز** سۈپ ← **زىيانسىز**: زەرەرسىز دورا.

**زەرەرسىزلەندۈرمەك** «زەرەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەرەرسىزلەندۈرۈلمەك** «زەرەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەرەرسىزلەنمەك** پ. زەرەر قىلمايدىغان ھالەتكە كەلمەك.

**زەرەرلەنمەك** پ. زىيانغا ئۇچرىماق، زىيانلانماق: — مەن نومۇسسىز ئەمەس! — غۇرۇرى زەرەرلەنگەن قىز ۋارقىرىدى، — ئۇ گېپىڭىزنى نومۇسسىز ئاچلىرىمغا دەپ بېرىڭ!

**زەرەرلىك** سۈپ ← **زىيانلىق**: بىلمەي تۇرۇپ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش قورقۇنچلۇق ۋە ئىنتايىن زەرەرلىك.

**زەرەڭ** ئى <بوت> زەرەڭ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى قاناتلىق مېۋە، ياغىچى قاتتىق، ياغىچىدىن ھەر خىل سايمانلار ياسىلىدۇ.

**زەرب** ئى [ئە] قاتتىق، شىددەت؛ زەربە: زەرب بىلەن تەپمەك. زەرب بىلەن ئۇرماق.

**زەرباپ** ئى [پ] زەر يىپ قوشۇپ توقۇلغان ياكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەنگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان يىپەكتىن توقۇلغان رەخت: زەرباپ تون. زەرباپ دوپپا.

**زەربە** ئى [ئە] ① يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغان كەسكىن ھەرىكەت: بۇ قېتىمقى زەربە داۋۇت موللامغا ئالەمدىكى بارلىق زەربىلەردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولدى. ② ئېغىر شىكەست، قاتتىق زىيان - زەخمەت: كالتەك زەربىسى بىلەن ئۇلاردىن ئىككىسى ئىككى ياققا يىقىلدى.

**زەربدار** [ئە + پ] ① ئى. جەڭگىۋارلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايدىغان ۋە ئىجابىي جەھەتتىن باشقىلارغا نەمۇنە بولالايدىغان ئىلغار شەخس: ئىشلەپچىقىرىش زەربدارى. ② سۈپ. كەسكىن زەربە بېرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: زەربدار پولك.

**زەربدارلىق** ئى. ئۆز ۋەزىپىسى، بۇرچىنى جەڭگىۋارلىق بىلەن ئورۇنلاش: ياشلارنىڭ زەربدارلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**زەربىلىك** سۈپ. زەربىسى بار، زەربە بېرىدىغان، زەربىگە ئىگە؛ زەربدار.

**زەرپۇرۇش** ئى [پ] ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ - ساتقۇچى كىشى: رازىيە زەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىدىن زىنھار كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

**زەرپۇرۇشلۇق** ئى. زەرپۇرۇشلار قىلىدىغان ئىش - ئوقەت: زەرپۇرۇشلۇق قىلماق.

**زەرچۇۋە** ئى [پ] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق كېلىدۇ. دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىش، يەلنى ھەيدەش رولىغا ئىگە. يەنە سېرىق بوياقتا خام ئەشيامۇ قىلىنىدۇ.

**زەرداب** ئى [پ] ① كۆڭۈل ئېلىشقاندا ياكى قەي قىلغاندا ئېغىزدىن ياندىغان ئاچچىق سېرىق سۇ. ② جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان ئورگاندىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ياكى ئۇنىڭدا يىغىلىپ قالىدىغان سۇيۇقلۇق: ئەجەب بىر زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەيدۇ دەيدۇ. يۈرەكتىكى زەرداب سۇ، قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ. ③ كۆچمە. دەرد - ئەلەم، ئازاب - ئوقۇبەت، خاپىلىق: زەرداب يۇتماق. زەرداب قىلماق. زەرداب بولماق.

**زەردابلىق** سۈپ. دەرد - ئەلەم چەككەن، دەرد - ئەلەمگە تولغان؛ دەردلىك.

**زەردار** سۈپ [پ] قول ئىلكىدە بار، باي؛ پۇلدار؛ دۆلەتمەن: ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئوۋچى بوۋاي زەردار باي بولۇپ كېتىپتۇ.

**زەردە** ئى [پ] ① ئاشقازاندىكى ئۆت سۇيۇقلۇقى، سەپرا: پېتىر ناننى كۆپرەك يەپ قويسام، زەردەمنى قايناتتىپ قويىدۇ. ② كۆچمە. كۆچلۈك غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق: زەردىسى ئۆرلىمەك. زەردە قىلماق. زەردىسى كۆچلۈك.

**زەردۇز** ئى [ پ ] زەرتىككۈچى، زەردىن گۈل تىككۈچى.

**زەردۇشت** ئى <دىن> ① زەردۇشت دىنىنىڭ ئاساسچىسى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ، 6 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان. ② قەدىمكى پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارالغان بىر خىل دىن. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە زەردۇشت تەرىپىدىن پېرسىيە (قەدىمكى ئىران) نىڭ شەرقىي قىسمىدا يارىتىلىپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ پېرسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغان. قۇلدارلىق ۋە دەسلەپكى فېئودالىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا ئاساسىي دىن بولغان. ئۇنىڭ ماھىيىتى دۇئالىزمدۇر.

**زەردۇلا** ئى [ پ ] <بوت> ئۆرۈك: بۇ باغدا خورما، ئەنجۈر، ئالما، ئۈزۈم، ئانار، جىنەستە، گىلاس، ئالۇچا، بالۇچا، ئەينۇلا، شاپتۇل، زەردۇلا، بىھى، ئامۇت ... قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ خىل ـ خىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخ ئولتۇرغۇزۇلغانىدى.

**زەردىگۆش** سۈپ [پ] يېز ت. غەزەپتىن ئۆرتەنگەن، ئېزىلگەن: قەدىمدىن تارتىپ دەرد ـ ئەلەمدە زەردىگۆش بولۇپ ئۆلگەن ئادەملەر ئاز ئەمەس.

**زەردىچىلىك** ئى. قاتتىق غەزەپلەنگەن، زەردىسى قايىنىغان ھالەت: دادام زەردىچىلىك ئىچىدە يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

**زەردىلىك** سۈپ ① غەزىپى كۈچلۈك، ئاچچىقى يامان، مىجەزى ئىتتىك: ئابلىكىم ئۇستىخانلىق، بەرجەس بولۇپ، تېخى ئۆيلەنمىگەن زەردىلىك يىگىت ئىدى. ② زەردە ئارىلاش، غەزەپلىك، غەزەپنى ئىپادىلەيدىغان: زەردىلىك گەپ.

**زەررە** [ئە] ① ئى <خىم> ماددىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس ئەڭ كىچىك بىرلىكى. ② سۈپ. ئىنتايىن ئاز، بەك كىچىك، كىچىككىنە، زەررىچە: ياساۋۇللار زەررە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي بوۋاينى شاھنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەپتۇ.

**زەررىچە** ① ئى <فىز> ئەڭ كىچىك زەررە، ئەڭ كىچىك بۆلەكچە. ② سۈپ. ئازراق، ئازغىنا؛ كىچىككىنە: بوگۈن تۇرپان باشقىچە بولۇپ، ھاۋادا زەررىچە بۇلۇتمۇ يوق ئىدى.

**زەررىچىلىك** سۈپ. زەررىچە چوڭلۇقتىكى، زەررىدەك؛ قىلچىلىك: قورغان ئۇچۇن بولغان بۇ جەڭ چوڭ جەڭنىڭ زەررىچىلىك قىسمى ئىدى.

**زەرقۇن** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. گۈلى قىزىل، سېرىق ياكى ئاق رەڭلەردە.

**زەرگەر** ئى [پ] ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتاللاردىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى ياسايدىغان ئۇستا: ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال).

**زەرگەرلىك** ئى. زەرگەر قىلىدىغان ئىش، ھۈنەر: زەرگەرلىك قىلماق.

**زەرلىك** سۈپ. زەرى بار، زەر باسقان، زەر گۈللۈك: زەرلىك تاۋار. زەرلىك كۆڭلەك.

**زەرنەپ** ئى [پ] <بوت> زەرنەپ دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ياغىچى قاتتىق، ئوتتۇرىسى جىگەر رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن نازۇك ئەسۋابلار ۋە قەلەم قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**زەرنىخ** ئى [پ] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئارسىن سۇلفىد. ئۇ كاۋا چېچەكى رەڭدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە رەڭلىك ئەينەك، دېھقانچىلىق دورىسى، بوياق ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە زەھەرنى ياندۇرىدىغان دورىمۇ تەييارلىنىدۇ.

**زەقۇم** ئى [ئە] يېز ت. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان دوزاختىكى ناھايىتى ئاچچىق مېۋە: ئاچچىق دەپ پۇشايماندىن قاچمىغۇلۇق، بىلىسەن بال قەدرىنى، يېسەڭ زەقۇم. * ئوبۇل ھادى بەگ مۇشۇنداق پۇشايمان ئىلكىدە كېچە ـ كۈندۈز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېلىپ، يېگىنى زەقۇم، ئۇيقۇسى ھارام بولدى.

**زەكەر** ئى [ئە] <ئانات> ئەرلەر ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. ئىچىدە تۇۋرۇك ھالىتىدىكى ئۈچ تال بۇلۇتسىمان نەيچە، ئوتتۇرىسىدا سۈيدۈك يولى بولىدۇ.

**زەكىي** سۈپ [ئە] ئۆتكۈر، زېرەك، ئەقىللىق؛ ھوشيار: ئەخمەتجان قاسىمى ھەقىقەتەن چېچەن، زەكىي ئادەم ئىدى.

**زەكىيلىك** ئى. ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك، ھوشيارلىق: يىللار بالىلىقتا خاس زەكىيلىكنى نابۇت قىلىپ تۇرسىمۇ، زەكىيلىك ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن بىراقلا قالمايتتى.

**زەگۇندە** ئى [پ] تام ئۇلى ياكى سۇپا قىرغاقلىرىغا ئورنىتىلغان ياغاچ. ئادەتتە ئۇ تام ئۇلىنىڭ زەيلىشىشى ياكى سۇپا قىرغاقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ: يۇسۇپ چوڭ سۇپىنىڭ زەگۇندىسىدە ئولتۇراتتى.

**زەگۇندىلىك** ① سۈپ. زەگۇندىسى بار، زەگۇندە ئورنىتىلغان: ئۇ سەيدىن قارىينىڭ خېتىنى ھويلىدىكى زەگۇندىلىك سۇپىدا تۇرۇپلا ئوقۇدى. ② ئى. بىناكارلىقتا زەگۇندە ئورنىتىدىغان جاي. ③ ئى. زەگۇندە بولىدىغان ھەم زەگۇندىلىك رولىنى ئوينايدىغان نەرسىلەر.

**زەڭ** ئى [ پ ] داغ، دات، كىر: زەڭ باسماق. زەڭ قاپلىماق؛ يېشىل مەخمەل لىباس كىيدى دالا گوياكى ئۇستىگە، كۆتۈردى دىلدىكى زەڭنى چىرايلىق باغۇ بوستانلار.

**زەڭگەر** سۈپ [پ] يېشىل بىلەن كۆك ئوتتۇرىسىدىكى، ئاچ ھاۋا رەڭ، ماۋى: زەڭگەر رەڭ. * زەڭگەر ئاسماندا بۇلۇتلار ئۈزمەكتە ئىدى.

**زەڭگى** ئى [پ] ئافرىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارا تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ كىشى؛ نېگىر.

**زەللە** ئى [ئە] مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى كېلەلمىگەن مېھمانلارغا ئاتاپ بېرىلىدىغان يېمەكلىك: زەللە ئالماق. زەللە قىلماق.

**زەللىچى** ئى. زەللە ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، زەللىگە ئامراق ئادەم: زەللىچى ئايال.

**زەمباقى** ئى. دىيال. كۆك بىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى رەڭ.

**زەمبۇرۇغ** ئى [پ] <بىيول> تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تىپى.

**زەمبىرەك** ئى [پ] <ھەرب> دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىگە تالاپەت يەتكۈزۈش ھەمدە مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئېغىر تىپتىكى بىر خىل قورال، توپ.

**زەمبىرەكچى** ئى. زەمبىرەك ئاتقۇچى، توپچى.

**زەمبىرەكسىمان** سۇپ. شەكلى زەمبىرەككە ئوخشايدىغان، زەمبىرەك شەكلىدىكى: جۇڭگو كەم دېگەندە ئون خىل زەمبىرەكسىمان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇردى ياكى ياساۋاتىدۇ.

**زەمبىرەكلىك** سۇپ. زەمبىرىكى بار، زەمبىرەككە ئىگە بولغان، زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان.

**زەمبىل** ئى [پ] ئىككى پاراللېل دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەرەخ نوتىسىدىن چوڭقۇرراق قىلىپ توقۇلىدىغان ياكى تاختا بېكىتىلىدىغان، توپا، قىغ، تاش قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئەمگەك قورالى: زەمبىل توقۇماق. زەمبىل كۆتۈرمەك.

**زەمبىلگە چۈشمەك** قىماردا ئۇتتۇرۇپ ياكى تىجارەتتە زىيان تارتىپ جىق قەرزدار بولۇپ قالغاندا، قەرزنى تۆلىمەي يېتىۋالماق؛ ئۆلۈكنى ئارتماق: قاسىم نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇپ قويۇپتىكەن، ئاڭلىساق زەمبىلگە چۈشۈپ يېتىۋاپتۇمىش، ئەمدى ئويىنىمىغۇدەك.

**زەمبىلچى** ئى ① زەمبىل توقۇش، ياساش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: سىز ئۇستا زەمبىلچى ئىكەنسىزغۇ؟ ② زەمبىل بىلەن بىرنەرسە توشۇغۇچى كىشى: كەتمەنچىلەر بىر تەرەپتە، زەمبىلچىلەر بىر تەرەپتە ئەترەت باشلىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

**زەمچە** ئى [پ] <خىم> ① بەزى مېتال سۇلفاتلىرىنىڭ سۇلۇق كىرىستاللىرى. مەسىلەن، كۆكتاش، تۆمۈر (Ⅱ) سۇلفات قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ② بىر خىل ئانورگانىك بىرىكمە، يەنى كالىي سۇلفات بىلەن ئاليۇمىن سۇلفاتنىڭ سۇلۇق مۇرەككەپ تۇزى. رەڭسىز، سۈزۈك كىرىستال.

**زەمزەم** ئى [ئە] مەككە شەھرىدىكى كەبىنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەشھۇر قۇدۇق. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۈيىنى تەۋەررۈك ھېسابلاپ ئىچىدۇ ۋە ئۆز يۇرتلىرىغا ئەكېتىدۇ.

**زەن** ئى [ئە] ئوي، پىكىر؛ خىيال، زېھىن؛ نەزەر، دىققەت: زەن سالماق. زەن قويماق.

**زەنجىر** ئى [پ] ① مېتال ھالقىلارنىڭ رەتلىك ھالدا بىر-بىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن تىزمىسى: تۆمۈر زەنجىر. سائەت زەنجىرى. * تەلۋە تەپسە زەنجىر ئۈزەر (ماقال). ② ئىشىك ياكى دەرۋازىلارنى تاقاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىلگەك: ئاتلىق ئەسكەر قىلىچىنىڭ سېپىنى تاشلاپ، ئېگەردىن ئېڭىشتى-دە، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاچتى. ③ مەھبۇسلارنىڭ قولى، پۇتى ياكى بويىنىغا سېلىنىدىغان تۆمۈر ھالقا؛ كىشەن. ④ <ماشىن> ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت ۋە تۇرلۇك مېخانىزملاردىكى ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى قۇرۇلما. ئادەتتە كىچىك-كىچىك بۆلەكلەرنىڭ بىر-بىرىگە تەرتىپ بويىچە چېتىلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ: ۋېلىسىپىت زەنجىرى. زەنجىر تاپان تىراكتور. ⑤ <فىز> ئۈزلۈكسىز سىستېما ياكى لىنىيە ھاسىل قىلغۇچى ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى بىرىكمىسى: ئېلېكتىر زەنجىرى. ⑥ <خىم> خىمىيەۋى بىرىكمىلەردىكى ئېلېمېنت ئاتوملىرى بىلەن باغدىن تۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ھالىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسخېما. ⑦ كۆچمە. ئاسارەت، قۇللۇق: جاھالەت زەنجىرى.

**زەنجىر ئۈزەر** سۇپ [ زەنجىر + ئۈزەر ] خالىغىنىنى قىلدىغان، باشباشتاق، تۇرتۇمچى.

**زەنجىرسىز** سۇپ. زەنجىرى يوق، زەنجىر بېكىتىلمىگەن: زەنجىرسىز سائەت. زەنجىرسىز ئىشىك.

**زەنجىرسىمان** سۇپ. زەنجىرگە ئوخشايدىغان، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن: زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت. زەنجىرسىمان ئۆي.

**زەنجىرسىمانلىق** ئى. زەنجىرسىمان، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ھالەت: تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى جانلىق ئىنسان ئېقىمىدا ھايات-ماماتى ئۆزگىرىشلىرى بولسىمۇ، گېن زەنجىرسىمانلىقى ئىرسىيەت ۋە توقۇلمىدىكى ئېزىتقۇ.

**زەنجىرلەتمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەنۋەر ئاپىسىغا ئېيتىپ، ئىشىكنى سىرتتىن زەنجىرلىتىپ قويدى.

**زەنجىرلەشمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەرۋازىلىرىنى زەنجىرلىشىپ بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى خالتا كوچىغا كىرىپ كېتىشتى.

**زەنجىرلەكسىز** سۇپ. زەنجىرلەپ قويۇلمىغان، زەنجىرلەنمىگەن: «جالاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ زەنجىرلەكسىز ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.

**زەنجىرلەكلىك** سۇپ. زەنجىرلەپ قويۇلغان، زەنجىرلەنگەن، زەنجىر بىلەن ئېتىلگەن: ئۇ جەننەت ئاچىنىڭ «ئىشىك زەنجىرلەكلىك» دېگەن ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى.

**زەنجىرلەنمەك** «زەنجىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۇت-قولى زەنجىرلەنگەن بۇ كىشى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

**زەنجىرلىك** سۇپ. زەنجىرى بار، زەنجىر بېكىتىلگەن: زەنجىرلىك ئىشىك. زەنجىرلىك قۇلۇپ.

**زەنجىرلىمەك** پ ① زەنجىرنى ئىلىپ قويماق، زەنجىر بىلەن بېكىتمەك: ئەزىزەم ئۆي، ھويلىنىڭ ئىشىكلىرىنى زەنجىرلەپ قويۇپلا شوپۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ② كۆچمە. زەنجىر بىلەن باغلىماق، قامالماق: ئاڭا ئاجىز تەلمۈرەتتى سارىيە، ئوتقا چۈشكەن ھۆل چېۋىقتەك تولغىنىپ، ئېغىر ھېسلار ئالغان ئۇنى زەنجىرلەپ، يىغلار ئىدى كۆز ياشلىرى قۇيۇلۇپ.

**زەنجىۋىل** ئى [ ئە] <بوت> ① زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە دورىمۇ تەييارلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى.

**زەھەر** [پ] ① ئى <بىيول> ئورگانىزملارنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلاردا خىمىيەۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، بەدەن ئىچىدىكى توقۇلما ۋە ئۇلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدىغان ماددا؛ ئوغا: يىلاننىڭ زەھىرى. * سۈت — زەھەر بولسىمۇ يۇت (ماقال). ② ئى. كۆچمە. بىرەر ئىش ياكى شەيئىدىن قېپقالغان ھەمدە كىشى ئىدېئولوگىيەسىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە؛ يامان تەسىر: فېئودالىزمنىڭ زەھىرى. زەھىرىنى تازىلىماق. ③ سۇپ. ناھايىتى ئاچچىق: نېمىدېگەن زەھەر بۇ، مە، ئۆزۈڭ ئىچ! ④ سۇپ. كۆچمە. كىشىگە نەشتەردەك تېگىدىغان، دىلىغا ئازار بېرىدىغان: سەن زەھەر تىلىڭنى يىغساڭ بولارمىكىن؟! * سىزدەك

زەھەر ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرمىگەن!... ⑤ ئى. ئاچچىق، دەرد-ئەلەم، غەزەپ - نەپرەت: ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ زەھىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى. ⑥ ئى. كۆچمە. كىچىك تەرەت: زەھەر قىلماق. ⑦ خىروئىن، ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىك: زەھەر چەكمەك. زەھەر تاشلىماق. زەھەر چەكلىمەك.

**زەھەرخەندە** ئى [پ] غەزەپ ۋە ئاچچىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان كۈلكە ۋە ئاشۇنداق كۈلىدىغان ئادەم: — بەس، ئەي، زەھەرخەندە! — دەپ ۋارقىراپتۇ جاللات تاز قۇلغا.

**زەھەرخەندىلىك** ئى. ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلەن كۈلۈش ھالىتى؛ ئۆچمەنلىك: ئوسمان زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

**زەھەردەك** سۈپ. ئاچچىق، بەك ئاچچىق: قاتتىق شىۋىرغاننىڭ زەھەردەك سوغۇقى غالىبىنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلىرىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

**زەھەر - زەقۇم** زەھەر ۋە زەقۇم؛ ئىنتايىن ئاچچىق: قارا بۇلۇت بەختسىزلىك توشۇپ كەلدى، توي ئىشىغا زەھەر - زەقۇم قوشۇپ كەلدى.

**زەھەرسىز** سۈپ. زەھىرى يوق، زەھەر ئارىلاشمىغان: زەھەرسىز دورا. زەھەرسىز سۈيۈقلۇق.

**زەھەرسىزلەندۈرمەك** «زەھەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەلگە قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، ھەرخىل دورا ئەشيالىرى بىلەن كېسەللەرنى زەھەرسىزلەندۈرگەندى.

**زەھەرسىزلەندۈرۈلمەك** «زەھەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەزى كېسەللەرگە زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن سىماب بېرىلسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**زەھەرسىزلەنمەك** پ. زەھەرسىز ھالەتكە كەلمەك؛ زەھىرى قايتماق، يانماق.

**زەھەرلەندۈرمەك** «زەھەرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەھەرلەندۈرۈلمەك** «زەھەرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەھەرلەنمەك** «زەھەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەپيۇننىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن جۇڭگو خەلقى قاتتىق زەھەرلەندى.

**زەھەرلىك** سۈپ ① زەھىرى بار، زەھەرلەيدىغان: زەھەرلىك ئېلېمېنت. زەھەرلىك ئوق. زەھەرلىك چېكىملىك. ② كۆچمە. كىشىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان، ئالا كۆڭۈللۈك ھەم قارا نىيەتلىك يوشۇرۇنغان؛ ئىنتايىن ئاچچىق: زەھەرلىك گەپ. زەھەرلىك قارىماق.

**زەھەرلىمەك** پ ① زەھەر بىلەن ئورگانىزمنى ئېغىر زەخىملەندۈرمەك: گىرادۇسى يۇقىرى ئىسپىرت ئادەمنى زەھەرلەيدۇ. ② زەھەر قوشماق، زەھەر سالماق: تاماقنى زەھەرلىمەك. ③ كۆچمە. يامان تەسىر كۆرسەتمەك، يامان تەسىر بەرمەك، روھىي ئازاب بەرمەك: ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەن زەھەرلىمەك.

**زەھەرلىنىش** ئى <تېب> بەزى ماددىلارنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدە خىمىيەۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان توقۇلمىلارنىڭ بۇزۇلۇشى، فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ياكى ئۆلۈ-

شىگە ئوخشاش ھادىسىلەر.

**زەھىم** ئى [تېب] سىفلىس: ياشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى شەھۋەت ئۇستۇنلۇكى بىلەن بۇزۇق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، زەھىم قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولماقتا.

**زەۋەر** ئى [پ] ئەرەب يېزىقىدا ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگە، ئۇ يېزىقتا «—» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش «ئە» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**زەۋرەك** ئى [ئە] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئەسلىي ماكانى ياۋروپانىڭ قۇرۇقلۇقى، مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى ئۆلكىلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**زەۋق** ئى [ئە] زوق: مۇھەببەت سېزىملىرى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق زەۋقى، ياشاشقا تەلپۈنۈش ئوتى — «بىيو ئېلېكترون» دېمەكتۇر.

**زەئىپ** سۈپ [ئە] ① جىسمانىي قۇۋۋىتى كەم، قۇۋۋەتسىز، ئاجىز، كۈچسىز: بۇ زەئىپ بەدەننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ② سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتتىن كۈچى ئاجىز؛ كۈچسىز: جۇڭگو ئىلگىرى مەدەنىيەتتە قالاق، ئىقتىسادىي ئەھۋالى زەئىپ بىر دۆلەت ئىدى. ③ پەس، بوش، سۇس، كۈچسىز، ئاجىز (ئاۋاز ھەققىدە): ئانا «ئاھ بالام» دەپ زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى.

**زەئىپلەشتۈرمەك** «زەئىپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەل مۆمىن ئاكىنىڭ قاۋۇل بەستىنى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتۈردى.

**زەئىپلەشتۈرۈشمەك** «زەئىپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زەئىپلەشتۈرۈلمەك** «زەئىپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۈشمەننىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرۈلدى.

**زەئىپلەشمەك** پ ① جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلاشماق؛ كۈچى، قۇۋۋىتى، ماغدۇرى ئازايماق؛ ھالسىزلانماق: شاھ سەنەم غېرىبتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ، چىرايى زەپىراندەك سارغايدى. ② ئىقتىدارى تۆۋەنلىمەك، ناچارلاشماق (كۆز ۋە ئاۋاز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ زەئىپلەشكەن خۇنسىز كۆزلىرى ھازىر ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى. ③ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۈچسىزلەنمەك، ئاجىزلاشماق: خاندانلىقىمىزنىڭ زەئىپلىشىپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ چەكسىز ئېچىنىۋاتىمەن.

**زەئىپلىك** ئى ① زەئىپ ھالەت، كۈچسىزلىك، ماغدۇرسىزلىق، بوششىش. ② <تېب> ئۇيغۇر تېبابىتىدە، تېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ پۈتۈن تېنى ماغدۇرسىزلىنىش، بەدىنىدىن ئوغرى تەر ۋە سوغۇق تەر چىقىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**زەي** I ئى. سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى، ھۆل - يېغىننىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تۇپراقتىكى ئېشىپ كەتكەن كۆپ مىقداردىكى سۇ، نەملىك: زەي تارتماق. زەي قاچۇرماق. // زەي يەر.

**زەي** II ئى ① ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن شوينا، تاسما: تاش ئۈستىدە پادىچى، قولىدا زەي قامچىسى. ② ئوقيا ياكى پاختا ئېتىش دۈكىنىنىڭ كىرىچى: زەينى چىڭ تارتماق. زەي سالماق. *

قار خۇددى پاختا ئاتقۇچنىڭ زىيىدىن قاڭقىغان پاختا تالالىرىدەك لەرزان ئۇچماقتا. ③ قوينىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدىن ياسالغان تار: سول ياقتا ھەر خىل زەي ۋە سىم تارلىق چالغۇلۇق سازچىلار بىر - بىرىگە تەڭكەش قىلىپ ساز چالاتتى.

**زەي سالماي پاختا ئاتماق** باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىمەك؛ چوڭ گەپ قىلماق، پو ئاتماق: ئادەم يوق زەي سالماي پاختا ئاتىسەن، مانا ئەمدى بېئەپ، ئوڭايسىز دەۋاتقىنىنى ئاۋۇ لامزەللىنىڭ!

**زەي** Ⅲ ئى [پ] ① ئۆي جاھازلىرى ياكى پىچاق تىغى قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئويۇپ چىقىرىلىدىغان ئېرىقچە: ئىشكاپنىڭ زېيى. پىچاقنىڭ زېيى. ② دوپپا، شەپكە قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلىدىغان جىيەك. ③ جۇۋا، كۆرپە، ئۆتۈك قونچى، دېۋان قېپى قاتارلىقلارنىڭ تىكىچ ئارىلىقىغا ئېلىنغان زىغزىق. ④ سىر بىلەن ئىشلەنگەن زەدىۋال ئۈستىگە سىر ياكى باشقا نەرسىنى چاپلاش ئارقىلىق چىقىرىلغان سىزىقچە، يول.

**زەيپانە** سۈپ [ئە + پ] ① ئاياللارغا خاس، ئاياللار كىيىدىغان، ئايالچە: زەيپانە كۆڭلەك. زەيپانە ئۆتۈك. ② مىجەز - خۇلقى ئاياللارغا ئوخشايدىغان، ئايال مىجەز: زەيپانە يىگىت. // — ما زەيپانىنى قارا، — دېدى قۇددۇس ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

**زەيپانىلىك** ئى. زەيپانىلەرگە خاس ھەرىكەت، قىلىق: زەيپانىلىك قىلماق.

**زەيتۇن** [ئە] ① ئى <بوت> زەيتۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىككى ئۇچى سەل ئۇچلۇق بولۇپ، رەڭگى يېشىل، يېگىلى بولىدۇ ۋە دورا ياسىلىدۇ. ئۇ يۇتقۇنچاق ۋە كېكىردەك ئىششىقىنىڭ شىپالىق دورىسى ھېسابلىنىدۇ. ② ئى. شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ③ سۈپ. كۆچمە. دېڭىز كۆكى رەڭگىدىكى: زەيتۇن كۆڭلەك. زەيتۇن ياغلىق. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زەيدان** ئى [ زەي + دان ] زەي ۋە سۇ يىغىلغان يەر، زەيلىك، زەيكەش: پاقا پەقەت ئەتراپىدىكى كۆل، زەيدان ھەققىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە. بۈركۈت بولسا تاغ كەينىدىكى ئورمانلىق، يىراق جاڭگاللىق، چۆللەر ھەققىدىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە.

**زەيكەش** ① سۈپ. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان: زەيكەش يەر. زەيكەش تام. ② ئى. زەي سۇ ئاقىدىغان ياكى زەي سۈنى چىقىرىۋېتىدىغان ئېرىق، ئۆستەڭ: زەيكەش چاپماق.

**زەيكەشلىك** ئى ① زەيكەش ئېلىنغان، زەيكەش چېپىلغان يەر: كۆپچىلىك جۇشقۇن روھ بىلەن زەيكەشلىككە قاراپ مېڭىشتى. ② زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان، زەي قاپلاپ كەتكەن يەر: كاساپەت سۇ ئامبىرى بۇ يەرنى زەيكەشلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**زەيلەتمەك** «زەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىلقى كەلكۈن بۇ يەرلەرنى زەيلىتىۋەتتى.

**زەيلەشتۈرمەك** «زەيلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زەيلەشتۈرۈلمەك** «زەيلەشتۈرمەك»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زەيلەشمەك** پ. زەي ۋە نەم ھالەتكە كەلمەك؛ زەي، نەم تارتماق؛ نەملەشمەك: ئۇ سېپىلاپ قۇدۇقنىڭ زەيلەشكەن تاملىرىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قۇلاق سالتۇ.

**زەيلىك** ئى. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر: ئۇلارنىڭ ئۆيى زەيلىكتىن خېلى يىراق ئىدى.

**زەيلىمەك** پ. زەي ۋە نەم ئۆرلەپ كەتمەك، زەي قاپلىماق، زەيلەشمەك: ھەممە يەر زەيلەپتۇ، شور كۆتۈرۈلۈپتۇ.

**زەينەپ** ئى [ئە] ① رىۋايەتلەردە كاككۇكنىڭ مەشۇقى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زو** ئى [ئە] روزا كۈنلىرى سۈبھىدىن ئىلگىرى تاماق يېيىش ئىشى: زوغا قوپماق. زو ۋاقتى.

**زوخچۇماق** پ. چاپچىماق، سىلكىنمەك: ئاپتوموبىل زوخچۇپ كەينىگە ياندى.

**زودىئاك** ئى [ر<گىرېك] <ئاستىر> ئېكلىپتىكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى سەككىز گىرادۇسلۇق كەڭلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى دائىرە. ئادەتتە قۇياش، ئاي ۋە سەييارىلەر مۇشۇ دائىرە ئىچىدە ئايلىنىدۇ.

**زور** [پ] ① سۈپ. چوڭ، ناھايىتى چوڭ، يوغان، كاتتا، ئۇلۇغ، بۈيۈك: زور تاغ. زور ئۈمىد. ② سۈپ. ناھايىتى جىق، نۇرغۇن: بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دۈشمەنلەر زور چىقىم تارتتى. ③ سۈپ. كۈچى بار، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك: زور ئىرادە. زور تىرىشچانلىق. // زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ (ماقال). ④ رەۋ. كۈچ - قۇۋۋىتى يۇقىرى، قۇدرەتلىك، زەبەردەس: زور چىقماق. زور كەلمەك. * ئۇ ھەقىقەتەن مەندىن زور كەلدى، ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم. ⑤ ئى. بېسىم، مەجبۇرىيەت: ئۇ چىرايىغا زور بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ گەپكە كىرىشتى.

**زور بەرمەك** كۈچىنىڭ بارىچە كۈچەپ باقماق، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرمەك: قېنى يىگىتلەر، يەنە بىر قېتىم زور بېرىپ كۆتۈرەيلى!

**زوراۋان** [پ] ① سۈپ. كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارغا زورلۇق قىلىدىغان؛ زۇلۇم سالىدىغان: تارىخ ھۆكمى شۇ ئەزەلدىن، تاڭ يورۇتار زۇلمەتنى. قۇل قىلالماس زوراۋان كۈچ، ھۆرلۈك سۆيەر مىللەتنى. ② ئى. كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارغا زورلۇق قىلغۇچى، زۇلۇم سالغۇچى كىشى؛ زالىم: زوراۋانلاردىن قىساس ئالماق.

**زوراۋانلىق** ئى. زوراۋانلارغا خاس ئىش، ھەرىكەت، قىلمىش: زوراۋانلىق قىلماق.

**زورايتماق** «زورايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يەردە قوشۇن زورايتىشنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ.

**زورايتىشماق** «زورايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زورايتىلماق** «زورايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زورايماق** پ ① يوغىنىماق، ئۆسمەك، يېتىلمەك، چوڭايماق؛ ئاينىماق: بالىلارنىڭ يېشى زورايغانسېرى يېقىن كېلەچەك چېگراسىنى يىراقلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ② جىقلىماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى زورايدى. ③ تەرەققىي قىلماق، كېڭەيمەك، راۋاجلانماق: يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىلغارلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. ④ كۈچەيمەك، ئاشماق: غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز بارغانچە زورايماقتا.

**زوردىن - زورغا** مەجبۇرىي ھالدا، زورمۇزور، زورلۇق بىلەن: ئۇ مېنى زوردىن - زورغا ئىقرار قىلدۇردى.

**زورغا** رەۋ. مەجبۇر ھالدا، ئىلاجسىزلىقتىن، زورمۇزور، زورلاپ: مېنى تونۇۋالغان بۇ ئادەم ئالدىدىكى خىجىللىقىمنى يوشۇرماقچى بولۇپ زورغا كۈلۈمسىرىدىم.

**زورلاتماق** «زورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زورلاشماق** ① «زورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ھە، ئۇلار سىزنى ئىچىشكە زورلاشتىمۇ؟ — دېدى ئاۋۇت ئولتۇرۇۋېتىپ. ② چوڭايماق، ئاشماق: ئۇمىد ئاجىزلاشقانسېرى ئۇنىڭ كۈچى ۋە رولى زورلىشىدۇ.

**زورلانماق** «زورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى زورلىنىپراق يۆتەلدى.

**زورلۇق** ئى ① چوڭلۇق، يوغانلىق. ② زوراۋانلىق: ئاۋۋال ئىززەت، ئاندىن زورلۇق (ماقال). ③ قىستاش، مەجبۇرلاش، زورلاش: ئۇلار ئۇچرىغانلا ئادەمنى زورلۇق بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشقا قارار قىلىشىپتۇ. ④ كۆچمە. ئاياغ ئاستى قىلىش، خورلاش: ئازادگۈل ئۇچىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن زورلۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

**زورلۇق كۈچ** <پەلس> ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دۈشمەن سىنىپقا قارىتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش كۈچى. مەسىلەن، ئارمىيە،ساقچى، سوت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**زورلۇق - زومبۇلۇق** زورلاش، مەجبۇرلاش، قىستاشقا ئوخشاش زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرى: زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماق.

**زورلۇقسىز** رەۋ. زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي: — باراۋەرلىك، قېرىنداشلارچە سۆيگۈ، ماددىي پاراۋانلىق ۋە رەزىللىكلەرگە زورلۇقسىز قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت خىرىستىيان ئەقىدىسىگە تايىنىش كېرەك، — دېدى ئۇ.

**زورلىماق** پ. ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن بىرەر ئىشقا مەجبۇر قىلماق، ئىختىيارىدىن تاشقىرى ئىش قىلىشقا قىستىماق: تاماققا زورلىماق. * زورلىغاننىڭ زورى بار، ئىسسىق ناننىڭ ھورى (ماقال).

**زورمۇزور** رەۋ. مەجبۇرىي ھالدا، قىستاپ، زورلاپ؛ سەۋەبسىزلا: زورمۇزور كۈلۈمسىرىمەك. زورمۇزور ئېلىشماق.

**زورۇقتۇرماق** «زورۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈندىلىك ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش ۋە زورۇقتۇرماسلىق ئىدىيەسى پاك بولۇشقا پايدىلىق. * — ھازىرچە قولۇڭدىن كەلمەيدىغان خىياللارغا بېرىلىپ، كېسىلىڭنى زورۇقتۇرۇۋالما، — دېدى ئانا ئوغلىغا.

**زورۇقماق** پ ① كۈچىمەك: تاشۋاي ۋە باراتلار شۇنچە زورۇقۇپمۇ كىشىلەر توپى ئارىسىغا قىسىلىپ كىرەلمىدى. ② ئېغىر ئىش - ھەرىكەت قىلىش ياكى باشقا سىرتقى تەسىردىن ئېغىرلاشماق (كۆپىنچە كېسەللىك ھەققىدە): ئېغىر ئەمگەكتىن ئۇنىڭ يارىسى زورۇقۇپ، قاماقخانىدىكى تىنچىقتا تېزلا سېسىشقا باشلىدى.

**زورۇقۇشماق** «زورۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۈگۈنكى ئەمگەكتە بەك زورۇقۇشۇپ كېتىپتۇ.

**زوق** ئى [ئە] ① ئېستېتىكىلىق لەززەت بېغىشلايدىغان نەرسىلەر تەسىرىدىن كىشىدە پەيدا بولىدىغان ياخشى كەيپىيات؛ ھۇزۇر: زوق ئالماق. * مەن گۈزەللىكنىڭ چالغان ساز ۋە ئاۋازىنى كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ زوق بىلەن ئاڭلايمەن. ② ئىشتىياق، ھەۋەس، قىزىقىش: — ئالتۇندەك يەرلەر ئىكەن - دە، — دەۋەتتى زوقىنى باسالماي قالغان رەپىق ئاكا ئېتىزغا قاراپ.

**زوق - شوق** زور ئىشتىياق، زور ھەۋەس: ئۇ بولغان ئىشلارنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

**زوقلاندۇرماق** «زوقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ناخشىسى كىشىنى باشقىچە زوقلاندۇراتتى.

**زوقلاندۇرۇلماق** «زوقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زوقلانماق** پ. زوققا تولماق، خۇشاللانماق؛ لەززەتلەنمەك؛ ھۇزۇرلانماق: دادام يول چېتىدىكى گۈلزارلىقلارغا زوقلىنىپ قاراپ كېلىۋاتاتتى.

**زوقلىنارلىق** سۈپ. لەززەتلىنىشكە ئەرزىيدىغان، ھۇزۇرلانغۇدەك، ھەۋەسلەنگۈدەك: مەكتەپ زوقلىنارلىق دەرىجىدە جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى.

**زوقلىنىشماق** «زوقلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلىرىدىن زوقلىنىشاتتى.

**زوقمەن** سۈپ [ئە + پ] زوقى بار، ئىشتىياقى بار، قىزىقىدىغان: زوقمەن ئادەم. * يىپ ئۇچىنى بويلاپ ئېكراننىڭ سىرتىدىكى پىنھان، غۇۋا يۈكسەكلىككە چىقىش زوقمەنلەردىكى مەنىۋى ساپانى شەرت قىلىدۇ.

**زوقمەنلىك** ئى. كۈچلۈك قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش: راۋاب ۋە ناخشىسىنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىلھام ۋە زوقمەنلىكنىڭ ئوتى يېقىلدى.

**زوڭ** رەۋ [پ] ← **زوڭ ئولتۇرماق.**

**زوڭ ئولتۇرماق** ① تىزىنى پۈكۈپ ساغرىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئولتۇرماق، زوڭزايماق: سەمەت زوڭ ئولتۇرۇپ، كىچىك بالىدەك كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يىغلاپ كەتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشتا، جۈملىدىن سودىدا زىيان تارتماق: ئۇ بۇ قېتىمقى سودىدا خېلى جىق زوڭ ئولتۇرۇپتۇ. ③كۆچمە. ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق؛ بېلى بوشاپ كەتمەك: ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزگەن ئادىل ئەتىسىلا زوڭ ئولتۇرۇۋالدى.

**زوڭزايتماق** «زوڭزايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆتەكتەك ئېغىر سالمىقى جامبۇلنى لوككىدە زوڭزايتىپ قويدى.

**زوڭزايتىشماق** «زوڭزايتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زوڭزايماق** پ. تىزىنى پۈكۈپ ساغرىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي دۈمچىيىپ ئولتۇرماق؛ زوڭ ئولتۇرماق: توختى بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ جايىدىلا لاسسىدە زوڭزايدى.

**زوڭزىيىشماق** «زوڭزايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار باغدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا زوڭزىيىشتى.

**زولقا** ئى [ئە] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت چاسا، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك ۋە ئاق كېلىدۇ، يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ.

**زولۇق** ئى <دىن> روزا كۈنلىرى باش سۈبھىدىن ئىلگىرى يېيىلىدىغان تاماق: زولۇق يېمەك. زولۇق تەييارلىماق.

**زومچەك** ئى. بىر يەرگە يىغىلغان، توپلانغان؛ غۇژمەك:

شەھەر ئىچىدە سانسىزلىغان زومچەك ئۆيلەر مۆكۈلۈنۈپ تۇراتتى.

**زومچەك - زومچەك** توپ - توپ، غۇژمەك - غۇژمەك.

**زومچەيمەك** پ. توپلانماق، جۇغلانماق، غۇژمەكلەشمەك.

**زومىگەر** ئى [پ] زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ بىرەر جاي ياكى ساھەنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، خەلقنى بوزەك قىلىدىغان ھەمدە باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرىدىغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار: پۇل زومىگىرى. يەر زومىگىرى. // زومىگەر ئۇنسۇر.

**زومىگەرلەشمەك** پ. زومىگەرگە ئايلانماق، ئۆزىنىڭ كۈچ - زورىغا تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلماق.

**زومىگەرلىك** ئى. بىرەر ساھە، بىرەر جاينى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش، مونوپول قىلىۋېلىش قىلمىشى؛ زومىگەرلەرگە خاس ئىش - ھەرىكەت، قىلمىش: سەن مېنى زومىگەرلىك قىلىپ بېيىدى دەپ ئويلاپ قالغانسەن؟ لېكىن ياق، بىز زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۈرەشنى ئىزچىل تۇردە داۋاملاشتۇرىمىز.

**زونا** ئى [ر] مەلۇم بىر بەلگىسى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەم مۇئەييەن چېگرالار بىلەن قورشالغان يەر؛ رايون: ئائىلار تەربىيەسى ۋە ئائىلە تەربىيەسى مائارىپ تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ بىزدە قىلچە ئەھمىيەت بېرەلمەيۋاتقان غېرىب ساھە، ئۇنتۇلغان زونا.

**زونت** ئى [ر<فىران] ① <تېب> ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش، داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەي شەكىللىك ئەسۋاب. ② يەر ئاستى قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇرغا ياكى شۇنداق ئەسۋاب.

**زوئوتېخنىك** ئى [ر] ← **زوئولوگ.**

**زوئولوگ** ئى [ر] زوئولوگىيە ئالىمى، زوئولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**زوئولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ھايۋانلارنىڭ مورفولوگىيەسى، فىزىيولوگىيەسى، ئېكولوگىيەسى، تۇرلەرگە بۆلۈنۈشى، تارقىلىشى ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**زويزا** ئى [لات] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى، دەسسىلىشكە چىداملىق كېلىدۇ، تېرىپ چىملىق ھاسىل قىلىشقا مۇۋاپىق.

**زۇپا** ئى [پ] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. گۈلى ھاۋا رەڭ، غولىنىڭ ئۈچىدا ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبنى دورا قىلىنىدۇ، يۆتەلنى توختىتىپ، دەم سىقىلىشنى باسىدۇ، ئادەتتە زىققىنىڭ ياخشى دورىسى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**زۇغۇي** ① سۈپ. يوق يەردىن گەپ تاپىدىغان، پىتنە - پاسات پەيدا قىلىدىغان، پىتنىخور: — زۇغۇي دەللە، كۆرگىنىڭ يالغان، — دېدى ئاسىدە غەزەپ بىلەن مەنسۇرگە. ② ئى. پىتنە - پاسات، ئويدۇرما: بىزگە ياغدى ھىدايەت، تۇغۇلدى لاتاپەت. ئوينايمىز ئەتە شادلىق توي، چۈنكى، يوقالغۇسى شۇم زۇغۇي.

**زۇغۇيلۇق** ئى. پىتنە - پاسات تېرىيدىغان، يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىدىغان قىلىق: — ھېسام ئاكا قاچانغىچە زۇغۇيلۇق قىلىسەن؟ — دېدى ئاتلىقلاردىن بىرى قامچىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ.

**زۇكام** ئى [ئە] <تېب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدەن ھەددىدىن زىيادە چارچىغان، شامالدىغان ۋە كېسەلگە قارشى كۈچ ئاجىزلاشقاندا ئوڭاي پەيدا بولىدۇ ۋە يۇقىدۇ. بۇنىڭدا گال قۇرۇش، دىماق پۈتۈش، يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، باش ئاغرىش ۋە قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**زۇكامدىماق** پ. زۇكام بولماق، زۇكام بىلەن يۇقۇملانماق، ئاغرىماق: مەتنىياز مۇدىر خام سېمىز، دائىم زۇكامداپ، بۇرنىغا ماسكا تاقاپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدى.

**زۇڭتۇڭ** ئى [خەن] بەزى جۇمھۇرىيەتلەردە جۇمھۇرىيەت باشلىقىنىڭ نامى.

**زۇڭتۇڭلۇق** ئى. زۇڭتۇڭغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭتۇڭى ياۋار بىلەن كوردىستان ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى تارابانى زۇڭتۇڭلۇقنى تالىشىدىغان كۈچلۈك رىقابەتچىلەر ھېسابلىنىدۇ.

**زۇڭلى** ئى [خەن] ① دۆلىتىمىزدىكى گوۋۇيۈەننىڭ رەھبىرىي خادىمىنىڭ نامى. ② بەزى دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ نامى. ③ بەزى سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ نامى.

**زۇڭلىلىق** ئى. زۇڭلىغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: زۇڭلىلىق قىلماق. زۇڭلىلىققا سايلانماق.

**زۇلال** سۈپ [ئە] يېزت ① ئىنتايىن سۈزۈك، تىنىق، ساپ: زۇلال ئاسماندا بوز تورغاي، قىلار جەۋلان تىنىم تاپماي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زۇلپ** ئى [پ] يېز ت. ئاياللارنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى چاچ، كوكۇلا: ئېتىپ زۇلپى چېچىن ھەيران، خالايىقنى قىلىپ ۋەيران، بىلەكىدە ئېشىپ زەنجىر، بوينۇمغا سالار كەلدى.

**زۇلپكەش** ئى. ئاياللارنىڭ چېچىنى تارىغۇچى، چاچ سالغۇچى ئايال: زۇلپكەشا، زۇلپكەش، كەل خېنىم زۇلپىمنى يەش. ئىككى دەردمەن بىر بولۇپ، ئىچىمدىكى رەنجىمنى يەش.

**زۇلپۇك** ئى. دىيال. ھەرە، بوغۇن.

**زۇلپىقار (زۇلپىقارى)** ئى [ئە] ① رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىشلەتكەن قىلىچى. ② كۆچمە. ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىچ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زۇلقەئىدە** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ 11 - ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 11 - ئاي، 30 كۈن بولىدۇ.

**زۇلمەت** ئى [ئە] ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق: ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغانىدى. // زۇلمەت كېچە. ② كۆچمە. نادانلىق، جاھالەت: ئەل - يۇرتنى زۇلمەت باسماق.

**زۇلمەتلىك** سۈپ ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، قاپقاراڭغۇ: كۈرەش بىلەن يول ئېچىپ زۇلمەتلىك كۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىدۇق. ② كۆچمە. زۇلمەتكە تولغان، جاھالەت قاپلىغان؛ قالاق: زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بىر بۇرجىكى ئاستا - ئاستا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

**زۇلھەججە** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ 12 - ئېيى،

يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى 12 ـ ئاي، 29 كۈن بولىدۇ.

**زۇلۇم** ئى [ئە] ① كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارنىڭ مەزلۇملارغا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر ـ جاپاسى؛ شەپقەتسىز ئېزىش؛ ئىستىبداتلىق: مىللىي زۇلۇم. سىنىپىي زۇلۇم. * زۇلۇم زىنداندىن يامان (ماقال). ② ئومۇمەن جەبىر ـ جاپا، مۇشەققەت: زۇلۇم سالماق. كۈندەشلىك زۇلمى.

**زۇلۇمپەرەس** سۈپ. زۇلۇم سېلىشقا ھېرىسمەن: ئەلمىساقتىن تارتىپ قانغا قان، خۇنغا خۇن قايتۇرىدىغان ئىش ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن. ئەڭ زالىم، ۋەھشىي، قانخور، مۇستەبىت خان ـ پادىشاھلارمۇ ۋە كېيىنكى زۇلۇمپەرەس ھۆكۈمەتلەرمۇ شۇنداق قىلغان.

**زۇلۇمخور** سۈپ. ئازاب ـ ئوقۇبەت، جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن: زۇلۇمخور پادىشاھ. زۇلۇمخور بەگ. * ئۆتمۈش، زۇلۇمخور پايدا پۇل، كۆرگەننى خوپلۇق قايسى قۇل، بايلارغا ئىشلەپ تاپىمىدىڭ تىرناقچە ئىززەت ـ ئېتىبار.

**زۇلۇم ـ ستەم** تۈرلۈك زۇلۇم ۋە تىل ـ ھاقارەتلەر؛ ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۈلپەت، شۇنىڭدەك قىيىنچىلىقلار: شاھ مەھمۇرخان پۇقرالارغا تولا زۇلۇم ـ ستەم قىلغان ئوخشايدۇ.

**زۇلۇمكار** ئى [ئە + پ] زۇلۇم سالغۇچى، زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم: ـــ بۇ زۇلۇمكار بەتبەختكە مىڭ دەررە ئۇرۇلسۇن! ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

**زۇمرەت** ئى [پ] ① <گېئول> تەركىبىدە خىروم بولغانلىقى ئۈچۈن ياپيېشىل كۆرۈنىدىغان بىر خىل قىممەت باھالىق تاش. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زۇننار** ئى [ئە] ① زىننەتلىك بەلباغ، كەمەر. ② كۆچمە. ئاياللار بويىنىغا ئاسىدىغان قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ بىرى: رازىيەنىڭ زۇننارىنىڭ ياقۇت كۆزى ۋاللىدىماقتا ئىدى.

**زۇۋان** ئى [پ] ① تىل، گەپ ـ سۆز: زۇۋان سۈرمەك. * پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ، قاتىلدىن ئىمان كەپتۇ (ماقال). ② ئۈن، ئاۋاز، تاۋۇش: ـــ ھىم زۇۋانىڭنى چىقارما، ئادەم، ئادەم... كېلىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ شىر.

**زۇۋاننى دارغا تارتماق** قاتتىق ئەدىپىنى، دەككىسىنى بەرمەك؛ زەربە بەرمەك: ـــ زۇۋانىڭ دارغا تارتىلغاندىن كېيىن ئاندىن سېنىڭ نوچىلىقىڭنى كۆرىمىز، ـــ دەپ سەت ۋارقىرىدى ھاكىم.

**زۇۋاندار** سۈپ [پ] سۆزمەن، ناتىق، سۆزگە ئۇستا.

**زۇۋانداراز** سۈپ [پ] يېزىت. گەپكە ئۇستا؛ جەلپ قىلارلىق، چىرايلىق، يېقىملىق سۆز قىلىدىغان؛ سۆزمەن، ناتىق: مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن ئالىم، كۆپچىلىكنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدىغان زۇۋانداراز ئادەم ئىدى.

**زۇۋاندارازلىق** ئى. سۆزگە ئۇستىلىق، سۆزمەنلىك، ناتىقلىق: ئېرپاننىڭ چېچەنلىكى، چاقماقتەك زۇۋاندارازلىقىدىن ھەممەيلەن ھەيران قالدى.

**زۇۋانسىز** سۈپ. زۇۋانى يوق، تىلسىز، گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان: قاتتىق زەربىدىن كېيىن زۇۋانسىز بولۇۋالدىم.

**زۇۋانسىزلىق** ئى. كۆپ گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان مىجەز ـ خاراكتېر، سۆزلىمەسلىك.

**زۇۋۇلا** ئى. نان يېقىش ۋە چۆپ يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇمىلاق خېمىر: زۇۋۇلا قىلماق. زۇۋۇلا تۈتماق.

**زۇۋۇلىسى چوڭ** تەلىيى، ئامىتى، بەختى بار؛ پېشانىسى ئوڭ: ـــ ھوي مەلىكەم! خۇدا تەلەيلىرىنى ئوڭ، زۇۋۇلىلىرىنى بەك چوڭ قىلىپ ياراتقانىكەن، ـــ دېدى كەمپىر.

**زۇۋۇلىسى چوڭ ئۇزۇلگەن** تۇغۇلۇشىدىنلا تەلىيى بار، ئامەتلىك، بەختلىك، پېشانىسى ئوڭ: ـــ تۆرەم، ئۆزلىرى زۇۋۇلىلىرى چوڭ ئۈزۈلگەن ئادەم ئىكەنلا، ـــ دېدى ساھىبخانا سۆز باشلاپ.

**زۇۋۇلىسى كىچىك** تەلىيى، ئامىتى يوق، بەختى كاج، تەتۈر پېشانە.

**زۇۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈلگەن** تۇغۇلۇشىدىنلا بىتەلەي، ئامەتسىز، بەختى كاج، پېشانىسى تەتۈر بولغان: سىز بىلمەيسىز، ئۆيىمىزنىڭ زادىلا تاپاۋىتى يوق، زۇۋۇلىمىز كىچىك ئۈزۈلگەن چېغى.

**زۆرۈر** سۈپ [ئە] ① بىرەر ئىش ياكى ئېھتىياج ئۈچۈن كېرەك بولغان لازىملىق؛ كېرەكلىك: مۇشۇ تاپتا ئەڭ زۆرۈر نەرسە يېقىلغۇ. ② تېز قىلىنىشى لازىم بولغان، مۇھىم: بۇ ھەقتە رەھمەتجان بىلەن مۇڭدىشىشمۇ زۆرۈر ئىدى.

**زۆرۈرلۈك** ئى. مۇھىملىق، جىددىيلىك: سەمەت ھەمراھلىرىنى ئاۋۋال قېچىشقا تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

**زۆرۈرىي** سۈپ [ئە] زۆرۈر، كېرەكلىك بولغان، ئىنتايىن مۇھىم: ئىجتىمائىي زۆرۈرىي ئەمگەك.

**زۆرۈرىيەت** ئى [ئە] بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە بولغان ئېھتىياج؛ زۆرۈرلۈك، ھاجەت: بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئابلىز قارىي قانداقتۇر زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ يەرگە بىر كەلگەنىدى.

**زۆرۈرىيەتسىز** سۈپ. زۆرۈرىيىتى يوق، زۆرۈر بولمىغان: گۈلبۇستان زۆرۈرىيەتسىز ھالدا ئىككى يېنىدىكى ئالمىلار مارشىپ تۇرغان شاخلارغا قاراپ، بويىنىغا تاشلىۋالغان نېپىز ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى باشمالتىقىغا ئوراپ تۇراتتى.

زۆرۈرىيەتلىك سۈپ. زۆرۈرىيىتى بار، زۆرۈر بولغان: زۆرۈرىيەتلىك ئىش.

**زۆھرە** ئى [ئە] ① <ئاستر> ۋېنېرا، چولپان يۇلتۇزى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زۈلۈك** ئى ① <زوئول> بوغۇم تەنلىك ھايۋان. تېنى ئۇزۇنچاق ۋە سەل ياپىلاق، پارازىت ياشايدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشايدىغان، تىرىكتاپ ئادەم.

**زۇھەل** ئى [ ئە ] <ئاستر> ساتۇرن يۇلتۇزى.

**زې** «ز» ھەرپىنىڭ نامى.

**زېدە** ئى [پ] ① زەخىملەنگەن ياكى سېسىغان جاي، ئىز؛ يارا، جاراھەت: زېدىسى يوق ئالما. // زېدە قوغۇن. ② كۆچمە. دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت: گالۋاڭ ئېگىزنىڭ بېشى ھەمىشە زېدە (ماقال).

**زېدىلەندۇرمەك** «زېدىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقالنى قىرغاندا بەك قىرماسلىق ۋە تېرىنى زېدىلەندۈرۈپ قويماسلىق لازىم.

**زېدىلەنمەك** «زېدىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زېدىلىمەك** پ ① زېدە قىلماق، زەخىملەندۇرمەك، جاراھەتلەندۇرمەك؛ سېسىتماق، يارا قىلماق: قول بىلەن كولاپ بۇرۇن شىلىلىق پەردىلىرىنى زېدىلىمەسلىك لازىم. ② كۆچمە. دەرد ـ ئەلەمگە تولدۇرماق، ئازابلىماق: يۈرەكنى زېدىلەيدىغان گەپ قىلماق.

**زېدىماق** پ. دىيال. زېرىكمەك.

**زېرەك** سۈپ [پ] تېز ئويلىيالايدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئىشلەيدىغان؛ سەزگۈر، ئەقىللىق، ھوشيار، چېچەن: زېرەك ئايال. زېرەك قىز. // نادان گۈلگە يۈگۈرىدۇ، زېرەك مېۋىگە (ماقال).

**زېرەكچان** ئى. كىچىك زېرەك: تېلېگراف شىركىتى سۆزلىشىش ھەققىنى ئالدىن تاپشۇرغانلارغا كارتىلىق زېرەكچان سوۋغا قىلىش پائا- لىيىتىنى يولغا قويدى.

**زېرەكلەشتۈرمەك** «زېرەكلەشمەك»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زېرەكلەشمەك** پ. زېرەك، ھوشيار ھالەتكە كەلمەك؛ سەزگۈرلۈكى، چېچەنلىكى ئاشماق: ئۇ چوڭ بولغانسېرى زېرەك- لىشىپ چاشقان كۆشىگەننى تۇيىدىغان، تېز پىكىر قىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**زېرەكلىك** ئى. زېھنى ئۆتكۈرلۈك، ھوشيارلىق، سەزگۈر- لۈك: ئالماقلىق زېرەكلىك، بەرمەكلىك نادانلىق (ماقال).

**زېرىكەرلىك** سۈپ ← **زېرىكىشلىك** : مەن بۇ زېرىكەرلىك «يولىيورۇق»نىڭ تېزرەك تۈگىشىنى بىتاقەت بولۇپ كۈتتۈم.

**زېرىكتۈرمەك** «زېرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: خوتۇننى زېرىكتۈرەي دېسەڭ، ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر (ماقال).

**زېرىككەك** سۈپ. ئاسان زېرىكىدىغان، كۆپ زېرىكىدىغان: زېرىككەك بولماڭ، تېرىككەك بولماڭ، كۆڭۈلچەك بولماڭ، ئېرىنچەك بولماڭ (ماقال).

**زېرىككەكلىك** ئى. ئاسانلا زېرىكىپ قالىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئېرىنچەكلىك، زېرىككەكلىك، تېرىككەكلىكلەرگە قارد- غاندا، ھەر ھالدا، كۆڭۈلچەكلىك ياخشى.

**زېرىكمەك** پ. ئىچى پۇشماق، بىزار بولماق، بەزمەك: دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا، ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالىدۇ.

**زېرىكمەي- تېرىكمەي** پەقەت ئىچ پۇشۇقى ھېس قىلماي ۋە ئاچچىقلانماي، قەتئىي باش تارتماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن: ئۇ ئاشۇنداق زېرىكمەي - تېرىكمەي ئارىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بىرقەدەر خەۋەردار بولدى.

**زېرىكىشلىك** سۈپ. ئىچى پۇشىدىغان، زېرىكىش ھېس قىلىدىغان: رەيھان ئۈچۈن ۋارىسجان ئارتۇقچە ۋە زېرىكىشلىك بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

**زېرىكىشمەك** «زېرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زېرىكىشىپ ئولتۇرۇشقان ئەدەبىياتچىلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئېلان قىلىنىشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

**زېلكوۋا** ئى [لات] <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇر- ماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى قاتتىق ۋە سۇغا چىدامىلىق بولىدۇ.

**زېمىن** ئى [پ] ① يەر شارى، يەر يۈزى، تۇپراق: كەڭ زېمىن. * كۆن زېمىننى يورۇتار، بىلىم مېڭىنى (ماقال). ② تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر؛ ئېكىنزارلىق: قاراڭ، ئاۋۇ تەرەپ چەكسىز مۇنبەت زېمىن، پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق. ③ ئولتۇراق جاي؛ ئىگىدارچىلىقتىكى يەر: بۇ ھويلا تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ ئۆز زېمىنى ئىدى. ④ كۆچمە. قولايلىق شەرت - شارائىت، ئىمكانىيەت: ئالدىنقىلار بىزگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

**زېمىن سىرتى ھوقۇقى** دۆلەتلەر ئارا بىر - بىرىنىڭ دىپلو- ماتىك ئەمەلدارىغا بېرىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىمتىياز.

**زېمىندار** ئى [پ] نۇرغۇن يەر - زېمىن ئىگىلىگەن ئادەم، كۆپ يەر - زېمىن ئىگىسى: مۇھەممەد باي يۇرتىمىزدىكى كاتتا زېمىندارلارنىڭ بىرى ئىدى.

**زېنىت** [ر<فىران <ئە] ① ئى <ئاسترو> كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ۋېرتىكال سىزىقىنى ئۇزارتقاندا، ئاسمان شارى بىلەن ئۇچراشقان نۇقتا. ② سۈپ <ھەرب> ئاسماندىكى ئۇچۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئوققا تۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: زېنىت توپ. زېنىت پىلموت.

**زېھنىي** سۈپ [ئە] زېھىن ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئائىت: زېھنىي قابىلىيەت. زېھنىي مەشغۇلات. * مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ بازىرى كاسات بولغاچقا زېھنىي ئەمگەكچىلەرنىڭ زېھنى باشقا تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى.

**زېھنىيەت** ئى [ ئە ] يېزىق ت. زېھىن: دېمەك، بىر سوتكىدىكى يەر شارى بوشلۇقى ئىچىدىكى ئىنسانىي زېھنىيەت ھەرىكىتىدىكى ئازادد- لىكنى مىقدار سۈپەتلەپ بېكىتىش ئۈچۈن، ئىنسان جىسمىدىكى ئاسا- سىي ئەزالارغا دىققەت قىلىش لازىم.

**زېھىن** ئى [ئە] ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلد- يىتى؛ ئەس - ھوش، ئەقىل، ئىدراك: ئۇ ھوشيار ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ تىڭشاۋاتاتتى.

**زېھىنسىز** سۈپ. زېھنى ئاجىز، زېھنى تۇتۇق، گالۋاڭ.

**زېھىنسىزلىك** ئى. زېھنى ئاجىزلىق، گالۋاڭلىق.

**زېھىنلىك** سۈپ. زېھنى ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك: زېھىنلىك جەمىلە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلاچىلار قاتارىدا تاماملىدى.

**زىبا** سۈپ [ئە] يېزىق ① قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل، بەرنا: زىبا قىز. * بەللى، بەللى، 19 ياش ھايات- نىڭ زىبا چېغى. ② كۆركەم: زىبا نەقىشلەر.

**زىبالاشتۇرماق** «زىبالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد- جىسى: كۆلۈپ تۇرغان تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ئامانىسانىڭ چېھرىدە جىلۋىلىنىپ، ئۇنىڭ باھار غۇنچىسىدەك يېقىملىق ھۆسنىنى تېخىمۇ زىبالاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

**زىبالاشتۇرۇشماق** «زىبالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زىبالاشتۇرۇلماق** «زىبالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىبالاشماق** پ. چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم ھالەتكە كەلمەك، زىبا بولماق.

**زىبالىق** ئى. كۆركەملىك، گۈزەللىك: خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نەئەتىۋار (ماقال).

**زىبرە** ئى [ر<فىران] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈمە- لۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ، قورۇش، قان توختىتىش رولى بار. ئادەتتە سوغۇق چىقىپ قېلىش، قان قۇسۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش كېسەللىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**زىب- زىب** دىيال. بىرجايدا تۇرالمايدىغان (باللار ھەققىدە).

**زىبۇزىننەت** ئاياللارنىڭ ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى؛ بېزەك: خۇمار قىز كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتكە تويمايتتى.

**زىبىز** يۇك. دىيال. پەقەت، زادىلا.

**زىبىلدىماق** پ. دىيال. بىر جايدا جىم تۇرماي، سەكرەپ يۈرمەك: — بەربىر مەن رۇخسەت بەرمەيتتىم، ئەمدى ئوبدان بوپتۇ، ئىشلەڭلەر، ئىشلەڭلەر، زىبىلداپ يۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ.

**زىپچىك** ئى [ر] دوختۇرخانا، مەتبەئەچىلىك قاتارلىقلاردا، پاختا، قوغۇشۇن ھەرىپ ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنى قىسىپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ. ئادەتتە مېتالدىن ياسىلىدۇ.

**زىت** سۈپ [ئە] بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى، خىلاپ بولغان؛ ئۆزئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان؛ بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان: زىت پىكىر.

**زىتىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، چىشىنى قىرىشتۇرماق؛ تېرىكتۈرمەك: نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز پىكىر بېرىپ زىتىغا تېگەتتىم.

**زىتلاشتۇرماق** «زىتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىتلاشتۇرۇلماق** «زىتلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىتلاشماق** پ ① ئۆزئارا زىت ھالەت پەيدا بولماق ياكى شۇنداق ھالەتنى پەيدا قىلماق: ئۇلار بىر - بىرى بىلەن زىتلىشىدۇ. ② قارشىلاشماق، ئاداۋەتلەشمەك، دۈشمەنلىك پوزىتسىيەدە بولماق، ئۆچەكەشمەك، ئېيتىشماق: — بۇ ئەرزنى چوقۇم مەن بىلەن زىتلىشىدىغان قادىر يازغان، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

**زىتلىق** ئى. قارشىلىشىش، ئۆزئارا قارىمۇقارشى، زىت ھالەت: — ھازىر ئەلدە زىتلىق چوڭ، بايلار - گادايلار ئىككى تەرەپ، چېكى يوق، — دېدى قىلىچ.

**زىتمەن** ئى. قارشىلاشقۇچى، زىتلاشقۇچى، ئاداۋەتلەشكۈچى.

**زىتمەنلىك** ئى. بىراۋ بىلەن قارشىلىشىش، زىتلىشىش، ئاداۋەتلىشىش قىلمىشى: — ئۇلار قەمبەرنىسانى تالىشىپ زىتمەنلىك قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى شاكىر.

**زىچ** سۈپ ① بىر - بىرىگە ئىنتايىن يېقىن جايلاشقان، قېلىن، قويۇق: تۈپتۈز كەتكەن يېزا يولىنىڭ ئەتراپى زىچ باراقسان ئورمان ئىدى. ② مۇناسىۋىتى يېقىن، قويۇق؛ مۇستەھكەم، چىڭ: بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئالاقىسى زىچ، باردى - كەلدىسى قويۇق ئىدى. ③ كۆچمە. قىس، جىددىي؛ ئالدىراش: ھاكىمنىڭ ۋاقتى زىچ بولغاچ، گەپنىڭ گۇندىسىنى دەپ خالىقنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

**زىچچىدە** رەۋ. زىچ: بىز ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئادەملەر زىچچىدە ئولاشقان بىر توپقا كېلىپ يەتتۇق.

**زىچلاشتۇرماق** «زىچلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىچلاشتۇرۇلماق** «زىچلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىچلاشماق** پ ① زىچ ئورۇنلاشماق، قويۇقلاشماق: خەلق توپى تېخىمۇ زىچلىشىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ② يېقىنلاشماق، مۇستەھكەملەنمەك، چىڭىماق: بېرىپ - كېلىش كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچە زىچلىشىپ باراتتى.

**زىچلىق** ئى ① زىچ بولغان ھالەت، قويۇقلۇق. ② <ئورم> بىرلىك كۆلەمدە ئۆسكەن دەرەخ ماتېرىيال زاپىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان كۆرسەتكۈچ. ③ <فىز> ماددىنىڭ ماسسىسى بىلەن ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ نىسبىتى. ماددا ئۆز ئىچىگە ئالغان ماسسا كۇب سانتىمېتىر گىرام بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ④ <كىنو> نۇر سەزگۈرلۈكىنىڭ ئۆلچەنگەن مىقدارى.

**زىخ** ئى ① كاۋاپ پىشۇرۇش ياكى بىر نەرسىنى تېشىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان، مېتال ياكى ياغاچتىن بىر ئۇچى ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان سايمان: زىخقا گۆش ئۆتكۈزمەك. كاۋاپقا زىخ تەييارلىماق. ② تونۇردىن نان قومۇرۇش ۋە ئائىلىلەردە ئوچاقنىڭ ئاستىنى كولاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئىلمەك تۆمۈر سايمان. ③ ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياساشتا بوغىنىڭ ئىچىگە پاخال تىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئاچا سايمان.

**زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان** ھەر ئىككى تەرەپكە زىيان يەتمەيدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولىدىغان: ئەگەر ئۇ بۇ جېدەلنى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان چارە بىلەن بېسىقتۇرمىسا، بازاربېگى ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

**زىخى توشماق** قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەك، شۇ ئورۇندىكى ۋاقتى ئاخىرلاشماق؛ ئەجىلى يېقىنلاشماق، كۈنى تۈگىمەك: ئۇ ئارىلاپ: «مەيلى نېمە كۆرسەم كۆردۈم. بىر باشتىمۇ بىر ئۆلۈم. مىڭ باشتىمۇ بىر ئۆلۈم. زامانقۇلنىڭ زىخى توشۇپ، ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى» دەپ ئويلايتتى.

**زىخچە** ① ئى. كىچىك ھەم قىسقىراق زىخ ياكى شۇ شەكىلدىكى نەرسە: — سۇۋاركا زىخچىلىرى تۈگەپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ شىرە ئالدىغا كېلىۋېتىپ. ② سۈپ. زىخ شەكىلدىكى، ئۇزۇنچاق: زىخچە ئالتۇن.

**زىخلانماق** «زىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىخلىق** سۈپ ① زىخى بار، زىخ ئىشلىتىلگەن. ② زىخ قىلىشقا لايىق، زىخقا ئىشلىتىلىدىغان: ئۇن زىخلىق سىم.

**زىخلىماق** پ ① زىخ سانجىماق، زىخ تىقماق: ئاختۇرغۇچىلار كۆمۈلگەن ئالتۇنلارنى تاپماقچى بولۇپ يەرنى زىخلاپ كۆردى. ② كۆچمە. ئالدىراتماق، جىددىيلەتمەك: — بولىدۇ، بۇلارنى پات - پات زىخلاپ تۇرمىسا، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدۇ، — دېدى جاپپار قۇۋۋەتلەپ.

**زىددىيەت** ئى [ئە] ① ئومۇمەن قارىمۇقارشى شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش مۇناسىۋىتى، بىر - بىرىگە زىتلىق، خىلاپلىق: — پوزىتسىيەمدە زىددىيەت بارلىقىغا ئىقرارمەن، — دېدى ئۇ سەل ئىككىلىنىپ. ② قارىمۇقارشىلىق، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت: سىنىپىي زىددىيەت. زىددىيەت سالماق. ③ <پەلس> ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ بىر - بىرىگە بېقىنىش ۋە بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش مۇناسىۋىتى. ④ <لوگ> فورمال لوگىكىدا، ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش ياكى ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە راست ياكى يالغان بولالماسلىق مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**زىددىيەتسىز** سۈپ. زىتلىق يوق، زىددىيەت مەۋجۇت بولمىغان؛ زىت ئەمەس.

**زىددىيەتلىك** سۈپ. زىتلىق بار، زىددىيەت مەۋجۇت بولغان، زىت: پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇ، قالايمىقان، زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەختىگە دۈشمەن ئىدى. * كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش لازىمكى،

ئىنسانپەرۋەرلىك زىددىيەتلىك ۋە تەشۋىشلىك مۇھىتتا گەۋدىلىنىدۇ.

**زىر** I تەق. لەرزىگە كەلگەن، تىترىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى تاۋۇشى: زىر قىلىپ قالماق.

**زىر** II ئى [پ] ئەرەب يېزىقىدا ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان بەلگە. ئۇ يېزىقتا «ـِ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش «ئى» غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**زىرائەت** ئى [ئە] يېزا ئىگىلىكىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. ئۇ ئاشلىق زىرائەتلىرى، ياغلىق دان، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ ۋە سانائەت خام ئەشياسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كېۋەز، تاماكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**زىراپە** ئى [ئە] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان بولۇپ، بويىنى ناھايىتى ئۇزۇن، ئاۋاز چىقارمايدۇ، ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ ئوخشاشلا مۈڭگۈزى، تەن سىرتىدا گۈللۈك داغلىرى بولىدۇ، تېز چاپىدۇ، ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئافرىقىنىڭ ئورمانلىقلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**زىراۋەندە** ئى [پ] <بوت> زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، رەڭگى قوڭۇر، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى سېسىق پۇرايدۇ، مېۋىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**زىرە** I ئى [پ] <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقى دورا ياكى تەم تەڭشىگۈچى ماتېرىيال ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**زىرە** II ئى [ئە] ئاياللار قۇلىقىغا تاقايدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى. ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**زىر - زەۋەر** زىر ۋە زەۋەر.

**زىر - زەۋىرىنى قويماي** ھەممىسىنى، پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، بىرىنى قالدۇرماي، تولۇقى بىلەن: شەمسىدىن ئەتىسى خوتۇنىغا كەچۈرمىشلىرىنىڭ زىر ـ زەۋىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

**زىرىپ** [ئە] ① سۈپ. ئەقىللىق، زېرەك. ② ئى. يىڭنىدە قىلىنىدىغان ئىنچىكە ئىش: زىرىپ قىلماق.

**زىرىپچى** ئى. يىڭنىدە ئىنچىكە ئىش قىلغۇچى، تىككۈچى: زىرىپچىلار ھەدەپ چىرايلىق كەشتىلەرنى تىكمەكتە ئىدى. // زىرىپچى قىزلار.

**زىرىپچىلىق** ئى. يىڭنە بىلەن تىكىش ئىشى، يىڭنە ئىشى: ئۇ كىشىلەرنىڭ زىرىپچىلىقىنى قىلىپ بېرىپ بىرئاز پۇل توپلاپتۇ.

**زىرىق** ئى [پ] <بوت> زىرىق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال. ئۇنىڭدىن يەنە زىرىق ئىشقارى ئالغىلى، شاخ ۋە يىلتىزلىرىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش رولى بار.

**زىرىلداتماق** «زىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلسۈمقىزنىڭ يورغىلىشى پۈتۈن بەدەننى زىرىلدىتىدۇ.

**زىرىلدىماق** پ. زىر قىلماق، زىر قىلغان ھەرىكەت ياكى ئاۋاز پەيدا بولماق، تىترىمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى زىرىلداپ كەتتى.

**زىرىلىك** ئى. زىرە ئۆسكەن يەر، ئېتىز.

**زىرىھ** ئى [ ئە ] ھەربى كىيىم، تانكا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئوق ئۆتمەيدىغان پولات قاپلىمىسى، بىرونى: ساندۇقتا ئۇرۇشتا كىيىدىغان زىرىھ ساۋۇت، زىرىھ باشىناق، جىبىيەتون، رۇمچە نىمچە ۋە تەلپەك ـ تۇمان قاچىلانغانىدى.

**زىزىلىمەك** پ. دىيال. ئەركىلىمەك.

**زىسەي** ئى [خەن] <بوت> قىزىل يوسۇنلار خىلىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. دېڭىز بويىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى جىگەررەڭ، شەكلى ياپىلاق بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**زىغزىق** ئى. جۇۋا، كۆرپە، دىۋان قېپى، ئۆتۈك قونچى قاتارلىقلارنىڭ تىكىچ ئارىلىقىغا ئېلىنىدىغان رەخت، زەي: كۆرپىنىڭ زىغزىقى. زىغزىق چىقارماق.

**زىغزىقلىق** سۈپ ① زىغزىقى بار، زىغزىق تۇتۇلغان: سۈپىغا يېڭى تەڭلىمات، زىغزىقلىق يېكەندازلار سېلىنغانىدى. ② زىغزىق قىلىشقا تەييارلانغان، زىغزىق قىلىشقا باب: زىغزىقلىق رەخت.

**زىغىر** ئى ① <بوت> زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تالا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىغىرنىڭ غولىدا تالا كۆپ بولۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ماي ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**زىغىرچى** ئى. بىر ئىشنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرۈپ، زىغىرلاپ كېتىدىغان ئادەم.

**زىغىرچىلىك** سۈپ كىچىككىنە: — زىغىرچىلىك ئىشقا نېمانچە قاينايسەن؟ — دېدى ئاتام مېنى ئەيىبلەپ.

**زىغىردەك** رەۋ. بىرئاز، ئازغىنا، بىزە: سىلى زىغىردەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بازاردىن ئاش ئەكىرەي.

**زىغىرلاتماق** «زىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**زىغىرلاشماق** «زىغىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زىغىرلىق** ① سۈپ. زىغىرى بار، زىغىر تېرىلغان: زىغىرلىق ئېتىز. ② ئى. زىغىر تېرىلغان يەر.

**زىغىرلىماق** پ. تېگى ـ تەكتىنى، يېپىدىن يىڭنىسىگىچە قويماي سۈرۈشتۈرمەك، كوچىلىماق؛ ئىنچىكىلىمەك: ئۇ ئادەم ئۇيان ـ بۇياندىن زىغىرلاپ سوراۋەرگەچ ئاقىۋەت ئەھۋالىمنى دېدىم.

**زىق** سۈپ [ئە] قىس، جىددىي؛ ئالدىراش (ۋاقىت ھەققىدە): — ياق، ھازىر ۋاقىت زىق، — دېدى ئابدۇكېرىم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

**زىقىقا** ئى [ئە] <تىب> نەپەس قىيىنلىشىش، كانايدىن خىرىلدىغان ئاۋاز كېلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر خىل دەم سىقىلىش كېسىلى.

**زىقلىق** ئى. قىسلىق، جىددىيلىك؛ ئالدىراشلىق: ئايگۈل ۋاقىتنىڭ زىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرىغا قاتنىشالمايتتى.

**زىكىر** ئى [ئە] يېز ت <دىن> ① ئەسلەش، خاتىرىلەش، سۆزلەش، تىلغا ئېلىش: زىكىر قىلماق. زىكىر ئېيتماق. * ھالغا بېقىپ زىكىر، دايىقا بېقىپ سەنەم (ماقال). ② مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر

باشلامچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھالقا شەكىللىك يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ ياكى ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، تەسۋى سىيرىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىمى.

**زىكىر ـ تەلقىن** زىكىر ۋە تەلقىن: «زىكىر ـ تەلقىن»گە قاتناشقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن.

**زىكىر ـ ساما** زىكىر ۋە ساما، توپلىشىپ ئۆتكۈزۈلگەن ئويۇن ـ تاماشا تۈرىدىكى يىغىلىش.

**زىگوتا** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> جانلىقلار جىنسلىق كۆپەيگەندە ئەركەك ۋە چىشى جىنسىي ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان يېڭى بىر ھۈجەيرە. ئۇ تەدرىجىي يېتىلىپ، يېڭى بىر جانلىق تەنگە ئايلىنىدۇ.

**زىڭ** تەق. باش ۋە بەدەننىڭ ئاغرىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سېزىم: ياقۇپنىڭ بېشى «زىڭ» قىلىپ ئاغرىشقا باشلىغانىدى.

**زىڭ ـ زىڭ** «زىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**زىڭىڭىدە** رەۋ. «زىڭ» قىلىپ، «زىڭ» قىلغان ھالدا: شۇ ئاربدا ئالىمنىڭ ئوڭ پۇتى «زىڭىڭىدە» قىلىپ قالدى ۋە ناھايىتىمۇ قاتتىق بىر ئاغرىق ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بويلاپ تاراشقا باشلىدى.

**زىڭلى** ئى [خەن] بىرەر ئىشقا قاتتىق بېرىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇش، كۈچ ئېلىپ كېتىش: ئۇ مېنى ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ زىڭلى قىلىپ قويدى.

**زىڭىلداتماق** «زىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادامنىڭ داد ـ پەريادى قۇلاق ـ مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى.

**زىڭىلدىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى سانجىغاندەك، تىققاندەك زىڭ قىلغان تۇيغۇ پەيدا بولماق: ئۇنىڭ ئەلەمدىن چېكىسى زىڭىلداپ، بېشى قايغاندەك بولدى. ② «زىڭ» قىلىپ سىلكىنمەك، تىترىمەك، تەۋرىمەك؛ «زىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ ھەر بىر بازغان ئۇرغاندا سەندەل زىڭىلداپ كېتەتتى.

**زىل** سۈپ [پ] ① بوم ياكى توم ئەمەس، ئىنچىكە، يېقىملىق (ئاۋاز ھەققىدە): زىل ئاۋاز. * قىزنىڭ ئاۋازى تۇرغانىسېرى زىل، تەمبۇر ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىدى. ② قوپال گەپ ـ سۆز ۋە قوپال مۇئامىلىنى كۆتۈرەلمەيدىغان، نازۇك: زىل ئادەم. زىل كۆڭۈل. ③ سىلىق، چىرايلىق، ئىنچىكە: قېيۇم ئۇستا زىل ئىش قىلىدىغان تەجرىبىلىك ئۇستا ئىدى.

**زىلتار** ئى [زىل + تار] <مۇز> ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇنى ساتار، راۋاب، قالۇن، گېتاردىن ئىبارەت تۆت خىل چالغۇ ئەسۋاب ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**زىلتاش** ئى [زىل + تاش] خوتەننىڭ يورۇڭقاش دەرياسى ئېقىنىدىن تېپىلىدىغان ئەلا سورتلۇق ئاق قاشتېشى.

**زىلچا** ئى [پ] يۇڭ ياكى يىپەكتىن ھەر خىل رەڭدە تېۋىتىلىق توقۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ئائىلە بۇيۇمى؛ گىلەم: زىلچا سېلىنغان سۇپا.

**زىلزىلە** ئى [ئە] ① تىترەش، تەۋرەش: ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، زېمىندا زىلزىلە، تەنلەردە تىترەك پەيدا قىلغىلى تۇردى. ② كۆچمە. قاتتىق غۇلغۇلا: ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى خەلق ئىچىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى.

**زىللاشماق** پ. زىل ھالەتكە كەلمەك، زىل بولۇپ قالماق: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ زىللىشىپ كەتتى.

**زىللىق** ئى. زىل ھالەت؛ ئىنچىكىلىك: ئاۋازنىڭ زىللىق دەرىجىسى.

**زىلوتى** ئى. پولشانىڭ پۇل بىرلىكى.

**زىلۋا** سۈپ ① نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم: پاتىمە يۇملاق، ئاق يۈزلۈك، بويى زىلۋا، ئوماققىنا قىز ئىدى. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق: ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى، تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق، يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى، ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

**زىلۋالاشتۇرماق** «زىلۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىزنىڭ رەسىمىنى تېخىمۇ زىلۋالاشتۇرۇپ سىزىپ چىققانىدى.

**زىلۋالاشماق** پ. نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم، گۈزەل، چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك: نەفىسە بولسا ئاچ ھاۋارەڭ گىرىپ كۆڭلەك ئىچىدە تېخىمۇ زىلۋالىشىپ قىزىرىپ تۇراتتى.

**زىلۋالىق** ئى. نازۇكلۇق، ئەۋرىشىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھالەت؛ گۈزەللىك، چىرايلىقلىق.

**زىممە** ئى [ئە] ئۈست، بويۇن (ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، بۇرچ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن): زىممىسىگە ئالماق. زىممىسىگە چۈشمەك.

**زىمىستان** ئى [پ] ① قىش پەسلى، قىش: زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس. ② كۆچمە. مۇدھىش قاراڭغۇ، زۇلمەت: بىلىمسىزلىك بىر زىمىستان ئىكەن.

**زىمىستانسىز** سۈپ. زىمىستان (قىش) بولمايدىغان: پەخىرلىدۇر ھەرتال گىياھنىڭ شۇ زېمىندا ئۆستى ئۇ، قىش ـ زىمىستانسىز گۈزەل مەڭگۈلۈك كۆركەم باھار.

**زىنا** ئى [پ] ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنسىز جىنسىي ئالاقە؛ بۇزۇقچىلىق، پاھىشە: زىنا قىلماق.

**زىناخور** سۈپ. جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئامراق، پاھىشىۋاز: زىناخور ئادەم. // ـــ ئۇ زىناخور ئاخىر بىر كۈنى ئەدىپىنى يېمەي قالمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**زىناخورلۇق** ئى. پاھىشىۋازلىق: زىناخورلۇق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ بىر قۇرتقا، ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانغا ئايلانغانىدى.

**زىناكار** سۈپ [ پ ] زىنا قىلغۇچى، بۇزۇق: ـــ ھەزرىتى بۇزرۇكۋارىم، داۋۇردىكى مازارنىڭ ئالدىغا بازار قىلىش ئىشلىرىنى ئاڭلىغان خالايىقلار ئۇلۇغ مازارنىڭ ئالدىدا بازار قىلماقلىق گۇناھ بولۇر، بالا ـ چاقىمىز قىمارۋاز، جارەسكى، زىناكار، لەۋەند بولۇپ قالۇر دەپ نارازى بولۇۋاتىدۇ، ـــ دېدى بۇ ئىشقا نارازى بولغان خوجا پەخىردىن بۇزرۇكۋارنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**زىناكارلىق** ئى. بۇزۇقلۇق، پاھىشىۋازلىق.

**زىندان** ئى [پ] يەر ئاستىدىكى زەي ۋە قاراڭغۇ قاماقخانا؛ سولاقخانا؛ تۈرمە: زىندانغا تاشلىماق. زىنداندا ياتماق.

**زىندانبېگى** ئى [زىندان + بەگ + ى] تارىس. زىندانغا مەسئۇل كىشى.

**زىندانچى** ئى. زىندانغا قارىغۇچى، زىندان باققۇچى، گۇندىپاي: بىر ۋاقىتتا زىندانچى ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ يان ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

**زىننەت** ئى [ئە] ① گۈزەللىك ۋە ھۆسن بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم؛ بېزەك، ھۆسن: ئاتنىڭ زىننىتى ئېگەر ـ توقۇم (ماقال). ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زىننەتسىز** سۈپ. زىننەتلەنمىگەن؛ كۆرۈمسىز، سەت: زىننەتسىز ئۆي.

**زىننەتلەتمەك** «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىسى: شەھرىمان شاھ شەھەرنى يېڭىباشتىن زىننەتلىتىپتۇ.

**زىننەتلەشمەك** «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار ئۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا يېنىشلاپ زىننەتلىشىپتۇ.

**زىننەتلەنمەك** ① «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شاھ ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن تەختتە ئولتۇراتتى. ② «زىننەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: توز كەبى رەڭدار ياسانغان قىز ۋە ئوغۇل زىننەتلىنىپ، توشمىغاي شەرتىگە ئادەم، شەرمى ـ ھاياسى بولمىسا.

**زىننەتلىك** سۈپ. زىننىتى بار، زىننەتلەنگەن، چىرايلىق، گۈزەل: ئۇ ناھايىتى زىننەتلىك ئىشلەنگەن چوڭ دەرۋازىغا يولۇقتى.

**زىننەتلىمەك** پ. ھەر خىل چىرايلىق، زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن بېزىمەك، ھۆسن كىرگۈزمەك، كۆركەملەشتۈرمەك: ئۇلار ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى زىننەتلىمەكچى بولدى.

**زىنھار** رەۋ [پ] بولۇشسىز پېئىللار بىلەن كېلىپ «ئەسلا، پەقەت، ھېچقاچان، قىلچە، مۇتلەق» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: ھەلىمخان ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولدى، ئەمما مەزىن زىنھار ئۇنىمىدى.

**زىنىخ** ئى. ئادەم كۈلگەن چاغدا مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان ئويمانچە: ئۇ قىزنىڭ كۈلگەن چاغدىكى زىنىخلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى.

**زىنىخلانماق** پ. زىنىخ پەيدا قىلماق: قىز مېنىڭ گېپىمدىن تېخىمۇ خۇشال بولغاندەك يەنىلا پىسسىڭىدە زىنىخلىنىپ كۈلگىنىچە سۆزلىدى.

**زىنىخلىق** سۈپ. زىنىخى بار، زىنىخ پەيدا بولىدىغان: بەختىگۈلنىڭ ئادەتتە ھەمىشە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان زىنىخلىق يۈزىدە نازلىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

**زىۋىدىلەك** ئى. نامسىز بارماقنىڭ ئەركىلەتمە نامى: بىز ئۆزىمىزدىن كىچىكلەرنى ھويلىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر بارمىقىنى چىقىرىپ «باشمالتاق، ھەييارداق، ئوتتۇرا قول، زىۋىدىلەك، كىچىك بۆۋەك» دەپ ئۆگىتەتتۇق.

**زىيا** ئى [ئە] يېزىت ① يورۇقلۇق، نۇر؛ شولا: ئۆزگىلەر نىگاھى جىلۋە ئەيلىدى، قۇياشنىڭ زىياسى پارلىغان يۈزدە. قايغۇم يوق بۇ ھالدىن، چۈنكى ھېچبىرى، كۆرەلمەس ھۆسنىڭنى مەن كۆرگەن كۆزدە. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**زىياپەت** ئى [ئە] تەنتەنىلىك، كاتتا ئولتۇرۇش؛ مېھماندارچىلىق: زىياپەت بەرمەك. زىياپەت ئۆتكۈزمەك.

**زىياپەتخانا** ئى [ئە + پ] زىياپەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي؛ ئورۇن: بۇ زىياپەتخانا خۇددى كىچىكرەك بىر تانسىخانىغا ئوخشايتتى.

**زىيادە** رەۋ [ئە] بەلگىلىك مىقداردىن، ساندىن ئوشۇق؛ ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئارتۇق، كۆپ: — رەھمەت، ئىچمەيمەن، ھېلى مەن بىر چىنە زىيادە ئىچىۋەتتىم، — دېدى ئۇ رابىيەمگە.

**زىيادىلەشمەك** پ. ئاشماق، ئارتماق، كۆچەيمەك: مەخمۇتنىڭ دۆلەت ـ پاراغىتى كۈنسېرى زىيادىلەشتى، ئابرۇيى ئۆستى.

**زىيادىلىك** ئى. ئارتۇقلۇق، كۆپلۈك: بەدەندە قان كۆپىيىپ كېتىش ياكى سەپرانىڭ زىيادىلىكى تۈپەيلىدىن ھارارەت پەيدا بولىدۇ.

**زىيارەت** ئى [ئە] ① مۇقەددەس جاي، چەت دۆلەت ياكى يېقىن ـ يىراق، مەنزىرىلىك جاي، داڭلىق شەخس ياكى كىشىلەرنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارغا قارىتا قىلىنىدىغان ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ② ھۆرمەت ياكى رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرەر شەخس بىلەن كۆرۈشۈش، ئەھۋاللىشىش ياكى بۇ ھەقتە قىلىنىغان پاتىھە: سىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان كىشى. ③ <ئەد> خەۋەر ـ ماقالىلەرگە ماتېرىيال تەييارلاش يۈزىسىدىن مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىدار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت؛ ئۇچرىشىش: مۇخبىرلىق زىيارىتى.

**زىيارەتچى** ئى. بىرەر جاينى ياكى بىرەر شەخسنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشى: بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىدىغان زىيارەتچىلەر يازدا تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

**زىيارەتخانا** ئى [ئە + پ] ← **زىيارەتگاھ**: زىيارەتخانىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

**زىيارەتگاھ** ئى [ئە + پ] كىشىلەر زىيارەت قىلىدىغان جاي؛ ئورۇن: مەن رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە تولغان باغچىنى ئارىلاپ باغنىڭ غەربىدىكى زىيارەتگاھقا يەتتىم.

**زىيارەتگاھلىق** ئى ← **زىيارەتگاھ**.

**زىياسىز** سۈپ. نۇرسىز، قاراڭغۇ.

**زىيالىي** ئى. بىرقەدەر يۇقىرى پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر. مەسىلەن، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، مۇخبىرلار ۋە ئىنژېنېر قاتارلىقلار: سەن بىر زىيالىي تۇرۇپ، ئوقۇمىغان، نادان كىشىلەردەك گەپ قىلساڭ ئۆزۈڭگە ياراشمايدۇ.

**زىيالىيلاشتۇرماق** «زىيالىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنى بويىچە مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

**زىيالىيلاشماق** پ. تەربىيىلىنىش ئارقىلىق زىيالىي دەرىجىسىگە يەتمەك، زىيالىيغا ئايلانماق، زىيالىي بولماق.

**زىيالىيلىق** ئى. زىيالىيلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، زىيالىيلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر، خۇسۇسىيەت: زىيالىيلىق ئادىمىيلىكنى ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ئۇنى يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىپ، گۈل ئۈستىگە گۈل قوشىدۇ.

**زىيان** ئى [پ] ① ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يوقىتىش، چىقىم: بۇ زىياننىڭ ئورنىنى شۇ تاپتا ھېچنېمە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. ② كۆچمە. يامان تەسىر، زەرەر: تاماكىنىڭ زىيىنى. ھاراقنىڭ زىيىنى.

**زىيانداش** سۈپ. زىيان سالىدىغان، زىيانلىق؛ زىيىنى بار: زىيانداش قۇشلار. زىيانداش ھاشارات.

**زىيانداشلىق** ئى. بۇزغۇنچىلىق، دۈشمەنلىك.

**زىيان ـ زەخمەت** زىيان ۋە زەخمەت: جامائەت مۈلكىنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاش كېرەك.

**زىيانسىز** سۈپ. زىيىنى يوق، زىيان قىلمايدىغان، زىيان يەتكۈزمەيدىغان: مەلىكىدىن چاچرىغان ئوت بىزگە زىيانسىز ئىدى.

**زىيانسىزلاشتۇرماق** «زىيانسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش — ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەخلەتلەرنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ، ئەخلەتنىڭ مىقدارىنى ئەسلىدىكىدىن كېمەيتىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەرىپىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.

**زىيانسىزلاشتۇرۇشماق** «زىيانسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**زىيانسىزلاشتۇرۇلماق** «زىيانسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**زىيانسىزلاشماق** پ. زىيانسىز ھالەتكە كەلمەك: مۇھەت سۇپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شەھەردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئالاھىدە ئەخلىتى ھازىرقى ئاددىي كۆمۈشتىن زىيانسىزلاشقان كۆيدۈرۈۋېتىش ۋە ئېچىتىپ بىر تەرەپ قىلىنىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ.

**زىيانكەش** ئى. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگۈچى، قەست قىلغۇچى كىشى: ھەممىسى ئىغۋا، مەن ھېچقانداق زىيانكەش، بۇزۇق ئەمەس.

**زىيانكەشلىك** ئى. باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، باشقىلارنى قەستلەيدىغان قىلىق، ھەرىكەت: بۇلارنىڭ ئىچىدە سابىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەكېلىنگەن سوۋغىلارمۇ بار ئىدى.

**زىيانلانغۇچى** ئى <قا> زىيانغا ئۇچرىغۇچى ياكى ئۆلتۈرۈلگۈچى كىشى: قانۇننىڭ ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى بەلگىلەشتىكى مەقسىتى زىيانلانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر.

**زىيانلانماق** پ. زىيانغا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىماق، زىيان يەتمەك.

**زىيانلىق** سۈپ. زىيىنى بار، پايدا، مەنپەئەت قىلمايدىغان؛ پايدىسىز: خەلققە پايدىلىق نەرسە، ساڭا ھەم پايدىلىق. خەلققە زىيانلىق نەرسە ساڭا ھەم زىيانلىق.

# ژ

**ژارگون** ئى [فىران] بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي گورۇپپا كىشىلىرىلا چۈشىنىدىغان ، باشقىلار ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان تىل .

**ژاندارما** ئى [ر<فىران] ← **ساقچى:** «ئالتۇنچىلار» نى نازارەت قىلىپ كېتىۋاتقان قورallىق ژاندارمىلار كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

**ژانىر** ئى [ر<فىران] <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ سۈژىت ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ھەر بىر تۈرى .

**ژۇرنال** ئى [ر<فىران] ① كىتابچە ياكى مەجمۇئە شەكلىدە بەلگىلىك ۋاقىتتا چىقىرىلىدىغان ھەمدە پەن ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە خەۋەر، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە باشقا ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، تارقىتىدىغان قەرەللىك نەشر بۇيۇمى: ئەدەبىي ژۇرنال. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. ② <مائار> كۈندىلىك ئىش، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدىغان دەپتەر، خاتىرە : سىنىپ ژۇرنىلى. ③ <كىنو> ھەرقايسى سەپلەردىكى ئەھۋاللار، پەن تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى ھەقىقىي يوسۇندا كۆرسىتىدىغان، خەۋەر قىلىدىغان فىلىم .

**ژۇرنالچىلىق** ئى <مەت> ژۇرنال چىقىرىش ئىشى، كەسپى: ھازىر ژۇرنالچىلىقىمىز ھۆكۈمەت ئاجراتقان ئىقتىسادىي مەبلەغ بىلەن نورمال كېتىپ بارىدۇ.

**ژۇرنالىست** ئى [ر] <مەت> گېزىت ـ ژۇرناللارغا ھەر خىل تېمىدا ماقالىلەر يېزىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى چىقىرىشقا قاتنىشىدىغان كىشى، ئەدىب : ئەنۋەر ناسىرى تالانتلىق شائىر ھەم ژۇرنالىست ئىدى .

**ژۇرنالىستلىق** ئى <مەت> ژۇرنالىستلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ؛ ژۇرنالچىلىق: ژۇرنالىستلىق تىنىم تاپماي مېڭىشنى بىلىدىغان ئادەملەر قىلالايدىغان ئىش.

# س

**س** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون ئۇچىنچى ھەرپى.

**سا** ئىم. ھارۋىغا قوشۇلىدىغان ئات، ئېشەك قاتارلىقلارنى كەينىگە ياندۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**سائادەت** ئى [ئە] ① زور بەخت، پارلاق ئىستىقبال: ئۇنى كۆرۈشنىڭ بىزگە نېسىپ بولۇشى زور سائادەتتۇر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سائادەتلىك** سۈپ. زور بەخت، سائادەتكە ئېرىشكەن؛ بەختلىك: كۆڭۈل يايرايدۇ شادلىقتىن، ئەجەب ئوبدان زامان بولدى، ۋەتەن باغرى سائادەتلىك، قۇياشلىق ھۆر ماكان بولدى.

**سائادەتمەن** سۈپ [ئە + پ] ← **سائادەتلىك** : داداڭنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولىسەن.

**سائادەتمەنلىك** ئى. زور بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولۇش، بەختكە ئېرىشىش.

**سائەت** ئى [ئە] ① بىر سوتكىنىڭ 24 تىن بىرىگە، يەنى 60 مىنۇتقا تەڭ بولغان ۋاقىت بىرلىكى: مەن بىر سائەتتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم.② ۋاقىتنى سائەت، مىنۇت، سېكۇنت بويىچە ھېسابلاپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب: ياسىن پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ③ <مائار> ئوقۇتۇشتىكى ھەربىر قېتىملىق دەرس ۋاقتى، ئادەتتە 45 مىنۇت بولىدۇ: بىزگە ھەر ھەپتىدە تۆت سائەت خەنزۇ تىلى دەرسى بار. ④ پۇرسەت، پەيت: شاھ ياخشى سائەتتە توي قىلىپ، مەلىكىنى ھاتەمگە نىكاھلاپ بەردى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سائەتچى** ئى. سائەت سېتىش ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بازارنىڭ دوقمۇشىدا بىر سائەتچى بار ئىدى.

**سائەتچىلىك** ئى. سائەت رېمونت قىلىش ياكى سېتىش ئىشى: غوپۇر ئاكا كىچىكىدىن سائەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان كىشى.

**سائەت ـ سائەتلەپ** ئۇدا بىرقانچە سائەت: ئۇ كۆپىنچە دادىسى بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلىشىدۇ، دادىسىنى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ.

**سائەتساز** ئى [ئە + پ] سائەت ۋە سائەت زاپچاسلىرىنى ياساش ۋە قۇراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**سائەتسازلىق** ئى. سائەت ياساش كەسپى.

**سائەتلەپ** رەۋ. بىرنەچچە سائەت سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە سائەت داۋامىدا: ئۇ بىر يىلدىن بېرى ئولتۇرغان جايىدا پېشانىسىنى تۇتۇپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان، خەققە ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**سائەتلىك** سۈپ ① سائىتى بار، سائەت ئورنىتىلغان: دادام قولى بىلەن شەرق تەرەپتىكى سائەتلىك مۇنارنى كۆرسەتتى. ② مەلۇم سائەت داۋام قىلغان ياكى داۋام قىلىدىغان: سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى. ③ سائەت ئۆلچىمى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان: سائەتلىك دەرس پىلانى.

**سابا** I ئى [ئە] تاڭ سەھەردىكى سالقىن شامال: سەھەرلەر شوق سابا ئىلھام گۈلۈمنى ھەر سۆيۈپ ئۆتسە، تەپەككۇر پەرىسى قەلبىم بېغىغا گۈل قىسىپ كەلدى.

**سابا** II ئى ← **چاناچ** : بىر سابا قىمىز.

**ساباگۈل** ئى [ ئە + پ ] (بوت) نامازشامگۈل: بۇ شاھ سۇپىنىڭ ئەتراپىدا قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، سەبدەرگۈل، تاجىگۈل، ئەنبەرگۈل، رەيھانگۈل، ساباگۈل، مەخمەلگۈل، ھىندى گۈلى، كۈركۈمگۈلى قاتارلىق جاھاندىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن دېگۈدەك بار ئىدى.

**ساباھەت** ئى [ئە] ① يېزت. گۈزەللىك، ھۆسن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ساباھەتلىك** سۈپ. ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل: ساباھەتلىك ئايال.

**سابىق** سۈپ [ئە] بۇرۇن بولغان، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى: ئىدارىنىڭ سابىق باشلىقى.

**ساپ** I ئى. ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى، تۇتقۇچ، دەستە: ھوت ـــ كەتمەن سېپىنى تۇت (ماقال).

**سېپى ئۆزىدىن** كەم ـ كوتىسىز؛ كەم، زىيادىسى يوق؛ دەل، نەق؛ دەل ئۆزى: بۇ كىشى ئادىلجاننى: «سېپى ئۆزىدىن يەرلىك ماتېرىيال» دەپ ماختايتتى.

**ساپ** II [ئە] ① سۈپ. چاڭ ـ توزاندىن خالىي، سۈزۈك، پاكىز: ھاۋا شۇ قەدەر ساپ ئىدى، ئاسماندا تولۇن ئاي كۈلەتتى. ② سۈپ. باشقا ئارىلاشمىسى بولمىغان، تازا: ساپ ئالتۇن. * ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، مۇڭلۇق ھەم ساپ ئىدى. ③ سۈپ. كۆچمە. داغ تەگمىگەن؛ يامانلىق، ئەيىب ـ نۇقسان، ئىللەتتىن خالىي؛ پاك: ساپ ئەخلاق. ساپ ئىشق. ④ سۈپ. باشقا بىرىنىڭ ئەجرى ئارىلاشمىغان، ھالال: ياغرىدى كۆكتە، ساپ مېھنەت سازى. دېھقانلار بۇندىن بولۇشتى رازى. ⑤ رەۋ. پۈتۈنلەي، تامامەن: سىز توغرا تىجارەت قىلماي ساپ قانۇن تېشىدىكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىڭىز. مەن سىزگە قانداقمۇ ئەقىل كۆرسىتىمەن؟

**ساپا** ( **ساپاسى** ) ئى [ئە] ① ساپلىق، پاكلىق. ② سۈپەت، ئۈنۈم، قەدىر ـ قىممەت: بىلمىلىكنىڭ باھاسى يوق، بىلمىسىزنىڭ ساپاسى يوق (ماقال). ③ مەنپەئەت، ھوزۇر، ھالاۋەت: جاھالەت سەمەرىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر، ئېيتىڭىزچۇ بۈگۈنكى

ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر.

**ساپاسىز** سۈپ. مەنپەئەت ۋە ئۈنۈمى يوق، سۈپەتسىز، ناچار: ئۇلار بۇ يىل ۋاقتى ئۆتكەن ساپاسىز ئۇرۇقلارنى يىغىلدى.

**ساپاسىزلىق** ئى. ساپاسى يوقلۇق، تۆۋەنلىك؛ سۈپەتسىزلىك: پۇل تاپقان بەزى كىشىلەر «ئاقسۆڭەك» بولۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە بىلىم جەھەتتىكى ساپاسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

**ساپاق** ئى ① ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى؛ دەستە، ساپ: ئىلىدىن چىققان پىچاقنىڭ ساپىقى دانە ـ دانە، ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا بولدۇم تەلۋە ـ دىۋانە. ② ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسىنى شاخ ياكى پىلەككە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قىسمى؛ باغ: قوغۇن پىشسا، ساپىقىدا تۇرماس (ماقال). ③ ئۈزۈم بەرگىدە غۇژمەك ئورۇنلاشقان ئۈزۈم دانىلىرى توپى؛ ساپ: ئۈزۈمنى يەڭ، ساپىقىنى سورىماڭ (ماقال). * قايسى ساپاقنى ئۈزۈسىز؟ // خىزمەتچى بىر ساپاق ئۈزۈم ئەكەلدى.

**ساپىقىدا يىگىلەپ قالغان** ۋاقىتىدا يەتمەي قالغان، ئۆسمەي قالغان: ئۇ ئۆزىنى كىچىك دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ساپىقىدا يىگىلەپ قالغان ئادەم.

**ساپاقسىز** سۈپ. ساپىقى يوق، ساپاق ئورۇنلاشمىغان: ساپاقسىز يويۇرماق.

**ساپاقلىق** سۈپ. ساپىقى بار، ساپاققا ئورۇنلاشقان.

**ساپال** [پ] ① سۈپ. سېغىز لايدىن ياساپ مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلغان: ساپال قاچا. ساپال تاۋاق. // مۇخپۇل ئاكىنىڭ قولىدا سىرتى يېشىل سىرلانغان ساپال بار ئىدى. ② ئى. سېغىز لايدىن ياساپ مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلغان ھەر خىل بۇيۇم.

**ساپالەت** ئى [ئە] خورلۇق، ئابرۇيسىزلىق، تۆۋەنلىك؛ پەسكەشلىك: ئاتالە ـ ئىنسان سائادىتىنىڭ زور ئاپىتىدۇر. غىزاخورلۇقتىن پەيدا بولىدىغان يامانلىق مەئىشەت جەھەتتىن نەسلىگىمۇ تەسىر قىلۇر. ھەرخىل ساخاۋەت ۋە كامالەتتىن مەھرۇم قىلىپ، كىشىنى خار ۋە زەلىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆمۈرنى ساپالەت ئوردىسىغا ئىتتىرۇر.

**ساپالچى** ئى. كۇلالچى: يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاقىچىلار، تۇنىكىسازلار، ساپالچىلارنىڭ پاكار، كورۇمسىز دۇكانلىرى، ئىسلاشقان چايخانىلار، بۇس بىلەن تولغان ئاشخانىلار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ساپالچىلىق** ئى. كۇلالچىلىق: ھۈنەرلەرنىڭ ساپالچىلىق تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

**ساپالىق** سۈپ ① ساپاسى بار، ياخشى، ئۈنۈملۈك: ساپالىق ئىش. ② ھوزۇر بېرىدىغان، ھوزۇرلۇق: گۈللەر ئارا قىزىلگۈل، بارچىسىدىن ساپالىق، ھۆرمىتىڭ شۇ، بىر گۈلسەن، بۇلبۇلۇڭغا ۋاپالىق.

**ساپان** ئى. يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى. ئۇنىڭ خىللىرى كۆپ بولىدۇ، بەزىلىرى ئۇلاغلارغا، بەزىلىرى تراكتور قاتارلىقلارغا سۆرىتىلىپ يەر ئاغدۇرۇلىدۇ.

**ساپاھىيەت** ئى [ئە] ساپا ـ سۈپەت، سەۋىيە: ناۋادا بايلىقنىڭ ۋەزنىگە تېتىغۇدەك مەنىۋى ساپاھىيەت بولمىسا، ئۇ روھىيەتكە ئەركىنلىك، خۇشاللىق ئەمەس، ئەكسىچە بېسىم ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

**ساپايى** ئى [ئە] ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ ياكى مۈڭگۈز دەستىسىگە بىرنەچچە چوڭ مېتال ھالقا ۋە ھەربىر چوڭ ھالقىغا كۆپلىگەن مېتال ئۇششاق ھالقىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قول بىلەن سىلكىپ شاقىلدىتىپ چالىدىغان بىر خىل مىللىي چالغۇ ئەسۋابى.

**ساپايىچى** ئى. ساپايى چالغۇچى كىشى.

**ساپتۇرماق** «ساپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماي قىزىنى چاقىرىپ يىڭنىگە يىپ ساپتۇرغاندىن كېيىن يەنە چىراغ تۈۋىگە بېرىپ تىكىشكە كىرىشتى.

**ساپساپچى** ئى. ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ باشقىلارنى ئالدايدىغان، ساختىپەز، قىزىل كۆز ئادەم: پاسار ئوتىنىڭ كۆلى چوڭ، ساپساپچىنىڭ گېپى چوڭ (ماقال).

**ساپقۇچ** ئى. ساپان، بوقۇسانىڭ تۇتقۇچى.

**ساپلا** سۈپ. پۈتۈنلەي، تامامەن: ۋۇي قارىغۇ، سەن چۈپ ئورۇدۇم دەپ ساپلا بۇغدايىنى ئورۇۋاپسەنغۇ.

**ساپلاتماق** «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم ئاكام ئەمدىلا ساپلاتقان كەكىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ يەنە خامانغا ماڭدى.

**ساپلاشتۇرماق** «ساپلاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورمان ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ساپلاشتۇرۇلماق** «ساپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەتتە نوكچا ئالتۇن قېزىپ، كېپەك ئالتۇن قۇملارنى يۇيۇش ئارقىلىق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئېرىتىلىپ، ھەرخىل تېخنىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**ساپلاشماق** I «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدى بىلەن جوتۇلىرىنى ساپلاشتى.

**ساپلاشماق** II پ. خىلمۇخىل ئارىلاشمىلاردىن تازىلىنىپ ساپ، تازا ھالەتكە كەلمەك: ئاپتوموبىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن چاڭ ـ توزان بېسىقىپ ھاۋا ساپلاشتى.

**ساپلانماق** «ساپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سابىر يېڭى ساپلانغان بازغانىنى قولىغا ئالدى.

**ساپلىق** I ئى ① تۇرلۇك مېتاللاردىن ياسالغان، ساپ بېكىتىلگەن چۆمۈچ: ئاشپەز ئۇستام قولىدىكى ساپلىقنى ئوچاق بېشىدا قويۇپ، ئۇدۇللا ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا باردى. ② سېپى بار كىچىك قازان: ئاشپەز بېلىقلارنى يۇيۇپ ـ تازىلاپ، ساپلىققا سېلىپ، ئوت يېقىپ قورۇشقا باشلاپتۇ.

**ساپلىق** II ① سۈپ. سېپى بار، ساپ بېكىتىلگەن: ئېلىقۇل كالتە ساپلىق بىر ئاپتوماتنى مۈرىسىگە ئېسىپ كېلىۋاتاتتى. ② ئى. ساپ قىلىشقا لايىق ياغاچ: مەن ساپلىق تېپىپ، پالتامنى دەستىلەۋېلىش ئويىغا كەلدىم ـ دە، قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

**ساپلىق** III ئى. ساپ، پاكىز بولۇش، ئارىلاشمىلاردىن خالىيلىق، پاكلىق: ئوكۇلنىڭ تەركىبى ھەم ساپلىق دەرىجىسىنى بىلىش بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم.

**ساپلىماق** پ. ساپ ئورناتماق، دەستىلىمەك: تېرەك كېسىدىغان پالتىنىمۇ ياغاچتىن ساپلايمىز.

**ساپما** سۈپ. سېپىۋالىدىغان، سېپىپ كىيىۋالىدىغان: ساپما كەش.

**ساپماق** پ ① تۆشۈك ئىچىدىن ئۆتكۈزمەك: يىڭنىگە يىپ ساپماق. * بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپ ساپسام (ماقال). ② كىيمەك: مەن كالىچىمنى ساپتىم، ئۇتتۇرلاپ بۇ ياققا ماڭدىم.

**ساپيور** ئى [ر < فران] <ھەرب> ھەربىي قۇرۇلۇش قىسىملىرى: رۇسىيە ھەربىي دائىرىلىرى 16 ـ ماي ساپيورلارنى

باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد بايقالغان رايوننى يەنە ئاختۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد ياكى بۇ ئىشقا ئالاقىدار ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىدى.

**ساتار** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. شەكلى تەمبۇرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. 7 دىن 13 كىچە تارى بولۇپ، ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق، مۇقام ئاھاڭلىرىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

**ساتارچى** ئى. ساتار چالغۇچى كىشى.

**ساتارمەن** ئى. مال ياكى نەرسە ـ كېرەك ساتقۇچى كىشى: ئالارمەن بىلەن ساتارمەن، بەزىدە سېتىقچى بىلەن ئابلەق ئوتتۇرىسىدا مۇشتلىشىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

**ساتا ـ ساتقۇ** سېتىشنى ئويلىغان ۋە سېتىشقا لايىق بولغان، پۇلغا يارايدىغان: تەڭ كەلمەيدىغان باي قىزىغا، پۇلۇم يوق، ساتاي دېسەم ساتا ـ ساتقۇ قويۇم يوق.

**ساتقۇچى** ئى. سودا قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى ماللىرىنى ساتىدىغان تەرەپ ياكى كىشى.

**ساتقۇزماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دوپپىلارنى سىڭلىسى جەملە ئارقىلىق ساتقۇزۇپ، ئۇنىڭ خەج ـ خىراجىتىنى قامدايتتى.

**ساتقۇزۇشماق** «ساتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساتقۇزۇلماق** «ساتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ساتقۇن** ئى. ۋىجدانىنى، ئۆز كىشىلىرىنى سېتىپ، قارشى تەرەپكە ئۆتكەن، سېتىلغان كىشى؛ خائىن: ئۇلار ئىككى ساتقۇننى دەرھال تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

**ساتقۇنلۇق** ئى. ساتقۇنلارغا خاس ـ ھەرىكەت، خائىنلىق: — ساتقۇن ساتقۇنلۇقنى قىلماي قالامتىمۇ؟ — دېدى پەرىدە گويا بۇ ئىشنى بۇرۇنلا بىلىدىغاندەك قىلىپ.

**ساتما** ئى. قوغۇن ۋە باشقا زىرائەتلەرنى ساقلاش ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن دەرەخ شاخلىرى، قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ۋاقىتلىق ئۆي، كۆلبە: ساتما قۇرۇپ ئۆي قىلدۇق، بۇ ئۆيلەردە توي قىلدۇق، مەرىكەمدە ئۈچ توينى بىر قېتىمدا توي قىلدۇق.

**ساتماق** پ ① پۇلغا ئالماشتۇرماق، مەلۇم باھادا پۇل ئېلىپ بەرمەك: بوۋاي ئالدىراش ئالما ساتماقتا ئىدى. ② كۆچمە. ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ۋەتەنگە، باشقىلارغا ساتقۇنلۇق، خائىنلىق قىلماق: يامان ئات ئىگىسىنى ئاتار، يامان دوست دوستىنى دۈشمەنگە ساتار (ماقال). ③ كۆچمە. نەپس ۋە پۇل ئۈچۈن ئېسىل خىسلەتنى يوق قىلماق: ئابرۇيىنى ساتماق. ئىناۋىتىنى ساتماق. ④ كۆچمە. بىمەنىلەشتۇرمەك؛ تاراتماق: گەپ ساتماق.

**ساتۇرن** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن 6 ـ پىلانېتا، چوڭلۇق جەھەتتە قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پىلانېتا ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساتىرا** ئى [ر<لات] <ئەد> تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەرنى، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى قاتتىق مەسخىرە ۋە پاش قىلىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي ئەسەر.

**ساتىراش** ئى [پ] چاچ ـ ساقالنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئۇ ساتىراشنى كۆرۈپ قايتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

**ساتىراشخانا** ئى [پ] ساتىراشلار چاچ ـ ساقالنى ئېلىش، تۈزەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆي، دۇكان.

**ساتىراشلىق** ئى. ساتىراشلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ، ھۈنەر: ئۇ كۈندە دۇكاندا ئولتۇرۇپ ساتىراشلىق قىلىدىكەن.

**ساتىرىكچى** ئى. ساتىرىك ئەسەرلەر يازغۇچى كىشى: تالانتلىق رومانچى، ساتىرىكچى ئابدۇللا قادىرى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

**ساتىرىك** سۈپ [ر] ساتىرا خاراكتېرىدىكى؛ ئۆتكۈر ھەجۋىي: ساتىرىك ئەسەر، ساتىرىك داستان.

**ساخا** سۈپ [ ئە ] يېز ت. مەرد، ساخاۋەتلىك: غېرىبلارغا يېقىن بولسام، يېتىملارغا رەھىم قىلسام، پېقىرلارغا ساخاۋەت بولسام، ئىجابەتكە يېتەر كۆڭلۈم.

**ساخاروزا** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ① ئورگانىك بىرىكمە. ئاق رەڭلىك كىرىستال بولۇپ، تاتلىق تەمگە ئىگە، شېكەر قومۇشى ياكى قىزىلچىدىن ئېلىنىدۇ. ② شېكەر قومۇشىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى قايناتتىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان قەنت.

**ساخارىن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاساسىي خام ئەشياسى مېتىل بېنزول. ئۇ رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى شېكەر ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ساخال** ئى. دىيال. لاي تامنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تىكەنلىك شاخ توسۇق: گەپ ماقۇلدىن ئاشماس، تام ساخالدىن (ماقال).

**ساخاۋەت** ئى [ئە] ① مەردانىلىك، سېخىيلىك: خوش ـ خوش، ساخاۋەتتە تەڭداشسىز ئەزىز مەلىكەم، نېمە ئىش ئىدىكىن، بىز تەييار. ② باشقىلارغا خالىس قىلغان ياردەم، ئىنئام: ئىلاجىمىز بولمىدى قىلىڭ بىزگە ساخاۋەت، قادىر خۇدا ـ ئىگەمدىن سىزگە بولۇر شاپائەت.

**ساخاۋەتچى** ئى. باشقىلارغا خەير ـ ئېھسان، ساخاۋەت قىلغۇچى: قەدىر ـ قىممەت ئالىمىدە سەن مېنىڭ قىممەتلىكىم ھەم ۋاپادارىم، ساخاۋەتچىم، يەنە ھىممەتلىكىم.

**ساخاۋەتخانا** ئى. يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خەير ـ ئېھسان سۈپىتىدە تەييارلانغان ئۆي: ساخاۋەتخانىنىڭ پاخال سېلىنغان قاراڭغۇ ھۇجرىسىدا ھېلىقى ئىككى بالا دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى.

**ساخاۋەتلىك** سۈپ ① باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىدىغان، ساخاۋەتنى ئايىمايدىغان: ئالەمدە قولى ئوچۇق، ساخاۋەتلىك مەردلەردىن ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆتكەن. ② خەير ـ ئېھسان، ئىنئاملىرى بار؛ ھىممەت ۋە ئىنئامغا باي: كۆك بۇغدايىنى كۆكلەتكەن، كارامەتلىك ئاقئۆستەڭ. ئىلى ئالەم خەلقىگە ساخاۋەتلىك ئاقئۆستەڭ.

**ساختا** سۈپ [پ] ① ئالداش مەقسىتىدە ئەسلىگە ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن، ياسىما، يالغان: ساختا پۇل. ساختا ھۆججەت. ② چىن كۆڭۈلدىن بولمىغان، ياسىما، سۈنئىي: ساختا كۈلكە، ساختا مۇھەببەت. ③ ھەقىقىي بولمىغان، ئاساسسىز، يالغان: ساختا كۆرۈنۈش. * دۈشمەنلەرنىڭ رەسۋاسى چىقىپ ساختا قىياپىتى ئاشكارىلاندى.

**ساختا قىلماق** يالغان سۆز ۋە ساختا ھەرىكەت بىلەن ئالدىماق.

**ساختىپەز** ئى. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن ئىش قىلىد-

ـدىغان، باشقىلارنى ساختا قىلىدىغان كىشى: ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ، بىلىملىكتىن قاچىدۇ (ماقال). // ئەسلىدە سىز ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەز ئادەم ئىكەنسىز.

**ساختىپەزلىك** ئى. باشقىلارنى ئالداپ، ساختا قىلىدىغان قىلىق، ھەرىكەت: بىلىم مەسىلىسى — پەن مەسىلىسى، ئۇ قىلچە ـلىكمۇ ساختىپەزلىكنى ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆتۈرمەيدۇ.

**ساختىلاشتۇرماق** «ساختىلاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ساختىلاشتۇرۇشماق** «ساختىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساختىلاشتۇرۇلماق** «ساختىلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساختىلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈش.

**ساختىلاشماق** پ ① ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگەرمەك، يالغان، ياسىما ھالەتنى پەيدا قىلماق: ياسىنىڭ قولىمۇ بۇلغىـ ـنىپتۇ، ئەتكەن كاۋاپلىرىمۇ ساختىلىشىپتۇ. ② ھەقىقەتتىن، ئەمەـ ـلىيەتتىن يىراقلاشماق: بۇ قوشنىمىزنىڭ ھازىرقى گېپى باشقىـ ـچىرەك، ئۇنىڭ ـغانلىرىمۇ ساختىلاشقىلى تۇردى.

**ساختىلىق** ئى ① يالغانلىق، ياسالمىلىق: شۇنداق قىلىپ، ئۇن يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ ساختىلىقى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاندى. ② ساختا ئىش ـ ھەرىكەت، قىلمىش: ساختىلىقنى ھەممىدىن بالدۇر سەممىي ئادەملەر سېزىدۇ.

**ساختىيان** ئى [ پ ] ئۆچكە خۇرۇمى.

**ساخۇ** سۈپ. دىيال. ئىلىشاڭغۇ، ساراڭ قېتىش، ھاماقەت.

**سادا** ئى [ئە] ① تاۋۇش، ئاۋاز؛ ئۈن: سادا چىقماق.② كۆچمە. جاۋاب، ئىنكاس: بۇ تەلەپ كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق سادا پەيدا قىلدى.

**سادىسىز** سۈپ. ساداسى يوق، سادا بەرمەيدىغان، سادا چىقارمايدىغان.

**ساداق** ئى. ئوقيانىڭ ئوقىنى سالىدىغان ئوقدان.

**ساداقەت** ئى [ئە] چىن كۆڭۈلدىن ئىپادىلەنگەن سەمىـ ـمىيلىك، ۋاپادارلىق، سادىقلىق: شاھ ئۇنىڭ ساداقىتىدىن سۆيۈـ ـنۈپ، مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ.

**ساداقەتخانا** ئى [ ئە + پ ] ساداقەتمەنلەر توپلانغان ئۆي، جاي: سۆڭ جياڭ تەسلىم بولۇپ، چياۋ گەينىڭ ھەققانىيەتخانىسىنى ساداقەتخانىغا ئۆزگەرتىپ، باشقىلارنى ئەل بولۇشقا ئۈندىگەن.

**ساداقەتسىز** سۈپ. ساداقىتى يوق، ساداقەتتىن يىراق، بىۋاپا: ساداقەتسىز، ۋاپاسىز كىشى ئوخشايسىز! بەس ئەمدى سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق!

**ساداقەتسىزلىك** ئى. بىۋاپالىق، ساداقىتى يوقلۇق: ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بىر خىل ساداقەتسىزلىك ئالامىتى بولۇپ بىلىنگەنىدى.

**ساداقەتلىك** ① سۈپ. ساداقىتى بار، سەممىمىي، سادىق، ۋاپادار: مۇھەببەت دېمەك ساداقەت دېمەك بولىدۇ. ساداقەتلىك كىشى ئىشەنچىنى يوقاتمايدۇ. ② ئى. سەممىمىي ـ سادىق بولۇش، سادىقـ ـلىق، ۋاپادارلىق: ساداقەتلىكنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر قانچە چۆچەكلەرنى ئوبدان بىلىمەن.

**ساداقەتمەن** سۈپ. ساداقەتلىك، سەممىمىي، ۋاپادار، سادىق: مەن جانابىڭىزنىڭ ساداقەتمەن ۋە مەرد ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن.

**ساداقەتمەنلىك** ئى. ۋاپادارلىق، سادىقلىق، سەممىمىيلىك: بىز ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن يار ـ يۆلەك بولۇشىمىز لازىم.

**ساداقەتنامە** ئى. سەممىمىيەت، ساداقەت ئىپادىلەنگەن خەت: مەن گويا كۆردۈم زامانەم شېرىنىنى ـ پەرھادىنى، يادىكار قىلدىم ئۇلارغا بۇ ساداقەتنامىنى.

**سادالىق** سۈپ. ساداسى بار، ياڭراق: ئۇ يېزىشقا ۋە كۈيلەشكە باشلىدى، ياش ئاۋازى جاراڭلىدى سادالىق. قوشاقلارغا قاتتى ئەركىن ھاياتنى، قوشاقلىرى بولۇپ چىقتى ناۋالىق.

**ساددا** سۈپ [ئە] ① مۇرەككەپ ئەمەس، ئاددىي: ئىككىمىز ئۇنىڭ ساددا سوئالىدىن كۈلۈپ كەتتۇق. ② ئانچە پۇزۇر، ئالاھىدە ئەمەس، ئادەتتىكىدەك: ئۇنىڭ كىيىملىرى ناھايىتى ساددا ئىدى. ③ ئارتۇقچە تەكەللۇپ ياكى قۇۋلۇقنى بىلمەيدىغان، ئاددىي، تۈز، كەمتەر: كاتىپ ساددا بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى.

**ساددىلاشتۇرماق** «ساددىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى

**ساددىلاشتۇرۇلماق** «ساددىلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ساددىلاشماق** پ. كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مۇئامىلە جەھەتتە ئاددىي ـ ساددا بولۇپ قالماق: ئامىنەم يېزىغا قەدەم باسقاندىن كېيىنلا، تەدرىجىي ساددىلىشىپ يېزىدىكى قىزلارغا سىڭىپلا كەتكەنىدى.

**ساددىلىق** ئى. ساددا ھالەت؛ تۈزلۈك؛ ئاددىيلىق: ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى.

**سادىر** [ئە] ① سۈپ. يۈز بەرگەن، پەيدا بولغان: مېنىڭ قانداق كەمچىلىك ـ خاتالىقلىرىم بولسا، بۇ سىلەرنىڭ ئوتتۇرىڭلاردا خىزمەت قىلىش جەريانىدا سادىر بولدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سادىغا** ئى. قۇربان، قۇربانلىق.

**سادىغاڭ كېتەي** قۇربانىڭ بولاي، ئۆرگىلەي: سادىغاڭ كېتەي پىروفېسسور ئۇكام، ياردىمىڭنى مەندىن ئايىما.

**سادىق** [ئە] ① سۈپ. چىن كۆڭۈلدىن بېرىلگەن، سەمىـ ـمىي، ساداقەتلىك: نېغمەت شەھەرگە يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ سادىق چاكىرىنىمۇ يۆتكەپ كېلىۋالغانىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سادىقلىق** ئى. سەممىمىيلىك، ساداقەتمەنلىك: مەن ئەلگە سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئادەم.

**سار** ئى [پ] <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. يىلان، چاشقان، چۈجە قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**سارا** I ئى. ئاچ سېرىق تۈكلۈك ئات.

**سارا** II [پ] ① سۈپ. ئەڭ ياخشى، تاللانغان، سەرخىل: سارا بۇغداي. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سارا** III ئى. بارات ئايلىرىدا ياكى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنلىرىدە قەبرە بېشىغا بېرىپ خەتمىقۇرئان قىلدۇرۇش: سارا قىلماق

**ساراپان** ئى [ر] خوتۇن ـ قىزلارنىڭ يەڭسىز كۆڭلىكى. يوپكىسى بىلەن كەنجىرى تۇتاشتۇرۇلغان ھالەتتە بولۇپ، ئادەتتە كوپتا ئۈستىگە كىيىلىدۇ.

**سarasمە** ئى [پ] نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇققان، تەمتىرىگەن، گاڭگىرىغان ھالەت: ئىستىھكامغا يېقىنلاپ، قول بومبىلار تاشلاندى. دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە سarasمە باشلاندى.

**ساراسىملىك** ① سۈپ. كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان، سarasمە پەيدا قىلىدىغان: مەن ئاشۇنداق ساراسىملىك خىياللار

ئىچىدە ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. ② ئى. ساراسىمە ئىچىدىكى ھالەت، ساراسىمە: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شەھەر ئاھالىسى ساراسىمىلىككە چۆمدى.

**ساراڭ** سۈپ. ئەقلىدىن ئازغان، كاللىسى نورمال ئىشلىمەيدىغان؛ مەجنۇن: ساراڭ خوتۇن. ساراڭ بالا.

**ساراڭ تاپماق** ساراڭغا چىقارماق، ئەخمەق قىلماق: — ئادەمنى ساراڭ تاپقان سېنىڭ ساقلىقىڭنى يۇلسام، شەرت ئادا بولىۋېرىدۇ، — دېدى غۇلام ۋە پالچىنىڭ ساقلىغا ئېسىلدى.

**ساراڭ قېتىش** بەزىدە ساراڭلىقمۇ قىلىدىغان، بىر ئاز ساراڭلىقمۇ بار.

**ساراڭلىق** ئى ① ئەقلىدىن ئازغانلىق، نېرۋىسى ئاداشقانلىق، كالۋالىق: بۇ يەردىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى بىلەتتى. ② ساراڭ كىشىلەردە بولىدىغان قىلىق، ھەرىكەت: يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ.

**ساراي** ئى [پ] ① خان، پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىر – ۋۇزرالىرى، ئائىلە – جەمەتى تۇرغان ھەمدە تۇرلۇك مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل خانىلار، زاللار ۋە ھويلىلاردىن تەشكىل تاپقان ھەشەمەتلىك جاي؛ ئوردا: يازلىق ساراي. قىشلىق ساراي. ② ئىجتىمائىي مەقسەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان ۋە جاھازلانغان ياكى تەنتەربىيە ۋە ياكى ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، سودا ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدىغان جاي، زال، بىنا: خەلق سارىيى. مەدەنىيەت سارىيى. ئوردىنىڭ رەسمىيەت سارىيى. ③ يولۇچى ۋە سودىگەرلەر قونىدىغان ياتاق، ھويلىسى ۋە ئېغىلى بولغان مېھمانخانا، دەڭ: بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كىرىپ ئاغىنىسى بىلەن بىر سارايدا قونۇپ قاپتۇ. ④ مەخسۇس مېھمانلار ئۈچۈن سېلىنغان ياكى تەييارلانغان چوڭراق ئۆي، مېھمانخانا: يىگىتلەر بولسا سالىنىڭ ئايرىم ياسىغان سارىيىنى ئىگىلىگەنىدى. ⑤ ئامبار، ئىسكىلات: سوغۇق ساراي. ياغاچ سارىيى.

**سارايزادە** ئى [ پ ] ئوردا – سارايلاردا ياشىغۇچى ئوغۇل: دېمەكچىمەنكى، — دېدى ئامانىنساخان چۆچۈك ئايىمغا قاراپ قەتئىيەت بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى ھەممىدىن باي دەپ بىلىمەن! مېنىڭ روھىم، قەلبىم خانزادىلەر، سارايزادىلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە باي، ئۆزلىرى گېپىنى قىلغان ئالتۇن پۇللار مەن ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەتسىز.

**سارايلىق** سۈپ. سارىيى بار سارايغا ئىگە.

**سارايۋەن** ئى [پ] يولۇچىلار چۈشىدىغان سارايىنىڭ ئىگىسى: سارايۋەن ئۇنىڭغا بىر توخۇ ۋە ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىپتۇ.

**سارايۋەنلىك** ئى. ياتاق ئۇسكۇنىلىرى ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئەمگەك بىلەن مەخسۇس يولۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان كەسىپ.

**سارت** ئى. كونا ① كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتكەن تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى. ② سودىگەر، تىجارەتچى.

**سارجا** ئى [ر<فىران] توقۇلۇشى نىسبەتەن زىچ بولغان، ئارقاق ۋە ئۆرۈشى قىيسىق توقۇلغان يۇڭ رەخت.

**سارجان** [ر] ① ئۈچ گەزگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ۋە مۇشۇنداق مىقداردىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەش ئەسۋابى: يەرگە سارجان سالماق. ② مىق. سارجان ئۇزۇنلۇقتىكى، ھەجىمدىكى: بۇ سارجان تاش.

**سارجانلاتماق** «سارجانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سارجانلاشماق** «سارجانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سارجانلانماق** «سارجانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سارجانلىماق** پ. سارجان بىلەن ئۇزۇنلۇق ۋە ھەجىمنى ئۆلچىمەك.

**سارچە** ئى <بوت> غولقانات ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. ئادەتتە پۈتۈن تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك راۋان قىلىش روللىرىغا ئىگە.

**سارس** ئى [ تېب ] تىپى ئېنىق بولمىغان بىر خىل تارقىلىشچان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل، ئۆپكىدە كۆرۈلىدۇ: سارسنى داۋالىغاندا، كۆتكەندە ۋە يوقلىغاندا ماسكا تاقاپ، يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**سارسىلماق** پ. دىيال. خارلانماق، سەرسان بولماق.

**سارسىماق** پ. دىيال. ۋارقىراپ دۆشكەلىمەك، سىلكىشلىمەك؛ ۋارقىراپ ئازار بەرمەك.

**سارغايتماق** «سارغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەڭزى قىزىل ئايالنى كۈنچىلىك سارغايتتى، ساغلام، تىمەن ئايالنى يەنە شۇ كۈنچىلىك ھالىدىن كەتكۈزدى.

**سارغايدى** ئى <تەن> ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى خادىغا بىر دانە چاقپەلەك ئايلىنىدىغان قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. چاقپەلەك گىرۋەكلىرىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلەڭگۈچ بېكىتىلىدۇ، ئويۇن جەريانىدا ئىلەڭگۈچكە ئادەم ئولتۇرىدۇ. چاقپەلەكنى پىرقىرىتىدىغان توغرا ياغاچنى بىر ياكى بىرقانچە ئادەم ئايلاندۇرىدۇ. چاقپەلەكنىڭ پەيدىنپەي ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئادەممۇ تەڭ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.

**سارغايماق** پ ① سېرىق تۈس ئالماق، رەڭگى سېرىقلاشماق: بىر تەرەپتىن چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كەتكەن مامۇت زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھەدەپ يۆتىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. قاتتىق دەرد ۋە ئازاب چەكمەك: ئىشقى ئوتۇڭدا سارغىيىپ، تۇرارغا ھالىم قالمىدى. سېغىندۇردۇڭ مېنى شۇنچە، چىدارغا ھالىم قالمىدى. ③ كۆچمە. موھتاجلىقتىن باشقىلارغا يېلىنماق: ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس مېنىڭ ھالىمنى. ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلۇر سارغايغىنىمنى.

**سارغۇچ** سۈپ. سېرىققا مايىل، سېرىققا يېقىن رەڭدىكى: تاللارنىڭ تۆكۈلگەن سارغۇچ يوپۇرماقلىرى كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

**سارغۇچلۇق** ئى. سېرىققا مايىللىق، سېرىققا يېقىنلىق: ئەمدىكىسىدە ئۇ خىل مۇھەببەت ئاز – تولا ئىللىقلىق ۋە سىقىلىش تۇيغۇسى بېرىدىغان رەڭلەرگە، يەنى سارغۇچلۇقنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان رەڭ قاينىمىغا سىڭدۈرۈلگەن.

**سارغىيىشماق** «سارغايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سارقىت** ئى. توي ۋە زىياپەتتىن ئالغاچ كەلگەن تاماق، يېمەكلىك، زەللە: توي سارقىتلىرى.

**سارقىتماق** پ ① «سارقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-

جىسى: ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، نادەم سامانىنى يۇيۇپ ئەكىردى ۋە ئۇنى تامغا تىكلەپ سارقىتىپ قويدى. ② سىرغىتىپ قويماق: چەينەكتىن چاينى سارقىتىپ قۇيماق.

**سارقىتىلماق** «سارقىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قايناپ يېرىم قالغان دورا قۇم چۆگۈندىن بىر پىيالىگە سارقىتىلدى.

**سارقىشماق** «سارقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سارقىما** سۈپ. تامچىلاپ سارقىيدىغان؛ توختىماي سارقىپ تۇرىدىغان: تەشمىدىكى سۇ توختىتىلغان بولۇپ، سارقىما لاي سۇ ئازراق سىرغىپ تۇراتتى.

**سارقىماق** پ ① سىرغىپ چۈشمەك: بەزىدە ئاچچىق تەر تامچە-لىرى پېشانەمدىن سارقىپ چۈشۈپ كۆزۈمگىمۇ كىرىپ كېتەتتى. ② كۆچمەك، يۆتكەلمەك: تۇندە كەڭ ئاسماندا مەغرۇر سارقىغان يۇلتۇز كەبى، «لاپ» قىلىپ ئۆچسەممۇ سەندە، بىر يورۇپ چاقناپ ئۆتەي. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر تەرەپكە مايىل بولماق، قىيسايماق: — تەكشۈرۈش ھەرقانچە توغرا يول بىلەن باردى دېگەندىمۇ، قىياس تەرەپكىرەك سارقىپ كېتىپ قالدى، — دېدى رەيھانەم مۇلاھىزە بىلەن.

**سارقىندى** ئى ① سارقىپ چۈشكەن ئەڭ ئاخىرقى قىسمى، قالدۇقى: ئاخشامقى ياشلارنىڭ سارقىندىسى تېخىچىلا كۆزلىرىمدىن تۆكۈلمەكتە. ② كۆچمە. قالدۇق: بارلىق كونىلىقنىڭ سارقىندىلى-رىنى قالدۇرماي تۈگىتىشىمىز لازىم.

**ساركوما** ئى [ر<گرېك] <تېب> ئۇستىخان، لىمفا توقۇلمىسى ۋە قان ئىشلىگۈچى توقۇلما قاتارلىقلاردا پەيدا بولىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

**سارگاس** ئى [ر<لات] <بوت> قوڭغۇر يۇسۇنلەرنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. ئۆسۈملۈك تېنى ناھايىتى يۇمشاق، غولى ئۈچ قىرلىق، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. كۆپىنچە دېڭىز-نىڭ قىرغاقتا يېقىن جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**سارۇچكا** ئى [ر] كىيىمنىڭ سۈپەتلىك ۋە كۆركەم كۆرۈ-نۈشى ئۈچۈن، مۇرە ۋە كۆكرەك قىسمىدىكى ئەستەر بىلەن تاش ئىچىگە ئېلىنىدىغان، مەخسۇس توقۇلغان بىر خىل رەخت.

**سارۋا** ئى. غۇنان تاي.

**سارۋان** ئى [پ] كارۋان بېشى: مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ، كارۋانغا سارۋان بولۇپ. كارۋان شۇندا قالۇر، مەن كەلدىم ھەيران بولۇپ.

**ساز** I ئى [پ] ① ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى، يەنى دۇتار، تەمبۇر، ساتار، راۋاب قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② مۇزىكا، غەزەلخانلارنىڭ ساداسى، كۈيى: بىرىنچى مەھبۇس: ئۇنىڭ «تاشۋاي» دېگەن سازىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

**ساز** II سۈپ [پ] ① ياخشى، ساق، جايىدا: ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن (ماقال). * ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار (ماقال). ② يېقىملىق، مۇڭلۇق؛ جاراڭلىق: ئۇ نەپەس ۋە ساز ئاۋازى بىلەن پاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن چوڭ چىنىدىكى شورپىنى ئوتلاپ قويدى. ③ تەڭكەش قىلىنغان، سازلانغان: ساز قىلماق.

**ساز** III ئى. زەيكەش يەر: تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە، سازنى يەر بولمايدۇ دېمە (ماقال).

**سازاڭ** ئى ① <زوئول> بوغۇم تەنلىك ھايۋان. تېنى يۇمشاق ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. ② گۆشنىڭ ئورۇق، ئەت تۇتمىغان يېرى.

**سازاڭسىمان** سۈپ. شەكلى سازاڭغا ئوخشايدىغان، سازاڭ شەكىللىك: سازاڭسىمان مەددە. سازاڭسىمان ئۆسۈكچە.

**سازاڭسىمان مەددە** <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت. يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 — 24 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەركىكى چوڭراق بولۇپ، سازاڭغا ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاق ياكى ئاچ سېرىق، ئالدىنقى ئۈچىدا ئېغىزى بولىدۇ. ئادەت-تە ئادەملەرنىڭ ئۈچەي دېۋارىغا چاپلىشىۋالىدۇ.

**سازاڭسىمان ئۆسۈكچە** <ئانات> چوڭ ئۈچەينىڭ بىر قىسمى. ئۇستى يانپاش ئۈچەي بىلەن، ئاستى بوغماق ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئۈچىدا سازاڭسىمان ئۆسۈكچە بولىدۇ. «سوقۇر ئۈچەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سازاڭسىمانلار** ئى <زوئول> ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. ئۇستىخىنى ۋە پۇتى بولمايدۇ. مەسىلەن، تاسما قۇرت، سازاڭ مەددە قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سازاۋەر** سۈپ [پ] ياخشى باھا ۋە مۇئامىلىگە لايىق، مۇنا-سىپ؛ مۇيەسسەر: قۇندۇز قولىنىڭ چېۋەرلىكى بىلەنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

**سازايى** ئى [پ] ① ئىبرەت ئۈچۈن خەلقئالەمگە كۆرسە-تىش، ئاشكارىلاش، كوچا ئايلاندۇرۇش: ئالسا بازار، ئالمىسا سازايى (ماقال). ② ئاقىۋەت؛ جازا: ئوقۇش! قانداق ئوقۇشكەن ئۇ؟ ئوقۇغاننىڭ سازايىسىنى ئاز كۆرمىدىم.

**سازەندە** ئى [پ] بىر ياكى بىرقانچە سازنى مۇكەممەل چېلىشنى بىلىدىغان كىشى، سازچى، مۇزىكانت: زىكرى ئەلپەتتا ئۇستا سازەندە بولۇپ، غۇلجىدا تۇغۇلغان.

**سازەندىلىك** ئى. ساز چېلىش كەسپى: سېنىڭ سازەندىلى-كىڭمۇ بىر ھۈنەر - ئىلىمدۇر.

**سازچى** ئى. ساز چالغۇچى كىشى، سازەندە: ئۆزلىرىنىمۇ پېشقەدەم سازچى دەپ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىمىزغا تىزىملىدۇق.

**سازچىلىق** ئى. ساز چېلىش كەسپى: 12 يېشىمغا يەتكەندە دادام ماڭا باربىت ئۆگەتتى. بىرگە سازچىلىق، قوشاقچىلىق قىلىدىغان بولدۇق.

**سازلاتماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزى ياخشى دۇتارچى بولسىمۇ، كۆپرەك دۇتارنى ماڭا سازلىتاتتى.

**سازلاشماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سازلانماق** «سازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساتار، تەمبۇر بىردەك سازلىنىپ، مۇقام باشلاندى.

**سازلىق** I ئى. ياخشىلىق، ئېسىللىق؛ يېقىملىقلىق، مۇڭلۇقلۇق: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ سازلىقى قىسسەلەردە يېزىلغان.

**سازلىق** II ئى <جۇغ> سۈيى ۋە ئوت - چۆپلىرى بولغان پاتقاق جاي.

**سازلىماق** پ. مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تار، سىملىرىنى ئۆزئارا ماس قىلىپ توغرىلىماق، تەڭكەش قىلماق؛ ساز قىلماق: ئايال يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ باربىتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سازلىدى.

**سازىكەپ** سۈپ. دىيال. نېزىقىغاق، قېيىدىغاق.

**ساسۇڭ** ئى [خەن] جۇسەي تىپىدىكى بىر خىل ياۋا ئوت، ئۇنى سەي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ساغاداۋا** ئى <تارىخ> زاڭزۇلارنىڭ زاڭزۇ كالېندارى بويە-چە ھەر يىلى 15 - ئاپرېل كۈنى ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل

ئەنئەنىۋى بايرىمى.

**ساغان** ئى ① قاپقان: ئۇلار ساغانغىمۇ ھېچ نەرسە چۈشمىگەنلىكىنى كۆردى. ② يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ساغدۇرماق** «ساغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكاملار كالا، ئۆچكىلىرىنى ساغدۇرۇپ، ئورمىچىلارغا تاۋاق - تاۋاق قېتىق ئۇيۇتۇپ قويغانىدى.

**ساغدۇرۇشماق** «ساغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساغدۇرۇلماق** «ساغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ساغرا** ئى <ئانات> ئادەم يوتىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار كەينى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمى بىلەن بەلنىڭ تۇتىشىدىغان جايى.

**ساغرۇ** سۈپ. گەپ ئاڭلىماس، پاڭ: ساغرۇ قۇلاق.

**ساغرۇغى** سۈپ. دىيال. ساغرۇ، پاڭ.

**ساغرىلىق** ① سۈپ. ساغرىسى سېمىز، چوڭ: ساغرىلىق بۇ قارامتۇل چوكاننىڭ مېڭىشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ② ئى. كىيىمنىڭ ساغرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى.

**ساغلام** سۈپ ① ئاغرىقتىن، كېسەلدىن خالىي؛ ساق، تەندۇرۇس: ئاياللار تولغان ۋە ساغلام چېغىدا شوخ، گۈزەل بولىدۇ. ② گاراڭ - گۈرۈڭ ياكى غىژ - غىژدىن خالىي، بوغۇلمىغان، ساز: بۇ ساغلام، جەلپ قىلغۇچى، بېجىرىم ئاۋازنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى سادىققا تونۇشتەك بىلىندى. ③ كۆچمە. زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي؛ پاك، ساپ: رازىيە ئۇنىڭ ساغلام كۆزقاراشقا ئىگە قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەنىدى. // ئۇلار قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلدى. ④ كۆچمە. روھىي جەھەتتىن زەخىملەنمىگەن، ساق: ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل (ماقال).

**ساغلاملاشتۇرماق** «ساغلاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەننى ساغلاملاشتۇرماق.

**ساغلاملاشتۇرۇلماق** «ساغلاملاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەكتەپ مالىيە خىزمىتى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇلدى.

**ساغلاملاشماق** پ ① ئاغرىق، كېسەلدىن خالىي، ساق، ساغلام ھالەتكە كەلمەك، ساقايماق: باللارنىڭ بەدەن ھالىتى كۈندىن - كۈنگە ساغلاملىشىپ ۋە تولۇپ بارىدۇ. ② زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولماق؛ پاك، ساپ، ساغلام بولماق: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرى ساغلاملاشتى.

**ساغلاملىق** ئى. ساغلام بولغان ھالەت، ساقلىق، تەندۇرۇسلۇق: چىشنى يۇيۇپ تۇرماسلىق چىشنىڭ ساغلاملىقىغا زىيانلىق.

**ساغلىق** ئى. ئىككى چىشلىقتىن ئاشقان چىشى قوي.

**ساغماق** پ. ئەمچەكنى بارماقلار بىلەن سىيىرىپ تارتىپ ياكى سېغىش ماشىنىسى ياردىمى بىلەن سۈت چىقارماق: ئۇ قوتاندا ئىنەك سېغىۋاتاتتى.

**سافا** (**سافاسى**) ئى [ئىنگ] پۇرژىنا ياكى بۇلۇتسىمان سۇلياۋ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق، بەزىلىرىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە قولنى قويىدىغان تۇتقۇچى بولىدۇ.

**سافالەت** ئى [ئە] ناچار ئەھۋال، خورلۇق، ئابرۇيسىزلىق، تۆۋەنلىك؛ رەزىللىك، پەسكەشلىك: بۇ يەردىمۇ شۇ ئىشسىزلىق، شۇ ھورۇنلۇق، شۇ جاھالەت، شۇ سافالەت ھۆكۈم سۈرەتتى.

**ساق** سۈپ ① كېسەلدىن، زەخىملىنىشتىن خالىي؛ ساغلام: تەن ساقلىق دۆلەت. ② تەركىبىدە زىيان - زەخمەت يەتكەن، بۇزۇلغان جايى بولمىغان؛ بۇزۇلمىغان: يىگىت، سىلەرنىڭ تېخنىك بۆلۈمىدە مۇشۇنداق ساق نەرسىنى بۇزىدىغان ئىش بارمۇ؟ ③ ئەيىب، نۇقسان، يامان ئىللەتتىن خالىي؛ پاك، ساپ: تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر (ماقال). ④ كۆچمە. تىرىك، ھايات: بالامنىڭ ئۆلۈكىگىمۇ، تىرىكىگىمۇ سىلى ئىگە، مەن سىلىگە ئۇنى ساق تاپشۇرغان. ⑤ كەم - زىيادىسى يوق، دەل، تولۇق: مېنى ساق بىر ئاي كېسەك قۇيدۇردى. ⑥ كۆچمە. ھوشيار، سەگەك: سېغىزخاندىن ساق ئادەم.

**ساقا** ئى ① چوڭ ئوشۇق: ساقىسى ئالچۇ چۈشمەك. ② كۆچمە. ناننىڭ گىرۋىكى؛ ناننىڭ پارچىسى: ساقا يىغماق. ناننىڭ ساقىسى كۆيمەك. ③ <ماشىن> پولاتتىن شار شەكلىدە ياسالغان دېتال، شارىك. ④ بىليارت ۋە باللار ئويۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق شارچە.

**ساقا ئويۇنى** <تەن> بىر خىل ئويۇن. ئۇنىڭ ئويناش ئۇسۇللىرى كۆپ، كۆپىنچە ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۆز ساقىسىنى مەلۇم ئارىلىقتىن بارماقلار بىلەن ئىتتىرىپ قارشى تەرەپنىڭ ساقىسىغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق ئۇتىدۇ.

**ساقاق** I ئى <زوئول> بېلىق قاتارلىق بەزى سۇ ھايۋانلىرىنىڭ نەپەس ئېلىش ئورگىنى.

**ساقاق** II ئى. دىيال. بىر خىل يەرلىك ئۆسۈملۈك.

**ساقال** ئى ① بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ ئېڭىكىگە چىققان تۈكلەر: ئاق ساقال. * ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماس (ماقال). ② بەزى ھايۋانلارنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى ئۇزۇن تۈكلەر: ئۆچكە ساقىلى.

**ساقال ئالغۇچ** ساقال ئالىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغىنىمۇ ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغىنىمۇ بار.

**ساقال ئەرلۇباغا يەتمەك** بالاغەتكە يېتىپ ئۆتۈپ كەتمەك: ھەي ساقىلىڭ ئەرلۇباغا يەتكەندە بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭ نېمە بولغىنى، ئەدەپلىكرەك بول.

**ساقال تارغىقى** ① ساقال تارايدىغان كىچىككىنە تارغاق. ② كۆچمە. كىچىك تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ئىشىغا، گەپ - سۆزىگە ئارىلىشىۋالىدىغان، ئاتىكاچى: — بۇ ساقال تارغىقى نەدىن پەيدا بولدى ئەمدى، — دېدى دادام ئاغىنەمنىڭ تولا سۆزلىگىنىنى ياقتۇرماي.

**ساقال تاشلىماق** باشقا ئايالارغا پەش تارتىپ ئەگىپ يۈرمەك؛ قانات سۆرىمەك: ئۆزۈڭ تازا قورچاقتەك ياسىنىۋاپسەن، يىگىتلەر ساڭا ساقال تاشلاپ يۈرىدىغاندۇ.

**ساقال چىقماق** ① ئېڭەككە ساقال پەيدا بولماق. ② كۆچمە. بالاغەتكە يەتمەك، چوڭ بولماق: ئەستا - پاختا، نوغۇچ - تاختا، ساقىلىم چىقسۇن، خەپ توختا!

**ساقالدىكى ئاش** ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان، ئاددىي، كىچىككىنە نەرسە: ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىدا سېنىڭ ئىشىڭنى ساقالدىكى ئاش دېسىمۇ بولغۇدەك.

**ساقالغا تۈكۈرمەك** ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالماق: سېيىت ئاخۇن يەنە ئىچىشكە باشلاپ، ساقىلىغا تۈكۈرىدىغان

بولۇپتۇ.

**ساقالغا ئېسىلماق** ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئىشىغا، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماق؛ ئاتىكاچىلىق قىلماق.

**ساقالغا ياماشماق** ← **ساقالغا ئېسىلماق.**

**ساقلىنى قىرقماق** قاتتىق تەنقىدلىمەك، تانابىنى تارتماق، ئەدەپلىمەك: بۇگۇنكى يىغىندا گۇڭشېدىن ساقلىمىزنى قىرقىيدىغان بولدى.

**ساقلىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالماق** بىراۋنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالماق، يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىۋالماق.

**ساقال ـ بۇرۇت** ساقال ۋە بۇرۇت: ساقال ـ بۇرۇتىنى ئالماق.

**ساقال ـ بۇرۇتتىن ئايرىلىپ قالماق** ئەدەپلەشكە ئۇچرىماق، ئەدىپىنى يېمەك.

**ساقالدۇرۇق** ئى. يۇگەنىنىڭ ئۇلاغ بېشىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكنىڭ ئاستىغا بېكىتىلگەن تاسما.

**ساقالسىز** ① سۈپ. ساقىلى يوق، ساقال چىقمىغان؛ ساقىلىنى قىردۇرغان: ئۇ سېنى ساقالسىز كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. ئازراق سەۋر قىل! ② ئى. كۆچمە. ئايال كىشى: بىز: «ساقالسىزلار پىچاق سۇرسەك هارام بولۇپ قالارمۇ» دەپ جىم تۇرۇشتۇق.

**ساقال ـ سۇمبات** ساقال ـ بۇرۇت قاتارلىقلار: شۇنچە ساقال ـ سۇمبات بىلەن ئىشلارنى تېپىپ قىلالمىساڭلار قانداق بولغىنى.

**ساقاللىق** ① سۈپ. ساقىلى بار، ساقال چىققان: شۇ چاغدا ئاپئاق ساقاللىق بىر قېرى كىشى پەيدا بوپتۇ. ② سۈپ. ساقىلى كۆپ، جىق: ساقاللىق ئەر. ③ ئى. كۆچمە. ئەر كىشى: — ياق، ئاراڭلاردا ساقاللىق بىرى يوقمۇ؟ — دەپتۇ موماي سۆزىنى ئىزاھلاپ.

**ساقاۋ** ئى <زوئول> ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقلاردا بولىدىغان بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل.

**ساقايتماق** ① «ساقايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: مەن قولىڭىزنى چوقۇم ساقايتىپ، سىزنىڭ قايتىدىن سەھنىگە چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن. ② كۆچمە. بىرتەرەپ قىلماق، هەل قىلماق: — بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ساقايتىۋەتسىلە، — دېدى شۇجى بوسۇغىدىن چىقىۋېتىپ.

**ساقايتىلماق** «ساقايتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يېقىندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئاقكېسەللەر داۋالاپ ساقايتىلدى.

**ساقايماق** پ ① ئاغرىق ياكى كېسەلى تۈزۈلۈپ ياخشىلانماق، ساق بولۇپ قالماق: شۇ دورىنى يەپ يۈرۈپ ئاشقازىنىممۇ ساقىيىپ كەتتى. ② كۆچمە. بۇزۇلغان جايى تۈزەلمەك، چاتىقى ئوڭلانماق: ماشىنىڭ ساقايدى، بۇزۇلغان سايمانلارنىڭ هەممىنى يەڭگۈشلىۋەتتىم. ③ كۆچمە. بىرتەرەپ بولماق، هەل بولماق: شۇنداق، ئاخىر بۇ ماجىرامۇ ساقايدى.

**ساقچى** ئى <قا> ① دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قوراللىق كۈچ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى هەربىر خادىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى: ساقچى دائىرىلىرى. ساقچى ئىدارىسى. ② قوراللىق مۇھاپىزەتچى: بۇ مەسلىھەت دىۋىگە ماقۇل كەلدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن هاتەمنى بىر ئۆيگە باشلاپ ساقچى قويدى. ③ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى: ئۇ ئاچچىقىدا ساقچىغا بېرىپ مەلۇم قىلماقچى بولدى.

**ساقچىخانا** ئى <قا> ئېلىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگىنى. ئۇ ئاهالىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش هەم ئاساسىي قاتلامنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمەتلىرىنى ئۆتەيدۇ.

**ساقچىلىق** ئى ① ساقچىلار قىلىدىغان خىزمەت، ئىش، كەسىپ: ساقچىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز هەرىكىتىمىز، ئۆز سۆزىمىزگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ② سۈپ. ساقچىلارغا خاس، ساقچىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن: ساقچىلىق كىيىمى كىيمەك.

**ساق ـ سالامەت** ① كېسەل، زەخىملىنىشتىن، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتىن خالىي؛ ئامان ـ ئېسەن: قىزىڭىزنى ساق ـ سالامەت كىچىك ئاپىڭىزغا تاپشۇرىمەن ! ② تىرىك، هايات: ئاي مىسالى يارىم سەن ، كۈن مىسالى يارىم سەن. چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن، ساق ـ سالامەت بارمۇ سەن؟ ③ كەم ـ زىيادىسى يوق، تولۇق: ئۇنىڭدىكى نەرسىلىرىڭنىڭ هەممىسىنى ئۆيۈڭگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويدۇم.

**ساقسىز** سۈپ. ساق ئەمەس، مەلۇم بىر كېسەلنىڭ تەسىرى بار، كېسەلچان: ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى ساقسىزدەك هېس قىلىپ قالدى.

**ساقسىزلىق** ئى. كېسەلچانلىق، تېنى تازا ساغلام بولمىغان هالەت: هەسەن بوۋامنىڭ ساقسىزلىقىنى هەممىز بىلەتتۇق.

**ساقلاتماق** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: — ئەپەندىم نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭىز؟ ئادەمنى شۇنچىمۇ ساقلىتامسىز؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ قازى.

**ساقلاشماق** «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېھمانلار ساقلىشىپ قالدى.

**ساقلاقلىق** سۈپ. ساقلاپ قويۇلغان، ساقلانغان: سېنىڭ ئۇ سۈرىتىڭ هېلىمۇ مەندە ساقلاقلىق.

**ساقلاندى** سۈپ. تىل ھا. باشقىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان، ئاسراندى، يېتىم ئوغلاق: ئەگەر تەگكۈسى كەلمىسە، باش ـ كۆزلىرىنى تاراپ، ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا!

**ساقلانما** ئى. نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان، ساقلانغان قىسمى، بۆلىكى: ئۇ بۇ قېتىم كۆپلىگەن قەدىمكى خەنزۇچە ساقلانمىلارنى خانويغا يۆتكەپ كەتكەن.

**ساقلانماق** ① «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەمدى زەمبىرەك ئوقىدىن ساقلىنىشنىڭ باشقا ئامالى قالمىغانىدى. ② «ساقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بوۋاي يانچۇقىدا ساقلىنىپ قالغان بىر تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ خوجايىنغا ئۇزاتتى. * ③كۆچمە. ئېھتىيات قىلماق، ئاگاھ بولماق، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلماق: دۈشمەنگە نىشانىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ④ داۋاملىشىپ كەلمەك، مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق: بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى.

**ساقلىق** ئى. ساغلاملىق، تەندۇرۇسلۇق: تەن ساقلىق — زور بايلىق * .

**ساقلىماق** پ ① ئۆز يېنىدىن، ئۆز دائىرىسىدىن ئورۇن بېرىپ تۇرغۇزماق: بوۋاي ئادىلنىڭ سومكىلىرىنى ساقلاپ بېرىشكە دەرھال ماقۇل بولدى. ② بىرەر مەقسەت ياكى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئېلىپ قويماق، ئېتىبار بىلەن قالدۇرماق: سەگىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويى ياقىلىدۇق، جاندىن ئەزىز بالىمىزنى ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق. ③ بىرەر هالەت، خۇسۇسىيەت، كۆرۈنۈشنى ئۆزگەرتمەي

ئۆز پېتى قالدۇرماق، داۋاملاشتۇرماق: ھاۋا تەڭشەش كانايلىرى سېخنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى نەملىكنى بىر خىل ساقلاپ تۇراتتى. ④ مۇھاپىزەت قىلماق، قوغدىماق، ئاسرىماق: قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن، ئوغۇلنى ئاتىسى ساقلىسۇن (ماقال). * ئىسمائىل سوپۇم تۇرۇپلا خامان ساقلاشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ⑤ قۇتقۇزماق، خالاس قىلماق: توۋا، مېنى بۇ ئۆلۈمدىن قايسى كۈچ، نېمە تەقدىر ساقلاپ كېلىۋاتىدىكىنە! ⑥ تىرىك قالدۇرماق: شۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇ ئىككى قېتىم مېنى ساقلاپ قالدى. ⑦ پەرۋىش قىلماق، باقماق: بۇ كۈنلەردە بىزدەكلەرگە جان ساقلاشمۇ تەس بولۇپ قالدى. ⑧ ئۇنتۇماي داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇرماق، ياد ئەتمەك: سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن. ⑨ يوشۇرماق: بىگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ بۇ جىنايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. ⑩ مەلۇم بىر خىسلەت ۋە تەسىرىنى زىيانغا ئۇچراتماي، بۇلغىماي، يوقاتماي مۇھاپىزەت قىلىپ كەلمەك: ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىماق. ئابرۇيۇڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا (ماقال). ⑪ رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق: يىغىن تەرتىپىنى ساقلىماق. دەرس ئىنتىزامىنى ساقلىماق. ⑫ كۈتۈپ تۇرماق: تىللاخان ئۇنى ئۇزاق ساقلىدى. ⑬ ئامان - ئېسەن قىلماق، ساق - سالامەت قىلماق: بىز سېپىلغا چىققاندا خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن. ئەجەبمۇ قۇتۇلىمىدۇق، زۇلۇم بىلەن زورلۇقتىن.

**ساقلىنىشچانلىق** ئى. بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ياكى باشقا بىر تۈسكە ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: سەنئەتتە مىللىي ئەنئەنىلىك ساقلىنىشچانلىق كۈچلۈكرەك بولىدۇ، ھەتتا بىر قانچە مىڭ يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن.

**ساقمۇساق** ① كېسەلدىن خالىي، ساغلام: مەن سېنى ئالدىراپ چاقىرىپ كەتتى دېسەم ساقمۇساق ئىكەنسەنغۇ. ② بۇزۇلماي، زىيان - زەخمەت يەتمەي: سەۋزىنىڭ ئورەكتە 10 ئاي ساقمۇساق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەت ھەيران قالدى. ③ كەم - زىيادىسى يوق، تولۇق؛ دەل: گېپىڭىزنى مۇشۇنداق ئەگىتىپ يۈرگىنىڭىزگە ساقمۇساق بەش يىل بولدى.

**ساقىت** سۈپ [ئە] ئېلىپ تاشلانغان، بىكار قىلىنغان، بىكار: ساقىت بولماق. ساقىت قىلماق.

**ساقىلىق** سۈپ. ساقىلىرى بار، ساقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ساقىلىق قازان.

**ساقىي** ئى [ئە] ھاراق - شاراب قۇيغۇچى: ساقىي بولساڭ ساق بول (ماقال).

**ساقىيقۇش** ئى [ساقىي + قۇش] <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ، قانىتى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن ۋە ئۇچى ئىلمەك كېلىدۇ. سۇ ئۈزۈش ۋە بېلىق تۇتۇشقا ماھىر كېلىدۇ، توپلىشىپ ياشايدۇ.

**ساقىيلىق** ئى. زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا ھاراق - شاراب قۇيۇپ بېرىش ئىشى: ساقىيلىق قىلىۋاتقان مېھمان يېڭى كىرگەن مېھمانغا يەنە بىر رومكا ھاراق سۇندى.

**ساقىينامە** ئى [ئە + پ] <ئەد> تاجىك - پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل شېئىر شەكلى. كۆپىنچە مەسنەۋى شەكلىدە مۇتەقارىپ بەھرىدە ئىجاد قىلىنىدۇ. ھەجمى ھەرخىل بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 2000 بېيىت ئەتراپىدا بولىدۇ.

**ساقىيشماق** «ساقايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر - ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن خېلىلا ساقىيىشىپ قالدى.

**ساكسگورن** ئى <مۇز> دۇخوۋوي چالغۇ، يەنى ساكسوفوننىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، كانىيى ساكسوفوننىڭكىدىن چوڭراق كېلىدۇ. ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىرى ۋە سىمفونىيە ئوركېستىرلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ساكسوفون** ئى <مۇز> دۇخوۋوي چالغۇ. مىستىن ياسىلىدۇ، تۇرى كۆپ، ئاۋاز تۆشۈكلىرىدە كلاپانلىرى ۋە كۇنۇپكىسى، ئۇچىدا پۈۋلەيدىغان مۇشتىكى بولىدۇ. ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىرى ۋە سىمفونىيە ئوركېستىرلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە يەككە چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ساكلار** ئى <ئىرق> مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان چارۋىچى خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇلار كېيىنچە ھۇن، تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

**ساكيامۇنى** ئى <دىن> بۇددا دىنىنى بەرپا قىلغۇچى كىشى؛ ساكيامۇنى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرلەردە ياشىغان.

**ساڭ** ئى [خەن] ئاشلىق ئامبىرى.

**ساڭبېگى** ئى [ساڭ + بەگ + ى] تارىس. ئاشلىق ئامبارلىرىغا مەخسۇس قويۇلغان كىشى: ساڭبېگىنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچ يۈز سەكسەن سەر كۈمۈش ئىدى. ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز جىڭ بۇغداي بىلەن تەمىنلىنەتتى.

**ساڭچى** ئى. ئاشلىق ئامبارلىرىغا قارىغۇچى ياكى ئۇنى باشقۇرغۇچى كىشى: ساڭچىلار ئۇنىڭدىن ھۆججەت تەلەپ قىلدى.

**ساڭرام** ئى [سانس] <دىن> بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇتخانا.

**ساڭزا** ئى [خەن] بىر خىل يېمەكلىك. خېمىرى پىياز ۋە كاۋاۋىچىن قوشۇلغان سۇدا يۇغۇرۇلۇپ، ئېشىلگەندىن كېيىن ياغدا پىشۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ھېيت - بايراملاردا سېلىنىدۇ.

**ساڭقا** ئى. قۇش مايىقى.

**ساڭقار** ئى. دىيال. سار.

**ساڭقارا** ئى. دىيال. سار.

**ساڭقىشماق** «ساڭقىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ساڭقىماق** I پ. مايىقلىماق، تېزەكلىمەك: قۇش ساڭقىدى.

**ساڭقىماق** II پ. دىيال. ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار بەرمەك.

**ساڭگاپ** ئى [پ] كۆن قىلىنىدىغان تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن چىلايدىغان ھاك سۈيى.

**ساڭگىلاتماق** «ساڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇراد ئۇنچىقماي بېشىنى ساڭگىلاتتى.

**ساڭگىلاشماق** «ساڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېدىشلەردە مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

**ساڭگىلاقلىق** سۈپ. ساڭگىلاپ تۇرغان، ساڭگىلاپ چۈشكەن: ئۇ چاغدا كادىرلارنىڭ ھالى چاغلىق، كۆپىنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلاقلىق ئىدى.

**ساڭگىل - سۇڭگۇل** ئۇزۇن - قىسقا، رەتسىز، قالايمىقان ھالدا ساڭگىلىشىپ تۇرىدىغان: ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان ساڭگىل - سۇڭگۇل لاتا - پۇتىلىرى ئارىسىدىن ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

**ساڭگىلىتىشماق** «ساڭگىلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ جەمئىيەتنىڭ چوڭلىرى سولىشىپ كەتكەن تېرىلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ يالىڭاچ يۈرسىمۇ، ئاۋام ئۇلارغا «كىيىملىرى ئاجايىپ يارىشىپتۇ» دەپ مەدھىيە ئوقۇشىدۇ.

**ساڭگىلىماق** پ ① پەسكە قاراپ ئېسىلىپ تۇرماق؛ تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلمەك، سېلىنماق: مۆمىن تارتىپ يىرتىۋەتكەن كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ھەم يېڭىمۇ تىزىمغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. * قەدىرىنىڭ بېشى ئىختىيارسىز مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. ② كۆچمە. بوشاشماق، سولاشماق: بىراق ئەنۋەر ساڭگىلاپ، ئەتىگەندە گاڭگىراپ. ئۇيقۇسىنى ئاچالماي چايمۇ ئىچمەي ئالدىراپ.

**ساڭلىق** ① سۈپ. سېڭى بار، ساڭغا ئىگە بولغان: دادۇيىمىز بۇ يىل ياز ئازراق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ ئىشخانىلارنى يېڭىلىدى ۋە ساڭلىق بولۇپ قالدى. ② ئى. جۇۋازخانىدىكى مايلىق دان قۇيۇلىدىغان جاي.

**سال** ئى ① <قاتن> كۆل، دەريالاردا يۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ياغاچ، تاختايلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىش ئارقىلىق ياسالغان قاتناش قورالى: يىگىت ياغاچلارنى چېتىپ سال ياساپ دەريادىن ئارالغا ئۆتۈپتۇ. ② <ئورم> سۇدا ئېقىتىپ يۆتكەش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ياغاچلار: ھەپتە ـ ھەپتىلەپ كۈن ـ تۈن سۇ ئىچىدە يۈرۈپ، سال ياساپ ئىلىغا ياغاچ يۆتكەيتتۇق.

**سالا** I (**سالاسى**) [پ] ① ئى. قول بارماقلىرىنىڭ ئارىسى، ئارىلىق. ② سۈپ. مەلۇم يۆنىلىشتە يول ـ يول قىلىپ تەكشىلەنگەن، تۈپتۈز، تەكشى قىلىنغان: سالا ئېتىز.

**سالا** II (**سالاسى**) ئى [ئە] كېلىشتۈرۈش ياكى ئۆز رايىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان دەۋەت، بېرىلگەن تەكلىپ، مەسلىھەت؛ سۇلھى: مانا قىسمەتئاخۇن تۇرۇپتۇ، ئۆزى ھەممە سالادا بار، شۇنداق ئەمەسمۇ قىسمەتئاخۇن؟

**سالاپەت** ئى [ئە] ھەيۋەتلىك، مەغرۇر تاشقى كۆرۈنۈش؛ سۆلەت: بىز مۇشۇ سالاپىتىمىز بىلەن ئوغرىلىق قىلساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟

**سالاپەتلىك** سۈپ. سالاپىتى بار، ھەيۋەتلىك، مەغرۇر كۆرۈنىدىغان: ساموۋ دۇكىنىنىڭ پوكىيىدە سالاپەتلىك بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

**سالات** I ئى [ئە] <دىن> ① ناماز: سالات توۋلىماق. ② خۇدا ۋە پەيغەمبەرگە ئاتاپ قىلىنغان ھەمدۇسانا.

**سالات** II ئى [ر] ھەر خىل ياش كۆكتات، تۇخۇم، گۆش قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان بىر خىل سوغۇق سەي.

**سالاچى** ئى. باشقىلارغا سالا قىلغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى: سالاچىلارنىڭ ھە ـ ھۇسى ۋە شېرىنكانىسى بىلەن بىر چاپان 36 يېرىم كويغا توختىتىلغان بولدى.

**سالاچىلىق** ئى. سالا قىلىش ئىشى ۋە پائالىيىتى: ئۇ بازاردا سالاچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپاتتى.

**سالار** ئى <ئىرق> سالار مىللىتى، سالار خەلقى. بۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شۇنخۇا سالا مىللىي ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا قاتارلىق جايلىرىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدىمۇ بىر قىسىم سالارلار بار.

**سالا ـ سالا** ① تال ـ تال، ساپاق ـ ساپاق: قاپتۇ ئۈزۈممۇ پىشىپ سالا ـ سالا، مەي تۇتۇپ شەربەت تۆكۈپ تەك ئاستىدا. ② تۇتاش كەتكەن بىرقانچە سالا: سالا ـ سالا بۇغداي ئېتىزلىرى.

**سالاسۇن** ئى. ياغاچ، مېتال، تاش ۋە سېمونت قاتارلىقلاردىن ياسالغان رېشاتكىنىڭ تالالىرى: ئۇ كۆۋرۈكنىڭ سېمونت سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماكا چەكتى.

**سالاسۇنلۇق** سۈپ. سالاسۇنى بار، سالاسۇن ئورنىتىلغان: تاش سالاسۇنلۇق بۇ جايدىن چۆل ـ قۇملۇقلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

**سالا ـ سۇلھى** سالا ۋە سۇلھى: دوستلارنىڭ سالا ـ سۇلھىلىرى بىلەن ماقۇل دەۋەتتىم.

**سالاكەش** ئى ← **سالاچى**.

**سالاكەشلىك** ئى. سالاچىلىق: ـــ ئانچە ـ مۇنچە قىلغان ئىشلىرىمۇ باردۇ، ـــ دېدى ئۇ سالاكەشلىك قىلىپ.

**سالاگەر** ئى ← **سالاچى**: بۇ بازاردا سالاگەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن.

**سالاگەرلىك** ئى ← **سالاچىلىق**: دەللال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالاگەرلىك قىلىدىكەن.

**سالالاشتۇرماق** «سالالاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىش پەسلىدىكى ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

**سالالاشتۇرۇلماق** «سالالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىنىڭ 20 مىڭ مو ئېتىزى سالالاشتۇرۇلدى.

**سالالاشماق** پ. سالا ھالەتكە كەلمەك: يەرلىرىمىز سالالاشتى.

**سالام** ئى [ئە] ① لۇغەت مەنىسى: «تىنچلىق، ئامانلىق». تىلىمىزدا قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «تىنچ ـ ئامانمۇسىز (سىلەر)؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سالام ئادىلە، قانداق ئەھۋالىڭ، يازلىق تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ ② يېنىدا بولمىغان كىشىگە ئۆزىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى ئىزھار قىلغان ۋە ئۇنىڭمۇ ئامان ـ ئېسەن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان تىلەك: ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سالام بەرمەك** ① بىركىم بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى بىركىمنى ئىزدەپ بارغاندا، قارشى تەرەپتە ئېگىلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھۆرمەت ئىشارىتىنى قىلماق؛ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ تىنچ ـ ئامانلىق سورىماق: ئەبلغازى ئاتتىن ئالدىرىماي چۈشۈپ، ئاسىمغا سالام بېرىپ قول ئۇزاتتى. ② قولىنى مەلۇم فورمىدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ ياكى چېكىسىگە تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈرمەك (پىيونېر ۋە ھەربىيلەر ھەققىدە): بالا ماڭا قاراپ پىيونېرلارچە سالام بەردى. ③ <دىن> نامازدىن پارىغ بولۇش ئالدىدا قەدىدە ئولتۇرۇپ باشنى ئوڭ ۋە سول تەرەپكە چۆرىمەك: ئەخمەت سوپۇم ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

**سالاماندار** ئى [ر<گرېك] <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان. شەكلى كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ. بېشى ياپىلاق، تېرىسى قوپال، دۈمبىسى قارا، قورسىقى قىزغۇچ سېرىق، تۆت پۇتى قىسقا، قۇيرۇقى ياپىلاق كېلىدۇ. سۇدا ياشايدۇ.

**سالامەت** سۈپ [ئە] ① تېنى، بەدىنى كېسەل ۋە ئەيىبتىن خالىي؛ ساق: سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل (ماقال). ② بۇزۇلمىغان، زىيان ـ زەخمەت تەگمىگەن: ئوغۇت كۈچلۈك كەپقالسا، بۇلار شۇنداق ئالامەت. قايتا بىر سۇ باشلىسا، بۇغداي قالار سالامەت. ③ خەۋپ ـ خەتەر-

دىن خالىي، تىنچ ـ ئامان، ئامان ـ ئېسەن: مانا ھەممىمىز سالامەت يېنىڭدا تۇرۇپتۇ. قېنى ئۇكام كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا. ④ تىرىك، ھايات: سالامەت قايتىپ كەلسەم، بالىمىزنى بىرلىكتە تەربىيەلەيمىز، ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسەم، سەن ياخشى تەربىيەلىگىن. ⑤ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سالامەتچىلىك** ئى. ساق ـ سالامەت، ئامان ـ ئېسەن تۇرمۇش: ماڭا زۆرۈرى سالامەتچىلىك.

**سالامەتلىك** ئى. ساغلاملىق؛ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى نورماللىق: ـــ ھاكىم، ـــ دېدى رابىيە رازى بولمىغان ھالدا، ـــ كەچكىچە ئىچىسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە زىيان قىلمامدۇ؟

**سالام ـ تەزىم** سالام ۋە تەزىم: ئەسكەر باشلىقى سالام ـ تەزىم رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

**سالام ـ سەھەت** ئۆزئارا سالاملىشىش ۋە ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىش: سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى ئېيتتىم.

**سالاملاشماق** پ. بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىپ كۆرۈشمەك. تىنچ ـ ئامانلىق سوراشماق: كېۋىرئاخۇن دەرھال قوتان ئالدىدىن كېلىپ مەنسۇر بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

**سالاملىق** ئى. سالام ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سوۋغا: ـــ بۇ ئۆزلىرىگە ئەرزىمىگەن سالاملىق، ـــ دېدى رازىيە داستىخېنىنى ئېچىپ.

**سالامنامە** ئى [ ئە + پ ] سالام يوللاپ، تىنچ ـ ئامانلىقنى تىلەپ يېزىلغان خەت، سالام خەت: لۇتپۇللا ئارقىدىن ئىككىنچى قەغەزدىكى سالامنامىنى ئوقۇدى.

**سالامۇئەلەيكۇم** ← **ئەسسالامۇئەلەيكۇم:** «سالامۇئەلەيكۇم» دەپ بىر كىرىپ قويۇشقا يارىمىغان كىشى دوستۇم ئەمەس!

**سالام ـ ئىلىك** بىر ـ بىرىگە سالام بېرىپ كۆرۈشۈش، سالاملىشىش: سالام ـ ئىلىك ئالماق.

**سالاھىيەت** ئى [ئە] ① مەلۇم بىر ئىش ياكى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا بولۇشقا تېگىشلىك لاياقەت، ئىقتىدار، شەرت: سىزدە ھەربىيگە لايىق سالاھىيەت يوق ئىكەن. ② كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنى؛ نوپۇز، ئابرۇيى، ئىناۋەت، مەرتىۋە: خەير بوپتۇ، مەن تېخى ئۆز سالاھىيىتىمنى تولۇق ئاشكارىلىغىنىم يوق.

**سالاھىيەتسىز** سۈپ. سالاھىيىتى يوق، سالاھىيىتىنى يوقاتقان: بۇرادەر، سىز بۇ ئىشقا ئارىلىشىشقا سالاھىيەتسىز، شۇڭا چىرايلىقچە ئۆيىڭىزگە كېتىۋېلىڭ.

**سالاھىيەتسىزلىك** ئى. سالاھىيىتى يوقلۇق، سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىق.

**سالاھىيەتلىك** سۈپ. سالاھىيىتى بار، سالاھىيەتكە ئىگە بولغان: سەن تېخى ئۆزۈڭنى پىكىر قىلىشقا سالاھىيەتلىك ئادەم، ھوقۇقۇم بار دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

**سالاۋات** تىر [ئە] يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن بەزى ئىسىملارغا تىركىلىپ «ھېچقىسى يوق، مەيلى، سورۇشتە قىلماسلىق كېرەك» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ـــ مەيلى، مېنىڭ ئۇستۇمدىن قىلىنغان گەپلەرگە سالاۋات، ـــ دېدى ئەكبەر.

**سالپا** ① سۈپ. ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، سالپاڭ: سالپا قۇلاق.

② ئى. يانتۇلۇق: ئۇلار مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە سالپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئازادە بوتكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقانىدى.

**سالپا ـ سايا ق** ① ماكانسىز، ئۆيەر ـ بۇيەردە سالپىيىپ يۈرىدىغان: سەن تېپىپ كەلگەن ھېلىقى سالپا ـ ساياق پۇلغا تۇشلۇق ئىشلىمەي يەنە قاچتى.② قالايمىقان، رەتسىز، نامۇۋاپىق جايغا سېلىنغان: شەھەر ئىچى ـ تېشىنى پاكىزلاش، سالپا ـ ساياق كوچا ئۆيلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئالاھىدە ئىش قىلىپ تۇتۇلدى.

**سالپا ـ سۇلپاڭ** كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز، يۈرۈش ـ تۇرۇشى روھسىز، غەمكىن، سۆرەم: ئىلگىرىكى سالپا ـ سۇلپاڭ تۇرقىنى تۈزەپ، خېلى تۈزۈك كىيىنگەن پاساردا ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

**سالپا ـ سۇلپى** ← **سالپا ـ سۇلپاڭ:** دېمىسىمۇ شاللاق، زەئىپلەشكەن، سالپا ـ سۇلپى بىر ئادەم ئۆز كۆز ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ.

**سالپاڭ** ① سۈپ. سالپايغان، ساڭگىلاپ تۇرغان: سالپاڭ قۇلاق. ② ئى. قۇلىقى سالپايغان ئادەم ياكى ھايۋان: ئۇنىڭ يورۇق ئالەمدە، بىرلا ئېشىكى بار ئىكەن. جاپاكەشكە سالپاڭمۇ، ھەرمەھەل ھەمكار ئىكەن.

**سالپاڭلاتماق** «سالپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سالپاڭلاشماق** «سالپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سالپاڭلىماق** پ. ساڭگىلىماق، سالپايماق: سالپاڭلاپ قالغان قۇلىقى تۇمىقىغا پاتمىغاندەك، تۇماقنىڭ سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**سالپايتماق** «سالپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاخىر قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ چىقىپتۇ ۋە مۈشۈك بىلەن ئۆيگە راۋان بوپتۇ.

**سالپايماق** پ ① بوشىشىپ ساڭگىلاپ قالماق، ساڭگىلىماق: ئۇ ئوغلىنىڭ سالپايغان قاپاقلىرىغا قاراپ جىم بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. بوشاشماق؛ مادارسىزلانماق، كۈچسىزلەنمەك: دادىسى ئۇنىڭ روھى چۈشكەن ھالدا سالپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھېچنېمە دېمىدى.

**سالپىرىماق** پ. ساڭگىلىماق، سېلىنماق: ئۇنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزارغان، شاپ بۇرۇتلىرى سالپىراپ كەتكەنىدى.

**سالپىيىشماق** «سالپايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: لۈكچەكلەر بىردىنلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپىيىشتى ـ دە، ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

**سالتاڭ** سۈپ ① ئائىلىسى بولمىغان، تەنھا، يالغۇز: گۆش داڭقانغا تۇشلۇق، خېنىم سالتاڭغا تۇشلۇق (ماقال). * ئاتنىڭ سالتىڭى يورغا بولۇر، ئادەمنىڭ سالتىڭى موللا بولۇر (ماقال). ② ئۈستىدە يۈكى ياكى ئۈچىلىقى بولمىغان، ياۋىداق: ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەن ئېشەكلەر يۈكسىز سالتاڭ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پۇتىنى ئاران يۆتكەپ ماڭاتتى. ③ قورسىقىدا بالىسى يوق، ئېغىر ئاياغ ئەمەس: سالتاڭ خوتۇن، سالتاڭ ئېشەك. ④ قۇرۇق: ـــ ماقۇل، ئەمما ئېشەكنىڭ بېشىنى ئۆزۈڭ تۇت، مەن تۇتسام بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، سالتاڭ قالسەن، مەن قۇيرۇقىدىن يۇلەي، ـــ دەپتۇ ۋەلى باپكار.

**سالجا** ئى <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، باش، كۆكرەك ۋە قورساق قىسمى بىرلىشىپ كەتكەن، تۆت جۈپ پۇتى بار.

**سالجىماق** پ. دىيال. يۈرتتىن چىقىپ كەتمەك.

**سالچى** ئى. سال ھەيدىگۈچى: پېشقەدەم سالچى پالىقنى مەھكەم تۇتقان ھالدا، ئەتراپقا ھەيرانلىقتا قارايتتى.

**سالچىلىق** ئى. سال ھەيدەش ئىشى: ھازىر ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە سالچىلىقنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

**سالدار** ئى. دىيال. ئانىسىدىن ئايرىپ باققان قوزا.

**سالدۇ** سۈپ. دىيال. ئېشىنچا، قالدۇق.

**سالدۇرماق** «سالماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككىسى بىرلىشىپ ئەركىننىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى.

**سالدۇرۇشماق** «سالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەيشەنبە كۈنى سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر مۇداپىئە ئوكۇللىرىنى سالدۇرۇشۇپ، چەتكە چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

**سالدۇرۇلماق** «سالدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوپال مېڭىپ تەختىراۋاننى چايقاپ قويماسلىق ئۈچۈن، قۇللارنىڭ پۇتىدىكى چورۇقلار سالدۇرۇلۇپ، ئاق لاتا پايپاق كىيدۈرۈلدى.

**سالغا** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى تاش ئېتىش قوراللىرىدىن بىرى. ئالىقاندەك رەخت ياكى تېرە، كۆننىڭ ئىككى بېشىغا ئۇزۇن يىپ چىگىلىدۇ، يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ يەنە بىر ئۇچىدىكى تاشنى باشتىن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ، تاش يىراققا ئېتىلىدۇ.

**سالغىچى** ئى. سالغا بىلەن تاش ئاتقۇچى.

**سالقىن** ① سۈپ. ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇق، سوغۇققا مايىل، مۆتىدىل، سۆرۈن: سالقىن ھاۋا. سالقىن شامال. * بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت (ماقال). ② ئى. كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، سوغۇققا مايىل، مۆتىدىل ھاۋا ۋە مۇشۇنداق ھاۋالىق جاي: سالقىندا ئولتۇرماق. ③سۈپ. كۆچمە. خۇشياقماستىن، ياقتۇرمىغان ھالدا، سۇس: قىز ئەتراپقا سالقىن بىر كۆز تاشلىدى ـ دە، غىڭشىپ ھېلىقى ناخشىنى ئېيتتى.

**سالقىندىماق** پ. ئۆزىنى سالقىنغا سالماق، سالقىن، سوغۇق جايدا دەم ئالماق: پېشايۋاندا سالقىنداپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىز دەرۋازا ئالدىدا بىر كىمنىڭ قارىسى پەيدا بولدى.

**سالقىنلاتماق** «سالقىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنى كەچكى ھاۋا بىلەن بىرئاز سالقىنلىتىۋېلىپ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

**سالقىنلاشتۇرماق** «سالقىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەھەردە ياغقان سىم ـ سىم يامغۇر كەچقۇرۇنقى ھاۋانى خېلىلا سالقىنلاشتۇرۇۋەتتى.

**سالقىنلاشتۇرۇلماق** «سالقىنلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەندە سۇ سېپىپ سالقىنلاشتۇرۇلغان ئايۋاندا ئولتۇرۇپ دەم ئالدۇق.

**سالقىنلاشماق** «سالقىنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى پ. ھاۋاسى سالقىن ھالەتكە كەلمەك، سۆرۈنلەشمەك : 10 ـ ئاي كىرىپ ھاۋا بىر ئاز سالقىنلىشىپ قالدى.

**سالقىنلىق** ئى. سالقىن ھالەت، سالقىن، مۆتىدىللىك: كىرىپلا ئۆينىڭ سالقىنلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئىنتايىن خۇشاللاندىم.

**سالقىنلىماق** پ ① ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇقراق، مۆتىدىل ھالەتكە كەلمەك: كېچىنىڭ ھاۋاسى خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. ② ئۆزىنى سالقىن ھاۋاغا سالماق، سالقىن يەردە تۇرماق: بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك «مەنمۇ سۇ ئىچىپ سالقىنلاپ راھەتلىنەيچۇ» دەپ ئويلاپ، ئازگالغا چۈشۈپتۇ.

**سالما** I ئى <زوئول> سۆرەلگۈچىلەرنىڭ بىر كىلاسى . كەسلەنچۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر خىل ھايۋان . كۆزىنىڭ ئارقا ئۇچىدا كەينى تەرەپكە كەتكەن ئاق رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ. قۇملۇق ئېتىزلاردا ياشايدۇ. شىنجاڭدا كۆپ: قۇلاق سالمىسى.

**سالما** II ئى. ھايۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇچى سىرتماقلىق چەمبىرەك شەكلىدە يۆگەلگەن ئۇزۇن ئارقان، ئارغامچا: سالما سالماق. سالما ئاتماق. * مۆكۈنۈپ ياتقان قوشۇننىڭ بىر قىسمى سالما تاشلاپ، نۇرغۇن چېرىكنى ئاتتىن سۆرەتتى.

**سالماق** I ① ئى. ئېغىرلىق، ۋەزىن: ئۇ دامكىراتنى تەتۈر بۇراپ، تىراكتورنىڭ چاقىنى ئۆز سالمىقى بويىچە ياغاچ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ② ئى. سانى، ھەجمى، قىممىتى، ئەھمىيىتى جەھەتتىن تۇتقان ئورنى: خىزمەتنىڭ سالمىقى. گەپنىڭ سالمىقى. ③ سۈپ. ئاساسلىق، مۇھىم: تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى «تەرەققىيات خەرىتىسى »دە سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن مۇھىم ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدى. ④ سۈپ. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر ـ بېسىق، پۇختا، تەمكىن: سابىر سالماق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

**سالماق** II پ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە، دائىرىسىگە ياكى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، قويماق، تاشلىماق: قىلىچنى قېپىغا سالماق. يانچۇققا سالماق. ئاغزىغا سالماق. خۇرجۇنغا سالماق. ② بىر نەرسىگە ئېسىپ، ئۆتكۈزۈپ، تارتىپ ياكى تىكلەپ ئورناتماق، ئورۇنلاشتۇرماق: چاچ سالماق. ھالقا سالماق. ئۈزۈككە كۆز سالماق. چىش سالماق. رامغا ئەينەك سالماق. دۇتارغا تار سالماق. ③ بىرنەرسە ئۈستىگە دەل قىلىپ چۈشۈرمەك: سايە سالماق. تامغا سالماق. * ئالاھىدىن ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماپتۇ. ④ سانجىپ، تىقىپ ياكى قىستۇرۇپ كىرگۈزمەك: ئوكۇل سالماق. ئاچقۇچ سالماق. ⑤ قەيت قىلماق، يازماق: ماقۇل دادا، دېگەنلىرىڭنى خەتكە سېلىپ قوياي. ⑥ تاشلاپ بەرمەك: قويغا ئوت سالماق. ئېشەككە سامان سالماق. ⑦ ئەۋەتمەك، يوللىماق: خالتا سالماق. * خەتنى ئەتىسى ئەتىگەندە پوچتىدىن سالدىم. ⑧ چاپلاپ ياكى چېتىپ ئورناتماق: ياماق سالماق. ئاياغقا چەم سالماق. ئۆتۈككە باشلىق سالماق. بەلۋاغقا ئۇلاق سالماق. ⑨ مەلۇم قاچا ئىچىدە پىشۇرماق: مەيزاپ سالماق. گۇلقەنت سالماق. تاماققا تۇز سالماق. قازانغا گۆش سالماق. ساڭزا سالماق. ⑩ بىرەر قاتناش قورالىغا ئولتۇرماق، چىقارماق: مەن ئاپامنى بوگوننىڭ پويىزىغا سېلىپ قويۇپ كىردىم. * باللارنى ھارۋىغا سېلىپ، بىز پىيادە ماڭدۇق. ⑪ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە يايماق، ئاچماق، ياتقۇزماق: كۆرپە سالماق. ئۆيگە گىلەم سالماق. داستىخان سالماق. پايانداز سالماق. ⑫ ھازىرلىماق، تەييارلىماق: تاماكا سالماق. چىلىم سالماق. ⑬ ياقماق، تۇتاشتۇرماق: گۇلخان سالماق. ئىسرىق سالماق. تونۇرغا ئوت سالماق. ⑭ يېشىپ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىماق: سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما (ماقال). ⑮ پەسكە قارىتىپ ئەگمەك، ساڭگىلاتماق؛ سالپايتماق: ئابدۇنىياز بولۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ⑯ بىنا قىلماق، بەرپا قىلماق، قۇرماق، ياسىماق، ئورناتماق: ئۆۋا سالماق. تونۇر سالماق. ئوچاق سالماق. مەكتەپ سالماق. تام سالماق. ⑰ قاتتىق تەگكۈزمەك،

ئۇرماق: مۇشت سالماق. تەستەك سالماق. كاچات سالماق. تاياق سالماق. ⑱ كەسمەك: دەرەخقە پالتا سالماق. * پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە سال (ماقال). ⑲ مەلۇم نەرسە بىلەن ئۆلچىمەك: يەرگە مېتىر سالماق. جىڭغا سالماق. ⑳ ئوراپ، چىڭىتىپ ئاجرىمايدىغان قىلماق، ئەتمەك؛ بېكىتمەك، بەند قىلماق: ئىشىككە تاقاق سالماق، زەي سالماق. بوينىغا گىرە سالماق. كىشەن سالماق. يۈگەن سالماق. سىرتماق سالماق. ㉑ سوقماق، ئۇرماق (يۈرەك، تومۇر ھەققىدە): ئادىلنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى. ㉒مەلۇم بىر تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ قويۇپ بەرمەك، ئىلگىرىلەتمەك، ماڭدۇرماق: قويلارنى يايلاققا سالماق. ㉓ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرماق: 3 قېتىم بىر قىزىل چار خوراز بىلەن قارا خورازنى سالدى. ㉔ بىرەر ئىشقا، ھەرىكەتكە، پائالىيەتكە چۈشۈرمەك؛ ئىشتىراك قىلدۇرماق: بەيگىگە سالماق. جەڭگە سالماق. گەپكە سالماق. ئويۇنغا سالماق. ئۇسسۇلغا سالماق. ئۇرۇشقا سالماق. پاراڭغا سالماق. ئەمگەككە سالماق. ㉕ بىرەر ھالەتكە كەلتۈرمەك، چۈشۈرمەك؛ دۇچار قىلماق: ئالەمنى لەرزىگە سالماق. ئەندىشىگە سالماق. قەلبىنى زىلزىلىگە سالماق. دەردكە سالماق. ㉖ بىرەر ئەھۋال، ھالەت ياكى تۇيغۇنى پەيدا قىلماق: تەھدىت سالماق. زىيان سالماق. سوغۇقچىلىق سالماق. ئازاب سالماق. گۇمان سالماق. ㉗ پىكىرلىشىشكە، بىر تەرەپ قىلىشقا سۇنماق، ھاۋالە قىلماق: دەل مۇشۇ ۋاقىتتا توي مەسلىسىنى ناھىيەلىك كومىتېت مەجلىسىگە سالدى. ㉘ چۈشكەن جايىدا تۇرغۇزۇپ ياكى ئوتقا تەگلەپ ئىسسىق ئۆتكۈزمەك، قاقلىماق: قاق سالماق. كاۋاپ سالماق. * ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنىڭنى سال، كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىڭنى سال (ماقال). ㉙ مەلۇم تەرتىپ، شەكىلگە ماس قىلماق، ماسلاشتۇرماق، ماس ھالدا بىرلەشتۈرمەك: ئىشنى ئىزىغا سالماق. ناخشا تېكىستىنى ئاھاڭغا سالماق. قاتناشنى تەرتىپكە سالماق. ㉚ مەلۇم مەجبۇرىيەتنى يۈكلىمەك، ئارتماق: سېلىق سالماق. ئالۋان سالماق.㉛ تەكلىپ قىلىپ، ياللاپ ئىشلەتمەك: ياغاچچى سالماق. ئۆيگە خىزمەتچى سالماق. ㉜ مەلۇم بىر تەرىپىگە يېقىن كەلتۈرۈپ ماڭدۇرماق: بىز قاشقىر باينى ئالدىمىزغا سېلىپ يولغا چىقتۇق. * راۋابىڭنى چالساڭچۇ، مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ، مەن مۇساپىر، سەن غېرىب، بېرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ.㉝ چۈشۈرمەك، كەلتۈرمەك، ئەسلەتمەك: ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئۆتكەن كۈنلەرنى قايتىدىن ئېسىمگە سالدى.㉞ تۇغماق (قۇشلار ھەققىدە): بۇ قۇشلار ئەتىيازدا تۇخۇم سېلىپ، بالا چىقىرىپ كۆپىيىدۇ. ㉟ يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى سەزگۈ ئەزا ناملىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئەزا ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەلۇم قىلىنغانلىقنى، ئەسلەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىنى قايتا يۈزىگە سالمىدى. ㊱ ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قۇلاق سالماق. يول سالماق. شاۋقۇن سالماق. ㊲ «ـ پ، ـ ىپ، ـ ۇپ، ـ ۈپ»لەر بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشىنىڭ تاسادىپىي بولغانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: يىغلاپ سالماق. كۈلۈپ سالماق. ئېيتىپ سالماق. ㊳ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن بەزى ئىسىم ياكى سۈپەتداشلار بىلەن كېلىپ سۈبيېكتنىڭ شۇ ئىسىم ياكى سۈپەتداش بىلدۈرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇندىغان ھالەتكە كىرگۈزۈلى-

شىنى بىلدۈرىدۇ: رۇقىيەم بۇنى سېزىپ تۇرسىمۇ سەزمەسلىككە، كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالاتتى.

**سالماقلاشماق** پ. سالماق، تەمكىن ھالەتكە كەلمەك: چىمەنگۈل ئەمدى سالماقلىشىپ كەتكەنىدى.

**سالماقلانماق** پ. سالماق، تەمكىن بولۇپ قالماق؛ سالماقلاشماق: قازى ئاڭلاپ بېشىنى بىر قاشلىدى، ئارقىدىن سالماقلىنىپ سۆز باشلىدى.

**سالماقلىق** ئى. ئېغىر ـ بېسىقلىق، تەمكىنلىك، پۇختىلىق: ــــ يوقسۇ ئوغلۇم، ھەربىر ئىشتا سەۋر ۋە سالماقلىق كېرەك، ــــ دېدى مەننانى.

**سالماقلىماق** پ. مۆلچەرلىمەك، دەڭسىمەك: توغرىنى پارتكوم سېكرېتارى ئۆزى بارىدۇ. كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قولىقى بىلەن ئاڭلاپ ئوبدان سالماقلاپ كۆرىدۇ.

**سالمۇ** ئى [لات] <زوئول> بىر خىل بېلىق. دۈمبىسى كۆل رەڭ ئارىلاش ئاچ يېشىل، يان سىزىقىنىڭ ئاستى قىسمى كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ، پۈتۈن تېنىدە قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ.

**سالمچۇق** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچىلەر كىلاسى، كەسلەنچۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر خىل ھايۋان. قۇملۇق ئېتىزلاردا ياشايدۇ، شىنجاڭدا كۆپ.

**سالمچى** ئى. سالما تاشلىغۇچى كىشى.

**سالنامە** ئى [پ] يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ۋەقە، ھادىسىلەر تارىخى؛ يىلنامە: شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي سالنامە ۋە تارىخ كىتابلىرىدا خېلى كەڭ توختالغان.

**سالنامچى** ئى. سالنامە يازغۇچى مۇئەللىپ: پېشقەدەم سالنامىچىلار خاننىڭ ئەمرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولدى.

**سالون** ئى [ر<فىران] <ئەد> فىرانسۇز تىلىدا «مېھمانخانا، كۈتۈش زالى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن يەنى 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ياۋروپادىكى ئاقسۆڭەك، بۇرژۇئازلارنىڭ تەبىقىسىدىكى ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھەمىشە چوڭ ـ چوڭ سارايلارغا يىغىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ياكى سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان سورۇنلىرىمۇ «سالون» دەپ ئاتالغان.

**سالۋار** سۈپ ① مويلىرى ئۇزۇن ئۆسكەن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان: سالۋار تەلپەك. سالۋار تۇماق. ② پاخپاق: سالۋار توغراق.

**سالۋارىتماق** «سالۋارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سالۋارىماق** پ. چۇۋۇلۇپ ساڭگىلىماق، پاخپايماق: 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىككى كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىدا چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن ئاياللار كۆرۈندى.

**سالۋاڭ** سۈپ. دىيال. پاخپاق، سالۋار.

**ساليۇت** ئى [ر<فىران] تەنتەنىلىك ۋەقە، مۇراسىملاردا، بايرام ياكى بىرەر تارىخىي ۋەقەنى تەبرىكلەش ۋاقىتلىرىدا بىرنەچچە توپ ياكى بىرنەچچە مىلتىقتىن بىر يولى ئېتىلىدىغان بىرقانچە تال ئوق.

**سام** ئى <ئىرق> قەدىمكى غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا تۇمشۇقىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ياشىغان، سام

تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**ساما** I ئى [ئە] ئاسمان، كۆك.

**ساما** II ئى [ئە] ① ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ناغرا ئۇسسۇللىرىدىن بىرى. تاكت ئۆلچىمىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ھېيت - بايراملاردا ئوچۇق ئوينىلىدۇ. ② سوپى - ئىشانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردە، زىكىر، تەلقىنگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ھەرىكىتى. كۆپىنچە ئىككى قول ئالدى - كەينىگە تاشلىنىپ، بەل ئېگىلگەن ھالدا پىرقىراپ ئوينىلىدۇ.

**سامارىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىيوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Sm(Samarium). كۆكۈچ رەڭلىك كرىستال بولۇپ، قاتتىق كېلىدۇ.

**سامان** ① ئى. بۇغداي، ئارپا قاتارلىقلار غوللىرىنىڭ يانجىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان مەھسۇلات: مالغا سامان بەرمەك. ② سۈپ. كۆچمە. سېرىق، سارغايغان: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال).

**سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> سامان غولغا ئىگە ئۆسۈملۈكلەر. ئۇلار ئادەتتە بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ۋە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دەپ ئايرىلىدۇ.

**سامان قورساق** دۆت، كالۋا: ئوفىتسېر مەنسۇر شاڭيونى «سامان قورساق» دەپ تىللىدى.

**سامان نەرخى** ناھايىتى كۆپ ۋە ئېتىبارسىز، ئەرزان: ئوردىلىرىدا چۆرە قىز دېگەن سامان نەرخى، چىرايلىق كېنىزەكلەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، مۇشۇ چۆرە قىزنى مەندىن ئاياۋاتىدىلا.

**ساماننىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەك** ← **ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قويماق**.

**ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قويماق** تۈيدۇرماي، يوشۇرۇنچە ئىش قىلماق؛ ئۇستىلىق بىلەن ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەك: پىكىر بەرسە قارايدۇ تەتۈر، ئۆچ ئېلىشقا شۇنچە ماھىر ئۇ. سۇ قويىدۇ سامان تېگىدىن، «ھۈنىرى» كۆپ، «ئۇستا» كادىر ئۇ.

**سامانچى** I ئى ① سامان توشۇغۇچى ياكى ساتقۇچى: ئۇلار سامانچى تۇردىئاخۇن بوۋايىنى، قوراي بېسىپ ماڭغان ھاپىزئاخۇننى تونۇۋېلىشتى. ② كۆچمە. گەپ توشۇغۇچى: ئەمدى بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ بىر سامانچى چىقىپ قالمىغىيدى دەپ قورقىمەن.

**سامانچى** II ئى. دىيال. تالا مۈشۈكى، ئوغرى مۈشۈك.

**سامانخانا** ئى. سامان ساقلايدىغان ئۆي، جاي؛ سامانلىق.

**ساماندەك** رەۋ. كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، تولا: بۇنداق نەرسىلەر بىزگە ساماندەك ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**سامان - قوغان** سامان ۋە شۇ قاتارلىق قالدى - قاتتى نەرسىلەر: ئالۋان - سېلىقتا دەپ يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق سامان - قوغانلىرىنىڭ يېرىم ھەسسىسى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئۇندىن بىرى ئاشلىق بېجى سۈپىتىدە يىغىۋېلىناتتى.

**سامانلىق** ① سۈپ. سامىنى بار، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان: سامانلىق لاي. ② ئى. سامان ساقلايدىغان جاي، سامانخانا: موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە (ماقال).

**سامانلىقتا يىڭنە ئاختۇرغاندەك** ھېچ يېرىنى چالا قويماي، ئىنتايىن دىققەت بىلەن، بىرمۇبىر سەپسېلىپ.

**سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەگمەك** بىرەر مەنسەپ، ئەمەلگە ئېرىشمەك: — خۇدا ئېشەككە بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەنىكەن، مۇبادا ساڭا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپ قالىدىغان بولسا، قانچىلىك نوچىلىق قىلار ئىدىڭ ئەخمەق! — دېدى ئۇلار رەھمەتكە ھومىيىپ.

**سامانىيلار** ئى <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودال سۇلالە، مىلادىيە 819 — 999 - يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. بەلخ (شىمالىي ئافغانىستان) يېنىدىكى سامان قىشلىقىغا ئاساس سالغۇچى يېرىك يەر ئىگىسى سامانخۇداتنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن ئاتالغان.

**سامانيولى** ئى [سامان + يولى] <ئاستر> ھاۋا ئوچۇق كېچىلەردە ئاددىي كۆزگە يورۇق يولغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى. ئۇ نۇرغۇنلىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**ساماۋار** ئى [ر] ① مەخسۇس چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئوتتۇرىسىدا كانايسىمان ئوتلۇقى بار مىس ياكى قەلەيدىن ياسالغان جومەكلىك ئائىلە بۇيۇمى. ئۇنىڭ ئوتۇن ۋە كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىدىغانلىرىدا ئوتلۇقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ قاچىسى بولىدۇ. توك ئىشلىتىلىدىغان ساماۋارنىڭ مۇنداق ئوتلۇقى بولمايدۇ. ② ساماۋاردا چاي قاينىتىپ ساتىدىغان دۇكان، چايخانا: قىزىپ كەتكەن دۇكان، ئاشخانا، ساماۋارلار كەتكەن جاراڭلاپ. قومەرۋازا رەستىسى بويلاپ، پۇرار خۇشبۇي ئاشمانتا، كاۋاپ.

**ساماۋارچى** ئى. ساماۋار بىلەن چايخانا ئاچقان كىشى، چايخانىچى: ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ساماۋارچى بىر چەينەك چاي كەلتۈردى.

**ساماۋارخانا** ئى. مەخسۇس ساماۋار بىلەن چاي تەييارلاپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن؛ چايخانا: ساماۋارخانىدا مويسىپىت بىر ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم.

**ساماۋى** سۈپ [ئە] ① ئاسمانغا، ئىلاھقا، ئەرۋاھقا مۇناسىۋەتلىك، ئائىت؛ فانتازىيەلىك: ساماۋى چۆچەك. * ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر - خىيالى دوزاخ ۋە دىۋە - مەلئۇنلار توغرىسىدىكى ساماۋى كۆرۈنۈشلەر بىلەن باغلانغانىدى. ② كۆك، ھاۋا رەڭ: باھار كەلدى، ياشاردى چۆل، ياشاردى ھەم ساماۋى كۆل، بۇقۇلداپ قىردا كەكلىكلەر كېزەر ھەر يانە - ھەر يانە.

**سامبا** ئى. دىيال. پىلە قۇرتىنى ئالىدىغان قاچا.

**سامبۇسا** ئى. بىر خىل قىيمىلىق يېمەكلىك. قىيمىسى دەسلەپ قورۇۋېلىنىپ، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. چۆرىسى قىيىقچە بىلەن كېسىلگەندىن كېيىن مايدا پىشۇرۇلىدۇ.

**سامتۇر** ئى [ر] <مۇز> قەدىمكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. ياغاچتىن ئۇزۇن قىلىپ ياسىلىدۇ. دەسلەپتە 13 تار بېكىتىلگەن بولۇپ، كېيىن 16 گە كۆپەيتىلگەن، ھازىر يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ 25 تار ئورنىتىلىدىغان بولدى.

**سامدىماق** پ. دىيال. بىر تەرەپكە بېسىپ كەتمەك، يەڭدەپ كەلمەك.

**سامسا** ئى. بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە گۆش، پىياز قاتار-

لىقلاردىن قىلىنغان قىيمىنى خېمىر جىلىت ئىچىگە تۇگۇپ، تونۇردا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ: گۆش سامسا. سامسا ياقماق.

**سامساق** ئى <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە تاماق تەمىنى تەڭشىگۈچى ماتېرىيال ۋە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە باكتېرىيەلەرنى تىزگىنلەش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ بېشى: سامساق، ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق (ماقال).

**سامساقگۈل** ئى [سامساق + گۈل] گۈللەرنىڭ بىر خىلى، ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**سامساقلىق** ئى. سامساق كۆچۈرۈلگەن، سامساق ئۆستۈرۈلگەن يەر، سامساق ئېتىزى: سەي دۇيىنىڭ سامساقلىقىدا بىر توپ قىزلار ئوتىغۇچلىرى بىلەن يەرنى يۇمشىتىۋاتاتتى.

**سامسىپەز** ئى. سامسا يېقىپ ساتقۇچى كىشى.

**سامسىپەزلىك** ئى. سامسا يېقىپ سېتىش ئىشى، كەسپى: توختى 20 يىل سامسىپەزلىك قىلدى.

**سامسىخانا** ئى. سامسا يېقىپ ساتىدىغان دۇكان: ئۇلار بىر سامسىخانىدا تاماق يېيىشتى.

**سام ـ هام** <ئىرق> سام ۋە هام مىللەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ساملار ــ غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئافرىقا تۇمشۇقىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى سام تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى. هاملار ــ شىمالىي ئافرىقا، ئافرىقا تۇمشۇقى ۋە شەرقىي ئافرىقىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى هام تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**ساموراي** ئى [ر< ياپون] ياپونىيەدىكى ئىمتىيازلىق فېئودال هەربىيلەر تەبىقىسىدىن بولغان كىشى: پادىشاھ سامورايلىرى. ياپونىيە سامورايلىرى.

**سامورايلىق** ئى ① سامورايلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر، گەپ ـ سۆز، قىلىق ـ هەرىكەت. ② <تارىخ> ياپونىيەنىڭ مىلىتارىستلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ياساۋۇللىرىنىڭ رىئايە قىلىدىغان بىر خىل فېئودال ئەخلاقى. ئۇنىڭ مەزمۇنى فېئودال هۆكۈمرانلارغا مۇتلەق سادىق بولۇش، هەتتا ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلىرىنىمۇ هالاك قىلىشتىن باش تارتماسلىقتىن ئىبارەت.

**سامىرىسن** ئى. قارىغاينىڭ بىر خىلى.

**سامىي** سۈپ [ئە] ئىشتىكۈچى، ئاڭلىغۇچى: سامىي ئوقۇغۇچى. // سامىي بولماق.

**سان** I ئى ① شەيئىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، مىقدارى، سانىقى: بۇلار سان جەھەتتە ئۆتكەندىكىدىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىمۇ ياخشى. ② <مات> شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم. مەسىلەن، تەبىئىي سان، پۈتۈن سان، راتسىيونال سان، ئىرراتسىيونال سان، ھەقىقىي سان، كومپلېكس سان ۋە تۈپ سان قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ③ <مات> رەقەم: كىتابلارنىڭ خەتلىرى ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سانلارنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ④ گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ قەرەل بويىچە چىققان نۇسخىلىرى: بۈگۈن «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانى نەشردىن چىقتى. ⑤ <تىل> شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، رەت تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى، مەسىلەن، بىر، ئىككى، بىرىنچى، ئىككىدىن بىر، ئۈچەيلەن، قىرىقچە دېگەنلەرگە ئوخشاش. ⑥ كۆچمە. يۇقىرىدىن پىلان بويىچە چۈشۈرۈلگەن نورما، ئىشتات: بىر ئامال قىلىپ قىزىم ئۈچۈن بىر سان ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز بولاتتى. ⑦ كۆچمە. كۆڭۈلگە پۈككەن پىلان: رەھمەتجان يەڭگىل تىن ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم سان پەيدا بولغانىدى. ⑧ <پەلس> شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۆلىمى، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى، شۇنىڭدەك شەيئىلەرنىڭ سان ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدىغان مۇئەييەنلىكى. مەسىلەن، شەيئىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئېگىز ـ پەسلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئېغىر ـ يېنىكلىكى ۋە تېز ـ ئاستىلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش: ياسىن سىنىپ سانىغا كىرمىسىمۇ ئائىلىدىن بىر ئورۇندۇق ئەكېلىپ سىنىپنىڭ بىر بۇرجىكىدە دەرس ئاڭلاۋەردى.

**سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى** <مات> مەلۇم قائىدە بويىچە تىزىلغان بىر قاتار سانلار، مەسىلەن، 1، 3، 5، 7...، 2، 4، 6، 8... سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى چەكلىك سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى ۋە چەكسىز سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**سانىماي سەككىز دېمەك** ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىمەك: خوپ بوپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەن، سانىماي سەككىز دېگەندەكىن خوپ بوپتۇ.

**سانى يوق** ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، ساناقسىز؛ ناھايىتى نۇرغۇن: دەرۋازىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا، ئۆكۈز ھارۋا، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق.

**سان** II ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋان پۇتىنىڭ تىز بىلەن ساغرا ئوتتۇرىسىدىكى قىسمى، يوتا: سان سۆڭىكى. * قاسساپ كېلەرمىش ساننى كۆتۈرۈپ، ناۋاي كېلەرمىش ناننى كۆتۈرۈپ (ماقال).

**سانا** ئى [ئە] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال. دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەلغەم، سەپرا، سەۋدا، كۆيگەن خىلىتلارنى چىقىرىش، دىماقنى پاكىزلاش، بەدەنگە جۇلا بېرىش، شەقىقە، جۇنۇن، باش ئاغرىقى، بېقىن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا قارىتا شىپالىق رولى بار. ئۇ يەنە سۈرگە دورىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ② پۇنۇسىنىڭ پىشقان ئۇرۇقى. شەكلى تاقىغا ئازراق ئوخشايدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سانائەت** ئى [ئە] خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ياسايدىغان ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كارخانا ۋە زاۋۇت ـ فابرىكىلار يىغىندىسى: قول سانائەت. يىرىك سانائەت.

**سانائەت ئىنقىلابى** <س ئىق> قول ھۈنەرنىڭ ئورنىنى ماشىنا ئىگىلەيدىغان، قول سانائەت دۇكانلىرىنىڭ ئورنىنى

زاۋۇتلار ئىگىلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئىنقىلابى، يەنى سانائەتلىشىش. سانائەت ئىنقىلابى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن ئەنگلىيەدە باشلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كەينى ـ كەينىدىن تاماملاندى.

**سانائەتچى** ئى. سانائەت كارخانىلىرىغا ئىگە بولغان شەخس.

**سانائەتچىلىك** ئى. سانائەت ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلار: بولۇپمۇ سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، سانائەتچىلىكنىڭ تۆرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن كاپىتالىزمنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ئىقتىسادنىڭ بىر قوۋمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان تەسىرىنى تارىختىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن پەللىگە يەتكۈزدى.

**سانائەت ـ قاتناش** سانائەت ۋە قاتناش ساھەلىرى.

**سانائەتكەرلىك** ئى. سانائەتچىلىك: ياۋروپا سېھىرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك بىلەن ئەمەس، تىجارەت ۋە سانائەتكەرلىك يولىدا چېلىشىپ، ئافرىقا ۋە ئاسىيانى ئەسىر ۋە بېقىندى قىلماقتا ئىدى.

**سانائەتلەشتۈرمەك** «سانائەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سانائەتلەشتۈرۈلمەك** «سانائەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سانائەتلەشمەك** پ. سانائىتى راۋاجلىنىپ زامانىۋىلاشقان سانائەت خەلق ئىگىلىكىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىمەك: ئالغا باسىمىز، تاغلار ئاشىمىز، سانائەتلەشكەن دۆلەت قۇرىمىز.

**ساناتماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ساناتورىيە** ئى [ر<لات] بىمارلار ياكى تېنى ئاجىز كىشىلەر دەم ئالغاچ داۋالىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە داۋالىنىش ئورنى: ئۆپكە كېسەللىرى ساناتورىيەسى. ياشانغانلار ساناتورىيەسى.

**ساناشماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سانـاق** ئى ① شەيئىلەرنى بىرمۇبىر، دانىمۇدانە قىلىپ ساناش ۋە ساناشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە: بىرىشتە سانىقى توققۇز، ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز (ماقال). ② ھېساب ـ كىتاب، ھېسابات: سانـاق باشلاندى. دەپتەردىكى تىزىم بويىچە ئالدى بىلەن يىللىقچىلارنىڭ ئىسمى چاقىرىلىشقا باشلىندى. ③ سان، رەقەم: شۇ چاغلاردا سەندەك ئىدىم، يېڭى كىرگەن مەكتەپكە. كۆندۈرگەنىدىم قولۇمنى، ساناق بىلەن ھەرپكە.

ساناق سان ① <مات> 1، 2، 3، ... 100، 3000 دېگەنلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى پۈتۈن سانلار. ② <مات> ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىنىدىغان سانلار. ③ <تىل> شەيئىلەرنىڭ پۈتۈن سانىنى ئىپادىلەيدىغان «قانچە؟ نەچچە» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان سۆزلەر، مەسىلەن، 1، 5، 10، 100، 1000 غا ئوخشاش.

**ساناقچى** ئى. كونا. ۋاڭنىڭ ماللىرىنى بېقىۋاتقان چارۋىچىلاردىن چارۋىنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كىشىسى: ۋاڭنىڭ تۆمۈر چارۋا سانىقىنى ئېلىپ بارىدىغان ساناقچىلىرى يولغا چىقىپتۇدەك.

**ساناقسىز** سۈپ ① سانالمىغان، سانى نامەلۇم: تۈنۈگۈن پەقەت ھاشىم ئاكامنىڭ قويىلا ساناقسىز قالغانىدى. ② كۆچمە. ھېسابسىز، نۇرغۇن: كېچە، سۈزۈك ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقنايتتى.

**ساناقلىق** سۈپ ① سانالغان، سانى مەلۇم: يانچۇقۇمدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى ساناقلىق. ② كۆچمە. بىرنەچچىلا، ئازلا: ئارىدىن ساناقلىق كۈنلەر ئۆتۈپ، زەي ـ شورغا قارشى ھەرىكەت دادۇي مىقياسىدا باشلىنىپ كەتتى.

**ساناقلىق كۈنى قالماق** ئۆمرى، ھاياتى ئاخىرلاشماق: ئانام شەھەردە يالغۇز، قارايدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىپ ساناقلىق كۈنلىرىلا قالدى.

**سانالماق** «سانىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش سانىلىپ كەلگەن يېڭى كېلىنلەرمۇ نۆۋىتىنى كەلتۈرۈپ ئۆز لايىقىدا گەپ قىلىشتى.

**سانايىنەپىسە** ئى [ئە] كونا. بەدىئىي سەنئەت؛ بەدىئىي سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم: ئۇيۇشمىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمى.

**سانتونىن** ئى [ئىنگ <فىران] ① <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، ئالاھىدە خۇش پۇراقى ئىگە، گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە. ② <تېب> ئورگانىك بىرىكمىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل دورا. يۇقىرىقى ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىدىن تەييارلىنىدۇ. رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ، مەددە چۇشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**سانتىگرام** مىق [ر<فىران] بىر گىرامنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىلىتر** مىق [ر<لات] بىر لىتىرنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىمېتىر** مىق [ر<فىران] بىر مېتىرنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانتىمىللىمېتىر** مىق [ر<لات + گىرېك] بىر مېتىرنىڭ 100 مىڭدىن بىرىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سانجاق** ① ئى. تارس. بايراق، تۇغ. ② سۈپ. مىغ ـ مىغ، زىچ: بىردىن يېرىم كېچىدە، چىقتى بوران شىددەتتە. دەھشەت سالدى، باغدىكى سانجاق مېۋە، كۆچەتكە.

**سانجاق ـ سانجاق** ① مىغ ـ مىغ، ناھايىتى زىچ، قويۇق قاتارلاشقان: ئۇلار تۆگىدىن چۈشۈرۈلگەن چاغدا سانجاق ـ سانجاق نەيزىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. ② غۇژمەك ـ غۇژمەك: ئۇ قىيا بۇرۇلۇپ، سانجاق ـ سانجاق ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇرغان ھويلىغا تىكىلدى.

**سانجتماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ھەر كۈنى ھېلىقى تېۋىپقا يىڭنە سانجىتىپ تۇراتتىم.

**سانجىشماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەكبەر بىلەن ھاتەم ياۋا توڭگۇزغا ئۇزۇن نەيزىلىرىنى سانجىشتى.

**سانجىغاق** ئى. بېلىقنى سانجىپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، ئارىسىمان نەيزىسى بار ئۇزۇن ساپلىق سايمان.

**سانجىق** ئى <تېب> ئىچكى ئەزالارغا ئۆتكۈر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ تۈيۈلىدىغان قاتتىق ئاغرىق: يۈرەك سانجىقى. سانجىق تۇرۇپ قالماق.

**سانجىقئوت** ئى [سانجىق + ئوت] <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى

تىك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇچ - تۆت قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. دەريا ۋادىلىرى، ئورمان ياقىلىرى ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش ۋە زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سانجىلماق** «سانجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمەر باينىڭ بۇ ھىيلە - مىكىرلىك سۆزى تاشۋاينىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى.

**سانجىما** سۈپ. سانجىش ئارقىلىق بولىدىغان سانجىلغان: سانجىما ئۇلاق.

**سانجىماق** پ ① ئۇچلۇق، ئۆتكۈر نەرسىلەرنى كۈچ بىلەن كىرگۈزمەك، تىقماق: بىگىز سانجىماق. * ھەركىم قىلار ئۆزىگە، يىڭنە سانجار كۆزىگە (ماقال). ② كۆچمە. ئۇچلۇق بىر نەرسە تىقىلغاندەك ئاغرىماق: تۇرسۇننىڭ قورسىقى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ③ كۆچمە. گەپ بىلەن چېقىشىۋالماق: — ۋاي پۇلنى دەپ ئۆلۈپ بەرمە يەنە، — ئۇ ئەمدى چاقچاق قىلغان بولۇپ رەسمىي سانجىۋالدى.

**سانداش** سۈپ. سانى ئوخشاش، سانى تەڭ: ئاھ ئەجەب ئۆتتى ئەسىرلەر، چۆلنى چۈمكەپ قەبرىلەر، قۇم بىلەن سانداشمىكىن بۇ يۇرتقا كەلگەن جەبرىلەر.

**ساندۇق** [ئە] ① ئى. ئىچىگە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ ساقلاشقا بولىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن چاسا قىلىپ ياسالغان، ئېچىپ - يېپىشقا بولىدىغان ئائىلە بۇيۇمى: ياغاچ ساندۇق. تۆمۈر ساندۇق. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، توشقۇچە قاچىلانغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: مەلۇم بولدىكى، جەمئىي 1500 تال مىلتىق، 200 ساندۇق ئوق ئەكېتىلگەن.

**ساندۇقچە** ئى. كىچىك، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكىمۇ بولىدىغان ساندۇق: بۇ مېنىڭ پەلەي سالىدىغان ساندۇقچەم.

**ساندۇقچى** ئى. ساندۇق ياسىغۇچى، ساتقۇچى: — ھەئە، — دېدىم مەن، — ساندۇقچىلارغۇ ئاز ئەمەسكەن، ئىككى ئۇستىنى كەڭرەك زىيارەت قىلدىم.

**ساندۇقچىلىق** ئى. ساندۇق ياساش، سېتىش ئىشى، كەسپى: خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ساندۇقچىلىق كەسپى بار. * زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ساندۇقچىلىقىمىزدا ئىپتىدائىي كەشپىيات — كۆن - چەم ساندۇق ۋە ياغاچ ساندۇقتىن ئىبارەت ئىككى تۈر مەۋجۇت.

**ساندۇقلۇق** سۈپ ① ساندۇقى بار، ساندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ساندۇق شەكىللىك: ساندۇقلۇق ئىشكاپ. ساندۇقلۇق كارىۋات. ② ساندۇق ياساشقا يېتىدىغان، ساندۇق ياساشقا لايىق: ئۇستام بىر ساندۇقلۇق ياغىچىم بار، بىر ساندۇق ياساپ بېرەلەملا.

**ساندۇلاچ** ئى < زوئول > ← **بۇلبۇل**.

**سان - ساپا** ← **سان - سۈپەت:** ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سان - ساپاسىغا بىردەك ئەھمىيەت بەرمەكتە.

**سان - سالماق** سان ۋە ئۇنىڭ سالمىقى؛ مىقدار ۋە ئۇنىڭ ئېغىرلىقى: بۇ كېچىدىكى خالىسانە ئىشتا ئابدۇرۇسۇللانىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خېلى سان - سالمىقى بار.

**سانسان** ① ئى. يۇڭى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەن قوزا تېرىسى. ② سۈپ. مۇشۇنداق تېرىدىن تىكىلگەن: ئۇنىڭ بېشىدا يېڭى سانسان قۇلاقچا بار ئىدى.

**سان - ساناق** سان، مىقدار ۋە ئۇنىڭ ھېسابى: ئەرلىرى خوتۇنلىرىدىن، خوتۇنلىرى ئەرلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سان - سانىقى يوق ئىدى.

**سان - ساناقسىز** سان - سانىقى يوق، ھېسابسىز كۆپ: ھېلىلا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كۆك يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنىدى.

**سانسكرىت** ئى. قەدىمكى ھىندىستان: سانسكرىت تىلى.

**سان - سۈپەت** سان ۋە سۈپەت.

**سان - سېپىر** سان، مىقدار ۋە ئۇنى ئىپادىلىگەن رەقەملەر: قەغەزدىكى يېزىقلار ۋە سان - سېپىرلار ئېنىق كۆرۈنمەيتتى.

**سانسىز** سۈپ. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، بىھېساب، نۇرغۇن: سانسىز يۇلتۇزلار.

**سانسىزلىغان** سۈپ. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان مىقداردىكى، سانى نۇرغۇن: تەكلىماكان چۆلىدە سانسىزلىغان شەھەر، بازارلار قۇم ئاستىدا قالغان.

**سانلىق** سۈپ ① سان بىلەن ئىپادىلەنگەن، مىقدارى سان بىلەن كۆرسىتىلگەن: سانلىق مەلۇمات. ② قېتىملىق، نۆۋەتلىك: بەشىنچى سانلىق يىغىن. ③ مىقدارى، سانى مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن: ئاز سانلىق مىللەتلەر. // بەزىدە ھەقىقەت ئاز سانلىقنىڭ قولىدا بولىدۇ.

**سانتار** ئى [ر] <تېب> داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە ھەربىي قىسىملاردا خىزمەت قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك مېدىتسىنا خادىمى.

**سانتاركا** ئى [ر] <تېب> ئايال سانتار، ھەمشىرە: بۇ تەكلىپكە بەزىلەر ئۇنىغان بولسىمۇ، بەزى سانتاركىلار ئۇنىماي قالدى.

**سانغۇچ** ئى. رەقەملەرنى ئاپتوماتىك ھالدا خاتىرىلەيدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**سانىماق** پ ① بىر - بىردىن، دانىمۇدانە ئۆتكۈزۈپ سانىنى ئېلىپ چىقماق، سان - مىقدارىنى ھېسابلىماق: يېنىدا بىر پۇلى يوق تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ (ماقال). * سەن تاش سانىساڭ، خەق قۇم سانايدۇ (ماقال). ② بىر - بىرلەپ تىلغا ئالماق، ئېيتىپ ئۆتمەك: ئالۋان - سېلىقى سانسىز، سانىساڭ يېتىشمەس سۆز. باھانە، سەۋەبى تولا، بايلار تويمىغۇر، ئاچ كۆز. ③ كۆچمە. ھېسابلىماق، دەپ بىلمەك: — ئېيتقىنا، كىم ئارزۇگۈلنى يىگىتلەردىن كەم سانايدۇ؟ — دېدى پاتىمە.

**ساناپ دەسسىمەك** ياخشى - يامان تەرىپى، ئاقىۋىتىنى ھېسابلاپ ئىش كۆرمەك: ساناپ دەسسىمىگەن ئىش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ! تونۇمىغان خېرىدارغا نېسىگە مال بەرگەن نەدە بار ئىكەن؟ توپتوغرا 1000 كوي قولدىن كەتتى دېگەن گەپ!

**سانىيەن** رەۋ [ئە] يېز ت. ئىككىنچى بىر، يەنە بىر، سوڭرە: دۇئايىسالامدىن كېيىن سانىيەن سۆزىمىز شۇلكى، ھەربىرلىرىنىڭ خەت - سالاملىرىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

**ساھابە** ئى [ئە] <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغان كىشى.

**ساھە (ساھەسى)** ئى [ئە] ئىلىم - پەن، ئىدىيە ياكى ئىجتىمائىي پائالىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تارمىقى: جەمئى-

يەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئورمانچىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ.

**ساھىب** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىگە ئىگە بولغۇچى، ئىگە: نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى. ② بىرەر ئىشتا ياردەملەشكۈچى خىزمەتچى، مۇلازىم: شاگىرت بولاي مەن ساڭا. ھەيران بىلمە ساھىب-نى. تاپشۇرارمەن قولۇڭغا، ئەمدى بەش يۈز تالىپنى.

**ساھىبپەرمان** ئى [ساھىب + پەرمان] پەرمان چۈشۈرگۈچى، پەرمان قىلغۇچى: ماڭا ئەمر قىلار بولساڭ قەلەمدە باغ بىنا قىل دەپ، قىلاي ئىجرا بۇ ئەمرىڭنى ئۆزۈڭ ساھىبپەرمان بول.

**ساھىبتەدبىر** سۈپ [ساھىب + تەدبىر] پەم - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك: ئۇ ناھايىتى ساھىبتەدبىر كىشى. // بۇ كىشى بارلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ساھىبتەدبىرى ئىكەن.

**ساھىبتەدبىرلىك** ئى. پەم - پاراسەت، تەدبىر كۆرسىتىش ئىشى؛ تەدبىرلىكلىك، زېرەكلىكلىك: شۇنىڭدىن كېيىن ئىمامنىياز سوپى ئىماملىقنى قانداق چىڭ تۇتسا، ساھىبتەدبىرلىكنىمۇ شۇنداق تۇتتى.

**ساھىبجامال** [ئە] ① سۈپ. گۈزەل ھۆسن - جامالغا ئىگە، چىرايلىق، زىبا: سىزگە ئەقلى - ھوشى جايىدا ۋە ساھىبجامال بىر قىزنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ساھىبجامالىلىق** ئى. چىرايلىقلىق، زىبالىق: ئۇلارنىڭ ساھىبجامالىلىقى ئالدىدا ئايمۇ خىجالەتتە قالىدىكەن دەپ ئاڭلاپتۇ.

**ساھىبخانا** ئى [ئە + پ] ① ئۆي ئىگىسى، سورۇننى ئۇيۇش-تۇرغۇچى: ساھىبخانا مېھمانلارنى ئاشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەن تاماق يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. // ساھىبخانا يىگىت ئۇنىئالغۇنىڭ توپچىسىنى باستى. ② مەلۇم بىر پائالىيەتكە تەكلىپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپ ياكى شەخس: ساھىبخانا كوماندا.

**ساھىبخانىلىق** ئى. مېھمان كۈتۈش ئىشى، ساھىبخانىلار قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت: مەنسۇر ساھىبخانىلىق قىلغاچ ئەكبەردىن ئاڭلىغانلىرىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بەردى.

**ساھىبدەۋران** سۈپ [ساھىب + دەۋران] راھەت - پاراغەتتە ياشىغۇچى، دەۋر سۈرگۈچى: ئەي يىگىتلەر ئارسلانى قىلىڭىز تەشرىپ قەدەم، ساھىبدەۋران بولۇڭ ھۆرى غىلمان ئىچىدە.

**ساھىبقەلەم** ئى [ ساھىب + قەلەم ] قەلەم تەۋرەتكۈچى، مۇئەللىپ: خوتەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ساھىبقەلەملەر ئۆچۈن بىر مۇقەددەس تېما بولۇپ كەلدى.

**ساھىبقىران** ئى [ئە] بەختلىك تۇغۇلغان، بەخت يۇلتۇزى پارلىغان ئوغلان: بۇ قۇلنى ئۆلتۈرۈپ نامەرد بولمىدىم، مېنىڭدەك ساھىبقىران يەنە بولۇرمۇ؟

**ساھىبقىرانلىق** ئى. بەختلىك،غەمسىز يۈرگەن ئوغلانلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت، قىلىق.

**ساھىبكامال** سۈپ [ئە] يېز ت. كامالەتكە يەتكەن.

**ساھىل** ئى [ئە] ① دېڭىز، دەريا، كۆللەرنىڭ قىرغىقى، بويى: پاراخوت بارغانسېرى دېڭىزساھىلىغا يېقىنلاپ كەلدى. ② كۆچمە. ئەتراپ، دائىرە: سامساق مەن ئۆگەنگەن دەستۇرلاردا قۇرساق ساھىلىگە مۇناسىپ دورىلاردىن بىرى ئىكەن.

**ساۋاب** ئە ① ئى <دىن> دىنىي ئەقىدە بويىچە خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە لايىق ئىش - ئەمەل: — ئاجىز - ئورۇقلارغا ياخشى-لىق قىلىش ساۋاب، — دېدى ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپ. ② ئى. كۆچمە. ياخشى ئىش، ياخشىلىق: ساۋابنىڭ كۆتى تۆشۈك (ماقال). ③ سۈپ. ئارتۇق، ئەۋزەل، ياخشى: دادام رەھمىتىمۇ «يەر كۆكەرتكەندىن ساۋاب

ئىش يوق، شۇڭا، دېھقانغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دەيتتى.

**ساۋابلىق** ① سۈپ. قىلسا ساۋاب بولىدىغان، ساۋاب دەپ قارىلىدىغان، مەرھەمەتكە لايىق: ئەي بۇرادەر رەھمە قىلغىن بۇ نۆۋەتمۇ سەن ماڭا، بۇ ساۋابلىق ئىشقا ياغقاي تەڭرىدىن رەھمەت ساڭا. ② ئى. ساۋاب دەپ قارالغان ئىش، ئەمەل: مەنكى نورۇز بەگ ئىككى دۇنيالىق ساۋابلىقنى نەزەردە تۇتۇپ مەخسۇمنى سېتىۋېلىپ خارلىقتىن قۇتقۇزدۇم. ③ سۈپ. خەيرلىك، ياخشى: دۇنيادا ئەڭ ساۋابلىق ئىش — يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش.

**ساۋات** ئى [ئە] ① ئوقۇش - يېزىشتىن خەۋەردارلىق، ئوقۇش - يېزىشنى بىلىش، خەت - ساۋات: ساۋات چىقارماق. ② بىرەر ساھەگە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر مەلۇمات، بىلىم: سىياسىي ساۋات. ھەربىي ساۋات. ③ تەلىم - تەربىيە، چۈشەندۈرۈش: سىلەر ماڭا ساۋات سۆزلەپ بەرمەي، چىققان ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

**ساۋاتسىز** سۈپ ① خەت - ساۋاتى يوق، ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان: ساۋاتسىز ئادەم. // ساۋاتسىزنىڭ ساۋاتىنى چىقارماق. ② يېتەرلىك بىلىمى، مەلۇماتى بولمىغان: مەن بۇ ساھەدە ساۋاتسىز. ماتېرىيال، زاپچاس دېگەنلەرنى ئۇقمايمەن.

**ساۋاتسىزلىق** ئى. خەت تونۇماسلىق، خەت - ساۋاتى يوقلۇق: مەن ئۆتمۈشتە ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان.

**ساۋاتلىق** سۈپ. خەت - ساۋاتى بار، ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان: بۇ شېئىرنى ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى يېزىۋال-غان.

**ساۋاتماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موللام خەلپەتكە كەلمىگەن بالىلارنى بىردىن ساۋاتقىلى باشلىدى.

**ساۋاشماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار قاتار ئولتۇرۇپ، ئالدىلىرىدىكى يۇڭلارنى ساۋاشماقتا ئىدى.

**ساۋاغ** ئى. كىگىزچىلىكتە يۇڭنى ساۋاپ تىتىدىغان چىۋىق، تاياقچە.

**ساۋاق** ئى [ئە] ① ئوقۇتۇش پائالىيىتى داۋامىدا دەرسلىك ياكى ماتېرىياللارنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈلىدىغان بۆلىكى، دەرس: ساۋاق ئالماق . ساۋاق بەرمەك . * مەن ياسايمەن، سەن ئاۋارە بولما، سەن موللامنىڭكىگە بېرىپ ساۋىقىڭنى يادلاۋەرگىن. ② كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن، ئىبرەت ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان سەلبىي تەجرىبە؛ ئىبرەت: قادىرلارنىڭ ئائىلى-سىنىڭ نىكاھ تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىق پاجىئەسى بۇنىڭغا بىر جانلىق ساۋاق.

**ساۋاقداش** ئى. بىرگە ساۋاق ئالغان، بىرگە ئۆگەنگەن كىشى: بۇلارنىڭ بىر قىسمى غۇلجىدا بىرگە ئوقۇغان تەڭقۇر ساۋاقداشلار ئىدى.

**ساۋاقداشلىق** ئى. بىرگە ئوقۇش، بىرگە ئۆگىنىش ۋە شۇ سەۋەبلىك ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت: كۆڭلۇمدە ئەنۋەرگە نىسبەتەن ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

**ساۋالماق** «ساۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چىۋىق بىلەن تازا ساۋالدى.

**ساۋام** مىق. پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بىر قېتىم ساۋاشقا بولىدىغان بۆلىكى: بىر ساۋام يۇڭ.

**ساۋۇت** ئى <ھەرب> قەدىمكى زامانلاردا بەدەننى نەيزە - قىلىچ ۋە ئوق زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەڭدە كىيىلگەن، تۆمۈر پارچىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاش ياكى پولات سىمدىن

توقۇش ئارقىلىق تەييارلانغان ئۇرۇش كېيىمى.

**ساۋۇتچى** ئى. ساۋۇت ياسىغۇچى كىشى: ئۇ شەھەردىكى داڭلىق تۆمۈرچى ۋە ساۋۇتچىلارنى يىغىپتۇ.

**ساۋۇتلۇق** سۈپ. ساۋۇتى بار، ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن: ئوق ياقتىن ساۋۇتلۇق، قالقان-قىلىچلىق لەشكەرلەر كېلىپ قورشىدى.

**ساۋىماق** پ ① يۇڭ، پاختا قاتارلىقلارنى ساۋاغ بىلەن ئۇرۇپ، تىتىپ، توپا-چاڭلاردىن ئاجراتماق: پاختا ساۋىماق. ② قامچا، چىۋىق قاتارلىقلار بىلەن ئۇرماق: يايلار بەرمىگەننى ساۋايتتى، ماڭمىغاننى باغلايتتى.

**سائىل** ئى [ئە] ئارىلاپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغۇچى، تىلەمچى: ھەممە يەر تىلەمچى، سائىللار بىلەن تولۇپ كەتتى.

**ساي** ئى ① تاغ ئارىسىدىكى جىرا؛ تاغ ياكى تۆپىلىك ئارىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان جاي: باي بايغا باقار، سۇ سايغا ئاقار (ماقال). ② يېرى شېغىللىق تۈز كەتكەن جاي: خوتەنگە بارغۇچە ھىمىتنىڭ سېيىدىن ئۆتىمىز.

**ساي كەلمەك** دىيال. ياپسا كەلمەك، ئۇيغۇن، مۇۋاپىق كەلمەك، دەل كەلمەك.

**سايا** رەۋ. دىيال. بايا، ھېلىقى.

**سايىتىن** رەۋ. دىيال. باياتىن، ھېلىلا.

**ساياز** سۈپ. دىيال. ئانچە چوڭقۇر بولمىغان، دۆڭ: ساياز كۆل.

**سایاق** سۈپ ① ھەر يەردە ئۆز بېشىمچە يۈرىدىغان، ئىگە-چاقىسىز، سەرگەردان: سایاق بالا. سایاق يىگىت. // سایاق يۈرگەن تایاق يەر (ماقال). ② توپقا قوشۇلماي يۈرىدىغان، بىباش: سایاق كالا.

**سایاقدىماق** پ. توپقا قوشۇلماي يۈرمەك: بىز كالىلار سایاقدىغاندا پىشلداپ يۈگۈرۈپ بېرىپ كالىلارنى قايرىپ كېلەتتۇق.

**سایاقلىق** ئى. باشباشتاقلىق، ئۆز مەيلىچە كەلسە-كەلمەس يۈرۈش: بىر مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئايالالاردىكى سایاقلىقتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەرلەردىكى قەيسەرلىكنىڭ بەربات بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. * ئاخىرى تەۋەككۇل بىلەن ھەر يەرنى كېزىپ سایاقلىق قىلىشقا كىرىشتىم.

**سایاڭغۇ** ئى. دەريا سۈيىنىڭ تېيىز جايى: دەريا سایاڭغۇسىدىن ئەكرەمنىڭ كۆپۈپ كۆكىرىپ كەتكەن جەسىتى تېپىلدى.

**سایان** ئى. تەرەپ، تامان، ياق: قار بىلەن مۆلدۈر يېغىپتۇ، تولىسى تاغلار سایان. ئالتە ئاي توشمىغۇچە، قاراتمىدىڭ ئۆيلەر سایان.

**سایاھەت** ئى [ئە] دەم ئېلىش، كۆرۈش، سەيلە قىلىش ئۈچۈن باشقا جايلارغا قىلىنغان زىيارەت، سەپەر: شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ سایاھەتكە چىقىدىغان كۈنى ئىكەن.

**سایاھەتچى** ئى. سایاھەت قىلغۇچى كىشى: 923-يىلى ئەرەب سایاھەتچىسى ئىبىن مۇھەننى ئىدىقۇتقا كەلدى.

**سایاھەتچىلىك** ئى. سایاھەت قىلىش ئىشى ۋە مۇشۇ ئىشنى ئۇيۇشتۇرۇش مۇلازىمىتى: يېقىنقى يىللاردىن بېرى سایاھەتچىلىك ئىشلىرى يەنىمۇ راۋاجلاندى.

**سایاھەتگاھ** ئى [ ئە + پ ] سایاھەت قىلىنىدىغان مەنزىرىلىك جاي: مەغرىبكە بېرىپ بۇددا «كالامۇللاسى» نى ئەكېلىش يولىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلىك يەرلەر غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش-گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشى بىلەن پەيزىلىك سایاھەتگاھلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

**سایاھەتنامە** ئى [ئە + پ] <ئەد> بىرەر سایاھەتچىنىڭ سایاھەت جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى يېزىپ، بارلىققا كەلتۈرگەن ئەسىرى.

**سايە** ئى [پ] ① كۈن نۇرى چۈشمىگەن سالقىن جاي: ۋىژىلداپ كۆيدۈرۈپ كېتىپتۇ ئاپتاپ، يا بىرەر سايىمۇ يوق ئىكەن شۇ تاپ. ② يورۇقلۇقنى، كۈن نۇرىنى توسقان نەرسىنىڭ كۆلەڭگۈسى: ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى (ماقال). ③ كۆچمە. شەپە، ئەسەر، ئالامەت: ئانسىنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئەندىشىنىڭ سايىسى ئەگىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ④ كۆچمە. غۇۋا كۆرۈنۈش: خىياللىرىم كەتتى ئۇزاققا، كۆز ئالدىمدا دەھشەتلىك سايە. ⑤ كۆچمە. ھىمايە، پاناھ؛ مەدەت، ياردەم: — جېنىم ئۇكام، — دەپتۇ ئۇلار، — سېنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال-چارۋىلىق بولۇپ قالغان بولساق؟

**سايە بولماق** ① سايە ھاسىل قىلماق، سايە بەرمەك: سېرىق سۆگەت سايە بولار. سېرىق ئادەم ئوغا بولار (ماقال). ② كۆچمە. ھىمايىچى، پاناھ، ياردەمچى بولماق: كۆز ياشلىرىڭىز دەردىڭىزگە سايە بولالمايدۇ. ③ئارقىسىدىن يۈرمەك، ئەگەشمەك: — ئەتىدىن كەچكىچە ماڭا سايە بولۇپ يۈرسەن، مەقسىتىڭ نېمە زادى؟ — دېدى ئۇ ئالىمغا خاپا بولۇپ.

**سايە قىلماق** ① مەلۇم بىر نەرسە بىلەن يورۇقلۇق ياكى كۈن نۇرىنى توسۇپ سايە چۈشۈرمەك. ② كۆچمە. تەۋسىيە قىلماق، ئۈندىمەك: شۇنداق تەقسىر، مەن ئۇزاقى يىللىلا ئۆزلىرىگە بۇ ئىشنى سايە قىلغانىدىم، ئۆزلىرى ئانچە قىزىقمىغان ئىدىلە.

**سايىسىدىن قورقماق** ھەممە نەرسىدىن قورقماق، بەك قورقۇنچاق بولۇپ كەتمەك: كۈس-كۈس گەپ دېگەننى ئايدىڭدا سايىسىدىن قورقىدىغان ئادەملەر قىلىدۇ.

**سايىسىدىن ئۈركۈمەك** ← **سايىسىدىن قورقماق.**

**سايدۇرماق** «سايماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايراتماق** ① «سايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ساڭا ئاشىق بولۇپ، سۆيدۈم يۈرەكتىن بىر ئۆمۈر. ئىشقىۋاز بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا سايراتتىڭ مېنى. ② ماھارەت بىلەن خۇش كۈيلەر چالماق (ساز-مۇزىكا ھەققىدە): سايرىتىمەن دۇتارىمنى چىمەن تاغدا يارى-يار، كۆرەلمەسلەر يىغلاشسۇن ھەسرەت-داغدا يارى-يار. ③ «تا-تا-تات» ئاۋاز چىقىرىپ كېلىشتۈرۈپ ئاتماق: رەيھان ئىسھاقنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى ئالدى-دە، چولاق تامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سايرىتىۋەتتى.

**سايراشماق** «سايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرىڭ بۇلبۇل، بىرىڭ تۇتى، سايرىشىڭلار يارى-يار، بىرىڭ ئايدەك، بىرىڭ كۈندەك، بەخت بولسۇن يارى-يار.

**سايرىماق** پ ① يېقىملىق، خۇش ئاھاڭدا ئاۋاز چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە): بىزنىڭ سىنىپتىكى جاپپارنىڭ ئىككى سېرىق قۇشقىچى بار ئىكەن، بەك سايرايدىكەن. ② مۇڭلۇق كۈيدە ئاۋاز چىقارماق: قولۇمدا يەنە سايرىدى راۋاب، ناخشامنى ئېيتتىم بۇلبۇلدەك سايراپ. ③ كۆچمە. چاڭ كەلتۈرمەك، ياڭراتماق: جەڭگىۋار سىگنال خەلق ئەسكەرلىرىنى تېز يىغىلىشقا چاقىرىپ، جەڭ مارشىغا سايرىماقتا ئىدى. ④ كۆچمە. سەلب. بىر خىل ئاھاڭدا توختىماي سۆزلىمەك؛ ۋاتىلدىماق: — بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، سايراپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئۇ ئەمەتكە كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سايغاق** I ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. شەكلى ھەردىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تېنىنىڭ سىرتىدا قارامتۇل سېرىق

رەڭدە يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ، ئېغىز ئورگىنى رودد-مېنتلاشقان، چىشىسى كالا تۈكلىرى ئارىسىغا تۇخۇم سالىدۇ، لىچىنكىسى كالا تېنىدە پارازىت ياشاپ، يېتىلگەندىن كېيىن كالا دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقىدۇ، يەرگە چۈشكەندە بولسا قورچاققا ئايلىنىدۇ.

**سايغاق** II سۈپ. توپقا قوشۇلماي يۈرىدىغان، بىباش، ساياق: سەنزە سايغاق كالىدەك ئۆزۈڭنى بىزدىن قاچۇرىسەن.

**سايغاق** III ئى. ديال. سانجىغاق.

**سايغاقدىماق** پ. تۇپتىن ئايرىلماق: ئۇنىڭ كالىلىرى سايغاقداپ قاچتى.

**سايغاقلىق** ئى. باشباشتاقلىق، ساياقلىق: چوڭ داداڭ سايغاق-لىق قىلىپ قېچىۋىدى، بېشىم قېتىپ گاڭگىراپلا قالدىم.

**سايلاتما** ئى. ديال. سايىۋەنلىك، لاپاس.

**سايلاتماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سايلاشماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار لۇتپۇللانى تام گېزىتىگە رەسسام قىلىپ سايلاشتى.

**سايلام** ئى ① بېلەت تاشلاش ياكى قول كۆتۈرۈش قاتارلىق ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ۋەكىل ياكى مەسئۇل خادىملارنى سايلاش ئىشى: ئەگەر سايلام ئۆتكۈزسەك، ئاما جەزمەن ئەزىمەتنى يېزا باشلىقى قىلىپ سايلايدۇ. ② مۇشۇنداق سايلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىن، مۇراسىم: ھاجى توختى بۇ سايلامدا كىمنى قوللاش كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى.

**سايلامسىز** رەۋ. سايلام ئۆتكۈزمەي، سايلىماي: سايلامسىز تەيىنلىمەك.

**سايلاملىق** رەۋ. سايلام ئۆتكۈزۈپ، سايلاش ئارقىلىق: سايلاملىق تەيىنلەش.

**سايلانغۇچى** ئى. سايلانغان ياكى سايلىنىدىغان شەخس، كىشى.

**سايلانماق** «سايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇغراخان زاۋۇت پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

**سايلىغۇچى** ئى. سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرا: سايلامدا ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ پەقەت بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بار.

**سايلىق** ئى. تاش ۋە شېغىل بىلەن قاپلانغان، كەڭ كەتكەن قاقاس جاي؛ ساي: ئاپتوبۇس ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرگەن بولسىمۇ، سايلىقتىن چىقىپ بولالمىدۇق.

**سايلىماق** پ ① قول كۆتۈرۈش ياكى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ۋەكىل ياكى مەسئۇل خادىملىققا كۆرسەتمەك، تەيىنلىمەك: خەلق سامساق ئاكىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلىدى. ② باھالاش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلغاپ چىقماق، تاللىماق: ئۇلار رازىيەمنى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى قىلىپ سايلىدى.

**سايىماق** I پ ① سانجىماق: بېلىق سايىماق. ② ئۇچلۇق نەرسىنى دېۋەيلىمەك: ئۇ قوللىرىنى كۆزۈمگە سېيىپ تۇرۇپ تىللىدى.

**سايىماق** II پ. ديال. سانىماق، ھېسابلىماق، كۆرمەك.

**سايمان** ئى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، ئۈسكۈنە: تەجرىبە شىرەسى ئۈستىگە تۈرلۈك سايمانلار قويۇلغانىدى.

**سايمان - جابدۇق** سايمان ۋە جابدۇق، ئومۇمەن تۈرلۈك ئۈسكۈنە - ئەسلىھەلەر.

**سايمانلىق** سۈپ. سايمان قىلىشقا، سايمان ياساشقا بولىدىغان، سايمان ياساشقا لايىق: سايمانلىق پولات.

**سايوز** ئى [ر] ① سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى. ② ئىتتىپاق، بىرلەشمە: يازغۇچىلار سايوزى.

**سايۋا** ئى [پ <ئە] ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى.

**سايۋا ئۈزۈم** <بوت> ← **سايۋا**.

**سايىپەرەس** سۈپ [پ] <بوت> سايىدا ئۆسۈشكە مۇۋاپىقلاشقان، سايىغا ماسلاشقان: سايىپەرەس ئۆسۈملۈك.

**سايداتماق** «سايدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى0 سى: رەيھانەم باشاق تېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى سايدىتىدىغان جاي ئىزدەۋاتاتتى.

**سايداشماق** «سايدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئورمىچىلار كۈن تىكلەنگەندە، ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سايداشتى.

**سايدىماق** پ. سايە جايدا ئارام ئالماق، سالقىندىماق: يازنىڭ تونۇردەك ئىسسىقىدا بىز بۇ دەرەخ ئاستىدا سايداپ كىتاب كۆرىمىز.

**سايىزار** سۈپ. سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان، سايىلىق: سالام دەپ ئىشىك ئېچىپ كۆكتە قۇياش، ئالەمگە جىلۋىنىپ باققىنىدا سايىزار مەھەللىلەردە ئويناق ئېقىن، يالتىراپ ئالتۇن بولۇپ ئاققىنىدا.

**سايىسىدا** تىر ① سايە ئاستىدا. ② ئارقىلىق، ئارقىسىدا؛ تۈپەيلى، تۈپەيلىدىن: بۇغداينىڭ سايىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ (ماقال). * ئۆزلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق بىلەن قىلغان ئىلتىپاتلىرى سايىسىدا بىر ئاز پۇللۇق بولۇپ قالدۇق.

**سايىسىز** سۈپ ① سايىسى يوق، سايە چۈشۈرمەيدىغان: سايى-سىز دەرەخ. ② سايە چۈشمەيدىغان، قاقاس: سايىسىز قاقاس يەر.

**سايىقى** سۈپ. ديال. ھېلىقى، بايىقى.

**سايىك** ئى [پ] ديال. كۆك كىشمىش ئۈزۈم.

**سايىلاندۇرماق** پ <تېب> نۇر ئارقىلىق سايىسىنى، تەسۋىرىنى چۈشۈرمەك.

**سايىلاندۇرۇش** ئى <تېب> بىمارغا ئىچكى ئەزالارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان نۇر ئۆتكۈزمەس دورىلارنى يېگۈزۈپ ياكى ئوكۇل قىلىپ، ئەزالارنى رېنتگېن ئاپپاراتىدا روشەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش.

**سايىلىق** ① سۈپ. سايىسى بار، سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان: سايىلىق باغ. ② ئى. سايە يەر: بىز سايىلىقتا ئولتۇردۇق. ③ ئى. سايە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قۇرۇلما، سايىۋەن: دادام بۇ سۆگەتنى ھويلىمىزغا بىر سايىلىق بولارمىكىن دەپ تىككەنىكەن.

**سايىن** تىر. ۋاقىت مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەدرىجىي كۈچەيگەندىلىكى ياكى تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: فابرىكىمىز ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتنىڭ يىلسايىن ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىشكە باشلىدى.

**سايىۋەن** ئى [پ] ① كۈن نۇرى ياكى يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە كۈنلۈك سىمان رەخت تۇتۇلغان قۇرۇلما: ئۇ سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرۇپ دوغاپچىلىق قىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. باشپاناھ، ھامىي، خەيرخاھ: ئۇ ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىگە سايىۋەن بولغان ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

**سايىۋەنلىك** سۈپ. ئۈستىدە سايىۋىنى بار، سايىۋەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كىچىك خانىش دائىم يىپەك سايىۋەنلىك كۆركەم سەيلە كېمىسىگە ئولتۇرۇپ كۆلدە ئوينايتتى.

**سەبدەر** ئى <بوت> كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى سېرىق ياكى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە هويلا ۋە باغچىلاردا مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**سەبرە** ئى [پ <ئە] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنى تەركىبىدىكى شىرىنىسىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، تەرەتنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش ۋە هەيز ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە. «ئالوي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سەبنامە** ئى [ ئە + پ ] تىللاپ، هاقارەتلەپ يېزىلغان خەت: ئۇلارنىڭ ئورنىدا سۇلتان ئەلىگە ئاتالغان بىر سەبنامە بار ئىكەن.

**سەبىي** سۈپ [ئە] ① ۋايىغا يەتمىگەن، گۆدەك، كىچىك: بۇ گۈل ـ گىياهلار گويا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەبىي قىزلارنى ئەسلەتەتتى. ② تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، كۆپ ئىش كۆرمىگەن، نادان: ئۇنىڭ بۇ قىلىقى سەبىي قىزنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. ③ كۆچمە. هىيلە ـ مىكىردىن يىراق، پاك، ساپ: سەبىي دىللارغا ئەجدادىڭ پىغان، مۇڭ دادى ئىز سالدى، بۇ چاغ يانغان ئىدى قەهرۇغەزەپ گۈلخانى سەنئەتنىڭ.

**سەبىيلىك** ئى. سەبىيلەرگە خاس خاراكتېر، تۇرق ـ هالەت: جەرەن كۆزى، سۈزۈك لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ سەبىيلىكي روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

**سەپ** I ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان قاتارى: سەپكە تىزىلماق. سەپ بولماق. ② مەلۇم مەقسەتتە ئۇيۇشقان كىشىلەر توپى، تارماق، ساهە: ۋاهاپ ياشلار سېپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ③ جەڭ ياكى كۈرەشتە بىر رەهبەرلىك ئاستىدا تەشكىللەنگەن قوشۇن ۋە مۇشۇنداق قوشۇن ئورۇنلاشقان جاي: ئالدىنقى سەپ.

**سەپكە ئاتلانماق** ① تەشكىللىنىپ هازىرلانماق، تەييارلانماق: پوسكام گۈلباغ گۇڭشېسىدا 4300 دىن ئارتۇق كىشى سەپكە ئاتلىنىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش بويىچە دولقۇن قوزغىدى. ② كۈرەشكە، جەڭگە كىرمەك: خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ھەممىمىز قەسەمياد قىلىپ، سەپكە ئاتلىنايلى.

**سەپنى يارماق** بەلگىلىك دائىرىدە قارشىلىق كۆرسەتكەن، توسقان مەلۇم قوشۇننى، توپنى بۆسۈپ ئۆتمەك: دورغىلار قانچە قىلسىمۇ، سەپنى يېرىپ ئاسمىغا يېقىنلىشالمىدى.

**سەپ** II ئى. پەم: هەيدەر، راست، سەن تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، سەپ بىلەن پۇل خەجلەپ بېيىغان ئادەمسەن.

**سەپ** III ئى . دىيال. بولغۇسى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي جاهازلىرى.

**سەپەچ** ئى [ پ ] سەللىنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئىشانلىق سەللىسى: بۇ بەش لىباس كۇلاھ، جەندە، سەپەچ، سەندەل ۋە سۇف كىپەندۇر.

**سەپەر** I ئى [ئە] سەپەر ئاي. هىجرىيەنىڭ 2 ـ ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى هېسابىدىكى 2 ـ ئاي. 29 كۈن بولىدۇ.

**سەپەر** II ئى [ئە] مەلۇم بىر ئىش ياكى زىيارەت ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش؛ يول: هاتەم ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇ-

بىر سۆزلەپ بەردى ۋە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى دېدى.

**سەپەرچى** ئى. سەپەرگە چىققان ياكى سەپەردە بولغان كىشى: ئايىغى قەيەردە بىلمەيمىز ئۇنىڭ، ئايىغى ئۈزۈلمەس سوتانلارنىڭ، هەم بارىدۇ سەپەرچى بەخت قويىندا، جەننەتتىن ـ جەننەتكە قويغاندەك قەدەم.

**سەپەرداش** ئى. سەپەردە بىرگە بولغان كىشى، سەپەردىكى هەمراھ: ئالىمجان مەن بىلەن سەپەرداش ئىدى.

**سەپەرداشلىق** ئى. سەپەردە بىرگە بولۇش، سەپەردە بىرگە يۈرۈش، سەپەردىكى هەمراهلىق: بىزنىڭ سەپەرداشلىقىمىزمۇ شۇ يەردە تاماملانغانىدى.

**سەپەرسىز** سۈپ. سەپەرگە چىقمىغان، سەپەر قىلمىغان: ئۇنىڭغا بۇ سوئالنىڭمۇ سەپەرسىز هەل بولمايدىغانلىقى ئايان بولدى.

**سەپەرلىك** سۈپ. سەپىرى بار، سەپەرگە ئىگە: تىجارەتچى بىلەن مالنىڭ مۇناسىۋىتى تىجارەتچى تۇرمۇشىنىڭ دولقۇنسىمان ئۆزگىرىشچان، سەپەرلىك خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن.

**سەپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] جەڭگىۋار هالەتكە كەلتۈرۈلگەن، تەييارلانغان: سەپەرۋەر قىلماق.

**سەپەرۋەرچى** ئى. بىرەر ئىش، پائالىيەتكە باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلغۇچى، جەلپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرغۇچى: لەيلىگۈل بۇ ئىشلارنىڭ سەپەرۋەرچىسى ئىدى.

**سەپەرۋەرلىك** ئى. مەلۇم بىر ئىش ياكى پائالىيەتنى ئورۇنلاش يولىدىكى جەڭگىۋار، قىزغىن تەييارلىق هالىتى ۋە شۇنداق هالەتكە يۈزلەندۈرۈش، دەۋەت: سەپەرۋەرلىك يىغىنى. سەپەرۋەرلىك دوكلاتى.

**سەپپەن** رەۋ [ئە] سەپراس، سەپ ـ سەپ.

**سەپپەن ئېيتماق** ئۇن سېلىپ، ۋارقىراپ كىشىلەرنى ناماز ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش ئۈچۈن سەپراس بولۇشقا، جەم بولۇشقا چاقىرماق.

**سەپتۈرۈلمەك** «سەپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شال مايسىلىرىغا قۇرۇق دورا سەپتۈرۈلگەنلىكتىن، تەدرىجىي قارىداشقا باشلىدى.

**سەپتۈرمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خامانغا سۇ سەپتۈردى.

**سەپچى** I ئى. دىيال. قىرنىڭ ئېگىز ـ پەس، ئوي ـ دوڭغۇللىرىنى ئېلىپ تۈزلىگۈچى.

**سەپچى** II ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**سەپداش** ئى [ئە + پ] ① <هەرب> هەربىي خىزمەتتە بىرگە، بىر سەپتە بولغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): ئۇلار ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بىر خەندەكتە جەڭ قىلغان يېقىن سەپداشلاردىن ئىدى. ② كۆچمە. بىر ساهە، بىر تەشكىلات ياكى بىر ئورۇندا بىرگە ئىشلىگەن، كۈرەش قىلغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): بىلال ئەزىزى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى.

**سەپداشلىق** ئى. سەپداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، سەپداشلارغا خاس يېقىنلىق: سەپداشلىقىمىز يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم.

**سەپرا** [ئە] ① ئى <تېب> سارغۇچ رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق. جىگەردە ئىشلىنىپ ئۆت خالتىـ

سىغا چۇشۇپ قويۇقلىشىدۇ. ئۇ مايلارنى پارچىلاپ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. سەپرا خىلتى ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىگەن كىشىلەر روھىي جەھەتتە ئىتتىك، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، كۆز ئېقى ۋە تىلى سارغۇچ، ئۇيقۇسى كەم بولىدۇ. ② ئى. قەي، قۇسۇق: سەپرا قىلماق. ③ سۇپ. كۆچمە. ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان، چېچىلغاق، تېرىككەك: قاتتىق يىللارمۇ ئۆتتى. قابىل دېھقان جامى سەپرا بوۋايغا ئايلاندى.

**سەپرا خالتىسى** ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان خاراكتېر، ئادەت: بىزنىڭ دۇيجاڭ تازا بىر سەپرا خالتىسى ئادەم. ھازىر ئۆيگە كىرمەيلى، كېيىن كەيپىنى كۆرۈپرەك ئاندىن سۆزلەشمەمدىمىز؟

**سەپراسىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۇرمەك، زەردىسىنى قايناتماق: بۇ كۇتۇلمىگەن ھادىسە بەزىلەرنىڭ سەپراسىغا تەگدى.

**سەپراسى ئۆرلىمەك** بەك ئاچچىقى كەلمەك. جۇدۇنى تۇتماق، قاتتىق ئاچچىقلانماق: ھېكىم سۆزلىگەنسېرى ئابدۇللا داۋۇتنىڭ سەپراسى ئۆرلى[illegible] ۋە جۇدى تىترىگىلى تۇردى.

**سەپراس** رەۋ. [illegible] رىتى، قاتارى بىلەن، قاتار ـ قاتار: ئەتراپتىكى لەشكەرلەر [illegible]ۇق جابدۇنۇپ قوللىرىغا قورال ـ ياراغ ئالغان ھالدا سەپراس تۇراتتى.

**سەپرالاشتۇرماق** «سەپرالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەپرالاشتۇرۇشماق** «سەپرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەپرالاشتۇرۇلماق** «سەپرالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەپرالاشماق** پ. ئاچچىقلىنىدىغان، چېچىلىدىغان بولۇپ قالماق؛ سەپرا بولماق، ئاچچىقلانماق: مەھبۇبە ئېلىنىڭ سەپرالاشقان چىرايىغا قاراپ ئازابلىناتتى.

**سەپرالاندۇرماق** «سەپرالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەپرالاندۇرۇشماق** «سەپرالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەپرالاندۇرۇلماق** «سەپرالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەپرالانماق** پ ← **سەپرالاشماق**: سۇلتان ئابدۇرېشىتخان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرمەيدىغان، كىشىلەرگە گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان، خىلۋەتخانىسىغا كىرىۋالسا ھېچكىمنى كىرگۇزمەي يېرىم كۇنلەپ خىيال سۇرۇپ ئولتۇرىدىغان، كىشىلەر كۆپرەك گەپ قىلسا سەپرالىنىپ ۋارقىراپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**سەپرالىق** ① ئى. ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئۇ ئەركىنىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەپرالىقى تۇتتى ـ دە، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى. ② سۇپ. بەدەندىكى سەپرانى كۆپەيتىدىغان، سەپرانى قوزغايدىغان: سەپرالىق نەرسىلەر جىگەرگە زىيانلىق.

**سەپرائوت** ئى [سەپرا + ئوت] <بوت> سوزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە، گۇلى ئاق ياكى سۇس بېغىر رەڭلىك كېلىدۇ.

يىلتىزى ئاق ۋە پوستى قېلىن. پۇتۇن ئۆسۈملۈك تېنى ئالاھىدە خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە يىلتىز پوستى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يەل ھەيدەش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، زەھەرنى كېسىش ۋە قىچىشقاقنى بېسىش روللىرىغا ئىگە.

**سەپسالدۇرماق** «سەپسالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەن بۇ رەسىمنى ياسىنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ سەپسالدۇرۇپ باق.

**سەپسالماق** پ. دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىماق، تەپسىلىي قاراپ چىقماق: ئالمىخانىنىڭ بېغى بار، گۇل تۇۋىدە چېچەكى بار، ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار ئۇڭ قېشىدا مېڭى بار.

**سەپ ـ سەپ** رەتلىك بىرقانچە سەپ، قاتار ـ قاتار: شەھەر خەلقى كوچىلارنى سۇپۇرۇپ سۇ چېچىپ، گۆر ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئىس[illegible]قبالىغا سەپ ـ سەپ بولۇپ چىقىشتى.

**سەپسەتە** ئى ① <پەلس> توغرا پىكىر قىلىش قائىدىسىگە خى[illegible]پ پىكىر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى خاتا ئەكس ئەتتۇرۇشىدۇر. ② تېگى يوق، ئاساسسىز، قۇرۇق گەپ: سەپسەتە ساتماق.

**سەپسەتىچى** ئى. ئاساسسىز، بىمەنە گەپ قىلغۇچى، قۇرۇق گەپ، سەپسەتە ساتقۇچى: سەپسەتىچى كۆنمەس ئىشتا مۇشەققەتكە، يوقنى بار دەپ كۆز يۇمغۇسى ھەقىقەتكە.

**سەپسەتىچىلىك** ئى. يالغان نەزەرىيەلەرنى توقۇش، ئاساسسىز، بىمەنە گەپ قىلىش، ق[illegible]ۇق گەپ سېتىش ۋە مۇشۇنداق ئادەت: ئالىم دېگەن سەپسەتىچىلىك [illegible]لەن كۇن ئۆتكۇزۇشكە ئادەتلەنگەن بىر نېمە.

**سەپسەتىۋاز** ئى ← **سەپسەتىچى**.

**سەپسەتىۋازلىق** ئى ← **سەپسەتىچىلىك**.

**سەپسېلىشماق** «سەپسالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئابدۇۋايىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرقۇر سەپسېلىشتى.

**سەپكۇ** ئى. كىگىز چىلىكتە چىغدانغا سېلىنغان يۇڭغا سۇ سېپىدىغان چىغ سۇپۇرگە.

**سەپكۈچ** ئى: سۇ قاتارلىق سۇيۇقلۇقلارنى ئۇششاق تامچە قىلىپ چاچرىتىپ چۇشۇرۇپ بېرىدىغان تورسىمان جوغىسى بار ئاپتۇۋا شەكىلدىكى قاچا.

**سەپكۇن** ئى <تېب> ① بىر خىل تېرە كېسىلى. بۇنىڭدا يۇزدە، بەزىدە بەدەندە سارغۇچ قوڭۇر ياكى قارا قوڭۇر رەڭدىكى ئۇششاق داغلار پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ ۋە قىچىشمايدۇ. ② يۇزدە بولىدىغان شۇ خىل داغ: رۇقىيەنى بۇرنىنىڭ ئەتراپىدىكى شالاڭ سەپكۇنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چىرايلىق قىز دېيىشكە بولاتتى.

**سەپكۇنلۇك** سۇپ. سەپكۇنى بار، سەپكۇن قاپلىغان: شەمەرنىڭ سەپكۇنلۇك يۇزى ئېسىلىپ، لەۋلىرى تىترىدى.

**سەپلەتمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەپلەشمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەپلەنمەك** «سەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇتلەق زور كۆپچىلىك ئورۇنلاردا كادىرلار تېخى سەپلىنىپ بولغىنى يوق.

**سەپلىك** سۇپ. سەپكە تىزىلغان، سەپ تۇزگەن؛ رەتلىك: ئاتلىق قىسىملار ھەر قاتىرى ئۇچ ئاتتىن تۇزۇلگەن ئۇزۇن سەپلىك تاقىملار بويىچە يورغىلىتىپ مېڭىش ھەرىكىتىنى كۆرسەتتى.

**سەپلىمە** سۈپ. سەپلەش، تولۇقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان: سەپلىمە بۇيۇم. سەپلىمە ھۆججىتى.

**سەپلىمەك** پ ① ئېھتىياجغا ئاساسەن بوش، كەم قالغان ئورۇننى ئادەم ياكى ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق تولۇقلىماق: ئۇلاردىن قايسىبىرى كېمەيسە يەنە بىرىنى سەپلەشكە ئىمكان يوق ئىدى. ② ئالماشتۇرماق: ئۇنى قالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا سىزنى سەپلىدىم ـ دە، ئىشنى تامام قىلدىم. ③ قاتماق، قوشماق: دادىمىز ئۆلگەندە، ئۇنىڭ قولىدىكى ماتا ـ چوتالىرى قەرزگە يەتمەي، ئۆيدىكى جابدۇقلارمۇ سەپلەپ بېرىلدى.

**سەپمەك** پ ① سۇيۇقلۇقنى توزان ياكى تامچە قىلىپ باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە پۈركۈمەك، چاچماق: ھېلىقى بېيىت ئېيتقۇچى قولىدىكى چاينى ئايالنىڭ يۈزىگە سەپتى، ئۆينى كۆلكە ئاۋازى قاپلىدى. ② تالقان ياكى ئۇن ھالىتىدىكى نەرسىلەرنى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە توزۇتماق، چاچماق: يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سېپىپتۇ (ماقال). ③ بىر تەكشى تارقىتىپ چۇشۇرمەك، سالماق: ئۇنىڭ ئاق يەرنى كۆرسىلا ھەر خىل ئۇرۇقلارنى سېپىپ قويۇپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ④ كۆچمە. تاراتماق، يايماق، چاچماق: ئويغىنىمەن ئاۋازىڭ قۇلىقىمغا يەتكەندە، تاڭ چولپىنى نۇرىنى يۈزلىرىمگە سەپكەندە.

**سەت** سۈپ ① كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، چىرايلىق ئەمەس، كۆرۈمسىز: ياشنىڭ سەتى يوق، قېرىنىڭ چىرايلىقى يوق (ماقال). ② ئەيىب دەپ قارىلىدىغان، ئۇياتلىق: يىگىت ئادەمگە «ئالىمەن دېگەن قىزنى تارتقۇزۇپ قويۇپتۇ» دېگەندىن سەت ئىش يوق. ③ كۆچمە. قۇلاققا ياقمايدىغان، يېقىمسىز ئىشىتىلىدىغان، قوپال: ئۇلار سەت ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ كەينىگە يېنىشتى. ④ «ياخشى ئەمەس، يامان، ئۇيات» دېگەن مەنىسىدە كېسىم رولىدا كېلىدۇ: بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەن سەت.

**سەت بولىدۇ** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ: بولدى قىلىسىلا، دادىسى، گەپ بولسا چىرايلىق قىلىسىلا، بۇنداق ۋارقىراۋەرسىلە، قولۇم ـ قوشنىلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ.

**سەتەڭ** ① ئى. چىرايلىق كىيىنىپ، پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان ئايال: سەن تونۇمسەن ئۇ سەتەڭنى؟ قالتىس ياسىنىپتۇ جۇمۇ! ② سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن: بىچارە ئايال ياش ۋاقتىدا خېلى سەتەڭ، ئەپچىل بولغىيتتى؟

**سەتەڭلەشمەك** پ. چىرايلىقلاشماق، گۈزەللەشمەك، سەتەڭ بولماق.

**سەتەڭلىك** ئى. چىرايلىق كىيىنىپ، پەرداز قىلىپ ئۆزىنى باشقىلارغا چىرايلىق، گۈزەل كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش ئادىتى؛ چىرايلىقلىق، ساھىبجامالىلىق: ئۇ بىر زامانلاردا سەتەڭلىكى بىلەن نى ـ نى يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

**سەتچىلىك** ئى. كىشىلەر ئالدىدا ئۇيات ۋە خىجىللىقتا قالىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق: ھايال بولماي تېزرەك كەلگىن، ئۇ كىشىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشمۇ سەتچىلىك.

**سەتر** ئى [ئە] يېزـ ت ① باسما ياكى يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەربىر يولى، قۇر: ھاسىل بولۇر قەترىلەردىن، بولۇر دېۋانلار ھاسىل سەترلەردىن. ② كۆچمە. قورۇق، سىزىق: ئېھا! ئەجەب چاغ ياشلىق باھارى، قايدا كەتتىڭ ئەمدى سەن قېچىپ، قىچقارمىغان مېھماندەك سۆرۈن، سەترلەرنى ئەپتىمگە چېتىپ.

**سەترەنج** ئى [ پ < ھىندى ] شاھماتقا ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمىي ئويۇن: ھەر كىشى ئوينىسا سەترەنجىنى، ئۆزىگە تاپقۇسىدۇر ئۆز رەنجىنى، ھەر كىشىكى مات بولسا ئىككى پىل بىلەن، دەردى چەكمايدۇ ئىككى ئون بەش يىل بىلەن.

**سەتلەشتۈرمەك** «سەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تەلەتىنى زىيادە سەتلەشتۈردى ـ دە، تىلىنى چىقىرىپ، ئىسقىرتىپ، قولىدىكى سۇيۇق لايىنى ئانىغا چاچتى.

**سەتلەشتۈرۈلمەك** «سەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەتلەشمەك** ① «سەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى سەتلىشىۋاتىدۇ، ـــ دېدى بالا يىغلاپ تۇرۇپ. ② سەت، كۆرۈمسىز بولۇپ قالماق: لايلار چاپلىشىپ، كەتتىم سەتلىشىپ، قېچىشتى ئۇلار تېخى سەكرىشىپ. ③ باشقىلار ئالدىدا سەت، يېقىمسىز، ئۇياتلىق قىلىقلارنى قىلماق: سىزگە بىركىم ئوت ئېلىشىپ بەر دېدىمۇ؟ يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ سەتلەشمەي!

**سەتلىك** ئى. كۆرۈمسىزلىك، چىرايلىق ئەمەسلىك: ۋايجان، ئۇنىڭ سەتلىكىنى دېمەمدىغان، قارىسا قورققۇسى كېلىدۇ.

**سەتلىمەك** پ. تىللىماق، ئەيىبلىمەك، ھاقارەتلىمەك: رەيھاننى بۇ ئىشى ئۈچۈن بەك سەتلەپ كەتتى.

**سەتھ ( سەتھى )** ئى [ئە] يېزـ ت. نەرسىلەرنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، يۈزى: ئېھ، گۈزەللىكىمۇ شۇنداق بولاركەن، چوغدەك قەلب تۇن قوينىغا زىننەت قوشاركەن، يەردە يۇلتۇز، يۇلتۇز ئەمەس نۇرلۇق چىراغ ئۇ، كۆك سەتھىدە ئۇكەرنىمۇ نۇرسىز قىلاركەن!

**سەتىن** ئى [ر<فىران] يىپەككە ئوخشاش پارقىراق، تورلىما يوللۇق يىپ رەخت.

**سەجئە** ئى [ئە] <ئەد> قاپىيەلىك نەسر. بۇ كۆپرەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر شەكىلدۇر. خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلارنىڭ نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان جايلىرىمۇ «سەجئە» دېيىلىدۇ.

**سەجدە** ئى [ئە] <دىن> ناماز ئوقۇغان، ئىبادەت قىلغانلارنىڭ بېشىنى ئېگىپ، ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ، پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزۈشى: بۇنى كۆرگەن ھاتەم خۇشاللىقىدىن خۇداغا شۈكۈرلەر قىلىپ سەجدىگە باش قويدى.

**سەجدە قىلماق** ① <دىن> ناماز ئوقۇغان ياكى ئىبادەت قىلغاندا تىز چۆكۈپ، ئىككى قول بىلەن يەرنى تىرەپ، پېشانىنى يەرگە تەگكۈزمەك، باش قويماق. ② كۆچمە. باش ئەگمەك، بويسۇنماق، تىز چۆكمەك: يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا ئالامەت يوغان بەتھەيۋەت 77 دېۋە يىگىتكە سەجدە قىلىپ، يەر سۆيۈپ ياتقۇدەك.

**سەجدىگاھ** ئى [ئە + پ] ① سەجدە قىلىدىغان جاي: سەجدىگاھقا باش قويماق. ② كۆچمە. مۇقەددەس، ئەزىز، ئۇلۇغ جاي: بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا داستىخاندىن باشقا ھېچقانداق ئۇلۇغ سەجدىگاھ بولمايتتى.

**سەدەپ** ئى [ئە] . بەزى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ يالتىراق، قاتتىق قاسىرىقى: سەدەپ قۇلۇلىسى.

**سەدەپگۈل** ئى [سەدەپ + گۈل ] ← **جەزبۇزار.**

**سەدپارە** سۈپ [پ] ① يۈز پارە، پارە ـ پارە: سەدپارە يۈرىكى چېكىدۇ پىغان،// يۈرىكىم سەدپارىسى، باسما كۆڭلەكلىك جۇۋان. ئەجەب يامان دەردى بار، شايە كۆڭلەكلىك جۇۋان. ② كۆچمە. پەرىشان، ۋەيران: زېۋىر ـ

شا سىلەردىنمۇ بەتتەرەك سەدپارە!

**سەدپارىچىلىق** ئى. پاراكەندىچىلىك، پەرىشانلىق، بىئاراملىق: شۇ سەدپارىچىلىقتا بىرىڭلەر چوقان سالىسىلەر، شۇنداق قىلىپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز.

**سەددىچىن** ئى [ئە + پ] «جۇڭگو سېپىلى» دېگەن مەنىدە. سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەددىچىن سېپىلى** <جۇغ> مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە چىن شىخۇاڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرقايسى بەگلىكلەر قۇرغان سېپىللارنى تۇتاشتۇرۇش ئاساسىدا سالدۇرغان ئۇزۇن سېپىل. غەربتە جىيايۇگۇەندىن باشلىنىپ شەرقتىكى شەنخەيگۇەندە ئاياغلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**سەدرە** ئى [ ئە ] يېز ت. مۇقەددىمە، باشلىنىش: «راك مۇقامىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى»نى تۇردىئاخۇن ئاكا بىرىنچى تېكىستىدە مۇنداق سەدرە بىلەن باشلايدۇ.

**سەدىر** ئى [ئە] ۋاڭلىق تۇزۇمىدە كەتمۇالنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاش يېغىدىغان ۋە ساڭغا قارايدىغان كىشى.

**سەدىقە** ئى [ئە] <دىن> ① تىلەمچى ياكى موھتاجلارغا بېرىلىدىغان ئىنئام، خەير - ئېھسان: مەخسۇت بەگ 30 مىڭ داچەن سەدىقە تارقاتتى. ② نىجات ئىزدەپ، ئەزىز ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ روھىغا ئاتاپ خۇدا يولىدا بېرىلىدىغان ئېھسان: مەسچىتلەرنىڭ سەدىقە كىرىمىنى خەلققە، ئىسلامغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك.

**سەدىقە - پىتىر** <دىن> روزا ئاخىرلىشىپ ئېغىز ئېچىلغاندا قىلىنىدىغان سەدىقە ۋە سەدىقە قىلىنىدىغان نەرسە.

**سەدىقىچى** ئى. سەدىقە تىلىگۈچى.

**سەدىقىخانا** ئى. خەلقتىن سەدىقە يىغىپ يېتىم - يېسىر، مۇساپىرلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئورۇن: قەشقەردە بۇرۇن سەدىقىخانىلار قۇرۇلغانىدى.

**سەر** I مىق [پ] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر جىڭنىڭ ئوندىن بىرى: بىر سەر ئالتۇن. بىر سەر كۈمۈش. * مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر (ماقال).

**سەر** II [پ] يېز ت ① ئى. باش، كاللا. ② سۈپ. ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، باشلامچى: سەر لەشكەر.

**سەراپ** I ئى [پ] مۇنچا، ھامام: سەراپقا چۈشمەك.

**سەراپ** II ئى [پ] ← **ئىزىتقۇ:** يىراقتا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان سەراپ بىزنى ئىزىتقۇرالمىدى.

**سەرەبىل** ئى [ پ ] <بوت> مەرۋايىتگۈل: ئۇندىن قالسا كاپۇستا، سەرەبىل، گۈلكاپۇستا، كۈدە، پېدىگەن، قىزىلچا قاتارلىقلار ئەڭ ياخشى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

**سەرەتان** ئى [ئە] <ئاستر> ① سەرەتان بۇرجى. ② 24 مەۋسۇمنىڭ سەككىزىنچىسى. مىلادىيە 20، 21 ياكى 22 - مايلارغا توغرا كېلىدۇ: سۇمبۇلدا سۇ سال، مىزاندا تەر، سەرەتاندا ئور (ماقال). ③ راك: ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىلىرى سەرەتان، بەرەس (ئاقكېسەل) كېسەللىكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭغا دورا ۋە چارىلەر تېپىۋاتىدۇ.

**سەرەتان بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ تۆتىنچىسى. ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى 90° تىن 120° قىچە. ئەسلىي ئورنى سەرەتان يۇلتۇز تۇركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەۋزا يۇلتۇز تۇركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 22 - ئىيۇننىڭ ئالدى - كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم يازلىق كۈن توختىشى بولىدۇ.

**سەرەڭگە** ئى. ئوت ھاسىل قىلغۇچى بىر خىل بۇيۇم، قېپى قۇتا شەكلىدە، ئىچىدە ئىنچىكە ياغاچ پارچىلىرىدىن قىلىنغان ئۇششاق تاللىرى بولىدۇ. تاللىرىنىڭ بىر بېشى فوسفور ياكى گۈڭگۈرت بىرىكمىلىرىگە چىلانغان، قېپىنىڭ يان تەرىپىگە فوسفور سۈركەلگەن. تېلىنى قېپىغا سۈركىگەن ھامان ئوت ھاسىل بولىدۇ.

**سەرەمەس** ئى <تېب> تىلما كېسىلى.

**سەرەمجان** [پ] ① ئى. ئۆي، زال قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بىسات، جاھاز، جابدۇق قاتارلىق نەرسە - كېرەك: ئۆي سەرەمجانلىرى. ② سۈپ. ھەممە نەرسىلەر خىلى - خىلى بىلەن ئۆز جايى - جايىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان؛ تەرتىپلىك، رەتلىك: ھويلا ئىچى شۇنچە پاكىز، سەرەمجان، گۈللۈكلەردىكى گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ تۇراتتى. ③ سۈپ. ئىشنى جايى - جايىدا، تەرتىپلىك، رەتلىك بېجىرىدىغان؛ ئىنچىكە ۋە پۇختا ئىش قىلىدىغان: سەرەمجان ئادەم. سەرەمجان ئايال.

**سەرەمجانلاشتۇرماق** «سەرەمجانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە خانىسىنى قايسى قىز كېلىپ شۇنچە چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى؟

**سەرەمجانلاشتۇرۇلماق** «سەرەمجانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پېشايۋان ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلدى.

**سەرەمجانلاشماق** پ ① سەرەمجىنى بار بولماق: ئۆيلىرى ئوبدانلا سەرەمجانلىشىپ قالدى. ② سەرەمجانلىرى رەتلىك، جاي جايىغا قويۇلماق، سەرەمجان ھالەتكە كەلمەك، سەرەمجان بولماق: ياغاچلار ئىشچىلارنىڭ قىزغىن ھەرىكەتلىنىشى بىلەن بىردەمدىلا سەرەمجانلاشتى.

**سەرەمجانلانماق** پ. سەرەمجانلاشماق: ھەيدەر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاددىي سەرەمجانلانغان، پاكىز ئۆيىدە تۆمۈر خەلپىنى مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا پات - پات قاراپ قويۇاتتى.

**سەرەمجانلىق** ئى. سەرەمجان بولغان ھالەت: تەكشۈرگۈچىلەر ئەتراپتىكى ئادەتتىن تاشقىرى تازىلىق ۋە سەرەمجانلىقتىن ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالمىدى.

**سەربەست** سۈپ [پ] يېز ت. ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىدىغان؛ ئەركىن، مۇستەقىل: ئىچىپ سۇنغان شارابىڭنى بولۇپ مەست، ئېلىپ بىردەم نەپەس، ئازاد - سەربەست.

**سەربىز** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، گىرۋىكىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ. گۈلىنىڭ چۆرىسى ئاق، ئوتتۇرىسى سېرىق، كۈزدە ئېچىلىدۇ.

**سەرپ** I ئى [ئە] ئومۇمەن بىرەر مەقسەت ئۈچۈن پۇلنى ياكى كۈچنى، زېھنىنى ئىشلىتىش؛ خىراجەت؛ چىقىم: پۇل

سەرپ قىلماق. كۆچ سەرپ قىلماق. زېھنىنى سەرپ قىلماق.

**سەرپ** II ئى [ئە] كونا. مورفولوگىيە.

**سەرپاي** ئى [پ] كونا. كىيىم - كېچەك، ئۇستىباش: ئايال يېڭى سەرپايلارنى ساندۇقتىن ئېلىپ بەردى.

**سەرپلەنمەك** «سەرپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باھاردا ئۈزۈم تېلى يىلتىزلىرى ئارقىلىق تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلىق سۇلارنى سۈمۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تېخى تال يوپۇرماقلىرى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يەردىن سۈمۈرۈۋېلىنغان ھېلىقى سۇلار سەرپلەنمەيدۇ - دە، تالنىڭ زەرەرلەنگەن جايىدىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئېقىپ تۇرىدۇ.

**سەرپلىمەك** پ. خىراجەت، چىقىم قىلماق؛ سەرپ قىلماق، ئىشلەتمەك: پۇل سەرپلىمەك.

**سەرپۇش** ئى [پ] تۆپىسى تۆرۈك ھەم ئېگىزرەك، چۆرىسىگە قاما ياكى كۆرپىدىن نىسبەتەن تارراق جىيەك تۇتۇلىدىغان بىر خىل تۇماق، سەللە تۇمىقى: بوۋاي بېشىغا نېپىز سەرپۇش كىيىۋالغانىدى.// سەرپۇش تۇماق.

**سەرپىيات** ئى [ئە] خىراجەتلەر، چىقىملار: ماي سەرپىياتى. ئېنېرگىيە سەرپىياتى. توك سەرپىياتى.

**سەرپىياتلىق** سۈپ. سەرپىياتى بار، سەرپىياتقا ئىگە: «ھالقىش - 2» بەلگىلىك يېقىلغۇ باتارېيەلىك پىكاپ مۇھىت بۇلغىماسلىق، تۆۋەن سەرپىياتلىق، تۆۋەن شاۋقۇنلۇق بولۇشتەك ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە.

**سەرتال** ئى [سەر + تال] باراقسانلاپ، كۆركەم ئۆسكەن تال: ئىشىك ئالدى سەرتاللار، شاخ - شاخىدا مارجانلار، بىزنى دېگەن يارانلار، ھەر كوچىدا ۋەيرانلار.

**سەرجان** ئى [ر] ① ئۈچ گەزگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. ② يەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئۈچ گەزگە تەڭ ياغاچ ئۆلچىگۈچ: ئۇلار قايسى كۈنى بۇ يەرلەرنى ئۆلچىگەن، ياشلار بەزى يەرلەردە بەلگىچە سۇ كېچىپ يۈرۈپ سەرجان سالغان. ③ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، قېلىنلىقى بىر يېرىم گەز قىلىپ كەسلەپ تىزىلغان ئوتۇن.

**سەرجانلىماق** پ ① سەرجان بىلەن ئۆلچىمەك.② ئۆتۈننى سەرجانغا توشقۇدەك قىلىپ تىزماق: ئۇلار ئوتۇنلىرىنى سەرجانلاپ ئۇزۇن قىشنىڭ غېمىنى تۈگەتتى.

**سەرخۇش** I سۈپ [پ] كەيپ قىلغان، كەيپى بار، بىرئاز مەست، شىركەيپ.

**سەرخۇش** II سۈپ. دىيال. ئىلىشاڭغۇ، ساراڭ قېتىش، تەلۋە.

**سەرخۇشلۇق** ئى. مەستلىك، شىركەيپلىك.

**سەرخىس** ئى [پ] <بوت> سەرخىس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئورغاققا ئوخشايدۇ، ئىسپورا خالتىسى توپ ھالەتتىكى تەڭگە شەكلىدە بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ دۈمبە تەرىپىگە تىزىلىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە قان توختىتىش ۋە مەددە چۈشۈرۈش دورىسى قىلىنىدۇ.

**سەرخىل** سۈپ [پ + ئە] ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، تاللانغان: سەرخىل قوغۇن.* گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا (ماقال).

**سەرخىللاشتۇرماق** «سەرخىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسى: كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئايلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

**سەرخىللاشتۇرۇلماق** «سەرخىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەرخىللاشماق** پ. تاللانغان، خىللانغان قاتارغا ئۆتمەك، خىللاشماق: يېقىنقى يىللاردىن بېرى زىيالىيلار قوشۇنى خېلى زور دەرىجىدە سەرخىللاشتى.

**سەرخىللىق** ئى. ئېسىللىق، ئالىيلىق، خىللىق: بۇ باغ ھەقىقەتەنمۇ مېۋىلەرنىڭ سەرخىللىقى، موللۇقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتاتتى.

**سەردار** ئى [پ] ① <ھەرب> قوشۇن باشلىقى، لەشكەر بېشى، قوماندان: ھوشۇر بەگ سەردارنى ئەۋەتىپ خەۋەر ئالغۇدەك بولسا، 31 لەك ئافغان لەشكىرى يېتىپ كەپتۇ. ② كۆچمە. باشچى، يولباشچى، رەھبەر: ئەل - يۇرتقا سەردار بولغان ئادەم قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلالىشى لازىم. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سەردان** سۈپ [پ] توق، تولۇق دان ئالغان، ئوخشىغان (دان ۋە مېۋە - چېۋىلەر ھەققىدە): سەردان ئۈزۈم. سەردان ئۆرۈك.

**سەررا** ئى [پ + ئە] يېز ت. قاتتىق سوغۇق شامال، بوران، جۇدۇن: گۈركىرەپ سەررا چىقىپ، تاشلايدىكەن ئىزنى كۆمۈپ، يېتىشەلمەي قېرى ئامبال، قاپتۇ شۇ چۆلدە ئۆلۈپ.

**سەرراپ** ئى [ئە] كونا. پۇلنى پارچىلاپ بېرىش ياكى باشقا مەملىكەت پۇلىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق نەپ ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى؛ پۇل، ئالتۇن سودىگىرى: سەرراپ بازىرى.

**سەرراپخانا** ئى. كونا. سەرراپلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى.

**سەرراپلىق** ئى. سەرراپلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ، خىزمەت: سەرراپلىق قىلماق.

**سەرراچ** ئى [ئە] ئېگەر - جابدۇق ياسايدىغان ئۇستا: سەرراچلار ئېگەر - جابدۇق، ھارۋا جابدۇقى، ئات، تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ توقۇم - مۆلىسى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق جابدۇقلارنى ياسايدۇ.

**سەرراچلىق** ئى. سەرراچ قىلىدىغان ئىش. ھۈنەر، يەنى ئېگەر - جابدۇق ئىشى، ھۈنىرى: سەرراچلىق قىلماق. * سەرراچلىق ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

**سەرسام** ئى [پ] <تېب> مېڭە پەردە ياللۇغى؛ مېنىنگىت.

**سەرسان** سۈپ [پ] ئۆز يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ ھەر يەر، ھەر جايدا يۈرىدىغان؛ سەرگەردان: سەرسان ئادەم. سەرسان بولماق.

**سەرسانە** رەۋ [پ] سەرسانلىق ئىچىدە، سەرسان بولۇپ: تېپىرلاپ قەپەستىكى قۇشتەك، كۆرگىنىم يامان چۈشتەك، بولۇپ يۈرگەندە سەرسانە، ئاڭا يەنە ئەلەم قاتتى.

**سەرسانچىلىق** ئى ← **سەرسانلىق**: موللازەيدىنىنىڭ ھاياتى نامراتچىلىق، سەرسانچىلىقتا ئۆتكەنىدى.

**سەرسان- سەرگەردان** ھەددىدىن ئارتۇق سەرسان ۋە سەرگەردان: بۇ پەرىلەر يۇرتمۇيۇرت سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشۈپتۇ.

**سەرسانلىق** ئى. سەرگەردانلىق، ئۆزگە يۇرتلاردا سەرسان -

سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش: ئۇ: «مەن نېمىشقا ئىككى يىل سەرسان بولۇپ يۈردۈم. بۇ سەرسانلىقنىڭ نەتىجىسى نېمە بولار؟» دەپ ئويلايتتى.

**سەرسۈك** سۈپ. دىيال. بېشى قايغان، ھوشىنى يوقاتقان.

**سەرقەلەم** ئى [پ + ئە] ‹بىن› ئۆي تېمىنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئالدى ۋە يان تېمىنىڭ ئۈستى قىسمىغا چىقىرىلىدىغان گىرۋەك.

**سەركاتىپ** ئى [پ + ئە] كونا. كاتىپلارنىڭ باشلىقى، باش كاتىپ؛ كاتىپ: ئۆي ئىچى جىملىققا چۆككەن شۇ قەدەر، سەركاتىپ قەلىمى يورغىلار پەقەت.

**سەركار** ئى [پ] يېز ت. ئىشنى باشقۇرغۇچى، ئىش بېشى، رەھبەر: ئىش بىلگۈچى ئاقىللار بولدىلەر خار، ئىش بىلمىگەن نادانلار بولدى سەركار.

**سەركە** ئى ① پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە: قوينى سەركە باشلايدۇ، ئۆيۈننى ئەركە (ماقال). ② جەرەننىڭ ئەركىكى، ئەركەك جەرەن: جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى. ③ كۆچمە. باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى؛ يولباشچى: ئالىم ئۇلارنىڭ سەركىسى ئىكەن. بىز ئالدى بىلەن ئۇنى تېپىپ سۆزلىشەيلى.

**سەركەردە** ئى [پ] كونا ① لەشكەر بېشى، قوماندان: سوپىئاخۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئىنتايىن غەلىبىلىك جەڭ قىلىۋاتقان خەلقنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەنىدى. ② كۆچمە. يولباشچى، باشلىق: — جانابلىرى دانىشمەن سەركەردىمىزنى خاتىرە شەرىپلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغايلا، — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن.

**سەركەردىلىك** ئى. قوماندانلىق، يولباشچىلىق، رەھبەرلىك: مەن جانابىي پاسىباننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قوشۇنغا سەركەردىلىك قىلىپ ياۋنى تارمار قىلىمەن.

**سەركەش** ئى [پ] ئىتائەتسىز، گەدەنكەش.

**سەركەشلىك** ئى. ئىتائەتسىزلىك، بويۇنتاۋلىق.

**سەركىچۆپ** ئى [سەركە + چۆپ] ‹بوت› باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. باھار پەسلىدە دەسلەپ گۈلى ئېچىلىپ، كېيىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. گۈل باشىقى ئۈستىدە قويۇق ئۆسكەن ئاق رەڭدىكى تۈكلىرى بولىدۇ. يىلتىزسىمان غولىنى ئىستېمال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى، يوپۇرمىقىدىن يامغۇرلۇق كىيىملەرنى توقۇغىلى بولىدۇ.

**سەركىسىز** سۈپ. سەركىسى يوق، يولباشچىسىز: بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، بۇ خىل ئەمەلدار بولۇش غايىسى ھەرگىزمۇ ھازىر خەلق سەركىسىز ـ باشسىز قالدى، ئۇلار قابىل يولباشچىلارغا موھتاج، مەن بۇ بۇرچنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالاي دەپ ئويلاپ تىكلىگەن غايە بولماستىن، بەلكى ئەمەلدارلارنىڭ ياخشى ئۆتىدۇ، پۇل ـ مالدىن غېمى يوق دەپ قارىغانلىقتىن، ھوقۇقنى ياشاشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلگەنلىكتىن شەكىللەنگەن غايىدۇر.

**سەركىلىك** سۈپ ① سەركىسى بار، يولباشچىغا ئىگە. ② سەركىگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت: كىرەم مۇتەللىپ ئائىلىدە سەركىلىك رول ئوينىدى، ئابدۇللا ئاشۇ ساھەدە سەركىلىك رول ئوينىدى.

**سەرگەردان** سۈپ [پ] ئۆز يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ توغرا كەلگەن يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ ھايات كەچۈرىدىغان؛ سەرسان: سەرگەردان كىشى. سەرگەردان بولماق.

**سەرگەردانلىق** ئى. يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان يۈرۈش، سەرسانلىق: سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**سەرگەز** ئى [پ] گۈللۈك ماتا: بۇرۇن ئاياللار سەرگەزدىن كۆڭلەك، ماتادىن ئىشتان كىيەتتى.

**سەرگۈزەشت** ئى [پ] باشتىن ئۆتكەن ۋەقەلەر، باشتىن ئۆتكەن ئىشلار، كەچۈرمىش: «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى»دا ھايات قالغان بۇ ئىككى سەپداش ئۆزلىرىنىڭ 20 يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

**سەرلەپ ـ مىسقاللاپ** ناھايىتى ئاز، ئاز ـ ئازدىن؛ ناھايىتى تېجەپ: سابىر ئامبارنىڭ سۈيىنى سەرلەپ ـ مىسقاللاپ تەقسىم قىلاتتى.

**سەرلەتمەك** «سەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئالتۇنلارنى سەرلىتىپ بولۇپ، قول ياغلىقىغا ئورىدى ـ دە، زەرگەر بىلەن خوشلىشىپ دۇكاندىن چىقتى.

**سەرلەشكەر** ئى [پ] كونا. لەشكەر بېشى، قوماندان.

**سەرلەشمەك** «سەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالتۇنلارنى سەرلىشىپ بولۇپ، بازارغا قاراپ يول ئالدى.

**سەرلەنمەك** «سەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەرلەۋھە** ئى [پ + ئە] ‹ئەد› كىتاب، ئەسەر، ماقالە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ نامى؛ ماۋزۇ: ئۇنىڭ سەرلەۋھەسى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئىدى.

**سەرلەۋھەسىز** سۈپ. سەرلەۋھەسى يوق، سەرلەۋھە قويۇلمىغان، ماۋزۇسىز: ھازىر بىر ـ ئىككى كۆپلېتلىق، سەرلەۋھەسىز شېئىرلار خېلى كۆپ يېزىلىدىغان بولدى.

**سەرلەۋھەلىك** سۈپ. سەرلەۋھەسى بار، سەرلەۋھە قويۇلغان، ماۋزۇلۇق: شائىر بىردىنلا ئۆزىنىڭ «قامالاشمىدى» سەرلەۋھەلىك شېئىرىنى ئەسلەپ، كۆپچىلىككە ئوقۇپ ئاڭلىتىشنى توغرا تاپتى.

**سەرلىك** سۈپ ① سەرنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان، سەرلەپ تارتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان: سەرلىك تارازا. سەرلىك جىڭ. ② مەلۇم سەر ئېغىرلىقىدىكى؛ مەلۇم سەر قىممىتىگە ئىگە: بىر سەرلىك تەڭگە.

**سەرلىمەك** پ. سەرلىك تارازىدا تارتماق، سەرنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان ئاساستا ئۆلچىمەك.

**سەرمايە** ئى [پ] تىجارەت ياكى كەسىپكە سېلىنغان دەسمايە، مەبلەغ، كاپىتال، پۇل.

**سەرمايىدار** ئى [پ] كونا. تىجارەت ياكى كەسىپكە سېلىنغان پۇل، مەبلەغ، مال ـ دۇنيا، دەسمايە ئىگىسى؛ كاپىتالىست.

**سەرمايىسىز** سۈپ. سەرمايىسى يوق، ھېچقانداق سەرمايىگە ئىگە بولمىغان: سەرمايىسىز كىشى.

**سەرمايىلىك** سۈپ. سەرمايىسى بار، سەرمايىگە ئىگە بولغان.

**سەرمۇنشى** ئى [پ + ئە] يېز ت. باش كاتىپ؛ سەركاتىپ.

**سەرۋاز** ئى [پ] كونا. يېز ت. ئاددىي ئەسكەر، لەشكەر: شۇنىڭ بىلەن قوراللىق 70 سەرۋاز ناھايىتى تېزلا سەپكە تىزىلىپ تەييار بولدى.

**سەرۋازلىق** ئى. سەرۋاز بولۇش ئىشى، سەرۋازلارنىڭ ۋەزىپىسى.

**سەرۋەر** ئى [پ] ① يول باشلىغۇچى، يولباشچى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سەرۋى** [پ] يېزت ① ئى. ئارچا. ② سۈپ. كۆچمە. قەددى

- قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق (ئاياللار ھەققىدە).

**سەرىچ** ئى. دىيال. سەرپۇش، سەرپۇش تۇماق.

**سەرىمەك** پ. دىيال. غەم قىلماق، غەم يېمەك.

**سەزدۇرمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىمام - مەزىنلەرگە بۇ ئەھۋاللارنى زادى سەزدۇرمىدى.

**سەزدۇرۇشمەك** «سەزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەزدۇرۇلمەك** «سەزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەشۋىقات ۋەرەقچىسىنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىغا سەزدۇرۇلمەي ئەپچىللىك بىلەن ئەكىرىلىشى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا زەربە بىلەن ئۇرۇلغان تۆمۈر مۇشت بولدى.

**سەزگۈ** ئى ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، سېزىم، تەسىر، تۇيغۇ. ② كۆچمە. روھىي كەچۈرمىش، ئىچكى ھېسسىيات، تەسىرات؛ پىكىر: ئۇنىڭ پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، يۈرىكى كەلگۈسىنىڭ دەھشەتلىك سەزگۈلىرى بىلەن تولغانىدى.

**سەزگۈچى** سۈپ. سېزىدىغان، ھېس قىلىدىغان: سەزگۈچى كالپۇك.// بىلىم بىلگۈچىدە، ئەقىل - سەزگۈچىدە (ماقال).

**سەزگۈر** سۈپ ① سېزىش ئىقتىدارى، سېزىمچانلىقى كۈچلۈك؛ تاشقى تەسىرنى تېز سېزىدىغان، سېزىمچان: سەزگۈر ئىت. // ئادەمنىڭ قۇلىقى، بۇرنى، تىلى، كۆزى ۋە تېرىسى ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. ② زېرەك، ھوشيار: ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن.

**سەزگۈرلەشتۈرمەك** «سەزگۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەزگۈرلەشتۈرۈلمەك** «سەزگۈرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەزگۈرلەشمەك** پ. سەزگۈر ھالەتكە كەلمەك، سەزگۈر بولماق، سەزگۈرلۈكى ئاشماق: سابىر تېخمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتتى - دە، «ئىنقىلاب» نىڭ دەسلەپكى يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

**سەزگۈرلۈك** ئى <پسخول> شەيئىلەرنىڭ تاشقى تەسىرنى سېزىش ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى: قېنى مەندىكى ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك.

**سەزمەك** پ. سەزگۈ ئەزالىرى ۋە نېرۋىلىرى ئارقىلىق ھېس قىلماق؛ تۇيماق، بىلمەك: ئەتىر پۇرىقىنى سەزمەك.

**سەس** ئى. يېز ت. ئاۋاز، تىۋىش، ئۈن؛ سادا : بىرىپ شۇ ئان يۈلەندى بىر تېرەككە، ياقار ئوت نەي سەسى دەردلىك يۈرەككە.

**سەسكەندۇرمەك** «سەسكەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يېقىمسىز ئاۋاز كىشىلەرنى تولىمۇ سەسكەندۇرىدۇ.

**سەسكەندۇرۇشمەك** «سەسكەندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كوچىلاردا بىمەنە قىلىقلارنى قىلىپ كىشىلەرنى سەسكەندۇرۇشەتتى.

**سەسكەنمەك** پ ① بىرەر تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن بىردىنلا چۆچۈمەك، تىترىمەك، سىلكىنمەك: جالال بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. ھەممە بىردىن ئۇنىڭغا قارىدى. ② كۆچمە. بىزارلىق ۋە يىرگىنىشلىك ھېس قىلماق؛ بىزار بولماق، يىرگەنمەك: بۇ قىلىقلارنى كۆرگەندە شۇنداق سەسكەندىم.

**سەسكىنىشلىك** سۈپ. كىشىنى سەسكەندۇرىدىغان، سەسكەندۇرىدىغان، يىرگىنىشلىك: ئۇلار سەسكىنىشلىك لىچىنكىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇش بەدىلىگە جەمئىيەتتىن كۈتۈلمىگەن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ.

**سەسكىنىشمەك** «سەسكەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن كىشىلەر سەسكىنىشمەكتە ئىدى.

**سەغىرە** ئى [ئە] يېز ت ① بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە بالا، سەبىي بالا. ② يېتىم بالا، يېتىم: سەغىرىلەر ھەققى.

**سەقەنقۇر** ئى [ئە] <زوئول> بىر خىل بېلىق، بېشى ئاتقا، تېنى راكقا ئوخشايدۇ ۋە ياپىلاق كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى سۆڭەك ھالقىلاردىن تۈزۈلگەن قاتتىق قاسىراق ئىچىدە تۇرىدۇ. رەڭگى ئاق، سېرىق ياكى قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ. قۇيرۇقى ئېگىلىدۇ، قاسىراقلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەركىكىنىڭ قورسىقىدا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى بولۇپ، چىشىسى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى ئۇنىڭغا سالغاندىن كېيىن ئۇرۇقلىنىدۇ ۋە كىچىك بېلىجانلارنى چىقىرىدۇ. چوڭلىرى ئادەتتە تېبابەتتە قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ.

**سەقىمە** ئى [ئە] جان ت. ماقال - تەمسىل: - يولۇچىلارنىڭ رەسمىدە ياز يول يۈر - ئاتماس تاڭدا، قىش يول يۈر - كۈن چىققاندا دەيدىغان سەقىمىسى بار.

**سەك** تەق. ئادەملەرنىڭ ئىزىدا تۇرالماي، مېڭىپلا تۇرۇش ھالىتى.

**سەكتە** ئى [ئە] <تېب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا مېڭە قان ئايلىنىشىنىڭ قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرىشى سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ھوشسىزلىنىپ، بەدەننىڭ يېرىمى ۋە ئايرىم قىسىملىرى پالەچلىنىدۇ.

**سەكرات** ئى [ئە] جان تالىشىۋاتقان، جان ئۈزۈۋاتقان چاغ، ھالەت: سەكراتقا چۈشمەك.

**سەكرەتمە** ① سۈپ. سەكرىتىپ چىقىرىلغان، سەكرىتىلگەن. ② ئى <سۇ> سۇ ئىنشائاتلىرى ئىچىدىكى سۇنى سەكرىتىپ چۈشۈرىدىغان پەلەمپەي شەكىللىك قۇرۇلما. ③ ئى. كىچىك تاشنى سۇ يۈزىنى بويلىتىپ سۇغا ئاتقاندا، تاشنىڭ سۇ يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان سەكرەش ھالىتى: سۇغا تاش ئېتىپ سەكرەتمە چىقارماق.

**سەكرەتمەك** «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن تەلەيخاننى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، ئاتنى ئۆستەڭدىن سەكرەتتىم.

**سەكرەش** ئى <پەلس> شەيئىلەرنىڭ كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئۆتۈشى.

**سەكرەشمەك** «سەكرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممەيلەن سىناق نەتىجىسىدىن شادلىنىپ سەكرىشىپ، بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى.

**سەكرىگۈچ** ① ئى. باللار ئويۇنلىرى ۋە شۇنىڭدەك تەنتەربىيە تۈرلىرىدە سەكرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈپ. سەكرەيدىغان، سەكرىيەلەيدىغان: سەكرىگۈچ مىنا.

**سەكرىمە** سۈپ. سەكرەپ چىقىدىغان، سەكرەيدىغان: سەكرىمە كۆرۈنۈش. سەكرىمە ھەرىكەت.

**سەكرىمەك** پ ① تاقلىماق، ئۆتمەك: سەكرەپ چىقماق. سەكرەپ چۈشمەك. سەكرەپ كەتمەك.

**سەك - سەك** «سەك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**سەكسەن** سان. ئونىنىڭ سەككىز قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: سەكسەن جىڭ ئۇن. سەكسەن ئادەم.

**سەكسەنئاياغ** ئى [سەكسەن + ئاياغ] ← **سەكسەنپۇت** II .

**سەكسەنپاچاق** ئى [سەكسەن + پاچاق] دىيال. سەكسەنپۇت I .

**سەكسەنپۇت** I ئى [سەكسەن + پۇت] <زوئول> بوغۇم ئاياغلىق ھايۋان. تېنى ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، دۈمبىسى قارا يېشىل، قورسىقى سارغۇچ قوڭۇر، بېشىدا قامچىسىمان سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى بولىدۇ. گەۋدىسى نۇرغۇن بوغۇملاردىن تۈزۈلىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا بىر جۈپتىن پۇتلىرى بولۇپ، بىرىنچى جۈپ پۇتى ئىلمەك كېلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە زەھەر بېزى بولۇپ، زەھەر سۈيۈقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. كىچىك ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سەكسەنپۇت** II ئى [سەكسەن + پۇت] ① خامان ياكى ئېتىز ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ تولۇق؛ سەكسەنئاياغ. ② كەلكۈننى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ جازا.

**سەكسەنخالتا** ئى [سەكسەن + خالتا] <تىب> دورىگەر، دورىپۇرۇش: ئۇلار بازار ئارىلاپ مېڭىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان سەكسەنخالتا دۇكىنى ئالدىغا كەلدى.

**سەككىز** سان. يەتتىدىن كېيىن، توققۇزدىن بۇرۇن كەلگەن سان ياكى مىقدار.

**سەككىزەيلەن** سان. سەككىز كىشى، سەككىز ئادەم: سەككىزەيلەن بىر گۇرۇپپا بولدى.

**سەككىزلىك** ئى. يۈزىگە سەككىز رەقىمى بىلەن سەككىز دانە شەرتلىك بەلگە بېسىلغان قارتا: تاپاننىڭ سەككىزلىكى.

**سەككىزىنچى** سان. ئورۇن تەرتىپى سەككىز رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن؛ يەتتىنچىدىن كېيىن، توققۇزىنچىدىن ئىلگىرى، 8 – نومۇرلۇق: سەككىزىنچى ئاي. سەككىزىنچى ئارمىيە.

**سەكلەشمەك** پ. دىيال. ئەركەك ئىت بىلەن قانجۇق بىر – بىرى بىلەن جۈپلەشمەك؛ چاقالاشماق.

**سەكىلدەتمەك** «سەكىلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپىسى ئايگۈلنى ئارقىسىغا سىلىقۋېلىپ بىر كۈن سەكىلدىتىپ يۈردى.

**سەكىلدەشمەك** «سەكىلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۇلار بىر كۈن سەكىلدىشىپ يۈردى.

**سەكىلدىمەك** پ. ئىزىدا تۇرالماي قاتراپلا يۈرمەك، بىر ئىزىدا تۇرالماي قالماق: ئايشەم مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيدە ئولتۇرماي تولا سەكىلدەيدىغان بولۇپ قالدى.

**سەگ** ئى [پ] دىيال. ئىت: شەھەر سىگى پاتمانچۇرۇقنىڭ بېگىگە تەڭ ئەمەس (ماقال).

**سەگە** ئى <بوت> سەگىتىرەك: ھېكمەت ئەخمەت ھۇزۇر بىلەن خوشلاشتى – دە، بوستان يولىغا قاراپ ۋېلىسىپىتىنى قويۇۋەتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز ئۆسكەن سەگىلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

**سەگەك** سۈپ ① سەزگۈر، تۇيغۇن: سەگەك ئىتلارنىڭ ئاندا – ساندا قاۋاپ قويۇشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېچە جىمجىت ئىدى. ② ھوشيار، سەزگۈر: گۆھەرخان چوڭ ئانام تۆلەككە بۇ كېچە سەگەك يېتىشنى ئېيتتى.

**سەگەكلەشتۈرمەك** «سەگەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ تاپتا ئۇ بارلىق ھوش - كاللىسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈردى.

**سەگەكلەشتۈرۈلمەك** «سەگەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەگەكلەشمەك** پ. سەگەك ھالەتكە كەلمەك، سەگەكلىكى ئاشماق، سەگەك بولماق: ئەپيۇن خۇمارىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بەشىر دەرھال سەگەكلىشىپ يولۋاسقا قارىدى.

**سەگەكلىك** ئى. سەگەك ھالەت، سەگەك خاراكتېر: ياش قاراۋۇل سەگەكلىك بىلەن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.

**سەگەنچۈك** ئى. بالىنى بۆلەيدىغان يېنىك ئاسما بۆشۈك.

**سەگەنچۈكلۈك** سۈپ. سەگەنچۈكى بار، سەگەنچۈككە ئوخشىتىپ ياسالغان: سەگەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

**سەگۈنچەك** ئى. چاچقا ئېسىلىدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى: قارا قاش باشتا بولۇر، سەگۈنچىكى چاچتا بولۇر. مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم، ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

**سەگىتمە** سۈپ. سەگىتىش رولىنى ئوينايدىغان، سەگىتىدىغان: ئۇلارنىڭ قۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋدەردەك سەگىتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ، كۆڭۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى پەيدا قىلىدۇ.

**سەگىتىرەك** ئى [سەگە + تېرەك] تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان بىر خىل دەرەخ. قوۋزىقى توق كۈل رەڭ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئۈچ بۇرجەك. يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ھەرە چىشىغا ئوخشاش چىشلىرى بولىدۇ. تۈز ھەم ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدۇ. كۆپ شاخلىمايدۇ. ياغىچى بەك چىڭ. ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**سەگىتىشمەك** «سەگىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەگىتىلمەك** «سەگىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەگىتمەك** ① «سەگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەم بالىنى سالقىن جايغا ئاپىرىپ سەگىتىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. ھوشيارلىقنى، سەگەكلىكنى ئاشۇرۇپ قويماق؛ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەك: — رەھمەت، دىلخۇمار، بۈگۈن مېنى ھەقىقەتەن ئوبدان سەگىتىپ قويدىڭىز، — دېدى شەۋكەت.

**سەگىدەتمەك** «سەگىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سوغۇق سۇدا بېشىمنى يۇيۇپ، مېڭەمنى بىر ئاز سەگىدەتتىم.

**سەگىدەشمەك** «سەگىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەگىدىمەك** پ. ئۆزىنى سالقىنغا سالماق، سالقىنلىماق: مەن سەگىدەپ كېلىش ئۈچۈن، قارىياغاچلىققا باردىم.

**سەگىشمەك** «سەگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەگىمەك** پ ① سالقىنلىماق، سەگىدىمەك: مايسىگۈل ئىككىمىز ناھىيە دوختۇرخانىسىدىن چىققىنىمىزدا كۈن قايرىلىپ، ھاۋا خېلى سەگىگەنىدى. ② سەگەكلەشمەك، ھوشىنى يىغماق: كاللىسى سەگىمەك.

**سەڭگىمەك** پ. دىيال. پەرق قىلماق، ئاڭقارماق.

**سەڭگەرمەك** پ ① زەن سالماق، سەپسالماق، دىققەت قىلماق:

ھاجى ئىشىكنى يەنە چىڭ يېپىپ تۇرۇپ، ئەترايقا سەگگىرىپ بىر قارىدى. ② ئاڭقارماق، پەرقىنى ئايرىماق؛ چۈشەنمەك: مەن بۇ نەرسىلەرنى تازا سەگگىرەلمىدىم.

**سەگگىقىز** ئى. ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارغا ئۆتكۈزۈلگەن شادىلارنى دەپتىندىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان شانا.

**سەل** I ئى [ئە] <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك سۇ ئېقىنى، كەلكۈن.

**سەل** II رەۋ. بىرئاز، ئازراق، ئازغىنا: سەل چوڭ. سەل تۇرۇپ تۇرماق.

**سەل چاغلىماق** بوش كۆرمەك؛ ئاددىي چاغلىماق، پىسەنت قىلماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق: ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بەكمۇ خىل ئىكەن، سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك.

**سەلەب** ئى [ئە + پ] يېز ت. سەل، كەلكۈن.

**سەلبىي** سۈپ [ئە] ئىجابىي ئەمەس؛ يامان، تەلەپكە زىت: سەلبىي ئوبراز. سەلبىي پېرسوناژ.

**سەلبىيەت** ئى [ ئە ] سەلبىيلىك: ئەجەبا، نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ساھەلىرىدىكى تۇرغۇنلۇقنى ئاشۇنداق رېيال سەلبىيەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولامدۇ؟

**سەلبىيلىك** ئى. ئىجابىي ئەمەسلىك، تەلەپكە زىتلىق؛ يامانلىق.

**سەل - پەل** بىرئاز، ئازغىنا، سەل: سەل - پەل ۋاقىت ئۆتسۇن، ئاندىن تۇۋاقنى ئاچايلى.

**سەلتەنەت** ئى [ئە] ① خان، ئەمىر، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇنداق ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت ياكى ئۇلار يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت: سەلتەنەت يۈرگۈزمەك، سەلتەنەت سۈرمەك. ② ھەيۋەت، سۈر، داغدۇغا، تەنتەنە، ھەشەمەت: سەلتەنەتنى ئاشۇرماق. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سەلتەنەتلىك** سۈپ ① كاتتا، ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق، سۈرلۈك: سەلتەنەتلىك شاھ. ② ھەشەمەتلىك، كۆركەم، چىرايلىق: سەلتەنەتلىك پايتەخت.

**سەلكەش** رەۋ. سەلدەك؛ توختىماي: — ئەمدى ئاغىنىلەر، — دېدى مۇرات پىيالىلەرنى يىغىۋېلىپ، — مۇسەللەسنى ئىككى پىيالىدە سەلكەش يۈرگۈزىمەن، لېكىن ساز توختىمىسۇن.

**سەلكىن** ئى. ئاستا چىققان شامال: غۇر - غۇر، مەيىن شامال؛ ئارپا - بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

**سەللە** I ئى [ئە] ناماز ئوقۇغاندا ئەركىشىلەر بېشىغا يۆگەيدىغان ئۇزۇن ئاق رەخت.

**سەللە** II ئى [ئە] دىيال. قىيىقچە: سەللە پىشۇرماق.

**سەللەمنا** ئىم [ئە] بىرەر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكنى ياكى تولىمۇ ھەيران بولۇۋاتقانلىقنى بىلدۈرىدۇ: كەلكۈن ۋاقتىدا دەريا سۈيىنىڭ جىقلىقىغا قاراپ «سەللەمنا» دەپ پېشانەڭگە ئۇرىسەن.

**سەللىگۈل** ئى [سەللە + گۈل] <بوت> ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . غولى تىك ، يالغۇز ياكى توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ ئادەتتە شاخلىمايدۇ، پارقىراق ، تۈكسىز كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق ، قىزىل ياكى ھال رەڭلىك بولىدۇ؛ ئۇرۇقى قارامتۇل قوڭۇر، پارقىراق بولىدۇ؛ ئۇ «ئاق چۈغلۈق» ياكى «ئاق شويىگۈل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سەللىلىك** ① سۈپ. سەللىسى بار، سەللە ئورىغان. ② ئى. سەللە قىلىسا بولىدىغان ۋە سەللە قىلىشقا يارايدىغان ياكى سەللىگە باب كېلىدىغان رەخت.

**سەللىمازا** رەۋ [ئە] ئۇزۇل - كېسىل، پۈتۈنلەي، تولۇق (كېسەل كىشى ھەققىدە): سەللىمازا ساقايماق.

**سەللىيىپ** ئى [سەللە + يىپ] سەللە شەكلىدە يۇمىلاق قىلىپ يۆگەلگەن يىپ.

**سەلىقە** ئى [ئە] ① قابىلىيەت؛ تەرز، ئۇسلۇب.② <مۇز> ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرى تەركىبىدىكى ئاساسلىق مۇزىكىلاردىن بىرى.

**سەلىقىسى يوق** دىيال. ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، پەمسىز، لەقۋا.

**سەلىقىلىغ** سۈپ. دىيال. ئۇستا، ماھىر.

**سەم ( سەمى )** ئى. ئەس، ياد، خاتىرە، كۆڭۈل: سەمىگە سالماق.

**سەمە** ئى [ پ ] مەست: تېلېۋىزور گوياكى دىلى ئۇزۇك يىگىتلەرنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايدىغان، خۇش پىچىم خېنىملارنىڭ جىلۋە - نازلىرىغا سەمە بولۇپ جاھاننىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى ئۇنتۇيدىغان ۋاسىتىدەك بولۇپ قالدى.

**سەمەرە** ئى [ئە] يېز ت. نەتىجە، مېۋە، مەھسۇل: كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ھېلىم كىتاب» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاش ھېلىمئاخۇن ئاكامغا بولغان ھۆرمەتنىڭ سەمەرىسى.

**سەمەرىسىز** سۈپ. سەمەرىسى يوق، قۇرۇق : گەرچە بىر قۇرۇق شاخ مەن، سەمەرىسىز، قويما مېنى ھېچ ئەلنىڭ نەزەرىسىز.

**سەمەرىلىك** سۈپ. سەمەرىسى بار، نەتىجىلىك : ئۇنىڭغا «دوستلۇق» دەپ نام بېرىلىشى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە يېتىلدۈرۈشتە تۆككەن سەمەرىلىك ئەجرىمىزنى مەڭگۈ ئەستە ساقلىشى ئۈچۈن بولغان.

**سەمەندەر** ئى [پ] ① رىۋايەتلەردىكى ئوتتا ياشايدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئوت چاشقىنى. ② <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان، چوڭ سەمەندەر ۋە كىچىك سەمەندەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئاۋازى بوۋاق باللارنىڭ يىغلىغان ۋاقتىدىكى ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تاغ جىلغىلىرىدىكى ئېرىق سۇلىرىدا ياشايدۇ. گۆشى ئەتىۋارلىق يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

**سەمرىتمەك** «سەمرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جامالىدىنىنىڭ قانچىلىك جاپا ۋە قانچىلىك ئۈمىد بىلەن بېقىپ سەمرىتكەن ئۆكۈزىنى ئۇنىڭ ئەكەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

**سەمرىتىشمەك** «سەمرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قويلارنى بورداپ سەمرىتىشىپتۇ.

**سەمرىتىلمەك** «سەمرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەمرىشمەك** «سەمرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەمرىمەك** پ① ئەت ئېلىپ يوغىنىماق، تولماق، ئەتلەنمەك: ئېشەك سەمرىسە، ئوقۇرغا چىقار (ماقال). ② كۆپمەك، يوغىنىماق: مېنىڭ تىلىم سەمرىپ بوغۇزۇمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ③ كۆچمە. پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشمەك، باي بولماق: ئاز

ساندىكى كىشىلەر ھەتتا ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى سەمرىمەكتە.

**سەممىي** سۈپ [پ] ① چىن يۈرەك، چىن كۆڭۈل، چىن دىلدىن قىلىنغان، ئېيتىلغان؛ ساختا، يالغان ئەمەس، راست؛ ھەقىقىي: سەممىي دوستلۇق. سەممىي سالام. سەممىي مۇئامىلە. // سەممىي كۈلمەك. ② كۆڭۈلدە يامانلىقى يوق، ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل: سەممىي ئادەم. ③ مۇلايىم، يېقىملىق: — ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى بەلەن كىتابلار، — دېدى مۇتەللىپ يۇمشاق ۋە سەممىي ئاھاڭ بىلەن.

**سەممىيەت** ئى [ئە] سەممىيلىك، سادىقلىق، ساداقەتلىك، ساداقەت: ئۆز سەممىيىتىنى بىلدۈرمەك.

**سەممىيەتسىز** سۈپ. سەممىيىتى يوق، سەممىي ئەمەس: سەممىيەتسىز ئادەم. * كىمكى باشقىلار بىلەن سەممىيەتسىز مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بۇنداق ئادەم تولىمۇ ئاجىز، بىچارە ئادەمدۇر. چۈنكى، بۇنداق ئادەم ئۆزىگىمۇ سەممىي بولالمايدۇ.

**سەممىيەتسىزلىك** ئى. سەممىيىتى يوقلۇق، ساداقەتسىزلىك: سەممىيەتسىزلىك قىلماق.

**سەممىيەتلىك** ئى. ساداقەت، ساداقەتلىك، سەممىيلىك: بۇ چاغدا سابىر چوڭقۇر سەممىيەتلىك بىلەن قاسىمغا قاراپ مۇنداق دېدى.

**سەممىيلىك** ئى. سەممىي قىلىنغان ئىش، راستچىللىق: ئۇنىڭ بىرجۈپ كۆزىدە سەممىيلىك، مېھرىبانلىق چاقناپ تۇراتتى.

**سەن** ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ بىرلىكى: سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا (ماقال).

**سېنىڭ مېنىڭ دېيىشمەك** ئۆزىنىڭكى بىلەن ئۆزگە (باشقا)نىڭكىنى قاتتىق ئايرىماق: بۇ قوشنىمىزنىڭ ئات هارۋىسى، قوشنام بىلەن سېنىڭ مېنىڭ دېيىشمەيمىز.

**سەنئەت** ئى [ئە] ① ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، رېئاللىقتا قارىغاندا تىپىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە. ئۇ ئەدەبىيات، رەسساملىق، نەققاشلىق، بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، كىنو ۋە ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② ئەمەلىي پەنلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىش ئۇسلۇبى، سىستېمىسى: ھەربىي سەنئەت. رەھبەرلىك سەنئىتى. ③ كۆچمە. يۈكسەك ماھارەت، ئۇستىلىق: ھۆپىگەرلەرنىڭ خېرىدار قىچقىرىپ توۋلاشلىرى، ئاشپەز - ناۋايلارنىڭ مانتا ساناشلىرى، نانلىرىنى ماختاشلىرىمۇ بىر سەنئەت ئىدى. ④ ناخشا - ئۇسسۇل؛ ناخشا - ئۇسسۇل ساھەسى ياكى ئۆمىكى: ئۇ: — ھە، مەن ناخشا ئېيتىشىغا قاراپ سەنئەتتە ئىشلىسە كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى.

**سەنئەتچى** ئى. سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىنى ئىگىلىگەن ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، ئادەتتە ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئارتىس ۋە مۇزىكانتلار كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سەنئەتچىلىك** ئى. سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، سەنئەت كەسپى: سەنئەتچىلىك ئۇنىڭ ئاتا كەسپى.

**سەنئەتخۇمار** سۈپ [ئە + پ] سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىغان، سەنئەتكە ئامراق: سەنئەتخۇمار ئادەم. سەنئەتخۇمار خەلق.

**سەنئەتسىز** سۈپ. ھېچبىر سەنئەت پۇرىقى يوق، ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۇسلۇبى ئىپادىلەنمەيدىغان.

**سەنئەتكار** ئى [ئە + پ] سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىنى ئىگىلىگەن ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**سەنئەتكارلىق** ئى. سەنئەتكارلار قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت، سەنئەتچىلىك.

**سەنئەتلەشتۈرمەك** «سەنئەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەنئەتلەشتۈرۈلمەك** «سەنئەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەنئەتلەشمەك** پ. سەنئەت خاراكتېرىگە ئىگە بولماق، سەنئەت تۈسىنى، خاراكتېرىنى ئالماق؛ سەنئەت بىلەن سۇغىرىلماق: سەنئەتلەشكەن تۇرمۇش.

**سەنئەتلىك** سۈپ. سەنئەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، سەنئەتلەشكەن؛ گۈزەل: سەنئەتلىك تۇرمۇش. سەنئەتلىك مەھسۇلات. * رىم دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر بىناكارلىق لايىھەلەش ئۇستىلىرى، نەپىس سەنئەت پېشۋالىرى ئۆمۈر بويى تەلپۈنۈپ ياشىغان سەنئەتلىك شەھەر بولۇپ، شۇنىڭغا يارىشا شەھەرنىڭ جىمى نەرسىسىدىن گۈزەللىك ھەم سەنئەت پۇراپ تۇرىدۇ.

**سەنەقەس** ئى [ئە] ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر خىلى.

**سەنەم** ئى [ئە] ① تاشتىن، ياغاچتىن ياكى مېتالدىن ئىنسان قىياپىتىدە (كۆپىنچە گۈزەل ئايال ئوبرازىدا) ياسالغان ۋە زىننەتلەنگەن بۇت. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق ئايال، نازىنىن: ئاي يۈزلۈك سەنەم. ③ ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. مۇقاملاردا ئۇسسۇللۇق قىياپەت (ئوبراز) يارىتىدىغان مۇزىكىنى كۆرسىتىدۇ. سەنەمدىكى داپ ئۇرغۇسى ۋە نەغمە رىتىمى شوخ ئۇسسۇللۇق «سىيرىلما» (ئۇدارلىق) شەكلىدە بولۇپ، قويۇق ئۇسسۇللۇق مۇزىكا پۇرىقىغا ئىگە. ④ كۆچمە. يول؛ پەدە: ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىمەك.

**سەنپەن** ئى [خەن] <مات> ← **چوت** I .

**سەن - پەن** ← **سەن - پەن دېيىشمەك**.

**سەن - پەن دېيىشمەك** ئۇرۇشۇپ قالماق، تاكاللىشىپ، تىللىشىپ قالماق.

**سەن - پەنلەشمەك** ← **سەن - پەن دېيىشمەك**: ئەمەت بىلەن ھاجى سەن - پەنلىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

**سەنتاڭرۇ** ئى [خەن] نېپىز توغرالغان گۆش، سامساق، تۇز، لازا، ئاچچىقسۇ ۋە تېتىتقۇ قاتارلىقلارنى سېلىپ، تەمىنى ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇق تاماق.

**سەنتۈرۈلمەك** پ. تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ماڭماق، مۇدۈرۈلمەك: سەنتۈرۈلۈپ ماڭماق. سەنتۈرۈلۈپ يىقىلماق. * كامىل گويا كېسەل كىشىدەك سەنتۈرۈلۈپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى.

**سەنترەكلەتمەك** «سەنترەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەنترەكلەشمەك** «سەنترەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەنترەكلەنمەك** پ ← **سەنترەكلىمەك**.

**سەنترەكلىمەك** پ. دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك: ئۇ خۇددى

يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك سەنتىرەكلەشكە باشلىدى.

**سەندەل** I ئى [پ] تۆمۈرچى، زەرگەر، مىسكەرلەرنىڭ تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى ئۈستىدە قويۇپ، بولقا ياكى بازغان بىلەن ئۇرۇپ بىرنەرسە ياسايدىغان قۇيما ئەسۋابى.

**سەندەل** II ئى [پ<ھىند] <بوت> ① سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ياغىچى چىڭ ۋە خۇش پۇراق. ئۇنىڭدىن قورال - جابدۇق ياسىغىلى، مېۋىلەرنى ئىسلىغىلى ياكى دورا ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى چەككىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ ياغىچى.

**سەندەل** III ئى. قىشنىڭ كۈنلىرى سوغۇقتا پۇت - قوللارنى ئىسسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىچىگە چوغ سېلىپ قويۇلىدىغان بىر خىل سايمان؛ چوغدان.

**سەندەل** IV ئى [ر<گىرېك] چەمى يۇپقا، پاشىنىسىز ۋە يەڭگىل قىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى، شىۋەك.

**سەندەل** V ئى [پ] يىغسا يىغقىلى بولىدىغان، كىچىك ھەم ئەپچىل قىلىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئورۇندۇق.

**سەندىلەچ** ئى [ پ ] <بوت> ← **سەندەل** II : ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا سۆگەت، موشا، سەندىلەچ، قىرچىن تاللار بىلەن چاتقاللىشىپ كەتكەن بىر ئورمان بار ئىدى.

**سەنسەن** ئى. يۇڭى سەل ئۆسكەن ھەم چېچىلىپ تۇرىدىغان پاقلان تېرىسى: كىچىككىنە يىغىن زالى چىبەرقۇت پاختىلىق چاپان ۋە سەنسەن جۇۋا كىيگەن كىشىلەر پۇرقىرىتىپ چەككەن تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسلىرىغا توشۇپ كەتتى.

**سەنكىيا** ئى [پ] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. مولېكۇلا فورمۇلىسى Fe . AsS. كۈمۈش تەركىبىدە تەخمىنەن 46 پىرسەنت ئارسىن بولىدۇ. ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرگەن ياكى بولقا بىلەن سوققان چاغدا سامساق پۇرىقىغا ئوخشاش بىر خىل پۇراق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئارسىن ئېلىشتىكى ئاساسلىق رۇدا ھېسابلىنىدۇ.

**سەنگساپال** ئى [پ] قۇم، سېغىز ئارىلاش لايدىن ياسىلىپ خۇمداندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل مۇستەھكەم ئاياق، قاچا.

**سەنگۈن** ئى. تارس. قوماندان، سەركەردە؛ جياڭجۈن.

**سەنلەشمەك** ① «سەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئۆزئارا بىر - بىرىنى «سەن» دەپ ئاتاشماق؛ «سەن» دېيىشمەك.

**سەنلىمەك** پ «سەن» دەپ ئاتىماق ياكى چاقىرماق: مېھرىبانمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى «سەن» لەشتىن «سىز»لەشكە ئۆزگەردى.

**سەنمۇ** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيەدىكى قىسىملارنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتنىشىدىغان كادىر.

**سەنۇبەر** [ئە] يېزىت ① ئى. قارىغاي تىپىدىكى بىر خىل چىرايلىق دەرەخ. ② سۈپ. كۆچمە. قەددى - قامىتى كېلىشكەن، خۇش قامەت، چىرايلىق (ئاياللار ھەققىدە).

**سەھەت** ئى [ ئە ] يېزىت. ساقلىق، سالامەتلىك، ساغلاملىق: سەھەت تاپماق. سەھەت تىلىمەك.

**سەھەر** رەۋ [ئە] تاڭ يورۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت، سۈبھى: سەھەر تۇرماق.

**سەھەرچى** ئى. سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن كىشى: ئۇنى بۇنداق سەھەرچى قىلىۋەتكەن مۇنداق بىر ئىشمۇ بار ئىدى.

**سەھەرلەپ** رەۋ. سەھەر پەيتىدە، ئەتىگەندىلا، تاڭ ۋاقتىدا، ئەزاندا: سەھەرلەپ يولغا چىقماق.

**سەھەرلىك** سۈپ. سەھەر ئۈچۈن تەييارلانغان، سەھەرگە ئاتالغان؛ سەھەرگە تەۋە، سەھەرگە تەئەللۇق، سەھەرگە مەنسۇپ: سەھەرلىك تاماق.

**سەھرا** ئى [ئە] ① ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخ ئۆسمىگەن ياكى ئاندا - ساندا ئۆسكەن؛ سۇسىز، بىپايان يەر؛ دەشت - باياۋان، چۆل. ② يېزا: سەھرا ئادىمى.

**سەھراچە** سۈپ. سەھراغا خاس، سەھراغا ماس كېلىدىغان، سەھرا پاسونىدىكى: سەھراچە تۇرمۇش.

**سەھراچىلىق** ئى. سەھراغا تۇشلۇق تۇرمۇش، ھالەت: سېپىمىز ئوخشىماي قاپتۇ. سەھراچىلىق - تە، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر.

**سەھرالىق** سۈپ ① سەھرادا تۇغۇلغان، سەھرادا ئۆسكەن، سەھرادا ئولتۇراقلاشقان: سەھرالىق باللار. ② كۆچمە. تىل ھا. مەدەنىيەتسىز، قوپال.

**سەھرايى** سۈپ [ئە] سەھرادا ياشايدىغان، سەھرادا ئۆسكەن، سەھرالىق.

**سەھرايىقىيامەت** ئى [سەھرا + يى + قىيامەت] قىيامەتتەك سەھرا، ئىنتايىن ئىسسىق ھەم ھېچ نەرسە تېپىلمايدىغان چۆل - جەزىرە.

**سەھنە** ئى [ئە] ① زال، كۇلۇب، مەيدان قاتارلىق ئاممۋى سورۇنلارنىڭ سۆزلىگۈچىلەر ياكى ئويۇن قويغۇچىلار ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھەلىنىپ، يەردىن ئېگىز قىلىپ قۇرۇلغان سۇپىسى: سەھنە ئەسىرى. ② كۆچمە. پائالىيەت مەيدانى، مۇنبەر: تارىخ سەھنىسى، سىياسىي سەھنە.

**سەھنە كىتابى** <تىيا> تىياتىر، ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى ئورۇنلىغان ياكى كىنو ئىشلىگەندە ئاساسلىنىدىغان ماتېرىيال. ئۇنىڭدا سەھنە سۆزى ۋە ھېكايە ۋەقەلىكى خاتىرىلەنگەن بولىدۇ.

**سەھنىدىن چۈشمەك** ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەك، چېكىنمەك، ئاغدۇرۇلماق، يوقالماق.

**سەھنىلەشتۈرمەك** «سەھنىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — «ئۆگەي ئانا» دىرامىسىنى، — دېدى ئابدۇللا روزى، — دارىلمۇئەللىمىن راسخوتى بىلەن سەھنىلەشتۈرىمىز.

**سەھنىلەشتۈرۈشمەك** «سەھنىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەھنىلەشتۈرۈلمەك** «سەھنىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ داستانلار ئەينى زاماندا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىغا سىڭىنغانىدى.

**سەھنىلەشمەك** پ. سەھنىدە ئويناشقا لايىقلاشماق، سەھنىدە ئوينالماق: «ئۆگەي ئانا» دىرامىسى ئازادلىقتىن بۇرۇنلا سەھنىلەشكەنىدى.

**سەھىپە** ئى [ئە] ① كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋاراقلىرىنىڭ ھەربىر يۈزى؛ بېتى: گېزىت سەھىپىسى. باش سەھىپە. ② كۆچمە. ئۇزۇن داۋاملاشقان ياكى داۋاملىشىدىغان ھادىسە، ھايات قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم دەۋرى، قىسمى: سەھىپە ئاچماق. شانلىق سەھىپە.

**سەھىيە** ئى [ئە] ساقلىقنى ساقلاش؛ تازىلىق: سەھىيە ئىشلىرى. سەھىيە ساھەسى.

**سەۋەب** [ئە] ① ئى. بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، سادىر بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس ۋە ئامىل بولىدىغان باشقا بىر ۋەقە - ھادىسە، نەرسە، ھال - ئەھۋال ياكى شەرت - شارائىت: سەۋەب بولماق.② ئى. ۋەج، باھانە: سەۋەب تاپماق. سەۋەب كۆرسەتمەك. ③ باغل. باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچىلىق رولىدا كېلىپ «چۈنكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭغا مەن پەشۋا بەرمىدىم، قاتتىق تىللىدىم، سەۋەب، ئۇ چاغدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى.

**سەۋەبچى** ئى ① بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىگە، سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولغان شەخس، نەرسە؛ سەۋەبكار: سەۋەبچى بولماق.② تەبىئىي ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى، پەيدا قىلغۇچى ئامىل: كېسەل سەۋەبچىسى.

**سەۋەبسىز** سۈپ. سەۋەبى يوق، سەۋەبى بولمىغان، ئاساسسىز: سەۋەبسىز ئىش بولماس (ماقال).

**سەۋەبكار** ئى [ئە + پ] ← **سەۋەبچى**: ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار (ماقال).

**سەۋەبلىك** ① سۈپ. بىرەر سەۋەبى بولغان، بىرەر سەۋەب بىلەن ئىسپاتلانغان؛ ئاساسلىق، ئورۇنلۇق: ئۇنىڭ بۈگۈن ئىشقا كېلەلمىگەنلىكىنى «سەۋەبلىك» دەپ يېزىپ قويۇڭ. ② تىر. سەۋەبى بىلەن، تۈپەيلى، ئۈچۈن: ئەگەر بۇ گۇناھسىز سەۋەبلىك بىزنى شەپقەتسىز، رەھىمسىز ھۆكۈمراننىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەڭ، ئۇ قانداق جازا ئىجرا قىلاتتى؟

**سەۋەب - نەتىجە** <پەلس> سەۋەب ۋە نەتىجە، يەنى تۇغدۇرغۇچى ۋە تۇغدۇرۇلغۇچى مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ھادىسىلەر.

**سەۋەبىيات** ئى [ئە] <پەلس> ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىش فورمىسى.

**سەۋەن** ئى [ئە] يول قويۇلغان خاتا، يېڭىلىش: سەۋەن ئۆتمەك.

**سەۋەنسىز** سۈپ. سەۋەن، ئېۋىنى يوق، خاتالىقتىن خالىي: سەۋەنسىز ئىش.

**سەۋەنسىزلىك** ئى. سەۋەن، ئېۋىنى يوقلۇق؛ خاتالىقتىن خالىيلىق: خۇمدانىي ھۆددىگە ئالغۇچىلار سەۋەنسىزلىك ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارىغان.

**سەۋەنلەشمەك** پ. سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك، سەۋەنلىك سادىر قىلماق، يېڭىلىشماق، خاتالاشماق: ئۇ: — مەن تۈنۈگۈن مەستلىكىمدىن سەۋەنلىشىپ، ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن، ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

**سەۋەنلىك** ئى ① بىلىپ - بىلمەي، بىخەستەلىك قىلىپ ئۆتكۈزگەن ياكى يول قويغان خاتالىق، كەمچىلىك: ئۆگەي ئانا كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۈچۈنمۇ ھەردەك چېقىپ، چاياندەك نەشتىرىنى سانجىپ تۇراتتى. ② <قا> بىرەر قىلمىشنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە مۇمكىن بولسىمۇ، بىخەستەلىك قىلىپ مۆلچەرلىيەلمەسلىك ياكى مۆلچەرلىگەن تەقدىردىمۇ ساقلىنالايدىغانلىقىغا يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كېتىپ، زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇش.

**سەۋدا** ئى [ئە] ① خىيال؛ ھەۋەس، ئارزۇ: پەرزەنت سەۋداسى. ② بىرەر ئادەم ياكى نەرسە دەردىدىكى جۇنۇنلۇق؛ شەيدالىق: مۇھەببەت سەۋداسى. ③ تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلىتنىڭ بىرى؛ قارامتۇل، قاڭسىق ۋە چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق بولۇپ ئورنى تالدا. ئۇ ئەزالارنىڭ شەكىل ۋە سۈپىتىنى ساقلاپ، سەپرا ۋە بەلغەمنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەيدۇ. سەۋدا خىلىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئېقى، تىلى قارامتۇل ياكى سۇس كۆك، ئۇيقۇسى كەم، ئاچچىقى تېز، تەپەككۇرى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

**سەۋدايى** سەپ [ئە] ① ئەقلىدىن ئازغان، تەلۋە؛ سەۋدايى بولماق. سەۋدايى قىلماق. ② بىرەر ئادەم ياكى نەرسە دەردىدە، كويىدا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان، تەلۋىلىك دەرىجىسىگە يەتكەن، مەجنۇن.

**سەۋدايىلىق** ئى. ئېلىشىپ قالغانلىق، ساراڭلىق: ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئاكام بىچارىنىڭ سەۋدايىلىقى ئەۋجگە چىقتى.

**سەۋر I** ئى [ئە] دۇچ كەلگەن، يولۇققان ئېغىرچىلىق، مۇشكۈللۈككە بەرداشلىق بېرىش، قانائەت: سەۋر قىلماق. * قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر (ماقال). * سەۋر — ئەقىلنىڭ بەلگىسى (ماقال).

**سەۋر قاچىسى تاشماق** تاقىتىنى باسالمايدىغان، چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلمەك، تاقىتى چېكىگە يەتمەك، تاقىتى تاق بولماق: بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن باقىنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى.

**سەۋر II** ئى [ئە] <ئاستر> ← **سەۋر بۇرجى**.

**سەۋر بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ ئىككىنچىسى. ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى 30° — 60°. ئەسلىي ئورنى سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 20 - ئاپرېلنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم «قىزىلكوس» دېيىلىدۇ.

**سەۋر - تاقەت** سەۋر ھەم تاقەت، چىدام ۋە بەرداش: سەۋر - تاقەت قىلماق.

**سەۋر - تاقەتچان** ← **سەۋرچان**: ئۇ رەقىبىگە نىسبەتەن سەۋر - تاقەتچان بولالايتتى ھەم باشقىلارنىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇرالايتتى.

**سەۋر - تاقەتسىز** ← **سەۋرسىز**. سەۋر - تاقەتلىك - سەۋرچان: ئەگەر ئانىڭىز ئۇنچىۋالا مۇلايىم ۋە سەۋر - تاقەتلىك بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھالى كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى.

**سەۋرچان** سۈپ. ھەرقانداق دەرد - ئەلەم، ئېغىرچىلىققا، مۇشكۈللۈككە بەرداشلىق بېرىدىغان، تاقەت قىلىدىغان؛ قانائەتچان: سەۋرچان ئادەم. * ئادەم ئاش - تاماققا كەلگەندە سەۋرچان بولۇش لازىم.

**سەۋرچانلىق** ئى. سەۋر، تاقەت قىلىش.

**سەۋرسىز** سۈپ. سەۋر قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، تاقەتسىز: سەۋرسىز ئادەم.

**سەۋرسىزلەندۈرمەك** «سەۋرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-

رىي دەرىجىسى: قەيەردىدۇر بىر يەردە كۈچلۈك بىر سادا كىشىنى بىتا-قەت قىلىدىغان، سەۋرسىزلەندۈرىدىغان سېھرىي ئاۋازدا مېنى چاقىرماقتا.

**سەۋرسىزلەندۈرۈشمەك** «سەۋرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سەۋرسىزلەندۈرۈلمەك** «سەۋرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سەۋرسىزلەنمەك** پ. چىدام، تاقىتىنى يوقاتماق، جىددىيلەشمەك: — نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ — هاشىم شۇجى سەۋرسىزلىنىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

**سەۋرسىزلىك** ئى. تاقەتسىزلىك، چىدامسىزلىق: ئۇنىڭ سەۋرسىزلىكى بەرىبىر ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدۇ.

**سەۋرلىك** سۈپ. سەۋر قىلالايدىغان؛ چىداملىق، تاقەتلىك: سەۋرلىك ئادەم.

**سەۋزە** ئى [پ] <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇن هەم يۇمىلاق. يىلتىزى ئۇزۇن هەم كونۇس شەكلىدە بولۇپ، گۆشلۈك، قىزغۇچ ياكى سېرىق كېلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى.

**سەۋزىلىك** ① سۈپ. سەۋزىسى كۆپ: سەۋزىلىك پولۇ. ② ئى. سەۋزە تېرىلغان، سەۋزە ئۆسكەن يەر، ئېتىز.

**سەۋزىنازۇك** ① ئى [سەۋزە + نازۇك] <بوت>قوغۇننىڭ بىر تۈرى. ② سۈپ. كۆچمە. گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان، بەك زىل: - قارا بۇ سەۋزىنازۇكنى، بىر ئېغىز گەپنى قىلا - قىلمايلا سەكرەپ كېتىۋاتىدۇغۇ، — دېدى ئۇ.

**سەۋىيە** ئى [ئە] ① ئادەم ياكى نەرسە، هادىسىلەرنىڭ سۈپەت، تەرەققىيات دەرىجىسى: ئىلمىي سەۋىيە. ② كۆچمە. بىلىم، مەلۇمات؛ قابىلىيەت: سەۋىيەسى يۇقىرى ئادەم.

**سەۋىيەسىز** سۈپ. سەۋىيەسى يوق، سەۋىيەگە ئىگە ئەمەس: سەۋىيەسىز ئادەم.

**سەۋىيەلىك** سۈپ. سەۋىيەسى بار، سەۋىيەگە ئىگە بولغان: سەۋىيەلىك ئادەم.

**سەي** ئى [خەن] ① تاماققا ئىشلىتىلىدىغان ئوتياش، كۆكتات، كۆك. ② گۆش، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىقلارنى قازاندا قورۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك؛ قورۇما: سەي قورۇماق.

**سەي كاۋىسى** <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى پىلەك تارتىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق ياكى ئېلىپس شەكلىدە بولۇپ، پوستى ئاقۇچ يېشىل، ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سەي- پەي** ① سەي ۋە سەي دائىرىسىگە كىرىدىغان هەر خىل ئوتياش؛ كۆكتاتلار. ② هەر خىل قورۇما ۋە شۇ قورۇما دائىرىسىگە كىرىدىغان يېمەكلىكلەر.

**سەيپۇڭ** ئى [خەن] ← **ماشىنچى.**

**سەيپۇڭلۇق** ئى ← **ماشىنچىلىق.**

**سەيچى** ئى ① سەي - كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقان، كۆكتات تېرىغۇچى. ② سەي - كۆكتات ئېلىپ - ساتىدىغان تىجارەتچى، كۆكتاتچى.

**سەيچىلىك** ئى. كۆكتات تېرىش ۋە سېتىش كەسپى.

**سەيخال** ئى. دىيال. ماي ۋە چاق قۇمى بىلەن ئەسۋابنىڭ پارقىرىتىلىشى: سەيخال قىلماق.

**سەيخانا** ئى. مەخسۇس كۆكتات سېتىلىدىغان ئورۇن؛ كۆكتات دۇكىنى.

**سەيخانە** ئى [پ] چىلىمنىڭ بېشىدىكى تاماكا سالىدىغان جاي؛ ئوتلۇق، چوغدان.

**سەيخانىسىغا ئوت كەتمەك** بىرەر نەرسىگە تەلپۈنۈپ ئۆزىنى باسالماي قالماق، نەپسىگە ئالدىراپ كەتمەك، نەپسى تاقىلداپ كەتمەك: بۇ گۈزەل قىزنى كۆرگەن ئابلىز قارىنىڭ سەيخانىسىغا ئوت كەتتى.

**سەيدۇ** ئى [خەن] دىيال. تېرە كېسىدىغان ياي شەكىللىك پىچاق.

**سەير** ئى [ئە] يېزت. هاردۇق چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىرەر جايدا ئايلىنىش، كېزىش؛ سەيلە - ساياھەت: سەير ئەتمەك. سەير قىلماق.

**سەيسى** ئى [خەن] ← **ئالۋان.**

**سەيسكەش** ئى ← **ئالۋانچى.**

**سەيشەنبە** ئى [پ] <ئاستر> هەپتىنىڭ دۈشەنبىدىن كېيىن، چارشەنبىدىن ئىلگىرىكى ئىككىنچى كۈنى.

**سەيشەنبە بازار** هەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، يەنى سەيشەنبە كۈنى بولىدىغان بازار ۋە شۇ بازار بولىدىغان جاي: ئۇ چاربازارچىلىق قىلىپ، سەيشەنبە بازاردىن ئەمدىلا كەلگەنىدى.

**سەي- كۆكتات** سەي ۋە كۆكتات دائىرىسىدىكى هەر خىل ئوتياشلار.

**سەيلان** ئى [ئە] يېزت. ئېقىش؛ ئېقىپ يۈرۈش، كېزىش، تاماشا: سەيلان قىلماق.

**سەيلانە** ئى [ئە] يېزت ← **سەيلان.**

**سەيلە** ئى [ئە] ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا: باغ سەيلىسى. سەيلە قىلماق.

**سەيلە- تاماشا** سەيلە هەم تاماشا، سەيلە ۋە شۇ خىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش هەرىكەتلىرى.

**سەيلەتمەك** «سەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سەيلە- ساياھەت** سەيلە هەم ساياھەت.

**سەيلىچى** ئى. سەيلە، تاماشا قىلغۇچى: سەيلىچىلەر ئويناپ - كۈلۈپ چارچىغاندا قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاندىن قۇمغا كۆمۈلۈپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىدىن، سېخىي تەبىئەتنىڭ گۈزەل مۆھتىدىن قانغۇچە بەھرە ئېلىپ هۇزۇرلىناتتى.

**سەيلىك** ① ئى. سەي تېرىلغان ياكى سەي ئۆستۈرۈلگەن ئېتىز، كۆكتاتلىق. ② سۈپ. سەيلىرى بار، قورۇغان سەي بىلەن قوشۇپ يېيىلىدىغان: سەيلىك تاماق.

**سەيلىگاھ** ئى [ئە + پ] كىشىلەر هاردۇق چىقىرىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان، سەيلە - تاماشا قىلىدىغان جاي.

**سەيلىمەك** پ. تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك: ئۇ باھار ياپرىقىدەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇللارنى سەيلىدى.

**سەيلىۋاز** سۈپ. سەيلىگە ئامراق، سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، سەيلىگە خۇشتار: سەيلىۋاز ئادەم.

**سەينا** ئى [پ] مەلۇم دائىرىدە قورشالغان ئۆي - ئىمارەتلەر ئەتراپىدىكى بوشلۇق؛ ھويلا، قورۇ.

**سەيناق** ئى. بۇزۇلغان پىلە غوزىسى، كېرەكسىز مەشۇت: سەيناق يىپ.

**سەينالىق** سۈپ ① سەيناسى بار، سەيناسى بولغان: سەينالىق ئىمارەت. سەينالىق جاي. ② سەينا قىلىنىدىغان: سەينالىق يەر.

**سەينەك** I ئى. پىچىۋېتىلگەن بىر ياشلىق ئۆچكە؛ سەركە.

**سەينەك** II ئى <تېب> قول ياكى پۇت تىرناقلىرى زەخىملىنىپ، ياللۇغلىنىپ يىرىڭدايدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، بارماق ئۇچىنىڭ مەلۇم جايى قىزىرىپ ئىششىپ، قاتتىق ئاغرىتىدۇ، بەزىدە قىزىتىدۇ.

**سەينۇگە** ئى. دىيال ← **سەينەك** II.

**سەيۋەن** ئى [خەن] تارس. كونا جەمئىيەتتە بەگ، ھاكىملارنىڭ ئائىلە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىدىغان، ئۆشرە - زاكات، سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھوقۇقلۇق خىزمەتچى.

**سەيىد** ئى [ئە] ① <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ كىشى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سەييات** ئى [ئە] يېز ت. شىكار قىلغۇچى، ئوۋچى: — سەن دېگەن سەييات، — دەپتۇ ئۇلار، — ھەر كۈنى شىكار قىلىپ تۇرسەن، ھەرخىل قۇش - جانىۋارلارنى قولۇڭغا چۈشۈرسەن. بىز بولساق ئۆمرىمىزدە شىكار دېگەننى كۆرۈپ باققىنىمىز مۇشۇ.

**سەيياتلىق** ئى. ئوۋچىلىق: سەيياتلىق قىلماق. * گۆر ئوغلى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن ھەرخىل سەيياتلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ناھايىتى كۆپ بۇغا - ماراللارنى ئوۋلاپ كېلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

**سەييارە** [ئە] ① سۈپ. مۇقىم تۇرار جايى يوق ياكى بىر جايدىن باشقا جايغا كۆچۈپ يۈرۈپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان، خىزمەت قىلىدىغان، ئۆتكۈزۈلىدىغان ياكى كېزىپ يۈرىدىغان: سەييارە مەكتەپ. ②ئى <ئاستر> چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئېللىپس شەكلىدىكى ئوربىتىلاردا قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسىملىرى. ئۇلار ئۆزلىرى نۇر چىقارماي، پەقەت كۈن نۇرىنى قايتۇرىدۇ. قۇياش سىستېمىسىدا مېركۇري، ۋېنېرا، يەر شارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئۇران، نېپتون ۋە پلۇتوندىن ئىبارەت توققۇز چوڭ سەييارىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سەييارىلەر بولىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سەيياھ** ئى [ئە] يۇرت كېزىپ يۈرگۈچى، ساياھەت قىلغۇچى، ساياھەتچى.

**سىلېسار** ئى [ر] قىرغۇچى ئىستانوكتا ئىشلىگۈچى ئادەم.

**سىلېسارلىق** ئى. قىرغۇچى ئىستانوك ئارقىلىق ھەرخىل ئىشلەنمىلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: سىلېسارلىق قىلماق.

**سىليۇدا** ئى <گېئول> ← **چىرىمتال.**

**سىيۇرفىڭ** ئى [ ئىنگ ] <تەن> دولقۇن ئۈستىدە تاختاي بىلەن تېيىلىش تەنھەرىكىتى.

**سوئال** ئى [ئە] ① جاۋاب تەلەپ قىلىنغان گەپ، جۈملە، ئىبارە؛ سوراق: سوئال بەرمەك. سوئال تاشلىماق. سوئال سورىماق. سوئال قويماق. ② يېشىلىشى لازىم بولغان مەسىلە: بىرەر ئايدىن بۇيان، ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈرلۈك سوئاللار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ③ <مائار> مەشىق قىلغان ياكى ئىمتىھان ئالغان ۋاقىتلاردا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋاب بېرىشى ۋە يېشىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلىلەر: سوئال چىقارماق. سوئالنى يەشمەك.

**سوئال - جاۋاب** بىر - بىرىگە سوئال بېرىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىش شەكلىدە بولىدىغان سۆھبەت: بۇنداق سوئال - جاۋاب بىر پەس داۋام قىلغاندىن كېيىن ئابدەم «ئۇھ - ھ - ھ ...» دەپ بىر تىنىۋالدى.

**سوئال - سوراق** سوئال بېرىش، سۈرۈشتۈرۈش، ئېنىقلاش، قىستاپ سوراش قاتارلىقلار: سەلەي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا كونكرېت، تەپسىلىي جاۋاب بەردى.

**سوپەك** ئى. جان ت. قول تىراكتور.

**سوپۇن** ئى [ئە] كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى بۇيۇم.

**سوپۇنچى** ئى. سوپۇن ئىشلەپ چىقارغۇچى ياكى ساتقۇچى كىشى.

**سوپۇنچىلىق** ئى. سوپۇن ياساش ياكى سېتىش ئىشى: سوپۇنچىلىق قىلماق.

**سوپۇنداتماق** «سوپۇندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوپۇنداشماق** «سوپۇندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سوپۇندان** ئى [ئە+پ] سوپۇن قويىدىغان قۇتا، سوپۇن قۇتىسى.

**سوپۇندەرىخى** ئى [سوپۇن + دەرەخ + ى] <بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.

**سوپۇندىماق** پ. سوپۇن سۈرتمەك، سوپۇندىماق: ئەتىسى ئەتىگەن ئانام مېنى سوپۇنداپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ يېڭى كىيىملىرىمنى يەنە كىيگۈزۈپ قويدى.

**سوپۇنلاتماق** «سوپۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپىسى ئۇنىڭ يۈزىنى سوپۇنلىتىپ يۇدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىغا تاماق ئەكەلدى.

**سوپۇنلاشماق** ① «سوپۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خاڭچىلار تازىلىق ئۆيىدە يۈز - كۆزلىرىنى سوپۇنلىشىپ يۇيۇشۇۋاتاتتى. ② <خىم> ماي بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ سوپۇن بىلەن گلىتسېرىننى ياكى ئېستېر بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ كىسلاتا (ياكى تۇز) بىلەن ئىسپىرتنى ھاسىل قىلماق.

**سوپۇنلىماق** پ. سوپۇن سۈرتمەك: تاماق يېيىش ئالدىدا ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى سوپۇنلاپ يۇيۇپ، ئۇبدان قۇرۇتۇش لازىم.

**سوپى** [ئە] <دىن> ① ئى. ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سوپىزىم يولىنى تۇتقان كىشى: ئوغرى قېرىسا سوپى بولار، جالاپ قېرىسا بۇۋى (ماقال). ② سۈپ. ياخشى - يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى توختاتقان: سوپى ئايال. سوپى يىگىت.

**سوپتورغاي** ئى [سوپى + تورغاي] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئاق قۇشقاچتىن چوڭراق، پەي - تۈكلىرى قوڭۇر ھەم ئۈستىدە ئۇششاق ئاق داغلىرى بولىدۇ. ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدۇ، ھەرخىل ئاۋازلاردا سايرىيالايدۇ. ئادەتتە زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلانغاچقا، پايدىلىق قۇش دەپ قارىلىدۇ.

**سوپىچىلىق** ئى. سوپىلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت: ئىشانلىق، سوپىچىلىق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.

**سوپىزم** ئى [ر<گرېك] <دىن> ئىسلام دىنىدىكى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مىستىكىلىق — تەركىدۇنياچىلىق ئېقىمى.

**سوپىست** ئى [ ر < گرېك ] <پەلس> قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ سوپىستىك پەيلاسوپى: ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن شەرق ۋە غەرب، قەدىمكى ۋە ھازىرقىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ: ئۇ ماڭا بىر سوپىست بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**سوپىستىك** سۈپ [ ر< گرېك ] سوپىستىكىغا ئائىت، سوپىستىكىغا ئاساسلانغان؛ سوپىزمنى ياقلىغۇچى: ئۇلۇغ پەيلاسوپ سۇقرات، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى مەنسۇر ھەللاج، بىر ئۆمۈر سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىپ ئېيتقۇسىز رىيازەتلەرنى چەككەن سوپىستىك ئىسيانكار شائىر مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ دارغا ئېسىلىشى ... قاتارلىقلار جاھالەتلىك دەۋرلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق يالدامىلىرى، مەدەنىيەتكە قىلغان مەسخىرىلىرىدۇر.

**سوپىستىكا** ئى [ ر < گرېك ] <پەلس> ① پاكىتنى قەستەن بۇرمىلاپ، دىئالېكتىكا ۋە لوگىكىلىق قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا بولغان گەپ - سۆزلەر ئارقىلىق، مەلۇم خىل بىمەنە سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئاقلايدىغان بىر خىل ئۇسۇل؛ تەلىمات؛ ② سوپىزم.

**سوپىسوپىياڭ** ئى [سوپى+سوپىياڭ] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى سېرىق، كۆزىدىن باشلاپ بېشىنىڭ ئارقا قىسمىغىچە قارا، تۇمشۇقى ئاچ قىزىل كېلىدۇ. يېقىملىق سايرايدۇ.

**سوپىلىق** ئى. سوپىلار قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت.

**سوت** ئى [ر] <قا> ① دەۋا ئەنزىلىرىنى قاراپ چىقىپ، تېگىشلىك ھۆكۈم چىقىرىدىغان دۆلەت ئورگىنى: ئالىي سوت. ② شۇنداق ئورگان جايلاشقان ئورۇن، ئۆي، بىنا: سوتقا بارماق. ③ شۇنداق ئورگان خادىملىرى ياكى سودىيەلەر ھەيئىتى: سوت مەجلىسى. ④ دەۋا ئەنزىلىرىنىڭ شۇنداق ئورگاندا كۆرۈلۈشى، سوت يىغىنى: سوت قىلماق.

**سوتا** ① سۈپ. شاخسىز، پۇتاقسىز: سوتا بولۇپ قالغان دەرەخ. ② ئى. تاياق، كالتەك : كوچىلاردا قولىدا قەۋەت ھالقىلىق ساپايە، كۆپ پۇتاق كۆزلۈك سوتا سەبەندە كۆتۈرۈۋالغان خوجا مىرشابلار ھاكىملىق قىلاتتى.

**سوتچى** ئى <قا> ئومۇمەن سوت ئورگانلىرىدىكى سوتقا چۈشكەن ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىپ، شۇ ئىشلار بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە سوراق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچى خادىم.

**سوتخانا** ئى <قا> سوت مەھكىمىلىرىدىكى ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئورۇن، ئاپپارات ياكى ئۆي.

**سوتسىيال** سۈپ [ر] <پەلس> ① كىشىلىك جەمئىيەتكە، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ئائىت؛ ئىجتىمائىي؛ جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا، تەبىقىلەرگە، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشى بىلەن باغلىق بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن مەيدانغا كېلىدىغان: سوتسىيال تەڭسىزلىك. سوتسىيال دېموكراتىيە. ② ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان.

**سوتسىيالىزم** ئى [ر<فىران] <پەلس> سوتسىيالىستىك تۈزۈم، يەنى كوممۇنىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى. ئۇنىڭدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى پىرولېتارىيات ئىگىلىگەن بولىدۇ.

**سوتسىيالىزمچى** ئى. سوتسىيالىزم تەرەپدارى، يەنى سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشىگە قاتناشقۇچى كىشى.

**سوتسىيالىزملىق** سۈپ. سوتسىيالىزمغا ئائىت ، سوتسىيالىزمغا خاس.

**سوتسىيالىستىك** سۈپ [ر] <پەلس> ① سوتسىيالىزمغا ئائىت : سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش. ② سوتسىيالىزم پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان؛ سوتسىيالىزمغا خاس: سوتسىيالىستىك تۈزۈم. سوتسىيالىستىك قانۇن. سوتسىيالىستىك ئەخلاق. سوتسىيالىستىك دۆلەت. ③ سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىلغان، سوتسىيالىزم پىرىنسىپلىرىغا جاۋاب بېرىدىغان: سوتسىيالىستىك ئاڭ.

**سوتسىيولوگ** ئى [ ر ] سوتسىيولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم.

**سوتسىيولوگىيە** ئى [ ر<فىران< گرېك ] جەمئىيەت ھەققىدىكى تەلىمات.

**سوتكا** مىق [ر] بىر كېچە - كۈندۈزگە، يەنى 24 سائەتكە تەڭ ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى ۋە شۇ ئۆلچەمدىكى ۋاقىت.

**سوتكىلاپ** رەۋ. بىرقانچە سوتكا ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، بىر قانچە سوتكا داۋامىدا: سوتكىلاپ ئىشلىمەك.

**سوتكىلىق** سۈپ ① بەلگىلىك سوتكا ئىچىدە داۋام قىلىدىغان، مەلۇم سوتكىغا توغرا كېلىدىغان ياكى سوتكا بىلەن ئۆلچىنىدىغان: ئۈچ سوتكىلىق دەم ئېلىش. ② بىر سوتكا داۋاملىشىدىغان، بىر سوتكىغا توغرا كېلىدىغان: قۇياشنىڭ سوتكىلىق ھەرىكىتى. سوتكىلىق ئىش ھەققى.

**سوتلاتماق** «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەم ئەرز قىلىپ يۈرۈپ ئابلىمىتنى سوتلاتتى.

**سوتلاشماق** ① «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەردانىنى ئاخىرقى قېتىم سوتلاشتى. ② دەۋالاشماق، بىر - بىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشماق: ئۇلار سوتلىشىپ تاكى ۋىلايەتلىك سوتقىچە بېرىشتى.

**سوتلانماق** «سوتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى سوتلانماقتا.

**سوتلىماق** پ. جىنايەتچىنى بەلگىلەنگەن تەرتىپ - قائىدىلەر بويىچە جاۋابكارلىققا تارتماق، سوت قىلماق.

**سوتۇق** ئى. ئاھاڭ، كۈي، ئۈن، ئاۋاز: — بۇ ناخشىلار قانچىگە

بارىدىكەن، سوتۇقلىرىچۇ؟ — سورىدى ۋاڭ.

**سوچى** ئى. دىيال. ۋاستىچى، ئەلچى.

**سوخرۇن** سۈپ. دىيال. ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس.

**سودا** I ئى [ئىنگ <لات] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. تەركىبى ناترىي كاربونات ($Na_2CO_3$). ئاق رەڭلىك پاراشوك ياكى دانىچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇدىكى ئېرىتىمىسى كۈچلۈك بولۇشتەك ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەتتە ئەينەكچىلىك، قەغەزچىلىك، سوپۇن ۋە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، توقۇمىچىلىق ھەم كۆن - خۇرۇم سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سودا** II ئى [پ] ① سېتىش - سېتىۋېلىش شەكلىدە تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت، ئالدى - ساتتى، سودا - سېتىق، تىجارەت: سودا ئىشلىرى. ② ئالدى - ساتتى مۇئامىلىسىدە، مالنىڭ نەرخى ھەققىدىكى تالاش - تارتىش.

**سوداليت** ئى [لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى دالا شپاتسىمانلاردىن بىرى. تەڭ ئوقلۇق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە دانىچە ياكى كاللەك ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، رەڭسىز ياكى ئاقۇچ كۆل رەڭ كېلىدۇ، بەزىدە سەل - پەل كۆك ئارىلاشقانمۇ بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىدا. قاتتىقلىقى 5.5 — 6؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.14 — 2.30. ئاساسەن ئىشقارلىق ئېتىلما جىنسلار ئارىسىدا بولىدۇ.

**سودىگەر** ئى [پ] سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سودا - سېتىقنى كەسىپ قىلغان كىشى؛ تىجارەتچى.

**سودىگەرچە** رەۋ. سودىگەردەك، سودىگەرگە ئوخشاش: سودىگەرچە ياسانماق.

**سودىگەرچىلىك** ئى. سودىگەرلىك: موللازەيدىن سودىگەرچىلىكتە بىر يانچۇقتا پۇل، بىر يانچۇقتا يالغان، يەنە بىر يانچۇقتا قەسەم بولسا بولىۋېرىدۇ دەپ چۈشىنەتتى.

**سودىگەرلىك** ئى. سودىگەر قىلىدىغان ئىش، كەسىپ. سودىگەرلىك قىلماق.

**سودىلاشتۇرماق** «سودىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئۇلارنى سودىلاشتۇرۇپ قويىدى.

**سودىلاشماق** پ ① ئېلىپ - سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ نەرخى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلماق، كېلىشمەك: مەن باھانى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سودىلاشتىم. ② كۆچمە. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇددىئاسى بىلەن كېلىشىۋالماق، پۈتۈشۈۋالماق: ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش — سودىلاشقىلى بولمايدىغان چوڭ پىرىنسىپ.

**سودىلىق** ئى. ئېلىپ - سېتىش ياكى نەرسە سېتىۋېلىش ئىشى: سودىلىق قىلماق. سودىلىققا چىقماق.

**سودىيە** ئى [ر] <قا> سوت ئورگانلىرىدىكى سوتنى باشقۇرىدىغان، سوتلانغۇچى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشى؛ سوتچى.

**سوراتماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارىدىن بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شامەخسۇتنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىبراھىمبەگ جىنەستىخاننى ئۆزىگە سوراتتى.

**سوراشتۇرماق** پ. ھەر تەرەپلىمە سورىماق؛ سۈرۈشتۈرمەك: ئۇ ھاكىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ بىرھازاغىچە پاراڭلاشتى.

**سوراشماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى سوراشتى.

**سوراق** ئى ① سوئال: ئۇنىڭ چىرايىدا سوراق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ② <قا> جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرى ياكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلاردىن ۋە ياكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكارلاردىن سوئال سوراش ئارقىلىق ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش، سۈرۈشتۈرۈش جەريانى.

**سوراقچى** ئى. سوراق قىلغۇچى كىشى: دەۋاگەرلەر ئىشىكتىن كىرىپلا، سوراقچى بەگلەرگە تىز پۈكۈپ تەزىم قىلدى.

**سوراقچىلىق** ئى. سوراق قىلىش ئىشى.

**سوراقخانا** ئى. جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچىلارنى سوراق قىلىدىغان جاي.

**سوراقسىز** ① سۈپ. سورىمايدىغان، سوراق قىلمايدىغان، سوراققا تارتمايدىغان: سوراقسىز دەۋاغا قالدىم. // بىراۋلار خالىسا، ئاسار سوراقسىز ۋە ھەتتا جادىغا باسار سوراقسىز. ② رەۋ. رۇخسەت ئالماي، رۇخسەتسىز: مىسالى ئىگىسىز بىر قوي تېپىلماس، سوراقسىز سويغۇچى دەۋادىن قۇتۇلماس.

**سوراقلىماق** پ. سوراق قىلماق: — نېمىگە سوراقلايسەن!؟ — تاجىدىننىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى، — ھە دەپ بەرسەم خۇددى مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك ۋارقىرايسەنغۇ؟!

**سورالماق** «سورىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئادىلىنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سورالغان سوراقلارغا جاۋاب بەردى.

**سورت** ئى [ر] ① <بىيول> سۈنئىي ئۇسۇلدا تاللانغان ۋە يېتىشتۈرۈلگەن، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئورتاق ئىرسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم جانلىق ئورگانىزم (ئادەتتە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مال - چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ② مالنىڭ، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممەت جەھەتتىكى تۈرى، خىلى: پولاتنىڭ يېڭى سورتى.

**سورتداش** سۈپ. سورتى بىر، بىر سورتتىن يېتىلگەن: سورتداش ئۇرۇق.// ساقلاپ قالىدىغان سورتداشلار.

**سورتلاتماق** «سورتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سورتلاشماق** ① «سورتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② سورتلارغا ئايرىلماق.

**سورتلانماق** «سورتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سورتلۇق** سۈپ ① مەلۇم سورتقا مەنسۇپ بولغان: ئەلا سورتلۇق پاختا. ② سورتى، سۈپىتى يۇقىرى: سورتلۇق ئالما. سورتلۇق ئۇرۇق.

**سورتلىماق** پ. دەرىجىگە، تۈرگە ئايرىماق، بۆلمەك: بائىمخان گىلەم توقۇش، سورتلاش تېخنىكىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالدى.

**سورۇتماق** «سورۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇغدىينى ئەمەتكە سورۇتتى.

**سورۇشماق** «سورۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بارغاندا ئۇلار خامان سورۇشۇۋاتقانىكەن.

**سورۇق** ئى. تېپىلگەن بۇغداينى خاماندا سورۇپ تازىلاش

كىشى: ئۇ ئەتىسى مېنى ئاشلىققا مەسئۇل بولۇشتىن ئېلىپ تاشلاپ،
سورۇققا سېلىپ قويدى.

**سورۇقچى** ئى. خامان سورۇغۇچى، خامان سورۇشنى بىلـ-
ـدىغان كىشى.

**سورۇقچىلىق** ئى. دىشۋارچىلىق، خانىۋەيران بولۇش،
ۋەيرانچىلىق: سورۇقچىلىق تارتماق.

**سورۇقلۇق** سۈپ. سورۇلغان، سورۇپ قويۇلغان: سورۇقلۇق
بۇغداي.

**سورۇلماق** «سورۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
توختىنىڭ بۇغدىيى سورۇلۇپ، چەشلىگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلدى.

**سورۇماق** پ ① ئۇۋاق ياكى دانە – دانە نەرسىلەرنى يۇقـ-
ـىرىغا قارىتىپ ئاتماق، چاچماق: ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ، شامال
چىچىپ سورۇيدۇ (ماقال). ② كۆچمە. بۇزۇپ – چاچماق، ۋەيران
قىلماق؛ يوقاتماق: ئۇنىڭ پېشانە تەرى بىلەن تاپقان پۇللىرىنى بالـ-
ـىلىرى سورۇۋەتكەنىدى.

**سورۇن** ئى. كىشىلەر توپلىنىپ بىرەر ئىش بىلەن
شۇغۇللانغان ئورۇن، جاي: سورۇن تۈزمەك. سورۇن قۇرماق.

**سورۇنلۇق** سۈپ. سورۇنغا ماس كېلىدىغان، سورۇندا
چانمايدىغان؛ سورۇندا ئولتۇرالايدىغان، سورۇن قائىدىلىرىدىن
خەۋەردار: ئۇ خېلى سورۇنلۇق ئادەم.

**سورىماق** پ ① ئەھۋال ئىگىلەش، بىلىش مەقسىتىدە سوئال
بىلەن مۇراجىئەت قىلماق؛ سوئال بەرمەك: ئادرېسىنى سورىماق.
ئەھۋالنى سورىماق. ② مەسلىھەتىنى ياكى پىكرىنى ئالماق،
پىكىرلەشمەك: ئۇ ھېچكىمدىن سوراپ ئولتۇرماي، ئۆزى يالغۇز يولغا
چىقتى. ③ بىرەر ئىلتىماس ياكى تەلەپ بىلەن مۇراجىئەت
قىلماق؛ ئۆتۈنمەك؛ تەلەپ قىلماق: رۇخسەت سورىماق. ④ سودا –
سېتىقتا مالنىڭ نەرخىگە باھا قويماق: بازاردا گىلەمنى قانچىگە
سورىدى؟ ⑤ ھاكىملىق، ھۆكۈمرانلىق قىلماق، ئىدارە قىلماق،
باشقۇرماق: يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىماق.

**سوزا** ئى. ناچا.

**سوزدۇرماق** «سوزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوزماق** I پ ① تارتىپ، ئۇرۇپ، بېسىپ، مىجىپ، قىزدۇ-
رۇپ ياكى باشقا بىرەر يول بىلەن ئۇزۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك،
ئۇزۇن قىلماق، ئۇزارتماق: خېمىرنى سوزماق. تۆمۈرنى سوزماق.
رېزىنكىنى سوزماق. ② ئاچماق، يايماق، كەرمەك، ئۇزارتماق: پۇت –
قولىنى سوزماق. ③ ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك: كۆككە بوي سوزغان
كۆركەم تاغلىرىڭ، مەيلىمنى تارتتى گۈزەل باغلىرىڭ. ④ كۆچمە.
ئارقىغا سۇرمەك، كېچىكتۈرمەك، كەينىگە تارتماق: قەرزنى
سوزماق. ⑤ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلماق (تاۋۇش
ھەققىدە): شۇ ئەسنادا، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قۇربان پادىچىنىڭ
ئۈنىنى سوزۇپ «ھەيدە!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ⑥ كۆچمە.
دەۋرمەك، ئۇزارتماق، كۆپەيتمەك (گەپ – سۆز ھەققىدە):
مېنىڭ بۇ يەردە گەپنى سوزۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

**سوزماق** II ئى. دىيال. رەگەتكە.

**سوزۇشماق** «سوزماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
قويلارمۇ مۇڭلۇق مۇزىكىنى ياخشى كۆرسە كېرەك، قۇلاقلىرىنى سوزۇ-
شۇپ، پات – پات مەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ يايلىشاتتى.

**سوزۇق** سۈپ. سوزۇلغان، سوزۇنچاق: يۈزى سوزۇق. سوزۇق
تاۋۇش.

**سوزۇلغاق** سۈپ. سوزۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، سوزۇ-
لىدىغان: سوزۇلغاق پايپاق. سوزۇلغاق رەخت.

**سوزۇلما** سۈپ ① سوزۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان،
سوزۇلىدىغان: سوزۇلما بۇيۇم. سوزۇلما ماتېرىيال. ② ۋاقتى
ئۇزۇن، قوزغىلىشى ئاستا بولىدىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان:
سوزۇلما كېسەل. ③ سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان: سوزۇلما
سوزۇق تاۋۇش.

**سوزۇلماق** ① «سوزماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
ئۇنىڭ يارىسى سوزۇلغانسېرى، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلـ-
ـىدى. ② ياتماق: ئۇ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ئۇخلاۋاتاتتى.

**سوزۇلمىلىق** ئى. سوزۇلما ھالەت، سوزۇلما ھەرىكەت: مەلۇم-
كى، مۇزىكا ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت. سوزۇلمىلىق ۋاقىتنىڭ تۈپ
خۇسۇسىيىتى.

**سوزۇلۇشچان** سۈپ. ئاسان سوزۇلىدىغان، سوزۇلۇش
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: سوزۇلۇشچان ماتېرىيال.

**سوزۇلۇشچانلىق** ئى ① <فىز> جىسىملارنىڭ سوزۇلىدىغان
خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن، مېتاللار كۆپىنچە سوزۇلۇشچانلىققا
ئىگە كېلىدۇ. ② <بىن> ماتېرىياللارنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە
قەدەر سوزۇلغان چاغدىكى ئۇزارغان قىسمىنىڭ ئەسلىدىكى
ئۇزۇنلۇققا بولغان نىسبىتى.

**سوزۇلۇشماق** «سوزۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
باشقىلار بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، يامغۇر يالىغان پاكىز، يۇمشاق
شېغىل ئۈستىگە سوزۇلۇشتى.

**سوزۇنچاق** سۈپ. سوزۇق ياكى سوزۇلغان ھالەتتىكى،
ئۇزۇنراق سوزۇلغان: ئۇنىڭ سوزۇنچاق كەلگەن قانسىز يۈزى ھېلـ-
ـىلىدەك قورۇلۇپ، قېرىنداش تۇتقان ئىنچىكە بارماقلىرى تىترەۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى.

**سوستاۋ** ئى [ر] مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان
تەركىبىي قىسىملار ياكى گۇرۇپپىلار يىغىندىسى، توپى:
تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى.

**سوسكا** ئى [ر] ← **ئېمىزگە.**

**سوغا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان چېلەك.

**سوغات** ئى. دىيال. پىشلاق.

**سوغان** ئى <تېب> ← **يەلتاشما.**

**سوغتانماق** پ. دىيال. توڭلىماق، توڭماق، ئۈششۈمەك.

**سوغد** ئى <ئىرق> مىلادىيەدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق
دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن
زەرەپشان ۋادىلىرى) دا ياشىغان ھەم بۇ جايدا يۈكسەك مەدە-
نىيەت ياراتقان قەدىمكى پارس قەبىلىسى. ئۇلارنىڭ ئاساسى
ساكلاردۇر. ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 – ئەسىردە شۇ جايدا
دۆلەت قۇرغان.

**سوغد تىلى** <تىل> قەدىمكى سوغدلار ئىشلەتكەن تىل. بۇ
تىل ھىندى – ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل تۈركۈ-
مىنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن
جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان

بولۇپ، ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ياگنوب تىلى دەل قەدىمكى سوغد تىلىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىلدا يېزىلغان ۋە 4 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەۋە يازما يادىكارلىقلار بار.

**سوغد يېزىقى** <تىل> سوغدلار ئىشلەتكەن يېزىق. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئارامېي يېزىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، ئەرەب يېزىقىغا ئوخشاش ئوڭدىن سولغا يېزىلغان ۋە ئوقۇلغان. قەدىمكى مەنبەلەردە، ئۇنىڭدا 25 ھەرپ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بىراق، تۇرلۇك جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەرپ سانى 20 دىن 25 كىچە بولغانلىقى سېزىلدى.

**سوغداق** ئى <ئىرق> ← **سوغد.**

**سوغۇق** ① سۈپ. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى بەلگىلىك گىرادۇستىن تۆۋەن بولغان: سوغۇق سۇ. سوغۇق ھاۋا. * يېگى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق (ماقال). ② ئى. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ھاۋا؛ ئاياز: بىز قارلىق تاغقا بېرىپ چېنىقىشىمىز، سوغۇقتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ③ ئى. سوغۇقلۇققا تەۋە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە ئورگانىزم پائالىيىتىنىڭ سۇسلىششى: سوغۇقى ئاشماق. سوغۇق كەلمەك. ④ سۈپ. كۆچمە. ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، يېقىمسىز، قوپال: سوغۇق مۇئامىلە. سوغۇق جاۋاب. * ئۆزى سوغۇقنىڭ قىلىقى سوغۇق (ماقال).

**سوغۇق بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى ۋە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى جايلار. بۇ جايلارنىڭ كىلىماتى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، ئەڭ ئىسسىق ئايلىرىدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىمۇ 10℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ. ئىككى قۇتۇپقا يېقىن جايلىرىدا بولسا، يېرىم يىل كۈندۈز، يېرىم يىل كېچە بولىدۇ.

**سوغۇق تەگمەك** ① سوغۇقنىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى بىلەن بىرەر ئورگانىزمدا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەك: ئۇنىڭ يادىغا ئاينۇر كەلدى. ئاينۇرنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن بولۇپ، ھازىر دوختۇرخانىدا ئىدى. ② كۆچمە. قوپاللىق قىلماق، قوپال پوزىتسىيە تۇتماق: چوڭام، سىلى بىلەن مەن ئوخشاش. بىر ـ بىرىمىزگە ئۇنچىلا سوغۇق تەگمىسەكمۇ بولىدۇ.

**سوغۇق سۇ سەپمەك** بىراۋنىڭ ئاكتىپلىقىغا، قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك، توسقۇنلۇق قىلماق: خوتۇن، بالىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەيلى.

**سوغۇق شەبنەم** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ 17 ـ سى. مىلادىيە 8 ـ ياكى 9 ـ ئۆكتەبىردىن باشلىنىدۇ.

**سوغۇق قول** يامان نىيەتلىك، ئەسكى، بۇزۇق؛ كىشلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشقا ئادەتلەنگەن: بوۋاينىڭ قارا ساقىلى تىترەپ، كالپۇكلىرى لىپىلداپ كەتتى: «مانا، سوغۇق قولنىڭ كاساپىتى، مانا بەتنىيەتنىڭ زىيىنى!»

**سوغۇق قول تەگمەك** ئوغرىلانماق، ئوغرى تەگمەك: سادىق قوغۇننىڭ باش بۇرنىغا سوغۇق قول تەگكەنلىكىنى سەزگەن ئاخشىمى گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى.

**سوغۇق ئېقىم** ① <جۇغ> يۇقىرى كەڭلىكتىن تۆۋەن كەڭلىككە قاراپ ئاقىدىغان ئوكيان ئېقىنى. ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېقىپ بارغان جايدىكى سۇ تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولۇپ، ئېقىش داۋامىدا بارغانلا يەرنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، يامغۇر ـ يېشىن ئاز بولىدۇ. ② <مېتېئور> سوغۇق دولقۇن.

**سوغۇق ئىچىملىك** گاز سۈيى، گىلاس شىرنىسى، دوغاپ قاتارلىق سوغۇق پېتى ئىچىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئىچىملىك.

**سوغۇق يېمەكلىك** چوكىمۇز (بىڭگۇر)، ماروژنى قاتارلىق سوغۇق پېتى يېيىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان يېمەكلىك. كۆپىنچىلىرى تاتلىق كېلىدۇ.

**سوغۇقچان** سۈپ. مىجەزى سوغۇققا مايىل: سوغۇقچان بالا. سوغۇقچان قىز.

**سوغۇقچىلىق** ئى. ئۆزئارا رەنجىش، ئۆزئارا ئاداۋەت، نىزا ۋە شۇ قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن كۆڭۈلسىز ھالەت، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر؛ يىرىكچىلىك: سوغۇقچىلىق چۈشمەك. سوغۇقچىلىق سالماق.

**سوغۇققان** سۈپ [سوغۇق + قان] ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن: سوغۇققان ئادەم.

**سوغۇققانلىق** ئى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن كەيپىيات: سوغۇققانلىق بىلەن ئىش كۆرمەك.

**سوغۇقلاشماق** سۈپ. سوغۇق ھالەت پەيدا بولماق، سوغۇق كەيپىياتقا كەلمەك: ئۇنىڭ ئىللىق كۆز نۇرى بارغانسېرى سوغۇقلاشتى.

**سوغۇقلۇق** ئى ① سوغۇق ھالەت: سۇنىڭ سوغۇقلۇقى بەك تۆۋەن بولسا، يۇيۇنۇشقا تەس بولىدۇ. ② ئىسسىقنى قايتۇرىدىغان ئامال: سوغۇقلۇق قىلماق. ③ كۆچمە. قوپاللىق، قاتتىقلىق، يېقىمسىزلىق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەيھانىنىڭ نادەمگە قىلىدىغان يېقىنلىقلىرى ۋە ئۆزىگە قىلىدىغان سوغۇقلۇقلىرى بىرمۇبىر كەلدى ـ دە، چىشلىرى كىرىشتى.

**سوغۇقنەپەس** سۈپ [ سوغۇق + نەپەس ] گېپى قوپال، توڭ؛ قىلىقى سەت: سوغۇقنەپەس ئادەم.

**سوغۇقنەپەسلىك** ئى [ سوغۇق + نەپەسلىك ] گېپى قوپاللىق، توڭلۇق؛ قىلىقى سەتلىك: ـــ ئەگەرچەندە يەنە بىرى كېلىپ ھەرقايسىڭنىڭ شۇ تۇغقانلىرىڭغا مۇشۇنداق سوغۇقنەپەسلىك قىلسا، چىداپ تۇرۇشالامسەن ئۆزۈڭ؟ ـــ دېدى بوۋاي زەردە بىلەن.

**سوغۇلدۇرماق** «سوغۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوغۇلدۇرۇلماق** «سوغۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سوغۇلماق** پ. ئازلىماق، قۇرۇماق، كېمەيمەك؛ تۆۋەنلىمەك: بەزىلەر سۇنىڭ بىرئاز سوغۇلۇشىنى كۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى.

**سوغۇن** ئى. دىيال. ئىشىك ـ قوۋۇق ياكى دەرۋازىلارغا، دېرىزىنىڭ كۆزنىكىگە ئوخشاش ئېچىپ قويۇلىدىغان تۆشۈك.

**سوغىچى** ئى. سوغا بىلەن سۇ توشۇيدىغان ئادەم.

**سوغىچىلىق** ئى. سوغا بىلەن سۇ توشۇش ئىشى: سوغىچىلىق قىلماق.

**سوغىگۈل** ئى [سوغا + گۈل] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى

يىپ ياكى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. گۈل يېپىنچىسى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، قوڭغۇراق شەكلىدە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. تەڭگىچە غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سوغىلىق** سۈپ ① سوغىسى بار، سوغىغا ئىگە: ئاخىرى ئۇمۇ بىر جۈپ سوغىلىق بولۇپ قالدى .② سوغا بولىدىغان، سوغىغا لايىق: بىزنىڭ ئۆيدە تەييارلانغان ئىككى سوغىلىق ياغاچ بار.

**سوق** ئى. دىيال. قىزىقچى، ھەزىلكەش.

**سوقا** Ⅰ سۈپ. بەك يۇمىلاقمۇ، ئۇزۇنمۇ ئەمەس، تۇخۇم شەكلىدىكى: سوقا چىلان. سوقا تاش.

**سوقا** Ⅱ ئى. سۇ، قول، پۇت ياكى توك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، شالنى ئاقلايدىغان هاۋانچا شەكىللىك قۇرۇلما.

**سوقا چۈشتى** نۆۋەت بىلەن، بىر نىڭ كەينىدىن بىرى، ئارقىمۇئارقا، دەممۇدەم: ئۇنىڭغا شەھەردە ئائىلە ئايالى بولۇپ ئولتۇرىدىغان قىزلىرىدىنمۇ سوقا چۈشتى ھالدا شەھەرنىڭ يېڭى مالىلىرى كېلىپ تۇراتتى.

**سوقا سۆھبەت** ئۆز ئارا قىلىشقان ھەر خىل پاراڭ: سىرتتا بولۇۋاتقان سوقا سۆھبەتلەر ئۆي ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**سوقا** Ⅲ ئى→ **ساپان.**

**سوقا** Ⅳ ئى. دىيال. كۇرۇشكا.

**سوقا- سايمان** سوقا ۋە سوقا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى.

**سوقا- سەندەلدەك** قاۋۇل، بەستلىك، تەمبەل، بېجىرىم: نېمانداق قارايدىغانسىلەر. ماڭا قارىساڭلار مانا شۇنداق، يېگەن-ئىچكەندەك، سوقا- سەندەلدەك ئولتۇرۇپتىمەن!

**سوقان** ئى. دىيال. لەيلەك.

**سوقتۇرماق** «سوقماق Ⅰ» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىچاق سوقتۇرماق. كەتمەن سوقتۇرماق.

**سوقتۇرۇشماق** «سوقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار بەس- بەس بىلەن كەتمەن سوقتۇرۇشماقتا ئىدى.

**سوقتۇرۇلماق** «سوقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىلىچ ئەڭ ياخشى پولاتتا سوقتۇرۇلدى.

**سوققا** ئى. زەربە، دەككە؛ قاتتىق دەشنەم: سوققا بەرمەك. سوققا يېمەك.

**سوقما** ① سۈپ. جازىغا ئېلىنغان نەم توپىنىڭ ئۈستىگە خاڭ قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى قاتتىق ئۇرۇپ چىڭداش يولى بىلەن سېلىنغان: ئۇلار پاراڭلاشقاچ سوقما تام ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشتى. ② ئى. سوقما تام: — پاراڭ مۇشۇ يەردە توختىسۇن، ئاۋۇ كۆرۈنگەن سوقمىدىن ئۆتسەڭلا چىغلىقتا كىرىمىز. ③ سۈپ. سوقۇلغان: سوقما كاۋاپ.

**سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرى** قول، تاياق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار. بۇنىڭغا ناغرا، دۇمباق، داپقا ئوخشاشلار كىرىدۇ.

**سوقماق** Ⅰ ئى. ئۇرۇقسىز قىزىل ئۈزۈم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

**سوقماق** Ⅱ سۈپ. ئايرىم كىشىلەر بىلىدىغان ، يالغۇز ئاياغ ماڭىدىغان ، چىغىر: سوقماق يول.

**سوقماق** Ⅲ پ ① بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئۇرماق: تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق (ماقال). ② بىر ەر شەكىلگە، ھالەتكە كەلتۈرمەك، ياسىماق، سالماق: پىچاق سوقماق. قىر سوقماق.③ يانجىماق، ئۇۋۇماق: قوناق سوقماق، بۇغداي سوقماق. ④ چالماق: چاۋاك سوقماق. جاڭ سوقماق. * بۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ساپايى سوقۇۋاتقان كىشىدىن قانداق قىلىپ بۇ شەھەرگە مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى. ⑤ ئۇزۇلمەي، توختاۋسىز ھەرىكەت قىلماق، ئۇرماق؛ تېپچەكلىمەك: يۈرىكى سوقماق. ⑥ كۆچمە. تارتماق، خالىماق: ئۇ چاغلاردا مېنىڭ كۆڭلۈم پاتىگۈلگە بەكرەك سوقاتتى. ⑦ چىقماق، ئۇرماق ( شامال، بوران ھەققىدە ): ئىككى قىرغىقى پىچاقتا كەسكەندەك تىك يارلىق چوڭقۇر سايدىن تومۇزنىڭ ئىسسىقىنى بېسىپ، ساپ، سالقىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. ⑧ تەپمەك، ئۇرماق (توك ھەققىدە): توك سوقماق. ⑨ يوللىماق، ئەۋەتمەك، بەرمەك (تېلېفون، تېلېگراما ھەققىدە): تېلېفون سوقماق. ⑩ كۆچمە. ئوغرىلىماق، ئېلىۋالماق؛ بابلىماق، جايلىماق: ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ (ماقال). ⑪ كۆچمە. يېمەك، يەۋالماق: ئۇ يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پولۇنىڭ گۆشلىرىنى خىلىلاپ سوققىلى تۇردى.

**سوقۇر** سۈپ. كۆزى كۆرمەيدىغان، قارىغۇ: سوقۇرنىڭ ھىيلىسى شەيتانغا دەرس (ماقال). * ساق كۆز يىغلىسا، سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار (ماقال).

**سوقۇرئۈچەي** ئى [سوقۇر + ئۈچەي] ① <ئانات>چوڭ ئۈچەينىڭ بىر قىسمى. ئۈستى يانپاش ئۈچەي بىلەن، ئاستى بوغماق ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئۈچىدا سازاڭسىمان ئۆسۈكچە بولىدۇ. ② <تېب> سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى. بۇنىڭدا سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغلانغاندىن كېيىن ئاستا- ئاستا پۈتۈن سوقۇرئۈچەيگە كېڭىيىدۇ.

**سوقۇش** ئى. ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش؛ جېدەل - ماجىرا.

**سوقۇشتۇرماق** ① «سوقۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرماق: ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ رومكىلىرىنى سوقۇشتۇردى.

**سوقۇشتۇرۇشماق** «سوقۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئامان قالغانلارنىڭ سالامەتلىكى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن رومكىلىرىنى جاراڭلىتىپ سوقۇشتۇرۇشتى.

**سوقۇشتۇرۇلماق** «سوقۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باۋۇدۇن بىلەن شاۋۇدۇننىڭ قەدەھلىرى ئۈچىنچى قېتىم سوقۇشتۇرۇلدى.

**سوقۇشقاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز سوقۇشۇپ قالىدىغان؛ جېدەلخور: سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس (ماقال).

**سوقۇشقاقلىق** ئى. تولا سوقۇشىدىغان، سوقۇشۇشتىن قاچمايدىغان مىجەز، قىلىق، ئادەت: ئۇ ئۆزىنىڭ دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، سوقۇشقاقلىقى بىلەن ھەممىنى بىزار قىلىپ، «مەخمۇت دودەن» دەپ نام ئالغان.

**سوقۇشماق** پ ① «سوقماق Ⅲ» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەتتە- سەككىز ئادەم ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن سوقما تام سوقۇشۇپ بەردى. ② جەڭ، كۈرەش قىلماق: — مەن ئېيتسام، يەنە سوقۇش بولۇپ قالسا، پىلان بىلەن سوقۇشساق بولىدۇ، — دېدى پېشقەدەم

پەيجاڭ. ③ جېدەل پەيدا قىلماق، ئۇرۇش ـ تالاش قىلماق، جېدەللەشمەك، ماجىرالاشماق، غوۋغا چىقارماق: ئاۋۋال سوقۇ-شۇپ، ئاندىن دوست بول (ماقال).

**سوقۇلماق** «سوقماقⅢ» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەنسۇر كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، دەلدەڭشىپ قىرغاققا قاراپ ماڭغان ماتۇتقا سوقۇلۇپ كەتتى.

**سوقۇم** ئى. قىشلىق ئوزۇق ئۈچۈن تەييارلانغان گۆش: ئاتنى ئۈچ ـ تۆت يىل ئىشلىتىۋالىمىز ـ دە، ئاندىن سەمرىتىپ سوقۇم قىلىمىز.

**سوقۇملۇق** سۈپ. سوقۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، سوقۇم قىلىشقا بولىدىغان، سوقۇمغا لايىق: سوقۇملۇق مال.

**سوقۇندى** سۈپ. ئىتتىرىلگەن، سوقۇلغان، خارلانغان: سوقۇندى بولماق.

**سوقىچاق** سۈپ. شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدىغان، بىر ئاز سوقا، ئۇزۇنچاق: سوقىچاق تامغا. سوقىچاق يۈز.

**سوقىچاق شال** <بوت> شالنىڭ بىر خىلى. غولى بىر قەدەر ئېگىز ۋە يۇمشاق. يوپۇرمىقى سارغۇچ يېشىل، دانلىرى شالاڭ، گۈرۈچى ئۇزۇنچاق ھەم ئىنچىكە كېلىدۇ.

**سوقىچى** ئى. سوقا ھەيدەيدىغان ئادەم: سوقىچى قىز. سوقىچى يىگىت.

**سوك** تەق. ئات ۋە ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ سىلكىنىپ، قاتراپ، قوپال مېڭىش ھالىتى.

**سوكال** سۈپ. كالتە، چولاق: سوكال قۇيرۇق.

**سوكسوك** سۈپ [سوك + سوك] سىلكىنىپ، قاتراپ قوپال ماڭىدىغان: سوكسوك ئات.

**سوك ـ سوك** «سوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ «سوك ـ سوك» قىلىپ مېڭىشى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى.

**سوكنا** ئى [ر] يۇڭ يىپتىن قېلىن ھەم زىچ قىلىپ توقۇل-غان بىر خىل رەخت.

**سوكۇلداتماق** «سوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-جىسى: بىز ئەمدىلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇراتتۇق، ئالدى-مىزدىن ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ دادام چىقىپ كەلدى.

**سوكۇلداشماق** «سوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد-جىسى: ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە مالنىڭ كەينىدە سوكۇلدىشىپ يۈرۈشەتتى.

**سوكۇلدىماق** پ. يۇگۈرگەندىن ئاستىراق، ئادەتتىكى مېڭىشتىن ئىتتىكرەك بىرخىلدا قاتراپ ماڭماق: ئوغرى گويا زەنجىرگە باغلانغان ئىتتەك ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن بىر قەدەممۇ قالماي سوكۇلداپ كېلەتتى.

**سوگۇزا** ئى [خەن] ھەر خىل قورۇمىلارنى تەييارلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**سوڭ** ① ئى. ئارقا، كەينى: — ماڭسۇەر، كۆڭلۈك تارتىشىپ تۇرغاندۇ. كۆڭلۈك نېمىنى تارتسا، شۇنىڭ سوڭىدىن قالما دېگەن مۇشۇ، — دېدى ئاۋۇت. ② ئى. پۇت، ئاياغ قاتارلىقلارنىڭ ئارقا قىسمى: پۇتنىڭ سوڭى. خەينىڭ سوڭى. كەشنىڭ سوڭىغا دەسسىمەك. ③ رەۋ. كېيىن: بۇندىن سوڭ. شۇندىن سوڭ. ④ ئى <ئانات> توغرا ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۈچىدىكى ئېغىزى، مەقەت. چوڭ تەرەت بۇ ئېغىز ئارقىلىق تەننىڭ سىرتىغا چىقىدۇ: سوڭى چىقماق. سوڭ ئاقمىسى.

**سوڭ ئاقمىسى** <تبب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا توغرا ئۈچەينىڭ سوڭغا يېقىن جايلىرىدا يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئاقما يارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىلىرىدە، سوڭنىڭ يېنىدا يېرىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىرىڭلىق قان ئاقىدۇ.

**سوڭى چىقىش** <تبب> توغرا ئۈچەي ياكى 《S》 شەكىللىك ئۈچەي ئۈچى سوڭنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنى كۆپىنچە ئۇزۇن مەزگىللىك قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش ۋە بوۋاسىر قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سوڭباغ** ئى [سوڭ + باغ] ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا ئېگەك ئاستىنى غول ياغاچقا چېتىپ تۇرىدىغان كىرىچ.

**سوڭداش** سۈپ. بىر ـ بىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان، يانمۇيان، يانداش: ياندىكى سوقما تام سوڭداش باغلاردا، تۆكۈلۈپ چۈشمەكتە ئاخىرقى غازاڭ.

**سوڭداشتۇرماق** «سوڭداشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سوڭداشماق** پ. ئارقىسىدىن، كەينىدىن ماڭماق، ئەگەشمەك: قاسىمجان يولدىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ باراتتى.

**سوڭدىماق** پ. دىيال. پۇتنىڭ سوڭى بىلەن دەسسىمەك، چەيلىمەك، چىڭدىماق.

**سوڭرە** رەۋ. كېيىن، كەينىدىن: مۆنۈپ مەزىن توۋا ـ ئىستىغ-پاردىن سوڭرە تەسۋىنى قولىغا ئېلىپ دۇرۇت ئوقۇشقا تۇتۇندى.

**سوڭسوڭ** ئى [سوڭ + سوڭ] سوڭى چىقىپ كەتكەن ئادەم: قادىر سوڭسوڭ.

**سوڭسىز** سۈپ. سوڭى، ئاپقۇتى يوق، سوڭى بولمىغان: خىزمەتكار موماي سوڭسىز كەشنى سۆرەپ چىقىپ كەلدى.

**سوڭغاق** سۈپ. ئاپقۇتى، سوڭى تولا دەسسىلىپ مىجىلىپ كەتكەن، يانچىلىپ كەتكەن: سوڭغاق كەشنى پۇتىغا سېپىپ مەشنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۆمىن ياۋاش سەل ھودۇقۇپراق سۆزلەشكە باشلىدى.

**سوڭغى** سۈپ. يېز ت. كېيىنكى: پەن ـ بىلىم گۈلزارىدا قۇچتى كۇشادلىق دىل بۇگۈن، سوڭغى پۇشايمان نە كېرەك كۆڭلىدە ھېساب بولمىسا.

**سول** I ئى. ئورمىچىلارنىڭ مەلۇم كەڭلىكتە ئورۇپ ماڭغان يولى: سول ئالماق. سول ئاچماق.

**سول** II سۈپ ① گەۋدىنىڭ يۈرەك جايلاشقان تەرىپىدىكى، ئۇنىڭ ئەكسى تەرىپىدىكى: سول قول. سول يان. ② كۆچمە. سىياسەتتە ئالدىراقسانلىق بىلەن تېز ۋە تۇپ ئۆزگىرىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان : سول سىياسەت.

**سول قانات** ① ئۇچار قۇش، ئايروپىلان، ئىشىك ـ دېرىزە قاتارلىقلارنىڭ سول تەرەپتىكى قانىتى. ② <ھەرب> ئۇرۇش ۋاقتىدا سول تەرەپتە تۇرغان قىسىم ياكى ئىستىھكام. ③ بەزى سىنىپ، گۇرۇھ ياكى سىياسىي پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيە جەھەتتە ئىلغار ياكى ئىنقىلابغا مايىل بولغان تەرەپ، ئېقىم، مەزھەپ: سول قانات ئەدىب.

**سولاتماق** «سولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمىگە سولاتماق.

**سولاش** سۈپ ① قورۇلغان، پورلاشقان، سولغان: سولاش سەۋزە. ② كۆچمە. جۇشقۇنلۇقى يوقالغان، بوش: قاۋۇل ئاكامنىڭ

چوڭ ئوغلى سولاش بىر بالا بوپتۇ.

**سولاشتۇرماق** «سولاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يار ۋاپاسى بارمىكىن دەپ بەردىم كۆڭلۈمنى، كۆڭلى يوقكەن سولاشتۇردى غۇنچە كۆڭلۈمنى.

**سولاشماق** I «سولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قاسىمنى «جېدەل تېرىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن تۈرمىگە سولاشتى.

**سولاشماق** II پ ① <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە مېۋىسى قېرىش ياكى ئوزۇقلۇق ھەم سۇ كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن قورۇلماق، پورلاشماق؛ سولماق. ② كۆچمە. تېتىك، جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، بوشاشماق، سۇسلاشماق: بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ياشلار قولىدىكى نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سولاشقان ھالدا چىقىپ كېتىشتى.

**سولاق** ① سۈپ. قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلانغان، زەنجىر - لەنگەن، ئېتىلگەن: مەن كەلگەندە ئۆي سولاق ئىدى. ② ئى. مەھبۇسلارنى سولايدىغان جاي، قاماق، تۈرمە: سولاقتا ياتماق. سولاقتىن چىقماق.

**سولاقخانا** ئى <قا> مەھبۇسلار سولاپ قويۇلىدىغان ئورۇن؛ قاماق، تۈرمە.

**سولاقلىق** سۈپ ① قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلانغان، زەنجىر - لەنگەن: ياسىن ئۆيىگە كەلگەندە ئۆي سولاقلىق بولۇپ، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ② تۈرمىگە ئېلىنغان، سولاپ قويۇلغان: بۇ ۋاقىتتا ئابدەم تېخىچىلا ئاتخانىنىڭ يەم - بوغۇز قويىدىغان ئۆيىدە سولاقلىق ئىدى.

**سولامچى** ئى. ئىككى جىنسنىڭ غەيرىي - نورمال مۇنا - سىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگۈچى، ئۇلارنى ئورۇن، جاي بىلەن تەمىنلىگۈچى ئادەم.

**سولامچىلىق** ئى. سولامچىلارغا خاس ئىش - ھەرىكەت.

**سولانماق** ① «سولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كۇتۇپخانىغا سولانماق. ② «سولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد - جىسى: ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى كامېرلارغا يەككە - يەككىدىن سولاندى.

**سولتايماق** پ. بوشاشماق، سولاشماق، سولىشىپ كەتمەك: باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۆلۈمسىرەپ، بولمىسا سولتىيىپ كېلىدۇ.

**سولتەك** ① سۈپ. قىسقا، كالتە، سوكال، چولاق: سولتەك قىلىپ قويماق. ② ئى. كۆچمە. تىل - ھاقارەت سۆزى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، «ئەقلى يوق، ئەقلى قىسقا، ئەقىلسىز؛ يوقسۇل، گادا» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ: ئۇنىڭ ئارقىدىنلا تۆت سولتەك پەيدا بولدى.

**سولچى** I ئى. سول ئالغۇچى، سول يارغۇچى: سولچىلار قىر بېشىغا كېلىشتى.

**سولچى** II ئى <پەلس> ① بىرەر سىنىپ، پارتىيە تەشكىلاتى ئىچىدىكى سىياسىي جەھەتتىن ئىنقىلابقا مايىل، ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولغان كىشىلەر. ② شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچىنى پەرق ئېتەلمەي، ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا ئالدىراقسانلىق قىلغان كىشىلەر.

**سولچىل** سۈپ. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچىنى پەرق قىلالماي، ئىنقىلاب داۋامىدا ئالدىراقسانلىق قىلىدىغان: سولچىل ئاغمىچىلىق.

**سولچىللىق** ئى. سولچىللار قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت.

**سولچىلىق** ئى. سولچىلار قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت: ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داۋامىدا سولچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولغان كىشىلەر ئازمۇ؟

**سولخاي** سۈپ ① سول، چەپ: سولخاي كەش. ② چوكا تۇتۇش، خەت يېزىش، كەتمەن چېپىش قاتارلىق ئىشلارنى سول قولى بىلەن قىلىدىغان: سولخاي كىشى. سولخاي بالا.

**سولدات** ئى [ر] ① ئەسكەر، جەڭچى. ② قارتا ئويۇنىدىكى ئونلۇقتىن يۇقىرى، ماتكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ئۈستىگە ئەسكەرنىڭ سۈرىتى ۋە «J» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا.

**سولداش** ئى. ئورمىدا يانمۇيان سولدا ئورما ئورىدىغانلار: شۇ قايناق ئېتىزدا بىر جۈپ قىز - يىگىت، بەس - بەستە ئۇزۇشەر، ئىككىسى سولداش.

**سولدۇرماق** «سولماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇسىزلىق مەشرەپ ۋە باراۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان باغىبارانلارنى سولدۇردى.

**سولدۇرۇشماق** «سولدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سولغۇن** سۈپ ① سولغان، سولاشقان: سولغۇن ياپراق. سولغۇن چېچەك. ② كۆچمە. چىرايى سارغايغان، رەڭگىدىن كەتكەن، بوشاشقان، روھى چۈشكەن: سولغۇن چېھرە. سولغۇن چىراي. سولغۇن يۈز.

**سولغۇنلاشماق** پ. سولغۇن ھالەتكە كەلمەك. سۇسلاشماق: مەن بىر قاراپلا قەمبەرخانىنىڭ چىرايىنىڭمۇ باشقىچىلا سولغۇنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

**سولغۇنلۇق** ئى. سولغۇن ھالەت، سولغۇن كەيپىيات: ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

**سوللۇق** ئى. سولچىل سىياسەت: سوللۇققا خاتىمە بەرمەك.

**سولماق** پ ① ئۆسۈۋاتقان ياكى يېڭى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتىكى ياش ھالىتىنى يوقاتماق، سالپايماق، قورۇلماق، سولاشماق (ئۆسۈملۈك ھەققىدە): شەرىپەنىڭ گۈلدەك چىرايى سولغان ياپراقتەك ئوخشايتتى.② كۆچمە. روھلۇق، جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، سارغىيىپ رەڭگىدىن كەتمەك، بوشاشماق: سىزنى كۆرۈپ ئوتىڭىزغا دۇچار بولدۇم، ۋەسلىڭىزگە يېتەلمەستىن قۇرۇپ سولدۇم.

**سولۇن** ئى <ئىرق> ① چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىچە نېنجياڭ دەرياسى ۋادىلىرى ۋە خولۇن بوئىر (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئېۋېنكى مىللىي ئاپتونوم خوشۇنى، بۇتخاچ خوشۇنى، ئاروڭ خوشۇنى، ئېلىنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ناخې ناھىيەسى) قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاش - قان ئېۋېنكى مىللىتى «سولۇن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1957 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەسلىدىكى «ئېۋېنكى» دېگەن ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ② چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كۆچۈپ، چۆچەكتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان داغۇرلار «سولۇن» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئەسلىدىكى «داغۇر» دېگەن ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**سولېنوئىد** ئى [ ر<گىرېك ] <فىز> ئۆتكۈزگۈچ سىمنى سىلىندىرنىڭ سىرتقى يۈزىنى بويلاپ ئوراش ئارقىلىق ياسالغان ۋىنتا شەكىللىك كاتۇشكا.

**سولىماق** پ ① ئوچۇق تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئىشىكىنى ياكى ئاغزىنى ياپماق؛ ئەتمەك، تاقىماق؛ بېكىتمەك: قۇلۇپنى سولىماق. ئىشىكنى سولىماق. ② قاماپ قويماق، سولاپ قويماق: قوينى ئېغىلغا سولىماق. قۇشنى قەپەسكە سولىماق.

**سولياۋ** ئى [خەن] <خىم> سمولا قاتارلىق يۇقىرى مولېكۇلالىق بىرىكمىلەرنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ قىزدۇرۇش، پىرېسلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان مەلۇم شەكىلدىكى ماتېرىياللار. ئۇنىڭ يەڭگىل، ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش، چىرىتىش ۋە سۈركىلىشكە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇنىڭدىن يەنە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ياسىلىدۇ.

**سوم** ئى [ ر ] 1917 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى رۇسىيەدە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلگەن يۈز تىيىنغا تەڭ پۇل بىرلىكى؛ ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلاردا «يۈەن» (كوي)نى «سوم» دەپ ئاتاش ئادىتى بار ئىدى.

**سومەن** ئى [ خەن] <يېم> پىشۇرۇلغان چۆپ بىلەن قورۇلغان سەينى بىرلەشتۈرۈپ قايتا قورۇپ تەييارلانغان تاماق.

**سومكا** ئى [ ر ] كۆن، خۇرۇم، رەختلەردىن ئىچىگە نەرسە سېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ ياسالغان بۇيۇم.

**سوملۇق** سۈپ. سوم قىممىتىگە ئىگە بولغان، سومغا يارايدىغان: ئون سوملۇق سەي. ئىككى سوملۇق تاماكا.

**سوملىماق** پ. دىيال. قىرلىماق، ئوخشاش چوڭلۇقتا رەندىلىمەك.

**سومما** ئى. پۇل، جەمئىي پۇل: ئۇستام، شۇنداق قىلىپ سوممىسى قانچە بولدى؟

**سوممىلىق** سۈپ. سوممىا قىممىتىدىكى، سوممىغا يارايدىغان: يۈز سوممىلىق چەك. ئاز سوممىلىق قەرز پۇل. * بۇ مەن ئېرىشكەن ئەڭ كۆپ سوممىلىق زاكاز تالونى ئىدى.

**سومۇن** ئى. دىيال. تىزىم، ئىسىملىك، رويخەت.

**سون** سۈپ. دىيال. غەلىتە، يوچۇن، ئۆمسە.

**سوناتا** ئى [ ر< ئىتال<لات ] <مۇز> بىر خىل مۇزىكا ئاھاڭى. ئادەتتە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ياكى تۆت بابتىن تەركىب تاپىدۇ، بىر ياكى ئىككى دانە چالغۇ ئەسۋابى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

**سونار** ئى [ ئىنگ] <فىز> ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىنىڭ سۇدىكى تارقىلىشى ۋە قايتىشىدىن پايدىلىنىپ يول باشلايدىغان ۋە ئارىلىقنى ئۆلچەيدىغان تېخنىكا ياكى شۇنداق ئەسۋاب. ھەربىي ئىشلاردا رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەش ۋە بېلىق توپلىرىنى ئىزدەش ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**سونجاق** ئى. دىيال. پۇتنىڭ سوڭى.

**سونۇر** ئى. دىيال. سەھەر.

**سونۇرقىماق** ئى. دىيال. ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك.

**سونېت** ئى [ر<ئىتال] <ئەد> ياۋروپانىڭ لىرىك شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا بىر كۇپلېت 14 مىسرا بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتە يەنە بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سوۋغا** ئى. ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان نەرسە، ھەدىيە : دېللا ئۇنىڭغا ئوبدانراق بىر نەرسە ئېلىپ سوۋغا قىلىش ئىستىكىدە خېلىدىن بۇيان تاتلىق خىياللار سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

**سوۋغات** ئى ← **سوۋغا**.

**سوۋغاتلىق** ئى ← **سوۋغىلىق**.

**سوۋغا ـ سالام** سوۋغا ۋە سالام: خالىق ئۇنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يوقلىدى.

**سوۋغىلىق** ئى. سوۋغا قىلىنىدىغان نەرسە: كەت ئېلىپ قار لەيلىسىدىن سەن تولۇق، ئاندىكى مەردلەرگە مەندىن سوۋغىلىق.

**سوۋمەن** ئى. تاۋۇت قويۇلىدىغان ئۆي.

**سوۋۇتقۇ** ① سۈپ. سوۋۇتۇش رولىنى ئوينايدىغان : سوۋۇتقۇ سۈيۇقلۇق. ② ئى. كۆڭۈلنى سوۋۇتۇشقا، يىراقلاشتۇرۇشقا، مېھرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز قاتارلىقلار: بۇرۇندىن قالغان «ياخشى سۆز ئىسسىتقۇ، يامان سۆز سوۋۇتقۇ» دېگەن گەپ بار.

**سوۋۇتقۇچ** ئى. سوۋۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ئەسۋاب، قۇرۇلما.

**سوۋۇتماق** «سوۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سالقىن شامال ئىسسىقتا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن يوغانتېرەك ۋوگزالىنىڭ ئىقلىمىنى سوۋۇتماقتا ئىدى.

**سوۋۇتۇشماق** «سوۋۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا قايناق سۇنى سوۋۇتۇشتى.

**سوۋۇتۇلماق** «سوۋۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ــ ئۇسسىدىڭمۇ؟ مانا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ، ئۆزۈم ئىچۈرىمەن ساڭا، ــ دېدى چولپان.

**سوۋۇشماق** «سوۋۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشقا باشتا ئوتتەك قىزىپ، ئەمدىلىكتە بىراقلا سوۋۇشقانىدى.

**سوۋۇق** ئى. تاغ ۋە يار، قىرلاردا ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن كولانغان سۇنئىي ئۆڭكۈر.

**سوۋۇماق** پ ① ئىسسىقلىق دەرىجىسى، ھارارىتى تۆۋەنلىمەك، سوغۇق ھالەتكە كەلمەك: بۇ كەچ كۈز پەسلى بولۇپ، كۈننىڭ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ ھاۋامۇ بارغانسېرى سوۋۇماقتا ئىدى. ② كۆچمە. مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، مەيلىنى، ئىخلاسىنى يوقاتماق؛ كۆڭلى قالماق: ئوقۇشتىن سوۋۇماق. ھۈنەردىن سوۋۇماق.

**سوۋېت** [ر] ① ئى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى. ② سۈپ. سوۋېت تۈزۈمىگە ئائىت، سوۋېت تۈزۈمىگە ئاساسلانغان: سوۋېت ھاكىمىيىتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى. ③ ئى. دۆلىتىمىزنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك ھاكىمىيىتى ۋە بۇ ھاكىمىيەت رەھبەرلىكىدىكى جايلار: سوۋېت رايونى.

**سويا** ئى. قومۇش ۋە يېكەننىڭ يېڭى چىققان بىخى: تومەنجان ئاشىقلىق تولا، ئۇجۇل پۇراپ چىقتى سويا، ئايرىلىشمايلى يارىم، بۇ كۆڭلۈم قاچان تويا.

**سويا پۇرچاق** يېڭىدىن يېتىلگەن تۈكلۈك پۇرچاق.

**سويام** مىق. باش بارماقنىڭ ئۇچى بىلەن بارماقنىڭ ئۇچىدىغىچە بولغان ئارىلىقنى بىرلىك قىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ چارەك.

**سويدۇرماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قويىنغۇ سويدۇردى، ئەمدى بۇ گۆشنى كىمگە ساتقۇزۇش مەسىلىسىدە ئەمەتجاننىڭ بېشى قاتتى.

**سويدۇرۇشماق** «سويدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سويدۇرۇلماق** «سويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سويغان** «سويماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سويغان پىيازدەك قالماق.

**سويغان پىيازدەك** يالىڭاچ، ئۇستىبېشىدا ھېچنېمە يوق؛ ھېچنېمىسى يوق، ئىنتايىن نامرات: ئۇنىڭ باشقا تاپسا پۇتقا يوق، ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق، سويغان پىيازدەك يالىڭاچلىنىپ قالغىنى بىلەن كارى يوق.

**سويلا** سۈپ. شاخسىز، پۇتاقسىز تاياق، چوقماق: سويلا تاياق. خوجايىن قولىغا يوغان سويلىنى ئېلىپ ھەدەپ ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

**سويلاتماق** «سويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شاھ ئېتىنى ئوينىتىپ، قامچىسىنى سويلىتىپ دەپتۇ: كەلدىم ئۇزۇنىنى، قويماق ئۇچۇن تونۇتۇپ؟!

**سويلىماق** پ. چوقۇنقەتەك تولغانماق: ئۇ يىلاندەك سويلاپ قەسىر تېمىنىڭ تۆۋەندىكى سۇغۇچ يېنىغا كېلىپ، غايىب بولدى.

**سويما** ئى ① يېڭىدىن چۈشكەن، پىشمىغان خام قوغۇن: سويما ئالماق. سويما چۈشمەك. ② كۆچمە. تېخى يېشىغا توشمىغان، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتمىگەن، ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان كىچىك بالا: بىز بۇ سويمىلارنى ئالداپ خوجىدانغا يېقىنلاشتۇردۇق – دە، قورالسىزلاندۇرۇپ ئەكەلدۇق.

**سويماق** پ ① بوغۇزغا تىغ ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەك، بوغۇزلىماق: قوشقاچ بولسىمۇ قاساپ سويسۇن (ماقال). ② سىرتقى پوستىنى ئاجراتماق: پىياز سويماق. ③ قومۇرماق: تونۇردىن ناننى سويماق. ④ كۆچمە. ئۇجۇر – بۇجۇرىغىچە ئۇقماق، مۇكەممەل بىلمەك: ئۇ خەنزۇچە دېگەننى سويىدۇ.

**سويمچاق** سۈپ. كىچىك، سويما: — سەن تېخى بىر سويمىچاق،— دېدى ئۇ مەنىستىمىگەن ھالدا.

**سويمىلىماق** پ. سويما ھاسىل قىلماق، سويما چۈشۈرمەك: ئەگەر ئاۋۇز چېچەكلىرى سۇئنىي ئۇسۇلدا چاڭلاشتۇرۇلسا، سويمىلاش نىسبىتىنى 80% كە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

**سويۇشماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يەردە ئادەملەر ماللارنى ئەمەس، بىر – بىرىنى سويۇشتى.

**سويۇقلۇق** سۈپ. سويۇپ قويۇلغان، سويۇلغان: قادىر چىرايىنى تۇرۇپ چايدىن بىر ئوتلىدى. سويۇقلۇق توخۇمدىن بىر چىشلىدى.

**سويۇلماق** «سويماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوي – قوتازلار سويۇلۇپ، نەچچە ئونلىغان مىس قازانلار قايناشقا، ئۇزۇن – ئۇزۇن زىخلاردا كاۋاپلار پىژىلداشقا باشلىدى.

**سويۇم** سۈپ. سويۇلىدىغان، سويۇشقا ئاتالغان: سويۇم مال.

**سۇ** ئى ① ئىككى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن بىر دانە ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەڭ ئاددىي بولغان ھىدروكسىدلىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز سۇيۇقلۇق. ئۇ ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا، نۆل سېلسىيە گرادۇستا مۇز بولۇپ قاتىدۇ؛ 100 سېلسىيە گرادۇستا قايناپدۇ؛ تۆت سېلسىيە گرادۇستا زىچلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىر (1). ② كۆل، دەريا، ئېرىق، ئۆستەڭ قاتارلىقلار: سۇ بويى. ③ يېمەك – ئىچمەك، يەل – يېمىش، مېۋە – چېۋە قاتارلىقلار تەركىبىدىكى نەملىك؛ شىرنە: مېۋە سۈيى. ④ جانلىق ئورگانىزم ۋە ئورگانلاردىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۇيۇقلۇق: ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلمەك. يارىنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتمەك.

**سۇ سەپمەك** ① سۇ چاچماق: تاپسىغا سۇ سەپمەك. گۈلگە سۇ سەپمەك. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئاكتىپلىقىغا، قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك، رايىنى ياندۇرماق: ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوللاش لازىمكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا سۇ سېپىشكە بولمايدۇ.

**سۇغا چۈشكەن چالمىدەك** ئۈن – تىنسىز، جىمجىت: ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، خېلى ئۇبدان چارىلەرنىمۇ تاپقاندەك قىلاتتى – يۇ، ئەتىسى ھېچقاندەك ئىش ئېيىسگە كەلمەي، سۇغا چۈشكەن چالمىدەك يوقاپ كېتەتتى.

**سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك** تىترەپ، شۈمشىيىپ، بىچارە ئەھۋالغا قالغانلىقنى ئىشارە: بۇ تاشقىن زۇلۇم ئوردىلىرىغا بېسىپ كىرگەندە، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇشۇپ كەتتى.

**سۇغا چىلاشماق** مەلۇم سەۋەب بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، مەغلۇپ بولماق، بۇزۇلماق: زىننەت بۇ ئۇمىدىنىڭمۇ سۇغا چىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

**سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق** بىرەر ئىشقا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۇرۇنماق، تۇتۇش قىلماق: سۇنى كۆرمەي ئۆتۈكلىرى ئۆتۈك سېلىپ، ھەم قويدىلا ئۇلجىنى تەقسىم قىلىپ.

**سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلماق** ۋەزىيەتكە قاراپ، زامانغا لايىق ئىش ئېلىپ بارماق: ھازىرقى زامان ئىنچىكە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ.

**سۇنى لېيىتماق** ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرماق، ئىشنى جىددىيلەشتۈرمەك، مۇقىملىقنى بۇزماق: سىز موتور سىناش جازىسىنى باھانە قىلىپمۇ سۇنى لېيىتۇۋېتەلمەيسىز.

**سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق** قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئارىدىن نەپ ئالماق؛ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق: ئۇ ناھىيە بازىرىدا ئويناپ زېرىكىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ قالايمىقان بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ، يۇرىكى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى.

**سۇ يولى** ① <سۇ> سۇ ئېقىمىنىڭ لىنىيەسى. ئادەتتە ئۇ جىلغا، ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە دەريا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② <قاتن> سۇ ئۈستى قاتناش – ترانسپورت لىنىيەسى: شاڭخەيدىن تيەنجىنگە سۇ يولى بىلەن ئىككى كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ③ <تەن> سۇ ئۆزۈش كۆللىرىدىكى ئارغامچا بىلەن ئايرىلغان سۇ ئۆزۈش يولى.

**سۇ يۇقمايدىغان** ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزىگە ئالمايدىغان، نەسىھەت، تەربىيە تەسىر قىلمايدىغان، ئىلىم، ھۈنەر ئۆگە-

نەلمەيدىغان: بەش يىل ئوقۇپ تېرىقچە، سۇ يۇقماپتۇ بېلىقچە. ئۇندىن ساۋاق ئېلىڭلار، گەپكە قۇلاق سېلىڭلار.

**سۇيىغى** ← **سۇماي.**

**سۇينى ياندۇرماق** مېتال ئەسۋابلارنى مەلۇم ۋاقىت ھەم مەلۇم تېمپېراتۇرىغىچە قىزدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا سوۋۇتۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قاتتىقلىق ۋە چورۇكلۇك دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرماق.

**سۇبات** ئى [ئە] قەتئىيلىك، ئىراده، چىدام، شىجائەت: ئابدۇخالىق قىل سۇبات، ئىزدە سىراتەلمۇستەقىم، كېلىدۇ بىر كۈن چوقۇم شۇندا بولارسەن بەختىيار.

**سۇباتلىق** سۈپ. قەيسەر، چىداملىق، ئىرادىلىك، شىجائەتلىك: سۇباتلىق ئادەم.

**سۇبتروپىك** [ر] <جۇغ> ① ئى. يەر شارىدىكى تىروپىكقا يانداش بولغان ھەمدە قىشى ئىللىق بولۇپ، ھەمىشە ئۆسۈملۈك كۆكىرىپ تۇرىدىغان جايلار: سۇبتروپىك زىرائەتلىرى. ② سۈپ. شۇنداق يەرلەرگە جايلاشقان ۋە شۇنداق جايلاردا ئۇچرايدىغان: سۇبتروپىك بەلباغ. سۇبتروپىك كىلىمات.

**سۇبستانسىيە** ئى [لات] <پەلس> ① دائىم ھەرىكەتلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ماددا. ② مەلۇم بەلگىگە ئىگە بولغان ئوبيېكتىپ شەيئى.

**سۇبلىماتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> كامفورا، يود، نافتالىن قاتارلىق قاتتىق ھالەتتىكى ماددىلارنىڭ بىۋاستە گازغا ئايلىنىشى.

**سۇبلىماتسىيەلەنمەك** پ <خىم> قاتتىق ماددىلار بىۋاستە گازغا ئايلانماق.

**سۇبھانالla** ئىم [ئە] قورقۇش، ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ: سۇبھانالla، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش بۇ.

**سۇبيېكت** ئى [ر<لات] ① <پەلس> مەلۇم خۇسۇسىيەت ياكى بەلگىلەرگە تەۋە بولغان ئەمەلىي نەرسە. ② <پەلس> ئەقىل ـ ئىدراكقا، دۇنيانى (مەۋجۇداتنى) بىلىشكە ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر كىشى. ③ <قا> ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر (پۇقرا ۋە قانۇنىي شەخس)؛ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىشىلەر؛ خەلقئارا قانۇندا، دۆلەت ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى تەرەپ (ياكى دۆلەت) كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ھوقۇق سۇبيېكتى. جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى.

**سۇبيېكتىپ** سۈپ [ر] <پەلس> ① بىرەر كىشىنىڭ، شەخسنىڭ ياكى سۇبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس، ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان؛ شەخسىي: لوگىكا قانۇنلىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشى سۇبيېكتىپ ئېڭىدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ② ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ بىر تەرەپلىمە، شەخسىي پىكرىگىلا ئاساسلانغان، ئاساسلىنىدىغان، بىر تەرەپلىمە: مېنىڭچە، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىروگراممىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ، سۇبيېكتىپ نەرسە ئەمەس.

**سۇبيېكتىپچىلىق** ئى <پەلس> ① پەنگە، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا قارشى بىر خىل ئىدىيەۋى ئېقىم. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، بەزىدە دوگمىچىلىق؛ بەزىدە تەجرىبىچىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ② سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم.

**سۇبيېكتىپلىق** ئى ① ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكرىگە ئاساسلىنىش، بىر تەرەپلىمىلىك. ② سۇبيېكتىپچىلىق.

**سۇبيېكتىۋىزم** ئى [ر < لات] <پەلس> سۇبيېكتىپچىلىق.

**سۇپا** ئى [ئە] ① ئولتۇرۇش ياكى يېتىپ ـ قوپۇش مەقسىتىدە ئۆي ئىچى، پېشايۋان، ھويلا، باغ ـ ئارام ۋە شۇ قاتارلىقلارغا خىش ياكى كېسەك ۋە توپا بىلەن يەردىن 50 — 60 سانتىمېتىر كۆتۈرۈپ سېلىنغان قۇرۇلما، ئورۇن: ئايۋان سۇپىسى. سۇپا باغلىماق. ② ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئۈستى تەكشى ھەم يەردىن ئېگىزرەك بولغان جاي ياكى قۇرۇلما: ھەيكەل سۇپىسى. ۋوگزال سۇپىسى. ③ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەمدە ئېگىزلەتكىلى، تۆۋەنلەتكىلى ياكى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكىگىلى بولىدىغان رۇستەك: ئىش سۇپىسى.

**سۇپرا** ئى [ئە] خېمىر يېيىش، نان راسلاش ئۈچۈن رەخت ياكى ئاشلانغان تېرىدىن داستىخان شەكلىدە مەخسۇس ياسالغان تۆشۈك سايمىنى.

**سۇپۇپ** [ئە] <تېب> ① ئى. قۇرۇق ھەم يۇمشاق، پاراشوك ياكى تالقان ھالىتىدىكى دورىلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② سۈپ. قۇرۇق ھەم يۇمشاق، تالقان ھالىتىدىكى : سۇپۇپ دورىلار.

**سۇپېرفوسفات** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> بىر خىل خىمىيەۋى ئوغۇت. تەركىبى كالتسىي سۇلفات ($CaSo_4$) بىلەن كالتسىي دىھىدروفوسفات $[Ca(H_2PO_4)_2]$. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى فوسفور مىقدارى 16 — 20 پىرسەنت بولىدۇ. ئۇ بىر خىل كۈل رەڭ پاراشوك بولۇپ شال، بۇغداي ۋە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە زىرائەتنىڭ پىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**سۇپېرگېتېرودىن** ئى [ر<لات] <فىز> چاستوتا پەرقى مۇقىم ھالەتتىكى ئوتتۇرا چاستوتىدىن ئىبارەت بولغان ئەسلىدىكى سىگناللار ئوتتۇرا چاستوتىدىن تاسقىلىپ چىقىدىغان بىر خىل قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى.

**سۇپېرگېتېرودىنلىق** سۈپ. سۇپېرگېتېرودىن ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان: سۇپېرگېتېرودىنلىق رادىيو قوبۇللىغۇچ.

**سۇپىلىق** سۈپ. سۇپىسى بار، سۇپا قىلىنغان.

**سۇترا** ئى <دىن> بۇددا نوملىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا ساكيامونىنىڭ ئۆزى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلىرى مەزمۇن قىلىنىدىكەن.

**سۇچەك** ئى. پىلە غوزىكىنىڭ قالدۇق قېپى.

**سۇچى** ئى ① يېزىلاردىكى سۇ تۇتۇش، يەنى تېرىلغۇ يەرلەرنى، زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا مەسئۇل دېھقان: ئۇلار پاراڭنى ئاڭلاپ كەلگەن سۇچى يىگىتلەر ئىدى. ② سۇ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بىرچاغدا قارىسا، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل سۇچى ئىككى سوغىدا سۇنى كۆتۈرۈپ، دەلدەڭشىپ كىرىۋاتقاندەك.

**سۇچىلىق** ئى ① سۇچى قىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت: تۆشۈك سوغامنى ياماپ، سۇچىلىق قىلدىم بوگۈن. ئادالەتسىز پادىشاھنى، قوشاقتا قاتتىم بوگۈن. ② سۇ ۋە سۇ كۆچى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، سۇ بايلىقىنى ئېچىش، سۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**سۇخارى** ئى [ر] يالپاقلاپ توغراپ قۇرۇتۇلغان نان؛ بولكا: سۇخارى بىلەن چاي ئىچمەك.

**سۇخانا** ئى. ئاھالىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مەخسۇس ئۆي.

**سۇخەن** ئى [پ] گەپ ـ سۆز، سۆھبەت، نۇتۇق: شېرىن سۇخەن.

**سۇخەنچى** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزىدىغان، ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇيدىغان ئادەم؛ گەپچى؛ چېقىمچى: بۇ ئەدەپنى خوپ ئۆگەندىم سۇخەنچىدىن، سۇخەنچىلەر تاپۇر لەززەت زەر خۇنچىدىن.

**سۇخەنچىلىك** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزۈش، ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇش ئادىتى؛ چېقىمچىلىق: سۇخەنچىلىك قىلماق.

**سۇخەندان** ئى [ پ ] گەپكە ئۇستا، گەپدان، سۆزمەن؛ ناتىق.

**سۇخەندانلىق** ئى. گەپدانلىق.

**سۇدان** ئى ① مېتالدىن ياندا ئېلىپ يۇرۇشكە لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن سۇ قاچىسى. ② قۇشلارغا سۇ بېرىلىدىغان قاچا.

**سۇر** سۈپ [پ] رەڭگى پاختەك تۈكىگە، كۈلگە ئوخشايدىغان: سۇر ئات . سۇر ئېشەك.

**سۇرغۇچ** ئى ① تېز ئېرىپ، تېز قاتىدىغان رەڭدار يېلىمسىمان موم قېتىشمىسى: قىزىل سۇرغۇچ. ② رەڭدار يېلىمسىمان موم قېتىشمىسىدىن پايدىلىنىپ بېسىلغان باسما: سۇرغۇچ تامغا.

**سۇرقى** سۈپ. دىيال. ئورۇق، ياداڭغۇ، جۇدەڭ.

**سۇرقىدىماق** پ. دىيال. ئورۇقلىماق، يادىماق، جۇدىمەك.

**سۇرۇپ** ئى. پاختىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا سىلىق قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ئاق رەخت.

**سۇرۇخ** ئى [پ] <خىم> ① ئانورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $Pb_3O_4$ . قىزىل رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، ئاككۇمۇلياتور، ئەينەك ۋە فارفور بۇيۇملىرىنى ياساشقا، بوياق ماتېرىيالى ۋە دېزىنفېكسىيەلىگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② تامغا باسقاندا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىزىل بوياق. كىنوۋار، ئەمەن تالاسى ۋە ماي قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ.

**سۇزاپ** ئى [ئە] <تېب> سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەددىنى چۇشۇرۇش، ھەيزنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سۇژىت** ئى [ر<فىران] <ئەد> ئېپىك، لىرىك ياكى دىراماتىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان، ئۆزئارا باغلانغان ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان ۋەقەلەر سىستېمىسى.

**سۇژىتلىق** سۈپ <ئەد> كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، بەلگىلىك ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان؛ سۇژىتى بار؛ ۋەقەلىك: سۇژىتلىق شېئىر.

**سۇس** سۈپ ① قېنىق، توق ئەمەس؛ ئاچ (رەڭ ھەققىدە): سۇس سېرىق. سۇس قىزىل. سۇس كۆك. سۇس يېشىل. ② كۈچسىز، زەئىپ، خىرە، ئاستا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس، ئانچىكى، بوش: سۇس يورۇق. * نامازدىگەر ۋاقتىغا يېقىنلاشقاندا ھاۋا تۇتۇلۇپ ئېدىرلىق ئۈستىنى سۇس تۇمان قاپلاپ كەتتى. ③ جىددىي، قىزغىن ئەمەس؛ سۇلغۇن، بوش: سۇس ھەرىكەت. سۇس قارىماق.

**سۇس يامغۇر** <مېتېئور> بىر سوتكا ئىچىدىكى مىقدارى 0.2 مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان يامغۇر.

**سۇسايماق** پ. سۇسلاشماق، پەسەيمەك، ئاستىلىماق: ئىنسانىنىڭ تۇغۇلغان جايى بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاقىلىرى پەقەت ئامېرىكىدىلا سۇسىيىپ بىرنۇاتقىنى يوق. خېلى مۇستەھكەم ئەنئەنىلەرگە ئىگە بولغان، راۋاجلانغان مەملىكەتلەردىمۇ شۇ ھالنى كۆرۈش مۇمكىن.

**سۇسپېنزىيە** ئى [ر<لات] <فىز> قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرىنىڭ سۇيۇقلۇق ئىچىدە ئېرىمەي ياكى چۆكۈپ كەتمەي ھەرىكەتلىنىش ھادىسىسى.

**سۇسلاتماق** «سۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابرۇيىنى سۇسلاتماق.

**سۇسلاشتۇرماق** «سۇسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈنكى ناچار ھاۋا ئۇنىڭ جۇشقۇن ۋە شوخ كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدى.

**سۇسلاشتۇرۇلماق** «سۇسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇسلاشماق** پ. پەسەيمەك، بوشاشماق، كۈچسىزلەنمەك، سۇس ھالەتكە كەلمەك، سۇسلىماق: كېسەلنىڭ مىجەزى كۈندىن ـ كۈنگە سۇسلاشتى.

**سۇسلۇق** ئى. سۇس ھالەت: ئۇنىڭ بۇ سۇسلۇقى، ئۇياتچان تارتىنچاقلىقى، يەرگە قاراپلا تۇرۇشلىرى 40 ياشلىق خوتۇننىڭ ھەۋەسىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

**سۇسلىماق** پ ← **سۇسلاشماق**: شامال ئەتىگەندىكىدىن سەل سۇسلاپ قالغانىدى.

**سۇسراتماق** «سۇسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇسراشماق** «سۇسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇسىرىماق** پ. قاتتىق سۇ ئىچكۈسى كەلمەك، سۇسىزلىقتىن قاغجىرىماق: سەپەرقۇل قارىسا، ھەممە شاخ ئوخشاشلا قاقشال ھالەتتە سۇسىراپ تۇرغۇدەك.

**سۇسىز** سۈپ. سۇيى يوق، سۇ بولمىغان: «بىچارىنىڭ ئازراقلا سۇيى قالغان، ئەگەر ئۇ سۇ تۆكسە، قاتتىق ناننى سۇسىز قانداق يەر»دەپ غەم قىلىشقا باشلىدى ئاۋۇت.

**سۇسىزلاندۇرماق** «سۇسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىرئالغۇدا كىرنى سۇسىزلاندۇرغان ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**سۇسىزلاندۇرۇلماق** «سۇسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇسىزلاندۇرۇلغان ماي.

**سۇسىزلانماق** پ. سۇيى تارتىلماق، سۇيى ئايرىۋېتىلمەك، تەركىبىدىكى سۇ ماددىسى قۇرۇماق.

**سۇسىزلىق** ئى. سۇ يوق ھالەت: بارلىق دەل ـ دەرەخلەر سۇسىز-

لىقتىن قۇرۇپ كەتتى.

**سۇسىزلىماق** پ. سۇيىنى، نەملىك تەركىبىنى يوقاتماق؛ قويۇق سۇلفات كىسلاتاسى سۇ سۇمۇرۇش، سۇسىزلاش ۋە ئوكسىدلاش قاتارلىق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**سۇسىزلىنىش** ئى ① <تېب> ئادەم بەدىنىدىكى سۇيۇقلۇقلار كۆپ مىقداردا ئازىيىپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە. كۆپىنچە ئېغىر ھالەتتىكى قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ياكى قاتتىق تەرلەش ۋە قاناشلار تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ. ② <خىم> خىمىيەۋى ماددىلار تەركىبىدىكى سۇنىڭ، مەسىلەن، كىرىستال سۇيىنىڭ يوقىلىشى، بىرىكمىلەر مولېكۇلاسىدىكى سۇغا تەڭ بولغان ھىدروگېن، ئوكسىگېنلارنىڭ يوقىلىشى.

**سۇغار** ئى. دىيال، ياغاچ تۇڭ، سوغا.

**سۇغارتماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇغارماق** پ ① سۇ يولىنى ئېچىپ، زىرائەت، ئۆسۈملۈكلەرگە سۇ قويماق: يەر سۇغارماق. گۈل سۇغارماق. ② سۇ بەرمەك، سۇ ئىچۈرمەك: ماللارنى سۇغارماق. دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكەلمەك. ③ مېتال سايمانلارنى مۇئەييەن تېمپېراتۇرىغىچە قىزدۇرۇپ، ماي، سۇ قاتارلىق سۇيۇقلۇقتا چىلاش ئارقىلىق قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرماق؛ تاۋلىماق: پىچاق سۇغارماق. پالتا سۇغارماق.

**سۇغان** ئى. غاز، ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان قىسماق.

**سۇغۇر** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، پۈتۈن تېنى پور كۈل رەڭ ياكى سەل – پەل قارامتۇل سېرىق رەڭدە كېلىدۇ. ئالدىنقى پۇتىنىڭ تىرناقلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، توپا كولاشقا ماھىر. توپىلىشىپ ياشايدۇ. قىشلىق ئۇخلايدۇ. تېرىسىدىن باش كىيىملىرى ۋە جۇۋا تىكىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ چۇما تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ ئاساسلىق تارقاتقۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇغۇرتا** ئى <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەدبىرلەر.

**سۇغۇرتما** ئى. دىيال. تارتما، سىيرىتما.

**سۇغۇرتماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇغۇرتىچى** ئى <س ئىق> سۇغۇرتىلاتقۇچى بىلەن سۇغۇرتا توختامى ئىمزالىغان ھەمدە تۆلەم ياكى سۇغۇرتا پۇلى بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان سۇغۇرتا شىركىتى.

**سۇغۇرتىچىلىق** ئى <س ئىق> سۇغۇرتا ئىشلىرى؛ سۇغۇرتا كەسپى: سۇغۇرتىچىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى سۇغۇرتىسىنىڭ دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، سىياسەت خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكى سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**سۇغۇرتىلاتقۇچى** ئى <س ئىق> سۇغۇرتىچى بىلەن سۇغۇرتا توختامى ئىمزالىغان ھەمدە سۇغۇرتا توختامى بويىچە سۇغۇرتا ھەققىنى تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى كىشى.

**سۇغۇرتىلاتماق** ① «سۇغۇرتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② <س ئىق> مال – مۈلكى ياكى بەدىنى سۇغۇرتا توختامى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلمەك.

**سۇغۇرتىلىماق** پ <س ئىق> سۇغۇرتىلاتقۇچى بىلەن سۇغۇرتا توختامى تۈزۈپ، تۆلەم ياكى سۇغۇرتا پۇلى تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالماق.

**سۇغۇرماق** پ. بىرەر نەرسە ئارىسىدىن، ئىچىدىن باشقا بىر نەرسىنى سىيرىپ چىقارماق، تارتىپ ئالماق. يۇلماق: قىلىچ سۇغۇرماق. قىل سۇغۇرماق. يىپ سۇغۇرماق.

**سۇغۇرۇشماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇشۇپ، دۈشمەنگە ئېتىلىشقا تەييار تۇراتتى.

**سۇغۇرۇلماق** «سۇغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خېرىدارلار يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ كۆرسە، پەيلەر بىر – بىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

**سۇغىرىشماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغ سۇغىرىشماق. بۇغداي سۇغىرىشماق.

**سۇغىرىلماق** «سۇغارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 630 مودىن كۆپرەك ئاق يەر، ئورمان بەلبېغى سۇغىرىلدى.

**سۇفلېر** ئى [ر<فىران] <تىيا> تىياتىردا رولغا چىققان ئارتىسلارغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەسلىتىپ تۇرىدىغان خادىم.

**سۇفلېرلىق** ئى. سۇفلېرلار قىلىدىغان ئىش، خىزمەت: سۇفلېرلىق قىلماق.

**سۇقسۇر** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. ياۋا ئۆردەككە ئوخشايدۇ، لېكىن تېنى ئۆردەكنىڭكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. تۇمشۇقى ياپىلاق، بوينى ئۇزۇن كېلىدۇ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر كېلىدۇ. قانىتى ئۇزۇن ۋە ئۇچالايدۇ.

**سۇقماق** پ. باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بىرەرگە تىقىپ قويماق، يوشۇرماق: نەرسە – كېرەكلەرنى سۇقماق.

**سۇقۇشماق** «سۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇقۇلماق** «سوقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇقۇندۇرماق** «سۇقۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن ئۇنى گومىنداڭ تۈرپاندىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئىچىگە سۇقۇندۇرۇپ كىرگۈزگەن.

**سۇقۇندۇرۇشماق** «سۇقۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇقۇندۇرۇلماق** «سۇقۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇقۇنماق** «سۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كېرەم ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ قوناقلىقنىڭ ئىچىگە سۇقۇندى.

**سۇقۇنۇشماق** «سۇقۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇكات** ئى [لات] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئىچى كاۋاك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى تۈكسىز، سىلىق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل ۋە زەھەرلىك. قۇرت – قوڭغۇزلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلار يەپ قويسا، زەھەرلەپ قويىدۇ.

**سۇكرې** ئى. ئېكۋادورنىڭ پۇل بىرلىكى.

**سۇكېزەك** ئى <تېب> ھامىلدار مەزگىلىدە قورسىقى چوڭىيىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ سۇ كېلىپ قورسىقى كىچىكلىگەندىن كېيىن تۇغۇشى.

**سۇڭ** I مىق [خەن] ئېلىمىزدە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر سۇڭ ئوندىن بىر چى، يەنى 3.3 سانتىمېتىر بولىدۇ.

**سۇڭ** II مىق [خەن] <تارىخ> ① جوۋ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامى. ھازىرقى خېنەننىڭ شاڭچيۇ دېگەن يېرىدە ئۆتكەن. ② سۇڭ سۇلالىسى.

**سۇڭ سۇلالىسى** <تارىخ> ① جەنۇبىي سۇلالىلەردىن بىرى. مىلادىيە 420 — 479 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان، ليۇيۇ قۇرغان. ② مىلادىيە 960 — 1279 - يىللىغىچە جوڭگودا ئۆتكەن سۇلالە. جاۋكۇاڭيىن قۇرغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**سۇڭپىياز** ئى [سۇڭ + پىياز] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق، كاناي شەكلىدە بولۇپ ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ. تەڭگىچە غولى يۇمىلاق ھەم تۇۋرۇك شەكلىدە بولىدۇ، گۈلى كىچىك ئېچىلىدۇ، ئۇرۇقى قارا، ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ.

**سۇڭلۇق** سۈپ. سۇڭ بىلەن ئۆلچەنگەن، سۇڭ ئۇزۇنلۇقىدىكى: بەش سۇڭلۇق تاختاي. ئىككى سۇڭلۇق رەسىم.

**سۇڭلىماق** پ. بەرمەك؛ ھەدىيە قىلماق: ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى خوتۇنلىرىنى ئىگىچە - سىڭىللىرى بىلەن قوشۇپ، قىلچە ئويلىماستىن جوڭغارلارغا سۇڭلاپ بېرىشتى.

**سۇلاتماق** «سۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇلاشتۇرماق** «سۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇلاشماق** «سۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇلاق** ئى ① قىش پەسلى، دەريا - ئۆستەڭلەر مۇز تۇتقاندا، سۇ ئېلىش ئۈچۈن مۇزنى تېشىپ ئاچقان تۆشۈك: سۇلاقتىن سۇ ئالماق. ② سۇ قىس جايلاردا ئاھالىلەر ئىچىدىغان سۇنى ساقلايدىغان كۆل؛ كىچىك سۇ ئامبىرى؛ ③ ئات - ئۇلاغلارغا سۇ بېرىدىغان ئوقۇر: ئۇ سوغىدىكى سۇنى شاشلىق قىلىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاتنىڭ ئالدىدىكى ياغاچ سۇلاققا سوزۇلدۇرۇپ قۇيدى.

**سۇلالە** ئى [ئە] <تارىخ> دۆلەت نامىنى تىكلىگەن پادىشاھنىڭ (بىر ئەۋلاد ياكى بىرقانچە ئەۋلاد)ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دەۋرى: سامانىيلار سۇلالىسى. قاراخانىيلار سۇلالىسى. خەن سۇلالىسى. چىڭ سۇلالىسى. تاڭ سۇلالىسى.

**سۇلانماق** «سۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇلايمان** ئى [ئە] ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سۇلايمان قالپىقى** رىۋايەتلەردە كىشىلەر باشقا كىيىۋالسا غايىب بولۇپ، باشقىلارغا كۆرۈنمەيدۇ، دەپ قارىلىدىغان بىر خىل خاسىيەتلىك قالپاق: ئوغلان باتۇر سۇلايمان قالپىقىنى كىيىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

**سۇلتان** ئى [ئە] ① ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئەڭ يۇقىرى ۋالىي، ئەمىرنىڭ نامى؛ پادىشاھ: ئۆزىنى سۆرىغان شەھەرگە سۇلتان، ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ (ماقال). * سۇلتان كۈندۈزنى كېچە دېسە، كۈننى ئاي دېگۈلۈك (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**سۇلتانلىق** ① ئى. سۇلتانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە؛ ئورۇن، ئەمەل، مەنسەپ: سەئىدخان 1533 - يىلى ئۆلۈپ، سۇلتانلىق چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخانغا قالغانىدى. ② ئى. سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەت. ③ سۈپ. سۇلتانلارغا خاس: سۇلتانلىق تەخت. سۇلتانلىق تۈزۈم.

**سۇلتايماق** پ. روھى چۈشمەك، روھسىزلانماق، سالپايماق؛ سولاشماق: دىلشات ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان قورقۇنچلۇق گەپنى ئاڭلاپ قولغا چۈشكەن ئوغرىدەك سۇلتىيىپلا قالدى.

**سۇلفات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **سۇلفاتلار**: ئاممونىي سۇلفات. سۇلفات كىسلاتا.

**سۇلفات كىسلاتا** <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $H_2SO_4$. ئۇ رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، كۈچلۈك كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سۇدا ئېرىگەندە كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە كۈچلۈك سۇسىزلاندۇرغۇچى رېئاكتىپ ھېسابلىنىدۇ. قەغەز، ياغاچ، تېرە ۋە كىيىم قاتارلىقلار ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە، كوكۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاساسىي خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، سوپۇن، بوياق، پارتلىغۇچى دورا، تېببىي دورا قاتارلىقلارنى ياساشتا ياكى نېفىت سانائىتى ۋە مېتاللورگىيە سانائىتىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇلفاتلار** ئى <خىم> سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى.

**سۇلفاتىيازول** ئى [لات] <تېب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_9H_9O_2H_3S_2$. ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك كىرىستال ھالەتتە بولۇپ، قۇياش نۇرىدا رەڭگى قېنىقلىشىدۇ. ياللۇغنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**سۇلفىد** ئى [ر<لات] <خىم> ← **سۇلفىدلار**.

**سۇلفىدلار** ئى <خىم> گۈڭگۈرتنىڭ بىرىكمىلىرى. ئۇنى مېتاللار بىلەن گۈڭگۈرتنى بىۋاستە بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىش مۇمكىن.

**سۇلۇ** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۈچلۈك؛ گۈلى يېشىل كېلىدۇ. كىچىك باشاقلىرىنىڭ ئۇزۇن قىلتىرىقچىلىرى بولىدۇ. دېنىنى يېگىلى ياكى يەم - خەشەك قىلغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**سۇلۇق** I سۈپ ① سۈيى بار، سۈيى كۆپ: سۇلۇق يەر. سۇلۇق ئېتىز. ② تەركىبىدە سۈيى، شىرنىسى كۆپ، شىرنىگە تولغان: سۇلۇق شاپتۇل. سۇلۇق نەشپۈت.

**سۇلۇق ئىششىق** <تېب> تېرە ئاستى توقۇلمىسىنىڭ ئارىلىق بوشلۇقلىرىغا كۆپ مىقداردا سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قېلىش تۈپەيلىدىن پۈتۈن بەدەننىڭ ياكى بەدەننىڭ بىر قىسمى ئىششىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. يۈرەك كېسىلى، بۆرەك كېسىلى، ئىچكى سېكرېتسىيە كېسەللىرى، جىگەر قېتىش،

ئاقسىل يېتىشمەسلىك، قان ئازلىق ۋە يەرلىك ياللۇغلىنىشلارغا ئۇچرىغان كىشىلەردە بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سۇلۇق** II ئى← **ئېغىزدۇرۇق**.

**سۇلۇن** سۈپ ① چىرايلىق، گۈزەل: مېنى تۇتۇش قەستىدە ئوتنى قويدى قومۇشقا. خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ، سۇلۇن كۆزۈم ئويۇشقا. ② ئاجايىپ، باشقىچە، غەلىتە: سۇلۇن ئىشلارنى قىلماق.

**سۇلما** ئى [ر<لات] <خىم> ئانورگانىك بىرىكمە. تەركىبى سىماب خلورىد ( $HgCl_2$ ). ئۇ ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سۇبلىماتسىيەلىنىدۇ. زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن هاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ۋە دېزىنفېكسىيەلىگۈچى دورىلار ياسىلىدۇ.

**سۇلىماق** I پ ① سۇنى چاچماق، پۈركۈمەك؛ هۆل قىلماق، نەمدىمەك: ناننى سۇلىماق. تېرىنى سۇلىماق. ② سۇ ئىچمەك، سۇ ئوتلىماق: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۆچكە بىلەن بىر تۆگە دوست بوپتۇ. بۇلار بىرگە ئوتلاپ، بىرگە سۇلاپ ناهايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىكەن.

**سۇلىماق** II پ. ئەيلەپ بولغان تېرىنى يەنە بىر قېتىم ئورغاق بىلەن قىرىپ يۇمشاتماق.

**سۇماي** ئى [سۇ + ماي] قىچا، زىغىر، زاراڭزا، گازىر مېيى قاتارلىق ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك مايلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سۇمەن** ئى [پ] <بوت> ئاق، خۇشبۇي ئېچىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭ گۈلى؛ يەسمەن.

**سۇمبات** ئى [پ] تاشقى كۆرۈنۈش؛ بەدەن، قەد، قامەت: گۈزەل سۇمبات. زەر سۇمبات.

**سۇمباتسىز** سۈپ. كېلەڭسىز، كۆرۈمسىز: سۇمباتسىز ئادەم. سۇمباتسىز قىز.

**سۇمباتلىق** سۈپ. كېلىشكەن، قەددى - قامەتلىك: سۇمباتلىق ئايال. سۇمباتلىق يىگىت.

**سۇمبۇل** [ئە] ① ئى <بوت> ئىزمۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئۇزۇن ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك ۋە سۇس قىزىل رەڭدە ئېچىلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تىنچلاندۇرۇش ھەم ئاغرىق توختىتىش روللىرىغا ئىگە. ② سۈپ. سۇمبۇلغا ئوخشاش ئۇزۇن، چىرايلىق: سۇمبۇل چاچ.

**سۇمبۇل چاچ** سۇمبۇلغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئۆرۈلگەن چاچ: ئايخان بېشىنى بىرلا سىلكىپ كۆكسىگە چۈشۈۋالغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلىدى.

**سۇمۇ** ئى [خەن <ياپونچە] <تەن> ← **سۇمۇ چېلىشىشى**.

**سۇمۇ چېلىشىشى** <تەن> چېلىشىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. ياپونىيەدە كەڭ ئەۋج ئالغان. بۇنىڭدا، ئەسۋابسىز ئېلىشىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتسا ياكى چېگرا سىزىقىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتسە، غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**سۇمۇروغ** ئى [پ] قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى تېنى ناهايىتى چوڭ، كۈچلۈك، باتۇر بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش.

**سۇمۇق** ئى <خىم> ← **زەمچە**.

**سۇناي** ئى [پ] <مۇز> يەللىك چالغۇلاردىن بىرى. شەكلى كانايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۈستىدە يەتتە، ئاستىدا بىر دانە تۆشۈكى بولىدۇ. كۆپىنچە ناغرىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ: كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە (ماقال).

**سۇنايچى** ئى. سۇناي چالىدىغان كىشى.

**سۇنايلاتماق** «سۇنايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇنايلاشماق** «سۇنايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ پاراڭلار ئالدى بىلەن ياتاقداشلار كارىۋاتقا سۇنايلاشقىنىدىن كېيىن باشلىناتتى.

**سۇنايلانماق** «سۇنايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەبلغازى كاڭدا سۇنايلىنىپ ئۇزاق ياتتى.

**سۇنايلىماق** پ. پۇت - قولنى سۇنماق، سوزۇلماق.

**سۇنبۇلە** ئى [ئە] <ئاستر> ← **سۇنبۇلە بۇرجى**.

**سۇنبۇلە بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ ئالتىنچىسى. ئاسترونومىيەلىك ئۇزۇنلۇقى 150° تىن 180° قىچە. ئەسلىي ئورنى سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. مىلادىيە بويىچە ھەر يىلى 23 - ئاۋغۇستنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم كۈزگى تېرىم بولىدۇ.

**سۇنتاختا** پ. ئىشتىن، كاردىن چىققان؛ سۇنغان، پاچاقلانغان؛ ئەبجىقى چىققان: سۇنتاختا قىلماق.

**سۇندۇرماق** ① «سۇنماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناننى سۇندۇرماق. قولىنى سۇندۇرماق. ② ئايلاندۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك، چېقىشتۇرماق (قىممەت، مىقدار قاتارلىقلار ھەققىدە): پۇلغا سۇندۇرماق. موغا سۇندۇرماق.

**سۇندۇرۇشماق** «سۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قەلەمنى سۇندۇرۇشتى. * بەزىلەر بەش مىسقال ئالتۇننىڭ باھاسىنى پۇلغا سۇندۇرۇشماقتا.

**سۇندۇرۇلماق** «سۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داستىخانغا ھەر خىل مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەكلەر قويۇلۇپ، نان - توقاچلار سۇندۇرۇلدى.

**سۇنغۇزماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايشەمخان بالىسى ئۆمەرجاندىن ھەسەلخان ئاچىغا بىر چىنە چۆچۈرە سۇنغۇزدى.

**سۇنماق** I پ ① ئوشتۇلماق، پارچىلىنىپ بۆلەكلەرگە ئاجرىماق، پارچىلانماق: چىنە سۇنماق. ② <فىز> نۇر، ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىقلار ئىككى خىل ماددىنىڭ تېگىشىش يۈزىدە تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككىنچى خىل ماددا ئىچىگە كىرمەك. ③ كۆچمە. خاراب، خانىۋەيران بولماق: ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سۇنۇشى قانۇنىيەتلىك ھالدا ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ④ كۆچمە. ئابرۇيى تۆۋەنلىمەك، ئېتىبارىنى يوقاتماق: غۇرۇرلۇق يىگىت بىر قىزنىڭ چوڭچىلىقى ئالدىدا ھەرگىز سۇنماسلىقى كېرەك. ⑤ بىرەر كېلىشمەسلىك ياكى زەربە تۈپەيلىدىن ئازار يېمەك، رەنجىمەك، مەيۈسلەنمەك: كۆڭلى سۇنماق. ⑥ كۆچمە. ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتماق، سارغايماق، مەيۈس، غەمكىن ھالەتنى ئىپادىلىمەك (چىراي ھەققىدە): چىرايى سۇنماق. ⑦ كۆچمە. دەسلەپكى شىددىتى، كۈچى يوقالماق، پەس كويغا چۈشمەك، ئاجىزلىماق؛

ئۆچمەك: گۈل ۋە ياپراقنىڭ توزۇشى مۇمكىن، لېكىن توزۇماس كۆڭۈل بېغىمىز. ئارزۇلار پاكدۇر، سۇنمايدۇ تىلەك، سۇنماس ئىرادە، ئىشەنچ تېغىمىز. ⑧ كۆچمە. بۇزۇلماق، پاكىزلىقىنى يوقاتماق: تاھارىتى سۇنماق.

**سۇنماق** II پ ① ئۈزاتماق، تەڭلىمەك: قولىنى سۇنماق. ياردەم قولىنى سۇنماق. ② سۇنايلىماق، ئۈزاتماق، سوزماق: پۇتىنى سۇنماق. * يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن (ماقال). ③ بەرمەك، تۇتماق، يوللىماق: ئاش سۇنماق. ④ ئىسسىنماق، قاقلانماق: ئاپتاپ سۇنماق.

**سۇنۇ** سۇپ. دىيال. باشقىچە، ئاجايىپ، غەلىتە، يوچۇن، يات.

**سۇنۇشماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر كۆلۈشۈپ، دېھقانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قوللىرىنى سۇنۇشۇپ بىر تالدىن شاپتۇل ئېلىشتى.

**سۇنۇق** ① سۇپ. سۇنغان، بىرەر يېرى ئۈچۈپ كەتكەن، دەز كەتكەن ياكى سۇنۇپ ئىشتىن چىققان؛ كېرەكسىز: سۇنۇق پىيالە. ② سۇپ. سۇنۇپ پارچىلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكى، پارچىسى: ئۇكام بىركۈنى لاتىدىن پۇل خالتىسى تىكىپتۇ. ئۇنىڭغا سۇنۇق چىنە، ساپاللارنى تولدۇرۇپ بەلبېغىغا ئېسىپتۇ. ③ ئى <تېب> زەخىملىنىش ياكى توقۇلمىلىرىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى تۇپەيلىدىن سۇنغان، پارچىلانغان ياكى يېرىلغان سۆڭەك: سۇنۇقنى تاڭماق. ④ سۇپ <مات> بۆلۈك ھاسىل قىلىپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن: سۇنۇق سىزىق. ⑤ سۇپ. كۆچمە. روھسىز، نۇرسىز، سولغۇن، مەيۇس، غەمكىن: رەڭگى سۇنۇق. ⑥ سۇپ. كۆچمە. ئازاب چەككەن، ئازار يېگەن، دەرد تارتقان، غەم باسقان؛ پەرىشان: سۇنۇق كۆڭۈل.

**سۇنۇق قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك** كىچىككىنە ئەمەل ـ مەنسەپكە، ئازراق ھوقۇققا ئىگە بولماق: ئەگەر ئۇنىڭغا سۇنۇق قوشۇقنىڭ سېپى تېگىپ قالسا ـ زە، ئىش بار ئىكەن ـ دە.

**سۇنۇقچى** ئى. چىقىپ كەتكەن ئۇگىلەرنى ۋە سۇنغان ئەزالارنى جايىغا كەلتۈرۈپ، تېڭىپ داۋالايدىغان كىشى؛ تېڭىقچى.

**سۇنۇقچىلىق** ئى. سۇنۇقچى قىلىدىغان ئىش، كەسىپ.

**سۇنۇلماق** «سۇنماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بولسا سۇنۇلغان ناندىن بىر چىشلىدى. *بۇ پىكىر مۇزاكىرىگە سۇنۇلدى.

**سۇئوقياسى** ئى [سۇ + ئوقيا + سى] <بوت> ① ياۋا كەشمىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**سۇۋاتماق** «سۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تام سۇۋاتماق. ئوچاق سۇۋاتماق. ئۆي سۇۋاتماق.

**سۇۋادان** ئى <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. تۇز ئۆسىدۇ، ياغىچىدىن ئۆي جاھازلىرى، سەرەڭگە تېلى، پەنەركە، قەغەز قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئىھاتە ئورمانلىقى ۋە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخ خىللىرىغا كىرىدۇ.

**سۇۋادانلىق** ① سۇپ. سۇۋادان بىلەن قاپلانغان، سۇۋادان ئۆستۈرۈلگەن. ② ئى. سۇۋادان كۆپ ئۆستۈرۈلگەن جاي.

**سۇۋارى** رەۋ. تامامەن، پۈتۈنلەي، باشتىن ـ ئاياغ، ھەممىسى، بىراقلا: مۇشۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ماڭا قاراشلىق تۆت كىچىك ساينىڭ قارىغايلىرىنى بوران سۇۋارى يىقىتىپ تاشلىدى.

**سۇۋاشتۇرماق** «سۇۋاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇۋاشقاق** سۇپ. ئاسان سۇۋىشىدىغان، سۇۋىشىپ قالىدىغان، تېز يېپىشىدىغان، يېپىشقاق: سۇۋاشقاق ئادەم، سۇۋاشقاق نەرسە.

**سۇۋاشقاقلىق** ئاسان سۇۋىشىدىغان، يېپىشىدىغان ھالەت: ئۇنىڭ سۇۋاشقاقلىقى تېخى تۈگىمەپتۇ.

**سۇۋاشما** ئى. خەت، رەڭلەرنىڭ سۇۋالغان، يېيىلغان ھالىتى: كامىل شېئىرنى يەنە قايتا ئوقۇپ چىقماقچى بولدى، ئەمما يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن توختىماي سارقىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى بەزى مىسرالارغا ئېقىپ چۈشۈپ، خەتلەرنى سۇۋاشما قىلىۋەتتى. ئۇ خاتىرىنى يېپىپ يانچۇققا سالدى.

**سۇۋاشماق** ① «سۇۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قايسى كۈنى سەن ئۇنىڭغا تام سۇۋىشىپ بېرىپسەن. ② سۇۋىلىپ قالماق، چاپلاشماق، يېپىشماق: باشقىلارغا سۇۋىشىپ يۈرمەك.

**سۇۋاق** ئى <بىن> ① سۇۋاش ئىشى. ② سۇۋاش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان قاتلام: لاي سۇۋاق. گەج سۇۋاق.

**سۇۋاقچى** ئى ① سۇۋاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئۇستا. ② كۆچمە. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، مۇرەسسە، سالا ـ سۇلھى بىلەن ھەل قىلىش تەرەپدارى؛ سالاچى: جاھاننى ئالدى قوڭتاجى، ئىشنى بۇزار سۇۋاقچى (ماقال).

**سۇۋاقچىلىق** ئى ① سۇۋاش ئىشى، كەسپى. ② كۆچمە. سالا، مۇرەسسە قىلىش ئىشى؛ سالاچىلىق: بىر ھەققانىي ئادەم مۇشۇنداق پىرىنسىپال مەسىلىدە سۇۋاقچىلىق قىلمايدۇ.

**سۇۋاقسىز** سۇپ. سۇۋىقى يوق، سۇۋالمىغان: سۇۋاقسىز تام. سۇۋاقسىز ئۆي.

**سۇۋاقلىق** سۇپ. سۇۋىقى بار، سۇۋالغان: سۇۋاقلىق تام. سۇۋاقلىق ئۆي.

**سۇۋالماق** «سۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي لاي بىلەن سۇۋالغانىدى.

**سۇۋان** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ھەم يىپسىمان كېلىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق شار شەكلىدە بولۇپ گۈل يېپىنچىسى ئىچىدە ئورىلىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇقى قارا. كۆپىنچە شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، سوپۇن ۋە سىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇۋانماق** پ . سۈركەشمەك: دوستۇمنىڭ سىڭلىسى ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ كۈلۈپ، قاپاقلىرىنى سوزغىنىچە كېلىپ ئاكىسىغا سۇۋاندى.

**سۇۋاي** سۇپ. چىشى ھايۋانلارنىڭ تۇغمىغىنى؛ قىسىر: سۇۋاي بايتال. سۇۋاي قالماق.

**سۇۋاي ـ سالتاڭ** بالىسى يوق، بالىسىز، يالغۇز، سالتاڭ.

**سۇۋېرېن** سۇپ [ر] مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان؛ مۇستەقىل: سۇۋېرېن دۆلەت. سۇۋېرېن ھوقۇق.

**سۇۋىماق** پ. بىرەر نەرسىگە ياكى ئادەم بەدىنىگە سۈرتمەك، سۈرتۈپ سىلىقلىماق: دورا سۇۋىماق. شىلىم سۇۋىماق. تام سۇۋىماق.

**سۇياغ** ئى [سۇ + ياغ] ← **سۇماي.**

**سۇياڭىقى** ئى [سۇ + ياڭاق + ى] <بوت> ① سۇياڭىقى ئائى-

لىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سازلىق كۆلچەكلەردە ئۆسىدۇ، يىلتىزى پاتقاق ئىچىدە تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك لەشچىلىرى بولىدۇ، ئادەتتە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى يېشىل ياكى قوڭۇر كېلىدۇ، پوستىدا مۈڭگۈزلىرى بولىدۇ. مېۋە ئېتىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سۇيۇر** سۈپ. تاشقى شەكلى، كۆرۈنۈشى بېلىققا ئوخشايدىغان ھەم ئۆز ھەرىكىتىدە ھاۋانىڭ قارشىلىقىغا ئاز ئۇچرايدىغان: سۇيۇر پىكاپ. سۇيۇر ۋاگون.

**سۇيۇرغال** ئى <تارىخ> شاھ، خان، ئەمىر تەرىپىدىن ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرگە ئالاھىدە خىزمىتى ئۈچۈن ئىنئام قىلىنغان يەر ــ سۇ، يەر ــ مۈلۈك.

**سۇيۇرغاللىق** سۈپ. سۇيۇرغال ھەققىدىكى؛ سۇيۇرغالغا ئاساسلانغان: سۇيۇرغاللىق تۈزۈم.

**سۇيۇق** سۈپ ① سۇ تەركىبى كۆپ بولغان، سۇيۇلدۇرۇلغان؛ قويۇقنىڭ ئەكسى: سۇيۇق جىسىم. سۇيۇق ماددا. سۇيۇق لاي. ② زىچ ئۆسمىگەن، قويۇق ئەمەس؛ شالاڭ (چاچ، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار ھەققىدە): سۇيۇق ئۆسكەن شال. چېچى سۇيۇق ئايال. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، تۇتامى يوق؛ يەڭگىل: سۇيۇق ئادەم.

**سۇيۇقئاش** ئى [سۇيۇق + ئاش] ھەر خىل كېسىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن چۆپلەرنى توغرالغان كۆكتات، گۆش ۋە باشقا خۇرۇچلار بىلەن بىرگە سۇدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان تاماقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ ئۈگرە ئاش، مەنچىزە ئاش، قۇشقاچ تىلى ئاش ۋە ئۇزۇپ تاشلانغان ئاش قاتارلىق تۈرلىرى بولىدۇ.

**سۇيۇق ـ سەلەڭ** سۇيۇقئاش، ئوماچ، شوۋىگۈرۈچ قاتارلىق سۇيى بىلەن چۆپى ئارىلاشقان، سۇمۇرۇپ ئىچىدىغان: سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماق.

**سۇيۇقلاشتۇرماق** «سۇيۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمۇشتا جىق گەپ قىلىدىغان، بىرمۇ گېپىگە ئىگە بولمايدىغان ئادەملەر جىق. ئۇنداقلار تۇمۇرنىمۇ سۆز بىلەن سۇيۇقلاشتۇرۇپ، شاتراق لاي قىلىۋېتىدۇ.

**سۇيۇقلاشتۇرۇلماق** «سۇيۇقلاشتۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇيۇقلاشماق** پ ← **سۇيۇقلانماق** : يولدىكى يۇمشاق، سۇيۇقلىشىپ كەتكەن قۇمساڭ تۇپراق يالىڭاچ پۇتلارنى كۆيدۇرگۇدەك قىزىپ كەتكەنىدى.

**سۇيۇقلاندۇرماق** «سۇيۇقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گازنى سۇيۇقلاندۇرماق.

**سۇيۇقلاندۇرۇلماق** «سۇيۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز.

**سۇيۇقلانماق** پ. سۇيۇق ھالەتكە كەلمەك، سۇيۇلماق: گاز سۇيۇقلانماق. سۇيۇقلانغان توقۇلمىلار.

**سۇيۇقلۇق** ئى ① مۇئەييەن ھەجمى بولغان، لېكىن شەكلى بولمىغان، ئېقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان جىسىم. نورمال تېمپېراتۇرىدا ماي، سۇ، ھاراق، سىماب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇيۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ: سۇيۇقلۇق پىرىسى. دورا سۇيۇقلۇقى. ② ماددىلارنىڭ سۇيۇلۇش دەرىجىسى: قاننىڭ سۇيۇقلۇقىنى ئۆلچىمەك. سۇيۇقلۇقى ئاشماق. ③ كۆچمە. تۇتامسىزلىق؛ قەتئىي ئىرادىسى، ئېنىق مەيدانى بولماسلىق: — قىزىڭىزنىڭ سۇيۇقلۇقىنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز ئاچا، — دېدى سىڭلىسى مەنىلىك قىلىپ.

**سۇيۇقلىماق** پ. سۇيۇق ھالغا كەلمەك، سۇيۇلماق.

**سۇيۇلدۇرماق** ① «سۇيۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <خىم> ئېرىتمىگە يەنە ئېرىتكۈچىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتمەك.

**سۇيۇلدۇرۇلماق** «سۇيۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇيۇلماق** پ. سۇيۇق ھالغا كەلمەك، سۇ تەركىبى كۆپەيمەك: مەن كەلگۈچە ئاش سۇيۇلۇپ كېتىپتۇ.

**سۈيىقەست** ئى [ئە] بىراۋغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش، يوق قىلىش، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەت، قەست: سۈيىقەست قىلماق.

**سۈيىقەستچى** ئى. سۈيىقەست ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، قەست قىلغۇچى ئادەم.

**سۈيىقەستچىلىك** ئى. سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى.

**سۈيىقەستلىك** سۈپ. سۈيىقەست يوشۇرۇنغان، سۈيىقەست بىلەن قىلىنغان: سۈيىقەستلىك پىلان. سۈيىقەستلىك ئىش. *— بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكىلا بىر ئىشتىن سىزگە ئېلىپ كەلگەن ناشتىلىقىمىز، بۇ قولغا چۈشكەنلەر سۈيىقەستلىك پىلانىڭىزنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر، قېنى، مەرھەمزات سۇلتان، بۇنىڭغا بىر نېمە دەڭچۇ! — دېدى يىگىتلەر.

**سۈيىئىستېمال** ئى [ئە] ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن يول قويۇلغان ئىشلاردىن ئارتۇقچە پايدىلىنىش.

**سۈيىئىستېمالچىلىق** ئى <پەلس> ← **پىراگماتىزم** : ئىنسان سۈيىئىستېمالچىلىق ۋە ئۇنۇمپەرەسلىك پاتقاقلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدى، بۇ كىرىزىس ھېيدىگىر، ياسپېرس، سارتېرى قاتارلىق مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلارنى تۇغدى.

**سۆجە** ئى. دىيال. سۆڭگەچ، يانپاش.

**سۆرە** ئى. دىيال. كەپە، چەللە.

**سۆرەتمە** سۈپ. تۇتۇپ، باغلاپ ياكى چېتىپ سۆرىتىلىدىغان: سۆرەتمە كېمە.

**سۆرەتمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىرمۇ ئۆكۈزلىرىگە ساپانلىرىنى سۆرىتىپ ئېتىزغا ماڭدى.

**سۆرەشتۇرمەك** پ. سۆرەپ ـ تارتىپ ئېلىپ ماڭماق: چېرىكلەر مېنى ئورنۇمدىن، چۈجىنىڭ بوينىدىن تۇتقاندەك تۇتۇپ سۆرەشتۇرۇپ، يامۇلغا ئېلىپ ماڭدى.

**سۆرەشتۇرۇلمەك** «سۆرەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۆرەشمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى يەنە تۇتۇشتى. بىر ـ بىرىنى ئالدى ـ كەينىگە سۆرىشىپ بىرھازا ئېلىشتى.

**سۆرەلگۈچىلەر** ئى <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر كىلاسى. بۇنىڭغا كىرىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قاسىرقى

ياكى قېپى بولۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ، تۇخۇم ياكى تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، شەكىل ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن، يىلان، كەسلەنچۈك، تاشپاقا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**سۆرەلمە** سۈپ ① سۆرىلىپ قالىدىغان، سۆرىلىۋالىدىغان، سۆرىلىدىغان: سۆرەلمە چاپان. ② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان: سۆرەلمە كېسەل. ③ كۆچمە. ئىنتىك، تېز ھەرىكەت قىلمايدىغان، ئېرىنچەك: دۇنيا ئەسلىي بولغاندا بىنا، ئەپچىللەرگە تەئەللۇق ئىدى. كۆپلەر بىلمەي تۇغۇلۇپ قالدى، سۆرەلمىگە ئورۇن يوق ئىدى.

**سۆرەلمە پالاس** ئىش - ھەرىكەتتە سۈس، ئاستا ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىدىغان، ئېرىنچەك، مىس - مىس، ئەزمە: دەۋر ساڭا ئوخشاش سۆرەلمە پالاسلارنى تاشلاپ كېتىدۇ!

**سۆرەلمەك** «سۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەڭ كىيىم سۆرىلىپ يىرتىلار، تار كىيىم تارتىشىپ يىرتىلار (ماقال).

**سۆرەلمىلىك** ئى. سۆرىلىۋېلىش ئادىتى ياكى خاھىشى: سۆرەلمىلىك قىلماق.

**سۆرەم** ئى. تېرىلغان يەرنىڭ ئۈستىدىن سۆرىتىپ چالمىلىرىنى ئېزىش، يەرنى تۈزلەش ۋە شۇ ئارقىلىق نەملىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇ ياغاچتىن ياسىلىدۇ ياكى چىۋىقتىن توقۇلىدۇ.

**سۆرەمچى** ئى ① مەخسۇس سۆرەم ياساش ياكى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ② سۆرەم سالىدىغان كىشى.

**سۆرۈن** سۈپ ① بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق ئەمەس، ھاۋاسى مۆتىدىل، سالقىن: سۆرۈن جاي. سۆرۈندە ئولتۇرماق. ② كۆچمە. ئېچىلمايدىغان، تۇتۇق، سوغۇق؛ يېقىمسىز (چىراي ھەققىدە): سۆرۈن تەلەت. سۆرۈن چىراي.// بۇ سۆرۈننى كىممۇ ياخشى كۆرەركىن تاڭ؟

**سۆرۈنجان** ئى [پ] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا تۇخۇمسىمان تەڭگىچە غولى بولىدۇ. كۈزدە گۈلى ئېچىلىپ، كېيىنكى يىلى يوپۇرماق چىقىرىدۇ. ئۇنى مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشتىن سىرت، ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ئۇرۇقى يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ۋە ھۈجەيرىلەر بۆلۈنۈشىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.

**سۆرۈنلەشتۈرمەك** «سۆرۈنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈز ھاۋاسى كوچىلارنى سۆرۈنلەشتۈرمەكتە ئىدى.

**سۆرۈنلەشمەك** پ ① سۆرۈن، سالقىن ھالغا كەلمەك، سالقىنلاشماق: ئۇ قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ سىرتقا چىقتى. ئاسمان ئۇنىڭغا سۆرۈنلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ② كۆچمە. تۇرۇلمەك، تۇتۇلماق، يېقىمسىزلاشماق (چىراي ھەققىدە): شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇشخۇي چىرايىمۇ باشقىچە سۆرۈنلىشىپ قالغانىدى.

**سۆرۈنلۈك** ئى. سۆرۈن ھالەت: ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تولىمۇ كۆڭۈلسىز سۆرۈنلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى.

**سۆرىتىشمەك** «سۆرەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزىز بەگنىڭ ئىككى پۇتىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىشتى.

**سۆرىنگۈچى** سۈپ. سۆرەپ ماڭىدىغان ياكى سۆرەيدىغان؛ سۆرىنگۈچى كېمە.// هارۋا سۆرىنگۈچى.

**سۆرىلەڭگۈ** سۈپ ← **سۆرەلمە:** ئادەم ئالدىراش بولغانسېرى ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى قالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئادەم لايغەزەل بولغانسېرى ۋاقىت ھۆرۈن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك ئۇزۇن ھەم سۆرىلەڭگۈ بولىدۇ.

**سۆرىلەڭگۈلۈك** ئى. ← **سۆرەلمىلىك.**

**سۆرىمە** سۈپ. سۆرىلىدىغان، سۆرىلىۋالىدىغان، سۆرەلمە: سۆرىمە كەش. سۆرىمە ئاياغ. سۆرىمە تور.

**سۆرىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى كۆتۈرمەي، يەرگە تەگكۈزۈپ ئالدىغا تارتماق: مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ، هارۋىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ (ماقال).② زورلۇق بىلەن بىر تەرەپكە تارتماق، ئېلىپ ماڭماق: ئۇنىمىسامۇ ئۇنىماي دادام قولۇمدىن سۆرەپ ماڭدى. ③ باشلىماق، ئەكەلمەك: بۇ تېپىشماقتەك ئىش يىگىتنى قانداقتۇر بىر قىزىقىش ئىچىگە سۆرەپ كەلدى. ④ كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ بېجىرىلىشى، ئورۇندىلىشىنى كەينىگە سۆرىمەك، كېچىكتۈرمەك: — مەن ساڭا قاچان قەرز ئېلىپ لەۋزىمدە تۇرمىغان؟ بەرگىن، ئۇزاققا سۆرىمەيمەن، — دېدى ئۇ.

**سۆز** ئى ① <تىل> تىلنى تەشكىل قىلىدىغان، تاۋۇش بىلەن مەنە زىچ بىرىككەن، تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك لېكسىكىلىق بىرلىك. ② گەپ، گەپ - سۆز، نۇتۇق. ③ مىش - مىش گەپ؛ ئىغۋا: سۆز تارالماق. ④ ۋەدە، لەۋز: سۆزىدە تۇرماق. ⑤ «دېگەن» سۈپەتدىشى بىلەن كېسىم رولىدا كېلىپ «... بىلەن باراۋەر»، «باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھەممە پەندىن ياخشى ئۆتتۈم، ئەمدى ئۇنىۋېرسىتېتقا كەتتۇق دېگەن سۆز.

**سۆز پىشۇرماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلمەك، مەسلىھەتنى، گېپىنى بىر قىلماق: ئۇلارنىڭ بۈگۈن چېدىر - بارگاھتا ئالدىن سۆز پىشۇرۇپ، با مەسلىھەت كېلىشكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

**سۆز سالماق** بىرەر مەسىلە ھەققىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى، مەقسىتىنى بىلمەك؛ رايىنى سىناپ كۆرمەك: موماي ئوغلى ئۈچۈن قوشنىسىنىڭ قىزىغا سۆز سېلىپ باقماقچى بولدى.

**سۆز قاتماق** ئېيتىلىۋاتقان سۆز، بولۇۋاتقان سۆھبەتكە گەپ قىستۇرماق، لوقما سالماق: قاغىغا ئوق ئاتما، يامانغا سۆز قاتما (ماقال).

**سۆزنى بوغىزىغا يۇتۇۋەتمەك** ئېيتماقچى بولغان، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى ئېيتماي قورسىقىدا ساقلاپ قالماق، ئېيتىشتىن ۋاز كەچمەك، سۆزلەشتىن يالتايماق: ئالىم ھەر نۆۋەت مۇشۇ بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، نەچچە تەمشىلىپ بېقىپ، سۆزنى بوغىزىغا يۇتۇۋەتكەنىدى.

**سۆزنىڭ بېلىگە تەپمەك** ← **گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك:** ئىسمائىل سوپۇم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە كۇلۇپ قاراۋاتاتتى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى.

**سۆز ئويۇنى** ① سۆزنى خىلمۇخىل مەنىلەردە ئىشلىتىپ ياكى بىر [illegible] تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ باشقىلار[illegible] قىزىقىشىنى، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش پائالىيىتى: ئەمدى ئىككى قىزىقچى ئوتتۇرىسىدا سۆز ئويۇنى باشلاندى. ② گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەي ئايلاندۇرۇپ ئېيتىش: — جامال ئاكا سۆز ئويۇنى قىلىۋاتامسىز، نېمە؟ — دېدىم مەن

ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ، — ئوچۇقراق گەپ قىلسىڭىزا!

**سۆزەڭگۈر** سۈپ. دىيال ① ياخشى گەپكىمۇ، يامان گەپكىمۇ ئۈنىمايدىغان، ئۈششاق سۆزلەيدىغان؛ قېيدىغاق. ② سۆزگە ئۇستا، سۆزمەن.

**سۆز - چۆچەك** ھەرخىل مىش - مىش گەپ، يالغان - ياۋىداق سۆز، ئەپقاچتى گەپ: ئاساسسىز سۆز - چۆچەكلەر سەۋەبىدىن يوق ئىش بار بولۇپ قالىدىغان، قەلبلەردىكى يوشۇرۇن تۈيغۇ ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

**سۆزخۇمار** سۈپ [سۆز + خۇمار] ← **گەپخۇمار**.

**سۆزسىز** ① سۈپ. سۆزى يوق، سۆز قىلمايدىغان؛ ئاۋازسىز: سۆزسىز ئولتۇرماق. سۆزسىز ماقۇلماق. ② رەۋ. شەرتسىز، شۈبھىسىز؛ چوقۇم: سۆزسىز ئىتائەت قىلماق. سۆزسىز بويسۇنماق. سۆزسىز قوبۇل قىلماق.

**سۆزسىزلىك** ئى. جىملىق، جىمجىتلىق، سۈكۈنات: ئۇنىڭ جىمغۇر ۋە سۆزسىزلىكى مىجەزىنى ئاشۇنداق كۆرسەتتى.

**سۆز - كەلىمە** سۆز ۋە كەلىمە: مەھمۇد كاشغەرىي ئون يىل ئۆمۈر سەرپ قىلىپ داۋان ئېشىپ، دەريا كېچىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ سۆز - كەلىمە توپلىغان.

**سۆزگەن** ئى. كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىدىغان ۋە ئۇچقاندا غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل نەرسە، غوڭ قاپاق. كۆپىنچە قومۇش، كىچىك قاپاق ياكى ياغاچ شاكىلى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**سۆزلەتمەك** «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دەسلەپتە تاشۋاينى سۆزلىتىپ، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىدى.

**سۆزلەشتۈرمەك** «سۆزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق رەيھاننىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى ئەدىيالغا ئوراپ، كىچىك سىڭلىسىنى كۆتۈرگەنىدەك كۆتۈرۈپ، كۆنىگە بىر - ئىككى قېتىم ھامىمىسى ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ باراتتى، يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، سۆزلەشتۈرەتتى.

**سۆزلەشمە** ئى. سۆزلىشىش، دىيالوگ: بۇ خىل سۆزلەشمە بىر تەرەپتىن، بوگۈن ئۈچۈن تېخىمۇ جان تىكىپ كۆرەش قىلىشنى ئەسكەرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتمۈشنىڭ شىرىن ۋە قان - ياشلىق، نومۇسلۇق سەھىپىلىرىنى شۇ ئۇلاپ تۇراتتى.

**سۆزلەشمەك** ① «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىز توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ. ② مۇڭداشماق، گەپلەشمەك، پاراڭلاشماق: ئەتىسى چۈشتە ئورۇققىنا بىر ئايال مېنى ئىزدەپ كېلىپ سۆزلەشتى. ③ ئالاقىلەشمەك، پۈتۈشمەك: بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن.

**سۆزلەم** ئى <تىل> لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆز. ئادەتتە باش سۆزلەم ۋە بېقىندى سۆزلەم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بەزىدە «ماددا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سۆزلەنمەك** «سۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭدا لوقماننىڭ مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەنلىكى، ئادەمنىڭ ئۆلمەسلىك ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەدبىر ئىزدىگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

**سۆزلۈك** ① سۈپ. مەلۇم مىقداردىكى سۆزدىن تەركىب تاپقان ياكى مەلۇم ساندىكى سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 20 مىڭ سۆزلۈك لۇغەت. ② ئى. بىرەر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ياكى مەلۇم بىر ئەسەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر روېختى: ئىزاھلىق لۇغەت سۆزلۈكى. سۆزلۈك تۈزمەك. ③ ئى. لۇغەت: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فىرازىيولوگىيەلىك سۆزلۈكى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا سۆزلۈكى. ④ سۈپ. بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن بىرگە كېلىپ، شەخسنىڭ خاراكتېرى ياكى مۇئامىلىسىنى بىلدۈرىدۇ: شېرىن سۆزلۈك.

**سۆزلۈكچى** ئى. سۆز توپلاشقا مەسئۇل بولغان ياكى لۇغەت تۈزۈش، سۆزلۈك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: مەزكۇر مەھكىمىگە قاراشلىق تەرجىمە خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ھۆججەت بۆلۈمى، ماتېرىيال بۆلۈمى ۋە سۆزلۈك بۆلۈمىدىمۇ ئالتە خىل تىلنىڭ ماتېرىيالچى ۋە سۆزلۈكچىسى بولۇپ جەمئىي 30 نەچچە ئادەم بار.

**سۆزلىمەك** پ ① ئاغزاكى پىكىر بايان قىلماق، ئېغىز بىلەن ئېيتماق، دېمەك: سۆزلىگەن سۆزۈمگە مەن ئىگە، سۆزلىمىگەن سۆزۈم ماڭا ئىگە (ماقال). ② گەپ قىلماق، ۋەز ئېيتماق: ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى.

**سۆزلەپ قالماق** كالىلىسى ئېلىنىشىپ، تاغدىن - باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق، ئەقلىدىن ئاداشماق، ئالجىماق: توغرا ئېيتىسەن، سۆزلەپ قالدىم. نېمىشقا دەمسىنا؟ تەس كېلىۋاتىدۇ.

**سۆزمەن** سۈپ. سۆزگە ئۇستا، گەپدان، ناتىق: سۆزمەن ئادەم. سۆزمەن ئايال. * باتۇرنى مەيداندا سىنا، سۆزمەننى دەۋادا سىنا (ماقال).

**سۆزمەنلىك** ئى. گەپدانلىق.

**سۆزمۇسۆز** بىر سۆز - بىر سۆزدىن، سۆز تاشلىماي، ئەينەن: سۆزمۇسۆز سېلىشتۇرماق. سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلماق.

**سۆزنەك** ئى [پ] <تېب> تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ بىر خىلى. سۆزنەك شار باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بىمارنىڭ سۈيدۈك يولى ياللۇغلىنىپ، يىرىڭدايدۇ، سۈيدۈكى يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ.

**سۆز - ھەرىكەت** سۆز ۋە ھەرىكەت: توقا دۈيجاڭ كۆرۈنۈشتە سەھرانىڭ ئاددىي - سادda ئادەملىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى سۆز - ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

**سۆز - ئىبارە** <تىل> بىرەر چۈشەنچە ياكى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى.

**سۆسەر** ئى [پ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقا، قۇلىقى ئۈچ بۇرجەك، ئاقلاش سىزگۈسى كۈچلۈك كېلىدۇ. تۈرى كۆپ بولۇپ، تېرىسى ئەتىۋارلىنىدۇ.

**سۆسەي** ئى. ئاتقۇچىلىق دۆكىنىنىڭ ئېگەك ئۈستىگە چاپلانغان خام تېرە، ئۇ كىرىچنى تەگشەپ تىترىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**سۆسەيباغ** ئى [سۆسەي + باغ] سۆسەينى قورساق ئالدىدىن غول ياغاچقا چىتىپ تۇرىدىغان كىرىچ.

**سۆسۈن** سۈپ [پ] قىزىل بىلەن كۆكنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، بىنەپشە رەڭ.

**سۆك** ئى. ئاقلانغان تېرىق.

**سۆكە** I ئى. ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا ئاسىدىغان، مەرۋايىت ياكى ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان بىر خىل ھالقا.

**سۆكە** II ئى. دىيال. سۆپا.

**سۆكتۈرمەك** «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۆكتۇرۇلمەك** «سۆكتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۆكسۆك** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تەڭگە شەكلىدە، گۈلى كىچىك ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق. شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق رايونلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى بولۇپ، قۇملۇقلاردا ئورمان بىنا قىلىشتىكى مۇھىم ئۆسۈملۈكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**سۆكسۆكلۈك** ① سۈپ. سۆكسۆك ئۆسكەن، سۆكسۆك بىلەن قاپلانغان: شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئىككى ئادەم سۆكسۆكلۈك دۆڭدىن ئارتىلىپ چىقىپ كەلدى. ② ئى. سۆكسۆك ئۆسكەن ئورۇن، جاي.

**سۆكمەك** I پ ① تىكىلگەن نەرسىنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ، سۆگۈرۈپ، چېكىنى ئاجرىتماق، بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك: چاپاننى سۆكمەك. يوتقاننى سۆكمەك. ② ئۆي ـ ئىمارەت، جازا، ماشىنا، ئۈسكۈنە قاتارلىقلارنى ئۆرۈپ، بۇزماق، پارچىلىماق؛ چۇۋۇماق: ھېلىقى سۆككەن زاپچىسىنى يەنە سۆكمەن، يەنە قاچىلايمەن ... لېكىن كاشىلا تېپىلمىدى.

**سۆكمەك** II پ. باشقىلارنى يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلماق، تىللىماق؛ ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەك: شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دوست سىردىشىشقا چۈشكەندە كىملەرنىدۇر بىرلىكتە سۆكەتتى.

**سۆكمەن** ئى. تارىس. قەدىمكى زامانلاردا ئۇرۇش، جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇرلارغا خان تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەربىي ئۇنۋان.

**سۆكۈشمەك** I «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىز ئوغۇلچىلار كىر يۇيىمىز دەپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سۆكۈشۈۋاتاتتى.

**سۆكۈشمەك** II «سۆكمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار ئالىمنى بەكلا ماختاشتى، باتۇرنى بولسا بىر لۈكچەك دەپ قاتتىق سۆكۈشتى.

**سۆكۈك** سۈپ. چاكلىرى سۆكۈلگەن، چۇۋۇلغان، بۇزۇلغان: سۆكۈك يوتقان. سۆكۈك ئىشتان. سۆكۈك ماشىنا.

**سۆكۈكلۈك** سۈپ. سۆكۈلگەن، بۇزۇلغان، چۇۋۇلغان، سۆكۈك: سۆكۈكلۈك چاپان. سۆكۈكلۈك يوتقان.

**سۆكۈلمەك** I «سۆكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موللام غەزەپ بىلەن يەنە ئۈچنى ئۇرۇۋىدى، ئۈتۈككۈمنىڭ پاشنىسى سۆكۈلۈپ چۈشتى.

**سۆكۈلمەك** II «سۆكمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۆكۈمران تىلىدا ماختالغاندىن كۆرە، ئانا تىلىڭدا سۆكۈلسەڭ شۇمۇ راھەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

**سۆگەت** ئى <بوت> تال ـ تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈل رېتى پوتلىسىمان كېلىدۇ، تۈرى كۆپ بولىدۇ.

**سۆگەتگۈل** ئى [سۆگەت + گۈل] <بوت> سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى يىپسىمان تۇمۇنە شەكلىدە بولۇپ، قېلىن ھەم چىڭ كېلىدۇ، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل، سىل پۇرايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى زەھەرلىك. تېببىي دورىگەرلىكتە يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار ياسىلىدۇ.

**سۆگەتلىك** ① سۈپ. سۆگەت دەرىخى بار، سۆگەت دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: سۆگەتلىك ھويلا. سۆگەتلىك يول. ② ئى. سۆگەت دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، جاي.

**سۆگەل** ئى <تېب> تېرە كېسىلى. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا يۈز، باش ياكى قولنىڭ ئارقا تەرەپلىرىگە ئادەتتىكى تېرە رەڭگىدە ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە ئۇششاق ئۆسۈكچىلەر پەيدا بولىدۇ. ئۈستى قوپال ۋە قۇرغاق كېلىدۇ، ئاغرىمايدۇ ھەم قىچىشمايدۇ.

**سۆڭەك** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى گەۋدىنى تىرەپ تۇرۇش ۋە ئىچكى ئەزالارنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدىغان قاتتىق توقۇلما. ئاساسلىق تەركىبى كالتسىي كاربونات ۋە كالتسىي فوسفات. ئۇ شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇزۇن سۆڭەك، قىسقا سۆڭەك ۋە ياپىلاق سۆڭەك دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. ② قۇرۇلما، گەۋدە (خەت، يېزىق قاتارلىقلارنىڭ): ئۇنىڭ خېتىنىڭ سۆڭىكى ياخشى.

**سۆڭەك ـ سۆڭىكى** پۈتۈن بەدەن، ئۇستىخان ۋە سەزگۈ قاتارلىقلار: سۆڭەك ـ سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**سۆڭەكسىز** سۈپ. سۆڭىكى يوق، سۆڭىكىدىن ئاجرىتىلغان: سۆڭەكسىز گۆش.

**سۆڭەكلىك** سۈپ ① سۆڭىكى بار، سۆڭىكىدىن ئاجرىتىلمىغان: سۆڭەكلىك گۆش. ② سۆڭىكى چوڭ، بەستلىك: سۆڭەكلىك ئادەم.

**سۆڭگەچ** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەلدىن تۆۋەن يوتىدىن ئۈستۈن قىسمى؛ يانپاش.

**سۆل** I ئى ① كۈچ، ماغدۇر، قۇۋۋەت: سۆلى بار. سۆلى يوق. ② تەم، لەززەت.

**سۆل** II سۈپ. دىيال ① قىزىرىپ پىشمىغان، خام: سۆل نان. ② كۆچمە. چېنىقمىغان: سۆل بالا.

**سۆلەت** ئى [ئە] كۆركەم تاشقى قىياپەت، سالاپەتلىك كۆرۈنۈش، كۆرك: ئۇ ھېچكىمگە قارىماي، سۈرلۈك قىياپەتتە سۆلەت بىلەن مېڭىپ باشقۇرۇش سەھنىسىگىچە باردى.

**سۆلەتپەرەس** سۈپ. ياسىنىپ، قېتىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆلەتۋاز: سۆلەتپەرەس ئادەم. سۆلەتپەرەس ئايال.

**سۆلەتپەرەسلىك** ئى. ياسىنىپ يۈرۈش ئادىتى: سۆلەتپەرەسلىك قىلماق.

**سۆلەتسىز** سۈپ. سۆلىتى يوق؛ ھەشەمىتى يوق، كۆرۈمسىز؛ كۆركەمسىز: سۆلەتسىز ئادەم.

**سۆلەتلىك** سۈپ. سۆلىتى بار، كۆركەم، ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدىغان: سۆلەتلىك ئادەم. * تاش ئورۇندۇقلارغا ياسداق سېلىنچا سېلىپ، سۆلەتلىك ياسىنىپ ئولتۇرغان ئاقسۆڭەك بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ياسانچۇق خېنىملىرىنىڭ، قولدارلارنىڭ ھۇشىرە، تەنتەنە سادالىرى پەلەككە يەتكەنىدى.

**سۆلەتمەن** سۈپ [ئە + پ] ئۆزىنى ياساپ قېتىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان، ياسىنىشقا خۇشتار؛ سۆلەتپەرەس، سۆلەتلىك: سۆلەتمەن ئەر.

**سۆلەتۋاز** سۈپ ← **سۆلەتپەرەس.**

**سۆلەتۋازلىق** ئى. ياسىنىپ، قېتىپ يۈرۈش ئادىتى:

سۆلەتۋازلىق قىلماق.

**سۆللۈك** سۈپ ① كۈچ، ماغدۇرىدىن كەتمىگەن: سۆللۈك ئادەم. ② تەمى بار، تەملىك، لەززەتلىك: سۆللۈك ئاش.

**سۆنىگە** ئى. دىيال <تىب> بەدەنگە (قولغا) چىقىدىغان كۆيدۈرگە خاراكتېرىدىكى بىر خىل كېسەللىك.

**سۆھبەت** ئى [ئە] ① ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ ـ سۆز؛ پاراڭ: سۆھبەت ئۆتكۈزمەك. * يامان بىلەن ماجىرا، ياخشى بىلەن سۆھبەت (ماقال). ② بىرەر ئىش ياكى تېمىدا باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، كېلىشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەشغۇلات: تىنچلىق سۆھبىتى. سۆھبەت يىغىنى.

**سۆھبەتخۇمار** سۈپ [ سۆھبەت + خۇمار] سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆھبەتكە ئامراق، سۆھبەتكە خۇشتار؛ گەپخۇمار: سۆھبەتخۇمار ئادەم. *ــ شۇ خۇش ھاۋالىق جايدا خاس ئولتۇرۇپ كەڭتاشا پاراڭلىشامدۇق؟ ــ بولىدۇ، مىڭ مەرتىۋە بولىدۇ، مەن سۆھبەتخۇمار ئاشىقتەك بىر ئادەم.

**سۆھبەتداش** ئى. بىرەر سورۇندا بىرگە سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتكە قاتناشقان كىشى؛ ھەمسۆھبەت: ئۇنىڭغا شۇ تاپتا كۆڭۈلدىكىلىرىنى دېسە ئاڭلىغۇدەك بىر سۆھبەتداش كېرەكتەك تۇيۇلاتتى.

**سۆھبەتلەشتۈرمەك** «سۆھبەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۆھبەتلەشمەك** پ. بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆزئارا گەپلەشمەك،پاراڭلاشماق، سۆزلەشمەك، مۇڭداشماق؛ مەسلىھەتلەشمەك: ئۆزئارا سۆھبەتلەشمەك.

**سۆيدۈرمەك** «سۆيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۈرەر، ئۆسكەن چاغدا كۆيدۈرەر (ماقال).

**سۆيگۈ** ئى ① يىگىت بىلەن قىز ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە قەلبىدىن بېرىلگەنلىك تۇيغۇسى؛ مېھىر ـ مۇھەببەت، مۇھەببەت: سۆيگۈ پۇلغا سېتىلماس، كۆڭۈل پۇلغا تېپىلماس (ماقال). ② ئاياللارنىڭ ئىسمى .

**سۆيگۈسىز** رەۋ. مېھىر ـ مۇھەببىتى يوق، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن مەھرۇم: ھاياتقا بەرسە كىم دىلنى، مۇھەببەت شۇ ئۇچۇن تالىق، مۇھەببەت ياشنىتار دىلنى، ئۆلۈكتۇر سۆيگۈسىز ئۆتكەن.

**سۆيمەك** پ ① مۇھەببەت ياكى ھۆرمەتنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن لەۋنى بىرەر كىشىنىڭ يۈز، لەۋ، قول ياكى بىرەر يېرىگە تەگكۈزمەك. ② يىگىت بىلەن قىز، ئەر بىلەن ئايال ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرمەك: چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق (ماقال). * كۆڭۈل كىمنى سۆيسە شۇ چىرايلىق (ماقال). ③ خۇش كۆرمەك، ياقتۇرماق، ياخشى كۆرمەك، قەدىرلىمەك: مەن ھەقىقەتنى سۆيىمەن.

**سۆيۈشمەك** «سۆيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپ ئادەملەر تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، تەۋرىرۈك قىلىپ سۆيۈشەتتى.

**سۆيۈك** ئى. سۆيگۈ، مۇھەببەت: بىر تىل ساھىبىنىڭ كۆڭلىدە، دىلىدا ئۆز تىلىغا نىسبەتەن يېتەرلىك ئورۇن، مۇھەببەت ۋە سۆيۈك بولمىسا، ئۇ تىلنىڭ ئۆز ساھەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

**سۆيۈلمەك** «سۆيمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە ۋەيران بولۇشتىكى سەۋەب: سۆيسەڭ ئېگىلىسەن، سۆيۈلسەڭ غادىيىسەن، ئاخىرى بېرىپ ۋەيران بولىسەن.

**سۆيۈمسىز** سۈپ. كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى يوق، قەدىرسىز: پاك بولمىغان كىشى ھەر ۋاقىت سۆيۈمسىزدۇر.

**سۆيۈملۈك** ① سۈپ. كىشى ياخشى كۆرىدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە لايىق، قەدىرلىك، ئەزىز: سۆيۈملۈك بۇرادەر. سۆيۈملۈك ئۇستاز. سۆيۈملۈك ۋەتەن. ② ئى. سۆيگەن يار: سۆيۈملۈكۈم، بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

**سۆيۈنچ** ئى. خۇشاللىق ھېس ـ تۇيغۇسى؛ شادلىق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت؛ قۇۋانچ.

**سۆيۈنچە** ئى. كىشىنى خۇشال، مەمنۇن قىلىدىغان خەۋەر ئۇچۇن بېرىلىدىغان سوۋغا، ئىنئام: سۆيۈنچە ئالماق. سۆيۈنچە بەرمەك.

**سۆيۈنچلۈك** سۈپ. كىشىنى شادلاندۇرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان، قۇۋانچلىق؛ كىشىلەر ئاڭلىسا خۇشال بولىدىغان: سۆيۈنچلۈك خەۋەر بولسا سۆزلىسەڭ بولىدۇ.

**سۆيۈندۈرمەك** «سۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆز ئېرىنىڭ مۇنچە مېھرىبانلىقى ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

**سۆيۈنمەك** پ. سۆيۈنچ ھېس قىلماق، خۇشاللانماق، خۇرسەن بولماق، قۇۋانماق: ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بۇ شانلىق غەلىبىدىن چەكسىز سۆيۈندى.

**سۆيۈنۈشمەك** «سۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۈەنتەيزى** ئى [خەن] <بوت> سامساقنىڭ گۈل ئوقى. يۇمران چېغىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**سۈبھى** ئى [ئە] ① تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان پەيت، سەھەر. ② ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سۈپەت** ئى [ئە] ① <پەلس> شەيئى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتە باشقا شەيئى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس مۇئەييەنلىكى: ساننىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى. سۈپەت ئۆزگىرىشى. ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىجابىي ـ سەلبىي خۇسۇسىيىتى، پەزىلىتى، خىسلىتى: ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر. ③ مال، مەھسۇلات ياكى بىرەر ئىشنىڭ ياراملىقلىق دەرىجىسى ياكى تەلەپ، ئۆلچەمگە قانچىلىك دەرىجىدە لايىق كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى: مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرمەك. ④ <تىل> شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە بەلگىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز: تۈپ سۈپەت. ياسالما سۈپەت. نىسپىي سۈپەت. سۈپەت دەرىجىسى. ⑤ باش كېلىشتىكى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ «ئوخشايدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئاي سۈپەت. ⑥ باش كېلىشتىكى بەزى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ «سالاھىيىتىدە»، «نامىدا»، «ئورنىدا» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: رەھبەر سۈپىتىدە گەپ قىلماق. * بۇ يەردە مېھمان سۈپىتى بىلەن تۇرۇۋاتىمەن.

**سۈپەتداش** ئى <تىل> پېئىلنىڭ سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىر خىل شەكلى. ئۇ ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ: مەسىلەن، «قاتناشقان»، «ئۇچار»، «ئۇنتۇلماس» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

**سۆپەتسىز** سۈپ. سۆپەت جەھەتتىن تەلەپكە تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدىغان، سۆپىتى ناچار: سۆپەتسىز رەخت. سۆپەتسىز مەھسۇلات.

**سۆپەتسىزلىك** ئى. سۆپەت جەھەتتىن تەلەپكە تولۇق جاۋاب بېرەلمەسلىك، سۆپىتى ناچارلىق: نوقۇل مالنى ئىختىرا قىلىشتىكى سۆپەتسىزلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، سەرپ قىلىش جەريانى بولغانلىقى ئۈچۈن جان ئاجىزلىغان ھامان مال سۆپەتسىز بولۇشقا باشلايدۇ.

**سۆپەتلەشتۈرمەك** «سۆپەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، شېئىرنى چەكسىز دىيالوگ دەپ سۆپەتلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

**سۆپەتلەشمەك** ① «سۆپەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② <تىل> «سۆپەت» لىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق، «سۆپەت» رولىدا كەلمەك.

**سۆپەتلەنمەك** «سۆپەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالدىنقى مىسالدا ساھىبجامال قىزنىڭ گۈزەللىكى ئوبرازلىق سۆپەتلىنىپ، كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلىغان.

**سۆپەتلىك** سۈپ. سۆپەت جەھەتتىن تەلەپكە لايىق، سۆپىتى ياخشى: سۆپەتلىك مال. ئەلا سۆپەتلىك كۆڭلەك.

**سۆپەتلىمەك** پ. سۆپىتىنى، يەنى خۇسۇسىيەت ۋە خىسلەتلىرىنى تەرىپلەپ كۆرسەتمەك، تەرىپلىمەك: سەن ئۇنى قانچىلىك سۆپەتلىسەڭمۇ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشنى يوققا چىقىرالمايسەن.

**سۆپسۈر** سۈپ. ناھايىتى قارىداپ كەتكەق؛ قاپقارا: ئۇنىڭ سۆپسۈر ياۋۇز تەلەتى ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى.

**سۆپسۈزۈك** سۈپ. ناھايىتى سۈزۈك، ئىنتايىن سۈزۈك: ئېرىقتىكى سۆپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى.

**سۆپكۆچ** ئى [سۈپ + كۆچ] كونا ئادەت بويىچە كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ، دەم سالغاندا داخاننىڭ كېسەللىككە قارىتىپ ئېيتىدىغان، «بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كەت، كۆچۈپ كەت» مەنىسىدىكى بۇيرۇق سۆزى.

**سۆپكۆچلەتمەك** «سۆپكۆچلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۆپكۆچلەشمەك** «سۆپكۆچلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۆپكۆچلىمەك** پ. «سۆپكۆچ» دەپ دەمىدە قىلماق، سۆپكۆچ قىلماق: رەمچى موماي سۇغا قاراپ ئىككى ـ ئۈچ ئايەت ئوقۇپ، نەزىرەنىڭ قوقاق تەگكەن ئېغىزىغا سۆپكۆچلىدى.

**سۆپۈتمۆرە** ئى. دىيال. بۇرغا.

**سۆپۈرتمەك** «سۆپۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
ــ قاسىمئاخۇن، خىزمەتچىگە ئېيتىپ، كارىدورنى سۆپۈرتۈپ قويۇڭ،
ــ دېدى باشلىق چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**سۆپۈرگە** ئى. توپا ـ چاڭ، ئەخلەت ـ چاۋارلارنى سۆپۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان سايمان.

**سۆپۈرگە زىيانكەش** دائىم زىيان تارتىپ تۇرىدىغان، زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان ئادەم: ــ ئۆزۈم 150 يۈەنگە ئېلىپ، ساڭا 120 يۈەنگە بېرىدىغان مەن سۆپۈرگە زىيانكەشمىدىم ئاغىنە، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سۆپۈرمەك** پ ① چاڭ ـ توزان، ئەخلەت ـ چاۋارلارنى سۆپۈرگە بىلەن يىغىپ چىقىرىۋەتمەك؛ تازىلىماق: ئۆي سۆپۈرمەك. ھويلا سۆپۈرمەك. ② كۆچمە. سىقىپ چىقارماق، تازىلىماق: بىر قىسىم ھەسەتخور، پىتنىخورلارنى جەمئىيەتتىن سۆپۈرۈپ تاشلىغاندىلا جەمئىيەت خېلى تىنچىيدۇ.

**سۆپۈرۈشمەك** «سۆپۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز كىرگەندە باللار سىنىپنى قولمۇقول سۆپۈرۈشۈۋاتقانىكەن.

**سۆپۈرۈلمەك** «سۆپۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا ـ ئارامىلىرى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە پاكىز سۆپۈرۈلگەن بولۇپ، چىش كولىغۇچ چاغلىق ئەخلەت كۆرۈنمەيتتى.

**سۆپۈرۈندى** ئى. سۆپۈرۈپ چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز نەرسىلەر؛ ئەخلەت.

**سۆپىتىدە** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملارغا تىركىلىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ «ئورنىدا، ھالىتىدە» دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ باشلىق سۆپىتىدە سۆز قىلدى.

**سۈت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى سۈت بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق سۇيۇقلۇق. تەركىبىدە سۇ، ئاقسىل، لاكتوزا ۋە تۇز قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ. ② <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى ياكى مېۋىسىدىكى ئاق سۇيۇقلۇق: سېمىز ئوتنىڭ سۈتى پۇرچاق سۈتى.

**سۈت ئانىسى** ← **ئىنىكئانا.**

**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار** <زوئول> ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار. ئانا تېنىدىكى سۈت بېزىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۈت ئارقىلىق بالىلىرىنى بېقىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. بۇلار ئىچىدە، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر تۆشۈكلۈك ھايۋانلار تۇخۇملۇق كۆپەيگەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇت ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**سۈت پاراشوكى** كالا، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ سۈتىنىڭ سۇ تەركىبى چىقىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان پاراشوك. ساقلاشقا قولايلىق، ئىشلەتكەندە قايناق سۇ قوشۇپ، سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**سۈت چىشى** <ئانات> ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار تۇغۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي چىقىدىغان چىش. بوۋاقلار تۇغۇلۇپ 6 ــ 7 ئاي بولغاندا چىشلار چىقىشقا باشلاپ، ئىككى يېرىم ياشقا تولغاندا تولۇق چىقىپ بولۇپ، 20 گە يېتىدۇ. ئالتە ياشتىن سەككىز ياشقا تولغانغا قەدەر بۇ چىشلار چۈشۈشكە باشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۇراقلىق چىشلار تەدرىجىي ئىگىلەيدۇ.

**سۈت ھەققى** ئانىنىڭ ئېمىتكەن ۋە باققان ھەققى: دىنىي قائىدە بويىچە نىكاھ ۋاقتىدا سۈت ھەققى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل بەلگىلەپ قويىدۇ.

**سۈتچى** سۈپ. سۈت ساتىدىغان ئادەم، سۈت ساتقۇچى.

**سۈتچىلىك** ئى. سۈت سېتىش ئىشى.

**سۈتخور** ① سۈپ. كۆپ سۈت ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، سۈت ئەمگۈچى : سۈتخور ھايۋان. ② ئى. كۆچمە. قەرز بېرىش ئارقىلىق نەپكە ئېرىشكۈچى ، جازانىخور.

**سۈتخورلۇق** ئى. سۈتكە ئامراقلىق.

**سۈتلەتمەك** «سۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۈتلەنمەك** ① «سۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەنلىك تاماقتا سۈتلەنگەن چاي ھەممىنىڭ ئاغزىغا تېتىدى. ② دان

تەركىبىدە سۈتكە ئوخشاش ماددىلار پەيدا بولماق: بۇغداي چېچەكلەپ سۈتلەنگەندە دان سۈيىنى بېرىش لازىم.

**سۈتلۈك** سۈپ ① سۈتى بار، سۈت قوشۇلغان: سۈتلۈك چاي. سۈتلۈك ئاش. ② سۈت بېرىدىغان؛ سۈتى جىق: سۈتلۈك كالا.

**سۈتلۈك چاي** سۈت قوشۇپ تەييارلانغان چاي: موماي قىزىنى ئاشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مېھمانلارغا سۈتلۈك چاي بىلەن نان ئەكەلدى.

**سۈتلۈكئوت** ئى [سۈتلۈك + ئوت] <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنى سۇندۇرسا ئىچىدىن ئاق سۈت چىقىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قېرىق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرلىك. چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سۈتلىگەن** ئى. دىيال. سۈتلۈكئوت.

**سۈتلىمەك** پ. تەركىبىگە سۈت ئارىلاشتۇرماق، سۈت قوشماق: چاي سۈتلىمەك.

**سۈتلىنىش** ئى <بوت> ئاشلىق زىرائەتلىرى پىشىشقا ئاز قالغاندا، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ توشۇغۇچى نەيچىلەر ئارقىلىق دانغا بېرىشى نەتىجىسىدە تۆرەلمە سۈتىنىڭ تەدرىجىي قويۇقلىشىپ بېرىشى.

**سۈتۈن** سۈپ. دىيال. سۈت ھالىتىدىكى، سۈتلۈك.

**سۈر** I ئى ① قورقۇنچ، ۋەھىمە: سۈر باسماق.② سالاپەت: سۈرى بار ئادەم.

**سۈر** II سۈپ. تۈزلاپ ياكى ئىسلاپ قۇرۇتۇلغان: سۈر گۆش.

**سۈر** III ئى. دىيال. ئەپ، پەم، يول: ئىشنىڭ سۈرى.

**سۈرە** ئى [ئە] <دىن> قۇرئاننىڭ ھەربىر بابى، يەنى قۇرئاندا جەمئىي 114 باب بولۇپ، بۇ 114 سۈرە دېيىلىدۇ. سۈرىلەر ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن سۈرە 286 ئايەتتىن، ئەڭ قىسقا سۈرە ئۈچ ئايەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر سۈرىنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بولىدۇ.

**سۈرئەت** ئى [ئە] ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تېزلىك دەرىجىسى، ئىلداملىقى؛ تېزلىك: قۇرۇلۇش سۈرئىتى. ئىش سۈرئىتى.

**سۈرەت** ئى [ئە] ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سىزىلغان ياكى فوتوئاپپاراتتا تارتىلغان تەسۋىرى، رەسىمى: سۈرەت سىزماق. ② تاشقى قىياپەت، كۆرۈنۈش، شەكىل، تۇرق: يارنىڭ سۈرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا (ماقال). ③ <مات> ئاددىي كەسىرلەردىكى توغرا سىزىقنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدىغان سان. مەسىلەن دىكى «1» سۈرەت بولىدۇ. ④ باش كېلىشتىكى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، «دەك»، «سىمان»، «قا ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: پەرىشتە سۈرەت ئادەم. گۈل سۈرەت قىز. ⑤ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ «ھالەتتە»، «رەۋىشتە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: جانابلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشىنى يەنە بىر قېتىم جىددىي سۈرەتتە ئىلتىماس قىلىمەن.

**سۈرەتتەك** سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق: پادىشاھنىڭ سۈرەتتەك بىر قىزى بار ئىكەن.

**سۈرەتچى** ئى. ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سۈرەتكە تارتىدىغان كىشى، فوتوگراف.

**سۈرەتچىلىك** ئى. سۈرەتكە تارتىش ئىشى، كەسپى.

**سۈرەتخانا** ئى [ئە + پ] ← **رەسىمخانا.**

**سۈرەتلەنمەك** ① «سۈرەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇ ئەسىردە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خانىۋەيران تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. ②كۆز ئالدىدا پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك، گەۋدىلەنمەك: ئۆتمۈشتە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ سۈرەتلىنىپ ئۆتتى.

**سۈرئەتلىك** سۈپ. سۈرئىتى بار، سۈرئەتكە ئىگە: تېز سۈرئەتلىك پويىز. تېز سۈرئەتلىك يول.

**سۈرەتلىك** سۈپ. سۈرىتى بار، سۈرەت بىلەن بېزەلگەن: سۈرەتلىك تام. سۈرەتلىك كىتاب.

**سۈرەتلىمەك** پ. شەيئىلەرنىڭ ھالىتىنى، ئوبرازىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا خۇددى سۈرەتتە كۆرسەتكەندەك گەۋدىلەندۈرمەك، تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرمەك: پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سۈرەتلىمەك.

**سۈرەن** ئى. كۈچلۈك ئاۋازلار، چۇقان، غوۋغا: سۈرەن سالماق.

**سۈرەنسىز** سۈپ. سۈرىنى يوق، سۈرەن سالمىغان.

**سۈر ـ توقاي** ← **سۈر ـ توقاي قىلماق.**

**سۈر ـ توقاي قىلماق** سۈرۈپ، قوغلاپ، ئەدىپىنى بەرمەك: بەگلەرنى گۆر ئوغلىنىڭ تەرەپدارلىرى قەدەممۇقەدەم قوغلاپ يۈرۈپ سۈر ـ توقاي قىلغىلى تۇردى.

**سۈرتكۈچ** ئى. دوسكا قاتارلىق نەرسىلەرنى سۈرتۈش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان سايمان. ئۇ ئادەتتە بىر پارچە ياغاچقا ميلۇق رەخت ياكى كىگىز قاتارلىق نەرسىلەرنى چاپلاش ياكى مىخلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**سۈرتكۈزمەك** «سۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇدىر ھەر خىل بۇيرۇقلارنى بېرىپ، خىزمەتچىلەرگە چاڭ ـ توزانلارنى سۈرتكۈزەتتى.

**سۈرتمەك** پ. سۈرتكۈچ، لاتا، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مەلۇم نەرسىلەرنى ئېرىتىپ تازىلىماق، ئېرتماق: دېرىزە سۈرتمەك. جوزا سۈرتمەك.

**سۈرتۈشمەك** «سۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىپيالىڭاچ باللار بىر ـ بىرىنىڭ يۈز ـ كۆز، بەدەنلىرىگە لاي سۈرتۈشۈپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوينىشىۋاتاتتى.

**سۈرتۈلمەك** «سۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ـــ مۇئەللىم، سىنىپتىكى پارتا ـ ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى سۈرتۈلۈپ بولدى. ئەمدى قايتساق بولامدۇ؟

**سۈركەتمەك** «سۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۈركەشمەك** ① «سۈركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە شىلىملارنى سۈركىشىپ، ھەدەپ تاملارغا چاپلاشماقتا ئىدى.② ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە سۈركەلمەك، چاپلاشماق: چاپانغا شىلىم سۈركىشىپ قالماق.

**سۈركەلمە** سۈپ. سۈركىلىدىغان، سۈركەپ سىلىقلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: سۈركەلمە ماتېرىيال.

**سۈركەلمەك** ① «سۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موماي ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە سومكىسىنىڭ مۇرەمگە سۈركىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتتى. ② «سۈركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قۇباق ئۆينى ئاچتى. قۇتىگۇل ئۆيگە

كىردى ۋە قۇباققا سۇركەلدى.

**سۇركەنمەك** «سۇركىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار خەققە سۇركىنىپ يۈرىسەن؟

**سۇركىلىش** ئى ① <فىز> بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ ئىككى جىسىم يۈزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىر خىل قارشىلىق. جىسىملارنىڭ ھەرىكەتلەنگەن ۋاقىتتىكى تېگىشىش يۈزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، بۇ خىل سۇركىلىشمۇ سىيرىلما سۇركىلىش ۋە دومىلانما سۇركىلىش دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. ② كۆچمە. ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ياكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى، نىزا، زىددىيەت: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز سۇركىلىش پەيدا بولدى.

**سۇركىلىشچان** سۈپ. سۇركىلىش خۇسۇسىيىتى بار، سۇركىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**سۇركىلىشچانلىق** ئى. سۇركىلىش خۇسۇسىيىتى : سۇركىلىشچانلىقى كۈچلۈك زاپچاس.

**سۇركىلىشمەك** «سۇركەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇركىمەك** پ ① مەلۇم نەرسىلەرنىڭ يۈزىنى، سىرتىنى باشقا بىر نەرسە يۈزىگە، سىرتىغا تەگكۈزۈپ ھەرىكەتلەندۈرمەك: ئەكبەر قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن چېدىرنىڭ بولۇڭىدىكى قازاننىڭ گىرۋىكىگە ئارغامچىنى سۇركەپتۇ. ② ماي، شىلىم قاتارلىق يۇقىدىغان نەرسىلەرنى بىرەر نەرسىگە سۈرمەك، يۇقتۇرماق: دورا سۇركىمەك. ماي سۇركىمەك.

**سۇرگە** ئى. ئىچىنى يۇمشىتىدىغان، سۈرىدىغان دورا.

**سۇرگۈزمەك** «سۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دورا بېرىپ ئىچىنى سۇرگۈزمەك.

**سۇرگۈن** ئى. بۇرۇنقى چاغلاردا سوت ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن جىنايەتچىنى يىراق، باشقا يەرگە ئەۋەتىش، پالاش: سۇرگۈن قىلماق.

**سۇرلەتمەك** «سۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇرلەشمەك** «سۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇرلەنمەك** «سۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سوقۇمنىڭ گۆشى تۇزلانغاندىن كېيىن ئىسلىنىپ سۇرلىنىدۇ.

**سۇرلۇك** سۈپ ① قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك: قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن مەھەللە جىمجىت ۋە سۇرلۇك ئىدى. ② سۈرى بار، سالاپەتلىك: سۇرلۇك ئادەم.

**سۇرلۇكلەشتۇرمەك** «سۇرلۇكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پۈتۈن مەكتەپ قورۇسىغا ئالا قويماي چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر كىچىككىنە شامال چىقسىمۇ شىلدىرلاپ، مەكتەپنى تېخىمۇ سۇرلۇكلەشتۇرۇۋەتكەنىدى.

**سۇرلۇكلەشمەك** پ. سۇرلۇك تۈس ئالماق، سۇرلۇك قىياپەتكە كىرمەك.

**سۇرلىمەك** پ. گۆشنى تۇزلاپ ياكى ئىسلاپ قۇرۇتماق: گۆش سۇرلىمەك. * ئۇلار يىلقا گۆشىدىن قېزا تەييارلاپ، ئۇنىمۇ سۇرلەيدۇ.

**سۇرمە** ئى [ پ] ① <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Sb(Stibium). كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. چۈرۈك، قاتتىق كېلىدۇ. ئاسانلا ئۇۋۇلۇپ پاراشوكقا ئايلىنىدۇ. خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتىر سانائىتى ۋە تېببىي دورىگەرلىكتە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىلىرى قوغۇشۇن ھەرپ قۇيۇش ۋە ماشىنا قازىنى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ② تەركىبىدە شۇ خىل ئېلېمېنت بولغان بىر خىل گىرىم بويۇمى. رەڭگى قارامتۇل كېلىدۇ. ئاساسەن قاش ـ كىرپىكلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سۇرمەك** I پ ① بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كۆتۈرمەستىن ئىتتىرىپ يۆتكىمەك: جوزىنى ئالدىغا سۈرمەك. ② ئىسىم بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «داۋاملاشماق»، «قىلماق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەك. ③ بىرەر ئىشنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتمەك، يۆتكىمەك: توينى كېيىنگە سۈرمەك. ④ بىرەر ئىشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلماق، لەززىتىنى ئالماق: راھەت ـ پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرمەك. ⑤ قوغلىماق، ھەيدىمەك: سۈرۈپ توقاي قىلماق. ⑥ ئاقماق، سۈيۈق كەلمەك: بالىنىڭ ئىچى سۈردى.

**سۈرۈپ ـ توقاي قىلماق** ← **سۈر ـ توقاي قىلماق**: ئۇلار دۈشمەننى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ، شەھەر سېپىلىغا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى.

**سۇرمەك** II پ. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ يۈزىگە سۇركىمەك: يۈزىگە ماي سۈرمەك. * يۈزىنى سوپۇن سۈرۈپ يۇماق.

**سۇرمەل** سۈپ. تولا سۇركىلىپ، سىلىقلىنىپ كەتكەن: سۇرمەل تاش.

**سۇرمىلىك** سۈپ. سۇرمىسى بار، سۇرمە سۇرگەن: سۇرمىلىك كىرپىكنىڭ ماڭا قاراپ سېھرىي ئوقۇپ تۇرسا، قېشىڭ خەنجەر تۇتۇپ، قېشىمدا قەددىمنى پۈكۈپ تۇرسا.

**سۇرۇشتە** ئى ← **سۇرۇشتە قىلماق**.

**سۇرۇشتە قىلماق** سۇرۇشتۇرمەك: ئۇ قىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ ئىشنى سۇرۇشتە قىلغىنىدىن سەل ھەيران بولغانىدى.

**سۇرۇشتۇرمەك** ئى ← **سۇرۇشتە**: ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەمىشە بۇ ئىشلارنىڭ سۇرۇشتۇرمىسىنى قىلىپ تۇرىدىكەن.

**سۇرۇشتۇرمەك** I پ. مەلۇم بىر ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرمەك، سوراشتۇرماق، سۇرۇشتە قىلماق: مەلىكىنىڭ ئاكىسى تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ سۇرۇشتۇرۇپتۇ.

**سۇرۇشتۇرمەك** II پ. ئىككى نەرسىنى ئۆز ئارا كىرىشتۇرمەك، ئۆتۈشتۇرمەك، يۇرۇشتۇرمەك: ئۇستىدىكى رەختنى سەل سۇرۇشتۇرۇپ تىكىڭ.

**سۇرۇشتۇرۇشمەك** «سۇرۇشتۇرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇرۇشتۇرۇلمەك** «سۇرۇشتۇرمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەلىيىمگە يارىشا بۇ ئىش كېيىن سۇرۇشتۇرۇلمىدى.

**سۇرۇشمەك** I «سۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۈلۈشتى ئۇلار، كۆرۈشتى ئۇلار، ۋىسال پەيزىنى سۈرۈشتى ئۇلار.

**سۇرۇشمەك** II ① «سۈرمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىـ

جىسى: — قاراڭ ماۋۇ چىرايلىق خانلىرىمنىڭ يۈزلىرىگە سوپۇن سۇرۇشۇپ، يۇيۇشۇپ كەتكىنىنى، — دېدى قېيىنئانىسى ئاچچىق بىلەن. ② ئىككى نەرسە ئۆزئارا بىر - بىرىگە كىرىشمەك، ئۆتۈشمەك.

**سۇرۇك** I ئى [ر] ① <قا> دەۋا قانۇنىدا، دەۋا سۈبيېكتىنىڭ ۋە باشقا ئىشتىراكچىلارنىڭ دەۋا پائالىيىتى باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن چەك بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىت، مۆھلەت، مۇددەت: ئۈچ كۈنلۈك سۇرۇك بەرمەك.

**سۇرۇك** II مىق. دىيال. پادا؛ توپ.

**سۇرۇلمەك** I ① «سۇرمەك I » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سەلىمە مەن تەرەپكە سۇرۇلۇپ ئولتۇردى. ② «سۇرمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئالغا سۇرۇلۇپ، يېزىنىڭ كەمبەغەللىك تۇسى ئۆزگەردى.

**سۇرۇلمەك** II «سۇرمەك II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالىنىڭ يۈزىگە سوپۇن سۇرۇلدى.

**سۇز** سۈپ. دىيال. سۇزۇك.

**سۇزە** ئى [ئە] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 15 — 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك يالپۇز پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق ياكى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، كالپۇك شەكىلدە ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. يىلتىزىنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق، يۈرەك ئېغىش، سۆڭەك يۇمشاپ كېتىش (راخىت) ۋە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە قارىتا شىپالىق رولى بار.

**سۇزدۇرمەك** «سۇزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇزدۇرۇشمەك** «سۇزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇزدۇرۇلمەك** «سۇزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سۇزگە** ئى. سۇزگۇچ.

**سۇزگەك** سۈپ. دىيال. ئۇسكەك: سۇزگەك كالا.

**سۇزگۇچ** ① سۈپ. سۇزۇش، ئايرىش رولىنى ئوينايدىغان: سۇزگۇچ قەۋەت. سۇزگۇچ جىسىم. ② ئى. چاچقا يېلىم چاپقاندا يېلىم تەركىبىدىكى قېتىشما نەرسىلەرنى سۇزۇش ياكى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل تارغاق. ئۇ ئادەتتە سۆڭەك، ياغاچ قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى تارغاقنىڭكىدىن زىچ بولىدۇ.

**سۇزگۇچلىمەك** پ. سۇزگۇچ بىلەن سۇزمەك، تارىماق: قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى ئازگال بېشىدا ئولتۇرۇپ، شالاڭ چاچلىرىنى سۇزگۇچلەپ، جىگدە يېلىمى چېپىۋاتقان ھۆسنارىخاننىڭ قولى ئىشتىن توختىدى.

**سۇزمە** ئى ① ماتا ياكى خەسە خالتىغا قاچىلاپ ئېسىپ قويۇلغان قېتىقنىڭ سۈيى سارقىپ بولغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات. ② كۆچمە. قاتتىق ھۆل، چىلىق - چىلىق سۇ: ئۇنىڭ كىيىملىرى يامغۇردىن سۇزمە بولۇپ كەتتى.

**سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك** ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەك: ژاندارمىلار ئۇنى ئۇرۇپ، سۇزمە خالتىسى قىلىۋېتىپتۇ.

**سۇزمەك** پ ① سۇزگۇچ ياكى باشقا نەرسە ئارقىلىق سۇيۇقلۇق ئىچىدىن ياكى سۇيۇق ئارىلاشما نەرسىلەر ئىچىدىن كېرەكلىك قىسمىنى ئايرىپ ئالماق: سۈت سۇزمەك. ئاش سۇزمەك. ② سۇزگۇچ بىلەن چاچتىكى يېلىم قېتىشمىسى، سىركە قاتارلىقلارنى چىقىرىۋەتمەك. ③ كۆچمە. قاش - قاپىقىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك؛ نازلانماق: قاپىقىنى سۇزمەك.

**سۇزمىچى** ئى. سۇزمە ئىشلەيدىغان، ساتىدىغان ياكى سۇزۇش ئىشى، كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**سۇزمىچىلىك** ئى. سۇزمە ئىشلەش، سېتىش ياكى بىرەر نەرسىنى سۇزۇش ئىشى، كەسپى: يىپەكچىلىك خام ئەشياسى بولغان مەشۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان پىلىچىلىك كەسپىنى ۋە بۇ مەشۇتلارنى يىپەك قاينىتىپ سۇزىدىغان سۇزمىچىلىك كەسپىنى، رەخت، خەرىتىلەرنى ھەرخىل رەڭدە بويايدىغان شۇستىگەرلىك كەسپىنى قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە بار ئىدى.

**سۇزۇشمەك** «سۇزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇزۇك** سۈپ ① ھېچقانداق نەرسە ئارىلاشمىغان، پاكىز؛ سۇزۇلگەن (سۇيۇقلۇق ھەققىدە): سۇزۇك سۇ. ② تۇتۇق ئەمەس، ناھايىتى ئوچۇق: سۇزۇك ئەينەك.

**سۇزۇكلۇك** ① ئى. سۇزۇك ھالەت. ② سۈپ. سۇزۇلگەن، سۇزۇۋېلىنغان: سۇزۇكلۇك ئاش. ③ ئى <گېئول> جىسىمنىڭ كۆرۈنىدىغان نۇرنى ئۆتكۈزۈش دەرىجىسى. مىنېرالوگىيەدە ئادەتتە بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى مىنېرالنىڭ نۇر ئۆتكۈزۈش دەرىجىسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. مىنېراللارنىڭ سۇزۇكلۇكى سۇزۇك، يېرىم سۇزۇك ۋە تۇتۇق دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

**سۇزۇلدۇرمەك** «سۇزۇلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناسىر سوغىدىكى سۈنى شاشلىق قىلىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاتنىڭ ئالدىدىكى سولاققا سۇزۇلدۇرۇپ قويدى.

**سۇزۇلمەك** ① «سۇزمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ لاي بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ سۈنى سۇزۇلگەندىن كېيىن ئىچىش كېرەك. ② سۇزۇك، ئوچۇق، روشەن ھالەتكە كەلمەك: ھاۋا سۇزۇلمەك. ③ زىچلىقنى يوقىتىپ، شالاڭلاپ قالماق (ھەر خىل تۇقۇلمىلار ھەققىدە): ئىشتاننىڭ تىزى سۇزۇلمەك.

**سۇف** ئى. كونا ئادەت بويىچە دۇئا ئوقۇپ كېسەل كىشىگە ياكى ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەرسىگە دەم سالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**سۇكەن** ئى ① ئېشەك ۋە شۇ قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىش ئۈچۈن خۇرجۇنغا ئوخشاش قىلىپ تالدىن توقۇلىدىغان چوڭ سېۋەت، توكاڭ. ② ئۇكۇت قويۇش ئۈچۈن تۆگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، ئاغزى كەڭ، تېگى تار، كورە شەكلىدە ياسالغان ساندۇق.

**سۇكۇت** ئى [ئە] ھېچقانداق سادا چىقمىغان، تىنچ، جىم ھالەت؛ سۇكۇنات: سۇكۇتتە تۇرماق. * كۆپچىلىك بىرئاز سۇكۇتتىن كېيىن ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى.

**سۇكۇت قىلماق** ① گەپ - سۆز قىلماي جىم تۇرماق: — ئۇنداقتا، — مەن تاغامدىن قايتۇرۇپلا سورىدىم، — ئەنە شۇنداق رەزىللىك ئۈچۈن سۇكۇت قىلىش نېمىلىك بولىدۇ؟ ② تەخىر قىلماق، ساقلىماق: سەل سۇكۇت قىلىپ تۇرۇڭ، ئۇ كېلىپ قالار.

**سۇكۇتچان** سۈپ. دائىم سۇكۇت قىلىدىغان، سەۋرلىك: ئەشرەپ بوۋاي كەم سۆز، سۇكۇتچان ئادەم ئىدى.

**سۇكۇتلۇك** سۈپ. سۇكۇتتە تۇرۇۋاتقان، سۇكۇتتىكى: سۇكۇتلۇك كۆنلەر.

**سۇكۇنات** ئى [ئە] ئۈن - تىنسىز، جىمجىت تۇرغان ھالەت؛ جىمجىتلىق، سۇكۇت: ھاشىم ئاكا ئارىلىقتىكى ئېغىر سۇكۇنات ۋە ئوڭايسىزلىقنى بۇزۇۋەتتى.

**سۇڭگۇتمە** ① سۈپ. شۇڭغۇيدىغان، شۇڭغۇتۇلغان.② ئى. كۆچمە. خۇشامەت قىلىشتەك بىرەر مۇددىئا بىلەن بىرەر نەرسىنى ئۆيگە سۇڭگۇتۇپ، يەنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن غىپپىدە كىرگۈزۈۋېتىلگەن نەرسە.

**سۇڭگۇتمەك** ① «سۇڭگۇمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا سۇڭگۇتمەك. ② كۆچمە. بىرەر مۇددىئا بىلەن بىركىمگە بىرەر نەرسىنى ھېچكىمگە سەزدۇرمەي، خۇپىيانە ئاپىرىپ بەرمەك، گېلىغا ئۇرماق: سېنىڭمۇ بىزگە پايداڭ تەگمەيدىغان بولدى، تاپقىنىڭنى لوزۇڭ بەگلەرگە سۇڭگۇتىسەن.

**سۇڭگۇچ** I ئى ① باغ ياكى ھويلا تاملىرىنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئاقىدىغان تۆشۈك: ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ، سۇ كەلسە سۇڭگۇچنى ئاچ (ماقال). ② تاملاردىن ئېچىلغان شۇ خىلدىكى تۆشۈك: باغدىن سۇڭگۇچ ئاچماق. ③ ئېرىق - ئۆستەڭلەر تاشيول ياكى تۆمۈريوللار بىلەن كېسىشكەندە، سۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يول ئاستىغا قويۇلغان نور.

**سۇڭگۇچ** II ئى. دىيال. سۇندۇك.

**سۇڭگۇمەك** پ. شۇڭغۇماق: قارماقنى تاشلىغۇچە بېلىق ئۆزى سۇڭگۇپ كېلىپ قالدى.

**سۇلەپ** ئى <بوت> تۇلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، گۈلى جىگەر رەڭ، يەر ئاستىدىكى تۈگۈنچەك غولى ئاق، تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سۇلەيسۇن** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان. سىرتقى كۆرۈنۈشى مۈشۈككە ئوخشايدۇ. لېكىن مۈشۈكتىن خېلى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۇچىدا بىر تۇتامدىن ئۇزۇن تۈكى بولىدۇ. ئىككى قوۋۇزىنىڭ تۈكلىرىمۇ ئۇزۇن، پۈتۈن تېنى ئاچ سېرىق بولۇپ، ئۈستىدە كۆل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك ئالىلىرى بار، قۇيرۇق ئۇچى قارا. دەرەختە يامىششقا ماھىر، ھەرىكىتى چاققان. تېرىسى قېلىن ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئەتىۋارلىنىدۇ.

**سۇلكەت** ئى [ئە] ① جەمئىيەتتە، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىنى تۇتۇش تەرزى؛ مىجەز - خۇلق، قىلىق: سۇلكەت ئاتا قىلماق. ② تەكەللۇپ: بىر چاغدا، تۇيۇقسىزلا ھېلىقى دەللە كىرىپ «ئەسسالام!» دېگىنىچە يۈز سۇلكەت، مىڭ تەزىم بىلەن سۇپىغا كېلىپ بىر چەتتىن ئورۇن ئالدى.

**سۇلكەتلىك** سۈپ ① مىجەز - خۇلقى يېقىملىق، سالاپەتلىك: سۇلكەتلىك ئايال. ② سىلىق، سىپايە، يۇمشاق: سۇلكەتلىك سۆزلىمەك.

**سۇلھى** ئى [ئە] ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا يارىشىش، كېلىشىش: سۇلھى تۈزمەك. سۇلھى كېلىشىمى.

**سۇلھپەرۋەر** سۈپ [ئە + پ] سۇلھى قىلىشنى، ئۇرۇش بولماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، تىنچلىقنى ياقلايدىغان: سۇلھپەرۋەر ئادەم.

**سۇلھپەرۋەرلىك** ئى. سۇلھى قىلىش ئىشى.

**سۇلھچى** ئى. سۇلھى قىلىدىغان، ياراشتۇرىدىغان ئادەم: مەن ئەگەر سۇلھچىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولسام، ئالللىقاچان يارىشىۋالغان بولاتتۇق.

**سۇلھچىلىك** ئى. سۇلھى قىلىش ئىشى، پائالىيىتى.

**سۇلھى - سالا** سۇلھى ۋە سالا: ھېسامىدىن داموللىنىڭ سۇلھى - سالاسى بۇ ئىشنىڭ چىگىشىنى يەشكەندەك قىلدى.

**سۇلھلەشمەك** پ. سۇلھى قىلماق، ياراشماق، كېلىشمەك: سۇلھلىشىشنى تەلەپ قىلماق.

**سۇلۇك** ئى [ ئە ] <دىن> يول؛ سوپىلىق يولى، دەرۋىشلىك يولى: — بىز گەرچە ئەھلى دۇنياچىلار تەرەپدارى بولساقمۇ، تەركىدۇنياچىلارنىڭ ھەرقانداق سۇلۇكلىرىگە ھۆرمەت قىلىمىز، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

**سۇمە** ئى [ئە] مازار ۋە خانىقالاردىكى ئىستىقامەت قىلىنىدىغان جاي؛ گۈمبەز.

**سۇمەل** دىيال ① ئى. دورا سۈرىدىغان تاش. ② سۈپ. كۆچمە. گەپ ئۆتمەس، خىجىل بولمايدىغان، يۈزى قېلىن.

**سۇمەللەشمەك** سۈپ. دىيال. قېلىنلىشىپ كەتمەك، قېلىنلاشماق.

**سۇمبە** ئى ① تۆشۈك تېشىش ياكى بەلگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق پولات ئەسۋاب. ② <ھەرب> مىلتىق ئىستوۋۇلىنى تازىلاش، مايلاش ياكى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىققا ئوق سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن مېتال زىخ.

**سۇمبىلىك** سۈپ ① سۇمبىسى بار؛ سۇمبە بىلەن ئوق سېلىنىدىغان: سۇمبىلىك مىلتىق. ② سۇمبە ياسىغىلى بولىدىغان، سۇمبە چىققۇدەك: بىر سۇمبىلىك تۆمۈر.

**سۇمۇرتمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇمۇرگۈچ** ئى. ھاۋا، سۇ، چاڭ - توزان، ئەخلەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇمۇرىدىغان ئەسۋاب: ھاۋا سۇمۇرگۈچ.

**سۇمۇرمەك** پ. سىرتتىكى نەرسىلەرنى دېمى بىلەن ئۆز ئىچىگە تارتىپ ئەكىرمەك؛ شوراپ ئىچمەك: ھاۋا سۇمۇرمەك. تاماكا ئىسىنى سۇمۇرمەك.

**سۇمۇرۇشچان** سۈپ. سۇمۇرۇش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك: سۇمۇرۇشچان ماددا.

**سۇمۇرۇشمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سارايدىكىلەر قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئالدىرىماي سۇمۇرۇشۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭ سوقاتتى.

**سۇمۇرۇلمەك** «سۇمۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەدەندىن سىرتقا چىقالمىغان زەھەرلىك تەر قانغا قايتا سۇمۇرۇلسە، قاننىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**سۇمۇلەڭ** ئى. دىيال. ئۈجمىنىڭ سۈيىنى قايىنىتىپ، بىرئاز ئۇن چېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھالۋىغا ئوخشايدىغان بىر خىل تاماق.

**سۇندۇك** ئى <زوئول> بىر خىل كىچىك قۇش. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستى قارا، تۇمشۇقى ئىنچە-

كە ۋە ئۇزۇن، قۇيرۇقى بىلەن قانىتى قارا ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. ئۈستىدە ئاق داغلىرى بولىدۇ. پېشانىسى ۋە قورسىقى ئاق، ھاشارات ۋە بېلىقچانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئادەتتە قوغدىلىدىغان قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**سۇنگو** ئى. دىيال. مىلتىقنىڭ نەيزىسى.

**سۈننەت** ئى [ئە] ① <دىن> ئىسلامىيەتنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرىنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىگەن، قىلغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن سۆزلەنگەن، قىلىنغاندا مۇھەممەد پەيغەمبەر مەنئى قىلماي سۈكۈت قىلغان ئىشلار ھەم شۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمانلاردا ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىشلار ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەر. ② مۇسۇلمانلاردىكى ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىنى قىسمەن كېسىش ياكى كەستۈرۈش ئادىتى. ③ قىزلارنىڭ ئىسمى.

**سۈننەتچى** ئى ← **خەتنىچى**.

**سۈننەتلىك** سۈپ ← **خەتنىلىك**: سۈننەتلىك بالا.// سۈننەتلىك توغۇلماق.

**سۈننىي** ئى [ئە] <دىن> سۈننىي مەزھىپى ۋە بۇ مەزھەپتىكى كىشى.

**سۈننىي مەزھىپى** <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. قۇرئان بىلەن بىرگە سۈننەت ئەقىدىلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەنەفى، مالىكى، شافىئى ۋە ھەنبەلى دېگەن تۆت كىچىك مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ.

**سۇنئىي** سۈپ [ئە] ① تەبىئىيگە ئوخشىتىپ ياسالغان، ئىشلەپچىقىرىلغان، تەبىئىي ئەمەس: سۇنئىي تالا. ② ساختا، ياسىما، يالغان: سۇنئىي كۈلكە.

**سۇنئىي ھەمراھ** <ئاستر> راكېتا ئارقىلىق ئاسمان بوشلۇقىغا ئېتىپ چىقىرىلىدىغان ۋە مۇئەييەن ئوربىتا بويىچە يەر شارى ياكى باشقا سەييارىلەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان جىسىم.

**سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش** <زوئول> سۇنئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىسپېرما سۇيۇقلۇقىنى چىشى ھايۋاننىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگۈزۈپ ئۇرۇقلاندۇرۇش.

**سۇنئىي ئىممۇنىتېت** <زوئول> ئانتىگېن ياكى ۋاكسىنىنى ئادەم تېنىگە ئەملەش ياكى ئىممۇنىتېت كۆچىگە ئىگە بولغان قان زەردابىنى ئادەم بەدىنىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق، بەدەننىڭ مەلۇم يۇقۇملۇق كېسەلگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى پەيدا قىلىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، كالا چېچىكى ۋاكسىنىسىنى ئەملەش ئارقىلىق چېچەكنىڭ؛ كېزىك ۋاكسىنىسىنى ئوكۇل قىلىش ئارقىلىق كېزىكنىڭ ئالدىنى ئالغانغا ئوخشاش.

**سۇنئىيلەشمەك** پ ① سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەنمەك: سۇنئىيلەشكەن بۇيۇملار. ② كۆچمە. ياسىما، چاكىنا، تېتىقسىز قىلىقلارنى قىلماق: بۇ قىز مودا قوغلىشىپ، بارغانسېرى سۇنئىيلەشكىلى تۇردى.

**سۇنئىيلىك** پ. سۇنئىي قىلىنغان ئىش؛ سۇنئىي ھالەت.

**سۇۋە** ئى. قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تال قوۋۇرغىسى.

**سۇۋەرەك** ئى [ پ ] <زوئول> بىر خىل ھاشارات، تېنى ياپىلاق ۋە توق قوڭۇر كېلىدۇ. سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ. ھەمىشە كېيىم - كېچەكلەرنى چىشلەپ ئورىۋېتىدۇ، ماي كۆپ ياكى مايلىشاڭغۇ جايدا ياشايدۇ. كېزىك، خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ. ئادەتتە زىيانلىق ھاشارات دەپ قارىلىدۇ.

**سۇيدۇك** ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋان تېنىدىكى بۆرەكتە ھاسىل بولۇپ، تاناسىل ئەزا ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدىغان سۇيۇقلۇق. ئۇنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ: سۇيدۇك يولى. سۇيدۇك ئوغۇتى. سۇيدۇك ئاجرىتىش ئەزالىرى. سۇيدۇك ماڭدۇرۇش. سۇيدۇك نەيچىسى.

**سۇيلەتمەك** «سۇيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سۇيلەشمەك** «سۇيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سۇيلەنمەك** «سۇيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇچار بولدى شۇ قىسمەتكە ھەم ئېلىلار، تەڭ سۇيلىنىپ كەلدى بىر كۈن كۆپ سىلىقلار.

**سۇيلىمەك** پ. كىشىنى مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنى تېزرەك قىلىشقا ئالدىراتماق؛ ئۈندىمەك: ئۇ كۈنى گۈلسۈرۈخ ئۆزىگە تىكتۇرۇۋاتقان مېغىز رەڭ توپلىيىنى سۇيلەپ كەلگەنىدى.

**سېپالۇس** ئى [لات] <زوئول> بىر خىل بېلىق، تېنى ئۇزۇن، ئالدى قىسمى يۇمىلاق، ئارقا قىسمى ياپىلاق، بېشى قىسقا ھەم ياپىلاق، تۇمشۇقى كەڭ ۋە قىسقا، تەڭگىچىلىرى يۇمىلاق كېلىدۇ. يان سىزىقلىرى بولمايدۇ. تېيىز دېڭىز ياكى دەريا ئېغىزىدىكى تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىق سۇنىڭ چېگرالىنىدىغان جايلىرىدا ياشايدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بېلىقلار تۈرىگە كىرىدۇ.

**سېپراتور** ئى [ر<لات] سۇيۇق ياكى قاتتىق جىسىملار تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنى ئاجراتقۇچى ئاپپاراتلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سېپتسېمىيە** ئى [ر<گىرېك] <تېب> شارسىمان باكتېرىيە، تاياقچە باكتېرىيە قاتارلىقلارنىڭ قانغا كىرىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا توڭلاپ تىترەش، بەدەن قىزىش، تېرە ۋە شىللىق پەردىلەرگە قان چېكىتلىرى چۈشۈش، تال ئىششىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا ھوشسىزلىنىش ياكى شوك بولۇش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.

**سېپىر** ئى [ئە] رەقەم.

**سېپىرسىز** سۈپ. سېپىرى يوق، سېپىرغا ئىگە ئەمەس، رەقەمسىز: يۈرەكنى سېپىرسىز سائەت دېسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى بۇرىمىسىمۇ توختىماي مېڭىۋېرىدۇ.

**سېپىرلاشماق** پ. سېپىر ھالەتكە كەلمەك، رەقەملەشمەك: سېپىرلاشقان قوماندانلىق ئىشتابى.

**سېپىرلىق** سۈپ. سېپىرى بار، رەقەملىك، رەقەم بىلەن يېزىلغان، سان بىلەن خاتىرىلەنگەن: سېپىرلىق بەلگە.

**سېپىشماق** «ساپىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېپىشمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: داستىخان يېغىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئانارنىڭ كېپىمگە ئەتىر سېپىشتى.

**سېپىل** ئى. بۇرۇنقى چاغلاردا ئوردا ياكى شەھەرنى دۈشمەن-

ـدىن ساقلاش ئۈچۈن ئوردا ياكى شەھەرنى چۆرىدەپ ئېگىز ھەم قېلىن قىلىپ سوقۇلىدىغان تام. ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ، دۈشمەن تەرەپنى كۆزىتىدىغان مەخسۇس ئۆيلىرى ۋە ئوق ئۈزۈش ئۈچۈن ياسالغان كۈنگۈرىلىرى بولىدۇ.

**سېپىلماق** «ساپماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قول چاپاننىڭ يېڭىگە سېپىلدى.

**سېپىلمەك** «سەپمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توپا سېپىلمەك. سۇ سېپىلمەك.

**سېتكا** ئى [ر] ① يىپ ياكى سىمدىن روجەك - روجەك قىلىپ توقۇلغان تور: ۋالىبول سېتكىسى. سېتكىدا قۇم تاسقىماق. ② جەدۋەل: دەرس سېتكىسى.

**سېتىشتۇرماق** پ. سېتىش ۋە شۇ خىلدىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق: بەزىلەر بارى - يوقىنى سېتىشتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئىككى ھەسسە ئوشۇق كۆمۈش تۆلەپ قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى.

**سېتىشماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرپانلىق ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئۈزۈملىرىنى ئەرزان باھادا سېتىشتى.

**سېتىق** ئى. سېتىش ئىشى، سېتىش پائالىيىتى؛ سېتىش.

**سېتىق ئاش** سېتىلىدىغان ئاشلىق، تاۋار ئاشلىق.

**سېتىقچى** ئى. سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، سودىگەر.

**سېتىقچىلىق** ئى. سودا - سېتىق قىلىش ئىشى، كەسپى؛ سودىگەرچىلىك: سېتىقچىلىق قىلماق.

**سېتىلما** ئى. مەلۇم نەپ، پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۆز خەلقىنىڭ زىيىنى، دۈشمەنلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن، دۈشمەنگە سېتىلغان ئادەم، ساتقۇن.

**سېتىلماق** «ساتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كۈنى كوچا دوقمۇشىدىكى گۆش دۇكىنىدا سويۇلغان بورداق قوي گۆشى سېتىلدى.

**سېتىلمىلىق** ئى ← **ساتقىنلىق.**

**سېتىۋالماق** پ [ سېتىپ + ئالماق ] بىرەر نەرسىنى قارشى تەرەپتىن پۇلغا ئالماق: ئوتۇن سېتىۋالماق. گۆش سېتىۋالماق. نەرسە - كېرەك سېتىۋالماق.

**سېتىۋېلىشماق** «سېتىۋالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىردىن لۇغەت سېتىۋېلىشتى.

**سېتىۋېلىنماق** «سېتىۋالماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆتكەن يىلى جەمئىي 50 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىندى.

**سېخ** ئى [ ر<خىم] زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، مەلۇم ئىش تەرتىپىنى تاماملايدىغان ياكى مەلۇم بىر مەھسۇلاتنى مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىدىغان بۆلۈمى ھەم ئۇنىڭ بىناسى.

**سېخىي** سۈپ [ئە] ① كىشىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان؛ مەرد: سېخىي ئادەم. سېخىي بالا. ② كۆچمە. ھاياتى، زورۇرىي نەرسىلەرگە چەكسىز باي ۋە ئۇنى ئىنسانغا ئايىماي ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان؛ مول: ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي (ماقال).

**سېخىيلاشتۇرماق** «سېخىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سېخىيلاشماق** پ. سېخىيلاردەك ئىش قىلماق، سېخىيلاردە بولىدىغان مەردلىك پەيدا بولماق، سېخىيلىقى تۇتماق: دوستۇم ئازراق تەڭشىلىپ قالغاندا سېخىيلىشىپ كېتىدۇ.

**سېخىيلىق** ئى. ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىق: سېخىيلىق قىلماق. * ماتېرىيالچى ئايالنىڭ سېخىيلىقى كازىم كوجاڭنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

**سېدە** ئى <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شاخلىرى زىچ ئۆسىدۇ. باراقسان گەۋدىسى گۈمبەزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆل، يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سېدى** ئى. گانانىڭ پۇل بىرلىكى.

**سېدىلىك** ئى. سېدە جىق ئۆستۈرۈلگەن يەر.

**سېرپېنتىن** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يەككە ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، تەركىبىدە كۆپىنچە ئاليۇمىن، تۆمۈر، نىكېل، كوبالت قاتارلىقلار بولىدۇ. كۆل رەڭ، سۇس يېشىل، قېنىق يېشىل ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. كاللەك بولغانلىرى قۇلۇلە قېپى شەكلىدە ياكى رەتسىز سۇنۇق يۈزلۈك كېلىدۇ. قاتتىقلىقى 2.5 — 3.5. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.5 — 2.62.

**سېرژانت** ئى [ر<فىران] <ھەرب> ← **جۇڭشى.**

**سېرك** ئى [ر] ئېگىزدە موللاق ئېتىش، سىم ئارغامچىدا مېڭىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش، شىر، ئېيىق، مايمۇنغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئوينىتىش ۋە سېھىرگەرلىك قاتارلىق ئويۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سېركچى** ئى. سېرك ئويۇنى ئوينايدىغان كىشى، سېرك ئارتىسى.

**سېركچىلىك** ئى. سېركچى قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت.

**سېرىسان** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئاساسلىق تەركىبى فېنىل سىماب ئاتسىتات. ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، زەھەرلىك. ئادەتتە قىزىل رەڭگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ھاشارات ئۆلتۈرۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، دېھقانچىلىقتا كۆپرەك ئۇرۇق دورىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېرى** ① ياردەمچى سۆز رولىدا «بىر» سۆزى بىلەن بىرگە كېلىپ: 1) «بىر تەرەپ، بىر ياقلىق»دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كېتىپ بارار جەڭ، ئۈچ كۈندىن بېرى. ئۇرۇش تەقدىرى، بولماي بىر سېرى. 2) «ئادەتتىكىدەك، بۇرۇنقىدەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سودىمىز بەكمۇ يامان ئەمەس، بىر سېرى كېتىۋاتىدۇ. ② ئىسىم رولىدا «تەرەپكە قاراپ، تەرەپكە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: تەلپۈنۈپ قۇشتەك ئۇچارمەن، ھەر زامان سېنىڭ سېرى. ③ «- غان، - قان، - گەن، - كەن» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلار ۋە ۋاقىت مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «سايىن» مەنىسىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچى رولىدا كېلىدۇ: بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**سېرىس** ئى [پ] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. قوۋزىقى، غۇنچىسى ۋە يېڭى ئېچىلغان گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، خاپىغانى تۈگىتىدۇ.

قانىنى جانلاندۇرىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكنى چىڭىتىدۇ.

**سېرىسس** ئى [لات] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ياغىچى ۋە قوۋزىقىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە.

**سېرىق** ① سۈپ. سامان، جۇزە، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ رەڭگىدىكى: سېرىق گۈل. ② سۈپ. كۆچمە. ئىدىيەسى ساغلام بولمىغان، شەھۋانىيلىقنى، بۇزۇقچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان: سېرىق ناخشا. سېرىق مۇزىكا. ③ ئى. تۇخۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارغۇچ قىسمى: تۇخۇمنىڭ سېرىقى.

**سېرىق تەنلىكلەر** <ئىرق> موڭغۇل ئىرقىدىكى كىشىلەر. ئۇلارنىڭ تېرىسى سېرىق، چېچى قارا ھەم تۈز، يۈزىمۇ تۈز كېلىدۇ. ئاساسەن ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان.

**سېرىق تۈك** ① ئادەم بەدىنىنىڭ يۈز، قولاقنىڭ ئىچى، قولاقنىڭ ئارقىسى، بويۇن قاتارلىق جايلىرىدا ئۆسىدىغان، سارغۇچراق يۇمران تۈك: سېرىق تۈكى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتمەك. ② كۆچمە. تېخى كىچىك، ئەقلى توشمىغان، بالىغ بولمىغان: بىرقانچە سېرىق تۈك بالا چىشىمغا تېگىپ خاپا قىلدى.

**سېرىقئاش** ئى [سېرىق + ئاش] خېمىرغا توغرىغا سۈيى بىرىپ، لەڭمەندەك غولاچلاپ سوزىدىغان، سۇدا پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياغلاپ، ئاچچىقسۇ، لازا، تۇخۇم شورپىسى قۇيۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك.

**سېرىقئەت** ئى [سېرىق + ئەت] <ئانات> تېرە ئاستىدىكى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. يۇمشاق، تەركىبىدە ماي كۆپرەك. ئۇنىڭدا يەنە قان توقۇلمىلىرى، لىمفا نەيچىلىرى ۋە نېرۋىلار بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بەدەن تېمپېراتۇرىسى، ئىسسىقلىق ۋە بەدەندىكى مېخانىكىلىق بېسىم قاتارلىقلارنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**سېرىقتال** [سېرىق + تال] ① ئى. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ پىشىش ئالدىدىكى دېنى قېتىپ، غول ۋە يوپۇرماقلىرى سارغايغان ھالىتى: بۇغداي سېرىقتال بولدى. ② سۈپ. دېھقانلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئاخىرلىشىپ ۋاقىتلىق ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولغان، قىيىنچىلىق تۇغۇلغان: ئەزالار ئۈچۈن سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسى تۇتىيا بولىدىغان سېرىقتال ۋاقتىمۇ يېقىنلاشماقتا ئىدى. ③ سۈپ. كۆچمە. باياشات ئەمەس، ئوتتۇرلۇق: سېرىقتال كۈن ئالماق.

**سېرىقچاي** ئى [سېرىق + چاي] <بوت> سېرىقچاي ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، تۇرۇپ قالغان قاننى ھەيدەش رولىغا ئىگە.

**سېرىقچېچەك** ئى [سېرىق + چېچەك] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك غولى تىك، ئۇچى كۆپ شاخلىق بولۇپ، خۇددى ئارپىبەدىيانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى ئارپىبەدىياندىن كىچىكرەك، بىر ئاز ياپىلاق، ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر. ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قىرىقراق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، «قاراكۆز بەدىيان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سېرىقداماق** پ. سېرىققا ئۆزگەرمەك، سارغايماق: چاڭقىلداپ سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان قىزنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ، چىرايى نەچچە يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سېرىقداپ كەتكەنىدى.

**سېرىقسۇ** ئى [سېرىق + سۇ] ① بىرەر نەرسىنى بەك يېگۈسى كەلگەن كىشىنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق، شۆلگەي: ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلماق. ② جاراھەتلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان رەڭگى سېرىققا مايىل شىلىمشىق ماددا.

**سېرىقلىق** ئى. سېرىق ھالەت: كېيۈنئاخۇننىڭ تېخى سېرىقلىق تولۇق يوقاپ كەتمىگەن كۆزلىرىدە خۇشاللىق نامايان بولدى.

**سېرىقمارشال** ئى [سېرىق + مارشال] <بوت>ئالمىنىڭ بىر خىل سورتى.

**سېرىقئېشەك** ئى [سېرىق + ئېشەك] <زوئول> ← **چايان.**

**سېرىن** ئى <بوت> ① مىرتا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**سېرىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ce(Cerium). كۈل رەڭ كىرىستال بولۇپ، يالتىراق، يۇمشاق ۋە سوزۇلۇشچان كېلىدۇ. خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئادەتتە ياخشى ئوكسىدسىزلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە قېتىشمىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**سېزىشمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچلەردە كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن بىرمۇنچە كېسەك قۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ سېزىشمەي قالاتتى.

**سېزىك** ئى <تېب> ئايال كىشى ھامىلىدار بولغاندا كۆڭلى ئاينىيدىغان، كۆڭلى بىرەر نەرسىنى تارتىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت.

**سېزىكلىك** سۈپ. سېزىك بولۇش باسقۇچىغا كىرگەن، سېزىك بولغان، سېزىكى تۇتقان: سېزىكلىك دەۋرى باشلانماق.

**سېزىلەر - سېزىلمەس** شۇنچىكى، ناھايىتى ئاز؛ سەل - پەل: ئۇ ئەسلىمىلەر ئېچىنىشلىق - ئەلەملىك بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلەرگە سېزىلەر - سېزىلمەس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**سېزىلەرلىك** سۈپ. سەزگىلى بولىدىغان، سېزىلىپ تۇرىدىغان: ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنى يېنىكلىتىشنى ۋە كۆز ئالدىدىكى سېزىلەرلىك پايدىغا ئىگە بولۇشنىلا ئويلىغان.

**سېزىلمەك** «سەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلجامال تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتىنىڭ مايماق ئىكەنلىكى سېزىلدى.

**سېزىم** ئى. تاشقى تەسىرنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتى ۋە شۇ خىل تەسىردىن ئېلىنغان ھېس، تۇيغۇ: كۆرۈش سېزىمى. ئاڭلاش سېزىمى. ئاغرىش سېزىمى.

**سېزىمچان** سۈپ. ئاسان سېزىۋالالايدىغان، سەزگۈر: سېزىمچان دىل.

**سىزىمچانلىق** ئى. سىزىش قابىلىيىتى، سەزگۈرلۈك: سىزىمچانلىقى يۇقىرى. سىزىمچانلىقى تۆۋەن.

**سىزىمسىز** سۈپ. سىزىمى يوق، سىزىم ھېس قىلمايدىغان، سەزمەيدىغان: كامىل ئۇنى كارىۋاتقا بېسىۋالدى. پەرىدەنىڭ گەۋدىسى ھېچقانداق سىزىمسىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تاشلىنىپ ياتاتتى.

**سىزىمسىزلىك** ئى. سىزىمى يوقلۇق، سىزىم ھېس قىلماسلىق، سەزمەسلىك: چۈنكى سىنىڭ بۇ خىل سىزىمسىزلىكىڭ، ھەددىدىن ئارتۇق ئەخلاقلىقلىقىڭ مېنى شۇ ۋاقىتتا خېلىلا جىله قىلغانىدى.

**سىزىملىك** سۈپ. سىزىمى بار، سىزىم ھېس قىلىدىغان، سىزىدىغان، سىزىمچان، سەزگۈ: شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە مەۋجۇدات سىزىملىكتەك، ئۇنىڭ نىدالىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى.

**سىزىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cs (Caesium). كۈمۈش رەڭ، يۇمشاق ۋە سوزۇلۇشچان كېلىدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان مېتاللار ئىچىدە ئۇنىڭ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى ئەڭ ئاكتىپ بولۇپ، سۇنى پارچىلاپ، پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ۋاكۇئۇم ئەسۋابلىرى، فوتو ئېلېكتىر لامپا قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم ماتېرىيالىدۇر. خىمىيەدە كاتالىزاتور قىلىنىدۇ.

**سىسترا** ئى [ر] دوختۇرخانىلاردا دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىمارلارنى داۋالىغۇچى ھەمشىرە: سىسترالار بۆلۈمى. // سىسترا قىز.

**سىستراشۇناسلىق** ئى <تېب> سىسترا ۋە سىسترالىق ھەققىدىكى پەن: نەندىنگىل جەڭگاھ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن سىسترالار مەكتىپى ئاچتى، «سىستراشۇناسلىق» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، ھازىرقى زامان سىسترالىق تۈزۈملىرىگە ياخشى ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى «سىسترالار ئانىسى»غا ئايلاندى.

**سىسترالىق** ئى. سىسترالار قىلىدىغان ئىش: سىسترالىق قىلماق.

**سىستىماق** ① «سىسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆشنى سىستىماق. * ئۆردەك دەيدىكەن: كۆتۈم ئامان بولسا، ھەممە كۆلنى سىستارمەن (ماقال). ② كۆچمە. خەلقىئالەم ئالدىدا بىراۋنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، رەسۋا قىلماق: سىستىپ تاشلىماق.

**سىسشىماق** «سىسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىسىق** سۈپ ① ھىدى ياخشى ئەمەس، پۇرىقى يېقىمسىز: سىسىق گاز. سىسىق پۇراق. * سۆيگەن ئوتتەك ئىسسىق، سۆيمىگەن پوقتەك سىسىق (ماقال).// تېزەكنى قوزغىساڭ سىسىقى چىقار (ماقال). ② ئۆزگىرىپ، پۇراپ ياكى بۇزۇلۇپ قالغان؛ ئېچىپ كەتكەن؛ سىسىغان: سىسىق گۆشنى چىۋىن تاپار، يامان ئىشنى يامان تاپار (ماقال). ③ يامان، ئەسكى، ناچار، بۇزۇلغان، بۇزۇق: سىسىق نامى پۇر كەتمەك. ④ كىشىگە ياقمايدىغان، كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان، يامان مەنىلىك: سىسىق گەپ.گېپى سىسىق ئادەم.

**سىسىق كېكىرمەك** ① يېگەن نەرسىلىرىنىڭ ياخشى ھەزىم بولۇپ كېتەلمىگەنلىك ياكى جىق يەۋەتكەنلىك نەتىجىسىدە سىسىق پۇراقلىق بىر خىل كېكىرىك چىقارماق: سارىخان ئاپىسى ئەكىلىپ قويغان ئالدىدىكى تاماقتا قاراپ كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشقاندەك بولدى ـ دە، سىسىق كېكىرىپ تەتۈر قارىۋالدى. ② كۆچمە. ئىنتايىن بىزار بولماق، ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتمەك، تويۇپ كەتمەك.

**سىسقتال** ئى [سىسىق + تال] <بوت> كىرىپىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، يۆتەل توختىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**سىسقچىلىق** ئى. سىسىق نەرسىلەر ياكى سىسىق پۇراق بىلەن تولغان ھالەت، سىسقلىق: پۈتۈن قاماقخانىنى سىسقچىلىق قاپلاپ تۇراتتى.

**سىسقكۆزەن** ئى [سىسىق+كۆزەن] <زوئول>سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. دۈمبىسى قوڭۇر سېرىق ياكى ئاچ سېرىق كېلىدۇ. كېچىلىرى ھەرىكەت قىلىپ ئۇششاق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىكىلىدۇ.

**سىسقلىق** ئى. سىسىق ھالەت: سىسقلىقتىن سەسكەنمەك.

**سىسقيار** ئى <بوت> قاقىرتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**سىسىماق** پ ① سىسىق پۇراق چىقارماق، سىسىق ياكى يېقىمسىز ھىد پەيدا قىلماق: پوقنى تەپسەڭ سىسىيدۇ (ماقال). ② سىسىق پۇراققا، ھىدقا تولماق: ئۆينىڭ ئىچى سىسىپ كېتىپتۇ. ③ ئۆزگىرىپ، ئاينىپ، پۇراپ قالماق ياكى بۇزۇلۇپ قالماق، چىرىماق: ئاشۇ ئىسسىق كۈنلەردە كۆكتات ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسىلا، بىردىنلا سىسىشقا باشلايتتى. ④ كۆچمە. بىرەر ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەر ئارىسىدا يۈزى تۆكۈلمەك، نەزەردىن چۈشمەك؛ سەت كۆرۈنمەك: ئۇ ئايال شۇ ئىشى بىلەن سىسىغاندىمۇ، ئاجايىپ سەت سىسىپ كەتتى.

**سىسىمچىلىق** ئى. سىسىق پۇراق قاپلاپ كەتكەن ھالەت ياكى شۇنداق جاي: — بۇ سىسىمچىلىقتا بىزگە نېمە بار؟ يۈر، بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتەيلى، — دېدى قىزچاق ئاغزىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېتىۋېلىپ.

**سىغىز** I ئى. يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى بىر خىل يېپىشقاق توپا. ساپ ھالەتتىكى سىغىز گاۋلىڭ توپىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**سىغىز** II ئى ① كەمپۈتنىڭ بىر تۈرى، ئۇ مانىلكارا دەرىخى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان يېلىم ماددىسىغا شېكەر ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ② قارىغاي دېۋىرقىيىنىڭ قاتقىنى، قارىغاي سىغىزى.

**سىغىزخان** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقى ئۇچلۇق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تېنىنىڭ كۆپ قىسمى قارا، تارغاق ۋە قورساق قىسىملىرى ئاق كېلىدۇ. غاقىلداپ سايرايدۇ.

**سىغىزلىق** ① سۈپ. سىغىزى، سىغىز توپىسى بار: سائەت ئۆچكە يېقىن ماشىنىلار سىغىزلىق ئېرىتمىنى يەتكۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى. ② ئى. سىغىز توپىلىق يەر: سىغىزلىققا بارماق.

**سىغىشماق** «ساغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىغىنچى ئاياللار كالىلىرىنى سىغىشىپ، سۈتلىرىنى پىشۇرۇشۇپ تەخ بولۇپ تۇرۇشقانىدى.

**سىغىق** سۈپ. سىغىلغان، سىغىپ قويۇلغان: سىغىق سۈت.

**سىغىقسىز** سۈپ. سىغىلماي قالغان، تېخى سىغىلمىغان: سىغىقسىز سىيىر.

**سىغىقلىق** سۈپ. سىغىلغان، سىغىپ بولۇنغان: سىغىقلىق

ئۆچكە.

**سىغىلماق** «ساغماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يېڭى سىغىلغان سۈت.

**سىغىن** سۈپ. سىغىلىدىغان: سىغىن ئىنەك. سىغىن ئۆچكە.

**سىغىنچېچەك** ئى [سىغىن + چېچەك] <بوت>ئاقچېچەك ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**سىغىنچى** ئى. سۈت ساغىدىغان كىشى: ئۇ سۈت فېرمىسىنىڭ سىغىنچىسى. // سىغىنچى قىزلار.

**سىغىندۇرماق** «سىغىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : بۇ ئەسلىمىلەر ھېكمەتنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ، ئامىنەنى تاقەتسىز سىغىندۇردى.

**سىغىنماق** پ. ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يېگۈسى، يېقىن كىشىسىنى، يۇرت، ۋەتىنىنى ناھايىتى بەك كۆرگۈسى كەلمەك؛ سىغىنىش ھېس قىلماق: ئۇ چولپاننى گويا نەچچە يىللاپ كۆرمىگەندەك قاتتىق سىغىندى.

**سىغىنىش** ئى. سىغىنىپ ئىنتىزار بولۇش ھېس - تۇيغۇسى: زىلەي ياشلىق چاغلىرىنى، تۇنجى قېتىم ئەختەمگە مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان پەيتلەرنى سىغىنىش بىلەن ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**سىغىنىشلىق** سۈپ. سىغىنىش بىلەن تولغان، سىغىنىشنى ئىپادىلەيدىغان: سىغىنىشلىق سالام خەت.

**سىغىنىشماق** «سىغىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىركۈنى يەنە خۇدانى سىغىنىشىپ قالدۇ.

**سىغىنغاق** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، بېشى يېشىل، تۇمشۇقى قىزىل، گال ۋە پۇتى سېرىق، پوكىنى سارغۇچ كېلىدۇ. ئادەتتە بېقىلىدۇ.

**سىكانس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، يانتۇ تەرەپنىڭ مەلۇم بىر تار بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپكە نىسبىتى. ئادەتتە «sec» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سىكتور** ئى [ر<لات] <مات> بىر ياي بىلەن شۇ يايىنىڭ ئۇچلىرىدىن ئۆتكەن ئىككى رادىئۇستىن ھاسىل بولغان گېئومېتىرىيەلىك شەكىل.

**سىكرېتار** ئى [ر<فىران] كونا ← **شۇجى.**

**سىكسۋۇل** ئى. ديال. سۆكسۆك.

**سىكۇنت** مىق [ر<لات] ① بىرمىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى. ② <مات> بىر مىنۇتنىڭ 60 تىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ياي ياكى بۇلۇڭ ئۆلچەم بىرلىكى. ③ <جۇغ> بىر مىنۇتنىڭ 60 تىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان كەڭلىك ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سىكۇنتلاپ** رەۋ. بىر سىكۇنت - بىر سىكۇنتتىن، ھەربىر سىكۇنت داۋامىدا، سىكۇنت بويىچە: بۈگۈنكى دۇنيا سىكۇنتلاپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان سان - ساناقسىز ئۇچۇر، بىلىملەر بىلەن تولغان، خىلمۇخىل تەلىمات - ئىدىيەلەر، يېڭىچە قاراش - چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەن دۇنيا.

**سىكۇنتلۇق** سۈپ. سىكۇنت كېلىدىغان، سىكۇنت داۋام قىلىدىغان: بىر سىكۇنتلۇق تېزلىك.

**سىكۇندومېتىر** ئى [ر] ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئارىلىقىنى سىكۇنتلار بىلەن ئۆلچەيدىغان شەكلى سائەتكە ئوخشايدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**سىكىل** ئى [ر<گىرېك ] <ئەد> بىر - بىرىگە باغلىق بىرقانچە ماۋزۇلار ئاستىدىكى مەزمۇنداش ئەسەر ياكى شېئىرلارنىڭ چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ «ئەركىن شېئىر» ياكى «چاچما شېئىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىكىلەك** I ئى ① قىزلارنىڭ ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىرقانچە تال چېچى. ② ئەرگە چىققان قىزلارنىڭ جۇۋان بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا چېكىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن قىلىپ قويۇۋالغان ماڭلاي چېچى. ③ ئوغلى تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن يالغۇز ئوغلىنى كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، بېشىنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ قويىدىغان بىر ئۆرۈم چاچ. ④ يېڭى توي قىلغان، توي قىلىپ بالىلىق بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى چوكان: — يۈرسىلە ئەمىسە، ئۆيدىمىزنى تاپايلى، — دەپ ھېلىقى سىكىلەك قولۇمنى تۇتۇپ قازىخانىدىن سۆرەپ چىقتى.

**سىكىلەك** II ئى. پۇزا.

**سىكىلەكلىك** ① سۈپ. سىكىلىكى بار، بېشىغا سىكىلەك چاچ قويۇۋالغان: سىكىلەكلىك قىزلار. ② ئى. ئاياللارنىڭ سىكىلەك چېغى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى: خۇمارخان سىكىلەكلىكىدە شوخ ۋە چىرايلىق ئىدى.

**سىكىن** رەۋ. يېز ت. ئالدىرىماي، ئاستا: ماشىنىلار ئاستا، سىكىن ئۆتمەكتە.

**سىگمېنت** ئى [ر<لات] <مات> بىر ياي بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى خوردىدىن ھاسىل بولغان شەكىل.

**سىلسىيە** ئى. شىۋېتسىيەلىك ئاسترونومىيە ئالىمى.

**سىلسىيە ئىشكالىسى** <فىز> كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل تېمپېراتۇرا ئىشكالىسى. بۇنىڭدا، سۇنىڭ ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدىكى مۇزلاش نۇقتىسى 0 گىرادۇس، قايناش نۇقتىسى 100 گىرادۇس قىلىپ بەلگىلەنگەن. 0 گىرادۇس بىلەن 100 گىرادۇس ئارىلىقى 100 تەڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلەك بىر گىرادۇسقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ «℃» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىشكالىنى شىۋېتسىيەلىك ئاسترونومىيە ئالىمى سېلسىيۇس (Anders Celsius) كەشىپ قىلغاچقا، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سىللوفان** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> ئەينەك قەغەزنىڭ بىر خىلى.

**سىللۇلوزا** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۆسۈملۈك ھۈجەيرە پوستىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى، پاختا تالاسى تەركىبىدە مىقدارى ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆكتات، مېۋە - چېۋە تەركىبىدىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاساسلىقى قەغەز، پىروكسىلىن ۋە سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنى

ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېللۇلوئىد** ئى [ر<لات + گىرېك] <خىم> سۇلياۋنىڭ بىر خىلى. نىتروسېللۇلوزا بىلەن نافتالىننىڭ ئارىلاشمىسىنى قىزدۇرۇپ سۈيۈقلاندۇرۇش ھەمدە ئۇنى مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. رەڭسىز، سۈزۈك، ھەر خىل رەڭدە بويىغىلى بولىدۇ. ئاسان كۆيىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كىنو لېنتىسى، ئويۇنچۇق ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**سېللىمانىت** ئى [لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. يانتۇ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى يىڭنە شەكلىدە. رەڭگى كۈل رەڭ، ئاچ قوڭۇر ۋە ئاچ يېشىل كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 7، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.23 — 3.25. ئادەتتە ئالىي دەرىجىلىك ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**سېلېستىت** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاچ كۆك ياكى ئاق رەڭلىك كىرىستال، سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ، چۈرۈك بولىدۇ. ئەينەك ياكى ئۇنچە پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئادەتتە ئىسترونتسىي ۋە ئۇنىڭ تۇزلىرىنى ئېلىشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**سېلېن** ئى [ر<گىرېك] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى Se(Selenium) . ئادەتتە ئۇ فوتو ئېلېمېنت، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك كىرىستال لامپا قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېلىترا** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. رەڭسىز، ئاق ياكى كۈل رەڭ كىرىستال بولۇپ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن پارتلىغۇچ دورا ياسىلىدۇ ياكى ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**سېلىشتۇرغۇچى** ئى ① <مەت> بېسىلىپ چىققان ئارگىنالنى ئەسلىدىكى نۇسخىسى بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان ئادەم؛ كوررېكتور. ② بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزئارا پەرقى ياكى ئوخشاشلىقىنى تاپىدىغان كىشى.

**سېلىشتۇرغۇسىز** سۈپ. سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان؛ تەڭلەشتۈرگۈسىز، تەڭداشسىز، مىسلىسىز: مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئالغىنى ئۇنىڭ ئۇلارغا قوشقان ھەسسىسىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ.

**سېلىشتۇرما** ① ئى. ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان بىرەر ئىش، نەرسە ياكى مەسىلە قاتارلىقلار: كۈچ سېلىشتۇرمىسى. روشەن سېلىشتۇرما. ② سۈپ. ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان، سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغان، سېلىشتۇرۇشقا ئاساس بولىدىغان، سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان: سېلىشتۇرما گىراماتىكا.

**سېلىشتۇرما قارشىلىق** <فىز> جىسىملارنىڭ توك ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان فىزىكىلىق مىقدار. سېلىشتۇرما قارشىلىق قانچە كىچىك بولسا، جىسىملارنىڭ توك ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**سېلىشتۇرما ئېغىرلىق** <فىز> ماددىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش ھەجىمدىكى ساپ سۇنىڭ 4℃ تىكى ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان نىسبەت قىممىتى. مەسىلەن، ئالتۇننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 19.3، سىمابنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 13.55.

**سېلىشتۇرماق** پ ① ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل شەيئىلەرنى ئۆزئارا تەڭلەشتۈرمەك: ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە بالىلارنى سەپكە تىزىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈپ سېمىز - ئورۇق، كۈچلۈك - ئاجىز ۋە ئېگىز - پاكارلارنى سېلىشتۇرۇپتۇ. ② <مەت> نەشرىياتچىلىقتا بېسىلىپ چىققان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللارنى ئەسلىدىكى ئارگىنال بىلەن بىر يەردە قويۇپ تەكشۈرمەك: تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرماق.

**سېلىشتۇرمىلىق** سۈپ. سېلىشتۇرمىسى بار، سېلىشتۇرمىغا ئىگە: ئاپتورنىڭ سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزىسى ياپونىيە كىتابخانىلىرىدا قانداق تەسىر قوزغىدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

**سېلىشتۇرۇشماق** «سېلىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېلىشتۇرۇلماق** «سېلىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چىنلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىق ھەمىشە ساختىلىق، سەتلىك، رەزىللىك بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

**سېلىشماق** «سالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پىچاق سېلىشماق. پاراڭ سېلىشماق. * دېۋانىلەر سامسىلارنى يېمەي قويۇنلىرىغا سېلىشتى.

**سېلىق** I ئى ① ئاھالىلەردىن مەلۇم تەرتىپتە ھۆكۈمەتكە تۆلىنىدىغان پۇل، مەبلەغ قاتارلىقلار: سېلىق سالماق. سېلىق يىغماق. سېلىق تاپشۇرماق.② كۆچمە. ئېغىر چىلىق، يۈك: ئائىلە سېلىقى. ③ ئۆزئارا كېلىشىلگەن ياردەم ياكى توي خىراجىتى ئۈچۈن يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان پۇل ياكى مەبلەغ، تۆلەم: تويىنىڭ سېلىقى.

**سېلىق** II سۈپ. سېلىنغان ھالەتتىكى، سېلىنغان، سېلىقلىق: قاپىقى سېلىق ئادەم.

**سېلىقلىق** سۈپ. سېلىنغان ھالەتتىكى، سېلىنغان، سېلىپ قويۇلغان: ئۆي سېلىقلىق.

**سېلىك** سۈپ. ئاز، كەم: سېلىك سۇ يىلى.

**سېلىكمەك** پ ① جىددىيلىكى تۇگىمەك، ئازايماق؛ شالاڭلىماق: مەن ئۆينىڭ ئىشلىرى سېلىككەندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم. ② بوشىماق؛ پەسەيمەك: بوران بىرئاز سېلىكىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

**سېلىم** مىق. بىر قېتىم سېلىشقا بولىدىغان، بىر قېتىم سېلىشقا يېتىدىغان: بىر سېلىم چاي.

**سېلىنچا** ئى. ئولتۇرغاندا، ياتقاندا ئاستىغا سالىدىغان كىگىز، كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەر.

**سېلىنما** ئى. بىرەر تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ، پۇل، دەسمايە: سېلىنمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئىگىلىك تىكلەش كاپىتالىنىڭ يۇرۇشۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭدەك ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىز -

مىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

**سېلىنماق** «سالماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئۆيى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان تار ئۈچ ئېغىز ئۆي ئىدى.

**سېماسىئولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ سۆز ۋە سۆز – ئىبارىلەر مەنىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆگىنىدىغان ھەم ئۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى. «سېمانتىكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سېمانتىكا** ئى [ر<گرېك] <تىل> ← **سېماسىئولوگىيە**.

**سېمانتىكىلىق** سۈپ. سېمانتىكىغا، سۆز مەنىسىگە ئائىت: سېمانتىكىلىق ئانالىز.

**سېمونت** ئى [ر<لات] <بىن> بىر خىل مۇھىم قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئۇنى سۇ، قۇم ۋە شېغىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بوتقا ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن قۇرۇتسا، يېپىشىپ ناھايىتى مۇستەھكەم تاش بولۇپ قاتىدۇ.

**سېمونتلاتماق** ① «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سېمونتلاشماق** ① «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② سېمونت ھالىتىگە كەلمەك، سېمونتقا ئايلانماق.

**سېمونتلانماق** ① «سېمونتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆينىڭ تاملىرى سېمونتلاندى. ② سېمونت ھالىتىگە كەلمەك، سېمونتقا ئايلانماق.

**سېمونتلىماق** پ. سېمونت بىلەن سۇۋىماق، سېمونت ياتقۇزماق: ئۇلار ئۆينى سېمونتلاپ بولدى.

**سېمونتلىنىش** ئى <گېئول> بوش چۆكۈندى جىسىملارنىڭ چاپلىشىپ، قاتتىق جىنسقا ئايلىنىش جەريانى.

**سېمىز** سۈپ ① بەدىنىگە جىق ئەت قونغان، گۆشلۈك: سېمىز ئادەم. سېمىز بالا. ② ماي ۋە گۆشى جىق، سەمرىگەن (ھايۋانلار ھەققىدە): سېمىز قوي. سېمىز گۆش. سېمىز كالا.

**سېمىزلىك** ئى. سېمىز ھالەت: ئىليار خوجىنىڭ سېمىزلىكىدىن ئاتىنىڭ بېلى ئېگىلىپ تۇراتتى.

**سېمىزئوت** ئى [سېمىز + ئوت] <بوت> سېمىز ئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش ۋە تولغاقنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**سېمىنار** ئى [ ر < لات ] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى رەھبەرلىكىدە بىرەر تېما ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان دەرسخانا مۇزاكىرىسى: مەكتەپتە ھەپتىدە بىر قېتىم سېمىنار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىر پارچە كىتابنىڭ ھەرقايسى بابلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بېيتقان ھالدا دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇراتتى.

**سېمىنارىيە** ئى [ ر < لات ] <مائار> بۇرۇنقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى.

**سېنارىيە** ئى [ر<ئىتال] كىنوچىلىقتا فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان بەدىئىي ئەسەر: كىنو سېنارىيەسى.

**سېنارىيەچى** ئى. سېنارىيە يازىدىغان كىشى ياكى ئەدىب، سېنارىيە يازغۇچىسى: — مەن تېلېۋىزىيە سېنارىيەچىسى ۋە رېژىسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆمەك بىلەن بىرگە جۇڭگو شىنجاڭغا بارغان، تۇرپاندىكى بۈيلۈق ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، كارىز مېنى ھەيران قالدۇردى، — دېدى ھۆسەيىن.

**سېنارىيەلەشتۈرمەك** پ. رومان، ھېكايە ۋە باشقا ئەسەرلەرنى سېنارىيە تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتمەك، سېنارىيە شەكلىگە كەلتۈرمەك: روماننى سېنارىيەلەشتۈرمەك. ھېكايىنى سېنارىيەلەشتۈرمەك.

**سېنارىيەلەشتۈرۈلمەك** «سېنارىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەسەر سېنارىيەلەشتۈرۈلدى.

**سېنتەبىر** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم خىرىستىيانچىلىرىنىڭ كاتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاي شۇنىڭ نامىدا ئاتالغان. ② مىلادىيە يىلى ھېسابى بويىچە توققۇزىنچى ئاي.

**سېنتېر** ئى [ر<لات <گرېك] <تەن> ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ مۇسابىقىلىرىدە ئوتتۇردا ئوينايدىغان ھۇجۇمچى.

**سېنتنېر** مىق [ر<لات] خەلقئارا بىرلىك سىستېمىسىدىكى 100 كىلوگىرامغا تەڭ بولغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**سېنتىمېنتالىزم** ئى [ ر<فىران] <ئەد> 18 – ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپا بۇرژۇئا ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىيات – سەنئەت ئېقىمى. ئۇنىڭدا ئىچكى ھەرىكەت، تەبىئەت مەنزىرىسى، ھېسسىيات ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن شەخسنىڭ روھىي ھالىتى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش تەكىتلىنىدۇ.

**سېنكا** ئى [ر] گەزمال، كىيىم – كېچەك قاتارلىقلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆكۈچ بوياق: ئۆينى ھاكلىغاندا، چىلىغان ھاكقا ئازراق سېنكا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ھاك ھاۋا رەڭگە ئايلىنىپ، ئۆينى بەك ئاچىدۇ.

**سېھىر** ئى [ئە] ئەپسۇن، جادۇ: سېھىر قىلماق. سېھىرنى قايتۇرماق.

**سېھىرچى** ئى . سېھىر قىلغۇچى ، سېھىرگەر.

**سېھىرگەر** [ئە + پ] ① ئى. سېھىر قىلغۇچى كىشى، سېھىرچى، ئەپسۇنچى، جادۇگەر. ② سۈپ. كۆچمە. مەھلىيا قىلىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان: بۇ چاغ، بۇ ۋادىنىڭ كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز تارتىدىغان ئەڭ سېھىرگەر، ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

**سېھىرگەرلىك** ئى ① سېھىر قىلىش ئىشى: سېھىرگەرلىك قىلماق. ② سېھىرگەرلەرگە خاس خاراكتېر؛ ئالدامچىلىق: ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىدە قانداقتۇر بىر سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

**سېھىرلەشمەك** «سېھىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سېھىرلەندۈرمەك** «سېھىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناخشىلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، تەمبۇر ۋە دۇتارنىڭ جاراڭلىق ساداسى ئورمان قۇشلىرىنىمۇ سېھىرلەندۈرۇپ قويغاندەك، ئەتراپ تىمتاس ئىدى. ھەتتا يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۇلىرىمۇ ئۆز ئىزىدا توختاپ ئاڭلاۋاتقاندەك، نەشارىلداش، نە شارقىراش ئاڭلانمايتتى.

**سېھىرلەنمەك** «سېھىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ سېھىرلەنگەن ئادەمدەك يارىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

**سېھىرلىك** سۈپ ① سېھىر قىلىنغان، سېھىرلەنگەن:

سېھىرلىك كالتەك. ② سېھىرىي كۈچكە ئىگە، سېھىرلەيدىغان، مەپتۇن قىلىدىغان: ئەسەت ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى سېھىرلىك، لېكىن ساددا كۆزلىرىگە قارىدى.

**سېھىرلىمەك** پ ① سېھىر قىلماق، سېھىر بىلەن كۆز باغلىماق: سېھىرلەپ قويماق. ② كۆچمە. ئەس - ھوشىنى ئېلىپ قويماق، مەپتۇن قىلماق: قىز يىگىتنى سېھىرلىۋاپتۇ.

**سېھرىي** سۈپ [ئە] كىشىنىڭ ئەقلى - ھوشىنى ئالىدىغان، جەلپ قىلىدىغان؛ سىرلىق: سېھرىي كۈچ.

**سېئولىت** ئى [ر<گىرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئاليۇمىنلىق ناترىي سىلىكات ياكى كالتسىي سىلىكات. كۆپىنچە قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سېۋەپخانا** ئى. دىيال. مۇنچا.

**سېۋەت** ئى [پ] ئىنچىكە بىرنەرسە سېلىش ئۈچۈن، چىۋىق، سىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن توقۇلىدىغان ئەسۋاب.

**سېۋەتچى** ئى. سېۋەت توقۇيدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى: سېۋەتچى بوۋاي.

**سېۋەتچىلىك** ئى. سېۋەت توقۇش، سېتىش ئىشى، كەسپى: ئۇ سېۋەتچىلىك كەسپىنى بىر كۈنمۇ تاشلىماي، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا نەۋرە - چەۋرە، ئۇرۇق - تۇغقىنىغا سېۋەت توقۇش ھۈنىرىنى پىششىق ئۆگەتتى.

**سېۋەتلەپ** رەۋ. سېۋەتكە قاچىلاپ، سېۋەتكە تولدۇرۇپ، سېۋەتنى بىلەن: سېۋەتلەپ توشۇماق.

**سېيالكا** ئى [ر] <دېھ> يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان ماشىنا.

**سېيالكىچى** ئى. سېيالكا ھەيدىگۈچى، باشقۇرغۇچى كىشى: ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە قوش ھەيدىگەن، سېيالكىچى بولغان، نومۇر خاتىرىلىگۈچىمۇ بولۇپ ئىشلىگەن.

**سېيسمولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] يەر تەۋرەش ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**سىپا** ئى. دىيال. بەلگە، ئالامەت، نىشان.

**سىپار** ئى [پ] قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوق، نەيزە، قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر خىل ئەسلىھە؛ قالقان.

**سىپارگەر** ئى. سىپارنى ئىشلەتكۈچى، سىپار ئىشلىتىدىغان ئادەم.

**سىپارگەرلىك** ئى. سىپارنى ئەپچىل ۋە چاققان ئىشلىتىش، سىپار تۇتۇپ ئېلىشىش ئىشى: مەن بىر پادىشاھنىڭ نۆكىرى بولۇپ، ئىشىم سىپارگەرلىك ئىدى.

**سىپارى** ئى [ر] <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسىنى يېگىلى ھەم دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە مەددە قۇرتنى چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**سىپاھ (سىپاھى)** ئى [پ] خان، پادىشاھ ياكى ئەمىرلەرنىڭ ئوردا، سارايلىرىدا خىزمەت قىلغان ئەمەلدار: ھازىر ئوردىدىكى ئەلەمىي - قەلەمىي سىپاھلارنىڭ كۆپىنچىسى مەككار - خىيانەتچىلەر، ئۇلار خاننى غاپىللىقتا قويۇۋاتىدۇ.

**سىپاھلىق** ئى. سىپاھلار قىلىدىغان ئىش، ھەرىكەت.

**سىپايە** سۈپ [پ] تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان؛ كەمتەر، مۇلايىم: سىپايە ئادەم.

**سىپايىگەر** سۈپ [پ] ئۆزىنى گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئېغىر - بېسىق، سىپايە قىلىپ كۆرسىتىدىغان: ئۇ سىپايىگەر بۇ زالىمنىڭ چۈمپەردىسىنى ھېچ يۈز - خاتىر قىلماستىن يىرتىپ تاشلىغان.

**سىپايىگەرلىك** ئى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش؛ ئېغىر - بېسىقلىق، تەمكىنلىك؛ مۇلايىملىق: ئۇنىڭ مىجەزىدە ئانچە - مۇنچە سىپايىگەرلىك پەيدا بولغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئەلگە تونۇش مال بولۇپ قالغان داڭلىق «گا سىلىڭ» ئىدى.

**سىپايىلەشمەك** پ. ھەرىكىتى، گەپ - سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىسى سىلىق بولماق؛ سىپايە ھالەتكە كەلمەك؛ سىپايە بولماق: ئۇ بىر ئاز سىپايىلەشتى.

**سىپايىلىك** ئى. سىپايە ھالەت: سىپايىلىك بىلەن سورىماق.

**سىپەر** ئى. دىيال. قالقان.

**سىپەنچى** ئى. ئىنچىكە قوۋۇرغىنىڭ گۆشى.

**سىپتا** سۈپ [پ] ① نېپىز، قېلىن ئەمەس، يۇپقا: سىپتا قاتلانغان خەت. ② سىلىق، چىرايلىق: سىپتا ھۈنەر قىلىدىغان ئادەم.

**سىپتىلىق** ئى. سىپتا بولغان خۇسۇسىيەت.

**سىپۈڭ** ئى. دىيال. ياغاچ قاتارلىقلارنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق تۆمۈر ئەسۋاب؛ ھەرە.

**ستەم** ئى [پ] جەبىر، جاپا، زۇلۇم؛ مۇشكۇللۇك، ئېغىرچىلىق: سېنىڭ ستەم زۇلمۇڭدىن، پۈتۈن بولماي نېنىمىز، يۇرتنى تاشلاپ كەتتۇققۇ؟ مۇشۇ چۆلگە يەتتۇققۇ؟

**ستەمكار** ئى [پ] ① كىشىگە جەبىر - زۇلۇم سالغۇچى؛ ئەزگۈچى، زالىم: دەر ئىدى ئۆتمۈش ستەمكارلار سېنى ئەيلەپ مازاق: «ساز بولامدۇ بۇ قەلەندەرلەر كۆتۈرگەن بەش قۇلاق؟»// ستەمكار زامان. ② كۆچمە. كىشىنى ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا قىلغۇچى، نازۇكەرەشمىلىرى بىلەن كۆيدۈرگۈچى: ئەرزىگەيمۇ نالىشىم ئول كۆزى خۇمار ئالدىدا. يۈزى گۈل، سۆزى شېكەر، شوخ ستەمكار ئالدىدا.// ستەمكار يار.

**ستەمكەش** ئى [پ] جەبىر - زۇلۇم سالغۇچى، ئازابلىغۇچى، زالىم.

**سترول** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_6H_5CH = CH_2$. ئۇ رەڭسىز ھەم پۇراقلىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، سىنتېتىك كاۋچۇك ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ستوپلازما** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> ھۈجەيرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. ئۇ بىر خىل رەڭسىز، سۈزۈك ماددىدىن ئىبارەت.

**ستولوگىيە** ئى [ر<گىرېك] <بىيول> بىيولوگىيەنىڭ ھۈجەيرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەرىكىتى، يېتىلىشى، كۆپىيىشى ۋە ھۈجەيرە تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ رولى ھەم خىمىيەۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**سجاق** ئى. دىيال. سىزىق، جىجىق.

**سىجىل** رەۋ. ئۈزۈلۈكسىز، ئۈزۈلمەي ياكى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشقان ھالدا؛ ئارقىمۇئارقا، داۋاملىق: سىجىل ماڭماق.

**سىجىللىق** ئى ① ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان ھالەت: سىيا-سەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە سىجىللىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ② <فىز> جىسىملارنىڭ سىرتقى تەسىرگە قارىتا قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى، كۈچىنىشى. ③ <فىز> تەسىر كۈچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئاۋاز، نۇر، ئېلېكتىر ھەم ماگنىت قاتار-لىقلارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى. ④ <ئىق> ئىش، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچى-دىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىش دەرىجىسى: ئەمگەك سىجىللىقى.

**سىجىماق** پ. دىيال. جىجىماق.

**سىدىر** ئى. كونا. ۋاڭلىق تۈزۈمدە ئىگىسىز يەرلەرنى ۋاڭ تەرىپىدىن ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى يىغىش، باشقۇ-رۇشقا مەسئۇل بولغان كىشى.

**سىر** I تەق. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ مەلۇم بىر تەسىر تۈپەيلىدىن يىڭنە سانجىغاندەك بىر خىل ئاغرىش ھالىتى.

**سىر** II ئى [ئە] ① باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇلىدىغان، ئۆزىگىلا مەلۇم، ئۆزگىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىش ـ ھەرىكەت، نەرسە؛ مەخپىيەتلىك: دوست بول سىرىنى بىلىپ (ماقال). ② تېخى ئېچىلمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئىنسانىيەت تېخى بىلىپ يېتەل-مىگەن نەرسە، خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ ئاستىدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچلار كۆمۈلۈپ ياتىدۇ.

**سىر** III ئى. مىنېرال بوياق، ئەلىپماي ۋە سىمولا قاتار-لىقلاردىن ئىشلىنىدىغان، نەرسىلەر يۈزىگە سۈركەش ئارقىلىق چىرىشتىن مۇداپىئەلەنگىلى ۋە پارقىراقلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل بوياق.

**سىرىڭ چۈشۈپ كېتەمدۇ؟** «ئۇيراپ، كىچىكلەپ كېتەم-سەن؟» دېگەن مەنىدىكى ئەيىبلەش سۆزى: قاراپ تۇرماي ئالە كەتمەننى، ئازراق ئەمگەك قىلغانغا سىرىڭ چۈشۈپ كېتەمدۇ؟

**سىرات** ئى [ ئە ] <دىن > پۇلسىرات: سىرات كۆۋرۈكى.

**سىراج** I ئى <بىن > ← **سىراج تام**.

**سىراج تام** <بىن> ئۆگزىلەرنى قاشالاش ياكى بىر ـ بىرى-دىن ئايرىش مەقسىتىدە خىشنى يانتۇ قىلىپ قوپۇرۇلىدىغان تار ھەم پاكارراق تام.

**سىراج** II ئى. جىگدە يېلىمى بىلەن ئوت ئۇرۇقىدىن ياسال-غان شىلىم، مۇلغۇي.

**سىر ـ ئەسرار** ھەممە سىرلار، مەخپىيەتلىكلەر: گەرچە بۇ نەرسىلەر ئۇنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

**سىرپا** ئى. يالاڭغىداق كىيىۋالىدىغان بىر خىل كەش: دېۋانىنىڭ ئۈچىسىدا ھەرخىل لاتىلار بىلەن قۇراقلىنىپ تىكىلىپ ئۇزۇن يىل كىيىلگەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى يىرتىلغان، ئىنتايىن كىرلىشىپ كەتكەن جەندە، پۇتىدا ئاقىرىپ كەتكەن سىرپا بار ئىدى.

**سىرت** ئى ① ئۆي، ھويلا قاتارلىق مەلۇم قورشاۋدىكى دائىرىنىڭ تاشقىرىسى، تالا، تالا ـ تۈز: ئۆي سىرتى. مەھەللە سىرتى. شەھەر سىرتى. ② ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىن باشقا چەت، ياقا جاي: سىرتقا چىقماق. ③ چەت دۆلەت، چەت ئەل: سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش. ④ مەلۇم گۇرۇپپا ياكى ئۇيۇشما، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن، قارىمىقىدا بولمىغان ئادەم ۋە باشقىلار: پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار. ⑤ ئەتراپتىكى مۇھىت، بوشلۇق (ئادەمگە نىسبەتەن): ئۇننى سىرتقا چىقارماق. ⑥ بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى يۈزى، كۆرۈنۈشى، قىياپىتى: كىتابنىڭ سىرتى. ⑦ <مات> جىسىم گىرۋىكى ياكى بوشلۇقتىكى ئەگرى سىزىقنىڭ بەلگىلىك شەرت بويىچە ھەرىكەتلىنىش ترايېك-تورىيەسى. مەسىلەن، شار سىرتى. سىلىندىر سىرتى قاتار-لىقلارغا ئوخشاش. ⑧ قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇرت-قا قىسمى: سىرت گۆشى. ⑨ چىقىش كېلىشتىكى سۆزلەر بىلەن بىرگە كېلىپ «باشقا»، «تاشقىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈ-رىدۇ: ئۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، تېخىمۇ كەڭ بىر مەنىگە، يەنى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە.

**سىرتاردۇش** ئى <تارىخ> قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر قەبى-لىسىنىڭ نامى.

**سىرتتىن** رەۋ ① تاشقى يۈزىدىن، بىر چېتىدىن، تېشىدىن: سىرتتىن ئۇرۇنغان چەمبەر. سىرتتىن ئۇرۇنغان كۆپ تەرەپلىك. ② تاشقى كۆرۈنۈشىگە قارىغاندا، ئەپتىدىن، زاھىرەن: ئۇ سىرتتىن باتۇردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى توخۇ يۈرەك بىرنېمە ئىدى. ③ غايىبانە: بىز سىرتتىن تونۇشىمىز. ④ غەيرىي رەسمىي ئەزا ياكى ۋەكىل سۈپىتىدە: سىرتتىن قاتناشماق. سىرتتىن ئاڭلىماق. ⑤ ئوقۇش يۇرتىغا قاتناشماي: سىرتتىن ئوقۇش. ⑥ ئۆزى يوق يەردە، ئۆزىگە بىلدۈرمەي، ئارقىسىدىن: مېنى سىرتىمدىن ئەزا قىلىپ قويغانىكەن.

**سىرتقى** سۈپ ① تاشقى، سىرت تەرىپىدىكى؛ سىرت تەرەپكە جايلاشقان، سىرت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ئۇ بۇ شەخسنى پەقەت سىرتقى قىياپىتىدىنلا بىلەتتى. ② كۆچمە. باشقا، بۆلەك (ۋاقىت ھەققىدە): سىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا ئىسكىرىپكا مەشىق قىلىشىڭىز، سەنئەتنى سۆيگەنلىكىڭىز.

**سىرتلاشماق** ① «سىرتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى-جىسى. ② سىرتقى تۈس ئالماق؛ چەتلىمەك: گېگىل تارىخ ھەققىدە توختالغاندا: «تارىخ مۇئەييەن زامان ئىچىدە سىرتلاشقان روھ» دېگەنىدى.

**سىرتلان** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. سىرتقى شەكلى ئىتقا ئوخشايدۇ.

**سىرتلىماق** پ. سويۇلغان پۈتۈن قوينى بەل ئومۇرتقىسى بويلاپ تەڭ ئىككىگە بۆلمەك.

**سىرتماق** ئى ① ئارغامچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۇچ تەرىپىدىن يۇمىلاق ھەم سىيرىلىدىغان قىلىپ چىگىپ تەييارلانغان، مەلۇم بىرنەرسە ھالقا ئىچىگە كىرگەندە، يەنە بىر ئۇچىدىن تارتسا، شۇ نەرسە بوغۇلۇپ قالىدىغان قۇرۇلما. ② كۆچمە. تۇزاق، يامان نىيەت، يامان مەقسەت بىلەن كولانغان ئورا: مەخسۇت بەگ بۇ سىرتماققا چۈشۈرۈۋالدىمۇ، بولدى! ③ كۆچمە. ئاسارەت، ئىسكەنجە، زۇلۇم: مۇستەملىكىچىلىك سىرتمىقى ئۇلارنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى.

**سىرتماقلانماق** «سىرتماقلىق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىرتماقلىق** پ. سىرتمىقى بار، سىرتماق سېلىنغان.

**سىرتماقلىماق** پ. سىرتماققا كىرگۈزۈپ، سىرتماق بىلەن بوغۇپ تۇتماق، سىرتماق سالماق.

**سىرتىق** ئى. ئۇچۇر، خەۋەر، ئىز - دېرەك: ئۇنىڭ تېخىچە سىرتىقى يوق تۇرىدۇ.

**سىرتىقچى** ئى. خەۋەرچى.

**سىرچى** ئى. ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سىرلايدىغان ئادەم.

**سىرچىلىق** ئى. ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سىرلاش ئىشى، سىرلاش كەسپى: تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز بوياقچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولغان سىرچىلىق، بىناكارلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

**سىرداش** ① ئى. ئۆزئارا سىردىشىدىغان، كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى، دەرد - ئەلەم ياكى ئارزۇ - ئۈمىد، ھېس - تۇيغۇلىرىنى دېيىشىدىغان كىشىلەر؛ دوست، ئاغىنە. ② سۈپ. كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىدىغان؛ بىر - بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە سىرلىرىنى بىلىشىدىغان، ناھايىتى يېقىن: ئەتىسى مەلىكە بىرقانچە سىرداش ئادەملىرىنى ئېلىپ چايغا كەپتۇ.

**سىرداشلىق** ئى. يېقىنچىلىق: ئۇ ماڭا سىرداشلىق قىلىپ غېمىنى خېلى يېنىكلەتتى.

**سىرداشماق** پ. ئۆزئارا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلاشماق، مۇڭداشماق: ئۆزئارا سىرداشماق.

**سىرغا** ئى. قۇلاققا سالىدىغان ھالقا.

**سىرغانچۇق** ئى. سىيرىلىپ قولدا توختىمايدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان سىلىق نەرسە؛ تۇتۇق بەرمەيدىغان ئادەم.

**سىرغىتماق** «سىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كىچىك بىر ئەسكى ماي قاچىسىغا كونا مايلارنى سىرغىتىۋېلىپ، بىر تەرەپ چاق ئوقىنى پاكىز تازىلىدى.

**سىرغىشماق** «سىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توغان ئاستىغا بېسىلغان ئوتلار ئارىسىدىن سىرغىشىپ چىقىۋاتقان سۇلار خېلى يەرگىچە بارغانىدى.

**سىرغىلىق** ئى. قۇلاقنىڭ پەست قىسمىدىكى ھالقا تاقىلىدىغان يۇمشاق يېرى.

**سىرغىم** ئى <سۇ> يامغۇر سۈيىنىڭ پارلىنىپ، سىڭىپ ۋە توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىنكى قىسمىنىڭ يەر بېغىرلاپ سىرغىپ ئېقىشى. يەر ئۈستىدىكىسى «يەر سىرغىمى»، يەر ئاستىدىكىسى «يەر ئاستى سىرغىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سىرغىماق** پ ① ئاز - ئازدىن تامچىلاپ ئاقماق، تامچىلىماق،ساقىماق: دېدى دەرەخ: «ۋۇجۇدۇمدىن سىرغىپ چىققان، مۇھەببەتلىك شەربەتلەرنىڭ جەۋھىرىسەن، سەنسىز باھار بېزەلمەيدۇ، ھاياتىمنىڭ باھاسىغا تەڭدىشى يوق شەۋكىتىسەن». * زەيتۇنەمنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن چىققان ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. ② سىيرىلماق: تۇتتى قىزنى نەچچە، تۇتتىيۇ ئەمما، قوللىرىدىن ئاجرار ئىدى سىرغىپ بېلىقتەك.

**سىرقىراتماق** «سىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېنىڭ ھەربىر قېتىم ماڭا بىچارىلەرچە غەمكىن مۆلدۈرلەپ قارىشىڭ، يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ، گويا ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك سىرقىرىتىپ ئۆتىدۇ.

**سىرقىراشماق** «سىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شاھنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سىرقىرىشىپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، نەپەسلىرى قىيىنلىشىپتۇ.

**سىرقىرىماق** پ «سىر - سىر» قىلماق، «سىر - سىر» قىلىپ ئاغرىماق: ئۇنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرايدۇ (ماقال).

**سىركا** ئى. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئوچىقى.

**سىركايە** ئى. پىيالە: يېيىلىپ بولدى مايلىق پولۇمۇ، سىركايە ئىچىدىن پۇرقىرايتتى ھور، جوزىنىڭ ئۈستىدە يانماقتا لامپا، بېرىلدى شاڭيۇنىڭ قولىغىمۇ سۇ.

**سىركە** I ئى. پىتنىڭ تۇخۇمى.

**سىركە** II ئى [پ] كۆك ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان، پۇرىقى كۈچلۈك بىر خىل سۇيۇقلۇق.

**سىركە** III ئى. دىيال. ئاچچىقسۇ.

**سىركون** ئى [ر<لات] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. رەڭگى قوڭۇر سېرىق، قوڭۇر ياكى رەڭسىز. ئالماس پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 7 — 8، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4 — 7.

**سىركونىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Zr(Zirkonium). سىركونىي ۋە تورىينىڭ ماگنىيدىكى قېتىشمىلىرى يېنىك، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىداملىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇش ئەسۋابلىرىنىڭ سىرتقى قاپلىرىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سىركۆل** ئى [ر<لات] چەمبەر، چېرتيوژ، ئىسخېما قاتارلىقلارنى سىزىش ياكى ئۇلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى پۇتلۇق بىر خىل ئەسۋاب، پەركا.

**سىركپىياز** سۈپ [ سىركە + پىياز ] تايىنى يوق، ئۇششاق سۆز، ئەڭ ئۇششاق ئەرزىمەس نەرسىلەرنىمۇ ھېسابلاپ، سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالىدىغان: سىركپىياز ئادەم.

**سىركىچى** I ئى. كۆك ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدىن سىركە ياسايدىغان ۋە شۇنى ساتىدىغان كىشى: ئۇ بېرىپ سىركىچىدىن سىركە ئەكېلىپتۇ. // — تۆت كوچىدىكى سىركىچى ئايالدىن ئالدىم، — دەپتۇ باللارنىڭ بىرى.

**سىركىچى** II ئى. دىيال. ئاچچىقسۇ ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم.

**سىركىچىلىك** ئى. سىركە ياساش ئىشى، كەسپى: ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاشۇ سىركىچىلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنا كىرىمى بىلەن قامدايدىكەن.

**سىرلاتماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پۇلىمىز بولسا بىزمۇ ئىشىك - دېرىزىلەرنى سىرلىتىۋالساق تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

**سىرلاشماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆي جاھازلىرىنى سىرلىشىپتۇ.

**سىرلاقلىق** سۈپ. مەلۇم رەڭدىكى سىر بىلەن سىرلاپ قويۇلغان، سىرلانغان: يامۇلنىڭ ياغاچلىرى قىزىل سىردا سىرلاقلىق. مېنى باققان بەش يايى ئۇرۇمچىدە سولاقلىق.

**سىرلانماق** «سىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەختەمبايىنىڭ دەرۋازىسى يېشىل سىر بىلەن سىرلانغانىدى.

**سىرلىق** I سۈپ ① قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغان، مەلۇم سىرى بار، مۆجىزىلىك: سىرلىق قارىماق. ② باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغان ياكى باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان؛ مەخپىي، يوشۇرۇن: سىرلىق سۆھبەت. ③ سىرىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان؛ ناھايىتى ھەيۋەتلىك: سىرلىق ئادەم.

**سىرلىق** II سۈپ. سىرلانغان، يۈزىگە تەكشى سىر سۈرتۈلگەن، سىر بىلەن بويالغان: سىرلىسالاڭ سىرلىق ئاياق، سىرلىمىسالاڭ ئىتقا يالاق (ماقال).

**سىرلىقلاشتۇرماق** «سىرلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىر ئۇسسۇلى كىيىنچە خانلىق سەلتەنەتنى سىرلىقلاشتۇرۇش قىياپىتىنى ئالغان.

**سىرلىقلاشتۇرۇلماق** «سىرلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىرلىقلاشماق** پ. سىرلىق تۈس ئالماق، كىشىلەر سىرى ياكى مەخپىيىتىنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلمەك: — «پەرىزات خېنىم» مازىرى بارغانچە سىرلىقلاشتى، — دېدى ئېلىقۇل.

**سىرلىقلىق** ئى. سىرلىق ئىش - ھەرىكەت، نەرسە قاتارلىقلار: دۇنيادا ئەمدى سىرلىقلىق مەۋجۇت ئەمەس، مۇقەددەسلىكنى ھېس قىلدۇرىدىغان سىرلىقلىق بولمىغانىكەن، دۇنيادا ئەمدى گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ھېچ نەرسە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ.

**سىرلىماق** پ. سىر بەرمەك، سىر بىلەن بويىماق: ئىشىك سىرلىماق. دېرىزە سىرلىماق.

**سىر - ھېكمەت** سىر ۋە ھېكمەت: شەھەرگە يېقىن يولماي، سەھرادىكى دېھقانلىڭ غېرىبانە كەپىسىگە ئۆۋۋا سالىدىغان قارلىغاچتىن سىز نۇرغۇن سىر - ھېكمەتلەرنى، ئالەم ۋە ئادەم ماسلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئېقىمىنى بايقىيالايسىز.

**سىز** ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ سىپايە تۈرى، يەنى «سەن»نىڭ سىپايىلىك بىلەن ئېيتىلىشى.

**سىزدۇرماق** پ «سىزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ رەسىمنى چەت ئەلدىن كەلگەن رەسسام دوستۇمغا سىزدۇردۇم.

**سىزدۇرۇشماق** «سىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن رەسسام بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، رەسىمنى قايتا سىزدۇرۇشتى.

**سىزدۇرۇلماق** «سىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېلان رەسىملىرى كۆڭۈلدىكىدەك سىزدۇرۇلدى.

**سىزغۇ** ئى. كىيىم پىچقاندا، رەخت ئۈستىگە سىزىق سىزىش ياكى ئىز چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

**سىزغۇچ** ئى. ئەينەك، تۆمۈر، ياغاچ ياكى شۇ قاتارلىق نەرسىلەردىن تۈپتۈز ھەم بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا ياسالغان، سىزىق سىزغاندا پايدىلىنىدىغان بۇيۇم.

**سىزلام** ئى. تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ بىر خىلى. ئالامەتلىرى: كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ پات - پاتلا سىيگۈسى كېلىدۇ، ئەمما سۈيدۈك بىر - ئىككى تېمىمدىن ئارتۇق كەلمەيدۇ ھەم سىيگەندە تاناسىل ئەزا كۆيۈشۈپ قاتتىق ئاغرىپ، ئادەم بەك قىينىلىدۇ.

**سىزلەشمەك** «سىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى سىزلىشىپ نوقۇشۇشلىرى ئادەمنىڭ بىر ئاز غىدىقىنى كەلتۈرەتتى.

**سىزلىمەك** پ. قارشى تەرەپنى «سىز» دەپ سۆزلىمەك: غوپۇر ئاخۇن دۇيجاڭنى ھۆرمەت قىلىپ دائىم سىزلەيتتى.

**سىزما** I ① سۈپ. سىزىلغان، سىزىپ چىقىرىلغان: سىزما سۈرەت. ② ئى. قول بىلەن سىزىپ ئىشلەنگەن رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر: قەغەز يۈزىدىكى سىزمىلار ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، ھەر ھالدا كىشىگە بەلگىلىك زوق بېرەتتى.

**سىزما** II ئى. توغان، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سۇ ئاز - ئازدىن سىزىپ چىقىپ تۇرىدىغان يېرىقى.

**سىزماق** I پ ① سىزىق تارتماق، سىزىق چىقارماق، سىزىق پەيدا قىلماق: ئەنۋەر ئۆزى ئاستىغا سىزىپ قويغان قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. ② سىزىقلار ۋاستىسى بىلەن قەغەز، تاختايغا ئوخشاش نەرسىلەرگە شەكىل چۈشۈرمەك، تەسۋىرلىمەك: ئۇ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بېرىپ، قول ھارۋىلىرىنى لايىھەلەپ، ئۇنىڭ چېرتيوژىنى سىزدى. ③ كۆچمە. كۆرسەتمەك، كۆرسىتىپ بەرمەك (يول، جەريان، چارە، تەدبىر قاتارلىقلار ھەققىدە): باشقىلار سىزغان يولدا ماڭماق.

**سىزماق** II پ ① ئاستا، ئاز - ئازدىن قىسىلىپ، سىرغىپ چىقماق، سىرغىماق: توغان ئاستىدىن سىزىپ چىقىۋاتقان سۇغا ئۇچ كۇنگىچە كىشىلەر دىققەت قىلمىدى. ② كۆچمە. جۇدىمەك، ئورۇقلىماق؛ ھالسىراپ كۈچىدىن كەتمەك: دەردمەن ئانا ھىجران قايغۇسىدا پۇچىلىنىپ، كۈندىن - كۈنگە سىزىپ قورۇپ، تۈيۈقسىز قازا تاپتى.

**سىزمىچىلىق** ئى. سۈرەت، لايىھە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سىزىش ئىشى، كەسپى ياكى سەنئىتى.

**سىزمىخانا** ئى <بىن> چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆي.

**سىزىشماق** «سىزماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەل ئىچىدىكى كاتتا رەسساملارنىڭ ھەممىسى ئىككى پارچىدىن رەسىم سىزىشىپتۇ.

**سىزىق** ئى ① يازىدىغان، سىزىدىغان ياكى يۇقىدىغان نەرسىلەر قالدۇرغان ئىنچىكە ئىز: ئۇزۇن سىزىق. قىسقا سىزىق. ② شۇ خىل شەكىلدىكى يول، ئىز؛ قورۇق: رەختنىڭ سىزىقلىرى. قول ئالىقىنىنىڭ سىزىقلىرى. ③ <مات> بىر نۇقتىنىڭ خالىغانچە سىلجىشىدىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيەلىك شەكىل: تۈز سىزىق. ئەگرى سىزىق. گورىزونتال سىزىق. سۇنۇق سىزىق. ④ ئىككى نۇقتىنى تۇتاشتۇرىدىغان ياكى ئومۇمەن مەلۇم نۇقتىلار ئارقىلىق ئۆتكەن قىياسەن لىنىيە: ئېكۋاتور سىزىقى. ئۈپۈق سىزىقى. ⑤ مەلۇم ئىش ياكى نەرسىنىڭ چېگراسى، دائىرىسىنى ئايرىپ كۆرسەتكۈچى چەك؛ بەلگىلىمە: چېگرا سىزىقى. نومۇر سىزىقى. ⑥ كۆچمە. يول؛ پىلان؛ كۆرسەتمە، تاپشۇرۇق: سىزىقتىن چىقماسلىق. ⑦ <تىل> تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى، يەنى رولى ئاساسەن تىرناققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىزاھ بەلگىسى. كۆپىنچە ئىزاھ، بايان، چەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە «—» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىپ، سىزىقچىدىن ئۇزۇنراق تارتىلىدۇ.

**سىزىقچە** ئى ① قىسقا سىزىق. ② <تىل> تىنىش بەلگىلە-

ـرىدىن بىرى، يەنى يېرىم قوشۇپ يېزىش بەلگىسى. ئاساسەن جۈپ سۆز، قارمۇ قارشى سۆز، تەڭداش سۆزلەر ئارىسىغا، ۋە رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن دەرىجە سانلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ. ئادەتتە «ـ» بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ، سىزىقتىن قىسقىراق تارتىلىدۇ.

**سىزىقسىز** سۈپ. سىزىقى يوق، سىزىق سىزىلمىغان، سىزىق تارتىلمىغان: سىزىقسىز قەغەز. سىزىقسىز كارتوچكا.

**سىزىقلىق** سۈپ ① سىزىقى بار، سىزىق سىزىلغان، سىزىق چىقىرىلغان؛ سىزىپ قويۇلغان: بەش سىزىقلىق نوتا. يانتۇسىزىقلىق دەپتەر. * مۇئەللىم ئۆز ئەكسىنىڭ دوسكىغا سىزىقلىق تۇرغانلىقىنى خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كۆردى. ② <فىز> مەلۇم سىزىق بويلاپ سادىر بولىدىغان: سىزىقلىق كېڭىيىش.

**سىزىلماق** «سىزماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەسىم چوڭ ھەم ئاجايىپ رەڭدار قىلىپ سىزىلغانىدى.

**سىزىندى** سۈپ. ئاستا، ئاز ـ ئازدىن قىسىلىپ، سىزىپ چىققان، سىرغىغان: ئۇلار تۈز كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر زامانلاردا تولۇپ ئاققان، ئەمدىلىكتە سىزىندى سۇلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئاچچىق ئېقىنىغا يېتىپ كېلىشتى.

**سىستېما** ئى [ر<گىرېك] ① تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك باغلىنىپ، پىلانلىق رەۋىشتە جايلىشىشىغا ئاساسلانغان تەرتىپ: ماددا سىستېمىسى. تىل سىستېمىسى. ② ئوخشاش تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن پۈتۈنلۈك. ③ <بىيول> كىلاسسىفىكاتسىيە. ④ <پەلس> بىرەر تەلىماتقا ئاساس بولىدىغان قائىدىلەر، كۆز قاراشلار ۋە پىرىنسىپلار يىغىندىسى. ⑤ بىرەر ئىشنىڭ مېتودلىرى ۋە تەرتىپ ـ ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسى: داۋالاش سىستېمىسى. ⑥ ئومۇمىي بەلگىلىرىگە قاراپ بىرلەشتۈرۈلگەن ئېلېمېنتلار، بىرلىكلەر گۇرۇپپىسى: ئۆلچەم بىرلىكلىرى سىستېمىسى. ⑦ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسىملاردىن، ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان پۈتۈنلۈك: قۇياش سىستېمىسى. ⑧ ۋەزىپىلىرىگە قاراپ ياكى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقان مۇئەسسەسەلەر يىغىندىسى: خەلق مائارىپى سىستېمىسى. ⑨ بىر مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۇسكۇنە، ماشىنا، مېخانىزم ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان يىرىك تېخنىكىلىق قۇرۇلما: ئىسسىتىش سىستېمىسى. ⑩ بىرەر ئىشنى تەشكىل قىلىش ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش فورمىسى: سايلام سىستېمىسى. ⑪ ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش فورمىسى: سوتسىيالىستىك سىستېما. ⑫ <گېئول> يەر قاتلاملىرىنىڭ سىرىيەدىن بىر دەرىجە يۇقىرى، گۇرۇپپىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئاساسىي دەۋر قاتلام بىرلىكى. ⑬ <گېئول>بىر قاتار ئېلېمېنتلارنىڭ مۇقىم بىرلەشكەن گەۋدىسى.

**سىستېمىسىز** سۈپ. سىستېمىسى يوق، سىستېمىغا چۈشمىگەن، رەتسىز، قالايمىقان: بىمەنە، سىستېمىسىز گەپلەرنى سۆزلەۋەرمەڭ ئەپەندىم، ھازىر سىزنىڭ ئۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا ۋاقىت يوق.

**سىستېمىسىزلىق** ئى. سىستېمىسى بولمىغان، سىستېمىغا چۈشمىگەن ھالەت؛ رەتسىزلىك، قالايمىقانچىلىق.

**سىستېمىلاشتۇرماق** «سىستېمىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

**سىستېمىلاشتۇرۇلماق** «سىستېمىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىستېمىلاشماق** پ. بەلگىلىك تەرتىپ، قائىدىگە چۈشمەك، سىستېما ھالىتىگە كەلمەك (پىكىر ـ قاراش ياكى مەلۇم ئىش پائالىيەت ھەققىدە) : پەلسەپە ئەۋلادمۇئەۋلاد پەيلاسوپلارنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتۈشكە ئەگىشىپ تېخىمۇ سىستېمىلىشىپ، كېڭىيىپ بارىدۇ.

**سىستېمىلىق** سۈپ. مۇئەييەن سىستېمىغا ئاساسلانغان، تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك: بىز ئۇيغۇرلار ناخشا ـ مۇزىكىغا باي، لېكىن بىزدە تېخى مۇزىكا ئىلمىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەنلەر ناھايىتىمۇ ئاز.

**سىغارلىق** سۈپ. سىغىدىغان، مۇۋاپىق؛ جايىدا: تەنقىد سەممىي، يوللۇق، ئەقىلگە سىغارلىق بولسۇن.

**سىغداشماق** «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋاڭغا خام خىيالدا بولغانلار ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ، بىر ـ بىرىنى سىغدىشىپ سېپىلغا يېقىنلاشتى.

**سىغدالماق** ① «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چەتكە سىغدالماق. ② «سىغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلەق ئارىغا كىرىپ ناھايىتى تەستە سىغدىلىپ ئولتۇردى.

**سىغدۇرماق** «سىغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەردنى ئىچىگە سىغدۇرماق.

**سىغدۇرۇشچان** سۈپ. سىغدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، سىغدۇرىدىغان: دېھقان مىللەتكە خاس ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، جاھىل، سىغدۇرۇشچان روھىي تىندۇرما، مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۇرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

**سىغدۇرۇشماق** «سىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ناۋادا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساق، ئۇلار بىزنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇ يەردە سىغدۇرۇشارمۇ؟

**سىغدۇرۇلماق** «سىغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆت كارىۋاتلىق بۇ ئۆيگە مېڭىبىر جاپادا يەنە بىر كارىۋات سىغدۇرۇلۇپ، يېڭى كەلگەن «مېھمان» ئۈچۈن ئورۇن راسلاندى.

**سىغدىماق** پ. ئىتتىرىپ تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماق، زىچلاشتۇرماق، قىستىماق: بۇ ساندۇققا سىغدىساڭ خېلى كۆپ كىيىم پاتىدۇ.

**سىغماق** پ ① مەلۇم بىر دائىرە ئىچىگە ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، پاتماق: بەش قول ئېغىزغا سىغماس (ماقال). * ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس (ماقال). ② مۇۋاپىق، ئۇيغۇن، ماس، لايىق كەلمەك: سۆز قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە (ماقال). ③ ياراشماق، ماس كەلمەك (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): كۆل رەڭ كىيىملەر ساڭا تازا سىغمايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى سەن قارا رەڭلىك رەختتىن كىيسەڭ بولغۇدەك. ④ مەلۇم كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئورۇن ئالماق: ئۇ ئاشۇ مىجەزى بىلەن ھەرقانداق يەرگە بارسا سىغىپ كېتەلەيتتى.

**سىغىشتۇرماق** «سىغىشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىغىشلىق** سۈپ. سىغىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان؛ يارىشـ
ـدىغان، يارىشىملىق: سىغىشلىق گەپ.
**سىغىشماق** ① «سىغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
كەڭ ئېتىزلار ئوخشاپ قالدى دېگىزغا، دېھقانلارنىڭ داستىخىنى كەڭ
بوگۇن. يىگىت ـ قىزلار سىغىشمايدۇ ئېتىزغا، ئەر ـ ئاياللار ئىش ـ
ئەمگەكتە تەڭ بوگۇن. ② چىقىشماق، كېلىشمەك، ئوبدان مۇنا ـ
سىۋەتتە ئۆتمەك: ئۇلار بىلەن سىغىشىپ ئۆتتۇق.
**سىغىم** ئى. مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنى سىغدۇرۇپ كېتە ـ
لەيدىغان قابىلىيەت، ئىچكى ھەجىم.
**سىغىمچان** سۈپ. مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنى سىغدۇرالاي ـ
دىغان، بەلگىلىك سىغىمى بار.
**سىغىمچانلىق** ئى. نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرۇش
ئىقتىدارى، قابىلىيىتى، سىغدۇرۇش دەرىجىسى: ياپلاقلارنىڭ
سىغىمچانلىقىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش لازىم.
**سىفلىس** ئى [ر<لات] <تېب> تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىـ
ـرىدىن بىرى. سىفلىس بۇرمىسىمان تەنچىسى تەرىپىدىن
قوزغىتىلىدۇ. كۆپىنچە جىنسىي ئالاقىدىن يۇقىدۇ.
**سىقتۇرماق** «سىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ
كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، يارىسىنى دوختۇرغا
سىقتۇردى.
**سىقتۇرۇشماق** « سىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.
**سىقتۇرۇلماق** «سىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.
**سىقماق** I پ ① ئوراپ، چاڭگاللاپ تۇتماق؛ قاماپ مۇجۇ ـ
ماق، قىسماق: ئاسىم ئەكبەرنىڭ مۇشتلىرىنى تۇتتى ۋە قاتما ئالىقاز ـ
لىرى بىلەن چىڭ سىقتى. ② مۇجۇپ، تولغاپ تەركىبىدىكى
سۈيىنى چىقارماق: ھۆل كىيىمنى سىقماق. ③ كۆچمە. ئورۇنسىز
تەلەپ، شەرت ياكى بوھتان قاتارلىقلار بىلەن كىشىگە زۇلۇم
كەلتۇرۇپ قىينىماق، ئازابلىماق: چېرىكلەر سارايۋەننىڭ ئۆيىنى
قورشىۋېلىپ، «ئۇچقۇن پاقىنى تېپىپ بەر» دەپ سىقتى. ④ بوغۇلـ
ـماق، قىيىنلاشماق: بىردەمدىن بىردەمگە قىستىغان يۆتەل، دەم
سىقىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە ئاللىقانداق يامان ئىشلارنى سالاتتى.
**سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان** ناھايىتى بېخىل، پىخسىق: ئوڭ
تەرەپ ئائىلىدىكى موماي بولسا، بېخىل، سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان،
كۆرەلمەس، ئىچى يامان، مەككار، كىشىگە شەپقەتسىز باي موماي ئىكەن.
**سىقماق** II ئى. بىر خىل يېمەكلىك. قوناق ئۇنىدا يۇمشاق
خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، تەمى تەڭشەلگەن شورپىغا بارماق ئارىلىقـ
ـلىرىدىن سىقىپ چىقىرىپ، قايىنىتىش ئارقىلىق پىشۇرۇ ـ
لىدۇ: يومدان دەمدۇ، زاڭ دەمدۇ، سىقماق دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسى
قوناق ئۇنى بىلەن بولىدىكەن.
**سىقماق** III سۈپ. سىقىپ چىقىرىلىدىغان: سىقماق ماي.
سىقماق دورا.
**سىقىشماق** «سىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:
جىملىق باستى ئارىنى بىردەم، بىر ـ بىرىگە بېقىشتى كۆزلەر. بىر ـ
بىرىنى سىقىشتى قوللار، دىلدا قالدى كۆپلىگەن سۆزلەر.
**سىقىق** ① ئى. سىقىلىش، ئىچى پۇشۇش، قورۇنۇش: بۇ
سۆزنى رابىيە قىزمۇ ئىشىتتى، غەلىتە بىر سىقىق كۆڭلىگە چۈشتى.
② ئى. باش ئاغرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پېشانىنى
چىمدىپ سىقىشتىن ھاسىل بولغان ئىز: كىم بىلسۇن، ئەينەككە
قارىسام پېشانىلىرىمدە ساپلا سىقىق، شۇنىڭ بىلەن سىرتقىمۇ چىقالماي
ئولتۇرغاندىم. ③ سۈپ. سىقىلغان: ئۇ چېكىسى سىقىقراق كەلگەن
بوۋايمۇ؟
**سىقىلماق** ① «سىقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن
كىرسەم جەمىلە سىقىلغان كىر - قاتلارنى يېيىۋاتقانىكەن. ② بىرەر
نەرسىدىن ئەيمىنىش، تارتىنىش ياكى بىئەپلىك ھېس قىلىش
تۈپەيلى روھىي جەھەتتىن قورۇنماق، ئازابلىنىش ھېس
قىلماق: يۈرىكى سىقىلاتتى، ئەمما قاتتىقراق نەپەس ئالالمايتتى.
كۆڭلى كۆيەتتى، ئەمما ئىسسىنى تاشقىرىغا چىقىرالمايتتى.
**سىقىم** ① ئى. قولنىڭ بارماق ۋە ئالىقانلىرىنىڭ بىرەر
نەرسىنى چاڭگاللاپ، سىققان ۋاقىتتىكى ھالىتى: باي ـ شاڭيو
دەمدۇ، شەنگەن ـ يايى دەمدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئاچسا ئالىقىنىدىكى، يۇمسا
سىقىمىدىكى كىشىلەر بولۇپ قالدۇق. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن
بىرىكىپ كېلىپ، سىقىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى
بىلدۈرىدۇ: بىر سىقىم بۇغداي، بىر سىقىم توپا. * مېكىيانىنىڭ خىيالى بىر
سىقىم تېرىق (ماقال). ③ ئى. كۆچمە. ئورۇنسىز تەلەپ، شەرت قاتار ـ
لىقلار بىلەن سېلىنغان زۇلۇم، ئازاب: ئۇيغۇر خەلقى ئازاب ـ ئوقۇبەت
ۋە جەبىر ـ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە سىقىملارغا مۇپتىلا قىلىندى.
**سىقىملاتماق** «سىقىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**سىقىملاشماق** «سىقىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ
جىسى: ئۇلار بەس ـ بەس بىلەن ئالتۇنلارنى سىقىملىشىپ يانچۇقلىرىغا
سېلىشقا باشلاپتۇ.
**سىقىملاقلىق** سۈپ. سىقىملانغان، سىقىملاپ سىقىم بىلەن
تۇتۇلغان: كىچىككىنە ئاخۇن بولسا ئالىقىنىدا چىڭ سىقىملاقلىق پۇلغا
بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يولىغا كېتىۋەردى. // كەچ سائەت ئون بولاي
دېدى، ئانىسىدىن كەلگەن خەت ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا سىقىملاقلىق تۇراتتى.
**سىقىملانماق** «سىقىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد ـ
جىسى: ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئون تىيىن پۇل تېخىچە سىقىملانغان
پېتى تۇراتتى.
**سىقىملىماق** پ. سىقىم ئارىسىغا ئالماق، سىقىم بىلەن
تۇتماق: گۆللەيلى يەنە سىقىملاپ تەڭگە ئېلىپ چاچقۇ چاچتى.
**سىقىندى** ئى. سىقىلىش: شۇ سىقىندى ئىچىدە، ئىككىمىز بىرگە
ئىدۇق.
**سكاندىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت.
بەلگىسى Sc(Scandium). ئاق ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئالاھىدە ئەينەك ۋە
يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق قېتىشمىلارنى ياساشتا ئىشلىـ
ـتىلىدۇ.
**سكاننېر** ئى [ ئىنگ ] ئوپتىكا، مېخانىكا ۋە ئېلېكترنى
بىر گەۋدە قىلغان بىر خىل يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلا ـ
تى، شۇنىڭدەك ھەرخىل شەكىلدىكى سۈرەتلەرنى كومپيۇتېرغا
كىرگۈزىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.
**سكلون** ئى [ ر <گىرېك] <مېتېئور> ھاۋا قايىنىمى.
**سىكىنمەك** پ. دىيال. بەدەنگە ئۇششاق قىزىل ئۆرلەپ كەتمەك.
**سىگان** ئى <ئىرق> 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ سىرتقا كۆچۈپ
غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەـ
ـلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شىمالىي ھىندىستان ئاھا ـ
لىسى. ئۇلار ئاساسەن پال سېلىشقا ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا تايىد ـ

نىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

**سىگاھ** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئون بىرىنچىسىنىڭ نامى. ئۇ 6 نەغمە، 72 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سىگاھ مۇقامى.

**سىگنال** ئى [ر<نېم] ① بىرەر مەلۇمات، بۇيرۇق، خەۋەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاۋاز، شەپە، نۇر، شەرتلىك بەلگە ۋە ئىشارە قاتارلىقلار: ماشىنا سىگنالى. جەڭ سىگنالى. سىگنال چىرىغى. ② ئېلېكتىر زەنجىرىدىكى باشقا بۆلەكلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توك، توك بېسىمى ياكى رادىيو تارقاتقۇچى ئاپپارات تارقاتقان ئېلېكتىر دولقۇنى: رادىيو سىگنالى. ③ كۆچمە. چاقىرىق، ئۈندەش؛ ئاگاھلاندۇرۇش: ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتى سىزگە نىسبەتەن بىر سىگنال.

**سىگنالچى** ئى ① <ھەرب> كانايچى. ② ھەر خىل ئەسۋابلار ياردىمىدە سىگناللارنى يوللىغۇچى خادىم.

**سىگناللىق** سۈپ. سىگنال بېرىش ئاپپاراتى ئورنىتىلغان، سىگنال ياكى بەلگە بېرەلەيدىغان: سىگناللىق ماشىنا.

**سىگىن** ئى. ئاچچىق، قىرتاق تەم: تۇزنىڭ سىگىنى چىقىپ قاپتۇ.

**سىڭار** ① سۈپ. يان، چەپ؛ بىر تەكشىلىككە تۈز سىزىق بويىچە ئورۇنلاشقان جۈپ نەرسىنىڭ بىرى، تاق: سىڭار كۆزىنى قىسماق. ② رەۋ. يانتۇ، ئالچاڭ، يېنىچە، قىيپاش: ئىشەككە سىڭار مىنمەك.

**سىڭارپاي** سۈپ. تاق، يالغۇز: «مېنىڭ قوش كالام بولسا سىڭارپاي، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشسەم ۋاقتى كەلگەندە ماڭا ئۇي ياردەم قىلىدۇ» دەپمۇ ئويلىغانىدى ئۇ.

**سىڭەرلىك** سۈپ. سىڭىدىغان، ھەزىم بولىدىغان، سىڭىشلىك: بىنەپ ھەم پاسىق ئىشاندىن سەممىمي بىر دېھقان ياخشى. بۇزۇلغان، سېسىغان مايدىن، سىڭەرلىك زاغرا نان ياخشى.

**سىڭدۈرمە** ئى ← **شويلا**.

**سىڭدۈرمەك** «سىڭمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى كۈچلۈك غەزەپنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنىدى.

**سىڭدۈرمىچىلىك** ئى. يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆز ئارىسىغا سىڭدۈرۈش ئىشى، ھەرىكىتى: چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭدۈرمىچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايمىز.

**سىڭدۈرۈشچان** سۈپ. سىڭدۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، سىڭدۈرەلەيدىغان.

**سىڭدۈرۈشچانلىق** ئى. سىڭدۈرىدىغان خۇسۇسىيەت.

**سىڭدۈرۈشمەك** «سىڭدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىڭدۈرۈلمەك** «سىڭدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جانغا مېھرىڭ سىڭدۈرۈلگەن، بولمىغاي ھەرگىز جۇدا، مەن ئۈچۈن راھەت - پاراغەت — سەن ئۈچۈن بولماق پىدا.

**سىڭگەن** «سىڭمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سىڭگەن ناننى يېمەك.

**سىڭگەن ناننى يېمەك** كۆرگەن كۈنىگە، ھال - ئوقىتىگە شۈكۈر - قانائەت قىلماق؛ ئارتۇقچە ھەۋەس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى دەپ ئۆزىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزۇشتىن ساقلانماق: قېرىغان چېغىڭدا ئاجىز جېنىڭنى ئاسراپ، سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولماسمىدى، دەپتۇ پادىشاھ.

**سىڭمەك** پ ① ئاستا - ئاستا سىزىپ ئىچكى قاتلاملىرىغا ئۆتمەك، ئىچكى قىسمىغا كىرىپ كەتمەك: سۇنىڭ مەلۇم مىقداردا يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ② ھەزىم بولماق، ئاشقازانغا كىرىپ ئۆزلەشمەك: ئاشنى سىڭگەندە ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە (ماقال). * سىڭمىگەن پولۇدىن سىڭگەن ئوماچ ياخشى (ماقال). ③ كۆچمە. ئاش بولماق، ئەسقاتماق، قۇتىماق: رازى بولسىلا، مالمۇ سىلىگە سىڭسۇن، پۇلمۇ بىزگە. ④ كۆچمە. سەرپ بولماق: دېرىزىلەردە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ ھەممىسىگە ئايشەمخانىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن. ⑤ ئۆزلەشمەك، ئورناشماق؛ لايىق، مۇۋاپىق دەپ قارالماق، ماس كەلمەك: ئاخىرى ئالىمغا «تۆگە» لەقىمى سىڭىپ قالدى. ⑥ كۆچمە. ئارىلىشىپ، بىردەك بولۇپ كەتمەك، ئاسسىمىلياتسىيە بولماق: ھازىرقى زامان مىللەتلىرى كۆپلىگەن ئالاقىدار قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخىي قوشۇلىسى ياكى سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان.

**سىڭىر** I ئى <ئانات> ← **پەي** II .

**سىڭىر** II ئى. دىيال. بۇرجەك، دوقمۇش.

**سىڭىرتاش** ئى [سىڭىر + تاش] گىپس.

**سىڭىشلىق** سۈپ ① ئاسان ھەزىم بولىدىغان، كىشىگە ئوبدان سىڭىدىغان: سىڭىشلىق تاماق تەييارلىماق. ② مۇۋاپىق، دەل جايىدا قىلىنغان ياكى ئېلىپ بېرىلغان، دەل جايىدا ئىشلەنگەن: سىڭىشلىق گەپ. سىڭىشلىق ئىش. // ئىشنى سىڭىشلىق قىلماق.

**سىڭىشتۈرمەك** «سىڭىشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىڭىشتۈرۈلمەك** «سىڭىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شېئىردا «قار»، «چېچەك»، «تۇرنا»، «چىمەن»، «بۇلبۇل» قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلار بىر - بىرىگە شۇنداق تەبىئىي سىڭىشتۈرۈلگەنكى، ھەرگىزمۇ مەنتىقىسىزلىك ھېس قىلدۇرمايدۇ.

**سىڭىشچان** سۈپ. ئاسان سىڭىدىغان، ئۆزلىشىدىغان؛ ئۆزلىشىشچان.

**سىڭىشچانلىق** ئى. ئاسان سىڭىدىغان، ئۆزلىشىدىغان خاراكتېر، خۇسۇسىيەت: تىجارەت ۋە سودا - سېتىقتا كامىللىقى، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى ۋە سىڭىشچانلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنى خاراكتېرلەيدىغان تۈپ ئالامەتلەردۇر.

**سىڭىشمەك** ① «سىڭمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بالقىپ تۇرغان تولۇنئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سىڭىشىپ گويا بىر ئادەمدەك بولۇپ قېلىشتى. ② سىڭمەك: ئالىم تېزلا ئۇلارغا سىڭىشىپ كەتتىغۇ؟

**سىڭىل** ئى ① ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى. ② ئۆزىدىن كىچىك بولغان قىز ياكى ئاياللارغا قىلىنغان مۇراجىئەتتە قوللىنىلىدۇ: — بۇ سىڭلىمىز بەشكېرەمدىنمۇ؟ — دېدى بوۋاي.

**سىڭىلچاق** ئى. كىچىك سىڭىل؛ بويىغا يەتمىگەن، نارەسىدە قىز (چوڭلارغا نىسبەتەن).

**سىڭىللىق** سۈپ. سىڭلىسى بار، سىڭىلغا ئىگە: داداممۇ خۇشاللىقتىن مۇرەمگە ئۇرۇپ «مانا، سىڭىللىق بولدۇڭلار» دەپ كۈلدى.

**سىل** ئى [ئە] <تېب> ← **تۇبېركۇليوز**.

**سىلاپ - سىيپاپ** ① سىلاپ ۋە سىيپاپ، ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىپ: ئايتىللا تامنى سىلاپ - سىيپاپ تۆر تەرەپكە ماڭدى. ② كۆچمە. ئەپلەپ - سەپلەپ، چىرايلىق گەپ - سۆزلەر بىلەن، سىلىق مۇئامىلە قىلىپ: راست سۆزنى دېمەي، سىلاپ - سىيپاپ، كۆڭلىنى ياساپ ئۆتكۈزۈۋەتسەممۇ بولغانىكەن. ③ كۆچمە. ئەركىلىتىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ: بالا دېگەننى ھەددىدىن ئارتۇق سىلاپ - سىيپاپ ئۆگىتىپ قويساڭ، ئۇ كېيىن ئۆزۈڭگە بالا بولىدۇ!

**سىلاپ - سىيپىلاپ** ← **سىلاپ - سىيپاپ.**

**سىلاتماق** «سىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يامان ئادەم، ئاسانلىقچە ساغرىسىنى سىلاتمايدۇ.

**سىلاشتۇرماق** پ. سىلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلماق، بىرقۇر سىلاپ چىقماق: ئۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئورەكنىڭ ئاغزىغا كەلدى.

**سىلاشماق** «سىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئېتىنى سىلىشىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

**سىلانماق** «سىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلانېتس** ئى [ر] <گېئول> قەۋەت - قەۋەت ھالەتتىكى نېپىز تاختىسىمان مېنېراللاردىن تۈزۈلگەن تاغ جىنسى. ئادەتتە گىدولېتلارغا تەۋە.

**سىلاۋىيان** ئى [ر] <ئىرق> ياۋروپا ۋە ئاسىيادا ياشىغۇچى، تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان خەلقلەر. ئۇلار ئۈچ چوڭ گۇرۇپپىغا، يەنى شەرقىي سىلاۋىيانلار، غەربىي سىلاۋىيانلار ۋە جەنۇبىي سىلاۋىيانلارغا بۆلۈنىدۇ.

**سىلاۋىيانلاشماق** پ. سىلاۋىيانغا ئۆزگەرمەك: سىلاۋىيانلىشىش بۇلغارلار ئارىسىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

**سىلجىتماق** «سىلجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىلىم بۇلىقى قۇرۇپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ، قازىدۇ ۋە بىلىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

**سىلجىتىشماق** «سىلجىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىلجىتىلماق** «سىلجىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلجىشماق** «سىلجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپ سىلجىشىپ كەلدى يېقىن، بولامدىكىن ياپىرەي قانلار ئېقىن؟!

**سىلجىماق** پ. ئاستا - ئاستا سۇرۇلمەك؛ ئاستا - ئاستا قوزغالماق، ئەسلىي ئورنىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ يۆتكەلمەك: رازۋېدكىچىلار كەينىگە سىلجىپ، قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىۋالدى.

**سىلغايتماق** «سىلغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىلغايتىشماق** «سىلغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىلغايتىلماق** «سىلغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىلغايماق** پ. سىلىق ھالەتكە كەلمەك، سىلىقلانماق: ئۇنىڭغا قولىنىڭ بارماقلىرى ئاۋۋالقىغا قارىغاندا سىلغىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

**سىلكتمەك** «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىلكىشتۇرمەك** پ ① سىلكىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، ئۇياق - بۇياققا سىلكىمەك: پاتەم ئۆتنى سىلكىشتۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈردى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ② كۆچمە. قوپال مۇئامىلە قىلماق، سەتلىمەك: مېنى سىلكىشتۈرۈپ ھەيدەۋاتقاندا، سىزمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا ئېرىنىدىڭىز.

**سىلكىشلەشمەك** «سىلكىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇستىخىنىمنى ئالالماي ياتار ئىدىم قۇسۇپ قان، ھەيدەپ كەتتى چېرىكلەر سىلكىشلىشىپ شۇ زامان.

**سىلكىشلىمەك** پ ① سىلكىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، قوپال سىلكىمەك: — پۇلغا تۇرامسەن، جانغىمۇ؟! — غالىب قاۋۇلنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىشلىدى. ② كۆچمە. قوپال، نامۇۋاپىق مۇئامىلىدە بولماق ياكى شۇنداق مۇئامىلە قىلماق، سەتلىمەك: بىر ئېغىز گېپىمنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ، سىلكىشلەيسىنا، تېخى؟! بىلەمسەن، سەندەك چىرايلىقنىچۇ، مەندەك سەت خوتۇن تۇغقان!

**سىلكىشمەك** «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شاخنى شاخلارغا ئۇرۇپ لىڭشىتىپ، ئۇچار بوران قاناتلارنى سىلكىشىپ.

**سىلكىمەك** پ ① كۈچ بىلەن ئۇيان - بۇيان ئىتتىرمەك، مىدىرلاتماق، تەۋرەتمەك، پولاڭلاتماق: مەخسۇت بەگ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ سىلكىدى. ② كۆچمە. سەتلىمەك، قوپال مۇئامىلىدە بولماق، سىلكىشتۇرمەك: بالىنى سىلكىمەك.

**سىلكىندۇرمەك** «سىلكىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىلىپ كەلگەن دولقۇن قېيىقنى قاتتىق سىلكىندۇرۇۋەتتى.

**سىلكىنمەك** ① «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار (ماقال). ② «سىلكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شايى ياغلىقنىڭ ئۇزۇلمەي سىلكىنىشىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم.

**سىليۇدا** ئى <گېئول> ← **چىرىمتال.**

**سىلوس** ئى [ر] ئوت - چۆپلەرنى كۆمۈپ، ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان يەم - خەشەك. ئۇ ھاۋادىن ئايرىلىپ كاربوكسىل كىسلاتالارنى ھاسىل قىلغاچقا، ئۇزۇنغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ كەم بولىدۇ.

**سىلوسخانا** ئى. سىلوس تەييارلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان جاي ياكى شۇنداق چوڭقۇر ئويمان.

**سىلۇر** ئى [ر<لات] <گېئول> ← **سىلۇر دەۋرى.**

**سىلۇر دەۋرى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى. ئۇ تۆۋەنكى، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىقى دېگەن ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. دۆلىتىمىزدە يەر قاتلىمىنىڭ كۆرۈنۈشى مۇشۇ دەۋردە ياخشى بولغانلىقتىن، سىلۇر رايونى دەپ ئاتالغان. ئەڭ دەسلەپكى سىلۇر دەۋرى ھازىرقى ئوردوۋىك دەۋرى ۋە سىلۇر دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىلۇر دەۋرى بۇنىڭدىن 440 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 35 مىليون يىل داۋاملاشقان.

**سىلېسار** ئى [ر] <ماشىن> بولقا، ئېكەك، ئۇشكە، گىرە ھەم تۆشۈك سىپتىلاش پىچىقى قاتارلىق ئەسۋابلار ئارقىلىق ماشىنا ۋە دېتاللارنى ياساش، قۇراشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئىشچى، تېخنىك.

**سىلېسارلىق** ئى. ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى.

**سىلى** I ئال. كىشىلىك ئالماش II شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ سىپايە تۈرى: — قىزىق ئىكەنلا، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىلى

مېنى ئالغىلى ئۈچ ئاي بولدى، مەن سىلىگە تەگكىلىچۇ؟

**سىلىتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى Si(Silicium) . كۈل رەڭ، شەكىلسىز قاتتىق ماددا ياكى كىرىستال بولۇپ، پارقىرايدۇ ۋە كۆپ خىل ئېلېمېنتلار بىلەن بىرىكەلەيدۇ، يەر پوستىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئادەتتىكى قۇم ساپ بولمىغان سىلىتسىي ئوكسىدتىن ئىبارەت. كۆپىنچە سىلىتسىيلىق پولات قاتارلىق قېتىشمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىرى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىملارنىڭ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**سىلىتسىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە سىلىتسىي بولغان، سىلىتسىيغا ئىگە: سىلىتسىيلىق پولات. سىلىتسىيلىق كاۋچۇك.

**سىلىق** ① سۈپ. ھېچقانداق ئەگرى ـ بۈگرىسى، ئوي ـ دۆڭى يوق، تەپ ـ تەكشى: يىلاننىڭ تېشى سىلىق، ئىچى زەھەر (ماقال). * تىراكتور سىلىق يولغا چىققاندىن كېيىن شوپۇر يىگىت رابىخانغا قاراپ كۈلدى ۋە سورىدى: — نەگە بارىدىلا؟ ② سۈپ. يۈزى تېيىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە تەكشى، تېيىلغاق: سىلىق مۇز. ③ سۈپ. كۆچمە. گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى جايىدا، قوپال ئەمەس، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، يېقىشلىق، مۇلايىم: ئەجەبمۇ سىلىق، ئەدەپلىك بالا بوپسەن. ④ رەۋ. كۆچمە. چايقالماي، سىلكىنمەي، تەكشى بىر خىل رىتىمدا: جىپ ماشىنا سېمونت يولدا سىلىق ماڭماقتا. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى چىرايلىق ھەم يارىشىملىق، سىغىشلىق؛ پىششىق ھەم كۆركەم: — مۇشۇنى ئالسىلا، — دېدى ئۇ مەسلىھەت بېرىپ، — خۇرۇمى ياخشى، تىكىلىشى سىلىق ئىكەن. ⑥ رەۋ. راۋان، توسالغۇسىز، ئۇرۇنماي: خورما يۇمشاق ھەم تاتلىق بولغاچقا، گالدىن بەكمۇ سىلىق ئۆتىدىكەن.

**سىلىقدىماق** پ ← **سىلىقلىماق.**

**سىلىق ـ سىپايە** سىلىق ۋە سىپايە: ئۇنداق جىددىي پەيتتە سىلىق ـ سىپايە بولىمەن دېگىلى بولمايدۇ.

**سىلىقلاتماق** «سىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ياغاچنى رەندىلەپ تېخىمۇ سىلىقلىتىپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

**سىلىقلاشتۇرماق** «سىلىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن ئۇنىڭ «بىرىنچى نۆل» دېگەن لەقىمىنى باللار سىلىقلاشتۇرۇپ «بىرىنچى» دەپلا ئاتىشىدىغان بولۇشتى.

**سىلىقلاشتۇرۇلماق** «سىلىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قوپال ھېكايە كېيىنچە سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، خېلى ياخشى بىر رىۋايەتكە ئايلانغانمىش.

**سىلىقلاشماق** پ ① سىلىق بولماق، سىلىق ھالەتكە كەلمەك، سىلىقلانماق: سادىقنىڭ قولىدا نەچچە ئونلىغان بازغان، جوتۇلارنىڭ سېپىنىڭ سىلىقلىشىپ ئۇپراپ تۈگىگەنلىكى راست. ② گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى جايىدا، يېقىشلىق بولماق: بوۋاينىڭ ئاۋازى قەھرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدىن كۆپ سىلىقلىشىپ قالغانىدى.

**سىلىقلانماق** «سىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەتمەن سېپى تولىمۇ سىلىقلىنىپ، قولدا تۇرمىغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

**سىلىقلىق** ئى. سىلىق، سىپتا ھالەت ياكى شۇنداق خۇسۇسىيەت، ئادەت، كەيپىيات: بۇ ئايال نېمىشقا بۇنداق سىلىقلىق قىلىدۇ؟ باشقا بىر گەپ بولمىسۇن يەنە؟!

**سىلىقلىماق** پ. سىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، سىلىق قىلماق: ئايال تېببىي ئالىم دېرىزە سىرتىغا قاراپ، ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر سىلىقلاپ، يېقىملىق بىر قىياپەتتە سۆز باشلىدى.

**سىلىكات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **سىلىكاتلار.**

**سىلىكاتلار** ئى <خىم> سىلىكات كىسلاتاسىنىڭ تۇزلىرى. چىرىمتال، دالا ئىشپاتى، ئامفىبول قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەر پوستىنى تۈزگۈچى ئاساسىي تەركىب ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، ئوتقا چىداملىق، قاتتىقلىقى يۇقىرى كېلىدۇ. ئادەتتە چىداملىق ماتېرىيال، ئەينەك، فارفور، سېمونت قاتارلىقلار ئۈچۈن خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**سىلىڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ① بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيەسى ئىچىدىكى ھەربىي ئىشلارغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچى خادىم. ② سىلىڭيۈەن.

**سىلىڭبۇ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي باشلىقلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان ۋە قىسىمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئورگان.

**سىلىڭلىق** ئى. سىلىڭغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە، ئىش ياكى ئەمەل.

**سىلىڭيۈەن** ئى [خەن] <ھەرب> جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلەرگە ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچى خادىم. مەسىلەن، ھەربىي رايون سىلىڭيۈەنى، بىڭتۈەن سىلىڭيۈەنى دېگەنلەرگە ئوخشاش. بەزىدە قىسقارتىلىپ «سىلىڭ» دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

**سىلىماق** پ ① قولىنىڭ ئالىقىنىنى بوش، يۇمشاق تەگكۈزۈپ ئۇيان ـ بۇيان ھەرىكەتلەندۇرمەك: مەن ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلايتتىم. ② سىيپىلاپ، تېگىپ ئۆتمەك (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): قار ئۇچقۇنلىرى شەۋكەتنىڭ بويۇن ـ يۈزلىرىنى يۇمشاققىنا سىلايتتى. ③ كۆچمە. ياخشىلىق قىلماق، كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلماق، مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك: يامان كىشى سىلىغاننى بىلمەس (ماقال).

**سىلىندىر** ئى [ر<گىرېك] ① <مات> تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ بىر تەرىپىنى ئوق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان گېئومېترىيەلىك شەكىل. ئۇنىڭ ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ. ② شۇنداق شەكىلدىكى دېتال ياكى بۇيۇم، يەنى ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ياكى پار ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە پورشىن بولىدىغان بۆلىكى.

**سىم** I ئى ① ئۇزۇن يىپ ياكى چىۋىق شەكلىدىكى مېتال مەھسۇلات: پولات سىم. توم سىم. // سىم تور. سىم توساق. سىم ئارغامچا. سىم كارىۋات.② <فىز >ئېلېكتىر ياكى تېلېفون لىنىيەسىگە تارتىلىدىغان ئۆتكۈزگۈچ: ئېلېكتىر سىمى. ③ <مۇز> مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ مېتالدىن ئىشلەنگەن تارىسى، مېتال تار: تەمبۇر سىمى.

**سىم تاناب** توك ـ ئېلېكتىر، تېلېفون لىنىيەلىرىگە تارتىلىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم.

**سىم** II تەق. يامغۇرنىڭ تامچىلاپ، سۇس، ئاستا چۈشۈش ھالىتى.

**سىماب** ئى [پ] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Hg(Hydrargyrum). كۈمۈش رەڭلىك سۇيۇقلۇق بولۇپ، زەھەرلىك. ئىچكى يېغىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى پاسسىپ. كۆپ خىل مېتاللارنى ئېرىتىپ، سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتتىكى قېتىشمىلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. ئادەتتە دورا، تېرمومېتىر ۋە قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**سىمابلىق** سۈپ. تەركىبىدە سىماب بولغان، سىماب قوشۇلغان؛ سىماب قاچىلانغان: سىمابلىق تېرمومېتىر.

**سىمباياۋان** [سىم + باياۋان] <مۇز> دولان مۇقاملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**سىمپاتىك** سۈپ [ر] قوشنا ياكى سىممېترىك جايدىكى تەسىرلەرنى سېزىدىغان؛ يانمۇيان تۇرغان، جايلاشقان؛ بىر - بىرىگە يېقىن چېگراداش: سىمپاتىك نېرۋا.

**سىمتاش** ئى [ سىم + تاش ] <گېئول> سىناق تېشى: كۆپ يىللاردىن بۇيان ئالتۇن، كۈمۈش سودىگەرلىرى ئالتۇننى سىمتاشقا سۈركەش ئارقىلىق ئالتۇننىڭساپلىقىنى ئۆلچەپ كەلگەن.

**سىمتىراش** ئى. تاقىلايدىغان ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئورغاق شەكىللىك تىغلىق ئەسۋاب.

**سىمسىز** سۈپ. سىمى يوق، سىم ئورنىتىلمىغان، سىم تارتىلمىغان: سىمسىز تېلېفون.

**سىم - سىم** يامغۇرنىڭ تامچىلاپ، سۇس، ئاستا چۈشۈش ھالىتى: سىم - سىم يامغۇر.

**سىمفونىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <مۇز> ئوركېستىر ئورۇنلايدىغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ئادەتتە ئۇ تۆت مۇزىكا بابىدىن تەركىب تاپىدۇ، كۆپ خىل ۋە ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولغان ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ: بېتخوۋېننىڭ بىرىنچى سىمفونىيەسى. ② كۆچمە. تۈرلۈك - تۈمەن تاۋۇش، رەڭ، ئاھاڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرىكىپ كەتكەن قوشۇلمىسى: ھايات سىمفونىيەسى. ئەمگەك سىمفونىيەسى.

**سىمفونىيەلىك** سۈپ. مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ ئورۇنلىشىغا مۆلچەرلەنگەن: سىمفونىيەلىك پوئېما.

**سىمكار** ئى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن ئالىدىغان ئىش ھەققى، مانجا: ئىشىغا قاراپ تاۋىقى، ھۈنىرىگە قاراپ سىمكىرى (ماقال).

**سىملىق** سۈپ. سىمى بار، سىم تارتىلغان، سىم ئورنىتىلغان؛ سىمنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىلغان: سىملىق رادىيو. سىملىق ئەينەك.

**سىممېترىك** سۈپ [ر] سىممېترىيە قانۇنىيىتى بويىچە جايلاشقان ياكى ياسالغان؛ سىممېترىيەگە ئىگە بولغان: سىممېترىك ئوق.

**سىممېترىيە** ئى [ر<گىرېك] ① <مات> بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم نۇقتا، سىزىق ياكى تەكشىلىككە نىسبەتەن قارىمۇ - قارشى تەرەپتە جايلاشقان قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق، ماسلىق، ئۇيغۇنلۇق. ② <زوئول> ھايۋانلار تېنىنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرىدىكى ئوخشاش تۈزۈلۈش. بۇ خىل ئوخشاش تۈزۈلۈش ئارىسىدىكى كەسمە يۈز «سىممېترىيە يۈزى» ياكى «تەڭلىك يۈزى» دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىككى ياقلىق سىممېترىيە، رادىياتسىيىلىك سىممېترىيە ۋە شارسىمان رادىياتسىيەلىك سىممېترىيە دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. ③ <گېئول> جىسىمنىڭ ئوخشاش قىسمى ئارىسىدىكى قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىش.

**سىمولا** ئى <خىم> ئىسسىقلىقتا يۇلۇقسا يۇمشايدىغان، ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەرنىڭ ئورتاق نامى. سىمولا سۇلياۋ ئىشلەشتىكى مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەنە سىر، شىلىم ۋە ئىزولياتور ماتېرىياللىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**سىمۋول** ئى [ر<گىرېك] ① <ئەد> ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى. بۇنىڭدا بىرەر ئىش، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلار شەرتلىك ھالدا شۇلار ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئەسلىتىدىغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئۇقۇملار ۋە نەرسىلەرگە بەلگە قىلىنىدۇ ياكى تەققاسلىنىدۇ. مەسىلەن، تاڭ ئېتىشىنى ئازادلىققا، تۈننى زۇلۇمغا، بوراننى ئىنقىلابقا بەلگە قىلغانغا ئوخشاش. ② بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان، ئەسلىتىدىغان باشقا خىل نەرسە، ھادىسە ياكى شەرتلىك بەلگە: كەپتەر — تىنچلىقنىڭ سىمۋولى.

**سىمۋولچىلىق** ئى ① <ئەد> سىمۋولىزم. ② <پەلس> بەلگىچىلىك.

**سىمۋوللاشتۇرماق** «سىمۋوللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىرى قاناتلىق ئات ئوبرازىدىمۇ قۇياش ئېتىقادىنى سىمۋوللاشتۇرغان.

**سىمۋوللاشماق** پ. سىمۋول قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار ئىپادىلەنمەك، ئەسلىتىلمەك: ئۇنىڭدىن بىز يازغۇچىنىڭ ئارزۇ ۋە تارىخىنى، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ تەجرىبىسىنى، بايلىق پەلسەپىسىنىڭ سىمۋوللاشقان گەۋدىلىرىنى كۆرىمىز.

**سىمۋوللۇق** سۈپ. سىمۋوللاشتۇرۇلغان، سىمۋول قىلىنغان: سىمۋوللۇق تۈس. سىمۋوللۇق مەنە.

**سىمۋولىزم** ئى <ئەد> 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەيدانغا چىققان ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىملىرى ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنى نەزەرىيەۋى ئاساس قىلغان بىر ئاساسىي ئېقىم.

**سىمۋولىست** ئى [ ر < گىرېك ] <ئەد> سىمۋولىزمنى ياقلىغۇچى، سىمۋولىزم تەرەپدارى: بىزنىڭ سورۇنىمىز فىرانسىيە سىمۋولىستلىرىنىڭ چۈشكۈن، پىغانلىق سورۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

**سىملداشماق** «سىمىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىملدىماق** پ. سىم - سىم قىلماق: شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر (ماقال).

**سىن** ئى ① قىياپەت، تۇرق، كۆرۈنۈش، شەكىل؛ چىراي: سىنى ئۇزۇن. * ئېشەكچى؟! تۇرقۇڭدىن ئېشەك ھەيدىگەن سىن چىقمايدۇ، قېنى سۆزلە، قانداق ئىشىڭ بار؟ ② نەزەر، كۆزىتىش.

**سىن ئالماق** كۆرۈنۈش، مەنزىرە قاتارلىقلارنى سىنئالغۇ

ئارقىلىق تېلېۋىزىيە ماگنىتلىق لېنتىسىغا چۈشۈرمەك.

**سىن سالماق** ناھايىتى دىققەت بىلەن، تەپسىلىي كۆزەتمەك، نەزەر سالماق: ئۇ بوۋاينىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرھازا سىن سېلىپ قاراپ چىقتى.

**سىن كىرمەك** چىرايلىق، گۈزەل قىياپەتكە كەلمەك، چىرايلىقلاشماق، گۈزەللەشمەك: — ئەمدى ساڭا سەل سىن كىرىپتۇ، يىگىت دېگەن ئاشۇنداق يۈرىدىغان، — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**سىنات** ئى [ لات ] <تارىخ> قەدىمكى رىم قۇللۇق تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاقساقال: ئاقسۆڭەكلەر، قۇلدارلار، كېنەز - سىناتلارنىڭ نەزىرىدە، يۇقىرى تەبىقە تۇركۇمىدىن باشقىلار ئىنسان ئەمەس ئىدى.

**سىناشماق** «سىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇنداق بولسا، بىز بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقامسىلەر؟ — دەپتۇ قىزلار.

**سىناق** ئى ① سىناش ئىشى؛ ھالقىلىق پەيت، قىيىن شارائىت: سىناققا دۇچ كەلمەك. ② بىرەر ئىش، مەھسۇلات، ئۇسۇل قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى، ياراملىقلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كونكرېت ئۆلچەم بويىچە، مەلۇم ئەسۋاب ياكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەجرىبە ياكى شۇ مەقسەتتە قىلىنغان ئىش - ھەرىكەت: سىناق قىلماق. ③ <مائارىپ> ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ياكى مەلۇم تېخنىكا ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان: سىناق ئالماق.

**سىناق تېشى** ① <گېئول> تەركىبىدە كۆمۈر ماددىسى بار كىۋارتىس بىلەن ئوپال قاتارلىقلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل مىنېرال، زىچ، قاتتىق ۋە قارا كېلىدۇ. ئالتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىز چىقىرىش ئارقىلىق ئالتۇننىڭساپلىق دەرىجىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ② كۆچمە. شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ھەم ئىشەنچلىك بولغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ياكى ئاساسى: تەبىئەت دۇنياسى — دىيالېكتىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ سىناق تېشى.

**سىنئالغۇ** ئى [سىن + ئالغۇ] تېلېۋىزىيە سۈرەتلىرى بىلەن ئاۋۇشلۇق سىگناللارنى خاتىرىلەپ، قايتا كۆرسىتەلەيدىغان ئاپپارات.

**سىنالماق** «سىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىنالغان ئادەم. * سىنالمىغان قايماقتىن سىنالغان قېتىق ياخشى (ماقال).

**سىنانتروپ** ئى [ر] <ئارخېئول> بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى ياكى جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى.

**سىنائىت** ئى [ر<لات] <گېئول> دالا شىپاتىنىڭ بىر خىلى، يەنى تەبىئەت دۇنياسىغا ناھايىتى كەڭ تارالغان بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى كالىي ھەم ئاليۇمىن ئارىلاشقان سىلىكات بولۇپ، قاتتىقلىقى يۇقىرى كېلىدۇ. رەڭسىز، ئاق، كۆل رەڭ ياكى ھالرەڭ ھالەتتە ئۇچرايدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۇرۇك كېلىدۇ. كۆپىنچە فارفور سانائىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە كالىي بولغاچقا،

يەنە ئوغۇت ياساشقىمۇ ماتېرىيال بولىدۇ.

**سىنەكىمەك** پ. دىيال. ئېتىبار بىلەن قارىماق، دىققەت - ئېتىبارىنى قويماق، دىققەت بىلەن كۆزەتمەك.

**سىنبىرىك** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل ياكى سۆسۈن ئارىلاش كېلىدۇ. قىلتىرىقلىق مېۋىسى ئۇزۇن ھەم دۈگىلەك بولىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقىنى سېرىق رەڭ ماتېرىيالى قىلغىلى، تالاسىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**سىنت** ئى [لات] يۈزدىن بىرنى تەشكىل قىلىدىغان پارچە پۇل بىرلىكى، پۇڭ، تىيىن: دىۋانە يانچۇقىدىن بىرمۇنچە سىنتلارنى چىقىرىپ، تىرىڭشىتىپ يەرگە تۆكۈپتۇ.

**سىنتاش** ئى [سىن + تاش] <گېئول> ئاق ھەم سۈزۈكلۈكىدىن ئادەم قارىسا، ئادەمنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر خىل تاش، ئاق سۈزۈك تاش.

**سىنتاكسىس** ئى [ر<گىرېك] <تىل> گىراماتىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ ئاساسەن سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**سىنتاكسىسلىق** سۈپ. سىنتاكسىسقا خاس، سىنتاكسىسقا ئائىت: سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيە. سىنتاكسىسلىق بىرىكىش. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش.

**سىنتېتىك** سۈپ [ر] ① ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنىدىغان، ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان: سىنتېتىك ئۇسۇل. ② بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنىدىغان، ئېلىنىدىغان: سىنتېتىك تالا. سىنتېتىك كاۋچۇك. سىنتېتىك سىمولا. سىنتېتىك بوياق. ③ <تىل> سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئاساسەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان: سىنتېتىك تىللار.

**سىنتېز** ئى [ر<گىرېك] ① نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى بىر پۈتۈن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشلىرىدىن تارتىپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى. ② <خىم> ئاددىي خىمىيەلىك بىرىكمىلەر ياكى ئېلېمېنتلاردىن مۇرەككەپ خىمىيەلىك بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىش. ③ ئومۇملاشتۇرۇلغان بىرلىك، بىرىكتۈرۈلگەن پۈتۈنلۈك.

**سىنتېزلانماق** «سىنتېزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىنتېزلىماق** پ. سىنتېز ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرمەك، ئومۇملاشتۇرماق، بىرلەشتۈرمەك، ھاسىل قىلماق.

**سىنجا** ئى. دىيال <بىن> تامنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچ.

**سىنچاي** ئى. مېھمانلارغا، ئاساسەن تائامدىن بۇرۇن بېرىلىدىغان چاي.

**سىنچەك** ئى. دىيال. قالىق، باراڭ.

**سىنچەكلىمەك** پ. دىيال. قالىق ياكى باراڭ ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**سىنچى** ئى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۇرقى، كۆرۈنۈشى، چىراي - شەكلىگە قاراپ شۇ نەرسىگە باھا بەرگۈچى كىشى؛

شۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزگۈچى كىشى: بەزى چاغلاردا ئاياللار بەكمۇ زىل، نازۇك ۋە تولىمۇ سىنچى كېلىدۇ.

**سىنچىلاتماق** «سىنچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىنچىلاشماق** «سىنچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلارغا سىنچىلىشىپ قاراشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە يارىغانلىرىنى تاللاشقا باشلاپتۇ.

**سىنچىلىق** ئى. سىنچىلاردا بولىدىغان ئىقتىدار، سىنچىلارغا خاس خىسلەت ياكى ئەقىل، نەزەر: شائىر سىنچىلىق بىلەن سەپداشلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قارىدى.

**سىنچىلىماق** پ. دىققەت بىلەن زېھىن قويۇپ قارىماق: ئۇلار نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى سىنچىلاپ كۆرۈشۈۋاتاتتى.

**سىنقويغۇ** ئى [ سىن + قويغۇ ] سىن لېنتىلىرىنى قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپپارات: ئارقىدىنلا سىنقويغۇ، سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ تارىلىشى، LD، VCD، CD پىلاستىنكىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىششى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى، غەربچە قائىدە ـ يوسۇنلارغا تولدۇرۇۋەتتى ۋە ياشلارنىڭ ئېڭى، قىممەت قارىشىنى تېز ئۆزگەرتىپ تاشلىدى.

**سىنك** ئى [ر<نېم] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Zn(Zincum). كۆكۈچ ئاق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، چۈرۈك كېلىدۇ. قېتىشما تەييارلاش ياكى تۆمۈر تاختىلارغا ھەل بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**سىنكلىك** سۈپ. تەركىبىدە سىنك بولغان، تەركىبىگە سىنك ئارىلاشقان: سىنكلىك رودا.

**سىنكلىمەك** پ <خىم> نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىگە سىنك سۈرتمەك، ھەل بەرمەك: سىنكلەنگەن تۆمۈر.

**سىنگا** ئى [ر] <تېب> بەدەندە ۋىتامىن C نىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، پۈتۈن بەدەن ئاجىزلىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىش، مۇسكۇل ۋە ئۇگىلەر قاتتىق ئاغرىش، چىش مىلىكى ئىششىپ قاناش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سىنگارمونىزم** ئى [ر<گىرېك] <تىل> تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى.

**سىنوپتىكا** ئى [ر<گىرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. ھاۋا رايىنىڭ شەكىللىنىش ھەم ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھاۋا رايىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

**سىنونىم** ئى [ر<گىرېك] <تىل> ← **مەنداش سۆز.**

**سىنۇس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ يانتۇ تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ سىنۇسى دېيىلىدۇ ۋە «sin» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سىنىپ** ئى [ئە] ① <پەلس> مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا، كىشىلەرنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى نەتىجىسىدە ئايرىلغان بۆلەك، گۇرۇھ: ئىشچىلار سىنىپى. پرولېتارىيات سىنىپى. بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى سىنىپ. ② <مائار> مەكتەپلەردىكى بىر ئوقۇش يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر باسقۇچ ياكى مەلۇم كەسىپ بويىچە تەشكىللەنگەن ھەربىر گۇرۇپپا: بىرىنچى سىنىپ. سىنىپ ئاتلىماق. سىنىپتىن قالماق. ③ <مائار> ئوقۇتۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان، دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۆي: ئازادە سىنىپ. سىنىپ دوسكىسى. ④ <بىيول> بىر تىپتىكى جانلىقلارنىڭ ئوخشاش بەلگىلىرى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قايتىدىن ئايرىلغان توپى. مەسىلەن، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تىپى بېلىقلار، قۇشلار ۋە ئېمىتكۈچىلەر دېگەندەك سىنىپلارغا ئايرىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە تىپتىن تۆۋەن، ئورۇقداشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**سىنىپداش** ئى [ئە + پ] بىر سىنىپتا ئوقۇغان ياكى ئوقۇيدىغان باللار (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن)، ساۋاقداش: ھەر كۈنى سىنىپداشلىرىم بىلەن كوچىلاردا شوئار ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق. // بىز ھەممىمىز سىنىپداش باللار ئەمەسمۇ، بولدى قويۇڭلار، يوق گەپنى تالىشىپ جېدەللەشمەيلى.

**سىنىپداشلىق** ئى. بىر سىنىپتا ئوقۇغانلىق، ئوقۇش جەريانىدا بىرگە بولغانلىق؛ ساۋاقداشلىق.

**سىنىپسىز** سۈپ. سىنىپى يوق، سىنىپ مەۋجۇت بولمىغان، سىنىپ يوقالغان: سىنىپسىز كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىسى ئىدى.

**سىنىپلىق** سۈپ. سىنىپى بار، سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 450 مىڭ يۈەنگە 30 سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى.

**سىنىپىي** سۈپ [ئە] سىنىپقا ئالاقىدار، سىنىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سىنىپقا تەۋە؛ مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ياكى روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان: سىنىپىي مەيدان. سىنىپىي ئاڭ. سىنىپىي جەمئىيەت.

**سىنىپىيلىق** ئى <پەلس> سىنىپلىق جەمئىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ پىكرىدە مۇقەررەر يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سىنىپىي خۇسۇسىيەت.

**سىنىماق** پ ① مەلۇم ۋاستە، ئۇسۇللار ئارقىلىق تەكشۈرمەك، ئېنىقلىماق: مەردنى مەيداندا سىنا (ماقال). * مېھمان ئاز ئولتۇرار، كۆپ سىنار (ماقال). ② كۆرۈپ، بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، كۆرۈپ باقماق؛ تەجرىبە قىلماق: تەلەي سىنىماق. كۈچ سىنىماق. * سۇنايچىلار لېپىرلىرىنى يۇمشىتىپ سىناپ كۆردى. ③ ئەقلىي قابىلىيىتى، بىلىم دەرىجىسى ياكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە سوئال سورىماق؛ ئىمتىھان ئالماق: زېھنىنى سىنىماق. زېھنىنى سىناش مۇسابىقىسى.

**سىۋىچ** ئى [ر] <ماشىن> ← **ئۈچقۇنلاتقۇچ.**

**سىيا** سۈپ [خەن] ← **سىيا چۈشمەك.**

**سىيا چۈشمەك** قىماردا تۆت ئوشۇق تۆت خىل ھالەتتە يەنى بىرى ئالچۇ، بىرى چۇ، بىرى پوككا، بىر چىككا ھالەتتە تۇرماق. تۆت ئوشۇقنى ئاتقان ئادەمدە تۆت ئوشۇق مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرسا ئاتقان ئادەم ئۇتقان، ئۇنىڭغا پۇل تىككەن كىشىلەر ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

**سىياتىكا** ئى [لات] <بوت> ← **سىياتىكا دەرىخى.**

**سىياتىپئا دەرىخى** <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى. ياغاچ غوللۇق كېلىدۇ. غولى ئېگىز ھەم تۈز بولۇپ، تەركىبىدە كىراخمال بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ ھەم پەيسىمان يېرىلىدۇ. غولىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**سىياخور** ئى <زوئول> سەقەنقۇر: قەسىر ئۆگزىسىنىڭ خۇددى لاچىنىنىڭ قاناتلىرىدەك كېرىلىپ تۇرغان ئۇچىما قىرلىرىغا ئەجدىھا، سۇمۇرغ، شىر، سىياخور، دۇلدۇل، تاشپاقا، سۇلەيسۇن، يىلپىز، كالا، بىجىق قاتارلىق ئون خىل دەرىندە ـ چەرىندىلەرنىڭ ئالتۇن ھەيكەللىرى ئۆز رەت تەرتىپى بويىچە ئورنىتىلغانىدى.

**سىيادان** ئى [پ] <بوت> ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مايسىسى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، سوغۇق يەلنى ھەيدەش، خۇننى راۋان قىلىش ۋە قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**سىيادانلىق** سۈپ. ئۈستىگە سىيادان سېپىلگەن، سىيادان ئارىلاشتۇرۇلغان: سىيادانلىق نان.

**سىياسەت** ئى [ئە] ① دۆلەت ھاكىمىيىتى ياكى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش، سىرت بىلەن ئالاقە باغلاش ھەمدە بەلگىلىك تارىخىي شارائىت ئىچىدىكى لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۈزۈپ چىققان ھەرىكەت مىزانى ياكى تۇتقان يولى: ئىچكى سىياسەت. تاشقى سىياسەت. زىيالىيلار سىياسىتى. ② كۆچمە. دوق، قورقۇتۇش، پوپوزا: سىياسەت قىلماق.

**سىياسەتچانلىق** ئى. سىياسىي رول، سىياسىي ئەھمىيەت؛ سىياسەت بىلەن بولغان باغلىنىش، مۇناسىۋەت، سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغان، ھىمايە قىلىدىغان روھ: سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم.

**سىياسەتچى** ئى. سىياسەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم؛ سىياسىيچى : يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان APEC يىغىنى ئەزەلدىن دۇنيادىكى ئاتاقلىق سىياسەتچىلەر قاتنىشىدىغان ۋە دىپلوماتىيە سۆھبىتى كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھىم سەھنە.

**سىياسەتشۇناس** ئى [ ئە + پ ] سىياسەتنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**سىياسەتشۇناسلىق** ئى [ئە + پ ] سىياسەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ يەنە سىياسەتشۇناسلىق ۋە ئىسپان تىلىنىمۇ قوشۇمچە ئوقۇغان..

**سىياسەتلىك** سۈپ. سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغان، سىياسەت يۈرگۈزىدىغان: يارانلارغا دائىم زىكىر ـ سۆھبەتلىك، دۈشمەنلەرگە قاتتىق سىياسەتلىك، دوستلىرىغا ۋاپادار، مۇرۇۋۋەتلىك، پىرلەر سۆھبىتىدە بولغان بالامسەن.

**سىياسەتۋاز** ئى [ئە + پ] قۇرۇق ياكى ئۆلۈك ھالدا سىياسەت سۆزلەپ، سىياسەت سېتىپ يۈرىدىغان ئادەم: پارتىيەنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاشتا سىياسەتۋازلارغا قارشى تۇرۇشنى، زەربە بېرىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. // سىياسەتۋاز ئادەم.

**سىياسەتۋازلىق** ئى. قۇرۇق ياكى ئۆلۈك ھالدا سىياسەت سېتىپ يۈرۈش ھالىتى: — بۇنداق سىياسەتۋازلىقنى نەدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ ھۇرپەيدى ئابدۇغېنى.

**سىياسىي** [ئە] ① ئى. ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخس قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى ئىشلار ھەم خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتلەردىكى پائالىيىتى. ئۇ ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر سىنىپنىڭ سىياسىيسى ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ② سۈپ. سىياسەتكە ئائىت، سىياسەت بىلەن باغلىق بولغان، سىياسەت ساھەسىدىكى: سىياسىي مەسىلە. سىياسىي كۈرەش. سىياسىي ماقالە. ③ سۈپ. دۆلەتكە، دۆلەت تۈزۈمى ۋە پۇقرا ھەق ـ ھوقۇقىغا ئائىت: سىياسىي تۈزۈم. سىياسىي ھوقۇق. ④ سۈپ. دۇنيانىڭ، قىتئەلەرنىڭ دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان: سىياسىي خەرىتە.

**سىياسىي پاناھلىق** بىرەر دۆلەت پۇقراسىنىڭ سىياسىي سەۋەب بىلەن باشقا دۆلەتكە قېچىپ بېرىپ، شۇ دۆلەت بېرىدىغان ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن تۇرۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىياسىي تۈزۈم** دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈزۈملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىنىشى ياكى ئۆزگىرىشىنى سىنىپىي كۈرەش ياكى مەنپەئەت كۈرىشىنىڭ كونكرېت شارائىتى بەلگىلەيدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ تۈپ خاراكتېرىگە ماس بولىدۇ.

**سىياسىي جىنايەتچى** <قا> ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى مەلۇم سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جىنايەتچى دەپ قارالغان كىشى.

**سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى** دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىك بىرلىك سېپىنىڭ تەشكىلىي شەكلى. ئۇنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىمۇ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرى تەسىس قىلىنغان.

**سىياسىي ھوقۇق** <قا> پۇقرالار سىياسىي جەھەتتە قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار. مەسىلەن، سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى، سۆز، خەت ـ ئالاقە، مەتبۇئات، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ساياھەت قىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ھوقۇقى ۋە باشقىلار.

**سىياسىي ئۆزگىرىش** ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەربىي ياكى سىياسىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدە پەيدا قىلىدىغان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش.

**سىياسىي ئىقتىساد** ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**سىياسىي يانچۇقچى** ھەر خىل سىياسىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ شەخسىي مەنپەئەت ئېلىشنى كۆزلەيدىغان كىشى.

**سىياسىيلاشتۇرماق** پ. سىياسىيغا تەۋە ياكى سىياسەتكە

مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماق: بەزى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىراق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىنىمۇ سىياسىيلاشتۇرۇۋەتمەيلى.

**سىياسىيلاشماق** پ. سىياسىي تۈس ئالماق: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىيلىشىشى مۇقەررەر ھالدا ئەمەلدارلارنى مەركەز قىلىدىغان تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**سىياسىيون** ئى [ئە] سىياسىي مەسىلىلەر ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سىياسىي بىلىمى يۇقىرى كىشى، سىياسىي ئەرباب.

**سىياق ( سىياقى )** ئى [ئە] تۇرق، كۆرۈنۈش، قىياپەت؛ شەكىل – كۆرۈنۈش: ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئىككى كېنىزەك سۇلتاننىڭ خاپىغان سىياقىغا سەپسالدى.

**سىياقداش** ئى [ ئە + پ ] تۇرقى، قىياپىتى، چىراي شەكلى ئوخشاش كىشى: يېقىن دوستى ئۇنىڭ سىياقداش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

**سىياقلىق** سۈپ. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ «ئوخشاش، ئوخشايدىغان؛ شەكىللىك، شەكىلدىكى؛ سۈپەتلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — ئادەم سىياقلىق ھايۋان! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن دېۋەيلەپ كېلىپ.

**سىيان** ئى [ر<گىرېك] <خىم> كاربون بىلەن ئازوتنىڭ بىرىكمىسى. رەڭسىز گاز بولۇپ، غىدىقلىغۇچى سېسىق پۇراقا ئىگە، زەھەرلىك. كۆيگەندە قوڭۇر قىزىل رەڭلىك يالقۇن چىقىرىدۇ.

**سىيانپى** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن قەدىمكى مىللەت. ھازىرقى شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردا ياشىغان، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدىنپەي كۆچەيگەن؛ جەنۇبىي – شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ خانلىقلىرىنى قۇرغان.

**سىياھ** [پ] ① سۈپ. قارا، قارا رەڭلىك: ئۇ نېمىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا كۆڭلىنى سىياھ قىلىدۇ، نېمىشقا بۇگۈنكى كۈننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ؟! ② ئى. خەت يازغاندا گاڭبى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قەلەملەرگە ئىچۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان رەڭلىك سۇيۇقلۇق: قىزىل سىياھ.

**سىياھدان** ئى [پ] سىياھ قاچىلىنىدىغان قۇتا، دۇۋەت: بىغۇبار قەلبىڭ — سىياھدان، قانلىرىڭ — ئۆچمەس سىياھ، چاچقىنىڭ زەر، مەرۋايىت، ئۆستۈرگىنىڭ مېھرىگىياھ، ئىستىكىم بولماقچى ۋارىس كەبى نازىمغا مەن.

**سىيپاتماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيپاشتۇرماق** پ. سىيپاش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق: ئالدىراپ قالغان مايسىخان كارىۋات ئاستىغا بېشىنى تىقىپ، ئۇ يەر – بۇ يەرنى سىيپاشتۇرۇپ باقتى.

**سىيپاشماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جامائەت ئىككىيلەننىڭ بەخت – سائادىتى ئۈچۈن «ئامىن!» دېيىشىپ، يۈزلىرىنى سىيپاشتى.

**سىيپالماق** «سىيپىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيپىلاتماق** «سىيپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيپىلاشتۇرماق** پ ← **سىيپاشتۇرماق:** ئۇ قاراڭغۇدا سىيپىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر كەتمەننى تېپىپ چىقتى.

**سىيپىلاشماق** «سىيپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىيپىلىماق** پ ← **سىيپىماق:** دالىنى سىيپىلاپ سەھەر شامىلى مايسىلار ئۈستىدىن يەلپۈپ ئۆتىدۇ.

**سىيپىماق** پ ① قول ياكى شۇنداق نەرسە بىلەن باشقا بىر نەرسىنى سىلىماق: مەنمۇ ئاپامنىڭ قىلغىنى بويىچە ئالقىنىمنى يېيىپ يۈزۈمنى سىيپىدىم. ② يۇمشاق، يېنىك تېگىپ ياكى سۈركىلىپ ئۆتمەك (شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): سالقىن شامال يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، كىشىگە ئارام بېرەتتى.

**سىيدام** سۈپ ① تۈكسىز، يېڭى چۈشۈرۈلگەن؛ سىلىق: سىيدام باش. ② ئۈستىگە ھېچ نەرسە سىزىلمىغان، گۈلسىز (رەخت، قەغەز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇ ئۇچىسىغا سىيدام قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى .

**سىيداملاشتۇرماق** «سىيداملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيداملاشماق** پ. رەڭ جەھەتتىن بىر خىللاشماق، سىيدام ھالەتكە كەلمەك؛ سىيلىقلاشماق: موماينى كۆنسېرى قېرىلىق بېسىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ ئاق سانجىلغان چاچلىرى سىداملىشىشقا باشلىدى.

**سىيدۈرمەك** «سىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالىنى سىيدۈرۈپ ئاندىن ئۇخلاتقىن، — دېدى ئۇ قىزىغا.

**سىيدۈرۈلمەك** «سىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيراپ** سۈپ [پ] مول، باياشات: ئۈمىدىم گۈلشىنى ۋەسلىنىڭ سۈيىدىن بولمىسا سىيراپ، كېچەرمەن سۆيگۈ يولىدا پۈتۈنلەي يوقۇ بارىمدىن.

**سىيراپچىلىق** ئى. ھەممە نەرسە ئېشىپ – تېشىپ تۇرغان ھالەت، مولچىلىق: ئۇ راستىنلا سىيراپچىلىق يىللىرى ئىدى.

**سىيراپلىق** ئى . موللۇق، باياشاتلىق ھالەت: تارىتار شوخ ھايات شاۋقۇنلىرىنى، دىللاردا يېڭىچە ھېسلار ئويغىتىپ، سىيراپلىق ئىلكىدە كۈلگەن بۇ يېزا، ئاراملىق بىر كەچنى ئالماقتا كۈتۈپ.

**سىيرەك** سۈپ. ئاز، كەم ئۇچرايدىغان، ئاز كۆرۈلىدىغان: سىيرەك مىتاللار.

**سىيرەكلەشمەك** پ. سىيرەك بولماق ، ئازلاشماق، شالاڭلاشماق: ئادەملەر يوللاردا سىيرەكلىشىپ قالغانىدى.

**سىيرىتما** ئى ① كىيىملەرنىڭ ئالدىنى، يانچۇق، سومكا قاتارلىقلارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش ھەم ئېچىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل زەنجىرسىمان، چىشلىق بۇيۇم: قۇربان ماتېرىيال سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى يەشتى. ② ماشىنىچىلىقتا كۆز تاختىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىۋادرات شەكىللىك سايمان. ③ توقۇمىچىلىقتا ئۆرۈشنىڭ ئاخىرىنى ئېسىپ قويىدىغان ياغاچ. ④ ئۈستەل قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ نەرسە – كېرەك سېلىپ قويىدىغان يېرى، تارتما: جوزىنىڭ سىيرىتمىسى.

**سىيرىتماق** «سىيرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيرىتمىلىق** سۈپ. سىيرىتمىسى بار، سىيرىتما ئورنىتىلغان: سىيرىتمىلىق چاپان. سىيرىتمىلىق ئۈستەل.

**سىيرىشماق** «سىيرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئېرىق بويىغا بارغاندا ئۇلار غازاڭ سىيرىشىۋاتقانىكەن.

**سىيرىغۇ** ئى. دىيال ← **سۈزگۈچ**.

**سىيرىلاڭغۇ** سۈپ. ئاسان سىيرىلىپ كېتىدىغان، سىلىق؛

سىرىلىپ چىقىدىغان: سىرىلاڭغۇ يەر. سىرىلاڭغۇ تام. سىرىلاڭغۇ تاۋۇش.

**سىرىلدۇرماق** «سىرىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىرىلدۇرۇپ چۈشۈرمەك.

**سىرىلدۇرۇشماق** «سىرىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىرىلدۇرۇلماق** «سىرىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇئا ـ تەكبىر ۋە قىرائەت ئاۋازلىرى ئىچىدە جەسەت جىنازىدىن گۆرگە سىرىلدۇرۇلدى.

**سىرىلغۇچ** ئى <تەن> باللارنىڭ تەنتەربىيە سايمىنى، ئېگىز جاھازىنىڭ بىر تەرىپىگە شوتا، يەنە بىر تەرىپىگە سىلىق تاختا ئورنىتىپ ياسىلىدۇ. باللار شوتا بىلەن ئۈستىگە چىقىپ، قىيپاش تاختايدىن سىرىلىپ چۈشىدۇ: ھەر بىر مەھەللىدە ئىلەڭگۈچ، سىرىلغۇچ، لىڭگىرتاقتاق، ياماشقۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك بىر مەيدان بولىدىكەن.

**سىرىلما** ① سۈپ. سىرىلىدىغان؛ سىرىلىپ چۈشىدىغان: سىرىلما تاختا. ② سۈپ <فىز> سىرىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان، سىرىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان: سىرىلما ھەرىكەت. سىرىلما سۈركىلىش. ③ ئى <گېئول> يەر يۈزىنىڭ قىيا جايلىرىدىكى زور كۆلەملىك توپا ـ تاشلار پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن پەسكە سىرىلىپ چۈشىدىغان بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى.

**سىرىلماق** پ ① سىلىق ياكى يانتۇ يەردىن بىر تەرەپكە ياكى پەسكە تېيىلماق ، سۈرۈلمەك :— دۈمبىڭىز بەك سىلىق ئىكەن، سىرىلىپ كېتىپ تۇرالمىدىم، دۈمبىڭىزگە ئېگەر توقۇساق، — دەپتۇ بالا ۋەزىرگە. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش سەۋەبلىك ئۆكۈنۈپ ئازابلانماق، غېمىنى يەپ قايغۇرماق: يولۋاس تېرىسىدىن ئەتكەن چورۇقى، تىتىلىپ، پۇتلىرى يېرىلىپتۇدەك. يىگىتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قۇشلارنىڭ ئىچ ـ باغرى ئېچىشىپ سىرىلىپتۇدەك.

**سىرىلىشماق** «سىرىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىرىما** سۈپ. سىرىلىدىغان؛ سىرىش ئارقىلىق ئېچىپ ـ يېپىلىدىغان: سىرىما پەردە.

**سىرىماق** پ ① قول بىلەن قاماللاپ، سىقىپ تۇتۇپ، قولنى تۆۋەنگە ئاستا ـ ئاستا ماڭدۇرۇش ئارقىلىق ئىچى ياكى تېشىدىكى نەرسىلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەك ياكى بىر يەرگە يىغماق (ئىنچىكە، ئۇزۇن نەرسىلەر ھەققىدە): شۇڭا ئۇ ئاستىلا باغقا كىردى ـ دە، جىگدە غازاڭلىرىنى سىرىپ چىقىپ قويلارغا تۆكۈپ بەردى. ② تىرناق ياكى بارماقنى چىڭ بېسىپ ماڭدۇرۇپ ئىز چىقارماق، جىجىماق:— غولۇمنى سىرىپ تۇتۇپ قويغىنا، — دېدى ئۇ دۈم يېتىپ. ③ كۆچمە. ھېچنېمىسىنى قالدۇرماي، قۇپقۇرۇق

قىلىپ قويماق؛ بارلىق ئوقەت، بايلىقلىرىدىن ئايرىپ قويماق: ئۇ بالا ھەقىقەتەن ئوسال بالا بولۇپ قالدى، بىچارە دادىسىنىڭ ئوقەتلىرىنى سىرىۋەتتى، دەڭا.

**سىيگەك** سۈپ. تولا سىيىدىغان، سىيىپ قويىدىغان: سىيگەك بالا.// تاۋۇز سىيگەكنىڭ، قارا كاۋا ئۇسۇرغاقنىڭ (ماقال). * سىيگەك سۇغا ئامراق (ماقال).

**سىيلاتماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**سىيلاشماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**سىيلانماق** «سىيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**سىيلە ـ رەھىم** غەمخورلۇق، كۆيۈمچانلىق، ياخشىلىق: سىيلە ـ رەھىم قىلماق.

**سىيلىق** ئى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن تارتىلغان تارتۇق، سوۋغات؛ مۇكاپات، ئىنئام: سىيلىق بەرمەك.

**سىيلىماق** پ ① ھۆرمەت بىلدۈرمەك، قەدىرلىمەك، ئەزىزلىمەك، غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك، ياخشىلىق قىلماق. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن سوۋغا، تارتۇق بەرمەك؛ ئىنئام قىلماق.

**سىيما** ئى [ئە] ① قىياپەت، كۆرۈنۈش؛ چىراي، يۈز، ئوبراز: ھەر قېتىم بىرەر نەتىجە قازانغىنىمدا دادامنىڭ مۆمىن ھەم مېھرىبان سىيماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. ② سىمۋول، ئوخشىتىلىدىغان ياكى ئوخشايدىغان نەرسە: شۇڭا تاغ مەردانىلىك ھەم قەد كۆتۈرمەككە مىسال، قارىغاي، چىنار ۋە شەمشاد مەردلىككە سىيما ھەر زامان. ③ ئىپادە؛ ئالامەت، ئىز: سەن تۇغۇلدۇڭ، مەسۇم يۈزۈڭدىن، كۆرۈنمەيدۇ ھەسرەت سىيماسى. سەن تۇغۇلدۇڭ قۇياش قوينىدىن، غۇنچە يەڭلىغ كۈلۈپ گوياكى.

**سىيمەك** پ. سۈيدۈك چىقىرىش ئەزالىرى ئارقىلىق ئىچىدىكى كېرەكسىز سۇيۇقلۇقنى سىرتقا چىقىرىۋەتمەك؛ كىچىك تەرەت قىلماق: ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا سىيىپ كىرىش، كېچىسى سۈيدۈك قىستىسا ھۇرۇنلۇق قىلماي تەرەتكە چىقىش لازىم.

**سىينە** ئى [پ] كۆكرەك، كۆكسى، مەيدە: قىلاي قانداقمۇ تاقەت مەن كەمىنە، ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كەرمەي بۇ سىينە.

**سىيۇرفىك** ئى [ئىنگ] <تەن> دولقۇن ئۈستىدە تاختاي بىلەن تېيىلىش تەنھەرىكىتى.

**سىير** ئى ← **ئىنەك**.

**سىيرچىلىق** ئى. مەخسۇس سىير بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىش، مەخسۇس سىير بېقىپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداش: ئۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى سىيرچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلىلا پىتلىنىپ قالغانىدى.

**سىيىشمەك** «سىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

# ش

**ش** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون توّتىنچى ھەرپى.

**شاپ** I ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنىڭ بەش تال قانىتى بولىدۇ. ئادەتتە قۇرغاق، شېغىللىق ۋە شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**شاپ** II تەق ① يۇمشاق بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە تېزلىك بىلەن تېگىپ چاپلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ چاغدا ئىستاتورغا «شاپ» قىلىپ دەسسەيمىز ـ دە، گۈركىرىتىپ كېتىۋېرىمىز. ② گۆش قاتارلىق بەزى تاماقلارنى چايناۋاتقاندا، ئېغىزدىن چىققان ئاۋاز: ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەتتا غىزا چايناشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى، بەزىلىرى چىپ-چاپ قىلىپ قاتلىما چايناۋاتاتتى، بەزىلىرى ھېلى شاپ، ھېلى شۇپ قىلىپ، خۇشياقمىغان ھالدا گۆش چايناۋاتاتتى.

**شاپ** III [پ] ① ئى. ئۇچى ئارقىغا قايرىلغان ھالەتتە سوقۇلغان بىر خىل قىلىچ. ② سۈپ. شۇ خىل قىلىچ شەكلىدە قويۇلغان ياكى شۇ خىل قىلىچ شەكلىدىكى: شاپ بۇرۇت.

**شاپ** IV رەۋ. تېز، ئىتتىك.

**شاپائەت** ئى [ئە] ① قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش، ھىمايىسىگە ئېلىش؛ ياردەم؛ ياخشىلىق: ياراتقان ئىگەم بەندىسىگە شاپائەت قىلسا، قوشلاپ بېرىدىكەن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شاپائەتچى** ئى. شاپائەت، ياخشىلىق، ياردەم قىلغۇچى؛ ھىمايىچى، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگۈچى: بەختسىز كىشىلەر «شاپائەتچى بىلەن شاپائەتكە مۇيەسسەر بولغان كىشى دوست بولىدۇ، بارلىق ئۇلۇغ قەلب ئىگىسى تامامەن باراۋەر بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

**شاپائەتسىز** سۈپ. شاپائىتى يوق، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدىغان، ياردەم بەرمەيدىغان، شەپقەتسىز: شاپائەتسىز ئادەم.

**شاپائەتلىك** سۈپ. شاپائىتى بار، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان، قوللايدىغان، شەپقەتلىك: ئەي ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن شاپائەتلىك ئىگەم، ھىممىتىڭگە رەھمەت!

**شاپاش** تەق. ئالدىراپ مېڭىش ھالىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شاپاشلاتماق** «شاپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ئۇمۇ ئوبدان يىگىتقۇ، ـــ دەيتتى ئامىنە جەملەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ـــ شۇنچىۋالا شاپاشلىتىپ قىينىغۇچە ماقۇللۇق بەرسەڭ بولمامدۇ.

**شاپاشلاشماق** «شاپاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېقىندىلا ئۇلار سىزنى كۆككە كۆتۈرۈشكەنىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدە شاپاشلىشىپ يۈرىدۇ.

**شاپاشلىغاق** سۈپ. شاپاشلاپلا يۈرىدىغان، چېپىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، چېپىپ يۈرۈشكە خۇشتار: شاپاشلىغاق ئادەم.

**شاپاشلىماق** پ. بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ يۈرمەك؛ ئالدىراپ ماڭماق، ئالدىرىماق: ئۇ ئەمدى توختى شۇجىنىڭ قۇندۇز ئۇچۇن شۇنچە شاپاشلاپ كېتىشلىرىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەنىدى.

**شاپاق** ئى. قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ پوستى.

**شاپاقچى** ئى ① قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ شاپاقلىرىنى تېرىپ توپلىغۇچى كىشى. ② كۆچمە. تىل ھا. ئەخلاقسىز، بۇزۇق ئايال: ـــ ماڭاۋاي شاپاقچى، ـــ دېدى ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ.

**شاپاقچىلىق** ئى. ئەخلاقسىزلىق، ئۆز تېنىنى سېتىش قىلمىشى: ـــ نېمە دەيتتۇق، شاپاقچىلىق قىلما دەۋاتىمىز! ـــ ئەزىمەتكە ياندىشىپ تۇرغان بىرى رىزۋاننى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى.

**شاپاق ـ شالتاق** قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە ئۈزۈم ـ شاپتۇل قاتارلىق نەرسىلەر.

**شاپالداق** ئى. دىيال ① شاپىلاق. ② چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالاق.

**شاپپىدە** رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك.

**شاپتۇل** ئى [پ] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. سورتى كۆپ. مېغىزىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى. ③ پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شاپتۇللۇق** ئى. شاپتۇل دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن، شاپتۇل دەرىخى بار يەر، مەيدان ياكى باغ: ـــ توغرا ئېرىقتىن شاپتۇللۇققا ئۇدۇل يول ئالىمىز، ـــ دېدى ئۇ بىزگە قاراپ. // شاپتۇللۇق ھويلا.

**شاپۇر ـ شۇپۇر** ① «شاپ » قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار شاپۇر-شۇپۇر قىلىشىپ ئارانلا قېچىشقا ئۈلگۈردى. ② كۆچمە. ئالدىراپ ـ سالدىراپ؛ ناھايىتى تېز، ئىتتىكلا: ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چاشكىدىكى سۇ بىلەن شاپۇر-شۇپۇر يۈزىنى يۇيۇپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

**شاپىگراف** ئى [ر] بېسىش ماشىنىسىنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر خىلى. بۇنىڭدا خەت شام قەغەز ئۈستىگە قول ياكى ماشىنكا ياردىمىدە يېزىلىپ، ئۇنىڭغا مەتبەئە مېيىنى سۈركەش ئارقى-

لىق بېسىپ چىقىلىدۇ.

**شاپىلاق** ئى ① قولنىڭ بەش بارماق ۋە ئالىقان قىسمى: بۇ قىز شاپىلاقلىرى بىلەن ئېڭەكلىرىنىڭ بوشقىنا مىدىرلىتىپ مېنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇندى. ② قولنىڭ بەش بارمىقى ۋە ئالىقان بىلەن بېرىلگەن زەربە: ئابدەمنىڭ يۈزىگە كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە شاپىلاق تەگدى.

**شاپىلاقلاتماق** «شاپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزلىرى ئۇ چاغدا مېنى تازا شاپىلاقلاتقانىدىلە، تەقسىر. بىراق ھازىر مەن سىلىنى شاپىلاقلاتمايمەن.

**شاپىلاقلاشماق** «شاپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر تەرەپتىن بىر - بىرىنى شاپىلاقلىشىپ، كىيىملىرىنى يىرتىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم چىدىغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىشاتتى.

**شاپىلاقلانماق** «شاپىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — خوپ بوپتۇ، بارما، بارما دېسەم ئۇنىماي بېرىپ، تازا شاپىلاقلىنىپ كەپتۇ، — رەۋنخان تۆمۈرئاخۇننىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەستىن، كايىشقا باشلىدى.

**شاپىلاقلىماق** پ. شاپىلاق بىلەن ئۇرماق، شاپىلاق سالماق: ئۇ بىر قولى بىلەن باشقا ئۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە شاپىلاقلايتتى.

**شاپىلداتماق** «شاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىچكىرىكى ئۆيدە كىمدۇر بىرى شاپىلدىتىپ گۆش چاپىۋاتاتتى.

**شاپىلداشماق** «شاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شاپىلدىماق** پ. «شاپ - شاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شاپ - شاپ» قىلماق: ئۇنىڭ شاپىلداپ بىرنەرسە يېيىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قىز كۆزىنى بوشقىنا ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

**شاتارى** ئى<بوت> ① رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، پارقىرايدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق ۋە پۇراقلىق كېلىدۇ. مېۋىسى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، ئۇنى سېرىق بوياققا ماتېرىيال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. تېبابەتچىلىكتە قىزىتما ۋە ياللۇغنى قايتۇرغۇچى دورا ھېسابلىنىدۇ. گۈلى زىننەت ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شاتراق** ① ئى. سۆيۈق كەلگەن ئارقا پېشاب، چوڭ تەرەت: ئۇي چوڭ قورۇنى ئىككى ئايلانماستىنلا قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شاتراق قويۇۋەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. شاللاق، تۇتۇرۇقسىز: شاتراق ئادەم. شاتراق ئوغۇل. ③ سۈپ. ئىچى سۈرۈپ كەتكەن، شاتراقلايدىغان: شاتراق موزاي. * بىر شاتراق كالا خاماننى بۇلغايدۇ.

**شاتراقلاتماق** پ «شاتراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۇ قەلەندەر، كالىلارنى خوخىلىقتا ھەيدەپ، خوخا يېگۈزۈپ شاتراقلاتماقچىمۇ سەن؟!

**شاتراقلاشماق** «شاتراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ھوي خوتۇن، موزايلارغا نېمە بەرگەندىڭ؟ موزايلار شاتراقلىشىپ قوتاننى دەسسىگۈسىز قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى بوۋاي .

**شاتراقلىماق** پ. چوڭ تەرەتى، تېزىكى سۆيۈق كەلمەك؛ ئىچى سۈرۈپ كەتمەك: ئۇنىڭ بالىسى شاتراقلاپ تۇرىدۇ، بىچارە، بالىسىنى توسمەن دەپ ئولتۇرغانىكەن.

**شاتۇت** ئى [پ] <بوت> ① ئۈجمىنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ ياكى قارامتۇل بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شاتۇتلۇق** ئى. شاتۇت دەرىخى ئۆسكەن يەر، مەيدان.

**شاتۇتى** ئى [پ] <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمى چوڭ ۋە ئىلمەك، ئاستىنقى قىسمى كىچىك ۋە قىسقا. پەي - تۈكلىرى ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل قاتارلىق رەڭلەردە بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. تىروپىك بەلباغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرىنى دورىيالايدۇ.

**شاتۇر** ئى [ئە] ① پادىشاھنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ماڭغۇچى خىزمەتكار؛ پادىشاھنىڭ خاس قوغدىغۇچىسى. ② تېز ماڭىدىغان، ئىتتىك يۈگۈرىدىغان، يەل تاپان ئادەم: قاچ، قاچ! قايسىڭ قاچالىساڭ شۇ شاتۇر! قايسىڭ ئامان قالساڭ شۇ باتۇر! ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شاتۇن** ئى [ر] < ماشىن> مېخانىزملاردىكى پورشېننىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكىتىنى دوك ئوققا ئۆزىتىپ بېرىدىغان ياكى دوك ئوقنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنى پورشېنغا ئۆزىتىپ بېرىدىغان دېتال.

**شاتىۋار** ئى. پاختا يىپتىن ئاياللارنىڭ كۆڭلەك كىيىشىگە باب قىلىپ توقۇلغان چاقماق گۈللۈك رەخت.

**شاجا** ئى. دىيال. ئۇلپەت، شېرىك؛ خېرىدار.

**شاخ** ئى [پ] ئۆسۈملۈك، دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان تارماق بۆلىكى؛ پۇتاق: دەرەخ شېخى. قوناق شېخى.

**شاختىن شاخقا قونماق** بىر ئىشنى ياكى بىر مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىپ تۈگەتمەيلا يەنە بىر ئىش ياكى بىر مەسىلىگە ئۆتمەك، تۇراقسىزلىق قىلماق: ئۇلاردىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى، ھۇرۇنلۇق ۋە شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش لازىم.

**شېخىغا قاقماق** رەددىيە بەرمەك، گېپىنىڭ بېلىگە تەپمەك، رەت قىلماق: ئۇلارچە سىنىپ تەربىيەچىسى دېگەن بىر قامۇس، نېمىنى ئاختۇرسا، جاۋاب چىقىۋېرىدۇ. قانداق قىلىسەن، شېخىغا قېقىشقا، مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىشكە بولاتتىمۇ؟

**شاخاب** ئى [پ] ① دەريا ۋە چوڭ ئۆستەڭلەردىن بۆلۈنگەن تارماق سۇ يولى، تارماق ئېقىن. ② قاغىلىق ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شاخابچە** ئى. كىچىك شاخاب.

**شاخار** ئى [پ] كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ چالا كۆيگەن قالدۇقى، تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان قىسمى؛ چۇچىلا.

**شاخچە** ئى ① كىچىك شاخ: نوتىلار بىرقەدەر قېلىن بولسا، بەزى قوشۇمچە شاخچىلارنىڭ مېۋىگە كىرىشى بالدۇرراق بولىدۇ. ② تارماق، بۆلۈنمە: تۆمۈر بوۋا تاشقىن سۇنىڭ شاخچە جىلغىلار ئارقىلىق نەگىدۇر ئېقىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**شاخسانغۇچ** ئى [شاخ + سانغۇچ] <زوئول>قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى قۇشلارنىڭ تېنى كىچىك، كۆپىنچە قوڭۇر ياكى قېنىق يېشىل رەڭدە كېلىدۇ، تۇمشۇقى قىسقا ھەم ئۇچلۇق بولىدۇ، جاراڭلىق سايرايدۇ، ھاشاراتلار

بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدىلىق.
**شاخشا** سۈپ. دىيال. زىلۋا، كېلىشكەن، قامالاشقان.
**شاخشارما** سۈپ. دىيال. چۇل - چۇل، پاچاق - پاچاق، كۆكۈم - تالقان.
**شاخشۇر** ئى. دىيال. تاغ جىنسلىرىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئۇششاق تاشلار.
**شاخ - شۇمبا** دەل - دەرەخلەرنىڭ كېسىلگەن شاخ - پۇتاقلىرى: ئۆيى ئاتاقىلا ئۆي ئىكەن، تورۇستىن قومۇش، شاخ-شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.
**شاخلاتماق** «شاخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇ دەرەخنى بۇنچە شاخلىتىۋەتكۈچە كېسىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.
**شاخلانماق** «شاخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — بولدى قىلسىلا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى ئەگەۋەرسىلە گەپ شاخلىنىپ جېدەل تېرىلىدۇ، — دېدىم مەن زېۋەدىخاننى سۆزدىن توختىتىماق بولۇپ.
**شاخلىق** سۈپ. شېخى بار، شاخ چىقارغان: مەن يۆلىنىپ تۇرغان يايپاڭ شاخلىق قېرى ئارچا دەرىخى ماڭا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىتەتتى.
**شاخلىما** سۈپ. بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان، تارماق: شاخلىما نوتا.
**شاخلىماق** پ ① <بوت> شاخ، پۇتاق چىقارماق؛ شاخ ئايرىماق: زاۋۇت، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، قاتار كەتكەن چوڭ يولنى بويلاپ. يېشىل باغلار جەننەتتىن گۈزەل، بولدى بوستان كوچىلار شاخلاپ. ② كۆچمە. تارماق، بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەك: ئاقئۆستەڭ قاش دەرياسىدىن بۆلۈنگەندىن كېيىن غەربكە قاراپ يول ئېلىپ، كورەنىڭ ياقىسىغا كەلگۈچە ھەر يانغا قاراپ شاخلاپ كېتىدۇ. ③ كۆچمە. ئۇششاقلىماق؛ كۆپەيمەك، ئاۋۇماق: ئۇ تىل توغرىسىدىكى تېمىغا كەلگەندە، بەكلا شاخلاپ كەتتى.
**شاخنا** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچى سورۇپ كەتكەندە كېلىدىغان چوڭ تەرەت؛ شاتراق: شاخنا قويماق.
**شاخنەك** I ئى. دىيال. ئويماق.
**شاخنەك** II ئى. دىيال. ئازغان تېپىدىكى بىر خىل چاتقال.
**شاخنىچى** ئى ① چوڭ تەرىتى سۇيۇق كېلىدىغان ئادەم ياكى ھايۋان: شاخنىچى بالا. شاخنىچى كالا. ② كۆچمە. گېپىدە تۇرمايدىغان، چىدىماس ئادەم: شاخنىچى ئادەم.
**شاد** سۈپ [پ] خۇشال، خۇرسەن، مەمنۇن: تۇغقان ئانامدەك، كۆرىمەن سېنى. ئۈستۈرمەكتە شاد، تەربىيەڭ مېنى. // — بىزنى شاد قىلساڭ، خۇدا كۆلىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي.
**شادا** ئى ① ئاستى - ئۈستىگە پاراللېل قويۇلغان ئىككى تال ياغاچقا بىرقانچە تال بالداقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان قۇرۇلما، رېشاتكا ۋە بۇ قۇرۇلمىنىڭ ھەر بىر بالدىقى. ② ئەتلەس دۇكىنىدىكى تۆت قات ئۆرۈش يىپلارنىڭ گىرەلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆت تال تاياقچە.
**شاد - خۇرام** [پ] خۇشال - خۇرام، ناھايىتى خۇشال، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك: — بىز ئىلگىرى شاد - خۇرام ئىدۇق ... ئەمدى ئۇنداق كۈنلەر يوق. بۇنى چۈشەنسىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك ئاھاڭدا.
**شاد-خۇراملىق** خۇشال - خۇراملىق، ناھايىتى خۇشاللىق: تىراگېدىيە ئاخىرلىشىپ، بۇ ئالتۇن دىيار شاد - خۇراملىققا چۆمدى.
**شادلاندۇرماق** «شادلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىـ جىسى: سادىق ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر رېھانىنىمۇ، پەرھات بىلەن شېرىنىئاينىمۇ شادلاندۇردى.
**شادلاندۇرۇلماق** «شادلاندۇرماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغىماقلار يېڭى سەپكە ئاتلاندۇرۇلسا، مەزلۇم ئەلنىڭ غەمكىن دىلى شادلاندۇرۇلسا، شۇندا مەنمۇ قەھقەھە ئۇرۇپ كۈلەتتىم راسا.
**شادلانماق** پ. خۇشال بولماق، مەمنۇن بولماق، سۆيۈنمەك: خەۋەر تارقالغان ھامان ئاما شادلىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى.
**شادلىق** ئى. خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، سۆيۈنۈش، خۇش بولۇش: شادلىققا چۆممەك. * ھەرقانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگەن، ئاخىرىدا شادلىق كېلىدۇ.
**شادلىنىشماق** «شادلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.
**شادپاچاق** ئى [شادا + پاچاق] ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن پاچاق، ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن پاچاقلىق ئادەم: بازاردىن يانغۇچە بىر شادپاچاق بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم.
**شادپەن** ئى [شادا + پەن] ماتاچىلىق كەسپىدە بىر لوتىنى ئىككىگە ئايرىيدىغان كىچىك تاختا ياغاچ.
**شادقۇلۇپ** ئى [شادا + قۇلۇپ] شادا شەكلىدە ياسالغان، ئاچقۇچى ئاچماق بىر خىل قۇلۇپ: سابىت ئاكىنىڭ ئىشىكىدىمۇ يوغان بىر شادقۇلۇپ تۇرۇپتۇ.
**شادلاتماق** «شادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەندىن بېرى بالىلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران قوتان ئەتراپىنى شادلاتتىم.
**شادلانماق** «شادلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.
**شادلىق** سۈپ. شادىسى بار؛ شادىدىن ياسالغان: بىز شادلىق دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىردۇق.
**شادلىماق** پ. شادا بېكىتمەك، شادا ئورناتماق: قوتاننىڭ ئەشىكىنى شادلاپ بولدۇم.
**شادمان** رەۋ. [پ] شاد، خۇشال - خۇرام ھالدا: — ئەمدى ئۆز ماكانىڭلارغا بېرىپ شادمان ياشاڭلار، — دېدى ھاتەم.
**شادمانلىق** ئى. شادلىق، خۇشاللىق، خۇرسەنلىك: سۆزلەشىشنىڭ مۇنداق تەبىئىي باشلانغانلىقى ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە شادمانلىق بېغىشلىدى.
**شادىيانە** [پ] ① رەۋ. تەنتەنىلىك ھالدا؛ خۇشال - خۇراملىق بىلەن: ناغرىچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق جۇپ ناغرىسى شادىيانە گۈمبۈرلەپ، ئويغاتقۇچى جاراڭلىق مۇقام ئاھاڭلىرى تاڭ شامىللىرى ئارقىلىق يىراق - يىراقلارغا كەتتى. ② سۈپ. تەنتەنىلىك، شاد - خۇراملىق نامايان بولۇپ تۇرغان: ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزارغان، كۆزلىرىدە بىر خىل شادىيانە نۇر جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ③ ئى. غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت قاتارلىقلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چېلىنىدىغان تەنتەنە مۇزىكىسى، شادلىق كۈيى؛ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى: ناغرا بىلەن سۇناي شادىيانىدىن سالماغا يۆتكەلدى.
**شادىيانىلىق** ئى. خۇشال - خۇراملىق، شادلىق، تەنتەنە: پاتەمخان مومايىنىڭ گۆھەرى چانقىغا ئولتۇرۇشۇپ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدە بىر خىل شادىيانىلىق جىلۋىلەندى.
**شار** I ئى [ر] ① <مات> يېرىم چەمبەرنىڭ ئۆز دىيامېتىرى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان

گېئومېتىرىيەلىك شەكىل: شار سىرتى. شار سېگمېنتى. شار مەركىزى. ② شۇ شەكىلدىكى نەرسە: پولات شار. يەر شارى. ئاي شارى. شەرقىي يېرىم شار. غەربىي يېرىم شار. ③ نېپىز رېزىنكە، كاۋچۇك يالىتىلغان رەخت ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ، ئىچىگە هاۋا، هىدروگېن ۋە گېلىي قاتارلىقلار قاچىلىنىدىغان يۇمىلاق خالتىسىمان بۇيۇم.

**شار** II تەق. سۇيۇقلۇقلارنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېقىشى ياكى تۆكۈلۈشى ۋە ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئەمدىلا يېرىم يولغا كەلگەندە تۇيۇقسىز شار قىلىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

**شاراب** ئى [ئە] يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن، گىرادۇسى تۆۋەن ياكى ناهايىتى ئاجىز بولغان بىر خىل هاراق، مەي: شاراب ئىچمەك.

**شارابار** ئى [ر] كەڭ هەم بەل، پۇچقاقلىرى رېزىنكە بىلەن يىغىلغان بوغماق ئىشتان.

**شارا ـ بارا** ئەسكى ـ تۈسكى كىيىم ـ كېچەك: «شارا ـ بارا! كونا ـ يېڭى بارمۇ؟!» ساۋۇر ئاكا ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كېلەتتى.

**شارا ـ بارىچى** كونا ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى يىغىدىغان كىشى.

**شارا ـ بارىچىلىق** كونا ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەك، ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىش ئىشى.

**شارابخانا** ئى [ئە + پ] قەدىمكى زاماندىكى شاراب ساتىدىغان ۋە شاراب ئىچىلىدىغان ئۆي، شاراب دۇكىنى؛ قاۋاقخانا.

**شارابخور** ئى [ئە + پ] شارابقا ئامراق، شارابنى كۆپ ئىچىدىغان كىشى؛ هاراقكەش: ئەگەر شارابخورلارغا يولۇقۇپ ئۇيقۇسىز قالساڭ، ئەتىسى كۈندۈزدە ئۇخلىشىڭ لازىم.

**شارابخورلۇق** ئى. شارابنى كۆپ ئىچىدىغان، شارابقا ئامراق مىجەز، خۇسۇسىيەت؛ هاراقكەشلىك: هاشىم خەيرلىشىپ: — كۆپ شارابخورلۇق قىلالمايمەن، قايتاي، — دېدى.

**شاراپەت** ئى [ئە] ① خىسلەت، پەزىلەت، خاسىيەت؛ پايدا، نەپ: ياخشىنىڭ شاراپىتى، يامانىنىڭ كاساپىتى (ماقال). *كۆپ تىللىق بولۇش شاراپەت، ئەمما ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شاراپەتلىك** سۈپ. خاسىيەتلىك، پەزىلەتلىك؛ پايدىلىق؛ قۇتلۇق: ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىسىم ئىنتايىن ئېسىل، شاراپەتلىك ئىسىم بولۇپ، بىزچە مەنىسى «نۇرلۇق، پارقىراپ تۇرىدىغان» دېگەن بولىدىكەن.

**شاراجىل** ئى. دىيال. توپ ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى ئەمەنگە ئوخشاش ئۇششاق بولىدىغان هەم سارغۇچ ئېچىلىدىغان بىر خىل ئوت.

**شاراچىن** ئى. دىيال. يوپۇرمىقى يېسسى هەم ئۇششاق، توپ ئۆسىدىغان، ئۇششاق چېچەكلەيدىغان بىر خىل ئوت.

**شاراق** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ياكى باشقا قاتتىق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتقانىدى، ئىشىك قانتى «شاراق!» قىلىپلا توختاپ قالدى.

**شاراق ـ شاراق** ① «شاراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قۇلۇپلار شاراق ـ شاراق قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى.

② سېغىزخاننىڭ سايرىغان ئاۋازى: «شاراق ـ شاراق» دەپ سايراۋاتقان سېغىزخان ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ باراتتى.

**شاراق ـ شۇرۇق** «شاراق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: — بۇ نېمىسى؟ — دېدى يۇلىيە جەهلى بىلەن قولىدىكى يەلپۈگۈچنى شاراق ـ شۇرۇق قاتلاپ تىزىغا قويۇپ.

**شاراقشىتماق** «شاراقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىمىر شاراقشىتىپ سوقۇۋاتقان سەنپەننى توختاتتى.

**شاراقشىماق** پ. شاراقلىماق: ئۇ ئەمدى بايىقى قار بوۋايدىن مۇز بوۋايغا ئايلانغانىدى، سەللا مىدىرلىسا پۈتۈن بەدىنى شاراقشىيتتى.

**شاراققىدە** رەۋ. «شاراق» قىلىپ، «شاراق» قىلغان هالدا: ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى «شاراققىدە» چۈشۈپ كەتتى.

**شاراقلاتماق** «شاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىرى ئىشىك ئىلغۇچىنى شاراقلاتتى. * چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى شاراقلاتتى.

**شاراقلاشماق** «شاراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېڭى بويۇنتۇرۇقلار تاراقلاشتى، زەنجىرلەر شاراقلاشتى.

**شاراقلىماق** پ. «شاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شاراق» قىلماق: كارىدور تەرەپتىن قۇلۇپ شاراقلاپ، ئۇ كىرىپ كەلدى.

**شاراڭ ـ شۇرۇڭ** دېگۈسى كەلگەننى يۈز ـ خاتىرە قىلىپ تۇرماستىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق دەيدىغان، ئىچىدە گەپ ساقلىمايدىغان (ئادەملەر هەققىدە): شاراڭ ـ شۇرۇڭ ئات كۆتۈرەر، جىمغۇر پۇت كۆتۈرەر (ماقال).

**شارائىت** ئى [ئە] ئەهۋال، مۇهىت، هالەت، ۋەزىيەت: مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئاقسۇ تەرەپتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، ئازاد ئۈچ ۋىلايەت زېمىنى بۇ پولكنىڭ پايانسىز ۋە ئىشەنچلىك ئارقا سېپى هېسابلىناتتى.

**شارپا** ئى [ر<فران] بويۇننى ئىسسىق تۇتۇش، كىيىمنىڭ ياقىسىنى ئاسراش ياكى زىننەت بېرىش مەقسىتىلىرى ئۈچۈن بويۇنغا ئورىلىدىغان ئۇزۇن هەم چاسا شەكىلدىكى توقۇلما بۇيۇم.

**شارت** تەق ① تۆمۈر قاتارلىق بىرەر قاتتىق نەرسىنى تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ئالدىرىماي سۈركىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. ② كۆچمە. تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلغان هەرىكەتتىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ شارت قىلىپ قىلىچنى قىنىدىن چىقاردى.

**شارتتىدە** رەۋ ① «شارت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «شارت» قىلىپ. ② كۆچمە. تېزلىك بىلەن، بىردىنلا، بىرىيولى: ئابدۇنىياز شارتتىدە بۇرۇلدى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

**شارت ـ شارت** «شارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شارت ـ شۇرت** ① «شارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار. ② كۆچمە. ناهايىتى تېز، تېزلىك بىلەن: — هۇ كالۋا! — دەپ كەتتى دادام هېچ گەپتىن هېچ گەپ يوق، قولۇمدىن تۇماقلارنى شارت ـ شۇرت تارتىپ ئېلىپ.

**شارتىلداتماق** «شارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جېلىل غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچنى شارتىلدىتىپ تاشقا بىلەشكە باشلىدى.

**شارتىلداشماق** «شارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شارتىلدىماق** پ. «شارت ـ شارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق،

«شارت – شارت» قىلماق: ئورغاقلار شارتىلداپ، سارغىيىشقا باشلىغان قوناق غوللىرىنى يىلتىزىدىن ئايرىپ باراتتى.

**شارچە** ① ئى. كىچىك شار: قوي سۈتىدە ياغ مول، ياغ شارچىلىرىنىڭ ھەجمى كىچىك، تارقىلىشى تەكشى. شۇڭا، ئۇنىڭاي ئېرىپ ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ② سۈپ. شارغا ئوخشاش، شار شەكىللىك؛ يۇمىلاق: شارچە ئاقسىل. شارچە بىخ.

**شارردە** رەۋ ① «شار» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «شار» قىلىپ: شارردە يامغۇر ياغدى – دە، بىزنى مەيداندىن سىنىپقا قاچۇردى. ② كۆچمە. تېز ھەم راۋان: قېنى، ئاله، قولۇڭغا ئوغلۇم، مۇنۇ كادىر ئاكاڭنىڭ ئالدىدا شارردە بىر ئوقۇۋەتە!

**شارسىمان** سۈپ. شارغا ئوخشاش، شار شەكىللىك؛ يۇمىلاق: شارسىمان مېۋە. شارسىمان باكتېرىيە. شارسىمان غول.

**شار – شار** «شار II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شار – شۇر** ① «شار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، شار – شۇر قىلىپ تۆكىدىغىنىنى تۆكىدۇ – دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ② كۆچمە. كۆڭۈلگە كەلگەن گەپنى ئايىماي دەپ تاشلايدىغان، كۆڭلىدە گەپ ياتمايدىغان: شار – شۇر دېيىشىدۇ، بەزى يەرگە كەلگەندە شۇنداق شار – شۇرلارمۇ ياخشىكەن، ئادەم مىس – مىس بولغاندىن شار – شۇر بولسا ياخشىراق ئىكەن.

**شارقىراتما** ئى <سۇ> سۇنىڭ ئېگىز ئورۇندىن تىك ھالەتتە پەسكە قاراپ تېز ھەم شارقىراپ چۈشىدىغان جايى. ئۇنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي شەكىللەنگەن بولسا، بەزىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولىدۇ.

**شارقىراتماق** «شارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — سۇ ئاچتىم دەپ، سۇنى شارقىرىتىپ ئۆستەڭگە باشلاپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ — بوۋام شۇنداق دېدى – دە، ئېرىقنىڭ سۇ تېشىپ چۈشۈرۈۋەتكەن يان تەرىپىنى كۆمۈشكە باشلىدى.

**شارقىراشماق** «شارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شارقىرىماق** پ. «شار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شار – شار» قىلماق: يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. * ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى، دەريا بىر خىل رىتىمدە تىنىمسىز شارقىرايتتى.

**شارۇپ** ئى. دىيال. قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ياغاچ قورۇلما.

**شارىك** ئى [ر] پولاتتىن ياسالغان يۇمىلاق مارجان شەكىللىك دېتال. ئۇ ئادەتتە ئىچكى ۋە تاشقى قازانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپ، چاق ئايلانغاندا قازاننىڭ مەركىزىنى ئوراپ ئايلىنىدۇ.

**شارىلداتماق** «شارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شارىلدىتىپ ئۆستەڭ سۈيىنى، سۇ ئىچىگە تاشلاندى بىرى، ئۇنىڭ چاققان ئۈزۈشلىرىگە، قاراپ بىر قىز تۇراتتى نېرى.

**شارىلدىماق** پ ① «شار – شار» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «شار – شار» قىلماق، شارقىرىماق: شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاخىر ئىككىمىزنى بىر كۈنلۈك ئاستىغا كىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. ② كۆچمە. چېچىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «راۋان ھەم تېز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سىز ئۇنى كىچىك دەپ بوش كۆرمەڭ، ھازىر ئۇ خەنزۇچە كىتابلارنى شارىلداپ ئوقۇۋالايدۇ.

**شازا** ئى <خەن> ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ئۈچ يېنى قىرلىق، بىر تەرىپى ئوچۇق قىلىپ ياسالغان، بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە يۆتكەش ياكى ئەخلەت قاتارلىقلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

**شازىلىماق** پ. شازىغا ئالماق، شازىغا قاچىلىماق: ئۇ بۇغدايلارنى شازىلاپ سۇكەنگە قۇيۇشقا باشلىدى.

**شاش** سۈپ ① تولۇق كۆندۈرۈلمىگەن؛ ئاسانلىقچە تۇتقىلى، باشقۇرغىلى بولمايدىغان: شاش ئات. * ئاغزى يۇمشاق موزاي شاش كالىنىمۇ ئېمەلەيدۇ (ماقال). ② كۆچمە. شوخ: سۈرىتىڭنى مۇنچە سىزغان قايسى بىر نەققاش ئىكەن؟ كۆزلىرىڭدىن كۆزلىرىڭ كەپسىز ئىكەن – بەك شاش ئىكەن.

**شاشتۇرماق** «شاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈشمەنلەرنى ھەم شاشتۇرۇپ، ئۆلۈكىنى ئاتقا باستۇرۇپ. ئەسقەر تېغىدىن ئاشۇرۇپ، چېپىپ سەيلانە–سەيلانە.

**شاشلاشماق** پ. شاش ھالەتكە كەلمەك، شاش بولماق: كەڭرى يايلاقتا، ئاتلار سەمرىپ، شاشلىشىپ كەتتى.

**شاشلىق** ئى. شوخ خۇي، شوخ مىجەز؛ كەپسىزلىك: تۆگە شاشلىق قىلىپ بىرگە ھېچ تۇتۇق بەرمىدى.

**شاشماق** پ. ئالدىرىماق، ھولۇقماق؛ ئېسەنگىرىمەك: — شاشماي قىلمامسەن، ئالدىرىمايدىغان ئىش يوق، — دېدى تاغىسى ئۇنىڭغا كۈيۈنۈپ.

**شافىئىي** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزھەپ. ئاساسچىسى ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد شافىئىي. ھازىر سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 29 پىرسەنتى مۇشۇ مەزھەپتە.

**شاق** تەق. بىر نەرسىگە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: تەخمىنەن بىر ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىشمىغىلا، قۇلۇپ شاق قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى.

**شاقاقۇل** ئى [پ] <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. قۇۋۋەتلەندۈرۈش ھەم ئۆپكىنى نەمدەش رولىغا ئىگە.

**شاقاۋەت** ئى [ئە] ياۋۇزلۇق، بەختسىزلىك؛ يارىماسلىق: ھەسەت ھەسەتخورنىڭ ئاداۋىتىدىن كىبىر ۋە شاقاۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ناچار ئەخلاقتۇر.

**شاقشاق** I ئى. ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ پۇت بېغىشىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە جايلاشقان ئىككى تال سۆڭەك، دوكۇر.

**شاقشاق** II سۈپ. تولا سۆزلەيدىغان، كۆپ سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان؛ بىر ئىزدا تۇرمايدىغان، شوخلۇقتا ئېشىپ كەتكەن (ئاياللار ھەققىدە): بۇ قىزنىڭ ساددىلىقى مېنى ھاياجانلاندۇرغان بولسىمۇ، بارغانچە مەلۇم بولۇۋاتقان شاقشاقلىقى مېنى ئىككىلەندۈرگەنىدى.

**شاق – شاق** «شاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شاق – شۇق** ① «شاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن «ئۇنسۇر» دىن بىر–بىرىنى ئۇخلىغانلىقتا ئېيىبلەپ شاق – شۇق بىرنەچچە كاچات سېلىۋېتەتتى. ② كۆچمە. تېزلىك بىلەن؛ ئىتتىك، چاپسان: زەيياننىڭ ئورنىنى شاق – شۇق تولدۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

**شاققىدە** رەۋ ① «شاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «شاق» قىلىپ: ئۇ مېنى كۆرۈپ ئېگىكىشىنى شاققىدە قويۇپ يېقىملىق

كۆلۈمسىرىدى. ② كۆچمە. تېزلىكتە، بىردىنلا، غاپچىدە: ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا سۇپىغا قاراپ ماڭدى.

**شاقۇر** ئى. دىيال. شارقىراتما.

**شاقۇر ـ شۇقۇر** تاش، تۆمۈر پارچىسى قاتارلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بىز ئۆستەڭگە تىنىپ كەتكەن شېغىلنى يۇقىرىغا تاشلاشقا باشلىدۇق. بىردەمدىن كېيىنلا شاقۇر ـ شۇقۇر تاش ئاۋازى قۇلاقنى ئاغرىتتى.

**شاقىدىماق** پ. سۇرمەك، سۇركىمەك، چاچماق: ئۇ ھەمدۇل بەگنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، يۇز ـ كۆزلىرىگە قار شاقىداپ، ئۇنى قار ئۈستىدە بىر پەس دومىلاتتى، ئاندىن ئۆرە قىلىپ ماڭدۇردى.

**شاقىلداتماق** «شاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ھاشىم ئاكا كەشىنى شاقىلداتقىنىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا مېھمانخانىدىن چىقتى .

**شاقىلداق** ئى ① سىلكىگەندە «شاق ـ شاق»ئاۋاز چىقىرىدىغان، شاقىلدايدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى. ② ياغاچتىن ياسالغان، سىلكىگەندە شاقىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل مۇزىكا. ③ كۆچمە. كاززاپ، كاسكى، تولا سۆزلەيدىغان ئايال: — ھېلىقى شاقىلداقنى دەمسەن ئاداش، — دېدى رەيھان زىلەينىڭ مۇرىسىگە بوش نوقۇپ.

**شاقىلدىماق** پ. «شاق ـ شاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «شاق ـ شاق» قىلماق: شاقىلداقنىڭ شاقىلدىغان ئاۋازى قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ② كۆچمە. كۆپ سۆزلىمەك: ئۇ بۈگۈن شاقىلداپ ھېچكىمنى سۆزلىگىلى قويمىدى.

**شاكال** I ئى ① تۇخۇم، ئۇچكە، غوزا قاتارلىقلارنىڭ تاشقى پوستى: پىيالىدىكى هاراقنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدە تۇخۇم شاكىلى، موخوركا قالدۇقلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② يېيىلىپ بولغان ئۇزۇم شۆپۈكى، ئۇزۇم خامىنىدىن قېلىپ قالغان ئۇششاق ياغاچ قاتارلىقلار: — 60 ياشقا كىردىم، — دېدى ئۇ ئۈستەلدىكى ئۇزۇم شاكاللىرىنى يىغىشتۇرۇپ. ③ كۆچمە. كېرەكسىز نەرسە: ئېيتەمسامۇ بىلەرسىز، ئېسىل مىسرا چىقماس ھەرگىز شاكالسىز، بۇنىڭغا ئىزا تارتىش ھاجەتسىز.

**شاكاللاشماق** پ. سىرتقى پوستى قېتىپ شاكال ھالىتىگە كەلمەك، شاكالغا ئايلانماق: غوزىلار سېرىق شاكاللىشىپ، بولۇتتەك كۆپۈپ ئېچىلىدىغان پاختىلار نابۇت بولدى، نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدۇق.

**شاكاللىق** سۈپ. شاكىلى بار، شاكىلى تۈگىمىگەن: — ۋىيەي، سويۇپ بەردىم دەپ، بەرگىنىڭىز مۇشۇمۇ، ساپ شاكاللىق تۇرمامدۇ بۇ تېخى، — دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلغاچ سىرلىق كۆزلىرىنى تىكىپ.

**شاكچىك** ئى. كىچىك ئوغۇل بالا.

**شاكراب** [پ] ① سۈپ . ئىنتايىن ئاچچىق، تۇزلۇق: تۇپراق شاكراب تۇز ئىدى. * — ئاشنى شاكرابلا قىلىۋېتىپسىلەرغۇ؟! — دېدى ئۇ پادىشاھلاردەك جاراڭلىق سوراق تەلەپپۇزى بىلەن. ② ئى . تۇزلۇق سۇ: بىراق شاكرابقا چىلانغان ناننىڭ يېرىمىنى سىيىت يېدى ـ دە.

**شاكىلات ( شاكىلاتى )** ئى [ر] كاكائۇ، شېكەر قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بىر خىل كەمپۈت.

**شاكىلاتلىق** سۈپ. شاكىلاتقا ئىگە، شاكىلات ئارىلاشتۇرۇلغان: بىز ئۇنىڭ تەيۋەنلىك سودىگەر تۇغقىنى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇرپاندا شاكىلاتلىق ئۇزۇم ئىشلەش كېلىشىمى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق.

**شاگىرت** ئى [پ] ① مەلۇم بىر ھۈنەرۋەن، كاسىپتىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى كىشى. ② ئوقۇغۇچى، تالىپ: — ھازىرقى مولللارنىڭ كۆپلىرى توختىئاخۇن خەلپەمنىڭ شاگىرتلىرى، — دېدى دادام ماڭا تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ. ③ بىرەر كىشىنىڭ پىكرى ياكى تەلىماتىنىڭ قوللىغۇچىسى، تەرەپدارى، ئۇنى داۋاملاشتۇرغۇچى: بىز ئۇلۇغ ماركسىزمچى ماۋ زېدۇڭنىڭ شاگىرتلىرى.

**شاگىرتلىق** ئى. شاگىرت بولۇش ئىشى: ئاتام مېنى ئامالسىز مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىگە ياردەملەشتۇرگەن، ئاز ـ تولا ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگەنسۇن دەپ جۇۋا ـ تۇماقچىلىققا شاگىرتلىققىمۇ بەرگەن.

**شاڭ** ئى [پ] ئۆتۈك پۇتكەندىن كېيىن قونچىنى تۈزەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن قونچىغا قاقىدىغان ياغاچ كالتەك، ئۆتۈكنىڭ قونچىغا سېلىنىدىغان ياغاچ قېلىپ: شاڭ قاقماق.

**شاڭتو** ئى [خەن] ھارۋىنىڭ شوتىسى ئىچىگە قوشۇلغان (ئىچ) ئاتنىڭ ئالدىغا يەنە ئات قوشۇش ئۈچۈن، شوتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىر تەرىپىگە جاۋەن بېكىتىلىدىغان، يەنە بىر ئۇچى بولسا ھارۋا ئوقى ياكى شوتىنىڭ ئاستى قىسمىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان ئىككى يانلىق ئارغامچا: شاڭتو ئات.

**شاڭجياڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى گېنېراللار ئىچىدىكى بىر دەرىجە. جۇڭجياڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭخادەن** ئى [خەن] ئەلا سۈپەتلىك بىر خىل تاۋار: شاڭخادەن كۆرپە. شاڭخادەن كۆڭلەك. * ئۇ ئىچكىرىدىن كېلىدىغان قارىچاي، پاڭچۇ، شاڭخادەن، تاۋار ـ دۇردۇنلارنىڭ بازاردىكى سېتىلىش ئەھۋاللىرىنى تولۇق بايان قىلىپ چىقتى.

**شاڭخو** ئى [خەن] مەسخىرە، مازاق؛ چاقچاق: شاڭخو قىلماق.

**شاڭخوچى** ئى. باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق ھەم ئۇستا ئادەم: قاسىم بەك شاڭخوچى، ئۇنىڭ يېنىدا ئاۋايلاپ سۆزلىمىسە بولمايدۇ.

**شاڭخوچىلىق** ئى. شاڭخو قىلىش ھەرىكىتى، شاڭخو قىلىش ئادىتى: ئاشپۇزۇلغا كىرىپ قالسا ماڭا «دا» دەپ، شاڭخوچىلىق بەزمىسىدە ھا، ھا، ھا دەپ، «ئۆزۈمنىڭ گۇل، باشقىلارنىڭ شۇمبۇيا» دەپ، شىكايەتكە بېشىچە پاتقان شائىر ئەمەس.

**شاڭزۇڭ** ئى [خەن] 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى سودىگەرلەرنىڭ سودىگەرلەر ئىچىدىن سايلانغان باشلىقى.

**شاڭشى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى جۇنشى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە.

**شاڭشياۋ** ئى [ خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى شياۋگۇەنلەر ئىچىدىكى بىر دەرىجە، جۇڭشياۋدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى ۋېيگۇەنلەر ئىچىدىكى بىر دەرىجە. جۇڭۋېيدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**شاڭيو** ئى [خەن] ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تۈزۈمدە ھازىرقى يېزا باشلىقىغا تەڭ مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەلگە ئېرىشكەن ئادەم، مۇنداق ئەمەلدارنى ھۆكۈمەت شۇ يەرلىك خەلقتىن بەلگىلەيدىغان بولۇپ، شاڭيو بىر يېزىنى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن باشقۇراتتى.

**شاڭيولۇق** ئى. شاڭيولارنىڭ ئورنى، ۋەزىپىسى، شاڭيولارنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئەمەلى: شاڭيولۇق تۈزۈم. شاڭيولۇق قىلماق.

**شال** I ئى [پ] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دانلىق زىرائەتلەر قاتارىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، دېنى (گۈرۈچى) ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**شال** II ئى [پ] يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن تىۋىتلىق رومال: — ئالدىمدا ماڭ، — دېدى باتۇر يۇرەك ئۆمەرجان. چۈشتى ئاتىنىڭ ئالدىغا، شال يېپىنغان جاسۇس خان.

**شال** III ئى [پ] مەلۇم قېلىنلىقتا ۋە مەلۇم كەڭلىكتە تىلىنغان ياغاچ: قاپقاراڭغۇ كېچە، قەدىردىن دېرىزىلىرىگە شال قېقىلغان سىنىپنى ئايلىنىپ كېتەلمىگەنگە يېرىم سائەتتىن ئاشتى.

**شال** IV ئى. ئېغىزدىن ئاققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق، شۆلگەي: — بۆرىسى يوق جاڭگال، ئوغرىسى يوق يۇرت نەدە بار؟ — دېدى بەگ غەزەپ بىلەن شالىنى چېچىپ، — بىزنىڭ يېڭىساردا ئوغرى يوقمۇ؟ مەن بىلمەن.

**شالىنى چاچماق** تۇترۇقسىز، بىمەنە گەپلەرنى توختىماي سۆزلەۋەرمەك، تولا سۆزلىمەك؛ ئورۇنسىز ئاچچىقلاپ قاقشىماق: — ئەتىدىن كەچكىچە شالىڭنى چاچماي، يولۇڭغا ماڭمامسەن، قىزىمۇي! — دېدى تاقىتى تاق بولغان زىۋىدىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

**شال** V ئى. قەدىمكى دەۋرلەردە جىنايەتچىلەرنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تاختاي، تاقاق: تاقاقنىڭ ئۈستىگە كىيدۈردى شالنى، سېلىشتى گۇندا ئۈستىگە ئىشكەلنى.

**شالا** ئى. مەش، ئوچاق، پىلىتە قاتارلىقلارنىڭ ئوت قالىغاندا كۆلى ئاستىغا چۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن چويۇندىن تارغاقسىمان ياسالغان قۇرۇلمىسى.

**شالاپ** تەق ① بىرەر نەرسىنىڭ سۇ، لاي قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: بىر پۇتۇم شالاپ قىلىپ پاتقاققا كىرىپ كەتتى. ② ئادەم ۋە ھايۋانلار بىرنەرسىنى ئىتتىك يېگەندە چىققان ئاۋاز: — كەچكىچە شالاپ قىلىپ ئولتۇرماي ئىتتىكرەك يېمەمسەن؟ — دېدى ئاپام مېنى ئالدىرىتىپ.

**شالاپپىدە** رەۋ. «شالاپ» قىلغان ھالدا، «شالاپ» قىلىپ: ئىت ئۇ گۆشنى شالاپپىدە يەۋەتتى.

**شالاپ ـ شالاپ** «شالاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نەچچە كۈن ئاچ قالغان بۇ ئىت شالاپ ـ شالاپ قىلىپلا يالاقتىكى ئۇماچنى ئىچىپ تۈگەتتى.

**شالاپ ـ شۇلۇپ** «شالاپ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇ بىر چىنە ئاشنى شالاپ ـ شۇلۇپ قىلىپلا ئىچىۋەتتى ـ دە، ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى.

**شالاپشتماق** «شالاپشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئارىدا قەيەردىندۇر بىر ئىت كېلىپ بەتبۇي قۇسۇقنى شالاپشىتىپ ئازراق يالىدى ـ دە، كېيىن نەگىدۇر يوقالدى.

**شالاپشىماق** پ. «شالاپ ـ شالاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالاپ ـ شالاپ» قىلماق.

**شالاپلاتماق** «شالاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈگمىتىپلا «ئېلىپبە» نى «بىلدىم» دېمە، سۇدا قارماق قىمىرلىسا «ئىلدىم» دېمە. تىزىڭغىچە سۇنى كېچىپ شالاپلىتىپ، «مەن دېڭىزنىڭ تۈۋىگىچە كىردىم» دېمە.

**شالاپلاشماق** «شالاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى بۆرە يەردىكى قانلارنى شالاپلىشىپ ئىچىپ بوپتۇ.

**شالاپلىماق** پ. «شالاپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالاپ» قىلماق: راست دېگەندەك ئالدى تەرەپتىن بىرىنىڭ پاتقاقتا شالاپلاپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

**شالاسون** ئى. دىيال. شالا.

**شالاق** ① تەق. سۇيۇقلۇقلارنىڭ يەر يۈزىگە بىردىنلا تۆكۈلۈشىدىن ياكى چايقىلىشىدىن ۋە ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ سۇيۇقلۇقلارغا قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ جاسۇسنىڭ يۈزىگە شالاق قىلىپ تۈكۈردى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان قاراپمۇ قويماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. ئۇسكۇنىلىرى كونىراپ كاردىن چىققان، دېتاللىرى بوشىشىپ ئەسكىرەپ كەتكەن، كونا؛ كارغا كەلمەيدىغان؛ ئەبجەق: ئۇنىڭ بۇ شالاق ماشىنىسىغا مېنى يولۇقتۇرۇپ قويغان خۇدادىن رەنجىدىم، بىراق ئامال يوق ـ تە!

**شالاق ـ شۇلۇق** «شالاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇ داسلاردىكى سۇنى شالاق ـ شۇلۇق قىلىپ تۆكۈشكە باشلىدى.

**شالاقشتماق** «شالاقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق بوران ئامباردىكى سۇنى شالاقشىتىپ قىرغاقلارغا ئۇراتتى.

**شالاقشىماق** پ. شالاقلىماق: — ھارۋىمۇ شالاقشىپ كەتتى، — دېدى ئۇ گەپنى ھارۋىغا يۆتكەپ.

**شالاقىدە** رەۋ. «شالاق» قىلغان ھالدا، «شالاق» قىلىپ: مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى.

**شالاقلاتماق** «شالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئوھوي، — دېدى مەسۇم بوۋا ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغان نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئۇماچنى شالاقلىتىپ تازا قاينىتىۋېتىپسەنغۇ، تازا ئوخشايدىكەن ـ دە.

**شالاقلاشماق** «شالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شالاقلىماق** پ ① «شالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شالاقشىماق: سۇ تاغ شامىلىنىڭ تەسىرىدە يېنىك داۋالغۇپ بىر خىل رىتىم بىلەن شالاقلاپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ئۇسكۇنە، دېتاللىرى كونىراپ كەتمەك، دېتاللىرى بوشاپ كونىرىماق، ئەبجەقى چىقماق: راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ھارۋام شالاقلاپ كەتكەن بىر ھارۋا ئىدى.

**شالاڭ** سۈپ. زىچ، قويۇق ئەمەس؛ ئۇ يەردە، بۇيەردە، سۇيۇق، ئاز؛ كۆپ ئەمەس: شالاڭ كېۋەز. شالاڭ قوناق. شالاڭ ئەلگەك.

**شالاڭشتماق** «شالاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېرىم بوۋاي نېمە ئۈچۈندۇر، قوناق مايسىلىرىنى يۇلۇپ شالاڭشىتىۋەتكەنىدى.

**شالاڭشىماق** پ ← **شالاڭلىماق**.

**شالاڭلاتماق** «شالاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېۋەز شالاڭلاتماق. قوناق شالاڭلاتماق. * ئورمانلارنى كېسىپ شالاڭلىتىش مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**شالاڭلاشتۇرماق** «شالاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇرغۇن تۇنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ قويۇق دولقۇنلۇق چاچلىرىنى شالاڭلاشتۇرۇۋالغان بۇ ئالىم خەتنى يەنە ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.

**شالاڭلاشتۇرۇلماق** «شالاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى سىرت يېزىلارغا كۆچۈرۈلۈپ، مەھەللە بىر ئاز شالاڭلاشتۇرۇلدى.

**شالاڭلاشماق** ① «شالاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سائەت 12 بولۇپ قالدى، ئەمدى كېلىدىغانلارمۇ شالاڭلاشماقتا ئىدى-

دى. ② شالاڭ ھالەتكە كەلمەك.

**شالاڭلىتىلماق** «شالاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجە-سى: مايسىلار بىرىنچى يىلى مۇۋاپىق شالاڭلىتىلغاندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ نەملىكى يېتەرلىك بولۇشى زۆرۈر.

**شالاڭلىق** ئى. زىچ، قويۇق بولمىغان، سۇيۇق ھالەت؛ ئاز-لىق: ئۇنىڭ چېچىنىڭ شالاڭلىقىدىن ئەقلىي ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تەس ئەمەس ئىدى.

**شالاڭلىماق** پ. شالاڭ ھالەتكە كەلمەك: بارغانسېرى ئاقىرىپ كېتىۋاتقان كوچىلاردا ئادەملەر ئايىغى شالاڭلىماقتا ئىدى.

**شاللىق** سۈپ. شالاسى بار، شالا ئورنىتىلغان: ئۇ يەر تۆمۈر-چىلىك دۇكىنى قىلىنىشقا ھەقىقەتەن ئېپلىك، بىزدىن كېتىدىغىنى پەقەت شالالىق ئوچاق سېلىپ، پەستىن كۆمۈر چىقىرىشلا ئىدى.

**شالتاق** ① ئى. مېۋە – چېۋە، قوغۇن – شاپاق قاتارلىقلارنىڭ بىر نەرسىگە چاپلاشقان شىرنىسى: بالا تاۋۇزنى يەيمەن دەپ يۈزلى-رىنى شالتاق قىلىۋالدى. ② سۈپ. كۆچمە. پاسكىنا، مەينەت: شالتاق قىلماق.

**شالتىقىغا تېپىلماق** بىركىمنىڭ يامان ئىشىغا قوشۇلۇپ قالماق، باشقىلارنىڭ يامان ئىشلىرى تۈپەيلى ئەيىبلەنمەك: ھەتتا ئايۇپ دېگەن ھوقۇقدارمۇ ئۇنىڭ شالتىقىغا تېپىلىپ كەتتى.

**شالتىقىنى ئادالىماق** چاتىقىنى تۈگەتمەك، خاتالىرىنى ئوڭ-شىماق، پوقىنى ئېرىغدىماق: ھاراقلا ئىچسەن، ئۆزۈڭنى جۆندەشنى بىلمەيسەن، بىز زادى قاچانغىچە سېنىڭ شالتىقىڭنى ئادالايمىز!

**شالتاقلىق** ئى. پاسكىنىلىق، مەينەتلىك: ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ شالتاقلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

**شالتاي- پالتاي** تۇتۇرۇقسىز قۇرۇق گەپ قىلىش، تولا سۆزلەش: — تولا شالتاي - پالتاي گەپ قىلماي نەخ گېپىڭنى دېگىنە، — دېدىم ئۇنىڭغا.

**شالچى** I ئى. شال تېرىيدىغان دېھقان: ھازىر ئۇ يەردە شالچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ پەيدا بولدى.

**شالچى** II ئى. ياغاچنى شال قىلىپ تىلىدىغان ئادەم، شال تىلغۇچى.

**شالدام** ئى. دىيال. ئېغىزدىن شالىنى ئېقىپ تۇرىدىغان ئادەم.

**شالداما** ئى. كىچىك باللار بىرنەرسە يېگەندە مەيدىسىنى شالتاق قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مەيدىسىگە تارتىپ قويۇل-دىغان بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغان لاتا.

**شالدۇر** تەق. دەرەخ ۋە قوناق شاخلىرى قاتارلىقلارنىڭ سىلكىنىشىدىن ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**شالدۇر- شۇلدۇر** «شالدۇر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قوناقلىقتىكى ھەربىر شالدۇر - شۇلدۇر مېنى گويا توشقان-دىنمۇ سەگەك قىلىۋەتكەنىدى.

**شالدۇرۇق** ئى ← **شالداما.**

**شالدىر** تەق. قوناق شېخى قاتارلىقلارغا باشقا نەرسىلەرنىڭ تېگىشىدىن ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**شالدىراق** سۈپ. «شالدىر» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىدىغان: شالدىراق يىلان.

**شالدىرشاپ** ئى. ئۇجمە، ئۆرۈك قاتارلىقلارنى قاققاندا، قې-قىلغان مېۋىلەر ئۈستىگە چۈشىدىغان چوڭ داستىخان.

**شالدىر- شۇلدۇر** «شالدىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**شالدىرلاتماق** «شالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرى-جىسى: بوران ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قوناق شاخلى-رىنى شالدىرلىتىپ، ئاپتاپپەرەس غوللىرى ۋە شال پاخاللىرىنى ئۇچۇر-تۇپ ئۆتەتتى.

**شالدىرلاشماق** «شالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرى-جىسى: شامالدا قوناقلار شالدىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**شالدىرلىماق** پ. «شالدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شالدىر» قىلماق: شامالدا يوپۇرماقلىرى شالدىرلاۋاتقان دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېگىز – پەس ئۆيلەر بىلەن بېزا مەسچىتىنىڭ يېشىل گۈمبىزى قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

**شالدىرما** ئى. ئېشەك، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى مىنىپ ماڭغاندا، توقۇم ياكى ئېگەرنىڭ بىر يەرلىرىگە ۋە ياكى نوختى-نىڭ بىر يەرلىرىگە ئېسىپ قويۇلىدىغان، شالدىرلاپ تۇرىدىغان كىچىك كولدۇرما، كىچىك قوڭغۇراق.

**شالغۇت** ① سۈپ <بىيول> ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئوخشاش بولمىغان سورتتىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان؛ مېتىس: شالغۇت خوراز. شالغۇت زىگوتا. شالغۇت كالا. ② ئى <بىيول> ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلاردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئىككى خىل سورتنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان يېڭى بىر خىل سورت. بۇنىڭدا ئالدىنقى بىر ئەۋلاد سورتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ: شالغۇت ئەجدادى. شالغۇت ئەۋزەللىكى. ③ سۈپ. ئوخشاش بولمىغان ئىرق ياكى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان: پۈرومى پوپ شالغۇت ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغانىكەن، چوڭ ئانىسى يەھۇدىينىڭ قىزى ئارىلاشقان بىلگە-يەلىك ئايال ئىكەن.

**شالغۇتلاشتۇرماق** «شالغۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى كۆممقوناق ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈرۈلدى.

**شالغۇتلاشتۇرۇلماق** «شالغۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەج-ھۇل دەرىجىسى: شالغۇتلاشتۇرۇلغان سوقچاق شال سورتلىرى يې-تىشتۈرۈلدى.

**شالغۇتلاشماق** پ ① <بىيول> ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ۋە سورتتىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار قوشۇلۇپ ياكى چېتىشىپ، يېڭى بىر خىل سورتنى پەيدا قىلماق: بىرقا-چە يىلدىن بۇيان ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئاساسلىق ئۇرۇقلۇق خىللى-رىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ، سورتى كۆپ بولۇش، قالايمىقان بولۇش، شالغۇتلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى. ② كۆچمە. تەركىبى مۇرەككەپلەشمەك؛ ئارىلىشىپ كەتمەك: غەرب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرى قىيانىدەك يامراپ كېتىۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەت نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە داۋاملىشىۋاتقان، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئۆزئارا سىڭىشىپ شالغۇتلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي مەدەنىيەتنى مەركەز قىلىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ھەم تەس، ھەم مۇھىم.

**شاللاتماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

تېخنىك ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ ئۇرۇق شاللاتتى.

**شاللاشماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدا يىگىرمىگە يېقىن ئايال ھەدەپ ئۇرۇق شاللىشىۋاتىدۇ.

**شاللاق** سۈپ. ئېغىر - بېسىق ئەمەس، تۇتۇرۇقسىز، ئۇچمە كۆڭۈل: ھەنىپەمنىڭ ئەھۋالىنى بىز ھەر جەھەتتىن ئۇقۇشۇپ باقتۇق، بەك شاللاق، يېنىك قىز ئىكەن.

**شاللاقلىق** ئى. ئېغىر - بېسىق بولمىغان ھالەت، تۇتۇرۇقسىزلىق، ئۇچمە كۆڭۈللۈك: بەزىلەر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا مېڭە ئىشلەتمەي شاللاقلىق قىلىدۇ.

**شاللاندى** ① سۈپ. شاللىنىپ قالغان، تاللاشتىن ئۆتەلمىگەن، ئىلغاندى: شاللاندى بۇيۇم. شاللاندى مەھسۇلات. ② ئى. شۇنداق نەرسە ياكى ئادەم: كىشىنى ئاچچىق كۈلكىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۆزلىرىنى ئەدىپ دېيىشىۋالغان بىر توپ گۇمراھلار ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، زورلاپ تېڭىلغان شاللاندىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەتتى.

**شاللانماق** «شاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەھبەرلىك سېپىدىكى ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ھەرقانداقى ئاستا - ئاستا شاللىنىپ، رەھبەرلىك سېپى خىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

**شاللىق** ئى. شال تېرىلغان يەر؛ شال ئېتىزى: بىز ئىككىمىز يېتىلىشىپ شاللىققا باردۇق.

**شاللىماق** پ. ئىلغاپ، تاللاپ چىقىرىۋەتمەك: ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار مېنى ئۆز قاتارىدىن شاللىۋېتىشتى.

**شالۇك** ئى. دىيال. ئېغىزدىن ئاققان شۆلگەي.

**شالۋاق** ئى ← **شۆلگەي.**

**شالۋۇر** ئى [ر] تېرىدىن تىكىلگەن شىم، ئىشتان.

**شام** I ئى [پ] ① كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىت: ئۇلار شام ئارىلىقىدا بىر شەھەرگە كىرىپتۇ. ② مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندە ئۆتەيدىغان بەش ۋاخ نامىزىنىڭ تۆتىنچىسى: دادام شامنى ئۆتەپ بولۇپ قايتىپ چىقتى.

**شام** II ئى [ئە] ھايۋان مېيىدىن ئوتتۇرىسىغا پىلىك بېكىتىپ ياسايدىغان چوكىسىمان چىراغ: ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغىنىدا، شام تۈگەپ ئۆچۈپ قاپتۇ.

**شام گۆر** ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر ئېرىق تارتىپ، ئىككى تەرىپىگە قاتارلاپ ئېچىلغان گۆر ياكى يۇمىلاق گۇمبەز ياكى ئۆي شەكلىلىك ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۆر: پادىچى تاغ ئۈڭكۈرىگە، دەرەخنىڭ كاۋىكىغا ياكى پۈچۈق گۇمبەز، شام گۆرلەرگە كىرىۋېلىپ سوغۇقتىن دالدىلىنىدىكەن.

**شاما** ئى. قايناق سۇغا سېلىنغان چاينىڭ تەمى چىقىپ بولۇپ، قېپقالغان قالدۇقى.

**شاما قىلىۋەتمەك** ① ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتمەك، ئېزىپ مىچىلدىتىۋەتمەك (بىرەر نەرسىنى ئۇرۇش ياكى شۇنداق ھەرىكەت ھەققىدە): ئىشىڭنى قىل، ماڭ ھېلى بىكار شاما قىلىۋەتمەي. ② ۋايىغا يەتكۈزمەك؛ تولۇق بىلمەك، مۇكەممەل ئىگىلىمەك: ئۇ ساز دېگەننى شاما قىلىۋەتتى. * — بىز دېگەنچۇ، ياپونچىنى 15 ياش چېغىمىزدا شاما قىلىۋەتكەن، جۇمۇ، — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

**شامال** ئى [ئە] ① ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى. ئۇ ھاۋا بېسىمىنىڭ تارقىلىشىنىڭ باراۋەر بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ: تۈنۈگۈن قاتتىق سوغۇق شامال چىقتى. ② كۆچمە. ئىجتىمائىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان، تېز چىقىپ، تېز ئاخىرلىشىدىغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت: زىۋىرشا، ھەيدەرلەرمۇ شۇ، ئۇلار ھەرقانچە جۆۋلا تاراقشىتىپمۇ شامال چىقىرالمايدۇ. ③ مارالبېشى ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**شامال تەگمەك** ① <تېب> شامالداش تۈپەيلى بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولماق، ئاغرىپ قالماق: — تاماقنى يەپلا سىرتقا چاپقىنىنى، — دېدى دادام ئىنىمنى توسۇپ، — تەرىڭ قۇرۇماستا سىرتقا چىقساڭ، شامال تېگىپ قالامدۇ؟ ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ زىيان تارتماق: ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگەك مېۋىسىگە شامال تېگىدىغانلىقىنى جەزم قىلغانىدى.

**شامال چىقارماق** ھەرىكەت قوزغىماق؛ غۇلغۇلا پەيدا قىلماق: ئۇ دىلشاتنىڭ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتى ئارقىلىق بىر شامال چىقىرىپ، شەھەر بويىچە «بۇرژۇئا مائارىپ لۇشيەنىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى»نى ياراتماقچىدى.

**شامال دارىماق** دىنىي چۈشەنچىدە: جىن چاپلىشىپ، نېرۋىسى ئاجىزلاشماق، ساراڭ بولۇپ قالماق: بىرنەچچە شامال دارىپ قالغان ئاغرىق - سىلاقنى تېپىپ، تۇغ باغلاپ پېرە قىلدىم.

**شامال ساندۇقى** دىيال. قول ياكى دىۋىگاتېل بىلەن ئايلاندۇرۇپ شامال چىقىرىش ئارقىلىق تېپىلگەن دانلىق زىرائەتلەرنىڭ سامىنى بىلەن دېنىنى ئايرىيدىغان بىر خىل قۇرۇلما.

**شامالغا ئەگەشمەك** ۋەزىيەتكە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرمەك، ۋەزىيەت قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلماق.

**شامالغا باقماق** ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتماق، ۋەزىيەت قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپتە تۇرماق.

**شامالغا سورۇۋەتمەك** بىكار ئىسراپ قىلماق، ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچماق: — ئاتاڭنىڭ شۇنچىۋالا مال - دۇنياسىنى ئىككى يىلدا شامالغا سورۇۋەتتىڭ، ئەمدى سەل كېيىنىڭنىمۇ ئويلاپ قوي، — دېدى بوۋاي مېنى ئەيىبلەپ.

**شامالغا قاراپ خامان سورۇماق** ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەك، شامالغا باقماق: — ھەر ھالدا، — دېدى ئۇ گەپ قىستۇرۇپ، — شامالغا قاراپ خامان سورۇغىنىمىز تۈزۈك.

**شامالغا قاراپ ئىش تۇتماق** ← **شامالغا ئەگەشمەك.**

**شامالغا كەتمەك** ئورۇنسىز تۈگىمەك: ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتەي دېسە، ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئېچىلمىغان بولۇپ، پۈتۈن مۇشەققىتى شامالغا كېتەتتى.

**شامال كىرمەسلىك** مۇستەھكەم؛ ئىشەنچلىك: بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا شامال كىرمەيدۇ.

**شاملىغا كەتمەك** بىرەر ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى قىزغىن پەيتىگە توغرا كېلىپ، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن زىيان تارتماق؛ ئۇقۇشسىزلىققا ئۇچرىماق: ئۇ بۇ قېتىمقى «چوڭ تازىلاش»نىڭ شاملىغا كەتكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

**شامالداتماق** «شامالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈندىخانىدا مەھبۇسلارنى شامالدىتىشقا ئېلىپ چىقىدىغان بىر رەسمىيەت بار ئىدى.

**شامالداشماق** «شامالدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شامالدۇرغۇچ** ئى. ئېلېكتىر دىۋىگاتېلى ئارقىلىق پالاقچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، ھاۋا ئېقىمىنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۆي ئىچىنى سالقىنلىتىش، شامال چىقىرىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش،كېرەكسىز گازلارنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىس - تۈتەك سۈمۈرۈش ۋە قۇرۇتۇش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**شامالدىتىلماق** «شامالداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۈزۈملەرنى باغلايدىغان پىچان قايناق سۇغا سېلىپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئارقىدىن شامالدىتىلىدۇ.

**شامالدىماق** پ ① ئۆزىنى شامالغا تۇتماق، شامال چىقىۋاتقان يەردە تۇرماق: — يۇرۇڭا شامالداپ كىرەيلى، — دېدى ئۇ مەندىن تارتىنىۋاتقاندەك بىر خىل تۇستە پەس ئاۋاز بىلەن. ② شامال تەگكەنلىك تۈپەيلىدىن بىرەر ئەزاسىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەك: — ئۆپكىسى شامالداپتۇ، — دېدى ئايۇپ شۇجىغا مەنىلىك تىكىلىپ، — جىددىي داۋالىمىغاندا ...

**شامالىلىق** سۈپ. شاملى بار، شامال چىقىپ تۇرىدىغان: يولۇچىلار ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، سالقىن شامالىلىق جايلارنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى.

**شامان** ئى [ر] <دىن> شامان دىنىدىكى روھلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھەمدە روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى توسىدىغان شەخس دەپ قارىلىدىغان كىشى، روھانىي.

**شامان دىنى** <دىن> ئىپتىدائىي دىنلاردىن بىرى. ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيا ياخشى ۋە يامان روھلار بىلەن تولغان، شامان دەپ ئاتالغان روھانىيلار ۋاستىسى بىلەن يامان روھلار قوغلىنىپ، ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرى داۋام قىلدۇرۇلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**شامانىزم** ئى [ر] <دىن> ← **شامان دىنى.**

**شامپان** ئى ① فىرانسىيەدىكى بىر جاي ئىسمى. بۇ جاي شامپان ھارىقى چىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان (champagne) . ② شامپان ھارىقى.

**شامچى** ئى. شام ياسايدىغان ئادەم: ئۇ كۈنلەردە بۇ بوۋاي داڭقى بار شامچى ئىدى.

**شامچىلىق** ئى. شام ياساش، شام سېتىش ئىشى، كەسپى: بۇ مەھەللىدە شامچىلىق قىلىدىغانلاردىن تۆت - بەشى بار ئىدى.

**شامدار** ئى. خوجايىنلىرى ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئالدىدا شام كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى؛ چىراغچى.

**شامدان** ئى [ئە + پ] شام قادايدىغان نەرسە.

**شاملىق** سۈپ. شامى بار، شام قادالغان، شام ئورۇنلاشتۇرۇلغان: — مەن ئەسلىدە ھەممە پانۇسنى ئېلىپ قالاي دېۋىدىم، سىلەرنى ئازابقا قالارمىكىن دەپ 81 شاملىق گۈللۈك پانۇسنىلا ئېلىپ قالىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ئۇ سىلىق ئاۋازدا.

**شامۇسەھەر** ① شام ۋە سەھەر، ئاخشام ۋە ئەتىگەن: ئارىلاپ چالسام ئۇشاقنى، مۇقامنى راكقا يەتكۈزسەم، كى ئول شامۇسەھەرلەردە مۇشاۋىرەكنى مەن چالسام. ② ھەر دائىم، داۋاملىق، ھەمىشە: ئىزلىبان كەلگۈسى بەختىڭ ۋەسلىنى شامۇسەھەر، پەن، ھۈنەرۇ كەشپىياتتا خۇددى زور كاندۇر ھايات.

**شامىلىق** ① ئى. چۈگۈن، چەينەك قاتارلىقلارنىڭ چاي قۇيغان چاغدا چاينىڭ شامىسى چىنىگە چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنىتىلغان ياكى ئايرىم ياسالغان سۈزگۈچ. ② سۈپ. شامىسى بار، شامىسى كۆپ: — نېمانداق شامىلىق چاي بۇ، چاي ئىچمىدىمىز، شاما چايناپمىدىمىز؟ — بۇرۇتلۇق يىگىت ئاشپەز تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

**شان** ئى [ئە] ياخشى ئىشلار بىلەن ئېرىشكەن ھۆرمەت، شەرەپ، ئابروي، شەۋكەت؛ نام، داڭق، شۆھرەت: بارار دولقۇن يېرىپ ئۆرلەپ بۈيۈك ئارزۇدا ھەمراھىڭ، كېلەمدۇ شان يەنە قولغا، يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ.

**شانا** ئى. بۆز توقۇيدىغان دەستگاھنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى كۆتۈرۈپ - چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان قىسمى: بۆزنى بۇزغان شانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال).

**شان - شەرەپ** شان ۋە شەرەپ، پەخىر ۋە ئىپتىخار، ئاتاق - ئابروي: ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بولۇش — پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شان - شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

**شان - شەۋكەت** شان ۋە شەۋكەت، شان ۋە شۆھرەت: ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ شان-شەۋكىتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

**شان - شۆھرەت** شان ۋە شۆھرەت: ئېيت ناخشاڭنى يەنىمۇ ياڭراق، ۋەتىنىڭگە ياغسۇن شان -شۆھرەت. ھايات چەكلىك ۋە لېكىن، ناخشاڭ مۇقام كەبى ياشايدۇ ئەبەد.

**شانكىر** ئى [ر<فىران] <تېب> بىر خىل جىنسىي كېسەللىك. قاتتىق شانكىر ۋە يۇمشاق شانكىر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قاتتىق شانكىر سىفلىسنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا جىنسىي ئەزا، تىل ۋە لەۋ قاتارلىقلاردا جاراھەت پەيدا بولىدۇ ھەمدە كېسەل ئوچىقىنىڭ ئاستى قىسمى قاتتىقلىشىدۇ، ئاغرىتمايدۇ. يۇمشاق شانكىرنى يۇمشاق شانكىر تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا جىنسىي ئەزانىڭ سىرتقى قىسمىدا جاراھەت پەيدا بولۇپ ، كېسەل ئوچىقىنىڭ ئەتراپ توقۇلمىلىرى يۇمشاقلىشىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**شانلىق** سۈپ . شان - شۆھرەتكە ئىگە، ياخشى نام چىقارغان، داڭلىق، مەشھۇر: ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا شانلىق خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلار مەڭگۈ ھايات!

**شانۇشەۋكەت** ← **شان - شەۋكەت:** شانۇشەۋكەت، تاجۇتەخت دىيارىمدىن ئايرىلدىم، شادلىقىمدىن، بەختىمدىن، گۈل يارىمدىن ئايرىلدىم.

**شاھ (شاھى )** ئى [پ] ① پادىشاھلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى شەخس، پادىشاھ، خان. ② شاھمات ئويۇنىدا ئەڭ ئاساسىي، باشقا ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى قوغدايدىغان ئۇرۇق، باشقا ئۇرۇقلارغا قارىغاندا ئېگىزرەك بولىدۇ. ③ شاھمات ئويۇنىدا قارشى تەرەپنىڭ شاھىغا قىلىنغان ھۇجۇم؛ زەربە: ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئالىم بىرلا شاھ بېرىپ، ئۇنىڭ گەردىنىنى ئېلىۋەتكەنىدى.

**شاھادەت** ئى [ئە] يېز ت ① گۇۋاھلىق، شاھىتلىق؛

گۇۋاھلىق سۆزى: ئىمام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كېكىردەكلىرىنى قىرىشتۇرۇپ جامائەتكە شاھادەت ئۆگەتتى. ② شېھىت، قۇربان: قىلىپ دۇشمەن بىلەن جەڭ بۇ ناھايەت، دۆۋە قۇملۇقتا تاپقاندۇر شاھادەت. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شاھادەتلىك** ئى. شېھىتلىك، قۇربانلىق: — ھازىردىن باشلاپ مانجۇ زالىملىرىنىڭ بېشىغا تاش ئاتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان غازىلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەق يول ئۇچۇن جېنىنى تەقدىم ئەتكەن ھەرقانداق مۇسۇلمان شاھادەتلىك دەرىجىسىگە نائىل بولىدۇ! — دېدى خوجا.

**شاھادەتنامە** ئى [ئە + پ] ① بىرەر بىلىم ئېلىش ئورنىدا ئوقۇپ، ئوقۇشنى لاياقەتلىك تاماملىغانلارغا بېرىلىدىغان رەسمىي گۇۋاھلىق ھۆججىتى؛ گۇۋاھنامە، دىپلوم. ② بىرەر پاكىتنى رەسمىي تەستىقلايدىغان ھۆججەت، گۇۋاھنامە: شاھادەتنامە بەرمەك.

**شاھانە** سۈپ [پ] پادىشاھلارغا خاس، پادىشاھلاردا بولىدىغان، ئالىي دەرىجىدىكى، ئاجايىپ ئېسىل؛ كۆركەم، ھەيۋەتلىك: شاھانە كىيىم. شاھانە توي.

**شاھزادە** ئى [پ] شاھنىڭ ئوغلى.

**شاھزادىلىك** سۈپ. شاھزادىلەرگە خاس، شاھزادىلەر كىيىدىغان: بەگزادىلەر قۇرۇق قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، پادىچى شاھزادىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ، يولۋاس، بۆرىلەرنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

**شاھزەر** ئى [ پ ] يۇزىگە خەت ئويۇلغان ياپىلاق ئالتۇن؛ ياپىلاق ئالتۇن ئۇزۇك: ئۇنىڭ ئون تارتىم تۆگەخان كارۋىنى، بەش چوق ئىپار - ئەنبىرى، يۈز جۈپ شاھزەرى، تۆت يۈز ياقا تون - سەرپايىلىرى، بەش مىڭ دانە جايناماز مال - دۇنياسى، ۋەج - تەئەللۇقاتى بار ئىدى.

**شاھلىق** ① ئى. پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي ئەمەل؛ پادىشاھلىق: شاھلىق قىلماق. * — شاھلىق ماڭا ئاتا مىراس تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ. ② سۈپ. شاھلارغا خاس، پەقەت شاھلارغىلا لايىق: ئارمانۇس شاھ ئوردىسىغا ھازىر بولغانلارغا ئۆزىنىڭ شاھلىق ۋەزىپىسىدىن چەكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىپتۇ.

**شاھمات** ئى [پ] <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا، ھەر ئىككى تەرەپتە ئاق - قارا بولۇپ 16 دىن ئۇرۇق بولۇپ، ئوينالغاندا قائىدە بويىچە ئۇرۇقلارنى ماڭدۇ. قارشى تەرەپنى مات قىلغان كىشى غەلىبە قىلغان بولىدۇ: شاھمات تاختىسى. شاھمات ئوينىماق.

**شاھماتچى** ئى. شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان، شاھمات ئوينايدىغان كىشى: قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شاھماتچىلار شاھمات ئويناشماقتا ئىدى.

**شاھنامە** ئى [پ] ① شاھلار ھەققىدىكى خاتىرە، شاھلار تارىخى. ② ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ تارىخىغا بېغىشلاپ يېزىلغان داستانىنىڭ نامى.

**شاھنشىن** ئى [پ] پادىشاھ، خان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىي ھۆكۈمرانلار ئولتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ تەختى قويۇلىدىغان ئۆي، خانا: ئاپاق خوجا شاھنشىندىكى مەرمەر تەخت ئۈستىدە چوكقۇر ئويغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

**شاھئەزەم** ئى [پ + ئە] كاتتا، ھۆرمەتكە سازاۋەر، نام - ئاتاقلىق پادىشاھ.

**شاھىت** ئى [ئە] بىرەر ئەھۋالغا (ۋەقە، ئىش - ھەرىكەت ياكى پائالىيەتكە) بىۋاسىتە قاتناشقان، كۆرگەن ئادەم؛ گۇۋاھ: شاھىت بولماق. * مەنمۇ نۇرغۇن پاجىئەلىك ئىشلارنىڭ شاھىتلىرىنىڭ بىرى.

**شاھىتلىق** ئى. گۇۋاھلىق: مەن بۇنىڭغا ئىمانىم بىلەن شاھىتلىق بېرىمەن .

**شاھىنشاھ** ئى [پ] ① ئىران شاھىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس. ② شاھلار شاھى، ئۇلۇغ پادىشاھ، خاقان: — شەھىرىمىزنىڭ بىر قىزىغا شاھىنشاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن بولسا، بېشىمىزغا ئامەت قۇشى قونۇپتۇ. قىز ئايالىنسۇن ! — دەپتۇ. پادىشاھ توققۇز تەزىم قىلىپ.

**شاۋجياڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى گېنېراللار ئىچىدىكى بىر دەرىجە، جۇڭجياڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

**شاۋرۇن** ئى [ر] ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم.

**شاۋ- شۇۋ** تەق. خىلمۇخىل ئاۋازلاردىن چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭ: ياتاقتىكى سەپداشلار سىرتتىكى شاۋ - شۇۋلارنى ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇردى.

**شاۋشياۋ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى شاۋگۇەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**شاۋقۇن** ئى ① تۈرلۈك نەرسىلەردىن چىققان ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولۇپ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈچلۈك ئاۋاز؛ ۋاڭ - چۇڭ: شاۋقۇن سالماق. ② جىددىي تالاش - تارتىش، جاڭجال، شاۋقۇن - سۈرەن: مۇنچە شاۋقۇن بىزدە بولۇپ باقمىغان، قاراڭ.

**شاۋقۇن- سۈرەن** ① كۈچلۈك شاۋقۇن، يۇقىرى ئاۋازلىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قالايمىقان ۋارقىراپ - جارقىراشلار: تاھىر ئاكىنىڭ تەمبۇر ئاۋازى بالىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ كەتكەندى. ② كۆڭۈلسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭ، جەڭگە - جېدەل، ئۇرۇش - تالاش: شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە تولغان كۈنلەر خۇددى تاسادىپىي پەيدا بولغان قۇيۇندەك چاڭ - توزانلارنى توزۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

**شاۋقۇنسىز** سۈپ. شاۋقۇنى، ۋاراڭ - چۇرۇڭى يوق، ۋارقىراش - جارقىراش بولمىغان: تاڭ سەھەردىكى شاۋقۇنسىز يېزا قويىنىدىن نەي ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. // مەكتەپ ئىچى شاۋقۇنسىز بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

**شاۋقۇنلاتماق** «شاۋقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوران لىغىلداپ تېپتىنچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى شاۋقۇنلىتىپ، دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

**شاۋقۇنلانماق** «شاۋقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تاغدىن شاۋقۇنلىنىپ چۈشۈۋاتقان دەريا سۈيى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى.

**شاۋقۇنلۇق** سۈپ. شاۋقۇنى بار، شاۋ - شۇۋ ئاۋازلار بىلەن تولغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان؛ قاينام - تاشقىنلىق: مۇشۇ قىيانىڭ جەنۇبىدىن شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ئۆتىدۇ.

**شاۋقۇنلىماق** پ. شاۋقۇن پەيدا بولماق، شاۋقۇن كۆتۈرۈلمەك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماق: شاۋقۇنلاپ تۇرغان مەيدان بىردىنلا سۇكۇتكە چۆكتى، ھەممىنىڭ كۆزى يېڭى باشلىققا چۈشتى.

**شاۋۇلدىماق** پ. «شاۋ - شۇۋ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق،

«شاۋ ـ شۇۋ» قىلماق: كامىل ئالدىدا، نەفسە كەينىدە شاۋۇلداپ ئېقمۋاتقان ئېقىنلار ئارا تاشلارنى دەسسەپ ئاستا كېتىشىپ باراتتى.

**شاۋۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئىچىدىكى بىر دەرىجە. ئادەتتە جۇڭۋېيدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

**شائىر** ئى [ئە] <ئەد> شېئىرىي ئەسەر يازىدىغان كىشى: خەلق شائىرى.

**شائىرانە** [ئە + پ] <ئەد> ① رەۋ. شائىرلارغا خاس ئىلھام ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، شائىرلارچە: شائىرانە سۆزلىمەك. شائىرانە ئوقۇماق. ② سۈپ. شائىرلارغا خاس، شائىرلار ئويلىغاندەك گۈزەل ۋە جەزىبىلىك: شائىرانە سۆز. شائىرانە تۇيغۇ. شائىرانە ھېسسىيات.

**شائىرە** ئى [ئە] <ئەد> شېئىرىي ئەسەر يازغۇچى ئايال، ئايال شائىر.

**شائىرلارچە** رەۋ. شائىرلارغا ئوخشاش، شائىرلاردەك: ئۇ بارغانچە قىزىپ شائىرلارچە سۆزلەشكە باشلىدى.

**شائىرلىق** ئى. ① شېئىر يېزىش ئىشى، شېئىر يېزىش كەسپى: شائىرلىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى — ئاجىزلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ روھىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ تەبىئىتى — خۇشامەتتىن خالىي بولۇش. ② سۆزمەنلىك، سۆزگە ئۇستىلىق: — قەيەرگىلا بارسا شائىرلىق قىلىپ، باشقىلارغا سۆز بەرمەي سۆزلەۋېرىش ياخشى ئەمەس، ئەقىللىق ئادەم ئاز سۆزلەيدۇ، — دېدى ئۇ ئەلانى ئەيىبلەپ.

**شاياتۇن** ئى [ئە] شەيتان، جىن ـ شەيتان، ئالۋاستى: شاياتۇنلار سالدى باشقا كۆرمىگەن بالانى، ئۆتتى كۆڭۈل جاراھەتتى تاپماي داۋانى.

**شاياردى** ئى. دىيال. داۋراڭچى، پوچى.

**شايان** ئى [پ] يېزت. ئاشكارا، مەلۇم، ئايان: خەلقىنىڭ بەختىنى تەمىن ئېتىشنى كۆزدە تۇتقانسەن، خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئەۋۋەلۇ ئاخىر ئۇنتۇغانسەن، ئېزىلگەن بارچە ئەللەرگە ھوقۇقىنى تونۇتقانسەن، شەرەپلىك بۇ مۇقەددەس يول پۈتۈن دۇنياغا شاياندۇر.

**شايەت** باغل [پ] يېزت. ئەگەر، مۇبادا (ئېھتىماللىق دەرىجىسىنىڭ ئەڭ ئاز، كىچىك بولۇشى ھەققىدە): بەختتە ئەسلىسە غۇربەتنى ئادەم، تاپۇر ئىقبالىنى غۇربەتتە ئۇ غەم. بۇ داستاندۇر مۇراد شۇلدۇر ناھايەت، ئايان بولسا شۇ مەقسەت ئەلگە شايەت.

**شايبا** ئى [ر<نېم] بۇرما ئاستىغا قويۇلىدىغان نېپىز مېتال ھالقا.

**شايكا** ئى [پ] ① ياۋۇزلۇق قىلىش نىيىتىدە تىل بىرىكتۈرگەن ۋە ياۋۇزلۇق قىلىدىغان ئادەملەر توپى، يامان مەقسەتلىك ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ؛ قارا تەشكىلات: شايكا قۇرماق. ② ياۋۇزلۇق نىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ شېرىكى، قارا تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسى: شايكا تۇپلىماق.

**شايلىماق** پ. دىيال. خۇش قىلماق.

**شايى** ئى [پ] يىپەكتىن توقۇلغان رەخت: شايى رومال. شايى كۆڭلەك.

**شايى ـ ئەتلەس** شايى ۋە ئەتلەس قاتارلىق يىپەكتىن توقۇلغان ئالىي دەرىجىلىك رەختلەر.

**شايىپەتتا** ئى [شايى + پەتتا] سۇلۇق قىلىپ قورۇلغان سەي، قورداق، سۇيۇق چىلىنغان ئۇماچ، سۇيۇقئاش قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق توغرالغان ناننى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاماق؛ نانچۆپ: ئۇ داڭقاندا ئەتكەن شايىپەتتانى ئۇسسۇشقا بىرنەرسە تاپالماي، ئاخىر ھېلىقى يوبدان يۇقى قاچىنى پۇۋلىۋېتىپلا ئۇنىڭغا ئۇسۇپ ئىچتى.

**شايىپۇتۇلۇك** ئى [شايى + پۇتۇلۇك] <ئارخېئول>قەدىمكى زاماندا يىپەك رەختلەر ئۈستىگە پۈتۈلگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەسەر ياكى خەت ـ چەكلەر.

**شايىچى** ئى. شايى توقۇيدىغان ئادەم، شايى توقۇغۇچى: ۋىلايىتىمىزدىكى شايىچىلارنىڭ توقۇغان شايىلىرى چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. // شايىچى قىزلار.

**شەب** ئى [پ] يېز ت. كېچە، كەچ، تۈن: نىسپىي شەب.

**شەببادە** ئى. يېز ت. مەيىن، سالقىن شامال: رويالنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئۇنىڭ خىيالىنى باھار شەببادىسىگە چۆمگەن ۋەتىنىگە ئېلىپ كەتتى.

**شەبنەم** ئى [پ] <مېتېئور> يەر يۈزى ياكى يەر يۈزىگە يېقىن تۇرغان جىسىملار ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان سۇ تامچىلىرى.

**شەبنەملىك** سۈپ. شەبنەم چۈشكەن؛ شەبنەم قونغان: ئەكەلگىن شەپەقنى مەي قىلىپ دىلدار، شەبنەملىك دالىنىڭ غۇنچىسىنى جام. جاپالىق ئەمگەكتىن چارچىغان جانغا، گۈزەللىك يالقۇنى بېرىدۇ ئارام.

**شەبىستان** ئى [پ] يېز ت ① كەچكى قونالغۇ، كېچىدە ئارام ئالىدىغان ئورۇن: كۈچ، ئەقىل، ئىرادە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ، جىمىكى بايلىقنىڭ پۈتمەس كانى بۇ، ئاۋايلا، ئۇيقۇغا بەرمىگىن مالال، مەرھۇمنىڭ زەرەپشان شەبىستانى بۇ. ② قاراڭغۇ جاي.

**شەپە** ئى ① تىۋىش، پەس ئاۋاز: شەپە چىقارماق. ② كۆچمە. بەلگە، ئالامەت؛ ئىما، ئىشارەت، بېشارەت؛ ئالدىن مەلۇمات، سىگنال: شەپە بەرمەك.

**شەپەرەڭ** ئى [پ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى بىلەن گەۋدىسى چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تۆت پۇتى بىلەن قۇيرۇقى ئارىسىدا تېرە پەردىسى بولىدۇ، كېچىسى ئۇچىدۇ. پاشا، پەرۋانە قاتارلىق ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى بەكلا ئاجىز بولۇپ، ئۆزى چىقىرىدىغان ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىغا تايىنىپ ئۇچىدۇ.

**شەپەق** ئى [ئە] <ئاستر> قۇياش نۇرىنىڭ يانتۇ چۈشۈشى ۋە ھاۋانىڭ تارقىلىش تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاسمان بوشلۇقى ھەم بۇلۇت قاتلاملىرى سېرىق، قىزىل ۋە قىزغۇچ رەڭلەردە كۆرۈنىدىغان بىر خىل ھادىسە، يەنى كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش ئالدىدا ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق.

**شەپشەك** سۈپ. شاللاق، تەنتەك، بەڭباش، شاش: شەپشەك قىز.

**شەپشەكلىك** ئى. شەپشەك، شاللاق قىلىق؛ شاللاقلىق، بەڭباشلىق، تەنتەكلىك؛ شاشلىق: ھەقىقەتەن ئۇ قىزنىڭ شەپشەكلىك قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇش ئېھتىمالى بار ئىدى.

**شەپقەت** ئى [ئە] ① ئىچ ئاغرىتىپ رەھىم قىلىش، ئاياش؛ رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىق؛ رەھىم: شەپقەت قىلماق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شەپقەتچى** ئى. ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قىلغۇچى، مېھرىبانلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى: خەتەردىن قۇتۇلغان ئايال شەپقەتچىسىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم بىلەن قارىدى.

**شەپقەتسىز** سۈپ. مېھىر ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغان، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلمايدىغان، رەھىمسىز؛ ۋەھشىي:

شەپقەتسىز ئادەم.

**شەپقەتسىزلىك** ئى. شەپقەت قىلمايدىغان، كۆيۈنمەيدىغان ھالەت، خۇسۇسىيەت؛ كۆيۈمسىزلىك: شەپقەتسىزلىك قىلماق.

**شەپقەتلىك** سۈپ. بىراۋغا ئىچ ئاغرىتىپ ياخشىلىق قىلىدىغان، مېھىر - شەپقەت قىلىدىغان؛ مېھرىبان، رەھىمدىل: پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن كۆيۈنگەن بۇ شەپقەتلىك كېنىزەككە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**شەپكە** ئى [ر] ئالدى تەرىپىدە سايىۋىنى — چېكىلىكى بولغان بىر خىل باش كىيىمى.

**شەپكىچى** ئى. شەپكە تىكىپ ساتىدىغان ئادەم: نۇرىدىن ھەققەتەن ئۇستا شەپكىچى ئىدى.

**شەپكىچىلىك** ئى. شەپكە تىكىش ئىشى، شەپكە سېتىش كەسپى: ئۇ بىرمەزگىل بازاردا شەپكىچىلىك قىلىپمۇ كۆردى، يەنىلا كۆنەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن قەدىرلىك ئايالىنى ئىزدىدى.

**شەپكىسىز** سۈپ. شەپكىسى يوق، شەپكە كىيمىگەن: شەپكىسىز ئادەم.

**شەپكىلىك** سۈپ ① شەپكىسى بار، شەپكە كىيگەن: شەپكىلىك ئادەم. ② شەپكە تىككىشكە لايىق، مەلۇم ساندىكى شەپكىگە يېتىدىغان: شەپكىلىك سارجا. شەپكىلىك رەخت.

**شەپىسىز** سۈپ ① ئۈن - تىۋىشسىز، ئاۋازسىز: ئۇ شەپىسىز قەدەملەر بىلەن كارىدور ئارقىلىق ئىشىككە باردى. ② بەلگە ياكى ئالامەتسىز، سىگنالسىز: ئابدۇللا دامولللىنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق ھەم شەپىسىز ئىدى.

**شەتلەڭگە** ئى [ر] پاختا يىپتىن ياكى ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا يۇڭ، يىپەك يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ۋە رەڭدار كاتەكچىلەر چىقىرىلىپ توقۇلغان رەخت: قىزلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا شەتلەڭگىدىن ئوخشاش قىلىپ كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋېلىشقانىدى.

**شەجەرە** ئى [ئە] ① مەلۇم بىر ئۇرۇق ئەۋلادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق دەرىجىسىنى رېتى بويىچە ئىزچىل يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگۈچى رويخەت، تارىخ؛ نەسەبنامە: كۆكەنىڭ قەھرىمان ئوفىتسېر بولۇپ يېتىلىشىمۇ ئۇنىڭ شەجەرىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان. ② <بىيول>تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىش سىستېمىسى ياكى مەلۇم بىر ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋلادلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر.

**شەخس** ئى [ئە] ① كىشى، ئادەم: ناتونۇش شەخس. ② مەلۇم جەھەتتە تىپىك خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ياكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان كىشى: تارىخىي شەخس. شەخسكە چوقۇنۇش. ③ <تىل> ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىللاردا كۆرۈلىدىغان ھەمدە شۇ خىل سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ مەلۇم تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق شۇ سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلەنگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلىگۈچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ قايسىبىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق فورما. ئادەتتە ئۇ بىرىنچى شەخس، ئىككىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخس دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ.

**شەخسەن** رەۋ [ئە] ھەربىر شەخسنىڭ مەخسۇس ئۆزى (ئۆزۈم، ئۆزۈڭ، ئۆزى ۋە شۇ قاتارلىقلار): مېھمانىنىڭ ھالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش لازىم ئىدى، ئەمما شەخسەن مەن ئۇنداق قىلالمىدىم.

**شەخسىي** سۈپ [ئە] شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە، ئۆزىگە تېگىشلىك، ئۆزى پايدىلىنىدىغان؛ خۇسۇسىي، ئىندىۋىدۇئال: شەخسىي چارۋا. شەخسىي مۈلۈك. شەخسىي خاراكتېر.

**شەخسىيەت** ئى [ئە] ① قەدىر - قىممىتىنى سېزىش تۇيغۇسى، ئۆزىنى ۋە ئۆز ھۆرمىتىنى بىلىش ھېسسى، غۇرۇر، ۋىجدان: شەخسىيىتىگە تەگمەك. ② شەخسىي مەنپەئەت: بۇ ئەل - يۇرتنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى، بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىيىتىنى قۇربان قىلىپ، شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان بىر پىداكار ئايال بولسا كېرەك.

**شەخسىيەتچى** ئى. ئۆز قەدىر - قىممىتىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلاپ ئىش تۇتىدىغان كىشى: كىشى ھەققىگە ھېچ چاغدا قارا سانىماڭلار، شەخسىيەتچى، ئابرۇيپەرەس بولماڭلار. // نىياز ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان شەخسىيەتچى ئادەم ئىدى.

**شەخسىيەتچىل** سۈپ. شەخسىيەتچىلەرگە خاس؛ شەخسىيەتچىگە مايىل، شەخسىيەتچىلىكنى قوللايدىغان: كونا جەمئىيەتتىن قالغان «ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، ئاسمانمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ» دەيدىغان ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ شەخسىيەتچىل ئەخلاق كۆز قارىشى ئۆسمۈر ۋە ياشلارنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ.

**شەخسىيەتچىلىك** ئى<پەلس> ھەممىدە شەخسنى ئاساس قىلىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى كوللېكتىپ مەنپەئەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان بىر خىل خاتا ئىدىيە: شەخسىيەتچىلىك قىلماق.

**شەخسىيەتسىز** سۈپ. شەخسىي ئاتاق - ئابرۇي ۋە شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتمايدىغان: سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە قاۋۇلغا ئوخشاش شەخسىيەتسىز، نامسىز قەھرىمانلار مىڭلاپ - مىڭلاپ مەيدانغا كەلدى ھەم كەلمەكتە.

**شەخسىيەتسىزلىك** ئى. شەخسىي ئاتاق - ئابرۇيى ۋە شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماسلىق: ئۈچ پارچە ئۆتۈنۈش خېتى شەخسىيەتسىزلىك، كەڭ قورساقلىق، سەمىمىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**شەددات** [ئە] ① ئى. قەدىمكى زاماندا يەمەن ۋىلايىتىدىكى ئاد قوۋمىنىڭ بىر پادىشاھى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر باغ ياساپ، ئۇنى جەننەت دەپ ئاتىغانمىش ھەم خۇدا بىلەن خۇدالىق تالاشقانمىش، قول ئاستىدىكى پۇقرالارنى ئۆزىنى خۇدا دەپ ئېتىقاد قىلىشقا زورلىغانمىش: «تەۋرات»تا: «شەددات ياسىغان باغى ئېرەمدە ‹ئۆلمەسلىك ئالمىسى› ناملىق بىر مېۋە بار» دېگەن رىۋايەت يېزىلغان. ② سۈپ. كۆچمە. شەپقەتسىز، زالىم؛ جاھىل، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان: قۇرداش دېگەن شۇنداق شەددات بولارمۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىنى ئويارمۇ؟

**شەددە** ئى [ئە] <بىن> مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرى ئۈستىگە مېھرابچە شەكلىدە قويۇلغان خىش.

**شەددە قۇلۇپ** شەددە شەكلىدىكى بىر خىل قۇلۇپ.

**شەددىئەلەم** ئى [شەددە + ئەلەم] چۆرىسىگە چىشسىمان پۆپۈكچە چىقىرىلغان كىچىك بايراقچە: بولسۇن خادام ــ مۇلكۇم قەلەم، ئاسماڭ ئاڭا شەددىئەلەم، يىللار سېرى روھىم تېپىلڭ، يۇرتۇم خوتەننى ئاختۇرۇپ.

**شەرەپ** ئى [ئە] ① پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان نەرسە ياكى ئىش؛ پەخىر، ئىپتىخار: شەرەپ تاپماق. شەرەپ تاختىسى. ② ياخشى ئىش تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا ئېرىشكەن نام، ھۆرمەت، داڭق، ياخشى ئاتاق: يېقىندا 28 ياشلىق بىر ياش ئىنژېنېرلىق شەرىپىگە ئېرىشتى.

**شەرەپ ـ شان** ← **شان ـ شەرەپ**: بۇ جاھان مېھنەت جاھانى مېھنەتنىڭ ئۆلمەس ئەبەد، مېھنەتنىڭ بىرلە تاپارسەن زور شەرەپ ـ شان ئاقىۋەت.

**شەرەپلىك** سۈپ. ئالقىشلاشقا، مەدھىيەگە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر؛ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان: شەرەپلىك نام. شەرەپلىك ۋەزىپە.

**شەرەت** ئى [ئە] مەقسەت، نىشان، غەرەزنى سۆزسىز، تىلسىز ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەلگە؛ ئىما، ئىشارەت: شەرەت قىلماق.

**شەرەتلەشمەك** «شەرەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شەرەتلىمەك** پ. شەرەت ئارقىلىق بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك، شەرەت قىلماق.

**شەربەت** ئى [ئە] ① پىشقان ھۆل مېۋىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە؛ مېۋە سۈيى: 9 ـ ئايدا تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى شەربەتكە تولىدۇ. ② مېۋىنى مۇۋاپىق نىسبەتتىكى سۇغا سېلىپ قاينىتىشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق: ئانار شەربىتى. ئەنجۈر شەربىتى. جىگدە شەربىتى.

**شەربەتلىك** سۈپ. شەربىتى بار، تەركىبىدە شەربەت كۆپ، شىرنىلىك؛ شېرىن: تۇرپاننىڭ شەربەتلىك ئۈزۈملىرىدىن، قويىدۇق تاغ سۈيىدە يۇيۇپ لېگەنلەپ.

**شەرت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش، مەسىلە ئۈستىدە يازما ياكى ئاغزاكى يوسۇندا تۈزۈلگەن كېلىشىم، توختام؛ ۋەدە، ئەھدە: ئىككى تەرەپ كېلىشكەن شەرتلەرگە قول قويدى. ② ئۆز ئارا شەرتلىشىۋاتقان ياكى بىرەر مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان تەرەپلەردىن بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قارىتا قويغان تەلىپى، تەكلىپى: شەرت قويماق. ③ مەلۇم ئىش تۈپەيلى بېكىتىلگەن ئۆلچەم ياكى بۇ ئۆلچەم ئاساسىدا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان مۇۋاپىق تەرەپلەر: كۆرسىتىلگەن شەرتلەرگە ئارزۇگۇل تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ④ <پەلس> شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىل، سەۋەب؛ پايدىلىق شارائىت: جىرىم تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش ــ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى. ⑤ كېسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ «زۆرۈر»، «كېرەك»، «لازىم» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزمۇ بىزنى ساقلىيالىشى شەرت.

**شەرتسىز** ① سۈپ. شەرتى يوق، شەرت قويۇلمىغان؛ ئۆلچەم ياكى تەلەپ، بەلگىلىمىسى يوق: شەرتسىز رېفلېكس. ② رەۋ. ھېچقانداق شەرت، تەلەپ، باھانە كۆرسەتمەستىن؛ گەپ ـ سۆزسىز ھالدا: شەرتسىز كۆنمەك.

**شەرت ـ شارائىت** ① شەرت ۋە شارائىت؛ ۋەزىيەت: ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى، شەرت ـ شارائىتى بولىدۇ. ② <پەلس> شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ياكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل، سەۋەب: شەرت ـ شارائىت ھازىرلىماق. ③ ئەمەلىي ئەھۋال، ۋەزىيەت، شارائىت: ئۇ بۇ يەرنىڭ شەرت ـ شارائىتى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدى.

**شەرتلەشمەك** پ ① مەلۇم بىر ئىش توغرىلىق ئۆز ئارا كېلىشىم ھاسىل قىلماق، كېلىشمەك؛ ۋەدىلەشمەك: باشتا بىز ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى سورىماسلىققا شەرتلەشكەنىدۇق. ② باغلاشماق، تىكىشمەك: ــ شەرتلىشەيلى، ــ دەپتۇ مەردان، ــ ئەگەر مېنىڭ سىلىگە بەرگەن جاۋابىم توغرا بولسا، خالىغىنىمنى بېرەملا؟

**شەرتلىك** سۈپ ① شەرتى بار، مەلۇم نەرسە شەرت قىلىنغان: شەرتلىك بەلگە. * بۇ بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر شەرتلىك توختام ئىدى. ② چەكلىك، دائىملىق ئەمەس: ئۇلارنىڭ ياشىشى شەرتلىك، يەر يۈزىدە كېلىپ چىقىدىغان پۈتۈن ھادىسىلەرمۇ ھەقىقەت بولماي، بەلكى يالغانغا ئوخشايتتى.

**شەرتنامە** ئى [ئە + پ] ① دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالىنىدىغان، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ياكى مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى ھۆججەت، كېلىشىم: تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى. ② بىرەر مەسىلە يۈزىسىدىن ئۆز ئارا كېلىشىلگەن يازما توختام: شەرتنامىگە قول قويماق.

**شەرق** ئى [ئە] ① دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى، يەنى غەربنىڭ قارشىسىدىكى، كۈن چىقىدىغان تەرەپ؛ كۈنچىقىش: شەرق شامىلى. ② غەربىي ياۋروپاغا نىسبەتەن شەرق تەرەپتىكى مەملىكەتلەر، جايلار: يېقىن شەرق. يىراق شەرق. ئوتتۇرا شەرق.

**شەرقچە** سۈپ. شەرق ئەللىرىگە خاس، شەرق ئەللىرىدە بولىدىغان: بۇ جەھەتتە تېپىك شەرقچە جاھاندارچىلىق ئۇسۇلى بىلەن غەربچىلىق ئۇسۇلى بىلەن غەربلىكلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

**شەرقشۇناس** ئى [ئە + پ] شەرقتىكى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل ـ يېزىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم: شۇڭا ئۇلار ماھىر تەپسىرچى، شەرقشۇناسلار، توپلىغۇچىلار بولۇپ يېتىشكەن.

**شەرقشۇناسلىق** ئى <تارىخ> شەرقتىكى (ئاسىيا، شەرقىي شىمالىي ئافرىقىدىكى) ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل ـ يېزىقى ۋە ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**شەرقلىق** ئى. شەرقتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شەرقتە ئولتۇراقلاشقان ياكى شەرقتە ياشايدىغان، شەرقتە تۇرۇشلۇق كىشى: ئۇ بولسا شەرقلىق ئىدى.

**شەرقىي** سۈپ [ئە] شەرقتىكى، شەرققە جايلاشقان، شەرقتە تۇرىدىغان: شەرقىي ئاسىيا. شەرقىي ياۋروپا.

**شەرم** ئى [پ] نومۇسلۇق ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، خىجىل بولۇش ھېسسى؛ ھايا، نومۇس، ئار: پۈتۈن دىققەت، كۆزلەر ئىدى ئېكراندا، پەقەت مەنلا كۆيەر ئىدىم ئارماندا،

تۇگىگەنتى شەرمىم مېنىڭ شۇ ئاندا، بۇ ئايالنى سۆيۈپ ئالماق بولدۇممەن.

**شەرمەندە** سۈپ [پ] شەرم ـ هاياسىنى يوقاتقان، هاياسىز، نومۇسسىز، رەسۋا: شەرمەندە بولماق.

**شەرمەندىچىلىك** ئى. شەرمەندىلىك: ـــ ۋاي ئېسىت، نېمە شەرمەندىچىلىك بۇ؟... ـــ دەيتتى مومام توختىماستىن ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ.

**شەرمەندىلەرچە** رەۋ. شەرمەندىلەرگە خاس هالدا، شەرمەندە بولغانلارغا ئوخشاش: تۈنۈگۈن خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قىلىچ ئويناتقان جاللاتلار بۈگۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا شەرمەندىلەرچە شۈمشىيىپ، تىترىشىپ تۇراتتى.

**شەرمەندىلىك** ئى. شەرمەندە ئىش، شەرمەندە قىلىق: ئانىسىنىڭ شەرمەندىلىكتىن بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**شەرمسار** سۈپ [پ] شەرمەندە، رەسۋا: كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، هېس تۇيغۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەنلەر بىلەن هېسابلاشماي، ساۋابقا موهتاج بولۇۋاتقان ئاجىز ـ يېتىملەرنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلاپ، شەرمسار قىلىش ياخشى ئەخلاق ئەمەس.

**شەرمسارلىق** ئى. شەرمسار ئىش، شەرمسار هەرىكەت: نەسىهەتىم شۇكى، ئاخشامقى شەرمسارلىقىڭدىن ساۋاق ئال. يامان نىيەتتە بولما.

**شەرم ـ هايا** شەرم ۋە هايا، خىجىل بولۇش ياكى ئۇيىلىش هېسسى: ـــ قارا باستىمۇ؟ تاهارىتىڭگە سۇ بەرگەنىدىم، مېنى يەرلىكىمدە قويۇپ بولمايلا خىيالىڭ ئاغىچا كويىدا بولدى ... سەندە شەرم ـ هايا يوق! ... ـــ ئۇ يىغلايتتى.

**شەرھ (شەرهى)** ئى [ئە] يېز ت. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇنى، ماهىيىتى ۋە ئالاهىدىلىكىنى ئېچىپ بايان قىلىپ بېرىش، چۈشەندۈرۈش؛ ئىزاه، ئىزاهلاش: ئىبنى رۇشدى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتون قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا شەرھلەر يازغان.

**شەرھلەتمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شەرھلەشمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شەرھلەنمەك** «شەرھلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئەسىرىدە فارابىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى خېلىلا ئەتراپلىق شەرھلەنگەن.

**شەرھلىمەك** پ. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇنى، ماهىيىتى ۋە ئالاهىدىلىكىنى ئېچىپ، بايان قىلىپ چۈشەندۈرمەك؛ ئىزاهلىماق: دۇچ كەلگەن چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن هالدا شەرھلەش لازىم.

**شەرئى** سۈپ [ئە] <دىن> شەرىئەتكە ئۇيغۇن، شەرىئەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا ماس، مۇۋاپىق كېلىدىغان: سىز مېنىڭ شەرئى خوتۇنۇمسىز، ياخشىلىق بىلەنمۇ ۋە يامانلىق بىلەنمۇ مەن بۇنى ئىسپات قىلىشقا تەييارمەن!

**شەرىئەت** ئى [ئە] <دىن> ① مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئاساسىدا تۈزۈلگەن دىنىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار ۋە پۇقرالىق هوقۇقى قاتارلىقلارغا ئائىت قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى، ئىسلام دىنى قانۇنى: شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار (ماقال). ② دەۋا ئىشلىرىنى دىنىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن، قازىخانا؛ سوت مەهكىمىسى: ئۇلار تەگىشىپ، سەن ـ پەن دېيىشىپ قاپتۇ. جېدەل ئۇلغىيىپ شەرىئەتكە بېرىشىپتۇ.

**شەرىپ** [ئە] ① سۈپ. مۇقەددەس، ئەزىز، تەۋەررۇك؛ مۇبارەك (كۆپىنچە سۈپەتلەنگۈچىدىن كېيىن كېلىدۇ): بۇ كىشى مەككە شەرىپكىمۇ بارغان. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شەرپە** ئى [ئە] ① <بىن> قۇرۇلۇشلاردىكى مېهرابنىڭ كىچىكلىتىپ چۈشۈرۈلگەن شەكلى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شەشبەر** ئى [پ] ئۇچىغا يۇمىلاق ياكى ئەگرى ـ بۈگرى تۆمۈر ئورنىتىلغان تاياق، ئۇزۇن دەستىلىك يېنىك گۈرزە: مىلتىق، شەشبەر تۇتقان ياش ۋە قېرى مۇهاپىزەتچىلەر ئۇنى سالام بېرىپ كۈتۈۋېلىشاتتى.

**شەقىقە** ئى [ئە] ① <تېب> باشنىڭ بىر تەرىپى زىڭىلداپ ئاغرىش كېسىلى: توختىخان شەقىقە بولۇپ قاپتۇ. ② شەقىقە بولۇپ قالغانلارنى ساقايتىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئايەت: شەقىقە ئوقۇماق. ③ سۈپ . كۆچمە. سارالڭ، كاززاپ، تولا سۆزلەيدىغان، كاس ـ كاس (ئايالالرغا قارىتا ئېيتىلىدىغان هاقارەت سۆزى): ـــ هۇ شەقىقە! پۇل دېگەن مانا، ئاله! ـــ دېدى ـ دە، پۇلنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى.

**شەك** ئى [ئە] گۇمان، شۈبهە: شەك چۈشمەك. شەك كەلتۈرمەك.

**شەكسىز** سۈپ. شەك يوق ، ئېنىق، شۈبهىسىز، گۇمانسىز، مۇقەررەر، چوقۇم: كېنىزەك خىتاب قىلىپ:ـــ بۇ شەكسىز ياخشى بېلىق ئىكەن، ـــ دەپتۇ.

**شەك ـ شۈبهە** شەك ۋە شۈبهە، گۇمانسىراش ۋە ئىشەنمەسلىك: ـــ سىز تېخىچە شۇ گەپتىمۇ؟ ـــ دەيتتى مۇزەپپەر سەل رەنجىگەندەك، ـــ بۇنىڭدا قىلچە شەك ـ شۈبهە يوق.

**شەك ـ شۈبهىسىز** شەك ۋە شۈبهە يوق، ناهايىتى ئېنىق، بەك ئىشەنچلىك؛ مۇقەررەر هالدا، چوقۇم: ئۇ بۈگۈن ئارىمىزدا بولمىغىنى بىلەن بىزنىڭ هەرىكىتىمىزگە شەك ـ شۈبهىسىز هېسداشلىق قىلىدۇ.

**شەكلەن** رەۋ [ئە] شەكىل جەهەتتىن، ئىپادىلىنىش شەكلىگە كۆرە: ئۇ تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلىشى بىلەن شەكلەن رۇبائىيغا ئوخشىسىمۇ، مەزمۇنەن رۇبائىي بولالمايدۇ.

**شەكلەندۈرمەك** «شەكلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شەكلەنمەك** پ. گۇمانلانماق، شۈبهىلەنمەك، گۇمان ياكى شۈبهە بىلەن قارىماق: پارتىزان يىگىتلەر، قانداقلا بولمىسۇن، بەگنىڭ ئۆلگەنلىكىگە شەكلەنمىدى.

**شەكلىك** سۈپ. گۇمانلىق، شۈبهىلىك: كۈتەتتىم ئۈمىدلەر، چىقتىڭ سەن قەللاپ! سىزدىم مەن هەممىگە شەكلىك بىر سىزىق. ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن سەندىن هەي كاززاپ، يادىمدا قىلمىشىڭ تارىخىي تىزىق.

**شەكلىي** سۈپ [ئە] شەكىلگە تەئەللۇق بولغان؛ شەكىلگە ئاساسلانغان: شەكلىي لوگىكا.

**شەكىل (شەكلى)** ئى [ئە] ① ماددىلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، سىرتقى قىياپىتى، پىچىمى، فورمىسى: ئاي شەكلىدىكى قىلىچ. تۇخۇم شەكلىدىكى يوپۇرماق. ئادەم شەكلىدىكى مەخلۇق. ② ماددىلار كۆرۈنۈشىنىڭ تەقلىد قىلىنغان ياكى بىرەر نەرسە يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن ئەكسى، ئەينى، قىياپىتى، هالىتى: ياغلىقنىڭ چۆرىسىگە يەنە شۇ قان بىلەن بويالغان قىزىل يىپتا لەيلىگۈلنىڭ شەكلى قاتار سىزىلغانىدى. ③ <مات> مەلۇم فورما، كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەر: گېئومېترىيەلىك شەكىل. تەكشىلىكتىكى شەكىل. ④ <فىز> جىسىمنىڭ هالىتى، كۆرۈنۈشى: مۇز سۇنىڭ قاتتىق شەكلىدۇر. ⑤ <پەلس> شەيئىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قەتئىينەزەر، تاشقى كۆرۈنۈشى، ئىپادىلىنىشى ياكى شەيئىلەردىكى

ئىچكى ئامىللارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەشكىللىنىشى: دېموكراتىيە شەكىل جەھەتتىكى تەڭلىكنىلا بىلدۈرىدۇ. ⑥ <ئەد> تۈر، فورما: تەرجىئىبەند شېئىرىيەتتىكى بىر شەكىل. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۇسۇل، يول، يوسۇن: مەكتەپ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى تەربىيە بەردى. ⑧ كۆچمە. ياڭزا، ئىپادە: شەكىل چىقارماق.

**شەكىلچىلىك** ئى ← **شەكىلۋازلىق:** ناھىيەمىزدە شەكىلچىلىك، قۇرۇق گەپ، داغدۇغا كۆپ.

**شەكىلداش** سۈپ. تاشقى كۆرۈنۈش، يەنى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنمەيدىغان: شەكىلداش سۆزلەر.

**شەكىلداش سۆزلەر** <تىل> يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، ئەمما ئوقۇلۇشى ياكى تەلەپپۇزدا پەرق قىلىدىغان سۆزلەر.

**شەكىلداش قاپىيە** <ئەد> شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن قاپىيە. بۇ خىل قاپىيە ئاساسەن تۇيۇقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**شەكىلداشلىق** ئى . شەكىلداش ھالەت، شەكىلداش بولۇش.

**شەكىلسىز** سۈپ. مۇئەييەن شەكىل، كۆرۈنۈشكە ئىگە بولمىغان؛ تۇرق، قىياپىتى بولمىغان: قانداقتۇر بىر خىل شەكىلسىز كۈچ مېنى ئالغا ئىتتىرەتتى.

**شەكىلسىزلىك** ئى. شەكىلگە ئىگە بولماسلىق، شەكلى يوقلۇق: دۇنيادىكى تۈرلۈك شەكىللەر گىرەلىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندا، قانداقتۇر بىر شەكىلسىزلىك كېلىپ چىققاندەك، ھادىسىلەرنىڭ گارمونىيەسىدىنمۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق كېلىپ چىقىدۇ.

**شەكىللەندۈرمەك** «شەكىللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئورمان قويۇپ، ئەھاتە ئورمانلىق شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**شەكىللەندۈرۈلمەك** «شەكىللەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىزنىڭ يېڭى جەمئىيىتىمىزدە ھەممە كىشى ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارغا كۆيۈنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات جەزمەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى ۋە شەكىللەندۈرۈلۈشى لازىم.

**شەكىللەنمەك** پ ① مۇئەييەن بىر شەكىلگە، فورمىغا، ھالەتكە كەلمەك؛ بەلگىلىك بىر شەكىل، تۈس ئالماق: رەسىم قەغىزىنى دورىغا سالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ گەۋدىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك: ئۇ باسقان ھەربىر قەدەم سۆزسىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دېگەن قاراش ناھايىتى تېز شەكىللىنىپ، ئاخىر ئۇنىڭ بۇ ماھىر قەلەمكەشكە چىڭ باغلانغان مۇستەھكەم ئەقىدىسىگە ئايلانغانىدى.

**شەكىللىك** سۈپ. مۇئەييەن شەكىل كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان؛ تۇرق، قىياپىتى بولغان: — ئادەم شەكىللىك ھايۋان ئىكەنسەن! — بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، يەرگە ئاچچىق بىلەن تۈكۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

**شەكىلۋاز** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى ئەمەس، پەقەت شەكلىنىلا دورىغۇچى؛ پەقەت شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، شەكلەن ئىشلەيدىغان ئادەم: ئۇلارنىڭ بەزىسى شەكىل ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلىپ قوياتتى، لېكىن ئەخمەتجان ئۇنداق شەكىلۋاز ئەمەس ئىدى.

**شەكىلۋازلىق** ئى ① مەزمۇن ۋە ماھىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىش ئۇسۇلى، ئادەت، قىلىق: قۇرۇق شەكىلۋازلىققا تولا باش قاتۇرماڭ، بىرەر باشلىقنى ئە-

مەس، كۆپچىلىكنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ، تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭىزنى ئوبدان يەكۈنلەڭ. ② <پەلس> بىر تەرەپلىمە ھالدا شەكىلگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خىزمەت ئىستىلى ياكى ھادىسىنىلا كۆرۈپ، ماھىيەتنى تەھلىل قىلمايدىغان بىر خىل ئىدىيەۋى ئۇسۇل: شەكىلۋازلىق قىلماق.

**شەڭگەن** ئى [خەن] كونا. كونا جەمئىيەتتىكى ناھىيە باشلىقى: شەڭگىنىڭدىن قورقمايمەن، قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

**شەڭگەن يامۇل** كونا. كونا جەمئىيەتتىكى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت: مەن شاڭيولۇقنى ئالغۇچە ئاز چىقىم تارتتىممۇ؟ ئوردىغا يۈگۈرۈپ، شەڭگەن يامۇلغا يۈگۈرۈپ، يۇرتقا چاي بېرىپ، قانچە يامبۇ، قانچە مونەك پۇللار چىقىپ كەتتى.

**شەلپەر** ئى [پ] پاختا ۋە يىپەكتىن توقۇلغان قىزىل رەخت: ۋاڭنىڭ ئالدىدىكى كالا بېشىغا شەلپەر چىگىلگەنىدى. // ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر شەلپەر كۆڭلەك ئايدىنغا ياقتى بولغاي، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كۆردى.

**شەلپەر رەڭ** <گ سەن> ① قىزىل ئاپېلسىننىڭ پوستىغا ئوخشاش بىر خىل قىزغۇچ سېرىق رەڭ: قۇياش پېتىپ ئۇپۇقنىڭ يۈزى قىزارغاندا شەلپەر رەڭ ئېلىپ، پىكىرلەشتى سەككىز - ئون جەڭچى، ئىشتىن چۈشۈپ لاگېرغا كېلىپ. ② شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن ياكى شۇ خىل رەڭدىكى: شەلپەر رەڭ لېنتا.

**شەلدەم** سۈپ. ياشاڭغىراپ چاپاقلىشىپ قالغان: شەلدەم كۆز.

**شەللەڭزە** ئى [خەن] ① قاشقىسى پېشانىسىدىن تارتىپ تۇمشۇقىغىچە چۈشكەن ئات. ② كۆچمە. تىل ھا. شاللاق، كوت - كوت: — ھۇ شەللەڭزە! — ئاباق قوقاسقا ئولتۇرۇپ سالغاندەك چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇ مېنى بىركىمگە چېقىپتىمۇ؟

**شەلۋەرەتمەك** «شەلۋەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پاچاق ۋە بىلەكلىرىنى قىرلىق تاشلار تىلىپ، تىزلىرىنى شەلۋەرىتىپ ئېچىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى.

**شەلۋەرىمەك** پ. يارا ياكى جاراھەتلەنگەن جاي قىزىرىپ، سۇ چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ جاراھىتى كۈندىن - كۈنگە قىزىۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتىدىن شەلۋەرەپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

**شەمەر** سۈپ [ئە] ① ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىغان، چاققان؛ تېز، چاپسان: ئۇ كىچىك بولسىمۇ، ھەر ئىشقا شەمەر ئىكەن. ② ئىتتىك، ئۆتكۈر: غەم قىلما ئۇكا، پىچىقىڭنى شەمەر قىلىۋەتتىم. تاشنى ئىككى قىلىۋېتىدۇ.

**شەمەردەك** سۈپ. شەمەرگە ئوخشايدىغان، ئىتتىك، تېز، ئۆتكۈر: شەمەردەك قىلىچ. شەمەردەك ئورغاق.

**شەمبزە** ئى[خەن] پاختا يىپتىن توقۇلغان گۈللۈك رەخت؛ چىت: يوغان - يوغان گۈللىرى بار شەمبزە داستىخاندا ماش - گۈرۈچ سېلىپ ئېتىلگەن بەش قاچا يوبدان قاتىرىسىغا تىزىپ قويۇلغانىدى.

**شەمس** ئى [ئە] ①يېزت. قۇياش، كۈن: ئى سابا مەندىن دۇئا ئول شوخ يارىمغا ئېيت، شەمسى تەلئەت، ئاھۇ كۆز نازۇك نىھالىمغا ئېيت.

**شەمسىيە** ئى [ئە] <ئاستر> يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ دەۋرىيلىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بىر خىل كالېندار. بۇنىڭدا بىر يىل 365 ياكى 366 كۈن بولىدۇ. ئۇ يەنە «قۇياش كالېندارى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان شەمسىيە كۆپىنچە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىۋاتقان

مىلادىيەنى كۆرسىتىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شەمشاد** ئى [پ] <بوت> قارىغايغا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. قوۋزىقى قوڭۇر كۈل رەڭ، يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە ھەم سەل ـ پەل ئەگمەچ كېلىدۇ. شارچە مېۋىسى قوڭۇر ۋە ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، ياغىچى ئاق، قاتتىق ھەم سىپتا. ئادەتتە قورۇلۇش ۋە قورال ـ جابدۇق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**شەمشەر** [پ] ① ئى <ھەرب> قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى، يەنى بىر خىل خەنجەر. ② سۈپ. كۆچمە. ئىتتىك، ئۆتكۈر: سەن ۋىچىرلاپ ئۇچقاندا، شەمشەر قانات قارلىغاچ، زوقۇم بىلەن قارايمەن، كۆڭلۈم كۆلۈپ يايرىغاچ.

**شەمشەرقۇيرۇق** ئى [شەمشەر + قۇيرۇق] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى ياپىلاق كېلىدۇ. بېشى بىلەن كۆكرىكى قىسمىدا قاسراقلىق قاپچۇقى بولۇپ، تاشپاقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇيرۇقى ئارا شەكلىدە بولىدۇ. سۇلۇق ئېرىق ۋە جىلغىلاردا ياشايدۇ.

**شەمشەرلىك** سۈپ. شەمشىرى بار، شەمشەر ئاسقان: شەمشەرلىك چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

**شەمشەرۋاز** ئى [پ] شەمشەر ئىشلىتىشكە، شەمشەر بىلەن ئۇرۇشقا ماھىر كىشى.

**شەمشەرۋازلىق** ئى. شەمشەر ئىشلىتىش، شەمشەر ئۇرۇش ماھارىتى: شەمشەرۋازلىق قىلماق. شەمشەرۋازلىقنى ئۆگەنمەك.

**شەمئى** [ئە] يېز ت ① ئى. شام، چىراغ، نۇر: پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن، يانايمەن شەمئىدەك ھەر تۈن، ئېرىپ جىسمىم ئاقار كۆزدىن يېشىم دۇردانە ـ دۇردانە. ② سۈپ. كۆچمە. نۇرلۇق، يورۇق: نە قىسمەتتۇر كۆزۈمگە، يار كۆرۈندى ـ كۆرۈندى. ئۇنىڭ شەمئى ھۆسنىدىن، جان بىر ئەمدى، بىر ئەمدى.

**شەن** ئى [ئە] ① ئەل ئارىسىدا چىققان ياخشى نام، ئابرۇي؛ داڭق، شۆھرەت، ياخشى پەزىلەت: ــ بىر يولداش «شەنىم ـ ئەسلىگە كەلمىسە ئىشلىمەيمەن» دەۋاتسا، بۇنى يىغىندا ھەل قىلمامدىكەنمىز؟ ــ دېدى زاۋۇت باشلىقى زەردە بىلەن. ② قەدىر ـ قىممەت، غۇرۇر، پەخىر: ئۇ بۇنى يىگىتلىك شەنى ئالدىدىمۇ ۋىجدانىي قەرز دەپ ھېسابلايتتى.

**شەنبە** ئى [پ] <ئاستر> ھەپتىنىڭ جۈمەدىن كېيىنكى، يەكشەنبەدىن بۇرۇنقى ئالتىنچى كۈنى.

**شەنبە بازار** ① بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە شەنبە كۈنى بولىدىغان بازار. ② شەنبە كۈنى بازار بولىدىغان جاينىڭ نامى. ③ كىرىيە ناھىيەسىدىكى بىر يېزا بازىرىنىڭ نامى.

**شەنبىلىك** سۈپ. شەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان، شەنبە كۈنى قىلىنىدىغان: شەنبىلىك تازىلىق تۈزۈمىنى ھەرقايسى ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇش كېرەك.

**شەھەر** ئى [پ] ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان، سودا ـ سانائەت تەرەققىي قىلغان، ئاھالىسى دېھقانچىلىق قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئاساس قىلغان، ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدىغان جاي: قەشقەر شەھىرى. ئۈرۈمچى شەھىرى.

**شەھەر ئالدىغاندەك** ناھايىتى زور ھەيۋە بىلەن، ئىنتايىن دەبدەبە بىلەن: ئېرى قىزىل بۇرۇن تاتۇقمۇ پاختا ئېتىپ شەھەر ئالدىغاندەك گۆركىرىدى.

**شەھەر كۆرمىگەن** ① ئۆزى تۇرغان جايدىن باشقا يەرلەرگە بارمىغان. ② كۆچمە. ئىش كۆرمىگەن، نەزەر دائىرىسى تار، تەجرىبىسىز: ــ شەھەر كۆرمىگەن باللارــدە، ــ دېدى ئۇ بىزگە قاراپ.

**شەھەرنى ئالدى قونتاجى** بۇ ئىبارە ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز، تەجرىبىسىز ئادەمنىڭ ئىشنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپلا، ئىشنى قالايمىقان، ئولاق ـ تەتۈر قىلىۋېتىشىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ــ شەھەرنى ئالدى قونتاجى دەپ، ئەمدى سىزنىڭ ھاكىم بولۇپ قىلغىنىڭ مۇشۇ بولدىمۇ؟! ــ دېدى بوۋاي زەردە بىلەن ھاكىم بولغان ئوغلىغا ھومىيىپ.

**شەھەر** ئى. كىچىك شەھەر؛ بازار: ھازىر ھاۋانادىكى جۇڭگو شەھەرچىسى سودا كوچىسىغا ئايلاندى.

**شەھەرسىز** سۈپ. شەھىرى يوق، شەھەرگە ئىگە ئەمەس: نۇرلۇق ئېرانىڭ بوسۇغىسىدا بىر ـ بىرىگە قاراپ شۈمشىيىپ، قېتىپ قېلىشقان شەھەرسىز خوراز، خورازسىز شەھەر.

**شەھەرلەشتۈرمەك** «شەھەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مەيدان كۆكدالا بازىرىنى شەھەرلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى.

**شەھەرلەشتۈرۈلمەك** «شەھەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شەھەرلەشمەك** پ. شەھەر تۈسىگە كىرمەك، شەھەرگە ئايلانماق: ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەرلىشىش قەدىمى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**شەھەرلىك** سۈپ ① شەھەردە ياشىغۇچى، شەھەردە ھايات كەچۈرگۈچى: بىر بازار كۈنى باي شەھەرلىك ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ. // ئۇ شەھەرلىكلەرنى ناھايىتى كەم سۇندۇراتتى. ② شەھەرگە تەۋە، شەھەر دائىرىسىدىكى، شەھەر دەرىجىلىك: شەھەرلىك باج ئىدارىسى. شەھەرلىك پارتكوم.

**شەھلا** سۈپ [ئە] يېز ت. نۇرلۇق، قارىغا مايىل كۆك ۋە چولڭ ـ چولڭ (كۆز ھەققىدە): شەھلا كۆز. * نەزمىلەر پۈتتۈم كۆزى شەھلاغا، چىقمىدى يارىم ئۆيدىن تالاغا.

**شەھۋانىي** سۈپ [ئە] ① جىنسىي تەلەپتىن بولغان، شەھۋەتتىن كېلىپ چىقىدىغان: ئۇ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ئازادگۈلنى تورۇسقا ئېسىپ قويدى. ② شەھۋەتپەرەسلىككە ئائىت، ئەخلاقسىز، بەتقىلىق بايانلار ۋە سۈرەتلەر بېرىلگەن: يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەھۋانىي كىتاب ـ ژۇرناللار تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېلىمىزگە ئېلىپ كىرىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ كەيپىياتىنى بۇلغىدى.

**شەھۋانىيەت** ئى [ئە] ← **شەھۋانىيلىق:** ئىنسان شەھۋانىيەت ئۈچۈن ئەمەس، ئالەم تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن.

**شەھۋانىيلىق** ئى. شەھۋەتكە كۆپ بېرىلىش، شەھۋەتپەرەسلىك: شاھزادە باغداشقا چىققاندىن كېيىن شەھۋانىيلىقتا چېكىدىن ئېشىپ، كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىۋەتتى.

**شەھۋەت** ئى [ئە] جىنسىي تەلەپ، جىنسىي ئىنتىلىش: تەڭرى ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن شەھۋەتنى ياراتتى. ئاتا ـ ئانىلارنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلدى.

**شەھۋەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] شەھۋانىيلىققا بېرىلگەن،

جىنسىي تەلەپى كۈچلۈك: شەھەرگە يېقىندىن بىر شاھ پەيدا بوپتۇ، بۇ شاھ شەھۋەتپەرەس ئىكەن.

**شەھۋەتپەرەسلىك** ئى. شەھۋەتپەرەس ھەرىكەت، شەھۋەتپەرەس قىلىق: سۇلتان مامۇتنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى قوزغىلىپ، ئانارخاننى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

**شەھۋەتخور** سۈپ [ئە + پ] ← **شەھۋەتپەرەس:** ئۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى تولىمۇ شەھۋەتخور ئىكەن.

**شەھۋەتخورلۇق** ئى. شەھۋەتخور ھەرىكەت، شەھۋەتخور قىلىق: مەلىكىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن ۋەزىر ئوغلىنىڭ شەھۋەتخورلۇقى زىيادە ئېشىپتۇ.

**شەۋق** ئى [ ئە] ئىشق، تەلەپ، كۆڭۈل قويۇش؛ كۈچلۈك ھەۋەس، مۇھەببەت ئوتىنىڭ لاۋۇلدىشى: قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئىچىدىكى بايلىقلار كۈنسېرى ئارتقۇسى، بۇ خەزىنىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئۆمۈرلىرىنى شەۋق ۋە راھەتتە ئۆتكۈزگۈسى، شۇنىڭ بىلەن قانائەتسىزلىكتىن پەيدا بولىدىغان ھەسەتخورلۇقتىن ـــ جاننىڭ ئەڭ زور دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇر.

**شەۋكەت** ئى [ئە] ① ئابرۇي، ھۆرمەت؛ شان ـ شۆھرەت: كۈي قاتسام شۇڭا دىلدىن، شېكەر ياغدى بۇ تىلدىن، شەۋكىتى بۇ دىيارىمنىڭ يۈرەككە ئىشتىياق سالدى. ② كۈچ ـ قۇۋۋەت، سالاپەت؛ ھەيۋەت، ھەشەمەت: ـــ شاھزادە بېگىمنىڭ شەۋكىتى بىلەن مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشكەن قۇللىرى، خىزمەتلىرىگە تەييار تۇرۇپتۇ، ـــ دېدى سودىگەر ئامان قېلىش ئۈمىدىگە تولۇپ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شەۋكەتلىك** سۈپ ① چوڭ ھۆرمەت ۋە ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئىگە بولغان، شۆھرەتلىك، داڭلىق: ـــ ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بۇ ئوردا شەھىرىنىڭ غەرىبىدىكى قەبىلىدىن، ئاتام يوق، ئاتام بولسا سەپەردە، ـــ دەپتۇ پادىچى. ② ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك: باغ ئىچىگە خەلىپە ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەۋكەتلىك چوڭ ساراي جايلاشقانىكەن.

**شەۋۋال** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ ئونىنچى ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى ئونىنچى ئاي (روزا ھېيت ئېيى). ئۇ 29 كۈن بولىدۇ.

**شەئبان** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىلى ھېسابىدىكى سەككىزىنچى ئاي. ئۇ 29 كۈن بولىدۇ.

**شەيتان** I [ئە] ① ئى <دىن> دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئادەملەرنى دىن يولىدىن ئازدۇرغۇچى، يامانلىققا، بەتقىلىققا باشلىغۇچى ئەپسانىۋى مەخلۇق، ئىبلىس: شەيتانغا «توپا يەمسەن؟» دېسە «يېغى بارمۇ؟» دەپتۇ (ماقال). ② سۈپ. كۆچمە. شوخ، چاققان، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان (باللار ھەققىدە): ـــ ھەي شەيتان قىز، مېنى ئالداپسىز ـ دە، ـــ دېدى نۇرۇم. ③ ئى. كۆچمە. سەلب. قارانىيەت، ئالدامچى، ھىيلىگەر، مەككار، شۇم نىيەت: ـــ ئۇنىڭ كاللىسى ئەجنەبىي شەيتانلارنىڭ رامكىسى بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ سۆزى، ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.④ ئى. ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ھېس، ئادەمنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئىچكى تۈيغۇ: ـــ ئامەت بىلەن ئاپەت، ـــ دېدى ساھىبجامال ئايال ئارقىدىن، ـــ دائىم بىر ئۆيدە قونغۇدەك، قىزىلگۈل بىلەن تىكەن بىر شاختا تۇرغۇدەك، شەيتاندىنمۇ ئادەم شەيتىنى يامان بولغۇدەك.

**شەيتان ئاتلىماق** چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ مەنىي كەلمەك، ئېھتىلام بولماق: تولا شەيتان ئاتلاشمۇ بىر خىل كېسەللىك.

**شەيتان ئارىلاشماق** بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى سەۋەبىلىك دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماق: ـــ بۇ ئىشنى ھازىرچە ئۆزىمىزلا بىلەيلى، ئىشىمىزغا شەيتان ئارىلىشىپ قالمىسۇن يەنە، ـــ دېدى تەلەيخان گۈلسۈمخاننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

**شەيتان تارازا** جان ت. قىممەت باھالىق ياكى تەجرىبىخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان نازۇك ماددىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى بېشىغا كىچىك تەخسە ئورنىتىلغان، ئوتتۇرىدا ئىككى تەرەپنىڭ تەڭپۇڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەرىكەتلەنگۈچى ئىسترېلكا ئورنىتىلغان تارازا.

**شەيتانغا دەرس بېرىدىغان** شەيتاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان، ئادەم ئالداشقا ناھايىتى ئۇستا: ـــ ئۇ دېگەن شەيتانغا دەرس بېرىدىغان نەرسە، مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، ـــ دېدى ئىسمى ماڭا نامەلۇم بولغان بۇ ئەپەندى كەسكىن تەلەپپۇزدا.

**شەيتاننىڭ پەيلى** ئادەمنى ئېزىقتۇرۇپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئىچكى ھېس ـ تۈيغۇ، يامان نىيەت، يامان ئارزۇ: ـــ ھەي، ـــ دەپ پىچىرلىدى ئۇ سوتلىنىۋاتقان تاغامغا قاراپ، ـــ شەيتاننىڭ پەيلى بىلەن بىر قىزنى دەپ ئۆزۈڭنى بۇلغىۋالدىڭ ـ دە.

**شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەك** كۆڭلىدە پەيدا بولغان يامان، ناچار ئارزۇ ـ ھەۋەس بويىچە ئىش قىلماق، ئەخمەقلىق قىلماق: مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپتىمەن.

**شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان** ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ نۇرغۇن ئىشنى قىلالايدىغان، ھەر خىل ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان.

**شەيتىنى تۇتماق** ① ئاچچىقى كەلمەك ، غەزەپلەنمەك ، غەزىپى ئاشماق : ئۇنىڭ ئادالەتسىز سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ شەيتىنى تۇتۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ② كۆلگۈسى كەلمەك: شەيتىنىم تۇتتى ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

**شەيتىنىغا ھاي بەرمەك** ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، يامان ئىشنى سادىر قىلىش نىيىتىدىن يانماق، يامان غەرەزدىن ۋاز كەچمەك.

**شەيتان** II ئى [ئە] گورىزونتال تەكشىلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. رامكا بىلەن ئىچىگە ئېتىل ئېغىر ياكى ئىسپىرت قاچىلانغان ئەينەك نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ. نەيچە ئىچىدە بىر دانە كۆپۈك قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر نەيچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسىدا تۇرىدۇ. شەيتان گورىزونتال تەكشىلىكتە تۇرغاندا، كۆپۈك نەيچىدىكى ئىشكالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ.

**شەيتانتېرىسى** ئى [شەيتان + تېرە + سى] قېلىن ھەم توقۇلۇشى ناھايىتى زىچ، ئاسان يىرتىلمايدىغان بىر خىل رەخت: شەيتانتېرىسىدىن تىكىلگەن پەشمىتىمدىن قول ياغلىقىمنى ئالدىم.

**شەيتانچاق** ئى. جان ت. ۋېلىسىپىت: باي بالىسى كۆرەڭلىگەن ھالدا شەيتانچاقنى مىنىپ قاۋۇلنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**شەيتانلىق** ئى ① مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق: شەيتانلىق قىلماق. ② شوخلۇق، كەپسىزلىك: شەيتانلىقى تۇتماق.

**شەيخ** ئى [ئە] ① ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىلىملىك كىشىلەر، ئالىملار، ئۆلىمالار ۋە دىنىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان. ② <دىن> تەرىقەت خانىقاسىنىڭ باش دەرۋىشى: ئايىمخانىنىڭ زارلىنىشىنى شەيخ ئاڭلىماسقا سېلىپ، مۇرىتلارغا كايىپ: — قىزىق تۇتۇڭلار، سوۋۇپ قالماڭلار! ... ھە! — دەيتتى. ③ <دىن> مازار، زىيارەتگاھ قاتارلىقلاردا، ئەۋلىيالارغا، خۇدا يولىغا ئاتالغان سەدىقە ۋە نەزىر ـ نىيازلار ھېسابىغا ياشايدىغان كىشى، مازارغا قارىغۇچى: ھازىر ئۇ شەيخ بولۇۋاپتۇ. ④ كۆچمە. تەييار، بىكار تاماققا ئادەتلەنگەن كىشى: ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ (ماقال).

**شەيخۇلئىسلام** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي مەنسەپ، ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى.

**شەيدا** سۈپ [پ] ① ھەددىدىن ئارتۇق مەپتۇن بولغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئاشىق: شەيدا بولماق. ② بىرەر نەرسىگە ھەددىدىن ئارتۇق قىزىقىش بىلەن بېرىلگۈچى، مەستانە: شەيدا قىلماق.

**شەيدالىق** ئى. ئاشىقلىق، ئامراقلىق، مەپتۇنلۇق: داۋۇت موللامنىڭ توختىخانغا بولغان شەيدالىقى پەقەت كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان شەيدالىقلا ئىدى.

**شەيدايى** سۈپ [پ] بىركىمگە ياكى نەرسىگە بەك بېرىلىپ ھوشىنى يوقاتقان؛ سەۋدايى: مەن قوشاققا شەيدايى ئوقۇر ئىدىم ھەر كۈنى، ئولتۇرسامۇ قوپسامۇ، ئاڭا بېرىپ ئىشقىمنى.

**شەيدايىلىق** ئى. شەيدا بولۇش ھالىتى، شەيدا بولۇش ھەرىكىتى.

**شەيئى** ئى [ئە] <پەلس> ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر: يېڭى شەيئى. شەيئى ئۇقۇمى.

**شوئار** ئى [ئە] ① كىشىلەرنى مەلۇم بىر پائالىيەت ياكى ھەرىكەتكە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن ئېغىزدا تۇۋلىنىدىغان ياكى لوزۇنكا، قەغەز قاتارلىقلارغا يېزىلىدىغان، تۈپ ئىدىيە ياكى سىياسىي تەلەپنى ئىپادىلىگۈچى قىسقا جۈملە، چاقىرىق، تەشەببۇسنامە: شوئار توۋلىماق. ② شۇنداق جۈملىلەر يېزىلغان قەغەز: شوئار چاپلىماق.

**شوئارۋاز** ئى [ئە + پ] ① <ئەد> ئەسەرلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان روھىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي بۇرچىنى چەتتە قويۇپ، پەقەت شوئار خاراكتېرلىك شېئىرلارنى يازىدىغان شائىر: ئۇ «شوئارۋاز» بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بىزمۇ ئۆز ئۇسلۇبىمىز، ئۆز خاھىشىمىز بويىچە يانىۋېرىمىز. ② قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئەمما قۇرۇق چاقىرىقنى ھەممىدىن كۆپ قىلغۇچى، ئەمەلىي ئۇنۇمى يوق ئىشقا باشقىلارنى ئۈندىگۈچى.

**شوئارۋازلىق** ئى. شوئارۋاز ھەرىكەت، شوئارۋاز خاراكتېر: بىر قىسىم شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ شوئارۋازلىق، قېلىپۋازلىق ۋە دورامچىلىق ئىللەتلىرى تېخى تۈگىگىنى يوق.

**شوپاڭ** ئى [خەن] ① ھاراق ساتىدىغان ۋە ھاراق ئىچىدىغان ئۆي: ئۆلارنىڭ بەزىلىرى ئىچ پۇشۇقىنى تۆت ئوشۇق بىلەن چىقىرىشقا تىرىشسا، بەزىلىرى شوپاڭ ياقىلايدىغان بولۇۋالدى. ② بەزىبىر شوپاڭ ئاچقان ياكى ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان كىشىلەرگە قويۇلغان لەقەم: ھوشۇر شوپاڭ.

**شوپاڭچى** ئى. شوپاڭ ئاچقان كىشى، شوپاڭنىڭ ئىگىسى: ھېلىقى شوپاڭچى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قالغان پۇللىرىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

**شوپاڭچىلىق** ئى. شوپاڭ ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىش كەسپى: ياڭ لاۋبەن دېگەن قىرى بۇ يەردە 30 يىلدىن بېرى شوپاڭچىلىق قىلىۋاتاتتى.

**شوپاڭكەش** ئى. شوپاڭچى.

**شوپاڭكەشلىك** ئى. شوپاڭچىلىق.

**شوپۇر** ئى [ر<فىران] ئاپتوموبىل، تىرامۋاي، پويىز قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدىگۈچى كىشى: ماشىنىدا شوپۇر بىلەن قوشقاندا بەش ئادەم بار ئىدى.

**شوپۇرلۇق** ئى. ئاپتوموبىل، تىرامۋاي، پويىز قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدەش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: شوپۇرلۇق قىلماق.

**شوتا** ئى ① تەڭ ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچقا بالداقلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلىق قالدۇرۇپ بېكىتىش ئارقىلىق ياسالغان، تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب (ئۇنىڭ ھازىر تۆمۈردىن ياسىلىدىغانلىرىمۇ بار). ② ھارۋىنىڭ ئۇلاغ قوشۇلىدىغان ئىككى يان ياغىچى ۋە چاق ھەم ئوقتىن باشقا ھەممە قىسمى.

**شوتا ئات** ① شوتىغا قوشىدىغان ئات، ئىچ ئات ② كۆچمە. ئاساسلىق كۆچىگۈچى: ئەگەر سىلى بۇ ئىشتا شوتا ئات بولۇپ بەرسىلە، مەن يانداق بولسام، ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى كۆرسە ئۆلسەممۇ خاتىرجەم كېتەتتىم.

**شوتا قويۇپ بەرمەك** بىرەر ئېغىر ھالەتتىن قۇتۇلۇش ياكى يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەرمەك، ياردەم قىلماق.

**شوتىچى** ئى ① شوتا ياساپ ساتقۇچى كىشى. ② <ھەرب> شوتا قويۇشقا مەسئۇل ئەسكەر، چېرىك: سۇلتان نۇرغۇن پالۋانلارنى شوتا بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلغانىدى، شوتىچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن شوتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، خەندەك بويىغا توپلاشتى.

**شوتىسىمان** سۈپ. شوتىغا ئوخشايدىغان، شوتىدەك: شوتىسىمان كۆۋرۈك.

**شوتىلىق** سۈپ ① شوتىسى بار، شوتا ئورنىتىلغان، شوتا بېكىتىلگەن: شوتىلىق ھارۋا. ② شوتا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان، شوتا قىلىشقا بولىدىغان ياكى مەخسۇس شوتا ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان: شوتىلىق ياغاچ.

**شوخ** سۈپ [پ] ① ۋاقتىنى ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، ئويۇنغا ئامراق؛ جىمىغۇر ئەمەس، كەپسىز: دىلشات بۇرۇندىن شوخراق ئوقۇغۇچىلاردىن بولسىمۇ، لېكىن دەرس ئىنتىزامىنى ساقلايتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيتتى. ② ئويۇن ـ كۈلكىنى، ھەزىل ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان، خۇشخۇي، خۇش چاقچاق، ئوچۇق ـ يورۇق: تويى خەۋىرىنى ئاڭلىغان يېزىمىزنىڭ شوخ ياشلىرى سازلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. ③ كۆچمە. ئويناق، چاققان، ئەركىن (تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا): ئاسىيەنىڭ زىلۋا قامىتى، شوخ ئۇسسۇلى، يېقىملىق

تەبەسسۇمغا تولغان چېھرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ④ كۆچمە. كىشىگە شادلىق تۇيغۇسى ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق، جۇشقۇن (ناخشا ـ مۇزىكا، قوشاق، شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): شوخ كۈي. شوخ ناخشا. شوخ پەدە. شوخ شامال.

**شوخا** ئى. دەرەخ ياكى چاتقاللارنىڭ تېنىدىن بىخلاپ چىققان يوغان ۋە قاتتىق تىكەن: جىگدە شوخىسى. ئۆرۈك شوخىسى.

**شوخشۇتماق** «شوخشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەڭ ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئامال بىرلا، ئۇ بولسىمۇ سەركىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنى كەينىگە شوخشۇتۇش ئىدى.

**شوخشۇماق** پ. ئارقىچىلاپ كەينىگە يانماق: ئايتىللا ئىتنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كەينىگە شوخشۇدى.

**شوخلا** ئى<بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى سوزۇنچاق ياكى شار شەكلىدە بولۇپ، ئاساسەن كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ئۇ يەنە «پەمىدۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شوخلاشتۇرماق** «شوخلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شوخلاشماق** پ. بارغانسېرى شوخ ھالغا كەلمەك، شوخ بولۇپ كەتمەك: ئۇ تېخىمۇ شوخلىشىپ كەتكەنىدى.

**شوخلۇق** ئى. شوخ قىلىق ، ئويۇنغا ئامراق مىجەز، خۇشخۇي خاراكتېر: — ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى شوخلۇق قىلمايدۇ. راستمۇ، شەۋكەت؟ — دېدى ئۇ بالىنى ئاقلاپ.

**شوخلاشماق** پ. تېنىدە شوخا پەيدا بولماق، تېنىدىن يوغان ـ يوغان تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقماق: ئاق ئۆرۈك بۇ يىل شوخلىشىپ كەتكەچكە، كىچىك ئىنىم ئۇنىڭغا ئۆتكەن يىللاردىكىگە ئوخشاش ئاسانلا چىقالمايتتى.

**شوخلىق** سۈپ ① غولى ياكى شاخلىرىدا شوخىسى بار، شوخا ئۆسۈپ چىققان: شوخلىق جىگدىگە چىقسام، يىرتىلدى چاپانلىرىم. سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، يىرىلدى تاپانلىرىم. ② تىكىنى بار شاخ ـ شۇمبىلاردىن قىلىنغان: مۈشۈك بىر شوخلىق چىتنىڭ ئارىسىدىن ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

**شوخلىماق** پ. غول ياكى شاخلىرىدا شوخا پەيدا بولماق، شوخا ئۆسۈپ چىقماق: شوخلاپ كەتكەن ئۆرۈك شاخلىرى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئىلىۋېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلىشقا باشلىدى.

**شور** I [پ] ① ئى<خىم> ئانورگانىك بىرىكمە، يەنى تەركىبىدە كرىستاللاشقان ئون دانە سۇ مولېكۇلاسى بولغان ناترىي سۇلفات. ئاق ياكى رەڭسىز كېلىدۇ، ئادەتتە خىمىيە سانائىتى، ئەينەكچىلىك سانائىتى ۋە قەغەزچىلىك سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. تېببىي دورىگەرلىكتە بولسا سۈرگە دورىسى قىلىنىدۇ. ② ئى. تەرنىڭ ئۈستىباش ياكى سىرتقا تېپىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۇز، ئاق داغ: قاردىسام، سەمەتنىڭ كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىلىرى شور باغلاپ كېتىپتۇ. ③ سۈپ. تەركىبىدە تۇز ماددىسى كۆپ بولغان، كۆپەيگەن، شورتاڭ؛ زەي: شور توپا. شور تۇپراق. شور سەي.

**شور پاختا** <تېب> تۇزغا چىلانغان پاختا، ئۇ سۇنۇقچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**شور** II (**شورى**) [پ] ① ئى. بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك، بىچارىلىك، بەختسىز تەقدىر: ۋاي شورۇم.— تۆت خالتا، ئارىمىزدىكى توختام شۇ ـ دە،— دېدى مەتباقى،— سەنمۇ نۇقتىلىق ئائىلە بولغان بولساڭ، گەپ يوق يەنە ئون خالتا چۈشۈرۈۋالاتتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى ـ دە، بىز كەتتۇق. ② سۈپ. تەتۈر، ئوڭ كەلمىگەن؛ شۇم: شور پېشانە. شور تەلەي. شور ئېغىز.

**شور پىشانە** بەختسىز، تەلەيسىز، بەختى قارا، بىتەلەي: مەن شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم، شور پىشانە تۇغۇلغىنىمغا ئاھ ئۇردۇم. * — ئۇھ ئەجەپمۇ شور پىشانە تۇغۇلۇپ قاپتىمەن،— پاتىمە ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

**شور ئېغىز** كۆڭۈلسىز، نامۇۋاپىق گەپلەرنى قىلىپ كىشىلەرگە پاراكەندىچىلىك تېپىپ بەرگۈچى، ئەندىشىلىك گەپ ـ سۆزلەرنى تارقاتقۇچى: ئانام توگەپ كېتەرمىكىن دېگىنىنى تېخى، شور ئېغىزنىڭ.

**شورى قۇرۇغۇر** «بەختى قارا، تەلەيسىز، بىچارە...» دېگەن مەنىلەردىكى ھەم ھېسداشلىق، ھەم ئېچىنىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ھوي ، شورى قۇرۇغۇر! ئاشۇ روشەنچىلىكمۇ بولالمىدىڭمۇ؟

**شورا** I ئى. باغ ۋە ھويلا ـ ئاراملارنىڭ توسما تاملىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ئادەم ئۆتكۈدەك بولۇپ قالغان كەمتۈك يېرى: باغقا كىردىم شوراڭدىن، تەمەيىم يوق غوراڭدىن. ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى، ئوغرى ئالسۇن موراڭدىن.

**شورا** II ئى [پ] <بوت> شورا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كۆل رەڭ بولۇپ، ئۈستى يالتىراق كېلىدۇ. تاشلاندۇق يەر، ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا ياۋايى ھالەتتە ئۆسىدۇ.

**شوراتماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇكام بىر شورىتىپ قويغىنا،— دېدى ئۇ ۋە يوغان يۆگەلگەن تاماكىنى كۈچەپ ـ كۈچەپ شوراشقا باشلىدى.

**شوراشماق** «شورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — يولداشلار!— دېدى ئۇ خىرىلدىغان ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن،— ئۇلار بىزنىڭ قېنىمىزنى قاچانغىچە شورىشىدۇ؟...

**شورالماق** «شورىماق»پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تومۇرلىرىمىز قۇرۇدى قانلىرىمىز شورىلىپ. مىدىرلايلى دوستلار... ھەي دوستلار !... ئۆلمەيلى بۇنداق تولغىنىپ.

**شورپا** ئى [پ] ① گۆشنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق، بەزىدە ئۇنىڭغا ئازراق تۇز، پىياز، دورا ـ دەرمانلار سېلىنىپ تەملىك يېمەكلىك قىلىنىدۇ: چەينەك شورپىسى. توخۇ شورپىسى. * پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا (ماقال). ② مانتا، سامسا قاتارلىق قىيمىلىق تاماقلارنىڭ مايلىق سۈيى: ئۇلار ئىككىسى شورپىسى ئېقىپ تۇرغان پېتىر مانتىنى يەپ ئولتۇرۇپ، شۇ ئىشلار ئۈستىدە ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى.

**شورپىسىنىڭ شورپىسى** ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ۋە دوستلۇقنىڭ بەك يىراقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان، يەنى «تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى، دوستىنىڭ دوستى» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە.

**شورپا ـ شەلەڭ** شورپا ۋە ياكى شۇ خىلدىكى سۇيۇق تاماقلار.

**شورپىلانماق** پ. شورپا ئىچمەك، شورپا بىلەن قورساق تويدۇرماق: مېھمانلار ئىسسىق ئۆيدە ئوبدان شورپىلىنىپ ھاردۇق ئېلىشتى.

**شورتاڭ** سۈپ. شورلاشقان، شور بېسىپ كەتكەن، شورى كۆپ: شورتاڭ يەر.

**شورتاڭلىق** ئى. شورلىشىپ كەتكەن، شورلۇق يەر: تاغام كۆز يېتىم ئارىلىقنى ئايلىنىپ، كۆك يانتاق بېسىپ كەتكەن بىر شورتاڭلىقتا توختىدى.

**شورسىز** سۈپ. شورى يوق ياكى تۇز تەركىبى نورمال: بۇ يەرلەر پۈتۈنلەي شورسىز يەرلەر، زىرائەتلەر ناھايىتى ئوخشايدۇ، كۆزلىگەن ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ.

**شورسىزلاندۇرماق** پ. ئارتۇق تۇز تەركىبىنى چىقىرىۋېتىپ نورمال ھالەتكە كەلتۈرمەك، شورىنى تازىلىماق: بەزى ئەللەردە دېڭىز سۈيىنى مەخسۇس شورسىزلاندۇرۇش زاۋۇتلىرىدا شورىدىن ئاجرىتىپ، ئىچىشكە ئىشلەتمەكتە.

**شورسىزلاندۇرۇلماق** «شورسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇ مەنبەسى قىس بولغاچقا، ئۇلار ئەمدى شورسىزلاندۇرۇلغان دېڭىز سۈيىنى ئىچىشكە ئىشلەتتى.

**شورسىزلانماق** پ. تەركىبىدىكى شور ياكى تۇز تەركىبى ئاجرىتىپ چىقىرىۋېتىلمەك، شورسىز ھالەتكە كەلتۈرۈلمەك.

**شوركا** ئى. دىيال<زوئول> بۆدۈنىنىڭ مېكىيىنى، چىشى بۆدۈنە.

**شورلاتماق** «شورلىماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شورلاشتۇرماق** «شورلاشماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆزىدىن ئاققان ياش تەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنى تېخىمۇ شورلاشتۇرۇۋەتتى.

**شورلاشماق** پ. تۇز تەركىبى ئېشىپ شور قاپلاپ كەتمەك، شور بېسىپ كەتمەك: ئۇنىڭ مايكىسى تەردىن شورلىشىپ كەتكەنىدى.

**شورلانماق** پ. تەركىبىدە تۇز ياكى شور پەيدا بولماق.

**شورلۇق** I ① سۈپ. شور قىسمى كۆپ، شور قاپلاپ كەتكەن: لايىنىڭ شورلۇق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھەرە چاققان جايلارغا چاپلاپ ئاغرىقنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. ② ئى. تۇز تەركىبى كۆپىيىپ يۈزى شورلىشىپ كەتكەن يەر: ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر كەڭ شورلۇق بار ئىدى.

**شورلۇق** II ① سۈپ. بەختسىز، بىچارە؛ پېشانىسى تەتۈر، تەلەيسىز: ئۇنىڭ شورلۇق ئائىلىسىمۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى نەگىدۇر تارقاقلاشتۇرۇلۇپتۇ. ② ئى. كېلىشمەسلىك، بەختسىزلىك، پالاكەتلىك، بالايىئاپەت: — ئەمدى ماڭا كەلدى بۇ شورلۇق دېگىنە؟ — دېدى ئۇ پېشانىسىگە مۇشتلاپ ئازاب بىلەن خىرقىراپ.

**شورلىماق** پ ① نان ياقىدىغان تونۇر ياكى ئوچاقنىڭ نان يېقىلىدىغان يۈزىگە شور توپىسى ياكى تۇز توپىسىدىن تەييارلانغان لايىنى تەكشى چاپلىماق. ② كۆن - خۇرۇمچىلىقتا، تېرىنى تۇزلانغان سۇغا سالماق.

**شورىتىلماق** «شوراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شورىخانا** ئى. تارس ← **باجخانا:** ئۇ كۇچادىكى شورىخانىنىڭ جىساسى ئىدى.

**شورىدىماق** پ. تاملار شورلاپ تۆكۈلۈپ تۆشۈك ۋە شورىلار ھاسىل بولماق: يەر زەي بولغاچقا، تاملار شورىداپ كەتتى.

**شورىغۇچ** سۈپ. شورايدىغان ياكى شوراش رولىنى ئوينايدىغان: قان شورىغۇچ قۇرت. شورىغۇچ تەخسە.

**شورىگۈل** ئى [شورا + گۈل] <بوت> سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرمىقى گۆشلۈك كېلىدۇ، گۈلى جىگەر رەڭ، ھال قىزىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**شورىماق** پ ① تىلى، ئاغزى بىلەن شۈمۈپ، سۈمۈرۈپ ئىچىگە تارتماق، ئىچمەك (سۈيۈقلۇقلار ھەققىدە): ئۇ تۇخۇمنىڭ ئۇچىنى قەلەمتىراش بىسى بىلەن ئەپلەپ ئۈرۈپ ئاچتى - دە، ئىچىدىكىسىنى شوراپ ئىچىۋەتتى. ② ئىچىگە تارتماق، چەكمەك (چېكىملىكلەر ھەققىدە):ئېرىم چىلىمنى پورۇقلىتىپ قاتتىق شوراپ تۇرۇپ مېنى شەرەت بىلەن يېنىغا چاقىردى.

**شوشاڭ** ئى. قوي قىرقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولغان قايچىسىمان سايمان.

**شوق ( شوقى )** ئى [ئە] بىرنەرسىگە قاتتىق بېرىلىش، قىزىقىش، ئىشتىياق؛ ئىشق: شۇ مۇھەببەت شوقى مەندىن كەتمىدى، قول سېلىپ سۇنسام لېۋىگە يەتمىدى. ناگاھان يەتسە قولۇم تاتلىقلىقى زادى، ھەرگىزمۇ دىلىمدىن كەتمىدى.

**شوقلانماق** پ. بىرەر نەرسىگە قاتتىق قىزىقماق، بېرىلمەك، ئىشتىياق باغلىماق: كۆرۈنەتتى گۈزەل باھار ئاي بىلەن قىلىغان سۆھبىتىمگە يەنىمۇ شوقلانغاندەك...

**شوك** ئى [ر<فران] <تيب> كىلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال كېسەللىك. كۆپىنچە بەدەن قاتتىق زەخىملىنىش، ھەددىدىن زىيادە توڭلاش، چارچاش ياكى روھىي جەھەتتىكى زەربە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاپ قويۇش قاتارلىقلارنىڭ باشقا سىستېمىلار فۇنكسىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، قان بېسىمى تۆۋەنلەش، قان ھەرىكىتى ئاستىلاش، تۆت مۇچە توڭلاش، رەڭگى تاتىرىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەش، ئەس - ھوشىنى يوقىتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**شوكۇم** I ئى. دىيال. تويدا مېھمانلارنىڭ توي ئىگىسىگە ئەكەلگەن سوۋغىتى.

**شوكۇم** II ئى. دىيال. ئىتائەت؛ يېلىنىش.

**شول** ئال. يېز ت. شۇ: بەندە بولدۇم، شول ئىرادە، قالدىم سانىسىز مەن بالادا.

**شولا** ئى [ئە] ① بىرەر جىسىمدىن تارقالغان يورۇقلۇق، نۇر، يالقۇن: ئاي شولىسى. ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ سۇدا پەيدا بولغان ئەكسى، سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىلگەن سۈرىتى؛ سايە: قىز قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىغا قارىدى.

**شولىگۈل** ئى [شولا + گۈل] <بوت> گۈلقىيار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ۋە تۈكلۈك كېلىدۇ. يازدا ئېچىلىدۇ، رەڭگى سېرىق ، كېچىلىرى ئېچىلىپ، سەھەرگە يېقىن تۈگۈلۈۋالىدۇ. ئۇنى ئۇرۇقى ئارقىلىق كۆپەيتىپ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلغىلى ، ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى بولىدۇ. يىلتىزىنى قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**شوللىق** سۈپ. شولا تارقالغان، شولا چۈشكەن؛ شولا بىلەن قاپلانغان: قاش قارىيىشتىن بۇرۇنقى بۇ قىزغۇچ شوللۇق قۇملۇق ئۇ-

نىڭغا خۇددى كېپەك ئالتۇن چېچىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، ئاجايىپ بىر خىل ھوزۇر ئاتا قىلغانىدى.

**شوۋا** توغرىسى شورپا: شورپا.

**شوۋۇرماق** پ. دىيال. شۇڭغۇماق، چۆشمەك: قار شوۋۇردى.

**شوۋىچى** ئى. تىل ھا ① خوتۇنى ياكى قىزلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويىدىغان، ئېغىر ئالمايدىغان ئەر: — ئايالى ئەكىرگەن نەرسىنى سورىمايلا تەكچىگە تىزىش شوۋىچىلارنىڭ ئىشى، ئۇقتۇڭمۇ!؟ — ئۇ ئىنىسىغا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى. ② شۇنداق دەپ قارالغان ئەرلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدىغان ھاقارەت سۆزى.

**شوۋىچىلىق** ئى. خوتۇنى ياكى قىزلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويۇش ئىشى ۋە ئۇلارنى ئېغىر ئالمايدىغان ئادەت: — ساڭا ئوخشاش شوۋىچىلىق قىلمىدىم، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

**شوۋىكەش** ئى. شوۋىچى: — سەن باشتا تىللىدىڭغۇ،شوۋىكەش!... — ئىككىسى بىردەمدىلا بوغۇشۇپ كەتتى.

**شوۋىگۆرۈچ** ئى [شورپا + گۆرۈچ] سۇغا مۇۋاپىق مىقداردا گۆرۈچ، قىيما، پىياز، يۇمغاقسۇت، قورۇق مېۋىلەر سېلىنىپ، قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان سۇيۇق يېمەكلىك.

**شوۋىنىزم** ئى [ر<فىران] بىر خىل ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى. بۇنىڭدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە قۇل قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ ناپولېئوننىڭ زورلۇق بىلەن فىرانسىيەنىڭ كۈچىنى سىرتقا كېڭەيتىشنى ئەڭ ئاكتىپ قوللىغان ھەربىي ئەمەلدار شوۋىنىنىڭ نامى بىلەن «شوۋىنىزم» دەپ ئاتالغان.

**شوۋىنىزمچى** ئى. شوۋىنىزمنى ھىمايە قىلغۇچى، شوۋىنىزم تەرەپدارى.

**شوۋىنىزمچىلىق** ئى. شوۋىنىزمغا خاس ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت.

**شوۋىنىزملىق** سۈپ. شوۋىنىزمغا ئائىت، شوۋىنىزمغا خاس، شوۋىنىزم تۈسىنى ئالغان: ئۇلار ئېغىزىدا سوتسىيالىزم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە شوۋىنىزملىق قىلىدۇ.

**شوۋىنىست** ئى [ر] شوۋىنىزم تەرەپدارى، شوۋىنىزم ئىدىيەسى سىڭگەن كىشى.

**شويلا** ئى [پ] سەۋزىنى مايدا قورۇپ، سۇ قوشۇلغاندىن كېيىن گۆرۈچ سېلىنىپ، پەس ئوتتا مەلۇم ۋاقىت قايناتقاندىن كېيىن دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇ شوۋىگۆرۈچتىن قويۇقراق، پولۇدىن يۇمشاقراق بولىدۇ.

**شوينا** ئى ① يۇڭ ياكى پاختىدىن تۆمۈنە توملۇقىدا ئېشىلگەن يىپ: دادام ساندۇقتىن شويىنىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر توپ تۈچ يارماقنى ئالدى. ② شۇنداق يىپتىن قىلىنغان بوغقۇچ (ئاياغنىڭ) : ئۇ ئۆڭ پۇتىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئايىغىنىڭ شويىنىسىنى يېشىشكە باشلىدى.

**شويى** ئى [خەن] ئەمەلدار، پۇلدارلارنىڭ بالىسى؛ بەگزادە، بايۋەچچە: خەلقنىڭ مەسخىرىلىك چاقچاقلىرى پەسكەش بۇ شويىنى كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ، قۇيرۇقىنى يىغىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

**شۇ** ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن جايدىكى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ: — ئەمەتنىڭ دادىسى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىنى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ. ② كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىسىم ۋەزىپىسىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ دىققەت - ئېتىبارى قارىتىلغان نەرسە ياكى ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ: شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئادەم ئۆز ئەمگىكى بىلەنلا قىممەتلىك. ③ كېسىم رولىدا كېلىپ «ئەنە ئاشۇنىڭ ئۆزى»، «دەل ئۆزى»، دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ دېگەن شۇ! — دېدى پاتەمخان مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا. ④ ۋاقىت مەنىسىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن كېلىپ سۆز بولۇۋاتقان ۋەقە، ھادىسە ياكى نەرسىنىڭ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆزدە تۇتۇلغان ۋەقە، ھادىسە ياكى نەرسە بىلەن بىر ۋاقىتتا سادىر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: شۇ كەمگىچە ئۇ بىر قېتىممۇ كۆرۈنمىدى.

**شۇپۇڭ** ئى. تومراق چىۋىق: ئۇ دائىم قولىدا شۇپۇڭ تۇتۇۋېلىپ، دەريا بويىدا كالا بېقىپ يۈرەتتى.

**شۇپۇڭدىماق** پ. شۇپۇڭ بىلەن ئۇرماق: — ھېلى دادىڭ شۇپۇڭدايدۇ، جۇمۇ! غەلۋە قىلماي تالاغا چىقىپ ئوينا، يوگور، — دېدى مايسەم ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى چىمدىپ.

**شۇجى** ئى [خەن] پارتىيە، ئىتتىپاق ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى: ئۇ بۇ قېتىم كەنت پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغانىدى.

**شۇجىلىق** ئى. شۇجىغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ھامىدىن دېگەن 15 يىل كەنتتە شۇجىلىق قىلغان.

**شۇدلۇق** سۈپ. دىيال. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، بىر ئىشنى يولىدا قىلالايدىغان؛ قابىلىيەتلىك.

**شۇر** تەق ① سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ تېز ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز. ② بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ تېز ئاققىنىغا ئوخشاش ھېس قىلىنغان سېزىم: سابىرنىڭ مېڭىسىدىن بىر خىل دەھشەتلىك تۇيغۇ شۇر قىلىپ ئۆتتى - دە، ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى.

**شۇررىدە** رەۋ. شۇر قىلغان ھالدا، شۇر قىلىپ؛ ناھايىتى تېز: يۈرىكىم شۇررىدە ئېقىپ كەتكەندەك بولدى.

**شۇرقىراتماق** «شۇرقىرىماق»پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۇرقىرىماق** پ. شۇر قىلماق، ئادەمدە «شۇر» قىلغاندەك سېزىم پەيدا قىلماق: ئۇنىڭ تېنى شۇرقىراپ، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقتى.

**شۇرۇق** ئى. دىيال ① ئۇزۇن تاياقچە. ② سۇ تەكتىدىكى يەر يۈزىگە سانجىپ، كېمىنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن، قالقانسىز تاياقچە.

**شۇستىگەر** ئى [پ] رەخت، يىپ قاتارلىقلارنى بويىغۇچى ئۇستا، بوياقچى: بۇ يەردە رەخت - خەرىتىلەرنى ھەرخىل رەڭدە بويايدىغان شۇستىگەرلىك كەسپىنى قىلىدىغان شۇستىگەر ئۇستىلاردىن تارتىپ ھەرخىل كەسپنىڭ كەسپ ئەھلىلىرى تېپىلاتتى.

**شۇستىگەرلىك** ئى. رەخت، يىپ قاتارلىقلارنى بوياش ئىشى، كەسپى، بوياقچىلىق: شۇستىگەرلىك قىلماق.

**شۇغۇللاندۇرماق** «شۇغۇللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۇغۇللاندۇرۇلماق** «شۇغۇللاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شۇغۇللانماق** پ. ھەپىلەشمەك، مەشغۇل بولماق: خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانماق. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماق.

**شۇغىنىسى** باغل. «بىراق، لېكىن، ئەمما، ئەپسۇس» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ جۈملىدە باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ: ئۇ يىگىتقۇ ياخشى بالىكەن، شۇغىنىسى بەك ياۋاشتەك قىلىدۇ.

**شۇڭ** ئى. تەك (ئۈزۈم تېلى)نىڭ غولىدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار: باراڭغا ئېلىنغان ئۈزۈم شۇڭلىرى ھويلىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

**شۇڭا** باغل. «شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا» دېگەن مەنىدە سەۋەب باغلىغۇچى رولىدا سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ: — ئانام تويغا كەتكەنىدى، شۇڭا دادام بىلەن كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**شۇڭغۇتماق** I ئى. بىر خىل يېمەكلىك. قوناق ئۇنىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر ياڭاق چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك قىلىنغاندىن كېيىن شورپىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

**شۇڭغۇتماق** II «شۇڭغۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋەتەنىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئوتلۇق ئىستەكلەر ئۇلارنى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ بىر دولقۇنىدىن يەنە بىر دولقۇنغا تارتىپ كۈچلۈك شۇڭغۇتۇشقا باشلىغانىدى.

**شۇڭغۇتۇشماق** «سۇڭغۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شۇڭغۇتۇلماق** «شۇڭغۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شۇڭغۇشماق** «شۇڭغۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دولقۇنلار ئەتراپقا چاچىدۇ ئۈنچە، ياقۇت قىرغاقلارغا كۆكسىنى ئۇرۇپ. ئېھ، قانداق كۆڭۈللۈك دەريا سەيلىسى، بېلىقلار ئوينىشار ھەريان شۇڭغۇشۇپ.

**شۇڭغۇماق** پ. سۇ، ھاۋا (بوشلۇق) قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرمەك ياكى شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقماق: ئۇ: — خاتىرجەم بولۇڭ، پالتىڭىزنى مەن سۈزۈپ بېرەي، — دەپتۇ ـ دە، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

**شۇڭقار** ① ئى <زوئول> بۈركۈت تىپىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك، يىرتقۇچ ئوۋچى قۇش: پاقىنىڭ بەختىدىن شۇڭقارنىڭ شورلۇقى ئەلا (ماقال). ② سۆپ. كۆچمە. باتۇر، قەھرىمان، مەرد، پالۋان: سىيىتئاخۇن — سىيىت گاڭگۇڭ، جېنىدىن جۇدا بولدى. ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شۇڭقارى ئادا بولدى.

**شۇڭلاشقا** باغل. شۇنداق بولغاچقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سەۋەبلىك، شۇنىڭغا ئاساسەن: — سىزنى بەك سېغىندىم، شۇڭلاشقا كەلدىم، — دېدى ئۇمۇ چاقچاق قىلىپ كۈلۈپ.

**شۇلتا** ئى<خىم> تەركىبىدە كىرىستاللاشقان ئون دانە سۇ مولېكۇلاسى بولغان ناترىي كاربونات. رەڭسىز كىرىستال ھالىتىدە بولۇپ، يۇيۇش دورىسى قىلىنىدۇ ۋە ئېچىغان ياكى بولدۇرۇلغان خېمىردىكى ئاچچىق تەمنى يوقاتقۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**شۇلۇق** تەق. سۇيۇقلۇقلارنىڭ چايقىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شۇلۇق ـ شۇلۇق** «شۇلۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شۇلۇقلىماق** پ. «شۇلۇق ـ شۇلۇق» ئاۋاز چىقارماق: نېمىسىنى دەيسىز، بىردەمدە ھەممىسى شۇلۇقلاپ پىشتى.

**شۇم** سۈپ [ئە] ① قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىدىغان؛ نىيىتى بۇزۇق، ئەسكى، يارىماس، بۇزۇق: — قانداقسىغا بۇ شۇم ئوغرى سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز بولىدۇ، — سورىدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن. ② بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان، ئادەمگە ھالاكەت، پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان، ئادەمدە ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان: ھېلىقى شۇم قۇيۇن بۇغراجان بىلەن مەغپىرەتخان ئاچىنى ھاياتلىق دۇنياسىدىن ئۇچۇرۇپ ئەكەتتى. ③ بەختسىز، پالاكەت باسقان، نەس باسقان، قايغۇلۇق: قۇم يەر — شۇم يەر (ماقال).

**شۇم ئاياغ** باسقان قەدىمى بىرەر بەختسىزلىك، پالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان، پالاكەت: ھەي شۇم ئاياغ ئاغمىخان، ئېيت، قاچماقچى سەن قايان؟!

**شۇمبا** ئى<بوت> يۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تەتۈر قويغان تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق، چوكا مېۋىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. غولى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن ئاروماتىك مايلارنى ئالغىلى، ئۇرۇقىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**شۇمبۇيا** ئى [شۇم + بۇيا] ① <بوت> شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قوغۇن ـ تاۋۇزلارغا زىيانلىق، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى تېبابەتچىلىكتە قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② كۆچمە. ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ھەمدە پارازىت، تىرىكتاپلارچە ھايات كەچۈرىدىغان كىشى، زىيانداش، تىرىكتاپ: دوزىخى ئۆتمۈش ئىدى ئەل بېشىدا زۇلمەت زامان، ئاچمىغان بەختىنىڭ چېچەك باسقان جاھاننى شۇمبۇيا.

**شۇمبۇيىلىق** ئى ① شۇمبۇيا ئۆسكەن، شۇمبۇيا كۆپ يەر. ② كۆچمە. قارا نىيەتلىك، ئەسكىلىك، يامانلىق: — سەن بۇ ئىشقا شۇمبۇيىلىق قىلما، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**شۇمپەن** ئى [خەن] جان ت. ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى، قاتىل: ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، شۇمپەندەك قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئولتۇراتتى.

**شۇمتال** ئى [شۇم + تال] <بوت> كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچى سارغۇچ ئاق، زىچ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قېپىق، ئۆي جاھازلىرى، هارۋا قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**شۇمتەك** ئى. ناھايىتى شوخ، غەلۋىچى بالا؛ قىلمىشى يامان، پاراكەندىچىلىك تېرىيدىغان بالا: ئاشۇ شەھەردىكى ئون نەچچە ياشلىق شۇمتەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

**شۇمقۇش** ئى [شۇم + قۇش] ① ھۇۋقۇش. ② پالاكەت ئەكەلگۈچى، شۇملۇق تېرىغۇچى، بالا ـ قازا تېرىغۇچى: «قايسى شۇمقۇش ئۇنى مۇشۇ كوچىغا باشلىدىكىن؟...» رەھمەتجان ئويلىنىپ قالدى.

**شۇملۇق** ئى. باشقىلارغا يامانلىق، قارانىيەتلىك قىلىدىغان، بالا ـ قازا تىلەيدىغان مىجەز، شۇنداق خاراكتېر: چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق (ماقال).

**شۇنچە** ① رەۋ. شۇنچىلىك، شۇ قەدەر، شۇ دەرىجىدە: — پاھ، قارا، بۇنىڭ شۇنچە چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! — دېدى ئۇ ئوغلۇمنى قولىغا ئېلىپ. ② سۈپ. جىق، كۆپ، ئاز بولمىغان: شۇنچە ئەلنىڭ ئارىسىدا، ئۇنى بىرلا كۆرگەنىدىم. ③ ئال. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىنغۇچىسى تەركىبىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى تەركىبتە ئاشكارىلانغان مىقدارغا تەڭ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭدا قانچە تال ئالما بولسا، مەندىمۇ شۇنچە تال ئالما بار ئىدى.

**شۇنچىزا** رەۋ ← **شۇنچىۋالا**: — شۇنچىزا سۆزلەپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى، ھە؟! — دېدى مومام ئانامغا كايىپ.

**شۇنچىكى** ① رەۋ. ئاززاق، ئازغىنا؛ مۇنداقلا: — ئالدىغا شۇنچىكى يۆتكىسەك بولدى ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئوغلىنىڭ دىتسىزلىقىدىن رەنجىگەن بوۋاي. ② سۈپ. زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان، ئەرزىمەس؛ ئادەتتىكى، ئاددىي: — شۇنچىكى گەپكە نېمانچە چېچىلىپ كېتىسەن؟ — دېدى دادام ئاكامغا ھاي بېرىپ. ③ رەۋ. چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەي، ئويناشقاندەك: بەزىدە شۇنچىكى دەپ قويغان گېپىڭمۇ بىرمۇنچە پالاكەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

**شۇنچىلىك** ① رەۋ. شۇ قەدەر، شۇ دەرىجىدە، شۇنچە، شۇنچىۋالا: ئۇنىڭ ئابدۇللاغا دەيدىغان گېپى شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، ھەرقانچە يازسىمۇ تۈگىمەيتتى. ② سۈپ. ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى مىقدار، ھەجىم، دەرىجە، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تۆۋەنلىتىپ ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ: ئوغلىمىزنىڭ ھالىمۇ شۇنچىلىك، قىزلار ياراتمايۋاتسا قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆڭۈل دېگەنگە بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

**شۇنچىۋالا** رەۋ. شۇ قەدەر، شۇ دەرىجىدە، شۇنچە: ئۇنىڭ پىكىر دائىرىسى شۇنچىۋالا كەڭرى ۋە نازۇك بولۇپ، كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ زىل تارلىرىنى چېكەلەيتتى.

**شۇندا** رەۋ. شۇ چاغدا، ئاشۇ ۋاقىتتا، شۇ مەزگىلدە: قېنى ئەسكە ئېلىڭ شائىر، ئۇزاق يىل بىز ئەلەم تارتتۇق، بوغۇلدى ئەركىمىز شۇندا، بۇرۇقتۇرما ئىلكىدە ياتتۇق.

**شۇنداق** ① ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغاندەك، كۆز ئالدىدىكىدەك، ئاشۇنداق: — تاشۋاي ئاكاڭ ماڭماقچى، مەن گۆش، سەۋزە تېپىپ كېلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن پولۇ ئېتىپ بېرەي. بىزنىڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىز شۇنداق ئۆتسۇن، — دېدى سالىخ ئاكا قىزى گۈلچېھرىگە. ② رەۋ. ئېيتىلغان ياكى كۆزدە تۇتۇلغان تەرتىپتە؛ شۇ بويىچە، شۇ تەرتىپتە، شۇ تەرزدە: كۆپچىلىك: «شۇنداق قىلايلى» دېيىشىپ، لەيلىگۈلنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. ③ تەستىقلىغۇچى جاۋاب ئورنىدا قوللىنىلىپ «ھەئە، توغرا، ئەلۋەتتە، دېگىنىڭ راست» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە دەمدۇلا ؟ — شۇنداق. ④ رەۋ. شۇ قەدەر، شۇنچىلىك. ⑤ رەۋ. ئادەتتىكىدەك، باشقىچە، شۇ دەرىجىدە: ئۇ شۇنداق قارىسا، بىر چىرايلىق قىز كېلىۋاتقۇدەك.

**شۇنداق قىلىپ** سۆزلىنىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئىپادىلەنگەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ئاخىر، ئاقىۋەت»، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: كۈندۈزدە ئۆزىمىزنى يوشۇردۇق، تۈندە يول يۈردۇق، شۇنداق قىلىپ، سالامەت ھالدا يۇرتقا بېرىۋالدۇق.

**شۇنداقتا** باغل. شۇنداق بولغاندا؛ شۇ ھالدا: — پالۋانلارغا ئېيت، ھەربىرى بەش تالدىن ئوق بەرسۇن، شۇنداقتا بىرنەچچە يۈز تال ئوق چىقىپ قالىدۇ، — دېدى ھاجى مىرولىغا قاراپ.

**شۇنداقلا** ① باغل. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئۈستىگە: ئوسمانجان بىلەن ئابلىكىم ساۋاقداش، شۇنداقلا خىزمەتداش بولغاچقا، بىر - بىرىگە ئىشىنەتتى. ② رەۋ. ئادەتتىكىدەك، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا: ۋاي - ۋۇي، بۇ نېمە ئاۋارىچىلىك ، شۇنداقلا كېلىۋەرمەي، بىز تونۇمايدىغان، بىلىشمەيدىغان ئادەملەرمۇ. ③ ئال. شۇنىڭغا ئوخشاش، شۇنىڭغا ئوخشاشلا: ئۇ نىزامىدىننىڭ سۆزلىرىگە قانداق قايىل بولسا، نادەمنىڭ سۆزلىرىگىمۇ شۇنداقلا ئىنتايىن رازى بولغانىدى.

**شۇنىسى** ① ئال. شۇنداق بىر يېرى، شۇ يېرى: — شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى باتۇر تاغا، — لېكىن شۇنىسى باركى، سارايغا تۇشلۇق ئادەم يوق - تە. ② ئال. شۇنداق بولغىنى: — ئاتا، مېنى كەچۈرگىلىرى كەلمىسە، قىلىچ ئەكەلدۈرۈپ، كاللامنى ئالسىلا، شۇنىسىلا تۈزۈك، — دېدى ئۇ. ③ باغل. لېكىن، بىراق، ئەمما: مەن ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق ئاجايىپ بىر چاغلارنىڭ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدىم، شۇنىسى، بۇ مىنۇتلار بۈگۈن مېنىڭ كۆز ئالدىمغا راستتىنلا كەلگەندە بولسا، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

**شۇنىڭدەك** باغل. شۇنىڭغا ئوخشاش، شۇنىڭغا ئوخشاشلا: نۆۋەتتە ئىنسانلار ئاسانراق پايدىلىنىدىغان تاتلىق سۇ بايلىقى مەنبەلىرى ئاساسەن دەريا سۇلىرى، تاتلىق سۇ كۆللىرىنىڭ سۈيى، شۇنىڭدەك تېيىزرەك قاتلاملاردىكى يەر ئاستى سۈيىدىن ئىبارەت.

**شۇۋ** تەق. مەلۇم سىرتقى تەسىردىن ئادەمنىڭ بىرەر ئىچكى ئەزاسى ياكى ۋۇجۇدىدا ھاسىل بولغان، سەسكىنىش، شۈركىنىش ھالىتى: ئۇنىڭ كۆزى پوتەيگە چۈشتى - دە، يۈرىكى شۇۋ قىلىپ ئويناپ كەتتى.

**شۇۋۇلداتماق** «شۇۋۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن نازۇك تەرەپلەرنى، شۇۋۇلدىتىدىغان ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى خاسىيەت.

**شۇۋۇلدىماق** پ. شۇۋ قىلماق، شۇۋ قىلىپ قالماق: شۇۋۇلداپ كەتمەك.

**شۆبە** ئى [ئە] بىرەر تەشكىلات ياكى ئورگاننىڭ تارمىقى: ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش سىياسىي كومىسسارى بولغانىدى.

**شۆپۈك** ئى. مېۋە - چېۋىنىڭ پوستى: كېنىزەك ئۇنىڭغا ياستۇقمۇ، مېۋىمۇ، شۆپۈكمۇ، ئىشقىلىپ، نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېتىپتۇ.

**شۆپۈكدەشمەك** «شۆپۈكدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شۆپۈكدىمەك** پ. شۆپۈكىنى سويماق، شۆپۈكىنى ئايرىپ چىقىرىۋەتمەك: شاپتۇل خۇددى دېگەندەك: «مېنى يەڭلەر شۆپۈكدەپ»، چۈشەر ئاجراپ شېخىدىن تۆرۈپ - تۆرۈپ تورۇكلاپ.

**شۆپۈكسىز** سۈپ. شۆپۈكى يوق، پوستسىز: شۆپۈكسىز نەرسە.

**شۆپۈكسىزلەنمەك** «شۆپۈكسىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شۆپۈكسىزلىمەك** پ. شۆپۈكىدىن ئاجراتماق، شۆپۈكدىمەك: ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ يېمەكلىكى قاتارىدا گازىرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئادەم يەيدىغان گازىرنى شۆپۈكسىزلەپ تەييارلايدىكەن، مۈشۈكلەرنىڭ گازىرى شۆپۈكى بىلەن بولىدىكەن.

**شۆپۈكلۈك** سۈپ. شۆپۈكى بار، پوستلۇق: ئاممىۋى سورۇنلاردا شۆپۈكلۈك نەرسىلەرنى يېيىش مەدەنىيەتسىزلىك.

**شۆرلىمەك** پ. دىيال. ئاختۇرماق، مالتىلىماق.

**شۆلگەي** ئى <بىيول> رېفلېكس تەسىرىدە ئېغىز بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان سۈيۈقلۇق، شال: شۆلگەي بېزى.

**شۆھرەت** ئى [ئە] ① ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئېرىشىلگەن نام ـ ئابرۇي، ئىناۋەت؛ ئاتاق، داڭق: شۆھرەت تاپماق. شۆھرەت قازانماق.* شائىرنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلار كۆپ ئىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شۆھرەتپەرەس** سۈپ [ئە + پ] ئەل ئارىسىدا نام چىقىرىپ شۆھرەت تېپىشقا تىرىشىدىغان، ئۆز ئىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان؛ ماختانچاق: تەكەببۇر ۋە شۆھرەتپەرەس بولغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىشە خىزمەت ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى قويىدۇ.

**شۆھرەتپەرەسلىك** ئى. شۆھرەتكە قىزىقىدىغان ئادەت، خاراكتېر: ئايالىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، رەھىمسىزلىكىگە قارشى بۇرۇنراق بىرەر چارە ـ تەدبىر تېپىش لازىم ئىكەن، ھەي ئىسىت!

**شۆھرەتلەنمەك** پ. شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولماق، تونۇلماق، مەشھۇر بولماق، داڭقى چىقماق: ئىشىمغا ئىخلاس بىلەن قارىغىنىم ئۈچۈن، ئېتىم خەلق ئارىسىدا «ئۇستا ئالىم» دەپ شۆھرەتلەنگەنىدى.

**شۆھرەتلىك** سۈپ. شۆھرىتى بار، شۆھرەتكە ئىگە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مەشھۇر، داڭلىق: — ئەي شۆھرەتلىك مەلىكەم، مېنىڭ ھۈنىرىم قۇل ئېلىپ، قۇل سېتىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھ بەھرام.

**شۆھرەتۋاز** سۈپ. شۆھرەتپەرەس: تۇرمۇشتا شۆھرەتۋاز كىشىلەر پات ـ پات كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

**شۆھرەتۋازلىق** ئى. شۆھرەتپەرەسلىك: ئۇ شۆھرەتۋازلىقىنى ياقتۇرمايتتى.

**شۆيۇەن** ئى ← **ئىنستىتۇت**.

**شۈبھە** ئى [ئە] ئىشەنمەسلىك، گۇمانسىراش، گۇمان، شەك: رەپىق ئاكا باخشىغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

**شۈبھىچى** ئى. بىرەر نەرسىگە، مەسىلىگە شۈبھە بىلەن قارايدىغان ياكى تازا ئىشەنمەيدىغان كىشى؛ گۇمانلانغۇچى؛ گۇمانخور: بەزى شۈبھىچىلەر «بۇ ۋەزىپە خام-خىيالدىنلا ئىبارەت، ئۇنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ» دېيىشمەكتە.

**شۈبھىچىلىك** ئى ① بىرەر نەرسىگە، مەسىلىگە شۈبھە بىلەن قارايدىغان، ئىشەنمەيدىغان ھالەت، گۇمانلىنىش مىجەزى؛ گۇمانخورلۇق. ② <پەلس> ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن، ئۇنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىدىن شۈبھىلىنىدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات: نىسپىيچىلىكنى بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسى قىلغاندا، ئۆزىنى يا مۇتلەق شۈبھىچىلىككە، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيەسىگە ۋە كاززاپلىققا، يا سۈبيېكتىپچىلىققا قويۇشى مۇقەررەر.

**شۈبھىسىز** رەۋ. ھېچقانداق شۈبھە تۇغدۇرمايدىغان، شەكسىز، گۇمانسىز؛ مۇقەررەر، سۆزسىز: ئۇلار ئالىمىنىڭ سۆزىگە شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

**شۈبھىلەندۈرمەك** «شۈبھىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بەزىدە جىمجىتلا ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىشلىرى مېنى شۈبھىلەندۈرۈشكە، ئويلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى.

**شۈبھىلەنمەك** پ. شۈبھە قىلماق، گۇمانلانماق، ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىماق: ئۇ ياغاچچى يىگىتتىن راستىنلا شۈبھىلىنىپ قالدى.

**شۈبھىلىك** سۈپ. شۈبھە، گۇمان تۇغدۇرىدىغان، ئىشىنىپ بولمايدىغان، گۇمانلىق: مەن شۈبھىلىك كۆزلىرىم بىلەن ئايالىمغا تىكىلدىم.

**شۈبھىلىنىشمەك** «شۈبھىلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەممەيلەن شۈبھىلىنىشمەكتە ئىدى.

**شۈپتۇر** دىيال ① ئى. پوق ـ سۈيدۈكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى: يىرتىق، كونا كىيىملەرنى كىيمەك ئەيىب ئەمەس، بەلكى يېڭى كىيىملەرنى كىر قىلىپ، شۈپتۇر پۇرىتىپ يۈرمەك زور ئەيىب ۋە گۇناھ. ② سۈپ. پاسكىنا، مەينەت: شۈپتۇر ئايال. شۈپتۇر ئادەم.

**شۇدە** ئى. ماي سۇرتۇلگەن جايغا توپا قونۇپ ھاسىل بولغان قاسماق، كىر: غوپۇر ئاخۇن شۇدە باسقان كىچىككىنە بىر چىشلىق چاقنى ئوقا بۇراپ كىرگۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

**شۇدىگەر** ئى [پ] ① ئاغدۇرۇلغان ياكى ئاغدۇرۇپ، تېرىلماي ئاپتاپقا سېلىنغان يەر: بىر بالاسى بولمىسا، شۇدىگەردە قۇيرۇق نە قىلۇر (ماقال). ② كۈز پەسلىدە، يەرنى ئاپتاپقا سېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئاغدۇرۇش، چېپىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار: بۇ كۈزلۈك شۇدىگەر بولۇپ، كېلەر يىللىق مول ھوسۇلنىڭ ئاساسلىق كاپالىتى ئىدى.

**شۇركۈندۈرمەك** «شۇركۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال بويۇن، يەڭ ئارقىلىق كىرىپ پۈتۈن بەدەننى شۇركۈندۈرەتتى.

**شۇركۈنمەك** پ. جۇغۇلداپ تىترىمەك، ئەندىكىش ئىچىدە سىلكىنىپ تەۋرەنمەك، سەسكەنمەك: ئۇنىڭ بەدىنى سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۇركۈنۈپ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.

**شۇرمەل** ئى. ئەتىيازدا دەريا ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئاققان مۇز: قولۋاق دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا لەپەڭشىپ، شۇرمەللەرگە ئۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

**شۇك** رەۋ ① جىم، تىنچ، ئۈن ـ تىن چىقارماي ھەم ھەرىكەت قىلماي؛ غەلۋە ـ غودۇر قىلماي: شۇك ئولتۇرماق. * ئۇ تولىمۇ كەپسىز بولۇپ بىر دەممۇ شۇك تۇرمايتتى. ② بۇيرۇق سۈپىتىدە «جىم تۇر، تىنچلان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — شۇك دېدىم شۇك! — دېدى نۇرمەت ئەكرەمنىڭ ئاغزىنى توسۇپ.

**شۇكرانە** ئى [ئە + پ] بىرەر ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئىگە بولغانلىق يۈزىسىدىن بىلدۈرۈلگەن مىننەتدارلىق، تەشەككۇر، مەمنۇنىيەت، رەھمەت: مەن بۇنىڭ شۇكرانىسىگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدىم.

**شۇككىدە** رەۋ. شۇك بولغان ھالدا، شۇك ھالەتتە، مىدىرلىماي ھەم ئۈن چىقارماي: ھەممەيلەن بىرپەس شۇككىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

**شۇكلەشتۈرۈلمەك** «شۇكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شۇكلەشتۈرمەك** «شۇكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايالىنىڭ ناخشىسى ھەممىمىزنى شۇكلەشتۈرۈۋەتتى.

**شۇكلەشمەك** پ ← **شۇكلىمەك**: ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بىرقانچە كۈندىن بېرى شۇكلىشىپ كەتتى.

**شۇكلىمەك** پ. گەپ ـ سۆز قىلماي، شۇك بولۇپ قالماق: بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن موماي شۇكلەپ كەتتى.

**شۈكۈر** [ئە] ① ئىم. بىرەر نەرسىدىن رازى، مىننەتدار بولغانلىقنى ئىپادىلەپ «رەھمەت، تەشەككۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — راستمۇ، خۇداغا شۈكۈر، بۇ يىل شۇ بالامنى ئۆيلىنۇالسام مېنىڭمۇ غېمىم تۈگەيتتى، — دېدى ئامىنىخان. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شۈكۈر قىلماق** ھازىرقى ئەھۋالىغا قانائەت قىلماق؛ رازى بولماق، مىننەتدار بولماق: ھا، ھا، ھا... ئۇنداق بولسا، بىز شۈكۈر قىلساق بولغۇدەك.

**شۈكۈرچان** سۈپ. شۈكۈر ـ قانائەت قىلىدىغان؛ قانائەتچان: «لېكىن ئىمانسىزلارغا، زالىم بەندىلىرىگە بەرگەن ھوقۇقنى، ئەركىنلىكنى، بەختنى نېمىشقا مۇشۇنداق شۈكۈرچان، ئىمانلىق ياۋاش بەندىلىرىگىمۇ بەرمەيدىغاندۇ خۇدايىم؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

**شۈكۈرچانلىق** ئى. شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش؛ قانائەتچانلىق: بۇ سۆز ناھايىتى يۈكسەك شۈكۈرچانلىق بىلەن دېيىلگەن.

**شۈكۈرچىلىك** ئى. شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش ئادىتى: ئۇلار شۇ قەدەر قانائەتچان ۋە ئىناقكى، دىنىي تۇيغۇغا باي ئادەملەردە بولىدىغان شۈكۈرچىلىك ئۇلارنى رېئال خىرىس ۋە رىقابەتتىن خالىي قىلىپ، تىنچلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**شۈكۈر ـ سانا** شۈكۈر ۋە سانا، تەشەككۈر ۋە مەدھىيە: ھاتەم شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپ، ئاۋاز كېلىۋاتقان جايغا يۈگۈردى.

**شۈكۈرسىز** سۈپ. شۈكۈر ـ قانائەتتىن خالىي، شۈكۈر قىلمايدىغان، قانائەتسىز: — ئادەم دېگەن شۈكۈرسىز بولمايدىغان، — دەپ تەنبىھ قىلدى دادا ئوغلىغا.

**شۈكۈرسىزلىك** ئى. قانائەتسىزلىك؛ نەپسانىيەتچىلىك، نەپسى يامانلىق.

**شۈكۈر ـ قانائەت** شۈكۈر ۋە قانائەت: شۈكۈر ـ قانائەت ھۇزۇرنىڭ دەسمايىسى، توختام سۇ بولۇپ قېلىشنىڭ ئامالى.

**شۈكۈرلۈك** ئى. رازىلىق، مىننەتدارلىق: — يولىڭىزلاردا بېرىلگەن قۇربانلىقتىن تېتىپ كۆرۈش ۋە بۇ تۇپەيلى شۈكۈرلۈك بىلدۈرۈش ئۈچۈن بايرامغا تەنتەنە بىلەن كەلدىڭىزلەر.

**شۈڭگەن** ئى [خەن] كونا. گومىنداڭ دەۋرىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئوفىتسېرى.

**شۈڭگەنلىك** ئى. كونا. شۈڭگەنگە يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ساقچى زامانقۇلنى «يارامىلىق ئىكەن» دەپ شۈڭگەنلىك ئىشىغا قويدى.

**شۈلۈك** ئى. باشقىلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە بېيىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتنى خۇددى گۆشنى شىلغاندەك شىلىپ ئالىدىغان زومىگەر: 20 نەچچە ئادەمنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بىر شۈلۈك شۇنچە ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا يالغۇز مەنلا قارشى تۇردۇم.

**شۈمەك** ئى ① بالىنى بۆشۈككە بۆلىگەندە كىچىك تەرەتنى كۈلتۈككە چۈشۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان، ياغاچ ياكى سۆڭەكتىن تەييارلانغان كىچىك نوركەش: بالىنى شۈمەك قويماي بۆشۈككە بۆلىسە سۈيدۈك يېيىۋېتىدۇ. ② يارغۇنچاقنىڭ ئۈستۈنكى تېشىنىڭ بىر نۇقتىدا ئايلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاستىنقى تاشقا ئورنىتىلغان ياغاچ.

**شۈمدەكلىمەك** پ. دىيال. شىمايلىماق، تۈرمەك.

**شۈمدۈرمەك** «شۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شۈمشەيتمەك** «شۈمشەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كەل جېنىم، كەل! سوغۇق شۈمشەيتىۋېتىپتۇ، ھە، — دېدى ئانا بوۋىقىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەچ.

**شۈمشەيمەك** پ ① بىرەر سىرتقى تەسىردىن بەدەنلىرى قورۇلۇپ تۈگۈلۈپ قالماق: ۋەسۋەسە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ سوغۇقتا شۈمشىيىپ ئولتۇرىۋەردى. ② كۆچمە. ناچار ھالەتتە قالماق، بىچارىلەشمەك، غەمكىن، مىسكىن بولۇپ قالماق: — ئەتىدىن كەچكىچە شۈمشىيىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ، — ئامال قىلايلى!

**شۈمشۈك** سۈپ. دىيال. تاتلىق ـ تۈرۈم ياكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىقچە يەۋالىدىغان؛ گېلىغا ئامراق، ئاچ كۆز.

**شۈمشىيىشمەك** «شۈمشەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورالسىز چېرىكلەر قاتارغا تىزىلىپ شۈمشىيىشىپ تۇراتتى.

**شۈممەك** پ. شورىماق: بەك ئۇسساپ كېتىپ بىئارام بولۇپ قالسا، مۇز پارچىسىنى شۈمۈپ تۇرۇش كېرەك.

**شۈمۈشمەك** «شۈممەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شېپى** ئى [ئە] ھىمايىچى؛ ۋاسىتىچى: شېپى قىلماق. شېپى كەلتۈرمەك.

**شېپىلىك** ئى ① شېپى بولۇش ئىشى، ھامىيلىق. ② ئاۋۋال سېتىۋېلىش ھوقۇقى: شېپىلىك تالاشماق.

**شېتىلە** سۈپ ① ھەييار، قۇۋ؛ شاللاق، شەيتان: ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چىراي جەھەتتە تەڭداشسىز، لېكىن شېتىلە، راھەتپەرەس ئىدى. ② شوخ، قىزىقچى: ۋاي شېتىلە قىزىم، ۋاي ئەقلى بار قىزىم، قېنى ئۇسسۇلۇڭنى ئويناۋەر، كۆزۈم سەندە.

**شېتىلىلىك** ئى. قۇۋلۇق، شەيتانلىق، شوخلۇق: دىلشات دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا بەزىدە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرسا، بەزىدە شېتىلىلىك قىلىپ بالىلارنىڭ دىققىتىنى بۇزاتتى.

**شېرىس** ئى [ر] يۇڭدىن توقۇلغان رەخت: ئۇ شېرىستىن تىكىلگەن كاستۇم كىيىۋالغانىدى. //قىزنىڭ شېرىس ياغلىقى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى.

**شېرىك** [ئە] ① ئى. بىرەر ئىش، كەسىپتە ھەمكارلىشىپ، ياردەملىشىپ بىللە ئىشلەيدىغان، بىرەر نەرسىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): ساۋۇتجاننىڭ بۇ يېڭى ھۈنىرىگە يېڭى شېرىكمۇ تېپىلدى. ② سۈپ. بىرەر ئىشتا ھەمكارلاشقان، ياردەملەشكەن: ئۇنىڭدا شېرىك كارخانىلارنىڭ دۆلەت پىلانىغا بويسۇنۇشى لازىملىقى ۋەھاكازالار بەلگىلەنگەن. ③ ئى. باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ياكى غەم ـ قايغۇسىغا ئورتاقلاشقۇچى ئادەم ياكى باشقا نەرسە: قىز ـ يىگىتلەرنىڭ رىشتىدۇر تارىڭ، شادلىققا، غەمگە شېرىك ئاۋازىڭ، مەپتۇن قىلدى بۇلبۇلنى سازىڭ، شۇڭا يۇقىرى شۆھرىتىڭ ـ شانىڭ. ④ ئى. ئۈلپەت، دوست: ئالاھىدىن: — ماڭا ئايدەك ئاق 48 كېنىزەك قول يەتكۈز، ئۇلار مېنىڭ شېرىكلىرىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يىگىرمە تۆتى ئالدىمدا، يىگىرمە تۆتى كەينىمدە ماڭىدىغان بولسۇن، — دەپتۇ.

**شېرىكلەشمەك** پ. بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى بىرەر پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئىشلىمەك، باشقىلارغا قوشۇلماق: بۇ دۇكاننى شېرىكلىشىپ ئاچقانىدۇق، سودىمىز ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

**شېرىكلىك** ئى. سودا ـ سېتىق، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ياكى بىرلىشىش مۇناسىۋىتى، شېرىكچىلىك: ئادىل بىلەن رەيھانەم ماتېرىيال ئوغرىلاشتا شېرىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇنداق شېرىكلىك ئۇلارنىڭ ئۆز ئېھتى-

ياجلىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ.

**شېرىن** [پ] ① سۈپ. تاتلىق، مەززىلىك، لەززەتلىك، شىرنىسى كۆپلۈك، شىرنىلىك (مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ شېكەر قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئۈستەڭ ئۇچرىدىكى، تاشلىرى مەرۋايىت، سۈيى ھەسەلدىن شېرىن، سۈتتىنمۇ ئاق ئىدى. ② سۈپ. كۆچمە. ئادەمگە خۇشياقىدىغان، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: شېرىن سۆھبەت. شېرىن تۇيغۇ. * بۇ كېچە رۇقىيەم ئۈچۈن توي كېچىسىدىن بۇيانقى ئەڭ شېرىن كېچە بولدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**شېرىن ئاي** تويىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى: شېرىن ئاينى ئۆتكۈزمەك.

**شېرىنسۇخەن** سۈپ [پ] يېقىملىق گەپ قىلىدىغان: ئۇ شۇنچىلىك شېرىنسۇخەن ئايال ئىدىكى، ئۇنىڭ بىرقېتىم سۆھبىتىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالاتتى.

**شېرىن ـ شەربەت** شېرىن ـ شېكەر.

**شېرىن ـ شېكەر** ناھايىتى تاتلىق، بەكمۇ شېرىن: سايراپ تۇرغان بۇلبۇلدەك شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى، ھېچ كىشىگە كۆيمەپتىم، كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزلىرى.

**شېرىنكانە** ئى <سودا> سودا ـ سېتىقتا ئوتتۇرىدا تۇرغان ۋاستىچى ياكى سالاچىغا بېرىلىدىغان ھەق، پۇل: شېرىنكانە ئالماق. شېرىنكانە بەرمەك.

**شېرىنلەشتۈرمەك** «شېرىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شېرىنلەشمەك** پ. تەم كىرمەك، لەززەتلىك، تاتلىق بولماق، شىرنىسى كۆپەيمەك: ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، قۇرۇق نان تولىمۇ شېرىنلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

**شېرىنلىك** ئى. شېرىن ھالەت، لەززەتلىك تۇيغۇ: «جېنىم!...» دېگەن بۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل شېرىنلىك پەيدا بولدى، كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلاشتى.

**شېزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. بۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن فۇجيەن، جېجياڭ، جياڭشى ۋە گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**شېشە** I ئى. پاختىدىن توقۇلغان رەخت، ماتا، خام.

**شېشە** II ئى [پ] ① ئەينەك: يۈز تەڭگىگە چىنە ۋە شېشە قاچا ئالدىم. ② ئەينەك ياكى چاقچۇقتىن ياسالغان بوغۇزى تار بوتۇلكا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: نەدىكەنى! ئاي دېگىنە، ئاي! ئىشەنگىڭ كەلمىسە، شېشە بىلەن پېشانەڭگە «ۋاققىدە» بىرنى قوي ـ دە، قېنىڭنى ئېقىتىپ دوختۇرخانىغا چاپ. ③ لامپا، پانارلارنىڭ نۇرىنى يىغىش ۋە شامالدىن مۇداپىئە قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئەينەك بۇيۇم.

**شېشدان** ئى [پ] شېشە قۇتىلىرى، گۈل قاچىلىرىنى تىزىپ قويىدىغان ياغاچ ساندۇق.

**شېغىل** ئى. تاغ جىنسلىرىنىڭ سۇ ئېقىنى يالاپ، گىرۋەكلىرىنى سىلىقلىتىۋەتكەن ياكى يۇمىلاق، ياپىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان پارچىلىرى، ئۇششاق تاشلار. دىيامېتىرى 10 ــ 100 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، تەركىبىدە قوم ۋە ھەر خىل ئارىلاشمىلار بولىدۇ. ئادەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**شېغىللىق** ئى. شېغىلى بار، شېغىل بىلەن قاپلانغان يەر: بۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شېغىللىق، تېتىرلىق ئىدى.

**شېكەر** [پ] ① ئى. شېكەر قومۇشى ياكى قىزىلچىنىڭ شىرنىسىنى قايناتقاندىن كېيىن ئايرىلىپ چىققان قىيام ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان كىرىستال جىسىم. دانىچىلىرى كىچىك ۋە قۇم دانىچىلىرىغا ئوخشايدۇ. تەمى تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئاق شېكەر ۋە قارا شېكەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تۇرمۇشتا ھەر ئىككى خىلى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: لەيلىنىڭ ۋەسلىگە يەتتىڭ بىر زامان مەجنۇن بولۇپ، ئۇل شېكەر لەۋ بولدى شېرىن سەن ئاڭا پەرھادى بول. ③ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە ياقىدىغان، يېقىملىق: تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر (ماقال).

**شېكەر سىيىش كېسەللىكى** <تېب> سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە ئاشقازان ئاستى بېزى ئىچىدىكى ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىشى يېتەرسىز بولۇش، يېمەكلىكلەردىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ ئالمىشىشى نورمال بولماسلىق نەتىجىسىدە، بەدەندە ھاسىل بولغان گلۇكوزا سۈيدۈك ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، ئىشتىھا بەك ئېچىلىپ كېتىش، دائىم ئۇسساش، سۈيدۈك كۆپىيىپ كېتىش، بەدەن ئورۇقلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا كۆرۈش قۇۋۋىتى دەخلىگە ئۇچرايدىغان، ھەتتا ھوشسىزلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**شېكەر قومۇشى** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈۋرۈك ياكى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، بوغۇملۇق. سىرتى سىلىق، پارقىراق، سارغۇچ يېشىل ياكى سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ. غولىنىڭ تەركىبىدە قەنت ماددىسى بولىدۇ. ئادەتتە شېكەر ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ غولى.

**شېكەر قوناق** <بوت> قوناقنىڭ بىر خىل سورتى. غول ئۇزىكىدە قەنت ماددىسى بولۇپ، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە خام يېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**شېكەرسۈيى** ئى [شېكەر + سۇ + يى] <بوت>قوغۇننىڭ بىر خىلى. شەكلى يۇمىلاق ۋە چىلگىدىن چوڭ بولىدۇ، تەمى تاتلىق ھەم شىرنىلىك كېلىدۇ.

**شېكەرشۇن** ئى<بوت> قوغۇننىڭ بىر خىلى، تەمى ناھايىتى تاتلىق: گۈلنىڭ پۇرىقى ئۇرۇپ دىماققا، بىرىم گۈزەللىك ئىسسىق تومۇزغا، چىلگە، شېكەرشۇن ... يېرىپ يېگەندە، لەززەت بېرىدۇ تىلغا، قوۋۇزغا.

**شېكسەي** ئى [خەن] <بوت> ① مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەنى غولكۆك (ئوسۇڭ)نىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ئادەتتە يوپۇرمىقى كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى.

**شېكمۇ** ئى [خەن] <تىل> خەنزۇ تىلىدىكى بوغۇمنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش. خەنزۇ تىلىدا بوغۇملار شېكمۇ بىلەن يۈنمۇدىن ياكى يالغۇزلا يۈنمۇدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ سۆز

يۇنمۇغا نىسبەتەن ئېيتىلغان.

**شۈبھەت** ئى [ئە] ① <دىن> دىن ياكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش – جەڭلەردە قۇربان بولغان، جېنىنى پىدا قىلغان شەخس: شۈبھەت بولماق. ② ۋەتەن – خەلق ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان، ھەقىقەت يولىدا قۇربان بولغان كىشى: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش مەيدانىدا شۈبھەت بولغان ۋەتەننىڭ قەھرىمان ئەزىز پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

**شۈبھىلىك** ئى① شۈبھەت بولۇش ئىشى: ھەي – ي... ئىسسىت، يىگىتلىك چاغلىرىم بولىدىغان بولسا، ھاسا ئورنىدا ئاللىقاچان قىلىچ تۇتقان بولاتتىم. چېرىكلەرنىڭ قولىدا ھارام ئۆلگۈچە شۈبھىلىك مۇقامىغا يېتەتتىم. ② جان ت. زاراتگاھ، قەبرىستانلىق: كونا شۈبھىلىك ھازىرقى خاڭچىڭ كوچىسى بىلەن كىتابخانا ئايرىلىدىغان دوڭلۈكتە ئىدى.

**شېۋە** ئى [پ] <تىل> بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىلىنىڭ مەلۇم دائىرىگە، رايونغا خاس تارمىقى. ئادەتتە دىيالېكتتىن كىچىك بولىدۇ. دىيالېكتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەلۇم بىر رايون ياكى مەھەللىۋى تىلنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**شېئىر** ئى [ئە] <ئەد> ئەدەبىي ژانىرلاردىن بىرى، يەنى مەلۇم ۋەزىن ۋە قاپىيەلىك كىچىك تىپتىكى بەدىئىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات رىتىم، ۋەزىن، قاپىيەدىن ئىبارەت تىل ۋاستىسى ھەم باي تەسەۋۋۇر ۋە كۈچلۈك ھېسسىيات يارىدىمى بىلەن ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنەرلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. سۆزلەر ئوبرازلىق، يىقىملىق، ئاھاڭدار ۋە رىتىملىق بولىدۇ. شېئىرنىڭ ئادەتتە چاچما شېئىر، لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر دېگەندەك ھەر خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**شېئىرىي** سۈپ [ئە] شېئىر شەكلىدە يېزىلغان؛ شېئىرغا خاس، شېئىرغا ئوخشاش لىرىكىلىق ۋە جۇشقۇن، جانلىق: شېئىرىي داستان. شېئىرىي ئەسەر.

**شېئىرىيەت** ئى [ئە] <ئەد> ① بىرەر مىللەت ياكى خەلقنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى؛ پوئېزىيە: ئۇيغۇر شېئىرىيىتى. شېئىرىيەت خەزىنىسى. ② شېئىر يېزىش سەنئىتى: ئۇ شېئىرىيەتتىن خەۋەردارلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان نېغمەت خەلپىتىم دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كۈنلەردە ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ئىدى.

**شېئىرىيەتچىلىك** ئى <ئەد> شېئىرىيەت: ئەدەبىيات گۈلزارى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتچىلىكتىن ھېكايىچىلىككە، ھېكايىچىلىكتىن پوۋېستچىلىققا، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ، خېلىلا مەزمۇت ۋە يامان ئەمەس سۇرئەتلىك قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى.

**شېئىرىيەتلىك** سۈپ. شېئىرلاردا بولىدىغان، شېئىرلارغا خاس، شېئىرىي: بۇ نەغمىلەرنىڭ مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق ۋە شېئىرىيەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تارىخىي مەنبەگە باي ئىكەنلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي – بەدىئىي قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

**شى** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى ئىشتات بىرلىكى. جۇن ياكى جىتۇەنجۈنگە قارايدۇ، تەركىبىدە بىرقانچە لۇي ياكى تۇەن بولىدۇ.

**شىئە** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى، ئۇلار ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خەلىپىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايدۇ.

**شىبە** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىگە؛ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ، يىشيەن، فېڭچېڭ قاتارلىق جايلىرىغا ۋە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**شىبەن** ئى [خەن] <بىن> تاختا شەكلىدىكى تاش، ياپىلاق تاش، تاش تاختا: پوجاڭزا ئاۋازىدىن شىبەن ياتقۇزۇلغان يەرمۇ تىترەپ كېتەتتى.

**شىبلىت** ئى [ر] خورۇمدىن تىكىلگەن ئەرەنچە كۆزلۈك، ئەتىيازلىق ئاياغ.

**شىبلىتلىق** سۈپ. شىبلىتى بار، شىبلىت كىيگەن: شىبلىتلىق بىراۋنىڭ قاتۇرۇلغان يولدا ماڭغان تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

**شىپ** I ئى ← **تورۇس.**

**شىپ** II تەق ① ماڭغان چاغدا قەدەمنىڭ يەرگە يەڭگىل ۋە سىلىق چۈشۈشىدىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: نېرىقى ئۆيدە يېنىۋاتقان شامنىڭ نۇرى دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما «شىپ» قىلغان تاۋۇشمۇ ئاڭلانمايتتى. ② ماگنىتنىڭ ئۇششاق تۆمۈر پارچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىش ھالىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ: ماگنىت بىر تال كىچىك يىڭنىنى شىپ قىلىپ تارتىۋالدى.

**شىپا** ئى [ئە] ① كېسەلنى ساقىيىش، كېسەلدىن خالاس بولۇش، ئوڭشىلىش: شىپا تاپماق. ② ئادەمنى كېسەل ياكى دەرد – ئەلەمدىن خالاس قىلىدىغان، ئارامبەخشلىك ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە ياكى شۇ ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاسىتە، چارە – تەدبىر، ئامال؛ داۋا: شىپا بولماق.

**شىپابەخش** سۈپ [ئە + پ] كېسەلگە داۋا بولىدىغان، سالامەتلىكنى ياخشىلايدىغان، شىپالىق: ئۇ زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇستا تېۋىپلىرىدىن بولۇپ، شىپابەخش دورىلارنى يېنىدىن ئۈزمەيتتى.

**شىپات** ئى [ر] <خىم> سىلىتسىيغا مەنسۇپ بەزى مىنېراللارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**شىپاخانا** ئى [ئە + پ] ← **دوختۇرخانا.**

**شىپاگەر** سۈپ. كېسەلنى ساقايتالايدىغان، داۋالىيالايدىغان، ئاغرىقنىڭ ياخشىلىنىشىغا چارە تاپالايدىغان: — شىپاگەر تېۋىپ كەلدى! — دېدى قىز پەردىنى قايرىپ سىرتقا قاراپ.

**شىپاڭ** ئى [خەن] باغ ۋە ھويلىلارغا سېلىنغان، تۆت ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىق، سەكىدەيدىغان ئورۇن.

**شىپاڭلىق** سۈپ. شىپىڭى بار، شىپاڭ ياسالغان، شىپاڭ سېلىنغان: شىپاڭلىق باغ. شىپاڭلىق ھويلا.

**شىپالانماق** پ. شىپا تاپماق، ساغلاملاشماق: شاخ مانتىسى، قوغۇنى ئابىناۋات قەن قەشقەر. ئاشۇ شەربەت مېۋىدىن شىپالىنا تەن قەشقەر.

**شىپال** ئى [ر] ① <قاتن> رېلىسنىڭ ئاستىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇلىدىغان چاسا تۆۋرۈك شەكلىدىكى ياغاچ ياكى بېتون.

② <ئورم> ياغاچ دومىلىتىشتا، ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ.

**شىپالىق** ① ئى. شىپا بولۇش، شىپا تېپىش: ۋاقىت ئۇنىڭغا
بارغانسېرى شىپالىق بەخش ئېتىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ② سۈپ. شىپا
بولىدىغان، ئاغرىقنى ساقايتىدىغان؛ كېسەل ياكى ئاغرىقنىڭ
ساقىيىشىغا سەۋەب ياكى داۋا بولىدىغان؛ كىشىنى غەم -
ئەندىشە، روھىي ئازابتىن خالاس قىلىدىغان: ئەركىلەتكۈچى
ئىللىق ئاۋازلار تەسىر قىلدىمۇ ياكى شىپالىق دورىلار ئۆز تەسىرىنى
كۆرسەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، قىز ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى.

**شىپپاڭ** تەق. ئۇيانغا بىر، بۇيانغا بىر، يېنىك تەۋرىنىش،
پۇلاڭلاش ھالىتى (ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ قۇيرۇقى ۋە شۇ قاتار-
لىق نەرسىلەرنىڭ مىدىرلىشى ھەققىدە).

**شىپپاڭ - شىپپاڭ** «شىپپاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۆرە
ئىت (ئاپشاركا) قۇيرۇقىنى شىپپاڭ - شىپپاڭ قىلىپ ئىگىسىنىڭ
يېنىغا كەلدى.

**شىپپاڭلاتماق** «شىپپاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: — مەڭگۈ سىزگە ھەمراھ بولىمەن، — دەپتۇ مۈشۈك قۇيرۇقىنى
شىپپاڭلىتىپ، — ئۆلسىڭىز بىللە ئۆلىمەن، تىرىلسىڭىز بىللە تىرىلىمەن.

**شىپپاڭلىتىشماق** «شىپپاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىپپاڭلىماق** پ. مىدىرلىماق، سىلكىنمەك، بىر ئۇيانغا،
بىر بۇيانغا يېنىك تەۋرەنمەك، پۇلاڭلىماق (قۇيرۇق ۋە شۇ
قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە).

**شىپپىدە** رەۋ ① «شىپ» قىلىپ، «شىپ» قىلغان ھالدا: قامچا
ئاۋازىدىن چۆچۈگەن ئاتلار بىردىنلا سەگەكلىشىپ، ئالدىغا شۇنداق تارت-
تىكى، ھارۋا خۇددى بىرى سىلىققىنا كۆتۈرۈپ ئېلىپ قويغاندەك،
پاتقاقتىن شىپپىدە چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىردىنلا، دەرھاللا، ئۈن
- تىنسىز، جىمجىتلا ياكى تۇيۇقسىزلا: مېنىڭ كىرىشىم بىلەن
پاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك، ئۇلار شىپپىدە
جىمىپ قالدى.

**شىپ - شىپ** «شىپ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۆت لاپ - لاپ،
ئەگرى ساپلاپ، ئىككى دىڭ - دىڭ، بىر شىپ - شىپ، بۇ نېمە؟ (تۆگە).

**شىپشىر** سۈپ. ديال. زىچ، نۇرغۇن، كۆپ ھەم زىچ، مىغ - مىغ.

**شىپقىماق** پ. سۈرۈلۈپ يېقىنلاشماق، يېقىنلاپ كەلمەك:
— قېنى، تازا شىپقا، ئاز قالدى، — دېدى ئۇ تاقاقنى توغرىلاپ تۇرۇپ.

**شىپۇن** ئى [ر<فىران] ئىنچىكە ھەم تەكشى قاپارتمىلىرى
بولغان يىپەك رەخت. سۈزۈك ھەم نېپىز كېلىدۇ. كۆپىنچە
ئاياللارنىڭ يازلىق كىيىملىرى تىكىلىدۇ: شىپۇن تاۋار. شىپۇن
دۇخاۋا.

**شىپىر** تەق. قەدەمنىڭ يەڭگىل ۋە تېز ئېلىنىشىدىن ھاسىل
بولغان ئاۋاز: شىپىر قىلماق.

**شىپىر - شىپىر** «شىپىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شىپىر -
شىپىر قىلغان ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

**شىپىرلىماق** پ ① «شىپىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شى-
پىر» قىلماق: — ئەپەندىم! — دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتتە ۋە
شىپىرلاپ مېڭىپ يېنىمغا كەلدى، — مەكتەپكە ماڭغان ئوخشىمامىلا؟
② يەڭگىل ۋە سىلىق قەدەم تاشلاپ تېز - تېز ماڭماق، يەڭگىل
قەدەملەر بىلەن تېز يۈرمەك: مۇزەپپەر ئورنىدىن تۇرۇپ شىپىرلاپ
يېنىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم.

**ئىشپىرىس** ئى [ر<نېم] <تېب> جانلىقلار تېنىگە سۈيۈق
ھالەتتىكى دورا، قان قاتارلىقلارنى ئوكۇل قىلىپ سېلىش
ياكى بەدەندىن قان ئېلىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلى-
تىلىدىغان بىرخىل ئەسۋاب. سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ،
كۆپىنچە ئەينەكتىن ياسىلىدۇ. ئۇچىغا يىڭنە بېكىتىلىدۇ.

**شىپىلداتماق** «شىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىپىلداشماق** «شىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىپىلداق** ① سۈپ. شىپىلداپ تۇرىدىغان، چىم - چىم قىد-
لىپ تۇرىدىغان، چىمىلداپ تۇرىدىغان (كۆز ھەققىدە): شى-
پىلداق كۆز. ② ئى. چىم - چىم كۆز ياكى كۆزى چىمىلداپ تۇ-
رىدىغان ئادەم.

**شىپىلدىماق** پ ① «شىپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىپ»
قىلماق: بىردىنلا ئۇنىڭ شىپىلداپ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم.
② يەڭگىل ۋە سىلىق قەدەم تاشلاپ ماڭماق: تۈن يېرىمىدىن
ئۆتكەندە باينىڭ خوتۇنى شىپىلداپ كېلىپ: — ھەي ئاتىسى، تۇرسىلا،
ئاۋۇ تاز تۈگۈزدەك خورۇلداپ راسا قاتتىق ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ
قالغۇچە چاپسانراق بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتەيلى، — دەپ نوقۇپتۇ. ③
كۆزىنى چىمىلداتماق: ئالدىڭمۇ دېسەم، كۆزىنى شىپىلدىتىپ قاراپ
تۇرىدۇ.

**شىپىنېل** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال.
كۆپىنچە تۆمۈر، خىروم، مانگان، سىنك قاتارلىق ئىزو-
مورفىزملار ئارىلاش كېلىدۇ. تەڭ ئوقلۇق كىرىستال سىستې-
مىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى كۆپ ھاللاردا سەككىز ياقلىق
شەكلىدە قىزىل، يېشىل، قارا قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ.
رەڭسىزلىرى ئاز ئۇچرايدۇ، ئەينەكتەك پارقىرايدۇ، قاتتىق-
لىقى 8؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.5 — 3.7؛ ئۇزۇلۇش يۈزى
سەدەپ شەكلىدە كېلىدۇ. سۈزۈك ۋە چىرايلىقلىرى گۆھەر
ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتىكىلىرى بىلەي ماتېرىيالى
قىلىنىدۇ.

**شىتارى** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىل-
لىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يو-
پۇرمىقى تار ھەم يېپسىمان كېلىدۇ. گۈل رېتى كونۇسسىمان
بولۇپ، شاخلايدۇ. كىچىك باشاقلىرى پىشقاندا تۈتۈق يېشىل
ياكى سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئىسسىق جايلاردا ئۆسىدۇ. ئا-
دەتتە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ.

**شىتلىق** ئى<تەن> پاقالچاق سۆڭىكىنى ئاسراش ئۈچۈن تا-
قىلىدىغان ئەسۋاب.

**شتۇەن** ئى [خەن] <ھەرب> بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيەسى
ئىچىدىكى ئىشتات بىرلىكى. دەرىجىسى ئېلىمىزدىكى شى
(دىۋىزىيە)گە تەڭ كېلىدۇ.

**شتىپسېل** ئى [ر<نېم] <فىز> ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ بىر
بېشىغا ئۇلىنىدىغان چاتقۇچ. ئۇنى روزېتكىغا سانجىغاندا توك
ئۇلىنىدۇ.

**شىتىر** تەق. قۇرۇق ئوت - چۆپ، شاخ - شۇمبا، قەغەز ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ مىدىرلىشى، تەۋرىنىشى ياكى
ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىتىر - شىتىر** «شىتىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىتىرلاتماق** «شىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شترلاشماق** «شترلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شترلماق** پ. «شتر» قىلماق، «شتر» قىلغان ئاۋاز چىقماق ياكى شۇنداق ئاۋاز پەيدا قىلماق: ئەمەتنىڭ مىدىرلىماي تۇرغان پۇتلىرىنىڭ تېگىدە نەلەردىندۇر شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن غازاڭلار خۇددى چاشقان ماڭغاندەك شىترلايتتى.

**شجائەت** ئى [ئە] غەيرەت؛ جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق، قەتئىيلىك، جاسارەت: قەيسەر شجائەت دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىزلىكنى بويسۇندۇرالايدۇ.

**شجائەتسىز** سۈپ. شجائىتى، جاسارىتى يوق؛ شجائەت بىلەن ئىش قىلمايدىغان، غەيرەتسىز: شجائەتسىز كىشىلەر مۇشكۇل داۋانلاردىن ئاشالمايدۇ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

**شجائەتلىك** سۈپ. شجائىتى بار، جەسۇر، جاسارەتلىك؛ غەيرەتلىك: شجائەتلىك ئادەم. شجائەتلىك بالا.

**شدار** سۈپ. ديال. قويۇق، زىچ؛ ئۆسكىلەڭ، بىر تۇتاش.

**شددەت** ئى [ئە] ① ھەرىكەتتىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ تېزلىك كۈچى، زەربى، سالمىقى: قارىسا پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز بىلەن تاغلار تاغقا، تاشلار تاشقا ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك، شىددىتى ئالەمگە تارقىغان بۇ ئاۋاز دەريادىن چىقىۋاتقۇدەك. ② زور غەيرەت، شجائەت، جاسارەت: بۇدرۇق بىلەكلەر، چېكىلەر بەزى، قىزىرىپ كۆيسىمۇ ئېغىر مېھنەتتە، چارچاشنى ئۆزىگە يولاتماي يېقىن، ئىشچانلار باراتتى ھامان شىددەتتە.

**شددەتلىك** سۈپ. شىددەت بىلەن پەيدا بولغان، بولۇۋاتقان ياكى بولىدىغان؛ قاتتىق، كەسكىن، كۈچلۈك: شىددەتلىك بوران ئۇلارنى خۇددى قامغاقتەك ئۇچۇرتۇپ ئەجەل ئازگاللىرىغا تىقىۋەتكەندى.

**شر** I [پ] ئى<زوئول> سۈت ئەمگۈچى گۆشخور ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، تۆت پۇتى كۈچلۈك كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ بوينىدا ئۇزۇن يالى بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكلىرى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ. ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. كۈچلۈك ھۆركىرەيدۇ. ئادەتتە ھايۋانلار پادىشاھى دەپ قارىلىدۇ.

**شر** II تەق. سۇنىڭ ئارتۇقچە شاۋقۇنلانماي ئېقىشى، تال ـ يوپۇرماقلارنىڭ تەۋرىنىشى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شر** III سۈپ. ئىچى كاۋاك ياكى پور ئەمەس، پۈتۈن؛ زىچ، چىڭ، پورلاشمىغان: شىر تۇرۇپ. شىر ياغاچ.

**شرازا** ئى [پ] ① تۆگىچىلىكتە دوم بىلەن گەدەن باغنى تۆگىنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى كاشا. ② كىتابنى تۈپلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ ۋە لاتا.

**شرازىچى** ئى. كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم، تۈپلىنىشى قاتارلىقلارنى لايىھەلىگۈچى ۋە تۈپلىگۈچى ئىشچى.

**شرازىلاتماق** «شرازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شرازىلاشماق** «شرازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شرازىلانماق** «شرازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شرازىلىماق** پ. كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم قاتارلىقلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۈپلىمەك.

**شراغول** سۈپ. ديال. جاھىل، گەپ ئۆتمەس، قېلىن: ــ تازا بىر شىراغول ئىكەن بۇ، جىق نەسىھەت قىلدۇق، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ياخشىمۇ ئېيتتۇق، يامانمۇ ئېيتتۇق، تەشكىلمۇ جىق خىزمەت ئىشلىدى، يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرىدۇ، ــ دېدى قوشنىسى.

**شراق** ئى ① جانلىقلار پاچىقىنىڭ تىزدىن ئوشۇقىچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسمى: قوينىڭ شىرىقى. ② مىلتىقنى ئاتىدىغان چاغدا تىرەپ تۇرىدىغان ئاچا ياغاچ ياكى تۆمۈر: ئۇلار ئايلىنىپ يانغا ئۆتتى ـ دە، مىلتىقلىرىنىڭ شىراقلىرىنى يەرگە سانجىپ، تەپكىنى قايرىپ پىستان باستى. ③ گىلەمچىلىكتە دۇكاننى ئېگىزلىتىش ـ پەسلىتىش ئۈچۈن پاچاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىرىلغان، ئۈستى گۈندىغا كىرىپ تۇرىدىغان ئەركەك تۇرۇم.

**شراقلىق** سۈپ. شىرىقى بار، شىراق بېكىتىلگەن: ئۇنى بۇ يەردە شىراقلىق ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن ئوسمان ۋە ئۇنىڭ بىر توپ سەپداشلىرى كۈتۈپ تۇراتتى.

**شرە** I ئى. كالا، تۆگە، ئات قاتارلىق چوڭ مالنىڭ خام تېرىسى: قورساق دېگەن شىر ــ، يېسە كىرەر (ماقال). // شىرە چورۇق. **شرە** II ئى [پ] ① مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلار پىشقاندا ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ھاسىل بولىدىغان تاتلىق سۇيۇقلۇق، شەربەت: قوغۇن شىرىسى. ② تۇخۇم، ئۇن، تۇز قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل خام ئۇماچ.

**شرە** III ئى. ياغاچتىن تۆت پۇتلۇق، تۆت چاسا ياكى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان تاماق يېيىش، خەت يېزىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان، جوزا، ئۈستەل: ــ ئىچكىرىكى ئۆيدە مەن ياتىمەن!ــ دەپ تۇۋلىدى گۈلنۇر قولىدىكى قوشۇقنى شىرەگە ئۇرۇپ.

**شرەم** سۈپ. تازا يېقىن ئەمەس، سەل يىراقراق (ئۇرۇق ـ تۇغقان ھەققىدە): شىرەم تۇغقان. * نامان بىلەن ھەر ھالدا شىرەم بولساقمۇ، تۇغقانچىلىقىمىز بار، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي.

**شرت** تەق. بۇرۇن تارتىش، ئىتتىك تىغ بىلەن بىرەر نەرسىنى تېز كېسىش ياكى قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يېزىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن چىققان ئاۋاز: ــ ھەئە، ھەممىسىگە ئالدىمەن، ــ دېدى خاسىيەت شىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ.

**شرتتىدە** رەۋ. «شىرت» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «شىرت» قىلغان ھالدا: ئۇ يىپنى بىر تارتىپ شىرتتىدە ئۈزۈۋەتتى. * ئۇ شىرتتىدە مىشقىردى ـ دە، يەنە يولىغا راۋان بولدى.

**شرت ـ شرت** «شىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شامال دالدىدا تۇرۇپ قالغان بۇ بىر توپ گىلاسنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ شىرت ـ شىرت ئۈزۈپ تاشلىماقتا ئىدى.

**شرتىلداتماق** «شىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ باشقىلارنىڭ شىرتىلدىتىپ خاتىرە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**شرتىلداشماق** «شىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شرتىلدىماق** پ. «شىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىرت» قىلماق: سىنىپ ئىچى تىمتاس بولۇپ، پەقەت قەلەمنىڭ شىرتىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**شرداق** ئى ① ئوڭ يۈزىگە قول بىلەن كەشتىلەنگەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چاپلىنىپ ئىشلەنگەن پۇختا، كۆركەم بىر خىل كىگىز: ئۇلار ئازادە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن، مەن پاكار سۈپىسىغا ئىككى پارچە شىرداق سېلىنغان پاكىز بىر ئۆيگە باشلاندىم. ② كۆچمە. ئورۇق، ئاۋاق، تېرىسى ئۇستىخانغا چاپ-

ـلىشىپ قالغان.

**شىردان** ئى [پ] <زوئول> كۆشىگۈچى ھايۋانلار قېرىنـ-
ـنىڭ تۆتىنچى قىسمى. ئىچكى دىۋارى ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنى
ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئوزۇقلۇق توققۇزتونلۇقتىن شىردانغا
ئۆتۈپ، ھەزىم قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچەيگە بارىدۇ.

**شىردىمال** ئى ← **شىرداق**: ساھىبخانا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلا-
رىنى بىلمەي، پېشايۋان ئاستىدىكى كىگىزلەر ئۈستىگە چوڭ بىر پارچە
شىردىمال سالدى.

**شىر ـ شىر** «شىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۇلاق سۇلىرىـ-
ـنىڭ شىر ـ شىر قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى.

**شىرشىم** سۈپ. نەملىشىپ قالغان، تېخى تولۇق قۇرۇپ كەتـ-
ـمىگەن: شىرشىم ئوتۇن ھەرقانچە پۈۋلىسىمۇ يانمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىـ-
ـرىگە ئىس كىرىپ ياش ئېقىپ كەتتى.

**شىرشىملىق** ئى ① نەملەشكەن، نەملىكتىن قۇرۇمىغان ھا-
لەت. ② <بىن> ماتېرىياللارنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىدە، دې-
فورماتسىيە ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئاسانلىقچە ئۈزۈلۈپ
كەتمەيدىغان ھەمدە يۇمشاق تۇرۇقلۇقمۇ ئاخىرغىچە چىداشلىق
بېرىدىغان بىر خىل خۇسۇسىيىتى.

**شىرغا** I ئى. دىيال. جىرغا.

**شىرغا** II ئى <زوئول> تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى، چېكىسى
ۋە ئاياغلىرىدىكى تۈكلىرى ئاق، باشقا يەرلىرىدىكى تۈكلىرى
قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى ئات.

**شىرقىراتماق** «شىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىرقىراشماق** «شىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرقىرىماق** پ. «شىر ـ شىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق،
«شىر ـ شىر» قىلماق: نىياز قۇربان ئۇلارنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ
شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر سالدى.

**شىركەت** ئى [ئە] مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئال-
ماشتۇرۇش تىجارىتى ياكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسى:
پولات ـ تۆمۈر شىركىتى. كۆمۈر سانائىتى شىركىتى. ئەمگەك مۇلازىمەت
شىركىتى.

**شىركەتچىلىك** ئى. شىركەت قۇرۇش، شىركەت ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى؛ شېرىكچىلىك: جۇۋەككىنە
كەلگەن كوسا ساقال ھەسەن بالاھاجى ئەسلىي ئاتۇشتىن بولۇپ، قومۇلغا
يەرلىشىپ، تىجارەت ئىشلىرىدا شامەخسۇت بىلەن شىركەتچىلىك قىلاتتى.

**شىركەتلەشتۈرمەك** «شىركەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: ئورۇنلار ئادەم تاللاش، ئادەملەر ئورۇن تاللاشتەك قوش
تاللاش، ئارتۇق خادىملارنىڭ ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، تارقاقلاشـ-
ـتۇرۇش، شىركەتلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈمـ-
ـنى ئۆستۈردى.

**شىركەتلەشتۈرۈشمەك** «شىركەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆمـ-
ـلۈك دەرىجىسى.

**شىركەتلەشتۈرۈلمەك** «شىركەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجـ-
ـھۇل دەرىجىسى.

**شىركەتلەشمەك** پ. شىركەت ھالىتىگە كەلمەك، شىركەت بو-
لۇپ تەشكىللەنمەك: ھازىر باشقىلار كارخانىلىشىشقا، شىركەتلىـ-
ـشىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. * ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ شىركەتلىشىشكە، تەذ-
ھا شىركەتلىشىشتىن شىركەتلەر گۇرۇھى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا
تەرەققىي قىلدى.

**شىركەيىپ** سۈپ [پ + ئە] شىردەك كەيىپ: شىركەيىپ كىشى.
شىركەيىپ بولماق.

**شىركەيپلىك** ئى . مەستلىكنىڭ شىردەك تازا روھلانغان
پەيتى: ــ بۇگۈن ئىچمىگەن ھاراقنى... ــ دېدى ئۇ شىركەيپلىكتىن
ئېچىلىپ، ــ قېنى، توختى ئاكا، خوشە، ئىچەيلى... بۇگۈن ئىچىپ ئەتە
دوزاخقا كىرسەكمۇ مەيلى...

**شىرما** ئى [ر<نېم ] ئۆينى بۆلۈش، ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىـ-
ـتىلىدىغان مەخسۇس ھەرىكەتچان توسۇق، پەردە: ئەركىن يەنە
سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئايتۇرسۇن چىقىپ شىرما ئارقىسىدا تۇ-
رۇۋالدى. سەلەي بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمىدى.

**شىرمەنان** ئى [شىرمەن + نان] ناننىڭ بىر خىلى. ئادەتـ-
ـتىكى نانلاردىن يوغانراق بولۇپ ئۈستىگە گۈل چېكىلىدۇ. يۇ-
زىگە جىگدە شىرنىسى سۈرۈلۈپ، تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ: يېڭىلا
تونۇردىن قومۇرۇلغان شىرمەنان، گىردە، كۈنجۈت، سىيادان سېپىلگەن
توقاچلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى.

**شىرنە** ئى [پ] ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، گۈلى، غولى
ياكى بەزى ماددىلار تەركىبىدە بولىدىغان شېرىن سۇيۇقلۇق:
ئۈزۈم شىرنىسى. قوغۇن شىرنىسى. شىرنە باغلىماق. ② ھۆل ياكى
قۇرۇق مېۋىلەر ۋە بەزى زىرائەتلەردىن قاينىتىپ ئېلىنغان
قىيام: شىرنە قايناتماق. ③ مەلۇم نىسبەتتە سۇ ۋە شېكەر بىلەن قىـ-
ـيام بولغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان شىرنىلىك، مۇراببا.

**شىرنىخور** سۈپ [پ] شىرنىنى ياخشى كۆرىدىغان، شىرنىـ-
ـنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن: شىرنىخور قۇرت.

**شىرنىلەشمەك** پ. شىرنىگە ئوخشاش چاپلىشىپ، يېپىشىپ
تۇرىدىغان بولماق: بەزى قۇشلارنىڭ زىرائەتكە چۈشكەن چېكەتكىنىڭ
كاللىسىنى ئۈزىۋېرىپ، تۇمشۇقى شىرنىلىشىپ كېتىدىكەن.

**شىرنىلىك** سۈپ. شىرنىسى بار، تاتلىق: ــ بۇ يەرنىڭ
قوغۇنلىرى بەك شىرنىلىك، تولىمۇ تاتلىق، ــ دېدى يېزا باشلىقى
بىزنى قوغۇنلۇققا باشلاپ كېتىۋېتىپ.

**شىرىتماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىرىشماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىق** I ئى. يوتقان، پاختىلىق چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئىـ-
ـچىگە سېلىنغان يۇڭ ياكى پاختىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قول ياكى تىكىش ماشىنىسى بىلەن
تىكىلگەن تىكىچ: ئۇ يوتقانلارغا شىرىق سالدى. * يوتقاننى ئېچىپ
قارىسام، يوتقاننىڭ شىرىقلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەنىكەن. // شىرىق چاپان.

**شىرىق** II تەق. مېتال ۋە ئەينەك پارچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇ-
رۇلۇشى ياكى قۇرۇق ئوت ـ چۆپ، قەغەزگە ئوخشاش نەرسىـ-
ـلەرنىڭ دەسسىلىشى، سۇنۇشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان
ئاۋاز: زەنجىر شىرىق قىلىپ ئىشىك قىيا ئېچىلدى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ
چوقۇر يۈزى كۆرۈندى.

**شىرىقشىتماق** «شىرىقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: يېنىمدا 500 كوي پۇلۇم بولسا، خەجلىمىسەممۇ، كۈندە بىر قې-
ـتىم شىرىقشىتىپ ساناپ قويسام، ئارمىنىمغا قاناتتىم.

**شىرىق ـ شىرىق** «شىرىق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىرىقلاتماق** «شىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-

جىسى: ل. مۇتەللىپ دەرۋازا يوچۇقىدا پەيدا بولغان ئۈچ كۆلەڭگىنىڭ تاقاق زەنجىرنى بوش شىرىقلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**شىرىقلىماق** پ. «شىرىق ـ شىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شىرىقشىماق: ۋېلىسىپىتلارنىڭ چاقى ئاستىدىكى شېغىل تاشلار شىرىقلايتتى.

**شىرىقلاشماق** «شىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىلداتماق** «شىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال ئۆگزىدىكى غازاڭ ۋە پاخاللارنى شىرىلدىتىپ يەرگە چۈشۈرۈۋىدى، ئۇ قورقۇپ ئۆلگىلى تاس قالدى.

**شىرىلداشماق** «شىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىرىلدىماق** پ. «شىر ـ شىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، شىرقىرىماق: ئېگىز بوي تارتقان قوناق شاخلىرى بوش شىرىلداپ تەۋرەپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى كۆرۈندى.

**شىرىلماق** «شىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىرىلىك** سۈپ ① شىرىسى بار، شىرىسى كۆپ: شىرىلىك نەرسىلەر ــ ھەسەل، قەنت، ناۋات، ئۈزۈم، مېغىز قاتارلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى چىشقا كۆپ زىيانلىق. ② كۆچمە. مەزمۇنلۇق، مەنىلىك؛ يېقىشلىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ياشلار «ئەجەبمۇ شىرىلىك گەپ بولدى» دېيىشتى.

**شىرىما** سۈپ. شىرىقى بار، شىرىلغان، شىرىپ تىكىلگەن؛ شىرىق: ئۇ ئۈستىگە نىل رەڭ شىرىما چاپان كىيگەنىدى.

**شىرىماق** پ. يوتقان ياكى پاختىلىق چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى پاختا ياكى يۇڭنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يىڭنە ياكى تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكمەك: ئۇ يوتقانلىرىنى شىرىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ بەرگەنىدى.

**شىزا** ئى [خەن] <بوت> ① ئەبنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، دۈمبە تەرىپى تۈكلۈك. گۈلى ئاق، شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسى ياپىلاق ياكى كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ. رەڭگى قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**شىزاندارا** ئى [لات] <بوت> ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى قىزىل، دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقى، جىگەر ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى.

**شىش** ئى. دىيال ① ساڭزا سالغاندا ئىشلىتىدىغان زىخ. ② ئارغامچا تۈگۈنلىرىنى يېشىشتە ئىشلىتىلىدىغان مۈڭگۈز ياكى ياغاچ زىخ.

**شىشخال** ئى [پ] ① بىر خىل قىمار ئەسۋابى. سۆڭەك، چاقچۇق، ياغاچ ۋە سولياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. كۇب شەكلىدە بولۇپ، ئالتە يېقىغا رەت بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1، 2، 3، 4، 5، 6 دانىدىن قىلىپ رەڭلىك چېكىتلەر ئويۇلغان بولىدۇ. ② شۇ خىل ئەسۋاب ئارقىلىق ئوينىلىدىغان قىمار: بۇ يەردىكى تاماشا باشقىچە ئىدى. ئادەملەر توپ ـ توپ دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇپ تۆت ئوشۇق ئاتاتتى، شىشخال ۋە جۈپ ـ تاق ئوينايتتى.

**شىغاۋۇل** ئى. كونا. قەدىمكى ئەمەل نامى. تەشرىپاتچى، مېھماندار، ۋالىي دېگەنلەرگە توغرا كېلىدۇ: بۇنىڭ ئىچىدە ياساۋۇل بېشى، شىغاۋۇل بېشى، پانساد بېشى، قۇر بېشى دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كىچىك ھەربىي ئەمەلدارلار بار بولۇپ، ئەڭ كىچىك ئەمەلدار ئون بەش ئەسكەرنى باشقۇرىدىغان قۇر بېشى دېيىلەتتى.

**شىغىرتما** ئى. قۇم ۋە شېغىللار ئارىلاش بولغان يەر: شىغىرتمىدا هارۋىنى تارتىپ مېڭىش ناھايىتى تەس. // شىغىرتما يول.

**شىفىر** ئى [ر<ئە] مەخپىي خەت ـ ئالاقىلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەرتلىك بەلگىلەر، ھەرپلەر ياكى سان ـ رەقەملەر.

**شىفىرلاشتۇرماق** «شىفىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىفىرلاشتۇرۇلماق** «شىفىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىفىرلاشماق** پ. شىفىرلىق ھالەتكە كەلمەك، شىفىرغا ئايلانماق.

**شىق** تەق. چۈرۈك نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشى، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىقىلداتماق** «شىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىقىلداشماق** «شىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىقىلداق** ئى <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، تۆت تېلى ئايلانما ھالەتتە ئۆسىدۇ. گۈلى سۆسۈن، گۈل تاجى قوڭغۇراق شەكلىدە، گۈل كاسىسى تار ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ، يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەمنى بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**شىقىلدىماق** پ. «شىق ـ شىق» ئاۋاز چىقارماق، «شىق ـ شىق» قىلماق.

**شىكار** ئى [پ] ئوۋ قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش ئىشى؛ ئوۋ: جىرالاردا ئات چاپتۇرۇپ، مەن شىكاردىن يانغىنىمدا، خۇشخۇي كۈلۈپ قىمىز سۇندۇڭ، ئۇسسۇغاندا، ھارغىنىمدا.

**شىكارچى** ئى. شىكار قىلغۇچى كىشى: شىكارچىلار گۆش يەپ، مەيزاپ ئىچىپ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر كۈنلۈك شىكار ھاياتىدىن ھېكايە قىلىشاتتى.

**شىكارگاھ** ئى [پ] شىكار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شىكار قىلىدىغان جاي، ئوۋ ئوۋلاش رۇخسەت قىلىنغان ئورۇن ياكى دائىرە: مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن يۈزگە يېقىن لەشكەرنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ شىكارگاھىنىڭ قارشىسىدىن چىقىپ كەپتۇ.

**شىكايەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالنىڭ ئادىل بولمىغانلىقى ۋە ياكى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئېيتىلىدىغان نارازىلىق: شىكايەت قىلماق. // شىكايەت خېتى. ② شىكايەتنامە، ئەرز: تۇرسۇن شېجاڭ ئەزالار نامىدىن يېزىلغان بۇ شىكايەتنى ئوقۇپ كۈلۈمسىرىدى.

**شىكايەتچى** ئى. باشقىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان، دائىم دېگۈدەكلا باشقىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ قاقشاپ تۇرىدىغان كىشى: شىكايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈن نېمىشقىدۇر، جىمجىت بولۇپ قېلىشقانىدى. // باسىت ئۇنىڭ بۆلۈمىگە كىرگەندە، بارى شىكايەتچى ئايالغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ ئولتۇراتتى.

**شىكايەتلىك** سۈپ. شىكايەتكە ئىگە، شىكايەت تۇسىنى ئالغان؛ شىكايەتكە تولغان: يوقلاپ كىرگەن كۈرسانتلار ئېغىر ياتقان شائىر ئالدىدا شىكايەتلىك گەپلەرنى دېمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا چۈشەندى.

**شىكايەتنامە** ئى [ئە + پ] بىرەر شەخس، گۇرۇھ، تەشكىلات ياكى شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئادالەتسىز ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يېزىلغان شىكايەت خېتى، ئەرز: ئاڭلىسام، يېقىندا ئۇ بىرەيلەن توغرۇلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا بىر پارچە شىكايەتنامە يېزىپ، ئۇلارنىڭ «يېغىر»نى «كولاپ»تۇ.

**شىكەستە** [پ] ① سۈپ. جاراھەتلەنگەن، سۇنۇق، قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك: بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ شىكەستە دىلى سەل ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. ② ئى. جاراھەت؛ غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ھەسرەت، ئەلەم: نېمىشقا بۇ تىلىم بارمايدۇ گەپكە، ھەر قېتىم كۆرگەندە قالىمەن دەردتە. ئايرىلىپ كەتكەندە يېنىڭدىن بىردەم، پىراقىڭ بۇ دىلنى قىلار شىكەستە.

**شىكەستىلەندۈرمەك** «شىكەستىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىلەر باشقىلارنى شىكەستىلەندۈرگەن، ئەمما قانچىلىك دەرىجىدە شىكەستىلەندۈرگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارنى ئەخمەق دەيسىلەر.

**شىكەستىلەنمەك** پ. مەجرۇھ بولماق، يارىلانماق، زەخىملەنمەك، جاراھەتلەنمەك: كىتاب، خىيال ۋە مۇزىكا شىكەستىلەنگەن روھىمغا ئارام بېرىدۇ، مېنى ئۈمىدۋارلىققا، ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندەپ، يۈرىكىمدىكى يارىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ.

**شىڭ** I ئى [خەن] ① ئاشلىقنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان، ئادەتتە بىر شىڭ ئون ئۇچۇمغا تەڭ بولىدۇ. ② ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئاشلىق قاتارلىقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش شىڭ تېرىق. تۆت شىڭ گۇرۇچ.

**شىڭ** II تەق. سۇيۇقلۇقلار قىزىپ قايناشقا يېقىنلاشقاندا ياكى پەس قايناۋاتقاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىڭ ـ شىڭ** «شىڭ II» نىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىڭغالتاق** ئى<ئانات> تىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئويمان، يەنى تىز ئېگىلگەندە ئۇنىڭ ئارقا قىسمىدا شەكىللىنىدىغان ئويمان.

**شىڭگىل** ئى. بىر ساپ ئۈزۈمنىڭ كىچىك شاخچىلىرى، ئۈزۈم سېپىنىڭ كىچىك پارچىسى ياكى بۆلىكى: ئارسلان بىر شىڭگىل مۇناقى ئۈزۈمنى ئايدىڭغا سۇندى.

**شىڭگىلاتماق** «شىڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا گۇرۇچنى شىڭگىلىتىپ كۆرۈۋىدى، ئەسلىدىكى مۆلچەردىن ئون شىڭدەك كەم چىقتى.

**شىڭگىلاشماق** «شىڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تەييار گۇرۇچنى تۆت تەرەپتىن شىڭگىلىشىپ، بۆلۈشۈشكە باشلاپتۇ.

**شىڭگىلانماق** «شىڭگىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — تېخى تۈنۈگۈنلا شىڭگىلىنىپ تاغارغا ئېلىنغان تۇرسا، يەنە بۈگۈن شىڭگىلايمىز دېگىنىڭ نېمىسى؟! — دېدى ئۇ غۇدۇراپ.

**شىڭگىلى** ئى [خەن] سەپەرگە چىققاندا يېتىپ ـ قوپۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالىدىغان يوتقان ـ كۆرپە، يۈك ـ تاق: — شىڭگىلىنى كۆتۈر! — دېدى ئۇ بوۋايغا ۋارقىراپ.

**شىڭگىلىماق** پ. شىڭ بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ گۇرۇچنى شىڭگىلاپ بولۇپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە باشلىدى.

**شىڭگىلدىماق** پ. «شىڭ ـ شىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ھىم... ئانىسى. بول، چەيىڭ نېمىشقا تېخىچىلا شىڭگىلدىمايدۇ؟

**شىلانكا** ئى [ر<نېم] رېزىنكە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان، ئەمما ئېگىلىشچانلىقتا ئىگە ماتېرىياللاردىن ياسالغان تۇرۇبا، نوركەش.

**شىلەپە** ئى [ر] چۆرىسى قاسقانلىق باش كىيىمى، قالپاق.

**شىلەپىلىك** سۈپ. شىلەپىسى بار؛ شىلەپە كىيگەن: ئۇ شىلەپىلىك، ئاق سېمىز، چىرايلىق ئايالنىڭ قىياپىتىنى، چىرايلىق مېڭىشىنى، خۇش ئاۋازىنى ئوبدانلا ئەسلىۋالدى.

**شىلتىشماق** «شىلتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بايا مەكتەپكە كېلىۋاتقان ۋاقتىمدا بىرمۇنچە ئوقۇغۇچى ۋە لۈكچەكلەر يول بويى كەينىمگە كىرىۋېلىپ قوللىرىنى شىلتىشىپ «كىچىك راھىبە» دەمدۇ، «ئۆردەك قۇيرۇقى» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيىشىپ مېنى تىللاشتى.

**شىلتىڭ** ئى. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ پۇتىنى قالايمىقان سىلكىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈشى.

**شىلتىڭ ئاتماق** ① پۇتىنى قالايمىقان، يۇقىرى ـ تۆۋەن سىلكىمەك؛ چىچاڭلىماق (ئات ـ ئۇلاغقا ئوخشاش ھايۋانلار ھەققىدە): سەمرىگەن ئېشەك شىلتىڭ ئېتىپ ئۇنى ھېچ مىندۈرمىدى. ② كۆچمە. چوڭچىلىق قىلماق، پوچىلىق قىلماق، ھالىغا باقماي تاراقلىماق: ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن (ماقال).

**شىلتىماق** پ. قول ۋە قولغا ئوخشاش نەرسىلەرنى زەرب بىلەن ئالدىغا ئاتماق، تاشلىماق، سىلكىمەك: ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما (ماقال).

**شىلدۇرماق** «شىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىلدىپ** ئى. دىيال. ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق يېپىنچا.

**شىلدىر** تەق. ئېرىقلاردىكى سۇنىڭ ئېقىشى، يوپۇرماق ۋە قەغەز قاتارلىقلارنىڭ بەكرەك تەۋرىنىشى ياكى ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ لەيلىنىڭ چاپىنىنى يەردىن سىلكىپ ئېلىۋىدى، بىر پارچە خەت شىلدىر قىلىپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى.

**شىلدىر ـ شىلدىر** «شىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سىمابتەك سۈزۈك تاغ سۈيى تاڭ توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىغا جور بولۇپ، شىلدىر ـ شىلدىر قىلىپ ئېقىۋاتاتتى.

**شىلدىرلاتماق** «شىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچ كۈزنىڭ سوغ شامىلى گىلاس ۋە ئالما يوپۇرماقلىرىنى شاخلاردىن ئۈزۈپ شىلدىرلىتىپ ئۇچۇرتماقتا ئىدى.

**شىلدىرلاشماق** «شىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىلدىرلىماق** پ. «شىلدىر ـ شىلدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىلدىر ـ شىلدىر» قىلماق: ئۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى.

**شىلدىرما** سۈپ. «شىلدىر ـ شىلدىر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، شىلدىرلايدىغان: شىلدىرما داپ.

**شىلدىرما داپ** <مۇز> مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكى بولمىغان بىر خىل ئۇرغۇلۇق داپ. گەردىشى ياغاچتىن ياسىلىپ، بىر تەرتىپكە قوي تېرىسى كىيدۈرۈلىدۇ، گەردىش سىرتىغا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قوڭغۇراق ياكى تۆمۈر ھالقىلار ئورنىتىلىپ، چالغاندا شىلدىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئادەتتە ئوڭ قولنىڭ بارمىقى ياكى ئالىقىنى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. سول قول داپنى كۆتۈرۈپ، چايقاپ بېرىدۇ.

**شىلغاق** سۈپ. شىلىدىغان، شىلىپ ئېلىشقا ئۇستا؛ شىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: — ئەمدى سېنى، — دېدى ئۇ ماڭا قولىنى شىلتىپ، — يۈزىدە قېنى بار، يېگەن ـ ئىچكەندەك دەپ بوغالتىرلىققا بېكىتىپ قويسا، ھۆججەت يىرتىپ باشقىلارنى شىلغاق چىقتىڭ

... ھېلىمۇ ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بىرى بۇ مەكتەپ ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ.

**شىللە** ئى. جانلىقلار تېنىنىڭ باش بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىـ ـكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئورنى، بويۇن، گەدەن: شىللىسىگە ئارتماق. شىللىسىگە مىنمەك.

**شىللىسىگە مىنمەك** بوزەك قىلماق، زۇلۇم سالماق، قىيناـ ـماق، دەرد ـ ئەلەم، كۈلپەتكە دۇچار قىلماق: باستى مۇدىر، خەلقنىڭ بىزنى ھوقۇقدار قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۆز شىللىسىگە مىنگۈـ ـزۈش ئۈچۈن ئەمەس!

**شىللىق** سۈپ. يېپىشقاق، سۈيۈق يېلىمسىمان: شىللىق پەردە.

**شىللىق پەردە** <ئانات> ئېغىز بوشلۇقى، كاناي، ئاشقازان، ئۈچەي، سۈيدۈك يولى قاتارلىق ئەزالار ئىچىدە بولىدىغان بىر قەۋەت نېپىز پەردە. ئىچىدە قان تومۇر ۋە نېرۋىلار بولۇپ شىلىمشىق سۈيۈقلۇقلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**شىللىڭ** ئى [ر<نېم] ① تانزانىيەنىڭ ۋە بەزى ئافرىقا مەملىكەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى. ② ئەنگلىيەدە بىر پۇنىد ـ ستېرلىڭنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان تەڭگە پۇل.

**شىللىباغ** ئى [شىللە + باغ] جاۋەننىڭ ياغاچلىرىنىڭ ئۈستىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان تانا، يىپ، باغ.

**شىلماق** پ ① نەرسىلەرنىڭ سىرتى ياكى تېنىنى ئوراپ تۇرغان تېرە، پوست قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ سويۇپ ئالماق: ئۇ جادۇگەرنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى ئېلىپ كەلسەڭ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن. ② كۆچمە. ئالدامچىلىق ياكى زورلۇق ۋاستىسى بىلەن باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماق، ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، قان ـ تەرىنى شورىماق: كونا جەمئىيەتتە گومىنداڭ ھەرخىل سېلىقلار بىلەن خەلقنى شىلغانىدى.

**شىلۋى** ئى. تال ـ تال ئۆسىدىغان، قوۋزىقى ئاق، ئىچى سېرىق، ئۈچى چۈۋۈلغان چاچتەك پاخپىيىپ تۇرىدىغان، ياغىچى ئەڭ قاتتىق ھەم مۇستەھكەم بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى: ـــ تاغقا بارمايمىز، شىلۋى ياغىچى ئالمايمىز، چوكا ياسىمايمىز، ـــ دەپتۇ شېتىلە.

**شىلىپ** تەق. ئىت، مۈشۈك قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە سۇ مىقدارى بىر ئاز كۆپ بولغان نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: شىلىپ قىلماق.

**شىلىپپىدە** رەۋ. «شىلىپ» قىلىپ، «شىلىپ» قىلغان ھالدا، «شىلىپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ.

**شىلىپ ـ شىلىپ** «شىلىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىلىپلاتماق** «شىلىپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىلىپلىماق** پ. «شىلىپ ـ شىلىپ» قىلغان ئاۋاز چىقار ـ ماق، «شىلىپ ـ شىلىپ» قىلماق.

**شىلىشماق** «شىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىلىق** تەق. سۈيۈقلۇقلارنىڭ يېنىك چايقىلىشى ياكى قاشقا ئۇرۇلۇپ قايتىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**شىلىق ـ شىلىق** «شىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىلىققىدە** رەۋ. «شىلىق» قىلغان ھالدا، «شىلىق» قىلىپ.

**شىلىقلاتماق** «شىلىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىلىقلىماق** پ. «شىلىق ـ شىلىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «شىلىق ـ شىلىق» قىلماق.

**شىلىم** ئى. قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاپلاش، يەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېلىمسىمان سۈيۇقلۇق: شىلىم سۈرمەك. شىلىم ئەتمەك.

**شىلىمشىق** سۈپ. شىلىمغا ئوخشاش، قويۇق ھەم يېپىشقاق، چاپلىشاڭغۇ (سۈيۈق نەرسىلەر ھەققىدە): ئانا توختىئاخۇننىڭ چىرايىغا، شىلىمشىق قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

**شىلىملاتماق** «شىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد ـ جىسى.

**شىلىملاشماق** ① «شىلىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرد ـ جىسى. ② شىلىم ھالىتىگە كەلمەك، شىلىمدەك بىر نەرسە پەيدا بولماق: ئاغزىم شىلىملىشىپ، ئىشتىھايىم بوغۇلۇپ بىرقىسىملا بولۇپ قالدىم.

**شىلىملانماق** «شىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىلىملىماق** پ. شىلىم سۈركىمەك، شىلىم چاپماق.

**شىلىنماق** «شىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارد ـ سام ھېلىقى تاي يولىنىڭ سول تەرىپىدە توختاپ قاپتۇ، ئارقا سول پۇتىـ ـنىڭ تېرىسى شىلىنىپ، قىپقىزىل قان ئېقىۋېتىپتۇ.

**شىليۇز** ئى [ر<نېم] <قاتن> سۇ يوللىرىنىڭ سۇ ئورنىدا پەۋقۇلئاددە پەرق بولغان جايلىرىدا كېمىلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشۈش ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قۇرۇلغان كۆپ تاقاقلىق قۇرۇلما.

**شىم** ئى . ئىشتان: گەلەپى شىم. ئۇزۇن شىم.

**شىم ـ تۇجۇركا** شىم ۋە تۇجۇركا.

**شىم ـ كاستۇم** شىم ۋە كاستۇم: ئۇ كۆك سارجىدىن شىم ـ كاستۇم كىيگەن ياش يىگىت ئىدى .

**شىمال ( شىمالى )** ئى [ئە] دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى؛ جەنۇبنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپ: شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى.

**شىمالىي** سۈپ [ئە] شىمال تەرەپتىكى، شىمال تەرەپكە جايلاشقان: شىمالىي قۇتۇپ. شىمالىي ئافرىقا. شىمالىي ئامېرىكا.

**شىمايلاتماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىمايلاشماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىمايلانماق** «شىمايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەڭلىرى شىمايلانغان يىگىتلەرنىڭ قوللىرىدىكى كەتمەنلەر يىراقتىنلا پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

**شىمايلىماق** پ. ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ يۇقىرى تەرەپكە سۈرمەك، تۈرمەك (يەڭ ھەققىدە): موزدۇزخانىغا ئورۇنلاشقان كونا چاپانلىق ئىككى نەپەر جەڭچى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، جىددىي ئەھۋالغا قارىتا تەق بولۇپ تۇراتتى.

**شىمپەنزە** ئى [ر<فىران] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۆرە تۇرغاندا ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ، تۈكلىرى قارا، يۈزى قوڭۇر كۈل رەڭ، ئەمما تۈكسىز، قاش سۆڭىكى ئېگىز كېلىدۇ. ئافرىقا ئورمانلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ، ياۋا مېۋە، كىچىك قۇش ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىـ ـنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ناھايىتى ئوخشايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان بولۇپ، كۆپىنچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق تەجرىبىلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**شىملىق** سۈپ ① شىمى بار. شىم كىيىۋالغان: قارا شىملىق ھېلىقى يىگىت ئۇدۇل ئايتۇراننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ھىجىيىپ ئايتۇرانغا تىكىلدى.② شىم تىكىشكە بولىدىغان، شىم تىكسە

يېتىدىغان: بىر شىملىق رەخت. // — يەنە بۇنى ماڭا ئالغۇچە ئۆزدىڭىزگە شىملىق ئالسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە.

**شىمىرمەك** پ. دىيال. شىمايلىماق، تۇرمەك.

**شىنا** ئى [ر<نېم ] ياغاچ جابدۇق ياكى ھەر خىل سايلىق ئەسۋابلارنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاراچلىرىغا قىستۇرۇلىدىغان ئۇچ بۇلۇڭ ياكى ياپىلاق شەكىللىك ياغاچ، شۇ خىلدىكى نەرسە، پانا: كەكىنىڭ شىنىسى. شىنا قاقماق.

**شىنتايىتماق** «شىنتايىتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماشىنىنىڭ قاتتىق سىگنالىدىن چۆچۈگەن بوز يورغا قۇلاقلىرىنى شىنتايىتىپ ئۈركۈپ قاچقىلى تاس قالدى.

**شىنتايىشماق** «شىنتايىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سازدا ئوتلاۋاتقان ماللار بۇ قىزىل جانىۋاردىن ئۈركۈشۈپ، يىراقلارغا بېرىۋېلىپ قۇلاقلىرىنى شىنتايىتىشىپ قارىشاتتى.

**شىنتايماق** پ. دىڭگايماق، تىك ھالەتكە كەلمەك، تىكلىمەك.

**شىنتوئىزم** ئى [خەن + ر] <دىن> ياپونلارنىڭ قەدىمدىن بار بولغان بىر خىل دىنى، ئۇنىڭ مەزھەپلىرى كۆپ بولۇپ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلىدۇ.

**شىنخۇا** ئى [خەن] يېڭى جۇڭخۇا: شىنخۇا ئاگېنتلىقى. شىنخۇا كىتابخانىسى.

**شۋاق** ئى<بوت> كۆپىنچە شورلۇق يەرلەردە پاكار ئۆسىدىغان، ئەتىيازدا بالدۇر چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**شۋاقلىق** ئى. شىۋاق كۆپ ئۆسكەن، شىۋاق بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇلار شىۋاقلىقتا مۆكمۆكۈلەڭ ئويناۋاتاتتى. // پەرھات شىۋاقلىق ساينىڭ ئۈستىدە دۈرنەمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى.

**شىۋەك** ئى. ئۈستىگە ئىككى قولدەك تاسما تىكىلگەن بىر خىل يازلىق كەش: ئۇستەل يېنىدا سوڭى يانجىلىپ كەتكەن ئەسكى شىۋەكتىن باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللىمنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىۋېتىلگەنىدى.

**شىۋەكلىك** سۈپ ① پۇتىدا شىۋەك بار، شىۋەك كىيگەن. ② شىۋەك تىكىشكە لايىق، شىۋەككە يېتىدىغان: شىۋەكلىك رەخت.

**شىۋېد** ئى<ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى .

**شىۋىر** تەق. پەقەت سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلا ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىدە پەس ھەم زەئىپ ياكى كۈچسىز چىققان ئاۋاز .

**شىۋىر ـ شىۋىر** «شىۋىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**شىۋىرغاق** ئى. چارۋا ماللارنىڭ تۇيىقى ئىچىدىكى سۆڭەك.

**شىۋىرغان** ئى <مېتېئور> قىش كۈنلىرى چىققان كۈچلۈك شامالنىڭ زور مىقداردا يېغىلىپ قالغان ياكى چۈشۈۋاتقان قارلارنى ئۇچۇرۇش ھادىسىسى: غالىب تاشيولدىن ئەگىپ ھارۋا يولىغا چىققاندا قار توختاپ، بىردىنلا قاتتىق شىۋىرغان باشلاندى.

**شىۋىرغانلىق** سۈپ. شىۋىرغان بار، شىۋىرغان چىقىپ تۇرغان: ئۇ قىشنىڭ شىۋىرغانلىق ئۇزۇن كېچىلىرىنى ئاپتوموبىللار يېنىدا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتى.

**شىۋىرلاشماق** «شىۋىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇتتەك ئايدىڭ ئاخشىمى كۆز پەسلىدە، شىۋىرلاشقان ئىككى باش كىم ئەسلىدە.

**شىۋىرلىماق** پ. پەس ئاۋازدا سۆزلىمەك، پىچىرلىماق: تاشۋاينىڭ ئالدىدا قولتۇقىغا يوغان بوغچا قىستۇرغان گۈلچىمەن پەيدا بولدى ۋە تاشۋايغا شىۋىرلىدى: — بۇنى ئېلىڭ، تېز بولايلى...

**شى** ئى [خەن] ئارىلاشتۇرۇش.

**شياشى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى جۇنشىلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**شياڭشېڭ** ئى [خەن] <تىيا> ئەلنەغمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا كۈلكىلىك گەپ ـ سۆزلەر، قىزىقارلىق سوئال ـ جاۋابلار، ناخشا ۋە تۈرلۈك قىزىقچىلىقلار ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. كۆپىنچە مەسخىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ھازىر يېڭى كىشى، يېڭى ئىشلارمۇ بۇ ئارقىلىق مەدھىيىلىنىدىغان بولدى. ئادەتتە ئۇ قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانىغا قاراپ قوش كىشىلىك شياڭشېڭ، كۆپ كىشىلىك شياڭشېڭ ۋە تاق كىشىلىك شياڭشېڭ دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**شياۋدۈي** ئى [خەن] ① <ھەرب> قوشۇن تۈزۈلمىسىدىكى ئاساسىي ئىشتات بىرلىكى. جۇڭدۈي قارمىقىدا بولىدۇ. ② ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ، ئەترەت.

**شىلاتماق** «شىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**شىلاشماق** «شىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**شىلامچى** ئى. باشقىلارنى شىلاپ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇش ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان كىشى؛ ئالدامچى: پاسار دېگەن تازا شىلامچى بوپتۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھوشيار بولغىنىڭ ياخشى.

**شىلامچىلىق** ئى. باشقىلارنى شىلاپ، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇش ئىشى، ھەرىكىتى ۋە قىلىقى؛ ئالدامچىلىق: شىلامچىلىق قىلماق.

**شىلانماق** «شىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**شىلىماق** پ ① قارتىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئويناۋچىلارغا بۆلۈپ بەرمەك: — سەن شىلاپ قويۇپ تۇر، مەن ھازىرلا كىرىمەن، — دېدى ئۇ شارتلا ئورنىدىن تۇرۇپ. ② كۆچمە. ياخشى گەپلەر بىلەن ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئالدىماق، كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماق: لى كېجاڭ ئەھۋال تەپسىلاتىنى تولۇق يېزىۋالغاندىن كېيىن روزى باقى يەنە بىر قۇر ئوبدان شىلاپ، ئۇنىڭغا چىقىش ئىجازىتى بەردى.

**شيۇجېڭجۇيى** ئى [خەن] <پەلس> خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بىر خىل بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى ئۆزىنى ماركسنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغان بېرىنشتېيىن ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىي پرىنسىپلىرىغا قارىتا تۈزىتىش ئېلىپ بارغان. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا شيۇجېڭجۇيى دەپ ئاتالغان.

**شيۇجېڭجۇيىچى** ئى. شيۇجېڭجۇيىنى ياقلىغۇچى ياكى شۇ خىل خاھىشقا ئىگە ئادەم.

**شيۇجېڭجۇيىلىق** ئى. شيۇجېڭجۇيىغا خاس، شيۇجېڭجۇيىنىڭ دۇنيا قاراش ۋە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، شيۇجېڭجۇيىغا ئائىت: شيۇجېڭجۇيىلىق كۆزقاراش.

# غ

غ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون بەشىنچى ھەرپى.

**غاپ** تەق. بىرەر نەرسىنى ئالدىراپ ھەممىسىنى بىراقلا ئاغزىغا سېلىش ھالىتى؛ كاپ: غاپ ئەتمەك.

**غاپشىماق** پ. دىيال. ھاۋشىماق.

**غاپ ـ غۇپ** «غاپ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**غاپىل** سۈپ [ئە] ① بىرەر ئىشقا، ھادىسىگە، مەسىلىگە قارىتا بىغەملىك، سۇسلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان؛ غەپلەتتە قالغان، غەپلەت باسقان: غاپىل بولماق. * چۈشىسە گەر ئاسمان گۇمۇرۇلۇپ، غەم يېمەس غاپىل كىشى، ھەممىنەپەس بولغاي كۆرەشتە، ئەل بىلەن ئاقىل كىشى. ② بىخەۋەر، خەۋەرسىز: ئۇزاق مۇددەت بېكىنمە، غاپىل ھالەتتە ياشىغان بۇ خەلققە تېلېۋىزور شۇبھىسىزكى، بىر ئاجايىپ ياخشى ئاقارتىش ۋاستىسى بولدى.

**غاپىللىق** ئى. غاپىل ھالەت، سۇسلۇق، خەۋەرسىزلىك: غاپىللىق ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرگىنىمدە، مەشئەل بولۇپ ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئاشۇ قەيسەر ـ ياخشى ئادەمنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن يادلايمەن.

**غاجاتماق** «غاجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىلار قويلىرىغا كۆچەتلەرنى غاجىتىۋېتىپتۇ.

**غاجاشماق** «غاجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەككىز ـ ئون بالا قوللىرىدىكى توڭ سويمىلىرنى غاجىشىپ، بەخۇدۇك ئويناشماقتا ئىدى.

**غاجالماق** «غاجىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى غاجىلىپ يالىڭاچلىنىپلا قالغانىدى.

**غاجىغۇچى** سۈپ. مەلۇم نەرسىلەرنى چىشى بىلەن غاجايدىغان، ئۇپرىتىدىغان، نابۇت قىلىدىغان: غاجىغۇچى ھايۋانلار.

**غاجىغۇچىلار** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى. كۈرەك چىشىنىڭ يىلتىزى يوق بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى ئۆسۈپ تۇرىدۇ. قوزۇق چىشى بولمايدۇ، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئاربلاش ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، چاشقان قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**غاجىلاتماق** «غاجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاجىلاشماق** «غاجىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاجىلانماق** «غاجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غاجىلىماق** پ. غاجىماق: ئالىم قۇرۇق ناننى غاجىلىغىنىچە كەتمەننى مۈرىسىگە ئېلىپ ئېتىزغا يۈرۈپ كەتتى.

**غاجىماق** پ ① قاتتىق نەرسىلەرنى چىشى بىلەن قىرماق، ئۇپراتماق، ئۇۋۇاتماق، ئاجراتماق: كونا ئۇستىخاننى ئىت غاجىماس (ماقال). ② كۆچمە. ئارقىسىدىن تىللىماق، غەيۋەت قىلماق، كەينىدىن گەپ تاپماق: مېنىڭچە، غولامنى غاجاۋەرگەندىن پايدا چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنىڭ سۆتىنى باشقا قاچىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ سۆتىنى بېرىۋەرسەك.

**غاچ** تەق. كونا ئىشىك، كۆتەك ھارۋا قاتارلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ھۇسەينەمنىڭ گېپى تۈگەـ تۈگىمەي، ھۇجرىنىڭ ئىشىكى «غاچ» قىلىپ ئېچىلىپ، ئۆيگە بىر تۆگىچى كىرىپ كەلدى.

**غاچچىدە** رەۋ ① «غاچ» قىلغان ھالدا «غاچ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: شۇنداق دەسسىۋىدى، غاچچىدە ئېزىلدى. ② ناھايىتى تېز، بىردىنلا: شۇ ئاندا بىر يىگىت ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى غاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋالدى ـ دە، ئوت يالقۇنى يورۇتقان تۇرمە تېمىغا قان بىلەن خەت يېزىشقا باشلىدى. ③ پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس: ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بىرچاغ ئىدى، دەريا بويىغا بارسام دەريا غاچچىدە توڭلاپ كېتىپتۇ.

**غاچ ـ غاچ** «غاچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ماڭغان چاغدا يېڭى كىيگەن شىبلىتىدىن «غاچ ـ غاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقاتتى.

**غاچ ـ غۇچ** ① «غاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇنىڭ مايلانغان ئۆتۈكىنىڭ «غاچ ـ غۇچ» ى ئاڭلاندى. ② كۆچمە. بىردەمدىلا، ناھايىتى تېز: بىردەم ئولتۇرسىلا، «غاچ ـ غۇچ» تاماق قىلاي.

**غاچىر** تەق. قار ئۈستىدە ماڭغاندا ياكى چەم ئىچىگە قىل قويۇپ تىكىلگەن ئاياغ كىيىمنى كىيىپ ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غاچىر ـ غۇچۇر** «غاچىر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئابابەكرى ۋە رەيھانەمنىڭ ئاياغ ئاستىدىن چىقىۋاتقان «غاچىر ـ غۇچۇر» ئاۋازلار ياڭراق مۇزىكىدەك جاراڭلايتتى.

**غاچىرلاتماق** «غاچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاچىرلاشماق** «غاچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىرلىماق** پ. «غاچىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غاچىر» قىلماق.

**غاچىلداتماق** «غاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئۇششاق تاش ـ شېغىللارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، بىر خىل قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە.

**غاچىلداشماق** «غاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىلدىتىشماق** «غاجىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غاچىلدىماق** پ. «غاچ ـ غاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غاچ ـ غاچ» قىلماق: ئاينىڭ يۈزىنى قوغۇشۇن رەڭ تۇتەك قاپلىۋالغان بولۇپ، ئاياغ ئاستىدا غاچىلداپ تۇرغان ئاپئاق قاردىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى.

**غادايتماق** «غادايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن كەلگەچكە ئۆيۈڭگە، ئېچىنغاچقا كۆنۈڭگە، تېجەپ تۇتۇپ ئۆيۈڭنى، غادايتتىمۇ بوينۇڭنى!

**غادايماق** پ ① قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گەۋدىسىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرماق: — ئانچە غادىيىۋالماي ئەر كىنىرەك ئولتۇرمامسەن، — دېدى ئۇ بالىسىغا. ② ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، سالاپەتلىك كۆرسەتمەك: كونىلاردا «ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە» دېگەن گەپ بار.

**غادىر ـ سۇكۇر** دىيال. ئاختۇرۇش.

**غادىيىشماق** «غادايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شەھەردىن چىقىپ خېلى كۆڭۈلەرگىچە كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشماي، ئۇشۇق ـ تۆشۈك گەپمۇ قىلماي غادىيىشىپ يۈردى.

**غار** I تەق. ئېغىز چايقىغان، موتور ئوت ئالغان چاغدا چىققان ئاۋاز: موتوسىكلىت «غار» قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

**غار** II ئى <جۇغ> تاغلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بوشلۇق، ئۆڭكۈر: پادىشاھمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن غارغا كىرىپتۇ.

**غاراس** تەق. ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق چۈرۈك نەرسىلەر سۇندۇرۇلغاندا چىققان ئاۋاز: ئۇ ئىككىنچى پۇتىنىمۇ غول شاختىن ئېلىشىغا، دەسسەپ تۇرغان شاخ «غاراس» قىلىپ قالدى.

**غاراسسىدە** رەۋ. «غاراس» قىلغان ھالدا، «غاراس» قىلىپ: ئۇ دەسسەپ تۇرغان شاخ غاراسسىدە سۇنۇپ كەتتى ـ دە، موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى.

**غاراس ـ غۇرۇس** «غاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بىردىنلا ئۆينىڭ لىمى «غاراس ـ غۇرۇس» قىلىپ سۇنۇپ كەتتى.

**غاراسلاتماق** «غاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ، دەريادا مۇزلار غاراسلاپ سۇنغاندەك بولدى.

**غاراسلىماق** پ. «غاراس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاراس» قىلماق: دەسلەپ ئۆگزە غاراسلىدى، كېيىن بىراۋنىڭ ئىلدام ماڭغىنى ئاڭلاندى.

**غاراڭ ـ غۇرۇڭ** سۆزلىگەندە چىقىدىغان بىر خىل غەيرىي نورمال، سەل بۇزۇلغان ئاۋاز: — ئازنىخان، — دەپ گەپ باشلىدى پاسار قولاشمىغان غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن.

**غاراڭلاشماق** پ. «غاراڭ ـ غۇرۇڭ» چىقىدىغان ئاۋازغا ئۆزگەرمەك: ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى غاراڭلىشىپ بېرىۋاتاتتى.

**غاراڭلىماق** پ. «غاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاراڭ» قىلماق: سەمەت ئالدىرىماي سۆزلىگىنى بىلەن ئۇنى غاراڭلاپ چىقاتتى.

**غارال** ئى. دىيال. قوتاننىڭ شادىلىق ياغاچ ئىشىكى، قاشا.

**غارالسىز** سۈپ. غارىلى يوق، قاشاسىز: مەمتىلى ئىبراھىم ھېكمەتنى باشلاپ ئىشىكسىز، غارالسىز بىر ھويلىغا كىردى.

**غارام** ئى ① تېپىش ئۇچۇن خامانغا يىغىلغان بۇغداي ئۆزىچىسى: غارام چىقارماق. * ئېتىز ـ خامانلىرىڭ باقسام، يۇرەك ئوينايدۇ شادلىقتىن، بۇلۇت سۆيگەن غاراملار مول ـ باياشاتلىق ئاتا ئەيلەر. ② توپ، غۇژمەك: كەپتەرلەر، تۇرۇلغا ـ پاختەكلەر، قۇشقاچلار، قارلىغاچلار... كوۋۇكلەردىن، غارام دەرەخلىكتىن، ئۇۋىلاردىن ئايرىلىپ، ۋىچىرلاشقان پېتى خىل ـ خىلى، توپ ـ توپى بىلەن كۆككە ئۆرلەيتتى ـ دە، نەگىدۇر پەرۋاز قىلىشاتتى.

**غارايىبات** ئى [ ئە] ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسىلەر، ئاجايىبات: ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى تەگمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى.

**غارايىپ** سۈپ [ئە] كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان، كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان، غەلىتە، ئاجايىپ، غەيرىي، باشقىچە: — سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى كونا زاماننىڭ ئاجايىپ بىر ھېكايىسى بولسا، ئەمدى مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم يېڭى زاماننىڭ غارايىپ بىر ھېكايىسى، — دېدى شوپۇر.

**غارت** تەق. ھەرە تارتقاندا ياكى بىرنەرسىنى بىرنەرسىگە سۈركىگەندە چىققان ئاۋاز: غارت قىلماق. * ئۇلار ئۆزى چېلىۋاتقان پەدىنىڭ، ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەمدىكىن تاڭ، بىرى «غىت» قىلسا، بىرى «غارت» قىلىپ، تىڭشىغۇچىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىكەن.

**غارتتىدە** رەۋ. «غارت» قىلغان ھالدا، «غارت» قىلىپ: ئىشىك غارتتىدە ئېچىلىپ، ئالىم كىرىپ كەلدى.

**غارت ـ غارت** «غارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھويلىدىن «غارت ـ غارت» قىلغان ھەرە ئاۋازى ئاڭلاندى.

**غارت ـ غۇرت** «غارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: باغدىن غارت ـ غۇرت ھەرە ئاۋازى، تاڭ ـ تۇڭ پالتا ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى.

**غارتىلداتماق** «غارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غارتىلدىماق** پ. «غارت ـ غارت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غارت ـ غارت» قىلماق: ماشىنا موتورى بىر ـ ئىككى غارتىلداپ ئاخىر ئۆچۈپ قالدى.

**غارىدە** رەۋ. «غار» قىلغان ھالدا، «غار» قىلىپ: ئايروپىلان غارىدە ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

**غارس** تەق. شاخ ـ شۇمبا، قۇرۇق ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: غارس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ ئېسىلىپ تۇرغان ئىنچىكە شاخ سۇنۇپ كەتتى.

**غارسسىدە** رەۋ. «غارس» قىلغان ھالدا، «غارس» قىلىپ: ئۇ ئاچچىقىدا قولىدىكى قەلەمنى غارسسىدە سۇندۇرۇۋەتتى.

**غارس ـ غۇرس** «غارس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: شاخلار سۇنۇپ غارس ـ غۇرس، ئوتتا كۆيدى پارس ـ پۇرس.

**غارسىلداتماق** «غارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆگزىنىڭ ئۈستىنى غارسىلدىتىپ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ماڭىدىغان ئاۋاز بىر كېچىسى توختاپ قالدى.

**غارسىلدىماق** پ. «غارس ـ غارس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غارس ـ غارس» قىلماق: سۇنغان دەرەخنىڭ غارسىلدىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىدا يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

**غارشتامال** ئى. دىيال. شەپەرەڭ.

**غار ـ غار** I <بوت> كامفارا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقىنى پۇراقلىق ماتېرىيال ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**غار ـ غار** II «غار I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئېغىزىنى

غار ـ غار قىلىپ چايقىماقتا.

**غارغالتا** ئى. دىيال. قولۋاق ياكى كېمە توختىتىدىغان ئورۇن؛ پورت.

**غار ـ غۇر** «غار» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تالادا ئىتلارنىڭ غار ـ غۇر قىلىپ تالاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

**غارقىراتماق** «غارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ ساقچى قوشۇنىمىز موتوسىكلىتلارنى غارقىرىتىپ ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

**غارقىراشماق** «غارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غارقىرىماق** پ. «غار ـ غار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غار ـ غار» قىلماق: ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ غارقىراپ كەلگەن ئايرو-پىلان بېشىمىزدىلا ئەگىپ ئۆتۈپ، ئايرودۇرومغا ئاستا قوندى.

**غارىقۇن** ئى [پ <گىرېك] <بوت> دەرەخ مەرىزىنىڭ بىر تۈرى، يەنى پارازىت ياشايدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ. كۆپىنچە يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاي غولىدا بولىدۇ، سىرتى قاتتىق ۋە سىلىق، رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى سۇس سارغۇچ قوڭۇر، شەكلى تاقىسىمان كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۆپكىنى ئىسسىتىپ بەلغەمنى بوشىتىش، يەلنى ھەيدەش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش ۋە يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

**غارىلداتماق** «غارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزىزىخان تىكىش ماشىنىسىنى بىردە ئۇزاق، بىردە ئۇزۇك ـ ئۈزۈك غارىلدىتىپ ئىش قىلىۋاتاتتى.

**غارىلداشماق** «غارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېچىچە ئىتلار غارىلدىشىپ، مۈشۈكلەر مىياڭلىشىپ چىقتى.

**غارىلدىماق** پ. «غار ـ غار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غار ـ غار» قىلماق: يېزا يوللىرىدا ئاپتوموبىل، تىراكتورلار غارىلداپ، توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

**غاز** ئى <زوئول> بىرخىل قۇش. پەي ـ تۈكلىرى ئاق ياكى كۈل رەڭ، پېشانىسىدە توق سېرىق ياكى قارا قوڭۇر رەڭدە گۆشلۈك ئۆسمىسى بار، ئەركىكىنىڭ بۇ خىل ئۆسمىسى چوڭراق، بوينى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە كەڭ. پۇتىدا پەنجىسى بولىدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ. ئاشلىق دانلىرى، كۆكتات ۋە راك قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غازات** ئى [ئە] <دىن> دىن يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش، جەڭ: غازات قىلماق.

**غازاڭ** ئى [پ] ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۈز پەسلىدە سارغىيىپ بەرگىدىن ئاجراپ چۈشكەن يوپۇرمىقى.

**غازاڭلىق** ئى. غازاڭ بار، غازاڭ كۆپ چۈشكەن يەر: راۋابىڭنى كۈ-رەش مۇقامىغا سازلىمىساڭ، كونا مۇقامىڭ دوستۇم قۇلاققا خۇشياقماس. باغ ياساپ گۈللەر تېرىپ ياشناتمىساڭ، غازاڭلىققا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

**غازتاپان** ئى [غاز + تاپان] <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى قىسقا تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان، يىلتىزى تىك ۋە ياغاچلاشقان. غو-لى كۆپ شاخلايدۇ، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلىدۇ. غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى ئازراق بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە تۈۋىتلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق. پۈتۈن ئۆ-سۈملۈك تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ زە-ھەرنى قايتۇرۇش، قاننى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غازتاپان ئېرەن** <بوت> زەرەڭ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ياغىچىدىن ئۆي جابدۇقلىرى ياسىلىدۇ.

**غازقانات** ئى [غاز + قانات] <بوت> غازقانات ئوت.

**غازقاناتئوت** <بوت> چۈقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**غازئوت** ئى [غاز + ئوت] <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق ، گۈلى كىچىك ۋە سېرىق. غولى ۋە يىو-پۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، قاننى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غازىي** [ئە] ① سۈپ <دىن> غازاتقا، مۇقەددەس ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى، ئۆز ئەقىدىسى، ئېتىقادى يولىدا جەڭ قىلغۇچى: ـــ غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت، تىرىك قالغانلار غازىي بولىدۇ. نازىمجاد-نىڭ غازىي بولماقلىقى دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتى، ـــ دېدى ئۇ. ② ئەر-لەرنىڭ ئىسمى.

**غازىيانە** [ئە + پ] رەۋ. غازىيلارغا ئوخشاش، غازىيلارچە: تد-رىش، يۈكسەل، يولۇڭ پارلاق ھېلىھەم غازىيانە بول، بېشىڭنى سىلىغاي ھەردەم، زامانەم شەپقىتى ئاقسۇ.

**غازيېمەس** ئى [غاز + يېمەس] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈك-لەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ۋە ئاجىز، يوپۇرماقلىرى كىچىك ۋە تەتۈر تۇ-خۇمسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە شارسىمان بو-لۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، كۈزدە ئېچىلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، دېمىقى پۇتۇش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، كۆزى چاپاقلىشىش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا شىپالىق رولى بار.

**غاژ** تەق. رادىيو، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلاردا كاشىلا كۆرۈلگەندە چىققان ئاۋاز ياكى نەپەس يولى ياللۇغى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ نەپەس ئالغاندا چىقىدىغان ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋازلار: رادىيو غاژ، غاژلا قىلىدۇ، نېمە بولغاندۇ؟

**غاژ ـ غاژ** «غاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غاژ ـ غۇژ** ① «غاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بالام ئاكاڭنى چاقىرە، رادىيو غاژ ـ غۇژلا قىلىدۇ، ئېنىقراق بىر نەرسە ئاڭلىغىلى بولمايۋاتىدۇ، قاراپ باقسۇن. ② كۆچمە. چاپ ـ چاپ، تازا قىزىغان (بازار ھەققىدە): كۈلۈب ئالدى بىردەمدىلا غاژ ـ غۇژ بازارغا تولدى. ③ ئۈنلۈك توۋلاپ جېدەللىشىش: نېمە بۇ، ئىككى كۈندە بىر غاژ ـ غۇژ، ئادەمنى بىزار قىلدىغۇ بۇلار.

**غاژ ـ غۇژلاشماق** ئۇرۇشۇپ قالماق، تىللىشىپ قالماق، ۋارقىرىشىپ قالماق: ئۇ بىر قېتىم بىز بىلەن غاژ ـ غۇژلىشىپ قالغا-نىدى.

**غاژىلداتماق** «غاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاژىلداشماق** ① «غاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجە-سى. ② كۆچمە. جېدەللىشىپ ئۇرۇشۇپ قالماق: ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئاسانلا غاژىلدىشىپ قالاتتى. شۇ كۈنى يەنە غاژىلداشقاندا، ئا-كىسى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇكىسىنى بىر تەستەك سالدى.

**غاژىلدىماق** پ. «غاژ ـ غۇژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاژ ـ

غۇژ» قىلماق.

**غاس** تەق. قىش كۈنلىرى يول ماڭغاندا ئاياغ ئاستىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غاسسىدە** رەۋ. «غاس» قىلغان هالدا، «غاس» قىلىپ.

**غاس- غاس** «غاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غاس- غۇس** «غاس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**غاسىلداماق** پ. «غاس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غاس» قىلماق.

**غاش** I سۈپ. چەكسىز كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز، ساپلا: غاش چۆل.

**غاش** II سۈپ. سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر قاتارلىقلارنىڭ پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن هالىتى؛ قېرى، قاتتىق.

**غاغىرا** ئى. سۇزۇلگەن مەشۇتلەرنى ماشىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىچىك غالتەك.

**غاق** تەق. غاز، ئۆردەك قاتارلىقلار سايرىغاندا چىققان ئاۋاز: ئەتىياز كۈنلىرى غاز - ئۆردەكلەر غاق، غاق قىلىشىپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇچۇشىدۇ.

**غاق- غاق** «غاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۆردەكلەر «غاق - غاق» قىلىشىپ، كۆلدە ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

**غاق- غۇق** «غاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: كۆلدىكى ئۆردەكلەر بىرنەرسىدىن ئۈركۈگەندەك غاق - غۇق قىلىشىپ ئۇچۇپ كەتتى.

**غاقىلداتماق** «غاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غاقىلداشماق** «غاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەدھەم بىر كۈنى ئۆز ماكانىدا تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. هاۋادا بىرمۇنچە غازلار غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كەلدى.

**غاقىلدىماق** پ. «غاق - غاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاق - غاق» قىلماق: ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋىدى، هويلىدا غاز غاقىلداپ كەتتى.

**غاڭزا** ئى. تاماكا چېكىشتە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب. كۆپىنچە مىس، قاتتىق ياغاچ ياكى چاقچۇق قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. باش قىسمىغا تاماكا قاچىلىنىپ، يەنە بىر ئۇچىدىن شورىلىدۇ.

**غاڭزىلىق** سۈپ. غاڭزىسى بار، غاڭزا ئېسىۋالغان.

**غاڭشىماق** پ. «غاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غاڭ» قىلماق: كۈچۈكنىڭ پۇتىغا ئوتنى تەگكۈزسەك، ئۇ ئۆگەنمەي تۇرۇپمۇ پۇتىنى تارتىۋېلىپ غاڭشىپ قاچىدۇ.

**غال** تەق. تىترىگەندە ئادەمنىڭ سەزگۈسىدە پەيدا بولىدىغان بىرخىل هالەت.

**غالتەك** [پ] ① ئى. يىپ، سىم، لېنتا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى تەرىپى كەڭ، ئوتتۇرىسى تار، ئىچى نوركەش چاقسىمان بۇيۇم: يىپ غالتىكى. فوتو سۈرەت لېنتىسىنىڭ غالتىكى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ يىپ، سىم قاتارلىقلارنىڭ ئورىلىش مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر غالتەك يىپ. ئۈچ غالتەك سىم. ③ ئى. هارۋا ياكى بىرەر مېخانىزمنىڭ يۈرۈشى، هەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇا ئورنىتىلىدىغان ۋە ئايلىنىدىغان يۇمىلاق قىسمى، چاقى: غالتەك ئورنىتىلغان هارۋا. ④ ئى <قىز> چۆرىسىدە ئېرىقچىسى بولغان چاقلارنى مېتال ياكى ياغاچتىن قۇ- رۇلغان جاهازغا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان هەمدە ئارغان، تاسما ياكى زەنجىر ياردىمىدە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش ۋە سىلجىتىش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئاددىي مېخانىزم. ⑤ ئى. ئېلېكتىر تېخنىكىسى ۋە رادىيو تېخنىكىلىرىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىم ئورامى؛ كاتۇشكا: ئوراملىق غالتەك. ⑥ ئى. بىر ياكى تۆت چاق بېكىتىلىدىغان هەمدە قول بىلەن ئىتتىرىپ نەرسىلەرنى توشۇيدىغان كىچىك ياغاچ هارۋا: «چېقىل ساي» ئىچىدە بولسا هەقىقىي نەچچە يۈزلىگەن ئەر - ئايال ئەزالار غالتەك، ئەپكەش، زەمبىللەر بىلەن بەس - بەستە تۇپا توشۇپ دامبىنى ئېگىزلىتىۋاتاتتى. ⑦ ئى. سېتىقچىلارنىڭ ساندۇقلۇق ۋە تۆت چاقلىق ياغاچ هارۋىسى: دەسمى غالتەككە چىقماق.

**غالتەكچى** ئى. غالتەك هارۋىغا هەر خىل نەرسىلەرنى سې- لىپ سۆرەپ يۈرۈپ ساتىدىغان كىشى، تىجارەتچى: قەلىمىمنىڭ ناچارلىقىدىن غالتەكچىلەرنىڭ تىلىغا ئوخشاش قوپال تىل بىلەن يازغاز- لىقىمنى ئويلاپ، بۇ ئەسىرىمنى ئۇلۇغ نام بىلەن ئاتاشقا پېتىنالمىدىم.

**غالتەكلىك** سۈپ. غالتىكى بار، غالتەك ئورنىتىلغان: غالتەكلىك يەشىك ئۈستىدىكى «زەمبىرەك» ئىستوۋۇلى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى.

**غالجاق** ئى. دىيال. چىشى كېپىك.

**غالجىر** ① ئى <تېب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرىدا ياكى بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىت، مۈشۈكلەر چىشلىۋالغان ئادەملەردە بولىدۇ. ئادەملەرگە شۇ هايۋانلار چىشلىگەندىن كېيىن يۇقىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان: غالجىر ئىت چىشىدىن زەهەر تامىدۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. ئەسەبىيلەشكەن، ۋەهشىي، ياۋۇز، قەبىھ: ئايالىمنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، مەن يىقىل- غاندىن كېيىن ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، هېلىقى غالجىر چېرىك بىرنەچچىنى تېپىپتۇ. يەنە ئوتۇن بىلەن ئۇرۇپتۇ.

**غالجىرانە** رەۋ. غالجىرلىق بىلەن، غالجىرلارچە، ۋەهشىي- لەرچە: ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلار هايات چاغدا، ئەزگۈچى سىنىپلار ئۇلارغا هامان ئۆزلۈكسىز زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك، ئەڭ غالجىرانە ئۆچمەنلىك، ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئىغۋا ۋە تۆهمەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى.

**غالجىرلارچە** رەۋ. غالجىرلىق بىلەن، ۋەهشىيلەرچە، غال- جىرانە: شۇ ئارىدا ئەمەت سۈپىغا غالجىرلارچە ئېتىلىپ چىقىپ ئەلىگە كال- تەك ئۇرماقچى بولغانىدى، بىرى ئۇنىڭ كالتىكىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى.

**غالجىرلاشتۇرماق** «غالجىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دە- رىجىسى: بۇ نەرسىنى ئىت يېسە، ئىتنىمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

**غالجىرلاشماق** پ. غالجىرغا ئوخشاش هالەتكە كەلمەك، ۋەهشىيلەشمەك: دۈشمەنلەر غالجىرلىشىپ، قاماش چارىسىگە باش ئۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا تېخىمۇ زور ئىراده بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

**غالجىرلىق** ئى. ئەسەبىيلەشكەن هالەت، ۋەهشىيلىك، يا- ۋۇزلۇق، قەبىھلىك: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ غالجىرلىقى تۇ- تۇپتۇ، قىلىچ بىلەن دىلئارامنى چېپىپتۇ.

**غالچا** ئى. باشقىلارغا (بايلار ياكى ئەمەلدارلارغا) خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ مالاي، چاكار؛ يالاقچى: هۇ پوقى يوغان نان قې- پى! مەن سېنىڭ بىركۈنى سۈيدۈكۈڭنى، بىركۈنى پوقۇڭنى تازىلايدىغان

غالچىمىدىم !؟

**غالچەك** ئى <بوت> غالچەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يو- پۇرمىقى تۇمۇنە شەكلىدە بولۇپ ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى يوق دېيەرلىك. گۈلى قىزغۇچ سۆسۈن، توپلىشىپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. غوزا مېۋىسى سوقىچاقراق، ئۇ- رۇقى كۆپ ۋە بەك ئۇششاق بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زە- ھەرسىز، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**غالچىلىق** ئى. غالچىلارغا خاس ئادەت، قىلىق ۋە شۇنداق ھا- لەت: مەن ـ زە، ھەرقايسىڭنىڭ غالچىلىقىنى قىلىدىكەنمەن ـ دە!

**غالداڭ** تەق. ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ، دەلدەڭشىش ھالى- تى: غالداڭ قىلىپ يىقىلماق. غالداڭ، غالداڭ قىلىپ ماڭماق.

**غالداڭشتماق** «غالداڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالداڭششماق** «غالداڭشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غالداڭشماق** پ. غالداڭلىماق.

**غالداڭ ـ غالداڭ** «غالداڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەمدىلا ئايىغى چىققان ۋارىسجان غالداڭ ـ غالداڭ قىلىپ مېڭىپ كەتتى.

**غالداڭ ـ غۇلدۇڭ** «غالداڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخ- شايدىغان ھالەتلەر: غالداڭ ـ غۇلدۇڭ ماڭماق. غالداڭ ـ غۇلدۇڭ قىلماي تىك تۇرماق.

**غالداڭلاتماق** «غالداڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالداڭلاشماق** «غالداڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غالداڭلىماق** پ. «غالداڭ ـ غۇلدۇڭ» قىلماق، غالداڭشى- ماق، سەنتۈرۈلمەك، ئىرغاڭلىماق: ئەلقەم ئىشكىنى بىرلا تېپىپ ئېچىپ، غالداڭلاپ ئۆيگە كىردى.

**غالدىر** تەق. غالتەك ياكى رېزىنكە چاقلىق ھارۋا قاتارلىقلار چاقىنىڭ قاتتىق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ سىلكىنىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**غالدىراڭ** سۈپ. ئېگىز ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان، بورا توقۇي- دىغان قومۇش.

**غالدىر ـ غالدىر** «غالدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غالدىر ـ غۇلدۇر** «غالدىر» قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**غال ـ غال** ① غەزەپلىنىشتىن، قورقۇشتىن، سوغۇق زەر- بىسى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان تىترەش ھالىتى: قاتىل بولسا، ئۆزىنىڭ ئېتىنىمۇ ئېيتماي، غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى. ② كۆچمە. بوش، قۇرۇق: تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال (ماقال).

**غالغۇي** سۈپ. دىيال. تەرسا، سەپرا، ئەڭگىز، كاج.

**غالۋارىماق** پ. دىيال ① پايپېتەك بولماق، ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈرمەك. ② تېرىكمەك، چېچىلماق: بۇنى ئاڭلاپ چېچىلغان جاما- لىدىن: ــ ئۆيلىنىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، مەن يېتىلىسە ماڭىدىغان، قوشقا قاتسا تۇرۇپ بېرىدىغان ئۆكۈزمىدىم، ــ دەپ غالۋاراپ كەتتى.

**غالمۇس ـ غۇلمۇس** دىيال. شالاپ ـ شۇلۇپ.

**غالىب** [ئە] ① سۈپ. ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا غەلىبە قازانغان، ئۈستۈن چىققان، يەڭگەن؛ يېڭىلمەس: غالىب بولماق. غالىب كەلمەك. ② ئى. غەلىبە قىلغۇ- چى، غەلىبە قازانغۇچى، ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇچى: باھار غالىب، جۇدۇن بولسا ئۆتكۈنچى. * غالىبلار گوياكى يالقۇنلۇق گۈلخان، ھەر ئادەم چوغ ياكى ئالتۇن ئۇچقۇندى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غالىبانە** رەۋ [ئە + پ] غالىبلارغا خاس، غالىبلىق بىلەن: شوپۇر ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ غالىبانە كۈلدى.

**غالىبلارچە** رەۋ. غالىبلارغا خاس ھالدا، غالىبانە قىياپەتتە، غالىبلىق بىلەن: ئۇ مەيداندا ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، غا- لىبلارچە مېڭىپ يۈرەتتى.

**غالىبلىق** ① ئى. غالىب كەلگەنلىك، غالىب بولغانلىق، غە- لىبە: مەھەللىمىزنىڭ بالىلىرى چېلىش قىلسا غالىبلىقنى ئۇ ھېچ- كىمگە بەرمەيتتى. ② سۈپ. غالىب كېلىدىغان، يېڭىلمەس: ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىشىدىغان بىكار تەلەپلەر ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى غالىبلىق مىجەزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلمىگەنىدى.

**غالىبىيەت** ئى [ئە] يېڭىش، ئۈستۈنلۈك، غەلىبە: دۆلىتىمىز قانۇنلىرىنىڭ خەلق دېموكراتىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلى- رىدە خەلقىمىزنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرى قانۇن شەكلى ئارقىلىق قەيت قىلىنغان.

**غالىبىيەتلىك** سۈپ. غالىبىيەت قازانغان، غالىبىيەتكە ئېرىشكەن.

**غالىس** سۈپ [ئە] ئۈستۈن، كۈچلۈك؛ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، قاتتىق، قالتىس: كۆلدە ئادەمدىن غالىس كېلىدىغان لوخا بېلىقلار بار.

**غالىلداتماق** «غالىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غالىلداشماق** «غالىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چىشنى چىشلەپ تۇرۇپ باتۇر جەڭچى، يوللىغان گۆرگە ئۇنى نەيزە ئۇ- رۇپ. قالغىنى غالىلدىشىپ توشقان كەبى، تاشلاشقان قورالىنى تەسلىم بولۇپ.

**غالىلدىماق** پ. «غال ـ غال» قىلىپ تەۋرىنەمەك، «غال ـ غال» قىلماق: قىزنىڭ قوللىرى غالىلداپ تىترىدى. * ئۇ بۇ گەپنى پىچىرلاپ ئېيتقاندا، پۈتۈن بەدىنى غالىلدايتتى.

**غانجۇغا** ئى. نەرسە ـ كېرەكلەرنى تېڭىش ئۈچۈن ئېگەرنىڭ ئارقا ئىككى تەرىپىگە بېكىتىلىدىغان تاسما ياكى تانا: ئۇ كۆمۈش ئۈزەڭگىگە پۇتىنى چىڭ تىرەپ ئات ئۈستىدە مىختەك ئولتۇراتتى. ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدا ھازىرلا ئۈۋۈلانغان بىر تاغ تېكىسى باغلاقلىق تۇراتتى.

**غانجۇغىدا كۆرۈشمەك** ئاخىر بىر كۈنى كۆرۈشمەك: ــ ھازىرغىچە گەپ سىلىنىڭ بولغاچ تۇرسۇن، كېيىنچە غانجۇغىدا كۆرۈشۈپ قالارمىز! ــ دېدى باراتئاخۇن.

**غانجۇغىلاتماق** «غانجۇغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غانجۇغىلاشماق** «غانجۇغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غانجۇغىلانماق** «غانجۇغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرد- جىسى: رۇستەم ئېگەرگە غانجۇغىلانغان خۇرجۇن، خالتىلارنى يەشتى.

**غانجۇغىلىق** سۈپ ① غانجۇغىسى بار، غانجۇغا بېكىتىلگەن. ② غانجۇغا قىلىشقا بولىدىغان، غانجۇغىغا لايىق.

**غانجۇغىلىماق** پ. غانجۇغا بىلەن ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا نەر- سە ـ كېرەكلەرنى باغلىماق، تاڭماق: گۈلەم سومكىسىنى غانجۇغى- لىدى ـ دە، ئېتىنى قامچىلاپ توختاسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

**غاۋۇر ـ غۇۋۇر** قالايمىقان ئاۋازلار، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ: زۇللانىڭ بو- يۇن كۆپتۇرۇپ ۋارقىرىشى بىلەن غاۋۇر ـ غۇۋۇر بىر ئاز بېسىققاندەك بولدى.

**غايە** ئى [ئە] ① كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ياكى ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك: ئۇلۇغۋار غايە. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىش توغرىسىدىكى ئوي، نىيەت، مەقسەت: ئۇنىڭ غايە ۋە بەخت قارشىدىن كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

**غايەت** رەۋ [ئە] ھەددىدىن تاشقىرى، ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن: بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئازراق تەجرىبىنىڭمۇ غايەت زور يېتەكچىلىك رولى بولۇۋاتىدۇ.

**غايىلماق** پ. دىيال. قېيىپ كەتمەك، چەتلىمەك.

**غاينۇق** ئى. دىيال. كالا بىلەن قوتازنى چېتىشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان كالا؛ ئارغۇن.

**غايىب** سۈپ [ئە] كۆرۈنمەيدىغان، كۆز ئالدىدا بولمىغان، يوقىلىپ كەتكەن؛ مەۋجۇت ئەمەس: غايىب بولماق. غايىب خەزىنە. * بوۋاي بىرنەچچە چامدام مېڭىپلا، كۆزدىن غايىب بولدى.

**غايىبانە** ① رەۋ. ئۆزىنى كۆرمىگەن ياكى سۆھبەتلەشمىگەن ھالدا، سىرتتىن: مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى غايىبانە ھالدا ئۇنى ئەسىر ئەتتى. ② سۈپ. ئۆزىنى كۆرمىگەن، نامەلۇم: قىزنىڭ كۆزى يەنە ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە پەرمانقۇلنى كۆرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن قىز بۇ غايىبانە يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

**غايىسىز** سۈپ. غايىسى يوق، غايىگە ئىگە بولمىغان: غايىسىز ئادەم. * ھەرىگە بەرمەس ھەسەل سۇنىي چېچەك، قونسىمۇ بەرگىگە بولۇپ پايپېتەك. غايىسىز ئۆتكەن باھارىڭدىن چوقۇم، پۇشمىغان قوغۇن بولۇپ كۈزدە خەمەك.

**غايىلىك** سۈپ. غايىسى بار، غايىگە ئىگە: غايىلىك ئادەم. * ياشلىرىمىزنى ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنى تىرىشىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە ساغلام كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**غايىۋى** سۈپ [ئە] ① مۇئەييەن بىر غايە، ئىدېئولوگىيەگە ئىگە؛ مۇئەييەن بىر غايە ئىدېئولوگىيەگە ئاساسلانغان: غايىۋى شەخس. * باللار باشتا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى غايىۋى شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەربىيەلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ. ② يوشۇرۇن: ئۇ غايىۋى كۈچىنىڭ مەدىتى بىلەن خىيالدىن قۇتۇلۇپ، يوتقانىنى تىكىشكە باشلىدى.

**غايىۋىلەشتۈرمەك** «غايىۋىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غايىۋىلەشتۈرۈلمەك** «غايىۋىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەقىل دۇنياسى بۇرژۇئازىيەنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن دۇنياسىدىنلا ئىبارەت.

**غايىۋىلەشمەك** پ. مۇئەييەن بىر غايىگە ئىگە بولماق، مۇئەييەن بىر غايىنى شەكىللەندۈرمەك.

**غايىۋىلىك** ئى ① غايىگە ئىگىلىك. ② <ئەد> بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشى. ئۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ غايىسى قانچىكى ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ ئەسىرىدە ھايات شۇنچىلىك كەڭ، چوڭقۇر ھەمدە ھەققانىي ئىپادىلىنىدۇ، بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز ھالدا يۇقىرى باھالىنىدۇ.

**غەپسە** رەۋ. دىيال. بەك، ناھايىتى، ئەجەب.

**غەپلەت** ئى [ئە] خەۋەرسىزلىك، بىلمەسلىك؛ بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق؛ غاپىللىق؛ نادانلىق: غەپلەت باسماق. غەپلەت ئۇيقۇسى.

**غەپلەتلىك** سۈپ. غەپلەتتە قالغان، غەپلەت باسقان: ئىلىنىڭ بويىدا كەلدىڭ ئالەمگە، ئىلىدەك دولقۇنلۇق بىر ئوغلان ئىدىڭ. ئاتىلار ئاھىدىن ۋەتەن، خەلقىڭگە، غەپلەتلىك ئۇيقۇدىن «تۇر، ئويغان» دېدىڭ.

**غەجەپ** ئى. دىيال. خەتكۈش.

**غەچچەي** ئى. دىيال. سۈتلۈكئوت.

**غەر** ئى [پ] يامان نىيەتتىكى، يامان ئىش قىلىدىغان ئادەم؛ بۇزۇق، پاھىشە ئايال: غەر غەرەزچى كېلەر، ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**غەرەز** ئى [ئە] ① بىركىمگە قارشى يامان نىيەت، مەقسەت (سۆز ـ ھەرىكەت ھەققىدە) : ھىم، سېنىڭ غەرىزىڭ ماڭا ئايان. ② داۋلى، مەقسەت، گەپ: سەنلەرگە ھال ئېيتىشقۇ ئۆلۈكتىن ئىمان سورىغاندەكلا بىر ئىش، ئىنسان بولغاندىن كېيىن غەرەز ئۇقار دەپتىمەن.

**غەرەزچى** ئى. يامان غەرەزدىكى ئادەم، غەرەزگۆي: غەر غەرەزچى كېلەر، ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**غەرەزسىز** سۈپ. يامان غەرىزى يوق، يامان غەرەز يوشۇرۇنمىغان: غەرەزسىز ئادەم. * ئۇنىڭ غەرەزسىز، ساپ مۇھەببەت ئوتى بىلەن چاقنىغان كۆزلىرى مېنىڭدە ھېسسىيات ئويغاتتى.

**غەرەزگۆي** ئى. يامان غەرەزلىك ئادەم، غەرەزچى: بىز توغرىمىزدا يامان مەقسەت بىلەن سىزگە چېقىمچىلىق قىلغان ئىغۋاگەر ۋە غەرەزگۆيلار بۇ مەجلىسكە كېلىشسۇن ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ شۇملۇق كەشپىياتلىرىنى ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئىسپات قىلىپ، بىزنى يېڭىباشتىن دار ئاستىغا ئەۋەتسۇن!

**غەرەزلىك** سۈپ. يامان غەرىزى بار، يامان غەرەز يوشۇرۇنغان: ھوشۇر ئەلەس بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا غەرەزلىك ھالدا ئېگىشىپ گۈلچىمەننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

**غەرب** ئى [ئە] ① دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى؛ شەرققە قارىمۇقارشى تەرەپ؛ كۈنپېتىش: كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربتە ئولتۇرىدۇ. ② غەربىي ياۋروپا، ياۋروپا ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى: ھازىرقى غەرب تېبابىتى خەۋەرسىز تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر تېبابىتىدە مەۋجۇت.

**غەربپەرەس** سۈپ. غەربنى ياقلايدىغان، غەربكە مايىل: 2000 ـ يىلى مىلوشېۋىچ تەختتىن چۈشۈپ، غەربپەرەس كوشتونىچا يۇگوسلاۋىيەگە پىرېزىدېنت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بالقان ۋەزىيىتىدە كومېدىيەلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

**غەربچە** سۈپ. غەرب ئەللىرىگە خاس، غەرب ئەللىرىدە بولىدىغان: غەربچە كىيىم.

**غەربلەشتۈرمەك** «غەربلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇنداق قىلغانلىق ھەرگىزمۇ تېباتچىلىقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى «غەربلەشتۈرگەنلىك» بولمايدۇ.

**غەربلەشتۈرۈلمەك** «غەربلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غەربلەشمەك** پ. مەدەنىيىتى، تۈزۈلمىسى ۋە شۇ قاتارلىقلار غەربلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولماق، غەربنىڭكى ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ ئىشلىتىلمەك: پۇتۇنلەي غەربلىشىش دېگەن تەشەببۇس — خاتا نۇقتىئىنەزەر.

**غەربلىك** ئى. غەرب ئەللىرىدە ياشىغۇچى كىشى: ئۇلار سىزنىڭ غەربلىك، يەنە كېلىپ، ئەمدىلا جەنۇبىي ئوكيان سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ، نېمىلا بولمىسۇن سىزنىڭ ھەمراھ

بولۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز ۋاتىمىز.

**غەربىي** سۈپ [ئە] غەرب تەرەپكە جايلاشقان، غەرب تەرەپتىكى: غەربىي جەنۇب. غەربىي شىمال.

**غەربىي دىيار** <تارىخ> خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، هازىرقى يۈمىنگۇەننىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلار بۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**غەرق** سۈپ [ئە] ① بىرەر نەرسە ئىچىگە چۆككەن، چۆمۈلگەن، پاتقان: سۇغا غەرق بولماق. غەرق قىلماق. ② ھەددىدىن زىيادە، ھەددىدىن تاشقىرى، ناھايىتى: غەرق مەست.

**غەزەپ** ئى [ئە] ھەددىدىن زىيادە نەپرەت، ئاچچىق: غەزىپى كەلمەك. * مۆمىن ئاكامنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

**غەزەپلەندۈرمەك** «غەزەپلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇنداق بىر قەدىردان دوستىنىڭ يامانلاردىن چىشى چۇشكۇدەك دەرىجىدە ئازار يېگەنلىكى، شۇ تاپتا سۇتۇقنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى.

**غەزەپلەنمەك** پ. غەزىپى كەلمەك، قاتتىق ئاچچىقلانماق: ئۇ كۆز ئالدىدا ئاشكارا ھالدا يۈز بېرىۋاتقان بۇنداق كەمسىتىش ۋە خورلۇققا ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپلەندى.

**غەزەپلىك** سۈپ. غەزىپى بار، غەزەپكە كەلگەن: بوۋاينىڭ غەزەپلىك تۇرقى ئۆزگىرىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ـ دە، تاپىسىغا كېلىپ، شائىر بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى.

**غەزەپلىنىشمەك** «غەزەپلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىشتى.

**غەزەپ ـ نەپرەت** غەزەپ ۋە نەپرەت: خەت ئوقۇلۇپ تۈگە ـ تۈگىمەي، خەلق توپى دېڭىزدەك چايقىلىپ، تۈگۈلگەن مۇشتلار ھاۋادا پۇلاڭلاپ، غەزەپ ـ نەپرەت سادالىرى گۈلدۈرماممىدەك ياڭراپ كەتتى.

**غەزەل** ئى [ئە] <ئەد> ① دەسلەپكى بېيىتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيەداش بولغان، كېيىنكى بېيىتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى دەسلەپكى ئىككى مىسراسىغا قاپىيەداش بولۇپ كېلىدىغان لىرىك شېئىر: نەۋائىيى غەزەللىرى. گۇمنام غەزەللىرى. ② ئاھاڭغا سېلىنغان شۇ خىل شېئىر؛ ناخشا: غەزەل ئېيتماق.

**غەزەلچى** ئى. غەزەل ئېيتىدىغان ئادەم: بۇ بازاردا غەزەلچىلەر، راۋابچىلار، ئىت تالاشتۇرغۇچىلار... ئىشقىلىپ خىلمۇخىل ئادەملەر بار ئىدى.

**غەزەلخان** ئى [ئە + پ] ← **غەزەلچى**: غەزەلخان بولمىسا بۇلبۇل، كىرەرمۇ جىلۋىگە ھەر گۈل. ئاشارمۇ قىممىتى گۈلنىڭ، قونماي بەرگىگە بۇلبۇل؟

**غەزەلخانلىق** ئى. غەزەل ئېيتىش، غەزەل ئوقۇش: ــ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز غەزەلخانلىق ئەمەس، بەلكى ھويلا ـ ئارامنى ئوغرى ـ يالغاندىن، ئېغىل ـ قوتاننى بۆرە ـ قاۋاندىن ساقلاش، ــ دېدى تاغىل ئىت.

**غەزەلىيات** ئى [ئە] بۇ سۆز ئەسلىدە «غەزەل» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «غەزەللەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناخشىلىرى لىرىك غەزەلىيات، خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرىدىن تۈزۈلگەن.

**غەزۋە** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە تۈۋىدىن شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى قوشۇق ياكى يىپ شەكلىدە بولۇپ، يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۆتەل توختىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**غەزىنەت** ئى. دىيال. تاپا ـ تەنە: ئۇ غەزىنەت قىلماي، زارلانماي، قاقشىماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ.

**غەسسال** ئى [ئە] دىيال. مېيىتنى يۇيىدىغان ئادەم، مېيىت يۇغۇچى.

**غەسل** ئى [ئە] مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن بۇرۇنقى يۇيۇش ھەرىكىتى: غەسل قىلماق.

**غەش** سۈپ [پ] بىرەر نەرسىدىن تەشۋىشلەنگەن، خاپا بولغان، خاپا، تۇتۇق (كۆڭۈل ھەققىدە): غەش بولماق. غەش قىلماق.

**غەشلەنمەك** پ. غەش، خاپا بولماق، غەش ھالەتكە كەلمەك: ئادەمزاتنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئىستىبداتسىزلىرى ئەڭ ئىستىبداتلىقلىرىنىڭ نەپسىدىن غەشلىنىپ، بوغۇلۇپ، قارىداپ كېتىدۇ.

**غەشلىك** ئى. بىرەر نەرسىدىن تەشۋىشلىنىش، بىئاراملىق: كۈندە دېگۈدەك ھاۋا تۇتۇلۇپ كۆڭۈلگە غەشلىك سالاتتى.

**غەلەت** سۈپ [ئە] يالغان، ساختا، راست بولمىغان: غەلەت سۆز. غەلەت گەپ.

**غەلدى ـ غەش** قالدى ـ قاتتى، كېرەكسىز نەرسىلەر، ئەخلەت ـ چاۋار، سۈپۈرۈندى: شاۋكەت لىقمۇلىق بىر قازان قوغۇشۇننى چەككىلەپ، غەلدى ـ غەشلىرىنى پاكىز سۈزۈپ بولدى.

**غەللە** ئى [ئە] ① ئاشلىق، مەھسۇلات: غەللە ـ پاراق. ② تۈگمەن ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئاشلىق ياكى باشقا نەرسە. ③ سودا دۇكانلىرىدا سودىدىن چۈشكەن پۇل: غەللە ساناماق. ④ سودىدىن چۈشكەن پۇلنى سالىدىغان ساندۇقچە: غەللىگە پۇل سالماق.

**غەللە ـ پاراق** دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە مەلۇم نىسبەت بويىچە باج ئورنىدا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى: غەللە ـ پاراق تاپشۇرماق. * ــ ياق، ــ دېدى قىز دادىسىغا خۇشال كۈلۈمسىرەپ، قوشنا دادۇينىڭ غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇشقا كىرگەن تىراكتورىغا ئولتۇرۇۋالدىم.

**غەللىچى** ئى. غەللە ـ پاراق يىغىدىغان ئادەم.

**غەلۋە** ئى ① جېدەل، ماجىرا: غەلۋە كۆتۈرمەك. * كاۋاپچىنىڭ غەللىسىدە قالغان 30 كويىنى قايتۇر دەپ غەلۋە قىلىپ ھۆرپىيىۋاتىدۇ. ② ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ: ــ غەلۋە قىلماڭلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم يىغىن باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ. ③ توپىلاڭ: يۇرتىدا غەلۋە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان بەك خاپا بولدى.

**غەلۋە ـ غوۋغا** ئۇرۇش ـ جېدەل: قازىخانىنىڭ ئىچى غەلۋە ـ غوۋغا بىلەن تولۇپ كەتتى.

**غەلۋىچى** سۈپ. ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق، جېدەلخور: غەلۋىچى ئادەم. * ــ قاراڭ، غەلۋىچىلەر يەنە كەلدى، ــ دېدى ئۇ ماڭا.

**غەلۋىخور** سۈپ. جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، غەلۋىچى: ــ تازىمۇ غەلۋىخور ئادەم ئىكەنسىلەر! ــ ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، لېكىن تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن غەزەپلىك ئاۋازلار ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

**غەلۋىر** ئى. بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى تاسقاش ئۈچۈن كىرىش ياكى سىمدىن توقۇلغان، قاسقانلىق ئۆي سايمىنى، تۆشۈكلىرى ئەلگەكتىن چوڭراق: ئۇ: ــ مەن ئامباردىن غەلۋىر ئېلىپ بېرەي، مۇشۇ يەردىلا تازىلا، ــ دەپ بۇيرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

**غەلۋىرەك** ئى <تېب> ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى

زەنجىرسىمان باكتېرىيەلەرنىڭ تۆك خالتىسىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلى.

**غەلۋىرچى** ئى. غەلۋىر ياساپ ساتىدىغان ئادەم.

**غەلۋىرسىمان** سۈپ. شەكلى غەلۋىرگە ئوخشاش، غەلۋىر شەكىللىك: غەلۋىرسىمان نەيچە. غەلۋىرسىمان ھۈجەيرە.

**غەلۋىسىز** سۈپ. غەلۋىسى يوق، غەلۋە قىلمايدىغان: غەلۋىسىز ئۆي. غەلۋىسىز بالا.

**غەلۋىلىك** سۈپ ① غەلۋە چىقىپ تۇرىدىغان، غەلۋە-غوۋغىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: غەلۋىلىك ئۆي. غەلۋىلىك مەھەللە. ② ۋاراڭ-چۇرۇڭ، سۈرەن-چۇقانلار تولا؛ ئەنسىزلىك.

**غەلىبە** ئى [ئە] ① ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۈستۈنلۈك، مۇۋەپپەقىيەت؛ زەپەر: غەلىبە قىلماق. غەلىبە قازانماق. ② بىرەر ئىشتىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت: بۇ يىل باھاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىندى. * ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**غەلىبىسىرى** رەۋ. غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قۇچۇپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ: ئۇلار بۇ سوئالغا: «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

**غەلىبىلىك** ① سۈپ. غەلىبىسى بار، غەلىبە قىلغان، غەلىبىگە ئېرىشكەن: غەلىبىلىك سەپەر. غەلىبىلىك يىغىن. ② رەۋ. غەلىبە بىلەن، غەلىبە قىلغان ھالدا: شۇنىڭ بىلەن تولغاق مىكروبلىرى پاك-پاكىز يوقىتىلىپ، جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

**غەلىتە** سۈپ [ئە + پ] كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ، ئۆزگىچە، باشقىچە: غەلىتە ئادەم. غەلىتە ئىش. غەلىتە خىيال. * ساۋۇت تۇيۇقسىزدىن بىر قۇشنىڭ غەلىتە سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

**غەلىتىلەشمەك** پ. غەلىتە ھالەتكە كەلمەك، ئۆزگىچە بولۇۋالماق: خېلى كۈنلەردىن بۇيان قىزنىڭ غەلىتىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئابلائاخۇن خەلچىخاننى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ بېقىشقا بۇيرۇدى.

**غەلىتىلىك** ئى. غەلىتە ھالەت: غەلىتىلىك ھېس قىلماق. * ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى غەلىتىلىك ئەكرەمنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

**غەلىيان** ئى [ئە] يېز ت. قارشىلىق، نارازىلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسيان، توپىلاڭ، قوزغىلاڭ، غەلۋە، ماجىرا: غەلىيان كۆتۈرمەك. غەلىيان قىلماق.

**غەلىيانچى** ئى. توپىلاڭچى، قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى، ئىسيانكار: پالتىبەگ باشقا بەگلەر بىلەن بىللە غەلىيانچىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى.

**غەلىيانلىق** سۈپ. توپىلاڭ، ئىسيان كۆتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭ بولغان: ئۆتكەنكى شۇ غەلىيانلىق يىللارنىڭ يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغىنىغا تېخى ئانچە كۆپ ۋاقىت بولمىدى.

**غەم** ئى [ئە] ① ئەندىشە، تەشۋىش، ئەنسىرەش: غەم قىلماق. غەمدە قالماق. * ئەرنىڭ غېمى ئەلدە (ماقال). ② كۆچمە. تەييارلىق، ھازىرلىق: كەنتتىكىلەر مال-چارۋىلارنى قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ.

**غېمىدە يوق** ئويلاپمۇ قويماي، خىيالىغا كەلتۈرمەي، بىغەم ھالدا: ئەنۋەرنىڭ قوللىرى تىترىدى، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە يالت قىلىپ ئادىلغا قارىدى، ئۇ بولسا غېمىدە يوق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

**غەم-ئەندىشە** غەم ۋە ئەندىشە: ئاپرېل ئېيى ئەتراپنى قانچىلىك گۈزەللىك بىلەن بېزىگەن بولسۇن، ئۇ بەربىر ئادىلنىڭ غەم-ئەندىشە بىلەن تولغان كۆڭلى ئۈچۈن تەسەللى بولالمايتتى.

**غەمخان** [ئە + پ] ① ئى. باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلغۇچى، مېھرىبان، غەمگۇزار: ياراتقان ئىگىسى بىلىدۇ بالام، خۇدايىمنىڭ ئۆزى غەمخان، كەچ قويسىمۇ، ئاچ قويماس دەپتىكەن. ② سۈپ. كۆچمە. پەرىشان، غەمكىن: مەن بىر ئىشقا خېلىدىن ھەيران، ئويلىغانچە بولىمەن غەمخان.

**غەمخانە** ئى [ئە + پ] قايغۇ، غەم-ھەسرەتلىك جاي: — كەلسىلە مامۇت ئاكا، يۇقىرى ئۆتسىلە. پېقىرنىڭ غەمخانىسى، — سېيىت سارغىيىپ تۆكلىرى كۆيۈپ كەتكەن ئۆچكە تېرىسىنى ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

**غەمخور** سۈپ [ئە+پ] باشقىلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان، كۆيۈنىدىغان، مېھرىبان: ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ غەمخور قىلىپ كۆرسىتىپ، شاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. * كىم يېتەر مەنزىلگە بىر باش بولمىسا، جان كۆيەر غەمخور سەپەرداش بولمىسا.

**غەمخورلۇق** ئى. كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق: ئەمەت باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى.

**غەمزە** ئى. ناز، جىلۋە.

**غەمزىدار** سۈپ [ئە + پ] ناز-كەرەشمىلىك، جىلۋىدار: ئۇ غەمزىدار شېئىرىي نازاكەتتە چاقناشقان كۆزلىرى بىلەن ئەسلىمە ماكانىدىكى مەۋجۇداتلارنى مالتىلايدۇ-دە، ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ھەربىر مەنزىرە قويۇق لىرىك كەيپىياتقا چۆمىدۇ.

**غەمسىز** سۈپ. غېمى يوق، بىغەم: غەمسىز ئادەم. * ھەببە ئاغزىنى تامشىپ ياتقان غەمسىز بوۋاققا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، يۈز-كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى.

**غەمسىزلىك** ئى. غەمسىز ھالەت، بىغەملىك: ئەلنىڭ غەمسىزلىكى پادىشاھلارنىڭ تىنچ-ئامانلىقىدۇر.

**غەمسىنماق** پ. چىراي شەكلىدىن غەمكىنلىك ئىپادىلەنمەك، غەمكىنلىك ھېس قىلماق، غەمكىنلەشمەك: توختىئاخۇن خوتۇنىغا: — كىممۇ زەھەر يۇتۇپ غەمسىنىپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دەپتىكەن، سەن ئوبدان خىيال قىل، بىزنىڭ بېشىمىزغا غەم-قايغۇ كەلگەندە ئۇلار بىز بىلەن تەڭ قايغۇرغان، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

**غەم-غۇسسە** غەم-قايغۇ، غەم-ھەسرەت، خاپىلىق: ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى خۇشال-خۇرام تۇتۇشى كېرەك. ھەرقانچە قىيىنچىلىق ۋە غەم-غۇسسە ئىچىدە بولسىمۇ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش ھەر جەھەتتىن ياخشى.

**غەم-قايغۇ** غەم ۋە قايغۇ: شۇ تاپتا شائىر ھېكىم نۇرنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. ھېكىم نۇر مەسلىسى سەپداشلارنى غەم-قايغۇغا سېلىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى قايتا-قايتا ھوشيارلىققا ئۈندەۋاتقان ئېغىر بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

**غەمكىن** سۈپ [ئە] غەم-ئەندىشىگە پاتقان، غەم باسقان، قايغۇلۇق، مىسكىن، مەيۈس: ھاجى غەمكىن خوشلىشىپ قايتتى.

**غەمكىنلەشمەك** پ. غەمكىن ھالەتكە كەلمەك، غەمكىن بولماق، مەيۈسلەنمەك: بەزى چاغلاردا، ئۇ شۇ قەدەر غەمكىنلىشىپ كېتەتتىكى، نېمە قىلارىنى بىلمەي، مېخانىكىلىق ھالدا كۈندىلىك خاتىرىلا يازاتتى.

**غەمكىنلىك** ئى. غەمكىن ھالەت: مۇتەللىپ بالىلارغا غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

**غەمگۇزار** سۈپ [ئە + پ] باشقىلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلغۇچى، كۆيۈمچان، مېھرىبان، غەمخور: شوق شامال غەمگۇزار قىزنىڭ كەڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ماڭلاي چېچىنى خۇددى مايسىنى تەۋرەتكەندەك يەلپۈپ تارايتتى.

**غەملەتمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غەملەشمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كەم - كوتىلىرىنى غەملىشىپ، سەپەرگە تەخ بولۇپ تۇرۇشتى.

**غەملەنمەك** «غەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چارۋىلارنىڭ قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكى غەملەندى.

**غەملىك** سۈپ. غېمى بار، غەمگە پاتقان، غەمكىن، قايغۇلۇق: قەمەرۇززامان كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، كۆڭلى سۇنۇق، دىلى مۇڭلۇق، ئۆزى غەملىك ھالدا ئاتىسىغا قاراپتۇ.

**غەملىمە** ئى غەملەنگەن پۇل، نەرسە؛ جۇغلانما: غەملىمە فوندىنىڭ بىرىنچى قېتىمدا تۆلەش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلىپ، داۋالىنىش قىممەت بولۇش مەسىلىسى پەسەيتىلدى.

**غەملىمەك** پ ① كېرەك بولغان نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلىماق، ھازىرلىماق، يىغماق: بىز ئون كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەپ ھوشۇر ئاكا بىلىدىغان نىشانلارغا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتۇق. ② كۆچمە. تويدۇرماق: نېمىشقا شۇنى ئاپىرىپ بېرىش باھانىسى بىلەن قورسىقىمنى غەملەپ كەلمەيمەن.

**غەمناك** سۈپ [ئە + پ] يېزىق ت. روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن، غەمكىن؛ خاپا: مەن ئىشق چۆلىدە غەمناك بولۇپ يۈرگەن بىر يىگىتنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندىم.

**غەم - ھەسرەت** غەم ۋە ھەسرەت: جەمئىيەتتە ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئادەملەر غەم - ھەسرەت دېگەننى بىلمەيدۇ دەيدىغان سۆز توغرا ئەمەس ئىكەن.

**غەنىم** ئى [ پ ] ياۋ، دۈشمەن؛ رەقىب: بىز بۈگۈن ئۇلۇغ بۈيۈك ھەزرەتلىرىنىڭ روھىنى شاد ئەيلىمەكچى بولغىنىمىزدا غەنىملەر پىتنە قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

**غەنىي** [ئە] ① سۈپ. ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدىغان؛ باي، دۆلەتمەن: غەنىيلەرگە كۈندە مەشرەپ، كۈندە توي، غېرىبلارغا كۈندە ھەسرەت، كۈندە ئوي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غەنىيلىك** ئى. دۆلەتمەنلىك: غەنىيلىك ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.

**غەنىيمەت** [ئە] ① ئى <ھەرب> ئۇرۇش ياكى ئوۋلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا، قورال - ياراغ ياكى ھەر خىل ماددىي ئەشيالار: غەنىيمەت ئالماق. ② سۈپ. تېزدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان، قەدرىگە يېتىش لازىم بولغان (ئادەم ياكى نەرسىلەر ھەققىدە)؛ ئەڭ قولاي، ئەڭ مۇۋاپىق ( پەيت، ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەر ھەققىدە): ۋاقىت غەنىيمەت. * گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت (ماقال).

**غەۋۋاس** ئى [ئە] ① سۇ ئاستىغا چۈشۈپ، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدىغان كىشى: — ئەي غەۋۋاسلار! ھەممىڭلار بۇ كېچىگە دەريادىن گۆھەر تاشلاپ بېرىڭلار، بۇ يەردىن تېز يانسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى پادىشاھ. ② سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان مەخسۇس كىيىملەرنى كىيىپ، سۇ ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىم: غەۋۋاس كىيىمى.

**غەۋۋاسلىق** ئى. سۇ ئاستىغا چۈشۈش ئىشى: غەۋۋاسلىق قىلماق.

**غەيرەت** ئى [ئە] ① بىرەر ئىشنى تېزرەك ئورۇنداشقا بولغان ئىنتىلىش، تىرىشچانلىق، جاسارەت: غەيرەت بەرمەك. غەيرەت قىلماق. * ھۇرۇننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غەيۋەتپەرۋەر** سۈپ [ ئە + پ ] غەيرەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، دەۋەت قىلىدىغان؛ ياقلايدىغان: غەيرەتپەرۋەر كىشى.

**غەيرەتپەرۋەرلىك** ئى. غەيرەت قىلىشنى تەشەببۇس، دەۋەت قىلىش؛ ياقلاش: راخاۋەت دەپ غىزاخورلۇق ۋە غەيرەتسىزلىككە ئېيتىلۇر. ئۈمىد ۋە تىرىشچانلىقنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى راخاۋەتتۇركى، ئۇ غەيرەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىزنى يوق ۋە بەربات ئېتۇر، بىر مۇنچىلىغان مەيۇسانە پىكىر ۋە خىياللارغا دۇچار ھەم گىرىپتار قىلۇر.

**غەيرەت - جاسارەت** غەيرەت ۋە جاسارەت: بىز جەزمەن ئامىمىغا، ئامىمىنىڭ غەيرەت - جاسارىتىگە ئىشىنىشىمىز لازىم.

**غەيرەتچان** سۈپ. غەيرىتى بار، غەيرەت قىلالايدىغان، غەيرەتلىك: ئۇ بەك غەيرەتچان ئادەم ئىدى.

**غەيرەتچانلىق** ئى. غەيرىتى بولۇش، شىجائەت قىلىش، غەيرەتكارلىق.

**غەيرەتسىز** سۈپ. غەيرىتى يوق، جۈرئىتى يوق: غەيرەتسىز ئادەم. * ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەپ كايىدى.

**غەيرەتسىزلىك** ئى . غەيرىتى يوقلۇق: غەيرەتسىزلىك ئادەم ئۈچۈن ئېغىر نۇقسان.

**غەيرەت - شىجائەت** غەيرەت ۋە شىجائەت: ئالىي ئىستەك كىشىدە غەيرەت - شىجائەت پەيدا قىلىدۇ.

**غەيرەتكار** سۈپ [ ئە + پ ] غەيرەتلىك، غەيرەتچان: بۇ قېتىمقى نەتىجە ئاساسىدا خەلقىمىزنىڭ بۇ مۇبارەك ئەنئەنىۋى سەنئىتى تېلېۋىزىيە خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كەسپىي غەيرەتكارلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىدا زەپەرلەر قۇچقۇسى!

**غەيرەتكارلىق** ئى. غەيرەتلىك بولۇش، غەيرەتچانلىق.

**غەيرەتلەندۈرمەك** «غەيرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەي توز ئاچا، شۇنداق قىلىپ مەن ھېلىقى شىرنىڭ بالىسىنى «ئادەم ئوغلىدىن ئېھتىيات قىل!» دەپ غەيرەتلەندۈرگەنىدىم، ئاخىرى ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى.

**غەيرەتلەندۈرۈشمەك** «غەيرەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غەيرەتلەندۈرۈلمەك** «غەيرەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غەيرەتلەنمەك** پ. غەيرەتكە كەلمەك، غەيرىتى قوزغالماق، غەيرەت قىلماق، روھلانماق: ئۇلار قايتىدىن غەيرەتلىنىپ، بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن «تۇمشۇق» قا يېتىپ كەلدى.

**غەيرەتلىك** سۈپ. غەيرىتى بار، جۈرئەتلىك: غەيرەتلىك ئادەم. // — بەللى يارايسەن ئوغلۇم! مۇشۇنداق غەيرەتلىك بولساڭ، چوڭ بولغاندا راست ئايروپىلان ھەيدىيەلەيسەن، — دەپ ماختىدى ئۇ.

**غەيرىي** سۈپ [ئە] ① باشقا، باشقىچە، ئۆزگە، ئۆزگىچە: ئۇنىڭ قىزغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدە كۈچلۈك بولغان بىر خىل غەيرىي ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى يېغىپ تۇراتتى. ② ناتونۇش، يات، بىگانە، يوچۇن: غەيرىي ئادەم. غەيرىي دىن. غەيرىي يۇرت.

**غەيرىيلىك** ئى ① غەيرىي ھالەت. ② ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدىكى مەلۇم قىسىملارنىڭ يېتىلىشىدىكى نورمالسىزلىق ھادىسىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قولدا ئالتە بارماق بولۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**غەيۇر** سۈپ [ئە] غەيرىتى بار، غەيرەتلىك، جەسۇر، قەيسەر، باتۇر: — مېنىڭ ئېرىم ناھايىتى غەيۇر كىشى، — دېدى مەلىكە، — مېنىڭ يېنىمغا سىزدەك شاھلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ.

**غەيۇرانە** ① رەۋ. غەيۇرلارچە، مەردانىلەرچە: غەيۇرانە چامداماق. غەيۇرانە سۆزلىمەك. ② سۈپ. غەيۇرلاردەك، باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان: ئۇ ئاستا تولغاندى، لېكىن چىرايى شۇنچىلىك مەردانە، نۇر يېغىپ تۇرار. ئەڭ جۇشقۇن بىر تۇيغۇ، غەيۇرانە روھ، تىتىلغان بويىدا قايناپ جۇش ئۇرار.

**غەيۇرلۇق** ئى. جاسارەتلىك، قەيسەرلىك: ئۇنىڭ قېرى دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار بىلەن تۈگەل قاپلانغان پېشانىسىدە ياشاشقا ئىشتىياق باغلىغان ھارماس، قەيسەر ئادەمگە خاس غەيۇرلۇق، پاراسەت ۋە خۇش كۆڭۈللۈكنىڭ شولىسى ئوينايدۇ.

**غەيۋەت** ئى [ئە] بىراۋ توغرۇلۇق باشقا بىركىمگە قىلىنغان يامان گەپ؛ ئارقىدىن قىلىنغان گەپ، سۆز ـ چۆچەك: غەيۋەت قىلماق. * گاس دەپ غەيۋەت قىلما. قارىغۇ دەپ خىيانەت قىلما (ماقال).

**غەيۋەتچى** ئى. دائىم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم، غەيۋەتخور: غەيۋەتچىلەرنىڭ غەيۋىتىنى تىڭشىغانلىقمۇ غەيۋەت قىلغانغا يېقىن پەس قىلىق. // ھەيرانمەن، غەيۋەتچى خوتۇنلاردەك ئۇششاق گەپلەرنى يازغىلى تۇرغىنىنى قارىمامسەن.

**غەيۋەتچىلىك** ئى. غەيۋەت قىلىش ئادىتى؛ غەيۋەتخورلۇق.

**غەيۋەتخور** [ئە + پ] ① سۈپ. دائىم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان: غەيۋەتخور ئادەم. ② ئى. دائىم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم، غەيۋەتچى: غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى (ماقال).

**غەيۋەتخورلۇق** ئى. غەيۋەت قىلىش ئادىتى: غەيۋەتخورلۇق ئىنساندىكى ئەڭ پەسكەش مىجەز.

**غەيۋەت ـ شىكايەت** غەيۋەت ۋە شىكايەت: راھىلە بۇلارنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلمىدى.

**غوپ** تەق. ئىچى كاۋاك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە سەل بوشراق كېلىدىغان نەرسىلەرنى تىققاندا چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ ئۆتۈكنى غوپ قىلىپ كىيىۋالدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

**غوپپىدە** رەۋ. «غوپ» قىلغان ھالدا، «غوپ» قىلىپ: ئۆتۈكنى غوپپىدە كىيمەك.

**غوپ ـ غوپ** «غوپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غوپ ـ غوپىلاڭ** دىيال. قۇپقۇرۇق، بوش.

**غوت** تەق. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيتىلغان كوتۇلداشقا تەقلىد قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**غوت ـ غوت** «غوت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: نېمىدېگەن كۆپ گەپ غوت ـ غوت بۇ، پىكرىڭ بولسا ئوچۇق دېمەمسەن.

**غوتۇلداتماق** «غوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غوتۇلداشماق** «غوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — غوتۇلداشماڭلار، پىكىر بولسا، ئاشكارا بەرسەڭلەر بولىدۇ. — دېدى مەجلىس رەئىسى يان تەرەپتە ئولتۇرغانلارغا قاراپ.

**غوتۇلداق** سۈپ. دائىم ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس بىر نېمىلەرنى دەيدىغان، تولا غوتۇلدايدىغان.

**غوتۇلدىماق** پ. بىرەر نەرسىدىن نارازى بولۇپ، ئېنىقسىز بىر نېمىلەرنى دېمەك؛ كوتۇلدىماق: زەينەپ ئۆزىنىڭ خاتاسىنى چۈشەندى ۋە سۆزلىيەلمەي غوتۇلدىدى.

**غوجا** ئى [پ] → **خوجا**.

**غوجا تام** تامنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرەك ئورنىدا يۆلەپ قوپۇرۇلغان تام: ئەكبەر غوجاتام ۋە تىرەكلەر تىرەلگەن تاملارغا قارىدى.

**غوداي** ئى <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. بوينى قىسقا، ئاغزى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، رەڭگى كۆكۈچ، گېلىدا پوقىقى بار، ئاساسەن بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غودۇر** سۈپ ① ئۈستى سىلىق، تەكشى بولمىغان؛ قوتۇر: ئادىل قەپەسنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىگە ياماشتى. ئۈجمە دەرىخى توم ھەم غودۇر ئىدى. ② بىر كىم تېرىمىغان، پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە، ئېگىز ـ پەس ئۈنۈپ قالغان: غودۇر ئۈنمەك. غودۇر بۇغداي.

**غودۇر بۇغداي** بىر كىم تېرىمىغان، ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەردە، بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان بۇغداي.

**غودۇر ـ بۇدۇر** ئويمان ـ چوڭقۇر، ئېگىز ـ پەس، تەكشى ئەمەس: كېسەلنىڭ ئورۇق، تاتارغان غودۇر ـ بۇدۇر يۈزلىرى ۋە ئۆسۈپ قالغان ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەرتامچىلىرى چىمىرلاپ تۇراتتى.

**غودۇر ـ دۆڭ** سۈپ. يىرىك، قوپال؛ ئېگىز ـ پەس: كويۇئوغۇلنىڭ يېرىلىپ كەتكەن غودۇر ـ دۆڭ قوللىرىنى ھەرەڭ ـ سەرەڭ قىلىپ، كېپىكىنىڭ بالىسىدەك چىرايلىق قىزنى ھەر تەرەپكە ئېگىپ ئوينىغۇسى كەلدى.

**غودۇرلاشماق** پ. غودۇر ھالەتكە كەلمەك؛ يىرىكلەشمەك.

**غودۇرلۇق** ئى <سۇ> دەريا قىنى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياكى تۇرۇبا دىۋارىنىڭ يىرىكلىك دەرىجىسى. ئۇ سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىش سۈرئىتىگە قارىتا گەۋدىلىك رول ئوينايدۇ.

**غودۇڭشىتماق** «غودۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غودۇڭشىشماق** «غودۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غودۇڭشىغاق** سۈپ. تولا غودۇڭشىيدىغان: غودۇڭشىغاق ئادەم.

**غودۇڭشىماق** پ. بىرەر ئىشقا نارازى بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلماق، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دېمەك: بەزىلەر نارازى بولۇپ غودۇڭشىدى.

**غور** I ئىم → **غور ـ غور** I .

**غور** II تەق. قورساق ئاغرىپ ئىچى سۇرگەندە چىققان ئاۋاز.

**غورا** [پ] ① ئى. ئۆرۈكنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن مېۋىسى: غورا يېمەك. ئۆرۈك غورىسى. ② ئى. ئاساسەن پىشىپ يېتىلمىگەن مېۋە؛ توڭ: سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشار (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن، ھېچ ئىش كۆرمىگەن؛ كىچىك: — ھوي، شۇ غورىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ يۈردۈڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي غەزەپ بىلەن.

**غورا قاپاق** دۆڭ قاپاق: خۇرشىدە غورا قاپاق، دوغىلاق كەلگەن، كۆك كۆز، 50 ياشلاردىكى ئايال ئىدى.

**غوراپ** ئى. دىيال. خام ئۈزۈم.

**غورتەك** سۈپ. ۋىجىك، كىچىك؛ كىشىلەر كۆزگە ئىلماي-
دىغان، قەدىرسىز: بۇگۇنكى كۈندە ئېتىزدا پېشانىسى كۆيگەندەك
ئىشلىمەي،ھە دېسە ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇۋاتقان ئاشۇ قادىردەك
غورتەكلەردىن كېيىن قالدىمۇ؟

**غور- غور** I قوچقار سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ئىككى قوچ-
قارنى سوقۇشتۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ئۈندەش ئىماسى: مەيدانغا
ئىككى تەرەپتىن ئىككى قوچقارنى ئىككى ئادەم يېتىلەپ كىرىپ، بىر -
بىرىگە قارىتىپ توختاتتى، بىر پەستىن كېيىن «غور - غور» دەپ قويۇپ
بېرىۋىدى، ئۇلار شۇنداق قاتتىق سوقۇشتىكى، ناۋادا پولات ئىككى قوچ-
قارنىڭ ئارىسىدا قالغان بولسا، مىجىلىپ كەتكەن بولاتتى.

**غور- غور** II «غور II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: غور - غور قان
ئاقماق.

**غورۇ** ئى ① قوتان ۋە ھويلا - ئارامىلارغا ئىشىك ياكى تام
ئورنىدا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ياغاچلارنى بىر - بىرد-
گە پاراللېل قىلىپ ياسىغان توسما: ئارۇپ بوۋاي هارۋىدىن چۈ-
شۈپ، غورۇ ياغاچلىرىنى ئېلىۋەتتى. ② قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنى
ئىچىدىن تاقاپ قويىدىغان توغرا ياغاچ؛ تاقاق: ئۇلار دەرۋازا تۈۋد-
گە كېلىپ قارىسا، دەرۋازا چىڭ ئېتىلىپ، غورۇ سېلىپ قويۇپتۇ.

**غورۇڭ** تەق. زۇكام ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاۋازد-
نىڭ ئۆزگىرىپ بوم چىقىشىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**غورۇڭ- غورۇڭ** «غورۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىجەزىڭ
يوقمۇ نېمە، ئاۋازىڭ غورۇڭ - غورۇڭلا چىقىدۇغۇ؟

**غورۇلانماق** «غورۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
قىز ئەختەمباينىڭ بېدىلىك بېغىنىڭ غورۇلانغان ئىشىكىگە يۆلىنىپ
تۇراتتى.

**غورۇلاي** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. ماكىلىيى بىلەن
بېشىنىڭ ئىككى يېنى قارا، بوينى كۈل رەڭ كۆك، دۈمبىسى
قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. دۈمبىسىدە قارا رەڭدە دولقۇنسىمان
توغرا يوللىرى بولىدۇ، هاشارات ۋە كىچىك قۇشلار بىلەن ئو-
زۇقلىنىدۇ.

**غورۇلداتماق** «غورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غورۇلدىماق** پ. «غور - غور» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غور -
غور» قىلماق: قورسىقى غورۇلداپ ئاغرىماق.

**غورۇلۇق** سۈپ. غورۇسى بار، غورۇ بېكىتىلگەن: غورۇلۇق ھويلا.

**غورۇلىماق** پ. غورۇ بىلەن ئەتمەك، تاقىماق: بىلال ئەزىزى شۇ
چاغدىلا دەرۋازىنىڭ تاقاقسىز قالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئىتتىك چى-
قىپ ئۇنى ئىچىدىن غورۇلاپ كىردى.

**غورىگىل** سۈپ. كەمبەغەل، نامرات؛ بايىشات ئەمەس: غورد-
گىل تۇرمۇش. * بۇنىڭغا تولىمۇ خۇشالمەن، گەرچە داستىخىنىمىز غو-
رىگىل بولسىمۇ، رەنجىشمەي، خۇشال ئولتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىد-
مەن.

**غورىگىلچىلىك** ئى ← **غورىگىللىق:** شۇنىڭ بىلەن غورىگىلچى-
لىك ئىچىدە ياشايسىز. سىز شۇ چاغدا كېسەللىك سەۋەبىڭىز، مۇھىتى-
ڭىز ۋە ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلمىگەن دۇنيايىڭىز ھەققىدە ئويلىنارسىزمۇ؟

**غورىگىللىق** ئى . غورىگىل ھالەت، كەمبەغەللىك.

**غورىلىماق** پ. غورا بولماق، غورا تۇتماق، غورىغا كىرمەك:
ئۆرۈك غورىلىدى.

**غوزا** ئى [پ] ① <بوت> كېۋەزنىڭ مېۋىسى. شەكلى دەس-
لەپتە قوڭغۇراققا، پىشقاندا شاپتۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە
تۆت پارچە ياپراقچىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، رەڭگى دەسلەپ يې-
شىل بولىدۇ، پىشقاندا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئىچىدە پاختا
ۋە چىگىت بولىدۇ. ② <زوئول> بەزى هاشاراتلارنىڭ لىچىن-
كىسى قورچاقتا ئايلىنىشتىن بۇرۇن قۇسۇپ چىقارغان مە-
شۇتلىرى ئارقىلىق توقۇپ ياسىغان قېپى.

**غوزەك** ئى [پ] ① پىلە قۇرتىنىڭ غوزىسى: ئۆتكەن يىل ئې-
لىنغان پىلە غوزىكى 1997 - يىلىدىكىدىن 60 پىرسەنت ئېشىپ كەتتى.
② <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى ياكى دېنىنى تۇتۇپ
تۇرىدىغان ۋە ئانىلىق ياپراقچىلىرىدىن تۈزۈلگەن تۈگۈنچىكى:
تەنتەك ئۆرۈق سۆزىنى تۈگىتىپلا غوزىكىدىن چوڭ قارىغاينىڭ سايىسى-
گە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**غوزەكلىمەك** پ. غوزەك ھاسىل قىلماق، غوزەك ھالىتىگە
كەلمەك: بىزنىڭ ئېتىزدىكى كېۋەزلەر غۇژمەك - غۇژمەك غوزەكلەپتۇ.

**غوزو** ئى. دىيال. مەڭگەن.

**غوزپايە** ئى [پ] ھوسۇلى، دانلىرى يىغىۋېلىنغان زىرائەت-
لەرنىڭ پاخىلى، شاخ - شۇمبىسى.

**غوزىلىماق** پ. غوزا ھاسىل قىلماق، غوزا تۇتماق: 7 - ئاينىڭ
كىرىشى بىلەن كېۋەزلەر غوزىلاشقا باشلىدى.

**غوڭ** تەق. ھەرە قاتارلىقلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غوڭشتماق** «غوڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غوڭششماق** «غوڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غوڭشىماق** پ ① «غوڭ - غوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق،
«غوڭ - غوڭ» قىلماق. ② بىرەر نەرسىدىن نارازى بولۇپ ئۆز -
ئۆزىگە گەپ قىلماق، غودۇڭشىماق: ئامانگۈل مۇدىر بىلەن سۆزلە-
شىۋاتقاندا، بۇغداينىڭ ئارىسىغا بېشىنى چۆكۈرۈۋالغان سۇلتان نېمى-
لەرنىدۇر دەپ غوڭشىدى.

**غوڭ- غوڭ** «غوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غوڭقا** ئى. تارس. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلى-
رىنىڭ بىر خىلى .

**غوڭگىدە** رەۋ. «غوڭ» قىلغان ھالدا، «غوڭ» قىلىپ.

**غوڭۇلداتماق** «غوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرد-
جىسى: بۇ سۆز تىراكتورنىڭ ئاۋازىدەك ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى غوڭۇلدىتى-
ۋەتتى.

**غوڭۇلداشماق** «غوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجى-
سى: خەلق توپى «ئاللا - توۋا» دېيىشىپ، ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن
ھەسەل ھەرىلىرىدەك غوڭۇلدىشىپ كەتتى.

**غوڭۇلداق** ئى. غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئىچى كاۋاك
بىر خىل ئويۇنچۇق.

**غوڭۇلدىماق** پ. «غوڭ - غوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق،
«غوڭ - غوڭ» قىلماق: ھايال ئۆتمەي ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچقىنىچە
بەختىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ.

**غول** I ① ئى. ئوڭ مۇرىباشتىن سول مۇرىباشقىچە بولغان
ئارىلىق ياكى دۈمبىنىڭ يۇقىرى قىسمى: غولى ئاپتاپ كۆرمى-
گەن. غولى كەڭ. * بۇ كىشىنىڭ كەڭ كەلگەن غوللىرىغا، يوغان ئاياغ-
لىرىغا قاراپ، بۇرۇن ناھايىتى بەستىلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ②

ئى <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ بىر قىسمى. تۆرەلمە بىخىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. تۆۋەنكى قىسمى يىلتىز بىلەن تۇتىشىدۇ، يۇقىرىقى قىسمىدا يوپۇرماق، گۈل، مېۋە ئۆسىدۇ: دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار(ماقال). ③ ئى. بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ باشتىن ئۆسۈپ چىققان ئاساسىي قىسمى. ④ ئى <ھەرب> قوشۇن ۋە سەپنىڭ مەركىزى، ئاساسىي قىسمى: بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، قوشۇننىڭ غولىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسەتتىشتى. ⑤ سۈپ. ئومۇمىيلىق ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى مۇھىم، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان؛ ئاساسىي؛ مەركىزىي: غول ئۆستەڭ. غول ئېرىق. ⑥ ئى. ئىككى تاغ ياكى يار ئارىسىدىكى بوشلۇق، چوڭ جىلغا؛ سۇ يولى: دۈشمەن ئالدىنىپ غول ئىچىگە كىرگەندە، تاغلىقلار تەرەپ ـ تەرەپتىن توسۇپ زەربە بېرىدۇ.

**غولى ئاپتاپ كۆرمىگەن** كۆپ جاپا تارتمىغان، كۆپ ئەمگەك قىلمىغان، تەييارنى يەپ چوڭ بولغان: رەپىق ئاكىنىڭ غولى ئاپتاپ كۆرمىگەن بۇ باخشىنىڭ ئالدىدا بىر ماختىنىۋالغۇسى كەلگەنىدى.

**غول ياغاچ** كىگىز چىلىك دۆكىنىدىكى قورساق، سوڭباغ، سوسەي بېغى قاتارلىقلار ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ.

**غول** II سۈپ. كۆپ، جىق، مول: سۈيۈك غول، ھوسۇلۇڭ مول (ماقال) .

**غول** III ئى. دىيال ① ئۆستەڭ، دەريا، ئېقىن: ھاكىمبەگكە بىر غولنىڭ سۈيى ئۈچچە بېرىلگەن بولۇپ، شاغىبەگكە يېرىم غول سۇ بېرىلگەنىدى. ② تەكتى، ئەسلى. ③ دۈمبە.

**غولاسەن** سۈپ. دىيال. چوڭ، گەۋدىلىك، قامەتلىك.

**غولچېچى** ئى [غول + چاچ + ئى] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى. يوپۇرمىقى قارا بىنەپشە رەڭدە پارقىراق ۋە ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بولىدۇ. سېپى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىتمىنى قايتۇرۇش، زەھەرنى كېسىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش روللىرىغا ئىگە. ئۇنى يەنە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**غولدا** ئى. توملۇقى ئادەمنىڭ بىلىكىدەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچتىن ئۇزۇن بولغان ياغاچ، كالتەك.

**غولداتماق** «غولدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېنىڭ بۇ قويلارنى بېقىپ غولدىتىش ھەققىڭلا باركى، ئۇنى ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش تەشكىلىنىڭ ئىشى.

**غولداشماق** «غولدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غولدۇر** تەق. مەلۇم ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئۈلارنىڭ زىيان قىلىشى ياكى باشقا سەۋەبتىن قورساقتىن چىققان ئاۋاز.

**غولدۇر ـ غولدۇر** «غولدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غولدۇرلاتماق** «غولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ قورساقنى غولدۇرلىتىۋەتتى.

**غولدۇرلاشماق** «غولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غولدۇرلىماق** پ. «غولدۇر ـ غولدۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غولدۇر ـ غولدۇر» قىلماق: قورسقى غولدۇرلىماق. * بىركىمگە قول سوزۇپ، بىرەر پۇڭ پۇل، بىرەر چىشلەم نان تىلەپ، توختىماي غولدۇرلاۋاتقان قورسىقىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۇنىڭغا نومۇس تۇيۇلدى.

**غولدىماق** پ. كۆپەيمەك، ئاۋۇماق، جىقلىماق: نامايىشچىلار ئاستا ـ ئاستا غولداشقا باشلىدى.

**غولسىز** سۈپ. غولى يوق، غول تارتمايدىغان: غولسىز ئۆسۈملۈك.

**غوللۇق** سۈپ ① غولى بار، غول تارتقان: غوللۇق ئۆسۈملۈك. * پىرامىدانىڭ ئۈستىدە خۇددى زىننەت تاجىسىدەك كۆركەم قىزىل غوللۇق چۆل گۈللىرى كۆز چاقنىتىپ جۇلالىناتتى. ② گەۋدىلىك، بەستلىك، گىروي، يوغان: غوللۇق ئادەم. * مەنسۇر 45 ياشلاردىكى غوللۇق، ئوتتۇرا بوي، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق، ساغلام ئادەم ئىدى. ③ ئاساسلىق، مۇھىم: مەتتىمىن ھوشۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى غوللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

**غوللىماق** پ ← **غولدىماق**.

**غوۋغا ( غوۋغاسى )** ئى [پ] ئۇرۇش ـ جېدەل، ماجىرا؛ قىيا ـ چىيا: غوۋغا چىقارماق. غوۋغا كۆتۈرمەك.

**غوۋغاچى** ئى. تولا جېدەل ـ ماجىرا قىلىدىغان كىشى، جېدەلخور: ھازىرقى شارائىتتا، ئۇنداق غوۋغاچىلارغا سىلەرنىڭ زاۋۇتتا بازار يوق ئىكەن.

**غوۋغاسىز** سۈپ. غوۋغاسى يوق، غوۋغا چىقمىغان، تىنچ: ئاز ئېشىم ـــ غوۋغاسىز بېشىم (ماقال). * ئۇ بالدۇر كېلىپ قالسا ئۇنى يوقاتماي ئىلاج يوق. ئىلاج بار غوۋغاسىز ئىش قىلغىنىمىز ياخشى.

**غوۋغالاشماق** پ. غوۋغا پەيدا قىلماق، غوۋغا چىقارماق، غوۋغا كۆتۈرمەك: غوۋغالىشىپ قالماق.

**غوۋغالىق** سۈپ. غوۋغا كۆتۈرۈلگەن، غوۋغا پەيدا بولغان: غوۋغالىق جاي.

**غۇبار** ئى [ئە] يېز ت ① چاڭ، توزان: ماڭا سۇلتان بولۇپ يات ئەلدە يۈرمەكتىنمۇ مىڭ ئەلا، سېنىڭ باغرىڭدا بىر ئۇلتاڭ بولۇپ سۆيمەك غۇبارىڭنى. ② كۆچمە. بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسىلەرنىڭ قالدۇق تەسىرى، داغ: ئاڭلىسام نەغمەڭنى مەن، قالماس دىلىمدا غەش ـ غۇبار، سايرىساڭ سەن نەدە، شۇ يەر مىسلى ئۈچماق بۇلبۇلۇم.

**غۇبارسىز** سۈپ ① چاڭ ـ توزانسىز، چاڭ ـ توزان بولمىغان، قونمىغان: ئانا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ غۇبارسىز كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قارلىغاچلارغا قارىدى. ② ساپ، پاك: ئۇستازىم، سىز مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش ياش ئۆسمۈرلەرنى مېھرىبانلىق بىلەن قولمىزدىن يېتىلەپ بىلىم باغچىسىغا جەلپ قىلدىڭىز، غۇبارسىز كۆڭۈللەرگە بىلىم ـ ئەقلىدىن ئوزۇق بەردىڭىز.

**غۇپ** تەق . سۈيۈق نەرسىلەرنى يۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غۇپپىدە** رەۋ. «غۇپ» قىلغان ھالدا، «غۇپ» قىلىپ: كېرىم ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، بىر پەس تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ھاراقنى غۇپپىدە ئىچىۋەتتى ـ دە، توختىغا قاراپ سۆزلىدى.

**غۇپ ـ غۇپ** «غۇپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ سۇنى غۇپ ـ غۇپ قىلىپ ئىچىۋەتتى.

**غۇجۇم** ئى. دىيال. سېپىدىن ئاجراپ كەتكەن ئۈۋاق ئۈزۈم.

**غۇچ** سۈپ ① بىر يەرگە توپلانغان، كاللەكلەنگەن، يىغىلغان، زىچ. ② پۈتۈنلەي، ھەممىسى: پىۋا غۇچ ئوزۇق، كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ.

**غۇچچىدە** ① رەۋ. زىچ ھالدا: پارنىكتا ئۆستۈرۈپ، قوغۇنلۇققا يانداپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئاينىپ، غۇچچىدە چېچەكلىدى. ② سۈپ. كۆچمە. جىقلا، نۇرغۇن: ئەكبەر ياخشى مەرگەن ئىد-

كەن، بىزگە يەنە بەش ـ ئالتە كۈن ئۇۋلاپ بەرسە، قاۋاندىن 10 ــ 20 نى ئېتىۋالساق... غۇچچىدە پۇل بولاتتى. ③ سۈپ. ھەممىسى، پۈتۈنلەي: چارۋىچى ماركونىڭ كۆلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: ــ بۇ قوينى كۆرۈنۈشى سەت ئىكەن دەپ قالما، ئۇنىڭ گۆشى سېمىز ۋە يۇمشاق، بەكمۇ تاتلىق، بولۇپمۇ قۇيرۇقىنى قازانغا سالغاندا، غۇچچىدە ماي چىقىدۇ، ــ دېدى.

**غۇچچۇق** ئى. دىيال. قىچىق.

**غۇچۇر** تەق. سىلىق، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**غۇچۇر ـ غۇچۇر** «غۇچۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غۇچۇرلاتماق** «غۇچۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۈزىدە سەپكۈنى بار، ئالتۇن چىشلىق ئادەم چېقىر كۆزلىرىنى ھەدەپ چىمچىقلىتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، پۇشۇلداپ ئېغىر ھاسىرايتتى.

**غۇچۇرلىتىشماق** «غۇچۇرلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، چاپىناپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا تۇراتتى.

**غۇچۇرلىماق** پ. «غۇچۇر ـ غۇچۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇچۇر» قىلماق: بۇ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئابدەمنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ، چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلىدى.

**غۇدۇراتماق** «غۇدۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇدۇراشماق** «غۇدۇرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنى كۆرگەن بىرقانچە كىشى ئىشنى توختىتىپ: «نېمىشقىمۇ چىققان بولغىيدۇق» دېيىشىپ خېلى غۇدۇراشتى.

**غۇدۇرىماق** پ. بىرەر ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئاللىنېمىلەرنى دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلماق؛ غوتۇلدىماق: ئەپكەشچى غەزەپ بىلەن غۇدۇراپ، ئۇلارنى تىللاپ 50 ــ 60 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولدىن چىقىپ، چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

**غۇدۇق ـ بۇدۇق** دۇدۇقلاش ھالىتى.

**غۇر** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ تېز ھەرىكىتى ياكى شامالدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: گايىت يېنىمدىن غۇرلا قىلىپ ئۆتۈپ، دەرۋازىنى پۈتى بىلەن قاتتىق تەپتى.

**غۇربەت** ئى [ئە] ① يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىك، نامراتلىق: تىرىكلەر چۆرە ـ قۇل، ئىت ئورنىدا خار، ئۆزىنىڭ يۇرتىدا غۇربەتكە دۇچار. ② مۇساپىرلىق، غېرىبلىق: كەمىنىلىرى غۇربەتتە يۈرۈپ، ھاياتىمدا ئاتا ـ ئانامنى كۈتەلمىدىم.

**غۇربەتچىلىك** ئى. غۇربەت قاپلىغان ھالەت، غۇربەتلىك كۈن؛ يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، مۇساپىرلىق: قادىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئېغىر كۈلپەت ۋە غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى.

**غۇربەتسىرىماق** پ. غۇربەتچىلىك ھېس قىلماق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە قالماق: تال بېشىدا تۇرىدۇ بىر قوڭغۇراق، تاڭدا يامغۇر يادىدا غۇربەتسىراپ، كۆزىدىن ئاقماقتا ياش تارام ـ تارام، تىلى لال، كۆڭلى سۇنۇق باغرى كاۋاپ.

**غۇربەتلەشمەك** پ. غۇربەتچىلىكتە قالماق، غۇربەتچىلىكتە ياشىماق؛ نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك: شۇ كۈنلەردە ئانام ئاغرىق، دادام ئىشسىز بولغاچقا، بىز بەك غۇربەتلىشىپ كەتتۇق.

**غۇربەتلىك** سۈپ. غۇربەتچىلىككە تولغان، غۇربەتچىلىك قاپلىغان، غۇربەتلەشكەن: غۇربەتلىك تۇرمۇش. غۇربەتلىك كۈنلەر. * ئالما چېچەكلىدى باغدا، يۇلغۇن چېچەكلىدى سايدا. يار ئايرىلمەن دەيدۇ، غۇربەتلىك يامان چاغدا.

**غۇرت** تەق. سۈيۈق نەرسىلەرنى تېزرەك يۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: غۇرت قىلىپ يۇتماق. * ئۇ تۇكۇرۇكىنى «غۇرت» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ: ــ ھەي خەيرىنىسا، بىر چۆگۈن چاي دەملىگىنە، ــ دېدى.

**غۇرتەك** مىق. دىيال. يۇتۇم، ئوتلام.

**غۇرتتىدە** رەۋ. «غۇرت» قىلغان ھالدا، «غۇرت» قىلىپ: ــ توينى قاچان قىلىمىز دېمەكچىمۇسەن؟ ــ دېدى تۇراپ شۇجى ئاغزىدىكى ئاشنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ.

**غۇرت ـ غۇرت** «غۇرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇلايمان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئاچتى ـ دە، ئوڭدا يېتىپ غۇرت ـ غۇرت قىلىپ ئىچىشكە باشلىدى.

**غۇرتۇلداتماق** «غۇرتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھاراقنى ئۇستەلگە ۋە كىيىملىرىگە تۆكۈپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى.

**غۇرتۇلداشماق** «غۇرتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇرتۇلدىماق** پ. «غۇرت ـ غۇرت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غۇرت ـ غۇرت» قىلماق.

**غۇررەك** ئى. ئەتلەس توقۇش دۇكىنىدىكى قاش بېغىنى ئۆرۈشكە ئۇلايدىغان يىپلىق ياغاچ ھالقا.

**غۇررىدە** رەۋ. «غۇر» قىلغان ھالدا، «غۇر» قىلىپ: ماشىنا يېنىمدىن غۇررىدە ئۆتۈپ كەتتى.

**غۇر ـ غۇر** «غۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى ياڭاق تۈۋى غۇر ـ غۇر سالقىن شاماللىق ۋە ئارام بەخشلىك ئىدى.

**غۇرقىراتماق** «غۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇرقىراشماق** «غۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇرقىرىماق** پ. «غۇر ـ غۇر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غۇر ـ غۇر» قىلماق: ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. كېچىنىڭ سوغۇق شاملى غۇرقىرايتتى.

**غۇرۇر** ئى [ئە] ① كىشىنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىش ھېسسى، ئىززەت ـ نەپسى: دادىڭىز ھەقىقەتەنمۇ غۇرۇرى بار، توغرا يول بىلەن ياشاشقا ئېتىقاد قىلغان ئادەم ئىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن بولۇش ھېسسىياتى؛ پەخىر، ئىپتىخار: تۆمۈر خەلپە غالىب سەركەردىلەرگە خاس غۇرۇر ۋە سالاپەت بىلەن يىگىتلىرىنى باشلاپ قورايغا قايتقاندا، خەلق توپى خۇددى توي تارتىپ كەلگەن يىگىتلەرنى قارشى ئالغاندەك، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ③ كىشىلەر پەخىرلىنىشكە ئاساس بولىدىغان نەرسە: مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى.

**غۇرۇرسىز** سۈپ. غۇرۇرى يوق، غۇرۇرىنى يوقاتقان، ئۆز قەدىر ـ قىممىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىمايدىغان: فىلىمدا ياپونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بىر جۇڭگولۇقنىڭ ياپون ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنغاندا، شۇ مەيداندىكى ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ تاماشا كۆرۈۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرسىز، بىپەرۋا كۆرۈنۈشى.

**غۇرۇرسىزلىق** ئى. غۇرۇرى يوقلۇق، غۇرۇرىنى يوقاتقانلىق، ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەسلىك: غۇرۇرسىزلىقنىڭ مەينەت ھاۋاسى يۈرىكىڭنى سىققاندا ياكى مەنىلەر ئىزدەپ چوڭقۇر دېڭىزغا چۆككىنىڭدە، ئانا تىلىڭ سېنىڭ ئۆشنەڭدىكى ئوكسىگېن خالتىسىغا ئوخشاش، سېنى ئوڭۇشسىزلىقتىن قۇتقۇزىدۇ.

**غۇرۇرلانماق** پ. غۇرۇرى قوزغالماق، پەخىرلەنمەك: ساناقسىز مال - مۈلكۈڭگە ئىشەنمە، ھېچ غۇرۇرلانما، ۋەتەن خەلقىڭگە خىزمەت قىل، ئۇلۇغ تۆھپەڭ بىكار بولماس.

**غۇرۇرلۇق** ① سۈپ. غۇرۇرى بار، غۇرۇرىنى ساقلايدىغان: ئۇ ئىنتايىن غۇرۇرلۇق ئادەم. ② ئى. ئۆز قەدىر - قىممىتىنى بىلىش: — ئۇ ناخشىچىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار، — جاۋابىنى جاۋاب بەردى ئابلىز ۋە چىرايىدا ئىلىلىق، غۇرۇرلۇق تۈيغۇسى جىلۋە قىلدى.

**غۇژ** تەق ① مەلۇم نەرسىلەرنىڭ بىر يەرگە بىراقلا، تېز يىغىلىش ھالىتىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. ② ھەرە، چىۋىن قاتارلىقلارنىڭ بىر يەرگە تېز يىغىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غۇژژىدە** رەۋ ① «غۇژ» قىلغان ھالدا، «غۇژ» قىلىپ. ② كۆچمە. بىردىنلا؛ تېزلا: مېنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ، چېكە تومۇرلىرىم لوقۇلداپ كەتتى.

**غۇژ - غۇژ** «غۇژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غۇژغۇن** سۈپ. دىيال ① تېز ئاچچىقى كېلىدىغان، سەپرا. ② زىچ، قويۇق.

**غۇژغۇنلاشماق** پ. ① سەپرالاشماق: بۇنداق ئادەملەر بىرەر گەپنىڭ ساپىقىغا ئېسىلىۋالدىمۇ، بولدى، ئۆزىچە ئەزۋەيلەپ، غۇژغۇدىلىشىپ كېتىدۇ. ② زىچلاشماق، قويۇقلاشماق.

**غۇژغۇنلۇق** ئى. ① زىچلىق، قويۇقلۇق: شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، رەستە - بازارلارنىڭ غۇژغۇنلۇقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

**غۇژمەك** سۈپ. بىر يەرگە يىغىلغان، توپلانغان؛ توپ: سەلىمە ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ غۇژمەك بولۇپ ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا ئېلىپ باردى، ئىككىسى بوراندا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

**غۇژمەك - غۇژمەك** بىرقانچە غۇژمەك: بىر ئېتىزدا غۇژمەك - غۇژمەك قىزىرىپ كەتكەن پەمىدۇر، يەنە بىرىدە لازا ۋە تەرخەمەكلەر بار ئىدى.

**غۇژمەكلەشتۈرمەك** «غۇژمەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇژمەكلەشتۈرۈلمەك** «غۇژمەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غۇژمەكلەشمەك** پ. غۇژمەك ھالەتكە كەلمەك، غۇژمەك بولماق: ياش ئۈچقۇنلار ھەيدىلىپ تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، ئۆز - ئۆزىدىن غۇژمەكلىشىپ، بىرلەشكەن چوڭ گەۋدە شەكلىگە كىرىپ قالدى.

**غۇژمەكلەنمەك** پ ← **غۇژمەكلەشمەك**.

**غۇژۇلداتماق** «غۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇژۇلداشماق** «غۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇژۇلدىماق** پ. «غۇژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇژ - غۇژ» قىلماق: بالا قولى بىلەن چىۋىنلەرنى قورۇيتتى، لېكىن غۇژۇلداشقان چىۋىنلەر ئۇنى بىئارام قىلىپ قىيناۋاتاتتى.

**غۇسسە** ئى [ئە] غەم - قايغۇ، ھەسرەت، ئەلەم: بوۋايلار تىلىدىن ئاڭلىدىم قىسسە، زەخمەتلىك يۈرەكلەردە ئەلەم ۋە غۇسسە.

**غۇسۇل** ئى [ئە] پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇش، يۇيۇنۇش: غۇسۇل قىلماق.

**غۇسۇل تاھارەت** غۇسۇل ۋە تاھارەت: سودىگەر بىر چۆگۈن سۇ بەردى. مەلىكە غۇسۇل - تاھارەت ئېلىپ سەجدىگە باش قويدى.

**غۇسۇلخانا** ئى [ ئە + پ ] غۇسۇل قىلىدىغان ئۆي، غۇسۇل ئۆي: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى سۇلتان مۇشۇ يەردە غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغانىكەنمىش. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر «غۇسۇلخانا»دەپ ئاتالغانىكەن.

**غۇلاتماق** «غۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زامان - زامانلاردىن بۇيان، خەلق «چاقچاق» بىلەن زۇلۇمغا خەنجەر ئاتقان، مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن ئەخمەقلەر ھەيۋىسىنى غۇلاتقانىدى.

**غۇلاچ** ① ئى. ئىككى قولنى ئىككى يانغا تۈز قىلىپ كەرگەندە بىر قولنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: غۇلىچىمنى كېرىپ كۈچ بىلەن يۈزىگە ئۇرۇۋەتتىم. ئۇ ئارقىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئوڭدا يىقىلدى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ غۇلاچقا تەڭ ئارىلىقنى بىلدۈرىدۇ: بىر غۇلاچ ئارغامچا.

**غۇلاچ تاشلىماق** ① غۇلىچىنى ئالدىغا تاشلاپ ھەرىكەت قىلماق، غۇلاچ ئاتماق: ئۇ ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريادىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆتتى. ② كۆچمە. ئىلگىرىلىمەك، ئالغا باسماق: بىز ئورتاق ھالدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە غۇلاچ تاشلىشىمىز كېرەك.

**غۇلاچلاتماق** «غۇلاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئارغامچىنى غۇلاچلىتىپ كۆرۈۋىدى، توپتوغرا ئون غۇلاچ چىقتى.

**غۇلاچلاشماق** «غۇلاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار تاملارنى غۇلاچلىشىۋاتاتتى.

**غۇلاچلانماق** «غۇلاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غۇلاچلىق** سۈپ. غۇلاچ كېلىدىغان: بەش غۇلاچلىق ئارغامچا.

**غۇلاچلىماق** پ ① غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ ئالدىغا تاشلىماق، غۇلاچ ئاتماق: غۇلاچلاپ سۇ ئۈزمەك. ② غۇلاچ بىلەن ئۆلچىمەك: — ئۇكام ماۋۇ تامنى غۇلاچلاپ قوي، كېيىن بىزمۇ ئۆتنىسىنى غۇلاچلاپ قايتۇرىمىز، — دېگەنىدى ئاكام ماڭا.

**غۇلاش** ئى <گېئول> تاغ جىنسلىرىنىڭ فىزىكىلىق يىمىرىلىش تەسىرىدە يېرىلىپ، پارچىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**غۇلاشماق** «غۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇلاق** ئى. چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارغا يەم بېرىدىغان ئوقۇر ياكى چېلەك: مەينەت چوشقا كۈچۈكلىرى «خارت - خۇرت، چار - چۇر» چىرقىرىشىپ، غۇلاقتىكى ئاداپنى تالىشىپ يېمەكتە ئىدى.

**غۇلام** ئى [ئە] كونا ① ئوردا، سارايلاردا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى: غۇلاملار ئۇنى ئۇدا ئون كۈن ئىزدىدى. ② قۇل: ھەر تەرەپتىن بايلار غۇلاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھېچقايسى غۇلام ئەمىرلەرگە يارىمىدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غۇلجا** ئى ① <زوئول> ئەركەك ئارقار. مۈڭگۈزى چوڭ، ئاستىغا ئېگىلگەن ۋە سەل - پەل بۇرما شەكلىدە بولىدۇ، تۈكلىرى قويۇق ھەم سەل ئۇزۇن، رەڭگى كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت پۇتى كۈچلۈك بولىدۇ، تاغقا چىقالايدۇ. ② ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىنىڭ نامى.

**غۇلغۇلا** ئى [پ] بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپ - سۆزى، پىكىرلىرى: سايلامدا سايلىغۇچىلار نامزاتلار ئۈستىدە قايتا - قايتا غۇلغۇلا قىلىپ ۋە كېڭىشىپ، كادىرلارنى ئەستايىدىل باھالىدى.

**غۇلغۇي** ئى. نارازىلىق ياكى شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان كىشىلەرنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى، گەپ ـ سۆز، پىكىرلىرى: غۇلغۇي پەيدا بولماق. غۇلغۇي پەيدا قىلماق.

**غۇلى** تېر. دىيال. زادى، پەقەت، ھەرگىز.

**غۇلىتىشماق** «غۇلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇلىتىلماق** «غۇلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غۇلىماق** پ ① ئېگىزدىن پەسكە قاراپ چۈشمەك، ئۆرۈلمەك، يىقىلماق: دەرەخ غۇلىماق . تاغ غۇلىماق . * يىگىت ئوق تېگىشى بىلەن چوڭقۇر غولغا غۇلاپ چۈشتى. ② كۆچمە. تەختتىن ، ۋەزىپىسى قاتارلىقلاردىن ئايرىلماق ، ئەمەلدىن چۈشمەك ؛ ئاغدۇرۇلماق ، يوقىتىلماق: ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، كونىلارنىڭ بىردە پۈرانىڭ كۆز يېشى گويا كەلكۈندەك بىزنى ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن، خانلىقنىڭ غۇلىشىمۇ شۇنىڭ مەسىلىدۇر.

**غۇم** ئى. مەلۇم ئىشلار تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان نارازىلىق، ئاداۋەت؛ تۇگۇن، گىنە: غۇم ساقلىماق.

**غۇمسىنماق** پ. غۇم ساقلىماق: ئۇ يەرلىك ھەم بۇ يەرلىكتۇر، ئېچىدە غۇمسىنىپ خەپتۇر. دىتىغا ياقمىسا ھېيدەر، قورۇپ كەتسۇن گورۇھۋازلىق.

**غۇملىماق** پ. دىيال. دەرد ئېيتماق، كوتۇلدىماق.

**غۇمۇكلەشمەك** پ. دىيال. بىرلەشمەك، تىل بىرىكتۈرمەك.

**غۇنان** ئى. ئىككى ياشلىق ئات.

**غۇنچا** ئى. دىيال. گۈل سالىدىغان لوڭقا.

**غۇنچە** [ پ] ① ئى <بوت> تېخى ئېچىلمىغان ياكى بەرگلىرى تېخى يېتىلمىگەن گۈل، گۈل تۇگۇنى: قىز پىسىڭگىدە كۆلۈۋىدى، ئۇنىڭ ئالۇچىدەك قىزىل كالپۇكلىرى يېڭى ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاپ كەتتى. ② سۈپ. ياش؛ يېڭى: گۈل دىيارى، غۇنچە قەلبى تۇتاش تومۇر، بۇلبۇل بولۇپ ئۇندىن كەتمەس باھار، جەڭچى. ③ سۈپ. كۆچمە. چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا: غۇنچە بوي.

**غۇنچىلىماق** پ. غۇنچە تۇگمەك، غۇنچە چىقارماق: بۇ ياخشى كۆرۈش دوستلۇق يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان مۇھەببەت گۈلىنىڭ غۇنچىلىشى بولسا كېرەك.

**غۇنچىئۈزۈم** ئى [غۇنچە + ئۈزۈم] <بوت> ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى سۈس يېشىل، گۈل رېتى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆسىدۇ، مېۋىسى كىچىك، شىرنىلىك، جىگەر رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تاش بەدەننى تازىلاپ، قىزىلنى سىرتقا تەپتۈرۈش، سۈيدۈكنى ھەيدەپ، زەھەرنى تارقىتىۋېتىش رولىغا ئىگە.

**غۇندەك** ئى <بوت> ئۈرۈكنىڭ بىر خىل سورتى، مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، كۆكۈچ سېرىق بولۇپ، پوستى نېپىز، سۇلۇق، بالدۇر پىشىدۇ. مېغىزى تاتلىق.

**غۇنجىن** ئى. ئۈچ ياشلىق چىشى كالا، ئىنەك.

**غۇۋا** سۈپ ① روشەن ئەمەس، تۇتۇق، گۇڭگا: ھاجى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كىرسىن لامپىنى ياقتى ـ دە، ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى. ② روشەن، ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان: غۇۋا كۆلەڭگە.

**غۇۋالاشتۇرماق** «غۇۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلىچخان ھەدە پانارنىڭ يورۇقىنى سەل غۇۋالاشتۇرۇپ، سەلىمەگە قاراپ پىچىرلىدى.

**غۇۋالاشتۇرۇلماق** «غۇۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىلىك پەسەيتىلىپ لامپا يورۇقى سەل ـ پەل غۇۋالاشتۇرۇلدى.

**غۇۋالاشماق** پ. غۇۋا ھالەتكە كەلمەك، سەل قاراڭغۇلاشماق: ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىۋاتقان مۇشت، پەشۋالارنىڭ زەربىسىدىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا غۇۋالىشىپ ھوشىدىن كەتتى.

**غۇۋالىق** ئى. غۇۋا ھالەت، تۇتۇقلۇق، گۇڭگىلىق: خىيالدىن كاللىغا كەپتۇ بىر گۇمان، قاپلاپتۇ كۆڭلىنى غۇۋالىق تۇمان.

**غۇي** تەق. ماشىنا قاتارلىق قاتناش قورالىرىنىڭ تېز ئۆتۈشى ياكى شامالنىڭ تېز ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**غۇي ـ غۇي** «غۇي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: غۇي ـ غۇي شامال.

**غۇيۇلداتماق** «غۇيۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غۇيۇلداشماق** «غۇيۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غۇيۇلدىماق** پ. «غۇي » قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غۇي » قىلماق: ھەربىي ماشىنا غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى.

**غۇيياڭشىماق** پ. دىيال. غۇيۇلدىماق.

**غۇييىدە** رەۋ. «غۇي» قىلغان ھالدا، «غۇي» قىلىپ: ئۇ ئاتقان تاش غۇييىدە يېنىمدىن ئۆتۈپ تامغا تەگدى.

**غى** «غ» ھەرپىنىڭ نامى.

**غىجەك** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. بېشى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، بىر تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ. باش قىسمى كۆپرەك يۇپقا تۆمۈر ياكى سەل قېلىن قەلەيدىن ياسىلىدۇ. سۇركەپ چېلىنىدىغان ئادەتتىكى سىم تاردىن باشقا بىر قانچە رېزونانس پەيدا قىلىدىغان سىملار تارتىلىدۇ. 50 ـ يىللاردىن كېيىن ئۆزگەرتىپ ياسالغانلىرىنىڭ تۆت تارى بولىدۇ. بېشى يۇمىلاق بولۇپ تاۋۇزغا ئوخشاپ قالىدۇ. دەستىسى ئىسكىرىپكىنىڭ دەستىسىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۈچىدا يۇمىلاق قۇتىسى بولىدۇ. e,a,d,g لاردا سازلىنىدۇ.

**غىجەكچى** ئى. غىجەك چالىدىغان ئادەم.

**غىجىر** ئى ← **غىجىر سالۋا.**

**غىجىر سالۋا** <زوئول> تاپ يەيدىغان بىر خىل قۇش. تېنى چوڭ ۋە ھەممە يېرى قارا قوڭۇر كېلىدۇ، باش ۋە بويۇن قىسمى يالىڭاچ بولۇپ، ئازراق تىۋىتلىرى بولىدۇ، تۇمشۇقى چوڭ، ئەگمەچ ۋە ئۆتكۈر كېلىدۇ، تاپ ۋە ئۆلۈشاق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**غىدىر** ئى [ئە] ساپال قاچا، ساپال چىنە: ئۇنىڭ كۆزىدىن يوقالغانلىقىنى كۆرگەن كانچىلار كۆلۈشكەن پېتى چۆچەك، غىدىرلىرىنى ئېلىشىپ تاش گەمىنىڭ يېنىدا ئېسقلىق يوغان داش قازانغا قاراپ ماڭدى.

**غېرىب** [ئە] ① سۈپ. ھېچقانداق ئۆرۈق ـ تۇغقىنى بولمىغان، يېتىم، باش ـ پاناھسىز، مۇساپىر: غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر (ماقال). ② سۈپ. كەمبەغەل، يوقسۇل؛ بىچارە: ياق، بارمايمەن، مەندەك بىر غېرىبقا تاماشىنىڭ نېمە كېرىكى. ③ سۈپ. يالغۇز، تەنھا: دوستۇم سىزچۇ؟ ئەگەر شۇ غېرىب قەبرىنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز، يۈرۈڭ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ كۆرسىتەي! ④ سۈپ. مىسكىن،

غەمكىن: ئابدۇسادىر قاسساپنى مەن ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك غېرىب ھالدا ئۇچراتمىغانىدىم. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**غېرىبانە** [ئە + پ] ① رەۋ. غېرىبلارغا خاس، يېتىملارچە: بۇ ئۆيدىكى موماي غېرىبانە يالغۇز بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭغا نان بەردى. ② سۈپ. يالغۇز، نامرات: ھېلىقى چاغدىكى غېرىبانە كەپىنىڭ ئىزنىمۇ قالمىغانىدى.

**غېرىب - بىچارە** غېرىب ۋە بىچارە: غېرىب - بىچارىلەرنىڭ بېشى قىسىلماق.

**غېرىبپەرۋەر** سۈپ. غېرىب - مۇساپىرلارنى يۆلەيدىغان، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان: غېرىبپەرۋەر پادىشاھ. غېرىبپەرۋەر كىشى. // — ئوغلۇم يەمەن دىيارىغا بارساڭ، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھىنى خېلى مىجەزى تۈزۈك غېرىبپەرۋەر دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى بوۋاي.

**غېرىبچە** سۈپ. غېرىبلار قىلغاندەك، غېرىبلارغا ئوخشاش: چاپاننى غېرىبچە يېپىنماق.

**غېرىبچىلاپ** رەۋ. غېرىبلارغا خاس ھالدا، غېرىبلارغا ئوخشاش، غېرىبچە: ئۇ چاپىنىنى غېرىبچىلاپ يېپىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

**غېرىبچىلىق** ئى ← **غېرىبلىق**.

**غېرىبچىلىماق** پ. رەخت ياكى نەرسىلەرنى تۇمارچە شەكىلدە قىيپاش كەسمەك ياكى پۈكلىمەك، قاتلىماق، چىۋىق چىقارماق.

**غېرىبخانا** ئى [ئە + پ] بولۇشقا تېگىشلىك سەرەمجانلار كەم بولغان، نامراتلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئۆي: ئاخشاملىرى ئۆزىنىڭ غېرىبخانىسىدا قولىغا ساتارنى ئالاتتى - دە، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - مۇھەببەت ۋە ياكى ئىشقى - مۇسىبەت قوشاقلىرىنى ئېيتاتتى.

**غېرىبسىندۇرماق** «غېرىبسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غېرىبسىنماق** پ. غېرىبلىق ھېس قىلماق، غېرىبلارغا ئوخشاپ قالماق، غېرىب بولۇپ قالماق: غېرىبسىنساڭ ئوت سىن (ماقال).

**غېرىب - غۇرۋا** [ئە] ئىگە - چاقىسىز، ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىر، مۇساپىر كىشىلەر: — سىز ئاۋۋال بېرىپ، ئۇ خەزىنىنى ئېچىپ ئۈچ ھەسسىسىنى غېرىب - غۇرۋالارغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

**غېرىبلاشماق** پ. غېرىب بىر ئەھۋالغا چۈشمەك، غېرىب بولۇپ قالماق: ئۇ كۆپتىن بېرى ئۆزىنىڭ غېرىبلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى.

**غېرىبلىق** ئى. غېرىب ھالەت، بىچارىلىك: ئىنسانىيەت ھەرگىز غېرىبلىققا چۈشۈپ قالمايدۇ، چۈنكى ھايات ئالغا باسىدۇ، ئۇ ئۈمىدۋار.

**غېرىب - مۇساپىر** غېرىب ۋە مۇساپىر: غېرىب - مۇساپىر، بىر كەمپىر ئىدىم، ئايرىلىپ سەندىن نەگە كېتەرمەن.

**غېرىب - مىسكىن** غېرىب ۋە مىسكىن: كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ كەتكەن غازاڭلارنى پەرىشان ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى.

**غېرىچ** ① ئى. قولنى كەرگەندە باش بارماقنىڭ ئۇچىدىن چىمچىلاق قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: مېنىڭ غېرىچىم كىچىك، سەن غېرىچلا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ غېرىچقا تەڭ ئارىلىقنى بىلدۈرىدۇ: بەش غېرىچ ئارىلىق.

**غېرىچلاتماق** «غېرىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غېرىچلاشماق** ①«غېرىچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن گەپ تالاشماق، تاكاللاشماق: — بالام، سىز تېخى كىچىك، ئۇنداق، ھەدېگەندىلا ئاكىڭىز بىلەن غېرىچلاشماڭ، ئاكىڭىز بولمىسا، بىزنىڭ كۈنىمىز تەسلىشىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى نىساخان ئانا كىچىك ئوغلىغا.

**غېرىچلانماق** «غېرىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەخت غېرىچلاندى.

**غېرىچلىماق** پ. غېرىچ بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ پارتىنىڭ ئېگىزلىكىنى غېرىچلاپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى دەل كۆڭلىدىكىدەك چىقتى.

**غىبتە** ئى [ ئە ] بىرەر كىشىنىڭ ياخشى ھالىنى كۆرۈپ قىزىقىش ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى تىلەش: غىبتە دەپ بىر كىمنىڭ دەرىجىسى ۋە بايلىقىنىڭ زاۋالىنى ئارزۇ قىلماي، «كاشكى مەنمۇ شۇنداق بولسام ئىدى» دېگەن ئارزۇدا بولماقتا ئېيتىلۇر. غىبتە يامان قىلىق ئەمەس، بەلكى ماختاشقا لايىق بىر سۈپەتتۇر.

**غىپ** تەق. مېڭىش ھەرىكىتىنىڭ تېز ۋە يوشۇرۇنچە ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: غىپ قىلىپ كەتمەك.

**غىپپىدە** رەۋ. «غىپ» قىلغان ھالدا، «غىپ» قىلىپ؛ ناھايىتى تېز، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەش - پەش دېگۈچە: غىپپىدە تىكىۋەتمەك. * قىز غىپپىدە باشقا بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتتى، يىگىت قوغلىدى. غەلىتە ئادەم چۆچۈپ غىپپىدە تىكىۋەتتى.

**غىپچا** ئى. دىيال ① جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ. ② قەدىمكى زامانلاردىكى مىلتىققا ئوق - دورا سېلىپ چىڭدايدىغان ۋە مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىنى تازىلايدىغان سايمان.

**غىپچىدىماق** پ. دىيال. چىڭدىماق.

**غىپچىنماق** پ. ئەيمەنمەك، تارتىنماق، قورۇنماق: كوچىدا كېتىۋاتقان كەمبەغەللەر ئۇلارنى كۆرۈپ غىپچىنىپ، نېرىدىنلا ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە ئۇن چىقارماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

**غىپ - غىپ** «غىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كېيىن يىپ ئېشىپ مومدايدىغان، غىپ - غىپ تارتىدىغان بولدى.

**غىپلا** رەۋ. تېزلا، شەپە چىقارماستىن: بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ مېھمانخانىنىڭ دالان ئىشىكى تۈۋىدە بىر ئايال كىشىنىڭ گەۋدىسى غىپلا قىلىپ قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى.

**غىپىلداتماق** «غىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىپىلداشماق** «غىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىپىلدىماق** پ. «غىپ - غىپ» قىلماق، «غىپ - غىپ» قىلىپ ماڭماق: ھاۋاخان كەشىنى قولىغا ئالدى - دە، توپا يولنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ غىپىلداپ ماڭغىنىچە ئۇچقاندەك كەتتى.

**غىت** ① تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشى ياكى قىسىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز. ② رەۋ. كۆچمە. جىم؛ جىپ، مەھكەم، بەك: غىت قىسماق.

**غىت - غىت** «غىت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىتمەك** ئى. سەلب. مىجەز - خۇلقى، مېڭىش - تۇرۇشى خوتۇن - قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەر: ما غىتمەكنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرمەمدىغان، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ.

**غىتمەكلەشمەك** پ. مىجەز - خۇلقى، مېڭىش - تۇرۇشى خوتۇن - قىزلارغا ئوخشاپ قالماق: ئاياللار ئۆزىدىن يىراقلاشسا يالغاچلىنىدۇ (پاھىشىلىشىدۇ)، ئەرلەر ئۆزىدىن يىراقلاشسا ئاجىزلىشىدۇ (غىتمەكلىشىدۇ).

**غىتىلداتماق** «غىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىتىلداشماق** «غىتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىتىلدىماق** پ ① «غىت ـ غىت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق. ② كۆچمە. ئىككى تېقىمىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ زەيپانىلەرچە تېز ـ تېز ماڭماق.

**غىجەك** ئى. دىيال. تاپ يەيدىغان بىر خىل قۇش.

**غىجىك** سۈپ. كاج، گىجىك.

**غىجىكلىق** ئى. غىجىك مىجەز، خاراكتېر؛ گىجىكلىك: ئەزدەت غىجىكلىق قىلىپ بەزىدە «ۋايىيەي، مەن لازا يېمەيتتىم» دېسە، بەزىدە «پىيازنىڭ پۇرىقى كېلىنۋاتىدۇ» دەيتتى.

**غىجىم** سۈپ. سەل قورۇپ قاپارتىلىپ توقۇلغان، كۆپتۈرۈپ گۈل چىقىرىلغان (رەخت ھەققىدە): غىجىم رومال. غىجىم دۇخاۋا.

**غىجىمدىماق** پ. دىيال. مىجىقلىماق، سىقىمدىماق، قورۇماق.

**غىجىملانماق** پ. دىيال. مىجىقلانماق، سىقىملانماق، قورۇماق

**غىجىملىماق** پ. دىيال. سىقىمدىماق، مىجىقلىماق، قورۇماق.

**غىجىنماق** پ. سەسكەنمەك، يىرگىنمەك: باياتىندىن بېرى قۇتبىرەمنىڭ قىلىقلىرىدىن غىجىنىپ، ئىچى بىر قىسىملا بولغان گۈلزىبا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. * سورۇننى بىر ئوڭايسىزلىق، غىجىنىش، نەپرەت قاپلىدى.

**غىچ** I تەق. ئىشىك ئېچىلغاندا ياكى يېپىلغاندا ئىشىكنىڭ گىرەچىسىدىن، ماڭغان ۋاقىتتىكى ئاياغنىڭ چەمى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: شۇ چاغدا ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، مۇرىسىدە سومكا كۆتۈرگەن ھالدا ئامىنە كىرىپ كەلدى.

**غىچ** II سۈپ. پۇتۇنلەي، ھەممە، ساپلا: غىچ پۇل. * — ياغدا ئەتتىم، گۆشتە ئەتتىم. غىچ ياغ، گۆش يەڭلا دېھقانلار، — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى ئاشپەز.

**غىچچىدە** ① رەۋ. «غىچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «غىچ» قىلىپ: شۇ ئەسنادا ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىپ گۈلسۇمخان كىرىپ كەلدى. ② سۈپ. كۆچمە. پۇتۇنلەي، ساپلا: دادۇينىڭ ئايىغى غىچچىدە بوز، لېكىن سۇ يوق.

**غىچ ـ غىچ** «غىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىچىر** ① تەق. ئىشىك ۋە كارىۋات قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يېنىك تەۋرىنىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز. ② ئى. ئاياغنى كىيىپ ماڭغاندا غىچ ـ غىچ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن چەم ئارىسىغا سېلىنىدىغان قىل (موزدۇزلۇقتا).

**غىچىر ـ غىچىر** «غىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىچىرلاتماق** «غىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قاراڭغۇدا پۇتلىشىپ، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى ـ دە، ئاۋايلاپ غىچىرلاتماستىن ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئاستاغىنا تاشقىرىغا باش چىقىرىپ سارايىنى تەكشۈردى.

**غىچىرلاشماق** «غىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىچىرلىماق** پ. «غىچىر ـ غىچىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غىچىر ـ غىچىر» قىلماق: ھارۋا بۇزۇلۇشتىن ئاۋۋال غىچىرلايدۇ (ماقال ).

**غىچىلداتماق** «غىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتلارنىڭ قارنى غىچىلدىتىپ كېتىۋاتقان تاۋۇشىدىن باشقا جىمجىتلىقتا كاشىلا بولغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

، **غىچىلداشماق** «غىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىچىلدىماق** پ. «غىچ ـ غىچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىچ ـ غىچ» قىلماق: ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلدى.

**غىدىغۇچ** ئى. چىنە قاداقچىسىنىڭ قادايدىغان چىنىنى تېشىدىغان ئۇسكۈنىسى.

**غىدىق** ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا بىرەر نەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل غەيرىي سېزىم: غىدىقى كەلمەك. * — لەيلىگۈل بوش كەلمە، غىدىقلا، ئۇنىڭ غىدىقى بوينىدىلا، غىدىقلىساڭلا ئەل بولىدۇ، سىرىڭنى ئاشكارلىمايدىغان بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراشتى قىزلار.

**غىدىق ـ پىدىق** بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ئوچۇق ـ ئاشكارا دېمەستىن، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس قىلىپ، چالا ـ پۇچۇق بىلدۈرگەن نارازىلىق: زۇۋان بېرىپ غىدىق ـ پىدىق دېگەنتىڭ، بېشى بولار يەلكىسىگە ئامانەت. خالىغاندا ئالالايسەن سەن ئۇنى، ھەم دوزاخقا قىلالايسەن دالالەت.

**غىدىقلاتماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىدىقلاشماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇمشاق قۇم ئۈستىدە بىرقانچە بالا بىر ـ بىرىنى بېسىشىپ، غىدىقلىشىپ ئىنتايىن شاد ـ خۇرام ئوينىشىۋاتاتتى.

**غىدىقلانماق** «غىدىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشۇ ھۆل ئۇنىڭ بەدىنىدىن، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان، كىشىنى چەكسىز ھاياجانغا ۋە غىدىقلىنىشقا ئىگە قىلالايدىغان تىرىك تېنىدىن چىققان ئاجرالما ئىدى.

**غىدىقلىغۇچ** ئى ① غىدىق پەيدا قىلىدىغان، غىدىق كەلتۈرىدىغان نەرسە، ئامىل: ئىتقا قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭ يېمەكلىك بېرىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانسا، قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ ئىتنىڭ شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى قوزغايدىغان غىدىقلىغۇچ بولۇپ قالىدۇ. ② <پىسخول> كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوبيېكتىپ سەۋەب.

**غىدىقلىماق** پ ① باشقىلارنىڭ بەدىنىگە قول ياكى بىرەر نەرسىنى تەگكۈزۈش ئارقىلىق غىدىقىنى كەلتۈرمەك: چىمەن ھامان چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ كۈلۈپ سۆزلەيتتى، ئۇ دوستىنىڭ بىقىنىنى غىدىقلاپمۇ قويدى. ② <پىسخول> رېئال جىسىم ۋە ھادىسىلەر ياكى تاۋۇش، نۇر ۋە ئىسسىقلىق قاتارلىقلار سەزگۈ ئەزالىرى ياكى جانلىق ئورگانىزملارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشكە ئوخشىمىغان تۈرلۈك ئىنكاسلارنى پەيدا قىلماق: بۇ گۈل قادىرنىڭ كۆزىگە گويا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان قىپقىزىل يالقۇندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بالىلارغا خاس قىزىقىش سەزگۈسىنى غىدىقلىدى. ③ ئاچماق؛ ئويغانماق؛ قوزغىماق: ناننىڭ ئۈستىدىكى ئۆرۈكتەك سارغىيىپ پىشقان تۇخۇم پوشكىلى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ، ھور چىقىپ تۇراتتى.

**غىدىقلىنىشچان** سۈپ. ئاسان غىدىقلىنىدىغان، غىدىقلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**غىدىقلىنىشچانلىق** ئى. ئاسان غىدىقلىنىدىغان خۇسۇسىيەت: نېرۋا ۋە مۇسكۇللارنىڭ غىدىقلىنىشچانلىقى، ئۆتكۈزۈشچانلىقى، ھۇجەيرىلەرنىڭ يېپىشىشچانلىقى ۋە ھۇجەيرە ئىقتىدارىنىڭ ساقلىنىشى قاتارلىقلاردا كالتسىي ئىيونىنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم.

**غىدىڭ** تەق. بوش ياكى نائېنىق ھالدا نارازى بولۇش، باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىش، قارشىلىق قىلىش ھالىتى؛ غۇدۇراش.

**غىدىڭ ـ پىدىڭ** ئارتۇق گەپ ـ سۆز، باھانە ـ سەۋەب؛ قارشىلىق: غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماسلىق. * ــ غىدىڭ ـ پىدىڭنى قوي، بۇگۈن جەزمەن يولغا چىقىمىز، ــ دېدى ئەركىن ئەسەتكە قاراپ.

**غىدىڭشىشماق** «غىدىڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىدىڭشىماق** پ. بىرەر ئىشقا نارازى بولۇپ، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس سۆزلىمەك، «غىدىڭ ـ غىدىڭ» قىلماق.

**غىر** تەق . بىرەر دۈگىلەك، شارسىمان نەرسىنىڭ تەكشىلىك يۈزىدە سىلىق مېڭىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرت** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرتتىدە** رەۋ. «غىرت» قىلغان ھالدا، «غىرت» قىلىپ.

**غىرت ـ غىرت** «غىرت »سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىرتىلداتماق** «غىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرتىلداشماق** «غىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرتىلدىماق** پ. «غىرت ـ غىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «غىرت ـ غىرت» قىلماق.

**غىرتىلداق** ئى. دىيال. بوغۇز، كېكىردەك.

**غىرداتماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرداشماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىردالماق** «غىردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**غىردىماق** پ. بىرەر نەرسىنى قىرىپ، سۈركەپ، ئۈپرىتىپ كەسمەك: ئېكەك بىلەن تۆمۈرنى غىردىماق. * ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ، ئاغىنىسى گال ئۈستىرا بىلەن ئەپەندىمنىڭ بېشىنى غىرداشقا باشلاپتۇ.

**غىررىدە** رەۋ ① «غىر» قىلغان ھالدا، «غىر» قىلىپ: غىررىدە مېڭىپ كەتمەك. ② كۆچمە.تېز: ۋېلىسىپىتتا غىررىدە بېرىپ كەلگىنە.

**غىرس** تەق. قار، ئۆگزە قاتارلىقلاردا ماڭغاندا ياكى شۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى باسقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**غىرس ـ غىرس** «غىرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ياغقان قارنىڭ ئاياغلىرىمىز ئاستىدا غىرس ـ غىرس قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ئەتراپتا تىۋىش يوق.

**غىرسىلداتماق** «غىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرسىلدىماق** پ. «غىرس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىرس» قىلماق: ئۇنىڭ قاداق باسقان كەڭ ئالىقىنى ئارىسىدا قولۇم قاتتىق ـ قاتتىق سىلكىنىشتىن غىرسىلاپ كەتتى.

**غىر ـ غىر** «غىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۇز ئۈستىدە «غىر ـ غىر» كانكى تېپىلىپ يۈرگەن باللار نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا توختاپ قېلىشتى.

**غىرقىراتماق** «غىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرقىراشماق** «غىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرقىراق** سۈپ. ئىنچىكە بوغۇلۇپ چىقىدىغان، چىرقىراق: بىركۈنى ئۈشتۈمتۈتلا ھېلىقى ئىنچىكە، غىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى.

**غىرقىرىماق** پ. غىرقىرىغان ئاۋازنى چىقارماق.

**غىرىڭ** تەق ← **غىدىڭ**.

**غىرىڭ ـ پىرىڭ** ← **غىدىڭ ـ پىدىڭ**.

**غىرىلداتماق** «غىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىرىلداشماق** «غىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىرىلدىماق** پ. «غىر ـ غىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «غىر ـ غىر» قىلماق: تارىم بويىدىكى ئاددىي بىر تۈگمەننىڭ تېشى غىرىلداپ چۆرگىلىمەكتە.

**غىزا** ئى [ئە] كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىك، تائام، تاماق: لۈتپۇللا مۇتەللىپ تاشقىرىقى بازاردىن ئۆتۈشتە چۈشلۈك غىزاغا ئاتاپ نان، سامسا، كاۋاپ، گۆش ئېلىۋالغانىدى.

**غىزاخور** سۈپ. غىزاغا ئامراق، غىزاغا بېرىلگەن؛ قارنى يامان، تويماس.

**غىزاخورلۇق** ئى. غىزاغا ئامراقلىق، غىزاغا بېرىلىش؛ قارنى يامانلىق، تويماسلىق: غىزاخورلۇقتىن پەيدا بولىدىغان يامانلىق مەئىشەت جەھەتتىن نەسلىگىمۇ تەسىر قىلۇر.

**غىزاسىز** سۈپ. غىزا يېمىگەن، ئاچ: بالا بىركۈن غىزاسىز قالدى.

**غىزاسىزلىق** ئى. غىزا يېمىگەن ھالەت، ئاچ قورساقلىق.

**غىزالاندۇرماق** «غىزالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىم ناۋاي تاشۋاينى يېتىلەپ كەلگەن ئاشۇ كېچىدە ئالدى بىلەن ئۇنى غىزالاندۇردى.

**غىزالاندۇرۇلماق** «غىزالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارغا پاكىز ۋە ئىسسىق سەيناق، تاۋار يوتقانلار بېرىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلار توخۇ، ئۆردەك، ھاراق، تاماق بىلەن تويغۇچە غىزالاندۇرۇلدى.

**غىزالانماق** پ. غىزا يېمەك: ئۈستىگە قوي گۆشى بېسىلغان ياغلىق پولۇدىن غىزالانغان مۇختار ئانىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ كىنوغا جابدۇنغىنىمىزغا پەرۋامۇ قىلماي، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇندى.

**غىزالىق** سۈپ. غىزا (ئوزۇق) بولىدىغان، قۇۋۋەت رولىنى ئوينايدىغان: ھەر خىل ھايۋان گۆشلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە غىزالىق ۋە داۋالىق تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

**غىزالىنىشماق** «غىزالانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىژ** تەق. نەپەسنىڭ قىسىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**غىژ ـ غاژ** ① «غىژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار. ② كۆچمە. جېدەل ـ ماجىرا، ئۇرۇش ـ تالاش: ئەنۋەر مۇنازىرە قىلمەن، دەۋالىشمەن دەپ ئۆيدىكىلەر بىلەن غىژ ـ غاژ قىلىپ، كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى قويمايدىغان بولدى.

**غىژ ـ غىژ** ① «غىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. گەپ تالىشىش؛ غىژ ـ غاژ: شۇ سەۋەبتىنمۇ قېيىنسىڭىللار بىلەن قۇدىرەتئاخۇننىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق غىژ ـ غىژ، ئاداۋەت يۈز بەرمىدى.

**غىژ ـ غىژلاشماق** پ. ۋارقىرىشىپ قالماق، گەپ تالىشىپ قالماق: ئانا ـ بالا كەچتە داستىخان ئۈستىدىلا غىژ ـ غىژلىشىپ قالدى.

**غىژمۇدۇن** ئى. دىيال. ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ يىغلايدىغان بالا، يىغلاڭغۇ.

**غىژىلداتماق** «غىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىژىلداشماق** ① «غىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. غىژ ـ غىژ، غىژ ـ غاژ قىلىشماق؛ گەپ تالاشماق، جېدەللەشمەك: ئۇلار نەق مەيدانغا بارغۇچە ئەنە شۇنداق غىژىلداشتى.

**غىژىلدىماق** پ. «غىژ ـ غىژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىژ ـ غىژ» قىلماق: ئۇ توڭگۇزنىڭ بوغۇزىدىن چىشلەپ غىژىلداپ تۇرۇپ، ئالدى ئاياغلىرىنى يەرگە قاتتىق تىرەپ، ئارقىسىغا داجىپ بارلىق كۈچى

بىلەن سۈرىدى.

**غىق** ① تەق. تاماقتا بىرەر نەرسە تىقىلغاندا، بوغۇلغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز. ② رەۋ. كۆچمە. ھەددىدىن زىيادە؛ قاتتىق؛ ئېغىر: غىق تويماق.

**غىق ـ غىق** «غىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**غىققىدە** رەۋ. «غىق» قىلغۇدەك دەرىجىدە، گالغىچە: مەن ئۇ ئەھۋالغا قاراپ غىققىدە بولدۇم ـ دە، چوكامنى تاشلاپ قويۇپ، ئاشخانىدىن چىقتىم.

**غىقىلداتماق** «غىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باتۇر ئۇنىڭ كېكىردىكىنى غىقىلدىتىپ سىقىپ جېنىنى جەھەننەمگە يوللىدى.

**غىقىلداشماق** «غىقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىقىلدىماق** پ. «غىق ـ غىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىق ـ غىق» قىلماق: مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ گەپ قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن غىقىلداپلا قالدىم.

**غىڭ** ① تەق. پاشا، ھەرە قاتارلىقلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ② ئىم. بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: غىڭ قىلماي ئىشلىمەك. ③ سۈپ. چەكسىز كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان: غىڭ تۈزلەڭ. غىڭ ساي.

**غىڭ ـ پىڭ** نارازىلىق ۋە بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەر: — ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى غىڭ ـ پىڭنى قويايلى، ئەگەر ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىدىغان بولسا، ئاندىن كۆرەرمىز، — دەپ بالىلارنى گەپ قىلدۇرمىدى تۇردىئاخۇن ئاكام.

**غىڭشىتماق** «غىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىڭششماق** «غىڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۈزىدە گەپ قىلماي، ئارقىسىدىن غىڭشىشقىنىڭلار نېمىسى، بۇ ئوغۇل بالىلىق ئەمەس.

**غىڭشىغاق** سۈپ. ئۇششاق گەپنى جىق قىلىدىغان، تولا ۋايسايدىغان، چىدىماس: غىڭشىغاق ئادەم.

**غىڭشىماق** پ ① «غىڭ ـ غىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىڭ ـ غىڭ» قىلماق: قادىر ئىتقا ۋارقىرىدى، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە غىڭشىپ نېرى كەتتى. ② نارازى بولماق، قارشى چىقماق؛ ئۇششاق گەپنى تولا قىلماق، ۋايسىماق: تولا غىڭشىماي، ئىشىڭنى قىلە.

**غىڭ ـ غىڭ** «غىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: غىڭ ـ غىڭ قىلىپ ناخشا ئېيتماق.

**غىڭىلداتماق** «غىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىڭىلداشماق** «غىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىڭىلدىماق** پ. «غىڭ ـ غىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «غىڭ ـ غىڭ» قىلماق: قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بارغانسېرى كۈچىيىپ غىڭىلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتقانىدى.

**غىل** I تەق ① ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەرسىلەرنىڭ تىترەش ھالىتى. ② كۆڭۈل بۇزۇلغاندا بىردىنلا كۆزگە ياش كېلىش ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ كۆزىدىن غىل قىلىپ ياش ئەگىدى.

**غىل** II سۈپ. دىيال. غۇدۇر ـ بۇدۇرى يوق، سىلىق؛ تېيىلغاق.

**غىلاپ** ئى [ئە] قورال ـ ياراغ ۋە تىغلىق ئەسۋابلارنى سېلىش ئۈچۈن شۇ نەرسە شەكلىدە تىكىلگەن قاپ، قىن: پىچاق ئىتتىك بولسا غىلىپىنى كېسەر (ماقال). * ياغاچ پىچاقتا تۆمۈر غىلاپ (ماقال).

**غىلاپ بەندىسى** سىرت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، باردى ـ كەلدىسى يوق ئادەم.

**غىلاپسىز** سۈپ. غىلىپى يوق، غىلاپقا سېلىنمىغان: غىلاپسىز پىچاق.

**غىلاپلىق** سۈپ. غىلىپى بار، غىلاپقا سېلىنغان: ئۇ كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغان كەمىرىنى بېلىگە چىڭ تارتىپ دەسسەپ كېلەتتى.

**غىلاڭ** سۈپ. ساپلا، پۈتۈنلەي.

**غىلام ـ غىلام** دىيال. لۆم ـ لۆم.

**غىل ـ پال** بىر كۆرۈنۈپ ـ بىر كۆرۈنمەي، بىلىنەر ـ بىلىنمەس، ئاندا ـ ساندا: قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا غىل ـ پال قىلىپ يالغۇز چىراغ كۆرۈنمەكتە.

**غىلتاڭ** ① سۈپ. تېيىلغاق، سىلىق: ئۇنىڭ ئېگىز ـ پەس ئاياغلىرى غىلتاڭ يول ئۈستىدىكى قار ـ مۇزلارنى ھاۋانچا تېشىدەك ئېزىپ، غاچ ـ غۇچ ئاۋاز چىقىراتتى. ② رەۋ. پۈتۈنلەي، ساپلا: ئويتاغ ئېغىزىدىكى غىلتاڭ تاشلىق سايدا ھەر كۈنى دېگۈدەك قىسقا، ئەمما شىددەتلىك جەڭلەر بولۇپ تۇردى.

**غىلجاڭ** سۈپ. ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان؛ ئويناق: غىلجاڭ ئادەم. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان غىلجاڭ قىياپىتى نېرى بولمايتتى.

**غىلجىڭشىماق** پ. ئايناقلىماق، غىلجىڭلىماق: ئاۋۇ ھىممەت ياسانچۇق، — تۇرغۇن ئېڭەكى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دېدى، — يېنىدىكى «خەلىچە ئايناق»، بۇلتۇر ھەر ئىككىسى كوچىلمەي سىنىپتا قالغان، بۇ يىل يەنە مۇشۇنداق غىلجىڭشىپ يۈرسە... بىلمىدىم، ئاخىر يەنە قانداق بولاركىن.

**غىلجىڭلاتماق** «غىلجىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**غىلجىڭلاشماق** «غىلجىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**غىلجىڭلىق** ئى. غىلجاڭ ھالەت، غىلجاڭ قىلىق؛ ئايناقلىق: گېزىتنىڭ گېپى چىقىش بىلەن دىڭ قۇلاق بولۇپ تۇرغان ئايتىللا غىلجىڭلىق بىلەن شوپۇرنىڭ ئالدىنى توستى.

**غىلجىڭلىماق** پ. ئايناقلىماق، ناز قىلماق؛ غىلجىڭشىماق.

**غىلدىر** ① تەق. يۇملاق نەرسىلەرنىڭ سىلىق نەرسە ئۈستىدە مېڭىشىدىن چىققان ئاۋاز. ② سۈپ. غىلدىرلايدىغان، سىدىلىق ھەم پارقىراق: ماشىنىدا بىر ئادەم بىلەن ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، ئېسىل غىلدىر ياغلىق تاڭغان بىر ئايال ئولتۇراتتى.

**غىلدىرەك** ئى. غالتەك: شەھەردىكى ئۆيدىن ئايرىم تۇرار يېرى، پەقەت ئۇنىڭ تېگىدە بار تۆت غىلدىرەك.

**غىلدۇرغۇچ** ئى. دىيال. قىيىقچە قىلغاندا خېمىرنى كېسىدىغان چىشلىق غالتەك؛ قىيغاقچا.

**غىلدىر ـ غىلدىر** «غىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىر چاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ سائىتىمگە قارىسام، سائەتنىڭ تىللىرى غىلدىر ـ غىلدىر قىلىدۇ. ئويلىسام ئالدىراشچىلىقتا «سائىتىمنى تاقىدىم» دەپ كومپاسنى تاقىۋاپتىمەن.

**غىلدىرلاتماق** «غىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەۋلىيا ئوخشايدۇ، دەپ پال باقتۇردۇم، ئېشىكىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى دېسەم، پال چوكىسىنى غىلدىرلىتىپ تاشلاپ، «ئېشىكىڭنى ئوغرى ئالماپتۇ، ئالغان بولسىمۇ كوچىدا مىنمەپتۇ، تېۋىپتىن

سۇرگە دورىسى ئىلىپ ئىچىۋەت» دەپ ئولتۇرىدۇ.

**غىلدىرلاشماق** «غىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەرۋايىت قوناق شىلدىرلىشىدۇ، يەرگە چېچىلىپ غىلدىرلىشىدۇ.

**غىلدىرلىماق** پ ① «غىلدىر ـ غىلدىر» قىلماق: قاشتېشىدىن ياسالغان كۆز پىلدىرلىدى، سىمى ـ سىمغا تېگىپ، غالتەك غىلدىرلىدى. ② «غىلدىر ـ غىلدىر» قىلىپ دومىلانماق، دومىلىماق، دۇگىلىمەك: ساموۋق ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋىدى، قىزىل بويالغان تۇخۇملار يولنىڭ نە ـ نەلىرىگە غىلدىرلاپ كەتتى.

**غىل ـ غىل** «غىل I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا غىل ـ غىل ياش ئەگىگەندەك قىلدى.

**غىللىدە** رەۋ. «غىل» قىلغان ھالدا، «غىل» قىلىپ: ئۇ كۆزىگە غىللىدە ياش ئېلىش بىلەن بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ لېۋىنى چىشلىگىنىچە توختاپ قالدى.

**غىلمان** ئى [ئە] يېزىت . بالا خىزمەتكار: ئاتا ـ ئانا بوۋىلىرى باغبانۇرىزۋان بولدى، جەسۇر قىزلار ھۆر ـ پەرى، ئوغۇللىرى غىلمان بولدى.

**غىمسا** ئى. دىيال ① سۇپ. يوشۇرۇن، پىنھان، خىلۋەت. ② ئى. تار يول.

**غىمىسسىدە** رەۋ. دىيال . جىممىدە، ئاۋاز چىقارماي، شەپىسىز.

**غىمىسسىماق** پ. دىيال. ھەۋەس قىلماق، قىزىقماق، ياخشى كۆرمەك.

**غىنا** ئى[ ئە ] بايلىق، ھاجەتسىزلىك، مۇڭسىزلىق: قانائەت ـ ھەسەت، تەم، ھېرىس، خارلىق كەبى ئىللەتلەرنىڭ داۋاسى نەپسىمىزنىڭ غىناسىدۇر.

**غىنجە** ئى. دىيال. ئىتنى باغلاش ئۈچۈن ئارغامچا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان كالتەك.

**غىنجباغ** ئى. دىيال. چانا ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئارغامچا.

**غىۋە** ئى. چىگىتىدىن ئايرىلىپ، ئېگىرىشكە تەييارلانغان پاختا: چېچى غىۋىدەك ئاقارغان ئانا، چۈشكەن يۇزىگە قورۇقلار سانا.